# شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى

## 66 ـ توم

# ئاشلىق تەزكىرىسى


شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . ئاشلىق تەزكىرىسى» تەھرىر ھەيئىتى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى

مۇدىر: ئىسمائىل تىلىۋالدى

مۇئاۋىن مۇدىرلار: نۇرلان ئەبىلمەجىن، مەمتىمىن زاكىر، سەرجە، فېڭ داجېن، لى شىنگۋاڭ، ۋاڭ جۇڭجيۇ، سۈي شۈجيې (مەخسۇس)، ۋۇ شىڭدۇ (مەخسۇس)، دىلمۇرات مۇسا (مەخسۇس)، ليۇ شىڭ (مەخسۇس)

ئەزالار: لى يى، تۇرسۇن ئىبراھىم، ۋاڭ ۋېي، جيۇ چيەن، ما چىن، ليۇ يەنلياڭ، لى شۈجۈن، ھاپىز نىياز، چېن تۇڭۋېي، زۇنۇن قۇتلۇق، مۇھەممەت ئەلى، ليۇ چاڭمىڭ، خې فۇلىن، جيۇ يۈەنياۋ، لى زىشيەن، لى ۋېيچىڭ، مياۋ پۇشېڭ، خۇاڭ يۈەنسەي

# «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى · ئاشلىق تەزكىرىسى»نى تۈزگۈچىلەر

1994 - يىل 12 - ئاي

باش مۇھەررىر: ۋاڭ يىمىن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر: ياڭ شۈچۈن، جاڭ گۇاڭتەي

ماتېرىيال توپلىغۇچىلار: دىڭ يۈڭگاۋ، ۋاڭ يىمىن، ۋاڭ شىمو، دىڭ جۈنچىڭ، لى لەن، لى لىشېن، لۇ شيۈيىڭ، جاڭ گۇاڭتەي، جاڭ جيەنمېي، جاڭ شىنپىڭ، ياڭ تيەنچى، ياڭ شۈچۈن، چېن جيەنشىن، لىن جىڭجېن

ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىنى تولىغۇچىلار: جاڭ گۇاڭتەي، جاڭ جيەنمىي، جاڭ شىنپىڭ، لۇ شيۇيىڭ، لى لىشىن، چېن جيەنشىن

فوتوگرافلار: جاڭ گۇاڭتەي، گۇەن يۈفاڭ، چېن مىڭ، ما تيەنشىڭ، يەن جياڭچىڭ، خۇ خەنجۇڭ، ليۇ شۇخۇەي، خۇاڭ جيەنلى، لى بەي، سۇن شىشياڭ، چى شۇخەي، جۇ دىڭ، خۇاڭ چېڭ

## «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى · ئاشلىق تەزكىرىسى»نى تەرجىمە - نەشر قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ خادىملىرى ۋە تەرجىمانلار

گۇرۇپپا باشلىقى: ئابدۇكېرىم ھاشىم

مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقلىرى: قالبېك ئەبىلقازى، تۆمۈر مۇھەممەت، جاڭ شياۋجۇن

ئەزالىرى: ۋاڭ يىمىن، جې ۋېيمىن، ئېلشات ئېلى، غوپۇر ئابدۇللا، جاڭ گۇاڭتەي، ئەسقەر ئىسمائىل

تەرجىمە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى: جاڭ شياۋجۇن

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ئېلشات ئېلى، ئابلىمىت ئىمىن

تەرجىمانلار: جاڭ شياۋجۇن، ۋاڭ جۈن، ئىسمائىل ھېلىم، ئابلىمىت ئىمىن، ئەسقەر ئىسمائىل، ئەنۋەر ھۈسەن، ئېلشات ئېلى، سۇلتان قاسىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# مۇندەرىجە

ئومۇمىي كىرىش سۆز
كىرىش سۆز
تەزكىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە
ئومۇمىي بايان ........ 1
چوڭ ئىشلار ........ 23

بىرىنچى قىسىم

## ئاشلىق، ياغلىق داندىن غەللە - پاراق ئېلىش ۋە ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىش

I باب ئاشلىقتىن غەللە - پاراق ئېلىش ........ 75
§ 1 . ھەربىيلەر ئاچقان بوز يەردىن ئېلىنغان ئاشلىق ........ 75
§ 2 . غەللە - پاراق ئاشلىقى ........ 80
§ 3 . غەللە - پاراق ........ 89

II باب ئاشلىقنى بازاردىن سېتىۋېلىش ........ 99
§ 1 . ئىختىيارىي سېتىۋېلىش ........ 99
§ 2 . نورمىلىق سېتىۋېلىش، ئۆتنە سېتىۋېلىش ........ 113
§ 3 . كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش ........ 120

III باب ئاشلىقنى پىلانلىق سېتىۋېلىش ........ 129
§ 1 . بىر تۇتاش سېتىۋېلىش ........ 129
§ 2 . توختاملىق سېتىۋېلىش ........ 177

IV باب ياغ سىتىۋېلىش ........................ 189
§ 1 . يېمەكلىك ئۆسۈملۈك يېغى ........................ 189
§ 2 . ئىستېمال قىلىنمايدىغان ياغ ........................ 218

## ئىككىنچى قىسىم

## ئاشلىق، ياغ سېتىش

I باب بازاردا سېتىش ........................ 223
§ 1 . ئاشلىق سېتىش ........................ 223
§ 2 . يېمەكلىك ياغ سېتىش ........................ 236

II باب نورمىلىق سېتىش، چەكلىك تەمىنلەش ........................ 241
§ 1 . ئاشلىق ........................ 241
§ 2 . يېمەكلىك ياغ ........................ 252

III باب شەھەر - بازارلاردا پىلانلىق سېتىش ........................ 254
§ 1 . ئاشلىق سېتىش ........................ 254
§ 2 . يېمەكلىك ياغ سېتىش ........................ 273

IV باب دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا پىلانلىق سېتىش . . 280
§ 1 . ئاشلىق سېتىش ئۆلچىمى ۋە چارىسى ........................ 280
§ 2 . ئاشلىق سېتىش ئەھۋالى ........................ 294
§ 3 . يېمەكلىك ياغ سېتىش ........................ 307

V باب ھەربىي تەمىنات ئاشلىقى ۋە يەم-بوغۇزى بىلەن تەمىنلەش . 311
§ 1 . جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى ھەربىي
تەمىنات ئاشلىقى ۋە يەم - بوغۇزى ........................ 311
§ 2 . جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ھەربىي
تەمىنات ئاشلىقى ۋە يەم - بوغۇزى ........................ 319

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



VI باب ئاشلىق، ياغنى پىلانلىق سېتىشنى باشقۇرۇش ...... 332
§ 1 . تەمىنلەشنى كاپالەتلەندۈرۈش ........ 332
§ 2 . سېتىشنى تىزگىنلەش ........ 342
§ 3 . بېلەت، كىنىشكا ........ 349

VII باب ئاشلىق دۆكىنى، ئاشلىق پونكىتىنى تاللاپ تونۇشتۇرۇش ........ 359
§ 1 . ئاشلىق دۆكىنىنى تاللاپ تونۇشتۇرۇش ........ 359
§ 2 . ئاشلىق پونكىتلىرىنى تاللاپ تونۇشتۇرۇش ........ 368

ئۈچىنچى قىسىم

## ئاشلىق، ياغ ساقلاش ۋە توشۇش

I باب ئاشلىق، ياغ ساقلاش ........ 379
§ 1 . ساقلاش مۇئەسسەسىلىرى ........ 379
§ 2 . ئىسكىلات زاپىسىنى باشقۇرۇش ........ 400
§ 3 . ساقلاش ئۇسۇللىرى ........ 425

II باب ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ۋە تەكشۈرۈش ........ 444
§ 1 . ساقلانغان ئاشلىقلاردىكى زىيانداش ھاشاراتلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش ...... 444
§ 2 . كېسەللىكتىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە ئۇنى يوقىتىش ........ 457
§ 3 . چاشقان، قۇشقاچتىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە يوقىتىش ........ 459
§ 4 . سۈپەت تەكشۈرۈش ئۆلچىمى ........ 461
§ 5 . سۈپەت تەكشۈرۈش ........ 476
§ 6 . تازىلىق تەكشۈرۈش ........ 484

III باب ساقلاش كارخانىلىرى، تەكشۈرۈش پونكىتلىرىنى تاللاپ تونۇشتۇرۇش ........ 485
§ 1 . ساقلاش كارخانىلىرى ........ 485
§ 2 . ئاشلىق - ياغ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش پونكىتى ........ 495

IV باب ئاشلىق، ياغ يۆتكەش ........................................ 497
§ 1 . يۆتكەشنى باشقۇرۇش ........................................ 497
§ 2 . ئاشلىق، ياغ ئىمپورت، ئېكسپورتى ........................................ 504
§ 3 . ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، شەھەر) لەر ئارا يۆتكەش ........................................ 506
§ 4 . ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە يۆتكەش ........................................ 514

V باب ئاشلىق، ياغ ترانسپورتى ........................................ 531
§ 1 . ترانسپورت ئۇسۇلى ........................................ 531
§ 2 . ترانسپورت قوراللىرى ........................................ 538
§ 3 . جىددىي ئېھتىياجنى قامداش ۋە ئالاھىدە ترانسپورت ........................................ 546
§ 4 . مۇۋاپىق ترانسپورت ........................................ 558
§ 5 . بىخەتەر ترانسپورت ........................................ 563
§ 6 . ئوراقسىز قاچىلاش ترانسپورتى ........................................ 570

VI باب ئاشلىق، ياغ قاچىلاش قوراللىرىنى باشقۇرۇش ... 573
§ 1 . قاچىلاش قوراللىرىنى سېتىۋېلىش ........................................ 573
§ 2 . قاچىلاش قوراللىرىنىڭ ئۆلچىمى ........................................ 574
§ 3 . قاچىلاش قوراللىرىنى ئىشلىتىش ۋە باشقۇرۇش ........................................ 575

## تۆتىنچى قىسىم

# ئاشلىق، ياغ سانائىتى

I باب ئاشلىق پىششىقلاش ........................................ 581
§ 1 . ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ........................................ 581
§ 2 . مەھسۇلات ئەھۋالى ........................................ 597

II باب ياغ تارتىش ........................................ 604
§ 1 . ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ........................................ 604
§ 2 . مەھسۇلاتلار ........................................ 621

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com



III باب يېمەكلىك ۋە يەم - خەشەك پىششىقلاش ............... 626
§ 1 . يېمەكلىك پىششىقلاش ............... 626
§ 2 . يەم - خەشەك پىششىقلاش ............... 629

IV باب ئاشلىق، ياغ ماشىنىلىرىنى ياساش ............... 637
§ 1 . بىرنەچچە ئاساسلىق ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى ............... 637
§ 2 . ئاشلىق، ياغ ماشىنىلىرىنىڭ يېتىلىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ............... 639

V باب ئىگىلىك باشقۇرۇش ............... 643
§ 1 . تىجارەت ............... 643
§ 2 . باشقۇرۇش ............... 651

VI باب كارخانىلارنى تاللاپ تونۇشتۇرۇش ............... 659
§ 1 . ئاشلىق، ياغ كارخانىلىرى ............... 659
§ 2 . ئاشلىق، ياغ ماشىنىسازلىق كارخانىلىرى ............... 667

## بەشىنچى قىسىم

## ئۇنىۋېرسال باشقۇرۇش

I باب تاۋار ئاشلىق، ياغ كىرىم - چىقىمىنىڭ ئېشىش - كېمىيىش ئەھۋالى ............... 673
§ 1 . ئاشلىق كىرىم - چىقىمى ............... 673
§ 2 . ياغ كىرىم - چىقىمى ............... 689

II باب ئاشلىق، ياغ تاۋار ئوبوروت پىلانى ۋە ستاتىستىكىسى ............... 700
§ 1 . ئاشلىق، ياغ تاۋار ئوبوروت پىلانى ............... 700
§ 2 . ئاشلىق، ياغ تاۋار ئوبوروتى ستاتىستىكىسى ............... 716

III باب مالىيە باشقۇرۇش ............... 730
§ 1 . مالىيە تۈزۈلمىسى ............... 730
§ 2 . پايدا - زىيان ۋە ياردەم ............... 733

§ 3 . مەبلەغ باشقۇرۇش .......... 754
§ 4 . تۇراقلىق مۈلۈكنى باشقۇرۇش .......... 767
§ 5 . خىراجەت باشقۇرۇش .......... 776
§ 6 . مۈلۈك ئىنىقلاش، مەبلەغ بېكىتىش .......... 781

IV باب ئاشلىق، ياغ باھاسى .......... 788
§ 1 . باھا باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى .......... 788
§ 2 . ئاشلىق باھاسى .......... 791
§ 3 . ياغلىق دان (ياغ) باھاسى .......... 845

ئالتىنچى قىسىم

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ

I باب ئاشلىق، ياغ پەن - تېخنىكىسى .......... 877
§ 1 . ئەمەلىي پەن - تېخنىكا .......... 878
§ 2 . ئاشلىق ئىقتىسادىغا دائىر نەزەرىيە، سىياسەت تەتقىقاتى .......... 885

II باب مائارىپ .......... 886
§ 1 . ئاپتونوم رايون ئاشلىق سىستېمىسىنىڭ ئىچكى تەربىيىلەش ئەھۋالى .......... 886
§ 2 . ئاپتونوم رايون ئاشلىق سىستېمىسىنىڭ سىرتتا تەربىيىلەش ئەھۋالى .......... 888
§ 3 . ئوتتۇرا تېخنىكوم مائارىپى .......... 890
§ 4 . تېخنىك ئىشچىلار مائارىپى .......... 894

يەتتىنچى قىسىم

## ئاپپارات، قوشۇن

I باب ئاپپاراتلارنىڭ تەرەققىيات تارىخى .......... 899
§ 1 . جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى ئاپپاراتلار .......... 899

§ 2 . جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئاپپاراتلار ...... 902

II باب ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنى ...... 914
§ 1 . ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تەرەققىياتى ...... 914
§ 2 . ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى ...... 917
§ 3 . شىنجاڭ ئاشلىق سىستېمىسىدىكى رەھبەرلەر ...... 923

III باب ئىلغار ئورۇن، نەمۇنە (ئىلغار) شەخسلەر ...... 948
§ 1 . ئىلغار ئورۇنلار ...... 948
§ 2 . نەمۇنە (ئىلغار) شەخسلەر ...... 954

## قوشۇمچە

1. 1991 - يىلدىن 1999 - يىلغىچە بولغان چوڭ ئىشلار ...... 965
2. ھۆججەتلەر ...... 1064
1) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر، بازارلارنى ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش چارىسىنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي قائىدىسى ...... 1064
2) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزىلاردا ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىپ بېرىش چارىسىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى ...... 1070
3) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىنى ئاشلىق، ياغ بىلەن نورمىلىق تەمىنلەشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى ...... 1075
4) «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى بىر بەلگىلەپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىكنى داۋاملىق يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نى ئىزچىل ئىجرا قىلىش توغرىسىدا پىكىر ...... 1078

5) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاشلىق، ياغ سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش، تۈزۈلمىگە ئاشلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى يېتەكلىمىسى ........ 1085
6) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 1993 - يىللىق ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى لايىھىسى ........ 1092
7) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى ........ 1096
8) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى خىزمىتىنى يەنىمۇ تېز ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى ........ 1105
3. ئىلاۋىلەر ........ 1109
1) ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق سىستېمىسىدىكى رەھبەرلەر ........ 1109
2) ئالىي تېخنىكا ئۇنۋانى بار خادىملار ........ 1133
ئاخىرقى سۆز ........ 1138
«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»نىڭ ئومۇمىي مۇندەرىجىسى ... 1142
ئۇيغۇرچە نەشرىگە ئاخىرقى سۆز ........ 1145
«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى · ئاشلىق تەزكىرىسى» ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ تەھرىرات خادىملىرى ........ 1147

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



# ئومۇمىي كىرىش سۆز

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى 1983 ـ يىلى «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» نى تۈزۈشنى قارار قىلدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى قۇرۇلۇپ، بۇ خىزمەتكە ئومۇميۈزلۈك مەسئۇل بولدى. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ھەر قايسى كەسپىي تەزكىرە كومىتېتلىرىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە ۋە كەڭ تەزكىرە خادىملىرىنىڭ جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» نىڭ ھەر قايسى كەسپىي تەزكىرىلىرى كەينى ـ كەينىدىن پۈتۈپ، نەشىردىن چىقىشقا باشلىدى، بۇ — ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى بىر زور نەتىجە.

تەزكىرە تۈزۈش — جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسى. ئەمنىيە، يىغىلىق دەۋرلىرىدىلا تەزكىرىچىلىك بىخ سۈرگەن، تاڭ، سۇڭ دەۋرلىرىدە تەزكىرىچىلىك مۇھىم تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بولسا، كونا تەزكىرىلەرنىڭ تەرەققىياتى يۇقىرى پەللىگە يەتكەن. شىنجاڭنىڭ تەزكىرىچىلىك تارىخىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن، ھازىر 111 خىل، 600 تومدىن ئارتۇق تەزكىرە كىتابى ساقلانماقتا. بىر كىتابنىڭ ھەر خىل نامدىكى نۇسخىلىرىنى ياكى بىر كىتابنىڭ قىسقارتىلىپ بېسىلغان ھەر خىل نۇسخىلىرىنى چىقىرىۋەتكەندىمۇ، يەنە 83 خىل تەزكىرە كىتابى بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ بالدۇر تۈزۈلگىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنيۈەن يىللىرى (758 — 759 ـ يىللىرى) دا تۈزۈلگەن «قۇچۇ ئايمىقىنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى» (كەمتۈك)، ئەڭ كېيىن تۈزۈلگىنى مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى) دىڭ شىياۋ تۈزگەن «شىنجاڭ توغرىسىدا ئومۇمىي بايان» دىن ئىبارەت. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» بىلەن شۈەنتۇڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» نىڭ مەزمۇنى خېلى تەپسىلىي. بۇ كونا تەزكىرىلەر تارىخىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن، شەكلىدىن تارتىپ مەزمۇنىغىچە نۇرغۇن نۇقسان ۋە شاكاللاردىن خالىي ئەمەس، لېكىن بۇ كىتابلار تارىخنى ساقلاش قىممىتىنى يوقاتماي، شىنجاڭنى تونۇشىمىز، شىنجاڭنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ كەلدى. مىنگو دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئىككى قېتىم تەزكىرە سارىيى تەسىس قىلىپ، ئومۇمىي تەزكىرە تۈزۈشكە كىرىشكەن بولسىمۇ، سىياسىي جەھەتتىكى چىرىكلىك، ئۈزۈلمەي داۋاملاشقان ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن مەغلۇب بولدى. شۇنداق قىلىپ، 1911 ـ يىلى «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» تۈزۈلۈپ بولغاندىن تارتىپ تاكى 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغىچە شىنجاڭدا ئومۇمىي تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى 70 نەچچە يىل ئۈزۈلۈپ قالدى.

بۈگۈنكى كۈندە مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرماقتا، تۈرلۈك ئىشلار جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانماقتا. مۇشۇنداق گۈللەنگەن بىر دەۋردە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى سوتسىيالىستىك يېڭىچە تەزكىرە

تۈزۈشنى قارار قىلدى، بۇ، شىنجاڭنىڭ ماددىي مەدەنىيلىك، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ۋە دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ۋە مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

شىنجاڭ — ۋەتىنىمىزدىن ئىبارەت چوڭ ئائىلىنىڭ تارىخىي ئۇزۇن ئەزالىرىدىن بىرى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى غەربىي خەن سۇلالىسى بۇگۇردە غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قۇرغاندىن تارتىپ، شىنجاڭ رەسمىي تۈردە ۋەتىنىمىزنىڭ زېمىن تەۋەلىكىگە ئۆتتى. ۋېي، جىن سۇلالىلىرى ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرلىرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر ئۈزۈلۈكسىز ئالمىشىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن غەربىي يۇرت چېرىكچى بېگى بىلەن غەربىي يۇرت دورغابى داۋاملىق تەسىس قىلىنىپ كەلدى. ئالدىنقى لياڭ ھاكىمىيىتى ھازىرقى تۇرپان ئەتراپىدا قوچۇ ۋىلايىتىنى تەسىس قىلىپ، شىنجاڭدا ۋىلايەت، ناھىيە تۈزۈمىنىڭ باشلىنىشىنى يارىتىپ بەردى. سۈي، تاڭ دەۋرلىرىدە غەربىي يۇرتتا ۋىلايەت، ناھىيە داۋاملىق تەسىس قىلىنغاندىن سىرت، يەنە ئېۋىرغول ئايمىقى، قوچۇ ئايمىقى، بېشبالىق ئايمىقى ۋە ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى، بېشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى. ئۇنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى ھازىرقى شىنجاڭنى ۋە بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى، چۇ دەرياسى ۋادىسى ئەتراپىدىكى جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بەش دەۋر، سۇڭ، لياۋ، جىن، يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە غەربىي يۇرت بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى ئالاقىسى يەنىلا ناھايىتى قويۇق بولۇپ كەلدى. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى يېڭىۋاشتىن بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، چيەنلۇڭ 27 - يىلى (1762 - يىلى) شىنجاڭدا ئىلى قاتارلىق جايلارنى باشقۇرغۇچى جياڭجۈن قويۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي ئىشلىرى بىر تۇتاش باشقۇرۇلدى. 1884 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي تۈزۈلمىسى ئىچكىرىدىكى جايلارنىڭ مەمۇرىي تۈزۈلمىسى بىلەن تەدرىجىي بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. مىنگونىڭ 8 - يىلى (1919 - يىلى) ئالتاي شىنجاڭنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ھازىرقى مەمۇرىي رايونى شەكىللەندى. 2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ھەر مىللەت خەلقى سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى كەڭ ئالاقە داۋامىدا، چېگرا رايوننى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش يولىدىكى جاپالىق ئىگىلىك يارىتىش داۋامىدا، يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زاماندىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش كۈرىشى داۋامىدا، بىرلىك، ئىتتىپاقلىق بولغاندا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۈللىنىدىغانلىقىنى، مالىمانچىلىق، بۆلۈنۈش بولغاندا، خەلقنىڭ كۈلپەت چېكىدىغانلىقىنى، جەمئىيەتنىڭ چېكىنىپ كېتىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشتى.

شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي - شىمالىي چېگرىسىغا جايلاشقان، ئۇ موڭغۇلىيە، روسىيە فېدراتسىيىسى، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستاندىن ئىبارەت 8 دۆلەت بىلەن چېگرىداش، يەر مەيدانى 1 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. شىنجاڭنىڭ تاغ - دەريالىرى ئاجايىپ گۈزەل، ھەيۋەتلىك، بوستانلىقلىرى مۇنبەت، باي، يايلاقلىرى بىپايان ھەم كۆركەم، قىزىلما بايلىقلىرى مول. 17 خىل قىزىلما بايلىق زاپىسى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ، بولۇپمۇ نېفىت بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كۆمۈر زاپىسى ئەڭ كۆپ. ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ 1990 - يىلدىكى مەلۇماتىدا مۇنداق دېيىلگەن: ھازىر ئاپتونوم رايون بويىچە 46 مىليون 303 مىڭ 300 مو تېرىلغۇ يەر، ئاچسا دېھقانچىلىق قىلىشقا باب كېلىدىغان 73 مىليون 459 مىڭ 500 مو بوز يەر بار؛ 22 مىليون 455 مىڭ مو ئورمانلىق، ئورمان ئەھيا قىلىشقا باب كېلىدىغان 39 مىليون 900 مىڭ مو بوز يەر، پايدىلىنىشقا بولىدىغان 700 مىليون مودىن ئارتۇق تەبىئىي ئوتلاق بار؛ تاتلىق سۇ كۆلىمى 10 مىليون مودىن ئارتۇق، يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق سىرغىم مىقدارى 88 مىليارد 400 مىليون كۇب مېتىر، يەر ئاستى سۈيىنىڭ پايدىلىنىشقا بولىدىغان مىقدارى 25 مىليارد 200 مىليون كۇب مېتىر، مۇزلۇقلاردىكى سۇ زاپىسى 2 تىرلىيون 580 مىليارد كۇب مېتىر؛ قۇياشنىڭ يىللىق يورۇتۇش ۋاقتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2600 — 3400 سائەت. كان بايلىقى، سۇ، تۇپراق، نۇر، ئىسسىقلىق بايلىقلىرى شىنجاڭدا سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ زور ئىستىقبالغا ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ بەردى. مۇشۇنداق گۈزەل، باي زېمىن كونا جۇڭگودا ئىچكى مالىمانچىلىق، تاشقى ئاپەتلەر دائىم بولۇپ تۇرىدىغان، خەلق ئاچ - يالىڭاچلىقتا ياشايدىغان خانىۋەيران بىر جاي ئىدى. «چىللىدى خوراز جاھاننى ئويغىتىپ، تاڭ يورىدى، ياڭرىدى ھەر ياندا ساز، يۈتيەنمۇ بار بۇ نەغمىدە». 1949- يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئازادلىققا ئېرىشتى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇلار ئۆز بويىندىكى ئاسارەت زەنجىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، پارلاق سوتسىيالىزم يولىغا قەدەم تاشلىدى. 42 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئەگىشىپ، دېموكراتىك ئىنقىلاب، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش داۋامىدا ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىپ، شىنجاڭدا يەر جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. بولۇپمۇ 1978- يىلدىكى پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ھەر مىللەت خەلقى پارتىيىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەننى ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەھەتتە تېخىمۇ تېز يۈكسەلدۈردى. 1949 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 750 مىليون يۈەن (يېڭى خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلدى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، مىللىي دارامىتى 440 مىليون يۈەن ئىدى. 1990 - يىلغا كەلگەندە شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 45 مىليارد 865 مىليون يۈەنگە، مىللىي دارامىتى 20 مىليارد 495 مىليون يۈەنگە يەتتى؛ 1950 - يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە مىللىي دارامەت 112 يۈەن ئىدى، 1990 - يىلغا كەلگەندە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە مىللىي دارامەت 1374 يۈەنگە يېتىپ، 1980 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، 1950 - يىلدىكىنىڭ 5.9 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى، نامرات، قالاق قىياپەت زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىلدى. تارىخ شۇنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭ گۈللىنىپ روناق تاپماقچى، مىللەتلەر گۈللەپ ياشنىماقچى، خەلق باياشاتلىققا، بەختكە ئېرىشمەكچى بولىدىكەن، پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىدە قەتئىي تەۋرەنمەستىن چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى بويلاپ، باتۇرانە ئالغا بېسىشى لازىم.

شىنجاڭ قەدىمدىن تارتىپلا ئېلىمىزدىكى كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي. نۇرغۇنلىغان قەدىمكى مىللەتلەر مۇشۇ يەردە ياشاپ، كۆپىيىپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرغان. ئۇزاق ئىجتىمائىي تەرەققىيات داۋامىدا، ھەر قايسى مىللەتلەر ئۆزئارا يارەملىشىپ، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۆزئارا سىڭىشىپ، ھازىرقى زامان مىللەتلىرىگە ئايلىنىشتىن ئىبارەت تەرەققىيات جەريانىنى تەدرىجىي تاماملىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانغا قەدەر، بۇ يەردە جەمئىي 13 مىللەت بار ئىدى. ئۇلار — جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنىڭ مۇھىم ئەزالىرى. شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەكچانلىقى ۋە باتۇرلىقى بىلەن تونۇلغان، ئۇلار ۋەتەننىڭ چېگرا رايونىنى ئېچىش، گۈللەندۇرۇش ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش يولىدا ئۆز تۆھپىلىرىنى قوشقان. بۈگۈنكى كۈندە، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە مىللىي سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شىنجاڭدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ھەر مىللەت خەلقى ئۈم - ئىناق ياشاپ، جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولۇپ، سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشتا باراۋەر بولۇپ ئۆزئارا يارەملىشىدىغان، ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ بىرلىكتە گۈللىنىدىغان سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى ئورناتتى. ئۇزاق مەزگىللىك كۈرەش ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللىي سىياسىتى — سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى ئورنىتىش، مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ توپ كاپالىتى؛ خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالماسلىق، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالماسلىق — ئېلىمىزنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى داۋامىدا ھەر مىللەت خەلقىدە شەكىللەنگەن ئورتاق تونۇش؛ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىرلىككە كەلگەن ۋەتەننىڭ چوڭ ئائىلىسىدە زىچ ئىتتىپاقلىشىشى — گۈللەپ ياشنىغان شىنجاڭ قۇرۇشتىكى قۇدرەتلىك كۈچ. بۇنىڭدىن كېيىنكى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا پارتىيىنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللىي سىياسىتىدە، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە داۋاملىق قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشىمىز، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قەتئىي قوغدىشىمىز، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشىمىز لازىم.

ۋەتەننى سۆيۈش، يۇرتنى سۆيۈش — جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقى، بىر خىل غايەت زور ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچى، ئۇ، تارىخنى ئەسلەپ، ھازىرنى تونۇپ، كېلەچەكنى يارىتىشتىكى ئەڭ چوڭقۇر ئىدىيىۋى ئاساس بولۇپ قالدى. تەزكىرە مانا مۇشۇ ئاساستا بىخ سۈرگەن، بارلىققا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان. ئۇنىڭدا بىر جاينىڭ ئەھۋالى ۋە يازما ھۆججەتلىرى مۇجەسسەملەنگەن، ئۇنىڭغا بىر جايدىكى خەلقنىڭ ئىگىلىك يارىتىش روھى ۋە ھېسسىياتى سىڭگەن؛ ئۇنىڭدا بىر جايدىكى خەلقنىڭ تۆھپىلىرى خاتىرىلەنگەن، بىر جاينىڭ ئىشلىرى ئۆچمەس ئابىدە تۇرغۇزۇلغان؛ ئۇ، قويۇق يەرلىك تۈسكە ئىگە، ئۇنىڭدا مەشھۇر زاتلار ۋە مۇقەددەس جايلارنىڭ نۇرى چاقناپ تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇ بىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشىمىزدا كەم تېپىلىدىغان يەرلىك دەرسلىك ھېسابلىنىدۇ.

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»دە كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، شىنجاڭنىڭ تەبىئىتى، جەمئىيىتىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ھەققىدە، ئىشەنچلىك، مول ماتېرىياللار بىلەن ئەتراپلىق، سىستېمىلىق، ئىلمىي بايان قىلىندى، ئۇنىڭدا تارىخ شەرھىيلىنىپ، قەدىمكى زامان بىلەن ھازىرقى زامان تۇتاشتۇرۇلدى، ھازىرقى ئەھۋاللار كەڭ

خاتىرىلىنىپ، ھەر خىل كەسىپلەر بايان قىلىندى؛ ھەم شىنجاڭنىڭ ھەر جەھەتتىكى ئەھۋالى، ھەم شەيئىلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىشى ئەكس ئەتتۈرۈلدى؛ ھەم قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەر، ھەم ئالغا بېسىش داۋامىدىكى ئەگرى - توقايلىقلار ۋە سەۋەنلىكلەر ئەكس ئەتتۈرۈلدى. ئۇنىڭدا شەيئىلەرنىڭ سەۋەب - نەتىجىلىرى ۋە تەرەققىيات يولى ناھايىتى ئېنىق خاتىرىلەنگەن. شۇڭلاشقا ئۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ سىياسەت بەلگىلىشىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىشىنى، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئېشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىنى ئىلمىي ئاساس ۋە تارىخىي ئۆرنەكلەر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»نى تۈزۈش ئۇسۇلى جەھەتتە ھەم ئىلگىرىكىگە ۋارىسلىق قىلىندى، ھەم يېڭىلىق يارىتىلدى، يېڭى شەكىل، يېڭى كۆز قاراش، يېڭى ئۇسۇل، يېڭى ماتېرىياللار بىر - بىرىگە سىڭدۈرۈۋېتىلدى. پۈتكۈل ئومۇمىي تەزكىرە جەمئىي 86 توم كەسپىي تەزكىرىدىن تەركىب تاپتى. ئۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاپتونوم رايون خاراكتېرلىك تۇنجى سوتسىيالىستىك يېڭى تىپتىكى تەزكىرە كىتابى، ئۇنىڭغا ھەر قايسى كەسپىي تەزكىرە تۈزۈش كومىتېتلىرىنىڭ ئەزالىرى ۋە بارلىق تەزكىرە خادىملىرىنىڭ يۈرەك قېنى سىڭدى، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدىكى خادىملارنىڭ ئەقىل - پاراسىتى مۇجەسسەملەندى.

90 - يىللارغا قەدەم قويغان شىنجاڭدا سىياسەتلەر راۋان يۈرگۈزۈلۈپ، خەلق ئاسايىشلىقتا ياشماقتا، ھەممە كەسىپلەر گۈللەنمەكتە. ۋەھالەنكى، كۆز ئالدىمىزدىكى قۇرۇلۇش ۋەزىپىلىرى يەنىلا ئىنتايىن مۇشكۈل. «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»دە خاتىرىلەنگەن جايلار ئەھۋالى توغرىسىدىكى ماتېرىياللار ۋە تەجرىبە - ساۋاقلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىشتە چوقۇم ئاكتىپ رول ئوينايدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى

1991 - يىل 12 - ئاي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# كىرىش سۆز

## شياۋ چيىلىڭ، ئابدۇكېرىم ھاشىم[①]

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ئاشلىق تەزكىرىسى» نەشرگە بېرىلىش ئالدىدا تۇرماقتا. بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق كەسپىدىكى خۇشاللىنارلىق چوڭ ئىش بولۇپ، تەبرىكلەشكە ئەرزىيدۇ.

شىنجاڭنىڭ تارىخى ئۇزۇن، ئاشلىق ئوبوروتىمۇ ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، بۇنى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى بىر قانچە ئەسىرگىچە ياندۇرۇپ ھېسابلاشقا بولىدۇ، ئەمما تارىخىي چەكلىمىلەر تۈپەيلىدىن ئىلگىرى بىرەر تۇم كەسپىي ئاشلىق تەزكىرىسى تۈزۈلمىگەن. كونا تەزكىرىلەردە ئاشلىق ئوبوروتىغا ئائىت خاتىرىلەرمۇ ناھايىتى ئاز دېيەرلىك. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاشلىق كەسپىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى، بۇ تەرەققىيات - ئۆزگىرىشلەر ئومۇمىيەتكە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان ئائىلىلەرگە چېتىلىدۇ، مۇشۇ ئۆزگىرىشلەرگە تارىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن بېرىش ئوبيېكتىپ ئېھتىياج بولۇپ قالدى. دەۋر گۈللەنگەندە تەزكىرە تۈزۈلىدۇ، شۇ ۋەجىدىن «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى• ئاشلىق تەزكىرىسى»نى تۈزۈش بىر جىددىي ۋەزىپە بولۇپ قالدى، ئەمما نەزەرىيە جەھەتتىكى يېتەكچىلىك كەمچىل، تەزكىرە تۈزگۈچى مەخسۇس ئىختىساسلىق خادىملار ۋە ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرى بولمىغانلىقتىن ئەگرى - توقاي يوللار بېسىلىپ، 3 قېتىم بەنزە تەشكىللىنىپ، ئاساسىي پروگراممىسا ۋە تەپسىلىي تۈرلەر 6 قېتىم تۈزىتىلدى، تەزكىرە ئورىگىنالى 5 قېتىم ئۆزگەرتىلدى، بۇنىڭ بىلەن 10 نەچچە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىنىپ، شىنجاڭ تارىخىدا بىرىنچى تۇم كەسپىي ئاشلىق تەزكىرىسى تۈزۈپ چىقىلدى.

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى • ئاشلىق تەزكىرىسى» شىنجاڭنىڭ 2000 يىلدىن بۇيانقى ئاشلىقتىن غەللە - پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش، پىششىقلاپ ئىشلەش، سېتىش، يۆتكەش، ساقلاش جەريانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى تەرەققىيات تارىخى ئەتراپلىق، تەپسىلىي ۋە ھەقىقىي بايان قىلىندى، بۇ، ئاشلىق ئوبوروت ئەھۋالى ۋە تەرەققىيات تارىخى تونۇشتۇرۇلغان كىتاب. «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى • ئاشلىق تەزكىرىسى»نىڭ نەشر قىلىنىشى بىزنىڭ تارىخنى يەنىمۇ بىلىشىمىز، جايلارنىڭ ئەھۋالىنى يەنىمۇ چۈشىنىشىمىز، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئاشلىق ئوبوروتىنىڭ قانۇنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىشىمىزدە ئالاھىدە رول ئوينايدۇ، شىنجاڭنى داۋاملىق مۇقىملاشتۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش

---

① شياۋ چيىلىڭ — ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى؛ ئابدۇكېرىم ھاشىم — ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى.

قەدىمىنى تېزلىتىشتىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئاشلىق — دۆلەت ئىگىلىكى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ماددىي ئەشيا. تارىختا ئۆتكەن سۇلالىلەر ۋە دەۋرلەردىكى ھۆكۈمەتلەر ئاشلىق مەنبەسىنى ئىگىلەش، ھەربىي تەمىناتقا كاپالەتلىك قىلىش، خەلق ئېھتىياجىنى تەڭشەش - تېزگىنلەشنى چۆرىدەپ، ھەر خىل سىياسەتلەرنى بەلگىلىدى ھەمدە ئۇنى دۆلەتنىڭ ئاساسىي سىياسەتلىرى قاتارىغا كىرگۈزدى. غەربىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا تۇنجى بولۇپ ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇپ، غەربىي يۇرتتا تۇرۇشلۇق ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلار، ئەسكەرلەر ۋە يىپەك يولىدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ، غەربىي يۇرتتىكى «شەھەر دۆلەت»لىرىنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىپ، ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىدى، يىپەك يولىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۆتكەن سۇلالىلەر ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي لياۋدىن تارتىپ يۈەن سۇلالىسىغىچە بولغان ھۆكۈمرانلار شىنجاڭ دېھقانلىرىغا يېنىك باج ئېلىش سىياسىتىنى قوللىنىپ، خەلق رايىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەشتە پائال رول ئوينىدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش جۇڭگو تارىخىدا ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتتى، ئۈرۈمچى رايونىدا بىر مەھەل دېھقانلارنىڭ ئاشلىقى ئېشىپ «لىق توشقۇزۇلغان بىر ھارۋا بۇغدايىنى 3 تىيىن يارماققا ساتالماسلىق»تەك ئەھۋال كېلىپ چىقتى، قەشقەر رايونىدا بولسا، ئاشلىقى ئۆكسىيدىغان دېھقانلار «يېرىم يىلنى مېۋە - چېۋە يېيىشكە تايىنىپ» تۇرمۇش كەچۈرەتتى. مىنگو دەۋرىدە كۆپ قېتىملىق ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن، ئىزچىل ئاشلىق قەھەتچىلىكى بولۇپ، ئاشلىق باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلەپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ كەتتى، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ھە دەپ غەللە - پاراقنى كۆپەيتكەندىن سىرت، بىر تۇتاش تىزگىنلەش، باھاغا چەك قويۇش، كېلىشىم باھانى يولغا قويۇش، تەقسىم سېتىۋېلىش، نورمىلىق سېتىپ بېرىشتەك چارىلەرنى قوللانغان بولسىمۇ، باھانىڭ ئۆرلىشىنى يەنىلا تىزگىنلىيەلمەي، خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىيالمىدى. كونا جۇڭگودىكى خىيانەتچى ئەمەلدارلار ئاشلىقتىن غەللە - پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىشنى خەلقنىڭ قان - تەرىنى شوراشنىڭ ئاساسىي ۋاستىسى قىلدى، مەككار سودىگەرلەر ئاشلىق سېتىشنى پۇقرالارنى شىلىۋېلىشنىڭ مۇھىم يولى قىلىۋالدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ۋە مىسلىسىز كۆلەمدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مەركەزنىڭ غەللە - پاراقنى بىر تۇتاش كىرىم - چىقىم قىلىش، ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىش، توختاملىق سېتىۋېلىش، كۆپ يوللۇق تىجارەت قىلىش، دۆلەت ئاشلىق - ياغ زاپىسىنى تۇرغۇزۇش قاتارلىق ئاشلىق سىياسەتلىرى ۋە تۈزۈملىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆل مۇئەسسەسىلىرى مۇكەممەل، كەسپىي تېخنىكا كۈچى كۈچلۈك بولغان، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانا بىر گەۋدىلەشكەن دۆلەت ئاشلىق تارماقلىرى پەيدىنپەي قۇرۇلدى. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىدا، مۇۋاپىق تەقسىملەش، مۇقىم بولغان باھا ئارقىلىق ھەربىيلەر بىلەن خەلقنىڭ ئېھتىياجى ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ھەر قايسى جەھەتلىرىنىڭ ئاشلىققا بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىندى، بۇ، بازاردىكى مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى خاتىرجەم قىلىش، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشتە مۇھىم رول ئوينىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ ئاشلىق ئوبوروتىغا سەرپ قىلغان ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچى، مالىيە كۈچىنىڭ كۆپلۈكىنى، جەمئىيەتنى تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىنى ۋە ئاشلىق باھاسىنىڭ مۇقىملىقىنى تارىختىكى ھەر قانداق دەۋر بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، بۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتىنى تولۇق ئىپادىلەپ بەردى.

50 يىلدىن بۇيان، ئاشلىق ئوبوروتىنىڭ ئاساسلىق ئەندىزىسى — بىر تۇتاش سېتىۋېلىش-سېتىشتىن ئىبارەت بولدى. ئالاھىدە شارائىتنىڭ مەھسۇلى بولغان بۇ ئەندىزە ئىلگىرى تارىخىي رولىنى جارى قىلدۇرغانىدى. ئەمما ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئاشلىق تاۋار قاتارىدا تىجارەت قىلىنماسلىق ھەم ئۇ ئېلىپ كەلگەن سىياسەت خاراكتېرلىك زور زىيان ۋە ياردەم قاتارلىق نۇقسانلار كۈنسايىن روشەن ئىپادىلەندى. ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئۈزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىنىپ، پىلانلىق سېتىۋېلىش - سېتىش ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان كۆپ يوللۇق تىجارەت قۇرۇلمىسى پەيدىنپەي شەكىللەندى، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش مۇقىم بولغان، بازار جانلانغان، خەلق تۇرمۇشى ياخشىلانغان مەنزىرە بارلىققا كەلدى. لېكىن ئاشلىق ئوبوروتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىستېمالنى تەڭشەش رولى بازار ئارقىلىق بولماي، يەنىلا ئاساسلىقى مەمۇرىي ۋاسىتە ھەم دۆلەتنىڭ زور سومملىق مالىيە ياردىمىگە تايىنىپ ئىشقا ئاشۇرۇلدى، بۇ، ئۇزۇن مەزگىللىك ياخشى تەدبىر ئەمەس ئىدى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە يەنىمۇ ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ توختاملىق ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى قىسقارتىلىپ 1992 - يىلدىكىنىڭ %60گە تەڭ قىلىندى، ئاشلىق سېتىش ۋە يۆتكەش پۈتۈنلەي بازار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلدى، لېكىن دېھقانلارنىڭ ئاشلىق سېتىشى قىيىن بولۇش ۋە شەھەر - بازارلاردا ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش جىددىي بولۇش، ئاشلىق باھاسى داۋاملىق ئۆرلەشتەك يېڭى ئەھۋاللار كۆرۈلدى. 1994 - يىلدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاشلىقنى پىلانلىق يۆتكەش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، شەھەر-بازارلاردا نوپۇس بويىچە نورملىق تەمىنلەش يولغا قويۇلدى. 1995 - يىلدىن باشلاپ دۆلەتنىڭ توختاملىق ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ئەسلىدىكى توختاملىق سېتىۋېلىش ئاساس سانى بويىچە تولۇق سوممىلىق سېتىۋېلىشقا ئۆزگەرتىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئاشلىقتا سىياسەت خاراكتېرلىك كەسىپ بىلەن تىجارەت خاراكتېرلىك سودا ئايرىلىپ، 2 لىنىيىلىك ھەرىكەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، 1997-يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدا پۈتۈن مەملىكەتتىكىگە ئوخشاش، دېھقانلارنىڭ ئاشلىق سېتىپ بېرىش تەلىپىنى قانائەتلەندۇرۇش ئۈچۈن، ئاشلىق كەڭتاشا سېتىۋېلىندى، ھەر يىللىق سېتىۋېلىنغان ئاشلىق سېتىلغان ئاشلىقتىن كۆپلەپ ئېشىپ، كۆپ ساقلاش، سالدۇ ئېشىپ كېتىشتەك ئېغىر ئەھۋال كۆرۈلدى. 1998 - يىل 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا گوۋۇيۈەننىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، 3 تۈرلۈك سىياسەت، بىر تۈرلۈك ئىسلاھات مۇھىم نۇقتا قىلىنغان ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش خىزمىتى

قانات يايدۇرۇلدى ھەمدە باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىگە ئېرىشىلدى. نۆۋەتتە ئاشلىق ئوبوروتى ئالغا قاراپ ساغلام راۋاجلانماقتا.

بىز ئاشلىق ئوبوروتى پىلانلىق ئىگىلىك ئەندىزىسىدىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئەندىزىسىگە ئۆتۈش جەريانىدا، ئۆتمۈشنى كۆزىتىپ، ھازىرقىنى بىلىشىمىز، كەلگۈسى ئۈستىدە تېخىمۇ ئىزدىنىشىمىز لازىم. 21 - ئەسىردىكى زامانىۋىلاشتۇرۇش نىشانىغا قەدەم تاشلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بىز ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ۋە ئاشلىق ئوبوروتىغا ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەك ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. بۇ، دۆلەتنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانى، خەلقنىڭ چوڭ ئىشى، ئومۇمىيەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىش.

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، 1991 - يىلى «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى • ئاشلىق تەزكىرىسى»نى تۈزۈش خىزمىتى قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە، ئاشلىق خىزمىتى بىلەن ئۇزاق ۋاقىت شۇغۇللىنىپ، دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققان بىر تۈركۈم كادىرلار ۋە خىزمەتتىكى ئوتتۇرا ياش، كەسپىي تايانچلار قىيىنچىلىققا قارىماي، ئۆزى تەلەپ قىلىپ، تاپشۇرۇق بويىچە تەزكىرە تۈزۈشكە ئاتلاندى. بىر قانچە يىلدىن بېرى، ئۇلار مىڭبىر جاپا - مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، كەڭ ۋە ئەتراپلىق ماتېرىيال ئىگىلەپ، يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، تىرىشچانلىق بىلەن ئەجىر سىڭدۈرۈپ، تارىخىي بۇرچىنى ئاخىر ئادا قىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرىدىكى ئالاقىدار خادىملارمۇ كۆپلەپ خىزمەت ئىشلىدى. ئۇلار ئاتا - بوۋىلارنى خاتىرجەم قىلىدىغان، ئۇرۇغ - ئەۋلادلارغا پايدا يەتكۈزىدىغان ياخشى ئىشنى قىلدى. بىز بۇ كىتاب نەشىردىن چىقىش پەيتىدە ج ك پ ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىگە ۋاكالىتەن تەزكىرە تۈزۈشكە قاتناشقان بارلىق خادىملارغا چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز. «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى • ئاشلىق تەزكىرىسى»نى تۈزۈش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلغان ۋە ياردەم بەرگەن ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى • پۇل - مۇئامىلە تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى • دېھقانچىلىق تەزكىرىسى» تەھرىر ئىشخانىسىغا ھەم ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى، مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملارغا چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز!

يېڭى مىڭ يىلنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازى جاراڭلىدى، شىنجاڭ ئاشلىق كەسپىدىكىلەرنىڭ يېڭى تارىخىي سەھىپىنى ئېچىپ، زامانىۋىلاشقان سوتسىيالىستىك يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز!

1999 - يىل 10 - ئاي

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# تەزكىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە

1. مەزكۇر تەزكىرىدە ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى يېتەكچى قىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئاشلىق كەسپىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ھالىتىنى ئەتراپلىق، سىستېمىلىق، ئىلمىي بايان قىلىشقا كۈچ سەرپ قىلىندى، دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن يەرلىك ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندۈرۈلدى.

2. بايان قىلىش، خاتىرىلەش، تەزكىرە، سۈرەت، جەدۋەل، ئۆزۈندە قاتارلىق ژانىرلار ۋە قىسىم، باب، پاراگراف، ماقالە قۇرۇلمىسى قوللىنىلدى.

3. يۇقىرى چېكى شەيئىلەر بارلىققا كەلگەن ۋاقىتتىن باشلاندى، ئاخىرقى چېكى 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بولدى. تەزكىرىنىڭ ئاخىرىغا مۇھىم تارىخىي ھۆججەتلەر ۋە 1991 — 1999- يىلغىچە بولغان چوڭ ئىشلار خاتىرىسى قوشۇمچە قىلىندى.

4. ماتېرىيال جەھەتتە ئارخىپ ئاساس قىلىندى، كىتاب، گېزىت - ژۇرنال، تەرىپ، ماددىي ئىسپات ماتېرىياللىرى قوشۇمچە قىلىندى. تەزكىرىگە كىرگۈزۈلگەن ماتېرىياللار ئىسپاتلىنىپ ئىلغاپ ئېلىنغانلىقتىن، ئادەتتە ئېلىنغان جايى ئىزاھلانمىدى.

5. سانلىق مەلۇماتلاردا ستاتىستىكا تارماقلىرى تەمىنلىگەن سانلار ئۆلچەم قىلىندى، كەملىرىگە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ستاتىستىكا سانلىق مەلۇماتلىرى ئىشلىتىلدى. ستاتىستىكا يىلى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقىسى ئەسلى ماتېرىيال بويىچە ئېلىندى؛ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكىسى ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش، سېتىش، يۆتكەش، ساقلاش ستاتىستىكا سانلىرىدا ئاشلىق يىلى (شۇ يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن كېيىنكى يىلى 3 - ئاينىڭ 31- كۈنىگىچە) نىڭ سانلىرى قوللىنىلدى، باشقا ستاتىستىكىلىق ماتېرىياللار كالېندار يىلى بويىچە قوللىنىلدى.

6. 1950 — 1990 - يىلغىچە بولغان رايونلارغا ئايرىلغان ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش، سېتىش، يۆتكەش، ساقلاش ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىدا 1990 - يىلدىكى مەمۇرىي رايونلار ئۆلچەم قىلىندى. بۇرۇن قىسمەن ناھىيىلەرنىڭ مەمۇرىي رايون تەۋەلىك مۇناسىۋىتىدە ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، مەزكۇر تەزكىرىنىڭ ماتېرىياللىرى 1990 - يىلدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە قاراشلىق ناھىيە، شەھەرلەر بويىچە تەكشەلدى. ئالاقىدار يازما ماتېرىياللارمۇ مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە بايان قىلىندى.

7. سانلارنى قوللىنىشتا، دۆلەت تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى، دۆلەت نەشرىياتچىلىق ئىدارىسى قاتارلىق 7 تارماق ئېلان قىلغان «نەشر بۇيۇملىرىدا سانلارنى قوللىنىش ئۇسۇلى توغرىسىدىكى سىناق تەرتىپىدە يولغا قويۇلىدىغان بەلگىلىمە» ئىجرا قىلىندى. ئۆلچەم بىرلىكى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقىسى ئەسلى ماتېرىيال بويىچە ئېلىندى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكىسىدە خەلقئارا سىستېما قوللىنىلدى، ئاشلىق كەسپىنىڭ ئادىتى نەزەرگە ئېلىنىپ، يۈز مىليون كىلوگرام، تۈمەن كىلوگرام، كىلوگرام، تۈمەن توننا، توننا دېگەن

ئۆلچەم بىرلىكلىرى قوللىنىلدى.

8. ماقالىلەر «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تەزكىرە كىتابلىرى ماقالە قائىدىسى» (سىناق نۇسخا) دىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ئىجرا قىلىندى.

9. ناملار تۈنجى قېتىمدا تولۇق ئېلىندى، كېيىنكىلىرىدە قىسقارتىپ ئېلىندى. قەدىمكى يەر - جاي ناملىرى ھەربىر قىسىمدا تۈنجى قېتىم ئۇچرىغاندا ھازىرقى ئاتىلىشى ئىزاھلاندى، كېيىنكىلىرىدە ئىزاھ بېرىلمىدى. مەزكۇر تەزكىرىدە «يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى، كېيىنكى» دېيىلگەن سۆز 1949 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇرۇنقىسى، كېيىنكىسىنى كۆرسىتىدۇ.

10. يىلنامىدە چىڭ سۇلالىسى ھەم ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى پادىشاھلارنىڭ يىل ناملىرى، جۇڭخۇا مىنگو دەۋرىدىكى مىنگو يىل نامى ئىسكوبكا ئىچىدە مىلادىيە يىل ھېسابى بويىچە ئىزاھلاندى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكىسىدە مىلادىيە يىل ھېسابى قوللىنىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئومۇمىي بايان

www.uyghurkitap.com



# 1

شىنجاڭ قەدىمكى زاماندا غەربىي يۇرت دەپ ئاتىلاتتى. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 60 ـ يىلى غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇرلى (ھازىرقى بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ چېدىر يېزىسى) دا غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلغاندىن ئارتىپ، شىنجاڭ رەسمىي جۇڭگو زېمىنىغا تەۋە بولۇپ، جۇڭگو تۇپرىقىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ قالدى. غەربىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش داۋامىدا دۇچ كەلگەن ئەڭ زور قىيىنچىلىق لەشكەرلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىش بولدى. تەيچۇ 1 ـ يىلى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 104 ـ يىلى) سۈترشانا سانغۇنى لى گۇاڭلى بىرىنچى قېتىم پەرغانىگە ھۇجۇم قىلغاندا، ئاشلىق يېتىشمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى، ئۇ خەن ۋۇدىغا «لەشكەرلەر جەڭ قىلىشتىن ئەندىشە قىلمايدۇ، ئاچ قېلىشتىن ئەندىشە قىلىدۇ» دەپ خەت يېزىپ، لەشكەرلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇڭا، غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق لەشكەرلەرگە ۋە ئۆتكەن ـ كەچكەن ئەلچىلەر، سودىگەرلەرگە ئېھتىياجلىق بولغان ئاشلىقنى ھەل قىلىش يۈزىسىدىن لەشكەرلەرنى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، ئاشلىق تېرىشقا باب كېلىدىغان ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇردى، ئەسكەرلەر ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا دېھقانچىلىق قىلدى، جەڭدە پەيتلەردە جەڭچى بولدى، ئۇلار ئىشلەپچىقارغان ئاشلىق لەشكەرلەر، ئۆتكەن ـ كەچكەن ئەلچىلەر ۋە سودىگەرلەرگە ئىشلىتىلدى. خەن ۋۇدىنىڭ يۈەنفېڭ 6 ـ يىلى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 105 ـ يىلى) دىن ئارتىپ خەن چېڭدىنىڭ جيەنشى 3 ـ يىلى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 30 ـ يىلى) غىچە غەربىي خەن سۇلالىسى شۈەنلېي (ھازىرقى ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى رايونلار)، رائوتا (ھازىرقى بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبى)، لوپنۇر (ھازىرقى كورلا شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبى)، مىرەن (ھازىرقى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ مىرەن ئەتراپى)، كىروران (ھازىرقى چاقىلىق ناھىيىسى لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىي شىمال قىرغىقى)، يارغول (ھازىرقى تۇرپان يارغول قەدىمكى شەھىرى)، بەشكەنت (ھازىرقى يەكەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالى)، قىزىل قورغان (ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقىي جەنۇبى)، كىنگىت (ھازىرقى يەنجى ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى)، كۇسەن (ھازىرقى كۇچا)، قوچۇ (ھازىرقى تۇرپان شەھىرىدىكى ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى ئەتراپى)، قۇم (ھازىرقى ئاقسۇ شەھىرى) قاتارلىق جايلاردا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى قانات يايدۇردى. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە قاتناشقان ئەسكەرلەر ئەڭ كۆپ بولغاندا 25 مىڭغا يەتتى. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى لەشكەرلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ۋە يىپەك يولىدىن ئۆتكەن ـ كەچكەن سودىگەرلەر، ئەلچىلەرنىڭ ئاشلىققا بولغان ئېھتىياجىنى ھەل قىلىپلا قالماستىن، غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى غەربىي يۇرتنىڭ ھەر قايسى شەھەر دۆلەتلىرىدىن غەللە پاراق، باج ئالماسلىق ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، بۇ، غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا ھالقىلىق رول ئوينىدى.

غەربىي خەن سۇلالىسىدىن باشلاپ ئۆتكەن ھەر قايسى سۇلالىلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىشتىكى مۇھىم دەستۇر قىلدى. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش غەربىي يۇرت ئاشلىق ئىشلىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ قالدى. شەرقىي خەن، ساۋۋېي، غەربىي جىن سۇلالىلىرى غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈزۈمىگە ۋارىسلىق قىلىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رايونلاردا ئوخشاش بولمىغان كۆلەمدە بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈشنى قانات يايدۇردى. ئالدىنقى لياڭ، ئالدىنقى چىن، كېيىنكى لياڭ، غەربىي

لياڭ، شىمالىي لياڭ، شىمالىي ۋېي قاتارلىق ھاكىمىيەتلەر غەربىي يۇرتتا قوچۇ ئىناچىلىقىنى تەسىس قىلىپ ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىمۇ، بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرۇپ بۇ جايدا تۇرۇشلۇق لەشكەرلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىدى. سۈي سۇلالىسىنىڭ دايې 5 ـ يىلى (609 ـ يىلى) دىن باشلاپ، غەربىي يۇرتنىڭ شەرقىي قىسمىدا پىشامشان (ھازىرقى چاقىلىق ناھىيىسى ئەتراپىدا)، چەرچەن، ئىۋىرغول قاتارلىق جايلاردا ئىناچىلىق ـ ناھىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈزۈمـــى داۋاملاشتۇرۇلدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 4 ـ يىلى (630 ـ يىلى) دىن باشلاپ، غەربىي يۇرتنىڭ شەرقىي قىسمىدا ئىۋىرغول ئايىمىقى (ئايماق مەركىزى ھازىرقى قۇمۇل شەھىرى)، قوچۇ ئايىمىقى (ئايماق مەركىزى ھازىرقى تۇرپان شەھىرىدىكى ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى) ۋە بېشبالىق ئايىمىقى (ئايماق مەركىزى ھازىرقى جىمىســـار ناھىيىسىدىكى خوبۇزا قەدىمكى شەھىرى) قاتارلىق جايلاردا ئايماق، ناھىيە، يېزا، تۇتۇن تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، باج ـ سېلىق يىغىلدى. شاجۇ ئايىمىقى (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ دۈنخۇاڭ شەھىرى) شىنجاڭنىڭ چەرچەن، چاقىلىق ناھىيىلىرىنى باشقۇردى. غەربىي يۇرتنىڭ باشقا رايونلىرىدا بېقىندى ئايماق، مەھكىمە تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئالۋان ـ ياساق ئېلىنمىدى. لەشكەرلەر ۋە ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا ئېھتىياجلىق ئاشلىق يەنىلا ئاساسەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە تايىنىپ ھەل قىلىندى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش دائىرىسى، كۆلىمى تارىختا ئەڭ گۈللەنگەن غەربىي خەن سۇلالىسى مەزگىلىدىكىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى، مەركەزلەشكەن 11 بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى شەكىللەنگەندىن باشقا، ھەر قايسى بوقال شەھەرلەر، تۇر ـ لەڭگەرلەرمۇ كىچىك كۆلەملىك پارچە ـ پۇرات بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈشنى قانات يايدۇردى. يۈەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتىكى توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇشتا بۇ يەردە تۇرۇشلۇق لەشكەرلەرنىڭ ئاشلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، يۈەن شىزۇنىڭ جىيۈەن 15 ـ يىلى (1278 ـ يىلى) دىن باشلاپ بېشبالىق (ھازىرقى جىمىسار ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالى)، ئودۇن (ھازىرقى خوتەن شەھىرى)، كۇسەن (ھازىرقى كۇچا)، جالاندىر (ھازىرقى چەرچەن ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبى) قاتارلىق جايلاردا بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈشنى قانات يايدۇردى. چىــڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 55 ـ يىلى (1716 ـ يىلى) دىن داۋگۇاڭ 20 ـ يىلى (1840 ـ يىلى) غىچە شەرقتە قۇمۇل ياپىلىقىدىن غەربتە ئىلى دەريا بويلىرىغىچە، شىمالدا ئالتاي تېغىدىن جەنۇبتا كۇئېنلۇن تاغلىرىغىچە بولغان تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى ھەم جوڭغارىيە، تارىم ئويمانلىقى ئەتراپلىرىدىكـــى 24 جايدا بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى ئېچىلدى. بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش شەكلى ھەربىيلەر بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئاساس قىلىنىشتىن، خەلق بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئاساس قىلىنىشقا ئۆزگەرتىلدى. بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈشتە شىمالىي شىنجاڭ مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئومۇمىي كۆلىمى 3 مىليون 28 مىڭ مودىن كۆپرەككە يەتكۈزۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەسكەرلەر، خوشۇن، جىنايەتچىلەر ئۆزلەشتۈرگەن بوزيەر 603 مىڭ مودىن كۆپرەككە، خەلق ئۆزلەشتۈرگەن بوز يەر 2 مىليون 425 مىڭ مودىن كۆپرەككە يەتتى. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ ئېلىنغان ئاشلىق ۋە ئېلىنغان غەللە ـ پاراق ئۆزىدىن ئېشىنىپ، زاپاس ئاشلىق كۆپىيىپ كەتتى. زاپاس ئاشلىق بۇزۇلۇپ زىيان بولۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چيەنلۇڭ يىللىرى ئىلىدا بوزيەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ھەربىيلەر سانىنى كېمەيتىش، موردا بوزيەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ھەربىيلەر يەرلەرنى بوشىتىپ بېرىش، جىمىساردا بوزيەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ھەربىيلەر «تېرىقچىلىق قىلىشنى ۋاقىتىنچە توختىتىش»نى تەستىقلىدى. شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى گۇاڭشۈ 13 ـ يىلى (1887ـ يىلى) بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ھەربىيلەر ئۆزلەشتۈرگەن يەرلەرنى بىر تۇتاش خەلققە مەنسۇپ قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، شىنجاڭدا ھەربىيلەر ئىشلەپچىقارغان ئاشلىقنى سېتىۋېلىش ۋە يەر ئىجارىسى ئاشلىقى ئېلىشنى ئاساس قىلىش پۈتۈنلەي غەللە ـ پاراق ئېلىشقا ئۆزگەرتىلدى.

1949 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ 26 ـ كۈنلىرى شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانلىقى جاكارلاندى. مۇۋەققەت قوماندان ۋاڭ جېن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 ـ بىڭتۇەننى باشلاپ شىنجاڭغا كىرىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى بېكىتكەن چېگرا رايوننى قوغداش، چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش، «ھەربىيلەر بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈپ چېگرا رايوننى قوغداش» تىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپىنى ئىجرا قىلدى. قىسىملار شىنجاڭغا كىرگەن كۈندىن باشلاپ، بىر قولىغا كەتمەن، بىر قولىغا مىلتىق ئېلىپ، بىر تەرەپتىن باندىتلارنى تازىلاش، ھاكىمىيەت قۇرۇش، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن سۇچىلىق قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش، بوزيەر ئېچىپ ئېتىز بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت قۇرۇلۇش ئىشى بىلەن شۇغۇللاندى. 1949 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 22 ـ بىڭتۇەنى قۇرۇلدى، بۇ بىڭتۇەن ئاساسلىقى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. 1950 ـ يىلى قىسىملار جەمئىي 960 مىڭ مو بوزيەر ئۆزلەشتۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق، ياغلىق دان تېرىلغۇ كۆلىمى 744 مىڭ مو بولۇپ، بۇ يەرلەردىن 32 مىليون 920 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق، 1 مىليون 860 مىڭ كىلوگرام ياغلىق دان ئېلىندى. 1952 ـ يىلى قىسىملارنىڭ تېرىلغۇ يېرى 1 مىليون 620 مىڭ موغا يېتىپ، بۇ يەرلەردىن 95 مىليون كىلوگرام ئاشلىق، 4 مىليون 890 مىڭ كىلوگرام ياغلىق دان ئېلىندى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا ئاشلىق، ياغ جەھەتتە تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئۈنۈملۈك دەرىجىدە پەسەيتىلدى. 1954 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايون ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى (كېيىن «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى» دەپ ئاتالدى) قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق، سانائەت، سودا، قۇرۇلۇش، قاتناش، مۇلازىمەت ئىشلىرى ئومۇميۈزلۈك راۋاجلىنىپ، بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكۈزۈلدى. 1989 ـ يىلى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى پىلانى ئايرىم تۈزۈلىدىغان، يېزا ئىگىلىك، سانائەت، سودا بىر گەۋدىلەشكەن ئالاھىدە چوڭ كارخانىغا ئايلاندى. 1990 ـ يىلى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەندىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ كەڭ زېمىندا ۋە چەكسىز ئۇزۇن چېگرا لىنىيىسىدە ئۆزلەشتۈرگەن يەر 14 مىليون 67 مىڭ موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق، ياغلىق دان زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 6 مىليون 713 مىڭ مو، ئىشلەپچىقىرىلغان ئاشلىق ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي ئاشلىقنىڭ 23.14% نى، ئىشلەپچىقىرىلغان ياغلىق دان ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان ئومۇمىي ياغلىق داننىڭ 22.77% نى، ئىشلەپچىقىرىلغان پاختا ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان ئومۇمىي پاختىنىڭ 41.56% نى ئىگىلىدى. 1954 — 1990 ـ يىلغىچە بولغان ئاشلىق يىلىدا، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى دۆلەتنى تەخمىنەن 2 مىليارد 100 مىليون كىلوگرام تەكسە باھالىق تاۋار ئاشلىق، 123 مىليون كىلوگرام تاۋار ياغ بىلەن تەمىنلەپ، شىنجاڭنىڭ ئاشلىق، ياغ جەھەتتىكى كىرىم ـ چىقىمىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشتا مۇھىم تۆھپە قوشتى.

2

«دۆلەت خەلقنى ئاساس قىلىدۇ، خەلق ئوزۇقلۇق بىلەن ھاياتلىق تاپىدۇ. ئوزۇق ـ تۈلۈك ئاشلىقنى مەتبە قىلىدۇ». ئاشلىق — دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەم تۇرمۇش ئاساسى. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن تارتىپ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئاشلىق ئوبوروت خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. 1949 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ 26 ـ كۈنلىرى شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنغانلىقى جاكارلانغاندىن تارتىپ 1990 ـ يىلغىچە بولغان 42 يىل ئىچىدە، ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە

ئوبوروتىدا ناھايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئىشلەپچىقىرىلغان ئومۇمىي ئاشلىق 848 مىليون كىلوگرامدىن 6 مىليارد 769 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، 7 ھەسسىگە يېقىن ئاشتى، مۇۋاپىق تەقسىملەش، ئەستايىدىل ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق ھەربىي ئېھتىياج، خەلقنىڭ ئوزۇقلۇقى ۋە ھەر ساھەنىڭ ئاشلىققا بولغان ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىندى. بىر قەدەر كەڭتاشا بولغان دۆلەت ئاشلىق زاپىسى تۇرغۇزۇلدى. لېكىن، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىدا «ئۈچ ئۆرلەش، ئۈچ پەسىيىش» جەريانى كۆرۈلدى، ئاشلىق ئوبوروتىدىمۇ ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىش، سىرتقا ئازراق ئاشلىق يۆتكەشتىن يۆتكەپ كېلىنگەن ئاشلىقنى يېيىش، يەنە ئاشلىقتا ئۆزىنى تەمىنلەپ سىرتقا ئاشلىق يۆتكەشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتەك بىر قانچە باسقۇچلار بېسىپ ئۆتۈلدى.

1950 — 1958 - يىللىرى شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى تېز تەرەققىي قىلغان مەزگىل بولدى، ئاشلىق ئوبوروت ۋەزىيىتىمۇ تېز ياخشىلاندى. شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنغانلىقى جاكارلانغان 1949 - يىلى ئۆلكە بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان ئومۇمىي ئاشلىق ئارانلا 848 مىليون كىلوگرام بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا 196 كىلوگرامدىن توغرا كەلگەنىدى، 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدىكى سالدۇ ئاشلىق ئارانلا 32 مىليون كىلوگرام ئىدى. 1950 - يىلدىن تارتىپ، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى ۋە يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى بارغانسېرى ئاشتى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى «بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش، چېگرا رايوننى قوغداش» ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىپ، زور كۈچ بىلەن بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈپ، ئاشلىق تېرىدى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ئاشلىقى يىلسېرى ئېشىپ باردى. 1958 - يىلغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان ئومۇمىي ئاشلىق 1 مىليارد 961 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، 1949 - يىلدىكىدىن 1.31 ھەسسە ئاشتى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق 337 كىلوگرام بولۇپ، 1949 - يىلدىكىدىن 141 كىلوگرام كۆپەيدى. ئاشلىق مەھسۇلاتى كۆپەيگەن ئاساستا، ئاشلىق ئوبوروت ۋەزىيىتى 1956 - يىلدىن بۇرۇنقى مەزگىلگە قارىغاندا خېلى ياخشى راۋاجلاندى، بۇ ئارقىلىق ھەر ساھەنىڭ ئاشلىققا بولغان ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ھەر يىللىق سېتىۋېلىش-سېتىشتا ئېشىنچا بولۇش، سالدۇ ئېشىپ بېرىش، ئازراق ئاشلىقنى ئېكسپورت قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. شىنجاڭنىڭ ئاشلىقى نىسبىي كەڭتاشا بولغانلىقى ۋە شىنجاڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى بولغانلىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن، 1953 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىش (يەنى پىلانلىق سېتىۋېلىش، پىلانلىق تەمىنلەش) يولغا قويۇلغاندا، ج ك پ شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى غەربىي شىمال بيۇروسى ئارقىلىق ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا دوكلات يوللاپ ماقۇللۇق ئالغاندىن كېيىن، بىر تۇتاش سېتىۋېلىش- سېتىشنى ۋاقتىنچە مەملىكەت بويىچە تەڭ يۈرگۈزمەسلىكنى بەلگىلىدى. لېكىن، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش- سېتىشنى يولغا قويغانلىقىنىڭ تەسىرى بىلەن، دېھقانلار ئاشلىقنى ساتقۇسى كەلمەسلىك ۋە خۇسۇسىي سودىگەرلەر ئاشلىق تىجارىتىگە ئارىلىشىۋېلىش مەسىلىسى پەيدىنپەي ئاشكارىلىنىپ چىقتى، شۇنىڭ بىلەن 1956 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان ئاشلىق 113 مىليون كىلوگرام ئاشقان تەقدىردىمۇ كىرىم چىقىمنى قاپلىيالماي، 71 مىليون كىلوگرام يوچۇق پەيدا بولۇپ، سالدۇنى يوناشتەك نورمالسىز ئەھۋال كۆرۈلدى، شۇڭا، ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى 1957 - يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدە ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش — سېتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. يېزىلاردا بەلگىلەنگەن ئوزۇقلۇق ئاشلىق، ئۇرۇغ، يەم - بوغۇز قالدۇرۇش ئۆلچىمى بويىچە، كوپېراتىپ (باشلانغۇچ كوپېراتىپ گوڭشېلاشقاندىن كېيىنكى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى) بىرلىك قىلىنىپ، ئارتۇق كېمى تەڭلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئېشىنچىسى بولسا سېتىۋېلىش، كېمىيىپ قالغىنىنى تەمىنلەش يولغا قويۇلدى؛ شەھەر - بازارلاردا نوپۇسقا قاراپ (ئىش تۈرى، يېشى بويىچە)

www.uyghurkitap.com



نورما بەلگىلىنىپ، ئائىلىلەرگىچە كىنىشكا تارقىتىلىپ، كىنىشكا بىلەن ئاشلىق سېتىۋېلىندى؛ ئاشلىق بازارلىرى پۈتۈنلەي تاقىلىپ، شەخسلەرنىڭ ئاشلىق تىجارەت قىلىشى مەنئى قىلىندى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئاشلىق تىجارىتى ئېنىق مەھسۇلات تەقسىملەشكە ئۆزگەردى. ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە خۇسۇسىي سودىگەرلەرنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقارغۇچىلار ۋە ئىستېمالچىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى پۈتۈنلەي ئۈزۈۋېتىلگەنلىكى، ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كۆچەيتىلگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشلىق مەھسۇلاتى ئۇدا ئاشقانلىقى تۈپەيلىدىن 1957 -، 1958 - ئاشلىق يىلىدا سېتىۋېلىنغان ئاشلىق سېتىلغىنىدىن كۆپ بولۇپ، سالدۇ كۆپەيدى. 1958 - يىللىق ئاشلىق يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە دۆلەتنىڭ ئاشلىق سالدۇسى 461 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، 1949 - يىلدىكىدىن 13.4 ھەسسە ئاشتى. مۇشۇ مەزگىلدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا 153 مىليون كىلوگرام ئاشلىق ئېكسپورت قىلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئېھتىياجلىق بولغان ماشىنا - ئۈسكۈنىلەر تېگىشىپ كېلىندى.

1958 - يىلى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋە «خەلق گۇڭشېسى» يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى، بۇ، ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە خىلاپ ئىش بولدى، 1959 - يىلى ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش قانات يايدۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن ئاشلىق ئوبوروتى «مەھسۇلاتنى يۇقىرى باھالاش» قا ئەگىشىپ، «ئاشلىقتىن يۇقىرى غەللە - پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش» نى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىغا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزۈپ، 1960 — 1962 - يىلغىچە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ قاتتىق تۆۋەنلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، شۇنىڭ بىلەن خەلق تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىنتايىن قىيىن بولدى. 1962 - يىلى، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان ئاشلىق 1 مىليارد 654 مىليون كىلوگرامغا چۈشۈپ قېلىپ، 1958 - يىلدىكىدىن %15.67 تۆۋەنلەپ كەتتى. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر كىشىگە توغرا كەلگەن ئاشلىق 237 كىلوگرامغا چۈشۈپ قېلىپ، 1958 - يىلدىكىدىن 100 كىلوگرام كېمىيىپ كەتتى، بۇ، 1951 - يىلدىن بۇياقى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈپ قالدى. ئېغىر قىيىنچىلىق ئالدىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەر ئاساسلىق كۈچنى ئاشلىق خىزمىتىنى تۇتۇشقا مەركەزلەشتۈردى. ئاپتونوم رايون دەل ۋاقتىدا يېزىلاردىكى قالدۇرۇق ئاشلىق ئۆلچىمىنى تۆۋەنلىتىپ، شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنى قىسقارتىپ ۋە ئۇلارنىڭ ئاشلىق نورما ئۆلچىمىنى مۇۋاپىق تۆۋەنلىتىپ، ئاشلىق بويىچە «3نى تەكشۈرۈش - تەرتىپكە سېلىش» نى يولغا قويدى، شەھەر - يېزا خەلقىنى «ئۆلچەمنى تۆۋەنلىتىش، ئاشلىق ئورنىغا مېۋە - چېۋە، كۆكتاتلارنى سەپلەش» قاتارلىق ئاشلىق تېجەش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇشقا چاقىردى. بىر مۇنچە ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلەرنىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئالدىنقى يېرىم يىلدا خەلق تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى، كېيىنكى يېرىم يىلدا ئاشلىقتىن غەللە- پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىشنى تۇتتى، خەلق ئاممىسى ئۇلارنى «ئاشلىق شۇجىسى» دەپ تەرىپلىدى. مۇشۇنداق بولۇشىغا قارىماي، 1960 — 1962 - يىلغىچە بولغان ئاشلىق يىللىرىدا ئاشلىق سېتىۋېلىش، سېتىشتا كىرىم چىقىمنى قاپلىيالماي، سالدۇنى يۈناشقا توغرا كەلدى. 1960 - يىل 5 - ئايدىن باشلاپ، ئاقسۇنىڭ شىمالىدىكى رايونلارنىڭ ئاشلىقى ئۈرۈمچى، قاراماي قاتارلىق شەھەرلەر، سانائەت، كان رايونلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلالمىغانلىقتىن تۇركۈم - تۇركۈملەپ ئاپتوموبىل ئاجرىتىپ، خوتەن، قەشقەردىن يىراق مۇساپىنى بېسىپ «جەنۇبنىڭ ئاشلىقىنى شىمالغا يۆتكەش» كە توغرا كەلدى. ئاشلىق يۆتكەش يۇقىرى پەللىگە يەتكەن مەزگىللەردە، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق يۆتكەشكە ئىشلىتىلگەن ئاپتوموبىل 4500 دىن كۆپرەككە يەتتى. بارلىق قاتناش ۋاستىلىرى دېگۈدەك مۇشۇ ئىشقا قارىتىلىپ، ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان ئاشلىق يۆتكىلىدىغان رايونلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. 1960 — 1962- يىلغىچە بولغان ئاشلىق يىللىرىدا، خوتەن، قەشقەر ۋىلايەتلىرىدىن جەمئىي 171 مىليون كىلوگرام ئاشلىق يۆتكەپ كېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ج ك پ غەربىي شىمال بيۇروسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بىنائەن، گەنسۇ

ئۆلكىسى ئۆزلىرى ئاپتوموبىل ئورۇنلاشتۇرۇپ خوتەن، قەشقەر ۋىلايەتلىرىدىن ئۆز ئۆلكىسىگە يۆتكىگەن ئاشلىق 21 مىليون 330 مىڭ كىلوگرام. 1962 ـ يىللىق ئاشلىق يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە دۆلەتنىڭ ئاشلىق سالدۇسى 252 مىليون كىلوگرامغا چۈشۈپ قېلىپ، 1958 ـ يىللىق ئاشلىق يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىسىدىن %45.34 كېمىيىپ كەتتى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» تىن ئىبارەت 4 سۆزلۈك فاڭجېننى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «مۇلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى»، «مۇبالىغىچىلىك شامىلى» ۋە ئاشلىق خىزمىتىدىكى «يۇقىرى غەللە پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش» قاتارلىق خاتالىقلارنى قەتئىي تۈزەتتى، 1963 ـ يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىر قەدەر تېز ئەسلىگە كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى، 1966 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان ئاشلىق 3 مىليارد 323 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، 1962 ـ يىلدىكىدىن %100.91 ئاشتى، ھەر يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ ئېشىش نىسبىتى %19.06 بولدى، بۇ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەڭ تېز راۋاجلانغان مەزگىل ھېسابلىنىدۇ. 1966 ـ يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق 397 كىلوگرام بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىقتىن 108 كىلوگرام ئېشىپ كەتتى. 1963 — 1966 ـ يىلغىچە بولغان ئاشلىق يىللىرىدا ئاپتونوم رايونىمىز جەمئىي 444 مىليون كىلوگرام ئاشلىقنى ئاپتونوم رايون سىرتىغا يۆتكىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەرەب بىرلەشمە جۇمھۇرىيىتى (ھازىرقى مىسىر) گە ئېكسپورت قىلىنغان 20 مىليون 20 مىڭ كىلوگرام كۆممىقوناق بار. 1966 ـ ئاشلىق يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق سالدۇسى (ئۇرۇش تەييارلىقى ئاشلىقى بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) 699 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، 1962ـ ئاشلىق يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 1.77 ھەسسە ئاشتى. 1963 — 1967 ـ يىلغىچە بولغان 5 ئاشلىق يىلىدا، بىمۇتۇەن جەمئىي 500 مىليون كىلوگرام ئاشلىق سېتىپ بەردى، بۇ ئالدىنقى 10 يىلدا (1953 — 1962ـ يىلغىچە) سېتىپ بېرىلگەن ئاشلىق يىغىندىسىنىڭ 3.7 ھەسسىگە تەڭ كېلىدۇ، بىمۇتۇەن شىنجاڭنىڭ ئاشلىقتا ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەپ ئېشىنىشى ۋە «جەنۇبنىڭ ئاشلىقىنى شىمالغا يۆتكەش» كە خاتىمە بېرىلىشىگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىشتا ھەر يىلى ئېشىنچا بولۇۋاتقان ھەمدە سىرتقا ئاشلىق يۆتكەۋاتقان پەيتتە، 1966 ـ يىلى باشلانغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى يەنە چېكىنىش، بىر ئىزدا تۇرۇپ قېلىش، ئىلگىرىلىيەلمەسلىك ھالىتىگە چۈشۈرۈپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ سىرتقا ئاشلىق يۆتكەيدىغان رايوندىن ئاشلىق يۆتكەپ كېلىنىدىغان رايونغا ئايلىنىپ قالدى. 1968 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان ئومۇمىي ئاشلىق 2 مىليارد 193 مىليون كىلوگرامغا چۈشۈپ قېلىپ، 1966 ـ يىلدىكىدىن %34.01 ئازايدى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق 241 كىلوگرامغا چۈشۈپ قېلىپ، 1966 ـ يىلدىكىدىن %39.29 ئازايدى. 1977 ـ يىلدىكىنى 1966 ـ يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، نوپۇس %44.27 كۆپەيدى، ۋاھالەنكى ئاشلىق مىقدارى %2.86 تۆۋەنلىدى. مۇشۇ مەزگىلدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى دېھقانلارنىڭ ئاشلىق تېرىش ۋە ئېشىنچا ئاشلىقنى سېتىپ بېرىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ماۋزېدۇڭنىڭ «دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئاشلىقنى ھەرگىزمۇ چەكتىن ئاشۇرۇپ سېتىۋالماسلىق كېرەك» دېگەن يوليورۇقىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇردى ۋە ئەمەلىيلەشتۈردى، 1971 ـ يىلى يەنە ئاپتونوم رايونىمىز غەللە ـ پاراق ئېلىش ۋە ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى (ئاساس سان) نى بىر بېكىتىپ 3 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك (شۇ يىلى 9-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئايدا يەنە بىر بېكىتىپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىككە ئۆزگەردى) ، ئاساس ساندىن ئاشۇرۇپ تاپشۇرغان ئاشلىقتا باھا قوشۇپ مۇكاپاتلاشنى يولغا قويدى، شۇ يىلدا بىر ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىن ھەم ئاشلىق سېتىۋېلىش، ھەم ئاشلىق سېتىپ بېرىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئېشىنچا ئاشلىقى بار ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدىن سېتىۋېلىش، سېتىپ بەرمەسلىك، ئۆزىنى ئۆزى قامدىيالايدىغان ئەترەتلەردىن سېتىۋالماسلىق ھەم سېتىپ بەرمەسلىك، ئاشلىقى ئۆكسۈيدىغان ئەترەتلەرگە سېتىپ بېرىش، سېتىۋالماسلىقنى ئېنىق بەلگىلىدى. ئاشلىق سېتىشنى ئىمكانقەدەر ئازايتىش ۋە سېتىۋېلىشنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، 1972 - يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر مەركىزنىڭ 44 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە ئىشخانىسىنى قۇرۇپ، تاۋار ئاشلىق ئىستېمال قىلىدىغان نوپۇسنىڭ ئېشىشىنى قاتتىق تىزگىنلىدى. ئاشلىق سېتىۋېلىشتا ئاشۇرۇپ سېتىپ بەرگەن قىسمىغا بەلگىلىمە بويىچە باھا قوشۇپ بېرىلگەندىن باشقا، يەنە ئاپتوموبىل، تراكتور، قول ھارۋىسى قاتارلىق ترانسپورت، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى مۇكاپات تەرىقىسىدە سېتىپ بېرىلدى. بۇ سىياسەت - تەدبىرلەر گەرچە قىسمەن يىللاردىكى كىرىم - چىقىم پەرقىنى ئازايتقان بولسىمۇ، كىرىم چىقىمنى قاپلىيالمايدىغان ۋەزىيەتنى تۈپتىن ئۆزگەرتەلمىدى ھەم ئۆزگەرتىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. 1967 — 1977 - يىلغىچە بولغان ئاشلىق يىللىرىدا ئاپتونوم رايونىمىز رايون سىرتىدىن جەمئىي 893 مىليون كىلوگرام ئاشلىق يۆتكەپ كەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1974 -، 1975 - ئاشلىق يىللىرى يۆتكەپ كېلىنگىنىلا 545 مىليون كىلوگرامغا يەتتى. «جەنۇبنىڭ ئاشلىقى شىمالغا يۆتكىلىدىغان» خوتەن، قەشقەر ۋىلايەتلىرىمۇ ئاشلىق يۆتكەپ كېلىنىدىغان ئاساسلىق رايونلارغا ئايلىنىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايون ئۇزۇن مەزگىلگىچە «شىمالنىڭ ئاشلىقىنى جەنۇبقا يۆتكەش»كە مەجبۇر بولدى، ۋاھالەنكى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاۋار ئاشلىقى ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىزچىل مۇھىم رايون بولۇپ كەلگەن تارباغاتاي ۋىلايىتى مۇشۇ مەزگىلدە بىر يىل، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى 3 يىل يۆتكەپ كېلىنگەن ئاشلىقنى ئىستېمال قىلدى.

1978 - يىل 12 - ئايدا ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنى چاقىرىلىپ، يېزىلاردىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىكى 3 - تەرەققىيات دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. ئائىلىلەر بويىچە مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسىنىڭ پەيدىنپەي ئىسلاھ قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تېز ئازاد بولۇپ، دېھقانلارنىڭ ئاشلىق تېرىش، ئاشلىق سېتىپ بېرىش ئاكتىپلىقى ئۆستۈرۈلدى. 1984 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان ئومۇمىي ئاشلىق 4 مىليارد 951 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، 1977 - يىلدىكىدىن %38.53 ئاشتى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق 368 كىلوگرام بولۇپ، 1977 - يىلدىكىدىن %37.83 ئاشتى. 1978 — 1984 - يىلغىچە بولغان ئاشلىق يىللىرىدا ئاپتونوم رايونىمىز داۋاملىق تۈردە 846 مىليون كىلوگرام تەكشى باھالىق ئاشلىق يۆتكەپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇنىڭدا ئاساسلىقى دېھقان، چارۋىچىلارنى ئارام ئالدۇرۇپ، ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ۋە ئاشلىق سالدۇقىنى كۆپەيتىۋېلىش مەقسەت قىلىنغانىدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى دېھقان، چارۋىچىلارنى ئارام ئالدۇرۇپ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، 1980 - يىلدىن باشلاپ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ قالدۇرۇق ئاشلىق، قالدۇرۇق يەم - بوغۇز ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈش، ئاشلىق سېتىۋېلىش نۇقتىسىنى ئۆستۈرۈش، ئاشلىقتىن غەللە-پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش مىقدارىنى مەقسەتلىك ھالدا مۇۋاپىق كېمەيتىش ھەمدە ئاشلىقى ئۆكسۈيدىغان دېھقان، چارۋىچىلارغا قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىدىغان ئاشلىقنى كۆپەيتىپ بېرىشنى بەلگىلىدى. بۇ تەدبىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىقتا ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەپ ئېشىنىش ۋاقتىنى كېچىكتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تەرەققىياتىنىڭ زاپاس كۈچىنى ئاشۇردى. 1984 - ئاشلىق يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ

تەكشە باھالىق ئاشلىق سالدۇسى 1 مىليارد 165 مىليون كىلوگىرامغا يېتىپ، 1977 ـ ئاشلىق يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 789 مىليون كىلوگىرام ئاشتى. 1985 ـ يىلدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قىسمەن ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلاردا ئامبار يېتىشمەسلىك تۈپەيلىدىن ئاشلىق تارماقلىرىدا «ئاشلىق ساقلاش قىيىن بولۇش» ۋە دېھقانلاردا «ئاشلىق سېتىش قىيىن بولۇش» ئەھۋالى كۆرۈلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئامبار قۇرۇلۇشى پائال ئېلىپ بېرىلىپ، ئاشلىق ساقلاش ئىقتىدارى كېڭەيتىلگەندىن سىرت، گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى ۋە سودا مىنىستىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بىنائەن، 1985 — 1990 ـ يىلغىچە بولغان ئاشلىق يىللىرىدا چىڭخەي، گەنسۇ، شەنشى قاتارلىق ئۆلكىلەرگە جەمئىي 787 مىليون كىلوگىرام تەكشە باھالىق ئاشلىق يۆتكەپ بېرىلدى. دېھقانلارنىڭ ئاشلىق تېرىش ئاكتىپلىقىنى قوغداپ، دۆلەتنىڭ ئاشلىقنى تەڭشەش ـ تېزگىنلەش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، گوۋۇيۈەننىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 1990 ـ ئاشلىق يىلدا، ئاپتونوم رايون بويىچە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش باھاسىدىن يۇقىرى باھادا 768 مىليون كىلوگىرام مەخسۇس زاپاس ئاشلىق سېتىۋېلىندى.

1950 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 1990 ـ ئاشلىق يىلىغىچە بولغان 41 يىلدا، ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 33 مىليارد 88 مىليون كىلوگىرام تەكشە باھالىق ۋە كېلىشىم باھالىق ئاشلىق سېتىۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشە باھالىق ئاشلىق 31 مىليارد 337 مىليون كىلوگىرام؛ 28 مىليارد 867 مىليون كىلوگىرام تەكشە باھالىق ۋە كېلىشىم باھالىق ئاشلىق سېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشە باھالىقى 27 مىليارد 291 مىليون كىلوگىرام؛ ئاپتونوم رايون سىرتىغا يۆتكەلگەن ۋە ئېكسپورت قىلىنغان ئاشلىق 2 مىليارد 342 مىليون كىلوگىرام، ئاپتونوم رايون سىرتىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن ئاشلىق 2 مىليارد 664 مىليون كىلوگىرام بولدى. مۇشۇ باسقۇچتا، مەزگىل ئاخىرىدىكى سالدۇ دەسلەپكى مەزگىلدىكىدىن 2 مىليارد 519 مىليون كىلوگىرام كۆپەيدى. 1990 ـ ئاشلىق يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايون بويىچە تەكشە باھالىق ۋە كېلىشىم باھالىق ئاشلىق سالدۇسى (ھەرخىل زاپاس ئاشلىقلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 2 مىليارد 552 مىليون كىلوگىرام بولۇپ، شۇ يىللىق سېتىش مىقدارىنىڭ 1.9 ھەسسىگە باراۋەر كەلدى.

## 3

ياغ خەلق تۇرمۇشىغا ئېھتىياجلىق مۇھىم مەھسۇلاتلارنىڭ بىرى. شىنجاڭ تارىخىدىكى ياغلىق دانىنىڭ مەنبەسى، ئاساسلىقى، زىغىر، كۈنجۈت، قىچا ۋە چىگىتتىن ئىبارەت، بۇلاردىن باشقا يەنە مەلۇم مىقداردا ئاپتاپپەرەس، ئابدىسلىك ئۇرۇقى، زاراڭزا قاتارلىق ياغلىق زىرائەتلەر ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. ئايرىم جايلاردا خاسىڭمۇ ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، بۇ ئادەتتە، قۇرۇق مېۋە ـ چېۋە قاتارىدا بازاردا سېتىلىدۇ. شىنجاڭنىڭ تارىخىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ سالمىقى چوڭ بولۇپ، خەلق ئاممىسى ھايۋانات مېيىنى يافتۇرۇپ ئىستېمال قىلىپ كەلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ياغلىق زىرائەتلەر تېرىلغۇسىمۇ ئۆزۈندىن بۇيان ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەشتىن ئىبارەت يەككە دېھقان ئىگىلىكى ھالىتىدە تۇرۇپ كەلگەن، شۇڭلاشقا يافنىڭ تاۋار ئوبوروتىمۇ ئۇزۇن مەزگىلگىچە تۆۋەن دەرىجىلىك تەرەققىيات ھالىتىدە تۇرۇپ كەلگەنىدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ياغ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئوبوروتىمۇ ئاشلىققا ئوخشاش ئىشلەپچىقىرىشتا «ئۆز ئۆرلەش، ئىككى پەسىيىش» ۋە ئوبوروتتا ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەپ ئېشىنىش، ئاز مىقداردا سىرتقا يۆتكەش (ئېكسپورت قىلىش) تىن يۆتكەپ كېلىنگەن ياغنى ئىستېمال قىلىش، يەنە سىرتقا يۆتكەشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت جەريانىنى باشتىن كەچۈردى.

1950 — 1959 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىجارە، ھەققىنى كېمەيتىش ـ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش،

www.uyghurkitap.com



پەر ئىسلاھاتى ۋە يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئاكتىپلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ياغ ئىشلەپچىقىرىشى بىرىنچى بولۇپ تېز سۈرئەت بىلەن راۋاجلىنىش مەزگىلىگە كىردى. 1959 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تېلىنغان ياغ (ھەرخىل ياغلىق دان، چىگىتلەر ياغقا سۈندۇرۇلۇپ ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) 31 مىليون 320 مىڭ كىلوگىرامغا يېتىپ، 1949 - يىلدىكىدىن 2.45 ھەسسە ئاشتى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %13.18تىن ئېشىپ باردى. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ياغ 1949 - يىلدىكى 2.1 كىلوگىرامدىن 4.8 كىلوگىرامغا يېتىپ، 1.3 ھەسسە ئاشتى. ئىشلەپچىقىرىش تېز سۈرئەت بىلەن راۋاجلىنىش ئاساسىدا ياغ سېتىۋېلىش - سېتىشتا ھەر يىلى كىرىم چىقىمدىن كۆپ بولغاچقا، 1959 - ئاشلىق يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، جەمئىي 14 مىليون 980 مىڭ كىلوگىرام سۇ يېغى سىرتقا يۆتكەلگەن (ئاساسلىقى ئېكسپورت قىلىنغان) دىن سىرت، ئاپتونوم رايون بويىچە يەنە 11 مىليون 500 مىڭ كىلوگىرام ياغ ساقلىنىپ قالدى. مۇشۇ مەزگىلدە، ياغ ئوبوروتىدا زور ئۆزگىرىش بولدى. 1954 - يىلى جۇڭگو ياغ شىركىتى شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، يەككە سودىگەرلەر بازاردا ئاساسەن ئەركىن ياغ سودىسى قىلاتتى، سودا شىركەتلىرى ۋە تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى تىجارەتكە پائال قاتناشتى ھەمدە تىجارەت سالمىقىنى پەيدىنپەي كېڭەيتتى. ئۆلكىلىك ياغ شىركىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلاردىكى بازارنى باشقۇرۇپ، يەككە سودىگەرلەرنىڭ تىجارەتكە قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلمىدى. 1956 - يىلى ياغ ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلدى. 1957 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ياغ بىلەن ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىش يولىغا قويۇلدى، دېھقانلارغا بەلگىلىمە بويىچە نورمىلىق ياغ، ئۇرۇق قالدۇرۇلغاندىن سىرت، قالغان ياغلىق داننىڭ ھەممىسى دۆلەت بەلگىلىگەن باھادا ئاشلىق تارماقلىرىغا سېتىپ بېرىلىپ، ياغنىڭ بازارغا كىرىشىگە، شەخسلەرنىڭ تىجارەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمىدى. شەھەر - بازارلار، زاۋۇت - كان رايونلىرىدىكى ئاھالىلەر (چوڭ - كىچىك دەپ ئايرىماي) گە ھەر ئايدا 250 گرامدىن 300 گرامغىچە نورما بەلگىلەندى، ئاھالىلەر ئاشلىق سېتىۋېلىش كىنىشكىسى ئارقىلىق ھەر ئايدا بەلگىلەنگەن ئاشلىق دۇكىنىدىن ياغ سېتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن سۇ يېغى پۈتۈنلەي مەھسۇلات تەقسىملەش يولىغا سېلىندى.

1958 - يىلدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋە خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى ئىقتىسادىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە خىلاپ ھالدا تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىدىن ھالقىپ كەتكەنلىكتىن، 1960 — 1962 - يىلغىچە شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا تۆنجى قېتىم زور تۆۋەنلەش كېلىپ چىقتى. 1962 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىشلەپچىقىرىلغان ياغ 14 مىليون 970 مىڭ كىلوگىرامغا چۈشۈپ قېلىپ، 1959 - يىلدىكىدىن %52.21 ئازايدى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ياغ مىقدارىمۇ تۆۋەنلەپ 2.1 كىلوگىرامغا چۈشۈپ قېلىپ، 1949 - يىلدىكىسى بىلەن باراۋەر بولۇپ قالدى. ئاپتونوم رايون ئىچىدە ياغ جەھەتتىكى كىرىم - چىقىمنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، 1960-يىلدىن باشلاپ شەھەر - بازارلاردا ئاھالىلەرنىڭ ئايلىق نورمىلىق يېغىنى 250 گرامدىن ئاشۇرماسلىق بەلگىلەندى ھەمدە تۈرلۈك تەدبىرلەر قوللىنىلىپ سېتىۋېلىش كۈچەيتىلدى. لېكىن، كىرىم چىقىمنى قاپلىيالمىغان ياغنىڭ 3 يىللىق يىغىندىسى 7 مىليون 500 مىڭ كىلوگىرامغا يەتكەنىدى، بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايون سىرتىغا يۆتكىلىدىغان ۋە ئېكسپورت قىلىنىدىغان 610 مىڭ كىلوگىرام ياغنى پۈتۈنلەي ساقلىۋېلىدىن يۆناپ تولۇقلاشقا توغرا كېلەتتى. 1962 - ئاشلىق يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ياغنىڭ سالدۇسى 3 مىليون 390 مىڭ كىلوگىرامغا چۈشۈپ قېلىپ، 1959 - يىلدىكىدىن %52.70 كېمىيىپ كېتىپ، يۆتكەش، ئوبوروت قىلىش ئىنتايىن قىيىن بولدى.

«تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» تىن ئىبارەت 4 سۆزلۈك فاڭجېن ئەستايىدىل

ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، بەزى ھەددىدىن زىيادە «سول» سىياسەت - تەدبىرلەر تۈزىتىلگەنلىكتىن، شىنجاڭنىڭ ياغ ئىشلەپچىقىرىشى 2 - قېتىم تېز سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلىش مەزگىلىگە كىردى. 1966 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ياغ مەھسۇلاتى 40 مىليون 350 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، 1962 - يىلدىكىدىن 1.7 ھەسسە ئاشتى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %13.28تىن ئېشىپ باردى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ياغ 4.8 كىلوگرامغا يەتتى. 1963 — 1966 - يىلغىچە بولغان ئاشلىق يىللىرىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدا ياغ جەھەتتە كىرىم چىقىمنى قاپلىغاندىن كېيىن، 13 مىليون 90 مىڭ كىلوگرام ئېشىنچا بولدى، ئاپتونوم رايون سىرتىغا 3 مىليون 290 مىڭ كىلوگرام ياغ يۆتكەلدى، قالغانلىرى سالدۇنى كۆپەيتىشكە ئىشلىتىلدى. 1966 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ياغ سالدۇسى 13 مىليون 190 مىڭ كىلوگرامغا يەتكۈزۈلدى.

1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ، خەلق ئىگىلىكى ۋەيران بولۇش گىرداۋىغا بېرىپ قالدى. 1967 — 1978 - يىلغىچە، شىنجاڭنىڭ ياغلىق دان، ياغتا ئىشلەپچىقىرىشى ئۇزاق مەزگىلگىچە مەھسۇلات كېمىيىش، بىر ئىزدا توختاپ قېلىش ھالىتىدە تۇردى. 1978 - يىلدىكىسىنى 1966 - يىلدىكىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ياغ مىقدارى %34.9 ئازايدى. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ياغ مىقدارى 1.8 كىلوگرام كېمەيدى. مۇشۇ 12 يىل ئىچىدە 3 يىلدا كىرىم - چىقىم ئارانلا تەڭپۇڭ بولدى، قالغان 9 يىلدا كىرىم چىقىمنى قاپلىيالمىدى. 1972 - يىلدىن باشلاپ، ياغ سالدۇسى ئىشلىتىلمەي تۈگىتىلگەنلىكتىن، ئۇدا 9 يىل سىرتتىن يۆتكەپ كېلىنگەن ياغنى ئىستېمال قىلىش باسقۇچىغا قەدەم قويۇلدى. شۇ ۋاقىتتا مەملىكەت بويىچىمۇ ياغ جەھەتتە تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت گەۋدىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، سىرتتىن ياغ يۆتكەپ كېلىشمۇ قىيىن ئىدى، ئۈرۈمچى، قاراماي قاتارلىق شەھەر - بازارلار، سانائەت، كان رايونلار دائىم ئۈدۈللۈق يۆتكەپ كېلىنگەن ياغ بىلەن ئۈدۈللۈق تەمىنلەش ھالىتىدە تۇردى. ياغ مەنبەسى يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، 1976 — 1978 - يىلغىچە، ياغ يۆتكەپ كېلىنىدىغان رايونلاردا ئاھالىلەر تەمىنلىنىدىغان نورمىلىق ياغ جەھەتتە ئۇدا 3 يىل ئاي ئاتلاپ تەمىنلەش چارىسى قوللىنىلدى، سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان ياغقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمىدى، مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، 12 يىل ئىچىدە كىرىم - چىقىمدا 11 مىليون 360 مىڭ كىلوگرام يوچۇق پەيدا بولدى، ئاپتونوم رايون سىرتىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن ياغ 7 مىليون 200 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى. 1978 - ئاشلىق يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ياغ سالدۇسى 9 مىليون 30 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، 1966 - يىلدىكىدىن %31.54 كېمەيدى.

ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى ۋە ياغ ئوبوروت تۈزۈلمىسىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، چەكلەش، چۈشەپ قويۇشقا ئۇچرىغان يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تېز سۈرئەتتە راۋاج تاپتى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ياغ ئىشلەپچىقىرىشى ئاشلىققا ئوخشاش 3 - قېتىم تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىش مەزگىلىگە كىردى. مۇشۇ مەزگىلدە، «ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ھەرگىز بوشاشتۇرۇپ قويماسلىق، كۆپ خىل ئىگىلىكنى پائال راۋاجلاندۇرۇش» فاڭجېنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلغانلىقتىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، بولۇپمۇ ياغلىق ئاپتاپپەرەس (ياغ تەركىبى ئادەتتىكى ئاپتاپپەرەستىن بىر ھەسسە يۇقىرى)نى سىرتتىن كىرگۈزۈپ تېرىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ياغ ئىشلەپچىقىرىشىنى تېخىمۇ تېز سۈرئەت بىلەن ئاشۇرۇشقا شەرت - شارائىت يارىتىلدى. 1990 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ياغ مىقدارى 212 مىليون 510 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 4.8 ھەسسە ئاشتى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %15.79تىن ئېشىپ باردى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ياغ مىقدارى 14.2 كىلوگرامغا يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 3.7 ھەسسە ئاشتى. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئاشقانلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاساسىدا، 1979 — 1981 - يىلغىچە ياغ سېتىشتا مۇۋاپىق كەڭرەك قويۇپ بېرىش تەدبىرى قوللىنىلدى، ئاساسلىقى: قېيىنچىلىق مەزگىلىدە ئاھالىلەر تەمىنلەنمىگەن نورمىلىق ياغ تولۇقلاپ بېرىلدى؛ يېڭى يىل، باھار بايرىمى، دۆلەت بايرىمى، قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن (مۇسۇلمان ئاھالىلەرنى) قوشۇمچە ياغ بىلەن تەمىنلەش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى؛ ئوتتۇرا باھالىق (كېلىشىم باھادىن تۆۋەن، تەكشە باھادىن يۇقىرى) ياغ بىلەن تەمىنلەش يولغا قويۇلدى؛ ئاھالىلەر نورمىلىق ئاشلىقىدىن تېجەپ قالغان قارا ئاشلىققا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ياغ تېگىشىپ ئالىدىغان بولدى ۋەھاكازا. مۇشۇ تەدبىرلەر خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مەلۇم رول ئوينىدى. ياغ سېتىۋېلىشتا، 1986 - يىلى قىسمەن تۈرلەر توختاملىق سېتىۋېلىشقا ئۆزگەرتىلدى، قىسمەن تۈرلەر پىلانلىق تۈردە كەڭتاشا سېتىۋېلىندى، بۇنىڭ بىلەن 29 يىلدىن بۇيان ئىجرا قىلىنىۋاتقان ياغنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، سېتىش سىياسىتى ئۆزگەرتىلدى. 1987 - يىلدىن باشلاپ توختام بويىچە سېتىۋېلىنىدىغان تۈرلەر قىچا، زىغىر، ياغلىق ئاپتاپپەرەس، چىگىتتىن ئىبارەت 4 خىل ياغلىق دان ۋە ياغ بولدى، باشقا ياغ (ياغلىق دان) ۋە توختام ۋەزىپىسى ئورۇندالغاندىن كېيىن 4 خىل ياغ (ياغلىق دان) بويىچە كۆپ يوللۇق تىجارەت يولغا قويۇلدى. 12 يىل ئىچىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق تارماقلىرى جەمئىي سېتىۋالغان تەكشە باھالىق، كېلىشىم باھالىق ياغ 758 مىليون كىلوگرامغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشە باھالىقى 568 مىليون كىلوگرام؛ ساتقان تەكشە باھالىق، كېلىشىم باھالىق (ئوتتۇرا باھالىقى شۇنىڭ ئىچىدە) ياغ 574 مىليون كىلوگرامغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا باھالىقى 290 مىليون كىلوگرام؛ ئېكسپورت قىلىنغان ۋە ئاپتونوم رايون سىرتىغا يۆتكەلگەن ياغ 148 مىليون كىلوگرامغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشە باھالىقى 90 مىليون 460 مىڭ كىلوگرام.

1950 - يىل 1 - ئايدىن 1990 - ئاشلىق يىلىغىچە بولغان 41 يىل ئىچىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ياغ ئىشلەپچىقىرىشىدا 29 يىلدا كىرىم چىقىمدىن ئېشىپ بولدى، 12 يىلدا كىرىم چىقىمنى قاپلىيالمىدى. 41 يىللىق كىرىم - چىقىمنى بىر تۇتاش ھېسابات قىلغاندا، 280 مىليون كىلوگرام ئېشىنچا بولدى، ئاپتونوم رايون سىرتىغا يۆتكەلگەن ۋە ئېكسپورت قىلىنغان ياغ 159 مىليون كىلوگرامغا يەتتى. 1990 - ئاشلىق يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەكشە باھالىق، كېلىشىم باھالىق ياغ سالدۇسى 116 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، 1954 - يىلدىكىسىدىن 217.9 ھەسسە ئاشتى.

## 4

تەڭرىتاغ شىنجاڭنى «جەنۇبىي شىنجاڭ» ۋە «شىمالىي شىنجاڭ» دەپ ئىككىگە ئايرىپ تۇرىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭ قەدىمدىن تارتىپ دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىپ كەلدى، شىمالىي شىنجاڭ چىڭ سۇلالىسىدىن بۇرۇن چارۋىچىلىق ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى ئاساس قىلغانىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ زامانىسىدىن باشلاپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىلى دەريا ۋادىسى ۋە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈشنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى، شۇنىڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى خېلى تېز راۋاجلاندى. شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، ئادىمى ئاز، بايلىقى مول بولغاچقا نورمال يىللاردا ئېلىنغان ئاشلىق بىلەن ئىستېمال مىقدارىنى نىسبەتلەشتۈرگەندە بىر قەدەر كەڭتاشا، ئاشلىق باھاسىمۇ بىر قەدەر ئەرزان بولدى. ئاشلىقتىن ئۇدا مول ھوسۇل ئېلىنغان يىللىرى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بوزيەر ئۆزلەشتۈرىدىغان ئەسكەرلىرىنى ئازايتىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى قىسقارتتى. بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدىكى ئائىلىلەرنىڭ ئاشلىقى ئېشىنغاندا، «لىق توشقۇزۇلغان بىر خارۋا بۇغدايىنى 3 تىيىق يارماققا ساتالماسلىق»تەك ئەھۋال كۆرۈلەتتى-دە، ئاشلىق ئەرزانلىشىپ كېتىپ، دېھقانلارغا زىيان بولاتتى. ئاپەت ياكى يېغىنلىق يىللىرىغا دۇچ كەلگەندە،

دائىم «ئاشلىق مەرۋايىت - ئۈتۈن دورا» بولىدىغان ئەھۋال كۆرۈلۈپ، ئاشلىقنىڭ باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلەپ، خەلق ئاممىسى قىيىنچىلىق دەستىدىن كۈن كەچۈرەلمەي ئازاب - ئوقۇبەتتە قالاتتى. مىنگونىڭ 17 - يىلى (1928 - يىلى) جىن شۇرېن تەختكە چىققان دەسلەپكى مەزگىلدە، ھەر بىر كۈرە (40 جىڭ) گۈرۈچنىڭ باھاسى ئۆلكە پۇلى ھېسابىدا 4.5 سەر ئىدى، ۋەھالەنكى مىنگونىڭ 22 - يىلى (1933 - يىلى) جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى بەربات بولۇش ھارپىسىدا، «مىڭ سەر پۇلغا بىر كۈرە ئاشلىق سېتىۋېلىشقا بولماي» قالدى. گومىنداڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە «ئاسماندا ئايروپىلان كۈندە ئۇچتى، يەردە مال باھاسى ھەدەپ ئۆرلىدى». 1949 - يىل 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا ھەر بىرىنىڭ قىممىتى 6 مىليارد يۈەنلىك ئۆلكە پۇلى تارقاتتى، ئۆلكە پۇلى ئەمەلىيەتتە كېرەكسىز قەغەزگە ئايلىنىپ قالغانىدى. خەلق ئاممىسى ئېغىر قەھەتچىلىك ئىچىدە قالدى. 1949 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، خەلق ھۆكۈمىتى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاشلىق مەنبەسىنى ئۇلغايتىپ، ئاشلىق باھاسىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىدى، 1951 - يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، ئاشلىق باھاسىنىڭ داۋاملىق ئۆرلەش يۈزلىنىشى تامامەن تىزگىنلەندى. 1952 - يىلدىن ئېتىبارەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرى ۋىۋىسكا ئېسىپ تىجارەت قىلىشقا كىرىشىپ، باھادا يېتەكچىلىك رول ئوينىغانلىقتىن، ئاشلىق باھاسى مۇقىملىق ئىچىدە تەۋرىنىشكە باشلىدى. 1957 - يىلى ئاشلىق، ياغنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىش، باھانى دۆلەت بەلگىلەش يولغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئاشلىق، ياغنىڭ سېتىلىش باھاسى ئۇزاق ۋاقىت مۇقىم بولۇپ، خەلق ئاممىسى ئاشلىق باھاسىنىڭ ئۆرلەش ئازابىنى تارتمايدىغان بولدى.

1953 - يىلدىن باشلاپ ئاشلىق تىجارىتى سىستېما بويىچە بىر تۇتاش باشقۇرۇلغاندىن تارتىپ 1960 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئاشلىق، ياغنى سېتىۋېلىش - سېتىش باھاسى ئاساسەن بازار ئىگىلىكىنىڭ قائىدىسى بويىچە بېكىتىلگەنلىكتىن، مۇۋاپىق بولغان رايونلار باھا پەرقى، شەھەر - يېزا باھا پەرقى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مۇۋاپىق سېتىۋېلىش - سېتىش پەرقىمۇ بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئاشلىق كارخانىلىرى تىجارەتتە ئاساسەن زىيان بولماسلىقنى ئەمەلگە ئاشۇردى. 1961 - يىلدىن باشلاپ ئاشلىق، ياغ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەمدە ئاشلىق، ياغنى سېتىش باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش باھاسى كۆپ قېتىم ئۆستۈرۈلدى ۋە ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغان ئاشلىق، ياغقا باھا قوشۇش سالمىقى ئاشۇرۇلدى ھەمدە رايونلار باھا پەرقى ۋە شەھەر - يېزا باھا پەرقى پەيدىنپەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، شەھەر - بازارلاردا سېتىلغان ئاشلىق، ياغنىڭ باھاسى ئاساسەن ئۆستۈرۈلمىگەنلىكتىن، ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش - سېتىشتا ئېغىر دەرىجىدە تەتۈر تاناسىپ پەيدا بولۇپ، ئاشلىق، ياغ تىجارەت كارخانىلىرىغا ئېغىر زىيان يەتتى، بۇنىڭ بىلەن دۆلەت مالىيىسى ئېغىر دەرىجىدە سىلىق ئارتتۋالدى، ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 1953 — 1990 - يىلغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەكشى باھالىق ئاشلىق، ياغدىن تارتقان زىيىنى 2 مىليارد 645 مىليون يۈەنگە يەتتى، پايدا ئالىدىغان كارخانىلارنىڭ پايدىسى 138 مىليون يۈەن بىلەن بالانس قىلىنغاندىن كېيىن، ساپ زىيان 2 مىليارد 507 مىليون يۈەن بولدى؛ 1974 — 1990 - يىلغىچە، مەركەز مالىيىسى شىنجاڭغا ئاشلىق، ياغنى «ئاشۇرۇپ سېتىۋالغانغا باھا قوشۇش»قا تولۇقلاپ بەرگەن مەخسۇس پۇل 2 مىليارد 528 مىليون يۈەن (پاختا، شېكەرگە مۇكاپات تەرىقىسىدە سېتىپ بېرىلگەن ئاشلىقنىڭ پۇلغا سۇندۇرۇلغان سوممىسى 105 مىليون يۈەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) گە يەتتى؛ 1979 — 1990 - يىلغىچە، ئاپتونوم رايون ھەم ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (ناھىيە) لەر مالىيىسى ئاشلىق كارخانىلىرىغا «باھا ئۆستۈرۈش ياردەم پۇلى» ئۈچۈن ئاجرىتىپ بەرگەن مەخسۇس سومما 1 مىليارد 103 مىليون يۈەنگە يەتتى؛ بۇنىڭدىن باشقا، مەركەز مالىيىسى شىنجاڭغا يەنە «ئاشۇرۇپ ساقلىغان ئاشلىق ياردەم پۇلى» قاتارلىقلارغا 140 مىليون يۈەن تولۇقلاپ بەردى، يۇقىرىقى ياردەم ئومۇمىي سوممىسى 6 مىليارد 278 مىليون يۈەنگە يەتتى. 1986 - يىلى ئاشلىق مالىيىسى جايلارغا چۈشۈرۈپ بېرىلگەندىن كېيىن، ۋىلايەت، شەھەر، ئوبلاستلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مالىيەسىنىڭ ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئاشۇرۇلما زىيىنىنى ۋە باھا ئۈستۈرۈش قوشۇمچە ياردەم پۇلىنى تولۇقلاپ بېرىشكە مادارى يەتمىگەنلىكتىن، جايلاردىكى ئاشلىق كارخانىلىرى «نېسى ھېساب» يۈكىنى ئارتىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، «ئاسما ھېساب»نىڭ يىغىندىسى 383 مىليون يۈەنگە يەتتى.

# 5

1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 — 26 - كۈنلىرى شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانلىقى جاكارلانغاندىن تارتىپ، 1990 - يىلغىچە بولغان 41 يىل ئىچىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاشلىق، ياغ كەسپىگە ئائىت تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئورۇنداش بىلەن بىللە، تىجارەت ئاپپاراتلىرى، مۇئەسسەسىلىرى قاتارلىق ئۆز قۇرۇلۇشىدىمۇ خېلى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بولۇپمۇ ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئاشلىق، ياغ ساقلاش، توشۇش، پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قەدىمى تېزلەتىلدى. 1990 - يىلغا كەلگەندە، شىنجاڭدىكى شەھەر - يېزىلاردا سېتىۋېلىش، سېتىش، ساقلاش، پىششىقلاپ ئىشلەش، ترانسپورت بىر يۈرۈشلەشكەن ئاشلىق، ياغ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت كارخانىلىرى توپى قۇرۇلدى. بۇ كارخانىلار گەرچە ئاشلىق، ياغنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىش تۈزۈلمىسىگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، ئۇزاق مەزگىلدىن بۇيان بىر يۈرۈش مەھسۇلات تەقسىملەش تىپىدىكى مېخانىزمنى شەكىللەندۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇلار ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق پەيدىنپەي سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشالايدىغان كارخانىغا ئايلانماقتا.

(1) ئاشلىق، ياغ تىجارەت ئاپپاراتلىرى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنىنىڭ تەرەققىياتى. 1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندا، ئۆلكە بويىچە ئاشلىق ئاپپاراتىدىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك غەللە - پاراق ئاشلىق باشقارمىسى ھەم ئۇنىڭغا قاراشلىق ساقلاش - توشۇش باشقارمىسىلا بار ئىدى، بۇلاردىن باشقا ساقلاش - توشۇش باشقارمىسىنىڭ سىرتتا تورۇشلۇق ئاپپاراتلىرى بار ئىدى. ھەر قايسى ناھىيەلەرنىڭ غەللە - پاراق ئېلىش ئىشلىرىنى ناھىيىلىك ئالۋان - سېلىق ئىدارىسى قوشۇمچە بېجىرەتتى. 1990 - يىلغا كەلگەندە، شىنجاڭدىكى ئاشلىق ئاپپاراتلىرى ھەممە شەھەر - يېزىلارنى قاپلىدى، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سانى 2293 كە يەتتى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانى 45 مىڭ 46 گە يەتتى، ئۇلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش - سېتىش (ھەربىي تەمىنلەشمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، پىششىقلاپ ئىشلەش، يۆتكەش، ساقلاش قاتارلىق ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئالدى. ئاپپارات ئومۇمىي سانى ئىچىدە، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ۋە ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك، ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىلىرى (باشقارمىلىرى) ھۆكۈمەت سىستېمىسىدىكى مەمۇرىي شتات بولغاندىن باشقا، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) ئاشلىق ئىدارىلىرى قىسمەن ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزىدىغان ئىقتىسادىي گەۋدىدىن ئىبارەت بولدى، قالغان ئاپپاراتلار ئاشلىق - ياغ سانائەت، سودا، كارخانا (كەسپىي) ئورۇنلىرى بولدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانى ئىچىدە: ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەر 17 مىڭ 97 بولۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 38%نى ئىگىلىدى؛ ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىغا ئىگە ئىشچى - خىزمەتچىلەر 7219 بولۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 16%نى ئىگىلىدى.

(2) ئاشلىق - ياغ ساقلاش - توشۇش كەسپىنىڭ تەرەققىياتى. شىنجاڭ تارىخىدا، دېھقانلار ئاشلىق

ساقلاشتا ئادەتتە ياغاچ ساندۇق، ساپال ئىدىش، كۆپ، گەمە، تاغار قاتارلىقلارغا تاياندى، دۆلەت ئاشلىق ساقلاشتا كېسەك، ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئاددىي ئامبارلارغا تاياندى. 1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندا، ئۆلكىنىڭ جاي - جايلىرىغا جايلاشقان دۆلەت ئاشلىق ئامبارلىرىنىڭ سىغىمچانلىقى ئاران 114 مىليون كىلوگرام (ئىجارىگە ئېلىنغان خەلق ئۆيلىرى، مەسچىت - بۇتخانىلار بۇنىڭ سىرتىدا) بولۇپ، ھەممىسى دېگۈدەك كېسەك، ياغاچ قۇرۇلمىلىق، ئۆي شەكىللىك ئامبارلار ئىدى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان رېمونت قىلىنمىغانلىقتىن، ئىشلىتىش ئۈنۈمى ناچار ئىدى. ئاشلىق سېتىۋېلىش، ساقلاشتا، ماشىنا - ئۈسكۈنىلەر ۋە تەكشۈرۈش ئەسۋابلىرى يوق ئىدى. 1990 - يىلغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ئامبارلىرى 760 ئىسكىلات، پونكىتقا، خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق، ئۆي شەكىللىك ئامبارلارنى ئاساس قىلغان بېجىرىم ئامبار سىغىمچانلىقى 2 مىليارد 264 مىليون كىلوگرامغا، چوڭ رېمونت قىلىشقا تېگىشلىك ئامبار سىغىمچانلىقى 424 مىليون كىلوگرامغا، پولات تاختايلىق ياغ باكى 899غا، سىغىمچانلىقى 77 مىليون 940 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش، سېتىش، ساقلاش، يۆتكەش، زاپاس ساقلاش قاتارلىق ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارنى ھازىرلىدى. بۇ ئاشلىق، ياغ ئىسكىلات، پونكىتلىرىنىڭ %71.85ى تۆمۈر يول ۋە قول تاشيول لىنىيىسىدە قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە سىغىمچانلىقى 50 مىليون كىلوگرامدىن يۇقىرى بولغان چوڭ ئىسكىلاتتىن 3ى، سىغىمچانلىقى 15 مىليون 10 مىڭ كىلوگرامدىن 50 مىليون كىلوگرامغىچە بولغان ئوتتۇرا تىپلىق ئىسكىلاتتىن 33ى بار. بۇ ئوتتۇرا، چوڭ ئىسكىلاتلارنىڭ ھەممىسىدە مۇكەممەل يۈرۈشلەشكەن قۇرۇتۇش، تازىلاش، ئۆزىتىش مۇئەسسەسەلىرى ۋە لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈش ئەسۋابلىرى بار، كۆپىنچىسىدە ئېلېكترونلۇق ھارارەت ئۆلچەش ئۈسكۈنىسى بار. ئوتتۇرا، چوڭ تىپلىق 4 ئىسكىلاتتا تۆمۈريول مەخسۇس لىنىيىسى بار. سىغىمچانلىقى 15 مىليون كىلوگرامدىن تۆۋەن بولغان كىچىك ئامبارلاردىمۇ ئادەتتە زۆرۈر بولغان تازىلاش، ئۆزىتىش مۇئەسسەسەلىرى ۋە لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىلىرى بار. ئاشلىق، ياغ ساقلاش تېخنىكىسى جەھەتتە، 50 - يىللارنىڭ بېشىدىكى «شاخ - شۇمبا سانجىش، قول سېزىم» ئارقىلىق ئاشلىق ھارارىتىنى بەلگىلەش، «چىشلەش» ئارقىلىق نەملىكىنى بەلگىلەش، «پۇراش، كۆرۈش» ئارقىلىق سۈپىتىنى بەلگىلەش، «توغلىتىش، ئاپتاپقا سېلىش» ئارقىلىق ھارارىتىنى چۈشۈرۈش ۋە ھاشارات يوقىتىشتەك ئىپتىدائىي سۇپەت تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئاشلىق ساقلاش ئۇسۇلىدىن پەيدىنپەي تەرەققىي قىلىپ، ئەسۋاب ئارقىلىق دەرىجىسىنى بەلگىلەش، شامالدىتىش، ھىملاش، ماشىنا ئارقىلىق قۇرۇتۇش، ھارارىتىنى تۆۋەنلىتىش، تۆۋەن ئوكسىگېن، تۆۋەن دورا مىقدارى بىلەن ھاشارات يوقىتىش قاتارلىق ئىلمىي ئۇسۇلدا ئاشلىق ساقلاش يېڭى تېخنىكىسىغا ئېرىشىلدى. ئاشلىق - ياغ توشۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق سىستېمىسى بويىچە ئۆزىنىڭ ئاشلىق، ياغ يۆتكەش كۈچى پەيدىنپەي بەرپا قىلىندى. 1990 - يىلغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئاشلىق - ياغ توشۇيدىغان ئاپتوموبىلى 1433كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئاشلىق - ياغ توشۇيدىغان 18 كارخانىنىڭ ئاپتوموبىلى 457، يىلبويى 466 مىڭ 400 توننا يۈك توشۇش ۋەزىپىسى ئورۇندىلىدۇ. بۇ ئاپتوموبىللار ئاشلىق - ياغ توشۇشتىكى مۇھىم كۈچكە ئايلاندى.

(3) ئاشلىق پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى. يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدە، شىنجاڭدا ئاشلىق پىششىقلاپ ئىشلەشتە ئىگەر شەكىللىك ئۇزۇنچاق تاش تۈگمەن، تاش ئوغۇر قاتارلىق پىششىقلاپ ئىشلەش ئەسۋابلىرى ئىشلىتىلگەنىدى، كېيىنكى دەۋرلەردە بۇ پىششىقلاپ ئىشلەش ئەۋابلىرى پەيدىنپەي يۇملاق شەكىللىك تاش تۈگمەن، تاش تۈلۈق ۋە يارغۇنچاققا ئۆزگەردى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدا سۇ كۈچىدىن پايدىلىنىپ سۇ تۈگمەن ئارقىلىق ئۇن تارتىلىشقا باشلىدى. 1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغان مەزگىللەردە، ئۆلكە بويىچە غۇلجا شەھىرىدە كۈنىگە 60 توننا ئۇن تارتىش ئىقتىدارىغا ئىگە زاۋۇتتىن بىرىلا بار ئىدى، بىراق ئۈسكۈنىلىرى كونىراپ كەتكەچكە، ئىشلەپچىقىرىش نورمال ئەمەس ئىدى.

www.uyghurkitap.com



قالغان شەھەر ـ يېزىلاردا يەنىلا سۇ تۈگمەن، ئۇلاغ تۈگمەن، قول تۈگمەن، تۈلۈق، يارغۇنچاق قاتارلىق پېششىقلاپ ئىشلەش قورال ـ ئۈسكۈنىلىرىگە تايىنىپ ئۇن تارتىلاتتى. شۇ دەۋرىدە كۆپىنچە تۈگمەنلەردە ئاشلىق قول شامالدۇرغۇچ ئارقىلىق تازىلىناتتى، تارتىلغان ئۇن قارا ھەم گىچ ـ گىچ بولۇپ، خەلق تۇرمۇشىدىكى بىر قىيىن مەسىلە بولۇپ قالغانىدى. كېيىنكى مەزگىللەردە، سۇ ۋە ئۇلاغ تۈگمەنلەر ئۆزگەرتىلىپ، پولات دېسكىلىق تۈگمەن، كىچىك تولۇقلۇق ئۇن تارتىش ماشىنىلىرى كۆرۈپىپسى، ئوتتۇرا، چوڭ يۈرۈشلەشكەن ئۇن تارتىش ماشىنىلىرى قاتارلىق يېڭىچە پېششىقلاپ ئىشلەش ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلىرى بارلىققا كېلىپ، ئاشلىق پېششىقلاش قىياپىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى. 1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق تارماقلىرىدىكى ئۇن زاۋۇتى (سېخى) لا 100گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كۈنىگە 150 توننىدىن ئارتۇق بۇغداينى بىر تەرەپ قىلالايدىغان دەرىجىلىك ئۇن زاۋۇتىدىن 6سى بار. يىللىق ئۇن تارتىش ئىقتىدارى 1 مىليون 457 مىڭ 700 تونىنىغا يەتتى، %81 تىن ئارتۇقىدا MY تىپلىق سۇيۇقلۇق بېسىم ۋە MQ تىپلىق گاز بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ئوتتۇرا، چوڭ تولۇقلۇق ئۇن تارتىش ماشىنىسى ھۈنەر سەنئىتى قوللىنىلدى، بۇلار تامامەن دۆلەت ئۆلچىمى بويىچە ئالاھىدە 1 ـ دەرىجىلىك، ئالاھىدە 2 ـ دەرىجىلىك (ئالىي سورتلۇق) ئاق ئۇن ۋە ئۆلچەملىك ئۇن تارتالايدۇ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى «1 ـ ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئۇن تارتالايدۇ. 1990 ـ يىلى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق سىستېمىسى ئەمەلىي ئىشلەپچىقارغان ئۇن 832 مىڭ 200 تونىنىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلچەملىك ئۇن 602 مىڭ 100 تونىنا، ئالاھىدە ئۇن 230 مىڭ 100 تونىنا. بۇنىڭدىن سىرت، بىڭتۇەننىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن ـ مەيدانلىرى ۋە يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى ھەم يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ھەممىسىدە، ئاشلىق پېششىقلاپ ئىشلەش سىستېمىسى بار. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇن تارتىش ئۈسكۈنىلىرىنى ئۆزگەرتىش ـ يېڭىلاش جەريانىدا ئۈرۈمچى ئاشلىق، ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان «MQ.4» ، «MQ.5» تىپلىق گاز بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ئۇن تارتىش ماشىنىسى گەۋدىلىك رول ئوينىدى. مەزكۇر زاۋۇت 1980 — 1990 ـ يىللىرىچە، «MQ» تىپلىق گاز بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ئۇن تارتىش ماشىنىسىدىن 307نى ئىشلەپچىقىرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇن تارتىش كارخانىلىرىنىڭ ئۆزگەرتىش، يېڭىلاش ئېھتىياجى قاندۇرۇپلا قالماستىن، گەنسۇ، نىڭشيا قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغىمۇ سېتىلدى.

(4) ياغ تارتىش كەسپىنىڭ تەرەققىياتى. شىنجاڭنىڭ ياغ تارتىش تېخنىكىسى ئىلگىرىكى يىللاردا ئىنتايىن قالاق ئىدى. 1949 ـ يىلى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغان مەزگىلدە، ئۆلكە بويىچە ماشىنا ئارقىلىق ياغ تارتىش ئۈسكۈنىلىرى ناھايىتى ئاز ئىدى، ياغ تارتىشتا ئاساسەن جوۋاز، لەرە ياغاچلىق جوۋاز قاتارلىق قالاق ياغ تارتىش ئەسۋابلىرى ئىشلىتىلەتتى، بۇنىڭ ئەمگەك سىجىللىقى چوڭ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى، ياغ چىقىش نىسبىتى تۆۋەن، مەھسۇلات سۈپىتى ناچار ئىدى. كېيىن بۇ خىل يەرلىك جوۋاز، ئادەم كۈچى بىلەن ئايلاندۇرۇلىدىغان جوۋازلار كىچىك تىپلىق توكلۇق ياغ تارتىش ماشىنىسىغا ئۆزگەرتىلدى، بۇلار 90 تىپلىق، 95 تىپلىق ياغ تارتىش ماشىنىلىرى، 200 تىپلىق ۋە 202 تىپلىق ياغ تارتىش ماشىنىلىرى بولۇپ، نەچچە قېتىم يېڭىلاندى. ياغ تارتىش ھۈنەر ـ سەنئىتىمۇ يەرلىك ئۇسۇلدىن ماشىنا ئارقىلىق ياغ تارتىش ۋە كۈنجۈرىنى چىلاپ ياغ تارتىشقا ئۆزگۈشتىن ئىبارەت ئۆزلەش باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتتى. 1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق تارماقلىرىدىكى ياغ زاۋۇتى (سېخى) 71گە، چىلاپ ياغ تارتىش سېخى 30غا يېتىپ، يىلبويى 608 مىڭ 300 تونىنا ياغلىق دان پېششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولدى. بۇ زاۋۇتلارغا 200 تىپلىق ياغ تارتىش ماشىنىسىدىن 132سى، 202 تىپلىق ياغ تارتىش ماشىنىسىدىن 10ى قۇراشتۇرۇلغان بولۇپ، ئومۇمىي ياغ تارتىش ماشىنىسىنىڭ %84.64نى ئىگىلىدى. بۇ ئۈسكۈنىلەر 2 ـ، 1 ـ دەرىجىلىك ياغ ۋە سالات يېغىنى لاياقەتلىك ئىشلەپچىقىرالايدۇ. 1990 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق سىستېمىسىدىكى ياغ زاۋۇتلىرى ئەمەلىي ئىشلەپچىقارغان ھەر خىل ياغ 69 مىڭ 500 تونىنىغا يەتتى. بۇنىڭدىن

سىرت، بىكىتۈەتنىڭ قىسمەن دېھقانچىلىق تۈەن - مەيدانلىرى ۋە يېزا - بازار كارخانىلىرى، تەمىنات - سودا كوپىراتىپ سىستېمىسىمۇ بىر قىسىم ياغ زاۋۇتلىرى ۋە كۆنجۈرىنى چىلاپ ياغ چىقىرىش سېخلىرىنى قۇردى. ئاپتونوم رايون بويىچە ياغ تارتىش ئۈسكۈنىلىرىنى ئۆزگەرتىش، يېڭىلاش جەريانىدا ئۈرۈمچى ئاشلىق، ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان 90 ۋە 95 تىپلىق ياغ تارتىش ماشىنىلىرى 70 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا ناھايىتى ياخشى تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. 80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئۈرۈمچى ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى تەتقىق قىلىپ ئىشلەپچىقارغان 30 تونىلىق، 50 تونىلىق تەكشى ئايلانمىلىق چىلاپ ياغ چىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدا چوڭ تىپلىق ياغ پىششىقلاپ ئىشلەش ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلەپچىقىرالمايدىغان تارىخقا خاتىمە بەردى.

(5) يەم - خەشەك كەسپىنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتى. 20 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىن بۇرۇن شىنجاڭدا زامانىۋى يەم - خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى يوق ئىدى، چارۋا، ئۆي قۇشلىرىنىڭ يەم-خەشىكى نوقۇل ئاشلىق ياكى ئاشلىق، ياغ قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بولۇپ، يەم - خەشەك ھەققىي بەك تۆۋەن ئىدى. زامانىۋى باقمىچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، 70 - يىللاردىن باشلاپ، شىنجاڭدا زامانىۋى يەم - خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىگە تۇتۇش قىلىندى، 80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، زور تەرەققىياتقا ئېرىشىلدى. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق تارماقلىرىدىلا 123 يەم - خەشەك زاۋۇتى (سېخى) قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يىلىغا تاق ئىسمېنا بويىچە 4000 توننا يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرالايدىغىنى 39، يىلىغا تاق ئىسمېنا بويىچە يەم-خەشەك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 329 مىڭ 900 توننىغا يەتتى، توخۇ، كالا، قوي، چوشقا، بېلىقلارنىڭ تۈرلۈك بىرىكمە، ئارىلاشما يەم - خەشەكلىرى ئىشلەپچىقىرىلىدىغان بولدى. 1990 - يىلى ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىلغان يەم - خەشەك 230 مىڭ 600 توننىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بىرىكمە يەم - خەشەك 113 مىڭ 400 توننا. بۇنىڭدىن سىرت، بىكىتۈەن ھەم يېزا - بازار، چارۋىچىلىق سىستېمىسىدىمۇ بىر تۈركۈم يەم - خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرى قۇرۇلدى.

(6) ئاشلىق - ياغ يېمەكلىكلىرى كەسپىنىڭ تەرەققىياتى. ئەنئەنىۋى تىجارەت ئىش تەقسىماتىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرى ئۆزلىرىدىن بىرى خام مەھسۇلاتلارنىلا سېتىپ، پىششىق مەھسۇلاتلارنى ساتمايدىغان بىرلا خىل مەھسۇلات تىجارىتى ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئاشلىق - ياغ يېمەكلىرى سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرمىغانىدى. 70 - يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، ئاشلىق تارماقلىرى «سانائەت ئارقىلىق سودىنى تولۇقلاش، پىششىق مەھسۇلات ئارقىلىق خام مەھسۇلاتنى تولۇقلاش، كىرىشىم باھالىق مەھسۇلات ئارقىلىق تەكشى باھالىق مەھسۇلاتنى تولۇقلاش»تىن ئىبارەت تىجارەت ئىستراتېگىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرى «ئالدى دۇكان، كەينى كارخانا» بولۇشتىن ئىبارەت ھەر خىل ئامىباب يېمەكلىكلەر تىجارىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرغاندىن سىرت، زاۋۇتلاشقان يېمەكلىكلەر ئىشلەشنى پائال تەرەققىي قىلدۇردى. 1990 - يىلىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق تارماقلىرىدا زاۋۇتلاشقان يېمەكلىكلەر زاۋۇتى (سېخى) 52گە يېتىپ، يىلىغا ئۇگرە چۆپ، تەييار چۆپ، بولكا، پىرەنىك، پىنتوزا قاتارلىق ھەر خىل ئاساسلىق ۋە قوشۇمچە يېمەكلىكلەردىن 21 مىڭ توننا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان بولدى؛ مەھسۇلات قىممىتى 82 مىليون 520 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىشتە خۇشاللىنارلىق قەدەم تاشلاندى.

(7) ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپى ۋە ئاشلىق - ياغ تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق سىستېمىسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ بىلىم، نەزەرىيە ۋە كەسپىي تېخنىكا ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئاشلىق نازارىتى 50 - يىللاردا شىنجاڭ ئاشلىق كادىرلىرى تەربىيىلەش سىنىپى، شىنجاڭ ئاشلىق كادىرلىرى مەكتىپى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق مەكتىپىنى (ئوتتۇرا

تېخنىكوم) تەسىس قىلىنغانىدى. 60 ـ يىللاردا بۇ مەكتەپ، سىنىپلار 2 قېتىم ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1974 ـ يىلى ئاشلىق مەكتىپى رەسمىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1982 ـ يىلى يەنە ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق كادىرلىرى مەكتىپى قۇرۇلدى، بۇ مەكتەپ ئاشلىق مەكتىپى بىلەن بىرلىشىپ ئىش بېجىرىپ، بىر يۇرۇش ئاپپارات، 2 ۋىۋىسكا ئېسىپ، ئوقۇتۇش ھالىدا خىزمەتتىكى كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى تەربىيىلىدى. 1983 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى تەستىقىنى بىنائەن رەسمىي قۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق سىستېمىسىدىكى ئىشچى، خىزمەتچىلەرنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىلدى. 1990 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق مەكتىپى، ئاشلىق كادىرلىرى مەكتىپى جەمئىي 498 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 1085كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 556 بولۇپ، 51.24%نى ئىگىلىدى. 1958 — 1990 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق مەكتىپى، ئاشلىق كادىرلىرى مەكتىپى ھەر خىل ئىختىساسلىق خادىملاردىن 6632نى تەربىيىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 2157 بولۇپ، 32.52%نى ئىگىلىدى. ئوقۇغۇچىلار ۋە تەربىيىلىنىۋاتقان خادىملاردىن ئوتتۇرا تېخنىكوم سەۋىيىسىدىكىلەر 3269 بولۇپ، 49.29%نى ئىگىلىدى.

1983 — 1990 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى ئاشلىق، ياغ ساقلاش، ئۇن تارتىش، ياغ تارتىش، تىجارەت، يەم ـ خەشەك قاتارلىق كەسىپلەر بويىچە 402 تېخنىك ئىشچىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى ئۆيۈشتۈرۈپ، جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرى تەربىيىلىگەن خادىملار 243. ئاشلىق كەسپىنىڭ پەن ـ تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئاشلىق نازارىتى 1959 ـ يىلى ئاشلىق ـ ياغ پەن تەتقىقات ئورنىنى قۇردى، دەسلەپتە 6دىن 10غىچە خادىمى بار ئىدى. 1962 ـ يىلى ئاپپاراتلارنى ئىخچاملىغاندا، بۇ تەتقىقات ئورنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1976 ـ يىلى تەستىققا بىنائەن ئاشلىق ـ ياغ پەن تەتقىقات ئورنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، 30 نەپەر كەسپىي شتات بېرىلدى، بۇ ئورۇن ئاساسلىقى، ئاشلىق، ياغ ساقلاش، پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئۇنىۋېرسال تەتقىق قىلىش ۋە ئاشلىق، ياغ پەن-تېخنىكا ئاخباراتلىرىنى توپلاش ـ تارقىتىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. 1984 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ـ ياغ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئەترىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ـ ياغ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش-پېرىيوم قىلىش پونكىتى ۋە ئاشلىق ئاساسىي قۇرۇلۇش لايىھەلەش ئىشخانىسى ئاشلىق ـ ياغ پەن تەتقىقات ئورنىنىڭ بىر تۈتاش باشقۇرۇشىغا قوشۇپ بېرىلدى، قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىن، ئەسلىدىكى پەن تەتقىقات ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغاندىن سىرت، يەنە ئاشلىق ـ ياغ ئامبارلىرى، ئاشلىق ـ ياغ ساناتىتى، يەم ـ خەشەك، يېمەكلىكلەر قاتارلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى لايىھەلەش ھەم ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق ـ ياغ كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش، ئاشلىق، ياغ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش، پېرىيوم قىلىش ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئالدى. 1976 — 1990 ـ يىلغىچە، ئاشلىق، ياغ پەن تەتقىقات ئورنىدىكى پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى ئاشلىق، ياغ قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى لايىھەلەش ۋە ئاشلىق، ياغ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش ـ پېرىيوم قىلىش ۋەزىپىلىرىنى ئورۇندىغاندىن سىرت، يەنە ئاشلىق، ياغ پىششىقلاپ ئىشلەش، ساقلاش، قۇرۇتۇش ۋە يەم ـ خەشەك مەنبەلىرىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىكى كۆپ خىل تەتقىقات تۈرلىرىنى ئورۇنداپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ پەيدىنپەي زامانىۋىلىشىش يۆنىلىشىگە قاراپ يۈرۈش قىلىشىغا تۆھپە قوشتى.



شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ئوبوروت تارىخىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، مۇنداق ئاساسلىق تەسىراتقا ئىگە بولىمىز:

بىرىنچى، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى چوقۇم باشتىن ئاخىرى چىڭ تۇتۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاشلىق بىلەن ئۆزىمىزنى تەمىنلەپ ئېشىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز لازىم. ئاشلىق ـ خەلق ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاساسى، خەلق تۇرمۇشىدىكى ئەڭ تۈپ زۆرۈر بۇيۇم، كۈندىلىك 3 ۋاق تاماقتا كەم بولسا بولمايدىغان مەھسۇلات «قولدا ئاشلىق بولسا، كۆڭۈل توق تۇرىدۇ»، «دېھقانچىلىق بولمىسا مۇقىملىق بولمايدۇ، ئاشلىق بولمىسا چاتاق چىقىدۇ» دېگەن سۆزلەر — قەدىمكى ۋە بۈگۈنكى تارىخ ئىسپاتلىغان ھېكمەتلىك سۆزلەر. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدا ئاشلىق، ياغ بىلەن ئۆزىمىزنى تەمىنلەپ ئېشىنغان ھەمدە سىرتقا ئاشلىق، ياغ يۆتكىگەن خۇشال چاغلارمۇ، شۇنداقلا يۆتكەپ كېلىنگەن ئاشلىق، يافنى يېيىشتەك دەرد تارتقان چاغلارمۇ بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايون ئىچىدە ئالدى بىلەن «جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئاشلىقىنى شىمالىي شىنجاڭغا يۆتكەش»، كېيىن «شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئاشلىقىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا يۆتكەش»تەك تارىخىي ساۋاقلار باشتىن كەچۈرۈلدى، شۇڭا، ئاشلىق ئۆكسۈپ قىلىش ۋە يىراق مۇساپىلىق ئاشلىق يۆتكەشنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا كەلتۈرىدىغان تەسىرىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ھەرگىزمۇ بوشاشتۇرۇپ قويماي، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىقتا ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىشقا كاپالەتلىك قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يىراق مۇساپىلىق كۆپلەپ ئاشلىق يۆتكەشتىن ساقلىنىپ، ئىقتىسادىي رايونلار ئارا ئاشلىقنى ئاساسەن تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىز ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ ئۆدا ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۆپ قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇردى، ئاپتونوم رايونىمىز مەملىكىتىمىزنىڭ ئاساسلىق پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئاپتونوم رايونىمىز ئاشلىق، ياغ بىلەن ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىش ۋە ئاپتونوم رايون ئىچىدە چوڭراق رايونلار ئارا ئاشلىقتا ئاساسەن تەڭپۇڭ بولۇش ھالىتىنى ساقلاپ كەلدى، بۇ، قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان ئىش. بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، شىنجاڭدا دېھقانچىلىققا باب كېلىدىغان بوزيەرلەر كۆپ بولۇشتەك ئوبيېكتىپ شارائىتتىن پايدىلىنىپ، يېرىك يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز، شىنجاڭنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسىدىن ئىبارەت ئاساسلىق ئورنىنى ساقلاپلا قالماستىن، شىنجاڭنى مۇھىم تاۋار ئاشلىق بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم.

ئىككىنچى، ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بېرىشتا چوقۇم پائال ئىزدىنىشىمىز ھەم پۇختا، ئېھتىياتچان پوزىتسىيىدە بولۇشىمىز زۆرۈر. ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ـ شەھەر ـ يېزا خەلقىنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە بىۋاسىتە چېتىلىدىغان سەزگۈر ئىجتىمائىي مەسىلە. 1957 ـ يىلدىن تارتىپ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش ـ سېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، دۆلەت ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ھەرىكەت مېخانىزمى مەھسۇلاتنى تەقسىملەش ئەندىزىسىنى چۆرىدەپ بەرپا قىلىندى. ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئاشلىق باھاسى ۋە تىجارىتىدە بەزى چوڭ ئىسلاھات تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بولۇپمۇ 1985 ـ يىلدىن باشلاپ، ئاساسلىق ئاشلىق تۈرلىرى بويىچە بىر تۇتاش سېتىۋېلىش ئورنىغا «توختاملىق سېتىۋېلىش» دەسسىتىلگەن، شارائىتى بارلىرى كۆپ يوللۇق تىجارەتنى يولغا قويۇشقا رۇخسەت قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن، مەھسۇلات تەقسىملەش ئاساسىي قۇرۇلمىسى يەنىلا ئۆزگەرمىدى، دېمەك، بۇ ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ۋەزىيىتىنىڭ ئېغىر ھەم مۇرەككەپلىكىنى كۆرسىتىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ پەيدىنپەي تۇرغۇزۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى سالمىقىنى زورايتىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئاشلىق ئوبوروت مېخانىزمىنى ئىمكانقەدەر تېزراق بەرپا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئېلىمىزنىڭ ئاھالىسى كۆپ، يېرى ئاز بولۇشتەك دۆلەت ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاشتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىبارەت ئومۇمىيەتكە پايدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئاكتىپ ۋە دادىللىق بىلەن ئىزدىنىش ھەم پۇختا، ئېھتىياتچان بولۇش قائىدىسىنى قوللىنىش لازىم.

ئۈچىنچى، ئاشلىق ئوبوروت سالماقىدىكى ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش لازىم. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئوبوروتى - دۆلەت پىلانى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ھاۋا كېلىماتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراش ئامىلى كۆپرەك بولىدۇ، قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە جۇڭگودىن تارتىپ چەت ئەللەرگىچە ئاشلىق ئوبوروتىنى ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەشكە ئەھمىيەت بېرىلىپ كەلدى. ئېلىمىزنىڭ ئەنئەنىيە دەۋرىدىكى سىياسىيون گۇەنجۇڭ «ئاشلىق ئامبىرى لىق بولسا قائىدە-يوسۇننى بىلگىلى بولار، ئوزۇق - تۈلۈك، كىيىم - كېچەك مول بولسا، شان - شۆھرەت بىلەن خورلۇقنى بىلگىلى بولار» دېگەن مەشھۇر ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئېلىمىزدىكى سۇلالىلەردىن سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر قەدەر مۇقىم بولغانلىرى «ئاشلىقنى تەكشى باھادا سېتىۋېلىش، سېتىش» سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ھاكىمىيەتنىڭ مۇقىم بولۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. ھازىر دۇنيادىكى تەرەققىي قىلغان كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ئۆز ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى ياكى ئاشلىق ئوبوروتىغا ياردەم پۇل بېرىشتەك يۆلەش تەدبىرىنى قوللىنىپ، ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتمەكتە. ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى يولغا قويغاندىن بۇيانقى ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، مەركەز ۋە يەرلىك ئاشلىق زاپىسى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ھەم دېھقانلارنىڭ ئېشىنچا ئاشلىقنى قوغداش باھاسىدا كەڭ - كۇشادە سېتىۋېلىش سىياسىتىنى قوللىنىشنىڭ ئۆزى، شەك - شۈبھىسىزكى، ئىنتايىن مۇھىم ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش تەدبىرى ھېسابلىنىدۇ، بۇ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، جەمئىيەتنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. لېكىن، زاپاس ئاشلىق ساقلاشتا مەلۇم چەك بولۇشى زۆرۈر، ھەددىدىن كۆپ قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ، چۈنكى مەلۇم چەكتىن ئېشىپ كەتسە، ئېغىر مالىيە يۈكىنى يۈدۈۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساقلانغان ئاشلىقنىڭ دەرىجىسى تۆۋەنلەپ، سۈپىتى ئۆزگىرىپ، ئېغىر ئىقتىسادىي زىياننى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. شۇڭا، بۇنىڭدىن كېيىن، زاپاس ئاشلىق ساقلاش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشتا داۋاملىق ئەھمىيەت بەرگەن ۋە بۇنىڭدا چەك تۇرغاندىن سىرت، باھانى تەڭشەش-تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنىمۇ كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇپ، ئەلا سۈپەتلىك دېھقانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاشلىق سورتلىرىنى سەرخىللاشتۇرۇش لازىم.

# چوڭ ئىشلار

# چوك ئىشلار

## تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1800 - يىللىرى

1977 - يىلدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئۆڭكۆرلۈك دېگەن يېرىدىكى يېڭى تاشقورال دەۋرىگە مەنسۇپ خارابىدىن تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1800 - يىللاردىكى توگمەن تېشىدىن 5 ى تېپىلدى، ھەممىسىنىڭ شەكلى ئۇزۇنچاق بولۇپ، تاشنىڭ ئىككى تەرىپى چوقچايغان، ئوتتۇرىسى ئويمان، ئېگەرگە ئوخشايدۇ؛ تاش توقماقتىن 5ى تېپىلدى، شەكلى سىلىندىر شەكىلدە.

## تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1700 - يىللىرى

ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە ئىسپاتلىنىشىچە، قۇمۇل شەھىرىنىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىكى تۆمۈرتى دېگەن جايدىن، خوشۇت ناھىيىسىنىڭ شىنتاران دېگەن جايىدىن مىس ۋە تاش قوراللار تەڭ ئىشلىتىلگەن دەۋرىگە مەنسۇپ خارابىدىن تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1700 - يىللاردا ئىشلىتىلگەن ئاشلىق پىششىقلايدىغان تاش ئوغۇر تېپىلدى. تاش ئوغۇر — ئوغۇر تاياق ۋە ئوغۇر گەۋدىسىدىن تەركىب تاپقان.

خوشۇت ناھىيىسىنىڭ شىنتاران دېگەن جايىدىكى مىس ۋە تاش قوراللار تەڭ ئىشلىتىلگەن دەۋرىگە مەنسۇپ خارابىدىن تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1700 - يىلدىن ئىلگىرى ئىشلىتىلگەن تاش توقماق تېپىلدى، توقماقنىڭ ئۇچى يۇمىلاق كەلگەن، توگمەن تېشىنىڭ ئاستى - ئۈستى ئىككى تەرىپى ئېگەر شەكىلدە.

## تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1000 - يىللىرى

«قۇمۇل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، قۇمۇل شەھىرىدىكى تەڭرىتاغ رايونىنىڭ گوڭشالىڭ كەنتىدە برونزا قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ ئۇزۇنچاق توگمەن تېشى تېپىلغان، ئۇنىڭ شەكلى ئېگەرگە ئوخشايدۇ.

## تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 800 - يىلدىن 200 - يىلغىچە

قۇمۇل شەھىرىدىكى قارا دۆۋە قەدىمى قەبرىستانلىقىدىن ئارپا، تېرىق ھەم چاسا شەكىللىك، كېمە شەكىللىك، يۇمىلاق شەكىللىك يېمەكلىكلەر قېزىۋېلىندى. قېزىۋېلىنغان ئارپا، تېرىقلارنىڭ يىلتىزى، غول، يوپۇرماق، مېۋىلىرى تولۇق ساقلانغان.

## غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇەنشىڭ يىللىرى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 110 - يىلدىن 105 - يىلغىچە)

خەن ۋۇدى مەلىكە شىجۈننى ئۇسۇن كۈنبېگىگە ياتلىق قىلدى ھەمدە ئۇنجى قېتىم ئۇسۇننىڭ شۆەنلىي (ھازىرقى ئىلى دەرياسى ۋادىسى ئەتراپىدا) دېگەن يېرىدە بوز يەر ئۆزلەشتۈردى.

## غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ تەيچۇ 1 - يىلى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 104 - يىلى)

خەن ۋۇدى لى گۇاڭلىنى فەرغانىگە ھەربىي يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتتى، لەشكەرلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغانلىقتىن، ھەربىي يۈرۈش مەغلۇپ بولدى. شۇڭا، خەن سۇلالىسى 100 مىڭ كالا، 30 مىڭ ئات، 10 مىڭلىغان ئېشەك - تۆگە توپلاپ، ئۇلارغا ئاشلىق ئارتقۇزۇپ يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتتى. تەيچۇنىڭ 4 - يىلى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 101 - يىلى) فەرغانە بەربات بولدى، خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتا پىلانلىغان ھەربىي پائالىيەتلىرى ئاياغلىشىپ قالدى، غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى شەھەر - دۆلەتلىرى بارىمتايلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن چاڭئەنگە ئەۋەتتى.

## غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ تەيچۇ 4 - يىلى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 101 - يىلى)

خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى رائوتا (ھازىرقى بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ) ، لوپنۇر (ھازىرقى كورلا شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ) لاردا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوزيەر ئۆزلەشتۈردى ھەمدە يالۋاچ چېرىكچى تەسىس قىلىپ، بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشىنى قوشۇمچە باشقۇردى. خۇاڭ ۋېنبىنىڭ «تارىم ئويمانلىقىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىلىرى» دە خاتىرىلىنىشىچە، مەزكۇر بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش خارابىسىدە بىرقانچە ئېغىز ئاشلىق ئامبىرى بار ئىكەن، ئامبار ئىچىدە كاللەكلىشىپ قېتىپ قالغان ئاق ئۇن ۋە سېرىق قارا ئاشلىق بار ئىكەن، ئاشلىق ئامبىرى يېنىدا يارغۇنچاق، تاش تۈگمەن بار ئىكەن.

## غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شېنجۆ 2 - يىلى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 60 - يىلى)

غەربىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۆرلى قەلئەسىدە (ھازىرقى بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ چېدىر يېزىسىغا توغرا كېلىدۇ) غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش كۆلىمىنى يەنىمۇ كېڭەيتتى. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ چۇشى 1 - يىلى (مىلادىيە 8 - يىلى) غىچە، ئادەتتە بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈشكە قاتناشقان ئادەم سانى 20 مىڭ ئۆپچۆرىسىدە بولدى، ئەڭ كۆپ بولغاندا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



25 مىڭ ئادەمگە يەتتى، ئىشلەپچىقىرىلغان ئاشلىق بىلەن لەشكەرلەر ۋە ئۆتكەن - كەچكەن ئەلچىلەر، سودىگەرلەر تەمىنلەندى.

## شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭپىڭ 16 - يىلى (73 - يىلى)

شۇ يىلدىن باشلاپ، شەرقىي خەن سۇلالىسى لەشكەر ئەۋەتىپ ئىۋىرغولدا بوزيەر ئۆزلەشتۈردى، مىلادىيە 220 - يىلغىچە، غەربىي يۇرتتا بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈشكە قاتناشقان ئادەم سانى نورمال يىللاردا 5000 ئۆپچۆرىسىدە بولدى.

## ۋېي سۇلالىسىنىڭ خۇاڭچۇ 3 - يىلى (222 - يىلى)

ۋېيۇەندى چېڭ يېنى غەربىي يۇرت دورغابېگلىكىگە تەيىنلىدى، ئۇ شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ كىروران (ھازىرقى چاقىلىق ناھىيىسى لوپنۇر كۆلىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا توغرا كېلىدۇ) دىكى غەربىي يۇرت دورغاب مەھكىمىسىنى ئۆتكۈزۈۋالدى؛ جاڭ گۇڭنى قوچۇ (ھازىرقى تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ) ساقلاۋچى چېرىكچىبېگلىكىگە تەيىنلىدى، ئۇ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش، قاڭقىل (ھازىرقى تۇرپان ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ) مۇداپىئە رايونىنى قوغداشقا رەھبەرلىك قىلدى.

## غەربىي جىن سۇلالىسىنىڭ تەيشى 1 - يىلى (265 - يىلى)

12 - ئايدا جىن سۇلالىسى ۋېي سۇلالىسىنىڭ تۈزۈمىگە ۋارىسلىق قىلىپ، قوچۇدا ساقلاۋچى چېرىكچىبەگ تەيىنلىدى، ئۇ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، چېگرا رايوننى قوغداشقا رەھبەرلىك قىلدى.

## شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ شيەنخې 2 - يىلى (327 - يىلى)

ئالدىنقى لياڭ غەربىي يۇرتتا قوچۇ ۋىلايىتىنى تەسىس قىلىپ، لەشكەرلەر بىلەن پۇقرالارنى ئايرىپ باشقۇردى، ئايىم پۇقرالارنى باشقۇرۇپ، پۇقرالارنىڭ يېرىدىن ئىجارە ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى، ساقلاۋچى چېرىكچىبەگ ئەسكەرلەر بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈشنى باشقۇردى.

## ئالدىنقى چىن سۇلالىسىنىڭ جيەنيۈەن 12 - يىلى (376 - يىلى)

9 - ئايدا ئالدىنقى چىن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى فۇجيەن كۇسەن (ھازىرقى كۇچا ناھىيىسى ئەتراپىدا) دە غەربىي يۇرت چېرىكچىبېگى مەھكىمىسىنى تەسىس قىلدى، بۇ مەھكىمە غەربىي يۇرتنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. قوچۇلۇق ياڭ خەن قوچۇ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى، ئۇ لەشكەرلەر ۋە پۇقرالارنىڭ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش، چېگرا رايوننى قوغداش ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلدى.

## غەربىي لياڭ جيەنچۇ 1 - يىلى (405 - يىلى)

دۇنخۇاڭ ۋالىيسى لى گاۋ غەربىي لياڭ سۇلالىسىنى قۇرۇپ، غەربىي يۇرتنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى ئۆتكۈزۈۋالدى، قۇچۇدا يەر تېرىپ ئاشلىق توپلىدى، بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈشكە رىغبەتلەندۈردى.

## شىمالىي لياڭ چېڭپىڭ 3 - يىلى (442 - يىلى)

9 - ئايدا شىمالىي لياڭنىڭ قالدۇقى جۈرچى ئۇرغۇ قۇچۇ خانلىقىنى قۇردى، 460 - يىلى دۇنخۇاڭدىن ئېلىپ كېلىنگەن 10 مىڭ ئائىلىدىن ئارتۇق خەنزۇلار قۇچۇ قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈلدى.

## شىمالىي ۋېي تەيپىڭ جېنجۈن 6 - يىلى (445 - يىلى)

8 - ئايدا شىمالىي ۋېي پىشامشان (هازىرقى چاقىلىق ناھىيىسى ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ) دا لەشكەر تۇرغۇزۇپ بوزيەر ئۆزلەشتۈردى.

## سۈي سۇلالىسىنىڭ دايې 5 - يىلى (609 - يىلى)

6 - ئايدا «سۈينامە، ئوزۇق - تۈلۈك، مال - مۈلۈك تەزكىرىسى» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «غەربىي يۇرتتا بالقاش، پىشامشان، چەرچەن قاتارلىق ۋىلايەتلەر تەسىس قىلىنىپ، سۈرگۈن قىلىنغان جىنايەتچىلەر مۇشۇ جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھەمدە مۇھاپىزەتچى ئەسكەر سەپلىنىپ، كەڭ كۆلەمدە بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈلگەن، ئىشلەپچىقىرىلغان ئاشلىق غەرب تەرەپتىكى ۋىلايەتلەرگە يۆتكەپ بېرىلگەن».

## تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۈەن 4 - يىلى (630 - يىلى)

9 - ئايدا تاڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئېۋىرغول دالالەت بېگىگە پەرمان چۈشۈرۈپ، غەربىي ئېۋىرغول ئايمىقىنى (ئايماق مەركىزى ھازىرقى قۇمۇل شەھىرىگە توغرا كېلىدۇ) تەسىس قىلدى ھەمدە ھەربىي يۇرتتا بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈشنى باشلىدى.

## تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۈەن 14 - يىلى (640 - يىلى)

تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئېۋىرغول ئايمىقى (ھازىرقى قۇمۇل)، قۇچۇ ئايمىقى (ھازىرقى تۇرپان)، بېشبالىق ئايمىقى (ھازىرقى جىمسار) دا يەر تەڭشەش تۈزۈمى ۋە ئىجارە - ھاشار - سېلىق تەڭشەش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ياش - قۇرامىغا يەتكەن ئەركەكلەرنىڭ ئايماق مەھكىمىسىگە ھەر يىلى 2 دادەن ئىجارە ھاشار ئاشلىق تاپشۇرۇشنى بەلگىلىدى.

## تاڭ سۇلالىسىنىڭ جىڭلوڭ 4 - يىلى (710 - يىلى)

تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىۋىرغولدا لەشكەرلەرنىڭ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش دائىرىسىنى كېڭەيتتى. تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ «ئىۋىرغول لەشكەرلەر ئاشلىق تاپشۇرۇش ھۆججىتى» دە خاتىرىلىنىشىچە: ئىۋىرغولدىكى لەشكەرلەر ھەر يىلى بېشبالىقتىكى لەشكەرلەر ئامبىرىغا 4000 دادەن ئاشلىق تاپشۇرىدىكەن، شۇ يىلى 3853 دادەن ئاشلىق تاپشۇرغان، بۇنىڭدىن ئىۋىرغول يەرلىك ھۆكۈمىتىگە 197 دادەن ئاشلىق تاپشۇرۇلغان، غەربىي بېشبالىق خەزىنىچىسىگە 3646 دادەندىن ئارتۇق ئاشلىق تاپشۇرۇلغان.

ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە ئىسپاتلىنىشىچە جىڭلوڭ 4 - يىلى باركۆلدە تۇرۇشلۇق خەنزۇ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەسكەرلىرى ھايۋانات كۈچى ئارقىلىق دۈگىلەك شەكىلدىكى تاش تۈگمەن چۆگىلىتىپ ئۇن تارتقان.

## تاڭ سۇلالىسىنىڭ تيەنباۋ 1 — 8 - يىلىغىچە (742 - يىلدىن 749 - يىلغىچە)

غەربىي تىنچلاندۇرغۇچى باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قاراشلىق كۇسەن، كىنگىت، ئۇدۇن، سۇلىدىن ئىبارەت 4 قورغان ۋە بېشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قاراشلىق ئىۋىرغول ئايمىقى، قوچۇ ئايمىقىنىڭ دەشتىماكان، تەگرىتاغ، ئىۋىرغولدىن ئىبارەت 3 لەشكەرگاھتا جەمئىي 44 مىڭ ئادەم بار، ئۆزلەشتۈرۈلگەن يەر 56 مەھەللە (280 مىڭ موغا باراۋەر). بۇنىڭدىن باشقا، باشقا مەھكىمە - ئايماقلاردىكى لەشكەرلەرمۇ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈپ، جايلاردىكى لەشكەرلەرنىڭ تەمىنات ئاشلىقىنى ھەل قىلدى ياكى تولۇقلىدى.

## غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ يەنچىڭ 1 - يىلى (1131 - يىلى)

غەربىي لياۋ ھاكىمىيىتى (1124 — 1218 - يىلغىچە) شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىقىدىن مو بويىچە باج ئالدى، ھەربىر دېھقان ئائىلىسى ئالغان ھوسۇلنىڭ ئوندىن بىر قىسمىنى باجغا تاپشۇردى.

## يۈەن سۇلالىسىنىڭ تەيزۇڭ 1 - يىلى (1229 - يىلى)

يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى دېھقانچىلىقتا قارىتا ئەمگەكچى بويىچە باج ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى، ھەربىر ئەمگەكچىدىن 2 دادەن ئاشلىق ئېلىندى.

## يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىيۈەن 15 - يىلى (1278 - يىلى)

يۈەن شىزۇ «ئۇيغۇرلار تەۋەسى ئىچىدە مو بويىچە باج ھېسابلاش توغرىسىدا بۇيرۇق» چىقىرىپ، ھەربىر مودىن 3 شىڭ ئاشلىق ئېلىشنى بەلگىلىدى.

## يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىيۈەن 22 ـ يىلى (1285 ـ يىلى)

قاراغوجا ئايمىقىدا (هازىرقى تۇرپان شەھىرى تەۋەسىدە) ئاچارچىلىق يۈز بەردى، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئاچارچىلىققا ئۇچرىغان خەلققە ئۆكۈز، ئۇرۇق ۋە 4 ئايلىق ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئاشلىقىغا 60 مىڭ دادەندىن ئارتۇق كۆرۈچ ياردەم بەردى.

## يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىيۈەن 26 ـ يىلى (1289 ـ يىلى)

قامىل (هازىرقى قۇمۇل شەھىرى) دا قۇرغاقچىلىق بولۇپ، خەلق ئاشلىقسىز قالدى، يۈەن شىزۇ پەرمان چىقىرىپ، گەنسۇدىن 1000 دادەن كۆرۈچ يۆتكەپ كېلىپ ياردەم بەردى.

## مىڭ سۇلالىسىنىڭ تيەنشۇن 8 ـ يىلى (1464 ـ يىلى)

6 ـ ئايدا قۇمۇلدا ئاپەت يۈز بېرىپ، دانلىق زىرائەت تېرىشقا ئۇرۇق بولمىغانلىقتىن، مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئاپەتكە ئۇچرىغان دېھقان ئائىلىلىرىگە ئارپا، بۇغداي ئۇرۇقىدىن 100 دادەن تارقىتىپ بەردى.

## مىڭ سۇلالىسىنىڭ خۇڭجى 10 ـ يىلى (1497 ـ يىلى)

مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن گەنجۇ (هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جاڭيې دېگەن يېرىدە) ۋە كۇيۇ (هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى ئەنشى ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ) گە كېتىپ قالغان قۇمۇللۇقلاردىن 200 دىن ئارتۇق ئادەمنى قۇمۇلغا قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۇلارغا ئۆكۈز، قوش جابدۇقلىرى، ئۇرۇق، ئوزۇقلۇق ۋە كىيىم ـ كېچەك بېرىپ، ئۇلارنىڭ يۇرت ـ ماكانىنى يېڭىۋاشتىن قۇرۇپ چىقىشىغا ياردەم قىلدى.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجېڭ 5 ـ يىلى (1727 ـ يىلى)

4 ـ ئايدا قۇمۇلدا كوناشەھەرگە ئۇلاشتۇرۇپ يېڭى شەھەر قۇرۇلۇشى قىلىنغاندا، شىمالىي دەرۋازا تەرەپتە بىر قوروق تام قوشۇپ ياسالدى، بۇ قورۇقتام مەخسۇس ئاشلىق ساقلاشقا ئىشلىتىلدى.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 20 ـ يىلى (1755 ـ يىلى)

4 ـ ئايدا قۇمۇلدىن تۇرپان ئارقىلىق ئۇرۇمچىگە 20 پونكىت (كېيىن ئۆتەڭگە ئۆزگەرتىلدى) تەسىس قىلىندى، ھەربىر پونكىتقا 500 تۆگە تۇرغۇزۇلۇپ، ئاشلىق يۆتكەشكە ئىشلىتىلدى.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 21 - يىلى (1756 - يىلى)

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا كەڭ كۆلەمدە بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈپ، چيگرا رايوننى قوغداشنى قارار قىلدى. شۇ يىلدىن 1840 - يىلغىچە بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈشكە قاتناشقان ئەمگەكچى سانى كۆپ بولغاندا 126 مىڭ 700 دىن ئارتۇق ئادەمگە يەتتى، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى قوشقاندا 480 مىڭدىن كۆپرەككە يەتتى.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 23 - يىلى (1758 - يىلى)

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھەر 100 ئەسكەرنى بىر مەھەللە قىلىپ، ھەربىر ئادەمگە 20 مودىن يەر بۆلۈپ بېرىپ، ئۇلارغا ئۇرۇق، ئۆكۈز، قوش جابدۇقلىرى سەپلەپ بېرىپ، يىلىغا 12 دادەندىن 18 دادەنگىچە ئاشلىق تاپشۇرۇشنى بەلگىلىدى.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى)

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 8 شەھەرنىڭ 6 سىدە ئاشلىق تەمىنات ئىدارىسى تەسىس قىلىنىدى ۋە ئاشلىق باشقۇرىدىغان ئەمەلدار قويۇلدى. بەگلىك تۈزۈمىدە خەزىنەبەگ ۋە شاغبەگلەر تەسىس قىلىنىدى، ئۇلار يەر مو سانى ۋە ئاشلىق بېجى قاتارلىق ئىشلارنى باشقۇردى.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 25 - يىلى (1760 - يىلى)

3 - ئايدا مۇئاۋىن قوماندان ئاگۇي ئىلىدا ئۇيغۇرلار مەھەللىلىرىنى قۇردى. چيەنلۇڭ 38 - يىلى (1773-يىلى) غىچە ئىلى جياڭجۈنى ئىلتۇ مەكتۇپ ئېلان قىلىپ، 6000 ئۆيلۈك ئۇيغۇرنى 9 مەھەللىگە بۆلۈپ، تېرىقچىلىق قىلدۇرۇپ، ئاشلىق تاپشۇرغۇزدى، ھەر بىر ئائىلە 16 دادەن ئاشلىق تاپشۇردى، يىلىغا جەمئىي 96 مىڭ دادەن ئاشلىق تاپشۇرۇلدى. كېيىنكى مەزگىللەردە نوپۇس كۆپەيگەنلىكتىن، بوزيەر مو سانى كۆپەيتىلىپ، ھەر يىلى تاپشۇرۇلىدىغان ئاشلىق 100 مىڭ دادەنگە ئۆزگەرتىلدى.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 26 - يىلى (1761 - يىلى)

شەنشى، گەنسۇنىڭ باش ۋالىيسى ياڭ يىڭجۈ مەلۇمات سۇنۇپ، كۇچا قاتارلىق جايلاردا زىغىر سىناپ تېرىلىپ، ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، شۇ جايدىكى تۇرۇشلۇق قوشۇنلار ۋە خەلقلەرنىڭ ياغ بىلەن يېتەرلىك تەمىنلەنگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى، بۇ ئىش چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 27 - يىلى (1762 - يىلى)

ئىلى قاتارلىق جايلارنى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان جياڭجۈن مەھكىمىسى قۇرۇلدى، ئۇ پۈتۈن شىنجاڭنىڭ

ئىشلىرىغا قوماندانلىق قىلدى، ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى قارىمىقىدا ئاشلىق تەمىنات باشقارمىسى تەسىس قىلىندى، ئۇنىڭ بىر مەجبۇرىيىتى ئۆزلەشتۈرۈلگەن بوز يەرلەردىن ئېلىنغان ئاشلىقنى يىغىۋېلىپ ساقلاش ۋە قوشۇنلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش بولدى.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 31 - يىلى (1766 - يىلى)

6 - ئايدا يېڭى قۇرۇلغان ئارباغاتاي مەسلىھەتچى ئامبال باشلىق مەھكىمىسىدە ئاشلىق تەمىنات باشقارمىسى تەسىس قىلىندى.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 36 - يىلى (1771 - يىلى)

ئۈرۈمچى نەچچە 100 مىڭ دادەن ئاشلىق يۆتكەپ، گەنسۇدىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلققە ياردەم بەردى.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 38 - يىلى (1773 - يىلى)

شۇ يىلى ئۈرۈمچى مەسلىھەتچى ئامبىلى ئۈرۈمچى باش بۇغقا ئۆزگەرتىلىپ تەسىس قىلىندى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا ئاشلىق تەمىنات باشقارمىسى تەسىس قىلىندى.

شۇ يىلى باركۆلدە مەھكىمە تەسىس قىلىندى، جەنۇبىي خەنچېڭ كوچىسىغا 8 ئاشلىق ئامبىرى سېلىندى، ھەربىر ئامبارنىڭ سىغىمچانلىقى 6000 دادەن بولۇپ، ئومۇمىي سىغىمى 48 مىڭ دادەنگە يەتتى. بۇ ئامبارلار 1990 - يىلىمۇ ئىشلىتىلمەكتە.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 47 - يىلى (1782 - يىلى)

ئۈرۈمچى باش بۇغى مىڭ لياڭ پەرمانغا بىنائەن ئۈرۈمچى باش بۇغىغا قاراشلىق رايونلاردىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ يۇقىرى بىلەن تۆۋەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئاشلىق سېتىۋېلىشتا، تۆۋەن باھادا سېتىۋېلىپ، يۇقىرى باھادا بولۇشىغا سېتىپ، كۆپلەپ كۈمۈش تەڭگە خىيانەت قىلغان جىنايەت دېلوسىنى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلدى. شىنجىڭ جياڭجۈنى سۇنۇم سېلىننىڭ (سابىق ئۈرۈمچى باش بۇغى) مەنسىپى ئېلىپ تاشلىنىپ، «ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا بۇيرۇلدى» ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ھەرخىل ياۋۇزلۇقلارنى قىلغان ئادەملىرىدىن ۋاڭ لاۋخۇ، گوزى قاتارلىقلار ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى، 6 نەپەر يانداش ئايماق بېگى، ئامبال 10 مىڭ سەردىن ئارتۇق كۈمۈش تەڭگە خىيانەت قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن كاللىسى ئېلىنىپ، مال - مۈلۈكلىرى مۇسادىرە قىلىندى؛ 4 نەپەر ۋالىي، ئامبالنىڭ خىيانەت قىلغان كۈمۈش تەڭگىسى 10 مىڭ سەرگە يەتمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن سۈرگۈن قىلىندى. چەت - ياقىلارغا بۇيرۇلدى؛ باشقا خادىملارغا خىزمەتتىن ھەيدەش ياكى مەنسىپىنى تۆۋەنلىتىش، جەرىمانە قويۇش قاتارلىق جازالار بېرىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلوڭ 48 ـ يىلى (1783 ـ يىلى)

شىنجاڭدا ئۆزلەشتۈرۈلگەن بوزيەردىن ئېلىنغان ئاشلىق بىلەن ئەسكەرلەر تەمىنلەنگەندىن سىرت، يەنە ئېشىنچا بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى ئاشلىق ئامبىرىدا ساقلانغىنى 800 مىڭ دانىدىن ئارتۇق، ئىلىدا ساقلانغىنى 540 مىڭ دانىدىن ئارتۇق بولدى.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ يىللىرى (1796 — 1820 ـ يىلغىچە)

تارىخىي ماتېرىياللاردا ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، جياچىڭ يىللىرى، شىنجاڭدا ھەر يىلى كىرىم قىلىنغان غەللە ـ پاراق ئاشلىق مىقدارى تەخمىنەن 649 مىڭ دانىگە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە: جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى شەھەرلەر ھەر يىلى تاپشۇرغان غەللە ـ پاراق ئاشلىق 66 مىڭ 600 دانىن، پىچانىدىكى مۇسۇلمان ئائىلىلەرنىڭ ھۆكۈمەت ئېتىزىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىقچىلىق قىلىپ ھەر يىلى تاپشۇرغان ئىجارە ئاشلىقى 3400 دانىن. ئۆزلەشتۈرۈلگەن بوزيەر (خەلقلەر ئۆزلەشتۈرگىنى، مۇسۇلمانلار ئۆزلەشتۈرگىنى شۇنىڭ ئىچىدە) گە ھەر يىلى 579 مىڭ دانىن ئاشلىق تاپشۇرۇلغان.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ 2 ـ يىلى (1797 ـ يىلى)

مەسلىھەتچى ئامبال چاڭ لىڭ پەرمانغا بىنائەن قەشقەر، يېڭىساردىن 3 يىلغا بۆلۈپ 1000 دانىن قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئاشلىقى سېتىۋالدى.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 1 — 8 ـ يىلىغىچە (1821 — 1828 ـ يىلغىچە)

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنى تىنچىتىشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئاقسۇدىكى ئۇيغۇر ئاممىدىن 2000 دىن ئارتۇق كىشىنىڭ ھەربىرى 50 جىڭدىن ئاشلىق يۈدۈپ، مۇز داۋاندىن ئۆتۈپ ئاشلىق توشۇدى. كۇچا 1000 ئادەم، 200 ھارۋا، 1500 كالا، 1000 ئېشەك چىقىرىپ، ئۈرۈمچىدىن كېچە. كۈندۈزلەپ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئاشلىق توشۇدى.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 7 ـ يىلى (1827 ـ يىلى)

4 ـ ئايدا ئىچكىرىدىكى جايلار ئۈرۈمچىنىڭ ئاشلىق توشۇشىغا 13 مىڭ 86 تۆگە ياردەم قىلدى.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 3 - يىلى (1864 - يىلى)

5 - ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭدا قوزغىلاڭ يۈز بەرگەنلىكتىن، ئۈرۈمچى باش بۇغى پىڭ رۇي ھەربىي تەمىنات ئاشلىقىنى كۆپەيتىپ ئېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چىقىرىپ، ئۈرۈمچىدىكى ناھىيىلەرگە مەجبۇرلاپ تاڭدى. 6 - ئايدا، پىڭ رۇي ئۈرۈمچى ئايمىقىنىڭ ئامبىلى كۇڭ فۇغا «مو سانى بويىچە مەجبۇرىي پاراق ئېلىش، قاتتىق جازا ئارقىلىق ئالدىرىتىش لازىم» دەپ بۇيرۇق قىلدى، نەتىجىدە ئۈرۈمچى نەنشەندىكى دېھقانلار بۇنىڭغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى، ھەرقايسى ناھىيىلەردىكى دېھقانلار ئارقا - ئارقىدىن ئاۋاز قوشتى.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 1 - يىلى (1875 - يىلى)

زوزۇڭتاڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن شىنجاڭنىڭ باش ۋالىيسى بولدى، ئۇ گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ گەن (ھازىرقى گەنسۇدىكى جاڭيې) ، لياڭ (ھازىرقى گەنسۇدىكى ۋۇۋېي) ، سۇ (ھازىرقى گەنسۇدىكى جيۇچۈەن) دىن ئىبارەت 3 ئايماق ۋە گۇيسۇي (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى كۆكخوت ئەتراپى) ، نىڭشيالاردىن ئاشلىق سېتىۋېلىپ يۆتكىدى، كېيىن يەنە روسىيىدىن ئاشلىق ئىمپورت قىلدى ھەمدە شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە ئاشلىق سېتىۋېلىپ ھەربىي تەميناتنى تولۇقلىدى.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 3 - يىلى (1877 - يىلى)

9 - ئايدا زوزۇڭتاڭنىڭ قول ئاستىدىكى يۇ خۇئېن قاتارلىقلار ئەسكەر باشلاپ كورلىغا كىردى، ئۇنىڭ ياساۋۇللىرى ئىزدەش ئارقىلىق يەر ئاستى گەمىدە ساقلانغان ئاشلىقتىن بىرقانچە 100 مىڭ جىڭنى كولاپ چىقاردى.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 10 - يىلى (1884 - يىلى)

شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىندى، ئۆلكە بويىچە غەللە - پاراق ئاشلىقنى پەرمانبەردار باشقۇردى. ھەرقايسى ۋىلايەتلەردە ئامبار بېگى ئاشلىق ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇردى، ناھىيە يامۇلىدا نوپۇس بېگى پۇل، ئاشلىق، يەر بېجى قاتارلىق ئىشلارنى باشقۇردى.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 13 - يىلى (1887 - يىلى)

شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى ليۇ جىنتاڭ خەلق بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈشنى يەر موسى بويىچە باج تاپشۇرۇش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتتى، تېرىلغۇ يەرلەرنى يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن دەپ 3 دەرىجىگە ئايرىپ، موسى بويىچە غەللە - پاراق ئالدى، جايلار ئوخشاش دەرىجىلىك يەرلەردىن غەللە - پاراق ئالغاندا بىردەك بولۇش تەلەپ قىلىنمايدۇ، دەپ بەلگىلىدى.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 3 - يىلى (1911 - يىلى)

تېرىلغۇ يەرلەرنى تەپسىلىي ئۆلچەپ چىققاندىن كېيىنكى ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، ئۆلكە بويىچە پىششىق يەر 10 مىليون 554 مىڭ 705 مو، يىللىق ئېلىنىدىغان غەللە - پاراق ئاشلىق 302 مىڭ 408 دادەن، يىللىق ئېلىنىدىغان ئوت - چۆپ 28 مىليون 272 مىڭ 39 جىڭ، ئاشلىق، ئوت - چۆپنى خەزىنە كۆمۈشكە سۇندۇرغاندا 90 مىڭ 490 سەركە تەڭ بولدى.

## مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى)

9 - ئايدا شىنجاڭنىڭ ئۇتتۇقى قوشۇمچە پەرمانبەردارى ياڭ زېڭشىن جەمئىي 14 ماددىلىق «ئاشلىق، ئوت- چۆپ ئېلىش قائىدىسى» نى ئېلان قىلىپ، غەللە - پاراق، ئوت - چۆپ ئېلىش ئۆلچىمى، سەرپىياتىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى بەلگىلىمىلەرنى ئىجرا قىلىشنى تەكىتلىدى.

## مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىلى)

ياڭ زېڭشىن ئالتاينىڭ تاشقى موڭغۇل ۋە چارروسىيىنىڭ پاراكەندىچىلىك سېلىشىغا تاقابىل تۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئەسكەر ئەۋەتتى، شىخو، ماناس، گۇچۇڭ، فۇكاڭ، جىمسار قاتارلىق ناھىيىلەردىن ھەربىي تەمىنات ئاشلىقى، ھەربىي ئاتلارغا ئوت - چۆپ سېتىۋېلىندى ھەمدە ماناس ناھىيىسىدە ئاشلىق توشۇش ئىدارىسى، گۇچۇڭ ناھىيىسىدە ھۆكۈمەت ھارۋا ئىدارىسى تەسىس قىلىنىپ، ئالدىنقى سەپكە ھەربىي تەمىنات ئاشلىقى، ئوت - چۆپنى يۆتكەپ يەتكۈزۈشكە مەسئۇل قىلىندى.

## مىنگونىڭ 3 - يىلى (1914 - يىلى)

7 - ئايدا غەللە - پاراق ئاشلىق كەسپىنى ئۆلكە بويىچە مالىيە نازارىتى باشقۇردى، ۋىلايەتلەردە مالىيە بۆلۈملىرى باشقۇردى.

## مىنگونىڭ 4 - يىلى (1915 - يىلى)

4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ياڭ زېڭشىن ئىلى ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى لياۋيەننى ئۆلتۈرۈشكە پەرمان چۈشۈردى. لياۋيەن ئاشلىق سېتىۋالىدىغان كۆمۈشنى ئارتۇق ئېلىش، ئالۋان - ياساق چېچىش، يالغاندىن ھەربىي تەمىنات ئاشلىقى سېتىۋېلىشنى باھانە قىلىش، ھىيلىگەرلىك بىلەن بۇلاپ - تالاش ئارقىلىق ئاشلىق سېتىۋالىدىغان 42 مىڭ سەردىن ئارتۇق كۆمۈشنى چۆنتىكىگە سېلىۋالغان.

## مىنگونىڭ 6 - يىلى (1917 - يىلى)

خۇيزۇ سودىگەر ما جېڭيۈەن 10 مىڭ سەر ساپ كۆمۈش خەجلەپ ئىلىدىن روسىيەدە ئىشلەنگەن ئۈن

تارتىش ماشىنىسىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ، ئۈرۈمچى جيەنخۇ كۆلى (ھازىرقى خەلق باغچىسىنىڭ ئىچىدە) بويىدا «گەجنەبىي تۈگمەن» قۇردى، بۇ تۈگمەندە كۈنىگە 5000 جىڭ ئۇن تارتىلدى.

## مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى)

7 - ئايدا ئىلى بىرىنچى ئوقەتچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى 75 مىڭ رۇبلى مەبلەغ سېلىپ، ئىلى ماشىنىلاشقان ئۇن زاۋۇتى قۇرۇلۇشىنى باشلىدى، بۇ زاۋۇت 1937 - يىل 6 - ئايدا پۈتتى، كۈنىگە 60 توننا ئۇن تارتتى.

## مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى)

شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا بانكىسى قۇرۇلدى. مەزكۇر بانكا ۋە جايلاردىكى شۆبە بانكىلىرى ئاشلىق سېتىۋېلىپ، بازارنى تەڭشەشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى قىلدى.

## مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى)

ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى سۇ تۈگمىنى 104 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خۇيزۇ تۈگمەنچى 54، خەنزۇ تۈگمەنچى 49، تاتار تۈگمەنچى 1 ئائىلە بولۇپ، كۈنىگە جەمئىي 202 مىڭ 500 جىڭ ئۇن تارتىلىپ تۇردى.

## مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى)

شۇ يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بەلگىلىمە چىقىرىپ، شىنجاڭنى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭ دەپ ئىككى رايونغا ئايرىپ، غەللە - پاراق ئېلىش نىسبىتىنى بىرلىككە كەلتۈردى. غەللە - پاراق ئېلىشتا بۇغداي بىرلىك قىلىنىپ، بىردەك شەھەر كۇرسى ئىشلىتىلىپ، دادەن، جىڭ، پۇت قاتارلىق ئۆلچەم‌گۆچلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

شۇ يىلى ئۆلكىلىك سودا بانكىسى قارىمىقىدا ئاشلىق سارىيى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ فۇنكسىيىسى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەكسە باھا بەلگىلىمىسى ۋە بۇيرۇقىغا بىنائەن، ئاشلىق، ياغ ۋە يەم - خەشەك تىجارىتى قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

شۇ يىلى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى داشىمىندا كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق 42 ئېغىزلىق ئامبار سالدى، سىغىمچانلىقى 8 مىليون جىڭ. بۇ ئامباردىن سودا بانكىسىنىڭ ئاشلىق سارىيى پايدىلاندى.

## مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى)

9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، ئۆلكە بويىچە تېرىلغۇ يەر 15 مىليون 484 مىڭ 307 مو، غەللە - پاراق ئېلىشقا تېگىشلىك ئاشلىق 985 مىڭ 158 پايتەخت دادەن،

شەھەر دادەنگە سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا 328 مىڭ 386 دادەن بولىدۇ، يىل بويى ئەمەلىي ئېلىنغان غەللە-پاراق 329 مىڭ دادەندىن ئارتۇق.

شۇ يىلى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى «شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى ھەرقايسى شەھەر، رايون، ناھىيىلەرنىڭ ئاشلىق سېتىش بازارلىرىدىن باج ئېلىش نىزامى»نى تۈزۈپ چىقىپ، ھەرقايسى شەھەر، رايون، ناھىيىلەردىكى غەللە - پاراق يىغىۋېلىش ئىدارىلىرىدىن مۇۋاپىق ئورۇندا ئاشلىق بازىرىدىن بىرنى ياكى بىرقانچىنى قۇرۇپ، ئاشلىق ئېلىم - سېتىم ئىشلىرىنى شۇ بازار ئىچىدە ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

## مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى)

6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «ئۆلكىلىك غەللە - پاراق نىزامى»نى ئېلان قىلىپ، ھەر يىلى 491 مىڭ 859 شەھەر دادەنى غەللە - پاراق ئېلىشنى بەلگىلىدى.

10 - ئايدا ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق سودىگەرلىرىنىڭ رىقابەتلىشىپ ئاشلىق سېتىۋېلىشىغا چەك قويۇش توغرىسىدىكى 14 ماددىلىق چارىنى ئېلان قىلىپ، ئۈرۈمچى شەھىرى بازىرىدىكى ئاشلىقنى سودا بانكىسىنىڭ ئاشلىق سارىيىلا سېتىۋالىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. ئاشلىق سودىگەرلىرى، تۈگمەنچىلەرگە ئېھتىياجلىق ئاشلىق، ھارۋىكەشلەرگە ئېھتىياجلىق يەم - بوغۇزنى ئاشلىق سارىيىدىن سېتىۋېلىش بەلگىلەندى.

شۇ يىلى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ھەرقايسى ناھىيىلەردە ھۆكۈمەت، ساقچى ئىدارىسى، بانكا، مالىيە ئىدارىسى، باج ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىن تەركىب تاپقان ناھىيىلىك ئاشلىق سېتىۋېلىش كومىتېتىنى قۇرۇپ، ئاشلىق سەپلەشتۈرۈش - سېتىۋېلىش خىزمىتىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

## مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى)

7 - ئايدا نەنجىڭدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى دۆلەت ئوقەتچىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى شىنجاڭغا ئەۋەتتى، بۇ ئۆمەك تارىم دەرياسىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، سۇ ترانسپورتىنى ئاچتى ھەمدە تۈنجى قېتىم ئاشلىق توشۇشنى سىناق قىلىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى.

9 - ئايدا ئۆلكىلىك خەلق ئىشلىرى نازارىتى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۆلكىسىگە چۈشۈرگەن 200 مىڭ شەھەر دادەن ئاشلىق زاپىسى جۇغلاش ۋەزىپىسىگە ئاساسەن، ئاشلىق يىغىنى ئېچىپ، ئۆلكە بويىچە دېھقانلار، چارۋىچىلار، سودىگەرلەر ۋە ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنى ئاشلىق، پۇل، چارۋا مال ئىئانە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، ئاشلىق توپلىدى.

11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كومىتېتىنىڭ 71 - قېتىملىق قەرەللىك يىغىنى ئۆلكىلىك ئاشلىق باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇشنى قارار قىلدى، بۇ لىگيۇننى كومىتېت مۇدىرلىقىغا، جاڭ خۇڭيۇ، جاڭ يۈلەرنى كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدى. بۇنىڭدىن ئاساسىي مەقسەت ئاشلىق باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش، خەلقنىڭ ئوزۇقلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش، بۇرۇنقى ئاشلىقنى مۇتلەق تىزگىنلەش سىياسىتىنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت.

شۇ يىلى ئۆلكىلىك ئاشلىق يىغىش باش كوپىراتىپى ئۆلكىلىك خەلق ئىشلار نازارىتىگە قوشۇۋېتىلدى، ھەرقايسى رايون، ناھىيىلەردىكى ئاشلىق يىغىش شۆبە كوپىراتىپلىرى رايونلۇق، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەرگە قوشۇۋېتىلدى. ئاشلىق يىغىش كەسپىنى ئۆلكىلىك خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ 4 - بۆلۈمى ۋە رايونلۇق، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەر خەلق ئىشلار بۆلۈمى بېجىردى.

## مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى)

7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك غەللە ـ پاراق ئاشلىق باشقارمىسى قۇرۇلدى، ئۇ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئاشلىق مىنىستىرلىكى ۋە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ قوش رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلدى، مەسئۇلىيىتى: غەللە ـ پاراق ئېلىش ۋە ئاشلىق سېتىۋېلىش، ساقلاش ـ توشۇش ۋە تەمىنلەش، ھەربىي ئاشلىق تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش، خەلق ئوزۇقلۇقىنى تەڭشەش، ئاشلىق باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولدى. ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى لۇ يۈۋېن باشقارما باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىدى.

8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت (ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي) ئىنقىلابىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى 83 ـ نومۇرلۇق قارارنى ماقۇللاپ، ئۈچ ۋىلايەتتىكى دېھقانلاردىن يەر بېجى ئېلىشنى بەلگىلىدى.

10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 107 ـ قېتىملىق ھەيئەتلەر يىغىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك غەللە ـ پاراق ئاشلىق باشقارمىسىنىڭ ئاشلىق يىغىش خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشنى قارار قىلدى.

شۇ يىلى ئۆلكە بويىچە ئەمەلىي ئېلىنغان غەللە ـ پاراق ئاشلىق 230 مىڭ 791 دادەن، پۇلغا سۇندۇرغاندا 105 مىڭ 382 يۈەن بولدى. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە ئىنقىلاب پارتلىغانلىقتىن، ئۆلكە بويىچە ئېلىنمىغان غەللە ـ پاراق 60 مىڭ 568 دادەن بولدى؛ ئاپەت تۈپەيلىدىن كەچۈرۈم قىلىنغان غەللە ـ پاراق ئاشلىق 29 مىڭ 382 دادەن؛ كەم قالغان غەللە ـ پاراق 65 مىڭ 734 دادەن بولدى.

## مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى)

10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئالتاي مەمۇرىي مەھكىمىسى «يەر بېجى ئېلىش توغرىسىدا قارار» نى ئېلان قىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئەمەلىي تېرىلغۇ كۆلىمى بويىچە ھېسابلاپ، ھەربىر خو يېرىگە 20 كۈرە بۇغداي تاپشۇرۇشنى بەلگىلىدى.

شۇ يىلى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن، بۇيرۇققا بىنائەن ئۆلكە بويىچە غەللە ـ پاراق ئاشلىق ئېلىش كەچۈرۈم قىلىندى.

## مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى)

9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك تاشيول ترانسپورت ئىدارىسى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ 6 ـ رايون تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسىگە قوشۇۋېتىلىپ، 6 ـ رايونلۇق ئىدارە ترانسپورت باشقارمىسى بولۇپ قۇرۇلدى. 6 ـ رايونلۇق ئىدارە ترانسپورت باشقارمىسىغا 88 ئاپتوموبىل بۆلۈپ بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە 50 ئاپتوموبىل ئاشلىق توشۇشقا ئىشلىتىلدى.

شۇ يىلى ئۆلكىلىك غەللە ـ پاراق ئاشلىق باشقارمىسى «شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى ھەرقايسى ناھىيىلەرنىڭ ئاشلىق يىغىپ قەھەتچىلىككە تاقابىل تۇرۇش ۋە ئامبار تولۇق قىلىپ، ئاشلىق يىغىش ئىشلىرى بويىچە مۇكاپاتلاش ۋاقىتلىق چارىسى» نى تۈزۈپ تارقاتتى، بۇ چارىدە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ناھىيىلىك كېڭەش، ئالاقىدار ئىدارىلەر، قانۇن تەشكىلاتلىرى، يەرلىك ئاقساقاللار بىلەن بىرلىشىپ ئامبار تولۇق قىلىپ، ئاشلىق يىغىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


رىغبەتلەندۈرۈش كومىتېتىنى تەشكىللەپ، خىزمەت ئېلىپ بېرىشى بەلگىلەندى. باي ئائىلىلەر ئىئانە ئوبېكتى قىلىنىپ، ئاندىن كېيىن ھەربىر ئائىلىنىڭ ھوسۇل ئېلىش ئەھۋالىغا قاراپ، ئادىل ئىئانە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلدى.

## مىنگو 37 - يىلى (1948 - يىلى)

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئالتاي ۋىلايىتى جېمىنەي پورتى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 840 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق ئىمپورت قىلدى.

## 1949 - يىلى

10 - ئايدىن 12 - ئايغىچە سابىق گومىنداڭ ئارمىيىسى ھەربىي - سىياسىي بۆلۈمىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق تەمىنات ئىدارىسى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك غەللە - پاراق ئاشلىق باشقارمىسى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەن قىسىملىرىنى 18 مىليون 354 مىڭ 500 كىلوگرام ئاشلىق، 4 مىليون كىلوگرامدىن ئارتۇقراق ئوت - چۆپ بىلەن تەمىنلىدى.

11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 - دالا ئۇرۇش ئارمىيىسىنىڭ 1 - بىڭتۇەنى بۇيرۇق چىقىرىپ، گو ۋېيچېڭنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك غەللە - پاراق ئاشلىق باشقارمىسىنىڭ ھەربىي ۋەكىللىكىگە تەيىنلەپ، غەللە - پاراق ئاشلىق باشقارمىسىنى ئۆتكۈزۈۋالدى.

شۇ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ئالتاي مەمۇرىي مەھكىمىسى بىنەم يەرگە تېرىغان ئاشلىقتىن باج ئېلىش توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقىرىپ، ئىشلەپچىقارغان ئاشلىققا ئاساسەن، ھەر 11 كۈرە ئاشلىقنىڭ بىر كۈرىسىنى باج ھېسابىغا ئېلىشنى يولغا قويدى.

شۇ يىلى ئۆلكە بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان ئومۇمىي ئاشلىق 848 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، كىشى بېشىغا 196 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى؛ ئىشلەپچىقىرىلغان ياغلىق دان ياغقا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا 9 مىليون 80 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، كىشى بېشىغا 2.1 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى.

## 1950 - يىلى

11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭ ھەربىي رايونى «ئارىيەت ئاشلىقى ئېلىش، ئاشلىق سېتىۋېلىش توغرىسىدا بەلگىلىمە» چىقاردى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى گاۋ جىنچۈن، شىنجاڭ ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى زېڭ دى قاتارلىق 6 كىشىدىن ئۆلكىلىك ئاشلىق غەملەش كومىتېتى تەشكىللەندى. جەمئىي 180 كىشىلىك 12 خىزمەت ئەترىتى قاراشەھەر، قۇمۇل ۋىلايەتلىرىگە بېرىپ، پومېشچىكلاردىن 31 مىڭ 571 دادەن (7 مىليون 420 كىلوگرام) ئاشلىق ئارىيەت ئالدى، ئۈرۈمچى، قۇمۇل رايونلىرىدىن چاي، شېكەر، رەخت قاتارلىق مال - بۇيۇملارغا 28 مىڭ 969 دادەن (6 مىليون 800 مىڭ كىلوگرام) ئاشلىقنى تېگىشىپ سېتىۋالدى.

2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك غەللە - پاراق ئاشلىق باشقارمىسى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ساقلاش-توشۇش باشقارمىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

بۇ ئىدارىگە مەمۇرىي جەھەتتىن مالىيە نازارىتى رەھبەرلىك قىلدى، كەسپىي جەھەتتىن غەربىي شىمال ئاشلىق ئىدارىسى رەھبەرلىك قىلدى. مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى لىۋ زىمو ئىدارە باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىدى، زو شەن، رېن چۆچيى، ۋاڭ باگيەن، ۋۇ شۇفەنلەر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقلىقىنى ئۆتىدى. 1951 ـ يىل 8 ـ ئايدا زو شەن ئىدارە باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى، لىۋ زىمو ئىدارە باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىمەيدىغان بولدى.

3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسى «ئاشلىق چىقىم قىلىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارە لايىھىسى» نى ئېلان قىلدى، بۇنىڭدا ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، ھەربىي ئورگانلار ۋە قىسىم، مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلار ئاشلىق ئالغاندا، ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسى تارقاتقان چىقىمنامە ئارقىلىق بەلگىلەنگەن ئاشلىق تارقىتىش ئورنىغا بېرىپ ئاشلىق ئالىدىغانلىقى بەلگىلەندى.

6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى «ھەرقايسى ناھىيىلەردە ئاشلىق ئامبىرى قۇرۇش چارىسى» نى چۈشۈردى، بۇنىڭدا ناھىيىلىك ئاشلىق ئامبارلىرىغا مەمۇرىي جەھەتتە تەڭ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى بىۋاستە رەھبەرلىك قىلىدىغانلىقى، كەسپىي جەھەتتە ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسى بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىدىغانلىقى بەلگىلەندى. 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىگىچە ئۆلكە بويىچە 75 ناھىيىدە ئاشلىق ئامبىرى قۇرۇلدى.

8 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋالىيى، ھاكىملار بىرلەشمە يىغىنى چاقىرىپ، 400 مىڭ دادەن غەللە ـ پاراق ئاشلىق ئېلىشنى ئورۇنلاشتۇردى. خەلقنىڭ سېلىقىنى كېمەيتىش ئۈچۈن، ج ك پ شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ شۇجىسى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇۋەققەت قوماندانى ۋاڭ جېن قىسىملارنىڭ ئىشلەپچىقارغان ئاشلىقىدىن 20 مىڭ دادەن تاپشۇرۇشنى قارار قىلدى، جايلار ئۈستىگە ئالغان غەللە ـ پاراق ئاشلىق ۋەزىپىسى 380 مىڭ دادەنگە كېمەيتىلدى (جايلار قوشۇۋالغان ئاشلىق بۇنىڭ سىرتىدا).

8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسى «ئۆلچەم تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى، ئۇقتۇرۇشتا شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىشتا بىردەك يېڭى بەلگىلەنگەن ئۆلچەملىك جىڭنى قوللىنىش بەلگىلەندى. كونا جىڭ بىلەن يېڭى جىڭنى سۇندۇرۇش نىسبىتى مۇنداق بولدى: يېڭى بىر جىڭ 13 سەر 6 مىسقال كونا جىڭغا تەڭ؛ شىمالىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدا ھەر بىر دادەن بۇغداينىڭ ئېغىرلىقىنى كېلىشتۈرۈپ ھېسابلىغاندا، ئۆلچەملىك جىڭدا 470 جىڭ بولىدۇ (كونا جىڭدا 400 جىڭ).

9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسى ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىنى قۇرۇش ھەققىدە تېلېگرامما تارقاتتى. يىل ئاخىرىدا ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە ئاشلىق ئىدارىسى قۇرۇلۇپ بولدى. 1951 ـ يىل 12 ـ ئايغىچە قۇمۇل، قاراشەھەر، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن ۋىلايەتلىرىدىمۇ ئاشلىق ئىدارىسى قۇرۇلۇپ بولدى؛ 37 نۇقتىلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان ناھىيىدە ئاشلىق ئىدارىسى قۇرۇلۇپ بولدى. ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى بىلەن ناھىيىلىك ئاشلىق ئىسكىلاتى بىرلىشىپ ئىش بېجىردى. ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىگە مەمۇرىي جەھەتتە مەھكىمە، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەر رەھبەرلىك قىلدى، كەسپىي جەھەتتە يۇقىرى دەرىجىلىك ئاشلىق تارمىقى رەھبەرلىك قىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ دېھقانچىلىق بېجى ھەققىدىكى ۋاقىتلىق نىزامىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى» نى ئېلان قىلدى. تەپسىلىي قائىدىدە دېھقانچىلىق بېجى بۇغداي بويىچە ھېسابلىنىپ ئېلىنىدىغانلىقى، ئائىلە بىرلىك قىلىنىپ، دېھقانچىلىق نوپۇسى بويىچە ھەر بىر ئادەمنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمىگە ئاساسەن ھېسابلىنىدىغانلىقى، جەنۇبىي شىنجاڭدا 150 جىڭ، شىمالىي شىنجاڭدا 201 جىڭدىن باشلاپ دارامەتنىڭ ئېشىشىغا قاراپ پاراق ئېلىنىدىغانلىقى بەلگىلەندى.

www.uyghurkitap.com



10 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسى بىلەن ئىلى لەڭگەر ترانسپورت سودا سارىيى ئۆركۈم بويىچە ئاشلىق توشۇش توختىمى ئىمزالاپ، ئىلىدىن ئۈرۈمچىگە 10 مىڭ دادەن ئۇن يۆتكىدى (2 مىليون 350 مىڭ كىلوگرامغا بارۋەر). لەڭگەر توشۇش سودا سارىيى 2000 ئات ھارۋىنى سەپەرۋەر قىلىپ (ھەربىر ھارۋىغا 2 دادەن ئاشلىق قاچىلىنىدۇ)، يىل ئاخىرىغىچە ئاشلىق توشۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى.

## 1951 ـ يىلى

5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئاشلىقنىڭ باھاسى ئۆرلەپ، بازاردا ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئېھتىياجىنى قامدىيالماي قالدى، ئۆلكىلىك مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتى، مالىيە نازارىتى، ئۆلكىلىك سودا شىركىتى ئۈرۈمچى شەھىرىگە ئاشلىق يۆتكەشنى قارار قىلدى، ئۆلكىلىك سودا شىركىتى، ھەربىي رايون كوپىراتىپى ھەم ھەرقايسى ۋاكالىتەن سېتىش ئورۇنلىرى ئۇن، گۈرۈچ ۋە بۇغدايلارنى تۆكمە قىلىپ سېتىشقا باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئاشلىق باھاسى پەيدىنپەي مۇقىملاشتى.

6 ـ ئايدا غەربىي شىمال ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جيۇچۇەن دېگەن يېرىدىن قۇمۇلغا 2 مىليون 250 مىڭ كىلوگرام بۇغداي يۆتكىلىشكە باشلىدى، بۇ بۇغداي 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە پۈتۈنلەي يۆتكەپ بولۇندى.

8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يىغىنى ۋاڭ جېن ئوتتۇرىغا قويغان ئاشلىقنى مۇۋاپىق يۆتكەش، يۆتكەش باھاسىنى تۆۋەنلىتىش، ئاشلىق باھاسىنى تەڭشەش تەدبىرلىرىنى ماقۇللىدى.

## 1952 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسىدە «3 كە قارشى تۇرۇش» (خىيانەتچىلىككە، ئىسراپچىلىققا، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش) ھەرىكىتى داۋامىدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك ترانسپورت شىركىتىدىكى مەككار سودىگەر ليۇxx قاتارلىق 7 ئادەمنىڭ ئۆلكىلىك ئاشلىق ئىدارىسى يۆتكەش-تەمىنلەش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لۇxx گە پارە بېرىش ئارقىلىق غەللە ـ پاراقنى ھۆددىگە ئېلىپ يۆتكەش داۋامىدا دۆلەت مال ـ مۈلكىدىن 525 مىليون يۈەن (كونا خەلق پۇلى) نى ئوغرىلىغانلىقى پاش قىلىندى. لۇxx 70 مىليون يۈەن پارە ئالغان بولسىمۇ، ئۆزلۈكىدىن ئىقرار قىلغانلىقتىن، كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىپ، ئۆز ئورنىدا قالدۇرۇلۇپ نازارەت ئاستىدا ئىككى يىل ئەمگەككە سېلىندى. ئۆلكىلىك ئاشلىق ئىدارىسىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئامبارنىڭ بوغالتىرى، ئامبارچىسى قاتارلىق كىشىلەر يەككە تۈگمەنچىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، دۆلەت ئاشلىقىنى ئوغرىلىغانلىقى ئۈچۈن، قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ئۇن زاۋۇتى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى، بۇ زاۋۇت كۈنىگە 33 توننا ئۇن ئىشلەپچىقارادى. مەزكۇر زاۋۇتنىڭ ئەسلىھەلىرى شەنشى ئۆلكىسىدىكى باۋجى ۋىلايىتىنىڭ سەيجياپو دېگەن يېرىدىن يۆتكەپ كېلىندى.

4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئاقسۇ، ئونسۇ ناھىيىلىرىنىڭ ناھىيىلىك ئامبارلىرىدىكى غەللە ـ پاراقتىن كوللېكتىپ ھالدا 1056 دادەن ئوغرىلانغانلىقى پاش قىلىندى، خىيانەتچىلىك گۇرۇھىغا قاتناشقانلار ئىچىدە ئونسۇ ناھىيىلىك ئامبارنىڭ مۇدىرى ليۇ چى، ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى جاڭ خۇەنچىن قاتارلىق 11 كىشى بار.

10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى غەربىي شىمال ئاشلىق ئىدارىسى تۆتىنچى پەسىلدىن باشلاپ ئاشلىق سېتىۋېلىش-

سېتىش بويىچە تېلېگرامما ئارقىلىق كۈندىلىك، 10 كۈنلۈك مەلۇمات يوللاشنى تەلەپ قىلدى.

## 1953 - يىلى

2 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرىنچى نۆۋەتلىك ئاشلىق يىغىنى چاقىرىلىپ، مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسى سىستېمىسى بىلەن سودا نازارىتى سودا شىركىتىنىڭ ئاشلىق تىجارەت قىلىدىغان ئاپپاراتلىرى بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىنكى ئاشلىق خىزمىتى نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلىندى. ئۆلكىلىك مالىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شىن لەنتىڭ يىغىندا «3 يىلدىن بۇيانقى ئاشلىق خىزمىتىدىن خۇلاسە ھەم بۇنىڭدىن كېيىنكى فاڭجېن، ۋەزىپىلەر ھەققىدە دوكلات» بەردى.

2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ (1953) ھـ غ 091 - نومۇرلۇق ئۇقتۇرۇشى ئارقىلىق، شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ دەرىجىسى كۆتۈرۈلۈپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئاشلىق نازارىتىگە ئۆزگەرتىلدى، خوسايىن مۇراتوف نازىرلىققا، زو شەن مۇئاۋىن نازىرلىققا، ج ك پ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئاشلىق نازارىتى شۆبە پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى. 1961 - يىل 6 - ئايدا خوسايىن مۇراتوف ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتتى، زو شەن 1970 - يىلى كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولدى.

شۇ ئايدا ئۆلكىلىك ئاشلىق نازارىتى كادىرلار تەربىيىلەش سىنىپى قۇرۇلدى. 1956 - يىل 7 - ئايدا بۇ تەربىيىلەش سىنىپى ئۆلكىلىك ئاشلىق كادىرلار مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلدى. بۇ مەكتەپ 1957 - يىل 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر مالىيە - سودا مەكتىپىگە قوشۇۋېتىلدى. 1982 - يىل 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق كادىرلار مەكتىپى قۇرۇلدى، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق مەكتىپى بىلەن بىر يۈرۈش ئاپپارات بولۇپ، 2 ۋىۋىسكا ئاستى.

11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، 29 - كۈنى ج ك پ غەربىي شىمال بيۇروسى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭدا ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، بىر تۇتاش سېتىشنى ۋاقتىنچە يولغا قويماسلىققا قوشۇلغانلىقى توغرىسىدىكى تەستىق يوليورۇقىنى يەتكۈزدى. شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ج ك پ شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 1954 - يىلدىن باشلاپ قەشقەر، يەكەن، خوتەن ۋىلايەتلىرىنىڭ يېزىلىرىدا ئاشلىقنى كېلىشىپ سېتىۋېلىش ھەم كېلىشىپ تەمىنلەش، شەھەر - بازارلار، سانائەت، كان رايونلىرىدا ئاساسىي ئاشلىقنى (ئاق ئۇن) ئادەم، مىقدارىغا چەك قويۇپ كىنىشكىگە قاراپ سېتىپ بېرىشنى، قارا ئاشلىققا چەك قويماسلىقنى قارار قىلدى. ئاقسۇ ۋە ئاقسۇنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردا بازار ئارقىلىق سېتىۋېلىپ، بازار ئارقىلىق تەمىنلەش داۋاملىق يولغا قويۇلدى.

شۇ يىلى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي مەھكىمە ئاشلىق ئىدارىسىنى ۋالىي مەھكىمە ئاشلىق بۆلۈمىگە، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئاشلىق بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى. ئۈرۈمچى شەھىرى، ئاقسۇ قاتارلىق 8 ۋىلايەت، غۇلجا، قەشقەر شەھەرلىرىدە ئاشلىق شىركىتى تەسىس قىلىندى. يىل ئاخىرىدا ئۆلكە بويىچە ۋىلايەتلىك ئاشلىق بۆلۈمى، ناھىيىلىك ئاشلىق بۆلۈمى 68 گە يەتتى.

## 1954 - يىلى

2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى، بۇ

زاۋۇت ئاساسلىقى ئۆلچەملىك ئۇن ۋە ئاز مىقداردا ئالاھىدە ئۇن ئىشلەپچىقىرىدىغان بولدى، يىلىغا ئۆلچەملىك ئۇن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 90 مىڭ توننا. شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى سەيپىدىن ئەزىزى، شىن لەنتىڭلار ئىش باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى جاڭ نەيچى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كىبەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقى مۇتەخەسسىسى مونولوف، ئاشلىق پىششىقلاپ ئىشلەش مۇتەخەسسىسى سوگۇبېيفلارغا ھەمراھ بولۇپ، شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلدى.

10 ـ ئايدا جۇڭگو ياغ شىركىتى شىنجاڭ ئۆلكىلىك شىركىتى رەسمىي قۇرۇلدى. شۇ ئايدىن باشلاپ ئۈرۈمچى، غۇلجا، قەشقەر، قۇمۇل شەھەرلىرىدىكى ئاھالىلەر نوپۇس دەپتىرى، ئىدارىسىنىڭ تونۇشتۇرۇش قەغىزى بىلەن ياغ ساتىدىغان نۇقتىلارغا بېرىپ ياغ سېتىۋالدى، مىقدارىغا چەك قويۇلمىدى. 1957 ـ يىلى ياغ شىركىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1976 ـ يىل 12 ـ ئايدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ياغ شىركىتى قۇرۇلدى.

11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ياغ ۋە ياغلىق دان بازارلىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» (لايىھە) نى ئېلان قىلدى، بۇ چارىدە قىچا، زىغىر، ئاپتاپپەرەس، چىگىت قاتارلىقلارنى ۋە ئۇلاردىن پىششىقلانغان ياغ ۋە كۈنجۈت يېغىنى ياغ شىركەتلىرى سېتىۋالىدىغانلىقى ياكى ياغ شىركىتى ھەمدە ئۇنىڭدىن پىششىقلانغان ياغ ۋە كۈنجۈت يېغىنى ياغ شىركەتلىرى سېتىۋالىدىغانلىقى ياكى ياغ شىركىتى سودا شىركەتلىرى، كوپېراتىپلارنىڭ ۋاكالىتەن سېتىۋېلىشىغا ھاۋالە قىلىدىغانلىقى، بارلىق خۇسۇسىي ياغ دۇكانلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىشقا بولمايدىغانلىقى، خۇسۇسىي ياغ زاۋۇتلار، جۇۋازخانىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ياغلىق دان سېتىۋېلىشىغا، مەھسۇلاتلىرىنى ئۆز ئالدىغا سېتىشىغا بولمايدىغانلىقى بەلگىلەندى.

11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئۆلكىلىك ئاشلىق نازارىتى بىلەن شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ ماددىي ئەشيا تەمىنلەش باشقارمىسى «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش قىسىملىرىنىڭ 1954 ـ يىللىق ئارتۇق ئاشلىقنى سېتىۋېلىش ۋە ئۆتكۈزگەن ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش چارىسى» نى تارقاتتى، بۇ چارىدە قىسىملارنىڭ 1954 ـ يىلى ئىشلەپچىقارغان ئاشلىقىدىن ئۆزى ئىشلىتىپ ئېشىنغان قىسمىنى دۆلەت ئاشلىق تارماقلىرى سېتىۋالىدىغانلىقى، ئۆتكۈزۈپ قالغان قىسمىنى دۆلەت ئاشلىق تارماقلىرى تەمىنلەيدىغانلىقى بەلگىلەندى.

شۇ يىلى ئۆلكە بويىچە خۇسۇسىي سودىگەرلەرنىڭ ئاشلىق تىجارەت قىلىشى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، دۆلەت رەھبەرلىكىدە بولىدىغان، خۇسۇسىي سودىگەرلەر قاتناشقان ئاشلىق بازىرىدىن 169 ى قۇرۇلدى، بۇنىڭدىن 151ى جەنۇبىي شىنجاڭدا، 18 ى شىمالىي شىنجاڭدا.

## 1955 ـ يىلى

5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ج ك پ شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ ‹ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىش خىزمىتىنى تېز سۈرئەتتە ئورۇنلاشتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كەيپىياتىنى مۇقىملاشتۇرۇش توغرىسىدىكى جىددىي يوليورۇقى، نى ئىجرا قىلىش ھەققىدە يوليورۇق» تارقاتتى. يوليورۇقتا جەنۇبىي شىنجاڭدا ئاشلىقنى تەكسە ۋە كېلىشىپ سېتىۋېلىشنى داۋاملىق يولغا قويۇش، ئاقسۇ ھەم ئۇنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردا ئاشلىقنى بازار ئارقىلىق سېتىۋېلىش سىياسىتىنى يولغا قويۇش، مەھسۇلاتنى، سېتىۋېلىشنى، سېتىشنى ئاشلىق بويىچە بېكىتىشتىن ئىبارەت «ئۈچنى بېكىتىش» سىياسىتىنى يولغا قويماسلىقنى تەكىتلىدى.

10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «ياغلىق دان، ياغ تىجارىتى خىزمىتىنى ياخشىلاش توغرىسىدا يوليورۇق» چىقاردى، يوليورۇقتا: شىنجاڭدا ياغلىق دان بويىچە پىلانلىق سېتىۋېلىش يولغا قويۇلماي، مەھسۇلات نىسبىتى بويىچە دەرىجىمۇ ـ دەرىجە ۋەزىپە تەقسىم قىلىپ، بازار باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، بازار ئارقىلىق سېتىۋېلىش چارىسى قوللىنىلىدىغانلىقى بەلگىلەندى.

12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى گوۋۇيۈەن تەستىقلاپ تارقاتقان ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ «ئاشلىق پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىغا بولغان رەھبەرلىك ۋە باشقۇرۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلات» نى تارقاتتى، ش ئۇ ئا ر سانائەت نازارىتى باشقۇرۇشىدىكى شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتىنى ئاشلىق نازارىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش (ئۆتكۈزۈپ بېرىش 1956 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى تاماملاندى، 1957 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى زاۋۇت نامى «ئۈرۈمچى ‹1 ـ ئاۋغۇست› ئۇن زاۋۇتى» دەپ ئۆزگەرتىلدى)، ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى تاۋار ئاشلىق پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپىنى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى قارار قىلدى.

## 1956 ـ يىلى

4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئاشلىق نازارىتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئاشلىق تارماقلىرىدا چاشقان، قۇچقاچتىن خالىي، ھاشاراتتىن خالىي، چىرىشتىن خالىي، ھادىسىدىن خالىي بولۇشتىن ئىبارەت ‹4 تىن خالىي›، ئاشلىق ئامبارلىرى قۇرۇش پائالىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى دەسلەپكى پىكىر» نى تارقاتتى.

5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئاشلىق سېتىۋېلىشتا دەرىجىمۇ ـ دەرىجە ۋەزىپە تەقسىم قىلىش ۋە ئۆزى مەلۇم قىلىپ كېلىشىش، توختام تۈزۈش چارىسىنى قوللىنىشنى قارار قىلدى. گۇڭشې ـ ئەترەتلەر ۋەزىپىدىن ئاشۇرغان قىسمىنىڭ 40% نى دۆلەت ئاشۇرۇپ سېتىۋالىدىغان بولدى.

7 ـ ئايدا خې رۇيشاڭ ش ئۇ ئا ر ئاشلىق نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا تەيىنلەندى، شۇ يىلى 11 ـ ئايدا يۆتكەپ كېتىلدى؛ 1978 ـ يىل 3 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلەندى، كېيىن مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى، 1983 ـ يىل 6 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىقتى.

7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى جۇڭگو يەم ـ خەشەك شىركىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىركىتى قۇرۇلدى، 1957 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1976 ـ يىل 10 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يەم ـ خەشەك شىركىتى قۇرۇلدى.

8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئاشلىق نازارىتى، سودا نازارىتى بىرلىكتە تېلېگرامما يوليورۇق چىقىرىپ، ئاپتونوم رايونىمىز ياغ كەسپىنىڭ ئاشلىق سىستېمىسىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەنلىكىنى ئۇقتۇردى.

8 ـ ئايدا ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك ئاشلىق باشقارما، بۆلۈملىرى ئاشلىق ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

12 ـ ئايدا ئەسئەت ياقۇبى ئاشلىق نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا تەيىنلەندى، كېيىن ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى، 1983 ـ يىل 6 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىقتى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىندى، لېكىن دۆلەتنىڭ ئاشلىق كىرىمى چىقىمنى قاپلىيالمىغاچقا، مەزكۇر ئاشلىق يىلىدا كىرىم چىقىمنىڭ تەتۈر پەرقى 71 مىليون 280 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# 1957 ـ يىلى

7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق كومىتېتى «ئاشلىق خىزمىتى توغرىسىدا يوليورۇق» چىقىرىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاشلىقنى بىرتۇتاش سېتىۋېلىش — سېتىشنى قارار قىلدى. يېزىلاردا ئائىلىنى ئاساس، كوپېراتىپنى بىرلىك قىلىپ، ئاشلىقتىكى ئارتۇق ـ كەمنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ، ئارتۇقىنى سېتىۋېلىش، كېمىنى تەمىنلەش بەلگىلەندى.

8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق نازارىتى «ياغلىق دان سېتىۋېلىش خىزمىتى توغرىسىدا قوشۇمچە پىكىر»نى تارقاتتى، قوشۇمچە پىكىردە زىغىر، قىچا، ئاپتاپپەرەس، زاراڭزا قاتارلىق ياغلىق دانلارنى ئاشلىقتىن ئەللە ـ پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش بىلەن بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ سېتىۋېلىش، ئائىلىنى ئاساس، كوپېراتىپنى بىرلىك قىلىپ ئارتۇق ـ كېمىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش بەلگىلەندى. ئېلىنغان كومۇمىي ياغلىق داندىن «ئىككى قالدۇرۇق» (ئۇرۇق ۋە ئوزۇقلۇق ياغ قالدۇرۇش) نى كېمەيتكەندىن كېيىن، ئېشىنغان قىسمىنىڭ ھەممىسىنى دۆلەت سېتىۋېلىش، كېمىنى ئىسپاتقا ئاساسەن دۆلەت تەمىنلەش بەلگىلەندى.

8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەرقانداق كىشىنىڭ ئاشلىق ھاياكەشلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى قاتتىق مەنئى قىلدى، ئاشلىق ئەركىن بازارلىرىنى تاقىدى.

8 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاشلىق خىزمىتى ئىشخانىسى قۇرۇلدى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى زىياۋ دى ئىشخانا مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردە مۇناسىپ ئاپپاراتلار قۇرۇلۇپ، ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، سېتىشقا مەسئۇل قىلىندى. ئاپتونوم رايون ھەم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردە 10 مىڭدىن ئارتۇق كادىر ئاجرىتىلىپ، خىزمەت ئۆمىكى تەشكىللىنىپ، يېزىلارغا ئەۋەتىلىپ، ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش ـ سېتىشنى مەركەز قىلغان يېزا خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ بىرىنچى شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ ئاپتونوم رايون يېزا خىـــزمەت ئۆمىكىدىكىلەرگە سەپەرۋەرلىك دوكلاتى بەردى.

9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى، سودا نازارىتى، ئاشلىق نازارىتىنىڭ «1957ـ يىللىق ئاشلىق، ياغنىڭ باھاسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى توغرىسىدىكى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇشى» نى تەستىقلاپ تارقاتتى، ئاشلىق باھاسىدا 3 دەرىجىلىك باشقۇرۇش پرىنسىپىنى داۋاملىق ئىجرا قىلىش، مەركەز ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ بۇغداي، ئۇن، كۆممىقوناق، قىزىل قوناقنىڭ باھاسىنى ئىگىلەش، ئاپتونوم رايون ۋىلايەت، ئوبلاستلار تورۇشلۇق جايلار ھەم نۇقتىلىق ناھىيىلەردىكى 29 بازاردىكى بۇغداي، ئۇن ۋە ئاساسلىق قارا ئاشلىقلارنىڭ باھاسىنى ئىگىلەش، ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئۆز تەۋەسىدىكى كىچىكرەك بازار ۋە بازارلاردىكى ئۇششاق ئاشلىقلارنىڭ باھاسىنى ئىگىلەشنى تەكشۈرۈش بەلگىلەندى.

10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونىنىڭ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلىرىدىكى شەھەر ـ بازارلار كىنىشكىگە ئاساسەن چەكلىك مىقداردا ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئاساسىدا، ئاشلىقنى نورمىلىق تەمىنلەشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇشقا باشلىدى. ئاھالىلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق نورمىسى دەرىجە بويىچە بېكىتىلدى، سودا ـ سانائەت كەسىپدىكىلەر ئاشلىق ئىشلىتىشتە ئورۇنلار بويىچە نورما بېكىتىلدى، چارۋىلارنىڭ يەم ـ بوغۇزىدا تۈرلەر بويىچە نورما بېكىتىلدى.

شۇ يىلى ئاشلىق نازارىتى شىنجاڭ بويىچە ئاشلىق بېلەتنى تۇنجى قېتىم بېسىپ تارقاتتى. بېلەتلەر: 4 سەر، يېرىم جىڭ، بىر جىڭ، 3 جىڭ، 5 جىڭ، 10 جىڭدىن ئىبارەت جەمئىي 6 خىل بولدى.

شۇ يىلى نورمىلىق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىگە ئۆگىنىلىش يۈزىسىدىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ

شەھەر - بازارلىرىدىكى ئاشلىق دۇكانلىرى 178 گە يەتتى، رايون، يېزىلاردىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش پونكىت (دۇكان) لىرى 397 گە يەتتى. ئاشلىق دۇكان (پونكىت) لىرى ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەش، ئاشلىق بېلىتى تارقىتىش ھەم نوپۇس باشقۇرۇش، نورما بەلگىلەش، ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش رەسمىيەتلىرىنى بۆتكەش قاتارلىق مەمۇرىي فۇنكسىيەلىرىنى ئۈستىگە ئالدى.

## 1958 - يىلى

2 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى «قارا ئاشلىقنى سەپلەپ تەمىنلەش توغرىسىدا يوليورۇق» چىقىرىپ، شەھەر - بازار ئاھالىلىرىدىن ئازراق قارا ئاشلىق يېيىشنى تەلەپ قىلدى، تەمىنلەش نىسبىتى %10 تىن %15 كىچە بولدى، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلارنىڭ تۆۋەنرەك، ئاشلىقى ئۆكسۈيدىغان رايونلارنىڭ يۇقىرىراق بولدى.

3 - ئايدا خوتەن ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى بولۇپ ئاشلىق ئامبارلىرى «تۆتتىن خالىي» (ھاشاراتتىن خالىي، چىرىشتىن خالىي، چاشقان، قۇشقاچتىن خالىي، ھادىسىدىن خالىي) بولغان ناھىيىگە ئايلاندى.

7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى «1958 - يىللىق ئاشلىق خىزمىتى ھەققىدە يوليورۇق» چىقاردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر - بازارلاردا ئاشلىقنى نورمىلىق تەمىنلەش چارىسىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزىلاردا ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىش چارىسىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاشلىق، ياغلىق دان بويىچە مۆددەتكىرلىك تۈزۈمىنى سىناپ يۈرگۈزۈش چارىسى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئاشلىق، يائنى نورمىلىق تەمىنلەشنى سىناپ يۈرگۈزۈش تەپسىلىي قائىدىسى» قاتارلىق بەلگىلىمىلەرنى ئېلان قىلدى.

8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى كۇچا ناھىيىسىدە پەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن ئاپتى يۈز بېرىپ، كونا شەھەردىكى كۇچا دەرياسىنىڭ ئىككى يېقىغا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەردىن 3762 ئائىلە ئاپەتكە ئۇچرىدى. ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى دەرھال ئاشلىق نازارىتى، خەلق ئاۋىئاتسىيە تارماقلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئايروپىلان ئارقىلىق 10 توننىدىن ئارتۇق ئۇن ۋە نورغۇن نان يۆتكەپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزدى.

9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دېھقانچىلىق، جامائەت خەۋپسىزلىكى، چارۋىچىلىق، ئاشلىق نازارەتلىرى ۋە قاقاس يەرلەرنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ئىدارىسى «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىش ۋە بۇنىڭ بىلەن تەمىنلەش توغرىسىدا بىرلەشمە يوليورۇق» چىقاردى.

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «شىنجاڭ ئاشلىق گېزىتى» نەشر قىلىنىدى، 1961 - يىلى «ئاشلىق خەۋەرلىرى» گە ئۆزگەرتىلدى، ئۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى مالىمانچىلىق مەزگىلىدە نەشردىن توختىدى. 1983 - يىل 12 - ئايدا «شىنجاڭ ئاشلىقى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنىدى، 1984 - يىل 4 - ئايدا «شىنجاڭ ئاشلىقى» نىڭ 1 - سانى رەسمىي نەشردىن چىقتى.

شۇ ئايدا ئاشلىق نازارىتىنىڭ رېمونت زاۋۇتى قۇرۇلدى. بۇ زاۋۇت ئاشلىق، ياغ پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلىپ، پەيدىنپەي تەرەققىي قىلىپ، ياغ تارتىدىغان، يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىدىغان ئۇنىۋېرسال زاۋۇتقا ئايلاندى، كېيىن نامى ئۈرۈمچى ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



## 1959 - يىلى

1 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق مەكتىپى قۇرۇلدى، 1962 - يىل 5 - ئايدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 1974 - يىل 1 - ئايدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

5 - ئايدا ئاشلىق نازارىتىنىڭ ئاشلىق - ياغ ئىلمىي تەتقىقات ئورنى قۇرۇلدى. 1962 - يىل 1 - ئايدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 1976 - يىل 12 - ئايدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق - ياغ ئىلمىي تەتقىقات ئورنى» دەپ ئاتالدى.

6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئاپتونوم رايون بويىچە 2 - قېتىملىق مالىيە - سودا خىزمەت يىغىنى چاقىردى. 18 - كۈنى پارتكومنىڭ بىرىنچى شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ يىغىندا سۆز قىلدى. يىغىندا 1959 - يىللىق ئاشلىقتىن غەللە - پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ياغلىق داننى مەھسۇلات نىسبىتى بويىچە سېتىۋېلىش بەلگىلەندى.

12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ئاشلىقى ئۆكسۈپ، ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش خەۋپ ئاستىدا قالغانلىقى مەلۇم بولدى. قۇمۇل ئەمۇرىي مەھكىمىسى ش ئۇ ئا ر پارتكومغا ئىلتىماس سۇندى، ۋاڭ ئېنماۋ ئاشلىق نازارىتى ئاشلىق مەنبەسى ئۇيۇشتۇرۇش، «0673» قىسىمنى ئاپتوموبىل چىقىرىپ، كۆچا، توقسۇلاردىن 100 ئاپتوموبىل بۇغداينى قۇمۇلغا يەتكۈزۈپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ، جىددىيچىلىكنى پەسەيتىش ھەققىدە يوليورۇق بەردى. مەزكۇر قىسىم 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى 50 ئاپتوموبىل چىقىرىپ ۋەزىپىنى 2 قېتىمدا ئورۇندىدى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ياغ مەنبەسى قىسراق بولدى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم شەھەر - بازارلاردا نويۇسنى چوڭ - كىچىك دەپ ئايرىماي، بىردەك نورمىلىق تەمىنلەش، ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىلىرىنىڭ ھەر بىرىنى ھەر ئايدا 375 گىرام ياغ بىلەن تەمىنلىگەندىن سىرت، باشقا جايلارنىڭكىنى مۇشۇ ئۆلچەمدىن تۆۋەن قىلىش ھەققىدە يولىيورۇق بەردى.

## 1960 - يىلى

يىل بېشىدا ئاشلىق نازارىتى ئاپتوموبىل ئەترىتى قۇرۇلدى، بۇ ئەترەت 1970 - يىل 4 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، 1974 - يىل 1 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئاپتوموبىل ئەترىتى قىلىپ قۇرۇلدى، 1976 - يىل ئاخىرىدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ترانسپورت شىركىتى دەپ ئاتالدى.

1 - ئايدىن 3 - ئايغىچە باي ناھىيىسى ئالدىنقى يىلى ئاشلىق مەھسۇلاتىنى يالغان مەلۇم قىلىپ، ئاشلىقتىن يۇقىرى پاراق ئېلىپ ۋە ئۇنى سېتىۋېلىپ، يېزىلاردا ئاشلىق ئۆكسۈپ قالغاندا، سېتىپ بېرىشكە تېگىشلىك ئاشلىقنى سېتىپ بەرمىگەنلىكتىن، قىسمەن كوممۇنا - ئەترەتلەردە دېھقانلار ئاشلىقتىن قىسىلىپ كېسەل بولۇش، غەيرىي نورمال ئادەم ئۆلۈش، سىرتقا كېتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلدى، مەزكۇر ناھىيىنىڭ ئاساسلىق رەھبىرى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى ھەمدە قانۇن بويىچە جازالاندى.

3 - ئاينىڭ ئاخىرى تارباغاتايدىن قاراماي شەھىرىگە ئاشلىق يۆتكىلىۋاتقاندا قار - شىۋىرغان چىقىپ، شامال ئۆتەڭدىن ئۆتۈشى مۇمكىن بولمىدى. مەزكۇر شەھەرنىڭ سالدۇ ئاشلىقى بىرقانچە كۈنلۈك تەمىنلەشكە يەتكۈدەكلا قالدى. ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئادەم ئەۋەتىپ تراكتور بىلەن قارلارنى ئىتتىرىپ يول ئېچىپ،

3 كۈن ئىچىدە 500 توننا ئۇن يۆتكىدى.

4 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق كومىتېتى جەنۇبىي شىنجاڭدىن شىمالىي شىنجاڭغا ئاشلىق يۆتكەشنى قارار قىلدى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى زىياڭ دى گۇرۇپپا باشلىقى، شۇجىچۇنىڭ شۇجىسى لى چۈەن مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولغان جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئاشلىق يۆتكەشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇردى، قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە، ئاشلىق ئىدارىلىرىنىڭ رەھبەرلىرى بىرىنچى سەپتە تۇرۇپ، ئاشلىق يۆتكەش خىزمىتىگە قوماندانلىق قىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئاشلىقىنى شىمالىي شىنجاڭغا يۆتكەش 4 يىل داۋام قىلدى، بۇ جەرياندا جەمئىي 184 مىليون كىلوگرام ئاشلىق يۆتكەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر ۋىلايىتىدىن 107 مىليون كىلوگرام، خوتەن ۋىلايىتىدىن 77 مىليون كىلوگرام يۆتكەلدى.

5 ـ ئايدا ئەن دىڭ ئاشلىق نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا، 1974 ـ يىل 7 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، 1979 ـ يىل 3 ـ ئايدا ئىدارە باشلىقلىقىغا، 1983 ـ يىل 6 ـ ئايدا پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى، 1986 ـ يىل 6 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىقتى.

6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئاشلىق نازارىتى بۇغداي، شال، كۆممىقوناق، ئاقنوناق، قىچا، زىغىر قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈشنىڭ سىناق ئۆلچىمىنى ئېلان قىلىپ تارقاتتى.

7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر يېنىك سانائەت ئىدارىسى باشقۇرۇشىدىكى ياغ زاۋۇتى ئاشلىق تارمىقىنىڭ بىر تۈتارش باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

7 ـ ئايدا جياڭ جاۋرۇڭ ئاشلىق نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا تەيىنلەندى، 1974 ـ يىل 4 ـ ئايدا سودا نازارىتىگە يۆتكەلدى.

8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئاشلىق نازارىتى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىدە يېزا ئاشلىق باشقۇرۇش بۆلۈمى، بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىش، يېزا خەلق گوڭشې مالىيە ـ سودا ـ ئاشلىق بۆلۈمىدە 2 نەپەر مەخسۇس ئاشلىق باشقۇرۇش كادىرى كۆپەيتىش، ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرىدە ئاشلىق باشقۇرغۇچى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدە قوشۇمچە ئاشلىق باشقۇرغۇچى قويۇشنى تەلەپ قىلدى.

10 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونىمىزدا ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش، ئىش تۈرىنى تەكشۈرۈش، نورما ئۆلچىمىنى تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت 3نى تەكشۈرۈپ تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى، 1961 ـ يىل 10 ـ ئايدا 3نى تەكشۈرۈپ تەرتىپكە سېلىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى شەھەر ـ بازار نوپۇسىدىكى ھەربىر ئادەمنىڭ ھەر ئايلىق ئوتتۇرىچە نورمىسى 15.94 كىلوگرامدىن (تەييار ئاشلىق) 12.15 كىلوگرامغا چۈشۈرۈلدى، ئوتتۇرىچە 0.82 كىلوگرام تۆۋەنلىدى.

11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى ئاشلىق نازارىتىنىڭ «ئاشلىق سىستېمىسى بويىچە ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئامبارنى ئېنىقلاش، ھېساباتنى ئېنىقلاش، كۆچمە مەبلەغنى ئېنىقلاشنى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى دوكلات» نى تەستىقلاپ تارقاتتى، ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرىدىن 3نى ئېنىقلاش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، كۈچ تەشكىللەپ ئۆزىگە قاراشلىق ئاشلىق ئامبار، مال مەيدانى، ماگىزىن، سېتىۋېلىش ـ سېتىش پونكىتى، پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئاشلىق سالدۇسى، ياغ سالدۇسى، ھەرخىل ماددىي ئەشيا، مۈلۈك ھېسابات تۈرلىرى، مەبلەغ ئىشلىتىش ئەھۋالى قاتارلىقلارنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، ئۈزۈل ـ كېسىل ئېنىقلاپ سېلىشتۇرۇپ چىقىشنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۈرلۈك قائىدە ـ تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى.

www.uyghurkitap.com



12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم قارار چىقىرىپ، يېزا خەلق كوممۇنىسىنىڭ ئاساسىي ھېسابات بىرلىكىنى بىرلىك قىلىپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ھېساباتى بويىچە 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ تۈردىكى رايونلاردا كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 250 كىلوگرام، 175 كىلوگرام، 125 كىلوگرامدىن ئارتۇق ئاشلىق سېتىپ بەرگەنلەرگە ئارتۇق سېتىپ بېرىلگەن ھەر بىر كىلوگرام ئاشلىققا 1 يۇڭ 4 لى باھا قوشۇپ مۇكاپاتلاشنى بەلگىلىدى.

## 1961 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ تەستىقىغا بىنائەن، ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدىنقى يىلى كۈزلۈك ـ ئەتىيازلىقتىن چەكتىن ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغان 50 مىليون كىلوگرامدىن ئارتۇقراق ئاشلىق كېمەيتىلىپ قايتۇرۇلدى.

3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى يىغىنىنىڭ قارارى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، باھا ئىدارىسىنىڭ ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش ـ سېتىش باھاسىنى تەڭشەش توغرىسىدىكى پىكرىگە قوشۇلدى، ئاشلىقنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %17.46 ئۆستۈرۈلدى، ياغلىق داننىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %34.73 ئۆستۈرۈلدى، ياغنىڭ بىر تۇتاش سېتىلىش باھاسى %10.72 ئۆستۈرۈلدى.

3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى لى چۈەن ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئاشلىق ئىدارە باشلىقلىرى يىغىنىدا سۆز قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «ئۆلچەمنى تۆۋەنلىتىش، ئاشلىق ئورنىغا مېۋە ـ چېۋە، كۆكتات سەپلەش» فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قانات يايدۇرۇلغان ئاشلىقنى پىلانلىق، تېجەشلىك ئىشلىتىش ئاممىۋى ھەرىكىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

5 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىكتۇەننى ئاشلىقنى بىكتۇەننى بىرلىك قىلىپ، ئارتۇق ـ كېمىنى تەڭپۇڭلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونغا ساپ ئاشلىق سېتىپ بېرىشنى باشقۇرۇش چارىسىنى بېكىتتى.

8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئاشلىق نازارىتى «ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن تەمىنلىنىدىغان ئاشلىققا باھا قويۇش مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى. ئۇقتۇرۇشتا دۆلەتنىڭ يېزىلاردىكى كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر تەمىنلىنىدىغان تۈرلەر بويىچە تېگىشمۇالىدىغان ئاشلىق، ئوبوروت ئاشلىقى، ئاشلىق بېلىتىگە سېتىۋالىدىغان ئاشلىق ۋە بېلەت تېگىشىۋېلىشتا بىردەك بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە ئىش كۆرىدىغانلىقى؛ ئۇرۇقلۇق ئاشلىق، يەم ـ بوغۇز ئاشلىق، مۇكاپات تەرىقىسىدە سېتىپ بېرىلىدىغان ئاشلىقتا بىردەك بىر تۇتاش سېتىش باھاسى بويىچە ئىش كۆرىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى.

9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم ياغلىق دان سېتىۋېلىشتا ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتىنى بىرلىك قىلىپ، شۇ يىللىق مەھسۇلاتتىن ئۇرۇق ۋە نورمىلىق ياغ قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئېشىنغان قىسمىنىڭ %90 — %95 ى سېتىۋېلىنىدىغانلىقىنى، بەلگىلەنگەن سېتىۋېلىش نۆۋىتىسىغا يەتمىگەنلەردىن سېتىۋېلىنمايدىغانلىقى ھەم قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىلمەيدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.

11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئاپتونوم رايون ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، شەھەر ـ يېزىلاردىكى كۈزلۈك ـ ئەتىيازلىق، كۈزلۈك ئەزالىرى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق مەيدانلىرى، ئىدارە ـ ئورگانلارنىڭ قوشۇمچە دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، بىكتۇەننىڭ تۈەن ـ مەيدانلىرى قاتارلىق ئورۇنلاردىن ئېشىنغان ئاشلىق، ياغلىرىنى (چىگىتمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) سېتىپ بەرگەنلەرگە مۇكاپات تەرىقىسىدە

پاختا رەخت، رېزىنكە ئۆتۈك ۋە شېكەر قاتارلىقلارنى سېتىپ بېرىشنى يولغا قويدى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئاپەت يۈز بېرىپ، مەھسۇلات كېمىيىپ كەتتى، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش ۋەزىيىتى ئېغىرلىشىپ كەتتى. ئاپتونوم رايون شەھەر - بازار نوپۇسىنى قىسقارتىپ، ئاشلىق سېتىش مىقدارىنى كېمەيتىشنى قارار قىلدى، جايلاردىن ئۆز ئۇقلۇق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشتە «ئۆلچەمنى تۆۋەنلىتىش، ئورنىغا مېۋە - چېۋە، كۆكتات سەپلەش» روھىغا ئاساسەن تۆۋەنلىتىپ ھەم قىسىپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

## 1962 - يىلى

3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتىنىڭ 22 - قېتىملىق يىغىنى ماغاۋىيەنى ئاشلىق نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلىدى، ئۇ 1979 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىغا يۆتكەلدى.

3 - ئايدىن 6 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە (ئايرىم ئورۇنلاردا 8 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە) ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق سىستېمىسى بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن 13 مىڭ 920 ئادەم (قېتىم) ئاجرىتىلىپ، مەخسۇس ئېنىقلاش قوشۇنى تەشكىللەندى، بۇ قوشۇن مال بولىدىكەن چوقۇم ئېنىقلاش، ئېنىقلاشنى چوقۇم تەل - تۆكۈس ئېلىپ بېرىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، 98 ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى، 1002 ئاساسىي قاتلام ئاشلىق پونكىتى، ئامبار - ماگىزىن ۋە 24 ئاشلىق، ياغ سانائەت كارخانىسىدا ئامبارنى ئېنىقلاش، مۈلۈكنى ھېسابلاش خىزمىتىنى ئىشلىدى.

شۇ ئايدا پەيزاۋات ناھىيىسىدە ئالدىنقى يىلى مەھسۇلات يۇقىرى مۆلچەرلىنىپ، يۇقىرى غەللە - پاراق ئېلىنغانلىقى، يېزىلاردا ئۆز ئۇقلۇق ئاشلىق ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئالدىنقى مەزگىللەردە بوش، كېيىنكى مەزگىللەردە چىڭ بولۇپ، ۋاقتىدا تارقىتىپ بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، 1 - ئايدىن 3 - ئايغىچە قىسمەن دېھقانلارنىڭ ئاشلىقى ئۈزۈلۈپ قېلىپ، ئىششىق، قارا تەمرەتكە كېسىلى پەيدا بولدى، سىرتقا كېتىپ قېلىش ۋە ئاز ساندىكى كىشىلەر غەيرىي نورمال ئۆلۈپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلدى.

4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاشلىق نازارىتى «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىقتىن ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەرنىڭ سۈپىتى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق ئۆلچەم لايىھىسى» نى تارقاتتى، بۇ لايىھەدە بۇغداي ئۇنى، گۈرۈچ، قارا ئاشلىق ئۇنى، ئاقئۇناق دېنى، ياغ قاتارلىقلارنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ھەققىدە بەلگىلىمە چىقىرىلدى.

11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى «شىنجاڭدىكى بىرقانچە تۈرلۈك ئاشلىق، ياغلىق داندىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش، يۆتكەش - تەكشۈرۈش چارىسى» نى ئېلان قىلدى، بۇ چارىدە بۇغداي، ئاقئۇناق، شال، كۆممىقوناق، تېرىق، سۆك، قىچا، زىغىردىن ئىبارەت 8 تۈرلۈك ئاشلىق، ياغلىق داننىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش چارىسىگە ئائىت بەلگىلىمە چىقىرىلدى.

شۇ يىلى ئاشلىق نازارىتى ئاشلىق - ياغنى مۇۋاپىق توشۇشنى قانات يايدۇرۇشقا ئائىت بىرقانچە تۈرلۈك بەلگىلىمىنى ئېلان قىلىپ، 1962 - ئاشلىق يىلىدا ئاشلىق ئېقىش يۆنىلىشى: جەنۇبتىكى ئاشلىقنى شىمالغا يۆتكەش، يەنى خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، بايىنغولىن قاتارلىق جايلاردىكى ئاشلىقنى ئۈرۈمچى، قۇمۇل قاتارلىق جايلارغا يۆتكەش، غەربتىكى ئاشلىقنى شەرققە يۆتكەش، يەنى ئىلى، بورتالا، تارباغاتاي قاتارلىق جايلارنىڭ ئاشلىقىنى ئۈرۈمچى، قاراماي ۋە ئالتاي ۋىلايىتىگە، سانجى ئوبلاستىنىڭ ئاشلىقىنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەش، دەپ بەلگىلىدى.

شۇ يىلى ئاشلىق نازارىتى «شەھەر - بازارلاردا ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



كۆچەيتىش توغرىسىدىكى بىرقانچە ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نى بېسىپ تارقىتىپ، ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرىدىن ئاشلىق (بوغۇز) بېلىتىنى نەق پۇل، ئاشلىق باشقۇرغانغا ئوخشاش ياخشى باشقۇرۇپ، مەخسۇس باشقۇرىدىغان ياكى قوشۇمچە باشقۇرىدىغان خادىم بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەخسۇس ئامبار ياكى مەخسۇس ساندۇقتا ساقلاشنى تەلەپ قىلدى.

## 1963 - يىلى

6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى ئاشلىقتىن غەللە - پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ھەققىدە، تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، ئاندىن يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە تەستىقلاپ تارقىتىش، ئارىلىقتا قاتلامىمۇ قاتلام ۋەزىپە قوشماسلىق، مەھسۇلات ئاشسا ۋەزىپە قوشماسلىق، يېنىك ئاپەت يۈز بەرگەندە ۋەزىپىنى كېمەيتمەسلىك، مول ھوسۇل ئالغاندا ئىختىيارىيلىق بىلەن ئاشۇرۇپ سېتىپ بېرىشكە ئىلھاملاندۇرۇشنى بېكىتتى.

11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى ش ئۇ ئا ر باھا كومىتېتى بىلەن ئاشلىق نازارىتىنىڭ «يېزىلاردا ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىش باھاسىنى ئۆستۈرۈش ۋە شەھەر - يېزىلاردا سانائەت - سودا ساھەلىرى ئىشلىتىدىغان ئاشلىقنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلاتى» نى تەستىقلاپ تارقاتتى، ئاپتونوم رايون بويىچە 82 ناھىيە، شەھەر يېزىلاردىكى 8 تۈردىكى ئاشلىقنىڭ ئوتتۇرىچە سېتىلىش باھاسى %3.84 ئۆستۈرۈلدى.

شۇ يىلى ئاشلىق نازارىتى «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق، ياغ سانائەت كارخانىلىرىنىڭ تېخنىكا باشقۇرۇش سىناق چارىسى» نى تارقاتتى.

شۇ يىلى ئاشلىق نازارىتى ئاشلىق سىستېمىسى ئىچىدىكى سانائەت - سودا كارخانىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئاشلىق، ياغنى ھاۋالە قىلىپ، پىششىقلاپ ئىشلەشنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكلىنى بەلگىلىدى.

## 1964 - يىلى

2 - ئايدا ئاشلىق نازارىتى «دۆلەت ئاشلىق، ياغ ئىسكىلاتلىرىدا ساقلىنىۋاتقان ئاشلىق، ياغنىڭ خوراش نورمىسىنى باشقۇرۇش ھەققىدىكى بەلگىلىمە» نى تارقاتتى، ساقلاشتىكى خوراش، نەملىك، ئەخلەت مىقدارى كېمىيىش ۋە تەبىئىي خوراشتىن ئىبارەت 2 تۈرگە بۆلۈندى.

3 - ئايدا ئاشلىق نازارىتى ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ «ئاشلىق، ياغ كارخانىلىرىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش چارىسى» گە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۈسكۈنىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، بۇ خىزمەت 7 ئاي داۋام قىلدى. ئاشلىق، ياغ سانائەت كارخانىسىدىن 24 ى، قۇۋۋەت ئۈسكۈنىسىدىن 419 ى، گۈرۈچ ئاقلاش ئۈسكۈنىسىدىن 88 ى، ئۇن تارتىش ئۈسكۈنىسىدىن 316 سى، ياغ تارتىش ئۈسكۈنىسىدىن 159 ى، زاۋۇت ئۆيىدىن 79 كورپۇس (قۇرۇلۇش كۆلىمى 23 مىڭ 420 كۋادرات مېتىر) ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلدى.

10 - ئايدا گوۋۇيۈەننىڭ قارارىغا ئاساسەن، شىنجاڭ ئەرەب بىرلەشمە جۇمھۇرىيىتىگە (مىسىرغا) 16 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام كۆممىقوناق ئېكسپورت قىلدى، 1965 - يىلى ئەمەلىيەتتە 20 مىليون 20 مىڭ كىلوگرام كۆممىقوناق ئېكسپورت قىلىنىپ، پىلاندىكىدىن %21.3 ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى.

شۇ يىلى ئاشلىق نازارىتى «ئاشلىق، ياغ ياردەم بېرىش تۈرلىرى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نى تارقىتىپ، كاماندىروپكا، ئەمگەك، يىغىن، مېھمان كۈتۈۋېلىش قاتارلىق تۈرلەرگە ئاشلىق، ياغ ياردەم بېرىش ئۆلچىمىنى قېلىپلاشتۇردى.

## 1965 - يىلى

7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئاشلىق نازارىتىدە بىكىتۈەن ئاشلىق باشقۇرۇش بۆلۈمى قۇرۇلدى، بۇ بۆلۈم يېزا ئىگىلىك 4 -، 7 -، 8 - شىلىرىدىكى ئاشلىق، ياغ مەركىزىي ئىسكىلاتلىرىنى باشقۇردى.

شۇ ئاي ئاشلىق نازارىتىنىڭ نازىرى ماغاۋىيە 74 كىشىلىك ئۆمەكنى باشلاپ خېبېي ئۆلكىسىنىڭ تاڭشەن، جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ سۇجۇ دېگەن جايلىرىغا بېرىپ، ئىقتىسادىي رايون بويىچە تاۋار ئوبوروتىنى ئۇيۇشتۇرۇش خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئۆگەندى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى 7 ۋىلايەت، 23 ناھىيە تاڭشەن تەجرىبىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي رايون بويىچە ئاشلىق نۇقتىلىرىنى مۇۋاپىق جايلاشتۇرۇپ، مەمۇرىي رايون چېگرىسىنى بۇزۇپ، چېگرا ھالقىپ ئاشلىق سېتىپ بېرىشنى يولغا قويدى.

شۇ يىلى قاغىلىق ئۇن زاۋۇتى ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى بولۇپ گاز (شامال) ئارقىلىق ئۇزىتىش تېخنىكىسىنى قوللىنىپ، ئۇن زاۋۇتىنىڭ مەھسۇلاتلارنى ماشىنا ئارقىلىق ئۇزىتىشتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتتى.

شۇ يىلى رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ «ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش، قەھەدچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، خەلقنى كۆزدە تۇتۇش»، «ئاشلىقنى خەلق ئىچىدە ساقلاش» دېگەن يوليورۇقىغا بىنائەن، ئاپتونوم رايون بويىچە يېزىلاردا كوللېكتىپ ھالدا 30 مىليون كىلوگرام زاپاس ئاشلىق ساقلاندى.

## 1966 - يىلى

7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتىنىڭ تەستىقىغا بىنائەن، ئاشلىق نازارىتى «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق، ياغلىق داندىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىپ، ئامبارغا كىرگۈزۈشتىكى تەكشۈرۈش ئۆلچىمى» نى تارقاتتى. مەزكۇر ئۆلچەم بۇغداي، ئاقق‌ۇناق، تېرىق، شال، كۆممىقوناق، باقىلە، كۆكپۇرچاق، چىگىت، ئاپتاپپەرەس، قىچا، بۇغداي ئۇنى، گۈرۈچ، چىگىت يېغى، قىچا يېغى، ئاپتاپپەرەس يېغى قاتارلىق 34 خىل ئاشلىق، ياغلىق دان مەھسۇلاتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى گوۋۇيۈەنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسىنى ئۆستۈرۈشنى قارار قىلدى، ئۆستۈرۈش نىسبىتى: بۇغداي 11.57%، كۆممىقوناق 10.84%، يۈمىلاق شال 9.01%، دادۇر 1.67% بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەھەر بىلەن يېزىنىڭ باھا پەرقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، رايونلار باھا پەرقى كىچىكلىتىلدى.

7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئاشلىق نازارىتى «شەھەر - يېزىلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشتە باھا قويۇش مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى: ئومۇمەن تەمىنلىگەن ئاشلىقى (دېھقانچىلىق ۋە غەيرىي دېھقانچىلىق دەپ ئايرىلمايدۇ) باھاسى تەتۈر بولسا، بىردەك بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە بولىدۇ؛ باھاسى تەتۈر بولمىسا، ھازىرقى بىر تۇتاش سېتىش باھاسى بويىچە بولىدۇ. تەمىنلىگەن تەييار ئاشلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



(دېھقانچىلىق ۋە غەيرىي دېھقانچىلىق دەپ ئايرىلمايدۇ) بىردەك ھازىرقى بىر تۇتاش سېتىش باھاسى بويىچە بولىدۇ. ئەگەر ئاشلىقنىڭ بىر تۇتاش سېتىش باھاسى ئەسلى ئاشلىقنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسىدىن تۆۋەن بولسا، ۋاقتىنچە ئەسلى ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسىنى ئىجرا قىلسا بولىدۇ؛ تەييار ئاشلىق باھاسىدا بىردەك ناھىيە بازىرىدىكى بىر تۇتاش سېتىش باھاسى بويىچە شەھەر - يېزىلاردا بىر باھا ئىجرا قىلىنىدۇ.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئومۇمىي ئاشلىق مەھسۇلاتى 3 مىليارد 323 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 397 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى، مەملىكەت بويىچە 110 كىلوگراملىق سەۋىيىدىن يۇقىرى بولدى، دۆلەت 943 مىليون كىلوگرام پاراق ئالدى ۋە ئاشلىق سېتىۋالدى، كىرىم - چىقىم ئوڭ بالانس بولۇپ، 313 مىليون كىلوگرام ئېشىندى، سېتىۋېلىنغاندىن كېيىن يېزىلاردا كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە قالدۇرۇلغان ئاشلىق 353 كىلوگرام بولۇپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتتى.

## 1967 - يىلى

1 - ئايدا شاڭخەي «يانۋار بورىنى» نىڭ تەسىرىدە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» غا قاتناشقان ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئاشلىق نازارىتىدىن «ھوقۇق» تارتىۋالدى، ئورگان خىزمىتى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىپ، ئاشلىق كەسپىنىڭ ھەرىكىتى قىيىنغا توختىدى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز داۋاملىق ھالدا گەنسۇ ئۆلكىسىگە 116 مىليون كىلوگرام ئاشلىق يۆتكەپ بەردى.

## 1968 - يىلى

6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئۈرۈمچى ئىسكىلاتى شىمالىي ۋوگزال ئاشلىق - ياغ يۆتكەش پونكىتىنىڭ 2 يۈرۈش تۆمۈريول مەخسۇس لىنىيىسى پۈتتۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن مەزكۇر ئورۇن شىنجاڭدىكى ئاشلىق تارماقلىرى بويىچە بىرىنچى بولۇپ مەخسۇس تۆمۈر يولغا ئىگە بولدى.

9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى.

شۇ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى مالىمانچىلىقنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتى 2 مىليارد 193 مىليون كىلوگرامغا چۈشۈپ قېلىپ، 1966 - يىلدىكىدىن 34% كېمىيىپ كەتتى، 340 مىليون كىلوگرام غەللە - پاراق ئېلىندى ۋە ئاشلىق سېتىۋېلىندى، 619 مىليون كىلوگرام ئاشلىق چىقىم قىلىندى، كىرىم - چىقىم پاسسىپ بالانس بولۇپ 279 مىليون كىلوگرام ئاشلىق كېمەيدى.

## 1969 - يىلى

4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ تەستىقىغا بىنائەن، ئاشلىق نازارىتى ئىنقىلابىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، رەھبەرلىك گۇرۇپپا 13 كىشىدىن تەركىب تاپتى، ھەربىي ۋەكىل ۋاڭ شۈچۈ گۇرۇپپا باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئاپتونوم رايون 120 كىشىدىن تەركىب تاپقان خىزمەت گۇرۇپپىسىنى تەشكىللەپ، جايلارغا ئەۋەتىپ، ئاشلىقتىن غەللە ـ پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش خىزمىتىگە يارەملەشتۈردى.
شۇ يىلى شىنجاڭ سىرتتىن يۆتكەپ كېلىنگەن ئاشلىقنى يېيىشكە باشلىدى، شۇ يىلى 35 مىليون كىلوگرام ئاشلىق يۆتكەپ كېلىندى، دۆلەتنىڭ 50 مىليون كىلوگرام ئۆرۈش تەييارلىقى ئاشلىقى ئىشلىتىلدى.

## 1970 ـ يىلى

3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت «ئاشلىقنى پىلانلىق، تېجەپ ئىشلىتىشنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، تاۋار ئاشلىق ئىستېمال قىلىدىغان نورمىلىق ئاھالىلەردىن ھەر بىر ئادەم ھەر ئايدا 0.5 كىلوگرام ئاشلىق تېجەشنى بەلگىلىدى.
4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت سودا ئىدارىسى قۇرۇلدى، سودا ئىدارىسى قارىمىقىدا ئاشلىق ئىشخانىسى تەسىس قىلىنىپ، كۈندىلىك ئاشلىق كەسپىگە مەسئۇل قىلىندى.
7 ـ ئايدا ئاشلىق نازارىتىنىڭ خادىملىرىدىن قىسمەن كادىرلار ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت سودا ئىدارىسى ئاشلىق ئىشخانىسىنىڭ كەسپىي خىزمەتلىرىنى ئىشلەشكە قالدۇرۇلغاندىن سىرت، قالغانلىرى كوللېكتىپ ھالدا سانجىنىڭ يۇيشۇگو يېزىسىدىكى «7 ـ ماي» كادىرلار مەكتىپى قۇرۇشقا ۋە «كۆرەش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئۆزگەرتىش» كە قاتنىشىشقا ئەۋەتىلدى.
11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى «قارا ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، 12 ـ ئايدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايون بويىچە 50% قارا ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلدى.

## 1971 ـ يىلى

2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئاشلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى، ئىش بېجىرىش گۇرۇپپىسى، كەسپىي گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى. شى جىڭگو ئاشلىق ئىدارىسى ئىنقىلابىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، قوشۇمچە پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، جاۋ شىشىن، ۋاڭ لېي (ھەربىي ۋەكىل) لەر ئىنقىلابىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. شى جىڭگو 1979 ـ يىل 3 ـ ئايدا سودا مىنىستىرلىكىگە يۆتكەلدى. جاۋ شىشىن 1982 ـ يىل 2 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىقتى.
4 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق، ياغلىق داندىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى بىر بېكىتىپ ئۈچ يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك سىياسىتى يولغا قويۇلدى، ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى ئاشلىق ئاساس سانىنى 630 مىليون كىلوگرام قىلىپ، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي ئاساس سانىنى 358 مىليون كىلوگرام، ياغ ئاساس سانىنى 12 مىليون 735 مىڭ كىلوگرام قىلىپ چۈشۈردى.
9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئاشلىقتىن غەللە ـ پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى بىر بېكىتىپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىكنى داۋاملىق يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى، نى ئىزچىل ئىجرا قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى، ھەممە ئاشلىقتىن غەللە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى بىر يېكىتىپ ئۈچ يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىكنى بىر يېكىتىپ بەش يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىككە ئۆزگەرتتى.

شۇ يىلى شىخەنزە شىايېدى ياغ زاۋۇتى كۈنجۈرە چىلاپ ياغ چىقىرىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. شۇنىڭ بىلەن بۇ زاۋۇت شىنجاڭ بويىچە مۇشۇ ئۇسۇلنى تۇنجى بولۇپ قوللىنىپ ياغ ئىشلەپچىقارغان زاۋۇت بولۇپ قالدى.

شۇ يىلى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ «ياغلىق دان، ياغ ۋە شېكەر سېتىۋېلىش باھاسىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى ئاساس، ئاپتونوم رايون بويىچە ھەرخىل ياغلىق دان، ياغ مەھسۇلاتلىرىنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈشنى قارار قىلدى. باھا ئۆستۈرۈش پرىنسىپى ئاپتونوم رايون بويىچە ئوخشاش باھا بولۇشنى ئاساسي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، رايونلار ئارا باھا پەرقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. باھا ئۆستۈرۈش سالمىقى: قىچا %24.89، زىغىر %25.22، چىگىت %7.87، زاراڭزا %18.37، ئاپتاپپەرەس %12.97 بولدى.

## 1972 - يىلى

1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئاشلىق ئىدارىسى «ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە (مەيدانلارغا) كۆممىقوناق ساقلاپ بېرىشنى ھاۋالە قىلىشقا ئائىت مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نى تۈزۈپ تارقاتتى. دۆلەت ۋاقتىنچە سېتىۋالغىلى بولمايدىغان ئەملىكى يۇقىرى كۆممىقوناقنى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە (مەيدانلارغا) مەدىكى بىلەن ساقلاپ بېرىشنى ھاۋالە قىلىپ، ھەر ئايدا ھەر 5000 كىلوگرامغا 2 يۈەندىن 2.5 يۈەنگىچە ساقلاش خىراجىتى بەردى.

12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئاشلىق ئىدارىسى، پىلان ئىدارىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ [1972] 44 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش پىكرى توغرىسىدىكى دوكلاتى» نى تەستىقلىدى، جايلاردىن ئاشلىق، ياغ سېتىشنى ئەستايىدىل تەرتىپكە سېلىپ، سېتىش مىقدارىنى قاتتىق تىزگىنلەپ، پىلان سىرتىدا ئادەم ئىشلىتىش ۋە يېزا ئىگىلىك نوپۇسىنى غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسىغا ئايلاندۇرۇپ، تاۋار ئاشلىق ئىستېمال قىلىش ئەھۋالىنى ئېنىقلاشنى تەلەپ قىلدى. ئاندىن كېيىن ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت مەركەزنىڭ 44 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ، ئۇنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلدى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايون ئۇدا 13 يىل (1984 - يىلغىچە، ئاشلىق يىلى بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) سىرتتىن يۆتكەپ كېلىنگەن ئاشلىقنى ئىستېمال قىلدى، ئۇدا 9 يىل (1980 - يىلغىچە) سىرتتىن يۆتكەپ كېلىنگەن ياغنى ئىستېمال قىلدى. شۇ يىلى سىرتتىن يۆتكەپ كېلىنگەن ئاشلىق 33 مىليون 680 مىڭ كىلوگرامغا، ياغ 480 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى.

## 1973 - يىلى

5 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئۈرۈمچى شەھىرىدە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ (1972) 44 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش يىغىنى چاقىردى. يىغىنغا ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك، ئوبلاستلىق پارتكوملار ۋە ئىنقىلابىي كومىتېتلارنىڭ مالىيە - سودا خىزمىتىگە مەسئۇل

شۇجىلىرى ياكى مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسى، ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرى، مەركەزنىڭ 44 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئىشخانىسىدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى، پىلان جەھەتتىكى خادىملار، بىڭتۈەن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالاقىدار ئىدارىلەر ۋە ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ جەمئىي 90 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: شەھەر - يېزىلاردا ئاشلىق سېتىش مىقدارىنى ئازايتىشتا، چوقۇم «ئۈچ ئۆتكەل» نى ياخشى ئىگىلەپ يەنى ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانىنىڭ كۆپىيىشىنى قاتتىق تىزگىنلەپ، يېزا ئىگىلىك نوپۇسىنى تاۋار ئاشلىق ئىستېمال قىلىدىغان نوپۇسقا ئايلاندۇرۇشنى قاتتىق تىزگىنلەپ، ئاشلىق، ياغ سېتىشنى قاتتىق تىزگىنلەپ، بارلىق نامۇۋاپىق سېتىش مىقدارىنى ئازايتىش لازىم.

5 - ئايدا مۇساپاۋا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئاشلىق ئىدارىسى ئىنقىلابىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى، ئۇ 1979 - يىل 3 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا يۆتكەلدى.

10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئاپتونوم رايونلۇق مەركەزنىڭ 44 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ «م ت (1972) 44 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئائىت بىرقانچە مەسىلىنى بىرتەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى پىكرى» نى تەستىقلاپ تارقاتتى، جايلاردىن شەھەر - بازارلاردا ئاشلىق، ياغنى بىر تۇتاش سېتىشنى تەرتىپكە سېلىپ، نوپۇس، ئىش تۈرى، نورما مىقدارىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى، يېزىلاردا بىر تۇتاش سېتىشنى تەرتىپكە سېلىپ، يېزا نوپۇسىنى غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسقا ئايلاندۇرۇشنى قاتتىق تىزگىنلەشنى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانىنى تىزگىنلەشنى، پىلان سىرتىدا ئىشلەتكەن ئىشچىلارنى ئېنىقلاشنى تەلەپ قىلدى.

10 - ئايدا خې شىڭۋاڭ ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئاشلىق ئىدارىسى ئىنقىلابىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇ 1979 - يىل 8 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىلىقى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى، 1983 - يىل 6 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىقتى.

شۇ يىلى قەشقەر، خوتەن ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشتە تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياجنى تەڭپۇڭلاشتۇرالمىدى، ئاپتونوم رايونىمىز شىمالىي شىنجاڭدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا ئاشلىق يۆتكەشنى قارار قىلىپ، شۇ يىلى مۇشۇ ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا 5 مىليون 140 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق يۆتكىدى.

## 1974 - يىلى

2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئاپتونوم رايون بويىچە قول تراكتوردىن 200 نى، قول ھارۋىسىدىن 10 مىڭنى، ئاشلىق تارماقلىرى ئاپتوموبىلدىن 150 نى، قول تراكتوردىن 70 نى، قول ھارۋىسىدىن 10 مىڭنى ئاجرىتىپ، 1973 - يىلى پىلاندىن ئاشۇرۇپ ئاشلىق سېتىپ بەرگەن گوڭشې، مەيدانلارغا مۇكاپات تەرىقىسىدە بېرىشنى قارار قىلدى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايوندا ئېغىر قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ، ئاشلىق - ياغلىق دان مەھسۇلاتى كېمىيىپ كەتتى، كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە توغرا كېلىدىغان ئاشلىق 230 كىلوگرام، ياغ 2.7 كىلوگرام بولدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق كىرىم - چىقىمىدىكى پاسسىپ بالانس 303 مىليون كىلوگرام، ياغ كىرىم - چىقىمىدىكى پاسسىپ بالانس 3 مىليون 80 مىڭ كىلوگرام بولدى، ئىلگىرى سىرتقا ئاشلىق

يۆتكەپ بەرگەن تارباغاتاي، سانجى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارنى يۆتكەپ كېلىنگەن ئاشلىقنى ئىستېمال قىلىدىغان بولدى.

## 1975 - يىلى

4 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى ئاپتونوم رايون بويىچە بىرىنچى بولۇپ ئاشلىق پىششىقلاپ ئىشلەشتە باھالىق بويرۇپ تىجارەت قىلىش چارىسىنى يولغا قويۇپ، بۇرۇنقى ئاشلىق سودا - سانائەت كارخانىلىرى ئارا ماۋالە قىلىپ پىششىقلاپ ئىشلەشتىن ئىبارەت نوقۇل تىجارەت شەكلىنى ئۆزگەرتتى.

5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومى «شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتكەندىن كېيىــــن، ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى كونكرېت لايىھە» نى بېسىپ تارقاتتى. لايىھەدە ئاشلىق خىزمىتى جەھەتتىكى ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىشتا بىڭتۇەننىڭ تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش، سېتىش، يۆتكەش، ساقلاش، پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق كەسىپلەر دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، پەيدىنپەي جايلارنىڭ دۆلەت ئاشلىق پىلانىــغا كىـــرگۈزۈلۈپ، بىــر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

5 - ئايدا چېن جىنچىڭ ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئاشلىق ئىدارىسى ئىنقىلابىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى، ئۇ 1981 - يىلى 8 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىقتى.

شۇ ئايدا جاۋ لۇ ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئاشلىق ئىدارىسى ئىنقىلابىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى، ئۇ 10 - ئايدا كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولدى.

11 - ئاينىڭ 10 — 14 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر پارتكوم قەشقەر، كۇيتۇڭدا ئايرىم - ئايرىم ھالدا جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭ بويىچە ئاشلىق، گۆش، ياغ سېتىۋېلىش ۋە يۇقىرىغا يۆتكەش جىددىي يىغىنى چاقىردى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى يىغىندا، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ 2 - شۇجىسى ياڭ يۇڭ، ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جانابىل شىمالىي شىنجاڭ رايونىدىكى يىغىندا مۇھىم يوليورۇق بەردى. يىغىندا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىقتىن غەللە - پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش پىلانى 700 مىليون كىلوگرام بولۇپ ئۆزگەرمەيدىغانلىقى، شەرت - شارائىتى بولغان جايلارنىڭ كۆپرەك سېتىۋېلىشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈشى لازىملىقى، يېزىلاردىكى ئوزۇقلۇق ئاشلىق، ياغنى زىچ ئورۇنلاشتۇرۇش لازىملىقى بەلگىلەندى ھەمدە كونكرېت ئۆلچەم بېكىتىلدى.

## 1976 - يىلى

1 - ئاينىڭ 6 — 14 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ياغ خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، سېتىۋېلىش ۋە ياغ بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىشتىكى كونكرېت تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «1976 - يىللىق ئاشلىق خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، مۇشۇ يىلدىن باشلاپ سىرتتىن يۆتكەپ كېلىنگەن ئاشلىق، ياغنى ئىستېمال قىلىش قېلىپىنى چۆرۈۋېتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، جايلاردىن ئاشلىق، ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىشنى

چىڭ تۇتۇپ، ئاشلىق، ياغلىق داندىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ، ئاشلىق، ياغ سېتىشنى تىزگىنلەشنى تەلەپ قىلدى.

7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتى «ياغ باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، ياغ سېتىۋېلىش، سېتىش، يۆتكەش، پىششىقلاپ ئىشلەش، بازار باشقۇرۇش ۋە رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش قاتارلىق 11 ماددىلىق تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتى «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق تۈەن ـ مەيدانلىرىنىڭ ئاشلىق باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، بىڭتۈەن تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، دېھقانچىلىق تۈەن ـ مەيدانلىرىدا خەلق گۇڭشېلىرىغا ئوخشاش دۆلەتنىڭ ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، باھا سىياسىتى ۋە تەكشۈرۈش ئۆلچىمى ھەم ھەقسىز يۆتكەش بەلگىلىمىسى قاتارلىقلارنى ئىجرا قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «ئاشلىق، ياغ پەن ـ تېخنىكا خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى» نى تارقىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاساسلىقى، ئۇن، ياغ، قارا ئاشلىق، گۈرۈچ پىششىقلاپ ئىشلەش، ئاشلىق ئامبار ماشىنىلىرى، ئاشلىق، ياغ سېتىش ماشىنىلىرى، ئاشلىق، ياغ قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىدىن ئۈنۈۋېرسال پايدىلىنىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى پەن ـ تېخنىكا تۈرلىرىنى تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىشنى بەلگىلىدى.

## 1977 ـ يىلى

2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتى «ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىشنى قاتتىق تۇتۇپ، ئۆزىمىزنى تەمىنلەپ ئېشىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، جايلاردىن ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىۋېلىشنى كۈچەيتىپ، ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

5 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارە (باشقارما) باشلىقلىرى يىغىنى چاقىرىپ، سېتىۋالغان ئاشلىققا مۇكاپات تەرىقىسىدە سانائەت بۇيۇملىرىنى سېتىپ بېرىش سىياسىتىنى ئەمەلگە كەلتۈردى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇكاپات تەرىقىسىدە 51 ئاپتوموبىل، 30 تراكتور، 250 قول تراكتورى، 30 مىڭ قول ھارۋىسى، 30 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت سېتىپ بېرىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ياغلىق دان بازىسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ «ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇش يىغىنىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى» گە ئاساسەن، سانجى ئوبلاستى، ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە شىمالىي فۇكاڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا قۇرۇلغان ش ئۇ ئا ر ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا 293 مىڭ كىلوگرام قىچا ئۇرۇقى، 4749 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، 14 دېھقانچىلىق ماشىنىسى ۋە مەبلەغ، ئاپتوموبىل قاتارلىقلارنى يۆتكەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بازا جايلاشقان ئوبلاست، شەھەر ۋە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىن ئېلىنىدىغان غەللە ـ پاراق ۋە سېتىۋېلىنىدىغان ئاشلىق ۋەزىپىسى كېمەيتىلدى.

8 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقلىرى ۋە كەسپىي خادىملاردىن 92 خادىمنى جەنۇبىي، شىمالىي ۋە ئوتتۇرا شىنجاڭ گۇرۇپپىسى دەپ 3 گۇرۇپپىغا ئايرىپ، 46 ناھىيە، شەھەردىكى 132 ئاشلىق، ياغ ئىسكىلاتى ۋە پونكىتىدا «تۆتتىن خالىي ئاشلىق ئامبىرى»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ھالدا ساقلاش ئىشلىرىنى تەكشۈرۈش - سېلىشتۇرۇپ باھالاش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىشقا تەشكىللىدى.

9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى سۇ جىخې ۋىلايەت، شەھەر، ئوبلاستلارنىڭ مالىيە - سودا خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن شۇجى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ۋە ئاشلىق، جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەمگەك ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقلىرى قاتناشقان ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئاشلىق يىغىنىدا سۆز قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، ھەر مىللەت خەلقىنى مەركەزنىڭ ئاشلىق خىزمىتى توغرىسىدىكى فاڭجېنلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەۋقەنى مەملىكەت ئىچىگە قويۇپ، سىرتتىن يۆتكەپ كېلىنگەن ئاشلىقنى ئىستېمال قىلمايدىغان بولۇشقا، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق تىرىشىپ، شىنجاڭدا ئۇدا 5 يىل سىرتتىن يۆتكەپ كېلىنگەن ئاشلىق، ياغ ئىستېمال قىلىشتەك پاسسىپ ۋەزىيەتنى ئىمكانقەدەر تېزراق ئۆزگەرتىشكە سەپەرۋەر قىلدى.

## 1978 - يىلى

3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى، ئاشلىق ئىدارىسى داۋۇرنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھا لايىھەسىنى تۈزۈشكە تارقاتتى، ئاپتونوم رايون بويىچە داۋۇرنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى ئوتتۇرىچە 27.79% ئۆستۈرۈلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە بىرلا باھا يولغا قويۇلدى.

5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ «سىناپ يولغا قويۇلىدىغان 6 خىل ئاشلىق بويىچە دۆلەت ئۆلچىمىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى، ئۇقتۇرۇشتا ئاپتونوم رايونىمىز ئىچىدە بۇغداي، كۆممىقوناق، شال، داۋۇر، بۇغداي ئۇنى، كۈرۈچتىن ئىبارەت 6 خىل ئاشلىقنى يۆتكەش، پىششىقلاپ ئىشلەش، سېتىش، ساقلاش ۋە ئېكسپورت قىلىشتا دۆلەت ئۆلچىمى ئىجرا قىلىنىدىغانلىقى بەلگىلەندى.

9 - ئايدا جاۋ باۋچېن ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلەندى، 1981 - يىل 7 - ئايدا كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولدى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق، ياغنى ئاشۇرۇپ سېتىپ بەرگەنلەرگە مۇكاپات تەرىقىسىدە سېتىپ بېرىلگەن سانائەت بۇيۇملىرى: ئاپتوموبىل (تراكتور) 103، دىزېل ماشىنىسى 214، قول تراكتورى 214، خامان سورۇش (دان ئايرىش) ماشىنىسى 214، خىمىيەۋى ئوغۇت 27 مىڭ 785 توننا.

## 1979 - يىلى

1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت «ئاشلىق، ياغنى كېلىشىپ سېتىۋېلىش ۋە كېلىشىپ سېتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»، «بازار سودىسىنى ئېچىۋېتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق، ياغ بازىرى ئېچىۋېتىلدى، ئاشلىق تارماقلىرى ئاشلىق، ياغنى كېلىشىپ سېتىۋېلىش - كېلىشىپ سېتىشنى يولغا قويدى.

3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى سودا مىنىستىرلىكى شىنجاڭدا ئاشلىقتىن غەللە - پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىشنىڭ بىر بېكىتىپ بەش يىلغىچە ئۆزگەرتىلمەيدىغان ئاساس سانىنى ئەسلىدىكى 600 مىليون كىلوگرامدىن 500 مىليون كىلوگرامغا تەڭشىگەنلىكىنى ئۇقتۇردى. بۇنىڭغا يارىشا 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى

ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت جايلارنىڭ بىر يىلغىچە بەش يىلغىچە ئۆزگەرتىلمەيدىغان ئاساس سانىنى 501 مىليون كىلوگرامغا تەڭشىدى.

3 ـ ئايدا كاڭ جۇاڭ ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى، 1983 ـ يىل 6 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىقتى.

3 ـ ئاينىڭ 9 ـ ئايغىچە ئاشلىق مىنىستىرلىكى خېتى، شەنشى ئۆلكىسىدىن ئامبار ئالماشتۇرۇش تۈپەيلىدىن شىنجاڭغا 75 مىليون كىلوگرام زاپاس بۇغداي، بېيجىڭدىن شىنجاڭغا 15 مىليون كىلوگرام ئۇن يۆتكەشنى قارار قىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت «ئاشلىق، ياغلىق داندىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ئاساس سانى ھەم 1979 ـ يىللىق ئاشلىق، ياغلىق داندىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش پىلانىنى چۈشۈرۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، چىگىتنى ياغنى سېتىۋېلىشتىكى بىر بىكىتىپ بەش يىلغىچە ئۆزگەرمەيدىغان سېتىۋېلىش ئاساس سانىغا كىرگۈزدى.

شۇ ئاي ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چارۋىچىلىقىغا كېرەكلىك ئاشلىقنى پۈتۈنلەي دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش سېتىپ بېرىش يولىغا كىرگۈزۈشنى قارار قىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى، ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ «ئاشلىق، ياغ، ياغلىق داننىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسىنى تەڭشەش لايىھىسى» نى تەستىقلاپ تارقىتىپ، ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى ۋە ئاشۇرۇپ سېتىۋالغانغا باھا قوشۇش نىسبىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈردى. تەڭشەلگەندىن كېيىنكى 21 خىل ئاشلىقنىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.068 يۈەن ئۆستى، ئۆسۈش نىسبىتى %18.25 بولدى. 13 خىل ياغلىق داننىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.131 يۈەن ئۆستى، ئۆسۈش نىسبىتى %24.29 بولدى؛ 12 خىل ياغنىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.383 يۈەن ئۆستى، ئۆسۈش نىسبىتى %37.22 بولدى. تەڭشەلگەندىن كېيىنكى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى ئاساسىدا، بۇغداي، شال، پۇرچاق تۈرلىرىدىن ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغان قىسمىغا %60 باھا قوشۇپ بېرىلدى؛ كۆممىقوناق ۋە باشقا قارا ئاشلىققا %40 باھا قوشۇپ بېرىلدى؛ ئاساس ساندىن ئاشۇرۇپ سېتىپ بېرىلگەن ياغلىق دان، ياغلارغا ئەسلىدىكى %30 باھا قوشۇپ بېرىش %50 كە ئۆستۈرۈلدى.

8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «ئاشلىق بويىچە دۆلەت ئۆلچىمىنى ئىجرا قىلىشقا ئائىت بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، 1979 ـ يىللىق يازلىق ئاشلىقنى ئامبارغا كىرگۈزۈشتىن باشلاپ ئاشلىقتىن غەللە ـ پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش داۋامىدا دۆلەت ئۆلچىمىنى ئىجرا قىلىشنى بەلگىلىدى.

9 ـ ئايدا ۋاڭ سۇنجۇ ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى، كېيىن ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇ 1986 ـ يىل 6 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىقتى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 3 مىليارد 894 مىليون كىلوگرامغا يەتتى، دۆلەتكە تاپشۇرۇلغان غەللە ـ پاراق ۋە سېتىپ بېرىلگەن ئاشلىق ئۇنجى قېتىم 1 مىليارد كىلوگرامدىن ئېشىپ، شۇ يىلقى ئاشلىق كىرىم ـ چىقىمدا تەڭپۇڭ بولۇپ، ئازراق ئېشىنىش ئەمەلگە ئاشتى. لېكىن ئاشلىق سالدۇرسى ئاجىز بولغانلىقتىن، ئاپتونوم رايون سىرتىدىن داۋاملىق ئاشلىق يۆتكەپ كېلىندى.

## 1980 ـ يىلى

1 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ـ ياغ ماددىي ئەشيا شىركىتى قۇرۇلدى.

3 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ـ ياغ كېلىشىپ سېتىۋېلىش ـ سېتىش شىركىتى قۇرۇلدى. 1987 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك ئاشلىق-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



باغ كېلىشىپ سېتىۋېلىش - سېتىش شىركىتىدىن 40ى قۇرۇلدى، ئاشلىق - ياغ سودا شىركىتىدىن 8ى قۇرۇلدى.

6 - ئايدا مەخمۇت يۈسۈپ ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى، كېيىن ئىدارە باشلىقلىقىغا، پارتگورۇپپىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى، ئۇ 1993 - يىل 2 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىقتى.

شۇ ئايدا سۈي ۋېنشۇ، ئېلەۋىسىز، جى يامىن، چېن يۈچىڭلار ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. جى يامىن 1983 - يىل 6 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىقتى. چېن يۈچىڭ كېيىن مەسلىھەتچىلىككە تەيىنلەندى، 1984 - يىل 10 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىقتى. سۈي ۋېنشۇ 1993 - يىل 4- ئايدا دەم ئېلىشقا چىقتى. ئېلەۋىسىز 1993 - يىل 10 - ئايدا پېنسىيىگە چىقتى.

7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ «ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ئىدارە باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات» نى تەستىقلاپ تارقىتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 2 ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ ئاشلىقى ئېشىنىدىغان ئەترەتلىرىدە ئاشلىقنى سېتىۋېلىش نۇقتىسى، ئاشلىقى ئۆكسۈيدىغان ئەترەتلىرىدە ئوزۇقلۇق ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىش ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈشنى بەلگىلىدى. قەشقەر ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش نۇقتىسى 170 كىلوگرام، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ 165 كىلوگرامدىن 170 كىلوگرامغىچە بولدى. 2 ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ ئاشلىقى ئۆكسۈيدىغان ئەترەتلىرىگە بىر تۇتاش سېتىپ بېرىلىدىغان ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمى 160 كىلوگرامغا ئۆستۈرۈلدى. باشقا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىن يۇقىرىقى ئۆلچەمدىن تۆۋەن بولغانلىرىمۇ شۇ ئۆلچەم بويىچە ئۆستۈرۈلدى.

12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى سودا مىنىستىرلىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقىغا بىنائەن، شىنجاڭنىڭ ئاشلىقتىن غەللە - پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ئاساس سانىدىن 80 مىليون كىلوگرامنى كېمەيتتى.

12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق يىغىنىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى» نى بېسىپ تارقىتىپ، قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرى، قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ 1981 - يىلدىن باشلاپ، ئاشلىقتىن غەللە - پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش، سېتىش، يۆتكەش پىلانىنى ھۆددىگە بېرىپ، بىر بېكىتىپ ئۈچ يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىكنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇشقا قوشۇلدى، بۇنىڭ بىلەن مۇشۇ ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ ئاشلىقتىن غەللە - پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ئاساس سانىدىن يەنە 51 مىليون 575 مىڭ كىلوگرام كېمەيدى.

## 1981 - يىلى

1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئاشلىق مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ «ئاشلىق سودىسىدىكى سىياسەت خاراكتېرلىك زىيانغا نورمىلىق ياردەم بېرىش سىناق چارىسى» گە ئاساسەن، مالىيە نازارىتى ئاشلىق كارخانىلىرىدا «زىيان ئومۇمىي سوممىسىنى ھۆددىگە بېرىش» نى يولغا قويدى. ئاشلىق نازارىتى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىگە 1981 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق سودا كارخانىلىرىدىكى سىياسەت خاراكتېرلىك زىيانغا نورمىلىق ياردەم بېرىش چارىسى» نى سىناپ يۈرگۈزدى.

1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ «ئاشلىق، ياغ سانائەت كارخانىلىرىدا پايدا قالدۇرۇش

توغرىسىدىكى سىناق چارىسى» گە ئاساسەن، ئاشلىق نازارىتى «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق، ياغ سانائەت كارخانىلىرىدا پايدا قالدۇرۇش توغرىسىدىكى سىناق چارىسى»نى تۈزۈپ چىقتى، كارخانىلار بۇنى 1981 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ سىناق تەرىقىسىدە يۈرگۈزدى. قالدۇرۇش نىسبىتىنى يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى تارماقلار كارخانىنىڭ ئالدىنقى يىللىق چىقىم قىلغان مۇكاپات سوممىسى، كارخانا فوندى، يېڭى مەھسۇلاتنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەش خىراجىتىدىن ئىبارەت 3 خىل فوندىنىڭ شۇ يىللىق ساپ پايدا سوممىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتىگە ھەم كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش سەۋىيىسىگە قاراپ بېكىتىدىغان بولدى.

7 - ئايدا ئاشلىق نازارىتى 75 تېخنىكا خادىمىنى 70 ناھىيە، شەھەردىكى تەخمىنەن 410 ئاشلىق ئىسكىلاتى، ئاشلىق پونكىتى، ئاشلىق، ياغ پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى، ماگىزىن ۋە تاشقى سودا ئامبىرى، بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈزەن - مەيدانلىرى، يېزىلاردىكى گۆڭشې ئەترەتلەرنىڭ ئامبىرى بولۇپ، 190 ئامبارنى تەكشۈرۈپ چىقىشقا تەشكىللىدى، ئۇلار شىنجاڭدا ساقلىنىۋاتقان ئاشلىقتا 73 خىل زىيانداش ھاشارات بارلىقىنى بايقىدى، بۇلار 10 كاتولوگ، 32 ئائىلىگە ئايرىلدى.

7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئاشلىق نازارىتىنىڭ «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق، ياغ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا دوكلات» نى تەستىقلاپ تارقاتتى، گوۋۇيۈەننىڭ «ياغ خىزمىتىدە ئىشلەپچىقىرىشنى قوللاش، ئاكتىپ سېتىۋېلىش، سېتىشنى كېمەيتىش، ئېكسپورتنى ئۇيۇشتۇرۇش فاڭجېنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش» توغرىسىدىكى يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىش پىكرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق خىزمىتى يىغىنى ئاشلىقتىن غەللە - پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىشنى چەك تۈزۈپ، ئاشلىق، ياغ يېمەكلىك سانائىتى ئىشلەپچىقىرىشنى پائال قانات يايدۇرۇپ، سېتىۋېلىش - پىششىقلاپ ئىشلەش - قايتۇرۇپ سېتىشتىن ئىبارەت يېڭى يولغا مېڭىپ، تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتىش ھەم خېمىنى سېتىش، ھەم پىششىقىنى سېتىش، ئېسىل گۈرۈچ، ئېسىل ئۇن پىششىقلاپ ئىشلەش، ئاشلىق، ياغنى ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

شۇ يىلى كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە توغرا كەلگەن ياغ 6 كىلوگىرامغا يەتتى، دۆلەت تەكسە ۋە كېلىشىم باھادا سېتىۋالغان ياغ 44 مىليون 990 مىڭ كىلوگرام بولدى، سېتىۋېلىنغاندىن كېيىن يېزىلاردىكى ھەر بىر ئادەمگە 3.5 كىلوگرام قالدۇرۇق ياغ توغرا كەلدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ياغ كىرىم - چىقىمى بالانس قىلىنغاندىن كېيىنكى ساپ ئېشىنچا 13 مىليون 950 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، ئاپتونوم رايون سىرتىغا ياغ يۆتكەش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز ئوتتۇرا باھالىق ياغ بىلەن تەمىنلەندى، 1987 - يىل 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى جايلارغا ئۇقتۇرۇش قىلىپ، ئوتتۇرا باھالىق ياغ بىلەن تەمىنلەشنى توختاتتى. لېكىن، ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئوتتۇرا باھالىق ياغ بىلەن تەمىنلەش 1987 - ئاشلىق يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇزارتىلدى.

## 1982 - يىلى

4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ش ئۇ ئا ر مالىيە كومىتېتى، يېزا خىزمىتى كومىتېتى ئاشلىق نازارىتىنىڭ 1982 - يىلى كېلىشىم باھالىقنى تەكسە باھالىققا ئايلاندۇرغان ئاشلىقتا مۇكاپات تەرىقىسىدە خىمىيىۋى ئوغۇت سېتىپ بېرىش چارىسىگە قوشۇلدى، مەخسۇس تۈر بويىچە 15 مىڭ توننا ئۆلچەملىك خىمىيىۋى ئوغۇت

ئاجرىتىلىپ، خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇ، ئاقسۇدىن ئىبارەت 3 ۋىلايەت، بىر ئوبلاستىنىڭ كېلىشىم باھالىقنى تەكشە باھالىققا ئايلاندۇرغان ئاشلىقىغا مۇكاپات تەرىقىسىدە سېتىپ بېرىلدى.

6 ـ ئايدا ئاشلىق نازارىتى «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سانائەت-سودا كارخانىلىرىدا باھاسى بويىچە بۇيرۇپ تىجارەت قىلىشنى يولغا قويۇشقا ئائىت بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نى تارقاتتى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 70% تىن ئارتۇق ئاشلىق، ياغ سانائەت كارخانىلىرىدا باھاسى بويىچە بۇيرۇپ تىجارەت قىلىش يولغا قويۇلدى.

12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئاشلىق نازارىتى ئاپتونوم رايونلۇق ئۆلچەم ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە ئاشلىق، ياغ ماشىنىسازلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئۆلچەم بويىچە باھالاپ بېكىتىش يىغىنى چاقىردى. يىغىن «MQ.4» تىپلىق ئۇن تارتىش ماشىنىسى «CJ—43» سوقۇش ماشىنىسى، 2.8 لېتىرلىق يېپىق شامالدۇرغۇچ، 95 تىپلىق، 200 تىپلىق ياغ تارتىش ماشىنىسىنىڭ زاپچاسلىرى، «350 — 125» تىپلىق ئۇن تارتىش ماشىنىسى قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئۆلچەم بويىچە باھالاپ بېكىتتى.

## 1983 ـ يىلى

3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 1983 ـ يىلدىن باشلاپ ئاشلىق كارخانىلىرىدا زىياننى ھۆددىگە بېرىش چارىسىنى يولغا قويۇشنى بەلگىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھۆددىگە بېرىلگەن زىيان ئومۇمىي سوممىسى 85 مىليون 540 مىڭ يۈەن بولۇپ، زىيان ئېشىپ كەتسە تولۇقلاپ بېرىلمەيدىغان، كېمەيگىنى ئاشلىق تارماقلىرىغا قالدۇرۇلىدىغان بولدى.

3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق تارماقلىرىدا دېھقانلار ئاشلىق، ياغ سېتىپ بەرگەندە، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە ئېلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويغانلارغا بىردەك ئائىلە (گۇرۇپپا) بويىچە تاپشۇرۇش، ئائىلە (گۇرۇپپا) بويىچە ھېسابات قىلىش، بىۋاستە پۇل بېرىشنى قارار قىلدى. يېزا ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى شۇ يىللىق ئاشلىقتىن غەللە ـ پاراق تاپشۇرۇش ۋە ئۇنى سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن، ئاشلىق تارماقلىرى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىشنى قانات يايدۇرسا بولىدىغان بولدى. ناھىيىنى بىرلىك قىلىپ شۇ يىللىق ئاشلىقتىن غەللە ـ پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن، كۆپ يوللار بويىچە سىرتقا ئاشلىق يۆتكەشكە يول قويۇلدى.

7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى يازلىق يىغىمدىن باشلاپ، ياغنى پىلان بويىچە سېتىۋېلىشنى قارار قىلدى. ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغان ياغقا باھا قوشۇپ بېرىش چارىسى ئاساس سانغا باھا قوشۇشتىن ئومۇمىي سومما نىسبىتى بويىچە باھا ھېسابلاشقا ئۆزگەرتىلدى؛ قىچا، ئاپتاپپەرەس، زىغىر (ياغ) نىڭ 60% ى ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش باھاسى (قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ زىغىر يېغى 80%) بويىچە؛ 40% ى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە ھېسابلاندى؛ چىگىت (ياغ) كە باھا قوشۇلمىدى.

9 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى قۇرۇلدى.

## 1984 ـ يىلى

5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ، چەت ـ ياقا چارۋىچىلىق رايونلىرى ۋە چارۋىچىلار يىغىلىپ سەييارە مال باقىدىغان رايونلاردا 10 چارۋىچىلىق

ئاشلىق پونكىتى قۇرۇپ، چارۋىچىلارنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى تېلېگراممىا ئارقىلىق ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ئىچىملىك، ھاراققا ئىشلىتىلىدىغان ئاشلىقنى كېلىشىم باھالىق ئاشلىققا ئۆزگەرتتى. 1985 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ سانائەتكە ئىشلىتىلىدىغان ھەممە ئاشلىق كېلىشىم باھالىققا ئۆزگەرتىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى دېھقانچىلىق نازارىتى، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، سورتلۇق ئۇرۇقتا پۈتۈنلەي كېلىشىپ سېتىۋېلىش ۋە كېلىشىپ سېتىش يولىغا قويۇلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. سېتىپ بېرىلگەن سورتلۇق ئۇرۇق، غەللە پاراق ئېلىش ۋە ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىگە توغرىلانمايدىغان بولدى، ئاشلىق تارماقلىرى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە ئۇرۇق تىجارىتىگىلا مەسئۇل بولىدىغان بولدى.

8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش ـ سېتىش سىياسىتىنى يەنىمۇ تەڭشەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، ئاشلىق، ياغدىن پاراق ئېلىش ۋە ئۆنى سېتىۋېلىش مەزگىلىدە، بازارنى كەڭ قويۇۋېتىپ، كۆپ يوللۇق تىجارەتنى يولغا قويۇشنى بەلگىلىدى. 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، كۈزلۈك ئاشلىق (گۈرۈچ، ئاققوناق، كۆممىقوناق) «تەتۈر 3:7 ئۆلۈش» (70% ى ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش باھاسى، 30% ى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى) تىن ئىبارەت تۇراقلىق نىسبەتلىك باھادا سېتىۋېلىنىدىغان بولدى.

9 ـ ئايدا دۆربىلجىن ناھىيىسى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ پۇل ئاجرىتىشى، ئاپتونوم رايوننىڭ قەرز پۇل بېرىشى بىلەن قۇرغان دۆربىلجىن ناھىيىلىك زاراڭزا يېغى زاۋۇتى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى ئارقىلىق رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى. 1985 ـ يىلى مەزكۇر تۇر ئاپتونوم رايوننىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 4 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

شۇ يىلى شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرى تەمىنلىنىدىغان ئۇزۇقلۇق ئاشلىقتا بۇغداي ئۇنى ۋە گۈرۈچ 91.69% نى ئىگىلىدى، ئاھالىلەر نورما دائىرىسىدە تۈرلەرنى ئىختىيارىي تاللاپ سېتىۋالىدىغان بولدى. ئاشلىق دۇكانلىرى نوقۇل ھالدا گۈرۈچ، ئۇن، ياغ سېتىش بىلەنلا چەكلەنمەي، پىششىق ـ خىمنى تەڭ ساتىدىغان، تەكسە باھالىق بىلەن كېلىشىم باھالىقنى تەڭ ساتىدىغان بولدى. ئاشلىق تارماقلىرى باشقۇرۇش تىپىدىن تىجارەت تىپىغە ئۆزگەردى.

## 1985 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك يەم ـ خەشەك زاۋۇتى پۈتۈپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى، بۇ زاۋۇت ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۇنجى 10 مىڭ توننىلىق بىرىكمە يەم ـ خەشەك زاۋۇتى بولۇپ قالدى. مەزكۇر زاۋۇتتا دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن ئىلغار ئۈسكۈنىلەر قوللىنىلىپ، مەشغۇلات كومپيۇتېر ئارقىلىق تىزگىنلەندى. بۇ زاۋۇتتا ئىشلەنگەن «ئالتۇن شىر» ماركىلىق تۇخۇم توخۇسى بىرىكمە يېمى 1988 ـ يىلى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «چوشقا، كالا، قوي ۋە يېزىلاردىكى ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش ـ سېتىش سىياسىتى ۋە باھاسىنى تەڭشەش لايىھىسىنى تۆۋەنگە تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى، ئۇقتۇرۇشتا 1985 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىشنى

ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، توختاملىق سېتىۋېلىشقا ئۆزگەرتىش، چوشقا، كالا، قوي سېتىۋالغاندا مۇكاپات تەرىقىسىدە ئاشلىق سېتىپ بېرىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە يېزىلاردا ئاشلىق - ياغنى سېتىۋېلىش - سېتىشتا ئوخشاش باھانى يولغا قويۇش قارار قىلىندى.

7 - ئايدا شىنجاڭ ئاشلىق، ياغ يېمەكلىكلەر زاۋۇتى ياپونىيەدىن كىرگۈزگەن ئىسمىنا بويىچە 5 توننا تەييار چۆپ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى شىنجاڭ ئاشلىق، ياغ يۆتكەش پونكىتىنىڭ ۋاقىتلىق ئىشلەپچىقىرىش نۇقتىسىدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، ئۇنىڭ كالا گۆشى قوشۇلغان تەييار چۆپ، توخۇ گۆشى قوشۇلغان تەييار چۆپ، ئاچچىق - چۈچۈك تەييار چۆپ قاتارلىق 10 نەچچە خىلى بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى بوشلۇقىنى تولدۇردى. 1987 - يىلى تەييار چۆپ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى ئاشلىق، ياغ يېمەكلىكلەر زاۋۇتى بىناسىغا كۆچۈرۈپ كېلىندى.

8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتىنىڭ بېتونلۇق تىك سىلىندىرلىق ئامبىرى پۈتۈپ ئاشلىق قاچىلاندى. مەزكۇر ئامبارنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 16 مىليون كىلوگرام بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە تۇنجى چوڭ تىپلىق تىك سىلىندىرلىق ئامبار توپى ھېسابلىنىدۇ.

9 - ئايدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق سىستېمىسى بويىچە تەرتىپكە سېلىش قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن 223 كارخانا 4 يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق پۈتۈنلەي تەرتىپكە سېلىنىپ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا لاياقەتلىك بولدى. رەھبەرلىك بەنزىلىرى «تۆتلەشتۈرۈش» تەلىپى بويىچە تەڭشەلدى، قائىدە - تۈزۈملەر ئورنىتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، كارخانىنىڭ ئاساسىي خىزمەتلىرى كۈچەيتىلدى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز ئاشلىق، ياغ سانائىتىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 412 مىليون يۈەنگە، پايدا - بېجى 32 مىليون 180 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى.

- شۇ يىلى شىنجاڭدىن يەنە سىرتقا ئاشلىق يۆتكەش باشلاندى.

## 1986 - يىلى

1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ مالىيىسى جايلاردىكى مالىيە ئورۇنلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا چۈشۈرۈپ بېرىلدى.

2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى سودا مىنىستىرلىكى گوۋۇيۈەننىڭ قارارىغا ئاساسەن، 1986 - ئاشلىق يىلىدىن باشلاپ، مەركەزنىڭ شىنجاڭغا ئاشلىق سېتىۋېلىش، سېتىش، يۆتكەش بويىچە ھۆددىگەرلىكىنى يولغا قويدى.

3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ئاشلىقنى توختاملىق ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش پىلانى، ھەم ئىقتىسادىي توختام، ھەم دۆلەتنىڭ ۋەزىپىسى ئىكەنلىكىنى، نورمال يىللاردا بۇنى ئورۇنداشقا كاپالەت قىلىش لازىملىقىنى ئۇقتۇردى.

4 - ئايدا شىنجاڭ ئاشلىق، ياغ ترانسپورت شىركىتى «كوئېنلۇن» يېمەكلىكلەر زاۋۇتى ياپونىيەدىن كىرگۈزگەن سائىتىگە 500 كىلوگرام پۇرچاق ياسالمىلىرى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى. ئاساسلىقى قورۇق دوفۇ، دوفۇ قېقى، دوفۇ پىشلىقى، پۇرچاق سۈتى قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىدۇ.

5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ياغ شىركىتى ئىسكىلاتى ئېسىل ياغ، سۈنئىي قايماق سېخى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى. مەزكۇر سېخنىڭ ئۈسكۈنىلىرى ياپونىيەدىن ئىمپورت قىلىنغان بولۇپ، كۈنىگە 50 توننا ئېسىل ياغ، ھەر بىر ئىسمىنا بىر توننا سۈنئىي قايماق ئىشلەپچىقىرالايدۇ.

6 - ئايدا سۇڭ رۇڭگۇ ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى، ئۇ 1991 - يىل 1 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىساد كومىتېتىغا يۆتكەلدى.

شۇ ئاي ئابدۇكېرىم ھاشىم ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى (مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى دەرىجىلىك).

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى جاۋ زىياڭ چەت ئەلگە چىقىش سەپىرىدە شىنجاڭدىن ئۆتكەندە، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ئوتتۇرىغا قويغان شىنجاڭدىن 500 مىليون كىلوگرام بۇغداي يۆتكەش ئىلتىماسىغا قوشۇلدى. 1987 - يىل 8 - ئايدا يۆتكەش ۋەزىپىسى ئەينەن تاماملاندى.

7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئۆگرە چۈپ زاۋۇتى ياپونىيەدىن كىرگۈزگەن ھەر ئىسمېنىدا 5 توننا ئۆگرە چۈپ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت قاتارلىق رەھبەرلەر ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. مەزكۇر ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنىڭ ئاپتوماتلىشىش دەرىجىسى يۇقىرى بولۇپ، ئون نەچچە خىل كۆپ ئۆلچەملىك ئۆگرە چۈپ ئىشلەپچىقىرىدۇ. مەزكۇر زاۋۇت ئىشلەپچىقارغان «يىنسى»، «لۇڭشۇ» ئۆگرە چۈپى 1988 - يىلى جۇڭگو بېيجىڭ تۇنجى قېتىملىق يېمەكلىكلەر يەرمەنكىسىدە ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

12 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق ئامبارلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ باھالاپ ھەم سودا مىنىستىرلىكىگە يوللاپ تەستىقلىتىپ، سىغىمچانلىقى 676 مىليون كىلوگرام كېلىدىغان ئاشلىق ئامبارلىرىنى بىكار قىلدى، بۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان ئاشلىق ئامبارلىرىنى بىكار قىلىشتا ئەڭ كۆپ بولغان بىر قېتىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە، يېزىلارغا بېرىپ، سىياسەتنى تەشۋىق قىلىش، ئاشلىق، ياغنى توختاملىق ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە 30 مىڭ ئادەم (قېتىم) سەپەرۋەر قىلىندى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق ئورۇنلىرى باشقۇرغان سانائەت كارخانىلىرىدىكى ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى 37 مىڭ 231 يۈەن/ئادەمگە يېتىپ، 1980 - يىلدىكىدىن %48.9 ئاشتى، كىشى بېشىغا يارىتىلغان ئوتتۇرىچە پايدا - باج 3469 يۈەنگە يېتىپ، %25.7 ئاشتى، 100 يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى ئىچىدىكى پايدا - باج 32.9 يۈەنگە يېتىپ، %137.2 ئاشتى. كىشى بېشىغا يارىتىلغان ئوتتۇرىچە پايدا - باج، 100 يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى ئىچىدىكى پايدا - باج مەملىكەت بويىچە ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى ئوخشاش كەسىپلەر ئىچىدە 20 - ئورۇندىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا 10 -، 8 - ئورۇنغا ئۆتتى.

## 1987 - يىلى

4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ئاشلىق خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، 1987 - ئاشلىق يىلىدىن باشلاپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە ئاشلىق سېتىۋېلىش، سېتىش، يۆتكەش پىلانى بويىچە ھۆددىگەرلىكنى يولغا قويۇشنى؛ توختاملىق ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋالغان ئاشلىققا تەكسە باھالىق خىمىيىۋى ئوغۇت، دىزېلىن تەمىنلەش ۋە زاكالەت پۇلى بېرىشتىن ئىبارەت «3نى چېتىشتۇرۇش» سىياسىتىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى.

ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مەخمۇت يۈسۈپ 8 - ئاينىڭ 16 — 20 - كۈنىگىچە قورغاس ناھىيىسىدە، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى سۇڭ رۇگۇ 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە قورغاس، يەكەن ناھىيىسىدە شىمالىي شىنجاڭ، جەنۇبىي شىنجاڭ بۆلەكلىرى بويىچە كۆپ

خىل ئىگىلىك نەق مەيدان يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. شىمالىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) ئاشلىق ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقلىرى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا ئاشلىق تارماقلىرىدىكى رەھبەرلەرنىڭ كۆپ خىل ئىگىلىكنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىگە ئائىت 5 ماددىلىق تەجرىبە يەكۈنلەندى، ئاممىۋىلاشقان يېمەكلىكلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق 7 تۈرلۈك ۋەزىپە ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

8 - ئايدا شىنجاڭ ئاشلىق - ياغ يېمەكلىكلەر زاۋۇتىنىڭ بىناسى پۈتتى. يېمەكلىكلەر سېخىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 4370 كۋادرات مېتىر، مەزكۇر زاۋۇت ئىشلەپچىقارغان «تاسۇڭ» ماركىلىق تەييار چۆپ ۋە بولكىلار 1988 - يىلى جۇڭگو بېيجىڭ تۇنجى قېتىملىق يېمەكلىكلەر يەرمەنكىسىدە مىس مېدالغا ئېرىشتى.

9 - ئايدا ئاقتو ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، قۇرۇق ئامبارنى دېزىنفېكسىيە قىلىشقىلا ئىشلىتىلىدىغان «741» بۇس دورىسىنى ئاشلىق قاچىلانغان ئامباردىكى ھاشاراتلارنى ئىسلاپ يوقىتىشقا ئىشلىتىپ، 3 مىليون كىلوگرام بۇغداينىڭ بۇلغىنىشىغا سەۋەب بولۇپ، ئىنتايىن ئېغىر زىيان كەلتۈردى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، بۇ ئىدارىنى تەنقىد قىلدى. رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتى بولغان ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى پارتىيىدىن چىقىرىلىپ، ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلىنىپ، 3 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى؛ بىۋاسىتە مەسئۇلىيىتى بار خادىم خىزمەتتىن ھەيدەلدى.

10 - ئاينىڭ 19 -، 20 - كۈنلىرى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسىدە ئاشلىق تارماقلىرى باشقۇرغان سانائەت كارخانىلىرى بويىچە نەق مەيداندا ئىش بېجىرىش يىغىنى ئاچتى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قېدىرباي ئاشلىق تارماقلىرى باشقۇرغان سانائەت كارخانىلىرىنىڭ تېز سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىغا يۇقىرى باھا بەردى. يىل ئاخىرىدا ئاشلىق تارماقلىرى باشقۇرغان سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 530 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 50 مىليون 250 مىڭ يۈەن پايدا ئېلىندى.

10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئۈرۈمچى ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى ئەنگلىيىنىڭ سىمون بالون شىركىتىدىن كىرگۈزگەن يىللىق تاق ئىسمېنا بويىچە 10 مىڭ توننا بىرىكمە يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىدىغان ئۈسكۈنە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى. مەزكۇر ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى چەت ئەلدىن كىرگۈزۈلۈپ، مەملىكەت ئىچىدە يۈرۈشلەشتۈرۈپ قۇراشتۇرۇلدى. ئۇ تېخنىكىسى ئىلغار، ئارىلاشتۇرۇشى تەكشى، مەھسۇلات سۈپىتى ياخشى بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى گۇما ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى يېمەكلىكلەر بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورى چېن چىلۇڭ ئاشلىق بېلىتىگە خىيانەت قىلىپ، ھايىنىغا سېتىش جىنايىتى بىلەن خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. چېن چىلۇڭ 1984 - يىل 7 - ئايدىن 1986 - يىل 3 - ئايغىچە ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئاشلىق بېلىتى باشقۇرغۇچىسى بولغان مەزگىلدە 530 مىڭ 660 كىلوگرام ئاشلىق بېلىتىنى خىيانەت قىلىپ ھايىنىغا سېتىپ، 43 مىڭ 990 يۈەن ھارام پۇلغا ئىگە بولغان.

12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ ئاشلىق ساقلاش خىزمىتى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىش لازىملىقىنى كۆرسەتتى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ئاشلىق، ياغ ساقلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا جىددىي ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

# 1988 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىش خىزمىتى جىددىي يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، يىغىندا كۆزلىگەن ئاشلىقنى سېتىۋېلىش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى شۇشەن، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قېدىرباي يىغىنغا كېلىپ سۆز قىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك «1 ـ ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى شۇيىتسارىيىنىڭ بول شىركىتىدىن كىرگۈزگەن، كۈنىگە 250 توننا بۇغداينى بىر تەرەپ قىلىدىغان، دەرىجىلىك ئۇن ئىشلەپچىقىرىدىغان يۈرۈشلەشكەن ئۈسكۈنە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى. مەزكۇر ئۈسكۈنە ئېسىل ئۇن، ئالاھىدە ئۇن، دانچە ئۇن، بۇغداي ئۈندۈرمىسى ۋە كۆپ خىل مەخسۇس ئۇن قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرالايدۇ. مەزكۇر ئۈسكۈنە كىرگۈزۈلۈپ ئۆزلەشتۈرۈلگەن تۇر بولۇپ، 1989 ـ يىل 12 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە 3 ـ دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات نەتىجىلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «1988 ـ يىلى ئاشلىق سېتىۋېلىشتا داۋاملىق نىسبەت بويىچە كەڭتاشا سېتىۋېلىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى. جايلار شۇ بويىچە ئىجرا قىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئىشخانىسى، ئىقتىساد كومىتېتى، مالىيە نازارىتى بىرلىشىپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاشلىق كارخانىلىرىدا ھۆددىگە ئېلىپ ئىگىلىك باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش پىكرى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، دۆلەتنىڭ ئاشلىق كارخانىلىرىدا كۆپ خىل ھۆددىگەرلىك شەكلىنى يولغا قويىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.

5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ئىدارە (باشقارما) باشلىقلىرى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، يىغىندا ئاشلىق سېتىۋېلىش، سېتىش، يۆتكەش ھۆددىگەرلىكى، كۆپ خىل ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئاشلىق بازارلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئاشلىق كارخانىلىرىدا ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قېدىرباي يىغىنغا كېلىپ مەلۇمات ئاڭلىدى ۋە سۆز قىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «ئۈچقۇن» پىلانى تۈرى «LFX—500» كىچىك تىپلىق دەرىجىلىك ئۇن زاۋۇتىنىڭ يۈرۈشلەشكەن ئۈسكۈنىلىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تېخنىكا تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى. مەزكۇر تۈرنى شىنجاڭ ئاشلىق ـ ياغ پەن تەتقىقات ئورنى ۋە ئۈرۈمچى ئاشلىق ـ ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى بىرلىكتە تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى، 1989 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تارقاتقان پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى «ئۈچقۇن» پىلانى بويىچە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

شۇ ئاي شىنجاڭ ئاشلىق ـ ياغ سانائىتى گۇرۇھى شىركىتى قۇرۇلدى.

9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، يېڭى پاختا بازارغا چىققاندىن تارتىپ، ئاشلىق تارماقلىرى تەمىنات ـ سودا تارماقلىرىدىن چىگىت سېتىۋېلىشنى ئاشلىق تارماقلىرى بىۋاسىتە دېھقان ئائىلىلىرى (تۈەن ـ مەيدانلار) دىن سېتىۋېلىشقا ئۆزگەرتتى.

10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن شىنجاڭدىن گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرىگە 300 مىليون كىلوگرام ئاشلىق يۆتكەشنى قارار قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 200 مىليون كىلوگرام، كۆممىقوناق 100 مىليون كىلوگرام.

11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى گۈرۈچ سېتىۋېلىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن،

گوۋزېۋەننىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، كۈز پەسلىدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايون بويىچە گورۇچنى دۆلەت ئاشلىق تارماقلىرى بىر تۇتاش سېتىۋېلىشنى، باشقا تارماقلار، ئورۇنلار ۋە شەخسلەرنىڭ تىجارەت قىلىشىغا بولمايدىغانلىقىنى قارار قىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت قاتارلىق رەھبەرلەر ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئۆۋەتتىكى ئاشلىق خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى ھەمدە ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش، سېتىش ۋە ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى ئاشلىق، ياغ بازارلىرىنى جانلاندۇرۇش مەسىلىسى ھەققىدە مۇھىم يوليورۇق بەردى.

# 1989 ـ يىلى

2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى سودا مىنىستىرلىكى ماناس ناھىيىسىدىكى دېھقان رېن مىڭدۇڭ، غۇلجا ناھىيىسىدىكى دېھقان ئىبراھىم داناغا 1988 ـ يىللىق «مەملىكەت بويىچە ئاشلىق سېتىپ بېرىش نەمۇنىچىسى» دەپ نام بەردى ھەم ئۇلارنى ماددىي بۇيۇم بىلەن مۇكاپاتلىدى؛ سودا مىنىستىرلىكى غۇلجا ناھىيىسى، چۆچەك شەھىرى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 ـ شى 2 ـ تۇەنگە 1988 ـ يىللىق «ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش، سېتىپ بېرىشتىكى ئىلغار ناھىيە» دەپ نام بەردى. 3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ ئېنماۋ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۈسۈپ مۇھەممەدىلەر شىنجاڭ خەلق سارىيىدا مەملىكەتلىك ئاشلىق سېتىپ بېرىش نەمۇنىچىسى رېن مىڭدۇڭ ۋە ئىبراھىم دانانى قوبۇل قىلدى.

2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ تۇرپان ۋىلايىتىدىكى ئۈزۈمچى دېھقانلار تەمىنلىنىدىغان تەكسە باھالىق ئاشلىقنى كېلىشىم باھالىق ئاشلىققا ئۆزگەرتتى (شۇ يىلى تولۇق ئىجرا قىلىنمىغان جايلاردا 1990 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئۈزۈمچى دېھقانلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى پۈتۈنلەي كېلىشىم باھالىق ئاشلىققا ئۆزگەرتىلدى).

3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر باھا ئىدارىسى، مالىيە نازارىتى، ئاشلىق ئىدارىسى بىرلىكتە «1989 ـ يىلى بىر قىسىم ئاشلىق، ياغنى سېتىۋېلىش باھاسىنى تەڭشەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، 1989 ـ ئاشلىق يىلىدىن باشلاپ، ئاشلىق، ياغنى سېتىۋېلىش باھاسىنى ئۆستۈرۈشنى قارار قىلدى، ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىنىدىغان ئاشلىقنىڭ باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 14.83%، ياغلىق دان سېتىۋېلىش نىسبەت باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7.95%، ياغنى سېتىۋېلىش نىسبەت باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7.58% ئۆستۈرۈلدى.

4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىدە ئىشچىلار تېخنىكىسىنى باھالاش ھەيئىتى قۇرۇلدى، ئىدارە باشلىقى مەخمۇت يۈسۈپ مۇدىرلىققا تەيىنلەندى، بۇ ھەيئەت ئاشلىق ساھەسىدىكى تېخنىك ئىشچىلارنى كەسىپ تۈرى بويىچە تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش ۋە سىناپ تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولدى.

4 ـ ئاينىڭ 17 — 19 ـ كۈنلىرى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىرى لى شۇشەن، جاڭ سىشۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى قېدىرباي، جىن يۈڭخۇي قاتارلىق كىشىلەر خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇ، ئاقسۇلاردىكى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقلىرى سۆھبەت يىغىنىنى چاقىرىپ، مۇشۇ ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى يېزا خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى مەسىلىلەرنى ئىگىلىدى ۋە مۇھاكىمە قىلىپ ھەل قىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ئاشلىق، ياغ سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، نۆۋەتتىكى ئاشلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا قارار» چىقىرىپ، ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش، پىلانلىق سېتىشتىن تارتىپ بازارنى جانلاندۇرۇش، ئاشلىق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە قەدەر 5 تارماق، 25 ماددىلىق بەلگىلىمىنى تۈزۈپ چىقتى، بۇ شىنجاڭدا 1957 ـ يىلدىن باشلاپ ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش-سېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى ئاشلىق ئوبوروت تەرتىپىنى ئەتراپلىق قېلىپلاشتۇرغان تۇنجى قانۇن ـ پەرمان خاراكتېرلىك سىياسەت بەلگىلىمە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 1990 ـ يىلى

3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، باھا ئىدارىسى «ياغ (ياغلىق دان)نى سېتىۋېلىش باھاسىنى تەڭشەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى، ئاپتونوم رايون بويىچە ياغ (ياغلىق دان) سېتىۋېلىش باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 34.66% ئۆستۈرۈلدى.

3 ـ ئايدا ئىلى ۋىلايەتلىك يەم ـ خەشەك زاۋۇتى ئەنگلىيىنىڭ سىمون بالون شىركىتىدىن كىرگۈزگەن، ئاق ئىسمىنا بويىچە 10 مىڭ توننا كالا، قوي يەم ـ خەشىكىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئۈسكۈنىلەر قۇراشتۇرۇلۇپ، 1991 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. مەزكۇر ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى كالا، قوي، توخۇ، چوشقىلارنىڭ ئۈنىسمان، دانچىسىمان يەم ـ خەشىكىنى ئىشلەپچىقىرىدۇ، يەنە قويۇقلاشتۇرۇلغان، بىرىكمە، ئارىلاشما يەم ـ خەشەكلەرنى ئىشلەپچىقىرالايدۇ.

7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق كېلىشىم باھالىق ئاشلىق ـ ياغ شىركىتىنىڭ ئامبىرىدا ھاشارات چۈشكەن ئاشلىقنى ئالىيۇمىن فوسفىد بىلەن ئىسلاشتا، تېخنىكا قائىدىسى بويىچە مەشغۇلات قىلىنمىغانلىقى، ھىملاش خىزمىتى ناچار بولغانلىقى، ئالاقىدار ئاممىغا ئۇقتۇرۇش قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن، ئامبارغا يانداش بىر ئائىلىدىكى 4 جان ئېغىر زەھەرلىنىپ ئۇلاردىن 2 سى ئۆلدى. ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، دېلونى تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە ياردەملەشتى ھەمدە ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن «دۆلەت مەخسۇس ئاشلىق زاپىسى تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇش توغرىسىدا قارار» نى تارقاتتى، 1990 ـ ئاشلىق يىلىنىڭ ئاخىرىدا، شىنجاڭدا ئەمەلىي سېتىۋېلىنغان مەخسۇس زاپاس ئاشلىق 768 مىليون كىلوگىرامغا، زاپاس ئاۋار ياغ 20 مىليون كىلوگىرامغا يەتتى.

9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئونسۇ ناھىيىلىك شال ئاقلاش زاۋۇتى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى، مەزكۇر زاۋۇتتا پۈتۈنلەي مەملىكىتىمىزدە ئىشلەنگەن ئۈسكۈنىلەر ئىشلىتىلدى، بۇ زاۋۇتنىڭ تېخنىكا ھۈنەر ـ سەنئىتى ئىلغار بولۇپ، كۈنىگە ئۆلچەملىك 2 ـ گۇرۇچتىن 50 توننا ئاقلىيالايدۇ.

11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە گوۋۇيۈەننىڭ قارارى يەتكۈزۈلۈپ ئىجرالاشتۇرۇلدى، شۇ يىلى كۈزلۈك ئاشلىق سېتىۋېلىشتىن باشلاپ، ئاشلىقنى توختاملىق ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش دۆلەت ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىشقا ئۆزگەرتىلدى.

11 ـ ئايدا ئۈرۈمچى ئاشلىق ـ ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى چەت ئەلنىڭ ئىلغار تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنىلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقارغان سوقۇشتۇرۇپ ئۇن چىقىرىش ماشىنىسى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ تەكشۈرۈپ باھالىشىدىن ئۆتتى، مەزكۇر مەھسۇلاتنىڭ ھۈنەر ـ سەنئىتى ئىلغار بولۇپ، ھۈنەر ـ سەنئەت كۆرسەتكۈچى شۋېيتسارىيە بول شىركىتىنىڭ ئەۋرىشكە ماشىنىسىنىڭ سەۋىيىسىگە يېتىپ، مەملىكەت ئىچىدىكى ئوخشاش مەھسۇلاتلار بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى.

شۇ يىلى شىنجاڭدا ئاشلىق، ياغلىق داندىن مول ھوسۇل ئېلىندى. ئومۇمىي ئاشلىق مەھسۇلاتى 6 مىليارد 768 مىليون كىلوگىرامغا، كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە توغرا كەلگەن مەھسۇلات 452 كىلوگىرامغا يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق تارماقلىرى سېتىۋالغان تەكشە ۋە كېلىشىم باھالىق ئاشلىق 2 مىليارد 267 مىليون كىلوگىرامغا، ئوچۇقچىلىقتا ساقلانغان ئاشلىق 800 مىليون كىلوگىرامدىن ئاشتى. ياغلىق دان ياغقا سۇندۇرۇلغان ئومۇمىي مەھسۇلاتى 212 مىليون 510 مىڭ كىلوگىرامغا، كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە توغرا كەلگەن مەھسۇلات 14.2 كىلوگىرامغا، تەكشە ۋە كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىنغىنى 105 مىليون 450 مىڭ كىلوگىرامغا يەتتى، يىل ئاخىرىدىكى تەكشە ۋە كېلىشىم باھالىق ياغ سالدۇسى 2 يىللىق سېتىش مىقدارىغا تەڭ بولدى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ھەرخىل ئاشلىق ئاپپاراتى 2293. بۇنىڭ ئىچىدە مەمۇرىي باشقۇرۇش ئاپپاراتى 122، كارخانا باشقۇرۇش ئاپپاراتى 152، تىجارەت كارخانىسى 1736، ترانسپورت كارخانىسى 34، ئاشلىق - ياغ پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى 229، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان باشقا ئاپپاراتلار 20. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ساھەسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 45 مىڭ 46، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇنۋانى بار ھەرخىل كەسپىي خادىم 7219، ھەر تۈردىكى تېخنىكا ئىشچىسى 11 مىڭ 798.

بىرىنچى قىسىم

# ئاشلىق، ياغلىق داندىن غەللە - پاراق ئېلىش ۋە ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىش

## بىرىنچى قىسىم

# ئاشلىق، ياغلىق داندىن غەللە - پاراق ئېلىش ۋە ئاشلىق، ياغ- لىق دان سېتىۋېلىش

## I باب

## ئاشلىقتىن غەللە - پاراق ئېلىش

### 1 § . ھەربىيلەر ئاچقان بوز يەردىن ئېلىنغان ئاشلىق

دۆلەتنىڭ ھەربىيلەر ئاچقان بوز يەردىن ئېلىنغان ئاشلىق ئارقىلىق ھەربىيلەرنىڭ ئاشلىققا بولغان ئېھتىياجىنى شۇ جايدىن ھەل قىلىشى — غەربىي خەن سۇلالىسىدىن بۇيانقى ھۆكۈمەتلەرنىڭ شىنجاڭ (قەدىمكى غەربىي يۇرتنىڭ بىر قىسمى) نى ئىدارە قىلىشتىكى مۇھىم ئىستراتېگىيىسى بولۇپ كەلدى. بۇ ئارقىلىق ئاشلىق توشۇلىدىغان مۇساپىنى قىسقارتىشقا، ئۇزۇن مۇساپىلىق ئاشلىق توشۇشتىن ساقلىنىشقا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مالىيە چىقىمىنى تېجىگىلى، خەلقنىڭ سېلىقىنى يېنىكلەتكىلى، شۇنىڭدەك چېگرا مۇداپىيەسىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

خەن سۇلالىسى پادشاھى ۋۇدى زامانىسىنىڭ يۈەنفېڭ 6 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 105 - يىلى) خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇسۇن خانىغا ياتلىق قىلغان شىجۈن مەلىكىنى ئاپىرىپ قويۇشقا نەچچە يۈز لەشكەر ۋە ھەمراھلىرىنى ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش باشلاندى. خەنۋۇدىنىڭ تەيچۇ 4 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 101 - يىلى) خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى رائوتا (ھازىرقى بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبى) دە يالۋاچ چېرىكچى تەسىس قىلدى، ئۇ نەچچە يۈز خەنزۇ لەشكەرگە باشچىلىق قىلىپ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلدى. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «سۇتراشىنا سانغۇن فەرغانىگە يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن، غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەر قورقۇپ كېتىپ، تولىسى ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا - سالام بەردى، خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىمۇ ئاسانلا ئەمەل - مەنسەپكە

ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن دۇنخۇاڭدىن تارتىپ غەربتە لوپنۇر كۆلىگىچە بولغان جايلاردا ئۆتەڭلەر قۇرۇلدى. بۇگۇر، لوپنۇرلاردا تېرىقچىلىق قىلىدىغان لەشكەر نەچچە يۈزگە يەتتى. ئۇلار يالۋاچ چېرىكچى قويۇلۇپ قوغدالدى ۋە چەت ئەلگە بارىدىغان ئەلچىلەرگە تەمىنات بېرىلدى» ، دەپ خاتىرىلەنگەن. خەن جاۋدى دەۋرى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 86 ـ يىلدىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 74 ـ يىلغىچە) دە ھەربىيلەرنىڭ بوز يەر ئېچىش دائىرىسى يەنىمۇ كېڭىيىپ، مىرەن (ھازىرقى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ مىرەن ئەتراپى) ، كىروران (ھازىرقى چاقىلىق ناھىيىسىدىكى لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىي شىمالىي قىرغىقى) غىچە بېرىپ يەتتى. خەن شۈەندى دەۋرى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 73 ـ يىلدىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 49 ـ يىلغىچە) دە يارغول (ھازىرقى تۇرپان يارغول قەدىمكى شەھىرى) ، بەشكەنت (ھازىرقى يەكەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالى) ، قىزىل قورغان (ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئېتىمەك) ، كېنىگىت، كۇسەن (ھازىرقى كۇچا ناھىيىسى) قاتارلىق جايلارغا كېڭەيدى. كېيىن يەنە ئىدىقۇت (ھازىرقى تۇرپان شەھىرى ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى ئەتراپى) ، قۇم (ھازىرقى ئاقسۇ شەھىرى) قاتارلىق جايلاردىمۇ بوز يەر ئېچىلىپ تېرىقچىلىق قىلىندى. بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىدىغانلار بىر قىسىم خەلق ۋە مەھبۇسلاردىن سىرت، ئاساسلىقى ھەربىيلەر بولۇپ، ئۇلار ئەڭ كۆپ بولغاندا 20 مىڭدىن ئاشتى. تېرىقچىلىق قىلىپ ئېلىنغان ھوسۇل مۇنداق تەقسىم قىلىناتتى: ھەربىيلەر بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا كېرەكلىك دېھقانچىلىق سايمىنى، ئۇلاغ، ئۇرۇقلۇق ۋە كىيىم ـ كېچەك، ئوزۇق ـ تۈلۈك قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسىنى ھۆكۈمەت تارقىتىپ بېرەتتى. ھوسۇلنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەتنىڭ ئامبىرىغا تاپشۇرۇلاتتى. بوز يەر ئاچقان ھەربىيلەرگە دۆلەت ئاز مىقداردا مائاش بېرەتتى، كۆپ ئاشلىق تاپشۇرغانلارغا مەلۇم مىقداردا مۇكاپات بېرىلەتتى؛ خەلق ۋە ئەسكەرلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىدىغان رايونلاردا، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنى ئۆزى تەييارلايتتى، ھۆكۈمەت ھەربىر كىشىگە 20 مو ئۆيچۆرىسىدە يەر بۆلۈپ بېرەتتى. يىل ئاخىرىدا ئۇلار دۆلەتكە ھوسۇلنىڭ تەخمىنەن % 40نى ئىجارە بېجى سۈپىتىدە تاپشۇراتتى. غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھەربىيلەر بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشنى كەڭ يولغا قويۇش ئارقىلىق، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ ئاشلىق مەسىلىسىنى ئۇنۇملۇك ھەل قىلىپلا قالماي، بەلكى يىپەك يولىدا بېرىپ ـ كېلىپ تۇرىدىغان سودىگەرلەر ۋە ئەلچىلەرنىڭ ئوزۇقلۇقىنى ھەل قىلىپ، يىپەك يولىنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى، شۇنىڭدەك غەربىي يۇرتتىكى شەھەر دۆلەتلىرىدىن ئالۋان ـ ياساق ئالماسلىق سىياسىتىنى نەقلەشتۇردى. بۇ، خەن شۈەندىنىڭ شېنجۆ 2 ـ يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 ـ يىلى) غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى غەربىي يۇرتنى مۇستەھكەملىشىدە ناھايىتى زور رول ئوينىدى. «جىننامە. ئوزۇق ـ تۈلۈك، مال ـ مۈلۈك تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، ۋېي سۇلالىسى پادىشاھى ساۋشاۋ مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ ئەلنى تىنچلاندۇرۇش ئۇسۇلۇم ئارمىيىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئوزۇق ـ تۈلۈكنى مول قىلىشتىن ئىبارەت، چىنلىقلار يەر تەقسىم ئۇسۇلى بىلەن ئەلنى ئىدارە قىلدى، شياۋ ۋۇدى ھەربىيلەر بوز يەر ئېچىش ئارقىلىق غەربىي يۇرتنى تىنچلاندۇردى، مانا بۇ ئەجدادلارنىڭ ياخشى تەدبىرلىرى».

شەرقىي خەن سۇلالىسى غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، شىنجاڭدا ھەربىيلەر بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشنى داۋاملىق يولغا قويدى. لېكىن تونۇشتا بىرلىك بولمىغاچقا، كۆلىمى غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكىدەك كەڭ بولمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بوز يەر ئېچىش بەزىدە ئۈزۈلۈپ قالدى، بەزىدە داۋاملاشتى. خەن مىڭدى دەۋرىدە (58 ـ يىلدىن 75 ـ يىلغىچە) شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇۋرغول (ھازىرقى قۇمۇل شەھىرىنىڭ غەربى) ، لۈكچۈن (ھازىرقى پىچان ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبى) ، بېشبالىق (ھازىرقى جىمسار ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالى) قاتارلىق جايلاردا ھەربىيلەرنىڭ بوز يەر ئېچىش ئىشى باشلاندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، كىروراندىكى ھەربىيلەرنىڭ بوزيەر ئېچىش ئىشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. كېيىن، بەن چاۋنىڭ غەربىي يۇرتتا يۈرۈش قىلىشى بىلەن، يەنە سۇلى (ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي

شىمالى)، ئۇدۇن (ھازىرقى خوتەن شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالى)، نىيا (ھازىرقى نىيە ناھىيىسىنىڭ شىمالى)، ئىدىقۇت قاتارلىق جايلاردا ھەربىيلەرنىڭ بوز يەر ئېچىشى پەيدىنپەي باشلاندى ۋە ئەسلىگە كەلدى. شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ھەربىيلەرنىڭ بوز يەر ئېچىشى يەنىلا ئاساسىي ئورۇندا، مەھبۇسلارنىڭ بوز يەر ئېچىشى 2 ـ ئورۇندا تۇردى، بوز يەر ئاچقۇچىلار تەخمىنەن 5000غا يەتتى.

شەرقىي خەن سۇلالىسىدىن كېيىن، ۋېي، جىن سۇلالىلىرى شىنجاڭدا ھەربىيلەرنىڭ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشىنى يولغا قويدى، بىراق بۇنىڭ ۋاقتى قىسقىراق، دائىرىسى تارراق بولدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ھەربىيلەرنىڭ بوز يەر ئېچىش كۆلىمى غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكىدىن ئېشىپ كەتتى. تاڭ تەيزۇڭ زامانىسىنىڭ جېنگۇەن 4 ـ يىلى (630 ـ يىلى) دىن باشلاپ، ئېچىلغان مۇھىم تېرىقچىلىق رايونلىرى ئىۋىرغول، قوچۇ (ھازىرقى تۇرپان شەھىرىدىكى قوچۇ قەدىمىي شەھىرى خارابىسى)، بېشبالىق (ھازىرقى جىمسار ناھىيىسىدىكى خۇپۇزا قەدىمىي شەھىرى)، ئۇرۇمتاي (ھازىرقى ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىي رايونى)، چىڭخەي (ھازىرقى شىخەنزە شەھىرى ئەتراپى)، كىنگىت، ئۇرلى (ھازىرقى بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ چېدىر يېزىسى)، كۇسەن، سۇلى، ئۇدۇن، سۇياب (ھازىرقى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ توقماق شەھىرى) دىن ئىبارەت 11 بولۇپ، جەمئىي 50 مىڭ كىشى بار ئىدى. بۇنىڭدىن جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭدىكى ھەربىيلەر بوز يەر ئېچىش مەركىزى بولغان كۇسەن، بېشبالىقلاردا 20دىن مەھەللە (100 مىڭ مو يەر) بار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى: «ئومۇمەن ھەربىي ئايماق چېگرا مۇداپىئە باسقاۋۇللىرىغا تەمىنات يۆتكەپ بېرەلمىسە، ھەربىي لازىمەتلىكلەرگە پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، ھەربىيلەر بوز يەر ئېچىشنى يولغا قويۇش لازىم»، دەپ بەلگىلىگەن. («تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئالتە دەستۇرى» 7 ـ توم بوز يەر ئېچىش غەيرىي رەسمىي ئامبىلى»). شۇ سەۋەبتىن يۇقىرىدا ئېيتىلغان 11 چوڭ بوز يەر ئېچىش رايونىدىن سىرت، قورۇل، شەھەر، تۇر، ئايماق ـ ناھىيىلەردىمۇ ناھايىتى كۆپ كىچىك كۆلەملىك بوز يەر ئېچىش مەھەللىلىرى بار بولغان. تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان تاڭ سۇلالىسىگە دائىر ھۆججەتلەردە ئىۋىرغول ھەربىي تۇر (چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلى) نىڭ بوز يەر ئېچىش ئەھۋالى مۇنداق خاتىرىلەنگەنىدى: «يېڭىلىك تۇرنىڭ يېرى 5 مو، يىقىن ئەتراپتا بوز يەر ئېچىلغان.»، «. . . . . . دۆلۈ 2 ـ تۇرنىڭ يېرى 5 مو»، «گۈيفېڭ تۇرنىڭ يېرى 8 مو، خۋاچۇەن تۇرنىڭ يېرى 6 مو.» بۇنىڭدىن ھەربىيلەر بارلا يەردە بوز يەر ئېچىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئېلىنغان ھوسۇل جۈملىدىن، ھەربىيلەر، مەھبۇسلار بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشتىن ئېلىنغان ھوسۇل پۈتۈنلەي ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇلۇپ، ئاساسەن ھەربىي ئاشلىق قىلىنغان. قېزىۋېلىنغان «ئىۋىرغول قوشۇنىنىڭ تامغىسى» بېسىلغان «ئىۋىرغول قوشۇنىنىڭ ئاشلىق تاپشۇرۇش ھۆججىتى» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «ئىۋىرغول قوشۇنى، ئارمىيە ۋە يەرلىك بېشبالىق ئايمىقىغا 4000 دادەن ئاشلىق تاپشۇرىدۇ، 197 دادەن ئاشلىق ئايماق ئامبىرىغا كىرگۈزۈلىدۇ». خەلقنىڭ بوز يەر ئېچىشقا قارىتا پىرسەنت ئايرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئادەتتە ھۆكۈمەتنىڭ قوش كالىسىنى ئارىيەت ئېلىپ ئىشلەتكەنلەر ھۆكۈمەتكە ھوسۇلنىڭ يېرىمىنى، قوش كالىسى ئارىيەت ئېلىپ ئىشلەتمىگەنلەر ھوسۇلنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى تاپشۇردى.

يۈەن سۇلالىسى خانى قۇبلاينىڭ جىيۈەن 15 ـ يىلى (1278 ـ يىلى) يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھەربىي ئاشلىقنى شۇ جايدىن ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئوگداي، چاغاتاي خانلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتقاندىن كېيىن ئاۋۋال ئودۇن (ھازىرقى خوتەن شەھىرى) نى، كېيىن بېشبالىق (ھازىرقى جىمسار ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالى) نى مەركەز قىلىپ ھەربىيلەر ۋە خەلقنىڭ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشىنى يولغا قويدى. بۇ ئەمەلىيەتتە ئاران 20 يىللا داۋام قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممە يەرنى ئۇرۇش مالىمانچىلىقى قاپلاپ كەتكەچكە، ھەربىي ئاشلىق ۋاقىتلىق ھەل قىلىنغان بولسىمۇ، ئۈنۈمى چوڭ بولمىدى.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى شىنجاڭدا ھەربىيلەر بوز يەر ئېچىش ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن، كۆلىمى ئەڭ كەڭ، ئۈنۈمى ئەڭ كۆرۈنەرلىك بولغان دەۋر بولدى. كاڭشى 55ـ

يىلى (1716 ـ يىلى) چىڭ ئارمىيىسى باركۆلدە بوز يەر ئېچىشقا باشلىدى. چيەنلۇڭ دەۋرىگە كەلگەندە بوز يەر ئېچىش كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلدى، بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش باركۆل، مورى، گۇچۇڭ، جىمسار، فۇكاڭ، ئۈرۈمچى، سانجى، قۇتۇبى، ماناس، كورقارا ۋۇسۇ (ھازىرقى شىخۇ ناھىيىسى)، جىڭ، ئىلى، تارباغاتاي (ھازىرقى چۆچەك شەھىرى)، ئالتاي، قۇمۇل، تۇرپان، قاراشەھەر، كۇچا، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، بارچۇق (ھازىرقى مارالبېشى)، قەشقەر، يەكەن، ئۇدۇن (ھازىرقى خوتەن) دىن ئىبارەت 24 رايونغا كېڭەيدى، دېمەك، جۇڭغار ئويمانلىقى ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى بوستانلىقلارنىڭ ھەممىسىدىلا بوز يەر ئېچىلدى. بوز يەر ئېچىش شەكلى جەھەتتە، ئاۋۋال ھەربىيلەر بوز يەر ئېچىش (خوشۇن يېرى ۋە ئەسكەرلەر نازارەتچىلىكى ئاستىدىكى مەھبۇسلار بوز يەر ئېچىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئاساس قىلىندى، كېيىن پەيدىنپەي تەرەققىي قىلىپ پۇقرالار بوز يەر ئېچىش ئاساس قىلىندى. چيەنلۇڭ 25 ـ يىلى (1760 ـ يىلى) خان ئامبال ئاگۈينىڭ تەستىقى ئارقىلىق، 6000 ئۆيلۈك ئۇيغۇر دېھقان بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىلىغا كۆچۈرۈلدى. «يەر ئالغان ئائىلىلەر، يەرنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قارىماي، بۇغداي، ئارپىدىن بىر دادەن، تېرىقتىن 5 كورە ئۇرۇقلۇق ئالغان بولسا ھۆكۈمەتكە 16 دادەن ئاشلىق تاپشۇردى»، جەمئىي 9600 دادەن ئاشلىق تاپشۇردى. «خان تەرىپىدىن بېكىتىلگەن شىنجاڭ ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە»نىڭ 6 ـ تومىدا خاتىرىلىنىشىچە، چيەنلۇڭ 47 ـ يىلى (1782 ـ يىلى) ئىلى جياڭجۇنى ئىلتۇ مۇنۇلارنى مەلۇم قىلغان: «ھازىر ئىلىدا . . . . . . ساقلىنىۋاتقان ئاشلىق 500 مىڭ دادەندىن ئاشىدۇ، بۇ، 3 يىل چىقىم قىلىشقا يېتىدۇ. . . . . . . ، ھەر يىلى ئاشلىق كۆپ ساقلانغاچقا، كۆكىرىپ كېتىشتەك ئەھۋال كۆرۈلدى، بۇ بىر پايدىسىز ئەھۋال». شۇ ۋەجىدىن ئۇ تېرىقچىلىق قىلىۋاتقان كۆك خوشۇندىن 1000 ئەسكەرنى قايتۇرۇپ، «ھەربىي ماھارەت بىلەن شۇغۇللىنىش»نى تەلەپ قىلغان. چيەنلۇڭ 49 ـ يىلى (1784 ـ يىلى) شەنشى ـ گەنسۇنىڭ ۋالىيسى فۇكاڭگەن مۇنۇلارنى مەلۇم قىلغان: «ھازىر ئۈرۈمچى، ماناس، جىمسارلارنى ئېلىپ ئېيتساق، ھەر يىلى تېرىقچى ئەسكەرلەرنىڭ ئۇزۇقلۇقى ئۈچۈن 30 مىڭ دادەندىن كۆپرەك ئاشلىق كېتىدۇ. بۇلتۇر ئېلىنغان ئاشلىق 90 مىڭ دادەندىن ئاشتى، دېمەك، بىر يىلدا ئېلىنغان ئاشلىق تېرىقچى ئەسكەرلەرنىڭ 3 يىللىق ئوزۇقلۇقىغا يېتىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، 48 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئۈرۈمچىگە قاراشلىق ئامبارلاردا ساقلىنىۋاتقان ئاشلىق 800 مىڭ دادەندىن ئاشتى. 48 ـ يىلى ئىلىنىڭ ھېسابىتىن كۆتۈرۈۋېتىشكە دائىر مەلۇماتىدىمۇ ئىلىدا ساقلىنىۋاتقان ھەر خىل ئاشلىقنىڭ 540 مىڭ دادەندىن ئاشىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن، بۇ 2 جاي ئاشلىقتىن غەم قىلمايدۇ». چيەنلۇڭ 59 ـ يىلى (1794 ـ يىلى) ئىلىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلار تاپشۇرغان ئاشلىق كۆپىيىپ 100 مىڭ دادەنگە يەتتى، بۇ، چيەنلۇڭ 25 ـ يىلى (1760 ـ يىلى) بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش باشلانغان دەسلەپكى مەزگىلدە تاپشۇرۇلغان ئاشلىقنىڭ 4 ـ 10 ھەسسىسىگە تەڭ. «ئۈرۈمچى ھەققىدىكى ئىشلار • ئاشلىق ساقلاش»تا: «چيەنلۇڭ 60 ـ يىلى (1795 ـ يىلى) غا قەدەر، ئۈرۈمچىدە 1 مىليون 255 مىڭ دادەندىن كۆپرەك ئاشلىق ساقلاندى» دەپ خاتىرىلەنگەن. ئاشلىق بەك كۆپ ساقلانغاچقا، ئۈرۈمچىدە ئاشلىق بەك ئەرزانلاپ كەتتى. «ئۈرۈمچى ھەققىدە تۈيۇقلار» دا: «لىق توشقۇزۇلغان بىر هارۋا بۇغداي 3 تىزىق يارماقتا ساتالمايدۇ، سانجى، فۇكاڭ قاتارلىق جايلاردىكى بازارلاردا بىر دادەن ئاشلىق 3 مىسقالغا سورالغان بىلەن، كۆپ ۋاقىتلاردا سېتىلماي قالىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. جياچىڭ، داۋگۇاڭ يىللىرىدا پۇقرالار ئاچقان بوز يەر ھەربىيلەر ئاچقان بوز يەردىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. جياچىڭ يىللىرىدا شىنجاڭ بويىچە ھەر يىلى كىرىم قىلىنغان بوز يەر ئاشلىقى 579 مىڭ دادەن بولدى، بۇنىڭدىن ھەربىيلەر تاپشۇرغان ئاشلىق 143 مىڭ دادەن، پۇقرالار ئائىلىلەر بويىچە تاپشۇرغان ئاشلىق 336 مىڭ دادەن، ئىلىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلار تاپشۇرغان ئاشلىق 100 مىڭ دادەن، پۇقرالار تاپشۇرغان ئاشلىق ھەربىيلەر تاپشۇرغان ئاشلىقنىڭ 3 ھەسسىسىدىن ئاشتى. داۋگۇاڭ يىللىرىدا (1821 — 1850 ـ يىلغىچە) شىنجاڭدا ئېچىلغان بوز يەر 3 مىليون 19 مىڭ موغا يەتتى. بۇنىڭدىن كۆك خوشۇن ئەسكەرلىرى ئاچقىنى 431 مىڭ 500 مو،

سەككىز خوشۇن ئەسكەرلىرى ئاچقىنى 163 مىڭ مو، خەنزۇ يۇقرالار ئاچقىنى 1 مىليون 118 مىڭ 300 مو، ئۇيغۇر يۇقرالار ئاچقىنى 1 مىليون 306 مىڭ 700 مو، يۇقرالار ئاچقىنى ھەربىيلەر ئاچقىنىنىڭ 4 ھەسسىسىدىن ئاشتى. بوز يەر ئېچىش ئارقىلىق ھەربىي ئاشلىق تولۇق ھەل قىلىنىپلا قالماستىن، يەنە كۆپلەپ ئېشىپ قالدى.

تۇڭجى يىللىرىدا (1862 — 1874 - يىللىرى) ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ۋە قوقەند ھەربىي ئەمەلدارى ياقۇپبەگ قوشۇن باشلاپ شىنجاڭنىڭ كۆپ جايلىرىنى ئىشغال قىلىۋالغانلىقى، چاررۇسىيىنىڭمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىلىنى ئىشغال قىلىۋالغانلىقى تۈپەيلىدىن، بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش ئىشى ۋەيران بولۇش خاراكتېرلىك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. گۇاڭشۈ 1 - يىلى (1875 - يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى زوزۇڭتاڭنى خان مۇپەتتىشى قىلىپ تەيىنلەپ، شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان باش ۋالىي قىلىپ ئەۋەتتى. زوزۇڭتاڭ ھەربىي يۈرۈش قىلغاچ بوز يەر ئېچىش تەدبىرىنى قوللانغاچقا، بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش ئىشى مەلۇم دەرىجىدە ئەسلىگە كەلدى. گۇاڭشۈ 10 - يىلى (1884 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، يۇقرالارنىڭ بوز يەر ئېچىش ئىشلىرىغا تېخىمۇ ئېتىبار بېرىلدى. يۇقرالار بوز يەر ئېچىش بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىشقا چاقىرىلىپلا قالماستىن، بەلكى قىسقارتىلغان ئەسكەرلەر ۋە سۈرگۈن قىلىنغان مەھبۇسلارمۇ يۇقرا قىلىنىپ، ھەربىيلەر بوز يەر ئېچىش پەيدىنپەي يۇقرالار بوز يەر ئېچىشقا ئۆزگەرتىۋېتىلدى. 1907-يىلغا كەلگەندە شىنجاڭ بويىچە چىڭ ئارمىيىسىنىڭ ئەمەلدار - ئەسكەرلىرى قىسقارتىلىپ 8780 كىشىلا قالدى. بۇ زوزۇڭتاڭ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغان ۋاقىتتىكى 60 مىڭدىن كۆپرەك ئەمەلدار - ئەسكەرنىڭ %14.63نى ئىگىلەيدۇ. قىسقارتىلغان ئەسكەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى بوز يەر ئاچىدىغان يۇقرا بولدى، بۇنىڭ بىلەن، يۇقرالار تاپشۇرىدىغان ئاشلىق زور دەرىجىدە ئاشتى.

مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى) 5 - ئايدا ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدا ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، يارىدەمچىسىز قىلىپ، تەمىنات پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالغان ئەھۋالدا، «شىنجاڭنىڭ مالىيە قىيىنچىلىقى ئېغىر، مەرگەردانلار كۆپ بولۇشتەك ئەھۋالنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش، ئاھالىلەرنى كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇشتىن باشقا ياخشى ئامال يوق» دېدى («ئىستىقبار ھۆجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار»دىن)، شۇڭا ھۆكۈمەت زور كۈچ بىلەن بوز يەر ئېچىش، يۇقرالار بوز يەر ئېچىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق، شىنجاڭدىكى ئارمىيە - خەلقنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ كىيىم - كېچەك، ئوزۇق - تۈلۈك مەسىلىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. «شىنجاڭدىكى بوران - چاپقۇن» دېگەن ئەسەردە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: مىنگونىڭ 7 - يىلى (1918 - يىلى) شىنجاڭدا ئەمەلىي تېرىلغان زىرائەت كۆلىمى 11 مىليون 188 مىڭ 900 مو بولۇپ، شۇەنتۇڭ 3 - يىلى (1911 - يىلى)دىكى ئەمەلىي تېرىلغۇ يەردىن 634 مىڭ 200 مو كۆپ. مىنگونىڭ 17 - يىلى (1928 - يىلى) 7 - ئايدا جىن شۇرېن شىنجاڭدا ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، سىياسىي جەھەتتە چىرىكلىك يۈز بەرگەچكە، مىنگونىڭ 20 — 22 - يىللىرى (1931 — 1933 - يىللىرى) شىنجاڭ بويىچە مالىمانچىلىق كۆرۈلۈپ، 6 مىليون 800 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر چۆللىشىپ كەتتى، بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش ئىنتايىن زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. مىنگونىڭ 22 - يىلى (1933 - يىلى) 4 - ئايدا شېڭ شىسەي شىنجاڭدا ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى) شىنجاڭنى ئاساسىي جەھەتتىن تىنچلاندۇردى. كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئاكتىپ مەدەت بېرىشى ۋە ياردەم قىلىشى بىلەن، بوز يەر ئېچىش ئىشلىرى بىر قەدەر تېز ئەسلىگە كەلدى ۋە راۋاجلاندى. مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى)دىكى شىنجاڭنىڭ ئېتىز كۆلىمى ۋە ئاشلىق ھوسۇلىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، شىنجاڭ بويىچە ئېتىز كۆلىمى 16 مىليون 810 مىڭ موغا يەتكەن.

## 2 § . غەللە ـ پاراق ئاشلىقى

غەللە ـ پاراق ئاشلىقى — تارىختىن بۇيانقى ھۆكۈمەتلەر دېھقانچىلىق بېجى نامى بىلەن دېھقانلاردىن ئالىدىغان ئاشلىقنى كۆرسىتىدۇ. دېھقانچىلىق بېجىنىڭ ھەممىسىگە ئاشلىق ئېلىش ـ ئالماسلىقنى ھۆكۈمەت ئېھتىياجىغا قاراپ بېكىتىدۇ، ئاشلىققا ئېھتىياجى بولمىسا، پۇل يىغىدۇ.

خەن شۈەندى زامانىسىنىڭ شېنجۆ 2 ـ يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 60 ـ يىلى) غەربىي يۇرتتا قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغاندىن تارتىپ تاكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۈەن 3 ـ يىلى (629 ـ يىلى) غىچە مەركىزىي ھۆكۈمەت غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەردىن باج ـ سېلىق ئالمىدى. ھەر قايسى دۆلەتلەر يەرلىك مالىيىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، قانۇندا بەلگىلەنگەن دېھقانچىلىق بېجىنى ئاشلىق قاتارلىق ماددىي نەرسىلەر بىلەن ھېسابلاپ يىغىۋالدى. مەسىلەن: قېزىۋېلىنغان خەن دەۋرىدىكى نىيا دۆلىتىگە دائىر كارۇشتىچە تارشا پۈتۈكلەردە مۇنداق خاتىرىلەنگەن (تەرجىمىسى): «پادىشاھ ساتراپ لاجۇن ۋە بۇجاغا مۇنداق پەرمان چۈشۈردى. . . . . . ئۆتكەندە سىلەردىن kuvana ئاشلىقتىن 350 مىلىما ئېلىنىۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ مۇشۇ باج (ئۈچتىن بىر قىسمى) نى مىرەن (ھازىرقى چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ ئەتراپى) گە ئېلىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتىم، شۇڭا، ھازىر باجگىر بوركۈتنى قېشىڭىزغا ئەۋەتتىم. بۇ پەرماننى تاپشۇرۇۋېلىپ ئالغاندىن كېيىن، دەرھال بۇ ئاشلىقنى تېز يىغىۋېلىشىڭىز لازىم». «يىغىۋېلىنغان ئاشلىق بېجى، باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ ئىسىملىكى بىر ـ بىرلەپ يېزىپ تەييارلاپ قويۇلدى، ھەربىر كىشى ئاشلىق تاغىرنى ئايرىم ـ ئايرىم ئېلىپ كېلىشى كېرەك». سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدىكى ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ ئالىدىغان بېجى ئېغىرراق بولدى. «بۇددىزىم دۆلىتى ئۇدۇن» دېگەن ئەسەردە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «3 ـ نومۇرلۇق ئۇدۇنچە ھۆججەتتە مۇنداق مەزمۇنلار بار: ‹ئوردىنىڭ پەرمانى يېتىپ كەلدى، ئۇنىڭدا شەخسلەرنىڭ تاپشۇرىدىغان ئاشلىقى 180kuea بولۇپ، ئىچكى قىسمىدىكى ھەربىي قاراۋۇلخانىغا بىر kuea بېرىلىدۇ. خوسۇسلار تاپشۇرىدىغان ئاشلىقنى بىز جايلا تارتساقمۇ يېغىپ بولدۇق. بۇ ئاشلىق ھەقىقەتەن دېھقانلاردىن يىغىۋېلىنىشى لازىم›».

تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۈەن 4 ـ يىلى (630 ـ يىلى) دىن باشلاپ، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ شەرقىدە ئىۋىرغول ئايمىقى (ئايماق مەركىزى ھازىرقى قۇمۇل شەھىرىدە)، قوچۇ، بېشبالىقلارنى تەسىس قىلىپ، ئايماق، ناھىيە، يېزا، كەنت تۈزۈمىنى يولغا قويدى. بۇنىڭدىن باشقا، شاجۇ (ئايماق مەركىزى ھازىرقى گەنسۇنىڭ دۇنخۇاڭدا) غا قاراشلىق ھازىرقى شىنجاڭنىڭ چاقىلىق، چەرچەن ناھىيىلىرىدە باج ئېلىشتا ئىجارە — ھاشار — سېلىق تۈزۈمىنى يولغا قويدى، ئۇنىڭدا قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەر ھەر يىلى ھۆكۈمەتكە ئىجارە ئۈچۈن 2 دادەن ئاشلىق، 2 گەز شايى ـ يىپەك ياكى 2.4 گەز رەخت تاپشۇرۇش ۋە 20 كۈنلۈك ھاشارغا بېرىش بەلگىلەنگەن. شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا يېقىندى ئايماق، ۋىلايەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. يەنى ئەسلىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قاراشلىق جايلاردا ۋىلايەت، ئايماق مەمۇرىي رايون تەسىس قىلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سەردارى ئاتا مىراس ئەمەلدارلىققا تەيىنلەندى، ئۇلار مەركىزىي ھۆكۈمەتكە باج ـ سېلىق تاپشۇرمىدى، ئەمما قەرەللىك ھالدا مەركەزگە ئولپان تاپشۇردى، قوشۇن مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇندى.

يۈەن سۇلالىسى پادىشاھى قۇبلاي زامانىسىنىڭ جىيۈەن 8 ـ يىلى (1271 ـ يىلى) دۆلەت نامى يۈەن قىلىپ بېكىتىلدى. يۈەن سۇلالىسى جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن بۇرۇن، 1218 ـ يىلى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەنىدى. ئوگدايخاننىڭ 1 ـ يىلى (1229 ـ يىلى) ئوگداي يۇللىغ چۇسايىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك رايونلىرىدا باج ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ھەربىر ئادەمدىن 2 دادەن

ئاشلىق ئېلىشنى بېكىتتى. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. شىزۇنىڭ تەرجىمىھالى 7.»دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: جىيۈەن 16 - يىلى (1279 - يىلى) يۈەنشىزۇ «ئۇيغۇرلار تەۋەسىدە مو بويىچە باج ھېسابلاش توغرىسىدا يوليورۇق» چۈشۈرۈپ، ھەربىر مو يەردىن 3 شىڭ ئاشلىق ئېلىشنى بەلگىلىدى.

«مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ تەزكىرىسى»دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: چيەنلۇڭ 25 - يىلى (1760 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئوندىن بىر پىرسەنت باج ئېلىش نىسبىتى بويىچە (يەنى ھەربىر مو يەردىن ئېلىنغان ھوسۇلنىڭ ئوندىن بىرنى ئېلىش)، جايلارنىڭ 66 مىڭ 921 دادەن 8 كۈرە 5 شىڭدىن ئاشلىق تاپشۇرۇشنى بېكىتتى، بۇنىڭدىن خوتەن 10 مىڭ 600 دادەن، يەكەن 14 مىڭ 240 دادەن، قەشقەر 24 مىڭ 730 دادەن، ئۇچتۇرپان 2250 دادەن، ئاقسۇ 6835 دادەن، كۇچا 960 دادەن، سايرام (ھازىرقى باي ناھىيىسىنىڭ شەرقى) 750 دادەن، باي 367 دادەن 5 كۈرە، شايار 560 دادەن، قاراشەھەر 1400 دادەن، پىچان 4229 دادەن 3 كۈرە 5 شىڭ تاپشۇردى. بۇنىڭدىن باشقا، پۇقرالار ئېچىپ تېرىغان ھۆكۈمەتنىڭ يېرى ياكى پۇقرالار تېرىغان ئالىي يەرلەر ئۈچۈن ئىجارە سېلىق تاپشۇرۇش بەلگىلەندى. «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى»دا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: چيەنلۇڭ 37 - يىلى (1772 - يىلى) شىنجاڭ ھەر يىلى 143 مىڭ دادەندىن كۆپرەك ئاشلىق - كۆزۈچ تاپشۇردى. جياچىڭ يىللىرىدا شىنجاڭدا ھەر يىلى يىغىلغان غەللە - پاراق ئاشلىقى تەخمىنەن 648 مىڭ 986 دادەن (ھەربىيلەر بوز ئېچىشتىن ئېلىنغان ئاشلىقمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، بۇنىڭدىن پىچاندىكى ئۇيغۇر دېھقانلار ھۆكۈمەتنىڭ يېرىنى تېرىپ تاپشۇرغان ئاشلىق 3423 دادەن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى شەھەرلەر تاپشۇرغان غەللە - پاراق ئاشلىق 66 مىڭ 563 دادەن. گۇاڭشۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە زوزۇڭتاڭ شىنجاڭنىڭ ھەربىي ۋالىيسى بولۇپ قولدىن كەتكەن يەرلەرنى يېڭىدىنپەي قايتۇرۇۋالدى. گۇاڭشۇ 4 - يىلى (1878 - يىلى) غۇلجە ئىلىدىن باشقا يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇۋالدى. شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ئېلىنغان غەللە - پاراق ئاشلىقى 254 مىڭ دادەن، بۇنىڭ ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى شەھەرلەردىن ئېلىنغىنى 247 مىڭ 100 دادەن (جەدۋەل: 1 — 1گە قاراڭ).

**گۇاڭشۇ 4 - يىلى (1878 - يىلى) شىنجاڭدا ئېلىنغان غەللە - پاراق ئاشلىقى**

جەدۋەل: 1 — 1 بىرلىكى: دادەن

| جايلار | ئېلىنغىنى | جايلار | ئېلىنغىنى |
|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى | 6940دىن كۆپرەك | خوتەن | 36879 |
| تۇرپان | 14200دىن كۆپ | ئاقسۇ | 14230 |
| قەشقەر | 60508 | ئۇچتۇرپان | 8378 |
| يېڭىسار | 20612 | كۇچا | 12849 |
| يەكەن | 79412 | | |

ئىزاھ: شۇ چاغدا ئىلىنى چاررۇسىيە ئىشغال قىلىۋالغانلىقى، قارا شەھەرنىڭ ئۇزاقتىچە ئۇرۇش ئوتىدا قالغانلىقى تۈپەيلىدىن، گۇاڭشۇ 4 - يىلىغىچە غەللە - پاراق ئاشلىقى ئېلىنمىدى، گۇاڭشۇ 5 - يىلى 6598 دادەن غەللە - پاراق ئېلىندى.

گۇاڭشۇ 13 - يىلى (1887 - يىلى) گەنسۇ - شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى ليۇجىنتاڭ تەستىقلىتىش ئارقىلىق، غەللە - پاراق ئاشلىقىنى مو بېشىغا قاراپ ئېلىنىدىغان قىلدى. شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ياخشى يەرلەردىن مو بېشىغا 7 شىڭ، ئوتتۇراھال يەرلەردىن مو بېشىغا 4 شىڭ، ناچار يەرلەردىن مو بېشىغا 3

شاڭ ئاشلىق ئېلىش، بەلگىلىمە بويىچە ئوت ـ چۆپ، خوراش ھەققى ئالماسلىق؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ياخشى يەرلەردىن مو بېشىغا 4 — 5 شاڭ ئاشلىق، 5 جىڭ ئوت ـ چۆپ، ئوتتۇراھال يەرلەردىن مو بېشىغا 3 شاڭ ئاشلىق، 3 جىڭ ئوت ـ چۆپ، ناچار يەرلەردىن مو بېشىغا 1 — 1.5 شاڭ ئاشلىق، 2 جىڭ ئوت۔ چۆپ ئېلىش، خوراش ھەققى ئالماسلىق بەلگىلەندى. شۇ چاغدىكى پىششىق يەر بويىچە ھېسابلىغاندا، ھەر يىلى 203 مىڭ 29 دادەن 2 كۈرە 3 شاڭ 8 ئۈچۈم 2 قوشۇق يېرىك ئاشلىق، 13 مىليون 958 مىڭ 216 جىڭ 12 سەر 2 مىسقال 8 پۇڭ ئەينى ئوت ـ چۆپ يىغىۋېلىش كېرەك ئىدى. گۇاڭشۇ 28 ـ يىلى (1902 ـ يىلى) باش مۇپەتتىش راۋىنچى گىنزىي تۆلەم تۆلەش ئۈچۈن، تەستىقلىتىش ئارقىلىق ھەربىر دادەن ئاشلىققا بىر مىسقال 5 پۇڭ كۈمۈش خوراش ھەققى قوشۇپ ئالدى. گۇاڭشۇ 29 ـ يىلى (1903 ـ يىلى) باش مۇپەتتىش پەن شياۋسۇ بىر دادەن ئەينى ئاشلىققا خوراش ھەققىنى قوشۇپ بىر دادەن 5 كۈرە 5 شاڭ يىغىۋالىدىغان قىلدى. لېكىن غەللە ـ پاراق تۈرى قانچە كۆپ بولسا، زىيىنىمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ، يامان ئەمەلدارلار مەن ـ مەنلىك تالىشىپ ئارتۇق ئېلىپ، ئەشەددىيلىشىپ كەتتى، ھەتتا نەچچە ھەسسىلەپ قوشۇپ ئالغانلارمۇ بولدى. گۇاڭشۇ 31 ـ يىلى (1905 ـ يىلى) 9 ـ ئايغا كەلگەندە باش مۇپەتتىش پەن شياۋسۇمۇ خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق سەۋەبىدىن خىزمىتىدىن بوشىتىلىپ، جازاغا تارتىلدى. گۇاڭشۇ 34 ـ يىلى (1908 ـ يىلى) باش مۇپەتتىش ليەن كۈي جايلاردىكى ئەمەلدارلارنى كۆپتۈرۈپ ئېلىنغان سانىنى تولۇق مەلۇم قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئەمما بىر دادەن ئاشلىققا بىر مىسقال 5 پۇڭ خوراش ھەققى قوشۇپ ئېلىشتىن سىرت، يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئىش بېجىرىشىگە ئىشلىتىش ئۈچۈن، يەنە 2 كۈرە 5 شاڭ خوراش ئاشلىقى قوشۇپ ئېلىشنى ئېنىق بەلگىلىدى. شۇەنتۇڭ 3 ـ يىلى (1911 ـ يىلى) دىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى ئۆلچەپ ئېنىقلاشتا، شىنجاڭ بويىچە پىششىق يەر 10 مىليون 554 مىڭ 705 مو 5 پۇڭ 5 لى ئىكەنلىكى، يىلىغا ئېلىنغان غەللە ـ پاراق ئاشلىق 302 مىڭ 407 دادەن 5 كۈرە 6 شاڭ، ئوت ـ چۆپ 28 مىليون 272 مىڭ 39 جىڭ ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.

ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىللەردە، غەللە ـ پاراق ئاشلىقى ۋە باج ئېلىشتا ئاساسەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى بەلگىلىمە ئىجرا قىلىندى. رەسمىي غەللە ـ پاراق ئاشلىقى، ئوت۔ چۆپ يەرلەرنىڭ مۇنبەت ـ مۇنبەت ئەمەسلىكىگە قاراپ دەرىجىگە ئايرىپ ئېلىندى. شىمالدا ياخشى يەرنىڭ ھەر موسىدىن 7 شاڭ، ئوتتۇراھال يەردىن 4 شاڭ، ناچار يەردىن 3 شاڭ ئاشلىق ئېلىندى، بىردەك ئوت ـ چۆپ ئېلىنمىدى؛ جەنۇبتا ياخشى يەرنىڭ ھەر موسىدىن 4 — 5 شاڭ ئاشلىق، 5 جىڭ ئوت ـ چۆپ، ئوتتۇراھال يەردىن 3 شاڭ ئاشلىق، 3 جىڭ ئوت ـ چۆپ، ناچار يەردىن 1.5 شاڭ ئاشلىق، 2 جىڭ ئوت ـ چۆپ ئېلىندى. بۇنىڭ باج نىسبىتى %5 — %7 بولدى. مىنگونىڭ 1 ـ يىلى (1912 ـ يىلى) 9 ـ ئايدا ياڭ زېڭشىن ئاشلىق، ئوت۔ چۆپ ئېلىش ھەققىدە 14 تۈرلۈك بەلگىلىمە ئېلان قىلدى، ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى مۇنداق: (1) ئاشلىقنى كۈمۈشكە سۇندۇرغاندا، باش ھېسابچى يەرلىك ئەمەلدار بىلەن بىرلىكتە ھازىرقى باھا بويىچە ئالدى بىلەن ھېسابلاپ بېكىتىپ يۇقىرىغا يوللاپ تەستىقلىتىشى كېرەك. (2) ئاشلىق ئېلىشتا بىردەك تەكشى كۈرە، تەكشى خو قوللىنىلىشى لازىم. بارلىق تاشلاندۇق ئاشلىقلارنى ئاشلىق تاپشۇرغۇچى سۈپۈرۈۋالىدۇ، كۈرىنى ئۆچلۈق قىلىشقا ۋە تېپىشكە يول قويۇلمايدۇ. (3) تاپشۇرىدىغان ئاشلىق، ئوت ـ چۆپ ئورنىغا كۈمۈش، قىزىل يارماق ياكى ھۆكۈمەت پۇلى تاپشۇرۇشنى پۇقرالار ئۆزلىرى ئىختىيارىي تاللايدۇ، خەلقتىن ئاشلىق ئەملىكىنى قوشۇپ ئېلىشقا بولمايدۇ. (4) مەيلى ئەينى ئاشلىق ياكى رەڭگى تۈتۈلغان ئاشلىق بولسۇن، ھەربىر دادەندىن بىر مىسقال 5 پۇڭ (كۈمۈش) خوراش ھەققى ئېلىنىدۇ. ئەينى ئاشلىق تاپشۇرۇلسا يەنە 2 كۈرە 5 شاڭ خوراش ئاشلىقى قوشۇپ ئېلىنىدۇ. (5) جەنۇبتا ئوت ـ چۆپ ئېلىشتا ھەر 100 جىڭ ئۈچۈن 50 جىڭ قوشۇپ ئېلىنىدۇ؛ رەڭگى تۈتۈلغان ئوت ـ چۆپلەرگە خوراش ھەققى قوشۇلۇپ، ھەر 100 جىڭ ئۈچۈن 200 تىيىن (5 مىسقال كۈمۈشكە تەڭ) قىزىل يارماق ئېلىنىدۇ. (6) مەيلى رەسمىي ئاشلىق، خوراش

ئاشلىقى، شۇنىڭدەك باھاغا سۇندۇرۇپ ئېلىنغان ئارتۇق كىرىملەرنىڭ ھەممىسى بىردەك ھۆكۈمەتنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ. يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئىش خىراجىتى بەلگىلىمە بويىچە چىقىم قىلىنىدۇ. ئاشلىق، ئوت - چۆپ ئېلىش بەلگىلىمىسى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، غەللە - پاراق كۆپەيدى. مىنگونىڭ 3 - يىلى (1914 - يىلى) دىكى غەللە - پاراق كىرىمى ئاران 980 مىڭ سەر ئىدى، مىنگونىڭ 5 - يىلى (1916 - يىلى) غا كەلگەندە 1 مىليون 800 مىڭ سەرگە يېتىپ، ئاز كەم بىر ھەسسە ئاشتى. ياڭ زېڭشىن يەنە ئېچىلغان ھۆكۈمەت يەرلىرىنى ئورتاقچىلارغا ئىجارىگە بەردى. ھۆكۈمەتنىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىسا، غەللە - پاراق ئېلىنماي، يەر ئىجارىسىلا ئېلىنىدى، يەنى ھەر مو يەردىن 1 — 2 كۈرە ئىجارە ئېلىنىدى، ئىجارە نىسبىتى 10% — 20% بولدى. ھۆكۈمەت يەرلىرىنىڭ ئىجارىسى غەللە - پاراقتىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولدى. سانجى ناھىيىسىنىڭ شاسەنزە دېگەن يېرىدىكى 30 ئائىلىلىك تېرىغان ھۆكۈمەت يېرىنى مىسالغا ئالساق، پۇقرالار ھەر يىلى ئالغان ئاشلىق 110 دادەندىن ئاشقان، ئەمما ئورتاقچى چاقىرىپ ئىجارىگە بەرگەندىن كېيىن، 450 دادەن ئىجارە ئاشلىقى تاپشۇرۇلغان. ئالتاي (ھازىرقى ئالتاي، شۇ چاغدا مەركەزگە بىۋاسىتە قاراشلىق بولۇپ، مىنگونىڭ 8 - يىلى (1919 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىسىگە تەۋە قىلىنغان) مەمۇرىي رايونىدا مىنگونىڭ 6-يىلى (1917 - يىلى) كەمچى، خۇڭدۇڭچۇيلاردا ئورتاقچى چاقىرىپ يەرنى ئىجارىگە بېرىپ تېرىش يولغا قويۇلۇپ، يىلىغا 1200 دادەن ئىجارە ئاشلىقى ئېلىنغان. ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان دەۋردە ئاشلىقتىن غەللە - پاراق ئېلىشتا ساختىپەزلىك قىلىش ئەھۋالى ناھايىتى كۆپ بولغان. «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»دا: «ھۆكۈمەت غەللە - پاراقنى كۆپىنچە يېزا مۆتىۋەر، ئەمەلدارلىرىغا يۈكلەپ يىغىش چارىسىنى قوللاندى. نەتىجىدە قاتمۇقات ساختىپەزلىك كۆرۈلدى. دوتەي، ئامباللار غەللە - پاراق ئېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈنلا، يېزا مۆتىۋەرلىرىنى خالىغانچە ئارتۇق ئېلىشقا قويۇۋەتتى. ناھىيە ئەمەلدارلىرىمۇ غەللە-پاراق ئېلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، خالىغانچە سان بەلگىلەپ، قائىدە - تۈزۈم بىلەن ھېچقانداق كارى بولماي يىغىۋېلىنغان پۇللارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى». «يەكەن ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى لىۋ ××نىڭ بىر يىلدا ئارتۇق ئالغان غەللە - پاراق ۋە ناتوغرا قائىدىلەر بىلەن قىلغان كىرىمى 10 مىڭ دادەنگە يېتىپ، ناھىيىنىڭ غەللە - پاراق ئاشلىق كىرىمىنىڭ ئىككىدىن بىرىنى ئىگىلىدى»، دەپ خاتىرىلەنگەن.

مىنگونىڭ 17 - يىلى (1928 - يىلى) جىڭ شۇرېن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، غەللە - پاراق نىسبىتى ئۆستۈرۈلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما يەرلىك ئەمەلدارلار پارىخورلۇقتا چېكىگە يەتتى، ئالۋاندىن باشقا ئەۋرىشكە ئاشلىقى، كەپتەر دېنى، چاشقان ئاشلىقى دېگەندەك ناملار بىلەن قاقتى - سوقتى قىلدى. ئاشلىق تاپشۇرۇۋالغاندا كۈرىنى ئۇچلۇق قىلىپ، تېپىپ، يەرگە چېچىلىپ كەتكەنلىرىنى ئۆزلىرى سۈپۈرۈپ يىغىپ بۆلۈشۈۋالدى.

شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت تۇتقان دەسلەپكى چاغلاردا، ئەسلىدىكى رەسمىي ئاشلىقتىن سىرت، «1.5 ھۆكۈمەت خوراش ھەققى» ۋە «2.5 خۇسۇسىي خوراش ھەققى»نى قوشۇپ ئېلىش رەسمىي ئاشلىقتىن سىرت 60% قوشۇپ ئېلىشقا ئۆزگەرتىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئەمەلىيەتتە غەللە - پاراق 20% ئۆستى. مىنگونىڭ 29 — 31 - يىلىغىچە (1940 — 1942 - يىلىغىچە) غەللە - پاراق نىسبىتى يەنە «شىمالىي شىنجاڭدىكى ئۈرۈمچى، قۇمۇل، ئىلى، ئالتاي قاتارلىق 4 رايوندا ھەر مو ئالىي يەردىن بىر كۈرە بىر شىڭ 5 ئوچۇم، ئوتتۇراھال يەردىن 8 شىڭ، ناچار يەردىن 6 شىڭ؛ تارباغاتاي رايونىدا ئالىي يەردىن بىر كۈرە، ئوتتۇراھال يەردىن 7 شىڭ، ناچار يەردىن 3 شىڭ؛ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى رايونلاردا ئالىي يەردىن بىر كۈرە، ئوتتۇراھال يەردىن 6 شىڭ، ناچار يەردىن 3 شىڭ» ئېلىنىدىغان قىلىپ تەڭشەلدى. شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان دەسلەپكى مەزگىلدىكىگە قارىغاندا، شىمالىي شىنجاڭدىكى ئالىي يەرلەردىن ئېلىنىدىغان غەللە - پاراق نىسبىتىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشى ئازراق بولغاندىن سىرت، قالغان جايلاردا بىردەكلا 25%تىن ئۆستۈرۈلدى. مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، شىنجاڭ بويىچە 3

مىليون 53مىڭ 421 مو ئالىي يەر، 5 مىليون 985 مىڭ 522 مو ئوتتۇراھال يەر، 6 مىليون 445 مىڭ 364 مو ناچار يەر بولۇپ، ئېلىشقا تېگىشلىك غەللە ـ پاراق ئاشلىقى 985 مىڭ 158 دادەن بولغان. مىنگونىڭ 32 ـ يىلى (1943 ـ يىلى) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت 4 باب، 30 ماددىلىق «ئۆلكىنىڭ غەللە ـ پاراق ئېلىش چارىسى»نى ئېلان قىلدى. بۇنىڭدا غەللە ـ پاراق ئاشلىقىنى كىرىم ـ چىقىم قىلىشتىكى ئۆلچەش ئۇسۇلى بىردەك كۈرە (بىر كۈرە 3 پايتەخت كۈرىسىگە تەڭ) بويىچە ئۆلچەشكە ئۆزگەرتىلدى. غەللە ـ پاراق نىسبىتى شىمالىي شىنجاڭدىكى ناھىيىلەردە ئالىي يەردىن مو بېشىغا 5 شىڭ، ئوتتۇراھال يەردىن 4 شىڭ، ناچار يەردىن 3 شىڭ؛ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ناھىيىلەردە ئالىي يەردىن 4 شىڭ، ئوتتۇراھال يەردىن 3 شىڭ، ناچار يەردىن 2 شىڭ ئېلىشقا تەڭشەلگەن. شۇ يىلى شىنجاڭ بويىچە ئالىي يەر 3 مىليون 343 مىڭ 901 مو، ئوتتۇراھال يەر 6 مىليون 133 مىڭ 717 مو، ناچار يەر 6 مىليون 937 مىڭ 33 مو، ئېلىشقا تېگىشلىك غەللە ـ پاراق ئاشلىقى 491 مىڭ 859 دەندىن كۆپرەك ئىدى (جەدۋەل: 1 — 2گە قاراڭ). بۇ تەڭشىلىشتىن بۇرۇنقى 1942 ـ يىلدىكىدىن %49.78 كۆپ. «ئۆلكىنىڭ غەللە ـ پاراق ئېلىش چارىسى»دىكى باشقا ماددىلارنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى تۆۋەندىكىچە: (1) ناھىيىلەردە مالىيە ـ باج ئىدارىسى غەللە ـ پاراق يىغقۇچى ئورگان، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى يىغىشنى سۈيلىگۈچى ئورگان، رايون، كەنت باشلىقلىرى ياردەمچى خادىم ھېسابلىنىدۇ. (2) ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىلىرى غەللە ـ پاراق يىغىشنى باشلاشتىن بىر ئاي بۇرۇن «قىزىل نومۇر دەپتىرى» (يەر تىزىملاش دەپتىرى)نى ئېنىق تەكشۈرۈپ ـ سېلىشتۇرۇپ، مالىيە ـ باج ئىدارىسىنىڭ غەللە ـ پاراق تاپشۇرۇش ئۇقتۇرۇش قەغىزىنى تولدۇرۇشقا يوللاپ بېرىدۇ، ئۇقتۇرۇش قەغىزىنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تارقىتىپ بېرىدۇ. (3) ناھىيىلەرنىڭ نورمىلىق ئاشلىقنى ئورۇنداش ۋاقىت چەكلىمىسى: پۈتۈنلەي ئاشلىق يىغىۋالىدىغانلارنىڭ ۋاقىت چەكلىمىسى 4 ئاي، يېرىمىغا ئاشلىق، يېرىمىغا پۇل ئالىدىغانلارنىڭ چەكلىمىسى 3 ئاي، ئاشلىق ئورنىغا پۈتۈنلەي پۇل ئالىدىغانلارنىڭ 2 ئاي بولىدۇ؛ دېھقانلار غەللە ـ پاراقنى كېچىكتۈرۈپ تاپشۇرسا مۇنداق چارە كۆرۈلىدۇ: بەلگىلەنگەن مۇددەتتىن 10 — 20 كۈن كېچىكتۈرۈپ تاپشۇرسا، %3 قوشۇپ ئېلىنىدۇ، 20 — 30 كۈن كېچىكتۈرسە، %6 قوشۇپ ئېلىنىدۇ، 30 — 40 كۈن كېچىكتۈرسە، %10 قوشۇپ ئېلىنىدۇ، 40 كۈندىن ئارتۇق كېچىكتۈرسە، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئەدلىيە ئورگىنىنىڭ بىرتەرەپ قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. (4) غەللە ـ پاراقنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش ئىشىنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە يوللاپ تەكشۈرۈپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن يۈرگۈزىدۇ. كەچۈرۈم قىلىش شەرتلىرى: ھەرخىل تەبىئىي ئاپەتلەرگە ئۇچرىسا، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغاندىن كېيىن، غەللە ـ پاراقنى كېمەيتىدۇ ۋە كەچۈرۈم قىلىدۇ؛ ھەربىي سەپتىن چېكىنگەنلەر تېرىغان يەر 20 مودىن تۆۋەن بولسا، ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن يىلىدىن باشلاپ 5 يىللىق غەللە ـ پاراق كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، يومبىچىكلار ياكى ئورتاقچىلارنىڭ يېڭىدىن چېپىلغان ئېرىق ـ ئۆستەڭ ۋە يېڭىدىن ئېچىلغان يەرلىرىگە قارىتا، يېڭى ئېرىق ـ ئۆستەڭنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلغان يېڭى يەر بولسا سۇغىرىش باشلانغان يىلدىن باشلاپ 3 يىللىق غەللە ـ پاراق كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. (5) ناھىيىلەردە رايون بىرلىك قىلىنىپ، غەللە ـ پاراق ئېلىشقا ياردەم قىلغۇچى خادىملار ئېلىشقا تېگىشلىك غەللە ـ پاراقنى ۋاقتىدا ئېلىپ بولغان بولسا يىغىۋېلىنغان سانىنىڭ %1ى بويىچە مۇكاپات پۇلى بېرىلىدۇ، %60نى ئورۇنداپ بولسا، %0.6 مۇكاپات پۇلى بېرىلىدۇ، قالغان ئېلىشقا تېگىشلىك %40نى بەلگىلەنگەن مۇددەتتىن كېيىنكى 40 كۈن ئىچىدە ئورۇنداپ بولسا %0.5 مۇكاپات پۇلى بېرىلىدۇ. (6) ناھىيىلەردىكى غەللە ـ پاراق ئېلىش خادىملىرى يىغقىنى ئۆلچەمدىكىدىن ئېشىپ خام چوتتىكىگە يەتكەن بولسا، ئۆلچەمدىكىدىن ئېشىپ كەتكەن سانىنىڭ %3ى بويىچە مۇكاپات پۇلى بېرىلىدۇ. ئەگەر خام چوتتىكىدىن ئاشۇرۇۋەتسە، ئاشۇرۇۋېتىلگەن سانىنىڭ %5ى بويىچە مۇكاپات پۇلى بېرىلىدۇ.

مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىل) 10 ـ ئايدا ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن،

غەللە - پاراق ئېلىشتا يەنىلا ئىلگىرىكى بەلگىلىمىلەر داۋاملاشتۇرۇلدى، ئەمما ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي پارتلىغانلىقتىن ئەمەلىي ئېلىنغىنى ئازايدى. مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) 4 - ئايدا تۈزۈلگەن «شىنجاڭ غەللە - پاراق ئاشلىقى باشقارمىسىنىڭ مىنگونىڭ 34 - يىلى 7 - ئايدىن 35 - يىلى 3 - ئايغىچە كەسپىي جەھەتتىكى ئومۇمىي ئەھۋالى»دا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: 34 - يىلى (1945 - يىلى) ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتە پەۋقۇلئاددە ئەھۋال (ئۈچ ۋىلايەتنىڭ غەللە - پارىقىنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى يىغىپ ئالدى، چىقىم قىلدى) بولغانلىقتىن غەللە - پاراق ئېلىنمىدى، يەنە بەزى ۋىلايەتلەردە كەچۈرۈم قىلىش، باھاغا سۇندۇرۇپ پۇل ئېلىش، نىسى قېلىشتەك ئەھۋاللار بولغاچقا، ئەمەلىي ئېلىنغىنى 230 مىڭ 791 يېگى دان بولدى، بۇ، ئېلىشقا تېگىشلىك سانىنىڭ 46.92%نى ئىگىلىدى (جەدۋەل: 1 — 3كە قاراڭ). شۇ چاغدا ئاشلىق ئېلىش داۋامىدا خىيانەتچىلىك، ساختىپەزلىك قىلىش ئادەتكە ئايلىنىپ كەتتى. «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»دا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «غەللە - پاراق، باج ئالغۇچى خادىملار چوڭ كۆرسە كىرىم قىلىش، كىچىك كۆرسە چىقىم قىلىشتىن سىرت، يەنە دېھقانلارنىڭ ئاشلىق تاپشۇرغان ھۆججەتلىرىنى خۇپىيانە كۆيدۈرۈۋېتىپ، ئۇلارنى قايتىدىن تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. بەزى غەللە - پاراق ئېلىش ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرى نەچچە مىڭ دادەنلىك غەللە - پارىقنى ئوغرىلىقچە سېتىۋېتىپ، ئۇرۇش تۈپەيلىدىن زىيان بولدى، دەپ يالغان مەلۇم قىلدى». «يېڭىسار غەللە - پاراق ئېلىش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى خوجىنچېن ئىدارە باج بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بىلەن شېرىكلىشىپ، قەبىھ ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، 550 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ئاشلىقنى خىيانەت قىلدى، يەنە يىغىۋېلىنغان يېمەكلىك بېلىتىدىن 2200 پارچىنى كۆيدۈرۈۋېتىپ، باج پۇلىدىن 209 مىڭ يۈەنگە خىيانەت قىلدى، يەنە ئىدارىدە ساقلاپ قويۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 60 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك مائاشىنىمۇ خىيانەت قىلدى، ئاخىرى ئېتىۋېتىلدى».

مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىلى جاڭ جىجوڭ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى رەھىمجان قاتارلىق 3 كىشى بىلەن «تىنچلىق بىتىمى»نىڭ رەسمىي ھۆججەت ۋە قوشۇمچە ھۆججەت ( I )لىرىگە ئىمزا قويدى. بىتىمگە باج - سېلىقنى كېمەيتىشكە دائىر مەزمۇن كىرگۈزۈلدى. 3 - ئايدا جاڭ جىجوڭ گومىنداڭ ھەربىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى، غەربىي شىمال بارگاھىنىڭ مۇدىرى، قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولدى. 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 127 - قېتىملىق دائىمىي يىغىنىدا مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 9 - ئايدا چىقارغان «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن مەملىكەت بويىچە ھەر قايسى ئۆلكە، شەھەرلەردە 35 - يىلى بىر يىللىق غەللە - پاراق ئاشلىقىنى كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدا قارار»نى ئاساسەن، ئۆلكە بويىچە مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى)دىكى بىر يىللىق غەللە - پاراق ئاشلىقىنى كەچۈرۈم قىلىش قارار قىلىندى. مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) ئۆلكە بويىچە غەللە - پاراق ئېلىش باشلاندى. «ئۈچ ۋىلايەت»تىن باشقا قالغان يەتتە ۋىلايەتتە ئىلگىرى بەلگىلەنگەن سانىنىڭ يېرىمى كېمەيتىپ ئىجرا قىلىندى. ئۆلكە بويىچە 210 مىڭ يېگى دان ئاشلىق يىغىۋېلىندى (جەدۋەل: 1 — 4كە قاراڭ). «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»دا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: شۇ چاغدا 16 تۈرلۈك باج نىسبىتى قايتىدىن بەلگىلەندى، باج نىسبىتى ئىلگىرىكىدىن ئانچە - مۇنچە تۆۋەنلىدى. مەسىلەن: غەللە - پاراق تۈرىنى ئالساق، مەملىكەت بويىچە كۆپ قىسىم جايلاردا 10% بويىچە ئېلىنغان، شىنجاڭدا ھېكتىلىگىنى 3% ئۆپچۆرىسىدە بولغان. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى مەسئۇدنىڭ مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) 1 - ئايدا مىللىي ھۆكۈمەت ئاشلىق مىنىستىرلىكىگە يوللىغان «غەللە - پاراق ئاشلىقى ئېلىش ئەھۋالى ھەققىدە» دېگەن تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغاندا، مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) 11 - ئايغىچە جەنۇبىي شىنجاڭدا ئېلىنغان غەللە - پاراق ئاشلىقى 116 مىڭ يېگى دادەن، باھاغا سۇندۇرۇپ ئېلىنغىنى 26 مىڭ 300 يېگى دادەندىن كۆپرەك؛ شىمالىي شىنجاڭدا ئېلىنغان ئاشلىق 31 مىڭ يېگى دادەن بولۇپ، ئېلىشقا تېگىشلىك غەللە - پارىقنىڭ 80%تىن كۆپرەككە يەتتى، «تەمىناتقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھەر قايسى ناھىيىلەر قەرز قالغان غەللە-پارىقنى مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە چوقۇم يىغىپ بولىدۇ». مىنگونىڭ 37 — 38 - يىللىرى (1948 — 1949-يىللىرى) ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتنىڭ غەللە - پاراق ئاشلىقىنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى يىغدى، ئۆلكە بويىچە قالغان يەتتە ۋىلايەتنىڭ غەللە - پاراق نىسبىتى ۋە مىقدارى يەنىلا مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى)دىن بۇرۇنقى بەلگىلىمە بويىچە ئىجرا قىلىندى.

## شىنجاڭدا مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) ئېلىشقا تېگىشلىك غەللە - پاراق ئاشلىقى

جەدۋەل: 1 — 2

بىرلىكى: ئاشلىق/دادەن/يەر/مو

| ۋىلايەتلەر | ناھىيىلەر | ئالىي يەر: مو سانى | ئالىي يەر: ئاشلىق نىسبىتى | ئالىي يەر: مىقدارى | | ئوتتۇراھال يەر: مو سانى | ئوتتۇراھال يەر: ئاشلىق نىسبىتى | ئوتتۇراھال يەر: مىقدارى | | ناچار يەر: مو سانى | ناچار يەر: ئاشلىق نىسبىتى | ناچار يەر: مىقدارى | | جەمئىي: مو سانى | جەمئىي: مىقدارى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى ۋىلايىتى | ئۈرۈمچى | 19702 | 5 شىڭ | 985 | 10 | 101561 | 4 شىڭ | 4062 | 44 | 140985 | 3 شىڭ | 4229 | 60 | 262248 | 9277 | 14 |
| | سانجى | 47328 | 5 شىڭ | 2366 | 40 | 54759 | 4 شىڭ | 2189 | 60 | 9925 | 3 شىڭ | 297 | 80 | 111992 | 4853 | 80 |
| | مىچۈەن | 5992 | 5 شىڭ | 299 | 60 | 13708 | 4 شىڭ | 548 | 30 | 47828 | 3 شىڭ | 1434 | 80 | 67528 | 2282 | 70 |
| | فۇكاڭ | 38732 | 5 شىڭ | 1936 | 60 | 25399 | 4 شىڭ | 1015 | 96 | 18029 | 3 شىڭ | 540 | 90 | 82160 | 3493 | 46 |
| | ماناس | 148 | 5 شىڭ | 9 | 20 | 51538 | 4 شىڭ | 2061 | 50 | 112701 | 3 شىڭ | 3381 | 00 | 164423 | 5451 | 70 |
| | قۇتۇبى | 3878 | 5 شىڭ | 193 | 90 | 28736 | 4 شىڭ | 1149 | 44 | 26386 | 3 شىڭ | 791 | 60 | 59000 | 2134 | 94 |
| | گۇچۇڭ | 26664 | 5 شىڭ | 1333 | 20 | 116620 | 4 شىڭ | 4664 | 80 | 37916 | 3 شىڭ | 1137 | 50 | 181200 | 7135 | 50 |
| | جىمسار | 5227 | 5 شىڭ | 261 | 10 | 130616 | 4 شىڭ | 5224 | 60 | 57109 | 3 شىڭ | 1713 | 30 | 192948 | 7199 | 05 |
| | مورى | 5677 | 5 شىڭ | 283 | 90 | 33751 | 4 شىڭ | 1350 | 04 | 48425 | 3 شىڭ | 1453 | 55 | 87880 | 3087 | 49 |
| | تۇرپان | 69220 | 5 شىڭ | 3464 | 00 | 88086 | 4 شىڭ | 3528 | 40 | 104354 | 3 شىڭ | 3130 | 60 | 261720 | 10113 | 00 |
| | پىچان | 64616 | 5 شىڭ | 3230 | 80 | 29071 | 4 شىڭ | 1162 | 80 | 93418 | 3 شىڭ | 2802 | 50 | 187105 | 7196 | 00 |
| | توقسۇن | 7323 | 5 شىڭ | 366 | 10 | 27231 | 4 شىڭ | 1089 | 20 | 119807 | 3 شىڭ | 3594 | 20 | 154361 | 5049 | 55 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | چۆچەك | 20115 | 5 شىڭ | 1005 | 75 | 36915 | 4 شىڭ | 1476 | 60 | 2850 | 3 شىڭ | 85 | 50 | 59880 | 2567 | 85 |
| | دۆربىلجىن | 6275 | 5 شىڭ | 313 | 70 | 23729 | 4 شىڭ | 949 | 20 | 4465 | 3 شىڭ | 133 | 90 | 34469 | 1396 | 80 |
| | ساۋەن | 36525 | 5 شىڭ | 1826 | 30 | 21300 | 4 شىڭ | 852 | 00 | 1005 | 3 شىڭ | 30 | 20 | 58830 | 2708 | 50 |
| | شىخو | 18711 | 5 شىڭ | 935 | 55 | 9288 | 4 شىڭ | 731 | 50 | 625 | 3 شىڭ | 18 | 80 | 28624 | 1325 | 85 |
| | چاغانتوقاي | 5813 | 5 شىڭ | 290 | 65 | 1581 | 4 شىڭ | 63 | 20 | 1377 | 3 شىڭ | 41 | 30 | 8771 | 395 | 15 |
| ئىلى ۋىلايىتى | ئىلى | 17180 | 5 شىڭ | 859 | 00 | 145980 | 4 شىڭ | 5839 | 23 | 324348 | 3 شىڭ | 9730 | 40 | 487508 | 16428 | 63 |
| | نىلقا | 18242 | 5 شىڭ | 912 | 10 | 30614 | 4 شىڭ | 1224 | 65 | 21314 | 3 شىڭ | 639 | 40 | 70170 | 2776 | 15 |
| | قورغاس | 3533 | 5 شىڭ | 176 | 65 | 69019 | 4 شىڭ | 2760 | 80 | | | | | 72552 | 2937 | 45 |
| | چاپچال | 5309 | 5 شىڭ | 265 | 50 | 171104 | 4 شىڭ | 6844 | 20 | 15228 | 3 شىڭ | 456 | 80 | 191641 | 7566 | 50 |
| | سۈيدۈڭ | 50486 | 5 شىڭ | 2524 | 30 | 39326 | 4 شىڭ | 1573 | 00 | 1450 | 3 شىڭ | 43 | 50 | 91262 | 4140 | 80 |
| | توققۇزتارا | | | | | 269813 | 4 شىڭ | 10792 | 60 | | | | | 269813 | 10792 | 60 |
| | تېكەس | 11295 | 5 شىڭ | 564 | 75 | 35740 | 4 شىڭ | 1429 | 60 | 21168 | 3 شىڭ | 635 | 00 | 68203 | 2629 | 35 |
| | بورتالا | 1698 | 5 شىڭ | 54 | 90 | 11766 | 4 شىڭ | 470 | 60 | 9346 | 3 شىڭ | 280 | 40 | 22210 | 805 | 90 |
| | جىڭ | 457 | 5 شىڭ | 22 | 85 | 5412 | 4 شىڭ | 216 | 50 | 6805 | 3 شىڭ | 204 | 10 | 12674 | 443 | 45 |

| | | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قۇمۇل ۋىلايىتى | قۇمۇل | 15730 | 5 شاق | 786 | 50 | 37811 | 4 شاق | 1512 | 40 | 46525 | 3 شاق | 1380 | 80 | 99566 | 5679 | 70 |
| | باركۆل | 5689 | 5 شاق | 284 | 45 | 29865 | 4 شاق | 1194 | 60 | 17094 | 3 شاق | 512 | 80 | 52648 | 1991 | 85 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | ئالتاي | 976 | 5 شاق | 48 | 80 | 35830 | 4 شاق | 1433 | 20 | 1191 | 3 شاق | 35 | 80 | 37997 | 1517 | 80 |
| | جېمىنەي | | | | | 16250 | 4 شاق | 650 | 00 | | | | | 16250 | 650 | 00 |
| | بۇرچىن | | | | | 10685 | 4 شاق | 427 | 40 | 2500 | 3 شاق | 75 | 00 | 13185 | 502 | 40 |
| | قابا | | | | | 19550 | 4 شاق | 782 | 00 | | | | | 19550 | 782 | 00 |
| | بۇرۇلتوقاي | | | | | | | | | 6718 | 3 شاق | 201 | 52 | 6718 | 201 | 52 |
| قاراشەھەر ۋىلايىتى | قاراشەھەر | 1702 | 4 شاق | 68 | 10 | 69320 | 3 شاق | 2089 | 60 | 14421 | 2 شاق | 288 | 40 | 85643 | 2442 | 49 |
| | كورلا | 19069 | 4 شاق | 762 | 76 | 96820 | 3 شاق | 2904 | 60 | 53126 | 2 شاق | 1062 | 50 | 169015 | 4729 | 86 |
| | لوپنۇر | 3536 | 4 شاق | 141 | 40 | 10333 | 3 شاق | 309 | 99 | 13605 | 2 شاق | 272 | 10 | 27474 | 723 | 49 |
| | چاقىلىق | 7736 | 4 شاق | 309 | 40 | 9599 | 3 شاق | 287 | 97 | 12944 | 2 شاق | 258 | 88 | 30279 | 856 | 25 |
| | بۈگۈر | 39935 | 4 شاق | 1597 | 40 | 136655 | 3 شاق | 4099 | 65 | 53594 | 2 شاق | 1071 | 88 | 330184 | 6768 | 93 |
| | چەرچەن | | 4 شاق | | | 13492 | 3 شاق | 404 | 76 | 59671 | 2 شاق | 1193 | 40 | 73163 | 1598 | 16 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | قەشقەر | 142983 | 4 شاق | 5719 | 30 | 159401 | 3 شاق | 4782 | 00 | 146938 | 2 شاق | 2938 | 52 | 449510 | 13439 | 82 |
| | مارالبېشى | 33935 | 4 شاق | 1357 | 40 | 96452 | 3 شاق | 2893 | 60 | 169767 | 2 شاق | 3395 | 34 | 300154 | 7646 | 30 |
| | يېڭىسار | 258964 | 4 شاق | 10358 | 56 | 83866 | 3 شاق | 2515 | 80 | 68674 | 2 شاق | 1373 | 50 | 411504 | 14248 | 04 |
| | پەيزاۋات | 93780 | 4 شاق | 3751 | 20 | 160201 | 3 شاق | 4807 | 10 | 171461 | 2 شاق | 3429 | 22 | 425478 | 11987 | 52 |
| | قەشقەر يېڭىشەھەر | 132487 | 4 شاق | 5299 | 48 | 278031 | 3 شاق | 8340 | 90 | 265939 | 2 شاق | 5318 | 80 | 676457 | 18959 | 18 |
| | يوپۇرغا | 19530 | 4 شاق | 781 | 20 | 36116 | 3 شاق | 1083 | 50 | 29677 | 2 شاق | 593 | 54 | 85323 | 2458 | 44 |
| | ئاتۇش | 8197 | 4 شاق | 327 | 88 | 58586 | 3 شاق | 1757 | 58 | 45248 | 2 شاق | 904 | 96 | 112031 | 2990 | 42 |
| يەكەن ۋىلايىتى | يەكەن | 204640 | 4 شاق | 8185 | 60 | 456216 | 3 شاق | 13686 | 50 | 588894 | 2 شاق | 11777 | 88 | 1249750 | 33649 | 98 |
| | قاغىلىق | 188142 | 4 شاق | 7525 | 68 | 454822 | 3 شاق | 13644 | 66 | 433672 | 2 شاق | 8673 | 44 | 1076636 | 29843 | 78 |
| | پوسكام | 28726 | 4 شاق | 1149 | 04 | 113321 | 3 شاق | 3399 | 63 | 51142 | 2 شاق | 1022 | 84 | 193189 | 5571 | 51 |
| | مەكىت | 9966 | 4 شاق | 398 | 64 | 49580 | 3 شاق | 1487 | 40 | 137804 | 2 شاق | 2756 | 08 | 197350 | 4642 | 12 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | ئاقسۇ | 333059 | 4 شاق | 13322 | 40 | 194869 | 3 شاق | 6846 | 10 | 91337 | 2 شاق | 1826 | 74 | 619265 | 20995 | 24 |
| | ئونسۇ | 167667 | 4 شاق | 6706 | 66 | 215840 | 3 شاق | 6475 | 20 | 231742 | 2 شاق | 4634 | 80 | 615249 | 17816 | 66 |
| | كەلپىن | 10829 | 4 شاق | 433 | 20 | 10102 | 3 شاق | 303 | 10 | 26117 | 2 شاق | 522 | 34 | 47048 | 1258 | 64 |
| | توقسۇ | 38421 | 4 شاق | 1536 | 80 | 107686 | 3 شاق | 3230 | 60 | 356414 | 2 شاق | 7128 | 30 | 502521 | 11895 | 70 |
| | كۇچا | 21653 | 4 شاق | 866 | 10 | 162801 | 3 شاق | 4884 | 03 | 726609 | 2 شاق | 14532 | 20 | 911063 | 20282 | 33 |
| | ئۇچتۇرپان | 147784 | 4 شاق | 5911 | 40 | 210596 | 3 شاق | 6317 | 90 | 115677 | 2 شاق | 2313 | 60 | 474057 | 14542 | 90 |
| | ئاۋات | 85169 | 4 شاق | 3406 | 80 | 41606 | 3 شاق | 1248 | 20 | 19794 | 2 شاق | 395 | 80 | 146569 | 5050 | 80 |
| | شايار | 13108 | 4 شاق | 524 | 30 | 138717 | 3 شاق | 4161 | 52 | 454604 | 2 شاق | 9092 | 10 | 606429 | 13777 | 92 |
| | باي | 67776 | 4 شاق | 2710 | 80 | 240251 | 3 شاق | 7207 | 53 | 197543 | 2 شاق | 3950 | 80 | 505565 | 13869 | 13 |
| خوتەن ۋىلايىتى | خوتەن | 216237 | 4 شاق | 8649 | 50 | 109006 | 3 شاق | 3270 | 20 | 77265 | 2 شاق | 1545 | 30 | 402508 | 13456 | 00 |
| | لوپ | 143772 | 4 شاق | 5750 | 90 | 99535 | 3 شاق | 2986 | 10 | 245915 | 2 شاق | 4918 | 30 | 489222 | 13655 | 30 |
| | گۇما | 72192 | 4 شاق | 2887 | 70 | 236077 | 3 شاق | 7082 | 30 | 276836 | 2 شاق | 5536 | 72 | 585105 | 15506 | 72 |
| | كېرىيە | 90233 | 4 شاق | 3609 | 30 | 94582 | 3 شاق | 2837 | 40 | 177878 | 2 شاق | 3557 | 60 | 361464 | 10004 | 30 |
| | چىرا | 87908 | 4 شاق | 3516 | 32 | 141363 | 3 شاق | 4240 | 80 | 132193 | 2 شاق | 2643 | 90 | 362693 | 10401 | 02 |
| | قاراقاش | 142737 | 4 شاق | 5709 | 50 | 125005 | 3 شاق | 3750 | 13 | 190125 | 2 شاق | 3802 | 50 | 457867 | 13262 | 13 |
| جەمئىي | | 3343901 | | 138878 | 37 | 6133717 | | 201237 | 85 | 6937033 | | 151744 | 85 | 16414651 | 491859 | 07 |

قوشۇمچە:

## «ئۈچ ۋىلايەت» نىڭ غەللە - پارىقى

ئۈچ ۋىلايەت — ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاينى كۆرسىتىدۇ. 1944 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت خەلقى قوراللىق كۈرەش ئارقىلىق غۇلجىدا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇردى. 1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى 82 - نومۇرلۇق قارارنى ماقۇللاپ، يەرنى ئۈچ دەرىجىگە بۆلۈپ، دەرىجە بويىچە غەللە - پاراق ئاشلىقى ئېلىشنى بەلگىلىدى. ئىلى ۋىلايىتىدە، ھەر مو 1 - دەرىجىلىك يەردىن 10.7 كىلوگرام، 2 - دەرىجىلىك يەردىن 8.5 كىلوگرام، 3 - دەرىجىلىك يەردىن 6.4 كىلوگرام ئېلىش، ئۈنۈمسىز يەرلەرنى تېرىيدىغان دېھقانلاردىن ئاشلىق ھوسۇلىنىڭ %10 ى بويىچە ئېلىش بەلگىلەندى. 1946 - يىل 7 - ئايدىن 1947 - يىل 4 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە چۆچەك ناھىيىسى دېھقانچىلىق بېجى ئۈچۈن 290 مىڭ 800 كىلوگرام ئاق - قارا ئاشلىق، دۆربىلجىن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت 1947 - يىل 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى دېھقانچىلىق بېجى ئۈچۈن 358 مىڭ 100 كىلوگرام ئاق - قارا ئاشلىق ئامبارغا كىرگۈزدى، دەپ مەلۇم قىلدى، چاغانتوقاي ناھىيىسى 1947 - يىلى دېھقانچىلىق بېجى ئۈچۈن 282 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق يىغدى. 1947 - يىل 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئالتاي مەمۇرىي مەھكىمىسى «يەر بېجى ئېلىش توغرىسىدا قارار» نى ئېلان قىلدى، ئۇنىڭدا دېھقانلارنىڭ ئەمەلىي تېرىغان يېرى بويىچە ھېسابلىغاندا، ھەر خۇ يەر ئۈچۈن 20 كۈرە بۇغداي تاپشۇرۇش، ئەگەر باشقا زىرائەت تېرىسا، بۇغداي تاپشۇرۇشقا ئامالسىز قالغان بولسا ھۆكۈمەت تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغاندىن كېيىن، بىر كۈرە بۇغداي ئورنىغا 1.5 كۈرە تېرىق ياكى 1.5 كۈرە ئارپا، 2 كۈرە سۇلۇ تاپشۇرۇشقا بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. شۇ يىلى مەزكۇر ۋىلايەتنىڭ ئاشلىق (زىغىرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئومۇمىي ھوسۇلى 302 مىڭ 297 كۈرە بولۇپ، يەر بېجى ئۈچۈن 18 مىڭ 100 كۈرە بۇغداي ئېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالتاي ناھىيىسىنىڭ 5280 كۈرە، بۇرچىن ناھىيىسىنىڭ 4420 كۈرە، قابا ناھىيىسىنىڭ 4280 كۈرە، جېمىنەي ناھىيىسىنىڭ 3620 كۈرە، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىنىڭ 300 كۈرە. 1948 - يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتىدە دېھقانچىلىق بېجى ئۈچۈن ئېلىنغان ئاشلىق 1 مىليون 602 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، ئاپەت بولۇش تۈپەيلىدىن 106 مىڭ كىلوگرام كەچۈرۈم قىلىندى. 1949 - يىلى ئالتاي ۋىلايىتى بىنەمدىن ئاشلىق بېجى ئېلىش توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقىرىپ، ھوسۇلغا قاراپ، ھەر 11 كۈرە ھوسۇلدىن بىر كۈرە ئاشلىق تاپشۇرۇشنى بەلگىلىدى.

### مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىسى بويىچە ئېلىنغان غەللە - پاراق

جەدۋەل: 1 — 3    بىرلىكى: يىڭى دادەن

| تۈرى / ۋىلايەت نامى | نامى | ئەمەلىي ئېلىنغىنى | | باھاغا سوندۇرۇپ ئېلىنغىنى | | ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىن ئېلىنمىغىنى | | كەچۈرۈم قىلىنغىنى | | قەرز قالغىنى | | غەللە - پاراق سانى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى ۋىلايىتى | بۇغداي | 44972 | 157 | | | | | 4322 | 842 | 17984 | 331 | 67279 | 330 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | بۇغداي | | | | | 8394 | 150 | | | | | 8394 | 150 |
| ئىلى ۋىلايىتى | بۇغداي | | | | | 48520 | 830 | | | | | 48520 | 830 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | بۇغداي | | | | | 3653 | 720 | | | | | 3653 | 720 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | بۇغداي | 3715 | 248 | | | | | | | 1956 | 302 | 5671 | 550 |
| قاراشەھەر ۋىلايىتى | بۇغداي | 16780 | 233 | | | | | 338 | 557 | | | 17118 | 790 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | بۇغداي | 59047 | 444 | 10143 | 309 | | | | | 2538 | 767 | 71729 | 520 |

| | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يەكەن ۋىلايىتى | بۇغداي | 14914 | 415 | 31670 | 117 | | | 14510 | 732 | 12612 | 126 | 73707 | 390 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | بۇغداي | 75777 | 490 | 2859 | 000 | | | 10210 | 163 | 30642 | 667 | 119489 | 320 |
| خوتەن ۋىلايىتى | بۇغداي | 15584 | 433 | 60710 | 037 | | | | | | | 76294 | 490 |
| جەمئىي | | 230791 | 420 | 105382 | 463 | 60568 | 700 | 29382 | 224 | 65734 | 193 | 491859 | 070 |

## مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىسى بويىچە پېرىمى كېمەيتىپ ئېلىنغان غەللە - پاراق

جەدۋەل: 1 — 4

| تۈرى / ۋىلايەت نامى | پېرىمى كېمەيتىلگىنى | | ئوتتۇرىچە يەككە باھاسى | | جەمئىي | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى ۋىلايىتى | 32000 | دادەن | 140000 | يۈەن | 4480000000 | يۈەن |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 2500 | دادەن | 110000 | يۈەن | 275000000 | يۈەن |
| قاراشەھەر ۋىلايىتى | 8000 | دادەن | 75000 | يۈەن | 600000000 | يۈەن |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 59000 | دادەن | 30000 | يۈەن | 1770000000 | يۈەن |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 35000 | دادەن | 35000 | يۈەن | 1225000000 | يۈەن |
| يەكەن ۋىلايىتى | 36000 | دادەن | 35000 | يۈەن | 1260000000 | يۈەن |
| خوتەن ۋىلايىتى | 37500 | دادەن | 45000 | يۈەن | 1687500000 | يۈەن |
| ئىلى ۋىلايىتى | | | | | | |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | | | | | | |
| ئالتاي ۋىلايىتى | | | | | | |
| جەمئىي | 210000 | دادەن | | | 11297500000 | يۈەن |

ئىزاھ: 1. يەككە باھاسى ھەر قايسى ناھىيىلەر مەلۇم قىلغان 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئاشلىق باھاسىنى كۆرسىتىدۇ.
2. ئاشلىقتا يېڭى دادەن، باھادا يېڭى پۇل بىرلىك قىلىندى.
3. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت مەلۇم قىلمىدى.

# § 3 . غەللە - پاراق

جۇڭخوا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلەت ئاشلىق تېرىيدىغان يېزا ئىگىلىك ئورۇنلىرى ۋە دېھقانلاردىن دېھقانچىلىق بېجى نامى بىلەن ئالىدىغان ئاشلىق غەللە - پاراق دەپ ئاتىلىدۇ. غەللە - پاراقنى ئاشلىق تارماقلىرى تاپشۇرۇۋېلىپ ساقلاپ، دۆلەتنىڭ تاۋار ئاشلىقىغا ئايلاندۇرىدۇ. غەللە - پاراق پۇلىنى ئاشلىق تارماقلىرى مالىيە تارماقلىرى بىلەن راسچوت قىلىپ تاپشۇرىدۇ.

## 1. غەللە - پاراق ئېلىش چارىسى ۋە باج نىسبىتى

### 1) باشلىنىش نۇقتىسى بەلگىلەنگەن ئومۇمىي تاپاۋەتتىن ئېلىنىدىغان ئاشۇرما باج

1950 - يىلى غەربىي شىمال ھەربىي مەمۇرىي ھەيئىتى شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق بېجى ۋەزىپىسىنى 400

مىڭ دادەن (94 مىليون كىلوگرام ئاشلىققا سۇندۇرۇلىدۇ) قىلىپ بېكىتتى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئۆزلۈكىدىن 20 مىڭ دادەننى ۋاكالىتەن تاپشۇردى. ئۆلكە 380 مىڭ دادەننى ۋىلايەتلەرگە ۋەزىپە قىلىپ تەقسىملىدى. شۇ يىلى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى دۆلەت مەمۇرىي كېڭىشى تۈزگەن «يېڭى ئازاد رايونلارنىڭ دېھقانچىلىق بېجى ۋاقىتلىق نىزامى (لايىھە)»غا ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ دېھقانچىلىق بېجى ۋاقىتلىق نىزامىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى»نى تۈزۈپ تارقاتتى. ئۇنىڭدا مۇنۇلار بەلگىلەندى: دېھقانچىلىق بېجى ئېلىشتا بۇغداي ئاساس قىلىنىدۇ، جىڭ ھېسابلاش ئۆلچىمى قىلىنىدۇ، ئائىلە بىرلىك قىلىنىدۇ، يېزا ئىگىلىك كىرىمىدە يەرلەردىن نورمال يىللاردا ئېلىنغان ھوسۇلغا قاراپ، باشلىنىش نۇقتىسى بەلگىلەنگەن ئومۇمىي تاپاۋەتتىن ئېلىنىدىغان ئاشۇرما باج تۈزۈمى قوللىنىلىدۇ. باج ئېلىش نۇقتىسى جەنۇبىي شىنجاڭدا 151 جىڭ، شىمالىي شىنجاڭدا 201 جىڭ، باج دەرىجىسى 40، باج نىسبىتى ئەڭ تۆۋەن بولغاندا %3، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا %42 (جەدۋەل: 1 ـ 5كە قاراڭ) بولدى. ئالاھىدە ئائىلىلەردىن بۇغداي كىرىمى 200 مىڭ جىڭدىن ئاشقانلىرىنىڭ تاپشۇرىدىغان باج سوممىسى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە يوللىنىپ ئايرىم بېكىتىلدى. ئائىلە بويىچە ئوتتۇرىچە دېھقانچىلىق كىرىمىنى ھېسابلىغىلى بولمايدىغان ھۆكۈمەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق كەسپىي ئورۇنلىرى، مەسچىت ـ بۇتخانا، ئائىلىۋى ئىبادەتخانا، ئۇيۇشما قاتارلىق باج تاپشۇرغۇچى ئورۇنلارغا قارىتا %7 — %25كىچە باج نىسبىتى ھېسابلاپ ئېلىندى. شۇ يىلى ئۆلكە بويىچە دېھقان ئائىلىلىرى ئۈستىگە ئالغان باج %90نى، قاتلاملار ئەمەلىي ئۈستىگە ئالغىنىنىڭ نورمال ھوسۇلدا ئىگىلىگەن نىسبىتى: پومېشچىكلارنىڭ ئادەتتە %30، باي دېھقانلارنىڭ %20، ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ %12، كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ %8، ياللانما دېھقانلارنىڭ %5 بولدى.

### شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ 1950 ـ يىلدىكى دېھقانچىلىق بېجى دەرىجىسى، باج نىسبىتى تەپسىلاتى

جەدۋەل: 1 — 5 بىرلىكى: جىڭ

| جەنۇبىي شىنجاڭ | | | شىمالىي شىنجاڭ | | |
|---|---|---|---|---|---|
| باج دەرىجىسى | ئائىلە بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق دېھقانچىلىق كىرىمى | باج نىسبىتى % | باج دەرىجىسى | ئائىلە بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق دېھقانچىلىق كىرىمى | باج نىسبىتى % |
| | 150 جىڭدىن تۆۋەن | كەچۈرۈم قىلىنغىنى | | 200 جىڭدىن تۆۋەن | كەچۈرۈم قىلىنغىنى |
| 1 | 150 ~ 190 | 3 | 1 | 201 ~ 275 | 3 |
| 2 | 191 ~ 230 | 4 | 2 | 276 ~ 350 | 4 |
| 3 | 231 ~ 270 | 5 | 3 | 351 ~ 425 | 5 |
| 4 | 271 ~ 310 | 6 | 4 | 426 ~ 500 | 6 |
| 5 | 311 ~ 350 | 7 | 5 | 501 ~ 575 | 7 |
| 6 | 351 ~ 390 | 8 | 6 | 576 ~ 650 | 8 |
| 7 | 391 ~ 430 | 9 | 7 | 651 ~ 725 | 9 |
| 8 | 431 ~ 470 | 10 | 8 | 726 ~ 800 | 10 |
| 9 | 471 ~ 519 | 11 | 9 | 801 ~ 880 | 11 |
| 10 | 520 ~ 550 | 12 | 10 | 881 ~ 960 | 12 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 13 | 1040 ~ 961 | 11 | 13 | 610 ~ 551 | 11 |
| 14 | 1120 ~ 1041 | 12 | 14 | 670 ~ 611 | 12 |
| 15 | 1200 ~ 1121 | 13 | 15 | 730 ~ 671 | 13 |
| 16 | 1280 ~ 1201 | 14 | 16 | 790 ~ 731 | 14 |
| 17 | 1360 ~ 1281 | 15 | 17 | 850 ~ 791 | 15 |
| 18 | 1440 ~ 1361 | 16 | 18 | 910 ~ 851 | 16 |
| 19 | 1520 ~ 1441 | 17 | 19 | 990 ~ 911 | 17 |
| 20 | 1600 ~ 1521 | 18 | 20 | 1070 ~ 991 | 18 |
| 21 | 1690 ~ 1601 | 19 | 21 | 1150 ~ 1071 | 19 |
| 22 | 1780 ~ 1691 | 20 | 22 | 1230 ~ 1151 | 20 |
| 23 | 1870 ~ 1781 | 21 | 23 | 1310 ~ 1231 | 21 |
| 24 | 1960 ~ 1871 | 22 | 24 | 1390 ~ 1311 | 22 |
| 25 | 2050 ~ 1961 | 23 | 25 | 1490 ~ 1391 | 23 |
| 26 | 2140 ~ 2051 | 24 | 26 | 1590 ~ 1491 | 24 |
| 27 | 2230 ~ 2141 | 25 | 27 | 1690 ~ 1591 | 25 |
| 28 | 2320 ~ 2231 | 26 | 28 | 1790 ~ 1691 | 26 |
| 29 | 2410 ~ 2321 | 27 | 29 | 1890 ~ 1791 | 27 |
| 30 | 2500 ~ 2411 | 28 | 30 | 1990 ~ 1891 | 28 |
| 31 | 2590 ~ 2501 | 29 | 31 | 2110 ~ 1991 | 29 |
| 32 | 2690 ~ 2591 | 30 | 32 | 2230 ~ 2111 | 30 |
| 33 | 2790 ~ 2691 | 31 | 33 | 2350 ~ 2231 | 31 |
| 34 | 2890 ~ 2791 | 32 | 34 | 2470 ~ 2351 | 32 |
| 35 | 2990 ~ 2891 | 33 | 35 | 2590 ~ 2471 | 33 |
| 36 | 3090 ~ 2991 | 34 | 36 | 2710 ~ 2591 | 34 |
| 37 | 3190 ~ 3091 | 35 | 37 | 2850 ~ 2711 | 35 |
| 38 | 3290 ~ 3191 | 36 | 38 | 2990 ~ 2851 | 36 |
| 39 | 3390 ~ 3291 | 37 | 39 | 3130 ~ 2991 | 37 |
| 40 | 3490 ~ 3391 | 38 | 40 | 3270 ~ 3131 | 38 |
| 41 | 3500 ~ 3491 | 39 | 41 | 3410 ~ 3271 | 39 |
| 42 | 3501 جىڭدىن يۇقىرى | 40 | 42 | 3411 جىڭدىن يۇقىرى | 40 |

ئىزاھ: مەزكۇر جەدۋەلدە بۇغداي ئۆلچەم قىلىندى.

1951 ـ يىلى شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئەڭ كۆپ ئاشۇرما باج 3501 جىڭدىن 4001 جىڭغا يەتتى.

1952 — 1954 ـ يىلغىچە ئائىلە ئوتتۇرىچە دېھقانچىلىق كىرىمى بويىچە باج تاپشۇرىدىغانلارغا باج نىسبىتى يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلغان ۋە ئېلىپ بېرىلمىغان رايونلار بويىچە بېكىتىلىپ، باج دەرىجىسى ئازايتىلدى، ئەڭ يۇقىرى ئاشۇرما سان ۋە ئەڭ يۇقىرى باج نىسبىتى تۆۋەنلىتىلدى. ئائىلە بويىچە ئوتتۇرىچە دېھقانچىلىق كىرىمىنى ھېسابلىغىلى بولمايدىغان باج تاپشۇرغۇچى ئورۇنلارغا باج نىسبىتى 1 ~ 6 پىرسەنت پوئېنتى ئۆستۈرۈلدى (جەدۋەل: 1 — 6گە قاراڭ)

## شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ 1952 — 1954 ـ يىلغىچە دېھقانچىلىق بېجىنى ئېلىش نۇقتىسى ۋە ئومۇمىي ئاپاۋەتتىن ئېلىنىدىغان ئاشۇرما باج نىسبىتى

جەدۋەل: 1 — 6

| تۈرى / يىللار | | جەنۇبىي شىنجاڭ | | | | | شىمالىي شىنجاڭ | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئېلىش نۇقتىسى (جىڭ) | ئېلىش نىسبىتى % | باج دەرىجىسى | ئەڭ يۇقىرى ئاشۇرما (جىڭ) | ئەڭ يۇقىرى باج نىسبىتى % | ئېلىش نۇقتىسى (جىڭ) | ئېلىش نىسبىتى % | باج دەرىجىسى | ئەڭ يۇقىرى ئاشۇرما (جىڭ) | ئەڭ يۇقىرى باج نىسبىتى % |
| 1952 | يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلغان رايون | 151 | 4 | 27 | 1780 | 30 | 251 | 5 | 26 | 2460دىن يۇقىرى | 30 |
| | يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلمىغان رايون | 151 | 3 | 40 | 3411 | 40 | 251 | 3 | 40 | 3800 | 42 |
| 1953 | | 181 | 4 | 27 | 2000 | 30 | 251 | 5 | 26 | 2550 | 30 |
| 1954 | يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلغان رايون | 181 | 4 | 27 | 2171 | 30 | 251 | 4 | 26 | 3001 | 30 |
| | يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلمىغان رايون | | | | | 35 | | | | | 35 |

1950 — 1955 ـ يىلغىچە ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) بويىچە 746 مىليون كىلوگرام (يەرلىكتىن قوشۇپ ئېلىنغىنىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) غەللە ـ پاراق ئېلىندى، يەنى يىلىغا ئوتتۇرىچە124 مىليون كىلوگرام ئېلىنىپ، ئەمەلىي سېلىق ئومۇمىي هوسۇل (ئەمەلىي هوسۇل بۇغدايغا سۇندۇرۇلدى) نىڭ %4.8 ىنى ئىگىلىدى (جەدۋەل: 1 — 7گە قاراڭ). بۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ سېلىقنى ئومۇمىي هوسۇلنىڭ %13 ىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىدىن تۆۋەن بولدى.

## 1950 — 1955 ـ يىلغىچە شىنجاڭ ئۆلكىسى بويىچە دېھقانچىلىق بېجى ئېلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 1 — 7   بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| تۈرى / يىللار | ۋەزىپىسى (ئاق ئاشلىق) | نورمال يىللاردىكى هوسۇل | ئەمەلىي هوسۇلنىڭ بۇغدايغا سۇندۇرۇلغىنى | ئېلىشقا تېگىشلىكى | | ئامبارغا كىرگۈزۈلگىنى | | يەرلىكتىن قوشۇپ ئېلىنغىنى | | كەچۈرۈم قىلىنغىنى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | ئاق ئاشلىق | ئەمەلىي هوسۇلدىن ئىگىلىگىنى % | ئاق ئاشلىق | ئەمەلىي هوسۇلدىن ئىگىلىگىنى % | ئاق ئاشلىق | ئېلىشقا تېگىشلىكىدە ئىگىلىگىنى % | ئاق ئاشلىق | ئېلىشقا تېگىشلىكىدە ئىگىلىگىنى % |
| 1950 | 8930 | 107000 | 102500 | 10121 | 11.8 | 8480 | 8.3 | 1519.5 | 14.99 | | |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1951 | 9160 | 108000 | 120500 | 13995 | 11.6 | 12328.5 | 10.2 | 2799 | 20 | | |
| 1952 | 12240 | 111500 | 145500 | 13334.5 | 9.2 | 10733.5 | 7.4 | | | 225 | 1.68 |
| 1953 | 12149 | 110000 | 154500 | 12817.5 | 8.3 | 11621.5 | 7.5 | | | 283 | 2.20 |
| 1954 | 12131.5 | 113500 | 177000 | 14295 | 8.1 | 13541.5 | 7.7 | 677 | 4.73 | 319.5 | 2.30 |
| 1955 | 12131.5 | 110000 | 187000 | 13543 | 7.2 | 12009 | 6.4 | 948 | 7 | 368 | 2.71 |
| جەمئىي | 66742 | 660000 | 887000 | 78106 | 8.8 | 68714 | 7.7 | 5943.5 | 7.60 | 1195.5 | 1.53 |

ئىزاھ: جەدۋەلدىكى سان مالىيە نازارىتىدىن ئېلىندى.

## 1950 — 1956 - يىلغىچە شىنجاڭدا رايونلار بويىچە غەللە - پاراق ئېلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 1 — 8 بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| | يىللار / نامى | 1950 | 1951 | 1952 | 1953 | 1954 | 1955 | 1956 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە | جەمئىي | 722 | 19321 | 14502 | 12677 | 13331 | 12134 | 12945 |
| | بۇغداي | 652 | 15681 | 11008 | 10360 | 11397 | 9391 | 9753 |
| | گۈرۈچ | 39 | 524 | 545 | 462 | 605 | 648 | 675 |
| | پۇرچاق | | | | 1 | 6 | 18 | 41 |
| | قارا ئاشلىق | 31 | 3116 | 2949 | 1854 | 1323 | 2007 | 2476 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | | | | | 15 | 14 | 14 | 24 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | | | | | 606 | 460 | 403 | 151 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | | | | | 166 | 183 | 216 | 214 |
| سانجى ئوبلاستى | | | | | 1634 | 1879 | 1615 | 1992 |
| ئىلى ۋىلايىتى | | | | | 1474 | 2023 | 1122 | 2080 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | | | | | 528 | 647 | 586 | 574 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | | | | | 78 | 184 | 137 | 248 |
| بورتالا ئوبلاستى | | | | | 209 | 202 | 203 | 257 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | | | | | 492 | 458 | 483 | 483 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | | | | | 2270 | 2194 | 2062 | 1907 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | | | | | 87 | 98 | 181 | 273 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | | | | | 3718 | 3429 | 3494 | 3208 |
| خوتەن ۋىلايىتى | | | | | 1400 | 1560 | 1618 | 1534 |

ئىزاھ: جەدۋەلدىكى سان ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئامبارغا كىرگۈزگەن ئاشلىق سانىنى كۆرسىتىدۇ. 1950 — 1952 - يىلغىچە بولغىنى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ھەر قايسى يىللاردىكى بوغالتىرلىق ئاچوتى بويىچە تولدۇرۇلدى. 1953 — 1956 - يىلغىچە بولغىنى ئۆلكىلىك (ئاپتونوم رايونلۇق) ئاشلىق نازارىتىنىڭ ئاشلىق يىلى ستاتىستىكا يىللىق مەلۇماتى بويىچە تولدۇرۇلدى.

يېزا ئىگىلىكى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، يەككە دېھقان ئائىلىلىرىگە قارىتا يەنىلا باشلىنىش نۇقتىسى بەلگىلەنگەن ئومۇمىي تاپاۋەتتىن ئاشۇرما باج ئېلىش چارىسى ئىجرا قىلىنىدى. ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى 1957 ـ يىلى «ئاپتونوم رايوننىڭ يەككە دېھقان ئائىلىلىرىدىن دېھقانچىلىق بېجى ئېلىش ۋاقىتلىق چارىسى»نى تارقىتىپ، يەككە دېھقان ئائىلىلىرىدىن ئېلىنىدىغان باج چېكىنى ئۆستۈردى، ئەڭ يۇقىرى ئاشۇرما سانىنى تۆۋەنلەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرى قاتارلىق باج تاپشۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ باج نىسبىتىنى 5 ~ 10 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلەتتى.

## 2) رايونلار ئارا پەرقلىق تاناسىپلىق باج نىسبىتى

1956 — 1978 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە رايونلار ئارا پەرقى بولغان تاناسىپلىق باج نىسبىتى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. يەنى ئوخشاش بولمىغان ئىقتىسادىي رايونغا ئوخشاش بولمىغان ئوتتۇرىچە باج نىسبىتى يولغا قويۇلدى. باج يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى ياكى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ئوبيېكت، نورمال يىللاردىكى ھوسۇل ئاساس قىلىنىپ، شۇ جايدىكى ئوتتۇرىچە باج نىسبىتى بويىچە ھېسابلاپ ئېلىنىدى.

1956 ـ يىلى «ئاپتونوم رايوننىڭ 1956 ـ يىللىق يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپىدىن دېھقانچىلىق بېجى ئېلىش ھەققىدىكى سىناق چارىسى»دە مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: ئالىي يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويغان ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ ئوتتۇرىچە باج نىسبىتى ئەڭ تۆۋەن بولغاندا %6، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا %20، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرىچە باج نىسبىتى %8.2، شىمالىي شىنجاڭنىڭ %12 بولىدۇ؛ ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىن تۆۋەن باج تاپشۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ باج نىسبىتى ۋەزىيەتنى ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ھەر قايسى باج رايونلىرىنىڭ سېلىقىنى تەكشۈرۈپ تەڭپۇڭلاشتۇرۇش پرىنسىپى ئاستىدا ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئۆز ئالدىغا تۈزۈپ بېكىتىدۇ.

1957 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرىچە باج نىسبىتى %13، ئەڭ تۆۋەن باج نىسبىتى %8، ئەڭ يۇقىرى باج نىسبىتى %25 بولدى. ۋەخپە تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ باج نىسبىتى شۇ جايدىكى يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپىنىڭ باج نىسبىتى بويىچە ئىجرا قىلىنىدى. ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ ئوتتۇرىچە باج نىسبىتى: ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، ئۈرۈمچى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىنىڭ %14، كورلا ۋىلايىتى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ %14.5، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ %13.5، ئۈرۈمچى شەھىرى، قەشقەر ۋىلايىتى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ %12، قۇمۇل، خوتەن ۋىلايەتلىرىنىڭ %11 بولدى.

1958 — 1960 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرىچە باج نىسبىتى %13 بولدى، ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ ئوتتۇرىچە باج نىسبىتى: قەشقەر ۋىلايىتى، خوتەن ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ %11.5، قۇمۇل، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىنىڭ %12، ئىلى، بايىنغولىن ئوبلاستلىرىنىڭ %13، كورلا ۋىلايىتىنىڭ %13.5، ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە سانجى ئوبلاستىنىڭ %16، تۇرپان، پىچان ناھىيىلىرىنىڭ %15، توقسۇن ناھىيىسىنىڭ %14 بولدى. دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن كادىرلار باشقۇرغان دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ 1959 ـ يىلدىكى باج نىسبىتى %13 (1965 ـ يىلى %7كە ئۆزگەرتىلدى)، ئىدارە، قىسىم، كارخانا، مەكتەپلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەش خاراكتېرىدىكى قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش كىرىمىدىن 3 يىللىق باج كەچۈرۈم قىلىنىدى (1962 ـ يىلى %10 بويىچە باج ئېلىنىدى).

1961 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرىچە باج نىسبىتى %11، ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى ئوبلاستى، ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە شەھەرلەر، تارباغاتاي ۋىلايىتى، قاراماي شەھەرلىرىنىڭ %12.5، بورتالا ئوبلاستى، تۇرپان، پىچان ناھىيىلىرىنىڭ %12، بايىنغولىن ئوبلاستى، توقسۇن ناھىيىلىرىنىڭ %11.5، ئالتاي، ئاقسۇ، قۇمۇل ۋىلايەتلىرىنىڭ %11، قىزىلسۇ ئوبلاستى، قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىنىڭ %10 بولدى.

باج تاپشۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ نورمال يىللاردىكى ھوسۇلىنىڭ ھېسابلىنىشى. 1958 - يىلدىكى ھوسۇل 1957 - يىلدىكى ئەمەلىي ھوسۇل بويىچە 78% ئاساسىي ئاشلىققا سۇندۇرۇلدى. ئەگەر 1957 - يىلى ھوسۇل كېمەيگەن بولسا، 1958 - يىلدىكى ئەمەلىي ھوسۇل بويىچە 52% ئاساسىي ئاشلىققا سۇندۇرۇلدى. 1971 - يىلدىن ئېتىبارەن، 1968 — 1970 - يىلغىچە بولغان ئوتتۇرىچە نورمال ھوسۇل باج ھېسابلاشتىكى توپ سان قىلىنىپ، 5 يىلغىچە ئۆزگەرتىلمەي، شۇ نىسبەت بويىچە ھېسابلاپ ئېلىندى. 1976 - يىلدىن ئېتىبارەن، باج تاپشۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ ئۆتكەنكى 5 يىللىق ئوتتۇرىچە ئەمەلىي ھوسۇلى بويىچە ھېسابلاپ ئېلىندى. كېيىن ھەر 5 يىلدا بىرقېتىم تەڭشەلدى.

1956 — 1978 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ئېلىنغان غەللە - پاراق 4 مىليارد 14 مىليون كىلوگرام، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېلىنغىنى 174 مىليون كىلوگرام بولۇپ، ئەمەلىي سېلىق ئومۇمىي ھوسۇلنىڭ 6.3% نى ئىگىلىدى (جەدۋەل: 1 — 9غا قاراڭ).

## 3) ئېلىش نۇقتىسى بەلگىلەنگەن، رايونلار ئارا پەرقلىق تاناسىپلىق باج نىسبىتى بويىچە ھېسابلاپ ئېلىش

1979 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت مەركەزنىڭ دېھقانچىلىق بېجى سېلىقىنى يەڭگىللىتىش توغرىسىدىكى روھىغا ئاساسەن، دېھقانچىلىق بېجى ئېلىش نۇقتىسىنى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنى بىرلىك قىلىپ ھېسابلاپ، يىللىق ئوتتۇرىچە نورمىنى 160 كىلوگرام، كىرىمنى 40 يۈەن قىلىپ بېكىتتى. ئېلىش نۇقتىسىدىن يۇقىرى بولغانلاردىن يەنىلا 1978 - يىلدىن بۇرۇن بەلگىلەنگەن رايونلار ئارا پەرقلىق تاناسىپلىق باج نىسبىتى بويىچە ھېسابلاپ ئالدى. ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدە مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغانلاردىن ئائىلە بويىچە ھېسابلاپ ئېلىنىدىغان بولدى. دېھقانچىلىق بېجىنىڭ دۆلەت بېكىتكەن ئاشلىق سېتىۋېلىش توپ سانى (غەللە - پاراق ۋە سېتىۋېلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دىن ئېشىپ كەتكەن قىسمىغا نەق پۇل ئېلىندى، ئۇنى ئاشلىق تارماقلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ سېتىۋېلىش توپ سانىنى ئورۇندىغاندىن كېيىنكى ئارتۇق ئاشلىق پۇلىدىن ۋاكالىتەن تۇتۇۋالدى.

### 1956 — 1978 - يىلغىچە شىنجاڭدا دېھقانچىلىق بېجى ئېلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 1 — 9 بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| تۈرى / يىللار | ۋەزىپىسى (ئاق ئاشلىق) | نورمال يىللاردىكى ھوسۇل | ئەمەلىي ھوسۇلدىن بوغدايغا سۇندۇرۇلغىنى | ئېلىشقا تېگىشلىكى: ئاق ئاشلىق | ئېلىشقا تېگىشلىكى: ئەمەلىي ھوسۇلدا ئىگىلىگىنى % | ئامبارغا كىرگۈزۈلگىنى: ئاق ئاشلىق | ئامبارغا كىرگۈزۈلگىنى: ئەمەلىي ھوسۇلدا ئىگىلىگىنى % | پەرلىكتىن قوشۇلغىنى: ئاق ئاشلىق | پەرلىكتىن قوشۇلغىنى: ئېلىشقا تېگىشلىكىدە ئىگىلىگىنى % | كەچۈرۈم قىلىنغىنى: ئاق ئاشلىق | كەچۈرۈم قىلىنغىنى: ئېلىشقا تېگىشلىكىدە ئىگىلىگىنى % |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1956 | 14955 | 124000 | 216000 | 14861 | 6.9 | 13654 | 6.3 | 1788 | 12 | 334 | 2.2 |
| 1957 | 15500 | 127500 | 198500 | 18224 | 8.2 | 15879 | 8 | 1947 | 12 | 679.5 | 4.4 |
| 1958 | 23000 | 179000 | 209000 | 24024.5 | 11.5 | 22280.5 | 10.7 | 2883 | 12 | 401.5 | 1.7 |
| 1959 | 21602 | 190500 | 229000 | 24001 | 10.5 | 25574 | 11.2 | 2832 | 11.8 | 947.5 | 3.9 |
| 1960 | 26389.5 | 207500 | 203000 | 22923.5 | 11.3 | 23434 | 11.5 | 1581 | 6.9 | 4492.5 | 19.6 |
| 1961 | 17250 | 155000 | 172500 | 14060 | 8.2 | 13715.5 | 8 | 1306 | 9.3 | 3133.5 | 22.3 |
| 1962 | 17766 | 141500 | 166000 | 12626.5 | 7.6 | 12372.5 | 7.5 | 1780 | 9.8 | 3037.5 | 24 |
| 1963 | 15000 | 138500 | 230000 | 15684 | 6.8 | 15430.5 | 6.7 | 1550 | 9.9 | 1098.5 | 7 |
| 1964 | 16500 | 145500 | 275000 | 15353.5 | 5.6 | 17214 | 6.3 | 1460.5 | 9.5 | 841.5 | 5.5 |
| 1965 | 16000 | 147000 | 298500 | 15914.5 | 5.8 | 15941.5 | 5.3 | 1322 | 8.3 | 1969 | 12.4 |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1966 | 15750 | 151500 | 363500 | 15677 | 4.3 | 15313.5 | 4.2 | 1215.5 | 7.8 | 2505 | 16 |
| 1967 | 15750 | 151500 | 338000 | 15677 | 4.6 | 15313.5 | 4.5 | 1215.5 | 7.8 | 2505 | 16 |
| 1968 | 15750 | 151500 | 270500 | 15677 | 5.8 | 15313.5 | 5.7 | 1215.5 | 7.8 | 2505 | 16 |
| 1969 | 15750 | 151500 | 281000 | 15677 | 5.6 | 15313.5 | 5.4 | 1215.5 | 7.8 | 2505 | 16 |
| 1970 | 15750 | 141500 | 319500 | 15697 | 4.9 | 15946.5 | 5 | 1278 | 8.1 | 1958.5 | 12.5 |
| 1971 | 15750 | 141500 | 325500 | 15514 | 4.8 | 15971 | 4.9 | 1306 | 8.4 | 1406 | 9.1 |
| 1972 | 15750 | 141500 | 290500 | 14931 | 5.1 | 13811.5 | 4.8 | 953 | 6.4 | 1560 | 10.5 |
| 1973 | 15750 | 148000 | 334000 | 14922 | 4.5 | 14874 | 4.5 | 1990.5 | 8.2 | 1598 | 10.7 |
| 1974 | 15750 | 139500 | 272500 | 10760.5 | 3.9 | 12398 | 4.5 | 1658 | 9.2 | 3465.5 | 32.2 |
| 1975 | 15750 | 150000 | 319500 | 14086 | 4.4 | 13803 | 4.3 | 1853.5 | 9.5 | 2113 | 15 |
| 1976 | 14350 | 295500 | 349000 | 13957 | 4 | 14412.5 | 4.1 | 1325 | 9.5 | 931 | 6.7 |
| 1977 | 14350 | 309000 | 338500 | 12969.5 | 3.8 | 13258 | 3.9 | 1325 | 10.2 | 1915.5 | 14.8 |
| 1978 | 14350 | 319500 | 386500 | 13955.5 | 3.6 | 13836 | 3.6 | 1358.5 | 9.7 | 842.5 | 6 |
| جەمئىي | 384512.5 | 3948000 | 6386000 | 367173 | 5.7 | 365060 | 5.7 | 36359 | 9.9 | 42745 | 11.6 |

ئىزاھ: جەدۋەلدىكى سان مالىيە نازارىتىدىن ئېلىنغان.

1980 - يىلى باج ئېلىش نۇقتىسى ئۆستۈرۈلۈپ، يىللىق ئوتتۇرىچە نورما 170 كىلوگرام، كىرىم 45 يۈەن قىلىپ بېكىتىلدى. بۇ 2 تۈرنىڭ بىرى ئۆلچەمگە يەتمىسە ئېلىش كەچۈرۈم قىلىنىدى. مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئائىلە بويىچە نورما ۋە كىرىمگە قاراپ باج ئېلىش نۇقتىسىنى ھېسابلاش خىزمەت مىقدارى زور، مەشغۇلاتى قىيىن بولغاچقا، 1984 - يىلدىن ئېتىبارەن، باج ئېلىش نۇقتىسىنى بەلگىلەش چارىسى ئەسلىدىكى بىر بەلگىلەپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتمەيدىغان سېتىۋېلىش توپ سان ۋەزىپىسى بويىچە ھېسابلاپ ئېلىشقا ئۆزگەرتىلدى. نورمىسى ۋە كىرىمى بەك تۆۋەن ئاز ساندىكى دېھقان ئائىلىلىرىدىن كېمەيتىپ ئېلىنىدى ياكى كەچۈرۈم قىلىنىدى.

بۇ مەزگىل جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئاپتونوم رايون بويىچە غەللە -پاراق ئەڭ ئاز ئېلىنغان، سېلىق ئەڭ يەڭگىل بولغان مەزگىل بولدى. ئەڭ كۆپ ئېلىنغان يىلدا 133 مىليون كىلوگرام، قالغان يىللاردا 120 مىليون كىلوگرام ئۆپچۆرىسىدە بولدى، يىللىق ئوتتۇرىچە ئەمەلىي سېلىق ئومۇمىي ھوسۇلنىڭ %31.2نى ئىگىلىدى (جەدۋەل: 1 — 10غا قاراڭ).

### 1979 — 1984 - يىلغىچە شىنجاڭدا دېھقانچىلىق بېجى ئېلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 1 — 10  بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| تۈرى / يىللار | ۋەزىپىسى | نورمال يىللاردىكى ھوسۇل | ئەمەلىي ھوسۇلدىن بۇغدايغا سۇندۇرۇلغىنى | ئېلىشقا تېگىشلىكى: ئاق ئاشلىق | ئېلىشقا تېگىشلىكى: ئەمەلىي ھوسۇلدا ئىگىلىگىنى % | ئامبارغا كىرگۈزۈلگىنى: ئاق ئاشلىق | ئامبارغا كىرگۈزۈلگىنى: ئەمەلىي ھوسۇلدا ئىگىلىگىنى % | يەرلىكتىن قوشۇلغىنى: ئاق ئاشلىق | يەرلىكتىن قوشۇلغىنى: ئېلىشقا تېگىشلىكىدە ئىگىلىگىنى % | كەچۈرۈم قىلىنغىنى: ئاق ئاشلىق | كەچۈرۈم قىلىنغىنى: ئېلىشقا تېگىشلىكىدە ئىگىلىگىنى % |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1979 | 14350 | 342000 | 427000 | 11825 | 2.8 | 11822.5 | 2.8 | 1145 | 9.7 | 2950.5 | 25 |
| 1980 | 14350 | 316500 | 445500 | 11091.5 | 2.5 | 11921.5 | 2.6 | 1116.5 | 10.1 | 3562 | 32.1 |
| 1981 | 14350 | 317000 | 495000 | 11688 | 2.4 | 10919 | 2.2 | 1046 | 9 | 2882 | 24.7 |
| 1982 | 14350 | 320000 | 541500 | 12387 | 2.3 | 12360 | 2.3 | 1194.5 | 9.6 | 2211 | 17.9 |
| 1983 | 14350 | 318500 | 592000 | 12993 | 2.2 | 13232.5 | 2.2 | 1291.5 | 9.9 | 1629 | 12.3 |
| 1984 | 14350 | 321000 | 665500 | 13311 | 2 | 13266.5 | 2 | 1272 | 9.6 | 1312 | 9.9 |
| جەمئىي | 86100 | 1935000 | 3166500 | 73295.5 | 2.3 | 73522 | 2.3 | 7065.5 | 9.6 | 14546.5 | 19.8 |

ئىزاھ: بۇ جەدۋەلدىكى سان مالىيە نازارىتىدىن ئېلىنغان.

### 4) سەپلىمە پۇل ئېلىشقا ئۆزگەرتىش

1985 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى گوۋۇيۈەننىڭ دېھقانچىلىق بېجىنى ئاشلىق نىسبەت باھاسى بويىچە سۇندۇرۇپ سەپلىمە پۇل ئېلىشقا ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھىغا ئاساسەن، 1985 - يىلدىن ئېتىبارەن، يېزا ئىگىلىك بېجىغا ئاشلىق ئېلىشنى سۇندۇرۇپ سەپلىمە پۇل ئېلىشقا ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئاشلىق تارماقلىرى ئاز ساندىكى ئاشلىقى كەملەيدىغان جايلاردىن باشقا رايونلاردا ۋاكالىتەن غەللە - پاراق ئالمايدىغان بولدى.

## 2. غەللە - پاراقنى كېمەيتىش - كەچۈرۈم قىلىش

غەللە - پاراق ئېلىش داۋامىدا غەللە - پاراقنى كېمەيتىش - كەچۈرۈم قىلىش ئاپەت ئەھۋالىغا قاراپ كېمەيتىش - كەچۈرۈم قىلىش، ئىجتىمائىي كېمەيتىش - كەچۈرۈم قىلىش، چېگرا ناھىيەلەرنىڭكىنى كېمەيتىش- كەچۈرۈم قىلىش، قالدۇقنى كەچۈرۈم قىلىش، باشقا سەۋەبتىن كېمەيتىش - كەچۈرۈم قىلىشتىن ئىبارەت 5 تۈرگە بۆلۈندى. 1952 — 1984 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 582 مىليون كىلوگرام غەللە- پاراق كېمەيتىلدى ياكى كەچۈرۈم قىلىندى، بۇ شۇ مەزگىلدىكى ئېلىشقا تېگىشلىك غەللە - پاراقنىڭ 11.77%نى ئىگىلەيدۇ. 1985 - يىلدىن باشلاپ غەللە - پاراقنى كېمەيتىش - كەچۈرۈم قىلىشتا ئاشلىق بويىچە ھېسابلانمايدىغان بولدى.

### 1) ئاپەت ئەھۋالىغا قاراپ كېمەيتىش - كەچۈرۈم قىلىش

قۇرغاقچىلىق، مۆلچىلىك، ھاشارات ئاپىتى، مۆلدۈر قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر يۈز بەرگەندە، ئاپەت يېنىك بولسا ئاز كېمەيتىش، ئېغىر بولسا كۆپ كېمەيتىش، پەۋقۇلئاددە ئاپەت بولسا ھەممىسىنى كەچۈرۈم قىلىش پرىنسىپى بويىچە، ئامىمىغا تايىنىپ، ئاپەت ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ، دېموكراتىك باھالاپ، رەھبەرلىك بېكىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، ئېلىنىدىغان غەللە - پاراق كېمەيتىلدى ياكى كەچۈرۈم قىلىندى. ئومۇمەن ھوسۇل 10%تىن كۆپرەك كېمەيگەن بولسا غەللە - پاراقنى كېمەيتىش ياكى كەچۈرۈم قىلىش ئىجرا قىلىندى. 60% كېمەيگەن بولسا ھەممىسى كەچۈرۈم قىلىندى. 1950 - يىلدىكى بەلگىلىمە بويىچە ئاپەت بولۇش تۈپەيلىدىن كېمەيتىش - كەچۈرۈم قىلىشقا توغرا كەلگەندە، ئاپەت ئەھۋالى دەرىجىمۇ دەرىجە تەكشۈرۈلۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە يوللاپ تەستىقلىتىلغاندىن كېيىن كېمەيتىشكە- كەچۈرۈم قىلىشقا بولاتتى. 1962 - يىلى كېمەيتىش - كەچۈرۈم قىلىش مىقدارى خام چوتتا تىزگىنلىنىدىغان كېمەيتىش - كەچۈرۈم قىلىش ساندىن ئېشىپ كەتمىسە، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلاپ كېمەيتسە، كەچۈرۈم قىلسا بولىدۇ؛ كېمەيتىش - كەچۈرۈم قىلىش مىقدارى خام چوتتا تىزگىنلىنىدىغان ساندىن ئېشىپ كېتىپ، ۋەزىپىنىڭ ئورۇندىلىشىغا تەسىر يەتسە، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشىغا مەلۇم قىلىش كېرەك، دەپ ئۆزگەرتىلدى.

### 2) ئىجتىمائىي كېمەيتىش - كەچۈرۈم قىلىش

1950 - يىلى ئىنقىلابىي قۇربانلار، ئىنقىلابىي ھەربىيلەر، تەمىنات تۈزۈمىدىكى خادىملارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە قېرى، ئاجىز، يېتىم، تۇل، مېيىپلاردىن تۇرمۇشى ئالاھىدە نامراتلىرىغا يېزا (كەنت) يېزا ئىگىلىك بېجىنى باھالاش ھەيئىتىنىڭ باھالىشى، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، باجنى كېمەيتىش - كەچۈرۈم قىلىش بەلگىلەندى. 1953 - يىلى يۇقىرىدا ئېيتىلغان خادىملارنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقى دەرىجىسىگە قاراپ تۆلەيدىغان بېجىنىڭ 10% ~ 15%ى كېمەيتىلدى - كەچۈرۈم قىلىندى، ئايرىم ئالاھىدە نامراتلاردىن كۆپرەك كېمەيتىلدى ياكى ھەممىسى كەچۈرۈم قىلىندى. 1956 - يىلى ئالىي يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپىدىكى بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىلەردىن غەللە - پاراق ئېلىنمىدى،

باشلانغۇچ يېزا ئىگىلىك كوپىراتىپىنىڭ نامرات ئەزالىرى ۋە يەككە دېھقان ئائىلىلىرىدىن ئاپاۋەتكە قاراپ كېمەيتىلدى ياكى كەچۈرۈم قىلىندى. 1976 ـ يىلى ناھىيە بېكىتكەن نامرات ئەترەتلەردىن مۇۋاپىق كېمەيتىلدى ياكى كەچۈرۈم قىلىندى. 1981 ـ يىلى كېمەيتىش ـ كەچۈرۈم قىلىش مۇھىم نۇقتىسى: ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ياكى كۈتۈلمىگەن ھادىسىلەرگە ئۇچرىغان ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى، «قوش ھۆددىگە ئېلىنغان» ئەترەتلەردىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىلەر، يېزىلاردىكى مېيىپ ھەربىيلەر ۋە كۈتۈلمىگەن ئاپەتكە ئۇچرىغان قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەردىن ئىبارەت بولدى.

## 3) چېگرا ناھىيە ـ گوڭشېلارنىڭكىنى كېمەيتىش ـ كەچۈرۈم قىلىش

چېگرا رايونلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، 1964 ـ يىلى چېگرا 1 ـ سەپتىكى 23 ناھىيىنىڭ بارلىق خەلق گوڭشېلىرى تاپشۇرىدىغان غەللە ـ پاراقنىڭ 5% ~ 10%ى كېمەيتىلدى. شۇ يىلى تەخمىنەن 2 مىليون كىلوگرام غەللە ـ پاراق كېمەيتىپ ئېلىندى. 1974 ـ يىلى ئاپتونوم رايون چېگرا ناھىيىنى 31 قىلىپ بېكىتىپ، 1 ـ سەپ ۋە 2 ـ سەپ دەپ ئايرىمىدى. بۇ قېتىم يېڭىدىن چېگرا ناھىيىگە ئايرىلغان خوتەن، گۇما، قاغىلىق ۋە ئەسلىدە چېگرا 2 ـ سەپكە ئايرىلغان ئالتاي، بۇرۇلتوقاي، ئۈچتۇرپان، ئاراتۇرۇك، مورى، قورغاس ۋە نۇقتىلىق ئېتىبار بېرىلىدىغان تاشقورغان قاتارلىق ناھىيىلەردىن تاپشۇرىدىغان غەللە ـ پاراقنىڭ 5% ~ 6%ى كېمەيتىلدى، يەنى 1 مىليون 85 مىڭ كىلوگرام غەللە ـ پاراق كېمەيتىلدى.

## 4) قالدۇقنى كەچۈرۈم قىلىش

باج تاپشۇرۇش مۆھلىتى توشۇپ قالغان بولسىمۇ، ئاز ساندىكى باج تاپشۇرغۇچىلار قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن تولۇق تاپشۇرۇپ بولالمىسا، تاپشۇرۇپ بولالمىغان قىسمى دېھقانچىلىق بېجى قالدۇقى دەپ ئاتىلىدۇ. ئومۇمەن «كونا قەرزگە قارىتا كەڭچىلىك قىلىش، يېڭى قەرزگە قارىتا قاتتىق تەلەپ قويۇش» پرىنسىپى بويىچە، «ئامما باھالاش، ھۆكۈمەت تەكشۈرۈپ بېكىتىش» ئارقىلىق كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 1954 ـ، 1957 ـ، 1965 ـ، 1974 ـ، 1979 ـ يىللىرى 5 قېتىم ئىلگىرىكى يىللاردا غەللە ـ پاراق ئېلىش جەريانىدا خاتا ھېسابلاپ قويۇش، يەرنىڭ دەرىجىسى مۇۋاپىق بولماسلىق، ھوسۇلنى بەك يۇقىرى باھالىۋېتىش، كۈتۈلمىگەن ئاپەتلەرگە ئۇچرىغاندىمۇ كېمەيتمەسلىك، كەچۈرۈم قىلماسلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قەرز قالغان غەللە ـ پاراقنى ۋە ئەمگەك كۈچى كەم دېھقان ئائىلىلىرى، بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە ۋە نامرات گوڭشې، نامرات ئەترەتلەر تاپشۇرالماي قالغان غەللە ـ پاراق قالدۇقىنى كەچۈرۈم قىلىشنى بەلگىلىدى. جۈملىدىن 1965 ـ يىل 12 ـ ئايدا 1959 — 1964 ـ يىلغىچە قالغان قالدۇق 12 مىليون 420 مىڭ كىلوگرام غەللە ـ پاراقنىڭ ھەممىسىنى كەچۈرۈم قىلىشنى بەلگىلىدى. 1979 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئومۇمەن دېھقانچىلىق بېجى بەلگىلەنگەن باج ئېلىش نۇقتىسىدىن تۆۋەن بولغان باج تاپشۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ قالدۇقىنى بىردەك كەچۈرۈم قىلىش بەلگىلەندى.

## 5) باشقا سەۋەبتىن كېمەيتىش ـ كەچۈرۈم قىلىش

1950 ـ يىلى چارۋىچىلارنىڭ دېھقانچىلىق قىلىدىغان تېرىلغۇ يېرىدىن 5% ~ 20% كىمچە غەللە ـ پاراق كېمەيتىلدى. 1958 ـ يىلى دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، ھەربىيلەر دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك كوپىراتىپلىرىدىن قانۇن بويىچە پىششىق يەرلەرنى تېرىغان ۋە داۋاملىق تېرىيدىغانلاردىن بىر يىللىق باج كەچۈرۈم قىلىندى. يېڭىدىن بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىدىغانلاردىن 2 ~ 3 يىللىق باج كەچۈرۈم قىلىندى. 1960 ـ يىلى نامرات گوڭشې ـ ئەترەتلەردىن قانۇن بويىچە باج كېمەيتىلگەندىن كېيىن، سېلىقنىڭ ئەمەلىي ھوسۇل كىرىمىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى ئادەتتىكى گوڭشې ـ ئەترەتلەردىن يۇقىرى بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاپشۇرۇشتا قىيىنچىلىقى بولسا يەنە 10% كېمەيتىلدى. 1975 ـ يىلى ئاپەتتىن كېيىن يازغى بۇغداينى تولۇقلاپ تېرىپ، بىرلىك ھوسۇلى نورمال يىللاردىكىدىن تۆۋەن بولغان بولسا باج كەچۈرۈم قىلىندى؛ نورمال يىللاردىكى ھوسۇلغا يېقىنلىشىپ قالغانلاردىن 30% ~ 50% كېمەيتىلدى. 1979 ـ يىلدىن ئېتىبارەن،

بەلگىلەنگەن باج ئېلىش نۇقتىسى بويىچە باج ئېلىندى، تاكى 1984 ـ يىلغىچە بولغان 5 يىلدا باج ئورنىدا ئېلىنىدىغان 82 مىليون 175 مىڭ كىلوگرام بۇغداي كەچۈرۈم قىلىندى. 1984 ـ يىلى شەھەر قۇرۇلۇشىغا كەتكەن يەر ئۈچۈن 329 مىڭ كىلوگرام بۇغداي كېمەيتىپ ئېلىندى.

## 3. يەرلىك قوشۇمچە ئالىدىغان ئاشلىق

يەرلىك جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرىنى بېجىرىشكە كېتىدىغان مەبلەغنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، دېھقانچىلىق بېجىغا قوشۇپ ئېلىنىدىغان ئاشلىق يەرلىك قوشۇمچىسى دەپ ئاتىلىدۇ. 1950 — 1984 ـ يىلغىچە (ئارىلىقتا 3 يىل ئېلىنمىدى) ئاپتونوم رايون بويىچە بەلگىلەنگەن قوشۇمچىنىڭ دېھقانچىلىق بېجىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى مۇنداق بولدى: 1950 ـ يىلى %15، 1951 ـ يىلى %20، 1954 ـ يىلى %5، 1956 ـ يىلى %12، 1958 ـ يىلى ئىقتىسادىي زىرائەتلەر، باغۋەنچىلىك بىر قەدەر مەركەزلەشكەن ھەم دارامىتى ئاشلىق تېرىغانلارنىڭكىدىن كۆپرەك بولغان يېزىلاردىن ئېلىنىدىغان قوشۇمچە ئاشلىق نىسبىتى %12 ~ %20 بولدى، 1961 ـ يىلى %10كە چۈشۈرۈلدى. مۇشۇ مەزگىلدە ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمەلىي ئېلىنغان يەرلىك قوشۇمچە ئاشلىق 494 مىليون كىلوگرام بولۇپ، ئېلىشقا تېگىشلىك غەللە ـ پاراقنىڭ %52.9نى ئىگىلىدى.

## 4. مەجبۇرىي ئاشلىق توشۇش

باج تاپشۇرغۇچى ئورۇنلار ۋە دېھقان ئائىلىلىرى بەلگىلەنگەن مۇساپە ۋە نورما ئىچىدە تاپشۇرۇشقا ۋە سېتىپ بېرىشكە تېگىشلىك ئاشلىق (غەللە ـ پاراق ۋە ئېشىنغان ئاشلىقمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) نى دۆلەت بەلگىلىگەن ئامبارغا مەجبۇرىي توشۇپ بېرىشى كېرەك. توشۇش مۇساپىسى ۋە نورمىسى چەكلىمىدىن ئېشىپ كەتسە، دۆلەت كىرا پۇلى بېرىدۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلگىرىكى يىللاردىكى مەجبۇرىي توشۇش مۇساپىسى ۋە نورما چەكلىمىسى: 1950 — 1952 ـ يىلغىچە ئاق مۇساپە 50 كىلومېتىر ئىدى، 1953 — 1963 ـ يىلغىچە 25 كىلومېتىرغا، 1964 — 1984 ـ يىلغىچە 15 كىلومېتىرغا چۈشۈرۈلدى، كىشى بېشىغا بەلگىلەنگەن نورما 100 كىلوگرام بولدى. ھۆددىگە ئېلىنغان سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىدىن ئاشۇرۇپ سېتىپ بېرىلگەن ئاشلىقنى مەجبۇرىي توشۇپ بېرىش ئۈستىگە ئېلىنمىدى. 1973 ـ يىلدىن ئېتىبارەن، بىر بەلگىلەپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتمەيدىغان ئاشلىق سېتىۋېلىش توپ سانىدىن ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغان ئاشلىق، ئاشلىقى كەملەيدىغان ئەترەت ۋە ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەيدىغان ئەترەتلەرنىڭ ھوسۇلى ئاشقاندىن كېيىن دۆلەتكە سېتىپ بەرگەن ئارتۇق ئاشلىقنى مەجبۇرىي توشۇپ بېرىش يۈكلەنمىدى، 1985 ـ يىلدىن باشلاپ مەجبۇرىي ئاشلىق توشۇش بەلگىلىمىسى بىكار قىلىندى.

# باب II

# ئاشلىقنى بازاردىن سېتىۋېلىش

## §1 . ئىختىيارىي سېتىۋېلىش

## 1. تاك دەۋرىدىكى كېڭىشىپ سېتىۋېلىش

تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرتتىكى چوڭ قوشۇن

تۇرۇشلۇق جايلاردا ئاشلىقنى كېڭەشىپ سېتىۋېلىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئەسكەر تۇرغۇزۇپ دېھقانچىلىق قىلىپ ئالغان ئاشلىقنىڭ كېمىنى تولۇقلاش ئۈچۈن، شۇ جايدىن بازار باھاسىدىن يۇقىرى باھادا ئاشلىق سېتىۋالدى. «يېڭى تاڭنامە. ئوزۇق - تۈلۈك، مال - مۈلۈك تەزكىرىسى»دە: «جېنگۈەن، كەييۈەن يىللىرىدىن كېيىن، چېگرا رايونلاردا غەربتە ئىدىقۇت، كۇسەن، كىنگىت، كىچىك بولۇرغىچە، شىمالدا سىرتاردۇشقىچە كېڭەيدى، ئۇ يەردە نەچچە ئون ئايماق بار، بۇ جايلارنى قوغداش ئۈچۈن چوڭ قوشۇن تۇرغۇزۇلدى، ئەسكەرلەر تېرىغان ۋە تىجارەت ئېلىنغان يەردىن چىققان ئاشلىق بىلەن قوشۇننى باقىشلى بولمىغاچقا، دەسلەپتە ئاشلىق كېڭەشىپ سېتىۋېلىندى»، دەپ خاتىرىلەنگەن.

## 2. چىڭ دەۋرىدىكى بازاردىن ئاشلىق سېتىۋېلىش ئەھۋالى

چىڭ دەۋرىدە چىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى يېڭىۋاشتىن بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇرۇشلىرىدىن ۋە شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئاپەتتىن ساقلىنىش - قەھەتچىلىككە تەييارلىق كۆرۈش ئۈچۈن، بازاردىن بىر قىسىم ئاشلىق سېتىۋالدى. چيەنلۇڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى چوڭ قوشۇن چىقىرىپ، قەشقەر قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىۋالغان تۇپىلاڭچىلارنىڭ كاتتىۋېشى چوڭ - كىچىك خوجىلارغا جازا يۈرۈش قىلغاندا، ئاقسۇنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى يۈڭ گۈي تەستىقلىتىش ئارقىلىق، ئونسۇدىن ھەربىي ئاشلىق سېتىۋالدى. چيەنلۇڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى) دىن كېيىن، چىڭ ھۆكۈمىتى يېزا ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى. چيەنلۇڭ 37 - يىلى (1772 - يىلى) دىن كېيىن، شەرقتە باركۆلدىن تارتىپ غەربتە جىڭغىچە، جەنۇبتا تۇرپاننىڭ ئۈرۈمچى رايونىغىچە (شۇ چاغدا 6 ئايماق، ناھىيە بار ئىدى) بولغان جايلاردا يېزا ئىگىلىكىدىن كۆپ يىل مول ھوسۇل ئېلىندى. بۇ چاغدىكى شىنجاڭدا ئاشلىق كۆپ بولغاچقا، ئاشلىق باھاسى تۆۋەنلەپ كەتتى، بۇنداق ئەھۋال مەملىكەت بويىچە ئاز كۆرۈلەتتى. چىڭ ھۆكۈمىتى ئاشلىق ساقلاش ۋە ئاشلىق باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ھەر يىلى دۆلەت خەزىنىسىدىن كۆمۈش چىقىرىپ بازاردىن نەچچە تۈمەن دانە ئاشلىق سېتىۋېلىپ ساقلىدى. مەسىلەن: چيەنلۇڭ 37 - يىلى (1772 - يىلى) شەنشى - گەنسۇنىڭ باش ۋالىيسى لىرجىن تەستىقلىتىش ئارقىلىق كېلەر يىلى ئاشلىق ئۆتنە بېرىش، ئاشلىق سېتىش ئىشلىرىغا تەييارلىق كۆرۈش ئۈچۈن، شىنجاڭدا يىغىم پەسلىدە 600 مىڭ دانە ئاشلىق سېتىۋالدى. چيەنلۇڭ 40 - يىلى (1775 - يىلى) باركۆلدە ئەسكەرلەر تېرىقچىلىق قىلىش ئارقىلىق ئالغان ئاشلىق تەمىنلەشكە يەتمىگەچكە، لىرجىن تەستىقلىتىش ئارقىلىق شۇ جايدىن 10 مىڭ دانە بۇغداي، يالىڭاچ ئارپا سېتىۋالدى. لېكىن ئۈرۈمچى رايونىدىكى ئايماق، ناھىيىلەرنىڭ ئەمەلدارلىرى دۆلەت خەزىنىسىگە ئاشلىق پۇلىنى ئاتچوت قىلغاندا، يالغان مەلۇم قىلىش، باشقىلارنىڭ نامىنى سېتىپ ئېلىۋېلىشتەك ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ھەدەپ خىيانەت قىلدى. پەقەت چيەنلۇڭ 38 — 45 - يىلغىچە (1773 — 1780 - يىلغىچە) سۇنۇمىسىرىن ئۈرۈمچىنىڭ باش بۇغى بولغان مەزگىلدە ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئاشلىق سېتىۋېلىنىدىغان كۆمۈشتىن نەچچە 100 مىڭ سەرگە خىيانەت قىلغان، جۈملىدىن، سۇنۇمىسىرىننىڭ قول ئاستىدىكىلەر ئۇنىڭغا بەرگەن پارا نەچچە 10 مىڭ سەرگە يەتكەن. «چىڭ ئوردىسى خاتىرىلىرى»گە ئاساسلانغاندا: «شۇ چاغدا، ئاشلىقنىڭ باھاسى تۆۋەن بولسىمۇ، ئايماق، ناھىيىلەر بازاردىكى ئەمەلىي سېتىش باھاسى بويىچە تەكشۈرۈپ ئاتچوت قىلمىدى. مەسىلەن: ھەربىر دانە بۇغداينىڭ باھاسى 8 — 9 مىسقالدىن بىر سەر 9 پۇڭ ئۆپچۆرىسىدە بولسىمۇ، ئەمما ئايماق، ناھىيىلەر يەنىلا بىر سەر 8 — 9 مىسقال بويىچە مەلۇم قىلغان. سوراق قىلىش جەريانىدا، ئەمەلدارلارنىڭ ئىقرار قىلىشىچە، ھەربىر دانە ئاشلىقتىن 3 — 4 مىسقالدىن 5 — 6 مىسقالغىچە كۆمۈش ئارتۇق ئېلىنغان. ستاتىستىكا قىلىپ كۆرگەندە، ئەمەلدارلار ئىلگىرىكى يىللاردا كۆز بوياپ ئېلىۋالغان كۆمۈش نەچچە يۈز سەردىن 10 مىڭ سەرگىچە بولغان. بۇ ئەمەلدارلار سۇنۇمىسىرىنگە ھەدىيە قىلغان كۆمۈش 1000 سەردىن نەچچە مىڭ سەرگىچە بولغان»، «داۋاملىق تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، قومۇلنىڭ يانداش ئايماق بېگى جىڭ

خالىق ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە كەم چىققان ئاشلىق، ئوت - چۆپنىڭ قىممىتى 67 مىڭ سەر كۈمۈشتىن ئاشقان، بۇرژۇئىسىنى قوشقاندا جەمئىي 150 مىڭ سەردىن ئارتۇق خەزىنە پۇلى كەم چىققان»، «باش مۇشاۋىر جيۇچىن قاتارلىقلارنىڭ سوراق قىلىشىچە دې پىڭ، خوتۇنلار نەچچە 10 مىڭ سەر كۈمۈشنى يەۋالغان»، گوچۇڭ ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى ئۇشخۇگىنىڭ ئىقرار قىلىشىچە: «لۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، باش بوغ سۇنۇمسىرىنغا 15 مىڭ سەر كۈمۈش ھەدىيە قىلغان ۋە يەتكۈزۈپ بەرگەن»، دەپ خاتىرىلەنگەن. چيەنلۇڭ خان ئۈرۈمچى رايونىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، بىر - بىرىنى قانات ئاستىغا ئېلىپ، دۆلەتنىڭ كۈمۈشىنى ئوچۇق - ئاشكارا خىيانەت قىلغانلىقىدەك جىنايى قىلمىشلىرىغا قارىتا ئۆز پەرمانىدا مۇنداق دەپ يازدى: «ئۈرۈمچى قاتارلىق ئايماق، ناھىيىلەر ئاشلىق سېتىۋېلىشتا باھانى ھەددىن ئارتۇق مەلۇم قىلىپ، ھۆكۈمەت پۇلىنى كۆز بوياپ ئېلىۋالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بىلەن دوست تارتىشىپ، ئۇلارغا ئوچۇق - ئاشكارا پارا بەردى. بۇ ھەقىقەتەن كىشىنى قاتتىق چۆچۈتىدىغان ئىش بولدى». چيەنلۇڭ 47 - يىلى (1782 - يىلى) 1 - ئايدا چىڭ ھۆكۈمىتى زىندان پىرقىسىنىڭ يانداش بېگى قانگشانى ئۈرۈمچىگە بېرىپ، ئۈرۈمچىنىڭ يېقىندىن تەيىنلەنگەن باش بوغى مىڭ لياڭ بىلەن بىرلىكتە «ئۈرۈمچىدىكى ئاشلىق سېتىۋېلىشتا باھانى ئارتۇق مەلۇم قىلىش دېلوسى»نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا ئەۋەتتى، كېيىن يەنە خىيانەتچىلەرنى بېيجىڭغا ئېلىپ بېرىپ ئاخىرقى سوت قىلدى. شىجىڭ جياڭجۈنلىكىگە تەيىنلەنگەن ئۈرۈمچىنىڭ سابىق باش بوغى سۇنۇمسىرىنغا «ئۆزەڭنى ئۆلتۈرۈۋال، دەپ پەرمان چۈشۈردى»، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئەسكىلىك قىلغان چاپارمەنلەردىن ۋاڭ لاۋخۇ قاتارلىق نەچچە كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بەردى؛ خىيانەت قىلغان كۈمۈش 10 مىڭ سەردىن ئاشقان ئۈرۈمچى ئايمىقىنىڭ سابىق ئايماقدارى دې پىڭ، قۇمۇلنىڭ يانداش ئايماق بېگى جىڭ فاڭ، باركۆل ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى خۇتۇلى، گوچۇڭ ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى ۋۇشخۇن، سانجى ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى ۋۇسەيۇن، فۇكاڭ ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى ۋاڭ جيې قاتارلىقلارنىڭ كاللىسىنى ئالدى؛ خىيانەت قىلغان كۈمۈش 10 مىڭ سەردىن تۆۋەن بولغان ئۈرۈمچىنىڭ سابىق دوتيىي مۇخبلۇن، سانجى ناھىيىسىنىڭ سابىق ئامبىلى فۇمىڭئا، ماناس ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى شۇي ۋېيېۇ، فۇكاڭ ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى جاڭ جيەنئەن قاتارلىق كىشىلەرنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، چېگرا جايلارغا سۈرگۈن قىلىپ، ئېغىر ئىشلارغا سالدى. بۇ دېلوغا چېتىشلىق بولغان ئۈرۈمچىنىڭ سابىق باش بوغى كۇي لىن، قۇمۇلنىڭ سابىق خان ئامبىلى فۇدې، خاجىڭئا، ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنىڭ سابىق دوتيىي بايانداي، قوتۇبىنىڭ سابىق سەيىارە ئامبىلى ۋۇيۇەن ۋە فېڭ شېن، يۇدېشىڭ، خواڭ يۈيىڭ، خې ۋەنشۇ، خې چى، ليۇجيەن قاتارلىق بىر تۈركۈم مەمۇرىي ۋە ھەربىي ئەمەلدارلارغا ئۇنۋانىنى ئېلىپ تاشلاش، خىزمىتىنى ئېلىپ تاشلاش، دەرىجىسىنى چۈشۈرۈش، جەرىمانە قويۇشتەك جازالارنى بەردى.

قاراشەھەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا كەم ھوسۇل ئېلىنغان يىللاردا ئاشلىق چىقىم قىلىشقا يېتەمەيتتى. چيەنلۇڭ 60 - يىلى (1795 - يىلى) خان ئامبال يۇفۇ قەھەتچىلىككە تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن، تەستىقلىتىش ئارقىلىق شۇ جايدىكى خەلقتىن 2000 دادەن ئاشلىق سېتىۋېلىپ ساقلىدى. جياچىڭ 2 - يىلى (1797 - يىلى) قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى چاڭ لىڭ قەھەتچىلىككە تەييارلىق كۆرۈش ئۈچۈن، تەستىقلىتىش ئارقىلىق، قەشقەر، يېڭىساردىن 3 يىلغا بۆلۈپ 10 مىڭ دادەن ئاشلىق سېتىۋالدى. داۋگۇاڭ 7 - يىلى (1827 - يىلى) 9 - ئايدا چىڭ ھۆكۈمىتى جاھانگىر خوجىنى قورشاپ يوقىتىش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭغا چوڭ قوشۇن ئەۋەتتى. ياڭ ۋېي جياڭجۈن چاڭ لىن ئاقسۇ ھاكىمبېگىگە قوشۇننى تەمىنلەشكە مەزكۇر شەھەردىن بۇغداي سېتىۋېلىشنى تاپشۇردى. داۋگۇاڭ 10 - يىلى (1830 - يىلى) 7 - ئايدا ئىلى جياڭجۈنى يۇلىڭ ئالدىنقى 2 يىلدا يېغىلىقنى تىنچىتىشتا ئىشلىتىلگەن زاپاس ئاشلىقنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، تەستىقلىتىش ئارقىلىق، 3 يىلغا بۆلۈپ 50 مىڭ دادەن بۇغداي، 10 مىڭ دادەن شال سېتىۋالدى.

گۇاڭشۇ 1 -، 2 - يىللىرى (1875 -، 1876 - يىللىرى) زوزۇڭتاڭ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، «باركۆلدىن

10 مىڭ دادەن، گۈچۈڭ ناھىيىسىدىن 5000 — 6000 دادەن، تەنسەن، جىمسارلاردىن 7000 — 8000 دادەندىن، ئۈرۈمچىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن 8000 — 9000 دادەن ئاشلىق سېتىۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن، تەمىناتچى ئەمەلدار، ئۈرۈمچىنىڭ باش بۇغى جىن شۇننى شۇ جايدىن سېتىۋېلىشقا بۇيرۇدى». گۇاڭشۇنىڭ 3 - يىلى (1877 - يىلى) 9 - ئايدىن 11 - ئايغىچە زوزۇڭتاڭنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىش قوشۇنى كورلىدىن خوتەنگىچە بولغان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنى قايتۇرۇۋالغاندا، «ئاشلىقنى شۇ جايدىن سېتىۋېلىپ تەمىنلىگەچكە، جەنۇب، شىمالدىكى ۋە گۈچۈڭدىكى ئاشلىق ئىدارىلىرىگە بىردەك ئاشلىق سېتىۋېلىپ يۆتكىمەسلىك توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى».

## 3. مىنگو دەۋرىدىكى بازاردىن سېتىۋېلىش

مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ھەربىي ئاشلىق ناھىيىلەر ئالغان غەللە - پاراق ئاشلىقىدىن چىقىم قىلىناتتى. ئاسادىيى ئاپەت ياكى ئۇرۇش بولۇپ قېلىپ ئاشلىق يېتىشمەي قالغاندا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئاشلىق سودىگەرلىرى ۋە يەرلىك ئەمەلدارلارغا ئاشلىق سېتىۋېلىشنى ھاۋالە قىلاتتى. مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىلى) چاررۇسىيە تاشقى موڭغۇلىيىنى ئەسكەر چىقىرىپ ئالتايغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشكە قۇتراتتى، شىنجاڭنىڭ ھەربىي ۋالىيسى ياڭ زېڭشىن ئالدىنقى سەپ قىسىمنىڭ ئوزۇق - تۈلۈك ۋە يەم - خەشەككە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئالتايدىكى ئاشلىق سودىگەرلىرىدىن چېڭ لىشۇن، مالىشاخۇن، لى جېڭشىڭ قاتارلىقلارغا گۈچۈڭ، ماناس قاتارلىق ناھىيىلەردىن ئاشلىق سېتىۋېلىشنى ھاۋالە قىلدى. لېكىن بەزى يومبىچىك ۋە ئەمەلدارلار كۆپىنچە ھەربىي ئاشلىق سېتىۋېلىشنى باھانە قىلىپ دېھقانلارنى شىلىۋالدى. شۇ يىلى كۇچانىڭ چارلىغۇچى بېگى تەن چاڭگۇ ئۆزى شەخسەن ئاشلىقنى دېھقانلاردىن ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ، قىممەت باھادا ساتتى. كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى.

مىنگونىڭ 20 — 23 - يىلىغىچە (1931 — 1934 - يىلىغىچە) جىن شۇرېن ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان دەۋرنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىن شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان دەۋرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگىچە ئۇدا بىر نەچچە يىل ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن، تېرىلغۇ يەرلەر ئاق قالدى. مىنگونىڭ 22 - يىلى (1933 - يىلى) شىنجاڭ بويىچە تېرىلغۇ يەر 4 مىليون 634 مىڭ 500 مو بولۇپ، ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن بۇرۇنقى تېرىلغۇ يەرنىڭ %53.40 ىلا قالدى. يېزا ئىگىلىكى تېز تۆۋەنلەپ، ئاشلىق قىس بولۇپ كەتتى، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا بىر نەچچە يىل بازاردىن ئاشلىق سېتىۋېلىش تەس بولۇپ كەتتى. مەلۇماتقا قارىغاندا، مىنگونىڭ 20 — 22 - يىلىغىچە (1931 — 1933 - يىلىغىچە) سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلگەن ئاشلىقنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 323 مىليون يۈەنگە يەتكەن. مىنگونىڭ 22 - يىلى (1933 - يىلى) 10 - ئايدا ئۈرۈمچىدە ئاشلىق ناھايىتى قىس بولۇپ، «ئاشلىق باھاسى بۇرۇنقىغا قارىغاندا نەچچە يۈز ھەسسە ئۆسۈپ كەتتى، ھەر 100 جىڭ ئۇننى ئۆلكە پۇلى ھېسابىدا 1500 سەرگىمۇ سېتىۋالغىلى بولمايتتى». ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەممە يەردىن ئاشلىق سېتىۋالدى. 12 - ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ليۇ ۋېنلۇڭ فۇكاڭ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى جۇجاۋغا: «تېزدىن 500 دادەن ئاق قوناق سېتىۋېلىڭلار، ھۆكۈمىتىمىز ئېلىپ كېلىشكە ماشىنا ئەۋەتىدۇ»، دەپ تېلېگرامما بۇيرۇقى بەردى. دېمەك، شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئاشلىق قىس بولۇپ كەتكەنىدى. بۇرھان شەھىدىنىڭ «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» دېگەن ئەسىرىدە: ئالتايدا «1934 - يىلى ئەتىياز كىرگەندىن كېيىن، جايلاردا ئاچارچىلىقتىن ئادەم ئۆلدى»، «سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىغا ئادەم ئەۋەتىپ نېسىگە 400 پۇت ئۇن سېتىۋېلىپ، 60 تۆگىگە ئارتىپ كېلىۋاتقاندا، يولدا ئاچ قالغان كىشىلەر پۈتۈنلەي بۇلاپ كەتتى»، «تەۋەيىمىزدىكى شەھەرلەردىمۇ ئاشلىق بۇلاش ھادىسىلىرى بولۇپ تۇردى. 4 - ئاينىڭ

باشلىرىدا، سودا جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى ئابلا شائىزۋېڭنىڭ خوتۇنى شاھەي ئالتاي شەھىرىدە تۇرۇشلۇق ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئاشلىق ئاختۇرغانلىقىنى شىكايەت قىلدى»، «بىز سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 10 مىڭ پۇت (163 مىڭ 800 كىلوگرامدىن كۆپرەك) بۇغداينى نېسىگە سېتىۋالدۇق»، دەپ يېزىلغان.

مىڭگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) دىن ئېتىبارەن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دېھقانلارغا مەبلەغ، ئۇرۇقلۇق، تېرىلغۇ ئۆلىغى ئۆتنە بېرىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرغاچقا، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى يىلدىن - يىلغا ئېشىپ كەلدى، ئاشلىق ھوسۇلىمۇ ئېشىپ باردى. مىڭگونىڭ 28 - يىلى (1939- يىلى) غا كەلگەندە، ئۆلكە بويىچە ئېلىنغان ئاشلىق 12 مىليون 529 مىڭ 100 دادەنگە يەتتى. ئەمما بازاردا ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش يەنىلا جىددىيرەك بولدى. شۇ يىلى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى مورى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە: «ئاشلىققا جىددىي ئېھتىياج بولغاچقا، ئۆتكەنكى 1000 دادەن بۇغداي سېتىۋېلىشنى داۋاملاشتۇرۇشۇڭلار لازىم، ئەگەر كونا ئاشلىقنى سېتىۋېلىشتا قىيىنچىلىق بولسا، بازارغا چىققان يېڭى ئاشلىقنى سېتىۋالساڭلار بولىدۇ»، دەپ تېلېگرامما ئەۋەتتى. مورى ناھىيىسى شىڭ شىسەيگە ۋە مالىيە نازارىتىگە: «ئۆتكەندە كونا كۈزگى ۋە يازغى بۇغدايلاردىن بولۇپ 169 دادەننى سېتىۋېلىپ مەلۇم قىلغانىدۇق»، ھازىر «يېڭى كۈزگى، يازغى بۇغدايلاردىن بولۇپ 701 دادەن» نى سېتىۋالدۇق، ئىككىسىنى قوشقاندىمۇ ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى يەنىلا ئورۇندىيالمىدۇق، دەپ جاۋاب تېلېگرامما يوللىدى. مىڭگونىڭ 29 -، 30- يىللىرى (1940 -، 1941 - يىللىرى) شىنجاڭ بويىچە تېرىلغۇ يەر ھەر يىلى 1 مىليون مو ئۆپچۆرىسىدە ئېشىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇدا چېكەتكە، قۇرغاقچىلىق قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر بولۇش تۈپەيلىدىن، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش تەسىرگە ئۇچراپ، بازاردىن ئاشلىق سېتىۋېلىش تەسرەك بولدى. مىڭگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) خەلقنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكىنى تەڭشەشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك سودا بانكىسى ئاشلىق سارىيى قۇرۇپ، بازاردىن ئاشلىق سېتىۋېلىشقا قاتناشتى. مىڭگونىڭ 31 - يىلى (1942- يىلى) نىڭ باشلىرىدا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە ئۆلكىلىك ج خ باشقۇرۇش باشقارمىسى بۈگۈر ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە بازاردىن 3000 دادەن بۇغداي سېتىۋېلىشنى ھاۋالە قىلدى ھەم بىر كۆزەتكۈچى ئەۋەتىپ ھەيدەكچىلىك قىلدى. بۇ ناھىيىدە ئالدىنقى يىلى ئاشلىقتىن كەم ھوسۇل ئېلىنغاچقا، بازاردا ئاشلىق ناھايىتى قىس بولدى، ئۇلار ئالدى بىلەن غەللە - پاراق ئاشلىقى ۋە زاپاس ئاشلىقتىن قەرز ئېلىپ ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ بەرمەكچى بولۇپ، يوليورۇق سورىغاندا، شىڭ شىسەي ماقۇل كۆرۈپ ۋە يوليورۇق بېرىپ مۇنداق دېدى: «باج ئىدارىسىنىڭ ئامبىرىدىن ۋاقىتىنچە 600 دادەن، يەنە زاپاس ئاشلىق ساقلاش ئامبىرىدىن 400 دادەن جەمئىي 1000 دادەن بۇغداي ئېلىپ، جىددىي ئېھتىياجنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاۋۋال ھارۋا يالاپ تۈركۈمگە ئايرىپ ئۆلكىگە يۆتكەپ بېرىڭلار، يەنە بىر تەرەپتىن تېزدىن ئادەم ئاجرىتىپ يېزىلارغا ئەۋەتىپ يېڭى ئاشلىق سېتىۋېلىڭلار . . . . . . ئەينى سان بويىچە ئامبارغا قايتۇرۇڭلار، قالغان ئاشلىقلارنى يەنە داۋاملىق سېتىۋېلىپ ئۆلكىگە يۆتكەپ بەرسەڭلار» . شۇ يىلى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى بەلگىلىمە چىقىرىپ، ناھىيىلەر ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك سودا بانكىسى ئاشلىق سارىيى ۋە ئۇنىڭ تارماق ئورگانلىرىنىڭ شۇ جايدىن ئاشلىق سېتىۋېلىشىغا يول قويدى. ئۆلكىلىك سودا بانكىسى ئاشلىق سارىيى پىچان قاتارلىق ناھىيىلەردە ئاشلىق سېتىۋالدى. ئۈنسۇدىن 4 قېتىم گۈرۈچ سېتىۋالدى، بۇنىڭ ئىچىدە 4- قېتىمدا سېتىۋالغان ئاشلىق «64 تاغار 6 تارازا 14 جىڭ» (كونا جىڭ ھېسابىدا 10 مىڭ 750 جىڭ) . مىڭگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) 2 - ئايدا ئۆلكىلىك سودا بانكىسى ئاشلىق سارىيىنىڭ غۇلجا شۆبە سارىيى بازاردىن بۇغداينى يېتەرلىك سېتىۋالالمىغاچقا، ئۈرۈمچىنى ئۇن بىلەن تەمىنلەشكە تەسىر يەتتى، جىددىي

ئېھتىياجىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، ئىلى ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدارىسى ۋە قورغاس، چاپچال، توققۇزتارا ناھىيىلىك باج ئىدارىلىرىنىڭ ئاشلىق ئامبىرىدىن 7500 دادەن بۇغداي سېتىۋېلىندى. شۇ يىلى 2 - ئايدىن 7 - ئايغىچە ئۆلكىلىك سودا بانكىسى ئۆز قارىمىقىدىكى ئاشلىق سارىيىغا گۇچۇڭ، ماناس، شىخۇ، تورپان شۆبە بانكىلىرىغا، سانجى، قۇتۇبى، فۇكاڭ، جىمسار، پىچان ئىش باشقارمىلىرىغا «ئاشلىق سېتىۋېلىش ئۆلچىمى» ۋە «ئاشلىق سېتىۋېلىش چارىسى»نى تارقاتتى. بىر يىلدا 30 مىڭ 100 دادەن ئاشلىق سېتىۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 10 مىڭ 300 دادەن، گۈرۈچ 6600 دادەن، قارا ئاشلىق 13 مىڭ 200 دادەن، ئۇن 25 مىليون كىلوگرام. «ئاشلىق سېتىۋېلىش چارىسى»نىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: (1) قەرز پۇل ئالغان دېھقانلارنىڭ ئىختىيارىيلىقى بىلەن پۇل ئورنىغا ئاشلىق قايتۇرۇشىغا روخسەت قىلىش، كۈزلۈك يىغىمغا قەرز پۇل بېرىش شەكلىدىن پايدىلىنىپ بولۇشىچە ئاشلىق سېتىۋېلىش. (2) يېڭى ئاشلىق خامانغا چىقىش مەزگىلىدە كەنتلەرگە ئاشلىق ئېلىش - سېتىۋېلىشنى سۆيلەپ تۇرۇشقا خادىم ئەۋەتىش. (3) ھەر قايسى شۆبە بانكىلار، ئىش باشقارمىلىرى ئۆلكىلىك بانكا بەلگىلىگەن ئاشلىق سېتىۋېلىش سانىنى بالدۇر ئورۇنداپ بولۇشى، سېتىۋېلىنغان ئاشلىق مىقدارى خېلى كۆپ يىغىلغاندا، ئاشلىق سارىيى ھارۋا - ئاپتوموبىل ئەۋەتىپ توشۇپ كېتىشى كېرەك. (4) ئومۇمەن بەلگىلەنگەن ئاشلىق سېتىۋېلىش سانىنى ئورۇندىغانلارغا مۇكاپات بېرىش ھەمدە يىل ئاخىرىدا ھېسابلاپ تىجارەت مۇكاپات پۇلى بېرىش، ئورۇندىيالمىغانلارنى «دىرېكتور، گۇرۇپپا باشلىقى قاتارلىقلارنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكى بويىچە بىر تەرەپ قىلىش ھەمدە مۇكاپات پۇلىنى كېمەيتىپ بېرىش».

مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) ئەتىيازدا ئۆلكىلىك سودا بانكىسى ئاشلىق سارىيى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، بۇ سارايىنىڭ خەلقنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكىنى تەڭشەش ئۈچۈن ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى 7 - ئايدىن كېيىن ئۆلكىلىك غەللە - پاراق ئاشلىق باشقارمىسى ئۈستىگە ئالدى. مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) پۇل پاخاللىشىپ، ئاشلىق سېتىۋېلىش تەس بولۇپ كەتتى. ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى جىددىي ئەھۋالدا ئالتۇن، كۈمۈش تەڭگىگە ئاشلىق سېتىۋېلىشقا قوشۇلدى. 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى مىللىي ھۆكۈمەت دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى بىرلەشمە ئارقا سەپ تەمىنات باش شتابىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق تەمىنات ئىدارىسى ئورۇمچى شەھىرىدە گۇچۇڭ، جىمسار، مورى ناھىيىلىرىنىڭ ھاكىملىرىنى چاقىرتىپ يىغىن ئاچتى، يىغىندا ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى دۆلەت خەزىنىسىدىن ئاجراتقان 600 سەر ئالتۇن (ھەر سەر ئالتۇن ئۆلكە كۈمۈش تەڭگىسى بويىچە 50 .172 يۈەن) غا 3 ناھىيىدىن 10 مىڭ 784 دادەن كۆك پۇرچاق (8832 .468 سەر ئالتۇن كېتىدۇ)، 900 مىڭ جىڭ بوغۇز (50 سەر ئالتۇن كېتىدۇ) سېتىۋېلىش، مالنى 20 كۈن ئىچىدە تاپشۇرۇپ بولۇش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شىنجاڭ تەمىنات ئىدارىسىدىكى ئەھۋالنى بىلىدىغان خادىملارنىڭ ئىنكاس قىلىشىچە، بۇ بىر قېتىملىق ھەربىي ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەك سېتىۋېلىش نامى بىلەن دۆلەت خەزىنىسىدىكى ئالتۇننى ئوچۇق - ئاشكارا ئالداپ ئېلىۋېلىش ۋەقەسى ئىكەن. يىغىندىن كېيىن شىنجاڭ تەمىنات ئىدارىسى ناھىيىلەرگە ئۇقتۇرۇش تارقاتتى. ئەمما كونكرېت تەدبىرلەر يوق ئىدى. كىشىلەرنىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن، ئۈرۈمچىدىن جىمسار قاتارلىق ناھىيىلەرگە بىر قىسىم كۈمۈش تەڭگە يۆتكەلدى. ئالاقىدار ناھىيىلەر شىنجاڭ تەمىنات ئىدارىسىغا دۆلەت ئامبىرىدىن بىر قىسىم يەم - خەشەك چىقىرىپ بەردى خالاس. ئالتۇن خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ يانچۇقىغا چۈشۈپ كەتتى. شۇ يىلدىن ئېتىبارەن، ئۆلكىلىك غەللە - پاراق ئاشلىق باشقارمىسى جايلارغا ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى چۈشۈرۈش بىلەن بىللە، چاي، رەخت، شېكەر، دېھقانچىلىق سايمانلىرى قاتارلىقماللارغا ئاشلىق تېگىشىپ سېتىۋالدى (جەدۋەل: 1 — 12گە قاراڭ).

## مىنگونىڭ 32 ـ يىلى (1943 ـ يىلى) دىكى شىنجاڭنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتى ۋە ئاشلىقنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 1 — 11

| تۈرى / ۋىلايەت نامى | مەھسۇلات مىقدارى (دادەن) | نوپۇسى | كىشى بېشىغا توغرا كەلگىنى (دادەن) |
|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى ۋىلايىتى | 1121747 | 410754 | 2.7 |
| ئىلى ۋىلايىتى | 2101977 | 471506 | 4.2 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 2121798 | 957412 | 2.2 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1848303 | 600044 | 3.1 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 196626 | 172116 | 1.1 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 95057 | 82197 | 1.1 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 1650881 | 523661 | 3.2 |
| قاراشەھەر ۋىلايىتى | 287532 | 117991 | 2.4 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 77291 | 57928 | 1.3 |
| يەكەن ۋىلايىتى | 1639608 | 558815 | 2.9 |
| جەمئىي | 11140820 | 3952424 | 2.8 |

ئىزاھ: بۇ مەلۇمات «شىنجاڭدىكى بوران ـ چاپقۇن» دىن ئېلىندى. بۇ كىتابتىكى مەلۇمات مىنگونىڭ 33 ـ يىلى مىللىي ھۆكۈمەت يىلنامىسىنىڭ «مىنگونىڭ 32 ـ يىلدىكى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى تەكشۈرۈش» دېگەن قىسمىدىن ئېلىنغان. جەدۋەلدىكى دادەن شۇ چاغدا مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن دادەن بولۇپ، ھەر دادەن 150 جىڭغا تەڭ.

## شىنجاڭ ئۆلكىلىك غەللە ـ پاراق ئاشلىق باشقارمىسىنىڭ مىنگونىڭ 37 ـ، 38 ـ يىللىرى (1948 ـ، 1949 ـ يىللىرى) دىكى چاي، رەختلەرگە ئاشلىق تېگىشىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 1 — 12

| تۈرى / ۋاقتى | ناھىيە نامى | مال ۋە مىقدارى | تېگىشىش نىسبىتى | تېگىشىلگىنى (دادەن): بۇغداي | تېگىشىلگىنى (دادەن): گۈرۈچ | ئەسكەرتىش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1948 ـ يىلى | گۇچۇڭ | سوقا چىشى 23 | بىر سوقا چىشىغا 3 كۈرە بۇغداي | 6.9 | | ئۆلكىدىن 30 سوقا بېرىلگەن، ئەمەلىيەتتە 23 ى تېگىشىلگەن |
| | قۇتۇبى | چاي، رەخت | | 7682 | | |
| | سىجۇەن | سۇ يېغى 1240 كىلوگىرام | 10 جىڭ سۇ يېغىغا بىر كۈرە گۈرۈچ | | 17.34 | بېجىرگۈچى خىيانەت قىلغاچقا، ئەمەلىي تېگىشىلگەن گۈرۈچ ناھايىتى ئاز بولدى |
| | | نېفىت 494 جىڭ | 10 جىڭ نېفىتقا بىر كۈرە گۈرۈچ | | | |
| | سانجى | ئاشچاي 1959 پارچە | بىر چايغا 2 كۈرە 5 شىڭ بۇغداي | 865 | | ئەمەلىي ئېلىنغان بۇغداي 724 دادەن بولۇپ، 141 دادەن قەرز قالدى |
| | | رەخت 150 توپ | بىر توپقا 2 دادەن 5 كۈرە بۇغداي | | | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1949 - يىلى | سىجۇەن | سېلىنبۇ رەختىسى 25 توپ | بىر توپقا بىر دادەن 5 كۈرە گۈرۈچ | | 279 | |
| | | بىجى رەختى 50 توپ | بىر توپقا بىر دادەن 6 كۈرە گۈرۈچ | | | |
| | | چىڭگۇڭنى 25 توپ | بىر توپقا بىر دادەن 7 كۈرە گۈرۈچ | | | |
| | | ئاشچاي 1000 | بىر چايغا بىر كۈرە 5 شىڭ گۈرۈچ | | | |
| | ماناس | چاي، رەخت | | 49 | 434 | |

## 4. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئاشلىقنى بازاردىن سېتىۋېلىش

1949 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى، ئۆلكىلىك غەللە - پاراق ئاشلىق باشقارمىسىنىڭ كەسپىي خىزمىتى نورمال ئىشلەندى، غەللە - پاراق ئاشلىقى ئېنقلانغاندىن سىرت، چاي، رەخت ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىغا يەنىلا ئاشلىق تېگىشلىدى (جەدۋەل: 1 — 12گە قاراڭ) . شۇ يىلى ئۆلكە بويىچە ئاشلىق مەھسۇلاتى 847 مىليون كىلوگرام بولۇپ، كىشى بېشىغا 196 كىلوگرامدىن توغرا كېلىپ، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن %22.6 تۆۋەن بولدى.

1950 - يىلى بازاردا ئاشلىق ئىختىيارىي سېتىۋېلىناتتى. بۇ سودىنى ئاساسلىقى خۇسۇسىي سودىگەرلەر قىلاتتى، ئوتتۇراقلىق تىجارەتچىلەر ۋە تۈگمەنچىلەر دېھقانلار ۋە سېتىقچىلار ئېلىپ كېلىپ ساتقان ئاشلىقنى ئالاتتى ۋەبازاردىن سېتىۋالاتتى، ئاۋات پەسىللەردە چولاق تىجارەتچىلەر، تۈگمەنچىلەر يەنە خامانلارغا بېرىپ سېتىۋېلىشقا ئادەم ئەۋەتەتتى. سېتىقچىلار يېزىلارغا بېرىپ مالغا ئاشلىق تېگىشەتتى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسى ئۈرۈمچى، قۇمۇل، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، قاراشەھەر ۋىلايەتلىرىگە خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، شۇ جايلاردىكى بازاردىن ئاشلىق سېتىۋېلىشقا ياردەملەشتى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا نازارىتى سودا شىركىتىنىڭ جايلاردىكى تارماق شىركەتلىرى ماگىزىن ئېچىش، كۆچمە گۇرۇپپا تەشكىللەپ بازار ۋە يېزىلارغا بېرىپ مالغا ئاشلىق تېگىشىش، شۇنىڭدەك ئۆلكىلىك ھەمكارلىق ئىدارىسىنىڭ ئاساسىي قاتلامدىكى كوپېراتىپلىرىنىڭ ۋاكالىتەن سېتىۋېلىشقا ھاۋالە قىلىشتەك شەكىللەر ئارقىلىق ئاشلىق سېتىۋالدى. جايلاردا تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ كوپېراتىپلىرى مەككار سودىگەرلەرگە زەربە بېرىش، ئاشلىق باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئالتۇن، كۈمۈش تەڭگىگە ئاشلىق سېتىۋالدى ياكى رەخت، چايغا ئاشلىق تېگىشتى. شۇ بىر يىلدا ئۆلكە بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار 145 مىليون 180 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق سېتىۋالدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسى %67.89 (شىنجاڭ ھەربىي رايونى شۇ يىلى سېتىپ بەرگەن ئاشلىقمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) نى، ئۆلكىلىك سودا شىركىتى %33.10نى ئىگىلىدى. سېتىۋېلىنغان ئاشلىق ئىچىدە بۇغداي %40.71نى، قارا ئاشلىق %13.28نى، گۈرۈچ %47.0نى ئىگىلىدى. بۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭ ھەربىي رايونى قەھەتچىلىكتىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن، يەنە 400 كىشىنى تەشكىللەپ، شىمالىي شىنجاڭدىكى 12 ناھىيە، شەھەر، يېزىغا ئەۋەتىپ شېكەر، رەخت، چايغا ئاشلىق تېگىشتى.

1951 - يىلى ئۆلكە بويىچە ئاشلىق ھوسۇلى ئاشتى، ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسى ۋە ناھىيىلەردىكى ئاشلىق ئامبارلىرى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئاشلىق سېتىۋالدى. ئۆلكىلىك سودا شىركىتى قارمىقىدىكى شىركەتلەر 100 كۆچمە گۇرۇپپا تەشكىللەپ، ئۇلارنى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا

ئەۋەتىپ، مالغا ئاشلىق ئېگىشتى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى 31 ئاشلىق سودىگىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ماناس، سىجۇەن ناھىيىلىرىگە بېرىپ ئۇلار ئېلىۋالغان رەخت، چاي، قەنت ـ شېكەرگە 235 مىڭ كىلوگرام كۆرۈچ، ئاق قوناق ئېگىشتى ۋە سېتىۋالدى. سېتىۋېلىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى قاتارلىق 4 شەھەر، ۋىلايەت ۋە گۇچۇڭ قاتارلىق 4 ناھىيىدە ئاشلىق بازىرى قۇرۇلۇپ، ئاشلىق سېتىۋالىدىغان كارخانا، ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ كىنىشكا بىلەن بازارغا كىرىپ ئاشلىق سېتىۋېلىشى بەلگىلەندى. يەكەن ۋىلايىتىدە ئۇششاق ئاشلىق سودىگەرلىرىنىڭ سېتىۋېلىش دائىرىسى بېكىتىپ بېرىلدى ۋە بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى بەلگىلەندى. شۇ يىلى سېتىۋېلىش باھاسى شىددەت بىلەن ئۆسۈپ كەتتى، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ سېتىۋېلىش ئاختاي باھاسى ۋاقتىدا تەڭشەلمىگەچكە، سېتىۋېلىش يېتەرلىك بولماي، ئۆلكە بويىچە دۆلەت كارخانىلىرى سېتىۋالغان ئاشلىق ئالدىنقى يىلدىكىدىن %53.68 ئاز بولدى.

1952 ـ يىلى ئۆلكە بويىچە جايلاردا يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ قانۇنسىز قىلمىشلىرىغا زەربە بېرىلگەچكە، سېتىۋېلىش تەرتىپى نورماللاشتى. يەنە سېتىۋېلىش باھاسى مۇۋاپىق تەڭشىلىپ، باھا مۇقىملاشتۇرۇلدى، شۇ يىلى ئۆلكە بويىچە ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىندى، سېتىۋېلىنغان ئاشلىق ئىچىدە يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ يەنىلا كۆپ سانىنى ئىگىلىدى. دۆلەت كارخانىلىرى سېتىۋالغان ئاشلىق ئالدىنقى يىلدىكىدىن %82.51 ئاشتى.

1953 ـ يىل 2 ـ ئايدىن ئېتىبارەن، ئۆلكە بويىچە ئاشلىق سېتىۋېلىش ئىشىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئاشلىق نازارىتى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان بولدى. شۇ ئايدا ئۆلكە بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ئاشلىق خىزمىتى يىغىنى ئېچىلىپ، ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ «كۆپ سېتىۋېلىپ، كۆپ سېتىش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، بازاردىكى ئاشلىق باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە ھەربىي تەمىنات، خەلقنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئومۇمەن ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى بازارلاردا سېتىۋېلىشنى قويۇۋېتىپ، دۆلەتنى مەلۇم مىقداردىكى ئاشلىقنى ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش قارار قىلىندى. بەزى ئاشلىق ئورگىنى قۇرۇلمىغان جايلاردا ھەمكارلىق كوپېراتىپ سېتىپمىسىنىڭ ۋاكالىتەن سېتىۋېلىشىغا ھاۋالە قىلىندى. خۇسۇسىي ئاشلىق سودىگەرلىرى ئومۇمەن رەھبەرلىككە بويسۇنۇپ، سىياسەتكە ۋە دۆلەتنىڭ ئاشلىق باھاسىغا رىئايە قىلسا، شۇ جايدىكى سودا ـ مائائەت كەسپىي تارماقلىرىغا تىزىملىتىپ تەكشۈرۈپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن سېتىۋېلىشقا بولاتتى، لېكىن سېتىۋېلىش مىقدارى تىزگىنلىنىشى كېرەك ئىدى. 7 ـ ئايدىن باشلاپ يېڭى ئاشلىق بازارغا چىقتى. ئۆلكە بويىچە ئاشلىق بازارلىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىدىكىسى ئازراق باشقۇرۇلغاندىن سىرت، باشقا جايدىكىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئىختىيارىي تىجارەت ھالىتىدە تۇرغاچقا، بازارغا چىققان ئاشلىق كۆپ بولسىمۇ، ئەمما بازار خۇسۇسىي سودىگەرلەرنىڭ چاڭگىلىدا بولغاچقا، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ سېتىۋېلىشى تەس بولدى. شۇ ئايدا ئۆلكىلىك مالىيە كومىتېتى ئاشلىق سېتىۋېلىش ھەققىدە يوليورۇق بېرىپ، ئۆلكە بويىچە ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى چوقۇم ئورۇنداپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ سېتىۋېلىش مىقدارى بازارغا چىققان ئاشلىق مىقدارىنىڭ %90دىن كۆپرەكىنى ئىگىلىشى لازىم، دەپ تەكىتلىدى. ئەمما «يوليورۇق»نىڭ ئىزچىللىشىش ئۈنۈمى بەكمۇ تۆۋەن بولدى. سېتىۋېلىش ئاۋات پەسلىدە غۇلجا شەھىرىدىكى خۇسۇسىي ئاشلىق سودىگەرلىرى ئۆز ئالدىغا ئاشلىق كەسپىي ئۇيۇشمىسى قۇرۇپ، يوللاردا دېھقانلارنىڭ ئاشلىق بېسىپ ماڭغان ھارۋىسىنى توسۇپ، دېھقانلارنى كەسپىي ئۇيۇشما ئارقىلىق سودىلىشىشقا مەجبۇرلاپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىشىنى چەتكە قاقتى. تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى دۆلەت كارخانىلىرى سېتىۋالغان ئاشلىقى بازاردىكى پۈتۈشۈش مىقدارىنىڭ %4ىنىلا ئىگىلىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ۋىلايەتلەردىكى بازارلارمۇ ئاساسىي جەھەتتىن خۇسۇسىي سودىگەرلەر تەرىپىدىن مونوپول قىلىۋېلىندى. ئۆلكىلىك مالىيە كومىتېتى بۇ پاسسىپ ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، 9 ـ ئايدا ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ ئاشلىق سېتىۋېلىشقا ياردەملەشتى، بەزى جايلاردىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئاشلىق

سېتىۋېلىش ئەھۋالى سەل ياخشىلاندى. ئەمما قەشقەر، خوتەن، يەكەن ۋىلايەتلىرىنىڭ سېتىۋېلىش سۈرئىتى يەنىلا ئاستا بولدى. پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئاشلىق سېتىۋېلىش ئۈچۈن، 11 - ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى «شىنجاڭ رايونىدا مەركىزىي بيۇرو ۋە غەربىي شىمال بيۇروسىنىڭ ئاشلىق ھەققىدىكى جىددىي يىغىنىنىڭ قارارىنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق»نى تارقاتتى. ۋىلايەت، ئوبلاستلار ناھىيىلەردە شۇجى، ھاكىملارنىڭ بىرلەشمە يىغىنىنى ئېچىپ، يوليورۇقنى يەتكۈزدى ۋە ئەمەلىيلەشتۈردى، ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ رەھبەرلىرى ناھىيىلەرگە چۈشۈپ دائىرە بويىچە سېتىۋېلىشنى ھۆددىگە ئالدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قىسمەن، دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ئىشلەپچىقارغان ئاشلىقتىن ئۆزىگە يەتكۈدەكنى قالدۇرۇپ، قالغىنىنىڭ ھەممىسىنى دۆلەت ئاشلىق تارماقلىرى شۇ جايدىكى تاختاي باھاسى بويىچە سېتىۋالىدۇ، ئورگان، مەكتەپ، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ئاشلىق تىجارىتى قىلىشىغا بولمايدۇ، دەپ بەلگىلىمە چىقارغاندىن كېيىن، ئۆلكە بويىچە دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. شۇ يىلى ئۆلكە بويىچە ئاشلىق ھوسۇلى 1949 - يىلدىكىدىن 562 مىليون كىلوگرام ساپ ئاشتى، كىشى بېشىغا توغرا كەلگىنى 99 كىلوگرام كۆپەيدى. ئۆلكە بويىچە سېتىۋېلىنغان ئاشلىق 200 مىليون كىلوگرام بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 78 مىليون كىلوگرام ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكىنىڭ ئاشلىق تارماقلىرى سېتىۋالغىنى 192 مىليون كىلوگرام (شىنجاڭ ھەربىي رايونى يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇش قىسمىنىڭ 1954 - يىلى 1 - پەسلىدە تۇنجى قېتىم سېتىپ بەرگەن 2 مىليون 60 مىڭ كىلوگرام ئاشلىقمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، سودا شىركىتى سېتىۋالغىنى 4 مىليون 40 مىڭ كىلوگرام، كوپېراتىپلار سېتىۋالغىنى 4 مىليون 240 مىڭ كىلوگرام (ۋاكالىتەن سېتىۋالغىنى بۇنىڭ سىرتىدا). بەزى جايلاردا زورلاپ سېتىۋېلىش ئېغىر بولۇپ، دېھقانلارنىڭ قالدۇرۇق ئاشلىقىمۇ سېتىۋېلىندى. شىمالىي شىنجاڭدىكى بەزى جايلار «قارا ئاشلىقنى ساقلاش تەس» دەپ قاراپ، سېتىۋېلىشنى قويۇۋەتكەچكە، شۇ يىلى ئاتلارنى تەمىنلەيدىغان بوغۇز يېتىشمىدى.

مەملىكەت بويىچە ئاشلىقنى سېتىۋېلىش ئاز، سېتىپ بېرىش كۆپ، بازاردا ئاشلىق قىس بولۇشتەك مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 1953 - يىل 10 - ، 11 - ئايلاردا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي كېڭىشى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «ئاشلىقنى پىلانلىق سېتىۋېلىش ۋە پىلانلىق تەمىنلەشنى يولغا قويۇش توغرىسىدا قارار» ۋە «ئاشلىقنى پىلانلىق سېتىۋېلىش ۋە پىلانلىق تەمىنلەشنى يولغا قويۇش توغرىسىدا بۇيرۇق»نى تارقاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۆلكە، شەھەرلەردە ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىپ بېرىش يولغا قويۇلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى شىنجاڭدا ئاشلىقنىڭ مەملىكەتنىڭ باشقا جايلىرىدىكىدەك قىس ئەمەسلىكى، يېزىلاردا يەر ئىسلاھاتى تېخى تامامەن ئاياغلاشمىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئېھتىياتچان بولۇش، سالماقلىق بىلەن ئىلگىرىلەش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا مەلۇم قىلىپ تەستىقلىتىش ئارقىلىق، 1954 - يىلى ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىپ بېرىشنى ۋاقىتىنچە يولغا قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قىسمەن جايلاردا ئاشلىق قىسلىشىپ كەتكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆلكە بويىچە ئاشلىق بىلەن «ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش» پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، شۇ يىللىق سېتىۋېلىش پىلانىنى 80 مىليون كىلوگرامغا كۆپەيتىش ھەمدە رايونلارنىڭ ئىختىسادىي ئەھۋالى ۋە خىزمەت ئاساسىغا قاراپ، باھالاپ سېتىۋېلىش، بازاردىن سېتىۋېلىش ۋە ئېشىنغان ئاشلىقنى پۈتۈنلەي سېتىۋېلىش چارىسىنى يولغا قويۇشنى بەلگىلىدى. قەشقەر، يەكەن، خوتەن ۋىلايەتلىرىدە بازاردىن سېتىۋېلىش تەس بولغاچقا، باھالاپ سېتىۋېلىش يولغا قويۇلدى، يەنى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىغا ۋە تەكرار ئىشلەپچىقىرىشىغا زىيان يەتكۈزمەسلىك پرىنسىپى ئاستىدا، دەرىجىمۇ دەرىجە ۋەزىپە تەقسىم قىلىندى، دېھقانلار ئېشىنغان ئاشلىقنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ ئۆزى مەلۇم قىلىش، ئاممىۋى باھالاش، رەھبەرلىك تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئارقىلىق، ئېشىنغان ئاشلىقى بار 50% ئائىلىلەرنىڭ ئاشلىقى ئادىل، مۇۋاپىق باھادا سېتىۋېلىنىشقا سەپەرۋەرلىك قىلىندى. ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋە ئۇنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردا ئاشلىق كۆپ،

پەر كەلىڭ، ئەھۋال ئاز بولغاچقا، بازاردىن سېتىۋېلىش داۋاملىق يولغا قويۇلدى. بازارلار قاتتىق باشقۇرۇلۇپ، خۇسۇسىي ئاشلىق سودىگەرلىرىنىڭ ئاشلىق ئېلىپ سېتىشى تۈپتىن يوقىتىلدى. دېھقانلارغا «ئېشىنغان ئاشلىقنى كۆپ بولسا كۆپ سېتىپ بېرىش، ئېشىنغىنى ئاز بولسا ئاز سېتىپ بېرىش، ئېشىنغىنى بولمىسا سېتىپ بەرمەسلىك» پرىنسىپى بويىچە بىرلىكەچكە ئېشىنغان ئاشلىقنى دۆلەتكە سېتىپ بەردى، دۆلەتمۇ بازاردىن ياكى سېتىۋېلىش نۇقتىسىدىن سېتىۋالدى. چەت، ياقىدىكى چاقىلىق، چەرچەن ناھىيىلىرىنىڭ ئارتۇق ئاشلىقىدىن شۇ جايدا ماراق چىقىرىلىپ، شۇ جايدا سېتىلدى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى (1954 - يىلى 8 - ئايدىن بۇرۇن شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇش قىسمى دەپ ئاتالاتتى) ئىشلەپچىقارغان ئاشلىق ئۆلكىلىك ئاشلىق نازارىتى بىلەن بىڭتۇەن ماددىي ئەشيالار تەمىنات باشقارمىسى مەسلىھەتلىشىپ تۈزگەن «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش قىسمىنىڭ 1954 - يىلدىكى ئېشىنغان ئاشلىقنى سېتىۋېلىش ۋە كەم ئاشلىقنى تەمىنلەش چارىسى» بويىچە، تۈزگە تولۇق قالدۇرغاندىن كېيىن، قالغىنى پۈتۈنلەي دۆلەت ئاشلىق تارماقلىرى تەرىپىدىن دېھقانچىلىق مەيدانلىرى جايلاشقان شەھەردە يۈرگۈزۈلۈۋاتقان تاختاي باھاسى بويىچە سېتىۋېلىندى. سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى ۋە ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىدە بىردىن ئىككىگىچە رەھبەر مەخسۇس ئاشلىق سېتىۋېلىشنى باشقۇردى، ھەر دەرىجىلىك مالىيە-ئىقتىساد كومىتېتى ئاساس قىلىنىپ، ئاشلىق، كوپېراتىپ، سودا، بانكا قاتارلىق تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتۇرۇلغان ئاشلىق سېتىۋېلىش ئىشخانىسى تەشكىل قىلىندى، جايلار دەرىجىمۇ دەرىجە تۈرلۈك يىغىنلارنى ئېچىپ ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى ئاشلىق باشقارمىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق خادىملارنى يېزىلارغا ئەۋەتىپ، تەشۋىق قىلىش، تېگى - تەكتىنى ئېنىقلاش، سېتىش مىقدارىنى باھالاپ بېكىتىش ۋە ئامبارغا كىرگۈزۈشكە تەشكىللەش قاتارلىق قەدەم - باسقۇچ بويىچە باھالاپ سېتىۋېلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، دائىرىدىكى خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلدى. بەزى ۋىلايەت، ناھىيىلەر ئاشلىق شىركىتى قۇرۇپ، بازارلاردا سېتىۋېلىش نۇقتىسى تەسىس قىلدى. ئاشلىق ئورگىنى يوق جايلار داۋاملىق كوپېراتىپ ۋە سودا شىركەتلىرىنىڭ ۋاكالىتەن سېتىۋېلىشىغا ھاۋالە قىلدى. ئۆلكە بويىچە ئومۇميۈزلۈك دۆلەت رەھبەرلىكىدىكى ئاشلىق بازارلىرى بەرپا قىلىنىپ، خۇسۇسىي سودىگەرلەرنىڭ بازاردىن ئاشلىق سېتىۋېلىشىغا يول قويۇلمىدى. شۇ يىلى ئۆلكە بويىچە ئاشلىق ھوسۇلى ئاشتى، دۆلەت ئاشلىق تارماقلىرى سېتىۋالغان ئاشلىق ئالدىنقى يىلدىكىدىن %25.50 ئاشتى. سېتىۋېلىنغان ئاشلىق ئىچىدە، بۇغداي %59.70، گۈرۈچ %70.7، قارا ئاشلىق %54.20نى ئىگىلىدى. كۆپرەك سېتىۋالغان ۋىلايەتلەردىن ئىلى ۋىلايىتىنىڭ %59.20، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ %28.18، سانجى ۋىلايىتىنىڭ %22.17، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ %33.15نى ئىگىلىدى. بىڭتۇەن سېتىپ بەرگەن ئاشلىق 15 مىليون كىلوگرامدىن ئېشىپ كەتتى. لېكىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەزى ۋىلايەتلەردە بازار بەك قاتتىق باشقۇرۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ سودىلىشىشى چەكلىمىگە ئۇچرىدى، كېيىنچە سېتىۋېلىش يولغا قويۇلغان بەزى يېزىلاردا ئۆي ئاختۇرۇش، ئورنىنى قېزىش ۋە بازارغا كىرگەن ئاشلىقنى زورلاپ سېتىۋېلىشتەك سىياسەتكە ئېغىر خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرى سادىر بولدى، بۇ ھال بىر قىسىم دېھقانلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى.

1955 - يىلى 3 - ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن «ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش خىزمىتىنى تېزدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كەيپىياتىنى مۇقىملاشتۇرۇش توغرىسىدا جىددىي يوليورۇق» تارقاتتى. 8 - ئايدا گوۋۇيۈەن «يېزىلاردا ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىش ۋاقىتلىق چارىسى»نى تارقىتىپ، مەملىكەت دائىرىسىدە ئاشلىق ھوسۇلىنى بېكىتىش، سېتىۋېلىشنى بېكىتىش، سېتىشنى بېكىتىش (قىسقارتىلىپ «ئۈچنى بېكىتىش» دەپ ئاتالدى) چارىسىنى سىناق تەرىقىسىدە يۈرگۈزۈشنى

بەلگىلىمىدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى ئۆلكە بويىچە ئانچە - مۇنچە ئېشىنچا ئاشلىق بارلىقى، يېزىلاردا ئىچكى ئۆلكىلەردىكىدەك جىددىيلىك بولماسلىقتەك ئەھۋالغا ئاساسەن، گوۋيۇەننىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش ئارقىلىق، ئۆلكە بويىچە يېزىلاردا ئاشلىقتا «ئۈچنى بېكىتىش»نى يولغا قويماي، ئالدىنقى يىلدىكى سىياسەتنى داۋاملىق ئىجرا قىلىش ھەمدە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى كېمەيتىش، سىياسەتنى ئىجرا قىلىش داۋامىدىكى خاتا ئىشلەش ئۇسۇلىنى تۈزىتىشنى بەلگىلىدى. شۇ يىلى ئۆلكە بويىچە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ئالدىنقى يىلدىكىدىن %11.20 كېمەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە، كېڭىشىپ سېتىۋېلىش يولغا قويۇلغان رايونلارنىڭ ۋەزىپىسى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 15 مىليون كىلوگرام كېمەيتىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قىسمەن جايلار ئالدىنقى يىلى كۆرۈلگەن زورلاپ سېتىۋېلىش خاتالىقىنى تۈزىتىپ، دېھقانلارنىڭ نارازىلىقىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، دېھقان ئائىلىلىرىگە ۋەزىپە تەقسىملىگەندە، دېھقانلار ئۆزى مەلۇم قىلىشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كېڭىشىشنى ئازايتىپ، كېڭەشمە بولمايدىغان ئائىلىلەرگە قالدۇرۇق ئاشلىقنى كەڭ ھېسابلاپ قالدۇرۇش، رايون يېزىلارنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش دائىرىسىنى دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ %50 ~ %70ى ئىچىدە، تىزگىنلەش، ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىشنى تەكىتلىمەسلىك، ئەگەر ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنسا، ناھىيە بويىچە تەقسىمات سانىنىڭ %10يىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك بەلگىلەندى. يېڭى ئاشلىق بازارغا كىرگەندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى ئاشلىق سېتىۋېلىش ھەققىدە يوليورۇق تارقاتتى. مەمۇرىي مەھكىمە ئاشلىق باشقارمىسى قەشقەر شەھىرى، يېڭىسار، پەيزاۋات، يوپۇرغا قاتارلىق ناھىيىلەرگە خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، يوليورۇقنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ياردەملەشتى. خوتەن، يەكەن ۋىلايەتلىرى، قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيىلىك، شەھەرلىك ئاشلىق تارماقلىرى بازارلاردا سېتىۋېلىش نۇقتىسى قۇرۇپ، ئاشلىق سېتىپ بەرگەن دېھقانلارغا ھۆججەت چىقىرىپ بېرىپ، ئۇنى ئېشىنغان ئاشلىق سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىگە ھېسابلىدى. قەشقەر شەھىرى، قەشقەر كونىشەھەر، قەشقەر يېڭىشەھەر، پەيزاۋات قاتارلىق ناھىيىلەر 8 - ئاينىڭ دەسلىپىدىلا بازاردىن 8 مىليون 330 مىڭ كىلوگرام بۇغداي سېتىۋېلىپ، كېڭىشىپ سېتىۋېلىش مىقدارىنى ئازايتتى. بازاردىن سېتىۋېلىش يولغا قويۇلغان ۋىلايەت، ئوبلاستلار سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ناھىيىلەرگە تەقسىم قىلىپ بەردى، ئاشلىق تارماقلىرى سېتىۋالغۇچى خادىملارنى سېتىۋېلىش سىياسىتىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، سېتىۋېلىش نۇقتىسىنى كۆپەيتىپ، ئاشلىق سېتىۋېلىش رەسمىيىتىنى ئاددىيلاشتۇردى. ساۋەن ناھىيىسى سەنداۋخېزى، شىخەنزى قاتارلىق جايلاردا ئاشلىق سېتىۋېلىش پونكىتى قۇردى، قۇمۇل ناھىيىسى كۆچمە سېتىۋېلىش گۇرۇپپىسىنى تەشكىللەپ يېزىلارغا ئەۋەتتى، مىچۈەن ناھىيىسى ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالەت پۇلى تارقاتتى. ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلام تور - نۇقتىلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۆلكىلىك ئاشلىق نازارىتى ئۆلكىلىك ھەمكارلىق ئىدارىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن، قىزىلسۇلاردىكى ۋاكالىتەن سېتىۋېلىش كەسپىنىڭ ھەممىسىنى، ئۈرۈمچى، ئاقسۇلاردىكىنىڭ %60ىنى، ئىلى، تارباغاتاي، كورلا، بايىنغولىن، بورتالالاردىكىنىڭ %50ىنى، قۇمۇل، ئالتاي، سانجىلاردىكىنىڭ %75ىنى ئاشلىق تارماقلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى بەلگىلىدى. بارلىق ۋاكالىتەن سېتىۋېلىش كەسپى 2 ~ 3 يىلدا ئۆتكۈزۈپ بولۇندى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ھوسۇلى ئاشتى. دۆلەت سېتىۋالغىنى ئالدىنقى يىلدىكىدىن %21.3 كېمەيدى، سېتىۋېلىنغاندىن كېيىن يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن قالدۇق ئاشلىق %5.9 ئاشتى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەزى ۋىلايەتلەردە دېھقانلارنىڭ ئاشلىقتا ئىختىيارىي سودىلىشىشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. كېڭىشىپ سېتىۋېلىش يولغا قويۇلغان رايونلاردا ئالدىنقى يىلى كۆرۈلگەن زورلاپ سېتىۋېلىش قاتارلىق مەسىلىلەر تۈزىتىلىپ، دېھقانلار خېلى رازى بولدى.

1956 - يىلى يېزا ئىگىلىكى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈلگەندىن كېيىنكى ئاشلىق سېتىۋېلىش ئوبيېكتى ئىلگىرىكى 830 مىڭ دېھقان ئائىلىسىدىن 10 نەچچە مىڭ يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپىغا ئۆزگەرتىلگەنلىكتىن ئىبارەت يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق سېتىۋېلىشتا دەرىجە بويىچە ۋەزىپىنى تەقسىم قىلىش بىلەن ئۆزى مەلۇم قىلىپ مەسلىھەتلىشىش، قوشۇمچە توختام تۈزۈش چارىسى قوللىنىلدى. يەنى دۆلەت شۇ جايدىكى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش، ئىستېمال ۋە نوپۇس قاتارلىق ئەھۋالغا قاراپ، سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى دەرىجە بويىچە يېزا ياكى يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىغا تەقسىم قىلىپ بەردى، كوپېراتىپ ئەزالار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئىختىيارىي بولۇش ئاساسىدا، كوپېراتىپ بىرلىك قىلىنىپ، ئىچكى قىسىمدا تەڭشەپ تەڭپۇڭلاشتۇرغاندىن كېيىن، سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى (تۈرى، مىقدارى، سۈپىتى، باھاسى، سېتىپ بېرىش ۋاقتى، ئورنى، 2 تەرەپنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋەھاكازا) نى توختام شەكلى بىلەن ئېنىق بەلگىلەپ، كوپېراتىپ بويىچە كوللېكتىپ سېتىپ بېرىشنى ئورۇنلايدۇ. توختام تۈزۈش ۋە كوللېكتىپ سېتىپ بېرىشنى خالىمايدىغان باشلانغۇچ كوپېراتىپ ۋە يەككە دېھقان ئائىلىلىرى مەسلىھەتلىشىپ بەلگىلەنگەن ۋەزىپە بويىچە، ئۆز ئالدىغا دۆلەت ئاشلىق تارماقلىرىغا ئاشلىق سېتىپ بەرسە بولىدۇ. لېكىن جايلاردىكى يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرى ئەمەلىيەتتە ئاشلىق سېتىپ بەرگەندە، ئاساسىي جەھەتتىن يەنىلا ئائىلىنى بىرلىك قىلىپ، سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى كوپېراتىپلارغا چۈشۈرۈش بىلەن ئايرىۋەتكەچكە، يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىنىڭ ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئەھۋالىنى ۋاقتىدا تەكشۈرۈش تەسكە چۈشتى. ئاشلىق سېتىۋېلىش مەزگىلىدە، بەزى جايلاردىكى رەھبەرلەر كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش قاتارلىق مەركىزىي خىزمەت بىلەنلا بولۇپ كەتكەنلىكى، قىسمەن ئاشلىق كادىرلىرىدا قارىغۇلارچە ئۈمىدۋارلىق كەيپىياتى بولغانلىقى، كوپېراتىپ كادىرلىرى ئەزالارنىڭ ئاشلىق ئىستېمال قىلىش ئەھۋالىنى بىلمىگەنلىكى، دېھقانلاردا ئاز سېتىپ بېرىش، كۆپ قالدۇرۇش ئىدىيىسى مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاشلىق سېتىۋېلىشقا تەسىر يەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خۇسۇسىي ئاشلىق سودىگەرلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، باھاسىنى ئۆستۈرۈپ تالىشىپ سېتىۋالغاچقا، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق سېتىۋېلىش سۈرئىتى ئاستا بولدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، شۇ يىلى 10 - ئايدا ئامىيىدىن يۇقىرى مالىيە - سودا بۆلۈمى باشلىقلىرى يىغىنىدا ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتىنى مۇزاكىرە قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى «ئاشلىق خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش توغرىسىدا جىددىي يوليورۇق» چىقاردى ھەمدە تۈركۈملەپ كادىر ئاجرىتىپ، ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا ئاشلىق سېتىۋېلىشقا ياردەملىشىشكە ئەۋەتتى. بەزى جايلار سېتىۋېلىش مەزگىلىدە ئاشلىقنى بازارغا ئەكىرىشكە بولمايدۇ دەپ بەلگىلىدى. بۇ ئارقىلىق ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىقنى ئامبارغا كىرگۈزۈش سۈرئىتى تېزلىتىلدى. 11 - ئايدا ئاپتونوم رايون ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ «نۆۋەتتىكى ئاشلىق خىزمىتى توغرىسىدا يوليورۇق»ىغا ئاساسەن، مول ھوسۇل ئېلىنىپ مەھسۇلاتى ئاشقان كوپېراتىپ (ئائىلە) لارنىڭ ئاشقان مەھسۇلاتىنىڭ %40 ىنى دۆلەتنىڭ ئاشۇرۇپ سېتىۋالىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىنىدى. لېكىن سېتىۋېلىش خىزمىتىدە بەزى مەسىلىلەر ساقلانغاچقا، شۇ يىلدىكى سېتىۋېلىش پىلانى ئورۇندالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سېتىش شىددەت بىلەن ئېشىپ كەتكەچكە، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق كىرىم - چىقىمىدا تەتۈر پەرق كۆرۈلدى. ئايرىم جايلاردا ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشتە جىددىيلىك يۈز بەردى. ئەمما ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق سېتىۋېلىنغاندىن كېيىن، يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن قالدۇق ئاشلىق ئالدىنقى يىلدىكىدىن 7 كىلوگرام ئاشتى، يەنى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق 274 كىلوگرامغا يېتىپ، تارىختا يېڭى سەۋىيە يارىتىلدى (جەدۋەل: 1 — 13، 1 — 14 لەرگە قاراڭ).

## 1949 — 1956 - يىلغىچە شىنجاڭنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتى دۆلەت سېتىۋالغىنى ۋە سېتىۋېلىنغاندىن كېيىنكى يېزىلاردىكى قالدۇق ئاشلىق

جەدۋەل: 1 — 13 بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| تۈرى / ئاشلىق يىلى | نوپۇس (تۈمەن ئادەم) | | مەھسۇل | | دۆلەت سېتىۋالغىنى | | | سېتىۋېلىنغاندىن كېيىن يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن قالدۇق ئاشلىق (كىلوگرام) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئومۇمىي نوپۇس | بۇنىڭ ئىچىدە: يېزا ئىگىلىك نوپۇسى | مىقدارى | ئومۇمىي نوپۇس بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كەلگىنى (كىلوگرام) | مىقدارى: جەمئىي | مىقدارى: بۇنىڭدىن: بېكىتىپ سېتىۋېلىنىش | تاۋار نىسبىتى (%) | |
| 1949 | 433.34 | 368.32 | 84774 | 196 | | | | |
| 1950 | 443.90 | 375.30 | 97554 | 220 | 14518 | | | |
| 1951 | 454.63 | 382.11 | 107084 | 236 | 6725 | | | |
| 1952 | 465.17 | 390.56 | 133093 | 286 | 12274 | | | |
| 1953 | 478.36 | 400.96 | 140975 | 295 | 19209 | 206 | 13.63 | 272 |
| 1954 | 500.08 | 411.20 | 145649 | 291 | 28863 | 1598 | 19.82 | 252 |
| 1955 | 511.78 | 420.58 | 147022 | 287 | 22729 | 392 | 15.46 | 267 |
| 1956 | 533.17 | 437.31 | 158296 | 297 | 25649 | 756 | 16.20 | 274 |

ئىزاھ: دۆلەت سېتىۋالغىنى دۆلەت كارخانىلىرى ۋە ئاشلىق تارماقلىرى سېتىۋالغاننى كۆرسىتىدۇ. غەللە - پاراقنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. سېتىۋېلىنغاندىن كېيىن يېزىلاردىكى قالدۇق ئاشلىقتا غەللە - پاراق تۇتۇپ قېلىنغان، يېزا ئىگىلىكىدىكى سېتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

## 1950 — 1956 - يىلغىچە شىنجاڭدىكى قىسمەن رايونلاردا ئاشلىق سېتىۋېلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 1 — 14 بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| رايونلار / ئاشلىق يىلى | | 1950 | 1951 | 1952 | 1953 | 1954 | 1955 | 1956 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى رايون بويىچە | جەمئىي | 14518 | 6725 | 12274 | 19209 | 28863 | 22729 | 25649 |
| | بۇغداي | 10366 | 3016 | 9024 | 11563 | 20376 | 12763 | 14038 |
| | گۆرۈچ | 68 | 62 | 422 | 1475 | 2223 | 2106 | 1601 |
| | دادۇر | | | | 60 | 336 | 455 | 473 |
| | قارا ئاشلىق | 4084 | 3647 | 2828 | 6111 | 5928 | 7405 | 9537 |
| ئۈرۈمچى شەھرى | | | | | 761 | 320 | 213 | 69 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | | | | | 273 | 370 | 431 | 224 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | | | | | 798 | 703 | 786 | 877 |
| سانجى ئوبلاستى | | | | | 3731 | 4971 | 4191 | 4700 |
| ئىلى ۋىلايىتى | | | | | 3031 | 5942 | 3243 | 5143 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | | | | 2984 | 4426 | 2718 | 2743 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | | | | 203 | 608 | 598 | 1098 |
| بورتالا ئوبلاستى | | | | 366 | 513 | 498 | 782 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | | | | 1163 | 1353 | 1215 | 1162 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | | | | 1512 | 2521 | 2079 | 2432 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | | | | 139 | 182 | 224 | 286 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | | | | 2774 | 5275 | 4703 | 4343 |
| خوتەن ۋىلايىتى | | | | 1474 | 1679 | 1830 | 1790 |

ئىزاھ: 1. جەدۋەلدىكى مەلۇمات غەللە - پاراقنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.
2. بۇ جەدۋەل بىلەن جەدۋەل: 1 — 13تىكى 1950 — 1952 - يىلغىچە بولغان مەلۇماتلار ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسى، سودا نازارىتى، ھەمكارلىق ئىدارىسىنىڭ كالېندار يىلى بويىچە ئومۇملاشتۇرۇلغان ماتېرىيال، بۇنىڭ ئىچىدە 1952 - يىلدىكى مەلۇماتقا 1953 - يىلى 1 - پەسىلدىكى مەلۇمات قوشۇۋېتىلدى. 1953 - يىلدىن ئېتىبارەن ھەممىسى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئاشلىق يىلى (شۇ يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن كېيىنكى يىل 3 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە) بويىچە ئېلىندى.

## § 2 . نورمىلىق سېتىۋېلىش، ئۆتنە سېتىۋېلىش

### 1. مىنگو دەۋرىدىكى نورمىلىق سېتىۋېلىش، ئۆتنە سېتىۋېلىش ئەھۋالى

مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) ئومۇمىي ئاشلىق مەھسۇلاتى 11 مىليون 160 مىڭ دادەن بولۇپ، مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) دىكىدىن تۆۋەنلەپ كەتتى. ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ھەربىي ۋە مەمۇرىي جەھەتتىكى ئاشلىق ئېھتىياجىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، ئاشلىق سېتىۋېلىشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 8- ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، ناھىيىلەرگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئاشلىق سېتىۋېلىش ھەيئىتى قۇرۇشنى بۇيرۇدى. ناھىيىلىك ئاشلىق سېتىۋېلىش ھەيئىتى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، ساقچى ئىدارىسى، مالىيە ئىدارىسى، باج ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، شۇ جايدىكى ئاشلىقنى نورمىلىق سېتىۋېلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. ئۆلكە بويىچە سېتىۋېلىنىدىغان ئاشلىق مىقدارىنى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى بەلگىلەپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە يوللاپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن ناھىيىلەرگە چۈشۈرۈپ بېرەتتى. ناھىيىلەر بەلگىلەنگەن نورما بويىچە ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئائىلە بويىچە غەللە- پاراق ئېلىش بىلەن بىللە سېتىۋېلىش (قىسقارتىلىپ نورمىلىق سېتىۋېلىش دەپ ئاتالدى)، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋە يازلىق يىغىمدا ئاشلىق پۇلىنى ئالدىن بېرىش، ئامبارغا كىرگۈزىدىغان چاغدا بازار باھاسى بويىچە راسچوت قىلىش چارىسىنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئومۇمەن مالىيە تەرىپىدىن تەمىنلىنىدىغان «ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ تەمىناتى ۋە ئات يەم - بوغوزىنىڭ ھەممىسىنى نازارىتىمىز (ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى) ۋاكالىتەن تەييارلاپ سېتىۋالىدۇ، ئۆز ئالدىغا سېتىۋېلىشقا يول قويۇلمايدۇ» دەپ بەلگىلەندى. شۇ يىلى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى چۆچەك ناھىيىسىگە 5000 دادەن بۇغداي، 2300 دادەن ئات يەم - بوغوزى سېتىۋېلىشنى تەقسىملىدى، بۇ ناھىيە كېيىنكى يىلى 3 - ئايدا بۇ ۋەزىپىنى پۈتۈنلەي ئورۇنداپ بولدى. پىچان

ناھىيىسىگە نورمىلىق سېتىۋېلىشقا 2000 دادەن يەم - بوغۇز تەقسىم قىلىپ بەردى. ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى تېز سېتىۋېلىشقا نەچچە قېتىم ھەيدەكچىلىك قىلدى. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) شىڭ شىسەي ھەربىي قىسمىنى كېڭەيتتى، شۇنىڭ بىلەن يەرلىك قىسىمنىڭ ئادەم سانى مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934- يىلى) تەرتىپكە سېلىنغان ۋاقىتتىكىدىن بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، گومىنداڭ ئارمىيىسىمۇ شىنجاڭغا كىرىپ ئورۇنلىشىشقا باشلىدى، ئۆلكە بويىچە ئاشلىققا بولغان ئېھتىياج ھەدەپ ئاشتى. شىمالىي شىنجاڭدىكى بەزى جايلاردا يېزا ئىگىلىكىدىن كەم ھوسۇل ئېلىنىپ، ئاشلىق سېتىۋېلىشقا تەسىر يەتتى، مەسىلەن: چۆچەك ناھىيىسىنىڭ نورمىلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى 6000 دادەن ئىدى، ئەمەلىيەتتە، ئامبارغا كىرگۈزۈلگىنى 2244 دادەن بولدى. كۈزدە، غۇلجا شەھىرى ئەتراپىدىكى ناھىيە بازارلىرى ۋە يېزىلاردا بۇغداي ناھايىتى قىس بولۇپ كەتتى. ئۆلكىلىك سودا بانكىسى قارىمىقىدىكى ئوقەتچىلىك شىركىتىنىڭ غۇلجا ئۇن زاۋۇتى ھەممىلا يەرگە ئادەم ئەۋەتىپمۇ ئاشلىق سېتىۋالالمىدى. 10 - ئايدا ئۈرۈمچىدە ئاشلىق باھاسى ئايمۇ ئاي ئۆرلەپ كەتكەچكە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «ئاشلىق سودىگەرلىرىنىڭ تالىشىپ ئاشلىق سېتىۋېلىشىنى چەكلەش چارىسى»نى ئېلان قىلىپ، «تالىشىپ ئاشلىق سېتىۋېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچىنىڭ ھەر قايسى يېزىلىرى ۋە ئۈرۈمچىگە قوشنا ناھىيىلەر ئاشلىقنى بىردەك ئاشلىق بازىرىدا ساتىدۇ، ئاشلىقنى پۈتۈنلەي سودا بانكىسى ئاشلىق سارىيى سېتىۋالىدۇ» ، دەپ بەلگىلىمە چىقاردى. مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 2 - ئايدا ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ساۋەن ناھىيىسىگە ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ھەربىي تەمىناتى ئۈچۈن 760 دادەن كۆك پۇرچاق سېتىۋېلىشنى بۇيرۇدى. كەم ھوسۇل ئېلىنغاچقا، بۇ ناھىيە ئارانلا 300 دادەندىن كۆپرەك پۇرچاق سېتىۋالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بانكا ئاشلىق سارىيىنىڭ تۈرلۈك قەرز پۇللارغا سۇندۇرۇپ 220 دادەن كۆك پۇرچاق توغرىلاپ بەرگەچكە، سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشىغا تەسىر يەتتى. ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى جىددىي ئېھتىياجنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ساۋەن ناھىيىسىگە تېلېگىرامما ئەۋەتىپ، مەزكۇر ئاشلىق سارىيىدىكى كۆك پۇرچاقنى سېتىۋېلىشنى بۇيرۇدى. شۇ يىلى 10 - ئايدىن ئېتىبارەن، ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى «بانكا ئاشلىق سارىيى سېتىۋالىدىغان ئاشلىق بىردەك مالىيە نازارىتى ناھىيىلەرگە تەقسىم قىلىپ بەرگەن ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى قىلىنىشى شەرت» ، دەپ بەلگىلىدى.

مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 7 - ئايدىن كېيىن، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئارمىيە ۋە مەمۇرىي خادىملار يىللىق ئاشلىقنى ئۆلكىلىك غەللە - پاراق ئاشلىق باشقارمىسى تەستىقلىغان پىلان بويىچە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى بىرلەشمە ئارقا سەپ تەمىنات باش شتابىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق تەمىنات ئىدارىسى بىلەن ئۈرۈمچى مەمۇرلار ئىستېمال كوپېراتىپىغا بۆيرۇپ بېرىش، سېتىۋېلىش نۇقتىلىرىنى كۆرسىتىپ بەردى، بۇ 2 ئورۇن شۇ نۇقتىلار بويىچە قوبۇل قىلدى ۋە سېتىۋالدى. شۇ يىلى ئۆلكىلىك غەللە - پاراق ئاشلىق باشقارمىسى نورمىلىق سېتىۋېلىش مىقدارىنى كۆپەيتىش، نورمىلىق سېتىۋېلىشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ھەر قايسى ناھىيە (جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاشلىق ئورنىغا پۇل ئالىدىغان ناھىيە بۇنىڭ سىرتىدا) لەرنىڭ غەللە - پاراق ئېلىش بىلەن بىللە سېتىۋېلىش نورمىسى: ھەربىر دادەن غەللە - پاراق ئاشلىقنى ئېلىش بىلەن بىللە، بىر دادەن ئاشلىقنى نورمىلىق سېتىۋېلىشنى بەلگىلىدى. شۇ يىلى ئۈرۈمچى قاتارلىق 14 ناھىيىگە 34 مىڭ 250 دادەن ھەربىي ئاشلىق سېتىۋېلىش تەقسىم قىلىندى، بۇ ئاشلىقنى شىنجاڭ تەمىنات ئىدارىسى ئالدى. ناھىيىلەر ئەمەلىيەتتە 27 مىڭ 895 دادەن يىغدى. بۇنىڭدىن، بۇغداي 17 مىڭ 421 دادەن، گۈرۈچ 6046 دادەن، قارا ئاشلىق 4428 دادەن بولدى. ماناس ناھىيىسىنىڭ ئارخىپىدا مۇنداق دەپ خاتىرىلەنگەن: مىنگونىڭ 34 - يىلىدىن 36 - يىلىغىچە (1945 — 1947 - يىلىغىچە) بۇ ناھىيىدە ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن غەللە - پاراق ئالغان، نورمىلىق سېتىۋېلىنغان ئاشلىق 5558 دادەن 6 كۈرە بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن مو بېشىغا 3 كۈرە 3 شىڭ توغرا كەلگەن. مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) ئۈرۈمچى، قارا شەھەر قاتارلىق 17 ناھىيىگە ۋە ئۈرۈمچى مەمۇرلار ئىستېمال كوپېراتىپىغا سېتىۋېلىشقا تەقسىملەنگەن ئاشلىق

66 مىڭ 328 دادەن بولغان، ئەمەلىيەتتە ئۇلار 52 مىڭ 930 دادەن سېتىۋالغان، بۇنىڭدىن، بۇغداي 40 مىڭ 658 دادەن، گۈرۈچ 10 مىڭ 472 دادەن، قارا ئاشلىق 1800 دادەن (جەدۋەل: 1 — 15كە قاراڭ) بولدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۆلكە بويىچە غەللە - پاراق ئاشلىقى كەچۈرۈم قىلىنغاچقا، ئۈرۈمچىدىكى ئىدارە - ئورگانلارنى تەمىنلەشكە ئاشلىق يېتىشمەي، 9 - ئايدا يەنە 6000 دادەن قارا ئاشلىق نورمىلىق سېتىۋېلىنىدىغان بولدى، نەتىجىدە تۇرپانغا 4000 دادەن، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىرىگە 1000 دادەندىن تەقسىملەندى.

مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) ئۆلكە بويىچە گومىنداڭ ئەسكىرى 103 مىڭغا يەتتى. ئاشلىققا بولغان ئېھتىياج شىددەت بىلەن ئاشتى. ئاشلىق سېتىۋېلىش قىيىنچىلىقى زورايدى. شۇ يىلى فۇكاڭ قاتارلىق 8 ناھىيىگە شىنجاڭ تەمىنات ئىدارىسى 1 - شۆبە ئىدارىسى ئۈچۈن ئاق قوناق قاتارلىق ئات يەم - بوغۇزىدىن 24 مىڭ 584 دادەن سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى تەقسىم قىلىندى، ئەمەلىيەتتە 17 مىڭ 794 دادەن سېتىۋېلىندى (جەدۋەل: 1 — 16گە قاراڭ). بۇنىڭدىن باشقا، خېلى كۆپ بۇغدايمۇ بار ئىدى. ئۈرۈمچى مەمۇرلار ئىستېمال كوپېراتىپىنىڭ 9 - ئايدا ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى، ئۆلكىلىك غەللە - پاراق ئاشلىق باشقارمىسىغا يوللىغان دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، گۇچۇڭ، جىمسار، مىچۈەن، مورى قاتارلىق ناھىيىلەردىن سېتىۋېلىنغان 3000 دادەن بۇغداينىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى ياخشى بولمىغان. مىچۈەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت «تەمىنات ئىدارىسى خادىم ئەۋەتىپ زاكالەت بېرىپ سېتىۋالىدىغان بۇغداي بەك كۆپ ئىكەن، كوپېراتىپىڭىزلار ھەر قانچە يۇقىرى باھادا سېتىۋالسىڭىز دېسىمۇ سېتىۋالالمايدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. باشقا ناھىيىلەردىكى بۇغداينىڭ باھاسىمۇ ئەسلىدە بېكىتىلگەن باھادىن خېلى كۆپ ئۆرلەپ كەتكەن. شۇ يىلى قۇرغاقچىلىق ئاپىتى بولۇپ كەم ھوسۇل ئېلىندى، بۇ ھال شىمالىي شىنجاڭدا تېخىمۇ ئېغىر بولدى. ئۆلكىلىك غەللە - پاراق ئاشلىق باشقارمىسى ئاشلىق مەنبەسىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، غەربىي شىمال قوماندانلىق شتابى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، 12 - ئايدا 4944 - نومۇرلۇق ۋاكالىتەن تېلېگرامما ئارقىلىق شىمالىي شىنجاڭدىكى ناھىيىلەرگە «ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئاشلىق سېتىۋېلىش ھەيئىتى تەشكىلىي نىزامى (لايىھىسى)» ۋە «36 - يىللىق (مىنگونىڭ 36 - يىلى) شىمالىي شىنجاڭدىكى ناھىيىلەردە ئاشلىق سېتىۋېلىش چارىسى»نى تارقاتتى. «تەشكىلىي نىزام (لايىھە)»نىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى مۇنۇلار: (1) «36 - يىللىق شىمالىي شىنجاڭدىكى ھەربىيلەر، مەمۇرلار (مەمۇرىي خادىملارنى دېمەكچى) ئاشلىقنى سېتىۋېلىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئالايىتەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەردە ئاشلىق سېتىۋېلىش ھەيئىتى تەشكىل قىلىندى»، «بۇ ھەيئەت شىنجاڭ ئۆلكىلىك غەللە - پاراق ئاشلىق باشقارمىسىنىڭ قوماندانلىقى ۋە نازارەتچىلىكىدە بولىدۇ». (2) ناھىيىلىك ئاشلىق سېتىۋېلىش ھەيئىتى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، ناھىيىلىك پىرقە، ناھىيىلىك كېڭەش، باج ئىدارىسى، ساقچى ئىدارىسى، شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ئارمىيە، ناھىيىلىك دېھقانلار جەمئىيىتى، سودا - سانائەتچىلەر جەمئىيىتى، يېزىلىق مەھكىمە قاتارلىق ئورۇنلاردىن تەركىب تاپىدۇ. ھاكىم مۇدىر، ناھىيىلىك كېڭەش باشلىقى مۇئاۋىن مۇدىر، باشقا ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى ئەزا بولىدۇ. «ئاشلىق سېتىۋېلىش چارىسى»نىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى مۇنۇلار: (1) بۇ چارە ۋاقىتىنچە ئۈرۈمچى، قۇمۇل ۋىلايەتلىرىگە باب كېلىدۇ. (2) بۇ يىل ئاشلىق سېتىۋېلىشتا نەق پۇلغا نەق ئاشلىق سېتىۋېلىش پرىنسىپ قىلىنىدۇ. ئاشلىقى يوق دېھقانلارغا نورمىلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى تەقسىم قىلىشقا بولمايدۇ. (3) نورمىلىق ئاشلىق سېتىۋالغاندا، غەللە - پاراق ئاشلىقنى ئالغاندىن باشقا، «كەم قالغان ئاشلىقنى شۇ جايدىكى باي دېھقان، پومېشچىكلاردىن نورمىلىق سېتىۋېلىش لازىم»، ئاشلىق سېتىۋېلىش ھەيئىتى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ يېزىلارغا چۈشۈپ، نورمىلىق سېتىۋېلىش سانى بويىچە ئېلىشمۇ ئالسە سېتىۋېلىنىدۇ. (4) ئاشلىق سېتىۋېلىش باھاسىنى ئاشلىق سېتىۋېلىش

ھەيئىتى شۇ جايدىكى بازار باھاسى بويىچە كېڭىشىپ بېكىتكەندىن كېيىن، ئۆلكىلىك غەللە - پاراق ئاشلىق باشقارمىسىغا يوللاپ تەستىقلىتىلىدۇ. (5) ئاشلىق سېتىپ بېرىشنى ئۈستىگە ئالغانلارنى ئاشلىق سېتىۋېلىش ھەيئىتى تەپسىلىي تىزىمغا ئالدۇرۇپ، ئۇلارغا ئاشلىقنى سېتىۋالغانلىق گۇۋاھنامىسى بېرىشى، پۇقرالار ئاشلىق پۇلىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئاشلىقنى بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ئامبارغا تاپشۇرۇشى شەرت، «تاپشۇرۇشنى 10 كۈن ئۆتكۈزۈۋەتكەنلەر قانۇن بويىچە جازاغا تارتىلىدۇ». شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆلكىلىك غەللە - پاراق ئاشلىق باشقارمىسى ئۈرۈمچى، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ناھىيىلەرگە ھەيدەكچىلىك قىلىشقا كۆپلەپ خادىم ئەۋەتىپ، ناھىيىدە تۇرۇپ سېتىۋېلىشنى سۈيلەپ تۇردى. مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) ئۆلكىلىك غەللە - پاراق ئاشلىق باشقارمىسى ئۈرۈمچى، قۇمۇل، قاراشەھەر، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىگە ئامانلىق ساقلاش قىسمى، جىنايەتچىلەر، ئوقۇغۇچىلار ۋە نامرات شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ يېرىم يىللىق ئوزۇق - تۈلۈك ئاشلىقى ئۈچۈن 5738 دادەن 6 كۈرە ئاشلىق سېتىۋېلىشنى تەقسىملىدى. فۇكاڭ قاتارلىق 8 ناھىيىگە شىنجاڭ تەمىنات ئىدارىسى 1 - شۆبە ئىدارىسى ئۈچۈن ئاق قوناق قاتارلىق ئات يەم - بوغۇزىدىن 27 مىڭ 900 دادەن سېتىۋېلىشنى تەقسىملىدى. ئەمەلىيەتتە 15 مىڭ 450 دادەن سېتىۋېلىندى (جەدۋەل: 1 — 16گە قاراڭ). شۇ چاغدا جايلاردىكى نورمىلىق سېتىۋېلىش دېھقانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئەمەلىيەتتە ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادىل بولمىدى. تەكشۈرۈلگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، شۇ يىلى مىچۈەن ناھىيىسى نوختۇۋەنجاڭ كەنتىگە 101 دادەن گۈرۈچ سېتىۋېلىشنى تەقسىملىگەن، پومىشچىك ما شېڭۋاڭ 17 دادەننى ئۈستىگە ئالغان، ئەمەلىيەتتە سېتىپ بەرمىگەن، دېھقانلار 84 دادەننى ئۈستىگە ئالغان، بۇ ئومۇمىي سانىنىڭ %83ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىگەن. شايار ناھىيىسىنىڭ ياقۇپ كەنتىدىكى دېھقان تالىك بىر دادەن كۆممىقوناق سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشقا قوربى يەتمىگەچكە، شۇ كەنتتىكى باي ئالاۋۇدۇن ئۇنى 5 قېتىم ئۇرۇپ، ئاغرىپ ئۆلۈپ كەتكەن. مۇشۇ مەزگىلدە، جايلاردا ئاشلىق سېتىشقا قارشى كۈرەش ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ تۇرغان. بولۇپمۇ سېتىۋېلىش سىيلىقى ئېغىر بولغان گۇچۇڭ، فۇكاڭ، جىمسار قاتارلىق ناھىيىلەردىكى دېھقانلار بەس - بەس بىلەن ئورا كولاپ ئاشلىقنى يوشۇرۇپ قويغان، ئەمما باۋجاڭ، جياجاڭلار ئاشكارىلاپ قويغان. شۇ يىلى 1 - ئايدىن كېيىن، ئۆلكىلىك غەللە - پاراق ئاشلىق باشقارمىسى ساقلاش - يۆتكەش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ۋە نازارەتچىلەرنى جىمسار ناھىيىسىگە ئەۋەتىپ، ئاشلىق سېتىۋېلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلغان ۋە نازارەتچىلىك قىلغان. نازارەتچى خادىملار ناھىيە بويىچە ئېچىلغان بەزى يىغىنلاردا 4 ماددىلىق ئىنتىزامنى ئېلان قىلغان: «(1) ئاشلىقى بار تۇرۇپ تاپشۇرمىغانلار ‹ھۆكۈمەت ئاشلىقى تاپشۇرۇش، قا قارشىلىق قىلدى دەپ جازاغا تارتىلىدۇ. (2) ئاشلىقنى يوشۇرۇپ قويغان ياكى يۆتكەپ كەتكەنلەرنىڭ ئاشلىقى تەكشۈرۈپ تېپىلغان ھامان پۈتۈنلەي مۇسادىرە قىلىنىدۇ. (3) ئاشلىقى يوق ئائىلىلەر ئات - ئۇلاغلىرىنى سېتىپ، خانىۋەيران بولۇپ كەتسىمۇ، ئاشلىق سېتىۋېلىپ تاپشۇرۇشى شەرت. (4) ھاراقخانا، تۈگمەنلەر بىردەك پېچەتلىنىپ، تىجارەت قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ». 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى بۇ ناھىيىنىڭ سىجياگۇ كەنتىدىكى دېھقان جياڭ شۆكەي ئائىلە بويىچە سېتىۋېلىشنى ئېتىراپ قىلماي، ئاشلىقنى سېتىپ بەرمىگەچكە، شۇ جايدىكى ساقچىخانا ئۇنى غەربىي شىمال قوماندانلىق شتابىنىڭ ئاشلىق سېتىشىغا قارشى تۇرۇشنى مەنئى قىلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىغا ئاساسەن قاماپ قويدى، ھەمدە 20 دادەن بۇغدىيىنى ئاختۇرۇپ تېپىۋېلىپ، ئۇلارغا يەتكۈدەك ئاشلىقنى قالدۇرۇپ قويۇپ، 2 دادەن ئاشلىقىنى مۇسادىرە قىلدى، 3 دادەن ئاشلىقىنى زورمۇزور سېتىۋالدى. مەلۇماتقا قارىغاندا، بۇ ناھىيە شۇ يىلى سەنتەي، خوبوزا، تۇگۇڭ قاتارلىق جايلاردا 54 ھاراقخانىنى پېچەتلىگەن، 42 ئېچىتىش قازىنىنى چېقىۋەتكەن. سۈيلەش ئارقىلىق، ناھىيە بويىچە 12 مىڭ 68. 24 دادەن 6 كۈرە 8 شىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىنغان، بۇ ئۆلكىلىك غەللە - پاراق ئاشلىق باشقارمىسى تەقسىملىگەن ۋەزىپىنىڭ %16. 80ىنى ئىگىلەيدۇ. دېھقانلار ئاشلىق سېتىۋېلىشقا قارشى تۇرغانلىقتىن، پىچان ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ

رەئىسى بۇرھانغا مۇنداق تېلېگراممىا يوللىغان: «تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) ھۆكۈمىتىمىزنىڭ 532 - تۈمەنگە 135 كونا دادەن (ھەر دادەن 343 جىڭ) 3-، 4 - ئايلىق ھەربىي ئات يەم - بوغۇزىنى ۋاكالىتەن سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى بولغانلىقى، ئەمما بۇ ئاشلىقنى يۇقىرىلار تاپشۇرالمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشلىققا جىددىي ئېھتىياج بولغانلىقى ئۈچۈن، ھۆكۈمىتىمىز ئامال قىلىپ باشقا يەردىن ئېلىپ بېرىپ تۇرغانىدى». «بۇ يىل (ناھىيە بويىچە) تاپشۇرۇلىدىغان غەللە - پاراق ئاشلىقى 8700 دادەن (ھەر دادەن 450 جىڭغا تەڭ) دىن ئاشىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا، يەنە (مىنگونىڭ 36 - يىلىدىن 38 - يىلى 6 - ئايغىچە) ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئورگانلارغا ئاشلىق سېتىۋېلىپ تاپشۇرۇشتا تېگىشلىك قالدۇق ئاشلىقى 260 دادەندىن كۆپرەك بۇغداي، 1622 دادەندىن كۆپرەك ئاق قوناق بار ئىدى». «يۇقىرىلار تۇرپاننى پىچان ناھىيىسىگە سېلىشتۇرغاندا، ناھىيىمىزنىڭ سېلىقى بەك ئېغىر بولۇپ كەتتى، دەپ قاقشىدى». «رەئىس جانابلىرىنىڭ ئەھۋالىمىزنى نەزەردە تۇتۇپ، بىر نەچچە يىللاردىن بېرى توپلىنىپ قالغان قەرزنى ئېنىقلاشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، بۇ يىللىق ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىمىزنى كەچۈرۈم قىلىشلىرىنى سورايمىز».

ئۆلكە دائىرىلىرى ئاشلىق قىس، سېتىۋېلىش تەس بولۇش، شۇنىڭدەك، جايلاردا يۈز بەرگەن ئاشلىق سېتىۋېلىشقا قارشى تۇرۇش كۈرىشى قاتارلىق ئەھۋاللارنى نەزەردە تۇتۇپ، مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 3 - ئايدا يېڭىدىن 4 تۈرلۈك ئاشلىق سېتىۋېلىش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش ۋاقىتلىق چارىسى»نىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى مۇنۇلار: (1) ناھىيىلەر گۈرۈچ، بۇغداي سېتىۋېلىشتا ئۆلكىلىك غەللە - پاراق ئاشلىق باشقارمىسىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، دېھقانلاردىن ۋەزىپە بەلگىلەپ بىۋاسىتە سېتىۋېلىشقا بولمايدۇ. (2) سېتىۋېلىنىدىغان ئاشلىق غەللە - پاراق سانى ۋە ئاشلىق ھوسۇلى ئەھۋالىغا قاراپ ئادىل تەقسىم قىلىنىدۇ، نامرات ئائىلىلەردىن نورمىلىق سېتىۋېلىشقا بولمايدۇ. دېھقان ئائىلىلىرىدىن نورمىلىق سېتىۋېلىش مىقدارى غەللە - پاراق ئاشلىق باشقارمىسى تارقاتقان ئۆلچەملىك تالون بويىچە تولدۇرۇلۇشى لازىم. (3) سېتىۋېلىنىدىغان ئاشلىق بىر قېتىمدىلا سېتىۋېلىنىشى لازىم. بىر قېتىمدا ئورۇنداپ بولالمىسا، داۋاملىق سېتىۋېلىنىدىغان مىقدار شۇ جايدىكى ئېتىراپ قىلىنغان سېتىۋېلىش مىقدارىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى شەرت. (4) بۇغداي خامانغا توشۇلغاندا ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋاقتى بولىدۇ، سىرىقتال مەزگىلدە كۆپلەپ ئاشلىق سېتىۋېلىش مەنئى قىلىنىدۇ. (5) ئاشلىق سېتىۋېلىنىدىغان پۇل پۇل تارقىتىش ۋاقتى بويىچە شۇ جايدىكى ئاشلىق بازىرى باھاسىغا ئاساسەن بىر قېتىمدىلا تولۇق تارقىتىپ بېرىلىشى لازىم. (6) ناھىيىلەر سېتىۋالىدىغان ئاشلىق مىقدارى، باھاسى، ئاشلىق تاپشۇرۇش مۆھلىتى قاتارلىقلار شەھەر - يېزىلاردا ئېلان قىلىنىشى كېرەك. «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ بىر تۇتاش يەم - خەشەك سېتىۋېلىش چارىسى»نىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: (1) تەمىنات ئىدارىسى، غەللە - پاراق ئاشلىق باشقارمىسى ئۆلكىلىك يەم - خەشەك سېتىۋېلىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ناھىيىلەرنىڭ يەم - خەشەك سېتىۋېلىش ئىشىنى پىلانلاش ۋە ئۇنىڭغا قوماندانلىق قىلىش، نازارەت قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ. ناھىيىلەردىكى يەم - خەشەك سېتىۋېلىش گۇرۇپپىسى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، كېڭەش، تەمىنات ئىدارىسىنىڭ شۇ ناھىيىدە تۇرۇشلۇق تەمىنلەش پونكىتىدىن تەشكىللىنىدۇ ۋە ناھىيىنىڭ يەم - خەشەك سېتىۋېلىش ئىشىغا مەسئۇل بولىدۇ. (2) ناھىيىلەر يەم - خەشەك سېتىۋېلىشتا ئۆلكىلىك سېتىۋېلىش گۇرۇپپىسىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، دېھقان ئائىلىلىرىدىن ۋەزىپە بەلگىلەپ بىۋاسىتە سېتىۋالسا بولمايدۇ. (3) سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى تەقسىم قىلىش، نۆۋىتى، ۋاقتى، باھاسى قاتارلىقلار ھەققىدىكى بەلگىلىمە ئاشلىق سېتىۋېلىش چارىسى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. «شىنجاڭ غەللە - پاراق ئاشلىق باشقارمىسىنىڭ ئالدىن ئاشلىق سېتىۋېلىشتا پۇل تاپشۇرۇپ ئاشلىق سېتىۋېلىش چارىسى»نىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى مۇنۇلار: (1) ناھىيىلەردىكى ئالدىن ئاشلىق سېتىۋېلىش پۇلىنى دېھقان ئائىلىلىرى نەۋبىسىدىكى باۋ - جياغا تىزىمغا ئالدۇرىدۇ، يېزا باشلىقى ئومۇملاشتۇرۇپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە

يوللاپ ئالدىن سېتىۋېلىش دوكۇمېنتىنى تولدۇرىدۇ، يەنى شۇ جايدىكى بازار باھاسى بويىچە %10 باھا قوشۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئالدىن سېتىۋېلىش سانى بويىچە باھا پۇلى بىر قېتىمدىلا تولۇق تارقىتىپ بېرىلىدۇ. (2) دېھقان ئائىلىلىرى ئالغان ئالدىن سېتىۋېلىش پۇلىنى ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا ئىشلىتىشى ھەمدە يېڭى ئاشلىق خامانغا چىققاندىن كېيىن 30 كۈن ئىچىدە ئاشلىقنى ناھىيە ئامبىرىغا تاپشۇرۇشى كېرەك، پۇلغا ئۆسۈم ھېسابلانمايدۇ، ئاشلىققا باھا قوشۇلمايدۇ، ئەگەر باھانە - سەۋەب بىلەن كەينىگە سۈرسە، ياكى ئاشلىق تاپشۇرۇشقا قارشىلىق قىلسا، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مەسئۇلىيەتنى قاتتىق سۈرۈشتۈرىدۇ. «ئالدىن ئاشلىق سېتىۋېلىش توختامى»دا توختامدىكى A تەرەپ ئۆلكىلىك غەللە - پاراق ئاشلىق باشقارمىسى، B تەرەپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، كېڭەش، يېزا، بازار باشلىقلىرى بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. توختامنىڭ مەزمۇنى: (1) B تەرەپ مۇنچە دادەن بۇغداينى ئالدىن سېتىپ بېرىدۇ. (2) ئىككى تەرەپ كېڭىشىپ ھەر دادەن ئاشلىق شىنجاڭ پۇلى ھېسابىدا مۇنچە يۈەن بولىدۇ، ئايرىم ھالدا باھاغا %10 قوشۇپ بېرىلىدۇ، جەمئىي مۇنچە يۈەن بولىدۇ، ئاشلىق پۇلى بىر قېتىمدىلا تولۇق بېرىلىدۇ، كېيىن پۇلغا ئۆسۈم ھېسابلانمايدۇ، ئاشلىققا باھا قوشۇپ بېرىلمەيدۇ. (3) بۇغداينى B تەرەپ مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) يېڭى ئاشلىق خامانغا چىققاندىن كېيىنكى بىر ئاي ئىچىدە ناھىيە ئامبىرىغا تولۇق تاپشۇرۇپ بولۇشى كېرەك. شۇ چاغدا مال باھاسى تېز ئۆرلەپ كېتىۋاتقان بولغاچقا، ئەتىيازلىق تېرىلغۇدا ئاشلىق پۇلىنى ئالدىن بېرىپ، يازلىق يىغىمدا ئاشلىق ئېلىش، كەڭ دېھقانلارغا نىسبەتەن ھەقىقەتەنمۇ شەكلى ئۆزگەرگەن بۇلاڭچىلىقتۇر.

## مىنگونىڭ 34 — 35 - يىللىرى (1945 — 1946 - يىللىرى) شىنجاڭدا ئاشلىقنى نورمىلىق سېتىۋېلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 1 — 15

بىرلىكى: دادەن

| يىللار / ناھىيە، كوپېراتىپ | 1945 - يىلى | | | | 1946 - يىلى | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | نورمىلىق سېتىۋېلىنغىنى | ئامبارغا كىرگۈزۈلگىنى | | | نورمىلىق سېتىلغىنى | ئامبارغا كىرگۈزۈلگىنى | | |
| | | بۇغداي | گۈرۈچ | قارا ئاشلىق | | بۇغداي | گۈرۈچ | قارا ئاشلىق |
| ئۈرۈمچى مەمۇرلار ئىستېمال كوپېرا- تىپى | | | | | 3000 | 1400 | 800 | |
| ئۈرۈمچى | 1550 | 1177 | | 9 | 5300 | 3300 | | |
| مىچۈەن | 7000 | | 5000 | | 7000 | 171 | 6913 | |
| فۇكاڭ | 1500 | 1455 | | | 5000 | 4317 | | |
| جىمسار | 3000 | 1384 | | | 6500 | 4873 | | |
| گۇچۇڭ | 3500 | 1906 | | 627 | 8500 | 8100 | | |
| مورى | 1000 | 847 | | | 3000 | 3000 | | |
| قۇتۇبى | 4000 | 3676 | 261 | 610 | 4300 | 2900 | 4000 | 1000 |
| سانجى | 2000 | 533 | 24 | 862 | 4728 | 2533 | 997 | 800 |
| ماناس | 4500 | 3457 | 761 | | 1800 | 760 | 1087 | |
| تۇرپان | 1500 | 635 | | 2164 | 3000 | 730 | | |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| پىچان | 1500 | 378 | | 156 | 2500 | 1228 | | |
| توقسۇن | 1000 | 532 | | | 2500 | 393 | | |
| قۇمۇل | 1000 | 746 | | | 1000 | 200 | | |
| باركۆل | 1200 | 695 | | | | | | |
| قاراشەھەر | | | | | 3000 | 2053 | | |
| كورلا | | | | | 5000 | 4500 | 274 | |
| چاقىلىق | | | | | 200 | 200 | | |
| جەمئىي | 34250 | 17421 | 6046 | 4428 | 66328 | 40658 | 10472 | 1800 |

ئىزاھ: قارا ئاشلىق تېرىق، سۆك، ئاق قوناق، يالىڭاچ ئارپىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## مىنگونىڭ 36 — 37 - يىللىرى (1947 — 1948 - يىللىرى) بىرلەشمە ئارقا سەپ باش شتابى شىنجاڭ تەمىنات ئىدارىسى 1 - شۆبە ئىدارىسىنىڭ يەم - خەشەك سېتىۋېلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 1 — 16    بىرلىكى: دادەن

| تۈرى / يىللار | ناھىيە نامى | نورمىلىق سېتىۋېلىش مىقدارى | | | | ئورۇندالغىنى | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | ئاق قوناق | كۆك پۇرچاق | يالىڭاچ ئارپا | جەمئىي | ئاق قوناق | كۆك پۇرچاق | يالىڭاچ ئارپا |
| 1947 - يىلى | فۇكاڭ | 9000 | 9000 | | | 5944 | 5944 | | |
| | جىمسار | 928 | 552 | 206 | 170 | | | | |
| | گۇچۇڭ | | | | | | | | |
| | قۇتۇبى | 7700 | 7700 | | | 6850 | 6850 | | |
| | سانجى | 5000 | 5000 | | | 5000 | 5000 | | |
| | توقسۇن | 256 | 256 | | | | | | |
| | تۇرپان | 1400 | 1400 | | | | | | |
| | پىچان | 300 | 300 | | | | | | |
| | جەمئىي | 24584 | 24208 | 206 | 170 | 17794 | 17794 | | |
| 1948 - يىلى | فۇكاڭ | 3000 | 3000 | | | 1652 | 1652 | | |
| | جىمسار | 6300 | 4300 | 1000 | 1000 | 2885 | 2150 | 495 | 240 |
| | گۇچۇڭ | 6500 | | 6500 | | 5200 | | 5200 | |
| | قۇتۇبى | 4100 | 4100 | | | 2400 | 2400 | | |
| | سانجى | 4000 | 4000 | | | 2428 | 2428 | | |
| | توقسۇن | 3200 | 3200 | | | 450 | 450 | | |
| | تۇرپان | 700 | 700 | | | 435 | 435 | | |
| | پىچان | 100 | 100 | | | | | | |
| | جەمئىي | 27900 | 19400 | 7500 | 1000 | 15450 | 9515 | 5695 | 240 |

ئىزاھ: دادەن شىنجاڭدا قوللىنىلغان دادەننى كۆرسىتىدۇ.

## 2. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىنكى ئۆتنە سېتىۋېلىش

1950 ـ يىل 1 ـ ئايدا شىنجاڭغا كىرگەن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىراقلا 100 مىڭدىن ئاشتى، ھەربىي ئاشلىق قىس بولۇپ كەتتى. ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭ ھەربىي رايونى قارار چىقىرىپ، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى گاۋ جىنچۈن، شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى زېڭ دى قاتارلىق 6 كىشىدىن تەركىب تاپقان ئاشلىق تەييارلاش ھەيئىتىنى قۇرۇپ، 12 خىزمەت ئەترىتىنى ئۈرۈمچى، قۇمۇل، قاراشەھەر ۋىلايەتلىرىگە ئەۋەتىپ، پومېشچىكلارنىڭ ئېشىنغان ئاشلىقىنى قەرز ئالدى (چوڭ پومېشچىكلارنىڭ ئېشىنغان ئاشلىقىنىڭ %60نى، ئوتتۇرا پومېشچىكلارنىڭ %50نى، كىچىك پومېشچىكلارنىڭ %40نى قەرز ئالدى)، باي دېھقانلارنىڭ ئېشىنغان ئاشلىقىنىڭ %30 — %35نى سېتىۋالدى. قەرز ئېلىنغان (تېگىشىپ سېتىۋېلىنغانلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئاشلىق 7 مىليون 420 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، بۇنى بىۋاسىتە شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى تاپشۇرۇۋالدى ۋە ئىشلەتتى (ئۆتنىگە ئېلىنغان ئاشلىق كۈزلۈك يىغىمنىڭ ئالدى ـ كەينىدە قايتۇرۇپ بېرىلدى). 1950 ـ يىلدىن كېيىن، دۆلەت ئاشلىق سېتىۋېلىشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئاشلىق سېتىۋېلىشنى پەيدىنپەي دۆلەت پىلانىغا كىرگۈزۈپ، بىر تۇتاش باشقۇردى، ئاشلىقنى ئۆتنە سېتىۋېلىش خىزمىتى شۇنىڭ بىلەن بىكار قىلىندى.

## § 3 . كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش

1957 ـ يىلى كۈزدىن 1978 ـ يىلى قىشقىچە شىنجاڭدا ئايرىم يىللاردا، ئاز ساندىكى جايلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاشلىق ـ ياغ بازىرى زادىلا ئېچىلمىغان، دۆلەت ئاشلىق تارماقلىرى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش ۋە سېتىشنى يولغا قويمىغانىدى. لېكىن خەلق پات ـ پات ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ھالەتتە ئاز ـ ئازدىن خالىغانچە ئېلىپ ـ سېتىپ تۇردى، بولۇپمۇ بۇ ئەھۋال ئاشلىق قىسراق بولغان يىللاردا ۋە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق ئازراق بولغان جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا گەۋدىلىكرەك بولدى.

1978 ـ يىل 12 ـ ئايدا ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «يېزا خەلق گۇڭشېسى نىزامى (سىناق لايىھە)» دە: «دۆلەتنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ئورۇندىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن، گۇڭشې ئەزالىرى بازاردا ئاز ـ تولا ئاشلىق، ياغلىق دان ئېلىپ ساتسا بولىدۇ. ئاشلىق تارماقلىرىمۇ كېلىشىم باھادا سېتىۋالسا ۋە ساتسا بولىدۇ» دەپ كۆرسىتىلدى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت بۇ روھنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن تېلېفون يىغىنى چاقىرىپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە ئاشلىق، ياغنى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش سىناق نۇقتىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ناھىيىنى بىرلىك قىلىپ شۇ يىللىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، كېلىشىم باھادا ئاشلىق ـ ياغ سېتىۋېلىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە كېلىشىپ سېتىۋېلىنغان ئاشلىقنى يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمىتى ساھەسىگە ئىشلىتىش، يۇقىرى باھادا كىرگۈزۈپ، يۇقىرى باھادا چىقىرىش، دۆلەت ياردەم بەرمەسلىك بەلگىلەندى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كېلىشىم باھادا 44 مىليون 750 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە سېتىۋېلىنمىدى.

1979 ـ يىل 1 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت «ئاشلىق ـ ياغنى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش-سېتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» ۋە «بازار سودىسىنى قويۇۋېتىش توغرىسىدا

ئۈقتۇرۇش» تارقاتتى. ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: (1) ئاشلىق، ياغنى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش - سېتىش تىجارىتىنى ئاشلىق تارماقلىرى بىر تۇتاش قىلىدۇ، باشقا تارماق، ئورۇن، گورۇھ ۋە شەخسلەرنىڭ قىلىشىغا بولمايدۇ، مۇستەقىل ھېساپات قىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ۋە تۈەن - مەيدانلار دۆلەتنىڭ شۇ يىللىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولۇپ يېتەرلىك ئۈرۈقلۇق، ئوزۇقلۇق (ياغ) ۋە يەم - خەشەك قالدۇرغاندىن كېيىن ئېشىنغان ئاشلىق - ياغلىق دانىنى، گۆكشى ئەزالىرى ۋە نومۇر ئالىدىغان دېھقانچىلىق ئىشچىلىرى قالدۇرۇق يېرىدىن ئالغان ئاشلىق - ياغلىق دانىنى، ئۆزى ئىستېمال قىلىپ تېجەپ قالغان ئاشلىق - ياغلىق دانىنى بازاردا ساتسا بولىدۇ. دۆلەتنىڭ ئاساسىي قاتلام ئاشلىق تارماقلىرى ۋاقتىدا، بىۋاستە، تەشەببۇسكارلىق بىلەن كېلىشىپ سېتىۋالسا ۋە كەچ بازار ئاشلىق - ياغلىق دېنىنى سېتىۋالسا بولىدۇ. (2) گۆكشى - ئەترەتلەر، دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، چارۋىچىلىق فېرمىلىرى، ئورگان، قىسىم، مەكتەپ، تەشكىلاتلار، زاۋۇت، كان - كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ بازاردا ئاشلىق، ياغلىق دان ئېلىپ سېتىشىغا ۋە ئوغرىلىقچە سېتىشىغا يول قويۇلمايدۇ. (3) جايلارنىڭ ئۆز ئالدىغا تەسىس قىلىۋالغان ئاشلىق - ياغ تەكشۈرۈش پونكىتى بىكار قىلىنىدۇ. شۇ يىلى، جايلارنىڭ كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش مىقدارىنى ئاپتونوم رايون بىر تۇتاش بەلگىلىمىدى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئۆز ئالدىغا بەلگىلىدى. بەزى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىشنى يولغا قويۇشقا بولغان تونۇشى يېتەرسىز بولغانلىقى ۋە كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىشنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىشقا تەسىر قىلىشىدىن ئەندىشە قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ يېرىمىلا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش كەسپىنى يولغا قويدى. ئاپتونوم رايون ئىچىدە كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىنغان ئاشلىق 3 مىليون كىلوگرامغا يەتمىدى. شۇ چاغدا شىنجاڭدا قىس بولغان گۈرۈچنىڭ كىرگۈزۈلۈش باھاسى ئەرزان، بازىرى ئىتتىك بولغاچقا، تۆمۈريول بويىدىكى تۇرپان، قۇمۇل ۋىلايەتلىرى، ئۈرۈمچى شەھىرى خۇنەن، خۇبېي قاتارلىق ئۆلكىلەردىن كېلىشىم باھادا 3 مىليون 830 مىڭ كىلوگرام گۈرۈچ يۆتكەپ كەلدى (تۇرپان ۋىلايىتى 55.87%، قۇمۇل ۋىلايىتى 30.55%، ئۈرۈمچى شەھىرى 13.58%). كېلىشىم باھادا ئاشلىق سېتىۋېلىش كېلىشىم باھادا سېتىشنى ماددىي ئاساس بىلەن تەمىنلەپ، بازارنى جانلاندۇرۇش، ئارتۇق - كېمىنى تەڭشەش، بازار باھاسىنى تۇراقلاشتۇرۇش ۋە تىجارەت قىلىدىغان ئورۇنلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتە كۆرۈنەرلىك رول ئوينىدى.

1980 - يىل 5 - ئايدا «گوۋۇيۈەن (مەملىكەتلىك يازلىق ئاشلىق - ياغلىق داندىن پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش يىغىنىنىڭ دوكلات تېزىسى)»نى تەستىقلاپ تارقاتتى، ئۇنىڭدا كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىنغان ئاشلىقنى مۇقىم باھادىكى ئامبار سالدۇرۇشقا ئايلاندۇرۇشقا بولىدۇ، زىيانغا مەركەز ياردەم بېرىدۇ دەپ كۆرسىتىلدى. 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى جايلاردىن كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىشنى دۆلەت ئاشلىق مەنبەسىنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغان بىر قوشۇمچە يول قىلىپ، ئۇنى ھەقىقىي سېتىش يولى بار بولۇش شەرتى ئاستىدا پىلانلىق يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇششاق قارا ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىۋېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىنىدىغان ئاشلىق، ياغلىق داننىڭ تۈرىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، ماش، قىزىل ئۇششاق پۇرچاق، جياڭدۇ پۇرچاق، ئالا پۇرچاق، نوقۇت قاتارلىق ئاز تۈرلەرنى كېلىشىم باھادا ئېلىپ سېتىلىدىغان قاتارغا ئايرىۋېتىشنى، باشقا ئۇششاق قارا ئاشلىق ۋە پۇرچاق تۈرلىرىنى كېلىشىم باھالىق تۈرگە ئايرىش - ئايرىماسلىقنى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر بېكىتىشنى بەلگىلىدى. شۇ ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ «ئاشلىق، ياغ ھەم ياغلىق دانىنى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش - سېتىشنى يولغا قويۇش توغرىسىدا تەپسىلىي پرىنسىپ»نى تەستىقلاپ تارقىتىپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردىن ئاشلىق - ياغلىق دانىنى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش - سېتىش ئورگىنى قۇرۇشنى، ئۇنىڭ تەڭ دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە

بولۇشىنى، مۇستەقىل ھېسابات قىلىپ، پايدا ـ زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. كېلىشىم باھادا ئاشلىق ـ ياغلىق دان سېتىۋېلىشنى ئاساسەن، ئوزۇقلۇق، ئۇرۇقلۇق، يەم ـ خەشەك، زاپاس ئاشلىق قاتارلىقلارنى تولۇق قالدۇرغان ۋە دۆلەتنىڭ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن ھەقىقەتەن ئېشىنچا ئاشلىقى بار ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بازارلاردىكى كەچ بازىرى ئاشلىقلىرىنى سېتىۋېلىشقىمۇ بولىدۇ، باھا بازار نەرقى بويىچە بولۇپ، يۇقىرى باھادا كىرگۈزۈپ، يۇقىرى باھادا سېتىش، ئاز پايدا ئېلىپ، كۆپ سېتىش، پايدا بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلدى. 12 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىدىن كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىنغان ئاشلىقنى تەكشى باھالىق ئاشلىققا ئايلاندۇرۇپ، يۆتكەپ كېلىنىدىغان ئاشلىققا تولۇقلاشنى، تەكشى باھا بىلەن كېلىشىم باھا ئوتتۇرىسىدىكى باھا پەرقى پۇلىنى تېجەپ قېلىنغان ئاشلىق يۆتكەش كىراسىدىن چىقىم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇ ۋىلايەت، ئوبلاستلىرى كېلىشىم باھادىن ئالغان پايدىسى پۈتۈنلەي شۇ جايدىكى ئاشلىق تارماقلىرىغا قالدۇرۇلدى، باشقا ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئاپتونوم رايون بىلەن ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ئاشلىق تارماقلىرى نىسبەت بويىچە بۆلۈشۈۋالدى. شۇ يىلى قاراماي شەھىرى ۋە ئالتاي ۋىلايىتىدىن باشقا جايلاردا كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. بىر يىلدا 24 مىليون 910 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىنىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 7.6 ھەسسە ئاشتى؛ ئاپتونوم رايون سىرتىدىن كېلىشىم باھادا ئاشلىق سېتىۋالىدىغان جايلار ئۆتكەن يىلدىكى 3 ۋىلايەت، ئوبلاستتىن كۆپىيىپ، سانجى، بايىنغولىن، ئىلى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ 8گە يەتتى. كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىنىپ كىرگۈزۈلگەن ئاشلىق 25 مىليون 730 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 5 ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى.

1981 ـ، 1982 ـ يىللىرى ئاپتونوم رايون سىياسەتنى يەنىمۇ كەڭ قويۇۋەتتى، ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش كەسپى ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئۇقتۇرۇش تارقاتتى. ئۇقتۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: ئومۇمەن ئاپتونوم رايون ئىچى ۋە سىرتىدا بازىرى بار تۈرلەرنىڭ ھەممىسىنى پائال كېلىشىپ سېتىۋېلىش كېرەك. ئاقسۇ، سانجى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلار «كېلىشىم باھادىكىنى تەكشى باھاغا ئايلاندۇرۇش»نى يولغا قويۇشى كېرەك. قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلار شۇ جايدا تىرىشىپ كۆپلەپ كېلىشىم باھالىق ئاشلىق سېتىۋېلىپ، ئۇنى ئاپتونوم رايون ئىچىدە تەكشى باھالىق يۆتكەشكە ئايلاندۇرۇپ ھەمدە باھا پەرقى ۋە خىراجەت ياردەم پۇلى بېرىشى كېرەك؛ ئاپتونوم رايون بويىچە قارا بۇغداي، سۇلۇ ۋە ئادەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدىكى تېرىق، ئات پۇرچىقى، يالڭاچ ئارپا 3 ـ تۈردىكى ماللارغا كىرگۈزۈلدى؛ ماش، ئالا پۇرچاق، قىزىل ئۇششاق پۇرچاق، نوقۇت قاتارلىق ئۇششاق قارا ئاشلىقلارنى ھەر خىل يوللار بىلەن توشۇپ سېتىشقا يول قويۇلدى، ئەسلىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق، ياغلىق داننى كېلىشىپ سېتىۋېلىش ـ سېتىش شىركەتلىرىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ سىرتقا يۆتكەش ھەققىدىكى بەلگىلىمە بىكار قىلىندى؛ ئاشلىق سېتىش تەس بولغان جايلاردىكى دېھقان ئائىلىلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، كېلىشىم باھادا ئاشلىق سېتىپ بەرسە، ئاشلىق تارماقلىرى سېتىۋېلىشنى رەت قىلىشقا، چەكلەشكە بولمايدۇ، شۇ جاينىڭ شارائىت چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن كېلىشىپ سېتىۋېلىشقا مۇمكىن بولمىسا، قوشنا ناھىيىلەردىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىشىغا يول قويۇلىدۇ؛ كېلىشىم باھادا تىجارەت قىلىشتىن ئېلىنغان پايدا مالىيىگە تاپشۇرۇلماي، پۈتۈنلەي ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئىشلىتىشىگە قالدۇرۇلىدۇ. مۇشۇ مەزگىلدە، كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش نۇقتىلىرى يېتەرلىك بولمىغان جايلار ئاشلىق پونكىتى (دۇكىنى، ئامبىرى)، زىيالىي ياشلار سودا نۇقتىلىرىغا ھاۋالە قىلىپ ۋاكالىتەن سېتىۋېلىشنى يولغا قويۇشقا باشلىدى. تۇرپان، قۇمۇل ۋىلايەتلىرى ئاق قوناققا سىرت ئۆلكىلەرنىڭ گۈرۈچىنى تېگىشىپ

سېتىۋېلىپ، ئۇنى ئاپتونوم رايون ئىچى ۋە سىرتىدىكى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، بىر - بىرىنى تولۇقلىدى. باشقا ۋىلايەت، ئوبلاستلارمۇ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ گۈرۈچ، ئۇن قاتارلىقلارنى تېگىشىپ سېتىۋېلىش كەسپىنى يولغا قويدى. ئاپتونوم رايون بويىچە كېلىشىم باھادا ئاشلىق سېتىۋېلىش يىلدىن- يىلغا زور دەرىجىدە ئېشىپ باردى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 1982 - يىلى 1980 - يىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئاپتونوم رايون ئىچىدە، كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش 2.8 ھەسسە، ئاپتونوم رايون سىرتىدىن كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىپ كىرگۈزۈلگەن ئاشلىق 34.78% ئاشقان.

1983 - يىل 1 - ئايدا گوۋۇيۈەن سودا مىنىستىرلىكىنىڭ «ئاشلىق - ياغ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن، كۆپ يوللۇق تىجارەتنى يولغا قويۇشقا ئائىت بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى سىناق بەلگىلىمە»سىنى تارقاتتى. 5 - ۋە 7 - ئايلاردا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، ئاشلىقنى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش - سېتىش تىجارىتىنى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ بىر تۇتاش قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىنى بىكار قىلدى. دېھقانلار ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى سېتىپ بېرىش ۋە ئاشۇرۇپ سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن كېيىنكى ئاشلىقىنى بازارغا ئاپىرىپ كۆپ يوللۇق تىجارەت قىلىشقا بولىدۇ؛ ناھىيىلەر سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن، ھەر خىل يوللار ئارقىلىق سىرت جايلارغا توشۇپ سېتىشقا بولىدۇ. خۇنەن، خۇبېي، جياڭشى، سىچۈەن، جېجياڭ، جياڭسۇ، خېنەن، ئەنخۇي، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق ئۆلكىلەردىكى ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ كېلىشىم باھادا ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش شىركەتلىرى ۋە باشقا ئورۇنلار گۈرۈچ، ياغ ساتقىلى 200 نەچچە قېتىم كەلدى. ئاپتونوم رايوندىن بەزى ئورۇنلار ۋە شەخسلەرمۇ سىرت ئۆلكىلەرگە ئاشلىق سېتىۋېلىشقا باردى. ئاپتونوم رايون بويىچە كېلىشىم باھادا ئاشلىق، ياغ سېتىش - سېتىۋېلىشتا كەسكىن رىقابەتلىشىش ۋەزىيىتى بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرى ئۇچۇر جەھەتتە تېز، تور - نۇقتا، مۇئەسسەسەلىرى تولۇق بولۇشتەك ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، پاراق ئېلىش، سېتىۋېلىش ۋە «كېلىشىم باھالىقنى مۇقىم باھاغا ئايلاندۇرۇش» ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايون ئىچى بىلەن سىرتى، ئىشلەپچىقىرىش رايونى بىلەن سېتىش رايونى، شەھەر بىلەن يېزا، يۇقىرى دەرىجىلىك شىركەت بىلەن تۆۋەن دەرىجىلىك شىركەتلەر ئارا بىۋاسىتە ئالاقىلىشىش قاتارلىق تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىشنى پائال يولغا قويدى. سانجى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلار دېھقانلارنىڭ ئاشلىقىنى ئامبار، پونكىتلارغا ئېلىپ كېلىپ سېتىپ بېرىشىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالدىغا بېرىپ كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىشقا ئۆزگەرتتى. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش مۇھىم نۇقتىسى ھوسۇلنى ئاشۇرغان گۇڭشې، ئەترەتلەرگە قويۇلدى. ھوسۇلنى كۆپ ئاشۇرغانلاردىن كۆپ سېتىۋېلىندى، ھوسۇلى نورمال بولغانلاردىن ئاز سېتىۋېلىندى ياكى سېتىۋېلىنمىدى. ئومۇمەن دۆلەتكە سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغان ۋە تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرغانلار ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئاشلىق ساتماقچى بولسا، ئاشلىقى دۆلەتنىڭ سۈپەت ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولسا، قانچىلىك بولسا شۇنچىلىك سېتىۋېلىندى. يەكەن ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى 51 كادىرنى ئاجرىتىپ، بازار، مۇھىم قاتناش تۈگۈنلىرىدە 8 سېتىۋېلىش نۇقتىسى قۇرۇپ كېلىشىم باھادا سېتىۋالدى، يەنە تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، كىنىشكىسى بار رەۋەندىلەرنىڭ ۋاكالىتەن سېتىۋېلىشىغا ھاۋالە قىلدى. تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى چۆچەك، دۆربىلجىن، چاغانتوقاي، تولى، قوبۇقسارلاردا كېلىشىم باھادا گۈرۈچكە بۇغداي تېگىشىپ سېتىۋېلىندى. ش ئۇ ئا ر ئاشلىق - ياغ دانىنى كېلىشىپ سېتىۋېلىش - سېتىش شىركىتى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، ئاق قوناق، كۆممىقوناق، ماش، كۆك پۇرچاقلارغا ئاپتونوم رايون سىرتىدىن كېلىشىم باھادا گۈرۈچ تېگىشىپ سېتىۋالدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون ئىچىدە كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش بىلەن ئاپتونوم رايون سىرتىدىن كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىپ كىرگۈزۈش ئوخشاشلا ئاشتى.

1984 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق سېتىۋېلىش پەسلىدە بازارلار قويۇۋېتىلىپ، كۆپ يوللۇق

تىجارەت يولىغا قويۇلدى. كېلىشىم باھادا ئاشلىق تىجارەت قىلغۇچىلار كۆپىيىپ، رىقابەت ئېشىپ كەسكىنلىشىپ كەتتى، ئاشلىق تارماقلىرىدىن كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش - سېتىش شىركىتىنىڭلا تىجارەت قىلىشىغا يول قويۇلغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپتونوم رايون بويىچە مۇقىم باھادا سېتىۋېلىش ئۆتكەن يىلدىكىدىن %31.31 ئاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون ئىچىدە كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش ئالدىنقى يىلدىكىدىن %70.14، ئاپتونوم رايون سىرتىدىن كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىپ يۆتكەپ كىرگۈزۈش %25.87 ئازايدى.

1985 - يىلى گوۋۇيۈەن ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلدى، بۇغداي، گۈرۈچ، كۆممىقوناقنى توختام بويىچە سېتىۋالغاندىن باشقا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى قويۇۋېتىپ، كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتتى. شۇ يىلى جايلاردىكى كېلىشىم باھادا ئاشلىق سېتىۋېلىش كارخانىلىرى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش خىزمىتىنى بالدۇر ئورۇنلاشتۇرۇپ، سېتىۋېلىش، ۋاكالىتەن سېتىۋېلىش تور - نۇقتىلىرىنى كۆپەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش رايونى بىلەن سېتىش رايونى ئوتتۇرىسىدىكى بىۋاسىتە ئالاقىلىشىپ سېتىۋېلىشنى داۋاملىق يۈرگۈزدى. ئاپتونوم رايون ئىچىدە كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش ئالدىنقى 2 يىلنىڭ سەۋىيىسىگە يەتتى، ئاپتونوم رايون سىرتىدىن كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىشمۇ ئازراق ئاشتى.

1986 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىندى. دۆلەتنىڭ توختام بويىچە سېتىۋېلىش ۋە «كېلىشىم باھالىقنى تەكشە باھاغا ئايلاندۇرۇش» ۋەزىپىسى ئورۇندالغاندىن كېيىن، قىسمەن جايلاردا يەنىلا ئاشلىق سېتىش تەس بولدى. جايلاردىكى كېلىشىم باھادا ئاشلىق سېتىۋېلىش كارخانىلىرى سېتىۋېلىشنى پائال كېڭەيتتى. ئاپتونوم رايون ئىچىدە كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىنغان ئاشلىق 150 مىليون كىلوگىرامغا يېتىپ، 1985 - يىلدىكىدىن %76.94 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ سېتىۋالغان سانجى ئوبلاستىنىڭ 53 مىليون 190 مىڭ كىلوگىرام بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىنغان ئاشلىقنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايون سىرتىدىن كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىپ يۆتكەپ كىرگۈزۈشمۇ ئاشتى.

1987 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىقتىن يەنە مول ھوسۇل ئېلىندى. دۆلەت شىنجاڭنىڭ توختام بويىچە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى تەڭشەپ كېمەيتتى، كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىنىدىغان ئاشلىق مەنبەسى كۆپەيدى. جايلاردىكى كېلىشىم باھادا ئاشلىق سېتىۋېلىش كارخانىلىرى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىن بۇرۇن تەشەببۇسكارلىق بىلەن دېھقان ئائىلىلىرى، تۈەن - مەيدانلار ياكى تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى بىلەن كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش توختامى تۈزۈپ، ھوسۇل يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن توختام بويىچە ۋاقتىدا سېتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بازاردا كەچ بازىرى ئاشلىق، ياغلىق دېنىنى كېلىشىم باھادا سېتىۋالدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش ئالدىنقى يىلدىكى زور دەرىجىدە ئاشقان ئاساستا يەنە %46.84 ئاشتى، ئاپتونوم رايون سىرتىدىن كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىپ يۆتكەپ كىرگۈزۈش %4.50 ئازايدى.

1988 - يىلى مەملىكەت بويىچە بازاردا ئاشلىق قىس بولۇپ كەتتى، شىنجاڭدا ئاشلىق ھوسۇلى ئاشتى. ئىچكىرىدىكى ئۆلكە، شەھەرلەردىن ئادەم كېلىپ باھانى ئۆستۈرۈپ تالىشىپ سېتىۋالغاچقا، بازاردا ئاشلىق باھاسى ئۆرلەپ كەتتى، تاختاي باھاسى بىلەن بازار باھاسىنىڭ پەرقى ئايمۇ ئاي چوڭىيىپ باردى. بەزى جايلار چازا قۇرۇپ، ئاشلىقنىڭ سىرتقا چىقىپ كېتىشىنى توسۇدى. كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش خىزمىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭ «گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭىنىڭ ‹كېلىشىم باھادا ئاشلىق سېتىۋېلىشنى چىڭ تۇتۇش توغرىسىدىكى جىددىي ئۇقتۇرۇشى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نى تارقىتىپ مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: ناھىيە (شى) لەر توختامدا بەلگىلەنگەن سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن، گۈرۈچنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىر تۈرنى ئورۇندىغان ھامان شۇنى قويۇۋېتىشى كېرەك.

گۈرۈچنى ئاشلىق تارماقلىرى بىر تۇتاش سېتىۋالىدۇ. باشقا ئورۇنلار ۋە شەخسلەرنىڭ سېتىۋېلىشىغا بولمايدۇ. كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىشتا ئەڭ يۇقىرى باھا چەكلىمىسى بولغا قويۇلىدۇ. كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغلىق دانلى شىنجاڭنىڭ سىرتىغا چىقىرىش قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ. ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئۈرۈمچى، ئاقسۇ ۋە سانجىلاردا كېلىشىم باھالىق ئاشلىق - ياغلىق دان بەرمەنكىسى ئېچىپ، سېتىش رايونى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش رايوننىڭ مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ بىۋاسىتە سۆزلىشىپ سېتىۋېلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. يەنە ئۈرۈمچى، قاراماي، تۇرپان، قۇمۇل، قىزىلسۇ قاتارلىق ئاشلىقى كەملەيدىغان رايونلارنى توختام بويىچە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغان ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە بېرىپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن كېلىشىم باھادا ئاشلىق سېتىۋېلىشقا تەشكىللىدى. يۇقىرىدىكى تەدبىر ۋە تىرىشچانلىق ئارقىلىق شۇ يىلى ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش ئالدىنقى يىلدىكىدىن %50.58 ئاشتى. ئاپتونوم رايون سىرتىدىن كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىپ يۆتكەپ كىرگۈزۈش 1980 - يىلدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىگە چۈشتى.

1989 - يىلى بازلىق يىغىم باشلانغاندىن كېيىن، ئىچكىرىدىكى ئۆلكە، شەھەر ۋە ئاپتونوم رايونلاردىكى بەزى ئورۇنلار ۋە شەخسلەر يەنە ئىشلەپچىقىرىش رايونىغا بېرىپ باھانى ئۆستۈرۈپ ئاشلىقنى تالىشىپ سېتىۋېلىپ، ئاختاي باھاسى بىلەن بازار باھاسى ئارىسىدىكى پەرقنى داۋاملىق چوڭايتىۋەتتى. كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش ئىشىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئاشلىق ئىدارىسى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىكنى ۋە ئۇنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يىل بېشىدا، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە ئاشلىقنى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش يېتەكچى پىلانىنى چۈشۈرۈپ بەردى. كېيىن ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش، چارۋا ماللارنى قوغداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، يەنە كۆممىقوناقنى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش پىلانىنى بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلان قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. 8 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈتتىكى «بازلىق ئاشلىق-ياغلىق دان سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى چىڭ تۇتۇپ ئورۇنداپ، كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغلىق دانلى كۆپلەپ سېتىۋېلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، جايلاردىن پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، توختام بويىچە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغان ناھىيە، تۈەن - مەيدانلاردا پائال تۈردە كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغلىق دانلى سېتىۋېلىشنى، بانكا ئاۋۋال سېتىۋېلىش مەبلىغى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ش ئۇ ئا ر پارتكوم مالىيە - ئىقتىساد رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يوليورۇق بېرىپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەردىن دەرىجىمۇ دەرىجە تۇتۇپ، ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىشنىڭ ئەڭ يۇقىرى باھا چەكلىمىسىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىشنى، خىلاپلىق قىلغانلارنى باھا ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغانلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلگىرى - كېيىن 5 قېتىم كېلىشىم باھالىق ئاشلىق - ياغلىق دان سېتىۋېلىش - سېتىشنى ماسلاشتۇرۇش يىغىنى چاقىرىلدى، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، پائال كېلىشىپ سېتىۋالدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون ئىچىدە كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىشتا تارىختىكى ئەڭ يېڭى سەۋىيە يارىتىلدى، سېتىۋېلىنغان ئاشلىق 390 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ ئالدىنقى يىلدىكى ئاشقان ئاساستا يەنە %17.37 ئاشتى. كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش مىقدارى كۆپ بولغان ۋىلايەت، ئوبلاستلار: سانجى %17.14نى، ئىلى %15.09نى، تارباغاتاي %10.2نى ئىگىلىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق-ياغ كېلىشىپ سېتىۋېلىش - سېتىش شىركىتى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق - ياغ كېلىشىپ سېتىۋېلىش-سېتىش شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلار پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، بۇغدايغا ئىچكىرىدىكى ئۆلكە، شەھەرلەردىن گۈرۈچ تېگىشىپ سېتىۋېلىشنى پائال يولغا قويغانلىقى ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون سىرتىدىن كېلىشىپ سېتىۋېلىپ يۆتكەپ كىرگۈزۈش مىقدارىمۇ ئالدىنقى يىلدىكىدىن %81.66 ئاشتى.

1990 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە كېلىشىم باھالىق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئېھتىياجدىن ئېشىپ كەتتى، ئاپتونوم رايوندا ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىندى. ئاساسلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدا ئاشلىق سېتىش تەس بولدى. يېڭى ۋەزىيەتتىكى كېلىشىم باھادا ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون يېتەكچى خاراكتېرلىك كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش پىلانىنى 350 مىليون كىلوگرامغا كۆپەيتىۋەتتى ھەمدە مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: دېھقانلار ۋە ئىشلەپچىقارغۇچى ئورۇنلار ئاشلىقنى توختام بويىچە سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولۇش بىلەن بىللە، ئەڭ تۆۋەن قوغدالما باھادا سېتىشنى خالىسا، ئاشلىقنى دۆلەتنىڭ سۈپەت ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولسا، ئاشلىق تارماقلىرى كەڭتاشا سېتىۋېلىشى كېرەك؛ كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىنغان ئاشلىقنى كېلىشىپ سېتىشتا قىيىنچىلىق بولسا، ئۇنى دۆلەتنىڭ مۇقىم باھالىق سالدۇرۇشقا ئايلاندۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. نىسبەتلىك باھا بىلەن ئەڭ تۆۋەن قوغدالما باھا ئارىسىدىكى باھا پەرقى ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن تولۇقلاپ بېرىلىدۇ؛ سېتىۋېلىش مەزگىلىدە كېلىشىم باھالىق ئاشلىقنى شىنجاڭدىن چىقىرىشقا يول قويۇلىدۇ. گوۋچۇڭ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى دېھقانلار سېتىپ بەرگەن كېلىشىم باھالىق ئاشلىق باھاسىنىڭ ئەڭ تۆۋەن قوغدالما باھادىن تۆۋەن بولۇشىنىڭ، رەۋەندىلەرنىڭ بۇنىڭدىن پايدا ئېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئائىلىمۇ ئائىلە تەكشۈرۈپ تىزىمغا ئالدۇرۇپ، دېھقان ئائىلىلىرىگە كېلىشىم باھادا ئاشلىق سېتىش كىنىشكىسى (ئۇنىڭدا: كېلىشىم باھادا ئاشلىق ساتقۇچىنىڭ ئىسمى، جايلاشقان يېزا، كەنت، سېتىش مىقدارى ۋە ساتقان ۋاقتى قاتارلىقلار ئېنىق يېزىلغان) تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ كىنىشكىنى ئېلىپ مەمۇرىي رايون بويىچە ۋە ئالدىن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا قاراپ كۆرسىتىلگەن ئاشلىق پونكىتىغا بېرىپ ئاشلىق سېتىشنى بەلگىلىدى. 10 ـ ئايدىن كېيىن، ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەتكە مەخسۇس زاپاس ئاشلىق سېتىۋېلىش يولغا قويۇلغانلىقى، ئۇنىڭ باھاسى بازار باھاسىدىنمۇ يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، دېھقانلار توختامدا بەلگىلەنگەن سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن، بەس ـ بەستە مەخسۇس زاپاس ئاشلىق سېتىپ بەردى. بەزى توشۇش مۇساپىسى يىراق، كېلىشىم باھادا سېتىش مىقدارى ئازراق جايلارمۇ بىر قىسىم كېلىشىم باھالىق ئاشلىقنى مەخسۇس زاپاس ئاشلىققا ئايلاندۇردى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون ئىچىدە كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىنغان ئاشلىق، ياغلىق دان ئالدىنقى يىلدىكىدىن %37.66 ئازايدى، ئاپتونوم رايون سىرتىدىن كېلىشىپ سېتىۋېلىنىپ يۆتكەپ كىرگۈزۈلگىنى ئالدىنقى يىلدىكىدىن %27.83 ئازايدى. (جەدۋەل: 1 — 17، 1 — 18، 1 — 19گە قاراڭ).

**1979 — 1990 ـ يىلغىچە شىنجاڭدا تەكسە، كېلىشىم باھادا ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋە سېتىۋېلىنغاندىن كېيىن يېزىلاردا ئاشلىق قالدۇرۇش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 1 — 17   بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| تۈرى / ئاشلىق يىلى | تەكسە، كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىنغىنى | | | سېتىۋېلىنغاندىن كېيىن يېزىدا كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە قالدۇرۇلغان ئاشلىق (كىلوگرام) |
|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | بۇنىڭدىن: كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىنغىنى | | |
| | | مىقدار | تەكسە، كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىنغىنىنىڭ ئىگىلىگىنى (%) | |
| 1979 | 104334 | 288 | 0.28 | 299 |
| 1980 | 102058 | 2491 | 2.44 | 296 |
| 1981 | 103204 | 8268 | 8.01 | 293 |
| 1982 | 105041 | 9382 | 8.93 | 309 |
| 1983 | 123247 | 9794 | 7.95 | 334 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1984 | 151895 | 2924 | 1,93 | 349 |
| 1985 | 145926 | 8486 | 6,01 | 359 |
| 1986 | 155440 | 15015 | 9.66 | 389 |
| 1987 | 163835 | 22048 | 13.46 | 415 |
| 1988 | 165954 | 33200 | 20.01 | 433 |
| 1989 | 170107 | 38968 | 22.91 | 441 |
| 1990 | 226753 | 24292 | 10.71 | 424 |

ئىزاھ: بۇ جەدۋەلدىكى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش ئاشلىق تارماقلىرى ئىشلەپچىقارغۇچى ۋە باشقا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا، كوللېكتىپ، يەككە سودا بويىچە سېتىۋالغان ساننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## شىنجاڭدىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ 1979 — 1990 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون ئىچىدە كېلىشىم باھادا ئاشلىق سېتىۋېلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 1 — 18

بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| ئاشلىق يىلى / نامى | | 1979 | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە | جەمئىي | 288 | 2491 | 8268 | 9382 | 9794 | 2924 | 8486 | 15015 | 22048 | 33200 | 38968 | 24292 |
| | بۇغداي | 68 | 1273 | 4206 | 5033 | 6126 | 761 | 3719 | 8890 | 13742 | 17625 | 19348 | 12084 |
| | گۈرۈچ | 51 | 93 | 667 | 813 | 723 | 584 | 955 | 1195 | 1292 | 2501 | 2741 | 1132 |
| | دادۇر | 1 | 26 | 24 | 39 | 40 | 52 | 193 | 410 | 609 | 1183 | 2179 | 835 |
| | قارا ئاشلىق | 168 | 1099 | 3371 | 3497 | 2905 | 1527 | 3619 | 4520 | 6405 | 11891 | 14700 | 10241 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە كۆممىقوناق | 168 | 456 | | 2918 | 2208 | 975 | 2831 | 3498 | 3838 | 8699 | 12185 | 8507 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | | | 28 | 102 | 114 | 239 | 57 | 315 | 915 | 2050 | 3176 | 3257 | 3383 |
| قاراماي شەھىرى | | | | 13 | | | | 3 | 129 | 1 | 6 | | |
| تۇربان ۋىلايىتى | | 1 | 56 | 244 | 234 | 351 | 386 | 203 | 354 | 410 | 817 | 873 | 824 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | | | 477 | 629 | 149 | 185 | 123 | 508 | 516 | 1009 | 1526 | 1491 | 1033 |
| سانجى ئوبلاستى | | 3 | 1088 | 1070 | 1741 | 1346 | 96 | 1724 | 5319 | 6737 | 7409 | 6681 | 6908 |
| شىخەنزە شەھىرى | | | 2 | 83 | 83 | 2 | 26 | 103 | 630 | 2077 | 818 | 1370 | 406 |
| ئىلى ئوبلاستىغا قاراشلىق جايلار | | | 3 | 1 | 5 | | 3 | 66 | 163 | 115 | 60 | 124 | 255 |
| ئىلى ۋىلايىتى | | 90 | 86 | 216 | 234 | 256 | 529 | 1268 | 1199 | 1922 | 7200 | 5879 | 1620 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | | 30 | 66 | 52 | 16 | 18 | 83 | 187 | 775 | 1956 | 2858 | 4675 | 1064 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | | 3 | | 42 | 49 | 35 | 3 | 5 | 163 | 151 | 1192 | 413 | 653 |
| بورتالا ئوبلاستى | | | 9 | 25 | 32 | 41 | 42 | 7 | 63 | 124 | 343 | 1689 | 604 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | | | 80 | 1085 | 66 | 309 | 128 | 485 | 1629 | 930 | 1218 | 2491 | 2355 |

| | 1979 | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 61 | 169 | 1346 | 2012 | 1283 | 361 | 789 | 778 | 2137 | 2943 | 3706 | 2387 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | | 25 | 153 | 167 | 111 | 54 | 198 | 153 | 262 | 196 | 330 | 182 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 100 | 236 | 2348 | 3293 | 3989 | 572 | 1240 | 881 | 823 | 930 | 2308 | 1338 |
| خوتەن ۋىلايىتى | | 166 | 859 | 1187 | 1629 | 461 | 1385 | 1348 | 993 | 1553 | 3163 | 835 |
| ئاپتونوم رايونلۇق كېلە-شىپ سېتىۋېلىش - سېتىش شىركىتى | | | | | | | | | | 146 | 30 | |
| باشقا ئورۇنلار | | | | | | | | | 351 | 809 | 489 | 445 |

## شىنجاڭدىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ 1979 — 1990 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون سىرتىدىن كېلىشىم باھادا ئاشلىق سېتىۋېلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 1 — 19

بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| ئاشلىق يىلى / نامى | | 1979 | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە | جەمئىي | 418 | 2573 | 3214 | 3468 | 4344 | 3220 | 3498 | 4158 | 3971 | 2137 | 3882 | 2802 |
| | بۇغداي | 35 | 244 | 88 | 75 | 110 | 336 | 76 | 25 | | | | |
| | گۈرۈچ | 383 | 2306 | 3110 | 3373 | 4051 | 2597 | 3389 | 4109 | 3679 | 1331 | 2312 | 2169 |
| | دادۇر | | | | | | 19 | | | 225 | 779 | 295 | |
| | قارا ئاشلىق | | 23 | 16 | 20 | 183 | 268 | 33 | 24 | 67 | 27 | 1275 | 633 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە: كۆممىقوناق | | | | | 135 | 220 | | | | 6 | 1260 | 616 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | | 52 | 460 | 237 | 109 | 444 | 1117 | 1326 | 1788 | 1300 | 1191 | 1207 | 610 |
| قاراماي شەھىرى | | | | | | | | | 12 | | | 17 | 59 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | | 249 | 736 | 672 | 457 | 170 | 731 | 201 | 312 | 210 | 36 | 40 | 187 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | | 117 | 418 | 522 | 238 | 222 | 124 | 200 | 332 | 188 | 37 | 258 | 346 |
| سانجى ئوبلاستى | | | | 127 | 17 | 210 | 112 | 268 | 193 | 174 | 143 | 218 | 96 |
| شىخەنزە شەھىرى | | | 117 | 309 | 335 | 365 | 250 | 152 | 223 | 460 | 32 | 66 | 222 |
| ئىلى ئوبلاستىغا قاراشلىق جايلار | | | | 144 | 298 | 307 | 34 | 120 | 364 | 193 | 146 | 202 | 169 |
| ئىلى ۋىلايىتى | | | 24 | | | 85 | 20 | 43 | 126 | 156 | 8 | | 7 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | | | | | | 58 | | 56 | 74 | 130 | 34 | 84 | 30 |
| بورتالا ئوبلاستى | | | 10 | | | 11 | 1 | | | | | 19 | |

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بايىنغولىن ئوبلاستى | | 110 | 180 | 88 | 243 | 60 | | 86 | 303 | 16 | 46 | 349 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | | | | | | | | | 5 | | | 4 |
| ئاپتونوم رايونلۇق كېلە-شىپ سېتىۋېلىش - سېتىش شىركىتى | | 698 | 1006 | 1914 | 2006 | 657 | 1042 | 632 | 811 | 478 | 1470 | 589 |
| باشقا ئورۇنلار | | | 17 | 12 | 223 | 114 | 78 | 28 | 41 | 16 | 225 | 134 |

# III باب

# ئاشلىقنى پىلانلىق سېتىۋېلىش

## 1 § . بىر تۇتاش سېتىۋېلىش

### 1. پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ھەر يىلى بىر قېتىم بەلگىلەش

1957 - يىلدىن باشلاپ شىنجاڭدا ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىش ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. 1955 — 1956 - يىللىرى شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىكىدە ئۇدا مول ھوسۇل ئېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما سېتىۋېلىنغان ئاشلىق ئاز، سېتىلغان ئاشلىق كۆپ بولۇپ، سالدۇنى يۇناشتەك ئەھۋال كۆرۈلدى. بۇ مەملىكەت بويىچە ئۆلكىلەرنىڭ ھەممىسىدە ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىش يولغا قويۇلغان ئەھۋالدا شىنجاڭدا بازار ئارقىلىق ئاشلىق سېتىۋېلىش ياكى سېتىۋېلىش خاراكتېرىدىكى مۇقىم، كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىشنى ساقلاپ قېلىشنىڭ تەس ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. 1957 - يىل 3 — 4 - ئايلاردا ئايرىم جايلاردا دېھقانلار ئاشلىق مەسىلىسىنى باھانە قىلىپ، يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپىدىن چېكىنىشتەك ئەھۋال سادىر بولدى. شۇ يىلى 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى يەكەن ناھىيىسى 12 - رايونلۇق ئاشلىق پونكىتى ئاشلىق سېتىۋالغىلى كەلگەن 50 نەچچە دېھقانغا ھەر ئائىلىگە 2 ~ 3 كۆزە ئاشلىق سېتىپ بەرگەن بولسىمۇ، دېھقانلار ئاز بولدى، دەپ پىكىر قىلدى، ئەھۋال چۈشەندۈرۈلگەندىن كېيىن قايتىپ كەتتى. 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى مەكىت ناھىيىسى يەكەن ناھىيىسىنىڭ 12 - رايونلۇق ئاشلىق پونكىتىدىن ئاشلىق يۆتكەشكە ئەۋەتكەن 20 ئات ھارۋىسى پونكىتكە كەلگەندە ئەتراپتىكى دېھقانلار يۆتكەشنى توسۇپ، ھارۋىنى قورۇق قايتۇرۇۋەتتى، شۇ كېچىدە 37 دېھقان ئاشلىق پونكىتىدا قونۇپ قالدى، 5 - كۈنى ئەتىگەندە يەكەن ناھىيىسى 12 - رايون 10 - يېزا 1 - ئالىي يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپىدىكى دېھقانلار ئاز ساندىكى يامان ئادەملەرنىڭ قۇترىتىشى بىلەن، ئاشلىق پونكىتىدىكى كادىرلارنى ۋە نەسھەت قىلغىلى كەلگەن رايونلۇق كومىتېتنىڭ شۇجىسىنى قورشىۋېلىپ ئۇردى ھەمدە دۆلەت ئامبىرىدىن 10 مىڭ كىلوگرامدىن كۆپرەك ئاشلىقنى بۇلاپ كەتتى، 6 - كۈنى 3000دىن ئارتۇق دېھقان ئاشلىق پونكىتىنى قورشىۋالدى ھەمدە «ئالىي يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى تارقىتىۋېتىلسۇن»، «يەر، ئۇلاغلىرىمىز قايتۇرۇپ بېرىلسۇن»، «دۆلەتكە سېتىپ بەرگەن ئارتۇق ئاشلىقىمىز قايتۇرۇپ بېرىلسۇن» دېگەن شوئارلارنى تولىدى.

كېيىن قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى مىڭ شۇلىن، ۋالىي ئابلا ئىسمائىل قاتارلىقلارنىڭ سەۋرچانلىق بىلەن نەسىھەت قىلىشى ئارقىسىدا، ۋەقە تىنچىتىلدى. شۇ ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە ئاما بۇلاپ كەتكەن ئاشلىقتىن 8329.5 كىلوگرامنى قايتۇرۇپ بەردى. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، ئاشلىقى كەملەيدىغان ئائىلىلەرگە ئاشلىق سېتىۋېلىش كىنىشكىسى ۋاقتىدا تارقىتىپ بېرىلمىگەچكە، ئاشلىقى كەملەيدىغان ئائىلىلەر ئېھتىياجلىق ئاشلىقنى سېتىۋالالمىغان ياكى يېتەرلىك سېتىۋالالمىغان، بەزى رايون، يېزا كادىرلىرىنىڭ يۈز خاتىرە قىلىپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشى بىلەن، تەمىنلەشكە تېگىشلىك بولمىغان ئائىلىلەر ئاشلىق سېتىۋالغان، نەتىجىدە زىددىيەت كەسكىنلىشىپ كەتكەن. 1957 - يىل 1 — 4 - ئايغىچە قەشقەر ۋىلايىتىدە سېتىلغان ئاشلىق ئالدىنقى يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن %56.07 كۆپ بولدى، ۋىلايەتكە قاراشلىق ناھىيىلەرنىڭ ھەممىسىدە سېتىلغان ئاشلىق زور ھەجىمدە ئاشتى، جۈملىدىن، يەكەن ناھىيىسىنىڭ %58كە يەتتى. خوتەن ۋىلايىتىدىمۇ ئاشلىق كۆپلەپ سېتىلدى ھەمدە ئاما جېدەل چىقىرىشتەك ھادىسىلەر يۈز بەردى. بۇنداق ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىپ، ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىشنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت يېڭى ئەھۋالغا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر پارتكوم 7 - ئايدا مەملىكەتلىك ئاشلىق يىغىنىنىڭ قارارىنى يەتكۈزدى ۋە ئاشلىق مەسىلىسىگە دائىر بەلگىلىمە چىقاردى: (1) بارلىق چارە - ئۇسۇللار بىلەن ئاشلىق ھوسۇلىنى ئاشۇرۇش كېرەك. (2) تەمىناتقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى جەزمەن ئورۇنداش شەرت؛ سالدۇنى يىلدىن - يىلغا ئاشۇرۇش كېرەك، يەنە ئازايتىشقا بولمايدۇ؛ ئاشلىقنى كۆپ سېتىۋېلىپ، ئاز سېتىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، «ئائىلىنى ئاساس، كوپېراتىپنى بىرلىك قىلىپ»، ئاشلىقنىڭ ئارتۇق - كېمىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشتەك يېڭى سېتىۋېلىش چارىسىنى قوللىنىش لازىم. (3) دېھقانلار قالدۇق ئاشلىقنى نورما ئۆلچىمى بويىچە قالدۇرۇشى، كۆپەيتىۋالماسلىقى كېرەك. (4) شەھەر - يېزىلاردا ئاشلىقنى تېجەپ ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىللە، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى شەھەر - بازارلاردا كىنىشكا بويىچە تەمىنلەش چارىسىنى يولغا قويۇش كېرەك. (5) ئاشلىق ئەركىن بازىرىنى قەتئىي ئەمەلدىن قالدۇرۇش شەرت. شۇ ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق كومىتېتى «ئاشلىق خىزمىتى توغرىسىدا يوليورۇق» تارقىتىپ، 1957 - يىل 7 - ئايدىن ئېتىبارەن ئاپتونوم رايون بويىچە يېزىلاردا ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىشنى يولغا قويۇشنى بەلگىلىدى. ئاپتونوم رايون ۋە ئاپتونوم ئوبلاست، ۋىلايەتلەردە ئاشلىق خىزمىتىگە دەرىجە بويىچە مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايون ئاشلىق بويىچە تاۋار ئوبوروت پىلانىنى ئاپتونوم ئوبلاست ۋە ۋىلايەتلەرگە چۈشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە يۆتكەپ چىقىرىش كۆرسەتكۈچى چوقۇم ئورۇندىلىشى شەرت قىلىندى، كۆپەيتىشكىلا بولىدۇكى، ئازايتىشقا بولمايدۇ. سېتىۋېلىش، سېتىش كۆرسەتكۈچىنى جايلار ئاپتونوم رايون چۈشۈرۈپ بەرگەن پىلانغا ئاساسەن ئەمەلىي ئەھۋالغا بىرلەشتۈرۈپ ئوبلاست، ۋىلايەتلىرىنىڭ سېتىۋېلىش - سېتىش پىلانىنى تۈزۈپ تۆۋەنگە چۈشۈردى. يېزىلاردا ئاشلىق سېتىۋېلىشتا «ئائىلە ئاساس، كوپېراتىپ بىرلىك قىلىنىپ، ئاشلىقنىڭ ئارتۇق - كېمى تەڭپۇڭلاشتۇرۇلۇپ، ئاشلىقى ئېشىنغان بولسا سېتىۋېلىش، كەملەيدىغان بولسا تەمىنلەش» تىن ئىبارەت يېڭى سېتىۋېلىش چارىسى يولغا قويۇلدى. ئېشىنغان ئاشلىق بار كوپېراتىپ (ئائىلە) لاردىن ئاۋۋال سېتىۋېلىش، ئاندىن تەقسىم قىلىش پرىنسىپى بويىچە، ئېشىنغان ئاشلىقنىڭ %80 — %90 ى سېتىۋېلىندى. بىر تۇتاش سېتىۋېلىش قەدەم باسقۇچى مۇنداق بولدى: بىرىنچى قەدەم، ناھىيىلەر يۇقىرىدىن بەلگىلىگەن پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى، ئالدىنقى يىللاردىكى ئەمەلىي سېلىق ۋە شۇ يىللىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى، ئاممىنىڭ ئىلگىرىكى ئىستېمال سەۋىيىسىگە ئاساسەن، ناھىيىنىڭ ئوزۇقلۇق، ئۇرۇقلۇق، يەم - خەشەك ئۆلچىمى ۋە پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ دەسلەپكى لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئوزۇقلۇق ئاشلىقنى ئاھالە بويىچە بەلگىلەش، ئاشلىقى كۆپ، ئادەتتىكى ئىستېمال سەۋىيىسى يۇقىرى بولسا ئۆلچىمى يۇقىرى بولىدۇ، ئەكسىچە بولسا تۆۋەنرەك بولىدۇ (شۇ يىلى ئاپتونوم رايوندا يېزا ئىگىلىك نوپۇسىنىڭ

ئوزۇقلۇق ئاشلىقى چوڭ - كىچىك تۇيۇس بويىچە ئوتتۇرىچە 180 — 200 كىلوگرام بولدى، يەرلىك ئاشلىق، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). ئۇرۇقلۇق ئاشلىق ئەمەلىي ئېھتىياج بويىچە تولۇق قالدۇرۇلىدۇ، تېرىلغۇ ئۇلاغلىرىنىڭ يەم - خەشىكى چىڭ ھېسابلاپ قالدۇرۇلىدۇ. ئىككىنچى قەدەم، يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپىنىڭ ئالدىن تەقسىمات لايىھىسىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئارتۇق ئاشلىق سېتىش لايىھىسى تۈزۈپ چىقىلىدۇ. ئۈچىنچى قەدەم، كوپېراتىپ ئەزالىرى ئۆزىنىڭ ئېشىنغان ئاشلىقى ۋە دۆلەت بەلگىلىگەن ئارتۇق ئاشلىق سېتىش نىسبىتىگە ئاساسەن، ساتىدىغان ئارتۇق ئاشلىق مىقدارىنى ئۆزى مەلۇم قىلىدۇ. يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى ئەزالارنىڭ ئېتىراپ قىلىپ ساتقان ئارتۇق ئاشلىقى ۋە كوپېراتىپنىڭ جامائەت فوندى، جامائەت پاراۋانلىق فوندى قىلىنغان ئاشلىقلىرىنى دۆلەتكە بىر تۇتاش سېتىپ بېرىدۇ. تۆتىنچى قەدەم، سېتىۋېلىشتا بىرلەشتۈرۈلۈپ كوپېراتىپ ئىچىدىكى تەمىنلەش ھەل قىلىنىدۇ. ئايرىم جايلار كوپېراتىپنى بىرلىك قىلىپ، بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بويىچە ئوزۇقلۇق، يەم - خەشەك ۋە ئۇرۇقلۇق ئاشلىقنى تولۇق قالدۇرغاندىن كېيىن، ئېشىنغان ئاشلىقنىڭ 80% — 90%نى دۆلەتكە سېتىپ بەرسىمۇ بولىدۇ. ئاشلىق ساقلاش ئادىتى بولمىغان ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش ئىمكانىيىتى يوق كوپېراتىپلار، غەللە - پاراق تاپشۇرغان ۋە ناھىيە بەلگىلىگەن ئۆلچەم بويىچە ئۇرۇقلۇق، يەم - خەشەك قالدۇرغاندىن كېيىن، قالغان ئاشلىقنىڭ ھەممىسىنى دۆلەتكە سېتىپ بېرىدۇ، دۆلەت ئۇلارنى ئۇن بىلەن تەمىنلەيدۇ. يەككە دېھقان ئائىلىلىرى يۇقىرىدا ئېيتىلغان پرىنسىپ بويىچە سېتىپ بېرىشى كېرەك. 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى مۇنۇلارنى جاكارلىدى: ئاشلىق ئەركىن بازىرى تاقالدى، خۇسۇسىي ئاشلىق سودىگەرلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ھەر قانداق كىشىنىڭ ئاشلىق سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ؛ يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى ۋە دېھقانلار ئارتۇق ئاشلىقنى دۆلەت بەلگىلىگەن سېتىۋېلىش تارماقلىرىغا سېتىپ بېرىشى شەرت، ئاشلىقنى پىششىقلاپ ئىشلەپ سېتىشقا بولمايدۇ؛ دېھقانلارنىڭ سورت كىرگۈزۈش - تەڭشەش ئىشىنى يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى مەسئۇل بولۇپ تەشكىللەيدۇ ياكى دۆلەت ئاشلىق تارماقلىرى بىلەن بىللە قىلىدۇ؛ ئورگان، مەكتەپ، كارخانا، قىسىملارنىڭ ئاشخانىلىرى ۋە شەخسلەر يېزىلارغا بېرىپ ئاشلىق سېتىۋېلىشقا بولمايدۇ. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، ھەر دەرىجىلىك خەلق كومىتېتلىرى كېڭەيتىلگەن يىغىن، 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى چاقىرىپ مۇزاكىرە قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش كېڭەش ئەزالىرى ۋە جايلاردىكى سىياسىي كېڭەش تەشكىلاتلىرىنى ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشكە چاقىردى. «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ گېزىتلىرىمۇ باش ماقالە، ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىش سىياسىتىنى تەشۋىق قىلدى. ئاپتونوم رايوندا ئاشلىق خىزمىتى ئىشخانىسى قۇرۇلدى، ئىشخانىغا ش ئۇ ئا ر پارتكوم شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى زېڭ دى مۇدىر بولدى. ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلەردىمۇ مۇناسىپ ئورگانلار قۇرۇلۇپ، شۇ جايدىكى ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىش خىزمىتى بىر تۇتاش باشقۇرۇلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى يېزىلارغا بېرىپ، قوماندانلىق قىلىپ، ھۆددىگە ئېلىپ مەسئۇل بولدى. ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت - ئوبلاست، ناھىيە، رايوندىن ئىبارەت 4 دەرىجىلىك ئورۇندىن 10 مىڭدىن كۆپرەك كادىر ئاجرىتىلىپ، خىزمەت ئۆمىكى تەشكىللىنىپ (بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونلۇق ئورگانلاردىن ئاجرىتىلغىنى 2000دىن ئارتۇق، نازىردىن يۇقىرى كادىر 30 نەچچە، باشقارما، بۆلۈم باشلىقى 70 نەچچە)، يېزىلارغا چۈشۈپ، ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىش مەركەز قىلىنغان يېزا خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ ش ئۇ ئا ر يېزا خىزمىتى ئۆمىكى ئۈچۈن سەپەرۋەرلىك دوكلاتى بەردى ۋە بىرىنچىدىن، ئاشلىق سېتىۋېلىش پىلانىنى ئورۇنداش؛ ئىككىنچىدىن، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش؛ ئۈچىنچىدىن، كوپېراتىپلارنى تەرتىپكە سېلىش ۋە مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت 3 چوڭ ۋەزىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ يەنە ئاپتونوم رايوندا ئاشلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا تۆۋەندىكى 5 چوڭ سىياسەتنى يولغا قويۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىدى: بىرىنچى، بارلىق

چارە - ئۇسۇللار بىلەن ئاشلىق ھوسۇلىنى ئاشۇرۇش، ئىككىنچى، دۆلەت ئېھتىياجلىق ئاشلىقنى ئىگىلەش، ئۈچىنچى، يېزىلارغا يېتەرلىك ئاشلىق قالدۇرۇش، تۆتىنچى، ئاشلىق تېجەشنى تەشەببۇس قىلىش، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش، بەشىنچى، ئاشلىق ئەركىن بازىرىنى قەتئىي بىكار قىلىش. جايلار ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، كۆزلۈك يىغىمدىن بۇرۇن يېزىلاردا ئاشلىق مەسىلىسى مەركەز قىلىنغان چوڭ مۇنازىرە ۋە يالغان مەلۇم قىلىشقا، ھوسۇلنى يوشۇرۇشقا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. مەملىكەت بويىچە قانات يايدۇرۇلغان ئوڭچىللارغا قارشى تۇرۇش سىياسىي ھەرىكىتىدىن ئىبارەت چوڭ ۋەزىيەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىش سىياسىتىنى قەتئىي يۈرگۈزۈش شەرتى ئاستىدا، جايلاردىكى دېھقانلار ئارتۇق ئاشلىقنى سىياسەت - بەلگىلىمە بويىچە پائال سېتىپ بەردى. سېتىۋېلىش مەزگىلىدە، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ تورپانيۈزى يېزىسىدىكى 3 كوپېراتىپ ھەر كۈنى 110 چوڭ ھارۋا چىقىرىپ، 3 كۈندە 465 مىڭ كىلوگرام ئېشىنچا ئاشلىق سېتىپ بېرىپ، ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى %19.20 ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى. مۇشۇ ناھىيىنىڭ 3 - رايونىدىكى خۇدياريۈزى يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى 27 - سېنتەبىرنى «ۋەتەنپەرۋەرلىك ئاشلىق سېتىپ بېرىش كۈنى» قىلىپ بېكىتىپ، 80 چوڭ ھارۋا چىقىرىپ، بىر قېتىمدىلا 65 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق سېتىپ بەردى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ھوسۇلى 127 مىليون كىلوگرام كېمەيگەن ئەھۋالدا، 471 مىليون كىلوگرام (سېتىۋېلىنغان غەللە - پاراق قوشۇپ ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئاشلىق (بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي %54.01، گۈرۈچ %7.12نى ئىگىلەيدۇ) سېتىۋېلىندى، بۇ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 84 مىليون 970 مىڭ كىلوگرام كۆپ. ۋەزىپە %14.86 ئاشۇرۇپ ئورۇندىلىپ، ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەپ ئېشىنىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە سېتىۋېلىش نىسبىتى كۆپ بولغان ۋىلايەت، ئوبلاستلار: قەشقەر بىلەن سانجىنىڭ %20تىن، ئىلىنىڭ %13.49، ئاقسۇنىڭ %11.42، تارباغاتاينىڭ %10.41. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق سېتىۋېلىش نىسبىتى %32.35كە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئاز كەم 8 پىرسەنت پوئېنتى ئاشتى؛ سېتىۋېلىنغاندىن كېيىن يېزىلاردا كىشى بېشىغا قالدۇرۇلغان ئاشلىق 213 كىلوگرام بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 61 كىلوگرام كېمەيدى، دېمەك بۇ 1953 - يىلدىن بۇيانقى كىشى بېشىغا قالدۇرۇلغان ئاشلىق ئەڭ تۆۋەن بولغان يىل بولدى. ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتى داۋامىدا ئايرىم جايلاردا مەجبۇرلاش، بۇيرۇقۋازلىق قىلىشتەك سىياسەتكە خىلاپ قىلمىشلار سادىر بولدى. ئەركىن بازار ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن قىسمەن جايلاردا يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. بازار مەركەزلىك بولۇشتىن تارقاق بولۇشقا، شەھەر بازىرىدىن يېزا بازىرىغا يۆتكەلدى، ئاشكارا ئېلىپ سېتىشتىن يوشۇرۇن سودىلىشىشقا ئۆتتى.

1958 - يىلى ھاۋارايى ئوبدان بولۇپ، يېزا ئىگىلىكىدىن مول ھوسۇل ئېلىندى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1 مىليارد 961 مىليون كىلوگرام بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 505 مىليون كىلوگرام يەنى %34.68 ئاشتى، بۇ، ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتىنى پۇختا ماددىي ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي ئەزالار يىغىنى چاقىرىپ، يېزىلاردىكى ئاشلىق - ياغلىق داننى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىش سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ۋە ئاشلىق خىزمىتىگە ئائىت مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلدى. 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى «1958 - يىللىق ئاشلىق خىزمىتى توغرىسىدا يوليورۇق» تارقاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىش - سېتىش پەرقىنى ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە يۈرگۈزۈش چارىسى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزىلاردا ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىش چارىسىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پىرىنسىپى»نى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ ئاساسىي روھى مۇنداق: ئاپتونوم رايونىنىڭ 1958 - يىللىق ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى 500 مىليون كىلوگرام بولىدۇ؛ دۆلەت يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپىنىڭ ئاشقان ئاشلىقىنىڭ %40ىنى سېتىۋالىدۇ، يازلىق ئاشلىقتا مول ھوسۇل ئالغان

جايلاردىن سېتىۋېلىنىدىغان بۇغداينىڭ نىسبىتى مۇۋاپىق كۆپەيتىلىدۇ، ئەمما بىر يىللىقنى بىر تۇتاش ھېسابلىغاندا %40تىن ئېشىپ كەتمەيدۇ؛ 1958 - يىلدىن ئېتىبارەن، ئاشلىقنى پەرقلىق سان بويىچە باشقۇرۇش، دەرىجە بويىچە مەسئۇل بولۇش، بىر ھۆددىگە ئېلىپ 3 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك بەلگىلەندى، ئامبىلەر ئاشلىقتا ئېشىنچا بولۇش، ئۆزىنى تەمىنلەش، كەملەش قاتارلىق ئەمەلىي ئەھۋاللارغا ئاساسەن، سېتىۋېلىش كۆرسەتكۈچىنى ھۆددىگە ئېلىپ ئورۇندىشى لازىم، يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرى «ئاۋۋال دۆلەت، ئاندىن شەخس، ئاۋۋال سېتىۋېلىش، ئاندىن تەقسىم قىلىش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بويىچە غەللە - پاراق، ئورۇقلۇق، يەم - خەشەك ۋە ئوزۇقلۇق ئاشلىقنى قالدۇرغاندىن كېيىن، دۆلەت ئارتۇق ئاشلىقى بار كوپېراتىپلارنىڭ %80 — %90 ئاشلىقىنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، ئاشلىقى كەملەيدىغان كوپېراتىپلارغا بىر تۇتاش سېتىشنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەيدىغان كوپېراتىپلاردىن سېتىۋالماسلىق ھەم سېتىپ بەرمەسلىك بەلگىلەندى. 1958 - يىلى يېزىلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمى 1957 - يىلى قالدۇرۇلغان ئاشلىق ئۆلچىمى ئاساسىدا مۇۋاپىق ئۆستۈرۈلسە بولىدۇ. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغىنى 170 كىلوگرامغا يەتمىگەنلىرى 175 كىلوگرامغا يەتكۈزۈلىدۇ، 175 — 190 كىلوگرام بولغانلارنىڭ %3 ~ %4، 190 ~ 200 كىلوگرام بولغانلارنىڭ %2، 200 كىلوگرامدىن يۇقىرى بولغانلارنىڭ %1 ئۆستۈرۈلىدۇ. يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان رايونلارنىڭ ئەتراپتىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ ئاشلىق قالدۇرۇش ئەھۋالىغا ئاساسەن %20 ~ %40 تۆۋەنلىتىلىدۇ. جايلاردا ئوزۇقلۇق ئاشلىقىدىكى ئاق - قارا ئاشلىقنىڭ نىسبىتىدە، نېمىنى ئىشلەپچىقارسا شۇنى يېيىش پرىنسىپى بويىچە بەلگىلىنىدۇ. ئورۇقلۇق شۇ جايدا پىلانلانغان تېرىلغۇ كۆلىمى بويىچە تولۇق قالدۇرۇلىدۇ، تېرىلغۇ ئۇلاغلىرىنىڭ يەم - خەشىكى ئالدىنقى يىلدىكى ئۆلچەم بويىچە بولىدۇ. كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ ئۆي قۇشى ۋە چارۋىلىرىنىڭ يەم - خەشىكى قالدۇرۇق يەردىن ياكى دۆلەت سېتىۋالغاندىن كېيىنكى ئېشىنچا ئاشلىقتىن ھەل قىلىنىدۇ. 9 - ئايدا دېھقانچىلىق، ج خ، چارۋىچىلىق، ئاشلىق نازارەتلىرى ۋە بوز يەر تەكشۈرۈش-ئۆلچەش ئىدارىسى «دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىلىرى، ج خ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئاشلىق، ياغلىق دېنىنى سېتىۋېلىش ۋە تەمىنلەش توغرىسىدا بىرلەشمە يوليورۇق»نى تارقاتتى، ئۇنىڭدا دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، چارۋىچىلىق فېرمىلىرى، يەرلىك دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، چارۋىچىلىق فېرمىلىرى، ج خ دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ئىشلەپچىقارغان ئاشلىقتىن ئورۇقلۇق ۋە يەم - خەشەك تۇتۇپ قېلىنغاندىن كېيىن قالغان قىسمىنىڭ ھەممىسىنى دۆلەت شۇ جايدىكى تاختاي باھاسى بويىچە سېتىۋالىدۇ. ئېھتىياجلىق بولغان ئوزۇقلۇق ئاشلىقنى دۆلەت شۇ جايدىكى شەھەر - بازارلارنىڭ ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش ئۆلچىمى ۋە تاختاي باھاسى بويىچە سېتىپ بېرىدۇ.

«چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، «خەلق گۇڭشېلەشتۈرۈش»كە ئەگىشىپ، مۇبالىغىچىلىك شامىلى كەڭ ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. 8 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ھوسۇلى 3 مىليارد 435 مىليون كىلوگرام مۆلچەرلەندى، دېمەك بۇ ئەمەلىي ھوسۇلدىن %26.75 يۇقىرى مۆلچەرلەندى. بۇنىڭ بىلەن ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى 500 مىليون كىلوگرامدىن 3 قېتىم تەڭشەش ئارقىلىق 900 مىليون كىلوگرامغا يەتكۈزۈلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر مۇشۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، «كەڭ كۆلەمدە پولات تاۋلاش»، «خەلق گۇڭشېلەشتۈرۈش»نى تۇتۇش بىلەن بىللە، مەركەزنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىشتىكى «پۈرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك»، «چوڭ ھەرىكەتنى كىچىك ھەرىكەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش، ئۇزاق ھەرىكەتنى قىسقا ھەرىكەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش»نى ئىزچىللاشتۇرۇپ، زەربىدارلىق بىلەن ئامبارغا كىرگۈزۈش چارىسىنى قوللىنىپ، سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئېلىنغان پاراق ۋە سېتىۋېلىنغان ئاشلىق كونا ئاشلىق يىلى (شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن كېيىنكى يىلى 6 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە) بويىچە ھېسابلىغاندا 667 مىليون كىلوگرام بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 207

مىليون كىلوگرام ئېشىپ، ئاشقان ھوسۇلنىڭ 41%نى ئىگىلىدى. سېتىۋېلىشتىن كېيىن يېزىلاردا كىشى بېشىغا قالدۇرۇلغان ئاشلىق ئالدىنقى يىلدىكىدىن 70 كىلوگرام ئاشتى، سېتىۋېلىش بىلەن قالدۇق نىسبىتى مۇۋاپىق دېيىشكە بولاتتى. لېكىن كۆڭۈشىبلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن جامائەت ئاشخانىسى قۇرۇلدى، بولۇشىغا يېيىش، ئىسراپ قىلىش تۈپەيلىدىن، شۇ يىلى يېزىلارغا سېتىپ بېرىلگەن ئاشلىق ئالدىنقى يىلدىكىدىن 30 مىليون 580 مىڭ كىلوگرام كۆپەيدى.

كۆرسەتكۈچنى يۇقىرى قىلىۋېتىش، ھوسۇلنى بەك يۇقىرى مۆلچەرلەش، پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش كۆپ بولۇش، قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىش كۆپ بولۇش، ئاپتونوم رايون ئاشلىق خىزمىتىنىڭ 1959 - يىلدىكى ئاساسىي ئالاھىدىلىكى بولدى. يىل بېشىدا پىلان بويىچە شۇ يىلى 5 مىليارد كىلوگرام ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش، 1 مىليارد 200 مىليون كىلوگرام پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش بەلگىلەندى، ئىشلەپچىقىرىش پىلان كۆرسەتكۈچى ئالدىنقى يىلدىكى ئەمەلىي ھوسۇلدىن 1.55 ھەسسە يۇقىرى بولدى. بۇنىڭغا ئۇلاپلا چاقىرىلغان ئاپتونوم رايونلۇق 1 - نۆۋەتلىك مالىيە - سودا خىزمىتى يىغىنىدا، مەركىزىي كومىتېت شۇجىجۇسىنىڭ شۇجىسى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى لى شيەننيەننىڭ ئاشلىق خىزمىتى توغرىسىدا بەرگەن يوليورۇقىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى يەتكۈزۈلدى، ئۇلار مۇنۇلار: «(1) ئېلىشقا تېگىشلىكىنى ئېلىش، ئېلىشقا تېگىشلىك بولمىغانلىرىنى قەتئىي ئالماسلىق كېرەك، قانداقلا بولسۇن ئاشلىقنى ھەددىدىن زىيادە ئالماسلىق شەرت. (2) جايلارنىڭ قانچىلىك ئېلىشىدا ئۆلكىلەر مەلۇم قىلغىنى ئۆلچەم قىلىنىدۇ، سېتىۋېلىشنى ئازايتىشقا بولىدۇكى، يۇتكەپ چىقىرىشنى ئازايتىشقا بولمايدۇ. (3) سېتىۋېلىشتا يىغىم پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك، تېز سېتىۋېلىش، تېز يۆتكەش قائىدىسىنى يولغا قويۇش ھەمدە مۇۋاپىق ھالدا كۆپرەك سېتىۋېلىش كېرەك. (4) ئاشلىق خىزمىتىدە ،ئالدى-كەينىگە نەزەر سېلىپ، مول ھوسۇل ئارقىلىق كەم ھوسۇلنى تولۇقلاش، كېرەك، خىزمەتنى پۇختىراق ئىشلەپ، خىزمەت داۋامىدا سادىر بولۇش ئېھتىمالى بولغان مەسىلىلەرنى مۆلچەرلەش كېرەك». گەرچە بۇ يوليورۇق يەتكۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما يۇقىرى كۆرسەتكۈچنىڭ تەسىرىدە، ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتىدە يەنىلا بالدۇر تۇتۇش، چىڭ تۇتۇش، ئەمەلىي تۇتۇش دېگەنلەر تەكىتلەندى. 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى «1959 - يىلى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئالدىن سېتىۋېلىش توغرىسىدا يوليورۇق»نى تارقىتىپ، ئالدىن سېتىۋېلىش توختامى ئارقىلىق ئاشلىق سېتىۋېلىش پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. شىنجاڭ بويىچە 8 مىليون 54 مىڭ 700 يۈەن ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالەت پۇلى تەقسىملىنىپ، خەلق گۇڭشېسىدىن 923 مىليون كىلوگرام ئاشلىق، 6 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام دادۇر ئالدىن سېتىۋېلىندى. 6 - ئايدا ئاپتونوم رايون 2 - نۆۋەتلىك مالىيە - سودا خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «مۇلۇكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى»، «مۇبالىغىچىلىك شامىلى»نى تۈگىتىش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش پىلانىنى 900 مىليون كىلوگرامغا چۈشۈردى. ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شىن لەنتىڭ يىغىندا «ھازىرقى بازار ۋەزىيىتى ۋە ۋەزىپىمىز توغرىسىدا دوكلات» بېرىپ، مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: (1) ئاشلىق ھوسۇلىنى، پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش پىلانىنى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. (2) بۇغداي ئورۇش، خامان تېپىش ئىشىنى ياخشى ئىشلەپ، مول ھوسۇلنى مول پېتىچە يىغىۋېلىش، يىغىۋالغاندا جىڭلاش لازىم. (3) ئاشلىق تەقسىملەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، كۈزلۈك يىغىمدىن بۇرۇن يېزىلاردا ئوزۇقلۇق ئاشلىقنى ئۆلچىمىنى ئۆستۈرمەسلىك، «ئاۋۋال دۆلەت، ئاندىن گۇڭشېنى ئويلاش»، ئاۋۋال پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى، ئاندىن گۇڭشې ئىچىدىكى تەقسىماتنى قىلىش. (4) ئاشلىقنى ئۇدۇللۇق يىغىپ، ئۇدۇللۇق ئادالاپ، ئۇدۇللۇق سېتىۋېلىپ، ئۇدۇللۇق يۆتكەپ توشۇش كېرەك. 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى لى چۈەن يىغىننى خۇلاسىلىگەندە: ئاشلىق سېتىۋېلىشتا سېتىۋېلىشمۇ، قالدۇرۇشمۇ مۇۋاپىق بولۇشى ھەم دۆلەتنىڭ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش، ھەم ئاممىنىڭ

ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىش لازىم. يېزىلاردا ئۇزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 210 كىلوگرام بولۇشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق نازارىتى شۆبە پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن نازىرى زو سەن مالىيە - سودا يىغىنى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى ئاشلىق كەسپى يىغىنىدا ئاشلىق سېتىۋېلىش، كۆكتات ئەزالىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى تەقسىماتى، ئۇرۇقلۇق قالدۇرۇش قاتارلىق بىجىرىشكە ئائىت كونكرېت مەسىلىلەر ئۈستىدە خۇلاسە سۆزى قىلدى. يىغىندىن كېيىن ئاپتونوم رايون ئاشلىق ئىشلەپچىقارغۇچى رايونلارغا ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمەت ئەترەتلىرىنى ئەۋەتتى. 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم 2 قېتىم شىنجاڭ بويىچە ئاشلىق سېتىۋېلىش تېلېفون يىغىنى چاقىردى، لى چۈەن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ شۇجىلىرىدىن قوماندانلىقنى، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، خىل قوشۇن تەشكىللەپ، خىزمەتكە تورلەر بويىچە مەسئۇل بولۇپ، كۆكتات، ئەترەتلەرگە بېرىپ، ئاشلىق سېتىۋېلىش دولقۇنى قوزغاپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا، شىمالىي شىنجاڭدا 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدا سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولۇشنى تەلەپ قىلدى. 2 - قېتىمقى تېلېفون يىغىنىدا سانجى، بايىنغولىن، كورلا، قۇمۇل، قەشقەر، ئاقسۇ، ئىلى قاتارلىق ۋىلايەت، ئاپتونوم ئوبلاستلار ۋە توقسۇن ناھىيىسى يازلىق ئاشلىق سېتىۋېلىش ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى، ئاشلىق نازارىتى شۆبە پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى زو سەن ئاپتونوم رايون بويىچە يازلىق ئاشلىق سېتىۋېلىش ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى. 9 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق سېتىۋېلىش سۈرئىتى يەنىلا ئاستا بولدى. 10 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا جايلاردا ج ك پ 8 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 8 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى. ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇپ، غەيرەتنى ئاشۇرۇپ، يېڭى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» دولقۇنىنى قوزغاش ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم 3 - قېتىم ئاشلىق سېتىۋېلىش تېلېفون يىغىنى چاقىردى. يىغىندا تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ 1 - شۇجىسى قاتارلىقلار ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش، غەيرەتنى ئاشۇرۇپ، ئاممىۋى ھەرىكەتنى كەڭ يولغا قويۇش، ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىش خىزمىتىنى تېزلىتىشكە دائىر تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى. يىغىندا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن خەلق سەپەرۋەر قىلىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىلىرىنىڭ قوماندانلىقى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ۋالىي، ئوبلاست باشلىقى، ھاكىملارنىڭ نازارەتچىلىكىدە، بارلىق دېھقانلار، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئىشچى، خىزمەتچىلىرى ھەرىكەتلەندۇرۇلۇپ، ئۆزلىرى بۆلۈشۈۋېلىش ئۈچۈن ھوسۇلنى يوشۇرۇش، كۆپ قالدۇرۇپ ئاز سېتىش ئىدىيىسىنى تەنقىد قىلىش، تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇش، زەربىدارلىق بىلەن بىرلەشمە جەڭ قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، سېتىۋېلىش سۈرئىتىنى تېزلىتىش كېرەك. كۈچلۈك سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تۈرتكىسىدە، ئاشلىق سېتىۋېلىش سۈرئىتى تېزلىتىلگەن بىلەن، يىللىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى يەنىلا ئورۇندالمىدى، ئاشلىق ھەددىدىن ئارتۇق سېتىۋېلىنغاچقا، يېزىلاردا ئاشلىق ئېغىر ھالدا كەملەپ، كېيىنكى يىلى يېڭى ئاشلىق يىغىۋېلىشتىن ئىلگىرى يېزىلارغا زور مىقداردا قايتۇرۇپ ئاشلىق سېتىپ بېرىش ئەھۋالى كېلىپ چىقتى. شۇ يىلى كونا ئاشلىق يىلى بويىچە ھېسابلىنغاندا، 829 مىليون كىلوگرام ئاشلىق سېتىۋېلىندى، بۇ تەڭشەلگەن، كېمەيتىلگەندىن كېيىنكى 900 مىليون كىلوگرام ۋەزىپىنىڭ %92.11نى ئىگىلەيدۇ. سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ئورۇندالماي قېلىش، ئاشلىقنى كۆپ مىقداردا ھەددىدىن ئارتۇق سېتىۋېلىشنىڭ مۇھىم سەۋەبى شۇكى، شۇ يىلى ئاشلىق مەھسۇلاتى ئاران 1 مىليارد 975 مىليون كىلوگرام (ئالدىنقى يىلدىكىدىن 14 مىليون كىلوگرام ئاشتى) بولۇپ، پىلاندىكى مەھسۇلات مىقدارىنىڭ %50.39نى ئىگىلىدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 803 مىليون كىلوگرام ئاشلىق سېتىلدى (كونا ئاشلىق يىلى بويىچە ھېسابلاندى)، كىرىم - چىقىم توغرىلانغاندىن كېيىن سالدودىن يەنە 30 مىليون كىلوگرام يۈتالدى. ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىكىگە سېتىپ بېرىلگەن ئاشلىق 320

مىليون كىلوگرام بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 75.11% كۆپەيدى. باي ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى ناھىيە بويىچە «ئۆزى بۆلۈشۈۋېلىش ئۈچۈن ھوسۇلنى يوشۇرۇشقا قارشى تۇرۇش»نى قانات يايدۇرۇپ، ھوسۇلنى يالغان مەلۇم قىلىپ، كۆپ سېتىۋالغانلىقى ھەم ۋاقتىدا قايتۇرۇپ سېتىپ بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، كېيىنكى يىلى 3 - ئايدىن كېيىن، ناھىيە بويىچە 8.2% دېھقان ئاشلىقى يېتىشمەي ئاچلىقتىن كېسەل بولدى، سىرتقا قېچىپ كەتتى، ھەتتا بىنورمال ئۆلۈپ كېتىش ھادىسىسى يۈز بەردى. كېيىن بۇ ناھىيىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى قانۇن بويىچە جازاغا تارتىلدى.

1960 - يىلى «ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇپ، غەيرەتنى ئاشۇرۇش»، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋەزىيىتى ئاستىدا، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق سېتىۋېلىشتا يەنىلا كۆرسەتكۈچنى يۇقىرى بەلگىلەش، ھوسۇلنى يۇقىرى مۆلچەرلەش، كۆپ پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ھەم سېتىپ بېرىشتىن ئىبارەت كونا يولدا مېڭىلدى. يىل بېشىدا ئازلاپ كەتكەن ئاشلىق سالدۇسىنى تولۇقلاش ۋە لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولىدا قاتناش باشلانغاندىن كېيىنكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئاشلىققا بولغان ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى 5 مىليارد كىلوگرام، پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش پىلانىنى 1 مىليارد كىلوگرام قىلىپ بەلگىلىدى. 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ 1 - شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ ش ئۇ ئا ر 2 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىدا، مالىيە - سودا خىزمىتىنىڭ تۈگۈنى سېتىۋېلىشنى چىڭ تۇتۇش، بولۇپمۇ ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇشتىن ئىبارەت، دەپ كۆرسەتتى. سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئەمەلىي ھوسۇلغا قاراپ بېكىتىش، ئارتۇق سېتىۋېلىنغانلىرىنى قايتۇرۇش، ئاز سېتىۋېلىنغانلىرىنى تولۇقلاپ سېتىۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلەرنىڭ مالىيە سودا شۇجىلىرى يىغىنىنى چاقىرىپ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئايدا تەستىقلاپ تارقاتقان «يولداش لى شيەننيەننىڭ 16 ئۆلكە، شەھەرنىڭ مالىيە - سودا شۇجىلىرى قاتناشقان خېفېي يىغىنىدا بەرگەن دوكلاتى ۋە خېفېي يىغىنىنىڭ يېزىلاردا ئاشلىق باشقۇرۇش مەسىلىسى ھەققىدىكى مۇزاكىرە خاتىرىسى»نى يەتكۈزدى ۋە ئىزچىللاشتۇردى. يىغىندا مۇنۇلار بەلگىلەندى: 1960 - يىللىق ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى گۇڭشې ئارقىلىق تەقسىم قىلىنىدۇ، چوڭ ئەترەت (ئاساسىي ھېسابات بىرلىكى) بويىچە ئايرىم - ئايرىم ھېسابلىنىپ، ئايرىم سېتىۋېلىنىدۇ؛ يېزىلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى جەھەتتە ھازىرقى سەۋىيە ساقلاپ قېلىنىدۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق 200 كىلوگرام بولىدۇ، سېرىقتال مەزگىلىدە ئاشلىقى كەملەيدىغان چوڭ ئەترەتلەرگە ئاشلىق تەڭشەپ بېرىش، دېھقانچىلىق ئالدىراش ۋاقىتلاردا ۋە سۇ قۇرۇلۇشى قىلغاندا ئارتۇق يېيىلگەن ئاشلىقنى تولۇقلاپ بېرىش ئۈچۈن، گۇڭشې ۋە چوڭ ئەترەتلەر مەلۇم مىقداردا زاپاس ئاشلىق قالدۇرۇشى لازىم؛ گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى «كىشى بېشىغا نورما بەلگىلەش، كۆرسەتكۈچنى ئائىلىلەرگە تەقسىم قىلىش، ئاشلىقنى ئاشخانىغا بېرىش، چوڭ ئەترەت ساقلاش، بېلەتكە قاراپ تاماق يېيىش، ئىقتىساد قىلغىنى ئۆزىگە قېلىش»تىن ئىبارەت تۈزۈم يولغا قويۇلىدۇ. يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: يېڭى ئاشلىق خامانغا چىققاندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك پارتكومنىڭ 1 - شۇجىلىرى ئۆزلىرى بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلىپ، ئاما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، بىر قولدا ئىشلەپچىقىرىشنى، بىر قولدا ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى تۇتۇشى كېرەك. ھوسۇلنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاشلىقنى خامانمۇ خامان جىڭلاپ، ئەمەلىي ھوسۇل بىلەن سېتىۋېلىشنى تەكشۈرۈش كېرەك. ئاشلىق ھەددىدىن ئارتۇق سېتىۋېلىنغان بولسا، ئەينى سان بويىچە قايتۇرۇش، ئېشىنچا ئاشلىقى بولسا دۆلەتكە سېتىپ بېرىش لازىم. 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «بۇغدايىنى ئادالاش، پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىپ ئامبارغا كىرگۈزۈش خىزمىتىدە زەربىدارلىق بىلەن ئىش كۆرۈشنى تېزدىن قانات يايدۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇش» توغرىسىدا تېلېفون يىغىنى

چاقىردى. شۇجى لى چۈەن جايلاردىن 9 - ئاي ئىچىدە ئاشلىقنى 3 زەربىدارلىق بىلەن ئامبارغا كىرگۈزۈش جېڭىنى قانات يايدۇرۇپ، 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدا 600 مىليون كىلوگرام بۇغدايدىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى تامامەن ئورۇنداپ بولۇشنى تەلەپ قىلدى. 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى دېھقانچىلىق نازارىتى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتى، ج خ نازارىتى، چارۋىچىلىق نازارىتى، ئاشلىق نازارىتى بىرلىشىپ «دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، شۇ يىلدىن ئېتىبارەن، دۆلەت ئىلكىدىكى ۋە يەرلىك دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىلىرى، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرى، ج خ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىلىرى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، باغۋەنچىلىك مەيدانلىرىنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىۋېلىش - سېتىش پىلانىنى شۇلار تۇرۇشلۇق ناھىيىنىڭ بىر تۇتاش پىلانىغا كىرگۈزۈپ، «مەيدان بويىچە تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، ئېشىنچا ئاشلىق بولسا سېتىۋېلىش، كەملەپ قالسا تەمىنلەش» چارىسىنى يولغا قويۇشنى بەلگىلىدى. مەيداننى بىرلىك قىلىپ، ئومۇمىي ھوسۇلدىن غەللە - پاراق، ئۇرۇقلۇق، ئوزۇقلۇق ئاشلىق (ئەمەلىي بار بولغان كادىر، ئىشچىلار ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بويىچە) ، يەم - خەشەكنى تۇتۇپ قالغاندىن كېيىن، قالغىنىنىڭ ھەممىسىنى شۇ جايدىكى ئاشلىق تارماقلىرىغا سېتىپ بېرىش كېرەك. شۇ ئاينىڭ 28 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەستىقلاپ تارقاتقان «ئاشلىق نازارىتىنىڭ ئورگان، كارخانا، مەكتەپ، قىسىم قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشىغا كېتىدىغان ئۇرۇقلۇقى توغرىسىدىكى دوكلاتى»دا، ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ قوشۇمچە ئىشلەپچىقارغان ئاشلىقىدىن ئۇرۇقلۇق قالدۇرۇلغان ۋە دۆلەت تەمىنلىگەن ئۇرۇقلۇق قايتۇرۇلغاندىن باشقا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى شۇ ئورۇننىڭ قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشىغا ئىشلىتىلىدۇ ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئەمگەك ئوزۇقلۇق ئاشلىقى قىلىپ تولۇقلاپ بېرىلىدۇ، دۆلەت سېتىۋالمايدۇ، دەپ بەلگىلەندى. 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى مەملىكەتلىك مالىيە - سودا شۇجىلىرى يىغىنىغا قاتناشقان ش ئۇ ئا ر پارتكوم شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى لى چۈەن بېيجىڭدىن تېلېفون بېرىپ يىغىن روھىنى يەتكۈزدى ۋە مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: مەركەزنىڭ «ئۆلچەم تۆۋەن بولۇش، قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتاتنى يېمەكلىككە سەپلەش، ئاشلىقنى، ئاشخانىنى ياخشى باشقۇرۇش، ئەمگەك بىلەن دەم ئېلىشنى ماسلاشتۇرۇش»تىن ئىبارەت 5نى بىر گەۋدە قىلىش فاڭجېنىنى قەتئىي ئىجرا قىلىش كېرەك؛ ئوزۇقلۇق ئاشلىقتا تۆۋەن ئۆلچەم بولۇشنى قەتئىي يولغا قويۇش، ئاپتونوم رايون بويىچە يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوزۇقلۇق ئاشلىقنى 180 ~ 190 كىلوگرامغا چۈشۈرۈش كېرەك؛ ئاشلىقنى يىغىۋېلىش، ساقلاش، ئىشلىتىش تۈزۈمىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، جىڭلاپ ئامبارغا كىرگۈزۈش، ھوسۇلنى مۆلچەرلەش، پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش، ئاشلىق قالدۇرۇش، تۇرمۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئاشلىق نازارىتى ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش تېلېفون يىغىنى چاقىرىپ، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ يوليورۇقىنى يەتكۈزۈپ، پۈتۈن يىللىق ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە ئورۇنداپ بولۇشنى، جايلاردىن «مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇنداشقا بولىدۇكى، كەينىگە سۈرۈشكە بولمايدۇ، ئاشۇرۇپ ئورۇنداشقا بولىدۇكى، ئەمەلگە ئاشۇرماسلىققا بولمايدۇ» دەپ تەلەپ قىلدى. 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئاشلىق نازارىتى شۆبە پارتگورۇپپىسىنىڭ مەركەزنىڭ بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويغان «كۆپ ئىشلەپچىقىرىپ، تاۋار ئاشلىق بىلەن كۆپلەپ تەمىنلىگەن يېزا خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ ھېسابات بىرلىكى ئورۇنلىرىدا باھا قوشۇپ مۇكاپاتلاشنى يولغا قويۇش توغرىسىدا پىكىر»نى تەستىقلاپ تارقاتتى، ئۇنىڭدا، ئۈرۈمچى، سانجى، بورتالا، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە 250 كىلوگرامدىن كۆپ ئاشلىق ساتقانلارغا، بايىنغولىن، قۇمۇل قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە 175 كىلوگرامدىن كۆپ ئاشلىق ساتقانلارغا، تۇرپان، پىچان، توقسۇندىن

ئىبارەت بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە 125 كىلوگرامدىن كۆپ ئاشلىق ساتقانلارغا دۆلەت سېتىۋېلىش تاختاي باھاسىدىن سىرت ھەر كىلوگرامىغا بىر پۇڭ 4لى باھا قوشۇپ (شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تارقىتىپ بېرىلگەن قوشۇلغان باھا پۇلى 3 مىليون 700 مىڭ يۈەن بولدى) مۇكاپاتلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «ئاشخانىنى مەركەز قىلىپ، يېزىلاردىكى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا بىر نەچچە بەلگىلىمە»نى تارقاتتى، ئۇنىڭدا مۇنداق تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى: (1) ئۆلچەم بويىچە ئوزۇقلۇق ئاشلىقنى تولۇق قالدۇرۇش كېرەك. شىمالىي شىنجاڭدا يىلىغا ئوتتۇرىچە 185 كىلوگرام، جەنۇبىي شىنجاڭدا 175 كىلوگرام بولىدۇ. كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش مۇنداق: 3 - ئايدىن 6 - ئايغىچە ھەر ئايلىق ئوزۇقلۇق ئاشلىق شىمالىي شىنجاڭدا 17.5 كىلوگرام، جەنۇبىي شىنجاڭدا 17 كىلوگرام؛ 7 — 10 - ئايغىچە قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات كۆپ بولغاچقا، ھەر ئايلىق ئوزۇقلۇق ئاشلىق شىمالىي شىنجاڭدا 15 كىلوگرام، جەنۇبىي شىنجاڭدا 14.5 كىلوگرام؛ 11 - ئايدىن كېيىنكى يىلى 2 - ئايغىچە بولغان دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسال پەسلىدە ھەر ئايلىق ئوزۇقلۇق ئاشلىق شىمالىي شىنجاڭدا 13.5 كىلوگرام، جەنۇبىي شىنجاڭدا 13 كىلوگرام بولىدۇ. (2) ئاشلىقنى پىلانلىق ئىشلىتىش، بىلەتلىك تاماق يېيىش، ئىقتىساد قىلىنغىنى ئۆزىنىڭ بولۇشتا چىڭ تۇرۇش، سەپلىمە يېمەكلىكلەرنى كەڭ تەييارلاش، كۆپتۈرمە يېمەكلىكنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىش كېرەك. (3) مەركەزنىڭ «سىياسىي ئاشخانىغا كىرگۈزۈش، كادىرلار ئاشخانىغا چۈشۈش» توغرىسىدىكى يوليورۇقىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، ئاشخانىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، دېموكراتىك باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، ئاممىنىڭ نازارەتچىلىكىنى قوبۇل قىلىش كېرەك. 1961 - يىل 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاشلىق نازارىتى جايلار مەلۇم قىلغان تەخمىنەن 50 مىليون كىلوگرام ئاشلىقنى ھەددىدىن ئارتۇق سېتىۋالغانلىق مەسىلىسىگە ئاساسەن، شۆبە پارتگورۇپپىنىڭ نامىدا ش ئۇ ئا ر پارتكومغا «جايلارنىڭ ئاشلىقنى ھەددىدىن ئارتۇق سېتىۋالغانلىقىنى بىر تەرەپ قىلىش پىكرى توغرىسىدا دوكلات» يوللاپ، ھەددىدىن ئارتۇق ئاشلىقنى ھېسابلاش ئۆلچىمىنى بىرلىككە كەلتۈردى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى بۇ دوكلاتنى تەستىقلاپ تارقاتقاندا: جايلار ھەددىدىن ئارتۇق ئاشلىقنى بىر تەرەپ قىلغاندا ئەستايىدىل تەكشۈرۈشى، ئاشلىقنى ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئارتۇق سېتىۋالغان بولسا، ناھىيىلىك پارتكوم تەكشۈرۈپ، ۋىلايەت، ئوبلاستلىق پارتكومغا يوللاپ تەكشۈرۈپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئېنىقلاپ قايتۇرۇشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ھوسۇلى ئالدىنقى يىلدىكى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن تەڭلىشىپ، پىلاندىكى ھوسۇلنىڭ 39.6%نىلا ئىگىلىدى. ئاشلىق سېتىۋېلىشتا «ۋاقتىدا سېتىۋېلىش، بىرلا ۋاقىتتا ئورۇنلاشتۇرۇش» تەكىتلەنگەنلىكى ۋە ئاشلىقنى ھەددىدىن ئارتۇق سېتىۋالغان بولسا قايتۇرۇپ بېرىش قاتارلىق سىياسەتلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇ يىلى (كونا ئاشلىق يىلى) ئاران 661 مىليون كىلوگرام ئاشلىق سېتىۋېلىنىدى، بۇ پىلاندىكىنىڭ 66.1%نى ئىگىلەپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 168 مىليون كىلوگرام ئاز بولدى. يېزىلارغا 249 مىليون كىلوگرام ئاشلىق سېتىلدى (ھەددىدىن ئارتۇق سېتىۋېلىنغان ئاشلىقنى قايتۇرۇشمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، بۇ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 75 مىليون كىلوگرام ئاز بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە سېتىۋېلىنغان ئاشلىقنىڭ 37.67%نى ئىگىلىدى.

1961 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم يازلىق ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ھەققىدىكى يوليورۇقتا شۇ يىللىق ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى بۇلتۇرقى ئامبارغا كىرگۈزۈلگەن ئەمەلىي مىقداردىن كۆپرەك بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى چاقىردى، ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ 1 - شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق مەسىلىسى توغرىسىدا بىر قانچە پىكىر» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلىدى. مۇھىم نۇقتىلىرى مۇنۇلار: (1) 1961 - يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا تەشكىللىك ۋە ئۆزلۈكىدىن 300 مىڭچە ئادەم شىنجاڭغا كىردى، ئادەم

كۆپەيدى، ئەمما 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق سالدۇسى 1958 ـ يىلدىن بۇياقى ئەڭ تۆۋەن نۇقتىغا چۈشۈپ قالدى. شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولى لىنىيىسىدە ئاساسىي جەھەتتىن سالدۇ قالمىدى. (2) يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئاشلىق خىزمىتىدە مۇنداق 3 خاتالىق ۋە كەمچىلىك بار: بىرىنچى، يېزا ئىگىلىكىگە ئاز ياردەم بېرىلدى؛ ئىككىنچى، 1959 — 1960 ـ يىللىرى ئاشلىق ھەددىدىن ئارتۇق سېتىۋېلىنىپ، جايلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقى ئاشۇرۇۋېتىلدى؛ ئۈچىنچى، تۆۋەن نامۇۋاپىق تەقسىملەندى. قىيىنچىلىقنى ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ، شەھەر ئاھالىسىنى قىسقارتىش ئارقىلىق ھەل قىلىش كېرەك. (3) جايلار مەلۇم قىلغان سېتىۋېلىنىدىغان ئاشلىق مىقدارى سېتىلىدىغان مىقدارىدىن ئاز كەم 100 مىليون كىلوگرام ئاز بولدى. بۇنى يېزا ئىگىلىكنى چىڭ تۇتۇش ئارقىلىق تولۇقلاش لازىم. (4) ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك پارتكوملارنىڭ 1 ـ شۇجىلىرى ئاشلىق ھوسۇلىنى ئۆزى بىۋاسىتە ئىنقىلاپ، ھەم ئۆز جايىنىڭ ئېھتىياجىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشى، ھەم يۇقىرىغا كۆپ ئاشلىق يۆتكەپ بېرىشى كېرەك. (5) ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىدە تۆۋەندىن يۇقىرىغا مەسئۇل بولۇش چارىسى قوللىنىلىدۇ، ئاپتونوم رايون يۇقىرىغا يۆتكەپ بېرىلىدىغان سانغىلا مەسئۇل بولىدۇ. كونكرېت خىزمەتنى جايلار ئۆز ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. «تۆۋەن ئۆلچەم بولۇش، قوغۇن ـ تاۋۇز، كۆكتاتنى يېمەكلىككە سەپلەش» فاڭجېنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇلىدۇ. ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئالدىنقى يىلدىكى سەۋىيىنى ساقلاپ قېلىش، ئۈستۈرمەسلىك (1961 ـ يىلى كۈزلۈك ئەزالىرىغا قالدۇرۇق يەر تەقسىم قىلىندى. جامائەت ئاشخانىسى ئۆزگەرتىلدى، كۈزلۈك ئەزالىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى ئەمەلىيەتتە ئۈستۈرۈلدى) ، يەم ـ خەشەكنىمۇ كەڭ قويۇۋەتمەسلىك كېرەك. ئەگەر «ئۈچنى قالدۇرۇش»تىن كېيىن، پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمىسا، 7 مىليون 200 مىڭ ئاھالىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمىنى يەنە تۆۋەنلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدىن كېيىن، جايلار ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «يېزا خەلق كوممۇنىسىنىڭ خىزمەت نىزامى (تۈزىتىلگەن لايىھە)» (يەنى 60 ماددا) غا ئاساسەن، تەمىنات تۈزۈمى، جامائەت ئاشخانىسى ۋە ئاشلىقنى ئائىلىگىچە تەقسىم قىلىپ بېرىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، ش ئۇ ئا ر مالىيە ـ سودا شۇجىلىرى يىغىنىدا ئاشلىق مەسىلىسى نۇقتىلىق مۇزاكىرە قىلىندى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى لى چۈەن يىغىندا: ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق ۋەزىيىتى ناھايىتى جىددىي بولۇۋاتىدۇ، جايلار ھوسۇلنى تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، جىڭلاپ ئامبارغا كىرگۈزۈشى، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى چىقىش قىلىپ، مۇۋاپىق سېتىۋېلىش، قالدۇرۇشى لازىم؛ ئوزۇقلۇق ئاشلىقتا تۆۋەن ئۆلچەم قوللىنىشى، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا جەنۇبىي شىنجاڭدا 170 كىلوگرام، شىمالىي شىنجاڭدا 180 كىلوگرام، بىڭتۇەندە 200 كىلوگرام بولۇش، ھەم ئاشلىقنى ھەددىدىن ئارتۇق سېتىۋېلىشتىن ساقلىنىش، پاراق ئېلىش ھەم سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى قەتئىي ئورۇنداش كېرەك دەپ كۆرسەتتى. 10 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىن چاقىرىپ، ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى 601 مىليون كىلوگرامغا تەڭشىدى ھەمدە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى 9 ـ ئايدا تارقاتقان «1961 ـ، 1962 ـ يىللىق (يەنى 1961 ـ ئاشلىق يىلى) ئاشلىق خىزمىتى توغرىسىدا بىر قانچە كونكرېت بەلگىلىمە»گە ئاساسەن، ئاشلىق سېتىۋېلىشنى چىڭ تۇتۇشنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلىدى. 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق پارتكوم شۇجىلىرى ئۆز جايىغا تېلېفون بېرىپ، سېتىۋېلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى. جايلار 1 ـ شۇجى قوماندانلىق قىلىپ، ئاشلىق ئىشخانىسى قۇرۇپ، كادىرلارنى ئاساسىي قاتلامغا ئەۋەتىپ، سېتىۋېلىپ ئامبارغا كىرگۈزۈشكە بولغان تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتتى، بەزى كۈزلۈك، چوڭ ئەترەتلەردە سېتىۋېلىش قوماندانلىق شتابى قۇرۇلۇپ، دائىرىلەر بويىچە ھۆددىگە ئېلىنىپ، ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش سۈرئىتى تېزلىتىلدى. ئاپتونوم رايون دېھقانلار ۋە يېزا ئىگىلىك ئورۇنلىرىنى ئارتۇق ئاشلىقنى كۆپرەك سېتىپ بېرىشكە

رىغبەتلەندۇرۇش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاشلىق سېتىۋېلىشتا سانائەت بۇيۇملىرىنى مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىشنى يولغا قويدى. مۇكاپاتلاپ سېتىش چارىسى مۇنداق: سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىدىن ئەللە - پاراق تۇتۇپ قېلىنىدۇ، ئىشلەپچىقارغۇچى ئورۇنلار ۋە شەخسلەردىن 750 كىلوگرام ئاساسىي ئاشلىق (بۇغداي، گۈرۈچ، دادۇر، ماش ۋاھاكازا) ساتقانلارغا 6 مېتىر پاختا رەخت، بىر جۈپ رېزىنكە ئاياغ، 3 كىلوگرام شېكەر مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلىدۇ؛ 750 كىلوگرام كۆممىقوناق، ئاق قوناق، تېرىق قاتارلىق قارا ئاشلىق ساتقانلارغا 5 مېتىر پاختا رەخت، بىر جۈپ رېزىنكە ئاياغ، 2 كىلوگرام شېكەر مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلىدۇ. ساتقان ئاشلىقى 750 كىلوگرامغا يەتمىگەنلەرگە پاختا رەخت ۋە شېكەر نىسبەت بويىچە سۇندۇرۇپ كېمەيتىپ مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلىدۇ، رېزىنكە ئاياغ مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلمەيدۇ. ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىگە مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلىدىغان سانائەت بۇيۇملىرىنى ئاشلىق نازارىتى بىلەن سودا نازارىتى ئاشلىق سېتىش ئەھۋالىغا قاراپ مۇددەت، تۈركۈمگە بۆلۈپ بۇيرۇپ بېرىدۇ، بىڭتۇەن ئىشلەپچىقارغۇچى ئورۇن ۋە شەخسلەرگە مۇكاپاتلاپ تارقىتىپ بېرىدۇ. يېزا گۇڭشې، چوڭ ئەترەتلەرنىڭ سانائەت بۇيۇملىرىنى تەقسىم قىلىش چارىسى مۇنداق: چوڭ ئەترەت ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە ئاشلىقنى ئاساس قىلىپ، ئەتراپلىق ئېتىبار بېرىدۇ، پەرق ئىگىلىنىدۇ، كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ چىشلەيدۇ؛ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ئەزالىرىغا نومۇر ئاساس قىلىنىپ، ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىنىدۇ ھەمدە گۇڭشې ئەزالىرىغا ئېلان قىلىنىدۇ. ئەگەر تەڭشەشكە ياكى ئېتىبار بېرىشكە توغرا كەلسە، دېموكراتىك باھالىنىدۇ. گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ساتقان ئاشلىقىغا قاراپ بېرىلىدىغان بۇيۇملارنىڭ ھەممىسى شەخسنىڭ بولىدۇ. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلگەن پاختا رەخت 3 مىليون 566 مىڭ مېتىر، رېزىنكە ئاياغ 594 مىڭ 800 جۈپ، شېكەر 1 مىليون 523 مىڭ كىلوگرام بولدى. 1961 - يىل 12 - ئايدا ۋاڭ ئېنماۋ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىنى يەتكۈزدى، پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى جەزمەن ئورۇنداش شەرت، بىر جىڭ كەم بولسىمۇ بولمايدۇ. ئۇ مۇنۇ تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى: (1) ئالدىنقى يىلدىكى سالدۇنى يۇناشقا بولمايدۇ. (2) مەركەزگە يۆتكەپ بېرىلىدىغان ۋەزىپە (60 مىليون كىلوگرام)نى ئازايتىشقا بولمايدۇ. (3) سېتىش مىقدارىنى كۆپەيتىشكە بولمايدۇ. (4) خەلق تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك، چاتاق چىقسا بولمايدۇ، پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئازايتىشنى مەركەزگە يوللاپ تەستىقلىتىش لازىم. 12- ئاينىڭ 31 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي ئەزالار كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئېچىپ، پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئازايتىشقا بولمايدۇ، شارائىتى بارلار ئىمكانقەدەر كۆپرەك ئورۇندىشى لازىم، دەپ قارار قىلدى. 1962 - يىل 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاشلىق نازارىتى تېلېفون يىغىنى چاقىرىپ، جايلاردىن باھار بايرىمىدىن ئىلگىرى 1961 - يىللىقپاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولۇشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق ھوسۇلى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 235 مىليون كىلوگرام كېمىيىپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق ئارانلا 246 كىلوگرام بولۇپ، 1952 - يىلدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىگە چۈشۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن، شۇ يىلدىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش (كونا ئاشلىق يىلى) گەرچە 505 مىليون كىلوگرام ئورۇندالغان بولسىمۇ، ئەمما سېتىۋېلىش نىسبىتى يەنىلا 29.64 % كە يەتتى، سېتىۋېلىشتىن كېيىن يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان قالدۇق ئاشلىق 230 كىلوگرامغا چۈشتى. بەزى جايلاردا ئاشلىق ئېغىر دەرىجىدە قىس بولدى. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پەيزاۋات ناھىيىسىدە ھوسۇلنى يۇقىرى مۆلچەرلەش، كۆپ سېتىۋېلىش، دېھقانلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى باشتا يۇقىرى ئۆلچەم بېكىتىش، كېيىن ئۆلچەمنى بەك تۆۋەنلىتىۋېتىش سەۋەبىدىن، قىسمەن دېھقانلار ئىششىق، قارا تەمرەتكە كېسىلىگە گىرىپتار بولدى، ھەتتا سىرتقا ئېقىپ كېتىش ۋە ئايرىم كىشىلەر بىنورمال ئۆلۈشتەك ھادىسىلەر سادىر بولدى.

## 1948 — 1961 - يىلغىچە شىنجاڭدىكى لوپ قاتارلىق 4 ناھىيە يېزىلىرىدىكى قاتلاملارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئىستېمالىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى

بىرلىكى: كىلوگرام

جەدۋەل: 1 — 20

| ناھىيە نامى / تۈرى | قاتلام | 1948 - يىلى | 1949 — 1952 - يىلغىچە | 1953 — 1955 - يىلغىچە | 1956 — 1957 - يىلغىچە | 1958 — 1961 - يىلغىچە |
|---|---|---|---|---|---|---|
| لوپ | كەمبەغەل دېھقان | 140~120 | 145 | 160 | 165 | 180~170 |
| گۇما | | 138.6 | 144.5 | 148.6 | 161.1 | 171.8 |
| كۇچا | | 169.7 | 199.2 | 199.2 | 232.6 | |
| سېجۇەن | | 169 | | 176 | 181.5 | 204 |
| لوپ | پاللانما دېھقان | 140~120 | 145 | 160 | 165 | 180~170 |
| گۇما | | 138.6 | 144.5 | 148.6 | 161.1 | 171.8 |
| لوپ | تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان | 165~145 | 165~145 | 165 | 165 | 180~170 |
| گۇما | | 142.8 | 144.7 | 148.6 | 159.1 | 172.3 |
| سېجۇەن | | 179.5 | | 186 | 194.5 | 204 |
| كۇچا | ئوتتۇرا دېھقان | 424.3 | 271.9 | 242.9 | 252.4 | |
| لوپ | ھاللىق ئوتتۇرا دېھقان | 190 | 250~205 | 215~195 | 165 | 180~170 |
| گۇما | | 183.6 | 184.5 | 171.1 | 181.5 | 161.2 |
| كۇچا | | 425.5 | 383.1 | 359.8 | 181.9 | |
| سېجۇەن | | 188 | | 192 | 188 | 206 |
| گۇما | باي دېھقان | 180.6 | 175.5 | 162.8 | 171.6 | 186.3 |
| كۇچا | | 367.9 | 275.7 | 317.5 | 180.7 | |
| سېجۇەن | | 200 | | 196.5 | 232 | 192 |
| لوپ | يومبىچىلىك | 185~180 | 250~202.5 | 165 | 165 | 180~170 |
| گۇما | | 180.5 | 188.3 | 152.6 | 165.8 | 175.5 |
| كۇچا | | 422.8 | 287.8 | 208 | 178.5 | |
| سېجۇەن | | 263.5 | | 215 | 175.5 | 198.5 |

ئىزاھ: بۇ ماتېرىيالدىكى ئەھۋال قاتلاملاردىن ئائىلە سانى، ئادەم سانى ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن ئەھۋالدۇر. 1. لوپ ناھىيىسىنىڭ ھاڭگىيا گۇڭشېسى 3 - باشقۇرۇش رايونى 4 - چوڭ ئەترىتىدىن 97 كىشى ئېلىنغان بولۇپ، كەمبەغەل دېھقان 30، پاللانما دېھقان 4، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان 10، ھاللىق ئوتتۇرا دېھقان 32، يومبىچىلىك 21. 2. گۇما ناھىيىسىنىڭ راكىتا گۇڭشېسى 3 - چوڭ ئەترەت 2 - ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىن 94 ئائىلە، 272 كىشى ئېلىنغان بولۇپ، يومبىچىلىك بىر ئائىلە، باي دېھقان بىر ئائىلە، ھاللىق ئوتتۇرا دېھقان 5 ئائىلە، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان 25 ئائىلە، كەمبەغەل دېھقان 62 ئائىلە. 3. كۇچا ناھىيىسىنىڭ ئالاقاغا، خانىقاتام گۇڭشېسىدىن 23 ئائىلە ئېلىنغان بولۇپ، يومبىچىلىك بىر ئائىلە، باي دېھقان 2 ئائىلە، ھاللىق ئوتتۇرا دېھقان 6 ئائىلە، ئوتتۇرا دېھقان 7 ئائىلە، كەمبەغەل دېھقان 7 ئائىلە. 4. سېجۇەن ناھىيىسى ۋەشرىق شامىلى گۇڭشېسى 3 - چوڭ ئەترىتىدىن 24 ئائىلە ئېلىنغان بولۇپ، يومبىچىلىك 2 ئائىلە، باي دېھقان 4 ئائىلە، ھاللىق ئوتتۇرا دېھقان ئۈچ ئائىلە، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان 8 ئائىلە، كەمبەغەل دېھقان 7 ئائىلە.

1962 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ يازلىق ئاشلىق ھوسۇلى كېمىيىپ كەتتى. ئامباردا ئىشلەتكىدەك ئاشلىق قالمىدى. ئاشلىق ۋەزىيىتى ئىنتايىن جىددىي بولدى. 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم خىزمەت يىغىنى چاقىرىپ، 1962 - يىللىق ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش ۋە يۆتكەش پىلانىنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتتى، بۇنىڭدىن سېتىۋېلىش 469 مىليون كىلوگرام بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكى ئامبارغا كىرگۈزۈلگىنىدىن ئاز بولدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ 1 - شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ يىغىن باشلانغاندا، ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش، يۇقىرىغا يۆتكەش ۋەزىپىسى بەلگىلەندى، جايلار ئاشۇرۇۋېتىشكە بولىدۇكى، ئازايتىشقا بولمايدۇ، دەپ تەكىتلىدى. يىغىن ئاخىرلىشىشتىن بۇرۇن، يىغىنغا بارغان ۋاڭ ئېنماۋ يىغىندىن يەنە تېلېفون بېرىپ، ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش، ئامبارغا كىرگۈزۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇشنى، پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش، يۇقىرىغا يۆتكەش مىقدارىنى ئاشۇرۇۋېتىشكە

بولىدۇكى، ئازايتىشقا بولمايدۇ، دەپ يەنە تەكىتلىدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى يىغىننى خۇلاسىلىگەندە، چوقۇم سىياسەت بويىچە ئىش قىلىش لازىم. يېزا تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئۆلچەمدە چەك تۇرۇپ (يېزىلاردا ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمى 150 ~ 160 كىلوگرام)، باشتا چەك تۇتۇپ، كېيىن بوش قويۇۋېتىشتىن، چاتاق چىقىشتىن ساقلىنىش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. يىغىندا 3 تۈرلۈك ئوزۇقلۇق ئاشلىق تەقسىم قىلىش چارىسى يەكۈنلىنىپ، جايلاردىن سىناق قىلىپ يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش تەلەپ قىلىندى: بىرىنچى، گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئەمگەك كۈچىنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقى، يېشى ۋە ئىشقا چىقىش ئەھۋالىغا قاراپ دەرىجىگە ئايرىپ نورما بېكىتىش يولغا قويۇلىدۇ؛ ئىككىنچى، ئاساسىي ئوزۇقلۇق ئاشلىقتا نومۇر مۇكاپات ئاشلىقى قوشۇلىدۇ؛ ئۈچىنچى، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىنىپ ئېتىبار بېرىلىدۇ. يىغىندا مۇنداق تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى: جايلار ئاشلىق سېتىۋېلىشتا چوڭ ھۆددىگە ئېلىش چارىسىنى يولغا قويۇشقا بولىدۇ. يەنى ھېسابات قىلغۇچى ئورۇننى بىرلىك قىلىپ، سېتىۋېلىشنى ھۆددىگە ئېلىش توختامى ئىمزالاش، بىر يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك، ھوسۇل ئاشسىمۇ كۆپەيتىپ سېتىۋالماسلىق، ھوسۇلى 25% ئىچىدە كېمەيگەنلەردىن سېتىۋېلىشنى ھۆددىگە ئېلىش كۆرسەتكۈچىنى كېمەيتمەسلىك، ھوسۇل 25%تىن يۇقىرى كېمىيىپ، ئاشلىق قالدۇرۇش ئۆلچىمىگە (ئوزۇقلۇق ئاشلىق: دېھقانچىلىقتا يىلىغا كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە 125 كىلوگرام، چارۋىچىلىقتا 100 كىلوگرام؛ يەم ـ خەشەك: ئەمگەك ئات، قېچىرلىرى 150 كىلوگرام، كالا 75 كىلوگرام) يەتمىگەنلەردىن ۋالىي مەھكىمىسى، ئوبلاستلىق خەلق كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، سېتىۋېلىشنى ھۆددىگە ئېلىش كۆرسەتكۈچىنى مۇۋاپىق كېمەيتىپ كەچۈرۈم قىلىشقا بولىدۇ. ھۆددىگە ئېلىش يولغا قويۇلمىغان ياكى ھۆددىگە ئېلىش ۋەزىپىسى ئەمەلىيلەشتۈرۈلمىگەنلەرگە قارىتا، ناھىيىلەر يۇقىرى چۈشۈرۈپ بەرگەن ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىگە قاراپ دەرىجىمۇ دەرىجە ئاساسىي ھېسابات قىلغۇچى ئورۇنلارغا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، قالدۇرۇلىدىغان ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئاپتونوم رايون بويىچە جەنۇبىي ـ شىمالىي شىنجاڭ دەپ ئايرىلماي، دېھقانچىلىق ئەترىتىنىڭ 150 ~ 160 كىلوگرام بولۇش، مول ھوسۇل ئېلىنغان جايلاردا ئەڭ كۆپ بولغاندا 170 كىلوگرامدىن، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلاردا 125 كىلوگرامدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك؛ يەم ـ خەشەك: تېرىلغۇ ئات، قېچىرلىرىنىڭ 250 كىلوگرام ئۆپچۆرىسىدە، كالىنىڭ 100 كىلوگرام ئۆپچۆرىسىدە بولۇش بەلگىلەندى، كونكرېت ئۆلچەمنى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلەر بەلگىلىدى. ئاشلىق زىرائىتى تېرىيدىغان ئاشلىقى يېتىشمەيدىغان ئەترەتلەر پەقەت سېتىۋېلىشى، سېتىپ بەرمەسلىكى، گۇڭشې ـ ئەترەتلەر تەڭشەش يولغا قويۇلدى. ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىغان ئەترەتلەرنىڭ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى مۇۋاپىق كېمەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇشقا تەشكىللەش ۋە ئۇنى دۆلەت قۇتقۇزۇشى كېرەك. ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىيدىغان ھەم دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغان ئەترەتلەرنى ئوزۇقلۇق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشتە يېقىن ئەتراپتىكى ئېشىنچا ئاشلىقى بار ئەترەتلەرنىڭ ئۆلچىمى بويىچە تەمىنلەش لازىم. دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىسى (بىڭتۇەننىڭ تۇەن ـ مەيدانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا) نىڭ ئاشلىق قالدۇرۇش ئۆلچىمىنى ناھىيىلەر قوشنا رايوندىكى گۇڭشې ئەترەتلەرگە سېلىشتۇرۇپ بەلگىلىشى كېرەك. ئېشىنغان ئاشلىقنىڭ ھەممىسىنى دۆلەت سېتىۋالىدۇ. ئىدارىلەر قوشۇمچە ئىشلەپچىقارغان ئاشلىقتىن ئۆتنە ئالغان ئۇرۇقلۇقنى قايتۇرغاندىن باشقا، ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈشى لازىم. 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى «1962 ـ يىللىق دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشتا مۇكاپاتلاپ سېتىشنى يولغا قويۇش توغرىسىدا بىر قانچە بەلگىلىمە» چىقىرىپ، مۇكاپاتلاپ سېتىش چارىسىنى ۋەزىپە ئىچى ۋە سىرتى بويىچە ھېسابلاشقا ئۆزگەرتتى. ۋەزىپە ئىچىدىكىسى مۇنداق: 750 كىلوگرام ئاساسىي ئاشلىق ساتقانلارغا 6 مېتىر پاختا رەخت، 2 جۈپ رېزىنكا ئاياغ، 3 كىلوگرام شېكەر، 2 مېتىر يىپەك رەخت، 0.5 كىلوگرام تاغار پاختىسى بېرىلىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭ

رايوندا يەنە 0.5 كىلوگرام چاي مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلىدۇ؛ 750 كىلوگرام قارا ئاشلىق ساتقانلارغا 5 مېتىر پاختا رەخت، 2 جۈپ رېزىنكا ئاياغ، 2 كىلوگرام شېكەر، 0.5 كىلوگرام تاغار پاختىسى مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلىدۇ. ۋەزىپىدىن ئاشۇرۇپ ئاشلىق ساتقان ئەترەت ۋە گۇڭشې ئەزالىرىغا بىردەكلا پۈتۈن سان بويىچە مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلىدۇ، بۇنىڭ %50نىڭگە پاختا رەخت مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلىدۇ. %50نىڭگە ئۆزىگە ئېھتىياجلىق سانائەت بۇيۇملىرىنى تاللاپ سېتىۋالىدۇ. 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تېلېفون يىغىنى چاقىرىپ، جايلاردىن سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى چىڭ تۇتۇپ ئورۇنداشنى تەلەپ قىلدى. 1961ـ يىلى ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى ئۆستۈرۈلگەچكە، 1962 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن، ئاشلىق سېتىۋېلىشتا باھا قوشۇپ مۇكاپاتلاش چارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ھوسۇلى ئالدىنقى يىلدىكىدىن يەنە 90 مىليون 850 مىڭ كىلوگرام كېمىيىپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ھوسۇل 237 كىلوگرامغا چۈشتى. گەرچە دۆلەتنىڭ ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ %87.8ىلا ئورۇندىلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 105 مىليون كىلوگرام ئازايغان بولسىمۇ، ئەمما، يېزىلاردا سېتىۋېلىشتىن كېيىن كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان قالدۇق ئاشلىق يەنىلا 230 كىلوگرام بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكى سەۋىيە ساقلاپ قېلىندى.

1963 ـ يىل 6 ـ ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ «ئاشلىق خىزمىتى ۋە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتىنى سېتىۋېلىشقا ئائىت بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا بەلگىلىمە»سىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى «1963 ـ يىللىق ئاشلىق ـ ياغلىق داندىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش خىزمىتى توغرىسىدا يوليورۇق» چىقىرىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ يىللىق پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش پىلانىنى 500 مىليون كىلوگرام (ئاپتونوم رايون كۆپەيتكەن %10 ئېھتىيات سانىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) قىلىپ بەلگىلىدى. جايلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش مىقدارىغا قاتلاممۇ قاتلام قوشۇۋېتىمەسلىكنى، گۇڭشې، ئەترەتلەرگە ئېھتىيات ئاشلىقى، ئۆزى تەييارلىغان ئاشلىق ۋە زاپاس ئاشلىق قالدۇرماسلىق تەلەپ قىلىندى. مول ھوسۇل ئېلىنغان ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى نورمىدىن ئاشۇرۇپ سېتىپ بېرىشكە سەپەرۋەر قىلىندى؛ ئاپەتكە ئۇچراپ ھوسۇل كېمىيىپ كەتكەن ئورۇنلارنىڭ سېتىپ بېرىش مىقدارىنى كېمەيتىشكە ياكى كەچۈرۈم قىلىشقا توغرا كەلگەندە، ناھىيە پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ۋىلايەت، ئوبلاست ئاپتونوم رايونغا يوللاپ تەكشۈرۈپ بېكىتىدۇ. ھۆددىگە ئالغان ئىشلەپچىقارغۇچى ئورۇنلار ۋەزىپىسىنى پىلان بويىچە ئورۇندىشى لازىم. شۇ يىلدىن ئېتىبارەن، ئاپتونوم رايون يېزىلاردىكى «ئۈچ قالدۇرۇش»قا قارىتا بىر تۇتاش ئۆلچەم بەلگىلىمىدى، ئوزۇقلۇق ئاشلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى ياكى ئەڭ تۆۋەن ئۆلچىمىنى ناھىيىلەر ئېكىلىدى. ئەڭ تۆۋەن بولغانلارغا ئاۋۋال ئوزۇقلۇق ئاشلىق قالدۇرۇلدى، ئەڭ يۇقىرى بولغانلارنىڭكىنى دۆلەت مۇۋاپىق كۆپەيتىپ سېتىۋالدى. شۇ يىلى يېزىلاردا ئاساسىي ئوزۇقلۇق ئاشلىققا نومۇر مۇكاپات ئاشلىقى قوشۇش ئاساس قىلىنغان ئوزۇقلۇق ئاشلىق تەقسىماتى چارىسى يولغا قويۇلدى. بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 139 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىن ئاساسىي ئوزۇقلۇق ئاشلىققا نومۇر ئاشلىقى قوشۇش چارىسى يولغا قويۇلغىنى 109، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىنىپ ئېتىبار بېرىلگىنى 29، كىشى بېشىغا نورما بېكىتىش يولغا قويۇلغىنى بىر. ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 456 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىن، يۇقىرىدا ئېيتىلغان 3 تۈرنىڭ ئالدىنقى 2سى %65 ۋە %35نى ئىگىلىگەن، 3سى يوق ئىكەن. سانجى ناھىيىسىنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، بىرىنچى شەكىل يولغا قويۇلغان ئەترەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە نومۇر ئاشلىق بارلىق ئوزۇقلۇق ئاشلىقنىڭ %60 ~ %70نى، ئاساسىي ئوزۇقلۇق ئاشلىق %30 ~ %40نى ئىگىلىگەن. غۇلجا ناھىيىسىنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، ئوزۇقلۇق ئاشلىق تەقسىماتى ئەمگەك بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەچكە، ئاۋۋال ئەمگەك كۈچىنىڭ بىر يىللىق ئوزۇقلۇق ئاشلىقى ئادەتتە 360 ~ 420 كىلوگرام بولغان. شىنجاڭدا ئورۇشلۇق دۆلەت مۇداپىئە قىسمىنىڭ دېھقانچىلىق ـ قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشتىن ئالغان ئاشلىقىدىن، ئاشلىق

مىنىستىرلىكى ۋە باش ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن سېتىپ بەرگىنى مەركەزنىڭ ھەربىي ئاشلىق كۆرسەتكۈچىگە توغرىلاندى، توشۇش كۈچىنى قىسىم ھەل قىلدى. توشۇش تاق مۇساپىسى 50 چاقىرىمدىن ئاشقىنىغا ئاشلىق تارماقلىرى شۇ جايدىكى ترانسپورت باھاسى بويىچە كىرا ھەققى چىقىم قىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق سېتىپ بەرگەنلەرگە سانائەت بۇيۇملىرىنى مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىشتە، سېتىپ بېرىلگەن ئومۇمىي مىقدارغا ئوخشاش ئۆلچەم بويىچە مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىش چارىسى يېڭىۋاشتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىش ئۆلچىمى: 750 كىلوگرام ئاساسىي ئاشلىق ساتقانلارغا 9 مېتىر پاختا رەخت، 3.3 مېتىر ئىلمە توقۇلما بۇيۇم، 3 كىلوگرام شېكەر، 2 مېتىر يىپەك رەخت، 0.5 كىلوگرام تاغار پاختىسى؛ 750 كىلوگرام قارا ئاشلىق ساتقانلارغا 8 مېتىر پاختا رەخت، 3.3 مېتىر ئىلمە توقۇلما بۇيۇمى، 2 كىلوگرام شېكەر، 0.5 كىلوگرام تاغار پاختىسى مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلىدۇ. ئەسلىدە مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلىدىغان رېزىنكا ئاياغ كەمچىلىكى تۈپەيلىدىن قوشۇلمىدى. بۇ قاتارغا كىرگۈزۈلمىدى. ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى مۇكاپات بۇيۇمى بېلىتىنىڭ %90نى نومۇر بويىچە، %10نى قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر ۋە بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىلەرگە ئېتىبار بېرىش بويىچە تەقسىم قىلدى. 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 12- ئاينىڭ 14 - كۈنىگىچە ئاشلىق نازارىتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ئىدارىلىرى باشلىقلىرى يىغىنى چاقىردى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ، شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى لى چۈەن يىغىندا سۆز قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق خىزمىتى ۋە ئاشلىق ساھەسىدىكى ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ خىزمىتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە ئۇلارغا ئىلھام بەردى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ھوسۇلى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 526 مىليون كىلوگرام، يەنى %31.81 ئاشتى، 577 مىليون كىلوگرام ئاشلىق سېتىۋېلىنىپ، پىلاندىن %15.40 ئاشۇرۇلدى. سېتىۋېلىشتىن كېيىن، يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن قالدۇق ئاشلىق 280 كىلوگرام بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 50 كىلوگرام كۆپىيىپ، %21.74 ئاشتى. شۇ يىلى ئاشلىق كىرىم - چىقىمى تەڭپۇڭلىشىپ ئېشىنىپ، ئۇدا 4 يىل (كونا ئاشلىق يىلى) سالدۇ يۇناشتەك ئېغىر قىيىنچىلىق ۋەزىيىتى ئاخىرلاشتى. ئەمما، ئاشقان ئاشلىق ئاساسەن كۈزلۈك ئاشلىق بولغاچقا، ئاساسىي ئاشلىق بىلەن قارا ئاشلىقنى سېتىۋېلىش نىسبىتى 1: 0.98 بولدى، قارا ئاشلىق (كۆممىقوناق) بەك كۆپ بولۇپ، شەھەر- بازارلارنى ئاساسىي ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش يېتەرسىز بولدى. يېزىلاردىمۇ يازلىق ئاشلىق يىغىۋېلىنغاندا يازلىق ئاشلىقنى، كۈزلۈك ئاشلىق يىغىۋېلىنغاندا كۈزلۈك ئاشلىقنى يەپ تۇرۇش، ئاق- قارا ئاشلىقنى تەڭشەش تەس بولۇشتەك مەسىلە ساقلاندى. بىر قىسىم مول ھوسۇل ئېلىنغان گوڭشې، ئەترەتلەردە نورما ئۆلچىمى يۇقىرى بولۇشتەك ھادىسە يۈز بەردى، بەزى ئەترەتلەردە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوزۇقلۇق ئاشلىق 300 كىلوگرامدىن ئېشىپ كەتتى.

1964 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش پىلانى 525 مىليون كىلوگرام بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %5 كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 303 مىليون كىلوگرام. 6- ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى ئاپتونوم رايون بويىچە مالىيە - سودا خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتىگە 3 تۈرلۈك تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى: (1) شەھەر - بازارلاردىكى ئاق - قارا ئاشلىق زىددىيىتىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بۇغدايدىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش پىلانى 375 مىليون كىلوگرامغا كۆپەيتىلىدۇ. (2) دېھقانلارنىڭ ئاق - قارا ئاشلىقنى تەڭشەشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، يازلىق يىغىمنىڭ ئالدى - كەينىدە، ئاشلىق تارماقلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلەرگە كۈزلۈك ئاشلىقنى قەرز قىلىپ سېتىپ بېرىدۇ. بۇ ئاشلىق كۈزدىن كېيىن قايتۇرۇلىدۇ، نېمە ئېلىنغان بولسا شۇ قايتۇرۇلىدۇ، قارا ئاشلىق ئېلىپ ئاق ئاشلىق قايتۇرغانلارغا باھا پەرقى قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئۆتنە سېتىپ بېرىشتە ئۆز ئىختىيارى بولۇشتا چىڭ تۇرۇش، ئۆتنە سېتىش سانىنى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ، تەستىقلىشى كېرەك. (3) يېزىلاردىكى ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمى دېھقانچىلىق

ئەترەتلىرىدە كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە 180 كىلوگرام، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 200 كىلوگرام، ئەڭ تۆۋەن بولغاندا 150 كىلوگرام، چارۋىچىلىق ئەترىتىدە ئوتتۇرىچە 140 كىلوگرام، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 160 كىلوگرام، ئەڭ تۆۋەن بولغاندا 125 كىلوگرام بولىدۇ. تېرىلغۇ ئۇلاغلىرىنىڭ يەم - خەشەكى ئات، قېچىرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە 250 كىلوگرام، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 400 كىلوگرام، ئەڭ تۆۋەن بولغاندا 150 كىلوگرام، كالا- تۆگىلەرنىڭ 150 كىلوگرام، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 250 كىلوگرام، ئەڭ تۆۋەن بولغاندا 100 كىلوگرام بولىدۇ. كوللېكتىپنىڭ ئېشىنىڭ 50 كىلوگرامدىن ئاشماسلىقى، پادا ئىتىنىڭ 50 ~ 100 كىلوگرام بولۇشى كېرەك. چېگرا رايونلاردىكى ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمى ئادەتتىكى رايونلاردىن 2.5 ~ 10 كىلوگرام يۇقىرى بولۇشى لازىم. ئاشلىقى كەملەيدىغان ئەترەتلەرگە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى تەقسىم قىلىنمايدۇ، ئاپەتكە ئۇچراپ ھوسۇلى كېمىيىپ كېتىپ، ۋەزىپىسىنى كېمەيتىش ياكى كەچۈرۈم قىلىشقا توغرا كەلگەندە، ۋىلايەت- ئوبلاست، ناھىيىلەرگە مەلۇم قىلىپ تەستىقلىتىش شەرت. مول ھوسۇل ئېلىنغان ئەترەتلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوزۇقلۇق ئاشلىقى 200 كىلوگرامدىن يۇقىرى بولغانلاردىن ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش مىقدارى ئاشقان ھوسۇلنىڭ %60ىدىن ئاشماسلىقى لازىم. كۆپ ساندىكى سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ كەڭتاشا تەمىنلىنىشىگە ئەگىشىپ، ئاشلىق سېتىۋېلىشتا مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلىدىغان سانائەت بۇيۇملىرىدىن پاختا رەختلا قالدى. ئۆلچىمى: 750 كىلوگرام ئاساسىي ئاشلىق سېتىپ بەرگەنلەرگە مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىش تەرىقىسىدە 9 مېتىر رەخت بېلىتى، 750 كىلوگرام قارا ئاشلىق سېتىپ بەرگەنلەرگە 8 مېتىر رەخت بېلىتى بېرىلدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ھوسۇلى ئالدىنقى يىلدىكىدىن %17.52 ئاشتى. 759 مىليون كىلوگرام ئاشلىق سېتىۋېلىنىپ، پىلاندىن %44.57 ئاشۇرۇلدى، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %31.33 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي ئاشلىق %56.31 ئاشتى. سېتىۋېلىنغاندىن كېيىن يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان قالدۇق ئاشلىق 300 كىلوگرامغا يېتىپ، 1958 - يىلدىكى 289 كىلوگراملىق ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدىن ئېشىپ كەتتى.

1965 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ «مەۋقەنى ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشكە قويۇپ، كۆپرەك بۇغداي سېتىۋېلىش» تىن ئىبارەت يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش پىلانى 600 مىليون كىلوگرام قىلىپ بېكىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 475 مىليون كىلوگرام. 8 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى بىلەن ئاشلىق نازارىتى دۆلەت پىلان كومىتېتى ۋە ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھىغا ئاساسەن، «ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىشتا باھا قوشۇپ مۇكاپاتلاشنى يولغا قويۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. ئۇنىڭدا مۇنۇلار بەلگىلەندى: ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى (ئاساسىي ھېسابات بىرلىكى) ۋە يەرلىك دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بىرلىك قىلىنىپ، يىلىغا تاپشۇرغان ئوتتۇرىچە غەللە- پاراق ۋە ساتقان ئاشلىقىنىڭ 50 كىلوگرامدىن ئاشقىنىغا (پەقەت غەللە - پاراقتىنلا ئاشقان بولسا مۇكاپاتلانمايدۇ) بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە %12 باھا قوشۇلىدۇ، 1965 - يىللىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىدىن ئاشۇرۇپ سېتىپ بېرىلگەن قىسمىغا يەنە %25 باھا قوشۇلۇپ، ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىشقا باھا قوشۇپ مۇكاپاتلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. بىكتۇۋەندە ھەر 5000 كىلوگرام بۇغداي (گۈرۈچمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) سېتىپ بېرىلسە 100 يۈەن باھا قوشۇش، قارا ئاشلىققا 80 يۈەن باھا قوشۇش يولغا قويۇلىدۇ. شۇ يىلى سانائەت بۇيۇمىنى مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىش ئۆلچىمى مۇنداق بولدى: 500 كىلوگرام ئاساسىي ئاشلىق ساتقانلارغا مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىش تەرىقىسىدە 5.33 مېتىر رەخت بېلىتى، 500 كىلوگرام قارا ئاشلىق ساتقانلارغا 4 مېتىر رەخت بېلىتى بېرىلدى. 9 - ئايدا مەملىكەتلىك ئاشلىق نازارەت - ئىدارىلىرى باشلىقلىرى يىغىنىدا رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ «ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش، قەھەتچىلىككە تەييارلىق كۆرۈش، خەلقنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك» ۋە «جاپالىق ئەجىر قىلىپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى مۇۋاپىق تەڭشەش لازىم، ئاشلىقنى خەلق ئۈچۈن ساقلاش مەقسىتىگە يېتىش لازىم، ئاشلىقنى چەكتىن ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ.» دېگەن يوليورۇقى يەتكۈزۈلدى، رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ يوليورۇقىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، گوۋۇيۈەن مالىيە-

سودا ئىشخانىسى مەركەزگە دوكلات يوللاپ تەستىقلىتىپ، 1965 - يىلىدىن ئېتىبارەن ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش توپ سانىنى «بىر بەلگىلەپ ئۈچ يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك» سىياسىتىنى يولغا قويۇش قارار قىلىندى. ئاشلىق ھوسۇلى ئاشقاندىن كېيىن، دۆلەت ھوسۇلنى ئاشۇرغانلارغا قارىتا ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش، ئاشۇرۇپ مۇكاپاتلاش چارىسى ئارقىلىق بىر قىسىم ئاشلىقنى مۇۋاپىق كۆپەيتىپ سېتىۋالدى.

10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئاشلىق نازارىتى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق كومىتېتى رەھبەرلىرىگە مەملىكەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ روھىنى بازما دوكلات قىلدى، ئاپتونوم رايوندا ئاشلىق ھوسۇلى ئۇدا 3 يىل ئېشىپ، ئاشلىق ۋەزىيىتىدە سەل كەڭتاشا بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، دېھقانلارنىڭ ئاشلىق سېلىقى يا بەك ئېغىر، يا بەك يېنىك ئىكەنلىكى ئانچە ئېنىق بولمىغاچقا، ئاپتونوم رايون ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىشتا «بىر بەلگىلەپ ئۈچ يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك» سىياسىتىنى يولغا قويۇش جەھەتتە بەلگىلىمە چىقىرالمىدى، شۇ ئايدا ئاشلىق نازارىتى ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتىدىكى كونكرېت مەسىلىلەرگە قارىتا بەلگىلىمە چىقاردى: يېزىلاردا ئوزۇقلۇق ئاشلىقتىكى ئاساسىي ئاشلىق (بۇغداي، گۈرۈچ) نىسبىتى ئاساسىي ئاشلىق ھوسۇلى ئومۇمىي ھوسۇلدا ئىگىلىگەن نىسبىتى بويىچە ئايرىم بەلگىلىنىدۇ. ئادەتتە 50 ~ 100 كىلوگرام قالدۇرۇش، 50 كىلوگرامدىن تۆۋەن بولغان ئەترەتلەردە ئاساسىي ئاشلىق سېتىۋالماسلىق كېرەك.

دېھقانلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى 180 كىلوگرامدىن تۆۋەن بولماسلىقى، ۋەزىپىنى ئورۇندىشتا قىيىنچىلىقى بار ئەترەتلەرنىڭ پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى تەڭشەپ كېمەيتىشكە بولىدۇ؛ ياز پەسلىدىكى قارا ئاشلىقنى ئۆتنە سېتىش ۋە سورتىنى تەڭشەشنى يىلدىن - يىلغا ئازايتىپ، گۆشسىز ئەزالىرىنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش كېرەك؛ قارا ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىلمايدىغان ئەترەتلەردىن زور مىقداردا ئاق، قارا ئاشلىق تېگىشمەسلىك كېرەك؛ جايلار كۆزلۈك ئاشلىقنى ئامبارغا كىرگۈزگەندە، يا ئېغىر، يا يېنىك بولۇپ قېلىشتەك نامۇۋاپىق ئاشلىق سېلىقىنى تەڭشەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «ئېلىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلغانلىقى توغرىسىدا تەستىقىي جاۋاب»نى بېسىپ تارقىتىپ، ئاشلىق ھوسۇلى ئاشقان رايونلاردا دېھقانچىلىق قىلىدىغان ئائىلىلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمىنى 190 كىلوگرامغا، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلىلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمىنى 180 كىلوگرامغا كۆپەيتىشكە؛ ھوسۇلى ئاشمىغان ياكى كېمىيىپ كەتكەن رايونلاردىكى دېھقانچىلىق قىلىدىغان ئائىلىلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى 180 كىلوگرامدا، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلىلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى 170 كىلوگرامدا ساقلاپ قېلىشقا قوشۇلدى.

دېھقانلارنىڭ ئاشلىق سېتىپ بېرىش سېلىقى ئەھۋالىنى ئېنىق ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈن، ئاشلىق نازارىتى ۋە ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش خىزمىتىگە ماسلاشتۇرۇپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى يا ئېغىر، يا يېنىك بولۇپ قېلىش مەسىلىسىنىڭ يەنىلا ئېغىر ئىكەنلىكىنى بايقىدى. 1965 - يىلى ئاپتونوم رايون سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىغا تەقسىم قىلىپ بەرگەن پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى 90 مىليون كىلوگرام بولغان، ئەمما ئوبلاست ناھىيىلەرگە 110 مىليون كىلوگرام تەقسىم قىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھىيىلەر ۋەزىپىنى تۆۋەنگە تەقسىم قىلغاندا تېخىمۇ ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان ھالدا تەقسىملىگەن. سانجى ناھىيىسىدە تەكشۈرۈلگەن 52 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە 26 ئەترەتنىڭ سېلىقى ئېغىرراق، ئالتە ئەترەتنىڭ سېلىقى يېنىكرەك بولدى. سەنگۇڭ گۇڭشې يۇڭگۇاڭ چوڭ ئەترىتى 3 - ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى 74 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق ئىشلەپچىقارغان بولسىمۇ، ئەمما تەقسىم قىلىنغان ۋەزىپە 80 مىڭ 500 كىلوگرام بولدى. يەنجى ناھىيىسىنىڭ ۋۇخاۋچۇ گۇڭشې 1 - ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى 70 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق ئالغان بولۇپ، «ئۈچ قالدۇرۇق» تەخمىنلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن يەنە 30 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق كەملەيتتى، ئەمما بۇ ئەترەتكە 45 مىڭ كىلوگرام سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى تەقسىم قىلىندى. قەشقەر ۋىلايىتى 1964 - يىلى 124 مىليون

كىلوگرام ئاشلىق سېتىۋالدى. يېزىلارغا 24 مىليون 600 مىڭ كىلوگرام ئاشلىقنى قايتۇرۇپ سېتىپ بەردى، قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىش نىسبىتى %19.80 بولۇپ، كىشى بېشىغا 16 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى. يەكەن، مەكىت ناھىيىلىرىدىكى 494 چوڭ ئەترەتتىن پەقەت سېتىۋېلىپ ساتمىغان ئېشىنچا ئاشلىقى بار ئەترەت 102، سېتىۋالغاندىن كېيىن يەنە قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىدىغان ئېشىنچا ئاشلىقى بار ئەترەت 366. ئاشلىقى كەملەش تۈپەيلىدىن قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىلىدىغان 26 ئەترەتكىمۇ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يۇقىرىدىكى سېتىۋېلىپ سېتىپ بېرىدىغان ئەترەت 392 بولۇپ، بارلىق ئەترەتنىڭ %79.35نى ئىگىلىدى. بۇ ۋىلايەتتە قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىش مىقدارى كۆپ، سېتىۋېلىپ سېتىپ بېرىش دائىرىسى كەڭ بولدى. بەزى ئامىللار سىياسەتنىڭ ئۆزگىرىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقتى. مەسىلەن: شۇ يىلى ۋالىي مەھكىمىسى يېزىلاردىكى يىللىق ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمىنى كىشى بېشىغا 140 ~ 160 كىلوگرام قىلىپ بەلگىلىگەنىدى، كېيىن ئاپتونوم رايون 1965 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئايلىق ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمىنى 15 كىلوگرام (يىلىغا 180 كىلوگرام) غا كۆپەيتىشنى بەلگىلىدى. مۇشۇ بىر تۈردىلا ۋىلايەت بويىچە قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىلگەن ئاشلىق 12 مىليون 500 مىڭ كىلوگرامدىن 15 مىليون كىلوگرامغىچە كۆپەيدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتىدە «چەكتىن ئاشۇرۇپ ئاشلىق سېتىۋېلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ» دەپ ئالاھىدە تەكىتلىگەچكە، ئومۇمىي ھوسۇل %2.19 ئاشقان ئەھۋالدا سېتىۋېلىنغان ئاشلىق %9.86 ئازايغان بولسىمۇ، ئەمما پىلاندىن يەنىلا %13.83 ئېشىپ كەتتى. يېزىلاردا سېتىۋېلىنغاندىن كېيىنكى ئوتتۇرىچە قالدۇق ئاشلىق ئالدىنقى يىلدىكىدىن يەنە 6 كىلوگرام ئۆستى، يەنە كوللېكتىپنىڭ 30 مىليون كىلوگرام زاپاس ئاشلىقى بار بولدى.

1966 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن 29 ـ كۈنىگىچە ئاشلىق نازارىتى ئۈرۈمچىدە ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ئىدارىلىرى باشلىقلىرى يىغىنى ۋە ئاشلىق سىستېمىسى بويىچە سىياسىي خىزمەت يىغىنى چاقىرىپ، 1965 ـ يىللىق ئاشلىق خىزمىتىنى خۇلاسىلىدى. يىغىن مەزگىلىدە، ش ئۇ ئا ر پارتكوم شۇجىچۇسى يىغىن ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى، 1966 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندا پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش تۈپ سانىنى بىر بەلگىلەپ 3 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك سىياسىتىنىڭ ۋاقتىنچە يولغا قويۇلمايدىغانلىقىنى قارار قىلدى، شۇ يىلدىكى ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ 700 مىليون كىلوگرام بولىدىغانلىقىنى، بۇنىڭدىن بۇغدايىنىڭ 450 مىليون كىلوگرام بولىدىغانلىقىنى بېكىتتى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ 1 ـ شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ دېھقانلارنىڭ ئاشلىق سېلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. يىغىندىن كېيىن، ش ئۇ ئا ر پارتكوم شۇجىچۇسىنىڭ بەلگىلىمىسى ۋە ۋاڭ ئېنماۋنىڭ يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاشلىق نازارىتى 1966 ـ يىللىق ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ يا ئېغىر، يا يېنىك بولۇش مەسىلىسىنى ۋە چەكتىن ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش مەسىلىسىنى داۋاملىق ھەل قىلىش كېرەك؛ ئاشلىقى كەملەيدىغان ۋە ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەيدىغان ئەترەتلەرنىڭ دېھقانچىلىق بېجى، سۇ پۇلى، ماشىنا بىلەن يەر ھەيدەش خىراجىتى ئورنىغا ئاشلىق تاپشۇرۇشقا بولمايدۇ؛ پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ئىككى قەدەم بويىچە بولىدۇ: ۋەزىپە %70 ~ %80 ئورۇندالغاندا، ھوسۇل، قالدۇرۇلغان ئاشلىق يەنە بىر قېتىم ئېنىقلاشتىن ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئاندىن ئاشلىقنى داۋاملىق سېتىش ـ ساتماسلىقى بەلگىلىنىدۇ؛ بۇغداي ئىمكانقەدەر كۆپ سېتىۋېلىنىدۇ، ئەمما چەكتىن ئاشۇرۇپ ئاشلىق سېتىۋېلىشقا بولمايدۇ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوزۇقلۇق ئاشلىق، بۇغداي 50 كىلوگرامدىن تۆۋەن ئەترەتلەردىن بۇغداي سېتىۋېلىنمايدۇ. 7 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىقنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى ئۆستۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئارتۇق سېتىپ بەرگەنلەرنى باھا قوشۇپ مۇكاپاتلاش ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايوندا ئاشلىقتىن كەڭ كۆلەمدە مول ھوسۇل ئېلىندى. ئاشلىق

هوسۇلى 3 مىليارد 320 مىليون كىلوگىرامغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 26.98% ئاشتى، كىشى بېشىغا 397 كىلوگىرامدىن هوسۇل توغرا كېلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 65 كىلوگىرام كۆپىيىپ، 19.58% ئاشتى. 943 مىليون كىلوگىرام ئاشلىق سېتىۋېلىنىپ، پىلاندىكىدىن 34.71% ئاشتى، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 260 مىليون كىلوگىرام كۆپىيىپ، 38.06% ئاشتى؛ يېزىلاردا سېتىۋېلىنغاندىن كېيىن كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن قالدۇق ئاشلىق 353 كىلوگىرام بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 15.36% ئاشتى.

1967 — 1968 - يىللىرى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ ئېغىر كاشىلىسى تۈپەيلىدىن، ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي ئاشلىق مەھسۇلاتى 1967 - يىلى 18.42%، 1968 - يىلى 19.11% ئازىيىپ كەتتى. 1968- يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق 241 كىلوگىرامغا، يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان قالدۇق ئاشلىق 252 كىلوگىرامغا چۈشۈپ قالدى. ئاپتونوم رايون بويىچە سېتىۋېلىنغان ئاشلىق 1967 - يىلى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 40.20%، 1968 - يىلى 39.74% ئازىيىپ، سالدۇ زور مىقداردا ئازىيىپ كەتتى.

1969 - يىلى يازلىق ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش مەزگىلىدە، ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت 120 كىشى ئاجرىتىپ، جايلارنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىشىغا ياردەمگە ئەۋەتتى. سېتىۋېلىش ئاۋات پەسىلدە ئامبارلاشتۇرۇش سۈرئىتى ئاستا بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۆتكەش جانلىق بولمىغانلىقى، توشۇش كۈچى يېتەرلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا تەمىنلەش جىددىي بولۇپ كەتتى. 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن كېيىنكى يىلى 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئۈرۈمچى شەھىرىدە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېتلارنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىلىرى ياكى مالىيە - سودا گۇرۇپپىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئاشلىق، سودا تارماقلىرىنىڭ ئالاقىدار خادىملىرى قاتناشقان ئاشلىق - ياغلىق دان - چارۋا مال سۆھبەت يىغىنى چاقىردى. ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇدىرى لوڭ شۇجىن يىغىندا سۆز قىلدى ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ئىنقىلابىي كومىتېتلارنىڭ 1 - باشلىقلىرىدىن ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتىنى بىۋاسىتە تۇتۇپ، ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشنى تەلەپ قىلدى. يىغىندىن كېيىن «ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئاشلىق - ياغلىق دان - چارۋا مال سۆھبەت يىغىنىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى»ى تارقىتىلدى، خاتىرىدە مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: پۈتۈن پارتىيە ھەرىكەتكە كېلىپ، پۈتۈن خەلق سەپەرۋەر قىلىنىپ، ئاشلىق - ياغلىق دان سېتىۋېلىشنى تۇتۇش كېرەك؛ ئاشلىق - ياغلىق دان سېتىۋېلىش پىلانىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا مەۋقەنى شىنجاڭغا قويۇپ، ئۆز جايىدا تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك؛ ئاشلىق - ياغلىق دان ھايانكەشلىكىگە زەربە بېرىپ، ئاشلىق - ياغلىق دان قارا بازىرىنى بىكار قىلىپ، دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىش سىياسىتىنى قوغداپ، مول هوسۇل ئېلىنغان رايونلاردا تىرىشىپ كۆپرەك ئاشلىق سېتىۋېلىش كېرەك. سانجى، ئىلى قاتارلىق نۇقتىلىق ئاشلىق سېتىۋېلىنىدىغان ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ رەھبەرلىرى كادىرلارغا بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلىپ، گۇڭشې - ئەترەتلەرگە چۈشۈپ، ئاشلىق سېتىۋېلىشنى كۈچەيتتى. بىڭتۇەننىڭ تۇەن - مەيدانلىرى پائال تۈردە باشلامچىلىق بىلەن ئاشلىق تاپشۇردى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق مەھسۇلاتى، سېتىۋېلىنغان ئاشلىق، قالدۇق ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئازراق ئاشتى.

1970 - يىل 6 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت بىلەن شىنجاڭ ھەربىي رايونى بىرلىشىپ «يازلىق يىغىم مەزگىلىدە يازلىق ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا يوليورۇق» تارقاتتى ھەمدە مۇنۇ تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى: دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخستىن ئىبارەت «ئۈچ تەرەپكە تەڭ ئېتىبار بېرىش» ۋە «ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش، قەھەتچىلىككە تەييارلىق كۆرۈش، خەلقنى نەزەردە تۇتۇش» پرىنسىپىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، يازلىق ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش كېرەك؛ ھەر دەرىجىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت، ھەربىي رايون، شۆبە ھەربىي رايون، جايلاردا تۇرۇشلۇق قىسىملار يازلىق يىغىمغا ۋە ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش خىزمىتىگە ياردەم بېرىشنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈشى، ۋىلايەت، ناھىيىلەر يازلىق يىغىمغا

قوماندانلىق قىلىش ئاپپاراتى قۇرۇشى، ئاشلىق، بانكا قاتارلىق تارماقلار ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋە مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشى لازىم. ئاپتونوم رايوندىكى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمى: دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ 180 كىلوگرامدىن، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ 150 كىلوگرامدىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك، دەپ بەلگىلەندى. شۇ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسى «ئاشلىقتىن پارا ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش خىزمىتىدىكى بىر قانچە كونكرېت سىياسەت خاراكتېرلىك مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، كۆڭۈشى ئەزالىرى ئارتۇق ئاشلىق سېتىپ بەرسە سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە 20% باھا قوشۇپ سېتىۋېلىش بەلگىلەندى. ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش مەزگىلىدە ئاپتونوم رايون 2 قېتىم تېلېفون يىغىنى چاقىردى، سېتىۋېلىش سۈرئىتى ئاستا بولغان جايلارغا تېلېفون بېرىپ ھەيدەكچىلىك قىلدى. جايلار تۈركۈملەپ كادىر ئەۋەتىپ تەشۋىق قىلدى. ۋىلايەت ناھىيىلەردە گومىيوزلۇك ئاشلىق سېتىۋېلىشقا قوماندانلىق قىلىش شتابى قۇرۇلدى. شىمالىي شىنجاڭ رايونىدىكى تەملىكى يۇقىرىراق بولغان كۆممۇنىلاردا قارىتا، ئاشلىق تارماقلىرى بىر قىسمىنى مەدەك بىلەن سېتىۋېلىپ ساقلىغاندىن سىرت، يەنە كۆڭۈشى، ئەترەتلەرنىڭ ۋاكالىتەن ساقلاپ بېرىشىگە ھاۋالە قىلدى (ئاشلىق يۆلىنىشىنىڭ 70%ى ئالدىن تاپشۇرۇلدى). شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سېتىۋېلىنغان ئاشلىق ئالدىنقى يىلدىكىدىن 248 مىليون كىلوگرام ئاشتى، دۆلەتنىڭ سالدۇسىمۇ كۆپەيدى، يېزىلاردىكى كوللېكتىپنىڭ زاپاس ئاشلىقى 1965 ـ يىلدىكىدىن 40% ئېشىپ، 42 مىليون كىلوگرامغا يەتتى. سېتىۋېلىنغاندىن كېيىن يېزىلاردا ئوتتۇرىچە قالدۇق ئاشلىق ئالدىنقى يىلدىكىدىن يەنە 14 كىلوگرام ئاشتى. (جەدۋەل: 1 — 21، 1 — 22لەرگە قاراڭ).

**1957 — 1970 ـ يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە ئاشلىق مەھسۇلاتى، دۆلەت سېتىۋالغىنى ۋە سېتىۋېلىنغاندىن كېيىنكى يېزىلاردىكى قالدۇق ئاشلىق مىقدارى**

جەدۋەل: 1 — 21　　　　بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| تۈرى / ئاشلىق يىلى | نوپۇس (تۈمەن): ئومۇمىي نوپۇس | نوپۇس (تۈمەن): بۇنىڭدىن: دېھقانچىلىق نوپۇسى | مەھسۇلات مىقدارى: مىقدارى | مەھسۇلات مىقدارى: ئومۇمىي نوپۇس بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كەلگىنى (كىلوگرام) | دۆلەت سېتىۋالغىنى: مىقدارى: جەمئىي | دۆلەت سېتىۋالغىنى: مىقدارى: بۇنىڭدىن: بىڭتۇەن سېتىۋېلىشى | دۆلەت سېتىۋالغىنى: تاۋار نىسبىتى (%) | سېتىۋېلىنغاندىن كېيىن يېزىلاردا كىشى بېشىغا قالدۇرۇلغان ئاشلىق (كىلوگرام) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1957 | 558.01 | 461.01 | 145474 | 261 | 47091 | 664 | 32.35 | 213 |
| 1958 | 582.35 | 452.42 | 196085 | 337 | 65518 | 282 | 33.41 | 289 |
| 1959 | 648.98 | 470.26 | 197517 | 304 | 84702 | 102 | 42.88 | 240 |
| 1960 | 686.33 | 486.67 | 197978 | 288 | 65201 | 1335 | 32.93 | 273 |
| 1961 | 710.06 | 533.76 | 174439 | 246 | 51702 | 3369 | 29.64 | 230 |
| 1962 | 698.97 | 539.27 | 165354 | 237 | 41197 | 4777 | 24.92 | 230 |
| 1963 | 713.12 | 571.88 | 217950 | 306 | 57693 | 7876 | 26.47 | 280 |
| 1964 | 744.18 | 601.39 | 256140 | 344 | 75768 | 12215 | 29.58 | 300 |
| 1965 | 789.10 | 632.21 | 261738 | 332 | 68296 | 10794 | 26.09 | 306 |
| 1966 | 837.99 | 674.66 | 332344 | 397 | 94288 | 15696 | 28.37 | 353 |
| 1967 | 871.84 | 702.59 | 271138 | 311 | 56384 | 3425 | 20.80 | 306 |
| 1968 | 908.42 | 734.46 | 219339 | 241 | 33977 | 1228 | 15.49 | 252 |
| 1969 | 943.55 | 763.58 | 256249 | 272 | 45340 | 5840 | 17.69 | 276 |
| 1970 | 976.58 | 802.57 | 303207 | 310 | 70172 | 8780 | 23.14 | 290 |

ئىزاھ: 1. دۆلەت سېتىۋالغىنى غەللە ـ پاراق ۋە ئارتۇق ئاشلىق سېتىۋېلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سېتىۋېلىنغاندىن كېيىن يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن قالدۇق ئاشلىق دېھقانچىلىققا سېتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ (تۆۋەندىمۇ شۇنداق).
2. ئومۇمىي نوپۇس ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ سانى بويىچە ئېلىندى، بۇ جەدۋەلدىكى دېھقانچىلىق نوپۇسى = ئومۇمىي نوپۇس — ئاشلىقى نورمىلىق نوپۇستىن ئىبارەت (تۆۋەندىمۇ شۇنداق).

**1957 — 1970 - يىلغىچە شىنجاڭدىكى ۋىلايەتلەرنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 1 — 22   بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| ئاشلىق يىلى / نامى | | 1957 | 1958 | 1959 | 1960 | 1961 | 1962 | 1963 | 1964 | 1965 | 1966 | 1967 | 1968 | 1969 | 1970 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى رايون بويىچە | جەمئىي | 47091 | 65518 | 84702 | 65201 | 51702 | 41197 | 57693 | 75768 | 68296 | 94288 | 56384 | 33977 | 45340 | 70172 |
| | بۇغداي | 25435 | 38828 | 46115 | 46753 | 27898 | 18002 | 27099 | 42278 | 42103 | 53333 | 33703 | 20733 | 27324 | 38439 |
| | گۈرۈچ | 3352 | 3124 | 6360 | 1793 | 1666 | 1038 | 1234 | 2010 | 2092 | 2887 | 1942 | 1343 | 1473 | 1578 |
| | دادۇر | 387 | 355 | 452 | 196 | 233 | 205 | 394 | 626 | 542 | 640 | 517 | 354 | 350 | 439 |
| | قارا ئاشلىق | 17917 | 23211 | 31775 | 16459 | 21905 | 21952 | 28966 | 30854 | 23559 | 37428 | 20222 | 11537 | 16193 | 29716 |
| | بۇنىڭدا: كۆممە قوناق | | | | | 14478 | 16173 | 20292 | 24097 | 18835 | 31019 | 17225 | 10011 | 13954 | |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | | 86 | 544 | 653 | 1586 | 3518 | 3528 | 6771 | 11426 | 5056 | 3031 | 959 | 310 | 817 | 984 |
| قاراماي شەھىرى | | | | 2 | 51 | 528 | 1011 | 789 | 1202 | 1037 | 118 | 255 | 523 | 246 | 186 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | | 864 | 783 | 1099 | 1089 | 1246 | 1387 | 1951 | 2245 | 2261 | 2335 | 2171 | 1162 | 1205 | 2122 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | | 1066 | 1513 | 1878 | 905 | 972 | 526 | 958 | 1506 | 1526 | 1488 | 739 | 724 | 1150 | 1780 |
| سانجى ئوبلاستى | | 9390 | 11204 | 15403 | 7586 | 5048 | 2721 | 8028 | 10807 | 8825 | 15859 | 5498 | 2039 | 6508 | 12159 |
| ئىلى ئوبلاستىغا قاراشلىق ناھىيە، شەھەرلەر | | 6355 | 10732 | 11481 | 10493 | 5824 | 4690 | 5619 | 10778 | 8722 | 17472 | 11316 | 5620 | 5714 | 10909 |
| ئارباغاتاي ۋىلايىتى | | 4902 | 6346 | 8487 | 6919 | 5173 | 2200 | 3828 | 5811 | 5256 | 8650 | 7247 | 3133 | 4229 | 6334 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | | 1501 | 1985 | 2054 | 1318 | 1804 | 772 | 1273 | 1487 | 1477 | 1667 | 871 | 1102 | 636 | 890 |
| بورتالا ئوبلاستى | | 1312 | 1553 | 1063 | 995 | 926 | 668 | 738 | 1319 | 1700 | 2252 | 1855 | 761 | 860 | 2551 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | | 2049 | 3291 | 3546 | 2797 | 1976 | 1494 | 2174 | 2576 | 3180 | 3809 | 2418 | 1855 | 1551 | 2964 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | | 5379 | 7500 | 12042 | 6666 | 5680 | 5304 | 6125 | 7303 | 8546 | 9177 | 6650 | 5583 | 6193 | 7579 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | | 761 | 1134 | 1493 | 1103 | 720 | 466 | 538 | 516 | 526 | 602 | 580 | 463 | 375 | 504 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | | 9539 | 13450 | 18584 | 17325 | 12876 | 11239 | 12617 | 12426 | 10451 | 9394 | 8818 | 7206 | 7106 | 8622 |
| خوتەن ۋىلايىتى | | 3887 | 5483 | 6917 | 6368 | 5411 | 5171 | 6284 | 6366 | 5007 | 5304 | 4444 | 3496 | 2910 | 3808 |
| بىڭتۇەن باشقۇرۇش بۆلۈمى | | | | | | | | | | 4726 | 13110 | 2564 | | 5840 | 8780 |

## 2. پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش توپ сانىنى بىر بەلگىلەپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك

1970 - يىلى 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسى ئاشلىق نازارىتى ۋە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاساسلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ ئاشلىق ئىدارىلىرىدىن 12 كادىر ئاجرىتىپ، ئۆگىنىش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى، بۇ گۇرۇپپا گۇاڭشى، خېنەن ئۆلكىلىرىگە بېرىپ ئاشلىق سېتىۋېلىشتا «بىر بەلگىلەپ ئۈچ يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك» سىياسىتىنى يولغا قويۇشتا دائىر تەجرىبىلەرنى ئۆگەندى. 10 - ئايدا ئۆگىنىش - تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى سانجى ئوبلاستىنىڭ فۇكاڭ ناھىيىسى، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ خوتەن ناھىيىسىدە نۇقتىدا سىناق قىلىش ئارقىلىق، «ئاشلىق سېتىۋېلىشتا بىر بەلگىلەپ ئۈچ يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىكنى يولغا قويۇش توغرىسىدا پىكىر» (دەسلەپكى نۇسخا) نى تەييارلىدى. 11 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە - سودا خىزمىتى يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىندى، يىغىندىن كېيىن جايلاردا داۋاملىق نۇقتىدا سىناق قىلىپ تۈزىتىش بەلگىلەندى. 1971 - يىلى 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسى «ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىش (غەللە - پاراق ئېلىش) تا بىر بەلگىلەپ ئۈچ يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك سىياسىتى ھەققىدە پىكىر ئېلىش ۋە ئۇنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نى تارقىتىپ، 1971 — 1973 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق، ياغلىق داندىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىشتا بىر بەلگىلەپ 3 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك سىياسىتىنى يولغا قويۇشنى بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جايلارغا 630 مىليون كىلوگرام سېتىۋېلىش توپ сانىنى رەسمىي چۈشۈردى، يەنى مەركەز ئاپتونوم رايونغا تەقسىم قىلىپ بەرگەن 600 مىليون كىلوگرام توپ сان ئاساسىدا 5% ئېھتىيات сان قوشۇلدى. (جەدۋەل: 1 — 23كە قاراڭ) . توپ сاندىن ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغان ئاشلىق (سورتى ئايرىلمايدۇ) قا بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى ئاساستا 20% باھا قوشۇپ بېرىلدى.

**1971 — 1973 - يىلغىچە شىنجاڭدا ئاشلىق سېتىۋېلىشتا بىر بەلگىلەپ 3 يىلغىچە ئۆزگەرتىلمەيدىغان توپ сان**

جەدۋەل: 1 — 23 بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| رايون ئايرىمىسى / تۈرى | ئاپتونوم رايون بويىچە | 1. ئوبلاست، ۋىلايەت، شەھەر | ئۈرۈمچى | قاراماي | سانجى | قۇمۇل | ئىلى | تارباغاتاي | ئالتاي | بۆرتالا | بايىنغولىن | ئاقسۇ | قىزىلسۇ | قەشقەر | خوتەن | 2. ئىشلەپچىقىرىش بىڭتۇەنى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاشلىق | 63000 | 53000 | 2000 | 25 | 10000 | 1850 | 10000 | 6000 | 1025 | 1200 | 2550 | 5500 | 350 | 8500 | 4000 | 10000 |
| بۇنىڭدىن: بۇغداي | 35800 | 31800 | 1100 | 15 | 5750 | 1350 | 6000 | 3750 | 900 | 700 | 1600 | 3700 | 285 | 4500 | 2150 | 4000 |

1971 - يىلى 9 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ [1971] 50 - نومۇرلۇق «ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى بىر بەلگىلەپ بەش يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىكنى داۋاملىق يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» نى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دەرھال ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، ئاپتونوم

رايوندا سىناق تەرىقىسىدە يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى بىر بەلگىلەپ ئۈچ يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىكنى بىر بەلگىلەپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىككە ئۆزگەرتتى. 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم ش پ [1971] 94 - نومۇرلۇق ھۆججەت «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى بىر بەلگىلەپ بەش يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىكنى داۋاملىق يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نى ئىزچىل ئىجرا قىلىش توغرىسىدا پىكىر»نى تارقىتىپ، ئاپتونوم رايوندا ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى بىر بەلگىلەپ بەش يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىكنى يولغا قويۇشنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇردى. «پىكىر»نىڭ ئاساسىي روھى مۇنداق: 1) ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش توپ سانى 630 مىليون كىلوگرامدىن 620 مىليون كىلوگرامغا كېمەيتىلىدۇ. كېمەيتىلگەن رايون ۋە مىقدار مۇنداق: قەشقەر ۋىلايىتى 7 مىليون كىلوگرام، خوتەن ۋىلايىتى 2 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام، قىزىلسۇ ئوبلاستى 500 مىليون كىلوگرام. 2) دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ئارتۇق ئاشلىقى بار، ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەيدىغان، ئاشلىقى كەملەيدىغان ئەترەت دەپ 3 تۈرگە ئايرىلىپ، ئارتۇق ئاشلىقى بار ئەترەتلەرگە پەقەت سېتىۋېلىش، سېتىپ بەرمەسلىك، ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەيدىغان ئەترەتلەرگە ھەم سېتىۋالماسلىق، ھەم سېتىپ بەرمەسلىك، ئاشلىقى كەملەيدىغان ئەترەتلەرگە سېتىپ بېرىش، سېتىۋالماسلىق بەلگىلىمىسى يولغا قويۇلىدۇ. ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەيدىغان ۋە ئاشلىقى كەملەيدىغان ئەترەتلەر دېھقانچىلىق بېجى (غەللە - پاراق) ئۈچۈن ئاشلىق تاپشۇرماي، ئاشلىق ئورنىغا پۇل تاپشۇرىدۇ. ئارتۇق ئاشلىقى بار، ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەيدىغان، ئاشلىقى كەملەيدىغان ئەترەتلەرنى ئايرىش ئۆلچىمى مۇنداق: ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى، تەمىنلىگەن تاۋار ئاشلىقى كۆپرەك ناھىيىلەردە، نورمال ئاشلىق ھوسۇلى (ئادەتتە 1970 - يىلدىكى ئەمەلىي ھوسۇل ئاساس قىلىنىپ، نورمال يىللاردىكى ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى ۋە مۇۋاپىق ھوسۇل ئاشۇرۇش ئامىللىرىدىن پايدىلىنىلىدۇ) دىن ئۇرۇقلۇق، يەم - خەشەك ئۈتۈپ قېلىنغاندىن كېيىن، كىشى بېشىغا توغرا كەلگىنى 180 كىلوگرامدىن يۇقىرى بولغانلار ئارتۇق ئاشلىقى بار ئەترەت، 160 كىلوگرامغا يەتمىگەنلىرى ئاشلىقى كەملەيدىغان ئەترەت، 160 ~ 180 كىلوگرام ئارىلىقىدىكىلىرى ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەيدىغان ئەترەت بولىدۇ؛ ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى تۆۋەنرەك، تەمىنلىگەن تاۋار ئاشلىقى ئازراق ناھىيىلەردە، نورمال ھوسۇلدىن ئۇرۇقلۇق، يەم - خەشەك ئۈتۈپ قېلىنغاندىن كېيىن، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغىنى 160 كىلوگرامدىن يۇقىرى بولغانلىرى ئارتۇق ئاشلىقى بار ئەترەت، 150 كىلوگرامغا يەتمەيدىغانلىرى ئاشلىقى كەملەيدىغان ئەترەت، 150 ~ 160 كىلوگرام ئارىلىقىدىكىلىرى ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەيدىغان ئەترەت بولىدۇ. قالدۇرۇلىدىغان ئۇرۇقلۇق مۇنداق بەلگىلەندى: مو بېشىغا بۇغداي 12.5 ~ 14 كىلوگرام، شال 12.5 ~ 15 كىلوگرام، كۆممىقوناق، ئاق قوناق ۋە باشقا قارا ئاشلىقلار 3 ~ 4 كىلوگرام بولىدۇ. قالدۇرۇلىدىغان يەم - خەشەك مىقدارى مۇنداق بەلگىلەندى: نەسىللىك ئات، كالا - تۆگىلەرنىڭ ھەر بىرىگە يىلىغا 750 ~ 900 كىلوگرام، ئېشەككە 200 ~ 300 كىلوگرام، قويغا 50 كىلوگرام؛ تېرىقچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئات، قېچىرلارغا 200 ~ 400 كىلوگرام، كالا، تۆگىلەرگە 125 ~ 200 كىلوگرام، كوللېكتىپنىڭ ئېشەكلىرىگە 50 ~ 75 كىلوگرام. 3) چارۋىچىلىق گۇڭشې (فېرما) لىرىدىكى دېھقانچىلىق ئەترەتلىرى ئەسلىدە دۆلەتنىڭ سېتىۋېلىش - سېتىشىدىن ئۆتكۈزمەي، ئارتۇق ئاشلىقنى بىۋاسىتە چارۋىچىلىق ئەترەت (فېرما) لىرىگە تەڭشەپ بەرگەن بولسا يەنىلا دۆلەتنىڭ سېتىۋېلىش - سېتىشىدىن ئۆتكۈزمەي داۋاملىق تەڭشەپ بەرسە بولىدۇ، ئەمما دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە ئوخشاش، تەڭشەش ۋەزىپە توپ سانىنى مۇۋاپىق بەلگىلىشى لازىم. 4) ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ سېتىۋېلىش توپ سانىدىن ۋە چارۋىچىلىقتا تەڭشەپ بېرىدىغان سانىدىن ئاشۇرۇپ سېتىلغان ئاشلىقى ۋە گۇڭشې ئەزالىرى ساتقان قالدۇرۇق يەردىن ئېلىنغان ياكى ئىقتىساد قىلىنغان ئاشلىقى بىر دەك باھا قوشۇپ سېتىۋېلىنىدۇ. باھا قوشۇش دائىرىسى: مەركەزنىڭ

بەلگىلىمىسى بويىچە بىر تۇتاش سېتىۋېلىش ئاختاي باھاسىنىڭ %30 (سورتى ئايرىلمايدۇ) ىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، گۈرۈچ (شال) ۋە تۈرلۈك يۇرچاقلارغا بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسىنىڭ %30ى بويىچە، باشقا ئاشلىقلارغا بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسىنىڭ %20ى بويىچە باھا قوشۇلىدۇ. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ھوسۇلى 99 مىليون 140 مىڭ كىلوگرام ئېشىپ، 650 مىليون كىلوگرام ئاشلىق سېتىۋېلىنىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %35.7 ئازايدى، %3.27 كۆپەيدى، دېھقانلارنىڭ سېلىقى مۇۋاپىقلىشىشقا يۈزلەندى. لېكىن، ئاپتونوم رايون بويىچە 4 مىليون 400 مىڭ كىلوگراملىق پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش تۈپ سانى ئەمەلىيلەشمىدى، 10 ناھىيە «بىر بەلگىلەپ بەش يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك»نى سىياسەت بويىچە ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرمىدى.

1972 ـ يىل 2 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون ئاشلىق خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، مەملىكەت بويىچە بىر بەلگىلەپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈش ئەھۋالى ۋە چەكتىن ئاشۇرۇپ ئاشلىق سېتىۋالماسلىق تەجرىبىلىرى تونۇشتۇرۇلدى. 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، جايلارنىڭ ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىدىكى بىر بەلگىلىنىپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتىلمەيدىغان تۈپ سانىنى تەكشۈرۈپ، سېتىۋېلىش تۈپ سانىنى كېمەيتتى؛ يەنى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 1 مىليون 350 مىڭ كىلوگرام، سانجى ئوبلاستىنىڭ 3 مىليون كىلوگرام، بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ 650 مىڭ كىلوگرام بولدى، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئۆزگەرمىدى، سورتلار ئىچىدە بۇغدايىنىڭ تۈپ سانى 2 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام ئازايتىلدى، كۆممىقوناقنىڭ تۈپ سانى مۇناسىپ كۆپەيتىلدى. تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق سېتىۋېلىش تۈپ سانى 615 مىليون كىلوگرام بولدى. 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم ش پ [1972] 104 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىدە «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ‹ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى بىر بەلگىلەپ بەش يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىكنى داۋاملىق يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى›نى ئىزچىل ئىجرا قىلىش توغرىسىدا پىكىر» (قوشۇمچە نۇسخىسىغا قاراڭ) نى يەنە بىر قېتىم تارقاتتى، بۇ ھۆججەت ش پ [1971] 94 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتنىڭ ئورنىنى ئالدى. ئەمما ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى بىر بەلگىلەپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك تۈپ سىياسىتى ئۆزگەرمىدى. شۇ يىلى ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ئاۋات پەسلىگە كىرگەندىن كېيىن، جايلاردا ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش سۈرئىتى ناھايىتى ئاستا بولدى، ھەر جەھەتتىن ھەيدەكچىلىك قىلىنغان بولسىمۇ، ۋەزىيەت يەنىلا ياخشىلانمىدى. 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايون بويىچە پاراق ئېلىنغان ۋە سېتىۋېلىنغان ئاشلىق 330 مىليون كىلوگرام بولۇپ، ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن %34.65 ئاز بولدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ھوسۇلى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 348 مىليون كىلوگرام، دۆلەت سېتىۋالغىنى 188 مىليون كىلوگرام كېمەيدى، سېتىۋېلىشتىن كېيىن يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن قالدۇق ئاشلىق ئالدىنقى يىلدىكى 298 كىلوگرامدىن 271 كىلوگرامغا كېمەيدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ئېشىنىشتىن كەمىلەش ھالىتىگە ئۆتتى.

1973 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش ئىشخانىسى قۇرۇپ، ھەر ساھەنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ماسلاشتۇردى. 2 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون ئاشلىق خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىش ـ يۆتكەش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. 6 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم «1973 ـ يىللىق يازلىق ئاشلىق، ياغلىق داندىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا پىكىر»نى تارقىتىپ، مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: 1972 ـ يىللىق ئاشلىق كىرىم ـ چىقىمىدا چوڭراق ئەتۇر پەرق كۆرۈلدى. ئاشلىق يۆتكەپ كىرگۈزىدىغان ئاساسلىق رايونلارنىڭ ۋە قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلارنىڭ سالدۇسى ناھايىتى ئاز بولۇپ، ئوبوروت قىلىشتا قىيىنچىلىقى بار، جايلار 1973 ـ يىللىق ئاشلىق خىزمىتىنى كۈچىنىڭ بارىچە ياخشى ئىشلىشى كېرەك. ھەم بىر بەلگىلەپ 5 يىلغىچە

ئۆزگەرتمەسلىك سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇشى ھەم مۇۋاپىق تەقسىم قىلىپ، شۇ يىللىق ۋەزىپىنى دەرىجىمۇ دەرىجە تۆۋەنگە چۈشۈرۈشى لازىم. ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش ئىشخانىسى ۋە جايلاردىكى يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش ئورگانلىرى كادىرلارنى ئاجرىتىپ، گۇرۇپپا - ئەترەتلەرگە بېرىپ، سېتىۋېلىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈشى ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىشى كېرەك. «3 تەرەپكە تەڭ ئېتىبار بېرىش»نى تەشەببۇس قىلىپ، كوللېكتىپ ۋە شەخسكىلا ئېتىبار بېرىشتىن ساقلىنىش لازىم. ھوسۇل ئاشسا كۆپەيتىپ سېتىۋېلىش، يېنىك ئاپەتكە ئۇچرىسا نورمال سېتىۋېلىش، ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىسا قوش كېمەيتىش (دۆلەتنىڭ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ۋە ئوزۇقلۇق ئاشلىق قالدۇرۇش سىقدارىنى كېمەيتىش) يولغا قويۇلۇشى كېرەك. ئاشلىق، ياغنى بازارغا سېلىشنى، ئاشلىق، ياغقا مال تېگىشىشنى ۋە ئالدامچىلىق بىلەن سېتىۋېلىپ بۆلۈشۈۋېلىشنى قاتتىق مەنئى قىلىش لازىم. شۇ يىلى ئاپتونوم رايوندا بۇغداي ھوسۇلى ئاشتى، ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئاشلىق ئىدارىسى ئىنقىلابىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى شى جېڭگو خىزمەت ئەترىتىنى باشلاپ، جايلارغا بېرىپ سېتىۋېلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى. جايلاردىكى پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى گۇرۇپپا - ئەترەتلەرگە بېرىپ سېتىۋېلىشنى تۇتتى. قىزىلسۇ ئوبلاستى ئوبلاست، ناھىيەلەردىكى ئورگان كادىرلىرىدىن 300 نەچچىنى سەپەرۋەر قىلىپ يازلىق يىغىم ۋە سېتىۋېلىشقا ياردەملەشتى. تۇرپان ناھىيىسىنىڭ يالقۇنتاغ گۇرۇپپىسى 50 نەچچە كادىرنى ئاجرىتىپ سېتىۋېلىشقا ياردەملەشتى. بۇ گۇرۇپپىنىڭ «سۈنئىي ھەمراھ» چوڭ ئەترىتىنىڭ توشۇش كۈچى يېتىشمىگەندە 1 - ئەترەتتىن 40 نەچچە ياش ۋە «ئالغا» گۇرۇپپا 3 - چوڭ ئەترەت 2 - ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىكى 9 نەپەر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئاشلىقنى ئاشلىق پونكىتىغا يۆتكەپ ئاپىرىپ سېتىشقا ياردەملەشتى. 9 - ئايغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 10 ناھىيە يازلىق ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى (ئۇلاردىن ئىككىسى يىللىق ۋەزىپىنى ئورۇندىدى)، ئەمما كۆپلىگەن جايلاردا سۈرئەت ئاستا بولدى. 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مەملىكەتلىك ئاشلىق خىزمىتى يىغىنىغا تەييارلىق كۆرۈش يىغىنىدا زۇڭلى جۇ ئېنلەينىڭ «بۇ يىل مول ھوسۇل ئېلىندى، ئازراق يەپ، كۆپرەك سېتىۋېلىپ، ئازراق زاپاس ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى ساقلاپ، مەملىكەت ئىچىدە ئاشلىق كىرىم - چىقىمىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ھەمدە ئېشىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئاشلىقنى كەڭرى ساقلاش كېرەك» دېگەن يوليورۇقى يەتكۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە گوۋۇيۈەنىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرىنىڭ: «ئىمپورت ئاشلىققا تايىنىش ھەرگىز رەئىس ماۋ زېدۇڭ ۋە مەركەزنىڭ فاڭجېنى ئەمەس، بۇنى ئۆزىمىز ھەل قىلالايتتۇق، ئاشلىق ئىمپورت قىلىش رېۋىزىيونىزملىق ياكى يېرىم رېۋىزىيونىزملىقتۇر» دېگەن سۆزى يەتكۈزۈلدى. شۇ ئايدا، ئاپتونوم رايون ئاشلىق خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى چاقىردى، بىكىتىلگەن يىللىق پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ 40%ىنىلا ئورۇندىيالايدىغانلىقىنى، تارباغاتاي قاتارلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان ۋىلايەت، ئوبلاستلارمۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداشنىڭ قىيىن ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلىدى. شۇڭا، ش ئۇ ئا ر پارتكوم 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى «ئاشلىق مەسىلىسى توغرىسىدا جىددىي يوليورۇق»نى تارقىتىپ، يىل ئىچىدە ئاشلىق كىرىم - چىقىمىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ، «مەركەزدىن ئاشلىق سورىماسلىق»نى ئوتتۇرىغا قويدى. 11 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيەلەرنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشقان مالىيە - سودا خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش تەدبىرلىرىنى مۇزاكىرە قىلدى.

ئاشلىق سېتىشقا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، مەملىكەت بويىچە ئاشلىق ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىشتا سانائەت بۇيۇملىرىنى مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىش سىياسىتى يولغا قويۇلدى. ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، شۇ يىللىق سېتىۋېلىش پىلانىنى ئورۇندىمىغان ئۆلكە، رايونلارغا ئاپتوموبىل بىلەن دېھقانچىلىق ماشىنا سايمانلىرى مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلمەي، خىمىيىۋى ئوغۇتلا مۇكاپاتلاپ بېرىلدى، لېكىن شىنجاڭدا پىلان ئىچىدىكى خىمىيىۋى ئوغۇتمۇ توشۇش كۈچى جىددىي بولغانلىقتىن، خىمىيىۋى ئوغۇت ئاساسىي قاتلامغا تولۇق يەتكۈزۈپ بېرىلمىدى، يىللىق ئاشلىق سېتىۋېلىش پىلانىمۇ ئورۇندالمىدى، نەتىجىدە ئاشلىق مىنىستىرلىكى

شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىغا ئېتىبار بېرىپ، مۇكاپاتلاپ بېرىلىدىغان خىمىيىۋى ئوغۇتنى پۈتۈنلەي ئاپتوموبىل ۋە دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرىغا ئۆزگەرتتى. ئاشلىق مىنىستىرلىكى ئاپتونوم رايونغا 150 يۈك ئاپتوموبىلى، 70 قول تراكتورى، 10 مىڭ قول هارۋىسى بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاپتونوم رايون مۇكاپاتلاپ سېتىش ئۈچۈن، 200 قول تراكتورى، 10 مىڭ قول هارۋىسى ئاجراتتى. ئاپتونوم رايون ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ھېساباتى جەھەتتە، ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىغان كۆلچى (مەيدان)لارنىڭ ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغان ئومۇمىي ئاشلىقى بويىچە ھېسابلاپ، %40ىگە ئاپتوموبىل، %30ىگە قول تراكتورى، %30ىگە قول هارۋىسى بەردى. مۇكاپاتلاپ سېتىش ئۆلچىمى مۇنداق بولدى: جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى (بايىنغولىن ئوبلاستى ۋە ئۇنىڭ جەنۇبىدىكى جايلار)دا 400 مىڭ كىلوگرامغا بىر ئاپتوموبىل، 100 مىڭ كىلوگرامغا بىر قول تراكتورى، 2000 كىلوگرامغا بىر قول هارۋىسى مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلدى. شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا، 600 مىڭ كىلوگرامغا بىر ئاپتوموبىل، 150 مىڭ كىلوگرامغا بىر قول تراكتورى، 3000 كىلوگرامغا بىر قول هارۋىسى مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلدى. يۇقىرىدىكى تەدبىرلەر قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن، شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 545 مىليون كىلوگرام ئاشلىق سېتىۋېلىنىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 82 مىليون 510 مىڭ كىلوگرام كۆپ سېتىۋېلىندى، بۇ، شۇ يىلى ئاشقان ئاشلىقنىڭ %33. 29نى ئىگىلىدى. سېتىۋېلىشتىن كېيىن يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن قالدۇق ئاشلىق 14 كىلوگرام كۆپىيىپ، %17. 5 ئاشتى.

1974 ـ يىل 2 ـ ئايدا مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسەن، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى، ش ئۇ ئا ر سودا ئىدارىسى، ئاشلىق ئىدارىسى «1974 ـ يىللىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى زاكالەت پۇلى تارقىتىش توغرىسىدا بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، 13 مىليون 570 مىڭ يۈەن زاكالەت پۇلى كۆرسەتكۈچى چۈشۈردى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى ئازايدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېغىر قۇرغاقچىلىق ئاپەتى بولدى، بۇغداي ھوسۇلى ئالدىنقى يىلدىكىدىن %42. 22 كېمەيدى، بولۇپمۇ شىمالىي شىنجاڭدىكى ئاساسلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلاردا ھوسۇل ئېغىر دەرىجىدە كېمىيىپ كەتكەچكە، يازلىق ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىشتا قىيىنچىلىق ناھايىتى زور بولدى. 8 ـ ئايدا سودا مىنىستىرلىكى ئەۋەتكەن خىزمەت گۇرۇپپىسى جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭلارغا بېرىپ ئاپەت ئەھۋالى ۋە سېتىۋېلىش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، جايلارنىڭ تۆۋەن ئۆلچەم بويىچە ئاشلىق قالدۇرۇشى كېرەكلىكىنى، يېزىلاردا ئاشلىقنى پىلانلىق ئىشلىتىش، تېجەپ ئىشلىتىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 11 ـ ئايدا ئېچىلغان ج ك پ ش ئۇ ئا ر 2 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا «پۈتۈن پارتىيە ھەرىكەتكە كېلىپ، يېزا ئىگىلىكى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى بويىچە قەد كۆتۈرۈش جېڭىنى جەزمەن ياخشى قىلىش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش تەلەپ قىلىندى. بايىنغولىن ئوبلاستى، قەشقەر ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىرى پىلاننى ئورۇندىدى ياكى ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى، بورتالا ئوبلاستى يېزىلارنىڭ ئاشلىق قالدۇرۇش ئۆلچىمىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تۆۋەنلىتىپ، سېتىۋېلىشنى ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئاشۇردى. لېكىن شىمالىي شىنجاڭدىكى ئاساسلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىنىڭ سېتىۋېلىش مىقدارى زور دەرىجىدە كېمىيىپ كەتتى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئېلىنغان ئاشلىق مەھسۇلاتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن %59. 15 ئازايدى. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق 230 كىلوگرامغا چۈشۈپ قالدى. بۇ 1951 ـ يىلدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيە بولدى؛ پاراق ئېلىنغان ۋە سېتىۋېلىنغان ئاشلىق %67. 25 ئازايدى، شۇ يىلدىكى كىرىم ـ چىقىم تەتۈر پەرقى 303 مىليون كىلوگرام بولۇپ، 1957 ـ يىلى ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان تەتۈر پەرق ئەڭ كۆپ بولغان بىر يىل بولدى؛ سېتىۋېلىشتىن كېيىن يېزىلاردا كىشى بېشىغا قالدۇرۇلغان ئاشلىق 240 كىلوگرامغا چۈشۈپ،

1963 - يىلدىن بۇيان ئەڭ تۆۋەن بولغان بىر يىل بولدى.

1975 - يىل ئەتىيازدا ئاپتونوم رايون بويىچە 30 مىڭدىن ئارتۇق كادىر ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ئىنقىلابىي كومىتېت، ھەر ساھە مەسئۇللىرىنىڭ باشچىلىقىدا يېزا ئىگىلىكىنىڭ 1 - سېپىگە بېرىپ دېھقانچىلىققا ياردەم قىلدى. ئەتىياز پەسلىدە باھار جۇدۇنى، باھار قۇرغاقچىلىقى، بوران قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر بولدى. 6 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئاشلىق خىزمىتى يىغىنى چاقىردى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سۇڭ جىخې يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىندا شۇ يىللىق ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش پىلانى 700 مىليون كىلوگرام قىلىپ بەلگىلەندى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ئىنقىلابىي كومىتېتلار ئاشلىق خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، كونىنى غورىگول ئۆتكۈزۈپ، ئىمكانقەدەر مەركەزدىن ئاز ئاشلىق سورىشى كېرەك. ئۆتكەنكى تەجرىبە - ساۋاقلاردىن ئىبرەت ئېلىپ، يېڭى ئاشلىق يىغىمىدىن باشلاپ ئاشلىق قالدۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ، تۆۋەن، چىڭ ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك، يازلىق يىغىمدىن كۆزلۈك يىغىمغىچە ھەر بىر كىشىنىڭ ئايلىق ئوزۇقلۇق ئاشلىقى سابىق ئىشلەپچىقىرىش بىگتۇەنىنىڭ دېھقانچىلىق تۈەن - مەيدانلىرى ۋە جايلاردىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ 15 كىلوگرامدىن، مول ھوسۇل ئېلىنغان رايونلاردىكى ئارتۇق ئاشلىقى بار ئەترەتلەرنىڭ 13.5 كىلوگرامدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. لېكىن 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بۇغدايدىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشىدا يوچۇق بىر قەدەر چوڭ بولۇشى، كۆزلۈك ئاشلىقنى ئامبارغا كىرگۈزۈش سۈرئىتىنىڭ ئاستا بولۇشى نەتىجىسىدە ئاپتونوم رايون بويىچە كىرىم - چىقىم جەھەتتىكى يوچۇق كېڭىيىپ كېتىپ، ئاشلىق ۋەزىيىتى كۈندىن - كۈنگە جىددىيلىشىپ كەتتى. بولۇپمۇ ئاشلىقنى يۆتكەش راۋان بولماي، ئۈرۈمچى ۋە قاراماي شەھەرلىرىدە ئاشلىق تەقەززالىقى كۆرۈلدى. 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرلىرىدا ئاپتونوم رايون جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدا ئاشلىق، ياغ، گۆش سېتىۋېلىش ۋە يۆتكەش بويىچە جىددىي يىغىن چاقىردى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ 2 - شۇجىسى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى ياڭ يۇڭ، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى، ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەت، ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاناھىل يىغىنغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى. ياڭ يۇڭ: «ئاشلىق، ياغلىق دان خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، ئاساسىي مەسئۇلىيەت پارتكومدا، مەسىلە كۆرۈلگەندە ئاپتونوم رايون ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك پارتكوملارنى تۇتىدۇ» دەپ كۆرسەتتى. يىغىندا ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش پىلانىنى 700 مىليون كىلوگرامدىن ئۆزگەرتمەسلىك، شەرت - شارائىتى بار جايلار كۆپرەك سېتىۋېلىش بەلگىلەندى. يىغىندا يېزىلارنىڭ پۈتۈن يىللىق ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمى مۇنداق بەلگىلەندى: پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىغان ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ ئەڭ كۆپ بولغاندا 190 كىلوگرامدىن، ئاشلىقى كەملەيدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ 150 كىلوگرامدىن ئاشماسلىقى، پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىغان دېھقانچىلىق تۈەن - مەيدانلىرىنىڭ ئەڭ كۆپ بولغاندا 200 كىلوگرامدىن، ئاشلىقى كەملەيدىغان دېھقانچىلىق تۈەن - مەيدانلىرىنىڭ 170 كىلوگرامدىن ئاشماسلىقى كېرەك. ئاشلىق، ياغ، گۆش دۆلەتنىڭ 1 -، 2 - تۈردىكى ماددىي ئەشيا، ئۇلارنى قاتتىق باشقۇرۇش لازىم، ئەركىن بازاردا سېتىشقا بولمايدۇ. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئېلىنغان ئاشلىق 1971 - يىلدىكىگە يېقىنلىشىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 522 مىليون كىلوگرام ئاشتى. پاراق ئېلىنغان ۋە سېتىۋېلىنغان ئاشلىق 674 مىليون كىلوگرام بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 269 مىليون كىلوگرام كۆپ بولدى. شۇ يىللىق ئاشلىق كىرىم - چىقىم ئەتۇر پەرقى ئالدىنقى يىلدىكىدىن %37.92 تۆۋەنلىدى. سېتىۋېلىشتىن كېيىن يېزىلاردا كىشى بېشىغا قالدۇرۇلغان ئاشلىق ئالدىنقى يىلدىكىدىن %15.42 ئۆستى. شۇ يىلى بىگتۇەنىنىڭ تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەچكە، تۈەن - مەيدانلارنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش پىلانى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ پىلانىغا كىرگۈزۈلدى.

1976 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، ئاپتونوم رايون ئاشلىق ئىدارىلىرى باشلىقلىرى يىغىنىدا 1976ـ يىللىق ئاشلىق، ياغلىق داندىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش، سېتىش، يۆتكەش پىلانى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، پىلانى ئورۇنداش تەدبىرلىرى ۋە دېھقانچىلىق تۈەن ـ مەيدانلىرىنىڭ ئاشلىق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە دائىر مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سۇڭ جىخې يىغىندا مۇنۇ تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى: جايلار «ئۈچ تەرەپكە تەڭ ئېتىبار بېرىش» پرىنسىپى ۋە «ئۆز ۋاقتىدا سېتىۋېلىش، بىرلا ۋاقىتتا ئورۇنلاشتۇرۇش» فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشى كېرەك. مول ھوسۇل ئېلىنغان جايلاردا كۆپرەك سېتىۋېلىش، يېنىك ئاپەتكە ئۇچرىغان بولسا ئېتىبار بېرىش، ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىغان بولسا قوش كېمەيتىش كېرەك. ئىلغارلارنى تەقدىرلەش، تىپلارنى تۇتۇش ئارقىلىق ئومۇمىي جەھەتتىن يېتەكلەش كېرەك. تۈەن ـ مەيدانلاردا دۆلەت ئاشلىق ئورگىنىنى ئىمكانقەدەر تېز بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈەن ـ مەيدانلارنىڭ ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش لازىم. 7 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم «1976 ـ يىللىق ئاشلىق خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى تارقىتىپ مۇنداق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى: بۇ يىل ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەپ ئېشىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، يۆتكەپ كىرگۈزۈلگەن ئاشلىق يېيىش قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاش كېرەك. ئارتۇق ئاشلىقى بار جايلار كۆپ تۆھپە قوشۇشى، ئاشلىقى كەملەيدىغان جايلار ئىمكانقەدەر ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلىشى، ئورۇمچى ۋە قاراماي شەھەرلىرى ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى لازىم؛ جايلارغا چۈشكەن داجېيچە ناھىيىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمەت ئۆمەك ـ ئەترەتلىرى ئاشلىق، ياغلىق داندىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش خىزمىتىنى مۇھىم ۋەزىپە قىلىپ ياخشى تۇتۇشى لازىم؛ دۆلەتنى كۆپلەپ تاۋار ئاشلىق، ياغلىق دان بىلەن تەمىنلەش شەرەپ، تۆھپە كۆرسەتكەنلىك بولىدىغانلىقىنى كەڭ تەشۋىق قىلىش كېرەك؛ كۆپ قالدۇرۇش، ئاز سېتىش، ئاشلىققا مال تېگىشىۋېلىش، شەخسكە ئېتىبار بېرىش، تار مەھكىمىچىلىك قىلىپ ئومۇملۇقنى كۆزدە تۇتماسلىقتەك ئىدىيە ۋە قىلمىشلارنى تۈزىتىش لازىم؛ ئاپتونوم رايون بويىچە يېزىلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى ئالدىنقى يىلى ئېچىلغان كۆيتۇڭ يىغىنىدا بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بويىچە بولۇشى كېرەك. ئەسلىدە ئوزۇقلۇق ئاشلىقى ئۆلچىمى بەك يۇقىرى بولۇپ كېتىپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشىغا تەسىر يەتكەن بولسا مۇۋاپىق تۆۋەنلىتىش كېرەك؛ بۇغداينىڭ قالدۇرۇلۇش مىقدارى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، چارۋىچىلىق فېرمىلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ يىللىق قالدۇرۇش مىقدارىنىڭ %50ىدىن، قارا ئاشلىق ئىشلەپچىقارمايدىغان دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، چارۋىچىلىق فېرمىلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ يىللىق قالدۇرۇش مىقدارىنىڭ %70ىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، بۇغداي ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلار ئېھتىياجلىق قارا ئاشلىقنى ئاشلىق تارماقلىرى تېگىشىپ بېرىشكە مەسئۇل بولۇشى كېرەك. 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ش ئى [1976] 103 ـ نومۇرلۇق «دۆلەت دېھقانچىلىق تۈەن ـ مەيدانلىرىنىڭ ئاشلىق باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: سابىق ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەندىكى دېھقانچىلىق تۈەن ـ مەيدانلىرىنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىشتىكى بىر بەلگىلەپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتىلمەيدىغان تۈپ سانى جەھەتتە يەنىلا سابىق ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى تەقسىم قىلغان سان ئۆلچەم قىلىنىشى كېرەك. تۈەن ـ مەيدانلار ئىشلەپچىقارغان ئاشلىق، ياغلىق داندىن بەلگىلىمە بويىچە ئوزۇقلۇق ئاشلىق (ياغ)، ئورۇقلۇق، يەم ـ خەشەك ۋە زاپاس ئاشلىقنى تولۇق قالدۇرغاندىن كېيىن، قالغان ئارتۇق ئاشلىق (ياغلىق دان)نىڭ ھەممىسىنى دۆلەتكە سېتىپ بېرىدۇ. دۆلەت تۈەن ـ مەيداندا تەسىس قىلغان كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى خادىملار (تاۋار ئاشلىق يەيدىغان كادىرلار ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بىردەك ئۆزى تۇرۇشلۇق تۈەن ـ مەيدانلار ئىشلەپچىقارغان ئاشلىقنى يەيدۇ. ۋىلايەت، ئوبلاستتىن يۇقىرى ئىنقىلابىي كومىتېتلارنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، سىرتقا تىجارەت قىلىدىغان ئاشخانا ئېچىشقا ياكى ئاشلىق، ياغدىن ياسالغان پىشىق

يېمەكلىكنى سېتىشقا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ. ھاراق چىقىرىشقا كېتىدىغان ئاشلىق ئاپتونوم رايونىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق دۆلەت پىلانىغا كىرگۈزۈلىدۇ. تۈەن - مەيدانلارنىڭ «تۈگمەن، جۇۋاز، پۇرچاق ياسالمىلىرى ۋە كىراخمال كارخانىلىرى ئىشلەپچىقارغان ئاشلىق، ياغ مەھسۇلاتلىرىنى ئۆزلىرى سېتىش مەنئى قىلىنىدۇ. ئاپتونوم رايون مۇددىتى توشۇپ قالغان 1971 - يىلدىن 1975 - يىلغىچە بىر بەلگىلەپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك توپ سانىنى 1978 - يىلغىچە داۋاملىق ئىجرا قىلىشنى قارار قىلدى. شۇ يىلى جايلار ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتىنى خېلى چىڭ تۇتتى. ئىلى ۋىلايىتى ۋە شىخەنزە شەھىرى ئاشۇرۇپ سېتىۋالغان ئاشلىق ئاشقان ھوسۇلنىڭ %40ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. ئالتاي ۋىلايىتى ئاشۇرۇپ سېتىۋالغان بۇغداي ئاشقان ھوسۇلنىڭ %51ىنى ئىگىلىدى. تارباغاتاي ۋىلايىتى مول ھوسۇل ئېلىنغان مەيدان - ئەترەتلەردە ئاشۇرۇپ سېتىۋالدى، ھوسۇل كېمەيگەن مەيدان - ئەترەتلەردە 450 مىڭ كىلوگرام ئوزۇقلۇق ئاشلىقنى ئازايتتى. تۇرپان ۋىلايىتىدە 700 مىڭ كىلوگرامدىن كۆپرەك ھوسۇل كېمەيگەن بولسىمۇ، يەنە 370 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىندى. سابىق بىڭتۈەندىكى تۈەن - مەيدانلار ئالدىنقى يىلدىكىدىن 37 مىليون 740 مىڭ كىلوگرام ئاشلىقنى كۆپ سېتىپ بەردى. 70 - تۈەن سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى بولمىسىمۇ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن 150 مىڭ كىلوگرام بۇغداي سېتىپ بەردى. ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ۋاقتىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇندىغان ناھىيە، تۈەن - مەيدان ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنى تەقدىرلىدى. 1976 - يىل 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە پاراق ئېلىنغان ۋە سېتىۋېلىنغان ئاشلىق ئالدىنقى يىلدىكىدىن 135 مىليون كىلوگرام، يەنى %20.06 ئاشتى. 4 ۋىلايەت - ئوبلاست ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ھوسۇلى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 287 مىليون كىلوگرام، سېتىۋېلىنغان ئاشلىق ئالدىنقى يىلدىكىدىن 135 مىليون كىلوگرام ئاشتى، ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغىنى ئاشقان ھوسۇلنىڭ %47.04ىنى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش ئاساسىي جەھەتتىن تەڭپۇڭلاشتى.

1977 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يۆتكەپ كىرگۈزۈلگەن ئاشلىق بېيىش قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاش روھى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇلدى. 5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئاشلىق تارماقلىرى بويىچە «داچىڭدىن ئۆگىنىش، داجەيدىن ئۆگىنىش» يىغىنى چاقىرىپ، يازلىق ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش خىزمىتىنى ئوقتىملىق ئورۇنلاشتۇردى. 6 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم «1977 - يىللىق ئاشلىق، ياغلىق داندىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، جايلاردىن ئىختىيارىي تەقسىم قىلىش، مېھمان چاقىرىپ سوۋغا تەقدىم قىلىش، ئاشلىقتا مال تېگىشىشۋېلىشتەك كەيپىياتنى تۈگىتىپ، ئاشلىقنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى توسۇشنى تەلەپ قىلدى. يېزىلاردا ئوزۇقلۇق ئاشلىقنىڭ ھوسۇل ئاشقان رايون ۋە گۇڭشې، ئەترەتلەر كوللېكتىپ تەقسىم قىلىدىغان قىسمى 140 كىلوگرامدىن تۆۋەن بولغاندىن سىرت، باشقىلىرى بىردەك ئۆستۈرۈلمەيدۇ. پرىنسىپ جەھەتتە زاپاس ئاشلىق قالدۇرۇلمايدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى بىرىنچى سەپكە بېرىپ سېتىۋېلىشنى بىۋاسىتە تۇتۇشى، خادىملارنى تەشكىللەپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ خىزمىتىگە ياردەم بېرىشى، ۋاقىت ۋە كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش لازىم. 9 - ئايدا سېتىۋېلىنغان بۇغداي ئالدىنقى يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 55 مىليون كىلوگرامدىن كۆپرەك ئازايدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سۇڭ جىخېڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ئاشلىق خىزمىتى يىغىنى چاقىرىلىپ، جايلاردىن يېزىلارغا قالدۇرۇلىدىغان ئاشلىقنى زىچ ئورۇنلاشتۇرۇپ، سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش تەلەپ قىلىندى. پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ئاۋات پەسلىدە ش ئۇ ئا ر پارتكوم جايلارغا خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ سېتىۋېلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى، ھەر 10 كۈندە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە بىر قېتىم سېتىۋېلىش ئەھۋالى ھەققىدە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش تارقاتتى ھەمدە ئاشلىق، ياغلىق داندىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىشنى تۇتۇپ، سېتىشنى تىزگىنلەش توغرىسىدا كۆپ قېتىم تېلېفون يىغىنى چاقىردى. كۈز پەسلىدە ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى گۈرۈچنى ئامبارغا كۆپرەك كىرگۈزۈش ئۈچۈن مىچۈەن ناھىيىسىدىكى

گۆش ئېلىشلاردىن 1 مىليون كىلوگرام ئۇن، 2 مىليون كىلوگرام كۆممىقوناقتا 2 مىليون كىلوگرام گۈرۈچ تېگىشىشنى ئورۇنلاشتۇردى. 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئاشلىق ئىدارىسى ئىلى، سانجى، تارباغاتاي، شىخەنزە قاتارلىق جايلارغا بارغان خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ئىنقىلابىي كومىتېتتا «بەزى جايلارنىڭ كوللېكتىپتا قالدۇرۇلىدىغان ئاشلىقنى ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇپ كۆپەيتىپ بەرگەنلىكىگە دائىر ئەھۋاللار توغرىسىدا ئىنكاس» يوللاپ، ئۆزى خالىغانچە كوللېكتىپتا كۆپەيتىپ ئاشلىق قالدۇرۇش قىلمىشلىرىنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىپ ئامبارغا كىرگۈزۈش سۈرئىتىگە ۋە يىللىق ۋەزىپىنىڭ ئورۇندىلىشىغا بىۋاسىتە تەسىر يەتكۈزگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. شۇ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت جايلارنىڭ ھەقىقىي تەكشۈرۈپ، قەتئىي تۈزىتىشىنى تەلەپ قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ 1 ـ شۇجىسى ۋاڭ فېڭ ئاشلىق يۆتكەپ چىقىرىدىغان 7 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى قاتناشقان يىغىن چاقىرىپ، ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋە يۆتكەپ چىقىرىشقا يۆتكەش خىزمىتىنى مەخسۇس مۇزاكىرە قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاشلىق سېتىۋېلىشتا سانائەت بۇيۇملىرىنى مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىش سىياسىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئاپتونوم رايون ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر سېتىۋالغان ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي سانى بويىچە ھېسابلاپ مۇكاپاتلاپ سېتىش ئۆلچىمىنى مۇنداق بېكىتتى: ھەر 9 مىليون 500 مىڭ كىلوگرامغا بىر ئاپتوموبىل (ياكى تراكتور)، ھەر 300 مىڭ كىلوگرامغا بىر قول تراكتورى، ھەر 25 مىڭ كىلوگرامغا بىر قول ھارۋىسى، بىر توننا خىمىيىۋى ئوغۇت مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىش. ئاپتونوم رايون جايلارغا مۇكاپاتلاپ سېتىش ئۈچۈن 51 ئاپتوموبىل، 30 تراكتور، 250 قول تراكتورى، 30 مىڭ قول ھارۋىسى، 30 مىڭ توننا خىمىيىۋى ئوغۇت تەقسىم قىلىپ بەردى. شۇ يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت يەنە يىللىق ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىغان 4 ۋىلايەت، ئوبلاست، 67 ناھىيە، تۈەن ـ مەيدانىنى ۋە بۇغدايدىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىغان 5 ۋىلايەت، ئوبلاست، 69 ناھىيە، تۈەن ـ مەيدانىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەقدىرلىدى، يىل ئاخىرىدا «شەرەپ تاختىسى» بەردى ھەمدە «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 8 مىليون 700 مىڭ مو ئېتىز ئاپەتكە ئۇچراپ، ئومۇمىي ئاشلىق مەھسۇلاتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 169 مىليون كىلوگرام كېمىيىپ كەتتى. 740 مىليون كىلوگرام ئاشلىق سېتىۋېلىنىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 68 مىليون 680 كىلوگرام ئاز بولدى. سېتىۋېلىشتىن كېيىن يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق ئالدىنقى يىلدىكىدىن 17 كىلوگرام ئازايدى. ئاشلىق كىرىم ـ چىقىم يوچۇقى كېڭەيدى.

## 1971 — 1977 ـ يىلغىچە غۇلجا قاتارلىق ناھىيەلەردىكى يېزىلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى

جەدۋەل: 1 — 24 بىرلىكى: كىلوگرام

| يىللار / تەكشۈرۈش نۇقتىسى | 1971 | 1972 | 1973 | 1974 | 1975 | 1976 | 1977 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| غۇلجا ناھىيىسى «1 ـ ماي» گۈڭشېسى | 201 | 146 | 206 | 207 | 203 | 213 | 203 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: 1 ـ چوڭ ئەترەت 4 ـ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى (ئىلغار ئەترەت) | | 225 | 235 | 230 | 213 | 260 | 201 |
| 2 ـ چوڭ ئەترەت 1 ـ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى (ئوتتۇرا ئەترەت) | | 210 | 200 | 200 | 200 | 225 | 200 |
| 6 ـ چوڭ ئەترەت 9 ـ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى (ئارقىدا قالغان ئەترەت) | | 180 | 190 | 200 | 210 | 203 | 203 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئالتاي ۋىلايىتى | | | | | | | 165 |
| ئالتاي ناھىيىسى ئۆتبۇلاق گۆڭشې 1 ـ چوڭ ئەترەت 3 ـ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى | 180 | 185 | 180 | 180 | 170 | 170 | 160 |
| 183 ـ تۇەن | 210 | 208 | 210 | 195 | 198 | 190 | 180 |
| بورتالا ناھىيىسى «قىزىلبايراق» گۆڭشېسى | 251 | 281 | 288 | 236 | 295 | 286 | 269 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: خۇڭچىلىڭ 2 ـ ئەترەت (ئىلغار ئەترەت) | | | | | | | 269 |
| خۇڭبو 3 ـ ئەترەت (ئوتتۇراھال ئەترەت) | | | | | | | 237 |
| خۇڭيۈن 2 ـ ئەترەت (ئارقىدا قالغان ئەترەت) | | | | | | | 227 |
| خوتەن ۋىلايىتى | | | | | | | 156 |

1978 ـ يىلى ئاپتونوم رايون ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھىم يولىيورۇقىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، سېتىۋېلىنىدىغان ئاشلىقنى كۆپەيتىپ، يۆتكەپ كىرگۈزۈلگەن ئاشلىق يېمەسلىكنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى. ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىن ئىلگىرى، ئاپتونوم رايون ئاشلىق توشۇش پىلانىنى ئىجرا قىلىشنى كەينىگە سۈرۈپ، خىمىيىۋى ئوغۇت قاتارلىق دېھقانچىلىقتا جىددىي ئىشلىتىلىدىغان ماددىي ئەشيالارنى شىنجاڭغا تېزدىن يۆتكەپ، ئاساسىي قاتلامغا 200 مىڭ توننا خىمىيىۋى ئوغۇت يۆتكەپ بەردى. 6000 دىن ئارتۇق قۇدۇق قېزىپ يۈرۈشلەشتۈرۈپ بەردى ھەمدە سۇنئىي ئۇسۇلدا يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى. شۇ يىلى 5 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم «نۆۋەتتە يېزا ئىقتىسادى سىياسىتىگە ئائىت بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا بەلگىلىمە» (قىسقارتىلىپ 8 ماددا دەپ ئاتىلىدۇ) نى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ 2 ـ ماددىسىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: دۆلەت چۈشۈرۈپ بەرگەن يىللىق ئاشلىق، ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىش پىلانى، پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك، قاتلاممۇ قاتلام سان قوشۇشقا بولمايدۇ. شۇ يىللىق پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ئورۇندالغاندىن كېيىن، قالغىنىنى دۆلەت سېتىۋالماقچى بولسا، ئەڭ كۆپ بولغاندا %40دىن ئاشۇرماسلىقى شەرت. ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە قالدۇرۇلغان ئاشلىق، ياغلىق دان ئاساسەن گۆڭشې ئەزالىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى ـ يېمىنى كۆپەيتىشكە ۋە زاپاس ئاشلىقنى مۇۋاپىق ئاشۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ، تۈرلۈك ناملار بىلەن ئېھتىيات ئاشلىق، ياغلىق دان قالدۇرۇشقا بولمايدۇ، 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ 1 ـ شۇجىسى ۋاڭ فېڭ ئاپتونوم رايونلۇق يازلىق ئاشلىق، ياغلىق داندىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش يىغىنىدا مۇنداق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى: (1) ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى سىياسەت بويىچە ئورۇندىشى، مەركەزدىن يەنە ئاشلىق سورىماسلىقى كېرەك. (2) گۆڭشې ـ ئەترەت، تۇەن ـ مەيدانلار كۆپ تۆھپە قوشۇشقا سەپەرۋەر قىلىنىشى كېرەك. ئاشلىق، ياغلىق داندىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغان ۋە ئاشۇرۇپ ئورۇندىغانلارنى ماددىي ئەشيا بىلەن مۇكاپاتلاپ كۆپرەك ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىش، لېكىن قايتا ۋەزىپە قوشۇپ بەرمەسلىك كېرەك. (3) يېزىلاردىكى 8 ماددىلىق بەلگىلىمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، گۆڭشې ئەزالىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمىدە كۆپ ئىشلەپچىقارسا كۆپ قالدۇرۇشنى ئورۇنداش كېرەك. (4) «ئۈچ تەرەپكە تەڭ ئېتىبار بېرىش» پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، دۆلەت ۋە شەخستىن ئىبارەت ئىككى تەرەپكە تەڭ ئېتىبار بېرىش كېرەك، ئىككى تەرەپنىڭكىنى قىسقارتىپ ئوتتۇرىدىكىگە قوشۇشقا بولمايدۇ، ھەر قانداق شەكىل بىلەن ئېھتىيات ئاشلىق، ياغلىق دان ئاجرىتىپ قالدۇرۇشقا بولمايدۇ. يىغىندىن كېيىن، ش ئۇ ئا ر پارتكوم «بۇ يىللىق يازلىق يىغىم ۋە يازلىق ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى

سېتىۋېلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى. «شىنجاڭ گېزىتى»دە ۋەزىپىنىڭ ئاشۇرۇپ ئورۇندالغان قىسمىغا ماددىي ئەشيا مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلىدۇ، دەپ ئوبزور ئېلان قىلىندى. شۇ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت «لوپ ناھىيىسىنى يازلىق ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىغانلىقى ئۈچۈن تەقدىرلەش توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، جايلارنىڭ لوپ ناھىيىسىدىن ئۆگىنىشىنى، ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلەردىكى پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ سېتىۋېلىشنى بىۋاسىتە تۇتۇشىنى تەلەپ قىلدى. 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت «ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ 1978 - يىللىق ئاشلىق، ياغلىق داننى ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىشتا ماددىي ئەشيا مۇكاپاتلاپ سېتىشنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى يوليورۇقى»نى ئەستىقلاپ تارقاتتى. ئۇنىڭدا مۇكاپاتلاپ سېتىش ئالدىنقى يىلدىكى بارلىق سېتىۋېلىنغان ئاشلىق بويىچە ھېسابلاشتىن يىللىق پىلاننى ئورۇندىغاندىن كېيىنكى ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغان قىسىم بويىچە ھېسابلاشقا ئۆزگەرتىلدى. مۇكاپاتلاپ سېتىش ئۆلچىمى مۇنداق: گوڭشې، تۈەن - مەيدانلار بىرلىك قىلىندى، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا، ھەر 1 مىليون كىلوگرام ئاشلىق ئاشۇرۇپ ساتقانلارغا بىر ئاپتوموبىل (ياكى تراكتور)، 2 قول تراكتورى، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان 2 دىزېلماتور، 2 دان ئايرىش ماشىنىسى (ياكى خامان تېپىش ماشىنىسى) مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلىدۇ. شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا، ھەر 1 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق ئاشۇرۇپ ساتقانلارغا بىر ئاپتوموبىل (ياكى تراكتور)، 2 قول تراكتور، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان 2 دىزېلماتور، 2 دان ئايرىش ماشىنىسى (ياكى خامان تېپىش ماشىنىسى) مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ۋە تۈەن- مەيدانلار بىرلىك قىلىنىپ، ھەر 2.5 كىلوگرام ئاشلىق ئاشۇرۇپ ساتقانلارغا 0.5 كىلوگرام خىمىيىۋى ئوغۇت مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلىدۇ. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 103 ئاپتوموبىل (ياكى تراكتور)، 214 قول تراكتورى، دىزېلماتور، خامان تېپىش ماشىنىسى، 28 مىڭ توننا خىمىيىۋى ئوغۇت مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلدى. ئاشۇرۇپ سېتىلغان قىسمىغا ماددىي ئەشيا مۇكاپاتلاپ سېتىلغاندىن سىرت، كېلىشىم باھا بويىچە راسچوت قىلىندى. يېزىلاردىكى 8 ماددىنى ئىجرا قىلىش داۋامىدا، بەزى جايلاردا ھوسۇل ئاشقانلار كۆپ قالدۇرۇش، كۆپ يېيىشتەك بىر تەرەپلىمىلىك قاراش تەكىتلىنىپ، ھوسۇل ئاشقان بولسىمۇ ئاشۇرۇپ سېتىۋالالمىغاچقا، سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشىغا تەسىر يەتتى. يېزىلاردىكى 8 ماددىنى توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئېچىلغان، ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىلىرى باشلىقلىرى يىغىنىدا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: ئومۇمەن يىللىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى ئورۇندىغان ۋە ئاشۇرۇپ ئورۇندىغانلار بەلگىلەنگەن يىللىق سېتىۋېلىش پىلانىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىشى لازىم؛ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنىڭ %90ىدىن كۆپرەكىنى ئورۇندىغانلار يىللىق سېتىۋېلىش پىلانىنى ئورۇندىشى لازىم؛ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنىڭ %90ىدىن تۆۋىنىنى ئورۇندىغان بولسىمۇ، لېكىن ھوسۇل ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئاشقانلارنىڭ كۆپەيتىپ سېتىۋالىدىغىنىنىڭ ئاشقان ھوسۇلدا ئىگىلىگەن نىسبىتى: ئىلى، تارباغاتاي، بورتالالارنىڭ %60، شىخەنزە، سانجى، تۇرپان، بايىنغولىن، ئاقسۇلارنىڭ %50، قالغان ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ %40 ياكى بۇنىڭدىن سەل تۆۋەنرەك بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغان ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ۋە تۈەن - مەيدانلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمى بەلگىلەندى: ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى يۇقىرى ناھىيىلەرنىڭ 180 كىلوگرام، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى تۆۋەن ناھىيىلەرنىڭ 160 كىلوگرام، دېھقانچىلىق تۈەن - مەيدانلىرىنىڭ 190 كىلوگرام بولىدۇ. سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىمىغان گوڭشې - ئەترەتلەر ۋە تۈەن - مەيدانلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلەر ئۆز ئالدىغا بەلگىلەيدۇ. 12 - ئايدا ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ش ئۇ ئا ر پارتكوم جايلارنىڭ شۇ يىللىق ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى تەڭشەپ ئازايتتى، ئاشۇرۇلغان قىسمى كېلىشىم باھا بويىچە راسچوت قىلىندى، دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئاشتى، پەقەت خوتەن ۋىلايىتىنىڭلا 6 مىليون 940 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، ۋىلايەت

بويىچە دېھقانلارنىڭ كىرىمى 1 مىليون 800 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ئاشتى. شۇ يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت جايلاردىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈەن - مەيدانلىرىنىڭ ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ش ئۇ ئا ر بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى دەرىجىمۇ دەرىجە تۈەن - مەيدانلارغا چۈشۈرۈپ بېرىدۇ، دەپ بەلگىلىدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 3 مىليارد 700 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 472 مىليون كىلوگرام، %14.63 ئاشتى؛ پاراق ئېلىنغان ۋە سېتىۋېلىنغان ئاشلىق ئالدىنقى يىلدىكىدىن 156 مىليون كىلوگرام كۆپەيدى، ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغىنى ئاشقان ھوسۇلنىڭ %33.05نى ئىگىلىدى؛ سېتىۋېلىشتىن كېيىن يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن قالدۇق ئاشلىق ئالدىنقى يىلدىكىدىن 28 كىلوگرام يەنى %10.37 ئاشتى.

1979 - يىلى ئاپتونوم رايون ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېزا ئىقتىسادىي سىياسىتىنى كەڭ قويۇۋېتىپ، دېھقانلارنىڭ يۈكلىمىسىنى يەڭگىللەتتى. 4 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئاپتونوم رايون ئاشلىق خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لىي شيەننيەننىڭ ئاشلىق خىزمىتى توغرىلىق بەرگەن يوليورۇقى ۋە 3 - ئايدىكى مەملىكەتلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىشتا بىر بەلگىلەپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتىلمەيدىغان تۈپ سانىنى تەڭشەپ كېمەيتىش ۋە ئاشلىق سېتىۋېلىش باھاسىنى ئۆستۈرۈشكە دائىر مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلدى، يىغىندا ئەسلىدە چارۋىچىلىق گۇڭشېلىرىدىكى دېھقانچىلىق ئەترەتلىرىدىن چارۋىچىلىق ئەترەتلىرىگە تەڭشەپ بېرىلىدىغان تەخمىنەن 37 مىليون كىلوگرام ئاشلىقنى دۆلەتنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش پىلانىغا كىرگۈزۈش بەلگىلەندى. ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سۇڭ جىخې، ليۇ زىمۇلار يىغىندا سۆز قىلىپ ئاپتونوم رايون ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاشلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشى، ئاشلىق، ياغلىق داندىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش خىزمىتىنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇشى لازىم دەپ تەكىتلىدى. 5 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ۋە 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت «ئاشلىق، ياغلىق داندىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىشتا بىر بەلگىلەپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتىلمەيدىغان تۈپ سانى ۋە 1979 - يىللىق ئاشلىق، ياغلىق داندىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش پىلانىنى چۈشۈرگەنلىك توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»، «ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى ۋە ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئاشلىق - ياغ، ياغلىق داننى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسىنى تەڭشەش لايىھىسىنى تەستىقلاپ تارقاتقانلىق توغرىسىدا ھۆججەت» تارقاتتى. ھۆججەتلەردە مۇنۇلار بەلگىلەندى: ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش تۈپ سانى كېمەيتىلىپ 501 مىليون كىلوگرامغا تەڭشەلدى، بۇ ئاپتونوم رايوننىڭ ئالدىنقى بىر بەلگىلەپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتىلمىگەن تۈپ سانىدىن 114 مىليون كىلوگرام ئاز بولۇپ، %18.54 كېمەيتىلدى. بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش سىستېمىسىنىڭ تۈپ سانىنى ئاپتونوم رايونلۇق بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى جايلاردىكى بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىلىرىگە پارچىلىنىپ پۈتۈن سان بويىچە ئارتۇق ئاشلىقى بار تۈەن - مەيدانلارغا (1 — 25 جەدۋەلگە قاراڭ) ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ. دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن، ئاپتونوم رايون بويىچە بۇغداي، كۆممىقوناق، شال قاتارلىق 6 تۈرلۈك ئاشلىقنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى %19.5 — %28.8 كىچە ئۆستۈرۈلدى، بۇغداي، شال، پۇرچاق تۈرىدىكىلەرگە قوشۇلىدىغان باھا نىسبىتى ئەسلىدىكى %30تىن %60كە ئۆستۈرۈلدى، باشقا ئاشلىقلارنىڭ ئەسلىدىكى %20تىن %40كە ئۆستۈرۈلدى. 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئاپتونوم رايون يازلىق ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش تېلېفون يىغىنى چاقىردى، ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سۇڭ جىخې: ئاشلىق، ياغلىق داندىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ئىشى ئومۇمىي ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك، ئۇنى پۈتۈن پارتىيە تۇتۇشى كېرەك، ئاشلىقنى ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى قاتتىق ۋەزىپە، ئۇنى ئورۇنداشتا كاپالەتلىك قىلىش لازىم، دەپ كۆرسەتتى. 8 - ئاينىڭ باشلىرىدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى بىلەن مالىيە ئىدارىسى «سودا مىنىستىرلىكى، مالىيە

مىنىستىرلىكىنىڭ 1979 - يىللىق ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغان ئاشلىق، ياغلىق دانغا قوشۇلغان باھا پۇلىنى تىزگىنلەش كۆرسەتكۈچىنى قوشۇپ بېرىش، ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغىنىغا باھا قوشۇش بەلگىلىمىسىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نى ئېلىپ تارقىتىپ مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: ئەسلىدە تۈپ سان بولمىغان، ئاشلىقى كەملەيدىغان ۋە ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەيدىغان كۆكتات - ئەترەت، تۈەن - مەيدانلار شۇنداقلا ئىدارە، ئورگانلارنىڭ قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا شۇ يىلى ئەمەلىي سېتىپ بەرگىنىنىڭ %60 — %80ى بويىچە تۈپ سان بېكىتىلىدۇ، تۈپ ساندىن ئاشقىنىغا باھا قوشۇلىدۇ؛ كۆكتات ئەزالىرى قالدۇرۇق يەردىن ئالغان ياكى نورمال ئىقتىساد قىلغان ئاشلىق، ياغلىق داننى ساتسا ھەممىسىگە باھا قوشۇپ بېرىلىدۇ. شۇ يىلى يېزا سىياسەتلىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇشقا باشلىغانلىقتىن، ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىندى. 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە شىنجاڭ بويىچە بۇغدايدىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش پىلانى ئورۇندىلايلا دەپ قالدى. 7 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، 32 ناھىيە بۇغدايدىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولدى. بۇنىڭدىن 4 ناھىيە، 11 تۈەن - مەيدان يىللىق ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولدى. شۇ ئاينىڭ 26 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «گوۋۇيۈەنىڭ ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، مۇنداق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى: جايلار كۆزلۈك ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىشنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇشى، «مەھسۇلات ئاشسا دۆلەت مۇۋاپىق كۆپەيتىپ سېتىۋېلىش، دېھقانلارغا مۇۋاپىق تۇردە كۆپرەك قالدۇرۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «چەكتىن ئاشۇرۇپ ئاشلىق سېتىۋېلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ» دېگەن پرىنسىپ بويىچە، يىللىق ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى تىرىشىپ ئورۇندىشى لازىم. شۇ ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئېلان چىقىرىپ، كۆكتات ئەزالىرىنىڭ دېھقانچىلىق - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتىنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىشىغا بولىدىغانلىقىنى، كۆكتات - ئەترەتلەرنىڭ كوللېكتىپ ئىشلەپچىقارغان ئاشلىق، ياغ، ياغلىق دانلىرىنى سېتىۋېلىش، ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن بازارغا ئاپىرىشقا بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. شۇ يىلى ئاشلىق سېتىۋېلىشتا سانائەت بۇيۇمىنى مۇكاپاتلاپ سېتىش سىياسىتى داۋاملىق يولغا قويۇلۇپ، ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىشتا بىر بەلگىلەپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتمەيدىغان تۈپ ساندىن ئاشۇرغان قىسمى بويىچە راسچوت قىلىش بەلگىلەندى، مۇكاپاتلاپ سېتىش ئۆلچىمى: ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە، شەھەرلەر، تارباغاتاي، بورتالا، شىخەنزە، سانجى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە ناھىيە بىرلىك قىلىنىپ، ھەر 2 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام ئاشۇرغانلارغا، تۈەن - مەيدان بىرلىك قىلىنىپ ھەر 2 مىليون كىلوگرام ئاشۇرغانلارغا بىر ئاپتوموبىل مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلىدۇ؛ قالغان ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە ناھىيە بىرلىك قىلىنىپ ھەر 2 مىليون كىلوگرام ئاشۇرغانلارغا، تۈەن - مەيدان بىرلىك قىلىنىپ ھەر 1 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام ئاشۇرغانلارغا بىر ئاپتوموبىل مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلىدۇ. ناھىيە (تۈەن - مەيدان) بىرلىك قىلىنىپ ئاشۇرۇپ سېتىپ بەرگىنى يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئاپتوموبىل مۇكاپاتلاپ سېتىش ئۆلچىمىگە يەتمىگەن بولسا، ھەر 5 كىلوگرامىغا 0.5 كىلوگرام خىمىيىۋى ئوغۇت مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلىدۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە 200 ئاپتوموبىل، 20 مىڭ توننا خىمىيىۋى ئوغۇت مۇكاپاتلاپ سېتىلدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىشتا تۇنجى قېتىم 1 مىليارد كىلوگراملىق چوڭ ئۆتكەل بۆسۈپ ئۆتۈلۈپ، 900 مىليون كىلوگراملىق پىلاندىن %15.65 ئاشۇرۇلدى. سانجى ئوبلاستىغا قاراشلىق ناھىيە، شەھەرلەر يىللىق پىلاندىن %43.21، ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە، شەھەرلەر %35.51 ئاشۇردى، بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش سىستېمىسىدا ئالدىنقى يىلدىكىدىن %28.12 كۆپ سېتىۋېلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇدا 7 يىل ئاشلىق كىرىمى چىقىمىنى قاپلىيالماسلىقتەك پاسسىپ ۋەزىيەت دەسلەپكى قەدەمدە ئۆزگەرتىلىپ، ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەپ ئېشىنىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. يېزىلاردا سېتىۋېلىشتىن كېيىن كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان قالدۇق ئاشلىق 2 كىلوگرام ئاشتى.

**1979 - يىلى شىنجاڭدا ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىشتا تەڭشەپ كېمەيتىلگەندىن كېيىنكى بىر بەلگىلەپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتىلمەيدىغان تۈپ سانى**

جەدۋەل: 1 — 25    بىرلىكى: تۈمەن كىلوگىرام

| تۈرى / جايلار | ئاپتونوم رايون بويىچە | | ۋىلايەت - ناھىيىلەر بويىچە | | بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى بويىچە | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: بۇغداي | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: بۇغداي | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: بۇغداي |
| ئاپتونوم رايون بويىچە | 50100 | 30470 | 39100 | 24075 | 11000 | 6395 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 125 | 60 | 50 | 25 | 75 | 35 |
| قاراماي شەھىرى | | | | | | |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 1050 | 600 | 1050 | 600 | | |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 1125 | 700 | 750 | 600 | 375 | 100 |
| سانجى ئوبلاستى | 6950 | 3900 | 6000 | 3500 | 950 | 400 |
| شىخەنزە شەھىرى | 1750 | 950 | | | 1750 | 950 |
| كۈيتۇڭ شەھىرى | 500 | | | | 500 | |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق ناھىيە، شەھەرلەر | 12350 | 7700 | 9000 | 5500 | 3350 | 2200 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 6850 | 5050 | 5300 | 3500 | 1550 | 1550 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 1400 | 950 | 1300 | 850 | 100 | 100 |
| بورتالا ئوبلاستى | 1550 | 900 | 1200 | 700 | 350 | 200 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 3250 | 1700 | 2000 | 1200 | 1250 | 500 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 5215 | 3300 | 4600 | 3000 | 615 | 300 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 357.5 | 202.5 | 350 | 200 | 7.5 | 2.5 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 5105 | 3050 | 5000 | 3000 | 105 | 50 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 2522.5 | 1407.5 | 2500 | 1400 | 22.5 | 7.5 |

1980 - يىلى ئاپتونوم رايون ئاشلىق سېتىۋېلىش سىياسىتىنى داۋاملىق كەڭ قويۇۋېتىپ، دېھقانچىلىق كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى قوللىدى. شۇ يىلى 2 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سۇڭ جىخېنىڭ رىياسەتچىلىكىدە يىغىن چاقىرىلىپ، تۇرپان ئومۇمىيۈزلۈك سىستېما بازىسىدا دېھقانچىلىق بىلەن ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىشنى تەڭشەشكە دائىر مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش مۇھاكىمە قىلىنىپ، تۇرپان ۋىلايىتىدە ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىشنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىلىدىغان 5 گۇڭشې، 2 دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلىپ، ئاشلىق زىرائىتىنى ئاز تېرىش ياكى تېرىماسلىق، ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمىنى مۇناسىپ كېمەيتىش، ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئازايتىش، يېزىلارغا سېتىپ بېرىلىدىغان ئاشلىقنى كۆپەيتىش قارار قىلىندى. شۇ يىلى 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم «يولداش لى جيايۈنىڭ (جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى تېزلىتىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش توغرىسىدا دەسلەپكى پىكىر)نى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى تارقىتىپ، قەشقەر، خوتەن ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ يېزىلىرىدىكى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوزۇقلۇق ئاشلىقى 160 كىلوگىرامدىن تۆۋەن بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ شۇ يىلقى ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى بىردەك كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىشنى بەلگىلىدى. شۇ يىلى 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى

بەنگۈشتىكى ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، شىخەنزە شەھىرىنىڭ قىزىلچا تېرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىشكە مەدەت بېرىش ئۈچۈن، بۇ شەھەرنىڭ ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىشتىكى بىر بەلگىلەپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتمەيدىغان تۈپ سانىنى 1 مىليون كىلوگرام كېمەيتتى. شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ‹ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىلىرى باشلىقلىرى يىغىنىدا قويۇلغان ئەھۋاللار توغرىسىدا دوكلات›نى تەستىقلاپ تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى، ئۇقتۇرۇشتا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى ئارتۇق ئاشلىقى بار ئەترەتلەرنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىشتىكى باشلىنىش نۇقتىسى ۋە ئاشلىقى كەملەيدىغان ئەترەتلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى بىر تۇتاش سېتىش ئۆلچىمى ئۆستۈرۈلگەنلىكى قارار قىلىندى، سېتىۋېلىشتىكى باشلىنىش نۇقتىسى: قەشقەر ۋىلايىتى ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ ئەسلىدىكى 150 كىلوگرامدىن 170 كىلوگرامغا، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ 150 كىلوگرامدىن 165 ~ 170 كىلوگرامغا ئۆستۈرۈلدى. ئاشلىقى كەملەيدىغان ئەترەتلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمى 160 كىلوگرامغا ئۆستۈرۈلدى. باشقا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىن يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۆلچەمدىن تۆۋەن بولغانلىرىمۇ مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە ئۆستۈرۈلدى. مۆلچەرلىنىشىچە 3 ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ سېتىۋېلىشتىكى باشلىنىش نۇقتىسى ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايون بويىچە 23 مىليون 490 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق ئاز سېتىۋېلىنىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ماش، قىزىل پۇرچاق، ئالا پۇرچاق، نوقۇت قاتارلىقلارنى كېلىشىم باھادا ئېلىپ - سېتىشقا ئۆزگەرتىش بەلگىلەندى. ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغان يازلىق ئاشلىققا قوشۇلىدىغان باھا پۇلىنى چىقىم قىلىش چارىسى كۈزلۈك ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى تۇراقلىق بولغان جايلار بىر قېتىمدىلا تولۇق چىقىم قىلسا بولىدۇ، ئىشلەپچىقىرىشى تۇراقلىق بولمىغان جايلار ئاۋۋال %80كىچە ئالدىن چىقىم قىلىپ تۇرۇپ، يىل ئاخىرىدا بىر تۇتاش ھېسابات قىلىدۇ، دەپ ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى 12- ئاينىڭ 3 - كۈنى ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ «ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش تۈپ سانىنى كېمەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»ىدا، شىنجاڭنىڭ بىر بەلگىلەپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتمەيدىغان ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش تۈپ سانىدىن 80 مىليون كىلوگرام كېمەيتتى.

شۇ ئاينىڭ 15 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق يىغىنىنىڭ مۇھىم خاتىرىسىنى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى، ئۇقتۇرۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى مۇنۇلار: (1) ئاۋۋال جايلارنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش تۈپ سانىدىن 52 مىليون 75 مىڭ كىلوگرام كېمەيتىلىدۇ، بۇنىڭدىن قەشقەرنىڭ (بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئورۇنلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 33 مىليون 875 مىڭ كىلوگرام (بۇغداي 21 مىليون كىلوگرام)، خوتەننىڭ 16 مىليون كىلوگرام (بۇغداي 9 مىليون كىلوگرام)، قىزىلسۇنىڭ 1 مىليون 700 مىڭ كىلوگرام. قالغان كېمەيتىلىدىغان تۈپ سانلار جايلارنىڭ تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ ئوتلاق بەرپا قىلىش ئەھۋالىغا قاراپ پەيدىنپەي كېمەيتىلىدۇ. (2) 1981 - يىلدىن ئېتىبارەن، قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇدىن ئىبارەت 3 ۋىلايەت، ئوبلاستتا ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش، يۆتكەپ بۇيرۇپ بېرىشتە بىر بەلگىلەپ 3 يىلغىچە ئۆزگەرتىلمەيدىغان ھۆددىگەرلىك سىناق قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن ھەر يىللىق سېتىۋېلىش كۆرسەتكۈچى: خوتەننىڭ 40 مىليون كىلوگرام (بۇغداي 20 مىليون كىلوگرام)، قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ 3 مىليون 750 مىڭ كىلوگرام (بۇغداي 2 مىليون 750 مىڭ كىلوگرام)، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 80 مىليون كىلوگرام (بۇغداي 50 مىليون كىلوگرام) بولىدۇ. (3) ئاشلىق تېرىقچىلىق تۈزۈلمىسى مۇۋاپىق تەڭشىلىدۇ. 1981 - يىلدىن ئېتىبارەن، ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق ناھىيە - شەھەرلەرنىڭ كۆممىقوناق كۆلىمى 200 مىڭ مو قىسقارتىلىپ، بۇغداي، شال، پۇرچاق تۈرلىرى ۋە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلىدۇ، سېتىۋېلىنىدىغان كۆممىقوناق 40 مىليون كىلوگرام كېمەيتىلدى. بورتالانىڭ كۆممىقوناق كۆلىمى 40 مىڭ مو قىسقارتىلىپ، سېتىۋېلىنىدىغان كۆممىقوناق 5 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام كېمەيتىلدى. تارباغاتاينىڭ كۆممىقوناق كۆلىمى 60 مىڭ مو قىسقارتىلىپ، سېتىۋېلىنىدىغىنى كېمەيتىلمىدى. شۇ يىلى، تۈپ سانى بولمىغان ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ

ئاشقان ئاشلىقنى كۆپرەك سېتىپ بېرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، مالىيە نازارىتى مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: تەستىقلىتىش ئارقىلىق تۈپ سانى پۈتۈنلەي كەچۈرۈم قىلىنغان ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى (ئائىلە، گۇرۇپپا) لىرىنىڭ ساتقان ئاشلىقىغا تولۇق سان بويىچە باھا قوشۇلىدۇ. دۆلەتنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالمىغان، ئىقتىسادىي زىرائەت، كۆكتاتچىلىك، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي زىرائەت تۈرى، مىقدارى بويىچە دۆلەت بەلگىلىگەن سېتىش ۋەزىپىسى ئورۇندالغاندىن كېيىن ساتقان ئاشلىقىغا ۋە زىيالىي ياشلار ئەترىتى (دېھقانچىلىق مەيدانى) ساتقان ئاشلىقىغا تولۇق سان بويىچە باھا قوشۇلىدۇ. تۈپ سانى بولغان چارۋىچىلىق كۆكتىپ، ئەترەت (مەيدان) لىرىنىڭ ئاشۇرۇلغان قىسمىغا باھا قوشۇلىدۇ؛ تۈپ سانى بولمىغانلارنىڭ چارۋا مال سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇندالغاندىن كېيىن ساتقان ئاشلىقىغا تولۇق سان بويىچە باھا قوشۇلىدۇ، چارۋا مال سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ %50ى ئورۇندالغان چارۋىچىلىق ئەترەتلىرىنىڭ ساتقان ئاشلىقىنىڭ %40ىگە باھا قوشۇلىدۇ، %50تىن كۆپرەك ئورۇندىغانلاردىن ۋەزىپە %1 كۆپ ئورۇندالسا %1 باھا قوشۇپ بېرىلىدۇ. شۇ يىلى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق ھوسۇلى سەل كېمەيدى، يىللىق ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش پىلانى ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى. سېتىۋېلىش بىلەن سېتىش ئاساسىي جەھەتتىن تەڭلەشتى، بېزىلاردا سېتىۋېلىشتىن كېيىن كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان قالدۇق ئاشلىقى ئالدىنقى يىلدىكىدىن سەل ئازايدى. ئەمما خوتەننىڭ 24 كىلوگرام، قەشقەرنىڭ 22 كىلوگرام ئۆرلىدى.

1981 ـ يىلى ئاشلىق يىلىدىن ئېتىبارەن، قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇدىن ئىبارەت 3 ۋىلايەت، ئوبلاستتا ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىش، يۆتكەش بويىچە بىر بەلگىلەپ 3 يىلغىچە ئۆزگەرتىلمەيدىغان ھۆددىگەرلىك سىناپ يۈرگۈزۈلدى. شۇ يىلى 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئاپتونوم رايون ئاشلىق ئىدارىلىرى باشلىقلىرى يىغىنى چاقىرىپ، گوۋۇيۈەننىڭ «ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ يازلىق ئاشلىق، ياغلىق داندىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش توغرىسىدىكى دوكلاتىنى تەستىقلاپ تارقاتقانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» ۋە مەملىكەتلىك ئاشلىق نازارەت ـ ئىدارە باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى ۋە ئىزچىللاشتۇردى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سۇڭ جىخې يىغىندا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: مەركەزنىڭ «ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى قەتئىي بوشاشتۇرماسلىق، كۆپ خىل ئىگىلىكنى پائال راۋاجلاندۇرۇش» فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. ئاشلىق تارماقلىرى يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى قوللىشى، تىجارەت قارىشى بولۇشى، بازارغا بىرلەشتۇرۇپ ئويلىنىشى، دېھقانچىلىق تارماقلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئەۋزەل مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك. بۇغداي، گۈرۈچ، پۇرچاق تۈرلىرىنى سېتىۋېلىشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. ئىلى، تارباغاتاي، بورتالا قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلار كۆممىقوناق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان جايلاردا قوي، كالا بورداپ چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشى ۋە ھاراق چىقىرىشنى چىڭ تۇتۇشى كېرەك. شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ئاشلىق مىنىستىرلىكى ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، مەملىكەت بويىچە دادۇر سېتىۋېلىشتا بىر بەلگىلەپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتىلمەيدىغان تۈپ سانىنى كەچۈرۈم قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭنىڭ 2 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام. شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «يازلىق ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، سىياسەت بويىچە كۆپرەك بۇغداي سېتىۋېلىشنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغان يازلىق ئاشلىققا قوشۇلىدىغان باھا پۇلىنى پەسىلگە ئايرىپ ئالدىن بېرىش، يىل بويىچە بىر تۇتاش ھېسابات قىلىش بۇغداي سېتىۋېلىشتا تۈپ سانىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىغانلارغا كۆزلۈك ئاشلىق تۈپ سانى ئورنىغا بۇغداي توغرىلىماي، ئاشۇرغان قىسمىغا تولۇق سان بويىچە باھا قوشۇمچە پۇلى بېرىشكە ئۆزگەرتىلدى؛ بۇغداي سېتىۋېلىشتا تۈپ سانىنى ئورۇندىيالمىغانلارغا يەنىلا يىل بويىچە بىر تۇتاش ھېسابات قىلىش يولىغا قويۇلدى. ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ ساتقان ئاشلىق، ياغلىق دان ۋە باھا پۇلىنى راسچوت قىلىش شەكلى جەھەتتە ئەترەت تاپشۇرۇپ، ئەترەت بويىچە راسچوت قىلىشقا ياكى ئائىلە (گۇرۇپپا) تاپشۇرۇپ،

ئەترەت بويىچە راسچوت قىلىشقا بولىدۇ. مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگىچە ھۆددىگە ئېلىش يولغا قويۇلغان جايلاردا ئائىلە تاپشۇرۇپ، ئائىلە بويىچە راسچوت قىلىشنى يولغا قويۇشقا بولىدۇ. شۇ ئاينىڭ 31 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىلىرى باشلىقلىرى يىغىنى خاتىرىسىنى تەستىقلاپ تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، 1980 - يىلى مەركەز شىنجاڭنىڭ ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش تۈپ سانىنى كېمەيتكەندىن كېيىن قېلىپ قالغان 27 مىليون 925 مىڭ كىلوگرام ئاشلىقنى جايلارغا تەقسىم قىلىپ بەردى، بەنى ئاقسۇ ۋىلايىتىگە 9 مىليون 800 مىڭ كىلوگرام (بۇنىڭدىن بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئورنىنىڭ گۆرۈچى 3 مىليون كىلوگرام)، بايىنغولىن ئوبلاستىغا 7 مىليون 600 مىڭ كىلوگرام (بۇنىڭدىن بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئورنىنىڭ گۆرۈچى 3 مىليون 100 مىڭ كىلوگرام)، ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق ناھىيە - شەھەرلەرگە 2 مىليون 350 مىڭ كىلوگرام (بۇنىڭدىن بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئورۇنلىرىنىڭ گۆرۈچى 1 مىليون 250 مىڭ كىلوگرام)، سانجى ئوبلاستىغا 3 مىليون 745 مىڭ كىلوگرام، بورتالا ئوبلاستىغا 100 مىڭ كىلوگرام، ئالتاي ۋىلايىتىگە 4 مىليون 330 مىڭ كىلوگرام تەقسىملەندى. شۇ يىلى يازلىق ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىندى، بۇغدايدىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىيىتى ياخشى بولدى. بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش سىستېمىسى 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە بۇغدايدىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 45 كۈن بۇرۇن ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى. 11 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم «يولداش ۋاڭ ئېنماۋنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئاخىرلاشقاندا سۆزلىگەن سۆزىنى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئاپتونوم رايوندا ئاشلىق بىلەن ئۆز ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىش پرىنسىپى ئاستىدا، ئىقتىسادىي زىرائەتنى، كۆپ خىل ئىگىلىكنى دادىل راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. كونىلاردا مىڭ چاقىرىم يولدىن يۆتكىمەيدۇ ئاشلىقنى، يۈز چاقىرىم يولدىن يۆتكىمەيدۇ ئوت - چۆپنى دېگەن گەپ بار. شىنجاڭ شۇنچە چوڭ، قاتناش قولايسىز تۇرسا، ئاشلىق يۆتكەشكە تايىنىش ئاسانغا چۈشمەيدۇ. 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى گوۋۇيۈەن «1981 - يىللىق ئاشلىق خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «جايلارنىڭ ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش تۈپ سانىنى ئۆز ئالدىغا تەڭشەپ كېمەيتىشىگە بولمايدۇ، پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش، ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى قانلامىۇ قانلام ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى، گۇرۇپپا، ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم»، «ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرى ئاشلىق سېتىۋېلىپ ئامبارغا كىرگۈزۈش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلىشى، ‹ئاشلىق سېتىش تەس بولۇش› مەسىلىسىنى ھەل قىلىشى كېرەك». 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 12 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە ئاپتونوم رايون يەنە بىر قېتىم ئاشلىق خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش تۈپ سانى قۇرۇق بولۇپ قېلىش، دېھقانچىلىق تۈزۈلمىسىنى تەڭشەشنى قوللاش ۋە ئىلى قاتارلىق جايلاردا كۆممىقوناقنى يىغىش - ساقلاش تەس بولۇش مەسىلىلىرىنى مۇزاكىرە قىلدى. يىغىندا شىخەنزە، كۈيتۇڭ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدىكى دېھقانچىلىق تۈەن. مەيدانلىرىنىڭ كېۋەزنى كۆپ تېرىپ، كۆممىقوناقنى ئاز تېرىشنى قوللاش ئۈچۈن، ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق ناھىيە، شەھەرلەردىن كۈيتۇڭدىكى تۈەن - مەيدانلارغا 2 مىليون 250 مىڭ كىلوگرام كۆممىقوناق يۆتكەپ بېرىش، كېلەر يىلى ئىلىدىن بۇ ئىككى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىغا يەنە 25 مىليون كىلوگرام كۆممىقوناق يۆتكەپ بېرىش بەلگىلەندى. 12 - ئايدا ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ تۈزۈلمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق ھوسۇلى ئالدىنقى يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى، پاراق ئېلىنغان ۋە سېتىۋېلىنغان ئاشلىق ئالدىنقى يىلدىكىدىن 46 مىليون 310 مىڭ كىلوگرام ئاز بولدى. بۇنىڭدا ئاساسەن كۆممىقوناق ئاز سېتىۋېلىندى. يېزىلاردا سېتىۋېلىشتىن كېيىن كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان قالدۇق ئاشلىق سەل كۆپەيدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەزى ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا ئائىلە بويىچە تاپشۇرۇپ ئائىلە بويىچە راسچوت قىلىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، «ئاشلىق سېتىش تەس بولۇش، قوبۇل قىلىش تەس بولۇش» مەسىلىسى كۆرۈلدى. قەشقەر ۋىلايىتىدە ئەسلىدە ئاشلىق سېتىپ بېرىدىغان 11 مىڭ 746 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى بولۇپ، ئائىلە بويىچە تاپشۇرۇپ ئائىلە بويىچە راسچوت قىلىش يولغا قويۇلغاندىن

كېيىن كۆپىيىپ 475 مىليون ئائىلىگە يەتتى (ئومۇمىي ئائىلىنىڭ %95.7نى ئىگىلىدى)، ئاشلىق سېتىپ بەرگەندە ئادەم، ھارۋا كۆپ بولغاچقا، ئۆچىرەتتە تۇرۇپ قىستاڭچىلىق بولۇپ، ئاشلىق سېتىش ۋاقتى بەك ئۇزىراپ كەتتى.

1982 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش خىزمىتى بەنىلا ئاشلىق سېتىۋېلىش تۈپ سانىنى تەڭشەش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش، ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلىشنى دەۋر قىلغان ھالدا قانات يايدۇرۇلدى. 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، ئاشلىق نازارىتى پارتكورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى خې شىڭۋاڭ قاتارلىقلار بايىنغولىن ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتىگە بېرىپ، ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش تۈپ سانىنىڭ قۇرۇق بولۇپ قېلىش ئەھۋالى ۋە سەۋەبلىرىنى تەكشۈردى. شۇ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن «سودا مىنىستىرلىكىنىڭ يازلىق ئاشلىق، ياغلىق داندىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىشنى ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى ھەققىدىكى دوكلاتىنى ئەستىقلاپ تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: ئاشلىق، ياغلىق داندىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىشقا قوشۇلىدىغان باھا پۇلىنى راسچوت قىلىشتا يىللىق ئاشلىق سېتىۋېلىش تۈپ سانىنىڭ ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ئومۇمەن يازلىق ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىمىغانلارنىڭ يازلىق ئاشلىقنى بازارغا سېلىشىغا بولمايدۇ. ئاشلىق تارماقلىرىمۇ كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىشقا بولمايدۇ. ئاشلىق، ياغلىق دان تىجارىتىنى ئاشلىق تارماقلىرى بىر تۇتاش قىلىدۇ، باشقا تارماقلار ۋە ئورۇنلارنىڭ قول سېلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ؛ ئەستىقتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ يېزا ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ۋە بازاردىن ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىشقا يول قويۇلمايدۇ. شۇ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئاشلىق نازارىتى «كۆزلۈكتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش خىزمىتىدىكى بىر قانچە سىياسەت مەسىلە توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: شال ئىشلەپچىقىرىدىغان گوڭشې ـ ئەترەت، تۈەن-مەيدانلارنىڭ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىدە گۈرۈچ ئاساس قىلىنىدۇ. گۈرۈچ ئورنىغا باشقا ئاشلىقلارنى توغرىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. ئاشلىق، ياغلىق داندىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىشتا ئاۋۋال سېتىۋېلىش، ئاندىن ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش، ئۇنىڭدىن قالسا كېلىشىپ سېتىۋېلىش پرىنسىپى بويىچە ئىلىپ بېرىلىشى لازىم. ئاشلىق، ياغلىق داندىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىمىغان جايلاردا ئاشلىق، ياغلىق دان بازىرى ئېچىشقا يول قويۇلمايدۇ. 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى گوۋۇيۈەننىڭ ھۆججىتىنى تارقىتىپ مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: 1982 ـ يىلى يازلىق ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش باشلانغاندىن ئېتىبارەن، يازلىق ئاشلىق، كۈزلۈك ئاشلىققا پەسىل بويىچە باھا قوشۇش چارىسىنى ئىجرا قىلىش توختىتىلىپ، ئاشلىق سېتىۋېلىش تۈپ سانىدا يىل بويىچە بىر تۇتاش ھېسابلاش چارىسىنى ئىجرا قىلىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. ئومۇمەن شەرت ـ شارائىتى بار جايلارنىڭ ھەممىسىدە ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغان يازلىق ئاشلىققا %50 ~ %80 باھا قوشۇش پۇلىنى ئالدىن تۆلەپ بېرىشنى يولغا قويۇشقا بولىدۇ. كوللېكتىپنىڭ ئاشلىقىنى گوڭشې ئەزالىرىنىڭ سېتىشىغا بۆلۈپ بېرىش قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ. خىلاپلىق قىلغانلارنىڭ مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىدىن يازلىق ئاشلىق، ياغلىق داندىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش تەلەپ قىلىندى. 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە ئاپتونوم رايون ئاشلىق ئىدارىلىرى باشلىقلىرى يىغىنى چاقىرىپ، ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش تۈپ سانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىشنى كۈچەيتىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلدى. يىغىندا ئاشلىق باشقۇرۇش بوشاشتۇرۇپ قويۇلغانلىقى، ئاز ساندىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ «دېھقانلار ئاۋۋال بېيىسۇن» دېگەن ئۇقۇمنى بىر تەرەپلىمە چۈشىنىپ، نامۇۋاپىق ھالدا كۆپ قالدۇرۇش، كۆپ تەقسىم قىلىشنى تەكىتلىگەنلىكى، ئاشلىق زىرائەتلىرى پىلان بويىچە تېرىلمىغانلىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش تۈپ سانى قۇرۇق سان بولۇپ قېلىش ھادىسىسى ناھايىتى ئېغىر ئىكەنلىكى ئىنكاس قىلىندى (جەدۋەل: 1 — 26 گە قاراڭ). ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى چى گو يىغىندا سۆز قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئاشلىق باشقۇرۇش بوشاشتۇرۇپ قويۇلدى، گۈرۈچ سېتىۋېلىنماي يۇقىرى باھادا سېتىلىشقا قويۇپ بېرىلىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ

سېلىقى ئاشۇرۇۋېتىلدى. دېھقانلارنىڭ يېيىشىلا تەكىتلەندى، ئاشلىق يېتىشمىسە دۆلەتتىن ئېلىندى. مۇنداق يېتەكچى ئىدىيە توغرا ئەمەس، جايلارنىڭ پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش تۆپ سانىنى گوۋۋۇيۈەنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزمەي، ئۆز ئالدىغا تەڭشەپ كېمەيتىشكە بولمايدۇ. ئۆز ئالدىغا تەڭشەپ كېمەيتكەنلىرىنىڭ پۇلىنى كەم تەستىقلىغان بولسا شۇ تۆلىشى لازىم. شىنجاڭنىڭ يازلىق ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ئېغىر، بۇ ئىش خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. يازلىق ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش پىلانىنى تىرىشىپ ئورۇنداش ۋە ئاشۇرۇپ ئورۇنداش كېرەك. 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ئاشلىق نازارىتىنىڭ ‹ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىلىرى باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى›نى تەستىقلاپ تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى، ئۇقتۇرۇشتا مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون تۈزگەن ئاشلىق، ياغلىق دانغا دائىر فاڭجېن، سىياسەتلەرنى قاتتىق ئىجرا قىلىش كېرەكلىكى، ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ سودا - سانائەت مەمۇرىي تارماقلىرىغا ماسلىشىپ ئاشلىق - ياغ بازىرىنى ياخشى باشقۇرۇشى لازىملىقى؛ ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش تۆپ سانىنى تەرتىپكە سېلىپ، ئۆزى خالىغانچە تەڭشەپ كېمەيتكەن تۆپ سانىنى دەرھال ئەسلىگە كەلتۈرۈشى لازىملىقى؛ ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن سېتىۋېلىشنى باشلاش ۋاقتىسىنى ئىجرا قىلمىغان، دۆلەتنىڭ پىلانى بويىچە زىرائەت تېرىمىغان ياكى باشقا ۋاستىلەرنى قوللىنىپ تۆپ سانىنى ئورۇندىمىغانلارنى بىر تەرەپ قىلىش كېرەكلىكى تەلەپ قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر يىغىن چاقىرىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈپ ئىزچىللاشتۇردى، نەتىجىدە ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش، ئامبارغا كىرگۈزۈش سۈرئىتى خېلى تېزلەشتى. تارباغاتاي، بايىنغولىن قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن ئاشلىق سېتىۋېلىشتىكى باشلىنىش ۋاقتىسىنى قايتىدىن ئېلان قىلدى يەنى دېھقانچىلىق كۆڭشې - ئەترەتلىرىنىڭ 170 كىلوگرام، تۈەن - مەيدانلارنىڭ 190 كىلوگرام بولدى، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىلگەندىن كېيىن، تۆپ سانى ئەمەلىيلەشتۈرۈلمىگەن دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ تۆپ سانى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ بەلگىلەندى. خوتەن ۋىلايىتى يازلىق ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىپ ئامبارغا كىرگۈزۈشكە بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگەر ئائىلىلەرنى قايتا تەكشۈردى. ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغان ئاشلىق، ياغلىق دانغا قوشۇلىدىغان باھا پۇلىنى يىل بويىچە ھېسابلاشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىدە، كېرىيە، پەيزاۋات، بۈگۈر، باركۆل، قوبۇقسار، چاغانتوقاي، مورى قاتارلىق ناھىيە (ئاپتونوم ناھىيە)لەر ئاز ساندىكى كۆڭشېلاردا نىسبەت بويىچە باھا قوشۇشنى ۋاقتىدا سىناق قىلدى، 12 - ئاينىڭ 18- كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى چې گو ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە - سودا خىزمىتى يىغىنىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاشلىق ئورۇنلاشتۇرۇشى يەنىلا جىددىيرەك بولدى، بىرىنچىدىن، ئىچكىچە ئاشلىق يۆتكەپ كېلىپ يەۋاتىمىز، ئىككىنچىدىن، كىشى بېشىغا ئاران 308 كىلوگرام ئاشلىق توغرا كېلىدۇ، بۇ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 20 كىلوگرامدىن كۆپرەك تۆۋەن؛ ئۈچىنچىدىن، ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى ئۇدا ئازلاپ كەتتى، زىيادە كېمەيتىۋېتىلدى؛ تۆتىنچىدىن، ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش جەھەتتىكى يوچۇق كېڭىيىپ كېتىش يۈزلىنىشىدە تۇرۇۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، جايلار گوۋۋۇيۈەنىنىڭ «ئاشلىق خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشى، باھار بايرىمىدىن بۇرۇنقى ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئاشلىق سېتىۋېلىشنى گەۋدىلىك تۇتۇپ، چەكتىن ئاشۇرۇپ ئاشلىق سېتىۋالماسلىق پرىنسىپى بويىچە تىرىشىپ كۆپرەك ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىشى لازىم. شۇ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ش ئۇ ئا ر باھا ئىدارىسى، ئاشلىق نازارىتى «دادۇر سېتىۋېلىش - سېتىش خىزمىتىنى پائال ياخشى تۇتۇش توغرىسىدا بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: 1981 - يىلى دادۇرنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن ھوسۇل ئاشتى، سېتىۋېلىش باھاسى بىلەن سېتىش باھاسىنىڭ نىسبىتى تەتۈر بولۇپ قالغاچقا، ئايرىم جايلاردا ئاكتىپ سېتىۋېلىنماي، دېھقانلارنىڭ دادۇر سېتىشى قىيىنغا چۈشتى. شۇڭا ئومۇمەن دۆلەت بەلگىلىگەن دەرىجە، سۈپەت ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولسىلا ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ھەر قانداق باھانە - سەۋەب بىلەن سېتىۋېلىشنى رەت قىلىشىغا بولمايدۇ، ھەربىيلەرنى دادۇر بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك

قىلىش، شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنى داۋۇر بىلەن تەمىنلەشتە 1981 - يىلدىكى سەۋىيىگە يەتكۈزۈش، ئاز زىيان تارتىش پرىنسىپى بويىچە كەڭتاشا تەمىنلەش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە - سودا خىزمىتى يىغىنىدىن كېيىن، ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم (مەمۇرىي مەھكىمە)، ھۆكۈمەتلەر خىزمەت گۇرۇپپىلىرىنى ئەۋەتىشتەك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى ستېمۇللاشنى تۈزەتتى. شۇ يىلى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ھوسۇلى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 178 مىليون كىلوگرام، تەكسە باھادا ستېمۇللانغان ئاشلىقلا ئالدىنقى يىلدىكىدىن 7 مىليون 230 مىڭ كىلوگرام ئاشتى. ئاشقان ھوسۇلنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يېزىلارغا قالدۇرۇلدى.

## 1981 - يىللىق ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى ستېمۇللاش تۈپ سانىنىڭ قۇرۇق سان بولۇپ قېلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 1 — 26　　　　بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| تۈرى / جايلار | بەلگىلەنگەن تۈپ سان | قۇرۇق سان بولۇپ قالغان تۈپ سان | قۇرۇق سان بولۇپ قالغان تۈپ سانىنىڭ بەلگىلەنگەن تۈپ ساندا ئىگىلىگىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە | 41700 | 7876 | 18.88 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 125 | 27 | 21.60 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 1050 | 708 | 67.48 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 1125 | 179 | 15.91 |
| سانجى ئوبلاستى | 6576 | 1758 | 26.73 |
| شىخەنزە شەھىرى | 1650 | 453 | 27.42 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە، شەھەرلەر | 12615 | 1950 | 15.46 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 6850 | 1346 | 19.65 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 967 | 216 | 22.39 |
| بورتالا ئوبلاستى | 1540 | 416 | 27.01 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 2490 | 340 | 13.65 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 3935 | 470 | 11.94 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 1855 | | |
| خوتەن ۋىلايىتى | 922 | 13 | 1.41 |

1983 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ستېمۇللاشتا راسچوت قىلىش چارىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دېھقانلارنىڭ ئاشلىق سېتىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش تەدبىرلىرى داۋاملىق قوللىنىلدى، ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىش شەرتى ئاستىدا، شۇ يىلقى ۋەزىپە ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى. شۇ يىلنىڭ باشلىرىدا، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ خىزمەت يىغىنىدا 31 مىليون مو يەرگە ئاشلىق تېرىش

پىلانىنى ئورۇنداشقا جەزمەن كاپالەتلىك قىلىش لازىم، جايلار پىلان بويىچە تېرىشى، ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىدىغان كۆلەمنى كېمەيتىۋەتمەسلىكى كېرەك، بىرلىك مەھسۇلاتنى ئېرىشىپ ئاشۇرۇپ، يۈتكەپ كىرگۈزۈلگەن ئاشلىق يېمەسلىكنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. 4 ـ ئايدا ئاشلىق نازارىتى بىلەن تەمىنات سودا كوپېراتىپى «1983 ـ يىللىق ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغان ئاشلىققا خىمىيۋى ئوغۇت مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى، گۇرۇپپا، ئائىلىلەرنىڭ 1983ـ يىللىق ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ئورۇندالغاندىن كېيىن، باھا قوشۇلۇپ ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغان ئاشلىققا خىمىيۋى ئوغۇت مۇكاپاتلاپ سېتىش چارىسى داۋاملىق يولغا قويۇلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. مۇكاپاتلاپ سېتىش ئۆلچىمى: ھەر 50 كىلوگرام بۇغداي، گۈرۈچ ئاشۇرۇپ ساتقانلارغا خوتەن، قەشقەر ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستىدا 12.5 كىلوگرام، باشقا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە 10 كىلوگرام مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلىدۇ؛ ھەر 50 كىلوگرام قارا ئاشلىق ساتقانلارغا خوتەن، قەشقەر ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستىدا 7.5 كىلوگرام، باشقا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە 5 كىلوگرام مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلىدۇ.

5 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭىنىڭ «سودا مىنىستىرلىكىنىڭ ئاشلىق، ياغلىق داندىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ئورۇندالغاندىن كېيىن كۆپ يوللۇق تىجارەتنى يولغا قويۇشقا ئائىت بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا سىناپ يۈرگۈزۈلىدىغان بەلگىلىمىنى تارقاتقانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نى تارقاتتى، ئۇنىڭدا مۇنۇلار بەلگىلەندى: ھەر قايسى ۋىلايەت، شەھەر، ئاپتونوم ئوبلاستلار ئاپتونوم رايون چۈشۈرۈپ بەرگەن شۇ يىللىق پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش پىلانى ئاساسىدا 5% ئېھتىيات سان قوشسا بولىدۇ (ناھىيە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن ئورۇنلار قوشۇشقا بولمايدۇ)، ئۇنى يېزىلاردىكى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە ئالغان ئائىلە، گۇرۇپپىلارغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر يىلى بىر بەلگىلەشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە ئالغان ئائىلە، گۇرۇپپىلارغا ئائىلە (گۇرۇپپا) بويىچە تاپشۇرۇپ ئائىلە (گۇرۇپپا) بويىچە راسچوت قىلىش يولغا قويۇلۇشى لازىم، ئاشلىق تارماقلىرى باشقا پۇللارنى ۋاكالىتەن تۇتۇۋالماسلىقى كېرەك. بانكىلار ئاشلىق سېتىۋېلىش مەبلىغى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. دېھقانلار ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى شۇ يىللىق ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش، ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن، ئاشلىق تارماقلىرى كېلىشىپ سېتىۋېلىشنى يولغا قويسا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە كۆپ يوللۇق تىجارەتنى يول قويسا بولىدۇ. 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «يازلىق ئاشلىق، ياغلىق داندىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخستىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مەنپەئەتىگە تەڭ ئېتىبار بېرىش، ھوسۇلنى ئاشۇرغاندىن كېيىن دۆلەت مۇۋاپىق كۆپەيتىپ سېتىۋېلىش، دېھقانلارغا مۇۋاپىق كۆپرەك قالدۇرۇش، مول ھوسۇل ئارقىلىق كەم ھوسۇلنى تولۇقلاش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ۋە دېھقانلارنىڭ پاراق تاپشۇرۇش ۋە سېتىپ بېرىش، ئاشۇرۇپ سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسى ئورۇندالغاندىن كېيىن ساتقان ئاشلىقىنىڭ سۈپىتى ئۆلچەمگە ئۇيغۇن بولسىلا، ئۇنى ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش بويىچە باھا قوشۇپ سېتىۋېلىش كېرەك، سېتىۋېلىشنى چەكلەش، رەت قىلىشقا بولمايدۇ. دېھقانلارنىڭ «ئاشلىق سېتىشى تەس بولۇش» مەسىلىسىنى ھەقىقىي ھەل قىلىش لازىم. بۇغدايدىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش، ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغان ناھىيىلەر كۆپ يوللۇق تىجارەتنى قانات يايدۇرسا بولىدۇ. شۇ يىلى، جەنۇبىي شىنجاڭدا بۇغدايدىن مول ھوسۇل ئېلىندى. قىزىلسۇ، قەشقەر، ئاقسۇدىن ئىبارەت 3 ۋىلايەت، ئوبلاست «يازنىڭ ئۈچ ئىشى» بويىچە خىزمەت يىغىنى چاقىرىپ، بۇغدايدىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. ۋىلايەت، ئوبلاست ياكى ناھىيە، گۇڭشې كادىرلىرى يېزىلارغا چۈشۈپ ئۇقتىدا تۇرۇپ، دائىرە بويىچە ھۆددىگە ئېلىپ ئىشلىدى، پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرى، يېزا كادىرلىرىدىن بۇغداي

سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى باشلامچىلىق بىلەن ئورۇنداش تەلەپ قىلىندى. ئاشلىق تارماقلىرى ئائىلە بويىچە تاپشۇرۇپ ئائىلە بويىچە راسچوت قىلىش ۋە مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلىدىغان خىمىيىۋى ئوغۇتنى نەقلەشتۈرۈش سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك يۈرگۈزدى. 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە قىزىلسۇ، قەشقەر، ئاقسۇ ۋە ھېكتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك 1 -، 2 -، 3 - شىلىرى ۋە 16 ناھىيە، 3 تۈەن - مەيدان بۇغدايدىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش پىلانىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى. ئەمما، شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا پاراق ئېلىش، سېتىۋېلىش سۈرئىتى ئاستىراق بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە سېتىۋېلىنغان ئاشلىق ئالدىنقى يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن ئازايدى. شۇ ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئىلى، بورتالا، تارباغاتاي، سانجىدىن ئىبارەت 4 ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرىنى ئۈرۈمچىگە چاقىرىپ ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش خىزمىتىنى مۇزاكىرە قىلدى. يىغىندىن كېيىن، ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم دائىمىي كومىتېتى كېڭەيتىلگەن يىغىن چاقىرىپ، ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئىبراھىمنىڭ باشچىلىقىدا ئاشلىق، دېھقانچىلىق تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرىدىن تەركىب تاپقان خىزمەت گۇرۇپپىسى ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىشنى بەلگىلىدى. تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ناھىيىلەرگە بېرىپ سېتىۋېلىشنى تۇتتى. سانجى ئوبلاستلىق پارتكوم ناھىيىلەرنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىدىن گۇرۇپپا تەشكىللەپ ئەترەتلەرگە بېرىپ ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىشنى ياخشى تۇتۇشنى تەلەپ قىلدى. قۇتۇبى ناھىيىسى 50 نەچچە كادىر ئاجرىتىپ ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ ئاشلىق سېتىۋېلىشنى تۇتتى. سانجى ۋە ئىلى ئوبلاستلىرى ناھىيىلەر سېتىۋېلىش، ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىماي تۇرۇپ، كۆپ يوللۇق تىجارەتنى يولغا قويۇشقا بولمايدۇ، قانۇنسىز توشۇلغان ئاشلىق مۇسادىر قىلىنىدۇ، ئاشلىقى بار تۇرۇپ ساتمىغانلار ياكى ئاشلىق زىرائىتىنى پىلان بويىچە تېرىمىغانلار ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا مەجبۇرلىنىدۇ، دەپ بەلگىلىمە چىقاردى. گۇچۇڭ قاتارلىق ناھىيىلەر سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىماي تۇرۇپ يوشۇرۇن ساتقان، باھانى ئۆستۈرۈپ تالىشىپ سېتىۋالغان ياكى گۇۋاھنامىسىز سودىگەرلەر ئېلىپ ساتقان ئاشلىق، ياغلىق دانلارنى بازار باھاسى بويىچە سېتىۋالدى ھەمدە ھەقدارلارغا جەرىمانە قويدى. 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە 4 ۋىلايەت، ئوبلاست 70 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام بۇغداي سېتىۋالدى. بۇ شۇ مەزگىلدە ئاپتونوم رايون بويىچە سېتىۋېلىنغان بۇغداينىڭ %77.9نى ئىگىلىدى. جايلار ئاشلىق سېتىۋېلىشتا چوڭ ئائىلىلەرنى ئاشلىق سېتىشقا رىغبەتلەندۈردى. 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدا چۆچەك، دۆربىلجىن، چاغانتوقاي، گۇچۇڭ ناھىيىلىرىنى تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، 5000 كىلوگرامدىن كۆپرەك ئاشلىق ساتقان چوڭ ئائىلىدىن چۆچەك ناھىيىسىدە 229ى، دۆربىلجىن ناھىيىسىدە 232ى، چاغانتوقاي ناھىيىسىدە 105ى، گۇچۇڭ ناھىيىسىدە 210ى بولغان، چاغانتوقاي ناھىيىسى كۆپ ئاشلىق ساتقان ئائىلىلەرگە ۋېلسىپىت، خىمىيىۋى ئوغۇت، رادىئو قاتارلىق سانائەت بۇيۇملىرىنى مۇكاپاتلاپ سېتىپ بەردى. بەزى ناھىيىلەر كۆپ ئاشلىق ساتقان ئائىلىلەرنى ھەممىدىن ئاۋۋال كىچىك تراكتور، موتسىكلىت قاتارلىق بۇيۇملار بىلەن تەمىنلىدى. ئاشلىق تارماقلىرى كۆپ ئاشلىق ساتىدىغان ئائىلىلەرگە خامانغا بېرىپ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش، ئالدىن ئالاقىلىشىپ ئاشلىق سېتىش، ئۆزلۈكىدىن تاپشۇرۇش، ئۆزلۈكىدىن قوبۇل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. بەزى ناھىيىلەردىكى ئاشلىق تارماقلىرى 25 مىڭ كىلوگرامدىن ئارتۇق ئاشلىق ساتقان ئائىلىلەرنىڭ ئاشلىقىنى ئاپتوموبىل چىقىرىپ خاماندىن ئېلىپ كەتتى. جايلار تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ سېتىۋېلىش سۈرئىتىنى تېزلەتكەنلىكى ئۈچۈن، 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە يىللىق بۇغدايدىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش پىلانى %1.6 ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى. كۈزدە كۆممىقوناق سېتىۋېلىش سۈرئىتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئىلى، بورتالا ئوبلاستلىرى كۆممىقوناق نەملىكىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە قاراپ مۇناسىپ تەدبىرلەرنى قوللاندى، نەملىكى %18 تىن تۆۋەن بولغان كۆممىقوناقنى كۆپلەپ سېتىۋالدى. نەملىكى %18تىن يۇقىرى بولغان كۆممىقوناقنى گۇرۇپپا، ئەترەتلەرنىڭ مەدەت بىلەن دۆۋىلەپ

ۋاكالىتەن ساقلاپ بېرىشكە ھاۋالە قىلدى ياكى ئاشلىق پونكىتى (ئامبىرى) سېتىۋېلىپ ئوچۇق-چېلىقتا ساقلاپ ئەملىكىنى چۇشۇردى. غۇلجا ناھىيىسى تەلەپنى كەڭرەك قويۇپ ئەملىكى 23% بولغان كۆممىقوناقنىمۇ سېتىۋالدى. 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 18 - قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنى چاقىرىپ، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئاشلىق خىزمىتىگە دائىر ئەھۋاللاردىن بەرگەن دوكلاتىنى ئاڭلىدى. يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل ئەھمەد، مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن توختى سابىر، خۇاڭ باۋجاڭ، قېدىر ھاپلار قاتناشتى. شۇ ئاينىڭ 10 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى دائىمىي ئىشلار يىغىنى خاتىرىسى (19)»نى تارقىتىپ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇنىڭدىن كېيىن ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق خىزمىتىدىكى ئاساسىي ۋەزىپىسى ئاشلىقنى سېتىۋېلىپ ئامبارغا كىرگۈزۈش ۋە يۆتكەش خىزمىتىنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇش، ئاشلىق سورتىنى تەڭشەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى چىڭ تۇتۇپ، ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى جەھەتتىكى پىلاننى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. شۇ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە يىللىق ئاشلىق سېتىۋېلىش پىلانى ئالدىنقى يىلدىكىدىن مۇددەتتىن بىر يېرىم ئاي بۇرۇن ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى. بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 750 مىليون كىلوگرام. ئاشلىق يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە 1 مىليارد 135 مىليون كىلوگرام ئاشلىق سېتىۋېلىنىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 278 مىليون كىلوگرام كۆپ سېتىۋېلىنىپ، شۇ يىلى ئاشقان ئاشلىق ھوسۇلىنىڭ 61%نى ئىگىلىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاشلىقى كەملەيدىغان ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئاشلىقنى يۆتكەپ كىرگۈزمەيدىغان بولدى. ئالتاي ۋىلايىتىدە 18 يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق كىرىم - چىقىمى ئاساسىي جەھەتتىن تەڭپۇڭلاشتى. شۇ يىلى جايلاردا ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىشتا ئائىلە بويىچە تاپشۇرۇپ، ئائىلە بويىچە راسچوت قىلىش ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. كېرىيە، پەيزاۋات، بۈگۈر، باركۆل، توقسۇن، چاپچال، قوبۇقسار، گۇچۇڭ، مورى، جىمسار قاتارلىق 10 نەچچە ناھىيە (ئاپتونوم ناھىيە) دە ئاشلىق، ياغلىق دان تاپشۇرۇش راسچوت رەسمىيىتى ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ، ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىشتا نىسبەت بويىچە (يەنى شۇ جاينىڭ بىر بەلگىلەپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتىلمەيدىغان تۈپ سانىنىڭ شۇ يىللىق ۋەزىپىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى بويىچە بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى بىلەن ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغىنىغا قوشۇلىدىغان باھا نىسبىتى ھېسابلاپ چىقىرىلىدۇ) باھا قويۇش سىناق قىلىندى، بۇ سىناق ھەر مىللەت ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە دېھقانلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپ، «يۈز خاتىرە قىلمايدىغان ياخشى سىياسەت» دەپ تەرىپلەندى.

1984 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، ئاپتونوم رايون ئاشلىق خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، ئاشلىق ئوبوروت يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ «ئاشلىق سېتىش تەس» بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى مۇزاكىرە قىلدى ھەمدە ھەر بىر ۋىلايەت، ئوبلاستتىن 2 ~ 3 ناھىيىنى تاللاپ ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىشتا نىسبەت بويىچە باھا قويۇش سىنىقى ئېلىپ بېرىشنى بەلگىلىدى. 3 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق يېزا خىزمىتى يىغىنىدا، گۇچۇڭ، غۇلجا قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ شۇجىلىرى ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ئۆزگەرگەچكە، ئاشلىق سېتىۋېلىشتىكى بىر بەلگىلەپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتىلمەيدىغان تۈپ سان يا ئېغىر، يا يېنىك بولۇش ئەھۋالى ئېغىر، ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىشقا باھا قوشۇشتا يوچۇق كۆپرەك، دەپ ئىنكاس قىلىپ، ئاپتونوم رايوندىن ئاشلىق سېتىۋېلىش، ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىشقا بىر تۇتاش نىسبەت بويىچە باھا قويۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇ ئايدا، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى «1984 - يىللىق ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغان ئاشلىققا خىمىيىۋى ئوغۇتنى مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىش پىلانىنى چۈشۈرگەنلىك توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، جايلارغا مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىش ئۈچۈن 30 مىڭ توننا خىمىيىۋى ئوغۇت كۆرسەتكۈچىنى تەقسىم قىلىپ بەردى. مۇكاپاتلاپ سېتىش چارىسىنى ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست،

شەھەرلەرنىڭ تۈزۈشىنى، ئۇنىڭ دۆلەتنىڭ كۆپرەك ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىشىغا، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەم بېرىشكە پايدىلىق بولۇشىنى بەلگىلىدى. 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئاپتونوم رايون ئاشلىق خىزمىتى بويىچە جىددىي يىغىن چاقىرىپ، گوۋۇيۈەننىڭ «يازلىق ئاشلىق، ياغلىق داندىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋە سېتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يازلىق ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىشنى چىڭ تۇتۇپ، ئاشلىق، ياغ ئوبوروتىنى يەنىمۇ جانلاندۇرۇشنى مۇزاكىرە قىلدى. 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «(گوۋۇيۈەننىڭ يازلىق ئاشلىق، ياغلىق داندىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋە سېتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى)نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: جايلار يازلىق ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش، ئامبارغا كىرگۈزۈشنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇشى، بۇغدايدىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى، كۆپرەك ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك. تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاز ساندىكى جايلاردا ئامبار ئەسلىھەلىرىنىڭ يېتىشمەسلىكى تۈپەيلىدىن يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان دېھقانلارنىڭ «ئاشلىق سېتىشى تەس» بولۇش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش كېرەك. ئامبار سېلىشقا مەبلەغ ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغانلار قۇرۇلۇش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، مۇددەتتىن بۇرۇن پۈتتۈرۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈشى كېرەك. ھازىر بار بولغان ئاشلىق ئامبارلىرىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىش، ئوچۇقچىلىقتا ساقلاش ئەسلىھەلىرىنى پائال كېڭەيتىش ياكى يېزىلاردىكى كوللېكتىپنىڭ ئامبارلىرىنى ۋە جەمئىيەتتىكى بوش ئامبارلارنى ئىجارىگە ئېلىپ ئاشلىق ساقلاش كېرەك؛ «خەلق دۆلەتكە ۋاكالىتەن ئاشلىق ساقلاپ بېرىش» خىزمىتىنى پىلانلىق قانات يايدۇرۇش، دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ۋە شارائىتى بار دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ دۆلەتكە ۋاكالىتەن ئاشلىق ساقلاپ بېرىشىگە ھاۋالە قىلىش كېرەك. 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىش-سېتىش سىياسىتىنى يەنىمۇ تەڭشەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: (1) ئاشلىق سېتىۋېلىش مەزگىلىدە ئاشلىق بازىرى ئېچىلىپ، كۆپ يوللۇق ئوبوروت يولغا قويۇلىدۇ. دۆلەت سودا ئورۇنلىرى، تەمىنات سودا كوپېراتىپى، دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانى ـ چارۋىچىلىق فېرمىسى، يېزىلاردىكى باشقا ھەمكارلىق سودا ئورۇنلىرى ۋە يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىختىيارىي سېتىۋېلىش ـ سېتىشىغا، شەھەر ـ بازارلارغا كىرگۈزۈشىگە، ناھىيىدىن، ئاپتونوم رايوندىن چىقىرىشىغا بولىدۇ؛ دۆلەت ئورگانلىرى، ئاممىۋى تەشكىلات، ھەربىي قىسىم، زاۋۇت ـ كان، مەكتەپ قاتارلىقلار يېزا بازارلىرىغا بېرىپ ئۆزىگە كېرەكلىك ئاشلىقنى سېتىۋالسا بولىدۇ؛ شەھەر ـ بازارلاردىكى يېمەك ـ ئىچمەك، قوشۇمچە يېمەكلىك كەسىپكارلىرىمۇ يېزا بازارلىرىغا بېرىپ ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋالسا بولىدۇ. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى ۋە شەخسلەر شۇ يىللىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن ئارتۇق ئاشلىقنى ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلسا بولىدۇ. ئومۇمەن دۆلەتكە سېتىپ بېرىشنى خالىسا، سۈپەت ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولسىلا، ئاشلىق تارماقلىرى ئاكتىپ سېتىۋېلىشى كېرەك، چەكلىمە قويۇشقا، رەت قىلىشقا بولمايدۇ. (2) 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايون بىر تۇتاش «تەتۈر 3: 7 ئۈلۈش» تەكشى باھا قويۇش نىسبىتى بويىچە ئاشلىق سېتىۋېلىشنى يولغا قويدى، يەنى سېتىۋېلىنىدىغان كۆزلۈك ئاشلىق ئومۇمىي مىقدارى بويىچە ھېسابلىنىپ، %30ى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە، %70ى ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغىنىغا قوشۇلىدىغان باھا بويىچە سېتىۋېلىنىش، ئىلگىرىكى «بىر تۇتاش ھېسابلاش» بەلگىلىمىسى بىكار قىلىنىدى. شۇ يىلى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىقتىن يەنە مول ھوسۇل ئېلىنىدى، 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە سېتىۋېلىنىپ ئامبارغا كىرگۈزۈلگەن بۇغداي 1 مىليارد كىلوگرامدىن ئېشىپ بۇغداي سېتىۋېلىش پىلانىدىن %85.40 ئاشۇرۇلدى، ئەمما كۆزلۈك ئاشلىق سېتىۋېلىش سۈرئىتى روشەن ئاستا بولدى. 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە پاراق ئېلىنغان ۋە سېتىۋېلىنغان كۆممىقوناق ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 9 مىليون كىلوگرام ئازايدى. ئامبارغا كىرگۈزۈلگەن گۈرۈچمۇ ئازىيىشقا يۈزلەندى. 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «كۆزلۈك ئاشلىقنى ئامبارغا كىرگۈزۈش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇش توغرىسىدا جىددىي ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ

مۇنۇ تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى: جايلار كۈزلۈك ئاشلىقنى ئامبارغا كىرگۈزۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىشانلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، باھار بايرىمىدىن ئىلگىرىكى 2 ئاي ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، سېتىۋېلىشقا تېگىشلىك كۆممىقوناق، گۈرۈچلەرنى سېتىۋېلىشى كېرەك؛ دېھقانلار ۋە دېھقانچىلىق تۈزۈن - مەيدانلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق پەسىلدىن پايدىلىنىپ، كۆممىقوناقنى مەدەك بىلەن دۈۋىلەپ قويۇپ شامالدىتىپ نەملىكىنى چۈشۈرۈپ، ياخشى ئاشلىقنى دۆلەتكە سېتىپ بېرىش كېرەك؛ ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرى كۈزلۈك ئاشلىقنى قوبۇل قىلىش، قۇرۇتۇش، شۇ جايدا ساقلاش ۋە ئىشلەپچىقارغۇچى ئورۇنلارغا ۋاكالىتەن ساقلاپ بېرىشكە ھاۋالە قىلىش ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلىشى لازىم. كۆممىقوناقنىڭ سۈپىتى دۆلەتنىڭ سۈپەت ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولسىلا، ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ھەر قانداق باھانە - سەۋەب بىلەن سېتىۋېلىشنى توختىتىپ قويۇشىغا، چەكلىشىگە بولمايدۇ؛ بىڭتۈەننىڭ گۈرۈچ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى بار تۈزۈن - مەيدانلىرى پىششىقلاشنى پائال ئۇيۇشتۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ۋەزىپىسىنى ھەممىدىن ئاۋۋال ئورۇندىشى كېرەك. شۇنىڭدىن كېيىن كۈزلۈك ئاشلىق سېتىۋېلىش ئەھۋالى ياخشىلاندى. ئاشلىق يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە سېتىۋېلىنغان ئاشلىق 1 مىليارد 490 مىليون كىلوگرام بولۇپ، پىلاندىن %35.43، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %31.31 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي ئالدىنقى يىلدىكىدىن %46.37 ئاشتى. سېتىۋېلىنغان بۇغداينىڭ ئومۇمىي ئاشلىقتا ئىگىلىگەن نىسبىتى ئالدىنقى يىلدىكى %66.28تىن %73.88كە يەتتى. سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى بار 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىن ئۈرۈمچى، سانجى، قۇمۇل، شىخەنزە، ئالتاي، تارباغاتاي، قىزىلسۇدىن ئىبارەت 7 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە بىڭتۈەن بۇغداي بىلەن بىر پەسىلدىلا پۈتۈن يىللىق ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى. پاراق ئېلىنغان ۋە سېتىۋېلىنغان گۈرۈچ ئالدىنقى يىلدىكىدىن %66.25 ئاشتى، كۆممىقوناق ۋە باشقا قارا ئاشلىق ئالدىنقى يىلدىكىدىن سەل ئازايدى. سېتىۋېلىشتىن كېيىن يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن قالدۇق ئاشلىق ئالدىنقى يىلدىكىدىن %2.33 ئاشتى. (جەدۋەل: 1 — 27، 1 — 28لەرگە قاراڭ). شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سېتىۋېلىنغان ۋە سېتىلغان ئاشلىق بالانس قىلىنغاندىن كېيىن 402 مىليون كىلوگرام ساپ ئېشىندى بولدى. ئىلى، سانجى، تارباغاتاي قاتارلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئاساسلىق رايونلاردا ئامبار ۋە قۇرۇتۇش مەيدانلىرىدا ساقلانغان ئاشلىق سىغىمى چېكىگە يەتتى.

**1971 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە ئاشلىق مەھسۇلاتى، دۆلەت سېتىۋالغىنى ۋە سېتىۋېلىشتىن كېيىن يېزىلاردا ئاشلىق قالدۇرۇش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 1 — 27　　　　بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| تۈرى / ئاشلىق يىلى | ئاھالە (تۈمەن) | | مەھسۇلات مىقدارى | | دۆلەتنىڭ سېتىۋېلىشى | | | سېتىۋېلىشتىن كېيىن يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن قالدۇق ئاشلىق (كىلوگرام) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئومۇمىي ئاھالە | بۇنىڭ ئىچىدە: يېزا ئىگىلىك ئاھالىسى | سانى | ئومۇمىي ئاھالە بويىچە كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە (كىلوگرام) | سانى: جەمئىي | سانى: بۇنىڭ ئىچىدە: بىڭتۈەن سېتىمىسى | تاۋارلىنىش نىسبىتى (%) | |
| 1971 | 1009.91 | 833.63 | 313121 | 310 | 65016 | 5825 | 20.76 | 298 |
| 1972 | 1049.69 | 857.23 | 278279 | 265 | 46215 | 1658 | 16.61 | 271 |
| 1973 | 1089.08 | 884.04 | 306577 | 282 | 54466 | 2143 | 17.77 | 285 |
| 1974 | 1125.82 | 909.88 | 258767 | 230 | 40482 | | 15.64 | 240 |
| 1975 | 1154.53 | 880.442 | 310955 | 269 | 67380 | 7214 | 21.67 | 277 |
| 1976 | 1185.80 | 901.26 | 339658 | 286 | 80899 | 10988 | 23.82 | 287 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 270 | 22.94 | 10469 | 74031 | 267 | 322781 | 920.54 | 1208.97 | 1977 |
| 298 | 24.22 | 16173 | 89625 | 300 | 370012 | 941.53 | 1233.01 | 1978 |
| 300 | 26.72 | 20721 | 104046 | 310 | 389379 | 952.51 | 1255.97 | 1979 |
| 298 | 25.79 | 21451 | 99567 | 301 | 386133 | 961.14 | 1283.24 | 1980 |
| 302 | 24.49 | 22618 | 94936 | 297 | 387648 | 969.41 | 1303.05 | 1981 |
| 319 | 23.59 | 22190 | 95659 | 308 | 405449 | 972.49 | 1315.90 | 1982 |
| 344 | 25.14 | 26371 | 113453 | 338 | 451278 | 982.27 | 1333.30 | 1983 |
| 352 | 30.09 | 36966 | 148971 | 368 | 495073 | 984.16 | 1344.08 | 1984 |

ئىزاھ: 1974 - يىلى بېكىتىلگەندىن سېتىۋېلىنغان ئاشلىقنى ئەسلىدىكى ستاتىستىكا ماتېرىيالىدا ئايرىم ئەكس ئەتتۈرۈلمىدى.

## 1971 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە شىنجاڭدىكى ۋىلايەتلەرنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 1 — 28　　　　بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| 1984 | 1983 | 1982 | 1981 | 1980 | 1979 | 1978 | 1977 | 1976 | 1975 | 1974 | 1973 | 1972 | 1971 | ئاشلىق / يىلى / نامى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 148971 | 113453 | 95659 | 94936 | 99567 | 104046 | 89625 | 74031 | 80899 | 67380 | 40482 | 54465 | 46215 | 65016 | جەمئىي | ئاپتونوم رايون بويىچە |
| 110067 | 75195 | 61593 | 62015 | 62539 | 63195 | 49777 | 40444 | 48870 | 34075 | 19477 | 33091 | 30303 | 40161 | بۇغداي | |
| 7207 | 4335 | 3448 | 2284 | 1905 | 2112 | 3118 | 2707 | 1848 | 1901 | 877 | 1335 | 767 | 1277 | گۈرۈچ | |
| 545 | 1765 | 1597 | 1078 | 961 | 792 | 876 | 726 | 727 | 823 | 502 | 627 | 434 | 571 | دادۇر | |
| 31152 | 32158 | 29021 | 29559 | 34162 | 37947 | 35854 | 30154 | 29454 | 30581 | 19626 | 19413 | 14711 | 23007 | قارا ئاشلىق | |
| 27649 | 28863 | 25717 | 26745 | 30513 | 33163 | 30998 | 25381 | 25180 | 25879 | 17425 | 16750 | 12313 | 18781 | بۇنىڭ ئىچىدە: كۆممە-قوناق | |
| 1361 | 730 | 715 | 411 | 511 | 534 | 304 | 252 | 1032 | 624 | 311 | 721 | 656 | 1099 | ئۈرۈمچى شە-ھىرى | |
| 29 | 18 | 4 | 7 | 3 | 12 | 21 | 34 | 52 | 40 | 16 | 21 | 143 | 173 | قاراماي شەھە-رى | |
| 1056 | 1434 | 1238 | 761 | 1302 | 1903 | 2727 | 3202 | 2614 | 2597 | 1606 | 1608 | 1136 | 2094 | تۇرپان ۋىلايە-تى | |
| 4434 | 4053 | 2977 | 2935 | 2381 | 2631 | 2205 | 2857 | 2201 | 1972 | 466 | 1420 | 791 | 1613 | قۇمۇل ۋىلايە-تى | |
| 26111 | 16032 | 15625 | 14180 | 14708 | 16469 | 10797 | 8406 | 10436 | 9436 | 2128 | 8577 | 9342 | 12679 | سانجى ئوبلاس-تى | |
| 4468 | 3562 | 3948 | 3884 | 2799 | 2910 | 3157 | 2397 | 2634 | 2437 | | | | | شىخەنزە شە-ھىرى | |
| 680 | 610 | 91 | 919 | 868 | 873 | | 13 | | | | | | | ئىلى ئوبلاس-تىغا بىۋاسىتە قاراشلىق جاي-لار | |
| 33938 | 27260 | 22576 | 26240 | 29868 | 27101 | 18485 | 14492 | 18005 | 12581 | 9354 | 10787 | 8221 | 11152 | ئىلى ۋىلايىتى | |
| 18595 | 11310 | 10326 | 10280 | 12276 | 13227 | 12115 | 6797 | 9838 | 7295 | 2831 | 4685 | 4614 | 5968 | تارباغاتاي ۋىلا-يىتى | |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئالتاي ۋىلايىتى | 1130 | 822 | 1105 | 169 | 1637 | 1864 | 1832 | 2009 | 3143 | 3552 | 3418 | 3845 | 7072 | 8935 |
| بورتالا ئوبلاستى | 2180 | 1705 | 2421 | 2645 | 3273 | 3463 | 3013 | 4084 | 4664 | 4992 | 4512 | 4502 | 5701 | 6394 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 2272 | 1883 | 2202 | 2539 | 3985 | 4788 | 4691 | 4915 | 5440 | 5107 | 5873 | 7191 | 8858 | 10976 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 6571 | 5077 | 6706 | 6315 | 8223 | 9945 | 9934 | 10991 | 9898 | 9064 | 8809 | 9676 | 12194 | 13328 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 435 | 358 | 362 | 362 | 564 | 649 | 668 | 757 | 788 | 417 | 416 | 422 | 814 | 1312 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 8232 | 7355 | 8711 | 9218 | 8805 | 9984 | 10335 | 11281 | 10005 | 7950 | 8063 | 8328 | 9468 | 12491 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 3893 | 2454 | 2977 | 2522 | 3911 | 3394 | 5108 | 5777 | 4448 | 3769 | 4228 | 4195 | 4337 | 4863 |
| ش ئۇ ئا ر كېلىشىپ سېتىۋېلىش - سېتىش شىركىتى | | | | | | | | | | | | | 100 | |
| بىڭتۇەن سېتىمىسى | 5825 | 1658 | 2143 | | | | | | | | | | | |

ئىزاھ: 1. 1971 - يىلدىن 1973 - يىلغىچە بىڭتۇەندىن سېتىۋېلىنغان ئاشلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭكىگە كىرگۈزۈلمىدى. 1974 - يىلدىن ئېتىبارەن ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭكىگە كىرگۈزۈلدى.
2. ئەسلىدىكى ياختا، شېكەر، مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلىدىغان ئاشلىق ئاپتونوم رايون سېتىۋالغان ساندىن چىقىرىۋېتىلدى. 1983 - يىلى 250 مىليون كىلوگرام، 1984 - يىلى 389 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام بولغان.

## 2 §. توختاملىق سېتىۋېلىش

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ «يېزا ئىقتىسادىنى يەنىمۇ جانلاندۇرۇش توغرىسىدىكى 10 ماددىلىق سىياسەت»ى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ «چوشقا ۋە يېزىلاردىكى ئاشلىق، ياغلىق داننىڭ باھا لايىھىسىنى تەڭشەپ چۈشۈرگەنلىك توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»ىغا ئاساسەن، 1985 - يىل 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى «چوشقا، كالا، قوي ۋە يېزىلاردىكى ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىش - سېتىش سىياسىتى ۋە باھا لايىھىسىنى تەڭشەپ چۈشۈرگەنلىك توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى، 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن ئېتىبارەن، ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش توختاملىق سېتىۋېلىشقا ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى قارار قىلدى. زاكاز قىلىنىدىغان تۈرلەر بۇغداي، شال (گۈرۈچ)، كۆممىقوناقتىن ئىبارەت بولدى. گۈرۈچنى باشقا تۈرنىڭ ئورنىغا توغرىلىۋېلىشقا بولىدۇ، ئەمما باشقا تۈرلەرنى گۈرۈچنىڭ ئورنىغا توغرىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. توختاملىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى دەرىجىمۇ دەرىجە ناھىيە، تۈەن - مەيدانلارغا چۈشۈرۈلىدۇ، ئاندىن دېھقان ئائىلىلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى بىلەن زاكاز توختامى تۈزۈلىدۇ، توختام ھەر يىلى بىر قېتىم تۈزۈلۈشى، نورمال يىللاردا جەزمەن ئورۇندىلىشى، ئېغىر ئاپەت بولۇپ قالسا مۇۋاپىق كېمەيتىلىشى كېرەك. زاكاز قىلىنغان ئاشلىقنىڭ ھەممىسى «تەتۈر 3 : 7 ئۆلۈش» نىسبەت باھاسى (يەنى: %30 بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى، %70 ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش باھاسى) بويىچە سېتىۋېلىنىشى كېرەك. زاكاز ۋەزىپىسىدىن باشقا ئاشلىقنى ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئەگەر بازار باھاسى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسىدىن تۆۋەن بولسا، ئاشلىق تارماقلىرى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە كەڭتاشا سېتىۋېلىشى لازىم. شۇ يىلى

دۆلەت شىنجاڭنىڭ توختاملىق ئاشلىق سېتىۋېلىش پىلانىنى 1 مىليارد 300 مىليون كىلوگرام (تۈرگە ئايرىلمايدۇ) قىلىپ بېكىتتى، بۇ ھەر قايسى ۋىلايەت، شەھەر، ئاپتونوم ئوبلاست ۋە بىڭتۇەننىڭ تەلەپىنكى توختاملىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىدىن ئاز بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون توختاملىق سېتىۋېلىش كۆرسەتكۈچىنى چۈشۈرگەندە، بىڭتۇەن ۋە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاساسلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا نۇقتىلىق ئېتىبار بېرىپ، ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ كۆرسەتكۈچىنى تۈۋەنگە تەقسىملىگەندە، ئاساسلىق تاۋار ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان ناھىيە، ئاشلىق كەسىپى ئائىلىلىرى، نۇقتىلىق ئائىلىلەرگە ئېتىبار بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

توختاملىق سېتىۋېلىش پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت، شەھەر، ئوبلاستلار يىغىن چاقىرىپ ئورۇنلاشتۇرغاندىن سىرت، يەنە 45 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى ئاجرىتىپ، 2 ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ، 1 مىليون 230 مىڭ دېھقان ئائىلىسى، ئىشلەپچىقىرىش ئورنى (1 مىليون 600 مىڭ دېھقان ئائىلىسى، ئىشلەپچىقىرىش ئورنىنىڭ %76.88نى ئىگىلىدى) بىلەن 1 مىليارد 267 مىليون كىلوگراملىق ئاشلىق زاكاز قىلىش توختامىنى تۈزدى، بۇ زاكاز پىلانىنىڭ %97.46نى ئىگىلىدى. بەزى جايلاردا ۋەزىپە تېرىلغۇ يەر ياكى ئاھالە سانى بويىچە چېچىلغانلىقى ئۈچۈن، زاكاز كۆرسەتكۈچىنى تەقسىم قىلىشتا نامۇۋاپىقلىق كۆرۈلدى. ئىلى، تارباغاتاي، سانجى قاتارلىق بۇغداي ئىشلەپچىقىرىدىغان ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان نۇقتىلىق ئائىلىلەر، كەسىپى ئائىلىلەر ۋە موسۇل ئاشقان ئىشلەپچىقارغۇچى ئورۇنلار توختاملىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن يەنە بۇغداي سېتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، ئەمما زاكاز كۆرسەتكۈچى بولمىدى؛ ئاز ساندىكى دېھقان ئائىلىلىرى ۋە ئىشلەپچىقارغۇچى ئورۇنلارنىڭ كۆرسەتكۈچى بار بولسىمۇ، ساتقىدەك ئاشلىقى بولمىغاچقا، دېھقان ئائىلىلىرى بىلەن ئىشلەپچىقارغۇچى ئورۇنلار ئارىسىدا توختاملىق سېتىۋېلىش كۆرسەتكۈچىنى «ئېلىپ - سېتىش» مەسىلىسى سادىر بولدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە بۇغداي سېتىۋېلىش سۈرئىتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئاستا بولدى. ئاساسلىقى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئامبار سىغىمى يېتىشمەسلىكى تۈپەيلىدىن «ساقلاش تەس بولۇش» مەسىلىسى كۆرۈلدى، نەتىجىدە دېھقانلارنىڭ «ئاشلىق سېتىش تەس بولۇش» ئەھۋالى كېلىپ چىقتى ۋە توختاملىق سېتىۋېلىش كۆرسەتكۈچى يېتىشمەسلىكتىن بولدى. كۈزدە سودا مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، ئاپتونوم رايوننىڭ توختاملىق سېتىۋېلىش پىلانى كۆرسەتكۈچى 100 مىليون كىلوگرام كۆپەيتىلدى. ئاپتونوم رايون ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە 55 مىليون كىلوگرام (10 مىليون كىلوگرام دادۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، بىڭتۇەنگە 45 مىليون كىلوگرام تەقسىم قىلىپ بەردى. 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 12- كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى شىمالىي شىنجاڭدىكى قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتى بويىچە جىددىي يىغىن چاقىرىپ، ئاشلىق سېتىۋېلىشنى تېزلىتىش تەدبىرلىرىنى مۇزاكىرە قىلدى. يىغىندا مۇنۇلار بەلگىلەندى: ئومۇمەن دۆلەتنىڭ سېتىۋېلىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولغان زاكاز ئاشلىقنى ئاشلىق تارماقلىرى كەڭتاشا سېتىۋېلىشى كېرەك، ھەقىقەتەن ئاشلىقنى كۆپ سېتىۋېلىش، كۆپ ساقلاش سەۋەبىدىن ھۆددىگە ئالغان خىراجەت كۆرسەتكۈچىنى ئاشۇرۇۋەتكەن بولسا، يىل ئاخىرىدا راسچوت قىلغاندا ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن تولۇقلاپ بېرىلىدۇ. بانكا تارماقلىرى ئاشلىق سېتىۋېلىشنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەشنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈشى، سېتىۋېلىشقا كېتىدىغان مەبلەغكە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتىگە بولغان ھەيدەكچىلىك، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتىدە كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم قىلىشى كېرەك. 1985 - ئاشلىق يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە توختاملىق سېتىۋېلىنغان ئاشلىق 1 مىليارد 374 مىليون كىلوگرام بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي %81.35نى ئىگىلىدى. شۇ يىلى گۈرۈچ، كۆممىقوناقنىڭ بازار باھاسى توختاملىق سېتىۋېلىش باھاسىدىن يۇقىرى بولغاچقا، قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ توختاملىق سېتىۋېلىش پىلانى ئورۇندالمىدى.

1984 - يىلغا سېلىشتۇرغاندا ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي ئاشلىق ۋە سېتىۋېلىشتىن كېيىن يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن قالدۇق ئاشلىق سەل ئاشتى. دۆلەت سېتىۋالغىنى ئازراق كېمەيدى.

1986 - يىلى 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى گوۋۇيۈەن «1986 - يىللىق ئاشلىقنى توختاملىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: مەملىكەت بويىچە ئاشلىقنى توختاملىق سېتىۋېلىش پىلانى 79 مىليارد كىلوگرامدىن 61 مىليارد 500 مىليون كىلوگرامغا، شىنجاڭنىڭ 1 مىليارد 400 مىليون كىلوگرامدىن 1 مىليارد 300 مىليون كىلوگرامغا كېمەيتىلدى. دۆلەت ھەر قايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ۋاكالىتەن سېتىۋېلىشىغا ھاۋالە قىلغان «كېلىشىم باھادىن تەكشە باھاغا ئايلاندۇرۇلىدىغان» ئاشلىق كۆرسەتكۈچى 18 مىليارد 500 مىليون كىلوگرام بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭنىڭ 50 مىليون كىلوگرام بولۇپ، كېيىن 150 مىليون كىلوگرامغا كۆپەيتىلدى. تەكشە - كېلىشىم باھالىق ئاشلىقنىڭ باھا پەرقى دۆلەت مالىيەسىدىن قوشۇپ بېرىلدى. ئاشلىق ھوقۇقى مەركەزگە مەنسۇپ بولدى. ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتىدە كۆرۈلگەن يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 3 - ئايدا «ئاشلىق خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، كېمەيتىلگەندىن كېيىنكى 1 مىليارد 300 مىليون كىلوگرام توختاملىق ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى يېڭىۋاشتىن تەقسىم قىلدى، 1986 - يىلدىن ئېتىبارەن، بىر بەلگىلەپ 3 يىلغىچە ئۆزگەرتىلمەيدۇ. ئارپا، ئاق قوناق، كۆك پۇرچاق، ماش، ئات پۇرچىقى قاتارلىقلار توختاملىق سېتىۋېلىش تۈرىگە قوشۇلدى. ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغى كەملەيدىغان دېھقان ئائىلىلىرىگە يېزا ئىگىلىك بانكىسى زاكاز توختامىغا قاراپ ھەممىدىن ئاۋۋال قەرز پۇل ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى. دۆلەتنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ۋاكالىتەن سېتىۋېلىنىدىغان ئاشلىق نۇقتىلىق ھالدا گۇرۇچ ئىشلەپچىقىرىدىغان رايون ۋە قىزىلسۇ، قەشقەر، خوتەندىن ئىبارەت 3 ۋىلايەت، ئوبلاستقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، تۈرى بۇغداي، گۇرۇچ ۋە كۆممىقوناق بىلەنلا چەكلەندى، باھاسى بازار نەرقى - ھاۋاسى بويىچە بولدى. توختاملىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون بويىچە 30 مىڭ كىشى (قېتىم) ئاجرىتىلىپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلارغا بېرىپ، دېھقان ئائىلىلىرى ئۆزى مەلۇم قىلىش، كەنت كومىتېتلىرى دەسلەپكى قەدەمدە باھالاش، خىزمەت گۇرۇپپىسى ماسلاشتۇرۇش، يېزا - ناھىيەلەر تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشتۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، 1 مىليون 327 مىڭ دېھقان ئائىلىسى ۋە ئىشلەپچىقارغۇچى ئورۇن بىلەن 1 مىليارد 253 مىليون كىلوگرام زاكاز ئاشلىق توختامى ئىمزالىدى، بۇ زاكاز ۋەزىپىسىنىڭ %38.96نى ئىگىلىدى. شۇ يىلى، ئاپتونوم رايون بويىچە يازلىق ئاشلىقتىن يەنە مول ھوسۇل ئېلىندى. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان ۋىلايەت، ناھىيەلەر زاكاز ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن يەنە ئېشىنىپ، سېتىشنى كۈتۈپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئاشلىقنىڭ بازار باھاسى تۆۋەنرەك بولدى. 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى جىددىي يىغىن چاقىرىپ، دېھقانلارنىڭ «ئاشلىق سېتىشى تەس بولۇش»، ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ «ئاشلىق ساقلىشى تەس» بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى مۇزاكىرە قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قېدىرباي يىغىندا سۆز قىلدى ھەمدە ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭنىڭ توختاملىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ سىرتىدىكى ئاشلىقنىڭ باھاسى مۇۋاپىق چۈشۈرۈلۈپ كەڭتاشا سېتىۋېلىنىشى كېرەك دېگەن يوليورۇقىنى يەتكۈزدى. 9 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «توختاملىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ئورۇندالغاندىن كېيىن بۇغداي سېتىۋېلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، توختامدىن سىرتقى ئاشلىقنى قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇدىن ئىبارەت 3 ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ توختاملىق سېتىۋېلىش باھاسىدىن %2 چۈشۈرۈشنى، باشقا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ %5 چۈشۈرۈشنى، ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ كەڭتاشا سېتىۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. كۈزلۈك ئاشلىق خامانغا چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىش تەڭپۇڭ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بەزى ئورۇن ۋە شەخسلەر يېزىلار ۋە ئىشلەپچىقارغۇچى ئورۇنلاردىن گۇرۇچ، كۆممىقوناق، دادۇرلارنى دۆلەت بەلگىلىگەن سېتىۋېلىش باھاسىدىن يۇقىرى باھادا تالىشىپ سېتىۋېلىپ،

دۆلەتنىڭ توختاملىق سېتىۋېلىش ۋە ھاۋالە قىلىپ ۋاكالىتەن سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىگە تەسىر يەتكۈزدى. 10- ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئالدىن سېتىۋېلىشنى قەتئىي توسۇشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە دۆلەتنىڭ توختاملىق ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ھەم ئىقتىسادىي توختام، ھەم دۆلەتنىڭ ۋەزىپىسى، ئۇنى جەزمەن ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ۋەزىپىنى ئورۇنداش شەرتى ئاستىدا كۆپ يوللۇق تىجارەتنى قانات يايدۇرۇشقا بولىدۇ دەپ كۆرسەتتى. 11 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى مىچۈەن ناھىيىسىدە كۆزلۈك ئاشلىق سېتىۋېلىش نەق مەيدان يىغىنى چاقىردى. يىغىندا دۆلەتنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ۋاكالىتەن سېتىۋېلىنغان گۆرۈچنىڭ ھەر كىلوگرامىغا توختاملىق سېتىۋېلىنىدىغان باھا ئاساسىدا 6 پۇڭ باھا قوشۇلىدۇ دەپ قارار قىلىندى. يىغىندا مىچۈەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بازار باھاسى توختاملىق سېتىۋېلىش باھاسىدىن خېلىلا يۇقىرى بولغان ئەھۋالدا، ناھىيە بويىچە گۆرۈچنى توختاملىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىغانلىقىغا دائىر تەجرىبىلەرنى تونۇشتۇردى. بۇ تەجرىبىلەر ئاساسلىقى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: رەھبەرلىك ئەھمىيەت بەردى، ناھىيە دەرىجىلىك 4 رەھبەرلىك بەنزىسى دائىرىگە ئايرىپ ھۆددىگە ئېلىپ، گۆرۈچنى توختاملىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشنى تۇتتى؛ پارتىيە ئەزالىرى، ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە كادىرلار زاكاز ۋەزىپىسىنى باشلامچىلىق بىلەن ئورۇنداشقا چاقىرىق قىلىندى؛ دۆلەتنىڭ ۋەزىپىسى ئورۇندالماي تۇرۇپ، بازار قويۇۋېتىلمىدى؛ ئاشلىقى بولۇپ، زاكاز ۋەزىپىسىنى ئورۇندىمىغانلاردىن تەكشە - كېلىشىم باھا پەرقى قايتۇرۇۋېلىندى ياكى ئۇلارنىڭ ھۆددە يەرلىرى تارتىۋېلىندى. بۇ تەجرىبىلەر كېڭەيتىلگەندىن كېيىن، كۆزلۈك ئاشلىق سېتىۋېلىش ئەھۋالى ياخشىلاندى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سېتىۋېلىنغان ئاشلىق 1985 - يىلدىكىدىن 2.17%، سېتىۋېلىشتىن كېيىن يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن قالدۇق ئاشلىق 9.78% ئاشتى.

1987 - يىللىق ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتى ئاساسەن ئاشلىقنى توختاملىق سېتىۋېلىش تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشنى دەۋر قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىلدى. بىرىنچىدىن، گوۋۇيۈەن 1986 - يىل 10 - ئايدا تارقاتقان «ئاشلىقنى توختاملىق سېتىۋېلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»تا، 1987- يىلدىن ئېتىبارەن توختاملىق سېتىۋېلىنغان ئاشلىققا ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالەت پۇلىنى تارقىتىش ۋە تەكشە باھالىق خىمىيىۋى ئوغۇت، دىزېل بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت «3نى چېتىشتۇرۇش» سىياسىتىنى يولغا قويۇش بەلگىلەندى. ئىككىنچىدىن، 1987 - يىل 2 - ئايدا سودا مىنىستىرلىكى مەملىكەتلىك ئاشلىق نازارەت، ئىدارىلىرى باشلىقلىرى يىغىنى چاقىرىپ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ ئاشلىقنى توختاملىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى تەڭشەپ كېمەيتىش، «كېلىشىم باھالىقنى تەكشە باھالىققا ئايلاندۇرۇش» ۋەزىپىسىنى كۆپەيتىش توغرىسىدىكى قارارىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايوننىڭ 1987 - يىللىق ھۆددە ئېلىنغان ئاشلىق سېتىۋېلىش مىقدارى 1 مىليارد 350 مىليون كىلوگرام قىلىپ بېكىتتى، بۇنىڭ ئىچىدە توختاملىق سېتىۋېلىش مىقدارى 1 مىليارد 300 مىليون كىلوگرامدىن 1 مىليارد 75 مىليون كىلوگرامغا كېمەيتىلدى، كېلىشىم باھادىن تەكشە باھاغا ئايلاندۇرۇلىدىغىنى (يەنى ۋاكالىتەن سېتىۋېلىشقا ھاۋالە قىلىنىدىغىنى) 150 مىليون كىلوگرامدىن 275 مىليون كىلوگرامغا كۆپەيتىلدى. 1987 - يىل 1 - ئاينىڭ 8 - ۋە 21 - كۈنلىرى ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى مالىيە نازارىتى، خەلق بانكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى ۋە سودا ئىدارىسى، تەمىنات-سودا كوپېراتىپى بىلەن بىرلىكتە «ئىككى مىنىستىرلىك، ئىككى بانكىنىڭ (ئاشلىق زاكالەت قەرز پۇلى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش)نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» ۋە «1987 - يىلى 1 - پەسىللىك ئاشلىققا چېتىشتۇرۇلىدىغان خىمىيىۋى ئوغۇتنى ئالدىن تەقسىم قىلىش پىلانىنى چۈشۈرگەنلىك توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى تارقىتىپ، ئاشلىقنى توختاملىق سېتىۋېلىشتا «3نى چېتىشتۇرۇش» سىياسىتى يولغا قويۇلىدىغانلىقىنى ئېنىق بەلگىلىدى، مەزكۇر سىياسەت مۇنۇلاردىن ئىبارەت: تاۋار ئاشلىق مەركەزلىك ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رايون، كەسپىي ئائىلىلەر ۋە باشقا مەبلەغ كەملەيدىغان دېھقان ئائىلىلىرىگە، توختاملىق

سېتىۋېلىش باھاسىنىڭ %20ى بويىچە ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالەت پۇلى تارقىتىپ بېرىلىدۇ؛ ھەر 100 كىلوگرام گۈرۈچ سېتىپ بېرىلسە، 12 كىلوگرام تەكشە باھادىكى ئۆلچەملىك خىمىيىۋى ئوغۇت، 6 كىلوگرام دىزېل مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلىدۇ. ھەر 100 كىلوگرام بۇغداي، كۆممىقوناق سېتىپ بېرىلسە، 6 كىلوگرام تەكشە باھالىق ئۆلچەملىك خىمىيىۋى ئوغۇت، 3 كىلوگرام دىزېل مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلىدۇ. چېتىشتۇرۇلغان ماللار بېلەت بويىچە مۇقىم ۋاقىتتا تەمىنلىنىدۇ. بىكىتۈەنگە مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلىدىغان خىمىيىۋى ئوغۇتنى بىكىتۈەننىڭ شى (ئىدارە)، تۈەن - مەيدانلىرى بىۋاسىتە نەقلەشتۈرىدۇ؛ دىزېلنى جايلاردىكى نېفىت شىركىتى بىلەن شى - تۈەنلەر راسچوت قىلىپ نەقلەشتۈرىدۇ. 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق زاكالەت پۇلىنىڭ ئاران %14.54 تارقىتىلغانلىقى توغرىسىدا «زاكالەت پۇلىنىڭ كېچىكتۈرۈپ تارقىتىلىشى دېھقانلارنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلىرىغا جىددىي كېرەكلىك مەبلەغ ئېھتىياجىغا تەسىر قىلىپلا قالماستىن، ئىناۋىتىمىزگىمۇ زىيان يەتكۈزىدۇ. ھۆكۈمىتىمىزنىڭ خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالىدىغان ئەخمىقانە ئىشنى قىلماسلىقى لازىم»، دەپ تەستىقىي يوليورۇق بەردى. 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ئاشلىق خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، مەركەز ئاپتونوم رايونغا تەقسىم قىلىپ بەرگەن 1 مىليارد 300 مىليون كىلوگراملىق سېتىۋېلىش ھۆددە كۆرسەتكۈچىنى ۋىلايەت، شەھەر، ئاپتونوم ئوبلاستلارغا تەقسىملەپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تۆۋەنگە ھۆددە بېرىلگەن ۋەزىپىسى قىلىنغانلىقىنى بەلگىلىدى. «كېلىشىم باھادىن تەكشە باھاغا ئايلاندۇرۇلىدىغان» ئاشلىقنى جايلار بازار باھاسى بويىچە سېتىۋالىدۇ، ئاپتونوم رايون جايلار بىلەن راسچوت قىلىش باھاسى ھەر كىلوگرامغا نىسبەتلىك باھا ئاساسىدا، گۈرۈچكە 0.128 يۈەن، بۇغداي، كۆممىقوناقلارغا 0.108 يۈەن قوشۇلىدۇ. 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «گوۋۇيۈەننىڭ ئاشلىقنى توختاملىق سېتىۋېلىشتا «3نى چېتىشتۇرۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا جىددىي ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، جايلاردىن ئاشلىقنى توختاملىق سېتىۋېلىشقا بېرىلىدىغان خىمىيىۋى ئوغۇت، دىزېل بېلەتلىرىنى، زاكالەت پۇلىنى بەلگىلىمە بويىچە ئائىلىلەرگىچە تارقىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. 7 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە زاكالەت پۇلىدىن 38 مىليون 500 مىڭ يۈەن تارقىتىپ بېرىلدى، بۇ تارقىتىشقا تېگىشلىك پۇلنىڭ %56نى ئىگىلىدى. دىزېل، خىمىيىۋى ئوغۇت پۈتۈنلەي نەقلەشتۈرۈپ بولۇندى (يىل ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە 33 مىڭ 500 تونىنا دىزېل، 68 مىڭ 300 تونىنا خىمىيىۋى ئوغۇت بۆلۈپ بېرىلدى). شۇ يىلى يازلىق ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىندى، ئەما، سانجى، بايىنغولىن قاتارلىق تۆمۈريول لىنىيىلىرىدىكى رايونلاردا ئاشلىقنى يەنىلا يۇقىرى باھادا تالىشىپ سېتىۋېلىش ئەھۋالى سادىر بولدى. 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنىلا رەۋەندىلەر خىجىڭ، خوشۇت ناھىيىلىرىدىكى قىسمەن يېزىلاردا باھانى ئۆستۈرۈپ 80 مىڭ كىلوگرامدىن كۆپرەك بۇغداينى تالىشىپ سېتىۋېلىپ، توختاملىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشىغا تەسىر يەتكۈزدى. 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى جايلارغا بۇغداينى توختاملىق سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە كەڭتاشا سېتىۋېلىشنى، ئۇقتۇردى ھەمدە زاكاز ۋەزىپىسىدىن سىرت بىر كىلوگرام بۇغداي كۆپ سېتىۋېلىنسا، ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن 2 پۇڭ 4 لى خىراجەت قوشۇپ بېرىش بەلگىلەندى. كۆزلۈك ئاشلىق خامانغا چىقىرىلغاندىن كېيىن، گۈرۈچنىڭ بازار باھاسى يۇقىرى بولغاچقا، توختاملىق سېتىۋېلىش ۋە «كېلىشىم باھانى تەكشە باھاغا ئايلاندۇرۇش» ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشىغا ئېغىر تەسىر يەتتى. لېكىن شال ئىشلەپچىقىرىدىغان مىچۈەن ناھىيىسىنىڭ پوزىتسىيىسى كەسكىن، تەدبىرى كۈچلۈك بولغاچقا، گۈرۈچ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى يەنىلا ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى. ئىلى، تارباغاتاي، بورتالا، سانجى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا كۆممىقوناقتىن مول ھوسۇل ئېلىندى. لېكىن كۆممىقوناقنىڭ ئەملىكى يۇقىرى بولغاچقا، ئامبارغا كىرگۈزۈش سۈرئىتىگە تەسىر يەتتى. شۇڭا جايلار قۇرۇتۇشنى تېزلىتىش، مەدەك بىلەن

سېتىۋېلىش، ئۇچۇقچىلىقتا ساقلاشنى كېڭەيتىش، خەلق دۆلەتكە ۋاكالىتەن ساقلاپ بېرىشنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق، «ئاشلىق ساقلاش تەس بولۇش» ۋە «دېھقانلارنىڭ ئاشلىق سېتىشى تەس» بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەلگىلىمە چىقىرىپ، دېھقانلارنىڭ قولىدىكى ئارتۇق ئاشلىقنى نىسبەتلىك باھا بويىچە سېتىۋېلىش كېرەكلىكىنى، ھەر قانداق باھانە - سەۋەب بىلەن سېتىۋېلىشنى رەت قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سېتىۋېلىنغان ئاشلىق 1986 - يىلدىكىدىن %0.97 كۆپەيدى. سېتىۋېلىشتىن كېيىن يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن قالدۇق ئاشلىق %8.17 ئاشتى.

1988 - يىلى 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى گوۋۇيۈەننىڭ «ئاشلىقنى توختاملىق سېتىۋېلىشتا ‹3نى چېتىشتۇرۇش› سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»ىغا ئاساسەن، 1988 - يىلى دۆلەت شىنجاڭغا 1 مىليارد 75 مىليون كىلوگرام ئاشلىقنى توختام بىلەن سېتىۋېلىش ۋە 252 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام ئاشلىقنى «كېلىشىم باھادىن تەكشى باھاغا ئايلاندۇرۇش» ۋەزىپىسىنى توختاملىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى قىلىپ جايلارغا چۈشۈرۈپ، پۈتۈنلەي ئالدىنقى يىلنىڭ ئۆلچىمى بويىچە «3نى چېتىشتۇرۇش»نى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى، يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن زاكالەت قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈمى ۋە خىمىيىۋى ئوغۇت، دىزېللارنىڭ باھا پەرقى دۆلەت شىنجاڭغا بەرگەن «كېلىشىم باھادىن تەكشى باھاغا ئايلاندۇرۇلىدىغان» ئاشلىققا قوشۇپ بېرىلگەن پۇلدىن چىقىم قىلىنىدۇ. رەسمىيەتنى ئاددىيلاشتۇرۇش، دېھقانلارغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن، زاكالەت پۇلى ۋە بىرلەشتۈرۈلىدىغان خىمىيىۋى ئوغۇت، دىزېللارنى يىل بېشىدا توختام ئىمزالىغاندا «ئاشلىقنى توختاملىق سېتىۋېلىش گۇۋاھنامىسى» بويىچە بىر قېتىمدىلا نەقلەشتۈرۈش، چېتىشتۈرۈلىدىغان مال جەھەتتە مال دېسە مال بېرىش، باھا پەرقى دېسە، باھا پەرقىنى بېرىش، يىل ئاخىرىدا ئەمەلىي ئورۇندالغان زاكاز ئاشلىق مىقدارى بويىچە راسچوت قىلىش كېرەك. بىڭتۇەننىڭ ھەر قايسى شىلىرىنىڭ «3 نى چېتىشتۇرۇش» ماللىرىنى ئاشلىقنى قوبۇل قىلغان جايلاردىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر نەقلەشتۈرۈپ بېرىشى لازىم. بۇ تەدبىرلەر ئاساسىي قاتلامدىكى كادىر ۋە دېھقانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بەزى جايلار توختاملىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەھەتتە بەزى يېڭى ئۇسۇللارنى قوللاندى، جۈملىدىن قەشقەر ۋىلايىتىدە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت يېزىلىق ھۆكۈمەت بىلەن، يېزىلىق ھۆكۈمەت كەنت ياكى دېھقان ئائىلىسى بىلەن زاكاز توختامى ئىمزالىدى. بەزى ناھىيىلەردە ھاكىم، يېزا باشلىقى زاكاز ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ھۆددىگە ئېلىش چارىسى يولغا قويۇلدى. 3 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىقنى توختاملىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ %94.35ى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، بۇ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 2 ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت بۇرۇن بولدى. 4 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، تارقىتىپ بېرىلگەن زاكالەت پۇلى 79 مىليون 469 مىڭ يۈەن بولۇپ، تارقىتىشقا تېگىشلىك زاكالەت پۇلىنىڭ %65.7نى ئىگىلىدى؛ نەقلەشتۈرۈلگەن خىمىيىۋى ئوغۇت 60 مىڭ 900 توننا بولۇپ، %74.1نى ئىگىلىدى؛ نەقلەشتۈرۈلگەن دىزېل 20 مىڭ 900 توننا بولۇپ، %50.9نى ئىگىلىدى. گۈرۈچ زاكاز قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، قەشقەردىكى بىرقىسىم ناھىيىلەر ھەر بىر كىلوگرام گۈرۈچ سېتىپ بەرسە، بىر كىلوگرام تەكشى باھالىق كۆنجۈرىنى مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىشنى بەلگىلىدى.

يازلىق ئاشلىق خامانغا چىقىرىلغاندىن كېيىن، خېنەن، سىچۈەن، سەنشى، خۇبېي، گۇاڭدۇڭ، فۇجيەن، جىلىن، شەنشى، گەنسۇ، جياڭسۇ، شاڭخەي قاتارلىق 18 ئۆلكە، شەھەر سانجى، شىخەنزە، باينغولىن قاتارلىق تۆمۈريول بويىدىكى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلارغا ۋە باشقا ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، بۇغدايىنى دۆلەتنىڭ زاكاز قىلىش باھاسىدىن %30 ~ %50 يۇقىرى باھادا تالىشىپ سېتىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى قىسمەن ئورۇنلار ۋە شەخسلەرمۇ يېزىلارغا بېرىپ

تالىشىپ سېتىۋالدى، بۇ ئەھۋال بۇغداينى توختاملىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىگە كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزدى. بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا، ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ئاشلىق، ياغلىق دان بازىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» قاتارلىق ھۆججەتلەرنى تارقىتىپ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئاشلىقنى توختاملىق سېتىۋېلىش ھەم ئىقتىسادىي توختام، ھەم دۆلەتنىڭ ۋەزىپىسى، ئۇنى ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ناھىيە (تۈەن - مەيدان) بىرلىك قىلىنغاندا بۇغداينى توختاملىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىماي تۇرۇپ ئاشلىق، ياغلىق دان بازىرى ئېچىشقا بولمايدۇ. كۆز پەسلىدىن ئېتىبارەن، گورۇچنى دۆلەت ئاشلىق تارماقلىرى بىر تۇتاش سېتىۋالىدۇ، باشقا ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ تىجارەت قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. گورۇچ ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونغا كېتىدىغان يەم - خەشەك ئاشلىقىنى ئاشلىق تارماقلىرى بىر تۇتاش تەشكىللەپ تېگىشىپ بېرىشى لازىم. 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن ئېتىبارەن، كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغلىق دان ۋە قوشۇمچە مەھسۇلاتلارنى شىنجاڭدىن چىقىرىشتا ئىجازەتنامە بېجىرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭدىن چىقىرىش ئىجازەتنامىسى» تارقىتىش ھوقۇقىنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىگە بەردى. ناھىيە، بىڭتۈەننىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلىرى بىرلىك قىلىنىپ، بۇغداي زاكاز قىلىش ۋەزىپىسىنىڭ %90ى ئورۇندالغاندىن كېيىن، قالغان %10ى سېتىۋېلىنسا ھەر بىر كىلوگرامىغا 8 پۇڭ «مول ھوسۇل ئارقىلىق كەم ھوسۇلنى تەڭشەش» پۇلى قوشۇپ بېرىلدى. دېھقان ئائىلىلىرى ۋە تۈەن-مەيدانلار بۇغداي زاكاز قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن، ھەر بىر كىلوگرام بۇغداي سېتىپ بەرسە، توختاملىق سېتىۋېلىش باھاسى ئاساسىدا 8 پۇڭ باھا قوشۇپ بېرىلدى. 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت، مۇئاۋىن شۇجىلىرىدىن لى شۈشەن، جياڭ سىشۈ، مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن قېدىرباي، يۈسۈپ مۇھەممەدى، جىن يۈنخۈيلار ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى. سۇڭ خەنلياڭ تۈرلۈك يوللار بىلەن توختاملىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش، كېلىشىم باھالىق ئاشلىقنى كەڭتاشا سېتىۋېلىپ، تەكسە، كېلىشىم باھالىق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم، دەپ كۆرسەتتى. ۋىلايەت، شەھەر، ئاپتونوم ئوبلاستلار ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلغاچقا، ئىنتايىن قىيىن شارائىتتىمۇ ئاشلىقنى توختاملىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى. سانجى، ئاقسۇ، قەشقەر، قىزىلسۇ، خوتەن، بايىنغولىن، ئىلى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلار ۋە ئۇلارغا قاراشلىق ناھىيە (شەھەر)لەر ئاشلىقنى توختاملىق سېتىۋېلىشتا قاتلاممۇ قاتلام ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە مۇكاپاتلاش - جازالاش چارىسىنى يولغا قويدى. سانجى ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى شياۋ گۈيچاڭ ۋە ئوبلاست باشلىقى ما سۇنلياڭ سېتىۋېلىشنى بىۋاستە تۇتتى، 400 دىن ئارتۇق كادىر ئاجرىتىلىپ ناھىيىلەرگە ئەۋەتىلىپ، خىزمەتكە ياردەملەشتۈرۈلدى؛ بۇغداي ۋە گورۇچتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغان ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەرگە 5000 يۈەندىن 10 مىڭ يۈەنگىچە مۇكاپات بېرىلدى. قۇتۇبى ناھىيىسى پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ۋاقتىدا ئورۇندىغان يېزا كادىرلىرىغا مائاشىنىڭ %15ى بويىچە مۇكاپات بەردى. ئوبلاست بويىچە جەمئىي 200 مىڭ يۈەن مۇكاپات پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. غۇلجا ناھىيىسىنىڭ بايتوقاي يېزىسىدىكى دېھقان ئىبرائىم دانا 55 مىڭ كىلوگرام، ماناس ناھىيىسىنىڭ تۇگۇلۇڭ يېزىسىدىكى دېھقان رېن مىڭدۇڭ 55 مىڭ 200 كىلوگرام ئاشلىق سېتىپ بېرىپ ھۆكۈمەتنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. جايلار ئاشلىقى بار تۇرۇپ ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا قارشىلىق قىلغانلارنىڭ ھۆددە ئالغان يېرىنى قايتۇرۇۋېلىش ياكى تەكسە، كېلىشىم باھا پەرق پۇلىنى قايتۇرۇۋېلىپ كېلىشىم باھالىق ئاشلىق سېتىۋېلىش ئارقىلىق توختام ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش چارىسىنى قوللاندى. بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى قارىمىقىدىكى تۈەن - مەيدانلارنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇندىماي تۇرۇپ كېلىشىم باھالىق ئاشلىق سېتىشىغا يول قويمايدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. يېزا ئىگىلىك 1 - شى 2 - تۈەن 8 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق سېتىپ، توختام ۋەزىپىسىدىن %54.55 ئاشۇرۇۋەتتى، يېزا ئىگىلىك

ئاھالىسى ئوتتۇرىچە 1128 كىلوگرام ئاشلىق ساتتى؛ 8 - تۈەن كېلىشىم باھادا 250 مىڭ كىلوگرام بۇغداي سېتىپ ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى. غۇلجا ناھىيىسى 83 مىليون 507 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق سېتىۋېلىپ، توختاملىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىدىن 19.55% ئاشۇرۇۋەتتى، يېزا ئىگىلىك ئاھالىسى ئوتتۇرىچە 367.87 كىلوگرام ئاشلىق ساتتى. چۆچەك شەھىرى 46 مىليون 135 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق سېتىۋېلىپ، توختاملىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىدىن 27.62% ئاشۇرۇۋەتتى، يېزا ئىگىلىك ئاھالىسى ئوتتۇرىچە 688.58 كىلوگرام ئاشلىق ساتتى. 1989 - يىل 2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى سودا مىنىستىرلىكى بېيجىڭدا تەقدىرلەش يىغىنى چاقىرىپ، 100 ناھىيىگە «مەملىكەت بويىچە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش، سېتىشتا ئىلغار ناھىيە» دەپ نام بەردى، ھەر بىر ناھىيىگە مۇكاپات لوڭقىسى بەردى، 500 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت مۇكاپاتلاپ سېتىپ بەردى؛ 100 دېھقان ئائىلىسىگە «مەملىكەت بويىچە ئاشلىق سېتىشتا نەمۇنىچى ئائىلە» دەپ نام بەردى، ھەر بىر نەمۇنىچى ئائىلىگە بىر مۇكاپات لوڭقىسى، 1000 يۈەن مۇكاپات پۇلى بەردى، 2 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت ۋە بىر دانە 20 دىيۇيملۇق رەڭلىك تېلېۋىزور مۇكاپاتلاپ سېتىپ بەردى. شىنجاڭدىن چۆچەك شەھىرى، غۇلجا ناھىيىسى، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 1 - شى 2 - تۈەنى «مەملىكەت بويىچە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش، سېتىشتا ئىلغار ناھىيە» دېگەن نامغا ئېرىشتى. غۇلجا ناھىيىسىدىن ئىبراھىم دانا، ماناس ناھىيىسىدىن رېن مىڭدۇڭ «مەملىكەت بويىچە ئاشلىق سېتىشتا نەمۇنىچى» دېگەن نامغا ئېرىشتى. ھەممە بۇ 2 نەمۇنىچى جۇڭنەنخەيدە گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى تيەن جيۈەن، دۆلەت كومىسسارى چېن جۈنشېڭلارنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى، 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئۈرۈمچىدە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ ئېنماۋ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت، مۇئاۋىن رەئىسى يۈسۈپ مۇھەممەدلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى.

1989 - يىلى ئاپتونوم رايوندا يەنىلا ئالدىنقى يىلدىكى ئاشلىقنى توختاملىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى بويىچە «3نى چېتىشتۇرۇش» سىياسىتى يولغا قويۇلدى ھەمدە گوۋۇيۈەن ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھىغا ئاساسەن، چېتىشتۇرۇلىدىغان خىمىيىۋى ئوغۇت ئۆلچىمى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلۈپ، ھەر 100 كىلوگرام گۈرۈچكە چېتىشتۇرۇلىدىغان خىمىيىۋى ئوغۇت 12 كىلوگرامدىن 30 كىلوگرامغا، بۇغداينىڭ 6 كىلوگرامدىن 20 كىلوگرامغا، كۆممىقوناقنىڭ 16 كىلوگرامغا كۆپەيتىلدى. خىمىيىۋى ئوغۇتنى نەقلەشتۈرۈش ۋاقتى توختام ئىمزالاش ۋە يازلىق ئاشلىق سېتىشتا ھەر قايسىسىغا 50% تارقىتىشقا ئۆزگەرتىلدى. جايلار ئاشلىق زاكاز قىلىش توختامىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە چارىلەرنى مۇكەممەللەشتۈردى. ئىلى، ئالتاي ۋىلايەتلىرىگە قاراشلىق ناھىيە (شەھەر) لەردە، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەت، يېزىلىق ھۆكۈمەت بىلەن كەنت ياكى دېھقان ئائىلىلىرى ئارا ئاشلىق زاكاز توختامى ئىمزالاندى. فۇكاڭ، لوپنۇر ناھىيىلىرىدە ئاشلىق تارماقلىرى يېزىلاردىكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرى بىلەن توختام ئىمزالاپ، توختامنى نەقلەشتۈرۈش نىسبىتىنى ئۆستۈردى. شۇ يىلى سانجى، تارباغاتاي، ئالتاي، قۇمۇل قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا بۇغداي ئاپەتكە ئۇچراپ ھوسۇل كېمىيىپ كەتكەنلىكى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جايلاردا باقمىچىلىق ۋە كۆممىقوناقنى پىششىقلاپ ئىشلەش تۈرلىرى تەرەققىي قىلىپ، يېزىلاردا يەم - خەشەك قالدۇرۇش مىقدارى كۆپەيگەنلىكى ئۈچۈن، سېتىۋېلىنىدىغان ئاشلىق مەنبەسى قىس بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچى، سىرتىدىكى قىسمەن ئورۇن ۋە شەخسلەر باھانى ئۆستۈرۈپ تالىشىپ سېتىۋېلىپ، بۇغداينىڭ بازار باھاسىنى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا دۆلەتنىڭ زاكاز باھاسىنىڭ 70%ىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئاپتونوم رايوننىڭ توختاملىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشىغا ئېغىر تەسىر يەتتى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئاشلىق ئوبوروت ساھەسىدە يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىقنى تۈزەش ئۈچۈن، 2 قېتىم دائىمىي ئىشلار يىغىنى چاقىرىپ، ئاشلىق سېتىۋېلىشنى كۈچەيتىشكە ئائىت تەدبىرلەرنى مۇزاكىرە قىلدى ۋە تۈزۈپ چىقتى. 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ئاشلىق، ياغ سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، نۆۋەتتىكى ئاشلىق خىزمىتىنى ياخشى

ئىشلەش توغرىسىدا بەلگىلىمە» تارقىتىپ، ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىش - سېتىش، يۆتكەش سىياسىتىنى
ئېنىق بەلگىلىدى، ھۆكۈمەت، فۇنكسىيىلىك تارماق، ئىشلەپچىقارغۇچىلار، ئىستېمالچىلارنىڭ
مەسئۇلىيىتى ۋە ھوقۇقىنى ئايدىڭلاشتۇردى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئاپتونوم رايون چۈشۈرگەن
توختاملىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ئاساسىدا 5% ئېھتىيات سان قوشۇپ، ئۇنى ئادەتتىكى تەبىئىي ئاپەت
تۈپەيلىدىن ئورۇنداشقا مۇمكىن بولمىغان توختاملىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىشقا
ئىشلىتىشكە يول قويدى؛ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك شىلىرى) بىرلىك قىلىنىپ،
ئاپەت تۈپەيلىدىن ھوسۇل 20%تىن كۆپرەك كېمەيگەن بولسا، ئاپتونوم رايون شۇ يىللىق توختاملىق سېتىۋېلىش
ۋەزىپىسىنى مۇۋاپىق كېمەيتتى ياكى كەچۈرۈم قىلدى؛ ئاشلىق، سودا - سانائەت، بانكىلار ئاشلىق سېتىۋېلىش،
بازار باشقۇرۇش ۋە سېتىۋېلىشنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى ياخشى
ئىشلىشى كېرەك؛ دېھقان ئائىلىلىرى ۋە ئىشلەپچىقارغۇچى ئورۇنلار توختاملىق ئاشلىق سېتىپ بېرىش
ۋەزىپىسى ئاپەت تۈپەيلىدىن كېمەيتىلگەن ۋە كەچۈرۈم قىلىنغاندىن باشقا، توختاملىق ئاشلىق سېتىپ بېرىش
ۋەزىپىسىنى چوقۇم ئورۇندىشى، ئورۇندىيالمىغان قىسمىنى كېلىشىم باھالىق ئاشلىق سېتىۋېلىش ياكى تەكمە-
كېلىشىم باھا پەرقى پۇلىنى قايتۇرۇش بىلەن تولۇقلىشى شەرت (قوشۇمچە I گە قاراڭ). ش ئۇ ئا ر خەلق
ھۆكۈمىتى شۇنىڭ بىلەن مول ھوسۇل ئارقىلىق كەم ھوسۇلنى تەڭشەش پۇلى تارقىتىش سىياسىتىنى داۋاملىق
ئىجرا قىلىشنى، مول ھوسۇل ئارقىلىق كەم ھوسۇلنى تەڭشەش پۇلىنى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر
(بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك شى، ئىدارىلىرى) لەرنىڭ توختاملىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىدىن 10%نىڭ ھەر
كىلوگرامىغا 8 پۇڭ بويىچە ھېسابلاپ تارقىتىشقا ئۆزگەرتىشنى، تۈرىنى بۇغداي، گۈرۈچ ۋە كۆممىقوناققا
كېڭەيتىشنى قارار قىلدى. 1989 - يىل 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەت ئىدارىسى، ئاشلىق
ئىدارىسى، باھا ئىدارىسى «ئاشلىق، ياغلىق دان بازىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا بىر قانچە
بەلگىلىمە» تارقاتتى: ئومۇمەن دۆلەت زاكاز قىلغان ئاشلىق تۈرىنى يەرلىكتە ناھىيە، بىڭتۇەندە تۇەن - مەيدان
بىرلىك قىلىنىپ زاكاز ۋەزىپىسى ئورۇندالماي تۇرۇپ، بازارغا سېلىشقا يول قويۇلمايدۇ؛ زاكاز ئاشلىق
ۋەزىپىسىنى ئورۇندىماي تۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا كېلىشىم باھادا ئاشلىق ساتقانلار توختاملىق سېتىۋېلىش
ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا مەجبۇر قىلىنىدۇ ھەمدە كېلىشىم باھادا سېتىلغان ئاشلىق ئومۇمىي قىممىتىنىڭ
10%ىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ ناھىيە، تۇەن - مەيدانلاردىن زاكاز ۋەزىپىسىنى ئورۇندىماي تۇرۇپ،
زاكاز تۈرىدىكى ئاشلىقنى قانۇنسىز ئېلىپ ساتقانلارنىڭ ئېلىپ ساتقان ئاشلىقى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى
بويىچە زورلاپ سېتىۋېلىنىدۇ، قانۇنسىز كىرىمى مۇسادىرە قىلىنىدۇ، يەنە ئېلىپ ساتقان ئاشلىق ئومۇمىي
قىممىتىنىڭ 20%ىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ ئاپتونوم رايون قۇمۇل، چاقىلىقلاردا تەكشۈرۈش پونكىتى
تەسىس قىلىپ، بۇ يەردىن ئۆتكەن ماشىنىلارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ، ئاشلىقنىڭ سىرتقا قانۇنسىز ئېقىپ
كېتىشىنى توسۇشى لازىم. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە مول ھوسۇل
ئارقىلىق كەم ھوسۇلنى تەڭشەش پۇلىدىن 12 مىليون 500 مىڭ يۈەن تارقىتىپ بېرىلدى، ئاپەتكە ئۇچرىغان
ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك شىلىرىنىڭ توختاملىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىدىن 36 مىليون
كىلوگرام كېمەيتىلدى ۋە كەچۈرۈم قىلىندى. ئاشلىق سېتىۋېلىش مەزگىلىدە، جايلاردىكى پارتىيە - ھۆكۈمەت
رەھبەرلىرى ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ، تەدبىر قوللىنىپ، سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئەمەللىيلەشتۈردى.
بايىنغولىن، قىزىلسۇ ئوبلاستلىرىغا قاراشلىق ناھىيىلەر يازلىق ئاشلىقنى سېتىۋېلىشتىن باشلاپلا، ئاشلىقنى
توختاملىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئاكتىپ ئورۇندىغان يېزا، كەنتلەرنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن
مۇكاپاتلاشنى يولغا قويدى. 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 5000 كىلوگرامدىن كۆپرەك
ئاشلىق ساتقان چوڭ ئائىلىدىن 240ى بارلىققا كەلدى، ئىلى ۋىلايىتى 219 نى ئىگىلىدى. 1988 - يىلى
مەملىكەت بويىچە ئاشلىق سېتىش نەمۇنىچىسى غۇلجا ناھىيىسىدىكى ئىبراھىم دانا ۋە ماناس ناھىيىسىدىكى

رىن مىڭدۇڭ 70 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق ساتتى. شۇ يىلى يازلىق ئاشلىق سېتىۋېلىش مەبلىغى قىس بولغاچقا، ئايرىم جايلاردا «ئاق ھۆججەت» بېرىش ئەھۋالى كۆرۈلدى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىقنى توختاملىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى 1.74% ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى. 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە بىڭتۇەندىكى 10 يېزا ئىگىلىك شىبىسى ئاشلىقنى توختاملىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى.

1990 ـ يىل ئەتىيازدا جايلار ئاشلىقنى توختاملىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرگەندە، كۆپ ساندىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلار 5% ئېھتىيات سان قوشۇپ تۆۋەنگە ئورۇنلاشتۇردى. 3 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «دادۇر سېتىۋېلىش ـ سېتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى، ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: 1989 ـ يىلى دادۇر كۆپرەك ئىشلەپچىقىرىلدى، ھازىرغىچە 10 مىڭ توننا دادۇر سېتىلىشنى كۈتۈپ تۇرماقتا، بېسىلىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئاشلىق تارماقلىرى ئەڭ يۇقىرى چەكلىمە باھا بويىچە ھەر كىلوگرامىنى 1.20 يۈەن ئىچىدە كەڭتاشا سېتىۋېلىشى كېرەك؛ ئىشلەپچىقارغۇچى ئورۇنلار ۋە دېھقانلارنىڭ ئۆز ئالدىغا شىنجاڭدىن چىقىرىپ سېتىشىغا، خۇسۇسىيلار، كوللېكتىپ سودا ئورۇنلىرىنىڭ دادۇر ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلارغا بېرىپ سېتىۋېلىشىغا يول قويۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى قىسمەن جايلاردىكى دېھقانلارنىڭ ئالدىنقى يىلدىكى بۇغداي، كۆممىقوناقنى 1990 ـ يىللىق توختاملىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىگە توغرىلىۋېلىشنى تەستىقلىدى. 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ئاشلىقنى توختاملىق سېتىۋېلىشتا ‹3نى چېتىشتۇرۇش› نى يۈرگۈزۈش چارىسىنى ياخشىلاش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى، ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: ئىلگىرى «3نى چېتىشتۇرۇش» ماددىي ئەشيالار ئالدىن تارقىتىپ بېرىلگەچكە، توختاملىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىمىغان قىسمەن دېھقان ئائىلىلىرى ئۇنىڭدىن ئوخشاشلا بەھرىمەن بولدى، ۋەزىپىنى ئورۇندىغان ۋە ئاشۇرۇپ ئورۇندىغانلارنىڭ ئاشقان قىسمىغا ماددىي ئەشيا بېرىلمىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ماددىي ئەشيالارنىڭ بىر قىسمى ئاز ساندىكى ئورۇن ۋە تارماقلار باشقا ئىشقا ئىشلىتىۋالدى. مۇشۇ مەسىلىلەرگە قارىتا، توختام ئىمزالىغاندا سىياسەتنى نەقلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى ھەر يىلى دېھقان ئائىلىلىرى ئاشلىق ساتقاندا، خىمىيىۋى ئوغۇت، دىزېل بىلەن چېتىشتۇرغاندا تەكشى باھا ۋە كېلىشىم باھا پەرق پۇلىنى ئاشلىق پۇلى بىلەن بىللە دېھقانلارغا نەق تارقىتىپ بېرىشكە، زاكاز پۇلى تارقىتىشنى ئۆسۈمىنى تارقىتىشقا ئۆزگەرتىش قارار قىلىندى. شۇ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر باھا ئىدارىسى، ئاشلىق ئىدارىسى ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، بۇغدايىنىڭ ئەڭ تۆۋەن قوغداش باھاسىنى دۆلەت بەلگىلىگەن نىسبەتلىك باھا ئاساسىدا 10% ئۆستۈرۈشنى، يەنى ھەر كىلوگرام 1ـ دەرىجىلىك بۇغداي باھاسى 0.62 يۈەن بولۇشىنى بەلگىلىدى. دېھقانلارنىڭ توختاملىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن كېيىنكى ئارتۇق ئاشلىقىنى ئاشلىق تارماقلىرى قوغداش باھاسى بويىچە كەڭتاشا سېتىۋالدى. 1989 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە ئاشلىق مىقدارى جەھەتتە تارىختا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلغانلىقى ۋە 1990 ـ يىلى يازلىق ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىنغانلىقى، ئىچكىرىدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ كېلىشىم باھادىكى گورۇچىنىڭ شىنجاڭغا كۆپلەپ كىرگۈزۈلۈشى نەتىجىسىدە، ئاپتونوم رايون بويىچە بازاردىكى ئاشلىق باھاسى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى. ئاپتونوم رايوندا كېلىشىم باھالىق ئاشلىقنى كۆپ يوللۇق تىجارەت قىلىشقا ۋە شىنجاڭدىن چىقىرىشقا يول قويۇلدى.

كۈزلۈك ئاشلىقنى ئامبارغا كىرگۈزۈشتىن باشلاپ، ئاپتونوم رايون گوۋۇيۈەننىڭ قارارىغا ئاساسەن ئاشلىقنى توختاملىق سېتىۋېلىشنى دۆلەت زاكاز قىلىشقا ئۆزگەرتتى. 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن «دۆلەت مەخسۇس تۈر بويىچە زاپاس ئاشلىق ساقلاش تۈزۈمى بەرپا قىلىش توغرىسىدا قارار» نى تارقاتتى. 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قېدىرباي قاتارلىقلار گوۋۇيۈەن ۋۇخەندە چاقىرغان مەملىكەتلىك مەخسۇس تۈر بويىچە زاپاس ئاشلىق ساقلاش يىغىنىغا قاتناشتى. 10 ـ ئاينىڭ 24ـ

كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايون بويىچە تېلېفون يىغىنى چاقىردى، يىغىندا قەيەربايى ئاپتونوم رايوننىڭ مەخسۇس تۈر زاپاس ئاشلىقى سېتىۋېلىش ئىشىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: گوۋۇيۈەن شىنجاڭغا چۈشۈرگەن دۆلەتنىڭ مەخسۇس تۈر زاپاس بۇغدىيى سېتىۋېلىش يېتەكچى پىلانى 350 مىليون كىلوگرام بولۇپ، بۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ؛ سېتىۋېلىنىدىغان بۇغداي زاكاز ۋەزىپىسى ئورۇندالغان ھەمدە نورمال ئېھتىياج ئۈچۈن يېتەرلىك قالدۇرۇلغاندىن كېيىنكى سۈپىتى دۆلەت ئۆلچىمىنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولغان شۇ يىللىق يېڭى ئاشلىق بولۇشى لازىم؛ مەخسۇس تۈر زاپاس بۇغدىينىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى 0.80 يۈەن (ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىنىڭ) بولىدۇ، بۇرۇن قوشۇمچە باھا بويىچە سېتىۋېلىنغان بۇغداينى باھا پەرقى تولۇقلاپ بېرىلگەندىن كېيىن مەخسۇس تۈر زاپاس بۇغدىيىغا ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن، گوۋۇيۈەن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىلتىماسى بويىچە 20 مىليون كىلوگراملىق مەخسۇس تۈر زاپاس گۈرۈچ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى كۆپەيتىپ بەردى. ئاپتونوم رايون مەخسۇس تۈر زاپاس گۈرۈچ سېتىۋېلىش باھاسى: مىجۈەن گۈرۈچىنىڭ ھەر كىلوگرامىنى 1.30 يۈەن، باشقا جايلاردا ئىشلەپچىقىرىلغان گۈرۈچنىڭ ھەر كىلوگرامىنى 1.20 يۈەن قىلىپ بەلگىلىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر باھا ئىدارىسى، ئاشلىق ئىدارىسى ئاپتونوم رايوندا بۇغداي، گۈرۈچنىڭ ئەڭ تۆۋەن قوغداش باھاسى يەنى مەخسۇس زاپاس ئاشلىق سېتىۋېلىش باھاسى بولىدۇ. كۆممىقوناقنىڭ ئەڭ تۆۋەن قوغداش باھاسى ھەر كىلوگرامىنىڭ 0.45 يۈەن بولىدۇ دەپ بەلگىلىدى. ئاشلىق يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 2 مىليارد 24 مىليون كىلوگرام تەكشى باھالىق ئاشلىق سېتىۋېلىنىپ، تارىختا يېڭى سەۋىيە يارىتىلىپ، ئەڭ يۇقىرى بولغان 1987 - يىلدىكىدىن 42.79% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە توختاملىق ئاشلىق 1 مىليارد 256 مىليون كىلوگرام، مەخسۇس تۈر زاپاس ئاشلىقى 768 مىليون كىلوگرام، سېتىۋېلىنغان ئومۇمىي ئاشلىق ئىچىدە بۇغداي 80.18%نى، كۆممىقوناق 15.13%نى، گۈرۈچ 4.51%نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە سېتىۋېلىش نىسبىتى چوڭ بولغان ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىن ئىلى ۋىلايىتىنىڭ 26.24%نى، سانجى ئوبلاستىنىڭ 15.55%نى، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ 12.94%نى، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ 9.96%نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە سېتىۋېلىشتىن كېيىن يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن قالدۇق ئاشلىق 447 كىلوگرام بولدى (جەدۋەل: 1 — 29، 1 — 30 لارغا قارالسۇن).

## شىنجاڭ بويىچە 1985 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە ئاشلىق مەھسۇلاتى، دۆلەت سېتىۋالغىنى ۋە سېتىۋېلىشتىن كېيىن يېزىلاردا كىشى بېشىغا قالدۇرۇلغان ئاشلىق

جەدۋەل: 1 — 29

بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| تۈرى / ئاشلىق يىلى | نوپۇسى (تۈمەن ئادەم) | | ھوسۇلى | | دۆلەت سېتىۋالغىنى | | | سېتىۋېلىشتىن كېيىن يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن قالدۇق ئاشلىق (كىلوگرام) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئومۇمىي نوپۇسى | بۇنىڭدىن: يېزا ئىگىلىك نوپۇسى | مىقدارى | ئومۇمىي نوپۇس بويىچە كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە (كىلوگرام) | مىقدارى: جەمئىي | مىقدارى: بۇنىڭدىن: بىڭتۇەن سىستېمىسى | تاۋارلىشىش نىسبىتى (%) | |
| 1985 | 1361.14 | 989.68 | 496649 | 365 | 137440 | 35127 | 27.67 | 368 |
| 1986 | 1383.64 | 999.47 | 544708 | 394 | 140425 | 37215 | 25.78 | 404 |
| 1987 | 1406.33 | 1012.48 | 584306 | 415 | 141787 | 35489 | 24.27 | 437 |
| 1988 | 1426.42 | 1016.23 | 606193 | 425 | 132754 | 31320 | 21.90 | 466 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 479 | 21.05 | 32700 | 131139 | 428 | 623079 | 1027.70 | 1454.16 | 1989 |
| 447 | 29.91 | 53542 | 202461 | 452 | 676895 | 1062.24 | 1498.72 | 1990 |

ئىزاھ: 1. 1985 ـ يىلى دۆلەتنىڭ سېتىۋالغىنى 1983 ـ يىلدىكى كېلىشىم باھادىن تەكشى باھاغا ئايلاندۇرۇلغان 48 مىليون كىلوگرامنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەمما سېتىۋېلىشتىن كېيىنكى يىللاردا كىشى بېشىغا توغرا كەلگىنى ھېسابتىن چىقىرىۋېتىلدى.

2. ئەسلىدىكى پاختا، شېكەرگە مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلگەن ئاشلىق دۆلەت سېتىۋالغان ئاشلىقتىن چىقىرىۋېتىلدى، 1985 ـ يىلى 44 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام، 1986 ـ يىلى 3 مىليون كىلوگرام بولدى.

## 1985 — 1990 ـ يىلغىچە شىنجاڭدا رايونلار بويىچە ئاشلىق سېتىۋېلىنىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 1 — 30

بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| 1990 | 1989 | 1988 | 1987 | 1986 | 1985 | ئاشلىق يىلى / نامى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 202461 | 131139 | 132754 | 141787 | 140425 | 137440 | جەمئىي | ئاپتونوم رايون بويىچە |
| 162327 | 107603 | 102454 | 111167 | 112250 | 111807 | بۇغداي | |
| 9138 | 3870 | 3873 | 3598 | 3175 | 3892 | گۈرۈچ | |
| 73 | 93 | 86 | 173 | 418 | 232 | دادۇر | |
| 30923 | 19573 | 26341 | 26849 | 24582 | 21509 | قارا ئاشلىق | |
| 30632 | 19321 | 25898 | 26419 | 23529 | 21226 | بۇنىڭدىن: كۆممىقوناق | |
| 1755 | 667 | 930 | 955 | 944 | 1135 | ئۈرۈمچى شەھىرى | |
| 55 | 40 | 61 | 74 | 66 | 59 | قاراماي شەھىرى | |
| 378 | 304 | 327 | 360 | 162 | 249 | تۇرپان ۋىلايىتى | |
| 4617 | 1722 | 2657 | 2711 | 2453 | 2261 | قۇمۇل ۋىلايىتى | |
| 31482 | 20334 | 22584 | 22382 | 19447 | 22615 | سانجى ئوبلاستى | |
| 7443 | 5182 | 3978 | 4979 | 5340 | 5328 | شىخەنزە شەھىرى | |
| 898 | 535 | 519 | 579 | 746 | 560 | ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلار | |
| 53128 | 31682 | 30391 | 37345 | 32014 | 29431 | ئىلى ۋىلايىتى | |
| 26206 | 16500 | 18533 | 17854 | 19438 | 18322 | تارباغاتاي ۋىلايىتى | |
| 9817 | 6566 | 6762 | 7208 | 6229 | 5756 | ئالتاي ۋىلايىتى | |
| 8661 | 5193 | 4829 | 5223 | 6452 | 4429 | بورتالا ئوبلاستى | |
| 11178 | 9072 | 8256 | 8652 | 9608 | 9033 | بايىنغولىن ئوبلاستى | |
| 20168 | 13182 | 13712 | 13735 | 14744 | 14026 | ئاقسۇ ۋىلايىتى | |
| 1465 | 1154 | 1088 | 1216 | 1488 | 1198 | قىزىلسۇ ئوبلاستى | |
| 18893 | 14520 | 13667 | 13727 | 15700 | 17075 | قەشقەر ۋىلايىتى | |
| 6317 | 4486 | 4460 | 4787 | 5594 | 5963 | خوتەن ۋىلايىتى | |

# IV باب

# ياغ سېتىۋېلىش

## 1 § . يېمەكلىك ئۈسۈملۈك يېغى

شىنجاڭدا يېمەكلىك يېغى سېتىۋېلىش تارىخى ئۇزۇن، ئاق سۇلالىسى گۈللەنگەن دەۋرلەردىلا قۇچۇ بازارلىرىدا ياغلىق دان تىجارىتى بارلىققا كەلگەنىدى. كېيىنكى سۇلالىلەردە يېزا ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە ئاھالىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ياغلىق دان سېتىۋالىدىغان سېتىقچى ۋە جوۋازخانىلار پەيدىنپەي كۆپەيدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 26 ـ يىلى (1761 ـ يىلى) كۇچا قاتارلىق جايلاردا سىناق تەرىقىسىدە زىغىر تېرىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى، شۇنىڭ بىلەن زىغىردىن ياغ تارتىش ۋە زىغىر سودىسى باشلاندى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىنگونىڭ باشلىرىدا ئۈرۈمچىدە ياغ سېتىۋالىدىغان سودىگەر، سېتىقچى ۋە ياغلىق دان سېتىۋالىدىغان جوۋازخانىلار بارلىققا كەلدى. «جۇڭگونىڭ قاتناش ـ پوچتا ـ ئالاقە، يەرلىك مەھسۇلاتلىرى تەزكىرىسى»دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، مىنگونىڭ 25 ـ يىلى (1936 ـ يىلى) شىنجاڭدىكى 20 ناھىيىدىن شىخو، باركۆل، قۇمۇل، قاراشەھەر قاتارلىق جايلاردا ياغ سودىسى قىلىشنى ئاساس قىلغان چوڭراق تىجارەتچىدىن 5ى بولغان (جەدۋەل: 1 — 31گە قاراڭ). مىنگونىڭ 30 ـ يىلى (1941 ـ يىلى) كۇچا ناھىيە بازىرىدىكى 4 بازارنىڭ ھەممىسىدە ياغ بازىرى ئېچىلىپ، ياغ سودىسى قىلىنغان، 108 جوۋازخانا بولغان، ياغلىق دان سېتىۋېلىنىپ، ياغ تارتىلغاندىن كېيىن جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭلاردا سېتىلغان.

**مىنگونىڭ 25 ـ يىلى (1936 ـ يىلى) شىنجاڭدىكى پوچتا ئالاقىسى يولغا قويۇلغان رايوندىكى ياغ دۇكىنىغا دائىر مەلۇمات**

جەدۋەل: 1 — 31

| تۈرى / جاي نامى | تۈرى | دۇكان نامى | كەسپى | ئادرېسى |
|---|---|---|---|---|
| شىخو | دېھقانچىلىق مەھسۇلاتى | ۋېنشىڭخې | ياغ، شېكەر، سىلىچمال | بازارنىڭ شىمالىدا |
| شىخو | دېھقانچىلىق مەھسۇلاتى | شياڭشۇنلى | ياغ، تۇز، جياڭيۇ | بازارنىڭ شىمالىدا |
| باركۆل | دېھقانچىلىق مەھسۇلاتى | كۇيشۇنخې | ياغ، تۇز، جياڭيۇ | ئۇدۇل كوچىدا |
| قۇمۇل | دېھقانچىلىق مەھسۇلاتى | تيەنچېڭدې | ياغ، تۇز، سىلىچمال | دېشىڭ كوچىسىدا |
| قاراشەھەر | دېھقانچىلىق مەھسۇلاتى | فۇشىڭجۇ | ياغ، شېكەر، سىلىچمال | ئالدى چوڭ كوچىدا |

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ياغلىق دان، ياغلارنى يەنىلا خۇسۇسىي ياغ سودىگەرلىرى، جۇۋازخانىلار خالىغانچە سېتىۋالاتتى. 1950 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا نازارىتى سودا شىركىتى ۋە ئۇنىڭ جايلاردىكى تارماق ئورگانلىرى قوشۇمچە ياغلىق دان، ياغ سودىسىنى باشلىدى. سېتىۋېلىش شەكلىدە سېتىۋالغۇچى ئورۇنلار بازارغا بېرىپ سېتىۋېلىش، دۇكاندا سېتىۋېلىش، كۆچمە گۇرۇپپىلارنى يېزىلارغا ئەۋەتىپ، ئۇدۇللۇق سېتىۋېلىپ، ئودۇللۇق سېتىش ياكى مالنى ياغقا تېگىشىش، زاكاز توختامى ئىمزالاش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاشلىق تارماقلىرى ئاساسىي قاتلام ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىغا ھاۋالە قىلىندى ياكى خۇسۇسىي ياغ سودىگەرلىرىدىن سېتىۋېلىندى. بۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى كېرەكلىك ياغنى تولۇقلاش ئۈچۈن، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى، ئۇنىڭ جايلاردىكى شۆبىسى ۋە تارماق كوپېراتىپلىرى ئارقىلىق دېھقان ئائىلىلىرى بىلەن زاكاز توختامى ئىمزالاش، زاكاز پۇلى بېرىش ئارقىلىق سېتىۋالدى.

1951 — 1953 ـ يىلغىچە، ئۆلكىلىك سودا نازارىتى سودا شىركىتى سىستېمىسى ۋە ئۇنىڭ جايلاردىكى ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلىرى سېتىۋالغان ياغ ۋە ياغقا سۇندۇرۇلغان دان 3 مىليون 760 مىڭ كىلوگرام بولدى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپىنىڭ جىمسار ناھىيىسى سەنتەي شۆبىسىلا 1950 — 1952 ـ يىللىرى ھەر يىلى 47 مىڭ 500 كىلوگرامدىن 57 مىڭ كىلوگرامغىچە، 1953 ـ يىلى 22 مىڭ كىلوگرام ياغلىق دان سېتىۋالدى.

1954 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە ياغلىق داننى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش يولغا قويۇلدى. شىنجاڭدا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ياغ مىقدارى (ياغلىق دان، چىگىت يېغىغا سۇندۇرۇلدى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) مەملىكەتنىڭكىدىن %57 يۇقىرى بولغاچقا، ۋاقتىنچە بىر تۇتاش سېتىۋېلىش يولغا قويۇلمىدى. ئېرىلغۇ كۆلىمى مۇۋاپىق كېڭەيتىلگەندىن باشقا، ياغلىق دان، ياغ سېتىۋېلىش ۋە بازار باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. شۇ يىلى 7 ـ ئايدا ئۆلكىلىك سودا نازارىتى ئۆلكە بويىچە 46 مىليون 720 مىڭ كىلوگرام (ياغقا سۇندۇرۇلغىنى 11 مىليون 830 مىڭ كىلوگرام) ياغلىق دان سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە سېتىۋېلىنغىنىنىڭ ئومۇمىي ھوسۇلدا ئىگىلەيدىغان نىسبىتىنى ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش رايونىنىڭكى %80، 2 ـ دەرىجىلىك ئىشلەپچىقىرىش رايونىنىڭكى %70 تىن تۆۋەن بولماسلىق، ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىدىغان دېھقان ئائىلىرىنىڭكى %72 بولۇشى كېرەك (قالغان %28 ى ئورۇقلۇققا ۋە ئۆزى ئىستېمال قىلىشقا قالدۇرۇلدى) دەپ بەلگىلىدى. سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە دەرىجىمۇ دەرىجە ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىدىغان ناھىيىلەرگە تەقسىملەندى. ناھىيىلەر تۆۋەنگە تەقسىم قىلماي، دېھقان ئائىلىلىرىنى ئىختىيارىي سېتىپ بېرىشكە سەپەرۋەر قىلدى. 10 ـ ئايدا جۇڭگو ياغ شىركىتى شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى قۇرۇلۇپ، ئۆلكە بويىچە ياغلىق دان، ياغ سېتىۋېلىشقا مەسئۇل بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۈرۈمچى، ئىلى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىدە شۆبە شىركەتلەر ۋە قىسمەن ناھىيىلەردە تارماق شىركەتلەر قۇرۇلۇپ، شۇ جاينىڭ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ياغ ئورگىنى تەسىس قىلىنمىغان جايلاردا يەنىلا سودا شىركىتىنىڭ شۆبە، تارماق شىركەتلىرى مەسئۇل بولدى ياكى ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلار ۋە ئاشلىق شىركەتلىرىنىڭ ۋاكالىتەن سېتىۋېلىشىغا ھاۋالە قىلىندى. سېتىۋېلىش پەسلىدە، ئۆلكىلىك ياغ شىركىتى 2 قېتىمدا 35 كادىر (قېتىم) نى ئاقسۇ، ئىلى، ئۈرۈمچى قاتارلىق نۇقتىلىق جايلارغا ئەۋەتىپ، سېتىۋېلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى. ج ك پ باي ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ ۋەزىپىنى ئۆزى بىۋاسىتە ئورۇنلاشتۇردى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلار بىلەن كوپېراتىپلارنىڭ سېتىۋېلىش دائىرىسى ئايرىۋېتىلدى، دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ياغ قالدۇرۇش (تېگىشىش) ئىشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ناھىيە، رايون، يېزىلاردىكى ئورگان كادىرلىرى بازار كۈنى سېتىۋېلىشقا ياردەملىشىشكە سەپەرۋەر قىلىندى. ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بازار باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 11 ـ ئايدا «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ياغ، ياغلىق دان بازىرىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارىسى (لايىھىسى)» نى ئېلان

قىلدى، ئۇنىڭدا مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: قىچا، زىغىر، كۈنجۈت، ئاپتاپپەرەس، چىگىت ۋە ئۇلاردىن تارتىلغان ياغ بازار باشقۇرۇش تورىغا كىرىدۇ. ئۇلارنى دۆلەت ياغ شىركىتى ياكى بۇ شىركەت ھاۋالە قىلغان ئورۇن سېتىۋالىدۇ، بارلىق خۇسۇسىي ياغ دۇكانلىرى (كەسىپ ئاتلاپ قوشۇمچە ياغ سودىسى قىلىدىغان دۇكانلار) نىڭ ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، يىل بويى تىجارەت قىلىدىغان ياغ زاۋۇتى، جۇۋازخانىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ياغلىق دان سېتىۋېلىپ ياغ تارتىپ سېتىشىغا يول قويۇلمايدۇ. دېھقانلارنىڭ دۆلەتنىڭ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن ئېشىپ قالغان ياغلىق دانلىرىنى يېزىلاردا ئۆزئارا ئۆتنە - يېرىم قىلىشقا ياكى ياغ تارتقۇزۇشىغا يول قويۇلىدۇ. شۇ مەزگىلدە ئېلان قىلىنغان «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئاشلىق سودا بازىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى»دە ياغلىق دان سودىسىنى بازاردا قىلىش كېرەك، ئۇنى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شىركەتلەر بىر تۇتاش سېتىۋالىدۇ، باشقا ئورۇنلار ۋە خۇسۇسىي سودا ئورۇنلىرىنىڭ بازاردىن سېتىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، دەپ بەلگىلەندى. شۇ يىلى ئۆلكە بويىچە ياغلىق دان تېرىلغۇ كۆلىمى كېڭەيتىلدى، ياغ 31.19% ئاشتى. ئۆلكىلىك ياغ شىركىتى ۋە ئۇنىڭ ھاۋالە قىلىپ ۋاكالىتەن سېتىۋېلىش ئورۇنلىرى سېتىۋالغان ياغ (ياغ، ياغلىق دان، چىگىت ياغقا سۇندۇرۇپ ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئالدىنقى يىلدىكىدىن 212.84% كۆپەيدى. لېكىن، بەزى جايلاردا جۇۋازخانىنى پىچەتلەش، خۇسۇسىي سودىگەرلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئۆز ئالدىغا بىر تۇتاش سېتىۋېلىشتەك ئەھۋاللار يۈز بەرگەچكە، دېھقانلارغا قالدۇرغان ياغلىق دان بەك ئاز بولۇش، يېزىلاردا ياغ قىس بولۇش مەسىلىسى كېلىپ چىقتى.

ياغلىق دان، ياغ سېتىۋېلىش داۋامىدا كۆرۈلگەن بىر تۇتاش سېتىۋېلىش خاھىشىنى ۋە دېھقانلارغا قالدۇرۇلغان ياغلىق دان بەك ئاز بولۇش مەسىلىسىنى تۈزىتىش ئۈچۈن، 1955 - يىل 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم «ياغلىق دان، ياغ تىجارىتى خىزمىتىنى ياخشىلاش توغرىسىدا يوليورۇق» چىقاردى، ئۇنىڭدا مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: ياغ تىجارىتىدە پىلانلىق سېتىۋېلىش يولغا قويۇلماي، مەھسۇلات نىسبىتى بويىچە دەرىجىمۇ دەرىجە ۋەزىپىنى تەقسىم قىلىش، دېھقانلارنى سەپەرۋەر قىلىش ۋە تەربىيىلەش، بازار باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، بازار ئارقىلىق سېتىۋېلىش چارىسى قوللىنىلىدۇ. يىللىق سېتىۋېلىش پىلانى شەھەر، سانائەت رايونى ۋە قىسىملارنىڭ ئىشلىتىدىغان يېغىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىش، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئارتۇق-كېمىنى مۇۋاپىق تەڭشەش، قىسمەن ياغلىق دانىنى ئېكسپورت قىلىش، دېھقانلارغا قالدۇرۇش جەھەتتە كەڭرەك بولۇش پرىنسىپى بويىچە بېكىتىلىدۇ. 1955 - يىلى سېتىۋالغىنى ئومۇمىي ھوسۇلدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 89%كە، 1956 - يىللىق نىسبىتى 56%كە كېمەيتىلدى. بۇنىڭدىن مەھسۇلات مىقدارى كۆپ، سېتىۋېلىش نىسبىتى يۇقىرى بولغان ئاقسۇ، يەكەن، ئۈرۈمچى ۋىلايەتلىرى ۋە ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيىلەرنىڭ 75% ئۆپچۆرىسىگە يەتسە بولىدۇ، مەھسۇلات مىقدارى ئاز، تارقاق، سېتىۋېلىش نىسبىتى تۆۋەن جايلاردا ئادەتتە 30% ئۆپچۆرىسىدە بولىدۇ. ياغلىق دان ئېشىنچىسى يوق جايلاردا سېتىۋېلىنمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خاسىڭ قۇرۇق مېۋە - چېۋە ئورنىدا سېتىلىدىغان، چىگىت ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رايوندىلا ئۇقتىلىق سېتىۋېلىنىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. سېتىۋېلىش مەزگىلىدە بازارغا كىرگۈزۈلمىدى، دۆلەتنىڭ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ئورۇندالغاندىن كېيىن، دېھقانلارنىڭ بازارغا ئاپىرىپ ئىختىيارىي سودىلىشىشىغا رۇخسەت قىلىندى، ئەمما خۇسۇسىي ياغ سودىگەرلىرىنىڭ توشۇپ سېتىشىغا يول قويۇلمىدى. 1956 - يىل 8 - ئايدا ياغ كەسپى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلگەندىن كېيىن، ياغ ئورگىنى بار جايلاردا ياغ تارماقلىرى سېتىۋېلىشقا مەسئۇل بولدى؛ ياغ ئورگىنى يوق جايلاردا ئاشلىق تارماقلىرى سېتىۋېلىشقا مەسئۇل بولدى؛ ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ كۈچى يەتمىسە ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلارنىڭ ۋاكالىتەن سېتىۋېلىشىغا ھاۋالە قىلىندى. ياغلىق دان ھوسۇلى ئاشقانلىقى، سېتىۋېلىش سىياسىتى مۇۋاپىق بولغانلىقى ئۈچۈن، دۆلەت سېتىۋالغان ياغ 1955 - يىلى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 56.41%، 1956 - يىلى 1955 -

يىلدىكىدىن 12.41% ئاشتى. سېتىۋېلىشتىن كېيىن يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن قالدۇق ياغ 1955 ـ يىلى 3.2 كىلوگرام، 1956 ـ يىلى 3.3 كىلوگرام بولۇپ، 1954 ـ يىلدىكى سەۋىيىدىن يۇقىرى بولدى.

يېزا ئىگىلىكى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىش بىلەن تەقسىمات جەھەتتىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، 1957 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىشنى يولغا قويۇش بىلەن بىللە، ياغلىق داننىمۇ بىر تۇتاش سېتىۋېلىشنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. بۇنىڭغا ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق نازارىتى مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: ياغلىق دان سېتىۋېلىش خىزمىتى ئاشلىقتىن پارىق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش خىزمىتى بىلەن بىللە بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، بىر تۇتاش تەشۋىق قىلىنىدۇ ۋە بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىدۇ؛ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىدىغان تۈرلەر زىغىر، قىچا، ئاپتاپپەرەس، زاراڭزىدىن ئىبارەت، ئائىلە ئاساس، كوپېراتىپ بىرلىك قىلىنىپ، ئارتۇق ـ كېمىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ سېتىۋېلىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. ياغلىق دان ئومۇمىي ھوسۇلىدىن «ئىككى قالدۇرۇق» (ئۇرۇقلۇق ۋە ئوزۇقلۇق ياغ) چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن، قالغىنىنىڭ ھەممىسىنى دۆلەت سېتىۋالىدۇ. كېيىنى كىنىشكا بويىچە دۆلەت تەمىنلەيدۇ. يېزىلارنىڭ «ئىككى قالدۇرۇق» ئۆلچىمى ناھىيە بىرلىك قىلىنىپ شۇ جاينىڭ ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش ئەھۋالى، يىللاردىكى ئىستېمال سەۋىيىسى ۋە كۆپ ئىشلەپچىقارغانلارغا كۆپ قالدۇرۇش، ئاز ئىشلەپچىقارغانلارغا ئاز قالدۇرۇش پرىنسىپى بويىچە تەكشۈرۈپ بېكىتىلىدۇ. چارۋىچىلار ئىشلەپچىقارغان ياغلىق دان ۋە ياغ تارتىش ئىقتىدارى بولمىغان دېھقانچىلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ ياغلىق دانلىرىدىن ئۇرۇقلۇق قالدۇرۇلغاندىن كېيىن قالغىنىنىڭ ھەممىسىنى دۆلەت سېتىۋېلىپ، ئاندىن ئوزۇقلۇق ياغ ھېسابىدا قايتۇرۇپ بېرىدۇ. يەككە دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ياغلىق دانلىرى ئائىلە بويىچە ھېسابلىنىدۇ ۋە سېتىلىدۇ. كوپېراتىپ بىرلىك قىلىنىپ ئارتۇق ـ كېمى تەڭپۇڭلاشتۇرۇلمايدىغان جايلار يەنىلا ئالدىنقى يىلدىكى ئۇسۇل بويىچە سېتىۋالىدۇ. ئەركىن بازار ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، خۇسۇسىي ياغ سودىگەرلىرى بىكار قىلىنىدۇ. دېھقانچىلىق كوپېراتىپلىرى (دېھقان ئائىلىلىرى) ئارتۇق ياغلىرىنى دۆلەتكىلا سېتىپ بېرىدۇ. ياغ مەنبەسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، بىر تۇتاش سېتىۋېلىش يولغا قويۇلمىغان چېگىت پىلان بويىچە ھەم ياغ تارتىش ئىقتىدارىغا قاراپ سېتىۋېلىنىدۇ، قوغۇن ئۇرۇقى ۋە ياۋا ياغلىق دانلارنى ياغ تارتىش شارائىتى بار جايلار تەكشۈرۈپ سىناق تەرىقىسىدە ياغ تارتىپ قىممىتى بارلىقى بايقالسا پائال سېتىۋالسا بولىدۇ. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ياغلىق دان ئاز تېرىلغان ھەم ئاپەتكە ئۇچراپ ھوسۇل كېمىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما دۆلەت سېتىۋالغىنى ئالدىنقى يىلدىكىدىن يەنىلا كۆپ بولدى. سېتىۋېلىنغان ئومۇمىي ياغلىق دان ئىچىدە زىغىر 56.73%نى، قىچا 30.90%نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە سېتىۋېلىش نىسبىتى چوڭراق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىن قەشقەرنىڭ 22.45%، ئاقسۇنىڭ 19.85%، ئىلىنىڭ 19.72% بولدى.

1958 — 1960 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايون ياغ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ياخشىلاپ، ياغلىق داننى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش چارىسىنى مۇكەممەللەشتۈردى. ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇۋاپىق تەقسىماتقا كاپالەتلىك قىلىش، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ياغ باشقۇرۇش ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، 1958 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق، ھەر قايسى ۋىلايەتلىك (ئاپتونوم ئوبلاستلىق)، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەرگە ياغلىق دان سېتىۋېلىش ـ سېتىشقا دائىر پەرقلىق سانىنى ھۆددىگەرلىك باشقۇرۇشنى يولغا قويدى. ياغلىق دان سېتىۋېلىش، ياغ سېتىش ۋە پەرقلىق سان كۆرسەتكۈچى دەرىجىمۇ دەرىجە ناھىيىلەرگە چۈشۈرۈلدى، ناھىيىلەر رايون، يېزا، كوپېراتىپلارغا ياغلىق دان سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى تەقسىم قىلىپ بەردى (يېزىلاردا ياغ بىر تۇتاش سېتىلمىدى) ھەمدە شۇ جايدىكى ئاشلىق پونكىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرى بىلەن سېتىۋېلىش توختامى ئىمزالىشىنى ئۇيۇشتۇردى، يەككە

دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ياغلىق دانىنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى يېزىلىق ھۆكۈمەت شۇ جايدىكى يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپىنىڭ نۆۋەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ھوسۇلنى ئاشۇرۇش يوشۇرۇن كۈچىگە قاراپ ئائىلىلەرگە مۇۋاپىق تەقسىم قىلىشىغا ھاۋالە قىلدى. ئوبلاست، ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ ئاپتونوم رايون ھۆددىگە بەرگەن پەرقلىق سانىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن، ئېشىپ قالغان قىسمى دەرىجە بويىچە پىرسەنت ئايرىپ قالدۇرۇلۇپ ئىشلىتىلدى. دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىسى، يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىسى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش دېھقانچىلىق مەيدانى، ج خ دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ئىشلەپچىقارغان ياغلىق داندىن ئۇرۇقلۇق ۋە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوزۇقلۇق يېغى (ئومۇمەن شۇ جايدىكى دېھقانلارنىڭ ئۆلچىمىدىن يۇقىرى بولۇشى لازىم) تۇتۇپ قېلىنغاندىن كېيىن ئېشىپ قالغان قىسمىنىڭ ھەممىسى دۆلەتكە سېتىپ بېرىلدى (1960 - يىلى مەيدان - فېرمىلارنىڭ ياغلىق دان سېتىۋېلىش چارىسىنى شۇ جايدىكى پارتكوم، خەلق كومىتېتى بەلگىلەيدىغان بولدى)، مەيدان ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق يېغىنى ئاشلىق تارماقلىرى بەلگىلىگەن ئۆلچەم بويىچە كىنىشكىلىك تەمىنلىدى. بىڭتۈەن ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر خىل قالدۇرۇش مىقدارى ئۆلچىمىدىن پايدىلىنىپ بىر تۇتاش تەڭپۇڭلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايوندىن يىللىق سېتىۋېلىش پىلانى چۈشۈرۈپ بېرىلدى. 1959 - يىلى دېھقانلارنىڭ يېتەرلىك ياغ قالدۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ۋەزىپە مۇۋاپىق بولماسلىقتىن ساقلىنىش، دۆلەتنىڭ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا پايدىلىق بولۇش ئۈچۈن، ياغلىق دان ھوسۇلىغا قاراپ سېتىۋېلىنىدىغان بولدى، يەنى ئىشلەپچىقىرىش مەركەزلەشكەن رايونلاردا ئومۇمىي ھوسۇلنىڭ %85ى، ئادەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدا %30 ~ %50ى، ھوسۇل ئازراق بولغان رايوندا %10 ~ %20ى سېتىۋېلىندى. 1960 - يىلى تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى پەسەيتىش، ياغ مەنبەسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون چىگىت، كۈنجۈت، كەندىر ۋە خاسگۈللارنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىدىغان ماددىي ئەشيا قاتارىغا كىرگۈزدى. گۇڭشې، دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىلىرى (بىڭتۈەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) نىڭ چىگىتىدىن ئۇرۇقلۇق قالدۇرغاندىن كېيىن قالغىنىنىڭ ھەممىسى دۆلەت ئاشلىق تارماقلىرىغا سېتىپ بېرىلدى؛ سودا - تەمىنات، سودا تارماقلىرى سېتىۋالغان چىگىتلىك پاختىنىڭ چىگىتى ئۇدۇللۇق ئايرىلىپ ئاشلىق تارماقلىرىغا ئۇدۇللۇق سېتىپ بېرىلدى؛ ئايرىم گۇڭشېلار ئۆز ئالدىغا چىگىت ئايرىپ چىگىتنى يەم - خەشەك قىلىشقا توغرا كەلگەندە، يېغىنى سېتىۋالدى ياكى چىگىتنى سېتىۋېلىپ كۈنجۈرىسىنى قايتۇرۇپ بەردى. شەھەر - يېزىلاردىكى ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ ئاپتاپپەرەس، زاراڭزا قاتارلىق ئۇششاق ياغلىق دانلارنى تېرىشى ۋە سېتىشىغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن، ئۇلار سېتىپ بېرىلگەن مىقدارىغا قاراپ %3 ~ %5كىچە ياغ بىلەن مۇكاپاتلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق، سودا، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سەھىيە، يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىشىپ ئاممىنى ياۋا ياغلىق دان يىغىشقا چاقىردى. ياۋا ياغلىق دان بايلىقى مەنبەسى ئاز بولغاچقا، ئايرىم جايلاردىلا ئاز مىقداردا يىغىۋېلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە ياغ مەھسۇلاتى 1958 - يىلى ئالدىنقى يىلدىكىدىن %24.75، 1959 - يىلى 1958 - يىلدىكىدىن %17.04 ئاشتى؛ دۆلەت سېتىۋالغىنى 1958 - يىلى ئالدىنقى يىلدىكىدىن %7.32، 1959 - يىلى 1958 - يىلدىكىدىن %43.25 ئېشىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى يېڭى سەۋىيە يارىتىلدى. 1960 - يىلى ئېغىر تەبىئىي ئاپەت بولۇپ، ئومۇمىي ھوسۇل %26.66 تۆۋەنلەپ كەتتى، دۆلەت سېتىۋالغىنى %34.64 كېمەيدى، شۇنىڭ بىلەن، شۇ يىلى ياغ كىرىم، چىقىمىدا 1 مىليون 110 مىڭ كىلوگراملىق تەتۈر پەرق كۆرۈلدى.

1961 - يىلى ئاپتونوم رايون ياغ سېتىۋېلىش - قالدۇرۇش نىسبىتىنى يېڭىۋاشتىن بەلگىلىدى، ياغلىق دان سېتىۋېلىشتا سانائەت بۇيۇمىنى مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىش چارىسىنى يولغا قويدى، ئىشلەپچىقىرىش

ئەترەتلىرىنىڭ ئېشىپ قالغان ياغلىق دېنى ۋە دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ قالدۇرۇق يېغىنى بىر تەرەپ قىلىش بەلگىلىمىسىنى كەڭ قويۇۋەتتى. 8 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتىنى تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى»نى چىقىرىپ، ياغلىق داننى جۇملىدىن قىچا، زىغىر، چىگىت، ئاپتاپپەرەس، كۈنجۈت، زاراڭزا ۋە ئۇلاردىن تارتىلغان ياغلارنى 2 ـ تۈردىكى مال قاتارىغا كىرگۈزدى. بۇ مەھسۇلاتلاردىن دۆلەت گۆڭشى، ئەترەتلەرگە ۋە گۆڭشى ئەزالىرىغا قالدۇرغان قىسمىنى، گۆڭشى ئەزالىرىنىڭ قالدۇرۇق يەردىن ئىشلەپچىقارغان قىسمىنى ئۆز ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرۇشقا، يېزا بازىرىدا سېتىشقا بولىدۇ. (12 ـ ئايدا يەنە 1 ـ تۈردىكى مال قاتارىغا كىرگۈزۈلدى). 9 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم «ئاشلىق نازارىتى شۆبە پارتكورۇپپىسىنىڭ 1961 ـ يىللىق ياغ سېتىۋېلىش ـ سېتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا پىكىر»نى تەستىقلاپ تارقاتتى. مۇھىم نۇقتىلىرى: (1) ياغلىق دان سېتىۋېلىشتا، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى بىرلىك قىلىنىدۇ، شۇ يىللىق ھوسۇلنى ھۆددە ئېلىش كۆرسەتكۈچى (بوش يەر ۋە قالدۇرۇق يەردىن ئېلىنغان ھوسۇل بۇنىڭ سىرتىدا) دىن ئۇرۇقلۇق ۋە ئوزۇقلۇق يېغى قالدۇرۇلغاندىن كېيىن قالغىنىنىڭ %90 ~ %95نى دۆلەت سېتىۋالىدۇ. ياغ تارتىش ئۈسكۈنىسى بار گۆڭشى، ئەترەتلەرنىڭ يېغى سېتىۋېلىنىدۇ، ياغ تارتىش ئۈسكۈنىسى يوق گۆڭشى ئەترەتلەردىن ياغلىق دان سېتىۋېلىنىدۇ ھەم ئۇلارغا %70 كۈنجارە قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە مەھسۇلات مىقدارىدىن ئۇرۇقلۇق قالدۇرۇلغاندىن كېيىن ئوزۇقلۇق يېغى ئۆلچەمگە يەتمىگەنلەردىن سېتىۋېلىنمايدۇ ۋە قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىلمەيدۇ. (2) يېزىلاردىكى يىللىق ئوزۇقلۇق ياغ ئۆلچىمى ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرىچە 1.5 كىلوگرامدىن 2 كىلوگرامغىچە بولىدۇ (ياغلىق دانغا سۇندۇرغاندا، زىغىر ياكى قىچا 4 ~ 5 كىلوگرام، چىگىت 15 ~ 20 كىلوگرام، باشقا تۈرلەرنى ئادەتتىكى ياغ چىقىش نىسبىتى بويىچە جايلار ئۆز ئالدىغا سۇندۇرسا بولىدۇ). جايلارنىڭ ئۆلچىمى «كۆپ ئىشلەپچىقارسا كۆپ قالدۇرۇش، ئاز ئىشلەپچىقارسا ئاز قالدۇرۇش»، «مەركەزلىك ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رايونلاردا يۇقىرىراق، مەركەزلىك ئىشلەپچىقىرىلمايدىغان رايونلاردا تۆۋەنرەك» بولۇش روھى بويىچە شۇ جاينىڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ تەمىنات ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ بەلگىلىنىدۇ. گۆڭشى ئەزالىرىنىڭ ئوزۇقلۇق يېغى ئائىلىلەرگىچە تەقسىم قىلىنىدۇ. ئۇرۇقلۇق قالدۇرۇش ئۆلچىمى زىغىر ياكى قىچا مو بېشىغا 1 ~ 1.5 كىلوگرام، چىگىت 8 ~ 10 كىلوگرام بولىدۇ، كەندىر ئۇرۇقى ۋە ئاپتاپپەرەس ئەمەلىي ئېھتىياج بويىچە تولۇق قالدۇرۇلىدۇ. (3) ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى دۆلەتنىڭ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن ئېشىپ قالغان ياغلىق داننى ۋە دېھقانلار تېجەپ قالغان ياغنى ئىختىيارى ئورۇنلاشتۇرسا بولىدۇ، بازارغا سالسىمۇ بولىدۇ. 11 ـ ئايدا ئاشلىق نازارىتى، سودا نازارىتى «1961 ـ يىلى ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىشتا سانائەت بۇيۇملىرىنى مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىش توغرىسىدا بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى، ئۇنىڭدا ئىشلەپچىقارغۇچى ئورۇن ۋە دېھقانلار دۆلەتكە ياغ سېتىپ بېرىشتە (سودا خاراكتېرلىك پاختا زاۋۇتى سېتىپ بەرگەن چىگىتتىكە مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلمەيدۇ) ھەر 100 كىلوگرامغا سانائەت بۇيۇمىنى مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىش ئۆلچىمى مۇنداق بەلگىلەندى: پاختا رەخت 3.3 مېتىر، رېزىنكە ئاياغ بىر جۈپ؛ 100 كىلوگرامغا توشمىسا پاختا رەخت كېمەيتىلىدۇ. رېزىنكە ئاياغ مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلمەيدۇ (ئاشلىق يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 100 كىلوگرامغا توشمىسىمۇ، 75 كىلوگرامدىن ئاشۇرۇۋەتسە، بىر جۈپ رېزىنكە ئاياغ مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىشكە بولىدۇ). ئاشلىق تارماقلىرى ئۇدۇللۇق ياغ سېتىۋېلىپ ئۇدۇللۇق مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلىدىغان سانائەت بۇيۇمى بېلىتىنى تارقىتىپ بەردى، ئىشلەپچىقارغۇچى ئورۇن ۋە دېھقانلار سانائەت بۇيۇمىنى دۇكاندىن بېلەتلىك سېتىۋالدى. بىڭتۇەننىڭ ئېلىشقا تېگىشلىك مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلىدىغان سانائەت بۇيۇمىنى ئاشلىق نازارىتى بىلەن سودا نازارىتى يۇقىرىغا تاپشۇرغان ياغ سانىغا قاراپ مۇددەت ۋە تۈركۈمگە ئايرىپ بۆلۈپ بەردى، بىڭتۇەن ياغ ساتقان ئورۇن ۋە شەخسلەرگە مۇكاپاتلاپ سېتىپ بەردى. يېزىلاردا كوللېكتىپ ئالغان سانائەت بۇيۇملىرىنى چوڭ ئەترەت

ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە «يافنى ئاساس قىلىش، ئەترابلىق ئېتىبار بېرىش، پەرقنى ئىگىلەش، كۆپ ئىشلىگەن كۆپ يېشلەش» پرىنسىپى بويىچە تەقسىم قىلدى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى گۇڭشې ئەزالىرىغا ئىش نومۇرىنى ئاساس قىلىپ، كىشى بېشىغا قاراپ تەقسىملىدى، تەڭشەش ۋە ئېتىبار بېرىشكە توغرا كەلگەندە، دېموكراتىك باھالىدى. دېھقانلار ساتقان ياغلىق دانغا مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلگەن بۇيۇملار ساتقۇچىنىڭ بولدى. ئاشلىق نازارىتى ياغ سېتىۋېلىش پىلانىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، جىددىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ياغلىق دان نۇقتىلىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رايونلارغا كادىر ئەۋەتىپ ياغلىق دان سېتىۋېلىشقا ياردەملەشتۈردى. جايلار ئاشلىق، ياغلىق داننى تەڭ تۇتۇش، ياغلىق دان بىلەن چىگىتنى بىرلىكتە تۇتۇش، تېرىلغان ياغلىق دان بىلەن ياۋا ياغلىق دانلارنى تەڭ ئېلىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، كۆپ سېتىۋېلىشقا تىرىشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە جايلار سېتىۋالغان ياغلىق دان، چىگىتكە مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلىدىغان پاختا رەختتىن 313 مىڭ 300 مېتىر، رېزىنكە ئاياغدىن 94 مىڭ جۈپ تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. لېكىن، ئاپتونوم رايون بويىچە ياغلىق دان، كېۋەز تېرىلغان يەر 1 مىليون 280 مىڭ مو ئازايغانلىقى، تەبىئىي ئاپەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ياغ مەھسۇلاتى 28.86% كېمەيدى، شۇنىڭ بىلەن دۆلەت سېتىۋالغىنى 47.33% ئازىيىپ كەتتى، سېتىۋېلىشتىن كېيىن يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن قالدۇق ياغ 1955 - يىلدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىگە چۈشۈپ قالدى.

ئاشلىق نازارىتى ياغ تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى كۈندىن - كۈنگە جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقان ۋەزىيەتنى پەسەيتىش ئۈچۈن، 1962 - يىل 1 - ئايدىن 8 - ئايغىچە، «يېزىلاردا شەخسلەرنىڭ جوۋازخانا قۇرۇش ۋە گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ يەيدىغان يېغىنى تارتىش مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 1962 - يىللىق يېزىلاردا ياغلىق دان سېتىۋېلىش چارىسى (تۈزىتىلگەن لايىھە)»، «ياۋا ياغلىق دان سېتىۋېلىش مەسىلىسى توغرىسىدا ئالاقە»نى تارقاتتى. مۇھىم نۇقتىلار: (1) ئاساسىي ھېسابات يولغا قويۇلغان ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى ياكى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى بىرلىك قىلىنىپ، ھۆددە ئالغان ئەترەتلەردە ھۆددە كۆرسەتكۈچى بويىچە سېتىۋېلىنغاندىن سىرت، ئېلىنغان ياغلىق دان، چىگىتتىن ئورۇقلۇق ۋە ئوزۇقلۇق يېغى تۇتۇۋېلىنغاندىن كېيىن ئېشىپ قالغان قىسمىنى نىسبەت بويىچە سېتىۋېلىش ھەممىسىنى سېتىۋېلىشقا ئۆزگەرتىلىدۇ. (2) ئاپتونوم رايون بويىچە يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوزۇقلۇق ياغ ئۆلچىمى 1.5 — 2 كىلوگرامدىن 750 گرامغا چۈشۈرۈلىدۇ، ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلەر بۇ پرىنسىپقا ئاساسەن كونكرېت ئۆلچەم بەلگىلەيدۇ. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى پاختا زاۋۇتىنىڭ چىگىتى ئاشلىق تارماقلىرىغا تاپشۇرۇلىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ قالدۇرىدىغان ئورۇقلۇقى ۋە ئوزۇقلۇق يېغىنى ئاشلىق تارماقلىرى ئورۇنلاشتۇرىدۇ، گۇڭشې - ئەترەتلەر ئۆزلىرى ئايرىغان چىگىتنى ئاشلىق تارماقلىرى بەلگىلىمە بويىچە بىۋاسىتە سېتىۋالىدۇ. (3) ئاممىا ساتقان ياۋا ياغلىق دانغا ئەمەلىي ياغ چىقىش نىسبىتى بويىچە مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلىدىغان ياغ نىسبىتى 20% تىن 20% ~ 30% گە كۆپەيتىلىدۇ. (4) ياغلىق دان بىرىنچى تۈردىكى مال قىلىنىدۇ، يېزا بازارلىرىدا سېلىشقا يول قويۇلمايدۇ، خۇسۇسىي جوۋازخانا بىكار قىلىنىدۇ. 9 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى «1962 - يىللىق دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشتا مۇكاپاتلاپ سېتىشنى يولغا قويۇش توغرىسىدا بىر قانچە بەلگىلىمە» چىقاردى. 10 - ئايدا ئاشلىق نازارىتى «1962 - يىللىق ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىشتا سانائەت بۇيۇمىنى مۇكاپاتلاپ سېتىشقا ئائىت بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا جاۋابنامە» تارقاتتى، ئۇنىڭدا ياغ سېتىۋېلىشتا سانائەت بۇيۇمى مۇكاپاتلاپ سېتىشتا ۋەزىپە ئىچى ۋە ۋەزىپە سىرتى دەپ ئايرىلمايدىغانلىقى بەلگىلەندى. ۋەزىپە ئىچىدە بولسا، ھەر 100 كىلوگرام ياغقا 6.6 مېتىر پاختا رەخت، 2 جۈپ رېزىنكە ئاياغ، 30 كىلوگرام خىمىيىۋى ئوغۇت، بىر كىلوگرام شېكەر مۇكاپاتلاپ سېتىلدى. ۋەزىپىدىن ئاشۇرۇلغىنىغا ۋە گۇڭشې ئەزالىرى ئۆزى ساتقىنىغا سېتىلغان سوممىغا قاراپ تولۇق سومما بويىچە مۇكاپاتلاپ سېتىش يولغا قويۇلدى (يەنى ئاشۇرۇپ ساتقىنى قانچە پۇللۇق بولسا، شۇنچە

پۇللۇق سانائەت بۇيۇمى مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلدى)، %50نگە پاختا رەخت مۇكاپاتلاپ سېتىلدى، %50نگە قالغان سانائەت بۇيۇملىرى سېتىلدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدىنقى يىلدىكىدىن 780 مىڭ مو ياغلىق دان ۋە كېۋەز ئاز تېرىلدى، ياغ %8.38 ئازايدى. دۆلەت سېتىۋالغىنى %31.18 كېمەيدى. دېمەك ھەر ئىككىسى 1954 ـ يىلدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىگە چۈشۈپ قالدى. شەھەر ـ يېزىلاردا ياغ تەمىنلەشنى ئورۇنلاشتۇرۇش قىيىنغا چۈشتى.

1963 ـ يىلى ئاپتونوم رايون يېمەكلىك ياغدا ئۇدا 3 يىل ئاز سېتىۋېلىپ كۆپ سېتىشتەك جىددىي ۋەزىيەتنى پەسەيتىش ئۈچۈن، سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى بېكىتىش ئۇسۇلىنى ۋە ياغ قالدۇرۇش، مۇكاپاتلاپ سېتىش ئۆلچىمىنى ئۆزگەرتتى. ياغلىق دان سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى تۆۋەندىن يۇقىرىغا تەكلىپ سان ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئاندىن يۇقىرىدىن تۆۋەنگە تەستىقلاپ چۈشۈرۈلدى، ئارىلىقتا قاتلاممۇ قاتلام سان قوشماي، دەرىجىمۇ دەرىجە يېزىلاردىكى ئاساسىي ھېسابات ئورنىغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. يېنىك ئاپەت بولسا سېتىۋېلىش كېمەيتىلمىدى، ئېغىر ئاپەت (ھوسۇل %20ىدىن كۆپرەك كېمەيگەن) بولسا، ۋەزىپە كېمەيتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئوزۇقلۇق يېغى كېمەيتىلدى؛ ھوسۇل ئاشقاندا سېتىۋېلىنىدىغىنى مۇۋاپىق كۆپەيتىلدى، كۆپەيتىلىش نىسبىتى جايلاردا ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش ۋە يۇقىرىغا يۆتكەش ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ كونكرېت بەلگىلەندى. ئوزۇقلۇق ياغ ئۆلچىمى جەھەتتە ئاساسىي ھېسابات ئورنى بىرلىك قىلىنىپ، ئوتتۇرىچە قالدۇرۇلىدىغان ياغ ئادەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش رايونىدا 840 گرامدىن 1.12 كىلوگرامغىچە، ئىشلەپچىقىرىش مەركەزلەشتۈرۈلگەن رايوندا 1.4 ~ 1.68 كىلوگرام بولدى. سانائەت بۇيۇمىنى مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىشتە پىلان ئىچى ۋە سىرتىدىكىسى بىر ئۆلچەم بويىچە بولۇشقا ئۆزگەرتىلدى. ھەر 100 كىلوگرام ياغ ساتسا 6.6 مېتىر پاختا رەخت، بىر كىلوگرام شېكەر، 30 كىلوگرام خىمىيىۋى ئوغۇت (ئىلى رايونىدا خىمىيىۋى ئوغۇت بىلەن مۇكاپاتلانمىدى) مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلدى. دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانى (بىڭتۈەن بۇنىڭ سىرتىدا)، ئىدارە ـ ئورگانلارنىڭ دېھقانچىلىق ـ ئورمانچىلىق مەيدانلىرى، چارۋىچىلىق فېرمىلىرى، قوشۇمچە ئىگىلىك ئورۇنلىرى سېتىۋالىدىغان ياغلىق دان شۇلار تۇرۇشلۇق ناھىيىنىڭ بىر تۇتاش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. شۇ يىلى، ئاپتونوم رايون بويىچە ياغلىق دان، كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 590 مىڭ مو كېڭەيتىلدى، ئومۇمىي ھوسۇل %39.95 ئاشتى، سېتىۋېلىنغىنى %50.45 كۆپەيدى. سېتىۋېلىشتىن كېيىن يېزىلاردا كىشى بېشىغا قالدۇرۇلغان ياغ 0.6 كىلوگرامدىن كۆپەيدى.

1964 ـ يىلدىن 1966 ـ يىلغىچە ياغ سېتىۋېلىش جەھەتتىكى تۈپ سىياسەت نىسبەتەن تۇراقلىق بولدى، ئىشلەپچىقىرىش، سېتىۋېلىش، قالدۇرۇش يىلدىن ـ يىلغا ئېشىپ باردى. ھوسۇلغا قاراپ سېتىۋېلىشنى بېكىتىش داۋاملاشتۇرۇلدى، كۆپ ئىشلەپچىقارسا كۆپ سېتىۋېلىندى، كۆپ قالدۇرۇلدى، يېزىلاردىن پەقەتلا سېتىۋېلىندى، سېتىپ بېرىلمىدى، ياغ قالدۇرۇشتا ئالدىنقى يىلدىكى سەۋىيە ساقلاپ قېلىندى. مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلىدىغان سانائەت بۇيۇملىرىدىن تاۋار تەمىنلەش ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ پاختا رەختلا قالدى. ھەر 100 كىلوگرام ياغقا 1964 ـ يىلى 10 مېتىر، 1965 ـ يىلى 6 مېتىر رەخت مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلدى. ئورگانلارنىڭ قوشۇمچە كەسىپ ئورۇنلىرى ئىشلەپچىقارغان ياغلىق داندىن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىستېمالىغا (مەخسۇس دېھقانچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ ئايلىق نورمىسى 0.5 كىلوگرام) تولۇق قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، قالغىنىنىڭ %30ىنى دۆلەت سېتىۋالدى. بۇ 3 يىلدا ياغ ئومۇمىي مەھسۇلاتى، دۆلەتنىڭ سېتىۋېلىشى يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيدى، سېتىۋېلىشتىن كېيىن كىشى بېشىغا ياغ قالدۇرۇشتا يېڭى سەۋىيە يارىتىلدى. 1966 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سېتىۋېلىنغان ياغ 1963 ـ يىلدىكىدىن %136.05، سېتىۋېلىشتىن كېيىن يېزىلاردا كىشى بېشىغا قالدۇرۇلغان ياغ 1963 ـ يىلدىكىدىن %44 ئاشتى.

1967 ـ يىلدىن كېيىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن ئىبارەت مالىمانچىلىق ياغ ئىشلەپچىقىرىش ۋە كەسپىي خىزمەتكە ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلغاچقا، ئاپتونوم رايون بويىچە ياغ ئىشلەپچىقىرىش، سېتىۋېلىش،

قالدۇرۇش يېلمۇ يىل زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى. 1970 ـ يىلى 1966 ـ يىلغا سېلىشتۇرغاندا، ئومۇمىي ھوسۇل ئاز كەم %20، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مەھسۇلات مىقدارى %31.25، سېتىۋېلىنغىنى %43.93، سېتىۋېلىشتىن كېيىن يېزىلاردا كىشى بېشىغا قالدۇرۇلغان ياغ %19.44 تۆۋەنلىدى، شەھەر ـ بازارلارنى ياغ بىلەن تەمىناش قىس بولدى.

دېھقانلارنىڭ ياغلىق دان سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاش، ئاپتونوم رايون بويىچە ياغ جەھەتتە كىرىم چىقىمنى قاپلىيالماسلىقتەك ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، 1970 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە سودا خىزمىتى يىغىنىدا 1971 ـ يىلدىن ئېتىبارەن، ئاپتونوم رايون بويىچە ياغلىق دان ئاشلىق بىلەن بىللە سېتىۋېلىنىدۇ، سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى بىر بەلگىلەپ 3 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك يولغا قويۇلىدۇ. ياغلىق دان (چىگىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) سېتىۋېلىش تۈپ سانى 12 مىليون 735 مىڭ كىلوگرام (ياغقا سۇندۇرۇلدى) بولىدۇ، دەپ قارار قىلىندى. 1971 ـ يىل 9 ـ ئايدا بىر بەلگىلەپ 3 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك بىر بەلگىلەپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىككە ئۆزگەرتىلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ سېتىۋېلىش تۈپ سانىنىڭ ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئاپتونوم رايون تەقسىم قىلىپ بەرگەن سان ئاساسىدا %5 ~ %10 ئېھتىيات سانى قوشۇشىغا يول قويۇلدى. ناھىيە ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن دەرىجىلىك ئورۇنلار سان قوشمىدى. ناھىيىلەر يىللاردىكى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىۋېلىش سەۋىيىسى، تەرەققىيات پىلانىغا بىرلەشتۈرۈپ، دەرىجىمۇ دەرىجە گۇڭشې ياكى ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرىگە تەقسىم قىلىپ بەردى، گۇڭشې ياكى ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ ئاھالىسى ۋە تېرىلغۇ يېرىگە بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە ئەمەلىيلەشتۈردى. تۈپ ساندىن ئاشۇرۇلغان قىسمىغا بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسىنىڭ %20ى بويىچە باھا قوشۇپ مۇكاپاتلاندى. يېزىلارغا ياغ قالدۇرۇشتا ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى بىرلىك قىلىنىپ تەڭپۇڭلاشتۇرۇلدى، ھەر كىشى يىلىغا تۈپ سانى ئورۇندىيالىسا 2.5 كىلوگرام (ياغلىق دان 9 كىلوگرام) قالدۇرۇلدى، تۈپ ساننىڭ %70دىن كۆپرەكىنى ئورۇندىيالىسا قالدۇرۇلغىنى 1.4 كىلوگرام (ياغلىق دان 5 كىلوگرام)دىن ئاشۇرۇۋېتىلمىدى، ئورۇندىغىنى تۈپ ساننىڭ %70ىدىن تۆۋەن بولسا 840 گرام (ياغلىق دان 3 كىلوگرام)دىن ئاشۇرۇۋېتىلمىدى. 1972 ـ يىل 9 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى بىر بەلگىلەپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك بەلگىلىمىسىنى داۋاملىق يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نى ئىزچىل ئىجرا قىلىش توغرىسىدا پىكىر»نى تارقاتتى. ئۇنىڭدا مۇنۇلار بەلگىلەندى: ياغ سېتىۋېلىش تۈپ سانى ياغقا سۇندۇرۇلغىنى بويىچە 7 مىليون 260 مىڭ كىلوگرامغا تەڭشىلىدۇ. چىگىت تۈپ سانى بىكار قىلىندى، چىگىت سېتىۋېلىش پىلانىدا يەنىلا يىلدا بىر بېكىتىش يولغا قويۇلىدۇ؛ يېزىلارغا ياغ قالدۇرۇشتا كونكرېت ئۆلچەم ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، كۆپ ئىشلەپچىقارسا كۆپ قالدۇرۇلىدۇ، ئاز ئىشلەپچىقارسا ئاز قالدۇرۇلىدۇ ياكى ئاساسىي جەھەتتىن سېتىۋېلىشلا بولۇپ، سېتىپ بېرىش بولمايدۇ، دەپ ئۆزگەرتىلدى؛ 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن، ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغان ياغلىق دانغا باھا قوشۇش نىسبىتى %30كە تەڭشەلدى، 9 ـ ئايدىن ئىلگىرى راسچوت قىلىنىپ بولۇنغان باھا پۇلىغا قايتىدىن تولۇقلاپ بېرىلمىدى. گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ساتقان ئارتۇق ياغلىق دانلىرىغىمۇ مۇشۇ نىسبەت بويىچە باھا قوشۇپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جايلاردىن ئامىمنى كەڭ قوزغاپ، ئېتىز قىرلىرى، ئۆينىڭ ئالدى- كەينىدىكى بوش يەرلەردىن پايدىلىنىپ تۈرلۈك ياغلىق دان تېرىپ، ياغلىق دان ھوسۇلىنى ئاشۇرۇش تەلەپ قىلىندى. 11 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت گۇڭشې ئەزالىرىدىن سېتىۋېلىنغان ھەر 50 كىلوگرام ئاپتاپپەرەسكە 2.5 كىلوگرام ياغ مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىشنى بەلگىلىدى.

1971 — 1973 ـ يىلغىچە ياغلىق دان تېرىلغۇ كۆلىمى كېڭەيتىلگەنلىكى ۋە بىر بەلگىلەپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىكتىن ئىبارەت سېتىۋېلىش سىياسىتى ئىجرا قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون بويىچە ياغ

ئومۇمىي مەھسۇلاتى ۋە سېتىۋېلىنىش مىقدارى ئۆرلىدى. 1973 - يىلى 1970 - يىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ياغ ئومۇمىي مەھسۇلاتى %25.36 ئاشقان، سېتىۋېلىنغىنى %17.15 ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن، ئاپتونوم رايون بويىچە ياغ جەھەتتىكى كىرىم چىقىمنى قاپلىيالمىدى. خېلى بىر مەزگىلگىچە سېتىۋېلىنغان چىگىت تۆۋەنلەپ كەتتى. 1973 - يىلى چىگىت مىقدارى 1967 - يىلدىكىدىن ئازراق تۆۋەنلىدى، ئەمما چىگىتنىڭ سېتىۋېلىنىش نىسبىتى 1967 - يىلدىكى %40.57تىن %14.58كە چۈشتى.

1974 -، 1975 - يىللىرى ئاپتونوم رايون چىگىت سېتىۋېلىش خىزمىتىنى ئۇقتىلىق كۈچەيتتى. 1974- يىل 1 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «چىگىت سېتىۋېلىش مەسىلىسى توغرىسىدا تەستىقىي جاۋاب» تارقاتتى، 1975 - يىل 1 - ئايدا، ش ئۇ ئا ر سودا ئىدارىسى، ئاشلىق ئىدارىسى «سودا مىنىستىرلىكىنىڭ ‹چىگىت سېتىۋېلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى›نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. مۇھىم ئۇقتىلىرى: (1) چىگىت دۆلەت بىر تۇتاش سېتىۋالىدىغان مال، گۇڭشې، ئەترەتلەر ئېھتىياجلىق ئۇرۇقلۇق ۋە ئوزۇقلۇق ياغ تولۇق قالدۇرۇلغاندىن سىرت، قالغىنىنى دۆلەت ئاشلىق تارماقلىرى بىر تۇتاش سېتىۋالىدۇ، ئاشلىق تارماقلىرى چىگىت تاپشۇرۇش تالونىغا ئاساسەن، كۈنجۈرىنىڭ %70تىن تۆۋەن بولماسلىق نىسبىتى بويىچە چىگىت تاپشۇرغۇچى ئەترەت (مەيدان) كە كۈنجۈرىسىنى مۇددەت، تۈركۈمگە ئايرىپ ياندۇرۇپ بېرىدۇ. (2) ئاپتونوم رايون بويىچە چىگىت سېتىۋېلىشتا «بىر بەلگىلەپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك» يولغا قويۇلماي، يەنىلا يىلدا بىر بەلگىلەش يولغا قويۇلىدۇ، سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ناھىيىگىچىلا تەقسىم قىلىنىدۇ. ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغىنىغا باھا قوشۇش يولغا قويۇلمايدۇ، ئايرىم جايلاردا ۋەزىپە گۇڭشې، ئەترەتلەرگىچە تەقسىم قىلىنغان بولسا، ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغان قىسمىنىڭ %30كە باھا قوشۇپ ھېسابلىسا بولىدۇ. (3) سودا، تەمىنات - سودا تارماقلىرى سېتىۋالغان چىگىتلىك پاختىنىڭ چىگىتىنى ۋاقتىدا ئايرىپ، ئۆدۈللۈق ئاشلىق تارماقلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىشى، تاپشۇرغاندا ئەسلى سېتىۋېلىش دەرىجىسى بويىچە تاپشۇرۇشى، شۇ يىلى سېتىۋالغان چىگىتنى ئەڭ كېچىككەندە كېيىنكى يىلى 3 - ئايدىن ئىلگىرى تاپشۇرۇپ بولۇشى لازىم، تاپشۇرغاندىكى باھاسى 1974 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن دەرىجىگە ئايرىلمايدۇ. 50 كىلوگرام بويىچە سېتىۋېلىنىش باھاسىغا 0.35 يۈەن خىراجەت قوشۇپ بېرىلىدۇ. (4) ئاشلىق تارماقلىرى سودا، تەمىنات - سودا تارماقلىرىنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، 7 كۈن ئىچىدە نەق مەيدانغا بېرىپ تاپشۇرۇۋېلىشى لازىم. ئەگەر مەلۇم ۋاقىتتا توشۇپ بولالمىسا، ئادەم ئەۋەتىپ شۇ جايدا ساقلىسا ياكى سودا، تەمىنات - سودا تارماقلىرىنىڭ ۋاكالىتەن ساقلاپ بېرىشىگە ھاۋالە قىلسا بولىدۇ. ساقلاش ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا يېرىم يىلدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، ئاشلىق تارماقلىرى ھەر ئايدا ھەر 5000 كىلوگرامغا بىر يۈەن ساقلاش خىراجىتى بېرىشى كېرەك. 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «ياغنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش خىزمىتى يىغىنى چاقىرىش ۋە ياغنى بىر تۇتاش سېتىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، جايلاردىن ئاكتىپ تەدبىر قوللىنىپ، شۇ جايدىكى پاختا- چىگە تارماقلىرىغا زىچ ھەمكارلىشىپ، يىللاردىن بېرى پاختا زاۋۇتىدا بېسىلىپ قالغان چىگىتنىڭ ھەممىسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ھەمدە يېڭى چىگىتنى ئامبارغا كىرگۈزۈشتىن باشلاپ، قىسقا مۇساپىلىك ترانسپورت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، پالاپ قېلىشتىن ساقلىنىشنى تەلەپ قىلدى. 11 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم كۆيتۇڭ شەھىرىدە چاقىرغان شىمالىي شىنجاڭ رايونى بويىچە ئاشلىق، ياغ، گۆش سېتىۋېلىش، يۆتكەش بويىچە جىددىي يىغىن چاقىرىپ، يېزىلارنىڭ ئوزۇقلۇق ياغ ئۆلچىمىنى تۆۋەنلىتىشنى ۋە بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشنى بەلگىلىدى. گۇڭشې - ئەترەت ۋە تۇەن - مەيدانىنى بىرلىك قىلىپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ياغ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىغانلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 2.5 كىلوگرامدىن، سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىمىغانلارنىڭ 1.5 كىلوگرامدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، ئومۇمىي ھوسۇلدىن ئۇرۇقلۇق تۇتۇۋېلىنغاندىن كېيىن 1.5 كىلوگرامغا يەتمىگەنلەردىن سېتىۋالماسلىق ھەم سېتىپ بەرمەسلىك بەلگىلەندى. شۇ ئايدا

ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتقا «سودا مىنىستىرلىكى چاقىرغان 16 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون بويىچە چىگىتنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى ھەققىدە دوكلات ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ياغ خىزمىتى توغرىسىدا بىر قانچە پىكىر»نى يوللاپ، ياغ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش، ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بەرپا قىلىش، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردە ياغ باشقۇرۇش ئورگىنى تەسىس قىلىش، چىگىت سېتىۋېلىشنى كۈچەيتىش، ياغلىق دان سېتىۋېلىش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ياغ چىقىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش؛ ياغلىق داننى قىسقا مۇساپىلىك توشۇش ئۈچۈن ئاپتوموبىل ھەل قىلىش قاتارلىق تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ مەزگىلدە ياغ ئىشلەپچىقىرىشى تۆۋەنلىگەن ئەھۋالدا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، ياغ سېتىۋېلىش مۇقىم ئۆرلىدى. 1974 - يىلى 1973 - يىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئومۇمىي ياغ مەھسۇلاتى %25.68 تۆۋەنلىدى، سېتىۋېلىش نىسبىتى ئاساسىي جەھەتتىن تەكشىلىك بولۇپ، سېتىۋېلىش مىقدارى %26.03 تۆۋەنلىدى، سېتىۋېلىشتىن كېيىن يېزىلاردا كىشى بېشىغا قالدۇرۇلغان ياغ %26.47 تۆۋەنلىدى. 1975 - يىلى 1973 - يىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئومۇمىي ياغ %14.06 تۆۋەنلىدى، سېتىۋېلىش نىسبىتى ئاز كەم 5 پىرسەنت پوئىنتى ئۆستى، سېتىۋېلىش مىقدارى ئازراق ئاشتى، سېتىۋېلىشتىن كېيىن يېزىلاردا كىشى بېشىغا قالدۇرۇلغان ياغ %20.59 تۆۋەنلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ياغ كىرىمى چىقىمىنى قاپلىيالماسلىقتىن ئىبارەت يوچۇق يەنىمۇ چوڭايدى.

1976 - يىل 1 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ياغ خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، ياغ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، سېتىۋېلىشنى كۈچەيتىش تەدبىرلىرىنى مۇھاكىمە قىلدى. 2 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى ۋە پىلان يىغىنىغا «ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ياغلىق دان تېرىلغۇ كۆلىمىنى تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە ياندۇرۇشنى ھەمدە ياي، موگۇغولكۇرە قاتارلىق تارىختىن بۇيان كۆپرەك ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ناھىيىلەرنى نۇقتىلىق يۆلەشنى، يىغىــــى كەملەيدىغان ۋىلايەت، ئوبلاستلارمۇ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق ياغ بىلەن ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ياكى ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىلىرى باشلىقلىرى يىغىنىدا شۇ چاغدىكى ئۈرۈمچى ۋە قاراماي، بايىنغولىن قاتارلىق نۇقتىلىق سانائەت - كان رايونلىرىنى ياغ بىلەن تەمىنلەشنىڭ گايىدا ئۈزۈلۈپ قېلىش، ھەتتا ھەربىي تەمىناتقىمۇ كاپالەتلىك قىلالماسلىقتەك ئېغىر ۋەزىيىتىگە قارىتا، ياغ باشقۇرۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىش تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەھبەرلىرى بۇ تەدبىرلەرنى لايىق كۆردى. 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت «ياغ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى، سېتىۋېلىشقا ئائىت مۇھىم نۇقتىلار: (1) ياغ، ياغلىق دان تىجارىتىنى دۆلەت ئاشلىق تارماقلىرى بىر تۇتاش قىلىدۇ، ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ھەر قانداق باھانە - سەۋەب بىلەن بۇ سودا بىلەن شۇغۇللىنىشىغا بولمايدۇ. (2) يېزىلاردىكى گۇڭشې - ئەترەتلەر ۋە دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىن ياغ سېتىۋېلىش، ئۇلارغا سېتىپ بەرمەسلىك سىياسىتى يولغا قويۇلىدۇ، يېزىلاردا كىشى بېشىغا قالدۇرۇلغان يىللىق ئوزۇقلۇق ياغ ئۆلچىمى ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىغانلارنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى 2.5 كىلوگرام، ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمىغانلارنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى 1.5 كىلوگرام بولىدۇ، 1.5 كىــــلوگرامغا يەتمەيدىغانلارغا ئادەتتە ۋەزىپە بېرىلمەيدۇ، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى تۆۋەنرەك ياكى ئاپەتكە ئۇچراپ ھوسۇل كېمەيگەن، يۇقىرىدىكى ئۆلچەمنى ئىجرا قىلما ياغ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشىغا تەسىر يېتىدىغانلارنىڭكىنى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئۆلچەمنى مۇناسىپ تەڭشەپ تۆۋەنلىتىشنى قارار قىلىدۇ. (3) دۆلەت ئىگىلىكىدىكى پاختا زاۋۇتلىرىنىڭ ۋە يېزىلاردىكى كوللېكتىپ پاختا زاۋۇتلىرىنىڭ چىگىتلىرىدىن بەلگىلىمە

بويىچە ئورۇقلۇق، ئوزۇقلۇق ياغ قالدۇرۇلغاندىن كېيىن ھەممىسى ئاشلىق تارماقلىرىغا سېتىپ بېرىلىدۇ ھەمدە 70% چىگىت كۆنجۈرىسى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە ياندۇرۇپ بېرىلىدۇ. (4) دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ياغ زاۋۇتلىرىنىڭ ئارتۇق چىققان مەھسۇلاتىنىڭ ھەممىسى دۆلەتكە تاپشۇرۇلىدۇ. (5) ئاپتاپپەرەس، زاراڭزا، كۆنجۈت، كەندىر، ئابدىسىلىك قاتارلىق مىقدارى ئاز ياغلىق دانلارنى سېتىۋېلىشنى پائال قانات يايدۇرۇش كېرەك. ئاپتاپپەرەس، خاسىڭلارنى ئاپتونوم رايوننىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ قورۇق مېۋە - چېۋە قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىشقا بولمايدۇ. (6) گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ جۇۋازخانا - زاۋۇتلىرى ئۆز ئورنىنىڭ ۋە ئەتراپتىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ياغلىق دانلىرىنى تارتسا بولىدۇ، بىراق خام ئەشيانى ئۆزى سېتىۋېلىپ، مەھسۇلاتنى ئۆزى سېتىشى قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ. (7) قاراڭغۇ بازاردا ياغ، ياغلىق دان سودىسى قىلىش قەتئىي ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. ھايانكەشلىك ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىلىدۇ. ئۆزىنىڭ قالدۇرۇق يېرىدىن ئالغان ھوسۇلنى ۋە ئىقتىسات قىلغان ئوزۇقلۇق يېغىنى ساتقان گۇڭشې ئەزالىرىغا تەربىيە بېرىلىدۇ. ياغ (ياغلىق دان) لىرى دۆلەتنىڭ تاختاي باھاسى بويىچە سېتىۋېلىنىدۇ؛ ھايانكەشلەر ئېلىپ ساتقان ياغ (ياغلىق دان) قەتئىي مۇسادىرە قىلىنىدۇ، قايتا - قايتا تەربىيە بېرىلسىمۇ، ئۆزگەرمىگەن ۋە ئەھۋالى ئېغىر بولغانلار قانۇن بويىچە جازالىنىدۇ. (8) ھەر دەرىجىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتلار ياغ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى، جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرى تېزدىن ياغ باشقۇرۇش ئورگىنى تەسىس قىلىپ، زۆرۈر بولغان مەخسۇس ياغ باشقۇرۇش كادىرلىرىنى سەپلىشى كېرەك. 12 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتىنىڭ «ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بەرپا قىلىش يىغىنىنىڭ خاتىرىسى» نى تەستىقلاپ تارقىتىپ، ئۈرۈمچى ئەتراپىدىن 212 مىڭ مو يەردە ئاپتونوم رايوننىڭ ياغلىق دان بازىسىنى بەرپا قىلىشنى بەلگىلىدى. بۇنىڭدىن ئۈرۈمچى شەھىرى تەۋەسىدىكى ئۈرۈمچى ناھىيىسى ۋە بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش سېستىمىسىنىڭ 70 مىڭ مو، سانجى ئوبلاستىدىن سانجى، قۇتۇبى، گۈچۈڭ، جىمسار، فۇكاڭ ناھىيىلىرى ۋە بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش سېستىمىسىنىڭ 120 مىڭ مو، فۇبېي دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ 22 مىڭ مو. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي ياغ مەھسۇلاتى ۋە دۆلەت سېتىۋالغىنى ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئازراق تۆۋەنلىدى.

1977 - يىل 2 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت «ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىشنى چىڭ تۇتۇپ، ياغ بىلەن ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەپ ئېشىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. مۇھىم نۇقتىلىرى: (1) ياغلىق دان زىرائىتى تېرىش پىلانىنى بىر مو، ئومۇمىي ھوسۇل پىلانىنى بىر جىڭ كەملەتمەي ئورۇنداش، قىچا، زىغىرلارنى ئاساسىي ھوجۇم نىشانى قىلىش، ئاپتاپپەرەس، زاراڭزا، كەندىر، ئابدىسىلىكلەرنى ياخشى تېرىش، ياغلىق پۇرچاق، پىندىق ياڭىقىنى سىناق تەرىقىسىدە تېرىش ۋە كېڭەيتىش كېرەك. (2) ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلار ۋە ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى ئوبلاستىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتلار ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بەرپا قىلىش ئىشىنى ئىمكانقەدەر تېز ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، يۇقىرىغا يۆتكەش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىشى كېرەك. (3) 1977 - يىلدىن ئېتىبارەن ئاپتونوم رايون بويىچە يۆتكەپ كىرگۈزۈلگەن ياغ يېيىش قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاش ئۈچۈن، سىرتقا ياغ يۆتكەيدىغان، چىقىرىدىغان جايلار كۆپرەك تۆھپە قوشۇشى، قۇمۇل، ئالتاي قاتارلىق كىرگۈزىدىغان جايلار ياغ بىلەن ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەشنى بۇ يىل ئىشقا ئاشۇرۇشى، بايىنغولىن ئوبلاستى 2 يىلدا ئىشقا ئاشۇرۇشى، ئۈرۈمچى، قاراماي شەھەرلىرى ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئالدى - كەينىدە، ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئاشلىق ئىدارىسى، دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق ئىدارىسى چىڭخەي ئۆلكىسى، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئاراتۇرۇك ھەربىي ئات فېرمىسى، فۇبېي دېھقانچىلىق مەيدانىدىن ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ۋە يېغى كەملەيدىغان جايلارغا 275 مىڭ كىلوگرام قىچا ئورۇقى يۆتكەش ئىشىنى تەشكىللىدى. بۇنىڭدىن سانجى ئوبلاستىغا 140 مىڭ كىلوگرام، ئۈرۈمچى شەھىرىگە 50 مىڭ

كىلوگرام، بايىنغولىن ئوبلاستىغا 10 مىڭ كىلوگرام، ئالتاي ۋىلايىتىگە 25 مىڭ كىلوگرام يۆتكىلىپ، بۇ جايلارنىڭ ئوزۇقلۇقتا بولغان ئېھتىياجى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇرۇلدى. 3 - ئايدىن 5 - ئايغىچە، ش ئۇ ئا ر تەمىنات سودا كوپېراتىپى، ئاشلىق ئىدارىسى ئالدى بىلەن مو بېشىغا 15 كىلوگرام ئۆلچەم بويىچە ياغلىق دان بازىسىغا 3180 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت تەقسىم قىلىپ بەردى، كېيىن يەنە دۆلەت شىنجاڭغا بۆلۈپ بەرگەن ئاشلىقتا ئېكىشىپ سېتىۋېلىنىدىغان خىمىيىۋى ئوغۇتتىن 1500 توننا بۆلۈپ بەردى. 5 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندىكى ياغلىق دان بازىلىرى 244 مىڭ مو يەرگە قىچا تېرىپ، پىلاندىكىدىن %15.09 ئاشۇرۇۋەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، يېڭى كەملەيدىغان قومۇل ۋىلايىتى، ئالتاي ۋىلايىتى، بايىنغولىن ئوبلاستىمۇ ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق ياغلىق دان بازىسى بەرپا قىلدى، ئۇلارنىڭ كۆلىمى 98 مىڭ مو كېلىدۇ. بۇ بازىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا يۆلەك بولۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون 1500 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت ئاجرىتىپ بەردى.

6 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم «1977 - يىللىق ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. ئۇقتۇرۇشتىكى ياغ سېتىۋېلىشقا دائىر مەزمۇنلاردا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ 2 - ئايدا چىقارغان «ئۇقتۇرۇش»ىدىكى ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، ئاپتونوم رايون ئىچىدە ياغ سېتىۋېلىش - سېتىش تەڭپۇڭ بولۇشنى ۋە ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش قايتا تەكىتلەنگەندىن باشقا، يەنە مۇنداق تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى: ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ياغ خىزمىتىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ تۇتۇشى، يەنى ئاشلىقنى تۇتقاندەك تۇتۇشى، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ چىڭ تۇتۇشى كېرەك، «يېزىلارنىڭ يېغى ئېقىپ كېتىش ئەھۋالىنى قەتئىي تۈگىتىپ، بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - بىر تۇتاش سېتىشقا خىلاپ تۈرلۈك مەسىلىلەرنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش، ياغلىق داننى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش نىسبىتىنى ۋە چەكتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك، يازلىق ياغلىق دان سېتىۋېلىشنى چىڭ تۇتۇپ، يازلىق ۋە يىللىق ياغ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى تىرىشىپ ئورۇندىشى كېرەك». شۇ ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم سانجى ئوبلاستىنىڭ ئاشلىق ئورنىغا 22 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام ياغ سېتىۋېلىش پىلانىنى ئەستىقلاپ، گۇڭشې - ئەترەت، دېھقانچىلىق، مەيدانلىرىنىڭ ياغ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىغاندىن كېيىن ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ئورنىغا ياغلىق دان سېتىۋېلىشقا قوشۇلدى. ياغلىق دان بازىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون يەنە مەخسۇس تور بويىچە كومبايىندىن 6نى، تىراكتور ۋە قول تىراكتوردىن 8 نى، «ئازاد» ماركىلىق ئاپتوموبىلدىن 3نى، يۆلەش مەبلىغىدىن 135 مىڭ يۈەن بەردى. ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى، دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق ئىدارىسى، ئاشلىق ئىدارىسى، دېھقانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى قاتارلىق ئورۇنلار كۆپ قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ بازىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئىگىلىدى، ئېكىسكۇرسىيە، ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى. لېكىن، ئاپەتكە ئۇچراپ ھوسۇل كېمىيىش ۋە بازىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى تارقاقلىق، بەزى گۇڭشې - ئەترەتلەر ياغلىق دان زىرائەتلىرىنى كېڭەيتىپ تېرىشقا مۇۋاپىق كەلمەسلىك قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئاپتونوم رايوندىكى ياغلىق دان بازىلىرى يۇقىرىغا تاپشۇرۇش ۋەزىپىسىنى 1 مىليون 500 مىڭ كىلوگرامىلا ئورۇندىدى، بۇ پىلاننىڭ %37.5نى ئىگىلىدى.

1978 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىۋېلىش جەھەتتە ياغ باشقۇرۇش داۋاملىق كۈچەيتىلدى. ئاپتونوم رايون ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنى 3 تىن 5 كە كۆپەيتتى (ئىلى ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىدە قۇرۇلدى)، كۆلىمى 212 مىڭ مودىن 312 مىڭ موغا كۆپەيتىلدى. قىچا مۇۋاپىق تۈردە مەركەزلەشتۈرۈپ تېرىلدى، خىمىيىۋى ئوغۇت، ئاپتوموبىل قاتارلىقلار بىلەن داۋاملىق ياردەم قىلىندى. ياغلىق دان سېتىۋېلىشتا دەسلەپتە بەزى جايلاردا خىزمەت چىڭ تۇتۇلماسلىق، ئىشلەپچىقىرىش - سېتىۋېلىش - قالدۇرۇش ئەھۋالى ئېنىق بولماسلىق، يېزىلاردا قالدۇرۇلغان ياغ كۆپرەك بولۇشتەك ئەھۋاللارغا قارىتا، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى جايلاردىن ياغ سېتىۋېلىشنى ئاشلىقنى تۇتقاندەك چىڭ تۇتۇشنى تەلەپ قىلدى، يېزىلارنىڭ ئوزۇقلۇق يېغىنى

قىسراق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنى بىرلىك قىلىپ بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بويىچە ھېسابلاپ قالدۇرۇشتا چىڭ تۇردى؛ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمىغان ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلەرنىڭ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى تەڭشەپ كېمەيتىش بىلەن بىللە، ئوزۇقلۇق ياغ قالدۇرۇش مىقدارىنى مۇناسىپ تەڭشەپ كېمەيتتى؛ ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىشتا سانائەت بۇيۇملىرىنى مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىش ئۆلچىمى مۇنداق بولدى: ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ۋە تۈەن - مەيدان بىر كىلوگرام ياغ سېتىپ بەرسە، بىر كىلوگرام خىمىيىۋى ئوغۇت؛ 50 كىلوگرام قىچا، زىغىر سېتىپ بەرسە، 15 كىلوگرام خىمىيىۋى ئوغۇت؛ 50 كىلوگرام ئاپتاپپەرەس، زاراڭزا سېتىپ بەرسە، 10 كىلوگرام خىمىيىۋى ئوغۇت مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلدى؛ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى شۇ يىللىق ياغ سېتىۋېلىش پىلانىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن، ھەر 5000 كىلوگرام ئاشۇرۇپ سېتىپ بەرسە، بىر دانە قول تراكتورى، گۇڭشې ۋە تۈەن - مەيدانلار ھەر 50 مىڭ كىلوگرام ئاشۇرۇپ سېتىپ بەرسە، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان دىزېلماتورىدىن بىرى، دان ئايرىش (ياكى خامان تېپىش) ماشىنىسىدىن بىرى مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە شۇ يىلى مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلگەن قول تراكتورى 332 دانە، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان دىزېلماتور 35 دانە، دان ئايرىش (خامان تېپىش) ماشىنىسى 30 دانە، خىمىيىۋى ئوغۇت 8680 توننا. شۇ يىل 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت «گۇڭشې-ئەترەتلەرنىڭ چىگىت ئايرىش، چىگىتتىن ياغ تارتىشنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە چىگىت كۈنجۈرىسىنى قايتۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: پاختا مەركەزلىك ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رايونلاردا ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى چىگىت ئايرىش، دۆلەتكە چىگىت يېغى سېتىشنى ئۆيۇشتۇرۇشى، چوڭ ئەترەتنىڭ ياغ تارتىش ماشىنىسى بولماي چىگىت سېتىپ بېرىشكە توغرا كەلسە، چىگىت سېتىۋېلىش يەنىلا ھازىر يولغا قويۇلغان چارە بويىچە بولۇشى كېرەك. يېزىلاردا چىگىتتىن ئاۋۋال ئورۇقلۇق ۋە ئوزۇقلۇق يېغى قالدۇرۇش، ئاندىن دۆلەتنىڭ سېتىۋېلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ياغ تارتىپ بولۇنغاندىن كېيىن چىگىت كۈنجۈرىسىنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ بېرىش كېرەك. دۆلەتنىڭ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن ئېشىپ قالغان چىگىت ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ بولۇپ، گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئوزۇقلۇق يېغىنى كۆپەيتىش ياكى كېلىشىپ سېتىشقا (دۆلەتنىڭ كېلىشىپ سېتىۋېلىش نىسبىتى بويىچە ئېشىنغان ياغنىڭ 40%ىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ) ئىشلىتىلىشى كېرەك. يىل ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايون سودا مىنىستىرلىكىنىڭ «ياغ ۋە ياغلىق داننى كېلىشىپ سېتىۋېلىش - سېتىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»ىغا ئاساسەن، ياغنى كېلىشىم باھادا تىجارەت قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇردى، ئەمما، بۇ خىزمەت كېچىكىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغاچقا، جايلار قانات يايدۇرالمىدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي ياغ، دۆلەت سېتىۋالغىنى ۋە سېتىۋېلىشتىن كېيىن يېزىلاردا قالدۇرۇلغان ياغ ئازراق ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى.

ئاپتونوم رايون ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، ياغ سېتىۋېلىش سىياسىتىنى كەڭ قويۇۋەتتى. 1979 - يىل 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت «ئاشلىق، ياغلىق داننى كېلىشىپ سېتىۋېلىش - سېتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» ، «بازار سودىسىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئاشلىق تارماقلىرى ياغنى كېلىشىم باھادا تىجارەت قىلىشنى بىر تۇتاش قانات يايدۇرۇپ، دۆلەتنىڭ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغان، ئورۇقلۇق ۋە ئوزۇقلۇق يېغىنى تولۇق قالدۇرغان مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى، تۈەن - مەيدانلار ۋە بازارلاردىن ياغنى كېلىشىپ سېتىۋالدى. گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ۋە ئىش نومۇرى ئالىدىغان دېھقانچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ قالدۇرۇق يېرىدىن ئالغان ۋە ئىقتىساد قىلغان ئوزۇقلۇق يېغىنى خالىغان ۋاقىتتا دۆلەت ئاشلىق پونكىتىغا ياكى بازارغا ئاپىرىپ كېلىشىم باھادا سېتىشىغا يول قويۇلدى. دېھقان ئائىلىلىرى ۋە ئورۇنلارنىڭ ئىشلەپچىقارغان ياغ، ياغلىق داندىن دۆلەتنىڭ

سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن ئېشىپ قالغىنىنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىشقا رۇخسەت قىلىندى، دۆلەت ئاشلىق تارماقلىرى بازاردىن ياغ، ياغلىق دان سېتىۋالسا بولىدىغان بولدى. 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت «ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىشتا بىر بەلگىلەپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتىلمەيدىغان تۈپ سانى ۋە 1979 ـ يىللىق ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىش پىلانىنى چۈشۈرگەنلىك توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، ياغ سېتىۋېلىش تۈپ سانى (ياغقا سۇندۇرۇلغان) نىڭ 7 مىليون 260 مىڭ كىلوگرامدىن 7 مىليون 410 مىڭ كىلوگرامغا كۆپەيتىلگەنلىكىنى، تۈرلىرى ياغلىق داندىن باشقا، چىگىتمۇ كۆپەيتىلگەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇردى (جەدۋەل: 1 — 32گە قاراڭ). جايلاردىن يېقىنقى يىللاردىكى ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىكى ئۆزگىرىش ئەھۋالى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات پىلانىغا ئاساسەن، ئەسلى بەلگىلەنگەن تۈپ سانىنىڭ نامۇۋاپىق قىسمىنى ھەقىقەتەن ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا تەڭشەپ، تولۇق سان بويىچە ئارتۇق يىغى بار ھېسابات قىلغۇچى ئورۇنلارغا ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەلەپ قىلىندى. بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش سېتىۋېلىشنىڭ تۈپ سانىنى ش ئۇ ئا ر بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى جايلاردىكى بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىلىرىغا پارچىلاپ تولۇق سان بويىچە ئارتۇق يىغى بار تۈەن ـ مەيدانلارغىچە ئەمەلىيلەشتۈردى. كۈنجۈت كېلىشىم باھادا تىجارەت قىلىشقا ئۆزگەرتىلدى، خاسىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىدىغان تۈر قاتارىدىن چىقىرىۋېتىلىپ، تەمىنات سودا كوپېراتىپىنىڭ قۇرۇق مېۋە ـ چېۋە قاتارىدا تىجارەت قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 6 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون ياغ، ياغلىق دان سېتىۋېلىش باھاسى ۋە باھا قوشۇش نىسبىتىنى ئۆستۈردى، چىگىتكە قوشۇلغان باھا پۇلى بىۋاسىتە چىگىت ساتقان ئاساسىي ھېسابات قىلغۇچى ئورۇنلارغا بېرىلدى. 10 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى چاقىرغان ئاپتونوم رايونلۇق چىگىت سېتىۋېلىش خىزمىتى يىغىنىدا تۇرپان ۋىلايىتى ۋە بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ تەجرىبىلىرى ئومۇملاشتۇرۇلدى: بۇ ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى ئاشلىق تارماقلىرى پاختا سېتىۋېلىش پونكىتىغا ئادەم ئەۋەتىپ، پاختا سېتىۋېلىش تالونىدا يېزىلغان دەرىجىسى، مىقدارى بويىچە ئالدىن بەلگىلەنگەن ئۇرۇقلۇق ۋە ئوزۇقلۇققا كېتىدىغان چىگىتنى ھېسابلاپ چىققان ھەمدە ساتقۇچىلارغا قايتۇرۇش گۇۋاھنامىسىنى تارقىتىپ بەرگەن، قالغان قىسمىنىڭ ھەممىسىنى ئاشلىق تارماقلىرى سېتىۋالغان. ئۇقتۇرۇشتا جايلار كۈنجۈرىنى قايتۇرغاندا، گوڭشې ئەزالىرى قوشۇلغان بولسا، كۈنجۈرىنىڭ ئورنىغا خىمىيىۋى ئوغۇت، ئاق قوناق ۋە كېپەك قايتۇرسىمۇ بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. 1980 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ياغ ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىش، ياغلىق ئاپتاپپەرەس ئۇرۇقلۇقى بىلەن تەمىنلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر ياغ شىركىتى بىلەن ئۇرۇقچىلىق شىركىتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئېسىل ياغلىق ئاپتاپپەرەس ئۇرۇقلۇقىدىن 215 مىڭ كىلوگرامنى تەڭشەپ يۆتكەشنى ئورۇنلاشتۇردى (بۇنىڭ ئىچدە جىلىن ئۆلكىسىدىن كىرگۈزۈلگىنى 80 مىڭ كىلوگرام). 1979 ـ ۋە 1980 ـ يىللىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ياغلىق دان، كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 1 مىليون 470 مىڭ مو كېڭەيتىلدى (ئاساسەن، ياغلىق ئاپتاپپەرەس، زىغىر ۋە كېۋەزدىن ئىبارەت). 1980 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي ياغ مەھسۇلاتى 1978 ـ يىلدىكىدىن 26 مىليون 410 مىڭ كىلوگرام، دۆلەت تەكشى باھادا سېتىۋالغىنى 16 مىليون 550 مىڭ كىلوگرام ساپ ئاشتى (ئاساسەن ئىلى، سانجى، تارباغاتاي قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا). سېتىۋېلىشتىن كېيىن يېزىلاردا كىشى بېشىغا قالدۇرۇلغان ياغ بىر كىلوگرام ئاشتى (تەكشى باھادا سېتىۋېلىش بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 1979 ـ يىلدىن باشلاپ ئۇدا 7 يىل ياغ كەملەش ئەھۋالى ئۆزگەرتىلىپ، ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەپ ئېشىنىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون ئىچىدە كېلىشىپ سېتىۋېلىشتا ئىلى، تارباغاتاي، قەشقەر ۋىلايەتلىرىدىلا جەمئىي 30 مىڭ كىلوگرام كېلىشىپ سېتىۋېلىندى. باشقا جايلاردا كېلىشىپ سېتىۋېلىش قانات يايدۇرۇلمىدى. 1980 ـ يىلى 13 ۋىلايەت، ئوبلاستتا 1 مىليون كىلوگرام كېلىشىپ سېتىۋېلىندى. ئاپتونوم رايون سىرتىدا خاسىڭنىڭ بازار باھاسى تۆۋەن، بازىرى ئىتتىك بولغاچقا، 1979 ـ يىلى كېلىشىم باھادا 2 مىليون 820 مىڭ كىلوگرام (ياغقا سۇندۇرۇلدى) سېتىۋېلىنىپ

يۆتكەپ كىرگۈزۈلدى، 1980 ـ يىلى كېلىشىم باھادا 1 مىليون 950 مىڭ كىلوگرام (ياغقا سۇندۇرۇلدى) سېتىۋېلىنىپ يۆتكەپ كىرگۈزۈلدى.

**1979 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە شىنجاڭنىڭ ياغ سېتىۋېلىشتا بىر بەلگىلەپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتىلمەيدىغان تۈپ سانى**

جەدۋەل: 1 — 32                                        بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| تۈرى / جايلار | جەمئىي | گۇڭشې ـ ئەترەت | بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش سىستېمىسى |
|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە | 741 | 616 | 110 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 8.5 | 7.5 | 1 |
| قاراماي شەھىرى | | | |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 35 | 35 | |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 15 | 15 | |
| سانجى ئوبلاستى | 89.5 | 69.5 | 20 |
| شىخەنزە شەھىرى | 27.5 | | 27.5 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلار | 6 | | 6 |
| ئىلى ۋىلايىتى | 140 | 120 | 20 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 62.5 | 47.5 | 15 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 9 | 5 | 4 |
| بورتالا ئوبلاستى | 17.5 | 16 | 1.5 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 26.5 | 17.5 | 9 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 121 | 120 | 1 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 12.5 | 12.5 | |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 103 | 103 | |
| خوتەن ۋىلايىتى | 52.5 | 47.5 | 5 |
| قۇبىي دېھقانچىلىق مەيدانى | 15 | | |

ئىزاھ: يۇقىرىقى تۈپ سانى بارلىق ياغلىق دان ۋە چىگىتنىڭ ياغقا سۇندۇرۇلغان يىغىندىسىدىن ئىبارەت.

1981 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ «نۆۋەتتىكى ياغ مەسىلىسىگە ئائىت بىر قانچە پىكىر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى ئەستىقلاپ تارقاتتى، ئۇنىڭدا ياغ خىزمىتىدە ئىشلەپچىقىرىشقا مەدەت بېرىش، پائال سېتىۋېلىش، سېتىش يولىنى كېڭەيتىش، ئېكسپورت قىلىشنى ئۇيۇشتۇرۇش قائىدىسىنى

ئىزچىل ئىجرا قىلىش كېرەك. ئاشلىق تارماقلىرى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - بىر تۇتاش سېتىش، بىر تۇتاش تىجارەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇش پرىنسىپى ئاستىدا ياغ خىزمىتىنى جانلاندۇرۇشى لازىم دەپ كۆرسىتىلدى. 1981 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى گوۋۇيۈەن تارقاتقان «1981 - يىللىق ئاشلىق خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»تا ياغنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش تۈپ سانىنى ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلىش شەرت، ئۆز ئالدىغا كېمەيتىشكە بولمايدۇ، دەپ تەكىتلەندى. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون 1981- ۋە 1982 - يىللىرى ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىشنى، بولۇپمۇ زىغىر، زارائىزا ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇردى. 1981 - يىلدىن ئېتىبارەن، ئاپتونوم رايون ئاپتاپپەرەس سېتىۋېلىشتا ياغ مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىش بەلگىلىمىسىنى بىكار قىلدى. ياغ سېتىۋېلىشتا سېتىشنى راسچوت قىلىش شەكلىنى ياخشىلاش، سېتىۋېلىش تۈپ سانىنى تەرتىپكە سېلىش، قىسمەن جايلاردىكى «ياغ سېتىش تەس» بولۇشنى ھەل قىلىشتا ئەھمىيەت بېرىلدى. يېزا ئىگىلىكىدىكى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، ياغ سېتىش ۋە راسچوت قىلىش شەكلى ئەترەت بويىچە تاپشۇرۇپ، ئەترەت بويىچە راسچوت قىلىش ياكى ئائىلە (گورۇپپا) بويىچە تاپشۇرۇپ، ئەترەت بويىچە راسچوت قىلىشقا ئۆزگەرتىلدى، ئائىلىگە ھۆددە بېرىلگەن سۇ يېغى سېتىۋېلىش تۈپ سانى ۋە شۇ يىللىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرگەنلەر ئائىلە بويىچە تاپشۇرۇپ ئائىلە بويىچە راسچوت قىلسىمۇ بولىدۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە ياغ سېتىۋېلىش تۈپ سانى ئۈدا ئەمەلىيلەشمەسلىكى (1979 - يىلى %7.79، 1980 - يىلى %5.47، 1981- يىلى %10.3 بولدى) سېتىۋېلىشقا تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماستىن، بەلكى دۆلەتنىڭ مالىيە چىقىمىنىمۇ كۆپەيتىۋەتتى. 1982 - يىل 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ئاشلىق نازارىتىنىڭ «ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىلىرى باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات»نى تەستىقلاپ تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى تارقىتىپ، جايلاردىن نۇقتىدا سىناق قىلىش ئاساسىدا ئاشلىق - ياغلىق دان سېتىۋېلىش تۈپ سانىنى تەرتىپكە سېلىشنى پىلانلىق، قەدەم باسقۇچلۇق قانات يايدۇرۇشنى، بەك يېنىك بولۇپ كەتكەنلەرنىڭكىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ كۆپەيتىشنى، بەك ئېغىر بولۇپ كەتكەنلەرنىڭكىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ كېمەيتىشنى، ئەسلىدە تۈپ سانى بولمىغانلارنىڭكىنى قايتىدىن تەكشۈرۈپ بېكىتىشنى، ئەسلىدىكى تۈپ سانى مۇۋاپىق بولسا قەتئىي ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى. تۈپ سانى ۋە ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەھەتتە، سىرتقا قارىتا گۇۋاھنامە، ئىچكى قىسىمدا كارتوچكا بولۇش، ۋەزىپە ئۇقتۇرۇشنامىسى تارقىتىش ئۇسۇلىنى يولغا قويۇش كېرەك. بەلگىلەنگەن سېتىۋېلىشنى باشلاش نۇقتىسىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش لازىم. ساۋەن، شىخو ناھىيىلىرىدە ناھىيە، گۇڭشېدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجە ۋىلايەتكە ئاساس سانىنى ھۆددىگە ئېلىشقا مەسئۇل بولۇش، ئېشىپ قالغىنىنى يۇقىرىغا تاپشۇرۇماسلىق، تۈپ سانى ئەمەلىيلەشمەي قالسا، ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغىنىغا قوشۇپ بېرىلىدىغان باھا پۇلىنى ئاشلىق تارماقلىرىغا قايتۇرۇپ بېرىش چارىسى يولغا قويۇلدى. قىزىلسۇ ئوبلاستىدا تۈپ سان ۋەزىپىسىنىڭ %50ى بويىچە تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى. گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ سېتىشى %50 بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ياغلىق دان ھوسۇلىنىڭ ئۈدا ئېشىشىغا ماسلىشىش، دېھقانلارنىڭ ياغلىق دان سېتىش تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، بورتالا ئوبلاستى زىغىرنى، قوبۇقسار ۋە تولى ناھىيىلىرى ياغلىق داننى كەڭتاشا سېتىۋالدى. كۆپلىگەن جايلاردىكى پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى سېتىۋېلىشنى ئۆزلىرى بىۋاسىتە تۇتتى، كادىر ئاجرىتىپ ئاساسىي قاتلامغا ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە ياردەملەشتى. ئاشلىق تارماقلىرى ئامبار، ياغ باكلىرىنى بوشىتىش، بىرلەشتۈرۈش بىلەن ساقلاش مۇئەسسەسەلىرىنى كۆپەيتتى. ئائىلە بويىچە تاپشۇرۇپ ئائىلە بويىچە راسچوت قىلىش خىزمىتى مىقدارى زور بولغان جايلار سېتىۋالغۇچى خادىملارنى ياللاپ خىزمەت ۋاقتىنى ئۇزارتىپ، نۇقتا بېكىتىپ مۇددەت، دائىرىگە ئايرىپ سېتىۋالدى. ئاشلىق پونكىتى ئىچكى قىسىمدا سۈپەت تەكشۈرۈش، جىڭلاش، تىزىملاش، تالون كېسىش، قايتا تەكشۈرۈش، پۇل تاپشۇرۇش جەھەتتە بىر يۈرۈش مەشغۇلات ئۇسۇلىنى يولغا قويدى. 2 يىلدىن

بېرى، ئاپتونوم رايون بويىچە ياغنىڭ سېتىۋېلىنغىنى، قالدۇرۇلغىنى زور دەرىجىدە ئاشتى، 1982 ـ يىلى ئومۇمىي ياغ مەھسۇلاتى 82 مىليون 110 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، 1980 ـ يىلدىكىدىن %30.35 ئاشتى، دۆلەتنىڭ تەكشە باھادا سېتىۋالغىنى 41 مىليون 840 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، %48.32 ئاشتى. دېھقان، يىلمۇ يىل كىرىم چىقىمنى قاپلاپ ئېشىنىش بولغاچقا، ئاھالىلەرنىڭ قەرز قالغان ئوزۇقلۇق يېغى تولۇقلاپ بېرىلىپ، ساھەلەرگە كېتىدىغان ياغ كەلگىلى قويۇۋېتىلىپ، يۆتكەپ چىقىرىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپلا قالماستىن، ئامبار سالدۇرۇشمۇ ئاشۇرۇلدى. سېتىۋېلىشتىن كېيىن يېزىلاردا كىشى بېشىغا قالدۇرۇلغان ياغ 4.1 كىلوگرامغا يېتىپ، %13.89 ئاشتى. ئاپتونوم رايون ئىچىدە كېلىشىپ سېتىۋېلىنغىنى 1 مىليون 30 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، %3 ئاشتى. ئاپتونوم رايون سىرتىدىن كېلىشىپ سېتىۋېلىنىپ يۆتكەپ كىرگۈزۈلگىنى 920 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، %52.82 كېمەيدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ياغ ئىشلەپچىقىرىش، سېتىۋېلىش، قالدۇرۇشنىڭ ھەممىسى يېڭى بىر بالداققا كۆتۈرۈلدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە ياغ جەھەتتىكى ۋەزىيەتنىڭ مۇقىم راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، 1983 ـ يىلى سېتىۋېلىش سىياسىتى داۋاملىق كەڭ قويۇۋېتىلدى. 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭىنىڭ «گوۋۇيۈەن بەنگۈڭتىڭىنىڭ [1983] 5 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىنى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»ىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: دېھقانلار ۋە ئىشلەپچىقارغۇچى ئورۇنلار دۆلەتنىڭ ياغ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن، ئاشلىق تارماقلىرى كېلىشىپ سېتىۋېلىشنى قانات يايدۇرسا بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، كۆپ يوللۇق تىجارەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ؛ ناھىيىنى بىرلىك قىلىپ شۇ يىللىق ياغ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن، كۆپ يول ئارقىلىق سىرتقا توشۇپ سېتىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. بىگتۇەندىكى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق تۈەن ـ مەيدانلىرى دۆلەتكە تاپشۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن ئېشىنغان يېغىنى ئاشلىق تارماقلىرىغا داۋاملىق سېتىشقا بولىدۇ، مەملىكەت بويىچە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش سىستېمىسىدا تەڭشەشكىمۇ، پىششىقلاپ ئىشلەپ شۇ جايدا ياكى سىرتقا ئاپىرىپ سېتىشقىمۇ بولىدۇ. ياغنى كېلىشىپ سېتىۋېلىش ـ سېتىش ئىشىنى ئاشلىق تارماقلىرى بىر تۇتاش بېجىرىش، سىرتقا توشۇشنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى شىركەت تەكشۈرۈپ تەستىقلاش بەلگىلىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. دۆلەتنىڭ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىگە كىرمەيدىغان تۈرلەر جەھەتتە يىل بويى كۆپ يوللۇق تىجارەت قىلىشقا بولىدۇ. ياغ سېتىۋېلىش تۈپ سانى جەھەتتىكى سېلىقنىڭ نامۇۋاپىق بولۇشى ۋە ھېسابلاش مۇرەككەپ بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «يازلىق ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: 1983 ـ يىلى يازلىق يىغىمدىن باشلاپ، ياغنى پىلانلىق سېتىۋېلىش بىلەن نىسبەت بويىچە باھا ھېسابلاشنى بىرلەشتۈرۈش چارىسى يولغا قويۇلىدۇ: ئاپتونوم رايون بويىچە چەكلەنگەن يېغى پىلاندىكى سان بويىچە سېتىۋېلىنىدۇ، باھا قوشۇلمايدۇ. يۆتكەپ چىقىرىدىغان 4 رايون (ئىلى ۋىلايىتى، بورتالا ئوبلاستى، سانجى ئوبلاستى ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتى) دا زىغىر (يېغى) كەڭتاشا سېتىۋېلىنىدۇ، «%80 ~ %20» (پىلان ئىچى ـ سىرتىدا بولسۇن %80 گە ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش بويىچە باھا قوشۇلىدۇ، %20 ى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە ھېسابلىنىدۇ) بويىچە باھا ھېسابلىنىدۇ. باشقا ياغلىق دان (ياغ) لار (يۇقىرىدا ئېيتىلغان 4 رايوندىن باشقا زىغىر- ياغلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بىردەك پىلاندىكى سان بويىچە سېتىۋېلىنىدۇ، پىلان ئىچىدىكىسىگە %60 ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش بويىچە باھا قوشۇلىدۇ، %40 ى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە بولىدۇ. پىلان سىرتىدىكىسى ۋە پىلاندىن ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغانلىرى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە بولىدۇ. سانجى ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى يىللىق ياغ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، جايلاردىن يېڭى ئۇسۇلنى تەشۋىق قىلىشنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، ناھىيە بويىچە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن ئاندىن كۆپ يوللۇق تىجارەت قىلىش ۋە سىرتقا چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى. ئوبلاستتا

ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ناھىيىلەردە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىر رەھبىرى سېتىۋېلىشنى مەخسۇس باشقۇرۇشقا بېكىتىلدى. ئاشلىق تارماقلىرى سېتىۋېلىش ئالدىراش پەسىللىرىدە سېتىۋېلىش ۋاقتىنى ئۇزارتتى، ۋاقتىنى ئالدىن كېلىشىپ قويدى، نۆۋەتلىشىپ تاپشۇرۇپ، ئۇدۇللۇق كەلگىنىنى ئۇدۇللۇق قوبۇل قىلدى. گۇچۇڭ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كۆپ يوللۇق تىجارەت قىلىشتا كۆرۈلگەن يېڭى مەسىلىلەرگە قارىتا، «بازارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىشنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەش» توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقاردى. قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ئاشلىق ئىدارىسى ۋە تەمىنات - سودا كوپېراتىپى بەلگىلىمە چىقىرىپ، چېگىتتىن ئۇرۇقلۇق قالدۇرۇلغان ۋە دېھقانلارغا قايتۇرۇلىدىغان قىسمىدىن باشقىسىنىڭ ھەممىسىنى ئاشلىق تارماقلىرى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سېتىۋالغان چېگىتلىك پاختىنىڭ چېگىتىنى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە پۈتۈنلەي ئاجرىتىپ تاپشۇرۇپ بولۇشى، ئاشلىق تارماقلىرى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىنكى 7 كۈن ئىچىدە پۈتۈنلەي توشۇپ كېتىشى لازىم. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي ياغ مەھسۇلاتى، دۆلەت تەكشى باھادا سېتىۋالغىنى ۋە سېتىۋېلىشتىن كېيىن يېزىلاردا كىشى بېشىغا قالدۇرۇلغان ياغ ئالدىنقى يىلىنىڭ سەۋىيىسىگە يېقىنلاشتى، ئاپتونوم رايون ئىچىدە كېلىشىپ سېتىۋېلىنغىنى بىر ھەسسە، رايون سىرتىدىن كېلىشىپ سېتىۋېلىنىپ يۆتكەپ كىرگۈزۈلگىنى 1.7 ھەسسە ئاشتى. لېكىن قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا پىلان ئىچىدىكى بازىرى ئىتتىك دانلىق ئاپتاپپەرەس ۋە باھا قوشۇلمىغان چېگىت سېتىۋېلىنمىغاچقا، دېھقانلارنىڭ ياغلىق ئاپتاپپەرەسنى سېتىشى قىيىنغا چۈشتى.

ئوبوروت يولىنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، 1984 - يىل 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىش - سېتىش سىياسىتىنى يەنىمۇ تەڭشەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «گوۋۇيۈەننىڭ «شەھەر - يېزا بازار سودىسىنى باشقۇرۇش چارىسىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى»نى ئىزچىل ئىجرا قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىش مەزگىلىدە بازار قويۇۋېتىلىپ، كۆپ يوللۇق ئوبوروت قىلىش تەڭلا يولغا قويۇلىدۇ. يېزىلاردىكى كوللېكتىپ، شەخسلەر، ۋە بىڭتۇەندىكى تۇەن - مەيدانلار، يەرلىك دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىسى دۆلەتنىڭ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولۇش ياكى ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلىش، توختامنى ئىجرا قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئارتۇق ياغلىق دانلىرىنى بازارغا سالسا، توشۇپ ساتسا بولىدۇ. ئەگەر دۆلەتكە سېتىشنى خالىسا، بەلگىلەنگەن تۈر ۋە سۈپەت ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولسىلا، ئاشلىق تارماقلىرى سېتىۋېلىشنى رەت قىلىشقا، چەك قويۇشقا بولمايدۇ. شۇ يىلى يېڭى ياغلىق دان بازارغا كىرگەندىن تارتىپ، دۆلەت پىلانلىق سېتىۋېلىنىدىغان ياغلىق دان (ياغ) پىلانىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىدى، دېھقانلار قانچىلىك ساتسا، دۆلەت شۇنچىلىكىنى سېتىۋالدى. 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن، سۈپەتلىك ياغلىق دان ئۇرۇقى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى قاتارىغا كىرگۈزۈلمەي، ئۇرۇقچىلىق تارماقلىرى بىر تۇتاش سېتىۋالىدىغان قىلىندى. ئەسلىدىكى ئىشلەپچىقارغۇچى ئورۇنلار ئۈستىگە ئالغان تۈپ سانغا ياغلىق دان ياكى ئۇنىڭ ئورنىغا پۇل تاپشۇرسا بولىدۇ، يەنى دۆلەت ئاشلىق تارماقلىرىغا ۋەزىپىنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىش ۋە ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش ئوتتۇرىسىدىكى باھا پەرقى پۇلىنىلا تاپشۇرىدۇ. 1985 - يىل 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «چوشقا، كالا، قوي ۋە يېزىلاردا ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىش - سېتىش سىياسىتى ۋە باھا لايىھىسىنى تەڭشەپ چۈشۈرگەنلىك توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: ياغلىق دان سېتىۋېلىشتا چەك قويماي پىلانلىق سېتىۋېلىش چارىسىنى داۋاملىق يولغا قويۇش، چېگىت سېتىۋېلىش «40% — 60%» (40%ىگە ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش بويىچە باھا قوشۇش، 60%ى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە بولۇش) بويىچە باھا ھېسابلاشقا ئۆزگەرتىلدى. باشقا ياغلىق دانلارغا «تەتۈر 40% — 60%» (60%ىگە ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش بويىچە باھا قوشۇش،

%40ى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە بولۇش) نىسبەت بويىچە باھا ھېسابلىنىدۇ. باھا قوشۇش نىسبىتى جەھەتتە ئەسلىدىكى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى ئاساسىدا %50 قوشۇلىدۇ. چېكىتكە قوشۇلغان باھا پۇلىنى چېكىت ساتقان دېھقان ئائىلىسىگە ياكى ئىشلەپچىقارغۇچى ئورۇنلارغا بېرىش لازىم. سانجى ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسى ئوقتۇرۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ناھىيىلەرگە پىلان ئىچىدە، قانچىلىق بولسا شۇنچىلىكنى سېتىۋېلىش، پىلان سىرتىدا بازىرى بارلىرىنى پائال سېتىۋېلىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، كېلىشىپ سېتىۋېلىشنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش كېرەكلىكىنى ئۇقتۇردى. بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسى ناھىيىلەردىكى ئاشلىق تارماقلىرىغا ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىشتا «سەككىزگە يول قويماسلىق»نى تارقاتتى، ئۇنىڭ بىرى كەڭتاشا سېتىۋېلىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ سۇپەت ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولغان ياغلىق داننى ھەر قانداق باھانە - سەۋەب بىلەن سېتىۋېلىشقا چەك قويۇشقا بولمايدۇ. خوتەن ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى بىلەن تەمىنات سودا كوپىراتىپى بىرلىشىپ چېكىتكە قوشۇلغان باھا پۇلىنى نەقلەشتۈرۈش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرى ياغلىق دان، ياغلارنى ساقلاش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئامبار، باك قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ھازىر بار بولغان ئامبار، باكلاردىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى. ئاپتونوم رايون بويىچە ياغ مەھسۇلاتى ئاشقان ئاساستا، دۆلەت سېتىۋالغىنى 1984 - يىلى ئالدىنقى يىلدىكىدىن %21.40، 1985 - يىلى %50.82 ئاشتى، سېتىۋېلىشتىن كېيىن يېزىلاردا كىشى بېشىغا قالدۇرۇلغان ياغ 1984 - يىلى %7.14، 1985 - يىلى %48.89 ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ياغنىڭ كېلىشىم باھاسى ئەرزان بولغاچقا، كېلىشىپ سېتىۋېلىنغىنى ئاشتى. يەنى 1984 - يىلى ئالدىنقى يىلدىكىدىن %73.79، 1985 - يىلى ئالدىنقى يىلدىكىدىن %278.21 ئاشتى، ئاپتونوم رايون سىرتىدىن كېلىشىپ سېتىۋېلىنىپ يۆتكەپ كىرگۈزۈلگىنى 1984 - يىلى ئالدىنقى يىلدىكىدىن %20.08، 1985 - يىلى %70.26 ئازايدى. ئاپتونوم رايون ئىچىدە كېلىشىپ سېتىۋېلىنغىنى 1985 - يىلى ئۆرلەپ ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچى - سىرتىدا كېلىشىپ سېتىۋېلىنغىنىنىڭ %95ىدىن كۆپرەكىگە يەتتى.

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى يېزىلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشكە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، 1986-يىل 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى «ئاشلىق خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: ئاپتونوم رايون بويىچە قىچا (يېغى)، كۈنجۈت (يېغى) «تەتۈر %40 — %60»لىك نىسبەت بويىچە، چېكىت (يېغى) «%40 — %60»لىك نىسبەت بويىچە باھا ھېسابلىنىپ پىلانلىق، چەك قويۇلماي كەڭتاشا سېتىۋېلىنىدۇ؛ باشقا ياغلىق دان (ياغ) توختاملىق زاكاز قىلىنىدۇ. توختاملىق سېتىۋېلىش ئىچىدىكىسى «تەتۈر %40— %60» نىسبەتلىك باھا بويىچە سېتىۋېلىنىدۇ، توختاملىق زاكاز قىلىنمىغانلىرى ئىختىيارىي بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، ئاشلىق تارماقلىرىغا سېتىشنى خالىسا بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە كەڭتاشا سېتىۋېلىنىدۇ. مول ھوسۇل ئارقىلىق كەم ھوسۇلنى تولۇقلاپ، سېتىۋېلىش پىلانىنىڭ ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، چەكلىمە قويۇپ سېتىۋېلىنىدىغان تۈردىن باشقا تۈرلەرنى جايلارنىڭ ئاپتونوم رايون چۈشۈرگەن ئومۇمىي سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ئىچىدە، تەڭشەشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ. توختاملىق زاكاز قىلىش ۋەزىپىسى بىر بەلگىلىنىپ 3 يىلغىچە ئۆزگەرتىلمەيدۇ. جايلار ياغنى ئاشلىق بىلەن بىللە ماڭدۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئاشلىقنى توختاملىق زاكاز قىلىش ۋەزىپىسى بىلەن بىللە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. ئاقسۇ، قەشقەر، بايىنغولىن ۋە سانجىدىن ئىبارەت 4 ۋىلايەت، ئوبلاستت كۆپلەپ كادىر ئاجرىتىپ، 50 كۈن ئەتراپىدا %91.6، %82.2، %73.9 ۋە %90 دېھقان ئائىلىسى بىلەن ياغ زاكاز قىلىش ۋەزىپىسى بويىچە توختام ئىمزالىدى. گۇچۇڭ ناھىيىسى 40 كۈن سەرپ قىلىپ، ئالدىنقى 3 يىلنىڭ ئوتتۇرىچە ئومۇمىي ھوسۇلىدىن ئورۇقلۇق ۋە ئوزۇقلۇق يېغىنى تونۇۋالغاندىن كېيىنكى سانىنى توپ سان قىلىپ، ئالدىنقى 3 يىلنىڭ ئەمەلىي سېتىلغان سانىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزى مەلۇم قىلىپ كۆپچىلىك باھالاش، دېموكراتىك تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئارقىلىق، 11 يېزىدىكى 23 مىڭ 2 ئائىلە بىلەن 4 مىليون 160 مىڭ كىلوگرام ياغلىق دان سېتىۋېلىش

ۋەزىپىسى توختامى ئىمزالاندى. شۇ يىلى، ئاپتونوم رايون بويىچە ياغ مىقدارى %21.94 ئاشتى، دۆلەت تەكشە باھادا سېتىۋالغىنى ئالدىنقى يىلنىڭ سەۋىيىسىگە يېقىنلاشتى، سېتىۋېلىشتىن كېيىن يېزىلاردا كىشى بېشىغا قالدۇرۇلغان ياغ 10.1 كىلوگرام بولۇپ، %50.75 ئاشتى، ئاپتونوم رايون ئىچىدە كېلىشىپ سېتىۋېلىنغىنى %88.85 ئاشتى، ئاپتونوم رايون سىرتىدىن كېلىشىپ سېتىۋېلىنىپ يۆتكەپ كىرگۈزۈلگىنى 220 كىلوگرام بولدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە ياغلىق دان، پاختا ھوسۇلىنىڭ ئۇدا ئېشىشىغا ئەگىشىپ، بازاردىكى ياغ باھاسى ئىچكىرىدىكى ئۆلكە ـ ئاپتونوم رايونلارنىڭكىدىن تۆۋەن بولدى. 1987 ـ يىلى ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىن بۇرۇن، كېلىشىم باھالىق ياغ تىجارىتى قىلىدىغان بەزى ئورۇن ۋە شەخسلەر ياغ باھاسىنى ئۆستۈرۈپ، دېھقان ئائىلىسى ۋە ئىشلەپچىقارغۇچى ئورۇنلار بىلەن بەسلىشىپ كېلىشىپ سېتىۋېلىش توختامى ئىمزالاپ، ياغلىق داننى تالىشىپ سېتىۋالغاچقا، سېتىۋېلىش دائىرىسىدە بەزى قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى، دۆلەتنىڭ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، 1987 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەت ئىدارىسى، باھا ئىدارىسى ۋە ئاشلىق ئىدارىسى بىرلىشىپ «ئاشلىق بازىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، ياغ تىجارىتى قىلىدىغان ئورۇن ۋە شەخسلەر مۇناسىپ مەبلەغ، تىجارەت شەرت ـ شارائىتى ھازىرلىشى ھەمدە سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، تىجارەت قىلىش ئىجازەتنامىسى ئېلىشى، بازار باشقۇرۇشنى قوبۇل قىلىشى لازىم. سىرتتىن كەلگەن تىجارەتچىلەر شۇ جايدىكى بازارنىڭ بەلگىلىمىسىگە رىئايە قىلىشى شەرت، دەپ بەلگىلىدى. 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ئاشلىق خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، سېتىۋېلىش مەزگىلىدە بازارنى قويۇۋېتىپ كۆپ يوللۇق تىجارەت قىلىشنى «ناھىيە (تۆەن ـ مەيدان) بىرلىك قىلىنىپ ياغنى توختاملىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ئورۇندالغاندىن كېيىن، كۆپ يوللۇق تىجارەتنى قانات يايدۇرۇش، ئىختىيارىي سېتىۋېلىش ـ سېتىش»قا ئۆزگەرتتى. دېھقانلار دۆلەتكە ساتىمەن دېسە، ئاشلىق تارماقلىرى نىسبەتلىك باھا بويىچە كەڭتاشا سېتىۋالدى. پىچان ناھىيىسى چىگىتكە قارىتا يەنە پاختا ساتقۇچى ئورۇنلار بىلەن ۋاكالىتەن سېتىۋېلىش توختامى ئىمزالاپ، پاختىكارلارنىڭ ياغ سېتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا كېتىدىغان چىگىتنى بىۋاستە تۇتۇۋېلىش چارىسىنى قوللىنىش ئارقىلىق، ۋەزىپىنىڭ ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. ئەمما، جايلارنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇشى ئىزچىل بولمىغاچقا، بازاردىكى قالايمىقانچىلىق تۈپتىن ئۆزگەرتىپ بولۇنمىدى. شۇ يىلى ئومۇمىي ياغ مەھسۇلاتى تارىختىكى يېڭى سەۋىيە يارىتىلغان بولسىمۇ، ئەمما، دۆلەتنىڭ تەكشە باھادا سېتىۋېلىشى ئالدىنقى يىلدىكىدىن %25.12 ئازايدى. سېتىۋېلىشتىن كېيىن يېزىلاردا كىشى بېشىغا قالدۇرۇلغان ياغ جەھەتتە تارىختا يېڭى سەۋىيە يارىتىلدى. ئاپتونوم رايون ئىچىدە كېلىشىپ سېتىۋېلىنغىنى %29.76 ئاشتى، ئاپتونوم رايون سىرتىدىن كېلىشىپ سېتىۋېلىنىپ يۆتكەپ كىرگۈزۈلگىنى 350 مىڭ كىلوگرام بولدى. 1988 ـ يىلى ياغ سېتىۋېلىش داۋامىدىكى قالايمىقانچىلىق تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى. يېڭى ياغلىق داننىڭ خامانغا چىقىشى بىلەن، ئاپتونوم رايون ئىچى ۋە سىرتىدىكى بەزى ئورۇن، شەخسلەر ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىغا بېرىپ، باھانى ئۆستۈرۈپ تالىشىپ سېتىۋالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاپتونوم رايون بويىچە مال باھاسى ئۆرلەپ كەتتى، ھەر كىلوگرام ياغلىق داننىڭ بازار باھاسى زاكاز باھاسىدىن 0.18 ~ 0.68 يۈەن يۇقىرى بولدى. بەزى دېھقانلار دۆلەتنىڭ زاكاز ۋەزىپىسىنى ئورۇندىماي، كېلىشىم باھادا ساتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە سېتىۋېلىشنىڭ ئاۋات پەسلىدە، سېتىۋېلىش ئاز بولغان ئۆتكەن يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن يەنە %50 ئازايدى. ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش رايونى بولغان ئىلى، سانجى، بورتالادىن ئىبارەت 3 ۋىلايەت، ئوبلاست يىللىق پىلاننى ئاران %7دىن %31كىچە ئورۇندىدى. ئاپتونوم رايون پاسسىپ ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىپ، زاكاز ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، ئوبوروت تەرتىپىنى تۈزەشنى داۋاملىق كۈچەيتتى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى كۆپ قېتىم ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ،

مۇنۇلارنى ئايدىڭلاشتۇردى: ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش توختامى ھەم ئىقتىسادىي توختام، ھەم دۆلەتنىڭ ۋەزىپىسى، شۇڭلاشقا دېھقانلارنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى بولۇپ، ئۇنى ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ناھىيە، شى (كېيىن ئاپتونوم رايون بويىچە بولۇشقا ئۆزگەرتىلدى) بويىچە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداي تۇرۇپ، بازارنى قويۇۋېتەمسىلىك، قانۇنسىز ئىمزالانغان ياغ سېتىۋېلىش كېلىشىمى ياكى توختامىنى بىكار قىلىش، ئالدامچىلىق بىلەن ياكى تالىشىپ سېتىۋېلىنغان ياغلىق دانلارنى ئېنىقلاش ۋە مۇسادىرە قىلىش كېرەك، مۇھىم قاتناش ئېغىزلىرىدا چازا قۇرۇپ، ياغلىق داننىڭ سىرتقا ئېقىپ كېتىشىنى توسۇش كېرەك. سېتىۋېلىشتا ئەلا يۇقىرى باھا چەكلىمىسى بولۇشنى ۋە شىنجاڭدىن چىقىرىشتا ئىجازەتنامە بولۇشنى يولغا قويۇش كېرەك. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى چىگىت سېتىۋېلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ «چىگىتنى توختاملىق زاكاز قىلىش چارىسىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا دوكلات» نى تارقاتتى. ئۇنىڭدا مۇنداق بەلگىلەندى: يېڭى پاختا بازارغا چىققاندىن باشلاپ، ئەسلىدىكى تەمىنات - سودا كوپىراتىپى چىگىتلىك پاختىنى سېتىۋېلىپ، چىگىتنى ئايرىۋېلىپ ئاشلىق تارماقلىرىغا تاپشۇرۇش ئۇسۇلى تەمىنات - سودا كوپىراتىپى «چىگىتلىك پاختىنى سېتىۋېلىپ، ساپ پاختا بويىچە باھا ھېسابلاپ، چىگىتنى دېھقانلارغا قايتۇرۇش»قا ئۆزگەرتىلدى، ئاشلىق تارماقلىرى دېھقانلار (تۈەن - مەيدانلار) بىلەن بىۋاستە چىگىتنى زاكاز قىلىش توختامى ئىمزالايدۇ، پرىنسىپ بويىچە چىگىتنى سېتىۋېلىنىپ يېغى سېتىۋېلىنمايدۇ، (بىڭتۇەننىڭ تۈەن - مەيدانلىرىنىڭ مەلۇم نىسبەتتە دۆلەتنىڭ سۈپەت ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولغان يېغىنى سېتىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ)، چىگىتى سېتىۋېلىنىپ كۈنجۈرىسى قايتۇرۇلىدۇ (نىسبىتى: قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ 82%، باشقا ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ 70% بولىدۇ). ئاپتونوم رايون بويىچە چىگىتنى توختاملىق زاكاز قىلىش پىلانى 100 مىليون كىلوگرام (ياغقا سۇندۇرغاندا 11 مىليون 550 مىڭ كىلوگرام) بولدى. ئاپتونوم رايوندا يەنە ياغلىق داننىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى 7.76%، چىگىتنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى 25% ئۆستۈرۈلدى. شۇ يىلى، ياغ مەنبەسى قىس، بازار باھاسى يۇقىرى بولغانلىقى، چىگىت سېتىۋېلىش چارىسى كېچىكىپ چۈشۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، كۆپ ساندىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا ئىجرا قىلىنالمىدى. دۆلەتنىڭ تەكشى باھادا سېتىۋېلىشى جەھەتتە يىللىق پىلاننىڭ 66.67%ىلا ئورۇندىلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 37.86% ئازايدى. ئاپتونوم رايون بويىچە سانجى، ئۈرۈمچى ۋە ئاقسۇدا 3 قېتىم ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش يەرمەنكىسى ئۇيۇشتۇرۇلغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە زاكاز ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغان ناھىيە (شى) لەردە كېلىشىپ سېتىۋېلىشنى قانات يايدۇرۇش چىڭ تۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون ئىچىدە كېلىشىپ سېتىۋېلىنغىنى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 39.47% ئاشتى. ئاپتونوم رايون سىرتىدىن كېلىشىپ سېتىۋېلىپ يۆتكەپ كىرگۈزۈش ئۇدا ئازايدى.

1989 - يىلى ياغلىق دان زىرائىتى ۋە كېۋەز ئاپەتكە ئۇچراپ، ئومۇمىي ھوسۇل يەنە كېمىيىپ كەتتى. بازار باھاسى يەنىلا دۆلەتنىڭ زاكاز باھاسىدىن يۇقىرى بولغاچقا، سېتىۋېلىش تەسكە چۈشتى. 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەت، ئاشلىق، باھا ئىدارىلىرى بىرلىكتە ھۆججەت چىقىرىپ، بازار رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، قىچا، زىغىر، ياغلىق ئاپتاپپەرەس ۋە چىگىتتىن ئىبارەت زاكاز قىلىنىدىغان تۈرلەرنىڭ تىجارەت قىلىنىش دائىرىسى، باھاسى، توشۇلۇش ئەھۋالى، بازارنى باشقۇرۇش، توختامنى ئىجرا قىلىش قاتارلىقلارغا كونكرېت بەلگىلىمىلەرنى چىقاردى. 12 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە يىللىق پىلاننىڭ 50%ىلا ئورۇندالدى. 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى «ئاخىرقى مەزگىلدىكى ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىش خىزمىتىنى ھەقىقىي چىڭ تۇتۇش توغرىسىدا جىددىي ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، مۇنداق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى: جايلار ياغ سېتىۋېلىشنى

ئاشلىق سېتىۋېلىشنى ئۆتكۈزۈشتە چىڭ تۇتۇش، بازار باشقۇرۇشنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك. زاكاز ۋەزىپىسىنى ئورۇندىمىغانلار كېلىشىمدىكى سېتىۋېلىشنى قانات يايدۇرۇشقا، كۆپ يوللۇق تىجارەت قىلىشقا بولمايدۇ. زاكاز ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغانلار كېلىشىم باھالىق ياغ سېتىۋېلىشى كېرەك. ئومۇمەن دېھقانلار شۇ جاينىڭ بەلگىلىگەن باھادا سېتىشنى خالىسا كېلىشىم باھالىق يەنى پائال سېتىۋېلىش كېرەك، رەت قىلىشقا، چەك قويۇشقا بولمايدۇ. ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى يۇقىرىدا ئېيتىلغان تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغلىق دان يەرمەنكىسى ئاچتى، ئىلى ۋىلايىتىدە تەكسە، كېلىشىم باھادا بىرلا ۋاقىتتا كەڭتاشا سېتىۋېلىش يولغا قويۇلدى، بىر تۈركۈم كىچىك ياغ زاۋۇتلىرى ئېنىقلىنىپ تاقىۋېتىلدى. ئۈرۈمچى ناھىيىسى توختاملىق زاكاز پىلانىنى ئورۇنداش ئەھۋالىنى ئالىلمۇ ئائىلە تەكشۈردى. ئەستىقتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ كېمەيتكەن ۋە كەچۈرۈم قىلىنغانلارغا قارىتا، كېلىشىم باھالىق يەنى سېتىۋېلىپ تولۇقلاش ياكى مۇقىم ـ كېلىشىم باھا پەرقى پۇلىنى قايتۇرۇۋېلىشتا چىڭ تۇردى. ئاپتونوم رايون قۇمۇل ۋە چاقىلىقتا چازا قۇرۇپ ئاشلىق، ياغلىق داننىڭ سىرتقا قانۇنسىز ئېقىپ كېتىشىنى توسىدى. يىل ئاخىرىدا سودا مىنىستىرلىكى ئاپتونوم رايونىمىزدىن چۆچەك شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى ۋە موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىغا «مەملىكەت بويىچە 1989 ـ يىللىق ياغ ئىشلەپچىقىرىشقا مەدەت بېرىش، ياغ سېتىۋېلىشقا پائال تەشكىللەشتە ئىلغار ناھىيە (شەھەرلىك) ئاشلىق ئىدارىسى» دەپ نام بەردى.

1990 ـ يىلى ئاپتونوم رايون گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، يەنى توختاملىق زاكاز قىلىشنى دۆلەتنىڭ زاكاز قىلىشىغا ئۆزگەرتتى. شۇ يىلى، ئاپتونوم رايون بويىچە زاكاز پىلانى 41 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام (12 مىليون 400 مىڭ كىلوگرام چىگىت يېغىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بولۇپ، بۇنىڭدىن، بەرلىكنىڭ 31 مىليون كىلوگرام (8 مىليون 850 مىڭ كىلوگرام چىگىت يېغىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، بىڭتۇەننىڭ 10 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام (3 مىليون 550 مىڭ كىلوگرام چىگىت يېغىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بولدى. دېھقان ئائىلىلىرى ۋە ئىشلەپچىقارغۇچى ئورۇنلار دۆلەتنىڭ زاكاز ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن داۋاملىق سېتىشنى خالىسا، دۆلەت زاكاز باھاسى بويىچە كەڭتاشا سېتىۋالدى. دۆلەتنىڭ ماكرو جەھەتتىكى تەڭشەش ـ تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، قىسمەن جايلاردىكى ياغ سېتىۋېلىش قىيىنچىلىقىنى پەسەيتىش ئۈچۈن، تاۋارلىق ياغ زاپىسى سېتىۋېلىش يېڭىدىن قوشۇلدى، سېتىۋېلىش پىلانى يىلدا بىر قېتىم بېكىتىلدى. دېھقانلارنىڭ ياغلىق دان ھوسۇلىنى ئاشۇرۇش ۋە سېتىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن، 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە ياغلىق داننىڭ زاكاز باھاسى ئۆستۈرۈلدى، كېلىشىپ سېتىۋېلىشتا ئەڭ تۆۋەن قوغدىما باھا يولغا قويۇلدى. ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى ئاپتونوم رايون بويىچە 42 مىليون كىلوگرام يېتەكچى خاراكتېرلىك كېلىشىپ سېتىۋېلىش پىلانى چۈشۈردى. جايلار سېتىۋېلىشنى كۈچەيتتى، ئىلى ۋىلايىتى زاكاز ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشنى كادىرلارنى باھالاش خىزمىتىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىنى ئۆلچەشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى قىلدى، ياخشى ئورۇندىغانلارنى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەقدىرلىدى، ناچارلىرىنى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىد قىلدى. جايلار ناھىيە (تۈەن ـ مەيدان) بويىچە زاكاز ۋەزىپىسىنى ئورۇندىماي تۇرۇپ بازارنى قويۇۋېتىمەسلىك، كۆپ يوللۇق تىجارەت بىلەن شۇغۇللانماسلىقتا چىڭ تۇردى. قەشقەر ۋىلايىتى چىگىتتە ئۆزگىلۇقنى تولۇق قالدۇرۇش، ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن دېھقانلارغا قايتۇرۇش پرىنسىپى بويىچە، چىگىت زاكاز ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. ئاپتونوم رايون مالىيىسى جايلارنىڭ ئاشۇرۇپ ساقلاش خىراجىتىنى كۆپەيتىپ بەردى. ش ئۇ ئا ر ياغ شىركىتى ۋە يۆتكەش پونكىتى 5 مىليون كىلوگراملىق ياغ باكىنى بوشىتىپ بەردى. تارباغاتاي ۋىلايىتى ئائىلە بويىچە تاپشۇرۇپ ئائىلە بويىچە راسچوت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مەبلىغى قىس ئەھۋالدىمۇ، ماسلىشىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ياغ بىلەن پۇلنى

نەقلەشتۈرۈپ، ئاق مۆججەت بەرمەسلىككە كاپالەتلىك قىلدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كېۋەز، ياغلىق دان تېرىلغۇ كۆلىمى 1 مىليون 190 مىڭ مو كېڭەيتىلدى، ياغ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 212 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %35.53 ئاشتى، دۆلەت تەكشى باھادا سېتىۋالغىنى 75 مىليون 940 مىڭ كىلوگرام (بۇنىڭدىن دۆلەتنىڭ تاۋار ياغ زاپىسى 20 مىليون كىلوگرام) بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلات ۋە سېتىۋېلىش مىقدارى تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى بولغان يىل بولدى. سېتىۋېلىنىپ ئامبارغا كىرگۈزۈلگەن ياغدىن ئاپتاپپەرەس يېغى %10.43نى، قىچا يېغى %32.35نى، چىگىت يېغى %88.16نى، زىغىر يېغى %82.3نى ئىگىلىدى. سېتىۋالغىنى ئەڭ كۆپ بولغان ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە ئورۇنلاردىن ئىلى ۋىلايىتى %45.27نى، تارباغاتاي ۋىلايىتى %56.26نى، بىڭتۇەن %75.19نى ئىگىلىدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كىرىم چىقىمدىن 51 مىليون 850 مىڭ كىلوگرام كۆپ بولدى. بۇ ئىككى يىلدىن كۆپرەك سېتىش مىقدارىغا تەڭ. سېتىۋېلىشتىن كېيىن يېزىلاردا كىشى بېشىغا قالدۇرۇلغان ياغ 9.12 كىلوگرام بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن بىر كىلوگرام كۆپەيدى. ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى كېلىشىپ سېتىۋېلىش بازارلىرىنىڭ ھالسىزلىنىپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن يەنە %64.9 ئازايدى؛ ئاپتونوم رايون سىرتىدىن كېلىشىپ سېتىۋېلىنىپ يۆتكەپ كىرگۈزۈلگىنى 280 مىڭ كىلوگرام بولدى (جەدۋەل: 1 — 33، 1 — 34، 1 — 35، 1 — 36 لەرگە قارالسۇن).

## 1949 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە شىنجاڭنىڭ ياغ مەھسۇلاتى، سېتىۋېلىش ۋە سېتىۋېلىشتىن كېيىن يېزىلاردا قالدۇرۇلۇش ئەھۋالى

جەدۋەل: 1 — 33                بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| تۈرى / ئاشلىق يىلى | مەھسۇلاتى: مىقدارى | مەھسۇلاتى: ئومۇمىي ئاھالە بويىچە كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە (كىلوگرام) | كېلىشىم باھادىكى ئىچىگە ئالمايدۇ: سېتىۋېلىنغىنى: مىقدارى | كېلىشىم باھادىكى ئىچىگە ئالمايدۇ: سېتىۋېلىنغىنى: مەھسۇلاتىدىن ئىگىلىگىنى (%) | كېلىشىم باھادىكى ئىچىگە ئالمايدۇ: سېتىۋېلىشتىن كېيىن يېزىلاردا كىشى بېشىغا قالدۇرۇلغان ياغ (كىلوگرام) | كېلىشىم باھادىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: تەكشى ـ كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىنغىنى: جەمئىي | كېلىشىم باھادىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: تەكشى ـ كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىنغىنى: بۇنىڭدىن: كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىنغىنى: مىقدارى | كېلىشىم باھادىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: تەكشى ـ كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىنغىنى: بۇنىڭدىن: كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىنغىنى: ئومۇمىي مىقداردىن ئىگىلىگىنى (%) | كېلىشىم باھادىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: سېتىۋېلىشتىن كېيىن يېزىلاردا كىشى بېشىغا قالدۇرۇلغان ياغ (كىلوگرام) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1949 | 908 | 2.1 | | | | | | | |
| 1950 | 1083 | 2.4 | | | | | | | |
| 1951 | 1234 | 2.7 | 20 | | | | | | |
| 1952 | 1658 | 3.6 | 138 | | | | | | |
| 1953 | 1417 | 3 | 218 | | | | | | |
| 1954 | 1859 | 3.7 | 764 | | | | | | |
| 1955 | 2429 | 4.7 | 1064 | 43.80 | 3.2 | | | | |
| 1956 | 2632 | 4.9 | 1196 | 45.44 | 3.3 | | | | |
| 1957 | 2145 | 3.8 | 1230 | 57.34 | 2 | | | | |
| 1958 | 2676 | 4.6 | 1320 | 49.33 | 3 | | | | |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | 2.6 | 60.38 | 1891 | 4.8 | 3132 | 1959 |
| | | | | 2.2 | 53.81 | 1236 | 3.3 | 2297 | 1960 |
| | | | | 1.8 | 39.84 | 651 | 2.3 | 1634 | 1961 |
| | | | | 1.9 | 29.93 | 448 | 2.1 | 1497 | 1962 |
| | | | | 2.5 | 32.17 | 674 | 2.9 | 2095 | 1963 |
| | | | | 3 | 33.85 | 926 | 3.7 | 2736 | 1964 |
| | | | | 3.8 | 30.91 | 1082 | 4.4 | 3501 | 1965 |
| | | | | 3.6 | 39.43 | 1591 | 4.8 | 4035 | 1966 |
| | | | | 3.1 | 38.74 | 1374 | 4.1 | 3547 | 1967 |
| | | | | 3 | 31.84 | 1017 | 3.5 | 3194 | 1968 |
| | | | | 2.7 | 28.40 | 804 | 3 | 2831 | 1969 |
| | | | | 2.9 | 27.59 | 892 | 3.3 | 3233 | 1970 |
| | | | | 2.9 | 30.65 | 1056 | 3.4 | 3445 | 1971 |
| | | | | 2.8 | 26.79 | 885 | 3.1 | 3304 | 1972 |
| | | | | 3.4 | 25.78 | 1045 | 3.7 | 4053 | 1973 |
| | | | | 2.5 | 25.66 | 773 | 2.7 | 3012 | 1974 |
| | | | | 2.7 | 30.55 | 1064 | 3 | 3483 | 1975 |
| | | | | 2.7 | 28.95 | 980 | 2.9 | 3385 | 1976 |
| | | | | 2.4 | 33.19 | 1104 | 2.8 | 3326 | 1977 |
| | | | | 2.6 | 31.88 | 1166 | 3 | 3658 | 1978 |
| 3 | 0.16 | 3 | 1819 | 3 | 38.81 | 1816 | 3.7 | 4679 | 1979 |
| 3.5 | 3.42 | 100 | 2921 | 3.6 | 44.78 | 2821 | 4.9 | 6299 | 1980 |
| 3.5 | 2.76 | 124 | 4499 | 3.6 | 55.54 | 4375 | 6 | 7877 | 1981 |
| 4 | 2.40 | 103 | 4287 | 4.1 | 50.96 | 4184 | 6.2 | 8211 | 1982 |
| 3.9 | 4.78 | 206 | 4313 | 4.2 | 50.16 | 4107 | 6.1 | 8187 | 1983 |
| 4.2 | 6.70 | 358 | 5344 | 4.5 | 52.81 | 4986 | 7 | 9441 | 1984 |
| 5.4 | 15.25 | 1354 | 8874 | 6.7 | 53.04 | 7520 | 10.4 | 14177 | 1985 |
| 7.5 | 26.17 | 2557 | 9771 | 10.1 | 41.73 | 7214 | 12.5 | 17288 | 1986 |
| 9.8 | 38.04 | 3316 | 8718 | 13.1 | 29 | 5402 | 13.2 | 18630 | 1987 |
| 9.1 | 57.95 | 4626 | 7983 | 13.6 | 19.49 | 3357 | 12.1 | 17222 | 1988 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1989 | 15680 | 10.8 | 3434 | 21.90 | 11.9 | 6700 | 3266 | 48.75 | 8.7 |
| 1990 | 21251 | 14.2 | 7594 | 35.73 | 12.9 | 10545 | 2951 | 27.98 | 10.1 |

ئىزاھ: 1. يىللاردىن بۇيانقى سېتىۋېلىشتىن كېيىن يېزىلاردا قالدۇرۇلغان ياغدا يېزا ئىگىلىكىگە سېتىلغىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.
2. كېلىشىم باھادا سېتىۋالغىنى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ باشقا سودا تارماقلىرىدىن سېتىۋالغىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
3. 1951 - يىلدىن 1954 - يىلغىچە سېتىۋالغىنى سودا نازارىتى، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سىستېمىسىنىڭ مەلۇمات جەدۋىلىدىكى ساننى كۆرسىتىدۇ. سانى تولۇق بولمىغاچقا، سېتىۋېلىشتىن كېيىن ياغ قالدۇرۇش ھېسابلانمىدى.
4. مەھسۇلات ياغلىق دان بىلەن چىگىتنىڭ ياغقا سۇندۇرۇلغىنى، سېتىۋېلىنغىنى ياغ ۋە ياغلىق دان، چىگىتنىڭ ياغقا سۇندۇرۇلغاندىن كېيىنكى يىغىندىسى بولىدۇ.

## 1979 — 1990 - يىلغىچە شىنجاڭ ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ياغنى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 1 — 34    بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| ئاشلىق يىلى / نامى | 1979 | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە | 3 | 100 | 124 | 103 | 206 | 358 | 1354 | 2557 | 3316 | 4626 | 3266 | 2951 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | | 3 | 4 | 10 | 10 | 7 | 55 | 138 | 239 | 402 | 257 | 201 |
| قاراماي شەھىرى | | | | | | | 3 | 1 | 1 | 13 | | |
| تۇرپان ۋىلايىتى | | 4 | 2 | 25 | | 1 | 5 | 12 | 10 | 12 | 12 | 22 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | | 2 | | 1 | 6 | 5 | 9 | 5 | 26 | 18 | 16 | 25 |
| سانجى ئوبلاستى | | 25 | 14 | 23 | 56 | 83 | 610 | 1237 | 1194 | 1213 | 610 | 644 |
| شىخەنزە شەھىرى | | 9 | 16 | | 26 | 11 | 74 | 130 | 539 | 461 | 222 | 283 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلار | | 4 | 4 | 9 | 15 | 4 | 20 | 156 | 71 | 13 | 24 | 86 |
| ئىلى ۋىلايىتى | 1 | 8 | 6 | 9 | 21 | 14 | 41 | 268 | 263 | 481 | 438 | 385 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 1 | 18 | 5 | | 4 | 13 | 195 | .59 | 332 | 872 | 540 | 72 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | | | | | | | | 10 | 26 | 27 | 24 | 48 |
| بورتالا ئوبلاستى | | 2 | 5 | 3 | 1 | | 25 | 18 | 8 | 112 | 159 | 68 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | | 1 | 1 | 1 | 12 | 8 | 43 | 262 | 107 | 314 | 245 | 246 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | | 15 | 8 | 8 | 14 | 44 | 92 | 119 | 286 | 341 | 271 | 603 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | | | 2 | 3 | 4 | 8 | 15 | 24 | 32 | 35 | 13 | 22 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 1 | 7 | 55 | 7 | 27 | 135 | 94 | 115 | 89 | 133 | 108 | 93 |
| خوتەن ۋىلايىتى | | 2 | 2 | 4 | 10 | 25 | 62 | 71 | 81 | 71 | 74 | 76 |
| ئاپتونوم رايونلۇق ياغ شىركىتى | | | | | | | 11 | 50 | 9 | 10 | 158 | 55 |
| ئاپتونوم رايونلۇق كېلىشىپ سېتىۋېلىش - سېتىش شىركىتى | | | | | | | | | 3 | 3 | | |
| ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | | | | | | | | | | 95 | 95 | 22 |

## 1951 — 1990 ـ يىلغىچە شىنجاڭدا باغنى رايونلار بويىچە تەكسە باھادا سېتىۋېلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 1 — 35 بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| ئاشلىق يىلى / نامى | 1951 | 1952 | 1953 | 1954 | 1955 | 1956 | 1957 | 1958 | 1959 | 1960 | 1961 | 1962 | 1963 | 1964 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە | 20 | 138 | 218 | 764 | 1064 | 1196 | 1230 | 1320 | 1891 | 1236 | 651 | 448 | 674 | 926 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | | | | | 14 | 17 | 25 | 14 | 8 | 8 | 5 | 1 | 6 | 10 |
| قاراماي شەھىرى | | | | | | | | | | | | | | 2 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | | | | | | 10 | 76 | 93 | 152 | 88 | 31 | 23 | 26 | 42 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | | | | | | 16 | 24 | 23 | 23 | 5 | 7 | 3 | 8 | 9 |
| سانجى ئوبلاستى | | | | | 267 | 187 | 146 | 131 | 189 | 96 | 32 | 20 | 50 | 71 |
| شىخەنزە شەھىرى | | | | | | | | | | | | | | |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلار | | | | | | | | | | | | | | |
| ئىلى ۋىلايىتى | | | | | 458 | 425 | 242 | 298 | 319 | 263 | 98 | 51 | 77 | 158 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | | | | | | 85 | 40 | 66 | 140 | 71 | 42 | 6 | 20 | 25 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | | | | | | 1 | 4 | 10 | 26 | 8 | 6 | 4 | 2 | 3 |
| بورتالا ئوبلاستى | | | | | | 5 | 23 | 24 | 20 | 7 | 16 | 2 | 7 | 8 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | | | | | | 67 | 48 | 44 | 51 | 20 | 13 | 6 | 11 | 25 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | | | | | 325 | 330 | 244 | 295 | 353 | 158 | 80 | 81 | 148 | 195 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | | | | | | 1 | 17 | 20 | 24 | 15 | 9 | 8 | 11 | 13 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | | | | | | 39 | 276 | 258 | 499 | 396 | 232 | 179 | 222 | 260 |
| خوتەن ۋىلايىتى | | | | | | 13 | 65 | 44 | 87 | 101 | 80 | 64 | 86 | 105 |
| بىڭتۇەن باشقۇرۇش بۆلۈمى | | | | | | | | | | | | | | |

| نامى \ ئاشلىق يىلى | 1965 | 1966 | 1967 | 1968 | 1969 | 1970 | 1971 | 1972 | 1973 | 1974 | 1975 | 1976 | 1977 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە | 1082 | 1591 | 1374 | 1017 | 804 | 892 | 1056 | 885 | 1045 | 773 | 1064 | 980 | 1104 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 20 | 89 | 100 | 4 | 20 | 4 | 7 | 15 | 10 | 2 | 18 | 42 | 79 |
| قاراماي شەھىرى | 14 | | 4 | 2 | 1 | | | 3 | 2 | | | | 1 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 46 | 49 | 46 | 35 | 35 | 46 | 34 | 81 | 36 | 30 | 52 | 43 | 52 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 19 | 21 | 12 | 8 | 16 | 17 | 7 | 9 | 23 | 3 | 24 | 28 | 27 |
| سانجى ئوبلاستى | 68 | 132 | 63 | 69 | 94 | 61 | 65 | 63 | 108 | 26 | 102 | 66 | 135 |
| شىخەنزە شەھىرى | | | | | | | | | | | 11 | 10 | 43 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلار | | | | | | | | | | | | | |
| ئىلى ۋىلايىتى | 153 | 172 | 89 | 80 | 90 | 107 | 154 | 147 | 257 | 121 | 152 | 160 | 105 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 47 | 92 | 56 | 77 | 77 | 66 | 55 | 51 | 68 | 25 | 89 | 59 | 71 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 4 | 10 | 4 | 5 | 2 | 2 | 4 | 7 | 9 | 1 | 10 | 4 | 11 |
| بورتالا ئوبلاستى | 12 | 20 | 19 | 6 | 8 | 3 | 9 | 26 | 46 | 26 | 23 | 29 | 31 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 35 | 38 | 29 | 22 | 13 | 21 | 15 | 18 | 15 | 18 | 27 | 32 | 50 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 265 | 392 | 374 | 271 | 247 | 197 | 241 | 189 | 178 | 218 | 206 | 189 | 161 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 15 | 18 | 20 | 20 | 8 | 12 | 12 | 14 | 16 | 16 | 16 | 15 | 13 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 266 | 415 | 442 | 289 | 137 | 273 | 373 | 247 | 230 | 237 | 227 | 220 | 230 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 118 | 125 | 116 | 109 | 56 | 83 | 80 | 65 | 47 | 50 | 107 | 83 | 95 |
| بىڭتۇەن باشقۇرۇش بۆلۈمى | | 18 | | | | | | | | | | | |

| نامى \ ئاشلىق يىلى | 1978 | 1979 | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە | 1166 | 1816 | 2821 | 4375 | 4184 | 4107 | 4986 | 7520 | 7214 | 5402 | 3357 | 3434 | 7594 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 64 | 53 | 59 | 89 | 122 | 58 | 119 | 85 | 71 | 62 | 50 | 49 | 58 |
| قاراماي شەھىرى | 1 | | | | | | | | | | | | |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 53 | 39 | 47 | 51 | 45 | 85 | 38 | 19 | 18 | 17 | 21 | 21 | 28 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 14 | 24 | 14 | 24 | 37 | 42 | 54 | 40 | 33 | 39 | 9 | 18 | 46 |
| سانجى ئوبلاستى | 121 | 261 | 377 | 672 | 594 | 559 | 924 | 833 | 475 | 498 | 253 | 290 | 541 |
| شىخەنزە شەھىرى | 43 | 28 | 65 | 174 | 298 | 112 | 139 | 549 | 456 | 192 | 84 | 82 | 248 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلار | | 3 | 11 | 57 | 61 | 53 | 49 | 43 | 31 | 31 | 52 | 54 | 51 |
| ئىلى ۋىلايىتى | 208 | 491 | 869 | 1172 | 793 | 1101 | 1290 | 2296 | 2192 | 1479 | 597 | 673 | 2085 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 97 | 186 | 406 | 745 | 656 | 504 | 695 | 1179 | 1748 | 1231 | 612 | 585 | 2017 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 9 | 41 | 94 | 122 | 135 | 98 | 128 | 289 | 363 | 311 | 226 | 208 | 486 |
| بورتالا ئوبلاستى | 35 | 81 | 175 | 366 | 275 | 353 | 362 | 504 | 419 | 320 | 203 | 231 | 607 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 41 | 49 | 58 | 164 | 247 | 181 | 231 | 445 | 294 | 200 | 171 | 216 | 237 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 186 | 322 | 314 | 309 | 385 | 332 | 349 | 442 | 375 | 304 | 343 | 303 | 377 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 15 | 9 | 11 | 39 | 36 | 34 | 50 | 57 | 41 | 13 | 38 | 35 | 60 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 201 | 158 | 258 | 301 | 374 | 443 | 436 | 578 | 548 | 547 | 526 | 543 | 581 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 78 | 71 | 63 | 90 | 126 | 152 | 122 | 161 | 150 | 158 | 172 | 126 | 172 |
| بىڭتۇەن باشقۇرۇش بۆلۈمى | | | | | | | | | | | | | |

**1979 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە شىنجاڭ ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئاپتونوم رايون سىرتىدىن كېلىشىپ ياغ سېتىۋېلىش (كىرگۈزۈش) ئەھۋالى**

جەدۋەل: 1 — 36    بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| ئاشلىق يىلى / نامى | 1979 | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە | 282 | 195 | 275 | 92 | 244 | 195 | 58 | 22 | 35 | 18 | 8 | 28 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 62 | 31 | 34 | 20 | 63 | 83 | 13 | 6 | 9 | 1 | | |
| قاراماي شەھىرى | | | | | 7 | | | | | | | |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 32 | 35 | 58 | 5 | 1 | 4 | 1 | | 2 | 1 | | |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 38 | 8 | 26 | 4 | 3 | 5 | 4 | | | | | 4 |
| سانجى ئوبلاستى | | 5 | | | 40 | 30 | 2 | 3 | 4 | 1 | | |
| شىخەنزە شەھىرى | | 12 | 14 | 3 | | 3 | | | 1 | | | 3 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلار | | | 2 | 2 | | 14 | 19 | 6 | 6 | | 1 | 2 |
| ئىلى ۋىلايىتى | | | | 3 | 9 | 7 | 2 | | 1 | | | |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | | | | | 3 | 3 | 3 | | 1 | | | |
| ئالتاي ۋىلايىتى | | | | | | | | | | | | |
| بورتالا ئوبلاستى | | | | | | | | | | | | |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | | 60 | 1 | 1 | 9 | | 3 | 4 | | | 2 | 5 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | | | | | 8 | | | | | | | |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | | | | | | | | | | | | |
| قەشقەر ۋىلايىتى | | | | | | | 2 | | | | | |
| خوتەن ۋىلايىتى | | | | | | | | | | | | |
| ش ئۇ ئا ر ياغ شىركىتى | 150 | 44 | 140 | 54 | 55 | 16 | | | 6 | 12 | | 6 |
| ش ئۇ ئا ر كېلىشىپ سېتىۋېلىش ـ سېتىش شىركىتى | | | | | 46 | 30 | 9 | 3 | 5 | 3 | 5 | 8 |

# 2 § . ئىستېمال قىلىنمايدىغان ياغ

شىنجاڭدا ئىستېمال قىلىنمايدىغان ياغ مەنبەسى مول، ئاپتونوم رايون بويىچە بايقالغان پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە تۈرلەردىن: ئابدىمىلىك، قارىغاي ئۇرۇقى، ياۋا قىچا، ياۋا قاراقىچا، بۇدۇشقاق ئۇرۇقى، ئوت ئۇرۇقى، مىگدىۋانە ئۇرۇقى، كەپە (زىرىغماق) قاتارلىقلار بار. ئۇلاردىن تېرىش ۋە سېتىۋېلىش مىقدارى كۆپرەك بولغىنى ئاساسەن ئابدىمىلىك، ياۋا قىچا ۋە ياۋا قاراقىچىلاردىن ئىبارەت، بۇلارنىڭ ھەممىسى دېھقانچىلىق، دۆلەت مۇداپىئەسى، خىمىيە سانائىتى، ماشىنىسازلىق، تىببىي دورا، سىرچىلىق، باسمىچىلىق قاتارلىق سانائەتلەرنىڭ مۇھىم خام ئەشياسىدۇر.

## 1. تىجارەت ئورۇنلىرى

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، تۇراقلىق تىجارەت ئورنى يوق ئىدى، كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا نازارىتىنىڭ ياغ شىركىتى سېتىۋېلىشنى ئۈستىگە ئالدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىنىڭ ۋاكالىتەن سېتىۋېلىشىغا ھاۋالە قىلدى. 1956 ـ يىل 6 ـ ئايدا ياغ كەسپى ئاشلىق تارماقلىرىغا ئايرىپ بېرىلىپ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ سېتىۋېلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ۋاقىتىنچە ئورگىنى بولمىغان ياكى خادىمى يېتەرلىك بولمىغان جايلاردا يەنىلا ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىنىڭ ۋاكالىتەن سېتىۋېلىشىغا ھاۋالە قىلىندى. 1959 ـ يىل 10 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق نازارىتى، سودا نازارىتى، ئاشلىق نازارىتى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، ئايدىمىلىكنى پرىنسىپ جەھەتتە ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرى بىر تۇتاش سېتىۋالىدۇ، ئاساسىي قاتلام سودا تارماقلىرى بىلەن ۋاكالىتەن سېتىۋېلىشنى ھاۋالە قىلىش توغرىلىق توختام ئىمزالاشقىمۇ بولىدۇ، دەپ بەلگىلىدى. 1972 ـ يىلى ئاشلىق تارماقلىرى بىر تۇتاش تىجارەت قىلىدىغان بولدى. 1984 ـ يىلى تىجارەت قويۇۋېتىلدى.

## 2. سېتىۋېلىش

### 1) سېتىۋېلىش ئۇسۇلى

ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە، پۇتۇنلەي ئىختىيارىي سېتىۋېلىناتتى. 1957 ـ يىلى ياغ مەنبەسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق نازارىتى مەھسۇلات مىقدارى كۆپ، پايدىلىنىش قىممىتى يۇقىرى بولغان باۋا قاراقچا، ياۋا قىچا، ئوت ئۇرۇقى قاتارلىق 5 تۈرنىلا سېتىۋالدى. باشقا تۈرلەرنى جايلار ئۆز ئالدىغا بەلگىلىدى. 1958 ـ يىلى تەكشۈرۈپ سىناق تەرىقىسىدە، تارتقاندا ھەقىقەتەن ياغلىق زىرائەت بولسا، پايدىلىنىش قىممىتى بولغان ھەم تارتىشقا بولىدىغانلىرىنى زور كۈچ بىلەن سېتىۋېلىش كېرەك دەپ بەلگىلەندى. 1959 ـ يىلدىن ئېتىبارەن ئاساسەن ئايدىمىلىكلا سېتىۋېلىندى ھەمدە پىلانلىق مال قاتارىغا كىـــرگۈزۈلدى، ئۇرۇقلۇق قالدۇرۇلغاندىن باشقا، قالغىنىنىڭ ھەممىسىنى دۆلەت سېتىۋالدى. كۆپرەك سېتىۋېلىش ۋە ئاممىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن، ئـاشلىق تـارمـاقلىرىدىن مەخسۇس كىشى سېتىۋالغـاندىن سىرت، يەنە 3% رەسمىيەت ھەققى بېرىش، ئوراش ـ قاچىلاش بويۇملىرىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، ئاساسىي قاتلام سودا ۋە تەمىنات سودا تارماقلىرىنىڭ ۋاكالىتەن سېتىۋېلىشىغا ھاۋالە قىلىندى. ئاز ـ كۆپ، ياخشى ـ ناچار، بالدۇر ـ كېيىن بولسۇن، پوستى بولسۇن ـ بولمىسۇن ھەممىسى سېتىۋېلىندى. 1960 ـ يىل 5 ـ ئايدا سېتىپ بېرىلگەن مىقدارىغا قاراپ 3% ~ 5% يېمەكلىك ياغ مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلدى. 1962 ـ يىلى ئەمەلىي ياغ چىقىش نىسبىتى بويىچە 20% يېمەكلىك ياغ مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلدى. 1972 ـ يىلى بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىدىغان ماددىي ئەشيا قىلىپ بېكىتىلىپ، بازارغا سېلىش قاتتىق مەنئى قىلىندى، ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ تالىشىپ سېتىۋېلىشى ياكى باشقا مالغا تېگىشىشكە يول قويۇلمىدى. يېزىلاردىكى گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ ۋە دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ ساتقىنى بىردەك دۆلەتنىڭ يېمەكلىك ياغ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىگە توغرىلاندى. شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرى، گۇڭشې ئەزالىرى، ئىدارە ـ ئورگان، قىسىملار، مەكتەپ، زاۋۇت ـ كان قاتارلىق ئورۇنلار سېتىپ بەرسە 30% باھا قوشۇپ بېرىلدى، ھەر 50 كىلوگرام سېتىپ بېرىلسە، يەنە 2.5 جىڭ يېمەكلىك ياغ مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلدى. 11 ـ ئايدا يېزىلاردىكى گۇڭشې ـ ئەترەت ۋە دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانى ـ چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ سېتىپ بەرگىنىگىمۇ 30% باھا قوشۇپ بېرىلدى. 1979 ـ يىل 6 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئايدىمىلىكتىن ئۇرۇقلۇق قالدۇرۇلغاندىن باشقا، قالغىنىنىڭ ھەممىسى دۆلەتكە سېتىپ بېرىلىدۇ، دەپ بەلگىلىدى ھەمدە ئايدىمىلىك

يېغىنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى جەھەتتە ھەر 50 كىلوگرامى 85 يۈەندىن 120 يۈەنگە ئۆستۈرۈشنى، باھا قوشۇش ۋە ياغ مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلدى. 1980 - يىل 3 - ئايدا سېتىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، دېھقانچىلىق ئىدارىسى ۋە تەمىنات- سودا كوپېراتىپى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، يېزا گۇڭشې - ئەترەتلەر ۋە دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانى- چارۋىچىلىق فېرمىلىرى ساتقىنىغا باھا قوشۇش، مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىش سىياسىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. شەھەر - بازار ئاھالىلىرى، گۇڭشې ئەزالىرى، ئىدارە - ئورگانلار، كارخانا - كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ساتقىنىغا يېمەكلىك ياغ مۇكاپاتلاپ سېتىپ بەرگەندىن سىرت، يەنە باھا قوشۇش نىسبىتىنى %50 گە ئۆستۈردى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ سېتىۋېلىشنى رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، %40 ياغ چىقىش نىسبىتى بويىچە ھېسابلاپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ياغ يۆتكەپ چىقىرىش (كىرگۈزۈش) كۆرسەتكۈچىگە توغرىلىنىۋېلىشقا بولىدىغان بولدى. ئاساسىي قاتلام ئاشلىق پونكىت، نۇقتىلىرى ۋە شەخسلەردىن ئاكتىپ سېتىۋالغانلارغا يىل ئاخىرىدا مۇكاپات بېرىلدى. شۇ يىلى 7 - ئايدا قويۇۋېتىپ، جانلاندۇرۇش، مىقدارى ئاز ياغلىق دانلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى قارار چىقىرىپ، ئابدىمىلىك تىجارىتىنى كېلىشىم باھا تىجارىتىگە ئۆزگەرتتى. 1984 - يىل 8 - ئايدا، كۆپ يوللۇق تىجارەت يولغا قويۇلدى.

## 2) سېتىۋېلىش جەھەتتىكى نەتىجىلەر

تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، 1956 - يىلى 10 مىڭ كىلوگرام (ياغ)، 1957 - يىلى 15 مىڭ كىلوگرام (ئۇرۇق)، 1958 - يىلى 40 مىڭ كىلوگرام (ئۇرۇق)، 1959 - يىلى 5000 كىلوگرام (ئۇرۇق)، 1973- يىلى 250 مىڭ كىلوگرام (ئابدىمىلىك ئۇرۇقى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، 1976 - يىلى 70 مىڭ كىلوگرام، 1978 - يىلى 52 مىڭ 500 كىلوگرام، 1986 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە 3 مىليون 840 مىڭ كىلوگرام ئابدىمىلىك، 130 مىڭ كىلوگرام ئابدىمىلىك يېغى سېتىۋېلىنغان.

## ئىككىنچى قىسىم

# ئاشلىق، ياغ سېتىش

# ئىككىنچى قىسىم

# ئاشلىق، ياغ سېتىش

## I باب

## بازاردا سېتىش

### 1 § . ئاشلىق سېتىش

ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا بازاردا ئىختىيارىي سېتىۋېلىش - سېتىش ئاشلىق سودىسىنىڭ ئاساسىي شەكلى بولۇپ كەلدى. شىنجاڭنىڭ ئاشلىق بازارلىرىدا ئاشلىق سېتىش ئاساسلىقى تۆۋەندىكى يوللار بىلەن ئورۇندالدى.

#### 1. بازار سودىسى

بازار تۈرلۈك يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار ۋە تۈرلۈك تاۋار سودىسى بولىدىغان سورۇن، بازارنىڭ ئاشلىق مەركەزلىك ئېلىپ - سېتىلىدىغان يېرى «ئاشلىق بازىرى» دېيىلىدۇ، ئۇ، تارىختا شىنجاڭنىڭ ئاشلىق تاۋارلىرىنى ئوبوروت قىلىدىغان مۇھىم يولى بولغان. ئاشلىق سودىسىدا مۇقىم لاپاسلىق يايمىمۇ، بېدىك، دەللالمۇ بولمايدۇ، ئاشلىق بازاردىكى ئۇدۇل كەلگەن يەرگە دۆۋىلەپ قويۇلىدۇ، ساتقۇچى بىلەن سېتىۋالغۇچى ئىككى تەرەپ باھانى يۈزتۇرانە پۈتۈشىدۇ. ئاشلىق ئۆلچەشتە كۆپىنچە كۈرە، چارەك، غەلۋىر، پاتمان بىرلىك قىلىنىدۇ، شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا يەنە پۇت بىرلىك قىلىنىدۇ. بىر كۈرە 16 جىڭ بولىدۇ، 20 جىڭلىقلىرىمۇ بار، بىر پۇت تەخمىنەن 32 جىڭ، بىر چارەك 10 جىڭ، بىر غەلۋىر 8 چارەك، بىر پاتمان (ئۆلچەم قورالى سۈپىتىدە بىر پاتمان، 5.3 دادەن بولىدۇ) 8 غەلۋىر بولىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر بىر ناھىيىدە بىر قانچىدىن ئون نەچچىگىچە بازار بولىدىغان جاي بار. ئادەتتىكى يېزا، كەنتلەردە بېرىپ كېلىشكە بىر كۈن كەتكۈدەك يىراقلىقتا، ھەپتىدە بىر قېتىم قەرەللىك بازار بولىدۇ، ئەتراپتىكى يېزا - كەنتلەردە كۈن تەرتىپى بويىچە بازار بولىدىغان ھالەت شەكىللەنگەن. دېمەك، كىشىلەر كۈندە بازارغا بارىدۇ. ناھىيە بازىرىدىن يۇقىرى شەھەرلەردە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئېھتىياج كۆپ بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چەت ئەل، ئىچكىرى ئۆلكىلەر ۋە باشقا ناھىيىلەردىن دېھقانلار

ئېھتىياجلىق بولغان ماللار بىرقەدەر ئەرزان باھادا تەمىنلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، بازار كۆلىمى چوڭ بولىدۇ، ئادەتتە بازارغا 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم يىغىلىدۇ. يېزا - كەنت بازارلىرىنىڭ كۆلىمى كىچىكرەك بولۇپ، ئادەتتە 3000 — 5000 گىچە ئادەم يىغىلىدۇ، بازارغا كېلىدىغانلار ئاساسەن دېھقانلار بولۇپ، تەخمىنەن 80% نى ئىگىلەيدۇ، ئۇنىڭدىن قالسا، ھۈنەرۋەنلەر ۋە مۇلازىمەتچىلەر (كۆپىنچىسى دېھقانچىلىقتىن ئايرىلمىغان) بولۇپ، تەخمىنەن 15% نى ئىگىلەيدۇ. سانى ئەڭ ئازلىرى تۈرلۈك سېتىقچىلار بولۇپ، ئۇلار شەھەر، يېزا ئارىسىدا ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

1953 - يىلى قىشتىن ئېتىبارەن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا دۆلەت رەھبەرلىكىدىكى ئاشلىق بازارلىرى تەدرىجىي قۇرۇلۇپ، ئالدى بىلەن ئاشلىق بازارلىرىنى باشقۇرۇپ، خۇسۇسىي ئاشلىق سودىگەرلىرىنىڭ ئاشلىق سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا رۇخسەت قىلىنمىدى. ئاشلىق بازارلىرىدا دۆلەت ئاشلىق تارماقلىرى نۇقتا قۇرۇپ ئاشلىق سېتىۋالغان ۋە ساتقاندىن سىرت، دېھقانلار ئارىسىدا، دېھقانلار بىلەن چارۋىچىلار ۋە باشقا ئاشلىق ئىستېمالچىلىرى ئارىسىدا ئاشلىق داۋاملىق ئىختىيارىي سېتىۋېلىندى ۋە سېتىلدى. 1957 - يىل 7 - ئايدا ئاپتونوم رايون ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىشنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، ئاشلىق ئەركىن بازىرىنى تاقاپ، خۇسۇسىي ئاشلىق سودىسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن بازاردا شەخسلەر ئازغىنا ئاشلىق ساتسىمۇ قاراڭغۇ بازار سودىسى قىلدى دەپ قارىلىپ چەكلەندى. 1962 — 1964 - يىلغىچە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ بەزى ناھىيە، شەھەرلىرىدە، دېھقانلار ئاشلىقىنىڭ ئارتۇق - كېمىنى تەڭشەش ئۈچۈن، تەستىقلىتىش ئارقىلىق ئاشلىق بازىرى سودىسى بىر مەھەل ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ قويۇۋېتىلدى.

1979 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق بازىرى سودىسى قويۇۋېتىلىپ، دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، يېزىلاردىكى كۆمۈنا - ئەترەتلەرنىڭ دۆلەتكە ئاشلىق سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، ئېشىنچا ئاشلىقنى شۇنىڭدەك كۆمۈنا ئەزالىرىنىڭ قالدۇرۇق يېرىدىن ئالغان ۋە ئۆز ئېھتىياجىدىن ئېشىنغان ئاشلىقنى بازاردا سېتىشىغا رۇخسەت قىلىندى. شەھەر، يېزا خەلقىنىڭ ئاشلىقى يېتىشمىسە ياكى تۈرلەرنى تەڭشەشتە، بازاردىن سېتىۋېلىشقا ياكى ئالماشتۇرۇشقا يول قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن، 22 يىلدىن ئارتۇق ئۈزۈلۈپ قالغان ئاشلىق بازىرى سودىسى يېڭىۋاشتىن ئەسلىگە كەلدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر، يېزىلىرىدىكى سودا بازارلىرىدا ئاشلىق سودىسى بويىچە پۈتۈشۈش مىقدارى 17 مىليون 810 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى. 1984 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئاشلىق سېتىۋېلىش مەركىزىدە، ئاشلىق بازارلىرىنى ئېچىۋېتىشنى، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ ئىختىيارىي سېتىۋېلىش - سېتىشنى، شەھەرگە كىرىپ، ناھىيە، ئاپتونوم رايون سىرتىغا چىقىپ تىجارەت قىلسا بولىدىغان كۆپ يوللۇق تىجارەتنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. 1985 - يىلى ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش توختام بويىچە ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىشقا ئۆزگەرتىلدى، بۇغداي، شال (گۈرۈچ)، كۆممىقوناقتىن باشقا ئاشلىقلار ۋە ۋەزىپە بەلگىلەنگەن تۈرلەر بويىچە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ئورۇندىلىپ بولغاندىن كېيىنكى ئاشلىق تىجارىتى قويۇۋېتىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئاشلىق بازىرى سودىسى تېخىمۇ جانلاندى. 1990 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر، يېزىلىرىدىكى سودا بازارلىرى 1004 كە، ئاشلىق سودىسى بويىچە پۈتۈشۈش مىقدارى 80 مىليون كىلوگرامغا يەتتى.

## 2. خۇسۇسىي سودا ماركېتىڭى

1953 - يىلى دۆلەت رەھبەرلىكىدىكى ئاشلىق بازىرى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، شىنجاڭدا خۇسۇسىي ئاشلىق سودىسى ئاشلىقنى ئىختىيارىي سېتىۋېلىش - سېتىشنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ كەلگەنىدى، ئۇ ئاساسەن ئاشلىق دۇكىنى (ئۇلگۈجە رەۋەندىچىلىك دۇكىنى، رەۋەندىچىلىك دۇكىنى، ئاشلىق دۇكىنىنى ئۆز ئىچىگە

ئالىدۇ)، رەۋەندە ۋە سانائەت بىلەن سودا بىر گەۋدىلەشكەن تۈگمەن (لەڭزىخانا) خوجايىنلىرى بولۇپ شەكىللەنگەن.

## 1) دۇكان ماركىتىڭى

ئاشلىق ساتىدىغان دۇكاندار - رەۋەندىچىلەر ئاشلىق ئولتۇراق سودىگىرى دېيىلىپ ئاتالغان. ئۇ ئۆلگۈچە رەۋەندىچىلىك دۇكىنى، رەۋەندىچىلىك دۇكىنى، ئاشلىق دۇكىنى، گۇرۇچ، ئۇن ۋە قارا ئاشلىق دۇكىنى قاتارلىقلارغا بۆلۈنگەن. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «. . . لوپنۇر (هازىرقى كورلا شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبى) دا رەھدار شايىلارغا ئاشلىق تېگىشلىتتى»، «خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرى يول چىقارمىسا، ئوزۇق - تۈلۈككە ئېرىشەلمەيتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. تۇرپاندىكى تاڭ دەۋرىگە ئائىت قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان ئاسارئەتىقىلەردىمۇ «ئاشلىق دۇكىنى»، «گۇرۇچ، ئۇن دۇكىنى» دېگەن خاتىرىلەر بار، بۇ هال تاڭ دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا ئاشلىق سودىسىنىڭ جانلانغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۆلگۈچە رەۋەندىچىلىك دۇكىنى، رەۋەندىچىلىك دۇكىنى، ئاشلىق دۇكانلىرى ھەم بىۋاسىتە ئاشلىق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى، ھەم ئاشلىق تىجارەتچىلىرىنىڭ ئاشلىقىنى ساقلاپ بېرىپ، ۋاكالىتەن سېتىۋېلىپ ۋە سېتىپ، رەسمىيەت ھەققى ئالاتتى. ئۇلارنىڭ تىجارىتى ئاشلىق مول ۋاقىتلاردا باھانى چۈشۈرۈپ سېتىۋېلىپ، ئاشلىق قىس ۋاقىتلاردا بىسەمدارلىق قىلىپ، كۆپ پايدا ئالىدىغان تىجارەت ئىدى. چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى) چوڭ، كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىشتا، مەسلىھەتچى ئامبال يۇڭ گۇي ئۇنسۇدىن غەربىي ئوزۇق - تۈلۈك سېتىۋېلىشنى تەستىقلىغان. غەربىي ئوزۇق - تۈلۈك سېتىۋېلىش كۆپىنچە ئۆلگۈچە رەۋەندىچىلىك دۇكىنى، رەۋەندىچىلىك دۇكىنى ئارقىلىق ئورۇندالغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، 18-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ھەربىيلەر زور كۈچ بىلەن بوزيەر ئۆزلەشتۈرگەن. چيەنلۇڭنىڭ 53 - يىلى (1788-يىلى) ھەربىيلەر بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئېلىنغان ئاشلىق بىلەن ھەربىيلەر ۋە ئاھالىلەر تەمىنلەنگەندىن سىرت، ئۈرۈمچىدە 800 مىڭ دادەندىن ئارتۇق ئاشلىق، ئىلىدا 540 مىڭ دادەندىن ئارتۇق ئاشلىق ساقلانغان. شۇ مەزگىللەردە ئاشلىق باھاسىنىڭ ئەرزان بولۇشى مەملىكەت بويىچە ئاز كۆرۈلگەن. ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق جى يۈن مۇنداق دەيدۇ: «لىق توشقۇزۇلغان بىر هارۋا بۇغداينى 3 تىزىق يارماققا ساتالمايدۇ. سانجى، فۇكاڭ قاتارلىق جايلاردا بىر دادەن ئاشلىق ئاران 3 مىسقال كۈمۈشكە يارايتتى، شۇنداقتىمۇ ئاشلىق تولا هاللاردا سېتىلمايتتى». چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە شىنجاڭنىڭ ئاشلىق سودىسى يەنىلا ناھايىتى جانلىنىش ھالىتىدە تۇردى. تارىختا بۇغداي كۆپ چىقىدىغان گۇچۇڭ ناھىيىسىدە، تۇڭجى يىلىدىن گۇاڭشۈ يىلىغىچە ناھىيە بازىرىدا بىرقەدەر چوڭ ئۆلگۈچە رەۋەندىچىلىك دۇكانلىرىدىن گۇڭخې، فۇشۇن، فېڭمىڭ دۇكانلىرى بار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى گۇڭخې ئۆلگۈچە رەۋەندىچىلىك دۇكىنى مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) ئىشتىن توختىغانغا قەدەر 80 نەچچە يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. «شىنجاڭدىكى يۇرتلار تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە: گۇاڭشۈ 34 - يىلى (1908 - يىلى) بۈگۈر ناھىيىسى بازىرىدا ھەر يىلى 10 مىڭ دادەندىن ئارتۇق بۇغداي، 12 مىڭ دادەندىن ئارتۇق كۆممىقوناق، 2000 دادەندىن ئارتۇق گۇرۇچ سېتىلىپ تۇرغان، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە ھەر يىلى 2000 — 3000 دادەن ھەرخىل ئاشلىق سېتىلىپ تۇرغان. مىنگونىڭ 5 - يىلى (1916 - يىلى) كۇچا ناھىيىسىدە چوڭراق ئۆلگۈچە رەۋەندىچىلىك دۇكىنىدىن 15 ى بار ئىدى، كېيىن 24 كە يەتكەن. گۇچۇڭ ناھىيىسىدە مىنگو يىللىرىدا چوڭ، كىچىك ئۆلگۈچە رەۋەندىچىلىك دۇكىنى ۋە ئاشلىق دۇكىنىدىن 14 ى بار ئىدى. «جۇڭگو پوچتىسى قاتنايدىغان جايلار مەھسۇلاتلىرى تەزكىرىسى» گە ئاساسلانغاندا، مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) دىكى تەكشۈرۈشتە شىنجاڭدىكى 20 شەھەر، ناھىيىدە چوڭراق ئاشلىق دۇكىنىدىن 27 سى بولغان (جەدۋەل: 2 — 1 گە قاراڭ).

## مىنگونىڭ 25 ـ يىلى (1936 ـ يىلى) شىنجاڭدىكى 20 ناھىيە، شەھەردىكى ئاشلىق دۇكانلىرىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى

جەدۋەل: 2 — 1

| تۈرى / جاي نامى | دۇكان نامى | كەسپى | ئورنى |
|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى | رۇڭشىڭدې | گۆرۈچ، ئاشلىق | شەھەر ئىچى |
| ئۈرۈمچى | لۇڭشىڭ تۈگمىنى | ئۇن | شەھەر رايونى |
| ئۈرۈمچى | جۇفېڭتاي تۈگمىنى | ئۇن | شەھەر رايونى |
| ماناس | جىنيىچىڭ | بۇغداي ئۇنى | ئوتتۇرا شەھەر |
| ماناس | خېشىڭخاڭ | بۇغداي ئۇنى | ئوتتۇرا شەھەر |
| ماناس | يىشىڭخىڭ | بۇغداي ئۇنى | شەرقىي قوۋۇق |
| شىخو | ۋېنتەيچىڭ | گۆرۈچ، ئۇن، سىلىچمال | شىمالىي قوۋۇق سىرتى |
| باركۆل | يۇشياڭخو | گۆرۈچ، بۇغداي، سىلىچمال | جېڭجىي كوچىسى |
| قۇمۇل | دۇخۇتەي | ئۇن، قارا ئاشلىق | جىنفەن كوچىسى |
| سۇيدۇڭ | فۇچۇەنخو | ئۇن، سەيخانا | جەنۇبىي قوۋۇق |
| قورغاس | جىنفۇچىڭ | گۆرۈچ، بۇغداي، سىلىچمال | شەرقىي قوۋۇق |
| جىڭ | خۇتەيخې | گۆرۈچ، بۇغداي، سىلىچمال | ناھىيە بازىرى |
| چۆچەك | رېنخې | بۇغداي ئۇنى | چۆچەك |
| قاراشەھەر | لو ئائىلىسى گۆرۈچ دۇكىنى | گۆرۈچ، ئۇن، سىلىچمال | لەڭزىخانا كوچىسى |
| بۈگۈر | ئەلى ھاجى | گۆرۈچ، بۇغداي، سىلىچمال | چوڭ كوچا |
| بۈگۈر | رۇخەي ئاخۇن | ئۇن | ئارقا كوچا |
| قەشقەر كوناشەھەر | مامۇت | گۆرۈچ، بۇغداي، سىلىچمال | شەرقىي كوچا |
| كەلپىن | ئەمەت | قارا ئاشلىق | ناھىيە بازىرى |
| مارالبېشى | قۇۋان | بۇغداي ئۇنى | ناھىيە بازىرى |
| مارالبېشى | مەخسۇت | ئۇن | ناھىيە بازىرى |
| پەيزاۋات | كەنجاخۇن | گۆرۈچ، بۇغداي، سىلىچمال | شەرقىي كوچا |
| باي | مەمەت | گۆرۈچ، بۇغداي، سىلىچمال | شەرقىي كوچا |
| كۇچا | جېيفېنشياڭ | گۆرۈچ، بۇغداي، سىلىچمال | شەرقىي كوچا |
| توقسۇن | جۇيۈەنشياڭ | ئۇن، سىلىچمال | جېڭجىي كوچىسى |
| توقسۇن | ئىبراھىم | ئاشلىق | جېڭجىي كوچىسى |
| شايار | ئىمىنئاخۇن | گۆرۈچ، بۇغداي، سىلىچمال | شىمالىي چوڭ كوچا |
| يېڭىسار | روزى ھاجى | گۆرۈچ، بۇغداي، سىلىچمال | شىمالىي كوچا |

مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) ئۈلكە شەھىرى ئۈرۈمچىدە 100 دىن ئارتۇق ئاشلىق دۇكىنى بار ئىدى، كېيىن ئاشلىق تەمىنلەش قىس بولغاچقا، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئاشلىق بازىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى، نەتىجىدە خۇسۇسىي ئاشلىق دۇكانلىرى ئازىيىپ كەتتى. 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە 77 دۇكان قالدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 115 سۇ تۈگمىنى بار ئىدى.

1949 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن تارتىپ 1951 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە، شىنجاڭدىكى ئاشلىق بازارلىرى ئاساسىي جەھەتتىن يەنىلا خۇسۇسىي ئاشلىق سودىگەرلىرىنىڭ كونتروللۇقىدا بولدى، ئۇلار بازارنى ئىگىلىۋېلىپ، ئاشلىق قىسلىقىدىن پايدىلىنىپ، ھەدەپ ھايانكەشلىك قىلىپ، ئاشلىق باھاسىنى ئۆرلىتىۋەتتى، نەتىجىدە ئۈرۈمچى شەھىرىدە 1950 - يىل 1 - ئايدىن 1951 - يىل 7 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇننىڭ سېتىلىش باھاسى 6.7 ھەسسە ئۆرلەپ كەتتى. قۇمۇل ناھىيە بازىرىدا بۇغداينىڭ سېتىلىش باھاسى 1951 - يىل 1 - ئايدىن 5 - ئايغىچە 10 ھەسسە ئۆرلەپ كەتتى. ئۈلكىلىك ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى بازارنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئاشلىق باھاسىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، ئاشلىق مەنبەسىنى تەشكىللەش، مۇۋاپىق پەيتتە تۆكمە قىلىپ سېتىش، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تىجارەت سالمىقىنى زورايتىش، ئاشلىق سودىگەرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تىزىملىتىش ۋە ئاشلىقنى ئاشكارا باھادا سېتىشقا بۇيرۇش قاتارلىق ئىقتىسادىي ۋە مەمۇرىي ۋاسىتىلارنى پائال قوللاندى، بۇنىڭ بىلەن 1951 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئاشلىق باھاسى نورمال سەۋىيىگە چۈشتى. 1952 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان بەشكە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى ئارقىلىق 1953 - يىل قىشتىن كېيىن، خۇسۇسىي ئاشلىق دۇكانلىرى تۇركۈملەپ تاقالدى ياكى كەسىپ ئۆزگەرتتى. مەلۇماتقا قارىغاندا، 1951 - يىلى ئۈلكە بويىچە خۇسۇسىي ئاشلىق سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە 1964، كەسپكار 3142 بولغان بولسا، 1954 - يىلى ئەتىيازدا خۇسۇسىي ئاشلىق سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلىدىن 64 ى قالغان، بۇ ئائىلىلەرنىڭ ئىچىدە 14 ى دۆلەتنىڭ ۋاكالىتەن ئاشلىق سېتىش دۇكىنى ئىدى، ئۈرۈمچى شەھىرىدە خۇسۇسىي ئاشلىق دۇكىنىدىن 98 ى بار ئىدى، 1954 - يىلى 5 دۇكان دۆلەتنىڭ ۋاكالىتەن ئاشلىق سېتىش دۇكىنىغا ئۆزگەرتىلگەندىن سىرت، قالغان 93 دۇكان باشقا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولدى. خۇسۇسىي كاپىتالنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش داۋامىدا ۋاكالىتەن سېتىش دۇكانلىرى تەدرىجىي دۆلەت ئاشلىق دۇكىنىغا ئۆزگەرتىلدى يەنى بۇرۇنقى ۋاكالىتەن سېتىش دۇكانلىرىنىڭ مۈلكىگە باھا قويۇلۇپ، ۋاكالىتەن سېتىش كاپالەت پۇلى بىلەن بىللە بانكىغا ئامانەت قويۇلدى، بۇنىڭدىن ۋاكالىتەن سېتىش دۇكىنىنىڭ خوجايىنى ئۇسۇم ئېلىپ تۇردى، ۋاكالىتەن سېتىش دۇكىنىنىڭ كەسپكارلىرى (خوجايىنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) دۆلەت ئاشلىق دۇكىنىنىڭ خىزمەتچىسىگە ئايلاندى. 1956 - يىلغا كەلگەندە، دۆلەت ئاشلىق كارخانىلىرى ئاشلىق بازىرىنى پۈتۈنلەي ئىگىلەپ بولدى.

1979 - يىلى ئاشلىق سودا بازىرى يېڭىۋاشتىن ئېچىۋېتىلدى، بولۇپمۇ 1984 - يىلى كۆپ يوللۇق ئاشلىق تىجارىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، خۇسۇسىي ئاشلىق تىجارەتچىلىرى شەھەر، يېزىلاردا پەيدىنپەي بارلىققا كەلدى، ئۇلار دۆلەت سىياسىتى يول قويغان دائىرىدە ئاشلىق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، شەھەر، يېزا ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇشتا مۇئەييەن رول ئوينىدى.

## 2) تۈگمەن (لەڭزىخانا) ماركېتىڭى

تۈگمەن (لەڭزىخانا) خوجايىنلىرى سانائەت، سودا بىر گەۋدىلەشكەن خۇسۇسىي ئاشلىق سودىگەرلىرى بولۇپ، ئۇلار شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ئوبوروتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن. ئالاقىدار ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، مىنگو يىللىرىدا قۇمۇلنىڭ شەھەر - بازارلىرىدىلا سۇ تۈگمىنى ۋە ئۇلاغ تۈگمىنىدىن 47 سى بولغان. 1949 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندا، شىنجاڭ بويىچە خۇسۇسىيلار ئىلكىدە 9844 سۇ تۈگمىنى ۋە ئۇلاغ تۈگمىنى بار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرىدىلا 115 سۇ تۈگمىنى بار ئىدى. بۇ خۇسۇسىي تۈگمەنلەر (لەڭزىخانىلار) ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن ھەربىيلەر ۋە دېھقان، چارۋىچىلار

ئېھتىياجلىق ئوزۇقلۇق ئاشلىقنى پىششىقلىغاندىن سىرت، ئاساسلىقى يىرىك ئاشلىقنى ئۆزلىرى سېتىۋېلىپ پىششىقلاپ ئىشلەپ ئۆز ئالدىغا ساتاتتى ياكى گۈرۈچ، ئۇن دۇكانلىرىغا توپ باھادا ساتاتتى. ئۇلار كۆپ پايدا ئېلىش ئۈچۈن تىجارەت ئۇسۇلىنى ناھايىتى جانلىق قىلاتتى، جۈملىدىن يېڭى ئاشلىق يىغىۋېلىنىدىغان چاغدا بىۋاسىتە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىغا بېرىپ ئاشلىق سېتىۋالاتتى.

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغان دەسلەپكى مەزگىللەردە تۈگمەن (لەڭزىخانا) ۋە ئۇن تارتىش ۋە ئاشلىق ماركېتىڭى بىر مەھەل گۈللەندى. 1952 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك «خەلق» ئۇن زاۋۇتى قۇرۇلۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ھەربىي ۋە مەمۇرىيەتكە ئىشلىتىلىدىغان ئۇن ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى تۈگمەنلەردە تارتىلمايدىغان بولدى. 1953 ـ يىلى قىشتىن كېيىن، تۈگمەن (لەڭزىخانا) خوجايىنلىرىنىڭ ئاشلىق ماركېتىڭى بىلەن شۇغۇللىنىشى ئومۇميۈزلۈك مەنئى قىلىندى، لېكىن ۋاكالىتەن ئۇن تارتىش ئىقتىدارى ساقلاپ قېلىندى. كېيىن جايلاردىكى تۈگمەن (لەڭزىخانا) لەر سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىلدى ياكى ئۇنىڭ ئورنىنى تەدرىجىي ھالدا ماشىنىلاشقان ئۇن تارتىش ئالدى. 80 ـ يىللار كىرگەندىن كېيىن، ئاشلىق بازىرىنىڭ قويۇۋېتىلىشى ۋە كۆپ يوللۇق تىجارەتنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن، خۇسۇسىي تۈگمەنلەر يەنە بارلىققا كەلدى، بۇ ۋاقىتتا، سۇ تۈگمىنىدىن باشقا، كىچىك توك تۈگمەنلىرى قۇرۇلۇپ، ئۇن تارتىش ۋە ئاشلىق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى.

### 3) رەۋەندە ماركېتىڭى

ئاشلىق ئېلىپ ـ ساتارلىرىنىڭ تىجارىتى ئاساسەن ئاشلىق چىقىدىغان ناھىيەلەردىكى ئېشىنچا ئاشلىقنى سېتىۋېلىپ شەھەرلەرگە، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا ۋە ئاشلىقى يېتىشمەيدىغان رايونلارغا توشۇپ سېتىش ئىدى. ئۇلار كۆپ ھاللاردا شەھەردىكى سانائەت بۇيۇملىرىنى ئاشلىق چىقىدىغان رايونلارغا ئېلىپ بېرىپ سېتىپ، ئۇ يەردىن ئاشلىق سېتىۋالاتتى، ئاندىن ئۇ ئاشلىقلارنى شەھەرگە، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا ئېلىپ بېرىپ سېتىپ، ئۇ يەردىن سانائەت ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالاتتى. مىنگو دەۋرىدە، ئاقچى ناھىيىسىدە دائىم باشقا يەرلەردىن كەلگەن سودىگەرلەر چارۋىچىلىق رايونلىرى ئېھتىياجلىق تۈرلۈك ماللار ۋە ئاشلىقنى چارۋىچىلارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ چارۋا مەھسۇلاتلىرىغا تېگىشەتتى. خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ بايىنبۇلاق چارۋىچىلىق رايونى ئاشلىق ئىستېمالىدا پۈتۈنلەي كۈنەس ناھىيىسىدىكى ئاشلىق سودىگەرلىرىنىڭ ئۇلاغ بىلەن توشۇپ تەمىنلىشىگە تايىناتتى. چارۋىچىلار چارۋا مەھسۇلاتلىرىغا ئاشلىق تېگىشىۋالاتتى. رەۋەندىچىلەر يېزا بىلەن شەھەر، يېزا بىلەن چارۋىچىلىق رايونى، ئاشلىق چىقىدىغان رايونلار بىلەن ئاشلىقى يېتىشمەيدىغان رايونلار ئارىسىدا ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىدى. شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، قاتناش لىنىيىسى ئۇزۇن، يول ئەھۋالى ناچار بولغاچقا، ئاشلىق توشۇش ئىنتايىن قىيىنغا چۈشەتتى، ئاشلىق جەھەتتىكى جىددىي ئېھتىياجنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ھەتتا ھەربىيلەر ئوزۇق ـ تۈلۈكنىمۇ رەۋەندىچىلەرنىڭ توشۇپ سېتىشىغا توغرا كېلەتتى، ھۆكۈمەت بەزىدە رەۋەندىچىلەرنىڭ ئاشلىق توشۇپ سېتىشىنى مۇكاپاتلاش چارىسىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولاتتى. مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سودىگەرلەرنى قاراشەھەردىن ئۈرۈمچىگە ئاشلىق توشۇپ سېتىشقا ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن، 12 ماددىلىق مۇكاپاتلاش چارىسىنى تۈزۈپ چىقتى. ئۇنىڭدا: جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئۈرۈمچىگە توشۇلغان ئاشلىققا ئۈرۈمچىدىكى بازار باھاسى بويىچە پۇل تۆلەنگەندىن سىرت، يەنە ئومۇمىي ئاشلىق پۇلى ۋە كىرا پۇلىنىڭ 20% ى بويىچە مۇكاپات پۇلى قوشۇپ بېرىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) 11 ـ ئايدا ئۆلكىلىك غەللە ـ پاراق ئاشلىقى باشقارمىسى يەنە: تۇرپان، پىچان، توقسۇندىن ئۈرۈمچىگە توشۇلغان ئاشلىققا ئومۇمىي ئاشلىق پۇلىنىڭ 20% ى بويىچە، قاراشەھەر، ئاقسۇدىن ئۈرۈمچىگە توشۇلغان ئاشلىققا ئومۇمىي ئاشلىق پۇلىنىڭ 40% ى بويىچە مۇكاپات پۇلى بېرىلىدۇ دەپ بەلگىلىگەن.

1953 ـ يىلى قىشتىن باشلاپ دۆلەت رەھبەرلىكىدىكى ئاشلىق بازىرى بەرپا قىلىنغاندىن كېيىن، ئاز

ساندىكى رەۋەندىچىلەرنىڭ تەستىق ئارقىلىق چارۋىچىلىق رايونلىرىغا داۋاملىق ئاشلىق توشۇپ سېتىشىغا يول قويۇلغاندىن سىرت، زور كۆپ ساندىكى رەۋەندىچىلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1957 - يىلى ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، رەۋەندىچىلەر پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1979-يىلى ئاشلىق بازار سودىسى يېڭىۋاشتىن قويۇۋېتىلدى، بولۇپمۇ 1984 - يىلى ئاشلىق بويىچە كۆپ يوللۇق تىجارەت يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، خۇسۇسىي رەۋەندىچىلەر ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجى بىلەن بارلىققا كەلدى.

### 3. دۆلەتنىڭ سېتىشى

#### 1) ئاشلىقنى كېلىشىپ سېتىش ۋە سېتىۋېلىش

ئاشلىقنى كېلىشىپ سېتىۋېلىش ۋە سېتىش تەكشى باھادا سېتىۋېلىش ۋە سېتىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىنغان يىللىرى بازاردا ئاشلىق باھاسى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، بۇنداق چاغلاردا ھۆكۈمەت ئاشلىق باھاسى تۆۋەنلەپ دېھقانلارنىڭ ئاشلىق زىرائىتى تېرىشقا تەسىر يېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئاشلىقنى بازار باھاسىدىن يۇقىرى باھادا سېتىۋالىدۇ؛ ئاشلىقتىن كەم ھوسۇل ئېلىنغان يىللىرى بازاردا ئاشلىق باھاسى ئۆرلەپ كېتىدۇ، بۇنداق چاغلاردا ھۆكۈمەت دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاشلىقنى بازار باھاسىدىن تۆۋەن باھادا ساتىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۈكسەك يىللىرىدا شىنجاڭدا پۈتۈن مەملىكەتتىكىگە ئوخشاش «تەڭشەش ئامبىرى» تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، «تەڭشەش ئامبىرى» ئارقىلىق ئاشلىق كېلىشىپ سېتىۋېلىنغان ۋە سېتىلغان. چيەنلۇڭ 37 - يىلى (1772 - يىلى) شەنشى - گەنسۇ باش ھەربىي ۋالىيسى لېئېر ئىلتىماس يوللاپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن، شىنجاڭدا يىغىم مەزگىلىدە 600 مىڭ دادەن ئاشلىق سېتىۋېلىپ، ياندۇرقى يىلى قەرز ئورنىدا سېتىش ۋە كېلىشىپ سېتىشقا تەييارلاپ قويغان.

#### 2) قەرز ئورنىدا سېتىش

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يېڭى بوزيەر ئاچقان دېھقانلارغا قارىتا قەرز ئورنىدا ئاشلىق سېتىپ بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويدى. «ئۈرۈمچى ھاكىمىيەت تەدبىرلىرى. يۇقىرىلار» دا: يۇقىرىلار بوزيەر ئۆزلەشتۈرسە، ھۆكۈمەت ھەر بىر ئائىلىگە «بىر يۈرۈش دېھقانچىلىق قورالى، سەككىز كۈرە ئۇرۇقلۇق بۇغداي، بىر كۈرە ئۇرۇقلۇق كۆممىقوناق، ئۈچ كۈرە ئۇرۇقلۇق ئارپا ئىنئام بېرىدۇ، ئۆي سېلىۋېلىش ئۈچۈن ئىككى سەر كۈمۈش، بىر ئات سېتىۋېلىش ئۈچۈن سەككىز سەر كۈمۈش قەرز بېرىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. چيەنلۇڭ 42-يىلى (1777 - يىلى) 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈرۈمچىنىڭ تۇتۇق بېگى سونوم سېرىن: «ئۈرۈمچىگە تەۋە ئايماق، ناھىيىلەر. . . 26 - يىلى (1761 - يىلى) يۇقىرىلار كۆچۈپ كەلگەن ۋاقىتتىن ئېتىبارەن. . . ھەربىر ئائىلىگە 30 مو يەر ئاجرىتىپ بېرىلىدۇ، تولۇق بىر يۈرۈش دېھقانچىلىق قورالى، بىر دادەن ئىككى كۈرە ئۇرۇقلۇق بېرىلىدۇ، يەنە ھەربىر ئائىلىگە بىردىن ئات ياكى كالا سېتىۋېلىش ئۈچۈن سەككىز سەردىن كۈمۈش، ئۆي سېلىۋېلىش ئۈچۈن ئىككى سەردىن كۈمۈش بېرىلىدۇ، ئۆزلەشتۈرگەن يېرى پىشىپ ئالتە يىلدىن كېيىن باج تاپشۇرغىدەك ھالغا يەتكەندە، يىلغا بۆلۈپ قايتۇرىدۇ، يەنە ھەر بىر ئائىلە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە كەلگەن دەسلەپكى مەزگىلدە، كۈنىگە چوڭ جانغا بىر جىڭدىن، كىچىك جانغا يېرىم جىڭدىن ئاق ئۇن بېرىلىدۇ، كۈزلۈك يىغىمدىن كېيىن پۇل قايتۇرۇلىدۇ» دېگەنلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئىلىدىكى بوزيەر ئاچىدىغان مۇسۇلمانلارغا بوز يەر ئېچىشنى باشلاشقا كېرەكلىك دېھقانچىلىق قوراللىرى، تېرىلغۇ ئۇلاغلىرى، ئۇرۇقلۇق ۋە يىغىمغىچە كېتەرلىك ئوزۇقلۇق ئاشلىقنى بىردەك ھۆكۈمەت بەرگەن. «مۇسۇلمانلاردىن يەر ئالغان ئائىلىلەرگە ئۇرۇقلۇق ھېسابلاپ بېرىلىدۇ، يەرنىڭ مو سانى ھېسابلانمايدۇ»، «ھەر ئائىلىگە 16 دادەن ئاشلىق تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن بىر دادەن بەش كۈرە ئۇرۇقلۇق بېرىلىدۇ». بۇ خىل ئۇرۇقلۇق، ئوزۇقلۇق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ياكى قەرز ئورنىدا سېتىپ بېرىش چارىسى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ناھايىتى زور رول ئوينىغان.

## 3) دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ سېتىشى

مىنگونىڭ 30 ـ يىلى (1941 ـ يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا بانكىسى 1 مىليون يۈەن يېڭى پۇل مەبلەغ سېلىپ شۆبە كارخانا — ئاشلىق سارىيى قۇردى، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئاساسەن ھۆكۈمەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئۈرۈمچى شەھىرىنى تەكشى باھادا ئاشلىق، سۇ يېغى ۋە ئوت ـ چۆپ بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت بولدى. ئاپپاراتلىرى باش سارايى ئۈرۈمچىدە تەسىس قىلىنغاندىن سىرت، يەنە ئىلى، ساۋەن، گۇچۇڭلاردا شۆبە سارايى، سۈيدۈڭ، جىڭ، شىخولاردا ئوت ـ چۆپ پونكىتى قۇرۇلدى. ئاشلىق سارىيى تەكشى باھادا تىجارەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا مۇئەييەن دەرىجىدە ئالاھىدە سىياسەت بەردى. مىنگونىڭ 31 ـ يىلى (1942 ـ يىلى) ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ناھىيىلەر سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك سودا بانكىسى ئاشلىق سارىيى ۋە ئۇنىڭ تارماق ئاپپاراتلىرىنىڭ شۇ جايدا ئاشلىق سېتىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىندۇ، دەپ بەلگىلىمە چىقاردى. مىنگونىڭ 32 ـ يىلى (1943 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا غۇلجا شۆبە سارىيى ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالماي، ئۈرۈمچىنى تەمىنلەيدىغان ئۇننى ھاۋالە بىلەن تارتىشقا تەسىر يەتكۈزگەچكە، ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ تەستىقى بىلەن قورغاس، چاپچال، توققۇزتارا قاتارلىق ناھىيىلەردىكى زاپاس ئاشلىقتىن 7500 دادەن بۇغداينى قەرز ئورنىدا سېتىۋالدى. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: بازاردىكى ئاشلىقنى سودا بانكىسىنىڭ ئاشلىق سارىيى بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ، بازاردا ئالىشىپ سېتىۋېلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. بارلىق ئاشلىق سودىگەرلىرى، تۈگمەنچىلەر ئۆزلىرىگە كېرەكلىك ئاشلىقنى، ھارۋىكەشلەر ئېھتىياجلىق يەم ـ خەشەكلەرنى بىردەك ئاشلىق سارىيىدىن سېتىۋالىدۇ. تۈگمەنچىلەر ساتماقچى بولغان ئۇن، ياغنى ئاشلىق سودىگەرلىرىگە سېتىپ بېرىشكە، تەكشى باھادىن ئاشۇرۇپ سېتىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، خىلاپلىق قىلغۇچىلار قارىغۇ بازاردا يۇقىرى باھادا ساتتى، دېگەن جىنايەت بىلەن جازالىنىدۇ.

**مىنگونىڭ 32 ـ يىلى (1943 ـ يىلى) 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا بانكىسى شۆبە ئاشلىق سارىيىنىڭ ئامبارلىرىدىكى سالدوسى**

جەدۋەل: 2 — 2   بىرلىكى: دادەن (ئۇن: جىڭ)

| مەھسۇلات نامى | ئالدىنقى ئايدىكى سالدۇ | شۇ ئايدا سېتىۋېلىنغىنى | شۇ ئايدا چىقىم قىلىنغىنى | شۇ ئايدىكى سالدۇ |
|---|---|---|---|---|
| ئالاھىدە ئۇن | 18166 | 69763.75 | 18892 | 69037.75 |
| 1 ـ ئۇن | 9381 | 224612.50 | 105059.50 | 128934 |
| 75 لىك ئۇن | | 63018 | 63018 | |
| ئىلى ئۇنى | | 235783.25 | 235783.25 | |
| قوناق ئۇنى | | 143 | 143 | |
| جەمئىي | 27547 | 593171.5 | 422752.75 | 197971.75 |
| نومى گۈرۈچ | 105.49 | 4.43 | 0.13 | 109.75 |
| بۇغداي | 390.20 | 407.75 | 797.95 | |
| ئاق قوناق | 287.20 | 7.17 | 43.91 | 250.46 |
| سېرىق پۇرچاق | 543.76 | 66.28 | 230.40 | 379.64 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ماش | 5.03 | 14.86 | 5.10 | 14.79 |
| باقلا | 4.15 | 17.35 | 21.50 | |
| زىغىر | 5.81 | 192.26 | 197.05 | 1.02 |
| كېپەك | 1.03 | 20.48 | 5.15 | 16.36 |
| كۆك پۇرچاق | 0.78 | | | 0.78 |
| چۈجگۈن | 12.75 | 23.25 | 23.20 | 12.80 |
| سېرىق تېرىق | 4.15 | 1.25 | 4.50 | 0.90 |
| تېرىق | 10.85 | 10.68 | 21 | 0.53 |
| پېسۈق | 3.23 | 3.07 | 6.30 | |
| سۆك | 0.33 | 13.18 | 5.80 | 7.71 |
| يالىڭاچ ئارپا | 6.13 | 4.40 | 5 | 2.56 |
| پۇرچاق ياسىسى | | 71.50 | 71.50 | |
| گۈرۈچ | 3433.16 | 221.66 | 945.44 | 2709.37 |
| ئارپا | 8.68 | 3.20 | 1 | 10.88 |
| كۆممىقوناق | | 7.06 | | 7.06 |
| قىزىل قوناق | 132.07 | 596.28 | 474.45 | 253.90 |
| جەمئىي | 4965.85 | 1685.70 | 2863.38 | 3788.13 |

مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا ئۆلكىلىك ئاشلىق باشقۇرۇش كومىتېتى گېزىتتە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، سودا بانكىسى ئاشلىق سارىيىنىڭ ئاشلىق سېتىش چارىسىنى مۇنداق ئېلان قىلدى: ھەربىي تەمىنات، ئائىلە تاۋابىئاتلار تەمىناتى ئېلىۋاتقان دۆلەت مەمۇرلىرى ئىستېمال كوپىراتىپىدىن ئاشلىق ئېلىۋاتقانلارغا ئاشلىق سېتىپ بېرىلمەيدۇ. تۆۋەندىكى بەلگىلىمىلەرنىڭ بىرىگە چۈشكەنلەرگە بانكا ئاشلىق سارىيى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ ئاشلىق سېتىپ بېرىدۇ: (1) رەئىس جانابلىرى ئالاھىدە تەستىقلىغانلار. (2) ھۆكۈمەت ئىجازەت بەرگەن مەكتەپ، ئورگان، تەشكىلاتلار. (3) ئورگان ئاشخانىلىرى ۋە خوسۇسلارنىڭ ئالاھىدە ئاشخانىلىرىدىن پەۋقۇلئاددە ئەھۋال تۇپەيلىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، ئادەم سانى ۋە كېتەرلىك گۈرۈچ، ئۇن مىقدارىنى ئېنىق كۆرسىتىپ ھۆكۈمەتكە تەستىقلاتقانلار. (4) كەمبەغەللەر ئىستېمال قىلىدىغان ئۇن ھۆكۈمەت تەستىقلىغان ياردەم تەرىقىسىدە كېلىشىپ سېتىپ بېرىش چارىسى بويىچە سېتىپ بېرىلىدۇ. ئادەتتىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئاشلىقى ئاشلىق مول بولغاندا ئاندىن سېتىپ بېرىلىدۇ. مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946ـ يىلى) 6 ـ ئايدا مىللىي ھۆكۈمەت مالىيە مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان «بانكا باشقۇرۇش چارىسى» دىكى «بانكىلار بىۋاسىتە سودا ـ سانائەت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا بولمايدۇ» دېگەن بەلگىلىمىگە ئاساسەن، شىنجاڭ سودا بانكىسىنىڭ ئاشلىق سارىيى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، دۆلەت ئىگىلىكىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ زورايتىش ۋە خوسۇسىي سودىدىن پايدىلىنىش، ئۇنى چەكلەش، ئۆزگەرتىش فاڭجېنىغا ئاساسەن، دۆلەت سودا شىركىتى، تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا بىۋاسىتە قاراشلىق باش كوپىراتىپ قاتارلىق دۆلەت كارخانىلىرى ئاشلىق تىجارىتى پائالىيىتىگە پائال كىرىشتى. ئۇلار تىجارەت داۋامىدا دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ

تىجارەت نىسبىتىنى پەيدىنپەي زورايتتى. 1950 - يىلى ئۆلكە بويىچە شەھەرلەردە ئاشلىق سېتىش تىجارىتىدە دۆلەت كارخانىلىرى %2.23 نىلا ئىگىلىگەندى، كېيىن بۇ نىسبەت بارا - بارا ئۆرلەپ باردى. 1950 — 1952 - يىللىغىچە ئۆلكە بويىچە بازارلاردا سېتىلغان ئاشلىق تەخمىنەن 770 مىليون كىلوگرامغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كارخانىلىرى ساتقىنى 220 مىليون كىلوگرام بولۇپ، سېتىلغان ئومۇمىي ئاشلىقنىڭ %35 نى ئىگىلىدى. مۇشۇ مەزگىلدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا جىددىي كېرەكلىك بولغان ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرگە تېگىشىش ئۈچۈن، دۆلەت سودا كارخانىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا 68 مىليون 320 مىڭ كىلوگرام بۇغداي ساتتى (ئېكسپورت قىلدى).

1953 - يىلدىن ئېتىبارەن ئاشلىق سىستېمىسى غەللە - پاراق ئېلىش ۋە ھەربىيلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنى بىر تۇتاش باشقۇرغاندىن سىرت، يەنە بۇيرۇق بويىچە بازاردا ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كەسپىنى بىرتۇتاش باشقۇردى ۋە تىجارەت قىلدى. شۇ يىلى بەزى ئاساسلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدىكى خۇسۇسىي سودىگەرلەرنىڭ بازارنى تالىشىشى ئىنتايىن كەسكىن بولغانلىقى ئۈچۈن، قىشتىن ئېتىبارەن، ئۆلكىدىكى شەھەر - بازار، رايون، يېزا شۇنىڭدەك قاتناش لىنىيىسى بويىدىكى جايلاردا دۆلەت رەھبەرلىكىدىكى ئاشلىق بازارلىرى تەدرىجىي قۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن ئاشلىقنى دۆلەت ئاشلىق تارماقلىرى سېتىۋالدى ۋە ساتتى، تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياجنى تەڭشىدى، دېھقانلارنىڭ ئاشلىق، ياغلىق داننى ئىختىيارىي ئېلىپ - سېتىشىغا، ئۆزئارا بار - يوقنى تەڭشىشىگە، تۈرلەرنى ئالماشتۇرۇشىغا رۇخسەت قىلدى. تەكشۈرتۈپ تىزىملاتقان خۇسۇسىي ئاشلىق سودىگەرلىرىنىڭ دۆلەتنىڭ تاختاي باھاسى بويىچە ئاشلىق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا رۇخسەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن، دۆلەت ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ سېتىشى بازاردا يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتتى، بۇ كارخانىلار ساتقان ئاشلىق 114 مىليون كىلوگرامغا يەتتى. 1954 - يىلى دۆلەت رەھبەرلىكىدىكى ئاشلىق بازارلىرى ئۆلكە بويىچە يەنىمۇ تەرەققىي قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، قەشقەر، خوتەن، يەكەن ۋىلايەتلىرىدە يېزا ئاشلىقنى كېلىشىپ سېتىۋېلىش ۋە سېتىش يولغا قويۇلدى، شەھەر - يېزىلاردىكى پىششىق يېمەكلىك، يېمەكلىك ئىچىش كەسپلىرىگە كېتەرلىك ئاشلىقنى دۆلەت ئاشلىق تارماقلىرى پىلان بويىچە يەتكۈزۈپ بەردى. شۇ يىلى ئۆلكە بويىچە بازاردا سېتىلغان ئاشلىق 247 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1.18 ھەسسە ئاشتى. 1953 — 1954 - يىللىرى دۆلەت ئاشلىق كارخانىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا 27 مىليون 810 مىڭ كىلوگرام بۇغداي ساتتى (ئېكسپورت قىلدى).

1955 — 1956 - يىللىرى دېھقانلارنىڭ ئاشلىق ئىستېمال سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆسكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بازار باشقۇرۇشنىڭ قاتتىق بولمىغانلىقى، دېھقانلارنىڭ ئاشلىقنى ساتمىغانلىقى ھەم خۇسۇسىي سودىگەرلەرنىڭ ھايانكەشلىك قىلىشى تۈپەيلىدىن، بازاردا سېتىلىدىغان ئاشلىق زور مىقداردا ئېشىپ كەتتى، بولۇپمۇ مول ھوسۇل ئېلىنغان 1956 - يىلى كىرىم چىقىمنى قاپلىيالماي، زاپاستىن 71 مىليون 280 مىڭ كىلوگرام يۆتكىۋېلىشتەك بىنورمال ئەھۋال كۆرۈلدى. مەلۇماتقا قارىغاندا، 1955 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سېتىلغان ئاشلىق 313 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، 1954 - يىلدىكىدىن %26.37 ئاشقان، 1956 - يىلى سېتىلغان ئاشلىق بىراقلا 440 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، 1955 - يىلدىكىدىن %40.79 ئاشقان (جەدۋەل: 2 — 3، 2 — 4 كە قاراڭ). شۇنىڭ ئۈچۈن ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى 1957. يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش ۋە بىر تۇتاش سېتىشنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاشلىقنى پىلانلىق سېتىش بازاردا سېتىشنىڭ ئورنىنى ئالدى. مۇشۇ مەزگىلدە ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت ئاشلىق كارخانىلىرى داۋاملىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا 56 مىليون 690 مىڭ كىلوگرام بۇغداي ساتتى (ئېكسپورت قىلدى).

## 1950 — 1956 - يىلغىچە شىنجاڭدا تەكسە باھالىق ئاشلىقنىڭ غەيرىي يېزا ئىگىلىكىگە سېتىلىش ئەھۋالى

بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

جەدۋەل: 2 — 3

| تۈرى / ئاشلىق يىلى | جەمئىي | شەھەر - بازار ئاھالىسىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى | كەسپلەرگە ئىشلىتىلگەن ئاشلىق | يېمەكلىكلەر | قوشۇمچە يېمەكلىكلەر | ئىچىمىلىك كەسپى | سانائەت | يەم - خەشەك | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | 1084 | | | | | | | | |
| 1951 | 6037 | | | | | | | | |
| 1952 | 15005 | | | | | | | | |
| 1953 | 11032 | 9687 | 540 | 449 | | 9 | 3 | 344 | |
| 1954 | 20362 | 12235 | 3161 | 3346 | | 163 | 38 | 1351 | 68 |
| 1955 | 22050 | 11478 | 4051 | 4491 | 97 | 248 | 47 | 1480 | 154 |
| 1956 | 29072 | 16281 | 5056 | 4531 | 415 | 381 | 56 | 1912 | 440 |

ئىزاھ: 1950 — 1952 - يىللىرىدىكىسى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسى، سودا نازارىتى، كوپېراتىپ ئىدارىسى كالىندار يىلىغا 1953 - يىل 1 - پەسلىنىڭ ماتېرىيالىنى قوشۇپ جەملىگەن سان. 1953 - يىلدىن بۇياقىسى ئاشلىق تارماقلىرى ئاشلىق يىلى بويىچە (شۇ يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن كېيىنكى يىلى 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە) جەملىگەن ماتېرىياللاردۇر.

## 1953 — 1956 - يىلغىچە شىنجاڭدا تەكسە باھالىق ئاشلىقنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە سېتىلىش ئەھۋالى

بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

جەدۋەل: 2 — 4

| تۈرى / ئاشلىق يىلى | جەمئىي | دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئاھالىسىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى: كىچىك جەمئىي | دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئاھالىسىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى: بۇنىڭ ئىچىدە: چارۋىچىلىق | ئۇرۇقلۇق | يەم - خەشەك | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1953 | 318 | 318 | 81 | | | |
| 1954 | 4336 | 4336 | 843 | | | |
| 1955 | 9222 | 8223 | 1512 | 226 | 313 | 460 |
| 1956 | 14956 | 10369 | 1636 | 808 | 1608 | 2171 |

### 4) كېلىشىم باھادا سېتىش

ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، 1979 - يىل 1 - ئايدا «ئاشلىق، ياغلىق دانىنى كېلىشىپ سېتىۋېلىش - سېتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» ۋە «بازار سودىسىنى ئېچىۋېتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ شۇ يىللىق ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىنكى ئېشىنچا ئاشلىق، ياغلىق دېنى ۋە گۆشكۆپ ئەزالىرى (دېھقانچىلىق ئىشچىلىرى) نىڭ ئۆز ئىستېمالىدىن ئاشقان ئاشلىق، ياغلىق دېنىنى بازاردا سېتىشىغا رۇخسەت قىلدى، ئۇنى ئاشلىق تارماقلىرى كېلىشىم باھادا بىر تۇتاش سېتىۋالدى ۋە ساتتى. ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق بەلگىلەندى: كېلىشىپ سېتىشتا كېلىشىپ

سېتىۋېلىشنى ئاساس قىلىش، كىرىمگە قاراپ چىقىم قىلىش، سېتىۋېلىنغىنىغا قاراپ سېتىشنى بەلگىلەش، سېتىۋېلىش بىلەن سېتىش تەڭپۇڭ بولۇشى شەرت، ئاۋۋال كېلىشىپ سېتىپ ئاندىن كېلىشىپ سېتىۋېلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، دۆلەت سالدۇرسىدىكى ئاشلىق، ياغلىق داننى كېلىشىپ سېتىلغان ئاشلىقنىڭ ئورنىغا سەپلەپ قويۇشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. كېلىشىپ سېتىلغان ئاشلىق، ياغ ئاساسەن چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەر، سانائەت، كان رايونلىرىدا بىلەتسىز تەمىنلەيدىغان پىششىق يېمەكلىكلەر ھەم پىلان سىرتىدىكى سودا - سانائەت كەسپىگە ئىشلىتىلىدىغان ئاشلىق، ياغقا كاپالەتلىك قىلىدۇ. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 23 مىليون 90 مىڭ كىلوگرام ھەرخىل ئاشلىق كېلىشىپ سېتىلدى. قۇمۇل، تۇرپان ۋىلايەتلىرى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرى باشقا ئۆلكىلەردىن 3 مىليون 830 مىڭ كىلوگرام گۈرۈچنى كېلىشىپ سېتىۋېلىپ يۆتكەپ كېلىپ، ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە كېلىشىپ ساتتى. بۇ، بازارنى جانلاندۇرۇش، ئاھالىلەرنىڭ ئاشلىق تۈرى قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش، بازاردىكى ئاشلىق باھاسىنى تىزگىنلەشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى. شۇ يىلى باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا ئاران 130 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق كېلىشىم باھادا سېتىلدى.

1980 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى گوۋۇيۈەن تەستىقلاپ تارقاتقان «مەملىكەتلىك يازلىق ئاشلىق، ياغلىق داندىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش يىغىنىنىڭ دوكلات تېزىسى» نىڭ روھىغا ئاساسەن 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ «ئاشلىق ۋە ياغ، ياغلىق داننى كېلىشىپ سېتىۋېلىش - سېتىش تەپسىلىي پرىنسىپى» نى تارقىتىپ، ئاشلىق، ياغلىق داننى كېلىشىپ سېتىۋېلىش - سېتىش ھەرىكىتىنى تېخىمۇ قېلىپلاشتۇردى. «تەپسىلىي پرىنسىپ» تا مۇنداق بەلگىلەندى: ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە سېتىۋېلىنغان كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغلىق داننىڭ كېلىشىم باھادا سېتىلغاندىن كېيىنكى ئېشىندىسى دۆلەتنىڭ تەكشە باھالىق سالدۇرسىغا ئايلاندۇرۇلسا بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرۈلگەن زىياننى مەركەز تولۇقلاپ بېرىدۇ. سودا، تەمىنات - سودا تارماقلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمەك كەسپىگە كېرەكلىك كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغنىڭ يىللىق، پەسىللىك پىلان ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئاشلىق تارماقلىرى تەمىنلىسە بولىدۇ، شۇ جايدىكى ئاشلىق تارماقلىرى ماقۇل كۆرگەندىن كېيىن بىۋاسىتە بازاردىن سېتىۋېلىنسىمۇ بولىدۇ. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە كېلىشىپ سېتىلغان ئاشلىق 55 مىليون 40 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، 1979 - يىلدىكىدىن 1.38 ھەسسە ئاشتى؛ ئاپتونوم رايون سىرتىغا كېلىشىم باھادا سېتىلغان ئاشلىق 3 مىليون 610 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى. بۇنىڭدا ئاساسەن قۇمۇل، تۇرپان ۋىلايەتلىرىنىڭ ئاق قونىقى سېتىلدى.

1981 — 1983 - يىللىرى ئاپتونوم رايون بويىچە كېلىشىم باھادا ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش مۇقىم راۋاجلاندى. باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىن شىنجاڭغا كېلىپ كېلىشىم باھالىق گۈرۈچ ساتىدىغانلار پەيدىنپەي كۆپەيدى. 1983 - يىل 1 - ئايدا گوۋۇيۈەن سودا مىنىستىرلىكىنىڭ «ئاشلىق، ياغلىق داننى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، كۆپ يوللۇق تىجارەتنى يولغا قويۇشقا دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدىكى سىناق بەلگىلىمە» نى تارقاتقاندىن كېيىن، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 5-ئايدا ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ئاشلىقنى كېلىشىپ سېتىۋېلىش - سېتىش ئىشىنى ئاشلىق تارماقلىرى بىر تۇتاش باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ناھىيە، تۈەن - مەيدانلارنى بىرلىك قىلىپ، شۇ يىللىق پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، كۆپ يول ئارقىلىق باشقا جايلارغا توشۇپ سېتىشقا رۇخسەت قىلدى. شۇ يىلى خېنەن قاتارلىق 9 ئۆلكىنىڭ كېلىشىم باھالىق ئاشلىق تارماقلىرى ۋە باشقا ئورۇنلىرى شىنجاڭغا كېلىپ ئاشلىق ساتتى. ئاپتونوم رايوندىكى بەزى ئورۇنلار ۋە شەخسلەرمۇ باشقا ئۆلكىلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ ئاشلىق سېتىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن كېلىشىم باھالىق ئاشلىق بويىچە كۆپ يوللۇق رىقابەتلىشىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. بۇ 3 يىلدا ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرى ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە 214 مىليون كىلوگرام ئاشلىقنى كېلىشىم باھادا ساتتى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 71 مىليون 290 مىڭ كىلوگرامدىن سېتىلىپ، 1980 - يىلدىكىدىن %95.12 ئاشتى. بۇ 3 يىلدا 22 مىليون

50 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق ئاپتونوم رايون سىرتىغا كېلىشىم باھادا سېتىلىپ، يىلىغا 7 مىليون 350 مىڭ كىلوگرامدىن توغرا كەلدى.

1984 - يىل 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «گوۋۇيۈەننىڭ يازلىق ئاشلىق، ياغلىق داندىن پاراق ئېلىش، سېتىۋېلىش ۋە سېتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن تۈرلۈك ئىچىملىك، ھاراق ئىشلەشكە كېرەكلىك ئاشلىقنى كېلىشىم باھادا تەمىنلەشكە ئۆزگەرتىشنى قارار قىلىپ، ئاشلىقنى كېلىشىپ سېتىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتتى. شۇ يىلى 8 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىش - سېتىش سىياسىتىنى يەنىمۇ تەڭشەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، جايلارغا دۆلەتنىڭ پاراق ئېلىش - سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىنكى ئاشلىق، ياغلىق داننى ئومۇميۈزلۈك كۆپ يول ئارقىلىق تىجارەت قىلىشنى رەسمىي ئۇقتۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئاشلىق بازار سودىسى تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى. 1985 - يىلدىن كېيىن ئاشلىقنى كېلىشىپ سېتىۋېلىش - سېتىش دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيدى. بۇ 2 يىلدا ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە كېلىشىپ سېتىلغان ئاشلىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 118 مىليون كىلوگرامدىن ئاشىلىپ، ئالدىنقى 3 يىلدىكىدىن يىلىغا 65.37% تىن ئېشىپ باردى. ئاپتونوم رايون سىرتىغا كېلىشىم باھادا سېتىلغان ئاشلىق يىلىغا 2 مىليون 600 مىڭ كىلوگرامدىن ئاشىلىپ، يەنىلا تۆۋەن سەۋىيىدە تۇردى. 1986 — 1990 - يىلغىچە شىنجاڭدا ئاشلىق ھوسۇلى يىلمۇ يىل ئېشىپ باردى، ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە ۋە ئاپتونوم رايون سىرتىغا سېتىلىدىغان كېلىشىم باھالىق ئاشلىق خېلى كۆپ ئاشتى (جەدۋەل: 2 — 5 كە قاراڭ). 1988 - يىلى مەملىكەت بويىچە بازاردا ئاشلىق بىرقەدەر قىس بولدى، باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىن شىنجاڭغا كېلىپ كېلىشىم باھادا ئاشلىق سېتىۋالىدىغان ئورۇن ۋە شەخسلەر زور مىقداردا كۆپەيدى، بازاردا ئاشلىق باھاسى ئۆرلەپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە ئاشلىقنى توختاملىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشىغا بىۋاسىتە تەسىر يەتتى، شۇڭا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئاشلىقنى «شىنجاڭدىن چىقىرىش گۇۋاھنامىسى» بېرىش ئارقىلىق چەكلەش تەدبىرىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە مەملىكەت بويىچە ۋاقىتىنچە قىس بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، ئاپتونوم رايوندىكى كېلىشىم باھالىق ئاشلىق بازىرىنىڭ گۈرۈچكە بولغان ئېھتىياجىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ۋاقتىدا كېلىشىم باھالىق بۇغدايغا كېلىشىم باھالىق گۈرۈچ تېگىشىش تەدبىرىنى قوللاندى. بۇ 5 يىلدا ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 210 مىليون كىلوگرامدىن ئاشلىق كېلىشىم باھادا سېتىلىپ، 1984 — 1985 - يىللاردىكىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 77.93% تىن ئېشىپ باردى. ئاپتونوم رايون سىرتىغا كېلىشىم باھادا سېتىلغان ئاشلىق 357 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، يىلىغا 71 مىليون 310 مىڭ كىلوگرامدىن ئاشىلىپ، 1979 — 1985 - يىلغىچە ئوتتۇرىچە سېتىلغان 4 مىليون 430 مىڭ كىلوگرامدىن 15 ھەسسە ئاشتى.

## 1979 — 1990 - يىلغىچە شىنجاڭدا كېلىشىم باھالىق ئاشلىق سېتىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 2 — 5    بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| تۈرى / ئاشلىق يىلى | ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە سېتىلغىنى | ئاپتونوم رايون سىرتىغا سېتىلغىنى | جەمئىي |
|---|---|---|---|
| 1979 | 2309 | 13 | 2322 |
| 1980 | 5504 | 361 | 5865 |
| 1981 | 5125 | 1282 | 6407 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1982 | 7398 | 483 | 7881 |
| 1983 | 8863 | 440 | 9303 |
| 1984 | 11879 | 213 | 12092 |
| 1985 | 11698 | 307 | 12005 |
| 1986 | 15685 | 2771 | 18456 |
| 1987 | 19764 | 6459 | 26223 |
| 1988 | 23619 | 5144 | 28763 |
| 1989 | 24060 | 8104 | 32164 |
| 1990 | 21753 | 13180 | 34933 |
| جەمئىي | 157657 | 38757 | 196414 |

**ئىزاھ:** جەدۋەلدىكى ئاپتونوم رايون سىرتىغا سېتىلغىنى كېلىشىم باھادا يۆتكەلگىنىنى كۆرسىتىدۇ.

## 2 § . يېمەكلىك ياغ سېتىش

### 1. بازار سودىسى

شىنجاڭدا ياغ، ياغلىق دان تارىختا ئۇزۇن مۇددەت بازار سودىسى ئارقىلىق ئىختىيارىي سېتىۋېلىنىپ ۋە سېتىلىپ كەلگەنىدى. ناھىيە بازىرىدىن يۇقىرى چوڭراق بازارلاردا خاس ياغلىق دان بازىرى تەسىس قىلىنغانىدى، ئادەتتىكى بازارلاردا ياغلىق دان، ياغ ۋە ئاشلىق بازارلىرى بىللە ئىدى. دېھقانلار ئىشلەپچىقارغان ياغلىق دانلىرىنى بازارغا ئېلىپ بېرىپ ياغقا تېگىشەتتى ۋە ئارتۇق قىسمىنى ساتاتتى. ئىستېمالچىلار ۋە ياغنى خام ئەشيا قىلىدىغان يېمەك - ئىچمەك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار، قول سانائەتچىلەر ئۆزلىرىگە كېرەكلىك ياغنى بازاردىن سېتىۋالاتتى. ياغ سېتىقچىلىرى ئىشلەپچىقىرىش رايونى بىلەن ئىستېمال رايون ئارلىقىدا قاتراپ يۆرۈپ سېتىقچىلىق قىلاتتى. 1954 - يىلى 11 - ئايدا ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ياغ، ياغلىق دان بازارلىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» (لايىھە) نى ئېلان قىلىپ، قىچا، زىغىر، ئاپتاپپەرەس، چىگىت ۋە ئۇلاردىن تارتىلغان ياغ بازار باشقۇرۇش دائىرىسىدىكى تۈرلەر بولۇپ، ئۇلارنى دۆلەت ياغ شىركىتى ۋە ئۇ ھاۋالە قىلغان ئورۇنلار سېتىۋالىدىغانلىقىنى، بارلىق خۇسۇسىي ياغ دۇكانلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىشىغا، ياغ زاۋۇتلىرى، جۇۋازخانىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا خام ئەشيا سېتىۋېلىشى، ياغ سېتىشىغا يول قويۇلمايدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن خۇسۇسىي ياغ سودىگەرلىرىنىڭ تىجارىتى ناھايىتى زور چەكلىمىگە ئۇچرىدى. ئۇلار پەقەت باشقۇرۇلىدىغان تۈر سىرتىدىكى ئاساسلىق بولمىغان ياغلىق دان، ياغلارنىلا تىجارەت قىلدى. 1957 - يىلى ياغ، ياغلىق دانلار ئاشلىق بىلەن بىللە بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىدىغان ۋە سېتىلىدىغان بولغاندىن كېيىن، خۇسۇسىي ياغ سودىگەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، بازاردا ياغ سودىسى مەنئى قىلىندى.

1979 - يىلى بازار سودىسى ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئىشلەپچىقارغۇچى ئورۇن دۆلەتنىڭ پاراق ئېلىش، سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىنكى ئېشىنچا ياغلىق دان، ياغ ۋە گۆشلۈك ئەزالىرىنىڭ ئېشىنچا ياغلىق دېنى ۋە يېغىنى بازاردا سېتىشقا يول قويۇلدى، ياغ بازىرى سودىسىمۇ ئەسلىگە كەلدى. 1984-يىلى دۆلەتنىڭ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ئورۇندىلىپ بولغاندىن كېيىنكى ياغنى كۆپ يوللۇق تىجارەت قىلىشقا يول قويۇلدى، بۇنىڭ بىلەن ياغ بازىرى سودىسى تېخىمۇ جانلاندى.

## 2. خۇسۇسىي سودىگەرلەر ماركېتىڭى

شىنجاڭدا خۇسۇسىي ياغ سودىسى ئاساسەن ياغ ماگىزىنى، ياغ دۇكىنى، جۇۋازخانا ۋە ياغ ئېلىپ-ساتارلىرى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلاتتى.

### 1) دۇكان ماركېتىڭى

تۇرپاندىكى ئاڭ دەۋرىگە ئائىت قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان ئاسارەتىقىلەردە «قىچا دۇكىنى» غا دائىر خاتىرىلەر بار. ياغ دۇكىنى (ياغلىق دان دۇكىنى) ياغ، ياغلىق دان تىجارىتى قىلىدىغان ۋاستە شۇنىڭدەك ياغ، ياغلىق دان تىجارىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى، شۇنداقلا ئۇ ھەم سودىگەرلەر ئۈچۈن ۋاكالىتەن ساقلاپ، سېتىپ بېرىدۇ، ۋاكالەتلىك پۇلى، رەسمىيەت ھەققى ئالىدۇ، ھەم ئۆزى سېتىۋېلىپ، ئۆزى سېتىپ، ياغ، ياغلىق دان تاۋار تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. دۇكان ئاساسەن شەھەر - بازاردا تەسىس قىلىنىدۇ، ئاھالىلەرگە ياغنى پارچە ساتىدۇ، كۆپىنچىسى ياغنى قوشۇمچە تىجارەت قىلىدۇ، بەزىلىرى ئاشلىق دۇكىنى بىلەن بىللە، بەزىلىرى مىلچمال دۇكىنى بىلەن بىللە بولىدۇ. مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) «شىنجاڭ پوچتىسى قاتنايدىغان جايلار مەھسۇلاتلىرى تەزكىرىسى» نىڭ شىنجاڭ پوچتا رايونىدىكى سودا - سانائەت دۇكانلىرىنى تەكشۈرۈش جەدۋىلىدە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: شىخۇ ناھىيىسىدىكى شىمالىي قوۋۇق سىرتىدا «ۋېنشىڭخې» ياغ، شېكەر، مىلچمال دۇكىنى، «شياڭشۇنلى» ياغ، تۇز، جاڭيۇ دۇكىنى، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى جېڭجېي كوچىسىدا «كۇيشۇنخې» ياغ، تۇز، جاڭيۇ دۇكىنى، قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ دىشىڭ كوچىسىدا «تيەنچېڭدې» ياغ، تۇز، مىلچمال دۇكىنى، قاراشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئالدى چوڭ كوچىسىدا «فۇشىڭجۇ» ياغ، شېكەر، مىلچمال دۇكىنى بار ئىدى.

1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن دۆلەت سودا شىركەتلىرى، تەمىنات-سودا كوپىراتىپلىرى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا بىۋاستە قاراشلىق كوپىراتىپلار ياغ، ياغلىق دان تىجارىتىگە پائال قاتناشتى، بۇنىڭ بىلەن خۇسۇسىي ياغ سودىگەرلىرىنىڭ مونوپوللۇقى پەيدىنپەي بۇزۇپ تاشلاندى. 1954-يىل 10 - ئايدا جۇڭگو ئۇيۇشمىلىق ياغ شىركىتىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى قۇرۇلۇپ، ئۆلكە دائىرىسىدىكى ياغ، ياغلىق دان تىجارىتى كەسپىنى بىر تۇتاش باشقۇردى. شۇ يىلى 11 - ئايدا «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ياغ، ياغلىق دان بازىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» (لايىھە) ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، خۇسۇسىي ياغ سارايلىرى، ياغ دۇكانلىرى يىلدىن - يىلغا ئازىيىپ باردى. 1957 - يىلى ئاشلىق، ياغلىق داننى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، خۇسۇسىي ياغ سارايلىرى، ياغ دۇكانلىرىنىڭ ھەممىسى تاقالدى. 1979 - يىلى ئاشلىق، ياغ بازار سودىسى قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن، خۇسۇسىي ياغ دۇكانلىرى يەنە بارلىققا كېلىشكە باشلىدى، ئادەتتە ئاشلىق بىلەن بىللە تىجارەت قىلىندى، كۆپىنچىسى ئۇششاق سودا-سېتىقتىن ئىبارەت بولدى.

### 2) جۇۋازخانا ماركېتىڭى

جۇۋازخانا ياغلىق داننى پىششىقلاپ تەييار مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرىدىغان قول ھۈنەرۋەنچىلىك كارخانىسى بولۇپ، پۈتۈنلەي خۇسۇسىيلارنىڭ ئىلكىدە ئىدى. ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتى قالاق بولسىمۇ، لېكىن ئۇقتىسى كۆپ، دائىرىسى كەڭ ئىدى، ئۇ دېھقانلارنىڭ ياغلىق دانلىرىنى تارتىپ بېرەتتى ھەم ئۆزى خام ئەشيا سېتىۋېلىپ، مەھسۇلاتنى ئۆزى ساتاتتى، ئۇ خۇسۇسىي ياغ سودىگەرلىرىنىڭ ياغ، ياغلىق دان تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاساسلىق شەكىللىرىنىڭ بىرى ئىدى. پارچە - پۇرات ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، مىنگونىڭ 20 - يىلى (1931 - يىلى) ساۋەن ناھىيىسىنىڭ بازار - يېزىلىرىدا 22 لەرچە جۇۋازخانا بار ئىكەن، مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) كۇچا ناھىيىسىدە 108 جۇۋازخانا بار ئىكەن. 1949 - يىلى ئۈرۈمچى شەھرىدە 41 سۇ يېغى جۇۋازخانىسى، 14 كۈنجۈت يېغى جۇۋازخانىسى بار ئىكەن،

بۇ ھال جۇۋازخانىنىڭ ئۆلكە بويىچە ھەممە يەردە بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. سۇ يېغى جۇۋازخانىسى قىچا، زىغىر قاتارلىق ياغلىق دانلارنى تارتىدىغان جۇۋازخانىنى، كۈنجۈت يېغى جۇۋازخانىسى مەخسۇس كۈنجۈتتىن ياغ تارتىدىغان جۇۋازخانىنى كۆرسىتىدۇ. چوڭراق جۇۋازخانىلارنىڭ ئادەتتە ئات ھارۋىسى بار ئىدى. ئۇلار بىۋاسىتە ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىغا بېرىپ، شۇ يەردىكى بازارلاردىن خام ئەشيا سېتىۋالاتتى، تارتقان يېغىنى بىۋاسىتە ساتقاندىن سىرت، يەنە ياغپۇرۇچ ۋە ياغ دۇكانلىرىغا توپ ساتاتتى.

1949 ـ يىلى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، خۇسۇسىي جۇۋازخانىلار بازاردا ئاشلىق، ياغ سېتىشتا يەنىلا يېتەكچى ئورۇندا تۇردى. 1952 ـ يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ئۆلكە بويىچە 4000 خۇسۇسىي جۇۋازخانا بار ئىكەن. 1954 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئاساسلىق ياغ، ياغلىق دانلارنى بازار ئارقىلىق باشقۇرۇش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، جۇۋازخانىلارنىڭ دۆلەت ۋە دېھقانلار ئۈچۈن ۋاكالىتەن ياغ تارتىپ بېرىش كەسپىلا ساقلىنىپ قالدى. 1955 ـ يىلى ئۆلكە بويىچە جايلاردا ئۆلكىلىك ياغ شىركىتىگە ياغ تارتىپ بېرىدىغان 3218 جۇۋازخانا بار ئىدى. 1956 ـ يىلى شەھەرلەردە ساقلىنىپ قالغان خۇسۇسىي جۇۋازخانىلارنىڭ كۆپىنچىسى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىگە ئۆتكۈزۈلدى. شۇ يىل 3 ـ ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە خۇسۇسىيلار جۇۋازخانىسىدىن 8 ىلا قالغانىدى، كېڭىشىش ئارقىلىق بۇ 8 جۇۋازخانا بىرلىشىپ ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى «مىنشىڭ» ياغ زاۋۇتى بولۇپ ئۆيۈشتى (مەزكۇر زاۋۇت 1966 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك «يۈجىن» كەسمە چۆپ زاۋۇتىغا قوشۇۋېتىلىپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ كەسمە چۆپ زاۋۇتى بولدى، بارلىق خادىملىرى دۆلەت كارخانىسىنىڭ رەسمىي ئىشچى ـ خىزمەتچىسىگە ئايلاندى)؛ كۈنجۈت يېغى جۇۋازخانىسىدىن 5 ى قالغان بولۇپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ياغ شىركىتى بىلەن خۇسۇسلار كېڭىشىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن قايتا تەشكىللىنىپ شەھەرلىك ياغ زاۋۇتى بولۇپ قۇرۇلدى، خۇسۇسىي تەرەپ خادىملىرىنىڭ ھەممىسى دۆلەت ئىشچى ـ خىزمەتچىسىگە ئايلاندى. 1957 ـ يىلى ياغ، ياغلىق داننى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش ۋە سېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، خۇسۇسىي جۇۋازخانىلارنىڭ تىجارىتى ئومۇميۈزلۈك توختىتىلدى. 1979 ـ يىلى ئاشلىق، ياغ بازار سودىسى قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن، خۇسۇسىي جۇۋازخانىلار يەنە تىجارىتىنى يېڭىۋاشتىن ئەسلىگە كەلتۈردى. 1984 ـ يىلى ياغ، ياغلىق دان بويىچە كۆپ يوللۇق تىجارەت يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، خۇسۇسىي جۇۋازخانىلارنىڭ بەزىسى ماشىنىلاشقان ياغ زاۋۇتىغا تەرەققىي قىلدى.

### 3) ياغپۇرۇچ ماركېتىڭى

ياغپۇرۇچلار ئەپكەش بىلەن كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ئۇششاق سودا ـ سېتىق قىلىپ، كوچا ـ كوچىلاردا ياغ ساتقاندىن سىرت، كۆپىنچىسى ئىشلەپچىقىرىش رايونى بىلەن ئىستېمال رايونى، شەھەر بىلەن يېزىلار ئارىسىدا بېرىپ ـ كېلىپ يۈرۈپ ياغ (ياغلىق دان) ئېلىپ ساتىدىغانلار ئىدى. ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدىكى ياغ (ياغلىق دان) لارنى شەھەرگە، ياغ كەمچىل رايونلارغا ئېلىپ بېرىپ سېتىپ، شەھەر بىلەن يېزىلارنى بىر بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايتتى. 1954 ـ يىلى ئاساسلىق ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىنىڭ ياغلىق دان ۋە يېغىنى بازار ئارقىلىق باشقۇرۇش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، خۇسۇسىي ياغپۇرۇچلارنىڭ تىجارەت دائىرىسى ئاساسلىق بولمىغان تۈرلەر ۋە ئاساسلىق بولمىغان رايونلار بىلەنلا چەكلەندى. 1957 ـ يىلى ياغنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش ـ سېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، خۇسۇسىي ياغپۇرۇچلار پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1979 ـ يىلى ئاشلىق، ياغ سودا بازىرى قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن، بولۇپمۇ 1984 ـ يىلى كۆپ يوللۇق تىجارەت يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، خۇسۇسىي ياغپۇرۇچلارنىڭ ياغ، ياغلىق دان تىجارىتى يەنە جانلىنىپ كەتتى.

## 3. دۆلەت ئىلكىدىكى سېتىش

### 1) دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ سېتىشى

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، دۆلەت سودا شىركىتى، تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى

سېتىۋېلىشى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا بىۋاسىتە قاراشلىق كوپېراتىپ قاتارلىق ئورۇنلار پائال تۈردە ئاپپارات قۇرۇپ، بازاردا ياغ (ياغلىق دان) تىجارىتىگە كىرىشتى. 1950 ـ يىلى دۆلەت سودا شىركەتلىرى، تەمىنات- سودا كوپېراتىپلىرى ساتقان ياغ ئاران 470 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، ئىگىلىگەن نىسبىتى ناھايىتى ئاز ئىدى. 1952 ـ يىلى سېتىلىش مىقدارى 2 مىليون 200 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، 1950 ـ يىلدىكىدىن 3.7 ھەسسە ئاشتى. 1954 ـ يىلى جۇڭگو ئۇيۇشمىلىك ياغ شىركىتىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شىركىتى قۇرۇلۇپ، ئاساسلىق ياغ، ياغلىق دان بازىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى، شۇنىڭ بىلەن ياغ تىجارىتى دۆلەت ئىلكىدە بولۇش ئىزىغا چۈشتى. مەلۇماتقا قارىغاندا، 1950 — 1954 ـ يىلغىچە ئۆلكە بويىچە دۆلەت سودا كارخانىلىرى ئۆلكە دائىرىسىدە، 7 مىليون 590 مىڭ كىلوگرام ياغ ساتقان، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىغا 1 مىليون 960 مىڭ كىلوگرام ياغ سېتىپ (ئېكسپورت قىلىپ)، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا جىددىي كېرەكلىك ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنى تېگىشكەن.

1955 ـ يىلى ياغ شىركىتى سېتىۋېلىپ ساتقان ياغ 4 مىليون 270 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، 1954- يىلدىكى 1 مىليون 640 مىڭ كىلوگرامدىن 1.6 ھەسسە ئاشتى، خۇسۇسىي ياغ سودىسىنىڭ بازار ئىگىلەش نىسبىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىدى. 1956 ـ يىلى ياغ شىركىتى ئاپتونوم رايون دائىرىسىدىكى بازارلاردا ساتقان ياغ بىراقلا 10 مىليون 150 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، 1955 ـ يىلدىكىدىن 1.38 ھەسسە ئاشتى (جەدۋەل: 2 — 6 گە قاراڭ). بۇ ئاساسەن ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدىكى ياغلىق داننىڭ ھەممىسىنى سېتىۋېلىپ ئوزۇقلۇق ياغ ساتقانلىقىنىڭ نەتىجىسى. 1955 — 1956 ـ يىللىرى ش ئۇ ئا ر ياغ شىركىتى سوۋېت ئىتتىپاقىغا 6 مىليون 810 مىڭ كىلوگرام ياغ ساتتى (ئېكسپورت قىلدى).

### 1950 — 1956 ـ يىلغىچە شىنجاڭدا نەكسە باھالىق ياغ سېتىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 2 — 6　　　بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| تۈرى / ئاشلىق يىلى | ئومۇمىي جەمئىي | غەيرىي يېزا ئىگىلىكىگە سېتىلغىنى | | | | | | يېزا ئىگىلىكىگە سېتىلغىنى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | شەھەر ـ بازار ئاھالىسىنىڭ ئوزۇقلۇق يېغى | كەسىپلەرگە ئىشلىتىلگەن ياغ | يېمەكلىك كەسپى | سانائەت | باشقىلار | جەمئىي | دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئاھالىسى ئوزۇقلۇق يېغى | باشقىلار |
| 1950 | 47 | 47 | | | | | | | | |
| 1951 | 89 | 89 | | | | | | | | |
| 1952 | 220 | 220 | | | | | | | | |
| 1953 | 239 | 239 | | | | | | | | |
| 1954 | 164 | 164 | | | | | | | | |
| 1955 | 427 | 421 | 421 | | | | | 6 | 6 | |
| 1956 | 1015 | 882 | 771 | 23 | 11 | 6 | 71 | 133 | 86 | 47 |

ئىزاھ: 1954 ـ يىللىق سان ئىچىدە 1955 ـ يىل 1 ـ پەسىلنىڭ سانلىرى بار. 1955 ـ يىلدىن ئېتىبارەن شۇ يىلى 4 ـ ئايدىن كېيىنكى يىلى 3 ـ ئايغىچە بولغان ئاشلىق يىلىغا دائىر سانلار تولدۇرۇلدى.

## 2) كېلىشىم باھادا سېتىش

1979 - يىلى ياغ، ياغلىق دان بازىرى قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بازارلاردا خاسلىق، كۈنجۈت قاتارلىقلار كەمچىل بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياغ باھاسى باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭكىدىن يۇقىرىراق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىزدا كېلىشىم باھادا سېتىلغان ياغنىڭ ئازكەم يېرىمى باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىن كەلتۈرۈلدى. 1979 — 1984 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە كېلىشىم باھادا 28 مىليون 40 مىڭ كىلوگرام ياغ سېتىلدى. 1985 - يىلدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدا ياغلىق دان، پاختا ھوسۇلى ئۇدا بىرقانچە يىل ئاشتى، ياغ مەنبەسى موللاشتى، بازار باھاسى باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىكىدىن تۆۋەنلىدى، شۇنىڭ بىلەن كېلىشىم باھالىق ياغ ئاپتونوم رايون سىرتىغا كۆپلەپ سېتىلدى. 1985 — 1990 - يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدە سېتىلغان كېلىشىم باھالىق ياغ 157 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، يىلىغا 26 مىليون 140 مىڭ كىلوگرامدىن توغرا كېلىپ، 1979 — 1984- يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يىللىق ئوتتۇرىچە سان 4 مىليون 670 مىڭ كىلوگرامدىن 4.6 ھەسسە ئاشتى. شۇ مەزگىلدە ئاپتونوم رايون سىرتىغا كېلىشىم باھادا سېتىلغان ياغ 70 مىليون 860 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، يىلىغا 11 مىليون 810 مىڭ كىلوگرامدىن ئايلاندى (جەدۋەل: 2 — 7 گە قاراڭ).

**1979 — 1990 - يىلغىچە كېلىشىم باھالىق ياغ سېتىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 2 — 7    بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| تۈرى / ئاشلىق يىلى | ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە سېتىلگىنى | ئاپتونوم رايون سىرتىغا سېتىلگىنى | جەمئىي |
|---|---|---|---|
| 1979 | 145 | | 145 |
| 1980 | 322 | 9 | 331 |
| 1981 | 416 | 8 | 424 |
| 1982 | 364 | | 364 |
| 1983 | 586 | 1 | 587 |
| 1984 | 971 | 25 | 996 |
| 1985 | 1277 | 100 | 1377 |
| 1986 | 1563 | 1402 | 2965 |
| 1987 | 3243 | 1445 | 4688 |
| 1988 | 3565 | 1880 | 5445 |
| 1989 | 2883 | 941 | 3824 |
| 1990 | 3152 | 1318 | 4470 |
| جەمئىي | 18487 | 7129 | 25616 |

ئىزاھ: جەدۋەلدىكى ئاپتونوم رايون سىرتىغا سېتىلغىنى كېلىشىم باھادا يۆتكەپ چىقىرىلغىنىنى كۆرسىتىدۇ.

# II باب

# نورمىلىق سېتىش، چەكلىك تەمىنلەش

## 1 § . ئاشلىق

### 1. مائاش ئاشلىقى بىلەن تەمىنلەش

#### 1) ئەمەلدارلارنىڭ مائاشى

خەنۋۇدىنىڭ شېنجۆ 2 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى) غەربىي خەن ھۆكۈمىتى رائوتا (ھازىرقى بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ چېدىر دېگەن يېرىدە) غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلغان. بۇ مەھكىمىنىڭ ئاساسلىق ئەمەلدارلىرىنىڭ يىللىق مائاشى ئاشلىق بويىچە ھېسابلىغاندا مۇنداق ئىدى: قورۇقچىبەگ، يانداش قورۇقچىبەگ، ساقلاۋچى چېرىكچىبېگىنىڭ ئاز كەم 2000 دادەن، ئايلىق تەمىناتى تەخمىنەن 120 پاتمان؛ كۇي - نەغمە بېگىنىڭ ئازكەم 600 دادەن، ئايلىق تەمىناتى تەخمىنەن 60 پاتمان؛ مەھەللە باشلىقىنىڭ ئاز كەم 200 دادەن، ئايلىق تەمىناتى تەخمىنەن 27 پاتمان بولغان. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، غەربىي يۇرتتا غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ تۈزۈلمىسى قوللىنىلىپ، غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى، ساقلاۋچى چېرىكچىبېگى قاتارلىقلار تەسىس قىلىنغان، ئوتتۇرا، كېيىنكى مەزگىللىرىدە، غەربىي يۇرت دورغابى تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭغا يىلدا 1000 دادەندىن ئارتۇقراق ئاشلىق، ئېيىغا تەخمىنەن 90 پاتمان ئاشلىق مائاش بېرىلگەن.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، چيەنلۇڭ 27 - يىلى (1762-يىلى) ئىلىدا جياڭجۈن مەھكىمىسى تەسىس قىلغان. ئىلى، تارباغاتاي، قەشقەر ۋە ئۈرۈمچىدە (كېيىن ئۆزگەرتىلىپ تۇتۇڭ تەسىس قىلىنغان) مەسلىھەتچى ئامبال تەسىس قىلىنغان، باشقا جايلاردا خان ئامبال ياكى ئاغلاقچى ئامبال قاتارلىقلار تەسىس قىلىنغان. «ئىلى ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىش، ئاشلىق - تەمىنات باشقارمىسى بېجىرىشكە تېگىشلىك ئىشلار» دا خاتىرىلىنىشىچە، ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا بىر يىلدا چىقىم قىلىنغان مائاش ئاشلىقى: ئىش باشقۇرغۇچى نايىپ ۋەزىرنىڭ 5700 جىڭ، پايتەختتىن ئاشلىق باشقۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن نايىپ ۋەزىر، ئاۋامنى بەزلىگۈچى نايىپ ۋەزىرنىڭ 3600 جىڭدىن، ئاشلىق باشقۇرغۇچى نايىپ ۋەزىرنىڭ 2880 جىڭ، دىۋان خادىمىنىڭ 2520 جىڭدىن بولغان. باشقا ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ مائاش ئاشلىق ئۆلچىمىنى مۇشۇ قىسىمنىڭ 5 - باب 1 - پاراگرافىدىن كۆرۈۋېلىڭ.

#### 2) ۋاڭ بەگلەرنىڭ مائاشى ۋە لامالارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، قومۇل، تۇرپان ۋە موڭغۇل قەبىلىلىرىگە قارىتا جاساق تۈزۈمىنى يولغا قويغان. جاساق موڭغۇلچە قەبىلە باشلىقى ياكى مەمۇرىي ئەمەلدار دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. قەبىلە باشلىقلىرىغا چىڭ ھۆكۈمىتى چىنۋاڭ، جۈنۋاڭ، بېلى، بېزى، تەيجى دېگەنگە ئوخشاش ئوتۇغات ناملىرىنى بېرىپ، ئۇلارنى ئۆز قەبىلىسىنىڭ مەمۇرىي، ئەدلىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا

قويغان. ئوتتۇغات نامى بېرىلگەن ۋاڭ بەگ ئاقسۆڭەكلەرگە چىڭ ھۆكۈمىتى مائاش بەرگەن، مائاشقا ئاشلىق بەرمەي نەق پۇل بېرىلگەن. جاساق تۈزۈمى يولغا قويۇلغان جايلاردىكى لامالارنىڭ مائاشى ئۈچۈن ھەم نەق پۇل ھەم ئوزۇقلۇق ئاشلىق بېرىلگەن. «ئىلى ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىش» تا خاتىرىلىنىشىچە، ھەر دەرىجىلىك لامالارغا ئاشلىق تارقىتىش ئۆلچىمى مۇنداق بولغان: كەنبۇ لامانىڭ يىللىق ئوزۇقلۇق ئاشلىقى 7650 جىڭ؛ سۇل لامانىڭ يىللىق ئوزۇقلۇق ئاشلىقى 3240 جىڭ؛ باش لامانىڭ يىللىق ئوزۇقلۇق ئاشلىقى 480 جىڭ؛ كىچىك لامانىڭ يىللىق ئوزۇقلۇق ئاشلىقى 360 جىڭ. مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، جاساق تۈزۈمى يولغا قويۇلغان ۋاڭ ـ بەگ ئاقسۆڭەكلەرگە مائاش ئاشلىقى بېرىلگەن، ئۇنىڭ ئۆلچىمى مۇنداق بولغان: چىنۋاڭنىڭ يىللىق مائاش گۈرۈچى 475 دادەن بولۇپ، پۇلغا سۇندۇرغاندا 2850 يۈەن؛ جۈنۋاڭنىڭ 285 دادەن بولۇپ، پۇلغا سۇندۇرغاندا 1710 يۈەن؛ بېيلىنىڭ 190 دادەن بولۇپ، پۇلغا سۇندۇرغاندا 1140 يۈەن؛ بېيزىنىڭ 118.75 دادەن بولۇپ، پۇلغا سۇندۇرغاندا 712.5 يۈەن؛ ئەلنى تىنچىتقۇچى بەگنىڭ 71.25 دادەن بولۇپ، پۇلغا سۇندۇرغاندا 427.5 يۈەن؛ ئەلگە يۆلەكچى بەگنىڭ 47.5 دادەن بولۇپ، پۇلغا سۇندۇرغاندا 285 يۈەن؛ تەيجىنىڭ 23.15 دادەن بولۇپ، پۇلغا سۇندۇرغاندا 138.9 يۈەن بولغان. يۇقىرىدىكى ۋاڭ ـ بەگلەرنىڭ يىللىق مائاشى بىردەك ئەتىياز، كۈز پەسىللىرىگە بۆلۈپ بېرىلگەن.

### 3) بەگلەرنىڭ پېنسىيە ئاشلىقى

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان جايلاردا بەگلىك تۈزۈمىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك بەگلەرنى بىردەك بەگ دەپ ئاتاشنى بەلگىلىدى. ھەر دەرىجىلىك بەگلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ئىشىنى شۇ يەردە تۇرۇشلۇق خان ئامبال بىجىردى، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارلىق تۈزۈمىگە بىنائەن 3 جەرىكتىن 7 جەرىككىچە ئەمەل ـ مەرتىۋە بېرىلدى. ھەر دەرىجىلىك بەگلەرگە مەلۇم ساندا پېنسىيە پۇلى بېرىلگەندىن سىرت، يەنە ئوخشاش بولمىغان ساندا پېنسىيە يېرى ۋە ئۇ يەرنى تېرىپ بەرگۈچى ئادەم يەنى يانچىلار سەپلەپ بېرىلدى. بۇ ھەقتىكى بەلگىلىمە مۇنداق بولغان: 3 جەرىكلىك ھاكىمبەگكە 200 پاتمان ئۇرۇقلۇق كېتىدىغان تېرىلغۇ يەر ۋە 100 يانچى بېرىلىدۇ؛ 4 جەرىكلىك بەگكە 150 پاتمان ئۇرۇقلۇق كېتىدىغان تېرىلغۇ يەر ۋە 50 يانچى بېرىلىدۇ؛ 5 جەرىكلىك بەگكە 100 پاتمان ئۇرۇقلۇق كېتىدىغان تېرىلغۇ يەر ۋە 30 يانچى بېرىلىدۇ؛ 6 جەرىكلىك بەگكە 50 پاتمان ئۇرۇقلۇق كېتىدىغان تېرىلغۇ يەر ۋە 30 يانچى بېرىلىدۇ؛ 7 جەرىكلىك بەگكە 30 پاتمان ئۇرۇقلۇق كېتىدىغان تېرىلغۇ يەر ۋە 8 يانچى بېرىلىدۇ.

## 2. نورمىلىق سېتىش

### 1) ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا نورمىلىق سېتىش

مىنگو يىللىرىدا، شىنجاڭ ئۇزۇن مۇددەت پۇل پاخاللىشىش، مال باھاسى تېز ئۆرلەپ كېتىش ھالىتىدە تۇردى. جىن شۇرېن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن كېيىنكى مەزگىللەردە، «بىر تاغار پۇلغا بىر كۈرە ئاشلىق كەلمەيدىغان» ھالەت شەكىللەندى. شېڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار، ئامانلىق ساقلاش ساقچىلىرى قاتارلىق خادىملار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئوزۇقلۇق ئاشلىقنى نورمىلىق سېتىش چارىسىنى يولغا قويدى. گومىنداڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي خادىملىرى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، بۇ چارىنى داۋاملىق ئىجرا قىلدى. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆزىگە قاراشلىق رايون دائىرىسىدە ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا ئوزۇقلۇق ئاشلىقنى نورمىلىق سېتىپ بەردى.

**(1) ئۈرۈمچى مەمۇرلار ئىستېمال كوپېراتىپىنىڭ نورمىلىق سېتىشى** مىنگونىڭ 24 ـ يىلى (1935 ـ يىلى) 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۈرۈمچى مەمۇرلار ئىستېمال كوپېراتىپى رەسمىي قۇرۇلۇپ، ئۆلكە

دەرىجىلىك ئورگانلار ۋە ئۇرۇمچى شەھىرىدىكى دۆلەت مەمۇرلىرى، ئوقۇتقۇچى ۋە خىزمەتچىلەر، ھەربىيلەر، ساقچىلار، زاۋۇت، كان، كارخانا، كەسپىي ئورۇن خادىملىرىنى پايغا قوبۇل قىلدى. ھەربىر كىشى ئۆزى ۋە ئۆزى باقىدىغان بىۋاسىتە تۇغقانلىرىنىڭ سانى بويىچە پايغا كىردى، لېكىن كۆپ بولغاندا 6 پايدىن ئېشىپ كەتمىدى. ھەر بىر پايغا ھەر ئايدا كىنىشكىسىگە قاراپ بەلگىلەنگەن باھا (بازار باھاسىدىن تۆۋەن) بويىچە 20 جىڭ ئاق ئۇن؛ 3 شىڭ گۈرۈچ نورمىلىق سېتىپ بېرىلدى. مەمۇرلار ئىستېمال كوپېراتىپى قۇرۇلغاندا ئاران 2000 پاي بار ئىدى، يىل ئاخىرىدا 8000 پايدىن ئېشىپ كەتتى. شۇ يىلى 3000 سەر (ئۆلكە پۇلى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) دىن ئارتۇق زىيان كۆرۈلدى، ئۇنى مالىيە نازارىتى تولۇقلاپ بەردى. زىيان كۆرۈلۈشتىكى سەۋەب «بازار باھاسى بويىچە سېتىۋېلىنىپ، ئەرزان باھادا سېتىلغانلىقتىن بولدى». شۇ يىلى 6 -، 7 -، 8 - ئايلاردا بىر كۈرە گۈرۈچنىڭ بازار باھاسى 8000 — 9000 سەر ئىدى، نورمىلىق سېتىش باھاسى 3200 سەردىن بولدى؛ 100 جىڭ ئاق ئۇننىڭ بازار باھاسى 18 مىڭ سەر ئىدى، نورمىلىق سېتىش باھاسى 9000 سەر بولدى.

مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى شېڭ شىسەينىڭ ئىمزاسى بىلەن تارقىتىلغان «شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئومۇمىي بۇيرۇقى» دا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: ئۈرۈمچى مەمۇرلار ئىستېمال كوپېراتىپىنىڭ پېيى 20 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى، بەزىلەر ئەسلى ئىسمىنى يوشۇرۇپ تەكرار پايغا كىرگەن، بەزىلەر ئاغىنە - بۇرادەرلىرىگە ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن پاي چېكىنى مال سېتىۋېلىشقا بېرىپ تۇرغان، بەزىلەر ئۇن، گۈرۈچ قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقىپ سېتىپ پايدا ئالغان. شۇڭا، پايغا كىرىش ۋە مال سېتىۋېلىش چارىسىنى بېكىتىۋاشتىن تۈزۈپ چىقىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) 1 - ئايدا دۇبەن مەھكىمە ئىشخانىسى ۋە قورال - ياراغ زاۋۇتلىرى، جۇڭگو ترانسپورت جەمئىيىتىدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ تەمىناتى يېڭىۋاشتىن بەلگىلەنگەنلىكى ئۈچۈن، شېڭ شىسەي تېلېگراممىا ئورنىدا تېز پوچتا ئارقىلىق ئومۇمىي بۇيرۇق چىقىرىپ، ئۈرۈمچى مەمۇرلار ئىستېمال كوپېراتىپىنىڭ يۇقىرىقى ئورۇنلاردىكى خىزمەتچىلەرنىڭ پاي كىنىشكىسى بويىچە گۈرۈچ، ئۇن سېتىۋېلىشىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى بۇيرۇدى.

مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) 5 - ئايدا مىللىي ھۆكۈمەت مەمۇرىي پالاتاسى ۋە جياڭ جيېشىنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەمۇرىي پالاتاغا، مەركەزنىڭ شىنجاڭدىكى مەمۇرلىرى بىردەك ئىستېمال كوپېراتىپىغا قاتنىشىدۇ، دەپ جاۋاپ تېلېگراممىا ئەۋەتتى. شۇ يىلى 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئۈرۈمچى مەمۇرلار ئىستېمال كوپېراتىپىغا يوليورۇق بېرىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەمۇرىي پالاتاغا تېلېگراممىا ئارقىلىق جاۋاب بەردى. مەركەزنىڭ شىنجاڭدىكى مەمۇرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىردەك ئىستېمال كوپېراتىپىنىڭ ئەزاسى بولىدۇ، ئەمەل قىلىپ بىجىرىلسۇن.

مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) 7 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ھەرقايسى ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت، مەدەنىيەت ئورۇنلىرىنىڭ مۇقىم كىرىمى بولۇش، خىزمەتچىلىرى ئاشلىق ۋە باشقا بۇيۇملارنى سېتىۋېلىشتىكى باھا پەرقىنى كۆتۈرەلىگۈدەك ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشتەك ئەھۋالغا ئاساسەن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە دوكلات سۇنۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن شۇ ئورۇنلارنىڭ خىزمەتچىلىرى ئۈرۈمچى مەمۇرلار ئىستېمال كوپېراتىپىدىن ئاشلىق ۋە باشقا بۇيۇملارنى سېتىۋالسا، شۇ ئورۇنلارنىڭ ئاي بويىچە كوپېراتىپقا بازار باھاسى بىلەن تەمىنلەش باھاسى ئارىسىدىكى پەرقنى تولۇقلاپ تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يوليورۇق چىقىرىپ، مالىيە نازارىتىنىڭ دوكلاتى بويىچە ئىجرا قىلىشقا قوشۇلدى.

مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) ئۈرۈمچى مەمۇرلار ئىستېمال كوپېراتىپىنىڭ يىللىق دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلگەن: بىر يىلدا سېتىلغان ئۇن 3 مىليون 604 مىڭ 120 جىڭ بولۇپ، بۇغدايغا سۇندۇرغاندا

12 مىلىڭ 428 دادەن بولىدۇ، سېتىلغان گۆرۈچ 4474 دادەن 6 كۈرە 6 ئوچۇم. مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) ھەر ئايدا نورمىلىق سېتىپ بېرىلىدىغان گۆرۈچ، ئۇن ئۆلچىمى مۇنداق تەڭشەلدى: ئاق ئۇن 15 جىڭ، قارا ئاشلىق ئۇنى 9 جىڭ، گۆرۈچ 2 شىڭ، جىڭغا سۇندۇرغاندا 8 جىڭ، شۇنداق بولغاندا، بىر يىلدا سېتىلىدىغان ئاق ئۇن 3 مىليون 377 مىڭ 612 جىڭ، گۆرۈچ 4476 دادەن، قارا ئاشلىق ئۇنى 1 مىليون 432 مىڭ 757 جىڭ.

### مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) 2 ـ ئايدىكى ھەرقايسى ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت، مەدەنىيەت ئورۇنلىرىنىڭ پاي سانى

جەدۋەل: 2 — 8 بىرلىكى: دانە

| ئورگان ئىسمى | پاي سانى |
|---|---|
| باسما زاۋۇتى | 662 |
| تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسى | 1740 |
| سودا بانكىسى | 1604 |
| ئېلېكتر چىراغ شىركىتى | 270 |
| يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى | 1044 |
| جۇڭگو ترانسپورت باشقۇرۇش كومىتېتى | 183 |
| تېلېگراف باشقۇرۇش ئىدارىسى | 795 |
| «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى | 945 |
| شەھەرلىك كومىتېت تۆمۈر ـ ياغاچ زاۋۇتى | 151 |
| دورىخانا | 153 |
| مەدەنىيەت كىتابخانىسى | 53 |
| كىنو شىركىتى | 34 |
| ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى | 104 |
| خۇيزۇ ئۇيۇشمىسى | 20 |
| خەنزۇ ئۇيۇشمىسى | 85 |
| ئۆزبېك ئۇيۇشمىسى | 6 |
| شىبە ئۇيۇشمىسى | 2 |
| تاجىك ئۇيۇشمىسى | 12 |
| ئاق ئورۇسلار ئۇيۇشمىسى | 13 |
| موڭغۇل ئۇيۇشمىسى | 10 |
| قازاق ئۇيۇشمىسى | 31 |
| جەمئىي | 7917 |

مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن شىنجاڭدىكى ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنىڭ يېڭى چارىسى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: دۆلەت خىزمەتچىلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار (ئورگان قارا خىزمەتچىلىرى، ئات باقار، ھارۋىكەش، قاسساپ، ئامبارچى، دۆلەت ئىلكىدىكى كەسپىي ئاپپارات ئىشچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) غا ھەر ئايدا ھەقسىز 45 جىڭدىن ئۇن تارقىتىپ بېرىلىدۇ، ئۇنى جايلار ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىغا ئاساسەن ئاشلىق بولسا ئاشلىق، ئاشلىق بولمىسا، پۇلغا سۇندۇرۇپ پۇل بېرىدۇ. پۇل سانى جايلارنىڭ بازار باھاسى بويىچە ھەر 2 ئايدا بىر قېتىم تەكشۈرۈپ بېكىتىلىدۇ. 1 - قېتىم تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن باھاغا سۇندۇرۇپ پۇل بېرىلگەن ئاشلىقنىڭ باھاسى مۇنداق بولغان: ئۈرۈمچى شەھىرىدە 100 جىڭ ئۇن يېڭى پۇل بويىچە (تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) 40 مىڭ يۈەن، بىر دانە گۈرۈچ 128 مىڭ يۈەن؛ ئۈرۈمچى رايونىدا ئۇن 36 مىڭ يۈەن؛ قاراشەھەر رايونىدا 20 مىڭ يۈەن؛ ئاقسۇ رايونىدا 5600 يۈەن؛ قەشقەر رايونىدا 6400 يۈەن؛ قۇمۇل رايونىدا 30 مىڭ يۈەن بولغان. ئۈرۈمچى مەمۇرلار ئىستېمال كوپېراتىپى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش يېڭى چارىسى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ھەر ئايدا پاي بويىچە نورمىلىق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنى توختاتتى، لېكىن يەنىلا يېڭى چارە بويىچە ئۆلكە دەرىجىلىك ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى دۆلەت خىزمەتچىلىرى ئوقۇتقۇچىلارغا جۈملىدىن ئورگان قارا خىزمەتچىلىرى، ئات باقار، ھارۋىكەش، قاسساپ، ئامبارچى، دۆلەت ئىلكىدىكى كەسپىي ئاپپارات ئىشچىلىرىغا ئاشلىق تارقىتىپ تۇردى.

مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» گە بېسىلغان «مالىيە دوكلاتىنىڭ تولۇق تېكىستى» دە مۇنداق دېيىلگەن: ئۈرۈمچى مەمۇرلار ئىستېمال كوپېراتىپى 106 ئورۇندىكى 6692 كىشىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىگەن، بىر يىلدا 3 مىليون 614 مىڭ 220 جىڭ ئۇن بىلەن تەمىنلىگەن.

مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) ئۈرۈمچى مەمۇرلار ئىستېمال كوپېراتىپى بۇيرۇق بويىچە 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئۆلكە دەرىجىلىك ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى دۆلەت خىزمەتچىلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا ئۇن، سۇ يېغى، گۆش، تۇزنى نورمىلىق سېتىپ بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇننى نورمىلىق سېتىش چارىسى مۇنداق: دۆلەت خىزمەتچىلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار (ئامانلىق ساقلاش ساقچى ئەمەلدارلىرى، تېخنىك ئىشچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دىن بىر كىشىگە ھەر ئايدا 90 جىڭدىن، قارا خىزمەتچى، ئات باقار، ھارۋىكەشلەرگە 60 جىڭدىن، ئامانلىق ساقلىغۇچى ئەسكەرلەرگە 60 جىڭدىن، ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارغا 40 جىڭدىن بېرىلدى. دۆلەت مەمۇرلىرىدىن 5 ياشتىن يۇقىرى 3 پەرزەنتى بولغانلار ئۆزىنىڭ بەلگىلەنگەن ئۇنىنى ئالغاندىن سىرت، ئۇلارغا نورمىلىق سېتىش باھاسى بويىچە 30 جىڭدىن ئۇن سېتىپ بېرىلدى؛ 5 تىن ئارتۇق پەرزەنتى بارلارغا 60 جىڭدىن ئۇن سېتىپ بېرىلدى.

**(2) ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ نورمىلىق سېتىشى** مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) ئۈرۈمچى مەمۇرلار ئىستېمال كوپېراتىپى ئۆلكە دەرىجىلىك ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى دۆلەت خىزمەتچىلىرى، ئوقۇتقۇچىلارغا ئاشلىقنى پاي بويىچە نورمىلىق سېتىپ بېرىش بىلەن بىللە، شىنجاڭدىكى ناھىيىلەرمۇ دۆلەت خىزمەتچىلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا ئاشلىقنى نورمىلىق سېتىپ بەردى. مەسىلەن: شۇ يىلى پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ھەمدۇللا مەمۇرلار، ساقچىلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى ۋە ئات بوغۇزىنىڭ 12- ئايلىق چىقىم قىلىنىش ئەھۋالىنى مۇنداق مەلۇم قىلغان: ناھىيە مەھكىمىسىدە كاتىپ، بۆلۈم باشلىقى، بۆلۈم ئەزاسى، ئىش بېجىرگۈچى، خاتىرىلىگۈچى بولۇپ 13 كىشى بار، ئەدلىيە ساقچىسى 3، چاپارمەن 3، مەمۇرىي ساقچى 6، قارا خىزمەتچى، كۆرىچى، تەرجىمان 12. بىر كىشىگە ئايدا 42 جىڭدىن جەمئىي 1554 جىڭ ئۇن چىقىم قىلىنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 16 ئاتلىق ساقچى بولۇپ، ھەر بىر ساقچىغا ئايدا 45 جىڭدىن ئۇن، ھەر بىر ئاتقا ئايدا 186 جىڭدىن بوغۇز بېرىلدى، چىقىم قىلىنغان ئۇن جەمئىي 720 جىڭ، بوغۇز

2976 جىڭ. مىنگونىڭ 25 ـ يىلى (1936 ـ يىلى) كۇچا ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى نا بەيشياڭ مەزكۇر ناھىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك دۆلەت مەمۇرلىرى، ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچىلەر، مەھبۇسلارغا 7 ـ ئايدا 1.64 دادەن بۇغداي، 40.31 دادەن كۆممىقوناق (بوغۇز) چىقىم قىلىنغانلىقىنى مەلۇم قىلغان.

مىنگونىڭ 31 ـ يىلى (1942 ـ يىلى) شىنجاڭ دۆيەن مەھكىمىسى ئاشلىق باشقارمىسى ئۆلكە دەرىجىلىك ئورگانلار ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئائىلە تاۋابىئاتلارغا كېتەرلىك ئاشلىقنى ئۈرۈمچى مەمۇرلار ئىستېمال كوپىراتىپى پاي بويىچە نورمىلىق سېتىپ بەرگەندىن سىرت، شىنجاڭدىكى باشقا ناھىيىلەرگە ئائىلە تاۋابىئاتلار ئاشلىقى ئۈچۈن 34 مىڭ دادەندىن ئارتۇق بۇغداي كېتىدىغانلىقىنى ستاتىستىكىلاپ چىققان (جەدۋەل: 2 — 9 غا قاراڭ).

### مىنگونىڭ 31 ـ يىلى (1942 ـ يىلى) شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى ئائىلە تاۋابىئاتلارغا كېتەرلىك ئاشلىق (بۇغداي)

جەدۋەل: 2 — 9  بىرلىكى: دادەن

| ۋىلايەت، ناھىيە نامى | كېتەرلىك ئاشلىق | ۋىلايەت، ناھىيە نامى | كېتەرلىك ئاشلىق |
|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى ۋىلايىتى | | قاراشەھەر ۋىلايىتى | |
| ئۈرۈمچى ناھىيىسى | 9006.45 | قاراشەھەر ناھىيىسى | 355.34 |
| مىچۈەن ناھىيىسى | 140.67 | كۇچا ناھىيىسى | 666.66 |
| فۇكاڭ ناھىيىسى | 472.67 | توقسۇن ناھىيىسى | 348 |
| جىمسار ناھىيىسى | 1016.89 | شايار ناھىيىسى | 243.34 |
| گۇچۇڭ ناھىيىسى | 2087.34 | كورلا ناھىيىسى | 22 |
| مورى ناھىيىسى | 289.34 | بۈگۈر ناھىيىسى | 16 |
| سانجى ناھىيىسى | 705.78 | چاقىلىق ناھىيىسى | 80 |
| قۇتۇبى ناھىيىسى | 698 | خېجىڭ ناھىيىسى | 148.67 |
| ماناس ناھىيىسى | 1720.667 | چەرچەن ناھىيىسى | 344 |
| تۇرپان ناھىيىسى | 1392.67 | لوپنۇر ناھىيىسى | |
| پىچان ناھىيىسى | 369.34 | ئاقسۇ ۋىلايىتى | |
| ئىلى ۋىلايىتى | | ئاقسۇ | 724.87 |
| غۇلجا ناھىيىسى | 880.67 | ئاۋات | 37.34 |
| جىڭ ناھىيىسى | 157.34 | كەلپىن | 1.33 |
| قورغاس ناھىيىسى | 205.33 | ئونسۇ ناھىيىسى | 264.67 |
| چاپچال ناھىيىسى | 173.34 | باي ناھىيىسى | 256 |
| سۈيدۈڭ ناھىيىسى | 524.67 | توقسۇ ناھىيىسى | 204.67 |
| بورتالا ناھىيىسى | 65.34 | قەشقەر ۋىلايىتى | |
| ئارشاڭ ناھىيىسى | 30.67 | ئۇچتۇرپان ناھىيىسى | 207.34 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| تونقۇزدارا ناھىيىسى | 102.67 | قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى | 1653.34 |
| نىلقا ناھىيىسى | 14.67 | قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى | 1207.34 |
| موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى | 22 | يەكەن ناھىيىسى | 709.34 |
| تېكەس ناھىيىسى | 55.34 | يېڭىسار ناھىيىسى | 420.40 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | | پەيزاۋات ناھىيىسى | 312.67 |
| چۆچەك ناھىيىسى | 379.56 | مەكىت ناھىيىسى | 18.17 |
| دۆربىلجىن ناھىيىسى | 126.67 | مارالبېشى ناھىيىسى | 29.34 |
| شىخۇ ناھىيىسى | 395.34 | يەكەن ناھىيىسى | 293.34 |
| ساۋەن ناھىيىسى | 547.34 | تاشقورغان ناھىيىسى | 166 |
| قوشتولغاي مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى | 14.67 | ئۇلۇغچات ناھىيىسى | 1438.66 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | | پوسكام ناھىيىسى | 42 |
| ئالتاي ناھىيىسى | 142 | ئاتۇش ناھىيىسى | 2.67 |
| جېمىنەي ناھىيىسى | 10.67 | خوتەن ۋىلايىتى | |
| قابا ناھىيىسى | 8 | خوتەن ناھىيىسى | 907.56 |
| بۇرچىن ناھىيىسى | 80 | كېرىيە ناھىيىسى | 94.67 |
| بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى | | قاغىلىق ناھىيىسى | 31.34 |
| كۆكتوقاي ناھىيىسى | 1.34 | گۇما ناھىيىسى | 92 |
| چىڭگىل ناھىيىسى | 9.34 | چىرا ناھىيىسى | 4.67 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | | لوپ ناھىيىسى | 90.67 |
| قۇمۇل ناھىيىسى | 348 | قاراقاش ناھىيىسى | 60 |
| ئاراتۇرۇك ناھىيىسى | | | |
| باركۆل ناھىيىسى | 886 | ئومۇمىي جەمئىي | 34575.85 |

مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 71 ـ سانلىق ئەزالار يىغىنىدا مۇنۇلار بېكىتىلدى: شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئاشلىق باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭغا تەمىرات نازارىتىنىڭ نازىرى يۈ لىڭيۈن مۇدىر ئەزا، جاڭ خۇڭيۇ، جاڭ يۈلەر مۇئاۋىن مۇدىر ئەزا بولىدۇ. مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا يۈ لىڭيۈننىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە سۇنغان دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلگەن: ئۆلكە بويىچە يىللىق يەر بېجى ئۈچۈن ئېلىنىدىغان بۇغداي 497 مىڭ 462 دادەندىن ئارتۇق، ئۇنىڭ ئىچىدىكى يەر بېجىغا ھېسابلاپ ئېلىنىدىغان ئوت ـ سامان، يەم ـ بوغۇز، سۇندۇرۇلغان پۇل ئاشلىقى 185 مىڭ 500 دادەننى چىقىرىۋەتكەندە، ھەر يىلى ئېلىشقا تېگىشلىك بۇغداي 311 مىڭ 962 دادەن، شۇنىڭ بىلەن تەڭ يەر بېجى ئاشلىقى بىلەن بىللە چۈشۈرۈلگەن سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى 130 مىڭ 450 دادەن، لېكىن شۇ ۋاقىتلاردا ئىلى، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە ئۇرۇش بولۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇ يەرلەردىن ئاشلىق يىغىلمىدى، يىلىغا ئەمەلىيەتتە 210 مىڭ دادەندىن ئارتۇق ئاشلىق يىغىلدى، 38 مىڭ دادەندىن ئارتۇق ئاشلىق سېتىۋېلىندى،

بۇ جەمئىي 248 مىڭ دادەندىن ئارتۇق، ئاشلىق چىقىمى ھۆكۈمەت ئاشلىقى ۋە ھەربىيلەر ئاشلىقى دەپ 2 چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى ھۆكۈمەت ئاشلىقى يىللىق چىقىمى 108 مىڭ 774 دادەن، بۇ ساقچىلارنىڭ 14 مىڭ 969 دادەن، ساقچى ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ 11 مىڭ 464 دادەن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ 5531 دادەن، مەھبۇسلارنىڭ 18 مىڭ دادەن، نامرات پۇقرالار ۋە باشقىلارنىڭ 19 مىڭ 410 دادەن، ئۈرۈمچى مەمۇرلار ئىستېمال كوپېراتىپىنىڭ 21 مىڭ 400 دادەن، ھەرقايسى ناھىيەلەرنىڭ ھۆكۈمەت ئاشلىقى 18 مىڭ دادەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك غەللە - پاراق ئاشلىقى باشقارمىسى قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن دۆلەت خىزمەتچىلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار، ئامانلىق ساقلاش ساقچى خادىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا كېتەرلىك ئاشلىق بىردەك ھۆكۈمەت ئاشلىقى دېيىلدى. ئۆلكە دەرىجىلىك ئورگانلار ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىگە كېتەرلىك ھۆكۈمەت ئاشلىقىنى مالىيە نازارىتى جەملەپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تەستىقلاتقاندىن كېيىن، غەللە - پاراق ئاشلىقى باشقارمىسى يېقىن ئەتراپتىكى كۆرسىتىلگەن ئورۇندىن مالىيە نازارىتى قارمىقىدىكى ئۈرۈمچى مەمۇرلار ئىستېمال كوپېراتىپىغا چىقىم قىلىپ بەردى؛ ۋىلايەت، ناھىيەلەردىكى ھۆكۈمەت ئاشلىقىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەستىقلىغاندىن كېيىن، غەللە - پاراق ئاشلىقى باشقارمىسى ناھىيىلىك باج ئىدارىلىرىنىڭ چىقىم قىلىپ بېرىشىگە ئۇقتۇرۇش قىلدى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە غەللە - پاراق ئاشلىقى باشقارمىسى ئۈرۈمچى قاتارلىق 30 ناھىيىگە تەكشۈرۈپ ئاجرىتىپ بەرگەن ھۆكۈمەت بۇغدىيى 37 مىڭ 477.68 دادەن، قارا ئاشلىق 8215.56 دادەن، گۈرۈچ 392.33 دادەن (ناھىيەلەرنىڭ تەپسىلاتى جەدۋەل: 2 — 10 غا قارالسۇن).

**مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە شىنجاڭ غەللە - پاراق ئاشلىقى باشقارمىسى ناھىيەلەرگە ئاجرىتىپ بەرگەن ھۆكۈمەت ئاشلىقى**

جەدۋەل: 2 — 10 بىرلىكى: دادەن

| تۈرى / ناھىيەلەر | ھۆكۈمەت ئاشلىقى تۈرى | | | ناھىيەلەر | ھۆكۈمەت ئاشلىقى تۈرى | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | بۇغداي | گۈرۈچ | قارا ئاشلىق | | بۇغداي | قارا ئاشلىق |
| ئۈرۈمچى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | 3240.98 | 200 | 2536 | ئونسۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | 250 | 50 |
| گۇچۇڭ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | 1794.22 | | | كەلپىن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | 669 | |
| تۇرپان ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | 6796.13 | | 195.77 | توقسۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | 870.87 | 70 |
| سىچۈەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | 586.14 | 192.33 | | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | 6420 | 1410 |
| پىچان ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | 300 | | 100 | مارالبېشى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | 212.79 | 84 |
| فۇكاڭ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | 58.07 | | | قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | 2950 | 60 |
| توقسۇن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | 107.76 | | 27.44 | يوپۇرغا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | 560 | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۈزۈيى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | 300 | | | يەكەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | 2100 | 600 |
| ئۈمۈل ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | 1195.97 | | | خوتەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | 800 | 250 |
| قاراشەھەر ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | 823 | | | كېرىيە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | 100 | |
| چاقىلىق ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | 421.77 | | | گۇما ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | 1306.75 | |
| بۈگۈر ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | 570.41 | | 370.67 | چىرا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | 450 | 200 |
| لوپنۇر ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | 441.89 | | | ئاۋات ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | 200 | 50 |
| چەرچەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | 521.93 | | 61.68 | | | |
| خوشۇت ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | 430 | | | | | |
| ئاقسۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | | | 150 | | | |
| كۇچا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | 3000 | | 2000 | | | |

مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) 7 ـ ئايدا ئۆلكىلىك غەللە ـ پاراق ئاشلىقى باشقارمىسىنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە سۇنغان دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلگەن: مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) ئاشلىق يىلىدىكى ھۆكۈمەت ئاشلىقى بىلەن تەمىنلەشتە، شىمالىي شىنجاڭغا 89 مىڭ دادەن كېتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 43 مىڭ دادەن ئاشلىققا يارىغىدەك نەق پۇلنى چىقىرىۋېتىكەندە، نەق كېتىدىغىنى 46 مىڭ دادەندىن ئارتۇق؛ جەنۇبىي شىنجاڭغا 69 مىڭ دادەن كېتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 28 مىڭ دادەن ئاشلىققا يارىغىدەك پۇلنى چىقىرىۋېتىكەندە، نەق كېتىدىغىنى 41 مىڭ دادەن.

(3) ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ نورمىلىق تەمىنلەش ئەھۋالى 1945 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسى مۇنداق قارار ماقۇللىغان: ۋىلايەتلىك ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى دەرھال قۇرۇلۇپ تىجارەت باشلىسۇن، بارلىق ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئاممىۋى تەشكىلاتلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە بارلىق ئوقۇتقۇچىلار تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپىنىڭ ئەزاسى بولىدۇ. 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى ئۇلارنى تۆۋەندىكى 3 دەرىجە بويىچە نورمىلىق سېتىپ بېرىدۇ: ۋالىي، مۇئاۋىن ۋالىي، ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىم، ۋىلايەتنىڭ باش كاتىپى، باشقارما باشلىقى، مالىيە ئىدارىسى، بانكا، سودا ـ سانائەت ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرىگە ھەر ئايدا 80 جىڭدىن ئۇن سېتىپ بېرىدۇ. ۋالىي مەھكىمىسىدىكى باشقا تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى، باشقارما (بۆلۈم) باش كاتىپلىرى، بوغالتىرلار، باشقۇرغۇچى خادىملار ۋە ناھىيە بازىرىدىكى مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىرىغا ھەر ئايدا 64 جىڭدىن ئۇن سېتىپ بېرىدۇ، بارلىق كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئىشچىلارنىڭ ھەر بىرىگە ھەر ئايدا 56 جىڭدىن ئۇن سېتىپ بېرىدۇ، بىر جىڭ ئۇننىڭ سېتىلىش باھاسى 15 يۈەن بولىدۇ.

1946 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئاشلىقنى نورمىلىق سېتىپ بېرىش توغرىسىدا مۇنداق قارار چىقارغان: ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەر بىرىگە ھەر ئايدا 40 جىڭ ئۇن، 4 جىڭ گۈرۈچ سېتىپ بېرىلىدۇ؛ 12 ياشتىن يۇقىرى ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ھەر ئايدا 24 جىڭدىن ئۇن، 3 جىڭدىن گۈرۈچ؛ 12 ياشتىن تۆۋەن بالىلارغا ھەر ئايدا 12 جىڭدىن ئۇن، 2 جىڭدىن گۈرۈچ سېتىپ بېرىلىدۇ.

## 2) شەھەر ئاھالىلىرىنى نورمىلىق تەمىنلەش

مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) كەچ كۈز ۋە قىشنىڭ بېشىدا، ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئاشلىق قەھەتچىلىكى يۈز بەردى، ئاشلىق باھاسى بىراقلا ئۆرلەپ، شەھەر ئاھالىلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى. 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئاشلىق باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇدىر ئەزاسى يۈ لىگيۈن ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى تۈگمەنچىلەرنى چاقىرىپ كېڭىشىپ، ئۇلاردىن ھەر ئايدا 120 مىڭ جىڭدىن ئۇن تاپشۇرۇپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، ئاشلىق باشقۇرۇش كومىتېتى بۇ ئۇننىڭ ھەر 100 جىڭىنى 2500 يۈەن باھادا سېتىۋېلىپ، 2000 يۈەن باھادا كەمبەغەللەرگە سېتىپ بېرىدىغان باھا پەرقىنى ھۆكۈمەت تولۇقلاپ بېرىدىغان بولدى. ئاشلىق سېتىش چارىسى مۇنداق بولدى: ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرق، غەرب، شىمال، جەنۇب ۋە ئوتتۇرا بولۇپ 5 جايدا تەمىنلەش ئورنى قۇرۇلۇپ، ھەر ئايدا 10 قېتىم ئۇن سېتىلىدۇ، ھەر قېتىمدا چوڭ جانلارغا بىر جىڭدىن، باللارغا يېرىم جىڭدىن سېتىپ بېرىلىدۇ. بۇ چارە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە يوللانغاندىن كېيىن، ئۆلكە رەئىسى ۋۇ جۇڭشىن مالىيە نازارىتى پۇل ئاجرىتىپ «ئالدى بىلەن بىر ئاي سىناق قىلىپ كۆرۈلسۇن» دەپ تەستىق سالدى.

مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قوشۇمچە رەئىسى جاڭ جىجۇڭنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى چۇ ۋۇ ئاشلىق باھاسىنى تىزگىنلەش يىغىنى چاقىردى. يىغىندا ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق باھاسىنى تىزگىنلەش كومىتېتى قۇرۇلدى، بۇ كومىتېت ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى، ئۆلكىلىك غەللە ـ پاراق ئاشلىقى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، بوغالتىرىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، جەمئىيەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ھەم غەللە ـ پاراق ئاشلىقى باشقارمىسى قارمىقىدىكى ساقلاش ـ يۆتكەش باشقارمىسىنىڭ باشلىقىدىن تەركىب تاپتى، چۇ ۋۇ مۇدىر ئەزا بولدى. 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق باھاسىنى تىزگىنلەش كومىتېتى 4 ـ قېتىملىق يىغىن چاقىرىپ، شەھەر ئاھالىلىرىنى تەكشى باھالىق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنى قارار قىلدى. تەمىنلەش چارىسى مۇنداق بولدى: مۇشۇ شەھەر ئاھالىلىرىدىن ھەربىيلەر، ساقچىلار، دۆلەت خىزمەتچىلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار ھەم ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن تەكشى باھالىق ئاشلىقتىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان كەمبەغەللەردىن باشقىسى تەكشى باھالىق ئاشلىق سېتىۋالسا بولىدۇ؛ تەكشى باھالىق ئاشلىق سېتىۋېلىشتىن بەھرىمەن بولىدىغان شەھەر ئاھالىسى كومىتېتىمىز بەلگىلىگەن ۋاقىت ئىچىدە يۇقىرالىق كىنىشكىسىنى ئېلىپ كەسپىي رايونلارغا بېرىپ تىزىملىتىپ، تەكشى باھالىق ئاشلىق سېتىۋېلىش كىنىشكىسى ئېلىشى كېرەك؛ چوڭ جانلار ھەر ئايدا 30 جىڭدىن ئاشلىق، كىچىك جانلار 15 جىڭدىن ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىدۇ، ھەر ئايدا 3 قېتىمغا بۆلۈپ سېتىلىدۇ؛ ئاشلىق باھاسىنى تىزگىنلەش كومىتېتى باھانى ھەر ۋاقىت ئېلان قىلىپ تۇرىدۇ. مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى) 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق باھاسىنى تىزگىنلەش كومىتېتى 7 ـ سانلىق يىغىن چاقىرىپ، تەمىنلەيدىغان مۇقىم باھالىق ئاشلىق باھاسىنى كېڭىشىپ، ساپ بۇغدايدىن تارتىلغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇننىڭ 100 جىڭىنى بازار باھاسى 33 مىڭ يۈەندىن %15 چۈشۈرۈپ، 28 مىڭ يۈەندىن سېتىشنى بېكىتتى.

مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) 9 ـ ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق باھاسىنى تىزگىنلەش كومىتېتى بۇيرۇق بويىچە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، تەكشى باھالىق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنى ئۆلكىلىك غەللە ـ پاراق ئاشلىقى باشقارمىسى ئۆتكۈزۈۋالدى. 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئۆلكىلىك غەللە ـ پاراق ئاشلىقى باشقارمىسى تۈزۈپ چىققان ئۈرۈمچى شەھىرىنى تەكشى باھالىق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش چارىسى مۇنداق خەۋەر قىلىندى: شەھىرىمىزدىكى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىدىغان شەھەر ئاھالىسىنى غەللە ـ پاراق ئاشلىقى باشقارمىسىنىڭ خادىمى بىلەن ساقچى ئىدارىسىنىڭ نوپۇس خادىمى ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ تىزىملايدۇ، تىزىملانغان شەھەر ئاھالىسى مۇشۇ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىن باشلاپ يۇقىرالىق كىنىشكىسىنى ئېلىپ يېقىن

ئەترابىدىكى ساقچى ئىدارىسىغا بېرىپ ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىش كىنىشكىسى ئالىدۇ، بىر كىشى ھەر ئايدا شۇ كىنىشكا بويىچە 30 جىڭ ئۇن ياكى 6 شىڭ گۈرۈچ سېتىۋالىدۇ. غەللە - پاراق ئاشلىقى باشقارمىسىنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە، 9 - ئايدا شەھەر ئاھالىلىرىنى تەكشى باھالىق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئىشىنى ئۈتكۈزۈۋالغاندىن تارتىپ 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنىگىچە 27 مىڭ كىشىگە تەخمىنەن 17 مىڭ دانە بۇغداي سېتىلغان.

## 3. تەمىنلەش

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئارمىيە بىلەن بىللە شىنجاڭغا كىرگەن ھەم ئارقا- ئارقىدىن شىنجاڭغا يۆتكەپ كېلىنگەن يەرلىك كادىرلار ۋە ئارمىيىدىن بوشىغان كادىرلارغا بىردەك تەمىنات تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. تەمىنات تۈزۈمىدە گەرچە ۋالىي دەرىجىلىك، ھاكىم دەرىجىلىك، رايون باشلىقى دەرىجىلىك ياكى بىرىنچى دەرىجىلىك تاماق، ئىككىنچى دەرىجىلىك تاماق، كوللېكتىپ تاماق دېگەن ئايرىملار بولسىمۇ، لېكىن ئاساسىي پەرق تاماق پۇلى ۋە ياردەم پۇلى ئۆلچىمىدە بولدى. گۆزۈقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمى ئوخشاش، بىر كىشىنىڭ بىر كۈنلۈك ئوزۇقلۇقى 750 گىرامدىن بولدى. 1951 - يىلى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تارقاتقان «شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ 1951 - يىللىق ۋاقىتلىق تەمىنات ئۆلچىمى (لايىھە)» دە مۇنداق بەلگىلەنگەن: تەمىنات تۈزۈمىدىكى خادىملارنىڭ ھەر بىرى بىر كۈندە 875 گىرام ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇن بىلەن تەمىنلىنىدۇ. ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ كەلگەن خادىملارغا خىزمەتكار خىراجىتى بېرىلىدۇ، بۇنىڭ ئۆلچىمى مۇنداق: ئۈرۈمچى شەھىرىدە 6 ياشتىن تۆۋەن بىر بالا ئېلىپ كەلگۈچىلەرگە بىر ئايدا 65 كىلوگىرام ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇن، ئېلىپ كەلگەن بالىسى 2 دىن ئارتۇق بولسا ئارتۇق بالىنىڭ ھەر بىرىگە 20 كىلوگىرامدىن ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇن قوشۇپ بېرىلىدۇ؛ باشقا رايوندىن 6 ياشتىن تۆۋەن بىر بالا ئېلىپ كەلگۈچىلەرگە بىر ئايدا 50 كىلوگىرام ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇن تارقىتىلىدۇ، ئېلىپ كەلگەن بالىسى 2 دىن ئارتۇق بولسا، شۇ ئارتۇق بالىنىڭ ھەر بىرىگە 20 كىلوگىرامدىن ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇن تارقىتىلىدۇ. 1952 - يىل 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، تەمىنات تۈزۈمىدىكى خادىملارنىڭ ياردەم پۇلىنى مائاش ناتۇرا تۈزۈمىگە ئۆزگەرتتى (بۇ تۈزۈم ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلماي تۇرۇپلا مائاش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى)، شۇنىڭدىن كېيىن تەمىنات تۈزۈمى ئىجرا قىلىنىشتىن توختىتىلدى.

## 4. چەكلىك تەمىنلەش

1953 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئاشلىق بىلەن پىلانلىق تەمىنلەش (بىر تۇتاش سېتىش) يولغا قويۇلغاندا شىنجاڭ مەركەزدىن يولىيورۇق سوراپ تەستىقلىتىش ئارقىلىق كېچىكتۈرۈپ يولغا قويىدىغان بولدى. ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالىغا ئاساسەن، جايلاردىن ئاشلىق بازىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلىشتىن سىرت، پىلانلىق تەمىنلەشكە ئوخشاپ كېتىدىغان تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قوللاندى. ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا، شەھەر- بازار، سانائەت، كان رايونىدا ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشتە ئادەم بېكىتىلمەيدۇ، مىقدارىغا چەك قويۇلمايدۇ؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا، شەھەر - بازار، سانائەت، كان رايونىنى ئاساسىي ئاشلىق (بۇغداي ئۇنى) بىلەن تەمىنلەشتە ئادەمگە، مىقدارىغا چەك قويۇلىدۇ (ئادەتتە بىر كىشىنىڭ كۈنلۈكى 500 گىرام)، كىنىشكا بويىچە سېتىۋالىدۇ، قارا ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشتە مىقدارىغا چەك قويۇلمايدۇ، دەپ بەلگىلىدى. شۇ يىلى 12 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرى كىنىشكا بويىچە چەكلىك مىقداردا تەمىنلەش چارىسىنى قوللاندى، تەمىنلەش ئۆلچىمى مۇنداق بولدى: ئىدارە كادىرلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن ھەر كىشىنىڭ كۈنلۈكى

625 گرام، مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ 688 گرام، ئېغىر سانائەت ئىشچىلىرىنىڭ بىر كىلوگرام، ئادەتتىكى ئاھالىلەرنىڭ 438 گرام بولدى. سودا ـ سانائەت كەسپىگە ئاشلىق ئىشلىتىشتە، ئاشلىق تارماقلىرى ئاشلىق ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار بىلەن كېڭەشكەن ئاساستا ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش پىلانىنى بېكىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلدى. 1954 ـ يىل 7 ـ ئايدا قەشقەر، يەكەن، خوتەن ۋىلايەتلىرى ئاشلىقنى كېڭىشىپ سېتىۋېلىش ۋە كېڭىشىپ تەمىنلەشنى يولغا قويدى. كېڭىشىپ تەمىنلەشنىڭ كونكرېت چارىسى مۇنداق: دېھقانلارنىڭ ئاشلىقى يېتىشمەسلىك ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ، تەمىنلەش نىشانىنى بېكىتكەندىن كېيىن، «كۆپ كېمەيسە كۆپ تەمىنلەش، ئاز كېمەيسە ئاز تەمىنلەش، كېمەيمىسە تەمىنلىمەسلىك» پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئۆزى مەلۇم قىلىش، كۆپچىلىك پىكىر بېرىش، رەھبەرلىك تەستىقلاش ئاساسىدا، ئاشلىقى يېتىشمەيدىغانلارغا كىنىشكا تارقىتىش ياكى تونۇشتۇرۇش خېتى بېرىش ئارقىلىق بېكىتىلگەن تەمىنلەش ئورنىغا تونۇشتۇرۇپ ئۆلچەم بويىچە ئاشلىق سېتىۋېلىشتىن ئىبارەت بولدى. ئاشلىق سېتىش مىقدارى زىيادە تېز ئېشىش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىپ، ئاشلىق ھاپاڭكەشلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، 1956 ـ يىلى شىمالىي شىنجاڭ رايونىدىكى ئادەمنى بېكىتمەي، مىقدارىغا چەك قويماي تەمىنلەش چارىسى ئادەمگە چەك قويۇش، مىقدارىغا چەك قويماسلىق، كىنىشكا بويىچە سېتىۋېلىشقا ئۆزگەرتىلدى. ئاشلىق سېتىۋېلىش كىنىشكىسىدە ئاشلىق مىقدارى بەلگىلەنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاشلىق تارماقلىرى ئۇنىڭ جان سانى ۋە ئادەتتىكى ئاشلىق ئىستېمال سەۋىيىسىگە ئاساسەن ئاشلىق سېتىپ بېرىش مىقدارىنى تىزگىنلەشكە ھوقۇقلۇق بولدى. يېمەك ـ ئىچمەك، ئېچىتىش قاتارلىق كەسىپلەرگە ئاشلىق ئىشلىتىشتە ئوخشاش بولمىغان ئايدا، ئوخشاش بولمىغان پەسىل ۋە ئوخشاش بولمىغان كەسىپلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش نەتىجىسى بويىچە ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش مىقدارى بېكىتىلدى، ئاشلىق تارماقلىرى ۋاقتى، مىقدارى بويىچە تەمىنلىدى. ئالدامچىلىق بىلەن سېتىۋېلىپ بېسىمدارلىق قىلىش ۋە ھايىنىغا سېتىش قىلمىشى قاتتىق مەنئى قىلىندى.

## 2 § . يېمەكلىك ياغ

### 1. نورمىلىق سېتىش

ياغنى نورمىلىق سېتىش ئاساسەن دۆلەت خىزمەتچىلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار ھەم ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا قارىتىلغان. مىنگونىڭ 24 ـ يىلى (1935 ـ يىلى) ئۈرۈمچى مەمۇرلار ئىستېمال كوپېراتىپى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر پايغا ھەر ئايدا بىر جىڭدىن سۈ يېغى نورمىلىق سېتىپ بېرىلدى. بۇ چارە مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى) 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئىجرا قىلىندى.

مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) ئۈرۈمچى مەمۇرلار ئىستېمال كوپېراتىپى بۇيرۇق بويىچە 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئۆلكە دەرىجىلىك ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى دۆلەت خىزمەتچىلىرى، ئوقۇتقۇچىلارنى سۈ يېغى بىلەن نورمىلىق تەمىنلەشنى يولغا قويدى، ئۇنىڭ چارىسى مۇنداق: دۆلەت خىزمەتچىلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار (جۈملىدىن ئامانلىق ساقلاش ساقچى ئەمەلدارلىرى، تېخنىك ئىشچىلار) نىڭ ھەر بىرىگە ھەر ئايدا بىر يېرىم جىڭدىن؛ قارا خىزمەتچى، ئات باقار، ھارۋىكەشلەرنىڭ ھەر بىرىگە ھەر ئايدا بىر يېرىم جىڭدىن؛ ئامانلىق ساقلىغۇچى ساقچى ئەسكەرلەرگە ھەر ئايدا 2 جىڭدىن؛ ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارغا ھەر ئايدا بىر جىڭدىن سۈ يېغىنى نورمىلىق سېتىپ بېرىش، دۆلەت خىزمەتچىلىرىدىن 5 ياشتىن يۇقىرى قورامىغا يەتمىگەن پەرزەنتى بارلار ئۆزىنىڭ بەلگىلەنگەن سۈ يېغىنى ئالغاندىن سىرت، نورمىلىق

تەمىنلەش باھاسى بويىچە بىر جىڭدىن، 5تىن يۇقىرى پەرزەنتى بارلار 2 جىڭدىن سۇ يېغى سېتىۋالدى.

1946 - يىل 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ھۆكۈمەت خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ ياغ تەمىناتى توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقاردى. خىزمەتچى خادىملارنىڭ ھەر بىرى ھەر ئايدا 2 جىڭدىن؛ 12 ياشتىن يۇقىرى ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھەر بىرى ھەر ئايدا 1.6 جىڭدىن؛ 12 ياشتىن تۆۋەن باللار ھەر ئايدا بىر جىڭدىن سۇ يېغى بىلەن تەمىنلەندى.


شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، تەمىنات تۈزۈمى تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولغان كادىرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن بىر كىشىنىڭ كۈنلۈك ياغ ئۆلچىمى 15.6 گرام (تارازا تۈزۈمىگە سۇندۇرغاندا 5 مىسقال) بولدى.

## 2. چەكلىك سېتىش

1953 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ياغ تەمىناتى جىددىي بولۇپ كەتتى، بەزى خۇسۇسىي ياغ سودىگەرلىرى ياغ، ياغلىق داننى زور مىقداردا يېشۋېلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە دۆلەت سودا شىركىتى، تەمىنات - سودا كوپېراتىپىدىن ئالدامچىلىق بىلەن كۆپلەپ ياغ سېتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن سودا شىركىتى دۇكاندۇرۇك ياغ ماگىزىنى ئالدىدا ياغ سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۆچىرەت تۇرىدىغان ئادەم بەزىدە 1000 دىن ئېشىپ كەتتى. بازارنى مۇقىملاشتۇرۇپ، خۇسۇسىي سودىگەرلەرنىڭ ئالدامچىلىق بىلەن سېتىۋېلىشىنى چەكلەش ئۈچۈن، شەھەرلىك ھۆكۈمەت ياغ تەمىناتىغا چەك قويۇشنى قارار قىلىپ، بىر كىشىنىڭ بىر ئايدا سېتىۋالىدىغان يېغى كۆپ بولغاندا 500 گرامدىن ئاشماسلىقىنى بەلگىلىدى. ياغ سېتىۋېلىش ئۇسۇلى مۇنداق بولدى: ئورگانلار، تەشكىلاتلار، مەكتەپلەر، سانائەت، كان، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىن ھەر بىر ئورۇن ئالدى بىلەن ئادەم سانىنى ستاتىستىكا قىلىپ، بىر تۇتاش سودا شىركىتىنىڭ ياغ ماگىزىنىغا بېرىپ، ئاي بويىچە مۇددەتكە بۆلۈپ سېتىۋالدى؛ شەھەر ئاھالىلىرى نوپۇس دەپتىرىنى ئېلىپ ھەرقايسى رايونلاردىكى كوپېراتىپتىن سېتىۋالدى؛ ئاشپۇزۇل قاتارلىق يېمەك - ئىچمەك كەسپىدىكىلەر تىجارەت ئېھتىياجى بويىچە كىنىشكىسى بىلەن كوپېراتىپتىن سېتىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ياغ سېتىۋېلىش، سېتىش ۋەزىيىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، مىقدارىغا چەك قويۇپ تەمىنلەش چارىسى كەڭ قويۇۋېتىلدى. 1955 - يىلى كىنىشكىگە قاراپ ياغ بىلەن تەمىنلەش چارىسى ئۆزلۈكىدىن ئەمەلدىن قېلىپ، ئىختىيارىي سېتىۋېلىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1957 - يىلىنىڭ بېشىدا ئاپتونوم رايون بويىچە ياغنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش ۋە سېتىش ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق كومىتېتى ياغ سېتىش مىقدارىنىڭ كۆپىيىشى بەك تېز بولۇش، تەمىنلەش ۋە ئېھتىياج زىددىيىتى بارغانسېرى ئۆتكۈرلىشىشتەك ئەھۋالغا ئاساسەن، 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى شەھەرلىك خەلق كومىتېتىنىڭ 3 - سانلىق يىغىنىنى چاقىرىپ، «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ياغ بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش ۋاقىتلىق چارىسى» نى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللاپ، ئۇنى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىشنى قارار قىلدى. «چارە» دە بەلگىلەنگەن ھەرخىل خادىملارنىڭ ياغ نورما ئۆلچىمى مۇنداق بولدى: ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملار، خەلق تەشكىلاتلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر، مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلەر، ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرى، لايىھىلىگۈچىلەر، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ھەم مەكتەپلەردە غىزالىنىدىغان ئوقۇغۇچىلاردىن ھەر كىشى ھەر ئايدا 500 گرام ياغ بىلەن، ئېغىر سانائەت ئىشچىلىرى، دوختۇرخانىدىكى بىمارلار، ئارام ئېلىۋاتقانلار، ئالىي مەكتەپنىڭ پروفېسسور، مۇتەخەسسىسلىرىدىن ھەر كىشى ھەر ئايدا 750 گرام ياغ بىلەن؛ يېنىك سانائەت (بىناكارلىقنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئىشچىلىرىدىن ھەر كىشى ھەر ئايدا 563 گرام ياغ بىلەن؛ شەھەر ئاھالىلىرى (ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)

دىن ھەر كىشى ھەر ئايدا 375 گرام ياغ بىلەن تەمىنلەندى. بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، مۇناسىپ بەلگىلىمىلەر بويىچە بىرتەرەپ قىلىندى.




شىلاڭ شىمەي دەۋرىدىكى كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ
مال سېتىۋېلىش كىنىشكىسى




گومىنداڭ دەۋرىدىكى كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ
مال سېتىۋېلىش كىنىشكىسى

# III باب

# شەھەر - بازارلاردا پىلانلىق سېتىش

## 1 § . ئاشلىق سېتىش

1957 - يىل 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىدا ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر - بازارلىرىدا ئادەمگە، مىقدارىغا چەك قويۇپ، كىنىشكا بويىچە پىلانلىق تەمىنلەشنى يولغا قويۇش قارار قىلىندى. شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن ئېتىبارەن، كىنىشكا بويىچە مىقدارىغا چەك قويۇپ تەمىنلەش ئاساسىدا، ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى: ئاھالىلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىغا دەرىجىگە ئايرىپ، سودا - سانائەت كەسپىگە ئىشلىتىلىدىغان ئاشلىقتا ئورۇن بويىچە، چارۋا ماللارنىڭ بوغۇزىغا تۈرگە ئايرىپ نورما بېكىتىلدى. 1958 - يىل 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر - بازارلارنى ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش چارىسىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى» نى تارقاتتى، ئۇ ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە بىر تۇتاش يۈرگۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىش شەھەر - بازارلاردا پۈتۈنلەي تۈزۈملىشىش يولىغا ماڭدى.

## 1. نورمىلىق ئوزۇقلۇق ئاشلىق

نورمىلىق ئوزۇقلۇق ئاشلىق شەھەر - بازارلارنى ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش چارىسى بويىچە شەھەر-يېزىلاردىكى غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئاھالىسىنى تەمىنلەيدىغان ئوزۇقلۇق ئاشلىقنى (جۈملىدىن ياردەم ئاشلىقى ۋە قىسمەن ئالاھىدە تەمىنلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كۆرسىتىدۇ، بۇ شەھەر - بازارلاردىكى ئاشلىقنى پىلانلىق ساتىدىغان ئەڭ ئاساسلىق نىشان ھېسابلىنىدۇ. 1957 — 1990 - يىلغىچە بولغان ئاشلىق يىللىرىدا 15 مىليارد 415 مىليون كىلوگرام ئاشلىق سېتىلدى، بۇ، شەھەر - بازارغا پىلانلىق سېتىلغان 20 مىليارد 142 مىليون كىلوگرام ئاشلىقنىڭ 76.53% نى ئىگىلەيدۇ (جەدۋەل: 2 — 13 كە قاراڭ).

### 1) نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان ئاھالە

1957 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر - بازارلاردىكى نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان ئاھالە 970 مىڭ كىشى (شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى سودا، مۇلازىمىلىق كەسپى ھەم يېمەكلىك پىششىقلاش زاۋۇتلىرى، كارخانىلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 17.38% نى ئىگىلەيتتى، بىر يىلدا ئۇلارغا 184 مىليون كىلوگرام نورمىلىق ئاشلىق سېتىلغانىدى. 1958 - يىلى باشلانغان «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» تە ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ ھەدەپ ئادەم كۆپەيتىشى نەتىجىسىدە شەھەر ئاھالىسى تېز كۆپەيدى. 1960 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايون بويىچە نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان ئاھالە بىراقلا 1 مىليون 996 مىڭ 600 نەپەرگە يېتىپ، 1957 - يىلدىكىدىن 1 مىليون 26 مىڭ 600 كىشى ساپ كۆپىيىپ، 1.06 ھەسسە ئاشتى. نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان ئاھالىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى ئۈچۈن سېتىلغان ئاشلىق 344 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، 87% كۆپىيىپ، دېھقانلارنىڭ تاۋار ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىش ئىقتىدارىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەبىئىي ئاپەتنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئاشلىقى ئۆزىگە يېتىشمەي، «جەنۇبنىڭ ئاشلىقىنى شىمالغا يۆتكەش» كە توغرا كەلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش - ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى پەسەيتىش ئۈچۈن 1960 - يىلدىن ئېتىبارەن تاۋار ئاشلىق ئاھالىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك قىسقارتتى، شەھەر ئاھالىلىرىنى يېزىلارغا چۈشۈشكە سەپەرۋەر قىلدى، كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئىخچاملاپ تۆۋەنگە چۈشۈردى. 1963 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئاپتونوم رايون بويىچە نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان ئاھالە 1 مىليون 412 مىڭ 400 گە چۈشۈپ، 1960 - يىلدىكىدىن 584 مىڭ 200 ئادەم ئازىيىپ، 29.46% تۆۋەنلىدى.

1964 — 1971 - يىلغىچە شەھەر - بازاردىكى نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان ئاھالىنىڭ كۆپىيىشى بىرقەدەر مۇقىم بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1970 -، 1971 - يىللىرى ئۇرۇش تەييارلىقى بويىچە تارقاقلاشتۇرۇش ۋە تۆۋەنگە چۈشۈرۈش يولغا قويۇلغانلىقى ئۈچۈن، 1971 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايون بويىچە نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان ئاھالە 1 مىليون 762 مىڭ 800 بولۇپ، 1969 - يىلدىكىدىن 36 مىڭ 900 ئادەم ئازايدى، نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان ئاھالىنىڭ ئومۇمىي ئاھالە سانىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 17.46% بولدى.

1972 - يىلى شەھەر - بازارلاردىكى نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان ئاھالە ۋە سېتىلغان ئاشلىق مىقدارى يەنە ئېشىش يۈزلىنىشىدە بولدى، يىل ئاخىرىدا نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان ئاھالە 1 مىليون 924 مىڭ 600 گە يېتىپ، 1971 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 161 مىڭ 800 ئادەم كۆپەيدى، سېتىلغان ئاشلىق 335 مىليون كىلوگرامغا يەتتى. شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېت «گوۋۇيۈەننىڭ ئاشلىق مەسىلىسى توغرىسىدىكى دوكلاتى» (م [1972] 44 - نومۇرلۇق ھۆججەت) نى تەستىقلاپ تارقاتتى، ئاپتونوم رايون 1973 - يىلىنىڭ بېشىدا مەركەزنىڭ 44 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇردى (گۇرۇپپا قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى). 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت

ئاپتونوم رايونلۇق مەركەزنىڭ 44 - نومۇرلۇق هۆججىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ دوكلاتى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇمچە قىلىنغان «م[1972] 44 - نومۇرلۇق هۆججىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش داۋامىدىكى ئالاقىدار مەسىلىلەرنى بىرتەرەپ قىلىش توغرىسىدا پىكىر» نى تەستىقلاپ تارقىتىپ، جايلاردىن نوپۇس باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىك ئاھالىسىنىڭ غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئاھالىسىگە ئۆزگىرىشىنى قاتتىق تىزگىنلەشنى تەلەپ قىلدى. 1971 - يىلدىن بۇيان يېزىدىن شەھەر - بازارغا كۆچۈپ كىرگەن نوپۇس قايتا تەكشۈرۈلۈپ ئېنىقلاندى: نوپۇسقا ئېلىنىشى بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن بولمىغان، بولۇپمۇ خىزمەت هوقۇقىدىن پايدىلىنىپ «ئارقا ئىشىك قىلىپ» نوپۇسقا قانۇنسىز ئورۇنلىشىۋالغانلار يېزىغا قايتىشقا سەپەرۋەر قىلىندى ۋە ئۇلار مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ تېخى نوپۇسقا ئېلىنمىغانلارنى ج خ تارماقلىرى نوپۇسقا ئالمىدى، ئاشلىق تارماقلىرى ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلىمىدى؛ شەھەر - بازارلاردىكى ئىشقا ئورۇنلىشالمىغان ئەمما ئەمگەك ئىقتىدارى بولغان بىكار قالغان كىشىلەر ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئۆرلەپ ئوقۇيالمىغان زىيالىي ياشلار تاغ ۋە يېزىلارغا بېرىپ يېزا ئىگىلىكىنىڭ 1 - سەپىگە ياردەم بېرىشكە داۋاملىق سەپەرۋەر قىلىندى؛ ئىخچاملاپ تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن، يېزىلارغا تارقاقلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن يەنە شەھەر - بازارغا كېلىۋالغان كىشىلەر ئېنىقلاپ چىقىلدى؛ خەنزۇ ئاھالىلەر مەركەزلەشكەن جايلاردا پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى پائال قانات يايدۇرۇلدى؛ ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانى قاتتىق تىزگىنلەندى، پىلان سىرتىدا قوبۇل قىلىنغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە بانكا مائاش بەرمىدى، ج خ تارماقلىرى ئۇلارنى نوپۇسقا ئالمىدى، ئاشلىق تارماقلىرى ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلىمىدى؛ ئىشلىتىلىۋاتقان ۋاقىتلىق ئىشچىلارنى مۇقىم ئىشچىلىققا ئۆزگەرتىشكە بىردەك رۇخسەت قىلىنمىدى، پىلانسىز ئىشلىتىلىۋاتقان خەلق ئىشچىلىرىمۇ قاتتىق تىزگىنلەندى. 44 - نومۇرلۇق هۆججەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايون بويىچە نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان ئاھالىنىڭ ئېشىش يۈزلىنىشى دەسلەپكى قەدەمدە تىزگىنلەندى.

1975 - يىل 4 - ئايدا شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلۈشى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سابىق قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ۋە يېزا ئىگىلىك شىلىرىدىكى 686 مىڭ غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئاھالىسى يەرلىكتىكى شەھەر - بازارلارغا ئاشلىق سېتىش يولىغا كىرگۈزۈلۈپ، ئۇلارنى ئاشلىق تارماقلىرى تاۋار ئاشلىق بىلەن تەمىنلىدى (تۇەن - مەيدانلاردىكى غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئاھالىسى يەنىلا تۇەن - مەيدانلار ئىشلەپچىقارغان ئاشلىقنى يېدى). شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان ئاھالە 2 مىليون 741 مىڭ 100 گە يەتتى، بۇنىڭدىن سابىق بىڭتۇەندىن ئۆتكەن ئاھالىنى چىقىرىۋەتكەندە، يەرلىكتىكى نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان ئاھالە 2 مىليون 55 مىڭ بولۇپ، 1972 - يىلدىكىدىن 130 مىڭ 500 ئادەم كۆپەيدى. 1976 — 1978 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان ئاھالە 1975 - يىلدىكى 2 مىليون 741 مىڭ 100 دىن 1978 - يىلى 2 مىليون 914 مىڭ 800 گە يەتتى. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 57 مىڭ 900 ئادەم كۆپىيىپ، ئاساسىي جەھەتتىن نورمال ھالەتتە تۇردى.

1979 - يىلدىن باشلاپ ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى بويىچە تۈرلۈك سىياسەتلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، تاغ ۋە يېزىلارغا بارغان زىيالىي ياشلار ئارقا - ئارقىدىن شەھەرلەرگە قايتىپ كەلدى. 1981 - يىل 12 - ئايدا ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، لېكىن شىدىن يۇقىرى ئورۇنلاردىكى غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئاھالىسىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى يەنىلا ئاشلىق تارماقلىرى تەمىنلىدى. كېيىن يەنە زىيالىيلار سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، زىيالىي ياشلارنىڭ بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ شەھەرگە كىرىپ ماكانلىشىشىغا رۇخسەت قىلىندى. 1982 - يىلى ش ئۇ ئا ر كادىرلار ئىدارىسى مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: باشلانغۇچ ئۇنۋانىغا ئىگە، ياردەمچى ئىنژېنېردىن يۇقىرى پەن - تېخنىكا خادىملىرى ۋە 35 ياشتىن يۇقىرى، ئىستاژى 15 يىلدىن يۇقىرى تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ يېزىلاردىكى ئائىلە تاۋابىئاتلىرى

شەھەر - بازار نوپۇسىغا ئۆزگەرتىلسە، دۆلەت ئۇلارنى تاۋار ئاشلىق بىلەن تەمىنلىسە بولىدۇ. 1983 - يىل 6 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى ئىچكىرىدىكى ئۆلكىلەردىن قوبۇل قىلغان پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ماكانلاشتۇرۇش ئىشىنىڭ يۇقىرىدىكى ھۆججەت بويىچە ئىجرا قىلىنىشىنى تەستىقلىدى. 1984 - يىل 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئەمگەك - كادىرلار نازارىتى ئىشلەۋاتقىلى 10 يىل بولغان، ئالىي تېخنىكوم ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە ياكى ياردەمچى ئىنژېنېر ئۇنۋانى ئالغان زىيالىيلار؛ ئىشلەۋاتقىلى 15 يىل بولغان، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگە ۋە تېخنىك ئۇنۋانى ئالغان؛ 1966 - يىلدىن ئىلگىرى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئالىي تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرى ۋە 1959 - يىلدىن ئىلگىرى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېزىلاردىكى ئائىلە تاۋابىئاتلىرى تاۋار ئاشلىق ئىستېمال قىلىشقا ئۆزگەرتىلسە بولىدۇ، دەپ ئۇقتۇردى. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان ئاھالە 3 مىليون 599 مىڭ 200 گە يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 684 مىڭ 400 ئادەم كۆپىيىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 114 مىڭ ئادەم كۆپىيىپ باردى. شۇ يىلى نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان ئاھالىلەرگە سېتىلغان ئوزۇقلۇق ئاشلىق 637 مىليون كىلوگىرامغا يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 100 مىليون كىلوگىرام ئاشتى.

ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئەگىشىپ، 1985 - يىلدىن كېيىن ئاپتونوم رايون كۆمۈركان، قۇدۇق ئاستى ئىشچىلىرى ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ شەھەرگە كىرىپ ماكانلىشىشىغا رۇخسەت قىلدى، بىكتۈن سۇچىلىق خىزمەت ئەترىتىدىكى خادىملارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى شەھەر - بازاردىكى نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان ئاھالە قاتارىدا تەمىنلەشنى تەستىقلىدى، بۇنىڭدىن باشقا يەنە بەزى تارماقلار ۋە ئورۇنلار جايلاردىن قوبۇل قىلغان ئىختىساسلىق خادىملار ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ماكانلاشتۇرۇلدى ۋە باشقىلار. 1987 - يىل 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى، ئاشلىق ئىدارىسى، مالىيە نازارىتى، ئەمگەك - كادىرلار نازارىتىنىڭ «قىسمەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، پەرزەنتلىرىنىڭ شەھەر - بازار نوپۇس، ئاشلىق مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى دوكلاتى»نى تەستىقلاپ تارقىتىپ، 1987 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 — كۈنىگىچە ئىشچى - خىزمەتچى ئۆزى شەھەر - بازار نوپۇسىدا بولۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئىستاژى 15 يىلدىن ئاشقان، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە تۇرۇشلۇق جايدىكى ئىستاژى 10 يىلدىن ئاشقان، ناھىيىلەردىكى ئىستاژى 7 يىلدىن ئاشقان ماكانلىشىشنى ئىلتىماس قىلغان ئائىلە ئەزالىرىدىن شەھەر - بازاردا تۇرۇۋاتقىنىغا 7 يىلدىن ئاشقان بىۋاسىتە تۇغقانلىرى ياكى خىزمەت ئۈستىدە مېيىپ بولغان، تۇرمۇشتا ئۆز ھاجىتىدىن چىقالمايدىغان ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ۋە ناھىيە (رايون) كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ بىۋاسىتە تۇغقانلىرى (جورىسى، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى ۋە ئىشسىز پەرزەنتلەر ھەم ئىشچى - خىزمەتچى بېقىشقا تېگىشلىك ئاتا - ئانىسى) نوپۇسقا ئېلىنىپ ئاشلىق بىلەن تەمىنلەنسە بولىدۇ، دەپ بەلگىلىدى. ھۆججەتتە بۇ خىزمەتنىڭ 1988 - يىل 4 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى ئىشلىنىپ بولۇشى بەلگىلەنگەنىدى، لېكىن ئەمەلىي ئىجرا قىلىش داۋامىدا، بىرمۇنچە جايلار ئۆلچەمنى كەڭ قويۇۋەتكەنلىكى، ھەتتا نوپۇسقا ئېلىش ۋاقتىنى ئۇزارتىپ، يېڭى يوچۇقلارنى ئېچىۋالغانلىقى ئۈچۈن نوپۇسقا ئېلىنىدىغان ئادەم كونترولسىز، ئۇنىڭغا تەبىئىي كۆپەيگىنى قوشۇلۇپ، 1989 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايوندىكى نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان ئاھالە 4 مىليون 264 مىڭ 600 گە يېتىپ، 5 يىلدا 665 مىڭ 400 ئادەم قوشۇلدى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 133 مىڭ 100 ئادەم كۆپىيىپ باردى. 1990 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان ئاھالە 4 مىليون 364 مىڭ 800 گە يېتىپ، 1957 - يىلدىكىدىن 3.45 ھەسسە ئاشتى. بىر يىلدا نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان ئاھالىلەرگە سېتىلغان ئوزۇقلۇق ئاشلىق 812 مىليون كىلوگىرامغا يېتىپ، 1957 - يىلدىكىدىن 3.41 ھەسسە ئاشتى (جەدۋەل: 2 — 13 كە قاراڭ).

## 2) نورما ئۆلچىمى

1957 ـ يىل 8 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم شەھەر ـ بازارلاردا ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشتە ئادەم، مىقدارىغا چەك قويۇپ كىنىشكا بويىچە تەمىنلەشنى قارار قىلغاندىن كېيىن، بەزى ۋىلايەت، شەھەرلەر بۇ قارارنى 9 ـ ئايدىن ئېتىبارەن سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇشقا باشلىدى، ئۈرۈمچى شەھىرى ھەربىر ئادەمنى ھەر ئايدا 13 كىلوگرام ئاشلىق بىلەن تەمىنلىدى (بىردەك تەييار مەھسۇلات، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) سىناق قىلىپ يولغا قويۇش داۋامىدا، مەزكۇر شەھەرنىڭ 2 ـ رايون ئاشلىق خىزمىتى گۇرۇپپىسى چوڭ ئادەم ۋە كىچىك بالا، يېنىك، ئېغىر ئەمگەك قىلىدىغانلارنى دەرىجىگە ئايرىپ نورما بېكىتىشنى مەنشىخاگزىدا سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى. ئۈرۈمچى ۋىلايىتىدىكى ھەرقايسى ناھىيىلەر بىر ئادەمنى ھەر ئايدا 1 — 13 ياشقىچە بولغانلارنى 10.8 كىلوگرام، 13 ياشتىن يۇقىرىلارنى 15.2 كىلوگرام ئاشلىق بىلەن تەمىنلىدى. 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتىنىڭ 20 ـ سانلىق ئەزالار يىغىنىدا «شەھەر ـ بازارلاردا ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسىنى ئىجرا قىلىش تەپسىلىي پرىنسىپى» ماقۇللاندى. ئۇنىڭدىن كېيىنلا ئاشلىق نازارىتى مەزكۇر تەپسىلىي پرىنسىپقا دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا كونكرېت چۈشەندۈرۈش تارقاتتى، بۇنىڭ ئىچىدە: ئاھالىلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق نورمىسى 4 دەرىجىگە ئايرىلغان بولۇپ، بىر ئادەمگە ھەر ئايدا: ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكچىگە 20 — 27.5 كىلوگرام نورما بېرىلدى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 25 كىلوگرامدىن ئاشۇرۇۋېتىلمىدى؛ يېنىك جىسمانىي ئەمگەكچىگە 15 — 20 كىلوگرام نورما بېرىلدى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 18.5 كىلوگرامدىن ئاشۇرۇۋېتىلمىدى؛ ئورگان، تەشكىلات، كارخانا ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى، مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى، ئوقۇغۇچىلار ۋە 11 ياشتىن يۇقىرى ئادەتتىكى ئاھالىلەرگە 13 — 16 كىلوگرام نورما بېرىلدى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 14.5 كىلوگرامدىن ئاشۇرۇۋېتىلمىدى؛ باللارغا: 6 — 10 ياشتىكىلەرگە 9 — 11.5 كىلوگرام نورما بېرىلىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10.5 كىلوگرامدىن ئاشۇرۇۋېتىلمىدى؛ 1 — 5 ياشتىكىلەرگە 3 — 7.5 كىلوگرام نورما بېرىلدى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6 كىلوگرامدىن ئاشۇرۇۋېتىلمىدى. 11 ـ ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى «ھەر دەرىجىلىك ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش تارماقلىرىدا ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەشنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چۈشۈرۈپ، جىنايەتچىلەرنىڭ ئاساسىي ئاشلىق نورمىسىنى ئوخشاش دەرىجىلىك ئەمگەك سىجىللىقىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ئاشلىق ئىستېمال ئۆلچىمىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكنى بەلگىلىدى.

بىر يىل سىناق قىلىش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق، ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى 1958 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر ـ بازارلاردا ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش چارىسىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى» نى ئېلان قىلىپ، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئايلىق ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمىنى تۆۋەندىكىدەك بەلگىلىدى:

(1) ئالاھىدە ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكچىگە 22.5 — 27.5 كىلوگرام نورما بېرىلىدۇ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 25 كىلوگرامدىن ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ؛ ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكچىگە 17 — 24 كىلوگرام نورما بېرىلىدۇ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 21 كىلوگرامدىن ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ؛ يېنىك جىسمانىي ئەمگەكچىگە 13 — 20 كىلوگرام نورما بېرىلىدۇ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 17.5 كىلوگرامدىن ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ.

(2) ئورگان، تەشكىلاتلاردىكى خىزمەتچى خادىملار، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى، خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى كارخانا ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى، دۇكان خادىملىرى، ئوقۇتقۇچىلار، 11 ياشتىن يۇقىرى ئوقۇغۇچىلار، باشقا ئەقلىي ئەمگەكچىلەر ھەم ئادەتتىكى ئاھالىلەرگە 10.5 — 16.5 كىلوگرام نورما بېرىلىدۇ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 14.5 كىلوگرامدىن ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ.

(3) باللارغا 6 ياشتىن يۇقىرى، 10 ياشتىن تۆۋەنلەرگە 6 — 11.5 كىلوگرام نورما بېرىلىدۇ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10.5 كىلوگرامدىن ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ؛ 5 ياشتىن تۆۋەنلەرگە 3 — 7.5 كىلوگرام نورما

بېرىلىدۇ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6 كىلوگرامدىن ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ.

(4) يالغۇز بىرلا ئادەم ئاماق ئېتىدىغان ئائىلىلەرنى بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بويىچە تەمىنلىگەندىن سىرت، ئۇلارغا مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىلسە بولىدۇ.

ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان جىنايەتچىلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمىنى ئۇنىڭ ئەمگەك سىجىللىقىغا قاراپ، شەھەرلىك، ناھىيىلىك (ئاپتونوم ناھىيىلىك) خەلق كومىتېتلىرى بەلگىلەيدۇ، لېكىن شۇ جايدىكى دېھقانلارنىڭ ئاشلىق قالدۇرۇش سەۋىيىسىدىن يۇقىرى قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ.

شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ئاشلىق نازارىتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر ـ بازارلاردا ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش چارىسىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى، غا دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا ئىزاھات» تارقىتىپ، شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى دەرىجىگە ئايرىپ نورما بېكىتىش ئۆلچىمى ھەجىمىگە ئاساسەن، ئاھالىلەرنىڭ ئەمگەك پەرقى ۋە يېشىنىڭ چوڭ، كىچىكلىكى بويىچە، شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى 3 تۈر، 15 دەرىجىگە ئايرىشنى بەلگىلىدى، ئۇلارنىڭ نورما ئۆلچىمى مۇنداق بولدى:

بىرىنچى تۈر، جىسمانىي ئەمگەك قىلىدىغان ئىشچىلار، ئالاھىدە ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكچىلەردىن A دەرىجىلىكلەرنىڭ 27.5 كىلوگرام، B دەرىجىلىكلەرنىڭ 26 كىلوگرام، C دەرىجىلىكلەرنىڭ 24.5 كىلوگرام؛ ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكچىلەردىن A دەرىجىلىكلەرنىڭ 24 كىلوگرام، B دەرىجىلىكلەرنىڭ 23 كىلوگرام، C دەرىجىلىكلەردىن 21 كىلوگرام؛ يېنىك جىسمانىي ئەمگەكچىلەردىن A دەرىجىلىكلەرنىڭ 20 كىلوگرام، B دەرىجىلىكلەرنىڭ 18.5 كىلوگرام، C دەرىجىلىكلەرنىڭ 16.5 كىلوگرام بولىدۇ.

ئىككىنچى تۈر، ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش سالاھىيىتىگە ئىگە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ 16.5 كىلوگرام بولىدۇ.

ئۈچىنچى تۈر، ئادەتتىكى ئاھالىلەر A دەرىجىلىكلەر ئورگان، مەكتەپ، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، خەلق تەشكىلاتلىرى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى مەمۇرىي باشقۇرۇش خادىملىرى، ئوقۇتقۇچىلار، تىجارەت خادىملىرى، دىن كەسپىدىكىلەر ۋە 11 ياشتىن يۇقىرى ئاھالىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇلارنىڭ 15 كىلوگرام بولىدۇ؛ B دەرىجىلىكلەر 8 — 11 ياشلىق بالىلارنىڭ 13.5 كىلوگرام بولىدۇ؛ C دەرىجىلىكلەر 4 — 8 ياشلىق بالىلارنىڭ 12 كىلوگرام بولىدۇ؛ D دەرىجىلىكلەر 2 — 4 ياشلىق بالىلارنىڭ 7.5 كىلوگرام بولىدۇ؛ E دەرىجىلىكلەر: 2 ياشقا توشمىغان بالىلارنىڭ 4 كىلوگرام بولىدۇ.

1958 ـ يىلدىن كېيىن سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىش تۈرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى ئىش تۈرى نورمىسىنى كۆپەيتىشنى ئومۇمىي نورما سەۋىيىسىنى ئۆستۈرمەسلىك پرىنسىپى ئاستىدا، ئەمگەك سىجىللىقىغا قاراپ، ئوخشاش دەرىجىدىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ نورمىسىغا سېلىشتۇرۇپ شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتلىرىنىڭ بەلگىلىشىنى قارار قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، نورمىلىق ئىش تۈرى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، 1960 ـ يىلى ئەسلىدىكى 240 تىن 608 گە يەتتى.

1960 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئاشلىق نازارىتى «شەھەر ـ بازارلاردا ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا پىكىر» تارقىتىپ، مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: نۆۋەتتىكى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېشىشى ئاھالە ئىستېمالىنىڭ ئېشىشىغا يېتىشەلمەيۋاتىدۇ، شۇڭا شەھەرلەرنىڭ ئاھالىلەرنىڭ ئاشلىق نورما ئۆلچىمىنى قەتئىي تۆۋەنلىتىشنى تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۈرۈمچى، قاراماي، قەشقەر، غۇلجا، قۇمۇل قاتارلىق 5 ئاساسلىق شەھەردە ئوتتۇرىچە ئاشلىق نورمىسى 14 — 15 كىلوگرامغا چۈشۈرۈلدى. ئۈرۈمچى شەھىرى مۇنداق بەلگىلىدى: ئالاھىدە ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكچىنىڭ ئوتتۇرىچە نورمىسى 25 كىلوگرام، ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكچىنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 21.5 كىلوگرام، يېنىك جىسمانىي

ئەمگەكچىنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 16.5 كىلوگرام، ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 16 كىلوگرام، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، تەنتەربىيە خىزمەتچىلىرىنىڭ 19 كىلوگرام، ئورگان كادىرلىرى ۋە 11 ياشتىن يۇقىرى ئاھالىلەرنىڭ 14.25 كىلوگرام، 11 ياشتىن تۆۋەن باللارنىڭ تۆۋىنى 3 كىلوگرام، يۇقىرىسى 13 كىلوگرام بولىدۇ.

1963 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق ئەھۋالىدا بىر ئاز ياخشىلىنىش بولدى، بىر قىسىم ئىش تۈرىنىڭ نورما ئۆلچىمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1964 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئاشلىق نازارىتى پرىنسىپال لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، 2 يىل ئىچىدە ئاپتونوم رايوننىڭ نورما ئۆلچىمىنى پەيدىنپەي بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ۋە 1960 ـ يىلدىن ئىلگىرىكى سەۋىيىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى، چېگرا رايونلاردا بىر يولىلا ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى. 1965 ـ يىلى ئوزۇقلۇق ئاشلىق نورما ئۆلچىمىدە ئومۇميۈزلۈك 1960 ـ يىلدىن ئىلگىرىكى سەۋىيە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1966 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن پۈتۈن كۆنلۈك ئوقۇش تۈزۈمىدىكى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نورما ئۆلچىمى يەنە ئۆستۈرۈلۈپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 17.5 كىلوگرام، ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 16.5 كىلوگرام، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 16 كىلوگرام قىلىندى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ئاشلىق نورما ئۆلچىمىدە پەقەت ئازراقلا ئۆزگىرىش بولدى. لېكىن 1973 ـ يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا ئىش تۈرى 1568 گە يەتكەن.

1979 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ماائارىپ ئىدارىسى، تەنتەربىيە كومىتېتى، مالىيە ئىدارىسى، سودا ئىدارىسى، ئاشلىق ئىدارىسى، ئەمگەك ئىدارىسى بىرلىكتە 6 مىنىستىرلىك، كومىتېت، ئىدارىنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى تارقىتىپ، تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىلىرى، ئالىي مەكتەپلەردىكى تەنتەربىيە فاكۇلتېتلىرى ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم ھەم پېداگوگىكا تەنتەربىيە سىنىپلىرى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئاشلىق نورمىسىنى ئۆستۈردى. 1980ـ يىلى 6 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئەمگەك ئىدارىسى، ئاشلىق ئىدارىسى، سودا ئىدارىسى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، مۇنۇلارنى ئۇقتۇردى: سىلىتسىيلىق ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ئىشلەپچىقىرىش ئورنىدىن بىۋاستە پېنسىيىگە چىققان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ نورمىسى 3 ئايغىچە ئۆزگەرمەيدۇ، 4 ـ ئېيىدىن باشلاپ پېنىك جىسمانىي ئەمگەكچىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق نورما ئۆلچىمى بويىچە تەمىنلەشكە ئۆزگەرتىلىدۇ. پېنسىيىگە چىقىشتىن ئىلگىرى تاۋار ئاشلىق يەپ، پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ئىشلەپچىقارغان ئاشلىقنى يەۋاتقان سىلىتسىيلىق ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كېسەللەر ئالاقىدار ئىسپاتلىرىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تاۋار ئاشلىق يېيىشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلسە بولىدۇ.

80 ـ يىللاردىن كېيىن ئاپتونوم رايوندىكى شەھەر ـ بازارلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق نورما ئۆلچىمىدە قايتا ئۆزگىرىش بولمىدى، ئىلگىرىكى تەمىنلەش ئۆلچىمى 1990 ـ يىللاردىمۇ ئىجرا قىلىنىۋەردى.

### 3) تەمىنلەنگەن ئاشلىق تۈرلىرى

1957 ـ يىلى شەھەر ـ بازارلاردا ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش يولغا قويۇلغاندا، ئاھالىلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى ئۈچۈن ئاساسەن ئۇن بېرىلگەندى، گۈرۈچ ناھايىتى ئاز ئىدى، قارا ئاشلىق بىلەن تەمىنلەنمىگەندى. 1958 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى «قارا ئاشلىقنى تەڭشەپ تەمىنلەش توغرىسىدا يوليورۇق» چىقىرىپ، بىر قىسىم قارا ئاشلىق بىلەن تەڭشەپ تەمىنلەشنى تەلەپ قىلدى، تەڭشەش نىسبىتىنى جايلار قارا ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش ئەھۋالىغا ئاساسەن كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ 10% — 15% ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدا تۆۋەنرەك، ئاشلىقى يېتىشمەيدىغان رايونلاردا يۇقىرىراق بولدى. قارا ئاشلىقتا ئاساسەن كۆممىقوناق بىلەن تەمىنلەندى، بەزىدە ئاشلىق ئەھۋالىغا قاراپ ئاق قوناق، تېرىق، سۆك قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلەندى. ھېيت ـ بايراملاردا يەنە ئاز مىقداردا پۇرچاق ۋە باشقا ئۇششاق قارا ئاشلىقلار بىلەنمۇ تەمىنلەندى. يۇقىرى دەرىجىلىك ئەقلىي ئەمگەكچىلەر ۋە يەسلىدىكى

بالىلار، دوختۇرخانىلاردىكى يارىدار، بىمارلارغا قارا ئاشلىق بېرىلمىدى. شۇ يىلى 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى تارقاتقان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر - بازارلاردا ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش چارىسىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پىرىنسىپى» دا مۇنداق بەلگىلەندى: ئوزۇقلۇق ئاشلىق تەييار ئاشلىق يەنى ئۈن، كۆممىقوناق ئۈنى، ئاق قوناق ئۈنى، گۈرۈچ، تېرىق قاتارلىق تۈرلەر بويىچە تەمىنلىنىدۇ، تۈرى بويىچە تەمىنلەش نىسبىتىنى شۇ جايدىكى خەلق كومىتېتلىرى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە سالدۇ ئەھۋالىغا ئاساسەن بەلگىلەيدۇ. ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان جىنايەتچىلەرگە تەقسىم بېرىلىدىغان قارا ئاشلىق ئادەتتىكى ئاھالىلەرنىڭكىدىن يۇقىرىراق بولىدۇ.

1959 - يىل 3 - ئايدا ئاشلىق نازارىتى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ياشلار شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشقا كەلگەندە، ئىستېمال قىلىدىغان ئاشلىقتا بىردەك قارا ئاشلىق قوشۇپ بېرىلمەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. 12 - ئايدا ئاشلىق نازارىتىنىڭ قارا ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىدا، زاۋۇت، كان - كارخانىلارنىڭ قۇدۇق ئاستىدا، يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا، ئېگىزلىكتە جىسمانىي ئەمگەك قىلىدىغان ئىشچىلارغا قارا ئاشلىقنى مۇۋاپىق تۈردە ئازراق قوشۇپ بېرىش تەلەپ قىلدى.

1960 — 1962 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ھوسۇلى كېمىيىپ كەتتى، ئاق ئاشلىقنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش تېخىمۇ قىيىن بولدى، ئاشلىق يۆتكەپ ئىستېمال قىلىدىغان ئاساسلىق رايونلارنىڭ تەقسىملەش نىسبىتى جىددىي ئۆزگەردى. 1961 - يىلى ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە 71 شەھەر، ناھىيە ئىچىدە كۆممىقوناق ئىشلەپچىقارمايدىغان 10 ناھىيىدىن باشقىسى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە قارا ئاشلىق تەقسىم بەردى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 5 ئاساسلىق شەھەرنىڭ نىسبىتى مۇنداق بولدى: غۇلجا شەھىرى %20، قەشقەر شەھىرى %50، ئۈرۈمچى شەھىرى %70، قۇمۇل، قاراماي شەھەرلىرى %80. قارا ئاشلىق تۈرى ئاساسلىقى كۆممىقوناق ئۈنى ئىدى. 1963 - يىلدىن كېيىن، ئاپتونوم رايون بويىچە قارا ئاشلىق نىسبىتى بىرئاز تۆۋەنلەپ، %20 — %30 كە چۈشتى. شۇ يىلى 11 - ئايدا، ئاشلىق نازارىتى ئورمان تەكشۈرۈش خادىملىرىنىڭ دالىدا ئىشلىگەن مەزگىلىدىكى ئاق ئاشلىق تەمىنلەش نىسبىتى ئادەتتىكى ئاھالىلەرنىڭكىدىن يۇقىرىراق بولسا بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. 1964 - يىل 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئەمگەك ئىدارىسى، ئاشلىق نازارىتى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەرقايسى مەزگىللەردىكى سىلىتسىلىق ئۆپكە كېسەللىك بىمارلىرى ئىشلەۋاتقان ياكى پېنسىيىگە چىققان بولسۇن، ئۇلارغا نورما ئۆلچىمى بويىچە بىردەك ئاق ئاشلىق بېرىشنى، گۈرۈچ بولسا مۇۋاپىق تەقسىم بېرىشنى ئۇقتۇردى. شۇ يىلدىن باشلاپ، ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، ھەر يىلى دۆلەت بايرىمى، باھار بايرىمى، روزا ھېيت، قۇربان ھېيتلاردا ئاھالىلەرگە نورمىسى ئىچىدە گۈرۈچ ۋە ئالاھىدە ئۈن تەمىنلەش كۆپەيتىپ بېرىلدى. 1965 - يىلى قارا ئاشلىق نىسبىتى يەنە ئۆستۈرۈلدى، ئۈرۈمچى، قاراماي، قۇمۇل قاتارلىق ئاشلىق يۆتكەپ ئىستېمال قىلىدىغان ئاساسلىق رايونلاردا قارا ئاشلىق نىسبىتى %50 بولدى. 1966 — 1969 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا قارا ئاشلىق نىسبىتى يەنە تۆۋەنلىدى. 1970 - يىل 11 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسى 12 - ئايدىن باشلاپ ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر - بازارلىرىدا قارا ئاشلىق بىردەك %50 بويىچە تەمىنلىنىدۇ، دەپ ئۇقتۇردى. ئاشلىقى يېتىشمەيدىغان بەزى شەھەر، ناھىيىلەردە تەمىنلەنگەن قارا ئاشلىق %60 كە يەتتى، ھەتتا 1976 - يىلدىمۇ بىرمۇنچە جايلاردا قارا ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش نىسبىتى %50 تىن تۆۋەن بولمىدى. 1978 - يىل 5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار دالىدا ئىشلىگەن مەزگىلدە، ئاق ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىش نىسبىتى %70 تىن تۆۋەن بولمايدۇ، شۇ جايدىكى ئاھالىلەرنىڭ بۇ ئۆلچەمدىن يۇقىرى بولسا، شۇ ئۆلچەم بويىچە تەمىنلىنىدۇ، دەپ ئۇقتۇردى.

ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ

تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، تەمىنلەش ئەھۋالى بارا - بارا ياخشىلىنىپ باردى. 1981 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر - بازارلىرىدا قارا ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش نىسبىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %14 بولۇپ، 1978 - يىلدىكىدىن 5 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەردە 11.8 پىرسەنت پوئىنتى، قىزىلسۇدا 11.4 پىرسەنت پوئىنتى، ئۈرۈمچىدە 2.4 پىرسەنت پوئىنتى، قارامايدا 5.3 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى. شىمالىي شىنجاڭ رايونىدىكى شەھەر - بازارلاردا قارا ئاشلىقنىڭ ئوتتۇرىچە نىسبىتى مۇنداق بولدى: تارباغاتايدا %3.6، ئىلىدا %6.1، سانجىدا %6.6، بورتالادا %9.3 بولدى. 1984 - يىلى شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىدا ئۇن بىلەن گۈرۈچ %91.69 نى ئىگىلەپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %4.75 ئۆستى. 1985 - يىلدىن كېيىن، ئاھالىلەر ئاشلىق تۈرلىرىنى نورمىسى ئىچىدە ئىختىيارىي تاللاپ سېتىۋالىدىغان بولدى.

## 2. ياردەم ئاشلىقى

1958 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى تۈرلۈك ياردەم ئاشلىقى ئۆلچىمىنى دەسلەپكى قەدەمدە مۇنداق بەلگىلىدى: ئورگان، كارخانا، مەكتەپ، تەشكىلات قاتارلىق ئورۇنلاردىكى خادىملار جىسمانىي ئەمگەككە قاتناشقاندا، ئەمەلىي ئەمگەك ئايرىمىسى بويىچە ئىش تۈرى پەرقى (ئەمگەك تۈرى نورمىسى بىلەن شۇ كىشىنىڭ ئەسلى نورمىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كۆرسىتىدۇ، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) قوشۇپ بېرىلىدۇ؛ ئىسمېنا قوشۇپ ئىشلىگەن ۋاقتى 4 سائەتتىن ئېشىپ كەتكەنلەرگە ھەر قېتىمدا 100 گرامدىن قوشۇمچە قوشۇپ بېرىلىدۇ؛ كادىرلار تۆۋەنگە چۈشۈپ ئىشلىگەن مەزگىلدە، بىر ئادەمنىڭ بىر كۈنلۈكىگە 100 گرامدىن قوشۇمچە قوشۇپ بېرىلىدۇ؛ ئورۇنلار يىغىن ئاچسا، مېھمانساراي ۋە مېھمانكۈتۈشلەر مېھمان كۈتۈۋالسا، شۇ جايدىكى ئاشلىق تارماقلىرى تەكشۈرۈپ نورما سىرتىدىكى پەرقنى قوشۇپ بېرىدۇ؛ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ئىتتىپاق، كادىرلار مەكتەپلىرى ۋە مۇددىتى 3 ئايدىن يۇقىرى كۇرسنىڭ كۇرسانتلىرى ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، ئەگەر ئەسلىدىكى نورمىلىق ئوزۇقلۇق ئاشلىق يېتىشمىسە، ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق نورما ئۆلچىمىدىن پايدىلىنىپ پەرقى تولۇقلاپ بېرىلسە بولىدۇ؛ 1961 - يىل 1 - ئايدا ئاشلىق نازارىتى: كەسپىي تەنھەرىكەتچىلەرگە مۇسابىقە مەزگىلىدە ئېھتىياجىغا قاراپ پەرقلىق ياردەم بېرىلىدۇ، ئىشتىن سىرتقى تەنھەرىكەتچىلەرگە كۈنىگە 150 — 250 گرام ياردەم بېرىلىدۇ، دەپ بەلگىلىدى. 1963 - يىل 5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى سۇچىلىق سىستېمىسىدىكى دالا خىزمەتچىلىرىگە ھەر يىلى 5 - ئايدىن 8 - ئايغىچە بولغان كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش مەزگىلىدە، بىر ئادەمگە ھەر ئايدا ئەھۋالغا قاراپ 2 — 3 كىلوگرامدىن ياردەم بېرىلىدۇ، نورمىسى 20 كىلوگرامدىن ئارتۇقلارغا قوشۇمچە بېرىلمەيدۇ؛ مېتېئورولوگىيە تارماقلىرىنىڭ كېچىلىك ئىسمېنا خىزمەتچىلىرىگە بىر كېچىلىك ئۈچۈن 100 گرام قوشۇمچە بېرىلىدۇ، دەپ ئۇقتۇردى. 12 - ئايدا ئاشلىق نازارىتى سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىگە قاتناشقان دۆلەت كادىرلىرى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرى قاتارلىقلارغا ھەر ئايدا 17.5 كىلوگرام بويىچە تولۇقلاپ بېرىشنى، 1964 - يىل 10 - ئايدا يەنە 18 كىلوگرام بويىچە تولۇقلاپ بېرىشنى بەلگىلىدى. شۇ يىلى ياردەم تۈرلىرى ئۈزلۈكسىز كۆپەيگەنلىكى، جايلارنىڭ ئۆلچىمى بىردەك بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاشلىق نازارىتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆلچەمنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەقسىتىدە ياردەم ئاشلىقى ئۆلچىمىنى 5 تۈر، 12 خىل قىلىپ تۈزۈپ چۈشۈردى.

### 1) كاماندىروپكا، ئەمگەك ياردىمى

خەلق گوڭشېسىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ياكى تۆمۈريول، تاشيول، سۇچىلىق قاتارلىق ئومۇمىي ئەمگەكلەرگە قاتنىشىدىغان، ئوزۇقلۇق ئاشلىق نورمىسى 20 كىلوگرامغا يەتمىگەنلەرنىڭ نورمىسى ئورۇن ئىسپاتىغا قاراپ تولۇقلاپ 20 كىلوگرامغا يەتكۈزۈپ بېرىلدى؛ ئورگان كادىرلىرى، ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ

ئوقۇغۇچىلىرىدىن زاۋۇتقا، كانغا چۈشكەن ياكى يېزىلارغا بېرىپ ئىشلەپچىقىرىشقا، پراكتىكىغا، ئەمگەك بىلەن چېنىقىشقا قاتناشقان ۋە ياكى تارماقنىڭ ئاساسىي قاتلىمىدا نۆۋەتتە تۇرۇپ ئەمگەك قىلغانلارغا ئوخشاش ئىش تۈرىنىڭ نورما ئۆلچىمى بويىچە كېمى تولۇقلاپ بېرىلدى؛ ئورگان كادىرلىرى كاماندىروپكىغا بارسا ياكى يېزىغا چۈشۈپ ئىشلىسە، 17 كىلوگرام بويىچە تولۇقلاپ بېرىلدى.

2) ئىشلەپچىقىرىش ياردىمى

سۇچىلىق سىستېمىسىدىن دالا گىدرولوگىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملاردىن نورمىسى 20 كىلوگرامغا يەتمەيدىغانلارغا، ھەر يىلى كەلكۈن مەزگىلىدە (ئادەتتە 4 ئايدىن ئاشمايدۇ) بىر ئادەمگە بىر ئايدا 2 — 3 كىلوگرام قوشۇپ بېرىلدى، قوشۇپ بېرىلگەندىن كېيىن يۇقىرى بولغاندىمۇ 20 كىلوگرامدىن ئېشىپ كەتمىدى؛ مېتېئورولوگىيە تارماقلىرىنىڭ كېچىلىك ئىسمېنىدا ئىشلەيدىغان خادىملىرى ھەم كېچىلىك تاماق ياردىمىدىن بەھرىمەن بولىدىغان تىببىي خادىملاردىن بىر كىشىگە بىر كېچىلىكى ئۈچۈن 200 گرام ياردەم بېرىلدى؛ مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قارايدىغان كۆمۈركان باشقۇرۇش كادىرلىرى بىر قېتىم قۇدۇققا چۈشسە 400 گرام، دائىم قۇدۇققا چۈشىدىغانلارغا بىر ئايدا 4 — 5 كىلوگرام ياردەم بېرىلدى.

3) يىغىن، ئۆگىنىش ياردىمى

ناھىيىدىن يۇقىرى ئورۇنلار ئاچقان پارتىيە قۇرۇلتىيى، پارتكومنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى، سىياسىي كېڭەشنىڭ يىغىنى، خەلق قۇرۇلتىيى، قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنىغا ئەمەلىي ئېھتىياج بويىچە كېمى تولۇقلاپ بېرىلدى؛ ناھىيىدىن يۇقىرى پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن ئېچىلغان تۈرلۈك يىغىنلارغا قاتناشقانلارغا كۈنىگە 700 گرام بويىچە كېمى تولۇقلاپ بېرىلدى؛ ناھىيىدىن يۇقىرى ئورۇنلار ئاچقان كادىرلارنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتناشقانلارغا ئېيىغا 17 كىلوگرام بويىچە كېمى تولۇقلاپ بېرىلدى.

4) باردى - كەلدى مېھمانلار ياردىمى

رەھبەرلىك ئورگىنى تەستىقلىغاندىن كېيىن، ناھىيىدىن يۇقىرى مېھمانسارايلاردا، مېھمانكۈتۈشلەردە تۇرۇۋاتقان، ئىچكىرىدىن كەلگەن مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئاندا - ساندا كېلىپ تۇرىدىغان مېھمانلاردىن ئۆزىنىڭ نورما ئاشلىق بېلىتىنى تولۇق ئالغاندىن باشقا، ئەمەلىي يېگەن ئاشلىقى بويىچە كېمى تولۇقلاپ بېرىلدى، كوللېكتىپ ۋەكىللەر، چەت ئەللىك مېھمانلار مەسئۇل كۈتۈۋالغۇچى ئورگاننىڭ پىلانى بويىچە تەمىنلەندى، ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقى بىلەن، يۇقىرىدىكى خادىملار ئۈچۈن ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن زىياپەتكە ئىشلىتىلگەن ئاشلىق ئەمەلىي ئىشلىتىلگىنى بويىچە ئاشلىق تارماقلىرىدىن سېتىۋېلىندى.

5) باشقا ياردەملەر

قان بەرگۈچىلەر بىر قېتىمدا 200 مىللىلىتىر قان بەرسە دوختۇرخانىنىڭ ئىسپاتى بىلەن 500 گرام ئاشلىق ياردەم قىلىندى؛ جۇڭيى دورىسى، خەلق ئارىسىدىكى رېتسېپ بويىچە تەييارلىنىدىغان دورىغا كېتەرلىك ئاشلىق دوختۇرخانىنىڭ ئىسپاتى بويىچە تەمىنلەندى؛ سۇ، ئوت ئاپىتى ۋە ئوغرىلىنىش سەۋەبىدىن زىيان بولغان ئاشلىق، ئاشلىق بېلىتى پرىنسىپ جەھەتتە تولۇقلاپ بېرىلمىدى، ئەگەر تۇرمۇشىغا تەسىر يەتكەن بولسا، ئورۇن ياكى جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرىنىڭ ئىسپاتى بىلەن ئەھۋالغا قاراپ ياردەم قىلىندى.

1965 - يىل 8 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتىنىڭ مالىيە - سودا ئىشخانىسى مۇنۇلارنى ئۇقتۇردى: كادىرلار ئىسمېنا بولۇپ ئەمگەككە قاتناشقان ۋە ئىشلىگەچ، ئوقۇيدىغان مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە قاتناشقان ۋاقتى ئۇدا بىر ئاي داۋاملاشقان بولسا، ئوخشاش ئىش

تۈرىنىڭ نورما ئۆلچىمى بويىچە كېمى تولۇقلاپ بېرىلىدۇ، 3 كۈن (يېرىم كۈندىن ئۇدا 6 كۈن ئەمگەك قىلغانلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) دىن ئارتۇق بولۇپ، بىر ئايغا يەتمىسە، ئەمەلىي ئەمگەك قىلغان كۈن سانى بويىچە ياردەم بېرىلىدۇ، يېنىك جىسمانىي ئەمگەكچىگە كۈنىگە 100 گرام، ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكچىگە كۈنىگە 200 گرام، ئالاھىدە ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكچىگە كۈنىگە 300 گرام ياردەم بېرىلىدۇ. شۇ يىلى 12 - ئايدا ئاشلىق نازارىتى سەييارە داۋالاش ئەترىتى يېزىلاردا ئىشلىگەن مەزگىلدە ھەر ئادەمگە كۈنىگە 100 گرامدىن ياردەم بېرىشنى بەلگىلىدى. 1967 - يىل 1 - ئايدا يەنە ئوقۇغۇچىلار زاۋۇتقا، كانغا بېرىپ ئەمگەككە قاتناشسا، ئوخشاش ئىش تۈرىدىكى ئىشچىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمى بويىچە كېمىنى تولۇقلاپ بېرىشنى، يېزىلارغا بېرىپ ئەمگەككە قاتناشسا يېزىنىڭ ئوخشاش دەرىجىدىكى ئەمگەك كۈچىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمى بويىچە كېمىنى تولۇقلاپ بېرىشنى بەلگىلىدى. 1970 - يىل 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت سودا ئىدارىسى مۇنۇلارنى ئۇقتۇردى: يېزىلارغا بېرىپ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشىغا قاتناشقان خادىملارنىڭ ئايلىق نورمىسى 19 كىلوگرامغا يەتكۈزۈپ بېرىلىدۇ؛ ئالىغا يۈك توشۇش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان شوپۇر، ياردەمچى ۋە كادىرلار تاغدا ئىشلىگەن مەزگىلدە، شوپۇر، ياردەمچىنىڭ ئايلىق نورمىسى 22.5 كىلوگرام بويىچە، كادىرنىڭ 19 كىلوگرام بويىچە كېمى تولۇقلىنىپ، پۈتۈنلەي ئاق ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىدۇ. 6- ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسى «كادىرلارنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش، شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنى يېزىلارغا چۈشۈرۈپ ماكانلاشتۇرۇش قاتارلىقلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسى توغرىسىدا ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» چىقىرىپ، «7 - ماي» كادىرلار مەكتىپىگە بېرىپ ئەمگەككە قاتناشقان، يېزىلارغا، زاۋۇت، كان كارخانىلارغا بېرىپ قىسقا مۇددەت ئەمگەككە قاتناشقانلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق نورمىسىنى 18 — 20 كىلوگرامغا يەتكۈزۈپ تەمىنلەشنى بەلگىلىدى. 1972 - يىل 9 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئاشلىق ئىدارىسى خەينەنگە ئەلا سورتلۇق ئۇرۇقلۇق يېتىشتۈرۈشكە بارغان تاۋار ئاشلىق ئىستېمال قىلىدىغان خادىملار خەينەندە ئېتىزدا ئەمگەك قىلغان مەزگىلدە، ھەر كىشىگە ھەر ئايدا 22.5 كىلوگرام بويىچە كېمىنى تولۇقلاپ بېرىشنى، بېرىپ كېلىشكە كەتكەن ۋاقىتقا كاماندىروپكىغا چىققان قاتاردا ياردەم بېرىشنى بەلگىلىدى. 1973 - يىل 3 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تۈرلۈك ئاشلىق، ياغ ياردىمى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» نى تەستىقلاپ تارقىتىپ، ياردەم ئاشلىق تۈرىنى 7 تۈر، 20 خىل قىلىپ تەڭشىدى. 1964 - يىلدىن كېيىن قوشۇلغان تۈرلەرنى بەلگىلىمىگە كىرگۈزگەندىن سىرت، يەنە ئارخېئولوگىيە خادىملىرى سىرتتا قېزىش بىلەن شۇغۇللانغان، ئىشتىن سىرتقى تەنھەرىكەتچىلەر ۋە خەلق ئەسكەرلىرى كادىرلىرى يىغىلىپ تەربىيىلەنگەن مەزگىلدىكى، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرىدىغان تۆمۈريول خادىملىرى يولنى جىددىي رېمونت قىلغان مەزگىلدىكى ئاشلىق ياردىمى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىنى قوشتى. كېيىن يەنە ئارقا-ئارقىدىن بەزى ياردەملەر قوشۇلدى، مەسىلەن: ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرى ئارىسىدىكى سېرىك، ئۇسسۇل ئارتىسلىرى، پۈرمە مۇزىكا چالغۇچىلىرى قاتارلىقلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق ياردىمى 22.5 كىلوگرامغا يەتكۈزۈپ بېرىلدى.

1986 - يىلى گوۋيۈەننىڭ زۆرۈر بولمىغان ياردەم ئاشلىقلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون بويىچە ياردەم ئاشلىقى تۈرلىرى ئېنىقلاپ ئازايتىلدى. پارتىيە قۇرۇلتىيى، خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەش يىغىنى، ناھىيىدىن يۇقىرى ئورۇنلار ئۆتكۈزگەن تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ھەم ھەربىي رايون ئورۇنلاشتۇرغان خەلق ئەسكەرلىرى كادىرلىرىنى يىغىپ تەربىيىلەش قاتارلىقلارغا كېتەرلىك ياردەم ئاشلىقتىن باشقىسى بىردەك ئىجرادىن توختىتىلدى.

**شىنجاڭ بويىچە قىسمەن يىللاردىكى ياردەم ئاشلىقى بىلەن تەمىنلەش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 2 — 11

بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| تۈرى \ ئاشلىق يىلى | 1961 | 1977 | 1978 | 1979 | 1980 |
|---|---|---|---|---|---|
| يىغىن | | 96 | 82 | 71 | 63 |
| ئەمگەك | | 385 | 573 | 208 | 164 |
| كاماندىروپكا | | 127 | 96 | 50 | 49 |
| «7 - ماي» كادىرلار مەكتىپى | | 247 | | 146 | 146 |
| ۋاقىتلىق ئىشچى | | 52 | | 34 | 74 |
| باشقىلار | | 149 | 169 | 68 | 141 |
| جەمئىي | 7 | 1056 | 920 | 577 | 637 |

## 3. ئالاھىدە ئېھتىياجنى تەمىنلەش

شىنجاڭدا قىسراق بولۇۋاتقان گۆرۈچ بىلەن مۇۋاپىق تەمىنلەش ئۈچۈن، 1956 - يىل 9 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ تەستىقى بىلەن مەركىزىي شەھەر ئورۇمچىدە مىقدارنىغا چەك قويۇپ گۆرۈچ بىلەن تەمىنلەش يولغا قويۇلدى: ئاھالىلەر ھەر بىر ئادەم بىر ئايدا 0.75 كىلوگرام، پروفېسسور، مۇتەخەسسىس، لايىھىلىگۈچى، ئىنژېنېر، ئالىي دوختۇر، دوختۇرخانا، ساناتورىيىلەردە داۋالىنىۋاتقان ياربدار، بىمارلار، دەم ئېلىۋاتقانلار، بالىلار باغچىسى، يەسلىدىكى بىر يېرىم ياشتىن تۆۋەن بالىلارنىڭ ھەر بىرىگە بىر ئايدا 1.5 كىلوگرام، چەت ئەل كونسۇلخانا خادىملىرى، چەت ئەللەردىن كەلگەن مېھمانلار، مۇتەخەسسىسلەر، مەسلىھەتچىلەر، پروفېسسورلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى قاتارلىقلار ئەمەلىي ئېھتىياج بويىچە تەمىنلەندى. 1958 - يىل 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر - بازارلاردا ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەشنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى»نى تارقىتىپ، مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: تۆۋەندىكى خادىملارغا ئاشلىق تۈرى جەھەتتە ئېتىبار بېرىلىدۇ: (1) مۇتەخەسسىس، ئىنژېنېر، مەسئۇل ۋراچ، پروفېسسور ۋە باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك زىيالىيلار. (2) مىللەت، دىن ساھەسىدىكى يۇقىرى قاتلام زاتلار. (3) دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىۋاتقان ياربدار، بىمارلار ۋە بالىلار باغچىسى، يەسلىدىكى بالىلار. (4) ئۇچقۇچىلار ۋە ئايروپىلان خىزمەتچىلىرى. (5) تۇغۇتلۇق ئاياللار ۋە ياشانغان، تېنى ئاجىز بولۇش سەۋەبىدىن ئېتىبار بېرىشكە تېگىشلىك كىشىلەر.

1962 - يىل 8 - ئايدا ئاشلىق نازارىتى مۇنۇلارنى ئۇقتۇردى: ۋەتەنگە سەيلى - ساياھەت قىلىشقا، تۇغقان يوقلاشقا كەلگەن جۇڭگو مۇھاجىرلىرى يولدا ياكى جايلارغا ئېكسكۇرسىيىگە بارغاندا مېھمانخانىدا غىزالانسا، پاسپورت ياكى شىپادىلىك ئاۋمېنىغا بىرىپ - كېلىش يول خېتى بويىچە ئاق ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىدۇ، ئۇلاردىن ئاشلىق بېلىتى ئېلىنمايدۇ، ئاي ئاخىرىدا مېھمانخانا رويخەت تۈزۈپ، ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ راسچوت

قىلىشىغا مەلۇم قىلىدۇ. جۇڭگو مۇھاجىرلىرى يۇرتىغا كەلگەندىن كېيىن، شۇ جاينىڭ تەمىنلەش چارىسى بويىچە تەمىنلىنىدۇ. 1964 ـ يىلى ئاپتونوم رايون مېھمانسارايى، مېھمانكۈتۈشلەرگە كېلىپ، كېتىۋاتقان مېھمانلارغىمۇ ئاشلىق تۈرى جەھەتتە ئېتىبار بېرىشنى بەلگىلىدى.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن، 1974 ـ يىل 10 ـ ئايدىن ئېتىبارەن، 1937 ـ يىل 6 ـ ئايدىن ئىلگىرى ئىنقىلابقا قاتناشقان پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان پېشقەدەم كادىرلارنىڭ نورمىسىغا ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى تەستىقلىغان رەسمىيەتلەر بويىچە پۈتۈنلەي ئاق ئاشلىق بېرىلدى. 1975ـ يىل 4 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت مېھمانسارايى، مېھمانكۈتۈشلەرنىڭ ئاپتونوم رايون سىرتىدىن كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىشتا پۈتۈنلەي ئاق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنى، ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى مېھمانلارنى 95% ئاق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنى، ئاپتونوم رايون ئاچقان ئاپتونوم رايون دائىرىسىدىكى يىغىنلارنى 30% قارا ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنى، مەملىكەتلىك يىغىنلارنى پۈتۈنلەي ئاق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنى تەستىقلىدى.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ «ئىككىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش دەۋرىدە ئارمىيىگە قاتناشقان پېشقەدەم يولداشلارغا تۇرمۇش تەمىناتى جەھەتتە مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىش توغرىسىدا پىكىر» گە ئاساسەن، 1978 ـ يىل 3 ـ ئايدىن ئېتىبارەن، 1937 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن ئىلگىرى ئىنقىلابقا قاتناشقان پېشقەدەم يولداشلاردىن ئۈرۈمچىدە تۇرۇۋاتقانلىرى پۈتۈنلەي ئاق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەندى ۋە ئاشلىق تۈرى جەھەتتە مۇۋاپىق تەڭشەپ بېرىلدى؛ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردە تۇرۇۋاتقانلىرىنى يۇقىرىدىكى ئۆلچەمدىن پايدىلىنىپ، شۇ جاينىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ ۋىلايەتلىك پارتكوم بەلگىلىدى. پېنسىيىگە ۋە دەم ئېلىشقا چىققان ۋىلايەت دەرىجىلىك كادىرلاردىن شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقانلىرىمۇ يۇقىرىدىكى چارە بويىچە مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىپ تەمىنلەندى. شۇ يىلى 4 ـ ئايدىن باشلاپ سودا مىنىستىرلىكى، جۇڭگو خەلق بانكىسى، گوۋۇيۈەن مۇھاجىرلار ئىشخانىسىنىڭ بىرلەشمە ئۇقتۇرۇشىدىكى ئائىلە بىقىش مۇھاجىرلار پېرېۋوتىنى تەمىنلەش ئۆلچىمى قىلىنىپ، 100 يۈەن خەلق پۇلىغا 30 يۈەنلىك تاۋار بىلەن تەمىنلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە 10 كىلوگرام ئاشلىق (گۈرۈچ، ئۇندىن ئىشلەنگەن بۇيۇملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىندى، ش ئۇ ئا ر تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشى بويىچە، مۇھاجىرلار پېرېۋوتى دوكومېنتىغا قاراپ پۈتۈنلەي ئاق ئاشلىق بېرىلدى، بۇنىڭ 50% ى گۈرۈچ، 50% ى ئاق ئۇن بولدى، گۈرۈچ يوق جايلاردا ئۇن بىلەن تەمىنلەندى. بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى، غۇلجا، قەشقەر شەھەرلىرى، خوتەن، شىخەنزە قاتارلىق جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرى مۇھاجىرلار پېرېۋوتى بويىچە ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەش پۇكىيى تەسىس قىلدى، باشقا جايلاردا تەمىنلەش ئىشى بەلگىلەنگەن ئاشلىق دۇكىنىدا بېجىرىلدى.

1979 ـ يىل 2 ـ ئايدىن باشلاپ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش سىياسىي بۆلۈمى، خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكى، سودا مىنىستىرلىكى، سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ بىرلەشمە ئۇقتۇرۇشى ئىجرا قىلىنىپ، ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن قىزىل ئارمىيە پېشقەدەم جەڭچىلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى ئۈچۈن شۇ جايدىكى ئورگان كادىرلىرىنىڭ نورما ئۆلچىمى بويىچە، كۆپرەك ئاق ئاشلىق بېرىلدى. شۇ يىلى 9 ـ ئايدىن باشلاپ ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ «ئاپتونوم رايوندىكى يۇقىرى دەرىجىلىك زىيالىيلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئالاھىدە ئېھتىياج بويىچە تەمىنلەش توغرىسىدا پىكىر» ى ئىجرا قىلىنىپ، ش ئۇ ئا ر كادىرلار ئىدارىسىدىن بېرىلگەن «يۇقىرى دەرىجىلىك زىيالىيلارنىڭ ئالاھىدە تەمىنلىنىش كىنىشكىسى» بويىچە ئوزۇقلۇق ئاشلىقىغا پۈتۈنلەي ئاق ئاشلىق بېرىلدى. تەمىنلەش دائىرىسى مۇنداق بولدى: ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پروفېسسورلىرى، ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ تەتقىقاتچىلىرى، تىببىي داۋالاش، سەھىيە تارماقلىرىدىكى مۇدىر ۋراچلار، ئاپتونوم رايوندىكى ئىدارىلار ياكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلاردىكى باش ئىنژېنېرلار، باش دېھقانچىلىق (چارۋىچىلىق) تېخنىكى، باش بوغالتىر، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى تونۇلغان زاتلار.

بۇ چارە يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، تەستىق ئارقىلىق ئۆستۈرۈلۈپ تەيىنلەنگەن يۇقىرىدىكى ئۇنۋانلىق يۇقىرى دەرىجىلىك زىيالىيلارغىمۇ مۇشۇ ئىجرا قىلىندى. ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرىدىن يۇقىرىدىكى ئۇنۋانلارنىڭ كاندىداتلىقىنى ئالغانلارمۇ تەمىنلەش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى.

1984 - يىلدىن كېيىن، ئاشلىق ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، شەھەر - بازار ئاھالىلىرى ئاشلىقنى ئۆزلىرى تاللاپ سېتىۋالىدىغان بولدى، ئالاھىدە ئېھتىياجنى تەمىنلەش چارىسى پەيدىنپەي مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئەھمىيىتىنى يوقاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىجرا قىلىنىشتىن توختىدى.

## 4. كەسپلەرگە ئىشلىتىلىدىغان ئاشلىق

ئاپتونوم رايونىمىزدا كەسپلەرگە ئىشلىتىلىدىغان ئاشلىق، ئاساسەن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئەسكىرىي تۇرلىرى، دۆلەت مۇداپىئە قىسىم ئوفىتسېرلىرى ھەربىيلەر ئاشلىق بېلىتىگە ئاساسەن سېتىۋالىدىغان ئاشلىق ۋە قوراللىق ساقچى قىسىم، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئوت ئۆچۈرۈش خەلق ساقچىلىرى قاتارلىقلارغا كېتەرلىك ئاشلىق شۇنىڭدەك 1960 - يىلدىن ئىلگىرى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى تەمىنلىگەن ئاشلىقنى كۆرسىتىدۇ. 1961 — 1975- يىل 3 - ئايغا قەدەر، بىڭتۈەندە ئاشلىقنى ھۆددىگە بېرىش تۈزۈلمىسى يۈرگۈزۈلگەندە، ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرى بىڭتۈەندىكى 80 مىڭ غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئاھالىسىنى پىلان بويىچە تەمىنلىگەن ئوزۇقلۇق ئاشلىقمۇ ئاپتونوم رايوننىڭ كەسپلەرگە ئىشلىتىلىدىغان ئاشلىقى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى (1975 - يىل 4 - ئايدىن باشلاپ نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان ئاھالىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى). 1957 — 1990 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە كەسپلەر تەمىنلەنگەن ئاشلىق 1 مىليارد 108 مىليون كىلوگىرامغا يەتتى (جەدۋەل: 2 — 13 كە قاراڭ).

## 5. سودا - سانائەت ساھەسىگە ئىشلىتىلگەن ئاشلىق

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، 1957 - يىل 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن ئېتىبارەن، سودا- سانائەت ساھەسىگە ئىشلىتىلىدىغان ئاشلىق ئورۇن بويىچە نورمىلىق تەمىنلەندى. شۇ يىلى 12 - ئايدىن كېيىن، ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنىنىڭ قارارى بويىچە، بىڭتۈەننىڭ يېمەكلىك پىششىقلاش زاۋۇتى، كارخانىسى، تىجارەت ئاشخانىلىرى شەھەر مۇلازىمەتچىلىكىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭغا كېتەرلىك ئاشلىقنى يەرلىك پىلان بويىچە تەمىنلەشكە مەسئۇل بولدى. 1958 - يىل 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر - بازارلاردا ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش چارىسىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى» دا سانائەت، قول سانائەتتە ئاشلىقنى خام ئەشيا ياكى قوشۇمچە ئەشيا قىلىدىغانلار بولسا، ئىشلەپچىقارغۇچى ئورۇن سەرپىيات نورمىسىغا ئاساسەن ئاشلىق ئىشلىتىش پىلانى تۈزۈپ چىقىپ يوللايدۇ، ئۇنى شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى ياكى بېكىتىلگەن ئورگان تەستىقلاپ سودا - سانائەت كەسپىگە ئاشلىق ئىشلىتىش كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھاراق ئېچىتىشقا كېتەرلىك ئاشلىق ھەققىدە ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى سودا تارماقلىرى (كېيىن يېنىك سانائەت تارماقلىرىغا ئۆزگەرتىلدى) ئاشلىق ئىشلىتىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئاندىن ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق ھۆكۈمەتلەر يۇقىرىدىن تەقسىم قىلىنغان پىلان ۋە ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن ئىگىلەيدۇ؛ شەھەر - بازارلاردىكى پىششىق يېمەكلىك، پېچىنە - پىرەنىك، قوشۇمچە يېمەكلىك، ئېچىتىش ۋە تەقلىدىي بۇيۇم ئىشلەش قاتارلىق ساھەلەرگە كېتەرلىك ئاشلىق ھەققىدە مەسئۇل تارماقلار بىر تۇتاش ئاشلىق ئىشلىتىش پىلانى تۈزۈپ چىقىپ شۇ جايدىكى ھۆكۈمەتكە تەستىقلىتىپ، سودا - سانائەت كەسپىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىدۇ، دەپ بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئىستېمال مىقدارى كۆپ، ئىشلىتىدىغان ئاشلىقى كۆپ بولغان

ئاشلىقتىن ئىشلەنگەن بۇيۇملار، مەسىلەن: نان، هورنان، كەسمە چۆپ، ئۈگرە چۆپ قاتارلىقلار بىردەك ئاشلىق بېلىتىگە سېتىۋېلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

1960 - يىل 1 - ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى مۇنداق بۇيرۇق ئېلان قىلدى: ئۈرۈمچى، قاراماي، غۇلجا شەھەرلىرى، قۇمۇل ۋىلايىتى، سانجى ئوبلاستى، بايىنغولىن ئوبلاستىغا قاراشلىق ناھىيىلەر ۋە تۇرپان، پىچان، توقسۇن، ساۋەن، شىخو، جىڭ، بورتالا، سۇيدۇڭ، قورغاس، غۇلجا، كۈنەس، توقسۇ، باي، ئاقسۇ ناھىيىلىرى، چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى قاتارلىق شەھەر ۋە قاتناش لىنىيىسى بويىدىكى شەھەر - بازارلاردا تەمىنلىنىۋاتقان پىششىق يېمەكلىك، پېچىنە - پىرەنىكلەر ئاشلىق بېلىتىگە سېتىۋېلىنىدۇ. سودا تارماقلىرىنىڭ ئاشلىق بېلىتى يىغىۋېلىش نىسبىتى ئادەتتە 90% ئەتراپىدا بولىدۇ، ئەڭ تۆۋەن بولغاندىمۇ 80% تىن تۆۋەن بولمايدۇ. يىغىۋېلىنغان ئاشلىق بېلىتى ۋاقتىدا ئاشلىق تارماقلىرىغا تاپشۇرۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە بازارنى كۆزىتىپ تۇرۇپ، پۇلنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى قاتارلىق چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەردە ئاشلىق بېلىتى ئېلىنمايدىغان يۇقىرى باھالىق پېچىنە - پىرەنىكلەر سېتىلىدۇ. 1964 - يىلدىن كېيىن ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق بېلىتى ئېلىنمايدىغان قىسمەن تەكشى باھالىق پىششىق يېمەكلىكلەر تەمىنلەندى. 1973 - يىلنىڭ بېشىدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ [1972] 44 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاشلىق سېتىشنى تىزگىنلەش يۈزىسىدىن ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە پىششىق يېمەكلىك، پېچىنە - پىرەنىكلەرنى ئاشلىق بېلىتىگە ئاساسەن تەمىنلەشنى ھەمدە سودا - سانائەت ساھەسىگە ئاشلىق ئىشلىتىشنى قاتتىق تىزگىنلەشنى قارار قىلدى. شۇ يىلى 5 - ئايدا ئىلگىرىكى سودا - سانائەت ساھەسىگە ئاشلىق ئىشلىتىش ئەھۋالى ئېنىقلاندى، ئاشلىق ئىشلەتكەن ئورۇنلارنىڭ يىغىلىپ قالغان قالدۇقلىرى تەمىنلەشكە ھېسابلاندى. بازارغا سېلىنغان بارلىق پىششىق يېمەكلىك، پېچىنە، پىرەنىك، ئاشلىقتىن ئىشلەنگەن كراخمال قاتارلىقلارغا ئەمەلىي ئىشلىتىلگەن ئاشلىققا ئاساسەن ئاشلىق بېلىتى تولۇق ئېلىنىدى.

1979 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تاۋار ئاشلىقتا تەكشى باھالىق تىجارەت بىلەن كېلىشىم باھالىق تىجارەت تەڭ يولغا قويۇلدى. شۇ يىلى 9 - ئايدا «شەھەر بىلەن يېزىلارغا تەڭ ئېتىبار بېرىش، بىر تۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرۇش» پرىنسىپى بويىچە، جايلار تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ يېمەك - ئىچمەك كەسپىگە كېرەكلىك ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنى مۇۋاپىق كۆپەيتتى. پىلان ئىچىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان تەكشى باھالىق ئاشلىقتا ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى بىرلىك قىلىنىپ، يىل، پەسىل بويىچە پىلان تۈزۈلۈپ، ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ تەمىنلىشىگە مەلۇم قىلىندى. 1980 - يىل 12 - ئايدىن باشلاپ شەھەر - بازارلاردا ئىش كۈتۈپ تۇرغان زىيالىي ياشلار تەستىقلىتىش ئارقىلىق تەشكىللىنىپ يېمەك - ئىچمەك كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان بولسا، ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرى مىقدارنى ئۇلارنىڭ تىجارەت مىقدارىغا ئاساسەن بېكىتتى ۋە كېرەكلىك ئوبوروت ئاشلىقى بېرىپ، شۇ جايدىكى دۆلەت ئىلگىرىكى يېمەك - ئىچمەك كەسپىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش چارىسى بويىچە تەكشى باھالىق ئاشلىق بىلەن تەمىنلىدى.

گوۋۇيۈەننىڭ ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھىغا ئاساسەن، 1984 - يىل 7 - ئايدىن باشلاپ ئاپتونوم رايون بويىچە ئىچىملىك - ھاراققا كېتەرلىك ئاشلىق تەكشى باھادا تەمىنلەشتىن چېكىندۈرۈلۈپ، كېلىشىم باھادا تەمىنلەشكە ئۆزگەرتىلدى. 1985 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ سانائەتكە ئىشلىتىلىدىغان ئاشلىق (ئىسپىرت، ئېرىتمىش خورۇچى، دورا ياساش، يىپ پاتلاش، ئېتىتقۇ، كراخمال قاتارلىقلارغا كېتەرلىك ئاشلىقمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) نىڭ ھەممىسى كېلىشىم باھادا تەمىنلەشكە ئۆزگەرتىلدى. 1986 - يىل 3 - ئايدىن باشلاپ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇقتۇرۇشى ئىجرا قىلىنىپ، يېمەك - ئىچمەك، پېچىنە - پىرەنىك كەسپىگە ئاشلىق ئىشلىتىشتە تەكشى باھا بىلەن كېلىشىم باھا تەڭ مەۋجۇت بولۇشتا چەك تۇرۇلۇپ، كېلىشىم باھادا تەمىنلەش دائىرىسى پەيدىنپەي كېڭەيتىلدى. شۇ يىلى ساياھەت، چەت ئەللىك مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىشقا

كېتەرلىك ئاشلىق، ۋوكزال، ئايروپورتتىكى يولۇچىلار ئاشخانىسى، ئاشخانا ۋاگونىغا كېرەكلىك ئاشلىق، ئالىي دەرىجىلىك پېچىنە - پىرەنىك، داڭلىق، ئالاھىدە يېمەكلىكلەرنى ئىشلەشكە كېتەرلىك ئاشلىق كېلىشىم باھادا تەمىنلەشكە ئۆزگەرتىلدى.

1990 - يىل 8 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى گوۋۇيۈەننىڭ «ئاشلىق سېتىۋېلىش، سېتىشنى كۆچەيتىش توغرىسىدا قارار» ىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون بويىچە تەكسە باھادا ئاشلىق سېتىش دائىرىسىنى قىسقارتىپ، ھەم قىسقارتىش ھەم ساقلاپ قېلىش، ئۆشتاق قەدەم بىلەن مېڭىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، قىسمەن كەسىپلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنى كېلىشىم باھادا تەمىنلەشكە ئۆزگەرتتى.

## 1957 — 1990 - يىلغىچە شىنجاڭدا تەكسە باھالىق ئاشلىقنىڭ سودا - سانائەت ساھەسىگە ئىشلىتىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 2 — 12 بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| تۈرى / ئاشلىق يىلى | جەمئىي | يېمەك - ئىچمەك كەسپى | قوشۇمچە يېمەكلىك | ھاراق ئىچىتىش | سانائەتكە ئىشلىتىلگەن ئاشلىق | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | كىچىك جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە | | |
| | | | | | | ھاراق ئىشلەش | دورا ئىشلەش | يىپ پاتلاش |
| 1957 | 4659 | 3712 | 544 | 365 | 38 | | | |
| 1958 | 3867 | 2525 | 839 | 393 | 110 | | | |
| 1959 | 4565 | 3423 | 539 | 341 | 262 | | | |
| 1960 | 3039 | 2285 | 264 | 307 | 183 | | | |
| 1961 | 3297 | 2614 | 238 | 211 | 234 | 95 | 5 | |
| 1962 | 2724 | 2199 | 229 | 154 | 142 | 54 | 2 | |
| 1963 | 2521 | 1778 | 334 | 181 | 228 | 158 | | |
| 1964 | 4314 | 3090 | 615 | 221 | 388 | 267 | 9 | |
| 1965 | 4653 | 3408 | 737 | 203 | 305 | 184 | | |
| 1966 | 4816 | 3458 | 717 | 192 | 449 | 217 | | |
| 1967 | 4436 | 3087 | 937 | | 412 | 283 | | |
| 1968 | 2999 | 2225 | 541 | | 233 | 125 | | |
| 1969 | 2721 | 1883 | 654 | | 184 | 112 | | |
| 1970 | 3424 | 3124 | | | 300 | | | |
| 1971 | 4389 | 4069 | | | 320 | | | |
| 1972 | 3998 | 2758 | 680 | 239 | 321 | | | |
| 1973 | 4604 | 2479 | 1153 | 343 | 629 | 392 | | |
| 1974 | 4768 | 2847 | 712 | 554 | 655 | 599 | | |
| 1975 | 6093 | 3515 | 758 | 545 | 1275 | 1114 | | |
| 1976 | 6788 | 3813 | 1149 | 672 | 1154 | 919 | 32 | |
| 1977 | 7680 | 4278 | 1208 | 575 | 1619 | 1327 | | |
| 1978 | 8708 | 4779 | 1071 | 711 | 2147 | 1871 | 26 | 178 |
| 1979 | 9182 | 4466 | 1392 | 709 | 2615 | 2043 | 288 | 186 |
| 1980 | 9700 | 4215 | 1457 | 919 | 3109 | 2548 | 383 | 141 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1981 | 11115 | 4138 | 1864 | 959 | 4154 | 3863 | 60 | 209 |
| 1982 | 12227 | 3743 | 1960 | 759 | 5765 | 5082 | 265 | 186 |
| 1983 | 12408 | 3592 | 2039 | 726 | 6051 | 5102 | 458 | 185 |
| 1984 | 9983 | 3906 | 2232 | 833 | 3012 | 2065 | 354 | 142 |
| 1985 | 6169 | 3758 | 1581 | 830 | | | | |
| 1986 | 6080 | 3524 | 1644 | 912 | | | | |
| 1987 | 4971 | 3373 | 918 | 680 | | | | |
| 1988 | 4769 | 3483 | 601 | 685 | | | | |
| 1989 | 3937 | 2962 | 566 | 409 | | | | |
| 1990 | 4028 | 3093 | 593 | 342 | | | | |

ئىزاھ: 1985 ـ يىلدىن كېيىن، سانائەتكە تەكشە باھالىق ئاشلىق ئىشلىتىش كېلىشىم باھادا تەمىنلەشكە ئۆزگەرتىلدى.

## 6. شەھەر ـ بازارلاردىكى يەم ـ خەشەك ئاشلىقى

1957 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن شەھەر ـ بازارلاردىكى ئات ـ ئۇلاغلارنى يەم ـ خەشەك بىلەن تەمىنلەشتە تۈرگە ئايرىپ نورما بېكىتىلدى، تەمىنلەش چارىسى مۇنداق بولدى (يىرىك ئاشلىق): ئىشلەپچىقىرىش، بىر يىلدا ترانسپورتقا ئىشلىتىلىدىغان ئات، قېچىرلارغا 500 كىلوگرام، تۆگە، ئۆكۈزلەرگە 350 كىلوگرام، ئېشەككە 200 كىلوگرام، سېغىن كالىلارغا قورۇق ئوت ـ چۆپ يەيدىغان مەزگىلدە كۈنىگە بىر يېرىم كىلوگرام يەم ـ خەشەك بېرىلدى. 1958 ـ يىل 7 ـ ئايدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر ـ بازارلاردا ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش چارىسىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى» دا مۇنداق بەلگىلەندى:

1) ئىش ئۇلاغلىرىدىن قېچىر، ئاتقا كۈنىگە 1 — 2 كىلوگرام بوغۇز بېرىلىدۇ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر ئۇلاغنىڭ يىللىق بوغۇزى 500 كىلوگرامدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، تۆگىنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق بوغۇزى 350 كىلوگرامدىن، ئۆكۈزنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق بوغۇزى 125 كىلوگرامدىن، ئېشەكنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق بوغۇزى 50 كىلوگرامدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ.

2) سېغىن كالىلارغا كۆككە قويۇش مەزگىلىدە بوغۇز بېرىلمەيدۇ، قورۇق ئوت ـ چۆپ مەزگىلىدە مۇۋاپىق مىقداردا بوغۇز بېرىلىدۇ، بىر كالىنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق بوغۇزى 200 كىلوگرام ئۆپچۆرىسىدە بولىدۇ.

3) بوردىلىدىغان كالا، قوي، چوشقىلارغا ئادەتتە ئېسىل بوغۇز بېرىلمەيدۇ، مال بوردايدىغان فېرمىلار، شەخسلەر ئۆزلىرى ئامال قىلىپ سەپلىمە بوغۇز تېپىپ باقىدۇ.

4) شەھەر ـ بازارلاردىكى ئورگان، تەشكىلات، كارخانا، مەكتەپ ۋە ئادەتتىكى ئاھالىلەر بېقىپ ئىشلەپچىقىرىش، ترانسپورتقا ئىشلىتىدىغان ئۇلاغلارغا كېرەكلىك بوغۇز توغرىسىدا، باققۇچى ئورۇن (ئائىلە) بەلگىلەنگەن نورما ئۆلچىمى بويىچە پىلان تۈزۈپ شۇ يەردىكى شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتلىرىغا ياكى كۆرسىتىلگەن ئورگانغا ئېلىپ بارسا، ئۇلار شەھەر ـ بازاردا بوغۇز بىلەن تەمىنلەش كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىدۇ. ئېلمىي تەتقىقات سىنىقى ياكى كۆرگەزمە قىلىش، ئويۇن كۆرسىتىش، نەسىللەندۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان چارۋىلارنىڭ بوغۇزى توغرىسىدا، باققۇچى ئورۇن (ئائىلە) لار پىلان تۈزۈپ شۇ يەردىكى شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتلىرىغا ياكى كۆرسىتىلگەن ئورگانغا ئېلىپ بارسا، ئۇلار شەھەر ـ بازاردا بوغۇز بىلەن تەمىنلەش كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىدۇ.

5) شەھەر ـ بازاردىكى ئۇلاغلار سىرتقا ئېلىپ چىقىلغاندا ياكى سىرتتا ترانسپورتقا ئىشلىتىلگەندە، باققۇچى ئورۇن (ئائىلە) لار شەھەر ـ بازاردا بوغۇز بىلەن تەمىنلەش كىنىشكىسىنى ئېلىپ بېرىپ نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان سان ئىچىدە يەرلىك بوغۇز بېلىتى ئالىدۇ، ئۇ بېلەتكە يول بويىدىكى ئۆتەڭلەر ياكى ئاشلىق

سېتىۋېلىش ـ سېتىش پونكىتلىرىدىن بوغۇز سېتىۋالىدۇ. ئۆتەڭلەر چۈشكەن يەرلىك بوغۇز بېلىتىنى شۇ جايدىكى ئاشلىق تارماقلىرىغا ئېلىپ بېرىپ ئوخشاش ساندا بوغۇز سېتىۋالىدۇ.

1962 ـ يىل 12 ـ ئايدىن باشلاپ ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى تەستىقلاپ تارقاتقان ئاشلىق نازارىتىنىڭ بوغۇز بىلەن تەمىنلەش ـ باشقۇرۇش توغرىسىدىكى دوكلاتى ئىجرا قىلىنىپ، ئاشلىق ۋە بوغۇز قىلىشقا بولىدىغان ئاشلىق، باغ قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى، تاشلاندۇق ئاشلىقلار بىردەك ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ بوغۇز بىلەن تەمىنلەش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، ئۇنى ئاشلىق تارماقلىرى بىر تۇتاش ئىگىلىدى. يىرىك، ئېسىل بوغۇزنى ئايرىش ۋە سۇندۇرۇش نىسبىتى مۇنداق: ئېسىل بوغۇز ئاق قوناق، كۆممىقوناق، كۆك پۇرچاق، ئارپا، سۇلۇ، يالڭاچ ئارپا قاتارلىق يىرىك ئاشلىقلارنى كۆرسىتىدۇ، يىرىك بوغۇز ئوت، باغ تارتقاندىن كېيىن چىققان قوشۇمچە مەھسۇلاتلار، مەسىلەن: كۇنجۇرە، قېپىرماق، كېپەك، ئوت ئۇرۇقى، كۆرمەك ئوت، توپا ئاشلىق، تاشلاندۇق ئاشلىق، كۆكىرىپ قالغان ئاشلىق قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. كۇنجۇرە، كېپەك قاتارلىقلارنىڭ 2 كىلوگرامى بىر كىلوگرام ئېسىل بوغۇزغا، كۆممىقوناق كېپىكىنىڭ 3 كىلوگرامى بىر كىلوگرام ئېسىل بوغۇزغا سۇندۇرۇلدى.

1964 ـ يىل 5 ـ ئايدا شەھەر ـ بازارلاردىكى ئات ـ ئۇلاغ بوغۇزى بىلەن تەمىنلەش ئۆلچىمى تەڭشىلىپ، مۇنداق بەلگىلەندى: قېچىر، ئات، تۆگە (هارۋىغا قېتىلىدىغان) نىڭ كۈنلۈك بوغۇزى 2 كىلوگرام، ئۆكۈز، تۆگىنىڭ 1.5 كىلوگرام، ئېشەكنىڭ بىر كىلوگرام بولىدۇ. ئاشلىق، باغ قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى كۆپ چىقىدىغان جايلاردا، ئېسىل بوغۇزغا سۇندۇرۇش نىسبىتى مۇۋاپىق كەڭ قويۇۋېتىلسە بولىدۇ، ئېسىل بوغۇزغا سۇندۇرۇلماي تەمىنلەنسىمۇ بولىدۇ. سودا تارماقلىرى بېقىۋاتقان بورداق قويلارنىڭ بىرى كۈنىگە 0.5 كىلوگرام بوغۇز بىلەن تەمىنلىنىدۇ. شۇ يىلى شەھەرلەرنىڭ گۆش تەمىناتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتىنىڭ تەستىقى بىلەن، ئۈرۈمچى، قاراماي، قەشقەر شەھەرلىرىدىكى دۆلەت ئىلكىدىكى يېمەكلىك تارماقلىرى بېقىۋاتقان چارۋا ماللار مەخسۇس بوغۇز بىلەن تەمىنلەندى، ئۇنىڭ ئۆلچىمى مۇنداق بولدى: بىر چوشقىنىڭ 50 — 100 كىلوگرام؛ بىر تۇياق بورداق قوينىڭ 50 كىلوگرام. بۇ خىل بوغۇز بىلەن تەمىنلەش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە توختاپ قالدى.

1973 ـ يىل 4 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ئاشلىق ئىدارىسى، پوچتا ئىدارىسى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، پوچتا ئالاقىسىگە ئىشلىتىلىدىغان ئات، قېچىرلارنى ھەر ئايدا 60 كىلوگرام، ئېشەكنى 30 كىلوگرام يەم بىلەن تەمىنلەشنى ئۇقتۇردى. شۇ يىلى 5 ـ ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ [1972] 44 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتى ئىجرا قىلىنىپ، شەھەر ـ بازارلارنى بوغۇز بىلەن تەمىنلەش قاتتىق ئىگىلەندى، يەنە ئاشلىق، باغ قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بىردەك بوغۇزغا ھېسابلاپ تەمىنلىنىدىغانلىقى بەلگىلەندى.

ئۈرۈمچى شەھىرىنى سۈت بىلەن تەمىنلەشنى ياخشىلاش ئۈچۈن، 1977 ـ يىل 2 ـ ئايدىن باشلاپ قۇتۇبى سۈت فېرمىسى يېزا ئىگىلىك 6 ـ شى 103 ـ تۇەن دېھقانچىلىق مەيدانى بىلەن سۈتكە بوغۇز تېگىشىش بەلگىلەندى، يەنى 2 كىلوگرام سۈتكە بىر كىلوگرام بوغۇز بېرىلدى.

1978 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت تەستىقلاپ تارقاتقان «ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئاشلىق سېتىش مىقدارىنى يەنىمۇ تىزگىنلەش توغرىسىدىكى پىكرى» ئىجرا قىلىنىپ، سودا تارماقلىرىنىڭ مەخسۇس قۇش، چوشقا باقىدىغان ئورۇنلىرىغا كىرەكلىك بوغۇز ئۇلارنىڭ دۆلەتكە يەتكۈزۈپ بەرگەن تاۋار گۆش، ئۆي قۇشى، سۈت، تۇخۇم، بېلىق سانىغا قاراپ تەمىنلەپ بېرىلدى، شەھەر ـ بازارلاردىكى شەخسلەرگە كېرەكلىك بوغۇز بىر كىلوگرام ئاشلىقنى بىرقانچە كىلوگرام قوشۇمچە مەھسۇلاتقا سۇندۇرۇش نىسبىتى بويىچە ھېسابلىنىپ ئاشلىق بېلىتى ئېلىنىدى ياكى قارا ئاشلىق نورمىسىدىن شۇنىڭغا لايىق تۇتۇپ قېلىنىدى؛ ئورگان، زاۋۇت، كان، ھەربىي قىسىم ئاشخانىلىرىنىڭ چوشقا بېقىشىغا كېتەرلىك بوغۇزنى بىردەك ئۇلار ئۆزلىرى

ھەل قىلدى. 1980 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، سودا ئىدارىسى بىرلىكتە شەخسلەر ئۆزلىرى بېقىپ دۆلەتكە سېتىپ بەرگەن كالا، قويغا مۇكاپات تەرىقىسىدە بوغۇز سېتىپ بېرىشنى يولغا قويۇشنى، يەنى چارۋىنىڭ بىر كىلوگرام ئېغىرلىقىغا مۇكاپات تەرىقىسىدە بىر كىلوگرام بوغۇز ئاشلىقى سېتىپ بېرىشنى ئۇقتۇردى. 1985 ـ يىلى ئاشلىققا گۆش، ئۆي قۇشى، تۇخۇم، سۈت تېگىشىش چارىسى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى، تېگىشىپ سېتىۋېلىش ئۆلچىمى مۇنداق بولدى: چوشقا، قوينىڭ بىر كىلوگرام ئېغىرلىقىغا بىر كىلوگرام بوغۇز، بورداق كالىنىڭ 2 كىلوگرام ئېغىرلىقىغا بىر كىلوگرام بوغۇز، 2 كىلوگرام سۈتكە بىر كىلوگرام بوغۇز، بىر كىلوگرام تۇخۇمغا 5 كىلوگرام بوغۇز تېگىشىپ سېتىپ بېرىلدى. 1987 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە ئاشلىققا سۈت، ئۆي قۇشى، تۇخۇم تېگىشىپ سېتىۋېلىش چارىسى ساقلىنىپ قالغاندىن سىرت، باشقا جايلاردا بۇ چارە ئىجرادىن توختىتىلدى. لېكىن، شەھەر ـ بازارلارنى بوغۇز بىلەن نورمال تەمىنلەشتىكى باشقا تۈر ۋە ئۆلچەملەر يەنىلا بۈرۈنقى بەلگىلىمە بويىچە ئىجرا قىلىنىۋەردى. 1957 — 1990 ـ يىلغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر ـ بازارلاردا تەكشى باھادا تەمىنلەپ بېرىلگەن بوغۇز ئاشلىقى 1 مىليارد 487 مىليون كىلوگرام بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 43 مىليون 730 مىڭ كىلوگرامدىن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1990 ـ يىلدىكىسى 78 مىليون 330 مىڭ كىلوگرام (جەدۋەل: 2 — 13 كە قاراڭ).

### 1957 — 1990 ـ يىلغىچە شىنجاڭدا تەكشى باھالىق ئاشلىقنىڭ غەيرىي يېزا ئىگىلىكىگە سېتىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 2 — 13    بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| تۈرى / ئاشلىق يىلى | جەمئىي | تۇرمۇش تەمىناتىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى | كەسىپلەرگە ئىشلىتىلگەن ئاشلىق | سودا ـ سانائەت ساھەسىگە ئىشلىتىلگەن ئاشلىق | يەم ـ خەشەك ئاشلىقى | باشقىلار | قوشۇمچە: تۇرمۇش تەمىناتىدىكى ئاھالە (تۈمەن ئادەم) | قوشۇمچە: ئىستېمال مىقدارى (كىلوگرام \ ئادەم) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1957 | 28187 | 18403 | 3078 | 4659 | 1714 | 333 | 97 | 290.59 |
| 1958 | 33341 | 21403 | 3826 | 3867 | 2896 | 1349 | 129.93 | 256.61 |
| 1959 | 46148 | 30569 | 5878 | 4565 | 3573 | 1563 | 178.72 | 258.21 |
| 1960 | 46586 | 34351 | 4488 | 3039 | 2557 | 2151 | 199.66 | 233.33 |
| 1961 | 40929 | 31647 | 2826 | 3297 | 2432 | 727 | 176.30 | 232.16 |
| 1962 | 31783 | 24723 | 2398 | 2724 | 1714 | 224 | 159.70 | 199.02 |
| 1963 | 28953 | 22343 | 2369 | 2521 | 1560 | 160 | 141.24 | 204.99 |
| 1964 | 33775 | 23412 | 3177 | 4314 | 2736 | 136 | 142.79 | 236.54 |
| 1965 | 37951 | 26314 | 3549 | 4653 | 3219 | 216 | 156.89 | 241.90 |
| 1966 | 39746 | 28751 | 2760 | 4816 | 3145 | 274 | 163.33 | 243.35 |
| 1967 | 40905 | 29835 | 2735 | 4436 | 3824 | 75 | 169.25 | 241.68 |
| 1968 | 40148 | 31368 | 2431 | 2999 | 3350 | | 173.96 | 230.79 |
| 1969 | 39093 | 32028 | 2407 | 2721 | 1937 | | 179.97 | 217.22 |
| 1970 | 40340 | 32064 | 2146 | 3424 | 2706 | | 174.01 | 231.83 |
| 1971 | 42815 | 31488 | 2779 | 4389 | 4159 | | 176.28 | 242.88 |
| 1972 | 44676 | 33528 | 2804 | 3998 | 4346 | | 192.46 | 232.13 |
| 1973 | 46399 | 35187 | 2443 | 4604 | 3543 | 622 | 205.03 | 226.30 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 230.83 | 215.94 | 287 | 3141 | 4768 | 4948 | 36701 | 49845 | 1974 |
| 224.63 | 274.11 | 401 | 3255 | 6093 | 5677 | 46147 | 61573 | 1975 |
| 233.12 | 284.54 | 432 | 4079 | 6788 | 3337 | 51695 | 66331 | 1976 |
| 240.38 | 288.43 | 563 | 3876 | 7680 | 3167 | 54047 | 69333 | 1977 |
| 242.97 | 291.48 | 434 | 4254 | 8708 | 3481 | 53944 | 70821 | 1978 |
| 237.39 | 303.46 | 394 | 5200 | 9182 | 3283 | 53980 | 72039 | 1979 |
| 228.07 | 322.10 | 829 | 5109 | 9700 | 3134 | 54690 | 73462 | 1980 |
| 226.86 | 333.64 | 705 | 4142 | 11115 | 3257 | 56472 | 75691 | 1981 |
| 234.73 | 343.41 | 234 | 4625 | 12227 | 3152 | 60370 | 80608 | 1982 |
| 235.41 | 351.03 | 395 | 5465 | 12408 | 3114 | 61254 | 82636 | 1983 |
| 230.72 | 359.92 | 522 | 5748 | 9983 | 3062 | 63727 | 83042 | 1984 |
| 216.69 | 371.46 | 1209 | 6234 | 6169 | 2705 | 64173 | 80490 | 1985 |
| 231.63 | 384.17 | 2097 | 8164 | 6080 | 3045 | 69598 | 88984 | 1986 |
| 249.37 | 393.85 | 1159 | 10000 | 4971 | 3128 | 78958 | 98216 | 1987 |
| 253.83 | 410.19 | 1329 | 9658 | 4769 | 2998 | 85365 | 104119 | 1988 |
| 229.71 | 426.46 | 481 | 8489 | 3937 | 3280 | 81776 | 97963 | 1989 |
| 222.85 | 436.48 | 747 | 7833 | 4028 | 3452 | 81209 | 97269 | 1990 |

## 2 § . يېمەكلىك ياغ سېتىش

1957 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندا ياغ ئاشلىق بىلەن بىللە بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىدىغان ـ سېتىلىدىغان بولدى، لېكىن شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرى ۋە سودا ـ سانائەت ساھەسىگە ئىشلىتىلىدىغان ياغ قاتارلىقلاردا نورمىلىق تەمىنلەشنى يولغا قويۇش ۋاقتى ئاساسەن بىردەك بولمىدى، نورمىلىق تەمىنلەش ئايرىم ناھىيىلەردە 1959 ـ يىلى ئاندىن باشلاندى.

### 1. نورمىلىق ئوزۇقلۇق ياغ

1957 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئۈرۈمچى شەھىرىدە ياغنى كىنىشكا بويىچە چەكلىك تەمىنلەش يولغا قويۇلدى. شۇ يىلى 8 ـ ئايدا ئاشلىق نازارىتى ئاۋئاتسىيە خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەر ئايدا 1.406 كىلوگرام ياغ بىلەن تەمىنلىنىدىغانلىقىنى بېكىتتى. شۇ يىلى 3 ـ پەسىلدىن باشلاپ ئۈرۈمچى ۋىلايىتىگە قاراشلىق ناھىيىلەردە ياغ نورمىلىق قىلىندى، بىر ئادەمنىڭ بىر ئايلىق نورمىسى 375 گرامدىن بولۇش، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 500 گرامدىن ئېشىپ كەتمەسلىك بەلگىلەندى، كېيىن بىردەك 312.5 گرامغا ئۆزگەرتىلدى. قەشقەر ۋىلايىتىدە 11 ـ ئايدىن باشلاپ ئاھالىلەرنىڭ ئوزۇقلۇق يېغىنى نورمىلىق تەمىنلەش يولغا قويۇلدى. كېيىن، باشقا بىر قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن يولغا قويۇلدى، لېكىن تەمىنلەش چارىسى مۇكەممەل بولمىدى، ئۆلچىمى بىردەك بولمىدى. 1959 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ياغ بىلەن تەمىنلەش جىددىي بولۇش يۈزلىنىشى كۆرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن ش ئۇ ئا ر پارتكوم يوليورۇق چىقىرىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر ـ بازارلارنى ياغ بىلەن تەمىنلەشتە چوڭ، كىچىك دەپ ئايرىماي، جان سانى بويىچە بىردەك نورما بېكىتىش، ئۈرۈمچىدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنى ھەر ئايدا 375 گرام ياغ بىلەن تەمىنلىگەندىن سىرت، باشقا جايلارنىڭ

بۇ ئۆلچەمدىن تۆۋەنرەك بولۇشىنى، تېخى نورمىلىق تەمىنلەشنى يولغا قويمىغان جايلارنىڭ دەرھال يولغا قويۇشىنى كۆرسەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر- بازارلاردا ئاھالىلەرنى ياغ بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى. لېكىن ئاز ساندىكى ئاساسلىق ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ناھىيىلەر نورما ئۆلچىمىنى سەل يۇقىرىراق بېكىتتى.

1960 - يىلى ئۈرۈمچى، قاراماي شەھەرلىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئوزۇقلۇق يېغى 312.5 گرامغا چۈشۈرۈلدى، لېكىن يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا، ئېگىزدە، قۇدۇق ئاستىدا ئىشلەيدىغان ئىشچىلار ۋە ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك قىلىدىغان ئىشچىلارنى ياغ بىلەن تەمىنلەش ئۆلچىمى تۆۋەنلىتىلمىدى. 1961 - يىلى ئاشلىق نازارىتى ئاپتونوم رايوندىكى 76 شەھەر، ناھىيىنى تەكشۈرگەندە، ئايلىق ياغ نورمىسى ئەڭ يۇقىرى بولغان باي ناھىيىسىنىڭ 450 گرام، ئۈچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ 431.3 گرام، ئۈرۈمچى، غۇلجا شەھەرلىرىنىڭ 312.5 گرام، باشقا ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ 250 گرام ياكى ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولۇپ چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە 100 گرامغا يەتمەيدىغان شەھەر، ناھىيە 21، ئەڭ تۆۋەنلىرىنىڭ ئاران 62.5 گرام بولغان. شۇ يىلى 10. ئايدا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىر ئادەمنىڭ ئايلىق ئوزۇقلۇق ياغ ئۆلچىمىنى 250 گرامغا چۈشۈرۈشنى قارار قىلدى. 1963 - يىل 11 - ئايدا ئاشلىق نازارىتى ئورمان تەكشۈرۈش خادىملىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ياغ نورمىسى 250 گرامدىن تۆۋەن بولسا، 250 گرامغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى، 250 گرامدىن يۇقىرى بولسا شۇ جاينىڭ ئۆلچىمى بويىچە تەمىنلەشنى ئۇقتۇردى. 1964 - يىل 5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ جايلاردىكى ئاۋىئاتسىيە پونكىتلىرى يەر ئۈستى خىزمەتچىلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ياغ نورمىسىنى كىشى بېشىغا ئايدا 750 گرامدىن تەمىنلەشنى ئۇقتۇردى. 1966 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ياغلىق داندىن مول ھوسۇل ئېلىنىپ، ياغ بىلەن تەمىنلەش ئەھۋالى ياخشىلاندى، بەزى جايلارنىڭ ياغ نورما ئۆلچىمىدە ئەسلىگە كېلىش خاراكتېرلىك ئۆسۈش بولدى. 70 - يىللاردا ئاپتونوم رايوننىڭ ياغ تەمىناتى ئۆزلۈكسىز مەزگىل جىددىي ھالەتتە بولدى، لېكىن 1975 - يىلدىن ئىلگىرى ئۈرۈمچى، قاراماي قاتارلىق ئاساسلىق شەھەر، سانائەت، كان رايونلىرىدا، ئاپتونوم رايون سىرتىدىن يۆتكەپ كېلىش ۋە ئاپتونوم رايوندىكى ياغلىق دان چىقىدىغان رايونلارنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، ئاھالىلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ياغ تەمىناتى ساقلاپ قېلىندى. 1976- يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايون بويىچە ياغ بىلەن تەمىنلەش ۋە ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تېخىمۇ كەسكىنلەشتى، ئۈرۈمچى قاتارلىق ئاساسلىق ياغ يۆتكەپ ئىستېمال قىلىدىغان رايونلار ئوزۇقلۇق ياغ بىلەن ئاي ئاتلاپ تەمىنلەش چارىسىنى قوللاندى. شۇ يىلى 9 - ئايدا دۆلەت بايرىمىدا ئوزۇقلۇق ياغ بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق زاپاس ياغدىن 250 مىڭ كىلوگرام ئىشلىتىلدى. 11 -، 12 - ئايلاردا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاھالىلەرنىڭ قۇربان ھېيتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشى ئۈچۈن ئوزۇقلۇق ياغ بىلەن تەمىنلەش ئورۇنلاشتۇرۇلدى، باشقا ئاھالىلەرنى تەمىنلەش ۋاقتىنچە توختىتىلدى. 1977 - يىل 8 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئېغىر سانائەت سىستېمىسىدىكى كۆمۈركان قۇدۇقلىرىدا ئىشلەيدىغان ئىشچىلارنى ئالدىن 250 گرام ئوزۇقلۇق ياغ بىلەن تەمىنلەشنى ئۇقتۇردى. 1978 - يىل 5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتىنىڭ دالىدا ئىشلەيدىغان گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش خادىملىرىنى ھەر ئايدا 250 گرام ياغ بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش، شۇ جاينىڭ ئۆلچىمى بۇ ئۆلچەمدىن يۇقىرى بولسا، شۇ جاينىڭ ئۆلچىمى بويىچە تەمىنلەش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىنى تارقاتتى. 1976 — 1978 - يىلغىچە ئۈرۈمچى، قاراماي شەھەرلىرى ئاھالىلەرنىڭ 3 مىليون كىلوگرامدىن ئارتۇق ئوزۇقلۇق يېغىغا قەرز بولۇپ قالدى، بۇ، 2 شەھەر ئاھالىسىنىڭ بىر يىللىق ئوزۇقلۇق ياغ نورمىسىغا تەڭ ئىدى.

1979 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز ئوزۇقلۇق ياغ بىلەن ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىدىغان بولدى، جايلار

ئاھالىلەرنى ئوزۇقلۇق ياغ بىلەن نورمال تەمىنلەشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلگە كەلتۈردى. شۇ يىلى 12 - ئايدا ئاپتونوم رايون ئالىي مەكتەپلەردىكى تەنتەربىيە فاكۇلتېتلىرى، ئوتتۇرا تېخنىكوم، پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ تەنتەربىيە سىنىپلىرىدىكى ھەربىر ئوقۇغۇچىنى ھەر ئايدا 350 گرام ياغ بىلەن تەمىنلەشنى قارار قىلدى. ئاھالىلەرنىڭ تەمىنلەنمەي قالغان قىسمەن ئوزۇقلۇق يېغى تولۇقلاپ بېرىلدى. بىر يىلدا ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر - بازارلىرىدا تەمىنلەنگەن ئوزۇقلۇق ياغ 10 مىليون 680 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 2 مىليون 830 مىڭ كىلوگرام ئارتۇق تەمىنلىنىپ، %36.05 ئاشتى. 1980 - يىلغا كەلگەندە ئاھالىلەرنىڭ تەمىنلەنمەي قالغان ئوزۇقلۇق يېغى پۈتۈنلەي قايتۇرۇپ بولۇندى. 1981 - يىلى ئۈرۈمچى، قاراماي، قەشقەر، قۇمۇل قاتارلىق جايلار ئاشلىق سېتىۋېلىش كىنىشكىسىدىكى ئىقتىساد قىلىنغان قارا ئاشلىق كۆرسەتكۈچىنىڭ 10 كىلوگرامىغا بىر كىلوگرام ياغ سېتىۋېلىشقا بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. شۇ يىلى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايون بويىچە نورمىلىق تەمىنلەشتىن سىرت، يەنە ئوتتۇرا باھالىق ياغ بىلەن پىلانلىق تەمىنلەندى. 1982 - يىل 3 - ئايدا ش ئۇ ئا ر باھا ئىدارىسى، مالىيە نازارىتى، ئاشلىق نازارىتىنىڭ بىرلەشمە ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئوتتۇرا باھالىق ياغ سېتىش يەنىمۇ كېڭەيتىلىپ، كىنىشكا بويىچە كەڭتاشا تەمىنلەندى. 1986 - يىلى شەھەر - بازارلاردا ئوتتۇرا باھادا سېتىلغان ياغ 33 مىليون 440 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، تەكشە باھادا سېتىلغىنىنىڭ 1.45 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. 1987 - يىلى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ ئۇقتۇرۇشى ئىجرا قىلىنىپ، ئاپتونوم رايوندا ئوتتۇرا باھالىق ياغ سېتىش توختىتىلدى، لېكىن ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنى ئوتتۇرا باھالىق ياغ بىلەن تەمىنلەش 1989 - يىلغىچە داۋاملاشتى. 1988 - يىلى ئىقتىساد قىلىنغان ئاشلىق كۆرسەتكۈچىگە ياكى ئاشلىق بېلىتىگە ياغ تېگىشىپ سېتىۋېلىش كەسپى توختىتىلدى.

## 2. ياردەم يېغى ۋە ئالاھىدە ئېھتىياجغا ئىشلىتىلىدىغان ياغ

### 1) ياردەم يېغى

1964 - يىلى ئاپتونوم رايون بېكىتكەن ياردەم ئۆلچىمى مۇنداق بەلگىلەندى: زەھەرلىك ماددا، قوم-توزان، رادىئوئاكتىپ نۇر ئارىسىدا ۋە يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا ئىشلەيدىغان خادىملاردىن دۆلەتنىڭ ساقلىق ساقلاش بۆلۈملىرىدىن بەھرىمەن بولۇش شەرتىگە توشىدىغانلارغا ھەر ئايدا 400 گرامدىن ياغ قوشۇپ بېرىلىدۇ؛ مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق كۆمۈركانلارنىڭ قودۇق ئاستىدا ئىشلەيدىغان ئىشچىلىرىغا ھەر ئايدا 200 گرامدىن ياغ قوشۇپ بېرىلىدۇ؛ ناھىيەدىن يۇقىرى ج ك پ قۇرۇلتىيى، پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىنى، سىياسىي كېڭەش يىغىنى، خەلق قۇرۇلتىيى، قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنىغا قاتناشقانلارغا كۈنىگە 50 گرامدىن ياغ قوشۇپ بېرىلىدۇ، ناھىيەدىن يۇقىرى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقى بىلەن ئېچىلغان باشقا تۈرلۈك يىغىنلارغا قاتناشقانلارغا كۈنىگە 35 گرامدىن ياغ نورمىسىنىڭ كېمى قوشۇپ بېرىلىدۇ؛ ناھىيەدىن يۇقىرى مېھمانسارايى، مېھمانكۈتۈشلەردە تۇرۇۋاتقان، ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تارقاق مېھمانلار كۈنىگە 50 گرامدىن ياغ بىلەن تەمىنلىنىدۇ؛ كوللېكتىپ ۋەكىللەر، چەت ئەللىك مېھمانلار ئاپتونوم رايوندا پائالىيەت قىلغان مەزگىلدە مەسئۇل ئورگاننىڭ پىلانى بويىچە ياغ تەمىنلىنىدۇ. يۇقىرىدىكى خادىملار ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتلەرگە كېتەرلىك ياغ ئەمەلىي ئىشلىتىلگىنى بويىچە پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق ئاشلىق تارماقلىرىدىن سېتىۋېلىنىدۇ، دۆلەت بايرىمى، باھار بايرىمى، روزا ھېيت، قۇربان ھېيتلاردا، گوۋۇيۈەن، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇقتۇرۇشى بويىچە ياغ قوشۇپ بېرىلىدۇ. 1970 - يىل 6 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت سودا ئىدارىسى ئالى رايوندا

ترانسپورت ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان ئىشچىلار (شوپۇرلار) ياكى كادىرلار ئېگىزلىكتە ئىشلىگەن مەزگىلدە ئۇلارغا 750 گرامدىن ياغ بىلەن تەمىنلىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. 1972 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسى ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسىگە تەستىقىي جاۋاب قايتۇرۇپ، تەنھەرىكەتچىلەرنى ئايدا بىر كىلوگرامدىن ياغ بىلەن تـەمىنلىنىـدىغان قىلـدى. 1973 - يىل 3 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تۈرلۈك ئاشلىق يارەملىرى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» نى تەستىقلاپ تارقىتىپ، ناھىيىدىن يۇقىرى پارتىيە قۇرۇلتىيى، خەلق قۇرۇلتىيى، پارتكوم ۋە ئىنقىلابىي كومىتېت ئومۇمىي يىغىنى ھەم سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتناشقانلارنى كۈنىگە 30 گرامدىن ياغ بىلەن تەمىنلەشنى، باشقا يىغىنلارغا 20 گرامدىن قوشۇپ بېرىشنى بەلگىلىدى؛ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىن يۇقىرى ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ تەستىقى بىلەن ئېچىلغان ناھىيىدىن يۇقىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىگە قاتناشقان ئىشتىن سىرتقى تەنھەرىكەتچىـــلەرگە تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى مەزگىلىدە (رەسمىي يىغىپ مەشىق قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كۈنىگە 20 گرامدىن ياغ قوشۇپ بېرىلدى. 1974 - يىل 4 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابى، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، شۆبە ھەربىي رايونى ۋە ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى يىغىپ مەشىق قىلدۇرغان خەلق ئەسكەرلىرى كادىرلىرىغا بەلگىلەنگەن يىغىپ مەشىق قىلدۇرۇش مەزگىلىدە، ئۆزى تاماق ئېتىپ يېگەنلەرنى ئايدا 500 گرامدىن ياغ ئۆلچىمى بويىچە كېمىنى قوشۇپ بېرىشنى ئۇقتۇردى. ھەربىي قىسىمدا غىزالانغانلارغا ھەربىي تەمىنات چارىسى بويىچە ئىجرا قىلىندى. 1975 - يىل 4 - ئايدىن باشلاپ ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ بەلگىلىمىسى ئىجرا قىلىنىپ، مېھمانساراي، مېھمانكۈتۈشلەر كۈتۈۋالغان قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى جايلاردىن كېلىپ كېتىۋاتقان مېھمانلار ئۇلارغا 500 گرامدىن ياغ بىلەن تەمىنلەندى.

1986 - يىلى گوۋۇيۈەن يولىيورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون بويىچە يارەم تۈرىنىـدا بېرىلىۋاتقان ئاشلىق، ياغ تۈرلىرى ئېنىقلاپ ئازايتىلدى، پارتىيە قۇرۇلتىيى، خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەش يىغىنى، ناھىيىدىن يۇقىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ھەم ھەربىي رايون ئورۇنلاشتۇرغان خەلق ئەسكەرلىرى كادىرلىرىنى يىغىپ تەربىيىلەش قاتارلىق تۈرلەرگە بېرىلىدىغان يارەم ساقلاپ قېلىنغاندىن سىرت، باشقا يارەم تۈرلىرى ئىجرادىن توختىتىلدى.

## 2) ئالاھىدە ئېھتىياجغا ئىشلىتىلىدىغان ياغ

گوۋۇيۈەننىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، 1957 - يىل 12 - ئايدىن باشلاپ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەقلىي ئەمگەكچىلەرگە ياغ يارەم بېرىلدى. 60 - يىللارنىڭ باشلىرى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق دەۋرى بولۇپ، ئاپتونوم رايون ئاز ساندىكى شەھەر ياكى ۋىلايەت تۇرۇشلۇق جايلاردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك زىيالىيلار ۋە مۇئاۋىن ۋالىي، مۇئاۋىن نازىردىن يۇقىرى كادىرلارغا ئېتىبار بېرىش يۈزىسىدىن بىر كىشىگە ھەر ئايدا 750 گرامدىن ياغ يارەم قىلغاندىن سىرت، باشقا ئالاھىدە ئېھتىياجلارنى تەمىنلەش توختىتىلدى. گوۋۇيۈەننىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، 1965 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەقلىي ئەمگەكچىلەرنىڭ ياغ ئالاھىدە تەميناتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1974 - يىل 9 - ئايدا، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن، 1937 - يىل 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى (1978 - يىل 3 - ئايدىن كېيىن 1937 - يىل 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن ئىلگىرىگە ئۆزگەرتىلدى) ئىنقىلابقا قاتنىشىپ پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان پېشقەدەم كادىرلارغا 10 - ئايدىن باشلاپ ھەر ئايدا 250 گرامدىن ياغ قوشۇپ تەمىنلەندى. 1978 - يىل 4 - ئايدا

سودا مىنىستىرلىكى، جۇڭگو خەلق بانكىسى، گوۋۇيۈەن مۇھاجىرلار ئىشخانىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشى ئىجرا قىلىنىپ، ئائىلە بېقىش مۇھاجىرلار پېرېۋوتتىن 100 يۈەنگە 750 گرامدىن ياغ تەمىنلەپ بېرىلدى. شۇ يىلى 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى كادىرلار كېسەلخانىسىدىكى ھەر بىر ئادەمنى ئايدا 350 گرامدىن تەمىنلەش ئاساسىدا، يەنە 250 گرامدىن كۆپەيتىپ بېرىشنى ئۇقتۇردى. 1979 - يىل 9 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم «ئاپتونوم رايوندىكى يۇقىرى دەرىجىلىك زىيالىيلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئالاھىدە ئېھتىياجىنى تەمىنلەش توغرىسىدا پىكىر» نى تارقىتىپ، ش ئۇ ئا ر كادىرلار ئىدارىسىدىن تارقىتىلغان «يۇقىرى دەرىجىلىك زىيالىيلارنىڭ ئالاھىدە ئېھتىياجىنى تەمىنلەش كىنىشكىسى» بويىچە بىر ئادەمگە ھەر ئايدا 250 گرامدىن ياغ كۆپەيتىپ تەمىنلەشنى بەلگىلىدى. 80 - يىللاردىن كېيىن، ياغ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئالاھىدە ئېھتىياج ياغ بىلەن تەمىنلەش ئۆزلۈكىدىن ئەمەلدىن قالدى.

## 3. سودا - سانائەت كەسپىگە ئىشلىتىلىدىغان ياغ

1959 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم سودا - سانائەت كەسپىگە ئىشلىتىلىدىغان ياغ كۆرسەتكۈچىنى 1958 - يىل 3 -، 4 - پەسىللەردىكى ئەمەلىي ياغ ئىشلىتىش سەۋىيىسى بويىچە بېكىتىشنى، ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكنى كۆرسەتتى. 1960 - يىلدىن باشلاپ ياغ ئىشلىتىش تۈرلىرى قىسقارتىلدى. 1961 - يىلى يېمەك - ئىچمەك كەسپىگە ئىشلىتىلىدىغان ياغنى تەمىنلىگەن ئاشلىق مىقدارىنىڭ 3.5% ى بويىچە تەمىنلەش بەلگىلەندى، لېكىن ئەمەلىي تەمىنلەش بۇ ساندىنمۇ ئاز بولدى. شۇ يىلى 3 - ئايدا لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولىدىكى ئاشخانا ۋاگونىغا كېتەرلىك ياغنى تورپان تەمىنلەشتىن ئۈرۈمچى تەمىنلەشكە ئۆزگەرتىلدى، ئۇنىڭغا ھەر ئايدا 2550 كىلوگرام ئاشلىق تەمىنلەپ بېرىلدى، ياغ ئاران 40 كىلوگرام بېرىلىپ، ئاشلىقنىڭ 1.57% نى ئىگىلىدى. 1963 - يىلى سوپۇن ئىشلەشكە كېتەرلىك ياغ ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتىنىڭ بېكىتىشى بىلەن ساقلىنىپ قالغان ئۈرۈمچى، ئىلى، قەشقەر، خوتەنلەردىكى 4 سوپۇن زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا كېتەرلىك ياغ سوپۇن ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسى ۋە بەلگىلەنگەن ياغ ئىشلىتىش نورمىسى بويىچە تەمىنلەنگەندىن سىرت، باشقا سوپۇن زاۋۇتلىرى قايتا تەمىنلەنمىدى. سانائەتكە ئىشلىتىلىدىغان باشقا ياغلار پىلانغا كىرگۈزۈلۈپ، تىزگىنلەنگەن كۆرسەتكۈچ ئىچىدە مۇھىم نۇقتىغا كاپالەتلىك قىلىندى. يېمەكلىك ساھەسىگە ئىشلىتىلگەن ياغ ئايرىم جايلاردا شۇ جايدىكى ئاھالىلەرگە تەمىنلەپ بېرىلگەن ئوزۇقلۇق ياغنىڭ 54% نى ئىگىلىدى، دېمەك، بىرقەدەر كۆپ تەمىنلەندى. ئاپتونوم رايون بازارنى جانلاندۇرۇش، مۇۋاپىق تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، يوچۇقلارنى تۈگىتىپ، تەمىنلەشنى مۇقىملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. 1964 - يىلى سودا - سانائەت ساھەسىنى ياغ بىلەن تەمىنلەش بىرئاز ياخشىلاندى. 1971 - يىل 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسىغا سۇنغان دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلگەن: يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ياغ بىلەن تەمىنلەش جىددىي بولغاچقا، سانائەتكە كېتەرلىك ياغقا كاپالەتلىك قىلىشقا ئامال بولمىدى، سوپۇن ئىشلەشكە كېتەرلىك ياغ بىلەن تەمىنلەش ئاساسىي جەھەتتىن توختاپ قالدى، شۇڭا، جايلارنىڭ سانائەتكە ۋە سوپۇن ئىشلەشكە كېتەرلىك ياغنى داۋاملىق سەپلىمە ياغ ئىشلىتىش يولى بىلەن ھەل قىلىپ، ئۇرۇش تەييارلىقى ۋە خەلقنىڭ ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاپتونوم رايون سوپۇنچىلىقىدا كۆپ يىل ياغ بىلەن نورمال تەمىنلەنمەي، يېنىك سانائەت مىنىستىرلىكىنىڭ ئىمپورت قىلىنغان بېلىق يېغى ۋە يەرلىك تاشقى پېرېۋوت ھېسابىغا ئىمپورت قىلىنغان ياغ بىلەن سوپۇن ئىشلەندى. 1974 - يىل 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ش ئۇ ئا ر قاتناش ئىدارىسى، سودا ئىدارىسى، ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ قاتناش لىنىيىسى بويلىرىدىكى

ئاشخانىلارنىڭ ئاشلىق، ياغ، گۆش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى دوكلاتىنى تارقىتىپ، جايلاردىن ناھىيە بازىرى جايلاشقان يەردىكى قاتناش ئاشخانىسى ۋە ناھىيە بازىرىدا بولمىسىمۇ لېكىن مۇھىم قاتناش يولىغا جايلاشقان قاتناش ئاشخانىسىنى تەمىنلەپ بېرىلگەن ئاساسىي ئاشلىقنىڭ 6%ى بويىچە ياغ بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلدى. 1975 ـ يىل 2 ـ ئايدا، ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ش ئۇ ئا ر نېفىت ئىدارىسىنىڭ ھەرقايسى ئاماق ـ ياتاق پونكىتلىرىغا كىرەكلىك يېغىنى قاتناش ئاشخانىلىرىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە تەمىنلەشنى ئۇقتۇردى.

1979 ـ يىل 9 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى، ئاشلىق ئىدارىسى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپلىرىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك كەسپىنى ياغ بىلەن تەمىنلەشتە، شۇ جاينىڭ ياغ مەنبەسى ئەھۋالىغا ئاساسەن، ناھىيە بازىرىدىكى يېمەك ـ ئىچمەك كەسپىنىڭ تەمىنلىنىش سەۋىيىسىدىن پايدىلىنىپ تەمىنلەشنى ئۇقتۇردى. شۇ يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدە يېمەكلىك كەسپىگە ئىشلىتىلگەن ياغ 3 مىليون 35 مىڭ كىلوگىرامغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 635 مىڭ كىلوگىرام ئارتۇق ئىشلىتىلىپ، 26.46% ئاشتى، ھەر مىللەت خەلقى يەنە پولو، پىلتە قۇيماق، پوشكال يېيەلىدى، پېچىنە ـ پىرەنىكلەرنىڭ تۈرىمۇ كۆپەيدى؛ سانائەتكە ئىشلىتىلگەن ياغ 570 مىڭ كىلوگىرامغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 175 مىڭ كىلوگىرام ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دورا ئىشلەشكە ئىشلىتىلگەن ياغ 105 مىڭ كىلوگىرام، سىر ئىشلەشكە ئىشلىتىلگەن ياغ 200 مىڭ كىلوگىرام ئاشتى. لېكىن سوپۇنچىلىققا تەمىنلەنگەن ياغ 120 مىڭ كىلوگىرام بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 45 مىڭ كىلوگىرام ئازايدى. 1980 ـ يىلى سودا ـ سانائەت ساھەسىنى ياغ بىلەن تەمىنلەشتە ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ پىلاندىكى ئېھتىياجى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇرۇلدى. پېچىنە ـ پىرەنىك ئىشلەشكە بېرىلگەن ياغ كۆپىيىپ تەمىنلەنگەن ئاشلىقنىڭ 15% — 18% گە يەتتى. شۇ يىلى 6 ـ ئايدا ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، سودا ئىدارىسى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تۆمۈريول ياقىسىدىكى چوڭ ـ چوڭ ۋوگزاللاردىكى سودا تور ـ نۇقتىلىرى ۋە پلاتفورما يېمەكلىكلىرىنى ياغ بىلەن تەمىنلەش نىسبىتىنىڭ 4% تىن تۆۋەن بولماسلىقىنى ئۇقتۇردى. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ناشتىلىققا ئىشلىتىلىدىغان يېغىمۇ زور دەرىجىدە ئاشتى. 1981 ـ يىلى سانائەت ۋە پېچىنە ـ پىرەنىك ئىشلەشكە تەمىنلەنگەن ياغ مىقدارى يەنىمۇ كۆپىيىپ، 1978 ـ يىلدىكىدىن بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ۋە 34.2% ئاشتى. 1982 ـ يىل 3 ـ ئايدا ئاشلىق نازارىتى، سودا نازارىتى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ئۈرۈمچى شەھىرى، كۈيتۇڭ شەھىرى، قاگساۋخۇ، شىخەنزە شەھىرى، غۇلجا شەھىرىدىكى بالىلار يېمەكلىك زاۋۇتلىرىغا كىرەكلىك 114 مىڭ 600 كىلوگىرام چەككىلەنگەن ياغنى شۇ جاينىڭ پىلانىغا كىرگۈزۈپ ئۆلاپ تەمىنلەشنى ئۇقتۇردى. 10 ـ ئايدا ئاشلىق نازارىتى شىنجاڭدىكى ئەتىر سوپۇن، كىر سوپۇنى ئىشلەيدىغان نۇقتىلىق زاۋۇتلارنى تەڭشەپ ئۈرۈمچى، ئىلى ۋە قەشقەردىكى 3 سوپۇن زاۋۇتىغا مەركەزلەشتۈرۈشنى ئۇقتۇردى ھەمدە 1983 ـ يىلدىن باشلاپ تەقسىم قىلىنغان ئىمپورت يېغى ۋە دۆلەت ئىچىدە تەمىنلەنگەن تۈرلۈك ياغ خام ئەشيالىرى (چوشقا يېغى) بىلەن نۇقتىلىق زاۋۇتلارنىلا تەمىنلەشنى بەلگىلىدى. 1984 ـ يىل 5 ـ ئايدىن باشلاپ گوۋۇيۈەنىڭ «يازلىق ئاشلىق ـ ياغدىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش ۋە سېتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» ىغا ئاساسەن، بازارنى جانلاندۇرۇپ، ئاممىغا قولايلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن يېمەك ـ ئىچمەك، پېچىنە ـ پىرەنىك بىلەن تەمىنلەش تىرىشىپ ئاشۇرۇلدى، كېلىشىم باھالىق ياغ بىلەن تەمىنلەش دائىرىسى پەيدىنپەي كېڭەيتىلىپ، تەكشە باھالىق ياغ بىلەن تەمىنلەش ئازايتىلدى، 1990 ـ يىلى سودا ـ سانائەت ساھەسىگە ئىشلىتىلگەن (مۇقىم باھالىق) ياغ جەھەتتە يىلمۇ يىل ئازىيىش يۈزلىنىشى بارلىققا كەلدى.

## 1957 — 1990 - يىلغىچە شىنجاڭدا تەكشى باھالىق ياغنىڭ غەيرىي يېزا ئىگىلىكىگە سېتىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 2 — 14

بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| تۈرى / ئاشلىق يىلى | جەمئىي | ئاھالىلەرنىڭ نورمىلىق ئوزۇقلۇق يېغى | كەسىپلەرگە ئىشلىتىلگەن ياغ | يېمەكلىك كەسپىگە ئىشلىتىلگەن ياغ | سانائەتكە ئىشلىتىلگەن ياغ: كىچىك جەمئىي | سانائەتكە ئىشلىتىلگەن ياغ: بۇنىڭ ئىچىدە سوپۇنچىلىق | باشقىلار | قوشۇمچە: ئىستېمال سەۋىيىسى (كىلوگرام/ ئادەم) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1957 | 892 | 622 | 45 | 65 | 41 | | 119 | 9.20 |
| 1958 | 904 | 609 | 61 | 96 | 45 | 2 | 93 | 6.96 |
| 1959 | 1133 | 717 | 87 | 139 | 120 | 31 | 70 | 6.34 |
| 1960 | 937 | 667 | 60 | 96 | 73 | 39 | 41 | 4.69 |
| 1961 | 809 | 578 | 43 | 97 | 64 | 48 | 27 | 4.59 |
| 1962 | 586 | 419 | 37 | 68 | 51 | 28 | 11 | 3.67 |
| 1963 | 503 | 338 | 46 | 66 | 42 | 34 | 11 | 3.56 |
| 1964 | 629 | 412 | 64 | 84 | 66 | 54 | 3 | 4.41 |
| 1965 | 794 | 483 | 100 | 112 | 86 | 56 | 13 | 5.06 |
| 1966 | 927 | 527 | 105 | 146 | 139 | 87 | 10 | 5.68 |
| 1967 | 992 | 647 | 103 | 151 | 78 | 57 | 13 | 5.86 |
| 1968 | 970 | 653 | 109 | 136 | 52 | 30 | 20 | 5.58 |
| 1969 | 929 | 660 | 123 | 106 | 28 | 19 | 12 | 5.16 |
| 1970 | 924 | 693 | 85 | 111 | 31 | | 4 | 5.31 |
| 1971 | 973 | 673 | 125 | 134 | 37 | | 4 | 5.52 |
| 1972 | 921 | 649 | 132 | 118 | 16 | | 6 | 4.79 |
| 1973 | 1000 | 673 | 165 | 132 | 15 | 1 | 15 | 4.88 |
| 1974 | 1073 | 677 | 215 | 152 | 14 | 11 | 15 | 4.97 |
| 1975 | 1262 | 811 | 208 | 196 | 31 | 16 | 16 | 4.60 |
| 1976 | 1269 | 806 | 232 | 175 | 38 | 15 | 18 | 4.46 |
| 1977 | 1305 | 804 | 225 | 216 | 40 | 17 | 20 | 4.52 |
| 1978 | 1344 | 785 | 259 | 240 | 40 | 16 | 20 | 4.61 |
| 1979 | 1725 | 1068 | 282 | 303 | 57 | 12 | 15 | 5.68 |
| 1980 | 1775 | 1129 | 279 | 320 | 31 | 6 | 16 | 5.51 |
| 1981 | 2116 | 1342 | 260 | 322 | 84 | 45 | 108 | 6.34 |
| 1982 | 2793 | 1981 | 279 | 327 | 64 | 22 | 142 | 8.13 |
| 1983 | 2182 | 1484 | 250 | 283 | 69 | 12 | 96 | 6.22 |
| 1984 | 2165 | 1512 | 205 | 307 | 71 | 26 | 70 | 6.02 |
| 1985 | 2199 | 1484 | 213 | 287 | 125 | 86 | 90 | 5.92 |
| 1986 | 2303 | 1608 | 192 | 285 | 192 | 116 | 26 | 5.99 |
| 1987 | 2667 | 1982 | 214 | 270 | 123 | 61 | 78 | 6.77 |
| 1988 | 2982 | 2238 | 230 | 266 | 179 | 110 | 69 | 7.27 |
| 1989 | 2340 | 1624 | 257 | 265 | 161 | 99 | 33 | 5.49 |
| 1990 | 2347 | 1631 | 285 | 252 | 151 | 74 | 28 | 5.38 |

# IV باب

# دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا پىلانلىق سېتىش

## 1 § . ئاشلىق سېتىش ئۆلچىمى ۋە چارىسى

### 1. ئوزۇقلۇق ئاشلىق

#### 1) ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان ئورۇن بىلەن ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ يېتىشمىگەن ئاشلىقىنى تەمىنلەش

1957 ـ يىل 7 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش ـ سېتىشنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشنى باشلىغاندا، دېھقانچىلىق كوپىراتىپلىرىدا ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىشنى پاراق ئېلىش، سېتىۋېلىش ۋە دېھقانچىلىق كوپىراتىپلىرىغا تەقسىم قىلىش بىلەن بىللە ئېلىپ بېرىشنى، مىقدارىنى جان سانى بويىچە، ئوشۇق ـ كېمىنى ئائىلە بويىچە ھېسابلاپ كوپىراتىپنى بىرلىك قىلىپ بىر تۇتاش تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنى، ئاشلىقى كەملەيدىغان ئائىلىلەرگە كىنىشكا تارقىتىپ، شۇ كىنىشكا بويىچە ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنى بەلگىلىدى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ۋە يەرلىك دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا تۈەن ـ مەيدان بىرلىك قىلىنىپ، تەڭپۇڭلاشتۇرۇلۇپ، كەملەيدىغان ئاشلىق تۈەن ـ مەيدانلارغا تەمىنلەپ بېرىلدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون يېزىلاردا ئوزۇقلۇق ئاشلىقنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئۆلچىمى بىر ئادەمگە بىر يىلدا 150 كىلوگرام يىرىك ئاشلىق (تۆۋەندىمۇ شۇنداق) بولۇشنى بەلگىلىدى. 1958 ـ يىل 7 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزىلاردا ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش ـ سېتىش چارىسىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى»نى ئېلان قىلىپ، ئاشلىقى كەملەيدىغان ئائىلىلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمى ئاشلىقى ئېشىنىدىغان ئائىلىلەرنىڭكىدىن تۆۋەن بولۇشنى، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلاردىكى ئاشلىقى كەملەيدىغان ئائىلىلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى ئۆلچىمى شۇ جاينىڭ نورمال يىللىرىدىكى ئاشلىقى كەملەيدىغان ئائىلىلەرنىڭكىدىن ياكى ئادەتتىكى ئىستېمال سەۋىيىسىدىن تۆۋەن بولۇشنى بەلگىلىدى. شۇ جايدا قانداق ئاشلىق سورتى بولسا، ئاشلىقى كەملەيدىغان ئائىلىلەرگە شۇ سورت بېرىلدى. ئاشلىقى كەملەيدىغان دېھقانلار قىسقا مۇددەت سىرت جايلارغا بارسا، يېزىلاردا ئاشلىقى يېتىشمەيدىغانلارنى تەمىنلەش كىنىشكىسى بويىچە ئاشلىق بېلىتى ئالدى، ئۇزۇن مۇددەت سىرت جايلارغا بارغان ياكى كۆچكەندە، تەمىنلىنىش كىنىشكىسىنى ئېلىپ ئاشلىق تارماقلىرىغا بېرىپ ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىش مۇناسىۋىتىنى يۆتكەش رەسمىيىتىنى بېجىردى. شۇ يىلى ئوزۇقلۇق ئاشلىق قالدۇرۇشنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئۆلچىمى 175 كىلوگرام قىلىپ بەلگىلەندى. 1959 ـ يىل 8 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم سانجى ئوبلاستلىق پارتكومغا تەستىقىي جاۋاب قايتۇرۇپ مەزكۇر ئوبلاستنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمىنى 204 كىلوگرام بويىچە ئىجرا قىلىشقا قوشۇلدى.

1961 - يىل 8 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە - سودا بىخمىنى، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رايونلاردىكى گوۋشې - ئەترەتلەردە ئاشلىقى ئازغىنا كەملىگەن ياكى ئارتۇق بېۋەتكەنلىكى ئۈچۈن كەملەپ قالغانلار ئۆزئارا ئىختىيارىي مەنپەئەت يەتكۈزۈش، نىمە ئارىيەت ئالسا شۇنى قايتۇرۇش پرىنسىپى بويىچە، گوۋشې - ئەترەت دائىرىسىدە تەڭشەپ ھەل قىلىشىنى، دۆلەتنىڭ ئاشلىق بىلەن تەمىنلىمەيدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. شۇ يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىكىتۈەندە ئاشلىقتىكى ئارتۇق كەملىكنى بىكىتۈەننى بىرلىك قىلىپ تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنى، شى، تۈەن - مەيدانلاردىكى ئاشلىق كەملىكنى بىكىتۈەن دائىرىسىدە تەڭشەپ ھەل قىلىشنى، بىكىتۈەن بويىچە تەڭپۇڭلاشتۇرغىلى بولمىغاندا ئاندىن دۆلەت تەمىنلەشنى قارار قىلدى. 1962 - يىل 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق كومىتېتى «1962 — 1963 - ئاشلىق يىلىدا ئاشلىق سېتىشنى قىسقارتىش توغرىسىدا قارار» چىقىرىپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رايونلاردا قالدۇرۇلغان ئاشلىق 160 كىلوگرامغا يەتمىگەنلەرنى قايتا تولۇقلاپ تەمىنلىمەسلىكنى؛ يەرلىك دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى ئوزۇقلۇق ئاشلىقى 150 كىلوگرامغا يەتمەيدىغانلارنى 150 كىلوگرامغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى؛ يېزىلاردىكى ئاشلىقى كەملىگەن گوۋشې - ئەترەتلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى ئاپەت سەۋەبىدىن 120 كىلوگرامغا يەتمىسە، ئەھۋالغا قاراپ قۇتقۇزۇشنى بەلگىلىدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم يەنە ئاشلىق زىرائەتنى تېرىغان ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدىن پەقەت سېتىۋېلىش، سېتىپ بەرمەسلىكنى، ئاشلىقى كەملەيدىغانلارنى گوۋشې- ئەترەتلەرنىڭ تەڭشەش ياكى دۆلەتنىڭ قەرز ئورنىدا سېتىپ بېرىشى ئارقىلىق ھەل قىلىشنى تەشكىللەشنى بەلگىلىدى. 1963 - يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايون يېزىلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمىنى قايتا بىر تۇتاش بەلگىلىمەي، پەقەت قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىش ئۆلچىمىنىلا بەلگىلەيدىغان بولدى. شۇ يىلى 11 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ يېزىلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق سورتىنى تەڭشەش توغرىسىدىكى يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئاشلىق نازارىتى يازلىق يىغىمدىن كېيىن ئوزۇقلۇق ئاشلىق سورتىنى ئۆزلىرى تەڭشىيەلمەيدىغان گوۋشې - ئەترەتلەر بولسا، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق كومىتېتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق ئاق ئاشلىق ئېلىپ بېرىپ ئاشلىق تارماقلىرىدىن قارا ئاشلىق تېگىشىۋېلىشنى، قارا ئاشلىق تېگىشىۋالىدىغان نەق ئاشلىقى يوق، ئەمما كۈزدە ھەقىقەتەن قايتۇرۇش ئىقتىدارى بار گوۋشې - ئەترەتلەرگە قەرز ئورنىدا سېتىپ بېرىشنى، يازدا قەرز ئېلىپ كۈزدە قايتۇرۇشنى بەلگىلىدى. 1964 - يىل 1 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق كومىتېتىنىڭ دوكلاتىنى تەستىقلاپ تارقىتىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىگە قاراشلىق رايونلاردىكى دۆلەت دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى ۋە ئورگان قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ ئاشلىق قالدۇرۇش ئۆلچىمىنىڭ شۇ جايدىكى خەلق گوۋشېسىنىڭكىدىن يۇقىرىراق بولۇشىغا، دۆلەت دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئورگان قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭكىدىن يۇقىرىراق بولۇشىغا قوشۇلدى. 1964 — 1965 - يىللىرى ش ئۇ ئا ر پارتكوم مۇنداق يوليورۇق بەردى: ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلىدە يېزىلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمىنى مۇۋاپىق ئۆستۈرۈش كېرەك. يىللىق ئوزۇقلۇق ئاشلىقى 180 كىلوگرامدىن تۆۋەن بولغانلارغا 2 - ئايدىن 7 - ئايغىچە بولغان مەزگىلدە ئايدا 15 كىلوگرامغا يەتكۈزۈپ بېرىش كېرەك. 1965 - يىل 8 - ئايدا ئاشلىق نازارىتى مۇنداق بەلگىلىمە چىقاردى: كەڭ كۆلەمدە مول ھوسۇل ئالغان ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدە ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 200 — 210 كىلوگرامدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، كەم ھوسۇل ئالغان ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدە 125 — 140 كىلوگرامدىن تۆۋەن بولماسلىقى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭكىدىن يۇقىرى بولۇش، چېگرا رايونلارنىڭ مەركىزىي رايونلارنىڭكىدىن يۇقىرى بولۇش، ھوسۇلى ئاشقان گوۋشې - ئەترەتلەرنىڭ ئادەتتىكى گوۋشې - ئەترەتلەرنىڭكىدىن يۇقىرى بولۇش پرىنسىپى بويىچە ئىگىلەپ، 125 كىلوگرامدىن تۆۋەنلىرىنى ئەھۋالغا قاراپ قۇتقۇزۇش كېرەك. شۇ يىلى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم يازلىق ئاشلىق پىشقاندا ساپلا بۇغداي، كۈزلۈك ئاشلىق پىشقاندا ساپلا كۆممىقوناق يېيىش ئەھۋالىدىن ساقلىنىش توغرىسىدا يوليورۇق بېرىپ، يىللىق تۇرمۇشنى

ئورۇنلاشتۇرغاندا تەڭشەش زۆرۈر بولغان قارا ئاشلىقنى ۋاقتىدا قالدۇرۇش، يېزىدا تەڭشەشكە ئامال بولمىغاندا دۆلەت تېگىشىپ بېرىش، قەرز ئورنىدا سېتىپ بېرىش ئارقىلىق ھەم سېتىۋېلىش، ھەم سېتىش ئەھۋالىنى ئازايتىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىزچىل شۇ بويىچە ئىجرا قىلىندى. 1966 ـ يىلى ئاشلىقتىن كەڭ كۆلەمدە مول ھوسۇل ئېلىندى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم يېزىلاردا ئوزۇقلۇق ئاشلىقنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئۆلچىمىنى 180 كىلوگرام بويىچە ئېگىلەشنى بەلگىلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھوسۇل ئەھۋالىغا قاراپ، بەزىدە يۇقىرى، بەزىدە تۆۋەن بولدى.

1971 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى بىر بېكىتىپ بەش يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىكنى داۋاملىق يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى، نى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ھەققىدە پىكىر»دە: يېزىلاردا ئاشلىقى يېتىشمىگەنلەرگە قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىش ئۆلچىمى 150 كىلوگرام بولىدۇ، ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش ئاشلىقىنى ساتقان ھەمدە باھا قوشۇش مۇكاپاتى ئالغان ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە ئاشلىق قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىلمەيدۇ، دەپ بەلگىلىدى. 1974 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت مۇكاپاتلىق ماددىي ئەشياغا ئېرىشكەن ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە قايتۇرۇپ ئاشلىق سېتىپ بەرمەسلىكنى بەلگىلىدى. شۇ يىلى 12 ـ ئايدا، ئاشلىق ھوسۇلى كېمىيىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت جىمسار ناھىيىسىدە، شىمالىي شىنجاڭ رايونى خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى 150 كىلوگرامدىن 125 كىلوگرامغا چۈشۈرۈشنى بەلگىلىدى. 1975 ـ يىلى ئەتىيازدا ئاپتونوم رايون يەنە 2 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە ھەر ئايدا 12.5 كىلوگرام تولۇقلاپ تەمىنلەشنى قارار قىلدى. 1975 ـ يىل 4 ـ ئايدا شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ تۈزۈلمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، سابىق بىڭتۇەندىكى ئاشلىقى كەملەيدىغان تۇەن ـ مەيدانلارغا ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىپ بېرىش شۇ جاينىڭ دۆلەت پىلانىغا كىرگۈزۈلۈپ، يىلمۇ يىل بىر تۇتاش سېتىش كۆرسەتكۈچى بېكىتىلدى (1981 ـ يىل 12 ـ ئايدا بىڭتۇەننىڭ تۈزۈلمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا ئاشۇ چارە بويىچە ئىجرا قىلىندى). 1975 ـ يىل 11 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم كۇيتۇڭ، قەشقەرلەردە ئاشلىق، باغ، گۆش بويىچە جىددىي يىغىن ئېچىپ، ئاشلىقى كەملەيدىغان ئەترەتلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى 150 كىلوگرامدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكنى، ئاشلىقى كەملەيدىغان تۇەن ـ مەيدانلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنىڭ 170 كىلوگرامدىن بولۇشىنى بەلگىلىدى. 1978 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئوزۇقلۇق ئاشلىقنىڭ ئەڭ تۆۋەن قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىش ئۆلچىمىنى قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇلاردا 140 كىلوگرام، باشقا جايلاردا 150 كىلوگرام قىلىپ بەلگىلىدى.

1979 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مالىيە مىنىستىرلىكى، سودا مىنىستىرلىكىنىڭ ئۇقتۇرۇشى ئىجرا قىلىنىپ، ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش ئاشلىقى ۋە كېلىشىم باھالىق ئاشلىق ساتقان ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە دۆلەت ئاشلىق قايتۇرۇپ سېتىپ بەرمىدى، قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىش زۆرۈر تېپىلغاندا خەزىنىدىن قايتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىندى. 1980 ـ يىل 7 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم يېزىلارغا ئوزۇقلۇق ئاشلىق قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىش ئۆلچىمىنى 160 كىلوگرامغا ئۆستۈرۈشنى قارار قىلدى. 1981 ـ يىل 7 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى نورمال يىللاردا ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئېتىزى ۋە ھوسۇلنى ئائىلىلەر ھۆددىگە بېرىش يولغا قويۇلغان، ئاشلىقى كەملەيدىغان ئەترەتلەرگە ئاشلىقنى ئازراق سېتىپ بېرىشنى بەلگىلىدى. 1982 ـ يىلى گوۋۇيۈەننىڭ «ئاشلىق خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نىڭ روھىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش يۈزىسىدىن، ئاشلىق نازارىتى، باھا ئىدارىسى ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمىنى ئۆز مەيلىچە ئازايتقان ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى (ئائىلىلىرى)گە بىر تۇتاش سېتىش كۆرسەتكۈچىنى ئاشۇرۇپ بەرمەسلىكنى، ئاشلىقى كەملىسە بازار سودىسى ۋە كېلىشىپ سېتىش ئارقىلىق ھەل قىلىشنى، ھەل قىلالمىسا، دۆلەت ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىشنى بەلگىلىدى. 1983 ـ يىل 1 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى

ئاشلىق نازارىتىنىڭ «ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىش خىزمىتىنى تەرتىپكە سېلىشقا ئائىت بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا ئىلتىماس»نى تەستىقلاپ تارقىتىپ، دۆلەت پىلانىغا ئاساسلانماي، ئۆز مەيلىچە ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمىنى ئازايتىپ، باشقا ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى كۆپەيتىپ تېرىپ ئاشلىقى كەملىگەن ئەترەتلەر (ئائىلىلەر) گە دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش سېتىش كۆرسەتكۈچىنى ئاشۇرۇپ بەرمەيدىغانلىقىنى، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى (ئائىلىلىرى) گە قارىتا سېتىۋېلىش، سېتىپ بەرمەسلىك چارىسى قوللىنىلىدىغانلىقىنى، ئاپەت سەۋەبىدىن ئاشلىقى كەملىگەنلەرگە قەرز ئورنىدا سېتىپ بېرىپ، مول ھوسۇل ئالغاندىن كېيىن بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسىدا قايتۇرۇۋالىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. 1984 - يىلى يېزىلارغا ئوزۇقلۇق ئاشلىق قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىش ئۆلچىمى جەنۇبىي شىنجاڭدا 170 كىلوگرامغا، شىمالىي شىنجاڭدا 180 كىلوگرامغا چىقىرىلدى، بۇ ئۆلچەم 1990 - يىلغىچە ئىجرا قىلىندى. 1984 - يىل 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «يېزىلاردىكى ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىپ بېرىش نىشانلىرىنى ئايرىش توغرىسىدا بەلگىلىمە» چىقىرىپ، يېزىلاردىكى بىر تۇتاش سېتىپ بېرىش نىشانلىرىنى مۇنداق ئايرىدى: (1) پەۋقۇلئاددە زور تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچراپ ئاشلىقتىن ھوسۇل ئالالمىغان، ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئامال بولمىغان، ھەقىقەتەن دۆلەتنىڭ قۇتقۇزۇشى زۆرۈر بولغان رايون ۋە دېھقان ئائىلىلىرى. (2) دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېرىلغۇ يەر ئېلىنغاندىن كېيىن شەھەر ئەتراپىدىكى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يەر بىلەن ئۆزىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى ھەل قىلالمايدىغان دېھقان ئائىلىلىرى. (3) ناھىيىدىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى بېكىتكەن نامراتلارنى يۆلەش كەنتلىرى (ئائىلىلىرى) دىكى ئاشلىقى كەملەيدىغان ئائىلىلەر، يېزىلاردىكى ئۇنىڭدىن باشقا ئاشلىقى كەملەيدىغان ئائىلىلەرگە بىردەك كېلىشىم باھالىق ئاشلىق تەمىنلەپ بېرىلدى. 1988 - يىلى ئاپتونوم رايون ئاپەتكە ئۇچراپ ئاشلىقى كەملىگەن رايونلارغا قارىتا «ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنى ئاساس، دۆلەت ياردىمىنى تولۇقلىما قىلىش» فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويدى، قەرز ئورنىدا سېتىپ بېرىشكىمۇ يول قويۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى، سودا مىنىستىرلىكىنىڭ ئۇقتۇرۇشى ئىجرا قىلىنىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلاردىكى پۇلى، ئاشلىقى يوق ئائىلىلەر، بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىلەر، قىيىنچىلىقى ئېغىر ئائىلىلەر، قۇربان بولغان ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئالدىن ئېتىبار بېرىلدى.

## 2) چارۋىچىلىقتا ئاشلىقى كەملىگەنلەرنى تەمىنلەش

1958 - يىل 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىنى ئاشلىق، ياغ بىلەن نورمىلىق تەمىنلەشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى»نى ئېلان قىلىپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش نىشانلىرىنى مۇنداق بەلگىلىدى: ساپ چارۋىچىلىق رايونى ۋە دېھقانچىلىق رايونىدىكى چارۋىچىلىق كىرىمىنى ئاساس قىلىدىغان چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرى (ئائىلىلىرى)، يەرلىك دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىلىرى، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرى. تەمىنلەش چارىسى مۇنداق بولدى: رايونلۇق، يېزىلىق ھۆكۈمەتلەر ئائىلىنى بىرلىك قىلىپ جان سانىنى بېكىتىش، ئادەمگە قاراپ نورمىنى، دەرىجىنى، ئاشلىق مىقدارىنى بېكىتىپ، شۇ جايدىكى ئاشلىق تارماقلىرىغا «چارۋىچىلىق رايونى ئاھالىلىرىنىڭ ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىش كىنىشكىسى» تارقىتىشنى تاپشۇرىدۇ. ئاندىن شۇ كىنىشكا بويىچە ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىدۇ؛ چارۋىچىلار يۆتكىلىپ يۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تەمىنلىنىش كىنىشكىسى ۋە كىنىشكا تارقاتقان جايدىكى رايونلۇق، يېزىلىق ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئىسپاتىنى ئېلىپ ناھىيە ئاتلاپ سېتىۋېلىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ؛ چارۋىچىلار تۇغۇت، ئۆلۈم - يېتىم، ياتلىق بولۇش، ئۆيلىنىش ۋە مىللىي بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن ئاشلىق سېتىۋالغاندا، شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى تەستىقلىغاندىن كېيىن تۇر جەھەتتە مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىلسە بولىدۇ؛ چارۋىچىلار ۋاقىتلىق سىرتقا چىقسا، تەمىنلىنىش كىنىشكىسىنى ئېلىپ بېرىپ شۇ جايدىكى ئاشلىق تارماقلىرىدىن ئاشلىق بېلىتى ئالىدۇ. ئۇزۇن مۇددەت باشقا ناھىيىگە كۆچۈپ بارسا، ئاشلىق

بىلەن تەمىنلىنىش مۇناسىۋىتىنى يۆتكەش رەسمىيىتىنى بېجىرىدۇ؛ چارۋىچىلار قوشۇمچە ئاشلىق زىرائىتى تېرىپ يىغقان ئاشلىقىدىن يېتەرلىك ئوزۇقلۇق قالدۇرۇپ ئاشقىنى بىر قىسىم ئوزۇقلۇق ئاشلىقىغا ھېسابلىنىدۇ، يەتمىگەن قىسمىنى ئاشلىق تارماقلىرى تەمىنلەيدۇ؛ چارۋىچىلار ئوتلاق كۆچسە ياكى باشقا بىرەر ئەھۋال بولۇپ قالسا، ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى ئوبوروت ئاشلىقى قاتارىدا ئاشلىق تارماقلىرىغا سېتىپ بېرىپ، كېيىن لازىم بولغاندا قايتۇرۇپ سېتىۋالسا بولىدۇ. چارۋىچىلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق نورما ئۆلچىمى مۇنداق بولىدۇ: ئۇزۇن مۇددەت مال بېقىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان پادىچىلار ۋە ياغاچ كېسىش، ترانسپورت قاتارلىق قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشىغا ۋە باشقا جىسمانىي ئەمگەككە قاتنىشىدىغان چارۋىچىلارغا ئايدا 8 — 11 كىلوگرامغىچە تەييار ئاشلىق؛ 14 ياشتىن يۇقىرى ئادەتتىكى چارۋىچىلارغا 6 — 9 كىلوگرام؛ 7 — 13 ياشلىق ئوقۇغۇچىلارغا 4 — 7 كىلوگرام، 6 ياشتىن تۆۋەن بالىلارغا 2 — 5 كىلوگرام تەييار ئاشلىق بېرىلىدۇ. ئادەمنى دەرىجىگە ئايرىپ نورما بېكىتىشتە قىيىنچىلىق بار ئايرىم جايلار ئاشلىقنى جان سانى بويىچە ھېسابلاپ، يىلىغا 75 كىلوگرامدىن سېتىپ بەردى، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 100 كىلوگرامدىن ئاشۇرۇۋەتمىدى. يىرىك ئاشلىققا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا، كىشى بېشىغا تەخمىنەن 120 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى.

1959 — 1961 - يىلىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە چارۋىچىلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى چېگرا رايونلارنىڭ مەركىزىي رايونلارنىڭكىدىن يۇقىرى بولۇش پرىنسىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئەڭ يۇقىرى بولغاندىمۇ 150 كىلوگرامدىن ئاشۇرۇۋېتىلمىدى (يىرىك ئاشلىق، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، مەركىزىي رايونلارنىڭ ئادەتتە 90 — 140 كىلوگرام ئارىلىقىدا بولدى. 1962 - يىل 9 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق كومىتېتى «1962-، 1963 - يىللىرى ئاشلىق سېتىشنى قىسقارتىش توغرىسىدا قارار» تارقىتىپ، ساپ چارۋىچىلىق رايونىدىكى چارۋىچىلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى 100 كىلوگرامدىن ئاشۇرماي تەمىنلەشنى بەلگىلىدى. 1963- ۋە 1964- يىللىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمى 140 كىلوگرام بولدى. چېگرا رايونلاردا يۇقىرى بولغاندا 160 كىلوگرامغا يەتتى. 1965 - يىل 1 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم چارۋىچىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئوزۇقلۇق ئاشلىقى 140 كىلوگرامدىن تۆۋەن بولماسلىقىنى، بىر ئادەمنىڭ ئايلىق ئاشلىقى 12 كىلوگرامغا يەتمىسە، 12 كىلوگرامغا يەتكۈزۈپ تەمىنلەشنى ئۇقتۇردى. 11 - ئاينىڭ 12- كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئىلى ئوبلاستلىق پارتكومغا ئالاقە ئارقىلىق مۇنداق جاۋاب قايتۇردى: ئاشلىق ھوسۇلى ئاشقان جايلاردا چارۋىچىلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى 180 كىلوگرامغا يەتكۈزۈپ بېرىلسە بولىدۇ، ھوسۇل ئاشمىغان ياكى كېمەيگەن جايلاردا 170 كىلوگرام ساقلاپ قېلىنىدۇ. 1971 - يىل 9 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى تۆۋەن بولغاندا 150 كىلوگرام بولۇشنى، يۇقىرى بولغاندا 180 كىلوگرامدىن ئېشىپ كەتمەسلىكنى، يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق رايونىنىڭكىنى يېقىن ئەتراپتىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمى بويىچە بېكىتىشنى، دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىسىدىكى مائاش ئالىدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قالدۇرۇق يېرى ۋە قالدۇرۇق چارۋىسى بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمى خەلق گۇڭشېسى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمىدىن مۇۋاپىق يۇقىرى بولۇشنى بەلگىلىدى.

60 - يىللارنىڭ بېشىدىن ئېتىبارەن، دېھقانچىلىق ئەترىتى بار چارۋىچىلىق گۇڭشېسىدىكى چارۋىچىلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى، يەم - خەشەكى ئالدى بىلەن دېھقانچىلىق ئەترىتىدىن تەڭشەلدى (كېيىن چارۋىچىلىقتا تەڭشەش دەپ ئاتالدى)، يەتمىگەن قىسمىنى دۆلەت تەمىنلىدى. ساپ چارۋىچىلىق گۇڭشېسىدىكى چارۋىچىلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى، يەم - خەشەكنى پۈتۈنلەي دۆلەت بىر تۇتاش سېتىپ بەردى. 1979 - يىلى چارۋىچىلىقتا تەڭشەش ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، چارۋىچىلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى، يەم - خەشەكى پۈتۈنلەي دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش سېتىپ بېرىش يولىغا كىرگۈزۈلدى.

1980 - يىل 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم «ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى باشلىقلىرى يىغىنى ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات»نى تەستىقلاپ تارقىتىپ چارۋىچىلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمى جەنۇبىي شىنجاڭدا 180 كىلوگرام، شىمالىي شىنجاڭدا 190 كىلوگرام بولۇشىنى، بۇ ئۆلچەمدىن يۇقىرى بولۇپ كەتكەنلىرىنى قايتا تۇۋەنلەتمەسلىكنى، شۇنىڭدەك ئىمكانقەدەر تەييار ئاشلىقتا سۇندۇرۇپ تەمىنلەشنى بەلگىلىدى. شۇ يىلى 8 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «چارۋىچىلىقنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، چارۋىچىلىقتا بىر تۇتاش سېتىپ بېرىش نىشانى دۆلەتكە چارۋا تاپشۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئاساس قىلىدىغان دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىسى، ھۆكۈمەت بىلەن خوسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسى، چارۋىچىلىق كوممۇنىسى، كوللېكتىپ باشقۇرىدىغان چارۋىچىلىق فېرمىسى، چارۋىچىلىق چوڭ ئەترىتى، چارۋىچىلىق ئەترىتى قاتارلىق مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان ئورۇنلار (قىسقارتىلىپ چارۋىچىلىق كوممۇنىسى، فېرمىسى، ئەترىتى دېيىلدى) دىن ئىبارەت، دەپ بەلگىلىدى. بۇ كوممۇنا، فېرما، ئەترەتلەر قوشۇمچە تېرىغان ئاشلىق ھوسۇلى بىر تۇتاش سېتىش كۆرسەتكۈچىگە توغرىلاندى، بىر تۇتاش سېتىش كۆرسەتكۈچى يىلدا بىر قېتىم بېكىتىلدى. 1982 - يىل 12 - ئايدا يەنە چارۋىچىلىق ئورۇنلىرى ئىشلەپچىقارغان ئاشلىق پەقەت قىسمەن بىر تۇتاش سېتىش كۆرسەتكۈچىگىلا توغرىلىنىپ، قالغان قىسمى ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىتىشىگە قالدۇرۇلىدۇ، نىسبىتىنى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر بېكىتىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. بۇ چارە 1990 - يىلىمۇ داۋاملىق ئىجرا قىلىندى.

## 3) ئىقتىسادىي زىرائەت ئەترەتلىرى (جۇملىدىن بېلىقچىلىق، ئورمانچىلىق، تۇزچىلىق) ۋە كۆكتات ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى (ئائىلىلىرى) دىن ئاشلىقى كەملىگەنلەرنى تەمىنلەش

شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، ترانسپورت لىنىيىسى ئۇزۇن بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايون ئەزەلدىن ئاشلىق بىلەن ئۆزىنى تەمىنلەش ئاساسىدا ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى راۋاجلاندۇرۇش، نوقۇل ئىقتىسادىي زىرائەت رايونى بەرپا قىلماسلىقنى ئىنتايىن تەكىتلەپ كەلدى. 1958 - يىل 7 - ئايدا، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزىلاردا ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىش چارىسىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پىرىنسىپى»دا، پاختا، ياغلىق دان، قىزىلچا، كۆك تاماكا، مېۋە قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىيدىغان كوممۇنا - ئەترەتلەر ۋە يېزىلاردا تارقاق ئولتۇراقلىشىپ تۇزچىلىق، ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى بىردەك يېزىلارغا ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىش چارىسى بويىچە كوممۇنا - ئەترەتلەر قالدۇرىدۇ، تەڭپۇڭلاشتۇرۇلمىغاندا دۆلەت بىر تۇتاش سېتىپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ ئۆلچىمى يېقىن ئەتراپتىكى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان ئەترەتلەرنىڭ سەۋىيىسىدىن تۆۋەن بولمايدۇ دەپ بەلگىلەندى. 1960 - يىلى دۆلەتنىڭ تۈزلەڭلىكتە ئورمان يېتىشتۈرىدىغان بىر قىسىم ئورمانچىلىق مەيدانلىرىمۇ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان ئاشلىقنى يەيدىغان بولدى.

1960 - يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايون ئۈرۈمچى شەھىرى ئەتراپىدىكى كۆكتاتچىلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇپ سېتىشنى، ئۆلچىمى تەييار مەھسۇلات ھېسابىدا 168 كىلوگرام بولۇشىنى، باشقا شەھەرلەردىكى كۆكتاتچىلىق ئەترەتلىرىگە دېھقانچىلىق ئەترىتى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشنى قارار قىلدى. 1963 - يىل 12 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارە باشلىقلىرى يىغىنىدا قاراماي، قەشقەر، غۇلجا شەھەرلىرىدىكى كۆكتاتچىلارغىمۇ ئاشلىقنى مۇقىملاشتۇرۇپ سېتىش قارار قىلىندى.

1980 - يىل 3 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تۇرپان ۋىلايىتىدىكى ئۈزۈم مەركەزلىك ئىشلەپچىقىرىلىدىغان جايلاردىكى ئۈزۈمچى دېھقانلارنى يىلىغا 200 كىلوگرامدىن ئوزۇقلۇق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنى بەلگىلىدى. 1981 - يىل 3 - ئايدا يەنە قۇرۇق ئۈزۈم سېتىۋېلىش توپ سانىنى ئورۇندىغانلارنى

پۈتۈنلەي تەكشى باھالىق ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەشنى، تۈپ سانىنى ئورۇندىيالمىغانلارنى ئورۇندىغان تۈپ سانىنىڭ پىرسەنت نىسبىتى بويىچە تەكشى باھالىق ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەشنى، قالغان قىسمىنى كېلىشىم باھادا تەمىنلەشنى بەلگىلىدى. شۇ يىلى 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «سودا نازارىتىنىڭ 1981 - يىللىق كۆكتات ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش ھەققىدىكى دوكلات»نى تەستىقلاپ تارقىتىپ، كۆكتاتچىلارنى ئوزۇقلۇق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشتە، ئاشلىق بىلەن كۆكتاتنى چېتىپ، ئاساسىي ئوزۇقلۇق ئاشلىقتا مۇكاپات ئاشلىقنى قوشۇشنى بەلگىلىدى. گوۋۇيۈەننىڭ چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەر ۋە سانائەت، كان رايونلىرىنىڭ ئەتراپىدا كەسپىي كۆكتاتچىلىق ئەترەتلىرىنى تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى 1984 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر تۈرۈشلۈق شەھەرلەرنىڭ ئەتراپىدا كەسپىي كۆكتاتچىلىق ئەترەتلىرىنى تەسىس قىلىشنى، ئۇلارنىڭ كۆكتاتلىرىنى سودا تارماقلىرى سېتىۋېلىپ باشقۇرسا ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىپ بېرىشنى، كۆكتاتچىلار تاپشۇرغان كۆكتات تاپشۇرماقچى بولغان ۋەزىپىنىڭ %90گە يەتسە، ئاساسىي ئوزۇقلۇق ئاشلىقنى 150 كىلوگرام بويىچە تەمىنلەشنى؛ توختامدىكى سانىنىڭ %10نى كەم تاپشۇرسا، ئوزۇقلۇق ئاشلىقنى %5 ئازايتىپ تەمىنلەشنى؛ كۆكتات تاپشۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغانلارغا بىر يىلدا 60 — 75 كىلوگرام مۇكاپات ئاشلىقى سېتىپ بېرىشنى؛ ئەگەر زور تەبىئىي ئاپەت يۈز بېرىپ، ئاپەتكە ئۇچراش كۆلىمى %70تىن، ھوسۇلنىڭ كېمىيىشى %30تىن يۇقىرى بولغانلارنى 180 كىلوگرام بويىچە تەمىنلەشنى بەلگىلىدى. شۇ يىلدىن باشلاپ تۈزلەڭلىكتىكى ئورمانچىلىق مەيدانلىرى (ياكى كەسپىي ئورمانچىلىق ئەترەتلىرى)، كەسپىي بېلىقچىلىق ئەترەتلىرىدىكى خادىملارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى چارۋىچىلىق ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى بىر تۇتاش سېتىش ئۆلچىمى بويىچە تەمىنلەندى.

1989 — 1990 - يىللىرى تۇرپان ۋىلايىتىدىكى ئۈزۈمچى دېھقانلارنى ئوزۇقلۇق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئۈزۈم باھاسىنىڭ قويۇپ بېرىلىشىگە ئەگىشىپ، كېلىشىم باھالىق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشكە ئۆزگەرتىلدى. ئاپتونوم رايوندىكى باشقا ئىقتىسادىي زىرائەت ئەترەتلىرى ۋە كۆكتاتچىلىق ئەترەتلىرى (ئائىلىلىرى)نىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى ۋە تەمىنلەش ئۆلچىمىدە يەنىلا بۇرۇنقى بەلگىلىمە ئىجرا قىلىنىدى.

### 4) باشقا خادىملارنى تەمىنلەش

**(1) يېزىغا چۈشكەنلەرنى تەمىنلەش** 1962 - يىل 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق كومىتېتىنىڭ 9 - ئايدىكى «1962 — 1963 - يىللىرىدا ئاشلىق سېتىشنى قىسقارتىش توغرىسىدىكى قارارى»غا ئاساسەن، ئاشلىق نازارىتى ئىخچاملىنىپ يېزىغا قايتۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ئائىلىسى يېزىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى گۇڭشې - ئەترەتلەر ھېسابلاپ قالدۇرىدۇ، ئۇلارنى دۆلەت تەمىنلىمەيدۇ، تەمىنلەش زۆرۈر بولغان ئاز ساندىكى خادىملارنى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى تەستىقلىشى شەرت، دەپ بەلگىلىدى. 1963 - يىل 5 - ئايدا ئاشلىق نازارىتى «ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشخانىسى تەستىقلاپ تارقاتقان ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى بىر قانچە مەسىلىلەر توغرىسىدىكى دوكلاتنى تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش»تا مۇنداق بەلگىلىدى: دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان خادىملار ئېلىپ بارغان ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ يېڭى ئاشلىق چىققىچە كېتەرلىك ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى بىردەك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى ھەل قىلىدۇ؛ ھەقىقەتەن قىيىنچىلىقى بولسا، پۈتۈن ئەمگەك كۈچىنى ھەر ئايدا 15 — 17.5 كىلوگرام، يېرىم ئەمگەك كۈچىنى 14 — 15 كىلوگرام بويىچە، بالىلارنى يېشىغا قاراپ باھالاپ، تەمىنلەش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شۇ جايدىكى رەھبەرلىككە تەستىقلاتقاندىن كېيىن، ئاشلىق تارماقلىرى تەكشۈرۈپ تەييار ئاشلىق بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇ يىلى 10 - ئايدا ئاشلىق نازارىتى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى تارقىتىپ، ئىخچاملاپ يېزىغا قايتۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بۇرۇن ئاشلىق بىلەن تەمىنلىگەن ئورۇن

يولدا ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلغان جايغا يېتىپ بارغاندىن كېيىنكى بىرىنچى ئايدا يېيىشكە يەتكۈدەك ئاشلىق بېلىتى بېرىدۇ، كېيىن ئۇلار دېھقانچىلىق ئاھالىسىغا ئۆزگىرىدۇ، دەپ ئۇقتۇردى. 1964 ـ يىل 3 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مۇنۇ بەلگىلىمىسى ئىجرا قىلىندى: شەھەردىكى زىيالىي ياشلار يېزىغا چۈشۈش يولىدا ۋە نىشانلانغان جايغا يېتىپ بارغاندىن كېيىنكى بىرىنچى ئايدا بىر كىشىگە كۈنىگە 0.5 كىلوگرام ئاشلىق بېلىتى بېرىلىدۇ، ئىككىنچى ئايدىن باشلاپ يېڭى ئاشلىق چىققىچە، يېتىپ بارغان جايدىكى ئاشلىق تارماقلىرى شۇ جايدىكى كۆچمە ئەزالىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئاشلىق ئىستېمال سەۋىيىسى بويىچە تەمىنلەيدۇ. دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق فېرمىسى (ئەترىتى) گە بارغان زىيالىي ياشلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى يېتىپ بارغاندىن كېيىنكى ئىككىنچى ئايدىن باشلاپ شۇ مەيدان (ئەترەت) تىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمى بويىچە مەيدان (ئەترەت) ھەل قىلىدۇ، ئاشلىقى يېتىشمەيدىغان مەيدان (ئەترەت) لارغا بارغانلارنى دۆلەت تەمىنلەيدۇ. 1980-يىل 7 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر زىيالىي ياشلار ئىشخانىسى «تاغ ۋە يېزىلارغا بارغان زىيالىي ياشلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسى توغرىسىدىكى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش»تا: تاغ ۋە يېزىلارغا بارغان زىيالىي ياشلار بىرىنچى يىلى ھەر ئايدا 20 كىلوگرام تەييار ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىدۇ، ئىككىنچى يىلى كۆچمە ـ ئەترەتلەر ئوزۇقلۇق ئاشلىق تەقسىم قىلىدۇ، يەتمىگەن قىسمىنى دۆلەت قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىدۇ، دەپ بەلگىلىدى. 1981 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئىككىنچى يىلى شۇ جايدىكى شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرىنىڭ نورما ئۆلچىمى بويىچە تەمىنلەشكە، يەتمىگەندە تورۇشلۇق جايدىكى كۆچمە ـ ئەترەتلەر پەرقىنى تولۇقلاپ بېرىشكە ئۆزگەرتىلدى.

(2) كۆچمە باشقۇرغان كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى خادىملارنى تەمىنلەش 1960 ـ يىل 6 ـ ئايدىن ئىلگىرى كۆچمە باشقۇرۇشىدىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار خادىملىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى كۆچمە ـ ئەترەتلەر ئاشلىق قالدۇرۇپ ھەل قىلىپ كەلگەنىدى. 6 ـ ئايدىن باشلاپ «ئاپتونوم رايوندىكى يېزا خەلق كۆچمىلىرىنىڭ ئاشلىقىنى باشقۇرۇشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى»گە ئاساسەن دۆلەت بىر تۇتاش سېتىشقا ئۆزگەرتىلدى. 1971 ـ يىلى ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى بىر بېكىتىپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان ئاشلىقنى يېيىشكە ئۆزگەرتىلدى. 1972-يىل 9 ـ ئايدا ئىلگىرىكى دۆلەت كارخانىلىرىدىن تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن خادىملارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى توغرىسىدا كۆچمە باشقۇرۇشىدىكى كارخانا ئاشلىق بىلەن ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەش مۆھلىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھەمدە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېتلارغا تەستىقلىتىپ ۋاقىتنچە بىر تۇتاش سېتىش ئاشلىقى بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇش بەلگىلەندى. 1973 ـ يىل 10 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ [1972] 44 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىدا، كۆچمە باشقۇرۇشىدىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار خادىملىرىنىڭ بىردەك ئۆزى ئىشلەپچىقارغان ئاشلىقنى يېيىشىنى تەكىتلىدى. 1982 ـ يىل 7 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارە باشلىقلىرى يىغىنى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى تەستىقلاپ تارقاتقاندا، دۆلەتنىڭ كۆچمە باشقۇرۇشىدىكى بارلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى خادىملىرىنى بىر تۇتاش سېتىش ئاشلىقى بىلەن تەمىنلىمەيدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

(3) شەھەرگە كىرىپ ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدە ئوقۇيدىغان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ۋە دېھقانچىلىق چارۋىچىلىق رايونىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش ـ سېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، شەھەردىكى ئالىي مەكتەپلەر ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار يېزا نوپۇسىنى

مەكتەپ تۇرۇشلۇق جايغا يۆتكىگەندىن كېيىن ئوزۇقلۇق ئاشلىق بىلەن شەھەر ـ بازاردىكى نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان ئاھالىلەر قاتارىدا تەمىنلەندى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا گۆشىي ـ ئەترەتلەر ئاشلىق قالدۇردى. 1964 ـ يىل 6 ـ ئايدىن باشلاپ گوۋۇيۈەننىڭ ئۇقتۇرۇشى ئىجرا قىلىنىپ، ناھىيە، بازاردىن تۆۋەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن كېلىپ يېتىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار پرىنسىپ جەھەتتە تاۋار ئاشلىق يېدى، ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمى شەھەر ـ بازار ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ئوخشاش بولدى، ئوزۇقلۇق ئاشلىقنى ئېلىپ كەلگەنلەرگە پەرق سانى ياردىمى بېرىلدى. 1967 ـ يىلى ئاشلىق نازارىتى يېزا خەلق گۇڭشېسىغا بېرىپ ئەمگەككە قاتناشقان ئوقۇغۇچىلارغا تۇرۇشلۇق گۆشىي ـ ئەترەتلەردىكى ئوخشاش ئەمگەك كۈچىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمى بويىچە پەرق سان ياردىمى بېرىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. پىيادە يۈرۈپ ئالاقە باغلايدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئايلىق ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمى كىشى بېشىغا 22.5 كىلوگرام بولۇش، يېزىغا چۈشۈپ ئەمگەك قىلغاندا قايتا ئاشلىق ياردەم قىلماسلىق بەلگىلەندى. 1971 ـ يىلى ئاپتونوم رايون يېزىلاردىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ (يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپلىرى بۇنىڭ سىرتىدا) ئوقۇغۇچىلىرىدىن مەكتەپتە تۇرغان مەزگىلدە ئوزۇقلۇق ئاشلىقنى ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەنلەر بولسا، يەتمىگەن قىسمىنى دۆلەت شەھەر ـ بازار ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە تولۇقلاپ بېرىشنى بەلگىلىدى. 1985 ـ يىل 5 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون دۆلەتنىڭ ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن، لېكىن تەقسىم قىلىنمايدىغان، ئۆزىنىڭ ئاشلىقىنى يەيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتىكى مەزگىلىدىكى ئوزۇقلۇق ئاشلىقى نىسبەت باھاسىغا خىراجەتنى قوشۇپ ياكى كېلىشىم باھا بويىچە تەمىنلىنىدۇ، ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى ئۆزى ئېلىپ كېلىپ ئاشلىق بېلىتىگە تېگىشىمۇ بولىدۇ، تېگىشكەندە بىر تۇتاش سېتىش باھاسىدىكى ئاشلىق بولسا (ئاشلىق تارماقلىرى ئىسپات چىقىرىپ بەرگەن بولسا)، تەمىنلىگەندىمۇ بىر تۇتاش سېتىش باھاسى بويىچە تەمىنلىنىدۇ، دەپ بەلگىلىدى. 1987 ـ يىل 10 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى چارۋىچىلارنىڭ پەرزەنتلىرى شەھەردىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە يېتىپ ئوقۇسا، ئۆز جايىدىن ئاشلىق بېلىتى ئېلىۋالسا ياكى يېزىدىكى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىش مۇناسىۋىتىنى يۆتكىسە، كۆچۈپ كىرگەن جايدىكى ئاشلىق دۇكىنى نىسبەت باھاسىدا تەمىنلەيدۇ، ئۆلچىمى شەھەر ـ بازاردىكى ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئوخشاش بولىدۇ دەپ، ئۇقتۇردى.

(4) **ۋەتەنگە قايتىپ يېزىلاردا ئولتۇراقلاشقان جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋە چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇقلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش** 1983 ـ يىل 1 ـ ئايدا ئاشلىق نازارىتى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى مۇھاجىرلار ئىشخانىسى سودا مىنىستىرلىكى ۋە گوۋۇيۈەن مۇھاجىرلار ئىشخانىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى تارقىتىپ، تۆۋەندىكىلەرنى بەلگىلىدى: ۋەتەنگە قايتىپ يېزىلاردا ئولتۇراقلاشقان مۇھاجىرلار ۋە چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇقلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشتە، ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ ۋەتەنگە قايتىپ ئولتۇراقلىشىش ئىسپاتى ۋە شۇ جايدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرىنىڭ نوپۇسقا ئېلىش ئىسپاتىغا ئاساسەن ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىلىدۇ. ياشانغان، مەجرۇھ، 18 ياشتىن تۆۋەن ئەمگەك ئىقتىدارى بولمىغان ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىلار ۋە چەت ئەل تەۋەلىدىكى جۇڭگولۇقلار دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش سېتىپ بېرىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلىدۇ. 18 ياشقا توشقانلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىلگىرىكى كېتەرلىك ئاشلىقنىڭ كەم قىسمىنى دۆلەت ئۇلار يېگى ئاشلىققا ئۇلاشقىچە تەمىنلەيدۇ. ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمى شۇ جايدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمىدىن پايدىلىنىپ ئىجرا قىلىنىدۇ. بۇ بەلگىلىمە يېزىلارغا قايتىپ ئولتۇراقلاشقان شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ.

(5) **خەلق ئىشچىلىرىغا بېرىلىدىغان ياردەم** خەلق ئىشچىلىرىغا بېرىلىدىغان ياردەم دېگەندە ئاساسەن خەلق ئىشچىلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى (ئۇنىڭ ئىچىدە بىر قىسمى يەم ـ خەشەكمۇ بار) كۆزدە

تۈزۈلىدۇ. 1958 - يىلى 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر - بازارلاردا ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش چارىسىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىنى ئاشلىق، ياغ بىلەن نورمىلىق تەمىنلەشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى»دا مۇنداق بەلگىلەنگەن: شەھەر - بازاردىكى تۇرۇشلۇق قىلغۇچى ئورۇنلار يېزىلاردىن ياكى چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن ۋاقىتلىق خەلق ئىشچىلىرى ياكى ئەمگەك ئۇلاغلىرىنى ئالغاندا، خەلق ئىشچىلىرى بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بويىچە قالدۇرۇلغان ئوزۇقلۇق ئاشلىقى، يەم - خەشىكى ياكى تېگىشلىك ئاشلىق بېلىتى، يەم - خەشەك بېلىتىنى يېتەرلىك ئېلىپ بېرىشى كېرەك، يەتمىگەن قىسمىنى ئىشلەتكۈچى ئورۇن ئاي بويىچە جەدۋەللەشتۈرۈپ شۇ جايدىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ تولۇقلاپ بېرىشىگە مەلۇم قىلىدۇ. 1966 - يىلى 12 - ئايدا ئاشلىق نازارىتى سانجى ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسىغا مۇنداق تەستىقىي جاۋاب قايتۇردى: ھەم سانائەت بىلەن، ھەم دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشتە، مۇددىتى بىر يىلدىن تۆۋەن ۋاقىتلىق ئىشچىلار، پەسىللىك ئىشچىلار ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى ئاشلىق بېلىتىگە تېگىشكەندىن كېيىن زاۋۇت، كان كارخانىسىدا تاماق يېسە، پەرقى تولۇقلاپ بېرىلىدۇ، مۇددىتى بىر يىلدىن يۇقىرىلار ۋاقىتلىق ئاشلىق مۇناسىۋىتىنى يۆتكەيدۇ. 1973 - يىلى 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ [1972] 44 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، خەلق ئىشچىلىرىغا بېرىلىدىغان يارەمنىڭ دۆلەت مەبلەغ سالغان تۈرلەر، مەسىلەن: تاشيول، تۆمۈريول، ئايرودروم، سۇ ئىنشائاتلىرى ياساش قاتارلىقلار بىلەنلا چەكلىنىشنى، يارەم بېرىش ئۆلچىمى بىر ئادەمنىڭ كۈنلۈكى 0.25 كىلوگرامدىن ئاشماسلىقنى بەلگىلىدى. شۇ يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تۈرلۈك ئاشلىق، ياغ قوشۇمچە يارەمى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»نى تارقاتتى، ئۇنىڭدا، ھەربىي قىسىم بىلەن بىللە دۆلەت مۇداپىئەسى قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىدىغان خەلق ئىشچىلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى ئېيىغا 22.5 كىلوگرام بويىچە كېمى تولۇقلاپ بېرىلىدۇ، يەر ئاستىدا ۋە تونىللاردا مەشغۇلات قىلىدىغانلارنىڭ 25.5 كىلوگرام بويىچە كېمى تولۇقلاپ بېرىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. 1976 - يىلى 8 - ئايدا، خەلق ئىشچىلىرى، دېھقان، ئىشچىلارنى ئاجرىتىپ ئۇرۇمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا يارەم بېرىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق ئاساسىي قۇرۇلۇش كومىتېتى، ئەمگەك ئىدارىسى، ئاشلىق ئىدارىسى بىرلىكتە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، خەلق ئىشچىلىرىنىڭ قوشۇمچە يارەمىنىڭ بىر دەك ئېيىغا 21.5 كىلوگراملىق ئۆلچەم بويىچە كېمى تولۇقلاپ بېرىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. 1985 — 1986 - يىللىرى سودا مىنىستىرلىكى نامرات جايلارنىڭ يول ۋە سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشىغا يارەم بېرىشكە ئىشلىتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونغا 178 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام مەخسۇس ئاشلىق كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈپ بەردى. بۇ ئاشلىق ئىش تېپىپ بېرىش يولى بىلەن قۇتقۇزۇشقا ئىشلىتىلدى. ئاشلىق تارماقلىرى ئاجرىتىلغان ئاشلىقنى ۋاكالىتەن سېتىشقا سەپلەپ، خەلق ئىشچىلىرىنىڭ يارەمىگە كىرگۈزدى.

## 2. يەم - بوغۇز

### 1) دېھقانچىلىق رايونى

1957 - يىلى ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىش يولغا قويۇلغاندا، يېزىلاردىكى ئەمگەك ئۇلاغلىرىغا قىسراق ئىگىلەش پرىنسىپى بويىچە بىر قىسىم ساپ يەم - بوغۇز تەمىنلەپ بېرىلگەنىدى. 1958 - يىلى 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزىلاردا ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىشنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى»نى تارقىتىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلاردىكى ئاشلىقى يېتىشمەيدىغان كوپېراتىپ (ئائىلە) لارنىڭ تېرىلغۇ ئۇلاغلىرىغا يەم - بوغۇز قالدۇرۇش ئۆلچىمى شۇ جايدىكى

نورمال يىللاردا ئاشلىقى يېتىشمەيدىغان كوپېراتىپ (ئائىلە) لارنىڭكىدىن ياكى ئادەتتىكى ئىستېمال سەۋىيىسىدىن تۆۋەن بولۇشىنى بەلگىلىدى. 1962 - يىلى ئاشلىق ھوسۇلى ئېغىر دەرىجىدە كېمىيىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، يېزىلاردا قالدۇرۇلغان يەم - بوغۇز ناھايىتى ئاز بولدى، بىر يىلدا قوش ئېتىغا 100 كىلوگرام ئەتراپىدا، قوش كالىسىغا 50 كىلوگرام ئەتراپىدا يەم - بوغۇز قالدۇرۇلدى. 1963 - يىلدىن كېيىن، مەملىكەتلىك ئاشلىق يىغىنىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، دۆلەتنىڭ يېزىلارنى يەم - بوغۇز بىلەن تەمىنلەش دائىرىسى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇپ ساقلاپ قېلىنىدىغان چارۋا مال، قىسقا يوللۇق ترانسپورت ئۇلاغلىرىغا ياردەم بېرىش ۋە سېتىۋېلىنىغان چارۋا مەھسۇلاتلىرىغا مۇكاپات تەرىقىسىدە سېتىپ بېرىشتىن ئىبارەت بولدى. ئاپتونوم رايون مۇنداق بەلگىلىدى: ئاپەت سەۋەبىدىن ھوسۇل كېمىيىپ كېتىپ، قوش ئېتىغا قالدۇرۇلغان يەم - بوغۇز 50 كىلوگرامغا، قوش كالىسىغا قالدۇرۇلغان يەم - بوغۇز 25 كىلوگرامغا يەتمەيدىغانلارغا ئەھۋالغا قاراپ ياردەم بېرىلىدۇ.

1981 - يىل 12 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ئاپتونوم رايونلۇق چوشقا، ئۆي قۇشلىرى بېقىش سۆھبەت يىغىنىنىڭ خاتىرىسى» نى تەستىقلاپ تارقىتىپ، توخۇ بېقىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسپىي ئائىلىلەر ئۆقتىلىق ئائىلىلەرگە تۇخۇم تاپشۇرسا يەم بىلەن تەمىنلەش چارىسىنى قوللىنىپ، بىر كىلوگرام تۇخۇم سېتىپ بەرسە، 5 كىلوگرام يەم بىلەن تەمىنلەشنى بەلگىلىدى. 1982 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «چوشقىچىلىقنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: كوللېكتىپ باقىدىغان ئانا چوشقا ۋە نەسىللىك قاۋانلارغا 360 كىلوگرامدىن يەم - بوغۇز قالدۇرۇلىدۇ، شەخسلەر باقىدىغانلىرىغا ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ھەل قىلىپ بېرىدۇ. كوللېكتىپ باشقۇرۇشىدىكى ئەلا سورت يېتىشتۈرۈش فېرمىلىرىنىڭ يەم - بوغۇزى بولمىسا ياكى ئۆزى ئىشلەپچىقارغان ئاشلىقى يېتىشمىسە، ئاشلىق تارماقلىرىغا ھەل قىلىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. بورتالا ئاپتونوم ئوبلاستى 1984 - يىلى يېزىلاردىكى باقمىچىلىق كەسپىي ئائىلىلىرى توختام بويىچە تەكشە باھادا دۆلەتنىڭ سودا تارماقلىرىغا 3 كىلوگرام سۈت سېتىپ بەرسە، بىر كىلوگرام يەم - بوغۇز بىلەن تەمىنلەشنى بەلگىلىدى. ئۈرۈمچى شەھىرى 1985 - يىلى تۇخۇم ئېگىشىپ سېتىۋېلىشقا چىقىم قىلغان يەم - بوغۇز ئاشلىقى 2 مىليون كىلوگرامغا يەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاپتونوم رايوندىكى باشقا ۋىلايەت، ئوبلاستلارمۇ تەكشە باھالىق يەم - بوغۇز بىلەن تەمىنلەشنى تەكشە باھادا سېتىپ بېرىدىغان گۆش، ئۆي قۇشى، تۇخۇم، سۈت مەھسۇلاتلىرى بىلەن چېتىش چارىسىنى قوللاندى، 1990 - يىلمۇ ئاشۇ چارە ئىجرا قىلىنىدى.

## 2) چارۋىچىلىق رايونى

1958 - يىل 7 - ئايدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىنى ئاشلىق، ياغ بىلەن نورمىلىق تەمىنلەشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى» دا مۇنۇلار بەلگىلەندى: ئەمگەك ئېتى، قېچىرىغا كۆككە قويۇش مەزگىلىدە بوغۇز بېرىلمەيدۇ، بوغۇز زۆرۈر بولسا ئۆزلىرى تەڭشەپ ھەل قىلىدۇ، قورۇق ئوت مەزگىلىدە ھەر بىرى كۈنىگە 0.5 — 1 كىلوگرامدىن بوغۇز بىلەن تەمىنلىنىدۇ، بىر يىلدا 150 كىلوگرامدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. كېسەل، ئاجىز چارۋا ماللارغا بوغۇز زۆرۈر بولۇپ ئۆزلىرى ھەل قىلالمىسا، رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ ئىسپاتى بىلەن ئەھۋالغا قاراپ تەمىنلىنىسە بولىدۇ. چارۋىچىلىق كوپېراتىپلىرى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشىغا ئىشلىتىدىغان ئىش ئۇلاغلىرىنىڭ بوغۇزىنى رايونلۇق ھۆكۈمەت مەزكۇر كوپېراتىپنىڭ ھەقىقەتەن ئەمگەك ئۇلىغى بارلىقى ۋە بەلگىلەنگەن ئۆلچەملەرگە ئاساسەن جەدۋەللەشتۈرۈپ شۇ جايدىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ كىنىشكا تارقىتىپ تەمىنلىشىگە يوللايدۇ. 1960 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق يىغىنىدا پادا ئىتلىرىنى بىر يىلدا 100 كىلوگرام يەم بىلەن تەمىنلەش بەلگىلەنگەنىدى، 1964 - يىلى 50 — 100 كىلوگرامغا ئۆزگەرتىلدى. 1965 - يىل 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى ئاشلىق نازارىتىنىڭ «قىسمەن چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى چارۋا - ماللارنىڭ يەم - بوغۇز

پارچىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا پىكىر»نى تەستىقلاپ تارقىتىپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئورۇق، ئاجىز چارۋا ماللارنىڭ قوشۇمچە يەم - بوغۇزى ئالتاي ۋىلايىتى، بايىنغولىن ئاپتونوم ئوبلاستىدا ئومۇمىي چارۋىنىڭ %15ى بويىچە، باشقا ۋىلايەت، ئاپتونوم ئوبلاستلاردا ئومۇمىي چارۋىنىڭ %10ى بويىچە ھېسابلىنىپ، چوڭ چارۋا ماللارغا 1 — 2 كىلوگرامدىن، ئۇششاق چارۋا ماللارغا 0.5 — 1 كىلوگرامدىن تەمىنلەشنى، ئاشلىق تۈرىنى شۇ جاينىڭ ئۆزى ئورۇنلاشتۇرۇشنى بەلگىلىدى. 1971 - يىلى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم پادىچى مىنىدىغان ئاتنىڭ بوغۇزى 100 — 200 كىلوگرام بولۇشنى، ئورۇق، ئاجىز چارۋا ماللارنىڭ ياردەم بوغۇزى ئومۇمىي چارۋا مال سانى بويىچە ھېسابلىنىپ، چوڭ چارۋا مالغا 1 — 2 كىلوگرامدىن، ئۇششاق چارۋا مالغا 0.5 — 1 كىلوگرامدىن تەمىنلەشنى، باشقا نەسىللىك چارۋا مال، ئەمگەك ئۇلاغلىرىنىڭ ئۆلچىمى دېھقانچىلىق رايونى بىلەن ئوخشاش بولۇشنى بەلگىلىدى.

1980 - يىل 8 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم [1980] 83 - نومۇرلۇق ھۆججىتى ئارقىلىق تەستىقلاپ تارقاتقان ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ «ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارە باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات»نىڭ روھىغا ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «چارۋىچىلىقتا ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىپ بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، تۆۋەندىكىلەرنى بەلگىلىدى: چارچىغان چارۋا ماللارنىڭ ياردەم بوغۇزى ئۆستۈرۈلۈپ، چوڭ ماللارنىڭ 3 — 4 كىلوگرام، ئۇششاق چارۋا ماللارنىڭ 1 — 2 كىلوگرام بولىدۇ؛ نەسىللىك چارۋا ماللاردىن ئات، كالا، تۆگىنىڭ 750 — 900 كىلوگرام، ئېشەكنىڭ 200 — 300 كىلوگرام، قوينىڭ 50 كىلوگرام؛ ئەمگەك ئۇلاغلىرىدىن ئات، قېچىرنىڭ 200 — 400 كىلوگرام، كالا، تۆگىنىڭ 125 — 200 كىلوگرام، پادىچىلار مىنىدىغان ئاتنىڭ 100 — 200 كىلوگرام، كوللېكتىپ ئەمگەك ئۇلاغلىرىدىن ئېشەكنىڭ 50 — 125 كىلوگرام بولىدۇ. بۇ بەلگىلىمە 1990 - يىلغىچە ئىجرا قىلىندى.

## 3. ئۇرۇقلۇق

1957 - يىل 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق كومىتېتى مۇنداق يوليورۇق بەردى: ئاشلىق ئۇرۇقلۇقى ئەمەلىي ئېھتىياج بويىچە ھېسابلاپ قالدۇرۇلىدۇ، سۈپەتلىك ئۇرۇقلۇقنى دېھقانچىلىق تارماقلىرى باشقۇرىدۇ، دېھقانچىلىق تارماقلىرى ئۆزىنى تەمىنلىيەلەيدىغان گۇڭشې ياكى ئاشلىقى يېتىشمەيدىغان گۇڭشېلاردىن سۈپەتلىك ئۇرۇقلۇق سېتىۋالغاندا، شۇ جايدىكى ئاشلىق تارماقلىرى بۇ گۇڭشې، ئەترەتلەرگە ئوخشاش مىقداردا ئاشلىق سېتىپ بېرىدۇ (ئاشلىقى ئېشىنىدىغان گۇڭشې، ئەترەتلەردىن سۈپەتلىك ئۇرۇقلۇق سېتىۋالسا، ئۇلارغا قايتۇرۇپ ئاشلىق سېتىپ بېرىلمەيدۇ). 1959 - يىلى ئاشلىق مىنىستىرلىكى، سودا مىنىستىرلىكى، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، قەھەتچىلىككە تەييارلىق كۆرۈش ئۇرۇقلۇقىنى ئاشلىق تارماقلىرى زاپاس ساقلايدۇ، «ئىشلىتىلسە ئۇرۇقلۇق، ئىشلىتىلمىسە ئاشلىق بولىدۇ» دەپ يوليورۇق بەردى. ئاپتونوم رايون بۇ بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، قەھەتچىلىككە تەييارلىق كۆرۈش ئۇرۇقلۇقىنى تەستىقلاتماي ئۆز ئالدىغا ئىشلىتىشكە بولمايدىغانلىقىنى، قەرز ئورنىدا سېتىشقا رۇخسەت قىلىنىدىغانلىقىنى، تېرىلغۇ مەزگىلى ئۆتۈپ بىر ئايغىچە ئىشلىتىلمىگىنىنى تاۋار ئاشلىققا ئۆزگەرتىشنى بەلگىلىدى. 1963 - يىل 5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتىنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشخانىسى تۆۋەندىكىلەرنى ئۇقتۇردى: ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ ئۇرۇقلۇقى يېتىشمىسە، ئۆز جايىدا تەڭشەپ ھەل قىلىنىدۇ، ئاشلىقتا ئۇرۇقلۇق تېگىشىشكە ياكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ قەرز ئورنىدا سېتىپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىشقا بولىدۇ، ئاشلىق تارماقلىرى پەقەت ئېغىر ئاپەت بولغان رايونلارنىلا ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئۇرۇقلۇقى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

1984 - يىل 8 - ئايدا دېھقانچىلىق نازارىتى، ئاشلىق ئىدارىسى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، تۆۋەندىكىلەرنى

ئۇقتۇردى: 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن، سۈپەتلىك ئۇرۇقلۇقتا پۈتۈنلەي كېلىشىپ سېتىۋېلىش، كېلىشىپ سېتىش يولىغا قويۇلىدۇ. سۈپەتلىك ئۇرۇقلۇق يېتىشتۈرۈش ئورۇنلىرىدىن سۈپەتلىك ئۇرۇقلۇق تاپشۇرۇش سەۋەبىدىن ئۇرۇقلۇق ئاشلىقى، يەم ـ خەشەك يېتىشمەي قالغانلار كېلىشىم باھالىق ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىدۇ؛ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، قەھەتچىلىككە تەييارلىق كۆرۈش ئۇرۇقلۇقىنى يەنىلا ئاشلىق تارماقلىرى باشقۇرىدۇ، ئاپەت سەۋەبىدىن ئاشلىقى يېتىشمىگەن ئورۇن ۋە شەخسلەر ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنى قانات يايدۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئۇرۇقلۇق بىلەن تەمىنلىشىگە ئېھتىياجلىق بولسا، يەنىلا ئاشلىقتا ئۇرۇقلۇق تېگىشىش يولىغا قويۇلىدۇ. 1985 ـ يىلى گوۋۇيۈەننىڭ «چوشقا ۋە يېزىلاردىكى ئاشلىق، ياغ باھاسىنى تەڭشەش لايىھىسىنى چۈشۈرگەنلىك توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»ىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «چوشقا، كالا، قوي ۋە يېزىلاردا ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىش، سېتىش سىياسىتى ۋە باھاسىنى تەڭشەش لايىھىسىنى چۈشۈرگەنلىك توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، سۈپەتلىك ئۇرۇقلۇق يېتىشتۈرىدىغان كەسپىي مەيدان (ئائىلە)لار ئىشلەپچىقارغان ئاشلىق ئۇرۇقلۇقىنى توختاملىشىپ سېتىۋېلىنىدىغان ئاشلىق قاتارىغا كىرگۈزمەي، ئۇرۇقلۇقتا مەسئۇل تارماقلار باشقۇرسا بولىدۇ، دەپ بەلگىلىدى. 1986 ـ يىل 4 ـ ئايدىن كېيىن دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ـ بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى ۋە سودا مىنىستىرلىكىنىڭ ئۇقتۇرۇشى ئىجرا قىلىنىپ، ئۇرۇقچىلىق بازىلىرىغا چۈشۈرۈلىدىغان ئاشلىقنى توختاملىشىپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى كەچۈرۈم قىلىنىدى، لېكىن ئۇرۇقلۇق ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى ۋە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك يارىملىق ئۇرۇقلۇق مىقدارىنى ئورۇنداش شەرت قىلىنىدى. 1990 ـ يىلغىچە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، قەھەتچىلىككە تەييارلىق كۆرۈش ئۇرۇقلۇقىنى يەنىلا ئاشلىق تارماقلىرى سېتىۋالدى، زاپاس ساقلىدى، ئىشلەتكەندە بىر دەرىجە يۇقىرى دېھقانچىلىق ۋە ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ تەستىقىنى ئالدى.

## 4. مۇكاپات ئاشلىقى

1967 ـ يىل 3 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى سودا نازارىتىنىڭ «چوشقا سېتىۋېلىشتا مۇكاپاتلىق يەم ـ بوغۇز ياردەم قىلىشنى يولغا قويۇش توغرىسىدا دوكلات»ىنى تەستىقلاپ تارقاتتى. 5 ـ ئايدا ئاشلىق نازارىتى، سودا نازارىتى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، سودا تارماقلىرى ئېغىرلىقى 65 كىلوگرامدىن يۇقىرى بىر چوشقا سېتىۋالسا، 50 كىلوگرام مۇكاپات ئاشلىقى سېتىپ بېرىشنى بەلگىلىدى. 1972 ـ يىل 5 ـ ئايدا سودا نازارىتى، ئاشلىق ئىدارىسى «تېرىپ ئۆستۈرۈلگەن سوغىكۆل، كەتىرا قاتارلىق جۇڭيې دورىلىق ئۆسۈملۈكلىرىنى سېتىۋېلىشتا مۇكاپات ئورنىدا رەخت بېلەتى بېرىش، ئاشلىق سېتىپ بېرىشنى يولغا قويۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، تۆۋەندىكىلەرنى بەلگىلىدى: 50 كىلوگرام تېرىپ ئۆستۈرۈلگەن سوغىكۆل سېتىۋېلىنسا، 50 كىلوگرام مۇكاپات ئاشلىقى سېتىپ بېرىلىدۇ؛ 50 كىلوگرام تېرىپ ئۆستۈرۈلگەن كەتىرا سېتىۋېلىنسا، 25 كىلوگرام مۇكاپات ئاشلىقى سېتىپ بېرىلىدۇ؛ 50 كىلوگرام تەڭگە يوپۇرماقتا 25 كىلوگرام مۇكاپات ئاشلىقى سېتىپ بېرىلىدۇ؛ 50 كىلوگرام قىرىنقىزغا 10 كىلوگرام مۇكاپات ئاشلىقى سېتىپ بېرىلىدۇ. مۇكاپات ئاشلىقىنى دورىلىق ئۆسۈملۈك سېتىپ بەرگەن ئورۇن ياكى شەخس سودا ئورۇنلىرىنىڭ ئىسپاتىنى ئېلىپ شۇ جايدىكى ئاشلىق تارماقلىرىدىن ئاشلىق سېتىۋالىدۇ. 1972 ـ يىل 10 ـ ئايدا «شىمالىي شىنجاڭ رايونى چوشقا بېقىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ خاتىرىسى»دە مۇنداق بەلگىلەندى: چوشقا سېتىۋېلىنغاندىن كېيىن سېتىپ بېرىلىدىغان مۇكاپات ئاشلىقى پەقەت گۆشنى ئەزالىرىغىلا سېتىپ بېرىلىدۇ، كوللېكتىپ يەم ـ بوغۇز قالدۇرۇپ بېقىپ تاپشۇرغان چوشقىلارغا مۇكاپات ئاشلىقى سېتىپ بېرىلمەيدۇ، مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىش ئۆلچىمى مۇنداق: ئېغىرلىقى 60 — 65 كىلوگرام چوشقىغا 40 كىلوگرام ساپ يەم ـ بوغۇز مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىلىدۇ، ئېغىرلىقى 65 كىلوگرامدىن ئارتۇق بولسا، ئارتۇق قىسمىنىڭ بىر كىلوگرامىغا بىر كىلوگرام مۇكاپات ئاشلىقى قوشۇپ سېتىپ بېرىلىدۇ.

1973 - يىلى 8 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ش ئۇ ئا ر سودا ئىدارىسىنىڭ «يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىغا بىر تۇتاش مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىش چارىسىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى تەستىقلاپ تارقىتىپ، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالغاندا مۇكاپات ئاشلىقى سېتىپ بېرىش ئۆلچىمى ۋە چارىسىنى تەكشىلەپ ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تۆۋەندىكىلەرنى بەلگىلىدى: دۆلەت سودا تارماقلىرىغا سېتىپ بېرىلگەن 50 كىلوگرام يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتىغا مۇكاپات ئاشلىقى سېتىپ بېرىش ئۆلچىمى: 1-، 2 - دەرىجىلىك يېشىل ئۈزۈمگە 15 كىلوگرام، ئېكسپورت قوغۇنىغا 10 كىلوگرام، ئېكسپورت ئاق - قارا كازىرىغا 15 كىلوگرام، يالپۇز يېغىغا 750 كىلوگرام، تېرىپ ئۆستۈرۈلگەن سوغىگۈلگە 50 كىلوگرام، تېرىپ ئۆستۈرۈلگەن ئالقاتقا 40 كىلوگرام، تېرىپ ئۆستۈرۈلگەن كەتىرا ۋە تەڭگە يوپۇرماقىغا 25 كىلوگرامدىن، قېرىقىزغا 10 كىلوگرام، ئۆرۈك مېغىزىغا 25 كىلوگرام، ياڭاققا 15 كىلوگرام. بۇنىڭدىن باشقا، بىر دانە بورداق قوي سېتىپ بەرسە، 10 كىلوگرام مۇكاپات ئاشلىقى سېتىپ بېرىلدى. گۆشى ئەزالىرى، دېھقانچىلىق ئىشچىلىرى سېتىپ بەرگەن چوشقىنىڭ ئېغىرلىقى 60 — 65 كىلوگرام بولسا، 40 كىلوگرام مۇكاپات يەم - بوغۇزى سېتىپ بېرىلدى. 65 كىلوگرامدىن يۇقىرى بولسا، يۇقىرى قىسمىنىڭ بىر كىلوگرامىغا بىر كىلوگرامدىن مۇكاپات يەم - بوغۇزى سېتىپ بېرىلدى. يۇقىرىدىكى مۇكاپات ئاشلىقىنى ئاشلىق تارماقلىرى ئالاقىدار سېتىۋېلىش تارماقلىرى تارقاتقان تالونلارغا ئاساسەن تەمىنلىدى.

1975 — 1978 - يىلىغىچە تاشقى سودا مىنىستىرلىكى يەنە بىۋاسىتە بۇغداي يۆتكەپ، شىنجاڭ تاشقى سودىسى سېتىۋېلىپ ئېكسپورت قىلغان ئاق مىخبىلىيە قوغۇنى، قۇرۇق ئۈزۈم، ھۆل ئۈزۈم، ساماق، پەمىدۇر قاتارلىق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىغىمۇ مۇكاپات تەرىقىسىدە ئاشلىق سېتىپ بەردى.

1979 - يىلى 9 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بىر تونىنا قۇرۇق ئۈزۈم سېتىۋېلىنسا، 300 كىلوگرام بۇغداي مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىشنى ئۇقتۇردى. 1980 - يىلى 8 - ئايدا، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، سودا ئىدارىسى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، شەخسلەرنىڭ كالا، قويىنى سېتىۋالغاندا، بىر كىلوگرام ئېغىرلىقىغا بىر كىلوگرام كۆممىقوناق ياكى ئاشلىق قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتى سېتىپ بېرىشنى ئۇقتۇردى. (ئاشلىققا سۇندۇرۇلدى) . شۇ يىلى 9 - ئايدا، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇق ئۈزۈم سېتىۋالغاندا مۇكاپاتلاپ ئاشلىق سېتىپ بېرىشنى داۋاملىق ئىجرا قىلىشتىن سىرت، ھۆل ئۈزۈم ئېكسپورت قىلغاندا قۇرۇق ئۈزۈمگە مۇكاپاتلاپ سېتىپ بېرىش ئۆلچىمىنىڭ %20ى بويىچە ئىجرا قىلىشنى كۆرسەتتى. تاشقى سودا سېتىۋالغىنىنى تاشقى سودا بىۋاسىتە مۇكاپاتلىدى. 1980 - يىلى 12 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق يىغىنىنىڭ خاتىرىسى»نى تەستىقلاپ تارقىتىپ، مۇكاپات ئاشلىقىغا ئېرىشكەن ئاما ئەگەر ئاشلىق ئالمىسا، ئاشلىقنى ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش باھاسى بىلەن بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھا پەرقى بويىچە پۇل بېرىش، لېكىن دۆلەتنىڭ تاختاي باھاسى بويىچە قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىش ئاشلىقى بەرمەسلىكنى بەلگىلىدى. 1981- يىلدىن ئېتىبارەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «ئالتۇن سېتىۋالغاندا مۇكاپاتلاپ ئاشلىق سېتىپ بېرىش مەسىلىسى توغرىسىدا بەلگىلىمە»سى ئىجرا قىلىنىپ، خەلق كۆكشىلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانسا، مۇكاپات تەرىقىسىدە ئاشلىق سېتىپ بېرىلدى، جەنۇبىي شىنجاڭدا بىر سەر (16 سەرلىك تارازا بويىچە سۇندۇرغاندا 31.25 گرام) ئالتۇنغا 100 كىلوگرام؛ شىمالىي شىنجاڭدا (جۇڭغاردىن تورپان، قۇمۇل ۋىلايەتلىرىدە) بىر سەر ئالتۇنغا 50 كىلوگرام ئاشلىق مۇكاپات تەرىقىسىدە سېتىپ بېرىلدى. ئاشلىق تارماقلىرى ئاشلىقنى خەلق بانكىلىرىنىڭ ئالتۇن سېتىۋېلىش تالونىغا ئاساسەن تەمىنلىدى. كېيىن، دېھقانلار سېتىپ بەرگەن ئالتۇنغىمۇ مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە مۇكاپاتلاپ ئاشلىق سېتىپ بېرىلدى.

1984 - يىلى 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ «يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشتا مۇكاپات تەرىقىسىدە سېتىپ بېرىلىدىغان ئاشلىقنى باشقۇرۇش چارىسى»دا مۇنداق بەلگىلەندى: كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىنغان يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىغا بىردەك مۇكاپاتلاپ ئاشلىق سېتىپ بېرىلمەيدۇ، ئورۇن ۋە شەخسلەر ئېرىشكەن مۇكاپات ئاشلىقىغا ئاشلىق ئالسا ئاشلىق بېرىلىدۇ، پۇل ئالسا ئاشلىقنى ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش باھاسى بىلەن بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھا پەرقى بويىچە پۇل بېرىلىدۇ. سېتىۋېلىنغان چوشقا، كالا، قويغا مۇكاپاتلاپ يەم - بوغۇز سېتىپ بېرىشتە، بىرىكمە، ئارىلاشما يەم - بوغۇز بېرىش ئاساس قىلىنىدۇ ياكى ئاممىنىڭ تەلىپى بويىچە كېپەك قاتارلىق قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى بېرىلىدۇ. 1985 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن ئاپتونوم رايون بويىچە مۇكاپات تەرىقىسىدە ئاشلىق سېتىپ بېرىشكە دائىر بەلگىلىمىلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئاشلىق تارماقلىرى 1985 - يىلىمۇ ئالدىنقى يىلى بېرىشكە تېگىشلىك مۇكاپات ئاشلىقلىرىنى داۋاملىق نەقلەشتۇردى.

## 2 § . ئاشلىق سېتىش ئەھۋالى

1957 — 1990 - يىلغىچە بولغان ئاشلىق يىللىرىدا، ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا بىر تۇتاش سېتىلغان ئاشلىق 5 مىليارد 814 مىليون كىلوگىرامغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوزۇقلۇق ئاشلىق 4 مىليارد 227 مىليون كىلوگىرام (خەلق ئىشچىلىرىغا ياردەم قىلىنغان 149 مىليون كىلوگىرام ئاشلىقمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ، يەم - بوغۇز 903 مىليون كىلوگىرام، ئۇرۇقلۇق 346 مىليون كىلوگىرام، مۇكاپات ئاشلىقى 134 مىليون كىلوگىرام، باشقا سېتىلغان ئاشلىق 204 مىليون كىلوگىرام (جەدۋەل: 2 — 16، 2 — 17گە قاراڭ) بولۇپ، ھەر مىللەت دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئاشلىقتا بولغان ئاساسي ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

1957 - يىلى 7 — 11 - ئايغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىش باشلانغاندىن تارتىپ يېزىلاردا ئاشلىق سېتىش مىقدارى ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن ‎%17.05 تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە خوتەن ۋىلايىتىدە ‎%49.73، ئۈرۈمچى شەھەر ئەتراپى رايونىدا ‎%41.76 تۆۋەنلىدى. لېكىن ئاز ساندىكى جايلار بەلگىلىمە بويىچە ئاشلىق سېتىۋېلىشتا بىرلەشتۈرۈپ ئاشلىقى يېتىشمەيدىغان ئائىلىلەرگە ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىش كىنىكىسى تارقاتمىغان، جان سانى، چارۋا سانىنى ئارتۇق مەلۇم قىلىپ قوش ئۆلۈش ئاشلىق ئېلىش مەسىلىلىرى ساقلاندى، بولۇپمۇ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش يولغا قويۇلمىغاچقا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئۆستىلەپ سېتىۋېلىنغان ئاشلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىغا ئېقىپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلدى. 7 - ئايدىن 10 - ئايغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە چارۋىچىلىق رايونلىرىغا سېتىلغان ئاشلىق 1956 - يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن ‎%151.50 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ‎%215.10 ئاشتى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش-سېتىش سىياسىتى توغرىسىدىكى تەشۋىقاتنى كۈچەيتتى، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاممىنى ئاشلىقنى ئۆستىلەپ سېتىۋالىدىغان قانۇنسىز ئۇنسۇرلارنى پاش قىلىشقا قوزغاپ، ئاشلىقنىڭ تەتۈر ئېقىش ئەھۋالىنى تۈگەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاشلىق تارماقلىرى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاشلىقى يېتىشمەيدىغان ئائىلىنى ئەستايىدىل ئېنىقلاپ، ئاشلىق سېتىش مىقدارىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىدى. شۇ يىلى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ھوسۇلى ئالدىنقى يىلدىكىدىن ‎%8.04 تۆۋەنلەپ كەتكەن ئەھۋالدا، دېھقانچىلىق،

چارۋىچىلىقتا 144 مىليون كىلوگرام ئاشلىق سېتىپ بېرىلىپ، 1956 - يىلدىكىدىن 6 مىليون كىلوگرام، %3.83 ئازايدى.

1958 - يىل 7 - ئايدىن ئېتىبارەن، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش يولغا قويۇلدى، شۇنىڭدىن كېيىن چارۋىچىلىقتا ئاشلىق سېتىپ بېرىش مۇقىملىشىشقا يۈزلەندى. لېكىن 1958 - يىلدىن باشلانغان «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ئاشلىق خىزمىتىدە ھوسۇلنى يۇقىرى مۆلچەرلەش، كۆپ سېتىۋېلىش، كۆپ قايتۇرۇپ سېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، بۇ ھال 1959 - يىلى يۇقىرى پەللىگە چىقىپ، يېزىلاردا ئاشلىق سېتىش مىقدارىنى ئاشۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى خەلق تۇرمۇشىغا ناھايىتى زور قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. 1958 - يىللىق ئاشلىق يىلىدا، ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا سېتىلغان ئاشلىق 1957 - يىللىق ئاشلىق يىلىدىكىدىن %12.53 ئاشتى. 1959 - يىل 3 -، 4 - ئايلاردا شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى گو پېڭ ئاقسۇ، كورلا قاتارلىق جايلاردا ئارمىيە خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 1-، 2 - شىلىرىدا ئاشلىق يېتىشمەيۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، شۇ ھامان ش ئۇ ئا ر پارتكومىغا تېلېگرامما ئارقىلىق ئىنكاس قىلدى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ تېلېگراممىغا تەستىقىي يوليورۇق بەرگەندىن كېيىن، ئاشلىق نازارىتى دەرھال يېزا ئىگىلىك 1-، 2 - شىلىرىنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ 4 مىليون 540 مىڭ كىلوگرام، بايىنغولىن ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ 1 مىليون 570 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق بىلەن تەمىنلىشىنى ئورۇنلاشتۇردى. 1959 - يىلى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا ئاشلىق سېتىش 1958 - يىلدىكىدىن %55.46 ئېشىپ كەتتى، بۇ ھال چەكتىن ئاشۇرۇپ ئاشلىق سېتىۋېلىش ئەھۋالىنىڭ ئېغىرلىقىنى گەۋدىلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

1960 - يىلىنىڭ بېشىدا يېزىلاردا ئاشلىق يېتىشمەسلىك تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى. 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئاپتونوم رايون «خەلق تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش» بويىچە تېلېفون يىغىنى ئاچتى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شىن لەنتىڭ ئۆز سۆزىدە جايلاردىن ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلار، بولۇپمۇ ئالا - بۇلا ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشنى، ئاشلىقنى قىس ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەن ۋە چەكتىن ئاشۇرۇپ ئاشلىق سېتىۋالغان جايلارنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەتىيازدا مەسىلە كۆرۈلمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئاشلىق نازارىتى تېلېفون يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، جايلاردىن خەلق تۇرمۇشىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ھەمدە تۆۋەندىن يۇقىرىغا يېزىلاردىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالىدىن مەلۇمات بېرىش تۈزۈمى ئورنىتىشنى تەلەپ قىلدى، لېكىن ئايرىم جايلار خەلق تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا يەنىلا بيۇروكراتلىق پوزىتسىيىسىنى قوللاندى. ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى باي ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا 1960 - يىلىنىڭ بېشىدا ئېغىر ئاشلىق يېتىشمەسلىك ھادىسىسى كۆرۈلدى، لېكىن ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى خې رۇيي قاتارلىق كىشىلەر ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى يەنىلا ئۆزلىرى مەلۇم قىلغان ئەمەلىي ھوسۇلدىن %88 يۇقىرى بولغان ئاتالمىش مەھسۇلات مىقدارى بويىچە ئورۇنداشنى تەلەپ قىلدى. 1960 - يىلىنىڭ 1 -، 2 - ئايلىرىدا مەزكۇر ناھىيىنىڭ قىسمەن ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدە كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كۈنلۈك ئاشلىقى 150 — 250 گىراملا بولدى، بەزى جامائەت ئاشخانىلىرى تاماق ئېتىشنى توختاتتى. شۇنداقتىمۇ خې رۇيي قاتارلىقلار يەنىلا مەھسۇلاتنى يوشۇرۇپ يەڭ ئىچىدە بۆلۈشۈۋېلىشقا قارشى تۇردى، شۇنىڭ بىلەن، 3 - ئايدا مەزكۇر ناھىيىنىڭ 2 مىليون كىلوگرام ئاشلىق سېتىش كۆرسەتكۈچى بار تۇرۇپ ساتمىدى، شۇنىڭدەك زور تۈركۈملەپ ئاشلىق يۆتكىگەن ئەھۋالدا، دېھقانلار ئاچلىقتىن كېسەل بولۇش ۋە بىنورمال ئۆلۈپ كېتىشتەك ئېغىر مەسىلە يۈز بەردى. باي ۋەقەسى 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدا دەسلەپكى قەدەمدە پاش بولغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايون ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتى باي ناھىيىسىگە دەرھال خىزمەت گۇرۇپپىسى، داۋالاش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ كېسەللەرنى قۇتقۇزدى، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقاتتى،

ئاپلىقتىن كېيىن بولغانلارغا كۈنىگە 650 گرامدىن، ئاشلىق يېتىشمىگەن باشقا دېھقانلارغا كۈنىگە 500 گرامدىن قايتۇرۇپ ئاشلىق سېتىپ بەردى. 4 - ئاينىڭ بېشىدا، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ياڭ خېتىڭلارمۇ بايغا كەلدى ۋە باي ناھىيىسىدە ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىپ ۋىلايەت، ئوبلاستلار ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ناھىيىلەرنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى قاتناشتۇرۇلغان يىغىن ئېچىپ، تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلىدى، يېزىلاردىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى تەكشۈرۈپ ئورۇنلاشتۇردى، يامان ئىشنى ياخشى ئىشقا ئايلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. يىغىندا خې رۇينىڭ پارتىيە ئىچى، سىرتىدىكى بارلىق ۋەزىپىلىرىدىن ئېلىپ تاشلانغانلىقى ۋە پارتىيىدىن چىقىرىلغانلىقى جاكارلاندى، ئارقىدىن ئۇنىڭ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن ئەدلىيە ئورگانلىرىغا تاپشۇرۇلدى. 4 - ئايدا ئاشلىق نازارىتى «خەلق تۇرمۇشىنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ، ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش» توغرىسىدا تېلېگرامما ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق ئىدارە باشلىقلىرىدىن خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالىنى ھەر 3 كۈندە بىر قېتىم يۇقىرى دەرىجىلىك ئىدارىلارغا دوكلات قىلىپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنى ئاشلىق نازارىتى ئومۇملاشتۇرۇپ ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق كومىتېتىغا دوكلات قىلىدىغان بولدى. كېيىن يەنە ساۋەن، چاپچال، خوتەن، باي، يوپۇرغىدىن ئىبارەت 5 ناھىيىنى ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى بويىچە ئالاقە باغلاش نۇقتىسى قىلىشقا كۆرسەتتى. 6 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى لى چۈەن ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە - سودا شۇجىلىرى يىغىنىدا سۆز قىلىپ، جايلاردىن ئاشلىقنى مەركەز قىلغان ھالدا خەلق تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى ۋە يېزا ئاشلىق سېتىش - سېتىۋېلىش پونكىتلىرىدا يېزا ئاشلىقىنى باشقۇرۇش خادىمى قويدى، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى خەلق كوممۇنىلىرىغا ياردەملىشىپ ئاشلىق باشقۇرۇش، ئۇرۇق قالدۇرۇش ۋە يېزا تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالىنى ئىگىلەشتىن ئىبارەت. 12 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم «ئاشخانىنى مەركەز قىلغان ھالدا خەلق تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشقا دائىر بىر قانچە بەلگىلىمە» چىقىرىپ، جايلاردىن ئوزۇقلۇق ئاشلىقنى ئۆلچەم بويىچە تولۇق قالدۇرۇشنى، بىر تۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىش، مول ھوسۇل ئارقىلىق كەم ھوسۇلنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش، ئالدىراش ۋاقىتتا كۆپ يېيىش، بىكارچىلىق ۋاقىتتا ئاز يېيىش، قويۇق بىلەن سۇيۇقنى، يىرىك بىلەن ئېيىقنى تەڭشەپ يېيىش قاتارلىق ئاشلىق تېجەش چارە - تەدبىرلىرىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. 1960 - يىللىق ئاشلىق يىلىدا ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا سېتىلغان ئاشلىق بىراقلا ئېشىپ 304 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، 1959 - يىللىق ئاشلىق يىلىدىكىدىن يەنە %20.88 ئاشتى، ئاساسلىقى 1959 - يىللىق ئاشلىق يىلىدا چەكتىن ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغان ئاشلىق 1960 - يىل 4 - ئايدىن 6 - ئايغىچە قايتۇرۇپ سېتىلغان ئاشلىقتا ئەكس ئەتتى.

1961 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، يېزىلارنىڭ ئاشلىق ئەھۋالىنى ئېنىقلاشقا ئەھمىيەت بەردى. يىل بېشىدا، ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن مەلۇم بولدىكى، ئاپتونوم رايوندىكى يېزا ئاشخانىلىرىنىڭ ئاشلىق يېتىشمەسلىك كۆلىمى %19.82 كە يەتكەن. ئاپتونوم رايوندىكى 5493 ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى ئىچىدە ئاشلىقى يېتىشمەيدىغىنى 2034 بولۇپ، %37.03 نى ئىگىلىگەن، بۇنىڭ ئىچىدە 4 - ئايدىن ئىلگىرى ئاشلىقى يېتىشمىگىنى 1457 بولۇپ، %71.63 نى، 5 .، 6 .، 7 - ئايلاردا ئاشلىقى يېتىشمىگىنى 577 بولۇپ، %28.37 نى ئىگىلىگەن. 3 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى چۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شىن لەنتىڭ ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارە باشلىقلىرى يىغىنىدا سۆز قىلىپ، جايلاردىن خەلق تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشنى، ئاشخانىلارنى ياخشى باشقۇرۇشنى، سېرىقتال مەزگىلدە ھەر بىر ئەترەت، ھەر بىر ئاشخانىنى تەكشۈرۈپ، مەسىلە چىقماسلىقتا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ يىلى 7 - ئايدا

ئىلى رايونلۇق پارتكوم غۇلجا ناھىيىسىنىڭ «قىزىل يۇلتۇز» گۇڭشې تورپانيۈزى چوڭ ئەترىتىدە گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى ئائىلىلەرگە تەقسىم قىلىش خىزمىتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىپ، كوللېكتىپ ئاشخانىنى گۇڭشې ئەزالىرى ئۆز ئائىلىسىدە تاماق ئېتىپ يېيىشكە ئۆزگەرتىپ، ئامىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى. 8 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە - سودا خىزمىتى يىغىنىدا، دېھقانلارنىڭ ئائىلىسىدە تاماق ئېتىپ يېيىشىگە رۇخسەت قىلىش، داۋاملىق ئاشخانىدا يېيىشنى خالايدىغانلار ئىختىيارىي قاتنىشىش قارار قىلىندى. 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، جايلاردىكى خەلق گۇڭشىلىرىنىڭ كوللېكتىپ ئاشخانىسى ئاساسىي جەھەتتىن تارقىلىپ، دېھقانلار ئۆيلىرىدە تاماق يەيدىغان، قالدۇرۇق يەرلەردىن چىققان ئاشلىقنى ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلىدىغان بولدى. شۇ يىلى ئاشلىق ھوسۇلى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 11.89% كېمىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يېزىلاردىكى ئاشلىق يېتىشمەسلىك ئەھۋالى پەسەيدى. ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا ئاشلىق سېتىش مىقدارى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 49.57% ئازايدى.

1962 - يىلى ئەتىيازدا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پەيزاۋات ناھىيىسىدىمۇ يېزىلاردا ئاشلىق ئېغىر دەرىجىدە يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن ئاز ساندىكى كىشىلەر بىنورمال ئۆلۈپ كېتىشتەك ئېغىر ۋەقە يۈزبەردى. ۋەقەدىن كېيىنكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە يەنە ئاشلىق يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن 2661 ئادەم كېسەل بولۇپ قالغان، 2020 ئادەم باشقا ياقلارغا كەتكەن. ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، كېسەللەرنى قۇتقۇزۇش، ئامىغا قايتۇرۇپ ئاشلىق سېتىپ بېرىشنى ئورۇنلاشتۇردى. 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم پەيزاۋات ناھىيىسىدە نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ناھىيىلەر، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قىسمەن ناھىيىلەرنىڭ رەھبەرلىرى يىغىنغا قاتناشتى، يىغىندا ئالاقىدار مەسئۇل كىشىلەر كەسكىن بىر تەرەپ قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، خەلق كومىتېتلىرى ۋە ئاشلىق تارماقلىرى ئاشلىقى يېتىشمەيدىغان دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى يەنىمۇ چىڭ تۇتۇپ ئورۇنلاشتۇردى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم «ئاشلىق مەسىلىسى سەۋەبىدىن ئادەملەر ئاچ قېلىپ ئۆلۈپ كەتمەسلىك، ئاشلىق مەسىلىسى سەۋەبىدىن ئامىنىڭ تەن ساغلاملىقى ناچارلىشىپ كەتمەسلىك، ئاشلىق مەسىلىسى سەۋەبىدىن ئىششىق كېسەلى يۈز بەرمەسلىك، ئاشلىق مەسىلىسى سەۋەبىدىن كىشىلەر باشقا ياقلارغا كېتىدىغان ئىش يۈز بەرمەسلىك، ئاشلىق مەسىلىسى سەۋەبىدىن غەۋغا يۈز بەرمەسلىك» تىن ئىبارەت 5 تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1963 - يىل 2 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شىن لەنتىڭ، ئاشلىق نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ئەن دىڭ قاتارلىقلار گۇچۈڭ، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىگە بېرىپ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئاپەتكە ئۇچراش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. ئاشلىقى يېتىشمەيدىغان دېھقان ئائىلىلىرىنى زىيارەت قىلدى، ئاشلىقنى قايتۇرۇپ سېتىشنى ئورۇنلاشتۇردى. 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئاشلىق نازارىتى ئاپتونوم رايون ئاشلىق سىستېمىسى بويىچە تېلېفون يىغىنى ئاچتى، يىغىندا نازارەت پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن نازىر زو شەن خەلق تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا سۆز قىلدى، ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئىلگىرى ئاشلىق يېتىشمەسلىك ئىشى گۇڭشې، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى بويىچە بولاتتى، 1962 - يىلدىن تارتىپ ئاشلىق ئائىلىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەچكە، ئاشلىق يېتىشمەسلىك مەسىلىسى ئائىلىلەر بويىچە كۆرۈلدى، يېزىلاردىكى تۆت خىل ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەردىن ئاشلىقى يېتىشمەيدىغانلار خېلى كۆپ، تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر، كادىرلار، چېگرا رايون قۇرۇلۇشىغا ياردەمگە كەلگەنلەر، ئاققۇنلارنىڭمۇ ئاشلىقى بىر قەدەر قىيىن، شۇڭا يۇقىرى بىلەن تۆۋەن بىرلىشىپ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش لازىم. شۇ ئايدا ئاشلىق نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى جياڭ جاۋرۇڭ، خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى تەن يۈخۇالار خىزمەت گورۇپپىسىنى باشلاپ فۇكاڭ، مىچۈەن ناھىيىلىرىگە بېرىپ خەلق تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش

خىزمىتىنى تەكشۈردى. 1962 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتى ھوسۇل كېمەيگەن 1961 ـ يىلدىكىدىن %21.5 كېمىيىپ، 1958 ـ يىلدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن نۇقتىغا چۈشۈپ قالدى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا يىللىق كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق (ئوزۇقلۇق ئاشلىق، ئۇرۇقلۇق، يەم-بوغۇزمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئاران 251 كىلوگرام بولدى، لېكىن ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، خەلق كومىتېتلىرىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى، بولۇپمۇ كوللېكتىپ ئاشخانىدا تاماق يېيىش ئۆيلەردە تاماق يېيىشكە ئۆزگەرتىلگەنلىكى ئۈچۈن، چوڭ ئاپەت بولغان يىلدىمۇ ھېچقانداق چوڭ مەسىلە كۆرۈلمىدى.

1963 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ھوسۇلى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 500 مىليون كىلوگرامدىن ئارتۇق ساپ ئاشتى، بىرىنلارغا قالدۇرۇلغان ئاشلىق كۆپەيدى، خەلق ئارىسىدا ئاشلىق تەڭشەش خىزمىتىمۇ بىر قەدەر ياخشى ئىشلەندى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا ئاشلىق سېتىش مۇناسىپ ئازايدى. 1962 ـ، 1963-يىللىرى قىزىلسۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى %20 ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى 150 مىڭ كىلوگرامدىن ئارتۇق ئاشلىق تەڭشەپ، بەزى چوڭ ئەترەتلەرنىڭ ئۇرۇقلۇقى، ئاشلىقى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلدى، بىر قىسىم ئوزۇقلۇق ئاشلىقنى تولۇقلاپ بەردى؛ %30 دېھقان ئائىلىسى 250 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق چىقىرىپ قىيىنچىلىقى بار %50 ئائىلىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى تولۇقلاپ بەردى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا سېتىلغان ئاشلىق 92 مىليون 860 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، 1960 ـ يىللىق ئاشلىق يىلىدا سېتىلغان ئاشلىقنىڭ %30.5 ىنىلا ئىگىلىدى. 1964 ـ يىللىق ئاشلىق يىلىدا ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق ھوسۇلى داۋاملىق ئاشتى، بىرىنلاردا قالدۇرۇلىدىغان ئاشلىقمۇ كۆپەيدى. ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا سېتىلغان ئاشلىق 77 مىليون 930 مىڭ كىلوگرامغا چۈشۈپ، ئاپتونوم رايون تارىخىدا ئەڭ ئاز سېتىلغان يىل بولدى. 1965 ـ يىل 5 ـ ئايدا ئاشلىق نازارىتى تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىرىنىڭ رايون ھالقىپ چارۋا بېقىش مەسىلىسى توغرىسىدا ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ناھىيىلەرگە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىرى رايون ھالقىپ چارۋا باققان ۋاقىتتىكى ئاشلىق، يەم ـ بوغۇزنى يۇقىرىدىكى 3 ناھىيە ھالقىپ كىرگەن ناھىيىلەرنىڭ مەسئۇل بولۇپ تەمىنلەيدىغانلىقىنى بەلگىلىگەندى. شۇ يىلى ئۈرۈمچى، سانجى رايونى تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىرىنىڭ ھالقىپ كىرىپ چارۋا باققان چارۋىچىلارنى 242 مىڭ 900 كىلوگرام ئوزۇقلۇق ئاشلىق بىلەن، چارۋىلارنى 215 مىڭ 700 كىلوگرام يەم ـ بوغۇز بىلەن تەمىنلىدى. شۇ يىلى قەشقەر ۋىلايىتى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا 6 مىليون كىلوگرام ئاشلىقنى نېسى سېتىپ بەردى، يەنە 2 مىليون كىلوگرامدىن ئارتۇق ئاشلىقنى قەرز ئورنىدا سېتىپ بەردى. ئاقسۇ، قىزىلسۇ، ئالتاي قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىمۇ نېسى سېتىپ بېرىش بولدى. 9 ـ ئايدىن كېيىن جۇڭگو خەلق بانكىسى ۋە ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ شىنجاڭدا ئاشلىقنى نېسى سېتىش ۋە قەرز قىلىپ سېتىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى تەستىقىي جاۋابى ئىجرا قىلىندى، جاۋابتا مۇنداق دېيىلگەن: ئاشلىق سېتىشتا جايلارنىڭ نەق پۇلغا سېتىشى تەلەپ قىلىنىدۇ، ئاشلىق سېتىۋالىدىغان پۇلى يوقلارغا زاكالەت پۇلى، قەرز پۇل ۋە قۇتقۇزۇش پۇلى بېرىلسە بولىدۇ، نېسى قىلىشقا بولمايدۇ؛ يېرىك ئاشلىقتا ئاق ئاشلىق تېگىشىپ بېرىلسە بولىدۇ؛ قەرز قىلىپ سېتىلغان ئاشلىق قايتۇرۇۋېلىنىشى شەرت. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ماۋ زېدۇڭنىڭ «ئاشلىقنى خەلق ئىچىدە ساقلاش كېرەك، ئاشلىقنى چەكتىن ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ» دېگەن يوليورۇقىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن سېتىۋېلىنغان ئاشلىق ئالدىنقى يىلدىكىدىن 74 مىليون 720 مىڭ كىلوگرام ئازايدى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا سېتىلغان ئاشلىق، دېھقانلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى ئۈچۈن قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىش كۆرسەتكۈچى ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىنى يەم ـ بوغۇز بىلەن تەمىنلەش مەقسەتلىك كەڭ قويۇۋېتىلگەن ئەھۋالدا، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 47 مىليون 70 مىڭ كىلوگرام ئارتۇق سېتىلدى. 1966 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ھوسۇلى ئالدىنقى يىلدىكىدىن

%26.98 ئاشتى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا سېتىلغان ئاشلىق ئالدىنقى يىلدىكىدىن 8.18% تۆۋەنلىدى، يېزىلارغا ساپ قالدۇرۇلغان ئاشلىق 21.17% ئاشتى.

1967 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ھوسۇلى 1966 - يىلدىكىدىن 18.42% تۆۋەنلىدى، لېكىن بۇ 1966 - يىلدىن قالسىلا ياخشى ھوسۇللۇق يىل ھېسابلىنىدۇ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا سېتىش 1966- يىلدىكىدىن 13 مىليون كىلوگرام ئازايدى. 1968 — 1973 - يىللىرى ئاشلىق ھوسۇلى بىر قەدەر كۆپ تۆۋەنلەپ، كېيىن يەنە بىر ئاز ئۆرلىدى، شۇنىڭدىن كېيىن 3 مىليارد كىلوگرام ئۆپچۆرىسىدە ئايلىنىپ تۇردى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا سېتىشمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆرلەپ، پەسىيىپ تۇردى. 1974 - يىلغا كەلگەندە ئاشلىق ھوسۇلى 1973 - يىلدىكىدىن 15.59% تۆۋەنلەپ كەتتى، بۇرۇندىن ئاشلىق ئېشىنىپ كەلگەن سانجى، تارباغاتاي، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىمۇ ھوسۇل كېمىيىش سەۋەبىدىن ئاشلىق كىرىم - چىقىمدا تەتۈر پەرق كۆرۈلدى. ئاشلىق كانى ھېسابلىنىدىغان جىمسار ناھىيىسىدىكى ئاپەتكە ئۇچراپ ھوسۇل كېمەيگەن ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى 275 كە يېتىپ، ئومۇمىي ئەترەتنىڭ 78.6%نى، ئاشلىقى يېتىشمىگەن ئائىلە 46 مىڭ 800 بولۇپ، ئومۇمىي ئائىلىنىڭ 48.7%نى ئىگىلىگەن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا قايتۇرۇپ سېتىلغان ئاشلىق 3 مىليون 235 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، ئەمەلىي سېتىۋېلىنغان 2 مىليون 580 مىڭ كىلوگرامدىن 385 مىڭ كىلوگرام ئېشىپ كەتكەن. 12 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت جىمسار ناھىيىسىدە ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە رەھبەرلىرى قاتناشتۇرۇلغان شىمالىي شىنجاڭ رايونىدىكى يېزا خەلق تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ، مەزكۇر ناھىيىنىڭ چوڭ ئاپەت بولغان يىلدا كۆكتات سەيلەپ يەپ، ئۆزۈقلۇق ئاشلىقنى قىسراق ئورۇنلاشتۇرۇش (ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئائىلىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆزۈقلۇق ئاشلىقى 132 كىلوگرام) تەجرىبىسىنى ئومۇملاشتۇردى. 1975 - يىل 3- ئايدا جىمسار ناھىيىسى ئاز ساندىكى گۆشىنى، ئەترەتلەردىكى دېھقانلارنىڭ ئىششىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقىنى بايقىدى، ئاپتونوم رايون مالىيە - سودا ئىشخانىسى ۋە ئاشلىق ئىدارىسى خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ مەزكۇر ناھىيىگە ئەۋەتىپ تەكشۈرگەندىن كېيىن، مەزكۇر ناھىيە ئىششىق بىمارلارنى گۆشىنى شىپاخانىسىغا يىغىپ داۋالىدى. ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئاپتونوم رايوننىڭ يېزىلىرىدا ئۆزۈقلۇق ئاشلىق ئۈچۈن قايتۇرۇپ سېتىشتا 150 كىلوگرام ئۆلچەمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، كەمنى تولۇقلاپ بېرىشنى قارار قىلدى. 1974 - يىللىق ئاشلىق يىلىدا ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا سېتىلغان ئاشلىق 159 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، 1973 - يىللىق ئاشلىق يىلىدىكىدىن 28.53%، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزۈقلۇق ئاشلىق 126 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، 32.31% ئاشتى.

1975 -، 1976 -، 1977 - يىللىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى داۋاملىق بىر دائىرىدە ئايلىنىپ تۇردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سابىق ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ ئاشلىقى يېتىشمەيدىغان تۈەن - مەيدانلىرىغا ئاشلىق سېتىش ئىشىنى قوشقاندا، بۇ 3 يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا ھەر يىلى 166 مىليون كىلوگرام ئاشلىق سېتىلىپ، ئاپەت بولغان 1974 - يىلدىكىدىن يەنە 4.87% ئاشتى.

1978 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي مەھسۇلاتى ئاشلىق ئالدىنقى يىلدىكىدىن 472 مىليون كىلوگرام، يېزىلارغا ساپ قالدۇرۇلغان ئاشلىق ئاز كەم 300 مىليون كىلوگرام ئاشتى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا سېتىلغان ئاشلىق 4.59% ئازايدى. جايلارنى تەكشۈرۈپ ئومۇملاشتۇرۇشتىن قارىغاندا، شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزىلاردا ئۆزۈقلۇق ئاشلىق كىشى بېشىغا 150 كىلوگرامدىن تۆۋەن بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى 5513 بولۇپ، 32 مىڭ 328 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ 17.05%نى ئىگىلىدى. جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرى ئۆزۈقلۇق ئاشلىقى 140.5 — 150 كىلوگرام بولۇۋاتقان 181 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىكى 50 مىڭ كىشىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6 كىلوگرامدىن 300 مىڭ كىلوگرام ئاشلىقنى بىر تۇتاش

سېتىپ بەردى؛ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى 140 كىلوگرامدىن تۆۋەن بولۇۋاتقان 5332 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىكى 837 مىڭ 600 كىشىگە 31.5 كىلوگرامدىن 26 مىليون 385 مىڭ كىلوگرام ئاشلىقنى ھەر تۈرلۈك سېتىپ بەردى.

1979 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم چارۋىچىلىقتا كېتەرلىك ئاشلىقنى يۈتۈنلەي ھەر تۈرلۈك سېتىش قاتارىغا كىرگۈزۈشنى قارار قىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر تۈرلۈك سېتىشقا كىرگۈزۈلگەن چارۋىچىلىق ئاھالىسى 440 مىڭغا يەتتى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا سېتىلغان ئاشلىق 194 مىليون كىلوگرام (بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىقتا سېتىلغىنى 78 مىليون 220 مىڭ كىلوگرام) بولۇپ، 1978 - يىللىق ئاشلىق يىلىدىكىدىن %17.14 ئاشتى. 1980 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە چارۋىچىلىقتا ھەر تۈرلۈك سېتىش قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن ئاھالە 719 مىڭ 100گە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 279 مىڭ 100 ئادەم كۆپەيدى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئوڭشىۋېلىشى ئۈچۈن، 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئاشلىقنى يېزىلارغا قايتۇرۇپ سېتىش ئۆلچىمىنى ۋە چارۋىچىلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈشنى قارار قىلغانىدى، شۇڭا 1980 - يىللىق ئاشلىق يىلىدا ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا سېتىلغان ئاشلىق 242 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، 1979 - يىللىق ئاشلىق يىلىدىكىدىن %25.01 ئاشتى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا سېتىلغان ئاشلىق ئىچىدە چارۋىچىلىقتا ئىشلىتىلگىنى %45.91نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى 81 مىليون 820 مىڭ كىلوگرام، چارۋا مال يەم - بوغۇزى 29 مىليون 260 مىڭ كىلوگرام بولدى. 1981 -، 1982 -، 1983 - يىللىق ئاشلىق يىللىرىدا يېزىلاردا قالدۇرۇلغان ئاشلىق داۋاملىق كۆپەيدى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا سېتىش جەھەتتە، 1980 - يىلغا سېلىشتۇرغاندا، ھەر يىل تەڭلىشىپ، 2 يىل ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىقتا ئوزۇقلۇق ئاشلىقى، يەم، بوغۇز سېتىش يىلمۇ يىل تۆۋەنلىدى، چارۋىچىلىقتا سېتىش ئۆرلىدى. چارۋىچىلىقتا سېتىش 3 يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئوزۇقلۇق ئاشلىق %8.53، يەم - بوغۇز %10.73 ئېشىپ باردى. بۇ ئارىلىقتا، مىچۈەن، فۇكاڭ قاتارلىق ناھىيىلەر چارۋىچىلار ئائىلىلىرىگە بىۋاسىتە ئاشلىق كىنىشكىسى تارقاتتى. خېجىڭ ناھىيىسى چارۋىچىلارنىڭ مال بېقىش ۋە ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئاشلىق يۆتكەشكە بىرلەشتۈرۈپ تەمىنلەشنى بىر قېتىمدىلا ئورۇنلاشتۇرۇپ نەقلەشتۈردى. مىچۈەن، فۇكاڭ، ماناس، چەرچەن، لوپنۇر قاتارلىق ناھىيىلەر چارۋىچىلارنى ئىمكانقەدەر تەييار ئاشلىق بىلەن تەمىنلىدى. ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئىچىدە چارۋىچىلىقتا كېتەرلىك ئاشلىقنى ناھىيە ھالقىپ تەمىنلەش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. 1982 -، 1983 - يىللىرى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى جايلار چارۋىچىلىقتا ئاشلىق ئىشلىتىش ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى. تېكەس، ئۈلۈغچات، بۇگۇر، بۇرچىن، چىڭگىل، چۆچەك ناھىيىلىرىنىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا، تەمىنلەش ئوبيېكتىغا ئۆيغۇن بولمىغانلار 5333 ئادەم ئىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە بۇ خىل ئادەم ئەڭ كۆپ ناھىيىنىڭ 1963كە يەتكەن. بۇ ئادەملەر ئىچىدە دېھقانچىلىق، ئاساسىي قۇرۇلۇش، ئورمانچىلىق، كۆكتات ئەترىتى، باغۇەنچىلىك مەيدانى، مېھمانخانا، تراكتور پونكىتى، سۇ ئامبىرى خادىملىرى ۋە شەھەر نوپۇسىغا ئورۇنلىشالمىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بار ئىكەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە دۆلەتكە چارۋا مال تاپشۇرۇش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالمىغان، پەقەت چوڭ ئەترەت، كۆكشىنىلا كۈتۈش بىلەن تەمىنلەيدىغان چارۋىچىلارمۇ بار ئىكەن. ئونسۇ، باي ناھىيىلىرىدە سېرىك ئۆمىكى، يۈيجۈي تىياتىرى ئۆمىكىدىكىلەرمۇ چارۋىچىلىقتا ھەر تۈرلۈك سېتىش قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى ۋە موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ ھېسابلاپ كۆرۈشىچە، ئارتۇق تەمىنلەنگەن ئادەم چارۋىچىلىق ئاھالىسىنىڭ %10 ۋە %16نى ئىگىلىگەن. ھەر تۈرلۈك سېتىش بويىچە تەمىنلەنگەن بەزى چارۋىچىلىق ئائىلىلىرى بەزى ئەزالىرى كۆچۈپ كەتكەن ياكى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ تەمىنلىنىش مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلىۋەتمەي ئاشلىق ئېلىۋەرگەن. ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتىن كېيىن، بەزى جايلار يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارنى تەمىنلەش سىياسىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلدى. غۇلجا ناھىيىسىدە ئومۇميۈزلۈك

تەكشۈرۈشتىن كېيىن، چارۋىچىلىقتا نامۇۋاپىق سېتىلىدىغان ئاشلىق 500 مىڭ كىلوگرامدىن ئارتۇق قىسقارغان.

1984 ـ يىلى ئالتاي مەمۇرىي مەھكىمىسى تەستىقلاپ تارقاتقان ئالتاي ۋىلايەتلىك ئاشلىق باشقارمىسىنىڭ «چارۋىچىلىق ئاشلىقىنى ئائىلىلەرگە تەمىنلەپ بېرىشكە دائىر مەسىلىلەر توغرىسىدا ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» سىدە، چارۋىچىلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشتە ئورۇن، ۋاقىت بېكىتىش، كۆچمە تەمىنلەشنى ئۆزگىرا بىرلەشتۈرۈش چارىسى بويىچە تەييار ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنى، چارۋىچىلار يېرىك ئاشلىق تەلەپ قىلسا يېرىك ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنى بەلگىلىدى. ناھىيە ھالقىپ تەمىنلەش مەسىلىسىدە، ھالقىغۇچى ناھىيە چارۋىچىلارنىڭ ھالقىپ كىرىدىغان ناھىيىدىكى ئۆزلىرىگە يېقىن ئاشلىق پونكىتى (دۇكىنى) دىن بېلەت تاپشۇرۇپ ئاشلىق سېتىۋېلىشى ئۈچۈن مەلۇم ساندا «چارۋىچىلىق مەخسۇس ئاشلىق بېلىتى» تارقاتتى. يىل ئاخىرىدا ئىككى تەرەپ ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى سانىنى سېلىشتۇرۇپ ئېنىقلاپ ۋىلايەتلىك ئاشلىق باشقارمىسىنىڭ سېتىش كۆرسەتكۈچىنى تەڭشىشكە مەلۇم قىلدى. ۋىلايەت ھالقىپ تەمىنلەشتە، ھالقىپ چىققۇچى، ھالقىپ كىرگۈچى ۋىلايەتتىكى ئىككى تەرەپ كېڭىشىپ ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىگە مەلۇم قىلدى. 1984 ـ يىل قىشتىن 1985 ـ يىل ئەتىيازغىچە قېلىن قار يېغىپ چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ يوللىرى قاپسىلىپ قالغانلىقتىن، ئالتاي ۋىلايىتى ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ ئاپتوموبىللىرىنى تەشكىللەپ توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى، تراكتورلارنىڭ يول ئېچىپ مېڭىشى بىلەن، چارۋىچىلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى ۋە چارۋا مال يەم ـ بوغۇزى ئۈچۈن 8 مىليون كىلوگرامدىن ئارتۇق ئاشلىقنى ئاپەت رايونىغا يەتكۈزۈپ بەردى. سانجى، بورتالا، قىزىلسۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىرىمۇ جىددىي تۈردە چارۋىچىلارغا يەم ـ بوغۇز ۋە ئوزۇقلۇق ئاشلىق يەتكۈزۈپ بەردى. يەنجى ناھىيىسى يەم ـ بوغۇز ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈپ، ئىنچىكە يۇڭلۇق قوينىڭ يەم ـ بوغۇزىنى بىر كىلوگرامدىن 6 كىلوگرامغا، يەرلىك نەسىللىك ساغلىقنىڭ يەم ـ بوغۇزىنى 4 كىلوگرامغا، ئورۇق، ئاجىز چارۋا ماللارنىڭ يەم ـ بوغۇزىنى 2 — 3 كىلوگرامغا ئۆستۈردى. 1984 ـ يىللىق ئاشلىق يىلىدا، ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا سېتىلغان ئاشلىق 1983 ـ يىللىق ئاشلىق يىلىدىكىدىن %6.57 تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىقتا سېتىلغىنى %9.59 تۆۋەنلىدى.

1985 ـ يىل 4 ـ، 8 ـ ئايلاردا ئاپتونوم رايون بويىچە بىرىزا ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىغا ئاشلىق سېتىشتا سېتىۋېلىش بىلەن سېتىش ئوخشاش باھادا بولۇش يولغا قويۇلدى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئاشلىقى يېتىشمىسە، ئاشلىقنى دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش سېتىش باھاسىدىن تۆۋەن ياكى شۇنىڭغا تەڭ بولغان بازاردىن سېتىۋالىدىغان بولدى. 1985 ـ ۋە 1986 ـ يىللىق ئاشلىق يىللىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا سېتىلغان ئاشلىق 1984 ـ يىللىق ئاشلىق يىلىدىكىدىن %12.07، 1985 ـ يىللىق ئاشلىق يىلىدىكىدىن %14.99 ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىقتا سېتىلغان ئاشلىق 1985 ـ يىلى %64.03، 1986 ـ يىلى %55.56 ئاز سېتىلدى. 1986 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 6 ـ ئايغىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا سېتىلغان ئاشلىق 6 مىليون 200 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، 1985 ـ يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكى 10 مىليون 785 مىڭ كىلوگرامدىن %42.51 تۆۋەنلىدى. 1987 ـ يىل 4 ـ ئايدىن ئېتىبارەن، ئاپتونوم رايون ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ناھىيە (شەھەر) لەرگە ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋە ئۇلارغا ئاشلىق سېتىش، يۆتكەش پىلان كۆرسەتكۈچىنى ھۆددىگە بېرىشنى يولغا قويدى. ھۆددىگە بېرىش چارىسى مۇنداق بولدى: دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا سېتىش ھۆددە، كۆرسەتكۈچىدە 1986 ـ يىللىق ئاشلىق يىلى ئاساس قىلىندى، سېتىش ئومۇمىي كۆرسەتكۈچىدە ئەگەر ئېشىنچا بولسا، ئۇ شۇ جايغا تەۋە بولدى، ئاشۇرۇۋېتىلسە، يەرلىك مالىيە كېلىشىم باھالىق ئاشلىق سېتىۋېلىپ تولۇقلاپ بەردى. 1988 ـ يىل 1 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «چارۋىچىلىق رايونلىرىنى چېگرا ھالقىپ ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى، بۇ ئۇقتۇرۇش بويىچە، ۋىلايەت، ئوبلاست دائىرىسىدە ناھىيە ھالقىپ

تەمىنلەشكە توغرا كەلسە، ۋىلايەت، ئوبلاست سېتىش ھۆددە كۆرسەتكۈچىنى تەقسىملەشكە مەسئۇل بولدى؛ ۋىلايەت، ئوبلاست ھالقىپ تەمىنلەشكە توغرا كەلسە، ھالقىپ كىرىلگۈچى تەرەپ ئاشلىق مەنبەسىگە كاپالەتلىك قىلدى، ھالقىپ چىققۇچى تەرەپ پەيدا بولغان بارلىق خىراجەتلەرگە مەسئۇل بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، سانجى ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ پىچان ناھىيىسى، ئىلى ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن بورتالا ئاپتونوم ئوبلاستى شۇنىڭدەك باينغولىن ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى باينبۇلاق رايونى ئارا چېگرا ھالقىپ تەمىنلەش مەسىلىسى ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ كېڭىشىشى ئارقىلىق تولۇق ھەل قىلىندى. غۇلجا شەھىرى، غۇلجا ناھىيىسى، نىلقا ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىرى (شەھەر باشلىقلىرى) ئادەملىرىنى باشلاپ بورتالا ئاپتونوم ئوبلاستىغا بېرىپ چېگرا ھالقىپ تەمىنلەش رەسمىيىتىنى بېجىردى. 1987 - يىللىق ئاشلىق يىلىدا، ھۆددىگە بېرىلگەندىن كېيىن جايلار سېتىشنى قاتتىق تىزگىنلىگەنلىكى ۋە بازار ئاشلىق باھاسى يەنىلا بىر قەدەر تۆۋەن بولغانلىقى ئۈچۈن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا ئاشلىق سېتىش 1986 - يىللىق ئاشلىق يىلىدىكىدىن %22.62 تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىقتا سېتىش بىر ئاز ئۆرلىدى.

1988 - يىلى ئەتىيازدا ئاپتونوم رايوننىڭ چارۋىچىلىقى ئېغىر قار - شۇۋرغان ئاپىتىگە ئۇچرىدى. ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرى شۇ جايدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ، چارۋا ماللارنى قوغداش ئۈچۈن، چارۋىچىلىقنى ئوزۇقلۇق ئاشلىق، يەم - بوغۇز بىلەن تەمىنلەشنى ۋاقتىدا تەشكىللىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ش ئۇ ئا ر پارتكوم چارۋىچىلىقتا دائىر تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ چارۋا ماللارنى قوغداشنى ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىپ چارۋا ماللارنى قوغداشقا ئۆزگەرتتى. شۇ يىلى 8 - ئايدا، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئاپتونوم رايونلۇق ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، چارۋا ماللارنى ساقلاپ قېلىش خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ بەزى ناھىيىلىرىدە ھەر يىلى 11 - ئايدىن باشلاپ چارۋا مالغا يەم - بوغۇز تولۇقلاپ بېرىشنى، باشقا ۋىلايەتلەردە 12 - ئايدىن باشلاپ يەم - بوغۇز تولۇقلاپ بېرىشنى، ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ 50 مىليون كىلوگرام يەم - بوغۇز ھەل قىلىشنى قارار قىلدى. يىغىن مەزگىلىدە، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى يەنە ئىلى، سانجى، بورتالا، تۇرپان قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە ئۇلارغا قاراشلىق قىسمەن ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارە باشلىقلىرىنى يىغىپ سۆھبەتلىشىپ، چارۋىچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئاشلىقنى رايون ھالقىپ تەمىنلەش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئىگىلىدى. جايلار چارۋىچىلارنى رايون ھالقىپ ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھەل قىلىنغانلىقىنى ئىنكاس قىلدى. 1988 - يىلدىن ئېتىبارەن بازاردا ئاشلىق باھاسى پەيدىنپەي ئۆرلىدى، بولۇپمۇ شىمالىي شىنجاڭ رايونىدىكى بازارلاردا ئاشلىق باھاسى بىر قەدەر تېز ئۆرلىدى. ئاشلىقى يېتىشمىگەن دېھقان، چارۋىچىلار ئومۇميۈزلۈك دۆلەت پىلانى ئىچىدە سېتىۋېلىشقا يۈزلەندى. 1988 - يىللىق ئاشلىق يىلىدا، ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا سېتىلغان ئاشلىق 1987 - يىللىق ئاشلىق يىلىدىكىدىن %15.68 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىقتا سېتىلغىنى %34.27 ئاشتى.

1989 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار شىنجاڭغا ئادەم ئەۋەتىپ ئاشلىق سېتىۋالغاچقا، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى بازارلىرىدا ئاشلىق باھاسى يەنىمۇ ئۆرلەپ كەتتى، بولۇپمۇ قاتناش لىنىيىسى بويلىرىدا شىددەت بىلەن ئۆرلەپ كەتتى. نەتىجىدە ئاشلىقى يېتىشمىگەن دېھقانلار دۆلەتنىڭ تەمىنلىشىنى تەلەپ قىلىشتى. ئاشلىق سېتىۋېلىش، سېتىش، يۆتكەش پىلانى ھۆددىگە بېرىلگەندىن كېيىن، سېتىشنىڭ ئېشىشى بىلەن مالىيە چىقىمى كۆپەيدى. يەرلىك مالىيە كۈچى جىددىي بولغاچقا، جايلار يېزىلارغا قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىش كۆرسەتكۈچىنى قاتتىق تىزگىنلەشكە مەجبۇر بولدى. دېھقانلارنىڭ ئاشلىق يېتىشمىدى دېگەن ساداسى، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ كۆرسەتكۈچ يېتىشمىدى دېگەن ساداسى بارغانسېرى زورايدى.

4 - ئاينىڭ باشلىرىدا ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ بېيجىڭدا يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان شۇجىسى سوڭ خەنلياڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 4 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى 500 مىڭ ئادەمگە 17 مىليون كىلوگرام ئاشلىق كەملەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، شۇ ھامان تېلېگرامما ئارقىلىق تۆۋەندىكىدەك يوليورۇق بەردى: ئالدى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 4 ۋىلايەت، ئوبلاستقا 6 مىليون كىلوگرام قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىلىدىغان ئاشلىق كۆرسەتكۈچى كۆپەيتىپ بېرىلسۇن، ئۇنىڭ 2 مىليون 500 مىڭ كىلوگرامى قەشقەر ۋىلايىتىگە، 1 مىليون 500 مىڭ كىلوگرامى خوتەن ۋىلايىتىگە، 1 مىليون 500 مىڭ كىلوگرامى ئاقسۇ ۋىلايىتىگە، 500 مىڭ كىلوگرامى قىزىلسۇ ئاپتونوم ئوبلاستىغا بېرىلسۇن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مەخمۇت يۈسۈپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 4 ۋىلايەت، ئوبلاستقا بېرىپ ئاشلىق يېتىشمەسلىك ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئىگىلىسۇن. 4 - ئاينىڭ 18 -، 19 - كۈنلىرى سوڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەت ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىرى لى شۇشەن، جاڭ سىشۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى قىدىرباي، جىن يۈنخۇيلار ئۈرۈمچىدە ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارە باشلىقلىرى يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 4 ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە ئۇلارغا قاراشلىق ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارە باشلىقلىرىنىڭ يېزا خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى. دوكلات قىلىنغان ئەھۋاللاردىن قارىغاندا: جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 4 ۋىلايەت، ئوبلاستتا ئاشلىق باھاسى شىددەت بىلەن ئۆرلەش ئەھۋالى، دېھقانلارنىڭ باشقا ياقلارغا كېتىش ئەھۋالى ۋە تارىختىكىدەك ئاشلىق يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن قارا تەمرەتكە كېسىلى، ئىششىق كېسىلى بولۇش ئەھۋالى كۆرۈلمىگەن، ئاشلىق ئېغىر ھالدا يېتىشمەسلىكنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرىمۇ يوق. خەلق ئىشلىرى قاتارلىق يوللار ئارقىلىق ئىنكاس قىلىنغان ئاشلىق يېتىشمەسلىك ئاساسلىقى دۆلەتنىڭ تەكشە باھالىق ئاشلىق بىلەن تەمىنلىشىگە بولغان تەلەپتىنلا ئىبارەت. لېكىن بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىلەر، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ پۇلىمۇ، ئاشلىقىمۇ بولماسلىق، ھوسۇلنى يالغان مەلۇم قىلىپ چەكتىن ئاشۇرۇپ ئاشلىق سېتىۋېلىش سەۋەبىدىن ئاشلىقى يېتىشمەي قېلىش مەسىلىلىرى ھەقىقەتەن ساقلانغان. دوكلات ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، سوڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەت جايلاردىكى ئاشلىق، خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىدىن 4 -، 5 -، 6 - ئايلاردا يېزا قۇتقۇزۇش ئاشلىقى، پۇلىنى ھەقىقىي تۈردە ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇشنى ھەمدە ئۇنى ئاشلىقى يېتىشمەيدىغان ئائىلىلەرنىڭ قولىغا تەگكۈزۈپ، مەسىلە چىقماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. يىغىندىن كېيىن، دېھقانچىلىق نازارىتى، ئاشلىق ئىدارىسى، ستاتىستىكا ئىدارىسى، خەلق ئىشلىرى نازارىتى جەنۇبىي شىنجاڭغا بىرلەشمە خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، خەلق تۇرمۇشىنى يەنىمۇ تەكشۈردى ۋە ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ياردەملەشتى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرمۇ ئىمكانقەدەر ھۆددە پىلاندىن سېتىش كۆرسەتكۈچى چىقىرىپ، ئاشلىقى يېتىشمەيدىغان رايونلارغا تەقسىم قىلىپ بەردى ھەمدە يېزىلارغا خادىم ئەۋەتىپ قۇتقۇزۇش ئاشلىقى، پۇلىنى ئورۇنلاشتۇردى ۋە ئەمەلىيلەشتۈردى. 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە قىسمەن نازارەت، ئىدارىلەردىكى پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلاردىكى ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇردى. 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭىنىڭ ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلاردىكى ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نى تارقاتتى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى جايلاردىن ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلاردىكى ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى داۋاملىق ئىنچىكىلىك بىلەن ياخشى ئىشلەپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنىڭ ئېھتىياج قەھەتچىلىكتىن خاتىرجەم ئۆتۈۋېلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى، يەنە جايلاردىن يەم - بوغۇز يۆتكەش، تەمىنلەش خىزمىتىنى ئوبدان تەشكىللەپ، مەخسۇس ئاشلىقنى مەخسۇس ئورۇنغا

ئېلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. 7 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق چارۋىچىلىق ئىدارە باشلىقلىرى، ئاشلىق ئىدارە باشلىقلىرى قاتناشتۇرۇلغان چارۋىچىلىق يىغىنى ئېچىپ، ئېغىر قۇرغاقچىلىق، ئوت ـ چۆپ ئازىيىپ كېتىش سەۋەبىدىن چارۋا ماللارنىڭ قىشتىن چىقىشى قىيىنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 1989 ـ يىلى ۋە 1990 ـ يىلى 1988 ـ يىلى ئەمەلىي تەمىنلەنگەن 50 مىليون كىلوگرامدىن ئارتۇق يەم ـ بوغۇز ئاساسىدا، يەنە سېتىۋېلىپ ئامبارلاشتۇرۇلغان تەكسە باھالىق كۆممىقوناقتىن 50 مىليون كىلوگرام چىقىرىپ كېلىشىم باھاغا ئايلاندۇرۇپ، دىرنى ساقلاپ قالغان ھالدا چارۋىچىلارنى تەمىنلەشنى، ئۇنى ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىپ چارۋا ماللارنى قوغداشقا ئىشلىتىشنى قارار قىلدى.

1989 ـ يىلى شىمالىي شىنجاڭدىكى قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا يازلىق ئاپەتكە ئۇچراپ ھوسۇل كېمىيىپ كەتتى، باركۆل، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىرى، گۇچۇڭ، دۆربىلجىن، چاغانتوقاي قاتارلىق ناھىيىلەر سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمايلا قالماستىن، بەلكى يەنە كۆپ مىقداردا قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىش ئاشلىقى تەلەپ قىلدى. 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىن 31 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىغان ئالتاي، تارباغاتاي، سانجى، قۇمۇل قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلار ۋە ئۇلارغا قاراشلىق ناھىيە، شەھەرلەر، ئاشلىقى يېتىشمەيدىغان قەشقەر، خوتەن، بايىنغولىن قاتارلىق ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارە باشلىقلىرى يىغىنى ئېچىپ، جايلاردىن شۇ جاينىڭ ئاشلىق سېتىش كۆرسەتكۈچى ئىچىدىن بىر قىسمىنى قىسىپ چىقىرىپ يېزىلارغا قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىش ئاشلىقى قىلىش، يېزىلارنى ئۆزئارا ئۆتنە ـ بېرىم قىلىشقا تەشكىللەش، ئاشلىق تارماقلىرى قەرز قىلىپ سېتىش قاتارلىق چارە ـ ئامالار بىلەن ئاپەتكە ئۇچرىغان رايون خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. يىغىندىن كېيىن ئاپتونوم رايون سانجى ئوبلاستى، قۇمۇل ۋىلايىتىگە ئاپەت رايونىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن 4 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق سېتىپ بېرىش كۆرسەتكۈچى قوشۇپ بەردى. 1990 ـ يىل 2 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «خەلق تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا يوليورۇق» چىقىرىپ، ئاشلىقى يېتىشمەيدىغان دېھقانلارنىڭ يېڭى ئاشلىققا ئۇلاشقىچە بولغان ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئېھتىياجىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ ھۆددە كۆرسەتكۈچىدىن قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىلىدىغان ئاشلىقتىن باشقا، ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىلىرى، ئوبلاستلىق ھۆكۈمەتلەرنىڭ 2 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام دائىرىسىدە ئاشلىق تەستىقلاپ ئاشلىقى يېتىشمەيدىغان دېھقانلارغا قەرز قىلىپ سېتىپ بېرىشنى، يېڭى ئاشلىق چىققاندا قايتۇرۇۋېلىشنى بەلگىلىدى. 2 ـ ئاينىڭ بېشىدىن 3 ـ ئايغىچە ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى شۇشەن ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك كومىتېتى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى، تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى، سۇچىلىق نازارىتى، خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ رەھبەرلىرى ھەم ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سوۋي ۋېنشۇ قاتارلىقلارنى باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ، يېزىلارنىڭ ئاشلىق ئورۇنلاشتۇرۇشى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەكشۈردى. مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى سوۋي ۋېنشۇنىڭ تەكشۈرۈپ مەلۇم قىلىشىچە، بايىنغولىن، خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇ، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ بازارلىرىدا ئاشلىق باھاسى مۇقىملىق ئىچىدە تۆۋەنلىگەن. بىر كىلوگرام كۆممىقوناقنىڭ باھاسى 0.36 — 0.40 يۈەن بولۇپ، 0.342 يۈەنلىك زاكاز باھاسىدىن سەللا يۇقىرى بولغان. يەكەن، يېڭىسار، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىرىدە زاكاز باھاسىدىن تۆۋەن بولغان. جايلار پۇلسىز، ئاشلىقسىز يوق ئائىلىلەرنى قۇتقۇزۇش پۇلىنى ئەمەلىيلەشتۈرگەن. ئاشلىق تارماقلىرى ئاشلىق مەنبەسىنى كۆپ يوللار ئارقىلىق ھەل قىلىپ، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلغان. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ناھىيىلىرى يېزىلاردا ئاشلىق ھەمكارلىق كاسسىسى تەشكىللىگەن، بۇنىڭ ئىچىدە يەكەن ناھىيىسىدىلا 850 مىڭ كىلوگرام، يوپۇرغا ناھىيىسىدە 450 مىڭ كىلوگرام زاپاس ئاشلىق ساقلىنىپ، خەلق

ئارىسىدا تەڭشەپ ئىشلىتىشكە تەييارلاپ قويۇلغان، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئونسۇ، كۇچا قاتارلىق ناھىيىلىرى يېزىلاردىكى ئاشلىقى يېتىشمەيدىغان ئائىلىلەرنى پىلان سىرتىدا سېتىۋېلىنغان ئاشلىق بىلەن تەمىنلىگەن. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، ئاشلىقنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشتا قىيىنچىلىق بولغان تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىگە 1 مىليون 100 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق سېتىپ بېرىش كۆرسەتكۈچى كۆپەيتىپ بېرىلدى. 2 - ئايدا، خەلق ئىشلىرى نازارىتى، دېھقانچىلىق نازارىتى، ئاشلىق ئىدارىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 4 ۋىلايەت، ئوبلاستقا بىرلەشمە خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، يېزا خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، شۇ جايدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەتلەر ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى ھەمدە لوپ، گۇما، يوپۇرغا، قەشقەر كوناشەھەر، قەشقەر يېڭىشەھەر، ئاتۇش، ئاقتۇ، ئۇچتۇرپان، توقسۇ، كۇچا، ئونسۇ قاتارلىق 11 ناھىيە (شەھەر)، 18 يېزا - بازارنى تەكشۈردى. 119 دېھقان ئائىلىسىنى زىيارەت قىلدى. خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈشىچە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 4 ۋىلايەت، ئوبلاستتا ئاشلىقى يېتىشمەيدىغان 100 مىڭ 239 ئائىلە، 406 مىڭ 604 ئادەم بولۇپ، ئۇلارغا يېڭى ئاشلىققا ئۇلاشقىچە 16 مىليون 750 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق كەملەيدىكەن. شىمالىي شىنجاڭدىكى تارباغاي ۋىلايىتى 1989 - يىلى ئاپەتكە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، 1990 - يىلى ئەتىيازدا يېزىلاردا 7 مىليون 40 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق كەملەيدىكەن. ئاشلىق مەنبەسى مول بولغاچقا، جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭدىكى جايلار دېھقانلارنى تەشكىللەپ، ئۆزئارا ھەمكارلىشىش، دۆلەت قەرز ئورنىدا سېتىپ بېرىش، پىلان سىرتىدا سېتىۋېلىنغان ئاشلىقنى قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىش قاتارلىق چارىلار ئارقىلىق يېزىلاردا ئاشلىق يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى بىر قەدەر ياخشى ھەل قىلدى. 1989 - يىللىق ئاشلىق يىلىدا، گەرچە ئاشلىق يېتىشمىدى دېگەن سادا بىر قەدەر يۇقىرى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەر ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ۋە خىزمەت پۇختا، ئىنچىكە ئىشلەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئەمەلىيەتتە يىل بويى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تەكشى باھادا تەمىنلەنگەن ئاشلىق 1988 - يىللىق ئاشلىق يىلىدىكىدىن يەنە %2.06 تۆۋەنلىدى.

1990 - يىل 6 - ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قېدىرباي ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارە باشلىقلىرى يىغىنىدا يەنە بىر قېتىم مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق 200 كىلوگرامغا يەتمەيدىغان نامرات ئائىلىلەرگە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى چۈشۈرمەسلىك، ۋەزىپە چۈشۈرۈلگەنلىرىنى تەڭشەپ، كېلەر يىلى ئەتىيازدا ئاشلىقى يېتىشمىگەنلەرگە قايتۇرۇپ ئاشلىق سېتىپ بېرىشتىن ساقلىنىش كېرەك. شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى سائەت 10دا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى جياڭ زېمىن خوتەندە ئۇيغۇر دېھقان مەخسۇتنىڭ ئائىلىسىنى زىيارەت قىلدى ۋە بۇ پېشقەدەم دېھقانغا قەنت قاتارلىق سوۋغىلارنى تەقدىم قىلدى. 65 ياشلىق مەخسۇت باش شۇجىغا ئۈجمە ياغىچىدىن ئۆز قولى بىلەن ياسىغان قوشۇق سوۋغا قىلدى. ئۇ باش شۇجىغا: بۇرۇن نورغۇن خوتەنلىكلەر ئاتا - بوۋىلىرىدىن تارتىپ مۇشۇنداق قوشۇقتا ئوماچ ئىچىپ كەلگەن، ھازىر كەنتىمىزدىكىلەر ئوماچ ئىچمەيدىغان بولدى، دېدى. 1990 - يىللىق ئاشلىق يىلىدا ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىققا تەكشى باھادا سېتىپ بېرىلگەن ئاشلىق ئالدىنقى يىلدىكىدىن 19 مىليون 750 مىڭ كىلوگرام ئازىيىپ، %10.31 تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق رايونلىرىغا سېتىلغىنى 13 مىليون 850 مىڭ كىلوگرام ئازىيىپ، %24.44، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا سېتىلغىنى 5 مىليون 900 مىڭ كىلوگرام ئازىيىپ، %4.37 تۆۋەنلەپ، 1979 - يىلدىن كېيىنكى سېتىش مىقدارى بىر قەدەر ئاز بولغان يىل بولدى (جەدۋەل: 2 — 16، 2 — 17گە قاراڭ). 1990 - يىل 12- ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە بىر تۇتاش سېتىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن چارۋىچىلىق ئاھالىسى 726 مىڭ 900 بولۇپ، ئومۇمىي چارۋىچىلىق ئاھالىسىنىڭ %80ىنى ئىگىلىدى.

### 1987 — 1990 ـ يىلغىچە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ 4 ۋىلايەت، ئوبلاستىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىدا تەكسە باھالىق ئاشلىق سېتىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 2 — 15 بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| ئاشلىق يىلى / جايلار | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 |
|---|---|---|---|---|
| كىچىك جەمئىي | 1799 | 1918 | 1375 | 1342 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 438 | 404 | 304 | 384 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 74 | 52 | 45 | 149 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 597 | 660 | 337 | 211 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 690 | 802 | 689 | 598 |

### 1957 — 1978 ـ يىلغىچە شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئاشلىق سېتىش ۋە ساپ ئىگىلەش سەۋىيىسى

جەدۋەل: 2 — 16 بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| تۈرى / ئاشلىق يىلى | سېتىۋېلىنغاندىن كېيىن يېزىلارغا قالدۇرۇلغان ئاشلىق | دۆلەتنىڭ دېھقانچىلىق (چارۋىچىلىق) قا سېتىشى (تەكسە باھادا): جەمئىي | جەمئىي ئىچىدە: ئوزۇقلۇق ئاشلىق: مىقدارى | ئوزۇقلۇق ئاشلىق: بۇنىڭ ئىچىدە: چارۋىچىلىق | يەم - بوغۇز | ئۇرۇقلۇق | دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئەمەلىي ئىگىلىگىنى | كىشى بېشىغا ساپ ئىگىلىگىنى (كىلوگرام) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1957 | 98483 | 14383 | 10447 | 1951 | 1619 | 515 | 112866 | 245 |
| 1958 | 130567 | 16185 | 10998 | 1690 | 1284 | 1435 | 146752 | 324 |
| 1959 | 112815 | 25162 | 15303 | 1854 | 2885 | 3986 | 137977 | 293 |
| 1960 | 132777 | 30416 | 19527 | 893 | 2054 | 4088 | 163193 | 335 |
| 1961 | 122737 | 15339 | 13541 | | 249 | 1515 | 138076 | 259 |
| 1962 | 124157 | 11285 | 9828 | | 383 | 1005 | 135442 | 251 |
| 1963 | 160257 | 9286 | 7855 | | 376 | 814 | 169543 | 296 |
| 1964 | 180372 | 7793 | 6189 | 1040 | 726 | 736 | 188165 | 313 |
| 1965 | 193442 | 12474 | 8908 | 1181 | 2208 | 1176 | 205916 | 326 |
| 1966 | 238056 | 11454 | 8426 | 1252 | 1505 | 1253 | 249510 | 370 |
| 1967 | 214754 | 10154 | 7688 | | 1168 | 1056 | 224908 | 320 |
| 1968 | 185362 | 13567 | 10463 | | 1290 | 1403 | 198929 | 271 |
| 1969 | 210909 | 12816 | 10192 | | 1050 | 1479 | 223725 | 293 |
| 1970 | 233035 | 9965 | 7445 | | 1200 | 1100 | 243000 | 303 |
| 1971 | 248105 | 11132 | 8281 | | 1400 | 1000 | 259237 | 311 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1972 | 232064 | 11876 | 8547 | | 1535 | 800 | 243940 | 285 |
| 1973 | 252111 | 12352 | 9549 | | 1658 | 302 | 264463 | 299 |
| 1974 | 218285 | 15876 | 12634 | | 1042 | 1633 | 234161 | 257 |
| 1975 | 243575 | 17691 | 13714 | | 1080 | 2088 | 261266 | 297 |
| 1976 | 258759 | 14940 | 11609 | | 1643 | 1050 | 273699 | 304 |
| 1977 | 248750 | 17316 | 13047 | | 1785 | 1577 | 266066 | 289 |
| 1978 | 280387 | 16522 | 12944 | | 1592 | 835 | 296909 | 315 |

ئىزاھ: بەزى يىللاردىكى چارۋىچىلىق ئوزۇقلۇق ئاشلىقى ئايرىم ستاتىستىكا قىلىنمىدى.

## 1979 — 1990 - يىلغىچە شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئاشلىق سېتىش ۋە ساپ ئىگىلەش سەۋىيىسى

جەدۋەل: 2 — 17 بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| تۈرى / ئاشلىق يىلى | سېتىۋېلىنغاندىن كېيىن يېزىلاردا قالدۇرۇلغان ئاشلىق | دۆلەتنىڭ دېھقانچىلىق (چارۋىچىلىق) قا سېتىشى | | | | | | | | | | | دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئومۇمىي ئىگىلىكى | كىشى بېشىغا ساپ ئىگىلىكى (كىلوگرام) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | تەكشە باھا | | | | | | | كېلىشىم باھا | | | | |
| | | | كىچىك جەمئىي | كىچىك جەمئىي ئىچىدە | | | | | | كىچىك جەمئىي | يۆنىلىش ئىچىدە: | | | |
| | | | | ئوزۇقلۇق ئاشلىق | | يەم - بوغۇز | | ئۇرۇقلۇق | | | | | | |
| | | | | سانى | يۆنىلىش ئىچىدە: چارۋىچىلىق | سانى | يۆنىلىش ئىچىدە: چارۋىچىلىق | | | | ئوزۇقلۇق ئاشلىق | يەم | | |
| 1979 | 285045 | 19354 | 19354 | 13857 | 5714 | 3826 | 2108 | 516 | | | | | 304399 | 320 |
| 1980 | 284075 | 24194 | 24194 | 18359 | 8182 | 4031 | 2926 | 476 | | | | | 308269 | 321 |
| 1981 | 284444 | 24524 | 24176 | 18878 | 9312 | 3517 | 2731 | 506 | | 348 | 348 | | 308968 | 319 |
| 1982 | 300408 | 26466 | 25238 | 18644 | 10439 | 4339 | 3461 | 548 | | 1228 | 901 | 29 | 326874 | 336 |
| 1983 | 328031 | 29068 | 27510 | 17224 | 10460 | 5391 | 3973 | 285 | | 1538 | 1398 | 106 | 357099 | 364 |
| 1984 | 343178 | 28844 | 25702 | 14898 | 9616 | 5904 | 3433 | 278 | | 3142 | 2964 | 62 | 372022 | 378 |
| 1985 | 355523 | 25085 | 22600 | 12053 | 2769 | 3248 | 1925 | 113 | | 2485 | 2085 | 249 | 380608 | 385 |
| 1986 | 389268 | 24623 | 21849 | 11903 | 3607 | 4330 | 2192 | 172 | | 2774 | 2358 | 215 | 413891 | 414 |
| 1987 | 420471 | 20235 | 16906 | 9828 | 5527 | 6260 | 4404 | 341 | | 3329 | 2541 | 493 | 440706 | 435 |
| 1988 | 440239 | 24226 | 19557 | 11797 | 8051 | 7255 | 5283 | 249 | | 4669 | 2975 | 1241 | 464465 | 457 |
| 1989 | 452972 | 23508 | 19155 | 11931 | 8384 | 6903 | 5105 | 103 | | 4353 | 2350 | 1797 | 476480 | 464 |
| 1990 | 450142 | 20935 | 17180 | 11291 | 8428 | 5544 | 4471 | 133 | | 3755 | 2033 | 1429 | 471077 | 443 |

## § 3 . يېمەكلىك ياغ سېتىش

1957 — 1990 - يىلغىچە بولغان ئاشلىق يىللىرىدا ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرى يېزىلاردا بىر تۇتاش سېتىش چارىسى بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنى 44 مىليون 640 مىڭ كىلوگرام

تەكسە باھالىق ياغ (3 مىليون 320 مىڭ كىلوگرام ئوتتۇرا باھالىق ياغمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) بىلەن تەمىنلىدى، بۇ يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1 مىليون 310 مىڭ كىلوگرامدىن توغرا كەلدى. 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن، ئاپتونوم رايون بويىچە ياغ ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش ئەھۋالىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق سېتىۋالمىسى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كەملىگەن يېغىنى تەمىنلەشنى مۇۋاپىق تۈردە كەڭ قويۇۋېتىپلا قالماستىن، بەلكى دېھقان، چارۋىچىلارنى مەلۇم ساندا كېلىشىم باھالىق ياغ بىلەن تەمىنلىدى، بۇ ھال دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە مۇئەييەن رول ئوينىدى (جەدۋەل: 2 — 18، 2 — 19غا قاراڭ).

## 1. دېھقانچىلىق رايونلىرىنى يېتىشمىگەن ياغ بىلەن تەمىنلەش

تەمىنلەش ئوبيېكتى ئاساسەن ياغلىق دان چىقمايدىغان رايونلاردىكى يېغى يېتىشمەيدىغان دېھقانلار، ئىقتىسادىي زىرائەت ئەترىتى، كۆكتاتچىلىق ئەترىتى، قەھەتچىلىككە تەييارلىق كۆرۈش ئۆزۈكلۈكى، خەلق ئىشچىلىرىنىڭ ياردىمى ھەم ئىش ئۆلاغلىرىنى ھەمەل قىلىش ۋە كارىز قازغاندا ئىچىنى يورۇتۇش قاتارلىق ئالاھىدە ئېھتىياجلاردىن ئىبارەت.

1957 - يىل 7 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە ياغ، ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش ۋە سېتىشنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن بىر تۇتاش سېتىلىدىغان قىلىنغاندىن كېيىن، ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىغا ئالاھىدە ئەھۋال بولمىسىلا، ئادەتتە ياغ سېتىپ بەرمەسلىك قارار قىلىندى. ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىلمايدىغان رايونلاردىكى دېھقانلارنىڭ يېغى يېتىشمىسە شۇنىڭدەك ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىيدىغان دېھقانلار ۋە كۆكتاتچىلارغا ياغ مەنبەسى ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق تۈردە بىر تۇتاش سېتىپ بېرىلدى. 1957 — 1960 - يىلغىچە ياغ مەنبەسى نىسپىي مول بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە باي، يەكەن قاتارلىق ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىدىغان ناھىيىلەر يېزىلاردىكى ياغلىق داننىڭ ھەممىسىنى سېتىۋېلىپ پىششىقلىغاندىن كېيىن دېھقانلارنىڭ ئوزۇقلۇق يېغىنى قايتا يېزىلارغا قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر يىلى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا 3 مىليون كىلوگرام ئەتراپىدا ياغ بىر تۇتاش سېتىلىپ تۇردى. 1961 - يىل 8 - ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە - سودا شۆبىلىرى يىغىنىدا، جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭ دەپ ئايرىماي، يېزىلاردىكى ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رايونلاردا يىللىق ئوزۇقلۇق ياغ ئۈچۈن 1.5 — 2 كىلوگرامدىن ياغ قالدۇرۇش، ياغلىق دانىغا سۇندۇرغاندا 4 — 5 كىلوگرامدىن زىغىر ياكى قىچا ۋە ياكى 15 — 20 كىلوگرامدىن چىگىت قالدۇرۇش ئۆلچىمى قويۇلدى. 1962 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ياغ بىلەن تەمىنلەش جىددىيلىشىپ كەتتى، دېھقانچىلىق رايونلىرىغا ياغنى بىر تۇتاش سېتىش قاتتىق كونترول قىلىندى. پەۋقۇلئاددە ئېھتىياج تۇغۇلغاندىلا ۋاقىتلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىلدى. 1964 - يىلى ئاشلىق نازارىتى تۆۋەندىكىلەرنى بەلگىلىدى: يېزىلارغا بارغان ياشلار قوبۇل قىلىنىدىغان نۇقتىغا يېتىپ بېرىپ 2 - ئېيىدىن باشلاپ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى يېڭى ياغ تەقسىم قىلغىچە، ئاشلىق تارماقلىرى شۇ جايدىكى غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئاھالىسىنىڭ نورما ئۆلچىمى بويىچە تەمىنلەپ تۇرىدۇ؛ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا بارغانلار شۇ مەيداندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ياغ قالدۇرۇش ئۆلچىمى بويىچە تەمىنلىنىدۇ. 1972 - يىل 11 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتى دېھقانلارنى ئاپتاپپەرەس ۋە ئابدىمىلىك تېرىشقا ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن، دېھقانلار 50 كىلوگرام ئاپتاپپەرەس ياكى ئابدىمىلىك سېتىپ بەرسە، مۇكاپات تەرىقىسىدە 2.5 كىلوگرام ياغ سېتىپ بېرىشنى قارار قىلدى. 1962 — 1979 - يىلغىچە بولغان 18 يىلدا، ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا يىلدا 780 مىڭ كىلوگرامدىن جەمئىي 14 مىليون 110 مىڭ كىلوگرام ياغ بىر تۇتاش سېتىپ بېرىلدى. ئەڭ تۆۋەن بولغان 1974 - يىلى ئاران 430 مىڭ كىلوگرام سېتىلدى. 1980 - يىلى ئاشلىق نازارىتى كۆكتاتچى، ئۈزۈمچى دېھقانلارنى يىلدا 3 كىلوگرامدىن ياغ بىلەن تەمىنلەشنى بەلگىلىدى. 1983 - يىل 1-

ئايدىن ئېتىبارەن ۋەتەنگە قايتىپ يېزىلاردا ئولتۇراقلاشقان جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋە چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ يېغى شۇ جايدىكى شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە تەمىنلەندى. 1990 - يىلى ئۆززۇم باھاسىنىڭ قويۇۋېتىلىشىگە ئەگىشىپ، تۇرپاندىكى ئۈززۇمچى دېھقانلارنى تەكشى باھالىق ياغ بىلەن تەمىنلەش توختىتىلدى. كۆكتاتچىلار ۋە باشقا ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىيدىغان دېھقانلار يەنىلا پىلان بويىچە ھەر كىشى ھەر يىلدا 3 كىلوگرامدىن ياغ بىلەن تەمىنلىنىپ تۇردى.

## 2. چارۋىچىلىق رايونلىرىنى ياغ بىلەن تەمىنلەش

1958 - يىل 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىنى ئاشلىق، ياغ بىلەن نورمىلىق تەمىنلەشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى» نى ئېلان قىلىپ، تۆۋەندىكىلەرنى بەلگىلىدى: چارۋىچىلار ئادەتتە ياغ بىلەن تەمىنلەنمەيدۇ، ئەگەر ھەقىقەتەن قىيىنچىلىقى بولسا، مۇۋاپىق ياردەم بېرىلسە بولىدۇ، ھەر كىشىگە ھەر يىلدا 0.5 — 1.5 كىلوگرامدىن ئوزۇقلۇق ياغ ياردەم قىلىنىدۇ، «چارۋىچىلىق رايونلىرىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش كىنىشكىسى» بويىچە تەمىنلىنىدۇ. 60 - يىللاردىن باشلاپ يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى چارۋىچىلارغا لازىملىق ياغ ئوخشاش كۆڭشې ياكى ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرىدىكى ياغ چىقىدىغان دېھقانچىلىق ئەترەتلىرىدىن تەڭشەپ بېرىلدى، نوقۇل چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى چارۋىچىلارنىڭ ئوزۇقلۇق يېغىنى ئاشلىق تارماقلىرى داۋاملىق 1958 - يىلدىكى ئۆلچەم بويىچە تەمىنلەپ تۇردى.

1979 - يىلى چارۋىچىلىققا كېتەرلىك ياغ پۈتۈنلەي دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش سېتىشىغا كىرگۈزۈلۈپ، قايتا دېھقانچىلىق ئەترەتلىرىدىن تەڭشەلمەيدىغان بولدى. 1980 - يىل 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم «ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارە باشلىقلىرى يىغىنى ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات» نى تەستىقلاپ تارقىتىپ، تۆۋەندىكىلەرنى بەلگىلىدى: جايلار ياغ مەنبەسى ئەھۋالىغا ئاساسەن، بىر تۇتاش سېتىش ئاشلىقى يەيدىغان چارۋىچىلارغا بىر يىلدا 0.5 — 1 كىلوگرامدىن ئوزۇقلۇق ياغ ياردەم قىلسا بولىدۇ. چارۋىچىلىق ئەترەتلىرىدىن ئۆزى يالغۇز دان ئىشلەپچىقىرىپ دۆلەتكە تاپشۇرۇپ بەرگەنلىرى قايتا تەمىنلەنمەيدۇ، ھەقىقەتەن ياغ قالدۇرمىغانلار بولسا، ئامباردىن قايتۇرۇش يولى بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، 1980- يىلدىن 1990 - يىلغىچە قەشقەر ۋىلايىتى چارۋىچىلارنى بىر يىلدا 0.75 كىلوگرامدىن ياغ بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان، ئاقسۇ ۋىلايىتىدە كىشى بېشىغا تەمىنلەنگەن ياغ 0.5 كىلوگرامدىن ئېشىپ كەتكەن. 1990 - يىلى ئاشلىق تارماقلىرى چارۋىچىلارنى داۋاملىق تەكشى باھالىق ياغ بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان، ئۆلچىمى يەنىلا ھەر كىشىنىڭ ھەر يىلدا 0.5 — 1 كىلوگرام بولغان.

### 1957 — 1979 - يىلغىچە شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا ياغ سېتىش ۋە ئۇنىڭ ساپ ئىگىلەش سەۋىيىسى

جەدۋەل: 2 — 18　　　　بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| تۈرى / ئاشلىق يىلى | سېتىۋېلىنغاندىن كېيىن يېزىلاردا قالدۇرۇلغان ياغ | دۆلەتنىڭ دېھقانچىلىق (چارۋىچىلىق) قا سېتىقىنى (تەكشى باھادا): جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: ئوزۇقلۇق ياغ | بۇنىڭ ئىچىدە: ئۇرۇقلۇق | دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئەمەلىي ئىگىلىگىنى | كىشى بېشىغا ساپ ئىگىلىگىنى (كىلوگرام) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1957 | 915 | 334 | 201 | 6 | 1249 | 2.7 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 3.6 | 1640 | 20 | 226 | 284 | 1356 | 1958 |
| 3.3 | 1554 | 57 | 201 | 313 | 1241 | 1959 |
| 2.9 | 1403 | 49 | 210 | 342 | 1061 | 1960 |
| 2.1 | 1096 | 15 | 86 | 113 | 983 | 1961 |
| 2.1 | 1133 | 8 | 69 | 84 | 1049 | 1962 |
| 2.6 | 1470 | 10 | 33 | 49 | 1421 | 1963 |
| 3.1 | 1864 | 13 | 32 | 54 | 1810 | 1964 |
| 3.9 | 2491 | 15 | 50 | 72 | 2419 | 1965 |
| 3.7 | 2521 | 18 | 44 | 77 | 2444 | 1966 |
| 3.2 | 2268 | 13 | 50 | 95 | 2173 | 1967 |
| 3.1 | 2298 | 12 | 71 | 121 | 2177 | 1968 |
| 2.8 | 2117 | 9 | 50 | 90 | 2027 | 1969 |
| 3 | 2439 | | 60 | 98 | 2341 | 1970 |
| 3 | 2506 | | 47 | 117 | 2389 | 1971 |
| 2.9 | 2509 | 39 | 37 | 90 | 2419 | 1972 |
| 3.5 | 3056 | 17 | 22 | 48 | 3008 | 1973 |
| 2.5 | 2282 | 7 | 23 | 43 | 2239 | 1974 |
| 2.8 | 2482 | 18 | 39 | 63 | 2419 | 1975 |
| 2.7 | 2456 | 14 | 33 | 51 | 2405 | 1976 |
| 2.5 | 2300 | 31 | 41 | 78 | 2222 | 1977 |
| 2.7 | 2574 | 20 | 56 | 82 | 2492 | 1978 |
| 3.1 | 2956 | 50 | 44 | 99 | 2860 | 1979 |

## 1980 — 1990 ـ يىلغىچە شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا ياغ سېتىش ۋە ئۇنىڭ ساپ ئېكىلەش سەۋىيىسى

بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام جەدۋەل: 2 — 19

| كىشى بېشىغا ساپ ئېكىلگىنى (كىلوگرام) | دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئەمەلىي ئېكىلگىنى | دۆلەتنىڭ دېھقانچىلىق (چارۋىچىلىق) قا سېتىشى: ئوتتۇرا باھا | دۆلەتنىڭ دېھقانچىلىق (چارۋىچىلىق) قا سېتىشى: كېلىشىم باھا: بۇنىڭ ئىچىدە: ئوزۇقلۇق ياغ | دۆلەتنىڭ دېھقانچىلىق (چارۋىچىلىق) قا سېتىشى: كېلىشىم باھا: كېچىك جەمئىي | دۆلەتنىڭ دېھقانچىلىق (چارۋىچىلىق) قا سېتىشى: تەكشى باھا: كېچىك جەمئىي ئىچىدە: ئوزۇقلۇق | دۆلەتنىڭ دېھقانچىلىق (چارۋىچىلىق) قا سېتىشى: تەكشى باھا: كېچىك جەمئىي ئىچىدە: ئوزۇقلۇق ياغ: بۇنىڭ ئىچىدە: چارۋىچىلىق | دۆلەتنىڭ دېھقانچىلىق (چارۋىچىلىق) قا سېتىشى: تەكشى باھا: كېچىك جەمئىي ئىچىدە: ئوزۇقلۇق ياغ: سانى | دۆلەتنىڭ دېھقانچىلىق (چارۋىچىلىق) قا سېتىشى: تەكشى باھا: كېچىك جەمئىي | دۆلەتنىڭ دېھقانچىلىق (چارۋىچىلىق) قا سېتىشى: جەمئىي | سېتىۋېلىنغاندىن كېيىن يېزىلارغا قالدۇرۇلغان ياغ | تۈرى / ئاشلىق يىلى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 3.6 | 3499 | | | | 60 | | 56 | 121 | 121 | 3378 | 1980 |
| 3.7 | 3579 | 3 | 16 | 16 | 71 | 38 | 101 | 182 | 201 | 3378 | 1981 |
| 4.2 | 4133 | 17 | 26 | 29 | 42 | 43 | 100 | 163 | 209 | 3924 | 1982 |
| 4.2 | 4107 | 40 | 68 | 72 | 12 | 43 | 102 | 121 | 233 | 3874 | 1983 |
| 4.6 | 4572 | 147 | 213 | 218 | 16 | 44 | 87 | 110 | 475 | 4097 | 1984 |
| 5.8 | 5755 | 107 | 247 | 255 | 20 | 25 | 67 | 90 | 452 | 5303 | 1985 |
| 7.8 | 7797 | 15 | 207 | 208 | | 17 | 38 | 57 | 280 | 7517 | 1986 |
| 10.3 | 10961 | 3 | 372 | 424 | | 26 | 97 | 122 | 549 | 9912 | 1987 |
| 9.6 | 9752 | | 334 | 368 | | 36 | 127 | 145 | 513 | 9239 | 1988 |
| 9.2 | 9412 | | 295 | 317 | | 49 | 107 | 115 | 432 | 8980 | 1989 |
| 10.4 | 11087 | | 248 | 272 | | 59 | 102 | 109 | 381 | 10706 | 1990 |

# V باب

# ھەربىي تەمىنات ئاشلىقى ۋە يەم - بوغۇزى بىلەن تەمىنلەش

## 1 § . جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى ھەربىي تەمىنات ئاشلىقى ۋە يەم - بوغۇزى

### 1. ھەربىيلەر ئاشلىقىنى توپلاپ تەمىنلەش چارىسى

#### 1) خەن سۇلالىسى دەۋرى

غەربىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئارمىيىگە كېرەكلىك ئاشلىق ۋە يەم - بوغۇزنى غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىر تۇتاش تەييارلاپ، ئۇلاغ كۈچى بىلەن يەتكۈزۈپ تەمىنلىدى. غەربىي يۇرت ئىچكى ئۆلكىلەردىن يىراق بولغانلىقى، يېرى كەڭ، ئاھالە شالاڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇزۇق - تۈلۈك، ئوت - چۆپ توشۇش ئىنتايىن قىيىن ئىدى، چوڭ - چوڭ ھەربىي ھەرىكەتلەر دائىم ئۇزۇق-تۈلۈك، ئوت - چۆپنىڭ يېتىپ كېلەلمەسلىكى تۈپەيلىدىن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايتتى. خەن ۋۇدى زامانىسىنىڭ تەيچۇ 1 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 104 - يىلى) ئېرشى سانغۇنى لى گۇاڭلىنىڭ قوشۇنى فەرغانىگە ھەربىي يۈرۈش قىلىپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ خەن پادشاھىغا: «لەشكەرلەر جەڭدىن قورقمايدۇ، ئاچلىقتىن قورقىدۇ» دەپ مەكتۇپ يوللىغان. خەن ۋۇدى زامانىسىنىڭ تەيچۇ 3 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 102 - يىلى) لى گۇاڭلى فەرغانىگە 2 - قېتىم يۈرۈش قىلىپ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن غەربىي يۇرت زىلزىلىگە كەلدى. غەربىي خەن ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرتقا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، غەربىي يۇرتتا كەڭ كۆلەمدە بوزيەر ئۆزلەشتۈردى. بوزيەر ئۆزلەشتۈرگەن لەشكەرلەر ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا بوزيەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلسا، ئۇرۇش ۋاقتىدا قولىغا نەيزە ئېلىپ جەڭ قىلدى. بوزيەردىن ئېلىنغان ھوسۇل بىلەن ئارمىيىنىڭ ئاشلىق تەمىناتى، يەم - بوغۇزى ھەل قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە يولۇچىلار، سودىگەرلەرمۇ ئاشلىق بىلەن تەمىنلەندى.

شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە كروران (ھازىرقى چاقىلىقنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپى) خەن ھۆكۈمىتىنىڭ غەربىي يۇرتنى تىزگىنلەشتىكى مەركىزىي رايون، شۇنداقلا يىپەك يولىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا كروراندا 1000 دىن ئارتۇق بوزيەر ئۆزلەشتۈرگۈچى لەشكەر تۇراتتى، ئۇلار ئىشلەپچىقارغان ئاشلىق مول ئىدى، بۇ مەزگىل كروران ئىقتىسادىنىڭ تازا گۈللەنگەن مەزگىلى ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا لەشكەرلەرگە ئۇزۇقلۇق ئاشلىق ئۈچۈن ئايدا بىر كۈرە 2 شىڭدىن تېرىق بېرىلەتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا، تەبىئىي شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشى، كىلىماتنىڭ قۇرغاقلىشىشى، سۇ مەنبەسىنىڭ ئازىيىشى بىلەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىدى، كروراننىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە، لەشكەرلەرنىڭ

ئۆزۈقلۈق ئاشلىقى بارا - بارا ئازىيىپ بىر كۈنى 2 شىڭدىن بىر كۈنىگە، 8 شىڭغا، ھەتتا 6 شىڭغا چۈشۈپ قالدى. شۇ مەزگىللەردە يەنە ئاشلىق تېجەش تەكىتلەندى، قېزىۋېلىنغان تارىشا پۈتۈكلەرگە «ئاشلىقنى ئاز- ئازدىن تېجەپ، ھەممىگە تەڭ - باراۋەر يەتكۈزۈش لازىم» دەپ خاتىرىلەنگەن. ھۆكۈمەت ئىدارىلىرىدىكى چوڭ- كىچىك ئەمەلدارلارنىڭ ئۆزۈقلۈق ئاشلىقىنى تېجەش توغرىسىدىكى پەرماندا مۇنداق قەيت قىلىنغان: «ھازىرچە يەنە ئازايتىش لازىم، ھەممە بەگ ۋە مۇلازىملار ئۆزلىرى يەيدىغان ئاشلىقلىرىنى ئازايتىشى لازىم». بۇنىڭدىن ئاشلىق تەمىناتىنىڭ ئىنتايىن جىددىي بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. خەن سۇلالىسىدىن كېيىنكى سۇلالىلەر غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىشتا خەن ھۆكۈمىتىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ ئاشلىق تەمىناتى ۋە يەم - بوغۇزىنى ھەل قىلدى.

### 2) تاڭ سۇلالىسى دەۋرى

تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۈەن 4 - يىلى (630 - يىلى) دىن ئېتىبارەن غەربىي يۇرتنىڭ شەرقىي قىسمىدا ئىۋىرغول ئايمىقى (ئايماق مەركىزى ھازىرقى قۇمۇل شەھىرىدە)، قوچۇ ئايمىقى (ئايماق مەركىزى ھازىرقى تۇرپان شەھىرىدىكى ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرىدە) ۋە بېشبالىق ئايمىقى (ئايماق مەركىزى ھازىرقى جىمسار ناھىيىسىنىڭ خۇباۋزى قەدىمىي شەھىرىدە) تەسىس قىلىندى، ئىچكىرىدىكىگە ئوخشاش، ئايماق، ناھىيە، يېزا، تۈتۈن تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئىجاۋە، سېلىق، ھاشار قويۇلدى. ھازىرقى چەرچەن، چاقىلىقتا 2 ناھىيە تەسىس قىلىندى، بۇ ناھىيىلەر شاجۇ (ھازىرقى دۇنخۇاڭ شەھىرى) ئايمىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. غەربىي يۇرتتىكى باشقا كەڭ رايونلاردىن ئەنشى، بېشبالىقتىكى 2 باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قارىمىقىدا نۇرغۇنلىغان تۇتۇپ تۇرۇلىدىغان تۇتۇق مەھكىمىلىرى، ئايماقلار تەسىس قىلىندى، تۇتۇپ تۇرۇلىدىغان مەھكىمىلەر، ئايماقلاردىكى ئارمىيىنىڭ ئاشلىقىنى ئاساسەن ئۆزلىرى ھەل قىلدى. مەركەزنىڭ غەربىي يۇرتتا تۇرۇشلۇق ئارمىيىسى ۋە ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا كېتەرلىك ئوزۇق - تۈلۈك، ئوت - چۆپ يەنىلا ئارمىيىگە تايىنىپ ھەل قىلىندى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى ھەربىيلەر ئۆزلەشتۈرگەن بوز يەرنىڭ كۆلىمى ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن ئېشىپ كەتتى. 11 جايدا مەركەزلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى شەكىللەنگەندىن سىرت، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا تارقالغان قورۇل، قەلئە، قورغان، تۇرالار پارچە- پارچە بوز يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ تەمىنات مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

### 3) يۈەن سۇلالىسى دەۋرى

يۈەن سۇلالىسى بېشبالىق ۋاقىتلىق دۇۋان ۋازارىتى تەسىس قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇردى، باج - خىراجلارنى جايلارغا ئەۋەتىلگەن دارغاچ قاتارلىقلار يىغدى. ھەربىيلەرنىڭ ئاشلىق تەمىناتى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، جىيۈەن 15 - يىلى (1278 - يىلى) دىن ئېتىبارەن، بېشبالىق، خوتەن، كۇچا قاتارلىق جايلاردا تېرىقچىلىق قىلىندى.

### 4) چىڭ سۇلالىسى دەۋرى

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانىدىكى ھەربىيلەر ئاشلىقى تەمىناتىنى باركۆلدە تېرىقچىلىق قىلىپ ئېلىنغان ئاشلىق بىلەن ھەل قىلغاندىن سىرت، يەنە گەنسۇ قاتارلىق جايلاردىن ئاشلىق سېتىۋېلىپ كېلىپ، يېتىشمىگەنلىرىنى تولۇقلىدى. چيەنلوڭنىڭ 20 - يىلى (1755 - يىلى) دىن كېيىن، چىڭ ئارمىيىسى ئارقا - ئارقىدىن جوڭغار خانلىقىنى يوقىتىپ، ئامۇرسانا، چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتتى، چىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا جايلاشقان زور قوشۇننىڭ ئاشلىق تەمىناتىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭدا كەڭ كۆلەمدە بوز يەر ئۆزلەشتۈردى، چيەنلوڭنىڭ 60 - يىلى (1795 - يىلى) ھەربىيلەر ئاشلىقى پۈتۈنلەي ئۆز جايىدا ھەل قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى بەزىدە ئاشلىق كۆپ بولۇپ كېتىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئازايتىلدى. تۇڭجى 4 - يىلى (1865 - يىلى) قوقەن خانلىقىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى

ياقۇپبەگ تاجاۋۇزچى ئارمىيىسىنى باشلاپ كېلىپ قەشقەر، يېڭىسارنى ئىشغال قىلىۋالدى، ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە يەكەن، خوتەن، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ، قاراشەھەر قاتارلىق جايلارنى بېسىۋېلىپ، ئاتالمىش «يەتتىشەھەر دۆلىتى»نى قۇردى. ئۇنىڭدىن 8 - يىلى (1869 - يىلى) 11 - ئايدا ياقۇپبەگنىڭ تاجاۋۇزچى ئارمىيىسى پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىشغال قىلىۋالغاننىڭ سىرتىدا، يەنە شىمالىي شىنجاڭدىكى ئۈرۈمچى ۋە ماناسنى ئىشغال قىلدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، چار روسىيە ئىمپېرىيىسىمۇ ئۇنىڭدىن 9 - يىلى (1870 - يىلى) قوشۇن تارتىپ ئىلى رايونىنى تاجاۋۇز قىلىپ ئىگىلىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن شىنجاڭ كىرزىس پاتقىقىغا پېتىپ قالدى. دۆلەت زېمىنىنى قوغداپ، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن چىڭ ھۆكۈمىتى تۇڭجى 5 - يىلى (1866 - يىلى) گۇچۇڭدا قاشلىق مەھكىمىسى تەسىس قىلدى، كېيىن ئۇنى شىنجاڭ غەربىي يول قاشلىق مەھكىمىسى باش ئىدارىسىگە ئۆزگەرتتى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا ئۆلاستاي، قوبدۇ قاشلىق مەھكىمىسى شۆبە ئىدارىلىرىنى تەسىس قىلدى، بۇ ئىدارىلەرنى خېبېي ئايمىقىنىڭ ئاياقدارى ئاڭگوبۇ باشقۇردى. گۇاڭشۈ 1 - يىلى (1875 - يىلى) 3 - ئايدا زو زۇڭتاڭ خان مۇپەتتىشى سۈپىتىدە شىنجاڭنىڭ ھەربىي ۋالىيسى بولدى ۋە شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش ئىشىنىڭ باش مەسئۇلى بولدى. گۇاڭشۈ 2 - يىلى (1876 - يىلى) 6 - ئايدا غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى زور قوشۇندىن ئازكەم 60 مىڭ كىشى جيايۈگۈەندىن چىقتى، بۇلارغا كېتەرلىك قاشلىقنىڭ بىر قىسمى قۇمۇل، باركۆلدىكى ھەربىيلەر ئۆزلەشتۈرگەن بوزيەردىن ھەل قىلىنغاندىن سىرت، ئاساسەن گەنسۇ، ئىچكى موڭغۇل قاتارلىق جايلاردىن سېتىۋېلىپ كېلىنىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە روسىيەدىنمۇ بىر قىسىم قاشلىق ئىمپورت قىلىنىدى. ئىچكى ئۆلكىلەردىن قاشلىق سېتىۋېلىپ كېلىشكە خىراجەت كۆپ كېتىدىغانلىقى، ئاۋارىچىلىق كۆپ بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى زور قوشۇن كورلىنىڭ غەربىدىكى شەھەرلەرنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، زو زۇڭتاڭ گەنسۇ، ئىچكى موڭغۇل ۋە گۇچۇڭ قاشلىق ئىدارىلىرىنىڭ قاشلىق سېتىۋېلىشىنى بىردەك توختىتىش، كېتەرلىك قاشلىقنى شۇ جايدىن ھەل قىلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرگەن. گۇاڭشۈ 10 - يىلى (1884 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكە بولغاندىن كېيىن، باش مۇپەتتىش لىيۇ جىڭتاڭ تەستىق بويىچە ئېتىز - ئېرىق باشقۇرۇشنى ئىسلاھ قىلىپ، لەشكەرلەر، جىنايەتچىلەر بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈشى، تۇغ تېرىقچىلىقىنى پەيدىنپەي يۇقىرىلار بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ۋە تېرىقچىلىق قىلىشقا ئۆزگەرتىپ، بەلگىلىمە بويىچە يەر بېجى قاشلىقى يىغدى، تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ ھەربىي تەمىنات قاشلىق يەم - بوغۇزىمۇ يەر بېجى قاشلىقىدىن ئاجرىتىلدى.

## 5) مىنگو دەۋرى

مىنگو دەۋرىدە ھەربىيلەر قاشلىقىنى ھۆكۈمەت بىر تۇتاش تەييارلاپ، يىغىلغان يەر بېجى قاشلىقىدىن تەمىنلىدى، يېتىشمىگەن قىسمىنى ھۆكۈمەت تارماقلىرى ئايرىم سېتىۋالدى.

مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى) 6 - ئايدا ياڭ زېڭشىن بۇيرۇقىغا بىنائەن قوشۇن ئەۋەتىپ قوبدۇنىڭ تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا زەربە بېرىشىگە ياردەم بەردى، قوشۇننىڭ قاشلىق، يەم - بوغۇزى گۇچۇڭ، جىمسار، مورى ئەتراپىدىن تەييارلىنىپ توشۇپ تەمىنلەندى. مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىلى) 6 - ئايدا ياڭ زېڭشىن قوشۇن ئەۋەتىپ تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئالتايغا قىلغان تاجاۋۇزىغا زەربە بەردى، مەخسۇس قاشلىق، يەم - بوغۇز توشۇش ئىشلىرىنى بېجىرىش ئۈچۈن گۇچۇڭدا ھۆكۈمەت نەقلىيات ئىدارىسى قۇردى. مىنگونىڭ 9 - يىلى (1920 - يىلى) گۇچۇڭدا ئارمىيە بىلەن بىللە يۈرىدىغان قاشلىق مەھكىمىسى ۋە ھەربىي قورال - ياراغ ئىدارىسى قۇرۇلدى، بۇ ئىدارە تۇرۇشلۇق ئارمىيىنى قاشلىق، يەم - بوغۇز بىلەن تەمىنلەشكە مەسئۇل بولدى. مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) گۇچۇڭدا ئىشلەپچىقىرىلغان قاشلىق بىلەن شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئارمىيە تەمىنلەنگەندىن سىرت، يەنە ئۈرۈمچى، قۇمۇل، ئالتايلاردىكى ئارمىيىمۇ تەمىنلەندى.

مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدا «قوشۇننى ئاجىزلاشتۇرۇش» سىياسىتىنى يولغا قويدى، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە 30 مىڭ كىشىلىك ئارمىيىسى بار دېيىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە كوماندىر - ئەسكەرلىرى 10 مىڭغىمۇ يەتمەيتتى. شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەسلەپكى

مەزگىلدە، شىنجاڭدا 12 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر بار ئىدى، كېيىن تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق 34 مىڭغا كۆپەيتىلدى، ئۇنىڭدىن باشقا، ج خ ئاخبارات تەشكىلاتىدا 3867 ئادەم (ئۆلكىلىك ج خ باشقارمىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى 260، ساقچىسى 292، شىنجاڭ بويىچە تۆۋەندىكى ج خ ئورگانلىرىنىڭ ئەمەلدارلىرى 992، ساقچىسى 2323) بار ئىدى. ھەربىي، ساقچى خادىملارغا ئۆلچەم بويىچە ئۆزىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى بېرىلگەندىن سىرت، يەنە ھەربىي، ساقچى ئائىلە تاۋابىئاتى ئاشلىقى بېرىلەتتى. مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941- يىلى) 9 - ئايدا شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسى «قىسىملارغا ئاشلىق ئاجرىتىش چارىسى» نى تارقىتىپ، تۆۋەندىكىلەرنى بەلگىلىگەن: (1) رايون، ناھىيىلەردە تۇرۇشلۇق قوشۇنغا كېتەرلىك تەمىناتنى مالىيە نازارىتى بەلگىلىگەن سان بويىچە، باج ئىدارىلىرىنىڭ يەر بېجى تۈرى ئاستىدا شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىگە تاپشۇرۇشنى بۇيرۇيدۇ. (2) تاپشۇرۇلىدىغان، تاپشۇرۇۋېلىنىدىغان ئاشلىق، يەم - بوغۇز مىقدارى، ۋاقتى ۋە رەسمىيىتىنى باج ئىدارىلىرى ۋە شۇ جايدا تۇرۇشلۇق قوشۇن تەكشۈرۈشتە ئاساس قىلىش ئۈچۈن يوللايدۇ. (3) قىسىملار تاپشۇرۇۋالغان تەميناتنى قويىدىغان ئامبار بولمىغاندا ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن ئارىيەت ئېلىنىدۇ. (4) قىسىملارغا ھەر ئايدا كېتەرلىك تەمىنات يەنىلا بۇرۇنقى قائىدە بويىچە مەھكىمىمىزگە مەلۇم قىلىنىپ تەكشۈرتۈلگەندىن كېيىن، ئۆلچەم بويىچە چىقىم قىلىنىدۇ، ئۆزلىرى ئېلىپ ئىشلەتسە، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ ھەربىيلەر ئاشلىقىغا چېقىلغان قاتاردا بىرتەرەپ قىلىنىدۇ. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943- يىلى) 6 - ئايدا دۇبەن مەھكىمىسى مىنگونىڭ 32 - يىلىدىكى ھەربىي تەمىنات خام چوتىنى چۈشۈردى ۋە دۇبەن مەھكىمىسى ئاشلىق مۇلازىمەت باشقارمىسى قىسىملاردىكى كوماندىر، ئەسكەرلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ 33 - يىللىق (1944 - يىللىق) تەمىناتىنى تەكشۈرۈپ تارقاتتى (جەدۋەل: 2 — 20، 2 — 21 گە قاراڭ).

## شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئارمىيە خادىملىرىنىڭ مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) دىكى ھەربىي تەمىنات خام چوتى

جەدۋەل: 2 — 20

بىرلىكى: دادەن

| ئاشلىق تۈرى / جايلار | بۇغداي | گۈرۈچ | ئاشلىق تۈرى / جايلار | بۇغداي | گۈرۈچ |
|---|---|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى | 40207.50 | 5170 | قۇمۇل | 4266.50 | |
| ماناس | 3326 | 428 | باركۆل | 1533 | |
| گۇچۇڭ | 3358 | | قاراشەھەر | 1295 | 166 |
| سانجى | 2449 | 315 | چەرچەن | 3358 | |
| تۇرپان | 1160 | | ئاقسۇ | 1295 | 166 |
| چۆچەك | 1829 | | يەكەن | 1295 | 166 |
| شىخۇ | 1295 | 166 | قەشقەر | 4340 | 559 |
| قۇتۇبى | 1829 | | خوتەن | 2261 | 291 |
| ئىلى | 3028 | 390 | جەمئىي | 78145 | 7817 |

## مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملاردىكى كوماندىر - ئەسكەرلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ تەمىنات ئەھۋالى

جەدۋەل: 2 — 21

بىرلىكى: جىڭ

| ئورۇن نامى | تەمىنلەنگەن ئاشلىق تۈرى | | ئورۇن نامى | تەمىنلەنگەن ئاشلىق تۈرى | |
|---|---|---|---|---|---|
| | ئۇن | گۈرۈچ | | ئۇن | گۈرۈچ |
| ماناس 8 - تۈەن | 278100 | | تارباغاتاي ئامانلىق ساقلاش ئوتتۇرا ئەترىتى ۋە چېگرا چارىسى | 84537 | |
| 9 - تۈەن | 302988 | | قەشقەر، ئۈلۈغچات، تاشقورغان قاتارلىقلار | 101541 | |
| 6 - تۈەن | 329220 | | ئۈچتۇرپان ئامانلىق ساقلاش ئوتتۇرا ئەترىتى (چېگرا) | 59930 | 13734 |
| توبچى 2 - تۈەن | 174780 | | قۇمۇل چېگرا چارا قىسىملىرى | 124200 | |
| 1 - تۈەن | 310140 | | خوتەن ئامانلىق ساقلاش ئوتتۇرا ئەترىتى ۋە چېگرا چارا قىسىملىرى | 40041 | 8190 |
| 2 - تۈەن | 430740 | | نىشەن، سانجۇ ۋە ئاۋئاتىمسىيە قاتارلىق تەكشۈرۈش پونكىتلىرى | 34200 | |
| 5 - تۈەن | 271700 | | ژاندارما ئەترىتى | 15120 | |
| 7 - تۈەن | 297000 | | جەڭ ئاپتوموبىل ئەترىتى | 91800 | |
| 31 - تۈەن | 350100 | | ئۆلچەش - سىزىش ئەترىتى | 10200 | |
| 34 - تۈەن | 287460 | | قۇرۇقلۇق ئارمىيە 5 - شۆبە مەكتىپى | 755140 | |
| 35 - تۈەن | 239190 | | 1 - شى شتابى | 9000 | |
| 36 - تۈەن | 242460 | | 2 - شى شتابى | 15480 | |
| 382 - تۈەن | 311580 | | 3 - شى شتابى | 116640 | |
| 383 - تۈەن | 593280 | | 11 - شى شتابى | 189000 | |
| 384 - تۈەن | 569160 | | 12 - شى شتابى | 67860 | |
| 32 - تۈەن | 390960 | | 128 - شى شتابى | 266940 | |
| 33 - تۈەن | 407700 | | ھاۋا مۇداپىئە قوماندانلىق شتابى | 68760 | |
| 48 - تۈەن | 291420 | | ھاۋا ئارمىيىسى 16 - باش پونكىتى | 330000 | 34800 |
| ئالاھىدە ۋەزىپە تۈەنى | 138960 | | ئالاھىدە پىرقە | 4140 | |
| پىچان مۇستەقىل يىڭى | 437205 | | مەركىزىي تەربىيىلەش ئۆمىكى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئوفىتسېرلىرى | 6480 | |
| شىخو مۇستەقىل يىڭى | 1726920 | 36288 | ئىلى ئاتلىق ئەسكەرلەر 12 - ئەترىتى | 172080 | |
| تۇرپان 3 - يىڭى | 268560 | | ئالتاي ئاتلىق ئەسكەرلەر 15 - ئەترىتى | 61824 | |
| پىيادىلەر 4 - يىڭى | 218160 | | قەشقەر ئامانلىق ساقلاش چوڭ ئەترىتى | 109080 | |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 3 - يىلى | 218340 | | دۆبەن مەھكىمىسى ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئاشلىقى | 1590840 | |
| 6 - يىلى | 267060 | | جەمئىي | 15198584 | 422770 |
| قەشقەر تولۇقلىما تۈن، يىغى | 744876 | 148377 | | | |
| ئىلى، قورغاس، سۈيدۈڭ قاتارلىق جاي-لاردىكى چېگرا چازا قىسىملىرى | 775692 | 181381 | | | |

مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) دىن ئېتىبارەن گومىنداڭ قوشۇنى كۆپلەپ شىنجاڭغا كىردى، مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) شىنجاڭغا كىرگەن مەركەز ئارمىيىسى 53 مىڭ 19 غا يەتتى، شىنجاڭ يەرلىك قىسىمدىكى 48 مىڭ 783 ئادەمنى قوشقاندا ئومۇمىي ئەسكەر 100 مىڭدىن ئاشتى. بۇلارنى ئاشلىق، يەم - بوغۇز بىلەن تەمىنلەشتە، مىللىي ھۆكۈمەت دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى بىرلەشمە ئارقا سەپ باش قوماندانلىق شتابى ئاشلىق مىنىستىرلىكىگە تۈرۈشلۈق قوشۇننىڭ ئاشلىق تەمىناتى پىلانىنى تاپشۇردى، پىلان تەكشۈرۈپ ماقۇللانغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت غەللە - پاراق ئاشلىقى باشقارمىسى ۋە بىرلەشمە ئارقا سەپ باش قوماندانلىق شتابىنىڭ شىنجاڭدىكى تەمىنلەش ئىدارىسى ئىجرا قىلدى. غەللە - پاراق ئاشلىقى باشقارمىسى، ئۆلكە بويىچە ناھىيىلەرنىڭ ئاشلىق ئەھۋالىغا ئاساسەن، تەمىنلەش ئىدارىسى بىلەن بىللە ھەربىيلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنىڭ كونكرېت پىلانىنى بېكىتىپ، غەربىي شىمال مەھكىمىسى، شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق شتابى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىرلىكتە تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا سۇندى، ئاندىن تەمىنلەش ئىدارىسى ئاشلىق نۇقتىلىرىدىن ئاشلىقنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ توشۇپ كەتتى.

مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) مىللىي ھۆكۈمەت مەمۇرىي پالاتاسى شىنجاڭنىڭ ھەربىي تەمىنات ئاشلىقى ۋە يەم - بوغۇزىنى 138 مىڭ 540 دادەن قىلىپ بېكىتتى، بۇنىڭ ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەربىيلەرنىڭ ئاشلىقى 37 مىڭ 500 دادەن، شىمالىي شىنجاڭدىكى ھەربىيلەرنىڭ 101 مىڭ 40 دادەن بولدى. شىنجاڭنىڭ ئاشلىقى بۇ سانغا يەتمىگەچكە، قۇمۇلدىكى ھەربىيلەرنىڭ ئاشلىقى مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، گەنسۇدىن ئاشلىق يۆتكەپ تەمىنلەندى. مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) غەربىي شىمال مەھكىمىسى شىنجاڭنىڭ ھەربىيلەر ئاشلىقىنى 180 مىڭ دادەن قىلىپ بېكىتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇلدىكى ھەربىيلەرنىڭ ئاشلىقى يەنىلا گەنسۇدىن يۆتكەلدى. مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) بىرلەشمە باش ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسىنىڭ شىنجاڭدىكى تەمىنلەش ئىدارىسى شۇ يىللىق ھەربىيلەر ئاشلىقى پىلانىنى 420 مىڭ تاغار قىلىپ بېكىتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پىلان بويىچە گەنسۇ ئۆلكىسىدىن يۆتكەلگىنى 50 مىڭ تاغار. مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) 2 - ئايغىچە بۇ پىلاندىن ئەمەلىيەتتە ئاران 36 مىڭ 175 تاغار ئورۇندالدى. ئاشلىق ماگدۇرغان ئاساسلىق نۇقتىلار مۇنۇلار: ۋۇۋېيدىن 8995 تاغار، گۇلاڭدىن 5500 تاغار، لۇڭشىدىن 4575 تاغار، چېڭشيەن ناھىيىسىدىن 4000 تاغار، يۇڭچاڭدىن 3000 تاغار، جيۇچۈەندىن 2700 تاغار، ۋېيشيەن ناھىيىسىدىن 2050 تاغار.

## 2. تەمىنلەش ئۆلچىمى

### 1) ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمى

(1) چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەن دەسلەپكى مەزگىلدە، شىنجاڭدا ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمىنى يولغا قويدى. چيەنلۇڭ 27 - يىلى (1762 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئېلىدىكى كۆرە (ھازىرقى قورغاس ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى)

دە ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى. ئىلى جياڭجۈنى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلار ۋە دىپلوماتىيىگە دائىر ئىشلارنى بىر تۇتاش باشقۇردى. ئىلى، تارباغاتاي، قەشقەرلەردە مەسلىھەتچى ئامبال، باشقا شەھەر - بازارلاردا خان ئامبال ياكى ئاغلاقچى ئامبال تەسىس قىلىندى. چيەنلۇڭنىڭ 38 - يىلى (1773 - يىلى) ئۈرۈمچىدە تۇتۇڭ تەسىس قىلىندى. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ ئادەم سانى 40 مىڭ بولۇپ، نۇقتىلىق ھالدا ئىلى، تارباغاتاي، ئۈرۈمچى، باركۆللەردە تۇردى. جەنۇبىي شىنجاڭدا ئاران 7000 چە ئادەم تۇردى. ئەينى ۋاقىتتا ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى ھەربىي تەمىناتنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەم نەق پۇل، ھەم ئاشلىق بېرىلدى. «شىنجاڭ ھەققىدە قىسقىچە بايان» قاتارلىق ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، چيەنلۇڭ يىللىرىدا جايلاردا مۇداپىئەدە تۇرغان ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى تارقىتىش ئۆلچىمى جەدۋەل: 2 — 22 دە كۆرسىتىلدى.

شىنجاڭ ئۆلكە بولغاندىن كېيىن ۋەزىپە ئۆتىگەن باش مۇپەتتىش ھەربىي تەمىناتنى تېجەش ئۈچۈن كۆپ قېتىم ئەسكەرلەرنى قىسقارتتى. گۇاڭشۈ 12 - يىلى (1886 - يىلى) باش مۇپەتتىش ليۇ جىنتاڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرنى 31 مىڭغا قىسقارتتى؛ گۇاڭشۈ 30 - يىلى (1904 - يىلى) باش مۇپەتتىش پەن شياۋسۇ ئەسكەرلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى قىسقارتىپ 13 مىڭ 944 ئادەم قالدۇردى؛ گۇاڭشۈ 33 - يىلى (1907 - يىلى) باش مۇپەتتىش ليەن كۇي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرنى ئاتلىق، پىيادىلەر بولۇپ 53 يىڭغا، خىزمەتچى لەشكەرلەرنى 8780 گە قىسقارتتى. بۇلارغا ئاشلىق تارقىتىش ئۆلچىمى يىلىغا ئۇن ھېسابىدا: يىڭ باشلىقىنىڭ 2520 جىڭ، قوۋ بېگىنىڭ 1800 جىڭ، قوربېگى، تەرجىمانىنىڭ 1080 جىڭ، ئوقۇتقۇچى، قوۋ باشلىقىنىڭ 540 جىڭ بولغان.

(2) مىنگو دەۋرىدىكى ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمى. شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ئۇنىڭ قوشۇنى ۋە ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ تەمىنات ئۆلچىمى مۇنداق بولغان: چېگرا چازىسىدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر، ئاتلىق ساقچى، ھەربىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، ئەسكەرلەرگە كۈنىگە بىر جىڭ 8 سەر (16 سەرلىك تۈزۈم بويىچە) ئۇن، قورامىغا يەتكەن ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئايدا 30 جىڭدىن ئۇن، ھەربىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا كۈنىگە يېرىم جىڭدىن ئۇن بېرىلگەن. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) ئۆلكىلىك دۆلەت مەھكىمىسى مالىيە نازارىتىگە قىسىملارنىڭ تەمىنات ئۆلچىمىدە، ھارۋىكەش، ئات باقارلارغا كۈنىگە 2 جىڭدىن ئۇن بەرگەندىن سىرت، قالغان ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرگە كۈنىگە بىردەك بىر جىڭ 8 سەردىن ئۇن بېرىشنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇيغۇرلار لىيەندىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ كۈنلۈك ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى بىر جىڭ 12 سەرگە ئۆستۈرۈشنى ئۇقتۇردى.

مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «بۇرۇندىن شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقان قىسىملاردىكى ئەسكەرلەر ۋە ساقچىلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئاشلىق تارقىتىش ۋاقىتلىق چارىسى» نى تۈزۈپ تۆۋەندىكىلەرنى بەلگىلىدى: ئائىلە تاۋابىئاتلار ئاشلىقىنى تارقىتىش دائىرىسى شىنجاڭدا بۇرۇندىن تۇرۇپ كېلىۋاتقان قىسىملار ھەم بۇرۇنقى ھەربىي ئورگانلار، مەكتەپلەر ياكى بۇرۇنقى ھەربىي ئورگانلاردىن ئۆزگەرتىپ تۈزۈلگەن يېڭى ئورگانلار، ئائىلىلىك ساقلاش تۈەن - ئەترەتلىرىدىكى ئەسكەرلەر، ساقچىلار بىلەن چەكلىنىدۇ. تەمىنلەش ئۆلچىمىدە ئائىلە تاۋابىئاتلار ئاتا - ئانىسى، ئايالى، پەرزەنتلىرى بىلەن چەكلىنىدۇ، 9 ياشتىن يۇقىرىلار چوڭ جان ھېسابلىنىپ، ئېيىغا 30 جىڭدىن ئۇن، 9 ياشتىن تۆۋەن، 4 ياشتىن يۇقىرىلار كىچىك جان ھېسابلىنىپ، ئېيىغا 15 جىڭدىن ئۇن تارقىتىلىدۇ، 3 ياشتىن تۆۋەنلەرگە تارقىتىلمايدۇ، يېشى 18 گە توشقان ئوغۇللار، ياتلىق بولغان قىزلارغا تارقىتىلمايدۇ. ئائىلە تاۋابىئاتلار ئاشلىقى ئەمەلىي چوڭ، كىچىك جان سانى بويىچە ھېسابلىنىدۇ، لېكىن ھەربىر ئەسكەر، ساقچى ئېرىشىدىغان ئائىلە تاۋابىئاتلار ئاشلىقى ھەر ئايدا كۆپ بولغاندا 100 جىڭدىن ئاشمايدۇ.

1945 - يىلى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتىكى پارتىزانلار ئەترەتلىرى مىللىي ئارمىيە بولۇپ قۇرۇلغاندا، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ كۈنلۈك ئوزۇقلۇق ئاشلىقى 800 گرام ئۇن قىلىپ بېكىتىلدى.

## چېنلوڭ يىللىرىدا جايلاردا تۇرۇشلۇق ئارمىيىنى يىللىق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئۆلچىمى

جەدۋەل: 2 — 22

| ئىلىدا تۇرۇشلۇق ئارمىيە | | تارباغاتايدا تۇرۇشلۇق ئارمىيە | | ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئارمىيە | | قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئارمىيە | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ۋەزىپە ئايرىمىسى | تەمىنلەش ئۆلچىمى (جىڭ) | ۋەزىپە ئايرىمىسى | تەمىنلەش ئۆلچىمى (جىڭ) | ۋەزىپە ئايرىمىسى | تەمىنلەش ئۆلچىمى (دادەن) | ۋەزىپە ئايرىمىسى | تەمىنلەش ئۆلچىمى (دادەن) |
| ئىلى جياڭجۈنى | 9000 | | | | | | |
| مەسلىھەتچى، ئاغلاقچى ئامبال | 4680 | مەسلىھەتچى، ئاغلاقچى ئامبال | 4680 | تۇتۇڭ | 85.5 | مەسلىھەتچى، ھەمدەمچى ئامبال | 38.844 |
| كۆرە، باياندايى سەييارە ئامبىلى | 3600 | ئورۇنباسار سانغۇن | 2880 | ياندىش ئامبال | 36.3304 | ئورۇنباسار سانغۇن | 23.904 |
| ياندىش ئامبال | 3172.8 | دۆلەت ھىماتى ئوتۇغاتى | 2520 | ئاغلاقچى ئامبال، تۇرغاق بەگ، جەسۇر چەۋەندازلار قوشۇنى، تۇرشاۋۇل، ھەيدەكچى، ئاتلىق ئەسكەر | 14.628 | زەڭگى، دۆلەت ھىماتى ئوتۇغاتى | 20.916 |
| سۇيدۇڭ، قورغاناي سەييارە ئامبىلى | 2880 | قاراۋۇلخانا 2 - دەرىجىلىك ياساۋۇلى | 2160 | | | 1 ., 2 - دەرىجىلىك ياساۋۇل | 18.6 |
| دۆلەت ھىماتى ئوتۇغاتى | 2520 | تۇرشاۋۇل ياساۋۇل، دۆلەت ھىماتى ئوتۇغاتى، ياندىش ئامبال، يارەمچى ئەمىر، تۇرغاق بەگ، باش مۇھاپىزەتچى | 1800 | توپچى | 10.2396 | ياندىش دۆلەت ھىماتى ئوتۇغاتى، ياندىش ئامبال، يارەمچى ئەمىر، تۇرغاق بەگ، باش دۇۋان تۇرغاق ئەسكەر، 3 - دەرىجىلىك ياساۋۇل | 14.94 |
| قاراۋۇلخانا 1 ., 2 - دەرىجىلىك ياساۋۇلى | 2160 | | | تەربىيىچى ئەسكەر | 5.8056 | | |
| قاراۋۇلخانىلىك 3 - دەرىجىلىك ياساۋۇلى، ياندىش دۆلەت ھىماتى ئوتۇغاتى | 1800 | تەرجىمان، ياندىش تەرجىمان، ھىماتچى نۆكەر، شىرمەت چەۋەندازلار قوشۇنى | 1080 | ئۇستىكارلار، پىيادە ئەسكەرلەر | 2.9256 | كۆك پەيلىك ياساۋۇللار ھىماتچى نۆكەرلىرى، شىرمەت چەۋەندازلار قوشۇنى، تەرجىمان | 8.964 |
| يارەمچى ئەمىر، تۇرغاق بەگ، شىرمەت چەۋەندازلار قوشۇنى، تەرجىمان، تۇرشاۋۇل، ھەيدەكچى، ئاتلىق ئەسكەر | 1762.8 | مانجۇ قوشۇنى چېرىكلىرى، سەككىز قوشۇن ئەسكەرلىرى | 540 | | | مانجۇ ئەسكەرلىرى | 4.482 |
| توپچى | 1233.12 | ئىشلەمچى ئەسكەر | 360 | | | كۆك قوشۇن ئاتلىق ئەسكەرلىرى | 3.732 |
| پىيادە ئەسكەرلەر، ئۇستىكارلار | 352.8 | كۆك قوشۇن ئاتلىق ئەسكەرلىرى | 444 | | | كۆك قوشۇن پىيادە مۇھاپىزەتچىلەر | 3.5856 |
| شەرقىي يول ھەربىي راياتى | | كۆك قوشۇن پىيادە مۇھاپىزەتچىلەر | 432 | | | | |
| ياندىش تەرجىمان | 1080 | | | | | | |
| ئاتلىق ئەسكەرلەر | 440 | | | | | | |
| پىيادە ئەسكەرلەر | 432 | | | | | | |
| جەنۇبىي يول ھەربىي راياتى | | | | | | | |
| ياندىش تەرجىمان | 1080 | | | | | | |
| چېرىكلەر | 360 | | | | | | |

## 2) ئات يەم - بوغۇزى ئۆلچىمى

(1) چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئات يەم - بوغۇزى ئۆلچىمى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئوفىتسېر. ئەسكەرلىرىگە كېرەكلىك ئات يەم - بوغۇزى ھەربىيلەر بويىچە ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىش ئارقىلىق ئېلىنغان ئاشلىق بىلەن تەمىنلەندى، بۇنىڭ تۈرى ئاساسەن كۆك پۇرچاق، ئارپا ئىدى. ئات يەم. بوغۇزى تارقىتىش ئۆلچىمى مۇنداق ئىدى: چيەنلۇڭ دەۋرىدە مانجۇ قوشۇنى ياندىش ئاببىلىنىڭ يىللىقى 18.5 دادەن، ئاغلاقچى ئامبال ياردەمچى ئەمىرنىڭ 12.3 دادەن، تۇرغاق بەگنىڭ 7.7 دادەن، شىرمەت چەۋەندازلار قوشۇنىنىڭ 6.1 دادەن، تەرجىمانىنىڭ 4.6 دادەن، ھۇجۇمچى، ھەيدەكچى، ئاتلىق ئەسكەرنىڭ 2.3 دادەن، كۆك قوشۇن باش بۇغىنىڭ 61 دادەن، مەسلىھەتچى سانغۇننىڭ 30.8 دادەن، چارلىغۇچىنىڭ 33 دادەن، باش دۇۋان بېگى، مۇداپىئەچىنىڭ 15 دادەن، چەنزۇڭ، بازۇڭنىڭ 7 دادەن، ھاسىلات ئىشلىرى بېگى، ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ 2.7 دادەن. جياچىڭ يىللىرىدا باش بۇغىنىڭ يىللىق ئات يەم - بوغۇزى ئۆلچىمى 60 دادەنگە، مەسلىھەتچى سانغۇننىڭ 30 دادەنگە، چارلىغۇچىنىڭ 23 دادەنگە ئۆزگەرتىلگەندىن سىرت، قالغان ئوفىتسېر. ئەسكەرلەرگە يەنىلا چيەنلۇڭ يىللىرىدىكى ئۆلچەم بويىچە تارقىتىلدى. داۋگۇاڭ يىللىرىدا (1821 — 1850. يىللار) ئۇمۇلدىكى كۆرە، ئاتلىرىنىڭ كۈنلۈك يەم - بوغۇزى 4.28 شىڭ، قاراۋۇل چازىلىرىدىكى ئات، قېچىرلارنىڭ 4 شىڭ پۇرچاق، تۆگىنىڭ 4 شىڭ بولغان. گۇاڭشۈ 2 - يىلى (1876 - يىلى) زو زۇڭتاڭ قوشۇن تارتىپ چىققاندا، قېچىر، ئاتنىڭ كۈنلۈك يەم - بوغۇزى 6 شىڭ قىلىپ بېكىتىلگەن.

(2) مىنگو دەۋرىدىكى ئات يەم - بوغۇز ئۆلچىمى. مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى) شىنجاڭنىڭ ھەربىي ۋالىيسى ياڭ زېڭشىن 1182 جىڭ ئېتى يۆتكەپ ئالتاينىڭ تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرۇشىغا ياردەم بەرگەندە ھەر بىر ئاتنىڭ كۈنلۈك يەم - بوغۇزىنى 5 جىڭ قىلىپ بېكىتكەن. مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) بىرلەشمە تەمىنات باش شتابىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق تەمىنات ئىدارىسى جۇڭگو ئېتىنى كۈنىگە 3 جىڭ، چەت ئەل ئېتىنى 4.5 جىڭ پۇرچاق بىلەن تەمىنلەشنى بەلگىلىدى. شۇ يىلى ئۆلكىلىك ئامانلىق قوماندانلىق شتابى ئۆلكە بويىچە ئامانلىق ساقلاش سىستېمىسىدىكى ھەربىر ئاتنى كۈنىگە 6 جىڭ ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنى بەلگىلىدى.

## § 2. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ھەربىي تەمىنات ئاشلىقى ۋە يەم - بوغۇزى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ھەربىي تەمىنات ئاشلىق، يەم - بوغۇزىنى ئۆلكىلىك (ئاپتونوم رايونلۇق) ئاشلىق ئىدارىسى ياكى ئاشلىق نازارىتى بىرتۇتاش تەمىنلەشكە مەسئۇل بولدى. ھەربىي تەمىنات ئاشلىقى ۋە يەم - بوغۇزى بىلەن تەمىنلەش مالىيىدىن تەمىنلەش ۋە كەسپىي خىراجەتتىن تەمىنلەش دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈندى. مالىيىدىن تەمىنلەش ئوبيېكتى ئەسكەرلەر ئىدى، قىسىم ئىشلىتىدىغان ھەربىيلەر ئاشلىقى نورمىلىق چەك (دەسلەپتە چىقىم كىنىشكىسى دەپ ئاتالغان) ئارقىلىق ئاشلىق تارماقلىرىدىن ئېلىندى، ئۇنىڭ پۇلىنى ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە تارمىقى بىلەن ئاشلىق تارمىقى ھېساب - كىتاب قىلدى، كەسپىي خىراجەتتىن تەمىنلەش ئوبيېكتى ئوفىتسېر، مائاش تۈزۈمىدىكى خادىملار بولۇپ، ئۇلار ھەربىيلەر ئاشلىق، ياغ، يەم - بوغۇز بېلىتى ئارقىلىق پىلان بويىچە ئاشلىق تارماقلىرىدىن نەق پۇلغا ئاشلىق، ياغ سېتىۋالدى، كەسپىي خىراجەتتىن تەمىنلەنگەن ئاشلىق، ياغ سېتىلىدىغان ئاشلىق، ياغ ئىچىدە بولدى. بۇ پاراگرافتا بايان قىلىنىدىغان ھەربىي تەمىنات ئاشلىق، ياغ، ئات يەم - بوغۇزىغا دائىر سانىنىڭ ئايرىم

يىللاردىكىدىن باشقىلىرىنى پۈتۈنلەي مالىيە تارماقلىرى تەمىنلىگەن. تەمىنلەش ئۆلچىمى كەسپىي خىراجەتتىن تەمىنلەشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان.

## 1. ئارمىيىنى ئوزۇقلۇق ئاشلىق (ياغ) بىلەن تەمىنلەش

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىگە كېتەرلىك ئاشلىقنى ۋاقتىنچە شىنجاڭ تەمىنلەش ئىدارىسى، غەللە - پاراق ئاشلىقى باشقارمىسى تەمىنلەپ تۇردى. 1949 - يىل 10 - ئايدىن 12 - ئايغىچە شىنجاڭدىكى ئارمىيىگە 18 مىليون 354 مىڭ 500 كىلوگرام ئاشلىق تەمىنلەپ بېرىلدى. 1950 - يىلدىن ئېتىبارەن ھەربىيلەر ئاشلىقىنى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسى بىر تۇتاش تەمىنلىدى. 1950 - يىل 3 - ئايدا ئۆلكىلىك ئاشلىق ئىدارىسى «ئاشلىق چىقىم قىلىش ۋاقىتلىق چارىسى» نى تۈزۈپ چىقىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ئورگانلىرى، مەكتەپلەر، قىسىملار ئۆزلىرىگە كېتەرلىك ئاشلىقنى ئېلىشتا، خام چوت تۈزۈپ چىقىشنى، ئۇنى مالىيە نازارىتى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك باشقارمىسىغا تەكشۈرتۈپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئاشلىق چىقىم قەغىزى بېرىشىگە ئۇقتۇرۇش قىلىشنى بەلگىلىدى. ئاشلىق ئالىدىغان ئورگان چەكلىك مۇددەتتە كۆرسىتىلگەن ئاشلىق بېرىش ئورگىنىدىن ئالدى. 1950 — 1952 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، شىنجاڭنىڭ ھەربىيلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ۋەزىيىتى ئېغىر بولدى. تەمىنلەنگۈچى قىسىملار شىنجاڭغا كىرگەن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ۋە ھەقىقەتكە قايتقان قىسىمدىكى ئوفىتسېر- ئەسكەرلەر بولۇپ، 200 مىڭ كىشىدىن ئاشاتتى، يەنە نۇرغۇنلىغان ئات بار ئىدى. قىسمەن جايلاردا ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ناھايىتى جىددىي بولدى. ئۆلكىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونى ترانسپورت بۆلۈمى ئىلى، قاراشەھەر، ئۈرۈمچى، گەنسۇ قاتارلىق جايلاردىن ئاشلىق يۆتكەپ ھەربىي ئېھتىياجنى تەمىنلىدى. مەلۇماتقا قارىغاندا، ئۆلكە بويىچە چىقىم قىلىنغان ھەربىيلەر ئاشلىقى (قىسىملارنىڭ پۇل چەككە سېتىۋالغان ئاشلىقى ۋە ئات يەم - بوغۇزىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىدۇ) 1950 - يىلى 123 مىليون كىلوگرام، 1951 - يىلى 124 مىليون كىلوگرام، 1952 - يىلى 121 مىليون كىلوگرام بولدى.

1953 - يىلى شىنجاڭدىكى قىسىملار تەرتىپكە سېلىنىدى، بىر قىسمى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش قىسمىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئۆزى ئىشلەپچىقارغان ئاشلىقنى يەيدىغان، يېتىشمىگەن قىسمىنى دۆلەت تەمىنلەيدىغان بولدى؛ بىر قىسمى دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسى قىلىنىپ، كېتەرلىك ئاشلىق پىلان بويىچە تەمىنلىنىدىغان بولدى. ئۆلكە بويىچە ھەربىيلەر ئاشلىقى پىلانىنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ ھەربىي ئېھتىياج باشقارمىسى تۈزۈپ ئاشلىق نازارىتىگە ئەۋەتىپ تۇردى. شۆبە ھەربىي رايونلار ياكى ئۆلكىگە بىۋاستە قاراشلىق قىسىملار تۇرۇشلۇق جايلاردىكى مەمۇرىي مەھكىمە ئاشلىق تارماقلىرىغا ئېھتىياجلىق ئاشلىق پىلانىنى تۈزۈپ ئەۋەتتى، ئۇ پىلاندا يىللىق، پەسىللىك، ئايلىق ئاشلىق ئىشلىتىش سانى، تۈرى، ئورنى، ئاجرىتىش يولى بىلەن ئالىدىغان ئاشلىق ۋە سېتىۋېلىنىدىغان ئاشلىق ئايرىم كۆرسىتىلدى. قىسىملار ئاشلىق ئېلىشتا، ئاشلىق بېرىدىغان ئورۇندىن يۇقىرى ئاشلىق ئىدارىسى بەرگەن چىقىم دوكۇمېنتىنى ئېلىپ باردى. شۇ يىلى ئىشلەپچىقىرىش قىسىملىرىغا سېتىپ بېرىلگەن ئاشلىق 5 مىليون 400 مىڭ كىلوگرامغا، دۆلەت مۇداپىئە قىسىملىرىغا تەمىنلەپ بېرىلگەن ئاشلىق 68 مىليون 270 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى.

1954 - يىلى ئۆلكىلىك ئاشلىق نازارىتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى بىرلىكتە «ھەربىيلەرنى ئاشلىق، يەم - بوغۇز بىلەن تەمىنلەشنىڭ كونكرېت چارىسى» نى تۈزۈپ، ئاق، قارا ئاشلىقنى تەڭشەپ تەمىنلەش نىسبىتىنى مۇنداق بەلگىلىدى: كوللېكتىپ تاماق، 2 - دەرىجىلىك تاماقتا 80% ئاق ئاشلىق، 20% قارا ئاشلىق بېرىلىدۇ؛ 1 - دەرىجىلىك تاماقتا 90% ئاق ئاشلىق، 10% قارا ئاشلىق بېرىلىدۇ؛ يارىدارلار، كېسەللەر، بالىلار ھەم ئالدىدا تۇرۇشلۇق قىسىملار، شىمالىي شىنجاڭ ترانسپورت قوماندانلىق

ئورنىدىكى ترانسپورت قىسىملىرى، سەيدۇللا، تاشقورغان لىنىيىسىدىكى چېگرا چازىسى ۋە چاقىلىق، چەرچەن، تىكەنلىك، قۇلىنچەرى، چوقبارتاس، نامداۋان، يەتتە قۇدۇق، شىڭشىڭشيا، ئەرتەي، جىمىنەي، چىڭگىل، غەربىي ئاچال دەرياسى، كۆكتوقاي قاتارلىق جايلاردىكى چېگرا چازىسىدا تۇرۇشلۇق قىسىملار پۈتۈنلەي ئاق ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىدۇ. ئاق ئاشلىق بۇغداي ئۇنى، گۈرۈچنى، قارا ئاشلىق تېرىق، ئاقتوناق (ئۇنى)، كۆممىقوناق ئۇنى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1955 - يىلى ئاشلىق نازارىتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى بىرلىكتە «ئارمىيىنى ئاشلىق، يەم - بوغۇز بىلەن تەمىنلەشنىڭ كونكرېت چارىسى» نى تۈزۈپ چىقىپ، تۆۋەندىكىلەرنى بەلگىلىدى: (1) تەمىنات تۈزۈمىدىكى خادىملارغا كېتەرلىك ئاشلىق پۈتۈنلەي ئاشلىق ئاجرىتىش كىنىشكىسى ئارقىلىق ئېلىنىدۇ، قىسىملار قايتا پۇل چەك ئارقىلىق ئاشلىق تارماقلىرىدىن ئاشلىق سېتىۋالمايدۇ. ئاق، قارا ئاشلىقنى تەڭشەپ بېرىش نىسبىتى ئاق ئاشلىق %85، قارا ئاشلىق %15 بولىدۇ. چېگرا چازىلىرىنى ساقلاۋاتقان قىسىملارغىمۇ مۇشۇ بەلگىلىمە بويىچە بېرىلىدۇ. گۈرۈچ بىلەن تەمىنلەشتە، ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت كېڭىشىپ، مۇۋاپىق ئاجرىتىپ تەمىنلەيدۇ، يارىدارلار، كېسەللەرگە گۈرۈچ %40، ئۇن %60 بويىچە بېرىلىدۇ. (2) ئارمىيىدىكى ئوفىتسېرلار ۋە مائاش تۈزۈمىدىكى خادىملارغا كېتەرلىك ئاشلىق پۈتۈنلەي پۇل چېكى ئارقىلىق تەمىنلەش تۈزۈمىدىكى خادىملارنىڭ نورما ئۆلچىمى بويىچە سېتىۋېلىنىدۇ، ئەمدى ئاشلىق ئاجرىتىش كىنىشكىسىگە ئاشلىق بېرىلمەيدۇ، ئاق، قارا ئاشلىق نىسبىتى تۆۋەندىن تۆۋەن كادىرلارنىڭ ئاق ئاشلىقى %90، قارا ئاشلىقى %10، شىدىن يۇقىرى كادىرلارنىڭ ئاق ئاشلىقى %95، قارا ئاشلىقى %5 بولىدۇ. (3) ئارمىيە بىلەن بىللە يۈرىدىغان خادىملار (خەلقئارالىق دوستلار، مۇتەخەسسىسلەر ھەم قىسىملارغا قاراشلىق مېخانىكا، رېمونت، كىيىم - كېچەك كارخانىلىرىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى، يەسلى، پەرزەنتلەر مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلىرى، ئوقۇغۇچىلار ۋە باشقىلار) غا كېتەرلىك ئاشلىق ئەمەلىي ئېھتىياج بويىچە سېتىۋېلىنىدۇ.

1956 - يىلى ئاشلىق نازارىتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى بىرلىكتە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى تۈزگەن «ھەربىي سىستېمىدىكى تۆرلۈك خادىملارنىڭ ئاشلىق نورمىسى ھەققىدە ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نى تارقاتتى، ئۇنىڭدا تۆۋەندىكىلەر بەلگىلەنگەن: تۆرلۈك خادىملارنىڭ ئاشلىق نورمىسى كۈن بويىچە ھېسابلىنىدۇ، تەمىنلەش ئۆلچىمى مۇنداق: (1) ئەمەلىي خىزمەتتىكى ئەسكەر جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ تەمىنات ئۆلچىمىدىكى ئاشلىق نورمىسى بويىچە كۈنىگە 781.5 گرام ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىدۇ. (2) ئوفىتسېر ۋە ئوقۇغۇچى قاتارلىقلارنىڭ ئاشلىق نورمىسى جەھەتتە، تۆۋەندىن تۆۋەن قىسىملار (تۆەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) دىكى شياۋگۇەنلەرنىڭ كۈنلۈكى 687.5 گرام، ۋېيگۇەنلەرنىڭ 718.8 گرام، شىدىن يۇقىرى ئورگانلار (شىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، مەكتەپلەر، دوختۇرخانىلار (ئوقۇتقۇچى، قىسىم خىزمەتچىلىرى، ئوقۇغۇچىلار ۋە يارىدار، كېسەللەر بۇنىڭ سىرتىدا) دىكى شياۋگۇەنلەر 625 گرام، ۋېيگۇەنلەر 687.5 گرام، قىسىم تۈرلىرىدىكى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى (دەرىجە ئايرىماي) 750 گرام، سىياسىي، مەدەنىيەت، ھەربىي دوختۇرخانا، ھەربىي تەمىنات، ياغ ماتېرىياللىرى، مالىيە مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار 687.5 گرام، سىياسىي، ئارقا سەپ ئىنىستىتۇتلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار 625 گرام ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىدۇ؛ ئوقۇتقۇچىلار ۋە قىسىم خىزمەتچىلىرى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نورمىسىدىن پايدىلىنىپ تەمىنلىنىدۇ؛ دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىۋاتقان يارىدارلار، كېسەللەر ھەم ساناتورىيىدە دەم ئېلىۋاتقانلار بىردەك جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ تەمىنات ئۆلچىمىدە بەلگىلەنگەن ئاشلىق نورمىسى بويىچە تەمىنلىنىدۇ. (3) ئۇزۇن مۇددەت ئارمىيىدە ئىشلىگەن مائاش تۈزۈمىدىكى خىزمەتچىلەر ۋە ھەربىي سىستېما بىر تۇتاش تەشكىللەپ تەمىنلەيدىغان مائاش تۈزۈمىدىكى ئىشچىلار ھەم خىزمەتكارلارنىڭ ئاشلىق نورمىسى خىزمەتچىلەر تۇرۇشلۇق قىسىمدىكى ئوخشاش ۋەزىپىدىكى ئوفىتسېرلارنىڭ

نورمىسى بويىچە تەمىنلىنىدۇ، قارا خىزمەتچىلەردىن پەۋقۇلئاددە ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكچىلەر 875 گرام، ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكچىلەر 750 گرام، يېنىك جىسمانىي ئەمگەكچىلەر 656.3 گرام ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىدۇ. (4) ھەربىي سىستېما بىر تۇتاش تەشكىللەپ ئاشلىق بىلەن تەمىنلەيدىغان، ئارمىيىگە ئەگىشىپ يۈرىدىغان ئائىلە تاۋابىئاتلار، بالا تەربىيىچىلىرى، بالىلارنىڭ ئاشلىق نورمىسى مۇنداق بولىدۇ: ئائىلە تاۋابىئاتلار، تەربىيىچىلەر ھەم 10 ياشتىن يۇقىرى بالىلار 500 گرام، 6 ياشتىن يۇقىرى 10 ياشقا توشمىغان بالىلار 375 گرام، 3 ياشتىن يۇقىرى، 6 ياشقا توشمىغان بالىلار 281.3 گرام، 3 ياشقا توشمىغان بالىلار 156.3 گرام ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىدۇ.

1957 - يىلى ئاشلىق نازارىتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى مەملىكەتلىك «ھەربىي سىستېمىدىكى تۈرلۈك خادىملارنىڭ ئاشلىق نورمىسى توغرىسىدا ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» گە ئاساسەن، بىرلىكتە «شىنجاڭنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى ھەربىي سىستېمىسىنى ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش ۋاقىتلىق چارىسى» نى تارقىتىپ، تۈرلۈك خادىملارنى ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش ئۆلچىمىنى تۆۋەندىكىچە بەلگىلىدى: (1) ئەمەلىي خىزمەتتىكى ئەسكەر، ئوفىتسېر، ئوقۇغۇچى، يارىدار، كېسەل، ساناتورىيىدە داۋالىنىۋاتقانلارنىڭ ئاشلىق نورمىسى 1956 - يىلدىكى بەلگىلىمە بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. (2) ئۆزۈندىن بېرى ئارمىيىدە ئىشلەپ كېلىۋاتقان شتاتلىق خىزمەتچىلەر، ئىشچىلار، خىزمەتتىكىلەر ھەم ھەرقايسى ئورۇنلارغا قاراشلىق ھەربىيلەر مۇلازىمەت كوپېراتىپى خىزمەتچىلىرى قاتارلىقلار، ھەربىي سىستېما بىر تۇتاش تەشكىللەپ تەمىنلەيدىغانلارنىڭ ئاشلىق نورمىسى شۇلار بىلەن ئوخشاش ۋەزىپىدىكى ئوفىتسېرلار ياكى تاماق يەيدىغان ئورۇندىكى خادىملارنىڭ ئاشلىق نورمىسى بويىچە تەمىنلىنىدۇ. ئايرىم تاماق ئېتىپ يەيدىغانلارنىڭ ئاشلىق نورمىسى شەھەر - بازارلارنىڭ ئاشلىق نورمىسى بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ. (3) ئەسكەر، ئوفىتسېر ھەم شتاتلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى تەمىنلەيدىغان ئاشلىق تۈرى نىسبىتى مۇنداق بولىدۇ: ئەسكەرلەر %85 ئاق ئاشلىق، %15 قارا ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىدۇ (1959 - يىلى يەنە ئاق ئاشلىق %80، قارا ئاشلىق %20 قىلىپ تەڭشەلدى)؛ تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنىڭ ئاق ئاشلىقى %85، قارا ئاشلىقى %15، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنىڭ ئاق ئاشلىقى %90، قارا ئاشلىقى %10، يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنىڭ ئاق ئاشلىقى %95، قارا ئاشلىقى %5 بولىدۇ؛ دوختۇرخانىدىكى يارىدارلار، كېسەللەر، ساناتورىيىدە دەم ئېلىۋاتقانلار پۈتۈنلەي ئاق ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىدۇ. (4) دۆلەت مۇداپىئە سىستېمىسىدىكى شتاتسىز خادىملار، مەسىلەن: كارخانا، قوشۇمچە كەسىپ ئورۇنلىرىدىكى خادىملار، ئارمىيىگە ئەگىشىپ يۈرىدىغان ئائىلە تاۋابىئاتلار، يەسلى خىزمەتچىلىرى، بالىلار، پەرزەنتلەر مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلارغا كېتەرلىك ئاشلىق پرىنسىپ جەھەتتە ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر - بازارلارنى ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش تۈزۈمى بويىچە بېجىرىلىدۇ، ئارمىيىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاشلىق ئالىدىغان قىسىملار «ئارمىيىنى ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەش پىلانىنى تۈزۈپ ئەۋەتىش توغرىسىدا بەلگىلىمە» گە ئاساسەن، ئاشلىق تارماقلىرىغا ئورۇن، ۋاقىت، ئاشلىق تۈرى بويىچە تۈزۈلگەن تەمىنلەش پىلانىنى ئەۋەتىشى ھەمدە ھەربىيلەر ئاشلىقى نورمىلىق چېكىنى ئېلىپ بېرىپ ئاشلىق ئېلىش رەسمىيىتىنى بېجىرىشى شەرت. ھەربىيلەر ئاشلىقى نورمىلىق چېكىنى ئاشلىق مىنىستىرلىكى بىر تۇتاش بېسىپ تارقىتىدۇ. ئۇ، قارا ئاشلىق بېلىتى، ئاق ئۇن بېلىتى، يەم - بوغۇز بېلىتى دەپ 3 خىل بولىدۇ، ھەر بىر خىل بېلەتتىكى رەقەم 50 جىڭ، 100 جىڭ، 1000 جىڭ، 5000 جىڭ دەپ 4 خىل بولىدۇ. شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى يۇقىرىدىن ئەۋەتىلگەن، ئاشلىق مىنىستىرلىكى تارقاتقان «ھەربىيلەر ئاشلىقىنى ئاجرىتىش ئۇقتۇرۇشى» نى ئېلىپ بېرىپ ئاشلىق نازارىتىدىن ھەربىيلەر ئاشلىقى نورمىلىق چېكىنى ئالىدۇ ۋە تۆۋەنگە تارقىتىپ بېرىدۇ. ھەربىيلەر ئاشلىقى نورمىلىق چېكى ئارمىيىنىڭ بەلگىلەنگەن رەسمىيەت بويىچە ناھىيە (شەھەر) دىن يۇقىرى ئاشلىق تارماقلىرىدا ئاشلىق ئېلىش رەسمىيىتى بېجىرىش بىلەن چەكلىنىدۇ، ئاندىن كۆرسىتىلگەن ئاشلىق ئامبىرى، پونكىتىغا بېرىپ

ئاشلىق ئالىدۇ.

ھەربىيلەر ياغنى 1957 - يىلدىن ئىلگىرى قىسىملار ئەمەلىي ئېھتىياج بويىچە ئۆزلىرى سېتىۋالاتتى، 1958 - يىلدىن ئېتىبارەن، ئاشلىق مىنىستىرلىكى، باش ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە بىر كىشىنىڭ ئايلىق ئۆلچىمى مۇنداق بولدى: 1 - تۈردىكى ئاماقىنىڭ 500 گرام، 2 - تۈردىكى ئاماقىنىڭ 750 گرام، 3 -، 4 - تۈردىكى ئاماقىنىڭ 1000 گرام، تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنىڭ 625 گرام، ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئوفىتسېر (ئوتتۇرا دەرىجىلىكمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) لارنىڭ 1000 گرام.

1957 - يىل 11 - ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى، ئاشلىق نازارىتى ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى ج خ قىسىملىرىنى خەلق قوراللىق ساقچىسىغا ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەش ئۆلچىمى مۇنداق بولدى: ئاشلىق ھەر بىر ئادەمگە ئېيىغا 22.3 كىلوگرام، ياغ 500 گرام (ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رايونلاردا ھەربىر ئادەمگە ئايدا بېرىلىدىغان ياغ ئەڭ كۆپ بولغاندا 750 گرامدىن ئېشىپ كەتمىدى). 1958 - يىل 5 - ئايدا خەلق قوراللىق ساقچىلىرىنى ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەش ئۆلچىمى مۇنداق تەڭشەلدى: ئاشلىق ھەربىر ئادەمگە ھەر ئايدا 18.75 — 20 كىلوگرام، ياغ 500 گرام.

ئاشلىق مىنىستىرلىكى، باش ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى 1960 - يىل 3 - ئايدا ئۆزگەرتىپ بېكىتكەن مەملىكەتلىك ھەربىيلەرنى ئاشلىق، يەم - بوغۇز بىلەن تەمىنلەش چارىسىگە ئاساسەن، 1961 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاشلىق نازارىتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى «شىنجاڭدىكى دۆلەت مۇداپىئە ھەربىي سىستېمىسىنى ئاشلىق، ياغ، يەم - بوغۇز بىلەن تەمىنلەش ۋە باشقۇرۇش چارىسى» نى تۈزۈپ چۈشۈرۈپ، تۆۋەندىكىلەرنى بەلگىلىدى: شىمدىن تۆۋەن جەڭگىۋار قىسىملاردىكى ئەسكەرلەر، ئايروپىلان خىزمەتچىلىرى، دوختۇرخانا، ساناتورىيە، شى (تۇەن) سەھىيە يىڭى (لىيەنى) دىكى ياردەملار، كېسەللەر، دەم ئالغۇچىلار، دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ۋە تۆمۈريول قىسمى قاتارلىق قىسىملار بىردەك تەمىنات ئۆلچىمىدە بەلگىلەنگەن ئاشلىق نورمىسى بويىچە تەمىنلىنىدۇ. ھەر دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار ۋە جۇندىن يۇقىرى ئورگانلاردىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئاشلىق نورمىسى باش ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسى ئېلان قىلغان ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ. ئارمىيە ئورگىنىدىكى شتاتلىق خىزمەتچىلەر (نوپۇسى ئارمىيىدە بولۇپ كادىرلار تەمىناتىنى ئېلىۋاتقانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ) نىڭ ئاشلىق، ياغ نورمىسى ئۆزلىرىگە باراۋەر ئوفىتسېرلارنىڭ نورمىسى بويىچە بولىدۇ، شتاتسىز خىزمەتچىلەر پرىنسىپ جەھەتتە يەرلىكنىڭ نورمىسى بويىچە تەمىنلىنىدۇ، ئورگاندىكى ئايرىم شتاتسىز خىزمەتچىلەر (مەسىلەن: يۇقىرى دەرىجىلىك زىيالىيلار، تېخنىكا خادىملىرى) گە قارىتا ئوفىتسېر نورمىسىنى ئىجرا قىلىشقا توغرا كەلگەندە، شۇ كىشى تۇرۇشلۇق ئورگاندىكى پارتكومنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، ھەربىيلەر سېتىۋالىدىغان ئاشلىققا كىرگۈزۈپ تەمىنلىنىدۇ. شتاتلىق ياكى شتاتسىز خىزمەتچى بولسۇن، نوپۇسى يەرلىكتە بولسا، بىردەك يەرلىكنىڭ نورمىسى بويىچە يەرلىك تەمىنلەيدۇ. ئارمىيىدە يېنىك، ئېغىر، پەۋقۇلئاددە ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىشچىلار، شتاتلىق ياكى شتاتسىز بولسۇن، يەرلىكتىكى ئوخشاش ئىش تۈرىدىكى خادىملارنىڭ نورمىسى بويىچە نورما بېكىتىلىپ، شتاتلىق ئىشچىلار (نوپۇسى ئارمىيىدە، مائاشى مالىيە خىراجىتى ئىش ھەققى ئىچىدىن كۆتۈرۈۋېتىلىدىغانلار) ئارمىيىگە سېتىۋېلىنىدىغان ئاشلىققا كىرگۈزۈپ تەمىنلىنىدۇ؛ شتاتسىز ئىشچىلار ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلمەي، باشقۇرۇش تارماقلىرى شۇ جايدىكى ئاشلىق تارماقلىرىدا بىۋاسىتە ئاشلىق سېتىۋېلىش رەسمىيىتى بېجىرىدۇ. ئارمىيىدە باشقۇرۇلۇۋاتقان جىنايەتچىلەرگە كېتەرلىك ئاشلىق، ياغ جەھەتتە يەرلىكنىڭ شۇنىڭغا ئوخشاش نورمىسى ئىجرا قىلىنىدۇ، ئۇنى تۇەندىن يۇقىرى ئارقا سەپ تارماقلىرى پەسىل بويىچە كېرەكلىك ئاشلىق، ياغ پىلانىنى تۈزۈپ، تەمىنات سىستېمىسى بويىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى، ئىلى ھەربىي رايونى

ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىگە مەلۇم قىلىپ تەكشۈرتىدۇ، ئاندىن شۇ جايدىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ پىلان بويىچە ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلىشىگە ئەۋەتىلىدۇ، بۇنىڭدىن ئاشلىق، ياغ بېلىتى ئېلىنمايدۇ.

ھەربىيلەر ئۈچۈن سېتىۋېلىنغان ئاشلىقنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 1961 ـ يىل 1 ـ ئايدىن ئېتىبارەن، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق مىنىستىرلىكى تارقاتقان ھەربىيلەر ئاشلىق بېلىتى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى، بۇ بېلەتلەر 0.2 جىڭ (10 سەرلىك تۇزۇم بويىچە، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، 0.3 جىڭ، بىر جىڭ، 5 جىڭ، 30 جىڭ، 100 جىڭ، 1000 جىڭلىق بولۇپ، 8 خىل ئىدى. بۇ بېلەتلەر خىزمەتتىكى ئوفىتسېر، ئەسكەرلەر (ئاشلىقنى پۇلغا سۇندۇرۇپ تەمىنلەيدىغانلارنى كۆرسىتىدۇ) ۋە ئارمىيەدىكى شتاتلىق خىزمەتچىلەر، ئىشچىلار (قۇرۇلۇش كارخانىلىرىدىكى ھەربىي ئىشچىلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) نىڭ ئىشلىتىشى بىلەنلا چەكلەندى. ئۇ بېلەتلەرنى ئېلىش، تارقىتىش ھەربىيلەر ئاشلىقى نورما چېكىنى باشقۇرۇش چارىسى بويىچە بولدى. ھەربىيلەر ئاشلىق بېلىتى بىلەن تۆۋەندىن يۇقىرى ئارقا سەپ ئورگانلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇش خېتى (مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان ئايرىم تارماق ئەترەتلەر، ھەربىي پونكىتلار، مېھمانخانىلار، يۆتكەپ توشۇش پونكىتلىرى، ئامبارلار ئۆز ئورنىنىڭ ئەڭ يۇقىرى باشلىقى يازغان تونۇشتۇرۇش خېتى) نى ئېلىپ بېرىپ، ئاشلىق تارماقلىرى كۆرسەتكەن ئاشلىق ئامبىرى، پونكىت، دۇكاندىن ئاشلىق سېتىۋالدى، باھاسى ئەينى ۋاقىتتىكى بىر تۇتاش سېتىش باھاسى بويىچە ھېسابلاندى.

ئارمىيىنى ياغ بىلەن تەمىنلەشتە، ئاشلىق مىنىستىرلىكى، باش ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى قىسىم تۈرلىرىنىڭ تاماق دەرىجىسى ئايرىمىسى بويىچە بەلگىلەپ بەرگەن تۆۋەندىكى نورما ئۆلچىمى ئىجرا قىلىندى:

(1) ئەمەلىي خىزمەتتىكى ئەسكەرلەر ۋە بەلگىلەنگەن تاماق ئايرىمىسىدىن بەھرىمەن بولىدىغان ئوفىتسېرلار. قۇرۇقلۇق ئارمىيە: 1 ـ تۈردىكى ئاشخانىدا تاماق يەيدىغانلارغا ئايدا 500 گرام (تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، 2 ـ تۈردىكى ئاشخانىدا تاماق يەيدىغانلارغا 750 گرام، 3 ـ، 4 ـ تۈردىكى ئاشخانىدا تاماق يەيدىغانلارغا بىر كىلوگرام بېرىلدى. ھاۋا ئارمىيە: 1 ـ، 3 ـ، 4 ـ تۈردىكى ئاشخانىدا تاماق يەيدىغانلارغا 1.41 كىلوگرام، 2 ـ تۈردىكى ئاشخانىدا تاماق يەيدىغانلارغا 1.7 كىلوگرام بېرىلدى. قۇرۇقلۇق ئارمىيە قوشۇمچە ئاشخانىسى: 1 ـ تۈردىكى ياردەم 100 گرام، 2 ـ تۈردىكىسى 150 گرام، 3 ـ تۈردىكىسى 250 گرام بولدى.

(2) ئوفىتسېرلارنىڭ ياغ سېتىۋېلىش نورمىسى. تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنىڭ 625 گرام، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنىڭ بىر كىلوگرام بولدى. ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئوفىتسېرلار ۋە ئارمىيەدە ئىشلەۋاتقان يۇقىرى دەرىجىلىك زىيالىيلارغا يۇقىرىدا ئېيتىلغان نورمىدىن باشقا، گوۋۇيۈەننىڭ «يۇقىرى دەرىجىلىك ئەقلىي ئەمگەكچىلەرنى ياغ بىلەن قوشۇمچە تەمىنلەش توغرىسىدا بەلگىلىمە» سىگە ئاساسەن 750 گرامدىن تەمىنلەندى، باھاسى بازار باھاسىنىڭ 3 ھەسسىسى بويىچە ھېسابلاندى. شۇ يىلى ئاشلىق نازارىتى ھەربىيلەر ياغ بېلىتى بېسىپ تارقىتىپ ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە ئىشلەتتى، ھەربىيلەر ياغ بېلىتى ياغ تۈرى بويىچە ئايرىلماي، 5 گرام، 50 گرام، 500 گرام، بىر كىلوگرام، 5 كىلوگرام، 10 كىلوگرام دەپ 6 خىل بولدى. ئارمىيە ياغ بېلىتىنى ئارقا سەپ تارماقلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇش خېتى بىلەن بىللە ئاشلىق تارماقلىرىغا ئېلىپ بېرىپ ياغ سېتىۋالدى.

1961 ـ يىل 6 ـ ئايدا ئاشلىق نازارىتى، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى ئاشلىق مىنىستىرلىكى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكىنىڭ «خەلق قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمىسى» گە ئاساسەن، قوراللىق خەلق ساقچى كادىرلىرىنىڭ ئايلىق ياغ نورما ئۆلچىمىنى شۆبە ئەترەت باشلىقىدىن چوڭ ئەترەت باشلىقىغىچە 700 گرام، تارماق ئەترەتتىن يۇقىرى كادىرلارنىڭكىنى بىر كىلوگرام قىلىپ تەڭشىدى. شۇ يىلى 7 ـ ئايدىن ئېتىبارەن ئاپتونوم رايون بويىچە ھەربىيلەرنى ئاشلىق بىلەن

تەمىنلەش تۈرى، نىسبىتى مۇنداق بولدى: ھەربىيلەرنىڭ نورمىلىق ئاشلىق بېلىتى ئارقىلىق تۈرى بويىچە تەمىنلەش نىسبىتى ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ناھىيىلەر، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ شاۋەن ناھىيىسىدە قارا ئاشلىق %20، ئاق ئۇن %65، گۈرۈچ %15 لىك نىسبەت بويىچە تەمىنلەندى؛ قەشقەر، قۇمۇل، خوتەن ۋىلايەتلىرىنىڭ ناھىيىلىرى، بايىنغولىن، بورتالا، ئىلى ئوبلاستلىرىغا قاراشلىق ناھىيە، شەھەرلەردە قارا ئاشلىق %20، ئاق ئۇن %70، گۈرۈچ %10 لىك نىسبەت بويىچە تەمىنلەندى؛ تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ ناھىيىلىرىدە قارا ئاشلىق %20، ئاق ئۇن %75، گۈرۈچ %5 لىك نىسبەت بويىچە تەمىنلەندى. ئايروپىلان خىزمىتى مەكتىپى ئوقۇغۇچىلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ھەم ئارمىيە تۈرلىرى، ئەسكەر تۈرلىرى قارمىقىدىكى دوختۇرخانا، ساناتورىيە، ئامبۇلاتورىيە، سەھىيە يىغى (لىيەنى) دىكى ياردارلار، كېسەللەر، دەم ئېلىۋاتقانلار (ئوفىتسېر، ئەسكەر ۋە ئىشچى - خىزمەتچى قاتارلىقلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) %60 ئاق ئۇن، %40 گۈرۈچ بىلەن تەمىنلەندى. ھاۋا ئارمىيە ئايرودروم خادىملىرى، زاپاس مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، پاراشوتچىلار ۋە پاراشوت بىلەن سەكرەش خادىملىرى %10 قارا ئاشلىق، %50 ئاق ئۇن، %40 گۈرۈچ بىلەن تەمىنلەندى. چەت، يىراق ئالاھىدە رايونلار، مەسىلەن: ئالى رايونى، تاشقورغان، سەيدۇللا چېگرا چازىسىدىكىلەر (ئوفىتسېر، ئەسكەر، ئىشچى - خىزمەتچى ۋە قوشۇن بىلەن بىللە يۈرىدىغان ئائىلە تاۋابىئاتلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) %25 گۈرۈچ، %35 ئاق ئۇن بىلەن تەمىنلەندى.

ئاشلىق بېلىتى ئارقىلىق ئاشلىق سېتىۋالىدىغان باشقا ئوفىتسېرلارنىڭ تەمىنلىنىش تۈرى، نىسبىتى مۇنداق بولدى: تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار %15 قارا ئاشلىق، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار %10 قارا ئاشلىق بىلەن تەمىنلەندى، گۈرۈچ، ئاق ئۇن ئەسكەرلەرنىڭكىدىن تۆۋەن بولماسلىق پرىنسىپى بويىچە تەمىنلەندى، شتاتلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر يەرلىكتىكى ئوخشاش ئىش تۈرىدىكى خادىملارنىڭ نىسبىتى بويىچە تەمىنلەندى، ئادەتتىكى مېھمانخانىلاردىكى كېلىپ - كېتىدىغان خادىملار تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنىڭ نىسبىتى بويىچە تەمىنلەندى؛ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار مېھمانخانىلىرىنى گۈرۈچ، ئاق ئۇن بىلەن تەمىنلەشتە، شۇ جايدىكى 2 - دەرىجىلىك مېھمانسارايلارنى تەمىنلەش نىسبىتى بويىچە تەمىنلەندى.

1962 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «ئاۋۋال ئالدىنقى سەپ، ئاندىن ئارقا سەپ، ئاۋۋال ئارمىيە، ئاندىن يەرلىك، ئاۋۋال ھەربىي ئېھتىياج، ئاندىن خەلقنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى» دېگەن پرىنسىپقا ئاساسەن، ئۆرۈش تەييارلىقى كۈچەيتىلىپ، ھەربىيلەرنى ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىندى. ئالدىنقى ئۆرۈش قىسىملىرى، چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى ۋە 1 - سەپتىكى قاراۋۇلخانىلارغا پۈتۈنلەي ئاق ئاشلىق بېرىلدى ۋە ئېسىل ئۇن، ئېسىل گۈرۈچ ئالدى بىلەن شۇلارغا بېرىلدى. شۇ يىلى تۆۋەندىكىلەر بەلگىلەندى: قىسىملار مەملىكەتلىك ئاشلىق بېلىتى ياكى شىنجاڭ يەرلىك ئاشلىق بېلىتىگە ئاشلىق سېتىۋالسا، ئەسكەرلەرگە 22.5 كىلوگرام ئاشلىق بېلىتىگە 500 گرام ياغ، تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارغا 19 كىلوگرام ئاشلىق بېلىتىگە 625 گرام ياغ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارغا 19 كىلوگرام ئاشلىق بېلىتىگە بىر كىلوگرام ياغ قوشۇپ سېتىپ بېرىلىدۇ، شتاتلىق قارا خىزمەتچىلەردىن يېنىك جىسمانىي ئەمگەكچىلەرنىڭ 19 كىلوگرام ئاشلىق بېلىتىگە، ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكچىلەرنىڭ 22.5 كىلوگرام ئاشلىق بېلىتىگە 500 گرام ياغ قوشۇپ سېتىپ بېرىلىدۇ. قىسىملار ھەربىي ئاشلىق بېلىتىگە ئاشلىق تارماقلىرىدىن مەملىكەتلىك ئاشلىق بېلىتى ياكى شىنجاڭ يەرلىك ئاشلىق بېلىتى تېگىشسە، يۇنىڭدىمۇ يۇقىرىدىكى نورما ئۆلچىمى بويىچە ئاشلىق تارماقلىرىغا ھەربىي ياغ بېلىتى تاپشۇرىدۇ.

1963 - يىل 10 - ئايدا ئاشلىق نازارىتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى بىرلىكتە «ئۆلچەش - سىزىش قىسىملىرىنى ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسى توغرىسىدا بەلگىلىمە» چىقاردى:
(1) نورما ئۆلچىمى، ئاشلىقتا ئەسكەرلەر ئۆلچىمى ئىجرا قىلىنىدۇ (قىسىم خادىمى بولسا، يەنىلا شۇ كىشىنىڭ نورمىسى ئىجرا قىلىنىدۇ) ياغ ئايدا 1.125 گرام بېرىلىدۇ، قارا ئاشلىق سەپلەپ بېرىلمەيدۇ، ئۇنىڭدىن

باشقا، سېتىۋالغان ئومۇمىي ئاشلىقنىڭ 10% ى بويىچە دادۇر سېتىپ بېرىلىدۇ (ئوزۇقلۇق ئاشلىقى ھېسابلانمايدۇ). (2) كېتەرلىك ئاشلىق، يائنى شۇ جايدىكى ئاشلىق تارماقلىرى ھەربىيلەر ئاشلىق، ياغ بېلەتى ۋە ئالاقىدار مەشغۇلات ئىسپاتلىرىغا قاراپ سېتىپ بېرىدۇ.

1964 - يىل 3 - ئايدا ئاشلىق نازارىتى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە تۈزگەن «ھەربىيلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ۋە باشقۇرۇش چارىسىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا بەلگىلىمە» تارقىتىلىپ ئىجرا قىلىندى. بەلگىلىمىدىكى ئوفىتسېرلار، ئەسكەرلەرنى تەمىنلەيدىغان ئاشلىق تۈرى جەدۋەل: 2 — 23تە كۆرسىتىلدى.

1964 - يىلى ھەربىيلەر تەمىنلەنگەن ئاشلىق تۈرى ۋە نىسبىتى

جەدۋەل: 2 — 23

| جايلار | قارا ئاشلىق % | ئۇن % | گۈرۈچ % |
|---|---|---|---|
| ئادەتتىكى جايلاردىكى قىسىملار | 20 | 70 | 10 |
| ئۈرۈمچى، ئاقسۇ رايونىدىكى قىسىملار | 20 | 65 | 15 |
| ئالى رايونىدىكى قىسىملار ھەم ئاقسۇنىڭ جەنۇبىدىكى (ئاقسۇنىڭ ناھىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) جۇڭگو — ھىندىستان، جۇڭگو — پاكىستان، جۇڭگو — ئافغانىستان چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى ۋە جۇڭگو — سوۋېت چېگرا مۇداپىئە 1 - سېپىدىكى قاراۋۇلخانىلار | | 75 | 25 |
| ئاقسۇنىڭ شىمالىدىكى (سانجى ئوبلاستى، قۇمۇل ۋىلايىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) جۇڭگو — سوۋېت، جۇڭگو — موڭغۇلىيە چېگرا مۇداپىئە 1 - سېپىدىكى قاراۋۇلخانا قىسىملىرى | | 85 | 15 |
| تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار | 15 | 70 | 15 |

ئىزاھ: 1. ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئوفىتسېرلارنى گۈرۈچ، ئۇن بىلەن تەمىنلەش نىسبىتى تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنى تەمىنلەش نىسبىتىدىن تۆۋەن بولماسلىق پرىنسىپى ئاستىدا، مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىلدى.
2. شتاتلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر تۇرۇشلۇق ئورۇندىكى ئوخشاش ھەربىينىڭ ئاشلىق نىسبىتى بويىچە تەمىنلەندى.
3. ھەربىي پونكىت، تۆمۈريول ھەربىي تەمىنلەش پونكىتى، ئادەتتىكى مېھمانخانىلاردا تۇرىدىغان خادىملار تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار نىسبىتى بويىچە تەمىنلەندى. يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار مېھمانخانىلىرىدا تۇرۇۋاتقان خادىملار ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنى تەمىنلەش بويىچە بېجىرىلدى ۋە ئىمكانقەدەر سۈپەتلىك گۈرۈچ، ئۇن تەمىنلەپ بېرىلدى.
4. ئۆلچەش - سىزىش خادىملىرى سىرتتا ئىشلىگەن مەزگىلدە قارا ئاشلىق بېرىلمىدى ۋە مۇۋاپىق تۈردە كۆپرەك گۈرۈچ تەمىنلەپ بېرىلدى.

1964 - يىلدىن ئېتىبارەن، رەسمىيەتنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، مەملىكەتلىك تەمىنلەش چارىسى بىلەن بىردەك قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايوننىڭ ھەربىيلەر ياغ بېلەتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئوفىتسېرلار، ئەسكەرلەر، شتاتلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ياربدارلار، كېيىنلەرگە كېتەرلىك ياغ بېرىدەك ھازىرقى تۇرلۇك خادىملارنىڭ ئۆلچەملىك نورمىسى تەستىقلانغان پىلان بويىچە تەمىنلەندى. ھەربىي بېكەت، تۆمۈريول ھەربىي تەمىنلەش پونكىتى كۆتۈۋالىدىغان كەلدى - كەتتى خادىملارغا كېتەرلىك ياغ سېتىۋېلىنغان ئومۇمىي ئاشلىقنىڭ 3.2% ى بويىچە قوشۇپ سېتىپ بېرىلدى؛ مېھمانخانىلاردا تۇرۇۋاتقان كەلدى - كەتتى خادىملارغا كېتەرلىك ياغ جەھەتتە، ئارمىيىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئارقا سەپ تەمىنات ئورگىنى مېھمانخانىلار كۆتۈۋالغان ھەرخىل خادىملار ۋە مەركەز بەلگىلىگەن نىسبەت بويىچە تەكشۈرۈپ ئىسپات يېزىپ، ئاشلىق تارماقلىرى شۇ ئىسپاتتىكى سان بويىچە سېتىپ بەردى. قىسىملار يەرلىك ئاشلىق بېلەتى ياكى مەملىكەتلىك ئاشلىق بېلەتىگە ئاشلىق سېتىۋالسا، 22.5 كىلوگرام ئاشلىق بېلەتىگە 500 گرام ياغ قوشۇپ سېتىپ بېرىلدى.

يۈنىگەدىن سىرت، قوشۇمچە يېمەكلىك — دادۇر بىلەن تەمىنلەشتە، ئالى رايونى، قاغىلىقنىڭ جەنۇبىدىكى تاغدىكى قىسىملار، چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى، چېگرا مۇداپىئە 1 - سېپىدىكى قاراۋۇلخانىلار ھەم 3 - دەرىجىدىن يۇقىرى ئاشخانىدا تاماق يەيدىغان خادىملارغا ئەمەلىي سېتىۋالغان ئومۇمىي ئاشلىقنىڭ %10 ى بويىچە سېتىپ بېرىلدى. مېھمانخانا، ھەربىي بېكەت، تۆمۈريول ھەربىي تەمىنلەش پونكىتىغا سېتىۋالغان ئومۇمىي ئاشلىقنىڭ %5 ى بويىچە سېتىپ بېرىلدى.

1966 - يىل 6 - ئايدا ئاشلىق نازارىتى، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى ئاشلىق مىنىستىرلىكى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكىنىڭ «جامائەت خەۋپسىزلىكى ئوت ئۆچۈرۈش خەلق ساقچىلىرىنى ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەش بەلگىلىمىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نى ئاساسەن، جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئوت ئۆچۈرۈش، خەلق ساقچىلىرىنى ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەش ئۆلچىمىنى تۆۋەندىكىدەك تۈزۈپ چىقتى: ئوتتۇرا ئەترەت ۋە شۇنىڭ ئەترەت كادىرلىرىنىڭ ئايلىق ئاشلىق نورمىسى 24 كىلوگرام بولىدۇ، چوڭ ئەترەتتىن يۇقىرى ئورگان كادىرلىرىنىڭ 17.5 كىلوگرام بولىدۇ؛ ھەربىي سەپكە كىرگەن يېڭى ئەسكەرلەرگە ئالدىنقى 3 ئايلىق مەشىق مەزگىلىدە، بىر كىشىگە ئەسلى نورمىسىنىڭ سىرتىدا كۈنىگە 100 گرام قوشۇپ بېرىلىدۇ. ساقچى، كادىرلارغا ئايدا 600 گرام ياغ بېرىلىدۇ. ئاق، قارا ئاشلىق نىسبىتى شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ نىسبىتى بويىچە تەمىنلىنىدۇ، دادۇر نورما ئۆلچىمىنىڭ %5 ى بويىچە تەمىنلىنىدۇ.

1971 - يىلى سودا مىنىستىرلىكى، باش ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى ئېلان قىلغان ھەربىيلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش چارىسى ۋە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى بىرلىكتە تۈزگەن ھەربىيلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش چارىسىنىڭ قوشۇمچە بەلگىلىمىسى ئىجرا قىلىنىپ، ئاساسلىقى، ئاق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش نىسبىتى ئۆستۈرۈلدى، ياغ، پۇرچاق بىلەن تەمىنلەش چارىسى ئۆزگەرتىلدى. ئاپتونوم رايون ئاشلىق يۈتكەپ ئىستېمال قىلىۋاتقان قىيىن ئەھۋالدا، قىسىملارنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقى ئېھتىياجىغا مەدەت بېرىپ، تۆۋەندىكى قىسىملارنى پۈتۈنلەي ئاق ئاشلىق بىلەن تەمىنلىدى ۋە گۈرۈچ بىلەن تەمىنلەش نىسبىتىنى ئۆستۈردى: ئالى رايونىدىكى قىسىملار، جۇڭگو — ھىندىستان چېگرا مۇداپىئە ئېگىزلىكىدىكى قىسىملار ۋە يارىدارلار، كېسەللەر %60 ئاق ئۇن، %40 گۈرۈچ بىلەن تەمىنلەندى، گۈرۈچ بىلەن تەمىنلەش نىسبىتى بۇرۇنقىدىن %15 ئۆستۈرۈلدى. ئاقسۇنىڭ جەنۇبىدىكى (ئاقسۇنىڭ ناھىيىلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) جۇڭگو — ئافغانىستان، جۇڭگو — پاكىستان، جۇڭگو — سوۋېت چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى %75 ئاق ئۇن، %25 گۈرۈچ بىلەن تەمىنلەندى. ئاقسۇنىڭ شىمالىدىكى (سانجى ئوبلاستى، قۇمۇل ۋىلايىتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) جۇڭگو — سوۋېت، جۇڭگو — موڭغۇلىيە چېگرا مۇداپىئە 1 - سېپىدىكى قاراۋۇلخانا قىسىملىرى %85 ئاق ئۇن، %15 گۈرۈچ بىلەن تەمىنلەندى؛ ھەربىي بېكەت، تۆمۈريول ھەربىي تەمىنلەش پونكىتى، مېھمانخانىلاردىكى كەلدى - كەتتى خادىملار %85 ئاق ئۇن، %15 گۈرۈچ بىلەن تەمىنلەندى ۋە سېتىۋالغان ئومۇمىي ئاشلىقنىڭ %4 ى بويىچە سۇ يېغى، %5 ى بويىچە باقىلە قوشۇپ سېتىپ بېرىلدى. ئادەتتىكى رايونلاردىكى قىسىملارنىڭ ئارا ئاشلىقى بۇرۇنقى %20 تىن %15 كە چۈشۈرۈلدى. شۇ يىلى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئاشلىق ئىدارىسى باستۇرغان «ھەربىيلەرنىڭ ياغ، پۇرچاق بىلەن تەمىنلىنىش كىنىشكىسى» ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشلىتىلدى. ياغ، پۇرچاق كۆرسەتكۈچىنى قىسىمنىڭ تۆەندىن يۇقىرى ئارقا سەپ تەمىنات تارماقلىرى قىسىم ئۆلچىمى بويىچە پەسىلگە ئايرىپ تەكشۈرۈپ تولدۇردى. قىسىملار ئاشلىق بېلىتى، «ھەربىيلەرنىڭ ياغ، پۇرچاق بىلەن تەمىنلىنىش كىنىشكىسى» گە ئاشلىق تارماقلىرىدىن ئاشلىق، ياغ، پۇرچاق سېتىۋالدى.

1974 - يىل 5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى چېگرا ناھىيىلەردىكى چېگرا جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىخانىسى، پونكىتىدىكى كادىر، ساقچىلارنى ئايدا 22.5 كىلوگرام ئاشلىق، 500 گرام ياغ ئۆلچىمى بويىچە تەمىنلەشنى؛ چېگرا ناھىيە ھېسابلانمايدىغان شەھەر ۋە

قاتناش يولىدىكى تەكشۈرۈش پونكىتلىرىدىكى كادىر، ساقچىلارنى ئايدا 20 كىلوگرام ئاشلىق، 250 گرام ياغ ئۆلچىمى بويىچە تەمىنلەشنى بەلگىلىدى.

1975 - يىلى 2 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ [1974] 125 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتىدىكى خەلق قوراللىق ساقچىلىرىغا قارىتا مەجبۇرىي ھەربىي خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئۇلارنى ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەش ئۆلچىمى مۇنداق بولدى: ئايدا 22.5 كىلوگرام ئاشلىق، 600 گرام ياغ، 1.05 كىلوگرام دادۇر بىلەن تەمىنلەندى. ئاق، قارا ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئۆلچىمى شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىنى تەمىنلەش نىسبىتى بويىچە ئىجرا قىلىندى. شۇ يىلى 12 - ئايدا، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ ئاق، قارا ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىش نىسبىتىنى تۆۋەندىكىدەك بەلگىلىدى: (1) تۆمۈريول، دۆلەت مۇداپىئەسى قۇرۇلۇشى قىلىۋاتقان قىسىملار، ئىگىزلىك، چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى، دوختۇرخانىدىكى يارىدارلار، كېسەللەر (ئورگان ئامبۇلاتورىيىسى، تۇغۇت سەھىيە ئەترىتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، ئايروپىلان ۋە يەردىكى مۇلازىمەت ئاشخانىسى، ھەربىي بېكەت (تۆمۈريول ھەربىي تەمىنلەش پونكىتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، مېھمانخانا ۋە 3 - تۈردىن يۇقىرى ئاشخانىدا تاماق يەيدىغان قىسىملارغا يەنىلا ھەربىيلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش چارىسىدا بەلگىلەنگەن قارا ئاشلىق نىسبىتى ئىجرا قىلىنغاندىن سىرت، باشقا ئورگان، قىسىملارنى قارا ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش نىسبىتى %30 تىن تۆۋەن بولمايدۇ. (2) جايلاردىكى شىەدىن يۇقىرى كادىرلارنى تەمىنلەش ۋە شىەدىن يۇقىرى ئورۇنلار ئاچقان تۈرلۈك يىغىنلارنى قارا ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش نىسبىتى ۋاقىتىنچە %15 بولىدۇ. ئۇ شىەدىن يۇقىرى ئورۇنلاردىكى ئارقا سەپ تارماقلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇش خېتىگە ئاساسەن بېجىرىلىدۇ.

1982 - يىلى 4 - ئايدىن ئېتىبارەن شىنجاڭنىڭ ئادەتتىكى جايلىرىدا تۇرۇۋاتقان قىسىملارغا ئاشلىق مىنىستىرلىكى، باش ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى شۇ يىلى 1 - ئايدا تارقاتقان «ھەربىيلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ۋە باشقۇرۇش چارىسى» ئىجرا قىلىنىپ، ئاق، قارا ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش نىسبىتى تۆۋەندىكىدەك بەلگىلەندى: ئۇن %65، گۈرۈچ %20، قارا ئاشلىق %15. قىسىمنى تەمىنلەيدىغان قوشۇمچە يېمەكلىك — دادۇر ئەمەلىي سېتىۋالغان ئومۇمىي ئوزۇقلۇق ئاشلىق نىسبىتى بويىچە تەمىنلەندى (جەدۋەل: 2 — 24 كە قاراڭ).

**1982 - يىلدىكى ئارمىيىنى قوشۇمچە يېمەكلىك — دادۇر بىلەن تەمىنلەش نىسبىتى**

جەدۋەل: 2 — 24

| يەر يۈزىدىكى ئاشخانا | | ئايروپىلاندىكى ئاشخانا | |
|---|---|---|---|
| ئاشخانا ئايرىمىسى | نىسبىتى | ئاشخانا ئايرىمىسى | نىسبىتى |
| 1 - تۈردىكى ئاشخانا | 4.7% | تەييارلىق مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئاشخانىسى | 9.3% |
| 2 ، 3 - تۈردىكى ئاشخانا | 6.7% | يەردىكى مۇلازىمەت ئاشخانىسى | 9.8% |
| 4 - تۈردىكى ئاشخانا | 8% | ئايروپىلاندىكى ئاشخانا | 18.2% |
| 5 - تۈردىكى ئاشخانا | 9% | | |
| كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر | 8.6% | | |

ئىزاھ: 1. ھەربىي بېكەت، تۆمۈريول ھەربىي تەمىنلەش پونكىتىغا ئەمەلىي سېتىۋالغان ئومۇمىي ئاشلىقنىڭ %4 ى بويىچە ياغ، %5 ى بويىچە دادۇر سېتىپ بېرىلدى.
2. تەمىنات بىلەن تەمىنلىنىش مۇناسىۋىتىنى يۆتكىگەن دوختۇرخانىدىكى يارىدارلار، كېسەللەر، دادۇر سېتىۋالغان ئومۇمىي ئاشلىقنىڭ %10 ى بويىچە تەمىنلەندى.
3. يۇقىرىدىكى قوشۇمچە يېمەكلىك — دادۇر بېرىدەك ئوزۇقلۇق ئاشلىققا ھېسابلانمىدى.

1982 - يىلى 4 - ئايدا ئاشلىق نازارىتى، گۇرۇمچى ھەربىي رايونى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى ئېگىزلىك چېگرا مۇداپىئەسى قىسىملىرى ۋە ئالاھىدە ئېھتىياجغا ئېتىبار بېرىش يۈزىسىدىن بىرلىكتە «ھەربىيلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ۋە باشقۇرۇش چارىسى توغرىسىدا قوشۇمچە بەلگىلىمە» نى تارقاتتى. شۇ يىلى 12- ئايدا ئاشلىق نازارىتى، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى بىرلىكتە «جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسىملىرى ش ئۇ ئا ر باش ئەترىتىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ۋە باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى توغرىسىدا قوشۇمچە بەلگىلىمە» چىقىرىپ، تۆۋەندىكىلەرنى بەلگىلىدى: ئالى، ھاۋا مۇداپىئە رايونى، ئېگىزلىك قىسىملىرى، تاشقورغان ئېگىزلىكى قىسىملىرى، ئاقسۇ، قىزىلسۇ چېگرا مۇداپىئە 1 - سېپىدىكى قاراۋۇلخانا قىسىملىرى ھەم بارلىق ئارمىيە دوختۇرخانىلىرى، تۆۋەن سەھىيە ئەترەتلىرى، ساناتورىيىلەر، ئورگان ئامبۇلاتورىيىلىرى (شتاتلىق كارۋاتلار ۋە ئايرىم ئاشخانىلار) دىكى يارىدار، كېسەللەر 60% ئۇن، 40% گۈرۈچ بىلەن تەمىنلىنىدۇ. سانجى، قۇمۇل، بورتالا، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى جۇڭگو — سوۋېت، جۇڭگو — موڭغۇلىيە چېگرا مۇداپىئە 1 - سېپىدىكى قاراۋۇلخانا قىسىملىرى، جۇڭدىن يۇقىرى كادىرلار ۋە ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى دەم ئېلىش ئورنىدا دەم ئېلىۋاتقانلار، ھەربىي بېكەت، تۆمۈريول ھەربىي تەمىنلەش پونكىتى ۋە شىدىن يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ مېھمانخانىلىرىدىكى كەلدى - كەتتى مېھمانلار، دالا مەشغۇلاتى مەزگىلىدىكى ئۆلچەش - سىزىش قىسىملىرى 80% ئۇن، 20% گۈرۈچ بىلەن تەمىنلىنىدۇ. شى دەرىجىلىك كادىرلار 70% ئۇن، 20% گۈرۈچ، 10% قارا ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىدۇ. شۇ يىلى، ھەربىيلەر ئاشلىق بېلىتىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك، شىخو ناھىيىلىك، قەشقەر ۋىلايەتلىك، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك، خوتەن ۋىلايەتلىك، ئالتاي ۋىلايەتلىك، بايىنغولىن ئوبلاستلىق، ئىلى ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىلىرى ھەربىيلەر ئاشلىق بېلىتى نۇقتىسى قىلىپ بېكىتىلىپ، ھەربىيلەر ئاشلىق بېلىتىنى ساقلاش ۋە تارقىتىشقا مەسئۇل قىلىندى. ئۇلار ئاشلىق نازارىتى تەرىپىدىن يېزىلغان «ھەربىيلەر ئاشلىق بېلىتى چىقىم قىلىپ بېرىش ئۇقتۇرۇش قەغىزى» گە ئاساسەن قىسىملارغا ھەربىيلەر ئاشلىق بېلىتى ۋە ھەربىيلەر ئاشلىق سېتىۋېلىش بېلىتى تارقىتىپ بەردى.

1986 - يىلى ئاپتونوم رايون سودا مىنىستىرلىكى بىلەن باش ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەسكەرلەرنىڭ ئاشلىق نورمىسىنى ئۆستۈرۈپ، بىر كىشىنىڭ كۈنلۈك ئاشلىقىنى 750 گرامدىن 800 گرامغا كۆپەيتتى ۋە ئاق ئۇن، گۈرۈچ بىلەن تەمىنلەش نىسبىتىنى ئۆستۈردى. 1987 - يىلى 3 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى بىرلىكتە «ھەربىيلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ۋە باشقۇرۇش چارىسى توغرىسىدا قوشۇمچە بەلگىلىمە» چىقىرىپ، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنى تەمىنلەيدىغان ئاشلىق تۈرىنى تەڭشىدى: (1) جەڭچى، شتاتلىق ئىشچى - خىزمەتچى، تۆۋەندىن تۆۋەن كادىرلار 10% قارا ئاشلىق، 60% ئۇن، 30% گۈرۈچ بىلەن تەمىنلىنىدۇ. (2) ئالى، ھاۋا مۇداپىئە رايونى، تاشقورغان ئېگىزلىكى قىسىملىرى، ئاقسۇ، قىزىلسۇ چېگرا مۇداپىئە 1 - سېپىدىكى شۆبە ئەترەتلەر، دوختۇرخانا، ئامبۇلاتورىيە، ساناتورىيىدىكى يارىدارلار، كېسەللەر 60% ئۇن، 40% گۈرۈچ بىلەن تەمىنلىنىدۇ. (3) 29 چېگرا ناھىيە، جۇڭگو — سوۋېت، جۇڭگو — موڭغۇلىيە چېگرا مۇداپىئە 1 - سېپىدىكى قىسىملار، شىدىن يۇقىرى كادىرلار، جۇڭدىن يۇقىرى ئورگان كادىرلىرى، شتاتلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ھەربىي رايون كادىرلار دەم ئېلىش ئورنىدا دەم ئېلىۋاتقانلار، ھەربىي بېكەت، تۆمۈريول ھەربىي تەمىنلەش پونكىتى ۋە شىدىن يۇقىرى مېھمانخانىلاردىكى كەلدى - كەتتى خادىملار، ئۆلچەش-سىزىش قىسىملىرى دالا مەشغۇلاتى مەزگىلىدە، 70% ئۇن، 30% گۈرۈچ بىلەن تەمىنلىنىدۇ.

1988 - يىلى 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، مالىيە نازارىتى، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى بىرلىكتە «قوراللىق ساقچى قىسىم بىكىتۈەن تارماق ئەترىتىنى ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، تۆۋەندىكىلەرنى بەلگىلىدى: (1) قوراللىق ساقچى قىسىم ئىشلەپچىقىرىش-

قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى تارماق ئەترىتىدىكى قوراللىق ساقچىلار، شتاتلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەش ھەربىيلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلۈپ، قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ ھازىرقى تەمىنات ئۆلچىمى ۋە «قوراللىق ساقچىلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ۋە باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» ئىجرا قىلىنىپ، ھەربىيلەر ئاشلىق بېلەتى ۋە ھەربىيلەرنىڭ ئاشلىق، ياغ، يۇرچاق بىلەن تەمىنلىنىش كىنىشكىسى ئارقىلىق ئاشلىق، ياغ سېتىۋالىدۇ. (2) قوراللىق ساقچى قىسىم بىڭتۇەن تارماق ئەترىتىگە كېتەرلىك ئاشلىق مەسىلىسىدە، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى سودا مىنىستىرلىكى چۈشۈرگەن ھەربىيلەر ئاشلىقى پىلانىغا ئاساسەن، پەسىل بويىچە ھەربىيلەر ئاشلىق سېتىۋېلىش بېلەتى ئاجرىتىپ بېرىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار ۋە قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنى ئاشلىق، ياغ، يۇرچاق بىلەن تەمىنلەش ئۆلچىمى 1990 - يىلغىچە داۋاملىق ئىجرا قىلىندى.

### 1950 — 1985 - يىلغىچە شىنجاڭنىڭ ئاشلىق مالىيە تەمىنلەش ئەھۋالى

جەدۋەل: 2 — 25    بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| ئاشلىق يىلى | مىقدارى | ئاشلىق يىلى | مىقدارى |
|---|---|---|---|
| 1950 | 12321 | 1968 | 3368 |
| 1951 | 12351 | 1969 | 3891 |
| 1952 | 12152 | 1970 | 3840 |
| 1953 | 6827 | 1971 | 4230 |
| 1954 | 1420 | 1972 | 4283 |
| 1955 | 1104 | 1973 | 4780 |
| 1956 | 1352 | 1974 | 5902 |
| 1957 | 761 | 1975 | 6403 |
| 1958 | 683 | 1976 | 6725 |
| 1959 | 830 | 1977 | 6164 |
| 1960 | 1107 | 1978 | 6824 |
| 1961 | 1293 | 1979 | 6867 |
| 1962 | 1611 | 1980 | 6200 |
| 1963 | 1805 | 1981 | 5515 |
| 1964 | 2193 | 1982 | 5197 |
| 1965 | 2611 | 1983 | 4854 |
| 1966 | 2731 | 1984 | 3866 |
| 1967 | 2696 | 1985 | 3603 |

ئىزاھ: بۇ جەدۋەلدىكى سانلار قىسىملار ھەربىيلەر ئاشلىقى نورمىلىق بېلەتى ئارقىلىق ئالغان گۈرۈچلۈق ئاشلىق، ئات يەم - بوغۇزى بولۇپ، قىسىملارنىڭ ئاشلىق بېلەتى ئارقىلىق ئاشلىق تارماقلىرىدىن سېتىۋالغان ئاشلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

## 2. يەم - بوغۇز، ئوت - چۆپ بىلەن تەمىنلەش

### 1) يەم - بوغۇز

1950 — 1956 - يىلغىچە ھەربىيلەرگە كېرەكلىك يەم - بوغۇزنى ئاشلىق تارماقلىرى قىسىملارنىڭ يەم - بوغۇز ئېھتىياج پىلانىغا ئاساسەن چىقىم كىنىشكىسى بويىچە چىقىم قىلىپ كەلدى. يەم - بوغۇز تۈرى

جەھەتتە كۆممىقوناق، ئاق قوناق، كۆك پۇرچاق ئاساس قىلىندى.

1957 - يىلدىن ئېتىبارەن قىسىملار كىبرەكلىك يەم - بوغۇز توغرىسىدا «ھەربىيلەرنىڭ ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلىنىش پىلانىنى تۈزۈپ ئەۋەتىش توغرىسىدا بەلگىلىمە» گە ئاساسەن، ئاشلىق تارماقلىرىغا ئورۇن، ۋاقىت، ئاشلىق تۈرى بويىچە تۈزۈلگەن پىلانىنى مەلۇم قىلدى، قىسىملار ھەربىيلەر ئاشلىقى نورمىلىق بېلىتى (يەم - بوغۇز بېلىتى) گە ئاساسەن ئاشلىق ئېلىش رەسمىيىتىنى بېجىردى. شۇ يىلى ئاشلىق نازارىتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى بىرلىكتە «شىنجاڭ دۆلەت مۇداپىئە ھەربىي سىستېمىسىنىڭ ئاشلىق نورمىسى توغرىسىدا ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» چىقىرىپ، ھەرخىل ئۇلاغلارنى يەم - بوغۇز بىلەن تەمىنلەش ئۆلچىمى (يىرىك ئاشلىق ھېسابىدا) نى تۆۋەندىكىچە بېكىتتى: شتاتلىق ئىش ئۇلىغىنىڭ نورما ئۆلچىمى، ئارمىيە تۈرلىرى، ئەسكەر تۈرلىرىنىڭ ھەربىي ئېتى (چەت ئەل ئېتى، توپ قىچىرى ۋە ئېتى، مىنىك ئات، ماتەم ئېتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) نىڭ كۈنلۈكى 2.75 كىلوگرام، تايىنىڭ 1.25 كىلوگرام بولىدۇ، ترانسپورت تۆگىسىنىڭ كۈنلۈكى 2.75 كىلوگرام، ئۆكۈزنىڭ 1.75 كىلوگرام، ئېشەكنىڭ 1.25 كىلوگرام بولىدۇ؛ ساقچى ئىتلىرىدىن چوڭ ئىتنىڭ كۈنلۈكى 750 گرام، كۈچۈكنىڭ 375 گرام بولىدۇ، ئالاقە كەپتەرلىرىنىڭ كۈنلۈكى 100 گرام بولىدۇ. ئۇرۇش ۋاقتىدا يىغىلغان ئۇلاغلارنىڭ يەم - بوغۇزى قىسىملاردىكى ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان ئۇلاغلارنىڭ يەم - بوغۇز نورما ئۆلچىمى بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ. ئىلمىي تەتقىقات تەجرىبىسى، نەسىللەندۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان ئۇلاغلارنىڭ يەم - بوغۇزى شەھەر - بازارلارنى ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش چارىسىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ. قارىمىقىدىكى شتاتسىز ئورۇنلاردىكى ئىش ئۇلاغلىرىنىڭ نورمىسى: ئات، قېچىرنىڭ كۈنلۈكى 1.25 — 2 كىلوگرام، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىرىنىڭ يىللىق يەم - بوغۇزى 500 كىلوگرامدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ؛ تۆگە، ئۆكۈزنىڭ كۈنلۈكى 1 — 1.5 كىلوگرام، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىرىنىڭ يىللىق يەم - بوغۇزى 350 كىلوگرامدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ؛ ئېشەكنىڭ كۈنلۈكى 0.5 — 1 كىلوگرام، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىرىنىڭ يىللىق يەم - بوغۇزى 200 كىلوگرامدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ؛ سېغىن كالىنىڭ قۇرۇق چۆپ مەزگىلىدە كۈنلۈكى 1.5 كىلوگرام بولىدۇ.

يەم - بوغۇز تۈرى نىسبىتىدە، قارا ئاشلىق (كۆممىقوناق، ئاق قوناق، ئارپا، يالىڭاچ ئارپا، پۇرچاق قاتارلىقلار) %85، كېپەك، سۇلۇ %15 بولىدۇ.

1963 - يىلى ئاشلىق مىنىستىرلىكى، باش ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى شىنجاڭدىكى ھەربىي ئاتلارنى تەمىنلەيدىغان يەم - بوغۇز تۈرىنى قارا ئاشلىق %40، پۇرچاق %35، كېپەك %25 بولىدۇ دەپ بەلگىلىدى.

2) ئوت - چۆپ

1950 - يىلى ئۆلكە بويىچە ھەربىي ئاتلار 75 مىليون 718 مىڭ كىلوگرام ئوت - چۆپ بىلەن تەمىنلەندى، 1951 — 1956 - يىلغىچە ئارمىيىگە كېرەكلىك ئوت - چۆپ ئۆز جايىدىن سېتىۋېلىندى، ئۆز جايىدىن سېتىۋېلىشتا قىيىنچىلىقى بولغان ئايرىم قىسىملار تۇرۇشلۇق جايدىكى ھۆكۈمەتكە ياكى ئاشلىق تارماقلىرىغا زاكالەت بېرىپ باشقا جايدىن سېتىۋالغۇزدى ياكى يېقىن ئەتراپتىكى يەم - بوغۇز تارماقلىرى بىۋاسىتە تەمىنلىدى. 1957 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى، ئاشلىق نازارىتى تۆۋەندىكىلەرنى بەلگىلىدى: قىسىملار ئۆزلىرىگە كېرەكلىك ئوت - چۆپ توغرىسىدا ھەر يىلى پەسىل بويىچە ئاشلىق تارماقلىرىغا پىلان يوللاپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قەدەر پۇل تارقىتىپ سېتىۋېلىش چارىسىنى قوللىنىدۇ، يەم - بوغۇز شىركىتى تەسىس قىلىنغان جايلاردا، يەم - بوغۇز شىركىتى تەمىنلەيدۇ، يەم - بوغۇز شىركىتى بولمىسا، ئاشلىق تارماقلىرى ۋاكالىتەن سېتىۋېلىشقا مەسئۇل بولىدۇ. ئوت - چۆپ بېدە، سامان، خوشاڭ دەپ 3 خىل بولۇپ، ئۇنىڭ نىسبەت سانىنى ئاشلىق تارماقلىرى بىلەن تەمىنلەنگۈچى قىسىم ئېھتىياج ۋە ئىمكانىيەتكە ئاساسەن كونكرېت كېڭىشىپ بېكىتىدۇ. 1962 - يىلى ئۇرۇش تەييارلىقى ۋەزىيىتىگە ئويغۇنلىشىپ، ھەربىيلەرنى ئوت - چۆپ بىلەن ۋاقتىدا تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر

خەلق كومىتېتى ھەربىيلەر ئوت - چۆپنى تەييارلاشتا ۋەزىپە چۈشۈرۈپ سېتىۋېلىش چارىسىنى قوللىنىپ، بىرتۇتاش ھالدا ھەربىي ئوت - چۆپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى چۈشۈرۈشنى قارار قىلدى ھەمدە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەردىن ئۇنى ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، بورتالا، سانجى، قەشقەر قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا ھەربىيلەرنى ئوت - چۆپ بىلەن تەمىنلەش پونكىتى قۇرۇپ، دۆلەت مۇداپىئە قىسىملىرىغا كېرەكلىك ئوت - چۆپنى ۋەزىپە چۈشۈرۈپ سېتىۋېلىش، سۆيلەش، ساقلاش، باشقۇرۇش، يۆتكەش، تەمىنلەش قاتارلىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل قىلىشنى، ئوت - چۆپ پونكىتى قۇرۇلمايدىغان جايلاردا، داۋاملىق ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ۋاكالىتەن بېجىرىشىنى بەلگىلىدى. قىسىملارغا كېرەكلىك ئوت - چۆپ تىۋغىرىسىدا، تۆۋەندىن يۇقىرى ئارقا سەپ تارماقلىرى يىللىق پىلان تۈزۈپ، شۇ جايدىكى ناھىيەدىن يۇقىرى ھۆكۈمەتكە يوللىدى، كۆچۈرمىسىنى دەرىجىمۇ دەرىجە شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىگە ئەۋەتتى. ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتىنىڭ ۋەزىپە چۈشۈرۈشى بىلەن، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر يېقىن ئەتراپتىن ئورۇنلاشتۇرۇش پرىنسىپى بويىچە ۋەزىپىنى ۋاقتىدا قاتلاممۇ قاتلام ئەمەلىيلەشتۈردى. ھەربىيلەر ئوت - چۆپنى ئاشلىق تارماقلىرى بىر تۇتاش باشقۇرۇپ، ئايرىم ھېسابات قىلدى، بۇنىڭدا پايدا ئالماسلىق، زىيانمۇ تارتماسلىق پرىنسىپ قىلىندى. ھەربىي ئاتلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، جايلار ئىمكانقەدەر بېدە بىلەن تەمىنلىدى، ئادەتتە بېدە %40، خۇساۋ، چۆپ %30 تىن بولدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئېگىزلىك قىسىملىرى پۈتۈنلەي بېدە بىلەن تەمىنلەندى. 1962- يىل 6 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، ئوت - چۆپ ۋەزىپىسى كۆپرەك ناھىيىلەر، مەسىلەن: قاغىلىق، قەشقەر كوناشەھەر، قەشقەر يېڭىشەھەر، گۇما، گۇچۇڭ ناھىيىلىرىدە ئوت- چۆپ پونكىتى قۇرۇش، ھەربىي ئوت - چۆپ ۋەزىپىسى بار باشقا 34 ناھىيىدە ئوت - چۆپكە مەسئۇل مەخسۇس خادىم قويۇپ، ھەربىي ئوت - چۆپ بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشنى بەلگىلىدى. كېيىن، قىسىملارنىڭ ماشىنىلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئاتلار ئازىيىپ باردى، بەزى چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىلىرىدىكى ئاتلارنىڭ يەم-بوغۇزى، ئوت - چۆپ بازىسى قۇرۇش ئارقىلىق يېقىن ئەتراپتىن ھەل قىلىندى. 1984 - يىلدىن كېيىن، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ھەربىي ئوت - چۆپنى ۋەزىپە چۈشۈرۈپ سېتىۋېلىش چارىسىنى ئىجرادىن توختىتىشنى قارار قىلدى. ئاز ساندىكى تارماقلار ئوت - چۆپ لازىم بولسا ئۆزلىرى ھەل قىلدى، قىيىنچىلىقى بولسا شۇ جايدىكى ئاشلىق تارماقلىرى ھەل قىلىپ بەردى. جايلاردىكى ئوت - چۆپ پونكىتلىرى شۇنىڭ بىلەن ئەمەلدىن قالدى.

# VI باب

# ئاشلىق، ياغنى پىلانلىق سېتىشنى باشقۇرۇش

## 1 § . تەمىنلەشنى كاپالەتلەندۈرۈش

### 1 . باشقۇرۇشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى

ئاشلىق، ياغنى بىرتۇتاش سېتىۋېلىش ۋە سېتىش يولغا قويۇلغاندىن تارتىپ، ئاشلىق، ياغ ئوبوروتىدا

يۈكسەك مەركەزلەشتۈرۈپ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى شەكىللەندى. ئاشلىق، ياغ ئوبوروتىغا دائىر چوڭ - چوڭ تەدبىرلەرنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى بىۋاسىتە تۈزۈپ چىقتى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك پارتكوملىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىشقا مەسئۇل بولدى. ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاشلىق، ياغ ئوبوروتىنىڭ كونكرېت ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى.

1953 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئاشلىق، يائىنى بىرتۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىش يولغا قويۇلغاندا، ج ك پ شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى ج ك پ غەربىي شىمال بيۇروسى ۋە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن شىنجاڭدا بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىشنى ۋاقتىنچە يولغا قويمايدىغان بولدى. 1956 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ھوسۇلى ئاشقان بولسىمۇ، ئەمما سېتىۋېلىش ئاز، سېتىش كۆپ بولۇش سەۋەبىدىن، زاپاستىن 70 مىليون كىلوگرامدىن ئارتۇق ئىشلىتىۋېلىشتەك ئېغىر ئەھۋال كۆرۈلدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن 1957 - يىل 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى «ئاشلىق خىزمىتى توغرىسىدا يوليورۇق» چىقىرىپ، ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە ئاشلىقنى بىرتۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىشنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. ئاپتونوم رايوندا ش ئۇ ئا ر پارتكوم شۇجىسى زىياڭ تىننىڭ مۇدىرلىقىدا ئاشلىق خىزمىتى ئىشخانىسى قۇرۇلدى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردىمۇ مۇناسىپ ئاپپاراتلار قۇرۇلۇپ، بىرتۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىش سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇردى ۋە ئەمەلىيلەشتۈردى. 8 - ئايدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلاردىن 2000 دىن ئارتۇق كادىر ئاجرىتىپ، تەكشۈرۈپ ھەيدەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن يېزىلارغا ئەۋەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە بۆلۈم باشلىقى، نازىر (ئىدارە باشلىقى) دەرىجىلىك كادىر 28. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ يېزىلارغا چۈشۈرۈلىدىغان كادىرلار يىغىنىدا سەپەرۋەرلىك سۆزى قىلدى. 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم يىغىنىدا شەھەر - بازارلاردا ئاشلىقنى ئادەمگە، مىقدارىغا چەك قويۇپ تەمىنلەش چارىسىنى يولغا قويۇش قارار قىلىندى. 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتىنىڭ 2 - سانلىق ئەزالار يىغىنىدا «شەھەر- بازارلارنى ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش سىناق چارىسىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى» مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللاندى، چۈشتىن كېيىن، ش ئۇ ئا ر پارتكوم شۇجىسى زىياڭ تى ئاپتونوم رايون ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك ئورگان، تەشكىلات، زاۋۇت، كان، كارخانا، مەكتەپلەردىكى پارتىيە، مەمۇرىيەت، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ 8000 دىن ئارتۇق مەسئۇل كادىرىغا شەھەر - بازارلاردا ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەشنى يولغا قويۇش مەسىلىسى توغرىسىدا دوكلات بېرىپ، ھەرقايسى ئورۇنلارنى بۇ يېڭى تەمىنلەش چارىسىغا قاتتىق رىئايە قىلىش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشقا، بىلىپ تۇرۇپ خىلاپلىق قىلغان، ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش چارىسىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلارغا ئىنتىزام چارىسى ۋە قانۇنىي جازا بېرىشكە چاقىردى.

1960 -، 1961 -، 1962 - يىللىرى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېغىر ئاقىۋەتلەر ۋە تەبىئىي ئاپەتنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، ئاشلىق، ياغلىق دان ھوسۇلى ئۇدا بىرقانچە يىل زور ھەجىمدە تۆۋەنلەپ، ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەش ئىنتايىن جىددىي بولۇپ كەتتى. شەھەر، يېزا خەلقىنىڭ ئاشلىققا بولغان مۇۋاپىق ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق كومىتېتى تۆۋەندىكى مۇھىم تەدبىرلەرنى قوللاندى: (1) «تۆۋەن ئۆلچەم، قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات سەپلەش» روھى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، يېزىلاردا ئاشلىق قالدۇرۇش ئۆلچىمى تۆۋەنلىتىلدى. 1960 - يىل 10 - ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا يىللىق ئوزۇقلۇق ئاشلىق قالدۇرۇش ئۆلچىمىنى 195 كىلوگرامدىن، شىمالىي شىنجاڭ

رايوندا 200 كىلوگرامدىن ئاشۇرۇۋېتىمەسلىك بەلگىلەنگەنىدى، 1962 ـ يىلىغا كەلگەندە مول ھوسۇل ئېلىنغان جايلاردا ئوزۇقلۇق ئاشلىقنى كۆپ بولغاندا 170 كىلوگرامدىن، كەم ھوسۇل ئېلىنغان جايلاردا 120 كىلوگرامدىن ئاشۇرۇۋېتىمەسلىك بەلگىلەندى. (2) شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرىنىڭ نورما ئۆلچىمى تۆۋەنلىتىلدى ۋە شەھەر ـ بازار ئاھالىسى قىسقارتىلىپ تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر ـ بازارلاردىكى نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان ئاھالىلەرنىڭ ئايلىق ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تەخمىنەن بىر كىلوگرامدىن تۆۋەنلىتىلدى. 1962 ـ يىلى شەھەر ـ بازارلاردىكى نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان ئاھالىدىن 1960 ـ يىلدىكىدىن 400 مىڭ ئادەم ئازايدى. (3) «جەنۇبنىڭ ئاشلىقىنى شىمالغا يۆتكەش» زوركۈچ بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلدى. 1960 ـ يىل 4 ـ ئايدىن باشلاپ ئۈرۈمچى، قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلارنىڭ ئاشلىق تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر پارتكومدا جەنۇبنىڭ ئاشلىقىنى يۆتكەش رەھبەرلىك گورۇپپىسى قۇرۇلدى، ئىش تەقسىماتى بويىچە سانائەت ـ قاتناش، مالىيە ـ سودا خىزمىتىگە مەسئۇل شۇجىلاردىن زېڭ تى، لى چۈەنلەر گورۇپپا باشلىقى ۋە مۇئاۋىن گورۇپپا باشلىقى بولۇپ، قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىدىكى ئاشلىقنى يۆتكەش ئىشىنى تەشكىللىدى. 1960 ـ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۈرۈمچى، قارامايلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ 1 ـ شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ ئىلى، تارباغاتاي، بورتالا، سانجى قاتارلىق سىرتقا ئاشلىق يۆتكىلىدىغان ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىن ئۆز جايىنىڭ يېڭى ئاشلىقىغا ئۇلاشقىچە بولغان ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئىشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش شەرتى ئاستىدا، زاپاس قالدۇرماسلىقنى، ھەممە ئاشلىقنى يۇقىرىغا يۆتكەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. (4) ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر ھەر يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى يېڭى ئاشلىق يىغىمى ۋاقتىدا ئاشلىق سېتىۋېلىش ئىشخانىسى، ئالدىنقى يېرىم يىلدا يېڭى ئاشلىققا ئۇلىشىشتىن ئىلگىرى خەلق تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشخانىسى قۇرۇپ، ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى چىڭ تۇتتى. (5) ھەر يىلى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش بويىچە «ئۈچنى تەكشۈرۈپ تەرتىپكە سېلىش» (ئادەمنى، ئىش تۈرىنى، نورمىنى تەكشۈرۈش) ۋە ئاشلىقنى پىلانلىق ئىشلىتىش، تېجەپ ئىشلىتىش تەشۋىقات تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلىپ، ئاشلىق، ياغ سېتىشتىكى يوچۇقلار تۈگىتىلدى.

ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئەڭ جىددىي، ئەڭ قىيىن بولغان مەزگىللەردە، ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرى ئەڭ زور تىرىشچانلىقى بىلەن ئىشلىدى. 1960 ـ يىل 2 ـ، 3 ـ ئايلاردا ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئاشلىق سالدۇسى تۈگەپ كەتتى، ئاشلىق ئۆكسۈپ قېلىپ تەمىنلەش ئۈزۈلۈپ قالماسلىق ئۈچۈن، نېمە بولسا شۇنى يېيىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئاشلىق نازارىتى جىددىي سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، كۆپ يىللاردىن بۇيان يىغىلىپ قالغان 3 مىليون كىلوگرامدىن ئارتۇق ئارپا، قىزىل قوناقنى زەربىدارلىق بىلەن ئۇن تارتىپ ئاھالىلەرنى تەمىنلىدى. 1961 ـ يىلى ئەتىيازنىڭ بەزى كۈنلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدە پەقەت بىرقانچە كۈنگە يەتكىدەكلا ئاشلىق قېلىپ، ئوبوروت ئىنتايىن قىيىنلىشىپ كەتتى، ئاشلىق نازارىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە خىزمەتچى خادىملىرى دائىم كېچىدە ئاشلىق دۇكانلىرىنىڭ ئاشلىق سالدۇسىنى تەكشۈرۈپ، سالدۇسى كۆپرەك دۇكانلاردىكى ئۇننى ئەتىسى ئۇن ئۆكسۈپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان دۇكانلارغا يۆتكەپ، پۈتۈن شەھەرنى ئاشلىق بىلەن نورمال تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلدى.

1969 ـ، 1970 ـ، 1971 ـ يىللىرى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىقى ئېشىپ قېلىشتىن يېتىشمەسلىككە، ئاز مىقداردا يۆتكەپ بېرىشتىن ئاشلىق يۆتكەپ يېيىشكە ئۆزگەردى. ۋەزىيەت ئىنتايىن قىيىن بولغان ئەھۋالدا ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر، ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشنى بىرىنچى دەرىجىلىك چوڭ ئىش قىلىپ تۇتۇشتا چىڭ تۇردى، ئاخىرى

مەركەزنىڭ خەمخورلۇقى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا، قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋالدى. 1972 - يىلى باشلانغان ئۇدا بىرقانچە يىل ئاشلىق، ياغ يۆتكەپ يېگەن مەزگىللەردە، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى ئاشلىق خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىسى سەيپىدىن ئەزىزى، 2 - شۇجىسى، شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ قوماندانى ياڭ يۇڭ قاتارلىقلار ئاشلىق خىزمىتىدىكى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى شەخسەن ئۆزلىرى ھەل قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مالىيە-سودا خىزمىتىگە مەسئۇل شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سۇڭ جىجي ئاشلىق خىزمىتىنى شەخسەن ئۆزى تۇتتى، ھەتتا ئاشلىقنى جايلار بويىچە ئىنچىكە ھېسابلاپ تۈرلۈك ئامال-چارىلار بىلەن ئاشلىق، ياغنى كۆپ سېتىۋېلىپ، ئاز سېتىپ سىرتتىن يۆتكەشنى تىرىشىپ ئازايتتى.

ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ تۈرتكىسىدە، شىنجاڭنىڭ ئاشلىق، ياغ ئىشلەپچىقىرىشىدىن ئۇدا بىرقانچە يىل مول ھوسۇل ئېلىندى، ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىش يەنە تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئېتىبارەن ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەتنىڭ ئاشلىق، ياغ سالدۇسى جىددىي كۆپەيدى، ئاشلىق، ياغ ساقلاش مۇئەسسەسىلىرى ئېغىر ھالدا يېتىشمەي، ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئاشلىق، ياغ ساقلىشى قىيىن بولۇش، دېھقانلارنىڭ ئاشلىق، ياغ سېتىشى قىيىن بولۇش ئاساسىي زىددىيەتكە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، ھۆكۈمەتلەر ۋە ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئاساسلىق زېھنىي كۈچى ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشتىن دېھقانلارنىڭ ئاشلىق، ياغ سېتىشى قىيىن بولۇش، ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ساقلىشى، يۆتكەپ بېرىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا يۆتكەلدى.

## 2. تور - نۇقتا قۇرۇلۇشى

### 1) شەھەر - بازارلاردىكى ئاشلىق دۇكانلىرى

شەھەر - بازارلار ئاشلىق، ياغ بىلەن نورمىلىق تەمىنلىنىۋاتقان ئەھۋالدا، شەھەر - بازارلاردىكى ئاشلىق دۇكانلىرى شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق، ياغ سېتىۋالىدىغان بىردىنبىر سورۇنى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق تاللاش ئىمكانىيىتى يوق. شۇڭا، شەھەر - بازارلاردىكى ئاشلىق دۇكانلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشىنىڭ مۇۋاپىق بولۇش - بولماسلىقى ئاھالىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدا شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنى ئاشلىق، ياغ بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرى، ئاشلىق تارماقلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر - بازارلىرىدا تەسىس قىلغان ئاشلىق، ياغ مەركىزىي دۇكىنى ۋە ماگىزىنى 168 ئىدى، ئۇنىڭ 44 ى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئىدى. 1957 - يىل 10 - ئايدا شەھەر - بازارلارنى ئاشلىق، ياغ بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن يەنە سودا شىركىتىنىڭ قىسمەن ئاشلىق، ياغ سېتىش تور - نۇقتىلىرى ئۆتكۈزۈۋېلىندى، شۇنىڭ بىلەن، يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر - بازارلىرىدىكى ئاشلىق دۇكىنى 178 گە يەتتى. شەھەر - بازارلاردىكى بۇ ئاشلىق دۇكانلىرى ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، يەنە قاراشلىق رايوندىكى نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان ئاھالىنىڭ نورما ئۆلچىمىنى باشقۇرۇش ۋە ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىش مۇناسىۋىتىنى يۆتكەش قاتارلىق مەمۇرىي فۇنكسىيىنىمۇ زىممىسىگە ئالدى. ئاشلىق دۇكانلىرىنىڭ سانى ئاز بولغانلىقى، نۇقتا بويىچە تەمىنلەش ئېھتىياجىغا لايىقلىشىپ كېتەلمىگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە 1958 - يىلدىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» تىن كېيىن، شەھەر - بازار ئاھالىسى تېز كۆپەيگەنلىكى ئۈچۈن، ئاشلىق دۇكانلىرى سان جەھەتتە ئېھتىياجنى

تېخىمۇ قاندۇرالماي قالدى، شۇنىڭ بىلەن بەزى ئاشلىق، ياغ ۋاكالىتەن سېتىش تور - نۇقتىلىرىنى شەرتلىك تەسىس قىلماي بولمىدى. 1960 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1962 - يىل 7 - ئايغىچە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يېڭىشەھەر رايونىدىلا 12 يەردە ئاشلىق، ياغ ۋاكالىتەن سېتىش دۇكىنى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە كارخانا باشقۇرىدىغىنى 5، شەھەر كوچىسى باشقۇرىدىغىنى 7. بۇ ۋاكالىتەن سېتىش نۇقتىلىرى ئاممىنىڭ ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىشىغا قولايلىق تۇغدۇرۇش جەھەتتە مۇئەييەن رول ئوينىدى، لېكىن ئاشلىق، ياغ سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە كەسپىي تۈزۈملەرنى ئىجرا قىلىش جەھەتتە بىرمۇنچە مەسىلىلەر ساقلاندى، ئايرىم مەسئۇل ئورۇن رەھبەرلىرى كەلسە - كەلمەس باغاقچە تەستىقلاش يولى بىلەن دۆلەتنىڭ ئاشلىق، يېغىنى ئىشلىتىۋالدى. 1962- يىل 7 - ئايدىن كېيىن جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرى پەيدىنپەي شەرت - شارائىت يارىتىپ، ۋاكالىتەن سېتىش كەسپىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. شۇ يىلى 8 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق شەھەر - بازارلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش خىزمىتى يىغىنىدا، جايلاردىن كەلگەن ۋەكىللەر بىرمۇنچە ناھىيە بازىرىدا پەقەت بىرلا ئاشلىق دۇكىنى بولۇپ ئاممىنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىشىغا تولىمۇ قولايسىز بولۇۋاتقانلىقىنى، بەزى ئاشلىق دۇكانلىرىنىڭ ئالدىدا ئاما دائىم ئۆچىرەت تۇرىدىغانلىقىنى، ھەتتا تەرتىپ ساقلاش ئۈچۈن ساقچىلارنىڭ ئىشقا سېلىنغانلىقىنى ئىنكاس قىلىشتى، شۇڭا يىغىندا جايلاردىن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئاشلىق دۇكىنى ئېغىر ھالدا يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش تەلەپ قىلىندى. 1963 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر - بازارلاردىكى مەركىزىي ئاشلىق دۇكىنى ۋە ماگىزىن 268 گە، 1966 - يىلى 285 كە يەتتى. 1967 - يىلدىن 1974- يىلغىچە شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشى بىلەن، شەھەر - بازارلاردىكى ئاشلىق دۇكىنى قورۇلۇشى ئىنتايىن قىيىن ئەمۋالدىمۇ 370 كە يېتىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 10.6 دىن كۆپىيىپ باردى، شۇنداقتىمۇ ئېھتىياجنى قاندۇرالمىدى.

1979 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر - بازارلاردىكى ئاشلىق دۇكانلىرى، مەركىزىي دۇكانلار 491 گە، يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 4282 گە يەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاشلىق، ياغنىڭ ھەم تەكشە باھادا، ھەم كېلىشىم باھادا تىجارەت قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، شەھەر - بازارلاردىكى ئاشلىق دۇكانلىرى تەكشە باھالىق ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىللە، قوشۇمچە كېلىشىم باھا كەسپى بىلەنمۇ شۇغۇللاندى. 1981 - يىل 3 - ئايدا ئاشلىق نازارىتى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، جايلاردىكى شەھەر - بازارلاردىكى ئاشلىق دۇكانلىرىدىن ئاشلىق، ياغدىن باشقا يەنە ئۇگرە، چۆپ، كەسمە چۆپ، ھورنان، بولكا، تاۋا نېنى، تاۋا كاكچىسى، پىلتە قۇيماق قاتارلىق ئاممىباب يېمەكلىكلەر تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشنى، ھەم تەكشە باھادا، ھەم كېلىشىم باھادا سېتىشنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئاشلىق خام ئەشيا قىلىنىدىغان قوشۇمچە يېمەكلىكلەر، مەسىلەن: جاڭيۇ، ئاچچىقسۇ، پۇرچاق ياسالمىلىرى قاتارلىقلار تىجارىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىشنى تەلەپ قىلدى. جايلاردىن يەنە ئۆز يېرىنىڭ شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، سېتىلىشىغا قاراپ ئىشلەپچىقىرىشنى بېكىتىشنى، ئالدى دۇكان، كەينى زاۋۇت بولۇشنى ياخشى باشقۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. 1982 - يىلى مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ «ئاشلىق تارماقلىرى ئاشلىق سېتىۋېلىش - پىششىقلاپ ئىشلەش ئاندىن قايتۇرۇپ سېتىشتىن ئىبارەت يېڭى يولغا مېڭىش» توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاشلىق نازارىتى ئاشلىق، ياغ يېمەكلىكلىرى ئىشلەپچىقىرىشى، تىجارىتى ۋە كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارىتىنى ياخشى قىلىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى يەنىمۇ تەكىتلىدى. 1982 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، شەھەر - بازارلاردىكى ئاشلىق دۇكانلىرى 558 گە، خادىمى 4787 گە يەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كوللېكتىپ ئاشلىق دۇكىنىدىن 46 سى، خادىمىدىن 406 سى بار ئىدى، بۇ خادىملار ئاساسەن كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان زىيالىي ياشلار ئىدى. 1983 - يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ئاپتونوم رايوندىكى شەھەر -

بازارلاردىكى ھەربىر ئاشلىق دۇكىنىدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 8.5 تىن ئىشچى - خىزمەتچى بولۇپ، ھەربىر ئىشچى - خىزمەتچى ئايدا 11 مىڭ كىلوگرامدىن ئاشلىق ساتتى، تەمىنلەش مىقدارى 1957 - يىلدىكىدىن 2 ھەسسىدىن كۆپرەك ئېشىپ، تور - نۇقتىلار يەنىلا يېتىشمىدى. شۇ يىلى 11 - ئايدا، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى شەھەر - بازارلاردىكى ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەش تور - نۇقتىسى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا مۇنداق تەستىقىي يوليورۇق بەردى: 1984 - يىلدىن ئېتىبارەن ھەر يىلى بىر قىسىم ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، يېڭى تور - نۇقتىلارنى قۇرۇش كېرەك، رېمونت قىلىنماي كونىراپ كەتكەن تەمىنلەش نۇقتىلىرىنى چوڭ رېمونت قىلىش ئاساسىدا مۇۋاپىق كېڭەيتىش كېرەك، ئۇنىڭغا كېتەرلىك مەبلەغ رېمونت خىراجىتىدىن چىقىم قىلىنىدۇ؛ ئاشلىق تارماقلىرى ئۆزلىرى مەبلەغ تەييارلاپ بەزى تور - نۇقتىلارنى كۆپەيتىپ قۇرۇشى لازىم؛ بۇنىڭدىن كېيىن يېڭى ئاھالىلەر رايونى ۋە سانائەت كان رايونىنى قۇرغاندا، ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەش تور - نۇقتىسى قاتارلىق مۇئەسسەسەلەرنى پىلانغا كىرگۈزۈپ تەڭلا قۇرۇش لازىم. ئالاقىدار تارماقلار يۇقىرىدىكى پرىنسىپقا ئاساسەن، ئاپتونوم رايوننىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك. ئاپتونوم رايوننىڭ 1985 - يىل 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدىكى شەھەر- بازارلاردىكى ئاشلىق دۇكانلىرىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى جەدۋەل: 2 — 26 دىن كۆرۈڭ.

تەكشۈرۈش نەتىجىسى شۇنى كۆرسەتتىكى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى شەھەر - بازارلاردىكى ئاشلىق دۇكانلىرى يەنىلا ئېھتىياجنى قاندۇرالمىغان، يېڭىدىن 150 چە ئاشلىق دۇكىنى قۇرۇشقا، كۆپ ساندىكى ئاشلىق دۇكانلىرىنى ئۆزگەرتىپ ياكى كېڭەيتىپ قۇرۇشقا توغرا كەلگەن. ئاقسۇ شەھىرىدە نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان 110 مىڭ ئاھالە بولسىمۇ، شەھەر بويىچە ئاران 7 ئاشلىق دۇكىنى بار ئىكەن؛ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ شەھەر- بازار ئاھالىسى 480 مىڭ بولۇپ، ئاران 42 ئاشلىق دۇكىنى بار ئىكەن؛ ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغ رايونىدا 410 مىڭ ئاھالە بولسىمۇ، ئاران 42 ئاشلىق دۇكىنى بار ئىكەن؛ كورلا شەھىرىنىڭ نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان ئاھالىسى 130 مىڭدىن ئارتۇق بولسىمۇ، ئاران 14 ئاشلىق دۇكىنى بار ئىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى مەملىكەت بويىچە بىر ئاشلىق دۇكىنى 5000 ئادەمنى تەمىنلەيدۇ، دېگەن تەلەپتىن بىر ھەسسىدىن 2 ھەسسىگىچە ئېشىپ كەتكەن. ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى «شەرقىي دوستلۇق يولى» ئاشلىق دۇكىنى 16 مىڭ 600 ئادەمنى تەمىنلەش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان، ئامما ئاشلىق سېتىۋېلىش ئۈچۈن دائىم ئۆچىرەتتە تۇرىدىكەن، بۇ ئەھۋالغا قارىتا پىكىر ناھايىتى كۆپ ئىكەن.

1986 — 1990 - يىلغىچە دۆلەت 26 مىليون 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ يېڭىدىن 191- ئاشلىق دۇكىنى قۇردى ۋە بىر تۈركۈم كونا ئاشلىق دۇكانلىرىنى ئۆزگەرتتى، قىسمەن تەمىنلەش مۇئەسسەسىلىرىنى ياخشىلىدى، گەرچە يەنە بىرمۇنچە ئاشلىق دۇكانلىرىنىڭ مۇئەسسەسىلىرى ھېلىھەم ئاددىي بولۇپ، ئاشلىق دۇكانلىرىغا ئاشلىق، ياغ كىرگۈزۈش، چىقىرىش ئىشى ئادەم كۈچى بىلەن ئىشلىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئاشلىق دۇكانلىرى ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ تىرىشىشى ئارقىسىدا، نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان ئاھالىلەرنىڭ ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى. 1990 - يىلغا كەلگەندە ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر- بازارلاردىكى ئاشلىق دۇكىنى 730 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق باشقۇرۇش ئورنى 21، مەركىزىي ئاشلىق دۇكىنى 41، ئورگان ئاشلىق دۇكىنى 4، شەھەر - بازار ئاشلىق دۇكىنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 5440. بۇنىڭدىن سىرت، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسلىقى ھەربىيلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئاپپاراتلاردىن مالەن ئاشلىق ئىدارىسىدىن باشقا يەنە كەسپىي تەمىنلەش پونكىتىدىن 14 ى، كەسپىي خىزمەتچىدىن 165 ى، ھەربىيلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئىشىنى قوشۇمچە ئىشلەيدىغان ئاشلىق دۇكىنىدىن 6سى، قوشۇمچە ئىشلەيدىغان خىزمەتچىسىدىن 158ى بار.

## شىنجاڭ بويىچە 1985 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىكى شەھەر ـ بازارلاردىكى ئاشلىق دۇكانلىرىغا دائىر مەلۇمات

جەدۋەل: 2 — 26

| | تۈرى | بىرلىكى | 1985 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرى |
|---|---|---|---|
| | شەھەر ـ بازارلاردىكى ئاشلىق دۇكانلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى | | 658 |
| كۆلىمى بويىچە گۇرۇپپىغا ئايرىلىشى | شەھەر ـ بازارلاردىكى ئاشلىق دۇكىنىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى | 100 كۋادرات مېتىر | 1034 |
| | ھەربىر ئاشلىق دۇكىنىنىڭ ئوتتۇرىچە كۆلىمى | كۋادرات مېتىر | 188 |
| | 50 كۋادرات مېتىردىن تۆۋەن ئاشلىق دۇكىنى | | 29 |
| | 50 ~ 100 كۋادرات مېتىرلىق ئاشلىق دۇكىنى | | 52 |
| | 100 ~ 200 كۋادرات مېتىرلىق ئاشلىق دۇكىنى | | 229 |
| | 200 ~ 300 كۋادرات مېتىرلىق ئاشلىق دۇكىنى | | 195 |
| | 300 كۋادرات مېتىردىن يۇقىرى ئاشلىق دۇكىنى | | 43 |
| مۈلۈك ھوقۇقى بويىچە گۇرۇپپىغا ئايرىلىشى | ئاشلىق تارماقلىرىغا قارايدىغىنى | | 386 |
| | ئۆي باشقۇرۇش تارماقلىرىغا قارايدىغىنى | | 15 |
| | سانائەت، كان، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارغا قارايدىغىنى | | 138 |
| | شەخسلەردىن ئىجارىگە ئېلىنغىنى | | 4 |
| | باشقىلار | | 5 |
| ئاشلىق دۇكىنى ئەھۋالى بويىچە گۇرۇپپىغا ئايرىلىشى | خەتەرلىك بولۇپ، چېقىپ سېلىنىدىغىنى | | 71 |
| | كېڭەيتىپ سېلىنىدىغىنى | | 113 |
| | يېڭىدىن سېلىنىدىغىنى | | 150 |
| ئۆزگەرتىلىش ئەھۋالى بويىچە گۇرۇپپىغا ئايرىلىشى | ئۆزگەرتىپ سېلىنغان ئاشلىق، ياغ يېمەكلىكلەر دۇكىنى | | 45 |
| | يېڭىدىن ۋە ئۆزگەرتىپ سېلىنغان ئاشلىق، ياغ يېمەكلىكلەر ئۇنىۋېرسال سودا دۇكىنى | | 9 |
| | ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك ئاشلىق دۇكىنى | | 332 |
| سېلىنىش ۋاقتى بويىچە گۇرۇپپىغا ئايرىلىشى | 50 ـ يىللار ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى سېلىنغىنى | | 108 |
| | 60 ـ يىللاردا سېلىنغىنى | | 171 |
| | 70 ـ يىللاردا سېلىنغىنى | | 130 |
| | 80 ـ يىللاردا سېلىنغىنى | | 139 |

ئىزاھ: 1. كېڭەيتىپ سېلىنىدىغان ئاشلىق دۇكىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش ئاساسىي شەرتىنى ھازىرلىغان ۋە مۈلۈك ھوقۇقى تارماقلىرىنىڭ ماقۇللۇقى ئېلىنغان، ھەقىقەتەن كېڭەيتىپ قۇرۇش زۆرۈر بولغان ئاشلىق دۇكىنىنى كۆرسىتىدۇ.

2. يېڭىدىن سېلىنىدىغان ئاشلىق دۇكىنى شۇ جايدىكى تەمىنلەيدىغان ئادەم سانى ۋە ئاھالىلەر رايونىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالىغا ئاساسەن كۆپەيتىپ قۇرۇش زۆرۈر بولغان ئاشلىق دۇكىنىنى كۆرسىتىدۇ.

3. ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك ئاشلىق دۇكىنى ئۆز كەسپىنى ياخشى ئىشلەش، ئۇنىۋېرسال تىجارەت قىلىش تەلىپى بويىچە، ئاشلىق، ياغ يېمەكلىكلەر دۇكىنى ياكى ئالدىنى دۇكان، كەينىنى زاۋۇت قىلىش ئۈچۈن ئۆزگەرتىش زۆرۈر بولغان ئاشلىق دۇكىنىنى كۆرسىتىدۇ.

## 2) يېزا ئاشلىق پونكىتى

يېزا ئاشلىق پونكىتى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام ئاپپاراتى بولۇپ، ئۇ يېزا ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش، سېتىش پونكىتى ۋە چارۋىچىلىقنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش پونكىتى دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئاشلىق، يېغىنى سېتىۋېلىش، بىرتۇتاش سېتىش ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ ئاشلىق، ياغ يۆتكەش، ساقلاشقا مەسئۇل بولۇش، شۇنىڭدەك يەنە يېزىلاردىكى غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئاھالىسىنى ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەش، يەنى يېزىلاردىكى شەھەر - بازارلارنى نورمىلىق تەمىنلەش چارىسى بويىچە تەمىنلىنىدىغان ئاھالىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى (يېغى) ۋە باشقا پىلان ئىچىدىكى سودا - سانائەت ساھەسىگە كېتەرلىك ئاشلىق (ياغ) بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت. يېزا ئاشلىق پونكىتىنىڭ تەسىس قىلىنىشى كەڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى خەلقنىڭ جانىجان مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك.

1957 - يىلى ئاشلىق، ياغنى بىرتۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىش يولغا قويۇلغاندا، بىر رايون (يېزا) دا بىر پونكىت بولۇش پرىنسىپى بويىچە ئاپتونوم رايوندا ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش، سېتىش پونكىتىدىن 397 سى قۇرۇلغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، يېزا ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش، سېتىش پونكىتى كۆپىيىپ، ئازىيىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن چوڭ ئۆزگىرىش بولمىدى. 1979 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش، سېتىش پونكىتى 423 كە يېتىپ، 1957 - يىلدىكىدىن 26 پونكىت كۆپەيدى، يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 3253 كە يەتتى.

1979 - يىلى چارۋىچىلىققا كېتەرلىك ئاشلىقنىڭ ھەممىسىنى دۆلەت بىرتۇتاش سېتىپ بېرىدىغان بولغاندىن كېيىن، چارۋىچىلارنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىشىغا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ئاشلىق تارماقلىرى پىلانلىق تۈردە چارۋىچىلىق ئاشلىق پونكىتلىرىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ھالدا مەبلەغ سېلىپ قۇرۇلۇش ئېلىپ باردى. 1980 -، 1981 - يىللىرىدىلا چارۋىچىلىق ئاشلىق پونكىتىدىن 42 سى يېڭىدىن قۇرۇلدى، 6 سى كېڭەيتىپ قۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، چارۋىچىلىق ئاشلىق پونكىتىنى يېڭىدىن قۇرۇش، كېڭەيتىپ قۇرۇش داۋاملىق مۇھىم نۇقتا قىلىندى، شۇنىڭدەك چارۋىچىلىق ئاشلىق پونكىتلىرىنىڭ يۆتكىلىپ يۈرۈپ ئاشلىق سېتىشىغا ئىشلىتىشى ئۈچۈن پىلانلىق ھالدا ئاپتوموبىل سەپلەپ بېرىلدى. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايوندىكى يېزا ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش، سېتىش پونكىتى 584 كە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 6488 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن كېڭەيتىپ، ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان چارۋىچىلىق ئاشلىق پونكىتى 131، ئىشچى - خىزمەتچىسى 602، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا ئاشلىق توشۇش ۋە يۆتكىلىپ يۈرۈپ تەمىنلەشكە ئىشلىتىش ئۈچۈن 104 ئاپتوموبىل سەپلەپ بېرىلدى، شوپۇر ۋە باشقا خىزمەتچى خادىم 358 گە يەتتى.

## 3. سېتىش مۇلازىمىتى

ئاشلىق، ياغ بىرتۇتاش سېتىۋېلىنىدىغان - سېتىلىدىغان باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئاستىدا، ئاشلىق تارماقلىرى مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئائىلىلەرگە كېتەرلىك ئاشلىق، ياغنى ئۆزىلا باشقۇرۇپ كەلدى، ئۇلارنىڭ مۇلازىمەت سۈپىتىنىڭ ياخشى - يامانلىقى كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئامما ئارىسىدىكى ئوبرازىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شۇڭا، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرى ئاشلىق دۇكىنى ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ مۇلازىمەت پوزىتسىيىسىنى ياخشىلاش، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى باشتىن - ئاخىر مۇھىم ۋەزىپە قاتارىدا چىڭ تۇتۇپ كەلدى.

1957 - يىلى شەھەر - بازارنى ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەشتە «دائىرە ئايرىپ نۇقتا بېكىتىش، نۇقتا ئارقىلىق ئائىلىلەرنى باشقۇرۇش» يولغا قويۇلۇپ، سېتىلىغان ئاشلىق، ياغ ئائىلىلەر بويىچە تىزىملاندى. ئاشلىق دۇكىنى كادىرلىرى ۋە تىجارەت خادىملىرى ئاشلىق سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئۆگەنگەن ۋە كەسپىي ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگەندىن سىرت، يەنە دائىرە بويىچە ھۆددىگە ئېلىپ، مەھەللىلەردىكى ئامما ئارىسىغا بېرىپ، دۆلەتنىڭ

ئاشلىقنى پىلانلىق تەمىنلەش سىياسىتى ۋە ئالاقىدار رەسمىيەت ـ تۈزۈملەرنى تەشۋىق قىلىپ، ئاشلىقنى تېجەپ ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلدى. تور ـ نۇقتا يېتىشمەسلىك تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئامما ئۈچۈن ئاشلىق سېتىۋېلىشتا ئۈچرەيدىغان تۇرۇش ئەھۋالىنى ئازايتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايوندىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاشلىق دۇكانلىرى تىجارەت ۋاقتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇزارتىپ، ئاممىنىڭ ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىشىغا قۇلايلىق يارىتىپ بەردى، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە قېرى، ئاجىز، كېسەل، مەجرۇھ، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە تالون كېسىش ۋە ئاشلىقنى ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ بېرىشنى كەڭ قانات يايدۇردى. ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونى مەيدان ئاشلىق دۇكىنى ۋە غۇلجا ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ 6 ـ ئاشلىق دۇكىنى ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىدە ئاممىغا قىزغىن مۇلازىمەت قىلىپ، ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى، 1959 ـ يىلى ئاپتونوم رايون مالىيە ـ سودا سىستېمىسى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. ئاشلىق دۇكانلىرىدىكى كەڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مۇلازىمەت پوزىتسىيىسىنى تىرىشىپ ياخشىلىشى، مۇلازىمەت سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشى بىلەن بىللە، ئايرىم ئاشلىق دۇكانلىرىدا بەزى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر تېز كۆپىيىپ كېتىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، مۇلازىمەت پوزىتسىيىسى ناچار بولۇشتەك مەسىلىلەرمۇ يۈز بېرىپ، يامان تەسىر پەيدا قىلدى.

1962 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سىياسەتنى ئىجرا قىلىشى ياخشى، كەسپىي تۈزۈمى ياخشى، مۇلازىمەت پوزىتسىيىسى ياخشى، تىرىشچان ـ ئىقتىسادچىل بولۇشى ياخشى، بىخەتەرلىك ـ تازىلىقى ياخشى، ئىتتىپاقلىقى ـ ئۆگىنىشى ياخشى بولۇش مەزمۇن قىلىنغان «ئالتىدە ياخشى» ئاشلىق دۇكىنى مۇسابىقە پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئاشلىق دۇكانلىرىنىڭ باشقۇرۇش سەۋىيىسى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كەسپىي ئىقتىدارى ۋە مۇلازىمەت سۈپىتى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈلدى. 1963 ـ يىل 3 ـ ئايدا ئاشلىق نازارىتى «ئالتىدە ياخشى» ئاشلىق دۇكانلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش توغرىسىدا قوشۇمچە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆلچىمىنى كونكرېت بەلگىلىدى. شۇ يىلى، ئاپتونوم رايون بويىچە «ئالتىدە ياخشى» ئاشلىق دۇكىنىدىن 23 ى باھالاپ چىقىلدى، بۇ ئاپتونوم رايوندىكى ئومۇمىي ئاشلىق دۇكىنىنىڭ %9 نى ئىگىلىدى. 1964 ـ، 1965 ـ يىللىرى ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق دۇكانلىرىدىكى ھەر مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مۇلازىمەت سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئاممىنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋاقتىنى قىسقارتىش ئۈچۈن، كەسپتە ئاساسىي ماھارەت يېتىلدۈرۈشنى قانات يايدۇردى. بۇنىڭدا تالون كېسىپ ھېسابلىغۇچى باھا مەلۇم قىلىپ ھېسابلاشنى «بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا ئېنىق ئورۇنداش» ، ئاشلىق تارقاتقۇچى بىر چېلەكلا دەل چىقىرىش نىشان قىلىندى. 1965 ـ يىلى گۇچۇڭ ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ 4 ـ ئاشلىق دۇكىنى نەتىجىسى ئەلا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون مالىيە ـ سودا سىستېمىسى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. 1966 ـ يىلى مەزكۇر ئاشلىق دۇكىنىغا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى غەربىي شىمال بيۇروسى تەرىپىدىن «ئىلغار ئاشلىق دۇكىنى» دەپ، دۇكان مەسئۇلى سۇن گۈيلەنگە «خىزمەت ئىلغارى» دەپ نام بېرىلدى. شۇ يىلى 5 ـ ئايدا ئاشلىق نازارىتى ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارە باشلىقلىرى يىغىنى ۋە ئاساسىي قاتلام سىياسىي خىزمىتى يىغىنىدا، ئاشلىق دۇكىنى خىزمىتىدە نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان بىر تۈركۈم ئىلغارلارنى تەقدىرلىدى. ئۇلار: موري قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى ناھىيە بازىرى ئاشلىق دۇكىنىنىڭ مۇئاۋىن يېتەكچىسى لو فېڭلەن، گۇنىۇ ناھىيىسى ناھىيە بازىرى ئاشلىق دۇكىنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مەمەت توختى، قاراماي شەھىرى «قىزىل بايراق» ئاشلىق دۇكىنىنىڭ مۇدىرى دېي چىڭشى، ئاتۇش ناھىيىسى 2 ـ ئاشلىق دۇكىنىنىڭ تىجارەت خادىمى جو يۇفېي، ئۈرۈمچى شەھىرى نۇرباغ ئاشلىق دۇكىنىنىڭ مۇدىرى نىڭ شۇنشۇ، قۇمۇل تارانچى ئارقاكان ئاشلىق دۇكىنىنىڭ مۇۋەققەت مۇدىرى فەن خۇڭبىن قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلگەن، كۆپچىلىككە باشلامچىلىق قىلىپ خېرىدارلارنى قىزغىن كۈتۈۋالغان، ئامما ئۈچۈن جان ـ دىلى بىلەن خىزمەت قىلغان؛ بەزىلىرى ئائىلىلەرگە بېرىپ تالون كەسكەن،

قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر ۋە ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئاشلىق ئاپىرىپ بەرگەن؛ بەزىلىرى دۇكاننى بالدۇر ئېچىپ، كەچ تاقاپ قاچان خېرىدار كەلسە شۇ چاغدا ئاشلىق سېتىپ بېرىپ، ئاممىغا قۇلايلىق يارىتىپ بەرگەن؛ بەزىلىرى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، دۇكاننى تىرىشچانلىق - ئىقتىسادچىللىق بىلەن باشقۇرۇپ، دۇكان قىياپىتىنى ئۆزگەرتكەن. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ئاشلىق دۇكانلارنىڭ مۇسابىقە پائالىيىتى توختاپ قالدى، باشقۇرۇش تۈزۈمى بوشىشىپ كەتتى، مۇلازىمەت سۈپىتى تۆۋەنلەپ كەتتى، ئەمەلدارلارچە سودا ئىستىلى پەيدا بولۇپ قالدى، ئاز ساندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىش ئورنىنى تاشلاپ كېتىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر يەنىلا خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ شەھەر- بازارلىرىدىكى ئائىلىلەرنىڭ ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلدى.

1979 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق دۇكانلىرىدا سودا مىنىستىرلىكىنىڭ «شەھەر - بازار ئاشلىق دۇكانلىرىنىڭ تەمىنلەش كەسپىي خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» ى ئىزچىللاشتۇرۇلدى. 10 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە چاقىرىلغان شەھەر - بازارلارنى ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەش سۆھبەت يىغىنىدا، ئاشلىق دۇكىنى ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى باھالاپ مۇكاپاتلاشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قارار قىلىندى. ئىككىنچى يىلى 6 - ئايدا سىجۇەن ناھىيىلىك 2 - ئاشلىق دۇكىنى، قۇمۇل «8-مارت» ئاشلىق دۇكىنى ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق يىغىنىدا ئىلغار ئىش - ئىزلىرىنى تونۇشتۇردى. ئاپتونوم رايوننىڭ جاي - جايلىرىدىكى ئاشلىق دۇكانلىرىدا مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش مەركەز قىلىنغان ئىلغارلاردىن ئۆگىنىش، ئىلغارلارغا يېتىشىۋېلىش دولقۇنى قايتىدىن جۇشقۇن قانات يېيىپ كەتتى.

1982 - يىل 6 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئاشلىق مىنىستىرلىكى تۈزگەن «شەھەر- بازار ئاشلىق دۇكانلىرىنى باشقۇرۇش سىناق چارىسى» نى بېسىپ تارقىتىپ، مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: سېتىلغان ئاشلىق سورتى، مىقدارى، سۈپىتى، باھاسى، تازلىقى قاتارلىقلار دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى شەرت؛ ئاممىنىڭ ۋە بازارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، تىجارەت دائىرىسى پەيدىنپەي كېڭەيتىلىشى لازىم. ئاشلىق ئاساسىي خام ئەشيا قىلىنىدىغان تەقلىدىي يېمەكلىك ۋە ئاساسىي ئوزۇق يېمەكلىكلىرىنى ئىشلەپ ياكى تىجارەت قىلىپ ئاممىغا قۇلايلىق يارىتىپ، بازارنى جانلاندۇرۇپ كارخانىلارنى ئىقتىسادىي چارە ئارقىلىق باشقۇرۇشنى پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؛ مەدەنىي تىجارەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، دۇكان قىياپىتىنى، مۇلازىمەت پوزىتسىيىسىنى ياخشىلاپ مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. 1983 - يىل 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاشلىق، ياغ كارخانىلىرى تىجارەت خادىملىرى، مۇدىرلىرىنىڭ كەسپىي تېخنىكا دەرىجىسىنى سىناپ يۈرگۈزۈش ئۆلچىمى» نى تۈزۈپ تارقىتىپ، جايلاردىكى ئاشلىق دۇكىنى مۇدىرلىرى، تىجارەت خادىملىرى ئارىسىدا كەسپىي ئاساسىي ماھارەت يېتىلدۈرۈش دولقۇنىنى قوزغىدى.

1979 — 1990 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە مەيدانغا كەلگەن ئىلغار ئاشلىق دۇكانلىرى ئارىسىدا ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغانلىرى سىجۇەن ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى 2 - ئاشلىق دۇكىنى بىلەن قەشقەر شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى 2 - ئاشلىق دۇكىنىدىن ئىبارەت. سىجۇەن ناھىيىلىك 2 - ئاشلىق دۇكىنى بۇرۇندىن ئىلغار بولۇپ كېلىۋاتقان ئورۇن بولۇپ، دۇكاندا 7 ئىشچى - خىزمەتچى بار. ئۇلارنىڭ 3 ى ئايال، بۇ دۇكان 1100 دىن ئارتۇق ئائىلىدىكى 4000 دىن ئارتۇق ئادەمنى ۋە ئاشلىق ئىشلىتىدىغان سودا- سانائەت ساھەسىنى تەمىنلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان، ئايلىق سېتىش مىقدارى 85 مىڭ كىلوگرام، ئاشلىق دۇكىنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ھەپتىدە ۋاقىت بەلگىلەپ «ھېسابلاشنى بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا ئورۇنداش، بىر جىڭلاپلا دەل چىقىرىش» ئاساسىي ماھارىتىنى مەشىق قىلىپ تۇرغان، پىكىر دەپتىرى تۇرغۇزۇپ، شوينا - يىپ، ئادىل گىر، چوت، ياز كۈنلىرى چاي تەييارلاپ، تاملارغا ئاشلىق، ياغ باھا جەدۋىلى، بالىلارنىڭ يېشىغا قاراپ نورمىسىنى كۆپەيتىش جەدۋىلى چاپلاپ قويىدى، ھېيت - بايرام كۈنلىرى، چۈشتە،

ئىدىتلاش ۋاقتىدا ئىشلەك تاقىماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرغان، بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىلەر، مەجرۇھلارغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاشلىق ئاپىرىپ بېرىپ، ئۆز تەۋەسىدىكى ئاھالىلەرنىڭ بىردەك ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن، كۆپ قېتىم ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى، ناھىيىلىك پارتكوم تەرىپىدىن ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالانغان، مىجۈەن ناھىيىسى بويىچە مالىيە سودا سىستېمىسىدا بايراقدار ئورۇن بولغان. 1979 - يىلى يەنە سانجى ئوبلاستى بويىچە ئىلغار ئاشلىق دۇكىنى بولۇپ باھالانغان، 2 قېتىم سانجى ئوبلاستلىق ئىلغار كوللېكتىپ ۋەكىللىرى يىغىنىغا، 2 قېتىم ئاپتونوم رايون ئاشلىق سىستېمىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە-سودا سىستېمىسى بويىچە چاقىرىلغان ئىلغار كوللېكتىپ ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتناشقان. 1980 - يىلى ئاشلىق مىنىستىرلىكى جۇڭگو مالىيە - سودا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن «ئىلغار ئورۇن» دەپ نام بېرىلگەن. 1983 - ۋە 1985 - يىللىرى يەنە 2 قېتىم سودا مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئىلغار كارخانا ۋە مەدەنىي ئورۇن دەپ نام بېرىلگەن. 1989 - يىل 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى «سانجى گېزىتى» دە مەزكۇر ئاشلىق دۇكىنى «ئون يىل ئۈزۈلدۈرمەي ئاشلىق ئاپىرىپ بېرىپ، كۆڭۈللەرنى باھار شامىلىدەك ئىللىتقان ئاشلىق دۇكىنى» دەپ تەرىپلەنگەن. قەشقەر شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى 2 - ئاشلىق دۇكىنى «غەربىي خەلق يولى» دىكى ئاھالە زىچ سودا رايونىغا جايلاشقان. دۇكاندا 7 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچى بار، بۇ دۇكان 41 كارخانا ئورۇن ۋە 5 ئاھالىلەر ئۇقتىسىدىكى 1400 ئائىلىدىكى 11 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەشكە مەسئۇل، ئايلىق سېتىش مىقدارى 155 مىڭ كىلوگرام. ئاشلىق دۇكىنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر «ئالتىدە ياخشى بولۇش» قا دائىر مەزمۇنلارنى كونكرېتلاشتۇرۇپ، ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى تۇرغۇزۇپ، مۇلازىمەت ئەھدىنامىسى، خەلققە قولايلىق يارىتىش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ، خېرىدارلارنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، خېرىدار كىرسە سۆز بىلەن كۈتۈۋېلىش، گەپ سورىسا جاۋاب بېرىش، پۇل ئالغاندا ئۈنلۈك سۆز بىلەن ئېلىش، خېرىدارلار قايتقاندا ئۇزۇتۇپ قويۇشنى ئىشقا ئاشۇرغان؛ ئىچكى ئېنىقلاش، ئىدىتلاپ راسچوت قىلىش كۈنلىرى، يەكشەنبە ۋە ھېيت - بايرام كۈنلىرى دۇكاننى تاقىماي ئاممىنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىشىغا قولايلىق يارىتىپ بەرگەن؛ خېرىدارلارنىڭ سېتىۋالغان ئاشلىقىنى كۆتۈرۈشكە، ۋېلىسىپىت، ھارۋىغا بېسىشىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەملەشكەن. بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىلەرگە ئاشلىق ئاپىرىپ بەرگەن، خېرىدارلاردىن پىكىر ئېلىپ تۇرغان؛ خېرىدارلارنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن دۇكاندا بوتۇلكا، شوينا، يىپ - يىڭنە قاتارلىقلار تەييارلاپ قويۇلغان. 1989 - يىلى 184 ئائىلىلىك ئىنقىلابىي قۇربان ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتىغا، قىيىنچىلىقى بار 23 ئائىلىگە، بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان 16 ئائىلىگە 1080 قېتىمدا 60 مىڭ كىلوگرامدىن ئارتۇق ئاشلىق ئاپىرىپ بەرگەن. ھېيت، بايرام كۈنلىرىدە، ئاشلىق سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۆچىرەت تۇرۇشنى ئازايتىش ۋە ئاشلىق دۇكىنىغا يىراق ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قىيىنچىلىقىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، ھەر ئايدا 8 قېتىم ئىدارە - ئورۇنلارغا ئاشلىق ئاپىرىپ ساتقان، مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن بىر يىلدا ساتقان ئاشلىقى 250 مىڭ كىلوگرامدىن ئاشقان. ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىدا يەنە 120 نەچچە ئوقۇتقۇچىنىڭ ئائىلىسىگە ئاشلىق، ياغ ئاپىرىپ بەرگەن. مەزكۇر دۇكان 1985 - يىلدىن كېيىن كۆپ قېتىم قەشقەر شەھىرى تەرىپىدىن ئىلغار ئاشلىق دۇكىنى، «ئۈچتە ئەلا، بىردىن ئۆگىنىش» بويىچە ئىلغار ئورۇن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالانغان. 1989 - يىلى سودا مىنىستىرلىكى، جۇڭگو مالىيە - سودا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن سودا ساھەسى بويىچە مەملىكەتلىك ئىلغار كارخانا، دەپ نام بېرىلگەن.

## § 2 . سېتىشنى تىزگىنلەش

ئومۇمىي ئاشلىق، ياغ تەمىناتىنىڭ ئومۇمىي ئېھتىياجنى تولۇق قاندۇرۇپ كېتەلمەسلىكى ئاشلىق، ياغنى بىرتۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىشنى يولغا قويۇشنىڭ باش ئالدىنقى شەرتىدۇر. ئۇ ئاساسەن، ئاشلىق، ياغ

ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا يېتىشەلمەسلىكىدە ئەكس ئەتتى، بولۇپمۇ شەھەر-بازار ئاھالىسىنىڭ كۆپىيىشى دېھقانچىلىقنىڭ تاۋار ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىش ئىقتىدارىدىن داۋاملىق ئېشىپ كېتىپ تۇردى. بۇنىڭدىن باشقا، ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش، سېتىش باھاسى ئۇزۇن مەزگىل تەتۈر كېلىپ تۇردى. كۆپ سېتىش دۆلەت مالىيە يۈكىنىڭ كۆپىيىشىدىن دېرەك بەردى. شۇڭا، ئاشلىق، ياغ سېتىشنى تىزگىنلەش، ئاشلىقنى پىلانلىق ئىشلىتىش، تېجەپ ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلىش ئاشلىق، ياغنى پىلانلىق سېتىشنى باشقۇرۇشتىكى مۇھىم ھالقا بولۇپ قالدى.

## 1. «ئۈچنى تەكشۈرۈپ» تەرتىپكە سېلىش، ئادەمنى ئازايتىپ، سېتىشنى قىسقارتىش

### 1) «ئۈچنى تەكشۈرۈپ» تەرتىپكە سېلىش

«ئۈچنى تەكشۈرۈش» نوپۇسنى تەكشۈرۈش، ئىش تۈرىنى تەكشۈرۈش، نورمىنى تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت. تەرتىپكە سېلىش ـ ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىدىكى يوچۇقلارنى تۈگىتىش، ساختا مەلۇم قىلىپ باشقىلارنىڭ نامىنى سېتىپ ئېلىۋېلىش، دۆلەتنىڭ ئاشلىق، يېغىنى كۆز بوياپچىلىق قىلىپ سېتىۋېلىشقا قارشى تۇرۇپ، ئاشلىق، ياغ بىلەن نامۇۋاپىق تەمىنلەشنى تۈگىتىشتىن ئىبارەت. 1960 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرى شۇ جايدىكى پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە، گوۋۇيۈەننىڭ يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى قېتىم ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەشتە «ئۈچنى تەكشۈرۈپ» تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇردى. «ئۈچنى تەكشۈرۈپ» تەرتىپكە سېلىش جەريانىدا ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىدىكى يوچۇق ۋە مەسىلىلەرنى بايقىدى ۋە تۈزەتتى. مەسىلەن: ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى مەلۇم كۆمۈركان بىر يىلدا 14 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) نى ساختا مەلۇم قىلىپ، 243 مىڭ 500 كىلوگرام ئاشلىقنى كۆز بوياپچىلىق بىلەن سېتىۋالغان؛ 50 كىشىلىك بىر تەكشۈرۈش ئەترىتى تۇرپان، پىچان ناھىيىلىرىدە نوپۇس، ئاشلىق مۇناسىۋىتىنى بىرلا ۋاقىتتا مەلۇم قىلغان، ئىككىلا ناھىيە ئۇلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىگەن، دېمەك، ئۇلار بىر يىل قوش ئۈلۈش ئاشلىق يېگەن؛ ئۈرۈمچى شەھىرىدە 80 ئاشخانا ئورۇن ساختىلىق ئىشلىتىپ ئاشلىق ئالغان، بۇنىڭ ئىچىدە 500 كىلوگرامدىن ئارتۇق ئاشلىق ئالغىنى 18 بولۇپ، جەمئىي 800 مىڭ كىلوگرامدىن ئارتۇق ئاشلىقنى ئېلىۋالغان؛ قومۇلدا ساختىلىق بىلەن ئاشلىق ئېلىۋاتقان 7246 ئادەم، بايىنغولىندا 1460 ئادەم تەكشۈرۈپ چىقىلغان؛ قەشقەردىكى مەلۇم قۇرۇلۇش شىركىتى 200 مىڭ كىلوگرامدىن ئارتۇق ئاشلىقنى ئالدامچىلىق بىلەن ئېلىۋالغان ۋە باشقىلار. بۇنىڭدىن باشقا، ئاھالىلەر ئارىسىدىمۇ يېشىنى يالغان مەلۇم قىلىش، ئاشلىق سېتىۋېلىش كىنىشكىسىنى ئۆزگەرتىش، ئۆلگەنلەرنىڭ ئاشلىق نورمىسىنى ئۆچۈرتكۈزمەسلىك، تۆۋەن ئىش تۈرىدىكىلەر يۇقىرى نورما يېيىش قاتارلىق ئەھۋاللار ناھايىتى كۆپ ئىكەن. يوچۇقلارنى تۈگىتىش ئۈچۈن جايلاردىكى ئاشلىق دۇكانلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك تەگ كارتوچكا تۈزۈمى تۇرغۇزۇلۇپ، ئۇنىڭغا ئاشلىق سېتىۋالغان ئاھالىنىڭ نوپۇس سانى، نورمىسى، ئاشلىق سېتىۋالغان ۋاقتى، سانى ئېنىق خاتىرىلىنىدىغان بولدى، شۇنىڭدەك يەنە ئاشلىق بېلىتى تارقىتىشنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. بۇ قېتىمقى «ئۈچنى تەكشۈرۈپ» تەرتىپكە سېلىش يەنە ئىش تۈرى ئاشلىق نورمىسىنى مۇۋاپىق تۈزىتىش بىلەن بىللە ئېلىپ بېرىلدى. 1961 ـ يىلغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئايلىق نورما سەۋىيىسى 15.94 كىلوگرام (تەييار ئاشلىق، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) دىن 15.12 كىلوگرامغا چۈشۈپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.8 كىلوگرام تۆۋەنلىدى.

### شىنجاڭدا ئىش تۈرى نورمىسى ۋە ئاھالىلەر ئوزۇقلۇق ئاشلىق نورمىسىنىڭ ئوتتۇرىچە تۆۋەنلەش ئەھۋالى

جەدۋەل: 2 — 27 بىرلىكى: كىلوگرام

| ئايرىمىسى | تۆۋەنلەشتىن ئىلگىرىكى نورمىسى | تۆۋەنلەشتىن كېيىنكى نورمىسى | تۆۋەنلىگەن سان |
|---|---|---|---|
| ئالاھىدە ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك | 25 | 24.05 | 0.95 |
| ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك | 21 | 20.47 | 0.53 |
| يېنىك جىسمانىي ئەمگەك | 17.5 | 16.53 | 0.97 |
| ئادەتتىكى ئاھالىلەر | 14.5 | 14.14 | 0.36 |

### شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق شەھەرلىرىدىكى ئاھالىلەر ئوزۇقلۇق ئاشلىق نورما سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلەش ئەھۋالى

جەدۋەل: 2 — 28 بىرلىكى: كىلوگرام

| جايلار | تۆۋەنلەشتىن ئىلگىرىكى نورمىسى | تۆۋەنلەشتىن كېيىنكى نورمىسى | تۆۋەنلىگەن سان |
|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 15.99 | 15.14 | 0.85 |
| قەشقەر شەھىرى | 14.59 | 14.41 | 0.18 |
| غۇلجا شەھىرى | 13.59 | 13.59 | |
| قاراماي شەھىرى | 17.17 | 16.06 | 1.11 |
| قۇمۇل شەھىرى | 16.95 | 14.92 | 2.03 |

1961 - يىلدىن كېيىن ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەشتىكى «ئۈچنى تەكشۈرۈپ» تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى قەرەللىك ئېلىپ بېرىلمىغاچقا ئۆزگەرتىلدى، جايلار ئەھۋالغا قاراپ نىمە مەسىلە بولسا، ھەر ۋاقىت شۇ مەسىلىنى تەكشۈردى. 1972 - يىل 5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت «ئاشلىق، ياغنى بىر تۇتاش سېتىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، جايلاردىن ھازىرقى ئىش تۈرى نورمىسى ئاساسىدا نوپۇس، ئىش تۈرى، نورمىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى، سودا - سانائەت ساھەسىگە ئىشلىتىلىدىغان ئاشلىق ۋە تورلۇك قوشۇمچە ياردەم ئاشلىقلىرىنى تەرتىپكە سېلىشنى، تاۋار ئاشلىق يەيدىغان نوپۇسنى خالىغانچە كۆپەيتىۋېلىش، نورمىنى خالىغانچە ئۆستۈرۈۋېلىش، ياردەم ئاشلىقى بېرىش دائىرىسىنى خالىغانچە كېڭەيتىۋېلىش ئەھۋالىنى قەتئىي تۈزىتىشنى تەلەپ قىلدى. 1978 - يىلدىن ئېتىبارەن ئاپتونوم رايون شەھەر، ناھىيىلەردىن نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان نوپۇس ۋە ئىش تۈرى نورمىسىنى يىلدا بىر قېتىم تەكشۈرۈپ تۈرۈشنى، نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان ئائىلە ئۆلۈپ كېتىش، ھەربىي سەپكە كېتىش، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىش، ئىش تۈرى ئۆزگىرىش قاتارلىق ئەھۋاللار بولسا، ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەشنى ۋاقتىدا توختىتىش ياكى نورمىنى تەڭشەشنى تەلەپ قىلدى.

## 2) ئادەمنى ئازايتىپ، سېتىشنى قىسقارتىش

شەھەر - بازار ئاھالىسىنى قىسقارتىش ئاشلىق، باغ تەمىناتى يېتىشمەسلىكنى ھەل قىلىشنىڭ ئاساسلىق ۋاستىسى، 1958 - يىلى باشلانغان «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» نىڭ تۈرتكىسىدە، ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر - بازارلىرىدا غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى تېز كۆپەيدى، 1960 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە 1 مىليون 996 مىڭ 600 گە يېتىپ، 3 يىلدا 1.06 ھەسسە كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1959 - يىلى 487 مىڭ 900 ئادەم ساپ كۆپىيىپ، شەھەر - بازارلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش بەرداشلىق بېرەلمىگىدەك دەرىجىگە يەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشلىق ھوسۇلى ئۇدا بىرقانچە يىل كېمىيىپ، شەھەر، يېزىلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئىنتايىن قىيىنلىشىپ كەتتى. بۇ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق كومىتېتى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئىخچاملاپ تۆۋەنگە چۈشۈرۈش، شەھەر - بازارلاردا بىكار قالغان ئاھالىلەرنى يېزىلارغا بېرىپ دېھقانچىلىق قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىشتىن ئىبارەت كەسكىن تەدبىرنى قوللىنىپ، شەھەر - بازارلاردىكى غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسىنى ئازايتتى. 1961 — 1963 - يىلغىچە ئېلىپ بېرىلغان ئىخچاملاپ تۆۋەنگە چۈشۈرۈش ئارقىلىق، 1963 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئاھالىسى 1 مىليون 412 مىڭ 400 گە ئازىيىپ، 1960 - يىلدىكىدىن 584 مىڭ 200 ئادەم ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1961 - يىلى ئازايغىنى 233 مىڭ 600، 1962 - يىلى ئازايغىنى 166 مىڭ، 1963 - يىلى ئازايغىنى 184 مىڭ 600. 3 يىلدا شەھەر - بازاردىكى غەيرىي يېزا ئىگىلىكىگە سېتىلىدىغان ئاشلىق 176 مىليون كىلوگرام ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان ئاھالىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى 120 مىليون كىلوگرام ئازايدى، بۇ، ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشتىكى قىيىن ئەھۋالنى ئوڭشاشتا ناھايىتى زور رول ئوينىدى.

70 - يىللاردا، ئاپتونوم رايون ئاشلىق يۆتكەپ كېلىپ يېيىشكە باشلىدى، لېكىن ئاپتونوم رايون بويىچە غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى يەنە شىددەت بىلەن كۆپەيدى. 1972 - يىلى غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 161 مىڭ 800 ئادەم كۆپەيدى. 1973 - يىلى 1972 - يىلدىكىدىن يەنە 125 مىڭ 800 ئادەم كۆپىيىپ، نورمال كۆپىيىشتىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە ئىنقىلابىي كومىتېت ئاپتونوم رايون سىرتىدىن يۆتكەپ كېلىنىدىغان ئاشلىقنى ئازايتىش ئۈچۈن، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تەستىقلاپ تارقاتقان «گوۋۇيۈەننىڭ ئاشلىق مەسىلىسى توغرىسىدىكى دوكلاتى» (مەركەزنىڭ [1972] 44 - نومۇرلۇق ھۆججىتى) نىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كۆپىيىشىنى، يېزا ئىگىلىك ئاھالىسىنىڭ غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئاھالىسىغا ئۆزگىرىشىنى قاتتىق تىزگىنلىدى. شەھەر - بازار نوپۇسىغا ئورۇنلىشىش جەھەتتە بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلارنى قەتئىي قايتۇردى. 1973 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە 1974 - يىلدىكى ئەستايىدىل ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايون بويىچە غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئاھالىسىنىڭ كۆپىيىشى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى.

1976 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق سېتىش مىقدارىدا يەنە ئېشىش يۈزلىنىشى كۆرۈلدى. 1977 - يىلى ئاشلىق سېتىش مىقدارىنىڭ ئېشىشى مەملىكەت بويىچە ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتتى. شۇڭا، 1978 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «ئاشلىق سېتىش مىقدارىنى تىزگىنلەش توغرىسىدا جىددىي ئۇقتۇرۇش» چىقاردى، يەنە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ «ئاشلىق سېتىشنى يەنىمۇ تىزگىنلەش توغرىسىدا پىكىر» نى تەستىقلاپ تارقىتىپ، بىر يىلدا سېتىلىدىغان ئاشلىق توغرىسىدا يىللىق پىلان چۈشۈرۈشتىن سىرت، يەنە پەسىللىك پىلان چۈشۈرۈپ، پەسىل بويىچە تەكشۈرۈشنى ھەمدە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتلارنىڭ بىردىن رەھبىرى قوماندانلىق قىلغان ھالدا، تەشكىلات، ئەمگەك، ج خ، ئاشلىق، خەلق ئىشلىرى، زىيالىي ياشلار ئىشخانىسى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى قاتناشتۇرۇپ نوپۇس، ئاشلىق مۇناسىۋىتىنى تەرتىپكە سېلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇشنى، ئۇنىڭ ئاستىدا ئىشخانا تەسىس قىلىشنى، بۇ ئىشخانا نوپۇس، ئاشلىق مۇناسىۋىتىنى تەرتىپكە سېلىشقا رەھبەرلىك

قىلىشنى، پىلان سىرتىدا ئىشلىتىلگەن ئىشچىلارنى ئېنىقلاشنى ۋە يېزا ئىگىلىك ئاھالىسىنى تاۋار ئاشلىق يەيدىغان ئاھالىگە ئۆزگەرتىش ئىشىنى قاتتىق تىزگىنلەشنى قارار قىلدى. مەلۇماتقا قارىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلار پىلان سىرتىدا ئىشلەتكەن ئىشچى 168 مىڭ 700 گە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلاردىن كەلگىنى 99 مىڭ 300. يېزىدىن كەلگەنلەرنىڭ %50 نى شۇ يىلى دېھقانچىلىق قىلىش ئۈچۈن يېزىلارغا قايتۇرۇش تەلەپ قىلىنغان. ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى يەنە «يېزا ئىگىلىك نوپۇسىنى تاۋار ئاشلىق نوپۇسىغا ئۆزگەرتىپ ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئۇقتۇرۇشنامىسى» ۋە «تاۋار ئاشلىق نوپۇسى بويىچە پەسىللىك مەلۇمات جەدۋىلى» نى بېسىپ تارقىتىپ، دەرىجىمۇ دەرىجە شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ تولدۇرۇپ مەلۇم قىلىشىغا چۈشۈردى. بۇ تەدبىرلەر تېز ئۈنۈم بەردى. 1978 - يىلى شەھەر - بازارلاردىكى نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان نوپۇستىن ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئاران 30 مىڭى كۆپەيدى، ئوزۇقلۇق ئاشلىق سېتىش ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1 مىليون 560 مىڭ كىلوگىرام ئازايدى.

1981 - يىل 3 - ئايدا ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ «شەھەر - بازارلاردىكى ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان ئاھالە، ئوزۇقلۇق ئاشلىق نورمىسى ۋە تەمىنلەشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا پىكىر» گە ئاساسەن، نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان ئاھالىنىڭ كۆپىيىشى قاتتىق تىزگىنلەندى، يېزا ئىگىلىكىدىن غەيرىي يېزا ئىگىلىكىگە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن دۆلەتنىڭ ئادەم كۆپەيتىش پىلانى بولۇشى ۋە سىياسەت بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن بولۇش شەرت قىلىندى. ئۇنداق بولمىسا، ئاشلىق تارماقلىرى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىمەيدىغان بولدى. 1983 - يىل 1 - ئايدا ئاشلىق نازارىتى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ [1982] 459 - نومۇرلۇق «شەھەر - بازارلاردا ئاشلىقنى بىرتۇتاش سېتىش خىزمىتىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدا جىددىي ئۇقتۇرۇش» ىغا ئاساسەن، جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرىدىن جايلاردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل تەرتىپكە سېلىپ، بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن بولمىغان ھالدا يېزا ئىگىلىك ئاھالىسىدىن غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئاھالىسىغا ئۆزگەرگەنلەرنى ئېنىقلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى.

1989 - يىل 10 - ئايدا گوۋۇيۈەننىڭ «يېزا ئىگىلىكىدىن غەيرىي يېزا ئىگىلىكىگە ئۆزگىرىدىغانلارنىڭ تېز كۆپىيىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» (گوۋۇيۈەن [1989] 76 - نومۇرلۇق ھۆججەت) ى ئىجرا قىلىنىپ، يېزا ئىگىلىكىدىن غەيرىي يېزا ئىگىلىكىگە ئۆزگەرتىش خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈلۈپ، پىلانلىق باشقۇرۇش يولىغا قويۇلۇپ، يىلمۇيىل تىزگىنلەش كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈلدى. 1990 - يىل 5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدىن غەيرىي يېزا ئىگىلىكىگە ئۆزگىرىدىغانلارنى ماكرولۇق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا يولغا قويۇش چارىسى» نى تارقاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن يېزا ئىگىلىكىدىن غەيرىي يېزا ئىگىلىكىگە ئۆزگىرىدىغانلار ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى، تەكشى باھادا سېتىلىدىغان ئاشلىقنىڭ شىددەت بىلەن كۆپىيىش ۋەزىيىتى ئوڭشىۋېلىندى. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، غەيرىي يېزا ئىگىلىكىگە تەكشى باھادا سېتىلغان ئاشلىق 1988 - يىلدىكىدىن 68 مىليون 500 مىڭ كىلوگىرام ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە نورمىلىق ئوزۇقلۇق ئاشلىق 41 مىليون 560 مىڭ كىلوگىرام ئازىيىپ، ئۇدا 2 يىل سېتىشنى ئازايتىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

## 2. ئاشلىقنى پىلانلىق ئىشلىتىش، تېجەپ ئىشلىتىش

ئاشلىقنى پىلانلىق ئىشلىتىش، تېجەپ ئىشلىتىش ئاشلىق خىزمىتىنىڭ بىر يېتەكچى فاڭجېنى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە ئاشلىق تارماقلىرى ھەم ئاخبارات، تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئوخشاش بولمىغان مەزگىللەردە كەڭ ۋە چوڭقۇر تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، ئاشلىق، ياغ سېتىشنى تىزگىنلەشتە زور رول ئوينىدى. 1957 - يىلى ئەتىيازدا، تەپتىش نازارىتى، ئاشلىق نازارىتى 30 نەچچە كادىر ئاجرىتىپ

5 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 36 ئورۇننى تەكشۈرۈپ، بەزى ئورۇنلاردىكى ئاشلىق ئىسراپچىلىقىنىڭ ئادەم چۆچۈگۈدەك دەرىجىدە ئېغىرلىقىنى بايقىدى. ئاپتونوم رايوندىكى مەلۇم كادىرلار مەكتىپىگە يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە كەلگىنىگە بىر ئاي بولمايلا 350 كىلوگرامدىن ئارتۇق ئاشلىقنى ئىسراپ قىلىۋەتكەن؛ مەلۇم توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا كۈنىگە 210 كىلوگرام ئاشلىق بۇزۇپ چېچىپ ئىسراپ قىلىۋېتىلىدىكەن؛ مەلۇم ئىنستىتۇتنىڭ ستۇدېنتلار ئاشخانىسىدا بىر چۈشلۈك تاماقتىلا 20 نەچچە كىلوگرام ئۈگرە تۆكۈۋېتىلگەن؛ مەلۇم پوچتا - تېلېگراف مەكتىپىنىڭ 150 كىشىلىك خەنزۇلار ئاشخانىسىدا كۈنىگە 10 نەچچە كىلوگرام ئېشىپ قالغان تاماق تۆكۈۋېتىلىدىكەن؛ مەلۇم ترانسپورت ئىدارىسىنىڭ كادىرلار كۇرسىدا بىر قېتىملا ئىسراپ قىلىۋېتىلگەن 25 كىلوگرام ھورنان يىغىۋېلىنغان. 5 - ئايدا، ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى يۇقىرىدىكى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلغان تەكشۈرۈش دوكلاتىنى تەستىقلاپ تارقىتىپ، ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرىگە ئاشلىق تېجەش خىزمىتىگە ھەقىقىي ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنى مەسئۇلاتنى ئاشۇرۇش - ئىقتىساد قىلىش ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىدىن بىرى قىلىش ھەققىدە يوليورۇق بەردى.

1960 — 1962 - يىللىرى داۋاملاشقان خەلق ئىگىلىكىدىكى قىيىنچىلىق مەزگىلىدە، ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش جىددىيلىشىپ، بازاردا قوشۇمچە يېمەكلىك قىس بولغانلىقتىن، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن «تۆۋەن ئۆلچەم، قوغۇن - تاۋۇز، سەي - كۆكتاتنى سەپلەش» تىن ئىبارەت ئاشلىق تېجەش فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاشلىقنى پىلانلىق ئىشلىتىش، تېجەپ ئىشلىتىشنى يەنىمۇ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈردى. ئاشلىقنى تېجەپ، قىيىنچىلىقتىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون 1960 - يىلى سەپلىمە يېمەكلىكلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇردى، ئۇنىڭغا ش ئۇ ئا ر پارتكوم شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى لى چۈەن ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شىن لەنتىڭ قوماندانلىق قىلدى. گۇرۇپپا قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىنىپ، جايلاردىن پەسىللەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، سەپلىمە يېمەكلىك، سەپلىمە يەم - خەشەك بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىش، پايدىلىنىشقا بولىدىغانلىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ پايىسى، غولى، يوپۇرمىقىنى يىغىپ، ئۇنىڭدىن كراخمال ئاجرىتىش، ئاممىنى بېلىق تۇتۇش، ئوۋ ئوۋلاشقا تەشكىللەش، ئەتىيازدا قارىياغاچ يوپۇرمىقى، قارىياغاچ چېچىكى، بىدە ھەم سەپلىمە يېمەكلىك ۋە سەپلىمە يەم - خەشەك قىلغىلى بولىدىغان باشقا ياۋا كۆكتات، ياۋا مېۋە قاتارلىقلارنى يىغىپ سەپلىمە يېمەكلىك، سەپلىمە يەم - خەشەك خام ئەشياسى قىلىش تەلەپ قىلىندى. 12 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق سەپلىمە يېمەكلىك، سەپلىمە يەم - خەشەك خىزمىتى يىغىنى چاقىرىلىپ، «زامانىۋى ۋە يەرلىك ئۇسۇلنى تەڭ قوللىنىش، يەرلىك ئۇسۇلنى ئاساس قىلىش؛ ئوتتۇرا، كىچىكلىرى بىلەن تەڭ شۇغۇللىنىش، كىچىكلىرىنى ئاساس قىلىش؛ كەسپىي شۇغۇللىنىش بىلەن ئامما شۇغۇللىنىشنى تەڭ ئېلىپ بېرىش، ئامما شۇغۇللىنىشنى ئاساس قىلىش؛ سەپلىمە يېمەكلىك بىلەن سەپلىمە يەم - خەشەك ئىشلەش بىلەن تەڭ شۇغۇللىنىش، سەپلىمە يەم - خەشەكنى ئاساس قىلىش» ۋە «ماتېرىيالنى ئۆز جايىدىن ئېلىش، ئۆز جايىدا ئىشلەش، ئۆز جايىدا پايدىلىنىش» فاڭجېنى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، سەپلىمە يېمەكلىك، سەپلىمە يەم - خەشەك يىغىش، ئىشلەش خىزمىتى يەنىمۇ ئومۇملاشتۇرۇلدى. 1961 - يىل 2 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرلۈك سەپلىمە يېمەكلىك خام ئەشياسىدىن 41 مىليون كىلوگرام، سەپلىمە يەم - خەشەك خام ئەشياسىدىن 4 مىليون 810 مىڭ كىلوگرام يىغىلىپ، 4 مىليون 195 مىڭ كىلوگرام تۈرلۈك سەپلىمە يېمەكلىك، ئاساسەن كراخمال، 3 مىليون 360 مىڭ كىلوگرام سەپلىمە يەم - خەشەك ئىشلەندى. بۇ تەدبىرلەر ئاشلىق جەھەتتە ئەڭ قىيىن مەزگىلدىن ئۆتۈۋېلىشتا مۇئەييەن رول ئوينىدى.

1963 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق ۋەزىيىتىدە ياخشىلىنىش بولدى. ئاشلىق نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن نازىر زو سەن ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارە باشلىقلىرى يىغىنىدا

جايلاردىن ئاشلىق قىس مەزگىللەردىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەشنى تەلەپ قىلدى ۋە تۆۋەندىكىلەرنى تەكىتلەپ كۆرسەتتى: ئاشلىقنى پىلانلىق سېتىۋېلىش، تەمىنلەپ سېتىش ئاشلىق خىزمىتىمىزنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك توپ فاڭجېنى، ئاشلىق تەقسىماتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى مۇھىم مەزمۇن، شۇنداقلا يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش، ئۇنى بوشاشتۇرماستىن ئۇزۇن مۇددەت تۇتۇش كېرەك. 1965 - يىلى ئاشلىق ئىسراپچىلىقى يەنە باش كۆتۈرۈپ قالدى. 2 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى ئاشلىق نازارىتىنىڭ «ئاشلىق ئىسراپ قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدا تەكشۈرۈش دوكلاتى» نى تەستىقلاپ تارقاتقان تەستىق سۆزىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئاشلىقنى پىلانلىق سېتىۋېلىش، تەمىنلەپ سېتىش ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈم شارائىتىدا ئاشلىق ئىستېمالىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئۇزۇن مۇددەتلىك فاڭجېن، بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە شەھەر - بازار ئاھالىلىرى جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، ۋەتەننى تىرىشچانلىق - ئىقتىسادچىللىق بىلەن گۈللەندۈرۈش روھىنى ساقلاپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، ئاشلىقنى پىلانلىق سېتىۋېلىش، تەمىنلەپ سېتىشتەك ئېسىل ئەنئەنىنى ئۇزۇن مۇددەت چىڭ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرۇشى، بولۇپمۇ ئاشلىق بىرقەدەر كەڭتاشا بولغان ۋاقىتلاردا تېخىمۇ شۇنداق قىلىشى لازىم.

70 - يىللاردا ئاپتونوم رايون ئاشلىق بىلەن ئۆزىنى تەمىنلىيەلمەي، ئاشلىق كىرىم - چىقىمىنى يۆتكەپ كىرىشكە تايىنىپ تەڭپۇڭلاشتۇردى. 1970 - يىل 3 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت «ئاشلىقنى پىلانلىق سېتىۋېلىش، تەمىنلەپ سېتىشنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، جايلاردىن ئاشلىقنى پىلانلىق سېتىۋېلىش، تەمىنلەپ سېتىشنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇشنى؛ شەھەر، سانائەت، كان رايونلىرىدا بۇرۇنقى چىقىش نىسبىتىنى ھازىرقى ئاساستا 5% تىن كۆپرەك ئۆستۈرۈشنى؛ يېزىلاردا رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ «ئالدىراش ۋاقىتلاردا كۆپ يېيىش، بىكار ۋاقىتلاردا ئاز يېيىش، ئالدىراش ۋاقىتلاردا قويۇق يېيىش، بوش ۋاقىتلاردا قويۇق، سۇيۇقنى ئارىلاشتۇرۇپ يېيىش، بەيشۇ، يازلىق بەسەي، تۇرۇپ - چامغۇر، قوغۇن - تاۋۇز، ياڭيۇغا ئوخشاش سەي - كۆكتاتلارنى ئارىلاشتۇرۇپ يېيىش» توغرىسىدىكى يوليورۇقىنى ئاكتىپلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى، شۇ ئارقىلىق گۆشنى ئەزالىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. 1972 - يىل 2 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق خىزمىتى يىغىنىنىڭ خاتىرىسىدە، ھازىر ئاشلىق تېخى ئانچە كەڭ - تاشا ئەمەس، ئاشلىقنى پىلانلىق سېتىۋېلىش، تەمىنلەپ سېتىش توغرىسىدىكى تەشۋىقات - تەربىيىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇش كېرەك، دەپ كۆرسىتىلدى. 1974 - يىل 6 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارە باشلىقلىرى سۆھبەت يىغىنى توغرىسىدا دوكلات» تا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: شەھەر يا كى يېزىلاردا بولسۇن، تۈرلۈك شەكىللەرنى قوللىنىپ ئاشلىقنى پىلانلىق سېتىۋېلىش، تەمىنلەپ سېتىشنى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىش، تىپلارنى تۇتۇپ، ئۈلگىلەرنى تۇرغۇزۇپ، ئۇنى كەڭ ئاممىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتى ۋە ئادىتىگە ئايلاندۇرۇش، ئاشلىق ئىسراپ قىلىش ھادىسىلىرىگە قارشى تۇرۇش كېرەك.

80 - يىللاردىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ئەھۋالى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلاندى؛ 1985 - يىلى سىرتقا ئاشلىق يۆتكەش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، لېكىن ئاشلىقنى پىلانلىق سېتىۋېلىش، تەمىنلەپ سېتىش يەنىلا داۋاملىق تەشۋىق قىلىندى ۋە تەشەببۇس قىلىندى. 1987 - يىل 3 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارە باشلىقلىرى يىغىنىدا، ئاشلىقنى پىلانلىق سېتىۋېلىش، تەمىنلەپ سېتىشنى داۋاملىق تەشەببۇس قىلىش، ئاشلىق، ياغ كىرىم سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، سەرپىياتنى تۆۋەنلىتىش، ھەممە ئادەم ئاشلىقنى قەدىرلەيدىغان ياخشى كەيپىياتنى تۇرغۇزۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

# § 3. بېلەت، كىنىشكا

## 1. ئاشلىق، يەم - بوغۇز بېلىتى

### 1) تارقىتىش

شىنجاڭدا ئوبوروت قىلىپ ئىشلىتىلگەن ئاشلىق، يەم - بوغۇز بېلىتىدە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاشلىق مىنىستىرلىكى بىر تۇتاش باستۇرۇپ تارقاتقان مەملىكەتلىك ئاشلىق بېلىتى، يەم - بوغۇز بېلىتى، ھەربىيلەر ئاشلىق نورمىلىق چېكى، ھەربىيلەر ئاشلىق بېلىتى ۋە ھەربىيلەر يەم - بوغۇز بېلىتىدىن باشقا ئاشلىق نازارىتى (ئىدارىسى) تارقاتقان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەرلىك ئاشلىق، يەم - بوغۇز بېلىتى بار.

(1) شىنجاڭ يەرلىك ئاشلىق بېلىتى. ئاشلىق، ياغنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىنكى ئېھتىياجغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، 1957 - يىلى ئاشلىق نازارىتى تۇنجى قېتىم شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەرلىك ئاشلىق بېلىتىنى باستۇرۇپ تارقاتتى. بېلەت 4 سەر، يېرىم جىڭ، بىر جىڭ، 3 جىڭ، 5 جىڭ، 10 جىڭ دەپ 6 خىل بولۇپ، جەمئىي 18 مىليون كىلوگرام باستۇرۇلغان. ئەينى ۋاقىتتا بىر يىل ئىشلىتىش بەلگىلەنگەن ئىدى، كېيىن يەنە ۋاقتى ئۇزارتىپ ئىشلىتىلدى. ئاشلىق بېلىتى ياغنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، 15 كىلوگرام ئاشلىق بېلىتىگە بىر كىشىنىڭ بىر ئايلىق نورمىلىق ئوزۇقلۇق يېغى بېرىلدى. 1959 - يىلى يۇقىرىقىغا ئوخشاش قىلىپ يېڭى ئاشلىق بېلىتى باستۇرۇلدى. شۇ يىلى 12 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىنغان پىكىرگە ئاساسەن، جىڭ تۈزۈمىدىكى ئاشلىق بېلىتىنى كىلوگرام تۈزۈمىدىكى ئاشلىق بېلىتىگە ئۆزگەرتىش قارار قىلىندى.

1960 - يىلى تارقىتىلغان ئاشلىق بېلىتى كىلوگرام تۈزۈمىدە بولۇپ، ئىشلىتىلىش مۇددىتى بىر يىل بولدى. ئۇ 100 گراملىق، 200 گراملىق، 500 گراملىق، بىر كىلوگراملىق، 2 كىلوگراملىق، 5 كىلوگراملىق 6 خىل بولۇپ، جەمئىي 37 مىليون 540 مىڭ كىلوگرام باستۇرۇلغانىدى. 1961 - يىلى يۇقىرىقىغا 50 گراملىقى قوشۇلۇپ، ئىشلىتىش مۇددىتىگە چەك قويۇلماي، جەمئىي 117 مىليون 810 مىڭ كىلوگرام باستۇرۇلدى. بۇ يېڭى ئاشلىق بېلىتى 1961 - يىل 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە تارقىتىلىپ ئىشلىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە تۆۋەندىكىلەر قارار قىلىندى: ئاھالىلەرنىڭ قولىدىكى تېجەپ قېلىنغان كونا ئاشلىق بېلىتى 2 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئىشلىتىلىدۇ ۋە تېگىشىپ بېرىلىدۇ؛ دۆلەت ئورگانلىرى، زاۋۇت، كان، كارخانىلار، كەسپىي ئورۇنلار، مەكتەپلەر، قىسىملار، خەلق تەشكىلاتلىرى قاتارلىق كوللېكتىپ ئاشخانىسى بار ئورۇنلار ئىقتىساد قىلغان كونا ئاشلىق بېلىتىنىڭ %60 ىگە ئاشلىق سېتىۋالىدۇ، %40 ىنى دۆلەت ئاشلىق تارماقلىرىغا تاپشۇرىدۇ؛ ئىشلەپچىقىرىش-قورۇلۇش بىڭتۇەندىكى شى، تۇەن - مەيدانلاردا تېجىلىپ قالغان كونا ئاشلىق بېلەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئاشلىق تارماقلىرىغا تاپشۇرۇلۇپ، ئاشلىق سېتىۋېلىش كۆرسەتكۈچىگە چېقىشتۇرۇلىدۇ؛ يېزا ئاشخانىلىرى ئېشىنغان كونا ئاشلىق بېلىتى دەرىجىمۇ دەرىجە يىغىندىلىنىپ ناھىيىلىك ئاشلىق تارماقلىرىغا تاپشۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭغا زۆرۈر بولغان يېڭى ئاشلىق بېلىتى تېگىشىپ بېرىلگەندىن سىرت، قالغان قىسمى، ئەگەر ئاشلىق ئېشىنىدىغان ئەترەت بولسا سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىگە توغرىلىنىدۇ، ئەگەر ئاشلىقى يېتىشمەيدىغان ئەترەت بولسا ئاشلىق سېتىپ بېرىپ، يېزا ئىگىلىكىگە سېتىش قاتارىدا بىرتەرەپ قىلىنىدۇ؛ يېمەكلىك، پېچىنە - پىرەنىك ۋە يېمەك - ئىچمەك كەسپىدە چۈشكەن كونا ئاشلىق بېلەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئاشلىق تارماقلىرىغا تاپشۇرۇلىدۇ. 1961 -

يىلى بېسىلغان ئاشلىق بېلىتىنىڭ قەغىزىنىڭ سۈپىتى ناچار بولۇپ، بېلەتنىڭ چۆرىسى ئاسان يىرتىلىپ كەتكەچكە، 1963 - يىل 12 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتىنىڭ تەستىقى بىلەن، 1961 - يىلى بېسىلغان بىر كىلوگرام، 500 گرام، 200 گراملىق 3 خىل بېلەتتىن يەنە 16 مىليون كىلوگرام باستۇرۇلۇپ، 1964 - يىل 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن تارقىتىلدى ۋە يىرتىق ئاشلىق بېلەتلىرى يىغىۋېلىندى. 1965 - يىل 10 - ئايدا 1961 - يىلى بېسىلغان ئاشلىق بېلىتىنىڭ 5كىلوگرام، 2 كىلوگرام، 100 گرام، 50 گراملىقىدىن يەنە 16 مىليون 250 مىڭ كىلوگرام باستۇرۇلۇپ، 1965 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن تارقىتىلدى. ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ شىلىرىغا كېرەكلىك ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك ئاشلىق بېلىتىنى شى شتابى جايلاشقان يەردىكى ئاشلىق تارماقلىرى ئېھتىياجغا قاراپ، ئاي بويىچە ئاجرىتىپ بەردى، شىلار ئاشلىق ئىدارىلىرى بىلەن يىلدا بىر قېتىم راسچوت قىلىپ، ئالغان ئاشلىق بېلىتى بويىچە ئوخشاش ساندا تەييار ئاشلىق سېتىپ بەردى، ئاق، قارا ئاشلىق تەڭ يېرىمىدىن بولدى، ئاشلىق بېلىتىگە كېلىدىغان يېمەكلىك ياغنى بىڭتۇەن تەمىنات - سودا باشقارمىسى يۇقىرىغا ياغ تاپشۇرغاندا بىر تۇتاش راسچوت قىلدى.

1971 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت بىر سەر، 2 سەر، يېرىم جىڭ، بىر جىڭ، 3 جىڭ، 5 جىڭ، 10 جىڭلىق بولۇپ 7 خىل بېلەتتىن 320 مىليون 950 مىڭ كىلوگرام بېسىپ، 1972 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن تارقىتىشنى قارار قىلدى. كېيىن يەنە ئىجتىمائىي ئوبوروت ئېھتىياجىغا قاراپ، 3 قېتىم باستۇرۇلدى. ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىگە ئاشلىق بېلىتى بېرىشتە، يەنىلا ئاشلىقتا بېلەت بېرىلدى، بۇ بېلەت شىنى بىرلىك قىلغان ھالدا تۈرۈشلۈق ناھىيە ۋە يېقىن ئەتراپتىكى ئاشلىق تارماقلىرىغا بېرىپ تېگىشلەندى، ئاق، قارا ئاشلىق نىسبىتى شىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە نىسبىتى بويىچە ھېسابلاندى. يېزا ئىگىلىك 7 -، 8 -، 9 - شىلىرى ۋە بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىسى ئاشلىقتا تېگىشكەن ھەر 20 كىلوگرام ئاشلىق بېلىتى ئۈچۈن 250 گرامدىن ياغ تاپشۇردى، باشقا شىلار ئۆزىنىڭ ياغ بىلەن تەمىنلەش ئۆلچىمى بويىچە ياغ تاپشۇردى. 1989 - يىلى گوۋۇيۈەنىڭ خەلقئارا سىستېمىدىكى ئۆلچەمنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، خەلقئارا سىستېمىدىكى ئاشلىق بېلىتىدىن 50 گرام، 200 گرام، 500 گرام، بىر كىلوگرام، 2 كىلوگرام، 5 كىلوگرام، 10 كىلوگرامدىن ئىبارەت 7 خىل قىلىپ 515 مىليون 50 مىڭ كىلوگرام قايتا باستۇرۇلۇپ، 1990 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن تارقىتىلدى. بازار سىستېمىسىدىكى كونا بېلەت 2 يىل داۋاملىق ئىشلىتىلدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك ئاشلىق بېلىتىدىن باشقا، 60 - يىللارنىڭ بېشىدا ئۈرۈمچى شەھىرى يەنە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئاشلىق بېلىتى ۋە ياغ بېلىتىنى باستۇرۇپ، قىسقا مەزگىل سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەتتى. 1979 - يىلدىن كېيىن، ئۈرۈمچى، شىخەنزە، غۇلجا شەھەرلىرى شۇ جايدىلا ئىشلىتىلىدىغان ئىش تۈرى ئاشلىق بېلىتى (بۇ بېلەتكە ياغ بېرىلمەيتتى) نى باستۇرۇپ تارقاتتى. يەكەن، ئاتۇش، قوبۇقسار قاتارلىق ناھىيە (ئاپتونوم ناھىيە) لەرمۇ ئۆز جايىدىلا ئىشلىتىلىدىغان ئاشلىق بېلىتى خاراكتېرىدىكى ئۈن، گۈرۈچ بېلەتلىرىنى بېسىپ تارقاتتى.

(2) شىنجاڭ يەرلىك يەم - بوغۇز بېلىتى. 1957 - يىلى ئاپتونوم رايون يەرلىك ئاشلىق بېلىتىنى باستۇرۇش بىلەن بىللە، يېرىم جىڭ، بىر جىڭ، 5 جىڭ، 10 جىڭ، 50 جىڭلىق 5 خىل قىلىپ، جەمئىي 4 مىليون كىلوگرام شىنجاڭ يەرلىك يەم - بوغۇز بېلىتى باستۇردى. 1960 - يىلى خەلقئارا سىستېمىدا يەم - بوغۇز بېلىتى بېسىپ تارقاتتى. ئۇ بىر كىلوگرام، 5 كىلوگرام، 10 كىلوگرام، 50 كىلوگراملىق 4 خىل بولۇپ، ئىشلىتىلىش مۇددىتى بىر يىل بولدى. 1961 - يىلى بېسىپ تارقىتىلغىنى 1960 - يىلدىكى يەم - بوغۇز بېلىتىگە ئوخشاش بولۇپ، ئىشلىتىلىش مۇددىتى بەلگىلەنمىدى. 1965 - يىل 2 - ئايدا ئاشلىق

نازارىتى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ 1965 - يىلى ئىشلەتكەن يەرلىك يەم - بوغۇز بېلەتلىرىنى شىنجاڭ دائىرىسىدە ئوبوروت قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. 1971 - يىلى مەملىكەتنىڭ شەھەر سىستېمىسىدىكى ئۆلچەم بىرلىكى بىلەن بىردەك قىلىش ئۈچۈن يەنە شەھەر سىستېمىسىدىكى يەم - بوغۇز بېلىتى بېسىپ تارقىتىلدى، ئۇ 5 جىڭ، 50 جىڭ، 100 جىڭلىق 3 خىل بولۇپ جەمئىي 8 مىليون 800 مىڭ كىلوگرام باستۇرۇلدى، ئىشلىتىلىش مۇددىتىگە چەك قويۇلمىدى. 1978 - يىل 12 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى تۆۋەندىكىلەرنى ئۇقتۇردى: ئۆلكە ئاتلاپ يۆتكىلىپ يۈرۈپ بېقىلىدىغان چارۋا ماللارنى يەم - بوغۇز بىلەن تەمىنلەش ۋە بورداق چوشقا سېتىپ بەرگەن گۆشچى ئەزالىرىنى يەم - بوغۇز بىلەن مۇكاپاتلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتى تەستىقلىتىش ئارقىلىق، 1971- يىلى باستۇرۇلغان لايىھە بويىچە يەنە بىر جىڭ، 10 جىڭ، 20 جىڭلىق ئۈچ خىل يەم- بوغۇز بېلىتى باستۇرۇلدى، بۇ بېلەتلەر 1979 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان يەم - بوغۇز بېلىتى بىلەن بىرلىكتە ئوبوروت قىلىنىدۇ، بۇ يەم - بوغۇز بېلەتلىرى 1990 - يىلىمۇ ئىشلىتىلدى.

## 2) باشقۇرۇش

1955 - يىلى ئاشلىق مىنىستىرلىكى مەملىكەتلىك ئاشلىق بېلىتىنى تارقاتقاندا، شىنجاڭدا ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىش تېخى يولغا قويۇلمىغانىدى. ئاشلىق نازارىتى ئىچكى ئۆلكىلەرگە بارىدىغان خادىملارغا كېتەرلىك ئاشلىق بېلىتىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچى، قۇمۇل، شىخشىڭشىيالاردا ئاشلىق بېلىتى تارقىتىش نۇقتىسى قۇرۇپ، ئورۇننىڭ كاماندىروپكىغا ياكى تۇغقان يوقلاشقا بېرىش ئىسپاتى ۋە پويىز، ئاپتوموبىل، ئايروپىلان بېلىتىگە ئاساسەن كۈنىگە 500 گرامدىن مەملىكەتلىك ئاشلىق بېلىتى تارقاتتى. 1957 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك ئاشلىق بېلىتى تارقىتىلغاندىن كېيىن، يۇقىرىدىكى 3 تارقىتىش نۇقتىسى ئاپتونوم رايون ئاشلىق بېلىتى بىلەن مەملىكەتلىك ئاشلىق بېلىتىنى تېگىشىش نۇقتىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

1957 - يىلى شىنجاڭدا ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك ئاشلىق، يەم - بوغۇز بېلىتى تارقىتىلغاندىن كېيىن، باشقۇرۇش تۈزۈمى مۇكەممەل بولمىغاچقا، ئاشلىق بېلىتى قالايمىقانلىشىپ كېتىش، خالىغانچە باشقىلارغا قەرز بېرىش قاتارلىق ئەھۋاللار يۈز بېرىپ تۇردى. 1958 - يىلى ئاشلىق نازارىتى «ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك ئاشلىق، يەم - بوغۇز بېلىتىنى باشقۇرۇش چارىسى» نى تارقاتتى. 1959 - يىلى ئاشلىق نازارىتى يەنە «ئاشلىق (يەم - بوغۇز) بېلىتىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرىدىن ئاشلىق بېلىتىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە بولغان تونۇشنى ئۆستۈرۈشنى، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، رەسمىيەت تۈزۈملىرىنى تورغۇزۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت خەزىنىسىدىكى ئاشلىق بېلىتىنى قەرز بېرىش ۋە يۆتكەپ ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلماسلىقنى، ئاق ھۆججەتنى سالدۇغا توغرىلاپ قويۇشقا تېخىمۇ رۇخسەت قىلماسلىقنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاشلىق بېلىتى ئىشلىتىش دائىرىسىنى قاتتىق چەكلەپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئاھالىلەر نورمال سىرتقا چىققاندا، ئورۇن ياكى مەھەللە - ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ ئىسپاتىغا ئاساسەن ئاشلىق بېلىتى بېرىشنى. شۇ جايدىكى ئورۇن ئاشخانىسىدا تاماق يەيدىغان ئىشچى- خىزمەتچىلەر، ئوقۇغۇچىلار ھەم يەسلىگە بېرىلگەن بالىلارغا ئاشلىق بېلىتى ئورنىغا تاماق كارتوچكىسى بېرىپ، ئاشلىق بېلىتى تارقىتىش مىقدارىنى ئازايتىشنى بەلگىلىدى.

1960 - يىلى ئاشلىق نازارىتى «ئاشلىق (يەم - بوغۇز) بېلىتى باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر» نى تارقاتتى ۋە خىيانەتچىلىككە، ئىسراپچىلىققا، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە ھېساباتنى، سالدونى، قەرز بېرىشنى ئېنىقلاشتىن ئىبارەت ئۈچنى ئېنىقلاش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. ئاشلىق بېلىتى چىقىمىنىڭ سىياسەت رەسمىيىتىگە ئۇيغۇن بولغان - بولمىغانلىقى؛ ھېسابات بىلەن زاپاس، ھېسابات بىلەن جەدۋەلنىڭ ئوخشاش بولغان - بولمىغانلىقى؛ يەنە خىيانەت قىلىش، ئوغرىلاش مەسىلىلىرىنىڭ بار - يوقلۇقى نۇقتىلىق ئېنىقلاندى. ئاشلىق بېلىتىنى باشقۇرۇشتا مەخسۇس

كادىر قويۇش بەلگىلەندى ۋە نورمىلىق باشقۇرۇش تۈزۈمى ئورنىتىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئاپتونوم رايون ئاشلىق سىستېمىسى بويىچە ئاجرىتىلغان ئاشلىق (يەم - بوغۇز) بېلىتى بىردەك سېتىش كۆرسەتكۈچىگە ھېسابلىنىپ، يىرىم يىلدا بىر قېتىم راسچوت قىلىنىدى. ئاشلىق (يەم - بوغۇز) بېلىتى ئېلىش - بېرىش ئىشى دەرىجىمۇ دەرىجە تەستىقتىن ئۆتكۈزۈلدى، شەھەرلىك، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى ئاساسىي قاتلام ئاشلىق دۇكىنى (پونكىتى) لىرىغا ئاشلىق بېلىتى ساقلاش نورمىسى بەلگىلەپ بەردى، ئادەتتە 500 كىلوگرام ئەتراپىدا بولدى، ئارتۇق قىسمى يۇقىرىغا تاپشۇرۇلدى. بۇنىڭ سىرتىدا، ئورگان، كارخانا، زاۋۇت، كان قاتارلىقلاردىكى كوللېكتىپ ئاشخانا ئورۇنلىرى ئوبوروت قىلىدىغان ئاشلىق بېلىتىگىمۇ نورما بېكىتىپ بېرىلدى، ئادەتتە ئوزۇقلۇق ئاشلىق نورمىسىنىڭ 5% ىدىن ئاشۇرۇۋېتىلمىدى، ئېشىپ كەتكەن ئاشلىق بېلىتىگە ئاشلىق سېتىۋالدى. يېمەك - ئىچمەك، پېچىنە - پىرەنىك سېتىش كەسپىدە كۈندە چۈشكەن ئاشلىق بېلىتىمۇ تۈرى بويىچە سانىلىپ، رەتلەپ تىزىملىنىپ، ئەتىسى سائەت 10 دىن ئىلگىرى يېقىن ئەتراپتىكى ئاشلىق دۇكىنىغا تاپشۇرۇلدى، ئاشلىق دۇكىنى تاپشۇرۇۋالغانلىق ھۆججىتى يېزىپ بەردى، شۇ ھۆججەتكە ئاساسەن، يەنە ئاشلىق دۇكىنىدىن ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىندى. ئاشلىق دۇكىنى تاپشۇرۇۋالغان ئاشلىق بېلىتىنى شۇ كۈنى بېلەت تۈرى بويىچە تەپسىلىي جەدۋەلگە تولدۇرۇپ، ئاشلىق بېلىتى بىلەن بىللە ئاشلىق ئىدارىسىگە تاپشۇردى. 1962 - يىلى ئاشلىق نازارىتى «شەھەر - بازارلارنى ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا بىرقانچە بەلگىلىمە» چىقىرىپ، ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرىدىن ئاشلىق (يەم - بوغۇز) بېلىتىنى نەق پۇل، ئاشلىق باشقۇرغانغا ئوخشاش باشقۇرۇشنى، ئۇنى مەخسۇس ياكى قوشۇمچە باشقۇرىدىغان خادىملار بولۇشنى، ئۇنى مەخسۇس ئامبار ياكى ئىشكاپتا ساقلاشنى، كىرىم، چىقىم، سالدۇ ھېسابات دەپتىرى ئورنىتىپ، ھېسابات بىلەن بېلەتنى ئايرىپ باشقۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئاشلىق (يەم-بوغۇز) بېلىتى كىرىم، چىقىم، سالدۇسانى ئاي بويىچە توغرا ستاتىستىكا قىلىنىپ، دەرىجىمۇ دەرىجە يىغىندىلاپ يۇقىرىغا مەلۇم قىلىپ تۇرۇلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئاشلىق (يەم - بوغۇز) بېلىتىنى باشقۇرۇشتا قائىدىگە ئەمەل قىلماسلىق، كىرىم، چىقىم قالايمىقانلىشىش ئەھۋالى كۆرۈلدى.

ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئاشلىق (يەم- بوغۇز) بېلىتىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى ئاشلىق (يەم-بوغۇز) بېلىتى جەھەتتىكى ھەل قىلىنماي تۇرغان مەسىلىلەر ئېنىقلىنىپ بىرتەرەپ قىلىنىدى. 1979 - يىل 8 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئـاشـلـىـق ئـىـدارىسى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاشلىق (يەم - بوغۇز) بېلىتىنى باشقۇرۇش چارىسى» نى يېڭىۋاشتىن تۈزۈپ، تۆۋەندىكىلەرنى بەلگىلىدى: ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرى سىياسىي جەھەتتە ئىشەنچلىك، خىزمەتتە ئەستايىدىل ۋە مەسئۇلىيەتچان، ئىستىلدا راۋۇرۇس خادىملارنى ئاشلىق (يەم - بوغۇز) بېلىتىنى ئاساسلىق ياكى قوشۇمچە باشقۇرۇشقا قويۇش، باشقۇرۇش خادىملىرى نىسبىي مۇقىم بولۇشى، خىزمىتى يۆتكەلگەندە، ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش رەسمىيىتىنى بېجىرىشى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل ئورگانغا ئەنگە ئالدۇرۇشى كېرەك. ئاشلىق (يەم - بوغۇز) بېلىتىنى مەخسۇس ئامبار، مەخسۇس ئىشكاپتا ساقلاش، كىرىم، چىقىم رەسمىيەت - تۈزۈملىرىنى چىڭىتىپ، كىرىم-چىقىم ئىككى لىنىيە بولۇشنى يولغا قويۇش، ھېسابات باشقۇرۇش بىلەن بېلەت باشقۇرۇشنى ئايرىۋېتىش كېرەك. 1982 - ۋە 1989 - يىللىرى ئاشلىق (يەم - بوغۇز) بېلىتىنى باشقۇرۇش بويىچە ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە 2 قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى، ئۆزىنى ئۆزى تەكشۈرۈش، ئۆزئارا تەكشۈرۈش ۋە ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئاشلىق (يەم - بوغۇز) بېلىتىنى باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلدى.

## قوشۇمچە:

## ئاشلىق بېلىتىگە دائىر دېلو مەسىلىلىرى

1961 - يىلى قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ستاتىستىكچىسى 1500 كىلوگرام ئاشلىق بېلىتىنى ئوغرىلاپ، قولغا ئېلىندى.

1972 - يىل 5 - ئايدا بايىنغولىن ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ كەسپىي ئىشخانا قاتارلىق ئىشخانىلىرىدىن 4904 كىلوگرام ئاشلىق بېلىتى ئوغرىلاندى. شۇ ئايدا، سانجى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مالىيە بوغالتىر ئىشخانىسى قاتارلىق 5 ئىشخانىدىن 61 مىڭ 500 كىلوگرام ئاشلىق بېلىتى ئوغرىلاندى. 7 - ئايدا خوتەن ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ يەر ئاستى تالون - ئىسپات ئامبىرىدىن 190 مىڭ 500 كىلوگرام ئاشلىق بېلىتى ئوغرىلاندى.

1973 - يىلى ئارشاڭ ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ بېلەت باشقۇرغۇچىسى 130 مىڭ كىلوگرامدىن ئارتۇق ئاشلىق بېلىتىگە خىيانەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، قولغا ئېلىنىپ قانۇن بويىچە بىرتەرەپ قىلىندى.


1984 — 1986 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، گۇما ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ بېلەت باشقۇرغۇچىسى چىن چىلۇڭ ھېسابات بىلەن بېلەتنى ئۆزى قوشۇمچە باشقۇرۇش يۇرىستىدىن پايدىلىنىپ، تاپشۇرۇۋالغان بېلەتنى ھېسابقا كىرگۈزمەسلىك، يالغان چىقىم قىلىش قاتارلىق ۋاستىلار بىلەن 312 مىڭ 460 كىلوگرام ئاشلىق بېلىتىگە خىيانەت قىلىپ، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

يەنە بىرمۇنچە ئاشلىق تارماقلىرىدا يۈز بەرگەن ئاشلىق بېلىتى ئوغرىلاش ۋەقەلىرى پاش قىلىنمىدى. مەسىلەن: ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىدىن 2 قېتىمدا 15 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق بېلىتى ئوغرىلاندى. قۇمۇل، مايتاغ، ئىلى، خوتەن، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىمۇ ئاشلىق بېلىتى ئوغرىلاش دېلولىرى يۈز بەردى.

## 2. تەمىنلەش كىنىشكىسى، كۆچۈرۈش گۇۋاھنامىسى

### 1) تەمىنلەش كىنىشكىسى

(1) شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ۋە ئورگان، تەشكىلاتلارنىڭ ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلىنىش كىنىشكىسى. شەھەر - بازارلاردىكى نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان ئاھالە ۋە ئورگان، تەشكىلات، مەكتەپ، دوختۇرخانا، دۆلەت شىركىتى، شىرىكچىلىك كارخانىسى، زاۋۇت، كان قاتارلىق ئاشخانىلىق ئورۇنلار ئۆزلۈكلۈق ئاشلىق سېتىۋالغاندا ئىشلىتىدىغان دوكۇمېنت بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بېكىتىلگەن ئاشلىق دۇكىنى (مەركىزىي ئاشلىق دۇكىنى ۋە ئورگان ئاشلىق دۇكىنىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ياكى سېتىۋېلىش - سېتىش پۇنكىتىدىنلا ئاشلىق سېتىۋېلىشقا بولىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئاشلىق بېلىتى ئېلىشقىمۇ بولىدۇ. ئاھالىلەر باشقا جايغا كۆچكەندە، شۇ كىنىشكا ۋە باشقا ئىسپاتلار بىلەن ئاشلىق مۇناسىۋىتىنى كۆچۈرۈش رەسمىيىتىنى بېجىرىدى. ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، بۇ كىنىشكا 1990 - يىللاردىمۇ ئىشلىتىلدى. ئاھالىلەرنىڭ ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلىنىش كىنىشكىسىنىڭ شەكلى تۆۋەندىكىچە:




رەسىم: 2 — 2 ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلىنىش كىنىشكىسى

(2) سودا - سانائەت كەسپىنىڭ ئاشلىق (ياغ) بىلەن تەمىنلىنىش كىنىشكىسى شەھەر - بازارلاردىكى ئاشلىق (ياغ) نى خام ئەشيا ياكى قوشۇمچە خام ئەشيا قىلىدىغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى، خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى سانائەت، قول سانائەت، ئىچىمىلىك، پىشىشىق يېمەكلىك، تەقلىدىي يېمەكلىك، يېمەكلىك، قوشۇمچە يېمەكلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلار ئاشلىق، ياغ سېتىۋالىدىغان دوكومېنت بولۇپ، پەقەت كۆرسىتىلگەن ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش دۇكىنى (پونكىتى) دىن بېكىتىلگەن پىلاندىكى سان بويىچىلا سېتىۋالىدۇ. ئاشلىق بېلىتى ئېلىپ ساتقانلار چۈشكەن ئاشلىق بېلىتىنى تاپشۇرىدۇ.

(3) شەھەر - بازارلاردا يەم - بوغۇز بىلەن تەمىنلىنىش كىنىشكىسى شەھەر - بازارلاردىكى چارۋا مال باقىدىغان كىشىلەرنىڭ يەم - بوغۇز سېتىۋالىدىغان دوكومېنتى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرسىتىلگەن تەمىنلەش نۇقتىسىدىنلا سېتىۋالالايدۇ.

(4) يېزىلاردىكى ئاشلىقى يېتىشمەيدىغانلارنىڭ تەمىنلىنىش كىنىشكىسى يېزىلاردىكى نورمال يىللاردا ئاشلىقى يېتىشمەيدىغان دېھقانلار (جۈملىدىن كۆكتاتچىلار ۋە ئىقتىسادىي زىرائەت رايونىدىكى ئاشلىقى يېتىشمەيدىغان دېھقانلار) ئاشلىق سېتىۋالىدىغان دوكومېنت بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرسىتىلگەن ئاشلىق پونكىتىدىنلا ئاشلىق سېتىۋالىدۇ. قىسقا مەزگىل باشقا جايغا بارىدىغانلار بۇ كىنىشكا بىلەن ئاشلىق پونكىتىدىن نورمىسى ئىچىدە ئاشلىق بېلىتى ئالىدۇ، باشقا جايغا بېرىپ ئۇزۇن مەزگىل تۇرۇپ قالىدىغانلار ياكى كۆچىدىغانلار بۇ كىنىشكا بىلەن نوپۇس كۆچۈرۈش ئىسپاتىنى ئاشلىق تارماقلىرىغا ئېلىپ بېرىپ ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش مۇناسىۋىتىنى كۆچۈرۈش رەسمىيىتىنى بېجىرىدۇ.

(5) چارۋىچىلىق رايونىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئاشلىق (ياغ) بىلەن تەمىنلىنىش كىنىشكىسى. ئاشلىقى يېتىشمەيدىغان چارۋىچىلار مۇشۇ كىنىشكا بىلەن يېقىن ئەتراپتىكى ئاشلىق پونكىتى (دۇكىنى، نۇقتىسى) دىن ئاشلىق (ياغ) سېتىۋالىدۇ، ناھىيە ھالقىپ سېتىۋالسىمۇ بولىدۇ، لېكىن قولىدا رايونلۇق، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئىسپاتى بولۇشى شەرت، چارۋىچىلار ۋاقىتلىق باشقا جايغا بارماقچى بولسا، مۇشۇ كىنىشكىنى ئېلىپ بېرىپ شۇ جايدىكى ئاشلىق تارماقلىرىدىن نورمىسى ئىچىدە ئاشلىق بېلىتى ئالىدۇ، باشقا ناھىيىگە كۆچۈپ كەتمەكچى بولسا، مۇشۇ كىنىشكا بىلەن كىنىشكا تارقاتقان ئاشلىق تارماقلىرى ۋە تۇرۇشلۇق جايدىكى رايونلۇق، يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بېرىپ ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىش مۇناسىۋىتىنى كۆچۈرۈش رەسمىيىتىنى بېجىرىدۇ.

(6) چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئىش ئۇلاغلىرىنى يەم - بوغۇز بىلەن تەمىنلەش كىنىشكىسى. چارۋىچىلارنىڭ ئىش ئۇلاغلىرى (مەسىلەن: مىنىدىغان ئات، پادا ئېتى قاتارلىقلار) غا يەم - بوغۇز سېتىۋالىدىغان دوكومېنتى بولۇپ، يېقىن ئەتراپتىكى ئاشلىق پونكىتى (نۇقتىسى) دىن سېتىۋالىدۇ، مۇشۇ كىنىشكا ۋە رايونلۇق، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تونۇشتۇرۇش خېتىنى ئېلىپ بېرىپ ناھىيە ھالقىپ سېتىۋالسىمۇ بولىدۇ.

## 2) كۆچۈرۈش گۇۋاھنامىسى

(1) شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىش مۇناسىۋىتىنى كۆچۈرۈش گۇۋاھنامىسى شەھەر - بازار ئاھالىلىرى كۆچكەندە ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىش مۇناسىۋىتىنى كۆچۈرىدىغان دوكۇمېنتتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ شەكلى تۆۋەندىكىچە:

新疆维吾尔自治区 市（县）

市镇居民粮食供应转移证明存根

字第 1085901 号

| 户主姓名（或单位名称）： | | | |
|---|---|---|---|
| 原住地址： | | | |
| 迁住地址： | | | |
| 迁移原因： | | | |
| 迁移人姓名 | 性别 | 工种（或儿童年龄） | 定量标准 |
| | | | |
| | | | |
| | | | |
| | | | |
| | | | |
| | | | |
| | | | |
| | | | |
| | | | |
| | | | |
| 合计： | 人，定量 | | 公斤 |
| 停止供应日期： | 年 | 月 | 日 |
| 签发日期： | 年 | 月 | 日 |

签发人

字 第 号

新疆维吾尔自治区 市（县）

市镇居民粮食供应转移证明

户主姓名（或单位名称）：

字第 1085901 号

| 原住地址： | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 迁住地址： | | | | | | | |
| 迁移原因： | | | | | | | |
| 迁移人姓名 | 性别 | 工种（或儿童年龄） | 定量标准 | 迁移人姓名 | 性别 | 工种（或儿童年龄） | 定量标准 |
| | | | | | | | |
| | | | | | | | |
| | | | | | | | |
| | | | | | | | |
| | | | | | | | |
| 合计人数（大写）： | | 合计定量数量（大写） | | | | 公斤 | |
| 迁出地停止供应日期： | | 年 | | 月 | | 日 | |

备 注：1.本证明填写的"工种"和"定量标准"两栏，仅供迁入地核定粮食定量标准时参考。
2.食油供应随粮食转移，按迁入地规定标准供应。
3.

签发单位（章） 经办人（章）

签发日期： 年 月 日

رەسىم: 2 — 3 شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىش مۇناسىۋىتىنى كۆچۈرۈش گۇۋاھنامىسى

(2) يېزىلارنىڭ ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىشىنى كۆچۈرۈش گۇۋاھنامىسى دېھقان، چارۋىچىلار باشقا جايغا كۆچكەندە ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىش مۇناسىۋىتىنى كۆچۈرىدىغان دوكۇمېنتتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ شەكلى تۆۋەندىكىچە:

新疆维吾尔自治区 县（市）

农村粮食供应转移证（存根）

№ 0266400

| 户主姓名 | | 迁移人数 | |
|---|---|---|---|
| 迁出地址 | | | |
| 迁入地址 | | | |
| 迁移原因 | | | |
| 转移供应公斤数（大写） | | | |
| 开始供应时间 | 19 年 | 月 | 日 |
| 说 明 | | | |
| 填发日期 | 19 年 | 月 | 日 |

签发机关 填写人 领证人

字 第 号

新疆维吾尔自治区 县（市）

农村粮食供应转移证

№ 0266400

| 户主姓名 | | 迁移人数 | |
|---|---|---|---|
| 迁出地址 | | | |
| 迁入地址 | | | |
| 迁移原因 | | | |
| 转移供应公斤数（大写） | | | |
| 开始供应时间 | 19 年 | 月 | 日 |
| 说 明 | | | |
| 填发日期 | 19 年 | 月 | 日 |

签发机关（盖章） 填写人 领证人

رەسىم: 2 — 4 يېزىلارنىڭ ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىش مۇناسىۋىتىنى كۆچۈرۈش گۇۋاھنامىسى

يۇقىرىدىكى كىنىشكا، ئىسپاتلاردىن باشقا، گوۋۇيۈەننىڭ «تاۋار ئاشلىق يەيدىغان نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەش توغرىسىدا يوليورۇق» نى ئاساسەن، 1978 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «يېزا ئىگىلىك نوپۇسىدىن تاۋار ئاشلىق يەيدىغان نوپۇسقا ئۆزگەرگەنلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئۆلچەملەشتۈرۈشنامىسى» نى باستۇرۇپ دەرىجىمۇ دەرىجە ناھىيىلىك، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىگە تارقاتتى، ئۇ 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن ئىشلىتىلدى. شۇنىڭدەك يەنە يېزا ئىگىلىك نوپۇسىدىن تاۋار ئاشلىق يېيىشكە ئۆزگەرگەن نوپۇس ۋە شەھەر ـ بازارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھەربىي سەپتىن قايتقان، بوشانغان ھەربىيلەر نوپۇس، ئاشلىق مۇناسىۋىتىدىن باشقا يەنە مۇشۇ ئۆلچەملەشتۈرۈشنامىغا ئاساسەن تاۋار ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىش مۇناسىۋىتىنى بېجىرىش بەلگىلەندى.

## 3) تارقىتىش ۋە باشقۇرۇش

1957 ـ يىلدىن باشلاپ ئاشلىق، ياغنى بىرتۇتاش سېتىۋېلىش ـ سېتىش يولغا قويۇلغاندا، ئاشلىق بىلەن تەمىنلەيدىغان تۈرلۈك كىنىشكىلار، كۆچۈرۈش گۇۋاھنامىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاشلىق نازارىتى بىرتۇتاش باستۇرۇپ تارقاتتى. 1961 ـ يىل 2 ـ ئايدا تەمىنلەش كىنىشكىلىرى، كۆچۈرۈش گۇۋاھنامىلىرى ۋە ئاشلىق، يەم ـ بوغۇز بېلىتى مەلۇمات جەدۋەللىرى ھەم ھېساب خاتىرىلەش دوكۇمېنتلىرى قاتارلىقلارنى جايلار ئاشلىق نازارىتى بىرتۇتاش تۈزۈپ تارقاتقان شەكىل بويىچە ئۆزلىرى باستۇردى. جايلار تەمىنلەش كىنىشكىسىنى باستۇرغاندا، ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، تۈر، شەكىل جەھەتتە بىرئاز پەرقلىق باستۇردى، لېكىن كۆچۈرۈش گۇۋاھنامىسىنىڭ شەكلى ئوخشاش بولدى.

1962 ـ يىلى ئاشلىق نازارىتى تۈۋەندىكىلەرنى بەلگىلىدى: شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرىگە ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىش مۇناسىۋىتىنى كۆچۈرۈش گۇۋاھنامىسى تارقاتقاندا كۆچۈپ كىرگەن جايدىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ نورما بېكىتىشتە پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتتىكى ئىش تۈرى نورمىسى ۋە تەمىنلەش توختىتىلغان ۋاقىتنى ئەسكەرتىپ قويۇش، گۇۋاھنامىغا شەھەرلىك، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىنىڭ ۋە گۇۋاھنامە تارقاتقان ئاشلىق دۇكىنىنىڭ تامغىسى ۋە بېجىرگۈچىنىڭ خۇسۇسىي تامغىسىنى بېسىش كېرەك. ئىچكى ئۆلكىلەرگە كۆچۈدىغانلارنىڭ گۇۋاھنامىسى خەزىنىچە خەت بىلەن يېزىلىشى لازىم.

1963 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئاشلىق مىنىستىرلىكى شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىش مۇناسىۋىتىنى كۆچۈرۈش گۇۋاھنامىسىنى بىرتۇتاش بېسىپ تارقاتتى. چەكلىمىنى تېجەش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايوندا ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان كۆچۈرۈش گۇۋاھنامىلىرى ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە داۋاملىق ئىشلىتىلدى، ئىچكى ئۆلكىلەرگە كۆچىدىغانلارغا بىردەك ئاشلىق مىنىستىرلىكى بىرتۇتاش بەلگىلىگەن كۆچۈرۈش گۇۋاھنامىسى ئىشلىتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، جايلاردا ئىشلىتىلىدىغان كۆچۈرۈش گۇۋاھنامىسىنى ئاپتونوم رايون بىرتۇتاش باستۇردى.

1963 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى تۈۋەندىكىلەرنى بەلگىلىدى: ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى سىستېمىسىدىن يەرلىككە ئالمىشىدىغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەندىكى تۈەندىن يۇقىرى ئاشلىق تارماقلىرى ئاشلىق مۇناسىۋىتىنى ئالماشتۇرۇش ئىسپاتى بېرىدۇ، كۆچۈپ كىرگەن جايدىكى دۆلەت ئاشلىق تارماقلىرى شۇ جايدىكى چ غ تارماقلىرىنىڭ ئۇنى نوپۇسقا ئېلىش پىكرى ۋە يۇقىرىدىكى ئالماشتۇرۇش ئىسپاتىغا ئاساسەن ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەش رەسمىيىتىنى بېجىرىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىدىن ئىچكىرىگە كۆچىدىغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەندىكى تۈەندىن يۇقىرى ئاشلىق تارماقلىرىدىن بېرىلگەن ئاشلىق مۇناسىۋىتىنى ئالماشتۇرۇش ئىسپاتىنى ئېلىپ، تۇرۇشلۇق جايدىكى دۆلەت ئاشلىق تارماقلىرىغا بېرىپ ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش مۇناسىۋىتىنى كۆچۈرۈش گۇۋاھنامىسىغا تېگىشىۋالىدۇ. 1966 ـ يىل 7 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى

ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەندىكى تۆۋەندىن يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى خادىملىرىنىڭ ئاپتونوم رايون سىرتىغا كۆچكەن ۋاقتىدىكى ئاشلىق مۇناسىۋىتىنى كۆچۈرۈش رەسمىيىتىنى ۋاكالىتەن بېجىرىشنى ماقۇل كۆردى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسىنىڭ تەمىنلەش ـ سېتىش بۆلۈمى، ئاشلىق نازارىتى بىرلىكتە تۆۋەندىكىلەرنى ئۇقتۇردى: ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەندىكى ھەرقايسى يېزا ئىگىلىك، بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش شىلىرى شتابى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى تەمىنلەش ـ سېتىش بۆلۈمى قارمىقىدىكى ئۈرۈمچى، شىخەنزىلەردىكى ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەش پونكىتلىرى ئاشلىق مۇناسىۋىتىنى كۆچۈرۈش رەسمىيىتىنى ۋاكالىتەن بېجىرىدۇ، شى شتابى ۋە ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىگە يىراق تۇەن ـ مەيدانلار ھاۋالە بىلەن ۋاكالىتەن بېجىرىسىمۇ بولىدۇ. كونكرېت ۋاكالىتەن بېجىرىدىغان تۇەن ـ مەيداننى شى ۋە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى كېڭىشىپ بېكىتىدۇ. ۋاكالىتەن بېجىرىشتە ئىشلىتىلىدىغان ئاشلىق مۇناسىۋىتىنى كۆچۈرۈش گۇۋاھنامىسىنى تۇرۇشلۇق شەھەر، ناھىيىدىكى ئاشلىق ئىدارىلىرى تارقىتىپ، بىرتۇتاش نومۇر قويۇپ، ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ تامغىسىنى باسىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەندىكى ۋاكالىتەن بېجىرگۈچى ئورۇن گۇۋاھنامىنى تولدۇرغاندا ئاشلىق تامغىسىنى باسىدۇ. بۇ بەلگىلىمە 1978 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئىجرادىن توختىتىلدى.

1979 ـ يىل 1 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى تۆۋەندىكىلەرنى ئۇقتۇردى: ئۇرۇش تەييارلىقى سەۋەبىدىن جايلارغا تارقاقلاشتۇرۇلغان تاۋار ئاشلىقى يېيدىغان نوپۇسقا ناھىيىلىك (شەھەرلىك) ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ تارقاقلاشتۇرۇش ئىسپاتىغا ئاساسەن، «شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىش مۇناسىۋىتىنى ۋاقىتلىق كۆچۈرۈش گۇۋاھنامىسى» بېرىلىدۇ، ئۇلارنى كۈتۈۋالغان جايدىكى ئاشلىق تارماقلىرى ۋاقىتلىق كۆچۈرۈش گۇۋاھنامىسىگە ئاساسەن ئاشلىق بىلەن ئۇلاشتۇرۇپ تەمىنلەۋېرىدۇ. ئۆلكىدىن چىقىپ 3 ئايدىن ئارتۇق باشقا جايلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىدىغان ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشىپ پراكتىكا قىلىدىغان 50 تىن ئارتۇق خادىمغا شەھەر ـ بازاردا ۋاقىتلىق ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىش مۇناسىۋىتىنى كۆچۈرۈش گۇۋاھنامىسى بېرىلىدۇ. 4 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ «شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىش مۇناسىۋىتىنى ۋاقىتلىق كۆچۈرۈش گۇۋاھنامىسى، گە دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرى ئۆلكە ھالقىپ كۆچسە، ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن بېرى يىغىلىپ قالغان ئاشلىقى بىلەن بىللە كۆچۈشىگە يول قويدى. يېزا ئىگىلىك نوپۇسى سىياسەتتىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە شەھەر ـ بازارغا كۆچسە، كۆچكەن جايدىكى ئاشلىق تارماقلىرى يېزىلاردا ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىش مۇناسىۋىتىنى كۆچۈرۈش گۇۋاھنامىسى تارقاتقاندا، دېھقانچىلىق كۆكتىپ، ئەترەتلىرىدە ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان ئاشلىقنى يەۋىتىپ كۆچكەن ئائىلىلەرنىڭ شۇ يىلى ئېشىنغان ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى دۆلەتكە سېتىپ بېرىشى شەرت قىلىندى؛ دۆلەتنىڭ بىرتۇتاش سېتىش ئاشلىقىنى يەۋاتقان بولسا، يېزىلارغا ئاشلىقنى بىرتۇتاش سېتىش كۆرسەتكۈچى مۇناسىپ ھالدا ئازايتىلدى. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى تۆۋەندىكىلەرنى بەلگىلىدى: ج خ تارماقلىرىنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن شەھەر ـ بازارلاردىكى ئائىلىسىگە قايتىدىغان ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىپ قويۇپ بېرىلگەن ۋە ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشتىن قويۇپ بېرىلگەنلەرگە شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىش مۇناسىۋىتىنى كۆچۈرۈش گۇۋاھنامىسى بېرىلىدۇ؛ يېزىدىكى ئائىلىسىگە قايتقانلارغا (قولغا ئېلىنىشتىن ئىلگىرى شەھەردىن كەلگەن، قويۇپ بېرىلگەندە ج خ تارماقلىرى يېزىغا بېرىپ تۇرۇشنى بۇيرىغانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بىردەك يېزىدا ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىش مۇناسىۋىتىنى كۆچۈرۈش گۇۋاھنامىسى بېرىلىدۇ.

1984 ـ يىل 1 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ «گوۋۋيۈەنىڭ گ [1980] 212 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاشلىق مۇناسىۋىتىنى كۆچۈرۈشنى بېجىرىش مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نى تارقىتىپ، تۆۋەندىكىلەرنى بەلگىلىدى: ئۆلكە ھالقىپ يۆتكىلىدىغان دۆلەت دېھقانچىلىق كارخانا ئورنى، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ قولىدا يۆتكىلىپ كىرىدىغان ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىكى تەشكىلات تارماقلىرى ياكى ئەمگەك ـ كادىرلار تارماقلىرى تەستىقلىغان يۆتكىلىپ كىرىش ئىسپاتى ۋە ج خ تارماقلىرىنىڭ شەھەر ـ بازاردا نوپۇسقا ئېلىنىشنى تەستىقلىغان ئىسپاتى ھەم ئاشلىق مۇناسىۋىتىنى كۆچۈرۈش ئىسپاتى بولسىلا (شەھەرگە ياكى يېزىغا بولسۇن) ئاشلىق تارماقلىرى شەھەر ـ بازاردا ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىش مۇناسىۋىتىنى ۋاقتىدا بېجىرىپ بېرىشى شەرت. يېنىسىغە چىققان، خىزمەتتىن چېكىنگەندىن كېيىن بەلگىلەنگەن شەرتلەرگە ئۇيغۇن بولۇپ، شەھەر ـ بازارغا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك دۆلەت دېھقانچىلىق كارخانىلىرى، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ قولىدىكى ئىسپاتى تولۇق بولسىلا، ئاشلىق تارماقلىرى بۇلارنىڭمۇ شەھەر ـ بازاردا ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىش مۇناسىۋىتىنى ۋاقتىدا بېجىرىپ بېرىشى لازىم. 4 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «دۆلەت دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىق مەيدانلىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئاشلىق مۇناسىۋىتىنى كۆچۈرۈشكە دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: دۆلەت دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى ئۆلكە سىرتىغا كۆچمە، ئەگەر ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى سىستېمىسىنىڭ كادىرى بولسا، ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەندىكى شىدىن يۇقىرى سىياسىي تارماقلار تەستىقلىغان رەسمىيەت بويىچە شەھەر ـ بازاردا ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىش مۇناسىۋىتى بېجىرىلىدۇ؛ ئىشچى ئاپتونوم رايونلۇق ئورۇنغا تەۋە بولسا، ئەمگەك ـ كادىرلار نازارىتى تەستىقلىغان رەسمىيەت بويىچە ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنغا تەۋە بولسا، ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى تەستىقلىغان رەسمىيەت بويىچە؛ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەندىكى شى (ئىدارە) ئورۇنلىرىغا تەۋە بولسا، تۇرۇشلۇق جايدىكى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئەمگەك ـ كادىرلار ئىدارىسى (باشقارمىسى) تەستىقلىغان رەسمىيەت بويىچە شەھەر ـ بازاردا ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىش مۇناسىۋىتى بېجىرىلىدۇ. 1986 ـ يىل 6 ـ ئايدا مائارىپ نازارىتى، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى، ئاشلىق نازارىتى بىرلىكتە دۆلەت مائارىپ كومىتېتى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى، سودا مىنىستىرلىكىنىڭ ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر ماۋالە بويىچە قوبۇل قىلىپ تەربىيىلەيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ نوپۇس، ئاشلىق مۇناسىۋىتىنى كۆچۈرۈشكە رۇخسەت قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تارقىتىپ، يېزىدىن ياكى شەھەردىن كۆچۈپ چىققان بولسۇن، كۆچۈپ كىرگەن جاينىڭ بىردەك ش ئۇ ئا ر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسىنىڭ قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشنامىسىگە ئاساسەن، نوپۇس، ئاشلىق مۇناسىۋىتىنى بېجىرىپ بېرىشنى بەلگىلىدى.

1986 ـ يىل 11 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، سودا مىنىستىرلىكى بەلگىلىگەن شەكىل بويىچە، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە 2 خىل يېزىقتا «شەھەر-بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىش مۇناسىۋىتىنى كۆچۈرۈش گۇۋاھنامىسى» ۋە «يېزىلاردا ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىش مۇناسىۋىتىنى كۆچۈرۈش گۇۋاھنامىسى» نى باستۇرۇپ جايلارغا تارقاتتى. بۇ يېڭى گۇۋاھنامىلەر 1987 ـ يىل 1 ـ ئايدىن ئېتىبارەن ئىشلىتىلدى. باشقۇرۇش چارىسى 1990 ـ يىلغىچە ئىجرا قىلىندى.

# VII باب

# ئاشلىق دۇكىنى، ئاشلىق پونكىتىنى تاللاپ تونۇشتۇرۇش

ئاشلىق دۇكىنى (ئاشلىق، ياغ ماگىزىنى)، ئاشلىق پونكىتى (يېزا ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش پونكىتى ۋە چارۋىچىلىق ئاشلىق پونكىتى) ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلام كارخانىلىرىدۇر. ئاشلىق، ياغنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، بىر تۇتاش سېتىش يولغا قويۇلغان مەزگىللەردە، شەھەر ئاشلىق دۇكانلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، خەلق تۇرمۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ، ناھىيىدىن يۇقىرى شەھەر، سانائەت، كان رايونلىرىدىكى ئاھالىلەرنى ئاشلىق، ياغ نورمىسى بىلەن تەمىنلەش ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ، تېپىك مەھسۇلات تەقسىم قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ كەلدى. ئاشلىق پونكىتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا تەسىس قىلىنغان بولۇپ، يېزىلاردىكى نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان نوپۇس ۋە چارۋىچىلىق نوپۇسىنى ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغاندىن سىرت، يەنە يېزىلاردا ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش، ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىش ۋە ئاشلىق، ياغ ساقلاش - باشقۇرۇش، يۆتكەش قاتارلىق ئومۇمىي كەسىپلەرنىمۇ زىممىسىگە ئېلىپ كەلدى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق دۇكىنى، ئاشلىق پونكىتلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر كېلىشىم باھا ئارقىلىق تەكشە باھانى تولۇقلاپ، پىششىق يېمەكلىك ئارقىلىق خام يېمەكلىكنى تولۇقلاپ (تەييار ئاشلىق، ياغنى پىششىق يېمەكلىككە ئايلاندۇرۇپ بازارغا سېلىش) ۋە باشقا كۆپ خىل ئىگىلىكنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ زىيىنىنى ئازايتىشقا پائال تۆھپە قوشتى. جايلاردىكى ئاشلىق دۇكانلىرى، ئاشلىق پونكىتلىرىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى تەرەققىيات ئۆزگىرىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن، قىسمەن ئاشلىق دۇكىنى، ئاشلىق پونكىتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز.

## 1 § . ئاشلىق دۇكىنىنى تاللاپ تونۇشتۇرۇش

### 1. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى تيانشان رايونلۇق شۆبە ئىدارىسىنىڭ مەيدان ئاشلىق دۇكىنى

تيانشان رايونلۇق ئاشلىق شۆبە ئىدارىسىنىڭ مەيدان ئاشلىق دۇكىنى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ساغلاملىق يولىدىكى 3 - قورۇغا جايلاشقان بولۇپ، 1953 - يىلى قۇرۇلغان. دۇكاننىڭ تىجارەت كۆلىمى 176.82 كۋادرات مېتىر، دۇكاننىڭ ئەسلى نامى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ 3 - ماگىزىنى بولۇپ، 1958 - يىلى مەيدان ئاشلىق دۇكىنىغا ئۆزگەرتىلگەن. 8 ئىشچى - خىزمەتچى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق

مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچى بىر نەپەر. بۇ دۇكان خەلق مەيدانى رايونىدىكى 2800 دىن ئارتۇق ئائىلە، 8400 ئادەمنى ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان، ئېيىغا 116 مىڭ 700 كىلوگرام تەييار ئاشلىق، 2100 كىلوگرام ياغ ساتىدۇ. مەزكۇر دۇكاندىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۇزۇندىن بۇيان ئەلا مۇلازىمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتقانلىقى ئۈچۈن، 1959 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە ـ سودا سىستېمىسى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالانغان. 1978 ـ يىلى ئاشلىق دۇكىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇرۇلۇش كۆلىمى 148 كۋادرات مېتىر بولغان. دۇكاننىڭ تەمىنلەش دائىرىسى «مىگدىپ» يولى، «خەلق» يولى، «جۇڭگەن» يولى، «مەدەنىيەت» يولى، «شەرق شامىلى» يولى ھەم «شىمالىي ئازادلىق» يولى رايونىغا كېڭەيگەن، تەمىنلەيدىغان ئائىلە 4897 گە، نوپۇس 15 مىڭ 440قا، ئايدا تەمىنلەيدىغان ئاشلىق 260 مىڭ كىلوگرامغا، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 14كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچى 3.

1982 ـ يىلى مەيدان ئاشلىق دۇكىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ «مۇنەۋۋەر ئاشلىق دۇكىنى بەرپا قىلىش، مۇنەۋۋەر تىجارەت خادىمى بولۇش»نى قانات يايدۇرۇش چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئىشنى «دۇكان قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش، پاسكىنا، قالايمىقان، ناچار»لىقىنى ئۆزگەرتىشتىن باشلاپ، ئۆزلىرى ھەرىكەتكە كېلىپ دۇكاننى ئاقارتقان، دۇكان قىياپىتىنى گۈزەللەشتۈرگەن، ھەر ھەپتىنىڭ 6 ـ كۈنى چوڭ تازىلىق قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ داۋاملاشتۇرغان. دۇكاندا مۇلازىمەت مۇنبىرى، ئادىل گىر تۇرغۇزۇپ، خېرىدارلارنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن خالتا، بوتۇلكا، يىپ ـ يىڭنە، پىكىر دەپتەرلىرىنى تەييارلاپ قويغان. خېرىدارلار ئاشلىق سېتىۋېلىشتا بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلار، شۇ ئايلىق ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەش نىسبىتى، تىجارەت ۋاقتى جەدۋىلى، مۇلازىمەت ئەھدىنامىسى، مۇلازىمەت سۆزلىرى، دۇكاننىڭ تىجارەت مەقسىتى، پۈكەي ئىنتىزامى قاتارلىقلارنى تامغا چىقىرىشنى چىڭ تۇرۇپ ئورۇنداپ، دۇكاننىڭ مۇلازىمەت خىزمىتىنى پەيدىنپەي تۈزۈملەشتۈرگەن. شۇ يىلى مەيدان ئاشلىق دۇكىنى ئاشلىق نازارىتى تەرىپىدىن «ئاپتونوم رايون ئاشلىق سىستېمىسى بويىچە ئىلغار ئورۇن» بولۇپ باھالانغان.

1985 ـ يىل 3 ـ ئايدا مەيدان ئاشلىق دۇكىنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى تەرىپىدىن تۇنجى تۈركۈمدە توپ ۋە پارچە سېتىش پەرقى سىناق قىلىنىدىغان ئاشلىق دۇكانلىرىنىڭ بىرى قىلىنىپ، ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىش، مۇستەقىل ھېسابات قىلىش، پايدا ـ زىيىنىغا ئۆزى ئىگە بولۇش يولىغا قويۇلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئاشلىق دۇكىنى «بىر كەسىپنى ئاساس قىلىپ، كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاھالىلەرنى تەكشى باھالىق ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارىتى دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، پىلتە قۇيماق، سېرىقئاش، لەڭپۇڭ، پۇرچاق سۈتى، سومەن، لەغمەن، ساڭزا قاتارلىق پىشىشىق يېمەكلىكلەر بىلەنمۇ تەمىنلىگەن. 1987 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا پىشىشىق يېمەكلىك تىجارىتىنىڭ ئۆزىدىنلا 24 مىڭ يۈەن پايدا ياراتقان. 1985 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 1986 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاشلىق دۇكىنى توپ ۋە پارچە سېتىش پەرقىنى يولغا قويۇپ، 80 مىڭ 900 يۈەن پايدا ياراتقان. سىناق لايىھىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە 2 يىلدا تيانشان رايونلۇق شۆبە ئاشلىق ئىدارىسىگە 51 مىڭ 600 يۈەن پايدا تاپشۇرۇپ، ئۆزىگە 29 مىڭ 300 يۈەن پايدا قالدۇرغان. 1985 ـ، 1986 ـ يىللىرى ئۇدا 2 يىل ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالانغان.

1987 ـ يىلى مەيدان ئاشلىق دۇكىنى شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ «كارخانىلاردا ‹كۆزنەك، كەسىپ بويىچە مەدەنىي تىجارەتنى قېلىپلاشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاشلىق دۇكىنىنىڭ مۇلازىمەت خىزمىتىنى يەنىمۇ پروگراممىلاشتۇرۇش، ئۆلچەملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش يۆنىلىشى بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، شەھەرلىك ئاشلىق

ئىدارىسىنىڭ «ئاساسىي قاتلام ئاشلىق دۇكانلىرىنىڭ ئەلا مۇلازىمەت نىزامى»غا ئاساسەن، تىجارەت ئىدىيىسىنى توغرىلاپ، «مەدەنىي تىجارەت قائىدىسى» ئاساسىدىكى مۇلازىمەت ئۆلچەملىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، «تۆت تەشەببۇسكارلىق» (پارتىيىنىڭ ئاشلىق، ياغ سىياسىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەشۋىق قىلىش، خېرىدارلار بىلەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن سالاملىشىش، تەمىنلەيدىغان سورتلارنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تونۇشتۇرۇش، قېرى، ئاجىز، كېسەل، مېيىپلار، پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئائىلىسىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىش)، «ئۈچ رازى قىلىش» (رازى بولارلىق جاۋاب بېرىش، رازى بولارلىق مۇلازىمەت قىلىش، خېرىدارلارنى رازى قىلىش)، «تۆت ئوخشاش» (دۇكان ھالقىپ كەلگەن خېرىدارلارغا مۇشۇ دۇكان خېرىدارلىرىغا ئوخشاش قىزغىن بولۇش، قېرىلار ۋە بالىلارغا ئوخشاش سەۋرچان بولۇش، مىللىي، خەنزۇ خېرىدارلارغا، تونۇش، ناتونۇشلارغا ئوخشاش ئەتراپلىق مۇلازىمەت قىلىش، خېرىدارلارغا دۇكان تاقالغان ۋاقىتلاردىمۇ ئوچۇق ۋاقىتتىكىگە ئوخشاش تەشەببۇسكار بولۇش)، «بەش ھېسابلاشماسلىق» (خېرىدارلارنىڭ سۆزى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماسلىق، خېرىدارلارنىڭ پوزىتسىيىسى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماسلىق، خېرىدارلارنىڭ تەنقىدى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماسلىق، خېرىدارلارنىڭ كۆپ قېتىم سورۇشتە قىلىشى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماسلىق، خېرىدارلار ھەرىكىتىنىڭ تېز، ئاستىلىقى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماسلىق)نى ئىشقا ئاشۇرغان. تىجارەت خادىملىرىنىڭ ئىش ۋاقتىدا خىزمەت فورمىسى كىيىشى، قىياپىتى سالماق بولۇشى، تەمكىن بولۇشى، قورۇنماي ئىش قىلىشى تەلەپ قىلىنغان ۋە ئىشقا ئاشۇرۇلغان.

مەيدان ئاشلىق دۇكىنى 1982 - يىلى «قوش مۇنەۋۋەر» خىزمىتىنى قانات يايدۇرغاندىن ئېتىبارەن، دۇكاندىن چىقىپ مەھەللە، كوچىلارغا بېرىپ ئەھۋال ئىگىلىگەن، بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىلەرگە، پېشقەدەم كادىرلارغا، پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىگە، ھەربىيلەر، قۇربان بولغان ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ھەم تەنھا، يېتىم - يېسىر، ياشانغانلارغا قەرەللىك مۇددەتتە ئادەم بەلگىلەپ ئاشلىق يەتكۈزۈپ بەرگەن، جەمئىي 4097 ئائىلە (قېتىم)گە 296 مىڭ 800 كىلوگرام ئاشلىق، ياغ يەتكۈزۈپ بەرگەن. دۇكان ئىشچى - خىزمەتچىلىرى يەنە خېرىدارلارغا ئاشلىقنى يۈدكۈزۈپ قويۇش، ماشىنا، ۋېلسىپىتىگە ئېلىشىپ بېرىشنى ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشتۇرۇپ، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ مەدھىيىسىگە ۋە كەڭ خېرىدارلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق رادىئو ئىستانسىسى ۋە «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ئۇلارنى خەۋەر قىلغان. مەيدان ئاشلىق دۇكىنى «قوش مۇنەۋۋەر»لىك بەرپا قىلىش پائالىيىتىدە ئەلا نەتىجە ياراتقانلىقى ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتى تەرىپىدىن 1987 - يىلى «مەدەنىي تىجارەت قىلىشتا ئىلغار ئورۇن» دەپ نام بېرىلگەن.

## 2. كورلا شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ 4 - ئاشلىق دۇكىنى

بۇ ئاشلىق دۇكىنى 1965 - يىلى كورلا ناھىيىسىنىڭ شەھەر ئىچى قاتناش يولىدا قۇرۇلغان بولۇپ، نامى كورلا ناھىيىلىك 4 - ئاشلىق دۇكىنى ئىدى. دۇكاننىڭ تىجارەت كۆلىمى 210 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 11 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئىككىسى ئۇيغۇر، يەتتىسى خەنزۇ، ئىككىسى خۇيزۇ ئىدى. ئۇلار شەھەر ئىچى قاتناش يولىدىكى 8300 دىن ئارتۇق ئاھالىنى ئوزۇقلۇق ئاشلىق، ياغ ۋە 13 مېھمانساراي، مېھمانخانىنى ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەيتتى، ئايدا تەمىنلەيدىغان ئاشلىق 163 مىڭ كىلوگرام، ياغ 2300 كىلوگرام ئىدى. 1984 - يىل 4 - ئايدا ناھىيىلىك، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى بىرلەشتۈرۈۋېتىلىپ، ئاشلىق دۇكىنىنىڭ نامى كورلا شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ 4 - ئاشلىق دۇكىنىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1989- يىلى ئاشلىق دۇكىنى كېڭەيتىلىپ، تىجارەت كۆلىمى 280 كۋادرات مېتىرغا، تەمىنلەيدىغان ئائىلە 2322گە، نوپۇس 11 مىڭ 379غا، ئايدا تەمىنلەيدىغان ئوزۇقلۇق ئاشلىق 165 مىڭ كىلوگرامغا كۆپەيگەن. 4 - ئاشلىق دۇكىنى قۇرۇلغان كۈندىن تارتىپ 1990 - يىلغىچە چەت - ياقىدا تۇرۇشلۇق يول ئاسراش داۋبەنىگە،

ھەربىيلەرگە، ئىنقىلابىي قۇربان ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، تەنھا، يېتىم - يېسىر، ياشانغانلارغا ئاشلىق، ياغ يەتكۈزۈپ بېرىش مۇلازىمىتىنى 25 يىل توختاتماي داۋاملاشتۇرغان. بىر يىلدا 1050 ئائىلە (قېتىم) گە 37 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق، 2400 كىلوگرام ياغ يەتكۈزۈپ بەرگەن. 4 - ئاشلىق دۆكىنى يۇقىرىقىدەك خىزمەتلىرى ئۈچۈن كورلا ناھىيىلىك، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى تەرىپىدىن كۆپ قېتىم «ئىلغار كوللېكتىپ» بولۇپ باھالانغان.

1985 - يىلدىن ئېتىبارەن 4 - ئاشلىق دۆكىنى ئالدىنى دۇكان، كەينىنى زاۋۇت قىلىشتا ئۇزۇن مۇددەت چىڭ تۇرۇپ، ئاشلىق، ياغ تەقلىدىي بۇيۇملىرى ۋە تۈرلۈك پىششىق يېمەكلىكلەرنى ئىشلەپ تىجارەت قىلغان. دەسلەپتە ئاساسەن كەسمە چۆپ، ھورنان، قوتۇرماچ سېتىپ، ئېيىغا 2300 يۈەندىن پايدا ياراتقان. 1989 - يىلى ئاشلىق دۆكىنى ئالدىنى دۇكان، كەينىنى زاۋۇت قىلىپ، تىجارەت قىلىنىدىغان مەھسۇلات تۈرىنى 17 خىلغا يەتكۈزۈپ، ئېيىغا 2500 يۈەندىن پايدا ياراتقان. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا دۇكان ئىشچى - خىزمەتچىسى توققۇزغا قىسقارتىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ئۈچ، خەنزۇ بەش، خۇيزۇ بىر، ئاشلىق دۆكىنى ئايدا تەمىنلەيدىغان ئاشلىق 165 مىڭ كىلوگرامغا، ياغ 2750 كىلوگرامغا يەتكەن.

## 3. مىچۈەن ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ 2 - ئاشلىق دۆكىنى

مىچۈەن ناھىيىلىك 2 - ئاشلىق دۆكىنى 1971 - يىل 5 - ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، مىچۈەن ناھىيە بازىرىدىكى «جەنۇبىي داۋشىياڭ» يولى 110 - قورۇغا جايلاشقان. تىجارەت كۆلىمى 200 كۋادرات مېتىر، ئىشچى - خىزمەتچىسى سەككىز، بۇنىڭ بىرى ئۇيغۇر، ئالتىسى خەنزۇ، بىرى خۇيزۇ. بۇ ئاشلىق دۆكىنى 1406 ئائىلە، 5244 شەھەر - بازار ئاھالىسى (جۈملىدىن شەھەر ئەتراپىدىكى قەغەز زاۋۇتى، 8 - نومۇرلۇق خەت ساندۇقى، قاتناش تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى قاتارلىق 10 ئورۇندىكى ئىشچى - خىزمەتچى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى) نى ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەش، يەنە پىلانلىق تەمىنلىنىدىغان پېچىنە - پىرەنىك، ئاشخانا قاتارلىق كەسىپلەرنى ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ كەلگەن، ئايلىق سېتىش مىقدارى 190 مىڭ كىلوگرام. 1979 - يىلى ئاپتوماتىك گۈرۈچ سېتىش ماشىنىسىدىن بىرنى، ئاپتوماتىك ياغ سېتىش ماشىنىسىدىن بىرنى سېتىۋالغان.

دۇكان ئىشچى - خىزمەتچىلىرى مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، 1976 - يىلدىن ئېتىبارەن بەزى ئورۇنلاردىكى ئاشلىق سېتىۋالىدىغان ئائىلىلەرنىڭ يىراقتا ئولتۇرىدىغانلىقى ۋە تەنھا، يېتىم - يېسىر، ياشانغانلارنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىشتا قىينىلىپ قالغانلىقىدەك ئەھۋالغا ئاساسەن، دائىرە ئايرىپ نۇقتا بەلگىلەش، قەرەللىك ئاشلىق ئاپىرىپ بېرىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. 1976 — 1984 - يىلغىچە ئاشلىق سېتىۋېلىشتا قىينىلىدىغان ئائىلىلەرگە 13 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق يەتكۈزۈپ بەرگەن، ئورۇن ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا 486 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق ئاپىرىپ ساتقان. ئاشلىق دۆكىنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاممىنىڭ ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىشىغا قۇلايلىق تۇغدۇرۇش ۋە ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن، «ئون بولۇش»، «بەشنى تامغا چىقىرىش»، «تۆتتە دۇكان تاقىماسلىق»تىن ئىبارەت خىزمەت تۈزۈمىدە ئۇزۇن مۇددەت چىڭ تۇرغان. «ئون بولۇش»: مۇلازىمەت مۇنبىرى، مۇلازىمەت خالتىسى، بوتۇلكا، شوينا، يىپ-يىڭنە، ئادىل گىر، پىكىر دەپتىرى، قايناقسۇ، باھا جەدۋىلى، ئۆزى ھېسابلاپ كۆرىدىغان چوت بولۇش؛ «بەشنى تامغا چىقىرىش» ئاشلىق، ياغ باھا جەدۋىلى، باللار نورما جەدۋىلى، شۇ ئايلىق تەمىنلەش نىسبىتى جەدۋىلى، بەلگىلەنگەن ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋاقتى جەدۋىلى، تىجارەت ۋاقتى جەدۋىلى تامدا بولۇش؛ «تۆتتە دۇكان تاقىماسلىق»: بايرام كۈنلىرى، دەم ئېلىش كۈنلىرى، چۈشتە، دۇكان ئىنتىلاش ۋاقتىدا دۇكان تاقىماسلىقتىن ئىبارەت بولۇپ، خېرىدارلار كەلگەن ھامان ئاشلىق سېتىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىنغان. دۇكاننى ئىرىشچان - ئىقتىسادچىللىق بىلەن باشقۇرۇش، خىراجەت چىقىمىنى تېجەش 2 - ئاشلىق دۆكىنىدىكى

ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ كەلگەن پىرىنسىپ، ئۇلار كۆپ يىللاردىن بۇيان ئۆزلىرى قول سېلىپ ئىشلەپ 13 مىليون كىلوگرام ئاشلىقنى ماشىنىدىن چۈشۈرگەن، 1 مىليون 725 مىڭ دانە خالتىنىڭ ئورنىنى قىپقۇالغان. ئۇن زاۋۇتىدىن ئاشلىق دۇكىنىغا 1 مىليون 900 مىڭ كىلوگرام ئۇن توشۇغان. دۇكان قىياپىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، تاملارنى ئۆزلىرى ئاقارتىپ، ئىشىك - دېرىزىلەرنى ئۆزلىرى سىرلاپ، خىراجەت چىقىمىنى تېجەپ قالغان. 1981 - يىلى مەدەنىي سودا قىلىش، خېرىدارلارنى ئەدەپ بىلەن كۈتۈۋېلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن كېيىن، دۇكان ئىشچى - خىزمەتچىلىرى تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خېرىدارلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش، چىن نىيىتى بىلەن خېرىدارلار ئۈچۈن باش قاتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئامىمىنىڭ مەدھىيىسىگە ئېرىشىپ، كۆپ قېتىم ئوبلاستلىق، نامىيلىك ئاشلىق سىستېمىسى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالانغان. 1978 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت تەرىپىدىن «داجەيدىن، داچىڭدىن ئۆگىنىش»تە «قىزىل بايراقدار ئورۇن» دەپ نام بېرىلگەن. 1980 - يىلى ئاشلىق مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەملىكەتلىك ئاشلىق سىستېمىسى بويىچە ئىلغار ئورۇن» دەپ نام بېرىلگەن. 1983 - ۋە 1985 - يىللىرى سودا مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەملىكەتلىك سودا سىستېمىسى بويىچە ئىلغار كارخانا ۋە مەدەنىي ئورۇن» دەپ نام بېرىلگەن.

1978 - يىلى ئاشلىق دۇكىنى ئالدىنى دۇكان، كەينىنى زاۋۇت قىلىشنى قانات يايدۇرغان. دەسلەپتە مايدا پىشۇرۇلغان باقلە، پىلتە قۇيماق، يۇمشىياۋ قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى تىجارەت قىلغان، كېيىن يەنە ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى تەشكىللەپ كەسمە چۆپ، ئۇگرە چۆپ قاتارلىقلارنى ئىشلەپ سېتىپ ۋە دېھقانلارغا پىششىقلاپ بېرىش، تېگىشىپ بېرىش كەسپىنى قانات يايدۇرۇپ، يىلىغا 12 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق تېگىشىپ بەرگەن. 1981 - يىلى ئاشلىق دۇكىنىنىڭ تىجارەت زالىدا قوشۇمچە يېمەكلىكلەر تىجارەت بۆلۈمى تەسىس قىلىپ، ھاراق، تاماكا، شېكەر، تۇز قاتارلىق تاۋارلارنى ساتقان. 1984 - يىلى پېچىنە - پىرەنىك پىششىقلاش ئورنى قۇرۇپ، تۇخۇم تورت، تاۋسىز قاتارلىقلارنى ئىشلەپ سېتىپ، كۆپ خىل ئىگىلىكتىن يىلىغا 20 مىڭ يۈەن پايدا ياراتقان. 1990 - يىلى دۇكاندا ئالتە خەنزۇ، بىر خۇيزۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەتتە نەپەر ئىشچى - خىزمەتچى بولۇپ، ئۇلار 1100 ئائىلىلىك ئاھالە ۋە ئىشچى - خىزمەتچى، 4000 ئادەمنى ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلىگەن، شۇنىڭدەك يەنە سودا - سانائەت ساھەسىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش كەسپىنى بېجىرىپ، ھەر ئايدا 80 مىڭ كىلوگرامدىن ئارتۇق تەييار ئاشلىق، 1000 كىلوگرامدىن ئارتۇق ياغ ساتقان. شۇ يىلى كېلىشىم باھادا 10 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق، ياغ سېتىپ، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر تىجارىتىنى قوشۇپ يىلىغا 8000 يۈەندىن پايدا ياراتقان.

## 4. قەشقەر شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ 2 - ئاشلىق دۇكىنى

قەشقەر شەھەرلىك 2 - ئاشلىق دۇكىنى قەشقەر شەھىرىنىڭ «غەربىي خەلق» يولىغا جايلاشقان. 1953- يىلى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، شەھەرلىك ئاشلىق شىركىتى بىلەن بىرلىشىپ تىجارەت قىلغان، ئورنى بىر كونا ئۆتەڭدە ئىدى، تىجارەتخانا كۆلىمى سەككىز كۋادرات مېتىرلا كېلەتتى، ئاشلىق قورۇ ئىچىدىكى بىر لاپاس ئاستىغا قويۇلاتتى. تىجارەت دائىرىسىنىڭ چەكلىمىسى يوق ئىدى، پۈتۈن شەھەردىكى ئاھالىلەر، ئاشخانىلار خالىغان ۋاقىتتا كېلىپ ئاشلىق، ياغ سېتىۋالاتتى. 1954 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدە ئاساسىي ئاشلىقنى كىنىشكا بويىچە چەكلىك مىقداردا سېتىش يولغا قويۇلدى، ئاشلىق دۇكىنىنىڭ تەمىنلەش دائىرىسى شەھەرنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى ئاھالىلەر ۋە ئورگان، تەشكىلاتلارنىڭ ئاشخانا ئورۇنلىرى، ناۋايخانىلار، ئاشخانىلار بولىدۇ، دەپ ئايرىپ بېرىلگەن. بۇ ۋاقىتتا ئاشلىق دۇكىنىدا تۆت تىجارەت خادىمى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرسى خەنزۇ، ئۈچى ئۇيغۇر ئىدى، ئايدا 50 مىڭ كىلوگرام تەييار ئاشلىق ساتاتتى. 1955 - يىلى ئاشلىق شىركىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، 2 - ئاشلىق دۇكىنى ئاشلىق بۆلۈمى (ئىدارىسى) نىڭ رەھبەرلىكىگە

ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1957 ـ يىلى ئاشلىقنى كىشى بېشىغا نورما بەلگىلەپ، نۇقتا بېكىتىپ تەمىنلەش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، تىجارەت خادىمى ئالتىگە كۆپەيتىلدى، ئۇنىڭ ئىككىسى خەنزۇ، تۆتى ئۇيغۇر ئىدى، بۇ دۇكان 9000 نوپۇسنى تەمىنلىدى، ئايدا 110 مىڭ كىلوگرام تەييار ئاشلىق ساتتى. 1967 ـ يىلى ئەسلى ئورنىدا يېڭىدىن 450 كۋادرات مېتىرلىق تىجارەت زالى سېلىپ بېرىلدى.

1957 ـ يىلى ئاشلىق دۇكىنىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مەملىكەتلىك ئاشلىق سىستېمىسى بويىچە چاقىرىلغان 1 ـ قېتىملىق خىزمەت ئىلغارلىرى ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ تەشەببۇسىغا ئاۋاز قوشۇپ، «ئالتىدە ياخشى» (سىياسەتنى ئىجرا قىلىشتا ياخشى، كەسپىي تۈزۈمى ياخشى، مۇلازىمەت پوزىتسىيىسى ياخشى، ئىرىشچان ـ ئىقتىسادچىل بولۇشتا ياخشى، بىخەتەرلىك تازىلىقى ياخشى، ئىتتىپاقلىق ـ ئۆز ئارا ھەمكارلىشىشى ياخشى) ئاشلىق دۇكىنى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغاندىن كېيىن، 2 ـ ئاشلىق دۇكىنى دۇكاننى بالدۇر ئېچىپ، كەچ تاقاپ، ھېيت ـ بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرى ئوخشاشلا تىجارەت قىلىپ، 365 كۈن تىجارەت قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرغان؛ دۇكاندا بوتۇلكا، خالتا، شوينا، يىپ ـ يىڭنە، ئادىل گىر، چوت، پىكىر دەپتىرى، يۇتۇپ كەتكەن نەرسىلەرنى تونۇپ ئېلىۋېلىش ئورنى قاتارلىق قولايلىق مۇلازىمەت تۈرلىرى تەسىس قىلىنغان؛ دۇكان ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىدىن: پۇل ئېلىپ ئاندىن ئاشلىق بېرىش، يۇقىرى ئاۋازدا ئېلىش ۋە بېرىش، ئاشلىق، ياغ سېتىشتا ئادىل بولۇش، ئاممىنىڭ نەرسىسىنى قىسىپ قالماسلىق تەلەپ قىلىنغان. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر: «گىر، كەمچەنلەردە تولۇق جىڭلاپ بېرىش، توغرا ھېسابلاپ ۋە ئېنىق تاپشۇرۇش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويغان. 1963 ـ يىلى ئاشلىق نازارىتىنىڭ «شەھەر ـ بازاردا ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا بىر قانچە بەلگىلىمە»سىگە ئاساسەن، 2 ـ ئاشلىق دۇكىنى «ئالتىدە ياخشى» ئاشلىق دۇكىنى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ قانات يايدۇرۇپ «بەشتە تەشەببۇسكار بولۇش» (خېرىدارلارنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قىزغىن كۈتۈۋېلىش، خېرىدارلارنىڭ ئاشلىقىنى يۆدۈشكە، ۋېلىسىپىتقا قويۇۋېلىشىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەملىشىش، بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىلەرگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىش، خېرىدارلاردىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن پىكىر ئېلىپ تۇرۇش، ئاشلىقنى پىلانلىق ئىشلىتىش، تېجەپ ئىشلىتىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەشۋىق قىلىش)، «سەككىزنى قىلماسلىق» (ئاممىنىڭ ئاشلىقىنى كەم جىڭلاپ بەرمەسلىك، نورما سىرتىدا ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلىمەسلىك، ئاشلىق پۇلىنى ئارتۇق ئالماسلىق، خېرىدارلار بىلەن تاكاللاشماسلىق، ئارقا ئىشىك قىلىپ ئاشلىق، ياغ ساتماسلىق، خېرىدارلارنىڭ سوۋغىتىنى قوبۇل قىلماسلىق، ئارتۇق چىققان ئاشلىق، ياغ پۇلىنى كەم چىققان ئاشلىق، ياغ پۇلىغا توغرىلاپ قويماسلىق، ئاشلىق، ياغ تاۋارلىرىنى كۆپ يەپ، كۆپ ئىگىلىۋالماسلىق) قاتارلىق خىزمەت تۈزۈملىرىنى تۈزۈپ چىققان. 1989 ـ يىلغىچە ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىلەر، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە 1080 قېتىمدا 60 مىڭ كىلوگرامدىن ئارتۇق ئاشلىق ئاپىرىپ بەرگەن. 1964 ـ يىلدىن ئېتىبارەن ئاشلىق دۇكىنىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر «بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا ئېنىق ئورۇنداش»، «بىر جىڭلاپلا دەل چىقىرىش»نى مەشىق قىلىش ۋە چوت سوقۇش تېخنىكىسىنى پىششىق ئىگىلەش ئارقىلىق، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كەسپىي تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرگەن. 2 ـ ئاشلىق دۇكىنى ئاشلىق، ياغ سېتىش خىزمىتىنى قىزغىن ۋە ئەتراپلىق ياخشى ئىشلەشنى ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشتۇرۇپ، كۆپ قېتىم قەشقەر شەھىرىنىڭ ئاشلىق خىزمىتىدە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالانغان، 1989 ـ يىلى سودا مىنىستىرلىكى، جۇڭگو مالىيە ـ سودا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن مەملىكەتلىك سودا سىستېمىسى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالانغان.

1985 ـ يىلى كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش باشلانغاندىن كېيىن، بۇرۇنقى تىجارەت زالى خەنزۇ ئاشخانىسى، مىللىيچە ئاشخانا، سودا دۇكىنىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئاددىي تاماقلار ۋە قوشۇمچە يېمەكلىكلەر تىجارەت قىلىنغان، شۇنىڭدەك يەنە 110 كۋادرات مېتىرلىق تىجارەتخانا ۋە ئامبار، 40 كۋادرات مېتىرلىق پېچىنە -

پىرەنىك پېششىقلاش ئورنى قۇرۇلۇپ، دەنخۇاڭسۇ، پېچىنە، ئاي توقاچ قاتارلىق يېمەكلىكلەر ئىشلەنگەن، ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى شىنزاڭنىڭ ئالى رايونغىچە سېتىلغان. كۆپ خىل ئىگىلىكتىن يىلىغا 50 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىلغان.

1990 - يىلى دۇكاندا يەتتە نەپەر (ئۈچى خەنزۇ، تۆتى ئۇيغۇر) ئىشچى - خىزمەتچى بولۇپ، بەش ئاھالىلەر نۇقتىسى ۋە 41 كارخانا، كەسپىي ئورۇنغا تەۋە 1400 ئائىلە، 11 مىڭ ئادەمنى ئايدا 155 مىڭ كىلوگرام تەييار ئاشلىق بىلەن تەمىنلىگەن. كۆپ خىل ئىگىلىك تۈرىنى شەھەرلىك ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش - سېتىش شىركىتى ئۆتكۈزۈۋېلىپ بىر تۇتاش باشقۇردى.

## 5. گۇچۇڭ ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ 4 - ئاشلىق دۇكىنى

4 - ئاشلىق دۇكىنى 1959 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، دۇكان ناھىيە بازىرىدىكى غەربىي چوڭ كوچىغا جايلاشقان. دۇكاندا ئىككى خەنزۇ، بىر خۇيزۇ ئىشچى - خىزمەتچى بار، تىجارەت كۆلىمى 48 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ناھىيە بازىرىدىكى 6 -، 7 -، 8 - ئاھالىلەر كومىتېتلىرىدىكى 5100 ئادەمنى ئايدا 65 مىڭ كىلوگرامدىن ئارتۇق ئاشلىق، 1200 كىلوگرام ياغ بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئاشلىق دۇكىنى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە گەرچە شارائىتى ناچار، ئادىمى ئاز بولسىمۇ، لېكىن دۇكان مەسئۇلى يولداش سۇن گۈيلەننىڭ باشچىلىقىدا قۇربان بولغان ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە تەنھا، يېتىم - يېسىر، ياشانغانلارغا ئاشلىق، ياغ يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئۈزۈپ قويماي داۋاملاشتۇرغان. ئۇزلۇكسىز يېڭىلىق يارىتىش ۋە مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، بارلىق خىزمەتچىلەر «بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا ئېنىق ئورۇنداش» (قاراشلىق رايوندىكى ھەر بىر ئائىلىنىڭ جان سانى، ئاشلىق، ياغ نورمىسى ۋە سېتىۋالىدىغان ئاشلىق، ياغنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنى چوت ئىشلەتمەيلا ئېيتىپ بېرىش)، «بىر جىڭلاپلا دەل چىقىرىش» (خېرىدار سېتىۋالىدىغان ئاشلىق سانى بويىچە بىر شازىدىلا دەل چىقىرىش) ماھارىتىنى جاپالىق مەشىق قىلغان ۋە ناھىيە بويىچە بىرىنچى بولۇپ «بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا ئېنىق ئورۇنداش»، «بىر جىڭلاپلا دەل چىقىرىش» مۇلازىمەت تۈرىنى يولغا قويۇپ، ئاممىغا قولايلىق تۇغدۇرغان ۋە خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگەن. 1965 - يىلى 4 - ئاشلىق دۇكىنىغا «ئاپتونوم رايون مالىيە - سودا سىستېمىسى بويىچە ئىلغار ئورۇن» دېگەن نام، 1966 - يىلى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى غەربىي شىمال بيۇروسى تەرىپىدىن «خىزمەت ئىلغارى» دېگەن نام بېرىلگەن، دۇكان مەسئۇلى سۇن گۈيلەنگە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى غەربىي شىمال بيۇروسى تەرىپىدىن «خىزمەت ئىلغارى» دېگەن نام بېرىلگەن.

1967 - يىلى دۇكان كېڭەيتىلىپ تىجارەت كۆلىمى 240 كۋادرات مېتىرغا، ئىشچى - خىزمەتچىسى تۆتكە يەتكەن، بۇنىڭ ئىككىسى خۇيزۇ، ئىككىسى خەنزۇ. دۇكاننىڭ تەمىنلەش دائىرىسىگە كېئولوگىيە 5 - چوڭ ئەترىتى، شەھەر ئەتراپىدىكى كۆكتاتچىلار، باغۇدى فېرمىسى، چارۋىچىلىق ئەترىتى ھەم شىبېيۈەن يېزىسىدىكى غەيرىي دېھقانچىلىق ئائىلىلىرى قوشۇلۇپ، تەمىنلەيدىغان ئائىلە 1123كە، نوپۇس 6300گە، ئايلىق تەمىنلەش مىقدارى 81 مىڭ كىلوگرامدىن كۆپرەككە يەتكەن. بۇ ئاشلىق دۇكىنى ئىنقىلابىي قۇربان بولغان ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، تەنھا، يېتىم - يېسىر، ياشانغانلارغا بىر يىلدا 150 قېتىم، 5000 كىلوگرامدىن ئارتۇق ئاشلىق، ياغ يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇرغان.

1985 - يىلى ئاشلىق دۇكىنى ئالدىنى دۇكان، كەينىنى زاۋۇت قىلىپ قۇرغان، دۇكاندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر يافدا پىشۇرۇلغان باقىلە، نان قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى سېتىپ، ئايدا 1000 يۈەن ئەتراپىدا پايدا ياراتقان. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا دۇكان خىزمەتچىسى بەشكە (بىرى ئۇيغۇر، تۆتى خەنزۇ) يېتىپ، 1746 ئائىلە، 6918 ئادەمنى بىر يىلدا 1 مىليون 100 مىڭ كىلوگرامدىن ئارتۇق ئاشلىق، 18 مىڭ كىلوگرام ياغ بىلەن تەمىنلىگەن.

## 6. غۇلجا شەھەرلىك 7 - ئاشلىق دۇكىنى

7 - ئاشلىق دۇكىنىنىڭ ئەسلى نامى غۇلجا شەھەرلىك ئاياللار ئاشلىق دۇكىنى بولۇپ، 1957 - يىلى 8 - ئايدا قۇرۇلغان، ئورنى ستالىن كوچىسى 87 - نومۇرلۇق قورۇدا ئىدى. بۇ دۇكاننىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك مۇدىرى ئىمھانەم بولۇپ، تۆت ئىشچى - خىزمەتچى بار ئىدى، بۇلارنىڭ بىرى ئۇيغۇر، ئۈچى خەنزۇ بولۇپ، ھەممىسى ئايال ئىدى. دۇكاننىڭ تىجارەت كۆلىمى 40 كۋادرات مېتىر بولۇپ، مۇقىم تىجارەت دائىرىسى يوق ئىدى، ئاھالىلەر ئاشلىقنى كىنىشكا بويىچە سېتىۋالاتتى. 1958 - يىلى دۇكان كېڭەيتىلىپ تىجارەت كۆلىمى 100 كۋادرات مېتىرغا يەتكۈزۈلگەن، نامى «8 - مارت» قىزىل بايراق ئاشلىق دۇكىنىغا ئۆزگەرتىلگەن، ئىشچى - خىزمەتچىسى بەشكە يەتكۈزۈلگەن. تەمىنلەش دائىرىسى ستالىن كوچىسى، ئەخمەتجان كوچىسى، دەريا بويى يولى قاتارلىق مەھەللىلەردىكى 5000 دىن ئارتۇق ئادەم ۋە 23 مېھمانساراي، مېھمانخانا، ئاشخانا بولۇپ، ئېيىغا 73 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق، 2200 كىلوگرام ياغ بىلەن تەمىنلىگەن. شۇ يىلدىن ئېتىبارەن ئۇلار مەخسۇس قول ھارۋىسى تەييارلاپ، ئىنقىلابىي قۇربان ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، تەنھا، يېتىم - يېسىر، ياشانغانلار ۋە ئەر - خوتۇن خىزمەت قىلىدىغان ئائىلىلەرگە ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىش مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، شۇ يىلى 300 قېتىمدا 24 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق، 240 كىلوگرام ياغ يەتكۈزۈپ بەرگەن. بۇ خىل مۇلازىمەتنى 1990 - يىلغىچە ئۈزمەي داۋاملاشتۇرغان. مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئاممىنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىشىغا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، دۇكاندىكى مۇلازىمەت پەشتىقىدا يىپ، يىڭنە، گېزىت، چاي، ئادىل كىر، باھا جەدۋىلى قاتارلىقلار خېرىدارلارنىڭ پايدىلىنىشىغا تەييارلاپ قويۇلغان. دۇكاندىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەر يەنە خېرىدارلارغا ياردەملىشىپ ئاشلىقنى يۈدكۈزۈپ قويۇش، ۋېلىسىپىتىگە ئېلىشىپ بېرىش، يىرتىلغان خالتىنى ياماپ بېرىش، ئۆيىگە بېرىپ بىلەت كېسىش، ئالدىن كېلىشىپ ئاشلىق سېتىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. 1959 - يىلى دۇكاننىڭ نامى غۇلجا شەھەرلىك 7 - ئاشلىق دۇكىنىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958 — 1963 - يىلغىچە ئاشلىق دۇكىنى غۇلجا شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى تەرىپىدىن ئۈدا ئالتە قېتىم ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالانغان. ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئاياللار بىرلەشمىسى ۋە غۇلجا شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسىمۇ لەۋھە تەقدىم قىلىپ تەقدىرلىگەن. 1963 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ۋە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى 7 - ئاشلىق دۇكىنىغا «ئالتىدە ياخشى» ئاشلىق دۇكىنى دەپ نام بەرگەن. 1984- يىلى ئاشلىق نازارىتى 7 - ئاشلىق دۇكىنىغا يەنە «ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ نام بەرگەن.

1984 - يىلى ئاشلىق دۇكىنى ئالدىنى دۇكان، كەينىنى زاۋۇت قىلىپ، 13 مىڭ 711 كىلوگرام ئاشلىقنى پىششىق يېمەكلىك، تەقلىدىي يېمەكلىككە ئايلاندۇرۇپ، ئاممىنى تەمىنلەپ، بىر يىلدا 5000 يۈەن پايدا ياراتقان. 1990 - يىلى ئاشلىق دۇكىنى ئالدىنى دۇكان، كەينىنى زاۋۇت قىلىش ئارقىلىق يېمەكلىكنىڭ تۈرىنى 23 خىلغا، مىقدارىنى 7000 كىلوگرامغا يەتكۈزۈپ، ئېيىغا 3000 يۈەندىن پايدا ياراتقان.

1990 - يىل 9 - ئايدا ئاشلىق دۇكىنى يېڭىدىن سېلىنغان غۇلجا شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئورگىنى بىناسىنىڭ 1 - قەۋىتىگە كۆچۈپ كىرگەن. تىجارەت ئورنىنىڭ كۆلىمى 190 كۋادرات مېتىرغا، ئىشچى - خىزمەتچىسى سەككىز (تۆتى ئۇيغۇر، تۆتى خەنزۇ) گە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي تىجارەت خادىمى ئۈنۋانى ئالغىنى بىر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تىجارەت خادىمى ئۈنۋانى ئالغىنى يەتتە بولۇپ، ستالىن كوچىسى، ئەخمەتجان كوچىسى، دەريا بويى يولى، ياشلار يولى، ئالغا كوچىسىدىكى 4186 ئائىلە، 14 مىڭ 887 ئادەمنى ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلىگەن، ئېيىغا 170 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق، 3700 كىلوگرام ياغ بىلەن تەمىنلىگەن.

## 7. پىچان ناھىيىلىك «8 - مارت» ئاشلىق دۇكىنى

پىچان ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ «8- مارت» ئاشلىق دۇكىنى ئەسلى شەھەر ئەتراپى ئاشلىق دۇكىنى

بولۇپ، 1960 - يىلى 4 - ئايدا مۇشۇ نامغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇ دۇكان پىچان ناھىيىسىنىڭ كوناشەھەر يولىدىكى 51 - نومۇرلۇق قورۇغا جايلاشقان، دۇكاندا توققۇز ئىشچى - خىزمەتچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالتىسى خەنزۇ، ئۈچى خۇيزۇ ئىدى، تىجارەت كۆلىمى 150 كۇۋادرات مېتىر بولۇپ، ناھىيە بازىرى رايونىدىكى 3069 ئائىلە، 5202 ئادەمنى تەمىنلەيتتى، ئېيىغا 72 مىڭ 800 كىلوگىرام ئاشلىق، 1301 كىلوگىرام ياغ بىلەن تەمىنلىگەن. 1984 - يىلى ئاشلىق دۇكىنى ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ يېنىدىكى (ھازىرقى كونا شەھەر يولى 49-نومۇر) تىجارەت كۆلىمى 180 كۇۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئۆيگە كۆچكەن. دۇكاندىكى ئىشچى - خىزمەتچى 16گە، تەمىنلەيدىغان نوپۇس 14 مىڭ 744كە يەتكەن، ئېيىغا 153 مىڭ 600 كىلوگىرام ئاشلىق بىلەن تەمىنلىگەن. دۇكان قۇرۇلغاندىن باشلاپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر پىشقەدەم كادىرلار، بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىلەر، تەنھا، يېتىم - يېسىر، ياشانغانلارغا ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغان ۋە ناھىيە بازىرىدىن 12 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئارمىيىگە، 50 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ناھىيىلىك كۆمۈركان قاتارلىق ئورۇنلارغا ئاشلىق، ياغ يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئۈزۈپ قويماي داۋاملاشتۇرۇپ، 32 يىلدا 5 مىليون 376 مىڭ كىلوگىرام ئاشلىق، 134 مىڭ 400 كىلوگىرام ياغ يەتكۈزۈپ بەرگەن. 1964-يىلى ئالاقىدار تارماقلار مۇشۇ ئاشلىق دۇكىنىنىڭ «ئەلا مۇلازىمەت قىلىش، ئىش ئورنىدا لېي فېڭدىن ئۆگىنىش»نى خام ماتېرىيال قىلىپ، «ئاشلىق دۇكىنىدىكى يېڭى كەيپىيات» ناملىق درامىنى ئىشلەپ ناھىيىلىك تىياتىرخانىدا ئوينىغاندىن كېيىن ھەر ساھەدە زىلزىلە پەيدا قىلغان. 1960 - يىلى «8 - مارت» ئاشلىق دۇكىنىغا ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن «ئاشلىق سىستېمىسىدىكى ئىلغار ئورۇن» دەپ نام بېرىلگەن. مەزكۇر دۇكاننىڭ تىجارەت خادىمى ليۇگۈيلەن (ئايال) ئادەتتىكى ئىش ئورنىدا «بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېنىق ئورۇنداش»، «بىر جىڭلاپلا دەل چىقىرىش» ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈپ، 1966 - يىلى شەرەپلىك ھالدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى غەربىي شىمال بيۇروسى چاقىرغان غەربىي شىمال رايونى مالىيە - سودا سىستېمىسى بويىچە ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسلەر ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتناشقان. 1978 - يىلى ليۇ گۈيلەن 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلانغان.

1979 - يىلدىن ئېتىبارەن ئاشلىق دۇكىنى ئالدىنى دۇكان، كەينىنى زاۋۇت قىلىپ كەسمە چۆپ، نان قاتارلىق تەقلىدىي بۇيۇم، پىشۇرۇق يېمەكلىك ۋە كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا دۇكاندىكى ئىشچى - خىزمەتچى 14كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر بەش، خەنزۇ بەش، خۇيزۇ تۆت، بۇ دۇكان شەھەر ئاھالىلىرىدىن 2109 ئائىلە، 9238 ئادەمنى نورمىلىق ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەشنى زىممىسىگە ئالغان، ئېيىغا 163 مىڭ 100 كىلوگىرام ئاشلىق، 3250 كىلوگىرام ياغ، 18 مىڭ كىلوگىرام كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، 11 مىڭ كىلوگىرام يەم - بوغۇز بىلەن تەمىنلەپ، ئايدا 6227 يۈەن پايدا ئېلىپ كەلگەن.

## 8. بۈگۈر ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ناھىيە بازىرى ئاشلىق دۇكىنى

بۈگۈر ناھىيىلىك ناھىيە بازىرى ئاشلىق دۇكىنى 1960 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئورنى ھازىرقى ناھىيىلىك مېھمانسارايى قورۇسىدا ئىدى. دۇكاندا ئالتە ئىشچى - خىزمەتچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچى ئۇيغۇر، ئۈچى خەنزۇ ئىدى. تىجارەت كۆلىمى 65 كۇۋادرات مېتىر بولۇپ، ناھىيە بازىرىنىڭ تۆت كوچىسىدىكى 1034 ئائىلە، 5330 ئادەمنى نورمىلىق ئاشلىق، ياغ بىلەن، يەنە 12 ئاشپۇزۇل، مېھمانخانىنى كىرەكلىك ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەيتتى. ئېيىغا 100 مىڭ كىلوگىرام ئاشلىق، 5000 كىلوگىرام ياغ بىلەن تەمىنلەيتتى.

1975 - يىلى باشقا جايغا يېڭىدىن ئاشلىق دۇكىنى سېلىندى. تىجارەت كۆلىمى 150 كۇۋادرات مېتىرغا، ئىشچى - خىزمەتچىسى 11گە يەتكەن، ئۇنىڭ ئالتىسى ئۇيغۇر، بەشى خەنزۇ ئىدى. ئاشلىق، ياغ بىلەن نورمىلىق

تەمىنلىنىدىغان ئائىلە 2253كە، ئادەم 9376گە، ئايلىق تەمىنلەش مىقدارى 185 مىڭ كىلوگىرامغا يەتكەن. ئاشلىق دۇكىنى ھەربىيلەر، ئىنقىلابىي قۇربان ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، تەنھا، يېتىم - يېسىر، ياشانغانلارغا ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىشنى كۆپ يىلدىن بۇيان چىڭ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، 1976 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى تەرىپىدىن «ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار ئاشلىق دۇكىنى» دەپ نام بېرىلگەن.

1985 - يىلى ئاشلىق دۇكىنى ئالدىنى دۇكان ، كەينىنى كارخانا قىلىپ، كەسمە چۆپ، تېز تاماق، هورنان قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى ئىشلەپ ئاممىنى تەمىنلەپ، ئېيىغا 2000 يۈەن ئەتراپىدا پايدا ياراتقان. 1990- يىلى ئاممىنى تەمىنلەيدىغان يېمەكلىك تۈرىنى سەككىزگە، ئايلىق پايدىسىنى 7000 يۈەنگە يەتكۈزگەن. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاشلىق دۇكىنىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 16غا يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر سەككىز، خەنزۇ يەتتە، خۇيزۇ بىر. تىجارەت كۆلىمى 330 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، ناھىيە بازىرىنىڭ 11 كوچىسىدىكى 3568 ئائىلە، 12 مىڭ 785 ئادەمنى نورمىلىق ئاشلىق، ياغ بىلەن، 21 ئاشپۇزۇل، مېھمانخانىنى كېرەكلىك ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەيدىغان بولغان، ئېيىغا 305 مىڭ كىلوگىرام ئاشلىق، 26 مىڭ كىلوگىرام ياغ بىلەن تەمىنلىگەن.

## 9. قۇمۇل شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ 1 - ئاشلىق دۇكىنى

قۇمۇل شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ 1 - ئاشلىق دۇكىنى 1958 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەرقىي «ئازادلىق» يولىدىكى 13 - نومۇرلۇق قورۇغا جايلاشقان، 3 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى، تىجارەت كۆلىمى 142 كۋادرات مېتىر بولۇپ، شەھەر رايونىنىڭ ئىككى كوچىسىدىكى ئاھالىنى نورمىلىق ئاشلىق، ياغ بىلەن، ئاشپۇزۇل، مېھمانخانا، ئاشخانىلارنى ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەيتتى. 1984- يىل 2 - ئايدا ئاشلىق دۇكىنى كېڭەيتىلگەندىن كېيىن تىجارەت كۆلىمى 225 كۋادرات مېتىرغا، ئىشچى- خىزمەتچىسى 8 گە يەتكەن. 1988 - يىلى ئاشلىق دۇكىنى تەمىنلەيدىغان ئائىلە 3129غا، ئادەم 10 مىڭ 71گە، ئايلىق تەمىنلەش مىقدارى 144 مىڭ 600 كىلوگىرامغا يەتكەن.

1985 - يىلى ئاشلىق دۇكىنى ئالدىنى دۇكان، كەينىنى كارخانا قىلىپ نان، هورنان، پىلتە قۇيماق، ماخۇا، يۇگاۋ قاتارلىق پىششىق يېمەكلىكلەردىن 335 مىڭ كىلوگىرام سېتىپ، ئېيىغا 10 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا پايدا ئالغان. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا دۇكان ئىشچى - خىزمەتچىسى 16گە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر بەش، خەنزۇ توققۇز، خۇيزۇ ئىككى. بۇ دۇكان 3231 ئائىلە، 10 مىڭ 251 ئادەمنى نورمىلىق ئاشلىق، ياغ بىلەن، 10 ئاشپۇزۇل، ئالتە ئاشخانا، ئىككى مېھمانخانىنى كېرەكلىك ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلىگەن. بىر قانچە يىلدىن بۇيان، ئاشلىق دۇكىنى تەنھا، يېتىم - يېسىر، ياشانغانلارنىڭ ئاشلىقىنى يەتكۈزۈپ بېرىش، كىر - قاتلىرىنى يۇيۇپ بېرىشتەك ياخشى ئىشلارنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، كۆپ قېتىم شەرەپ بىلەن ۋىلايەت، شەھەر دەرىجىلىك ئىلغار ئاشلىق دۇكىنى دېگەن نامغا ئېرىشكەن.

# 2 § . ئاشلىق پونكىتلىرىنى تاللاپ تونۇشتۇرۇش

## 1. تۇرپان شەھىرى يالقۇنتاغ ئاشلىق پونكىتى

يالقۇنتاغ ئاشلىق پونكىتى «ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى» ئەتراپىغا جايلاشقان بولۇپ، ئەسلىدە ئاستانە ئاشلىق پونكىتى دەپ ئاتىلاتتى، بۇ پونكىت 1953 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، تۇرپان شەھەرلىك ئاشلىق

ئىدارىسىنىڭ ئەڭ بالدۇر قۇرۇلغان يېزا ئاشلىق پونكىتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ئاستانە، قاراغوجا (يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى 5 - رايون بولۇپ، كېيىن يالقۇنتاغ خەلق كوممۇنىسى بولغان) يېزىلىرىنىڭ ئاشلىق، يېغىنى سېتىۋېلىش، تەمىنلەش ۋە ساقلاش - باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان. پونكىتتا 8 ئىشچى - خىزمەتچى بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر، 29 ئېغىز ئاشلىق ئامبىرى بولۇپ، 1 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق سىغىدۇ.

يالقۇنتاغ ئاشلىق پونكىتى 1958 - يىلدىن ئېتىبارەن دۆلەتنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش، تەمىنلەش، ساقلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، ئاشلىق خىزمىتىگە بىرلەشتۇرۇپ جان - دىلى بىلەن دېھقانچىلىق ئۈچۈن، كۆكتىي ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، شۇ جايدىكى پارتكوم تەرىپىدىن «ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ياخشى مەسلىھەتچىسى، دېھقانلارنىڭ قەلبىدىكى» دەپ تەرىپلەنگەن. 1964 - يىلى ئاشلىق نازارىتى تەرىپىدىن «بەشتە ياخشى» ئاشلىق پونكىتى دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلگەن. 1966 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە - سودا سېپىدىكى 20 قىزىل بايراقنىڭ بىرى، غەربىي شىمال رايونىنىڭ مالىيە - سودا سېپىدىكى 30 قىزىل بايراقنىڭ بىرى بولۇپ باھالىنىپ، شەرەپ بىلەن غەربىي شىمال بيۇروسى چاقىرغان مالىيە - سودا سېپىدىكى ئىلغارلار ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتناشقان. «جۇڭگو مالىيە - سودا گېزىتى» يالقۇنتاغ ئاشلىق پونكىتىنىڭ دېھقانچىلىققا ياردەم بېرىش، يېزا خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى ئىلغار ئىش - ئىزلىرىنى تونۇشتۇرغان. ئاشلىق نازارىتى ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق سىستېمىسىغا يالقۇنتاغ ئاشلىق پونكىتىدىن ئۆگىنىش چاقىرىقىنى چىقارغان.

يالقۇنتاغ ئاشلىق پونكىتىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان خىزمەتنى ياخشى ئىشلىشى ئاساسەن پونكىتتىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئىنتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغانلىقىدىن بولغان. ئاشلىق پونكىتىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر دېھقانچىلىق ۋە شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا پىششىق بولۇپ، دېھقانلار بىلەن قان بىلەن گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقان. پېشقەدەم پونكىت باشلىقى كۆۋر روزى يېزا كادىرلىرى ئارىسىدىن تاللاپ ئۆستۈرۈلگەن، ئاشلىق پونكىتىدا ئازكەم 10 يىل ئىشلىگەندىن كېيىن كوممۇنىنىڭ باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن؛ ئۇنىڭدىن كېيىنكى پونكىت باشلىقى خالىق ھېۋزۇل 50 - يىللاردىلا ئاشلىق پونكىتىنىڭ بوغالتىرى ئىدى، پونكىتقا كەلگەندىن تارتىپ قىرىپ پېنسىيىگە چىققانغا قەدەر 30 نەچچە يىل ئىشلەپ، يېزا ئاشلىق خىزمىتى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلغان. ئامبارچى رەجەپ قۇربان ئاشلىق پونكىتىدا بىر ئۆمۈر ئامبارچىلىق قىلغان، ئۇ ئاشلىق پونكىتىنى ئۆز ئائىلىسىدەك، دۆلەت ئامبىرىدىكى ئاشلىقنى جېنىدەك بىلگەن، ئەمگەك قورالىنى ھەرگىز قولىدىن چۈشۈرمىگەن، ئاشلىق ئەھۋالىنى دائىم تەكشۈرۈپ، ئاشلىقنى ئۆرۈپ، ئاشلىق يۈزىنى تەكشىلەپ، ئاشلىقنى يەرلىك ئۇسۇلدا ساقلاشنىڭ بىر يۈرۈش تەجرىبىسىنى يەكۈنلەپ چىققان، ئۇ ساقلىغان 10 مىليون جىڭچە ئاشلىقتا بىرەر قېتىممۇ پالاپ بۇزۇلۇش ئەھۋالى كۆرۈلمىگەچكە، ئۇ كىشىلەر تەرىپىدىن پېشقەدەم ئامبارچى، پېشقەدەم ئىلغار دەپ تەرىپلەنگەن. پونكىتتىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆز خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئىشلىگەندىن سىرت، يىل بويى جىسمانىي ئەمگەككە قاتنىشىپ تۇرغان، كېسەك قۇيۇپ ئامبارلارنى رېمونت قىلغان، ئاشلىقنى ئۆرۈپ ئاپتاپقا سالغان، ماشىنىدىن يۈك چۈشۈرگەن ۋە ماشىنىغا يۈك قاچىلىغان، تاغارلارنى يامىغان، بۇ جەرياندا قىلچە زارلانمىغان، ئۆزلىرى قىلالايدىغانلىكى ئىشلارنى باشقىلارغا قىلدۇرماي، دۆلەتكە نۇرغۇن چىقىم تېجەپ بەرگەن.

يالقۇنتاغ ئاشلىق پونكىتىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر خىزمەت ئەمەلىيىدە، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەقسىماتنى بەلگىلەيدىغانلىقىدەك قائىدىنى چوڭقۇر بىلگەن، شۇڭا ئۇلار دېھقانچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىشنى ئۆزلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان خىزمىتى بىلىپ، تىرىشىپ ياخشى ئىشلىگەن. پونكىت باشلىقىدىن بوغالتىر، ئامبارچى، يېزا ئىگىلىك خادىمىغىچە دائىم ئەترەتلەرگە چۈشۈپ تۇرغان، يازنىڭ پىژغىرىم ئاپتاپ

كۆنلىرى بولسۇن، ياكى زىمىستان قىش كۈنلىرى بولسۇن، دائىم پىيادە ياكى ئېشەككە، ۋېلسىپىتكە مىنىپ ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە، ئېتىزلارغا، خامانلارغا، ئامبارلارغا بېرىپ تەكشۈرۈپ ئەھۋال ئىگىلەپ تۇرغان، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ باشلانغاندا، ئۇلار ئەترەتلەرگە چۈشۈپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ياردەملەشكەن؛ يازلىق يىغىم ۋاقتىدا، ئۇلار ئەترەتلەرگە چۈشۈپ ئورمىغا قاتناشقان ۋە ئۇلاغ ئورۇنلاشتۇرۇپ خامان تېپىشنى تېزلىتىشكە ياردەملەشكەن. مەھسۇلاتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلار خامانلاردا يېتىپ - قوپۇپ، ئاشلىق گىرلاش، ھېساب خاتىرىلەشكە ياردەملەشكەن. ئاشلىق سېتىۋېلىپ ئامبارلاشتۇرۇش ۋاقتىدا، ئۇلار يەنە خامانلارغا بېرىپ، ئاشلىق سۈپىتىنى تەكشۈرگەن، قاچىلاش قوراللىرى ۋە ترانسپورتنى ئەمەلىيلەشتۈرگەن.

ھەر يىلى كۈزلۈك يىغىمدىن كېيىن، ئاشلىق پونكىتىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر يەنە كۆپ قېتىم ئەترەتلەرگە چۈشۈپ مەھسۇلات سانىنى ئېنىقلاپ، «ئۈچ قالدۇرۇش» (ئۇرۇقلۇق ئاشلىق، ئوزۇقلۇق، يەم - بوغۇز قالدۇرۇش) نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مەھسۇلات، قالدۇرۇش، سېتىۋېلىشنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ، مەھسۇلات ئېنىق، ئاشلىق قالدۇرۇش ئەمەلىيلەشكەن، سېتىۋېلىش مۇۋاپىق بولۇپ، دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخستىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مەنپەئەتىگە تەڭ ئېتىبار بېرىش مەقسىتىگە يەتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ تەقسىمات قىلىشى ۋە كوللېكتىپتا قالدۇرۇلغان ئاشلىقنى ساقلاش - باشقۇرۇشقا ئاشلىق كىرىم - چىقىمى ھەققىدە تۈزۈم تۇرغۇزۇپ، مەخسۇس ئامبارا ساقلاش، مەخسۇس ئاشلىقنى مەخسۇس ئىشلىتىش، مەخسۇس ھېسابقا خاتىرىلەش، مەخسۇس ئادەم مەسئۇل بولۇش، قەرەللىك ئىدىتلاپ تۇرۇش ئارقىلىق سانى ئېنىق، ھېسابات بىلەن ئاشلىق ئوخشاش بولۇش مەقسىتىگە يېتىشكە، ھېساباتنى گوڭشې ئەزالىرىغا ئېلان قىلىپ، ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىپ تۇرۇشقا ياردەملەشكەن. ئاشلىق پونكىتى ھەر يىلى يەنە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ ئاشلىق باشقۇرۇش خادىملىرىنى يىغىپ تەربىيىلەپ، ئاشلىق ساقلاش تېخنىكىسىنى ئۆگەتكەن. ھەر يىلى ئاشلىقتا ئاسانلا ھاشارات چۈشىدىغان، ئاشلىق بۇزۇلۇپ قالىدىغان ئەتىياز، كۈز پەسىللىرىدە ئاشلىق پونكىتىنىڭ ئامبارچىسى تېرمومېتىر ۋە باشقا قورال - سايمانلىرىنى ئېلىپ ئەترەتلەرگە چۈشۈپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدە ساقلىنىۋاتقان ئاشلىقلارنى تەكشۈرۈپ تۇرغان. يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئاشلىق پونكىتى يەنە ئۇرۇقلۇق ئامبىرى تەسىس قىلىپ، ھەر يىلى بىر قىسىم ئۇرۇقلۇقنى زاپاس ساقلىغان ھەمدە باشقا جايلاردىن ئەلا سورتلۇق ئۇرۇقلۇق كىرگۈزۈپ سىناپ تېرىغان ۋە ئومۇملاشتۇرغان. ئاپەت بولغان يىللىرى ۋە ھەر يىلى سېرىقتال مەزگىللىرىدە، ئەترەتلەرگە چۈشۈپ گوڭشې ئەزالىرى ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنىڭ ئىستېمال قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ئاشلىقنى پىلانلىق ئىشلىتىش، تېجەپ ئىشلىتىش سىياسىتىنى تەشۋىق قىلغان، ئاشلىقى يېتىشمىگەن ئەترەت ۋە ئائىلىلەرگە بېرىپ، ئاشلىق يېتىشمەسلىكتىكى سەۋەبلەرنى تېپىپ، ئۇنى ۋاقتىدا يۇقىرىغا مەلۇم قىلىپ، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ ئاشلىق يېتىشمەي ئاچ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان.

80 - يىللارغا كىرگەندىن كېيىن، ئاشلىق پونكىتى ئاشلىق ئىسلاھاتى سىياسىتىگە ئاساسەن، ئاشلىق، ياغنى كېلىشىپ سېتىۋېلىش، كېلىشىپ سېتىش كەسپىنى پائال قانات يايدۇرۇش، كىچىك ياغ زاۋۇتى قۇرۇش، دېھقانلارغا ئۇن تارتىپ بېرىش، قوي، كالا بورداش، دۇكان ئېچىش قاتارلىق كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، 1988 - يىلى 17 مىڭ 411 يۈەن، 1989 - يىلى 32 مىڭ 606 يۈەن، 1990 - يىلى 29 مىڭ 15 يۈەن پايدا ياراتقان.

## 2. چۆچەك شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى چاشا يېزىلىق ئاشلىق پونكىتى

چاشا يېزىلىق ئاشلىق پونكىتى 1962 - يىلى قۇرۇلغان. 1966 - يىل 5 - ئايدا شەرق شامىلى

گۈللىنىشىنىڭ بىر چېتىدىكى قاقاس يەرگە ئامبار سېلىنغان، يىل ئاخىرىدا ئاشلىق پونكىتى قايباش كەنتىدىن يېڭى ئورۇنغا كۆچۈپ كەلگەن، تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ نامى ئۆزگەرگەنلىكى ئۈچۈن پونكىتنىڭ نامىمۇ شەرق شامىلى ئاشلىق پونكىتىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1987 - يىلى يەنە چاشا يېزىلىق ئاشلىق پونكىتىغا ئۆزگەرتىلگەن. پونكىتتا ئالتە ئىشچى - خىزمەتچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچى خەنزۇ، ئۈچى قازاق، 6 كورپۇس ئاددىي ئامبار بولۇپ، 2 مىليون كىلوگرام ئاشلىق سىغىدۇ. 1970 - يىلى پونكىتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر «ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش» روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزلىرى قول سېلىپ ئالتە كورپۇس بادالڭ ياساپ، ئامبار سىغىمىنى 360 مىڭ كىلوگرام كۆپەيتكەن. 1967— 1977 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئاشلىق پونكىتى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ 30 نەچچە ئامبارچىسىنى تەربىيىلەپ بېرىپ، ئەترەتلەرنىڭ ئاشلىق ساقلاش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، چەتچىبېك، ئۆگىزتام كەنتلىرىگە ياردەملىشىپ بىردىن تۈگمەن قۇرۇپ بېرىپ، ئاممىنىڭ ئۇن تارتىشىغا قولايلىق تۇغدۇرغان.

1977 - يىل 6 - ئايدا پونكىت باشلىقى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك يارىتىش، پونكىتنى تىرىشچانلىق ئىقتىسادچىللىق بىلەن باشقۇرۇش فاڭجېنىدا ئۇزۇن مۇددەت چىڭ تۇرۇپ، ئەلا نەتىجىلەرنى ياراتقانلىقى ئۈچۈن، سودا مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «ئىككىدىن ئۆگىنىش» (داچىڭدىن، داجەيدىن) تە ئىلغار ئورۇن دەپ، 1978 - يىل 3 - ئايدا يەنە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن «ئىككىدىن ئۆگىنىش»تە ئىلغار ئورۇن دەپ نام بېرىلگەن. 1980 - يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ «ئاشلىق سىستېمىسىدىكى ئىلغار كارخانا (ئورۇن) ۋە ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار»ىدا يەنە ئىلغار ئورۇن دەپ نام بېرىلگەن. 1981 - يىلى چاشا يېزىلىق ئاشلىق پونكىتى يەنە بىر قېتىم ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق سىستېمىسى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالانغان. 1983 - ۋە 1984- يىللىرى چاشا يېزىلىق ئاشلىق پونكىتى «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرى دېگەن نامغا ۋە «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرى بەرپا قىلىشتا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشكەن.

1986 - يىلدىن ئېتىبارەن ئاشلىق پونكىتى ھەر يىلى ئاما ئارىسىدىن بىردىن ئىككىگىچە ئىناۋىتى يۇقىرى دېھقاننى ۋەكىل بولۇپ پونكىتنىڭ خىزمىتىنى، بولۇپمۇ ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىپ تۇرۇشقا تەكلىپ قىلغان.

1985 - يىلى ئاشلىق پونكىتى كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا كىرىشكەن. ئاساسەن چوڭ، كىچىك تراكتور، ئۈچ چاقلىق ھارۋا، موتسىكلىت، گېنېراتور، سۇ پومپىسى، دان ئايرىش ماشىنىسى، ئاپتاپپەرەس تېپىش ماشىنىسى، دورا پۈركۈگۈچ قاتارلىق دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنى سېتىپ، شۇ يىلىلا 500 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پايدا يارىتىپ، ئاپتونوم رايون ئاشلىق سىستېمىسى بويىچە كۆپ خىل ئىگىلىكتە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالانغان.

1990 - يىلى ئاشلىق پونكىتىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 15كە كۆپەيتىلگەن، ئۇنىڭ بىرى ئۇيغۇر، ئىككىسى قازاق، 12 سى خەنزۇ ئىدى. ئومۇمىي سىغىمى 8 مىليون 500 مىڭ كىلوگراملىق 7 كورپۇس ئۆلچەملىك ئامبار سېلىنغان. بىر يىلدا سېتىۋالىدىغان مۇقىم باھالىق ئاشلىق 8 مىليون 300 مىڭ كىلوگرام، كېلىشىم باھالىق ئاشلىق 4 مىليون كىلوگرام، مۇقىم باھالىق ياغلىق دان 600 مىڭ كىلوگرام، كېلىشىم باھالىق ياغلىق دان 2 مىليون 400 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، ئۆز يېزىسىدىكى غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسىدىن 236 ئائىلە، 516 ئادەمنى بىر يىلدا 90 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق، 2100 كىلوگرام ياغ بىلەن تەمىنلىگەن.

## 3. ئۈرۈمچى ناھىيىسى داۋانچىڭ ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش - سېتىش پونكىتى

داۋانچىڭ ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش - سېتىش پونكىتى ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ داۋانچىڭ بازىرىدا بولۇپ،

ئۈرۈمچى شەھىرىدىن 86 كىلومېتىر يىراقلىقتا. داۋانچىڭ قەدىمىي يىپەك يولىدىكى مۇھىم ئۆتەڭلەرنىڭ بىرى ئىدى. چيەنلۇڭنىڭ 56 ـ يىلى (1791 ـ يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى داۋانچىڭدا تەمىنات خادىمى باشلىق تەسىس قىلىپ، بىر تەمىنات خادىمى، 8 ئۇلاغ ئىشلەتكۈچى تۇرغۇزغان. 5 ئېغىز ئاشلىق ئامبىرى سالغان، ئۇنىڭغا 1000 دادەن ئاشلىق سىغاتتى. مىنگو دەۋرىدە داۋانچىڭ ئاشلىق ئامبىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئامبارنىڭ بىر تارمىقى بولغان. 1949 ـ يىلى ئۇ يەردە ئۈچ بادالڭ، 11 ئېغىز ئامبار بولۇپ، سىغىمى 2440 دادەنگە يېتەتتى. 1954 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئۈرۈمچى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، داۋانچىڭ ئامبىرى ئۈرۈمچى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ داۋانچىڭ رايونىدىكى ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش ـ سېتىش پۇنكىتى بولغان. پۇنكىتتا 4 ئىشچى ـ خىزمەتچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككىسى خەنزۇ، ئىككىسى خۇيزۇ ئىدى. بۇ پۇنكىت داۋانچىڭ رايونىدىكى دۇڭگۇ يېزىسى، شىگۇ يېزىسى، سايئوپۇ يېزىسى، ئاقسۇ يېزىسى، داۋانچىڭ بازىرى، كۆنگەيسۇ فېرمىسى، سايئوپۇ ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش ۋە تەمىنلەش خىزمىتىنى باشقۇراتتى. دېھقانلارنىڭ يېقىن يەردە ئاشلىق، ياغ تاپشۇرۇشى، چارۋىچىلار ۋە باشقا غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسىنىڭ يېقىن يەردىن ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلىنىشىگە قولايلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، 1957 ـ يىلى سايئوپۇ ۋە دۇڭگۇدا بىردىن تارماق پۇنكىت، 1982 ـ يىلى كۆنگەيسۇدا بىر تارماق پۇنكىت، 1988 ـ يىلى ئاقسۇدا بىر تارماق پۇنكىت قۇرۇلغان. 1954 — 1990 ـ يىلغىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر يىلدا 1 مىليون 240 مىڭ كىلوگرامدىن ئاشلىق سېتىۋېلىنىپ تۇرغان، شەھەر ـ بازار نوپۇسىدىن 1295 ئادەم، چارۋىچىلاردىن 3457 ئادەم بىر يىلدا 1 مىليون 110 مىڭ كىلوگرام ئوزۇقلۇق ئاشلىق، يەم ـ بوغۇز بىلەن تەمىنلىنىپ تۇرغان.

1958 — 1964 ـ يىلغىچە چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا سېلىنغان 11 ئېغىز ئامبار چېقىۋېتىلىپ، يېڭىدىن ئۈچ كورپۇس ياغاچ ـ تاش قۇرۇلمىلىق، 1 مىليون 750 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق سىغدۇرغان ئامبار ھەم ئىشخانا، ماگىزىن قاتارلىق مۇئەسسەسەلەر سېلىنغان. 1975 — 1990 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئاشلىق پۇنكىتى ۋە تارماق پۇنكىتلارنىڭ تىجارەت شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، يېڭىدىن خىش قۇرۇلمىلىق، 6 مىليون كىلوگرام ئاشلىق سىغدۇرغان ئامبار سېلىنغان. ئۇنىڭ ئىچىدە دۇڭگۇ تارماق پۇنكىتىغا سېلىنغىنى 3 مىليون 500 مىڭ كىلوگراملىق، ئاقسۇ، كۆنگەيسۇ، سايئوپۇدىكى تارماق پۇنكىتلارغا 500 مىڭ كىلوگراملىقتىن، داۋانچىڭ ئاشلىق پۇنكىتىغا 1 مىليون كىلوگراملىق ئامبار سېلىنغان.

داۋانچىڭ ئاشلىق پۇنكىتى ئۈرۈمچى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى بويىچە كۆپ خىل ئىگىلىكنى قانات يايدۇرۇشتىكى ئىلغار پۇنكىتلارنىڭ بىرى. بۇ ئاشلىق پۇنكىتى 50 ـ يىللاردىن تارتىپلا ئاشلىق، ياغلىق دان زىرائىتى ۋە بېدە تېرىش، چوشقا، قوي، توخۇ بورداش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. 1958 ـ يىلى ئۆز مەبلىغى بىلەن دۇڭگۇ تارماق پۇنكىتتا ئۈچ تۇلۇك تۈگمەننى قۇرۇپ، كۈنىگە 600 كىلوگرام بۇغداينى تارتقان، «ئىشلەپچىقىرىش» ماركىلىق ياغ تارتىش ماشىنىسىدىن ئۈچنى قۇراشتۇرۇپ، كۈنىگە 150 كىلوگرام ياغ تارتقان. 1959 ـ يىلى ئۈرۈمچى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئۈلانبايدا ياغ زاۋۇتى قۇرۇشىنى قوللاش يۈزىسىدىن دۇڭگۇ ئۇن، ياغ زاۋۇتىنى توختىتىلىپ، ئۇنىڭ ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلىرى ئۈلانباي ياغ زاۋۇتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. 1978 ـ يىلى داۋانچىڭ ئاشلىق پۇنكىتى يەنە ئۆز مەبلىغى بىلەن دۇڭگۇ تارماق پۇنكىتتا كىچىك ياغ زاۋۇتى قۇرۇپ، 95لىك ياغ تارتىش ماشىنىسىدىن ئىككىنى قۇراشتۇرۇپ، كۈنىگە 250 كىلوگرام ياغ تارتقان. 1986 ـ يىلى ئۈرۈمچى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئۇن، ياغ زاۋۇتى (ئورنى ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ شياۋدىۋپۇ دېگەن يېرىدە) نىڭ ياغ تارتىش سېخى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، دۇڭگۇ ياغ زاۋۇتى تاقالغان.

1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا پۇنكىتتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 19غا يەتكەن، ئۇنىڭ ئىككىسى ئۇيغۇر، بىرى

خەنزۇ، بەشى قازاق، 11 خۇيزۇ ئىدى. ئامبار سىغىمى 7 مىليون 500 مىڭ كىلوگرامغا يەتكەن، ئۇنىڭ ئىچىدە خىش قۇرۇلمىلىق ئامبار سىغىمى 6 مىليون كىلوگرام، ياغاچ - تاش قۇرۇلمىلىق ئامبار سىغىمى 1 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام. بىر يىلدا سېتىۋالىدىغان مۇقىم باھالىق ئاشلىق 400 مىڭ كىلوگرام، كېلىشىم باھالىق ئاشلىق ۋە دادۇر، كۆك پۇرچاق 350 مىڭ كىلوگرام، ياغلىق دان 50 مىڭ كىلوگرام. يىل ئاخىرىدا ساقلانغان ئاشلىق 4 مىليون 700 مىڭ كىلوگرام. بىر يىلدا تەمىنلەيدىغان شەھەر - بازار نوپۇسى 562 ئائىلە، 1728 ئادەم بولۇپ، ئۇلارنى 290 مىڭ كىلوگرام تاۋار ئاشلىق، 13 مىڭ كىلوگرام تاۋار ياغ بىلەن؛ چارۋىچى 1064 ئائىلە، 4258 ئادەم بولۇپ، ئۇلارنى 715 مىڭ كىلوگرام ئوزۇقلۇق ئاشلىق، 313 مىڭ كىلوگرام يەم - بوغۇز بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇ يىلى 3000 توخۇ، 80 قوي بېقىپ، 10 مو يەرگە بېدە تېرىپ، بىر ئاشپۇزۇل ئېچىپ، 550 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق، ياغنى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىپ ۋە سېتىپ، 35 مىڭ يۈەن پايدا ياراتقان.

## 4. غۇلجا ناھىيىسى ئۈچئون ئاشلىق پونكىتى

ئۈچئون ئاشلىق پونكىتى 1957 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ئۈچئون خۇيزۇ يېزىسىغا جايلاشقان. پونكىت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە پونكىت قارىمىقىدا ئالتىئۈچ، مەمىيار، ئۈچئوندىن ئىبارەت ئۈچ سېتىۋېلىش نۇقتىسى بولۇپ، 1 مىليون كىلوگرام ئاشلىق سىغقىدەك بىر نەچچە ئاددىي ئامبىرىلا بار ئىدى. 1961 — 1975 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا كوممۇنىنىڭ ئەمەلىكىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن، كوممۇنانىڭ باش پېتى قاچىلايدىغان بەش كورپۇس چوڭجىسمان ئامبار سالغان. 1980 — 1990 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا 10 كورپۇس خىش قۇرۇلمىلىق ئامبار، 1000 كۋادرات مېتىر قۇرۇتۇش مەيدانى ياسىغان. بۇ مەزگىلدە پونكىتنىڭ بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۈرۈشى ئارقىلىق 410 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق سىغىدىغان بىر ئاددىي لاپاس ياسىغان؛ ئامبارلارنىڭ 11 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر ئۆگزىسىنى ئېچىپ باشقىدىن ياپقان؛ ئامبارلارنىڭ 16 مىڭ كۋادرات مېتىر يەر يۈزىنى ئۆزگەرتكەن. 1982 - يىلى «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق پونكىتى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بۈنى بۈگۈنگە قەدەر ساقلاپ كەلمەكتە. 1978 — 1990- يىلغىچە گۈڭشې، ئەترەت، كەنتلەرگە ياردەملىشىپ ئاشلىق ئامبارچىسىدىن 140نى تەربىيىلەپ بەرگەن؛ گۈڭشې - ئەترەت (يېزا، كەنت) لەردە «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرىدىن ئوننى بەرپا قىلىپ، 250 مىڭ كىلوگرام ئاشلىقنى بىخەتەر ساقلىغان.

1979 - يىلدىن ئېتىبارەن ئاشلىق پونكىتى دېھقانلار ۋەكىللىرى نازارەت قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ھەر يىلى تۆت - بەش دېھقاننى ئاشلىق پونكىتىنىڭ ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش، ئاشلىق - ياغ سۈپىتى، ئۆلچىمى ۋە باھا سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىپ تۇرغان. 1980 - ۋە 1988- يىللىرى ئاشلىق پونكىتى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىشتا ئىلغار ئورۇن ۋە ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاشلىق ساقلاشتا ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالانغان.

1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا پونكىتنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 51 (پېنسىيىگە چىققان 25 ئىشچى- خىزمەتچىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) گە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 25، خۇيزۇ 20، خەنزۇ ئالتە. پونكىتتا 10 مىليون كىلوگرام ئاشلىق سىغىدىغان قىش بېتون قۇرۇلمىلىق 10 كورپۇس ئامبار، 12 مىڭ 340 كۋادرات مېتىر قۇرۇتۇش مەيدانى، 410 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق سىغىدىغان لاپاس، 10 دانە توشۇغۇچ، بىر ئاپتوموبىل، بىر خىزمەت ئاپتوموبىلى، 10 يۆرۈش ئاقما غەلۋىر، 30 توننىلىق يۈرۈشلەشكەن يەر كىرى، كۈنىگە 50 توننا ھۆل كوممىقوناقنى قۇرۇتالايدىغان ئاقما ئوقۇر بار. تۇراقلىق مۈلكى 5 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ. يىلىغا سېتىۋېلىپ ئامبارلاشتۇرىدىغان ئاشلىق 10 مىليون كىلوگرامدىن ئاشىدۇ. بىر يىلدا باشقۇرىدىغان ئاشلىق 25 مىليون كىلوگرامغا يېتىدۇ. بىر يىلدا غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسىدىن 402 ئائىلە، 1675 ئادەمنى

300 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق بىلەن تەمىنلەيدۇ. بىر يىلدا 3 مىليون كىلوگرام ئاشلىقنى كېلىشىم باھادا تىجارەت قىلىدۇ. يىل ئاخىرىدا پونكىتنىڭ ئىككى جايدا قوي، كالا، ئات بورداش مەيدانى بولۇپ، ئۇنىڭدا 123 كالا، 312 قوي، 98 ئات، 20 بۇغا بوردالماقتا. 200 مو يەرگە ئوت - چۆپ تېرىلغان، كۆپ خىل ئىگىلىكتىن ياراتقان پايدىسى 400 مىڭ يۈەن.

## 5. گۆچۈڭ ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى ئاشلىق پونكىتى

گۆچۈڭ ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى ئاشلىق پونكىتى 1960 - يىل 3 - ئايدا بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىنىڭ گۆچۈڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدا قۇرۇلغان، قارىمىقىدا لۇساۋگو، 3 - شۆبە مەيداندىن ئىبارەت ئىككى ئاشلىق نۇقتىسى بار ئىدى، پونكىت قۇرۇلغاندا 12 ئىشچى - خىزمەتچىسى بولۇپ، ئامبار سىغىمى 2 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام ئىدى، بىر يىلدا 3 مىليون 600 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق، 500 مىڭ كىلوگرام ياغلىق دان سېتىۋالاتتى.

1967 — 1982 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا دېھقانچىلىق مەيدانى ئاشلىق پونكىتىنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش دائىرىسى بەنجىگۇ گۇڭشېسى بىلەن لوچېتەي بازىرىنىڭ قىسمەن ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگىچە كېڭىيىپ، سېتىۋېلىش مىقدارى 6 مىليون كىلوگرامغا يەتكەن. بۇ مەزگىلدە پونكىتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ئارقىلىق 3 مىليون كىلوگرام ئاشلىق سىغقىدەك ئاددىي ئامبار ۋە 20 نەچچە باداڭ ياساپ، دۆلەت ئاشلىقىنى سېتىۋېلىش، ساقلاش مەسىلىسىنى ھەل قىلغان.

يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ۋە دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، دېھقانچىلىق مەيدانى ئاشلىق پونكىتىنىڭ ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىش مىقدارى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بارغان. 1985- يىلى پونكىتنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش مىقدارى 10 مىليون 500 مىڭ كىلوگرامغا، ياغلىق دان 650 مىڭ كىلوگرامغا، يىللىق باشقۇرۇش مىقدارى 26 مىليون 780 مىڭ كىلوگرامغا يەتكەن. ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىش مىقدارى يىلسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان ئەھۋالدا، ئاشلىق پونكىتىدىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەر «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرى قۇرۇلۇشى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن. 1982 - ۋە 1983 - يىللىرى سانجى ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۇدا ئىككى يىل «ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ نام بېرىلگەن. 1982 - يىل 3 -ئايدا ۋە 1983 - يىل 6 - ئايدا ئىككى قېتىم ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى تەرىپىدىن «ئىلغار ئورۇن» دەپ نام بېرىلگەن؛ 1983 - يىل 7 - ئايدا ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسى تەرىپىدىن «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرى بەرپا قىلىشتىكى «ئىلغار ئورۇن» دەپ نام بېرىلگەن. بۇ نامنى بۈگۈنگە قەدەر ساقلاپ كەلمەكتە؛ 1985 - يىل 6 - ئايدا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن «ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ نام بېرىلگەن.

1986 — 1989 - يىلغىچە دېھقانچىلىق مەيدانى ئاشلىق پونكىتى يېڭىدىن خىش بېتون قۇرۇلمىلىق 10 كورپۇس ئامبار سېلىپ، ئامبار سىغىمىنى 21 مىليون 500 مىڭ كىلوگرامغا يەتكۈزگەن، يىللىق ئاشلىق سېتىۋېلىش مىقدارى 16 مىليون كىلوگرامغا، ياغلىق دان 1 مىليون كىلوگرامغا يەتكەن، ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتىدە، ھەر يىلى دېھقانلار، دېھقان ئىشچىلار ۋەكىللىرىنى پونكىتتا تۇرۇپ نازارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلغان، ئاشلىق تاپشۇرۇشقا كەلگەن ئاممىنى سايىدايدىغان ئورۇن، چاي، تاماق بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق قولايلىق مۇلازىمەت پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرغان. پونكىتنىڭ كەسپى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بارغانلىقى ئۈچۈن، مۇشۇ مەزگىلدە بەش توشۇغۇچ، بىر تىرنىلغۇچ، بىر 20 توننىلىق يەرگىرى، تۆت 500 كىلوگراملىق گىر، ئىككى 1000 كىلوگراملىق گىر، تۆت شامالدۇرغۇچ شۇنىڭدەك يەنە ئەۋرىشكە ئېلىش ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋالغان. بۇ ئارىلىقتا ئاشلىق پونكىتى يىلىغا 5 مىليون كىلوگرامدىن كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارىتى

قىلىپ، 50 تىن كالا، 120 دىن قوي بورداپ سېتىپ، كۆپ خىل ئىگىلىك كىرىمىنى 80 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزگەن. 1989 - يىلى پونكىتنىڭ تىجارەت پايدىسى 120 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. شۇ يىلى ئاشلىق پونكىتىنىڭ نامى گۇچۇڭ ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ 2 - ئىسكىلاتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا پونكىتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر 38گە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگىلەر ئالتە؛ كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى ئالغانلار سەككىز. پونكىتنىڭ تۇراقلىق مۈلكى 3 مىليون 190 مىڭ يۈەن. ئاشلىق ئامبىرى 12 كورپۇس بولۇپ، ئومۇمىي سىغىمى 24 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام. بىر يىلدا قوبۇل قىلىدىغان دۆلەت توختاملىشىپ سېتىۋالىدىغان ئاشلىق 12 مىليون كىلوگرام، تەكشە باھالىق ياغلىق دان 650 مىڭ كىلوگرام، كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارەت مىقدارى 5 مىليون كىلوگرام. قوتاندىكى قوي، كالا 150، ئىقتىسادىي ئورمان 3000 تۈپتىن ئارتۇق، مېۋىلىك دەرەخ بار يەر كۆلىمى 10 مودىن ئارتۇق، ماشىنىلاشقان قۇدۇق بىر، ئۆزى تېرىغان يەر 150 مو، كۆپ خىل ئىگىلىك پايدىسى 180 مىڭ يۈەن.

## 6. يەكەن ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئىشقۇل يېزىلىق ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش - سېتىش پونكىتى

يەكەن ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئىشقۇل يېزىلىق ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش - سېتىش پونكىتى 1972 - يىلى قۇرۇلغان، ئەسلى نامى يەكەن ناھىيە 7 - گۆڭشې ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش - سېتىش پونكىتى ئىدى. پونكىتتا يەتتە ئىشچى - خىزمەتچى، بىر مىليون كىلوگرام ئاشلىق سىغىدىغان ئىككى كورپۇس ئاشلىق ئامبىرى بولۇپ، بىر يىلدا 1 مىليون كىلوگرامدىن ئارتۇق ئاشلىق سېتىۋالاتتى.

1979 — 1988 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا دۆلەتنىڭ رەسمىي مەبلەغ سېلىشى بىلەن يېڭىدىن 1 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق سىغىدىغان ئامبار سېلىنغانىنىڭ سىرتىدا، پونكىت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ 1 مىليون كىلوگرام ئاشلىق سىغىدىغان ئاددىي ئامبار سالغان. بۇ پونكىت 1978- يىلى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن «ئىككىدىن ئۆگىنىش» بويىچە قىزىل بايراقدار ئورۇن بولۇپ باھالانغان.

1987 - يىلدىن ئېتىبارەن ئاشلىق پونكىتى ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىش داۋامىدا، دېھقانلار ۋەكىللىرى نازارەت قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، پىرىنسىپ قىلىشتا ئادىل بولۇپ، ئەلا سۈپەتكە يۇقىرى باھا قويۇش سىياسىتىنى توغرا ئىجرا قىلىپ، دېھقانلارنىڭ ھىمايىسى ۋە ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

1989 - يىلى ئاشلىق پونكىتى ئۆز مەبلىغى بىلەن كۈنىگە 10 توننا ئۇن تارتالايدىغان بىر ئۇن تارتىش سېخى قۇرۇپ، دېھقانلارغا ئۇن تارتىپ بېرىش كەسپىنى پائال يولغا قويغان ۋە يېزىنىڭ ياغ زاۋۇتىدىن بىرنى ھۆددىگە ئېلىپ، دېھقانلارنىڭ ياغلىق دېنىنى تارتىپ بەرگەن. شۇنىڭدەك يەنە كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارىتى ۋە باقمىچىلىق بىلەن كەڭ شۇغۇللانغان.

1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا پونكىت ئىشچى - خىزمەتچىسى توققۇزغا يەتكەن، ئۇنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر بولۇپ، تېخنىكا ئۇنۋانى ئالغىنى ئۈچ، ئومۇمىي ئامبار سىغىمى 2 مىليون 250 مىڭ كىلوگرام، بىر يىلدا سېتىۋالىدىغان تەكشە باھالىق ئاشلىق 2 مىليون 80 مىڭ كىلوگرام، كېلىشىم باھالىق ئاشلىق 500 مىڭ كىلوگرام، بىر يىلدا غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسىدىن 434 ئائىلە، 1120 كىشىنى 120 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان. كۈنىگە 10 توننا بۇغداينى بىر تەرەپ قىلالايدىغان ئۇن تارتىش سېخىدىن بىرى بولۇپ، بىر يىلدا دېھقانلارنىڭ 180 توننا بۇغدىيىنى ئۇن تارتىپ بەرگەن. يىل ئاخىرىدىكى كالىسى 20، قوي 150 تۇياق بولۇپ، كۆپ خىل ئىگىلىك كىرىمى 165 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 42 مىڭ 500 يۈەنگە يەتكەن.

## 7. ئارىشاڭ ناھىيە ئاڭگىلىگ ئاشلىق پونكىتى

ئاڭگىلىگ ئاشلىق پونكىتى 1956 - يىلى قۇرۇلغان، ئورنى ئارىشاڭ ناھىيە ئاڭگىلىگ يېزىسىنىڭ ئاڭگىلىگ كەنتىدە بولۇپ، نامى ئارىشاڭ ناھىيە ئاڭگىلىگ ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش - سېتىش پونكىتى ئىدى. پونكىتتا ئۈچ خەنزۇ، ئىككى موڭغۇلدىن تەركىب تاپقان 5 ئىشچى - خىزمەتچى، 2 مىليون كىلوگرام ئاشلىق سىغدۇرىدىغان 4 كورپۇس ئامبار، 1000 كىلوگراملىق بىر گىر، 500 كىلوگراملىق بىر گىر بولۇپ، بىر يىلدا 1 مىليون 560 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق، 900 مىڭ كىلوگرام ياغلىق دان سېتىۋالاتتى.

1987 - يىلدىن بۇيان يېڭىدىن 2 مىليون كىلوگرام ئاشلىق سىغقىدەك ئىككى كورپۇس ئامبار سالغان، پونكىتتىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئورتاق تىرىشىپ 180 كۋادرات مېتىرلىق ئاددىي لاپاس، 720 كۋادرات مېتىرلىق ئۈستى ئوچۇق ماتېرىيال ئامبىرى، 4342 كۋادرات مېتىرلىق قۇرۇتۇش مەيدانى ياساپ، ئوچۇقچىلىقتا ئاشلىق ساقلاش ئىقتىدارىنى 4 مىليون كىلوگرام ئاشۇرغان. 1987 - يىل 6 - ئايدا «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق پونكىتى دەپ نام ئالغان، بۇ نامنى ھازىرغا قەدەر ساقلاپ كەلمەكتە. ئۆز مەبلىغى بىلەن 250 كۋادرات مېتىرلىق كالا ئېغىلى سالغان، ئۇنىڭدا 80 كالىنى باقىقىلى بولىدۇ. بىر يىلدا 120 كالا باقىدۇ.

1985 — 1990 - يىلغىچە بولغان ئاشلىق سېتىۋېلىش مەزگىلىدە يېزا ۋەكىللىرى، كەنت ۋەكىللىرىنى پونكىتتا تۇرۇپ نازارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىپ، ئاشكارا تەكشۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، خىزمەتنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرغان؛ ئادىل پېرىيوم قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئاشلىق، ياغ سىياسىتىنى توغرا ئىجرا قىلغان؛ سۈپەتكە قاراپ باھا قويۇشتا چىڭ تۇرغان.

1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا پونكىتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر 18 (ئۇنىڭ بىرى ئۇيغۇر، توققۇزى خەنزۇ، ئۈچى قازاق، ئىككىسى موڭغۇل، ئىككىسى داغۇر، بىرى خۇيزۇ) گە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىكا ئۇنۋان ئالغىنى 4. بۇ پونكىتنىڭ 7 كورپۇس ئامبىرى بولۇپ، ئومۇمىي سىغىمى 7 مىليون 750 مىڭ كىلوگرام. ئىككى دانە توشۇغۇچ، بىر دانە 20 توننىلىق يەر گىرى، بىر دانە 500 كىلوگراملىق، بىر دانە 1000 كىلوگراملىق، بىر دانە 3000 كىلوگراملىق گىرى بار. بىر يىلدا تەكشى باھالىق ئاشلىقتىن 4 مىليون 50 مىڭ كىلوگرام، كېلىشىم باھالىق ئاشلىقتىن 3 مىليون 100 مىڭ كىلوگرام، تەكشى باھالىق ياغلىق داندىن 1 مىليون كىلوگرام، كېلىشىم باھالىق ياغلىق داندىن 700 مىڭ كىلوگرام سېتىۋالىدۇ. غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسىدىن 645 ئائىلە، 843 ئادەمنى ئاشلىق، ياغ بىلەن، 1282 چارۋىچىنى ئوزۇقلۇق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەيدۇ، بۇلارغا بىر يىلدا 305 مىڭ كىلوگرام ئۇن، 20 مىڭ كىلوگرام ياغ كېتىدۇ؛ يىل ئاخىرىدىكى قوي 290 تۇياق، كۆپ خىل ئىگىلىك جەھەتتە باقمىچىلىق كىرىمى 25 مىڭ يۈەن بولۇپ، 3000 يۈەن پايدا ياراتقان.

ئۈچىنچى قىسىم

# ئاشلىق، ياغ ساقلاش ۋە توشۇش

## ئۈچىنچى قىسىم

# ئاشلىق، ياغ ساقلاش ۋە توشۇش

## I باب

# ئاشلىق، ياغ ساقلاش

## 1 § . ساقلاش مۇئەسسەسلىرى

### 1. ئاشلىق ئامبارلىرى

شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ئامبار قۇرۇلۇشى دەسلەپكى مەزگىللەردە بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىش ۋە قەلئە قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ ئېلىپ بېرىلغانىدى. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش نەتىجىسىدىن ئىسپاتلىنىشىچە، غەربىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا ھەربىيلەر بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈشنى يولغا قويغاندىن تارتىپ، بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقارغان ئاشلىقلىرىنى ساقلاش ئۈچۈن، بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈشنى يولغا قويغان جايلاردا ئاشلىق ئامبارلىرىنى سالغان، ئالايلۇق، بۈگۈر، كۇرلى (ھازىرقى كورلا شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ) ، كىرورانىدىكى ھەربىيلەر بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش خارابىلىكلىرىدىن ئاشلىق قاچىلانغان ئاشلىق ئامبار ئىزلىرى تېپىلدى. «دەريالار تەپسىراتى ئىزاھلىرى. دەريا سۇلىرى قىسمى» دا بۇ جايلاردا «چوڭ ئېتىزلاردىن ئۈدا 3 يىل مول ھوسۇل ئېلىنغانلىقتىن، ئاشلىقلار يۈز تۈمەن دەنلەپ يىغىلىپ قالغان» دەپ خاتىرىلەنگەن. شۇ جايلاردىن قېزىۋېلىنغان خەن سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ ياغاچ تارشىدا «جۇلۇزى ئامبىرى»[①] كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنغان. «خەننامە. غەربىي يۇرت قىسمى» دا «ئاشلىقنى كورلى ئارقىلىق يۆتكەش ئۈچۈن، ئاشلىق ئاۋۋال جۇلۇزى ئامبىرىغا توپلانغاندىن كېيىن شۇ يەردىن باشقا جايلارغا توشۇلغان» دەپ خاتىرىلەنگەن. يېقىنقى يىللاردا كىروران قەدىمكى شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىدىكى تاشلاندۇق ياغاچلار ئاستىدىن قېلىنلىقى 70 سانتىمېتىر، كەڭلىكى بىر مېتىرچە كېلىدىغان تېرىق دۆۋىسى تېپىلدى. بۇنىڭغا ئازراق بۇغداي ۋە ئارپا

---

① خۇاڭ ۋېنبىنىڭ قارىشىچە، جۇلۇزى ئامبىرى لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا بولۇشى مۇمكىن.

دانلىرىمۇ ئاربلاشقان، شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بۇنى ئاشلىق ئامبىرىنىڭ خارابىسى دەپ ھېسابلىدى. غەربىي، شەرقىي خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى مەشھۇر ئاشلىق ئامبىرى جۇلۇزى ئامبىرى («جۇلۇ ئامبىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دىن باشقا، يەنە يارغول جۇسالاڭ ئامبىرى (ھازىرقى تۇرپان يارغول قەدىمكى شەھىرى خارابىسى) مۇ بار. خەن سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ ياغاچ تارىشىدا خاتىرىلىنىشىچە، «يارغول چۇسالاڭ ئامبىرىنىڭ تۇرغاق ياساۋۇلى جۇلۇزى ئامبىرىغا يۆتكەلگەن». «شىمالىي سۇلالە تارىخى»دا خاتىرىلىنىشىچە، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيپىڭ جېنجۈن 11 ـ يىلى (450 ـ يىلى) قاڭقىللار (ھازىرقى تۇرپان شەھىرىنىڭ غەربىگە توغرا كېلىدۇ) نىڭ چېيىلو قەبىلىسى ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ، شەرق تەرەپتىكى كىنگىتكە بارغان، شۇنىڭ بىلەن «خان پەرمان چىقىرىپ ئۇلاردىن ھال سوراپ، كىنگىت ئامبىرىنى ئېچىپ ئۇلارغا ئاشلىق تارقىتىپ بەرگەن». «كونا تاڭنامە»دە خاتىرىلىنىشىچە، تاڭ شۈەنزۇڭ تيەنباۋ يىللىرى (742 — 755 ـ يىللىرى) نىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، چاڭ چىڭنى غەيرىي رەسمىي مەنسەپكە تەيىنلەپ كىنگىت، كۇسەن، ئۇدۇن، سۇلىلارنىڭ ئامبار، بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش، نوپۇس، ئۆلچەم، گازارما يەر ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قويغان». چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجېڭ 5 ـ يىلى (1727 ـ يىلى) قۇمۇلدا يېڭى شەھەر سېلىنغاندا، شىمالىي قوۋۇق سىرتىغا قورۇق تام قوشۇپ سوقۇلۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە مەخسۇس ئاشلىق ساقلىنىدىغان 20 ئېغىز ئامبار سېلىنغان. چيەنلۇڭ 24 ـ يىلى (1759 ـ يىلى) چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، شىمالىي شىنجاڭدا يېزا ئىگىلىكىنى كەڭ كۆلەمدە راۋاجلاندۇردى، شۇنىڭ بىلەن چيەنلۇڭ يىللىرى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى شىنجاڭ تارىخىدا ئاشلىق ئامبىرى ئەڭ كۆپ سېلىنغان دەۋرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. تولۇقسىز ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ھەربىيلەر بوزيەر ئۆزلەشتۈرگەن ئاساسلىق رايون ۋە شەھەر ـ بازارلارنىڭ 17 سىدە يېڭىدىن تەخمىنەن 100 مىليون جىڭ ئاشلىق سىغىدىغان 828 ئېغىز ئامبار سېلىندى (بۇنىڭ سىرتىدا سانىنى ئېلىشقا ئامال بولماي ستاتىستىكا قىلىنمىغان ئامبارلارمۇ بار)، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەزلىك سېلىنغان ۋە بىر قەدەر چوڭ بولغان ئامبارلار ئىچىدە: چيەنلۇڭ 24 ـ يىلى (1759 ـ يىلى) 11 ـ ئايدا، ياندىش بۇيۇرغا دىڭ چاڭنىڭ تەستىقى بىلەن ئۈرۈمچى، قاراغوجا (ھازىرقى تۇرپان)، توقسۇن، قاراشەھەر، پىچان قاتارلىق جايلاردا ھەربىيلەر ئۆزلەشتۈرگەن بوزيەردىن چىققان ئاشلىقنى ساقلاش ئۈچۈن يېڭىدىن سېلىنغان 113 ئېغىز ئامبار بار. چيەنلۇڭ 38 ـ يىلى (1773 ـ يىلى) باركۆلدە ئۈستىدىن تۆگلۈك چىقىرىلغان، ئاستىغا تاختاي ياتقۇزۇلغان 8 ئامبار سېلىندى. ھەر بىر ئامبارنىڭ ئۇزۇنلىقى 6.5 جاڭ، كەڭلىكى 3.4 جاڭ، ئېگىزلىكى 1.8 جاڭ، سىغىمچانلىقى 6000 دادەن، ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 48 مىڭ دادەن ئىدى. چيەنلۇڭ 45 ـ يىلى (1780 ـ يىلى) تۇرپاندىكى كوناشەھەر قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بارغاندا، پۈتۈنلەي ئالاھىدە قويۇلغان چوڭ كېسەك ئىشلىتىلىپ، تۆت ئەتراپىغا ئۆي سېلىنغان ھويلا شەكلىدىكى 12 ئېغىزلىق يېڭى ئامبار سېلىندى، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ كۆلىمى 2500 كۋادرات مېتىر، سىغىمچانلىقى 4 مىليون جىڭ ئىدى. داۋگۇاڭ 22 ـ يىلى (1842 ـ يىلى) لىن زېشۈ جىمسارىدىكى سەنتەيدىن ئۆتكەندە شاڭتەي ھۆكۈمەت ئامبىرىدا قونغانىدى. ئۇ خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ يازغان: «شاڭتەيدە 500 تۈتۈندىن ئارتۇق پۇقرا بار ئىكەن، ياردەمچى ئامبال يىغىلغان ئاشلىقنى ئامباردا ساقلايدىكەن، ياتاق شۇ ئامبار ئىچىدە بولۇپ، ناھايىتى پاكىز ئىكەن، تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان پۇقرالار پۈتۈنلەي شاتەيدە تۇرىدىكەن». گۇاڭشۈ يىللىرى شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ تەسىس قىلىنىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدىمۇ بىر مۇنچە ئامبار سېلىندى. گۇاڭشۈ 9 ـ يىلى (1883 ـ يىلى) ئاقسۇ شەھىرىنىڭ شىمالىدا 2 مىليون 500 مىڭ جىڭ ئاشلىق سىغىدىغان ئامبار سېلىندى؛ فۇكاڭ ناھىيىسىدە يېڭىدىن 5200 دادەن ئاشلىق سىغىدىغان 50 ئېغىز ئامبار سېلىندى.


## چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ قىسمەن شەھەر - بازارلىرىدىكى ئاشلىق ئامبىرى

جەدۋەل: 3 — 1

| ۋاقتى | جايلاشقان ئورنى | سىغىمى (ئامبار سانى) |
|---|---|---|
| يوڭجېڭ 5 - يىلى (1727) | قۇمۇل يېڭىشەھەر شىمالىي قوۋۇق سىرتىدا | 20 ئېغىز |
| چيەنلۇڭ 21 - يىلى (1756) | باركۆل | 50 مىڭ دادەن |
| چيەنلۇڭ 24 - يىلى (1759) | قاراغوجا | 24 ئېغىز |
| | توقسۇن | 20 ئېغىز |
| | قاراشەھەر | 15 ئېغىز |
| | ئۈرۈمچى | 24 ئېغىز |
| | پىچان | 30 ئېغىز |
| چيەنلۇڭ 28 - يىلى (1763) | فۇكاڭ شەھىرى يامۇل مەھكىمىسى | 140 ئېغىز |
| | نىڭبيەن (سانجى) شەھىرى يامۇل مەھكىمىسى | 136 ئېغىز |
| | جىڭخوا (قۇتۇبى) شەھىرى يامۇل مەھكىمىسى | 136 ئېغىز |
| چيەنلۇڭ 31 - يىلى (1766) | تارباغاتاي شەھىرى | 46 ئېغىز |
| چيەنلۇڭ 38 - يىلى (1773) | باركۆل خەنچېڭ جەنۇبىي كوچا | 8 ئامبار (48 مىڭ دادەن) |
| چيەنلۇڭ 41 - يىلى (1776) | گۇچۇڭ ناھىيە يامۇل مەھكىمىسىنىڭ شەرق تەرىپىدە | 20 ئېغىز |
| چيەنلۇڭ 45 - يىلى (1780) | تۇرپان كوناشەھەر | 12 ئېغىز (4 مىليون جىڭ) |
| چيەنلۇڭ 60 - يىلى (1795) | گۇچۇڭ ناھىيىسى | 196 ئېغىز (63 مىڭ 500 دادەن) |
| چيەنلۇڭ 24 - يىلىدىن 60 - يىلىغىچە (1795 — 1759) | كۇرە، غۇلجا، باياندىي، سۈيدۈڭ، تارچى | 183 مىڭ 360 دادەن (24 مىليون 940 مىڭ جىڭ) |
| | خوتەن شەھىرى جەنۇبىي قوۋۇق | 16 ئېغىز |
| | يەكەن تەمىنات ئىدارىسى | 60 ئېغىز |
| | قەشقەر تەمىنات ئىدارىسى | 18 ئامبار |
| | قاراشەھەر تەمىنات ئىدارىسى | 27 ئېغىز |
| گۇاڭشۈ 9 - يىلى (1883) | فۇكاڭ ناھىيە بازىرى | 50 ئېغىز (5200 دادەن) |
| | ئاقسۇ شەھىرى شىمالىي قوۋۇق | 2 مىليون 500 مىڭ جىڭ |
| گۇاڭشۈ 20 - يىلى (1894) | تارباغاتاينىڭ شەرقىدە | 5 ئېغىز (900 دادەن) |
| گۇاڭشۈ يىللىرى | كۇچا | 22 ئېغىز (2 مىليون جىڭ) |
| | قۇمۇل كوناشەھەر | 3 ئامبار (2 مىليون 400 مىڭ جىڭ) |



تۇرپان شەھرىدە چيەنلۇڭنىڭ 45 ـ يىلى (1780 ـ يىلى) سېلىنىپ ھازىرغىچە ساقلانغان ئامبار



قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە شيەنفېڭنىڭ 3 ـ يىلى (1853 ـ يىلى) سېلىنىپ ھازىرغىچە ساقلانغان ئامبار

سۈرەت: 3 — 1 چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سېلىنىپ ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن ئاشلىق ئامبارلىرى

پارچە ـ پۇرات ماتېرىياللاردىن يىغىنچاقلىنىشىچە، مىنگو دەۋرىدە، 12 ناھىيىدە سېلىنغان ئامبار، ئىجارىگە ئېلىنغان خەلق ئۆيلىرى 320 ئېغىز بولۇپ، سىغىمچانلىقى تەخمىنەن 28 مىليون جىڭدىن ئاشىدىكەن. ئۇنىڭ ئىچىدە، يېڭىدىن سېلىنغان كۆلىمى چوڭراق ئامبار ۋە ئىجارىگە ئېلىپ ئۆزگەرتىلگەن ئامبارلار: مىنگونىڭ 6 ـ يىلى (1917) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت جىمسار ناھىيىسىدىكى ئارقا كوچىدا يېڭىدىن 4 مىليون جىڭ ئاشلىق سىغىدىغان 98 ئېغىز ئامبار سېلىشنى قارار قىلدى. مىنگونىڭ 30 ـ يىلى (1941) جۇبەن (ماۋزېمىن) ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ مۇۋەققەت نازىرى بولغاندا، ئۈرۈمچى داشىمىندا 8 مىليون جىڭ ئاشلىق سىغىدىغان 42 ئېغىز ئامبار سالدۇردى؛ مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944) چاغانتوقاي ناھىيىسىدە خەلقتىن 700 دادەن ئاشلىق سىغىدىغان 2 ئېغىز ئۆي ئارىيەت ئېلىنىپ، ئاشلىق قاچىلاندى. مىنگو يىللىرى ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە، 750 مىڭ جىڭ ئاشلىق سىغىدىغان ھەربىي گازارما ئاشلىق ئامبىرىغا ئۆزگەرتىلدى. ئەينى ۋاقىتتا ئاشلىق ئامبىرى يېتىشمەسلىك ئەھۋالى ناھايىتى ئېغىر ئىدى، مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948) 4 ـ ئايدا، ئۆلكىلىك غەللە ـ پاراق ئاشلىق باشقارمىسىنىڭ ئامبار سېلىش توغرىسىدىكى دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئۆلكىمىزدە، ئاشلىق ئامبىرى قىس بولغاچقا، ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى ھۆكۈمەت ئاشلىقلىرى دائىم ئىجارىگە

ئېلىنغان خەلق ئۆيلىرى پاكى ئىبادەتخانىلاردا ساقلانغانلىقى ئۈچۈن، ئاشلىقنى ساقلاش - باشقۇرۇش قېيىنلىشىپ، كۆكىرىپ بۇزۇلۇش ئەھۋاللىرى كۆرۈلدى.

## مىنگو دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ قىسمەن شەھەر - بازارلىرىدىكى ئاشلىق ئامبارلىرى

جەدۋەل: 3 — 2

| ۋاقتى | جايلاشقان ئورنى | ئامبار سىغىمى (ئامبار سانى) |
|---|---|---|
| مىنگونىڭ 6 - يىلى (1917) | جىمسار ئارقا كوچا | 98 ئېغىز (4 مىليون جىڭ) |
| مىنگونىڭ 16 - يىلى (1927) | ئونسۇ ناھىيىسى | 1100 كۋادرات مېتىر (3 مىليون جىڭ) |
| مىنگونىڭ 21 - يىلى (1932) | مەكىت ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قورۇسىدا | 17 ئېغىز |
| مىنگونىڭ 22 - يىلى (1933) | مەكىت ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى قۇملۇق | بىر ئامبار |
| مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937) | گۇچۇڭ ناھىيىسى | 4 ئېغىز (1 مىليون 600 مىڭ جىڭ) |
| مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941) | ئۈرۈمچى داشىمىن | 42 ئېغىز (8 مىليون جىڭ) |
| مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943) | چۆچەك ناھىيە سېپىلىنىڭ غەربىدە | 3 كورپۇس 9 ئېغىز (2 مىليون جىڭ) |
| مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944) | چاغانتوقاي ناھىيىسى | 2 ئېغىز (1000 دادەن) |
| | چاغانتوقاي ناھىيىسىدە ئارىيەت ئېلىنغان ئۆي | 2 ئېغىز (700 دادەن) |
| | شىخۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | 8 ئېغىز (2000 دادەن) |
| | شىخۇ ناھىيە پاراق ئېلىش ئورنى | 8 ئېغىز (ئىجارىگە ئېلىنغىنى 4 ئېغىز) |
| مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945) | ساۋەن ناھىيىسىدە ئىجارىگە ئېلىنغان ئۆي | 6 ئېغىز (420 دادەن) |
| مىنگو يىللىرى | چاقىلىق ناھىيىسى | 2 كورپۇس (200 مىڭ جىڭ) |
| | ماناس ناھىيىسى | بىر ئامبار، 120 ئېغىز (10 مىڭ دادەن) |
| | ئارائۆرۈك ناھىيىسىدە ھەربىي ئازارمىدىن ئۆزگەرتىپ ياسالغان | 750 مىڭ جىڭ |

1949 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئاشلىق ئامبارلىرىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. بۇلارنىڭ سىغىمچانلىقى 152 مىليون كىلوگرام ئىدى (بۇنىڭ ئىچىدە، ئىجارىگە ئېلىنغان خەلق ئۆيلىرى، ئىبادەتخانىلارنىڭ سىغىمچانلىقى 38 مىليون 190 مىڭ كىلوگرام ئىدى). 1950 - يىلى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسى 75 ناھىيىدە ئاشلىق ئامبىرى سالدۇردى. شۇ يىلى مەخسۇس 2 مىليون 138 مىڭ يۈەن (ئۆلكە پۇلى) پۇل ئاجرىتىلىپ، كۆپ يىللاردىن بېرى، رېمونتىسىز قالغان ئامبارلار رېمونت قىلدۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، خوتەن قاتارلىق جايلاردا يېڭىدىن 3 مىليون 210 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق سىغىدىغان ئامبار سالدۇرۇلدى. 1951 -، 1952 - يىللىرى ئۈرۈمچى، قۇمۇل، قاراشەھەر، تارباغاتاي، ئىلى ۋىلايەتلىرىدە يېڭىدىن 9 مىليون 20 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق سىغىدىغان ئاددىي ئامبارلار سېلىندى. 1953- يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۆلكە بويىچە ئاشلىق ئامبارلىرىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 181 مىليون كىلوگرامغا يەتتى.

1954 ـ يىلدىن ئېتىبارەن ئاشلىق ئامبىرى قۇرۇلۇشىدا سوۋېت پاسونىدىكى ئاساس قىلىندى. مەزكۇر ئۆلچەمدىكى ئامبارلارنى سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى لايىھىلىدى، چېرتيوژىنى ئاشلىق مىنىستىرلىكى بىر تۇتاش ئىشلەپ تارقىتىپ، بۇنداق ئامبارلار خىش ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق، ئۆگزىسى كاھىش بولۇش، چات ئارىلىقى 20 مېتىر، ئامبار ئۇزۇنلۇقى 50 مېتىر، سىغىمچانلىقى 2 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام بولۇش، تېمى پاكار بولۇش، لەمپە بىلەن يەرنىڭ ئارىلىقى 3.5 مېتىر بولۇش، ئامبار ئىچىدە ئىككى قاتار تۈۋرۈك بولۇشنى بەلگىلىدى. ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدىكى ئاز ساندىكى شەھەرلەردىلا خىش خۇمدىنى بولۇپ، كاھىشنى قوبۇل قىلالمايدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىلىمات قۇرغاق، ھۆل ـ يېغىن ئاز بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، سوۋېت پاسونىدا سېلىنغان ئامبارلار ئۈرۈمچى، قەشقەر، غۇلجا قاتارلىق شەھەرلەردىلا خىش ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولغاندىن سىرت، باشقا جايلاردىكى ئامبارلار شېغىل، ياپىلاق تاش ئاساسىي ماتېرىيال قىلىنىپ سېلىندى، تېمى بىر مېتىر قېلىنلىقتا كېسەكتىن قوپۇرۇلدى. ئۆگزىسى ئۈرۈمچى شەھىرىدە قاڭالترلىق بولغاندىن سىرت، باشقا جايلاردا لاي سۇۋاق قىلىپ يېپىلدى. 1958 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايون بويىچە ئامبارلارنىڭ سىغىمچانلىقى 816 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى ۋاقىتتىكىدىن 4.37 ھەسسە ئاشتى. بۇ مەزگىلدە ئاپتونوم رايوننىڭ ئامبار سېلىش مۇھىم نۇقتىسى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رايونلار ۋە ئۈرۈمچى شەھىرى بولدى، ئۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر ۋىلايىتى 24.24%نى، سانجى ئوبلاستى 15.67%نى، ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە (شەھەر) لەر 14.13%نى، ئاقسۇ ۋىلايىتى 9.9%نى، تارباغاتاي ۋىلايىتى 9.2%نى ئىگىلىدى ھەمدە ئامبار سىغىمچانلىقى 25 مىليون كىلوگرامدىن 44 مىليون كىلوگرامغىچە بولغان ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ 1 ـ ئىسكىلاتى، غۇلجا شەھەرلىك ئاشلىق ئىسكىلاتى، قەشقەر شەھەرلىك ئاشلىق ئىسكىلاتى، كۇچا ناھىيىلىك ئاشلىق ئىسكىلاتى قاتارلىق بىر تۈركۈم چوڭ، ئوتتۇرا ئاشلىق ئىسكىلاتلىرى قۇرۇلدى.

1959 ـ يىلى جايلاردا ئاشلىق، باغ ئىسكىلاتى، پونكىتى (نۇقتىسى) قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇپ، سوۋېت پاسونىدىكى ئامبارلار سېلىنغاندىن سىرت، ئاساسىي قاتلام ئىسكىلات، پونكىتلىرىدا يەنە قىسمەن ئاددىي ئامبارلارمۇ سېلىندى. 1962 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ئامبىرى، پونكىتى (نۇقتىسى) 940 قا يەتتى، ئۇنىڭ 50% ى ۋاقىتلىق سېتىۋېلىش نۇقتىسى ئىدى؛ ئامبار سىغىمچانلىقى 1 مىليارد 304 مىليون كىلوگرام بولۇپ، 1958 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىسىدىن 59.82% ئاشتى. 1963 ـ يىلى ئاشلىق نازارىتى ئاشلىق، ياغنى مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىككى قېتىم توپلاپ توشۇشنى ئازايتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق، ياغ ئىسكىلاتى، پونكىتى (نۇقتىسى) نى ئالدىنقى يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 940 تىن 536گە تەڭشەپ، 43% ئازايتتى. شۇ يىلدىن ئېتىبارەن ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ئامبارلىرىدىكى ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىدا ئۈيسىمان ئامبار، سوۋېت پاسونىدىكى ئامبار، ئاددىي ئامبار ئاساس قىلىندى. 1965 ـ يىلى توققۇزتارا ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، مېۋەتسىمان ئاددىي ئامباردىن 8نى ياساپ، ھەر بىرىگە 70 مىڭدىن 100 مىڭ كىلوگرامغىچە كۆممىقوناقنى مەدىكى بىلەن قاچىلاپ ساقلىدى. بۇ خىل ئامبار شۇ جايدا چىقىدىغان - تال چىۋىقتىن توقۇپ ياسالدى، ئۇنىڭ ياسىلىش باھاسى ئەرزان، ھاۋا ئۆتۈشۈشچانلىقى ياخشى، ئۇنىڭدا مەخسۇس نەملىكى يۇقىرى كۆممىقوناق مەدەك بىلەن ساقلاندى، بۇ، ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرى بويىچە بىر ئىجادىيەت بولۇپ ھېسابلاندى. 1966 ـ يىلدىن ئېتىبارەن، قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق ناھىيىلەر يازنىڭ قاتتىق ئىسسىقىدا ئاشلىقنى بىخەتەر ساقلاش ئۈچۈن بىر تۈركۈم گەمە ئامبار ياسىدى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ سىغىمچانلىقى 90 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، تېمى 80 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا كېسەكتىن قوپۇرۇلدى، ئۆگزىسى يېرىم يۇمىلاق ياكى سېگمېنت شەكلىدە بولۇپ، كېسەكتىن قوپۇرۇلۇپ، ئۈستىگە مەڭگەن يېپىتىلىپ، سامانلىق لاي بىلەن سۇۋۇۋېتىلدى. تۇرپان ناھىيىسىدىكى يالقۇنتاغ ئاشلىق پونكىتى، ئۈزۈمچىلىك ئاشلىق پونكىتى، قۇمۇل ناھىيىسىدىكى ئاستانە ئاشلىق

پونكىتى گەمە ئامبارنى ئاساس قىلغان ئاشلىق پونكىتلىرى بولۇپ، سىغىمچانلىقى بىردەك 2 مىليون كىلوگرام ئەتراپىدا بولدى.

70 - يىللاردا، ئاشلىق ئىسكىلاتى قۇرۇلۇشىدا خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق ئۆيسىمان ئامبار ئاساس قىلىندى، بۇ خىل ئامبارنىڭ چات ئارىلىقى 15 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 58 مېتىر بولۇپ، ئىچىدە تۈۋرۈك بولمايدۇ. ئاشلىق قاچىلىنىش ئېگىزلىكى 3.5 مېتىر، سىغىمچانلىقى 2 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام. بۇ مەزگىلدە، ئاپتونوم رايون بويىچە قۇرۇلغان ئۆيسىمان ئامبارنىڭ سىغىمچانلىقى شۇ مەزگىلدە سېلىنغان ئامبارلارنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقىنىڭ 64.06%نى ئىگىلىدى، مۇنداق ئامبارلار ئاساسەن شىمالىي شىنجاڭدىكى سانجى ئوبلاستى، ئىلى ۋىلايىتى قاتارلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رايونلاردا قۇرۇلدى. شۇ مەزگىلدە جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرى يەنە بىر تۈركۈم بادالڭ ئامبار، ئاددىي ئامبار، خىشتىن ياسالغان يۇمىلاق ئامبار، يەر ئاستى ئامبارلىرىنى ياسىدى. 1971 - يىل 6- ئايدا، ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئاشلىق ئىدارىسى ئادەم ئەۋەتىپ، سودا مىنىستىرلىكى جاڭسۇدا چاقىرغان مەملىكەتلىك بادالڭ ئامبار قۇرۇلۇشى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتۇردى. يىغىندىن كېيىن، شىخۇ ناھىيىسىدە سىناق قىلىندى، بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، مەزكۇر ناھىيىدىكى ئاشلىق تارماقلىرى ۋە يېزىلاردىكى گۇڭشې - ئەترەتلەردە 2 مىليون كىلوگرامدىن ئارتۇق ئاشلىق سىغىدىغان بادالڭ ئامباردىن 80 نەچچىسى ياسالدى. شۇ يىل 9 - ئايدا، ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئاشلىق ئىدارىسى شىخۇ ناھىيىسىدە شىنجاڭ بويىچە بادالڭ ئامبار قۇرۇلۇشى نەق مەيدان يىغىنى چاقىردى. 1972 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 1109 بادالڭ ئامبار ياسالدى، بۇلارنىڭ سىغىمچانلىقى 60 مىليون 45 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى، بۇنىڭ 901نى دۆلەت ئاشلىق ئىسكىلاتى سالدۇردى، بۇنىڭ سىغىمچانلىقى 53 مىليون 785 مىڭ كىلوگرام، قالغىنىنى يېزىلاردىكى گۇڭشې - ئەترەتلەر ياسىدى. 1974 - يىلى توققۇزتارا، غۇلجا، كۈنەس ناھىيىلىرى ئۆز شارائىتىغا يارىشا ئىش كۆرۈپ بىر تۈركۈم ئاددىي چۈنجىسىمان ئامبار، سېۋەت ئامبار قاتارلىقلارنى ياساپ، ئەملىكى يۇقىرى كۆمىسقوناقنى مەدەك بىلەن قاچىلاپ ساقلىدى. 1977 - يىل 4 - ئايدا، ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ يەر ئاستى ئۇرۇش تەييارلىقى ئاشلىق ئامبىرى قۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى، ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتى مالىيە - سودا ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قىدىرباي گۇرۇپپا باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. 7 - ئايدا، شىنجاڭ يەر ئاستى ئۇرۇش تەييارلىقى ئاشلىق ئامبىرى قۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئۈرۈمچى، ساۋەن، گۈچۈڭ ناھىيىلىرىدە يەر ئاستى كانايسىمان ئامبار قۇرۇشنى قارار قىلدى. 1978 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە يەر ئاستى كانايسىمان ئامباردىن ئۈچى ياسالدى، ئۇنىڭ سىغىمچانلىقى 17 مىليون 520 مىڭ كىلوگرام بولدى. 1978- يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى كۈنەس ناھىيىسىدىكى تۈرگۈن ئاشلىق پونكىتىدا نەق مەيدان يىغىنى چاقىرىپ، سىناق تەرىقىسىدە يۇمىلاق خىش ئامباردىن ئۈچنى ياسىدى، ئۇنىڭ سىغىمچانلىقى 1 مىليون 200 مىڭ كىلوگرام بولدى. بۇنى ياساشتا قېلىپسىز خىشنى تىزىپ شارچە قۇرۇلۇش قىلىش تېخنىكىسى قوللىنىلدى. ئامبار تېگىگە مېخانىكىلىق ئاشلىق چىقىرىش ئۈسكۈنىسى ئورنىتىلدى. 1979 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە يۇمىلاق خىش ئامباردىن 20 نەچچىسى ياسالدى، ئۇنىڭ سىغىمچانلىقى 8 مىليون 115 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى. 1978 - يىلدىن ئېتىبارەن ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئۈرۈمچى، سانجى، ئىلى، تارباغاتاي، ئاقسۇ، قۇمۇل، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى 50 - يىللاردا ياسالغان 10 كورپۇس سوۋېت پاسونىدىكى ئامبارنى يوشۇرۇن كۈچلەرنى ئىشقا سېلىپ ئۆزگەرتىشنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى مۇنداق بولدى: سوۋېتچە ئامبارنىڭ تېگى 5 مېتىر قېزىلىپ پەلەمپەي چىقىرىلىپ، ئۇ يەرگە مۇقىم ئاشلىق توشۇغۇچ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ھەر بىر ئامبار ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ سىغىمچانلىقى 1 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام ئاشتى. 1979 - يىل 1 - ئايدا، سودا مىنىستىرلىكى، باش ئارقا سەپ تەمىنات

بولۇشىنىڭ تەستىقى بىلەن، شىنجاڭ يەر ئاستى ئۇرۇش تەييارلىقى ئاشلىق ئامبىرى قۇرۇلۇشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى شىخو ناھىيىسىدە ئۆڭكۈر ئىسكىلات («0511» قۇرۇلۇشى) ياساشنى، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ كۆلىمى 6120 كۋادرات مېتىر، سىغىمچانلىقى 5 مىليون 250 مىڭ كىلوگرام بولۇشنى، 1983 - يىلغىچە پۈتكۈزۈشنى قارار قىلدى. شۇ ۋاقىتتا يەنە ئۈرۈمچى، ساۋەن، قۇتۇبى، نىلقا قاتارلىق ناھىيىلەردە سىغىمچانلىقى 15 مىليون كىلوگراملىق يەر ئاستى كانايسىمان ئامبار ياساش، بۇنى 1981 - يىلغىچە پۈتكۈزۈش قارار قىلىندى. 1979 - يىل 9 - ئايدا، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ئاشلىق تارماقلىرىنى دۆلەتنىڭ ئاشلىق، ياغ ئامبارلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشكە تەشكىللىدى. 1979 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندىكى ئومۇمىي ئاشلىق، ياغ ئىسكىلاتى، پونكىتى (نۇقتىسى) 739غا، ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 1 مىليارد 976 مىليون كىلوگرامغا يەتتى (ئاشلىق، ياغ پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتلىرى، ماگىزىنلاردىكى 157 مىليون كىلوگرام ئاشلىق بۇنىڭ سىرتىدا)، بۇنىڭ ئىچىدە سىغىمچانلىقى 50 مىليون كىلوگرامدىن يۇقىرى چوڭ ئىسكىلاتتىن بىرى، 25 مىليون 10 مىڭ كىلوگرامدىن 50 مىليون كىلوگرامغىچە بولغان ئىسكىلاتتىن 5ى، 15 مىليون 10 مىڭ كىلوگرامدىن 25 مىليون كىلوگرامغىچە بولغان ئامبار، پونكىتتىن 9ى بار. ئاپتونوم رايوندىكى ئومۇمىي ئامبارلارنىڭ سىغىمچانلىقى ئىچىدە، سۈپىتى ياخشىلىرى %86.92نى، چوڭ رېمونت قىلىشقا تېگىشلىكى %9.1نى، كېرەكسىز قىلىنىدىغىنى %3.98نى ئىگىلىدى؛ ئامبار تىپى بويىچە ئايرىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى پاسوندىكى ئامبار %38.08نى، ئۆيسىمان ئامبار %40.84نى، ئاددىي ئامبار %15.55نى، باشقا تىپتىكى ئامبارلار %5.53نى ئىگىلىدى؛ قاتناش شارائىتى بويىچە ئايرىغاندا، تۆمۈريول بويىدىكىسى %6.63نى، غول تاشيول لىنىيىسى بويىدىكىسى %55.03نى، تارماق تاشيول لىنىيىسى بويىدىكىسى %33.94نى، غەيرىي قاتناش لىنىيىسى بويىدىكىسى %7.4نى ئىگىلىدى. شۇ مەزگىلدە، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئىسكىلات، پونكىتلارنىڭ يېرىنى قاتتىقلاشتۇرۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى بىلەن، ئاساسىي قاتلام ئامبار، پونكىتلار يەرنى سېمونتلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېزلەتتى، 1979 - يىلىلا ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭىدىن سېمونتلاشتۇرۇلغان يەر 15 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق، ياغ ئىسكىلات، پونكىت (نۇقتا)لىرى ياسىغان يەر 1 مىليون 90 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سېمونتلاشتۇرۇلغىنى 820 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، %75.23نى ئىگىلىدى. ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئۆزىدىلا سېمونتلاشتۇرۇلغان يەر 170 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى، قىسمەن ئىسكىلات، پونكىتلارنىڭ يەرلىرى پۈتۈنلەي سېمونتلاشتۇرۇپ بولۇندى.

80 - يىللاردا، ئاشلىق ئىسكىلات قۇرۇلۇشىدا خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق، قوش ئۆگىلىك ئەگمە ئۆيسىمان ئامبار ئاساس قىلىندى، بۇ خىل ئامبارنىڭ چات ئارىسى 18 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 52 مېتىر، ئاشلىق قاچىلاش ئېگىزلىكى 4.5 مېتىر، سىغىمچانلىقى 3 مىليون كىلوگرام. بۇ مەزگىلدە قۇرۇلغان قوش ئۆگىلىك ئەگمە ئۆيسىمان ئامبارنىڭ سىغىمچانلىقى شۇ مەزگىلدە يېڭىدىن سېلىنغان ئومۇمىي ئامبارلار سىغىمچانلىقىنىڭ %95ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى، ئۇ ئاساسەن قاتناش لىنىيىسى بويىدىكى شەھەرلەر ۋە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ناھىيىلەردە قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆپرەك قۇرۇلغانلىرى: ش ئۇ ئا ر ئاشلىق - ياغ يۆتكەش پونكىتىدا 40 مىليون كىلوگرام، ئۈرۈمچى شەھىرى تودۇڭخې ئاشلىق - ياغ زاۋۇتىدا 45 مىليون 70 مىڭ كىلوگرام، بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ يۆتكەش پونكىتىدا 39 مىليون كىلوگرام، قۇمۇل ۋىلايەتلىك 1 - ئاشلىق ئىسكىلاتىدا 25 مىليون كىلوگرام، ئالتاي ۋىلايىتىدىكى بېيتۈن ئاشلىق يۆتكەپ بېرىش - زاپاس ساقلاش ئىسكىلاتىدا 22 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام، قورغاس ناھىيىسىدىكى جارسۇ ئاشلىق ئىسكىلاتىدا 22 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام. شۇ مەزگىلدە جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرى يەنە بىر تۈركۈم پولات تاختىلىق ئامبار، پولات چۆۋۈق - بېتون قۇرۇلمىلىق تۈرخۇنسىمان ئامبار قاتارلىق زامانىۋى ئاشلىق

ساقلاش ئەسلىھەلىرىنى قۇردى. 1981 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى «1 - ئاۋغۇست» ئۈن زاۋۇتىدا يېڭىدىن قۇرۇلغان تۇرخۇنسىمان ئىسكىلات 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا پۈتتى. مەزكۇر تۇرخۇنسىمان ئىسكىلات دىئامېتىرى 8 مېتىر، ئېگىزلىكى 31.5 مېتىر كېلىدىغان پولات چىۋىق بېتونلۇق 15 تىنك ئامباردىن تەركىب تاپتى ۋە ئۇنىڭدا كىرگۈزۈلگەن ئاشلىقنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش، كىرلاش، تازىلاش، ئايلاندۇرۇش خىزمىتى مۇنارى قۇرۇلدى، بۇ ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - بولۇپ قۇرۇلغان تۇرخۇنسىمان ئاشلىق ئىسكىلاتى ھېسابلىنىدۇ. 1983 - يىلى پىچان ناھىيىلىك ئۈن زاۋۇتى ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى بولۇپ خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىدە ئىشلەپچىقىرىلغان پولات تاختىلىق ئامباردىن ئىككىنى كىرگۈزۈپ قۇراشتۇردى. ئۇنىڭ ھەر بىرىگە 180 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق سىغىدۇ. شۇ يىلى گوۋۇيۈەن شىنجاڭغا مەبلەغ سېلىپ ئامبار قۇرۇش كۆرسەتكۈچىدىن 350 مىليون كىلوگرام تەقسىم قىلدى. 1984 - يىلى ئاپتونوم رايون يەنە دۆلەت بىلەن بىرلىكتە مەبلەغ سېلىش، ئاپتونوم رايون مالىيىسى مەخسۇس پۇل ئاجرىتىش، ئاددىي قۇرۇلۇش خىراجىتىنى ئالدىن چىقىم قىلىش قاتارلىق يوللار ئارقىلىق ئاشلىق ئامبىرى سېلىپ، 1986 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 610 مىليون كىلوگرام ئاشلىق سىغىدىغان يېڭى ئاشلىق ئامبىرى قۇرۇپ چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1986 - يىلى پۈتكىنىنىڭ سىغىمچانلىقى 276 مىليون كىلوگرام، شۇ يىلى تارىختا سېلىنغان ئامبار ئەڭ كۆپ بىر يىل بولدى. شۇ مەزگىلدە، سانجى ناھىيىسىدىكى بازار ئاشلىق ئىسكىلاتى، سانجى ئوبلاستلىق ياغ زاۋۇتى، فۇكاڭ ئۈن زاۋۇتى تۆتتىن پولات تاختىلىق ئامبار قۇراشتۇردى. بۇ ئامبارلارنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 750 مىڭ كىلوگرام. 1986 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ ئۇقتۇرۇشىدىكى تەلەپلەرگە ئاساسەن خادىم تەشكىللەپ ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق ئامبارلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ باھالاپ چىقتى ۋە سودا مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقىنى ئېلىپ 676 مىليون كىلوگرام ئاشلىق سىغىدىغان ئامبارلارنى كېرەكسىز قىلدى، بۇ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان كېرەكسىز قىلىنغان ئامبار ئەڭ كۆپ بولغان بىر يىل بولدى. بۇ، ئاساسەن، بەزى ۋىلايەت، ئوبلاستلار كۆپ يىللاردىن بۇيان كېرەكسىز قىلىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ، ۋاقتىدا كېرەكسىز قىلالماي، مۇشۇ يىلغا توغرا كېلىپ قالغانلىقىدىن بولدى. كېرەكسىز قىلىنغان ئامبارلار ئىچىدە ئۆزۈندىن بېرى رېمونت قىلىنماي ئىشلىتىش قىممىتى قالمىغان ئامبارلارنىڭ سىغىمچانلىقى 385 مىليون كىلوگرام، مەلۇمات بىلەن ئەمەلىيەت پەرقلىنىدىغان مەۋھۇم سان سىغىمچانلىقى 200 مىليون كىلوگرام، رېمونت قىلىش قىممىتى قالمىغان باداڭ ئامبار، سېۋەت ئامبار، قومۇش ئامبار قاتارلىق ئاددىي ئامبارلارنىڭ سىغىمچانلىقى 58 مىليون كىلوگرام، كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشى بىلەن ساقلىغىدەك ئاشلىق بولمىغان ئامبارلارنىڭ سىغىمچانلىقى 32 مىليون كىلوگرام. كېرەكسىز قىلىنغان بۇ ئامبارلار دەپتەردىن ئۆچۈرۈۋېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسمىغا باشقا نەرسىلەر قويۇپ داۋاملىق پايدىلىنىلدى. سانجى شەھىرىدىكى ئاشلىق ئامبارلىرى ئىچىدە گۇاڭشۈ 9 - يىلى (1883 - يىلى) ياسالغان بىر ئامبار شۇ جايدىكى مەدەنىي يادىكارلىقلار تارماقلىرى تەرىپىدىن قەدىمكى دەۋر يادىكارلىقى قىلىنىپ ساقلاپ قېلىندى. 1986 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە كېرەكسىز قىلىنغان ئامبار سانى چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىنكى ئاشلىق ئامبارلىرىنىڭ سىغىمچانلىقى 2 مىليارد 358 مىليون كىلوگرام بولۇپ، 1979 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىسىدىن 10.55% ئاشتى. ئامبار سۈپىتىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۆستى.

1987 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى «1 - ئاۋغۇست» ئۈن زاۋۇتىدا خېنەن ئەنياڭ لىپۇ تۇرخۇنسىمان ئامبار شىركىتى ئىشلىگەن ئېگىزلىكى 26 مېتىر كېلىدىغان پولات تاختىلىق ئامباردىن توققۇزى قۇراشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئالتىسىنىڭ دىئامېتىرى 3.5 مېتىردىن، ئۈچىسىنىڭ دىئامېتىرى 1.6 مېتىردىن بولۇپ، سىغىمچانلىقى بىر مىليون كىلوگرام، ئۇنىڭغا ئۈن، كېپەك قاچىلاپ ساقلىغىلىمۇ بولىدۇ. 1989 - يىلى قاراماي شەھەرلىك ئۈن زاۋۇتى، موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىك ياغ زاۋۇتى، ئۈرۈمچى ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلار سىچۈەن ئۆلكىلىك پولات تاختىلىق ئامبار شىركىتى ئىشلىگەن پولات

ئامباردىن 11نى قۇراشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە قاراماي شەھەرلىك ئۇن زاۋۇتى قۇراشتۇرغان پولات تاختىلىق ئالتە ئامبارنىڭ سىغىمچانلىقى 4 مىليون كىلوگرام بولۇپ، بۇ، ئاپتونوم رايون بويىچە سىغىمچانلىقى ئەڭ چوڭ پولات تاختىلىق ئامبار ھېسابلىنىدۇ. 50 ـ يىللاردىن 60 ـ يىللارغىچە سېلىنغان سوۋېت پاسونىدىكى ئامبارلارنىڭ ساقلاش شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، ئىلى، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلار ئۆگزىسىنى يۇقىرىلىتىش، تېمىنى پۇختىلاش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق 505 مىليون كىلوگرام ئاشلىق سىغىدىغان سوۋېت پاسونىدىكى ئامبارنى ئۆزگەرتىپ ئاشلىق ساقلاش سىغىمچانلىقىنى 100 مىليون كىلوگرام ئاشۇردى.

1990 ـ يىلى ئاپتونوم رايون ئاددىي قۇرۇلۇش خىراجىتى ۋە مەخسۇس قەرز ئارقىلىق يېڭىدىن 190 مىليون كىلوگرام ئاشلىق سىغىدىغان ئاشلىق ئامبىرى قۇرۇلۇشىنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن 1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندا ئاشلىق ـ ياغ ئىسكىلاتى، پونكىتى (نۇقتىسى) 760قا، ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 2 مىليارد 864 مىليون كىلوگرامغا يەتتى (جەدۋەل: 3 — 3 كە قاراڭ). بۇنىڭ ئىچىدە سىغىمچانلىقى 50 مىليون كىلوگرامدىن يۇقىرى چوڭ ئامبار 3، 25 مىليون 10 مىڭ كىلوگرامدىن 50 مىليون كىلوگرامغىچە بولغان ئامبار 15؛ 15 مىليون 10 مىڭ كىلوگرامدىن 25 مىليون كىلوگرامغىچە بولغان ئامبار، پونكىت 18. ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي ئامبار سىغىمچانلىقى ئىچىدە سۈپىتى ياخشىسى 79.01%، چوڭ رېمونت قىلىشقا تېگىشلىكى 14.84%، كېرەكسىز قىلىنىدىغىنى 6.15%؛ قۇرۇلۇش قىلىنغان يىل بويىچە ئايرىغاندا، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى ھۆكۈمەت ئامبىرى، ئىبادەتخانا ئامبىرىنىڭ ھەممىسى كېرەكسىز قىلىندى، 50 ـ يىللاردىن 60 ـ يىللارغىچە سېلىنغىنى 39.97%، 70 ـ يىللاردا سېلىنغىنى 7.48%، 80 ـ يىللاردا سېلىنغىنى 52.55%؛ ئامبار تىپى بويىچە ئايرىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى پاسونىدىكى ئامبار 27.3%، ئۆيسىمان ئامبار 58.41%، ئاددىي ئامبار 10.92%، گەمە ئامبار 0.69%، يەر ئاستى ئامبار 0.79%، خىشتىن سېلىنغان يۇمىلاق ئامبار 0.14%، باشقا تىپتىكى ئامبارلار 1.75%؛ قاتناش شارائىتى بويىچە ئايرىغاندا، تۆمۈريول ياقىسىدىكىسى 24.06%، غول تاشيول لىنىيىسى بويىدىكىسى 61.64%، تارماق تاشيول بويىدىكىسى 13.58%، غەيرىي قاتناش لىنىيىسى بويىدىكىسى 0.72%. 1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىسى 1979 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىسىگە سېلىشتۇرغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە ئامبارلارنىڭ سىغىمچانلىقى 34.04% كۆپەيدى. ئامبارلارنىڭ سىغىمچانلىقى 15 مىليون 10 مىڭ كىلوگرامدىن 25 مىليون كىلوگرامغىچە بولغان ئامبار، پونكىتتىن 9 ى؛ 25 مىليون 10 مىڭ كىلوگرامدىن 50 مىليون كىلوگرامغىچە بولغان ئامباردىن 10ى؛ 50 مىليون كىلوگرامدىن يۇقىرى چوڭ ئامباردىن 2 سى كۆپەيدى. 1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق ـ ياغ ئامبىرى، پونكىتىنىڭ يەر كۆلىمى 2 مىليون 290 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سېمونتلاشتۇرۇلغان يەر 1 مىليون 780 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، 77.73%نى ئىگىلەپ، 1979 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 1.17 ھەسسە ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئامبارلارنىڭ سىغىمچانلىقى 15 مىليون كىلوگرامدىن يۇقىرى ئامبار، پونكىتنىڭ يېرى پۈتۈنلەي سېمونتلاشتۇرۇپ بولۇندى. قالغان ئامبار، پونكىت يېرىنىڭ كۆپ قىسمى سېمونتلاشتۇرۇلدى.

## 2. ياغ باكلىرى

1955 ـ يىلى ئۆلكىلىك ياغ شىركىتى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى يۆۋاڭمياۋ ئالدى كوچىسى (ھازىرقى «يۈجىن» كوچىسى) دا ياغ ئىسكىلاتى قۇرۇپ، ئۆلكە بويىچە تۇنجى بولۇپ سىغىمچانلىقى 100 مىڭ كىلوگراملىق باكتىن ئۈچنى قۇراشتۇردى. 1956 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ياغ شىركىتى پولات تاختىدىن ھەر بىرىنىڭ سىغىمچانلىقى 25 مىڭ كىلوگراملىق ياتما شەكىلدىكى كىچىك باكتىن 64نى ياساتتىپ (بۇنىڭ 26سى ئۈرۈمچى شەھىرىدە، 38ى قەشقەر شەھىرىدە ياسالدى)، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى

ھەر قايسى جايلارنىڭ ئىشلىتىشىگە تەقسىم قىلىپ بەردى. شۇ مەزگىلدە جايلاردىكى ئاشلىق - ياغ زاۋۇتلىرىمۇ بىر قىسىم ياغ باكلىرىنى ياساتتى. 1961 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايوندىكى ياغ باكلىرىنىڭ سىغىمچانلىقى 4 مىليون 775 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سىغىمچانلىقى 100 مىڭ كىلوگرامدىن يۇقىرى باكلار %3.73نى ئىگىلىدى. 1965 - يىلى ئاشلىق نازارىتى سانجى، ئىلى، بايىنغولىن، قەشقەردىن ئىبارەت تۆت ۋىلايەت، ئوبلاستتا بىر تۈركۈم ياغ باكلىرىنى ياسىتىپ، جايلارنىڭ ئىشلىتىشىگە تاپشۇرۇپ بەردى. 1966-يىلدىن كېيىن، جايلار ئاشلىق - ياغ پىششىقلاش زاۋۇتلىرىنى قۇرۇش بىلەن بىللە، بىر تۈركۈم ياغ باكلىرىنىمۇ ياساتتى.

1979 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى سودا مىنىستىرلىكى ئوتتۇرىغا قويغان ئاشلىق، ياغ سالالاش-توشۇشتا ئۇراقسىز قاچىلاش، ئۇراقسىز توشۇش، ئۇراقسىز چۈشۈرۈش، ئۇراقسىز ساقلاشتىن ئىبارەت ئۇراقسىز قىلىش تەلىپىگە ئاساسەن، 2 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام سىغىمچانلىقتا ئىگە ھەر خىل كىچىك ياغ باكلىرىنى ياساشنى ئورۇنلاشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە كورلا ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى ۋە ئۈرۈمچىدىكى ئالاقىدار زاۋۇتلار 25 مىڭ كىلوگراملىق باكتىن 80نى ياسىدى، بۇنىڭ كۆپ قىسمى ئۈرۈمچى شەھىرىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلدى؛ ھەر قايسى ناھىيىلەر ئۆز ئالدىغا 5000 كىلوگرامدىن 10 مىڭ كىلوگرامغىچە بولغان باكتىن 20نى، 1000 كىلوگرامدىن 2000 كىلوگرامغىچە بولغان باكتىن 300نى ياساتتى. شۇ مەزگىلدە، جايلاردىكى ئاساسىي قاتلام ئامبار، پونكىتلارمۇ ئۆزلىرى مەبلەغ تەييارلاپ قىسمەن ياغ باكلىرىنى ياساتتى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئامبار، پونكىتلىرىدىكى ياغ باكلىرى 339غا، سىغىمچانلىقى 12 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، 1962 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىسىدىن 1.5 ھەسسە ئاشتى. بۇنىڭ سىرتىدا، قىسمەن ئاشلىق - ياغ پىششىقلاش زاۋۇتلىرى، ماگىزىنلىرى يېڭىدىن 169 باك ياساتتى، بۇنىڭ سىغىمچانلىقى 1 مىليون 120 مىڭ كىلوگرام.


80 - يىللاردا، ياغ ساقلاش مىقدارى زور ھەجىمدە ئاشتى، باك قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولدى. 1980 - يىلدىن ئېتىبارەن، ئۈرۈمچى، قاراماي، قەشقەر قاتارلىق شەھەرلەردىكى ئاشلىق دۇكانلىرىغا ئارقا - ئارقىدىن 2000 كىلوگراملىق ياغ ساقلاش باكلىرى قۇراشتۇرۇپ بېرىلدى. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئۆزىدىلا 131 ئاشلىق دۇكىنىغا 272 دانە كىچىك باك قۇراشتۇرۇپ بېرىلدى، ئۇنىڭ سىغىمچانلىقى 544 مىڭ كىلوگرام بولدى. 1985 - يىلى ياغ ئاققۇزۇش تۇرۇبىسى، ياغ ناسوسى قاتارلىق ياغ قاچىلاشنى يۈرۈشلەشتۈرۈش ئەسلىھەلىرى ئاساسىي جەھەتتىن سەپلىنىپ بولدى. 1985 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە ئىلى، كۈيتۇڭ، تارباغاتاي، ئالتاي قاتارلىق جايلاردا يېڭىدىن 500 مىڭ كىلوگراملىق باكتىن 57سى، ش ئۇ ئا ر ياغ شىركىتى ئىسكىلاتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ياغ شىركىتى ئىسكىلاتىغا يېڭىدىن بىر مىليون كىلوگراملىق باكتىن تۆتى قۇراشتۇرۇلدى. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايوندىكى ياغ ساقلاش باكى 899غا، سىغىمچانلىقى 77 مىليون 940 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، 1979 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىسىدىن %76.97 ۋە 4.94 ھەسسە ئاشتى. بۇ مەزگىلدە، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا قۇرۇلغان باك سىغىمچانلىقى 5 مىليون 995 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، تارىختا ياغ باكى ئەڭ كۆپ قۇرۇلغان مەزگىل بولدى (جەدۋەل: 3 — 5 كە قاراڭ).

## 3. ئۆلچەش ئەسۋابلىرى


1950 - يىلدىن ئىلگىرى شىنجاڭدا ئاشلىق ئېلىم - بېرىمدە كۈرە، شىڭ ۋە ئۆزگىچە ئۆلچەش ئەسۋابلىرى ياكى كونا تارازىلار ئىشلىتىلىپ، ئۆلچەم تۈزۈمى بىرلىككە كەلتۈرۈلمىگەنىدى. شىمالىي شىنجاڭدا تولاراقى پاتمان (تەخمىنەن 65 كىلوگرامغا تەڭ)، پۇت (تەخمىنەن 16.38 كىلوگرامغا تەڭ) ئىشلىتىلسە، جەنۇبىي

شىنجاڭدا تاغار (تەخمىنەن 90 كىلوگرامغا تەڭ)، چارەك (تەخمىنەن 9 كىلوگرامغا تەڭ) ئىشلىتىلەتتى. ئۆلچەم تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، 1950 - يىلىنىڭ بېشىدا، ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسى «ئۆلچەم تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن ئۆلكە بويىچە ئاشلىق ئېلىم - بېرىمىدە يېڭىدىن بېكىتىلگەن ئۆلچەملىك تارازا (ئۆلچەملىك تارازىنىڭ بىر جىڭى كونا تارازىغا سۇندۇرغاندا 13 سەر 6 مىسقال بولىدۇ) ئىشلىتىشنى بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسىنىڭ ياساش زاۋۇتىغا 450 جىڭلىق تارازىدىن 300، 100 جىڭلىق تارازىدىن 100 بولۇپ، جەمئىي 400 ئۆلچەملىك تارازا ياساپ بېرىشنى ھاۋالە قىلدى، بۇنىڭ 351 نى ھەرقايسى ناھىيىلەردىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئىشلىتىشىگە تارقىتىپ بەردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ئېلىم - بېرىمىدىكى ئۆلچەش ئەسۋابلىرى تۈزۈمى دەسلەپكى قەدەمدە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن بولدى. 1951 - يىلدىن ئېتىبارەن، ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسى جايلارغا گىر تارقىتىپ بەردى، ناھىيە بازىرىدىكى ئاشلىق ئامبارلىرى ئاشلىق كىرگۈزۈشتە گىر ئىشلىتىشكە باشلىدى. 1955 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ 1 - ئىسكىلاتىغا ئۆلكە بويىچە 1 - بولۇپ 10 توننىلىق يەر گىرى قۇراشتۇرۇپ بېرىلدى. بۇ مەزگىلدە، ھەر يىلى يېڭى ئاشلىقنى ئامبارغا كىرگۈزۈشتىن ئىلگىرى ئاشلىق مەمۇرىي تارماقلىرى تېخنىك خادىملارنى ئاشلىق ئامبارلىرىغا ئەۋەتىپ، گىرلارنى رېمونت قىلىپ ۋە توغرىلاپ تۇردى. 1958 - يىلى ئاشلىق نازارىتى رېمونت كۈچى كۈچلۈك بولغان قىسمەن ئاشلىق تارماقلىرىغا بىر يۈرۈشتىن گىر توغرىلايدىغان تاش ۋە رېمونت قوراللىرىنى تەقسىم قىلىپ بېرىپ، ئۇلارنى شۇ جايدىكى ۋە يېقىن ناھىيىلەردىكى گىرلارنى توغرىلاش ۋە رېمونت قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلدى. شۇ مەزگىلدە جايلاردىكى گىر سانى ۋە ئۇنىڭ ئۆلچىمى كۆپەيدى. 1961 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرىدا بىر دانە يەر گىرى، 2203 دانە ئۈستەل گىرى بار بولدى، بۇلار 300 كىلوگراملىق، 500 كىلوگراملىق، 1000 كىلوگراملىقتىن ئىبارەت 3 خىل بولۇپ، كۆپرەكى 500 كىلوگراملىق ئىدى. ئاساسىي قاتلام ئاشلىق - ياغ ئىسكىلاتلىرى، پونكىتلىرىنىڭ ھەممىسىدە گىر بار بولۇپ، چوكىلىق تارازا پەيدىنپەي شاللىنىۋېتىلدى.


1965 - يىلدىن ئېتىبارەن ئاشلىق نازارىتى جايلارغا 2 توننىلىق گىر تارقىتىپ بەردى، جايلاردىكى چوڭ، ئوتتۇرا ئاشلىق ئىسكىلاتلىرى ئارقا - ئارقىدىن 10 توننىلىق، 20 توننىلىق يەر گىرلىرىنى قۇراشتۇردى. 1978- يىلى ۋۇشىدا ئىشلەنگەن «CJ—300» تىپلىق مېخانىكىلىق ئاپتوماتىك تارازا سېتىۋېلىندى. 1979- يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايوندا ئاشلىق تارماقلىرىدىكى مېخانىكىلىق ئاپتوماتىك تارازا 10غا، يەر گىرى 32گە يەتتى. 1980 - يىلدىن كېيىن، جايلار ئارقا - ئارقىدىن 3 توننىلىق، 5 توننىلىق گىرلارنى، يەنە بىر قىسىم مېخانىكىلىق ئاپتوماتىك تارازىلارنى سېتىۋالدى. 1983 - يىل 5 - ئايدا، ئاشلىق نازارىتى سانجى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئۇن زاۋۇتىدا مېخانىكىلىق ئاپتوماتىك تارازىنى ئىشلىتىش ۋە رېمونت قىلىش بويىچە ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، ئاساسىي قاتلام ئورۇنلارغا 27 تېخنىك خادىم تەربىيىلەپ بەردى، 1985 - يىلدىن كېيىن، ئاشلىق سېتىۋېلىش مىقدارى كۆپ بولغان ئاساسىي قاتلام ئاشلىق پونكىتلىرى، چوڭ، ئوتتۇرا ئاشلىق ئامبارلىرىدا ئومۇميۈزلۈك 10 توننىلىق، 20 توننىلىق، 30 توننىلىق يەر گىرلىرى قۇراشتۇرۇلدى. 1990- يىل ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى جەمئىي يەر گىرى 138گە يېتىپ، 1979 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 3.3 ھەسسە كۆپەيدى، مېخانىكىلىق ئاپتوماتىك تارازا 137گە يېتىپ، 1979 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىسىدىن 12.7 ھەسسە كۆپەيدى، بۇنىڭدىن باشقا، ھەر خىل ئادەتتىكى گىر -تارازىلار 2259غا يەتتى، بۇنىڭ كۆپىنچىسى بىر توننىلىق ئىدى.




خەلق ئۆزى ياسىۋالغان تارازا (جىڭ)



كۆزە



تارازا (جىڭ)



چارەك

سۈرەت: 3 — 2 ئۆلچەش ئەسۋابلىرى

## 4. ساقلاش ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرى

### 1) يەتكۈزۈش ئۈسكۈنىلىرى

1954 - يىلدىن ئىلگىرى شىنجاڭدا ئاشلىقنى ئامبارغا كىرگۈزۈش ئىشى پۈتۈنلەي ئادەم كۈچى بىلەن بولاتتى. 1954 - يىلى 5 - ئايدا ئۆلكىلىك ئاشلىق نازارىتى غەربىي شىمال ئاشلىق ئىدارىسىدىن تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن شېنياڭ كان ماشىنىسازلىق زاۋۇتىدا ئىشلەنگەن «T—4S» تىپلىق 4 دانە تاسمىلىق يەتكۈزگۈچنى ئۈرۈمچى، غۇلجا، قەشقەر شەھەرلىرىدىكى ئاشلىق ئامبارلىرىغا تەقسىم قىلىپ بەردى، توك كۈچى يەتمىگەچكە، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىلمىدى. 1957 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ 1- ئىسكىلاتلا ئاشلىق دۆۋىلىرىنى ئۆرۈشتە يەتكۈزگۈچتىن پايدىلاندى. 1958 - يىلى تېخنىكا يېڭىلاش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش داۋامىدا، ئاساسىي قاتلام ئامبار، پونكىتلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىر تۈركۈم ياغاچ رېلىسلىق ۋاگون، ياغاچتىن ئىشلەنگەن تاسمىلىق يەتكۈزگۈچ، تۆمۈر يەتكۈزگۈچ، پۇت بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان يەتكۈزگۈچلەرنى ئەتتىق قىلىپ ياسىدى. ساۋەن ناھىيىسىنىڭ شىخەنزە ئاشلىق پونكىتىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر پونكىت ئىچىدە 120 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ياغاچ رېلىس ياتقۇزۇپ، ئۇنىڭدا بىر تونىلىق ۋاگونلارنى ئادەم كۈچى بىلەن ماڭدۇرۇپ، ئاشلىق قاچىلاش، چۈشۈرۈش ئۈنۈمىنى بىر قانچە ھەسسە ئۆستۈردى. 1960- يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ 1 - ئىسكىلاتى ئۈرۈمچى «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتىدا سېخ بىلەن ئامبارلار ئارىسىدا 200 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا يېنىك تۆمۈر يول ياساپ، ئۇنىڭدا قول بىلەن ماڭغۇزۇلىدىغان يۈك توشۇش ۋاگونىدىن 48نى ماڭدۇرۇپ، ئاشلىق، ئۇن توشۇدى. 1961 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم

رايونىمىزدىكى يەتكۈزگۈچ 12گە يەتتى. كېيىن، جايلار ئارقا - ئارقىدىن بىر تۈركۈم يەتكۈزگۈچ، دان يىغىش ماشىنىلىرىنى سېتىۋالدى. 1965 - يىلى بەزى ناھىيىلەردىكى ئاشلىق ئامبارلىرى تاسمىلىق يەتكۈزگۈچلەرنى ئىشلىتىشكە باشلىدى. 1968 - يىلدىن ئېتىبارەن، ئاشلىق سېتىۋېلىش مىقدارى كۆپ بولغان ئاساسىي قاتلام ئاشلىق پونكىتلىرى تاسمىلىق يەتكۈزگۈچ ئىشلىتىشكە باشلىدى.

1974 - يىلى ئاشلىق تارماقلىرى سانجى ئوبلاستلىق ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتىدا ئىشلەپچىقىرىلغان «TDSL — 500 × 10» تىپلىق سىلجىما تاسمىلىق ئۇراقسىز، ئۇراقلىق ئاشلىقنى يەتكۈزگۈچ، دان يىغقۇچ قاتارلىقلارنى ئىشلىتىشكە باشلىدى. 1977 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئاشلىق ئىدارىسى قىسمەن ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارە باشلىقلىرى ۋە ساقلاش خىزمىتىگە مەسئۇل كىشىلەرنى تەشكىللەپ جياڭسۇ قاتارلىق ئۈچ ئۆلكىنىڭ ئاشلىق ئامبارلىرىنى ماشىنىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ تەجرىبە ئۆگىنىشكە ئەۋەتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق ئامبارلىرىنى ماشىنىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. شۇ يىلى 6 - ئايدا گوڭچۇڭ ناھىيە بازىرىدىكى ئاشلىق ئىسكىلاتى 10 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىدىن ماشىنا - ئۈسكۈنە ئىسمېنىسى تەشكىللەپ، ئۆزلىرى قول سېلىپ ئىشلەپ، ئۈچ دانە يەتكۈزگۈچنى ئۆزگەرتىپ ئىشلىدى ۋە ئىككى دانە ئوقۇرلۇق گىر، ئۈچ دانە يەل كۈچى بىلەن ئەخلەت تازىلىغۇچ سەپلەپ، ئاشلىقنى ئامبارغا قاچىلاشنى ماشىنا ئارقىلىق يۈرۈشلەشتۈرۈپ ئىشلەشنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىشقا ئاشۇردى. 1978 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، مەزكۇر ئامبار 7 خىلدىكى 49 ئاشلىق ئامبىرى ماشىنىسىنى تەقلىد قىلىپ ياساپ، ئۆزگەرتىپ، ئۆزلىرى ئىشلەپ يەتكۈزۈش لىنىيىسىنى 158 مېتىرغا يەتكۈزدى. شۇ مەزگىلدە، ئىلى ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسىگە بىۋاستە قاراشلىق ئامبار، قوتۇبى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ناھىيە بازىرىدىكى ئامبىرى، قەشقەر شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئامبىرى قاتارلىق ئورۇنلارمۇ ئامبارلاشتۇرۇش، ئامباردىن ئامبارغا يۆتكەش قاتارلىق ئىشلارنى دەسلەپكى قەدەمدە ماشىنا ئارقىلىق يۈرۈشلەشتۈرۈپ ئىشلەيدىغان بولدى. 1979 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى ئىسكىلاتى ئامبارلار ئارا يۆتكەش - يەتكۈزۈش ئۈچۈن 10 دانە ئاككۇمۇلياتورلۇق ئاپتوموبىل سېتىۋالغاندىن ئىشلىتىشكە باب كەلمىگەچكە، ئوچۇقچىلىقتا ئاشلاپ قويۇلۇپ كېيىن كېرەكسىز قىلىۋېتىلدى. شۇ يىلى 5 - ئايدا، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى گوڭچۇڭ ناھىيىسىدە ئاشلىق ئامبىرى ماشىنىلىرى بويىچە نەق مەيدان يىغىنى چاقىرىپ، بۇنىڭدىن كېيىن يەتكۈزگۈچلەرنى نۆۋەتلىك راۋاجلاندۇرۇپ، ئامبارغا كىرگۈزۈش ئىشىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى ھەل قىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئەمگەك سىجىللىقىنى يېنىكلىتىشنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، تازىلاش، كىرلاش، قۇرۇتۇش ماشىنىلىرى قاتارلىقلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، يۈرۈشلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ماشىنىلاردىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1979 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر خىل يەتكۈزگۈچ 826گە، بۇنىڭ ئىچىدە تاسمىلىق يەتكۈزگۈچ 686گە، مۇقىم يەتكۈزۈش لىنىيىسى 16 يۈرۈش، 800 مېتىرغا، باشقا خىلدىكى يەتكۈزگۈچلەر 124كە يەتتى.

1980 - يىلدىن ئېتىبارەن، ئامبارغا ئاشلىق كىرگۈزۈش، چىقىرىش ۋە ئۇن زاۋۇتىغا يىرىك ئاشلىق توشۇشنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى ئىسكىلاتى، ئاقسۇ، بورتالا، چۆچەك، سانجى، فۇكاڭ، قاغىلىق ناھىيىلىرىدىكى ناھىيە بازىرى ئاشلىق ئىسكىلاتلىرى، ئىلى ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسىگە بىۋاستە قاراشلىق ئىسكىلات قاتارلىق 10 ئورۇن ئۆزگەرتىلگەن سوۋېتچە ئامبارنىڭ تېگى قىسمىغا «U» شەكىللىك تاسمىلىق يەتكۈزگۈچ كۆرەكلىك يەتكۈزگۈچ قۇراشتۇرۇپ، يەر ئاستى مۇقىم يەتكۈزۈش لىنىيىسى شەكىللەندۈردى. 1983 - يىل 7 - ئايدا، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «XY—200» تىپلىق ھاۋا ئېقىملىق 20 يەتكۈزگۈچ سېتىۋېلىپ، جايلاردىكى ئاشلىق ئىسكىلاتلىرىنىڭ ئىشلىتىشىگە تەقسىم قىلىپ بەردى ھەمدە گوڭچۇڭ ناھىيىسى بازىرىدىكى ئاشلىق ئىسكىلاتىدا نەق مەيدان يىغىنى ئۆتكۈزۈپ ئومۇملاشتۇردى. 1985 - يىلى ئاشلىق تارماقلىرى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ساقلاش - توشۇش شىركىتى

بىلەن سۈجۈدىكى «1603»، ئاشلىق ئىسكىلاتى بىرلىكتە ئىشلىگەن «DSSJ» 15 مېتىرلىق ئۈزىرىدىغان ۋە قىسقىرىدىغان ئېگىز يەتكۈزگۈچ، 8 مېتىرلىق ۋە 10 مېتىرلىق ئۈزىرىدىغان ۋە قىسقىرىدىغان تۈز يەتكۈزگۈچ، يۆتكىلىشچان ئۆزگەرتىدىغان دان يىغقۇچ، قوش قاناتلىق دان يىغقۇچ قاتارلىقلارنى ئىشلىتىشكە باشلىدى. 1987-يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتى دۆربىلجىن ئاشلىق شۆبە ئىدارىسى تەتقىق قىلىپ ئىشلىگەن «XS—35» تىپلىق سىلجىما سپىراللىق ئەخلەت تازىلايدىغان يەتكۈزگۈچ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. مەزكۇر يەتكۈزگۈچ ئەخلەت تازىلاش بىلەن يەتكۈزۈشنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بولۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ 1988-يىللىق «ئۇچقۇن» پەن-تېخنىكىسى بويىچە 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ۋە دۆلەت پاتېنتىغا ئېرىشتى. 1990-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يەتكۈزگۈچ 1416گە يېتىپ، 1979-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىسىدىن %43.71 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇقىم يەتكۈزۈش لىنىيىسى 83 يۈرۈش، 1667 مېتىر، سىلجىما تاسمىلىق يەتكۈزگۈچ 1031، ھاۋا ئېقىملىق يەتكۈزگۈچ 87، باشقا يەتكۈزگۈچلەر 215.

### 2) تازىلاش ئۈسكۈنىلىرى

1957-يىلدىن ئىلگىرى، ئاشلىق تازىلاشتا ئادەتتە غەلۋىر ئىشلىتىلەتتى، ئاز ساندىكى ئامبارلاردا قول شامالدۇرغۇچ بولغاندىن سىرت، باشقا تازىلاش ئۈسكۈنىسى يوق ئىدى. 1957-يىلى، ئاشلىق نازارىتى بىر قىسىم جايلارغا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن ئېلېكترلىك ۋە قول شامالدۇرغۇچ تەقسىم قىلىپ بەرگەنىدى، توك كۈچى يېتىشمىگەچكە، كۆپ قىسمى قولدا ھەرىكەتلەندۈرۈلدى. 1958-يىلى تېخنىكا يېڭىلاش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش داۋامىدا، بەزى ئاساسىي قاتلام ئامبار، پونكىتلار سىيرىلما غەلۋىر شامالدۇرغۇچ، تاش ئىلغاش غەلۋىرى قاتارلىق تازىلاش قوراللىرى ۋە ئۈسكۈنىلىرىنى ياسىدى، ئامبارلاشتۇرۇلىدىغان ئاشلىقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە مۇئەييەن رول ئوينىدى. 50-يىللارنىڭ ئاخىرىدا، گۇچۇڭ، جىمسار قاتارلىق ناھىيىلەردىكى ئاشلىق ئامبارلىرى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تارماقلىرىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن بىر قىسىم ئاشلىق تازىلاش ماشىنىسىنى سېتىۋالدى. بۇ ماشىنىنىڭ كىچىك تىپتىكى دىزېلماتورى بولۇپ، سائەتىگە 10 توننا ئاشلىق تازىلىغىلى بولاتتى.

1960-يىلدىن 1976-يىلغىچە، جايلاردا تازىلاش ئۈسكۈنىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلدۇرۇلمىدى، ئاساسىي قاتلام ئاشلىق پونكىتلىرى ئاشلىقنى ئاساسەن شامالدۇرغۇچ، سىيرىلما غەلۋىر بىلەن تازىلىدى. 1977-يىلى بەزى ئاشلىق ئامبارلىرى ئاشلىق ئامبارلاشتۇرۇشنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئۈچۈن شالاڭ غەلۋىر، تەۋرەنمە غەلۋىر قاتارلىق تازىلاش سايمانلىرىنى سېتىۋالدى، بەزى ئاشلىق ئامبارلىرى تاق، قوش، ئۈچ قات سىيرىلما غەلۋىرلەرنى ياساپ، ئاشلىق توشۇش، ئۆرۈش جەريانىدىكى تازىلاشتا ئىشلەتتى. 1979-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايوندىكى تازىلاش ماشىنىسى 51گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شالاڭ غەلۋىر بىر، تەۋرەنمە غەلۋىر 20، باشقا تازىلاش ئۈسكۈنىلىرى 30.

1980-يىلدىن ئېتىبارەن تازىلاش ماشىنىلىرى ئاشلىق ئامبىرى ماشىنا-ئۈسكۈنىلىرىدە نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان يۆنىلىشنىڭ بىرى قىلىنىپ، جايلاردىكى ئاساسىي قاتلام ئاشلىق تارماقلىرىغا تازىلاش ماشىنىلىرى كۆپرەك سەپلەپ بېرىلدى. بايىنغولىن، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلار بۇغدايدىكى ئوت ئۇرۇقىنى تازىلاش ئۈچۈن ئاساسىي قاتلام ئاشلىق پونكىتلىرىغا ئۇرۇقلۇق تاللاش ماشىنىسى ئېلىپ بەردى، مەزكۇر ماشىنا سائەتىگە 2.5 توننا بۇغداينى تازىلىيالايتتى. 1985-يىلدىن كېيىن، كۇنەس، موڭغۇلكۈرە قاتارلىق ناھىيىلەر شىنجاڭ ئاشلىق-ياغ ئىلمىي تەتقىقات ئورنى لايىھىلىگەن، ئۈرۈمچى ئاشلىق-ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان «SXZ63» تىپلىق گراۋىتاتسىيىلىك تاللاش ماشىنىسىدىن پايدىلىنىپ بۇغدايدىكى سۈلۈنى تازىلىدى. مەزكۇر ماشىنا بىلەن سائەتىگە 5 توننا بۇغداي تازىلىناتتى. تازىلانغاندىن كېيىنكى ئەخلەت مىقدارى دۆلەت ئۆلچىمىگە ئويغۇن بولۇپ، بۇغداي سۈپىتى بىر دەرىجە ئۆستى. 1990-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايوندىكى تازىلاش ماشىنىلىرى 584كە يېتىپ، 1979-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىسىدىن

10.5 ھەسسە ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە شالاڭ غەلۋىر 189، تەۋرىنىش غەلۋىر 141، باشقا تازىلاش ئۈسكۈنىلىرى 254.

## 3) قۇرۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى

50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئىلگىرى، شىنجاڭدا بىرمۇ ئاشلىق قۇرۇتۇش ماشىنىسى يوق ئىدى. 50 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا، ئاشلىق نازارىتى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 9 دانە سىلجىما كۆزباش قۇرۇتۇش ماشىنىسى ئىمپورت قىلىپ، ئۈرۈمچى، غۇلجا قاتارلىق جايلاردىكى ئاشلىق ئامبارلىرىنىڭ پايدىلىنىشىغا تەقسىم قىلىپ بەردى. 1958 - يىلى غۇلجا شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئىسكىلاتى ئىككى دانە كونا بېنزىن تۈگىنى بىر بىرىگە چېتىپ يېرىم ماشىنىلاشقان، قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان دومىلىما ئاددىي قۇرۇتۇش ماشىنىسى ياسىدى، بۇ ماشىنا بىلەن سائىتىگە بىر توننا ئاشلىق قۇرۇتۇلۇپ، نەملىكى %2تىن %4كىچە چۈشۈرۈلدى. 1960 - يىل 9 - ئايدا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى «مىنشېڭ» ياغ زاۋۇتىنىڭ ئىمىگۇ سىخى 4 دانە كونا بېنزىن تۈگىنى بىر بىرىگە چېتىپ، سۇ تۇربىسىنى ئېنېرگىيە قىلىپ دومىلىما قۇرۇتۇش ماشىنىسىنى سىناق تەرىقىسىدە ياسىدى، بۇ ماشىنا بىلەن سائىتىگە 1.4 توننا بۇغداينى قۇرۇتۇپ، نەملىكىنى %2 ئەتراپىدا چۈشۈردى. بۇ خىل قۇرۇتۇش ماشىنىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاشلىق نازارىتى 1962 - يىلى ئۇقتۇرۇش چىقاردى ھەمدە ئۇقتۇرۇشتا قۇرۇتۇش ماشىنىسىنىڭ چېرتيوژىنى قوشۇپ تارقىتىپ، جايلاردىن ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ نۇقتىلىق سىناپ ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلدى. ئىلى، تارباغاتاي، سانجى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى بەزى ئاشلىق پونكىتلىرى دومىلىما ئاددىي قۇرۇتۇش ماشىنىسىنى سىناپ ياسىدى. 1961 - يىلى ئۈرۈمچى «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى ئىسكىلاتى گېرمانىيە دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىدىن «K843» تىپلىق مۇقىم مۇنار شەكىللىك پېتكوس قۇرۇتۇش ماشىنىسى ئىمپورت قىلدى، بۇ ماشىنىدا سائىتىگە 2 توننا ئاشلىق قۇرۇتۇلۇپ، نەملىكى %4 چۈشۈرۈلدى. توك سەرپىياتى 12 سائەت/كىلوۋات بولدى. مەزكۇر ئىسكىلات 1964- يىلى يەنە ئاشۇ قۇرۇتۇش ماشىنىسىنى ئۆزگەرتىپ مۇنارنى ئىككى بوغۇم ئېگىزلىتىپ، قۇرۇتۇش مىقدارىنى بىر ھەسسە كۆپەيتتى، بەزىلەر ئۆزلىرى لايىھىلەپ كۈنىگە 400 توننا ئاشلىق قۇرۇتىدىغان مۇنارسىمان قۇرۇتۇش ماشىنىسى (قۇرۇتۇش مۇنارى) ياساپ، نەملىكنى بىر قېتىمدا %4 چۈشۈردى، بۇ، ئەينى ۋاقىتتا ئاپتونوم رايون بويىچە قۇرۇتما مىقدارى ئەڭ كۆپ ئاشلىق قۇرۇتۇش مۇنارى بولۇپ قالدى. شۇ يىلى، ئاشلىق نازارىتى شەرقىي شىمالدىن بىر تۈركۈم ئىشلىتىلگەن كۆزباش قۇرۇتۇش ماشىنىسى يۆتكەپ كېلىپ، سانجى، گۇچۇڭ، جىمسار قاتارلىق ناھىيىلەرگە تەقسىم قىلىپ بەردى. 1965 - يىلدىن ئېتىبارەن ئاشلىق نازارىتى ئۈرۈمچى، ئىلى، قورغاس، كۈنەس، شىخو، قۇتۇبى قاتارلىق جايلاردا قۇرۇتۇش مۇنارى ياساشنى ئورۇنلاشتۇردى.

1970 - يىلدىن 1973 - يىلغىچە ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئاشلىق ئىدارىسى (1970 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت سودا ئىدارىسى، ئاشلىق ئىدارىسى دېيىلگەن) سانجى ئوبلاستلىق ئاشلىق- ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتىغا تونىكىدىن 30 قۇرۇتۇش مۇنارى ياساپ بېرىشنى ھاۋالە قىلدى. بۇ خىل قۇرۇتۇش مۇنارى شائخېي شەھەرلىك ئاشلىق - ياغ ئىلمىي تەتقىقات ئورنى لايىھىلىگەن سوسپېنزىيىلىك ھاۋا ئېقىملىق قۇرۇتۇش مۇنارىغا تەقلىد قىلىپ ئىشلەنگەن بولۇپ، ئاساسەن سانجى ئوبلاستىغا قاراشلىق ناھىيىلەردىكى ئاشلىق ئامبارلىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. 1976 - يىل 1 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى نەنجىڭ ئاشلىق مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ۋاڭ لىنى تەكلىپ قىلىپ ساۋەن ناھىيە بازىرىدىكى ئاشلىق ئىسكىلاتىدا ئېقىتما ئوقۇرلۇق دان قۇرۇتۇش ماشىنىسى ياساشنى ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى. كۇرس مەزگىلىدە مەزكۇر ئىسكىلاتتا ئىككى قات ئېقىتما ئوقۇرلۇق قۇرۇتۇش ماشىنىسىدىن بىرى ياسالدى. شۇ يىلى، گۇچۇڭ ناھىيە بازىرىدىكى ئاشلىق ئىسكىلاتى ساۋەننىڭ تەجرىبىسىنى ئۆگىنىش ئاساسىدا، ئېقىتما ئوقۇرلۇق قۇرۇتۇش ماشىنىسىنى ئىككى قاتلىقتىن ئۈچ قات قىلىپ ئۆزگەرتىپ، يۇقىرى قېتىمدا ئالدىن قىزىتىلىدىغان كېرەكسىز گازدىن پايدىلاندى ھەمدە سوۋېتچە ئامبارنى ئۆزگەرتىپ يۈرۈشلەشتۈرۈپ سائىتىگە 7 توننا كۆممىقوناق قۇرۇتۇپ، ئۈنۈمنى %20 ئۆستۈردى، قۇرۇتۇش خىراجىتىنى %50، نەملىكنى %10 تۆۋەنلەتتى،

نەملىك تۆۋەنلىتىش نەتىجىسىنى ئەسلىدىكىدىن بىر ھەسسە ئۆستۈردى. 1979 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايون بويىچە قۇرۇتۇش ماشىنىسى 55كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دومىلىما قۇرۇتۇش ماشىنىسى بىر، مۇنارسىمان قۇرۇتۇش ماشىنىسى 9، ئېقىتما ئوقۇرلۇق قۇرۇتۇش ماشىنىسى 2، باشقا شەكىلدىكى قۇرۇتۇش ماشىنىسى 43.

1980 - يىلدىن باشلاپ جايلاردا ئېقىتما ئوقۇرلۇق قۇرۇتۇش ماشىنىسى كۆپلەپ ياسالدى، كۆممىقوناق قۇرۇتۇش مىقدارى ئانچە كۆپ بولمىغان ئاشلىق پونكىتلىرى ئادەتتە يالاڭ قات قىلىپ، قۇرۇتۇش مىقدارى كۆپ ئاشلىق پونكىتلىرى قوش قات ياكى ئۈچ قات قىلىپ ياسىدى. 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندا تۆرلۈك ئېقىتما ئوقۇرلۇق قۇرۇتۇش ماشىنىسىدىن 46سى ياسالدى. بۇ مەزگىلدە، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى 1982 - يىلى قورغاس ناھىيىسىنىڭ لوسىگۇڭ ئاشلىق پونكىتىدا «HT—15X» چوڭ تىپلىق مۇنارسىمان قۇرۇتۇش ماشىنىسىدىن بىرنى ياسىدى، مەزكۇر ماشىنىنى شىنجاڭ ئاشلىق - ياغ ئىلمىي تەتقىقات ئورنى بىلەن ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ساقلاش - توشۇش باشقارمىسى بىرلىكتە لايىھىلىگەن، ئۇنىڭدا سائىتىگە 15 توننا دان قۇرۇتۇلۇپ، نەملىكى بىر قېتىمدا 10% تۆۋەنلىتىلگەنلىكى ئۈچۈن، 1984- يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا نەتىجىسى بويىچە 4 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1987- يىلى ئاپتونوم رايون 5 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك قۇرۇتۇش ماشىنىسىدىن 15نى ياساتتى. بۇ قۇرۇتۇش ماشىنىلىرىدا ئىككى قات ئېقىتما ئوقۇرلۇق قۇرۇتۇش ماشىنىسى ۋە ئوڭ - تەتۈر ئېقىملىق قۇرۇتۇش ماشىنىسى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان بولۇپ، بىر قېتىمدا نەملىكنى 10% تۆۋەنلىتەلەيدۇ. بۇ قۇرۇتۇش ئەسلىھەلىرىنىڭ سائەتلىك ئومۇمىي قۇرۇتۇش ئىقتىدارى 100 توننا، بۇنىڭ ئىچىدە ئىلى ئاشلىق - ياغ باش زاۋۇتى ئامبىرىدا سائىتىگە 15 توننا دان قۇرۇتىدىغان چوڭ تىپلىق قۇرۇتۇش ماشىنىسىدىن بىرى ياسالدى؛ شىخۇ ناھىيىلىك ئاشلىق ئىسكىلاتى، ئۈرۈمچى شەھەر تۇدۇڭخې ئاشلىق - ياغ پىششىقلاش زاۋۇتى ئامبىرى، غۇلجا ناھىيە «ياشلار» دېھقانچىلىق مەيدانى ئاشلىق پونكىتىدا سائىتىگە 10 توننىدىن ئاشلىق قۇرۇتىدىغان ئوتتۇرا تىپلىق قۇرۇتۇش ماشىنىسىدىن بىردىن ياسالدى؛ موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدىكى موڭغۇلكۈرە باشقارمىسى ئاشلىق پونكىتى قاتارلىق 11 ئاشلىق پونكىتىدا سائىتىگە 5 توننا ئاشلىق قۇرۇتىدىغان كىچىك قۇرۇتۇش ماشىنىسىدىن بىردىن ياسالدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايوندىكى قۇرۇتۇش ماشىنىسى 83كە يېتىپ، 1979 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىسىدىن 50.9% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دومىلىما قۇرۇتۇش ماشىنىسى بىر، مۇنارسىمان قۇرۇتۇش ماشىنىسى 16، ئېقىتما ئوقۇرلۇق قۇرۇتۇش ماشىنىسى 49، باشقا شەكىلدىكى قۇرۇتۇش ماشىنىلىرى 17.



سۈرەت: 3 — 3 ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ساقلاش - توشۇش شىركىتى ئىشلەپچىقارغان يەتكۈزگۈچلەر

## 1949 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە قىسمەن يىللاردا شىنجاڭدىكى ئاشلىق ئامبارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ سىغىمچانلىقى

جەدۋەل: 3 — 3    بىرلىكى: ئورۇن، تۈمەن كىلوگرام

| يىللار / نامى | 1949 ـ يىل | 1953 ـ يىل | 1958 ـ يىل | 1962 ـ يىل | قىسمەن يىللاردىكى ئاشلىق ئامبارلىرى ۋە سىغىمچانلىقى: 1979 ـ يىل: ئامبار، ئورۇن سانى | 1979 ـ يىل: سىغىمچانلىقى | 1981 ـ يىل: ئامبار، ئورۇن سانى | 1981 ـ يىل: سىغىمچانلىقى | 1983 ـ يىل: ئامبار، ئورۇن سانى | 1983 ـ يىل: سىغىمچانلىقى | 1985 ـ يىل: ئامبار، ئورۇن سانى | 1985 ـ يىل: سىغىمچانلىقى | 1987 ـ يىل: ئامبار، ئورۇن سانى | 1987 ـ يىل: سىغىمچانلىقى | 1989 ـ يىل: ئامبار، ئورۇن سانى | 1989 ـ يىل: سىغىمچانلىقى | 1990 ـ يىل: ئامبار، ئورۇن سانى | 1990 ـ يىل: سىغىمچانلىقى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە | 15243 | 18103 | 81606 | 130427 | 739 | 197603 | 752 | 219656 | 723 | 242888 | 755 | 275977 | 782 | 251038 | 751 | 280003 | 760 | 286461 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 546 | 1139 | 5824 | 6954 | 17 | 8290 | 18 | 9835 | 16 | 8776 | 17 | 13408 | 15 | 13470 | 17 | 15218 | 17 | 16865 |
| قاراماي شەھىرى | | | 300 | 566 | 4 | 1450 | 4 | 2830 | 2 | 3100 | 2 | 4020 | 2 | 4520 | 2 | 3750 | 2 | 3550 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 821 | 873 | 2020 | 2770 | 21 | 8124 | 21 | 8790 | 18 | 8990 | 17 | 7742 | 15 | 5630 | 15 | 5324 | 15 | 5742 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 370 | 600 | 2400 | 4183 | 28 | 5919 | 28 | 7659 | 23 | 8611 | 24 | 10689 | 34 | 5304 | 20 | 8477 | 23 | 9325 |
| سانجى ئوبلاستى | 1634 | 1984 | 11934 | 18899 | 74 | 30034 | 76 | 32696 | 70 | 34276 | 72 | 37889 | 68 | 37575 | 70 | 4270 | 70 | 43361 |
| شىخەنزە شەھىرى | | | | | 7 | 6365 | 7 | 5315 | 7 | 5915 | 6 | 6515 | 7 | 8250 | 7 | 8175 | 7 | 7575 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلار | | | | | | | | | | | 2 | 2250 | 2 | 6390 | 3 | 6850 | 3 | 7500 |
| ئىلى ۋىلايىتى | 2263 | 2513 | 11488 | 14928 | 140 | 31575 | 143 | 39565 | 132 | 40179 | 133 | 40984 | 132 | 40338 | 132 | 47373 | 132 | 49913 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 1288 | 1506 | 7350 | 8870 | 56 | 14066 | 66 | 15388 | 68 | 18870 | 69 | 20865 | 49 | 18063 | 58 | 20665 | 65 | 20696 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 313 | 363 | 2063 | 3883 | 33 | 4985 | 29 | 3907 | 39 | 6363 | 38 | 10359 | 45 | 12583 | 51 | 14396 | 50 | 13792 |
| بورتالا ئوبلاستى | 477 | 645 | 1645 | 2590 | 17 | 4115 | 20 | 6595 | 20 | 5747 | 18 | 8442 | 21 | 8733 | 19 | 9247 | 19 | 9297 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 564 | 742 | 2600 | 4998 | 46 | 12187 | 47 | 13637 | 40 | 17748 | 39 | 21044 | 68 | 17467 | 39 | 20765 | 39 | 22210 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1978 | 2280 | 8570 | 16217 | 73 | 25526 | 73 | 25162 | 74 | 26638 | 80 | 31414 | 80 | 24712 | 80 | 25250 | 80 | 22360 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 86 | 101 | 1277 | 28420 | 34 | 4450 | 34 | 5335 | 41 | 5759 | 39 | 5947 | 40 | 6468 | 37 | 6575 | 37 | 4864 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 3375 | 3525 | 18918 | 13787 | 110 | 26122 | 106 | 26332 | 94 | 29608 | 121 | 30418 | 122 | 23827 | 122 | 26907 | 122 | 30164 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 1528 | 1832 | 5217 | 480 | 79 | 14395 | 79 | 14810 | 77 | 15208 | 76 | 16791 | 79 | 10608 | 77 | 11229 | 77 | 12147 |
| ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ـ باغ يۆتكەش پونكىتى | | | | | | | 1 | 1800 | 1 | 6400 | 1 | 6400 | 1 | 6400 | 1 | 6400 | 1 | 6400 |
| ش ئۇ ئا ر باغ شىركىتى | | | | | | | | | 1 | 700 | 1 | 700 | 1 | 700 | 1 | 700 | 1 | 700 |

ئىزاھ: 1949 ـ يىلدىكى شىنجاڭنىڭ سىنگو دەۋرىدىكى ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھۆكۈمەتلىرىدىن ئۆتكۈزۈۋېلىنغان ئاشلىق ئامبارلىرىنىڭ سىغىمچانلىقى. 1953 ـ، 1958 ـ، 1962 ـ يىللىرىدىكىسى ئامبار سىغىمچانلىقى.

## شىنجاڭدىكى ناھىيە (شەھەر)لەر ئاشلىق ئامبارلىرىنىڭ 1989 - يىلدىكى سىغىمچانلىقى

جەدۋەل: 3 — 4 بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| رايون ۋە ئورۇن نامى | ئامبار سىغىمچانلىقى | رايون ۋە ئورۇن نامى | ئامبار سىغىمچانلىقى | رايون ۋە ئورۇن نامى | ئامبار سىغىمچانلىقى |
|---|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە | 280003 | ماناس ناھىيىسى | 4950 | كۇنەس ناھىيىسى | 6500 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 15218 | قۇتۇبى ناھىيىسى | 3847 | نىلقا ناھىيىسى | 4108 |
| شەھەرلىك ساقلاش - توشۇش شىركىتى | 4712 | سىجۇەن ناھىيىسى | 1810 | تېكەس ناھىيىسى | 3490 |
| غەربىي شەھەر ئەترابى شۆبە ئاشلىق ئىدارىسى | 590 | فۇكاڭ شەھىرى | 3175 | موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى | 5375 |
| تۇدۇڭخى ئاشلىق - ياغ پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى | 4570 | جىمسار ناھىيىسى | 5450 | كان رايونى | 500 |
| شەھەرلىك ئاشلىق سودا شىركىتى | 350 | گۇچۇڭ ناھىيىسى | 11240 | ئىلى ئاشلىق - ياغ باش زاۋۇتى | 6250 |
| شەھەرلىك يەم - بوغۇز زاۋۇتى | 1490 | مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | 4105 | تارباغاتاي ۋىلايىتى | 20665 |
| ئۈرۈمچى ناھىيىسى | 3506 | ۋۇجياچۇ شۆبە ئاشلىق ئىدارىسى | 1500 | چۆچەك شەھىرى | 3150 |
| قاراماي شەھىرى | 3750 | شىخەنزە شەھىرى | 8175 | دۆربىلجىن ناھىيىسى | 4284 |
| قاراماي شەھەر رايونى | 3500 | شيايېدى شۆبە ئاشلىق ئىدارىسى | 1150 | شىخۇ ناھىيىسى | 3820 |
| مايتاغ | 250 | موسوۋەن شۆبە ئاشلىق ئىدارىسى | 1525 | ساۋەن ناھىيىسى | 4035 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 5324 | 2 - ئاشلىق ئىسكىلاتى | 1350 | تولى ناھىيىسى | 1066 |
| تۇرپان شەھىرى | 2279 | شىخەنزە شۆبە ئاشلىق ئىدارىسى | 650 | چاغانتوقاي ناھىيىسى | 1360 |
| پىچان ناھىيىسى | 1540 | ئاشلىق - ياغ پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى | 3500 | قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى | 650 |
| توقسۇن ناھىيىسى | 1505 | ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار | 6850 | دۆربىلجىن شۆبە ئاشلىق ئىدارىسى | 2300 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 8477 | كۈيتۇڭ شەھىرى | 2750 | ئالتاي ۋىلايىتى | 14396 |
| 1 - ئاشلىق ئىسكىلاتى | 3650 | كۈيتۇڭ ئاشلىق - ياغ يۆتكەش پونكىتى | 4100 | ئالتاي شەھىرى | 1958 |
| 2 - ئاشلىق ئىسكىلاتى | 1620 | ئىلى ۋىلايىتى | 47373 | بۇرچىن ناھىيىسى | 1490 |
| قۇمۇل شەھىرى | 1475 | غۇلجا شەھىرى | 755 | قابا ناھىيىسى | 1753 |
| باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | 1627 | غۇلجا ناھىيىسى | 6410 | جېمىنەي ناھىيىسى | 1173 |
| ئاراتۈرۈك ناھىيىسى | 105 | چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى | 2535 | بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى | 965 |
| سانجى ئوبلاستى | 42702 | نوقۇزتارا ناھىيىسى | 3390 | كۆكتوقاي ناھىيىسى | 1400 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| سانجى شەھىرى | 6625 | قورغاس ناھىيىسى | 8060 | كۆكتوقاي | 605 |
| چىڭگىل ناھىيىسى | 1208 | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 25250 | مارالبېشى ناھىيىسى | 1540 |
| بېيتۇن شۆبە ئاشلىق ئىدارىسى | 1494 | ئاقسۇ شەھىرى | 4800 | قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى | 2400 |
| بېيتۇن ئاشلىق - ياغ يۆتكەش ئامبىرى | 2250 | ئونسۇ ناھىيىسى | 2400 | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى | 2347 |
| ۋىلايەتلىك ئاشلىق سودا شىركىتى | 100 | ئاۋات ناھىيىسى | 1750 | يېڭىسار ناھىيىسى | 1532 |
| بورتالا ئوبلاستى | 9247 | ئۇچتۇرپان ناھىيىسى | 3000 | پەيزاۋات ناھىيىسى | 1900 |
| بورتالا شەھىرى | 2995 | كەلپىن ناھىيىسى | 300 | يوپۇغا ناھىيىسى | 1120 |
| جىڭ ناھىيىسى | 2552 | كۇچا ناھىيىسى | 5700 | مەكىت ناھىيىسى | 1429 |
| ئارشاڭ ناھىيىسى | 3050 | شايار ناھىيىسى | 1700 | تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى | 239 |
| ئوبلاستلىق ئاشلىق سودا شىركىتى | 650 | توقسۇ ناھىيىسى | 2400 | قەشقەر ئۇن زاۋۇتى | 150 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 20765 | باي ناھىيىسى | 2200 | خوتەن ۋىلايىتى | 11229 |
| خېجىڭ ناھىيىسى | 5140 | ئاقسۇ شۆبە ئاشلىق ئىدارىسى | 1000 | خوتەن شەھىرى | 130 |
| خوشۇت ناھىيىسى | 875 | قىزىلسۇ ئوبلاستى | 6575 | خوتەن ناھىيىسى | 724 |
| يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى | 1500 | ئاتۇش ناھىيىسى | 1345 | گۇما ناھىيىسى | 2153 |
| مالەن | 1100 | ئاقتۇ ناھىيىسى | 2010 | قاراقاش ناھىيىسى | 1446 |
| باغراش ناھىيىسى | 800 | ئاقچى ناھىيىسى | 624 | لوپ ناھىيىسى | 1826 |
| لوپنۇر ناھىيىسى | 250 | ئۇلۇغچات ناھىيىسى | 1184 | چىرا ناھىيىسى | 1875 |
| بۆگۈر ناھىيىسى | 1750 | كانسۇ كان رايونى | 85 | كېرىيە ناھىيىسى | 1425 |
| چەرچەن ناھىيىسى | 750 | ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق ئامبار | 1327 | نىيە ناھىيىسى | 255 |
| چاقىلىق ناھىيىسى | 400 | قەشقەر ۋىلايىتى | 26907 | ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئامبار | 1395 |
| كورلا شەھىرى | 800 | قەشقەر شەھىرى | 3875 | ش ئۇ ئا ر ئاشلىق - ياغ يۆتكەش پونكىتى | 6400 |
| ئوبلاستلىق ئۇن زاۋۇتى | 1450 | يەكەن ناھىيىسى | 3775 | ش ئۇ ئا ر ياغ شىركىتى | 700 |
| ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق ئىسكىلات | 2050 | قاغىلىق ناھىيىسى | 4000 | | |
| ئوبلاستلىق ئاشلىق - ياغ يۆتكەش پونكىتى | 3900 | پوسكام ناھىيىسى | 2600 | | |

**1979 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە قىسمەن يىللاردا شىنجاڭدا بار بولغان ياغ ساقلاش باكلىرى**

جەدۋەل: 3 — 5

بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| يىللار / نامى | 1979 - يىل ساني | 1979 - يىل سىغىمچانلىقى | 1981 - يىل ساني | 1981 - يىل سىغىمچانلىقى | 1983 - يىل ساني | 1983 - يىل سىغىمچانلىقى | 1985 - يىل ساني | 1985 - يىل سىغىمچانلىقى | 1987 - يىل ساني | 1987 - يىل سىغىمچانلىقى | 1989 - يىل ساني | 1989 - يىل سىغىمچانلىقى | 1990 - يىل ساني | 1990 - يىل سىغىمچانلىقى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە | 339 | 1200 | 501 | 2315 | 668 | 4177 | 794 | 4861 | 825 | 5422 | 873 | 7065 | 899 | 7794 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 23 | 190 | 27 | 310 | 30 | 493 | 24 | 425 | 24 | 425 | 31 | 560 | 39 | 580 |
| قاراماي شەھىرى | 17 | 45 | 17 | 45 | 36 | 140 | 17 | 93 | 26 | 95 | 18 | 118 | 20 | 123 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 8 | 20 | 8 | 20 | 18 | 70 | 15 | 63 | 14 | 60 | 14 | 60 | 14 | 60 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 4 | 10 | 4 | 10 | 9 | 60 | 13 | 58 | 15 | 141 | 12 | 90 | 12 | 90 |
| سانجى ئوبلاستى | 28 | 74 | 52 | 132 | 62 | 172 | 66 | 359 | 67 | 389 | 72 | 539 | 71 | 579 |
| شىخەنزە شەھىرى | 18 | 158 | 21 | 221 | 21 | 221 | 29 | 266 | 31 | 308 | 33 | 348 | 33 | 346 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار | | | | | | | 3 | 17 | 7 | 54 | 22 | 528 | 22 | 528 |
| ئىلى ۋىلايىتى | 32 | 131 | 68 | 356 | 82 | 416 | 104 | 511 | 113 | 590 | 124 | 1311 | 119 | 1269 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 14 | 64 | 31 | 115 | 36 | 165 | 58 | 202 | 49 | 336 | 55 | 636 | 67 | 1038 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 5 | 14 | 8 | 20 | 16 | 80 | 46 | 97 | 48 | 91 | 45 | 90 | 48 | 95 |
| بورتالا ئوبلاستى | 7 | 13 | 15 | 23 | 18 | 73 | 22 | 187 | 24 | 213 | 24 | 213 | 16 | 245 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 61 | 60 | 76 | 160 | 86 | 260 | 86 | 327 | 87 | 328 | 85 | 319 | 95 | 369 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 35 | 104 | 39 | 120 | 56 | 255 | 70 | 255 | 84 | 355 | 84 | 355 | 90 | 566 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 2 | 3 | 6 | 7 | 16 | 62 | 8 | 22 | 8 | 22 | 8 | 22 | 8 | 20 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 39 | 130 | 43 | 140 | 75 | 354 | 124 | 694 | 124 | 694 | 124 | 494 | 124 | 494 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 24 | 84 | 24 | 85 | 30 | 135 | 38 | 123 | 37 | 126 | 42 | 142 | 40 | 153 |
| ش ئۇ ئا ر ئاشلىق - ياغ يۆتكەش پونكىتى | | | 11 | 51 | 19 | 271 | 10 | 232 | 10 | 220 | 9 | 230 | 10 | 233 |
| ش ئۇ ئا ر ئاشلىق - ياغ ماشىنىلىرى زاۋۇتى | | | | | | | 18 | 45 | 18 | 45 | 10 | 80 | 10 | 76 |
| ش ئۇ ئا ر ياغ شىركىتى | 22 | 100 | 51 | 500 | 58 | 950 | 43 | 885 | 61 | 930 | 61 | 930 | 61 | 930 |

ئىزاھ: ئاشلىق، ياغ ماگىزىنلىرىنىڭ كىچىك ياغ باكلىرى بۇ جەدۋەلگە كىرگۈزۈلمىدى.

# § 2 . ئىسكىلات زاپىسىنى باشقۇرۇش

## 1. ئامبار باشقۇرۇش

### 1) ئامبارلارنىڭ تەۋەلىكى ۋە فۇنكسىيىسى

شىنجاڭدا خەن سۇلالىسى دەۋرىدە خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەسىس قىلغان مەھەللە ئامبارلىرى بولۇپ، ھەربىيلەر بوزىيەر ئۆزلەشتۈرۈش رەھبەرلىك ئورگىنىغا قارايتتى، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيىسى بوزىيەر ئۆزلەشتۈرۈپ ئېلىنغان ئاشلىقنى يىغىپ ساقلاش، ھەربىيلەر تەمىنلىنىدىغان ئاشلىقنى چىقىم قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى؛ يەرلىك ھاكىمىيەت ئورۇنلىرى تەسىس قىلغان يىغىۋېلىش ئامبارلىرىنىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيىسى ئىجارە - ھاشار ئاشلىقنى يىغىپ ساقلاش، ھەربىيلەرگە ۋە مەمۇرلارغا كېرەكلىك ئاشلىقنى تارقىتىشتىن ئىبارەت ئىدى.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، شىنجاڭنىڭ شەرقىي رايونلىرىدا ئايماق، ناھىيە تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلۇپ، ئىۋىرغول ئايمىقى (ھازىرقى قۇمۇل)، قوچو ئايمىقى (ھازىرقى تۇرپان)، بەشبالىق ئايمىقى (ھازىرقى جىمسار) ھەم 12 ناھىيە تەسىس قىلىنغان، ئايماق، ناھىيىلەردە رەسمىي ئامبار، دائىملىق ئامبارلار بار بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئايماقلىق، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەرگە قارايتتى. رەسمىي ئامبارنىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيىسى ئىجارە - ھاشار ئاشلىقنى يىغىپ ساقلاش، پەرمانغا بىنائەن ھەربىي ئاشلىق ۋە ئەمەلدارلارنىڭ تەمىنات ئاشلىقىنى چىقىم قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. دائىملىق ئامبارلارنىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيىسى ئاشلىقنىڭ ئارتۇق - كېمىنى تەڭشەش، مول ھوسۇل ئېلىنغان يىللىرى ئاشلىق سېتىۋېلىش، ھوسۇل كېمەيگەن يىللىرى ئاشلىق سېتىش، ئاشلىق باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش، قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، شىنجاڭنىڭ باشقا رايونلىرىدا قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى، تۇتۇق مەھكىمىسى، تۇتۇپ تۇرۇلىدىغان ئايماقلار تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى ھەمدە مۇھىم شەھەر - بازارلاردا يىرىك ھەربىي قوشۇن تۇرغۇزۇلدى. تۇتۇق مەھكىمىسى، ئايماقلار يەرلىك ھاكىمىيەت بولۇپ، يىغىۋېلىش ئامبارلىرىنى تەسىس قىلدى، ئۇلارنىڭ تەۋەلىكى، فۇنكسىيىسى يۇقىرىقىغا ئوخشاش ئىدى. چېگرا رايوننى قوغدىغۇچى ھەربىي قوشۇن تەشكىلىي تۈزۈلمىسى تۇرغۇزۇلدى. «يېڭى تاڭنامە»دە، «چوڭلىرى قوشۇن دېيىلىدۇ، كىچىكلىرى قورۇل، قەلئە، قورغان دېيىلىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. شۇ زاماندا غەربىي يۇرتتا ئىۋىرغول، تەڭرىتاغ قاتارلىق جايلاردا 10 قوشۇن، 24 قورۇل، 33 قەلئە، 14 قورغان بار ئىدى. ھەربىي قوشۇن تۇرۇشلۇق رايونلار ھەربىي قىسىمنىڭ كۆلىمىگە قاراپ چوڭ - كىچىك بوزىيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئورۇنلىرىنى قۇرغانىدى، مەھەللە ئامبارلىرى پەيدىنپەي تەرەققىي قىلىپ چوڭ - كىچىك ھەربىي ئامبارغا ئايلاندى، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيىسى مەھەللە ئامبارلىرىنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشايتتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلىپىدە شىنجاڭدا ئاساسلىقى ھۆكۈمەت ئامبىرى (مەھەللە ئامبىرى، ھەربىي ئامبارنىڭ فۇنكسىيىسىنى قوشۇمچە ئۆتەيدۇ)، دائىملىق ئامبارلار تەسىس قىلىندى، ئۇلارنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئوردا ۋە جايلار باشقۇردى، چوڭ ھەربىي يۈرۈش پائالىيەتلىرى بولغاندا، ئاشلىق ئىدارىسى، ئاشلىق راباتلىرى تەسىس قىلىندى، جايلاردىكى ئاشلىق ئامبارلىرىدىن ئوبوروت قىلىش، ساقلاشتا پايدىلىنىلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە شىنجاڭدىكى شەھەر - بازارلاردا خەير - ساخاۋەت ئامبىرى، يېزا - كەنتلەردە جامائەت ئامبىرى تەسىس قىلىندى. خەير - ساخاۋەت ئامبىرىنى خەلق قۇرغان بولۇپ، ئۇنى خەلق بىلەن ئەمەلدارلار تەڭ باشقۇردى. ئۇنىڭدا ساقلانغان ئاشلىقلار ئاساسلىقى ئاپەت - قەھەتچىلىككە ئۇچرىغان كەمبەغەللەرنى قۇتقۇزۇشقا ئىشلىتىلدى، شۇڭا، بۇ دائىملىق ئامبارغىمۇ ئوخشاپ قالىدۇ. جامائەت ئامبىرىنى

خەلق قۇرغان، خەلق باشقۇرغان ۋە خەلق ئىشلىتىدىغان ئامبار بولۇپ، ئۇنىڭدا ساقلانغان ئاشلىقلار ئاۋامنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا قۇلايلىق يارىتىش مەقسىتىدە ئەتىيازدا ئارىيەتكە ئېلىپ، كۈزدە قايتۇرۇشقا بېرىلدى. چيەنلۇڭ 24 - يىلىدىن گۇاڭشۈ 10 - يىلىغىچە (1759 - يىلىدىن 1884 - يىلغىچە) ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى، ئۈرۈمچى باش بۇغ مەھكىمىسى، تارباغاتاي، يەكەن، قەشقەر، يېڭىسار، قاراشەھەر، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچا، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىكى مەسلىھەتچى ئامبال، خان ئامبال، ئاغلاقچى ئامبارلارنىڭ يامۇل مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق جايلاردا ئۇلارغا قاراشلىق شەھەر - بازارلاردا ئاشلىق ئامبارلىرى تەسىس قىلىندى، ئۇلار ئايرىم-ئايرىم هالدا جياڭجۈن مەھكىمىسى، باش بۇغ مەھكىمىسى، ئامبال يامۇل مەھكىمىسى تەۋەلىكىدىكى ئاشلىق تەمىنات زەنگىلىرى، ئاشلىق تەمىنات يارىدەمچىلىرى، ۋاكالىتەن ئىش بېجىرگۈچى ئاشلىق نازارىتى، ئاشلىق باشقۇرۇش ئىشىنى ۋاكالىتەن بېجىرگۈچى، نەپىقە يارىدەمچىلىرى ياكى ئامبار باشقۇرۇش يامۇلىغا مەنسۇپ بولدى. ئۈرۈمچى ۋىلايىتى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قاراشلىق غەربىي قورغان مەھكىمىسى، ئۈرۈمچى ئايمىقى، قۇمۇل ۋاكالىتەن ئىش بېجىرگۈچى ئاشلىق نازارىتى، ئىلى يارىدەمچى بېگى ھەم ئامبال، سەييارە ئامبال، ئاشلىق ئامبار باشقۇرغۇچى يامۇللار تۇرۇشلۇق جايلار ھەم بوزيەر مەركەزلەشكەن شەھەر - بازارلاردا تەسىس قىلىنغان ئاشلىق ئامبارلىرى ئايرىم - ئايرىم هالدا ھەرقايسى يامۇل مەھكىمىلىرىگە ياكى مەھەللە - بازار ئەمەلدار مەھكىمىلىرىگە قاراشلىق بولدى. ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق ئامبارلىرىنىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيىسى بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈپ ئېلىنغان ئاشلىقنى يىغىش، تارقىتىش ۋە ساقلاش، ھەربىي ئاشلىق، ئەمەلدارلار تەمىنات ئاشلىقنى چىقىم قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. «ئىلى ۋادىسى مەجمۇئەسى. ئامبار زاپىسى» دا خاتىرىلىنىشىچە: «ئىلى دېگەن جايدا ئامبار زاپىسى بار بولۇپ، 5 شەھەردە قۇرۇلغانىكەن، ھەر يىلى ئاشلىق سېتىۋېلىنىدىكەن، ئاشلىق تاپشۇرغۇچىلار ئۆزىگە يېقىن ئامبارغا ئاشلىقلىرىنى تاپشۇرۇپ، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىدىكەن»، كۈرە شەھىرى (هازىرقى قورغاس ناھىيە كۈرە يېزىسى) ئامبىرىنى يارىدەمچى ئامبال، غۇلجا شەھىرى ئامبىرىنى ئاشلىق باشقۇرۇش ئامبىلى باشقۇرغان. سۈيدۈڭ شەھىرى ئامبىرىنى سەييارە ئامبال باشقۇرغان، كېيىن سەييارە ئامبال باياندايى شەھىرىدە تۇرۇشقا ئۆزگەرتىلگەن. سۈيدۈڭ شەھىرى ئامبىرى، تەلكە شەھىرى ئامبىرىنى مەھەللە بېگى باشقۇرغان. «ھەر يىلى ئەسكەرلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى (ئەمەلدارلارنىڭ تەمىنات ئاشلىقى شۇنىڭ ئىچىدە) چىقىم قىلىنغاندىن ئاشقىرى، يەنە ئېشىنچا ئاشلىقمۇ قالغان. . . ».

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 11 - يىلىدىن مىنگونىڭ 38 - يىلى (1885 — 1949) 8 - ئايغىچە، جايلاردىكى ئاشلىق ئامبارلىرى ۋىلايەت (مەمۇرىي رايون) لەر، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەر (يامۇل) نىڭ غەللە - پاراق ئىدارىلىرى، باشقارمىلىرى (مالىيە بۆلۈملىرى، بۆلۈمچىلىرى، باج ئىدارىلىرى) غا قاراشلىق بولدى. مۇشۇ مەزگىللەردە، مىنگونىڭ 23 - يىلىدىن 29 - يىلىغىچە (1934 — 1940) ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، ماناس، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، قۇمۇل، قاراشەھەر، ئاقسۇ، قەشقەر، مارالبېشى، يەكەن، خوتەن، كېرىيەلەردىكى ئاشلىق ئامبارلىرى شۇ جايلاردىكى مالىيە باش ئىدارىلىرىگە قاراشلىق بولۇپ، شۇ جايلارنىڭ ۋە قىسمەن قاراشلىق ناھىيىلەرنىڭ غەللە - پاراقنى يىغىۋېلىش، تارقىتىش، ساقلاش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى؛ مىنگونىڭ 30 - يىلىدىن 33 - يىلىغىچە (1941 — 1944)، ئۆلكىلىك سودا بانكىسى ئاشلىق سارىيىدا ئۈرۈمچىگە بىۋاستە قاراشلىق ئاشلىق ئامبىرى ھەم ئىلى، ساۋەن، گۇچۇڭ شۆبە سارايى ئاشلىق ئامبارلىرى تەسىس قىلىندى، بۇ ئاشلىق ئامبارلىرى تەكشە باھالىق ئاشلىق، ياغلارنى يىغىۋېلىش - تارقىتىش، ساقلاشقا مەسئۇل بولدى؛ مىنگونىڭ 34 - يىلىدىن 38 - يىل (1945 — 1949) 8 - ئايغىچە، ئۆلكىلىك غەللە - پاراق باشقۇرۇش باشقارمىسى تەۋەلىكىدە ئۈرۈمچى، قاراشەھەر بىۋاستە قاراشلىق ئامبارلىرى تەسىس قىلىندى، بۇنىڭدىن ئۈرۈمچى ئامبىرى جايلاردىن يۆتكەپ كېلىنگەن غەللە - پاراقنى يىغىۋېلىش - ساقلاش، ھەربىيلەر ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەمىنات ئاشلىقىنى تارقىتىشقا مەسئۇل بولدى، قاراشەھەر ئامبىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئېلىنغان غەللە - پاراقنى ئوتتۇرىدا يۆتكەش، ساقلاشقا مەسئۇل بولدى.

1950 - يىل 3 - ئايدا ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسى ئۈرۈمچىدە بىۋاسىتە قاراشلىق ئىسكىلات تەسىس قىلدى (1953 - يىل 1 - ئايدا ئۆلكىلىك سودا شىركىتىنىڭ ئاشلىق تىجارەت ئاپپاراتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق شىركىتى بولۇپ قۇرۇلدى)، بۇ ئىسكىلاتنىڭ داۋانچىڭدا شۆبە ئامبىرى قۇرۇلدى. 6 - ئايدا، ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى «ھەر قايسى ناھىيىلەردە ئاشلىق ئامبىرى قۇرۇش چارىسى»نى تارقىتىپ، ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى ئاشلىق ئامبارلىرىغا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت رەھبەرلىك ۋە نازارەت قىلىدىغانلىقى، ئاشلىق چىقىم قىلىش، يۆتكەش جەھەتتە ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسى بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىدىغانلىقى، ئاشلىق ئامبارلىرى غەللە - پاراقنى كىرىم قىلىش، چىقىم قىلىش، ساقلاشقا مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. 1953 - يىلدىن كېيىن، ناھىيىلەردىكى ئاشلىق ئامبارلىرى شۇ ناھىيىدىكى ئاشلىق ئىدارىسى قارىمىقىدا بولۇشقا ئۆزگەرتىلىپ، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئامبارلار ۋە ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىگە قاراشلىق ناھىيىلىك ئاشلىق ئامبارلىرى ھەم رايونلۇق، يېزىلىق ئاشلىق پونكىتى دەپ ئايرىلدى. ئامبار، پونكىتلار غەللە - پاراق ئېلىش، ئاشلىق سېتىۋېلىش، ساقلاش، چىقىم قىلىش ۋە بازاردا ئاشلىق تىجارىتى قىلىشقا مەسئۇل قىلىندى. 1957 - يىلى ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بۇ ئامبار، پونكىتلار غەللە - پاراق ئېلىش ۋە ئېشىنچا ئاشلىقنى سېتىۋېلىش، ساقلاش، چىقىم قىلىشقا مەسئۇل قىلىندى.

1961 - يىل 6 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ 1 - ئىسكىلاتى بىلەن ئۈرۈمچى «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئاشلىق نازارىتىگە تەۋە قىلىندى. 1963 - يىل 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، ئۈرۈمچى «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى تۇرپان داخېيەن ۋوگزالىدا ئاشلىق يۆتكەش پونكىتى قۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىدىغان ئاشلىقنى يۆتكەشكە مەسئۇل قىلدى. يېرىم يىلدىن كېيىن، بۇ پونكىت قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى داخېيەن ئاشلىق يۆتكەش پونكىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىن قۇمۇلغا يۆتكىلىدىغان ئاشلىقنى يۆتكەشكە مەسئۇل قىلىندى. شۇ يىل 8 - ئايدا، ئاشلىق نازارىتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دۆلەت ئاشلىق، ياغ ئامبارلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى»نى ئېلان قىلدى، ئۇنىڭ ئاساسى مەزمۇنى مۇنداق: دۆلەت ئاشلىق ئىسكىلاتلىرى دۆلەتنىڭ ئاشلىق، ياغ تاۋارلىرىنى ساقلايدىغان ئاساسىي قاتلام كارخانا ئورۇن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى دۆلەتنىڭ ئاشلىق، ياغ تاۋارلىرىنى كىرىم قىلىش، ساقلاش، تارقىتىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇشتىن ئىبارەت.

1964 - يىل 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۈرۈمچى «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتىدا زاۋۇت بىلەن ئىسكىلات ئايرىۋېتىلدى، ئىسكىلات تەۋەلىك مۇناسىۋىتى بويىچە «ئاشلىق نازارىتى ئۈرۈمچى ئىسكىلاتى» دەپ ئاتىلىپ، جايلاردىن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىدىغان ئاشلىقنى ساقلاش، ئۈرۈمچى «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشكە مەسئۇل قىلىندى. 1966 - يىل 10 - ئايدا، ئاشلىق نازارىتىنىڭ ئۈرۈمچى ئىسكىلاتى ئۈرۈمچى شىمالىي ۋوگزالىدا ئاشلىق - ياغ يۆتكەش پونكىتى قۇردى. بۇ پونكىت شىمالىي شىنجاڭ رايونىدىن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىدىغان ئاشلىقنى يۆتكەش، ساقلاش ۋە ئاپتونوم رايون ئىچى - سىرتىغا ئاشلىق يۆتكەپ بېرىشكە مەسئۇل قىلىندى. 1970 - يىل 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن ئېتىبارەن، ئاشلىق نازارىتىنىڭ ئۈرۈمچى ئىسكىلاتى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1965 - يىل 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى ئاشلىق نازارىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك 7 - شى 129 - تۇەنىدە چېپەيزى مەركىزىي ئاشلىق ئامبىرى ۋە شىايېدى شۆبە ئامبىرى قۇرۇش، يېزا ئىگىلىك 4 - شى 71 - تۇەنىدە ئىلى كۆنەس مەركىزىي ئاشلىق ئامبىرى، يېزا ئىگىلىك 8 - شى 148 - تۇەنىدە موسۇۋەن مەركىزىي ئاشلىق ئامبىرى قۇرۇش، بۇ ئامبارلارنى يېزا ئىگىلىك 7 - شى، 4 - شى، 8 - شى ئەتراپىدىكى تۇەن - مەيدانلارنىڭ غەللە - پاراق ئېلىش ۋە ئېشىنچا ئاشلىق سېتىۋېلىش، ساقلاشقا مەسئۇل قىلىشنى تەستىقلىدى. 1969 - يىلى بۇ ئامبارلار ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ئارقا سەپ تەمىنات

بۆلۈمىنىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1971 - يىلى بۇ ئامبارلار شۇ جايدىكى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1980 - يىل 9 - ئايدىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك «1 - ئاۋغۇست» گۈن زاۋۇتى شىمالىي ۋوگزال ئاشلىق - ياغ يۆتكەش پونكىتى ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسىگە بىۋاستە قاراشلىق پونكىتقا ئۆزگەرتىلىپ، «ئۈرۈمچى ئاشلىق - ياغ يۆتكەش پونكىتى» دەپ ئاتالدى. كېيىنكى چاغلاردا، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىگە بىۋاستە قاراشلىق ئامبارلارنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ بېرىش، ئۆتكۈزۈۋېلىش ياكى يېڭى ئامبار قۇرۇش قاتارلىق ئۆزگىرىشلەر بولدى، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىگە قاراشلىق بازارلىق ئامبار ۋە ئاشلىق پونكىتىنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتى نىسبەتەن مۇقىم بولدى. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە ۋە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئاشلىق ئامبارلىرى، يۆتكەش پونكىتلىرى 106گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىگە بىۋاستە قاراشلىق ئىسكىلات بىر، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىگە بىۋاستە قاراشلىق ئىسكىلات 13، ناھىيە (شەھەر) لىك ئاشلىق ئىدارىلىرىگە قاراشلىق ئىسكىلات 87، شۆبە ئاشلىق ئىدارىسىگە قاراشلىقى 5.

## 2) نورمىلىق باشقۇرۇش

1960 - يىلدىن باشلاپ، جايلاردىكى ئاشلىق ئىسكىلاتلىرى ئاشلىق نازارىتى تۈزگەن «ئاشلىق ئىستېمىسىدا ئامبارلارنى نورمىلىق باشقۇرۇش خىزمىتىنى يولغا قويۇش ھەققىدىكى پىكىر»نى ئىجرا قىلىش، «ئۈچنى بېكىتىش» (خادىم، ئامبار سىغىمچانلىقى، ئەسۋابلارنى بېكىتىش) نى يولغا قويدى. خادىم بېكىتىش: ئاشلىق، باغ ئىسكىلاتلىرى ئۆزىنىڭ فۇنكسىيىسى بويىچە زاپاس ساقلاش ئامبىرى، تەمىنلەش ئامبىرى، ئۆتەڭ ئامبار، كىرىم قىلىش ئامبىرى ۋە ئۇنىۋېرسال ئامبار دەپ 5 تۈرگە ئايرىلىپ، تۈرلەر بويىچە خادىم بېكىتىلدى. زاپاس ساقلاش ئامبىرىنىڭ كىشى بېشىغا ساقلايدىغان ئاشلىق مىقدارى 1 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام، كىرىم قىلىش ئامبىرى، تەمىنلەش ئامبىرىنىڭ كىشى بېشىغا ساقلايدىغان ئاشلىق مىقدارى 750 مىڭ كىلوگرام قىلىپ بېكىتىلدى، ئۆتەڭ ئامبارنىڭ ھەر 1 مىليون 250 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق يۆتكەپ كىرىشىگە بىردىن ئادەم، ئۇنىۋېرسال ئامبارغا سېتىۋېلىش، يۆتكەپ كىرىش ۋەزىپىسىگە قاراپ ھەر 750 مىڭ كىلوگرام ئۈچۈن بىر ئادەم سەپلەندى. ئامبار سىغىمچانلىقىنى بېكىتىش: ئامبارلار سىغىمچانلىقى بويىچە 5 تۈرگە ئايرىلدى: 25 مىليون كىلوگرامدىن ئاشىدىغان ئامبار 1 - دەرىجىلىك ئامبار، 15 مىليون كىلوگرامدىن 25 مىليون كىلوگرامغىچە بولغانلىرى 2 - دەرىجىلىك ئامبار، 5 مىليون كىلوگرامدىن 15 مىليون كىلوگرامغىچە بولغانلىرى 3 - دەرىجىلىك ئامبار، 2 مىليون 500 مىڭ كىلوگرامدىن 5 مىليون كىلوگرامغىچە بولغانلىرى 4 - دەرىجىلىك ئامبار، 2 مىليون 500 مىڭ كىلوگرامدىن تۆۋەنلىرى 5 - دەرىجىلىك ئامبار دەپ ئايرىلدى. ئامباردىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى ئامبار لايىھە ئۆلچىمىدىكى سىغىمچانلىقى ۋە ساقلانغان ئاشلىق تۈرى بويىچە ھېسابلاندى؛ بۇغداي ئامبىرى 100%، گۈرۈچ ئامبىرى 102.5% (گۈرۈچ ئامبىرىنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىگە قويۇلىدىغان تەلەپ ئەمەلىي ئىشلىتىلىش مۇمكىنچىلىكىدىن ئېشىپ كېتىدۇ)، كۆممىقوناق ئامبىرى 62.4%تىن 87.4%كىچە، شال ئامبىرى 56.2%تىن 68.8%كىچە، ئاق قوناق ئامبىرى 75%تىن 92%كىچە، ئۇششاق دانلىق قارا ئاشلىق ئامبىرى 33.3% بولدى. سالدۇ ئاشلىق ئومۇمىي مىقدارى ئامبار سىغىمچانلىقى نورمىسىدىن ئاشمىسا، خىراجەتنى ئازايتىش ئۈچۈن، ئاشلىقنى ئوچۇقچىلىقتا ساقلاشقا ياكى يۇقىرىلارنىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ساقلاشقا رۇخسەت قىلىنمىدى. ئەسۋابلارنى بېكىتىش: تېجەشلىك بىلەن ئامبار باشقۇرۇش پرىنسىپى بويىچە ئەسۋابلارنى ئۆزلىرى تىزگىنلىدى، ئادەتتە ھازىر بار بولغان ساندىن ئاشۇرۇۋېتىلمىدى. 1960 - يىل 4 - ئايدا، ماناس ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئۆز ناھىيىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئامبارلارنى نورمىلىق باشقۇرۇش خىزمىتىنى يولغا قويۇش ھەققىدىكى پىكىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ناھىيە تەۋەسىدىكى ئاشلىق ئامبارلىرى، پونكىتلىرىنى بىردەك «ئۇنىۋېرسال ئامبار» دەپ

ئاتاپ، ئامبار سىغىمچانلىقى، خادىم، ئەسۋاب، خىراجەت، خوراش نورمىسىنى بېكىتتى، ئاشلىق نازارىتى ئامبار باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، بۇ ناھىيىنىڭ ماتېرىيالىنى ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇملاشتۇرۇشقا تارقاتتى. 1963 - يىل 7 - ئايدا، ئاشلىق نازارىتى «دۆلەت ئاشلىق، ياغ ئامبارلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى»نى تارقىتىپ، ئاشلىق، ياغ ساقلاش كەسپىدە پىلانلىق باشقۇرۇش ۋە نورمىلىق باشقۇرۇش چارىسىنى قوللىنىشنى بەلگىلىدى. 1964 - يىلى سانجى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى بازارلىق ئامبىرى بارلىق خادىملار ئارىسىدا نورمىلىق باشقۇرۇش ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئامبار مۇدىرىدىن تارتىپ ئامبارچى، مۇداپىئە كۆزەتچى، ئەسۋاب باشقۇرغۇچى، رېمونتچى، بوغالتىر، كاسسىر، ستاتىستىكچى، كۆزەتچى قاتارلىقلارغىچە ئېنىق ۋەزىپە، ھوقۇق، مەسئۇلىيەت بېكىتتى. 1964 - يىل 10 - ئايدا، ئاشلىق نازارىتى «ئاشلىق قىسقا خەۋەرلىرى»نىڭ 17 -، 18 - سانلىرىدا مەزكۇر ئامبارنىڭ نورمىلىق باشقۇرۇش ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى تولۇق بېسىپ تارقىتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆگىنىشكە تەۋسىيە قىلدى.

1978 - يىلى ئاشلىق مىنىستىرلىكى ئاشلىق تارماقلىرىدا نورمىلىق باشقۇرۇش ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە نومۇر قويۇپ مۇكاپاتلاش چارىسىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى، شىنجاڭدىكى قىسمەن ئاشلىق، ياغ ئامبارلىرىدىمۇ بۇ چارە سىناق قىلىنىشقا باشلىدى. 1980 - يىل 9 - ئايدا، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «ئاساسىي قاتلام ئاشلىق، ياغ ئامبار، پونكىتلىرىدا كارخانىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىنى كېڭەيتىپ، نورمىلىق باشقۇرۇشنى ئۇقتىدا سىناق قىلىشنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى ھەم ئىدارىنىڭ ساقلاش - يۆتكەش باشقارمىسى، كادىرلار باشقارمىسى، مالىيە - باھا باشقارمىسىدىن 4 نەپەر خادىم ئاجرىتىپ، سىناق ئۇقتىسى قىلىنغان قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئىسكىلاتقا يېتەكچىلىك قىلىشقا ئەۋەتتى. 1981 - يىلدىن باشلاپ، مەزكۇر ئىسكىلات ئەمگەك نورمىسى بېكىتىپ باشقۇرۇشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى، يەنى قاچىلاش - چۈشۈرۈش ئىشچىلىرىغا نورمىدىن ئاشۇرسا ئىش مىقدارىنى ھېسابلاش تۈزۈمىنى، ساقلاش گۇرۇپپىسى، توشۇش گۇرۇپپىسى، قاچىلاش گۇرۇپپىسىغا نورمىدىن ئاشۇرسا مۇكاپاتلاش تۈزۈمىنى، رېمونت گۇرۇپپىسىغا يەككە تۈر بويىچە ئىشنى ۋە مۇكاپاتنى ھۆددىگە بېرىش توختامى تۈزۈمى قاتارلىق چارىلەرنى يولغا قويۇپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى. 1981 - يىلى نورمىلىق باشقۇرۇشنى سىناق قىلىشتىن بۇرۇنقى 1980 - يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، تىجارەت مىقدارى 9.82% ئاشتى، ھەر 5000 كىلوگرام ئاشلىقنىڭ تىجارەت خىراجىتى 46.97% تۆۋەنلىدى، ئامبار سىغىمچانلىقىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى 8.7% ئۆستى، ئىشقا چىقىش ئۈنۈمى، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ئۆستى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچەيدى. 1982 - يىل 4 - ئايدا، ئاشلىق نازارىتى «دۆلەت ئاشلىق، ياغ ئامبارلىرىدا ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ئىسلاھ قىلىپ، ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ھەققىدە پىكىر» تارقىتىپ، ئاشلىق، ياغ ئامبار، پونكىتلىرىدا ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تارماق ئاشلىق، ياغ ئامبار، پونكىتلىرى ئۈچۈن ئامبار، خادىم، ئۈسكۈنە، خىراجەت، غەيرىي تاۋار مەبلىغىدىن ئىبارەت «بەشنى بېكىتىش» چارىسىنى قوللىنىشنى ئامبار، پونكىتلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش خىراجىتىنى ئۆزى ئىگە بولىدىغان خىراجەت ۋە ئۆزى ئىگە بولمايدىغان خىراجەت، دەپ ئىككىگە ئايرىشنى بەلگىلىدى. بۇنىڭدا ئۆزى ئىگە بولمايدىغان خىراجەت (سىياسەت خاراكتېرلىك زىيان) ئومۇمىي پايدا، ئومۇمىي زىيان، ئامبار سىرتىدا توشۇش خىراجىتى ۋە توشۇش داۋامىدا خوراش، تاۋار ئىگىلىگەن مەبلەغنىڭ ئۆسۈمى، باھا پەرقى، يېڭى تاغارنىڭ كونىراش چىقىمى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇنى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماق ئۈستىگە ئېلىپ، ئەمەلىي سانى بويىچە ئاتچوت قىلىدۇ؛ ئۆزى ئىگە بولىدىغان خىراجەت (تىجارەت خاراكتېرلىك خىراجەت) تە نورمىلىق باشقۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، كىرىم ئاشۇرۇلۇپ، چىقىم تېجىلىپ، پايدىسىدىن پىرسەنت قالدۇرۇلىدۇ، جايلار

«پىكىر»گە ئاساسەن، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشى لازىم، دەپ كۆرسىتىلدى. مەسىلەن: گۇچۇڭ ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى بازارلىق ئاشلىق ئىسكىلاتىدا «بەشنى بېكىتىش، بىرنى مۇكاپاتلاش» ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى، ناھىيىلىك دېھقانچىلىق مەيدانى ئاشلىق پونكىتىدا «ئوننى بېكىتىش، ئىككىنى تەكشۈرۈش، بىرنى مۇكاپاتلاش» ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويدى؛ ئىلى ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئاشلىق ئىسكىلاتى بارلىق خادىملار ئارىسىدا ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويدى. 1987 - يىل 10 - ئايدا، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ «دۆلەت ئاشلىق، ياغ ئامبارلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى»نى تارقىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ناھىيە بازىرىدىكى ۋە ناھىيە بازىرىدىن يۇقىرى ئاشلىق ئامبىرى، ئاشلىق - ياغ يۆتكەش پونكىتىدا مۇستەقىل ھېسابات قىلىش، بارلىق ئاشلىق، ياغ ئامبار، پونكىتلىرىدا تۆرلۈك شەكىلدىكى ئىقتىسادىي ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. تۆرلۈك ئاشلىق، ياغ ئامبارلىرىنىڭ پايدىلىنىش ئۈنۈمى: زاپاس ساقلاش ئامبىرىنىڭ %85تىن يۇقىرى، شەھەرنى تەمىنلەش ئامبىرىنىڭ %80تىن يۇقىرى، زاپاس ساقلاش ئۆتەڭ ئامبىرىنىڭ %75تىن يۇقىرى، ناھىيە بازىرىدىكى ئاشلىق ئامبىرىنىڭ %70تىن يۇقىرى، يېزىلاردىكى كىرىم قىلىش ئامبىرىنىڭ %50تىن يۇقىرى بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. 1988 - يىلدىن 1990 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە بارلىق ئاشلىق ئامبارلىرى ۋە كۆپ قىسىم ئاساسىي قاتلام ئاشلىق پونكىتلىرى نورما بېكىتىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت ھۆددىگەرلىكىنى يولغا قويدى، بۇنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى: يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماق بىلەن نورما بەلگىلەپ ھۆددىگە ئېلىش توختامى ئىمزالاش، ھۆددىگە ئېلىپ تىجارەت قىلىش شەكلى، مۇددىتى، تۆرلۈك نورما كۆرسەتكۈچى، ئىككى تەرەپنىڭ ھوقۇق، مەجبۇرىيىتى، مۇكاپاتلاش، جازالاش چارىسى قاتارلىقلارنى كونكرېت بەلگىلەش، ئامبارنىڭ ئىچكى قىسمىدا نورمىلىق ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، كۆپ خىل ئىگىلىكنى قانات يايدۇرۇش، كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ ھەق ئېلىش، ئامبارلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كۆپرەك ئاشلىق ساقلاش ئاكتىپلىقىنى يەنىمۇ قوزغاش، كارخانىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى.

## 3) ئاشلىق، ياغ كىرىم - چىقىمىنى باشقۇرۇش

1951 - يىلدىن 1953 - يىلغىچە، ئۆلكە بويىچە مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ «شىنجاڭدا ئاشلىق چىقىم قىلىش ۋاقىتلىق چارىسى» ئىجرا قىلىنىپ، ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ چىقىم قىلىش بۇيرۇقىغا ئاساسەن ئامباردىن ئاشلىق چىقىم قىلىندى. 1953 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، قىسمەن ئاشلىق ئامبارلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان ئامبارلار بۇيرۇق بولمىسا ئاشلىق چىقىم قىلمىدى. 1955- يىلى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ «دۆلەت ئاشلىق ئامبارلىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» ئىجرا قىلىندى، ئۇنىڭدا ئاشلىق ئامبارلىرى ئاشلىق، ياغدىن غەللە - پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، زۆرۈر بولغان ئامبار، ئەسۋابلارنى تەييارلاپ، ئاشلىق، ياغ كىرىم قىلغاندا سۈپىتىنى ۋە مىقدارىنى قاتتىق پېرىيوم قىلىپ، مۇۋاپىق ساقلىشى كېرەكلىكى؛ ئاشلىق - ياغ چىقىم قىلىشتا ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ چىقىم قىلىش ھۆججىتىگە ئاساسەن ئىش بېجىرىش لازىملىقى؛ ئاشلىق ئامبىرىنىڭ ساقلانغان ئاشلىقنى ساقلاشقىلا مەسئۇل بولىدىغانلىقى، ئاشلىقنى يۆتكەپ ئىشلىتىش ھوقۇقى بولمايدىغانلىقى بەلگىلەندى.

1960 - يىلى ئايرىم جايلاردا دۆلەتنىڭ ئاشلىقىنى تەستىقلاتماي ئۆز مەيلىچە چىقىم قىلىۋېتىش ئەھۋالى سادىر بولدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم بۇ مۇناسىۋەت بىلەن تېلېگرامما ئەۋەتىپ، جايلاردىكى دۆلەت ئاشلىق ئامبارلىرىدا ساقلىنىدىغان ئاشلىقنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى ۋە ئىشلىتىش ھوقۇقى ئاپتونوم رايونغا مەنسۇپ بولىدىغانلىقىنى؛ جايلارنىڭ دۆلەتنىڭ ئاشلىقىنى ياخشى ساقلىشى كېرەكلىكى، دۆلەت ئاشلىقىنى خالىغانچە ئىشلىتىشكە بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. 1963 - يىل 7 - ئايدا، جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرى ئاشلىق

نازارىتى تارقاتقان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دۆلەت ئاشلىق، ياغ ئامبارلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى» نى ئىجرا قىلىشقا باشلىدى، ئاشلىق، ياغدىن غەللە ـ پاراق ئېلىپ ۋە سېتىۋېلىپ كىرىم قىلىشتىن بۇرۇن، ناھىيە (شەھەر) لەر ئاشلىق، ياغنىڭ ئوبوروت يۆنىلىشى ۋە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇش پرىنسىپى بويىچە ئاشلىق، ياغ كىرىم قىلغۇچى ئامبار (نۇقتا) لارنى بېكىتىپ، ۋالىي مەھكىمىسى، ئوبلاستلىق خەلق كومىتېتىغا مەلۇم قىلىپ تەستىقلاتتى ھەم يۇقىرى دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرىغا ئەنگە ئالدۇردى. بۇ چارىدە، ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق ئامبارلىرى كىرىم قىلىش ۋەزىپىسىگە ئاساسەن، زۆرۈر بولغان ئامبار، مەيدان تەييارلىشى، گىر ـ ئەسۋابلارنى تەكشۈرۈپ توغرىلىشى، خادىملارنى ئاجرىتىپ كىرىم قىلىدىغان ئاشلىقنىڭ سۈپەت، مىقدارىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك؛ يۆتكەيدىغان ۋە غەللە ـ پاراق ئېلىش، سېتىۋېلىشتىن كىرىم قىلىدىغان ئاشلىق ـ ياغنى ۋاقتىدا تىزىملاپ ھېسابقا كىرگۈزۈش لازىم، ئاشلىق ئامبارلىرى پەقەت ئاشلىقنى ساقلاشقىلا مەسئۇل بولىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇنى ئىشلىتىش ھوقۇقى يوق؛ چىقىم قىلىنىدىغان ئاشلىق ـ ياغلارغا قارىتا چىقىم قىلىش، يۆتكەش رەسمىيىتىنى بېجىرىش لازىم، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇننىڭ يۆتكەش ۋە چىقىم قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش ھۆججىتى بولمىسا، ئامبار ۋە ئامبارچى چىقىم قىلىشنى رەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق، دەپ بەلگىلەندى. 1966 ـ يىلدىن 1969 ـ يىلغىچە بەزى رايونلاردا «ئاممىۋى تەشكىلات» لار ئاق ھۆججەت بېرىپ دۆلەتنىڭ ئاشلىق، ياغىنى ئېلىۋېلىش ئەھۋالى كۆرۈلدى. 1973 ـ يىل 4 ـ ئايدا، ئاشلىق نازارىتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاشلىق، ياغ ئامبارلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى (سىناق نۇسخىسى)» نى تارقىتىپ، كىرىم، چىقىم قىلىنىدىغان بارلىق دۆلەت ئاشلىق، ياغلىرىنى ھېسابقا خاتىرىلەش كېرەكلىكى، ھېسابات ۋە ئامبار سىرتىدا ھەر قانداق ئاشلىق، ياغ قالدۇرۇشقا بولمايدىغانلىقى، ئاشلىق ئامبارلىرى ئۆزلىرى ساقلايدىغان ئاشلىق ـ ياغنى باشقۇرۇشقىلا مەسئۇل بولىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ بۇنى ئىشلىتىش ھوقۇقى بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

1978 ـ يىلدىن كېيىن، جايلاردىكى ئاشلىق ئامبارلىرى تۈرلۈك قائىدە ـ تۈزۈملەرنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. 1984 ـ يىلدىن ئېتىبارەن، سودا نازارىتىنىڭ «دۆلەت ئاشلىق، ياغ ئامبارلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى» ئىجرا قىلىنىشقا باشلىدى، ئۇنىڭدا، ئاشلىق، ياغنى كىرىم قىلىشتا، يۇقىرى دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرى چۈشۈرگەن سېتىۋېلىش، يۆتكەش پىلانىغا ئاساسەن، ئاپتوموبىل بويىچە ئاشلىقنى پېرىيوم قىلىپ ئۆلچەش، ئاشلىق، ياغ مال ئورنى كارتوچكىسىنى تولدۇرۇش ھەم ئاشلىق، ياغ سۈپىتى، ساقلاش مۇددىتى قاتارلىقلارغا ئاساسەن مۇۋاپىق ساقلاش كېرەك؛ ئاشلىق، ياغنى چىقىم قىلىشتا ئاشلىقنى چىقىم قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش ھۆججىتىگە ئاساسەن، پېرىيوم قىلىپ ئۆلچەش، ھېسابقا خاتىرىلەش كېرەك، دەپ بەلگىلەندى. 1990 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ئامبارلىرى بىردەك دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە كىرىم، چىقىم قىلىپ باشقۇرۇلدى، ئاشلىق، ياغ سالدۇسى نەق مال ھېساباتى بىلەن ئاساسەن ئۇيغۇن كەلدى.

## 4) ئاشلىق، ياغ ساقلاشتىكى خوراشنى باشقۇرۇش

1954 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئۆلكىلىك ئاشلىق نازارىتى «ئاشلىق ساقلاشتىكى خوراشنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بىر نەچچە بەلگىلىمە» نى تۈنجى قېتىم تۈزۈپ چىقىپ، ساقلاش داۋامىدىكى خوراشنى تەبىئىي خوراش، رەتلەش داۋامىدىكى خوراش، ساقلاش ھادىسىسى زىيىنى دەپ 3 تۈرگە بۆلدى. تەبىئىي خوراش ئاشلىق، ياغ كىرىم ـ چىقىم قىلىش جەريانىدا چېچىلىپ كەتكەن دان، بىخەتەرلىك ئۆلچىمىدىن تۆۋەن بولغان نەملىكنىڭ پارغا ئايلىنىشى، ئەخلىتى، پېرىيوم قىلىشقا ئەۋرىشكە ئېلىنغاندىكى خوراش ھەمدە باشقا سەۋەبلەردىن ئاشلىق، ياغ مىقدارىنىڭ كېمىيىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەبىئىي خوراش نىسبىتى نورما ئۆلچىمى بۇغداينىڭ 0.15%، قارا ئاشلىق، گۈرۈچ تۈرىنىڭ 0.20% بولدى (ساقلاش مۇددىتىگە ئايرىلمىدى). رەتلەش داۋامىدىكى خوراش ئامبارغا كىرىم قىلىنغان ئاشلىق ـ ياغنىڭ نەملىكى، ئەخلىتى بىخەتەرلىك

ئۆلچىمىدىن يۇقىرى بولغاندا، ئۇلارنى رەتلەپ، ئاپتاپتا سېلىپ سۇ تەركىبى، ئەغلەت مىقدارى (بىخەتەرلىك ئۆلچىمى ئىچىدە) نى تۆۋەنلىتىشتىن كېلىپ چىققان كېمىيىشنى كۆرسىتىدۇ. ئاشلىق، ياغنى رەتلەش داۋامىدىكى خوراشتا ئاشلىقنىڭ نەملىكى، ئەغلىتىنىڭ بىخەتەرلىك ئۆلچىمى: بۇغدايىنىڭ نەملىكى %13.5، ئەغلىتى %1، گۆرۈچ ۋە قارا ئاشلىقنىڭ نەملىكى %14، ئەغلىتى %1.5 بولدى. ساقلاش ھادىسىسى زىيىنى ئامبار باشقۇرۇش ياخشى بولماسلىق ياكى تاسادىپىي ئاپەت يۈز بېرىشتىن ھاشارات چۈشۈش، كۆكىرىش ـ چىرىش، سۇ بېسىپ كېتىش، ئوت ئاپىتى، ئوغرىلىق قاتارلىقلاردىن كېلىپ چىققان زىياننى كۆرسىتىدۇ. تۈرلۈك خوراشلارنى ئاتچوت قىلىشنى تەستىقلاش ھوقۇق چېكى ئېنىق بەلگىلەندى: تەبىئىي خوراش بەلگىلىمىدىكى خوراش نىسبىتىدىن ئاشمىغان بولسا، ۋالىي مەھكىمىسى تەكشۈرۈپ تەستىقلايدۇ، ئەگەر خوراش نىسبىتىدىن ئېشىپ كەتسە ياكى ھەددىدىن زىيادە بولۇپ كەتسە، ۋالىي مەھكىمە ئەنگە ئېلىپ ھەم ئۆلكىلىك ئاشلىق نازارىتىگە يوللاپ تەستىقلىتىدۇ؛ رەتلەش داۋامىدىكى خوراش ۋە ھادىسە زىيىنىنى بىردەك ئۆلكىلىك ئاشلىق نازارىتى تەكشۈرۈپ تەستىقلايدۇ، دەپ بەلگىلەندى. 1957 ـ يىلى ئاشلىق نازارىتى «ئاشلىق سىستېمىسىدا ئاشلىق ساقلاش داۋامىدىكى نورمىلىق خوراش ۋە رەتلەش داۋامىدىكى خوراشنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نى تارقاتتى، ئۇنىڭدا تەبىئىي خوراش نىسبىتى نورما ئۆلچىمىنى ساقلاش مۇددىتىگە ئاساسەن: ساقلاش ۋاقتى ئۈچ ئايدىن تۆۋەن، ئۈچ ئايدىن 6 ئايغىچە، 6 ئايدىن 9 ئايغىچە، 9 ئايدىن يۇقىرى دەپ تۆت تۈرگە ئايرىلىپ، خوراش نىسبىتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا: بۇغدايىنىڭ %0.08، %0.1، %0.11، %0.12 دەپ بېكىتىلدى؛ گۆرۈچ، قارا ئاشلىقنىڭ %0.1، %0.14، %0.17، %0.2 دەپ بېكىتىلدى. بەلگىلىمىدە، نورما ئىچىدىكى خوراشنى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى تەكشۈرۈپ ئاتچوت قىلىدۇ، نورمىدىن ئاشقان خوراشنى ياكى زىياننى قىممىتى 2000 يۈەندىن تۆۋەن بولسا، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسى تەكشۈرۈپ ئاتچوت قىلىدۇ، 2000 يۈەندىن ئاشقىنىنى ئاشلىق نازارىتى تەكشۈرۈپ ئاتچوت قىلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. بۇ بەلگىلىمە 1964 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئىجرا قىلىندى.

1964 ـ يىل 3 ـ ئايدىن ئېتىبارەن ئاشلىق نازارىتى تۈزگەن «دۆلەت ئاشلىق، ياغ ئامبارلىرىدا ئاشلىق، ياغ ساقلاش داۋامىدىكى خوراش نورمىسىنى باشقۇرۇش چارىسى» ئىجرا قىلىندى، تەبىئىي خوراش ئۆلچىمى تۈرلۈك ئاشلىق، ياغ تۈرى بويىچە ئامبار، مال مەيدانىدا ساقلاشقا ئايرىلىپ، ساقلاش مۇددىتى 3 ئاي ئىچىدە، 3 ئايدىن 6 ئايغىچە، 6 ئايدىن بىر يىلغىچە، بىر يىلدىن يۇقىرى دەپ 4 تۈرگە ئايرىلدى. خوراش نىسبىتى: ئامباردا ساقلانغان ئاشلىقنىڭ %0.1، %0.14، %0.16، %0.18، ياغنىڭ %0.04، %0.06، %0.08، %0.09 قىلىپ بېكىتىلدى؛ مال مەيدانىدا ساقلانغان ئاشلىقنىڭ %0.12، %0.16، %0.18، %0.2، ياغنىڭ %0.05، %0.07، %0.09، %0.11 قىلىپ بېكىتىلدى. «چارە» دە نورما ئىچىدىكى تەبىئىي خوراشنى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى تەكشۈرۈپ ئاتچوت قىلىدۇ، نورمىدىن ئاشقان تەبىئىي خوراشنى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسى تەكشۈرۈپ ئاتچوت قىلىدۇ، نورمىدىن ئاشقان سۇ تەركىبى، ئەغلىتى ئۈچۈن ئاشلىق مىقدارىنى كېمەيتىشتە ئەسلى پېرىيوم تالونىغا ئاساسەن ئاشلىق نازارىتى تەكشۈرۈپ تەستىقلايدۇ، دەپ بەلگىلەندى. 1966 ـ يىل 12 ـ ئايدىن 1987 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاشلىق نازارىتى (ئىدارىسى) نىڭ ئەسلىدىكى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىغا چۈشۈرۈلدى، ئۇلار تەكشۈرۈپ تەستىقلىغاندىن كېيىن، ئاشلىق نازارىتى (ئىدارىسى) گە ئەنگە ئالدۇرىدىغان بولدى.

1987 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ «دۆلەت ئاشلىق ـ ياغ ئامبارلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى» نى تارقاتتى ھەم ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرلۈك ئاشلىق ـ ياغ، قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ ساقلاش داۋامىدىكى تەبىئىي خوراش نىسبىتىنى بېكىتتى (جەدۋەل: 3 — 6 گە قاراڭ). 1990 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق تارماقلىرى مۇشۇ بەلگىلىمىنى ئىجرا قىلىپ، ئاشلىق،

يانى ساقلاش داۋامىدىكى خوراشنى باشقۇردى. بۇنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى: نەملىكى، ئەخلىتى ئۆچۈن ئاشلىق مىقدارىنى كېمەيتىشتە ئاساسىي قاتلام ئاشلىق، باغ ئامبار، پونكىتلىرى ئاشلىقنى كىرىم، چىقىم قىلغاندىكى ئاشلىق سۈپەت پېرىيوم تالونىغا ئاساسەن مەلۇمات تەييارلاپ، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىغا يوللايدىغان، ئاشلىق ئىدارىسى ئاتچوت قىلىشنى تەستىقلايدىغان بولدى؛ نورما ئىچىدىكى تەبىئىي خوراشنى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئاشلىق، باغ ساقلاش كارتوچكىسى ۋە كىرىم، چىقىم قىلىش تالونىغا ئاساسەن تەكشۈرۈپ ئاتچوت قىلىدىغان، نورمىدىن ئاشقان تەبىئىي خوراشنى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى مەۋىنى ئېنىقلاپ، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىغا ئاتچوت قىلىشقا يوللايدىغان بولدى.

شىنجاڭدا ئاشلىق، ياغلىق دان، باغ، قوشۇمچە مەھسۇلاتلارنى ساقلاش داۋامىدىكى تەبىئىي خوراش نىسبىتى

جەدۋەل: 3 — 6

| تۈرى \ خوراش نىسبىتى (%) \ ساقلاش ۋاقتى | 6 ئاي ئىچىدە | 6 ئايدىن بىر يىلغىچە | بىر يىلدىن يۇقىرى | ئوچۇقچىلىقتا ساقلانغان ۋاقىت چېكى يوق |
|---|---|---|---|---|
| بۇغداي | 0.1 | 0.15 | 0.2 | 0.2 |
| كۆممىقوناق | 0.12 | 0.18 | 0.22 | 0.22 |
| شال | 0.12 | 0.18 | 0.22 | 0.22 |
| ئۇن | 0.08 | 0.12 | 0.18 | |
| گۈرۈچ | 0.1 | 0.15 | 0.2 | |
| باشقا قارا ئاشلىق | 0.1 | 0.15 | 0.2 | 0.2 |
| ياغلىق ئاپتاپپەرەس | 0.15 | 0.1 | 0.22 | 0.22 |
| باشقا ياغلىق دان | 0.1 | 0.15 | 0.2 | 0.2 |
| باغ | 0.06 | 0.08 | 0.1 | |
| قوشۇمچە مەھسۇلات | 0.15 | 0.2 | 0.25 | 0.3 |

## 2. «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبارلىرىنى باشقۇرۇش

ئاشلىق مىنىستىرلىكى 1954- يىلى پۈتۈن مەملىكەتكە جىجياڭ ئۆلكىسىدىكى يۇخاڭ ناھىيىسىنىڭ «ھاشاراتتىن خالىي ئاشلىق ئامبىرى» بەرپا قىلىش، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىكى كەيپىڭ ناھىيىسى، سەنشى ئۆلكىسىدىكى نىڭۋۇ ناھىيىسىنىڭ «كۆكىرىشتىن خالىي ئاشلىق ئامبىرى» يارىتىش تەجرىبىسىنى كېڭەيتتى. شۇ يىلى قىشتا ئۆلكىلىك ئاشلىق نازارىتى بىر قىسىم ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى ئاشلىق ساقلىغۇچى خادىملارنى يۇخاڭ قاتارلىق جايلاردىكى ئىلغار ئاشلىق ئامبارلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى. 1955 - يىل 8 - ئايدا فۇكاڭ ناھىيىلىك ئاشلىق ئىسكىلاتى ئۆلكە بويىچە كۆكىرىشتىن، چاشقاندىن، قۇشقاچتىن خالىي تۇنجى ئاشلىق ئىسكىلاتىغا ئايلاندى. يىل ئاخىرىغىچە يەنە بىر قىسىم ناھىيىلەردە كۆكىرىشتىن، چاشقاندىن، قۇشقاچتىن خالىي ئاشلىق ئامبارلىرى بارلىققا كەلدى، قەشقەر شەھىرىدە كۆكىرىشتىن، چاشقاندىن، قۇشقاچتىن، ھادىسىدىن خالىي ئاشلىق ئىسكىلاتى قۇرۇلدى.

ئاشلىق نازارىتى 1956 - يىل 4 - ئايدا ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق تارماقلىرىدا «ھاشاراتتىن، كۆكىرىشتىن، چاشقان ۋە قۇشقاچتىن، ھادىسىدىن خالىي»

(قىسقارتىلىپ «تۆتتىن خالىي» دەپ ئاتالدى) ئاشلىق ئامبىرى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى ھەمدە «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرىنىڭ ئۆلچىمى ۋە باھالاش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۇسۇلىنى بەلگىلىدى. «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرى بەرپا قىلىشتا بىر كورپۇس ئامبار باھالاش بىرلىكى قىلىندى. 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئاشلىق سىستېمىسىدىكى خىزمەت ئىلغارلىرى ۋەكىللىرى يىغىنىدا فۇكاڭ، قەشقەر، پىچانلارنىڭ «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش تەجرىبىسى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، فۇكاڭ ناھىيىلىك ئاشلىق ئىسكىلاتى ئېكسكۇرسىيە قىلىندى. يىغىندىن كېيىن، بەزى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى ئاساسىي قاتلام ئاشلىق ئىسكىلاتلىرىنىڭ «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ياردەم بېرىشكە كادىر ئەۋەتتى. كېيىنكى يىلى 3 ـ ئايدا ۋە 9 ـ ئايدا ئاشلىق نازارىتى «تۆتتىن خالىي» باغ ئامبىرى، مەيدانلىرىنىڭ ئۆلچىمىنى ۋە ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى تارقىتىپ، «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرى ۋە «تۆتتىن خالىي» باغ ئامبىرى، مەيدانلىرىنى باھالاش چارىسىنى بىرلىككە كەلتۈردى. 1957 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۈرۈمچى قاتارلىق 26 ناھىيە (شەھەر) دىكى 121 ئاشلىق ئامبىرى «ئىككىدىن خالىي»، «ئۈچتىن خالىي»، «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرىغا ئايلاندى، بۇلارنىڭ سىغىمچانلىقى 132 مىليون كىلوگرام بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ئامبارلىرى ئومۇمىي سىغىمچانلىقىنىڭ %26.19نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرى 19، سىغىمچانلىقى 18 مىليون 320 مىڭ بولۇپ، ئاشلىق ئامبارلىرى ئومۇمىي سىغىمچانلىقىنىڭ %66.2نى ئىگىلىدى.

1958 — 1959 ـ يىللىرى ئاشلىق نازارىتى «بەشتىن خالىي» («تۆتتىن خالىي» بولۇش ئاساسىدا «ئاشلىق ئىسراپچىلىقىدىن خالىي بولۇش» قوشۇلدى)، «سەككىزدىن خالىي» («بەشتىن خالىي» بولۇش ئاساسىدا «كېسەللىكتىن خالىي»، «رەڭگى ئۆزگىرىشتىن خالىي»، «غەيرىي پۇراقتىن خالىي» بولۇش قوشۇلدى) ئاشلىق ئامبىرى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بەزى ۋىلايەت، ئوبلاستلار يەنە «ئوندىن خالىي»، «11 دىن خالىي»، «15 تىن خالىي» بولۇش قاتارلىق ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ مەزگىلدە «مۇبالىغىچىلىك ئىستىلى» يەنە بەزى ئورۇنلارنىڭ ۋاقىتىنچە زەربىدارلىق بىلەن ئىش كۆرۈشىدە ئىپادىلەندى، بۇ ئورۇنلارنىڭ يىللىق «تۆتتىن خالىي» بولۇش سۈپىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ناچارراق بولدى. ئەمما ئاپتونوم رايون بويىچە بۇ مەزگىلدىكى «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرى بەرپا قىلىش پائالىيىتى چوڭقۇر ۋە كەڭ راۋاجلاندى. جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ يۇقىرىغا يوللىغان ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، «بەشتىن خالىي»، «سەككىزدىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرى بەرپا قىلغان ناھىيە (شەھەر) لەر %60تىن %80كىچە، ئامبارلارنىڭ سىغىمچانلىقى %90تىن كۆپرەككە يەتكەن. 1959 ـ يىلى يەكەن، ساۋەن قاتارلىق 29 ناھىيىدىكى ئاشلىق ساقلاش ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرى بەرپا قىلىش پائالىيىتىدە ئاشلىق ساقلاشتا 70 مىڭدىن ئارتۇق ئەمگەك كۈنى سەرپ قىلىپ، دۆلەتكە 130 مىڭ يۈەن خىراجەت تېجەپ بەردى، ئاشلىق ساقلاشتا خوراش ئازايدى، ساقلاش خىراجىتى 1958 ـ يىلدىكىدىن %3.22 كېمەيدى. مۇشۇ مەزگىلدە، جايلار «دۆلەت بىلەن گوڭشې تەڭ تۇتۇش»تىن ئىبارەت ئاشلىق ساقلاش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېزىلارغا ئاشلىق ساقلىغۇچىدىن 3000 دىن كۆپرەك ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەپ بېرىپ، گوڭشې ـ ئەترەتلەرنىڭ «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا ياردەم بەردى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندىكى %50 گوڭشې ـ ئەترەتتە «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرى بەرپا قىلىندى.

1960 ـ يىلدىن 1962 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدا ئامباردىكى ئاشلىق، باغ ئازىيىپ كەتتى، ئاشلىق خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا يۆتكەلدى، «تۆتتىن

خالىي» ئاشلىق ئامبىرى بەرپا قىلىش پائالىيىتى توختاپ قېلىش ھالىتىدە تۇرۇپ قالدى. 1963 - يىل 3. ئايدا ئاشلىق نازارىتى «‹تۆتتىن خالىي›، ئاشلىق ئامبىرىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش توغرىسىدا ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» چىقىرىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى مەركەز قىلغان مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش، ئىقتىساد قىلىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. ئۈرۈمچى «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتىدىكى 16 كورپۇس ئامباردىن 14ى «تۆتتىن خالىي» ئامبار بولدى. 1966 - يىل 3. ئايدا ئاشلىق نازارىتى تەشكىللىگەن «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبارلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئۆمىكى خېبېي ئۆلكىسىدىكى يۈتيەن ئاشلىق ئىسكىلاتىغا بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلدى، بۇ ئۆمەك قايتىپ كەلگەندىن كېيىن «يۈتيەن تەجرىبىسى»نى كېڭەيتمەكچى بولغانىدى، ئەمما، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ كەتكەچكە، بۇ ئىش توختاپ قالدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرى بەرپا قىلىش پائالىيىتى «كەسىپنى قوماندان قىلغانلىق»، «ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ھەممىنى ھەل قىلىدۇ، دەيدىغان قاراش» دەپ قارىلىپ تەنقىد قىلىندى.

1974 - يىل 2 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئاشلىق ئىدارىسى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ «‹تۆتتىن خالىي› ئاشلىق ئامبىرى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر»نى تارقىتىپ، جايلاردىن «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. كېيىنكى يىلى 4 - ئايدا غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكىدە «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبارلىرىنى مەركىزىي مەزمۇن قىلغان چوڭ، ئوتتۇرا ئاشلىق ئىسكىلاتلىرىنى كۆرەك قىلىش، سەييارە سېلىشتۇرۇپ باھالاش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى، بۇ پائالىيەت شەنشىدىن باشلىنىپ، يول ئۈستىدە نىڭشيا، چىڭخەي، گەنسۇلاردا ئېلىپ بېرىلىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدە خۇلاسە چىقىرىلدى. شىنجاڭدىن بۇ قېتىمقى كۆرەك قىلىش، سېلىشتۇرۇپ باھالاشقا قۇتۇبى، گۇچۇڭ ناھىيە بازارلىرىدىكى ئاشلىق ئامبارلىرى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى ئىسكىلاتى قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇتۇبى، گۇچۇڭ ناھىيە بازارلىرىدىكى ئاشلىق ئامبارلىرى ئىلغار ئاشلىق ئامبىرى بولۇپ باھالاندى. 1976 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرى بەرپا قىلىش پائالىيىتى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، يىل ئاخىرىغا كەلگەندە، «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرى بولغان ئامبارلارنىڭ سىغىمچانلىقى ئومۇمىي ئامبار سىغىمچانلىقىنىڭ %33نى ئىگىلىدى. 1977- يىل 8 -، 9 - ئايلاردا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئاپتونوم رايون بويىچە «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبارلىرىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ئاشلىق ساقلاش خىزمىتىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش پائالىيىتىنى تۇنجى قېتىم ئۇيۇشتۇردى، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقلىرى ۋە ئاساسىي قاتلامدىكى كەسپىي خادىملار بولۇپ 92 كىشى 3 گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، 46 ناھىيە (شەھەر) گە قاراشلىق 132 ئاشلىق، ياغ ئىسكىلاتى، پونكىتىنى تەكشۈردى، بىر قىسىم ئاشلىق، ياغ پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتلىرى، ماگىزىنلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبارلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شى جېڭگو، مۇئاۋىن باشلىقى چېن جىنچاڭ، مەسلىھەتچىسى ئەسئەت ياقۇپ ئايرىم - ئايرىم ھالدا ھەر قايسى گۇرۇپپىلارنىڭ بىر قىسىم پائالىيىتىگە قاتناشتى. تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، ئالتاي، فۇكاڭ، مىچۈەن، لوپ ناھىيىلىرىدىكى 5 ئىسكىلات، پونكىتتا ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆزلىرى ئۆتۈش قىلىپ 18 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرلىق قۇرۇتۇش مەيدانى ۋە يولنى ياسىغان، 18 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر ئامبارنى ئاقارتقان. يەكەن ناھىيىسىدىكى 7 - گۇڭشې ئاشلىق پونكىتىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئامبار تېگىنىڭ نەم تارتىپ كېتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بىر ئامبارنىڭ تېگىنى يېرىم مېتىردىن كۆپرەك چوڭقۇرلۇقتا كولاپ، 600 كۇب مېتىرغا يېقىن توپىنى يۆتكەپ، قۇرۇپ كەتكەن دەريا ساھىلىدىن 24 مىڭ كىلوگرام قومۇش ئېلىپ كېلىپ، بىر نەچچە 10 ھارۋا داشقال، ھاك، خىش بىلەن قوشۇپ ئامبار تېگىنى تىندۇرغان، ئۇنىڭ ئۈستىنى سامانلىق لاي بىلەن

سۇۋاپ تەكشىلىگەن. لوپ، قەشقەر كوناشەھەر، قۇمۇل ناھىيىلىرى ۋە باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى قاتارلىق جايلار يەنە گۇڭشې - ئەترەتلەرنىڭ «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا پائال ياردەم بەرگەن. بۇ گۇڭشې - ئەترەتلەردىكى «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبارلىرى شۇ جايلاردىكى گۇڭشې - ئەترەتلەر ئومۇمىي ئامبارلىرى سىغىمچانلىقىنىڭ %40 — %50نى ئىگىلىگەن. بۇ قېتىمقى سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا 40 ئىلغار ئورۇن باھالاپ چىقىلدى. 1977 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايون بويىچە «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبارلارنىڭ سىغىمچانلىقى ئومۇمىي ئامبارلار سىغىمچانلىقىنىڭ %50گە يەتتى.

1978 - يىل 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى سودا مىنىستىرلىكى تارقاتقان «‹تۆتتىن خالىي› ئاشلىق ئامبارلىرى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر»نى تارقاتتى. «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبارلىرىنىڭ ھېسابات بىرلىكى ئەمدى بىر كورپۇس ئامبارنى ئەمەس، بەلكى بىر ئىسكىلات، پونكىتنى بىرلىك قىلىدىغان بولدى. ئىسكىلات، پونكىتتا ساقلانغان بارلىق ئاشلىق، ئامبار، يۈك مەيدانى، سايمان، سېخ قاتارلىقلار «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرىنىڭ ئۆلچىمىگە تولۇق يەتكەندىلا، «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرى، پونكىتى ھېسابلىنىدىغان بولدى. 1981 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، «تۆتتىن خالىي» ئامبار، پونكىت 159غا يېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئامبار، پونكىتلار سانىنىڭ %21.5نى ئىگىلىدى.

1982 - يىل 4 - ئايدا ئاشلىق نازارىتى «‹تۆتتىن خالىي› ئاشلىق ئامبىرى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارە»نى تارقاتتى، بۇ چارىدە، «تۆتتىن خالىي» ياغ ئامبىرىنىڭ ئۆلچىمى سۈپىتى ئۆزگىرىپ كېتىشتىن، ئاچچىقلىشىپ كېتىشتىن، سىرغىپ ئېقىپ كېتىشتىن، ھادىسىدىن خالىي بولۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ؛ «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرى بەرپا قىلىش پائالىيىتى ئاشلىق، ياغ ئىسكىلات، پونكىتلىرىدا ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى سىناش كۆرسەتكۈچلىرىدىن بىرى بولىدۇ؛ ئامبار سىغىمچانلىقى 2500 كىلوگىرامدىن يۇقىرى بولغان چوڭ، ئوتتۇرا ئاشلىق ئامبارلىرى ۋە «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرى بەرپا قىلغان ناھىيىلەرنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىگە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارە (باشقارما)لىرى مەسئۇل بولىدۇ، ئاشلىق نازارىتى قايتا تەكشۈرۈپ، باھالاپ تەستىقلايدۇ، دەپ بەلگىلەندى. شۇ يىلى 6 - ئايدىن 9 - ئايغىچە ئاشلىق نازارىتى تەشكىللىگەن خىزمەت گۇرۇپپىلىرى نازىر ئەن دىڭ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ باشچىلىقىدا ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ قايتا تەكشۈردى ۋە باھالىدى. لوپ، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىرى ۋە قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئىسكىلات ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - تۈركۈمدىكى «تۆتتىن خالىي» ناھىيە (ئامبار) بولدى، ئاشلىق نازارىتى بۇ ئورۇنلارنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا يولۇچى ۋە يۈك توشۇشقا ئىشلىتىلىدىغان قوش رەت ئورۇندۇقلۇق ئاپتوموبىل بىلەن مۇكاپاتلىدى. لوپ ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئىسكىلاتقا يەنە سودا مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە ‹تۆتتىن خالىي› ئاشلىق ئىسكىلاتلىرى ئىچىدىكى ئىلغار ئورۇن» دېگەن نام بېرىلدى. 1982 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايون بويىچە «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق، ياغ ئىسكىلات، پونكىتى 184 كە يېتىپ، ئىسكىلات، پونكىتلار ئومۇمىي سانىنىڭ %24.4نى ئىگىلەپ، 1981 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 2.9 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى، ئەمما، مەملىكىتىمىزدىكى 29 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون ئىچىدە ئارقىدىن سانىغاندا 2 - ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. شۇ سەۋەبتىن ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى 1983 - يىل 5 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرى بەرپا قىلىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق ساقلاش ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى يەنىمۇ قانات يايدۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى. يىغىندا يەنە «تۆتتىن خالىي» ناھىيە (ئامبار) بولغانلىكى ئورۇنلارغا

يولۇچى ۋە يۈك توشۇشقا ئىشلىتىلىدىغان قوش رەت ئورۇندۇقلۇق ئاپتوموبىل سېتىۋېلىشقا 25 مىڭ يۈەن مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقى بەلگىلەندى. 9 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبارلىرىنى تەكشۈرۈش، سېلىشتۇرۇپ باھالاشنى ئۇيۇشتۇردى، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارە (باشقارما) لىرىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىدىن 50 كىشى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، 41 ناھىيە (شەھەر) گە قاراشلىق 97 ئاشلىق، ياغ ئامبىرى، پونكىتىنى تەكشۈرۈپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ساقلاش ـ توشۇش شىركىتىنىڭ ئامبىرى قاتارلىق «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبارلىرى ئىچىدىكى 12 ئىلغار ئورۇننى باھالاپ چىقتى. تەكشۈرۈش داۋامىدا بايقالغان «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرى ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئورۇنلار ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەنقىدلەندى. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايون بويىچە «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبار، پونكىتى 324كە يېتىپ، ئامبار، پونكىتلار ئومۇمىي سانىنىڭ %44.3نى ئىگىلەپ، 1982 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 19.9 پىرسەنت پونىتى ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل قاتارلىق 7 ناھىيە ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ساقلاش ـ توشۇش شىركىتىنىڭ ئامبىرىغا « ‹تۆتتىن خالىي› ناھىيە (ئامبار) » دەپ نام بېرىلدى، جەمئىي «تۆتتىن خالىي» ناھىيە (ئامبار) 12گە يېتىپ، ناھىيە (ئامبار) ئومۇمىي سانىنىڭ %12.5نى ئىگىلىدى. 1983 ـ يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى ناھىيىلەرگە بۆلۈنۈپ، نۇقتىدا تۇرۇپ ھۆددىگە ئېلىپ ئىشلەپ، بايقالغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، بۇ ئىدارىگە قاراشلىق ئاشلىق، ياغ ئامبار، پونكىتلىرىنىڭ ھەممىسىنى «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرى ئۆلچىمىگە يەتكۈزدى، بۇ ۋىلايەت ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرى بەرپا قىلغان ۋىلايەت بولۇپ قالدى. 1984 ـ يىل 3 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى قۇمۇلدا تەقدىرلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، قۇمۇلنىڭ تەجرىبىسىنى كېڭەيتتى ھەمدە مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق « ‹تۆتتىن خالىي› ئاشلىق ئامبىرى، ‹تۆتتىن خالىي› ياغ ئامبىرىغا ئائىت بىر قانچە نەسىلە توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمە» ۋە « ‹تۆتتىن خالىي› ئاشلىق ئامبىرىنى تەكشۈرۈش، سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا نومۇر خاتىرىلەش جەدۋىلى»نى تۈزۈپ چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن، جايلار «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرىنى تەكشۈرۈش، سېلىشتۇرۇپ باھالاش داۋامىدا «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئىش كۆرۈش، رەھبەرلىك ئەھمىيەت بېرىش، ئامبار ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى، پاكىز ـ تازا بولۇش، قائىدە ـ تۈزۈملەرنى ئىجرا قىلىشتىن ئىبارەت 5 چوڭ مەزمۇن ئاساسىدا تەكشۈردى ھەمدە 100 لىك نومۇر بويىچە نومۇر خاتىرىلىدى. «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبارلىرىنى تەكشۈرۈش، باھالاش خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك، ئىلمىي، قېلىپلاشقان يۆنىلىشكە قاراپ راۋاجلاندى. 1985 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى خىزمەت گۇرۇپپىلىرىنى ئەۋەتىپ، «تۆتتىن خالىي» ناھىيە (ئامبار) لەرنى قايتا تەكشۈردى، «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرى ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بەزى ئورۇنلارنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەنقىدلەپ، بەلگىلىك مۆھلەت ئىچىدە تۈزىتىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ يىلى 8 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ـ ياغ ئۆتەڭ پونكىتى، غۇلجا ناھىيىسىدىكى سامىيۈزى ئاشلىق پونكىتىغا سودا مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە ‹تۆتتىن خالىي› ئاشلىق ئامبىرى خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن» دېگەن نام بېرىلدى. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايون بويىچە «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق، ياغ ئامبار، پونكىتى 570كە يېتىپ، ئامبار، پونكىتلار ئومۇمىي سانىنىڭ %77نى ئىگىلىدى، «تۆتتىن خالىي» ناھىيە (ئامبار) 53كە يېتىپ، ناھىيە (ئامبار) ئومۇمىي سانىنىڭ %53نى ئىگىلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن جايلاردىكى «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرى قۇرۇلۇشى چوڭقۇر راۋاجلاندى. قەشقەر، ئاقسۇ، ئىلى، خوتەن قاتارلىق ۋىلايەتلەردىكى ئاشلىق ئىدارىلىرى ھەر يىلى بىر قېتىم «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبارلىرىنى تەكشۈرۈش، سېلىشتۇرۇپ باھالاش ئېلىپ باردى ۋە بۇنى تۈزۈمگە ئايلاندۇردى.

1987 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «‹تۆتتىن خالىي›، ئاشلىق ئامبارلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر»نى تارقىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبارلىرى قۇرۇلۇشىنى نىشانلىق باشقۇرۇش، تەكشۈرۈش ـ سېلىشتۇرۇپ باھالاش پائالىيىتىنى دەرىجە بويىچە ئېلىپ بېرىش، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى يىلىغا ئىككى قېتىم، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى (باشقارمىلىرى) يىلىغا بىر قېتىم ئېلىپ بېرىش، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى قەرەلسىز تۈردە خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ تەكشۈرۈش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. 1987 ~ 1988 ـ يىللىرى سانجى، ئۈرۈمچى، تارباغاتاي، بورتالالار «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرى رايونى بولدى. 1989 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئاپتونوم رايون بويىچە «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبارلىرىنى تەكشۈرۈش ـ سېلىشتۇرۇپ باھالاش پائالىيىتىنى تەشكىللىدى، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقلىرى ۋە خىزمەتچى خادىملاردىن بولۇپ 31 كىشى ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ 28 ناھىيە (شەھەر) دىكى 86 ئامبار، پونكىت ۋە 11 چوڭ ئامبارنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق، يىل بويى «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرى ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرىدىغان ئورۇنلار %79.5نى ئىگىلەيدىغانلىقى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ساقلاش ـ توشۇش شىركىتىنىڭ ئامبىرى، گۇچۇڭ ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى قاتارلىق 11 ئورۇننىڭ نەتىجىسى گەۋدىلىك ئىكەنلىكى، شۇنىڭدەك يەنە قىسمەن ئامبار، پونكىتلارنىڭ خىزمىتىنى پۇختا ئىشلىمىگەنلىكى، ئىلمىي ئۇسۇلدا ئاشلىق ساقلىمىغانلىقى، «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرى سەۋىيىتى تۆۋەن ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. 1990ـ يىلى 7 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى «‹تۆتتىن خالىي›، ئاشلىق ئامبارلىرىنىڭ تېخنىكا قائىدىسى (سىناق نۇسخا)» ھەققىدىكى بەلگىلىمىنى تارقىتىپ، «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبارلىرى، «تۆتتىن خالىي» ياغ ئامبارلىرى ئۆلچىمىنى ئېنىق، تەپسىلىي بەلگىلەپلا قالماي، «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبارلىرى توغرىسىدىكى ئاساسىي تەلەپ ۋە باشقۇرۇش قائىدىسىنىمۇ تۈزۈپ چىقتى. «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبارلىرىنى تەكشۈرۈش ـ سېلىشتۇرۇپ باھالاش، نومۇر خاتىرىلەش ئۆلچىمىدە، تۆنجى قېتىم ئىلمىي تېخنىكىلىق ئاشلىق ساقلاش نىسبىتى ئاساسىي قاتلام ئاشلىق پونكىتلىرىدا %10كە، ناھىيىلەردە %20كە، چوڭ ـ ئوتتۇرا ئاشلىق ئامبارلىرىدا %40كە يەتكۈزۈلۈشى شەرت، دەپ بەلگىلەندى. شۇندىن كېيىن، جايلار بۇ «تېخنىكا قائىدىسى»دىكى ئۆلچەم بويىچە «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبارلىرىنى تەكشۈرۈش ـ سېلىشتۇرۇپ باھالاشنى يولغا قويدى. 1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 620 ئاشلىق، ياغ ئامبىرى ۋە پونكىتى «تۆتتىن خالىي» بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى، بۇ ئامبار، پونكىتلار ئومۇمىي سانىنىڭ %82.2نى ئىگىلىدى، يەنە 70 ناھىيە (ئامبار) «تۆتتىن خالىي» ناھىيە (ئامبار) بولدى، بۇ، ناھىيە (ئامبار) ئومۇمىي سانىنىڭ %66.7نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل، سانجى، ئۈرۈمچى، تارباغاتاي، بورتالالار «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرى رايونى بولۇپ، 1985 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدىكىدىن تۆت ھەسسە كۆپەيدى.

## 3. دائىملىق ئاشلىق ئامبىرى، خەير ـ ساخاۋەت (جامائەت) ئامبىرىنى باشقۇرۇش

### 1) دائىملىق ئاشلىق ئامبىرى

تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرتتا ئايماق، ناھىيە تۈزۈمىنى يولغا قويغان جايلاردا ئىچكىرىدىكىگە ئوخشاشلا دائىملىق ئاشلىق ئامبىرى تۈزۈمىنى يولغا قويدى، ئاۋام خەلق لىيەنباۋغا①ئارىيەت ھۆججىتى بېرىپ بېرىپ ئاشلىق ئارىيەت ئالاتتى. «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخىي ماتېرىياللىرىدىن تاللانما»نىڭ 139 ـ بېتىدە

① لېەنباۋ بېزىغا توغرا كېلىدىغان مەمۇرىي بىرلىك — ت

خاتىرىلىنىشىچە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭدې يىللىرىدا يارغول ناھىيىسىدىكى بىر لىيەنباۋنىڭ ئارىيەت ھۆججىتىدە «باۋتۇ[1] (لىڭ خۇيى) دائىملىق ئاشلىق ئامبىرىدىن ھەر بىر كىشىگە بىر دەندىن تېرىق تارقىتىپ بېرىشنى تەكلىپ قىلىدۇ»، «لىيەنباۋ ئىچىدە پېقىر ئاۋۋال ھەربىر كىشىگە بىر دەندىن تېرىق تارقىتىپ تۇرۇشقا ئىجازەت قىلدىم» (جەمئىي 5 كىشىگە)، «ئالدىنقى بىر نەچچە كىشىگە بېرىلگەن تېرىق ھوسۇل مەزگىلىدە ئادەم سانىغا قاراپ يىغىۋېلىنىدۇ، تاپشۇرمىغۇچىلار بولسا، پېقىر ۋاكالىتەن تاپشۇرۇپ قويىدۇ. ھوسۇل مەزگىلىدە ئالدىنقى بىر نەچچە كىشىگە تارقىتىلغان تېرىقنى پېقىرلىرى كەم قىلماي تاپشۇرىدۇ، ئىجازەت بەرگەيلا» دېيىلگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 26 ـ يىلى (1761 ـ يىلى) 10 ـ ئايدا، ئاقسۇ خان ئامبىلى خەي مىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە يازغان مەكتۇپتا «بۇ يىل مول ھوسۇل ئېلىندى، ھازىر يىغىلغان ھۆكۈمەت ئاشلىقىدىن 500 دادەن ئېلىپ زاپاس ئاشلىق ئامبىرى قىلدىم، سانىنى 5000 دادەنگە يەتكۈزمەكچى» دېيىلگەنىدى. چيەنلۇڭ 33 ـ يىلىدىن 38 ـ يىلىغىچە (1768 ـ يىلدىن 1773 ـ يىلىغىچە شەنشى ـ گەنسۇ باش ھەربىي ۋالىيسى ئۈرۈمچى، بارىكۆللەردە دائىملىق ئاشلىق ئامبىرى قۇرۇشنى تەستىقلىدى، ئۈرۈمچى ھەربىي ـ مەمۇرىي ئالىي ئەمەلدارى يىللارغا بۆلۈپ بۇغدايدىن 10 مىڭ دادەن، 22 مىڭ دادەن، 12 مىڭ دادەن ۋە 40 مىڭ دادەن يىغدۇرۇپ، جايلاردا ئايرىپ ساقلاشقا 4 قېتىم تەستىق سالدى. «ئىلى ۋادىسى قامۇسى. ئامبار»دا خاتىرىلىنىشىچە، چيەنلۇڭ 33 ـ يىلىدىن 40 ـ يىلىغىچە (1768 ـ يىلدىن 1775 ـ يىلىغىچە) ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا بوزيەر ئاچقۇزۇلغان شىبەلەر لاگېرىدىكى 8 سۇمۇلدا 40 ئېغىزلىق ئامبار ياسالغان، دائىملىق ئامبارلاردا يىلىغا ئارپا، بۇغداي، تېرىق، ئاق قوناق بولۇپ 12 مىڭ دادەن ئاشلىق ساقلانغان. جياچىڭ 9 ـ يىلى (1804 ـ يىلى) 12 ـ ئايدا، يەكەن خان ئامبىلى خې نىڭ قەشقەر، يېڭىساردىكى ئىككى ئامباردا 4000 دادەندىن ئارتۇق ئاشلىق ساقلاش ھەققىدە مەكتۇپ سۇنغان. كېيىنكى يىلى ئەتىيازدا سېرىقتال مەزگىلىدە «بازار باھاسىغا قاراپ سەل ئەرزان سېتىلىپ، ئۇيغۇر يۇرتلىرىدىكى ئاشلىق باھاسى تەڭپۇڭلاشتۇرۇلغان». جياچىڭ 10 ـ يىلى (1805 ـ يىلى ئۈرۈمچى ئايمىقى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ناھىيىلەر ئامبارلىرىدا 1 مىليون 353 مىڭ 700 دادەن ئاشلىق ساقلانغان، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئايماقلىق ھۆكۈمەت ئامبىرىدا 118 مىڭ 100 دەن ئاشلىق ساقلانغان بولۇپ، سانى تولىمۇ ئاز بولغان. جياچىڭ خان ئايماقتا قاراشلىق سانجى، ماناس، جىمسار، قۇتۇبىلاردىكى 4 ئامباردىن 100 مىڭ دادەن ئاشلىق سېتىۋېلىپ، ئاندىن ئۈرۈمچى ئايمىقى ئامبىرىغا يۆتكەپ ئىككى يىل ساقلاش ھەققىدە يارلىق چۈشۈرگەن. (جەدۋەل: 3 — 7 گە قاراڭ)

### جياچىڭ 10 ـ يىلى (1805)دىكى ئۈرۈمچى ئايمىقى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ناھىيىلەر ئامبارلىرىدا ئاشلىق ساقلاش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 — 7　　　بىرلىكى: دادەن

| ئامبار نامى | ساقلانغان ئاشلىق | ئامبار نامى | ساقلانغان ئاشلىق | ئامبار نامى | ساقلانغان ئاشلىق |
|---|---|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى ئايمىقى ئامبىرى | 118079.3 | گۇچۇڭ ناھىيىسى ئامبىرى | 70172.6 | جىمسار ئامبىرى | 193038.5 |
| سانجى ناھىيىسى ئامبىرى | 223684.8 | تۇرپان ناھىيىسى ئامبىرى | 33643.3 | قۇتۇبى ئامبىرى | 201586 |
| فۇكاڭ ناھىيىسى ئامبىرى | 112840.5 | كورقارا ئۇسۇ ئامبىرى | 53120.3 | تۇتۇنسۇ ئامبىرى | 7424.8 |
| ماناس ناھىيىسى ئامبىرى | 208359 | جىڭ ئامبىرى | 33170.8 | لۇساۋگۇ ئامبىرى | 15630.3 |
| يىڭجى ناھىيىسى ئامبىرى | 64700.4 | قارابالغاسۇن ئامبىرى | 4664.6 | تاسىرقاي ئامبىرى | 13519.1 |

① باۋتۇ: «لىيەنباۋ بېگى» دېگەن مەنىدە.

## 2) خەير - ساخاۋەت (جامائەت) ئامبىرى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى يىللىرى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى پۈتۈن مەملىكەتتە ھۆكۈمەت ئامبىرى، دائىملىق ئامبارلاردىن باشقا، يەنە ئاۋام ئارىسىدا خەير - ساخاۋەت ئامبىرى، جامائەت ئامبىرى تۈزۈمىنى يولغا قويدى، بۇنىڭدا ئاشلىق توپلاپ قەھەتچىلىكتىن ساقلىنىش، مول ھوسۇل يىللىرىدا يۇقىرىلاردىن ئىختىيارىي ياكى ئالاھىدە باج تەرىقىسىدە ئاشلىق يىغىپ، قەھەتچىلىك يىللىرى ياكى سېرىقتال مەزگىلىدە يۇقىرىلارغا قەرز بېرىش مەقسەت قىلىندى، ئادەتتە ئەتىيازدا ئاشلىق قەرز بېرىلىپ، كۈزدە قايتۇرۇۋېلىندى، مەلۇم ئۆسۈم ئاشلىق قوشۇپ ئېلىندى. چيەنلوڭ، جياچىڭ يىللىرى، شىنجاڭنىڭ شىمالىدىكى جايلاردا قۇرۇلغان ھۆكۈمەت ئامبارلىرى ئىچكىرى ئۆلكىدىكى جامائەت ئامبىرى تۈزۈمىدىن ئۆگىنىپ، ئەتىيازدا دېھقانلارغا «ئۇرۇقلۇق ۋە ئوزۇقلۇق قەرز بەردى»، كۈزدە ئۆسۈمى بىلەن قايتۇرۇۋالدى، تۇڭجى 13 - يىلى (1874 - يىلى) «پادىشاھ بېكىتكەن نوپۇس پىرقىسى مىزانلىرى. شىنجاڭ ئاشلىق ئامبىرى بابى» دا، ئۇرۇمچى باش بۇغىغا قاراشلىق ئۇرۇمچى، سانجى، فۇكاڭ، ماناس، يىخې، گۇچۇڭدىن ئىبارەت 6 ئايماق، ناھىيە ھەمدە جىمىسار، قۇتۇبىلاردا ئاشلىق ئامبىرى قۇرۇش، 10 يىلنى بىرلىك قىلىپ، ئەمۋالغا قاراپ يىلمۇ يىل چىقىم قىلىش، ھەر يىلى ئەتىيازدا چىقىم قىلىنغان ئاشلىقنى شۇ ئايماق، ناھىيىلەر كۈزدە ئەينى سان بويىچە تولۇقلاپ سېتىۋېلىپ ئامبارغا كىرىم قىلىش؛ ئۇرۇمچىگە قاراشلىق ئايماق، ناھىيىلەردە دېھقانلارغا ئەتىيازدا قەرز بېرىلگەن ئۇرۇقنى كۈزدە جامائەت ئامبارلىرىغا ھەر دانىگە بىر كۈرە ئۆسۈم بىلەن قايتۇرۇپ بېرىش بەلگىلەندى. گۇاڭشۈ 10- يىلى (1884 - يىلى) شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، جايلاردا خەير - ساخاۋەت ئامبارلىرى، جامائەت ئامبارلىرى تەدرىجىي قۇرۇلدى. «لوپ ناھىيىسىنىڭ يۇرت تەزكىرىسى»دە خاتىرىلىنىشىچە، گۇاڭشۈ 29 - يىلى (1903 - يىلى) لوپ ناھىيىسى قۇرۇلغاندا، خوتەن، كېرىيە ناھىيىلىرىدىن ئايرىلغان سامپۇل، تاتىراڭ، تەۋەككۇل يېزىلىرىدا بىردىن جامائەت ئامبىرى قۇرۇلۇپ، جەمئىي 10 مىڭ دادەن كۆممىقوناق ساقلانغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىن مىنگونىڭ دەسلەپكىچە شىنجاڭدىكى كۆپ سانلىق ئايماق، ناھىيىلەردە خەير - ساخاۋەت ئامبىرى، جامائەت ئامبىرى قۇرۇلۇپ، خېلى كۆپ ئاشلىق ساقلاندى. پارچە ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، مىنگونىڭ 4 - يىلىدىن 9 - يىلىغىچە (1915 - يىلىدىن 1920 - يىلىغىچە) ئۈچتۇرپان، قاغىلىق، لوپ، جىمىسار، كېرىيە ناھىيىلىرىدە 27 جامائەت ئامبىرى قۇرۇلۇپ، جەمئىي 84 مىڭ 383 دادەن ئاشلىق ساقلانغان. خەير - ساخاۋەت، جامائەت ئامبارلىرى خەلق ئىچىدىكى تەشكىلات بولۇپ، ئەسلىدە قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يۇقىرىلارغا ياردەم بېرىشنى مەقسەت قىلاتتى، لېكىن نۇرغۇن جايلاردا ئەمەلدارلار بەزى خەير - ساخاۋەت، جامائەت ئامبارلىرىدىن پايدىلىنىپ، يۇقىرىلاردىن نورمىدىن سىرت نەرسە يىغىۋالدى، مىنگونىڭ 5 - يىلى (1916 - يىلى) لوپ ناھىيىسىدىكى خەلق ئەرز قىلىپ، جامائەت ئامبىرىدىن ئاشلىق قەرز ئېلىشتا «ئەتىيازدا ئاشلىق قەرز بەرسە 10 چارەك ئاشلىق ئاران 8 چارەك چىقىدىغانلىقى، كۈزدە قايتۇرغاندا 10 چارەككە 2 چارەك قوشۇپ قايتۇرغانلىقى»نى ئىنكاس قىلدى. بۇنىڭغا ئاساسەن، ياڭ زېڭشىن «بۇنىڭدىن كېيىن، خەلق ئارىسىدا ئاشلىق يېتەكەش، قەرز بېرىشتە ھۆكۈمەت كۆرەسى بويىچە چىقىم قىلىپ، يەنە ھۆكۈمەت كۆرەسى بويىچە يىغىۋېلىش، ئەينى ساننى توغرا ئالغاندىن سىرت، يەنىلا بىر ئۆلۈش ئۆسۈم قوشۇپ ئېلىش، قىلچە تۇتۇپ قالماسلىق، كېمەيتمەسلىك، كۆپتۈرمەسلىك ۋە ساختىپەزلىك قىلماسلىق كېرەك» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

مىنگونىڭ 21 - يىلى (1932 - يىلى) 6 - ئايدا ئۆلكە رەئىسى جىن شۇرېن بەزى جامائەت ئامبارلىرىنى مۇشتۇمزورلار ئىگىلىۋالغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەرگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ جامائەت ئامبارلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، رويخەتتىن ئېنىقلاپ، ئۆلكىلىك مالىيە، خەلق ئىشلىرى، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ تەكشۈرۈشىگە يوللاشنى بۇيرۇدى. مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك 3 - قېتىملىق

ئاۋام قۇرۇلتىيى قارار چىقىرىپ، ئۆلكە مەركىزىدە ئاشلىق توپلاپ قەھەتچىلىككە قارشى تۇرۇش باش ئۆيۈشمىسى قۇرۇش، مەمۇرىي رايون، ناھىيىلەردە ئۇنىڭ شۆبىسىنى قۇرۇش، ئاشلىق توپلاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى بەلگىلىدى. مىنگونىڭ 29 ـ يىلى (1940 ـ يىلى)غا كەلگەندە، مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن سىرت، ئۆلكىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئاشلىق توپلاش، قەھەتچىلىككە قارشى تۇرۇش شۆبە ئۆيۈشمىلىرى قۇرۇلدى، ئۆلكىلىك باش ئۆيۈشمىنى قوشقاندا، ئۆيۈشما سانى 76گە يەتتى. ئاشلىق توپلاش ئۇسۇلى جەھەتتە، ناھىيىلەرنىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمى بىلەن ئېلىنغان ھوسۇلىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىنى بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئۆلكە بويىچە جەمئىي 100 مىڭ دادەن ئاشلىق يىغىلدى؛ قەرز بېرىش ئۇسۇلى جەھەتتە، ھەر يىلى ئەتىيازدا نامرات دېھقانلار ۋە ئۇرۇقى يېتىشمەيدىغانلارغا كەنت باشلىقى كېپىل بولۇپ جامائەت ئاشلىقى قەرز بېرىلىپ، كۈزدە ھوسۇل يىغىلغاندىن كېيىن %10 ئۆسۈم قوشۇلۇپ ئامبارغا قايتۇرۇلدى. ئەگەر قەھەتچىلىك كۆرۈلۈپ، جامائەت ئاشلىقى بىلەن قۇتقۇزۇشقا تېگىشلىكلەر بولسا، ئەھۋالغا قاراپ يېنىكرەكلىرىگە ئۆسۈمسىز قەرز بېرىلىپ، قەرەلگە بۆلۈپ قايتۇرغۇزۇلدى، ئېغىرلىرىغا ياردەم ئاشلىقى بېرىلىپ، رويخەتتىن ئۆچۈرۈش تەلەپ قىلىندى. شۇ يىلى ئەمەلىي يىغىلغان ئاشلىق 85 مىڭ 100 دادەندىن كۆپرەككە، يىغىلغان تەڭگە 8939 يۈەنگە، يىغىلغان ئاشلىق پۇلى 30 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. ناھىيىلەردە يىغىلغان ئاشلىق كۆپىنچە ناھىيە ئامبىرى ياكى پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىدە ساقلاندى، ھاكىم مەسئۇل بولۇپ نازارەت قىلىپ، ساقلانغان ئاشلىقنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ 1 — 2 نەپەر كۈرىچى ياللاپ ئىشلەتتى. ئەتىيازلىق تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىش، ئاشلىق باھاسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، شۇ يىلى قەرز ئورنىدا 41 مىڭ 100 دادەن ئاشلىق تارقىتىلدى. بۇ ئومۇمىي ئاشلىقنىڭ %46.06نى تەشكىل قىلدى. مىنگونىڭ 32 ـ يىلى (1943 ـ يىلى) ئۆلكە بويىچە يىغىلغان ئاشلىق 42 مىڭ 300 دادەن، قەرز ئورنىدا تارقىتىلغىنى 18 مىڭ 200 تۇمەن دادەن بولدى.

مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) 5 ـ ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆلكىلىك ئاشلىق توپلاش باش ئۆيۈشمىسىنى ئۆلكىلىك خەلق ئىشلىرى نازارىتىگە قوشۇۋەتتى. ھەر قايسى مەمۇرىي رايونلار، ناھىيىلەر، مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىلىرىدىكى ئاشلىق توپلاش شۆبە ئۆيۈشمىلىرى جايلاردىكى ھۆكۈمەتكە قوشۇۋېتىلدى. ئۇلارغا ئۆلكىلىك خەلق ئىشلىرى نازارىتى ئاشلىق توپلاش، ئامباردا ساقلاش پىلانى چۈشۈردى. بۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى مۇنۇلار: ئاشلىق توپلاشتا ناھىيىلەرنىڭ سېتىۋېلىش ۋەزىيىتىنىڭ %10ى بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ، ئومۇمىي سانى 50 مىڭ دادەن بولىدۇ؛ ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىدە ئامبار بۆلۈمچىسى ۋە مەخسۇس ئامبار باشقۇرغۇچى تەسىس قىلىنىدۇ؛ ھاشارات چۈشۈش، چىرىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ياز ـ كۈز ئارىلىقىدا ئاشلىق 1 ـ 2 قېتىم ئۇرۇلۇپ ئاپتاپقا سېلىنىدۇ، ھەر قېتىمدىكى مەلۇم قىلىنىدىغان خوراش نىسبىتى %2 بولىدۇ؛ پۇقرالاردىن ئىجارە ئېلىنغان ئۆي تار، كىچىك بولغاچقا ئاسان نەم تارتىپ، ئاشلىق ساقلاشقا باب كەلمەيدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئارىيەت ئېلىپ ئىشلىتىلگەن ناھىيە ئامبارلىرىدا غەللە ـ پاراق ئاشلىقى ئارىلىشىپ كېتىش ئەھۋالى يۈز بېرىشتىن ساقلىنىپ، ئايرىم ئامبار ياساپ ساقلاش كېرەك. ناھىيىلەر ئامبار ياساشقا پۇل ئاجرىتىشى، پاراۋانلىق ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان يەرلىك زاتلارنى پۇل ئىئانە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىشى، يەتمىسە ئۆسۈم ئاشلىقىدىن چىقىم قىلىشى لازىم. مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) 9 ـ ئايدا ئۆلكىلىك خەلق ئىشلىرى نازارىتى ئاشلىق توپلاش يىغىنى ئېچىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىدە 200 مىڭ دادەن ئاشلىق توپلاش توغرىسىدىكى پەرمانىنى ئىزچىللاشتۇردى. شۇ يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئاشلىق توپلاش چارىسىنى چۈشۈردى، ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: 1) ئىئانە توپلاش ئوبيېكتى دېھقانلار، چارۋىچىلار، سودىگەرلەر ۋە ھۆكۈمەت خادىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 2) دېھقانلار پەقەت ماددىي بۇيۇم جۈملىدىن بۇغداي، كۆممىقوناق، ئاق قوناق قاتارلىقلارنى ئىئانە قىلىدۇ. 3) چارۋىچىلار پەقەت چارۋا ئىئانە قىلىدۇ: بىر ئېشەك 5 كۈرە ئاشلىققا، 3 قوي ياكى بىر كالا بىر دادەن ئاشلىققا، بىر تۆگە 2 دادەن

ئاشلىققا سۇندۇرۇلىدۇ. 4) سودىگەرلەر ۋە ھۆكۈمەت خادىملىرى پرىنسىپ جەھەتتە تامامەن ئاشلىق ئىئانە قىلىدۇ. سانى چەكلەنمەيدۇ. ئەگەر ئىئانە قىلىدىغان بۇيۇم يوق بولۇپ، كۆپرەك نەق پۇل ئىئانە قىلغۇچىلار بولسا، ئىئانە قىلىپ 3 كۈن ئىچىدە شۇ يەردىكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ۋە پاراق ئېلىش ئورنى مەسئۇل بولۇپ ئاشلىق سېتىۋېلىپ ئامباردا ساقلايدۇ.

مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 107 ـ قېتىملىق ئەزالار يىغىنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، ئۆلكىلىك خەلق ئىشلىرى نازارىتى ئاشلىق توپلاش خىزمىتىنى ئۆلكىلىك غەللە ـ پاراق ئاشلىق باشقارمىسىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى شۇ يىلى ئاشلىق توپلاش سانىنى يەنىلا 200 مىڭ دادەن بولىدۇ، دەپ بەلگىلىدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى يىغىنى قارار قوبۇل قىلىپ، ئۆلكە ئىچىدىكى ھەربىي پاراكەندىچىلىك، پاراق ئېلىش ۋە ئاشلىق سېتىۋېلىش، يەرلىك تەمىنات ۋە چىقىم ھەمدە ھەربىي ئاشلىق ئېھتىياجى كۆپ بولۇش ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئاشلىق توپلاشنى سەل كېچىكتۈرۈشنى ئىلتىماس قىلدى. مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى توپلىنىدىغان ئاشلىق مىقدارى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە قاراپ بېكىتىلسە بولىدۇ، دەپ تەستىقلىدى. مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) 7 ـ ئايدا، ئۆلكىلىك غەللە ـ پاراق ئاشلىق باشقارمىسى ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ «ئاشلىق توپلاشنى كۈچەيتىشكە دائىر قىسمەن قارار لايىھىسى»گە ئاساسەن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ناھىيىلەردە ئاشلىق توپلاپ قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەمدە ئاشلىق ئىئانە قىلغانلارنى مۇكاپاتلاش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارىسى»نى تۈزۈپ چىقىپ تۆۋەنگە تارقىتىش ھەققىدە يوليورۇق سورىدى. بۇ چارىدە ئاشلىق توپلاشقا سەپەرۋەر قىلىش ۋاقتىدا، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىلەن ناھىيىلىك كېڭەش ۋە باشقا ئالاقىدار ئورگان، گۇرۇھ، يەرلىك تەشكىلاتلار ئىئانە كومىتېتى تەشكىل قىلىپ خىزمەت ئىشلىشى، باي ئائىلىلەر ئىئانە توپلاش ئوبيېكتى قىلىنىشى لازىملىقى؛ ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئالغان ھوسۇلىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ ئىئانە توپلاش، ئىئانە توپلاشتا ئادىل بولۇش كېرەكلىكى؛ ناھىيىلەردە سېرىقتال مەزگىلدە ئۆزۈكچىلىك كۆرۈلۈپ، قەرز بېرىش ۋە قۇتقۇزۇش ھەقىقەتەن زۆرۈر دەپ قارالسا، ئاۋام خەلق كېپىل كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ قەرز بېرىش، يېڭى ئاشلىق يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن ئوندىن بىر ئۆلۈش ئۆسۈم قوشۇپ قايتۇرۇۋېلىش لازىملىقى؛ ناھىيىلەردە قەھەتچىلىك كۆرۈلۈپ، ئاچارچىلىق يۈز بەرسە، يەرلىك ئاۋام خەلقنىڭ ئەڭدىن تولىسىغا قۇتقۇزۇش بېرىش زۆرۈر تېپىلسا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تەستىقلىتىپ، ئەھۋالغا قاراپ بۇرۇن توپلىغان ئاشلىق ياكى نورمال ئاشلىقنى چىقىم قىلىش يولى بىلەن قۇتقۇزۇش بېرىش كېرەكلىكى؛ بۇرۇن ئىئانە قىلغانلار ئاۋۋال بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدىغانلىقى، ئەگەر بۇرۇن ئىئانە قىلغانلار تەسادىپىي ئاپەتكە ئۇچرىسا، ئالاھىدە قۇتقۇزۇش ياردەم بېرىلىدىغانلىقى بەلگىلەندى. شۇ يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى بىلەن ئاشلىق مىنىستىرلىكى بىرلىكتە «ھەربىي گازارما ياساشتا توپلانغان ئاشلىقنى ئىشلىتىپ تۇرۇش چارىسى»نى ئېلان قىلدى. بۇنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، بۇگۇر ناھىيىسىدە ھەربىي گازارما ياسىغاندا 680 دادەن ئاشلىق ئارىيەت ئېلىپ ئىشلىتىلدى، 8 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، ئاۋات، ئونسۇ ناھىيىلىرىدە ھەربىي گازارما ياسالغاندا، 200 دادەن ئاشلىق ئارىيەت ئېلىپ ئىشلىتىلدى. مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) 3 ـ ئايدا شايار ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئىسمائىل ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقى بىلەن ناھىيىدە توپلانغان 400 دادەندىن ئارتۇق بۇغدايىنى نامرات دېھقانلارنىڭ تېرىقچىلىقى ئۈچۈن قەرز بېرىپ، ئۇرۇق قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى. 4 ـ ئايدا كۇچا ناھىيىلىك كېڭەشنىڭ باشلىقى نۇردىن ئۆلكە رەئىسى بۇرھان شەھىدىنىڭ تەستىقى بىلەن بۇ ناھىيىنىڭ ئامبىرىدىن 500 دادەن ئاشلىق چىقىم قىلىپ، يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان ئاۋام خەلققە ۋە ئاشلىق باھاسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا ئىشلەتتى.

## مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 10 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى ناھىيىلەردە ساقلانغان ئاشلىق مىقدارى

جەدۋەل: 3 — 8    بىرلىكى: دادەن

| ناھىيە | بۇغداي | كۆممىقوناق | ئاقنوناق | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|
| ماناس | 67.454 | | 1 | 97.754 |
| سىجۇەن | 17.190 | 17.420 | 3.745 | 33.355 |
| سانجى | 10.400 | 11.630 | 33.600 | 55.630 |
| توقسۇن | 0.807 | | 79.719 | 80.526 |
| مورى | 25.900 | | | 28.900 |
| قەشقەر كوناشەھەر | 248.490 | 49.240 | 53.660 | 352.270 |
| يېڭىسار | 285.975 | 113.750 | | 399.725 |
| مارالبېشى | 318.636 | 85.333 | | 404.802 |
| قەشقەر يېڭىشەھەر | 633.610 | 114.450 | 40.580 | 788.640 |
| ئۇلۇغچات | 4.660 | 1.100 | | 6.360 |
| يوپۇرغا | 41.780 | | | 41.780 |
| ئونسۇ | 338.760 | 39.660 | | 378.420 |
| باي | 597.550 | 200.900 | | 798.450 |
| شايار | 255.232 | | | 255.232 |
| توقسۇ | 138 | 43 | | 181 |
| ساۋەن | 13.472 | 23.802 | 38.624 | 75.898 |
| خوتەن | 160.816 | 72.755 | | 233.571 |
| قاراقاش | 284.526 | 59.461 | | 343.987 |
| گۇما | 364.666 | | | 364.666 |
| چىرا | 75.072 | 430.348 | | 505.420 |
| لوپ | 133.630 | 340.559 | | 474.189 |
| لوپنۇر | 473.682 | | | 473.682 |
| چەرچەن | 25.260 | 97.612 | | 123.072 |
| قۇمۇل | 291.910 | | 17.800 | 309.710 |
| يەكەن | 195.110 | 294.130 | | 489.240 |
| قاغىلىق | 249 | 208 | | 457 |
| مەكىت | 28.740 | 53.305 | | 92.045 |
| پوسكام | 328 | 90.733 | | 418.733 |
| ئومۇمىي جەمئىي | 5618.528 | 2347.188 | 268.728 | 8269.057 |

ئىزاھ: جەمئىي كاتەكچىدىكىسى قەشقەر كوناشەھەرنىڭ 0.880 دادەن گۈرۈچى، مارالبېشىنىڭ 0.833 دادەن گۈرۈچى، ئۇلۇغچاتنىڭ 0.6 دادەن ئارپىسى، ماناسنىڭ 3.29 دادەن شېلى، مورىنىڭ 3 دادەن كۆك پۇرچىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) شىنجاڭدىكى قىسمەن ناھىيىلەردە ساقلانغان ئاشلىق مىقدارى

جەدۋەل: 3 — 9 بىرلىكى: دادەن

| ناھىيە | بۇغداي | | | كۆممىقوناق | | | ئاق قوناق | | | ئۈزۈم (قالدۇقى) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئەسلىدىكىسى | قورۇز بېرىلگىنى | ساقلانغىنى | ئەسلىدىكىسى | قورۇز بېرىلگىنى | ساقلانغىنى | ئەسلىدىكىسى | قورۇز بېرىلگىنى | ساقلانغىنى | |
| قەشقەر يېڭىشەھەر | 1120.27 | 570 | 550.27 | 275.29 | 200 | 75.29 | 78.71 | 70 | 8.71 | 336.88 |
| ئونسۇ | 328.777 | 328.777 | | 39.667 | 39.666 | | | | | |
| قەشقەر كونىشەھەر | 528.53 | 59.42 | 469.11 | 4.4 | | 4.4 | 72.38 | 34.4 | 37.98 | 0.04 |
| لوپ | 415.916 | 166.666 | 249.25 | 518.63 | 333.333 | 185.3 | | | | 229.885 |
| قاراقاش | 621.434 | 208 | 413.434 | 51.316 | | 51.316 | | | | 173.297 |
| مىچۈەن | 82.041 | 41.868 | 40.173 | 72.828 (گورۇچ) | 30.57 | 42.458 | 4.745 | | 4.745 | 10.855 |
| خوتەن | 1719.46 | 1312.46 | 407 | 105.52 | 105.52 | | | | | 53.62 |
| چىرا | 198.675 | | 198.675 | 1263.084 | | 1263.084 | | | | 247.611 |
| مەكىت | 121.53 | 100 | 21.53 | 214.7 | 214.7 | | | | | 106.729 |
| قوكاڭ | 15.41 | | 15.41 | | | | 31 | 31 | | 10.673 |
| چەرچەن | 208.93 | | 208.93 | 938.61 | | 938.61 | | | | |
| بۈگۈر | 1323.6 | 422.48 | 901.12 | | | | | | | 126.54 |
| ئۇلۇقچات | 18.05 | 13.39 | 4.66 | 3.41 | 2.31 | 1.1 | 8.31 | 7.71 | 0.6 | 12 |
| چاقىلىق | 372 | 82 | 290 | | | | | | | |
| ئۈرۈمچى | 255.681 | 248.396 | 7.285 | | | | | | | 2.025 |
| تۇرپان | | | | | | | 305 | 299.7 | 5.3 | 5.75 |
| مارالبېشى | 400.4 | 299 | 101.4 | 319.37 | 319.37 | | | | | 158.27 |
| پەيزاۋات | 1265.17 | 1161.25 | 103.92 | 546.58 | 462.58 | 84 | | | | |
| يەكەن | 1676.921 | 473.417 | 1203.504 | 447.96 | 303.699 | 144.261 | | | | 74.11 |
| نىيە | 57.69 | 57.69 | | 106 | 106 | | | | | 163.69 |
| مورى | 117.65 | 85.238 | 32.412 | | | | | | | 13.61 |
| گۇچۇڭ | 1913.42 | 1913.42 | | | | | | | | |
| قاراتۇرۇك | 107.503 | 107.503 | | 40.15 | 40.15 | | | | | |
| ئاتۇش | 324.058 | 324.058 | | 8.7 | 8.7 | | 462.8 | 462.8 | | 79.55 |
| ئومۇمىي جەمئىي | 13193.116 | 7975.033 | 5218.083 | 4956.215 | 2166.398 | 2789.819 | 962.945 | 905.61 | 57.335 | 1805.34 |

## 4. زاپاس ئاشلىق - ياغ ۋە ئۇنى باشقۇرۇش

### 1) دۆلەتنىڭ زاپاس ئاشلىق، يېغى

شىنجاڭدا دۆلەتنىڭ زاپاس ئاشلىق، يېغى 1964 - يىلدىن باشلاپ يولغا قويۇلدى. 1990 - يىلغا كەلگەندە زاپاس ئاشلىق، ياغ «506» ئۇرۇش تەييارلىقى ئاشلىق، يېغى (1964 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە، شىنجاڭ تەۋەسىدە «641، ئۇرۇش تەييارلىقى ئاشلىق، يېغى» دەپ ئاتالدى) . «A» ئاشلىقى، مەخسۇس زاپاس ئاشلىقتىن ئىبارەت 3 تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالدى، ئۇنى ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرى ساقلىدى، ئىشلىتىش ھوقۇقى گوۋۇيۈەندە بولدى. «506» ئۇرۇش تەييارلىقى ئاشلىق، يېغىنى ساقلاش ۋەزىپىسىنى سودا مىنىستىرلىكى، باش ئارقا سەپ بۆلۈمى بىرلىكتە چۈشۈردى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى (نازارىتى) ، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ بۆلۈمى بىرلىكتە باشقۇردى؛ «A» ئاشلىق زاپىسى ۋەزىپىسىنى سودا مىنىستىرلىكى چۈشۈردى؛ مەخسۇس زاپاس ئاشلىق پىلانىنى گوۋۇيۈەن چۈشۈردى، بۇلارنى بىردەك ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى (نازارىتى) باشقۇردى.

1964 - يىل 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئاشلىق مىنىستىرلىكى، باش ئارقا سەپ بۆلۈمى بىرلىكتە شىنجاڭغا ئاشلىق زاپىسى «506» ئۇرۇش تەييارلىقى ئاشلىق، ياغ ۋەزىپىسى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى چۈشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق 10 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام (جۈملىدىن ئوزۇقلۇق ئاشلىقى 9 مىليون كىلوگرام، يەم - بوغۇز 1 مىليون كىلوگرام، سېرىق پۇرچاق 500 مىڭ كىلوگرام) ، ياغ 250 مىڭ كىلوگرام ئىدى. ئاشلىق نازارىتى بىلەن شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ بۆلۈمى ئەمەلىي تەكشۈرۈپ، ئالتاي، تارباغاتاي، ئىلى، سانجى، بورتالا، بايىنغولىندىن ئىبارەت 6 ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق تۇرپان ناھىيىسى قاتارلىق 16 ناھىيىدە «506» زاپاس ساقلاش نۇقتىسىدىن 24نى قۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش نۇقتىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن زاپاس ساقلاش نۇقتىسىدىن 19ى، يېڭى قۇرۇلغان زاپاس ساقلاش نۇقتىسىدىن 5ى بار. 1965 - يىل 1 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئەمەلىي زاپاستىن ئوزۇقلۇق ئاشلىقى قىلىنغان بۇغداي، ئۇن، گۈرۈچ 8 مىليون 730 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، ۋەزىپىنىڭ %97نى ئىگىلىدى؛ يەم - بوغۇز قىلىنغان ئاق قوناق ۋە باشقا پۇرچاق تۈرىدىكىلەر 870 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، ۋەزىپىنىڭ %87نى ئىگىلىدى؛ سېرىق پۇرچاق 400 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، ۋەزىپىنىڭ %80نى ئىگىلىدى؛ ياغ 128 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، ۋەزىپىنىڭ %51.2نى ئىگىلىدى. 1965 - يىل 2 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى ئاشلىق نازارىتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ بۆلۈمى تۈزگەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقى ئاشلىقى، يېغى، يەم - بوغۇزىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»نى تەستىقلاپ تارقىتىپ، ئالماشتۇرۇلىدىغان ئاشلىق 250 مىڭ كىلوگرامدىن، ياغ 5000 كىلوگرامدىن يۇقىرى بولسا، ئاشلىق نازارىتى ئاشلىق مىنىستىرلىكىگە يوللاپ تەستىقلىتىش؛ ئالماشتۇرۇلىدىغان ئاشلىق 75 مىڭ كىلوگرامدىن 250 مىڭ كىلوگرامغىچە، ياغ 2000 كىلوگرامدىن 5000 كىلوگرامغىچە بولسا، ئاشلىق نازارىتى تەستىقلاش؛ ئالماشتۇرۇلىدىغان ئاشلىق 25 مىڭ كىلوگرامدىن 75 مىڭ كىلوگرامغىچە، ياغ 500 كىلوگرامدىن 2000 كىلوگرامغىچە بولسا، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسى تەستىقلاش؛ ئالماشتۇرۇلىدىغان ئاشلىق 25 مىڭ كىلوگرامغا، ياغ 500 كىلوگرامغا يەتمىسە ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى سېتىشقا بىرلەشتۈرۈپ ئۆزلىرى ئالماشتۇرۇشنى بەلگىلىدى. ئالماشتۇرۇلىدىغان ئۇرۇش تەييارلىقى ئاشلىق، يېغىدا، چىقىمى، كىرىمى بولۇش، سانى، تۈرى كېمەيمەسلىك، سۈپىتى تۆۋەنلەپ كەتمەسلىك تەلەپ قىلىندى.

1965 - يىلدىن 1969 - يىلغىچە، ئاشلىق مىنىستىرلىكى، باش ئارقا سەپ بۆلۈمى ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ 3 قېتىم شىنجاڭغا 178 مىليون كىلوگرام «506» ئۇرۇش تەييارلىقى ئاشلىقى، 250 مىڭ

كىلوگرام ياغ زاپاس ساقلاش ۋەزىپىسىنى چۈشۈردى، ئەمەلىي ساقلانغان زاپاس مىقدارى بۇنىڭدىن ئاز بولدى. 1970 ـ يىلى 6 ـ ئايدا جايلار ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت سودا ئىدارىسى تارقاتقان «‹506› ئۇرۇش تەييارلىقى ئاشلىقىنىڭ كونىنى چىقىرىپ يېڭىسىنى كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى ئىجرا قىلىپ، يازلىق ئاشلىق كىرىم قىلىشقا بىرلەشتۈرۈپ جەمئىي 24 مىليون 620 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق ئالماشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇرۇش تەييارلىقى ئۈچۈن بىر نەچچە يىل ساقلانغان 16 مىليون 130 مىڭ كىلوگرام گۈرۈچنىڭ ئىزىغا بۇغداي ئالماشتۇرۇلدى. 1972 ـ يىلى 10 ـ ئايغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمەلىي ساقلانغان «506» ئۇرۇش تەييارلىقى ئاشلىقى 180 مىليون كىلوگرام بولۇپ، ۋەزىپىنىڭ %66.96نى؛ ياغ 465 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، ۋەزىپىنىڭ %93نى ئىگىلىدى؛ زاپاس ساقلاش نۇقتىسى 70كە يېتىپ، 1964 ـ يىلىدىكىدىن 1.9 ھەسسە كۆپەيدى.

1972 ـ يىلدىن 1975 ـ يىلغىچە، سودا مىنىستىرلىكى، باش ئارقا سەپ بۆلۈمى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، شىنجاڭ ھەربىي رايونى دۆلەت ئاشلىق ئامبارلىرىغا سېتىپ بەرگەن ئىشلەپچىقىرىش ئاشلىقىنى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا «506» ئۇرۇش تەييارلىقى ئاشلىقىغا ئۆزگەرتتى. بۇ جەمئىي 17 مىليون 50 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تەڭپۇڭسىزلىقى جىددىي بولغاچقا، ئەمەلىيەتتە زاپاسقا ئۆزگەرتىلمىدى، تاۋار ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشكە ئىشلىتىلدى. بۇ مەزگىلدە، ئاپتونوم رايوندا ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەش جىددىي ئىدى، مۇشۇ جىددىيچىلىككە ئاساسەن، تەستىقلىتىش ئارقىلىق، «506» ئۇرۇش تەييارلىقى ئاشلىقى ۋە يېغىدىن بىر قىسمى ئارىيەت ئېلىپ ئىشلىتىلدى: ئاپتونوم رايون 1972 ـ يىل 12ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى سودا مىنىستىرلىكى، باش ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ تەستىقى بىلەن، «506» ئۇرۇش تەييارلىقى ئاشلىقىدىن 250 مىڭ كىلوگرامنى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 1973 ـ يىللىق باھار بايرىمى تەمىناتىغا ئىشلەتتى، ئەمەلىيەتتە ئىشلەتكىنى 300 مىڭ كىلوگرام بولدى. 1973 ـ يىلى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى بىلەن، ئاپتونوم رايون بويىچە «506» ئۇرۇش تەييارلىقى بۇغدىيىدىن 28 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام چىقىم قىلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاشلىق يېتىشمىگەن ۋىلايەت، ئوبلاستلار ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنى تاۋار ئاشلىق بىلەن جىددىي تەمىنلەشكە ئىشلىتىلدى. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىن يۆتكەپ كېلىنگەن ياغدىن 300 مىڭ كىلوگرام چىقىم قىلىنىپ، «506» ئۇرۇش تەييارلىقى يېغى قىلىپ سەپلەندى. 1974 — 1975 ـ يىللىرى سودا مىنىستىرلىكى، باش ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ تەستىقى بىلەن 3 قېتىم ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى «1 ـ ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى ئامبىرىدا ساقلانغان بۇغدايدىن 10 مىليون كىلوگرام «506» ئۇرۇش تەييارلىقى بۇغدىيى چىقىم قىلىنىپ، ئۇن تارتىلىپ، ئارمىيە ـ خەلق ئۇن بىلەن تەمىنلەندى. 1975 ـ يىلى ئەتىيازدا، شىمالىي شىنجاڭنىڭ قىسمەن ناھىيىلىرىدە ئۇششۇك ئاپىتى يۈز بەردى. ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، گۇچۇڭ ناھىيىسىدە ساقلانغان «506» ئۇرۇش تەييارلىقى بۇغدىيىدىن 2 مىليون 250 مىڭ كىلوگرام چىقىرىپ، تارباغاتاي، سانجىلاردىكى ناھىيىلەرگە ئۇرۇقلۇق قىلىشقا يۆتكىدى. 1975 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ بۆلۈمى بىرلىكتە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، «506» ئۇرۇش تەييارلىقى ئاشلىقىنى ساقلاش ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، سودا مىنىستىرلىكى، باش ئارقا سەپ بۆلۈمى يىللاردىن بېرى شىنجاڭغا چۈشۈرگەن «506» ئۇرۇش تەييارلىقى زاپاس ئاشلىق ۋەزىپىسى 204 مىليون كىلوگرام بولۇپ، گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى بىلەن يۆتكەپ ئىشلىتىلگەن 51 مىليون 500 مىڭ كىلوگرامنى چىقىرىۋەتكەندە، ساقلاشقا تېگىشلىكى 152 مىليون كىلوگرام ئىكەنلىكى، ئەمەلىي ساقلانغىنى 124 مىليون كىلوگرام بولۇپ، ۋەزىپىنىڭ %62.81نى ئىگىلىگەنلىكى؛ يىللاردىن بېرى چۈشۈرۈلگەن «506» ئۇرۇش تەييارلىقى يېغى ۋەزىپىسى 500 مىڭ كىلوگرام ئىكەنلىكى، ئەمەلىي ساقلانغىنى 435 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، ۋەزىپىنىڭ %87نى ئىگىلىگەنلىكى مەلۇم بولدى.

ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى 1978 - يىلى ئۇرۇش تەييارلىقى تەلىپىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، سانجى ئوبلاستى، تارباغاتاي ۋىلايىتىگە قاراشلىق 10 ناھىيىنىڭ تۇزلەڭ ئامبار، پونكىتلىرىدىكى «506» ئۇرۇش تەييارلىقى ئۈچۈن ساقلانغان 31 مىليون 100 مىڭ كىلوگىرام ئاشلىقىنى تەڭرىتاغ تاغلىق رايونى ئامبار، پونكىتلىرىغا يۆتكەپ ساقلاشنى قارار قىلدى. 1979 - يىلىنىڭ بېشىدا، جۇڭگو - ۋيېتنام چېگرىسىدىكى قوغدىنىش - قايتۇرما زەربە بېرىش ئۇرۇشى مەزگىلىدە، شىنجاڭمۇ ئۇرۇش تەييارلىقى ھالىتىدە تۇردى. سودا مىنىستىرلىكىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، بېيجىڭدىن 15 مىليون كىلوگىرام ئۇن يۆتكەپ كېلىنىپ، «506» ئۇرۇش تەييارلىقى ئاشلىق زاپىسى قىلىنىپ، ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى، شىخو، ساۋەن ناھىيىلىرى ۋە خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ بالغۇنتاي قاتارلىق جايلىرىدا ساقلاندى. 5 - ئاينىڭ باشلىرىدا، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئەن دىڭ ئالاقىدار خادىملارنى باشلاپ ئەمەلىي تەكشۈرۈپ، مۇشۇ تۈركۈم ئۇننىڭ ئەملىكى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىدى، ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت، شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا ئەستىقلىتىش ئارقىلىق، بۇ ئۇن تاۋار ئاشلىقى قاتارىدا تەسىنلەشكە ئىشلىتىلدى، يازلىق ئاشلىق كىرىم قىلىنغاندىن كېيىن ئەينى سانى بويىچە بۇغداي تولۇقلاپ قويۇلدى. شۇ يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى جايلارغا «506» ئۇرۇش تەييارلىقى ئاشلىق، يېغى زاپىسىنى كۆپەيتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتۇردى، بۇغداي 112 مىليون كىلوگىرام، داۋۇر 2 مىليون 250 مىڭ كىلوگىرام، ماش 475 مىڭ كىلوگىرام، گۈرۈچ 4 مىليون 500 مىڭ كىلوگىرام، ياغ 2 مىليون 130 مىڭ كىلوگىرام ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ئاپتونوم رايون 1980 - يىلى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، تۈنجى قېتىم «A» زاپاس ئاشلىق ساقلاپ، بۇغداينى 5 مىليون 750 مىڭ كىلوگىرامغا، داۋۇرنى 2 مىليون 500 مىڭ كىلوگىرامغا، ماشنى 250 مىڭ كىلوگىرامغا يەتكۈزدى، شۇندىن باشلاپ شىنجاڭدا «506» ئۇرۇش تەييارلىقى زاپاس ئاشلىقى ۋە يېغىمۇ، «A» ئاشلىقىمۇ ساقلىنىدىغان بولدى، بۇ «دۆلەت زاپاس ئاشلىق، يېغى» دەپ ئاتالدى. 1981 - يىل 5 - ئايدا ئاشلىق نازارىتى ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى ئارقا سەپ بۆلۈمى «دۆلەت زاپاس ئاشلىق، يېغىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى شۇ جايدىكى شۆبە ھەربىي رايون ئارقا سەپ بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە ئادەم ئاجرىتىپ، ئۆزىگە قاراشلىق ناھىيىلەرنىڭ زاپاس ئاشلىق - يېغىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمەلىي ساقلانغان دۆلەت زاپاس ئاشلىقى 223 مىليون كىلوگىرام، بۇنىڭ ئىچىدە «506» ئۇرۇش تەييارلىقى ئاشلىقى 200 مىليون كىلوگىرام (بۇغداي 195 مىليون كىلوگىرام، گۈرۈچ 1 مىليون كىلوگىرام، داۋۇر 2 مىليون كىلوگىرام، قارا ئاشلىق 2 مىليون كىلوگىرام) بولۇپ، چۈشۈرۈلگەن ۋەزىپە سانىنىڭ %3. 98ىنى ئىگىلەيدىغانلىقى؛ «A» ئاشلىق 23 مىليون 50 مىڭ كىلوگىرام، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 20 مىليون كىلوگىرام، داۋۇر 2 مىليون 500 مىڭ كىلوگىرام، ماش 550 مىڭ كىلوگىرام بولۇپ، چۈشۈرۈلگەن ۋەزىپىگە ئويغۇن كېلىدىغانلىقى؛ «506» ئۇرۇش تەييارلىقى يېغى 2 مىليون 500 مىڭ كىلوگىرام بولغانلىقى ئېنىقلاندى. بۇ زاپاس ئاشلىق، ياغ ئىچىدە ساقلانغان ۋاقتى 1 — 2 يىل بولغىنى %7. 74نى، 3 — 4 يىل بولغىنى %31. 23نى ئىگىلىدى، ئەڭ ئۇزۇن ساقلانغىنى 11 يىل بولۇپ، %99. 1نى ئىگىلىدى. 1981 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت زاپاس ئاشلىقى ۋە يېغىدىن جەمئىي 63 مىليون 800 مىڭ كىلوگىرام ئالماشتۇرۇلدى.

1984 - يىل 12 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى شىخو ناھىيىسىدە ئاپتونوم رايونلۇق زاپاس ئاشلىق، ياغ باشقۇرۇش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ دوكلاتىغا قارىغاندا، دۆلەت زاپاس ئاشلىقى ۋە يېغى ساقلىغان ئامبار، پونكىتلار «دۆلەتنىڭ زاپاس ئاشلىق، يېغىنى باشقۇرۇش چارىسى»نى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، «تۆت مەخسۇس» (مەخسۇس ئادەم باشقۇرۇش، مەخسۇس ئامباردا ساقلاش، مەخسۇس ھېساباتتا خاتىرىلەش) ۋە «تۆتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» (مەھسۇلات تۈرى، سانى، سۈپىتى، جايى)

تىن ئىبارەت باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاشلىقنى ئىلمىي ئۇسۇلدا ساقلاش ۋە «تۆتتىن خالىي» ئامبار قۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغان. ساقلاش ۋەزىپىسى كۆپرەك بولغان قۇمۇل ۋىلايەتلىك 1 - ئاشلىق ئىسكىلاتى، ئۈرۈمچى ئاشلىق - ياغ يۆتكەش پونكىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ساقلاش - توشۇش شىركىتىنىڭ ئىسكىلاتى، قەشقەر شەھەرلىك ئاشلىق - ياغ ساقلاش - توشۇش شىركىتىنىڭ ئىسكىلاتى، سانجى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى بازارلىق ئىسكىلاتى، خېجىڭ ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى زاپاس ساقلاش ئىسكىلاتى، خېجىڭ ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى بالغۇنتاي زاپاس ساقلاش ئىسكىلاتى قاتارلىق ئورۇنلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئىسكىلاتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىلغان. يىغىن زاپاس ئاشلىق - ياغ تور - نۇقتىلىرىنى مۇۋاپىق تەڭشەش لايىھىسىنى مۇھاكىمە قىلىپ، زاپاس ئاشلىقنى قاتناش لىنىيىسى ياقىسىدا ساقلاپ، ئالماشتۇرۇشقا، باشقۇرۇشقا قۇلايلىق يارىتىشنى مۇزاكىرە قىلدى. 1985 - يىل 3 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ئاشلىق، ياغ ساقلاش مىقدارى 500 مىڭ كىلوگرامدىن تۆۋەن ئامبار- نۇقتىلاردىن ئايرىملىرى ئېھتىياج تۈپەيلىدىن ساقلاپ قېلىنغاندىن سىرت، قالغىنى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. «A» ئاشلىق زاپاس ساقلاش نۇقتىلىرى بىردەك ناھىيە بازىرى ياكى شەھەر - بازاردىكى ئامبارلارغا قويۇلدى. تەڭشەلگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق، ياغ زاپاس ساقلاش ئامبار، پونكىتلىرى 46 ناھىيىدىكى 130 دىن 34 ناھىيىدىكى 70كە چۈشۈرۈلۈپ، %46.15 ئازايتىلدى. «A» ئاشلىق ئۇنىڭ ئىچىدىكى 5 ئامبار، نۇقتىغا يىغىپ ساقلاندى. 1985 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 115 مىليون كىلوگرام زاپاس ئاشلىق ئالماشتۇرۇلدى. 1986 - يىل 1 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى بورتالا ئوبلاستى قاراماي شەھىرىدە بىردىن زاپاس ساقلاش نۇقتىسىنى كۆپەيتىشنى قارار قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە بارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە دۆلەت زاپاس ئاشلىق، يېغى بار بولدى. 1987 - يىل 2 - ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق 7 - قېتىملىق ھەربىي ئاشلىق خىزمىتى يىغىنىدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك 1 - ئاشلىق ئىسكىلاتى، ساۋەن ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى نيۇچۈەنزى ئىسكىلاتى، پىچان ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئىسكىلاتى، قەشقەر شەھەرلىك ئاشلىق - ياغ ساقلاش - توشۇش شىركىتىنىڭ ئىسكىلاتى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئىسكىلات، گۈچۈڭ ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى بىلىۋۇخې ئاشلىق پونكىتىغا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ بۆلۈمى تەرىپىدىن «ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت زاپاس ئاشلىق، يېغىنى باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن» دەپ نام بېرىلدى. 1987 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايون بويىچە سودا مىنىستىرلىكى، باش ئارقا سەپ بۆلۈمى تارقاتقان «دۆلەت زاپاس ئاشلىق، يېغىنى باشقۇرۇش چارىسى» ئىجرا قىلىنىدى. دۆلەت زاپاس ئاشلىق، يېغىنى ئالماشتۇرۇشتا، ئوخشاش تۈر، ئوخشاش سان بويىچە بىر ناھىيە دائىرىسىدە ۋاقىتلىق ئۆزگەرتىلگەن ئامبار ئارقىلىق تولۇقلاش ياكى بىر ئامبار - پونكىت ئىچىدە تولۇقلاشقا بولىدۇ، تولۇقلاشنى قۇرۇق قالدۇرۇشقا بولمايدۇ، تەستىقلاش ھوقۇقىنى ئۆلكە دەرىجىلىك ئاشلىق تارمىقى بەلگىلەيدۇ، بۇنىڭدىن سىرت ئالماشتۇرۇشقا توغرا كەلسە، سودا مىنىستىرلىكىگە تەستىقلىتىلدى. دۆلەت زاپاس ئاشلىق، يېغىنى ساقلاش مۇددىتى: بۇغداينىڭ 3 يىلدىن 5 يىلغىچە (يەر ئاستى ئامبىرىدا 6 يىلدىن 8 يىلغىچە)، كۆممىقوناق 1 - 2 يىل، پۇرچاق تۈرى 2 - 3 يىل (يەر ئاستى ئامبىرىنىڭ 3 - 4 يىل)، گۈرۈچ، ئۇن قاتارلىق تەييار ئاشلىقنىڭ يېرىم يىلدىن بىر يىلغىچە (يەر ئاستى ئامبىرىنىڭ بىر يىلدىن بىر يېرىم يىلغىچە) بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 1990 - يىل 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى گوۋۇيۈەنىڭ دۆلەت مەخسۇس ئاشلىق زاپىسى بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى قارارىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون بويىچە تېلېفون يىغىنى چاقىرىپ، دۆلەت مەخسۇس ئاشلىق زاپىسى خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئاشلىق يىلى ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت مەخسۇس ئاشلىق زاپىسى 768 مىليون كىلوگرامغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 731 مىليون

كىلوگرام، گۆرۈچ 37 مىليون 60 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى 69 ناھىيە (شەھەر) نىڭ 345 ئامبار، پونكىتىغا تارقالدى. ئاپتونوم رايون بويىچە «506» ئۇرۇش تەييارلىقى ئاشلىق، يېغى ۋە «A» ئاشلىقنىڭ ئەمەلىي سالدۇسى سودا مىنىستىرلىكى، باش ئارقاسەپ بۆلۈمى چۈشۈرگەن جەمئىي ۋەزىپە سانىغا ئۇيغۇن كەلدى. «506» ئۇرۇش تەييارلىقى ئاشلىق، يېغى تۈرىدىن بۇغداي، گۆرۈچ، كۆممىقوناق، دادۇر، ماش، قىچا يېغى، زىغىر يېغى، چىگىت يېغى بار بولۇپ، 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى 36 ناھىيە (شەھەر) نىڭ 79 ئامبار، پونكىتىغا تارقالدى؛ «A» ئاشلىقتىن بۇغداي، دادۇر، ماش بار بولۇپ، 3 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ 5 ئامبار، پونكىتىغا تارقالدى.

## 2) يېزىلاردا كوللېكتىپ ساقلاش ۋە دېھقان ئائىلىلىرىدە ساقلاش

1949 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە، شىنجاڭ يېزىلىرىدا ئادەتتە دېھقان ئائىلىلىرى ھەر خىل دەرىجىدە ئاشلىق ساقلىدى. 1958 - يىلى گۇڭشې ئومۇملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن 1962 - يىلغىچە، يېزىلاردىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم گۇڭشې - ئەترەتلەردە زاپاس ئاشلىق ساقلانمىدى، ئاشلىقى كۆپرەك ئايرىم گۇڭشې - ئەترەتلەر ئازراق زاپاس ئاشلىق ساقلىدى، بۇ ئاشلىق، ئاساسەن، ئوبوروتقا ئىشلىتىلدى. 1963 - يىلدىن كېيىن، گۇڭشې- ئەترەتلەرنىڭ ئاشلىق زاپىسى مەل كۆپەيتىلىپ، ئاساسلىقى كوللېكتىپنىڭ سۇ قۇرۇلۇشىغا ئۇزۇقلۇق ئاشلىق ياردىمى قىلىپ ئىشلىتىلدى. تەكشۈرۈلۈشىچە، 1963 - يىلى لوپ ناھىيىسىدىكى «تۆمۈر ئېقىم» گۇڭشېسى 415 مىڭ كىلوگرام، كېرىيە ناھىيىسىدىكى «قىزىل بايراق» گۇڭشېسى 250 مىڭ كىلوگرام كوللېكتىپ ئاشلىق ساقلىدى. تۇرپان ناھىيىسىدىكى «قىزىل بايراق» گۇڭشېسى 1963 - يىلى يېڭى ئاشلىقنى ئامبارغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، ئاشقان مەھسۇلاتنىڭ 7.5%دىن 17.5%گىچە كوللېكتىپقا قالدۇرۇپ زاپاس ئاشلىق قىلدى. 1964 - يىل 3 - ئاينىڭ ئاخىرى بۇ گۇڭشېدىكى 46 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىن 36سىدە زاپاس ئاشلىق تەسىس قىلىنىپ، جەمئىي قالدۇرۇلغان زاپاس ئاشلىق 170 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى. 1965 - يىل 3 - ئايدا، بۇ گۇڭشېنىڭ كوللېكتىپ زاپاس ئاشلىقى 510 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، ناھىيە بويىچە زاپاس ئاشلىق ئەڭ كۆپ گۇڭشې بولۇپ قالدى. بۇ مەزگىلدە، تۇرپان ناھىيىسى بويىچە كوللېكتىپ زاپاس ئاشلىق 1 مىليون 750 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى. بۇ ناھىيە 10 - ئايدا يېڭى ئاشلىقنى ئالغاندىن كېيىن، ناھىيە بويىچە يېزىلاردىكى زاپاس ئاشلىقنى 2 مىليون 90 مىڭ كىلوگرامغا، ھەر بىر ئەزاغا ئوتتۇرىچە توغرا كېلىدىغان زاپاس ئاشلىقنى 29 كىلوگرامغا يەتكۈزدى.

1965 - يىل 8 - ئايدا رەئىس ماۋ زېدۇڭ «خەلق ئۈچۈن ئاشلىق ساقلاش»، «ھەرگىز چەكتىن ئاشۇرۇپ ئاشلىق سېتىۋالماسلىق» چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن يېزىلاردىكى كوللېكتىپ زاپاس تەدرىجىي كۆپەيدى. يەنجى ناھىيە «5 - ئۆستەڭ» گۇڭشېسى 1965 - يىلى ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىغاندىن كېيىن، 22 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى كوللېكتىپقا ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1500 كىلوگرامدىن 16 مىڭ كىلوگرامغىچە زاپاس ئاشلىق قالدۇردى. ئاقتۇ ناھىيىسىدە 1971 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك كوللېكتىپ زاپاس قالدۇردى. ناھىيە بويىچە قالدۇرۇلغان جەمئىي زاپاس ئاشلىق 155 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى، بەزى چوڭ ئەترەتلەر يەنە مەخسۇس ئامبار ياساپ، مەخسۇس ئامبارچى قويدى ھەمدە باشقۇرۇش چارىسىنى بېكىتتى. ياي ناھىيىسىدىكى ئونباش گۇڭشېسى 1965 - يىلدىن باشلاپ زاپاس ئاشلىق قالدۇرۇشقا كىرىشتى، 1973 - يىل 3 - ئايغا كەلگەندە ھەممە ئەترەتلەر زاپاس ساقلاشنى ئىشقا ئاشۇردى، گۇڭشې بويىچە قالدۇرۇلغان زاپاس ئاشلىق 940 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، ھەر بىر ئەزاغا 95 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى. كېيىنكى يىلى گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا 6 مىليون كىلوگرامدىن ئارتۇق زاپاس قالدۇرۇلدى. ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە (شەھەر)لەر 1978 - يىلى 460 مىليون كىلوگرام ئاشلىق ئىشلەپچىقاردى، بۇنىڭ ئىچىدە 310 مىليون كىلوگرامنى گۇڭشې - ئەترەتلەردە قالدۇرۇپ، يېزا كوللېكتىپ زاپاس مىقدارىنى ئاشۇردى.

ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزىلاردا ئاشلىق ساقلاش ئۇسۇلى تەدرىجىي ھالدا كوللېكتىپ ساقلاشتىن دېھقانلار ئۆزى ساقلاشقا ئۆزگەردى. 1983 - يىلى ئىلى ئوبلاستىنىڭ تەكشۈرۈشىچە، ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە (شەھەر) لەردىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ۋە ئەزالارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئېشىنچا ئاشلىقى بولغان، غۇلجا ناھىيىسىدىكى 16 گۇڭشې، مەيدان ۋە دېھقان ئائىلىسى جەمئىي 4 مىليون كىلوگرامدىن ئارتۇق ئاشلىق ساقلىغان. قورغاس ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا ئادەتتە ھەربىر ئەزا ئائىلىدە ساقلىغان ئېشىنچا ئاشلىق 100 كىلوگرامدىن 400 كىلوگرامغىچە بولغان، ئاز ساندىكىلىرىنىڭ 500 كىلوگرامدىن ئاشقان. 1986 - يىلى يەكەن ناھىيىسىنىڭ ئەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈرۈشىچە، 40 دېھقان ئائىلىسىدىن %37 ئائىلىدە يېڭى ئاشلىقتىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 234 كىلوگرامدىن ساقلىغان.

1990 - يىلى ئەتىيازدا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يېزىلاردا ئومۇمىيۈزلۈك ھەمكارلىق زاپاس ئاشلىق ھەيئىتى ۋە زاپاس مەبلەغ كاسسىسى قۇرۇلدى. يەكەن ناھىيىسىنىڭ يېزا، كەنتلىرىدە ساقلانغان ئاشلىق 850 مىڭ كىلوگرام، يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا ساقلانغان ئاشلىق 410 مىڭ كىلوگرام، خوتەن، ئاقسۇ، قىزىلسۇدىن ئىبارەت 3 ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ يېزىلىرىدا ساقلانغان ئاشلىق 3 مىليون 340 مىڭ كىلوگرام بولدى. شىمالىي شىنجاڭدىكى ئاساسلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدىكى دېھقانلارنىڭ ئاشلىقى ئېشىنىدىغان بولدى، ئۇلار ئاشلىقنى بازارغا ئېلىپ چىقىپ ساتقاندىن سىرت، مەلۇم مىقداردا ئاشلىق ساقلايدىغان بولدى.

## §3 . ساقلاش ئۇسۇللىرى

### 1. ئائىلىلەردە ئاشلىق، ياغ ساقلاش

شىنجاڭدا ئائىلىلەردە ئاشلىق ساقلاشتا، ئادەتتە، ئاشلىق تاغار، ئىدىش، ئورا، ياغاچ ساندۇق ۋە قازناقتا قاچىلىنىپ ساقلىنىدۇ.

ئارخېئولوگىيىلىك دەلىللەشلەرگە ئاساسلانغاندا، خەن، تاڭ سۇلالىلىرى مەزگىلىدە جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى قاراشەھەر، بۈگۈر، كۈچا، مارالبېشى، خوتەن قاتارلىق جايلاردا ئىدىشتا ئاشلىق ساقلىغان. بۇنىڭ ئىچىدە بۈگۈردىن قېزىپ چىقىرىلغان قىزىل ئىدىشنىڭ دىئامېتىرى 0.26 مېتىر، ئېگىزلىكى 0.63 مېتىر، قورسىقىنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 1.85 مېتىر، تەگلىك ئۇلىنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 0.8 مېتىر بولغان. ھازىرقى نىيە ناھىيىسى تەۋەسىدىكى نىيە خارابىلىكىدە (ئەسلىدە خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى نىيە بەگلىكىنىڭ زېمىنىغا تەۋە بولغان)، ئەينى ۋاقىتلاردا دېھقانلارنىڭ ئۆيىدە ئۆي بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن قازناق ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى، قازناقتا ئاشلىق قاتارلىق بۇيۇملار ساقلانغانلىقى بايقالغان. ئەينى ۋاقىتتا تاغار ئىشلىتىلىپ، ئاساسلىقى توشۇش سەپىرىدە قاچىلاش قورالى قىلىنغان.

چيەنلۇڭ 23 - يىلى (1758 - يىلى) 10 - ئايدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى جاۋخۇي ئەسكەر باشلاپ يەكەن شەھىرىگە كەلدى؛ ئەسكەر كۈچى ئاز بولغانلىقتىن شەھەرگە ھۇجۇم قىلالماي، شەھەرنىڭ شەرقىدە بارگاھ قۇردى، دۈشمەن قوشۇنىنىڭ قورشۇۋېلىشى تۈپەيلىدىن ئاشلىقى يېتىشمەي، «ئورىدىكى ئاشلىقنى يەپ، ئۈچ ئايغىچە قىينالمىدى». داۋگۇاڭ 23 - يىلىدىن 25 - يىلىغىچە (1843 - يىلدىن 1845 - يىلغىچە) ئەسلىدىكى گۇاڭدۇڭ - گۇاڭشىنىڭ باش ھەربىي ۋالىيسى لىن زېشۈ ئەپيۇن چەكلەش سەۋەبىدىن مەنسىپى چۈشۈرۈلۈپ شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن مەزگىلدە، خانىنىڭ يارلىقىغا ئاساسەن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى جايلارغا بېرىپ، بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى، ئۇ يازغان «مۇسۇلمان

يۇرتلىرىنىڭ مۇھەببەت توغرىسىدىكى قەدىمكى خەلق ناخشىلىرىدىن 12 نەزمە»دە «ئالتۇن دانلار ئورىغا كۆمۈلگەن» دېگەن سۆز - ئىبارىلەر بار. بۇنىڭدىن ئەينى ۋاقىتتا ئائىلىلەردە ئورىدا ئاشلىق ساقلاشنىڭ بىر قەدەر ئومۇملاشقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. گۇاڭشۈ 3 - يىلى (1877 - يىلى) 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى ليۇجىنتاڭنىڭ قول ئاستىدىكى يۈئېنخۇ ئەسكەر باشلاپ كورلا شەھىرىگە كىرگەندە، شەھەردە ئادەملەر كۆرۈنمەيتتى، ھەربىي ئاشلىق تۈگەپ كەتكەچكە، «ئورىنى ئېچىپ بىر قانچە مىڭ دادەن ئاشلىققا ئېرىشىپ، ھەربىي ئاشلىقنى ھەل قىلدى». چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەرگىچە، ئائىلىلەردە خەير - ساخاۋەت ئامبىرى، جامائەت ئامبىرىغا ئاشلىق جۇغلاشتا كۆپىنچە خۇسۇسىي ئۆي - جاي، مەسچىت، بۇتخانىلار ئارىيەت ئېلىپ ئىشلىتىلدى ياكى ئامبار سېلىنىپ ساقلاندى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە قىسمەن دېھقان ئائىلىلىرى ياغاچ ساندۇقتا ئاشلىق ساقلىدى. تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، خوتەن ۋىلايىتىدىكى لوپ ناھىيىسى يۇرۇڭقاش بازىرى 9 - كەنتىدىكى راخمان ياغچىنىڭ ئائىلىسى ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ جوۋازچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن، ئۇنىڭ ئائىلە ئەھۋالى بىر قەدەر ياخشى بولغان، ئۇلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن باشلاپ 1990 - يىلغىچە چوڭ ساندۇقتا ئاشلىق ساقلىغان. بۇنىڭ ئىچىدە كارىۋات شەكلىدىكى ساندۇقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.13 مېتىر، كەڭلىكى 1.22 مېتىر، ئېگىزلىكى 0.5 مېتىر (ساندۇقنىڭ 0.16 مېتىرلىق پۇتى بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەس)، چوڭ ساندۇقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.58 مېتىر، كەڭلىكى 0.7 مېتىر، ئېگىزلىكى 1.02 مېتىر (ساندۇقنىڭ 0.16 مېتىرلىق پۇتىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، ئوتتۇراھال ساندۇقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.37 مېتىر، كەڭلىكى 0.56 مېتىر، ئېگىزلىكى 0.68 مېتىر (ساندۇقنىڭ 0.16 مېتىرلىق پۇتىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، كىچىك ساندۇقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.25 مېتىر، كەڭلىكى 0.64 مېتىر، ئېگىزلىكى 0.84 مېتىر (ساندۇقنىڭ 0.14 مېتىرلىق پۇتىنى ئۆزئىچىگە ئالمايدۇ) بولغان. 1957 - يىلدىن ئىلگىرى، كۆپ ساندىكى دېھقان ئائىلىلىرى ئولتۇراق ئۆينىڭ بىر ئېغىزىنى قازناق قىلاتتى ياكى ئۆينىڭ ئىچىدە كېپەك بىلەن ئاشلىق ساقلاش ئورنىكى ياساپ، بورا بىلەن چىتلاپ ئاشلىق ساقلايتتى. دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ تەييار ئاشلىقى ۋە ئاشلىقى بىرقەدەر ئاز دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئاشلىقى ئومۇميۈزلۈك ھالدا پاختا يىپتىن توقۇلغان ياكى قوي يۇڭىدىن توقۇلغان تاغارغا قاچىلانغاندىن كېيىن، ئۆينىڭ ئىچىدە ساقلىناتتى. جەنۇبىي شىنجاڭدا ئاشلىقى بىر قەدەر كۆپ دېھقان ئائىلىرىمۇ ئورىدا ئاشلىق ساقلايتتى. شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدىمۇ ئورىدا ئاشلىق ساقلىناتتى. گۇچۇڭ ناھىيىسىدىكى گۇچۇڭ - ئۈرۈمچى تاشيولىنىڭ جەنۇبىي رايونىدىكى دېھقانلار ئومۇميۈزلۈك ھالدا ئورا كولاپ ئاشلىق ساقلايتتى. ئۇلار خامانىنىڭ ئەتراپىدىن بىر ئورا كولاپ، ئەتراپىغا سامان سېلىپ، ئوتتۇرىسىغا ئاشلىقنى قويۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن توپا بىلەن كۆمۈپ، ئىككىنچى يىلى ئىشلەتكەندە كولاپ ئاچاتتى. 1957 - يىلى شىنجاڭدا ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ، بىر تۇتاش سېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، دېھقانلار كۆپ ساندىكى ئارتۇق ئاشلىقلىرىنى دۆلەتكە سېتىپ بەردى، قازناق، كېپەك بىلەن ياسالغان ئاشلىق ساقلاش ئورنىكى بورا بىلەن چىتلانغان چىتلاق ۋە ئورىدا ئاشلىق ساقلايدىغان دېھقان ئائىلىلىرى پەيدىنپەي ئازايدى.

1958 - يىلى خەلق گۇڭشېسى ئومۇملاشقاندىن كېيىن، يېزىلاردا ئاشلىقنى ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە كوللېكتىپ ساقلاش ئاساس قىلىندى، ئاساسلىقى، ئاشلىق خۇسۇسىي ئۆي - جاي ياكى ئاددىي ئامباردا ساقلاندى. 1970 - يىلدىن كېيىن، شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق كۆممىقوناق ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدىكى قىسمەن ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدە يەنە دەرەخ شېخىدىن پايدىلىنىپ چىۋىقتىن ئامبار ياسىلىپ نەملىكى يۇقىرى كۆممىقوناق ساقلاندى. دېھقان ئائىلىلىرىدە ساقلانغان ئاشلىق بىر قەدەر ئاز بولۇپ، ئاساسلىقى، تاغار، خالتا، ئىدىش، ساندۇق قاتارلىقلارغا قاچىلاندى ياكى ئىدىشتا ساقلاندى. 80 - يىللاردا، يېزىلاردا ئائىلىلەر بويىچە مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا

قويۇلغاندىن كېيىن، ئاشلىقنى كۆپ يوللار ئارقىلىق باشقۇرۇشقا يول قويۇلدى، دېھقان ئائىلىلىرى ئاشلىق ساقلاشتا ئادەتتە ئېگىز ئورۇنغا ئىسكىلات قۇرۇپ، يەرنى تاشلاپ، ئاشلىقنى ساقلىدى. ساقلاشتا ئانار، خىمىيىلىك تالادىن توقۇلغان خالتىغا قاچىلىغاندىن باشقا، يەنە قازناق ياكى ئۆينىڭ ئىچىدە ئاشلىق ساقلاش ئۆرىكى ياساپ ئاشلىق ساقلىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن يېقى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلگىچە، شىنجاڭدىكى خۇسۇسىي جۇۋازخانا ۋە سودا دۇكانلىرىدا ياغ ئادەتتە، ياغ ئىدىشى، ياغ كۆپتا ساقلاندى، دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ يېغى ئاساسەن قاپاقتا ساقلاندى. 60 ـ يىللاردىن باشلاپ، يېزا ـ بازار (گۇڭشې ـ ئەترەت) كارخانىلىرى، يەككە كارخانىلار ياغ تارتىش ۋە سېتىشتا پولات باك، قاڭالتىر باكلارنى ئىشلەتتى؛ دېھقان ئائىلىلىرىدە پەيدىنپەي بوتۇلكا ئىشلىتىلدى. لېكىن قاپاقتا ياغ قاچىلاش يەنىلا بىر قەدەر زور سالماقنى ئىگىلىدى. 80 ـ يىللاردىن باشلاپ دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئۆزىگە قالدۇرۇلغان يېغى كۆپەيدى، قىسمەن دېھقان ئائىلىلىرى ياغنى قاڭالتىر، سۇلياۋ باكلارغا قاچىلاپ ساقلىدى، بوتۇلكىدا ياغ ساقلاش بىر قەدەر زور سالماقنى ئىگىلەپ، قاپاقتا ياغ ساقلاش پەيدىنپەي يوقالدى.

## 2. دۆلەتنىڭ ئاشلىق، ياغلىق دېنىنى ساقلاش

1949 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئۆلكە بويىچە سالدۇدىكى دۆلەت ئاشلىقى 32 مىليون 530 مىڭ كىلوگرام ئىدى. 1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئاشلىق 2 مىليارد 552 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، 77.5 ھەسسە ئاشتى. 1955 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى سالدۇدىكى ياغلىق دان 18 مىليون 910 مىڭ كىلوگرام ئىدى. 1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە 235 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، 11.4 ھەسسە ئاشتى. ئاشلىق، ياغلىق داننىڭ سالدۇسى نەچچە 10 ھەسسە ئېشىپ، بىخەتەر ساقلاش بېسىمىنى ئاشۇرۇۋەتتى، شۇنداقلا ساقلاش ئۇسۇلىنىڭ ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىشى ۋە ئۇسۇشىنى ئىلگىرى سۈردى.

### 1) ساقلاش ئۇسۇلى

شىنجاڭدا ئاشلىق، ياغلىق داننى ساقلاش ئامباردا ۋە ئوچۇقچىلىقتا ساقلاشتىن ئىبارەت ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ، يەنە ئوراقسىز ساقلاش، قاچىلاپ ساقلاشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇلى بار.

(1) ئامباردا ئوراقسىز ساقلاش. 1949 ـ يىل 9 ـ ئايدا شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغان دەسلەپكە مەزگىلدە، ئۆتكۈزۈۋېلىنغان كونا ئامبارلارنىڭ سۈپىتى ناچار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز ساندىكى سۈپىتى ۋە نەم تارتىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئىقتىدارى بىر قەدەر ياخشى بولغان ئامبارلاردا، بىۋاسىتە ئامباردا ئوراقسىز ساقلاش ئۇسۇلى قوللىنىلدى؛ نەم تارتىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئىقتىدارى ناچار بولغان ئامبارلاردا، ئاشلىقنى ئوراقسىز ساقلىغان چاغدا ئامبارنىڭ ئاستى ۋە تامنىڭ ئەتراپىغا پاخال ۋە بورا سېلىنىپ، ئاشلىقنىڭ ئېگىزلىكى 1.5 مېتىر ئەتراپىدا قىلىنىپ دۆۋىلەپ قويۇلدى؛ تام گەۋدىسىنىڭ زەيلىشىشى ئېغىر بولغان ئامبارلاردا، ئاشلىق قاچىلانماي ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، تۆت ئەتراپى تام گەۋدىسىگە يېقىنلاشتۇرۇلمىدى. 1953 ـ يىلدىن كېيىن، جايلار ئارقا ـ ئارقىدىن سوۋېت پوسوندىكى ئۆلچەملىك ئامبار، خىش ـ بېتون قۇرۇلمىلىق ئۆي شەكلىدىكى ئامبار، قوش چاتقۇچلۇق ئەگمە ئۆي شەكلىدىكى ئامبار، پولات تاختا ئامبار، خىشلىق سىلىندىرسىمان ئامبار، يەر ئاستى كانايسىمان ئامبار، پولات چىۋىقلىق بېتونلۇق تۈرخۇنسىمان ئامبارلارنى سېلىپ، ئوراقسىز ساقلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئاشلىق ياكى ياغلىق دانلارنى ساقلىدى. بىخەتەر نەملىكتىكى بۇغدايلارنى ئوراقسىز ساقلاشتا، ئامبار سىغىمچانلىقىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى لايىھەدىكى سىغىمچانلىقى مىقدارىنىڭ %100نىگە يەتتى؛ باشقا خىلدىكى ئاشلىقلارنى ساقلاشتا، ئامبار سىغىمچانلىقىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى %50تىن %90كىچە يەتتى. ياغلىق داننى دۆۋىلەپ قويۇش ئېگىزلىكى ئاشلىقنىڭكىدىن تۆۋەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە قىچا، زىغىرنى دۆۋىلەپ قويۇش ئېگىزلىكى 2 مېتىر دائىرىسىدە بولۇپ، ئامبارنىڭ سىغىمچانلىقىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى %40كە يەتتى. ياغلىق ئاپتاپپەرەسنى دۆۋىلەپ قويۇش

ئېگىزلىكى 3 مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ئامبار سىغىمچانلىقىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى %60كە يەتتى. 80 ـ يىللاردا، «قوش تۆۋەن» (تۆۋەن ئوكسىگېن، تۆۋەن دورا مىقدارى)، مېخانىكىلىق ھاۋا ئالماشتۇرۇش قاتارلىق ئاشلىق ساقلاش يېڭى تېخنىكىسىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئىشلىتىلىشىگە ئەگىشىپ، بەزى جايلاردا ئوراقسىز ساقلاش ئاساسىدا، ئاشلىق يۈزى تەكشىلىنىپ، سۇلياۋ يوپۇق يېپىلىپ، ھىم قىلىنىپ ساقلاندى. 1990ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايوندىكى ئامبارلاردا ئوراقسىز ساقلانغان ئاشلىق، ياغلىق دان ئومۇمىي ساقلانغان ئاشلىق، ياغلىق دان مىقدارىنىڭ %70نى ئىگىلىدى.

(2) ئامباردا قاچىلاپ ساقلاش. 50 ـ يىللاردا، جايلاردىكى ئۇن، گۈرۈچنىڭ ئامباردا ساقلىنىش مىقدارى كۆپ ئەمەس ئىدى، شۇڭا كۆپىنچە ئامباردا دۆۋىلەپ ساقلىناتتى، ئۇن خالتىسى ئادەتتە 10 قەۋەت، گۈرۈچ خالتىسى ئادەتتە 5 قەۋەت قىلىپ دۆۋىلەپ قويۇلاتتى. 60 — 70 ـ يىللاردا، جايلاردىكى تەييار ئاشلىقنىڭ ئامباردا ساقلىنىش مىقدارى كۆپەيدى، ئۇن ساقلاشتا كۆپىنچە «#» خېتى شەكلى بويىچە ھاۋا ئالماشتۇرۇپ دۆۋىلەش ياكى كىچىك دۆۋە قىلىپ دۆۋىلەش شەكلى قوللىنىلىپ ساقلاندى. 80 ـ يىللاردا، ئۈرۈمچى، قاراماي، قەشقەر، غۇلجا قاتارلىق شەھەرلەردىكى ئۇن، گۈرۈچ ئادەتتە ئامبار سىغىمچانلىقى 2 مىليون 500 كىلوگراملىق ئامباردا 4 چوڭ دۆۋە قىلىپ ساقلاندى، دۆۋىلەر ئوتتۇرىسىدا ھاۋا ئالمىشىش ئۈچۈن بوشلۇق قالدۇرۇلدى. ئۇن خالتىسى دۆۋىسىنىڭ ئېگىزلىكى 24 قەۋەتكە يېتىپ، ئامبار سىغىمچانلىقىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى %50كە يەتتى؛ گۈرۈچ خالتىسى دۆۋىسىنىڭ ئېگىزلىكى 15 قەۋەتكە يېتىپ، ئامبار سىغىمچانلىقىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى %60كە يەتتى. ئاز ساندىكى جايلار ئاشلىقنى ئۇزاقىچە قاچىلاپ ساقلىدى، مەسىلەن: شىخو ناھىيىسىدىكى ئۆتكۈر ئامبىرىدا بۇغداي تاغىرى 10 قەۋەت قىلىپ تىزىلىپ ئۇزاقىچە ساقلاندى. 1990ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايوندىكى ئامبارلاردا قاچىلىنىپ ساقلانغان ئاشلىق ئومۇمىي ساقلانغان ئاشلىقنىڭ %6نى ئىگىلىدى.

(3) ئوچۇقچىلىقتا قاچىلاپ ساقلاش. 1954 ـ يىلدىن باشلاپ، دۆلەت ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ سېتىۋېلىش مىقدارى ۋە ئامباردا ساقلاش مىقدارى زور ھەجىمدە ئېشىپ، ئامبار سىغىمچانلىقى يېتىشمەسلىك زىددىيىتى گەۋدىلىك بولۇپ قالدى. جايلار ئاشلىق نازارىتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئوچۇقچىلىقتا ئاشلىق ساقلاش خىزمىتىنى كۈچەيتتى. ئوچۇقچىلىقتا تاغارغا قاچىلاپ ساقلاش ئۇسۇلى: تاغارغا قاچىلانغان ئاشلىق 8 قەۋەت ئېگىزلىكتە دۆۋىلەپ قويۇلدى، يامغۇر، قاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن دۆۋىلەپ قويۇلغان ئاشلىق بورا بىلەن يېپىپ قويۇلدى، دۆۋىلەپ قويۇلغان ئاشلىقنىڭ ئاستىغا شىپال، شېغىل، خىش، كېپەك قاتارلىق نەرسىلەر قويۇلدى، ئېگىزلىكى يەر يۈزىدىن 30 سانتىمېتىر كۆتۈرۈلدى، تۆت ئەتراپىغا سۇ چىقىرىش ئېرىقى ئېلىندى. 1955 — 1956 ـ يىللىرى، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئوچۇقچىلىقتا تاغارغا قاچىلاپ دۆۋىلەپ ساقلىغان بۇغدىيى 12 مىليون 900 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، 126 مىڭ تاغار ئىشلىتىلدى. 1959 ـ يىلدىن 1962 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايوننىڭ سالدۇدىكى ئاشلىق، يېغى ئازلاپ كېتىپ، ئوچۇقچىلىقتا ئاشلىق ساقلانمىدى. 1963 ـ يىلى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئەسلىگە كېلىپ ۋە راۋاجلىنىپ، جايلارنىڭ ئوچۇقچىلىقتا ساقلىغان ئاشلىقى زور مىقداردا ئاشتى. ئۈرۈمچى «1 ـ ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى ئىسكىلاتىنىڭ قورو ئىچىدىكى ئوچۇقچىلىقتا ساقلىغان ئاشلىقى تويۇنغاندىن كېيىن، توختىتىپ قويۇلغان شىنجاڭ ئاشلىق مەكتىپىنىڭ قورۇسى ئىچىدە ئوچۇقچىلىقتا ئاشلىق ساقلاش نۇقتىسىنى تەسىس قىلىپ، قاچىلانغان ئاشلىقنى دۆۋىلەپ ساقلىدى، ھەر بىر دۆۋىسى 150 مىڭ كىلوگرامدىن 350 مىڭ كىلوگرامغىچە بولۇپ، مەزكۇر نۇقتىدا ئەڭ كۆپ بولغاندا 208 مىليون كىلوگرام ئاشلىق ساقلاندى. 80 ـ يىللاردا، ئوچۇقچىلىقتا قاچىلاپ ئاشلىق ساقلاش ئاساسەن چوڭ، ئوتتۇرا ئاشلىق ئىسكىلاتلىرى ۋە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئاساسلىق رايونلاردىكى ئامبار، پونكىتلارغا مەركەزلەشتى، دۆۋىلەش ئۇسۇلىدا، دۆۋىنىڭ ئاستىنقى بۆلىكى 8 قەۋەت، ئۈستۈنكى بۆلىكى 6 قەۋەت ئېگىزلىكتە، ئۈستى قىرلىق شەكىلدە تىزىلىپ، يانتۇلۇقى $45^\circ$تىن $55^\circ$قىچە قىلىپ ياسالدى، ئۈستىگە

بىرىزىنت يېپىلدى، ئاستىغا كۆپىنچە سېمونت سۇپا ياسالدى، سۇپا ئۈستىگە خىش، بامبۇك تارىسى قاتارلىق نەرسىلەر ياستۇرۇلغانلىرىمۇ بار، بەزىلىرىگە مۇستەھكەم تەگلىك ئورنىتىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ساقلاش ـ توشۇش شىركىتىنىڭ ئىسكىلاتى ئوچۇقچىلىقتا ئۇزۇنلۇقى 8 مېتىر، كەڭلىكى 4 مېتىر، ئېگىزلىكى 0.5 مېتىر كېلىدىغان مۇقىم سېمونت سۇپا تەگلىكتىن 196نى ياساپ، ھەر بىر سۇپىغا 100 مىڭ كىلوگرام قاچىلانغان ئاشلىق دۆۋىلىدى. 1984 ـ يىلدىن باشلاپ تارباغاتاي، ئىلى قاتارلىق ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرى ئوچۇقچىلىقتا قىچا، ئاپتاپپەرەسنى دۆۋىلەپ ساقلاش ئۇسۇلىنى قوللاندى. موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى ئوچۇقچىلىقتا ساقلايدىغان ئاشلىق دۆۋىسى تېگىگە تونېل شەكىلدىكى ھاۋا ئالمىشىش ئېغىزى قالدۇرۇپ (مۇقىم سېمونت سۇپا ياسىغاندا، كەڭلىكى 50 سانتىمېتىر كېلىدىغان ھاۋا ئۆتۈش يولىدىن بىرى، كەڭلىكى 15 سانتىمېتىر كېلىدىغان ھاۋا ئۆتۈشۈش يولىدىن ئىككىسى قالدۇرۇلىدۇ، دۆۋىلىگەندە ھەر بىر تاغارنىڭ ئاستىدا ھاۋا ئۆتۈشۈش ئېغىزى قالىدۇ، بۇ، ئاشلىق تېمپېراتۇرىسى، نەملىكنى تۆۋەنلىتىش رولىنى ئوينايدۇ)، بوغداي، ئاپتاپپەرەسنى دۆۋىلەپ ساقلاش ئۇسۇلىنى ئومۇملاشتۇردى. 1990 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئوچۇقچىلىقتا ساقلانغان ئاشلىق، ياغلىق دان 670 مىليون كىلوگرامغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قاچىلانغىنى %40نى ئىگىلىدى. ئوچۇقچىلىقتا قاچىلىنىپ ساقلانغان ئاشلىق، ياغلىق دان ئومۇمىي ساقلانغان ئاشلىق، ياغلىق دان مىقدارىنىڭ %6.9نى ئىگىللىدى.

(4) ئوچۇقچىلىقتا ئوراقسىز ساقلاش. 1954 ـ يىلى ئىلى ۋىلايىتى ئاشلىق قاچىلانغان تاغار بىلەن ئەتراپىنى توسۇپ ئوتتۇرىسىغا بوغداي تۆكۈپ ساقلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ ئاشلىق سېتىۋېلىش مەزگىلىدە، ئاساسىي قاتلام ئاشلىق پونكىتلىرىنىڭ ئامبار سىغىمچانلىقى جىددىي بولغانلىقتىن، بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىپ ئاشلىق ساقلاش بىر قەدەر ئومۇملاشتى. 1959 ـ يىلدىن باشلاپ، تەمىنات ـ سودا تارماقلىرى ئاشلىق تارماقلىرىغا چىگىتنى ياغ تارتىشقا بۆيرۇپ بەردى، ئاشلىق ـ ياغ زاۋۇتلىرى تارتىلىش ئالدىدا تۇرغان چىگىتنى زاۋۇت قورۇسىدىكى مەيدانغا ئادەتتە ئېگىزلىكىنى 10 مېتىر ئەتراپىدا قىلىپ دۆۋىلىدى. ئاشلىق نازارىتى 1964 ـ يىلى، ئاشلىق ساقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تاغارنى ئازايتىش ئۈچۈن، ئوچۇقچىلىقتا بورىدىن ياسالغان باداڭدا ئاشلىق ساقلاش ئۇسۇلىنى كېڭەيتتى. ئەينى ۋاقىتتا لياۋنىڭ ئۆلكىسىدىن 3 نەپەر تېخنىك خادىم تەكلىپ قىلىنىپ، ئۈرۈمچى، سانجىدا بورىدىن باداڭ ياساپ ئاشلىق ساقلاش ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلىپ، تېخنىك خادىملار تەربىيىلەندى. 1965 ـ يىلغا كەلگەندە، سانجى، ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئىلى، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ئاشلىق تارماقلىرى بورىدىن باداڭ ياساپ ئاشلىق ساقلاشقا باشلىدى، ئۈرۈمچى «1 ـ ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتىنىڭ ئىسكىلاتى بورا باداڭدىن 68نى ياساپ، 4 مىليون 900 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق ساقلىدى. ساۋەن ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى بورا باداڭدىن 40نى، يەنە كېسەكتىن قوپۇرۇلغان باداڭدىن 6نى، سوقما تام باداڭدىن 20نى قوپۇرۇپ، ئوچۇقچىلىقتا 11 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق ساقلىدى. شىنجاڭنىڭ كىلىماتى قۇرغاق بولغانلىقتىن، باداڭنىڭ قومۇشلىرى ئاسان سۇنۇپ كېتەتتى. قومۇش باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىن سېتىۋېلىنىپ كىرگۈزۈلۈپ، تەننەرخى يەرلىك باداڭغا قارىغاندا يۇقىرى بولۇپ كەتكەنلىكتىن، قومۇش بورا باداڭدا ئاشلىق ساقلاش بەيدىنىپەي ئازلاپ كەتتى، 70 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىگە كەلگەندە پۈتۈنلەي شاللىۋېتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئوچۇقچىلىقتا ئوراقسىز ئاشلىق، ياغلىق دان ساقلاشتا ئاساسلىقى يەرلىك باداڭ ۋە ئاشلىق قاچىلانغان تاغارنى قورۇق تام قىلىشقا تايىنىلىپ ئاشلىق ساقلاندى. 80 ـ يىللاردا، ئاشلىقنىڭ يىلدىن ـ يىلغا ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئاشلىق يېتىشمەسلىكتىن ئېشىپ قېلىشقا ئۆزگىرىپ، ئوچۇقچىلىقتا ئاشلىق ساقلاش يىلدىن يىلغا ئاشتى. ئىلى، تارباغاتاي، سانجى، قۇمۇل قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرى سېمونت يەردە خىش بىلەن 1.5 مېتىر ئېگىزلىكتىكى قورۇق تام قوپۇرۇپ، ئوتتۇرىسىغا بوغداي ياكى ياغلىق ئاپتاپپەرەسنى تۆكۈپ، ھۆل ـ يېغىندىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۈستىگە بىرىزىنت يېپىپ ساقلىدى. 1990 ـ يىلى، ئاشلىق

مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىش ھەجمى زورىيىپ، دۆلەتنىڭ بەلگىلەپ ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ئومۇميۈزلۈك ئورۇندالغاندىن باشقا، يەنە مەخسۇس زاپاس ئاشلىقتىن 768 مىليون كىلوگرام ئاشلىق سېتىۋېلىندى، ئامبار سىغىمچانلىقى جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكتىن، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى ۋە باشقا ئورۇنلارنىڭ بىكار تۇرۇپ قالغان ئامبارلىرى ئارىيەت ئېلىنغاندىن سىرت، يەنە ئوچۇقچىلىقتا ئاشلىق ساقلاشنى كېڭەيتىشكە توغرا كەلدى. 1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايون بويىچە ئوچۇقچىلىقتا ئوراقسىز ساقلانغان ئاشلىق، ياغلىق دان ئوچۇقچىلىقتا ساقلانغان ئاشلىق، ياغلىق داننىڭ %60نى، ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق، ياغلىق دان ئومۇمىي مىقدارىنىڭ %14.4نى ئىگىلىدى.

## 2) ساقلانغان ئاشلىق (ياغلىق دان)نى تەكشۈرۈش

(1) دائىملىق تەكشۈرۈش. قەرەللىك، قەرەلسىز تەكشۈرۈشتە ئاشلىق، ياغلىق داننى ساقلاش مەزگىلىدىكى تېمپېراتۇرا، ئامبارنىڭ تېمپېراتۇرىسى، ئاشلىق (ياغلىق دان) دۆۋىسىنىڭ تېمپېراتۇرىسى، ئاشلىق، ياغلىق داننىڭ نەملىكى، ئەخلىتى، رەڭگى، پۇرىقى ۋە ھاشارات چۈشۈش، كۆكىرىپ قېلىش، چاشقان، قۇشقاچلار زىيان سېلىش دەرىجىسى قاتارلىق ئەھۋاللار ئېنىقلاندى، مۇناسىپ بىر تەرەپ قىلىش چارىسىنى قوللىنىش ئاشلىق، ياغلىق داننى بىخەتەر ساقلاشتا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنىڭ مۇھىم ھالقىسى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئامبار خادىملىرى ساقلانغان ئاشلىقلارنى تەكشۈرۈشتە پۈتۈنلەي كۆرۈش، پۇراش، چىشلەش، تۇتۇپ بېقىش قاتارلىق سەزگۈ ئەزالىرى ئارقىلىق بەلگىلەيتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىقنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى تەكشۈرۈشتە، بەزىلىرى تاياق، دەرەخ چىۋىقلىرىنى ئاشلىق دۆۋىسىنىڭ ئاستىغا كۆمۈپ قويۇپ، كېيىن ئۇنى تارتىپ چىقىرىپ قول سېزىمى ئارقىلىق تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىنى بەلگىلەيتتى. 1951 ـ يىلى، ئۆلكە بويىچە ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسى تارقاتقان «ئامبارنى ئۈچ كۈندە بىر قېتىم تەكشۈرۈش، ئاشلىقنى بەش كۈندە بىر قېتىم تەكشۈرۈش»تىن ئىبارەت ئاشلىق ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلدى. شۇ يىلى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسى غەربىي شىمال ئاشلىق ئىدارىسىدىن ئاشلىق تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىگۈچتىن 66نى، قۇرۇق ـ نەملىك تېرمومېتىرىدىن 24نى ئېلىپ، نۇقتىلىق ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىنىڭ ئاشلىق ئامبارلىرىغا تارقىتىپ بەردى، كېيىن جايلار يەنە ئارقا ـ ئارقىدىن ئاشلىق تېمپېراتۇرا ئۆلچىگۈچ، قۇرۇق ـ نەملىك تېرمومېتىرىنى سېتىۋالدى. 1955 ـ يىلىغا كەلگەندە، كۆپ ساندىكى ئاشلىق ئامبارلىرى تۆمۈر دەستىلىك ئاشلىق تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىگۈچ ۋە قۇرۇق ـ نەملىك تېرمومېتىرىنى ئىشلىتىپ، قەرەللىك ھالدا «ئۈچ تېمپېراتۇرا» (يەنى ئاشلىق دۆۋىسىنىڭ تېمپېراتۇرىسى، ئامبارنىڭ تېمپېراتۇرىسى، ئاتموسفېرا تېمپېراتۇرىسى) ۋە ئامبارنىڭ نەملىك دەرىجىسىنى تەكشۈرەلەيدىغان بولدى. ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق ئامبارلىرىدا ئۈچ تېمپېراتۇرىنى «بىر، ئۈچ، يەتتە» تەكشۈرۈش تۈزۈمى، يەنى خەتەرلىك ئاشلىقنى ھەر كۈنى بىر قېتىم تەكشۈرۈش، يېرىم بىخەتەر ئاشلىقنى ھەر ئۈچ كۈندە بىر قېتىم تەكشۈرۈش، بىخەتەر ئاشلىقنى ھەر يەتتە كۈندە بىر قېتىم تەكشۈرۈش تۈزۈمى ئىجرا قىلىندى. ھەر قېتىملىق تەكشۈرۈش نەتىجىسى مەخسۇس ئاشلىق تەكشۈرۈش خاتىرىسى كارتىسىغا يېزىلىپ، ساقلانغان ئاشلىق، ياغلىق داننىڭ ئۆزگىرىشى ۋە بىر تەرەپ قىلىنىشى تەھلىل قىلىشنىڭ ئاساسى قىلىندى. 1963 ـ يىلى، ئاشلىق نازارىتى ساقلانغان ئاشلىق، ياغلىق داننىڭ «ئۈچ تېمپېراتۇرىسى»نى تەكشۈرۈشتە داۋاملىق تۈردە «بىر، ئۈچ، يەتتە» تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىشنى بەلگىلىدى؛ نەملىكنى تەكشۈرۈشتە، بىرىنچى، تۆتىنچى پەسىلدە كەم دېگەندە ئىككى قېتىم تەكشۈرۈش، ئىككىنچى، ئۈچىنچى پەسىلدە ھەر ئايدا كەم دېگەندە بىر قېتىم تەكشۈرۈش، نەملىكى يۇقىرى ئاشلىق، ياغلىق داننى ھەر ۋاقىت تەكشۈرۈش؛ ھاشارات زىيانداشلىقىنى تەكشۈرۈشتە، سالدۇدىكى ئاشلىقنىڭ تېمپېراتۇرىسى 10℃تىن تۆۋەن بولغانلىرىنى ھەر ئايدا بىر قېتىم تەكشۈرۈش، 10℃تىن 20℃قىچە بولغانلىرىنى ھەر 10 كۈندە بىر قېتىم تەكشۈرۈش، 20℃تىن يۇقىرى بولغانلىرىنى ھەر 5 كۈندە بىر قېتىم تەكشۈرۈش ھەمدە بۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ

مۇناسىپ ھالدا رەڭگى، پۇرىقى، تەملىتىنى، كۆكىرىپ ئۆزگىرىپ كېتىش ۋە چاشقان - قۇشقاچلارنىڭ زىيان سېلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ئاپتونوم رايوندىكى كۆپ ساندىكى ئاشلىق ئامبارلىرى، پونكىتلىرى بەلگىلىمە بويىچە قەرەللىك ھالدا تەكشۈردى ھەمدە ئېھتىياجغا ئاساسەن ئاشلىق تېمپېراتۇرا ئۆلچىگۈچنى تولۇقلاپ، نەملىكنى تەكشۈرۈش ئەسۋابى، غەلۋىر قاتارلىق ئاشلىق ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەسۋابلىرىنى سەپلىدى. قۇتۇبى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىسكىلاتى كۆپ يىللاردىن بۇيان «ئۈچ تېمپېراتۇرا» تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى تەپسىلىي خاتىرىلەش، يىل ئاخىرىدا يىللىق ئاشلىق، ياغلىق داننى ساقلاشتىكى «ئۈچ تېمپېراتۇرا»نىڭ ئۆزگىرىش سخېمىسىنى سىزىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۇنى شۇ جاينىڭ ئاشلىق، ياغلىق داننى ساقلاش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىش، ئىگىلەشنىڭ ئىشەنچلىك ئاساسىغا ئايلاندۇردى. 70 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئۈرۈمچى، ئىلى، سانجى، تارباغاتاي قاتارلىق جايلاردىكى ئاشلىق ئامبارلىرى ئېلېكترون كۆچمە تېمپېراتۇرا ئۆلچىگۈچنى ئىشلىتىپ، تېرمومېتىرنى تېمپېراتۇرا ئۆلچىگۈچ قىلىپ، ئۇنى ئاشلىق دۆۋىسىگە كۆمۈپ قويۇپ، ئامبار سىرتىدا ئاشلىق دۆۋىسىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى تەكشۈردى. 1976 - يىلى، قۇمۇل مەمۇري مەھكىمە ئاشلىق ئىدارىسىغا بىۋاستە قاراشلىق ئىسكىلات چۆمكەپ كەم ئوكسىگېنلاشتۇرۇپ ئاشلىق ساقلاش تېخنىكىسىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئۆزى تېمپېراتۇرا، نەملىك، ھاشاراتنى ئۆلچەيدىغان ئېلېكترونلۇق «ئۈچنى ئۆلچەش ئەسۋابى»نى تەتقىق قىلىپ ياساپ، ھەم يېپىق ئامباردا ئىشلىتىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. 80 - يىللاردا، ئاساسىي قاتلامدىكى ئامبار، پونكىتلار ئومۇميۈزلۈك ھالدا تۆمۈر دەستىلىك تېمپېراتۇرا ئۆلچىگۈچ بىلەن ئاشلىق تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش، ئۈچ بەلدەملىك تۆمۈر دەستىلىك ئەۋرىشكە ئالغۇچ، غەلۋىر، زىيانداش ھاشاراتلارنى تازىلىغۇچ، غەلۋىر، تارازا، نەملىك ئۆلچىگۈچ قاتارلىق ئاشلىق تەكشۈرۈش ئەسۋابلىرىنى سەپلىدى، قىسمەن چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى ئاشلىق ئىسكىلاتلىرى ئېلېكترونلۇق تېمپېراتۇرا ئۆلچىگۈچنى سەپلىدى. 1986 - يىلى، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ساقلاش - توشۇش باشقارمىسى شىنجاڭ ماشىنىسازلىق تەتقىقات ئورنى بىلەن بىرلىشىپ PN تىپلىق تۆمۈر دەستىلىك ئېلېكترونلۇق تېمپېراتۇرا ئۆلچىگۈچنى تەتقىق قىلىپ ياسىدى، ئۇ ش ئۇ ئا ر ئاشلىق - ياغ يۆتكەش پونكىتىدا سىناق تەرىقىسىدە ئىشلىتىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى ھەمدە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى تەشكىللىگەن پەن تېخنىكىلىق باھالاش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرىدا ئومۇملاشتۇرۇلۇپ قوللىنىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ساقلاش - توشۇش شىركىتى Z80 يەككە تاختىلىق كومپيۇتېرنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئاشلىق تېمپېراتۇرىسىنى مىكرو تەكشۈرۈش سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، ئاپتونوم رايوندا كومپيۇتېر تېخنىكىسى زاپاس ئاشلىقنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەشتە تۇنجى قېتىم ئىشلىتىلدى. بۇ تېمپېراتۇرىنى ئۆلچەش سىستېمىسىدا مەزكۇر شىركەت ئىسكىلاتىدىكى 16 كورپۇس ئامبارنىڭ 12 مىڭ 480 نۇقتىسى ئۆلچەش نۇقتىسى قىلىنىپ، كومپيۇتېر تىزگىنلەش ئۆيىدە تۇرۇپ بارلىق ئاشلىقنىڭ تېمپېراتۇرىسى تەكشۈرۈلدى ھەمدە تەكشۈرۈش نەتىجىسى جەدۋەل قىلىنىپ بېسىپ چىقىرىلدى. شۇ يىلى بۇ سىستېما ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان باھالاشتىن ئۆتتى ھەمدە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1987 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرى سودا مىنىستىرلىكى تارقاتقان «ئاشلىق، ياغ ساقلاش تېخنىكا قائىدىسى (سىناق نۇسخا)»دىكى ساقلانغان ئاشلىقنى قەرەللىك تەكشۈرۈش مۇددىتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە (جەدۋەل: 3 — 10غا قاراڭ)نى ئىجرا قىلىپ، تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئۆز ۋاقتىدا تەكشۈرۈش خاتىرە دەپتىرىگە تىزىملاپ، ئۇنى ئاشلىق ئەھۋالىنى داۋاملىق كۆزىتىش، تەھلىل قىلىشنىڭ ئاساسى قىلدى. 1990 - يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئامبار، پونكىتلار ساقلانغان ئاشلىقنى قەرەللىك ھالدا تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ساقلانغان ئاشلىقنىڭ بىخەتەرلىكى جەھەتتە ئاكتىپ رول ئوينىدى.

## ساقلانغان ئاشلىقنى پەرقلىق تەكشۈرۈش مۇددىتى

جەدۋەل: 3 — 10

| ساقلانغان ئاشلىق تۈرلىرى | مۇۋاپىق تېمپېراتۇرانى تەكشۈرۈش | | نەملىكنى تەكشۈرۈش | زىيانداش ھاشاراتنى تەكشۈرۈش | | رەڭگى، پۇرىقى ۋە كۆكىرىپ قېلىش، چاشقان، قۇشقاچلارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | ساقلانغان ئاشلىق تېمپېراتۇرىسى 15℃تىن تۆۋەن (15℃نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) | ئاشلىق تېمپېراتۇرىسى 15℃تىن يۇقىرى | | ئاشلىق تېمپېراتۇرىسى ئەھۋالى | تەكشۈرۈش مۇددىتى | |
| بىخەتەر ئاشلىق | 15 كۈندە بىر قېتىم | 10 كۈندە بىر قېتىم | ھەر پەسىلدە بىر قېتىم | 5℃ تىن 15℃ قىچە | ھەر ئايدا بىر قېتىم | سول تەرەپتىكى تەكشۈرۈش مۇددىتى بويىچە تەكشۈرۈلىدۇ |
| يېرىم بىخەتەر ئاشلىق | 10 كۈندە بىر قېتىم | 5 كۈندە بىر قېتىم | ھەر ئايدا بىر قېتىم | 16℃تىن 25℃قىچە | 15 كۈندە بىر قېتىم | |
| خەتەرلىك ئاشلىق | 5 كۈندە بىر قېتىم | بىر كۈندە بىر قېتىم | ھەر ۋاقىت ئۆلچەش | 25℃تىن يۇقىرى | 7 كۈندە بىر قېتىم | |

(2) ئەتىياز پەسلىدە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش. شىنجاڭنىڭ قىش پەسلى سوغۇق بولۇپ، كىرىم قىلىنغان ئاشلىق، ياغلىق داننىڭ نەملىكى بىخەتەر نەملىكتىن يۇقىرى بولسىمۇ ساقلىغىلى بولىدۇ؛ قىش - ئەتىياز ئارىلىقىدا تېمپېراتۇرا تېز ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، ئامباردىكى ئاشلىق، ياغلىق دان ئاسانلا قىزىپ كۆكىرىپ قالىدۇ. 1954 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە، ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرى ھەر يىلى 3 - ئايدىن 5 - ئايغىچە ئەتىياز پەسلىنىڭ مۇداپىئە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئامباردىكى ئاشلىق، ياغلىق داننىڭ سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، خەتەرلىك ئاشلىق، ياغلىق داننى نۇقتىلىق بىر تەرەپ قىلىپ، بىخەتەر ساقلاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. 50 - يىللاردا ۋە 60 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە ئامبارلار بىر قەدەر ئاددىي، ئامباردىكى ئاشلىق ئاز ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇغداي ئاساس قىلىناتتى، قاتناش شارائىتىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، نۇقتىلىق تەكشۈرۈلەتتى، بولۇپمۇ ئامبار ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلەتتى. 1954- يىلى ئەتىياز پەسلىدە، ئۆلكىدىكى ئاشلىق تارماقلىرى غەربىي شىمال ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ «ئاشلىق ساقلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى يوليورۇقى»نىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، دەرىجىمۇ دەرىجە ئەتىياز پەسلىدە مۇداپىئە كۆرۈش خىزمەت گۇرۇپپىلىرىنى تەشكىللىدى، بۇ خىزمەت گۇرۇپپىلىرى ئاساسىي قاتلام ئامبارلاغا بېرىپ ئاشلىق، ياغلىق داننى ۋە ئامبار، مەيداندا يىغىلىپ قالغان قارلارنى تازىلاش ۋە ئۆگزىدىن تامچە ئۆتۈش قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، بايقالغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلدى. 1959 - يىلدىن باشلاپ، دۆلەت ئامبارلىرى تەكشۈرۈلگەندىن باشقا، يەنە گوڭشې - ئەترەتلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشىگە ياردەم بېرىلدى. 1960 - يىلى ئەتىيازدا، ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرى دۆلەتنىڭ جەمئىي 469 مىليون كىلوگرام ئاشلىق، ياغلىق دېنىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە نۇقتىلىق بىخەتەر بىر تەرەپ قىلىنغىنى 228 مىليون كىلوگرامغا يەتتى؛ گوڭشې - ئەترەتلەرگە ياردەملىشىپ ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلگەن ئاشلىق 55 مىليون 840 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بىخەتەر بىر تەرەپ قىلىنغىنى 5 مىليون 840 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى. 1964 - يىلى ئەتىياز پەسلىدە، شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا قارا ئاشلىق ھوسۇلى يىغىۋېلىنغاندا نەملىكى يۇقىرى بولغانلىقى ۋە ئوچۇقچىلىقتا ساقلانغانلىقى، يامغۇر - قاردا

ئەملىشىپ كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن، خەتەرلىك ئاشلىق ئامباردىكى ئاشلىقنىڭ 35.95%نى ئىگىلىدى. ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئىككى قېتىم «ئاشلىق ساقلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا يوليورۇق» چىقاردى، ئاشلىق نازارىتى مەخسۇس تېلېفون يىغىنى چاقىرىپ، ئەتىياز پەسىللىك ئاشلىق ساقلاش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. بايىنغولىن قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلار ۋە غۇلجا، شىخو، قۇتۇبى، گۇما قاتارلىق ناھىيىلەردە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ قوماندانلىقىدىكى ئاشلىق ساقلاش كومىتېتى ياكى رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى. ئۈرۈمچى، ئىلى، سانجى، بايىنغولىن قاتارلىق 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى ئاشلىق ئىدارىلىرى 307 كادىرنى ئاجرىتىپ، 77 ئاشلىق ساقلاش خىزمەت گۇرۇپپىسىنى تەشكىللىدى، بۇ خىزمەت گۇرۇپپىلىرى ئاساسىي قاتلام ئاشلىق پونكىتلىرىغا بېرىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 993 مىليون كىلوگرام ئاشلىق، ياغلىق دانىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى، بۇ، ئامباردىكى ئاشلىق، ياغلىق دان ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 87.4%نى ئىگىلىدى. كۆپ قىسىم خەتەرلىك ئاشلىق، ياغلىق دان بىخەتەر بىر تەرەپ قىلىندى. لېكىن شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا 26 مىليون 650 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق كۆكىرىپ قالدى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆكىرىپ قىلىش نىسبىتى 5% بولغانلىرى 21 مىليون 620 مىڭ كىلوگرامغا، كۆكىرىپ قېلىش نىسبىتى 5%تىن 10%كىچە بولغانلىرى 5 مىليون 30 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى. ئاقسۇ، ئونسۇ، كۇچا، قاغىلىق قاتارلىق ناھىيىلەردىكى ئاشلىق تارماقلىرى يېزىلارنىڭ 257 چوڭ ئەترىتىنىڭ 6 مىليون 720 مىڭ كىلوگرام خەتەرلىك ئاشلىقىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشىغا ياردەم بەردى.

1965 - يىلدىن باشلاپ، ئەتىياز پەسىللىك ئاشلىق ساقلاش پائالىيىتىدە شىمالىي شىنجاڭ رايونىدىكى ئەملىكى يۇقىرى كۆممىقوناقنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش مۇھىم نۇقتا قىلىندى. 1971 - يىل 2 - ئايدا، ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتى ئاشلىق ئىدارىسى كۆنەس، قورغاس، غۇلجا، توققۇزتارا، بورتالا، جىڭ، شىخو، ساۋەن قاتارلىق ناھىيىلەردىكى 18 ئاشلىق پونكىتى ۋە 27 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، ئەملىكى يۇقىرى كۆممىقوناقتىن 66 مىليون كىلوگرام تەكشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى دۆلەتكە ۋاكالىتەن ساقلىغىنى 45 مىليون كىلوگرامغا يېتىدۇ. بۇ ۋاكالىتەن ساقلانغان كۆممىقوناقلار ئوچۇقچىلىقتا باشاق پېتى دۆۋىلىنىپ، ئاستىغا سېلىنچا سېلىنمىغان، ئۈستىگە يېپىنچا يېپىلمىغان بولغاچقا، كۆپ ساندىكى مەيداندا كۆممىقوناقلار كۆكىرىپ قېلىش ئەھۋالى كۆرۈلگەن. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش جەريانىدا، قورغاس ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتلا ئاممىنى تەشكىللەپ ۋاكالىتەن ساقلانغان ئەملىكى يۇقىرى كۆممىقوناقنى ھاۋا ئۆتۈشتۈرۈپ دۆۋىلىگەن، گۆكتىپ ئەزالىرى ئۆزلىرىنىڭ ياغاچ، كىگىز، پالاز، سۇلياۋ يوپۇقلىرىنى ئېلىپ چىقىپ سېلىنچا ۋە يېپىنچا قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ كۆممىقوناقلىرىنى ياخشى ساقلىغانلىقتىن، زىيان ئاز بولغان. 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتى ئاشلىق ئىدارىسى قورغاس ناھىيىسىدە شىمالىي شىنجاڭدىكى 8 ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى ۋە ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشقان كۆممىقوناقنى ساقلاش ئىش ئورنى يىغىنى ئېچىپ، بۇ ناھىيىنىڭ تەجرىبىسىنى كېڭەيتتى.

1976 - يىلدىن كېيىن، ئەتىياز پەسىللىك ئاشلىق ساقلاش پائالىيىتى ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىگە ئايلاندى، ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتى ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ تەلىپى بويىچە، ئەتىياز پەسلىدە ئاشلىق ساقلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى دەرىجىمۇ دەرىجە قۇرۇلۇپ، ئۆز رايونى، ئۆز ئورنىنىڭ ئەتىياز پەسىللىك ئاشلىق، ياغلىق دانىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىنىپ، «ئامبار بولغانلىكى يەرگە چوقۇم بېرىش، ئاشلىق بولسىلا چوقۇم تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈشتە چوقۇم ئۈزۈل - كېسىل بولۇش، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن بىر تەرەپ قىلىش» پرىنسىپى بويىچە خىزمەتلەر قانات يايدۇرۇلدى. مەسىلە ئېغىر بولغان جايلارغا يەنە ئاشلىق ساقلاش تېخنىك خادىملىرى نۇقتىدا تۇرۇشقا ئەۋەتىلىپ، بىر تەرەپ قىلىشقا ياردەم بېرىلدى. 1978 - يىلدىن كېيىن، قاتناش شارائىتىنىڭ

ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئەتىياز پەسىللىك ئاشلىق ساقلاشنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە ئامبار بولغانلىكى يەرگە چوقۇم بېرىش تەلىپى ئەمەلگە ئېشىشقا باشلىدى. 80 ـ يىللاردا بېزىلاردا ئائىلىنى بىرلىك قىلغان ئىشلەپچىقىرىش ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت ئاشلىق، ياغلىق دان ئامبارلىرى زور ھەجىمدە كۆپەيدى، بېزىلاردىكى ساقلانغان ئاشلىقتا دېھقان ئائىلىلىرى ئاساس قىلىنىپ، ئەتىياز پەسىللىك ئاشلىق ساقلاشتا دۆلەت ئامبارلىرىلا تەكشۈرۈلۈپ، بېزىلاردىكى ئاشلىق، ياغلىق دان تەكشۈرۈلمىدى. 1986 ـ يىلى ئەتىياز پەسلىدە، سودا مىنىستىرلىكىنىڭ «مەملىكەت بويىچە ئاشلىق، ياغنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»غا ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى سالدۇ ئاشلىق، ياغ مىقدارى كۆپ بولغان 6 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى 24 ناھىيە، شەھەرگە ئىككى خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى، بۇ خىزمەت گۇرۇپپىلىرى 76 ئاشلىق، ياغ ئامبىرى، پونكىتى ۋە 18 ئىجارىگە ئېلىنغان خۇسۇسىي ئامبار ھەم خەلق دۆلەتكە ۋاكالىتەن ساقلاش نۇقتىسىنى نۇقتىلىق تەكشۈردى؛ ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى (باشقارمىلىرى) 86 ئادەمنى ئاجرىتىپ، 20 خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئۆزىگە تەۋە ناھىيە، شەھەرلەردىكى 658 ئاشلىق، ياغ ئامبىرى، پونكىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىلى ۋىلايىتىدىكى ئاشلىق تارماقلىرى 410 نەپچە ئادەم (قېتىم) نى تەشكىللەپ، 8 ناھىيىدىكى 132 ئاشلىق، ياغ ئامبار، پونكىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈردى. تارباغاتاي ۋىلايەتلىك، سانجى ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىلىرى يەنە ھەر قايسى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ تەكشۈرۈشكە تەشكىللىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلگەن ئاشلىق، ياغلىق دان 1 مىليارد 573 مىليون كىلوگرامغا يەتتى، ھەر خىل تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىنغان نەملىكى يۇقىرى ئاشلىق، ھاشارات چۈشكەن ئاشلىق 178 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلگەن ئاشلىق ئومۇمىي مىقدارىنىڭ %11.32نى ئىگىلىدى.

1987 ـ يىلى كۈزدە، شىمالىي شىنجاڭ رايونىنىڭ كىلىماتى نورمالسىز بولۇپ، يامغۇر ـ قار كۆپ ياغدى، ھوسۇل يىغقاندا كۆممىغوناقنىڭ نەملىكى يۇقىرى بولۇپ، ساقلاش قىيىنغا توختىدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ۋە 29 ـ كۈنى ئىككى قېتىم تېلېگرامما ئارقىلىق «ئاشلىق، ياغ ساقلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا جىددىي ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. 12 ـ ئاينىڭ بېشىدا (ئۆتكەن يىللاردىكىدىن ئۈچ ئاي ئىلگىرى)، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ۋە ئالاقىدار ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىدا ئاشلىق ساقلاش ئىشخانىسى قۇرۇلدى، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئىدارە باشلىقى، باشقارما باشلىقلىرىدىن تەركىب تاپقان ئۈچ خىزمەت گۇرۇپپىسىنى تەشكىللەپ، ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا ئاشلىق ساقلاش خىزمىتىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىشقا ئەۋەتتى. كېيىنكى يىلى 1 ـ ئايدا، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى مۇڭ رۇگۇ خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ سانجى، بورتالا، شىخەنزە، ئىلىدىن ئىبارەت 4 ۋىلايەت، ئوبلاستقا بېرىپ ئاشلىق ساقلاش خىزمىتىنى تەكشۈردى. ئالتاي، ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكوملارنىڭ شۇجىلىرى كۆپ قېتىم ئاساسىي قاتلام ئاشلىق پونكىتلىرىغا بېرىپ، ئاشلىق ساقلاش خىزمىتىنى تەكشۈردى. قورغاس ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لو سىگۇڭ ئاشلىق پونكىتىدا ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇپ، ئاپتوموبىللارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىپ، قۇرۇتۇش مۇنارىسىنىڭ نورمال ھەرىكىتىگە كاپالەتلىك قىلدى. غۇلجا ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئاشلىق ساقلاش ئىشخانىسىغا كېچە ـ كۈندۈز دېجورنىلىق قىلىشقا ئادەم قويۇپ، مەخسۇس تېلېفون ئورناتتى. بۇ ئىشخانا باھار بايرىمى مەزگىلىدىمۇ ئارام ئالمىدى. بۇ قېتىمقى ئەتىياز پەسىللىك ئاشلىق ساقلاش خىزمىتى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ئارقىسىدا ئېلىپ بېرىلدى، شىمالىي شىنجاڭ رايونىدىكى ئاشلىق تارماقلىرى 234 ئادەم (قېتىم) نى ئاجرىتىپ، ئاشلىق ساقلاشنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشكە قاتناشتۇرغاندىن باشقا، ھەر مىللەت ئاشلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى بۇ ئىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلاندى.

قۇرۇتۇش، يېيىتىش، ھاۋا ئۆتۈشتۈرۈش، يۆتكەش (تارقاقلاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىش) قاتارلىق چارىلار ئارقىلىق، نەملىكى يۇقىرى كۆمىقوناق خەتەردىن قۇتۇلۇپ، ئېغىر دەرىجىدە ئاشلىق كۆكىرىپ قېلىش ئەھۋالى سادىر بولمىدى. ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى 1988 - يىل 9 - ئايدا غۇلجا ناھىيىسىدە ئاپەتكە قارشى تۇرۇپ ئاشلىق ساقلاش بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، غۇلجا ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى قاتارلىق 8 ئىلغار گورۇپپا ۋە ئىلى ۋىلايەتلىك ئاشلىق باشقارمىسىدىكى خۇاڭ يىڭلىن قاتارلىق 11 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى ۋە مۇكاپاتلىدى.

1988 - يىلدىن 1990 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، ھەر يىلى ئىمتىياز پەسىللىك ئاشلىق ساقلاشنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرگەندە، يەنە ئىلمىي ئۇسۇلدا ئاشلىق ساقلاش سەۋىيىسى ۋە ساقلاش قائىدە - تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلۈپ، ئىمتىياز پەسىللىك ئاشلىق ساقلاش خىزمىتى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلدى. بۇ ئۈچ يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 2144 ئادەم (قېتىم) ئىمتىياز پەسىللىك ئاشلىق، ياغنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قاتناشتى، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلگەن ئاشلىق، ياغ جەمئىي 4 مىليارد 363 مىليون كىلوگرامغا، تەكشۈرۈپ چىقىلغان مەسىلە بار ئاشلىق، ياغلىق دان 383 مىليون كىلوگرامغا يەتتى، ئۆز ۋاقتىدا ئامبارنى يەڭگۈشلەش، قۇرۇتۇش قاتارلىق كۆپ خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق، ئاشلىق، ياغلىق داننىڭ بىخەتەر ساقلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

## 3) ئامباردىكى ئاشلىقنىڭ تېمپېراتۇرىسى ۋە نەملىكىنى تۆۋەنلىتىش

ئاشلىق، ياغلىق داننىڭ ساقلىنىش مەزگىلىدىكى تېمپېراتۇرىسى ۋە نەملىكىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى — ئۇنىڭ ساقلىنىش مەزگىلىدە سۈپىتىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسلىق ئامىل. شىنجاڭ تىپىك چوڭ قۇرۇقلۇق كىلىماتىغا تەۋە بولۇپ، ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاز، كىلىماتى قۇرغاق، قىش پەسلى سوغۇق، شۇڭا ئاشلىق، ياغلىق داننى بىخەتەر ساقلاشقا پايدىلىق. لېكىن، شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، كىلىمات پەرقى چوڭ، بولۇپمۇ شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا يۇقىرى مەھسۇلاتلىق كۈزلۈك ئاشلىق سورتى كېچىكىپ تېرىلىدىغانلىقتىن، ھوسۇل ئېلىش مەزگىلى كېچىكىپ كېتىپ، نەملىكى يۇقىرىلاپ، قىرو چۈشۈش مەزگىلى مۇددەتتىن بۇرۇن يېتىپ كەلگەنلىكتىن ياكى يامغۇر - قار كۆپرەك ياغقان يىللاردا، كۈزلۈك ئاشلىقنىڭ پىشىش دەرىجىسى ناچارلىشىپ، نەملىكى تېخىمۇ يۇقىرىلاپ كەتكەنلىكتىن، بىخەتەر ساقلاشقا ناھايىتى زور قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا، ئاشلىق، ياغلىق داننى ساقلاشتا تېمپېراتۇرا، نەملىكنى مۇۋاپىق چۈشۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم مەسىلىگە ئايلاندى. 40 يىلدىن بۇيان قوللىنىلغان تېمپېراتۇرا، نەملىكنى چۈشۈرۈش تەدبىرلىرى ئاساسەن تۆۋەندىكىچە:

(1) ئاپتاپقا سېلىش، توڭلىتىش، ئۇرۇش 50 - يىللاردىن 60 - يىللارنىڭ بېشىغىچە، شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا يەر كۆپ، ئادەم ئاز بولغانلىقتىن، بۇغداي ھوسۇلىنى يىغىشتا ئاساسلىقى ئادەم كۈچىگە تايىنىلاتتى، زەربىدارلىق بىلەن يىغىۋالغىنى بىلەن خامان تېپىشكە ئۈلگۈرەلمەي، دائىم قىشتا خامان تېپىشكە ئادەتلىنىپ قالغانىدى، بۇنىڭ بىلەن غەللە - پاراق ئېلىنغان ۋە سېتىۋېلىنغان بۇغداي نەملىكىنىڭ يۇقىرى بولۇپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بەزى كېيىنرەك پىشىدىغان كۆممىقوناق، ئاق قوناقلارنىڭ نەملىكىمۇ يۇقىرى بولۇپ كېتەتتى. بۇ خىل نەملىكى يۇقىرى ئاشلىقنىڭ نەملىكىنى تۆۋەنلىتىشتە، قىش پەسلىدە يېيىپ، توڭلىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلاتتى، ياز پەسلىدە ئاپتاپقا سېلىپ، قۇرۇتۇش ئۇسۇلى قوللىنىپ بىر تەرەپ قىلىناتتى. ئاشلىق قىزىپ كەتسە ئامبار يۆتكىلىپ، ئاشلىق ئۆرۈلۈپ، تېمپېراتۇرا تۆۋەنلىتىلەتتى. 1951 - يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى ناھىيىسى، گۇما ناھىيىسىدىكى ئاشلىق ئامبارلىرىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ساقلانغان ئاشلىق قىزىپ كۆكىرىپ قېلىش ئەھۋالى كۆرۈلدى. شۇڭا، ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، جايلاردىكى ئاشلىق ئامبارلىرىدىن بارلىق كۈچنى سەپەرۋەر قىلىپ، قىزىپ كەتكەن ساقلانغان ئاشلىقنى ئۆرۈپ

تېمپېراتۇرىنى تۆۋەنلىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. 1954 - يىلى ئۆلكىلىك ئاشلىق نازارىتى جايلاردىن نەملىكى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن خەتەرلىك ئاشلىقنى ئۆرۈش، تاسقاش، ئاپتاپقا يېيىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. 1956 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە، ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرى ئامبارنى يۆتكەش، ئۆرۈپ دۆۋىلەش، ئاپتاپقا سېلىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ خەتەرلىك ئاشلىق، ياغلىق داندىن جەمئىي 200 مىليون كىلوگرامنى بىر تەرەپ قىلدى. 1959 - يىل 1 - ئايدا، غۇلجا شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى كۆممىقوناقنى توڭلىتىپ شامالدىتىپ نەملىكىنى تۆۋەنلىتىش تەجرىبىسىنى ئىشلەپ، نەملىكى %18.1 بولغان كۆممىقوناقنى ئامبار سىرتىدىكى بىرىزېنت ئۈستىگە نېپىز قىلىپ يېيىپ، ھەر ئىككى سائەتتە بىر قېتىم ئۆرۈپ دۆۋىلەپ، كېچىسى قىرو چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ بورا بىلەن يېپىپ قويىدۇ، تېمپېراتۇرا 8℃ تىن 10℃ قىچە بولغان ئەھۋالدا 7 كۈن توڭلىتىپ شامالدىتىپ، نەملىكىنى %14.6 كە تۆۋەنلەتتى. 1960 - يىلدىن 1963 - يىلغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە توڭلىتىش، شامالدىتىش، ئۆرۈش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلىپ تېمپېراتۇرا، نەملىك تۆۋەنلىتىلىپ بىر تەرەپ قىلىنغان خەتەرلىك ئاشلىق، ياغلىق دان 301 مىليون كىلوگرامغا يەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئاشلىق تارماقلىرى يەنە ئىقتىسادىي تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى ۋە دېھقانلارنى تەدبىر قوللىنىپ، دۆلەتكە نەملىكى تۆۋەن بولغان ئاشلىق، ياغلىق داننى سېتىپ بېرىشكە يېتەكلىدى، بۇمۇ نەملىكنى تۆۋەنلىتىشتىكى مۇھىم يولنىڭ بىرى بولدى. 1965 - يىلى، ئەرەب بىرلەشمە جۇمھۇرىيىتى (ھازىرقى مىسىر) گە كۆممىقوناق ئېكسپورت قىلىشقا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئومۇمەن نەملىكى %14 كە تۆۋەنلىتىلگەن ھەر بىر كىلوگرام كۆممىقوناق باھاسىغا سىرتتىن 4 لى پۇل قوشۇپ بېرىش بەلگىلەندى. بۇ چارىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويغان شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 7 - شى، يېزا ئىگىلىك 8 - شىلىرىدىكى تۇەن - مەيدانلار ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا كۆممىقوناقنى سېتىشتىن ئىلگىرى شامالدىتىپ، ئېكسپورت قىلىدىغان كۆممىقوناقنىڭ سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. 1979 - يىلى كۆممىقوناقنى سېتىۋېلىشقا قارىتا ئۆلچەم بويىچە ھېسابلاپ، نەملىكى ئۆلچەمدىن %1 يۇقىرى بولسا، باھانى %2 تۆۋەنلىتىش؛ ئۆلچەمدىن %1 تۆۋەن بولسا، باھانى %2 ئاشۇرۇش چارىسى يولغا قويۇلدى، بۇ ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى ۋە دېھقانلارنىڭ سېتىپ بېرىلىدىغان كۆممىقوناقنىڭ نەملىكىنى ئۆزلۈكىدىن تۆۋەنلىتىشىدە ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى.

1977 - يىل 9 - ئايدا كۈنەس ناھىيىسى 1312 مو كۆممىقوناق يېرىدە شاختا تۇرغۇزۇپ پوستىنى سويۇپ نەملىكىنى تۆۋەنلىتىش تەجرىبىسى ئېلىپ باردى. بۇنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى مۇنداق بولدى: كۆممىقوناق يىغىلىشتىن 10 — 15 كۈن ئىلگىرى، كۆممىقوناق باشاقلىرىنىڭ پوستى سويۇۋېتىلىپ، كۆممىقوناقنىڭ دېنىغا بىۋاسىتە كۈن نۇرى چۈشۈرۈپ پىشۇرۇلدى. تەجرىبە قىلىنغاندىن كېيىن يىغىۋېلىنغان كۆممىقوناقنىڭ ئوتتۇرىچە نەملىكى %19 بولۇپ، نورمال پىشقان كۆممىقوناقنىڭ نەملىكىگە قارىغاندا 7 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى. 1978 - يىلى بۇ ناھىيىدە كۆممىقوناقنى شېخىدا تۇرغۇزۇپ پوستىنى سويۇپ نەملىكىنى تۆۋەنلىتىش كۆلىمى 8300 موغا كۆپەيدى، نەملىكىنى تۆۋەنلىتىش ئۈنۈمىمۇ بىر قەدەر روشەن بولدى. لېكىن كۆممىقوناقنى يىغىش پەسلىدە ئەمگەك كۈچى جىددىي بولۇشقا ئوخشاش سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ تەجرىبىنىڭ نەتىجىسى ئايرىم ناھىيىلەردە كىچىك كۆلەمدە كېڭەيتىلگەندىن باشقا، تېخىمۇ زور دائىرىدە كېڭەيتىلمىدى.

70 - يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە، مېخانىك قۇرۇتۇش، ھاۋا ئۆتۈشتۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ كېڭەيتىلىپ قوللىنىلىشىغا ئەگىشىپ، ئېلېكتر كۈچى بولمىغان چەت - يىراق جايلاردىن باشقا جايلاردا، ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇش، توڭلىتىش، ئۆرۈش پەيدىنپەي تېمپېراتۇرا، نەملىكنى تۆۋەنلىتىشنىڭ قوشۇمچە ئۇسۇلىغا ئايلىنىپ قالدى.

**(2) تەبىئىي ھاۋا ئۆتۈشتۈرۈپ نەملىكنى تۆۋەنلىتىش** 60 - يىللارنىڭ دەسلەپىدە، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېتىشتۈرگەن قوش شالغۇتلاشتۇرۇلغان كۆممىقوناق يېڭى سورتى

شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئومۇمىيۈزلۈك كېڭەيتىلدى. بۇ سورتنىڭ ئالاھىدىلىكى دېنى چوڭ، مەھسۇلات مىقدارى يۇقىرى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتىنى ئۆستۈرۈشتە بۆسۈش خاراكتېرلىك رول ئوينىدى، لېكىن ئۆسۈش مەزگىلى ئۇزۇن، پىشىش مەزگىلى كېيىن، ئەملىكى يۇقىرى بولغانلىقتىن، گۈنى ساقلاشقا پايدىسىز ئامىللارنى ئېلىپ كەلدى. مېخانىك قۇرۇتۇش مۇئەسسەسەلىرى كەم بولغان شارائىتتا، ئەملىكى يۇقىرى كۆممىقوناق باشاقلىرىنى زەرەبدارلىق بىلەن دېنىنى ئايرىپ ئامبارغا كىرگۈزگەندە كۆكىرىپ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كېتىش ساۋىقىنى قوبۇل قىلىشقا توغرا كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن كۆممىقوناق ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلار پەيدىنپەي كۆممىقوناقنى باشاق پېتى دۆۋىلەپ ساقلاپ، تەبىئىي ھاۋا ئۆتۈشتۈرۈپ ئەملىكنى تۆۋەنلىتىش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقتى. 1965 - يىلى، توققۇزتارا ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئالدى بىلەن چوڭ لاپاستىن 8نى ياساپ، ھەر بىر لاپاسقا كۆممىقوناق باشاقلىرىدىن 70 مىڭ كىلوگرامدىن 100 مىڭ كىلوگرامغىچە دۆۋىلىدى، كۈنەس، قورغاس، غۇلجا قاتارلىق ناھىيىلەردىكى ئاشلىق تارماقلىرىمۇ ئارقا-ئارقىدىن چوڭ، قومۇش لاپاس ۋە چوڭچىسمان ئامباردىن پايدىلىنىپ، كۆممىقوناقنى باشاق پېتى ساقلىدى. شىمالىي شىنجاڭدىكى ئاساسلىق كۆممىقوناق ئىشلەپچىقىرىدىغان ناھىيىلەردىكى ئاشلىق تارماقلىرى يەنە ھازىرچە دۆلەت ئامبىرىغا كىرگۈزۈلمىگەن ئەملىكى يۇقىرى كۆممىقوناقنىڭ مىقدارىنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى بىلەن توختام ئىمزالاپ، بىر قىسىم ساقلاش ھەققىنى ئالدىن تۆلەپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ باشاق پېتى ۋاكالىتەن ساقلىشىغا ھاۋالە قىلدى. 1970 - يىلى، شىمالىي شىنجاڭ رايونىدىكى كۆممىقوناق مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىش ھەجمى بىر قەدەر زور بولۇپ، ۋاكالىتەن ساقلاشقا ھاۋالە قىلىنىدىغان مىقدارى كۆپەيدى، ساقلاش ئۇسۇلى قېلىپلاشمىغانلىقى، بىر قەدەر كۆپ مەسىلىلەر ساقلانغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى دۆلەت ئۈچۈن ۋاكالىتەن ساقلاپ بېرىشنى خالىمىدى. 1971 - يىلى 3 - ئايدا، ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئاشلىق ئىدارىسى قورغاس ناھىيىسىدە كۆممىقوناقنى ئوچۇقچىلىقتا باشاق پېتى ساقلاش تەجرىبىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە خۇلاسىلىدى، 9 - ئايدا يەنە شىخو ناھىيىسىدە 8 ۋىلايەت، ئوبلاست، 14 ناھىيە ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ۋەكىللىرى قاتناشقان يىغىن چاقىرىپ، كۆممىقوناقنى ئوچۇقچىلىقتا باشاق پېتى ساقلاش تەجرىبىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ خۇلاسىلەپ كېڭەيتتى، كۆممىقوناقنى باشاق پېتى ئوچۇقچىلىقتا دۆۋىلەشتە، تاللاش، ئاپتاپقا سېلىش، دۆۋىلەشتىن ئىبارەت ئۈچ ئۆتكەلنى ياخشى ئىگىلەش، دۆۋىنىڭ كەڭلىكى ئادەتتە 1.5 مېتىردىن ئېشىپ كەتمەسلىك تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، يەنە دۆۋىنىڭ ئاستىغا سېلىنچا سېلىش، دۆۋىنىڭ ئۈستىنى ياخشى يېپىش، ئۈستىدىن سۇ ئۆتمەيدىغان، ئاستى نەملىشىپ كەتمەيدىغان بولۇشنى تەلەپ قىلدى. يىغىندىن كېيىن، جايلار يىغىننىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، باشاقلىق كۆممىقوناقنى ئىمكانقەدەر كۆپرەك سېتىۋېلىپ، ئۆزى ساقلاپ، كۆممىقوناقنى ئوچۇقچىلىقتا باشاق پېتى ساقلاشنى ئەملىكى يۇقىرى كۆممىقوناقنىڭ ئەملىكىنى تۆۋەنلىتىشنىڭ مۇھىم ئۇسۇللىرىدىن بىرىگە ئايلاندۇردى. ئەمەلىيەت بۇ خىل تەبىئىي ھاۋا ئۆتۈشتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئەملىكى تۆۋەنلىتىلگەن كۆممىقوناقنىڭ يەرلىك ئۇسۇل قوللىنىلىپ قۇرۇتۇلغان ياكى مېخانىك قۇرۇتۇلغان كۆممىقوناققا قارىغاندا ئەسلىدىكى خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ قېلىشقا تېخىمۇ پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى، ئۇزاققىچە ساقلاشقا تېخىمۇ پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. شىمالىي شىنجاڭدىكى كۆممىقوناق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئاساسلىق ناھىيىلەردىكى ئاشلىق پونكىتلىرى دائىملىق كۆممىقوناقنى ئوچۇقچىلىقتا باشاق پېتى ساقلاش دۆۋىلىرىنى پائال ياساپ چىقتى، ھەر بىر دۆۋىنىڭ ئېگىزلىكى ئادەتتە 0.5 مېتىر، كەڭلىكى 1.2 — 1.5 مېتىرغىچە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى چەكلەنمىدى.

80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، يۇگوسلاۋىيىدىن كىرگۈزۈلگەن «SC — 704» كۆممىقونىقى قوش شالغۇتلاشتۇرۇلغان كۆممىقوناققا قارىغاندا تېخىمۇ يۇقىرى ھوسۇل بېرىدىغان، تېخىمۇ يېڭى سورت سۈپىتىدە شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا كەڭ كۆلەمدە كېڭەيتىلدى، بۇ خىل كۆممىقوناقنى پىشىش مەزگىلى كېيىن ۋە

نەملىكى تېخىمۇ يۇقىرى بولسىمۇ، لېكىن جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرى كۆممىقوناقنى ئوچۇقچىلىقتا باشاق پېتى ساقلاش تەجرىبىسىنى توپلىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرخىل قۇرۇتۇش مۇئەسسەسەلىرى كۆپەيگەنلىكتىن، نەملىكى يۇقىرى كۆممىقوناقنىڭ نەملىكىنى تۆۋەنلىتىش مەسىلىسى بىر قەدەر ياخشى ھەل قىلىندى. 1987 ـ يىلى كۆممىقوناقتىن مول ھوسۇل ئېلىندى، شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا كۆممىقوناقنى يىغىش پەسلىدە قار ئارىلاش يامغۇر ياغقانلىقتىن، كۆممىقوناقنىڭ نەملىكى يۇقىرىلاپ %40تىن ئېشىپ كەتتى، ئىلى، سانجى، تارباغاتاي، بورتالا قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرى كۆممىقوناقنى ئوچۇقچىلىقتا باشاق پېتى دۆۋىلەپ ساقلاشنى پائال كېڭەيتتى، مۇشۇنداق ساقلانغان كۆممىقوناقنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 112 مىليون كىلوگرامغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ 75 مىليون كىلوگرامغا يەتتى. 1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، كۆممىقوناقنى ئوچۇقچىلىقتا باشاق پېتى دۆۋىلەپ ساقلاش يەنىلا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا نەملىكى يۇقىرى كۆممىقوناقنى ساقلاشنىڭ ئاساسىي شەكلى بولۇپ قالدى.

(3) **ماشىنىلىق قۇرۇتۇش** 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۆتكىلىشچان كوزباس قۇرۇتۇش ماشىنىسىدىن 9ى كىرگۈزۈلۈپ، ئۈرۈمچى، غۇلجا، سانجى قاتارلىق جايلاردا يۆتكەپ ئىشلىتىلدى. بۇ ماشىنىنىڭ كۈندىلىك قۇرۇتۇش ئىقتىدارى 9 توننا بولۇپ، ۋاقىتلىق جىددىي ئېھتىياجغا تاقابىل تۇرغىلى بولاتتى. 1958ـ يىلى غۇلجا شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئامبىرى بىرىنچى ماشىنىلاشقان قول بىلەن چۆرۈيدىغان قۇرۇتۇش ماشىنىسىنى ياساپ، نەملىكى يۇقىرى كۆممىقوناقنى قۇرۇتتى، ئىلى، تارباغاتاي، سانجى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى بەزى ئاشلىق پونكىتلىرىمۇ ناھايىتى تېزلىكتە تەقلىد قىلىپ ياساپ پايدىلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمگەك سىجىللىقى زور، قۇرۇتۇش ئىقتىدارى تۆۋەن بولغانلىقتىن، ئومۇمىيۈزلۈك كېڭەيتىلمىدى. 1962 ـ يىلدىن كېيىن، شىمالىي شىنجاڭ رايونىدىكى كۆممىقوناق مەھسۇلاتى ناھايىتى تېز ئاشتى، سېتىۋېلىنغان كۆممىقوناقنىڭ نەملىكى يۇقىرى بولغاچقا ساقلاش قىيىن بولدى. ئۈرۈمچى «1 ـ ئاۋغۇست» ئون زاۋۇتى قوبۇل قىلغان شىمالىي شىنجاڭدىن يۆتكەپ كىرگۈزۈلگەن زور مىقداردىكى نەملىكى يۇقىرى كۆممىقوناقنىڭ نەملىكى ئادەتتە %18، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا %28كە يەتتى، ھەر سائەتتە 2 توننا قۇرۇتىدىغان كىچىك تىپتىكى مۇنارسىمان قۇرۇتۇش ماشىنىسى ۋە كوزباس قۇرۇتۇش ماشىنىسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ قۇرۇتۇلغاندىن باشقا، زور مىقداردا ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ سەرپ قىلىپ ۋاقىتلىق يەرلىك قۇرۇتۇش كېڭى سېلىپ كۆممىقوناقنى قۇرۇتۇشقا توغرا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كۆممىقوناق ئىشلەپچىقىرىدىغان جايلاردىكى ئاساسىي قاتلام ئاشلىق تارماقلىرىمۇ يەرلىك قۇرۇتۇش كېڭىدىن پايدىلىنىپ كۆممىقوناقنى قۇرۇتۇپ، نەملىكى يۇقىرى كۆممىقوناقنىڭ يۆتكىلىشىنى ئىمكانقەدەر ئازايتتى. 1964 ـ يىلى ئۈرۈمچى «1 ـ ئاۋغۇست» ئون زاۋۇتى كۈنىگە 400 توننا قۇرۇتىدىغان مۇنارسىمان قۇرۇتۇش ماشىنىسىنى ئورنىتىپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەسلىدىكى كىچىك قۇرۇتۇش مۇنارىنى ياخشىلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى مۇنارنىڭ كۈندىلىك قۇرۇتۇش ئومۇمىي ئىقتىدارى ئازكەم 500 توننىغا يېتىپ، يۆتكەپ كىرگۈزۈلگەن كۆممىقوناقنى قۇرۇتۇش مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىندى. 1965ـ يىلى، غۇلجا، قورغاس، كۈنەس، شىخو، قۇتۇبىدا كۈندىلىك قۇرۇتۇش ئىقتىدارى 60 توننىدىن 120 تونىغىچە بولغان كىچىك تىپتىكى مۇنارسىمان قۇرۇتۇش ماشىنىسى ئورنىتىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىنىڭ نەملىكى يۇقىرى قىسمەن كۆممىقوناقنى قۇرۇتۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. 1970 ـ يىلى كۆممىقوناقتىن مول ھوسۇل ئېلىنىپ، قۇرۇتۇش مۇئەسسەسەلىرى ئېھتىياجنى قاندۇرالماي قالدى، ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت سودا ئىدارىسى ئاشخىيدە ئىشلەنگەن كىچىك تىپتىكى موسپېنزىيلىك ھاۋا ئېقىمى قۇرۇتۇش ماشىنىسى چېرتيوژىنى كىرگۈزدى، سانجى ئوبلاستلىق ئاشلىق ماشىنىسازلىق زاۋۇتى ئەۋرىشكە ماشىنىسىنى ئىشلەپچىقارغاندىن كېيىن، سانجى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىسكىلاتى ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىسى ئېلىپ باردى، بۇ ماشىنىنىڭ نەملىكنى تۆۋەنلىتىش ئىقتىدارى ناچار ۋە چىچىلىپ كېتىش، تۆكۈلۈپ كېتىش،

سۈرئىتى ئاستا بولۇش، دان ئاسان يېرىلىپ كۆيۈپ كېتىدىغان بولغاچقا، ئۇنى ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىشكە مۇمكىن بولمىدى. 1971 - يىلى باھار بايرىمىدا، شىخو ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ئۆزلىرى بىۋاسىتە تۇتۇپ، بازار - يېزىلاردىكى 13 مىڭ ئادەمنى سەپەرۋەر قىلىپ، يەرلىك قۇرۇتۇش كېڭىدىن پايدىلىنىپ كۆممىقوناقنى قۇرۇتتى ياكى يول، مەيدانلاردا كۆممىقوناقنى ئاپتاپقا سېلىپ، نەملىكى يۇقىرى كۆممىقوناقنى خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. 1976 - يىلى، قاراماي شەھىرى كۈنىگە 200 توننا قۇرۇتىدىغان ھاۋا ئېقىمى قۇرۇتۇش مۇنارىسىنى ئورنىتىپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈپ، يۆتكەپ كىرگۈزۈلگەن نەملىكى يۇقىرى كۆممىقوناقنىڭ نەملىكىنى تۆۋەنلىتىش مەسىلىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە ھەل قىلىپ، ساقلاش بېسىمىنى پەسەيتتى. ئاپتونوم رايون شۇ يىلدىن باشلاپ، جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆگىنىپ، كۆممىقوناق مەركەزلىك ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رايونلاردا خىش بىلەن قوپۇرۇلغان ئېقىتما ئوقۇرلۇق قۇرۇتۇش ماشىنىسىنى ئومۇملاشتۇردى. 1983 - يىلغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي ئېقىتما ئوقۇرلۇق قۇرۇتۇش ماشىنىسىدىن 43ى ياسىلىپ، كۈندىلىك قۇرۇتۇش ئىقتىدارى 3300 توننىغا يەتتى. ساۋەن، گۇچۇڭ ناھىيە بازارلىرىدىكى ئاشلىق ئىسكىلاتلىرى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئېقىتما ئوقۇرلۇق قۇرۇتۇش ماشىنىسىنى قوش قەۋەتلىك ۋە ئۈچ قەۋەتلىك قىلىپ ئۆزگەرتىپ، ھەر كۈنى نەملىكى يۇقىرى كۆممىقوناقتىن 100 نەچچە توننا قۇرۇتۇپ، نەملىكنى 9% تۆۋەنلەتتى. 1978 - يىلى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىلا قۇرۇتۇش مۇنارىسىدىن پايدىلىنىپ، يۆتكەپ كىرگۈزۈلگەن نەملىكى يۇقىرى كۆممىقوناقتىن 41 مىليون 390 مىڭ كىلوگرام قۇرۇتۇلدى. 1982 - يىلى، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ قورغاس ناھىيىسىدىكى لوسىگوڭ ئاشلىق پونكىتى سائىتىگە 15 توننا كۆممىقوناق قۇرۇتىدىغان چوڭ تىپتىكى قۇرۇتۇش مۇنارىسىنى ياساپ، ئىلى ۋىلايىتىدە كۆممىقوناقنىڭ نەملىكىنى تۆۋەنلىتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىدى. 1987 - يىلى قىش پەسلىدە، شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئېلىنغان كۆممىقوناقنىڭ نەملىكى ئومۇمەن 27%تىن 35%كىچە بولدى، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 40%تىن ئارتۇق بولدى، جايلار باشاق دۆۋىلىرىنى پاكال كېڭەيتكەندىن باشقا، بارلىق قۇرۇتۇش مۇئەسسەسەلىرىنى ئىشقا سېلىپ كۆممىقوناقنى قۇرۇتتى. ئىلى ۋىلايىتىدىلا كۆممىقوناقتىن 55 مىليون كىلوگرام قۇرۇتۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە لوسىگوڭ ئاشلىق پونكىتى قۇرۇتۇش مۇنارىدا كۆممىقوناقتىن 25 مىليون كىلوگرام قۇرۇتۇلدى. كۆممىقوناقنىڭ نەملىكىنى تۆۋەنلىتىش مەسىلىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ھەل قىلىش ئۈچۈن، 1988 - يىلى يەنە ئۈرۈمچى شەھىرى، غۇلجا شەھىرى، غۇلجا ناھىيىسى، شىخو ناھىيىسىدە چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى قۇرۇتۇش مۇنارىسىدىن 4ى سېلىندى، جىمسار، قۇتۇبى، بۆرۈلتوقاي، بورتالا، باي، موڭغۇلكۈرە، ساۋەن، جىڭ قاتارلىق ناھىيە (شەھەر)لەردە كىچىك تىپتىكى قۇرۇتۇش مۇنارىدىن 11ى سېلىنىپ، كۈندىلىك قۇرۇتۇش ئىقتىدارىدىن جەمئىي 2000 توننا كۆپەيتىلدى، مېخانىك قۇرۇتۇش نەملىكى يۇقىرى كۆممىقوناقنىڭ نەملىكىنى تۆۋەنلىتىشنىڭ ئاساسىي يولىغا ئايلاندى.

(4) مېخانىكىلىق ھاۋا ئۆتتۈشتۈرۈش 1977 - يىلى ئۈرۈمچى، ئىلى، سانجى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ئاشلىق ئامبارلىرى كۆپ تۆرۈبىلىق شامالدۇرغۇچ كىرگۈزۈپ، قىسمەن قىزىپ كەتكەن ئاشلىقنىڭ تېمپېراتۇرىسى ۋە نەملىكىنى تۆۋەنلىتىشكە ئىشلەتتى. تۇرپان ناھىيىلىك ئاشلىق ئىسكىلاتى شامالدۇرغۇچنى ئىشلىتىپ ئوچۇقچىلىقتا ساقلانغان نەملىكى يۇقىرى ئاق قوناقنى مېخانىكىلىق يول بىلەن شامالداتتى، ھەر ئايدا 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 4 سائەت شامالدىتىپ، قىش پەسلىدە ئاشلىق دۆۋىسى تېمپېراتۇرىسىنىڭ ھاۋا تېمپېراتۇرىسى بىلەن بىردەك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى ھەمدە نەملىكنى تۆۋەنلەتتى، بىر قىشتا، ئاق قوناقنىڭ نەملىكىنى 17.3%تىن 12.4%كە تۆۋەنلەتتى. 1978 - يىلى، توققۇزتارا ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى سېمونت يەرگە ھاۋا ئۆتتۈشتۈرۈش يولى ئېچىپ، ئۈستىنى سىم تور بىلەن يېپىپ، نەملىكى يۇقىرى كۆممىقوناقنى 50 سانتىمېتىر قىلىپ دۆۋىلەپ، شامالدۇرغۇچ بىلەن ئوچاقتىكى

ئىسسىق ھاۋانى بىۋاسىتە ئاشلىق دۆۋىسىدىكى ھاۋا ئۆتۈشتۈرۈش يولىغا كىرگۈزۈپ، بىر قېتىمدا نەملىكنى 10% تۆۋەنلەيتتى. 80 ـ يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرى مېخانىكىلىق يول بىلەن ھاۋا ئۆتۈشتۈرۈپ تۆۋەن تېمپېراتۇرا بىلەن ساقلاش تېخنىكىسىنى كېڭەيتتى. سانجى، ئىلى، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىكى ئاشلىق ئامبارلىرى ئامبار ئاستىغا ھاۋا ئۆتۈشتۈرۈش ئېرىقى ئېچىپ، شامالدۇرغۇچ سەپلەپ، قىرەۋلىك ھالدا مېخانىكىلىق شامالدىتىپ، ئامباردىكى ئاشلىق دۆۋىسىنىڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۇزاققىچە ساقلىدى ھەمدە ئاشلىقنىڭ نەملىكىنى تۆۋەنلەتتى. 1984 ـ يىلى، ئاپتونوم رايون بويىچە مېخانىكىلىق ھاۋا ئۆتۈشتۈرۈشكە ئوخشاش ئىلمىي ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق، تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا چۈمكەپ ساقلانغان ئاشلىق 230 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، ئاشلىق، ياغلىق دان ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 14.92%نى ئىگىلىدى.

1987 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، سانجى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى شەھەر ـ بازار ئىسكىلاتى بىلەن ماناس ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئىككىنچى ئاشلىق ئىسكىلاتى كۆممىقوناقنى كۈچلۈك شامالدىتىپ نەملىكىنى تۆۋەنلىتىشنى سىناق قىلدى. بۇنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى مۇنداق: تىك شەكىللىك پولات تۈۋرۈكلۈك، تورلۇق ئامبار ياسىدى. ئۇنىڭ دىئامېتىرى 3 مېتىر، ئېگىزلىكى 7.4 مېتىر بولۇپ، ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، ئوتتۇرىسىغا ھاۋا ئۆتۈش ئېغىزى ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئۇنىڭغا 30 مىڭ كىلوگرام كۆممىقوناقنى قاچىلىغىلى بولىدۇ. مەركەزدىن قاچما شامالدۇرغۇچنى ئىشلىتىپ، ئۇدا 42 سائەت ھاۋا ئۆتۈشتۈرگەندە نەملىك 8% تۆۋەنلەيدۇ. 1989 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ساقلاش ـ يۆتكەش شىركىتى بىر كورپۇس سوۋېت پاسونىدىكى ئامبارنىڭ تاملىرىغا ئىسسىقلىق ئايرىش قاتلىمى قويۇپ، تورۇسقا ئىسسىقتىن ساقلىنىش تاختىيىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئىشىك ـ دېرىزىنى ھىملەپ، دېرىزە شەكلىدىكى ھاۋا تەڭشىگۈچتىن 8نى قۇراشتۇردى، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ بويىچە تۇنجى ھاۋا تەڭشىگۈچلۈك تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق ئامبار بارلىققا كېلىپ، 1 مىليون 300 مىڭ كىلوگرام خالتىلىق گۈرۈچ ساقلاندى، ئامبارنىڭ تېمپېراتۇرىسى دائىم 15℃تىن تۆۋەن بولۇپ، ساقلانغان گۈرۈچنىڭ سۈپىتى ياخشى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئوخشاش مەزگىلدە، سانجى، بايىنغولىن، ئىلى، قەشقەر، قۇمۇل قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى ئاساسىي قاتلام ئاشلىق ئامبارلىرىمۇ ئامبارنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنى تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق ئامبار ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈپ، گۈرۈچ، ئۇن قاتارلىق تەييار ئاشلىقلارنى ساقلىدى. 1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق ئامبارلارنىڭ سىغىمچانلىقى 50 مىليون كىلوگرامغا يەتتى. 1990 ـ يىلى، خوشۇت ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىسكىلاتى ۋە ئۈچ ئاساسىي قاتلام ئاشلىق پونكىتىدا بەش كۈچلۈك مېخانىكىلىق شامال ئۆتكۈزۈش مۇئەسسەسىنى ئورناتتى ھەمدە شامال يولىغا 6000 كىلوۋاتلىق توك سىمى قۇراشتۇرۇپ، شامال يولىنىڭ ھاۋاسىنى ئىسسىتىپ 6℃تىن 8℃قىچە ئۆرلەتتى، تېمپېراتۇرا 0℃تىن تۆۋەن بولسىمۇ شامال ئۆتكۈزۈپ نەملىكىنى تۆۋەنلىتىپ، نەملىكنى تۆۋەنلىتىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى. كۈچلۈك شامال ئۆتكۈزۈپ نەملىكنى تۆۋەنلەتكەندىن كېيىنكى كۆممىقوناقنىڭ سۈپىتى ياخشى، ساقلاشقا ئاسان بولدى. بۇ خىل ئۇسۇل ئاساسىي قاتلام ئاشلىق پونكىتلىرىنىڭ ئىشلىتىشىگە باب كەلدى. يىل ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە كۈچلۈك مېخانىكىلىق شامال ئۆتكۈزۈپ قۇرۇتۇش مۇئەسسەسىدىن 20سى قۇرۇلدى.

### 4) ھىم چۈمكەپ ساقلاش

ئاشلىق، ياغلىق داننى ساقلاش مەزگىلىدە، ئامبار، ئاشلىق دۆۋىلىرى ۋاقتىدا ھىم چۈمكەلسە ئاشلىق دۆۋىلىرى ئىچىدىكى ئوكسىگېن مىقدارىنى تۆۋەنلەتكىلى ھەم ئۇزاق مۇددەت تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا ساقلاپ، ھاشارات، زەمبۇرۇغلارنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلىنىپ، ئاشلىقنى بىخەتەر ساقلاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

50 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە، جايلار ئاشلىقنى تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا ھىم چۈمكەپ ساقلاش

ئۇسۇلىنى كېڭەيتتى. 1959 - يىلى قىش پەسلىدە، چىرا ناھىيىلىك ئاشلىق ئىسكىلاتى 2 مىليون كىلوگرام كۆممىقوناقنى ئامباردىن سىرتقا يۆتكەپ توڭلاتتى، ئاشلىقنىڭ تېمپېراتۇرىسى 0℃ قا چۈشكەندىن كېيىن، رەتلەپ ئامبارغا كىرگۈزۈپ، ئۈستىگە قوم خالتىلىرىنى يېپىپ، ئىشىك - دېرىزىنى ھىملەپ، ئاشلىق دۆۋىسىنى تۆۋەن تېمپېرتۇرىدا بىر يىل ساقلىدى، بۇ جەرياندا كۆكىرىپ كېتىش، ھاشارات چۈشۈش ئەھۋالى كۆرۈلمىدى. بۇ ئامباردا 1960 - يىلى قىش پەسلىدە يەنە تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا ھەم چۈمكەش ئارقىلىق 10 مىليون كىلوگرام كۆممىقوناق ساقلىنىپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. شۇ مەزگىلدە، بەزى ئاساسىي قاتلام ئاشلىق پونكىتلىرى تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا ھەم چۈمكەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ بۇغداي ساقلىدى. 70 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، جايلار قوللانغان چۈمكەش ئۇسۇلى بىر قەدەر ئاددىي بولۇپ، ئادەتتە خىش، كېسەك بىلەن كۆپ ساندىكى ئىشىك - دېرىزىلەر ئېتىۋېتىلىدى ياكى پاختىلىق مەلەڭزە بىلەن ئىشىك - دېرىزىلەر ھەم چۈمكەلدى. ئاز ساندىكى ئورۇنلارلا ئىشىك - دېرىزىنى ھەم چۈمكەش بىلەن بىرگە قوم ياكى باشقا ئاشلىق خالتىلىرى بىلەن ئاشلىقنى يېپىش ئۇسۇلىنىمۇ قوللاندى. 1976 - يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئىسكىلات ئاپتونوم رايوندا تۇنجى قېتىم ئامبارنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىنى، تورۈسىنى ۋە ئاشلىق يۈزىنى سۇلياۋ يوپۇق بىلەن ھەم چۈمكەپ ئاشلىق دۆۋىلىرىنى تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق، تۆۋەن ئوكسىگېنلىق ھالەتكە چۈشۈرۈپ، ئاشلىقنى تۆت يىل بىخەتەر ساقلىدى. شۇ مەزگىلدە قەشقەر، خوتەن، ئىلى قاتارلىق جايلاردىكى ئاشلىق ئامبارلىرى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ بۇغداينى سۇلياۋ يوپۇق بىلەن ھەم چۈمكەپ ساقلاپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

1981 - يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئاشلىق ئىسكىلاتى ئاشلىق دۆۋىسىنىڭ ئالتە تەرىپىنى سۇلياۋ يوپۇق بىلەن چۈمكەپ بۇغداي ساقلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ھاۋا سۈمۈرگۈچ بىلەن ئاشلىق ئىچىدىكى ھاۋانى سۈمۈرۈۋېلىپ، ئازوت گازى قويۇپ بەردى، بۇ زىيانداش ھاشاراتلارنى ئۆلتۈرۈش، زەمبۇرۇغلارنىڭ ئۆسۈشىنى تىزگىنلەش رولىنى ئوينىدى. 1982 - يىلدىن باشلاپ، جايلاردا تۆۋەن تېمپېراتۇرا، تۆۋەن دورا مىقدارى ئارقىلىق ئىلمىي ئاشلىق ساقلاش ئۇسۇلى ئومۇملاشتۇرۇلدى. ئۈرۈمچى، سانجى، قۇمۇل، ئىلى قاتارلىق ۋىلايەت، شەھەرلەردىكى چوڭ، ئوتتۇرا ئاشلىق ئىسكىلاتلىرىدا ئومۇميۈزلۈك ھالدا قىش پەسلىدە ئامبارلارنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىنى ئېچىپ، ئاشلىق دۆۋىلىرىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى تۆۋەنلىتىش، ئەتىياز پەسلىدە ئىشىك - دېرىزە ۋە ئاشلىقنىڭ يۈزىنى سۇلياۋ يوپۇق بىلەن چۈمكەش، ياز پەسلىدە يەنە تۆۋەن مىقداردا ئاليۇمىن فوسفىد بېرىپ، ئاشلىقنىڭ تېمپېراتۇرىسى ۋە دورا مىقدارىنى تۆۋەنلىتىش تەلىپىگە يەتتى. ئاساسىي قاتلام ئاشلىق پونكىتلىرىدا ئاشلىق يەنىلا تەبىئىي توڭلىتىلغاندىن كېيىن ھەم چۈمكىلىپ تېمپېراتۇرىنى تۆۋەن ھالەتتە ساقلاش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. 1983 - يىلى قىش پەسلىدە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى بۇلاقسۇ ئاشلىق پونكىتى 350 مىڭ كىلوگرام بۇغداينى ئاشلىق ئامبىرى سىرتىدىكى سېمونت مەيدانغا يېيىپ توڭلىتىپ، ئاندىن ئاشلىق ئامبىرىغا يۆتكەپ كىردى، ئاشلىقنىڭ يۈزىنى قوم خالتا بىلەن ياپتى، ئىشىك - دېرىزىلەرنى پاختىلىق ياپقۇچلار بىلەن چىڭ ياپتى، شۇنىڭ بىلەن ئاشلىق ياز پەسلىدە تېمپېراتۇرا ئەڭ يۇقىرى بولغاندىمۇ يەنىلا 10℃ تىن تۆۋەن ھالەتتە ساقلاندى. 1985 - يىلدىن كېيىن، جايلاردىكى يېڭى سېلىنغان ئاشلىق ئامبارلىرىدا ئومۇميۈزلۈك ھالدا ئىشىك - دېرىزىلەرنىڭ ئەتراپىغا ۋە تاملىرىدىكى ئاشلىق دۆۋىلەش سىزىقلىرىنىڭ ئۈستىگە سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ ھىملاش ئوقۇرى ئورنىتىلدى، ئاشلىق ئامبارغا كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن سۇلياۋ يوپۇق ھىملاش ئوقۇرى ئىچىگە كىرگۈزۈلۈپ بېسىپ ھىملاندى، بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئاشلىق ئامبىرىدىكى ئاشلىقنى چۈمكەش ئاددىي ھەم ئەمەلىي قوللىنىشچان بولدى. بەزى جايلار كونا ئاشلىق ئامبارلىرىنى ئۆزگەرتىشتىمۇ بۇ ئۇسۇلنى قوللاندى. ھەم چۈمكەش ئۇسۇلى كۆپىنچە ئاشلىقنىڭ يۈزى، ئىشىك - دېرىزىلەرنى چۈمكەشكە ئىشلىتىلدى، يەنە ئاز ساندىكى ئامبارلاردا ئاشلىق دۆۋىلىرىنىڭ تۆت ئەتراپى بىلەن ئاشلىق يۈزىنىڭ بەش تەرىپىنى چۈمكەش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. 1988 - يىلى

1 - ئايدا سانجى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ شەھەر - بازار ئىسكىلاتى 10 دانە ئۈزۈتۈش ماشىنىسى ئۇلاپ بۇغداينى ئامباردىن ئامبارغا ئالماشتۇردى، توشۇش ئارىلىقى 80 مېتىر بولۇپ، بۇغداينىڭ تېمپېراتۇرىسىنى 0℃تىن تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن، ئىشىك - دېرىزە، ئامبارنىڭ ئىچى ۋە ئۈزگىرىسى سۇلياۋ يوپۇق بىلەن ھەم چۈمكەلدى، ياغاچ قىرىندىسى خالتىغا قاچىلىنىپ، ئاشلىقنىڭ ئۈستىگە بېسىلدى، ئۇنىڭ ئۈستى بىرىزېنت ۋە بىر قات سۇلياۋ يوپۇق بىلەن چۈمكىلىپ، ئامبارنىڭ تېمىدىن ماس ھالدا سەككىز ھاۋا ساقلاش ساندۇقى، ئالماشتۇرۇش ئېغىزى قويۇلدى، ئاشلىقنىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى ئۆرلىگەندە ھاۋا ئالماشتۇرغۇچتىن پايدىلىنىپ ھاۋا ئالماشتۇرۇلۇپ تېمپېراتۇرا تۆۋەنلىتىلدى. تامغا غالتەكلىك ھاۋا چىقارغۇچ ئورنىتىلىپ، ئاشلىق ئامبىرى ئىچىدىكى ھاۋا قەرەللىك ئالماشتۇرۇپ تۇرۇلدى. ئاشلىقنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئۈزۈنغىچە 18℃تىن تۆۋەن ھالدا كونترول قىلىنىپ، بۇغداينى ئىككى يىل بىخەتەر ساقلىغىلى بولدى. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق تارماقلىرى ئۇزۇن مەزگىللىك زاپاس ئاشلىقنىڭ يۈزىنى، ئامبارنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىنى سۇلياۋ يوپۇق بىلەن چۈمكەش، ئاشلىق دۆۋىلىرىنى تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق، تۆۋەن ئوكسىگېنلىق ھالەتتە ساقلاش ئارقىلىق ئاشلىقنى بىخەتەر ساقلىدى. سانجى ئوبلاستى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئاشلىق تارماقلىرى زاپاس ئاشلىقنىلا ئەمەس، بەلكى بىر قىسىم ئوبوروت ئاشلىقلىرىنىمۇ چۈمكەپ ساقلاش ئۇسۇلىنى قوللاندى، ساقلاش مىقدارى شۇ جاي ساقلىغان ئومۇمىي ئاشلىق مىقدارىنىڭ %50ىدىن ئېشىپ كەتتى. چۈمكەپ ساقلاش ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئاشلىقنى ئىلمىي ساقلاشتىكى ئاساسلىق ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

## 3. دۆلەت ئىسكىلاتلىرىدا ياغ ساقلاش

شىنجاڭدا قىش پەسلى ئۇزۇن، ياز پەسلى تەسكەي تەرەپنىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن بولۇپ، ياغ ساقلاشقا پايدىلىق. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى يېڭى قۇرۇلغان مەزگىلدە، شىنجاڭدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا كارخانىلىرى باشقۇرغان ياغلار 200 لىتىرلىق ھەملەنگەن پولات تۇڭلارغا قاچىلىناتتى، پولات تۇڭلار بولسا ئامباردا ياكى ئوچۇقچىلىقتا قويۇلاتتى. 1955 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت ياغ ئىسكىلاتىدا 2 مىليون 120 مىڭ كىلوگرام ياغ ساقلاندى، بۇلار ئاساسەن پولات تۇڭلارغا قاچىلاپ ساقلاندى. ئامبارچىلار ياغلارنىڭ ساقلاش مەزگىلىدىكى سۈپىتىنى سەزگۈ ئەزالىرى ئارقىلىق تەكشۈرەتتى، ساقلانغان ياغدا غەيرىي پۇراق، دۇغلىشىپ قېلىش ئەھۋالى بايقالسا، مۇددەتتىن بۇرۇن ئامباردىن چىقىرىپ بىر تەرەپ قىلىناتتى. 1956 - يىلدىن باشلاپ، ئۈرۈمچى، قەشقەر، غۇلجا قاتارلىق شەھەرلەردە پولات تاختىلىق ياغ باكى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. يەككە باكنىڭ سىغىمچانلىقى ئەڭ كىچىك بولغانلىرىنىڭ 25 توننا، ئەڭ چوڭلىرىنىڭ 100 توننا ئىدى. شۇنداق قىلىپ ياغ پولات تۇڭدىلا ساقلانماي، پولات تۇڭ بىلەن پولات تاختىلىق باكتا ساقلىنىدىغان بولدى، پولات تۇڭدا ساقلاش ئاساس قىلىندى. ياغ قاچىلانغان پولات تۇڭلارنىڭ تولىسى ئوچۇقچىلىقتا دۆۋىلەپ قويۇلاتتى، تۇڭنىڭ تېگىگە بىر نەرسە تەگلىك قىلىنىپ يۈزى قىيسايتىلىپ، يامغۇر سۈيىنىڭ يىغىلىپ قېلىشىنىڭ ئالدى ئېلىناتتى. بەزى جايلار ساقلاش مەيدانىغا ئاددىي لەمپە ياساپ، ئاپتاپ ۋە قار - يامغۇردىن مۇداپىئە كۆردى. 1958 - يىلى بەزى جايلار پىششىقلاپ ئىشلىگەن ياغنىڭ سۈپىتى ناچار بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ساقلاش مەزگىلىدە ۋاقتىدا تەكشۈرۈلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ياغنىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىپ قېلىش ۋەقەسى يۈز بەردى. مەسىلەن: پەيزاۋات ناھىيىسى قەشقەر شەھىرىگە يۆتكەپ بەرگەن 5000 كىلوگرام چىگىت يېغى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغانلىقتىن، چەككىلەپ ئىستېمال قىلىش مۇمكىن بولمىدى. مارالبېشى ناھىيىسى ئامباردا ساقلىغان 50 مىڭ كىلوگرام چىگىت يېغى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئېچىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «ياغ مەھسۇلاتلىرىنى ساقلاشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ جايلاردىن چىگىت يېغىنى چەككىلەپ سۇ مىقدارىنى ۋە ئارىلاشما

ماددىلارنىڭ مىقدارىنى تۆۋەنلىتىش، ساقلانغان ياغلارنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش، كونىلىرىنى چىقىرىپ، يېڭىلىرىنى كىرگۈزۈپ ياغنى بىخەتەر ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىدى.

60 - يىللاردا جايلاردا ياغ باكلىرىنىڭ پەيدىنپەي كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ياغنى ساقلاشتا سىغىمچانلىقى چوڭ باكلاردا ساقلاش ئاساس قىلىندى، ئاساسىي قاتلامدىكى ياغ ئامبار، پونكىت، دۇكانلىرى يەنىلا پولات تۇڭلاردا ساقلىغاندىن باشقا، ئاشلىق، ياغ پىششىقلاش كارخانىلىرى ۋە چوڭ، ئوتتۇرا شەھەر - بازارلاردىكى ياغ ئامبارلىرى كۆپىنچە ياغ باكلىرىدا ساقلىدى. 70 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، ياغ ساقلىغۇچى ئورۇنلار ياغنىڭ ئېچىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، «بىر باك ياغ چىقارسا، باكنى بىر قېتىم تازىلاش، تازىلىماي تورۇپ ياغ قاچىلىماسلىق» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، باك تېگىدىكى ياغ دۇغىنى قەرەللىك تازىلاپ، باكنى پاكىزە تۇتتى.

70 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا جايلارنىڭ ياغ سېتىۋېلىش، ياغ پىششىقلاش تەرەققىيات قەدىمىنىڭ تېزلىشىگە ئەگىشىپ، بىر مەزگىل قىسمەن جايلاردا ياغ كۆپ بولۇپ باك يېتىشمەسلىك ئەھۋالى كۆرۈلۈپ، ياغ زاۋۇتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا ئېغىر تەسىر كۆرسەتتى. ئاساسىي قاتلامنىڭ ياغ ساقلاش زىددىيىتىنى پەسەيتىش ئۈچۈن، 1980 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ياغ شىركىتى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق - ياغ توشۇش شىركىتى ئاپتوموبىل ئەترىتى قورۇسى (ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى يېقىلغا ئىشلىتىش) دا ۋاقىتلىق ياغ ساقلاش نۇقتىسى تەسىس قىلىپ، شىمالىي شىنجاڭدىن يۆتكەپ كېلىنگەن 1 مىليون 308 مىڭ كىلوگرام كېلىدىغان 7266 تۇڭ ياغنى ئوچۇقچىلىقتا ساقلىدى، ساقلاش خىزمىتىگە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ياغ شىركىتى ئامبىرىنىڭ ئامبارچى، لابورانتى قاتارلىق خادىملىرىدىن تەركىب تاپقان ساقلاش گۇرۇپپىسى مەسئۇل بولدى. 1981 - يىلى، بۇ نۇقتىدا ساقلانغان ياغنى تەكشۈرگەندە، 252 تۇڭدىن ياغ ئاققانلىقى ئېنىقلاندى، بۇ ياغ ۋاقتىدا باشقا تۇڭلارغا ئالماشتۇرۇلۇپ بىر تەرەپ قىلىندى. سۈپىتى ئۆلچەمگە توشمىغان 1060 تۇڭ ياغدىن 497 تۇڭى ئۈرۈمچى شەھىرى سەنپىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى ياغ زاۋۇتىدا قايتا چەككىلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۇغى جىقراق بولغان ياغ ئايرىلىپ قايتا قاچىلاندى، سۇ تەركىبى، ئەخلىتى يۇقىرى بولغان ياغ قالدۇقى سانائەت ماتېرىيالى سۈپىتىدە بىر تەرەپ قىلىندى. بۇ ياغلارنى ياخشى ساقلاش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ياغ شىركىتى ئاپتاپتىن ۋە يامغۇردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، شىركەت قورۇسى ئىچىدە ئاددىي لەمپە ياساپ، ئاستىغا سۇپا قوپۇپ تۇڭلارنى لەمپىدە ساقلىدى.

1981 - يىلدىن ئېتىبارەن، ياغ سالدۇسىنىڭ يەنىمۇ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، جايلاردىكى ئاشلىق ئىدارىلىرى ئاساسىي قاتلامنىڭ ياغ ساقلاش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتتى. 1982 - يىل 1 - ئايدا، بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسى تېخنىك خادىملارنى تەشكىللەپ ئوبلاستلىق ئۇن زاۋۇتى، ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئامبار ھەم يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى، خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ ساقلىغان يېغىنى تەكشۈرۈپ چىقتى. تەكشۈرۈلگەن 1 مىليون 710 مىڭ كىلوگرام ياغدىن كىسلاتالىقى 4 — 5 مىللىگرام KOH/گرام بولغان ياغ (ئاپتونوم رايوننىڭ ياغ ئۆلچىمىدە 4 مىللىگرام KOH/گرام ياغدىن ئاشماسلىقى بەلگىلەنگەن) 150 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، بۇ ياغ مۇددەتتىن بۇرۇن سېتىلىپ بىر تەرەپ قىلىندى؛ كىسلاتالىقى 5 مىللىگرام KOH/گرامدىن ئاشقان 190 مىڭ كىلوگرام ياغ ياغ زاۋۇتلىرىدا قايتا چەككىلەندى.

1985 - يىلدىن كېيىن، ئاپتونوم رايون بويىچە جايلاردا ساقلانغان ياغنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئاساسىي قاتلام ياغ ئامبارلىرى، ياغ زاۋۇتلىرىغا ئومۇمىيۈزلۈك تورده ياغ لابوراتورىيە ئەسۋابى سەپلەپ بېرىلدى، ساقلانغان ياغ كىسلاتالىقى، سۇ تەركىبى، ئەخلەت تەركىبى 280℃ قىزىتىپ تەجرىبە قىلىشتىن ئىبارەت 4 تۈرلۈك پېرىيوم ئۇسۇلى بويىچە تەكشۈرۈلدى. تەكشۈرۈلگەن ياغنىڭ سۈپەت ئەھۋالىغا قاراپ كونىسى چىقىرىلىپ، يېڭىلاپ ساقلاندى. 1987 - يىل 11 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ساقلانغان ياغنىڭ سۈپىتىنى قەرەللىك ئۆلچەپ تۇرۇش ھەققىدە بەلگىلىمە چىقاردى. ئۇنىڭدا: ياز پەسلىدە ھەر يېرىم ئايدا بىر قېتىم ئۆلچەش، ئەتىياز، كۈز پەسىللىرىدە ھەر ئايدا كەم* بولغاندا بىر قېتىم ئۆلچەش، قىش

پەسلىدە كەم بولغاندا بىر قېتىم ئۆلچەش، دوغى كۆپ، سۇ تەركىبى، كىسلاتالىقى يۇقىرى بولغان ياغلارنى ساقلاش مەزگىلىدىكى ئۆزگىرىش ئەھۋالىغا قاراپ ھەر ۋاقىت ئۆلچەپ تۇرۇش لازىم؛ ئۆلچەش مەزمۇنى ياغنىڭ كىسلاتالىقى، پېروكسىدلىقى، سۇ تەركىبى، ئەخلىتى، رەڭگى قاتارلىق تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. ياغ ساقلىغۇچى ئورۇنلار ياغ ساقلاش مەزگىلىدىكى ئۆلچەش نەتىجىسىگە ئاساسەن، ئوبوروتنى تېزلىتىپ، كونىسىنى چىقىرىپ يېڭىلاپ ساقلىشى لازىم، دەپ بەلگىلەندى. 1990 - يىلنىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايون بويىچە ساقلانغان ياغ 66 مىليون 840 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، 1955 - يىلدىكى ساقلاش مىقدارىنىڭ 31.5 ھەسسىسىگە تەڭ كەلدى. چىقىم قىلىش ئالدىدا تۇرغان ئاز مىقداردىكى ياغ ئاساسىي قاتلام ئامبار، زاۋۇتلاردا قىسقا مۇددەت تۇڭدا ساقلانغاندىن سىرت، مۇتلەق كۆپ مىقدارلىق ياغلار ياغ باكلىرىدا ساقلاندى، ساقلىنىش سۈپىتى ياخشى بولدى.

# II باب

# ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ۋە تەكشۈرۈش

## § 1. ساقلانغان ئاشلىقلاردىكى زىيانداش ھاشاراتلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش

### 1) زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ تارقىلىشىنى تەكشۈرۈش

1954 - يىلدىن بۇرۇن شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ ئاشلىق ئوبوروتى ئازراق بولۇپ، ساقلانغان ئاشلىقلاردىكى زىيانداش ھاشاراتلارنى تەكشۈرۈش ۋە بېكىتىشكە ئەھمىيەت بېرىلمەيتتى. 1955 - يىل 9 - ئايدا ئاشلىق مىنىستىرلىكى مەملىكەت بويىچە ساقلانغان ئاشلىقلاردىكى زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ تارقىلىشى بويىچە تەكشۈرۈش ئاخبارات ئېلان قىلدى. شىنجاڭدا قەشقەر، قۇتۇبى، قەشقەر يېڭىشەھەر، باي، كېرىيە قاتارلىق 5 ناھىيە (شەھەر) تەكشۈرۈش نۇقتىسى قىلىندى، ئۆلكىلىك ئاشلىق نازارىتى ناھىيىلىك (شەھەرلىك) ئاشلىق ئىدارىلىرى توپلىغان 4 خىل زىيانداش ھاشارات ئەۋرىشكىسىنى ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ بىر تۇتاش بېكىتىشىگە يوللىدى. 1956 - يىل 10 - ئايدا ئاشلىق مىنىستىرلىكى تارقاتقان «مەملىكەت بويىچە ساقلانغان ئاشلىقلاردىكى زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تارقىلىشىنى تەكشۈرۈشتىن خۇلاسە» دە مەملىكەت بويىچە ساقلانغان ئاشلىقلاردىكى زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ نامى بېكىتىلگەنلىرى 43 تۈر، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭدا بايقالغانلىرى گۈرۈچ قارا مىتىسى، ئاشلىق مىتىسى، ياپونىيە كوژىد قوڭۇزى (قارا كۆيە)، چوڭ مىتە قاتارلىق 4 تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار 2 تۈر، 4 ئائىلىگە تەۋە. مەملىكەت بويىچە پەقەت شىنجاڭدىلا ئاشلىق مىتىسى بارلىقى بايقالدى، ئاشلىق مىنىستىرلىكى ئاشلىق مىتىسىنى دۆلەت ئىچىدە كارانتىن قىلىش ئوبيېكتى قىلدى.

1956 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ھاشارات تەتقىقات ئورنى مەملىكەت دائىرىسىدە ئامبار ھاشاراتلىرىنى مەلۇم قىلدى ۋە نەق مەيداندا تەكشۈردى. شىنجاڭدىكى تەكشۈرۈش نۇقتىسى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى 24 ناھىيە (شەھەر) دە تەسىس قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 19 ناھىيە (شەھەر) نى ھاشارات تەتقىقات ئورنىدىكى لى خۇڭشىڭ نەق مەيداندا تەكشۈردى. 1959 - يىل 5 - ئايدا

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ھاشارات تەتقىقات ئورنى ئېلان قىلغان «جۇڭگودىكى ئامبار ھاشاراتلىرىنىڭ تۈرلىرى ۋە تارقىلىشىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات» تا شىنجاڭدىكى ساقلانغان ئاشلىقلاردىكى زىيانداش ھاشارات 12 خىل بولۇپ، ئۇلار 2 تۈر، 8 ئائىلىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق مىتىسى، ھەرە تۇمشۇق مىتە، قىزغۇچ مىتە، زىرائەت چوڭ مىتىسى قاتارلىق ھاشاراتلارنىڭ شىنجاڭدىكى زاپاس ئاشلىقلاردىكى مۇھىم زىيانداش ئىكەنلىكى بېكىتىلدى. مەملىكەت بويىچە ساقلانغان ئاشلىقلارغا سالىدىغان زىيىنى ئەڭ ئېغىر دەپ قارالغان كۆممىقوناق مىتىسى، بۇغداي پەرۋانىسى، ئاشلىق كۈيىسى ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدا بايقالمىغانىدى.

1971 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىگە قاراشلىق غەربىي شەھەر ئەتراپىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ۋە بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 6 -، 7 -، 8 - شىسى قاتارلىق ئورۇنلار گەنسۇدىن يۆتكەپ كەلگەن 10 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام كۆك پۇرچاقتا كۆك پۇرچاق مىتىسى بارلىقى بايقالدى. بۇ كۆك پۇرچاق مىتىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم بايقىلىشى.

1974 — 1975 - يىللىرى، سودا مىنىستىرلىكى مەملىكەت بويىچە ساقلانغان ئاشلىقلاردىكى زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ تۈرلىرى ۋە تارقىلىشىنى تەكشۈرۈشنى ئۇيۇشتۇردى، سودا مىنىستىرلىكىنىڭ ساقلانغان ئاشلىقلاردىكى زىيانداش ھاشاراتلارنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكى شىن جاۋپىڭ، لى مياۋجىنلار شىنجاڭغا كېلىپ نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئاشلىق ئىدارىسىدىن يې شۇتاڭ، باۋ فېڭلۇن، گاۋ گۇاڭجۇڭ ۋە بىر قىسىم ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىنىڭ تېخنىكا خادىملىرى بولۇپ، 35 كىشى 5 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە 7 ناھىيە (شەھەر) دىكى دۆلەت ئاشلىق ئىسكىلاتى، ئاشلىق - ياغ پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى، ماگىزىنلىرىدىن 36 نى، يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ۋە سودا، تەمىنات - سودا كوپىراتىپى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئامبارلىرىدىن 20 نى تەكشۈردى ھەمدە تۈرگە ئايرىپ بېكىتىلگەن زىيانداش ھاشارات ئەۋرىشكىلىرىنى سودا مىنىستىرلىكىگە يوللىدى. 1977 - يىل 9 - ئايدا سودا مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان «جۇڭگودىكى ساقلانغان ئاشلىقلاردىكى زىيانداش ھاشارات كاتالوگى» دا مەملىكەت بويىچە ساقلانغان ئاشلىقلاردىكى زىيانداش ھاشاراتلار 113 خىل، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭدىكىسى 37 خىل بولۇپ، 6 تۈر، 19 ئائىلىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى كۆرسىتىلدى. بۇ چاغدا 1974 - يىلدىن ئىلگىرى بايقالمىغان كۆممىقوناق مىتىسى شىمالىي شىنجاڭدىكى بىر قىسىم ناھىيە (شەھەر) لەردە كۆپ مىقداردا بارلىقى، كۆك پۇرچاق مىتىسىنىڭ كۆك پۇرچاق تېرىلىدىغان رايونلاردا يامراپ، ئېغىر زىيان سېلىۋاتقانلىقى بايقالدى. 1978 - يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتىدە كۆك پۇرچاق مىتىسىنىڭ زىيان سېلىش نىسبىتى 62% — 70% كە، ئەڭ ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان چۆچەك ناھىيىسىدىكى «شەرق قىزاردى» گوڭشېسىنىڭ 3 - چوڭ ئەترەت 2 - ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە 83% كە يەتكەن.

1976 - يىلى خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ بالغۇنتاي ئاشلىق ئىسكىلاتىدا يۆتكەپ كەلگەن ئىمپورت ئاشلىقتا ئاشلىق كۈيىسى بايقالدى.

1980 - يىلى ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مەملىكەت بويىچە مەخسۇس ھاشارات تۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ ساقلىنىۋاتقان ئاشلىقتىكى زىيانداش ھاشاراتلارنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىن سۇن باۋگېن، شىن شياڭلىن، ليۇ بىڭ قاتارلىقلار ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىدىكى 4 نەپەر كەسپىي تېخنىكا خادىمى بىلەن بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئۈرۈمچى قاتارلىق 9 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى 21 ناھىيە (شەھەر) دە 58 دۆلەت ئاشلىق ئامبىرى، ئاشلىق پونكىتى، ئۇن - ياغ زاۋۇتى، ئاشلىق قويۇش مەيدانى ھەم 10 سودا، تاشقى سودا، تىببىي دورا ئىسكىلاتى ۋە يېزا ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ئامبارلىرىنى تەكشۈردى. نەتىجىدە 6 تۈر، 23 ئائىلىگە تەۋە زىيانداش ھاشاراتتىن 48 خىلى بايقالدى. ماش مىتىسى، ئاشلىق مىتىسى قاتارلىق 19 خىل زىيانداش ھاشارات يېڭىدىن بايقالدى. دۆلەت شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزدا كارانتىن ئوبيېكتى قىلىنغان زىيانداش ھاشاراتلار

ئاشلىق مىتىسى، كۆك پۇرچاق مىتىسى، ئاپتونوم رايوندا كارانتىن ئوبيېكتى قىلىنغان ھاشارەتلار كۆممىقوناق مىتىسى، ماش مىتىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ زىيانداش ھاشارەتلارنىڭ زىيىنى ئېغىر بولغان. مەسىلەن: يەنجى ناھىيە شىكشىن ئاشلىق پونكىتىدىكى 3 - نومۇرلۇق بۇغداي ئامبىرىدا 0.25 كۋادرات مېتىر يەردە 20 مىڭ 700 دانە ئاشلىق مىتىسى بايقالغان، غۇلجا ناھىيىلىك ئۇن زاۋۇتىدا ھەر كىلوگرام چىقىرىندىلاردا 4000 دانىدىن ئارتۇق ئاشلىق مىتىسى بولۇپ، دۆلەت بەلگىلىگەن ئېغىر دەرىجىدە ھاشارەت چۈشكەن ئاشلىق ئۆلچىمىدىكى 30 دانىدىن 130 ھەسسە ئېشىپ كەتكەن.

1981 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى شىنجاڭ بويىچە ساقلىنىۋاتقان ئاشلىقلاردىكى زىيانداش ھاشارەتلارنى تەكشۈرۈپ چىقىشنى ئۇيۇشتۇردى. ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ۋە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىدىن 75 كىشى ئاجرىتىلىپ، 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرگە قاراشلىق 70 ناھىيە (شەھەر) دىكى دۆلەت ئاشلىق ئىسكىلاتى، ئاشلىق پونكىتى، ئۇن - ياغ زاۋۇتى، ماگىزىنلىرىدىن 410 ي، ئاشقى سودا ئامبىرى، يېزا ئىگىلىك بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش تۇەن - مەيدانى ۋە يېزىلاردىكى گۆشخىپ. ئەترەت ئامبىرىدىن 190 ي تەكشۈرۈلدى. نەتىجىدە 10 تۈر 32 ئائىلىگە تەۋە زىيانداش ھاشارەتلارنىڭ كۆپىيىپ 73 خىلغا يەتكەنلىكى بايقالدى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆممىقوناق مىتىسى شىنجاڭدىكى 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ ھەممىسىدە بولۇپ، ئاساسلىق زىيانداش ھاشارەتلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. مەسىلەن: سانجى ناھىيىلىك يېمەكلىك شىركىتىنىڭ يەم - خەشەك ئامبىرىدا ھەر كىلوگرام كۆممىقوناقتىكى كۆممىقوناق مىتىسى 1050 دانىگە يەتكەن؛ يېزا ئىگىلىك 104 - تۇەن ئۇن زاۋۇتى 2 - سېخىنىڭ ئېلىگىرىكى ئاشلىق ئامبىرىدا ھەر كىلوگرام بۇغدايدىكى كۆممىقوناق مىتىسى 500 دانىدىن ئېشىپ كەتكەن. شىخەنزە، قۇمۇل، تۇرپان، بايىنغولىن قاتارلىق 4 ۋىلايەت، ئوبلاستتا ئاشلىق كۈيىسى بايقالدى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئىسكىلاتتىدا ھەر كىلوگرام بۇغدايدىكى ئاشلىق كۈيىسى 100 دانىدىن ئېشىپ كەتكەن. بىرقانچە قېتىم ئېلىپ بېرىلغان ساقلىنىۋاتقان ئاشلىقلاردىكى زىيانداش ھاشارەتلارنى تەكشۈرۈش ۋە 1982- يىلدىن كېيىن ھەر يىلى قانات يايدۇرۇلغان «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبارلىرىنى تەكشۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىلغان ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشكە ھەم مۇناسىۋەتلىك كىتاب، ژۇرناللاردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدا بايقالغان زىيانداش ھاشارەت 135 خىلغا يېتىپ، كۆپلىگەن زىيانداش ھاشارەتلار پەقەت ئايرىم جايلاردىلا تاسادىپىي بايقالغان. بۇ ھاشارەتلار 2 سىنىپ، 10 تۈر، 39 ئائىلىگە تەۋە، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئاساسلىق زىيانداش ھاشارەتلار ئاشلىق مىتىسى، كۆممىقوناق مىتىسى، قىزغۇچ زىرائەت مىتىسى قاتارلىق 14 خىل (جەدۋەل: 3 — 11 گە قاراڭ) ، ئادەتتىكى ھاشارەتلار زەي قوڭغۇزى، ئومۇرتقىلىق، قۇيرۇقلۇق قوڭغۇز، ئاق بەلۋاغلىق يۇمىلاق كۈيە قاتارلىق 84 خىل، ئامبار ھاشارەتلىرى جۇڭخۇا پالكۆز قوڭغۇزى، تۈلۈم چاشقان، جۇڭخۇا فۇس قوڭغۇزى قاتارلىق 20 خىل، غاجىلىغۇچى زىيانداش ھاشارەتلار (كۆشەندە) چايان، بۇغداي پەرۋانىسى قاتارلىق 7 خىل.

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ساقلىنىۋاتقان ئاشلىقلاردىكى ئاساسلىق زىيانداش ھاشارەتلار كاتالوگى

جەدۋەل: 3 — 11

| رەت نومۇرى | ھاشارەت نامى | ئىلمىي نامى | تارقىلىشى | زىيان سالىدىغان ئاساسلىق ئەشيالار |
|---|---|---|---|---|
| 1 | ھىندىستان پەرۋانىسى | Plodia intepunctelle (Huebner) | پۈتۈن شىنجاڭ | دانلىق زىرائەتلەر، ئۇن، ياغلىق دانلار، دورا ماتېرىياللىرى، قۇرۇق مېۋە |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 2 | ھەرە تۇمشۇق مىتە | Oryzaephilus surin amensis(Linnaeus) | پۈتۈن شىنجاڭ | دانلىق زىرائەتلەر، ئۇن، قورۇق مېۋە |
| 3 | كۆممىقوناق مىتىسى | Sitophilus zeamaisMotschulusky | پۈتۈن شىنجاڭ | دانلىق زىرائەتلەر، پۇرچاق تۈرىدىكىلەر، ياغلىق دانلار |
| 4 | ئاشلىق مىتىسى | Sitophilus granarius (Linnaeus) | پۈتۈن شىنجاڭ | دانلىق زىرائەتلەر، پۇرچاق تۈرىدىكىلەر، ياغلىق دانلار |
| 5 | قوڭۇر كۆيە | Attagenus Piceus subsp | پۈتۈن شىنجاڭ | دانلىق زىرائەتلەر، ياغلىق دانلار، ئۇن، تېرە |
| 6 | قىزغۇچ ئاشلىق مىتىسى | Tribolium castaneum (Herbst) | پۈتۈن شىنجاڭ | دانلىق زىرائەتلەر، ئۇن، گۈرۈچ، توپان، كېپەك |
| 7 | قىزغۇچ ياپىلاق مىتە | Cryptolestes ferrug ineus (Stephens) | پۈتۈن شىنجاڭ | دانلىق زىرائەتلەر، ياغلىق دانلار، ئۇن |
| 8 | تاغىل كۆيە | Trogoderma varia bile Ballion | پۈتۈن شىنجاڭ | دانلىق زىرائەتلەر، پۇرچاق تۈرىدىكىلەر، ئۇن |
| 9 | چوڭ مىتە | Tenebroides maurit anicus(Linnaeus) | پۈتۈن شىنجاڭ | دانلىق زىرائەتلەر، پۇرچاق تۈرىدىكىلەر، ياغاق دانلار، ئۇن، توپان، كېپەك |
| 10 | گۈرۈچ قارا مىتىسى | Aglossa dimidiata Haworth | پۈتۈن شىنجاڭ | ساقلىنىۋاتقان ئاشلىقلاردىكى چىرىندا ماددىلار |
| 11 | بىنەپشە پەرۋانە | Pyralis farinalis (Linnaeus) | پۈتۈن شىنجاڭ | ساقلىنىۋاتقان ئاشلىقلاردىكى چىرىندا ماددىلار |
| 12 | ئاشلىق كۆيىسى | Rhizopertha domi nica (Fabricius) | قومۇل، ئۈرۈمچى، توقسۇن، خېجىڭ، كورلا، كۈيتۇڭ، شىخەنزە، قۇتۇبى | دانلىق زىرائەت تۈرىدىكىلەر، پۇرچاق تۈرىدىكىلەر، دورا ماتېرىياللىرى، ياغاچ، كىتاب، ئارخىپ |
| 13 | كىتاب پىتى | Trotes divinat orius (Muller) | پۈتۈن شىنجاڭ | ساقلىنىۋاتقان ئاشلىقلار (كۆپ مىقداردا پەيدا بولسا ئاشلىقنى قىزىتىۋېتىدۇ)، كىتاب، ئارخىپ |
| 14 | چىرىندا غومار سالجا | Tyrophagus putres centiae (Schrank) | پۈتۈن شىنجاڭ | دانلىق زىرائەت تۈرىدىكىلەر، ئۇن، گۈرۈچ |

## 2. ھاشاراتلىق ئاشلىقنىڭ دەرىجە ئۆلچىمى ۋە ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش پرىنسىپى

ھاشاراتلىق ئاشلىقلارنىڭ دەرىجە ئۆلچىمى ۋە ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش پرىنسىپى ساقلانغان ئاشلىقلاردىكى زىيانداش ھاشاراتلاردىن قېلىپلاشقان ھالدا ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشنىڭ ئاساسى. 1964 - يىلدىن بۇرۇن، شىنجاڭدا ھاشاراتلىق ئاشلىقلارنىڭ دەرىجە ئۆلچىمى يوق ئىدى، جايلار «بىخەتەر، ئىقتىسادچىل، ئۈنۈملۈك بولۇش» تەلىپى بويىچە مۇداپىئە كۆرەتتى. 1964 - يىل 5 - ئايدا ئاشلىق نازارىتى ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ھاشاراتلىق ئاشلىقلارنى دەرىجىگە ئايرىش بەلگىلىمىسى، ھاشاراتلىق ئاشلىقلارنى ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش بەلگىلىمىسى» نى تۈزۈپ چىقتى (جەدۋەل: 3 — 12، 3 — 13 لەرگە قاراڭ).

## ھاشاراتلىق ئاشلىقنى دەرىجىگە ئايرىش بەلگىلىمىسى

جەدۋەل: 3 — 12

| ھاشاراتلىق ئاشلىقنىڭ دەرىجىسى | پىششىقلانمىغان ئاشلىق (دانە/كىلوگرام) | | | پىششىقلانغان ئاشلىق (دانە/كىلوگرام) | |
|---|---|---|---|---|---|
| | بىرلەمچى زىيانداش ھاشاراتلار | ئىككىلەمچى زىيانداش ھاشاراتلار | سالجا | بىرلەمچى ياكى ئىككىلەمچى زىيانداش ھاشاراتلار | سالجا |
| ئاساسەن ھاشاراتسىز ئاشلىق | بىر دانىدىن ئاشماسلىق | | 50 دانىدىن ئاشماسلىق | بىر دانىدىن ئاشماسلىق | 20 دانىدىن ئاشماسلىق |
| 1 - دەرىجىلىك ھاشاراتلىق ئاشلىق | 2 ~ 5 دانە | 2 ~ 10 دانە | سانىغىلى بولغىدەك دەرىجىدە 50 دانىدىن ئاشقان | 2 ~ 5 دانە | سانىغىلى بولغىدەك دەرىجىدە 21 دانىدىن ئاشقان |
| 2 - دەرىجىلىك ھاشاراتلىق ئاشلىق | 6 ~ 20 دانە | 11 ~ 30 دانە | سانىغىلى بولمالىق | 6 ~ 20 دانە | سانىغىلى بولمالىق |
| 3 - دەرىجىلىك ھاشاراتلىق ئاشلىق | 21 دىن ئارتۇق | 31 دىن ئارتۇق | سانىغىلى بولمالىق | 21 دانىدىن ئارتۇق | سانىغىلى بولمالىق |
| خەتەرلىك ھاشاراتلىق ئاشلىق | سانىنىڭ قانچە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر كارانتىن قىلىش ئوبيېكتى قىلىنغان ھاشاراتلار بولۇش | | | | |

ئىزاھ: بىرلەمچى زىيانداش ھاشاراتلار: بۇغداي پەرۋانىسى، قەھۋەرەڭ پۇرچاق سىتىسى، چوڭ كۈيە، سالجا: تۈزلۈك سالجا ۋە كىتاب پىتى قاتارلىق ئوخشاش ھاشاراتلار؛ كارانتىن ئوبيېكتى قىلىنغان ھاشاراتلار: ئاشلىق سىتىسى، گۈرۈچ سىتىسى، ئاشلىق كۈيىسى، باقىلا سىتىسى، كۆك پۇرچاق سىتىسى، ماش سىتىسى، كېۋەز قۇرۇتى قاتارلىقلار. ئىككىلەمچى زىيانداش ھاشاراتلار بىرلەمچى ھاشاراتلاردىن باشقا زىيانداش ھاشاراتلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇن تۈرىدىكى پىششىقلانغان ئاشلىق، ئۇرۇقلاردا زىيانداش ھاشارات بايقالسا، زىچلىقىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئوخشاشلا 3 - دەرىجىلىك ھاشاراتلىق ئاشلىق دەپ قارىلىدۇ.

## ھاشاراتلىق ئاشلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش بەلگىلىمىسى

جەدۋەل: 3 — 13

| ساقلاش ۋاقتى / ئاشلىق تېمپېراتۇرىسى / ھاشاراتلىق ئاشلىقنىڭ دەرىجىسى | بىر ئاي ئىچىدە | | بىر ئايدىن 3 ئايغىچە | | 3 ئايدىن يۇقىرى | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | 15℃ تىن تۆۋەن | 15℃ تىن يۇقىرى | 15℃ تىن تۆۋەن | 15℃ تىن يۇقىرى | 15℃ تىن تۆۋەن | 15℃ تىن يۇقىرى |
| ئاساسەن ھاشاراتسىز ئاشلىق | «1» | «1» | «1» | «1» | «1» | «1» |
| 1 - دەرىجىلىك ھاشاراتلىق ئاشلىق | «1» | «2» | «2» | «3» | «2» | «3» |
| 2 - دەرىجىلىك ھاشاراتلىق ئاشلىق | «2» | «3» | «3» | «3» | «3» | «4» |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 3 ـ دەرىجىلىك ھاشاراتلىق ئاشلىق | (3) | (3) | (3) | (4) | (3) | (4) |
| خەتەرلىك ھاشاراتلىق ئاشلىق | (4) | (4) | (4) | (4) | (4) | (4) |

ئىزاھ: (1)، (2)، (3)، (4) لەر مۇداپىئە پرىنسىپىنىڭ ۋاكالەت نومۇرى.
(1) مۇداپىئەنى كۈچەيتىپ، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ تەرەققىياتىنى كونترول قىلىشتا جەزمەن تېمپېراتۇرا ۋە نەملىكنى تۆۋەنلىتىپ، چۈمكەش، ئايرىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، زىياندىش ھاشاراتلارنىڭ پەيدا بولۇش، يامراپ كېتىشىنى چەكلەش لازىم.
(2) ناھىيىدىن يۇقىرى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، 1 ـ تۈرلۈك تەدبىرنى قوللىنىشقا بولىدۇ. ئالدىدىن مۇداپىئەنى كۈچەيتىپ، زىياندىش ھاشاراتلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى كونترول قىلىش لازىم.
(3) زىياندىش ھاشاراتلار بايقالغاندىن كېيىنكى بىر ئاي ئىچىدە مۇداپىئە كۆرۈپ، يوقىتىش خىزمىتىنى چوقۇم تاماملاش كېرەك.
(4) زىياندىش ھاشارات بايقىلىپ 10 كۈن ئىچىدە، يوقىتىش خاراكتېرلىك تەدبىر قوللىنىپ يوقىتىپ بولۇش كېرەك. ئەگەر خەتەرلىك ھاشاراتلىق ئاشلىقلاردا ئاشلىق مىقتىدىن ئىبارەت بىرلا تۈر بولۇپ، ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىشتا قىيىنچىلىق تۇغۇلسا، ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق نازارىتىدىن يوليورۇق سوراپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن ۋاقتىنى ئۇزارتىشقا بولىدۇ.

1965 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاشلىق مىنىستىرلىكى تۈزۈپ بېكىتكەن «ھاشاراتلىق ئاشلىقلارنى دەرىجىگە ئايرىش بەلگىلىمىسى» ئىجرا قىلىندى، ئاشلىق نازارىتى تۈزگەن «ھاشاراتلىق ئاشلىقلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش بەلگىلىمىسى» مۇ داۋاملىق ئىجرا قىلىندى.

1983 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايون سودا مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان «ھاشاراتلىق ئاشلىقلارنىڭ دەرىجە ئۆلچىمى ۋە ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش پرىنسىپى» ھەم ئاشلىق نازارىتىنىڭ تولۇقلىما بەلگىلىمىسىنى ئىجرا قىلدى. تولۇقلىما بەلگىلىمىنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى: ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە مەملىكەت بويىچە خەتەرلىك زىياندىش ھاشارات قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن ئاشلىق مىتىسى ئاساسلىق زىياندىش ھاشارات قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىشقا ئۆزگەرتىلدى.

1987 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە سودا مىنىستىرلىكىنىڭ «ئاشلىق، ياغ ساقلاش تېخنىكا قائىدىسى» گە كىرگۈزۈلگەن «ھاشاراتلىق ئاشلىقلارنىڭ دەرىجە ئۆلچىمى ۋە ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش پرىنسىپى» ئىجرا قىلىندى (جەدۋەل: 3 — 14 كە قاراڭ).

## ھاشاراتلىق ئاشلىقنىڭ دەرىجە ئۆلچىمى ۋە ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش پرىنسىپى

جەدۋەل: 3 — 14

| ھاشاراتلىق ئاشلىق دەرىجىسى | زىياندىش ھاشاراتلارنىڭ زىچلىقى (دانە/كىلوگرام) | | ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش پرىنسىپى |
|---|---|---|---|
| | 5 دانىدىن ئاشماسلىق | 2 دانىدىن ئاشماسلىق | |
| ئاساسەن ھاشاراتسىز ئاشلىق | 5 دانىدىن ئاشماسلىق | 2 دانىدىن ئاشماسلىق | دورىلىمىسىز بولىدۇ، بىراق مۇداپىئە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك، ئۆزۈقلۇق، ئېكسپورت قىلىنىغان ئاشلىق پاكى يۈتكەپ كېتىدىغان ئاشلىقلارنى تەلەپكە ئاساسەن بىرتەرەپ قىلىش كېرەك |
| ئادەتتىكى ھاشاراتلىق ئاشلىق | 30 دانىدىن ئاشماسلىق | 10 دانىدىن ئاشماسلىق | ئاشلىق تېمپېراتۇرىسى 15°C تىن تۆۋەن بولغاندا ئاساسەن ھاشاراتسىز ئاشلىقلارنىڭ تەلىپى بويىچە بىرتەرەپ قىلىش، 15°C تىن يۇقىرى بولغاندا يېرىم ئاي ئىچىدە مۇداپىئە كۆرۈپ يوقىتىش كېرەك |

| ئېغىر ھاشاراتلىق ئاشلىق | 30 داندىن ئېشىش | 10 داندىن ئېشىش | بىر ھەپتە ئىچىدە مۇداپىئە كۆرۈپ يوقىتىش زۆرۈر |
|---|---|---|---|
| خەتەرلىك ھاشاراتلىق ئاشلىق | سىرتقا قارىتا كاراتىن ئوبيېكتى قىلىنغان زىيانداش ھاشاراتلار بار بولغان بولۇش | | دەرھال ئايرىپ پىچەتلەش، 3 كۈن ئىچىدە يوقىتىش كېرەك ھەمدە يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل ئورۇنلارنىڭ تەكشۈرۈشىگە بوللاپ رۇخسەت قىلىنغاندىن كېيىن ئاشلىقنى ئامباردىن چىقىم قىلىشقا بولىدۇ |

ئىزاھ: جەدۋەلدىكى ھاشاراتلىق ئاشلىقلار پىششىقلانمىغان ئاشلىق ۋە ياغلىق دانلارنى كۆرسىتىدۇ. پىششىقلانغان ئاشلىقتىكى ھاشارات جەھەتتە ئۇن تۈرىدىكى ئاشلىقلاردىكى سالجا 30 دانە/كىلوگرامدىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، ئېغىر ھاشاراتلىق ئاشلىق دەپ قارىلىدۇ.

ئاساسلىق زىيانداش ھاشاراتلار كۆممىقوناق مىتىسى، گۈرۈچ مىتىسى، ئاشلىق مىتىسى، چوڭ كۈيىسى، ماش مىتىسى، كۆك پۇرچاق مىتىسى، باقلە پۇرچاق مىتىسى، قەمۇ رەڭلىك پۇرچاق مىتىسى، بۇغداي پەرۋانىسى، ھىندىستان پەرۋانىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

سىرتقا قارىتا كاراتىن ئوبيېكتى قىلىنغان ھاشاراتلار 5 خىل بولۇپ، ئۇلار داۋۇر مىتىسى، چوڭ كۈيىسى، مەيكونلۇك كۈيىسى، برازىلىيە پۇرچاق مىتىسى، ئاشلىق مىتىسى قاتارلىقلار (ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ بەلگىلىمىسىدە، شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدە ئاشلىق مىتىسى خەتەرلىك زىيانداش ھاشارات ئەمەس، دەپ كۆرسىتىلگەن، لېكىن ئۇ ئاساسلىق زىيانداش ھاشارات قاتارىدا بىرتەرەپ قىلىنىدۇ دەپ ئۆزگەرتىلگەن).

## 3. ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تەدبىرلىرى

ساقلانغان ئاشلىقلاردىكى زىيانداش ھاشاراتلاردىن ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تازىلىق، فىزىكىلىق مېخانىزاتسىيە، خىمىيىلىك دورا قاتارلىقلار ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تەدبىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تازىلىق ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئادەتتە قوللىنىلىدىغان ئاساسلىق ئالدىنى ئېلىش-يوقىتىش ھېسابلىنىدۇ، باشقا ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تەدبىرلىرى بولسا ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ كىرىشتۈرۈپ ياكى يۈرۈشلەشتۈرۈپ قوللىنىلىدۇ.

### 1) تازىلىق ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش

1953 - يىلى ساقلانغان ئاشلىقلاردىكى زىيانداش ھاشاراتلاردىن ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش خىزمىتىدە «مۇداپىئە كۆرۈشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، تازىلىق ئىشلىرى ئالدىنى ئېلىش-يوقىتىش خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەدبىرى قىلىندى. ئەينى چاغدىكى ئاشلىق ساقلايدىغان ئامبارلار كونا جۇڭگودىن قېلىپ قالغان كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق كونا ئامبارلار بولۇپ، نۇرغۇنلىرى ئۇزۇن يىللارغىچە رېمونت قىلىنمىغان. تازىلىق ئارقىلىق مۇداپىئە كۆرۈشتە كۈندىلىك تازىلىق خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئامبار ئىچى-سىرتىدىكى ئوت - چۆپ، ئەخلەت قاتارلىقلارنى ئەلتۆكۈس تازىلاش، كونا ئامبارلارنىڭ دەز، تۆشۈكلىرىنى ھاك ئارىلاشتۇرۇلغان لاي بىلەن چاپلاپ زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ياشاش ماكانىنى يوقىتىش مۇھىم نۇقتا قىلىندى. 1954 - يىلى قىشتا شىنجاڭدىكى ئاشلىق تارماقلىرى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ يۇكاڭ دېگەن يېرىگە كونا ئامبارلارنىڭ لىم، تۈۋرۈك، لاپاسلىرىنىڭ يېرىقلىرى مۇھىم نۇقتا قىلىنغان تازىلىق ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تەدبىرىنى ئۆگىنىشكە ئادەم ئەۋەتكەندى، بۇ ئۇسۇل 1955 - يىلى فۇكاڭ، پىچان، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا قوللىنىلدى. 1956 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئومۇملاشتۇرۇلدى. 1958 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ 2 - ئىسكىلاتى كەڭ كۆلەمدە تازىلىنىپ، لىم - لاپاسلار رېمونت قىلىندى، ھاشارات تۇخۇملىرى يوقىتىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۇۋىلىرى ۋەيران قىلىندى. سېرىق توپا، سامان، ھاك ئارىلاشتۇرۇلغان لاي بىلەن 7106 كۋادرات مېتىر ئۆگزە ۋە تام سۇۋالدى. ئامبار تېگىدىكى تاختايلار چۇۋۇپ ئېلىنىپ، يىللاردىن بۇيان يىغىلىپ قالغان 60 مىڭ كىلوگرام ئەخلەت، توپا ئاشلىق تازىلاندى. 7970 كۋادرات مېتىر تام ئاقارتىلدى، 2520 كۋادرات مېتىر قورۇ رېمونت قىلىندى.

1960 - يىلى مۇداپىئە ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش خىزمىتىدە «مۇداپىئە كۆرۈشنى ئاساس، مۇداپىئە كۆرۈش بىلەن يوقىتىشنى تەڭ ئېلىپ بېرىش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا ئۆتۈش قىلىندى. تازىلىق ئارقىلىق مۇداپىئە كۆرۈشتە «ئامبار ئىچى پاك - پاكىز، بولۇش، ئامبار سىرتىدا ئۈچنى قالدۇرماسلىق» (ئوت - چۆپ، ئەخلەت، يۇندا قالدۇرماسلىق) نى ئىشقا ئاشۇرۇش تەلەپ قىلىندى. جايلاردىكى ئامبارلاردا تازىلىق قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش نۇقتا قىلىنىپ، تازىلىق خىزمىتى بۆلەكلەر بويىچە ھۆددىگە بېرىلىپ، شەخسلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. قەشقەر، سانجى، ئىلى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ ئاشلىق ئامبارلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر «ئامبار ئىچى پاك - پاكىز بولۇش» تەلىپىگە يېتىش ئۈچۈن، ئامبارنىڭ تەڭ ئېگىز جايىدىكى لىم، تۈۋرۈكلەرنى پاك - پاكىز سۈرتۈپ چىقتى، تام - تۈۋرۈك يېرىقلىرىنى گىپس بىلەن ئەتتى ۋە سىرلىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، تازىلىق ئارقىلىق مۇداپىئە كۆرۈش تۈزۈمى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، كۆپلىگەن ئامبارلارنىڭ تازىلىق خىزمىتى ناچارلاپ كەتتى. 1976 - يىلدىن كېيىن ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرى ئىشنى مۇھىت تازىلىقىنى چىڭ تۇتۇشتىن باشلاپ، تازىلىق تۈزۈمىنى ئورناتتى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. 1977 - يىلى پەقەت ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا بىۋاسىتە قاراشلىق 13 ئاشلىق ئىسكىلاتىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، 117 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر ئامبار ئاقارتىلىپ دېزىنفېكسىيە قىلىنغان، 105 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر قورۇ رېمونت قىلىنىپ، ئوت - چۆپلەر تازىلانغان.

1981 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئېچىلغان ساقلانغان ئاشلىقلاردىكى زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش يىغىنىدا تازىلىق ئارقىلىق مۇداپىئە كۆرۈش - يوقىتىش دائىملىق تازىلىق تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ھەم ئۇنى ئاشلىق ساقلايدىغان، پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان، ئاشلىق ساتىدىغان خادىملارنىڭ ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىگە كىرگۈزۈش، خادىملارنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىگە چېتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن نورغۇنلىغان ئاشلىق - ياغ پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتلىرى ماشىنىلارنى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇزۇن يىللارغىچە تازىلانمىغان ئورەك، ماشىنا ئاستى قاتارلىق بۇلۇڭ - پۇشقاقلارنى ئۈزۈل - كېسىل تازىلاپ، ھاشارات مەنبەسىنى يوقاتتى. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، تازىلىق ئارقىلىق مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتى ئاساسىي قاتلام ئامبار، پونكىتلارنىڭ دائىملىق خىزمىتىگە ئايلىنىپ، ئىسكىلات رايونلىرىنىڭ مۇھىتىنى كۆكەرتىش، ئامبار ئىچى ۋە سىرتقى كۆرۈنۈشى رەتلىك، پاكىز بولۇش، ئامبار ئۆگزىسىدىن تامچە ئۆتمەسلىك، ئامبار تېگى نەم تارتماسلىق، تورۇسلاردا دەز - يېرىقچىلار بولماسلىق، ئاشلىق دۆۋە - بۆلەكلىرى رەتلىك، ئۆلچەملىك بولۇش ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

## 2) فىزىكىلىق - مېخانىكىلىق ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە شىنجاڭ مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارە سىستېمىسىنىڭ ئامبارلىرىدا ئاساسلىقى غەللە - پاراق ئاشلىقى ساقلىنىدىغان بولغاچقا، ئامبارلارنىڭ سالدۇ مىقدارى ئاز، ھاشارات زىيانداشلىقى تۆۋەن بولۇپ، بىرتەرەپ قىلىش ئاسان ئىدى. 1953 - يىلى ئۆلكىلىك ئاشلىق نازارىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، غەللە - پاراق ئاشلىقى، ئېشىنچا ئاشلىقلارنى سېتىۋېلىش بىرتۇتاش باشقۇرۇلغانلىقتىن، ئامبارلارنىڭ سالدۇ مىقدارى 10 نەچچە ھەسسە ئېشىپ، زىيانداش ھاشاراتلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتى تەدرىجىي گەۋدىلەندى.

50 — 60 - يىللاردا ساقلىنىۋاتقان ئاشلىقلاردا زىيانداش ھاشاراتلار بايقالسا، ئاساسلىقى فىزىكىلىق - مېخانىكىلىق ئۇسۇل ئارقىلىق يوقىتىش تەدبىرى قوللىنىلدى. ئاشلىق سېتىۋېلىش جەريانىدا ھاشاراتلىق ئاشلىق بايقالسا شامالدۇرغۇچ، غەلۋىرلەردىن پايدىلىنىپ زىيانداش ھاشاراتلار تازىلاندى. ياز پەسلىدە ئامبارلاردىكى ئاشلىقتا زىيانداش ھاشارات بايقالسا، ئاپتاپقا سېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق بىرتەرەپ قىلىندى، ئاپتاپقا سېلىشتا ئالدى بىلەن مەيدان پاكىز تازىلىنىپ، ئاپتاپتا قىزدۇرۇلۇپ، ئاندىن ھاشاراتلىق ئاشلىق يېيىتىلىدۇ، ھاشاراتلىق ئاشلىق ئادەتتە 6 — 10 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا يېيىتىلىدۇ. ئاپتاپقا سېلىنغان

ئاشلىقنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئادەتتە 45°C تىن ئاشۇرۇلۇپ، 6 سائەتتىن كېيىن ئامبارغا كىرگۈزۈلىدۇ. ئاپتاپتا سېلىنىدىغان ئاشلىق تۈرلىرى بۇغداي، كۆممىقوناق، ئاق قوناق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. 1956 - يىل 1 - ئايدا ئاشلىق نازارىتى «قىشلايدىغان زىيانداش ھاشاراتلارنى توڭلىتىپ يوقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، جايلارنىڭ قىش پەسلىدىكى سوغۇق كىلىماتتىن پايدىلىنىپ قىشلايدىغان ھاشاراتلارنى توڭلىتىپ يوقىتىشنى تەلەپ قىلدى. شىمالىي شىنجاڭدا ھاشاراتلىق ئاشلىقلارنى تاغارلارغا قاچىلاپ ئامبار سىرتىغا چىقىرىپ 3 كۈن توڭلىتىش، ھەر كۈنى بىر قېتىم ئۆرۈپ تۇرۇش تەدبىرى قوللىنىلدى، جەنۇبىي شىنجاڭدا ھاشاراتلىق ئاشلىقلارنى ئامبار سىرتىغا يۆتكەپ، ئاشلىق قۇرۇتۇش مەيدانىغا 10 — 15 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا يېيىتىپ، كۈنىگە 2 قېتىم ئۆرۈپ تۇرۇش تەدبىرى قوللىنىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قۇرۇق ئامبارنىڭ ئىشىك، دېرىزىلىرى ئېچىۋېتىلىپ، كېچە - كۈندۈز شامالدىتىلىپ، ئامبار تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلىتىلىپ، ئامبار ئىچىدىكى چاڭ - توزان، ھاشارات ئۆلۈكى قاتارلىقلار ئۈزۈل- كېسىل تازىلاندى. توڭلىتىلغاندىن كېيىنكى ئاشلىقنى ئامبارغا كىرگۈزۈشتە تېمپېراتۇرا ئۆرلەشتىن بۇرۇن ئامبارلار ھەم چۈمكىلىپ، تۆۋەن تېمپېراتۇرا ساقلاپ قېلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن جايلار فىزىكىلىق - مېخانىكىلىق ئۇسۇل ئارقىلىق زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش خىزمىتىنى يەنىمۇ قانات يايدۇردى. 1964 - يىلى قىشتا، سانجى، توقسۇن ناھىيىلىك ئاشلىق ئامبارلىرىدا توڭلىتىش، شامالدىتىش، تاسقاش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق 4 مىليون 200 مىڭ كىلوگرام ھاشاراتلىق ئاشلىق بىر تەرەپ قىلىندى.

70 - يىللاردا فىزىكىلىق - مېخانىكىلىق مۇداپىئە كۆرۈشتە ئوكسىگېننى كېمەيتىش، ئازوتنى تولۇقلاشتەك يېڭى تېخنىكا كۆپەيتىلدى. 1977 - يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئىسكىلاتنىڭ شۇۋېت پاسونىدىكى بىر كورپۇس ئامبىرىدا چۈمكەپ ئوكسىگېن كېمەيتىش ئارقىلىق ھاشارات يوقىتىش سىناق قىلىندى. بۇ ئامباردا ساقلىنىۋاتقان 1 مىليون 250 مىڭ كىلوگرام بۇغداينىڭ ھاشارات چۈشۈش دەرىجىسى «ئادەتتىكى ھاشاراتلىق ئاشلىق» ئىدى (ھەر كىلوگرام ئاشلىقتىكى زىيانداش ھاشارات 30 دانىدىن، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىق زىيانداش ھاشارات 10 دانىدىن ئاشمىغان). تەجرىبە قىلىنغاندا، ئامبارنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرى، ئامبار تورۇسى، ئاشلىق يۈزى سۇلياۋ يوپۇق بىلەن ھەم چۈمكەلدى. ئوكسىگېن كېمەيتىپ 4 يىل چۈمكەپ ساقلىغاندىن كېيىن، ئەسلىدە بار بولغان ھاشاراتلار يوقىلىپلا قالماي، يېڭىدىن ھاشارات پەيدا بولمىدى. سېلىشتۇرۇپ سىناق قىلىنغان باشقا ئادەتتىكى ئامبارلاردىكى ئاشلىقلاردا ھەر يىلى دېگۈدەك زىيانداش ھاشارات كۆرۈلدى. 1980 - يىلى تۇرپان ۋىلايىتىدىكى ساقلىنىۋاتقان ئاشلىقلاردا ھاشارات زىيانداشلىقى ئېغىر بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 9 - ئايدىكى ھاشاراتلىق ئاشلىق 23 مىليون 290 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، ئامبارلاردىكى ئاشلىقنىڭ 46.4% نى ئىگىلىدى. 11 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، جايلارنىڭ توڭلىتىپ ھاشارات يوقىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشىنى تەلەپ قىلدى. شۇ يىلى قىشتا، تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ بىر نەپەر مۇئاۋىن شۇجىسىنىڭ قوماندانلىق قىلىشى بىلەن ئورگان كادىرلىرى ۋە ئاشلىق ساھەسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىرلىكتە ھاشاراتلىق ئاشلىقنى ئامبار سىرتىغا يۆتكەپ، نېپىز يېيىتىپ توڭلىتىشقا ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، 13 مىليون 200 مىڭ كىلوگرام ھاشاراتلىق ئاشلىقتىكى ھاشارات يوقىتىلدى، بۇ ئاشلىقتا كېيىنكى يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ھاشارات زىيانداشلىقى كۆرۈلمىدى. 1981 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق- باغ تەتقىقات ئورنى بىلەن قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى بىۋاسىتە قاراشلىق ئاشلىق ئىسكىلاتى ئازوت كۆپەيتىپ ھاشارات يوقىتىش سىنىقى ئېلىپ باردى، ئۇلار سىغىمچانلىقى 100 مىڭ كىلوگراملىق بىر ئۆڭكۈر ئامباردا 700 مىڭ كىلوگرام ھاشاراتلىق ئاشلىقنىڭ 6 تەرىپىنى ھەم چۈمكەپ، ۋاكۇئۇملۇق ناسوس بىلەن ئاشلىق دۆۋىسىدىكى ھاۋانى سۈمۈرۈپ، ئازوت گازى كىرگۈزۈپ ھاشارات يوقىتىش نىسبىتىنى 95% كە يەتكۈزدى. بۇ تەجرىبە 1982 - يىل 9 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان تېخنىكىلىق باھالاشتىن ئۆتتى. «ئازوت كۆپەيتىپ ھاشارات يوقىتىش» نىڭ چۈمكەش تەلىپى قاتتىق، ئازوت قويۇپ بېرىش

ماشىنىسىنىڭ باھاسى ئۈستۈن بولۇش سەۋەبىدىن بۇ ئۇسۇل باشقا ئورۇنلاردا ئومۇملىشالمىدى. 1985 - يىلى قەشقەر، خوتەن، ئىلى قاتارلىق جايلاردا چۈمكەپ ئوكسىگېن كېمەيتىپ ھاشارات يوقىتىش سىناق قىلىنىپ، ياخشى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. چۈمكەش تېخنىكىسىنىڭ تەلىپى بىرقەدەر يۇقىرى بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ ئۇسۇلنى ئاپتونوم رايون بويىچە كەڭ كۆلەمدە ئومۇملىشالمىدى. 1985 - يىلدىن كېيىن، بىر قىسىم ۋىلايەتلەردە فىزىكىلىق - مېخانىكىلىق مۇداپىئە خىزمىتى تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا ساقلاش، «قوش تۆۋەن» ئۇسۇلدا ساقلاش قاتارلىق ئىلمىي ئۇسۇلدا ئاشلىق ساقلاشقا بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىلدى.

## 3) خىمىيىلىك دورىلار ئارقىلىق مۇداپىئە كۆرۈش - يوقىتىش

ئاپتونوم رايونىمىزدا ساقلىنىۋاتقان ئاشلىقلاردىكى زىيانداش ھاشاراتلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش - يوقىتىشتا ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلىۋاتقان خىمىيىلىك دورىلار ئاساسلىقى: قۇرۇق ئامبارنى دېزىنفېكسىيە قىلىش دورىسى، ئىسلاش دورىسى، مۇداپىئە دورىسى قاتارلىق 3 خىل.

50 - يىللاردا ئاساسلىقى ئەمەلىيەتتىكى ئەملىشىشچان DDT، ئەملىشىشچان 666 پاراشوكى، يۇقىرى پروپىلىنلىق 666 ئىسلاش دورىسى قاتارلىق قۇرۇق ئامبارنى دېزىنفېكسىيىلەش دورىسى، ئاشلىق قاچىلانغان ئامبارلارغا ئاز مىقداردا ئەيىك ھاشارات يوقىتىش دورىسى ئىشلىتىلگەن. ئەيىك پاراشوكى ئارقىلىق ھاشارات يوقىتىشنىڭ كونكرېت مەشغۇلاتى مۇنداق بولىدۇ: قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان پۈركۈش ماشىنىسى ئارقىلىق ئەيىك ھاشارات يوقىتىش پاراشوكى قۇرۇق ئامبار ئىچىگە پۈركۈلۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بورا سېلىنىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاشاراتلىق ئاشلىق دۆۋىلىنىدۇ، ئاشلىق ئۈستى يەنە بىر قەۋەت بورا بىلەن يېپىلىپ، ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم دورا پاراشوكى پۈركۈلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كۆپلىگەن زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقاتقىلى بولىدۇ. 1951 - يىل 10 - ئايدا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېڭىسار ناھىيىسىدە ساقلىنىۋاتقان كۆممىقوناقتا ئېغىر دەرىجىدە ھاشارات ئاپىتى پەيدا بولغاندا، ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسىدىن دەي سۇڭپو مەزكۇر ۋىلايەتنىڭ 2 نەپەر كەسپىي خادىمىنى باشلاپ، پۈركۈش ماشىنىسى بىلەن ئەيىك ھاشارات يوقىتىش پاراشوكىنى ئېلىپ بېرىپ، ھاشارات يوقىتىپ ئاشلىقتىكى ھاشارات زىيىنىنى ئازايتقان. ئەمما ئەينى ۋاقىتتا جايلاردا پۈركۈش ماشىنىسى ۋە ئەيىك ھاشارات يوقىتىش پاراشوكى كۆپ بولمىغاچقا، بۇ خىزمەت ئەتراپلىق قانات يايدۇرۇلمىغان. 1952 - يىل 7 - ئايدا ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ ئاشلىق ئىدارىسى «قۇرۇق ئامبارنى دېزىنفېكسىيە قىلىشنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، جايلاردىن قۇرۇق ئامبارلارنى دېزىنفېكسىيە قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. دورا تەڭشەشتە: 50% لىك ئەملىشىشچان DDT نىڭ سۇيۇلدۇرۇلغان پاراشوكىنىڭ ھەر 0.5 كىلوگرامىغا 4.5 كىلوگرام سۇ قوشۇلۇپ، 5% لىك DDT سۇيۇق دورىسى تەييارلىنىدۇ، بۇنى 111 كۋادرات مېتىر قۇرۇق ئامبارغا چېچىشقا بولىدۇ. 1953 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە قەشقەر، ئۈرۈمچى قاتارلىق 7 ۋىلايەتنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، دېزىنفېكسىيە قىلىنغان قۇرۇق ئامبارلار سىغىمچانلىقى 54 مىليون 330 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، ئۆلكە بويىچە ئومۇمىي ئامبار سىغىمىنىڭ 27.91% نى ئىگىلىگەن. 1953 - يىلدىن باشلاپ قۇرۇق ئامبارنى ئەملىشىشچان 666 پاراشوكى ئارقىلىق دېزىنفېكسىيە قىلىش باشلاندى. 1954 - يىل 5 - ئايدا ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ ئەنەنچۈي ئاشلىق پونكىتىدىكى 400 مىڭ كىلوگرام بۇغدايغا مىتە چۈشكەن، بۇ پونكىت مەشغۇلات قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئەملىشىشچان 666 دورا پاراشوكىنى بۇغدايغا بىۋاسىتە چاچقاچقا، ئاشلىق بۇلغانغان، دۆلەت مال - مۈلكى زىيانغا ئۇچرىغان، ئۆلكىلىك ئاشلىق نازارىتى بۇ ۋەقەنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىد قىلغان. 1958 - يىلدىن كېيىن يۇقىرى پروپىلىنلىق 666 ئىسلاش دورىسى ئاپتونوم رايونىمىزدا قۇرۇق ئامبارلارنى دېزىنفېكسىيە قىلىشتىكى ئاساسلىق دورا بولۇپ قالدى.

1961 - يىلى يازدا ئاشلىق نازارىتىدىن نى ليۇشېڭ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيىسىدىكى ئاشلىق

ئامبىرىدا خېلورۇفىكرىننى تۈنجى قېتىم ئىشلىتىپ، 1 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام مىتە چۈشكەن بۇغداينى خالتا ئېسىپ ئىسلىغان، زەھەرلىك گاز تارقىغاندىن كېيىن تەكشۈرۈلگەندە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئۇمۇمىيۈزلۈك ئۆلگەنلىكى بايقالغان. 1962 - يىلدىن كېيىن خېلورۇفىكرىن ئارقىلىق ھاشاراتلىق ئاشلىقلارنى ئىسلاش خىزمىتى تەدرىجىي قانات يايدۇرۇلدى. جايلار ئىسلاپ ھاشارات يوقاتقاندا، ئادەتتە ئاشلىق نازارىتى تېخنىكا خادىملىرىنى ئەۋەتىپ يېتەكچىلىك قىلدى، بولۇپمۇ تۇرپان، توقسۇن ناھىيىلىرىدىكى ساقلىنىۋاتقان ئاشلىقلاردا كۆپ مىقداردا ھاشارات بايقالغاندا، ئۇمۇمىيۈزلۈك خېلورۇفىكرىن ئارقىلىق ئىسلاندى. تېخنىكا ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغان ئايرىم ئاشلىق ئىدارىلىرى ئىسلاش خىزمىتىنى ئۆزلىرى تەشكىللىدى. غۇلجا ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى دۆلەت ئىسكىلاتىدا ئىسلاپ ھاشارات يوقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپلا قالماي، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ ئىبادەتخانىلاردىن ئۆزگەرتىلگەن كونا ئامبارلىرىنىمۇ بىر قېتىم ئۇمۇمىيۈزلۈك ئىسلاپ چىقتى. بۇ ناھىيىدە يىلىغا 500 كىلوگرام خېلورۇفىكرىن ئىشلىتىلدى. 1964 - يىلى ئۈرۈمچى «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتىنىڭ ئامبارلىرىدا تۈنجى قېتىم ئاليۇمىن فوسفور ئارقىلىق ئىسلاپ ھاشارات يوقىتىلدى. سوۋېت پاسونىدىكى ئامباردا ساقلىنىۋاتقان 2 مىليون كىلوگرامدىن ئارتۇق بۇغدايغا ئاشلىق ئۈستىگە دورا تاشلاپ قويۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، ھاشاراتلارنى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىش ئۈنۈمىگە ئېرىشىلدى.

1965 - يىلى ئاشلىق نازارىتىدىن ۋۇ چېڭفا، ئۈرۈمچى «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتىدىن شيې يۈچۈەن قاتارلىقلار ئۈرۈمچى «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى ئامبىرىدا تۈنجى قېتىم برۇملۇق مېتان بىلەن ئىسلاپ ھاشارات يوقىتىش ئېلىپ باردى ھەمدە ئامبار سىرتىغا دورا تاشلاپ قويۇش ئۇسۇلىنى قوللاندى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئاليۇمىن فوسفور، برۇملۇق مېتاندىن ئىبارەت ئىسلاش دورىلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلدى. ئەمما جايلاردا كۆپىنچە خېلورۇفىكرىن ئىشلىتىلدى.

60 - يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە DDV لىق سۈت مېيى ئارقىلىق قۇرۇق ئامبار دېزىنفېكسىيە قىلىنىشقا باشلىدى. بۇ دورا پۈركۈپ چېچىش ئۇسۇلى بويىچە ئىشلىتىلدى. كېيىن يەنە DDV لىق سۈت مېيىغا چىلانغان لاتىلار ئامبارغا ئېسىپ قويۇلۇپ پىششىقلانمىغان ئاشلىقلار ئىسلاندى. بۇنىڭدا ئاساسلىقى پەرۋانە تۈرىدىكى زىيانداش ھاشاراتلاردىن مۇداپىئە كۆرۈلۈپ، بۇنىڭ ئۈنۈمى ئىنتايىن ياخشى بولدى.

1966 - يىلدىن 1970 - يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق تارماقلىرى بىرتۇتاش كىرگۈزۈپ ئىشلەتكەن ھەرخىل خىمىيىلىك دورىلار 38.20 توننا بولۇپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7.64 توننا ئىشلىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە خېلورۇفىكرىن 73.56%، ئاليۇمىن فوسفور 11.52%، برۇملۇق مېتان 5.76%، يۇقىرى پروپىلىنلىق 666 ئىسلاش دورىسى 9.16%.

1973 - يىلى جىمسار ناھىيىسىنىڭ ئاشلىق ئىسكىلاتىدا 2 مىليون 500 مىڭ توننا بۇغدايغا ئېغىر دەرىجىدە ھاشارات چۈشكەن. سانجى شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ خىمىيىلىك دورىلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش بۆلۈمىدىكى 10 نەچچە ئەسكەر سانجى ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسىدىكى ياڭ جيۈنىڭ قوماندانلىقىدا ئىسلاشقا قاتنىشىپ زىيانداش ھاشاراتلارنى تەلتۆكۈس يوقىتىپ ئاشلىق زىيىنىنى ئازايتقان.

70 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇرۇن ئاپتونوم رايون بويىچە ساقلىنىۋاتقان ئاشلىقلاردىكى زىيانداش ھاشاراتلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە ئۇنى يوقىتىش خادىملىرى ئاز ئىدى. ئىلى، سانجى، ئۈرۈمچى قاتارلىق ئاز ساندىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ خىمىيىلىك دورىلار بىلەن ئىسلاش ئېلىپ بارغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا رايونلاردا دورا ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە ئاشلىق نازارىتى ئەۋەتكەن تېخنىكا خادىملىرى يېتەكچىلىك قىلاتتى. 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، جايلار ئومۇمىيۈزلۈك شۇ يەردىكى تېخنىكا خادىملىرىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئىسلاپ ھاشارات يوقىتىدىغان بولدى.

1971 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرى بىرتۇتاش كىرگۈزۈپ ئىشلەتكەن

ھەرخىل خىمىيىلىك دورىلار 89.7 توننا بولۇپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 8.97 توننا ئىشلىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، خىلورۇفىكرىن 35.67%، ئاليۇمىن فوسفور 27.98%، يۇقىرى پروپىلىنلىق 666 ئىسلاش دورىسى 32.66%، بىرۇملۇق مىتان 3.69%. بۇ 10 يىلدا يىللىق ئوتتۇرىچە دورا ئىشلىتىش مىقدارى ئالدىنقى 5 يىلدىكى دورا ئىشلىتىش مىقدارىدىن 17.40% ئاشتى، ئەمما 70 - يىللاردىن باشلاپ شىنجاڭغا كۆپ مىقداردا ئاشلىق يۆتكەپ كېلىندى، كارانتىن قىلىپ بىرتەرەپ قىلىش تەدبىرلىرى يېتىشەلمەسلىك تۈپەيلىدىن، ساقلانغان ئاشلىقتىكى زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ يامراپ كېتىشى تېزلەشتى. ساقلىنىۋاتقان ئاشلىقلاردىكى زىيانداش ھاشاراتلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش يوقىتىش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، 1978 - يىل 2 - ئايدا ش ئۇ ئا ر شتات كومىتېتىنىڭ تەستىقى بىلەن ش ئۇ ئا ر ئاشلىق، ياغ مۇداپىئە كۆرۈش - يوقىتىش ئەترىتى قۇرۇلدى. بۇ ئەترەت جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئىسلاپ ھاشارات يوقىتىشىغا يارەملىشىشكە مەسئۇل بولدى. شۇ يىلى نۇقتىلىق ھالدا تۇرپان ۋىلايىتى، بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ ھاشارات چۈشكەن ئاشلىقىنى ئىسلاش ئىشىنى ئېلىپ بېرىپ، 25 مىليون كىلوگرام ھاشاراتلىق ئاشلىق ئىسلاندى، ئەمما ھاشارات زىيانداشلىقى داۋاملىق تەرەققىي قىلىپ، 1980 - يىلىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايون بويىچە شۇ يىللىق زىيانغا ئۇچرىغان ئاشلىق 200 مىليون كىلوگرامغا يەتتى. بىر قىسىم ئورۇنلاردا ھاشاراتلارنىڭ يامرىشى كىشىنى چۆچۈتكىدەك دەرىجىگە يەتتى. شىخۇ ناھىيىسىدىكى ئاشلىق، ياغ ماگىزىنلىرىدا پىشقەدەملانغان ئاشلىقتا ئومۇمىيۈزلۈك ھاشارات بايقالدى. ئامبىرنىڭ كۆچلۈك ئىنكاسى ئاستىدا، ئۇلار تىجارەتنى توختىتىپ، ھاشارات يوقىتىش يۈزىسىدىن دېزىنفېكسىيە قىلىشقا مەجبۇر بولدى، قاراماي شەھىرىدىكى 28 ئاشلىق، ياغ ماگىزىنىدىكى ئاشلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ھاشارات بارلىقى بايقالدى. شۇ شەھەردىكى 10 - ئاشلىق دۇكىنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر 210 خالتا (4200 كىلوگرام) قوناق ئۇنىدىن 2 كىلوگرام زىيانداش ھاشاراتنى تاسقاپ چىقتى. بەزى ئاشلىق دۇكانلىرىدىكى گۈرۈچتە زىيانداش ھاشارات بارلىقىنى بايقاپ قالغان خېرىدارلار گۈرۈچنى سېتىۋالماي، يامان تەسىر پەيدا قىلدى. شۇ يىلدىن باشلاپ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ساقلاش - يۆتكەش شىركىتىنىڭ ئىسكىلاتىدا ئوچۇقچىلىقتا ساقلانغان ئاشلىق دۆۋىسىدە ئاليۇمىن فوسفور بىلەن ئىسلاپ ھاشارات يوقىتىش يولغا قويۇلدى: بۇنىڭدا سۇلياۋ يوپۇقتىن ئىسلاش چېدىرى ياسىلىپ، ئاشلىق دۆۋىسىنىڭ 6 تەرىپى ھەم چۈمكىلىپ، ئاشلىق ئۈستىگە دورا تاشلاپ قويۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، ئوچۇقچىلىقتىكى ئاشلىق دۆۋىلىرىدە ئىسلاپ ھاشارات يوقىتىشتەك قىيىن مەسىلە ھەل قىلىندى.

ساقلىنىۋاتقان ئاشلىقلاردا كۆپلەپ زىيانداش ھاشارات تارقىلىشتەك پاسسىپ ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، 1981- يىل 3 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ساقلىنىۋاتقان ئاشلىقلاردىكى زىيانداش ھاشاراتلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش - يوقىتىش خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ يامراش سەۋەبىنى ئانالىز قىلىپ، مۇداپىئە كۆرۈش - يوقىتىش لايىھىسىنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتتى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ «ئاپتونوم رايون ساقلانغان ئاشلىقلاردىكى زىيانداش ھاشاراتلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش يىغىنى ئەھۋالىدىن دوكلات» نى تەستىقلاپ تارقىتىپ، جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ھەقىقىي تۈردە ئەھمىيەت بېرىپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنى تەشكىللەپ، ساقلىنىۋاتقان ئاشلىقلاردىكى زىيانداش ھاشاراتلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش- يوقىتىش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. جايلار زىيانداش ھاشاراتلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش- يوقىتىش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك زورايتتى، تازىلىق ئارقىلىق مۇداپىئە كۆرۈشنى ئاساس قىلىپ، فىزىكىلىق - مېخانىكىلىق مۇداپىئەنى بىرلەشتۈرۈپ، خىمىيىلىك دورا ئارقىلىق مۇداپىئە كۆرۈپ يوقىتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلدى. 4 - ئايدا ئاشلىق مىنىستىرلىكى بىلەن يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى بىرلىكتە خىمىيىلىك مۇداپىئە دورىسى (ھاشاراتتىن مۇداپىئە كۆرۈش فوسفورى) ئارقىلىق ساقلىنىۋاتقان ئاشلىقلاردىكى زىيانداش ھاشاراتلاردىن مۇداپىئە كۆرۈشنى كېڭەيتتى. ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى 1982 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا

ھاشاراتتىن مۇداپىئە كۆرۈلمىدىغان فوسفورلۇق مۇداپىئە دورىسىنى سېتىۋالدى ھەمدە 1983 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە سانجى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ بازارلىق ئىسكىلاتىدا ئاپتونوم رايون بويىچە ھاشاراتتىن مۇداپىئە كۆرۈلمىدىغان فوسفورلۇق دورا بويىچە مەشغۇلات تېخنىكىسى ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى. كۇرسقا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە سانجى ئوبلاستىغا تەۋە ناھىيىلەردىن 38 نەپەر مۇداپىئە تېخنىكا خادىمى قاتناشتى ھەم ئۇلار توشۇغۇچ ئۇسۇلى، قەۋەتلەر بويىچە پۈركۈش، ئۈستىگە پۈركۈش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق 3 كورپۇس ئامبارنى بىر تەرەپ قىلدى. كۇرستىن كېيىن جايلاردا مۇداپىئە دورىسى ئارقىلىق ئاشلىق ساقلاش پائال ئومۇملاشتۇرۇلدى. 1990 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق تارماقلىرى ھاشاراتتىن مۇداپىئە كۆرۈش فوسفورى ئارقىلىق 1 مىليارد كىلوگرام ئاشلىقنى بىر تەرەپ قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى ئوبلاستىدا بىر تەرەپ قىلىنغان ئاشلىق ئومۇمىي ئاشلىقنىڭ %50 نى ئىگىلىدى.

مەلۇماتقا قارىغاندا، 1981 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدا بىرتۇتاش كىرگۈزۈلۈپ ئىشلىتىلگەن خىمىيىلىك دورا 227.9 تونىغا يەتكەن. بۇ 10 يىلدا ئىشلىتىلگەن خىمىيىلىك دورا ئالدىنقى 10 يىلدىكىنىڭ 2.54 ھەسسىسىگە توغرا كەلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئاليۇمىن فوسفىد %60.73، خلورپىكرىن %8.21، برومىلۇق مىتال %4.83، يۇقىرى پروپىنلىق 666 دورىسى %11.72، «741» ئىسلاش دورىسى %4.83، دى خىلروفون %5.75، ھاشاراتتىن مۇداپىئە كۆرۈش فوسفورى %4.38. جەمئىي بىر تەرەپ قىلىنغان ھاشاراتلىق ئاشلىق 2 مىليارد 220 مىليون كىلوگرام، بۇنىڭ ئىچىدە خىمىيىلىك دورا ئارقىلىق ئىسلانغان ئاشلىق 1 مىليارد 842 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، %82.97 نى ئىگىلىگەن، ئاشلىقتا ھاشارات چۈشۈش نىسبىتى 1981 ـ يىلدىكى %13.72 تىن 1990 ـ يىلى %3.80 كە چۈشكەن. 10 يىل ئىچىدە ھاشارات تۈپەيلىدىن نابۇت بولىدىغان ئاشلىق 62 مىليون كىلوگرام ئازايغان. بۇ مەزگىلدە جايلاردىكى ئاشلىق ئىسكىلاتلىرىدا ئىسلاپ ھاشارات يوقىتىش تېخنىكىسى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئوچۇقچىلىقتىكى ئاشلىق دۆۋىلىرىدە ئىسلاپ ھاشارات يوقىتىش يېڭى تېخنىكىسى ئومۇملاشتى. مەسىلەن: ئۈرۈمچى رايونىدىكى ئاشلىق تارماقلىرى ئوچۇقچىلىقتا ساقلىنىۋاتقان 180 مىليون كىلوگرام ئاشلىقتىكى ھاشاراتنى ئىسلاپ يوقىتىپ ئوچۇقچىلىقتا ساقلىنىۋاتقان ئاشلىقنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلدى.

1985 ـ يىلدىن باشلاپ دۆلەت يۇقىرى پروپىنلىق 666 ئىسلاش دورىسىنى ئىشلىتىشنى توختىتىشنى قارار قىلدى. شۇ يىلى 3 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى يۇقىرى پروپىنلىق 666 ئىسلاش دورىسى ئورنىغا «741» ئىسلاش دورىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىشنى قارار قىلدى ھەمدە «741» ئىسلاش دورىسىنى قۇرۇق ئامبارنىلا دېزىنفېكسىيە قىلىشقا ئىشلىتىش، ئاشلىق قاچىلانغان ئامبارلارنى ئىسلاشقا ۋە ئاشلىق پىششىقلاش زاۋۇتلىرىنى دېزىنفېكسىيە قىلىشقا رۇخسەت قىلماسلىقنى بەلگىلىدى.

خىمىيىلىك دورا ئارقىلىق مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇش جەريانىدا، بەزى جايلاردا تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ساپاسى تۆۋەن بولۇپ، مەشغۇلات قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقتىن، ئېغىر مەسئۇلىيەت ھادىسىلىرى سادىر بولدى: (1) 1986 ـ يىل 9 ـ ئايدا ئاقتۇ ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئامبىرىنىڭ تېخنىكا خادىملىرى مەشغۇلات قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ «741» ئىسلاش دورىسى ئارقىلىق ئاشلىق قاچىلانغان ئامبارنى ئىسلىغانلىقتىن، 3 مىليون 320 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق بۇلغىنىپ، دۆلەت مال-مۈلكى زىيانغا ئۇچرىغان. شۇ سەۋەبتىن ج ك پ ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئاپتونوم رايونغا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقاردى، ئاقتۇ ناھىيىلىك پارتكوم بۇ ۋەقەدىكى ئاساسلىق جاۋابكارنى بىر تەرەپ قىلدى. (2) 1990 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 6 يېرىمدا، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئاشلىق، ياغ ـ كېلىشىپ سېتىۋېلىش ـ سېتىش شىركىتى ئاشلىق ساقلاش تېخنىكا قائىدىسىگە ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلىپ، ئىككى ئامبارنى نورمىدىن ئارتۇق ئاليۇمىن فوسفىد بىلەن ئىسلىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلاشتىن بۇرۇن ئامبار ھەم پېچەتلەنمىگەن، ئامبارغا قوشنا بىر ئائىلىنىڭ

ئىشىنىڭ قۇلۇپىدىكى كاۋاك ئېتىلمىگەن، شۇنداقلا ئەتراپتىكىلەرگە ئىسلاش ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقىرىلمىغان ھەم ئېھتىيات لىنىيىسى تەسىس قىلىنمىغان، نەتىجىدە 16 ـ چىسلا سائەت نۆلدىن 10 مىنۇت ئۆتكەندە، ئامبارغا قوشنا ئۆيدىكى 4 ئادەم ئېغىر زەھەرلەنگەن، ئۇلار دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلىپ قۇتقۇزۇلغان، ئىككى ئادەم ئامان قالغان، ئىككى ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن. بۇ ۋەقەدىن كېيىن بىر مەزگىل زەھەرلىنىش ۋە ئۆلۈشنىڭ سەۋەبىنى بېكىتكىلى بولمىغان. قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بىۋاسىتە سورۇشتە قىلغان. ئاشلىق، ج خ، سەھىيە قاتارلىق 7 تارماق بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللىگەن. قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ـ ياغ يەم تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئىنژېنېر جۇ نىڭخې باشچىلىقىدىكى خىزمەت گۇرۇپپىسىنى شۇ جايغا بېرىپ ھەمكارلىشىشقا ئەۋەتكەن. بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى كۆپ تەرەپلىمە تەكشۈرۈش ئارقىلىق زەھەرلەنگەن خادىملارنى قۇتقۇزۇش لايىھەسىنى ۋاقتىدا تۈزۈپ چىققان ھەم زەھەرلىنىش، ئۆلۈشنىڭ سەۋەبى ئاليۇمىن فوسفىد بىلەن ئىسلاشتىن كېلىپ چىققان جوغلانما گىدروفوسفىدنىڭ زەھەرلىشى ئىكەنلىكىنى بېكىتكەن. بۇ شىنجاڭدا تارىختىن بېرى ئاشلىقنى ئىسلاش جەريانىدا يۈز بەرگەن ئادەم ئەڭ كۆپ زەھەرلەنگەن ۋە ئۆلگەن بىر قېتىملىق ۋەقە بولدى. ئالاقىدار جاۋابكارلار شۇ يەردىكى ئەدلىيە ئورۇنلىرىنىڭ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، جايلاردىن خىمىيىلىك دورىلارنى باشقۇرۇشنى بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ چىقىشنى، خىمىيىلىك دورا ئارقىلىق ئىسلاپ ھاشارات يوقىتىشتا ئاشلىق ساقلاش تېخنىكا قائىدىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

## § 2 . كېسەللىكتىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە ئۇنى يوقىتىش

شىنجاڭدا ساقلىنىۋاتقان ئاشلىقلاردىكى كېسەللىكلەر دېگەندە ئاساسلىقى بۇغدايدا بولىدىغان باشاق مۇڭگۈز كېسەللىكى، قىل قۇرۇت كېسەللىكى، ھال كېسەللىكى، قارا باشاق كېسەللىكى قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە يوقىتىش ئۇسۇلى، ئادەتتە كارانتىن قىلىشنى كۈچەيتىش، سېتىۋېلىشقا چەك قويۇش، ئالاھىدە ئەھۋالدا ئايرىم بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت. 1963 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتىدە بۇغدايغا ھال چۈشۈش كېسەللىكى، تارباغاتاي ۋىلايىتىدە قارا باشاق كېسەللىكى ئاپىتى كۆرۈلدى. ئاشلىق نازارىتى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ئاممىنى تولۇق ھەرىكەتلەندۈرۈپ، مەيدانغا يېيىش، سورۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق مۇداپىئە كۆرۈشنى تەلەپ قىلدى. ئاپەت ئەھۋالى يېنىك ئەترەتلەرنىڭ كېسەل تەگكەن بۇغدىيىنى سېتىۋالماسلىق، ئاپەت كۆلىمى چوڭ بولغان گوڭشې ـ ئەترەتلەرنىڭ كېسەل تەگكەن بۇغدىيىنى ئايرىم سېتىۋېلىپ ساقلاش، تازىلاپ بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن، شۇ جايدا پىششىقلاش، سېتىش، كېسەللىك ئاپىتىنىڭ باشقا جايغا يامراپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن سىرتقا يۆتكىمەسلىك بەلگىلەنگەن. 1966 ـ يىلى ئاشلىق نازارىتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىپ ئامبارغا كىرگۈزۈشتىكى پىرىيوم ئۆلچىمى» نى ئېلان قىلىپ، بۇغدايدا مەستەك، قىل قۇرۇت كېسىلى، قارا باشاق كېسەللىكى بولسا ئۇنى سېتىۋالماسلىق، ئالاھىدە ئەھۋالدا ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىلىرىغا مەلۇم قىلىپ، ئۇلار تەستىقلىغاندىن كېيىن سېتىۋېلىشنى، ئەمما پىرىيوم ھۆججىتىدە كېسەللىك مىقدارىنى ئېنىق ئەسكەرتىپ قويۇشنى، بۇ خىل بۇغداينى ئايرىم ساقلاشنى بەلگىلىدى.

1976 ـ يىلى گەنسۇدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگە يۆتكەپ كېلىنگەن 10 مىليون كىلوگرام بۇغدايدا باشاق

مۆڭگۈز كېسەللىكى بايقالدى، بىر قىسىم بۇغدايدىكى كېسەل دان ئون مىڭدىن تۆتتىن ئون مىڭدىن ئونغىچە بولۇپ، مىقدارى بەلگىلىمىدىن 3 — 9 ھەسسىگىچە ئېشىپ كەتتى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى، سەھىيە ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك «1 ـ ئاۋغۇست» ئون زاۋۇتى 8 كىشىنى ئاجرىتىپ، كېسەل بۇغداينى پىششىقلاپ ئىشلەشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بولۇپ 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) نى سەپەرۋەر قىلىپ، كېسەل بۇغداينى تاللاپ چىقتى، بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە 200 نەچچە كىلوگرام كېسەل بۇغداي تاللاپ چىقىلدى. شۇ يىلى 8 ـ ئايدا كۈنەس، تېكەس ناھىيىلىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگە يۆتكەپ كېلىنگەن بۇغدايدىمۇ باشاق مۆڭگۈز كېسەللىك دانچىلىرى بايقالغاندا دەرھال ئۇقتۇرۇش چىقىرىلىپ يۆتكەش توختىتىلدى ھەم يۆتكىلىپ بولۇنغان بۇغداينىڭ ياخشى بۇغدايغا ئارىلىشىپ پىششىقلىنىپ قېلىشىدىن ساقلىنىلدى.

1977 ـ يىلى ئىلى ۋىلايىتىدە بۇغدايلاردا 1 ـ نومۇرلۇق كېسەل (قاراكۈيە كېسەللىكى) بايقالدى. شۇ يىلى 8 ـ ئايدا دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكى ئىلى ۋىلايىتىنى كارانتىن قىلىش رايونى دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، بۇ رايوندىن سىرتقا بۇغداي يۆتكەشنى مەنئى قىلدى. 1979 ـ يىل 9 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك كومىتېتى بۇغدايدىكى 1 ـ نومۇرلۇق كېسەللىكنى تەكشۈرۈش ۋە ئىلمىي تەجرىبە قىلىش سۆھبەت يىغىنى چاقىرىپ، ئاشلىق، دېھقانچىلىق، سەھىيە تارماقلىرىنىڭ كېسەل تەگكەن ئەسلى ئاشلىقلاردىكى مىكروبلارنى يوقىتىش ۋە ئۇنىڭدىن مۇداپىئە كۆرۈش تەدبىرلىرىنى بىرلىكتە تەجرىبە قىلىشنى بېكىتتى. 10. ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى قورغاس ناھىيىسىنىڭ لوساۋگۇ ئاشلىق پونكىتىدا بۇغدايدىكى 1 ـ نومۇرلۇق كېسەللىكنى ئازىدان بىلەن ئىسلاشنى سىناق قىلدى. بۇ قېتىملىق سىناق ئوچۇقچىلىقتىكى سۇلياۋدىن ياسالغان چېدىر ۋە ئامبار ئىچىدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئورۇندا ئېلىپ بېرىلدى. ھەر كۇب مېتىرغا 250 گرام دورا ئىشلىتىلىپ، كېسەللىك مىكروبلىرى يوقىتىلدى. 1980 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئىلى ۋىلايىتىدىكى كېسەللىك بۇغدايلار دورا بىلەن ئىسلانغاندىن كېيىن ئۈرۈمچى قاتارلىق ئىستېمال رايونلىرىغا يۆتكەپ كېلىنىپ پىششىقلاپ ئىشلەندى. 1980 — 1981 ـ يىللىرى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ساقلاش ـ يۆتكەش باشقارمىسى، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ـ ياغ مۇداپىئە كۆرۈش ـ يوقىتىش ئەترىتى، قورغاس ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىدىكى تېخنىكا خادىملىرىدىن تەشكىللەنگەن بىرلەشمە ئىسلاش ئەترىتى ئۆزلىرى يەملەپ ياسىغان سۇلياۋ چېدىرلاردىن پايدىلىنىپ قورغاس، كۈنەس ناھىيىلىرى ۋە غۇلجا شەھىرىدە 1 ـ نومۇرلۇق كېسەل تەگكەن 33 مىليون 920 مىڭ كىلوگرام بۇغداينى ئىسلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە قورغاس ناھىيىسىنىڭ 76.8% نى ئىگىلىدى. ئىسلاش خىراجىتىنى شۇ جايدىكى ئاشلىق تارماقلىرى ئۈستىگە ئالدى. 1981 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن 1982 ـ يىللىق ئاشلىق سېتىۋېلىشتىن باشلاپ، 1 ـ نومۇرلۇق كېسەل تەگكەن بۇغداينى ئەسلىدىكى تېرىغان ئورۇن ئىسلىغاندىن كېيىن ئاشلىق تارماقلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىدىغان، ئىسلاش شارائىتى بولمىغان جايلارنىڭ بۇغدىيىنى ئاشلىق تارماقلىرى سېتىۋالغاندىن كېيىن توپلاپ ئىسلايدىغان، ھەر 5000 كىلوگرامغا 61 يۈەن ئىسلاش ھەققى ئېلىنىدىغان بولدى. شۇ يىلى ئاشلىق تارماقلىرى ئىسلىغان 1- نومۇرلۇق كېسەل تەگكەن بۇغداي 14 مىليون 740 مىڭ كىلوگرام بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە قورغاس ناھىيىسىنىڭ 76.7%، كۈنەس ناھىيىسىنىڭ 23.3%.

1986 ـ يىلى ئىلى، تارباغاتاي قاتارلىق جايلارنىڭ ئاشلىق ئامبار سىغىمىنى ھەل قىلىپ، يېڭى ئاشلىق كىرىم قىلىشقا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى بىلەن دېھقانچىلىق نازارىتى ئانالىز، مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق ئىلى قاتارلىق جايلارنىڭ ئامبار قالدۇقىدىكى 1 ـ نومۇرلۇق كېسەل تەگكەن بۇغدىيىنى ئۈرۈمچى، تۇرپان، قۇمۇلدىن ئىبارەت ئۈچ ئىستېمال رايونىغا يۆتكەپ كېلىپ، پىششىقلاپ سېتىشقا بولىدۇ؛ بۇ رايونلارنىڭ باشقۇرۇشى ياخشى بولسىلا، كېسەللىك مىكروبلىرى شۇ جاينىڭ بۇغداي

ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا تارقىلىپ يامراپ كېتەلمەيدۇ، يەنە كېلىپ، تۇرپان، قۇمۇل رايونلىرىدا قىش پەسلىدە ئۇزۇن مەزگىلگىچە قار دۆۋىلىنىپ قالمايدىغان بولغاچقا، بۇغدايدىكى 1 - نومۇرلۇق كېسەللىك پەيدا بولالمايدۇ دەپ قارىدى. شۇڭا، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، دېھقانچىلىق نازارىتى 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە ئەستىقلاتقاندىن كېيىن، 1 - نومۇرلۇق كېسەل تەگكەن بۇغداينى ئىشلىمايلا ئۈرۈمچى شەھىرى، تۇرپان، قۇمۇل ۋىلايىتىگە يۆتكەشكە بولىدىغانلىقىنى، ئەمما يۆتكەپ بەرگۈچى رايون بۇغداي يۆتكەشتە كارانتىن پىرىنسىپىنى كۈچەيتىپ، باشقا كارانتىن ئوبيېكتلىرىنىڭ تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى لازىملىقىنى؛ بۇ 3 ۋىلايەت، شەھەرنىڭ كېسەل تەگكەن بۇغداينى پىششىقلاپ ئىشلىگەندە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، بۇغداي يۇغان سۇ، كېپەك، چېچىلغان داننى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشى لازىملىقىنى، بۇغداي يۇغان سۇنى دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىغا ئاقتۇزماسلىقنى، بۇ ئارقىلىق شۇ جايلاردىكى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى بەلگىلىدى. ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ 1 - نومۇرلۇق كېسەل تەگكەن بۇغداينى ئىسلاش خىزمىتى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.

1987 - يىل 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى تارقاتقان «ئاشلىق، ياغ بويىچە دۆلەت ئۆلچىمىنى ئىجرا قىلىشتا ئائىت مەسىلىلەر توغرىسىدىكى كونكرېت بەلگىلىمە» دە: «سېتىۋېلىش ۋە يۆتكەشتە، بۇغداي تەركىبىدىكى باشاق مۆڭگۈزلۈك دانىنىڭ 0.01% تىن، مەستەك دانىنىڭ 0.1% تىن، قارا كۈيە دانىنىڭ ھەر كىلوگرامىدا 3 تالدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى بەلگىلەندى.

1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ساقلىنىۋاتقان ئاشلىقتىكى ھەرخىل كېسەللىكلەردىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە يوقىتىش خىزمىتىدە يەنىلا يۇقىرىقىدەك دۆلەت بەلگىلىمىسىدىكى كارانتىن چارىسى ۋە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ بەلگىلىمىسى ئىجرا قىلىندى.

## 3 § . چاشقان، قۇشقاچتىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە يوقىتىش

شىنجاڭدا ساقلىنىۋاتقان ئاشلىقلارغا كۆپرەك زىيان سالىدىغان چاشقان تۈرلىرىدىن كىچىك ئۆي چاشقىنى، قوڭۇر ئۆي چاشقىنى، سېرىق كۆكرەكلىك چاشقىنى قاتارلىقلار، كۆپ زىيان سالىدىغان ئۇچار قۇش تۈرلىرىدىن قۇشقاچ، پاختەك، قاغا قاتارلىقلار بار. 1949 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندا ئۆتكۈزۈۋېلىنغان ئاشلىق ئامبارلىرىنىڭ ھەممىسى كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق كونا ئامبارلار بولۇپ، ساقلىنىدىغان ئاشلىقلار ئاسانلا چاشقان، ئۇچار قۇشلارنىڭ زىيىنىغا ئۇچرايتتى، مۇداپىئە، يوقىتىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بولۇپ، چاشقان، ئۇچار قۇشلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش مۇئەسسەسلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى، ئامبارلارنىڭ ئىشىكىگە چاشقاننى توسۇش توساقلىرى، ئىشىك - دېرىزىلەرگە ئۇچار قۇشتىن مۇداپىئە كۆرۈش تورلىرى بېكىتىلگەن، چاشقان تۆشۈكلىرى بايقالسا، كالا تېزىكىگە 666 دورىسى ئارىلاشتۇرۇلۇپ تۆشۈكلەر ئېتىلدى، بەزى ئامبارلاردا تېخى چاشقان يوقىتىش ئۈچۈن مۈشۈك بېقىلدى. ئورغۇنلىغان ئاساسىي قاتلام ئامبار، پونكىتلاردا چاشقان، ئۇچار قۇشنى تۇتۇش سۈنئىي ئۇسۇلدا مۇسابىقە پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1953 - يىلدىن 1955 - يىلغىچە ئۈرۈمچى، قۇمۇل، كورلا، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق ۋىلايەت (شەھەر) لەردە 13 مىڭ 874 دانە چاشقان، 69 مىڭ 540 دانە قۇشقاچ تۇتۇلدى. 1955 - يىل 7 - ئايدىن 1956 - يىل 3 - ئايغىچە ئىلى ۋىلايىتى ۋە بورتالا ئوبلاستىدا ئېغىر چاشقان ئاپىتى كۆرۈلۈپ، ئاشلىق ئورۇنلىرى چاشقاننىڭ ئېغىر زىيىنىغا ئۇچرىغاچقا، جەمئىي 260 مىڭ دانە چاشقان يوقىتىلدى. غۇلجا شەھىرىگە بىۋاستە قاراشلىق ئىسكىلاتتا ساقلىنىۋاتقان 100 مىڭ كىلوگرام

ئاشلىق دۆۋىسى تەكشۈرۈلگەندە 500 دىن ئارتۇق چاشقان يوقىتىلدى. 1956 - يىل 4 - ئايدا ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق ئورۇنلىرى «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇپ، چاشقان، ئۇچار قۇشلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە يوقىتىش خىزمىتىنى دائىملىق خىزمەتكە ئايلاندۇردى. 1957- يىلى 31 مىڭ 541 دانە چاشقان، 25 مىڭ 72 دانە قۇشقاچ يوقىتىلدى. 1958 - يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتىدە 26 مىڭ 472 دانە چاشقان، 9947 دانە قۇشقاچ يوقىتىلدى، چاشقان تۆشۈكىدىن 574 ى ئېتىلدى، قۇشقاچ ئۇۋىسىدىن 123 ى بۇزۇپ تاشلاندى.

60 - يىللاردا چاشقان ۋە ئۇچار قۇشلارنىڭ زىيانداشلىقىغا قارىتا مۇداپىئە كۆرۈش بىلەن يوقىتىشنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. ئاساسلىقى ئامبار ئىشىكلىرىگە ئومۇميۈزلۈك تاختا مۇشۈك قويۇلدى، ئىشىك، دېرىزىلەرگە قۇشقاچتىن مۇداپىئەلىنىش تورلىرى تارتىلدى. چاشقان يوقىتىشتا سايمان بىلەن يوقىتىش ئاساس قىلىندى ھەمدە دورا بىلەن زەھەرلەپ يوقىتىش باشلاندى. بۇنىڭدا ئىشلىتىلگەن ئاساسلىق دورىلار سىنك فوسفىد، دىفاتسىنون ناترىي تۇزىدىن ئىبارەت. زەھەرلەپ يوقىتىش ئۇسۇلى مۇنداق: 2% سىنك فوسفىد، 1% دىفاتسىنون ناترىي تۇزى قوشۇپ ياسالغان زەھەرلىك يەم ساندۇقىغا سېلىنىپ، ئۇ ئاشلىق ئامبىرى ياكى چاشقانلار ھەرىكەت قىلىدىغان ئوچۇق مەيدانلارغا قويۇپ قويۇلىدۇ، ھەر 6 كۈندە بىر قېتىم ئالماشتۇرۇلىدۇ. 1965 - يىلى قەشقەر شەھەرلىك ئاشلىق ئامبىرىدا سىنك فوسفىد ئارقىلىق 100 دىن ئارتۇق چاشقان يوقىتىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە چاشقان ۋە ئۇچار قۇشلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە يوقىتىش تۈزۈمى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، نۇرغۇنلىغان ئاساسىي قاتلام ئاشلىق ئامبارلىرى، پونكىتلاردا چاشقان، ئۇچار قۇشلارنىڭ زىيىنى ئېغىر بولدى، ئامبارنىڭ ئۇل تېمى ئەتراپىدا چاشقان تۆشۈكلىرى بايقالدى، بەزى ئامبارلارنىڭ لىملىرىغا ئۇچار قۇشلار ئۇۋا سالدى، ئاشلىق دۆۋىلىرىدە دائىم چاشقان ئىزى، قۇشقاچ مايىقى كۆرۈلۈپ، ساقلىنىۋاتقان ئاشلىقلارغا بىرقەدەر ئېغىر زىيان سالدى.

1976 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق سىستېمىسىدا «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرى پائالىيىتى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، جايلار چاشقان ۋە ئۇچار قۇشلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە ئۇنى يوقىتىش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتتى، چاشقان تۆشۈكلىرىنى ئەتتى. ئامبار تېگى ۋە تام ئۇللىرىنى سېمونت بىلەن سۇۋىدى، ئامبار ئىشىكلىرىگە 60 سانتىمېتىرلىق قاڭالتىردىن ياسالغان چاشقان توسۇش تاختايلىرىنى ئورناتتى. ئىشىك - دېرىزىلەرگە ئۇچار قۇشلاردىن مۇداپىئەلىنىش تورلىرىنى مىقلىدى. چاشقان يوقىتىشتا يەنىلا ئەسۋاب ئارقىلىق يوقىتىش بىلەن دورا ئارقىلىق زەھەرلەپ يوقىتىشنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئۈرۈمچى، سانجى، قەشقەر، ئىلى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ئاشلىق ئامبارلىرىدا ئېلېكترونلۇق چاشقان ئۆلتۈرۈش سايمىنى بىلەن چاشقان يوقىتىلدى. ئۇچار قۇشلاردىن مۇداپىئە كۆرۈشتە قوغلىۋېتىش ئاساس قىلىنىپ، ئاشلىق ئامبارلىرىدا قۇشقاچ ئۇۋىسى، ئىزى، مايىقى بولماسلىققا كاپالەتلىك قىلىندى. 1985 - يىلى ئوچۇقچىلىقتا ساقلىنىدىغان ئاشلىقلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئوچۇقچىلىقتىكى ئاشلىق دۆۋىلىرىدە چاشقان زىيانداشلىقىدىن مۇداپىئە كۆرۈش مۇھىم نۇقتا قىلىندى، بۇنىڭدا ئاشلىق دۆۋىلىنىدىغان يەرگە سېمونت تۈۋرۈك ئارقىلىق ئېگىزلىتىلگەن ھاۋا ئۆتۈشۈش جازىسى ئورنىتىلىپ، ئۈستىگە بامبۇك تاختايلار سېلىنغاندىن كېيىن، ئاندىن ئاشلىق تۆكۈلدى، بەزى جايلاردا ئاشلىق تۆكۈلىدىغان جاي ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى قاڭالتىر ياكى سىللۇزلۇق كاھىش تاختاي بىلەن توسۇلۇپ، چاشقان ھەم ھۆل - يېغىندىن مۇداپىئە كۆرۈلدى. ئوچۇقچىلىقتىكى ئاشلىق دۆۋىلىرىنىڭ ئەتراپىغا قەرەللىك ھالدا چاشقان يوقىتىش يېمى قويۇلدى. 1989 - يىلى سانجى ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسى فۇكاڭ ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئىجاد قىلغان ئوقۇرچە ئارقىلىق چاشقاندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۇسۇلىنى خۇلاسىلەپ كېڭەيتتى. بۇ

ئۈستۈلدا ئامبار ئىشىكىنىڭ بوسۇغىسىغا بىر ئوقۇرچە بېكىتىلىدۇ، ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى 30 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 15 سانتىمېتىر. ئۇنىڭ ئىچى سېمونت قۇم ۋە سېمونت لاي بىلەن سىيلىق سۇۋۇلىدۇ، ئوقۇرچىنىڭ ئىچىگە زەھەرلىك يەم قويۇپ قويۇلىدۇ. ئوقۇرچىنىڭ ئۈستۈنكى ئېغىزىنىڭ ئامبار ئىچىگە يېقىن بولغان تەرىپىگە ھەرىكەتچان بولات تاختاي ئورنىتىلىدۇ (ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 20 سانتىمېتىر، گورىزونتال تەكشى بۇلۇڭى 60° بولىدۇ)، ئامبار ئىشىكىنىڭ رامكىسىغا كىلتان مۇقىملاشتۇرۇلۇپ چاشقاننىڭ ئامبارغا كىرىشىدىن ساقلىنىلىدۇ. بۇنداق ئوقۇرچە ئارقىلىق چاشقاندىن مۇداپىئە كۆرۈلىدىغان ھەرىكەتچان توساق تاختىيى ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى تەرىپىدىن ئاشلىق ئامبارلىرىنى لايىھىلەشتە قوللىنىلدى، كېيىن يېڭىدىن سېلىنغان ئاشلىق ئامبارلىرىدا بىرخىل مۇئەسسەسىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1990 - يىلى كۈزدە ئۈرۈمچى شەھىرىدە بىر قېتىملىق چاشقان يوقىتىش بويىچە نىشانغا يېتىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغاندا شەھەرلىك ئاشلىق تارماقلىرى ئۇقتىلىق چاشقان يوقىتىش نۇقتىسى قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق - ياغ يۆتكەش پونكىتىدا زەھەرلىك يەم ساندۇقىدىن 2000 ى قويۇلۇپ، بۇنىڭغا 150 كىلوگرام تۈرلۈك زەھەرلىك يەم سېلىنىپ، 600 دىن ئارتۇق چاشقان يوقىتىلدى.

1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق ئامبارلىرىغا چاشقاندىن مۇداپىئە كۆرۈش تاختىسى، قوشقاچتىن مۇداپىئە كۆرۈش تورى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئامبار رايونلىرىغا قەرەللىك ھالدا چاشقان يوقىتىش دورىسى قويۇلدى، چاشقان، ئۇچار قۇشلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتى قېلىپلاشتۇرۇلدى ۋە دائىملاشتۇرۇلدى.

## 4 § . سۈپەت تەكشۈرۈش ئۆلچىمى

مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) 12 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ غەللە - پاراق ئۆچۈن ئېلىنغان ئەشيالارنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش نىزامى» نى ئىجرا قىلىش ھەققىدە پەرمان چىقاردى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: غەللە - پاراق ئۈچۈن ئېلىنىدىغان ئەشيالار شال، بۇغداي، كۆممىقوناق بىلەن چەكلىنىدۇ. باشقا قارا ئاشلىقلار تەستىقلانغاندىن كېيىن ئېلىنىدۇ. ئېلىنىدىغان ماددىي ئەشيالار قۇرۇق، پاكىز، دانلىرى تولۇق يېتىلگەن بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭدا يەنە مۇنداق بەلگىلەنگەن: (1) شالدىكى ئەخلەت - چاۋارلار (كۆرمەك، قۇم، داڭگال، ھاشارات يېگەن دان ۋە باشقا نەرسىلەر) ‰3 كە، سۇ تەركىبى %15 كە يەتمەسلىكى كېرەك، ھەر بىر دادەننىڭ ئېغىرلىقى 108 جىڭ بولسا لاياقەتلىك بولىدۇ. (2) بۇغدايدىكى ئەخلەت - چاۋارلار ‰4 كە، سۇ تەركىبى %14.5 كە يەتمەسلىكى كېرەك. ھەر بىر دادەننىڭ ئېغىرلىقى 145 جىڭدىن يۇقىرى بولغانلىرى لاياقەتلىك بولىدۇ. (3) كۆممىقوناقتىكى ئەخلەت. چاۋارلار ‰4 كە، سۇ تەركىبى %13.7 كە يەتمەسلىكى كېرەك، ھەر دادەننىڭ ئېغىرلىقى 125 جىڭدىن يۇقىرى بولسا لاياقەتلىك بولىدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاشلىق، ياغنىڭ سۈپەت تەكشۈرۈش ئۆلچىمى دۆلەت ئۆلچىمى، مىنىستىرلىك (كەسپى) ئۆلچىمى ۋە ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون (كارخانا) ئۆلچىمىگە بۆلۈندى. 50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدا ئاشلىق، ياغنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈشتە ئۆلكىلەر ئارا يۆتكىگەندە مىنىستىرلىك ئۆلچىمى ئىجرا قىلىنغاننىڭ سىرتىدا سېتىۋېلىش، يۆتكەش، سېتىش، پىششىقلاپ ئىشلەش ھالقىلىرىدا پۈتۈنلەي ئاپتونوم رايون ئۆلچىمى ئىجرا قىلىندى. 1978-

يىلى دۆلەت ئۆلچەم ئىدارىسى 6 تۈرلۈك ئاشلىقنىڭ دۆلەت ئۆلچىمى (سىناق نۇسخا) نى ۋە 1987 ـ يىلى 12 تۈرلۈك ئاشلىق، ياغنىڭ دۆلەت ئۆلچىمىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئومۇمەن دۆلەت ئۆلچىمى بولغان تۈرلەردە، دۆلەت ئۆلچىمى ئىجرا قىلىندى، دۆلەت ئۆلچىمى يوق تۈرلەر ئۆلكىلەر ئارا يۆتكىگەنلىرىدە مىنىستىرلىك ئۆلچىمى ئىجرا قىلىنغانلىقى سىرتىدا، قالغانلىرىدا ئاپتونوم رايون ئۆلچىمى ئىجرا قىلىندى.

1950 ـ يىلدىن 1953 ـ يىلغىچە غەللە ـ پاراق ئاشلىقنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغاندا غەربىي شىمال مالىيە بۆلۈم ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ بەلگىلىمىسى ئىجرا قىلىندى. بۇ بەلگىلىمىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى مۇنۇلار: ئاشلىقلار قۇرۇق، دانلار تولۇق، پاكىز بولۇشى كېرەك، شۇ ئورۇننىڭ شۇ يىلدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى بولغان ئاشلىقى ئۆلچەم قىلىنىدۇ، بۇغداينىڭ سۇ تەركىبى 12% تىن ئېشىپ كەتمىگەنلىرى لاياقەتلىك بولىدۇ. توپا ـ چاڭ، ئوت ـ چۆپ ئۇرۇقى، ئەخلەت ـ چاۋارلار 0.5% تىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، ئاشلىقتىكى ئارىلاشما نەرسىلەر، ئۆزاق دانلار، يېتىلمىگەن دانلار ئادەتتە 1% تىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

1954 ـ يىلى ئۆلكىلىك ئاشلىق نازارىتى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئىشلەپچىقىرىلغان ئاشلىقتا ئاساسەن، بۇغداي، كۆممىقوناق، گۈرۈچتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرنىڭ سۈپەت ئۆلچىمىنى بېكىتىپ، ئۆلكە بويىچە ئاشلىق سېتىۋالغاندا مۇشۇ ئۆلچەمدىن پايدىلاندى (جەدۋەل: 3 — 15 كە قاراڭ).

**شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ 1954 ـ يىلدىكى ئاشلىق سورتلىرىنى تەكشۈرۈش ئۆلچىمى**

جەدۋەل: 3 — 15

| تۈرى | دەرىجىسى | تولغان دان (%) | تولمىغان دان (%) | زەخىملەنگەن دان (%) | ئاشلىق ئارىلاشقان ئەخلەت ـ چاۋالار (%) | ئىشورگانىك ئەخلەت ـ چاۋالار (%) | سۇ تەركىبى (%) | رەڭگى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بۇغداي | 1 | 95 | 2.5 | 0.5 | 1.5 | 0.5 | 12.5 | ئەلا |
| | 2 | 90 | 4.5 | 0.5 | 4 | 1 | 13 | ياخشى |
| | 3 | 85 | 7 | 0.5 | 6 | 1.5 | 13.5 | لاياقەتلىك |
| كۆممىقوناق | 1 | 96 | 1.5 | 2 | | 0.5 | 14 | ئەلا |
| | 2 | 94 | 2 | 3 | | 1 | 15 | ياخشى |
| | 3 | 90 | 3.5 | 5 | | 1.5 | 16 | لاياقەتلىك |
| تۈرى | دەرىجىسى | تولغان دان (%) | تولمىغان دان (%) | گۈرۈچنىڭ ئاقلىق دەرىجىسى (%) | | ئىشورگانىك ئەخلەت ـ چاۋالار (%) | سۇ تەركىبى (%) | رەڭگى |
| گۈرۈچ | 1 | 92.8 | 6.6 | 0.5 | | 0.1 | 13 | ئەلا |
| | 2 | 88.4 | 10.1 | 1 | | 0.5 | 13.5 | ياخشى |
| | 3 | 84 | 13.5 | 1.5 | | 1 | 24 | لاياقەتلىك |

ئىزاھ: گۈرۈچنىڭ ئاقلىق دەرىجىسى دېگىنىمىز پىشمىغان دانلارنى، تاشقى كۆرۈنۈشى ئۆز رەڭگىدە بولغانلارنى كۆرسىتىدۇ.

1955 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە ئۆلكىلەر ئارا ئاشلىق، ياغ يۆتكەشتە ئاشلىق مىنىستىرلىكى تارقاتقان «سوۋېت دەرىجىسىنى بېكىتىشنىڭ ئۈچ تۈرلۈك چارىسى»، «ئاشلىق، ياغ يۆتكەشتە سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان تەكشۈرۈش ئۆلچىمى» ۋە «ئەسلى ئاشلىق، پىششىقلانغان ئاشلىق، ياغلىق دان، ياغ، ياگيۇز تۈرىدىكىلەرنى تەكشۈرۈش ئۆلچىمى» ئىجرا قىلىندى.

1957 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە 30 نەچچە تۈرلۈك ئاشلىق، ياغنىڭ سوۋېت ئۆلچىمى تۈزۈپ چىقىلدى. ئاساسىي ئەھۋال مۇنداق: 1957 - يىل 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئاشلىق نازارىتى «بۇغداي ئۇنىنىڭ دەرىجە ئۆلچىمى (لايىھە)» نى ئېلان قىلدى، ئۇ 1963 - يىلغىچە ئىجرا قىلىندى. بۇ «ئۆلچەم» دە بۇغداي ئۇنى قىزىل ئۇن، كۆك ئۇن، تۈگمەن ئۇنى دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىلدى. تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچلىرى نەملىكى، چالا - توزان تەركىبى، يىرىكلىك دەرىجىسى، ماگنىتلىق مېتال ماددىلار مىقدارى، ئۇن سېغىزى، كېپىكى، پۇرىقى، تەمى قاتارلىق 8 تۈردىن ئىبارەت قىلىندى، بۇنىڭدىكى ماگنىتلىق مېتال ماددىلارنىڭ مىقدارى ھەر كىلوگرام بۇغداي ئۇنىدا 3 مىللىگرامدىن، قۇم تەركىبى %0.03 تىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك دەپ كۆرسىتىلدى. شۇ يىلى كۈزدە ئاشلىق نازارىتى سېتىۋېلىنىدىغان يۇقىرى نەملىكتىكى كۈزلۈك ئاشلىقنىڭ باھاسىنى تۆۋەنلىتىش چارىسىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. ئۆلچەمدىن (%14 — %16 ئۆلچەم قىلىنىدۇ، كونكرېت ئۆلچەمنى ناھىيىلەر بېكىتىدۇ) %1 يۇقىرى بولسا، باھاسى %1.2 تۆۋەنلىتىلىدۇ. 1960 - يىل 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئاشلىق نازارىتى «بۇغداي، شال، كۆممىقوناق، قىچا، زىغىر قاتارلىق 6 تۈرلۈك ئاشلىق، ياغنى تەكشۈرۈشنىڭ سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان ئۆلچىمى (لايىھە)» نى ئېلان قىلدى، بۇ ئۆلچەم شۇ يىلى يازلىق ئاشلىق ئامبارغا كىرگۈزۈلگەندىن تارتىپ، 1962-يىل 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئىجرا قىلىندى. بۇ ئۆلچەم (لايىھە) گە تۈزىتىش كىرگۈزۈش ھەمدە تېرىقنىڭ تەكشۈرۈش ئۆلچىمىنى قوشۇش ئارقىلىق «شىنجاڭنىڭ بىرقانچە خىل ئاشلىق، ياغلىق دانلارنى سېتىۋېلىش-يۆتكەشتىكى تەكشۈرۈش چارىسى» شەكىللەندۈرۈلدى. بۇ ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى تەرىپىدىن 1962-يىل 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئېلان قىلىنىپ ئىجرا قىلىندى. «چارە» دە بۇغداي، ئاق قوناق، تېرىقنىڭ سىغىم ئېغىرلىقى، شالنىڭ ئاقلانغان گۈرۈچ نىسبىتى، كۆممىقوناقنىڭ ساپ ئاشلىق نىسبىتى، قىچا، زىغىرنىڭ ساپ سوۋېت نىسبىتى دەرىجە بەلگىلەشنىڭ ئاساسى قىلىنىدۇ؛ ئاشلىق، ياغلىق دانلارنىڭ ئەخلىتى، نەملىكى ئۆلچەمدىن قانچە پىرسەنت تۆۋەن (يۇقىرى) بولسا، مىقدارى شۇنچە پىرسەنت كۆپەيتىلىدۇ (كېمەيتىلىدۇ)؛ ئاشلىقتا ئارلاشقان بۇيا ئۇرۇقى ئومۇمىي مىقدارى %0.04 تىن ئېشىپ كېتىشكە بولمايدۇ (بىر كىلوگرام ئاشلىقتىكى مىقدارى 15 ~ 18 داندىن ئېشىپ كېتىشكە بولمايدۇ)، بەلگىلىمىدىن ئېشىپ كەتكەنلىرىنى سېتىۋېلىشقا بولمايدۇ، دەپ بەلگىلەندى. شۇ ئايدا ئاشلىق نازارىتى «ئاپتاپپەرەسنى سېتىۋېلىش، يۆتكەشتىكى تەكشۈرۈش ئۆلچىمى» نى تۈزدى. 1962 - يىلى قىشتا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا بۇغدايلىقلاردا ئايغىر قىياق ئىنتايىن كۆپىيىپ كېتىپ، مەھسۇلات يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن ئۇنى تازىلاش قىيىن بولۇپ، بۇغداينىڭ سۈپىتىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى. كېيىنكى يىلى يازلىق ئاشلىق ئامبارغا كىرگۈزۈلۈش جەريانىدا سانجى، تارباغاتاي، ئىلى، بورتالا، ئۈرۈمچى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە سېتىۋېلىنغان بۇغدايدا ئايغىر قىياق مىقدارى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى بولدى، بەزى ناھىيىلەردە %50 تىن ئېشىپ كەتتى. ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈش ئۆلچىمىدە بۇغدايدىكى ئايغىر قىياق مۇكەممەل بولمىغان دان قاتارىدا بىرتەرەپ قىلىنىدۇ، ئەڭ يۇقىرى چەكلىمىسى %6 بولىدۇ، ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتسە دەرىجىسى تۆۋەنلىتىلىپ، باھاسى تۆۋەنلىتىلىدۇ، ئۇنىڭ باھاسى شۇ جايدىكى كۆممىقوناق، ئاق قوناقنىڭ باھاسىدىن تۆۋەن

بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇنىڭغا دېھقانلارنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇلار بۇغداي سېتىپ بېرىشنى خالىمىغاچقا، بۇغداي سېتىۋېلىش سومىسىغا بىۋاسىتە تەسىر يەتتى. ئاشلىق نازارىتى سانجى ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، شۇ يىلى ئۈششۈك تەگكەن رايوندىكى بۇغداي سېتىۋېلىش ئۆلچىمىنى كەڭرەك قويۇۋېتىشنى، 1 ـ دەرىجىلىك بۇغدايدىكى ئايغىرقىياق مىقدارى %10 تىن تۆۋەن، 2 ـ دەرىجىلىك بۇغدايدا %11 — %15، 3 ـ دەرىجىلىك بۇغدايدا %16 — %20 بولۇشنى، ئايغىرقىياق مىقدارى %20 تىن ئېشىپ كەتسە، شۇ جايدىكى 3 ـ دەرىجىلىك بۇغداينىڭ سېتىۋېلىش باھاسىنى %4 — %24 كېمەيتىشنى كۆرسەتتى. بۇنداق بولغاندا، ئايغىرقىياقنىڭ مىقدارى %90 تىن ئارتۇق بولغاندا، ئۇنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى شۇ جايدىكى كۆممىقوناق، ئاق قوناقنىڭ باھاسىدىن تۆۋەن بولمايتتى. شۇ يىلى ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى بۇغدايلىقتا يېسى پۇرچاق كىرىشتۇرۇپ تېرىلدى، بۇغداينى سېتىۋالغاندىكى تەكشۈرۈشتە يېسى پۇرچاق مىقدارى %10 — %52 كە يەتتى. ئاشلىق نازارىتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ، تەكشۈرۈش ئۆلچىمىنى مۇۋاپىق ھالدا كەڭرەك قويۇۋەتتى. يېسى پۇرچاق مىقدارى %10 تىن تۆۋەن بولسا بۇغداينىڭ سۈپەت ئۆلچىمى بويىچە دەرىجىگە ئايرىپ باھا بېكىتىلدى، %10 تىن يۇقىرى بولسا بۇغداي ۋە يېسى پۇرچاقنىڭ سۈپىتى بويىچە دەرىجىگە ئايرىپ باھا بېكىتىلدى. شۇ يىلى ئاشلىق نازارىتى «ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق، ياغ تەييار مەھسۇلاتلىرىنىڭ ۋاقىتلىق يولغا قويۇلىدىغان سۈپەت ئۆلچىمى (لايىھە)» نى تارقىتىپ، بۇغداي ئۇنى (ئۇن، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ، ئاق قوناق ئۇنى، كۆممىقوناق ئۇنى، گۈرۈچ، ئاق قوناق گۈرۈچ، تېرىق، قىچا يېغى، زىغىر يېغى، چىگىت يېغى، كۆممىقوناق تۆرەلمىسى يېغى قاتارلىق 10 تۈرلۈك پىششىقلانغان ئاشلىق، ياغنى تەكشۈرۈش ئۆلچىمىنى بەلگىلىدى. بۇغداي ئۇنى ئالاھىدە ئۇن ۋە ئۆلچەملىك ئۇندىن ئىبارەت 2 خىلغا ئايرىلدى. ئۇنىڭدىكى قۇم مىقدارىنىڭ ئالاھىدە ئۇندا %0.03 تىن، ئۆلچەملىك ئۇندا جەنۇبىي شىنجاڭدا %0.04 تىن، شىمالىي شىنجاڭدا %0.05 تىن ئېشىپ كەتمەسلىكى بەلگىلىنىپ، 1957 ـ يىلى بېكىتىلگەن ئۆلچەمدىكىدىن كەڭرەك قويۇۋېتىلدى. گۈرۈچ ئۆلچەملىك 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ دەرىجىگە ئايرىلىپ، ھەر كىلوگرام گۈرۈچتىكى كۆرمەك دانچىسى 1 ـ دەرىجىلىكتە 100 دانە، 2 ـ دەرىجىلىكتە 200 دانە، 3 ـ دەرىجىلىكتە 350 دانە بولىدۇ، ئۇۋاق دان 1 ـ دەرىجىلىكتە %30، 2 ـ دەرىجىلىكتە %35، 3 ـ دەرىجىلىكتە %40 بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. ياغ 1 ـ دەرىجىلىك ياغ ۋە ئادەتتىكى ياغدىن ئىبارەت 2 خىلغا ئايرىلدى، ئۇنىڭدىكى تەكشۈرۈلىدىغان تۈرلەر سۇ تەركىبى، ئەخلىتى، كىسلاتالىقى، پۇرىقى، رەڭگى قاتارلىق 5 تۈردىن ئىبارەت بولدى. بۇ ئۆلچەم 1966 ـ يىلى يېڭى ئاشلىق ئامبارغا كىرگۈزۈلگىچە ئىجرا قىلىندى.

يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئاشلىق، ياغ تۈرى كۆپەيدى، 1966 ـ يىلىنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئامبارغا كىرگۈزۈلگەن ئاشلىق، ياغ تۈرى 40 خىلغا يېقىنلاشتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاساسىي قاتلام ئامبار، پونكىتلارنىڭ ئاشلىق، ياغ تەكشۈرۈش شەرت ـ شارائىتىمۇ ياخشىلىنىپ، ئاشلىق، ياغ تەكشۈرۈش ئۆلچىمىنى يەنىمۇ تولۇقلاش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. شۇڭا 1966 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئاشلىق نازارىتى ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق 34 تۈرلۈك ئاشلىق، ياغ تەكشۈرۈش ئۆلچىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىپ ئامبارغا كىرگۈزۈشتىكى تەكشۈرۈش ئۆلچىمى» نى ئېلان قىلدى. بۇ «ئۆلچەم» دە سىغىم ئېغىرلىقى دەرىجە بەلگىلەشنىڭ ئاساسى قىلىنغان ئاشلىقلار «61» تىپلىق، «51» تىپلىقتىن ئىبارەت 2 تۈرلۈك سىغىم ئېغىرلىقىنى ئۆلچەش ئەسۋابى بىلەن ئۆلچىنىدىغان بولدى. شۇ مەزگىللەردە مەملىكەت بويىچە «61» تىپلىق سىغىم ئېغىرلىقى ئۆلچەش ئەسۋابى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ

ئىشلىتىلىۋاتقان بولسىمۇ، شىنجاڭدىكى بىر قىسىم ئامبار، پونكىتلاردا يەنىلا «51» تىپلىق سىغىم ئېغىرلىقى ئۆلچەش ئەسۋابى ئىشلىتىلەتتى. «61» تىپلىق سىغىم ئېغىرلىقى ئۆلچەش ئەسۋابى بىلەن ئۆلچىگەندە «51» تىپلىق سىغىم ئېغىرلىقى ئۆلچەش ئەسۋابىغا قارىغاندا ھەر كىلوگرامدا 20 گرام ئارتۇق چىقاتتى. بۇغداينىڭ تۈرلىرى ئىلگىرىكى ئۆلچەمدىكى كۈزگى بۇغداي، يازغى بۇغدايغا ئايرىشتىن قىزىل پوستلۇق، ئاق پوستلۇق، يۇمشاق جىنسلىق، قاتتىق جىنسلىق دېگەندەك تۈرلەرگە ئايرىشقا ئۆزگەرتىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭدا تېرىلىدىغان ئاق پوستلۇق، يۇمشاق جىنسلىق كۈزگى بۇغداينىڭ سۈپىتى ياخشى، ئۇن چىقىش ئۈنۈمى يۇقىرى بولسىمۇ، ھەجىم ئېغىرلىقى بىرقەدەر تۆۋەن بولغاچقا، كۈزگى بۇغداينىڭ ئۆلچىمىگە ئاساسلانغاندا 1 - دەرىجىلىك ئۆلچەمگە يېتىدىغانلىرى ئىنتايىن ئاز بولۇپ، ھەم ئەلا سۈپەتلىك ئاشلىقلارغا ئەلا باھا قويۇش پرىنسىپى گەۋدىلەنمەيتتى، ھەم بۇنداق بۇغداي تېرىيدىغان دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرايتتى. بۇغدايدىكى ئايغىرقىياقتا نىسبەتەن، ئۇنىڭ مىقدارى 5% ئىچىدە بولسا مۆكەممەل بولمىغان بۇغداي بويىچە بىرتەرەپ قىلىش، 5% تىن ئېشىپ كەتكەن قىسمىغا بۇغداي، ئايغىرقىياق بويىچە ئايرىم باھا قويۇش، بۇغدايدىكى بۇيا ئۇرۇقى مىقدارى ھەر كىلوگرامدا 18 دانىدىن ئېشىپ كەتمەسلىك بەلگىلەندى. ئاشلىق، ياغلارنىڭ نەملىكى جەھەتتە شىمالىي شىنجاڭنىڭ نەملىك ئۆلچىمى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭكىدىن 1% — 2% يۇقىرى قىلىنىدى.

بارلىق ئاشلىق، ياغلارنىڭ ئەخلەت، نەملىكىنىڭ بەلگىلەنگەن ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن قىسمىغا مىقدارىنى كېمەيتىش، ئۆلچەمدىن تۆۋەن بولغان قىسمىغا باھا قوشۇپ بېرىش، ئەخلىتى 0.5% تۆۋەن بولغان قىسمىغا 1% باھا قوشۇپ بېرىش، نەملىكى 1% تۆۋەن بولغان قىسمىغا 1.2% باھا قوشۇپ بېرىش بەلگىلەندى.

بۇغداي ئۇن، گۈرۈچ پىششىقلاشتىكى ئىنچىكىلىك دەرىجىسى دەرىجە بەلگىلەشنىڭ ئاساسى قىلىنىدى، بۇغداي ئۇنىدىكى قۇم تەركىبى 0.03% تىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، گۈرۈچتىكى كۆرمەك دانچىسى 40 دانە، 60 دانە، 80 دانە بولۇشى، ئۇۋاق دانلارنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 20% تىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كۆرسىتىلدى. ياغ ئۆلچىمى دەرىجىگە ئايرىلماي، كىسلاتا ۋالېنتى ئۆلچەمدىن بىر ئاشسا باھاسىنى 0.5% كېمەيتىش دەپ بەلگىلەندى. بۇ ئۆلچەمدىكى بەلگىلىمىلەر بۇغداي، قىچا يېغى قاتارلىق 12 تۈرلۈك ئاساسلىق ئاشلىق، ياغدا 1978 - يىل ۋە 1979 - يىللىرىدىكى دۆلەت ئۆلچىمىگە ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ئىجرا قىلىنغاندىن سىرت، باشقىلىرى 1985 - يىلى يېڭى ئاشلىق ئامبارغا كىرگۈزۈلگىچە ئىجرا قىلىنىدى. 1973 - يىل 7 - ئايدا چۆچەك ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق، ياغ تەكشۈرۈش ئۆلچىمى ئاساسىدا تولۇقلىما بەلگىلىمە چىقىرىپ مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: سېتىۋېلىنغان بۇغداينىڭ ھەر كىلوگرامىدا 18 ~ 30 دانىگىچە بۇيا ئۇرۇقى بولسا، 1 -، 2 - دەرىجىلىكلەر بىر دەرىجە تۆۋەنلىتىلىدۇ، 3 - دەرىجىدىن 5% باھا تۇتۇپ قېلىنىدۇ، ھەر كىلوگرامدا 31 ~ 60 دانىگىچە بۇيا ئۇرۇقى بولسا، ھەربىر دەرىجىنىڭ باھاسىدىن 7% تۇتۇپ قېلىنىدۇ. 60 دانىدىن ئېشىپ كەتسە سېتىۋېلىنمايدۇ. قارا كۈيە كېسەللىكى بار دان مىقدارى 0.1% — 0.5% بولسا، 1 -، 2 - دەرىجىلىكلەر بىر دەرىجە تۆۋەنلىتىلىدۇ، 3 - دەرىجىنىڭ باھاسىدىن 5% تۇتۇپ قېلىنىدۇ، 0.5% تىن ئېشىپ كەتسە سېتىۋېلىنمايدۇ.

1978 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ مەملىكەت بويىچە دۆلەت ئۆلچەم ئىدارىسى ئېلان قىلغان شال، بۇغداي قاتارلىق 6 تۈرلۈك ئاشلىقنىڭ دۆلەت ئۆلچىمى (سىناق نۇسخىسى) يولغا قويۇلدى. شىنجاڭنىڭ ئاشلىق سۈپىتىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى تېخى ئاخىرلاشمىغان بولغاچقا، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئاشلىق يۆتكەش، پىششىقلاش، سېتىش، ساقلاش ۋە ئېكسپورت قىلىشتا دۆلەت ئۆلچىمىنى ئىجرا قىلىشنى قارار قىلدى. ئاشلىق سېتىۋېلىشتا يەنىلا ئاپتونوم رايوننىڭ كارخانا ئۆلچىمى ئىجرا قىلىنىدى. 1979 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «دۆلەت ئۆلچىمى (سىناق نۇسخا) نى ئىجرا قىلىشقا دائىر مەسىلىلەر

ھەققىدە بەلگىلىمە» نى تارقاتتى. بۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: بازلىق ئاشلىق ئامبارغا كىرگۈزۈلگەندىن باشلاپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق سېتىۋېلىشتا يەنىلا دۆلەت ئۆلچىمى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ. شالنىڭ چالا ئاقلانغان گۈرۈچ چىقىش نىسبىتى چىلگە شالدا دۆلەت ئۆلچىمى ئاساسىدا %3 تۆۋەنلىتىلىدۇ، يەنى ئوتتۇرا دەرىجىسى %74 قىلىنىدۇ (جەمئىي 5 دەرىجە بولۇپ، ھەربىر دەرىجىنىڭ پەرقى 2 پىرسەنت پوئېنتى بولىدۇ)، دادۈرغا ئادەتتىكى دادۈر دەرىجىسى بويىچە باھا قويۇلىدۇ. غەيرىي رەڭلىك دانچىلار ھېسابقا تارتىلمايدۇ. ئاشلىقتىكى غەيرىي ئاشلىق دانچىلىرى دۆلەت ئۆلچىمىدە بەلگىلەنگەن ئەخلەت بويىچە بىرتەرەپ قىلىنىدۇ، شىنجاڭدا بۇنداق دانچىلار تارىختىن بېرى ئاشلىقتىكى ئەخلەت بويىچە بىرتەرەپ قىلىنمىغانلىقتىن، 1979 ـ يىلى يەنىلا غەيرىي ئاشلىق تۈرى بويىچە باھا قويۇلۇپ، 1980 ـ يىلدىن باشلاپ دۆلەت ئۆلچىمى ئىجرا قىلىندى. كۆممىقوناقنىڭ سۇ تەركىبى ئۆلچىمى دۆلەت بەلگىلىمىسى بويىچە شىنجاڭدا %18 قىلىپ بەلگىلەندى. ھاۋا كىلىمات پەرقى تۈپەيلىدىن، شىنجاڭنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىدا كۆممىقوناقنىڭ نەملىك ئۆلچىمى ئەزەلدىن ئوخشاش بولمىغاچقا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ %15، شىمالىي شىنجاڭنىڭ %18 قىلىپ بەلگىلەندى. 1979 ـ يىل 10 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى يەنە ئاپتونوم رايون بويىچە %18 لىك ئۆلچەمنى بىرتۇتاش ئىجرا قىلىشنى قارار قىلدى. بۇنداق بولغاندا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى دېھقانلار كۆممىقوناق سېتىپ بەرگەندە نەملىكى ئۆلچەمدىن تۆۋەن بولغانلىق سەۋەبىدىن قوشۇپ بېرىلىدىغان باھا جەھەتتە نەپكە ئېرىشىدۇ. 1979 ـ يىل 7 ـ ئايدىن باشلاپ، دۆلەت ئۆلچەم ئىدارىسى ئېلان قىلغان خاسىڭ، قىچا يېغى قاتارلىق 6 تۈرلۈك ياغلىق دان، ياغلارنىڭ دۆلەت ئۆلچىمى (سىناق نۇسخا) ئىجرا قىلىندى.

يۇقىرىدىكى ئاشلىق، ياغلارنىڭ 12 تۈرلۈك دۆلەت ئۆلچىمى 5 يىل ۋە 6 يىل سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى 1985 ـ يىلى «دۆلەت ئۆلچىمى (سىناق نۇسخا) نى ئىجرا قىلىشقا ئائىت مەسىلىلەر ھەققىدە بەلگىلىمە» نى تۈزۈپ چىقتى، بۇنىڭدا بۇغداي، كۆممىقوناققا بىردەك يېرىم دەرىجە تۈزۈمى يولغا قويۇش، 1 ـ دەرىجە ئۆلچىمىدىن قانچىلىك يۇقىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر پۈتۈنلەي 1 ـ دەرىجىلىك ئاشلىق بويىچە باھا ھېسابلاش، بازلىق، كۆزلۈك بۇغدايدا بىرتۇتاش ھالدا كۆزگى بۇغداي ئۆلچىمىنى ئىجرا قىلىش ھەم ئاق پوستلۇق، قىزىل پوستلۇق ئارىلاش بۇغداي (ئەبجەش بۇغداي) غا ئاساسىي ئۆلچەملىك باھا قويۇشتا، ئاق پوستلۇق بۇغدايغا %2 باھا قوشۇپ بېرىش، قىزىل پوستلۇق بۇغدايدىن %2 باھا كېمەيتىش، گۈرۈچتىكى ئۈۋاق دانلارنىڭ تەركىبىنى چىلگە شال ئۆلچىمى بويىچە ئىجرا قىلىش، ئەڭ يۇقىرى مىقدارى %30 بولۇش بەلگىلەندى. يەنە بۇغداي، شال، دادۈرنىڭ سۇ تەركىبى ئۆلچەمدىكىدىن %1 تۆۋەن بولسا، %1 باھا قوشۇپ بېرىش، ئۆلچەمدىكىدىن %1 يۇقىرى بولسا، %1.5 باھا كېمەيتىش، كۆممىقوناقنىڭ سۇ تەركىبى %14 — %18 بولۇش، بۇ ئۆلچەمدىن %1 تۆۋەن بولسا، %2 باھا قوشۇپ بېرىش، %14 تىن تۆۋەن بولسا، تۆۋەن بولغان ھەر %1 كە %1 باھا قوشۇپ بېرىش، %18 تىن يۇقىرى بولسا، يۇقىرى بولغان ھەر %1 ئۈچۈن %2 باھا كېمەيتىش، ھەرخىل ئاشلىقنىڭ ئەخلىتى ئۆلچەمدىكىدىن %0.5 يۇقىرى (تۆۋەن) بولسا، %1 باھا كېمەيتىش (قوشۇپ بېرىش) بەلگىلەندى.

1981 ـ يىلدىن باشلاپ ش ئۇ ئا ر ئۆلچەم ئىدارىسى ئېلان قىلغان «ش 81—Q/B1022 ئاپتاپپەرەسنىڭ كارخانا ئۆلچىمى (سىناق نۇسخا)» ئىجرا قىلىندى. 1985 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئۆلچەم ئىدارىسى ئېلان قىلغان «ش 84—Q1245—84~Q1271 ئاشلىق، ياغلاردا ئاپتونوم رايوننىڭ كارخانا ئۆلچىمى» ئىجرا قىلىندى (بۇنىڭدا 32 خىل ئاشلىق، ياغ بۇيۇمىنىڭ ئۆلچىمى بار بولۇپ، ئىجرا قىلىنىۋاتقان دۆلەت ئۆلچىمىدىن سىرت ئاساسلىق ئاشلىق، ياغلارنىڭ بۇيۇم تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە

ئالىدۇ).

1986 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئۆلكىلەر ئارا يۆتكەشتە، سودا مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان ئاق قوناق، چالا ئاقلانغان گۈرۈچ قاتارلىق 25 خىل (30 تۈرلۈك) ئاشلىق، ياغنىڭ كەسپىي ئۆلچىمى ئىجرا قىلىندى.

1987 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ دۆلەت ئۆلچەم ئىدارىسى ئېلان قىلغان 12 تۈرلۈك ئاشلىق، ياغنىڭ دۆلەت ئۆلچىمى ئىجرا قىلىنىپ، سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان دۆلەت ئۆلچىمى بىكار قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «ئاشلىق، ياغنىڭ دۆلەت ئۆلچىمىنى ئىجرا قىلىشتا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمە» نى تۈزۈپ تارقىتىپ، ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىشتىكى بىخەتەر نەملىكنى تۇنجى قېتىم بەلگىلىدى. بىخەتەر نەملىكى مۇنداق بەلگىلەندى: بۇغداينىڭ 10.5%، كەنجى سوقچاق شالنىڭ 4.5%، كۆممىقوناقنىڭ 18%، دادۇرنىڭ 12%، گۈرۈچنىڭ 13.5%. بىخەتەر نەملىكتىن تۆۋەن بولغانلىرىغا بىردەك باھا قوشۇپ بېرىلمەيدۇ. ئەخلىتى 0.5% تىن تۆۋەن (يۇقىرى) بولسا، 0.75% باھا قوشۇپ (كېمەيتىپ) بېرىلىدۇ. بۇغدايدىكى باشاق مۆڭگۈز 0.01% تىن، مەستەك 0.1% تىن، قارا كۈيە كېسەللىكى بار دان ھەر كىلوگرامدا 3 دانىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. گۈرۈچتىكى ئۇۋاق دانلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى مىقدارى 40% بولىدۇ (دۆلەت ئۆلچىمىدە 15% دەپ بەلگىلەنگەن). 1988 - يىلى 10 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى كۆممىقوناقنىڭ سۇ تەركىبى جەھەتتە باھا قوشۇپ بېرىش، كېمەيتىش ئۇسۇلىغا مۇنداق تۈزىتىش كىرگۈزدى: ئۆلچەمدىكىدىن 1% يۇقىرى بولسا، مىقدارىدىن 1% تۇتۇپ قېلىنىدۇ، قۇرۇتۇش، رەتلەش ھەققى ئۈچۈن 1% ھەق قوشۇپ ئېلىنىدۇ، ئۆلچەمدىكىدىن 1% تۆۋەن بولسا، 2% باھا قوشۇپ بېرىلىدۇ.

1988 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە سودا مىنىستىرلىكى، دۆلەت تېخنىكا نازارەتچىلىك ئىدارىسى ئېلان قىلغان ئاق قوناق، يالىڭاچ ئارپا، قارا بۇغداي قاتارلىق 18 خىل ئاشلىق، ياغنىڭ دۆلەت ئۆلچىمى ئىجرا قىلىندى. دۆلەت ئۆلچىمىنى تۈزۈش جەريانىدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئاپتاپپەرەس قاتارلىق 7 تۈرنىڭ ئۆلچىمىنى تۈزۈش خىزمىتىگە قاتناشتى.

1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شىنجاڭدا 61 خىل (بۇنىڭ ئىچىدە ھەرقايسى ئۆلچەملەر ئارا تەكرارلانغان تۈر 9 خىل) ئاشلىق، ياغنىڭ سۈپەت ئۆلچىمى يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئۆلچىمى بارلىرى شال، بۇغداي، كۆممىقوناق، ئاق قوناق، تېرىق، قارا بۇغداي، باقلا، ئۇششاق پۇرچاق، ماش، دادۇر، خاسىڭ، خاسىڭ مېغىزى، كۈنجۈت، قىچا، چىگىت، ئاپتاپپەرەس، گۈرۈچ، بۇغداي ئۇنى، كۆممىقوناق ئۇنى، سۆك، خاسىڭ يېغى، دادۇر يېغى، قىچا يېغى، چەككىلەنگەن چىگىت يېغى، كۈنجۈت يېغى، ئابدىمىلىك يېغى، كەندىر يېغى (زىغىر يېغى)، ئاپتاپپەرەس يېغى قاتارلىق 30 خىل (جەدۋەل: 3 — 16، 3 — 17 لەرگە قاراڭ)؛ مىنىستىرلىك ئۆلچىمى بارلىرىنى چالا ئاقلانغان گۈرۈچ، تېرىق، يالىڭاچ سۇلۇ، ئارپا، سۇلۇ، باقلا، جاگدۇ، ئاق قوناق ئۇنى، ئابدىمىلىك، كۆممىقوناق ئۇندۇرمە يېغى، چەككىلەنگەن گۈرۈچ تۇپان يېغى قاتارلىق 16 خىل، ئاپتونوم رايوننىڭ كارخانا ئۆلچىمى بارلىرى تېرىق، ئارپا، باقلا، جاگدۇ، نوقۇت، ئاقپۇرچاق، زىغىر، زاراڭزا، كەندىر، ئابدىمىلىك، ئاق قوناق، كۆممىقوناق يارمىسى، تېرىق، زاراڭزا يېغى قاتارلىق 15 خىل (جەدۋەل: 3 — 19، 3 — 20، 3 — 21 لەرگە قاراڭ).

جەدۋەل: 3 — 16

**1987 — 1990 - يىللىرى شىنجاڭدا ئىجرا قىلىنغان ئاشلىق - ياغلىق دۆلەت ئۆلچىمى**

| تۈرى | | دەرىجە ئاساسى | دەرىجە كۆرسەتكۈچى 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | مۇكەممەل بولمىغان دان (%) | ئەخلەت (%) ئومۇمىي مىقدارى | ئەخلەت (%) بۇلغاق ئىچىدە، مىنېرال ماددا | نەملىكى (%) | رەڭگى، پۇرىقى | ئۆلچەم نومۇرى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بۇغداي (كۆزگى بۇغداي) | | سىغىم ئېغىرلىقى (گرام / لىتىر) | 790 | 770 | 750 | 730 | 710 | 6 | 1 | 0.5 | 12.5 | نورمال | GB1351—86 |
| كۆممىقوناق | | ساپ ئاشلىق نىسبىتى (%) | 97 | 94 | 91 | | | | 1 | | 18 | نورمال | GB1353—86 |
| شال (كۆزلۈك شال) | | چالا ئاقلانغان گۈرۈچ نىسبىتى (%) | 78 | 76 | 74 | 72 | 70 | | 1 | | 15.5 | نورمال | GB1350—86 |
| دادۇر | | ساپ ئاشلىق نىسبىتى (%) | 96 | 93.5 | 91 | 88.5 | 86 | | 1 | | 14 | نورمال | GB1352—86 |
| ئاق قوناق | قاتتىقلىق دەرىجىسى | سىغىم ئېغىرلىقى (گرام / لىتىر) | 760 | 740 | 720 | | | 3 | 1 | | 14.5 | نورمال | GB8231—87 |
| | يۇمشاق جىنسلىق | | 740 | 720 | 700 | | | | | | | | |
| تېرىق | چوڭ دان | سىغىم ئېغىرلىقى (گرام / لىتىر) | 670 | 650 | 630 | | | 1.5 | 2 | 0.5 | 13.5 | نورمال | GB8232—87 |
| | كىچىك دان | | 680 | 660 | 640 | | | | | | | | |
| جۇچۇگۇن سۆكى | كۆزدە تېرىغان | سىغىم ئېغىرلىقى (گرام / لىتىر) | 760 | 740 | 720 | 700 | 680 | 6 | 1 | 0.5 | 13 | نورمال | GB11760—89 |
| | ئەتىيازدا تېرىغان | | 790 | 770 | 750 | 730 | 710 | | | | | | |
| قارا بۇغداي | چوڭ دان | سىغىم ئېغىرلىقى (گرام / لىتىر) | 640 | 625 | 610 | 595 | 580 [illegible] 2% | 3 | 1.5 | 0.2 | 14.5 | نورمال | GB10458—89 |
| | كىچىك دان | | 680 | 665 | 650 | 635 | 620 | | | | | | |
| باقىلە | | ساپ ئاشلىق نىسبىتى (%) | 98 | 95 | 92 | | | | 1 | | 13.5 | نورمال | GB10459—89 |
| كۆكپۇرچاق | | ساپ ئاشلىق نىسبىتى (%) | 98 | 95 | 92 | | | | 1 | | 13.5 | نورمال | GB10460—89 |

(جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۇششاق پۇرچاق | | ساپ ئاشلىق نىسبىتى (%) | 98 | 95 | 92 | | | | 1 | 0.5 | 13.5 | نورمال | GB10461—89 |
| ماش | | ساپ ئاشلىق نىسبىتى (%) | 97 | 94 | 91 | | | | 1 | 0.5 | 13.5 | نورمال | GB10462—89 |
| قىچا | | ياغ چىقىش مىقدارى (%) (ئۆلچەمدىكى سۇ تەركىبى ئەخلەت بويىچە ھېسابلىنىدۇ) | 40 / 39 | 38 | 37 / 36 | 35 | 34 / 33 | | 3 | | 8 | نورمال | GB11762—89 |
| ئاپتاپپەرەس | ياغلىق | ساپ مېغىز چىقىش نىسبىتى (%) | 86 | 65 | 62 | | | | 1.5 | | 11 | نورمال | GB11764—89 |
| | ئادەتتىكى | | 55 | 52 | 49 | | | | | | | | |
| چىگىت | | ياغ چىقىش مىقدارى (ئۆلچەمدىكى سۇ تەركىبى ئەخلەت بويىچە ھېسابلىنىدۇ) | 18 | 17 | 16 | 15 | 14 | | 2 | | 11 | نورمال | GB11763—89 |
| كۆنجۈت | | پاكىز كۆنجۈتنىڭ ساپ سۈپەت نىسبىتى (%) | 98 | 96 | 94 | | | | 2 | | 8 | نورمال | GB11761—89 |
| خاسىڭ | | ساپ مېغىز چىقىش نىسبىتى (%) | 71 | 69 | 67 | 65 | 63 | | 1.5 | | 10 | نورمال | GB1532—86 |
| خاسىڭ مېغىزى | | ساپ سۈپەت نىسبىتى (%) | 96 | 94 | 92 | 90 | 88 | | 1 | | 9 | نورمال | GB1533—86 |

ئىزاھ: ئاساسىي قاتلام ئامبار، پونكىتلارنىڭ شارائىت چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، ئاپتاپپەرەس، چىگىت سېتىۋېلىشتا يەنىلا ش ئۇ ئا ر ئۆلچەم ئىدارىسى ئېلان قىلغان سۈپەت ئۆلچىمى ئىجرا قىلىنىدۇ.

جەدۋەل: 3 — 17

## 1987 — 1990 - يىلغىچە شىنجاڭدا ئىجرا قىلىنغان پىششىقلانغان ئاشلىقلارنىڭ دۆلەت ئۆلچىمى جەدۋىلى

| تۈرى | دەرىجىسى | دەرىجە ئاساسى | ھەرخىل دەرىجە كۆرسەتكۈچى | مۇكەممەل بولمىغان دان (%) | ئەڭ يۇقىرى چەكلىمىدىكى ئەخلەت: ئومۇمىي مىقدارى (%) | بۇنىڭ ئىچىدە: توپان، كېپەك (%) | بۇنىڭ ئىچىدە: مىنېرال ماددا (%) | بۇنىڭ ئىچىدە: قاسراقلىق كۆرمەك دېنى (دانە\كىلوگرام) | بۇنىڭ ئىچىدە: شال زىرائەت دېنى (دانە\كىلوگرام) | ئۈزۈك دان: ئومۇمىي مىقدارى | ئۈزۈك دان: بۇنىڭ ئىچىدە: ئۇششاق چېقىلغان دانلار | نەملىكى (%) | رەڭگى، تەمى، پۇرىقى | ئۆلچەم نومۇرى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| گۈرۈچ (كەنجى سوقىچاق شال) | ئالاھىدە دەرىجە | پىششىقلاشنىڭ ئىنچىكىلىك دەرىجىسى | ماددىي ئەشيا ئۆلچەملىك ئەۋرىشكىسىنى سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈشتە قالغان كۆمەك دەرىجىسى | 3 | 0.2 | 0.15 | 0.02 | 10 | 4 | 15 | 1.5 | 15.5 | نورمال | GB1354—86 |
| | ئۆلچەملىك 1 - دەرىجە | | | 4 | 0.25 | 0.2 | 0.02 | 20 | 6 | | | | | |
| | ئۆلچەملىك 2 - دەرىجە | | | 6 | 0.3 | 0.2 | 0.02 | 30 | 8 | | | | | |
| | ئۆلچەملىك 3 - دەرىجە | | | 8 | 0.35 | 0.2 | 0.02 | 40 | 10 | | | | | |
| چۈجگۈن سۆكى | 1 | پىششىقلاشنىڭ ئىنچىكىلىك دەرىجىسى | دانىچە يۈزى، ئۈزۈق پوستىدا ئاساسەن ئاقلانغان شاكال ≥ 90% | 1 | 0.5 | (0.3) | 0.02 | | | 4 | | 13 | نورمال | GB11766—89 |
| | 2 | | دانىچە يۈزى، ئۈزۈق پوستىدا ئاساسەن ئاقلانغان شاكال ≥ 70% | 2 | 0.7 | (0.5) | 0.02 | | | | | | | |
| | 3 | | دانىچە يۈزى، ئۈزۈق پوستىدا ئاساسەن ئاقلانغان شاكال ≥ 50% | 3 | 1 | (0.7) | 0.02 | | | | | | | |

(جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| تۈرى | دەرىجىسى | دەرىجە بەلگىلەش ئاساسلىرى | ھەرخىل دەرىجە كۆرسەتكۈچى | چالا - توزان تەركىبى (قۇرغاق ماددىلار بويىچە ھېسابلىنىدۇ) | يىرىكلىك دەرىجىسى (%) | ئۇن سىغىمى (مۇل ئېغىرلىقى ھېسابلىنىدۇ) (%) | قۇم تەركىبى (%) | ماگنىتلىق مېتال ماددىلار (گرام\ كىلوگرام) | ياغ كىسلاتا قىممىتى (نەملىك ئاساس قىلىپ ھېسابلىنىدۇ) | نەملىكى (%) | پۇرىقى، تەمى | ئۆلچەم نومۇرى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بۇغداي ئۇنى | ئالاھىدە 1 - دەرىجە | پىششىقلاشتىكى ئىنچىكىلىك دەرىجىسى | ماددىي ئەشيا ئۆلچەملىك ئەۋرىشكىسىنى سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈشتىكى ئۇن رەڭگى، كېپەك قالدۇقى | 0.7 | پۈتۈنلەي CB36 نومۇرلۇق ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، CB42 نومۇرلۇق ئەلگەكتە قالغىنى 10% تىن ئاشمايدۇ | 26 | 0.02 | 0.003 | 80 | 13.5 ±0.5 | نورمال | GB1355—86 |
| | ئالاھىدە 2 - دەرىجە | | | 0.85 | پۈتۈنلەي CB30 نومۇرلۇق ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، CB36 نومۇرلۇق ئەلگەكتە قالغىنى 10% تىن ئاشمايدۇ | 25 | | | | | | |
| | ئۆلچەملىك ئۇن | | | 1.10 | پۈتۈنلەي CQ20 نومۇرلۇق ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، CB30 نومۇرلۇق ئەلگەكتە قالغىنى 20% تىن ئاشمايدۇ | 24 | | | | 13.5 ±0.5 | | |
| | ئادەتتىكى ئۇن | | | 1.40 | پۈتۈنلەي CQ20 نومۇرلۇق ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ | 22 | | | | | | |
| كۆممىقوناق ئۇنى | ئالاھىدە كۆممىقوناق ئۇنى | كېپەك، ئۆرەلمە تەركىبى | ≤2 | | پۈتۈنلەي CQ10 نومۇرلۇق ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ | | 0.02 | 0.003 | 80 | 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن كېيىنكى يىلى 3 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 18، 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 14.5 | نورمال | GB10463—89 |
| | ئادەتتىكى كۆممىقوناق ئۇنى | | ≤5 | | | | 0.03 | | | | | |

## 1987 — 1990 - يىلغىچە شىنجاڭدا ئىجرا قىلىنغان ئۆسۈملۈك يېغىنىڭ دۆلەت ئۆلچىمى

جەدۋەل: 3 — 18

| تۈرى | دەرىجىسى | رەڭگى (لوۋىنبات تىنتومېتىر، ئوقۇرچە Lin) | رەڭگى، تەمى | كىسلاتالىق ۋالېنتى (گرام KOH/ياغ مىللىگرام) | نەملىكى ۋە ئۇچۇچان ماددىلار (%) | ئەخلەت (%) | قىزىتىش تەجرىبىسى (280°C) | موپۇنلىشىش مىقدارى (%) | ئۆلچەم نومۇرى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قىچا يېغى | 1 - دەرىجە | سېرىق 35 قىزىل 4 | قىچا يېغىنىڭ ئەسلى پۇرىقى ۋە تەمى بار، غەيرىي پۇراق يوق | 1 | 0.10 | 0.10 | ياغ رەڭگى قېنىقتا ئۆزگەرمەسلىك، سۇزۇ- دۇرما ماددىلار يوق | 0.3 | GB1536—86 |
| | 2 - دەرىجە | سېرىق 35 قىزىل 7 | | 4 | 0.20 | 0.20 | ياغ رەڭگى قېنىقتا ئۆزگىرىشكە بولىدۇ، ئەمما قارىداشقا بولمايدۇ، ئاز مىقداردا سۇزۇ- دۇرما ماددا بولىدۇ | | |
| ئاپتاپپەرەس يېغى | 1 - دەرىجە | سېرىق 35 قىزىل 3 | ئاپتاپپەرەس يېغىنىڭ ئەسلى پۇرىقى ۋە تەمى بار، غەيرىي پۇراق يوق، سۈزۈك | 1 | 0.10 | 0.10 | ياغ رەڭگى قېنىقتا ئۆزگەرمەسلىك، سۇزۇ- دۇرما ماددا يوق | 0.03 | GB10464—89 |
| | 2 - دەرىجە | سېرىق 35 قىزىل 5 | | 4 | 0.20 | 0.20 | ياغ رەڭگى قېنىقتا ئۆزگىرىشكە بولىدۇ، ئەمما قارىداشقا بولمايدۇ، ئاز مىقداردا سۇزۇ- دۇرما ماددا بولىدۇ | | |
| چەككىلەنگەن چىگىت يېغى | | سېرىق 35 قىزىل 8 | چەككىلەنگەن چىگىت يېغىنىڭ ئەسلى پۇرىقى ۋە تەمى بار، غەيرىي پۇراق يوق | 1 | 0.20 | 0.10 | ياغ رەڭگى قېنىقتا ئۆزگىرىشكە بولمايدۇ، سۇندۇرما ماددا يوق | 0.03 | GB1537—86 |
| كەندىر يېغى | پىشەكلىشىك قىلغىلى بولىدىغان | سېرىق 35 قىزىل 7 | كەندىر يېغىنىڭ ئەسلى پۇرىقى ۋە تەمى بار، غەيرىي پۇراق يوق | 4 | 0.20 | 0.15 | ياغ رەڭگى قېنىقتا ئۆزگىرىشكە بولىدۇ، ئەمما قارىداشقا بولمايدۇ، ئاز مىقداردا سۇزۇ- دۇرما ماددا بولىدۇ | | GB8225—87 |

(جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| دادۇر يېغى | 1 ـ دەرىجە | سېرىق 70 قىزىل 4 | دادۇر يېغىنىڭ ئەسلى پۇرىقى ۋە تەمى بار، غەيرىي پۇراق يوق | 1 | 0.10 | 0.10 | ياغ رەڭگى قېنىق، ئۈزگىرىشكە بولمايدۇ، سۈندۇرما ماددا يوق | 0.3 | GB1535—86 |
| | 2 ـ دەرىجە | سېرىق 70 قىزىل 6 | | 4 | 0.20 | 0.20 | ياغ رەڭگى قېنىق، ئۈزگىرىشكە بولىدۇ، ئەمما قارىداشقا بولمايدۇ، گاز مىقداردا سۈندۇرما ماددا بولىدۇ | | |
| خاسىڭ يېغى | 1 ـ دەرىجە | سېرىق 25 قىزىل 2 | خاسىڭ يېغىنىڭ ئەسلى پۇرىقى ۋە تەمى بار، غەيرىي پۇراق يوق | 1 | 0.10 | 0.10 | ياغ رەڭگى قېنىق، ئۈزگىرىشكە بولمايدۇ، سۈندۇرما ماددا يوق | 0.03 | GB1534—86 |
| | 2 ـ دەرىجە | سېرىق 25 قىزىل 4 | | 4 | 0.20 | 0.20 | ياغ رەڭگى قېنىق، ئۈزگىرىشكە بولىدۇ، ئەمما قارىداشقا بولمايدۇ، گاز مىقداردا سۈندۇرما ماددا بولىدۇ | | |
| ئادەتتىكى كۆنجۈت يېغى | 1 ـ دەرىجە | سېرىق 70 قىزىل 8 | ئادەتتىكى كۆنجۈت يېغىنىڭ ئەسلى پۇرىقى ۋە تەمى بار، غەيرىي پۇراق يوق | 1 | 0.10 | 0.10 | ياغ رەڭگى قېنىق، ئۈزگىرىشكە بولىدۇ، سۈندۇرما ماددا يوق | 0.03 | GB8233—87 |
| | 2 ـ دەرىجە | سېرىق 70 قىزىل 12 | | 4 | 0.20 | 0.20 | ياغ رەڭگى قارىداشقا بولمايدۇ، گاز مىقداردا سۈندۇرما ماددا بولىدۇ | 0.03 | |
| ئابدىمىلىك يېغى | 1 ـ دەرىجە | سېرىق 20 قىزىل 1.5 | ئابدىمىلىك يېغىنىڭ ئەسلى پۇرىقى بار | 2 | 0.10 | 0.05 | | | GB8234—87 |
| | 2 ـ دەرىجە | سېرىق 20 قىزىل 3.5 | | 4 | 0.20 | 0.10 | | | |

**1984 — 1990 - يىلغىچە پىششىقلانغان ئاشلىقنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندىكى كارخانا ئۆلچىمى**

جەدۋەل: 3 — 19

| سورتى / تۈرى | | گاق قوناق | كۆممىقوناق تىرىپى | | كۆممىقوناق ئۇنى | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | كىچىك كۆممىقوناق تىرىپى | چوڭ كۆممىقوناق تىرىپى | يۇمشاق ئۇن | پەرەك ئۇن |
| دەرىجە بېكىتىش ئاساسى | | پىششىقلاش دەرىجىسى | پىششىقلاش دەرىجىسى | | پىششىقلاش دەرىجىسى | |
| دەرىجە كۆرسەتكۈچى | 1 | ئۈچتىن ئىككىدىن كۆپ پوستىدىن ئايرىلغان دان 75%تىن كەم بولماسلىق | ھەممىسى 3.5 مىللىمېتىرلىق كۆزەنەكلىك غالۋىردىن ئۆتكەن بولۇش، 2.5 مىللىمېتىرلىق كۆزەنەكتىن ئۆتمىگەن قىسمى 95%تىن كەم بولماسلىق | ھەممىسى 4.5 مىللىمېتىرلىق كۆزەنەكلىك غالۋىردىن ئۆتكەن بولۇش، 3.5 مىللىمېتىرلىق كۆزەنەكتىن ئۆتمىگەن قىسمى 95%تىن ئۆزۈن بولماسلىق | ھەممىسى CQ20 نومۇرلۇق كۆزنەكتىن ئۆتكەن بولۇش | ھەممىسى CQ13 نومۇرلۇق كۆزنەكتىن ئۆتكەن، CQ20 نومۇرلۇق كۆزنەكتىن ئۆتمىگەن بولۇش |
| | 2 | ئۈچتىن ئىككىدىن كۆپ پوستىدىن ئايرىلغان دان 65%تىن كەم بولماسلىق | | | | |
| | 3 | ئۈچتىن ئىككىدىن كۆپ پوستىدىن ئايرىلغان دان 55%تىن كەم بولماسلىق | | | | |
| تولمىغان دان (%) | 1 | 2 | | | | |
| | 2 | 3 | | | | |
| | 3 | 4 | | | | |
| ئۇۋاق دان (%) | | 4 | | | | |
| ئەڭ چوڭ داكىرىدىكى ئەخلەت (%) | ئومۇمىي مىقدارى | 0.3 | 0.2 | | | |
| | يۇلۇق ئىچىدىكى مىنېرال ماددىلار | 0.02 | 0.05 | | | |
| | چۆجگۈن | | | | | |
| ئۇۋاق (%) | | | 1 | | | |
| تاسما ئۈستىدىكى ئۈچتىن ئىككىدىن ئارتۇق دان (%) | | | 6 | | | |
| قۇم مىقدارى (%) | | | | | 0.03 تىن ئاشماسلىق | |
| ماگنىتلىق مېتال ماددىلار | | | | | ھەر كىلوگرامدا 0.003 گرامدىن ئاشماسلىق | |
| سۇ تەركىبى | | 14 | كۆزلۈك 16، بازلىق 14 | | كۆزلۈك 16، بازلىق 14 | |
| رەڭگى، پۇرىقى، تەمى | | نورمال | نورمال | | نورمال | |
| ئۆلچەم نومۇرى | | ش Q1263—84 | ش Q1265—84 | | ش Q1266—84 | |

## 1984 — 1990 ـ يىللىرىغىچە ئاشلىق، ياغلىق دانلىق شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى كارخانا ئۆلچىمى

جەدۋەل: 3 — 20

| تۈرى | دەرىجە ئاساسى | دەرىجە كۆرسەتكۈچى 1 | 2 | 3 | بۇزۇلغان دان | ئەخلەت (%) ئومۇمىي مىقدارى | ئۇنىڭ ئىچىدىكى: مىنېرال ماددا | نەملىكى | رەڭگى، پۇرىقى | ئۆلچەم نومۇرى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تېرىق | ھەجىم ئېغىرلىقى (گرام/لىتىر) | 750 | 730 | 710 | 2 | 1.5 | 0.5 | 14 | نورمال | ش Q1247—84 |
| ئارپا | ساپ ئاشلىق نىسبىتى (%) | 97 | 95 | 93 | | 1 | | 12 | نورمال | ش Q1250—84 |
| تۈرلۈك ئارىلاش پۇرچاق | ساپ ئاشلىق نىسبىتى (%) | 96 | 94 | 92 | | 1 | | 12 | نورمال | ش Q1251—84 |
| زىغىر | ساپ سۈپەت نىسبىتى (%) | 96 | 93 | 90 | | 2 | | 8 | نورمال | ش Q1258—84 |
| زاراڭزا | ساپ سۈپەت نىسبىتى (%) | 96 | 93 | 90 | | 1.5 | | 8 | نورمال | ش Q1259—84 |
| كەندىر (چېكە كەندىر) | ساپ سۈپەت نىسبىتى (%) | 96 | 93 | 90 | | 1.5 | | 8 | نورمال | ش Q1260—84 |
| ئابدىسلىك | ساپ سۈپەت نىسبىتى (%) | 97 | 94 | 91 | | 1 | | 8 | نورمال | ش Q1261—84 |

ئىزاھ: تۈرلۈك ئارىلاش پۇرچاق، بېسى پۇرچاق، قاپچا پۇرچاق، ياپىلاق پۇرچاق، شاپتۇلسىمان پۇرچاق، ئاق پۇرچاق قاتارلىق 5 تۈرلۈك سورتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 1984 — 1990 ـ يىللىرىغىچە زاراڭزا يېغىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى كارخانا ئۆلچىمى

جەدۋەل: 3 — 21

| دەرىجىسى | رەڭگى | پۇرىقى، تەمى | كىسلاتالىق ۋالىنتى (گرام ياغ/KOH مىللىگرام) | نەملىكى ۋە ئۇچۇچان ماددا (%) | ئەخلەت (%) | قىزىتىش تەجرىبىسى (280℃) | چۆكمە ماددىلار | ئۆلچەم نومۇرى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 ـ دەرىجە | سېرىق رەڭ ~ ئالتۇن رەڭ | زاراڭزا يېغىنىڭ ئەسلى پۇراق ۋە تەم بار، غەيرى پۇراق يوق | 1 دىن ئاشماسلىق | 0.1 دىن ئاشماسلىق | 0.1 | ياغ رەڭگى قېنىقلاشماسلىق، سۇندۇرما ماددا يوق | 48 سائەت ئىچىدە 2% تىن ئاشماسلىق | ش Q1269—84 |
| 2 ـ دەرىجە | | | 4 تىن ئاشماسلىق | 0.2 دىن ئاشماسلىق | 0.2 دىن ئاشماسلىق | ياغ رەڭگى قېنىقلاشقا بولىدۇ، ئەمما قارىداشقا بولمايدۇ، ئازراق سۇندۇرما ماددا بولىدۇ | | |

# 5 § . سۇپەت تەكشۈرۈش

## 1. سۇپەت تەكشۈرۈش قوشۇنىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

1949 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندا، شىنجاڭدا مەخسۇس ئاشلىق، ياغ تەكشۈرىدىغان ئاپپارات ۋە خادىم يوق ئىدى. 1954 - يىلى شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى ۋە ئۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ شۆبە زاۋۇتى تەكشۈرۈش تېخنىكا خادىملىرىنى سەپلەشكە باشلىدى ۋە تەكشۈرۈش - پىرىۋوم قىلىش دائىرىسى كىچىكرەك بولغان تەجرىبىسانىنى قۇردى. 1956 - يىلى ئاشلىق نازارىتىنىڭ ساقلاش بۆلۈمىگە قاراشلىق ئاشلىق، ياغ تەكشۈرۈش تەجرىبىخانىسى قۇرۇلۇپ، ئاشلىقنىڭ ئەخلىتى، نەملىكى، سىغىم ئېغىرلىقى، ساپ ئاشلىق نىسبىتى قاتارلىق دائىم كۆرۈلىدىغان سۇپەت ئەھۋالىنى تەكشۈرىدىغان بولدى. 50 - يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق، ياغ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى ئاشلىق، ياغ پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتلىرىدا تەجرىبىخانىلار قۇرۇلۇپ، زاۋۇتتىن چىقىرىلغان پىششىقلانغان ئاشلىق، ياغنىڭ سۈپىتى تەكشۈرۈپ تۇرۇلدى. 1963 - يىلنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق، ياغنى مەخسۇس ۋە قوشۇمچە تەكشۈرىدىغان خادىم 480 گە يەتتى. 70 - يىللاردىن باشلاپ كۆپلىگەن ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ھەم نۇقتىلىق ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىدا، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى ئاشلىق ئىسكىلاتلىرىدا تەجرىبىخانىلار قۇرۇلدى، مەخسۇس تەكشۈرۈش خادىملىرى سەپلەندى، ئۇلار ئاشلىق، ياغنىڭ سۈپىتى جەھەتتىكى مۇھىم تۈرلەرنى تەكشۈرىدىغان بولدى؛ ئادەتتىكى ناھىيە (شەھەر) لىك ئاشلىق ئىدارىلىرى ھەم ئاز ساندىكى ئاساسىي قاتلام پونكىت، زاۋۇتلاردىمۇ ئاز ساندىكى تەكشۈرۈش مۇئەسسەسىلىرى سەپلەندى. 1980 - يىلدىن كېيىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق، ياغ تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتى بىرقەدەر تېز بولدى. 1986 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى سودا مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان «ئاشلىق، ياغنىڭ سۈپىتىنى باشقۇرۇشتا سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان چارە» گە ئاساسەن، جايلاردىكى تەكشۈرۈش خادىملىرىنى تېخنىكا جەھەتتىن تەكشۈرۈشكە باشلىدى، لاياقەتلىك بولغانلارغا ئاشلىق، ياغ تەكشۈرۈش گۇۋاھنامىسى (ئىش ئورنى سالاھىيەت ئىسپاتى) تارقىتىپ بېرىلدى. شۇ يىلى 560 كىشى ئاشلىق، ياغ تەكشۈرۈش لاياقەتنامىسىگە ئېرىشتى. 1990 - يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۈرلۈك تەكشۈرۈش ئاپپاراتى 731 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكى بىر، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىكى 10، ئاساسىي قاتلام ئامبار، پونكىت، زاۋۇت دەرىجىلىكى 720. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاشلىق، ياغ تەكشۈرۈش لاياقەتنامىسىگە ئېرىشكەن مەخسۇس، قوشۇمچە تەكشۈرۈش خادىمى 1250 كە يەتتى.

## 2. ئەسلى ئاشلىق، ياغلىق داننى تەكشۈرۈش

### 1) سېزىم ئارقىلىق تەكشۈرۈش

50 - يىللاردا ئاساسىي قاتلام ئاشلىق ئورۇنلىرىدا تەكشۈرۈش سايمانلىرى يوق بولۇپ، ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىش مەزگىلىدە سۇپەت تەكشۈرۈش خادىملىرى پۈتۈنلەي سېزىم ئارقىلىق تەكشۈرەتتى، يەنى ئاشلىق، ياغلىق دان ئەۋرىشكىسىنى قول بىلەن ئېلىپ، ئەۋرىشكىنىڭ دان شەكلى، پۈتۈنلۈك دەرىجىسى، رەڭگى، ئەخلىتى، تولمىغان دانلارنى كۆز بىلەن كۆرۈپ بېقىپ، پۇرىقىنىڭ نورمال - نورمالسىزلىقىنى پۇراپ بېقىپ، نەملىكىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى چىشلەپ بېقىپ پەرقلەندۈرەتتى. جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرى ھەر يىلى ئاشلىق، ياغلىق داننى سېتىۋېلىشتىن بۇرۇن، ئاساسىي قاتلام پونكىتلاردىكى تەكشۈرۈش خادىملىرىنى

تەربىيىلەيتتى. مول تەجرىبىلىك تەكشۈرۈش خادىملىرى سېزىم ئارقىلىق تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرىنى تونۇشتۇراتتى، شۇنىڭ بىلەن سېزىم ئارقىلىق تەكشۈرۈش مەشغۇلات تەرتىپى بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، سۈپەت تەكشۈرۈشنىڭ ئېنىقلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلەتتى. 1954 - يىلى قەشقەر، ئاقسۇ، يەكەن، خوتەن قاتارلىق 4 ۋىلايەتتە ئامبارغا كىرگۈزۈلگەن بۇغدايننىڭ سۈپىتىدە، بۇغدايدىكى مۇكەممەل دان ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %92.1 نى، ئەخلەت %6.14 نى، چالا - توزان، ئوت - چۆپ ئۇرۇقى %1.76 نى ئىگىلىگەن. سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش ئۆلچىمى 2 - دەرىجىلىك بۇغدايغا تەئەللۇق بولدى، ئەمما، چالا - توزان، ئوت - چۆپ ئۇرۇقىنىڭ ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكىنى 0.76 پىرسەنت يۇقىرى بولدى. ئاساسىي قاتلام ئاشلىق پونكىتلىرىدا تەكشۈرۈشنىڭ توغرىلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، 1957 - يىلدىن باشلاپ ھەرقايسى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىدا ئاشلىق، ياغلىق داننىڭ دەرىجە ئۆلچىمى ئەۋرىشكىسى بىرتۇتاش تەييارلىنىپ، سېتىۋېلىش پونكىتلىرىغا تىزىپ قويۇلدى. ئاشلىق سېتىش ئورۇنلىرى بىلەن تەكشۈرگۈچى خادىملار ئوتتۇرىسىدا تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە قارىتا ئىختىلاپ تۇغۇلغاندا، ئاشلىق دەرىجىسى ئەۋرىشكىگە سېلىشتۇرۇلۇپ، قايتا تەكشۈرۈلدى. بەزى ۋىلايەتلەردىكى ئاشلىق تارماقلىرى سۈپەت تەكشۈرۈش خادىملىرىنى يېزا - قىشلاقلارغا تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىپ، نەق مەيداندا دەرىجە بېكىتتى، ئامبارغا كىرگۈزگەندە ئاشلىق پونكىتلىرىدىكى سۈپەت تەكشۈرۈش خادىملىرى ئەۋرىشكىگە قايتا - قايتا سېلىشتۇرۇپ، سېزىم ئارقىلىق قايتا تەكشۈردى.

60 — 70 - يىللاردا كۆپلىگەن ئاساسىي قاتلام ئاشلىق پونكىتلىرىدا يەنىلا ئاشلىق، ياغلىق داننىڭ سۈپىتى سېزىم ئەزاسى ئارقىلىق تەكشۈرۈلدى. چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى ئاشلىق ئامبارلىرىدا ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىشتا، ئەخلەت، مۇكەممەل بولمىغان دان، رەڭگى، پۇرىقى قاتارلىق تۈرلەرنى سېزىم ئارقىلىق تەكشۈرۈش ئاساس قىلىندى، باشقا تۈرلەر سايمان ئارقىلىق تەكشۈرۈلدى.

80 - يىللاردىن كېيىن، ئاساسىي قاتلام ئامبار، پونكىتلاردا دېھقانلارنىڭ ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىپ بېرىشكە كېتىدىغان ۋاقتىنى قىسقارتىش ئۈچۈن، بۇغداينىڭ دەرىجىسى سىغىم ئېغىرلىق سايمىنىدا ئۆلچەپ بېكىتىلگەندىن، يۇقىرى نەملىكتىكى ئاشلىقنىڭ سۇ تەركىبى سايمان بىلەن ئۆلچەنگەندىن سىرت، باشقا تۈرلەر سېزىم ئارقىلىق تەكشۈرۈلدى. 1990 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە سېزىم ئارقىلىق تەكشۈرۈش ئۇسۇلى يەنىلا ئاساسىي قاتلام ئاشلىق پونكىتلىرىدا ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىشتا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلدى.

## 2) سايمان ئارقىلىق تەكشۈرۈش

1951 - يىلى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ ئاشلىق ئىدارىسى غەربىي شىمال ئاشلىق ئىدارىسىدىن كەلتۈرۈلگەن 10 يۈرۈش مايلىق پارلىنىشچان نەملىكنى ئۆلچەش سايمىنى، 11 دانە تارازىنى بىر قىسىم نۇقتىلىق ئاشلىق ئامبارلىرىنىڭ ئاشلىقلارنىڭ نەملىكنى، ئەخلىتىنى تەكشۈرۈشكە ئىشلىتىشى ئۈچۈن تەقسىم قىلىپ بەردى. 1958 - يىلغا كەلگەندە كۆپلىگەن ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى ھەم بىر قىسىم ناھىيە بازىرىدىكى ئاشلىق ئامبارلىرىغا داۋاملىق مايلىق پارلىنىشچان نەملىكنى ئۆلچەش سايمىنى، ئوندىن بىرلىك تارازا قاتارلىق تەكشۈرۈش سايمانلىرى سەپلەپ بېرىلدى. ئۇلار تەييارلانغان ئاشلىق، ياغلىق داننىڭ سۈپەت دەرىجە ئەۋرىشكىسىنى تەكشۈرۈشتە ۋە ئاساسىي قاتلام ئاشلىق پونكىتلىرىنىڭ ئامبارغا كىرگۈزۈلىدىغان ئاشلىق، ياغلىق داننىڭ سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشىدە ئىشلىتىلدى. شىمالىي شىنجاڭ رايونىدىكى قىسمەن ئاشلىق ئامبارلىرى يۇقىرى نەملىكتىكى كۆممىقوناقنى سېتىۋالغاندا ئۇنىڭ نەملىكنى مايلىق پارلىنىشچان نەملىكنى ئۆلچەش سايمىنى ئارقىلىق ئۆلچىدى.

1959 - يىلى ئاشلىق نازارىتى دېلىنكىش قۇرۇتۇش ماندۇقى، «51» تىپلىق سىغىم ئېغىرلىق سايمىنى قاتارلىق 20 نەچچە دانە تەكشۈرۈش سايمىنىنى سېتىۋېلىپ ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىغا تارقىتىپ بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىگە تەدرىجىي ھالدا «51» تىپلىق

سىغىم ئېغىرلىق سايمىنى سەپلەپ بېرىلدى. 1963 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئاپتونوم رايون بويىچە «51» تىپلىق ھەجىم ئېغىرلىق سايمىنىدىن 83 ى بار بولۇپ، بۇغداي، چۈجگۈن قوناق قاتارلىقلارنىڭ سىغىم ئېغىرلىقىنى ئۆلچەشتە «51» تىپلىق سىغىم ئېغىرلىق سايمىنى ئىشلىتىلدى، ئەملىكنى ئۆلچەشتە يەنىلا مايلىق پارلىنىشچان ئەملىكنى ئۆلچەش سايمىنى ئاساس قىلىندى. ئاساسىي قاتلام ئاشلىق پونكىتلىرىدا تەكشۈرۈش سايمانلىرى ئاساسىي جەھەتتىن يوق ئىدى. 1964 ـ يىلى ئاشلىق نازارىتى «61» تىپلىق سىغىم ئېغىرلىق سايمىنىدىن 50 نى سېتىۋېلىپ، ئۇنى ئاشلىقنىڭ سىغىم ئېغىرلىقىنى ئۆلچەشنىڭ ئۆلچەملىك ئۇسۇلى قىلىشنى بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاشلىق نازارىتى سانجى ناھىيىسىدە «61» تىپلىق سىغىم ئېغىرلىق سايمىنى مەشغۇلاتىنى ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى، كېيىن بىر قىسىم ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىدا «61» تىپلىق سىغىم ئېغىرلىق سايمىنى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. «51» تىپلىق سىغىم ئېغىرلىق سايمىنىمۇ داۋاملىق ئىشلىتىلدى، بۇلارنى ئىجرا قىلىش ئۆلچىمى پەرقلەندۈرۈلدى. 1965 ـ يىلى ئاشلىق نازارىتى تونىلىسمان ئەملىكنى ئۆلچەش سايمىنىدىن 30 نى سېتىۋېلىپ، توك بىلەن تەمىنلىنىش ئەھۋالى ياخشىراق بولغان سانجى قاتارلىق ناھىيىلەردە بۇ خىل ئۆلچەش سايمىنى ئارقىلىق ئاشلىق، ياغلىق داننىڭ ئەملىكنى ئۆلچەشنى يولغا قويۇشقا باشلىدى. 1966 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ناھىيە بازارلىرىدىكى ئاشلىق ئامبارلىرى ۋە سېتىۋېلىپ ساقلاش ۋەزىپىسى كۆپ بولغان ئاشلىق پونكىتلىرىدا سېتىۋېلىش جەريانىدا بۇغداينىڭ دەرىجىسىنى سىغىم ئېغىرلىق سايمىنى ئارقىلىق بېكىتىش ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلدى. ئاشلىق، ياغلىق داننىڭ ئەملىكنى تونىلىسمان، مايلىق پارلىنىشچان ئەملىكنى ئۆلچەش سايمىنى ئارقىلىق تەكشۈرۈلدى. ئاشلىق يۆتكەشتە تەكشۈرۈش تۈرلىرى ئاساسەن سايمان ئارقىلىق تەكشۈرۈلدى. تەكشۈرۈش سايمانلىرى بولمىغان ئاساسىي قاتلام ئاشلىق پونكىتلىرى ئاشلىق، ياغلىق داننى يۆتكەپ چىقارغاندا ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى ئەۋەتكەن تېخنىكا خادىملار سايماننى ئېلىپ بېرىپ تەكشۈرۈپ بەردى.

70 ـ يىللاردا ھەرقايسى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى «61» تىپلىق سىغىم ئېغىرلىق سايمىنى، تونىلىسمان ئەملىك ئۆلچەش سايمىنى، ئوندىن بىرلىك تارازا، غەلۋىر قاتارلىق تەكشۈرۈش سايمانلىرىنى ئارقا- ئارقىدىن سېتىۋېلىپ، ئاساسىي قاتلام ئاشلىق پونكىتلىرىغا تارقىتىپ بەردى. بۇغداي سېتىۋېلىشتا سىغىم ئېغىرلىق سايمىنى ئارقىلىق دەرىجىسىنى تەكشۈرۈش ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلدى. بەزى يەرلىك ئاشلىق تارماقلىرى ئېلېكترون قارشىلىق، ئېلېكترون سىغىمچانلىق، ئىنفرا قىزىل نۇرلۇق ئېلېكترونلۇق ئەملىكنى ئۆلچەش سايمانلىرىنى سېتىۋېلىپ، سۇ مىقدارىنى تەكشۈردى. بىراق بۇ ئۆلچەش سايمانلىرىنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسىنىڭ توغرىلىقى تۆۋەنرەك بولغاچقا، ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىلمىدى. 1978- يىلدىن باشلاپ ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى ھەر يىلى ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىشتىن بۇرۇن تېخنىكا خادىملىرىنى ئاساسىي قاتلام ئاشلىق پونكىتلىرىغا تەكشۈرۈش سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش، تەڭشەشكە ئەۋەتتى ھەم يېڭى سايمانلارنى تولۇقلاش زۆرۈرىيىتىگە ئاساسەن تەكشۈرۈش ۋاسىتىلىرىنى تەدرىجىي كۆپەيتتى. 1979- يىلدىن 1981 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ئامبارغا كىرگۈزۈلگەن بۇغداينىڭ ئوتتۇرا دەرىجىدىن يۇقىرى (ئوتتۇرا دەرىجىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) بولغانلىرى 82.63% نى، كۆممىقوناقنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىدىن يۇقىرى بولغانلىرى 87.31% نى ئىگىلىدى.

1982 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى 200 مىڭ يۈەن مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ، ئېلېكترونلۇق قۇرۇتۇش ساندۇقى، يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق توك ئوچاق، توڭلاتقۇ، ئوپتىك ئىسپېكتروميتىر، ئون مىڭدىن بىرلىك تارازا، لوۋبارت تىنتوميتىر قاتارلىق تەكشۈرۈش سايمانلىرىنى سېتىۋېلىپ، 8 ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىنىڭ مەركىزى تەجرىبىخانا قۇرۇشىغا تارقىتىپ بەردى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق، ياغ سانائىتىدە باھاسى بويىچە بۇيرۇپ پىششىقلاپ ئىشلەش يولغا قويۇلدى، ئاشلىق، ياغ پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتلىرىنىڭ تەجرىبىخانىلىرىدا باھالىق بۇيرۇپ بېرىلگەن ئاشلىق، ياغلىق

دان سايمان ئارقىلىق تەكشۈرۈلىدىغان بولدى؛ چولڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى ئاشلىق ئامبارلىرىنىڭ تەجرىبىخانىلىرىغىمۇ ئېلېكترونلۇق قۇرۇتۇش ساندۇقى ئارقا ـ ئارقىدىن سەپلەپ بېرىلىپ، ئاشلىق، ياغلىق داننىڭ نەملىكى تەكشۈرۈلىدىغان بولدى ھەمدە ئۇ ئۆلچەملىك ئۇسۇل قىلىنىپ شۇ ئارقىلىق ئاساسىي قاتلام ئاشلىق پونكىتلىرىدىكى تونىلىسمان نەملىكنى ئۆلچەش سايمىنى، ئېلېكترونلۇق نەملىكنى ئۆلچەش سايمىنى ئېلىشتۇرۇپ تەڭشەلدى. 1985 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سېتىۋېلىپ ئامبارغا كىرگۈزۈلگەن ئاشلىقلاردا بۇغداينىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سۈپەتتىكىسى %94.01 نى، ئەخلەتتى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكىنى %18.45 نى، نەملىكى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكىنى %4.22 نى، كۆممىقوناقنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سۈپەتتىكىسى %88.99 نى، ئەخلەتتى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكىنى %22.52 نى، نەملىكى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكىنى %35.99 نى ئىگىلىدى.

1986 ـ يىلدىن باشلاپ ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرى سودا مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان «ئاشلىق، ياغنىڭ سۈپىتىنى باشقۇرۇشتا سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان چارە» نى ئىجرا قىلىپ، ئوخشاشمىغان كۆلەمدىكى تەجرىبىخانىلارنى قۇرۇپ، بەلگىلىمە بويىچە تەكشۈرىدىغان بولدى. ش ئۇ ئا ر ئاشلىق، ياغ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش پونكىتى ۋە ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، قەشقەر، تارباغاتاي، بورتالا قاتارلىق ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىنىڭ ئاشلىق ـ ياغ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش پونكىتلىرى تەكشۈرۈش خادىملىرىنى تولۇقلاپ، نازۇكلۇق دەرىجىسى، توغرىلىقى يۇقىرى بولغان ئاپتوماتىك تۇراقلىق تېمپېراتۇرىلىق ئېلېكترونلۇق قۇرۇتۇش ساندۇقى، دېڭگىتاللىق ئۆزۈتۈش ماشىنىسى، ئون مىڭدىن بىرلىك تارازا، ئوپتىك ئېلېكترونلۇق تارازا، «سوش» ئەۋرىشكە ئېلىش سايمىنى، توك بىلەن قىزىتىلىدىغان تۇراقلىق تېمپېراتۇرىلىق قازان قاتارلىق سايمانلارنى سەپلەپ، ئاشلىق، ياغلىق داننىڭ ھەممە تۈرلەر بويىچە سۈپىتىنى تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى، ئاشلىق، ياغلىق داننىڭ سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، ئاشلىق، ياغلىق دان يۆتكەش جەريانىدا كۆرۈلىدىغان سۈپەت جەھەتتىكى تالاش ـ تارتىشلارنى كېسىم خاراكتېرىدە تەكشۈرىدىغان بولدى. چولڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى ئاشلىق ئامبارلىرى ۋە ئون ـ ياغ زاۋۇتلىرىنىڭ تەجرىبىخانىلىرىدا مەخسۇس تەكشۈرگۈچى خادىملار بارلىققا كەلتۈرۈلۈپ، ئېلېكترونلۇق قۇرۇتۇش ساندۇقى، ئون مىڭدىن بىر ياكى مىڭدىن بىرلىك تارازا، دېڭگىتاللىق ئۆزۈتۈش ماشىنىسى، دېڭگىتاللىق ئاقلاش ماشىنىسى قاتارلىق سايمانلار سەپلىنىپ، يۆتكەپ كىرگۈزۈلىدىغان ۋە چىقىرىلىدىغان ئاشلىق، ياغلىق دان ئاپتوموبىللار بويىچە تولۇق تۈرلۈك تەكشۈرۈلىدىغان بولدى. ئاساسىي قاتلام ئاشلىق پونكىتلىرىدا ئاددىي تەجرىبىخانىلار قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا مەخسۇس ياكى قوشۇمچە ۋەزىپىلىك تەكشۈرگۈچى خادىملار قويۇلۇپ، سىغىم ئېغىرلىقىنى ئۆلچىگۈچ، تونىلىسمان نەملىكنى ئۆلچىگۈچ، ئوندىن بىرلىك تارازا، غەلۋىر، ئەۋرىشكە ئېلىش سايمىنى قاتارلىق سايمانلار سەپلىنىپ، سېتىۋېلىش جەريانىدا سىغىم ئېغىرلىقى، ساپ ئاشلىق نىسبىتى، ساپ سۈپەت نىسبىتى، يۇقىرى نەملىكتىكى ئاشلىق، ياغلىق داننىڭ نەملىكى قاتارلىق ئاساسلىق تۈرلەر سايمان ئارقىلىق تەكشۈرۈلىدىغان، يۆتكەپ چىقىرىش جەريانىدىمۇ پۈتۈن تۈرلەر سايمان ئارقىلىق تەكشۈرۈلىدىغان بولدى. 1990 ـ يىلى ئىلى، سانجى، شىخەنزە، ئۈرۈمچى، بورتالا، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق 7 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى ئاشلىق ئىدارىلىرىنىڭ يىللىق مەلۇماتىغا قارىغاندا، سېتىۋېلىپ ئامبارغا كىرگۈزۈلگەن ئاشلىق، ياغلىق داندىن بۇغداينىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سۈپەتتىكىسى %93.81 نى، ئەخلەتتى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكىنى %14.5 نى، نەملىكى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكىنى %4.31 نى، كۆممىقوناقنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سۈپەتتىكىسى %87.23 نى، ئەخلەتتى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكىنى %11.28 نى، سۇ تەركىبى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكىنى %64.95 نى، شالنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سۈپەتتىكىسى %63.87 نى، ئەخلەتتى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكىنى %68.43 نى، نەملىكى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكىنى %36.22 نى ئىگىلىگەن. قىچا ئاپتونوم رايوننىڭ كارخانا ئۆلچىمى بويىچە تەكشۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ

ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سۈپەتلىكى %90.37 نى، ئەخلەتى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكىنى %34.66 نى، نەملىكى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكىنى %7.44 نى ئىگىلىگەن.

## 3. پىششىقلانغان ئاشلىق، ياغنى تەكشۈرۈش

50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا يەرلىك ئۇسۇلدا پىششىقلاپ ئىشلىنىدىغان ئاشلىق، ياغنى تەكشۈرىدىغان مەخسۇس ئادەم يوق ئىدى. مەشغۇلاتچى خادىملار سېزىمگە ئاساسلىنىپ سۈپىتىنى بېكىتەتتى. 1954 - يىلى شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى ۋە ئۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ شۆبە زاۋۇتىدا تەجرىبىخانا تەسىس قىلىندى ھەم يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق توك ئوچاق، دېڭگاتىللىق ئەلگەك، نەملىك ئۆلچىگۈچ، تارازا قاتارلىق تەجرىبە سايمانلىرى سەپلەندى، مەخسۇس تەكشۈرگۈچى خادىملار بۇغداي ئۇنىنىڭ كېپەك تەركىبى، يىرىكلىك دەرىجىسى، نەملىكىنى سايمان ئارقىلىق، ئۇن رەڭگى، قۇم مىقدارىنى سېزىم ئارقىلىق تەكشۈرىدىغان بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى ھەر كۈنى 2 ئىسمېنىغا بۆلۈنۈپ ئىشلەپ، ھەر سائەتتە بىر قېتىم ئۇن ئەۋرىشكىسى ئېلىپ، ئۇنى بىرتۇتاش نومۇر سالغاندىن كېيىن تەجرىبىخانىغا يوللاپ تەكشۈرۈپ، سۈپىتى لاياقەتلىك بولغانلىرىنى زاۋۇتتىن چىقىرىپ سېتىشنى، لاياقەتسىز بولغانلىرىنى قايتىدىن پىششىقلاشنى يولغا قويدى. 50 - يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە جايلاردا يېڭىدىن قۇرۇلغان چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى ئۇن زاۋۇتلىرىنىڭ ھەممىسىدە تەجرىبىخانا تەسىس قىلىندى ھەم مەخسۇس تەكشۈرگۈچى خادىملار ۋە ھەرخىل ئېھتىياجلىق بولغان تەكشۈرۈش سايمانلىرى سەپلەندى، ئاساسلىقى بۇغداي ئۇنىنىڭ يىرىك، يۇمشاقلىق دەرىجىسى، كېپەك تەركىبى تەكشۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ سۈپىتى كونترول قىلىندى. بۇغداي ئۇنىنىڭ قۇم مىقدارى ھورنان سىلىپ تېتىپ بېقىش ئارقىلىق تەكشۈرۈلۈپ، چىقىشقا بىلىنگەنلىرىنى زاۋۇتتىن چىقىرىش مەنئى قىلىندى. ئوتتۇرا، كىچىك ئۇن زاۋۇتلىرىدا كۈنىگە بىر ئىسمېنا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. چوڭ تىپتىكى ئۇن زاۋۇتلىرىدا، مەسىلەن: ئۈرۈمچى «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتىدا بۇغداي ئۇنىدىن ئەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈرۈش قېتىم سانى كۆپەيتىلدى، تەجرىبىخانىلار ئەسلىدىكى كۈنىگە بىر ئىسمېنا تەكشۈرۈشنى 3 ئىسمېنا تەكشۈرۈشكە ئۆزگەرتتى، سۈپەت مەسىلىسى بايقالسا، ۋاقتىدا بىرتەرەپ قىلىنىپ، بۇغداي ئۇنىنىڭ سۈپىتى تۇراقلاشتۇرۇلدى.

60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى ئۇن زاۋۇتلىرىنىڭ تەجرىبىخانىلىرىدا ئومۇميۈزلۈك ئىسمېنىلار بويىچە ئەۋرىشكە ئېلىش يولغا قويۇلۇپ، بۇغداي ئۇنىنىڭ يىرىك - يۇمشاقلىق دەرىجىسى، كېپەك تەركىبى، قۇم مىقدارىنى سايمان ئارقىلىق تەكشۈرۈش مەھسۇلات سۈپىتىنى كونترول قىلىشنىڭ ئاساسلىق ۋاستىلىرىنىڭ بىرى قىلىندى. كىچىك تىپتىكى ئۇن زاۋۇتلىرىدا بۇغداي ئۇنىنىڭ يىرىك - يۇمشاقلىق دەرىجىسى، قۇم مىقدارى قاتارلىقلار سېزىم ئارقىلىق تەكشۈرۈلدى. ياغ زاۋۇتلىرىدا ياغنىڭ سۈزۈكلۈك دەرىجىسى ئاساسلىق سېزىم ئارقىلىق تەكشۈرۈلدى. 1962 - يىلى ئاشلىق نازارىتىنىڭ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى، كورلا ناھىيىلىك ئاشلىق - ياغ زاۋۇتى كۆممىقوناق ئۇندۇرمىسىدىن ياغ تارتىشنى سىناق قىلىپ، ياغنى سەھىيە نازارىتىنىڭ كېسەللىكلەردىن مۇداپىئە كۆرۈش پونكىتى، ش ئۇ ئا ر يېنىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە يوللىدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە نەملىكى %2.39، ئەخلەت %2.38، ھەر بىر كىلوگرام ياغنىڭ كىسلاتالىق ۋالېنتى 7.34 مىللىگرام KOH بولۇپ، ھەممىسى بەلگىلەنگەن ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ دەپ قارالدى. 1966 - يىلدىن باشلاپ ئاشلىق نازارىتى بۇغداي ئۇنى، گۈرۈچنىڭ ھەرقايسى دەرىجىلەر بويىچە پىششىقلىنىشىنىڭ ئىنچىكىلىك دەرىجىسى ئۆلچىمى بويىچە ئەۋرىشكە ئىشلەپ، ئۇنى جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ پىششىقلاشنىڭ ئىنچىكىلىك دەرىجىسىنى سېزىم ئەزاسى ئارقىلىق تەكشۈرۈشتە سېلىشتۇرۇپ پايدىلىنىشىغا تارقىتىپ بەردى. يىرىك - يۇمشاقلىق دەرىجىسى، كېپەك تەركىبى، قۇم مىقدارى، نەملىكى، ماگنىتلىق مېتال ماددىلار

مىقدارى قاتارلىق باشقا تەكشۈرۈلىدىغان تۈرلەر سايمان ئارقىلىق تەكشۈرۈلدى. باغ زاۋۇتلىرىدا سايمانلار دەرىجىنى سەپلىنىپ، ياغنىڭ كىسلاتالىق ۋالېنتى، نەملىكى، ئەخلىتى سايمان ئارقىلىق، رەڭگى، سۈزۈكلۈك دەرىجىسى، پۇرىقى سېزىم ئارقىلىق تەكشۈرۈلدى. 1978 ـ يىل 6 ـ ئايدا بۇغداي، گۈرۈچ دۆلەت ئۆلچىمى بويىچە تەكشۈرۈلۈشكە باشلىدى، گۈرۈچنىڭ پىششىقلىنىشتىكى ئىنچىكىلىك دەرىجىسى سودا مىنىستىرلىكى تارقاتقان ئۆلچەملىك ئەۋرىشكىگە سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈلدى، بۇغداي ئۇنىنىڭ پىششىقلىنىش، ئىنچىكىلىك دەرىجىسىدە ئۇن رەڭگى، كېپىكى ش ئۇ ئا ر تاشلىق ئىدارىسى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ ئۆلچەملىك ئۇن ئەۋرىشكىسىگە ئاساسەن كۆپەيتىپ ئىشلەپ تارقاتقان ئەۋرىشكىگە ئاساسلىنىپ تەكشۈرۈلدى.

80 ـ يىللاردا جايلاردىكى ئۇن ـ ياغ زاۋۇتلىرى تارتىلغان ئۇن ـ ياغ جەھەتتە دۆلەت ئۆلچىمىنى ئىجرا قىلىپ، سۈپەت باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتتى. تەكشۈرۈش خادىملىرى ۋە سايمانلىرىنى تولۇقلاپ، تارتىلغان ئۇن ـ ياغنى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ئىمكانلار بويىچە تەكشۈرۈشنى يولغا قويدى. ش ئۇ ئا ر تاشلىق، باغ سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش پونكىتى جايلاردىكى تارتىلغان ئۇن، ياغنىڭ سۈپىتىنى قەرەلسىز تەكشۈرۈپ تۇرىدىغان بولدى. 1982 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە، 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى 53 ئورۇن ئەۋەتكەن 2 ئۆلۈش ئالاھىدە بۇغداي ئۇنى، 67 ئۆلۈش ئۆلچەملىك ئۇن ئەۋرىشكىسى تەكشۈرۈلگەندە، ئۇنىڭ ئايرىم تۈرلەر بويىچە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى، تارتىلىش ئىنچىكىلىك دەرىجىسى %42.03، يىرىك ـ يۇمشاقلىق دەرىجىسى %14.40، كېپەك تەركىبى %91.03، ئۇن سېغىزى %97.10، قۇم مىقدارى %69.57، سۇ تەركىبىنىڭ ئۆلچەمدىن ئۆزگىرىشى 0.7 — 5.2 پىرسەنت پوئېنتى (ئەۋرىشكە ئېلىنغاندىن كېيىن ساقلاش ۋاقتى ئۇزۇن بولۇپ كەتكەنلىكتىن) بولدى. 1984 ـ يىلى جايلاردىكى ئۇن ـ باغ زاۋۇتلىرى ئالاھىدە 2 ـ دەرىجىلىك بۇغداي ئۇنى تارتىشقا باشلىغاندا، ش ئۇ ئا ر تاشلىق ئىدارىسى ئۆلچەملىك ئۇن ئەۋرىشكىسى تەييارلاپ جايلارنىڭ ئۇن تارتىش ئىنچىكىلىكىنى سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈشتە پايدىلىنىشقا تارقىتىپ بەردى. 1985 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە جايلاردىكى ئۇن ـ ياغ زاۋۇتلىرى دۆلەتنىڭ تارتىلغان ئۇن ـ ياغنى ئۇن ـ ياغ ئۆلچىمىگە ئاساسەن تولۇق تۈرلەر بويىچە تەكشۈرىدىغان بولدى، بۇغداي ئۇنىنى تەكشۈرۈشتە ش ئۇ ئا ر تاشلىق ئىدارىسى ھەر ئىككى يىلدا قايتا ئىشلەپ تارقىتىدىغان ئۆلچەملىك ئۇن ئەۋرىشكىسىگە ئاساسەن، ئىنچىكىلىك دەرىجىسى سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈلدى، كېپەك تەركىبى، قۇم مىقدارى، ماگنىتلىق مېتال ماددىلار مىقدارى قاتارلىقلار دۆلەت ئۆلچىمىگە ئاساسەن تەكشۈرۈلۈپ، ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەنلىرى زاۋۇتتىن چىقىرىپ سېتىلمىدى، گۈرۈچنى تەكشۈرۈشتە ئاقلاش ئىنچىكىلىك دەرىجىسى بويىچە دەرىجە بەلگىلىنىپ، سودا مىنىستىرلىكى ئىشلەپ تارقاتقان ئۆلچەملىك ئەۋرىشكىگە سېلىشتۇرۇلدى، ياغنى تەكشۈرۈشتە ئۇنىڭ رەڭگى، كىسلاتالىق ۋالېنتى، نەملىكى ھەم ئۇچۇچان ماددا، ئەخلەت، قىزىتىش تەجرىبىسى (ياغ رەڭگىنى تەكشۈرگەندە قېنىقتا ئۆزگەرگەنمۇ يوق، ئاجرالمىلار بارمۇ يوق)، سوپۇنلىشىش مىقدارى قاتارلىقلار سايمان ئارقىلىق، پۇرىقى، تەمى سېزىم ئارقىلىق تەكشۈرۈلدى. تەكشۈرۈپ نازارەتچىلىك قىلىش خىزمىتى كۈچەيتىلگەچكە، جايلارنىڭ تارتىلغان ئۇن ـ ياغ سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. 1988 — 1989 ـ يىللىرى ش ئۇ ئا ر تاشلىق ئىدارىسىنىڭ ساقلاش ـ يۆتكەش باشقارمىسى، سانائەت باشقارمىسى، ش ئۇ ئا ر تاشلىق ـ ياغ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش پونكىتىدىكى تېخنىكا خادىملىرى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، قاراماي، كۈيتۇڭ، شىخەنزە، سانجى، ئۈرۈمچى، بايىنغولىن، قۇمۇل، ئاقسۇدىن ئىبارەت 11 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ بۇغداي ئۇنىدىن 137 ئۆلۈش، ياغدىن 122 ئۆلۈش ئەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈردى. بۇغداي ئۇنىنىڭ ئايرىم تۈرلەر بويىچە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى مۇنداق بولدى: تارتىلغان ئىنچىكىلىك دەرىجىسى %62.04، يىرىك ـ يۇمشاقلىق دەرىجىسى %87.50، كېپەك تەركىبى %89.78، قۇم مىقدارى %85.40، ئۇن سېغىزى %93.43، ماگنىتلىق مېتال ماددىلار %97.81

بولۇپ، لاياقەتلىك نىسبىتىنى 1982 ـ يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا قۇم مىقدارى 15.83 پىرسەنت يۇقىرىلىغان، تارتىش ئىنچىكىلىك دەرىجىسى 20.01 پىرسەنت يۇقىرىلىغان، يۇمشاقلىق دەرىجىسى 73.1 پىرسەنت يۇقىرىلىغان ئۆسكەن. ياغىنىڭ ئايرىم تۈرلەر بويىچە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى كىسلاتالىق ۋالېنتى 97.54%، نەملىكى 97.9%، ئەخلەت 98.36%، پروكسىدلىنىش قىممىتى 95.08%، قىزىتىپ تەجرىبە قىلىش 87.70% بولغان. 1990 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ـ ياغ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش پونكىتىدىكى تېخنىكا خادىملىرى ئۈرۈمچى، قاراماي، ئىلى، بايىنغولىن، ئاقسۇ قاتارلىق 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى 45 ناھىيە ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 1 ـ، 2 ـ، 4 ـ، 5 ـ، 7 ـ، 9 ـ شىلىرىدىكى 43 تۈەن ـ مەيدان، 29 كوللېكتىپ ۋە 8 يەككە ئىگىلىكتىكى ئۈن. ياغ زاۋۇتىنىڭ بۇغداي ئۈنىدىن 138 ئۈلۈش، گۈرۈچتىن 14 ئۈلۈش، ياغدىن 71 ئۈلۈش ئەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈرگەندە، بۇغداي ئۈنىنىڭ ئايرىم تۈرلەر بويىچە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى: پىششىقلاشتىكى دەرىجىسى 73.9%، پىرىك ـ يۇمشاقلىق دەرىجىسى 89.9%، ئۈن سېغىزى 87.7%، كېپەك تەركىبى 95%، قۇم مىقدارى 84.1%، ماگنىتلىق مېتال ماددىلار 94.2%، سۇ تەركىبى 81.9%، ياغ كىسلاتا قىممىتى 100% بولغان. گۈرۈچنىڭ ئايرىم تۈرلەر بويىچە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى: ئاقلىنىش ئىنچىكىلىك دەرىجىسى 100%، ئۈۋاق دان 92.9%، ئازراق ئۈۋۈلغان دان 85.7%، پىنە ئارىلاش دان 71.4%، كۆرمەك ئارىلاش دان 92.9%، چالا ـ توزان مىقدارى 100%، نەملىكى 92.9% بولغان. ياغىنىڭ ئايرىم تۈرلەر بويىچە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى: كىسلاتالىق ۋالېنتى 90.1%، سۇ تەركىبى 91.5%، ئەخلەت 98.6%، سوپۇنلىشىشى 92.96%، پروكسىدلىنىش قىممىتى 84.5%، قىزىتىپ تەجرىبە قىلىش 69% بولغان (جەدۋەل: 3 — 22، 3 — 23، 3 — 24 لەرگە قاراڭ).

**1990 ـ يىلى تەكشۈرۈلگەندە بۇغداي ئۈنىنىڭ تۈرلەر بويىچە لاياقەتلىك بولۇش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 3 — 22

| كەسىپ | تۈرى | ئۈلگە سانى | تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلەرنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى (%) | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | تارتىلىش ئىنچىكىلىك دەرىجىسى | پىرىك ـ يۇمشاقلىق دەرىجىسى | نەملىكى | كېپەك تەركىبى | قۇم مىقدارى | ماگنىتلىق مېتال ماددىلار | ئۈن سېغىزى |
| ئاشلىق تارماقلىرى | ئالاھىدە 1 ـ دەرىجىلىك ئۈن | 24 | 83.3 | 100 | 100 | 91.7 | 100 | 95.8 | 79.2 |
| | ئالاھىدە 2 ـ دەرىجىلىك ئۈن | 8 | 75 | 87.5 | 87.5 | 100 | 100 | 75 | 87.5 |
| | ئۆلچەملىك ئۈن | 34 | 76.5 | 85.3 | 82.4 | 100 | 79.4 | 94.1 | 100 |
| ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى كارخانىسى | ئالاھىدە 1 ـ دەرىجىلىك ئۈن | 6 | 66.7 | 100 | 100 | 66.7 | 100 | 100 | 100 |
| | ئالاھىدە 2 ـ دەرىجىلىك ئۈن | 7 | 85.7 | 100 | 100 | 100 | 100 | 100 | 71.4 |
| | ئۆلچەملىك ئۈن | 34 | 73.5 | 91.2 | 73.5 | 94.1 | 88.2 | 94.1 | 91.2 |
| كوللېكتىپ كارخانا | ئۆلچەملىك ئۈن | 18 | 55.6 | 83.3 | 72.2 | 94.4 | 66.7 | 94.4 | 72.2 |
| يەككە كارخانا | ئۆلچەملىك ئۈن | 7 | 71.4 | 71.4 | 42.9 | 100 | 28.6 | 100 | 85.7 |

## 1990 - يىلى تەكشۈرۈلگەن گۈرۈچنىڭ تۈرلەر بويىچە لاياقەتلىك بولۇش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 — 23

| كەسىپ | تۈرى | ئەۋرىشكە ئۈلۈشى | تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلەرنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى (%) | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | ئاقلاش گىنچىكىلىك دەرىجىسى | چالا - تۇزان مىقدارى | چولاق ئۈزاق دان | كىچىك ئۈزاق دان | شال ئارىلاش دان | كۆرمەك ئارىلاش دان | نەملىكى |
| ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى كارخانىسى | ئۆلچەملىك 1 - دەرىجىلىك گۈرۈچ | 14 | 100 | 100 | 92.9 | 85.7 | 71.4 | 92.9 | 92.9 |

## 1990 - يىلى ياغنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشتىكى تۈرلەرنىڭ لاياقەتلىك بولۇش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 — 24

| كەسىپ | تۈرى | ئەۋرىشكە ئۈلۈشى | تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلەرنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى (%) | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | كىسلاتالىق ۋالېنتى | سۇ تەركىبى | ئەخلەت | سوپۇنلىشىش مىقدارى | پىروكسىدلىنىش قىممىتى | قىزدۇرۇش تەجرىبىسى |
| ئاشلىق تارماقلىرى | چەككىلەنگەن چىگىت يېغى | 9 | 77.8 | 100 | 100 | 100 | 100 | 66.7 |
| | 2 - دەرىجىلىك قىچا يېغى | 4 | 100 | 100 | 100 | 100 | 75 | 100 |
| | 2 - دەرىجىلىك ئاپتاپپەرەس يېغى | 3 | 100 | 100 | 100 | 100 | 66.7 | 100 |
| | كەندىر يېغى | 2 | 100 | 100 | 50 | 100 | 100 | |
| | 2 - دەرىجىلىك دادۇر يېغى | 1 | 100 | 100 | 100 | 100 | 100 | 100 |
| | 2 - دەرىجىلىك ئاپتاپپەرەس يېغى | 1 | 100 | 100 | 100 | 100 | 100 | 100 |
| ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى كارخانىسى | چەككىلەنگەن چىگىت يېغى | 27 | 88.9 | 92.6 | 100 | 88.9 | 88.9 | 55.6 |
| | 2 - دەرىجىلىك قىچا يېغى | 6 | 100 | 100 | 100 | 100 | 83.3 | 100 |
| | 2 - دەرىجىلىك ئاپتاپپەرەس يېغى | 4 | 100 | 100 | 100 | 100 | 25 | 100 |
| كوللېكتىپ كارخانا | چەككىلەنگەن چىگىت يېغى | 7 | 85.7 | 57.1 | 100 | 71.4 | 100 | 42.9 |
| | 2 - دەرىجىلىك قىچا يېغى | 2 | 100 | 100 | 100 | 100 | 100 | 50 |
| | 2 - دەرىجىلىك ئاپتاپپەرەس يېغى | 1 | 100 | 100 | 100 | 100 | | 100 |
| | 2 - دەرىجىلىك كۆممىقوناق ئۈندۈرمىسى يېغى | 1 | | | 100 | 100 | 100 | 100 |
| يەككە كارخانا | 2 - دەرىجىلىك قىچا يېغى | 1 | 100 | 100 | 100 | 100 | | 100 |
| | چەككىلەنگەن چىگىت يېغى | 1 | 100 | 100 | 100 | 100 | 100 | 100 |
| | 2 - دەرىجىلىك ئاپتاپپەرەس يېغى | 1 | 100 | 100 | 100 | 100 | 100 | 100 |

# § 6 . تازىلىق تەكشۈرۈش

1975 - يىل 12 - ئايدا چاقىرىلغان مەملىكەتلىك ئاشلىق، ياغ ساقلاش، تەكشۈرۈش خىزمىتى يىغىنىدا، سودا مىنىستىرلىكى مەملىكەتنىڭ ئاشلىق جايلىرىدىكى ئاشلىق تارماقلىرىدىن تازىلىق سۈپىتى ئۆلچىمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىشنى، ئاشلىق، ياغنىڭ بۇلغىنىشىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئەتراپلىق قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ شىنجاڭدىكى ئاشلىق تارماقلىرىدا ئاشلىق، ياغنىڭ تازىلىقىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈلدى. 1978 - يىل 2 - ئايدا ش ئۇ ئا ر شتات كومىتېتىنىڭ تەستىقى بىلەن ش ئۇ ئا ر ئاشلىق، ياغ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش پونكىتى قۇرۇلدى، بۇ پونكىت ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق، ياغ تازىلىقىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. شۇ يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئۆلچەم ئىدارىسى ئېلان قىلغان يېمەكلىك تازىلىقىنىڭ دۆلەت ئۆلچىمى (پىششىقلانمىغان ئاشلىقنىڭ تازىلىق ئۆلچىمى، ئوزۇقلۇق قىلىنىدىغان ياغنىڭ تازىلىق ئۆلچىمى، يېمەكلىكتىكى سېرىق ئاسپېرگىللىئوس توكسىنىنىڭ رۇخسەت قىلىنغان مىقدارى، سىماپنىڭ رۇخسەت قىلىنغان مىقدارى، 666، DDT نىڭ قالدۇقى قاتارلىق ئۆلچەملەر) ئىجرا قىلىنىشقا باشلىدى، جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرى تازىلىق جەھەتتە تەكشۈرۈلىدىغان ئاشلىق، ياغ ئەۋرىشكىلىرىنى ئۆز ئورنىدىكى سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئورۇنلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ كۆرۈشىگە يوللاپ بەردى.

1983 - يىلى قۇرۇلۇش نازارىتى، دېھقانچىلىق نازارىتى، ئاشلىق نازارىتى ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەندىن تەشكىللەنگەن بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى شىخەنزە، شىخۇ، غۇلجا، مىچۈەن، كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر يېڭىشەھەر، قەشقەر كوناشەھەر، مارالبېشى، يەكەن، قارغىلىق، لوپ قاتارلىق 12 ناھىيە، شەھەر ھەم ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 4 - شىسىغا قاراشلىق بۇغداي، كۆممىقوناق، شالدىن 120 ئۈلۈش ئەۋرىشكە ئېلىپ، ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىلمىي تەتقىقات ئورنىغا 666، DDT دىن ئىبارەت دېھقانچىلىق دورىلىرىدىن بۇلغىنىشنى تەكشۈرۈشكە تاپشۇردى. 666 نىڭ قالدۇق مىقدارىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى مۇنداق: بۇغدايدا ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكىنى 13%، زەھەر قالدۇقى تەكشۈرۈپ بايقالغىنى 3.1%، كۆممىقوناقتا ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكىنى 10.2%، زەھەر قالدۇقى تەكشۈرۈپ بايقالمىغىنى 10.2%، شالدا ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكىنى 27.5%. DDT نىڭ قالدۇق مىقدارى مۇنداق: بۇغدايدا ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكىنى 2.1%، زەھەر قالدۇقى تەكشۈرۈپ بايقالمىغىنى 88.8%، كۆممىقوناقتا ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكىنى 2.5%، زەھەر قالدۇقى تەكشۈرۈپ بايقالمىغىنى 77.5%؛ شالدا زەھەر قالدۇقى تەكشۈرۈپ بايقالمىغىنى 57.3%. 1983 - يىلدىن باشلاپ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مەركىزىي تەجرىبىخانىسى تازىلىق تەكشۈرۈش سايمانلىرىنى سەپلەپ، تازىلىق تەكشۈرۈش خىزمىتىنى باشلىدى. ئاساسلىق تەكشۈرۈش ئوبيېكتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى تارماقلىرىدا ئالىيۇمىن فوسفىد، مالاتىئون دورىسى بىلەن ئىسلانغان ئاشلىق، ئۈرۈمچىگە سىرتتىن يۆتكەپ كېلىنگەن غەيرىي پۇراق، نورمالسىز ھادىسىلەر كۆرۈلگەن ئاشلىقتىن ئىبارەت بولدى. 1984 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق، ياغ يەن تەتقىقات ئورنىنىڭ ساقلىنىۋاتقان ئاشلىقلارنى تەكشۈرۈش تەجرىبىخانىسى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق، ياغ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش پونكىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، تەكشۈرۈش خادىملىرى، چوڭ تىپتىكى نازۇك سايمانلار نىسپىي ھالدا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، تەكشۈرۈش ۋاستىلىرى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ئاشلىق، ياغ يېمەكلىرىنىڭ تازىلىقى تولۇق تور بويىچە تەكشۈرەلەيدىغان قىلىنىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ تازىلىقىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش مەركىزىگە ئايلاندۇرۇلدى. 1985 - يىلدىن باشلاپ بۇ پونكىت ھەر يىلى جايلار يوللاپ بەرگەن ئازكەم 500 ئۈلۈش ئەۋرىشكىنى تەكشۈرۈپ، ئاشلىقنىڭ تازىلىق سۈپەت

ئۆتكىلىنى ئىگىلەشتە مۇھىم رول ئوينىدى. 1989 - يىلى 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، بۇغداي، كۆممىقوناق، شالدىكى 666، DDT دىن ئىبارەت دېھقانچىلىق دورىسىنىڭ قالدۇق مىقدارىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈردى، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى ئەۋرىشكە ئېلىپ يوللاپ بېرىشكە، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق - ياغ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش پونكىتى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولدى. 1990 - يىلى 2 - ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي، بورتالا، سانجى، تۇرپان، قۇمۇل، بايىنغولىن، ئاقسۇ، قىزىلسۇ، خوتەن قاتارلىق 11 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى 52 ناھىيە، شەھەر ھەم ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ 2 -، 4 -، 8 -، 10 - شىلىرىدىكى 15 تۇەن - مەيداندىن 33 ئۈلۈش ئەۋرىشكە يوللاپ بەردى (بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 199 ئۈلۈش، كۆممىقوناق 85 ئۈلۈش، شال 19 ئۈلۈش)، تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، 666 نىڭ قالدۇق مىقدارى مۇنداق بولدى: بارلىق ئەۋرىشكە ئۆلچەمدىكى بەلگىلىمىدىن ئېشىپ كەتمىگەن، بۇنىڭ ئىچىدە زەھەر قالدۇقى تەكشۈرۈپ بايقالمىغان بۇغداي 62.8%، كۆممىقوناق 74.1%، شال 78.9%. بارلىق ئەۋرىشكىدىن DDT نىڭ قالدۇق مىقدارى تەكشۈرۈپ بايقالمىدى. بۇ تەكشۈرۈش نەتىجىسى 1983 - يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئاپتونوم رايوندا سېتىۋېلىنغان 3 خىل ئاشلىقتىكى DDT دېھقانچىلىق دورىسىدىن بۇلغىنىش ئاساسەن يوقالغان. 666 دېھقانچىلىق دورىسىدىن بۇلغىنىش كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىگەن. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق تارماقلىرىدا ئاشلىق، ياغنىڭ تازىلىقىنى تەكشۈرەلەيدىغان ئورۇن يەنىلا 2 بولغان. شۇ يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق - ياغ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش پونكىتى تەكشۈرگەن ئەۋرىشكە 354 ئۈلۈش بولۇپ، تەكشۈرۈلگەن تۈرلەر: ياغنىڭ پىروكسىدلىنىش قىممىتى، ئېرىتمىدىكى زەھەر قالدۇقى، ئىئونلۇق چېكىت فىنول مىقدارى، ئاشلىقتىكى سېرىق ئاسپىرگىللىئوس توكسىنى B، پوسفىن گازىنىڭ زەھەرلىك ماددىلار قالدۇقى، سىماپتىن بۇلغىنىش، 3 — 4 بىنزول قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئاشلىق سۈپىتىنى تەكشۈرۈش پونكىتى تەكشۈرگەن ئەۋرىشكە 76 ئۈلۈش بولۇپ، تەكشۈرگەن تۈرلەر: ياغنىڭ پىروكسىدلىنىش قىممىتى، ئېرىتمىدىكى زەھەر قالدۇقى، ئاشلىقتىكى مالاتىئون، فوسفىد گازىنىڭ زەھەرلىك ماددىلار قالدۇقى قاتارلىق 4 تۈردىن ئىبارەت. ئاشلىق، ياغنىڭ تازىلىقىنى تەكشۈرۈش ئاشلىق، ياغنىڭ تازىلىق سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تەن ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى.

# III باب

# ساقلاش كارخانىلىرى، تەكشۈرۈش پونكىت- لىرىنى تاللاپ تونۇشتۇرۇش

## §1 . ساقلاش كارخانىلىرى

### 1. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق - ياغ يۆتكەش پونكىتى

بۇ پونكىت 1966 - يىلى 10 - ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، نامى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق

نازارىتىنىڭ ئۈرۈمچى ئامبىرى شىمالىي ۋوگزال يۆتكەش پونكىتى» ئىدى. بۇ پونكىتنىڭ ئورنى ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي ۋوگزال 4 - يول 4 - قورۇدا بولۇپ، ئاشلىق، يافنى يىغىپ زاپاس ساقلاش، يۆتكەپ بېرىش، پىششىقلاش بىر گەۋدە قىلىنغان كارخانا.

1968 - يىلى بۇ پونكىتتا سىغىمچانلىقى 5 مىليون كىلوگرام كېلىدىغان بىر كورپۇس ئامبار ۋە 900 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا 3 لىنىيىلىك مەخسۇس تۆمۈريول قۇرۇلدى. 1970 - يىلى بۇ پونكىت ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، نامى «ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئامبىرىنىڭ شىمالىي ۋوگزال يۆتكەش پونكىتى» غا ئۆزگەرتىلدى. 1971 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى، 1975 - يىلى ئامبار 2 كورپۇسقا كۆپەيتىلىپ، سىغىمى 15 مىليون كىلوگرامغا يەتكۈزۈلدى. 1980 - يىل 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى، [1980] 223 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، بۇ پونكىت ئۈرۈمچى شەھەرلىك «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتىدىن ئايرىلىپ ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىغا قارايدىغان قىلىندى، نامى «ئۈرۈمچى ئاشلىق- ياغ يۆتكەش پونكىتى» غا ئۆزگەرتىلدى. 1981 - يىلى كېڭەيتىپ قۇرۇلۇشقا باشلاپ، 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئاشلىق ئامبىرى 14 كورپۇسقا، ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 67 مىليون 500 مىڭ كىلوگرامغا يەتكۈزۈلدى. 1985 - يىل 6 - ئايدا نامى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق - ياغ يۆتكەش پونكىتى دەپ ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى سودا مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرى بەرپا قىلىشتىكى ئىلغار ئورۇن» دېگەن نام بېرىلدى. 1986 - يىلى كۈنىگە 200 توننا بۇغداي تارتالايدىغان بىر ئۇن زاۋۇتى قۇرۇلدى. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، پونكىتتىكى ئىشچى - خىزمەتچى 393 كە، تۇراقلىق مۈلكى 23 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئامبىرى 14 كورپۇس بولۇپ، سىغىمچانلىقى 67 مىليون 500 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى. بۇنىڭدىن باشقا قۇرۇلۇۋاتقان پولات تاختاي ئامبارلىرىنىڭ سىغىمى 12 مىليون كىلوگرام، پولات بېتونلۇق تىك سىلىندىرلىق ئامبارنىڭ سىغىمى 25 مىليون كىلوگرام بولۇپ، بۇلار 1991 -، 1992- يىللىرى پۈتتى. يەنە 2 مىليون 250 مىڭ كىلوگراملىق 8 دانە ياغ باكى، 132 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق سېمونت مەيدان، ئامباردا ئىشلىتىلىدىغان 37 دانە تۈرلۈك ماشىنا بار، ئۇنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساقلايدىغان ئاشلىق، يېغى 68 مىليون 420 مىڭ كىلوگرام، يىللىق تىجارەت مىقدارى 197 مىليون كىلوگرام. 1990- يىلى تارتىلغان ئۇن 28 مىليون 880 مىڭ كىلوگرام، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون 670 مىڭ يۈەن، پايدىسى 1 مىليون 10 مىڭ يۈەن، كېلىشىم باھا، يەم - خەشەك، توخۇ باقمىچىلىق، ئاپتوموبىل ئەترىتى، ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى قاتارلىق قوشۇمچە تىجارەت تۈرلىرى 610 مىڭ يۈەنلىك پايدا ياراتتى.

## 2. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ساقلاش - يۆتكەش شىركىتى ئىسكىلاتى

ئىسكىلاتنىڭ ئورنى ئۈرۈمچى شەھىرى سائىفاڭگو يولى 20 - نومۇرلۇق قورۇدا بولۇپ، ئۇ ئاشلىقنى زاپاس ساقلايدىغان، تەمىنلەيدىغان كارخانا. 1953 - يىل 8 - ئايدا قۇرۇلغان بۇ ئىسكىلاتنىڭ نامى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق شىركىتى سائىفاڭگو ئاشلىق ساقلاش گۇرۇپپىسى بولۇپ، ئاشلىق سېتىۋېلىش، ساقلاش خىزمىتىگە مەسئۇل ئىدى. 1955 - يىل 2 - ئايدا نامى «ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ 1 - ئىسكىلاتى» غا ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق قىلىپ، سىغىمچانلىقى 32 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام كېلىدىغان ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ بولغان سوۋېت پاسونىدىكى 13 كورپۇس ئاشلىق ئامبىرى سېلىندى. 1961 - يىل 6 - ئايدا بۇ ئىسكىلات ئۈرۈمچى «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، نامى «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى ئىسكىلاتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1964 - يىل 8 - ئايدا بۇ ئىسكىلات ئۇن

زاۋۇتىدىن ئايرىلىپ، نامى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق نازارىتىنىڭ ئۈرۈمچى ئىسكىلاتىغا ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى شىنجاڭدا ئەڭ چوڭ قۇرۇتۇش مۇنارى ھېسابلىنىدىغان، كۈنىگە 400 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق قۇرۇتالايدىغان قۇرۇتۇش مۇنارىسىدىن بىرى ياسالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قۇرۇتۇش مۇنارىسى بىلەن ئامبار ئارىلىقىغا 50 مېتىرلىق تەكشى يۈزلۈك تاسمىلىق ئۆزىتىش لىنىيىسىدىن بىرى ئورنىتىلدى. 1970- يىل 4 - ئايدا بۇ ئىسكىلاتقا ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى رەھبەرلىك قىلىدىغان بولدى. 1971 - يىل 1 - ئايدا يەنە بىر قېتىم ئۈرۈمچى شەھەرلىك «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى ئىسكىلاتى دېگەن نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1981 - يىل 11 - ئايدا يەنە بىر قېتىم ئۇن زاۋۇتىدىن ئايرىلىپ، نامى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ساقلاش - يۆتكەش شىركىتى ئىسكىلاتى دەپ ئۆزگەرتىلدى.

1983 - يىلى ئۇن ئامبارلىرىدا تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا چۈمكەپ ئوكسىگېن كېمەيتىپ ئۇن ساقلاش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. 1985 - يىلى Z80 يالاڭ كارتىلىق كومپيۇتېر ئاساسىي ماشىنا قىلىنغان ئاشلىق تېمپېراتۇرىسىنى مىكرو ماشىنىدا تەكشۈرۈش سىستېمىسى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىلدى. بۇ تەتقىقات نەتىجىسى 1986 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 3 - دەرىجىلىك پەن تەتقىقات نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1989 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدە گۈرۈچنى يازدىن بىخەتەر ئۆتكۈزۈش مەسىلىسىنى بىرتەرەپ قىلىش ئۈچۈن بىر كورپۇس ئامبارنىڭ ئىچى، ئۈگزىسى قەۋەتلەشتۈرۈپ ھەم چۈمكەشكە ئۆزگەرتىلىپ، ئۇنىڭغا 8 دانە دېرىزىسىمان ھاۋا تەڭشىگۈچ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، شىنجاڭدىكى تۇنجى ھاۋا تەڭشىگۈچلۈك، تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق ئامبار بەرپا قىلىندى، بۇنىڭدا 1 مىليون 300 مىڭ كىلوگرام ئوراپ قاچىلانغان گۈرۈچنى بىخەتەر ساقلىغىلى بولىدۇ. شۇ يىلى بۇ ئامبار سودا مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە ئاشلىق، ياغ ساقلاش خىزمىتىدە ئىلغار ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى. 1990 - يىلى ئامبار بويىچە تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق، خىمىيىلىك دورا مىقدارىنى تۆۋەنلىتىش، تېمپېراتۇرىنى كومپيۇتېردا تەكشۈرۈش - كونترول قىلىش قاتارلىق ئىلمىي ئۇسۇلدا ساقلانغان ئاشلىق ئامباردا ساقلانغان ئومۇمىي ئاشلىقنىڭ %76 نى ئىگىلەپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلمىي ئۇسۇلدا ئاشلىق ساقلاش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى ئاشلىق ئامبىرى بولۇپ قالدى. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئامبار بويىچە ئىشچى - خىزمەتچى 435 كە، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 7 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 66 مىليون 250 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق سىغدۇرغان 17 كورپۇس ئامبار، 11 دانە تۈرلۈك ئاشلىق ئامبىرى ماشىنىسى بار بولدى، يىللىق ئوتتۇرىچە ساقلانغان ئاشلىق 48 مىليون 730 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى.

## 3. شىنجاڭ كۈيتۇڭ ئاشلىق - ياغ يۆتكەش زاپاس ساقلاش ئىسكىلاتى

بۇ ئىسكىلات 1985 - يىل 5 - ئايدا قۇرۇلغان، ئىسكىلاتنىڭ نامى شىنجاڭ كۈيتۇڭ ئاشلىق - ياغ يۆتكەش زاپاس ساقلاش ئىسكىلاتى بولۇپ، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسىگە قارايتتى. ئۇ كۈيتۇڭ شەھىرىنىڭ جەنۇبىي ئايلانما يولىغا جايلاشقان، ئاشلىقنى زاپاس ساقلاش، يەتكۈزۈپ بېرىش كارخانىسى.

1986 - يىل 8 - ئايغىچە بۇ ئىسكىلاتتا 40 مىليون كىلوگرام سىغىمچانلىقتىكى 16 كورپۇس خىش-بېتون قۇرۇلمىلىق ئۆي شەكىللىك ئامبار، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2176 مېتىرلىق مەخسۇس لىنىيىلىك 2 تۆمۈريول، بۇنىڭ ئىچىدە ئامبار ئىچىدىكى ئۈنۈملۈك ئۇزۇنلۇقى 690 مېتىر، 3 دانە سېمونت سۇپا، 200 دىن ئارتۇق مال ئورنى ياسالغان. 1986 - يىل 9 - ئايدا بۇ ئىسكىلات رەسمىي ئاشلىق ساقلاش ھەم يەتكۈزۈپ بېرىش مۇلازىمىتىنى يولغا قويدى. بۇ ئامبارنىڭ تەجرىبىخانىسىغا ھەرخىل تەكشۈرۈش سايمانلىرى سەپلەنگەن بولۇپ، ئاشلىق، ياغنىڭ سۈپىتىنى تولۇق تۈرلەر بويىچە تەكشۈرەلەيدۇ. ئامبار ئىچى ۋە ئوچۇقچىلىقتىكى ئاشلىق دۆۋىلىرىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى تەكشۈرۈشكە ئېلېكترونلۇق تېمپېراتۇرا تەكشۈرۈش سايمىنى ئىشلىتىلدى، ئامبار ئىچىدە ساقلانغان ئاشلىقلار ئاز دورىلاش، ئوكسىگېن كېمەيتىش، مېخانىكىلىق

شامالدىتىش، تېمپېراتۇرىنى تۆۋەنلىتىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ساقلىنىدىغان بولدى، ئوچۇقچىلىقتا ساقلىنىدىغان ئاشلىقلارنى خىش بىلەن ياسالغان تام ـ توساقلار ئىچىگە ئوراقسىز قاچىلاش، بادالڭ قۇرۇش، تاغارلارغا قاچىلاپ دۆۋىلەپ ئارىسىدىن شامال ئۆتكۈزۈش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلدى. 1989 ـ يىلى 2 كورپۇس ياغ ئامبىرى قۇرۇلۇپ، ئامبار ئىچىگە يېرىم كۆمۈلگەن 4 مىليون كىلوگرام سىغىمچانلىقتىكى 8 دانە ياغ باكى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. 1990 ـ يىلى 170 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بىر دانە مەخسۇس لىنىيىلىك، 12 دانە ياغ باكى توختاتقىلى بولىدىغان ئاشلىق، ياغ تۆمۈريولى ياسالدى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىسكىلات بويىچە 127 ئىشچى ـ خىزمەتچى، ئومۇمىي قىممىتى 9 مىليون 240 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك، 40 مىليون كىلوگرام سىغىمچانلىقتىكى 16 كورپۇس ئامبار، 4 مىليون كىلوگرام سىغىمچانلىقتىكى 8 دانە ياغ باكى ئورۇنلاشتۇرۇلغان 2 كورپۇس ياغ ئامبىرى، 70 دانە تۈرلۈك ئاشلىق ئامبىرى ماشىنىسى، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2346 مېتىر (بۇنىڭ ئىچىدە ئامبار ئىچىدىكى ئۇنۇملۈك ئۇزۇنلۇق 860 مېتىر) كېلىدىغان مەخسۇس لىنىيىلىك 3 تۆمۈريول بار بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ساقلانغان ئاشلىق، ياغ 3 مىليون كىلوگرام، يىللىق تىجارەت مىقدارى 1 مىليارد 270 مىليون كىلوگرامغا يېتىدۇ. كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارىتى بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللىنىدۇ. 1990 ـ يىلى مۇيا لاپاسلىرى ياساشقا مەبلەغ سېلىنىپ، 15 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر (1992 ـ يىلى قۇرۇلغان) سۇپىنىڭ ئۇستى يېپىلدى.

## 4. ئىلى ۋىلايەتلىك ئاشلىق ـ ياغ باش زاۋۇتىنىڭ بىۋاسىتە قاراشلىق ئىسكىلاتى

بۇ ئىسكىلات 1953 ـ يىل 7 ـ ئايدا قۇرۇلغان. بۇ ئىسكىلاتنىڭ نامى غۇلجا ئاشلىق ئىسكىلاتى بولۇپ، غۇلجا شەھەرلىك ئاشلىق شىركىتىگە قارايتتى. ئورنى غۇلجا شەھىرى ئازادلىق يولى 229 ـ نومۇرلۇق قورودا، ئۇ، ئاشلىق، ياغنى زاپاس ساقلاش، سېتىۋېلىش، تەمىنلەش، يەتكۈزۈپ بېرىشنى بىر گەۋدە قىلغان كارخانا.

1954 ـ يىلدىن باشلاپ يېڭى ئامبار قۇرۇلۇشقا باشلىغان، 1958 ـ يىلغا كەلگەندە جەمئىي 44 مىليون كىلوگرام سىغىمچانلىقتىكى 16 كورپۇس سوۋېت پاسونىدىكى ئامبار، 4 كورپۇس ئاددىي ئامبار پۈتتۈرۈلدى. 1962 ـ يىل 9 ـ ئايدا ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسى رەھبەرلىك قىلىدىغان بولدى ھەمدە نامى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئىسكىلاتقا ئۆزگەرتىلدى. 1963ـ يىل 8 ـ ئايدا غۇلجا شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى رەھبەرلىك قىلىدىغان بولدى ۋە نامى غۇلجا شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئىسكىلاتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1965 ـ يىل 10 ـ ئايدا يەنە بىر قېتىم ئىلى ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسى رەھبەرلىك قىلىدىغان بولدى ۋە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئىسكىلات دېگەن نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1982 ـ يىلى ئىلى ۋىلايەتلىك ئاشلىق باشقارمىسى رەھبەرلىك قىلىدىغان بولدى ۋە نامى ئىلى ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىسكىلاتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1988 ـ يىلى ئىلى ۋىلايەتلىك ئاشلىق ـ ياغ باش زاۋۇتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، نامى ئىلى ۋىلايەتلىك ئاشلىق ـ ياغ باش زاۋۇتىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئىسكىلاتقا ئۆزگەرتىلدى.

1985 ـ يىلدىن باشلاپ بۇ ئىسكىلات شۇ جايدىكى يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئە كۆرۈش تارماقلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، 50 ـ يىللاردا قۇرۇلغان سوۋېت پاسونىدىكى ئامبارلارنى يەر تەۋرەشكە چىداملىق قىلىپ مۇستەھكەملەپ، ئۆگزىلەرنى ئېگىزلىتىپ، ئىچكى تاملارغا ئىسسىقلىقتىن ساقلىنىش قەۋىتى قوشۇپ، ئىشىك ـ دېرىزىلەرگە ھىملاشتۇرۇلغان ئوقۇرچىلارنى بېكىتىپ، ئامبار ھەجىمىنى ئاشۇردى، «قوش تۆۋەن» بولۇش ۋە مېخانىكىلىق شامالدىتىش قاتارلىق ئىلمىي ئۇسۇلدا ئاشلىق ساقلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئاشلىق ساقلىدى. 1989ـ يىلى سائىتىگە 15 توننا ئاشلىق قۇرۇتالايدىغان چوڭ قۇرۇتۇش مۇنارىسىدىن بىرسى سېلىنىدى ھەم يەر ئاستى ئامباردا ئايلانما مەشغۇلات قىلىش لىنىيىسى ۋە 200 مىڭ كىلوگرام سىغىمچانلىقتىكى خىش

قۇرۇلمىلىق يۇمىلاق ئامبار مۇئەسسەسىسى يۈرۈشلەشتۈرۈلدى. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىسكىلات بويىچە 115 ئىشچى - خىزمەتچى، ئومۇمىي قىممىتى 8 مىليون 600 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك، ئومۇمىي سىغىمى 65 مىليون كىلوگراملىق 24 كورپۇس ئامبار، 23 مىڭ كۋادرات مېتىر ئاپتاپقا سېلىش مەيدانى، 4 مىليون كىلوگرام سىغىمچانلىقتىكى 19 دانە ياغ باكى، 55 دانە تۈرلۈك ئاشلىق ئامبىرى ماشىنىسى بار بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ساقلىنىدىغان ئاشلىق، ياغ 54 مىليون 360 مىڭ كىلوگرامغا، يىللىق تىجارەت مىقدارى 200 مىليون كىلوگرامغا يەتتى.

## 5. قۇمۇل ۋىلايەتلىك 1 - ئاشلىق ئىسكىلاتى

بۇ ئىسكىلات قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەرقىي دەريا رايونى ياشلار يولىغا جايلاشقان. بۇ، ئاشلىقنى زاپاس ساقلاش، تەمىنلەش، سېتىۋېلىش بىر گەۋدە قىلىنغان كارخانا. 1953 - يىل 7 - ئايدا قۇمۇل ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئىسكىلاتى دېگەن نام بىلەن قۇرۇلغان. شۇ چاغدا 10 مىليون كىلوگرام سىغىمچانلىقتىكى 4 كورپۇس كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق سوۋېت پاسونىدىكى ئامبىرى بار ئىدى. 1956 - يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى رەھبەرلىك قىلىدىغان بولدى ۋە نامى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئىسكىلاتلارغا ئۆزگەرتىلدى. 1984 - يىل 5 - ئايدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك 1 - ئاشلىق ئىسكىلاتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1982 - يىل 9 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى «تۆتتىن خالىي» چوڭ ئاشلىق ئىسكىلاتى دەپ نام بېرىلدى. 12 - ئايدا سودا مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە ‹تۆتتىن خالىي› ئاشلىق ئىسكىلاتى بەرپا قىلىشتىكى ئىلغار ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

1977 - يىل 7 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە بۇ ئىسكىلاتتا تۇنجى قېتىم چۈمكەپ ئوكسىگېن كېمەيتىپ ئاشلىق ساقلاش سىناق قىلىنىپ 1 مىليون 250 مىڭ كىلوگرام بۇغداي 1980 - يىلغىچە بىخەتەر ساقلاندى. شۇ مەزگىلدە چۈمكەلگەن ئامبارلاردا تېمپېراتۇرىنى ئۆلچەش، نەملىكنى ئۆلچەش، ھاشاراتنى ئۆلچەشتىن ئىبارەت ئېلېكترونلۇق «ئۈچنى ئۆلچەش» سايمىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىلىپ ئىشلىتىلدى. بۇ ئىسكىلات 1981- يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق - ياغ پەن تەتقىقات ئورنى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئازوت تولۇقلاپ بۇغدايدىكى ھاشارەتنى يوقىتىشنى سىناق تەرىقىسىدە تەجرىبە قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى. 1981 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق ئۆي شەكىللىك ئامباردىن 10 كورپۇس سېلىنىپ، سىغىمچانلىقى 25 مىليون كىلوگرام كۆپەيتىلدى. 1984 - يىلدىن باشلاپ، ئامباردا ئاشلىق ساقلاشتا يەر يۈزى ئوقۇرچە، ئوچۇقچىلىقتا ئوراقسىز قاچىلانغان ئاشلىقلارغا يەر يۈزى قەپەزسىمان شەكىلدە، مېخانىكىلىق ئۇسۇلدا شامالدىتىش يولىغا قويۇلدى. تېمپېراتۇرىنى نۇرلىنىشچان سىم تور بىلەن ئاپتوماتىك تەكشۈرۈش ۋە كومپيۇتېردا يىراقتىن كونترول قىلىپ ئاپتوماتىك تەكشۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. بۇ ئىسكىلات 1986 - يىل 10 - ئايدا سودا مىنىستىرلىكى، باش ئارقا سەپ بۆلۈمى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە دۆلەتلىك زاپاس ئاشلىق، ياغ باشقۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىسكىلات بويىچە 164 ئىشچى - خىزمەتچى، ئومۇمىي قىممىتى 317 مىڭ 500 يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك، جەمئىي 40 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام سىغىمچانلىقتىكى 17 كورپۇس ئامبار، 3600 كۋادرات مېتىرلىق ئاپتاپقا سېلىش مەيدانى، 13 دانە تۈرلۈك ئاشلىق ئامبىرى ماشىنىسى بار بولدى، يىللىق ئوتتۇرىچە ساقلانغان ئاشلىق 30 مىليون 540 مىڭ كىلوگرامغا، يىللىق تىجارەت مىقدارى 111 مىليون كىلوگرامغا يەتتى. كېلىشىم باھا، باقمىچىلىق قاتارلىق كۆپ خىل تىجارەتتىن كىرگەن كىرىم 804 مىڭ 300 يۈەن، پايدا 296 مىڭ 300 يۈەن بولدى.

## 6. گۇچۇڭ ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ بازارلىق ئىسكىلاتى

بۇ ئىسكىلات 1952 - يىل 8 - ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ چاغدا گۇچۇڭ ناھىيىلىك ئاشلىق بۆلۈمىنىڭ يېڭى ئىسكىلات دەپ ئاتىلاتتى. ئىسكىلاتنىڭ ئورنى گۇچۇڭ ناھىيە بازىرى شەرقىي كوچا 70 - نومۇرلۇق قورودا بولۇپ، ئاشلىق سېتىۋېلىپ، ساقلايدىغان كارخانا ئىدى. 1953 - يىلى 10 مىليون كىلوگرام

سىغىمچانلىقتىكى 4 كورپۇس خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق سوۋېت پاسونىدىكى ئامبار سېلىندى. 1956 - يىل 9 - ئايدا نامى گۇچۇڭ ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ يېڭى ئىسكىلاتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1958 - يىلى 12 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام سىغىمچانلىقتىكى 5 كورپۇس كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق سوۋېت پاسونىدىكى ئامبار سېلىندى. 1963 - يىلى نامى گۇچۇڭ ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ 1 - ئىسكىلاتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1970 - يىلى نامى گۇچۇڭ ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى بازارلىق ئىسكىلاتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1977 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى 3 قەۋەتلىك ئاقما ئۇقۇرلۇق قۇرۇتۇش ماشىنىسى ھەم توڭلىتىش سايمىنىغا ئىگە سوۋېت پاسونىدىكى ئامبار ياسالدى، سائىتىگە يۇقىرى نەملىكتىكى 6 توننا كۆممىقوناق قۇرۇتۇلۇپ، نەملىكى 10% كە چۈشۈرۈلىدۇ. شۇ يىلى بۇ ئىسكىلات 10 ئىشچى - خىزمەتچىنى ئاجرىتىپ، ماشىنىلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسىنى تەشكىللىدى. ئۇلار ئۆزلىرى قول سېلىپ ئىشلەپ، تاسمىلىق ئۆزىتىش ماشىنىسىدىن 3 نى ئۆزگەرتىپ ياسىدى ھەم كۆرەسمان ئۇقۇرلۇق گىردىن 2 نى، شامال كۈچى ئارقىلىق ئەخلەت ئايرىش ماشىنىسىدىن 3 نى ياساپ، ئاشلىقنى ئامبارغا كىرگۈزۈش جەھەتتىكى ماشىنا مەشغۇلاتىنى يۈرۈشلەشتۈردى.

1979 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئۆزىتىش لىنىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 158 مېتىر كېلىدىغان 7 خىلدىكى 49 دانە ئاشلىق ئامبىرى ماشىنىسىنى تەقلىد قىلىپ، ئۆزگەرتىپ ياكى ئۆزلىرى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى. ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئۇنى ئاشلىق ئامبىرى ماشىنىلىرىنى ياساش ئورنى دەپ بېكىتكەن، ئۇلار ئۆزلىرى ياسىغان ئاشلىق ئامبىرى ماشىنىلىرىنى ئۆزلىرى ئىشلىتىشتىن سىرت يەنە باشقا ۋىلايەتلەردىكى ئاشلىق ئامبارلىرىغىمۇ سېتىپ بەردى. 1983 - يىلى 10 مىليون كىلوگرام سىغىمچانلىقتىكى 4 كورپۇس خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق ئۆي شەكىللىك ئامبار سېلىندى. 1985 - يىلدىن باشلاپ ئۇزۇن مەزگىل ساقلىنىدىغان ئاشلىقنى سۇلياۋ يوپۇق بىلەن چۈمكەپ ئۈستىگە ئاز مىقداردا ئاليۇمىن فوسفىد تاشلاپ قويۇش ئۇسۇلى بىلەن ساقلىدى، كومپيۇتېردا تېمپېراتۇرا تەكشۈرۈش - كونترول قىلىش سىستېمىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاشلىق تېمپېراتۇرىسىنى ئىلمىي تەكشۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردى. ئىسكىلاتتا ئاشلىق، ياغ تەكشۈرۈش تەجرىبىخانىسى قۇرۇلۇپ، مەخسۇس خادىم ۋە تورلۇق تەكشۈرۈش سايمانلىرى سەپلىنىپ، ئاشلىق، ياغلىق دانىنىڭ سۈپىتىنى تولۇق تور بويىچە تەكشۈرۈش يولغا قويۇلدى. بۇ ئىسكىلات 1989- يىل 12 - ئايدا سودا مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە ئاشلىق، ياغ ساقلاش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى. 1990 - يىلى يەنە سودا مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە ئاشلىق، ياغ تەكشۈرۈشتىكى ئىلغار ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى. شۇ يىلى تەكشۈرۈش، لايىھەلەش ئارقىلىق 3 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام سىغىمچانلىقتىكى تېمى كاۋاك، نېپىز قاپچۇقلۇق، زىچ قوۋۇرغىلىق بولغان 2 كورپۇس يېڭى تىپتىكى تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق ئامبار سېلىندى.

1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىسكىلات بويىچە 156 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچى، ئومۇمىي قىممىتى 3 مىليون 700 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك، 42 مىليون كىلوگرام سىغىمچانلىقتىكى 17 كورپۇس ئامبار، 7500 كۋادرات مېتىرلىق ئاشلىقنى ئاپتاپقا سېلىش مەيدانى، 41 دانە ئاشلىق ئامبىرى ماشىنىسى بار بولدى، يىللىق ئوتتۇرىچە ساقلانغان ئاشلىق، ياغ 23 مىليون 100 مىڭ كىلوگرام، يىللىق تىجارەت مىقدارى 69 مىليون كىلوگرام بولدى. قوشۇمچە ئاشلىق - ياغ سودا مەركىزى، تىجارەت مۇلازىمەت شىركىتى، باقمىچىلىق فېرمىسى قاتارلىقلار بولۇپ، شۇ يىللىق كۆپ خىل ئىگىلىك پايدىسى 420 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## 7. بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسى ئاشلىق - ياغ يۆتكەش پونكىتى

بۇ پونكىت 1981 - يىل 3 - ئايدا قۇرۇلغان، پونكىتنىڭ نامى كورلا ئاشلىق - ياغ يۆتكەش پونكىتى بولۇپ، ئورنى كورلا شەھىرى «تەڭرىتاغ» غەربىي يولى 30 - نومۇرلۇق قورودا. ئۇ ئاشلىق، ياغنى يەتكۈزۈپ بېرىش، سېتىۋېلىش، زاپاس ساقلاش بىر گەۋدە قىلىنغان كارخانا.

1983 - يىلغا قەدەر بۇ پونكىت 20 مىليون كىلوگرام سىغىمچانلىقتىكى 8 كورپۇس خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق ئۆي شەكىللىك ئامبار، 1 مىليون كىلوگرام سىغىمچانلىقتىكى 2 كورپۇس ياغ ئامبىرى، 10

دانە ياغ باكى قاتارلىقلارنى سالدى. 1985 ـ يىلدىن 1987 ـ يىلغىچە ئومۇمىي سىغىمى 39 مىليون كىلوگراملىق 7 كورپۇس ئامبار يېڭىدىن سېلىندى، 853 مېتىرلىق مەخسۇس لىنىيىلىك تۆمۈريول، ئاشلىق سۇپىسىغا يامغۇردىن ساقلىنىدىغان لاپاس ياسالدى. 1987 ـ يىلى نامى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسى ئاشلىق ـ ياغ يۆتكەش پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى. ئاشلىق، ياغ ساقلاشتا تېمپېراتۇرا، گاز ئوكسىگېن، گاز دورا چېچىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى ھەم ئاشلىق دۆۋىسىنى مېخانىكىلىق شامالدىتىشقا بىر يۈرۈش يەككە تۇرۇبىلىق شامالدۇرغۇچ ئورنىتىلدى. ئاشلىق، ياغنى قاچىلاش، چۈشۈرۈش، ئامبارغا كىرگۈزۈش ۋە ئۇنىڭدىن چىقىرىشتا پۈتۈنلەي مېخانىكىلىق مەشغۇلات قوللىنىلدى. 1990 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە پونكىت بويىچە 90 ئىشچى ـ خىزمەتچى، ئومۇمىي قىممىتى 6 مىليون يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك، جەمئىي 39 مىليون كىلوگرام سىغىمچانلىقتىكى 16 كورپۇس ئامبار (بۇنىڭدىن باشقا ھازىر سېلىنىۋاتقان 1995 ـ يىلى پۈتىدىغان 25 مىليون كىلوگرام سىغىمچانلىقتىكى خىش ـ بېتون قۇرۇلمىلىق ئۆي شەكىللىك ئامبارمۇ بار)، 1 مىليون كىلوگرام سىغىمچانلىقتىكى 10 دانە ياغ باكىدىن تەركىب تاپقان 2 كورپۇس ياغ ئامبىرى، 200 كۋادرات مېتىرلىق ئاشلىقنى ئاپتاپقا سېلىش مەيدانى، 25 دانە ئاشلىق ئامبىرى ماشىنىسى، 853 مېتىرلىق مەخسۇس لىنىيىلىك تۆمۈريول بار، يىللىق ئوتتۇرىچە ئاشلىق، ياغ ساقلاش مىقدارى 60 مىليون 850 مىڭ كىلوگرام. قوشۇمچە كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغ مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، يىللىق پايدىسى 243 مىڭ 300 يۈەنگە يەتكۈزدى.

## 8. قەشقەر شەھەرلىك ئاشلىق ـ ياغ ساقلاش ـ يۆتكەش شىركىتى

بۇ شىركەتنىڭ ئورنى قەشقەر شەھىرى «جەنۇبىي ئازادلىق» يولى 122 ـ نومۇرلۇق قورۇدا بولۇپ، ئۇ ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش، زاپاس ساقلاش، تەمىنلەش بىر گەۋدە قىلىنغان كارخانا. بۇ شىركەت 1953 ـ يىلى قۇرۇلغاندا نامى قەشقەر شەھەرلىك ئاشلىق بۆلۈمى ئىسكىلاتى ئىدى. 1953 ـ يىلدىن 1958 ـ يىلغىچە 30 مىليون كىلوگرام سىغىمچانلىقتىكى 12 كورپۇس خىش ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق سوۋېت پاسونىدىكى ئامبار سېلىندى. 1959 ـ يىلى ئاشلىق، ياغ تەجرىبىخانىسى سېلىنىپ، ئۇنىڭغا سىغىم ئېغىرلىق سايمىنى، نەملىكنى ئۆلچەش سايمىنى قاتارلىق تەكشۈرۈش سايمانلىرى سەپلىنىپ، ئاشلىق، ياغلىق دان، ياغنىڭ ئادەتتىكى سۈپىتى تەكشۈرۈلدى. 1959 — 1960 ـ يىللىرى خىش ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق 3 كورپۇس سوۋېت پاسونىدىكى ئامبار سېلىنىپ، ئامبار 15 كورپۇسقا كۆپەيتىلىپ، سىغىمچانلىقى 37 مىليون 500 مىڭ كىلوگرامغا يەتكۈزۈلدى. 1962 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە 27 دانە تاسمىلىق ئۆزىتىش ماشىنىسى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئامباردىكى ئاشلىق قاچىلاش، چۈشۈرۈش، ئۆرۈش ـ چۆرۈش قاتارلىقلاردا مېخانىكىلىق مەشغۇلات ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 1984 ـ يىلى 500 مىڭ كىلوگرام سىغىمچانلىقتىكى 5 دانە ياغ باكى ياسالدى. 1985 ـ يىلدىن باشلاپ ئاشلىق ساقلاشتا مېخانىكىلىق شامالدىتىش، ھاشاراتتىن فوسفور ئارقىلىق مۇداپىئەلىنىش دورىسى ئىشلىتىش، «قوش تۆۋەن» (تۆۋەن تېمپېراتۇرا، تۆۋەن خىمىيىلىك دورا) بولۇش قاتارلىق ئىلمىي ئۇسۇللار قوللىنىلدى. 1986 ـ يىلى قەشقەر شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئاپتوموبىل ئەترىتى بىلەن بىرلىشىپ، قەشقەر شەھەرلىك ئاشلىق ـ ياغ ساقلاش ـ توشۇش شىركىتى دەپ ئاتالدى. 1987 ـ يىلى 1 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام سىغىمچانلىقتىكى پولات جاھازلىق لاپاسلىق ئامبار سېلىندى. 1990 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدا شىركەت بويىچە 179 ئىشچى ـ خىزمەتچى، ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليون 960 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك، 40 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام سىغىمچانلىقتىكى 16 كورپۇس ئامبار (بۇنىڭدىن باشقا قۇرۇلۇۋاتقان 1995 ـ يىلى پۈتىدىغان 18 مىليون كىلوگرام سىغىمچانلىقتىكى خىش ـ بېتون قۇرۇلمىلىق ئۆي شەكىللىك ئامبار بار)، 500 مىڭ كىلوگرام سىغىمچانلىقتىكى 5 دانە ياغ باكى، 2700 كۋادرات مېتىرلىق ئاشلىقنى ئاپتاپقا سېلىش مەيدانى بار بولدى، يىلىغا ئوتتۇرىچە 24 مىليون 200 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق، ياغ ساقلاندى، يىللىق تىجارەت مىقدارى 85 مىليون 580 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى. قوشۇمچە كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغ، ئۆي قۇشلىرى باقمىچىلىقى قاتارلىق كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىلىپ، يىللىق پايدا 100 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈلدى.

**1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدىكى سىغىمى 15 مىليون كىلوگرامدىن ئاشىدىغان ئاشلىق ئىسكىلاتى، پونكىتلىرى**

جەدۋەل: 3 — 25

| ئورۇن نامى | تىجارەت خاراكتېرى | ئادرېسى | ئامبار: كورپۇس (دانە) | ئامبار: سىغىم. چانلىقى (تۈمەن كىلوگ. رام) | باغ باكى: سانى | باغ باكى: سىغىم. چانلىقى (تۈمەن كىلوگ. رام) | يىللىق ئوتتۇرىچە ساقلىنىش مىقدارى (تۈمەن كىلوگرام) | يىللىق تىجارەت مىقدارى (تۈمەن كىلوگرام) | ئۇراقلىق مۈلۈك ئومۇمىي قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | ئىشچى - خىزمەتچى سانى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق - ياغ سانائەت - سودا شىركىتى ئىسكىلاتى | زاپاس ساقلاش | ئۈرۈمچى شەھىرى غەربىي شەھەر ئەتراپى تۇدۇنخابا يولى | 17 | 4570 | 3 | 110 | 3500 | 11000 | 871 | 168 |
| ئۈرۈمچى شەھەرلىك يەم - خەشەك شىركىتى ساقلاش - توشۇش بۆلۈمى | ئوبوروت | ئۈرۈمچى شەھىرى ئەنئەنچۈي يولى 2 - قورو | 9 | 2200 | | | 18537 | 28957 | 305 | 48 |
| قاراماي شەھەرلىك ئاشلىق - ياغ ساقلاش - توشۇش شىركىتى | ساقلاش، سېتىۋېلىش | قاراماي شەھىرى دوستلۇق يولى 34 - قورو | 15 | 3000 | 10 | 85 | 3426 | 6740 | 499 | 51 |
| كۈيتۇڭ شەھەرلىك ئەللىكبەش ئاشلىق پونكىتى | ساقلاش، سېتىۋېلىش | كۈيتۇڭ شەھىرى ئەللىكبەش بازىرى | 6 | 1500 | | | 1665 | 2684 | 159 | 18 |
| موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىك كۆكتېرەك ئاشلىق ئىسكىلاتى | ساقلاش، سېتىۋېلىش | موڭغۇلكۈرە ناھىيە بازىرى | 12 | 2250 | | | 2150 | 4152 | 320 | 27 |
| قورغاس ناھىيە چارسۇ ئاشلىق ئىسكىلاتى | ساقلاش، سېتىۋېلىش | قورغاس ناھىيە ئىچچىگاشەن يېزا جارسىق كەنتى | 17 | 2250 | | | 2020 | 6411 | 168 | 36 |
| قورغاس ناھىيە لوسەنگۇڭ ئاشلىق پونكىتى | ساقلاش، سېتىۋېلىش | قورغاس ناھىيە لوسەنگۇڭ يېزىسى | 23 | 2785 | | | 1800 | 1320 | 253 | 69 |
| كۈنەس ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئىسكىلاتى | ساقلاش، سېتىۋېلىش | كۈنەس ناھىيە 71 - تۈەن | 7 | 1750 | 1 | 2.5 | 2035 | 4372 | 225 | 38 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئارشاڭ ناھىيە قارىبۇغ تاشلىق پونكىتى | ساقلاش، سېتىۋېلىش، تەمىنلەش | ئارشاڭ ناھىيە خارىبۇغ بېزىسى | 18 | 2700 | | | 2603 | 1599 | 325 | 50 |
| ئالتاي ۋىلايىتى بېيتۇن تاشلىق يۆتكەش - ساقلاش ئىسكىلاتى | ساقلاش، يۆتكەش، سېتىۋېلىش | ئالتاي شەھىرى بېيتۇن بازىرى | 9 | 2250 | | | 492 | 2651 | 341 | 23 |
| دۆربىلجىن ناھىيىلىك مەركىزىي ئىسكىلاتى | ساقلاش، سېتىۋېلىش | دۆربىلجىن ناھىيە مەدەنىيەت يولى | 10 | 2150 | | | 1600 | 2446 | 565 | 57 |
| شىخەنزە شەھەرلىك تاشلىق - باغ پىششىقلاش زاۋۇتى ئىسكىلاتى | ساقلاش، سېتىۋېلىش | شىخەنزە غەربىي 3 - يول | 16 | 3000 | 10 | 144 | 4702 | 16570 | 248 | 84 |
| شىخەنزە موسۇۋەن ئىسكىلاتى | ساقلاش، سېتىۋېلىش | شىخەنزە موسۇۋەن بازىرى | 7 | 1525 | 2 | 48 | 1751 | 5107 | 289 | 61 |
| سانجى شەھەرلىك تاشلىق ئىسكىلاتى | ساقلاش، سېتىۋېلىش | سانجى شەھىرى غەربىي ساغلاملىق يولى | 16 | 4170 | | | 1874 | 4100 | 363 | 55 |
| ماناس ناھىيىلىك تاشلىق ئىدارىسى 1 - ئىسكىلاتى | ساقلاش، سېتىۋېلىش | ماناس ناھىيە بازىرى | 13 | 2590 | | | 2421 | 3704 | 310 | 35 |
| قۇتۇبى ناھىيىلىك تاشلىق ئىسكىلاتى | ساقلاش، سېتىۋېلىش | قۇتۇبى ناھىيە بازىرى | 11 | 1800 | | | 837 | 2495 | 143 | 43 |
| گۇچۇڭ ناھىيىلىك تاشلىق ئىدارىسى 2 - ئىسكىلاتى | ساقلاش، سېتىۋېلىش | گۇچۇڭ دېھقانچىلىق مەيدانى | 13 | 2400 | | | 1631 | 4855 | 238 | 35 |
| جىمسار ناھىيىلىك ئىسكىلاتى | ساقلاش، سېتىۋېلىش | جىمسار ناھىيە غەربىي كوچا | 9 | 2050 | | | 1490 | 4200 | 163 | 47 |
| جىمسار ناھىيە سەنتەي ئىسكىلاتى | ساقلاش، سېتىۋېلىش | جىمسار سەنتەي بازىرى غەربىي كوچا | 12 | 2000 | | | 1560 | 3210 | 179 | 47 |
| قۇمۇل ۋىلايەتلىك 2 - تاشلىق ئىسكىلاتى | ساقلاش، يۆتكەش | قۇمۇل شەھىرى شىمالىي تەڭرىتاغ يولى دۆلدۆل كوچا 3 - قورو | 7 | 1700 | | | 3060 | 8300 | 252 | 75 |
| بايىنغولىن ئوبلاستلىق تاشلىق ئىدارىسى ئىسكىلاتى | ساقلاش | كورلا شەھىرى يېڭىشەھەر رايونى | 13 | 2500 | 40 | 100 | 2319 | 2952 | 291 | 69 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| خېجىلاڭ ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى زاپاس ساقلاش ئىسكىلاتى | ساقلاش، سېتىۋېلىش | خېجىلاڭ ناھىيە ئىنتىپاق يولى | 19 | 2625 | | | 1833 | 3833 | 175 | 21 |
| خېجىلاڭ ناھىيە بالغۇنتاي زاپاس ساقلاش ئىسكىلاتى | ساقلاش | خېجىلاڭ ناھىيە بالغۇنتاي بازىرى | 16 | 2100 | | | 1235 | 1760 | 150 | 13 |
| كۇچا ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئىسكىلاتى | ساقلاش، سېتىۋېلىش | كۇچا ناھىيە ئاغراغانا مەھەللىسى 381 - قورو | 16 | 3850 | 19 | 92 | 2367 | 5150 | 441 | 120 |
| ئاقسۇ شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئىسكىلاتى | ساقلاش، تەمىنلەش، سېتىۋېلىش | ئاقسۇ شەھىرى دوستلۇق يولى 71 - قورو | 10 | 2500 | 5 | 15 | 1167 | 5427 | 91 | 78 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسى ئىسكىلاتى | ساقلاش، سېتىۋېلىش | ئاتۇش شەھىرى ئاۋام يولى | 12 | 1580 | | | 716 | 4148 | 186 | 55 |
| يەكەن ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئىسكىلاتى | ساقلاش، سېتىۋېلىش | يەكەن ناھىيە يېڭىشەھەر يولى 16 - قورو | 6 | 1500 | | | 2000 | 3000 | 44 | 36 |
| قاغىلىق ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئىسكىلاتى | ساقلاش، سېتىۋېلىش | قاغىلىق ناھىيە شىمالىي ئازادلىق يولى | 11 | 2400 | | | 1600 | 2500 | 200 | 116 |
| كۈيتۇڭ شەھىرى مەركىزىي ئاشلىق - ياغ ئىسكىلاتى | ساقلاش، سېتىۋېلىش | كۈيتۇڭ شەھىرى غەربىي ئۆزۈمچى يولى 2 - قورو | 11 | 2700 | 8 | 108 | 2113 | 3893 | 724 | 50 |
| باي ناھىيىلىك بازارلىق ئاشلىق ئىسكىلاتى | ساقلاش، سېتىۋېلىش | باي ناھىيە قاتناش يولى 138 - قورو | 12 | 1750 | 11 | 160 | 1500 | 2700 | 280 | 91 |

ئىزاھ: 1990 - يىلىغىچە ئاقسۇدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئامبار سىغىمى 15 مىليون كىلوگرامدىن ئاشىدىغان ئاشلىق ئىسكىلاتى، پونكىتلار 38. ئايرىم تونۇشتۇرۇلغان 8 ئىسكىلات مەزكۇر جەدۋەلگە كىرگۈزۈلمىدى.

## 9. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ياغ شىركىتى ئىسكىلاتى

بۇ ئامبار ئۈرۈمچى شەھىرى ساڭفاڭگۇ يولى 96 - نومۇرلۇق قورودا بولۇپ، ئۇ ياغ ساقلاش، ياغ چەككىلەش كارخانىسى. 1979 - يىل 3 - ئايدا قۇرۇلغان. 1981 - يىلىغا كەلگەندە 5 مىليون كىلوگرام سىغىمچانلىقتىكى 51 دانە ياغ باكى بار ئىدى. 1982 - يىلى 5 مىليون كىلوگرام سىغىمچانلىقتىكى بىر دانە ياغ باكى، 7 مىليون كىلوگرام سىغىمچانلىقتىكى 7 كورپۇس ياغلىق دان ئامبىرى يېڭىدىن سېلىندى. 1983- يىلى يېڭىدىن ئومۇمىي سىغىمى 4 مىليون كىلوگرام كېلىدىغان 6 ياغ باكى ياسالدى. 1985 - يىلى ياپونىيە رىچىلاڭ ياغ شىركىتىدىن كۈنىگە 50 توننا ئۆسۈملۈك يېغىنى تولۇق چەككىلەش ئۈسكۈنىسى ۋە ھەر ئىسمېنىدا بىر توننا ماركارىن ئىشلەپچىقىرىدىغان بىر يۈرۈش ئۈسكۈنە ئىمپورت قىلىندى. بۇ ئامباردا دۆلەت ئۆلچىمىدىكى 2 - دەرىجىلىك سۇ يېغى خام ئەشيا قىلىنىپ، تولۇق چەككىلەش ئۈسكۈنىسى ئارقىلىق يېپىشقاقسىزلاش، كىسلاتاسىزلاش، مومسىزلاش، رەڭسىزلەش، پۇراقسىزلاش قاتارلىق 5 باسقۇچلۇق ئىش تەرتىپى بويىچە ئالاھىدە ياغ ۋە سالات يېغى ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، سالات يېغى، پالما يېغى قاتارلىق سۇ ياغلىرى خام ئەشيا قىلىنىپ ماركارىن ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە بۇ ئامبار ئاپتونوم رايون بويىچە سىغىمچانلىقى ئەڭ چوڭ سۇ يېغى ئامبىرىغا ئايلاندى. بۇ ئامبارنىڭ 151 ئىشچى - خىزمەتچىسى، ئومۇمىي قىممىتى 12 مىليون يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلكى، 9 مىليون 300 مىڭ كىلوگرام سىغىمچانلىقتىكى 61 دانە ياغ باكى (بۇنىڭ ئىچىدە 4 مىليون كىلوگرام سىغىمچانلىقتىكى 29 دانە ياغ باكى ئامبار ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان)، 7 مىليون كىلوگرام سىغىمچانلىقتىكى 7 كورپۇس ياغلىق دان ئامبىرى، 20 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق ئوچۇقچىلىقتىكى سېمونت گىر، 1 مىليون 50 مىڭ كىلوگرام سىغىمچانلىقتىكى 21 دانە زاپاس تۇرىدىغان پويىز ياغ ۋاگونى قاتارلىقلارغا ئىگە بولدى. يىلىغا ساقلىنىدىغان ياغ 8 مىليون كىلوگرامدىن ئاشىدۇ. يىلىغا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئالاھىدە ياغ 3 مىليون 360 كىلوگرام، ماركارىن 34 مىليون كىلوگرام بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون 210 مىڭ يۈەن، ئېلىنغان پايدا 1 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

# § 2 . ئاشلىق - ياغ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش پونكىتى

## 1. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق - ياغ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش پونكىتى

بۇ پونكىت ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي شىنخۇا يولى 78 - قورودا بولۇپ، 1978 - يىل 2 - ئايدا قۇرۇلغان، ئۇنىڭ نامى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق - ياغ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش پونكىتى بولۇپ، ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئاشلىق ئىدارىسى ساقلاش باشقارمىسىغا قارايتتى. 1982 - يىل 8 - ئايدىن باشلاپ، بۇغداي ئۇننى تولۇق تۈر بويىچە تەكشۈرۈش كەسپىنى يولغا قويغان. 1984 - يىلدىن باشلاپ ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ھەرقايسى ناھىيىلىك ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈش خادىملىرىنى قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەشنى يولغا قويدى. 1984 - يىل 11 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق - ياغ تەتقىقات ئورنى بىلەن بىرلىشىپ ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق - ياغ تەتقىقات ئورنى تەجرىبىخانىسى دەپ ئاتالدى، سىرتقا قارىتا ئەسلى نامى ساقلاپ قېلىندى. 1985 - يىلدىن باشلاپ ئاشلىق، ياغ، يېمەكلىك، يەم - خەشەكنىڭ سۈپىتىنى، تازىلىقىنى تەكشۈرۈش ۋە بىر قىسىم مىكرو ئېلېمېنتلارنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى باشلاپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق كەسپىدىكى

مەھسۇلاتلىرىنى ئەلالاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭ سۈپىتىگە باھا بېرىشنى ئاساس بىلەن تەمىنلىدى، ئاشلىق، ياغنىڭ سۈپەت ماجىرالىرىنى قانۇنىي كۈچكە ئىگە كېسىم قىلىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاشلىق، ياغنى تەكشۈرۈش، ئانالىز قىلىش تەتقىقات تېمىسىنى ئۈستىگە ئالدى. 1987 - يىل 5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، ئۆلچەم ئىدارىسى بىرلىكتە تەكشۈرۈپ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئاشلىق، ياغ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشتىكى قانۇنىي ئورگان قىلىپ بېكىتتى، 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئۆلچەم ئىدارىسىنىڭ ئۆلچەپ ئېتىراپ قىلىشىدىن ئۆتتى. 1988 - يىلى مەملىكەت بويىچە بىرىكمە يەم - خەشەك ماتېرىياللىرىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى، بىرىكمە يەم - خەشەك ماتېرىيال مەنبەسىدىكى ئاقسىل، ياغ، يىرىك سېللىلوزا، كۈل تەركىبى، كالتسىي، فوسفور، تۇز، سۇ تەركىبلىرىنى تەكشۈرۈپ ئانالىز قىلىشنى ئۈستىگە ئالدى. 1990 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ياغنىڭ كىسلاتا تەركىبىنى ئانالىز قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. 1987 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە پونكىت بويىچە جەمئىي تەكشۈرۈلگەن ئاشلىق، ياغ، يېمەكلىك، يەم - خەشەك ئەۋرىشكىسى 6071 ئۆلۈش، بۇنىڭ ئىچىدە جايلاردىن يوللاپ بېرىلگەن تەكشۈرۈش ئەۋرىشكىسى 4544 ئۆلۈش بولدى. ئەلا مەھسۇلاتلارنى سېلىشتۇرۇپ باھالاشقا 263 ئۆلۈش تەكشۈرۈلگەن ئەۋرىشكە قاتناشتۇرۇلدى، جايلارغا تېخنىك خادىملارنى ئەۋەتىپ تەكشۈرگەن ئەۋرىشكە 1259 پارچىگە يەتتى. 1990 - يىلى سودا مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە ئاشلىق، ياغ تەكشۈرۈشتىكى ئىلغار ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە پونكىت بويىچە 24 ئىشچى - خىزمەتچى بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈش خادىمى 18 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنژېنېر 3، ياردەمچى ئىنژېنېر 8، تېخنىك 7. كۆلىمى 340 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 12 ئېغىزلىق تەجرىبىخانا، MPF4 تىپلىق يالتىراق ئوپتىك ئىسپېكترومېتىر، AA—650 ئاتوم سۈمۈرگۈچلۈك ئىسپېكترومېتىر، ئۇلترا بىنەپشە نۇرلۇق ئىسپېكترومېتىر، ئىنفرا قىزىل نۇرلۇق ئىسپېكترومېتىر، 835 - رىلى ئامىنونى كىسلاتاسىنى ئاپتوماتىك ئانالىز قىلىش سايمىنى، بىرايىن ئۇن سۈپىتىنى تەكشۈرۈش سايمىنى، رىلى 163 رەڭ ئۆلچىگۈچ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇيۇقلاندۇرۇپ رەڭ ئۆلچىگۈچ، ماگنىتلىق تەۋرىنىشچان ياغ تەكشۈرۈش سايمىنى قاتارلىق 41 دانە (بىر يۈرۈش) سايمان بار بولۇپ، بۇلارنىڭ قىممىتى 976 مىڭ يۈەن.

## 2. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق - ياغ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش پونكىتى

بۇ پونكىت ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى نۇرلۇق يول 19 - نومۇرلۇق قورودا بولۇپ، 1986 - يىل 3 - ئايدا قۇرۇلغان، نامى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى مەركىزىي تەجرىبىخانىسى ئىدى. 1990 - يىل 4- ئايدا نامى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق - ياغ سۈپەت تەكشۈرۈش پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى.

بۇ پونكىت 1986 - يىلى قۇرۇلغاندىن باشلاپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تارتىلغان ئۇن، يېغىنىڭ سۈپىتىنى ئەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈرۈشنى يولغا قويغان، ھەر ئايدا ئۇن زاۋۇتلىرى تارتقان ئۇن ھەم ئاشلىق دۇكانلىرىدىن 15 ئۆلۈش ئەۋرىشكە ئېلىپ، تولۇق ئۇر بويىچە سۈپىتىنى تەكشۈرۈپ، ئۇن سۈپىتىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغدىدى. 1987 — 1988 - يىللىرى، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 4 قارار قىسقا مۇددەتلىك كۇرس ئېچىپ، شەھەر تەۋەسىدىكى ئاشلىق - ياغ كارخانىلىرىنىڭ 150 تەكشۈرگۈچىسىنى تەربىيىلەپ، شەھەر بويىچە 98% ئاشلىق، ياغ تەكشۈرگۈچىسىنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرگۈچىلەر گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. 1988 - يىلدىن كېيىن، بازاردىكى ئاشلىق، ياغنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاشلىق، ياغنىڭ تازىلىقىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنىمۇ قانات

يايدۇرۇپ، شەھەر بويىچە ئاشلىق سىستېمىسى ۋە جەمئىيەتتىن سۇنۇلغان ئاشلىق، ياغ ئەۋرىشكىلىرىدىكى ئېرىتمە داشقىلى، پىرئوكسىدلىنىش ۋالېنتى، مالاتىئون، فوسفىد گازى قاتارلىقلار بويىچە قالدۇق ماددىلارنى تەكشۈردى. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، تەكشۈرگەن ئەۋرىشكە 76 ئۈلۈشكە يەتتى. 1990 - يىلى شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئۇيۇشتۇرغان مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىگە، ئاشلىق سىستېمىسىنىڭ ئەلا مەھسۇلات يارىتىش ۋە ئومۇمىيۈزلۈك سۈپەت باشقۇرۇش پائالىيىتىگە قاتنىشىش، ئاشلىق، ياغ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى. 1990 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى تەرىپىدىن «ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق، ياغ تەكشۈرۈشتىكى ئىلغار ئورۇن» دېگەن نام بېرىلدى.

1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا پونكىت ئىشچى - خىزمەتچىسى 11 بولۇپ، تەكشۈرگۈچى 9 كىشى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنژېنېر بىر. بۇلاردىن ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتلىقى 5، 4 ئېغىز تەجرىبىخانا بولۇپ، 72 تىپلىق ئىسپېكترومېتىر، 2308 رەڭ ئۆلچىگۈچ، مىكروسكوپ، بۇرمىسىمان ئاكتىئوملۇق ناسوس قاتارلىق 60 مىڭ يۈەنلىك 10 يۈرۈش (دانە) سايمان بار بولدى.

# باب IV

# ئاشلىق، ياغ يۆتكەش

## §1 . يۆتكەشنى باشقۇرۇش

### 1. بىرتۇتاش يۆتكەش

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 20 - يىلى (1755 - يىلى) دىن 47 - يىلى (1782 - يىلى) 4 - ئايغىچە، ئۈچتۇرپان، يەكەن، قەشقەر، كۇچا، قاراشەھەر قاتارلىق جايلار مالىيە، ئاشلىق چىقىمىنى شۇ جايلاردا تۇرۇشلۇق ۋەزىرلەر مەلۇماتنامە تۈزۈپ، شەنشى - گەنسۇ باش ھەربىي ۋالىيسىنىڭ تەكشۈرۈشىگە، ئۇ ئارقىلىق نوپۇس پىرقىسىنىڭ تەكشۈرۈشىگە مەلۇم قىلاتتى، ناۋادا قايتۇرۇۋېتىلىپ قالسا، ئۇنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ قايتا مەلۇم قىلىشتا بىر قانچە ئاي ھەتتا يىللاپ ۋاقىت كېتەتتى. چيەنلۇڭ 47 - يىلى (1782 - يىلى) 4 - ئايدىن كېيىن مالىيە، ئاشلىق باشقۇرۇشتا مەخسۇس ئورگان قۇرۇلغان جايلاردا، يەنىلا مەلۇماتنامە تۈزۈپ باش ھەربىي ۋالىينىڭ كۆزدىن كەچۈرۈپ نوپۇس پىرقىسىگە ئەۋەتىپ بېرىشىگە مەلۇم قىلىنغاندىن سىرت، ئۈچتۇرپان، يەكەن، قەشقەر، كۇچا، قاراشەھەر قاتارلىق جايلاردىكى بارلىق مالىيە، ئاشلىق چىقىمى ھەققىدە شۇ جايلاردا تۇرۇشلۇق ۋەزىرلەر مەخسۇس دوكلات يېزىپ نوپۇس پىرقىسىگە ئەۋەتكەندىن باشقا، ئۇنىڭ كۆچۈرۈلمىسىنى شەنشى - گەنسۇ باش ھەربىي ۋالىيسىنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئەۋەتەتتى. گۇاڭشۈ 10 - يىلى (1884- يىلى) شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆلكە بويىچە ئۆلكە، ۋىلايەت، ئايماق، ناھىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئۆلكىدە باش مۇپەتتىش تەسىس قىلىنىپ ۋىلايەتلەرنى بىر تۇتاش باشقۇردى. ئاشلىق يۆتكەش ئىشىنى باش مۇپەتتىش قارار قىلدى ۋە خانغا ئەنگە ئالدۇردى.

مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، شىنجاڭدا يالڭ زېڭشىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقىتلاردا، شىنجاڭدا دۆلەت ئامبىرىدىكى ئاشلىقنى يۆتكەشنى ئۆلكىلىك يۇقىرى دائىرىلەر تەستىقلىدى.

مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) 7 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك غەللە ـ پاراق ئاشلىقى باشقارمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، باشقا ئۆلكىلەردىن ئاشلىق يۆتكەش ئىشى توغرىسىدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقىنى ئالدى، ئۆلكە ئىچىدە دۆلەت ئامبىرىدىكى ئاشلىقنى يۆتكەشتە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقى ئېلىنىدى، ئۆلكە ئىچى ـ سىرتىدا ئەمەلىي ئاشلىق يۆتكەش ئىشىنى ئۆلكىلىك غەللە ـ پاراق ئاشلىقى باشقارمىسى مەسئۇل بولۇپ بېجىردى.

1950 ـ يىل 4 ـ ئايدا مەركەزنىڭ مالىيە ـ ئىقتىساد خىزمىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى قارارىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، دۆلەت ئاشلىقىنى بىر تۇتاش يۆتكەشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسى «شىنجاڭنىڭ ئاشلىق چىقىم قىلىش ۋاقىتلىق چارىسى» نى تارقىتىپ، جايلاردىكى دۆلەت ئامبارلىرىنىڭ ئاشلىقىنى «ئاشلىق چىقىم قەغىزى» بويىچە ئامباردىن چىقىرىشنى بەلگىلىگەنىدى. تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بەزى جايلار بۇ تۈزۈمنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلمىدى. 1952 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، ئاقسۇ ۋە خوتەن ۋىلايەتلىرىدىكى بەزى ناھىيىلەر «ئاشلىق چىقىم قەغىزى» بولمىغان ئەھۋالدا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 6 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام ۋە 5 مىليون كىلوگرامدىن ئارتۇق ئاشلىقنى چىقىم قىلىۋەتكەن.

1953 ـ يىلدىن ئېتىبارەن شىنجاڭدا ھۆكۈمەت ئاشلىقى ۋە ئاشلىق سېتىۋېلىشتا بىر تۇتاش پىلان يولغا قويۇلدى. ئۆلكىلەر ئارا ئاشلىق يۆتكەش ۋە ئاشلىق ئېكسپورتىنى ئۆلكىلىك ئاشلىق نازارىتى بىر تۇتاش ئىگىلىدى ياكى ۋىلايەتلىك ئاشلىق بۆلۈمى (ئىدارىسى) نى مەسئۇل بولۇپ بېجىرىشكە بۇيرۇدى. ۋىلايەتلەر ئارا يۆتكەشنى ئۆلكىلىك ئاشلىق نازارىتى جايلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىشتىكى ئارتۇق ـ كەملىك ئەھۋالىغا ئاساسەن، بىرتۇتاش پىلانلاپ ئىگىلەپ يۆتكىدى. ۋىلايەت دائىرىسىدىكى يۆتكەشنى ۋىلايەتلىك ئاشلىق بۆلۈمى (ئىدارىسى) ئىگىلىدى. 1954 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاقسۇنىڭ جەنۇبىدىكى ۋىلايەتلەر ئارا يۆتكەشنى جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمە ئاشلىق باشقارمىسى ئاشلىقنىڭ ئايلىنىش يۆنىلىشى ۋە ۋىلايەتتىكى ئوشۇق ـ كەملىك ئەھۋالىغا ئاساسەن، يىللىق، پەسىللىك، ئايلىق يۆتكەش پىلانىنى تۈزۈپ ئۆلكىلىك ئاشلىق نازارىتىگە تەستىقلاتقاندىن كېيىن، مەمۇرىي مەھكىمە كونكرېت يولغا قويدى.

1956 ـ يىل 5 ـ ئايدىن ئېتىبارەن ئاپتونوم رايون 3 ـ قېتىملىق ئاشلىق خىزمىتى يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان يۆتكەش پىلانى تۈزۈش تەرتىپلىرى ۋە پرىنسىپلىرى ئىجرا قىلىندى. ش ئۇ ئا ر ئاشلىق نازارىتى يىل باشلىنىشتىن ئىلگىرى 50 كۈن ئىچىدە ۋىلايەتلەر ئارا يىللىق يۆتكەش پىلانى ۋە 1 ـ پەسىللىك يۆتكەش پىلانى كۆرسەتكۈچىنى يۆتكەپ بېرىدىغان، يۆتكەپ ئالىدىغان جايدىكى مەمۇرىي مەھكىمە ئاشلىق بۆلۈمى (ئىدارىسى) گە چۈشۈرۈپ بەردى، مەمۇرىي مەھكىمە ئاشلىق بۆلۈمى (ئىدارىسى) چۈشۈرۈلگەن يۆتكەش پىلانى كۆرسەتكۈچكە ئاساسەن، ئۆز ۋىلايىتىنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، يۆتكەپ بېرىدىغان، يۆتكەپ ئالىدىغان تەپسىلىي ئورۇننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يىل باشلىنىشتىن بۇرۇن تېلېگرامما ئارقىلىق ش ئۇ ئا ر ئاشلىق نازارىتىگە يوللىدى، كېيىن يىللىق، پەسىللىك رەسمىي يۆتكەش پىلانىنى يوللىدى، ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق نازارىتى ئومۇملاشتۇرۇپ تەڭپۇڭلاشتۇرغاندىن كېيىن، دەرىجىمۇ دەرىجە ناھىيىلەرنىڭ ئىجراسىغا چۈشۈرۈپ بەردى. شۇ يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق نازارىتى «بۇنىڭدىن كېيىنكى ئاشلىق يۆتكەش مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، ئاشلىق، ياغنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىر تۇتاش يۆتكەش ئىشلەپچىقىرىش رايونى ۋە ئىستېمال رايونىنىڭ ئېھتىياجىغا تەڭ ئېتىبار بېرىشتىكى تۈپ تەدبىر، ئومۇملۇق قارشىلىق كۈچەيتىپ، بىر تۇتاش يۆتكەشنى ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

1957 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىقتىكى ئوشۇق ـ كەملىكنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشى قىيىن بولدى. ئاشلىق

يۆتكەپ بېرىدىغان بەزى جايلار ئۆز جايىنىڭ ئېھتىياجىنى بىر تەرەپلىمە تەكىتلەپ، چۈشۈرۈلگەن يۆتكەش پىلانىنى ئورۇنلۇق باھانە - سەۋەبلەر بىلەن رەت قىلدى ياكى يۆتكەشنى كەينىگە سۈردى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شىن لەنتىڭ ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، ئاپتونوم رايون 4 - قېتىملىق ئاشلىق خىزمىتى يىغىنىدا تۆۋەندىكىلەرنى تەكىتلىدى: ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئامبارلىرىدىكى ئاشلىقنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق نازارىتى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرىدۇ، باشقا تارماقلارنىڭ ئارىلىشىشىغا بولمايدۇ. ئاشلىق يۆتكەشكە قارشىلىق قىلىش مەركەز بەلگىلىگەن ئاشلىقنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش پرىنسىپىغا خىلاپ بولۇپ، ئۇ ئىستېمال رايونىدا ئاشلىق تەمىناتى ئۈزۈلۈپ قېلىشتەك ئېغىر مەسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

1960 - يىل 1 - پەسىلدە، شىمالىي شىنجاڭدىكى ئاشلىق يۆتكەپ بېرىدىغان جايلارنىڭ سالدوسى قىس بولۇپ، يۆتكەش پىلانى ئوڭۇشلۇق ئىجرا بولماي، ئىستېمال رايونلىرىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشكە تەسىر يەتتى. شۇ يىلى 4 - ئايدا جەنۇبنىڭ ئاشلىقىنى شىمالغا يۆتكەش باشلاندى. 1961 - يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا جەنۇبنىڭ ئاشلىقىنى شىمالغا يۆتكەشنى ئىمكانقەدەر ئازايتىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ شىمالىي شىنجاڭدىكى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق پارتكوم شۇجىلىرىنى چاقىرىپ يىغىن ئېچىپ، يېڭى ئاشلىق يىغىمىدىن ئىلگىرىكى ئېھتىياجنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ، زاپاس قالدۇرماي يۆتكەشكە كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ، جايلاردىكى دۆلەت ئامبارلىرىدىكى ئاشلىقلارنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقى ئاپتونوم رايونغا مەنسۇپ بولۇپ، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق كومىتېتى ئۇنى ئاشلىق نازارىتىنىڭ كونكرېت ئىگىلىشىگە تاپشۇرغانلىقىنى، جايلارنىڭ دۆلەت ئامبارلىرىدىكى ئاشلىقنى ياخشى باشقۇرۇشنى، ئۇنىڭغا خالىغانچە چېقىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى، ئاشلىق نازارىتى چۈشۈرگەن يۆتكەش بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

1963 - يىل 6 - ئايدىن ئېتىبارەن ئاشلىق نازارىتى «ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق، ياغ يۆتكەشنى باشقۇرۇش قائىدىسى»نى ئېلان قىلىپ، تۆۋەندىكىلەرنى بەلگىلىدى: ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئارا ئاشلىق، ياغ يۆتكەش پىلانى يىل، پەسىل، تۈرى بويىچە تۈزۈلۈشى، بارلىق ئاشلىق، ياغ يۆتكەش ۋە تۈرى بويىچە تېگىشىش ھەم ئۇرۇقلۇق يۆتكەشنىڭ ھەممىسى پىلانغا كىرگۈزۈلۈشى، پىلان سىرتىدا يۆتكەشتە ئاشلىق نازارىتىنىڭ تەستىقى ئېلىنىشى لازىم. پەسىللىك يۆتكەش پىلانىنى پەسىل بويىچە ئاشلىق نازارىتى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىلىرىدىكى كەسپىي خادىملارنى چاقىرىپ، يىغىن شەكلىدە كوللېكتىپ تۈزۈپ بېكىتكەندىن كېيىن تۆۋەننىڭ ئىجراسىغا چۈشۈرۈپ بېرىدۇ، پىلان جەدۋىلى ساھە بويىچە بۆلۈنگەن شاخمات تاختىسى شەكلىدە بولىدۇ. ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئارا ئايلىق يۆتكەش پىلانى تۈزۈلگەن پەسىللىك پىلان ئاساسىدا ئاشلىق نازارىتى تەرىپىدىن تېلېگرامما شەكلىدە ئاي بويىچە تۆۋەننىڭ ئىجراسىغا چۈشۈرۈپ بېرىلىدۇ.

1966 - يىلدىن ئېتىبارەن، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ تەسىرى بىلەن، كوللېكتىپ تۈزۈش خىزمىتى توختاپ قالدى. ئاشلىق يۆتكەش پىلانى ئايمۇ ئاي ئاشلىق يۆتكەپ بەرگۈچى، يۆتكەپ ئالغۇچى جايلار بىلەن كېڭىشىش ئارقىلىق ئاي بويىچە ياكى تۈركۈم - قېتىمغا بۆلۈپ تېلېگراف شەكلىدە جايلارنىڭ ئىجراسىغا چۈشۈرۈپ بېرىلدى.

1978 - يىلى 3 - پەسىلدىن باشلاپ ئاشلىق، ياغ يۆتكەش پىلانى ۋە توشۇش ھەققى پىلانىنى بىرلىكتە تۈزۈش تۈزۈمى تۇرغۇزۇلدى ۋە ئىجرا قىلىندى. ئاشلىق نازارىتى پەسىل باشلىنىشتىن 20 كۈن بۇرۇن ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىدىكى ئاشلىق، ياغ يۆتكەش خادىملىرىنى چاقىرىپ كوللېكتىپ ئىشلەپ، ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئارا ئاشلىق، ياغ يۆتكەش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى، شۇنىڭدەك جايلارنىڭ ناھىيىلەر ئارا يۆتكەش پىلانىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى. شۇ يىلى 10 - ئايدا، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ئىشنى تۈزۈم تۇرغۇزۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن باشلاپ، مۇۋاپىق تۈردە ئىقتىسادىي ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، يۆتكەش پىلانىنى

كۆچەيتىشنى تەكىتلىدى ۋە تۆۋەندىكىلەرنى ئېنىق بەلگىلىدى: پىلانسىز ياكى پىلاندىن ئارتۇق ئاشلىق يۆتكەلگەن بولسا، يۆتكەپ ئالغۇچى ئورۇن مال پۇلىنىلا بېرىدۇ، توشۇش ھەققىنى مال پۇلىدىن تۇتۇپ قالىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرىگە يۆتكەلگىنى بولسا، مال پۇلى ۋە توشۇش ھەققىدىن ئايرىم ھالدا بېرىشكە تېگىشلىك سانىنىڭ 50%تىنىلا بېرىدۇ.

1983 - يىلى 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «ئاشلىق، ياغ يۆتكەشنى باشقۇرۇش تەپسىلىي قائىدىسى»نى ئېلان قىلىپ، يۆتكەش پىلانىدا دەرىجە بويىچە تۈزۈش، دەرىجە بويىچە باشقۇرۇش يولىغا قويۇلىدىغانلىقىنى ئېنىق بەلگىلىدى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئارا ئاشلىق، ياغ يۆتكەش پىلانىنى ئاشلىق نازارىتى پەسىل بويىچە بىر تۇتاش مەسئۇل بولۇپ تۈزۈپ چىقىپ، پەسىل باشلىنىشتىن بىر ئاي بۇرۇن جايلار ئوتتۇرىغا قويغان تۈرلەرگە بۆلۈنگەن يۆتكەپ چىقىش، يۆتكەپ كىرىش تەكلىپ سانىغا ئاساسەن، كوللېكتىپ تۈزۈپ، بىر تۇتاش تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ، جايلارنىڭ ئىجراسىغا چۈشۈرۈپ بەردى. يۆتكەش پىلانى تەكشۈرۈش چۈشۈرۈلگەن ۋەزىپىنىڭ 5%ى بويىچە ئېگىلەندى، بۇ ھەجىمدىن ئېشىپ كەتكىنى پىلاندىن ئاشۇرۇۋېتىلگەن قاتاردا بىر تەرەپ قىلىنىدى.

1990 - يىلى 3 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق، ياغ يۆتكەش تەپسىلىي قائىدىسى»گە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، تۆۋەندىكىلەرنى بەلگىلىدى: ئاشلىق، ياغ يۆتكەشتە ئومۇملۇق قارىشىدا چىڭ تۇرۇش، قىسمەنلىكنى ئومۇملۇققا بويسۇندۇرۇش كېرەك. جايلار سېتىشتىن ئېشىپ ئاشۇرغان سالدۇنى جايلارنىڭ ئىلكىدە بولغاندىن سىرت، باشقا ئاشلىق، ياغ سالدۇنى ئاپتونوم رايون بىر تۇتاش يۆتكەيدۇ، ھەر قانداق جاي ۋە شەخسنىڭ ھەر قانداق باھانە - سەۋەب بىلەن ئاشلىق بار تۇرۇپ يۆتكىمەسلىككە ياكى ئاز يۆتكەپ بېرىشكە بولمايدۇ. يۆتكەش ۋەزىپىسىنى پىلاندا تەلەپ قىلىنغان سورت، مىقدار، ۋاقىت بويىچە ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. شۇنىڭدەك يۆتكەش پىلانىنى ئاپتونوم رايوندىن چۈشۈرۈلگەن يىللىق ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش، سېتىش، يۆتكەش پىلانى (ياكى ھۆددىگە ئېلىنغان پىلان) غا ئاساسەن، پەسىل بويىچە تۈزۈش، تۆۋەتلىك يىغىنلارنى چاقىرىپ كوللېكتىپ تۈزۈش لازىم، دەرىجىمۇ دەرىجە يۇقىرىغا يازما پىلان يوللانسا، يۇقىرىدىن بىر تۇتاش تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ تۈزۈلسىمۇ بولىدۇ. يۆتكەش پىلانى بېكىتىلگەندىن كېيىن، يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماقنىڭ تەستىقلاتماي تۇرۇپ، ئاشلىق، ياغ سورتى، مىقدارى، بېرىدىغان-ئالىدىغان ئورۇن ۋە ۋاقىتنى خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. ئۆزگەرتىش زۆرۈر بولسا، باشقۇرۇش ھوقۇق چەكلىمىسى بويىچە، تەستىقلىتىپ ئاندىن ئىجرا قىلىش كېرەك. يۆتكەش پىلانىنى تەكشۈرۈشتە بىر تۇتاش ھالدا ئاشلىق يىلى (4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن كېيىنكى يىلى 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە) نى قوللىنىش كېرەك. كىلىمات، يول، ترانسپورت قاتارلىق ئامىللار سەۋەبىدىن پىلاندا بەلگىلەنگەن مەزگىل ئىچىدە ئورۇندالماي قالغىنى تەستىقلىتىش ئارقىلىق كېيىنكى پەسىلدە داۋاملىق ئىجرا قىلىنسا بولىدۇ، لېكىن يىلدىن ئۆتكۈزۈۋېتىشكە بولمايدۇ، شۇنىڭدەك يەنە پەسىل بويىچە ھېسابات سېلىشتۇرۇش، يىل ئاخىرىدا راسچوت قىلىشنى يولغا قويۇش كېرەك.

## 2. ياخشى ئاشلىق (ياغ)نى سىرتقا يۆتكەش

ياخشى ئاشلىق (ياغ)نى سىرتقا يۆتكەش يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت ئاشلىق تارماقلىرى ئاشلىق، ياغ يۆتكەش خىزمىتىدە ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ كەلگەن پرىنسىپ بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاشلىق يۆتكەپ بېرىدىغان جايلاردىن توشۇش كۈچى ئىسراپچىلىقى ۋە باشقا ئىقتىسادىي زىيانلارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن دۆلەت بەلگىلىگەن ئۆلچەمدىكى ئوتتۇرا دەرىجىدىن يۇقىرى سۈپەتلىك ئاشلىق، ياغ يۆتكەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش مەقسەت قىلىنغان. 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئاشلىق، ياغ يۆتكەپ بېرىش ئىشىدا، ھەم ياخشى ئاشلىق (ياغ)نى سىرتقا يۆتكەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلدى، ھەم ھەربىر مەزگىلدىكى

ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، ئەمەلدە ئاقمىغان تەدبىرلەر تۈزۈپ چىقىلىپ، ئەمەلىي مەۋجۇت مەسىلىلەر ھەل قىلىندى.

1953 - يىل 12 - ئايدىن ئېتىبارەن، شىنجاڭ ئاشلىق مىنىستىرلىكىدىن تارقىتىلغان ئىچكى قىسىمدا يۆتكەشتە باھا قويۇش چارىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، سىرتقا ئاشلىق يۆتكەشتە ياخشى ئاشلىق ماڭدۇرۇشنى پرىنسىپ قىلدى، بۇزۇلغان، ئۆزگەرگەن، مىتە چۈشكەن ئاشلىقنى يۇقىرىنىڭ تەستىقىنى ياكى تاپشۇرۇپ ئالغۇچى تەرەپنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ ماڭدۇرمىدى. 1954 - يىل 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ئۆلكىلىك ئاشلىق نازارىتى ساۋەن ناھىيە شىخەنزە سېتىۋېلىش - سېتىش پونكىتىنىڭ ئورۇمچىگە بۇزۇلغان كۆممىقوناق ماڭدۇرغانلىق ئىشى توغرىسىدا پۈتۈن ئۆلكىگە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، جايلاردىن بۇنىڭدىن ساۋاق ئېلىپ، بۇزۇلغان ئاشلىق ماڭدۇرۇشنى قاتتىق مەنئى قىلىشنى تەلەپ قىلدى. 1955 — 1956 - يىللىرى جايلار ياخشى ئاشلىقنى سىرتقا يۆتكەش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۆتكەپ بەرگەن ئاشلىقنىڭ سۈپىتى بىر قەدەر ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن، يۆتكەپ بەرگۈچى - يۆتكەپ ئالغۇچى ئىككى تەرەپ ئارىسىدىكى تالاش-تارتىش ئاز بولدى. 1957 - يىلى بەزى جايلارنىڭ يۆتكەپ بەرگەن ئاشلىقىدا بۇزۇلغان ۋە ئەخلىتى بىر قەدەر كۆپ ئاشلىقنىڭ بارلىقى مەلۇم بولدى. بەزى جايلار ئامبار تېگىدىكى ئاشلىقلارنى، دەسسەلگەن ئاشلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ قويغان. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئاشلىق نازارىتى جىددىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تۆۋەندىكىلەرنى تەلەپ قىلدى: بەلگىلەنگەن ئۆلچەمگە ئۇيغۇن بولمىغان ئاشلىقلارنى، ئامبار تېگىدە قالغان ئاشلىقلارنى، دەسسەلگەن ئاشلىقلارنى سىرتقا يۆتكەپ بېرىشكە قەتئىي بولمايدۇ؛ ئەگەر ئالاھىدە ئەھۋال بولۇپ شۇ جاي ئاشۇ خىل ئاشلىقلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا ھەقىقەتەن ئامال تاپالمىسا، يەنە كېلىپ ئۇنى يۆتكەپ چىقىش زۆرۈر بولسا، ماڭدۇرغان ۋاقىتتا مال ماڭدۇرۇش تەپسىلىي جەدۋىلىگە نەملىك، ئەخلەت مىقدارىنى ئېنىق ئەسكەرتىپ قويۇشى شەرت؛ يۆتكەپ ئالغۇچى تەرەپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ۋاقتىدا رەتلەپ، ئىمكانقەدەر زىياننى ئازايتىشى لازىم؛ گۈرۈچ، قارا ئاشلىقنىڭ نەملىكى %16تىن، بۇغداينىڭ نەملىكى %14تىن، ئەخلىتى %3تىن ئېشىپ كەتسە، رەتلەش ھەققى ۋە خوراشنى ئاشلىق بەرگۈچى تەرەپ ئۈستىگە ئالىدۇ؛ سۈپىتى ئۆزگەرگەن ئاشلىق يەنى بۇزۇلغان دانلار %5تىن ئېشىپ كەتكەن ئاشلىق بۇزۇلغان ئاشلىق بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىپ، باشقىدىن باھا قويۇلىدۇ. شۇ يىلى كۈزدە، شىمالىي شىنجاڭدىكى قىسمەن جايلاردا ئامبارلاشتۇرۇلغان كۆممىقوناقنىڭ نەملىكى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، يۆتكەپ بەرگۈچى - يۆتكەپ ئالغۇچى تەرەپلەر ئارىسىدا نەملىك مەسىلىسى توغرىسىدا دائىم تالاش - تارتىش يۈز بېرىپ تۇردى. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئاشلىق نازارىتى 1958 - يىل 1 - ئايدىن 3 - ئايغىچە ئۈچ قېتىم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، يۆتكەپ بەرگۈچى - يۆتكەپ ئالغۇچى جايلارنىڭ ئاشلىق نازارىتىنىڭ 1957 - يىلدىكى جىددىي ئۇقتۇرۇشىدا بەلگىلەنگەن ئۆلچەملەر ۋە باھا قويۇش چارىسىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش لازىملىقىنى قەيت قىلدى.

1959 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە ئاشلىق مەنبەسى ۋە ئۇنى توشۇش كۈچى قىس بولدى، تەمىنلەشنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئاشلىق بولسىلا يۆتكەلدى.

1963 - يىل 7 - ئايدا ئاشلىق نازارىتى «ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق، ياغ يۆتكەشنى باشقۇرۇش قائىدىسى»نى ئېلان قىلىپ تۆۋەندىكىلەرنى بەلگىلىدى: سىرتقا ئاشلىق يۆتكەشتە ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق، ياغ بېرىيۇم ئۆلچىمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش كېرەك. ماڭدۇرۇلىدىغان ئاشلىق، ياغنىڭ سۈپىتى ئوتتۇرا دەرىجىدىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك، بۇزۇلغان، چىرىگەن ئاشلىق، ياغلارنى ماڭدۇرۇشقا بىرەدەك رۇخسەت قىلىنمايدۇ، مىتە چۈشكەن ۋە ئۆلچەمسىز ئاشلىقنى رەتلەپ تازىلاپ ئۆلچەمگە توشقاندىن كېيىن ماڭدۇرۇش كېرەك. شۇ يىلى سانجى، تارباغاتاي، ئىلى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا كۈزگى بۇغداي مەھسۇلاتىنىڭ قارا بۇغداي تەركىبى يۇقىرى بولۇپ كەتتى، ئەگەر بەلگىلىمە بويىچە بولغاندا ئۇنى بېجىرىم بولمىغان دان قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىشقا، بۇغداي بولسا دەرىجىسىنى چۈشۈرۈپ باھاسىدىن تۇتۇپ قېلىشقا توغرا كېلەتتى، ئۇ ھالدا ئىشلەپچىقارغۇچىلار

زىيان تارتاتتى. شۇڭا ئاشلىق نازارىتى ۋاقتىنچە ئۆلچەمنى كەڭرەك قويۇپ بېرىشنى بەلگىلىدى، شۇنىڭ بىلەن بۇغداينىڭ قارا بۇغداي تەركىبى %20تىن ئېشىپ كەتمىسىلا باھاسى چۈشۈرۈلمىدى. 1963 ـ يىلى كۆممىقوناقتىن مول ھوسۇل ئېلىندى، قىشتا ھۆل ـ يېغىن كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، شىمالىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلاردىن ئۈرۈمچى «1 ـ ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتىغا يۆتكەپ كېلىنگەن بىر قانچە 10 مىليون كىلوگرام نەملىكى يۇقىرى ئاشلىق كېيىنكى يىلى 3 — 4 ـ ئايلاردا ئومۇميۈزلۈك قىزىپ كەتتى. شۇ يىلى 6 ـ ئايدا، ئاشلىق نازارىتى يۆتكەش يىغىنى چاقىرىپ «پىلانلىق توشۇشنى كۈچەيتىپ، ياخشى ئاشلىقنى سىرتقا يۆتكەش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا بېكىتمە» چىقىرىپ تۆۋەندىكىلەرنى بەلگىلىدى: ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يۆتكەشتە باھاسىنى چۈشۈرۈش ۋە ئاشۇرۇش چارىسى يولغا قويۇلىدۇ، يەنى يۆتكىلىدىغان ئاشلىقنىڭ سورتى، نەملىكى، ئەخلىتى ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن ئوخشاش سورتلۇق ئاشلىقنى يۆتكەشتىكى پېرىيوم ئۆلچىمىدىن %1 تۆۋەن بولسا باھاسى %1.2 ئاشۇرۇلىدۇ، پېرىيوم ئۆلچىمىدىن %1 يۇقىرى بولسا باھاسى %1.2 چۈشۈرۈلىدۇ، پېرىيوم ئۆلچىمىدىن تۆۋەنلىكى ياكى يۇقىرىلىقى %1كە يەتمىسە باھا چۈشۈرۈلمەيدۇ ۋە ئاشۇرۇلمايدۇ. يۆتكەپ بەرگۈچى تەرەپنىڭ چىرىگەن، مىتە چۈشكەن ئاشلىقنى بەرگەنلىكى سەۋەبىدىن چىقىم بولغان رەتلەش ھەققى ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن كۆپ چىقىم بولغان توشۇش ھەققى ھەم رەتلەش ـ خوراشلارنى بىردەك يۆتكەپ بەرگۈچى تەرەپ ئۈستىگە ئالىدۇ ۋە ئۇ چىقىملار ئاشلىق پۇلىدىن تۇتۇۋېلىنىدۇ.

1965 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 4 ـ ئايغىچە غۇلجا، قورغاس، موڭغۇلكۈرە قاتارلىق ناھىيىلەردىن ئۈرۈمچى شەھىرىگە يۆتكەپ كېلىنگەن ۋە داخېيەن يۆتكەش پونكىتىدىكى ئاشلىقلار ئارىسىدا 1 مىليون كىلوگرامدىن ئارتۇق مىتە چۈشكەن، چىرىگەن ئاشلىق بارلىقى مەلۇم بولدى. شۇڭا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق نازارىتى «يۆتكەش جەريانىدا بايقالغان مىتە چۈشكەن ئاشلىقلارنى بىر تەرەپ قىلىش بەلگىلىمىسى ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، تۆۋەندىكىلەرنى بەلگىلىدى: (1) جايلار مىتە چۈشكەن ئاشلىقنى سىرتقا يۆتكىمەسلىك پرىنسىپىنى قاتتىق ئىزچىللاشتۇرۇشى كېرەك، ئامباردىكى ئاشلىق، ياغلىق دانلاردا مىتە بارلىقى سېزىلسە، ئۇنى تېز يوقىتىپ، مىتىسىز دەرىجىسىگە يەتكۈزگەندىن كېيىن يۆتكەش كېرەك. ئەگەر يۆتكەش ۋاقتى جىددىي بولۇپ، مىتىنى تازىلاش قىيىن بولسا، زىيانداش مىتىلەرنىڭ تۈرى، زىچلىقى قاتارلىقلارنى ئاشلىق نازارىتىگە مەلۇم قىلىپ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن يۆتكىسە بولىدۇ. (2) تاپشۇرۇپ ئالغۇچى تەرەپ ئاشلىق، ياغلىق دانىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ پېرىيوم قىلىش ئارقىلىق مىتە بارلىقىنى بايقىسا، ئەسلىدىلا بار بولۇشى ياكى يول ئۈستىدە قاچىلاش قوراللىرى، توشۇش قوراللىرىدىن يۇقۇملىنىپ كۆپەيگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىر كىلوگرام ئاشلىقتا 2 تال تىرىك مىتە ياكى كارانتىن ئوبيېكتىغا ياتىدىغان مىتە بار بولسا، بۇ ئاشلىق مىتە چۈشكەن ئاشلىق دەپ قارىلىدۇ. (3) ئاشلىق تاپشۇرۇۋالغۇچى تەرەپ مىتە چۈشكەن ئاشلىق تاپشۇرۇۋالسا، مىتە چۈشكەن ئاشلىقنىڭ مىقدارى ۋە مىتىنىڭ زىچلىقىنى ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭدىن تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرۇپ، ئەسلى مالنى ساقلاپ قويۇشى ھەمدە يۈك چۈشۈرۈۋېلىنغاندىن كېيىنكى 7 كۈن ئىچىدە ئاشلىق بەرگۈچى تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ قايتا تەكشۈرۈش ھەققىدە تېلېگرامما ئارقىلىق ئۇقتۇرۇش قىلىش، ئاشلىق بەرگۈچى تەرەپ تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن دەرھال جاۋاب تېلېگرامما قايتۇرۇشى، تېلېگراممىنى ئالغان كۈننىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ 10 كۈن ئىچىدە قايتا تەكشۈرۈشكە ئادەم ئەۋەتىشى لازىم، ئەگەر مۇشۇ سۈرۈك ئىچىدە جاۋاب تېلېگرامما قايتۇرمىسا، قايتا تەكشۈرۈشكە ئادەممۇ ئەۋەتمىسە، باشقىچە پىكرى يوق، دەپ قارىلىپ، تاپشۇرۇۋالغان ۋاقىتتىكى ئەمەلىي ئەھۋال بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. (4) مىتە چۈشكەن ئاشلىق دەپ بېكىتىلسە، ئاشلىق بەرگۈچى تەرەپ ھەر 5000 كىلوگرام ئاشلىققا 8 يۈەندىن مۇقىم رەتلەش ھەققى بېرىدۇ.

1966 ـ يىلدىن 1976 ـ يىلغىچە شىنجاڭ ئاشلىق سىستېمىسى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى، ئاشلىق يۆتكەش تۈزۈمى بۇزۇۋېتىلدى. كېيىنكى مەزگىللەردە يۆتكەشتىكى تەڭپۇڭلۇق ئاساسەن

ئىمپورت ئاشلىققا تايىنىپ ساقلاپ قېلىندى، قانداق ئاشلىق يۆتكەپ بېرىلسە شۇ ئاشلىق ئىستېمال قىلىندى، سۈپەتكە بولغان تەلەپ يۇقىرى بولمىدى.

1978 - يىلى 4 - ئايدا چاقىرىلغان ئاپتونوم رايون ئاشلىق يۆتكەش خىزمىتى يىغىنىدا تۆۋەندىكىلەر بەلگىلەندى: ئىستېمال قىممىتىنى يوقاتقان ئاشلىق، ياغ يۆتكەپ بېرىلسە، يۆتكەپ ئالغۇچى تەرەپ بارلىق مال پۇلىنى بېرىشنى رەت قىلىدۇ، توشۇش ھەققىنى يۆتكەپ بەرگۈچى تەرەپ ئۆزى چىقىرىدۇ. نەملىكى يۇقىرى ئاشلىق ئۆز جايىدا نەملىكى چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن سىرتقا يۆتكىلىدۇ، شارائىت چەكلىمىسى سەۋەبىدىن نەملىكىنى چۈشۈرەلمىسە، ئاشلىقنىڭ نەملىكى ئۆلچەمدىن 1% يۇقىرى بولسا، ئاشلىق مىقدارىدىن 1% تۇتۇپ قېلىنىدۇ ھەمدە 0.3% قۇرۇتۇش ھەققى ئېلىنىدۇ. بۇ بەلگىلىمە 1982 - يىلغىچە ئىجرا قىلىندى.

1983 - يىلى 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق، ياغ يۆتكەشنى باشقۇرۇش تەپسىلىي قائىدىسى»نى تارقىتىپ، يۆتكىلىدىغان ئاشلىق، ياغلىق داننىڭ نەملىكى، ئەخلىتى ھەم مىتە چۈشكەن، چىرىگەن، كېسەل تەگكەن ئاشلىق، ياغلىق دانلارنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا سىستېمىلىق بەلگىلىمىلەرنى چىقاردى: (1) يۆتكەپ چىقىلىدىغان ئاشلىق، ياغلىق داننىڭ نەملىكى، ئەخلىتىگە قارىتا باھاسىنى ئاشۇرۇش، چۈشۈرۈش چارىسى قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى كۆممىقوناقنىڭ نەملىكى دۆلەت ئۆلچىمىدىن 1% يۇقىرى بولسا، مىقدارىدىن 1% تۇتۇۋېلىنغاندىن سىرت يەنە 1% قۇرۇتۇش ھەققى ئېلىنىدۇ؛ 1% تۆۋەن بولسا، 2% باھا قوشۇلىدۇ، لېكىن 14% تىن تۆۋەن قىسمىنىڭ ھەر 1% ىگە پەقەت 1% لا باھا قوشۇلىدۇ. نەملىكىنىڭ يۇقىرىلىقى ياكى تۆۋەنلىكى 1% كە يەتمىسە، ئەخلىتىنىڭ يۇقىرىلىقى ياكى تۆۋەنلىكى 0.5% كە يەتمىسە، باھا قوشۇلمايدۇ ۋە چۈشۈرۈلمەيدۇ. (2) مىتە چۈشكەن، چىرىگەن، كېسەل تەگكەن ئاشلىق، ياغلىق دانلارنى ئىسلاپ رەتلىگەندىن كېيىن ئاندىن ماڭدۇرۇشقا بولىدۇ، ئەگەر شارائىتنىڭ چەكلىمىسى بىلەن ھەقىقەتەن قىيىنچىلىق بولۇپ قېلىپ، يۆتكەپ ئالغۇچى تەرەپنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش ئارقىلىق ماڭدۇرىدىغان ئىشلار تۆۋەندىكى بەلگىلىمە بويىچە بېجىرىلىدۇ: 1) ماڭدۇرۇلغان ئاشلىق، ياغلىق داننىڭ بىر كىلوگرامىدا 1 - 2 تال تىرىك مىتە بولسا، ماڭدۇرغۇچى تەرەپ 5000 كىلوگرامغا 16 يۈەندىن رەتلەش ھەققى تاپشۇرىدۇ. 2) پالاپ بۇزۇلغان دانلار 5% ~ 15% كىچە بولغان چىرىگەن ئاشلىق ماڭدۇرۇلغان بولسا، 5% نىڭ ئۈستىدىكى قىسمى ئۈچۈن مىقدارىدىن تۇتۇپ قېلىنغاندىن سىرت، تۇتۇۋېلىنغان 1% مىقدارغا 2% رەتلەش ھەققى ئېلىنىدۇ (1% كە يەتمىسە، تۇتۇۋېلىنمايدۇ)؛ پالاپ بۇزۇلغان دانلار 15% تىن يۇقىرى كاراتىن ئوبيېكتىگە ياتىدىغان كېسەللىك ئاشلىق بولسا، بۇنداق ئاشلىقنى ماڭدۇرۇش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ، ئەگەر ئۆتكەل چىڭ تۇتۇلماي يۆتكەپ بېرىلگەن بولسا، يۆتكەپ ئالغۇچى تەرەپ مال پۇلىنى بەرمەيدۇ. (3) يۆتكەپ بېرىلگەن ياغ 2 - دەرىجىلىك ئۆلچەمدىن تۆۋەن بولماسلىقى شەرت، ئۇنداق بولمىسا، يۆتكەپ بەرگۈچى تەرەپ يۆتكەپ ئالغۇچى تەرەپكە 5000 كىلوگرام ئۈچۈن 500 يۈەن ھېسابىدا چەككىلەش ھەققى بېرىدۇ. بۇ بەلگىلىمىلەر يۆتكىلىدىغان ئاشلىقنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

1986 - يىلى دۆلەت شىنجاڭدىن 500 مىليون كىلوگرام بۇغداي يۆتكەشنى قارار قىلدى. ياخشى ئاشلىقنى سىرتقا يۆتكەشكە كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭ ئاشلىقىنىڭ ئىناۋىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى 8 - ئايدا مەخسۇس يىغىن چاقىرىپ ئاشلىق مەنبەسىنى ئەمەلىيلەشتۈردى، سىرتقا يۆتكىلىدىغان ئاشلىقنىڭ سۈپەت ئۆلچىمىنى چىڭ ئىگىلەش تەدبىرلىرىنى مۇھاكىمە قىلدى. ئىلى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ ئاساسلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان ناھىيىلىرى 1 - نومۇرلۇق كېسەل بۇغداي كاراتىن رايونى ئىدى. ئاشلىق يۆتكەش مەزگىلىدە، ئاشلىق تارماقلىرى دېھقانچىلىق كاراتىن تارماقلىرى بىلەن ماسلىشىپ 2 قېتىم پېرېيوم قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى، يەنى ئاشلىق ماڭدۇرۇلىدىغان جايدا بىر قېتىم پېرېيوم قىلىندى، ئۆتەڭ پونكىتىغا توشۇپ توپلاپ پويىزغا قاچىلاشتىن ئىلگىرى يەنە بىر قېتىم پېرېيوم قىلىندى. ئۈچاستىكا، دۆۋە بويىچە ساقلاپ باشقۇرۇپ، كېسەل تەگكەن بۇغداينىڭ شىنجاڭدىن چىقىرىلىشى قاتتىق چەكلەندى. سورت دەرىجىسى جەھەتتە،

يۆتكەپ بېرىلىدىغان بۇغداينىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى بولۇشى تەلەپ قىلىنىپ، ئىمكانقەدەر ئاق بۇغداي كۆپرەك يۆتكەپ بېرىلدى. 1987 - يىل 8 - ئايدا ۋەزىپە ئورۇندالغاندىن كېيىنكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، يۆتكەپ بېرىلگەن بۇغداي ئىچىدە دەرىجىسى بويىچە ئايرىغاندا 1 -، 2 - دەرىجىلىك بۇغداي %80تىن كۆپ بولغان. سورتى بويىچە ئايرىغاندا، ئاق بۇغداي %70تىن يۇقىرى بولغان. 1987 - يىل 9 - ئايدىن 1989 - يىل 2 - پەسىلگىچە يۆتكەپ بېرىلگەن 350 كىلوگرام بۇغدايمۇ يۇقىرىقى سەۋىيىگە يەتكۈزۈلگەن. شىنجاڭدىن يۆتكەپ چىقىلغان ئاشلىقنىڭ سۈپىتى ياخشى بولغاچقا، يۆتكەپ ئالغۇچى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

1990 - يىل 3 - ئايدا، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «ئاشلىق، ياغ يۆتكەش تەپسىلىي قائىدىسى»نى تارقىتىپ، ياخشى ئاشلىقنى سىرتقا يۆتكەش توغرىسىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ بەلگىلىمىلەرنى چىقاردى؛ بۇ بەلگىلىمىلەر: مىتە چۈشكەن ئاشلىق (بىر كىلوگرام ئاشلىقتا 2 تالدىن ئارتۇق تىرىك مىتە بولسا، بىر كىلوگرام يىرىك ئاشلىقتا 100 تالدىن ئارتۇق، تەييار ئاشلىقتا 30 تالدىن ئارتۇق كانا بولسا)، نەملىكى يۇقىرى ئاشلىق، دەرىجىگە توشمايدىغان ئاشلىق، سۈپىتى ئۆزگەرگەن ئاشلىقنى يۆتكەپ بېرىشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، ئەگەر نەملىكى يۇقىرى، ئاشلىق سۈپىتى ئۆزگەرگەن ئاشلىق يۆتكەپ بېرىلگەن بولسا، يۆتكەپ بەرگۈچى تەرەپ دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق، ياغ پىرىيوم ئۆلچىمىدە بەلگىلەنگەن باھادىن تۇتۇپ قېلىش ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ھادىسە زىيانلىرىنى زىممىسىگە ئالغاندىن سىرت، بىر توننا ئاشلىق، ياغلىق دانغا بىر يۈەندىن، ياغقا 5 يۈەندىن جەرىمانە قويۇلىدۇ. مىتە چۈشكەن ئاشلىق، ياغلىق دان يۆتكەپ بېرىلگەن بولسا، ھەر تونىسىغا 6 يۈەندىن ئىسلاش ھەققىنى زىممىسىگە ئالىدۇ، «تۆتتىن خالىي ئاشلىق ئامبىرى» نامىسى مىتە چۈشكەن ئاشلىق يۆتكەپ بەرسە، يۇقىرىقى چىقىملاردىن باشقا ھەر تونىسىغا 4 يۈەندىن جەرىمانە تۆلەيدۇ. يۆتكەپ بېرىلگەن ياغ دۆلەتنىڭ 2 - دەرىجىلىك ياغ ئۆلچىمى ۋە يېمەكلىكلەر تازىلىقى ئۆلچىمىدىن تۆۋەن بولماسلىقى شەرت، ئۇنداق قىلمىسا، ھەر تونىسىغا 250 يۈەندىن چەككىلەش ھەققىنى ۋە چەككىلەشتە خورىغان قىسمىنى زىممىسىگە ئالىدۇ.

## 2 § . ئاشلىق، ياغ ئىمپورت، ئېكسپورتى

### 1. ئاشلىق

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 1 - يىلى (1875 - يىلى) شىنجاڭنىڭ غەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان زو زۇڭتاڭ شىنجاڭدىن غەربىيلەرگە ئاشلىق ھەل قىلىش ئۈچۈن روسىيىنىڭ زەيسان دېگەن يېرىدىن 5 مىليون جىڭ ئاشلىق ئىمپورت قىلدى. گۇاڭشۈ 32 - يىلى (1877 - يىلى) ئىلى جاڭجۈنى (مۇۋەققەت) جىن شۈن روسىيىدىن 10 مىليون جىڭ ئاشلىق ئىمپورت قىلدى. گۇاڭشۈ 21 - يىلى (1865 - يىلى) شىنجاڭدىن روسىيىگە 32 مىڭ 200 پۇت (بىر پۇت 16.38 كىلوگرامغا باراۋەر) ئاشلىق ئېكسپورت قىلدى. گۇاڭشۈ 30 - يىلى (1904 - يىلى) ئىلىغا روسىيىدىن 560 رۇبلىلىق ئۇن ئىمپورت قىلىنىدى؛ ئىلىدىن روسىيىگە 30 مىڭ پۇت سۇلۇ ۋە بېدە ئېكسپورت قىلىنىدى. ئۇنىڭ قىممىتى 15 مىڭ رۇبلىغا باراۋەر ئىدى.

مىنگونىڭ 3 - يىلى (1914 - يىلى) شىنجاڭ روسىيىگە 62 مىڭ پۇت ئاشلىق ئېكسپورت قىلدى.

مىنگونىڭ 12 - يىلىدىن 17 - يىلىغىچە (1923 — 1928 - يىللار) شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا 874 توننا ئاشلىق ئېكسپورت قىلدى. مىنگونىڭ 18 - يىلىدىن 21 - يىلىغىچە (1929 — 1932 - يىللار) شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا 59 توننا گۈرۈچ ئېكسپورت قىلدى. مىنگونىڭ 35 - يىلىدىن 38 - يىلىغىچە (1946 — 1949 - يىللار) شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا 56 مىڭ 600 توننا بۇغداي ئېكسپورت قىلدى، سوۋېت

ئىتتىپاقىدىن 1840 توننا بۇغداي ئىمپورت قىلدى.

1950 - يىلى ئۆلكىلىك سودا نازارىتى سودا شىركىتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ بۆلۈم ئىشلەپچىقىرىش - ھەمكارلىق باش كوپىراتىپى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بۇغداي ئېكسپورت قىلىش سودىسىنى باشلىدى، ئاشلىق مەنبەسىنى ئاساسەن ئىلى، تارباغاتاي، قەشقەر ۋىلايەتلىرى تەمىنلىدى. 1952 - يىلغىچە جەمئىي 68 مىليون 320 مىڭ كىلوگرام بۇغداي ئېكسپورت قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكىلىك سودا نازارىتى سودا شىركىتىنىڭ ئېكسپورت قىلغىنى 56.3%، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ بۆلۈم ئىشلەپچىقىرىش-ھەمكارلىق باش كوپىراتىپىنىڭ ئېكسپورت قىلغىنى 43.7%. 1953 - يىلدىن ئېتىبارەن ئاشلىق مەنبەسىنى ئۆلكىلىك ئاشلىق نازارىتى تەشكىللىدى، ئېكسپورتنى ئۆلكىلىك ئېكسپورت شىركىتى بېجىردى، 1957 - يىلغىچە جەمئىي 84 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام بۇغداي ئېكسپورت قىلىندى. ئېكسپورت ئۇسۇلى مالغا مال تېگىشىش شەكلىدە بولۇپ، بۇغدايغا شىنجاڭغا جىددىي كېرەكلىك ماشىنا - ئۈسكۈنىلەر، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى تېگىشتۈرۈلىندى.

1964 - يىل 10 - ئايدا ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، شىنجاڭدىن ئەرەب بىرلەشمە جۇمھۇرىيىتى (ھازىرقى مىسىر) گە 16 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام كۆممىقوناق ئېكسپورت قىلىندى. بۇنىڭ مەنبەسىنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق نازارىتى ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 8 - دىۋىزىيىسىدىن تەشكىللەپ، ئۈرۈمچى ئاشلىق ئىسكىلاتىدىن ماڭدۇردى.

1965 - يىلغىچە 20 مىليون 20 مىڭ كىلوگرام ئورۇندىلىپ، پىلاندىن 21.3% ئاشۇرۇۋېتىلدى (جەدۋەل: 3 — 26 گە قاراڭ).

20 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرى شىنجاڭغا ئاپتونوم رايون سىرتىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن ئاشلىقنىڭ ئىمپورت ئاشلىقى مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ئىمپورت قىلىنغاچقا، بۇ يەردە بىرلىمەي ئۆلكىلەر ئارا يۆتكەش پاراگرافىدا بايان قىلىندى.

## 2. ياغ (ياغلىق دان)

مىنگونىڭ 26 - يىلىدىن 30 - يىلىغىچە (1937 — 1941 - يىللار) شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا 2636 توننا ياغلىق دان ئېكسپورت قىلدى. مىنگونىڭ 35 - يىلىدىن 38 - يىلىغىچە (1946 — 1949 - يىللار) شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا 1143 توننا ئۆسۈملۈك ياغ ئېكسپورت قىلدى.

1950 — 1953 - يىللىرى ئۆلكىلىك سودا نازارىتى سودا شىركىتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن 1 مىليون 960 مىڭ كىلوگرام ياغ چىقىدىغان ئېكسپورت قىلىندى.

1955 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۆلكىلىك ياغ شىركىتى، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق نازارىتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن زىغىر، قىچا قاتارلىق ياغلىق دانلار ئېكسپورت قىلىندى، ئۇنى ياغقا سۇندۇرغاندا 13 مىليون 540 مىڭ كىلوگرام بولىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە 1956 - يىلى ئەڭ كۆپ ئېكسپورت قىلىنىپ، 4 مىليون 890 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى.

1965 - يىلدىن ئېتىبارەن شىنجاڭ زاراڭزا ئېكسپورتنى تەشكىللەشكە باشلىدى، 1985 - يىلغىچە يىلىغا 2 — 3 مىليون كىلوگرامدىن توختىماي ئېكسپورت قىلىنىپ تۇردى. كېيىن ئۇششاق سورتلۇق ياغلىق دانلارنىڭ تىجارەت قىلىنىشى ۋە باھاسىنىڭ قويۇۋېتىلىشى بىلەن، زاراڭزا ئېكسپورتىنى تاشقى سودا تارماقلىرى باشقۇرىدىغان بولدى. زاراڭزا شىنجاڭنىڭ يېمەكلىك ياغلىق دان ئېكسپورتى ئەڭ ئۇزۇن ۋاقىت داۋاملاشقان سورت بولۇپ قالدى.

1971 - يىل 12 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ئالبانىيىگە 700 مىڭ كىلوگرام چىگىت

ئېكسپورت قىلدى.

1980 ـ يىلدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى. 1984 ـ يىلى 10 مىليون 920 مىڭ كىلوگرام ياغ ئېكسپورت قىلىنىپ، يىللىق ياغ ئېكسپورت تارىخىدا ئەڭ يۇقىرى رېكورت يارىتىلدى. 1985 ـ يىلى 5 مىليون 210 مىڭ كىلوگرام ياغ ئېكسپورت قىلىندى.

1950 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە بولغان 41 يىلدا ياغ ۋە ياغلىق دان بولۇپ ياغقا سۇندۇرغاندا 54 مىليون 50 مىڭ كىلوگرام ئېكسپورت قىلىندى (جەدۋەل: 3 — 26گە قاراڭ)

### 1950 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە شىنجاڭنىڭ تەكسە باھادا ئاشلىق، ياغ ئېكسپورت قىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 — 26    بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| ئاشلىق يىلى | ئاشلىق | ياغ | ئاشلىق يىلى | ئاشلىق | ياغ |
|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | 604 | 48 | 1971 | | 27 |
| 1951 | 3730 | 16 | 1972 | | 21 |
| 1952 | 2498 | 48 | 1973 | | 34 |
| 1953 | 214 | 84 | 1974 | | 26 |
| 1954 | 2567 | | 1975 | | 41 |
| 1955 | 3607 | 192 | 1976 | | 30 |
| 1956 | 2062 | 489 | 1977 | | 38 |
| 1957 | | 172 | 1978 | | 36 |
| 1958 | | 169 | 1979 | | 51 |
| 1959 | | 277 | 1980 | | 125 |
| 1960 | | 55 | 1981 | | 155 |
| 1961 | | | 1982 | | 5 |
| 1962 | | | 1983 | | 870 |
| 1963 | | | 1984 | | 1092 |
| 1964 | | | 1985 | | 521 |
| 1965 | 2002 | 12 | 1986 | | 517 |
| 1966 | | 32 | 1987 | 13 | 3 |
| 1967 | | 90 | 1988 | | 1 |
| 1968 | | 86 | 1989 | | |
| 1969 | | 14 | 1990 | | |
| 1970 | | 28 | جەمئىي | 17297 | 5405 |

## § 3 . ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، شەھەر) لەر ئارا يۆتكەش

### 1. تەكسە باھادا يۆتكەش

1) ئاشلىق

(1) يۆتكەپ كىرىش  چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 22 ـ يىلى (1757 ـ يىلى) شىنجاڭدىكى قوشۇنلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇۋېي ۋىلايىتىدىن قومۇلغا 100 مىڭ دادەن

بۇغداي يۆتكەلدى. چيەنلۇڭ 23 - يىلى (1758 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى گەنسۇ ئۆلكىسىدىن باركۆلگە 100 مىڭ دادەن ھەربىي ئاشلىق يۆتكىدى. گۇاڭشۈ 1 - يىلى (1875 - يىلى) 3 - ئايدىن 2 - يىلى (1876 - يىلى) 4 - ئايغىچە شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى، خان مۇپەتتىشى، شەنشى-گەنسۇنىڭ باش ۋالىيسى زو زۇڭتا گەنسۇ، نىڭشيا، گويسۇي (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ كۆكخوت ئەتراپى) دىن شىنجاڭغا 32 مىليون جىڭدىن ئارتۇق ئاشلىق يۆتكەشنى ئورۇنلاشتۇردى. مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947-يىلى) شىنجاڭدا ئاشلىق تەمىناتى قىس بولدى، گومىنداڭ ھەربىي كومىتېتى باشلىقى غەربىي شىمال شتابىنىڭ مۇدىرى، قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى جاڭ جىجوڭ مىللىي ھۆكۈمەتكە تەستىقلىتىش ئارقىلىق گەنسۇدىن شىنجاڭغا 50 مىڭ تاغار ھەربىي ئاشلىق يۆتكىمەكچى بولدى، ئەمەلىيەتتە 36 مىڭ 175 تاغار (7 مىليون 235 مىڭ جىڭ) يۆتكەپ كېلىندى.

1951 - يىلى ھەربىي ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئاشلىق باھاسىنىڭ بىراقلا ئۆرلەپ كېتىشىنى توسۇش ئۈچۈن ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جيۇچۈەن ۋىلايىتىدىن قۇمۇلغا 2 مىليون 250 مىڭ كىلوگرام بۇغداي يۆتكىدى. ئۆلكىلىك سودا نازارىتى سودا شىركىتى گەنسۇ دۇڭخۇاڭدىن 900 مىڭ كىلوگرام بۇغداي يۆتكىدى. 1952 — 1953 - يىللىرى گەنسۇ دۇنخۇاڭدىن ئارالدىكى قىسىمغا 1 مىليون 210 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق يۆتكەپ كېلىندى، ئۇنىڭ يېرىمى بۇغداي، يېرىمى قارا ئاشلىق ئىدى.

شىنجاڭدا ئەزەلدىن گۈرۈچ مەھسۇلاتى ئاز بولۇپ، كىرىم چىقىمنى قاپلىيالماي كەلگەنىدى. ئارمىيىنىڭ ئېھتىياجىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 1963 - يىلدىن باشلاپ سىچۈەن، خۇبېي، خۇنەن، جياڭسۇ، جياڭشى قاتارلىق ئۆلكىلەردىن گۈرۈچ يۆتكەپ كېلىندى، دەسلەپتە يىلىغا 5 مىليون كىلوگرام ئەتراپىدا يۆتكەلگەن ئىدى، كېيىن 10 مىليون كىلوگرامغا كۆپەيدى، 1983 - يىلى ئەڭ كۆپ يۆتكىلىپ، 46 مىليون 860 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى. 1990 - يىلغىچە جەمئىي 502 مىليون كىلوگرام گۈرۈچ يۆتكەلدى.

1968 -، 1969 - يىللىرى شىنجاڭنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتى ئېغىر دەرىجىدە كېمىيىپ، سېتىۋېلىش بىلەن سېتىشتا ئۇدا بىر قانچە يىل پاسسىپ بالانس كۆرۈلدى. 1969 - يىل 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاشلىق سالدۇسى 1956 - يىلدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن نۇقتىغا چۈشۈپ قېلىپ، ئاشلىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئىنتايىن قىيىنلىشىپ كەتتى. 1969 - يىل 12 - ئايدا، ئاپتونوم رايون جىددىي ئاشلىق يىغىنى چاقىرىپ، ئاشلىق يۆتكەشنى ئورۇنلاشتۇردى. ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ رەھبىرى لوڭ شۇجىن يىغىنغا كېلىپ سۆز قىلدى. شۇ يىلى گوۋۇيۈەنگە تەستىقلىتىش ئارقىلىق شاڭخەيدىن 125 مىليون كىلوگرام ئىمپورت قىلىنغان بۇغداي، گۇاڭجۇدىن ئەسلىدە ئېكسپورت قىلىنماقچى بولغان 25 مىليون كىلوگرام گۈرۈچ يۆتكەپ كېلىش پىلانلاندى. 1971 - يىل 3 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئەمەلىي يۆتكەپ كېلىنگەن بۇغداي 88 مىليون 380 مىڭ كىلوگرام، گۈرۈچ 8 مىليون 630 مىڭ كىلوگرام بولدى.

1973 - يىلدىن 1978 - يىلغىچە شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىلگىرىلەش بولمىدى، ئاشلىق سېتىشنى قىسىپ چىقىم قىلغان ئەھۋالدىمۇ تەڭپۇڭلاشتۇرۇش مۇمكىنچىلىكى بولماي، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا ئاپتونوم رايون سىرتىدىن 175 مىليون كىلوگرام ئاشلىق يۆتكەپ تۇرۇلدى. 1979 - يىلى ھەربىي تەييارلىقنى كۈچەيتىش، شىنجاڭنىڭ مۇستەقىل جەڭ قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، ئاشلىق زاپىسىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، ئاشلىق مىنىستىرلىكى خېنەن، شەنشى ئۆلكىلىرىدىكى زاپاس بۇغدايدىن 75 مىليون كىلوگرام يۆتكەشنى، بۇنىڭ ھەممىسىنى تۇرپان، بالغۇنتاي، كورلا قاتارلىق جايلارغا قويۇشنى قارار قىلدى. بۇنىڭ سىرتىدا بېيجىڭدىن 15 مىليون كىلوگرام ئۇن يۆتكەپ كېلىنىپ، شىمالدا شىخۇ ناھىيىلىك ئالغا قىرمىسىدىن تارتىپ جەنۇبتا بالغۇنتاي ئەتراپىدىكى تاغلىق رايون ئامبارلىرىغا قويۇپ ساقلاندى.

1979 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە، ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، دېھقانلارغا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش پۇرسىتى بېرىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق چىقىمى كۆپەيدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇش تەييارلىقى ئېھتىياجى بىلەن يىلىغا 160 مىليون كىلوگرام ئاشلىق يۆتكەپ كېلىندى.

1984 ـ يىلدىن باشلاپ يۆتكەپ كېلىشتە سوپىتى ۋە تۈرى بويىچە تەڭشەش ئاساس قىلىندى، كۆپ قىسمى گۈرۈچ ۋە دادۇردىن ئىبارەت بولدى.

**1951 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە شىنجاڭنىڭ تەكشە باھالىق ئاشلىقنى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ئارا تۈرى بويىچە يۆتكەپ كىرىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 3 — 27 بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| ئاشلىق يىلى | جەمئىي | بۇغداي | گۈرۈچ | دادۇر | قارا ئاشلىق |
|---|---|---|---|---|---|
| 1951 | 315 | 315 | | | |
| 1952 | 21 | 11 | | | 10 |
| 1953 | 100 | 50 | | | 50 |
| 1962 | 1 | 1 | | | |
| 1963 | 60 | | 60 | | |
| 1964 | 460 | | 460 | | |
| 1965 | 626 | | 610 | | 16 |
| 1966 | 1058 | | 1045 | | 13 |
| 1967 | 259 | | 220 | | 39 |
| 1968 | 1630 | | 1443 | 104 | 113 |
| 1969 | 3557 | 2243 | 1069 | 169 | 76 |
| 1970 | 10240 | 8838 | 863 | 280 | 259 |
| 1971 | 2448 | | 881 | 206 | 1361 |
| 1972 | 3368 | 1751 | 911 | 136 | 570 |
| 1973 | 4971 | 3318 | 1534 | 85 | 34 |
| 1974 | 26791 | 12468 | 2149 | 285 | 11889 |

| ئاشلىق يىلى | جەمئىي | بۇغداي | گۈرۈچ | دادۇر | قارا ئاشلىق |
|---|---|---|---|---|---|
| 1975 | 28215 | 12586 | 2647 | 306 | 12675 |
| 1976 | 15585 | 7678 | 1847 | 84 | 5975 |
| 1977 | 14942 | 8988 | 2054 | 141 | 3759 |
| 1978 | 14734 | 11569 | 1972 | 668 | 525 |
| 1979 | 19321 | 14646 | 2871 | 421 | 1383 |
| 1980 | 18773 | 13702 | 2966 | 520 | 1585 |
| 1981 | 10732 | 7126 | 2788 | 788 | 40 |
| 1982 | 15941 | 12270 | 2618 | 825 | 228 |
| 1983 | 15347 | 10539 | 4686 | 70 | 52 |
| 1984 | 3679 | 1764 | 1259 | 516 | 140 |
| 1985 | 1356 | 10 | 1226 | 85 | 35 |
| 1986 | 4307 | 1 | 3855 | 451 | |
| 1987 | 2785 | | 2444 | 341 | |
| 1988 | 1808 | | 1394 | 414 | |
| 1989 | 3717 | | 3310 | 407 | |
| 1990 | 1503 | | 1056 | 437 | 10 |

ئىزاھ: 1954 ـ يىلدىن 1961 ـ يىلغىچە ئاشلىق يۆتكەپ كىرىش كەمىيى بېجىرىلمىدى.

## (2) يۆتكەپ چىقىش

چيەنلۇڭ 36 ـ يىلى (1771 ـ يىلى) 6 ـ ئايدا، گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن گەنسۇغا بىر قانچە 100 مىڭ دادەن ئاشلىق يۆتكەلدى.

1950 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە شىنجاڭنىڭ ئالى ۋىلايىتىدە تۇرۇشلۇق ئارمىيە شىنجاڭدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا قاراشلىق بولدى، ئۇ يەردىكى ھەربىيلەرنى تەمىنلەيدىغان ئاشلىق شىنجاڭ مالىيىسىدىن تەمىنلەشكە كىرگۈزۈلدى. لېكىن ئالدىنقى ئاھالىلەرنى تەمىنلەشكە يۆتكەيدىغان ئاشلىق ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) ئارا يۆتكەشكە ھېسابلىنىپ، خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىدىن يۆتكەپ بېرىلدى. 60 ـ يىللاردىن ئىلگىرى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 1 مىليون كىلوگرام يۆتكەلدى، ئۇنىڭ يېرىمى گۈرۈچ، ئۇن، كۆممىقوناق، يېرىمى ئارپا ئىدى. كېيىن ئۇ يەر ئارپا بىلەن ئۆزىنى تەمىنلىيەلەيدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇغداي ۋە گۈرۈچ يۆتكەشكە ئۆزگەرتىلدى. 70 ـ يىللارنىڭ بېشىدا، ئالى ۋىلايىتىنى شىنجاڭ ۋاكالىتەن

باشقۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ يەرگە ئاشلىق يۆتكەشكە ئاپتونوم رايون ئىچىدە يۆتكەش قاتارىدا مۇئامىلە قىلىندى. 1977 - يىلدىن ئېتىبارەن ئالى ۋىلايىتىگە ئاشلىق يۆتكەپ بېرىش يەنە ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ئارا يۆتكەشكە ئۆزگەرتىلدى. 1990 - يىلغىچە جەمئىي 45 مىليون 110 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق يۆتكەلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي (ئۇن) 31 مىليون 440 مىڭ كىلوگرام، گۈرۈچ 13 مىليون 10 مىڭ كىلوگرام.

1955 - يىلى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىن چىڭخەي ئۆلكىسىگە 200 مىڭ كىلوگرام گۈرۈچ يۆتكەپ بېرىلدى.

1960 - يىلى قىشتا، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى غەربىي شىمال بيۇروسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ خوتەن، قەشقەر ۋىلايەتلىرىدىن گەنسۇ ئۆلكىسىگە 50 مىليون كىلوگرام ئاشلىق يۆتكەپ بېرىلمەكچى بولغانىدى. بۇنى گەنسۇ ئۆلكىسى ئاپتوموبىل ئەۋەتىپ ئۆزلىرى توشۇپ كەتتى، بۇنىڭدىن 1962-يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە ئەمەلىي توشۇلغىنى 21 مىليون 330 مىڭ كىلوگرام بولدى. 1963 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىندى، يېزا ئىگىلىك 8 - شىسىنىڭ موسوۋەن دېگەن يېرىدىن گەنسۇ ئۆلكىسىگە يەنە 15 مىليون كىلوگرام بۇغداي يۆتكەپ بېرىلدى.

1963 - يىلدىن 1967 - يىلغىچە، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئىلى، تارباغاتاي، سانجى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىن شەنشى، خېنەن، خېبېي، گەنسۇ، نىڭشيا، تيەنجىن، سەنشى، شىزاڭ قاتارلىق 11 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرگە 562 مىليون كىلوگرام ئاشلىق يۆتكەپ بېرىلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە كۆممىقوناق 403 مىليون كىلوگرام.

1971 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سېتىۋېلىنغان ۋە كۆممىقوناق سالدۇسى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، ساقلاش بېسىمى زورىيىپ كەتكەنىدى. سودا مىنىستىرلىكىگە تەستىقلىتىش ئارقىلىق 49 مىليون 210 مىڭ كىلوگرام كۆممىقوناق يۆتكەپ چىقىلدى. 1982 - يىلى مەملىكەت بويىچە كۆممىقوناق قىس بولۇپ كەتكەنىدى، سودا مىنىستىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، فۇكاڭ ناھىيىسىدىن گەنسۇ ئۆلكىسىگە 4 مىليون 600 مىڭ كىلوگرام كۆممىقوناق يۆتكەپ بېرىلدى.

1985 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىقتىن زور مول ھوسۇل ئېلىندى، سېتىۋېلىنغان ۋە ئامباردىكى ئاشلىق زور ھەجىمدە كۆپىيىپ، ئامبارلار دەرىجىدىن تاشقىرى تويۇنۇش ھالىتىگە كەلدى. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، بورتالا، سانجى قاتارلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا دېھقانلارنىڭ «ئاشلىق سېتىش قىيىن»، دۆلەتنىڭ «ئاشلىق ساقلىشى قىيىن»، «تەكشە باھالىق ئاشلىقنى يۆتكەپ چىقىش قىيىن» بولۇش مەسىلىسى كۆرۈلدى. كۆپ قېتىم ئىلتىماس قىلىش ئارقىلىق سودا مىنىستىرلىكى شۇ يىلى 4 - پەسىلدىن كېيىنكى يىلى 1 - پەسىلگىچە چىڭخەي قاتارلىق ئۆلكىلەرگە 45 مىليون كىلوگرام بۇغداي يۆتكەشنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى، ئەمەلىيەتتە 53 مىليون 260 مىڭ كىلوگرام يۆتكەپ بېرىلدى.

1986 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئاشلىق مەنبەسى جىددىي بولدى. شىنجاڭدا ئاشلىقتىن ئۇدا بىر قانچە يىل مول ھوسۇل ئېلىنغانلىقتىن، دۆلەت ئاشلىق سالدۇسىنىڭ ئېشىشى زىيادە تېز بولۇپ، ئامبارلار يېتىشمەي، جىددىي تۈردە سىرتقا يۆتكەشكە توغرا كەلدى. 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى جاۋ زىياڭ چەت ئەلگە زىيارەتكە مېڭىپ ئۈرۈمچىدىن ئۆتكەندە شىنجاڭنىڭ 500 مىليون كىلوگرام بۇغداي يۆتكەپ چىقىش تەلىپىگە ماقۇل بولدى. 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، مۇئاۋىن زۇڭلى تيەن جىيۈن: «سودا مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكى تەشكىللەپ، ئەمەلىيلەشتۈرسۇن» دەپ يوليورۇق بەردى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى رەھبىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سۈي ۋېنشۇ بېيجىڭغا سودا مىنىستىرلىكى، دۆلەت ئىقتىساد كومىتېتى، تۆمۈريول مىنىستىرلىكىگە دوكلات قىلغىلى باردى. 11 - كۈنى، سودا مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى جى مىڭ قاتارلىقلار سۈي ۋېنشۇنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىن يۆتكەش خىراجىتى يۇقىرى بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش

توغرىسىدا مالىيە مىنىستىرلىكى بىلەن كېڭىشىپ، 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن شىنجاڭدىن يۆتكەپ چىقىلىدىغان ئاشلىقنىڭ يۆتكەش ھەققىنى يۆتكەپ ئالىدىغان ئۆلكىلەر بىلەن راسچوتلاشقاندا ھەر 50 كىلوگرامىغا بېكىتىلگەن 5.70 يۈەنني 3.70 يۈەنگە چۈشۈرۈشنى، 2 يۈەن پەرقىنى مەركەز مالىيىسىدىن بىۋاسىتە شىنجاڭغا تولۇقلاپ بېرىشنى قارار قىلدى. دۆلەت ئىقتىساد كومىتېتى، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى، سودا مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكى ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا سىرتقا ئاشلىق يۆتكەش ۋەزىپىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ناھايىتى ياخشى ئورۇندالدى. 1987 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىگىچە، جەمئىي 502 مىليون كىلوگرام ئاشلىق يۆتكەپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە گەنسۇغا يۆتكەلگىنى 60.3%نى، چىڭخەيگە يۆتكەلگىنى 34.6%نى، شەنشىگە يۆتكەلگىنى 5.1%نى ئىگىلەيدۇ. بۇ شىنجاڭنىڭ بىر يىل ۋاقىت ئىچىدە يۆتكەپ بەرگەن ئاشلىق مىقدارى ئەڭ كۆپ، ۋەزىپە ئەڭ ئېغىر، خىزمەتنىڭ قىيىنلىقى ئەڭ زور بولغان بىر قېتىملىق يۆتكىشى ھېسابلىنىدۇ.

1988 ـ يىل 10 ـ ئايدا، گوۋۇيۈەن ۋە سودا مىنىستىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن شىنجاڭدىن چىڭخەي، گەنسۇ قاتارلىق ئۆلكىلەرگە 300 مىليون كىلوگرام ئاشلىق يۆتكەپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 200 مىليون كىلوگرام، كۆممىقوناق 100 مىليون كىلوگرام. بۇنىڭدىن 1989 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئەمەلىي ئورۇندالغىنى 210 مىليون كىلوگرام. 9 ـ ئايدا، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ سودا مىنىستىرلىكىگە «ئاشلىق يۆتكەپ چىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئازايتىش توغرىسىدا ئىلتىماس» ئەۋەتىشى بىلەن 90 مىليون كىلوگرام ئاشلىق كەم يۆتكەلدى. 1990 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يازلىق ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىندى، شۇنىڭ بىلەن چىڭخەي ئۆلكىسىگە يەنە 33 مىليون 200 مىڭ كىلوگرام بۇغداي تولۇقلاپ يۆتكەپ بېرىلدى (جەدۋەل: 3 — 28گە قاراڭ).

## 1955 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە شىنجاڭنىڭ تەكسە باھالىق ئاشلىقنى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ئارا تۈرى بويىچە يۆتكەپ بېرىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 — 28 بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| ئاشلىق يىلى | جەمئىي | بۇغداي | گۈرۈچ | دادۇر | قارا ئاشلىق | ئاشلىق يىلى | جەمئىي | بۇغداي | گۈرۈچ | دادۇر | قارا ئاشلىق |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1955 | 20 | | 20 | | | 1975 | 410 | 218 | 26 | 11 | 155 |
| 1956 | 3 | | | | 3 | 1976 | 668 | 605 | 35 | 11 | 17 |
| 1960 | 1489 | 1230 | 2 | | 257 | 1977 | 642 | 584 | 47 | | 11 |
| 1961 | 1141 | 912 | | | 229 | 1978 | 135 | 71 | 60 | | 4 |
| 1962 | 53 | 8 | 14 | | 31 | 1979 | 7107 | 6581 | 382 | 73 | 71 |
| 1963 | 2055 | 63 | 3 | | 1989 | 1980 | 1526 | 1383 | 45 | 96 | 2 |
| 1964 | 13014 | 77 | 25 | 3 | 12909 | 1981 | 986 | 884 | 52 | | 50 |
| 1965 | 13174 | 643 | 6 | | 12525 | 1982 | 2837 | 1629 | 91 | 575 | 542 |
| 1966 | 16388 | 4339 | 39 | 2 | 12008 | 1983 | 588 | 349 | 234 | 2 | 3 |
| 1967 | 11575 | 1361 | 41 | 66 | 10107 | 1984 | 709 | 654 | 2 | | 53 |
| 1968 | 2072 | 58 | 32 | | 1982 | 1985 | 5404 | 5326 | 73 | 5 | |
| 1969 | 45 | 13 | 27 | | 5 | 1986 | 33731 | 32927 | 54 | | 750 |
| 1970 | 313 | 6 | | | 307 | 1987 | 28489 | 26739 | 102 | 10 | 1638 |
| 1971 | 5713 | 41 | 10 | 1 | 5661 | 1988 | 16833 | 10363 | 227 | | 6234 |
| 1972 | 1048 | 117 | 10 | | 921 | 1989 | 5558 | 4769 | 167 | | 622 |
| 1973 | 147 | 39 | 9 | | 99 | 1990 | 4174 | 3998 | 166 | 10 | |
| 1974 | 127 | 52 | 27 | 2 | 46 | | | | | | |

ئىزاھ: 1957 ـ يىلدىن 1959 ـ يىلغىچە يۆتكەپ بېرىش كەسپى بېجىرىلمىدى.

## 2) ياغ

1952 ـ يىلدىن 1954 ـ يىلغىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا نازارىتى سودا شىركىتى گەنسۇ ئۆلكىسىدىن 270 مىڭ كىلوگرام ياغ سېتىۋالدى.

1959 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە ئاز مىقداردا ياغ يۆتكەپ چىقىلدى. 1966 ـ يىلدىن 1968 ـ يىلغىچە 5 مىليون 370 مىڭ كىلوگرام ياغ يۆتكەپ چىقىرىلىپ، قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئوزۇقلۇق ياغ تەمىناتىغا ياردەم بېرىلدى.

1972 ـ يىلى ئۆتكەنكى بىر قانچە يىلدا ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىش تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، سېتىۋېلىش سېتىشقا يېتىشمەي، ياغ سالدۇرۇش 1964 ـ يىلدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن نۇقتىغا چۈشۈپ قالدى. شۇ يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايون سىرتىدىن 480 مىڭ كىلوگرام ياغ يۆتكەپ كېلىندى، 1980 ـ يىلغىچە بولغان 9 يىلدا جەمئىي 27 مىليون 120 مىڭ كىلوگرام ياغ يۆتكەپ كېلىندى، ئەڭ كۆپ بولغان 1979 ـ يىلى 8 مىليون 200 مىڭ كىلوگرام يۆتكەلدى. بۇ مەزگىلدە، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ 2 ـ شۇجىسى ياڭ يۇڭ ئۈرۈمچىنىڭ باھار بايرىمىدا تەمىنلەيدىغان يېغى يېتىشمىگەنلىكى ئۈچۈن جىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ياردەم تەلەپ قىلىپ خەت يازغانىدى، مەزكۇر ئۆلكە شىنجاڭغا پىلان سىرتىدا 150 مىڭ كىلوگرام ياغ يۆتكەپ بەردى.

ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى تېز ئەسلىگە كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى، بولۇپمۇ ياغلىق ئاپتاپپەرەس كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتى تۈپتىن ياخشىلىنىشقا باشلىدى. 1981 ـ يىلى سىرتقا ياغ يۆتكەپ بېرىش يەنە باشلاندى، ئاساسلىقى ئاپتاپپەرەس يېغى، زىغىر يېغى، چىگىت يېغى يۆتكەپ بېرىلدى. 1990 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە جەمئىي 72 مىليون 330 مىڭ كىلوگرام ياغ يۆتكەپ چىقىلىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 7 مىليون 230 مىڭ كىلوگرامدىن يۆتكەلدى. ئەڭ كۆپ يۆتكەلگىنى 1968 ـ يىلى ۋە 1987 ـ يىلى بولۇپ، يىلىغا 13 مىليون كىلوگرامدىن ئارتۇق يۆتكەلدى (جەدۋەل: 3 — 29 غا قاراڭ).

### 1952 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە شىنجاڭنىڭ تەكشە باھالىق ياغنى ئۆلكىلەر ئارا يۆتكەش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 — 29　　　　بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| ئاشلىق يىلى | يۆتكەپ كىرىلگىنى | يۆتكەپ چىقىلغىنى | ئاشلىق يىلى | يۆتكەپ كىرىلگىنى | يۆتكەپ چىقىلغىنى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | 3 | | 1974 | 188 | 20 |
| 1953 | | | 1975 | 131 | |
| 1954 | 24 | | 1976 | 141 | 8 |
| 1959 | | 30 | 1977 | 221 | 7 |
| 1960 | | | 1978 | 435 | 15 |
| 1961 | | 6 | 1979 | 820 | 38 |
| 1962 | | | 1980 | 375 | 22 |
| 1963 | | 1 | 1981 | 56 | 303 |
| 1964 | | 3 | 1982 | 48 | 328 |
| 1965 | 3 | 4 | 1983 | 88 | 385 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1966 | 3 | 283 | 1984 | 34 | 456 |
| 1967 | 3 | 121 | 1985 | 60 | 545 |
| 1968 | 5 | 133 | 1986 | 46 | 1343 |
| 1969 | 6 | 31 | 1987 | 21 | 1382 |
| 1970 | | 13 | 1988 | 11 | 1267 |
| 1971 | 12 | | 1989 | 18 | 199 |
| 1972 | 48 | | 1990 | 10 | 1025 |
| 1973 | 353 | 4 | جەمئىي | 3163 | 7972 |

ئىزاھ: 1955 ـ يىلدىن 1958 ـ يىلغىچە يۆتكەپ كىرىش، يۆتكەپ چىقىش كەسپى بېجىرىلمىدى.

## 2. كېلىشىم باھادا يۆتكەش

كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، باغ يۆتكەش 1979 ـ يىلى باشلاندى. باغ ۋە ئاشلىقتا 1985 ـ يىلى ۋە 1987 ـ يىلى يۆتكەپ كىرىشنى ئاساس قىلىشتىن يۆتكەپ بېرىش يۆتكەپ كىرىشتىن كۆپ بولۇشقا قاراپ بۇرالدى. يۆتكەپ كىرىلگەن سورتلار ئاساسەن گۈرۈچ، دادۇر، خاسىڭ بولدى، يۆتكەپ بېرىلگەن سورتلار ئاساسەن بۇغداي، ئاق قوناق، ئارپا، چىگىت يېغى، ئاپتاپپەرەس يېغى، قىچا يېغى قاتارلىقلار بولدى.

1979 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە يۆتكەپ كىرىلگەن باغ 12 مىليون 830 مىڭ كىلوگىرام بولۇپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2 مىليون 140 مىڭ كىلوگىرامدىن توغرا كەلدى؛ يۆتكەپ بېرىلگىنى 430 مىڭ كىلوگىرام بولۇپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 70 مىڭ كىلوگىرامدىن ئايلىنىپ، يۆتكەپ كىرىش مىقدارىنىڭ %35.3 ىگە توغرا كەلدى.

1985 ـ يىلدىن ئېتىبارەن ئاپتونوم رايون بويىچە باغ مەنبەسى تولۇق بولدى، كېلىشىم باھالىق ياغنىڭ باھاسى باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭكىدىن تۆۋەن بولۇپ، باغ زور مىقداردا سىرتقا يۆتكەپ بېرىلىشكە باشلىدى، 1990 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە جەمئىي 70 مىليون 860 مىڭ كىلوگىرام يۆتكەپ بېرىلدى، يۆتكەپ كىرىلگىنى 1 مىليون 690 مىڭ كىلوگىرام بولۇپ، يۆتكەپ بېرىش مىقدارىنىڭ %38.2 ىگە توغرا كەلدى.

1979 ـ يىلدىن 1986 ـ يىلغىچە مەملىكەت بويىچە كېلىشىم باھالىق ئاشلىق مەنبەسى مول بولۇپ، باھاسى شىنجاڭنىڭكىدىن تۆۋەن بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە يۆتكەپ كىرىلگەن ئاشلىق 249 مىليون كىلوگىرام بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 31 مىليون 120 مىڭ كىلوگىرامدىن توغرا كەلدى، ئەڭ كۆپ يۆتكەپ كىرىلگەن 1983 ـ يىلى 43 مىليون 440 مىڭ كىلوگىرام يۆتكەپ كىرىلدى؛ يۆتكەپ بېرىلگەن ئاشلىق 58 مىليون 700 مىڭ كىلوگىرام بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 7 مىليون 330 مىڭ كىلوگىرامدىن توغرا كەلدى، ئەڭ كۆپ يۆتكەلگەن 1986 ـ يىلى 27 مىليون 710 مىڭ كىلوگىرام يۆتكەپ بېرىلدى. بۇ مەزگىلدە قۇمۇل، تۇرپان ۋىلايەتلىرىنىڭ ئاق قوناقنى سۈپەتلىك ھاراق ئېچىتىش خام ئەشياسى سۈپىتىدە خۇنەن، گۇاڭشى قاتارلىق ئۆلكىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. 1981 ـ يىلىلا قۇمۇل ۋىلايىتى، تۇرپان ۋىلايىتى خۇنەندىن 5 مىليون 200 مىڭ كىلوگىرام ئاق قوناققا گۈرۈچ تېگىشىۋېلىپ، بىر قەدەر ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

1987 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ كېلىشىم باھالىق ئاشلىقىنىڭ باھاسى باشقا ئۆلكىلەرنىڭكىدىن تۆۋەن بولدى، شۇ يىلى يۆتكەپ بېرىش تۇنجى قېتىم يۆتكەپ كىرىشتىن ئېشىپ كەتتى. 1988 ـ يىلى يازلىق يىغىم مەزگىلىدە، مەملىكەت بويىچە 20گە يېقىن ئۆلكە، ئاپتونوم رايون شىنجاڭغا ئادەم ئەۋەتىپ ئاشلىق، ياغنى تالىشىپ سېتىۋالدى، باھا بىراقلا ئۆرلەپ كېتىپ، پىلانلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشىغا بىۋاستە

تەسىر يەتكەندى. 8 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغنى شىنجاڭدىن چىقىرىشتا «شىنجاڭدىن چىقىرىش گۇۋاھنامىسى» تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ گۈرۈچ، دادۇر تەمىناتى بىلەن ئېھتىياج ئارىسىدىكى زىددىيەتنى پەسەيتىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ بۇغدىيى، يېغى قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىن گۈرۈچ، دادۇر ئېگىشىشلىشنى تەستىقلىدى. شۇ يىلى 41 مىليون 400 مىڭ كىلوگرام بۇغداي، 18 مىليون 800 مىڭ كىلوگرام ياغ يۆتكەپ بېرىپ، 13 مىليون 310 مىڭ كىلوگرام گۈرۈچ، 7 مىليون 790 مىڭ كىلوگرام دادۇر يۆتكەپ كېلىندى. 1989 - يىل 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىن ئاشلىق، ياغ چىقىرىشنى ئىجازەتنامە ئارقىلىق باشقۇرۇشنى بەلگىلىدى. كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغدا ئالدى بىلەن شۇ جاي ۋە ئاپتونوم رايون بازىرىنى تەمىنلەش شەرت قىلىندى، شۇنىڭدىن ئېشىپ قالسا ئاندىن شىنجاڭدىن چىقىرىپ سېتىشقا رۇخسەت قىلىندى. شىنجاڭدىن ئېلىپ چىقىلىدىغان ئاشلىقنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى تەكشۈرۈپ تەستىقلاپ، سودا - سانائەت ئىدارىسى شىنجاڭدىن چىقىرىش گۇۋاھنامىسى بەرگەندىن كېيىن، تۆمۈريول تارماقلىرى شۇ گۇۋاھنامە بويىچە توشىدى. شۇ يىلى 73 مىليون 980 مىڭ كىلوگرام بۇغداي يۆتكەپ چىقىلدى. 1990 - يىلغىچە بولغان 4 يىلدا جەمئىي 329 مىليون كىلوگرام ئاشلىق يۆتكەپ چىقىلىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 82 مىليون 220 مىڭ كىلوگرامدىن ئايلىنىپ، ئۆتكەن 8 يىلدىكى يىللىق ئوتتۇرىچە يۆتكەپ بېرىش مىقدارىنىڭ 11.2 ھەسسىگە توغرا كەلدى. 1990 - يىلىلا 132 مىليون كىلوگرام يۆتكەپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 123 مىليون كىلوگرام؛ 4 يىلدا يۆتكەپ كىرىلگەن ئاشلىق 128 مىليون كىلوگرام بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 31 مىليون 980 مىڭ كىلوگرامدىن ئايلىنىپ، يۆتكەپ چىقىش مىقدارىنىڭ 38.9% ىگە توغرا كەلدى (جەدۋەل: 3 — 30 غا قاراڭ).

**1979 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە شىنجاڭنىڭ كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغنى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ئارا يۆتكەش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 3 — 30 بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| ئاشلىق يىلى | | ئاشلىق | | | | | ياغ |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | بۇغداي | گۈرۈچ | دادۇر | قارا ئاشلىق | |
| 1979 | يۆتكەپ كىرىش | 419 | 35 | 384 | | | 282 |
| | يۆتكەپ چىقىش | 13 | | 10 | 3 | | |
| 1980 | يۆتكەپ كىرىش | 2573 | 243 | 2306 | | 24 | 195 |
| | يۆتكەپ چىقىش | 361 | | | | 361 | 9 |
| 1981 | يۆتكەپ كىرىش | 3215 | 88 | 3111 | | 316 | 275 |
| | يۆتكەپ چىقىش | 1282 | | | 2 | 1280 | 8 |
| 1982 | يۆتكەپ كىرىش | 3469 | 76 | 3373 | | 20 | 92 |
| | يۆتكەپ چىقىش | 483 | 116 | | | 367 | |
| 1983 | يۆتكەپ كىرىش | 4344 | 110 | 4051 | | 183 | 244 |
| | يۆتكەپ چىقىش | 440 | 51 | | | 389 | 1 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1984 | يۆتكەپ كىرىش | 3220 | 336 | 2597 | 19 | 268 | 195 |
| | يۆتكەپ چىقىش | 213 | | | | 213 | 25 |
| 1985 | يۆتكەپ كىرىش | 3498 | 76 | 3389 | | 33 | 58 |
| | يۆتكەپ چىقىش | 307 | | | 74 | 233 | 100 |
| 1986 | يۆتكەپ كىرىش | 4158 | 25 | 4109 | | 24 | 22 |
| | يۆتكەپ چىقىش | 2771 | 2278 | | 27 | 466 | 1402 |
| 1987 | يۆتكەپ كىرىش | 3971 | | 3679 | 225 | 67 | 35 |
| | يۆتكەپ چىقىش | 6459 | 5634 | | | 825 | 1445 |
| 1988 | يۆتكەپ كىرىش | 2137 | | 1331 | 779 | 27 | 18 |
| | يۆتكەپ چىقىش | 5144 | 4140 | | | 1004 | 1880 |
| 1989 | يۆتكەپ كىرىش | 3882 | | 2312 | 295 | 1275 | 8 |
| | يۆتكەپ چىقىش | 8104 | 7398 | | 1 | 705 | 941 |
| 1990 | يۆتكەپ كىرىش | 2802 | | 2169 | | 633 | 28 |
| | يۆتكەپ چىقىش | 13180 | 12340 | 9 | 132 | 699 | 1318 |
| جەمئىي | يۆتكەپ كىرىش | 37688 | 989 | 32811 | 1318 | 2570 | 1452 |
| | يۆتكەپ چىقىش | 38757 | 31957 | 19 | 239 | 6542 | 7129 |

# § 4 . ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە يۆتكەش

## 1. ئاشلىق

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن ئىلگىرى شىنجاڭ دائىرىسىدە ئاشلىق يۆتكەشكە ئائىت تارىخىي خاتىرىلەر يوق دېيەرلىك. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن سىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە، شىنجاڭ دائىرىسىدە ئاساسەن ھەربىي ئاشلىق ئۇزۇن يولدا توشۇلۇپ تۇراتتى. 1949- يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئۆلكە دائىرىسىدە ئاشلىق يۆتكەش ئاساسەن ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان جايلاردىن ئۆلكە شەھىرى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ، ھەربىيلەر ۋە دۆلەت خادىملىرى - ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىغا كاپالەتلىك قىلىندى ۋە بازاردىكى ئاشلىق باھاسى تىزگىنلەندى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاقسۇ ۋىلايىتى مۇۋاپىق مىقداردا ئاشلىق يۆتكەپ بەرگەندىن سىرت، قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرى ئاشلىقنى ئۆزلىرى تەڭپۇڭلاشتۇراتتى. شىمالىي شىنجاڭدا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئاشلىقنى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭ ئارىسىدا تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ھالىتى تەدرىجىي شەكىللەندى. شىمالىي شىنجاڭدىكى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىن ئىلى، تارباغاتاي، سانجى، بورتالانىڭ ئاشلىقى ئۈرۈمچى، قاراماي شەھەرلىرى، ئالتاي، تۇرپان، قۇمۇل ۋىلايەتلىرىگە توشۇلسا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاشلىقى قىزىلسۇ ئاپتونوم ئوبلاستىغا توشۇلدى. سورتى بويىچە تەڭشەشتىن سىرت، پەۋقۇلئاددە يىللاردا جەنۇبنىڭ ئاشلىقىنى شىمالغا يۆتكەش ۋە شىمالنىڭ ئاشلىقىنى جەنۇبقا

يۆتكەش ئەھۋالىمۇ كۆرۈلدى. 1950 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە، ئاپتونوم رايوندىكى 16 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىن ئۈرۈمچى، قاراماي، قۇمۇل، قىزىلسۇلار ئۇزۇن مۇددەت ئاشلىق يۆتكىۋالغانلىق سىرتتىدا باشقا ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەزگىللەردە ئاشلىق يۆتكەپ بېرىش تارىخى بار.

## 1) تەكسە باھادا يۆتكەش

چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ 13 ـ يىلى (1808 ـ يىلى) 11 ـ ئايدا، گۇچۇڭ ناھىيىسىدىكى ساقلىنىۋاتقان ئاشلىق شۇ يەردىكى ئارمىيىنى تەمىنلەشكە يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جىمساردىكى ساقلىنىۋاتقان ئاشلىقتىن 40 مىڭ دادەن يۆتكەشنى تەستىقلىغان. داۋگۇاڭ 6 ـ يىلى (1826 ـ يىلى) 9 ـ ئايدا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنى بېسىقتۇرغاندا ئۈرۈمچىنىڭ باش بۆگى يىڭ خۇي توپىلاڭنى تىنچىتقۇچى چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسىنى ئوزۇق ـ تۈلۈك بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىگە مەسئۇل بولغانىدى، ئۇ ئۈرۈمچىدىكى دۆلەت ئامبىرىدىكى ئاشلىقتىن 50 مىڭ دادەننى ئاقسۇغا يۆتكەش ئاساسىدا يەنە 250 مىڭ دادەن زاپاس ئاشلىق يۆتكەشنى ئىلتىماس قىلدى. گۇاڭ شۈنىڭ 24 ـ يىلى (1898 ـ يىلى) گۇچۇڭدىكى ھەربىيلەرنى تەمىنلەش ئۈچۈن جىمسار، سانجى، قۇتۇبىدىن 1000 دادەن ئاشلىق يۆتكەلدى. مىنگونىڭ 2 ـ يىلى (1913 ـ يىلى) 4 ـ ئايدا، ئالتاينىڭ تاشقى مۇڭغۇلىيە ئارمىيىسىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا تاقابىل تۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ تۇتۇقى ياڭ زېڭشىن ماناس، گۇچۇڭ، چۆچەك قاتارلىق جايلاردىن ئالتاي ئالدىنقى سېپىگە 2000 دادەن بۇغداي، 1000 دادەن يەم ـ خەشەك، 200 مىڭ جىڭ ئۇن يۆتكەش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى.

پارچە ـ پۇرات ماتېرىياللاردىن يىغىندىلىنىشىچە، مىنگونىڭ 27 — 31 ـ يىللىرى (1938 — 1942 ـ يىللار)، ۋىلايەتلەر ئارا 32 مىڭ 563 دادەن ئاشلىق ۋە 7300 پۇت ئۇن يۆتكەلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە گۈرۈچ 251 دادەن، ئۇن 7300 پۇت، بۇغداي 22 مىڭ 458 دادەن، ئاق قوناق، كۆك پۇرچاق 9854 دادەن. يۆتكەپ بېرىلگەن ئومۇمىي سان ئىچىدە ئۈرۈمچى مەمۇرىي رايونى (جىمسار، فۇكاڭ، ماناس، مورىلار) 52.56%نى، ئىلى مەمۇرىي رايونى 30.80%نى، تارباغاتاي مەمۇرىي رايونى 12.09%نى، ئاقسۇ مەمۇرىي رايونى 0.76%نى ئىگىلىگەن؛ يۆتكەپ كىرىلگەن ئومۇمىي سان ئىچىدە ئۈرۈمچى 62.73%نى، تارباغاتاي مەمۇرىي رايونى (چۆچەك، دۆربىلجىن ناھىيىلىرى) 26.33%نى، قۇمۇل مەمۇرىي رايونىنىڭ باركۆل ناھىيىسى 3.63%نى، قاراشەھەر مەمۇرىي رايونى 0.38%نى ئىگىلىگەن.

مىنگونىڭ 32 — 35 ـ يىللىرى (1943 — 1946 ـ يىللار) ئاشلىق باھاسىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان جايلاردىن ئۈلكە شەھىرى ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا يۆتكىلىدىغان ئاشلىق 149 مىڭ 221 دادەن ۋە 14 مىڭ 343پۇتقا كۆپەيتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، گۈرۈچ 33 مىڭ 461 دادەن، ئۇن 14 مىڭ 343 پۇت، بۇغداي 43 مىڭ 766 دادەن، كۆممىقوناق، ئاق قوناق، تېرىق 71 مىڭ 994 دادەن. ئاقسۇ ۋىلايىتى (ئونسۇ ناھىيىسى) 64.94%نى، ئۈرۈمچى ۋىلايىتى (ماناس، گۇچۇڭ، مورى، مىچۈەن، قۇتۇبى، جىمسار، تۇرپان، توقسۇن، پىچان، سانجى، فۇكاڭ ناھىيىلىرى) 21.15%نى، تارباغاتاي ۋىلايىتى (چۆچەك، شىخۇ، ساۋەنلەر) 3%نى، ئۈلكىلىك غەللە ـ پاراق ئاشلىقى باشقارمىسىنىڭ قاراشەھەر ئامبىرى 3.59%نى، ئىلى ۋىلايىتى (غۇلجا، سۈيدۈڭ، چاپچال، جىڭ ناھىيىلىرى) 7.32%نى ئىگىلىدى؛ يۆتكەپ ئېلىنغان ئومۇمىي سان ئىچىدە ئۈرۈمچى 51.65%نى، ئۈلكىلىك غەللە ـ پاراق ئاشلىقى باشقارمىسىنىڭ قاراشەھەر ئامبىرى 23.33%نى، ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنىڭ ماناس ناھىيىسى، ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ داۋانچىڭ رايونى 24.84%نى، ئالتاي ۋىلايىتى 0.18%نى ئىگىلىدى.

مىنگونىڭ 36 ـ يىلىدىن 38 ـ يىلى (1947 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىل) 9 ـ ئايغىچە، ۋىلايەتلەر ئارا يۆتكەلگەن ئاشلىق 31 مىڭ 228 دادەن، بۇنىڭ ئىچىدە گۈرۈچ 2400 دادەن، بۇغداي 28 مىڭ 84 دادەن، سۇلۇ، كۆك پۇرچاق 744 دادەن. يۆتكەپ چىقىلغان ئومۇمىي سان ئىچىدە، ئاقسۇ ۋىلايىتى (ئۇچتۇرپان،

ئونسۇ، كۇچا، شايار، توقسۇ ناھىيىلىرى) %3.35نى، ئۈرۈمچى ۋىلايىتى (سىچۇەن، مورى، گۇچۇڭ، فۇكاڭ، تۇرپان، ماناس ناھىيىلىرى) %9.21نى، ئۆلكىلىك غەللە ـ پاراق ئاشلىقى باشقارمىسىنىڭ قاراشەھەر ئامبىرى %21.19نى، قاراشەھەر ۋىلايىتى (بۈگۈر، كورلا ناھىيىلىرى) %91.15نى، جايلاردىكى ھۆكۈمەت ئاشلىقى ۋە قومۇل ناھىيىسى %68.7نى ئىگىلىدى؛ يۆتكەپ ئېلىنغان ئومۇمىي سان ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرى %72.80نى، ئۆلكىلىك غەللە ـ پاراق ئاشلىقى باشقارمىسىنىڭ قاراشەھەر ئامبىرى %28.19نى ئىگىلىدى (جەدۋەل: 3 — 31گە قاراڭ)

## مىنگونىڭ 27 — 38 ـ يىلى (1938 — 1949 ـ يىلى) 9 ـ ئايغىچە شىنجاڭدىكى قىسمەن ۋىلايەتلەر ئارا ئاشلىق يۆتكەش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 — 31

| يىللار | يۆتكەپ بەرگۈچى ئورۇن | يۆتكەپ ئالغۇچى ئورۇن | سورتى | مىقدارى |
|---|---|---|---|---|
| 1938 | چۆچەك ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | ئۈرۈمچى | بۇغداي | 2000 دادەن |
| 1940 | ماناس | ئۈرۈمچى | قىزىل قوناق | 2674 دادەن |
| 1940 | ئىلى | چۆچەك، دۆربىلجىن | بۇغداي | 3000 دادەن |
| 1942 | ئىلى | چۆچەك، دۆربىلجىن | بۇغداي | 8000 دادەن |
| 1942 | چۆچەك ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | ئۆلكىلىك تەمرات نازارىتى قاتارلىقلار | بۇغداي | 2000 دادەن |
| 1942 | فۇكاڭ | ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت | بۇغداي | 1954 دادەن |
| 1942 | فۇكاڭ | ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت | ئاق قوناق | 3500 دادەن |
| 1942 | جىمسار | ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت | بۇغداي | 3504 دادەن |
| 1942 | جىمسار باج ئىدارىسى | ئاشلىق باشقارمىسى | بۇغداي | 1000 دادەن |
| 1942 | جىمسار | ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت | كۆك پۇرچاق | 250 دادەن |
| 1942 | جىمسار | ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت | قىزىل قوناق | 2500 دادەن |
| 1942 | مورى | بارىكۆل | بۇغداي | 1000 دادەن |
| 1942 | مورى | بارىكۆل | كۆك پۇرچاق | 200 دادەن |
| 1942 | مورى | ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت | كۆك پۇرچاق | 730 دادەن |
| 1942 | ئىلى مەمۇرىي مەھكىمە | ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت | ئۇن | 7300 پۇت (509 دادەن) |
| 1942 | ئاقسۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | قاراشەھەر | گۈرۈچ | 125 دادەن |
| 1942 | ئاقسۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | ئۈرۈمچى | گۈرۈچ | 126 دادەن |
| 1943 | چۆچەك ناھىيىلىك سودا ـ سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسى | ئۈرۈمچى | ئۇن | 10223 پۇت (712.6 دادەن) |
| 1943 | چۆچەك | ئالتاي | ئۇن | 3931 پۇت (274 دادەن) |
| 1943 | چۆچەك | ماناس | ئۇن | 189 پۇت (133.2 دادەن |
| 1944 — 1946 | ئونسۇ ناھىيىسى | ئۈرۈمچى | گۈرۈچ | 4800 دادەن |
| | | | بۇغداي | 7000 دادەن |
| | | | كۆممىقوناق | 17700 دادەن |
| 1944 — 1946 | ئونسۇ ناھىيىسى | داۋانچىڭ | كۆممىقوناق | 33000 دادەن |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1946 — 1944 | ئونسۇ ناھىيىسى | قاراشەھەر ئامبىرى | گۈرۈچ | 17900 دانە |
| | | | بۇغداي | 8750 دانە |
| | | | كۆممىقوناق | 8394 دانە |
| 1946 | سىجۇەن غەللە - پاراق ئېلىش ئورنى | ئۈرۈمچى مەمۇرلار ھەمكار-لىق كوپېراتىپى | گۈرۈچ | 5520 دانە |
| | | | بۇغداي | 200 دانە |
| 1946 | سىجۇەن دېھقانچىلىق مەيدانى | ئۈرۈمچى مەمۇرلار ھەمكار-لىق كوپېراتىپى | گۈرۈچ | 1241 دانە |
| 1946 | فۇكاڭ غەللە - پاراق ئېلىش ئورنى | ئۈرۈمچى مەمۇرلار ھەمكار-لىق كوپېراتىپى | بۇغداي | 1200 دانە |
| 1946 | تۇرپان غەللە - پاراق ئېلىش ئورنى | ئۈرۈمچى مەمۇرلار ھەمكار-لىق كوپېراتىپى | بۇغداي | 950 دانە |
| | | | قىزىل قوناق | 1500 دانە |
| 1946 | پىچان غەللە - پاراق ئېلىش ئورنى | ئۈرۈمچى مەمۇرلار ھەمكار-لىق كوپېراتىپى | بۇغداي | 66 دانە |
| | | | قىزىل قوناق | 700 دانە |
| 1946 | توقسۇن غەللە - پاراق ئېلىش ئورنى | ئۈرۈمچى مەمۇرلار ھەمكار-لىق كوپېراتىپى | بۇغداي | 900 دانە |
| | | | ئاق قوناق | 700 دانە |
| 1946 | جىمسار ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | ئۈرۈمچى مەمۇرلار ھەمكار-لىق كوپېراتىپى | بۇغداي | 500 دانە |
| 1946 | قاراشەھەر ئامبىرى | ئۈرۈمچى مەمۇرلار ھەمكار-لىق كوپېراتىپى | بۇغداي | 5400 دانە |
| | | | گۈرۈچ | 1000 دانە |
| 1946 | گۇچۇڭ، جىمسار، فۇكاڭ، سانجى، قۇتۇبى | ئۈرۈمچى | بۇغداي | 3000 دانە |
| | | | تېرىق | 10000 دانە |
| 1946 | چاپچال ناھىيىسى | ئۈرۈمچى مەمۇرلار ھەمكار-لىق كوپېراتىپى | بۇغداي | 3000 دانە |
| 1946 | سۈيدۇڭ ناھىيىسى | ئۈرۈمچى مەمۇرلار ھەمكار-لىق كوپېراتىپى | بۇغداي | 4000 دانە |
| 1946 | شىخو ناھىيىسى | ئۈرۈمچى مەمۇرلار ھەمكار-لىق كوپېراتىپى | بۇغداي | 500 دانە |
| 1946 | جىڭ باج ئىدارىسى | ئۈرۈمچى مەمۇرلار ھەمكار-لىق كوپېراتىپى | بۇغداي | 1000 دانە |
| 1946 | غۇلجا باج ئىدارىسى | ئۈرۈمچى مەمۇرلار ھەمكار-لىق كوپېراتىپى | بۇغداي | 3000 دانە |
| 1946 | ساۋەن غەللە - پاراق ئېلىش ئورنى | ئۈرۈمچى مەمۇرلار ھەمكار-لىق كوپېراتىپى | گۈرۈچ | 1000 دانە |
| 1946 | چۆچەك باج ئىدارىسى | ئۈرۈمچى مەمۇرلار ھەمكار-لىق كوپېراتىپى | بۇغداي | 2000 دانە |
| 1946 | ماناس ناھىيىسى | ئۈرۈمچى مەمۇرلار ھەمكار-لىق كوپېراتىپى | گۈرۈچ | 2000 دانە |
| 1946 | سانجى غەللە - پاراق ئېلىش ئىدارىسى | ئۈرۈمچى مەمۇرلار ھەمكار-لىق كوپېراتىپى | بۇغداي | 1300 دانە |
| 1946 | ماناس غەللە - پاراق ئېلىش ئىدارىسى | ئۈرۈمچى مەمۇرلار ھەمكار-لىق كوپېراتىپى | بۇغداي | 1000 دانە |
| 1947 | بۆگۈر | ئۈرۈمچى مەمۇرلار ھەمكار-لىق كوپېراتىپى | بۇغداي | 4500 دانە |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1947 | سىچۈەن | ئۈرۈمچى بەمۆرلار ھەمكار-لىق كوپېراتىپى | گۈرۈچ | 800 دادەن |
| 1947 | قۇمۇل، مورى | ئۈرۈمچى بەمۆرلار ھەمكار-لىق كوپېراتىپى | بۇغداي | 900 دادەن |
| 1948 | مورى | ئۈرۈمچى بەمۆرلار ھەمكار-لىق كوپېراتىپى | بۇغداي | 1220 دادەن |
| 1948 | گۇچۇڭ ناھىيىسى | ئۈرۈمچى بەمۆرلار ھەمكار-لىق كوپېراتىپى | بۇغداي | 275 دادەن |
| 1948 | تۇرپان | ئۈرۈمچى بەمۆرلار ھەمكار-لىق كوپېراتىپى | بۇغداي | 200 دادەن |
| 1948 | سىچۈەن | ئۈرۈمچى بەمۆرلار ھەمكار-لىق كوپېراتىپى | گۈرۈچ | 600 دادەن |
| 1948 | كورلا ناھىيىسى | ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسى | بۇغداي | 70 دادەن |
| 1948 | كورلا ناھىيىسى | ئۈرۈمچى ئامانلىق ساقلاش سىلىڭبۇسى | بۇغداي | 397 دادەن |
| 1948 | قاراشەھەر ئىسكىلاتى | ئۈرۈمچى | بۇغداي | 6000 دادەن |
| 1948 | ئۈچتۇرپان غەللە - پاراق ئېلىش ئورنى | ئۈرۈمچى | بۇغداي | 2000 دادەن |
| 1948 | ئۈچتۇرپان، ئونسۇ | قاراشەھەر ئىسكىلاتى | بۇغداي | 6022 دادەن |
| 1948 | كۇچا | ئۈرۈمچى | بۇغداي | 1000 دادەن |
| 1948 | توقسۇ | ئۈرۈمچى | بۇغداي | 1000 دادەن |
| 1948 | شايار | ئۈرۈمچى | بۇغداي | 1000 دادەن |
| 1948 | ماناس ناھىيىسى | شىنجاڭ تەمىنات ئىدارىسى | سۇلۇ، پۇرچاق | 744 دادەن |
| 1948 | جايلاردىكى ھۆكۈمەت ئاشلى-قى | ئۈرۈمچى | بۇغداي | 1500 دادەن |
| 1949 | قۆكالڭ | ئۈرۈمچى بەمۆرلار ھەمكار-لىق كوپېراتىپى | بۇغداي | 2000 دادەن |
| 1949 | سىچۈەن | ئۈرۈمچى بەمۆرلار ھەمكار-لىق كوپېراتىپى | گۈرۈچ | 1000 دادەن |

ئىزاھ: داۋانچىڭ ئامبىرى ئۈرۈمچىنىڭ ئارىماق ئامبىرى بولۇپ، 1944 — 1946 - يىللىرى ئونسۇدىن ئۇ يەرگە يۆتكەلگەن 33 مىڭ دادەن كۆممىقوناق ئۈرۈمچىنى تەمىنلەشكە ئىشلىتىلدى.

1949 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئۆلكىدە تۈرۈشلۈق ئارمىيە كۆپەيدى، باندىت تازىلاش ۋەزىپىسى ئېغىرلاشتى، 1950 — 1952 - يىللىرى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسى 111 مىليون 80 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق يۆتكەپ ئارمىيىنى تەمىنلىدى.

1953 - يىلدىن 1959 - يىلغىچە، ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق يۆتكەش ئاساسىي جەھەتتىن جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىن ئىبارەت 2 رايون بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. 1960 - يىلنىڭ بېشىدىن ئېتىبارەن، سانائەت

تەرەققىي قىلىپ، شەھەر ئاھالىسى تېز كۆپەيگەنلىكتىن، شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئاشلىقنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش مۇمكىن بولماي قالدى، شۇڭا ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق كومىتېتى 1960 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن باشلاپ ئاجرىتىشقا بولىدىغان بارلىق ئاپتوموبىللارنى سەپەرۋەر قىلىپ، خوتەن، قەشقەر ۋىلايەتلىرىدىكى ئاشلىقنى توشۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرى، قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلارنىڭ ئېھتىياجىنى ھەل قىلىشنى قارار قىلدى، بۇ ئەينى ۋاقىتتا «جەنۇبنىڭ ئاشلىقىنى شىمالغا يۆتكەش» دەپ ئاتالدى. 1963 ـ يىلغىچە جەمئىي 184 مىليون كىلوگرام ئاشلىق يۆتكەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەردىن يۆتكەلگىنى 107 مىليون كىلوگرام، خوتەندىن يۆتكەلگىنى 77 مىليون كىلوگرام (جەدۋەل: 3 — 32 گە قاراڭ).

**1960 ـ يىلدىن 1963 ـ يىلغىچە شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى ئاشلىقنى شىمالغا يۆتكەش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 3 — 32 بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| يۆتكەپ بېرگەن جايلار ۋە سورتى | جەمئىي | 1960 ـ يىل | 1961 ـ يىل | 1962 ـ يىل | 1963 ـ يىل |
|---|---|---|---|---|---|
| قەشقەر ۋىلايىتى | 10670 | 2390 | 3666 | 2658 | 1956 |
| بۇغداي | 7349 | 1907 | 2352 | 1516 | 1574 |
| گۈرۈچ | 284 | | 268 | 16 | |
| دادۇر | 67 | 2 | 1 | 2 | 56 |
| قارائاشلىق | 2976 | 481 | 1045 | 1124 | 326 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 7749 | 8 | 1857 | 4355 | 1529 |
| بۇغداي | 4527 | 6 | 1259 | 2202 | 1060 |
| گۈرۈچ | 18 | | | 5 | 13 |
| دادۇر | | | | | |
| قارا ئاشلىق | 3204 | 2 | 598 | 2148 | 456 |

جەنۇبنىڭ ئاشلىقىنى شىمالغا يۆتكەش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكى ۋە ئىلى دەرياسى ۋادىسى، بورتالا، دۆربىلجىن، بېيتۈن بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنىڭ سۇ ۋە تۇپراق بايلىقىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىپ پايدىلاندى، 1964 ـ يىلغا كەلگەندە، شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئاشلىقى ئۆزىگە يېتىپ ئاشىدىغان بولدى. شۇ يىلدىن 1968 ـ يىلغىچە، ئاشلىق يۆتكەش ئىشى يەنە جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭ رايونى بويىچە ئېلىپ بېرىلىپ تەڭپۇڭلاشتۇرۇلىدىغان بولدى، شىمالىي شىنجاڭ رايونىنىڭ بىر قىسىم ئاشلىقى يەنە ئاپتونوم رايون سىرتىغا يۆتكەپ بېرىلدى.

1968 — 1969 ـ يىللىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق مەھسۇلاتى كېمىيىپ كەتتى، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلارنىڭ بىر يىلدا يۆتكەپ بېرىدىغان ئاشلىقى ئاران 90 مىليون 870 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، ئاشلىق يۆتكەپ ئالىدىغان رايونلار ۋە ئۇرۇش تەييارلىقى ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى. 1970ـ يىلى ئاپتونوم رايون سىرتىدىن 102 مىليون كىلوگرام ئاشلىق يۆتكەپ ئېلىنىپ، يۆتكەشتىكى يوچۇق تولدۇرۇلدى.

1970 — 1971 ـ يىللىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق مەھسۇلاتى ئاشتى، ئاشلىق كىرىمى چىقىمىنى

قاپلاپ يەنە بىر ئاز ئېشىنىلدى. شۇڭا 1971 - يىلى يۆتكەش بىر قەدەر كەڭتاشا بولۇپ، ئىلى بويى ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئارا يۆتكەش 187 مىليون كىلوگرام ئورۇندىلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %66.96 ئاشتى. شىمالىي شىنجاڭدىكى يۆتكەپ چىقىش مىقدارى ئالدىنقى يىلدىكىدىن بىر قەدەر زور ھەجىمدە ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ بىر ھەسسە، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ 9.0 ھەسسە، بورتالا ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ 7.3 ھەسسە ئاشتى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن تەڭپۇڭ بولدى. 1972 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئارا يۆتكەش 160 مىليون كىلوگرام ئورۇندىلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %14.44 ئازايدى. شىمالىي شىنجاڭدا ئىلى ۋىلايىتىنىڭ يۆتكەپ بەرگىنى ئالدىنقى يىلدىكىدىن بىر ئاز ئاشقاندىن سىرت، باشقا ۋىلايەتلەرنىڭ ئازىيىپ كەتتى، ئازىيىش ھەجمى چوڭ بولغان سانجى ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئالدىنقى يىلدىكىدىن %38.29، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ %24، بورتالا ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ %34.67 تۆۋەنلىدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ يۆتكەپ بەرگىنى 16 مىليون 720 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %161.25 ئاشتى. ئۇنىڭدىن قىزىلسۇ ئاپتونوم ئوبلاستىغا يۆتكەپ بېرىلگىنى 7 مىليون 610 مىڭ كىلوگرام، قەشقەر ۋىلايىتىگە يۆتكەپ بېرىلگىنى 3 مىليون 40 مىڭ كىلوگرام، خوتەن ۋىلايىتىگە يۆتكەپ بېرىلگىنى 1 مىليون 620 مىڭ كىلوگرام، بايىنغولىن ئاپتونوم ئوبلاستىغا يۆتكەپ بېرىلگىنى 4 مىليون 450 مىڭ كىلوگرام.

1973 - يىلدىن 1977 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق مەھسۇلاتىدا ئىلگىرىلەش بولمىدى، سېتىۋېلىش بىلەن سېتىشتا يىلمۇ يىل تەتۈر پەرق كۆرۈلۈپ تۇردى، ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە ئاشلىق يۆتكەش قىيىنلىشىپ، ئاشلىقتىكى ئۇشۇق - كەملىكنى تەڭشەشتە ئاپتونوم رايون سىرتىدىن ئاشلىق يۆتكەپ كىرىشكە تايىنىشقا توغرا كەلدى. شىمالىي شىنجاڭدىكى ئاشلىق يۆتكەپ بېرىدىغان جايلاردىن يۆتكەپ چىقىلغان ئاشلىق 619 مىليون كىلوگرام بولۇپ، ئاشلىق يۆتكەپ ئىستېمال قىلىدىغان جايلارنىڭ يۆتكەپ كىرىش مىقدارىنىڭ %42.75ىنى تەشكىل قىلدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاشلىق يۆتكەپ بېرىدىغان جايلاردىن يۆتكەپ چىقىلغان ئاشلىق 91 مىليون 80 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، ئاشلىق يۆتكەپ ئىستېمال قىلىدىغان جايلارنىڭ يۆتكەپ كىرىش مىقدارىنىڭ %36.29ىنى ئىگىلىدى. بۇ ئارىلىقتا يۆتكەش ئەڭ قىيىن بولغان ۋاقىت 1974- يىلى بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق يۆتكەپ بېرىدىغان ۋىلايەت، ئوبلاستلار 1972 - يىلدىكى 5تىن ئىلى، بورتالا، ئاقسۇدىن ئىبارەت 3كە چۈشۈپ قالدى، يۆتكەپ بېرىش مىقدارىمۇ زور ھەجىمدە ئازىيىپ كەتتى. 1972 - يىلى سانجى ئاپتونوم ئوبلاستى 46 مىليون 760 مىڭ كىلوگرام، تارباغاتاي ۋىلايىتى 23 مىليون 50 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق يۆتكەپ بەرگەندى، ئەمدىلىكتە سانجى 17 مىليون 350 مىڭ كىلوگرام، تارباغاتاي 15 مىليون 680 مىڭ كىلوگرام ساپ يۆتكەپ كىرىدىغان بولۇپ قالدى.

1978 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئېشىش يۈزلىنىشى كۆرۈلدى. لېكىن دېھقانلارغا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش پۇرسىتى بېرىش ھەم زاپاسنى كۆپەيتىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يەنىلا ئاپتونوم رايون سىرتىدىن ئاشلىق يۆتكەپ كېلىندى. بۇ مەزگىلدە، شىمالىي شىنجاڭدىكى ئىلى، تارباغاتاي، سانجى، بورتالا قاتارلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلار يىلىغا 239 مىليون كىلوگرامدىن جەمئىي 1 مىليارد 433 مىليون كىلوگرام ئاشلىق يۆتكەپ بېرىپ، 1977 - يىلدىكىدىن %52.22 ئاشۇردى، ئەڭ كۆپ يۆتكەپ بەرگەن 1980 - يىلى 311 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، 1977 - يىلدىكىدىن %98.09 ئاشۇردى.

1979 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش توغرىسىدا قارار چىقاردى. 1980 - يىلىنىڭ بېشىدا يەنە 3 ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ ئىقتىسادىي خىزمىتى ۋە نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا قارار چىقىرىپ، يېزىلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمىنى ئۆستۈردى، ئاشلىق سېتىۋېلىشنى

ئازايتتى، يۆتكەپ بېرىشنى كۆپەيتتى. 1980 ـ يىلدىن ئېتىبارەن قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇلارنىڭ بىر يېكتىپ 3 يىلغىچە ئۆزگەرتىلمەيدىغان ئاشلىق يۆتكەش كۆرسەتچى 258 مىليون كىلوگرام قىلىپ بېكىتىلىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 86 مىليون كىلوگرام ئاشلىق يۆتكەپ بېرىپ تۇرۇلدى. ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىنغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە 3 ۋىلايەت، ئوبلاستتا كېلىشىم باھادىن تەكشە باھاغا ئايلاندۇرۇلغان ئاشلىق يۆتكەپ كىرىش كۆرسەتكۈچىگە توغرىلانغانلىقى ئۈچۈن، 1982 ـ يىلغىچە 3 ۋىلايەت، ئوبلاستقا ئەمەلىي يۆتكەپ كىرىلگەن ئاشلىق 242 مىليون كىلوگرام (ئەسلى پىلاندىكىدىن 16 مىليون 300 مىڭ كىلوگرام ئازايغان) بولۇپ، 1976 — 1978 ـ يىلدىكىسىنىڭ 3.57 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەرگە يۆتكەلگىنى 133 مىليون كىلوگرام بولۇپ، 3.84 ھەسسە؛ خوتەنگە يۆتكەلگىنى 24 مىليون 80 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، 1.27 ھەسسە؛ قىزىلسۇغا يۆتكەلگىنى 81 مىليون 530 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، 1.88 ھەسسە ئاشتى. بۇ تەدبىرنىڭ قوللىنىلىشى بىلەن دېھقانلار ئۆزىنى ئوڭشۇۋېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى، ئىقتىساد راۋاجلاندى. بۇ مەزگىلدە، بايىنغولىن ئاپتونوم ئوبلاستىغا 126 مىليون كىلوگرام، ئاقسۇ ۋىلايىتىگە 31 مىليون 590 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق يۆتكەپ كىرىلدى.

1983 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىقتىن ئومۇمەن مول ھوسۇل ئېلىندى، لېكىن جايلارنىڭ ھوسۇل ئەھۋالى ئوخشاش بولمىدى ۋە كۆممىقوناق مەھسۇلاتى كېمىيىپ كېتىپ، بەزى قىيىنچىلىقلار كېلىپ چىقتى. ئىلى، تارباغاتاي، سانجى، بورتالا قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلار يۆتكەپ بەرگەن كۆممىقوناق 62 مىليون 710 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، 1982 ـ يىلدىكىدىن %10.9 تۆۋەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە سانجى ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ يۆتكەپ بەرگىنى 5 مىليون 560 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، %67.33 تۆۋەنلىدى. ئۈرۈمچى شەھىرىدە باقمىچىلىق راۋاجلانغانلىقى ئۈچۈن، گەرچە 36 مىليون 840 مىڭ كىلوگرام كۆممىقوناق يۆتكەپ كىرىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %9.09 ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئېھتىياجنى قاندۇرالماي، كۆپ يىللاردىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان كۆممىقوناق ئۆكسۈپ قېلىش ئەھۋالى يۈز بەردى. ئەينى ۋاقىتتا قوش بېقىش ۋە يىپ پاتلاشقا كېتەرلىك ئاشلىقلار تەمىنلەپ بېرىلىپ، چوشقا، كالا يەم ـ خەشىكى ۋە دورا ئىشلەشكە كېتەرلىك كۆممىقوناق كىراخمال بىلەن تەمىنلەش توختىتىلدى. شىمالىي شىنجاڭدىكى ئالتاي ۋىلايىتىدە يازلىق ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىنىپ، ئاق ئاشلىق بىلەن ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىدىغان بولدى، شۇڭا شۇ يىلدا ئۇلارغا يەم ـ بوغۇز ئۈچۈن يۆتكەپ بېرىلگەن كۆممىقوناق 10 مىليون 790 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %20 ئازايدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرى ئاشلىق بىلەن ئۆزىنى تەمىنلىدى. قىزىلسۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ كېمەيگەن ئاشلىقى ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن يۆتكەپ بېرىلدى، بايىنغولىن ئاپتونوم ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتى 35 مىليون 450 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق يۆتكەپ بەردى، بۇ ئاشلىقنىڭ بىر قىسمى شىمالىي شىنجاڭغا يۆتكەلدى.

1984 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق كىرىمى چىقىمىدىن ئېشىپ، ئاشلىق كىرىم ـ چىقىمىنى سىرتتىن ئاشلىق يۆتكەپ تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ۋەزىيىتىگە خاتىمە بېرىلدى، ئاشلىق، باغ سالدۇۋسى شىددەت بىلەن ئاشتى، شىمالىي شىنجاڭ رايونىدىكى ئامبارلار ئاشلىققا لىق تولدى. 1985 — 1986 ـ يىللىرى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىن ئۇدا مول ھوسۇل ئېلىنىپ، دېھقانلارنىڭ «ئاشلىق سېتىش قىيىن»، دۆلەت ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ «ئاشلىق ساقلىشى قىيىن» بولۇش مەسىلىسى كېلىپ چىقتى. ئاشلىق يۆتكەپ بېرىدىغان جايلارنىڭ بېسىمىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، ئاشلىق يۆتكەپ ئالىدىغان جايلار يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش ئارقىلىق يېڭى ساقلاش نۇقتىلىرىنى ئېچىش، ئوچۇقچىلىقتا ساقلاش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، يۆتكەپ كىرىش مىقدارىنى 161 مىليون كىلوگرام ئاشۇردى.

1987 ـ يىلى ئىلى ۋىلايىتى ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىپ، 373 مىليون كىلوگرام ئاشلىق سېتىۋالدى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆممىقوناق 102 مىليون كىلوگرام بولۇپ، نورمال يىل بولغان 1985 ـ يىلدىكىدىن

73.96% كۆپەيدى؛ بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ يۆتكەپ كىرگىنى 6 مىليون 300 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، 60- يىللاردىكىدىن 3.3 ھەسسە كۆپەيدى.

1981 - يىلدىن باشلاپ 1990 - يىلغىچە ئاپتونوم رايوننىڭ ياغ سېتىۋېلىش، سېتىش ۋەزىيىتىدە ئومۇمىيۈزلۈك ياخشىلىنىش بولدى، ئىلى، تارباغاتاي، سانجى، بورتالا قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ ياغ يۆتكەپ بېرىش مىقدارى 10 ھەسسىگە يېقىن ياكى 10 ھەسسىدىن ئارتۇق ئاشتى. ئۇزۇندىن بېرى ياغ يۆتكەپ ئىستېمال قىلىپ كېلىۋاتقان بايىنغولىن ئوبلاستى ۋە ئالتاي ۋىلايىتى بىر سەكرەپلا ياغ يۆتكەپ بېرىدىغان رايونغا ئايلاندى، شىخەنزە، كۈيتۇڭ شەھەرلىرىمۇ يۆتكەپ ئالماي يۆتكەپ بېرىدىغان بولدى. تۇرپان ۋىلايىتى، خوتەن ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئاپتونوم ئوبلاستى يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاز مىقداردا يۆتكەپ بېرىشتىن ئاز مىقداردا يۆتكەپ كىرىشكە ئۆزگەرگەن ياكى يۆتكەپ كىرىش مىقدارىنى كۆپەيتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاپتونوم رايون دائىرىسىدىكى ئومۇمىي يۆتكەپ بېرىش مىقدارى يۆتكەپ كىرىش مىقدارىدىن كۆپ يۇقىرى بولدى، شۇڭا بۇ 10 يىلدا ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر جەھەتتىكى ياغ ئېھتىياجىغا ۋە سالدونى كۆپەيتىپ مېڭىشىغا كاپالەتلىك قىلىنغاندىن سىرت يەنە 104 مىليون كىلوگرام ياغ ئاپتونوم رايون سىرتىغا يۆتكەپ بېرىلدى ۋە ئېكسپورت قىلىندى. 1981 - يىلدىن 1990- يىلغىچە ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئارا ياغ يۆتكەش ئومۇمىي مىقدارى 243 مىليون كىلوگرام بولۇپ، ئالدىنقى 10 يىلدىكىدىن 7.7 ھەسسە ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ يۆتكەپ بەرگىنى 86 مىليون 530 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، 8.57 ھەسسە؛ تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ يۆتكەپ بەرگىنى 65 مىليون 880 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، 23.4 ھەسسە؛ سانجى ئوبلاستىنىڭ يۆتكەپ بەرگىنى 26 مىليون 640 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، 13.3 ھەسسە؛ بورتالا ئوبلاستىنىڭ يۆتكەپ بەرگىنى 26 مىليون 460 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، 15.1 ھەسسە ئاشتى. ئاساسلىق يۆتكەپ كىرىدىغان جايلار ئۈرۈمچى شەھىرى، قاراماي شەھىرى ۋە قۇمۇل ۋىلايىتى، تۇرپان ۋىلايىتى ئۆزۈمزارلىق كۆلىمىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتكەنلىكى ئۈچۈن، 10 يىلدا جەمئىي 4 مىليون 720 مىڭ كىلوگرام ياغ يۆتكەپ كىردى (جەدۋەل: 3 — 36گە قاراڭ).

## 2) كېلىشىم باھادا يۆتكەش

1979 - يىلدىن ئېتىبارەن شىنجاڭدىكى ئاشلىق تارماقلىرى كېلىشىم باھالىق ياغ تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئارىسىدىمۇ كېلىشىم باھالىق ياغ يۆتكەش (سېتىۋېلىش ۋە سېتىش) باشلاندى. تۆمۈريول ياقىسىدىكى بەزى ئاشلىق تارماقلىرى يۆتكەپ كىرگەن (سېتىۋالغان) يېغىنى شۇ يەرنىڭ بازىرىدا ساتقاندىن سىرت، يەنە ئاپتونوم رايون سىرتىغا يۆتكەپ بەردى (ساتتى). 1979 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە ئاپتونوم رايوندىكى كېلىشىم باھالىق ياغنى ئاساسلىق يۆتكەپ بەرگۈچى جايلار: ئىلى ۋىلايىتى 6 مىليون 100 مىڭ كىلوگرام، تارباغاتاي ۋىلايىتى 3 مىليون 810 مىڭ كىلوگرام، سانجى ئوبلاستى 3 مىليون 30 مىڭ كىلوگرام، بورتالا ئوبلاستى 2 مىليون 180 مىڭ كىلوگرام، شىخەنزە شەھىرى 1 مىليون 950 مىڭ كىلوگرام، ئاقسۇ ۋىلايىتى 1 مىليون 430 مىڭ كىلوگرام. ئاساسلىق يۆتكەپ ئالغۇچى جايلار: ئۈرۈمچى شەھىرى 37 مىليون 70 مىڭ كىلوگرام، قۇمۇل ۋىلايىتى 4 مىليون 770 مىڭ كىلوگرام، خوتەن ۋىلايىتى 4 مىليون 180 مىڭ كىلوگرام، بايىنغولىن ئوبلاستى 3 مىليون 670 مىڭ كىلوگرام، تۇرپان ۋىلايىتى 2 مىليون 340 مىڭ كىلوگرام. بۇنىڭ سىرتىدا، 2 مىليون كىلوگرامدىن تۆۋەن مىقداردا يۆتكەپ ئالغان جايلاردىن يەنە قاراماي شەھىرى، قىزىلسۇ ئوبلاستى قاتارلىقلار بار (جەدۋەل: 3 — 37گە قاراڭ).

## 1953 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە شىنجاڭنىڭ تەكسە باھالىق ئاشلىقنى ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئارا سورتى بويىچە يۆتكەش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 — 33

بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| ئاشلىق يىلى | جەمئىي | سورتى: بۇغداي | سورتى: گۈرۈچ | سورتى: دادۇر | قارا ئاشلىق: مىقدارى | قارا ئاشلىق: بۇنىڭ ئىچىدە كۆممىقوناق | ئاشلىق يىلى | جەمئىي | سورتى: بۇغداي | سورتى: گۈرۈچ | سورتى: دادۇر | قارا ئاشلىق: مىقدارى | قارا ئاشلىق: بۇنىڭ ئىچىدە كۆممىقوناق |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1953 | 3840 | 2890 | 306 | 1 | 643 | | 1972 | 15973 | 9392 | 304 | 218 | 6059 | 5674 |
| 1954 | 7565 | 5481 | 1105 | 147 | 832 | | 1973 | 16529 | 10288 | 601 | 364 | 5276 | 4765 |
| 1955 | 9781 | 7062 | 1115 | 257 | 1347 | | 1974 | 18130 | 7131 | 780 | 352 | 9867 | 9703 |
| 1956 | 10015 | 8345 | 923 | 155 | 592 | | 1975 | 19294 | 6851 | 950 | 358 | 11135 | 10803 |
| 1957 | 14583 | 9137 | 1189 | 324 | 3933 | | 1976 | 25359 | 12352 | 952 | 601 | 11454 | 7436 |
| 1958 | 10899 | 7940 | 638 | 166 | 2155 | | 1977 | 22824 | 11108 | 908 | 435 | 10373 | 8570 |
| 1959 | 17138 | 12863 | 1207 | 148 | 2920 | | 1978 | 25504 | 13119 | 842 | 584 | 10959 | 10007 |
| 1960 | 19788 | 14643 | 926 | 119 | 4100 | | 1979 | 32374 | 16171 | 918 | 564 | 14721 | 14159 |
| 1961 | 15205 | 10465 | 651 | 68 | 4021 | 2752 | 1980 | 47551 | 29459 | 1276 | 714 | 16102 | 15376 |
| 1962 | 10972 | 5298 | 170 | 72 | 5432 | 4557 | 1981 | 35578 | 22388 | 1409 | 448 | 11333 | 10623 |
| 1963 | 12341 | 8020 | 265 | 205 | 3851 | 2911 | 1982 | 28704 | 17365 | 1700 | 694 | 8945 | 8383 |
| 1964 | 15624 | 5726 | 682 | 228 | 8988 | 5587 | 1983 | 25434 | 14105 | 2560 | 659 | 8110 | 7762 |
| 1965 | 26381 | 8536 | 878 | 402 | 16565 | 13875 | 1984 | 39553 | 27033 | 3780 | 838 | 7002 | 7416 |
| 1966 | 31968 | 15860 | 860 | 241 | 15007 | 12638 | 1985 | 42513 | 31748 | 2644 | 769 | 7352 | 6967 |
| 1967 | 25438 | 11729 | 932 | 402 | 12375 | 11665 | 1986 | 65792 | 52765 | 2224 | 116 | 10687 | 10312 |
| 1968 | 15742 | 9023 | 655 | 182 | 5882 | 5194 | 1987 | 66396 | 52031 | 2168 | 176 | 12021 | 11980 |
| 1969 | 11571 | 8055 | 905 | 110 | 2501 | 2287 | 1988 | 60980 | 46092 | 2106 | 84 | 12698 | 12676 |
| 1970 | 11228 | 5606 | 1202 | 220 | 4200 | | 1989 | 50408 | 39191 | 2646 | 229 | 8342 | 8333 |
| 1971 | 18748 | 9028 | 813 | 229 | 8678 | 7260 | 1990 | 60131 | 52485 | 2980 | 203 | 4463 | 4453 |

ئىزاھ: 1. بۇ جەدۋەل يۆتكەپ چىقىلغان مىقدار بويىچە تولدۇرۇلدى. 2. 1953 — 1960 - يىللار، 1970 - يىلدىكى كۆممىقوناق ئايرىم ستاتىستىكا قىلىنمىدى.

**1953 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە قىسمەن يىللاردا شىنجاڭدىكى تەكسە باھالىق ئاشلىقنى يۆتكەپ بەرگۈچى، يۆتكەپ ئالغۇچى ئاساسلىق جايلارنىڭ يۆتكەش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 3 — 34    بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| ئاشلىق يىلى | يۆتكەپ بەرگۈچى جايلار | | | | | يۆتكەپ ئالغۇچى جايلار | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئىلى | تارباغاتاي | سانجى | بورتالا | ئاقسۇ | ئۈرۈمچى | قاراماي | قۇمۇل | تۇرپان | بايىنغولىن | ئاقسۇ |
| 1953 | 1067 | 36 | 1357 | 89 | 591 | 3309 | | 98 | .418 | .83 | .24 |
| 1960 | 3239 | 4473 | 4157 | 17 | 3680 | 12867 | 1732 | 1967 | 1222 | 366 | 204 |
| 1965 | 4552 | 1938 | 3979 | 791 | 2515 | 8850 | 545 | 971 | .595 | 195 | 680 |
| 1970 | 1904 | 1347 | 2039 | 161 | 1133 | 15307 | 989 | 2235 | 587 | 2044 | 897 |
| 1973 | 5431 | 1620 | 5958 | 1216 | 162 | 13881 | 490 | 900 | 803 | 2429 | 974 |
| 1974 | 4213 | .1568 | .1736 | 1720 | 409 | 15903 | 2660 | 2937 | 1327 | 3154 | 1093 |
| 1975 | 3996 | 837 | .199 | 1651 | 466 | 22902 | 2250 | 1837 | 897 | 2258 | 861 |
| 1976 | 4835 | 4744 | 3881 | 1372 | 1094 | 20425 | 3240 | 905 | .411 | 2834 | 916 |
| 1977 | 10266 | 1314 | 2080 | 1595 | 1910 | 21751 | 2517 | 614 | .761 | 2654 | 918 |
| 1978 | 8506 | 5333 | 3689 | 2338 | 2092 | 25774 | 3439 | 754 | .271 | 2428 | 972 |
| 1979 | 12660 | 5479 | 3525 | 1884 | 2095 | 22831 | 3412 | 1918 | 719 | 3430 | 1368 |
| 1980 | 14983 | 5329 | 6202 | 2994 | 544 | 21457 | 2772 | 2077 | 2900 | 3033 | 3035 |
| 1981 | 13892 | 4737 | 6530 | 2462 | .261 | 20979 | 2497 | 1031 | 1479 | 2052 | 2159 |
| 1982 | 9705 | 3457 | 7582 | 2143 | 778 | 23326 | 2703 | 1247 | 3057 | .327 | 3016 |
| 1983 | 6517 | 2511 | 4766 | 2924 | 2637 | 22345 | 4108 | 609 | 1970 | .37 | 1739 |
| 1984 | 8628 | 5523 | 7870 | 3047 | 3818 | 22694 | 3271 | 1118 | 2004 | .3041 | 1226 |
| 1985 | 11843 | 9027 | 9507 | 1684 | 2550 | 24234 | 2551 | 1093 | 2720 | .2386 | 1080 |
| 1986 | 22571 | 17561 | 19214 | 4272 | 4396 | 27159 | 2630 | 3238 | 3040 | 1269 | 1600 |
| 1987 | 24746 | 12895 | 16366 | 2897 | 6292 | 25980 | 2782 | 1909 | 2990 | .140 | 1164 |
| 1988 | 24823 | 11747 | 9700 | 1870 | 6186 | 24320 | 4051 | 2620 | 3000 | 15 | 1411 |
| 1989 | 13177 | 8507 | 14088 | 2323 | 3921 | 22328 | 4410 | 3364 | 3422 | .1512 | 1609 |
| 1990 | 19898 | 11163 | 12199 | 2984 | 4633 | 23424 | 4531 | 4474 | 3524 | 1785 | 1053 |

ئىزاھ: بۇ جەدۋەلدىكى سانلار ساپ يۆتكەپ بېرىلگەن، يۆتكەپ ئېلىنغان سانلاردۇر.

### 1979 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە شىنجاڭدا كېلىشىم باھالىق ئاشلىقنى ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئارا يۆتكەش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 — 35

بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| يۆتكەپ ئالغۇچى جايلار | | | | | | | | | | | يۆتكەپ بەرگۈچى جايلار | | | | | ئاشلىق |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| كۆيتۇلۇڭ | خوتەن | قەشقەر | ئالتاي | بايىنغولىن | تۇرپان | قىزىلسۇ | شىخەنزە | قاراماي | قۇمۇل | ئۈرۈمچى | بورتالا | ئارباغاتاي | ئىلى | سانجى | ئاقسۇ | يىلى |
| | 5 | 13 | | | 5 | 54 | 3 | 26 | | | | | 6 | 6 | 135 | 1979 |
| 18 | 88 | 311 | 85 | 2 | .195 | 64 | 32 | 60 | .117 | .203 | .47 | .58 | .144 | 234 | .43 | 1980 |
| 40 | 87 | 239 | 95 | .44 | 287 | 22 | 103 | 109 | .228 | .897 | .150 | .117 | .233 | 56 | 177 | 1981 |
| .64 | 328 | 287 | 125 | 171 | 422 | 34 | 75 | 97 | .26 | .1269 | .131 | .223 | .371 | .118 | 453 | 1982 |
| .119 | 92 | 89 | 138 | 74 | .191 | 19 | 36 | 120 | | .1058 | .104 | .153 | .215 | .296 | 67 | 1983 |
| 57 | 98 | 250 | 83 | 62 | 156 | 24 | 80 | 131 | .21 | .552 | .47 | .165 | .135 | .30 | .138 | 1984 |
| 46 | 127 | 33 | 89 | 274 | 182 | 12 | 2 | 123 | 25 | .371 | .54 | .77 | .124 | 270 | 43 | 1985 |
| .36 | 76 | 32 | 64 | 89 | 135 | 8 | 18 | 82 | .45 | 718 | .78 | 168 | .12 | .32 | 69 | 1986 |
| .23 | 34 | 40 | 205 | 282 | 290 | 17 | .9 | 111 | 16 | 1021 | .56 | 102 | 144 | 418 | 384 | 1987 |
| 119 | .2 | 15 | 92 | 699 | 591 | 111 | 77 | 192 | 360 | 4022 | .55 | 614 | 790 | 634 | 948 | 1988 |
| 233 | .6 | .59 | .384 | | 925 | 73 | 80 | 692 | 426 | 4930 | 604 | 957 | 2920 | .277 | 1371 | 1989 |
| 338 | .530 | .362 | .188 | 153 | 436 | .100 | 2 | 214 | 54 | 7941 | 421 | 340 | 1558 | 672 | 584 | 1990 |
| 609 | 397 | 888 | 404 | 1732 | 3043 | 338 | 499 | 1947 | 444 | 14282 | 303 | 1388 | 4172 | 1487 | 4050 | جەمئىي |

ئىزاھ: 1. ئۈرۈمچى ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2. بۇ جەدۋەلدىكى سانلار ساپ يۆتكەپ چىقىلغان، يۆتكەپ كىرىلگەن سانلاردۇر.

## 1956 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە شىنجاڭدا تەكشى باھالىق ياغنى جايلار بويىچە يۆتكەش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 — 36    بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| ئاشلىق يىلى | ئاساسلىق يۆتكەپ بەرگۈچى جايلار | | | | | ئاساسلىق يۆتكەپ ئالغۇچى جايلار | | | يۆتكەپ بەرگەن (+)، يۆتكەپ ئالغان (−) جايلار | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئاقسۇ | ئىلى | تارباغاتاي | سانجى | بورتالا | ئۈرۈمچى | قاراماي | قۇمۇل | قەشقەر | خوتەن | تۇرپان | قىزىلسۇ | ئالتاي | بايىنغولىن | شىخەنزە | كۈيتۇڭ |
| 1956 | | 36 | 8 | 10 | | 53 | 4 | | 1 | .1 | 3 | | | | | |
| 1957 | 22 | 93 | 15 | 18 | 12 | 138 | 32 | 3 | .1 | .1 | 21 | | .9 | 3 | | |
| 1958 | 114 | 43 | 33 | 3 | | 161 | 24 | 19 | 2 | | 15 | .6 | .6 | 2 | | |
| 1959 | 136 | 66 | 10 | 52 | .1 | 287 | 25 | 7 | 7 | 4 | 82 | .4 | .7 | 3 | | |
| 1960 | 75 | 54 | 46 | 20 | 6 | 204 | 29 | 17 | 41 | 11 | 11 | .3 | .2 | .8 | | |
| 1961 | 27 | 104 | 24 | | 4 | 236 | 24 | 11 | 57 | 23 | 2 | .1 | | .11 | | |
| 1962 | 35 | 55 | 3 | | .3 | 133 | 16 | | 38 | 50 | 7 | 2 | | .5 | | |
| 1963 | 103 | 18 | .2 | 9 | .1 | 183 | 22 | 4 | 64 | 39 | 5 | 4 | .3 | .8 | | |
| 1964 | 101 | 42 | 2 | 16 | .3 | 214 | 25 | 8 | 62 | 48 | 17 | 3 | .14 | .12 | | |
| 1965 | 43 | 55 | 3 | 20 | | 207 | 13 | 12 | 57 | 43 | 20 | 1 | .12 | .9 | | |
| 1966 | 272 | 55 | 18 | 12 | | 210 | 30 | 22 | 212 | 27 | 19 | | .19 | .20 | | |
| 1967 | 235 | 42 | 18 | 20 | 6 | 291 | 44 | 5 | 180 | 17 | 17 | 2 | .8 | .16 | | |
| 1968 | 171 | 69 | 11 | 2 | | 152 | 24 | | 23 | 28 | .12 | 8 | .16 | | | |
| 1969 | 93 | 67 | 52 | 5 | | 148 | 37 | 14 | 38 | 13 | 2 | 6 | .20 | .32 | | |
| 1970 | 132 | 55 | 30 | 1 | | 177 | 32 | 8 | 11 | 39 | 6 | 11 | .14 | .32 | | |
| 1971 | 159 | 36 | 6 | 2 | .1 | 216 | 33 | 14 | 72 | 27 | 9 | 4 | .15 | .53 | | |
| 1972 | 118 | 38 | 12 | 8 | .14 | 197 | 30 | 7 | 53 | 16 | 3 | | .9 | .32 | | |

| | | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | .41 | .12 | 1 | | | 17 | 34 | 39 | 373 | 19 | 3 | 17 | .63 | 66 | 1973 |
| | | .30 | .18 | 1 | | | 34 | 22 | 36 | 280 | 9 | 3 | .2 | 77 | 93 | 1974 |
| .1 | | .41 | .17 | 4 | 1 | 9 | 53 | 15 | 43 | 276 | 11 | 3 | 14 | 69 | 136 | 1975 |
| .5 | 1 | .65 | .8 | 8 | 2 | 29 | 60 | 3 | 38 | 307 | 5 | 3 | 12 | 49 | 107 | 1976 |
| .9 | .1 | .53 | .13 | 6 | 3 | 32 | 82 | | 39 | 321 | 8 | 28 | 1 | 13 | 76 | 1977 |
| .16 | | .59 | .16 | 8 | 8 | 16 | 47 | 25 | 81 | 390 | 11 | 25 | 6 | 26 | 55 | 1978 |
| .31 | | .102 | .27 | 5 | .7 | .3 | .8 | 25 | 76 | 651 | 29 | 35 | 54 | 61 | 87 | 1979 |
| .16 | .82 | .154 | .77 | .20 | .37 | .72 | 65 | 44 | 98 | 383 | 77 | 76 | 150 | 365 | 83 | 1980 |
| 15 | 39 | .50 | 9 | .9 | .17 | .4 | .42 | 42 | 62 | 682 | 120 | 214 | 243 | 493 | 142 | 1981 |
| 20 | 20 | 8 | 9 | .6 | .28 | .28 | .6 | 137 | 140 | 964 | 301 | 397 | 439 | 587 | 97 | 1982 |
| | 227 | 106 | 2 | .3 | .30 | .1 | 3 | 121 | 78 | 842 | 221 | 371 | 472 | 853 | 172 | 1983 |
| 1 | .4 | 30 | .17 | | .48 | .17 | 127 | 151 | 101 | 821 | 335 | 388 | 544 | 875 | 194 | 1984 |
| | 175 | 93 | 3 | | .73 | .8 | 58 | 179 | 146 | 1072 | 290 | 363 | 643 | 1425 | 159 | 1985 |
| | 361 | 120 | 112 | .1 | .142 | .6 | 35 | 177 | 63 | 1106 | 329 | 247 | 1279 | 1771 | 192 | 1986 |
| .24 | 202 | 57 | 216 | .1 | .25 | .10 | 13 | 68 | 103 | 817 | 211 | 26 | 1116 | 1134 | 84 | 1987 |
| 7 | 89 | 111 | 105 | .10 | .26 | | 26 | 79 | 90 | 720 | 268 | 229 | 686 | 635 | 126 | 1988 |
| 15 | | 29 | 34 | .4 | .55 | | 27 | 57 | 94 | 647 | 278 | 185 | 408 | 412 | 35 | 1989 |
| 2 | .16 | 36 | 156 | | .20 | | 2 | 68 | 81 | 460 | 293 | 244 | 758 | 468 | 75 | 1990 |
| .42 | 1011 | .235 | 287 | 6 | .275 | 322 | 1308 | 1402 | 1852 | 14319 | 2835 | 3030 | 7129 | 10304 | 3815 | جەمئىي |

## 1979 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە شىنجاڭدا كېلىشىم باھالىق ياغنى ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئارا يۆتكەش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 — 37

بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| ئاشلىق يىلى | يۆتكەپ بەرگۈچى جايلار | | | | | | | يۆتكەپ ئالغۇچى جايلار | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئىلى | تارباغاتاي | ئاقسۇ | سانجى | شىخەنزە | كۈيتۇڭ | بورتالا | قاراماي | بايىنغولىن | قۇمۇل | خوتەن | قىزىلسۇ | قەشقەر | ئۈرۈمچى | تۇرپان | ئالتاي |
| 1979 | .4 | | .2 | .9 | .6 | | | 10 | | .6 | 16 | 3 | 4 | .17 | .1 | |
| 1980 | .3 | .2 | .7 | 2 | .1 | | | 16 | 2 | 1 | 31 | 8 | 20 | .23 | .38 | 4 |
| 1981 | .5 | .3 | .2 | .16 | 9 | .1 | .2 | 3 | 24 | 12 | 14 | 13 | 25 | .12 | .26 | 5 |
| 1982 | .5 | .3 | .1 | .12 | | 7 | .2 | 4 | 6 | | 2 | 2 | 7 | .30 | 16 | 2 |
| 1983 | .1 | .5 | .1 | .10 | 4 | 13 | .3 | 7 | 10 | 2 | 15 | | 3 | .11 | 12 | |
| 1984 | 1 | .6 | 1 | .6 | .5 | .4 | .4 | 4 | 22 | 1 | 12 | 8 | 2 | 21 | 17 | 3 |
| 1985 | 3 | 16 | 23 | 6 | .2 | 14 | .2 | 13 | 45 | 5 | 56 | 7 | 5 | 181 | 32 | 7 |
| 1986 | 82 | 36 | 14 | .11 | 19 | 33 | .1 | 8 | 15 | 28 | 40 | 11 | 1 | 796 | 25 | |
| 1987 | 136 | 2 | .19 | .55 | 38 | 35 | .6 | 23 | 17 | 69 | 74 | 24 | 12 | 872 | 28 | |
| 1988 | 57 | 110 | 56 | 36 | 42 | .29 | 3 | 37 | 17 | 149 | 47 | 15 | 1 | 785 | 48 | 1 |
| 1989 | 229 | 96 | 33 | 172 | 39 | .5 | 142 | 17 | 37 | 110 | 99 | 13 | .1 | 591 | 66 | .2 |
| 1990 | 120 | 140 | 48 | 206 | 58 | .1 | 93 | 23 | 172 | 106 | 12 | 10 | 1 | 554 | 55 | .4 |
| جەمئىي | 610 | 381 | 143 | 303 | 195 | 62 | 218 | 165 | 367 | 477 | 418 | 114 | 80 | 3707 | 234 | 16 |

ئىزاھ: ئۈرۈمچى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

# V باب

# ئاشلىق، ياغ ترانسپورتى

## 1 § . ترانسپورت ئۇسۇلى

### 1. ئەركىن ترانسپورت

قەدىمدىن بۇيان پەۋقۇلئاددە مەزگىللەردىن باشقا ۋاقىتلاردا ئاشلىق، ياغ ئەركىن سودىسىغا ماس ھالدا ئاشلىق، ياغ ئەركىن توشۇلۇپ كەلدى. خەلق ئارىسىدا سودا قىلىنىدىغان ئاشلىق، ياغلار خەلق ئارىسىدىكى كىراكەشلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار تەرىپىدىن ئىختىيارىي توشۇلدى. ھەربىي ئاشلىق، ھۆكۈمەت ئاشلىقىنى توشۇشتا، مەجبۇرىي توشۇتۇشتىن سىرت، ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيە ئۆزىدىكى ترانسپورت كۈچىدىن پايدىلىنىپ توشۇدى ھەم ھۆكۈمەت سودىگەرلەرنىڭ ھارۋىلىرىنى ياللىۋېلىپ توشۇتتى ياكى سودىگەرلەرنىڭ تەشكىللەپ توشۇپ بېرىشىگە ھاۋالە قىلدى. تۇرپاندىن تېپىلغان تاڭ دەۋرىگە ئائىت ھۆججەتلەردە «. . . ھارۋا مەيدانلىرىكى ئامبارلاردا ساقلىنىۋاتقان ئاشلىقلارنى ئۇزۇن يوللۇق كىراخانىلار توشۇپ خېرىدارلارغا يەتكۈزەتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. ئۇزۇن يوللۇق كىراخانىلار ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىدىكى كىراخانا بولۇپ، ئۇ يەردە كالا ھارۋىلىرى بولاتتى، ئامباردىكى ئاشلىق بۇ كالا ھارۋىلىرىدا توشۇلاتتى.

چيەنلۇڭنىڭ 25 ـ يىلى (1760 ـ يىلى) قۇمۇل، پىچاندىكى 1000 دانە ھۆكۈمەت تۆگىسى ئېشقا سېلىنىپ، يەنە سودىگەرلەردىن 2000 تۆگە سېتىۋېلىنىپ، ئىلىدىكى بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈۋاتقان ئەسكەرلەرگە ئوزۇقلۇق ئاشلىق توشۇپ بېرىلدى.

مىنگونىڭ 1 ـ يىلى (1912 ـ يىلى) 10 ـ ئايدا ئالتاينىڭ خان ئامبىلى پالتا ماناسلىق ئۇيغۇر سودىگەر كېرىمگە 1000 دەن كۆك پۇرچاق، 1000 دەن ئارپا سېتىۋېلىپ ئالتايغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى ھاۋالە قىلدى. مىنگونىڭ 5 ـ يىلى (1916 ـ يىلى) 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئۈرۈمچى مۇپەتتىشى تۇرپان ئامبىلىغا «يېقىنقى يىللاردىن بېرى مال باھاسى ئۆرلەپ كەتتى، ھارۋا ياللىماق تەس بولۇپ ھەربىي ئاشلىقنى توشۇش قىيىنلىشىپ كەتتى. . . ھەربىي ئېھتىياجنى قامداش ئۈچۈن، كىرا ھەققىنى ئۆستۈرۈپ بەرگەن بولسىلا» دەپ تەكلىپ بەردى.

مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) 7 ـ ئايدا ئۈنسۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بۇرۇنقىدەك ھامماللارنى ياللىۋېلىپ ئۆلكە شەھىرى ئۈرۈمچىگە 175 دادەن كۆممىقوناق يەتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن، يەنە شۇ يەردىن 1000 ئېشەك ياللىۋېلىپ ئۈرۈمچىگە 250 دادەن بۇغداي توشۇپ بەردى.

مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) سودىگەرلەرنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قاراشەھەر قاتارلىق جايلاردىن ئۈرۈمچىگە ئاشلىق توشۇشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، ئۆلكە شەھىرىدىكى ئاشلىق قەھەتچىلىكىنى سىلىكتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت 12 ماددىلىق مۇكاپاتلاش چارىسى تۈزۈپ چىقتى، ئۇنىڭدا مۇنداق بىر ماددا بار:

توشۇلۇۋاتقان ئاشلىقنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئالاھىدە كېنىشكا تارقىتىپ بېرىلىدۇ؛ ئۈرۈمچىگە ئاشلىق توشۇغان ھارۋىلار قايتىدىغان چاغدا ئۈرۈمچىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا توشۇلىدىغان تاۋارلارنى بېسىپ ماڭسا بولىدۇ؛ جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئۈرۈمچىگە ئاشلىق توشۇغانلارغا ئۈرۈمچىنىڭ بازار باھاسى بويىچە ھەق تۆلىگەندىن سىرت، يەنە ئومۇمىي ئاشلىق پۇلى ۋە كىرا پۇلىنىڭ %20ى بويىچە مۇكاپات پۇلى قوشۇپ بېرىلىدۇ.

مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى) 11 ـ ئايدا شىنجاڭ غەللە ـ پاراق ئاشلىقى باشقارمىسى «ئۈچتۇرپان، ئونسۇدىن قاراشەھەرگە 5000 دادەن ئاشلىق توشۇش چارىسى»نى تۈزۈپ چىقتى، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنلىرى: (1) بۇ ئاشلىقنى توشۇشقا ئۈرۈمچىدىن 1000 تۆگە، ئاقسۇ، ئونسۇ، ئۈچتۇرپاندىن 1500 ئېشەك ۋە 750 دانە يار ـ يار ھارۋا ياللىۋېلىنىدۇ. (2) تۆگە، ئېشەكلەرنىڭ 300ى بىر كارۋان، يار ـ يار ھارۋىنىڭ 50ى بىر كارۋان قىلىنىدۇ، ھەر بىر كارۋانغا قاراۋۇللار سەپلىنىدۇ. (3) تۆگە، ئېشەك، ھارۋا كارۋانلىرى كۇچا، بۈگۈرلەردىن ئۆتكەندە، شۇ يەردىكى پونكىتلار توشۇلۇۋاتقان ئاشلىق مىقدارىنى تىزىملاپ باشقارمىغا مەلۇم قىلىدۇ ۋە ئاشلىقلارنىڭ توشۇلۇشىنى نازارەت قىلىدۇ.

مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) 11 ـ ئايدا ئۆلكىلىك غەللە ـ پاراق ئاشلىقى باشقارمىسى تارقاتقان مۇكاپاتلاش چارىسىدا مۇنداق بەلگىلەندى: تۇرپان، پىچان، توقسۇندىن ئۈرۈمچىگە توشۇلغان ئاشلىققا ئاشلىق پۇلى ئومۇمىي سانىنىڭ %20ى بويىچە مۇكاپات پۇلى بېرىلىدۇ؛ قاراشەھەر، ئاقسۇدىن ئۈرۈمچىگە توشۇلغان ئاشلىققا ئاشلىق پۇلى ئومۇمىي سانىنىڭ %40ى بويىچە مۇكاپات پۇلى بېرىلىدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ئۆلكە ئىچىدە ئاشلىق توشۇشتا، ئۆلكىلىك مالىيە نازارەت ئاشلىق ئىدارىسى، سودا نازارەت سودا شىركىتى ھەر قايسى خۇسۇسىي ترانسپورت سودىگەرلىرى بىلەن توختام تۈزۈپ، شۇ توختام بويىچە توشۇدى. 1951 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى غەربىي شىمال تاشيول ترانسپورت بىرلەشمە باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆلكە دائىرىسىدە ئاشلىق توشۇشقا مەزكۇر شۆبە ئورگان ترانسپورت كۈچى ئورۇنلاشتۇردى ۋە ئۆلكىلىك ئاشلىق ئىدارىسى، ئۆلكىلىك سودا شىركىتى توشۇغۇچى ئورۇن بىلەن توشۇش توختامى ئىمزالىدى، غەربىي شىمال تاشيول ترانسپورت بىرلەشمە باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى گۇۋاھلىق بەرگەندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولدى.

## 2. مەجبۇرىي توشۇتۇش

مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىن 19 ـ يىلغىچە (1930 ـ يىلى) شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق بىجىدا: «دېھقانلار باج ئورنىدا ئاشلىق تاپشۇرغاندىن سىرت، يەنە ھەربىي راباتلار ئۈچۈن ھاشار ئىشلەپ بېرىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. ھەربىي ئاشلىق، ھۆكۈمەت ئاشلىقىنى توشۇش جەريانىدا، بىر قىسمىغا ھاشار تۈزۈمى چارىسىنى قوللىنىپ، خەلق ئىشچىلىرى، خەلق ھارۋىلىرى، خەلق تۆگىلىرى ھۆكۈمەتنىڭ ترانسپورت ئىشىغا سېلىندى.

مىنگونىڭ 10 — 22 ـ يىللىرى (1921 — 1933 ـ يىللىرى) خەلق ھارۋىلىرى، تۆگىلىرىنى تۇتۇپ قېلىپ ھەربىي ئاشلىق توشۇشقا سېلىش ۋاسىتىسى قوللىنىلدى. شىنجاڭ دائىرىلىرى: شىنجاڭغا كىرگەن ھارۋا، تۆگىلەر قومۇلدا سەيسگە ئىشلەپ 2 قېتىم ھەربىي ئاشلىق توشۇپ بەرگەندىن كېيىن ئاندىن يۈك بېسىپ شىنجاڭدىن چىقىپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلىنىدۇ دەپ بەلگىلىدى. تولۇقسىز خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا مىنگونىڭ 17 ـ يىلى (1928 ـ يىلى) 10 ـ ئايدىن مىنگونىڭ 18 ـ يىلى (1929 ـ يىلى) غىچە مۇشۇنداق مەجبۇرىي توشۇتۇش ئۇسۇلى بىلەن 614 مىڭ 656 جىڭ ھەربىي ئاشلىق توشۇلغان، تۇتۇپ قېلىنغان ھارۋا، تۆگىلەر ئىچىدە ئۆلكە ئىچىدىكى توشۇپ سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بار، شەنشى، گەنسۇدىن ھۆكۈمەت

چېيىنى، مىلىچماللارنى توشۇپ شىنجاڭغا كەلگەن كىراكەشلەرمۇ بار. ئۇلار جايلاردىن ئېلىپ كەلگەن ماللىرىنى يەتكۈزۈپ بەرمەكچى بولغان يەرگە تاپشۇرغاندىن كېيىن، يېقىن ئەتراپتىكى كۆرسىتىلگەن ئاشلىق يۆتكەش ئورنىغا بېرىپ ھەربىي ئاشلىقنى قومۇلغا توشۇدى.

مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ھەربىي ئاشلىقنى توشۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «سودىگەرلەرنىڭ ترانسپورت قوراللىرىنى ئېلىپ ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش» چارىسىنى ئېلان قىلىپ، تۆۋەندىكىلەرنى بەلگىلىدى: ئۆلكە دائىرىسىدە ترانسپورت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بارلىق ترانسپورت قوراللىرى، جۈملىدىن ئاپتوموبىل، ھارۋا، تۆگە، ئېشەكلەر (ئارمىيە، ھۆكۈمەت ئاپتوموبىللىرى ۋە شەھەر رايونىدا قاتناشقا ئىشلىتىلىدىغان خادىك ھارۋىلار بۇنىڭ سىرتىدا) بىردەك ئاشلىق باھاسىنى تىزگىنلەش كومىتېتىغا تىزىمغا ئالدۇرۇپ تىزىملىتىش كىنىشكىسى ۋە يۈرۈش بەلگىسى ئېلىشى شەرت. ئاپتوموبىللار بىر ئايدا بىر قېتىم، ھارۋا، تۆگە، ئېشەكلەر 3 ئايدا بىر قېتىم ئىشلىتىلىدۇ. ئىشلىتىلگەن ترانسپورت قوراللىرىغا ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن توشۇش باھاسى بويىچە كىرا ھەققى بېرىلىدۇ.

1951 - يىلى 6 - ئايدا شىنجاڭغا يۆتكەپ كېلىنىدىغان ھەربىي ئاشلىقنى جىددىي توشۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، گەنسۇ ئۆلكىسى جيۇچۈەن ۋىلايەتلىك پارتكوم، ۋالىي مەھكىمىسى: جيۇچۈەندىن ئۆتۈپ شىنجاڭغا بارىدىغان بارلىق ترانسپورت ئاپتوموبىللىرى شىنجاڭدىكى قومۇلغا بىر قېتىم ئاشلىق توشۇغاندىن كېيىن ئاندىن نورمال مال توشۇيالايدۇ. كونكرېت توشۇشنى جيۇچۈەن ۋىلايەتلىك ترانسپورت بىرلەشمە باشقۇرۇش كومىتېتى ئورۇنلاشتۇرىدۇ ۋە ئاشلىق توشۇيدىغان ئاپتوموبىللارغا كېتەرلىك بېنزىننى تەمىنلەيدۇ، كىرا ھەققى بەلگىلەنگەن كىرا باھاسىدىن 20% ئاشۇرۇپ بېرىلىدۇ دەپ بەلگىلەندى.

## 3. پىلانلىق توشۇش

### 1) پىلانلىق باشقۇرۇش

**(1) پىلان تۈزۈپ مەلۇم قىلىش** 1954 - يىلدىن ئېتىبارەن ئاشلىق توشۇش ئىشى شىنجاڭ ترانسپورتىنى پىلانلىق باشقۇرۇش ئىزىغا كىرگۈزۈلدى. ئاپتونوم رايون ئىچى ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئارا ئاشلىقنى تاشىيولدا ئايلىق توشۇش پىلانىنى ئۆلكىلىك ئاشلىق نازارىتى يىللىق (پەسىللىك) ئاشلىق تاۋار ئوبوروتى پىلانىغا ئاساسەن تۈزۈپ چىقىپ، بىر تۇتاش ئۆلكىلىك ترانسپورت پىلانى كومىتېتىغا (بۇ ئورگان غەربىي شىمال تاشيول ترانسپورتىنى بىرلەشمە باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىدىن ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان بولۇپ، 1957- يىلى يەنە ش ئۇ ئا ر ترانسپورت قوماندانلىق شتابىغا ئۆزگەرتىلدى) مەلۇم قىلدى. دەسلەپكى مەزگىلدە پىلان كونكرېت تاپشۇرۇپ ئالىدىغان، بېرىدىغان نۇقتىلارغىچە بېكىتىلىپ كەلگەندى، كېيىن ناھىيىلەرگىچە بېكىتىلىدىغان بولدى. ترانسپورت پىلانى كومىتېتى ھەر ئايدا توشۇش كۈچى، توشۇش مىقدارىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش يىغىنى چاقىرىپ، ئاشلىق توشۇتۇش پىلانىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى. دەسلەپتە ئەسلى توشۇتۇش پىلانى جەدۋىلىنىڭ ئۈستىگىلا تەستىق سۆزى يېزىلاتتى، كېيىن ھۆججەت شەكلىدە چۈشۈرۈلىدىغان بولدى. 1968 - يىلغىچە ئاشۇ ھالەتتە ئىجرا قىلىندى. 1969 - يىلدىن ئېتىبارەن ئاشلىق ترانسپورتىنى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسى، سانائەت - قاتناش گۇرۇپپىسى، ش ئۇ ئا ر ترانسپورت قوماندانلىق شتابى، قاتناش نازارىتى مەسئۇل بولۇپ ئورۇنلاشتۇردى. مەلۇم قىلىنىدىغان ئاشلىق توشۇتۇش پىلانىنى ئاشلىق نازارىتى ئاي بويىچە ئاشلىق يۆتكەپ بېرىدىغان، يۆتكەپ ئالىدىغان جايلار بىلەن كېڭىشىش ئارقىلىق تۈزگەنىدى. 1977 - يىلدىن كېيىن

ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد كومىتېتى ھەر ئايدا مادەي ئەشيالار ترانسپورتىنى ماسلاشتۇرۇش يىغىنى چاقىرىپ ترانسپورت كۈچىنى ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئاۋۋال تېلېگراف ئۇقتۇرۇشى شەكلىدە، كېيىن ھۆججەت چىقىرىپ ئىجرا قىلدى. 1980 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ قاتناش ترانسپورتىدا مال مەنبەسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، يول خېتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، راسچوتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۈچنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ باشقۇرۇش يولىغا قويۇلدى. ئاشلىقنى تاشيولدا توشۇش ئايلىق پىلانىنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى قاتناش نازارىتىنىڭ ترانسپورت كۈچى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا سۇنغاندىن كېيىن، ئۇنى تېلېفون ئارقىلىق جايلارغا ئۇقتۇردى، ئارقىدىنلا توشۇش باشلىنىدىغان، توختايدىغان نۇقتىلار، ئاشلىق سورتى، مىقدارى، توشۇپ بېرىدىغان ئورۇن كۆرسىتىلگەن پىلان جەدۋىلى چۈشۈرۈلدى، 1990 - يىلغىچە شۇ بويىچە ئىجرا قىلىندى.

1963 - يىل 11 - ئايدا ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى مال توشۇش كەسپىنى باشلىغاندىن تارتىپ 1990 - يىلغىچە ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق، ياغ تۆمۈريول ترانسپورت پىلانىنى تۈزۈش ۋە تەستىقلىتىشنى ئاشلىق نازارىتى بىر تۇتاش بېجىرىپ كەلدى، پىلان تەستىقلانغاندىن كېيىن جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئىجرا قىلىشىغا ئۇقتۇردى. 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئاشلىق، ياغ كېلىشىم باھا كەسپى ئارقا - ئارقىدىن قانات يايدۇرۇلدى، دۆلەت ئاشلىق، ياغ كېلىشىم باھا كارخانىلىرىنىڭ ئاپتوموبىل تەلەپ قىلىش پىلانىغا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «ئاشلىق، ياغ يۆتكەش پىلانى مەخسۇس تامغىسى»نى بېسىپ بەردى.

**(2) پىلاننى ئىجرا قىلىش** 1954 - يىلدىن 1977 - يىلغىچە يۆتكەش ستاتىستىكا پەسىللىك مەلۇمات قەرەلسىز سېلىشتۇرۇپ باھالىنىپ، جايلارنىڭ پىلاننى ئىجرا قىلىشى تەكشۈرۈپ تۇرۇلدى ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىندى. بۇ باسقۇچتا، ئايرىم يىللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پىلاننىڭ ئورۇندىلىنىش نىسبىتى ئادەتتە 85%تىن يۇقىرى بولدى. 1978 - يىلى ئاشلىق، ياغ يۆتكەش پىلانىنى تۈزۈش تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، پەسىللىك پىلانلارنى تۈزۈش نۆۋەتلىك يىغىنىدا، ھېسابات سېلىشتۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ ئاشلىق، ياغ توشۇش پىلانى تەكشۈرۈپ تۇرۇلدى. 80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاپتونوم رايوندا ئاشلىقتىن ئۇدا بىر قانچە يىل مول ھوسۇل ئېلىندى، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدا ئامبارلار ئاشلىققا توشۇپ، «ئاشلىق ساقلاش قىيىن بولۇش» زىددىيىتى گەۋدىلىك بولدى. تاشيول ترانسپورتىدا ترانسپورت كۈچى يېتىشمەسلىك ئېشىپ قېلىشقا ئۆزگەردى. ترانسپورت تارماقلىرى تالىشىپ يۈرۈپ ئاشلىق توشۇيدىغان، ئاشلىقنى پىلاندىن ئارتۇق ماڭدۇرىدىغان ئەھۋاللار ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ تۇردى. شۇڭا، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئاشلىق، ياغ ترانسپورتىغا قارىتا چەكلەش تەدبىرىنى قوللىنىپ، ترانسپورت پىلانىنى چۈشۈرۈلگەن ئاشلىق، ياغ ترانسپورت ۋەزىپىسىنىڭ 5%ى بويىچە ئىگىلەشنى، رۇخسەت قىلىنغان ھەجىمدىن ئاشۇرۇۋەتسە، پىلاندىن ئاشۇرۇۋېتىلگەن قاتاردا بىر تەرەپ قىلىشنى بەلگىلىدى. ئاشلىق، ياغ پىلاندىن ئاشۇرۇپ ماڭدۇرۇلغان بولسا، قەرز پۇل ۋە كىرا ھەققىنىڭ 50%ىلا بېرىلدى. 1990 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «ئاشلىق، ياغ يۆتكەش تەپسىلىي قائىدىسى»نى تارقىتىپ، ترانسپورت پىلانىنى ئاي بويىچە تەكشۈرۈپ تۇرۇشنى، ھەر بىر ترانسپورتقا سېلىنغان نومۇردىكى توشۇش مىقدارىغا ئاساسەن ئاشۇرۇپ توشۇش مىقدارىنى چەكلەپ تۇرۇشنى، توشۇش مىقدارى 300 — 1000 توننىغىچە بولسا، ئاشۇرۇپ توشۇش مىقدارىنى 30 توننا ئىچىدە تىزگىنلەشنى؛ توشۇش مىقدارى 1000 توننىدىن يۇقىرى بولسا، ئاشۇرۇپ توشۇش مىقدارىنى 50 توننا ئىچىدە تىزگىنلەشنى؛ تىزگىنلەش سانىدىن ئاشۇرۇۋېتىلسە، ئاشلىق بەرگۈچى تەرەپكە پىلانسىز توشۇلغان ئاشلىق سوممىسىنىڭ 5%ى بويىچە جەرىمانە قويۇشنى بەلگىلىدى. پىلاننىڭ ئورۇندىلىنىش نىسبىتى ئادەتتە 95%تىن يۇقىرى بولۇپ تۇردى.

## 2) توشۇش مىقدارى

1953 ـ يىلدىن 1959 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق، ياغ توشۇش مىقدارى (ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ئارا، ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئارا، ناھىيىلەر ئارا توشۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 193 مىڭ 100 توننىدىن بولۇپ تۇردى. ئۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئارا توشۇلغىنى 106 مىڭ 700 توننا بولدى، بۇنىڭ ئاز قىسمى ئۇلاغ كۈچى بىلەن توشۇلغاندىن سىرت، ئاساسەن ئاپتوموبىلدا توشۇلدى. 60 ـ يىللاردا ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق، ياغ توشۇش ئومۇمىي مىقدارى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 475 مىڭ 700 توننىدىن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكىلەر ئارا توشۇلغىنى 69 مىڭ 300 توننا، ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئارا توشۇلغىنى 188 مىڭ 400 توننا. 1963 ـ يىلدىن ئېتىبارەن شىنجاڭدىن سىرتقا يۆتكىلىدىغان ئاشلىق پويىزدا توشۇلۇشقا باشلىدى. 1967 ـ يىلغىچە بولغان 5 يىلدا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ئارا يۆتكەلگەن ئاشلىق 586 مىڭ 700 توننا بولۇپ، بۇنىڭدىن تۆمۈريولدا توشۇلغىنى %20.06نى تەشكىل قىلىدۇ. سىرتقا يۆتكەش ۋەزىپىسى بولمىغان يىللاردا تۆمۈريولدا توشۇش مىقدارى %5 ئۆپچۆرىسىدە بولدى. قالغىنى پۈتۈنلەي تاشيولدا توشۇلدى. 70 ـ يىللاردا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىللىق تەكشە، كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغ توشۇش ئومۇمىي مىقدارى 538 مىڭ 900 توننا بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشە باھالىق ئاشلىق توشۇش مىقدارى 529 مىڭ 700 توننا، ياغ توشۇش مىقدارى 8000 توننا. بۇ مەزگىلدىكى تۆمۈريولدا توشۇش مىقدارى: يۆتكەپ بېرىلگەن ئاشلىق 50 مىڭ توننا، يۆتكەپ ئېلىنغان ئاشلىق 1 مىليون 410 مىڭ 400 توننا. 1970 ـ يىلدىن 1979 ـ يىلغىچە بولغان 10 يىلنىڭكىنى بىر تۇتاش ھېسابلىغاندا، تاشيول، تۆمۈريولدا توشۇلغىنى ئايرىم ھالدا ئومۇمىي توشۇش مىقدارىنىڭ %73.40نى ۋە %26.60نى ئىگىلىدى.

1980 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە ئاشلىق، ياغ توشۇش مىقدارى ناھايىتى تېز ئاشتى، يىللىق ئوتتۇرىچە توشۇش مىقدارى 1 مىليون 249 مىڭ 100 توننا بولۇپ، 70 ـ يىللاردىكىدىن 1.3 ھەسسە ئاشتى. ئۇنىڭ ئىچىدە تەكشە باھالىق ئاشلىق توشۇش مىقدارى بىر ھەسسە، ياغ توشۇش مىقدارى 5.5 ھەسسە ئاشتى. ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئارا يىللىق تەكشە باھالىق ئاشلىق توشۇش مىقدارى 475 مىڭ 500 تونىنغا يېتىپ، 1.3 ھەسسە ئاشتى. توشۇش مىقدارى ئەڭ يۇقىرى بولغان 1986 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تەكشە باھالىق ئاشلىق، ياغ توشۇش مىقدارى 1 مىليون 565 مىڭ 300 تونىنغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئارا توشۇلغىنى 711 مىڭ 200 تونىنغا يېتىپ، 1980 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە بولغان 10 يىلدىكى يىللىق ئوتتۇرىچە توشۇش مىقدارىدىن %39.81 ۋە %41.31 يۇقىرى بولدى. كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغ توشۇش مىقدارىمۇ بىر قەدەر تېز ئاشتى، 11 يىلدا يىللىق ئوتتۇرىچە توشۇش مىقدارى 129 مىڭ 200 تونىنغا يەتتى، ئەڭ يۇقىرى بولغان 1989 ـ يىلى 268 مىڭ 600 توننا بولدى. بۇ مەزگىلدە تۆمۈريول ترانسپورتىنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولدى. 11 يىلدا تۆمۈريول ئارقىلىق توشۇلغان ئاشلىق، ياغ 3 مىليون 32 مىڭ 800 توننا بولۇپ، ئاشلىق، ياغ ئومۇمىي توشۇش مىقدارىنىڭ %22.07نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ئارا توشۇلغان ئاشلىق، ياغ 2 مىليون 731 مىڭ 700 توننا بولۇپ، تۆمۈريولدىكى ئومۇمىي توشۇش مىقدارىنىڭ %90نى ئىگىلىدى؛ ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئارا تۆمۈريولدا توشۇلغىنى 301 مىڭ 100 توننا بولۇپ، %10نى ئىگىلىدى. ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئارا تۆمۈريولدا توشۇلغىنى ئىچىدە شىمالىي شىنجاڭدىن ئۈرۈمچى شىمالىي ۋوگزال، سانجى ئارقىلىق قۇمۇلغا توشۇلغىنى 80 مىڭ 500 توننا، تۇرپانغا توشۇلغىنى 77 مىڭ 100 توننا بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدىن كورلا ئارقىلىق قۇمۇلغا توشۇلغىنى 52 مىڭ 700 توننا، تۇرپانغا توشۇلغىنى 55 مىڭ 700 توننا، ئۈرۈمچىگە توشۇلغىنى 35 مىڭ 100 توننا بولدى (جەدۋەل: 3 — 38گە قاراڭ).

## 1953 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە شىنجاڭدا ئاشلىق، باغ توشۇش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 — 38

بىرلىكى: تۈمەن توننا

| ئاشلىق يىلى | ئومۇمىي توشۇش مىقدارى | تەكشە باھا | | | | | | كېلىشىم باھا | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئاشلىق | بۇنىڭ ئىچىدە | | باغ | بۇنىڭ ئىچىدە | | ئاشلىق | بۇنىڭ ئىچىدە | | باغ | بۇنىڭ ئىچىدە | |
| | | | ئۆلكىلەر ئارا | ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئارا | | ئۆلكىلەر ئارا | ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئارا | | ئۆلكىلەر ئارا | ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئارا | | ئۆلكىلەر ئارا | ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئارا |
| 1953 | 7.29 | 7.29 | | 3.84 | | | | | | | | | |
| 1954 | 15.13 | 15.11 | | 7.56 | 0.02 | 0.02 | | | | | | | |
| 1955 | 19.08 | 19.08 | 0.02 | 9.78 | | | | | | | | | |
| 1956 | 18.27 | 17.88 | | 10.02 | 0.39 | | 0.09 | | | | | | |
| 1957 | 25.89 | 25.11 | | 14.58 | 0.78 | | 0.26 | | | | | | |
| 1958 | 21.44 | 20.94 | | 10.90 | 0.50 | | 0.23 | | | | | | |
| 1959 | 28 | 27.27 | | 17.14 | 0.73 | 0.03 | 0.34 | | | | | | |
| 1960 | 31.78 | 31.20 | 1.49 | 19.79 | 0.58 | | 0.27 | | | | | | |
| 1961 | 36.25 | 35.74 | 1.14 | 15.21 | 0.51 | 0.01 | 0.26 | | | | | | |
| 1962 | 27.24 | 26.82 | 0.05 | 10.97 | 0.42 | | 0.20 | | | | | | |
| 1963 | 35.27 | 34.77 | 2.12 | 12.34 | 0.50 | | 0.24 | | | | | | |
| 1964 | 52.13 | 51.55 | 13.47 | 15.62 | 0.58 | | 0.29 | | | | | | |
| 1965 | 65.54 | 64.90 | 13.80 | 26.38 | 0.64 | | 0.26 | | | | | | |
| 1966 | 79.17 | 77.86 | 17.45 | 31.97 | 1.31 | 0.28 | 0.63 | | | | | | |
| 1967 | 64.32 | 63.29 | 11.83 | 25.44 | 1.03 | 0.12 | 0.59 | | | | | | |
| 1968 | 45.46 | 44.63 | 3.73 | 15.74 | 0.83 | 0.13 | 0.36 | | | | | | |

| | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | 0.30 | 0.03 | 0.59 | 11.57 | 3.61 | 37.99 | 38.58 | 1969 |
| | | | | | | 0.29 | 0.01 | 0.31 | 11.23 | 10.55 | 21.78 | 22.09 | 1970 |
| | | | | | | 0.33 | 0.01 | 0.34 | 18.75 | 8.16 | 26.91 | 27.25 | 1971 |
| | | | | | | 0.26 | 0.05 | 0.31 | 15.97 | 4.42 | 20.39 | 20.70 | 1972 |
| | | | | | | 0.19 | 0.35 | 0.82 | 16.53 | 5.12 | 35.18 | 36 | 1973 |
| | | | | | | 0.24 | 0.21 | 0.70 | 18.13 | 26.92 | 60.81 | 16.51 | 1974 |
| | | | | | | 0.31 | 0.13 | 0.79 | 19.29 | 28.63 | 71.22 | 72.01 | 1975 |
| | | | | | | 0.30 | 0.15 | 0.80 | 25.36 | 16.22 | 63.78 | 64.58 | 1976 |
| | | | | | | 0.28 | 0.23 | 0.94 | 22.82 | 15.58 | 67.35 | 68.29 | 1977 |
| | | | | | | 0.26 | 0.46 | 1.19 | 25.50 | 14.86 | 72.42 | 73.61 | 1978 |
| 0.03 | 0.28 | 0.35 | 0.15 | 0.43 | 0.90 | 0.33 | 0.86 | 1.75 | 32.37 | 26.43 | 89.89 | 92.89 | 1979 |
| 0.08 | 0.21 | 0.36 | 1.86 | 2.93 | 5.94 | 1.34 | 0.40 | 2.55 | 47.55 | 20.30 | 100.13 | 108.98 | 1980 |
| 0.10 | 0.29 | 0.44 | 2.07 | 4.50 | 8.03 | 1.75 | 0.36 | 3.24 | 35.58 | 11.72 | 81.04 | 92.75 | 1981 |
| 0.06 | 0.09 | 0.24 | 2.51 | 3.95 | 7.57 | 2.49 | 0.38 | 4.49 | 28.70 | 18.78 | 85.45 | 97.75 | 1982 |
| 0.06 | 0.24 | 0.35 | 2.15 | 4.78 | 7.60 | 2.94 | 0.47 | 5.25 | 25.43 | 15.94 | 82.35 | 95.55 | 1983 |
| 0.05 | 0.23 | 0.30 | 1.69 | 3.43 | 6.34 | 3.28 | 0.49 | 5.86 | 39.55 | 4.39 | 86.47 | 98.97 | 1984 |
| 0.09 | 0.16 | 0.36 | 1.79 | 3.81 | 6.52 | 3.55 | 0.61 | 7.14 | 42.51 | 6.76 | 88.78 | 102.80 | 1985 |
| 0.33 | 1.42 | 2.03 | 1.45 | 6.93 | 9.90 | 5.33 | 1.39 | 9.20 | 65.79 | 38.04 | 147.33 | 168.46 | 1986 |
| 0.47 | 1.49 | 2.08 | 1.91 | 10.43 | 13.29 | 3.70 | 1.40 | 6.83 | 66.40 | 31.28 | 141.69 | 163.89 | 1987 |
| 0.47 | 1.90 | 2.54 | 4.52 | 7.28 | 15.31 | 2.46 | 1.28 | 5.30 | 60.98 | 18.64 | 129.36 | 152.51 | 1988 |
| 0.73 | 0.95 | 2.01 | 9.03 | 11.98 | 24.84 | 1.48 | 0.22 | 2.86 | 50.41 | 9.28 | 108.70 | 138.41 | 1989 |
| 0.59 | 1.35 | 2.17 | 5.82 | 15.98 | 23.95 | 2.24 | 1.04 | 4.80 | 60.13 | 5.67 | 123.10 | 154.02 | 1990 |

ئىزاھ: ئومۇمىي توشۇش مىقدارى ئۆلكىلەر ئارا، ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئارا، ناھىيىلەر ئارا توشۇلغانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئۆلكىلەر ئارا توشۇلغىنى يۆتكەپ بېرىلگەن ۋە يۆتكەپ ئېلىنغىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئارا، ناھىيىلەر ئارا توشۇلغىنى يۆتكەپ بېرىلگەن سانلاردۇر.

# §2 . ترانسپورت قوراللىرى

20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىن ئىلگىرى شىنجاڭدا ئاشلىق، ياغ توشۇشتا پۈتۈنلەي ئۇلاغ ۋە ئۇلاغ ھارۋىلىرىغا تايىنىلاتتى. كېيىن ئاپتوموبىل ترانسپورتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن ئۇلاغ ترانسپورتى ئازىيىپ باردى. 50 ـ يىللاردىن ئېتىبارەن ئاپتوموبىل ئۇزۇن يوللۇق ترانسپورتنىڭ ئاساسىي قورالىغا ئايلاندى، 60 ـ يىللاردىن ئېتىبارەن تۆمۈريول ترانسپورتى مەلۇم نىسبەتنى ئىگىلىدى. ئاشلىق، ياغنى قىسقا يولدا توشۇشتا، 50 ـ يىللاردا يەنىلا ئۇلاغ، ئۇلاغ ھارۋىسى ئاساس قىلىندى؛ 60 ـ يىللاردا ئۈرۈمچى قاتارلىق ئاساسلىق شەھەرلەردە ئاپتوموبىل ئىشلىتىلدى، ئادەتتىكى شەھەر ـ بازارلار ۋە يېزىلاردا يەنىلا ئۇلاغ ھارۋىسىغا تايىنىلدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى ھۆكۈمەتكە ئاشلىق تاپشۇرغاندا تراكتور، ئاپتوموبىلدىن پايدىلىنىشقا باشلىدى؛ 70 ـ يىللاردا شەھەر ـ بازارلاردا ئاپتوموبىل ئاساس قىلىندى، ئاز ساندىكى چەت، يىراق شەھەر ـ بازارلاردا يەنىلا ئۇلاغ ھارۋىلىرى بار ئىدى؛ 80 ـ يىللاردا شەھەر ـ بازارلاردا ئاساسىي جەھەتتىن ئاپتوموبىل ئىشلىتىلدى، يېزىلارنىڭ ھۆكۈمەتكە ئاشلىق تاپشۇرىدىغان ئاپتوموبىل، تراكتورلىرى پەيدىنپەي كۆپىيىپ باردى. لېكىن ئۇلاغ ھارۋىلىرى يەنىلا بىر قەدەر زور نىسبەتنى ئىگىلەيتتى. شىنجاڭدا ئاز ساندا كېمە ترانسپورتىمۇ بولغان. جىددىي ئەھۋاللاردا ئايروپىلان بىلەن ئاشلىق توشۇيدىغان ئىشلارمۇ بولغانىدى.

## 1. ئۇلاغ، ئادەم ترانسپورتى

قەدىمكى دەۋردىن 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغىچە شىنجاڭدا ئاشلىق، ياغ توشۇيدىغان قورال ئاساسەن تۆگە، ئات، كالا (جۈملىدىن قوتاز)، قېچىر، ئېشەك ھەم تۈرلۈك ئۇلاغ ھارۋىلىرى ۋە قول ھارۋىلىرى ئىدى، ئۇلاغ قاتنىيالمايدىغان پەۋقۇلئاددە ئەھۋالدا ئاشلىقنى ئادەملەر يۈدۈپ توشىغانىدى. «تارىخنامە. فەرغانە تەزكىرىسى»دە لى گۇاڭلى فەرغانىگە يۈرۈش قىلغاندا «100 مىڭ كالا، 30 مىڭدىن ئارتۇق ئات، بىر قانچە 10 مىڭ ئېشەك، قېچىر، تۆگىلەر ئىشقا سېلىندى. بۇلار بىلەن تولاراق ئاشلىق توشۇلدى، ھەربىي ياراغلارمۇ توشۇلدى، بۇ چاغدا جاھان مالىمان ئىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 26 ـ يىلى (1761 ـ يىلى) پىچان، ئۈرۈمچىدىن تۆگە كارۋانلىرى ياللۇۋېلىنىپ بوزيەرلەردىكى ئارتۇق ئاشلىقلار باركۆلگە توشۇلغان. داۋگۇاڭنىڭ 6 ـ يىلى ( 1826 ـ يىلى) جاھانگىر خوجىنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىش ئۇرۇشىدا، ئۇيغۇر دېھقانلىرىدىن 2000 دىن ئارتۇق كىشى ئىلىدىن ئاشلىق يۈدۈپ مۇز داۋانىدىن ئۆتۈپ ئاقسۇغا توشۇغان. گۇاڭشۈ 1 ـ يىلىدىن 4 ـ يىلىغىچە (1875 — 1878 ـ يىللىرى) زو زۇڭتاڭ قوقانلىق ياقۇپبەگ تاجاۋۇزچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش ئۇرۇشىدا، ئىچكىرىدىن ناھايىتى كۆپ ئۇلاغلار بىلەن شىنجاڭغا ئاشلىق توشىغان. خاتىرىلىنىشىچە، ۋۇۋېي بىلەن جيۇچۈەن ئارىلىقىدا 2000 ھارۋا، 1500 دىن ئارتۇق ئېشەك بىلەن ئاشلىق توشۇلغان؛ شىشەن، قۇمۇل، باركۆل ۋە گۇچۇڭ ئارىلىقىدا 3000 ھۆكۈمەت تۆگىسى، 10 مىڭ سودىگەر تۆگىسى، 300 ھارۋا قاتناپ تۇرغان؛ جيۇچۈەن بىلەن گۇچۇڭ ئارىلىقىدا قاتناۋاتقان ھارۋىلار 1000 دىن ئارتۇق بولغان؛ گۇچۇڭ بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا 500 ھارۋا، 8000 دىن ئارتۇق تۆگە، باركۆل بىلەن چىقتىم ئارىلىقىدا 1000 ئېشەك؛ ئۈرۈمچى، قۇمۇل ۋە تۇرپان ئارىلىقىدا 900 دىن ئارتۇق ھارۋا، 2000 دىن ئارتۇق قېچىر؛ تۇرپان بىلەن ئالدىنقى سەپ ئارىلىقىدا 300 ھارۋا، 8000 تۆگە، 1000 قېچىر قاتناپ تۇرغان؛ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئاشلىق، ياغ چىقىدىغان رايونلاردىن باشقا جايلارغا ئاشلىق، ياغ توشۇشتا پۈتۈنلەي ئۇلاغ ترانسپورتىغا تايىنىلدى. مۇھىم سودا بازارلىرىنىڭ بىرى

بولغان گۈچۈڭ ناھىيىسىدە، مىنگونىڭ 16 - يىلى (1927 - يىلى) 7630 تۆگە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇن، ياغنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈرلۈك يەرلىك مەھسۇلاتلار توشۇلۇپ، ئۆلكە بويىچە ئەڭ چوڭ تۆگە كارۋىنىغا ئىگە ناھىيە بولغانىدى. مىنگونىڭ 19 - يىلى (1930 - يىلى) مەزكۇر ناھىيە يەنە كالا ھارۋىلىرىنى تەشكىللەپ باشقا جايلارغا ئاشلىق توشۇدى. ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى تەكسە باھالىق ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەشنى ئاساس قىلىدىغان «ئۈرۈمچى مەمۇرلار ئىستېمال كوپېراتىپى» مىنگونىڭ 27 - يىلىدىن 38 - يىلىغىچە (1938 — 1949 - يىللىرى) ھارۋا كارۋىنى تەسىس قىلىپ، 1943- يىلىدىن ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭدىن ئۈرۈمچىگە ئاشلىق توشۇغانىدى، جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئاشلىق توشۇشتا تۆگە ئىشلىتىلەتتى، 1943 - يىلىدىن كېيىن ھارۋا كارۋىنى قىسقا ئارىلىقتا ئاشلىق، ياغ توشۇشقا سېلىندى. مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) ئۆلكىلىك تاشيول ترانسپورت ئىدارىسى ئۇلاغ ترانسپورتى كەسپىنى قوشۇمچە باشقۇرۇپ، 80 دانە تۆمۈر چاقلىق ھارۋا، 50 دانە رېزىنكە چاقلىق ھارۋا بىلەن ھۆكۈمەت ئاشلىقى قاتارلىق ماددىي ئەشيالارنى توشۇدى. مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى)نىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ سودا بانكىسىغا قاراشلىق ئاشلىق سارىيىنىڭ ترانسپورت بۆلۈمچىسىدە ئاشلىق توشۇيدىغان ھارۋا كارۋىنى بار ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئارىلىقىدا، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېكسپورت قىلىنىدىغان بۇغداي قاتارلىقلار ئاساسىي جەھەتتىن خەلقنىڭ ھارۋىلىرى، تۆگىلىرى بىلەن توشۇلدى. مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) ئۆلكىلىك غەللە - پاراق ئاشلىقى باشقارمىسى ئۈچتۇرپان، ئونسۇدىكى ھۆكۈمەت ئاشلىقىنى قاراشەھەرگە توپلاش ئۈچۈن 1000 تۆگە، 2500 ئېشەك، 750 دانە يار - يار ھارۋا ئىشلەتكەنىدى. 1950 — 1951 - يىللىرى ئىلىدىكى «چېشىن» ترانسپورت سودا سارىيى ھارۋا تەشكىللەپ، ئىلىدىن ئۈرۈمچىگە ئاشلىق توشۇدى.

1954 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك يۈك توشۇش شىركىتىنىڭ 6 ئۇلاغ ترانسپورت چوڭ ئەترىتى قىسقا ئارىلىقتا ئاشلىق توشۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. 50 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا ۋىلايەتلەر، ئاپتونوم ئوبلاستلار ۋە ناھىيىلەر ئارا ئاشلىق، ياغ توشۇشتا كۆپ قىسمىنى يەنىلا ھارۋىلار ئۈستىگە ئالدى. 1957 - يىلى ئەتىيازدا مەكىت ناھىيىسىدە، ئېغىر ھالدا ئاشلىق قەھەتچىلىكى يۈز بەردى، بۇ ۋاقىتتا 100 دانە رېزىنكە چاقلىق ھارۋا، 500 دانە باشقا ھارۋا تەشكىللەپ يەكەن، پوسكام قاتارلىق ناھىيىلەردىن ئاشلىق توشۇپ بېرىلدى. 60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىمۇ ناھىيىلىك، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىدە ئومۇميۈزلۈك ئۇلاغ ترانسپورت ئەترەتلىرى بولۇپ، ناھىيە، شەھەر دائىرىسىدىكى قىسقا ئارىلىقتا ئاشلىق، ياغ توشۇش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى «شەرق شامىلى» ئالىي قول ھارۋا ترانسپورت كوپېراتىپى ئۈرۈمچى «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتىدىن شەھەردىكى ئاشلىق دۇكانلىرىغا ئۇن، گۈرۈچ توشۇش ۋەزىپىسىنىڭ ھەممىسىنى ئۈستىگە ئالدى. كېيىن ئاپتوموبىل ترانسپورتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن، ئۇلاغ، ھارۋا ۋە قول ھارۋىلىرى دۆلەتنىڭ ئاۋار ئاشلىق، ياغ ترانسپورتىدا پەيدىنپەي ئازىيىپ باردى ۋە شاللىۋېتىلدى. 1990 - يىل ئاخىرىدا دېھقانلار، چارۋىچىلار بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى دېھقان - چارۋىچىلار دۆلەتكە ئاشلىق ساتقاندا ياكى بازارغا ئاشلىق، ياغ ئاپىرىپ ساتقاندا، ھارۋا (ئاساسلىقى ئېشەك ھارۋىسى) ترانسپورتى يەنىلا بىر قەدەر چوڭ نىسبەتنى ئىگىلەپ تۇردى.

## 2. ئاپتوموبىل، تراكتور ترانسپورتى

20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئېتىبارەن شىنجاڭدا ئاشلىق، ياغنى ئۇزۇن يولدا توشۇشتا يۈك ئاپتوموبىللىرى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) ئىلى، تارباغاتاي، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ئېكسپورت قىلىنىدىغان قىچا يېغىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈرلۈك ماددىي ئەشيالار ئاپتوموبىلدا توشۇلدى. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) ئۈرۈمچى مەمۇرلار ئىستېمال

كوپېراتىپىنىڭ ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن داداۋچى، شياۋداۋچى ئاپتوموبىللىرى قوشۇلۇپ 27 دانە ئاپتوۋبىلى بولۇپ، بۇلار ئاساسەن ئۇزۇن يولدا ئاشلىق، ياغ توشۇشقا ئىشلىتىلدى. مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۆلكىلىك تاشيول ئىدارىسى مىللىي ھۆكۈمەت قاتناش مىنىستىرلىكى تاشيول باش ئىدارىسى 6 ـ رايونلۇق ئىدارىسىگە قوشۇۋېتىلدى، بۇ ئىدارىنىڭ يۈك ئاپتوموبىللىرىمۇ ئاساسەن ھەربىي ئاشلىق، ھۆكۈمەت ئاشلىقى قاتارلىق ماددىي ئەشيالارنى توشۇيتتى. مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى) 7 ـ، 8 ـ ئايلاردا 6 ـ رايونلۇق ئىدارە شاڭخەيدىن 100 دانە داداۋچى ئاپتوموبىلى ئەكىلىپ، ئۇنىڭ 88 دانىسىنى ترانسپورت باشقارمىسىغا تەقسىم قىلدى، بۇنىڭ 70 دانىسى ھەربىي ئاشلىق توشۇشقا ئىشلىتىلدى. مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) 5 ـ ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت شىنجاڭدىكى ئاپتوموبىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ترانسپورت قوراللىرىنى ئاشلىق توشۇشقا سالدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1953 ـ يىلغىچە ئاشلىق، ياغ (ئاساسلىقى ھەربىي ئاشلىق) نى ئۇزۇن يوللۇق توشۇشتا ئاساسەن شىنجاڭ ھەربىي رايون ئارقا سەپ بۆلۈم ترانسپورت بۆلۈمىنىڭ ئاپتوموبىللىرىغا تايىنىلدى، خۇسۇسىي ئاپتوموبىل ترانسپورت سارايلىرى ئاز مىقداردىكى ئاشلىق توشۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. 1954 ـ يىلدىن ئېتىبارەن ئۇزۇن يوللۇق ترانسپورتنى ئۆلكىلىك قاتناش ترانسپورت تارماقلىرىنىڭ ئاپتوموبىللىرى ئۈستىگە ئالدى. 1955 ـ يىلدىن كېيىن يەنە ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ ئاپتوموبىللىرى قوشۇلدى. 1960 ـ يىلدىن 1963 ـ يىلغىچە داۋاملاشقان «جەنۇبنىڭ ئاشلىقىنى شىمالغا يۆتكەش» مەزگىلىدە پۈتۈن جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى سىستېمىلارنىڭ ئاپتوموبىللىرى توشۇشقا قاتناشتۇرۇلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئاپتونوم رايون، ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ قاتناش سىستېمىسى ۋە ھەر قايسى كەسپىي ترانسپورت ئاپتوموبىل كالونلىرىنىڭ ئاپتوموبىللىرىدىن باشقا، يەنە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاپتوموبىل تۈەنى ئاشلىق توشۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. 1990ـ يىل ئاخىرىغىچە ئاشلىق، ياغنى ئۇزۇن يولدا توشۇشنى ئاساسەن ئاپتونوم رايوننىڭ قاتناش سىستېمىسىدىكى ئاپتوموبىللار ئورۇندىدى بۇ مەزگىلدە دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، چارۋىچىلىق فېرمىلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ تۈەن ـ مەيدانلىرى دۆلەتكە تاپشۇرىدىغان ئاشلىق، ياغنى تراكتور، ئاپتوموبىل بىلەن، ئاز ساندىكى دېھقانلار قول تراكتورى بىلەن توشۇدى.

1953 ـ يىلدىن ئېتىبارەن كۆپ ساندىكى ئاشلىقلارنى ئۇزۇن يولدا توشۇشتا جەمئىيەتتىكى ئاپتوموبىل كۈچلىرىگە تايىنىش بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايون ئاشلىق سىستېمىسى ياغنى مەخسۇس توشۇش ۋە ئاشلىق، ياغنى قىسقا ئارىلىقتا توشۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ترانسپورت كۈچىنى تەرتىپ راۋاجلاندۇردى. 1953 ـ يىلى ئۆلكىلىك ئاشلىق نازارىتى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 20 دانە «زىل» ماركىلىق يۈك ئاپتوموبىلى ئىمپورت قىلىپ، جايلارغا تەقسىم قىلىپ بەردى. 1956 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ياغ شىركىتى ئاشلىق نازارىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندى. 5 دانە «زىس 150» تىپلىق ئاپتوموبىل بىللە ئۆتكۈزۈلگەندى، بۇ ئاپتوموبىللار ئاساسەن جايلاردىن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىدىغان ئاشلىق، ياغنى توشۇشقا ئىشلىتىلدى. 1958 ـ يىلى ئاشلىق نازارىتى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن «ماز» ماركىلىق دىزېل ئاپتوموبىلىدىن 2نى سېتىۋالدى. 1959 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى يىغىلغانتاشتا ئاشلىق نازارىتى ئاپتوموبىل كالونى قۇرۇلدى. شۇ يىلى ئاشلىق مىنىستىرلىكى شىنجاڭغا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن «گاز — 51» تىپلىق ئاپتوموبىلدىن 15نى تەقسىم قىلىپ بەردى. 1960 ـ يىلى يەنە نەنجىڭدە ئىشلەنگەن «سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ناملىق ئاپتوموبىلدىن 10نى بەردى. شۇ يىل ئاخىرىدا كالوندىكى ئاپتوموبىل 40 قا يەتتى، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئۈرۈمچىگە ياغ توشۇش ۋە ياغ بېرىدىغان جايلاردىكى ياغ زاۋۇتلىرىغا

ياغلىق دان توشۇشتىن ئىبارەت بولدى. 60 - يىللاردا ئاشلىق نازارىتى مەزكۇر كالونغا يەنە ئارقا - ئارقىدىن بىرقىسىم ئاپتوموبىللارنى بېرىش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ بىر قىسىم ئاپتوموبىلى ئاپتوموبىلغا ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان ئاز ساندىكى ئاساسىي قاتلام ئاشلىق تارماقلىرىغا چۈشۈرۈپ بەردى. 1970 - يىل 6 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، ئاشلىق نازارىتى ئاپتوموبىل كالونى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، مەزكۇر ئىدارىنىڭ سەنپاڭگۇ ئاپتوموبىل كالونى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى ترانسپورت شىركىتىنىڭ 1 - كالونى قىلىندى.

1973 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ تەقسىمات پىلانىغا ئاساسەن، ياپونىيەدىن ئىمپورت قىلىنغان بىر تۈركۈم كونا ئاپتوموبىللارنى سېتىۋالدى ۋە ياندۇرقى يىلى 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتىغا تەستىقلىتىش ئارقىلىق ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھايۋاناتلار باغچىسىنىڭ غەربىي تەرىپىدە (سايىبولى بويىدا) ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئاپتوموبىل كالونىنى قۇردى. 1974 - يىل 5 - ئايدا، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى شىمالىي شىنجاڭدىكى 5 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى ئاشلىق تارماقلىرىغا مەخسۇس ھەربىيلەر ئوت - چۆپنى توشۇيدىغان ئاپتوموبىلدىن 22نى تەقسىم قىلىپ بەردى (بۇنىڭ 21ى ئەنجىڭدا ئىشلەنگەن «سەكرەپ ئىلگىرىلەش — 130» تىپلىق، بىرى ۋۇخەندە ئىشلەنگەن 130 تىپلىق)، 8- ئايدا سودا مىنىستىرلىكى ئاجرىتىپ بەرگەن ياپونىيىنىڭ كونا ئاپتوموبىلىدىن 125نى، دېموكراتىك گېرمانىيەدە ئىشلەنگەن موللاقچى ئاپتوموبىلدىن 3نى، پرىتسېپتىن 5نى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئاپتوموبىل كالونىغا تەقسىم قىلىپ بەردى. 1976 - يىل 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاپتوموبىل كالونى كېڭەيتىلىپ ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ترانسپورت شىركىتى قىلىپ قۇرۇلدى، ئۇنىڭدا 189 دانە ئاپتوموبىل بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە تىجارەت ترانسپورتتىكىسى 119، توننىاژى 621. 1978 - يىلدىن كېيىن ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ يۈك ئاپتوموبىللىرى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. 1979 - يىل ئاخىرىدا ئاشلىق سىستېمىسىدا 706 دانە ھەر خىل ئاپتوموبىل بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان 14 ئاشلىق، ياغ ترانسپورت كالونىنىڭ ئاپتوموبىلى 290گە يەتتى. 1980 - يىلى ئاشلىق مىنىستىرلىكى تارقاتقان «مەملىكەتلىك ئاشلىق سىستېمىسىدىكى كەسپىي ئاپتوموبىل، كېمىلەرنى باشقۇرۇش چارىسى» ئىجرا قىلىندى، كەسپىي ترانسپورتنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، شۇ يىلى 4 - ئايدىن 1982 - يىل 10- ئايغىچە ئاشلىق نازارىتى ترانسپورت شىركىتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كۇچا ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئاپتوموبىل كالونى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى ترانسپورت شىركىتىنىڭ 1 - كالونى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئاپتوموبىل كالونى ۋە ئۇلارنىڭ 72 دانە ئاپتوموبىلىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. 1985- يىلى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ قولىدىكى ئاپتوموبىل 1105كە يەتتى، ئۇنىڭ ئىچىدە 19 ئاشلىق، ياغ ترانسپورت كارخانىسىنىڭ تىجارەت ترانسپورتىدىكى ئاپتوموبىلى 442. 1990 - يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ يۈك ئاپتوموبىلى 1433كە، توننىاژى 7562گە يەتتى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى 18 ئاشلىق، ياغ ترانسپورت كارخانىسىنىڭ ئاپتوموبىلى 457، پرىتسېپى 209، توننىاژى 3691 بولدى. كەسپىي ئاپتوموبىل كالونلىرىنىڭ ترانسپورتنى باشقۇرۇش تەلىپىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق، ياغ ترانسپورت كارخانىلىرى ئاشلىق، ياغ توشۇشنى ئاساس قىلىش، ئۆز مېلىنى ئۆزى توشۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، يىل بويى 464 مىڭ 400 توننا يۈك توشۇدى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق، ياغ ماددىي ئەشيالىرى %70نى ئىگىلىدى، مالنىڭ ئوبوروت مىقدارى 125 مىليون 190 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى، تاپشۇرغان پايدا - باج 2 مىليون 823 مىڭ 200 يۈەن بولۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق، ياغ ترانسپورتىدا بىر مۇھىم كۈچ بولدى (جەدۋەل: 3 — 39 -، 40 -، 41 -، 42 - لەرگە قاراڭ).

## 1990 ـ يىلى شىنجاڭ ئاشلىق سىستېمىسىدىكى يۈك ئاپتوموبىللىرىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 — 39

| نامى | ئاپتوموبىل سانى | تونناژى |
|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە | 1433 | 7562 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 145 | 715 |
| قاراماي شەھىرى | 12 | 60 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 32 | 160 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 32 | 160 |
| سانجى ئوبلاستى | 164 | 820 |
| شىخەنزە شەھىرى | 52 | 260 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق | 14 | 70 |
| ئىلى ۋىلايىتى | 131 | 665 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 76 | 380 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 64 | 320 |
| بورتالا ئوبلاستى | 38 | 184 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 64 | 320 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 56 | 280 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 25 | 125 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 117 | 585 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 85 | 428 |
| ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ترانسپورت شىركىتى | 281 | 1799 |
| ئاشلىق ئىدارىسىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار | 45 | 231 |

## 1990 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ئاشلىق، ياغ ترانسپورت كارخانىلىرىدىكى ئاپتوموبىل سانى

جەدۋەل: 3 — 40

| كارخانا نامى | ئاساسىي ئاپتوموبىل، پرىتسېپ | | ئاساسىي ئاپتوموبىل | | پرىتسېپ | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئاپتوموبىل سانى | تونناژى | سانى | تونناژى | سانى | تونناژى |
| ئاپتونوم رايون بويىچە | 666 | 3691 | 457 | 2821 | 209 | 870 |
| ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ترانسپورت شىركىتى | 281 | 1799 | 206 | 1504 | 75 | 295 |
| ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئاپتوموبىل كالونى | 59 | 281 | 44 | 214 | 15 | 67 |
| تۇرپان شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئاپتوموبىل كالونى | 20 | 96 | 12 | 64 | 8 | 32 |
| سانجى ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسى ئاپتوموبىل كالونى | 23 | 104 | 12 | 60 | 11 | 44 |
| گۇچۇڭ ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئاپتوموبىل كالونى | 17 | 71 | 9 | 39 | 8 | 32 |
| مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئاپتوموبىل كالونى | 16 | 72 | 8 | 40 | 8 | 32 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| شىخەنزە ئاشلىق ئىدارىسى ئاپتوموبىل كالونى | 21 | 94 | 12 | 49 | 9 | 45 |
| ئىلى ۋىلايەتلىك ئاشلىق باشقارمىسى ئاپتوموبىل كالونى | 50 | 241 | 32 | 157 | 18 | 84 |
| غۇلجا ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئاپتوموبىل كالونى | 14 | 71 | 8 | 47 | 6 | 24 |
| شىخو ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئاپتوموبىل كالونى | 18 | 93 | 11 | 65 | 7 | 28 |
| ساۋەن ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئاپتوموبىل كالونى | 16 | 70 | 8 | 38 | 8 | 32 |
| ئالتاي ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئاپتوموبىل كالونى | 21 | 125 | 12 | 80 | 9 | 45 |
| خېجىڭ ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئاپتوموبىل كالونى | 10 | 43 | 9 | 40 | 1 | 3 |
| كورلا شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئاپتوموبىل كالونى | 15 | 64 | 13 | 56 | 2 | 8 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسى ئاپتوموبىل كالونى | 16 | 70 | 8 | 38 | 8 | 32 |
| قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئاپتوموبىل كالونى | 24 | 157 | 20 | 141 | 4 | 16 |
| قەشقەر شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئاپتوموبىل كالونى | 24 | 100 | 15 | 64 | 9 | 36 |
| خوتەن شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئاپتوموبىل كالونى | 21 | 140 | 18 | 125 | 3 | 15 |

## شىنجاڭ ئاشلىق، باغ ترانسپورت كارخانىلىرىنىڭ 1979 — 1990 - يىللىرىدىكى ئاساسلىق تېخنىكا - ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچ ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 — 41

| يىللار | كارخانا سانى | ئاپتوموبىل سانى | تىجارەت ئاپتوموبىللار: ئاساسىي ئاپتوموبىل — سانى | ئاساسىي ئاپتوموبىل — تونناژى | پرىتسېپ — سانى | پرىتسېپ — تونناژى | يۈك توشۇش مىقدارى (تۈمەن توننا) | ئوبوروت مىقدارى (تۈمەن توننا - كىلومېتىر) | يۈز توننا كىلومېتىر تەننەرخى (يۈەن) | پايدا - باج (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1979 | 14 | 308 | 290 | 1226 | | | 39.34 | 3351 | 16.09 | 122.56 |
| 1980 | 15 | 444 | 367 | 1620 | 93 | 288 | 39.43 | 4342 | 18.10 | 124.60 |
| 1981 | 16 | 512 | 369 | 1654 | 108 | 415 | 39.72 | 4773 | 16.24 | 147.02 |
| 1982 | 21 | 544 | 445 | 1988 | 215 | 882 | 38.51 | 6783 | 16.41 | 253.60 |
| 1983 | 23 | 587 | 459 | 2068 | 241 | 898 | 47.80 | 7210 | 16.51 | 257.81 |
| 1984 | 20 | 586 | 444 | 2125 | 235 | 887 | 55.40 | 8936 | 17.55 | 307.84 |
| 1985 | 19 | 550 | 442 | 2322 | 196 | 736 | 37.58 | 8674 | 16.96 | 298.31 |
| 1986 | 20 | 513 | 445 | 2452 | 193 | 756 | 34.95 | 9906 | 17.44 | 311.02 |
| 1987 | 17 | 485 | 403 | 2405 | 190 | 822 | 36.39 | 10823 | 17.18 | 340.79 |
| 1988 | 18 | 459 | 423 | 2753 | 207 | 863 | 53.78 | 12282 | 18.10 | 314.23 |
| 1989 | 18 | 457 | 424 | 2805 | 212 | 1011 | 41.23 | 11688 | 18.24 | 332.61 |
| 1990 | 18 | 457 | 424 | 2585 | 209 | 870 | 46.64 | 12519 | 18.42 | 282.32 |

**ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ترانسپورت شىركىتىنىڭ 1974 — 1990 - يىللىرىدىكى ئاساسلىق تېخنىكا - ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچ ئەھۋالى**

جەدۋەل: 3 — 42

| يىللار | ئەق ئاپتوموبىل سانى | تىجارەت ئاپتوموبىللار: ئاساسىي ئاپتوموبىل سانى | ئاساسىي ئاپتوموبىل تونناژى | پرىتسېپ سانى | پرىتسېپ تونناژى | يۈك توشۇش مىقدارى (تۈمەن توننا) | ئوبوروت مىقدارى (تۈمەن توننا - كىلومېتىر) | يۈز توننا كىلومېتىر تەننەرخى (يۈەن) | پايدا - باج (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1974 | 48 | 38 | | | | 1.64 | 126 | | 1.47 |
| 1975 | 145 | 57 | 344 | | | 7.01 | 449 | 16.80 | 3.56 |
| 1976. | 189 | 119 | 621 | | | 5.20 | 653 | 20.30 | 6.37 |
| 1977 | 180 | 92 | 455 | | | 5.17 | 1195 | 17.70 | 23.97 |
| 1978 | 181 | 110 | 532 | | | 4.90 | 1425 | 14.80 | 34.30 |
| 1979 | 194 | 110 | 552 | | | 7.48 | 1578 | 14.90 | 78.85 |
| 1980 | 253 | 137 | 712 | 73 | 215 | 9.42 | 2617 | 15.30 | 91.10 |
| 1981 | 255 | 184 | 908 | 73 | 292 | 4.90 | 3003 | 16.58 | 94.70 |
| 1982 | 306 | 221 | 1070 | 156 | 657 | 7 | 4481 | 15.20 | 164.90 |
| 1983 | 309 | 239 | 1161 | 167 | 619 | 10 | 4484 | 16.30 | 136.20 |
| 1984 | 356 | 253 | 1242 | 167 | 619 | 9.98 | 5702 | 16.35 | 171.40 |
| 1985 | 352 | 263 | 1406 | 133 | 483 | 9.55 | 5746 | 16.12 | 138.90 |
| 1986 | 313 | 234 | 1333 | 107 | 406 | 10.38 | 6266 | 16.33 | 132.50 |
| 1987 | 290 | 212 | 1417 | 78 | 305 | 10.14 | 6767 | 16.29 | 119.70 |
| 1988 | 280 | 204 | 1363 | 77 | 302 | 10.85 | 7503 | 16.20 | 154.22 |
| 1989 | 285 | 195 | 1503 | 80 | 320 | 10 | 6827 | 6.49 | 199.22 |
| 1990 | 281 | 206 | 1504 | 75 | 295 | 10.02 | 6948 | 16.91 | 121.42 |

## 3. كېمە، پويىز، ئايروپىلان ترانسپورتى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 31 - يىلى (1766 - يىلى) ئىلى جياڭجۈنى ياردەمچى ئەمىر گې بىڭئېنى مەھبۇسلارنى باشلاپ بېرىپ ياغاچ كېسىپ، ئاشلىق توشۇيدىغان 16 دانە كېمە ياساشقا بۇيرۇدى، بۇ كېمىلەر چيەنلۇڭ 33 - يىلى (1768 - يىلى) 5 - ئايدا پۈتتى. غۇلجىدىن كۈرەگە (ئىلى جياڭجۈنى تۇرۇشلۇق يەرگە) توشۇلىدىغان ئاشلىق يېسىلغان كېمىلەر ئۆز ئېغىرلىقى بىلەن دەريانىڭ ئېقىشى بويىچە مېڭىپ بىر كۈندىلا كۈرەگە باردى. ئېقىنغا قارشى ماڭغان قۇرۇق كېمىلەرنى مەھبۇسلار سۆرەپ كۈرە بىلەن غۇلجا ئارىلىقىدىكى 180 چاقىرىملىق يولنى 6 كۈندە مېڭىپ بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىلى دەرياسىدا ھەر يىلى 3 - ئايدىن 9 - ئايغىچە كېمە قاتنايدىغان بولدى. بىر كېمىگە 100 دادەن ئاشلىق قاچىلاندى.

مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 7- ئايدا نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى تارىم دەرياسىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن شىنجاڭغا بىر تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتكەندى. بۇ ئۆمەكتىكى 13 كىشى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جاڭ زۇڭيىنىڭ ھەمراھلىقىدا، ئاقسۇ دەريا چولڭ كۆۋرۈكىدە 3 كېمىگە ئولتۇرۇپ 1100 كىلوگىرام ئاشلىق بېسىپ، تارىم دەرياسىنىڭ ئېقىنى بويىچە سىناق تەرىقىدە مېڭىپ ئاۋات، شايار، بۈگۈرلەردىن ئۆتۈپ، ئاشلىقنى شايارغا چۈشۈرۈپ، 20 كۈندە لوپنۇرغا يېتىپ باردى. تەكشۈرۈش

نەتىجىسىدە، ئېچىش قىممىتى بار دەپ قاراپ، 3 مىليون يۈەنلىك خام چوت تۈزدى، مەبلەغ ھەل بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىش تاشلىنىپ قالدى.

مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) ئەتىيازدا ئالتاي ۋىلايىتىدە ئاشلىق قەھەتچىلىكى بولغانىدى، ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىمپورت قىلغان بۇغداينى كېمىگە بېسىپ ئېرتىش دەرياسى ئارقىلىق بۇرچىن پرىستانىغا توشۇپ كەلدى.

مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) يازدا گومىنداڭ ھەربىي ئىشلار كومىتېتى باشلىقىنىڭ غەربىي شىمال شتابى شىنجاڭ غەللە - پاراق ئاشلىقى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جاڭ يۈگە تارىم دەرياسىدا كېمە ماڭدۇرۇشقا بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىشنى بۇيرۇدى. يىل ئاخىرىدا تۆرلۈك كېمە ياساش قارار قىلىنىپ، شىنجاڭ قورال - ياراغ زاۋۇتىدىن ياڭ جى باش ئىنژېنېرلىققا تەكلىپ قىلىندى. ئۆلكىلىك تەمىرات نازارىتىگە قاراشلىق ئىش مەيدانىنىڭ تېخنىكى ۋاڭ داۋلۇڭ لايىھەلەپ ياساشقا مەسئۇل قىلىندى. 1949 - يىل 8 - ئايدا ماتورلۇق كېمە پۈتتى، كېمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6 مېتىر، كەڭلىكى 3 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 0.7 مېتىر ئىدى، ئېنېرگىيە قىسمى ئاپتوموبىلنىڭ ماتورىدىن ئۆزگەرتىپ ياسالغانىدى، خوتەنچى سۇ ئامبىرىدا سۇغا چۈشۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، ئۆلكە رەئىسى بۇرھان شەھىدى قاتارلىق كىشىلەر بېرىپ تەبرىكلىدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۆلكىلىك غەللە - پاراق ئاشلىقى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋۇ شۇفەننىڭ باشچىلىقىدا 11 كىشىلىك سىناق قىلىپ مېڭىش ئەترىتى تەشكىللەندى، بۇ ئەترەت 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى كېمىنى 2 ئاپتوموبىلغا بېسىپ ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قاراشەھەرگە يېتىپ باردى، شۇ يەردە ئۈرۈمچى 128 - دىۋىزىيىسىنىڭ كوماندىرى جۇڭ زۈيىن سىناق ئەترىتىگە 2 نەپەر خەۋەرچى ھەم راتسىيە، قورال - ياراغ ۋە ئۆزمۇش ئەشيالىرىنى سەپلەپ بەردى. بۇلار 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى لوپنۇرغا بېرىپ، بۇرۇن چۆكۈپ كەتكەن بىر كېمىنى سۇزۇۋېلىپ رېمونت قىلىپ سۆرىگۈچى كېمە قىلدى، 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى لوپنۇردىن يولغا چىقىپ 3 كۈن مېڭىپ پۇخويغا كەلدى، سۇ چوڭقۇر، ئېقىنى تېز، ئۇنىڭ ئۈستىگە قومۇشلۇق بولغاچقا ماڭالماي، تەجرىبە قىلىپ مېڭىش توختىتىلدى.

1953 - يىل 4 - ئايدا ئالتاي ۋىلايىتىدە ئوزۇقلۇق ئاشلىقى تەمىناتى جىددىي بولۇپ كەتتى، ئۈرۈمچى — ئالتاي تاشيولىدا ئېغىر ھالدا توڭ قېتىپ، ئاپتوموبىل بىلەن ئاشلىق توشۇشقا مۇمكىن بولمىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن كېڭىشىش ئارقىلىق ئىلى قورغاس ئېغىزىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بۇغداي ئېكسپورت قىلىپ، ئاندىن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئېرتىش دەرياسى ئارقىلىق كېمە بىلەن ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ بۇرچىن پرىستانىغا ئۆتۈن ئەكىلىپ بېرىدىغان بولدى.

1958 - يىلى كۆچا ناھىيىسىدە پەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەردى، ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن 2 دانە ئايروپىلان ئۈرۈمچىدىن كۆچاغا ئۇچۇپ ھاۋادىن ئۇن ۋە نان تاشلاپ بەردى.

1960 - يىلى ئەتىيازدا ئاپتوموبىل جىددىيچىلىكىنى سېلىكتورۇش ئۈچۈن، ئاقسۇ ۋىلايىتى تەجرىبە قىلىپ قاتناش ئەترىتى قۇردى، قاتناش نازارىتى يەلكەنلىك كېمىدىن 10نى بەردى. ئىلىدىن تېخنىك خادىملار يۆتكەپ كېلىنىپ، سۇ ترانسپورت تېخنىكىسى بويىچە كۇرس ئېچىلدى. ئاقسۇ، ئاۋات، شايار دا 32 دانە كېمە ياسالدى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۆگەن دەرياسى، تارىم دەرياسىدا چارلاش ئېلىپ بېرىلىپ، دەريا يولى تۈزلىنىپ، سۇ يولى بەلگىلىرى ئورنىتىلدى. 10 - ئاينىڭ 2 -، 10 - كۈنلىرى 2 قېتىم 19 دانە كېمىنى تەشكىللەپ 105 توننا ئاشلىق بېسىپ ئاقسۇدىن يولغا چىقىپ تارىم دەرياسىنى بويلاپ مېڭىپ، ئاۋات، ئاراللاردىن ئۆتۈپ، 500 كىلومېتىردىن ئارتۇق سۇ يولىنى مېڭىپ، 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى لوپنۇر تارىم 9 - مەيدانىغا يېتىپ كېلىپ، سۇ يولدا مال توشۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى. كېيىن قىش چۈشۈپ دەريادا مۇز توڭلاپ كەتكەنلىكى، كېمە يېتىپ قالغانلىقى ۋە باشقا سەۋەبلەر بىلەن قاتناش توختىتىپ قويۇلدى.

1963 - يىلى 1 - ئايدا لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ ئۈرۈمچى ۋوگزالى مال توشۇش كەسپىنى يولغا قويدى. 8 - ئايدا ئاشلىق نازارىتى تۆمۈريول تارماقلىرىغا ئۈرۈمچىدىن گەنسۇغا ئاشلىق توشۇشنى ھاۋالە قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، شىنجاڭ ۋە قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئارا يۆتكەپ بېرىلىدىغان ۋە يۆتكەپ ئېلىنىدىغان ئاشلىق، ياغلار تۆمۈريول ياقىسىدىكى ئۈرۈمچى، تۇرپان داخېيەن قاتارلىق ۋوگزاللار ئارقىلىق ماگدۇرۇلدى ۋە تاپشۇرۇپ ئېلىندى. 1981 - يىلى ۋە 1986 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولىدا قاتناش باشلانغاندىن كېيىن، تۆمۈريولدا توشۇش مىقدارى تېخىمۇ كۆپەيدى. ئاپتونوم رايون بويىچە پويىزدا توشۇلغان ئاشلىق، ياغ ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق، ياغ توشۇش ئومۇمىي مىقدارىنىڭ %20ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى.

1974 - يىلى ئالى چېگرا مۇداپىئە قىسمىنىڭ ئاشلىقى ئۈزۈلۈپ قالغانىدى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ گوۋۇيۈەندىن يولىيورۇق سوراپ تەستىقىنى ئېلىش ئارقىلىق، مەركەز خوتەنگە تۈرلۈك مال تاۋارلىرىنى توشۇشقا بەرگەن 2 دانە بوئىڭ — 707 ئايروپىلاندىن پايدىلىنىپ خوتەنگە ئاشلىق توشۇلدى، ئۇ يەردىن ئاپتوموبىلغا قاچىلاپ ئالىغا توشۇلدى.

## § 3 . جىددىي ئېھتىياجنى قامداش ۋە ئالاھىدە ترانسپورت

### 1. ئالاھىدە ھەربىي ئاشلىق ترانسپورتى

داۋگۇاڭ 6 - يىلى (1826 - يىلى) 9 - ئايدىن ئېتىبارەن جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنى تىنچىتىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىنىڭ باش بۇغى ياڭ خۇي قاتارلىقلار 19 مىڭ 500 تۆگە، 2000 كالا ھەم نۇرغۇنلىغان ئات ۋە قوش ئاتلىق ھارۋىلارنى تەشكىللەپ ئۈرۈمچى، ئىلىدىن ئاقسۇغا توپلانغان توپىلاڭ تىنچىتىش قوشۇنىغا 50 مىڭ دادەن ئاشلىق توشۇپ بەردى، كېيىن يەنە كېيىنكى يىلنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملىق توشۇدى. بۇ مەزگىلدە ھەر مىللەت خەلقى ئالدىنقى سەپكە ئاكتىپ ياردەم قىلىپ ئاشلىق توشۇپ بەردى. 2000 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر دېھقان 50 جىڭدىن ئاشلىق يۈدۈپ، ئىلى بىلەن ئاقسۇ ئارىلىقىدىكى مۇز داۋاندىن ئۆتۈپ ئاشلىق توشۇدى. كۇچا ناھىيىسى 1000 ئادەم، 200 ھارۋا، 500 ئات، 1500 كالا، 1000 ئېشەك چىقىرىپ، ئۈرۈمچىدىن توشۇپ كېلىنگەن ئاشلىقنى ئاقسۇدىكى چىڭ ئارمىيىسى تۇرۇشلۇق يەرگە يەتكۈزۈپ بەردى.

گۇاڭشۈ 1 - يىلى (1875 - يىلى) زو زۇڭتاڭ قوقانلىق ياقۇپبەگ تاجاۋۇزچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش ئۇرۇشىدا، تۆگە، قېچىر، ئېشەك، ھارۋىلارنى تەشكىللەپ ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا ھەربىي ئاشلىقى توشۇدى. گۇاڭشۈ 2 - يىلىغىچە (1876 - يىلىغىچە) گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جاڭ يې، ۋۇۋېي، جيۇچۈەن ۋىلايەتلىرىدىن قومۇلغا 20 مىليون جىڭدىن ئارتۇق ئاشلىق، گۇيسۇي، نىڭشىيادىن غەربىي قورغانغا 12 مىليون جىڭدىن ئارتۇق ئاشلىق توشۇتتى.

مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىلى) 4 - ئايدا ئالتاينىڭ تاشقى موڭغۇلىيە ئارمىيىسىنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرۇش ئۇرۇشى مەزگىلىدە، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئارمىيىسى ۋە ئىلى چېگرا مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ ئاشلىقى تۈگەپ كەتكەن، ئىلى ئارمىيىسى 7 كۈن ئاشلىقسىز قېلىپ، ئاتلارنى ئۆلتۈرۈپ يېگەن، ئالتاي شەھىرىدە ئاشلىق تۈگەپ كېتىپ ئارمىيە ۋە خەلق ساراسىمىغا چۈشۈپ قالغان. شىنجاڭنىڭ تۇتۇقى ياڭ زېڭشىن گۇچۇڭ، ماناس ئامباللىرىغا جىددىي تېلېگرامما بېرىپ، ئالتايغا ئاشلىق، يەم توشۇپ بېرىشنى ئۈستىگە ئالغان چىڭ لىشۈن، كېرىم قاتارلىق سودىگەرلەرنىڭ دەرھال 200 مىڭ جىڭ ئۇن، 1000 دادەن يەم - خەشەك يەتكۈزۈپ بېرىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىشىنى تاپىلىغان. ياڭ زېڭشىن يەنە ماناس ناھىيىسىدە ترانسپورت

ئىدارىسى قۇرۇپ مەخسۇس ئالتايغا ياردەم قىلىنىدىغان ئاشلىق، يەمنى توشۇشقا مەسئۇل بولۇش، ماناس مۇتەۋەررى شى پېيىۋەننى شىنجاڭدىكى ئالدىنقى سەپكە نەرسە - كېرەك توشۇش ھەيئەتلىكىگە تەيىنلەپ، 1800 ئېشەك، 80 دانە 4 كاللىق ھارۋا سېتىۋېلىپ، ماناستىن 300 دادەن بۇغداي، 300 دادەن يەم، چۆچەكتىن 1000 دادەن بۇغدايىنى ئالتايغا توشۇش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن. 5 - ئايدا شىنجاڭ تۇتۇقى ياڭ زېڭشىن گازارما ئىشلىرى باشقارمىسىدىكى جۇ رۇيچىڭگە: «تېزلىكتە گۇچۇڭ بىلەن يۈەنخۇدىكى ھۆكۈمەت تۆگىلىرىنىڭ بىرسى يۈەنخۇ ئاشلىق ئىدارىسىگە بېرىلسۇن، بۇ تۆگىلەر ئالدىنقى سەپ گازارما تۆگىلىرى بىلەن بىر قانچە ئاي يەتكۈدەك ئاشلىق، يەمنى چاغانتوڭگىگە توشۇسۇن. گۇچۇڭدىن يۈەنخۇغىچە مەزكۇر قورۇل جىڭ ئامبال بىلەن بىللە گۇچۇڭدىن ئېشەك ھارۋىلىرىنى ياللىۋېلىپ توشۇشقا ھەمدە بولسۇن» دەپ كۆرسەتمە بەردى. 5- ئايدا ماناس ئامبىلى جا شيەنتىڭ 81 دانە ھارۋا ياللىۋېلىپ 2400 جىڭ ئۈن، 255 دادەن بۇغدايىنى ئالتايغا يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن قوشتولغايغا ماڭدۇردى. 9 - ئايدا يۈەنخۇ ئاشلىق ئىدارىسى دې شېڭلۇڭنىڭ 196 تۆگىسىنى، جاڭ تىڭيۈننىڭ 100 تۆگىسىنى، ياڭ چۇنرۇڭنىڭ 160 تۆگىسىنى ياللىۋېلىپ، بۇ تۆگىلەرگە ئاشلىق ۋە يەم ئارتىپ، ئەسكەرلەرنىڭ نازارىتىدە چاغانتوڭگىگە ماڭدۇردى.

مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 11 - ئايدىن كېيىنكى يىلى 1 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتىزانلىرى غۇلجا ئايرودرومىنى قورشىۋالدى ۋە ئايرودروم رادىئو ئىستانسىسىنى تارتىۋالدى. بۇ مەغلۇبىيەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي دائىرىلىرى ئايرودرومدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىسىگە كۆپ قېتىم ھاۋادىن ئاشلىق، ئوق - دورا تاشلىدى، 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنىلا ھاۋادىن 100 تېغىق تاشلىدى. مۇھاسىرە چەمبىرىكى پەيدىنپەي تارايغانلىقى، ھاۋاغا قارىتىلغان ئوت كۈچى كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، ھاۋادىن تاشلانغان ماددىي ئەشيالارنىڭ 10 دىن 9ى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتىزانلىرىنىڭ رايونىغا چۈشتى. 1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 7 — 8 - كۈنلىرى پارتىزانلار ھاۋادىن تاشلانغان ئاشلىقتىن 46 مىڭ 900 جىڭنى غەنىيمەت ئالدى.

مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) ئۆلكىلىك غەللە - پاراق ئاشلىقى باشقارمىسى خۇسۇسىي ئاپتوموبىللار (بۇ ئاپتوموبىللارنىڭ كۆپىنچىسى ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن داداۋجى ئاپتوموبىلى)نى ياللىۋېلىپ، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ گۇلاڭ، ۋۇۋېي، جيۇچۈەن، جېڭشيەن، ۋېيشيەن، مىنشيەن، لۇڭشى، يۇڭچاڭ قاتارلىق جايلىرىدىن قۇمۇلغا 36 مىڭ 175 تاغار (7 مىليون 235 مىڭ جىڭ) ھەربىي ئاشلىق توشۇدى.

1950 - يىلىنىڭ باشلىرىدا سابىق گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملىرى ئارىسىدىكى ئاز ساندىكى ئەكسىيەتچىل ئوفىتسېرلار 4000 كىشىنى قۇتراتىپ، سانجى، فۇكاڭ، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلاردا توپىلاڭ كۆتۈردى. ئوسمان، جانىمقان، يولۋاس، قالىبېك ۋە ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ سابىق ھاكىمى ئەبەيدۇللالار قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈردى. 7 - ئايدا قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ سابىق ھاكىمى ئورازباي ئۈرۈمچىدىكى نەنسەن تېغىدا توپىلاڭ كۆتۈرۈپ ئۈرۈمچى، قۇمۇل، ئالتاي، چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي تاغلىق رايونى، شىمالىي شىزاڭ (ئالى) ئەتراپىدا قۇتراپ يۈرۈپ، ھەممە يەردە ئوت قويۇپ، بۇلاپ - تالاپ، ئاممىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزدى. خەلق ھاكىمىيىتىنى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكىنى قوغداپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغداش ئۈچۈن، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭ ھەربىي رايونى 6 - كورپۇسنى ئاساس قىلغان ھالدا باندىت تازىلاش قوماندانلىق شتابى قۇردى. شىمالىي شىنجاڭ رايونىدىكى ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، ئالتاي، قۇمۇل ئەتراپىدا 16 - دىۋىزىيە، 17 - دىۋىزىيە، ئاتلىق 7 - دىۋىزىيە باندىتلارنى يوقاتتى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تاغلىق رايونىدا 2 - كورپۇس 6 - دىۋىزىيىسىنىڭ ئاتلىق پولكى، شىمالىي شىزاڭدا شىزاڭغا كىرگەن قىسىملار باندىتلارنى يوقاتتى. شۇ يىلى ئۈرۈمچى، ساۋەندىكى ھەربىيلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش جىددىي بولغانىدى. شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ترانسپورت بۆلۈمى ئاپتوموبىل چىقىرىپ، ئىلىدىن ئۈرۈمچىگە 11 مىڭ دادەن (2585 توننا)، ساۋەنگە 12

ملىڭ دادەن (2820 توننا) بۇغداي يۆتكىدى. 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئۆلكىلىك مالىيە نازارەت ئاشلىق ئىدارىسى ئىلىدىكى «چىشىن» ئاشلىق سودا سارىيى بىلەن توركۈمگە بۆلۈپ ئاشلىق توشۇش توختامى ئىمزالىدى، شۇ توختام بويىچە ئىلىدىن ئۈرۈمچىگە هارۋا بىلەن 10 مىڭ دادەن (2350 توننا) بۇغداي ئۈنى توشۇلدى، بۇنى توشۇشتا ئاغارغا قاچىلانغان كۈندىن باشلاپ 20 كۈن ئىچىدە ئۈرۈمچىگە يەتكۈزۈش تەلەپ قىلىنىپ، ئادەتتىكى توشۇش ۋاقتىدىن 5 كۈن قىسقارتىلدى. 1 - توركۈمدە 130 توننا ئاشلىق ماڭدۇرۇلدى، «چىشىن» سودا سارىيى كېيىن 2000 هارۋا سەپەرۋەر قىلىپ، بىر هارۋىغا 2 دادەندىن ئاشلىق بېسىپ توشۇشقا قاتناشتۇردى. شۇ قېتىمقى ئاشلىق توشۇش ۋەزىپىسى يىل ئاخىرىغىچە ئورۇندىلىنىپ بولدى. شۇ يىلى قۇمۇلدا ھەربىيلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش جىددىي بولۇپ كەتتى، ئۆلكىلىك مالىيە نازارەت ئاشلىق ئىدارىسى ئۈرۈمچىدىن 4100 دادەن (963 توننا) ئاشلىقنى جىددىي يۆتكەشنى قارار قىلدى. بۇ ئاشلىقنىمۇ شىنجاڭ ھەربىي رايونى ترانسپورت بۆلۈمى ئاپتوموبىل چىقىرىپ توشۇدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئۆلكىلىك قاتناش نازارەت ترانسپورت شىركىتى ھەم خۇسۇسىيلار ئىگىدارلىقىدىكى جەنشىن، فۇشىڭ ترانسپورت شىركەتلىرىنىڭ ئاپتوموبىللىرى جىمسادىن قۇمۇلغا 475 توننا بۇغداي توشۇدى، ئۆلكىلىك مالىيە نازارەت ئاشلىق ئىدارىسى جىمسار ناھىيىسىدىكى ئاشلىق تارماقلىرىدىن 24 سائەت ئىچىدە ئاپتوموبىللارغا ئاشلىق قاچىلاپ شۇ ھامان ماڭدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. 1951 - يىلى غەربىي شىمال ئاشلىق باشقۇرۇش ئىدارىسى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جيۇچۈەن ۋىلايىتىدىن قۇمۇلغا 50 مىڭ دادەن بۇغداي يۆتكەشنى قارار قىلدى، غەربىي شىمال رايونلۇق مالىيە-ئىقتىساد كومىتېتى مەخسۇس تۈر بويىچە ئاشلىق توشۇش ئۈچۈن بېنزىن كۆرسەتكۈچى تەستىقلاپ بەردى، ئاغار ئاجرىتىپ بەردى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شىن لەنتىڭنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئۆلكىلىك مالىيە نازارەت ئاشلىق ئىدارىسى شۆگۋاڭنى ئاشلىق يۆتكەشكە مەسئۇل قىلىپ گەنسۇ ئۆلكىسىگە ئەۋەتتى، جيۇچۈەن ۋىلايىتى مەخسۇس ئاشلىق يۆتكەش ھەيئىتى قۇردى، جيۇچۈەن ۋىلايەتلىك ترانسپورت بىرلەشمە باشقۇرۇش كومىتېتى شىنجاڭغا بېرىپ كېلىۋاتقان سودا ئاپتوموبىللىرىنى تەشكىللەپ ئاشلىق يۆتكەشكە سالدى، شۇنداق قىلىپ 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى 1 - توركۈم ئاشلىق ماڭدۇرۇلدى. 8 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە قۇمۇلغا 2250 توننا ئاشلىق توشۇلدى، بۇ ۋاقىتتا يېڭى ئاشلىق چىققانلىقى ئۈچۈن، گەنسۇدىن ئاشلىق يۆتكەش توختىتىلدى.

1952 - يىلى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ئارال دېگەن يېرىدە تۇرۇۋاتقان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 2 - كورپۇس 6 - دېۋىزىيە ئاتلىق پولكىدىكى 610 كىشىگە كېتەرلىك ئوزۇق - تۈلۈك ۋە ئوت - چۆپ ئۈچۈن غەربىي شىمال ئاشلىق باشقۇرۇش ئىدارىسى گەنسۇ دۇڭخۇاڭدىن 210 توننا بۇغداي، شىنجاڭ قاراشەھەردىن 200 توننا يەم يۆتكەپ بېرىشنى قارار قىلغانىدى. بۇ ئىككى جاي بىلەن ئارالنىڭ ئارىلىقى 535 كىلومېتىر ۋە 886 كىلومېتىر بولۇپ، ماشىنا ماڭالمايدىغان قۇملۇق ئىدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارەت ئاشلىق ئىدارىسى بىلەن شىنجاڭ ھەربىي رايون ترانسپورت بۆلۈمى تۈزگەن توختام بويىچە، ئۇ ئاشلىقنى توشۇشقا شىنجاڭ ھەربىي رايون ترانسپورت بۆلۈمى مەسئۇل بولدى. 1953 - يىل 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئاتلىق پولك پەقەت بىر ئايغا يەتكۈدەك ئوزۇق قالغانلىقىنى دوكلات قىلدى، ئەھۋال جىددىي ئىدى، غەربىي شىمال ئاشلىق باشقۇرۇش ئىدارىسى دۇڭخۇاڭدىن چاقىلىق ئارالغا 400 توننا بۇغداي، 600 توننا كۆك يۆرچاق يۆتكەشنى قارار قىلىۋېدى، بۇنىمۇ شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئاپتوموبىللىرى توشۇپ بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا تولۇقسىز ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1952 — 1953 - يىللىرى شىنجاڭ ھەربىي رايونى گوچۈڭ، سانجىدىن چىڭگىل، كۆكتوقاي قاتارلىق جايلاردىكى شىمالىي شىنجاڭ باندىت تازىلاش قىسىملىرىغا 937 توننا ئاشلىق ۋە يەم توشۇپ بەردى.

1950 - يىلدىن 1953 - يىلغىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونىدىن شىزاڭغا كىرگەن قىسىملارنىڭ ئالدىن ئەۋەتىلگەن تارماق ئەترىتىدىكى 489 كىشى شىمالىي شىزاڭنىڭ رىتوزۇڭ دېگەن يېرىگە باردى، بۇلارغا

كېتەرلىك ئاشلىقنى گۇما، قاغىلىق، يەكەن ناھىيىلىرى تەمىنلىدى، بۇ ئاشلىقلار ئاۋۋال گۇما ناھىيىسىنىڭ ساڭجۇ يېزىسىغا توپلىنىپ شۇ يەردىن توشۇلدى. ساڭجۇ بىلەن رىتوزۇڭنىڭ ئارىلىقى 935 كىلومېتىر بولۇپ، يول يوق ئادەمسىز تىپىلمايدىغان چۆل - باياۋان ئىدى، بۇ ئارىلىقتا دېڭىز يۈزىدىن 5000 مېتىردىن ئېگىز داۋاندىن 10 ى بار، ئەڭ ئېگىز بولغان جېيشەن داۋىنى دېڭىز يۈزىدىن 5406 مېتىر ئېگىز، بۇ يەرلەرنىڭ ھاۋاسى شالاڭ كىلىماتى ناچار بولۇپ، ئاشلىقلار پۈتۈنلەي ئۇلاغ بىلەن توشۇلىدۇ. ھەر يىلى 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 9 - ئايغىچە بولغان مەزگىل ترانسپورت پەسلى بولۇپ، باشقا ۋاقىتلاردا قار قېلىن يېغىپ قاتنىغىلى بولمايدۇ. 1951 ـ، 1952 - يىللىرى يىلىغا ئاشلىق توشۇشقا قاتناشقان خەلق ئىشچىلىرى 9000 كىشىگە، ئېشەك 4000 غا، قوتاز 150كە، تۆگە 240قا يېتەتتى. ئاشلىق توشۇيدىغان خەلق ئىشچىلىرىغا قولايلىق تۇغدۇرۇش، ئۇلاغلارنى دەم ئالدۇرۇش ئۈچۈن، ساڭجۇ، كېگىز ئۆي، شەھىدۇللا قاتارلىق يەرلەردە پونكىت قۇرۇلۇپ، شۇ پونكىتلار بويىچە نۆۋەتلىشىپ توشۇلىدىغان قىلىندى. يول يىراق ۋە ئېگىز - پەس بولۇپ، مېڭىش قىيىن بولغاچقا، يولدا خەلق ئىشچىلىرى ۋە ئۇلاغلار ئاشلىقنى كۆپ خوراتتۇۋېتەتتى. 1952-يىلى بۇ يولدا توشۇلغان ئاشلىق، يەم 2741 توننا، ئوت - چۆپ 6000 توننىدىن ئارتۇق بولدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ھەربىي ئاشلىق ئاران 196 توننا بولۇپ، توشۇلغان ئومۇمىي ئاشلىق، يەمنىڭ %7.7نى ئىگىلىدى. 1953-يىلى ترانسپورت جىددىي بولغانلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، ئۈلكىلىك ئاشلىق نازارىتى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، خوتەن، يەكەن ۋىلايەتلىرىنىڭ 10 مىڭ ئېشەك چىقىرىپ، 7700 توننا ئوت- چۆپ، 3484 توننا ئاشلىق توشۇشنى تەلەپ قىلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە ھەربىي ئاشلىق %4.7، خەلق ئىشچىلىرىنىڭ يولدا يەيدىغان ئوزۇقلۇقى %9.2، ئېشەكلەرنىڭ يەم - خەشىكى %86.1 ئىدى.

1974 - يىلى شىزاڭ ئالدىكى چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ ئاشلىق، ياغ تەمىناتى يېتىشمەي قالدى. گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىكى جۇڭگو - ھىندىستان چېگرا ئېگىزلىكىدىكى قىسىملارغا ھاۋا ئارقىلىق ئاشلىق، ياغ يەتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدىكى يوليورۇقىغا ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى ئامبىرىدىن ئاشلىق، ياغ يۆتكەپ بېرىشنى ئورۇنلاشتۇردى. 9 - ئاينىڭ بېشىدا 291.5 توننا ئاشلىق، ياغ (200 توننا گۈرۈچ، 50 توننا يۇمىلاق گۈرۈچ، 25 توننا نومى گۈرۈچى، 5 توننا خاسىڭ، 7 توننا ماش، 0.5 توننا كۈنجۈت، 4 توننا پۇرچاق يېغى) ئۈرۈمچى ئايرودرومىغا توشۇلدى. ئۇ يەردىن مەركەز ئەۋەتكەن 2 دانە «بوئىن — 707» ئايروپىلانى خوتەنگە توشۇدى. ئۇ يەردىن ئاپتوموبىل ئارقىلىق ئالىغا توشۇلدى. ھاۋا ئارقىلىق توشۇش ھەققى 440 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇنى ئاشلىق يۆتكەپ بەرگەن تەرەپ چىقاردى.

## 2. جەنۇبنىڭ ئاشلىقىنى شىمالغا يۆتكەش ۋە شىمالنىڭ ئاشلىقىنى جەنۇبقا يۆتكەش

ئاپتونوم رايون دائىرىسىدىكى جەنۇبنىڭ ئاشلىقىنى شىمالغا يۆتكەش دېگىنى قەشقەر ۋىلايىتى، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئاشلىقلىرىنى شىمالىي شىنجاڭدىكى ئاشلىق ئىستېمال قىلىدىغان رايونلارغا يۆتكەشنى كۆرسىتىدۇ. 1960 - يىلىنىڭ بېشىدا ئۈرۈمچى، قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق ئاشلىق يۆتكەپ ئىستېمال قىلىدىغان رايونلاردا ئاشلىق تەمىناتى ئۇدۇللۇق يۆتكەپ، ئۇدۇللۇق ئىستېمال قىلىشتەك جىددىي ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سالدۇسى ئەڭ ئاز بولغان ۋاقىتلاردا 3 كۈنگە يەتكۈدەك قالغان، شىمالىي شىنجاڭدىكى ئاشلىق يۆتكەپ بېرىدىغان رايونلارنىڭ سالدۇسى 1959 - يىلدىكى جىددىي يۆتكەشتە ئاساسىي جەھەتتىن تۈگەپ قالغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاشلىق نازارىتى پارتكوربيۇروسى ش ئۇ ئا ر پارتكومىغا كۆپ قېتىم دوكلات سۇنۇپ، ئاشلىق توشۇيدىغان ئاپتوموبىللارنى كۆپەيتىپ، قەشقەر، خوتەندىكى زاپاس ئاشلىقلارنى يۆتكەپ، ھەربىي ئېھتىياج ۋە خەلق يېمەكلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكومى،

خەلق كومىتېتى جەنۇبنىڭ ئاشلىقىنى شىمالغا يۆتكەشنى قارار قىلدى ھەمدە ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مالىيە ـ سودا خىزمىتىگە مەسئۇل شۇجىسى لى چۈەننىڭ مۇئاۋىنلىقىدا ئاشلىق يۆتكەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ئاشلىق يۆتكەشكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتتى. قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇري مەھكىمىلەر ھەم ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى 1 ـ سەپكە بېرىپ، ئاشلىق يۆتكەش خىزمىتىگە قوماندانلىق قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم مالىيە ـ سودا خىزمىتىگە مەسئۇل شۇجىسى زىياڭ دىنىڭ باشچىلىقىدا، ساناتەت ـ قاتناش بۆلۈمى ئاشلىق يۆتكەش تېلېفونىغا ھاۋارايى تېلېفونىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىپ، كەلگەن ھامان قوبۇل قىلىشنى قارار قىلدى ھەمدە قاراشەھەر، توقسۇن ترانسپورت باشقۇرۇش پونكىتلىرىغا شۇ جايدىن ئۆتكەن ئاشلىق توشۇش ئاپتوموبىللىرىنىڭ سانىنى كۈندە دوكلات قىلىپ تۇرۇشنى تاپشۇردى. قەشقەر، خوتەن بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقى 1800 كىلومېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ئارىلىق يىراق، يول ناچار بولغاچقا، كۆۋرۈكلەر بۇزۇلۇپ، قاتناش توختاپ قېلىشتەك ئەھۋاللار دائىم بولۇپ تۇراتتى. ئاپتوموبىللارنىڭ راۋان قاتنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، يول بويىدىكى ھەر قايسى جايلار تاشيول ئاسراشنى، بولۇپمۇ تولۇق تېشىش مەزگىلىدىكى ئاسراشنى كۈچەيتتى. ئاشلىق يۆتكەشنى كاپالەتلەندۈرۈپ، ئاپتوموبىللار كونىراپ كېتىشتەك قىيىنچىلىقلارنى تۈگىتىپ، نۆۋەتلەشتۈرۈپ توشۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئۈچۈن، ئاشلىق نازارىتى ئاقسۇدا ئۆتەڭ پونكىتى قۇردى، قاتناش ترانسپورت تارماقلىرى يەكەن، كورلىلاردا ۋاقىتلىق ئۆتەڭ پونكىتلىرىنى قۇردى. قاتناش ترانسپورت تارماقلىرى «ھەممە ئاشلىق يۆتكەش ئۈچۈن، ھەممە ئاشلىق يۆتكەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن» دېگەن شوئار ئاستىدا ئاشلىق يۆتكەشنى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان مەركىزىي ۋەزىپە قىلدى. ھەر ساھە ھەر كەسىپتىكى يۈك ئاپتوموبىلى بار ئورۇنلار ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئاشلىق يۆتكەشكە ئاكتىپ قاتناشتى. 1960 ـ يىل 5 — 6 ـ ئايلاردا ئاشلىق توشۇشقا سېلىنغان ئاپتوموبىل 3000 دىن ئاشتى. 1960 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدىن 23 مىڭ 900 توننا ئاشلىق يۆتكەلدى، بۇ شىمالىي شىنجاڭدا يېڭى ئاشلىقتا ئۇلاشقىچە يۆتكىگەندەك ئاشلىق بولماسلىقتەك ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىدى. 1961 ـ يىلى ئاشلىق يۆتكەش خوتەنگە سوزۇلۇپ، شۇ يىلى خوتەن ۋىلايىتىدىن 18 مىڭ 600 توننا، قەشقەر ۋىلايىتىدىن 36 مىڭ 700 توننا ئاشلىق يۆتكەلدى. 1962 ـ يىلى ئاشلىق توشۇش يۇقىرى پەللىگە چىققان ۋاقىتلاردا ئىشلىتىلگەن ئاپتوموبىل 4500گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قاتناش سىستېمىسىنىڭ ئاپتوموبىلى 2355 بولۇپ، ئاشلىق توشۇۋاتقان ئاپتوموبىل سانىنىڭ %69نى ئىگىلىدى.

1963 ـ يىلى 4 يىل داۋاملاشقان جەنۇبنىڭ ئاشلىقىنى شىمالغا يۆتكەش ئاخىرلاشتى. بۇ مەزگىلدە ئاپتونوم رايون كۆپ قېتىم زەربىدارلىق بىلەن ئاشلىق توشۇش جېڭىنى تەشكىللەپ، جەمئىي 184 مىڭ 200 توننا ئاشلىق توشۇدى، ئۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر ۋىلايىتىدىن توشۇلغىنى 106 مىڭ 700 توننا، خوتەن ۋىلايىتىدىن توشۇلغىنى 77 مىڭ 500 توننا.

1963 ـ يىلدىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇلاردا ئاشلىق كىرىم ـ چىقىمى تەڭپۇڭ بولماي، زاپاسنى يونۇپ تەمىنلەشنى قامدايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. 1973 ـ يىلغا كەلگەندە ئاشلىق زاپىسى يونۇۋېرىشكە بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايون شىمالنىڭ ئاشلىقىنى جەنۇبقا يۆتكەش تەدبىرىنى قوللىنىشنى قارار قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شىمالنىڭ ئاشلىقىنى جەنۇبقا يۆتكەش دېگىنى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئاشلىقىنى ۋە تورپاندىن ئېلىپ كېتىلىدىغان ئاپتونوم رايون سىرتىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن ئاشلىقنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قىزىلسۇ، قەشقەر، خوتەنلەرگە توشۇشنى كۆرسىتىدۇ. 1973 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ تەسىرى بىلەن خىزمەتلەر پالەچ ۋە يېرىم پالەچ ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى. ئاپتونوم رايوندىكى قاتناش سىستېمىسىنىڭ ئاپتوموبىللىرىنىڭ بېجىرىملىك نىسبىتى ئاران %35.8 بولۇپ، شىمالنىڭ ئاشلىقىنى جەنۇبقا يۆتكەش ئېھتىياجىغا ماس كەلمەيتتى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ ئاشلىق تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5930 ـ ترانسپورت قىسمىمۇ

شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ترانسپورتىغا قاتناشتۇرۇلدى. شۇ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، ئوبلاستقا 5140 توننا ئاشلىق يۆتكەپ ئاپىرىلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە، تۇرپاندىكى ئاپتونوم رايون سىرتىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن ئاشلىقتىن توشۇلغىنى 1120 توننا، ئىلىدىن قىزىلسۇغا توشۇلغىنى 4020 توننا بولدى. 1974- يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق يۆتكەش ئىشى ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئاشلىق كىرىم-چىقىمىنىمۇ تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا مۇمكىن بولماي، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىقتىكى يوچۇقىنى دۆلەتنىڭ ئاشلىق يۆتكەپ بېرىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا تايىنىپ تولدۇرۇشقا توغرا كەلدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ يېتىشمىگەن ئاشلىقى تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن توشۇپ تولۇقلىنىپ، 1979 - يىلغىچە جەمئىي 76 مىڭ 800 توننا ئاشلىق يۆتكەلدى (قىزىلسۇ ئوبلاستىغا 19 مىڭ 900 توننا، قەشقەر ۋىلايىتىگە 50 مىڭ 200 توننا، خوتەن ۋىلايىتىگە 6700 توننا)، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 12 مىڭ 800 توننىدىن يۆتكەلدى، ئەڭ كۆپ يۆتكەلگەن 1979 - يىلى 30 مىڭ 900 توننا يۆتكەلدى. 1980 - يىلنىڭ بېشىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، دېھقانلارنىڭ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشى ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر پارتكوم «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش خىزمىتى ۋە نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدا قارار» چىقىرىپ، يېزىلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمىنى ئۆستۈردى. ئاشلىق سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئازايتتى، يۆتكەش كۆرسەتكۈچىنى كۆپەيتتى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىندى، ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە (شەھەر) لەردىن جەنۇبىي شىنجاڭغا ئاشلىق يۆتكەش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1980 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، ئوبلاستقا 204 مىڭ 300 توننا ئاشلىق يۆتكەلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون سىرتىدىن ئەكەلگەن ئاشلىقتىن يۆتكەلگىنى 67 مىڭ 800 توننا، 0503 - لىنىيە ئارقىلىق ئىلىدىن يۆتكەلگىنى 136 مىڭ 100 توننا (قىزىلسۇ ئوبلاستىغا 45 مىڭ توننا، قەشقەر ۋىلايىتىگە 78 مىڭ 500 توننا، خوتەن ۋىلايىتىگە 12 مىڭ 600 توننا) بولۇپ، %62.66نى ئىگىلىدى. 0503 - لىنىيە قاتتىق سوغۇق بولىدىغان، كىلىماتى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئېگىز داۋانلاردىن ئۆتىدۇ، يول بويىدا قونالغۇلار ئاز، ترانسپورت شارائىتى جاپالىق، ترانسپورت تەننەرخى يۇقىرى ئىدى، ئاشلىق توشۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق باھا ئىدارىسى، قاتناش نازارىتى 1980 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن مەزكۇر لىنىيە ئارقىلىق توشۇلغان ئاشلىقنىڭ كىرا ھەققىنى نورمال كىرا ھەققى سىرتىدا 310 كىلومېتىر مۇساپە ئىچىدە توننىسىغا 22 يۈەندىن كىرا ھەققى قوشۇپ بېرىشنى بەلگىلىدى، بۇ بەلگىلىمە 1983 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شىمالنىڭ ئاشلىقىنى جەنۇبقا يۆتكەش ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 10 يىل داۋام قىلدى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، ئوبلاستقا جەمئىي 286 مىڭ 200 توننا ئاشلىق يۆتكەلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە قىزىلسۇ ئوبلاستىغا يۆتكەلگىنى 82 مىڭ 300 توننا، قەشقەر ۋىلايىتىگە يۆتكەلگىنى 177 مىڭ توننا، خوتەن ۋىلايىتىگە يۆتكەلگىنى 26 مىڭ 900 توننا.

جەنۇبنىڭ ئاشلىقىنى شىمالغا يۆتكەش ۋە شىمالنىڭ ئاشلىقىنى جەنۇبقا يۆتكەش ئاپتونوم رايوننىڭ ترانسپورتى ئىنتايىن جىددىي بولغان ئەھۋالدا ئېلىپ بېرىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا زور تەسىرى بولدى، لېكىن ھەربىي ئېھتىياج ۋە خەلق يېمەكلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش، شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى، ئۇ ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق يۆتكەش تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

## 3. 500 مىڭ توننا بۇغداينى سىرتقا يۆتكەش ترانسپورتى

1986 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى جاۋ زىياڭ جەت ئەلگە زىيارەتكە ماڭغاندا شىنجاڭدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىغاندا، شىنجاڭدىكى ئاشلىق ئامبارلىرىنىڭ ئاشلىققا تولۇپ كېتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭدىن 500 مىڭ توننا بۇغداي

يۆتكەپ چىقىشنى قارار قىلغانىدى. شۇڭا، دۆلەت ئىقتىساد كومىتېتى، سودا مىنىستىرلىكى، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى شىنجاڭ، گەنسۇ ۋە چىڭخەي ئۆلكىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىنىڭ يۆتكەشكە مەسئۇل كىشىلىرىنى چاقىرىپ، بېيجىڭدا يىغىن ئېچىپ، يۆتكەش ۋاقىت جەدۋىلى ۋە تۆمۈريول ترانسپورتى مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى، كېيىن يەنە مەخسۇس كىشىلەرنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ پىلاننى ماسلاشتۇردى، ترانسپورتنى ئورۇنلاشتۇردى. تۆمۈريول مىنىستىرلىكى خاربىن، شېنياڭ، بېيجىڭ، شاڭخەي، چىڭدۇ قاتارلىق 8 تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ 900 دانە كىچىك يېپىق يۈك ۋاگونى ئاجرىتىپ، نۇقتىسى، لىنىيىسى، گۈزۈرپىسى بېكىتىلگەن مەخسۇس ئاشلىق توشۇش پويىزى تەشكىللەپ، پويىزنى مۇقىملاشتۇرۇپ ئايلىنىپ يۈرۈپ توشۇشنى بۇيرۇدى. ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى كۆپ قېتىم مەسئۇل كىشىلەرنى بېيجىڭ، لەنجۇغا ئەۋەتىپ، ئاشلىق توشۇيدىغان ۋاگون ۋە يۈكسىز قايتىدىغان پويىزلارنى كۆپەيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، 3 قېتىم ئۇيۇشتۇرۇلغان 12 مەخسۇس ئاشلىق توشۇش پويىزى ئالدىن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا نورمال ئايلىنىشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇردى. 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئۈرۈمچىدە شىمالىي شىنجاڭدىكى ئاشلىق يۆتكەپ بېرىدىغان 6 ۋىلايەت، ئوبلاست ئاشلىق ئىدارىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 4 -، 5 -، 6 -، 8 - شى رەھبەرلىرىنى قاتناشتۇرۇپ جىددىي يىغىن چاقىرىپ ئاشلىق مەنبەسىنى ئەمەلىيلەشتۈردى، توشۇش پىلانىنى بىر تۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇردى. ئاشلىق يۆتكەش خىزمىتى داۋامىدا، ئاشلىق يۆتكەپ بېرىدىغان ئاساسلىق ۋىلايەت، ناھىيىلەر ئاشلىق يۆتكەش ئىشخانىلىرىنى قۇردى، رەھبەرلەر 1 - سەپكە بېرىپ قوماندانلىق قىلدى، كەڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر كېچە-كۈندۈز ئىشلەپ ئاپتوموبىللارغا ئاشلىق قاچىلاپ ماڭدۇردى. ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى ۋە شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول شىركىتىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، ئاشلىق تارماقلىرى پائال تۈردە شەرت ھازىرلاپ، ئۈرۈمچى شىمالىي ۋوگزالىدىن ئىبارەت بۇ بىرلا ئاشلىق ماڭدۇرۇش نۇقتىسىنى 11گە كۆپەيتتى، ئۇنىڭ ئىچىدە خۇاڭشەن لىنىيىسىدە (مەخسۇس كۆمۈر توشۇش لىنىيىسىدە) فۇكاڭ، شىخو، مىچۈەندىن ئىبارەت 3 ۋوگزال؛ شىمالىي شىنجاڭ لىنىيىسىدە سانجى، قۇتۇبى، لوتۇيىدىن ئىبارەت 3 ۋوگزال بار بولدى؛ لەنجۇ — شىنجاڭ لىنىيىسىدە شىشەنجيەنىڭ ۋوگزالى (توز يۆتكەيدىغان مەخسۇس ۋوگزال) قۇرۇلدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ لىنىيىسىدە كورلا، شىمالىي كورلا، خېجىڭ، بالغۇنتاي قاتارلىق 4 ۋوگزال بار بولدى. سانجى ئوبلاستى ۋە تۇرۇشلۇق ئورۇنلاردىكى ئاشلىق ئىدارىلىرى ئاشلىق ماڭدۇرۇش پونكىت - نۇقتىلىرىنى قۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، مەسىلەن، مىچۈەن ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى 20 نەچچە مىڭ يۈەن خەجلەپ توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى ياللىۋېلىپ مىڭ كۇب مېتىر توپا چىقىدىغان بىر دۆڭنى تۈزلەپ، ئۇ يەرگە تۆمۈر يولنىڭ سېمونتتىن قاتۇرۇلغان شىپاللىرىنى ئارىيەت ئېلىپ ياتقۇزۇپ ۋاقىتلىق سۇپا تەييارلىدى. 100 چاقىرىملىق بوران رايونىغا جايلاشقان شىشەنجيەنىڭ ۋوگزالىدا دائىم بوران چىقىپ تۇرىدۇ، ئۇ يەردە سۇ ۋە غىزالىنىدىغان، قونىدىغان يەر يوق، شۇنداق بولسىمۇ گۇچۇڭ، مورى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى ۋاقىتلىق چېدىرلارنى قۇرۇپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، توشۇشقا كاپالەتلىك قىلدى. ئاشلىق ماڭدۇرۇش نۇقتىلىرىنىڭ كۆپەيتىلىشى يۆتكەش ۋەزىپىسىنى ۋاقتىدا ئاشۇرۇپ ئورۇنداشتا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىدى. ئاشلىق توشۇشقا كېرەكلىك تاغارغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى 10 نەچچە ئۆلكىگە كۆپ قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ 3 مىليون 500 مىڭ دانە تاغار سېتىۋالدى. شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ بولغاچقا، ئاشلىقنى ماڭدۇرىدىغان بېكەتكە توپلاش ئۈچۈن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 550 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى، بۇنىڭدا ئايلىنىش مەزگىلى ئۇزۇن، توپلاش ۋەزىپىسى چوڭ، تاشيول، تۆمۈريول ترانسپورت پىلانىنى جىپسىلاشتۇرۇش ئىنتايىن قىيىن بولۇپ، دائىم ۋاگون بولماسلىق، ئاپتوموبىللار ئاشلىق چۈشۈرۈشنى كۈتۈپ تۇرۇپ قېلىش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىپ تۇراتتى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى قاتناش تارماقلىرى بىلەن كېڭىشىپ، پىلاننى ئاي بويىچە بىر قېتىم چۈشۈرۈش، 10 كۈن بويىچە

ئىجرا قىلىش، تۆمۈريولنىڭ ۋاگون سەپلەش ئەھۋالىغا قاراپ جانلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، يۈكنىڭ تولۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش چارىسىنى قوللاندى. تاشيول ترانسپورت تارماقلىرى ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، قاتتىق ئىسسىق ۋە قەھرىتان سوغۇقلارغا قارىماي مىڭ چاقىرىملىق ترانسپورت لىنىيىسىدە چېپىپ يۈرۈپ، تاشلىق توپلاپ پويىزنىڭ ۋاقتىدا مېڭىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. 1987 - يىل 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 243 مەخسۇس پويىز، غەيرىي مەخسۇس پويىزلارنى قوشقاندا جەمئىي 14 مىڭ 725 ۋاگونغا تاشلىق قاچىلاپ ماڭدۇرۇلدى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۈنىگە 40.9 ۋاگونغا تاشلىق قاچىلىنىپ، 502 مىڭ 200 توننا تاشلىق توشۇلۇپ، يۈتكەش ۋەزىپىسى 0.4% ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى. ئۇنىڭ ئىچىدە گەنسۇغا توشۇلغىنى 303 مىڭ 100 توننا، چىڭخەيگە توشۇلغىنى 174 مىڭ توننا، شەنشىگە توشۇلغىنى 25 مىڭ 100 توننا بولدى. ۋەزىپە ياخشى ئورۇندالغانلىقى ئۈچۈن دۆلەت ئىقتىساد كومىتېتى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەقدىرلىدى، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئىلغارلارنى تەقدىرلەپ، خىزمەتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، 1988 - يىل 3 - ئايدا ش ئۇ ئا ر تاشلىق ئىدارىسى تەقدىرلەش يىغىنى چاقىردى، سانجى ئوبلاستلىق تاشلىق ئىدارىسى، ئىلى، تارباغاتاي، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تاشلىق باشقارمىلىرى، ش ئۇ ئا ر تاشلىق - باغ يۆتكەش پونكىتى ھەم بورتالا ئوبلاستلىق، بايىنغولىن ئوبلاستلىق، ئۈرۈمچى شەھەرلىك، شىخەنزە شەھەرلىك تاشلىق ئىدارىلىرى، ئالتاي ۋىلايەتلىك، قەشقەر ۋىلايەتلىك تاشلىق باشقارمىلىرى ئايرىم ھالدا 1.، 2 .، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

## 4. چارۋىچىلىق رايونلىرى يەم - خەشەك ترانسپورتى

شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە 5 چوڭ چارۋىچىلىق رايونىنىڭ بىرى بولۇپ، چارۋىچىلىقى شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە بار. چارۋىچىلىق يەم - خەشىكى ئاساسەن ئالتاي ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، بايىنغولىن ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ بايىنبۇلاق رايونى، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرى قاتارلىق جايلارغا يۆتكەپ بېرىلىدۇ. باشقا جايلار يەم - خەشەكنى ئادەتتە ئۆزلىرى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ ھەل قىلالايدۇ.

### 1) ئالتاي چارۋىچىلىق رايونى

ئالتاي ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق چارۋىچىلىق رايونى، ئۇنىڭ چارۋا بېقىش ئالاھىدىلىكى كۆچمە خاراكتېرلىك بولۇپ، بەزى جايلار ھەتتا قىشتا چارۋا ماللار ئىچىدىغان سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قار قوغلىشىپ يۆتكىلىدۇ، مۇقىم تۇرالغۇسى يوق، تاشلىق غەملەش ئەسلىھەلىرى يوق، شۇڭا قىش كۈنلىرى چارۋا ماللارغا كېرەكلىك يەم - خەشەكنى توشۇپ بېرىش ناھايىتى قىيىن. ئاپتوموبىللار تولا ھاللاردا يولسىز دالىدا ماڭىدۇ، قار ياغقان جۇدۇنلۇق كۈنلەرگە دۇچ كېلىپ قالسا، يول تاپالماي توختاپ قالىدۇ - دە، ترانسپورت تارماقلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلام رەھبەرلىرى ئادەم باشلاپ بېرىپ چىقىرىق، سۆرەش ماشىنىلىرى ئارقىلىق يول ئېچىشىغا توغرا كېلىدۇ. 1975 - يىل 1 - ئايدا كۆكتوقاي ناھىيىسىدە قېلىن قار يېغىپ تاغ يوللىرى ئېتىلىپ قالدى، ھەر قايسى فېرمىلاردىكى چارۋا ماللار يەمسىز قېلىپ، ئەھۋال خەتەرلىك بولۇپ قالدى، قاتناش نازارىتىنىڭ ترانسپورت تارماقلىرى جىددىي يولىيورۇقىغا ئاساسەن، قاتتىق سوغۇقتا قارىماي 100 توننا يەم توشۇپ ئاپىرىپ بەردى. توشۇش جەريانىدا ئاپتونوم رايونلۇق 1 - ترانسپورت شىركىتىنىڭ بىر شوپۇرىنىڭ پۇتىنىڭ بۆلجۈڭ گۆشلىرى ئۇششۇپ كەتكەچكە، كۆچۈڭ ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالىتىلدى. ش ئۇ ئا ر تاشلىق ئىدارىسى كۆچۈڭ ناھىيىلىك تاشلىق ئىدارىسى رەھبەرلىرىنىڭ دوختۇرخانىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن ھال سورىشىنى ھاۋالە قىلدى. 1988 - يىلنىڭ بېشىدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى جىمسار دىن چىڭگىل ناھىيىسىگە ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ چارۋا ماللارنى ساقلاپ قېلىش يېمى سۈپىتىدە 750 توننا كۆممىقوناق توشۇشنى ئورۇنلاشتۇردى، ئۇنىڭ 250 توننىسىنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى

توشۇپ بەردى. 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى شىنجاڭ هەربىي رايونى ئاپتوموبىل 30 - تۇەنى 30 ئاپتوموبىل، 81 كادىر ۋە جەڭچى ئاجراتتى. 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى شىنجاڭ هەربىي رايونى ئارقا سەپ 30 - تارماق قىسمى 25 ئاپتوموبىل، 50 ئادەم چىقاردى. بۇ ئىككى ئاپتوموبىل ئەترىتى جىمسار ناهىيىسىدە 250 توننا كۆممىقوناقنى بېسىپ 4 - كۈنى ئەتتىگەندە جىمسادىن يولغا چىقىپ، ئەرتەيگە 80 كىلومېتىر قالغان پەردىكى غاز بۇلاق (قۇلاتقازغان) قا كەلگەندە، قاتتىق سوغۇققا دۇچ كەلدى، قېلىن قار يېغىپ يول تاپالماي، ئاپتوموبىل ئەترىتى نۆلدىن تۆۋەن 35 گرادۇسلۇق سوغۇق بولۇۋاتقان دالىدا توختاپ قالدى، 2 جەڭچى قاتتىق سوغۇقتا ئۈششۈپ يارىلاندى، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. 5 - كۈنى ئەتتىگەندە ئاپتونوم رايونلۇق ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش قوماندانلىق شتابى قىسمىنىڭ دوكلاتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، شۇ هامان چىڭگىل ناهىيىلىك پارتكومنىڭ تەشكىللەپ قۇتقۇزۇشنى بۇيرۇدى، 6 - كۈنى يىغىن ئېچىپ گۆچۈڭ ئەرتەي يولىنى تاقاش قارار قىلىندى، چىڭگىلگە كېرەكلىك يەمنى ئالتاي ۋىلايىتى بۇرۇلتوقاي ناهىيىسىدىن يۆتكەپ هەل قىلدى.

## 2) قىزىلسۇ چارۋىچىلىق رايونى

قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاساسلىق چارۋىچىلىق رايونى، يەنە كېلىپ ئاشلىق يۆتكەپ ئىستېمال قىلىدىغان رايون. 1977 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە 106 مىڭ توننا (بىر قىسىم ئوزۇقلۇق ئاشلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كۆممىقوناق يۆتكەپ ئالدى. چارۋىچىلىقنىڭ كۆپ قىسمى چەت ۋە يىراق تاغلىق رايونلاردا بولۇپ، يولىنىڭ كۆپىنچىسى تاغ ئارىسىدىكى ئېگىز - پەس چىغىر يوللار ئىدى، بۇنداق يولدا بىر نەرسە توشۇش ئىنتايىن قىيىن ئىدى. بۇ يولىنىڭ بەزى بۆلەكلىرىدە ئاپتوموبىللار بېسىشقا تېگىشلىك يۈكنىڭ يېرىمىنى بېسىپ ئاران ماڭاتتى، پرىتسېپلارنى سۆرەپ كىرىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

## 3) بايىنبۇلاق چارۋىچىلىق رايونى

بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ خېجىڭ ناهىيىسىدىكى بايىنبۇلاق رايونى ساپ چارۋىچىلىق رايونى بولۇپ، ئۇ ئېگىز هەم سوغۇق تاغلىق رايونغا جايلاشقان، قىروسىز مەزگىلى قىسقا، ئۇ يەردە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى پىشمايدۇ. چارۋىچىلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى ۋە چارۋا ماللارنىڭ يېمى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ كۈنەس ناهىيىسىدىن يۆتكەپ بېرىلىدۇ، يىلىغا 2000 — 2500 توننا ئاشلىق كېتىدۇ. 1965 - يىلى «0503» تاشيول پۈتۈپ قاتناش باشلىنىشتىن ئىلگىرى مەزكۇر رايونغا توشۇلىدىغان ئاشلىق ئاساسەن ئۇلاغلارغا ئارتىلىپ توشۇلاتتى، ئاشلىق ئارتىلغان ئۇلاغلار دېڭىز يۈزىدىن 3000 مېتىردىن ئارتۇق ئېگىز تاغ يوللىرىدا ماڭاتتى، هەر يىلى ئاشلىق ئارتىلغان ئۇلاغلار تاغدىن غۇلاپ ئۆلىدىغان ئىشلار يۈز بېرىپ تۇراتتى. «0503» تاشيول پۈتۈپ قاتناش باشلانغاندىن كېيىن، ئۇ يەرگە توشۇلىدىغان ئاشلىقلار ئاپتوموبىل بىلەن توشۇلىدىغان بولدى، شۇنداقتىمۇ پەسىل چەكلىمىسىگە ئۇچرايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ترانسپورت تەننەرخى يۇقىرى بولۇپ، ترانسپورت ئورۇنلىرى توشۇغىلى ئۇنىمايتتى، شۇنىڭ بىلەن دائىم تەمىنات ئۈزۈلۈپ قېلىش ئەھۋالى كۆرۈلۈپ تۇراتتى. 1980 - يىلدىن كېيىن ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئۆزۈن ۋە قىسقا يولنى كىرىشتۈرۈپ توشۇش چارىسىنى قوللىنىپ ۋەزىيەتنىڭ ئورۇندىلىشىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈردى.

## 5. جىددىي ئېھتىياجلىق ئوزۇقلۇق ئاشلىق ترانسپورتى

1952 - يىل ئاخىرىدا كۆكتوقاي كان رايونىنىڭ ئاشلىق تەمىناتى تۈگەپ كەتتى، شىنجاڭ هەربىي رايونى بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش قىسمىغا 250 ئاپتوموبىل چىقىرىشنى بۇيرۇق قىلدى، ئۇلار 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى گۆچۈڭدا 1000 توننا ئاشلىق بېسىپ، 1953 - يىل يېڭى يىل بايرىمىدا يولغا چىقتى. بۇ چاغ دەل قارا قىش مەزگىلى بولۇپ، قار قېلىن يېغىپ كەتكەچكە يولنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ئاپتوموبىل ئەترىتى 10 دانە 10 چاقلىق ئاپتوموبىلنىڭ يول باشلىشى بىلەن شۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى. يولدا غىزالىنىدىغان، قونىدىغان ئۆتەڭ يوق، سۇمۇ يوق ئىدى. شوپۇرلار ئاپتوموبىلنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرمەي، كەينىكىدىلا قۇرۇق نان غاجاپ

ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇلار ھارتۇڭگۇ ئاچىلىغا كەلگەندە، يول ياتتۇ بولغاچقا ئاپتوموبىلنىڭ چاقى تېيىلىپ ماڭالماي قالدى، بۇ چاغدا ئۇلار يۈكنىڭ يېرىمىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، ئالدىدىن تارتىپ، كەينىدىن ئىتتىرىپ مىڭ تەستىلىكتە دۆڭگە چىقتى، مۇشۇ 30 كىلومېتىرلىق ئارىلىقنى 5 كۈندە ئاران مېڭىپ بولدى. يولدا 10 ئادەمنىڭ پۇت ـ قولى ئۈششۈپ (كېيىن دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالاندى) ، ئاخىرى ئاشلىقنى كۆزلەنگەن جايغا يەتكۈزدى. 70 ـ يىللاردىن ئىلگىرى كۆكتوقايغا لازىملىق ئاشلىق گۇچۇڭدىن يۆتكەپ بېرىلەتتى، توشۇش ۋەزىپىسىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ ترانسپورت ئورۇنلىرى ئۈستىگە ئېلىپ كەلگەنىدى، ئاپتوموبىللار ئۆتىدىغان جاڭجۇن گوبىدا بىر نەچچە 100 مېتىر قۇملۇق يول بولۇپ، ئاپتوموبىللار ماڭالماي قالاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئەتراپتا ئاچ بۆرە تولا بولۇپ، ئاپتوموبىللار كالون بولۇپ ماڭمىسا بولمايتتى، يەنە كېلىپ بۇلار تاختا ئېلىۋېلىپ ئۇنى ئاپتوموبىلنىڭ ئاستىغا بىر ـ بىرلەپ قويۇپ ئاستا ـ ئاستا ماڭاتتى.

1958 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى كۇچا ناھىيىسىدە پەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن ئاپەتتى يۈز بەردى، كونا شەھەردىكى دەريانىڭ ئىككى ياقىسىدىكى ئاھالىلەردىن 3762 ئائىلە ئاپەتكە ئۇچرىدى. ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن، ئاشلىق نازارىتى 10 توننىدىن ئارتۇق ئۇن ۋە نان تەييارلاپ ئۈرۈمچى ئايرودرومىغا يەتكۈزۈپ بەردى، ئالاقىدار تارماقلار بۇ يېمەكلىكلەرنى ئىككى ئايروپىلانغا قاچىلاپ، مەزكۇر ناھىيىگە ھاۋادىن ئۇن، يېمەكلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇتقۇزۇش ئەشيالىرىنى تاشلاپ بەردى.

1959 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئۈرۈمچى — ئىلى تاشيولىنىڭ شىخەنزە، قۇتۇبى بۆلىكىنى كەلكۈن بۇزۇۋەتتى، ئىلى قاتارلىق جايلاردىكى ئاشلىقنى توشۇشقا مۇمكىن بولماي، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئامباردىكى ئۇن 10 كۈنگە يەتكۈدەكلا قالدى، ئەھۋال جىددىي ئىدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ماشىنا ـ ترانسپورت باشقارمىسىنىڭ 159 دانە ئاپتوموبىلىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىككى سوتكا ئىچىدە گۇچۇڭ، سورى ناھىيىلىرىدىن 1430 توننا بۇغدايىنى ھەربىي ھەرىكەت سۈرئىتىدە زەربىدارلىق بىلەن ئۈرۈمچىگە توشۇپ، ئەمىنلەشتىكى جىددىيلىكنى پەسەيتتى. شۇ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى قۇمۇل شەھىرىدە ئاشلىق تۈگەپ كېتىپ، قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمىسى ش ئۇ ئا ر پارتكومىغا جىددىي مۇراجىئەت قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ بىرىنچى شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ ئاشلىق نازارىتىنىڭ ئاشلىق ھەل قىلىشى، 0673 ـ قىسىمنىڭ ئاپتوموبىل چىقىرىپ كۈچا، توقسۇ ناھىيىلىرىدىن 100 ماشىنا بۇغداي توشۇپ، جىددىي ئېھتىياجنى ھەل قىلىشى ھەققىدە يوليورۇق بەردى. مەزكۇر قىسىم 30 ـ كۈنلا 50 ئاپتوموبىل ئورۇنلاشتۇرۇپ، 2 قېتىملا قاتناپ ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولدى.

1960 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا چۆچەكتىن قارامايغا ئاشلىق توشۇۋاتقان ئاپتوموبىللار لاۋفېڭكۇدىن ئۆتەلمەي تۇرۇپ قالدى. قاراماي شەھىرىدە بىر نەچچە كۈنگە يەتكۈدەكلا ئاشلىق قالغانىدى. ئاشلىق نازارىتى خىزمەتكە ياردەملىشىش ئۈچۈن ئۇ يەرگە خادىم ئەۋەتتى. مەزكۇر خادىم ش ئۇ ئا ر نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ خادىملىرى ۋە قاراماي شەھەرلىك ئىدارىسىنىڭ ئاشلىق باشلىقى بىلەن بىرلىكتە خەۋەرلىشىش ئاپپاراتلىرىنى ئېلىپ، 2 چولڭ تراكتورنىڭ يول ئېچىشى بىلەن، 10 دانە 10 توننىلىق يۈك ئاپتوموبىلى بىلەن توشۇپ، 3 كۈندە 500 توننا ئۇن يەتكۈزۈپ كەلدى.

1969 ـ يىل 7 ـ ئايدا قىزىلسۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاتۇش شەھىرىدە ئاشلىق ئۈزۈلۈپ قالدى. ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسى بىر تەرەپتىن، مەزكۇر ئوبلاستقا ئادەم ئەۋەتىپ ئەھۋال ئىگىلەپ، گۇما ناھىيىسىدىكى دۆلەت زاپاس ئاشلىقىدىن ھەل قىلىپ بېرىشكە تەييارلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەربىي قىسىم ئاپتوموبىللىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۈرۈمچىدىن 150 نەچچە توننا ئۇن، سانجىدىن 700 توننىدىن ئارتۇق بۇغدايىنى ئاتۇشقا يەتكۈزۈپ بەردى.

1974 ـ يىل 10 ـ ئايدا تولى ناھىيىسىنىڭ ئاشلىقى تۈگەپ قالدى. ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت

ئاشلىق ئىدارىسى ئۆزىگە قاراشلىق ئاپتوموبىل كالون مەسئۇلىنى 10 ئاپتوموبىل ئورۇنلاشتۇرۇپ، شۇ كۈنىلا 50 توننا ئاشلىق بېسىپ ئۈرۈمچى شىمالىي ژوگىزالىدىن يولغا چىقىشقا بۇيرۇدى. بۇلار يولنى بىلمىگەچكە، مىيىرگۇ دېگەن يەرگە بارغاندا 2 ئاپتوموبىل يولدىن ئېزىپ قالدى، بۇلار كېچە سائەت بىردە تولى ناھىيىسىگە يېتىپ باردى. ناھىيىلىك پارتكوم رەھبەرلىرى بۇلارنى قارشى ئالغىلى چىقتى. ئاپتوموبىل كالونى ئېلىپ بارغان ئاشلىقنى يەنە ئاساسىي قاتلام تەمىنلەش پونكىتلىرىغا يەتكۈزۈپ بەردى.

## 6. بىڭتۇەننىڭ چەت، يىراق تۇەن - مەيدانلىرىدىكى ئاشلىق ترانسپورتى

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان تۇەن، مەيدانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى چېگرا رايونلارغا جايلاشقان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولغان يېزا ئىگىلىك 4 - شىسىنىڭ موڭغۇلكۈرە بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا كىلىمات باشقىچە بولۇپ، كۈزدە يامغۇر كۆپ ياغىدۇ، بۇغداي كېيىن پىشىدۇ، بەزى يىللىرى قار بالدۇر ياغىدۇ، شۇڭا 70 - يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىن ئېتىبارەن ھەر يىلى موڭغۇلكۈرە ئاشلىقىنى زەربىدارلىق بىلەن توشۇش ئۇيۇشتۇرۇلۇپ تۇردى. نورمال يىللاردا 9 - ئايدىن باشلاپلا زەربىدارلىق بىلەن توشۇپ 11 - ئاي ئاخىرىغىچە (بەزى يىللىرى 12 - ئاي ئاخىرىغىچە) توشۇپ بولۇندى. 1987 - يىلى مەزكۇر بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا يازلىق ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1986 - يىلدىكىدىن %66.5 ئاشتى، سېتىپ بېرىلگىنى 40 مىڭ 900 تونىنغا يېتىپ، %92 ئاشتى. كۈزدە يامغۇر كۆپ ياغقانلىقى، قار بالدۇر چۈشكەنلىكى ئۈچۈن، ئاشلىقلار ئۇچۇقچىلىققا قويۇلۇپ، نەملىكى ئېشىپ كەتتى، يوللار پاتقاق بولۇپ، نورمال ئورۇنلاشتۇرۇلغان يۆتكەش پىلانىنى ئىجرا قىلىشقا ئامال بولماي قالدى - دە، تۇەن - مەيدانلار بۇ ئاشلىقلارنى توشۇپ كېتىشنى جىددىي مۇراجىئەت قىلدى. 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى موڭغۇلكۈرەدىكى تۇەن - مەيدانلارغا ئەھۋال ئىگىلەشكە خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى. 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق - ياغ يۆتكەش پونكىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتىنىڭ مەسئۇللىرىنى قاتناشتۇرۇپ جىددىي يىغىن چاقىرىپ، ئاشلىق يۆتكەپ ئالىدىغان ئورۇنلارنىڭ موڭغۇلكۈرەدىكى تۇەن - مەيدانلارنىڭ بۇغدىيىنى قوبۇل قىلىش ۋەزىپىسىنى كۆپەيتىشنى، بۇ بۇغدايلارنىڭ نەملىك ئۆلچىمىنى دۆلەت بەلگىلىگەن %12.5تىن %14كە ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى ھەمدە موڭغۇلكۈرەدىكى تۇەن، مەيدانلارغا 430 مىڭ دانە تاغار ھەل قىلىپ بەردى. 11 - ئاينىڭ 25- كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ موڭغۇلكۈرەدىكى تۇەن - مەيدانلارنىڭ ئاشلىقىنى زەربىدارلىق بىلەن توشۇش ھەققىدە يوليورۇق بەردى. 30 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۈسۈپ مۇھەممىدى ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد كومىتېتى، ئاشلىق ئىدارىسى، قاتناش نازارىتى ھەم ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئۇچۇر تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش باشقارمىسىنىڭ مەسئۇللىرىنى چاقىرىپ يىغىن ئېچىپ، موڭغۇلكۈرە بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنىڭ ئاشلىقىنى زەربىدارلىق بىلەن توشۇش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلدى. موڭغۇلكۈرە بۇغدىيىنىڭ نەملىكى يۇقىرى، تەكشۈرۈش نۇقتىلىرى ئاز، قاتناش توسۇلۇپ قېلىش قاتارلىق مەسىلىلەر نەزەردە تۇتۇلۇپ، تۆۋەندىكىلەر قارار قىلىندى: ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى، ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش تارماقلىرى قاتناشتۇرۇلۇپ، ئاشلىق يۆتكەشنى ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى قۇرۇلىدۇ؛ 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى 13 مىڭ 500 توننا بۇغداي زەربىدارلىق بىلەن يۆتكەپ چىقىلىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش، ئاشلىق تارماقلىرى يۆتكەش پىلانىنى يەنىمۇ ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشى، تەكشۈرۈش نۇقتىلىرىنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىشى، قاتناش توسۇلۇپ قالسا ۋاقتىدا كۈچ

تەشكىللەپ راۋانلاشتۇرۇپ، تاشيول قاتنىشىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم؛ نەملىكى %14 ئۆلچەمدىن يۇقىرى بۇغداي يۆتكەپ چىقىلسا، تونىنا بېشىغا 10 يۈەندىن قورۇتۇش ھەققى ئېلىنىدۇ، %16 تىن ئېشىپ كەتسە 20 يۈەندىن ئېلىنىدۇ. 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق يۆتكەشنى ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى موڭغۇلكۈرەگە بېرىپ ئىشقا چۈشتى. 1 ـ ئاينىڭ 2. كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۈسۈپ مۇھەممەدى جىددىي ئاشلىق يۆتكەش يىغىنى چاقىرىپ، زەربىدارلىق بىلەن ئاشلىق يۆتكەش دائىرىسىنىڭ موڭغۇلكۈرەدىكى تۈەن ـ مەيدانلارنىڭ يۆتكۈل ئىلى ۋىلايىتىگە كېڭەيدىغانلىقىنى، ئاساسلىقى قورغاستىكى تۈەن ـ مەيدانلارنىڭ كۆممىقوناقلارنى تېز توشۇۋېلىشنى ئېلان قىلدى. 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى بولىدىغان باھار بايرىمىدىن ئىلگىرى ئىلى ۋىلايىتىدىن 60 مىڭ تونىنا ئاشلىق توشۇۋېلىش، ئۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ ئاينىڭ 20. كۈنىدىن ئىلگىرى موڭغۇلكۈرەدىكى تۈەن ـ مەيدانلاردىن 31 مىڭ تونىنا بۇغداي توشۇۋېلىش ۋەزىپە قىلىپ بېكىتىلدى. 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى شۈشەن ئاشلىق يۆتكەش يىغىنى چاقىردى، بۇ يىغىندا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ئەن جىجى ئاشلىق يۆتكەش خىزمىتىنى تۈتىدۇ دەپ بېكىتىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىدا مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى سۈي ۋېنشۆنىڭ مۇدىرلىقىدا ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش-ئاشلىقلارنى ساقلاپ قېلىش ئىشخانىسى قۇرۇلدى، ئىدارە رەھبەرلىرى شەخسەن ئۆزلىرى ئىلىغا بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى، ساقلاش ـ يۆتكەش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقى نۆۋەت بىلەن ئىلىدا تۇرۇپ ئاشلىق يۆتكەش خىزمىتىنى ماسلاشتۇردى. ساقلاش ـ يۆتكەش باشقارمىسىنىڭ يۆتكەش خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى سۈي ۋېنجۇن يۆتىنىڭ ئاغرىقلىقىغا قارىماي ھاسا تاياققا تايىنىپ يۈرۈپ خىزمىتىنى داۋاملاشتۇردى، كۆپ قېتىم ئاشلىق يۆتكەپ ئالىدىغان ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن بىللە سانجى، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ـ ياغ يۆتكەپ بېرىش پونكىتى، ئۈرۈمچى ئاشلىق-ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى، تۇدۇڭ ئاشلىق ـ ياغ پىششىقلاش زاۋۇتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يەم ـ خەشەك زاۋۇتى، ئۈرۈمچى ناھىيىلىك ئاشلىق ـ ياغ زاۋۇتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك «1 ـ ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى قاتارلىق ئاشلىق قوبۇل قىلىدىغان نۇقتىلارغا بېرىپ، ئاشلىق چۈشۈرۈش، قورۇتۇش خىزمىتىنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. ئىلى ۋىلايىتىدىكى ئاشلىق تارماقلىرى 120 دىن ئارتۇق ئادەم ئاجرىتىپ، ئاشلىق يۆتكەش خىزمىتىگە قاتناشتۇردى. ئاشلىق يۆتكەپ بېرىدىغان ۋە يۆتكەپ ئالىدىغان ئورۇنلار بايرام ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرىدىمۇ دەم ئالمىدى، ئاشلىق قورۇتۇش ماشىنىلىرى كېچە ـ كۈندۈز توختىماي ئىشلەپ تۇردى، ئاشلىق بېسىلغان ئاپتوموبىللار كەلگەن ھامان ئاشلىقى چۈشۈرۈۋېلىندى. ئىلى ۋىلايىتىدە كۈنىگە 300 ئاپتوموبىل ـ قېتىم، 3100 تونىنا ئاشلىق قاچىلىنىپ تۇردى، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ـ ياغ يۆتكەپ بېرىش پونكىتىدا كۈنىگە ئەڭ كۆپ بولغاندا 120 ئاپتوموبىل، 1126 تونىنا ئاشلىق چۈشۈرۈلدى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك «1 ـ ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتىدا ئەڭ كۆپ بولغان كۈنلەردە 100 ئاپتوموبىل، 1000 تونىنا ئاشلىق چۈشۈرۈلدى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ تۇدۇڭ ئاشلىق ـ ياغ زاۋۇتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يەم ـ خەشەك زاۋۇتىدا كۈنىگە 50 ئاپتوموبىلدىن 500 تونىنا ئاشلىق چۈشۈرۈپ تۇرۇلدى. كۆپ تەرەپلىمە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق قار-بوران، قاتتىق سوغۇق، يوللار توسۇلۇپ قېلىش قاتارلىق قاتمۇ قات قىيىنچىلىقلارنى تۈگىتىپ، 1988. يىل 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئىلى ۋىلايىتىدىن جەمئىي 63 مىڭ 200 تونىنا ئاشلىق يۆتكەپ چىقىلىپ، ۋەزىپە %5.28 ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە موڭغۇلكۈرەدىكى تۈەن ـ مەيدانلاردىن 33 مىڭ 400 تونىنا ئاشلىق (شۇ جاينىڭ ئۆزىدە ئامبارلاشتۇرۇلغان 3000 تونىنا ئاشلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) يۆتكەپ چىقىلىپ، ۋەزىپە %7.7 ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى. 3 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى خۇلاسىلاش ۋە تەقدىرلەش يىغىنى چاقىردى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ تۇدۇڭ ئاشلىق ـ ياغ

زاۋۇتى، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق، ياغ يۆتكەپ بېرىش پونكىتى، ئۈرۈمچى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ساقلاش - يۆتكەش شىركىتى، ئۈرۈمچى ئاشلىق، ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يەم - خەشەك شىركىتى مۇكاپاتلاندى ۋە تەقدىرلەندى.

## § 4 . مۇۋاپىق ترانسپورت

### 1. غول لىنىيە ترانسپورتى

#### 1) يۆتكەش يۆنىلىشى

1953 - يىلدىن كېيىن ئۆلكە بويىچە ئاشلىق غول لىنىيە ترانسپورتى ئاشلىق نازارىتى تۈزگەن «شەرقىنىڭ ئاشلىقىنى غەربكە يۆتكەش (يەنى قەشقەر، يەكەن، خوتەن ۋىلايەتلىرى شەرقىي قىسمىنىڭ ئاشلىقىنى غەربىي قىسمىغا يۆتكەش) ۋە جەنۇبنىڭ ئاشلىقىنى شىمالغا يۆتكەش (ئاقسۇ، قارا شەھەرنىڭ ئاشلىقىنى ئۈرۈمچى، قۇمۇلغا يۆتكەش)، غەربنىڭ ئاشلىقىنى شەرققە يۆتكەش (ئىلى، بورتالا، تارباغاتاينىڭ ئاشلىقىنى ئۈرۈمچى، ئالتايغا يۆتكەش)» لايىھىسىگە ئاساسەن ئېلىپ بېرىلدى.

1959 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئاشلىق يۆتكەشتە «خەرىتىلىك مەشغۇلات ئۇسۇلى» قوللىنىلدى، شىنجاڭدا تاشيول، تۆمۈريول تور بولۇپ شەكىللەنمىگەچكە، ئاشلىق نازارىتى ماقالە يېزىپ تونۇشتۇرۇش، نەزەرىيىۋى ئۆگىنىشكە تەشكىللەش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ، بۇ ئۇسۇلنى ئومۇملاشتۇرمىدى.

1962 - يىلى ئاشلىق نازارىتى «ئاشلىق، ياغ ترانسپورتىنى مۇۋاپىق قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا بىر قانچە بەلگىلىمە» چىقىرىپ، تۆۋەندىكىلەرنى بەلگىلىدى: 1962 — 1963 - ئاشلىق يىلىدىكى ئاشلىقنىڭ يۆتكەش يۆنىلىشى: جەنۇبنىڭ ئاشلىقى شىمالغا يۆتكىلىدۇ (خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، بايىنغولىن قاتارلىق جايلارنىڭ ئاشلىقلىرى ئۈرۈمچى، قۇمۇل ۋىلايەتلىرىگە يۆتكىلىدۇ)، غەربنىڭ ئاشلىقى شەرققە يۆتكىلىدۇ (ئىلى، بورتالا، تارباغاتاي قاتارلىق جايلارنىڭ ئاشلىقلىرى ئۈرۈمچى، قاراماي شەھەرلىرى ھەم ئالتاي ۋىلايىتىگە، سانجى ئوبلاستىدىكى ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ ئاشلىقى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىدۇ). ئاشلىق، ياغ جىددىي ۋە مالىيە قىيىن بولغان ئەھۋالدا، نېمە بولسا شۇنى يېيىش پرىنسىپى بويىچە، تۈرى بويىچە تەڭشەش قاتتىق كونترول قىلىنىدۇ، يۆتكەش يۆنىلىشىگە خىلاپ توشۇيدىغانلار ئاشلىق نازارىتىگە تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئاندىن توشۇيدۇ. 1963 - يىل 6 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى قاتناش نازارىتى، ئاشلىق نازارىتى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ ئاشلىق، ياغنىڭ مۇۋاپىق يۆتكەش يۆنىلىشى خەرىتىسىنى تۈزۈپ چىقىش توغرىسىدىكى بىرلەشمە دوكلاتىنى تەستىقلاپ تارقىتىپ، ئاپتونوم رايوندا 1963 - يىللىق بۇغداي، ئۇن، كۆممىقوناق، ياغ، ياغلىق داندىن ئىبارەت 5 سورتنىڭ مۇۋاپىق يۆتكەش يۆنىلىشى خەرىتىسىنى تارقىتىپ، 1962 - يىللىق يۆتكەش يۆنىلىشىنى قەيت قىلدى. ھەر دەرىجىلىك خەلق كومىتېتلىرى ھەم ئاشلىق، قاتناش، تۆمۈريول قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلاردىن مۇۋاپىق ترانسپورت، يېقىن يەردىن ئاشلىق ئېلىش پرىنسىپى بويىچە، ئاشلىق، ياغ توشۇشنى پىلانلىق تۈردە ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. مۇۋاپىق يۆتكەش يۆنىلىشى بەلگىلەنمىگەن سورتلار، ئالايلۇق، گۈرۈچ، دادۇر، ئاق قوناق قاتارلىقلار ئاساسلىق سورتلارنىڭ يۆتكەش يۆنىلىشىگە ئۇيغۇن بولسىلا توشۇشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ، يۆتكەش يۆنىلىشىگە خىلاپ بولسا، ئاشلىق نازارىتى قاتارلىق 3 نازارەت، ئىدارىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا مەلۇم قىلىنغاندىن كېيىن، ئاشلىق نازارىتى ئىجازەتنامە بېرىدۇ؛ قاتناش، تۆمۈريول تارماقلىرى مۇۋاپىق يۆتكەش يۆنىلىشىگە ئۇيغۇن بولمىغان ئاشلىق، ياغنى توشۇشنى رەت قىلىدۇ، ئەگەر مۇۋاپىق يۆتكەش يۆنىلىشىگە ئۇيغۇن بولمىغان ھەم تەستىقلىتىلمىغان

ئاشلىق، ياغ توشۇلغان بولسا، ئاشلىق، ياغ باھا پۇلى ۋە جاۋابكارلىق توشۇغۇچى تەرەپتە بولغان كىرا ھەققى بېرىلمەيدۇ. 1978 - يىل 7 - ئايدىن كېيىن ئاپتونوم رايون بويىچە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى تۈزگەن شىمالىي شىنجاڭ بۇغدىيىنىڭ مۇۋاپىق يۆتكەش يۆنىلىشى خەرىتىسى ئىجرا قىلىنىپ، تۆۋەندىكىلەر بەلگىلەندى: ئىلى ۋىلايىتى، بورتالا ئوبلاستى، شىخەنزە، سانجىنىڭ بۇغدايلىرى ئۈرۈمچىگە، تارباغاتاينىڭ بۇغدىيى ئۈرۈمچى، قاراماي، ئالتايغا يۆتكىلىدۇ. بۇنىڭ سىرتىدا، يەنە بىر قانچە قېتىم قىسمەن تەڭشەشلەر بولدى، كونكرېت لىنىيىسى: قاغىلىق، پوسكام، يەكەن، مەكىت ناھىيىلىرىدىن قەشقەرگە يۆتكىلىۋاتقان بۇغداي خوتەنگە يۆتكەشكە ئۆزگەرتىلدى، قەشقەرنىڭ كەملىگەن بۇغدىيى ئاقسۇدىن يۆتكەپ بېرىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 210 كىلومېتىر كونۇپكىسىلىك يول قىسقاردى؛ كورلىدىن بۇگۇرگە يۆتكىلىۋاتقان گۈرۈچ ئۈرۈمچىگە يۆتكەشكە ئۆزگەرتىلىپ، بۇگۇرگە كېرەكلىك گۈرۈچ ئاقسۇدىن يۆتكەپ بېرىلدى، بۇنىڭدا 170 كىلومېتىر كونۇپكىسىلىك يول قىسقاردى؛ فۇكاڭنىڭ شەرقىدىن گەنجىزى، داخۇاڭشەنگە يۆتكىلىۋاتقان ئۇن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ دۆڭشەن رايونىغا يۆتكەشكە ئۆزگەرتىلىپ، گەنجىزى قاتارلىق جايلارنىڭ ئۇنى گۇچۇڭدىن تەمىنلەندى، بۇ ئىككى بۆلەكتىكى يىرىك ئاشلىق بىلەن تەييار ئاشلىقنى قارىمۇ قارشى توشۇش ئازايتىلدى، ئۈرۈمچى شەھىرى دۆڭشەن رايونىنىڭ يىللىق تەمىنلەش مىقدارى 8000 توننا بولۇپ، بۇنىڭ 70 مىڭ يۈەن كىرا پۇلى تېجەپ قېلىندى. 1981 - يىلى ئالتاي ۋىلايىتى قۇۋۋايتىدا چارۋىچىلىق ئاشلىق پونكىتى قۇردى، بۇنىڭ بىلەن ئالتاي، قابا، جېمىنەي، بۇرچىن، چىڭگىل، كۆكتوقاي قاتارلىق ناھىيىلەردىكى ئاشلىق پونكىتلىرى، چارۋىچىلىق نۇقتىلىرىنىڭ يەم - خەشەك ترانسپورتىدىن 90 — 170 كىلومېتىر كونۇپكىسىلىك يول ئازايدى. شۇ يىلى يەم ئۈچۈن 1900 توننا كۆممىقوناق يۆتكىلىپ، 70 مىڭ يۈەن كىرا پۇلى تېجەپ قېلىندى.

## 2) يول لىنىيىسى

تېجەشلىك ئاشلىق توشۇش يولى ۋە پەسىللىك ئاشلىق توشۇش يولىدىن پايدىلىنىش جەھەتتە كىرا پۇلىغا پىرسەنت قوشۇش، توختام ئىمزالاش، قىيىن بىلەن ئاسىنىنى بىرلەشتۈرۈش، ئۇزۇن يول بىلەن قىسقا يولنى كىرىشتۈرۈش قاتارلىق چارىلارنى قوللىنىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئېچىپ پايدىلانغان يوللار:

«0503» يول. زېكتىدىن بالغونتاي ئارقىلىق كورلىغا بارىدىغان يول 459 كىلومېتىر بولۇپ، زېكتىدىن غۇلجا، ئۈرۈمچى ئارقىلىق كورلىغا بارىدىغان 1344 كىلومېتىر يول 885 كىلومېتىر قىسقىراپ، تونىسىدا 177 يۈەن كىرا پۇلى تېجەپ قېلىندى. 1972 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە ئىلىدىن مەزكۇر يول ئارقىلىق بايىنغولىن، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا 240 مىڭ 100 توننا ئاشلىق يۆتكىلىپ، 42 مىليون 497 مىڭ 700 يۈەن كىرا پۇلى تېجەپ قېلىندى. 1986 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە گەنسۇ، چىڭخەي، شەنشى ئۆلكىلىرىگە ئاشلىق يۆتكەپ بېرىش مەزگىللىرىدە، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ كۈنەس، نىلقا، توققۇزتارا، تېكەس ناھىيىلىرىدىن مەزكۇر يول ئارقىلىق بالغونتايغا 55 مىڭ 700 توننا ئاشلىق يۆتكەلدى، ئوتتۇرىچە مۇساپە 407 كىلومېتىر بولۇپ، ئۈرۈمچى ئارقىلىق پويىزغا قاچىلاپ ماڭدۇرۇلۇشتىن 490 كىلومېتىر مۇساپە قىسقىراپ، 5 مىليون 458 مىڭ 600 يۈەن كىرا پۇلى تېجەپ قېلىندى. بۇ ئىككى ئىشتىن تېجەپ قېلىنغان كىرا پۇلى 47 مىليون 956 مىڭ 300 يۈەن بولدى.

1979 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى 2 قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ، قاتناش تارماقلىرى بىلەن بىللە چۆچەك، دۆربىلجىندىن بەيياڭخې ئارقىلىق قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى، ئالتايغا ئاشلىق توشۇيدىغان يولنى ۋە كىرا پۇلىنى راسچوت قىلىش پرىنسىپىنى بېكىتتى. بەيياڭخې ئارقىلىق مېڭىشتىن مايتاغ — قاراماي تاشيولىنىڭ 104 كىلومېتىر بۆلىكىدىكى ئاچالدىن مېڭىلسا، توشۇش ئارىلىقى 250 كىلومېتىر، ئالتايغا بېرىشتا 178 كىلومېتىر قىسقىرايدۇ. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1979 - يىلى، 1981 - يىلى ۋە 1983 - يىلى قوبۇقسار، ئالتايغا

ئاشلىق توشۇشتىن 631 مىڭ يۈەن كىرا پۇلى تېجەپ قېلىندى.

چاغانتوقايدىن لاۋفېڭكۇ ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە بارىدىغان يول. بۇنىڭدا بۇرۇنقى چۆچەك ئارقىلىق توشۇشتىن 106 كىلومېتىر يول قىسقىرايدۇ. 1981 - يىلى مەزكۇر يول ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە 1000 توننا ئاشلىق توشۇلۇپ، 21 مىڭ 200 يۈەن كىرا پۇلى تېجەپ قېلىندى.

كۈنەس، نىلقىدىن چورما ئارقىلىق شىخۇدىكى ئۆڭكۈر ئىسكىلاتىغا بارىدىغان تەڭرىتاغ تاشيولىدىن ئۈرۈمچىگە بېرىش. بۇنىڭدا غۇلجا ئارقىلىق توشۇشتىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 285 كىلومېتىر يول قىسقىرايدۇ. 1984 - يىلى مەزكۇر يول ئارقىلىق 13 مىڭ توننا ئاشلىق توشۇلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە شىخۇدىكى ئۆڭكۈر ئىسكىلاتىغا 5000 توننا توشۇلۇپ (ئەمەلىيەتتە 1985 - يىلى ئورۇندالغان)، 741 مىڭ يۈەن كىرا پۇلى تېجەپ قېلىندى؛ 1986 — 1987 - يىللىرى مەزكۇر يول ئارقىلىق 18 مىڭ توننا ئاشلىق توشۇلۇپ، 1 مىليون 26 مىڭ يۈەن كىرا پۇلى تېجەپ قېلىندى.

موريدىن چوڭتاش ئارقىلىق شىسەنجيەنفاڭغا بارىدىغان يول 186 كىلومېتىر. بۇنىڭدا موريدىن فۇكاڭ ئارقىلىق مېڭىشتىكى 221 كىلومېتىردىن 35 كىلومېتىر يول قىسقىرايدۇ. 1987 - يىلى گەنسۇ، چىڭخەيگە توشۇلىدىغان 26 مىڭ 700 توننا ئاشلىق مەزكۇر يول ئارقىلىق شىسەنجيەنفاڭ ۋوگزالىغا توشۇلۇپ، تاشيول كىرا پۇلىدىن 187 مىڭ يۈەن تېجەپ قېلىندى. شۇنىڭدەك يەنە ئاشلىق تاپشۇرۇۋالىدىغان ئۆلكىلەر ئۈچۈن تۆمۈريولنىڭ ھەق ھېسابلاش مۇساپىسى 482 كىلومېتىر ئازايتىلىپ، 434 مىڭ 100 يۈەن كىرا پۇلى تېجەپ بېرىلدى.

### 3) ترانسپورت قوراللىرىدىن تولۇق پايدىلىنىش

1963 - يىلى ئاشلىق نازارىتى، قاتناش نازارىتى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى «جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىدىغان ئاشلىقنى تۇرپان ئارقىلىق توشۇش توغرىسىدا بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىدىغان ئاشلىقنى داخېيەن ئارقىلىق پويىز بىلەن توشۇشنى، تۆمۈريول تارماقلىرىنىڭ داخېيەن بېكىتىدىكى يۈك 2 - لىنىيىسىدىن 5 ئورۇن ئاجرىتىپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك «1-ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتىنىڭ ئاشلىقنى توشۇپ كېتىشتە پايدىلىنىشىغا بېرىشنى بەلگىلىدى. شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن ئېتىبارەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر قايسى جايلاردىن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىدىغان بۇغداي، كۆممىقوناق ماڭدۇرۇش تەپسىلىي جەدۋىلىگە بىردەك مال تاپشۇرۇۋالىدىغان ئورۇن داخېيەن ئۆتەڭ پونكىتى دەپ ئەسكەرتىپ قويۇلدى. 1978 - يىلدىن ئېتىبارەن قۇمۇل ۋىلايىتىدىن يامانسۇ، تارانچى، يەتتە قۇدۇقتىن ئىبارەت 3 كان رايونىغا يۆتكىلىدىغان ئاشلىق ئاپتوموبىلدا توشۇشتىن پويىزدا توشۇشقا ئۆزگەرتىلىپ، بىر يىلدا 65 مىڭ يۈەن كىرا پۇلى تېجەپ قېلىندى. 1979 - يىل 1 - پەسىلدە تۇرپان، كورلا تۆمۈريولى ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلارغا توشۇلىدىغان 15 مىڭ 500 توننا ئاشلىق ۋاقىتىنچە مۇشۇ يەردىن توشۇلۇپ، 640 مىڭ يۈەن كىرا پۇلى تېجەپ قېلىندى؛ 1981 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ لىنىيىسىدىن پايدىلىنىپ 15 مىڭ 100 توننا ئاشلىق توشۇلۇپ، 610 مىڭ يۈەن كىرا پۇلى تېجەپ قېلىندى؛ 1984 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتى، بايىنغولىن ئوبلاستى جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى ئارقىلىق ئۈرۈمچى، تۇرپان، قۇمۇلغا 23 مىڭ توننا ئاشلىق توشۇپ، ئاپتوموبىلدا توشۇغاندىكىدىن 1 مىليون 227 مىڭ 300 يۈەن تېجەپ قالدى. 1987 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتى 10 مىڭ 800 توننا كۆممىقوناق يۆتكەپ بېرىشتە قورۇق قايتقان پويىزغا بېسىپ بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق توننا - كىلومېتىر كىراسىنى نورمال كىرادىن 25% ئازايتىپ، 661 مىڭ 500 يۈەن كىرا پۇلى تېجەپ قالدى.

## 2. ئاساسىي قاتلام ترانسپورتى

1953 - يىل 1 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ غەللە-

پاراق ئاشلىقنى توشۇپ ئامبارلاشتۇرۇش چارىسى»نى چىقىرىپ، غەللە - پاراق ئېلىش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، چەت - خىلۋەت جايلاردىكى غەللە - پاراق ئاشلىقنى تەدرىجىي ھالدا شەھەر ياكى تاشيول بويىغا توپلاپ ئامبارلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. 1955 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئاشلىق نازارىتىنىڭ توپلاپ توشۇش خىزمىتىنى تېز قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى ئىجرا قىلىنىپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، تەمىنلەشكە يېتەرلىك قالدۇرۇپ، قالغان ئاشلىق ئايلىنىش يۆنىلىشى بويىچە، دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسالدى ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلاغ كۈچلىرىنى تولۇق تەشكىللەپ، قاتناش لىنىيىسى بويلىرىدىكى ئامبارلارغا ياكى ئاشلىققا ئېھتىياجلىق جايلارغا بىۋاسىتە توپلاپ توشۇلدى. 1956 - يىل 7 - ئايدا ئاشلىق نازارىتى «ئاساسىي قاتلام مۇۋاپىق ترانسپورتنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، جايلاردىن پاراق ئېلىش - سېتىۋېلىشنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، ئاشلىق مەنبەسىنى ئەتراپلىق جايلاشتۇرۇپ، شۇ جايغا ئېھتىياجلىقنى يېتەرلىك قالدۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق يۆتكەش يۆنىلىشى بويىچە، مەمۇرىي رايون ئايرىمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، مەمۇرىي رايون ئايرىمىسى بويىچە چاق شەكلىدە ئامبارلاشتۇرۇشنى ئىقتىسادىي رايون بويىچە كۆنلۈك شەكلىدە ئامبارلاشتۇرۇشقا ئۆزگەرتىپ، يۆتكەش يۆنىلىشىنى بىرىبكەت ئالدىغا سۈرۈپ، بىر قېتىمدىلا سىرتقا يۆتكەپ بېرىشنى ياكى قاتناش لىنىيىسى بويىغا توپلاشنى قولغا كەلتۈرۈش، جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشنى، ئادەت مۇساپىسى بىلەن ئەمەلىي مۇساپىدە ئوخشىماسلىق بولۇپ قالسا، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئۆلچەپ ئېنىقلىشىغا مەلۇم قىلىشنى، تور بويىچە تەڭشەش ترانسپورتىنى ئىمكانقەدەر ئازايتىپ، تېجەشلىك لىنىيە ۋە قاتناش قوراللىرىنى تاللاپ ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلدى. 1959 — 1960 - يىللىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق نازارىتى چىقارغان «قىسقا يوللۇق ترانسپورت بويىچە ئاممىۋى ھەرىكەتنى پائال قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا يوليورۇق» ۋە «پاراق ئېلىش - سېتىۋېلىشقا بىرلەشتۈرۈپ مۇۋاپىق جايلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» ئىجرا قىلىنىپ، مۇۋاپىق جايلاشتۇرۇپ، پىلانلاپ ۋە ئاشلىق ساقلاش نۇقتىلىرىنى ئازايتىپ، چېگرا ھالقىپ ئاشلىق تاپشۇرۇشنى يولغا قويۇپ، سىرتقا يۆتكىلىدىغان ئاشلىقنى غول لىنىيە بويىدىكى ئامبارلارغا جايلاشتۇرۇش تەلەپ قىلىندى. ئالتاي ۋىلايىتى 819 تۆگە تەشكىللەپ، ئاپتوموبىل بارالمايدىغان تاغلىق رايونلارغا 4530 توننا ئاشلىق توپلاپ توشۇدى. 1962 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق نازارىتىنىڭ «ئاشلىق، ياغ مۇۋاپىق تراسپورتنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا بىر قانچە بەلگىلىمە»سى ئىجرا قىلىنىپ، ئاساسىي قاتلامدا مۇۋاپىق ترانسپورت داۋاملىق قانات يايدۇرۇلۇپ، ئاساسىي قاتلام ئاشلىق - ياغ نۇقتىسى، پونكىتى قىسقارتىلىپ، 1957 - يىلدىكى سەۋىيىگە كەلتۈرۈلدى. ئاشلىق نۇقتىلىرىنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىشقا توغرا كەلگەندە، ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىكلەر ئوتتۇرىغا قويۇپ، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسى تەكشۈرگەندىن كېيىن، ۋالىي مەھكىمە ياكى ئوبلاستلىق خەلق كومىتېتىگە تەستىقلىتىپ ئاندىن تەسىس قىلدى. 1963 - يىلى ئاشلىق نازارىتى «ئاشلىق، ياغ ئاساسىي قاتلام مۇۋاپىق ترانسپورتنى سىناپ يولغا قويۇش چارىسى»نى چىقىرىپ، ۋىلايەت، ئوبلاست تۇرۇشلۇق يەر ھەم نوپۇسى 50 مىڭدىن يۇقىرى شەھەرلەرنىڭ ئاشلىق، ياغ ترانسپورتىدا ئۇدۇل يۆتكەپ، ئۇدۇل توشۇشنى، تەييار ئاشلىقنى ئۇدۇل تەمىنلەش نۇقتىسىغا توشۇشنى، يىرىك ئاشلىقنى ئۇدۇل پىششىقلاش زاۋۇتىغا توشۇشنى، يېقىن يەردىن ئاشلىق ئېلىش، يېقىن يەردە تەمىنلەش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئەڭ قىسقا مۇساپە بويىچە نۇقتا بەلگىلەپ، دائىرە ئايرىپ يۆتكەشنى، نۇقتا، لىنىيە بېكىتىپ توشۇشنى بەلگىلىدى. شۇ يىلى خوتەن ناھىيىسى ئامبارلاشتۇرۇش تور - نۇقتىلىرىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، 13 مىڭ يۈەن كىرا پۇلى تېجەپ قالدى.

1965 - يىل 7 - ئايدا ئاشلىق نازارىتىنىڭ نازىرى ماغاۋىيە 74 كىشىنى باشلاپ تاڭسەن، سۇجۇغا بېرىپ،

ئۇلارنىڭ تاۋار ئوبوروتىنى ئىقتىسادىي رايون بويىچە تەشكىللەش خىزمىتى تەجرىبىسىنى ئۆگەندى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ماغاۋىيە ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى مالىيە - سودا خىزمىتى گۇرۇپپىسىنى باشلاپ بايىنغولىن ئاپتونوم ئوبلاستىغا بېرىپ، ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ناھىيىدىن بولۇپ 34 كىشىلىك خىزمەت ئەترىتى تەشكىللەپ، يەنجى، خوشۇت، خېجىڭ ناھىيىلىرىدە ئاشۇ تەجرىبىسىنى نۇقتىدا سىناق قىلدى. يەنجىدە 14 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ ئاشلىق يەتكۈزۈش يولى تەڭشىلىپ، بىر يىلدا 17 مىڭ 500 يۈەن كىرا پۇلى تېجەپ قېلىندى. ش ئۇ ئا ر ئاشلىق نازارىتى يەنە 9 كىشى ئەۋەتىپ سانجى ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاشۇ تەجرىبىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى ئەترىتىگە قاتناشتۇرۇپ، سانجى ناھىيىسىدە نۇقتىدا سىناق قىلىپ، 51 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ ئاشلىق يەتكۈزۈش يولىنى تەڭشىدى، ئۇنىڭ ئىچىدە 45 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ ئاشلىق يەتكۈزۈش مۇساپىسى ئىلگىرىكىدىن قىسقاردى. مەزكۇر ناھىيىنىڭ ۋۇجياچۈ گۇڭشېسىدىكى 18 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ ئاشلىق يەتكۈزۈش يولى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 19.88 كىلومېتىردىن قىسقاردى، سەنگۇڭ گۇڭشېسىدىكى 16 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ سەنپىڭ ئاشلىق پونكىتىغا چېگرا ھالقىپ ئاشلىق تاپشۇرىدىغان بولۇپ، يولى 5.7 كىلومېتىردىن قىسقاردى، بۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە بىر يىلدا 41 مىڭ 400 يۈەن كىرا پۇلى تېجەپ قېلىندى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 7 ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ 23 ناھىيىسىدە ئاشۇ تەجرىبىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئاشلىق نازارىتى گۇما ناھىيىسىنىڭ چېگرا ھالقىپ ئاشلىق تاپشۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى تەستىقلاپ تارقاتقاندا، مەمۇرىي رايون ئايرىمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ چېگرا ھالقىپ ئاشلىق تاپشۇرۇشنى كەڭ تۈردە ئېلىپ بېرىشنى، ئاشلىق نۇقتىلىرىنى ئىقتىسادىي رايون بويىچە مۇۋاپىق جايلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. گۇما ناھىيە «سەكرەپ ئىلگىرىلەش» گۇڭشېي ئويتوغراق ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى يىلىغا 200 — 250 تونna ئاشلىق تاپشۇراتتى، بۇنى مەمۇرىي رايون ئايرىمىسى بويىچە 32 كىلومېتىر يول مېڭىپ شىنا ئاشلىق نۇقتىسىغا تاپشۇراتتى، ئىقتىسادىي رايون بويىچە چېگرا ھالقىپ قاغىلىق ناھىيىسىدىكى بورا ئاشلىق نۇقتىسىغا تاپشۇرۇشقا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، يولى 20 كىلومېتىر قىسقىراپ، 12 كىلومېتىرلا ماڭىدىغان بولدى، بۇ بۇرۇنقى مۇساپىسىنىڭ %37.5 ىگىلا توغرا كېلىدۇ. 1978 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «ئاشلىق، ياغ توشۇشنى ياخشىلاش تەدبىرلىرى»نى تارقىتىپ، ئاشۇ تەجرىبىسىنى داۋاملىق ئومۇملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، بۇنىڭ بىلەن توشۇشنى مەمۇرىي رايون بويىچە تەشكىللەش تەبىئىي شەكىللەنگەن ئاشلىق، ياغ ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش مۇناسىۋىتى بويىچە تەشكىللەشكە ئۆزگەرتىلىپ، ئامبارلاشتۇرۇلىدىغان ئاشلىق، ياغنى مۇۋاپىق جايلاشتۇرۇش يەنىمۇ ياخشى تۈزۈلدى. ئاقسۇ ۋىلايىتى ئامبارلاشتۇرۇش تور - نۇقتىسىدىن 11نى بىرلەشتۈرۈۋەتتى، 243 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ ئاشلىق تاپشۇرۇش يولىنى تەڭشەپ، ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى نۇقتىلارنىڭ ئامبارلاشتۇرۇش مىقدارىنى 5165 تونىغا يەتكۈزۈپ، مۇساپىنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10.5 كىلومېتىردىن قىسقارتىپ، 23 مىڭ يۈەن خىراجەت تېجەپ قالدى. سانجى ئوبلاستى يىرىك ۋە تەييار ئاشلىقنىڭ قارىمۇ قارشى توشۇلۇش يولىدىن 16نى تەڭشەپ، كونۇپكىسىلىك توشۇلىدىغان ئاشلىقنى 8430 تونna ئازايتىپ، 99 مىڭ يۈەن خىراجەت تېجەپ قالدى. 1979- يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇدۇل يۆتكەپ ئۇدۇل توشۇش، يىرىك ۋە پىششىق ئاشلىقنى كونۇپكىسىلىك توشۇشتىن ساقلىنىش، مۇۋاپىق جايلاشتۇرۇپ ئامبارلاشتۇرۇش، تۈرى بويىچە تەڭشەشنى ئازايتىش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق توشۇلغان ئاشلىق مىقدارى 450 مىڭ تونىغا يېتىپ، بىر يىلدا 1 مىليون 60 مىڭ يۈەن كىرا پۇلى تېجەپ قېلىندى. 1990 - يىلغىچە ئاساسىي قاتلام ئاشلىق، ياغ ترانسپورتىدا ئاشلىق يۆتكەشنى باشتىن- ئاخىر ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش مۇناسىۋىتى بويىچە مۇۋاپىق تەشكىللەش تەدبىرى ئىجرا قىلىندى.

# 5 § . بىخەتەر ترانسپورت

## 1. ھادىسىلەرنى باشقۇرۇش

ھادىسىلەرنى باشقۇرۇش ئاشلىق، ياغ ترانسپورتى جەريانىدا يۈز بەرگەن كەم چىقىش، ئورالغۇلار چۇۋۇلۇپ كېتىش، بۆلغىنىپ زەھەرلىنىش، پالاپ بۇزۇلۇش، ھۆل بولۇپ كېتىش، ئوغرىلىنىش، يىتىپ كېتىش، ماشىنا ئۆرۈلۈپ كېتىش، ئوت كېتىش قاتارلىق ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئاۋۋال ئالدىنى ئېلىش، ھادىسە يۈز بەرگەندىن كېيىنكى تەكشۈرۈش ۋە بىر تەرەپ قىلىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1953 - يىلى ئۆلكە بويىچە ئاشلىق مىنىستىرلىكىدىن تارقىتىلغان «ئاشلىق توشىغان خەلق ئىشچىلىرىدىن ئۆلگەن، يارىلانغانلارغا نەپىقە بېرىش چارىسى» ئىجرا قىلىنىپ، ھۆكۈمەت ئاشلىقىنى توشۇۋېتىپ ئادەم، ئۇلاغلار ئۆلگەن، يارىلانغان ياكى ئاپتوموبىل، كېمىلەر بۇزۇلغان بولسا، ئەسلى قىممىتىنىڭ بېرىمىدىن ئاشۇرۇۋەتمەي تۆلەپ بېرىش بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى، ئۇنى مالىيە تارماقلىرى ھېسابىتىن كۆتۈرۈۋېتىپ كەلدى. شۇ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايون ئارقا سەپ ترانسپورت باشقارمىسى 2 - بەڭ 1 - لىيەنىنىڭ 3 ئاپتوموبىلى كۇچادىن ئۈرۈمچىگە ئاشلىق توشۇش يولىدا ئايغىر بۇلاقنىڭ توقسۇنغا 44 كىلومېتىر قالغان يېرىدە توساتتىن يامغۇر يېغىپ، كەلكۈن كېلىپ ئىككى ئاپتوموبىلنى ئۆرۈۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن 68 تاغار بۇغداي زىيان بولدى. توقسۇن ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈشىدە ئەھۋال راست بولۇپ چىقتى. بۇ ھادىسە ئادەم تاقابىل تۇرالمايدىغان ھادىسە بولغانلىقى ئۈچۈن، ترانسپورت ئورۇنلىرىنىڭ زىيىنىنى تۆلەپ بېرىش كەچۈرۈم قىلىندى. 7 - ئايدا ئۆلكىلىك ئاشلىق نازارىتى «ھۆل - يېغىن پەسلىدە ئاشلىق توشۇشتا ھۆل - يېغىندىن مۇداپىئە كۆرۈشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، ئاشلىق ماگىزىنچى ۋە توشۇغۇچى ئورۇنلاردىن ئۈستىنى مەھكەم يېپىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى. 1954 — 1955 - يىللىرى ئاشلىق مىنىستىرلىكىدىن تارقىتىلغان «ئاشلىق ترانسپورتىدىكى ھادىسىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ۋاقىتلىق چارىسى» ئىجرا قىلىندى. ئۆلكىلىك ئاشلىق نازارىتى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قاراقاش ناھىيىسىدە بىر دېھقاننىڭ ئاشلىق يۈدۈپ پەلەمپەيدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، يىقىلىپ چۈشۈپ، ئېغىر يارىلانغانلىق ۋەقەسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ياشانغانلار، ئاجىزلار، ئاياللار، بالىلار ۋە بۇزۇلغان هارۋا، ئاپتوموبىللارنى ئاشلىق توشۇشقا سېلىشنى قەتئىي مەنئى قىلدى.

1960 — 1963 - يىللىرىدىكى جەنۇبنىڭ ئاشلىقىنى شىمالغا توشۇش مەزگىلىدە، ئاشلىقلار چېچىلىپ ئىسراپ بولۇش ۋە يىتىپ كېتىش ئەھۋالى ئېغىر بولدى. 1960 - يىل 7 - ئايدا «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى توختىقۇرباندىن كەلگەن خەتنى قىسقارتىپ گېزىتكە باستى، ئۇ خەتتە مۇنداق دېيىلگەن: جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئاشلىق يۆتكەش يولىدىكى ئىسراپچىلىق ئېغىر، بۇگۇر ئەتراپىدا 2 كىلومېتىرغا يەتمىگەن يولدىن 45 كىلوگرامدىن ئارتۇق بۇغداي تېرىۋالدۇق. ئاشلىق نازارىتى ئىلگىرى - كېيىن 2 قېتىم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، جايلاردىن ئوراش - قاچىلاشنى تەكشۈرۈپ ياخشىلاشنى، تەدبىر قوللىنىپ، يولدا ئاشلىق چېچىلىپ ئىسراپ بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلدى. 1961 - يىل 5 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ترانسپورت قوماندانلىق شتابى، قاتناش نازارىتى، ئاشلىق نازارىتى بىرلىكتە «ئاشلىق يۆتكەش خىزمىتىدە ئاشلىقنى خاتا تاپشۇرۇۋېلىش، خاتا توشۇش، چېچىۋېتىشتىن ساقلىنىشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، تۆۋەندىكىلەرنى بەلگىلىدى: (1) ترانسپورت ئورۇنلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان توشۇش ۋە ئاپىرىپ بېرىش ئورنى بويىچە ۋەزىپىنى ۋاقتىدا ئورۇندىشى لازىم. (2) يىرتىق تاغارلارغا ئاشلىق قاچىلاپ سىرتقا توشۇشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. تاغار ئاغزىنىڭ تىكىلىشى 9 — 11 يىپتىن كەم بولماسلىقى شەرت. (3) بىر ئاپتوموبىلغا بىر

تالون كېسىلىشى، ئۇ ئېنىق تولدۇرۇلۇشى شەرت. (4) ئاشلىق تاپشۇرۇۋالغۇچى ئورۇنلار ئەستايىدىل ساناپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى شەرت. 1961 ـ يىلى قاتناش نازارىتى، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى «ئاشلىق ترانسپورتى جەريانىدىكى بىخەتەرلىك ـ قوغداش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى. ئۈرۈمچى «1 ـ ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى، ئاقسۇ ئۆتەڭ پونكىتىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 1962 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 3 ـ ئايغىچە يولدا تۆكۈلۈش، چېچىلىش، ئوغرىلىنىش سەۋەبىدىن 60 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق زىيان بولغان. ئۇنىڭ ئىچىدە 200 تاغار يەنى 20 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق ئوغرىلانغان. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى «ئاشلىق چېچىلىپ ئىسراپ بولۇشنى قەتئىي چەكلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى. 4 ـ ئايدا ئاشلىق نازارىتى جىددىي كۆرسەتمە چىقىرىپ تۆۋەندىكىلەرنى بەلگىلىدى: (1) ئۈرۈمچى «1 ـ ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى تاغارلارنى رەتلەپ تېگىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ، يىرتىق تاغارلارنىڭ سىرتقا توشۇلۇشىنى چەكلىشى كېرەك. (2) يۆتكىگۈچى ئورۇنلار چوقۇم ئاۋۋال يېڭى تاغار، ئاندىن بىر قەدەر ياخشى كونا تاغارغا ئاشلىق قاچىلاپ ماڭدۇرۇشى، يىرتىق تاغارغا ئاشلىق قاچىلاپ ماڭدۇرۇشنى قاتتىق مەنئى قىلىشى كېرەك. (3) ئاشلىق بېرىدىغان تەرەپ شوپۇرلار بىلەن بىرلىكتە تاغار، كىلوگرام سانىنى تەكشۈرۈشى كېرەك. (4) ئاپتوموبىل كوزۇپىنىڭ بىجىرىم ئەمەسلىكى، ئاشلىق تۆكۈلىدىغان تۆشۈك بارلىقى، بۇرما مىخلارنىڭ بوشاپ كەتكەنلىكى بايقالسا، ئاشلىق قاچىلاشنى رەت قىلىش كېرەك. (5) ترانسپورت تارماقلىرىنىڭ ئوتتۇرا يولدا ئاشلىقنى باشقا ئاپتوموبىللارغا قاچىلىشى ۋە يۆتكەپ توشۇشىنى قەتئىي چەكلەش كېرەك. شۇ يىلى 8 ـ ئايدا ئاشلىق نازارىتى ئاشلىق مىنىستىرلىكىگە ئالدىنقى يېرىم يىللىق ترانسپورت ھادىسىلىرىنى مۇنداق مەلۇم قىلدى: 1 ـ ئايدىن 6 ـ ئايغىچە 2152 قېتىم ھادىسە يۈز بەردى، بۇ ھادىسىلەردە 189 مىڭ 300 كىلوگرام ئاشلىق زىيان بولۇپ، 1316 تاغار يىتىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئوغرىلىنىش ۋەقەسى 740 قېتىم بولۇپ، 103 مىڭ 400 كىلوگرام ئاشلىق زىيان بولدى. چېچىلىش ۋە تۆكۈلۈش ۋەقەسى 1387 قېتىم بولۇپ، 80 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق زىيان بولدى. قەشقەردە 16 كىشىلىك بىر ئوغرىلىق شايكىسى پاش قىلىندى، ئۇلار 28 قېتىمدا 2600 كىلوگرام ئاشلىق ئوغرىلىغان. 1963 ـ يىل 10 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى ئاشلىق يۆتكەش جەريانىدىكى ئاشلىق ئىسراپچىلىقىنى تۈگىتىش توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسەتتى: خوتەن، قەشقەردىن شىمالغا ئاشلىق توشۇۋاتقان ئاپتوموبىللاردا يامغۇردىن مۇداپىئەلىنىش ئەسلىھەلىرى بولمىغاچقا، ئاشلىق نەملىشىپ بۇزۇلۇپ، ناھايىتى ئېغىر زىيان بولماقتا؛ تۇرپان ۋوگزالىدىن ئۈرۈمچى «1 ـ ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتىغا ئاشلىق توشۇۋاتقان ئاپتوموبىللارغا بېسىلغان ئاشلىق تاغارلىرىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنىڭ ئېغىزى ئوچۇق بولۇپ، ئاشلىقنىڭ چېچىلىپ زىيان بولۇشى ناھايىتى ئېغىر، ئۈرۈمچى جەنۇبىي ۋوگزالىدىن ئۈرۈمچى «1 ـ ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتىغىچە بولغان ئارىلىقتىمۇ ئاشلىق چېچىلىش ئەھۋالى ناھايىتى ئېغىر. 1979 ـ يىل 9 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «يۆتكەش جەريانىدا بۇغداي قاتارلىق ئاشلىقلارنىڭ كەم چىقىش مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، تۆۋەندىكىلەرنى بەلگىلىدى: تاپشۇرۇۋالغۇچى تەرەپ تاغارلارنىڭ كەم تۇرغانلىقىنى ياكى ئورۇلارنىڭ يىرتىلىشى، شەكلى ئۆزگىرىشى سەۋەبىدىن ئاشلىقنىڭ كېمىيىپ زىيان بولغانلىقىنى بايقىسا، يۆتكەپ ئالغۇچى تەرەپ مەسئۇل بولۇپ توشۇپ بەرگۈچى تارماقلاردىن تۆلىتىۋالىدۇ. ئەگەر قاچىلىنىشى مۇكەممەل، تاغار سانى تولۇق تۇرۇپ خوراپ كەتكەن بولسا، بۇ زىياننىڭ %1ىنى يۆتكەپ ئالغۇچى تەرەپ ئۈستىگە ئېلىپ، قالغىنىنى يۆتكەپ بەرگۈچى تەرەپ ئۈستىگە ئالىدۇ. 1980 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ غالىبىيەت كۆۋرۈكى يېنىدا، سېرىلما رېلىستىكى پويىز ئۆرۈلۈپ كېتىش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 100 توننا بۇغداي، 11 توننا كۆممىقوناق، 2200 تاغار، 5500 يۈەن كىرا پۇلى بىلەن جەمئىي 45 مىڭ 200 يۈەن زىيان بولدى. 8 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى بۇ ھەقتە بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسىگە جاۋاب بېرىپ، «ئاشلىق، ياغ يۆتكەشنى باشقۇرۇش قائىدىسى» دىكى

ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە، تۆمۈريول قىسىم شىنجاڭ باشقارمىسىدىن مال پۇلى، ئوراش - قاچىلاش ھەققى، ترانسپورت ھەققى ئۆز ئىچىگە ئېلىنغان بارلىق زىياننى تۆلىتىۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. 1982 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق نازارىتى تارقاتقان سودا، تۆمۈريول، قاتناش مىنىستىرلىكلىرىنىڭ ئىمپورت ئاشلىقنى تۆمۈريولدا توشۇشتىكى بۇلغىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇشىدا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئاپتونوم رايوندىكى تاشيولدا توشۇلغان ئاشلىقلاردىمۇ بۇلغىنىش مەسىلىسى مەۋجۇت، ئالايلۇق، ئاشلىق بېسىلغان ئاپتوموبىللار ئاشلىق ئۈستىگە تىرىك چارۋا، قۇشلارنى ئېلىۋېلىش، دېھقانچىلىق دورىسى، خىمىيىۋى ئوغۇت توشۇلغان ئاپتوموبىللارنى تازىلىماي ياكى پاكىز تازىلىماي ئاشلىق بېسىش ھەم يولدا ئىشلىتىش ئۈچۈن زاپاس ئېلىۋېلىنغان بېنزىن، دىزىلىن ئاشلىققا ئۆتۈپ كېتىپ بۇلغىنىش ۋە باشقىلار، جايلارنىڭ تەدبىر قوللىنىپ، ئاشلىق توشۇش جەريانىدا بۇلغىنىش ھادىسىسىنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

1983 - يىلى ۋە 1990 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى 2 قېتىم «ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق، ياغ يۆتكەشنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى»نى تارقىتىپ، ئاشلىق، ياغ ترانسپورتىدىكى ھادىسىلەرنى باشقۇرۇش توغرىسىدا بىر قەدەر مۇكەممەل بەلگىلىمىلەرنى چىقاردى، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنلىرى: (1) ئاشلىق، ياغ ماڭدۇرغاندا، ماڭدۇرۇش خادىملىرى نەق مەيدانغا بېرىپ، توشۇغۇچى تارماقلار بىلەن بىرلىكتە قاچىلاشقا نازارەت قىلىشى، ساننى ئېنىق ئۆتكۈزۈشى، «بەشنى قاچىلىماسلىق»نى چىڭ تۇرۇپ ئىشقا ئاشۇرۇشى لازىم؛ ئاپتوموبىل كوزۇپى بېجىرىم بولمىسا، ياپقۇچى بولمىسا، ئاشلىق چېچىلىش، ئېقىتىش، نەم تارتىش ئېھتىمالى بولغان ئاپتوموبىللارغا ئاشلىق قاچىلىماسلىق؛ يامغۇردىن مۇداپىئەلىنىش ئەسلىھەسى بولمىسا قاچىلىماسلىق؛ زەھەرلىك بويۇم، دېھقانچىلىق دورىسى ياكى باشقا زىيانلىق ماددىي ئەشيالار، خىمىيىۋى ئوغۇت، چارۋا مال قاچىلانغان ئاپتوموبىللار پاكىز تازىلانماي بۇلغىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئېھتىمالى بولسا قاچىلىماسلىق؛ سانالمىغان ۋە مىقدارى تەكشۈرۈلمىگەن ئاشلىقنى قاچىلىماسلىق؛ يىرتىلغان، ئېغىزىنىڭ تىكىلىشى بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن بولمىغان ياكى ئېغىزى مەھكەم بولمىغان تاغار ۋە تۇڭلارغا قاچىلىماسلىق. (2) ئاپتوموبىلغا قاچىلىغاندا، ئاشلىق، ياغلىق دان تاغارغا قاچىلانغان بولسا، تاغار ئېغىزىنى ئىچ تەرەپكە قارىتىپ رەتلىك بېسىش؛ ياغ قاچىلانغان تۇڭلارنىڭ ئېغىزىنى يۇقىرىغا قارىتىش، ياتقۇزۇپ قويماسلىق شەرت. تۆمۈريولدا توشۇلسا، يېپىق ۋاگون ئىشلىتىش تەلەپ قىلىنىدۇ، ئوچۇق ۋاگون ئىشلىتىلسە، يۈكنىڭ ئۈستى تەرىپىنى ئومۇرتقا شەكلىدە بېسىپ، ھىم يېپىپ، مەھكەم باغلاش؛ پۈتكۈل بىر پويىزغا ئاشلىق، ياغ بېسىلماقچى بولسا، بەلگىلەنگەن تونناژى بويىچە تولۇق بېسىش؛ باكلىق ۋاگون، باكلىق ئاپتوموبىللارغا ياغ قاچىلانغاندىن كېيىن پېچەتلەش شەرت. (3) ئاشلىق، ياغ ترانسپورت ھادىسىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش: ترانسپورت ھادىسىلىرىنىڭ تۈرى يۈز بېرىش ئەھۋالىغا قاراپ 13 خىل بولىدۇ، زىيان دەرىجىسىگە قاراپ پەۋقۇلئاددە چوڭ ھادىسە، چوڭ ھادىسە، ئادەتتىكى ھادىسە دەپ 3 تۈرگە بۆلۈنىدۇ، ترانسپورت ھادىسىسى يۈز بەرگەندە پائال تەدبىر قوللىنىپ، زىياننىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. پەۋقۇلئاددە چوڭ ھادىسە يۈز بېرىپ 24 سائەت ئىچىدە، چوڭ ھادىسە يۈز بېرىپ 48 سائەت ئىچىدە، ھادىسىنىڭ ئورنى، ۋاقتى ھەم زىيان ئەھۋالىنى تېلېگرامما ئارقىلىق يۈك ماڭدۇرغان ئورۇن ھەم ئالاقىدار ئورۇنلارغا مەلۇم قىلىش ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسىگە دوكلات قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە سەۋەبىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، جاۋابكارلىقنى ئايرىپ، تەدبىرلەرنى بېكىتىپ، چىڭ تۇتۇپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. تاشيولدا توشۇلغان ئاشلىق، ياغنى ئاپتوموبىل يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ياپقۇچ بار-يوقلۇقى، تاغارلارنىڭ كەم - كەم ئەمەسلىكى، ئوراش - قاچىلىنىشىدا باشقىچە ئەھۋال بار - يوقلۇقى، توشۇش مۆھلىتىدىن ئاشۇرۇۋېتىلگەن - ئاشۇرۇۋېتىلمىگەنلىكى (ئاپتوموبىلغا بېسىلغان كۈننىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ يۈك بېرىش تەپسىلىي جەدۋىلىگە يېزىلغان كۈن ئۆلچەم قىلىنىپ، ئاپتوموبىلنىڭ كۈندىلىك مۇساپىسى 300

كىلومېتىر بويىچە يەنە بىر كۈن كېيىن سۈرۈپ ھېسابلىنىدۇ) ياكى ئوتتۇرا يولدا ئالماشتۇرۇپ قاچىلاش قاتارلىق سەۋەبلەر ئارقىلىق يۈكنىڭ مىقدارىغا زىيان يەتكەن ـ يەتمىگەنلىكى، سۇ ئۆتكەن ـ ئۆتمىگەنلىكى، پالاپ بۇزۇلغان ـ بۇزۇلمىغانلىقى، بۇلغانغان ـ بۇلغانمىغانلىقى تەكشۈرۈلىدۇ، جاۋابكارلىقى توشۇغۇچى تارماقلاردا بولسا، شوپۇرنىڭ ئىسپاتىنى ئالغاندىن كېيىن، تۆۋەندىكى پرىنسىپلار بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ: ① 7 كۈن سۈرۈك ئىچىدە ئوخشاش سورتتىكى ئاشلىق، ياغ بىلەن تۆلىنىدۇ؛ ② ئاشلىق، ياغ بىلەن تۆلەشتە ھەقىقەتەن قىيىنچىلىق بولسا، بازار باھاسى بويىچە تۆلەيدۇ ھەمدە بازار باھاسىنىڭ %50ى بويىچە جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ ③ يولدا يېغىپ ھۆل بولۇپ كەتكەن، بۇلغانغان ئاشلىقنى رەتلەشكە توغرا كەلسە، ئۇنىڭغا كەتكەن خىراجەت ھەم قىممىتى چۈشۈشتىن بولغان زىياننى توشۇغۇچى ئورۇن زىممىسىگە ئالىدۇ.

## 2. خوراشنى باشقۇرۇش

مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن ئاشلىق، ياغ ترانسپورتىدىكى خوراش: توشۇش ئارىلىقى 10 بېكەت (بېكەت ئارىلىقى 35 — 50 كىلومېتىر) ئىچىدە بولسا، ئاشلىقنىڭ %1 خورىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ. مۇشۇ ئاساستا، توشۇش ئارىلىقى 10 بېكەت ئۆزارسا، ئاشلىقنىڭ رۇخسەت قىلىنىدىغان خورىشى %0.5 كۆپىيىدۇ. مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئاشلىق ترانسپورتىدىكى خوراشنىڭ يېڭى نىسبىتىنى بەلگىلىدى (جەدۋەل: 3 — 43كە قاراڭ). 1953 ـ يىلى ئۆلكە بويىچە ئاشلىق نازارىتى تۈزۈپ بېكىتكەن تاشيول ترانسپورتىدىكى خوراش نىسبىتى (جەدۋەل: 3 — 44كە قاراڭ) ئىجرا قىلىندى ھەمدە چېگرا چازىلىرى ۋە تاغلىق رايونلار ترانسپورتىدا ئەمەلىي خورىغىنى بويىچە ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىش بەلگىلەندى.

### مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئاشلىق ترانسپورتىدىكى خوراش نىسبىتى

جەدۋەل: 3 — 43

| سورتى | توشۇش ئارىلىقى (كىلومېتىر) / خوراش نىسبىتى % / ترانسپورت شەكلى | 50 كىلومېتىر دائىرىسىدە | 51 — 100 | 101 — 150 | 151 — 200 | 201 — 300 | 301 — 400 | 401 — 500 | 501 — 700 | 701 — 1000 | 1000 دىن يۇقىرى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| گۈرۈچ | ئاپتوموبىل | 0.22 | 0.28 | 0.33 | 0.39 | 0.44 | 0.50 | 0.56 | 0.61 | 0.66 | 0.72 |
| | قول، ئۇلاغ هارۋىسى | 0.31 | 0.50 | 0.72 | 0.90 | 1.08 | 1.26 | 1.44 | 1.62 | 1.80 | 1.98 |
| | ئادەم يۈرگەن، ئۇلاغقا ئارتىلغىنى | 0.38 | 0.60 | 0.82 | 1.04 | 1.26 | 1.48 | 1.70 | 1.92 | 2.14 | 2.36 |
| بۇغداي | ئاپتوموبىل | 0.20 | 0.25 | 0.30 | 0.35 | 0.40 | 0.45 | 0.50 | 0.55 | 0.60 | 0.63 |
| | قول، ئۇلاغ هارۋىسى | 0.30 | 0.45 | 0.60 | 0.75 | 0.90 | 1.05 | 1.20 | 1.35 | 1.50 | 1.65 |
| | ئادەم يۈدۈگەن، ئۇلاغقا ئارتىلغىنى | 0.35 | 0.55 | 0.75 | 0.95 | 1.15 | 1.35 | 1.55 | 1.75 | 1.95 | 2.15 |
| ئۇن | ئاپتوموبىل | 0.18 | 0.23 | 0.27 | 0.35 | 0.38 | 0.41 | 0.45 | 0.50 | 0.54 | 0.59 |
| | قول، ئۇلاغ هارۋىسى | 0.27 | 0.40 | 0.54 | 0.68 | 0.81 | 0.95 | 1.08 | 1.22 | 1.35 | 1.49 |
| | ئادەم يۈدۈگەن، ئۇلاغقا ئارتىلغىنى | 0.32 | 0.50 | 0.69 | 0.87 | 1.06 | 1.24 | 1.42 | 1.61 | 1.79 | 1.98 |
| كۆممىقوناق | ئاپتوموبىل | 0.10 | 0.13 | 0.15 | 0.18 | 0.20 | 0.23 | 0.25 | 0.28 | 0.30 | 0.33 |
| | قول، ئۇلاغ هارۋىسى | 0.15 | 0.23 | 0.30 | 0.38 | 0.45 | 0.53 | 0.60 | 0.68 | 0.75 | 0.83 |
| | ئادەم يۈدۈگەن، ئۇلاغقا ئارتىلغىنى | 0.18 | 0.28 | 0.38 | 0.48 | 0.58 | 0.68 | 0.78 | 0.88 | 0.98 | 1.08 |

## 1953 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ئاشلىق تاشيول ترانسپورتىدىكى خوراش نىسبىتى

جەدۋەل: 3 — 44

| ترانسپورت مۇساپىسى (كىلومېتىر) | خوراش نىسبىتى (%) | | | |
|---|---|---|---|---|
| | بۇغداي | گۈرۈچ | تېرىق | ئاق قوناق |
| 21 — 200 | 2.5 | 2 | 2.125 | 2.75 |
| 201 — 450 | 3 | 2.375 | 2.5 | 3.125 |
| 451 — 700 | 3.5 | 2.75 | 2.75 | 3.625 |
| 701 كىلومېتىردىن يۇقىرى | 4 | 3.25 | 3.375 | 4.25 |

ئىزاھ: 1. پۇرچاق تۈرىدىكىلەر گۈرۈچ بىلەن ئوخشاش.
2. كۆممىقوناق ئاق قوناق بىلەن ئوخشاش.

1954 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن ئاشلىق مىنىستىرلىكىدىن تارقىتىلغان «ئاشلىق ترانسپورتىدىكى نورمىلىق خوراشنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» (جەدۋەل: 3 — 45كە قاراڭ) ۋە ئۆلكىلىك ئاشلىق نازارىتىنىڭ ترانسپورتتىكى خوراشنى بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمىسى ئىجرا قىلىندى: نورمىلىق ئوراپ قاچىلىنىپ، تەكشۈرۈشتە ئورالغۇلار بۇزۇلمىغان، ئېغىزى ئېچىلمىغان بولسا، بىردەك ئورالغۇ سانى بويىچە ھېسابلاپ ئۆتكۈزۈۋېلىنىدۇ؛ نورمىسىز قاچىلانغان ئورالغۇ بولسا، ئالغۇچى- بەرگۈچى ئىككى تەرەپ گىرلاپ، بەلگىلەنگەن خوراشنى تاپشۇرۇپ ئالغۇچى تەرەپ ئۈستىگە ئالىدۇ، بەلگىلەنگەن ساندىن ئېشىپ كەتكەن خوراشنى توشۇغۇچى تەرەپ ئاشلىق تاپشۇرۇۋالغۇچى تەرەپنىڭ سېتىش ناختاي باھاسى بويىچە تۆلەيدۇ.

## 1954 ـ يىلى ئاشلىق مىنىستىرلىكى بېكىتكەن ئاشلىق ترانسپورتىدىكى نورمىلىق خوراش نىسبىتى

جەدۋەل: 3 — 45

| مال نامى | ترانسپورت مۇساپىسى (كىلومېتىر) | خوراش نىسبىتى % | | |
|---|---|---|---|---|
| | | تۆمۈر يول (ئورالغان) | ئاپتوموبىل (ئورالغان) | هارۋا (ئورالغان) |
| كۆممىقوناق، ئاق قوناق، قارابۇغداي، كېپەك | 21 — 200 | 0.29 | 0.26 | 0.32 |
| | 201 — 500 | 0.32 | 0.29 | 0.36 |
| | 501 دىن يۇقىرى | 0.37 | 0.33 | |
| چۈجىگۈن قوناق، سۆك، تېرىق | 21 — 200 | 0.24 | 0.23 | 0.29 |
| | 201 — 500 | 0.26 | 0.25 | 0.32 |
| | 501 دىن يۇقىرى | 0.29 | 0.28 | |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| سۇلۇ، تېرىق، گۈرۈچ، ئاق قوناق دېنى | 20 — 200 | 0.21 | 0.21 | 0.29 |
| | 201 — 500 | 0.23 | 0.23 | 0.32 |
| | 501 دىن يۇقىرى | 0.26 | 0.26 | |
| بۇغداي، ئارپا، شال، سۇلۇ | 21 — 200 | 0.24 | 0.23 | 0.32 |
| | 201 — 500 | 0.27 | 0.25 | 0.36 |
| | 501 دىن يۇقىرى | 0.31 | 0.28 | |
| پۇرچاقلار | 21 — 200 | 0.23 | 0.23 | 0.32 |
| | 201 — 500 | 0.25 | 0.25 | 0.36 |
| | 501 دىن يۇقىرى | 0.20 | 0.28 | |

ئىزاھ: 1. 20 كىلومېتىردىن تۆۋەن ترانسپورت قىسقا يول ترانسپورتى بولۇپ، ترانسپورت قورالى، ئاشلىق تۈرى ۋە ئوراپ قاچىلانغان، ئوراقسىز قاچىلانغان دەپ ئايرىماي، ئۇنىڭدىكى خوراش بىردەك 0.1% بويىچە ھېسابلاندى.
2. ئۇندىن خوراش چىقارماي خالتا بويىچە ھېسابلاندى. خالتا يىرتىلىش ۋە باشقا زىيانلار كۆرۈلسە، ھادىسە بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى.
3. پاراخوت، كېمە ترانسپورتىدىكى خوراشلار مۇساپىسى، ئاشلىق تۈرى ۋە ئوراپ قاچىلانغان، ئوراقسىز قاچىلانغان دەپ ئايرىماي (بىر قېتىم ئۇدۇل يولدا توشۇغۇچى بىلەنلا چەكلەندى)، خوراش ۋاقتىنچە 0.1% بېكىتىلدى.
4. بۇ جەدۋەلگە ئوراقسىز قاچىلاپ توشۇشنىڭ خوراش نىسبىتى كىرگۈزۈلمىدى، ئەگەر ئوراقسىز قاچىلاپ توشۇلغان ئاشلىق بولۇقسا، ئاشلىق تۈرى، قاتناش قورالى ئايرىلماي، بىردەك ئوخشاش تۈردىكى ئوراپ قاچىلاشنىڭ نىسبىتىگە سېلىشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا يەنە 0.04% قوشۇپ ھېسابلىنىدۇ.
5. قول، ئۇلاغ ھارۋا ترانسپورتىنىڭ خوراش نىسبىتى ئادەم، ئۇلاغ بىلەن توشۇلغىنىنىڭ خورىشى بىلەن ئوخشاش.

1955 - يىل 4 - ئايدىن ئېتىبارەن ئاشلىق مىنىستىرلىكىدىن تارقىتىلغان «دۆلەت ئاشلىق ئورگانلىرىنىڭ ئاشلىق ترانسپورتىدىكى نورمىلىق خوراشنى باشقۇرۇش سىناق چارىسى» ئىجرا قىلىنىپ، ترانسپورتتىكى خوراش نىسبىتى تۆۋەندىكىچە بولدى: قۇرۇقلۇق ترانسپورتىدا، 20 كىلومېتىردىن تۆۋەنلەرنىڭ قاتناش قورالى، ئاشلىق تۈرى ۋە ئوراپ قاچىلانغان، ئوراقسىز قاچىلانغان دەپ ئايرىماي، بىردەك 0.1% بولىدۇ؛ 20 — 1000 كىلومېتىرلىقلارنىڭ 0.25% بولىدۇ؛ 1000 كىلومېتىردىن يۇقىرىلارنىڭ 0.3% بولىدۇ؛ 20 كىلومېتىردىن يۇقىرى ئوراقسىز قاچىلاپ توشۇلغىنىنىڭ بىردەك ئوراپ قاچىلانغىنىغا بېكىتىلگەن خوراشتىن 0.04% يۇقىرى بولىدۇ. بۇ بەلگىلىمە 1983 - يىلغىچە ئىجرا قىلىندى.

1958 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق نازارىتىنىڭ «ياغلىق دان، ياغ ترانسپورتىدىكى خوراشنى بىر تەرەپ قىلىش چارىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»ى ئىجرا قىلىنىپ، ياغلىق دان، ياغ ترانسپورتىدىكى خوراش ئاشلىق ترانسپورتىدىكى خوراشنى باشقۇرۇش چارىسىگە سېلىشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىندى. 1962 - يىلى ئاشلىق نازارىتى تېپىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق، ياغ ترانسپورتىدىكى خوراش 1.5% كە يېتىپ، بەلگىلىمىدىكىدىن 4 ھەسسە ئارتۇق بولۇپ چىقتى. 1963 - يىل 7 - ئايدا ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مەملىكەت بويىچە ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ 1 - پەسىللىك ترانسپورتىدىكى خوراش ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشىدا: شىنجاڭنىڭ ترانسپورتىدىكى خوراش 1.379% كە يېتىپ، مەملىكەت بويىچە ئەڭ يۇقىرى دەپ كۆرسىتىلدى. شۇ ۋاقىتتا، ئاشلىق نازارىتى «ئاشلىق، ياغ يۆتكەشنى باشقۇرۇش قائىدىسى»نى تارقاتتى، ئۇنىڭدىكى ئاشلىق، ياغلىق دان ترانسپورتىنىڭ نورمىلىق خوراش نىسبىتى توغرىسىدا ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ 1955 - يىلدىكى ئۆلچىمى قەيت قىلىنمىغاندىن سىرت، يەنە تۆۋەندىكىلەر بەلگىلەندى: (1) گۈرۈچنىڭ نورمىلىق خوراش نىسبىتى ترانسپورت ئۇسۇلى، مۇساپىسىگە قارىماي، بىردەك 0.1% بولىدۇ. (2) ياغنىڭ قۇرۇقلۇق يولدا توشۇلغىنىنىڭ نورمىلىق خوراش نىسبىتى، يېمەكلىك ياغ: 100 كىلومېتىر دائىرىسىدىكى ئەتىياز ۋە قىشتا قاچىلانغىنىنىڭ 0.21%، ياز ۋە كۈزدە

قاچىلانغىنىنىڭ %0.20 بولىدۇ؛ 101 — 1000 كىلومېتىر دائىرىسىدىكى ئەتىياز ۋە قىشتا قاچىلانغىنىنىڭ %0.25، ياز ۋە كۈزدە قاچىلانغىنىنىڭ %0.24 بولىدۇ؛ 1001 كىلومېتىردىن يۇقىرى بولۇپ، ئەتىياز ۋە قىشتا قاچىلانغىنىنىڭ %0.29، ياز ۋە كۈزدە قاچىلانغىنىنىڭ %0.26 بولىدۇ. ساناقتىكە ئىشلىتىدىغان ياغ: 100 كىلومېتىر دائىرىسىدىكى، ئەتىياز ۋە قىشتا قاچىلانغىنىنىڭ %0.25، ياز ۋە كۈزدە قاچىلانغىنىنىڭ %0.24 بولىدۇ؛ 101 — 1000 كىلومېتىر دائىرىسىدىكى، ئەتىياز ۋە قىشتا قاچىلانغىنىنىڭ %0.31، ياز ۋە كۈزدە قاچىلانغىنىنىڭ %0.30 بولىدۇ؛ 1000 كىلومېتىردىن يۇقىرى دائىرىدىكى ئەتىياز ۋە قىشتا قاچىلانغىنىنىڭ %0.33، ياز ۋە كۈزدە قاچىلانغىنىنىڭ %0.32 بولىدۇ. 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد كومىتېتى، ئاشلىق نازارىتى، تۆمۈريول ئىدارىسى بىرلەشمە خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ تۇرپان ئاشلىق يۆتكەش پونكىتىنى تەكشۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىن مەزكۇر پونكىتقا توشۇلغان ئاشلىق قاچىلانغان تاغارلارنىڭ %80ىنىڭ ئېغىزىنى باشقىدىن تىكىش، %20ىنىڭ ئېغىزىنى زىچ قىلىپ تىكىش زۆرۈرلۈكىنى بايقىدى. 11 - ئايدا ئاشلىق نازارىتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ئىدارە باشلىقلىرى يىغىنى چاقىرىپ، خوراشنى تۆۋەنلىتىش ھەققىدە تۆۋەندىكى تەلەپلەرنى قويدى: (1) سۈپىتى بىر قەدەر ياخشى، يىرتىلمىغان، ئاشلىق چېچىلمايدىغان تاغارلارنى تاللاپ ئاشلىق قاچىلاش لازىم. (2) تاغارنىڭ ئېغىزىنى پۇختا تۇرۇپ، كەندىر شوينا بىلەن تىكىش، ئېغىزىنىڭ ئىككى بۇرجىكىنى ئات قۇلىقى شەكلىدە چىقىرىپ، 9 — 11 يىپ تىكىش لازىم. (3) ئىككى تەرەپ دائىم گىرنى تولۇقلاپ، گىرنىڭ دەللىكىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. 1964 - يىل 4 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق، ياغ ترانسپورتىدىكى خوراش كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىدى. ئۈرۈمچى «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتىنىڭ 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە بولغان ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، ئۇلار تاپشۇرۇۋالغان نورمىلىق قاچىلانغان ئۇرۇدىكى خوراش %0.252 بولۇپ، ئاساسىي جەھەتتىن بەلگىلەنگەن نورما سەۋىيىسى ئىچىدە تىزگىنلەنگەن. 6 - ئايدا ئاشلىق نازارىتى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، جايلاردىن ئاشلىق، ياغ يۆتكەشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشىلاشنى تەلەپ قىلدى.

1979 - يىل 9 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئاشلىق يۆتكەيدىغان ئىككى تەرەپنىڭ قەرز پۇل راسچوتىدىكى تالاش - تارتىشنى ئازايتىش ئۈچۈن، ترانسپورتتىكى خوراشنى بىر تەرەپ قىلىشتا، تاپشۇرۇۋالغۇچى تەرەپ ئۈستىگە ئالىدىغان قىسمىنى %1 قىلىپ (بېكىتىلگەن نورمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، بۇ %1 تىن ئېشىپ كەتكەن قىسمىنى يۆتكەپ بەرگۈچى تەرەپنىڭ ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. بۇ بەلگىلىمە 1985 - يىل ئاخىرىغىچە ئىجرا قىلىندى.

1981 - يىل 9 - ئايدا ئاشلىق نازارىتى ئاشلىق مىنىستىرلىكى ساقلاش - يۆتكەش ئىدارىسىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە، شىخەنزە، گۈچۈڭ، جىڭ، دۆربىلجىن، چاغانتوقايدىن ئۈرۈمچىگىچە، موڭغۇلكۈرەدىن ئاقسۇغىچە بولغان 6 يولدىكى ئوخشاش بولمىغان 3 لىنىيىنى تاللاپ، ترانسپورتتىكى خوراش ئۈستىدە سىناق تەرىقىسىدە ئۆلچەش ئېلىپ باردى. ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق، ياغ ترانسپورت شىركىتى شىخەنزە ئاشلىق ئىدارە ئاپتوموبىل كالونى قاتارلىق ئورۇنلار 44 دانە ئاپتوموبىل ئاجرىتىپ، 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنىگىچە 2 تۈركۈمگە بۆلۈپ بۇ لىنىيىلەردە ئوراپ قاچىلانغان ئۇن، كۆممىقوناق، يازغى بۇغداي، كۈزگى بۇغداينىڭ ترانسپورتتىكى خورىشىنى بېكىتىش خىزمىتىنى ئىشلىدى. بېكىتىش نەتىجىسىدە: 21 — 500 كىلومېتىر دائىرىدە ئۇننىڭ خورىشى %0.094، كۆممىقوناقنىڭ %0.308، يازغى بۇغداينىڭ %0.109؛ 501 - 1000 كىلومېتىر دائىرىدە كۈزگى بۇغداينىڭ %0.158، 1001 كىلومېتىردىن يۇقىرى دائىرىدە، يازغى بۇغداينىڭ %0.04 (1001 كىلومېتىردىن يۇقىرى لىنىيە موڭغۇلكۈرەدىن ئاقسۇغىچە بولۇپ، قىسمەن يول بۆلەكلىرى تاغلىق رايوندا، ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسى شالاڭ بولغاچقا، ئاشلىق نەملىكىنىڭ پارغا ئايلىنىشى ئاز بولىدۇ، شۇڭا ئۇننىڭ خوراش نىسبىتى تۆۋەن) بولۇپ چىقتى. ئۆلچەپ بېكىتىش خىزمىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى بۇ نەتىجە توغرىسىدىكى دوكلاتنى ۋاقتىدا ئاشلىق مىنىستىرلىكى

ساقلاش ـ يۆتكەش ئىدارىسىگە دوكلات قىلدى.

1983 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئىككى قېتىم «ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق، ياغ يۆتكەشنى باشقۇرۇش تەپسىلىي قائىدىسى»نى، ئۇنىڭغا قوشۇمچە قىلىپ ئاشلىق، ياغ ترانسپورتىنىڭ نورمىلىق خوراش نىسبىتىنى تارقاتتى. ئاشلىق، ياغ ترانسپورتىدىكى نورمىلىق خوراش نىسبىتى ئۆلچىمىنىڭ تۈزۈپ چىقىلىشى ۋە ئىجرا قىلىنىشى ترانسپورتتىكى خوراشنى تۆۋەنلىتىش، جاۋابكارلىقنى ئېنىق ئايرىش قەرز پۇل راسچوتىدا مۇھىم رول ئوينىدى (جەدۋەل: 3 — 46 ـ، 47 ـ گە قاراڭ).

1983 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ئاشلىق، ياغلىق دانلى ئوراپ توشۇشتىكى نورمىلىق خوراش نىسبىتى

جەدۋەل: 3 — 46

| ترانسپورت ئۇسۇلى | مال نامى | 40 كىلومېتىردىن تۆۋەن (%) | 41 — 1000 كىلومېتىر (%) | 1001 كىلومېتىردىن يۇقىرى (%) |
|---|---|---|---|---|
| تاشيول | ئاشلىق، ياغلىق دان | 0.1 | 0.25 | 0.30 |
| تۆمۈر يول | ئاشلىق، ياغلىق دان | 0.1 | 0.25 | 0.30 |

1983 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ياغ ترانسپورتىدىكى نورمىلىق خوراش نىسبىتى

جەدۋەل: 3 — 47

| ترانسپورت ئۇسۇلى | مال نامى | 1000 كىلومېتىردىن تۆۋەن (%) | | 1001 كىلومېتىردىن يۇقىرى (%) | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | ئوراپ قاچىلانغىنى | ئوراقسىز قاچىلانغىنى | ئوراپ قاچىلانغىنى | ئوراقسىز قاچىلانغىنى |
| تۆمۈر يول تاشيول | سۇ يېغى | 0.25 | 0.20 | 0.30 | 0.20 |
| | ئىستېمال قىلىنمايدىغان سۇ يېغى | 0.25 | 0.20 | 0.30 | 0.20 |

# § 6 . ئوراقسىز قاچىلاش ترانسپورتى

## 1. ئاشلىقنى ئوراقسىز قاچىلاپ توشۇش

شىنجاڭدا ئاشلىقنى ئوراقسىز قاچىلاپ توشۇش ئاساسەن 70 ـ يىللاردا لىيەنيۈنگاڭ، جىڭخۇاڭداۋ، جىلىن قاتارلىق جايلاردىن پويىز ئارقىلىق ئوراقسىز قاچىلاپ توشۇپ كېلىنگەن ئاشلىقنى چۈشۈرۈۋېلىشنى كۆرسىتىدۇ، بۇ ئاشلىقلار ئاپتوموبىلغىلا چۈشۈرۈلۈپ، يېقىن ئەتراپتىكى ئاشلىق ئامبارلىرىغا توشۇلغانىدى. 1979 ـ يىل 3 ـ ئايدىلا ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ـ ياغ يۆتكەش پونكىتى 50 ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ساقلاش ـ توشۇش شىركىتى 226 ۋاگون (11 ۋاگون (2500 توننا) دادۇر، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ساقلاش ـ توشۇش شىركىتى 226 ۋاگون (11 مىڭ 300 توننا) بۇغداي، قۇمۇل 54 ۋاگون (2700 توننا) بۇغداي، تۇرپان مېيياۋگو 39 ۋاگون (1950 توننا) بۇغداي، پىچان 30 ۋاگون (1500 توننا) بۇغداي تاپشۇرۇۋالدى. ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە ئۇزۇن

يولدا توشۇلغان ئاشلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاپتوموبىلدا توشۇلدى. ئاشلىقنى ئوراقسىز قاچىلاپ توشۇيدىغان مەخسۇس ئاپتوموبىل ۋە ئاشلىقنىڭ چېچىلىشى، ئېقىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئۈنۈملۈك ۋاسىتىلەر بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاشلىقنى ئوراقسىز قاچىلاپ توشۇش قانات يايدۇرۇلمىدى.

## 2. ياغنى ئوراقسىز توشۇش

1981 - يىلدىن ئىلگىرى ئاپتونوم رايوندا ياغ ترانسپورتىدا پۈتۈنلەي باك ئىشلىتىلەتتى. ئاشلىق مىنىستىرلىكى شىنجاڭنىڭ تاشيول ترانسپورت لىنىيىسى ئۇزۇن بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئېتىبار بېرىش يۈزىسىدىن، شىنجاڭنىڭ قېلىن پولات تاختىدىن ياسالغان ياغ توڭى ئىشلىتىشنى تەستىقلىغانىدى، لېكىن شۇنداقتىمۇ بۇ پولات توڭلار ئۇپراپ تېشىلىپ ياغ ئېقىپ كېتىش ئەھۋالى دائىم يۈز بېرىپ، زىيان، ئىسراپچىلىق ئېغىر، ترانسپورت ھەققى يۇقىرى بولۇپ كەلدى. 1981 - يىلى ياغنى ئوراقسىز توشۇش باشلاندى، شۇ يىلى ئوراقسىز توشۇش مىقدارى 1200 توننىغا يەتتى.

1982 - يىلى سودا مىنىستىرلىكى چېڭدۇدا ياغنى ئوراقسىز توشۇش ۋە باك ياساش خىزمىتى يىغىنى ئاچقاندىن كېيىن، شىنجاڭ نۆۋەتتىكى ھالدا ياغنى ئوراقسىز توشۇشنى يۈرۈشلەشتۈرۈش خىزمىتىنى تۇتۇپ، باك قۇرۇلۇشى سۈرئىتىنى تېزلەتتى. 1980 - يىلدىن 1982 - يىل ئاخىرىغىچە بولغان 3 يىلدا ياسالغان باكنىڭ ئومۇمىي سىغىمى 19 مىڭ 200 توننا بولۇپ، 1980 - يىلدىن ئىلگىرىكى 30 يىلدا ياسالغان باك ئومۇمىي سىغىمى 12 مىڭ توننىنىڭ 1.6 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. شۇ مەزگىلدە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى يەنە مەخسۇس تۈر بويىچە 900 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، مەخسۇس تۆمۈريول لىنىيىسى ياساش، باكلىق ئاپتوموبىل سېتىۋېلىشقا ئىشلەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق - ياغ يۆتكەش پونكىتى 140 مېتىر مەخسۇس ياغ تۆمۈريول لىنىيىسى ياسىدى، 5 دانە باكلىق ۋاگون سېتىۋالدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق - ياغ ترانسپورت شىركىتى باكلىق ئاپتوموبىل كالونى قۇردى. 1982 - يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە مەخسۇس ياغ توشۇيدىغان باكلىق ئاپتوموبىلدىن 41ى (ئۇنىڭ ئىچىدە ھەرىكەتلىك باكلىق ئاپتوموبىلدىن 27سى) بار بولدى. شىمالىي شىنجاڭدىكى 8 ۋىلايەت، ئاپتونوم ئوبلاستتا ياغنى ئوراقسىز توشۇش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئىلى، بورتالا، چۆچەك، مورى، گۇچۇڭدىن ئۈرۈمچىگىچە ھەم چۆچەكتىن قارامايغىچە بولغان تاشيوللاردا ئوراقسىز توشۇش لىنىيىسى ئېچىلدى. يول بويىدىكى ھەر قايسى نۇقتىلاردا ئاددىي يۈرۈشلەشتۈرۈش ئۈسكۈنىلىرى بەرپا قىلىنىپ، ئوراقسىز قاچىلىيالايدىغان ۋە چۈشۈرەلەيدىغان بولۇپ، شىمالىي شىنجاڭ رايونى دەسلەپكى قەدەمدە ياغنى ئوراقسىز توشۇش رايونى بولۇپ شەكىللەندى. 1982- يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئوراقسىز توشۇلغان ياغ مىقدارى 10 مىڭ 100 توننىغا يېتىپ، ياغ ئومۇمىي توشۇش مىقدارىنىڭ %21.38نى ئىگىلىدى.

1983 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ياغنى ئوراقسىز توشۇش خىزمىتى يەنىمۇ تېزلىتىلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يېڭىدىن 310 باك ياسالدى، ئۇنىڭ سىغىمى 46 مىڭ 700 توننا بولۇپ، 1979 - يىلدىكى باك ئومۇمىي سىغىمىنىڭ 3.9 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى؛ 18 دانە باكلىق ۋاگون، 131 دانە باكلىق ئاپتوموبىل، پىرىتسېپ سېتىۋېلىندى، 16 شەھەردىكى 353 ئاشلىق دۇكىنىنىڭ %86ىدە كىچىك ياغ باكلىرى قۇرۇلدى. ھارارەت ساقلاش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق- ياغ ترانسپورت شىركىتى باكلىق ئاپتوموبىل كالونىدا 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 10 ئېغىز ھارارەت ساقلاش ئۆيى سېلىپ، 45 دانە باكلىق ئاپتوموبىلغا ئاپتوماتىك ھارارەت ئاشۇرۇش قۇرۇلمىسى ئورناتتى.

1990 - يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندىكى ياغ قاچىلايدىغان باكنىڭ ئومۇمىي سانى 899غا، سىغىمى 77 مىڭ 900 توننىغا يەتتى. باكلىق ۋاگون 23كە، قاچىلاش ئىقتىدارى 1200 توننىغا يەتتى، 10 دانە راسخودومېر سەپلىنىپ، باكلىق ۋاگونلارنىڭ ھەممىسى چې سېلىپ ئۆلچىنىدىغان بولدى؛ باكلىق ئاپتوموبىل

172 (ئۇنىڭ ئىچىدە ھەرىكەتلىك باكلىق ئاپتوموبىل 87، باكلىق پرىتسىپ 60) بولۇپ، ئۇلارنىڭ توناژى 966غا يېتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ياغنى ئۇراقسىز توشۇش ئېھتىياجى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولدى. ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە ئۈرۈمچى، شىخەنزە، كۈيتۇڭ ئارقىلىق شىمالىي شىنجاڭ رايونىغا، كورلا ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا تۇتىشىدىغان ياغنى ئۇراقسىز توشۇش تورى شەكىللەندى. كۈيتۇڭ ئاشلىق ـ ياغ يۆتكەش پونكىتى، كورلا ئاشلىق ـ ياغ يۆتكەش پونكىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ـ ياغ يۆتكەش پونكىتى مەبلەغ سېلىپ باكلىق ۋاگوندا پارچە قاچىلاپ ياغ توشۇيدىغان مۇقىم نۇقتىلارنى قۇردى. شىخەنزە، قۇمۇل، ئاپتونوم رايونلۇق ياغ شىركىتىنىڭ ئامبىرىدا (شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ 983 ئامبىرى مەخسۇس لىنىيىسى ئىجارە ئېلىنىدى) باكلىق پويىزدا ۋاقىتلىق ئۇراقسىز توشۇش نۇقتىسى بار. ئاپتونوم رايون بويىچە ياغنى ئۇراقسىز توشۇش نۇقتىسىدىن 73 ى قۇرۇلۇپ، باك قۇرغان نۇقتىلارنىڭ ئۇراقسىز توشۇشنى يورۇشلەشتۈرۈش نىسبىتى %90تىن ئاشتى. ياغنى ئۇراقسىز توشۇش مىقدارى يىلمۇ يىل ئېشىپ باردى، 1983 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 45 مىڭ 500 توننىدىن بولدى. ئەڭ يۇقىرى بولغان 1990 ـ يىلى 63 مىڭ 900 تونىغا يېتىپ (3 — 48 ـ جەدۋەلگە قاراڭ)، ياغ ئومۇمىي توشۇش مىقدارىنىڭ %68.91نى ئىگىلىدى. ياغنى ئۇراقسىز توشۇش كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم بەردى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1982ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە جەمئىي 9 مىليون 947 مىڭ يۈەن مەبلەغ تېجەپ قېلىنغان؛ ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ تېجەلگەن 1990 ـ يىلى بولۇپ، سودا مىنىستىرلىكىنىڭ ئۇراقسىز توشۇشتا تۇڭغا قاچىلاپ توشۇشقا قارىغاندا، توننا بېشىدا 27 يۈەن تېجەش كۆرسەتكۈچى بويىچە ھېسابلىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە ياغنى ئۇراقسىز توشۇشتا تېجەلگەن مەبلەغ 1 مىليون 725 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## شىنجاڭنىڭ 1982 — 1990 ـ يىللىرىدىكى ياغنى ئۇراقسىز توشۇش ۋە ياغ باكلىرىنىڭ سىغىم ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 — 48 بىرلىكى: توننا

| يىللار | ئومۇمىي توشۇش مىقدارى | ئۇراقسىز توشۇش مىقدارى | ئۇراقسىز توشۇلغىنىنىڭ ئومۇمىي مىقدارىدىكى% | تېجەلگەن مەبلەغ (تۈمەن يۈەن) | ياغ باكى | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | باك سانى | سىغىمى |
| 1982 | 47260 | 10105 | 21.38 | 21.5 | 589 | 31230 |
| 1983 | 55970 | 29450 | 52.62 | 88 | 668 | 41774 |
| 1984 | 61630 | 35080 | 56.92 | 91 | 713 | 38625 |
| 1985 | 74950 | 42050 | 56.10 | 109 | 794 | 48610 |
| 1986 | 112320 | 59220 | 52.72 | 154.3 | 827 | 53540 |
| 1987 | 89100 | 50909 | 57.14 | 132.4 | 825 | 54220 |
| 1988 | 78360 | 50764 | 64.78 | 137 | 845 | 62520 |
| 1989 | 48700 | 32960 | 67.68 | 89 | 873 | 70649 |
| 1990 | 69700 | 63900 | 91.68 | 172.5 | 899 | 77940 |

ئىزاھ: بۇ جەدۋەلدىكى ياغ باكى ۋە ئۇنىڭ سىغىمى ئاشلىق، ياغ دۇكانلىرىدىكى كىچىك باكلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

# VI باب

# ئاشلىق، ياغ قاچىلاش قوراللىرىنى باشقۇرۇش

## 1 § . قاچىلاش قوراللىرىنى سېتىۋېلىش

1953 - يىلدىن ئىلگىرى شىنجاڭدا ئاشلىق، ياغ قاچىلاش قوراللىرىنى جايلار ئۆزلىرى سېتىۋالاتتى. 1954 - يىلدىن ئېتىبارەن كاناپ تاغار دۆلەت بىر تۇتاش تەقسىم قىلىدىغان ماددىي ئەشيا ھېسابلىنىپ، ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) سېتىۋالىدىغان كاناپ تاغارنى ئۆلكىلىك (ئاپتونوم رايونلۇق) ئاشلىق نازارىتى غەربىي شىمال ئاشلىق باشقۇرۇش ئىدارىسىگە، غەربىي شىمال چوڭ رايونى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن ئاشلىق مىنىستىرلىكىگە دوكلات قىلىپ، دۆلەت بىر تۇتاش تەقسىم قىلىدىغان ئىزغا كىرگۈزۈلۈپ، بىر تۇتاش يۆتكەپ تەمىنلەيدىغان بولدى. 1961 -، 1962 -، 1963 - يىللىرىدىكى ئاپتونوم رايونىمىز جەنۇبىدىكى ئاشلىقنى شىمالغا يۆتكەش مەزگىلىدە، دۆلەت يۆتكەپ بەرگەن كاناپ تاغار ئىشلىتىشكە يېتىشمەي، ئوبوروت قىلىشتا قىيىنچىلىق تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن، ئاشلىق نازارىتى تاشقى سودا يولى ئارقىلىق 600 مىڭ مېتىر كاناپ رەختىنى سېتىۋېلىپ، قوش قات تاغار تىكتۈرۈپ، ئاشلىق يۆتكەشتە ئىشلىتىشكە بەردى. 1977 - يىلى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ «ئاشلىق، ياغ قاچىلاش قوراللىرىنى باشقۇرۇش چارىسى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرىغا كېرەكلىك كاناپ تاغار توغرىسىدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى ۋە مەسئۇل تارماقلارغا پىلان يوللاپ، ش ئۇ ئا ر يېنىك سانائەت، خىمىيە سانائىتى شىركىتى مال مەنبەسىنى ئۇيۇشتۇرغاندىن كېيىن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق - ياغ ماددىي ئەشيالار شىركىتى سېتىۋېلىپ، پىلان بويىچە جايلارنى تەمىنلىدى. ئۇن خالتا رەختىنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى ۋە يېنىك سانائەت توقۇمىچىلىق تارماقلىرىغا پىلان سۇنۇپ تەستىقلانغاندىن كېيىن ئۆزى سېتىۋېلىپ تىكتۈردى. ياغ تۇڭىنى سودا مىنىستىرلىكى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىپ تەقسىم قىلدى. 1982 - يىل 12 - ئايدىن كېيىن سودا مىنىستىرلىكىنىڭ «ئاشلىق» ياغ قاچىلاش قوراللىرىنى باشقۇرۇش چارىسى» ئىجرا قىلىنىپ، كاناپ تاغارنى ئاشلىق نازارىتى سودا مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان ئۆلچەم بويىچە بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرىنى تەمىنلىدى (كېلىشىم باھا، يەم - خەشەك تارماقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). 1990 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «ئاشلىق، ياغ توشۇشنى باشقۇرۇش تەپسىلىي قائىدىسى» نى ئېلان قىلىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق، ياغ توشۇشتا كۆپەيتىش زۆرۈر بولغان يېڭى قاچىلاش قوراللىرىنى (كاناپ تاغار، خالتا، تۇڭلارنى) ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ۋە ش ئۇ ئا ر ياغ شىركىتى بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ، بىر تۇتاش يۆتكەپ بېرىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.

## 2 § . قاچىلاش قوراللىرىنىڭ ئۆلچىمى

1953 - يىلدىن ئىلگىرى شىنجاڭدا ئىشلىتىلگەن ئاشلىق، ياغ قاچىلاش قوراللىرى ئاساسەن يەرلىكتە ئىشلەپچىقىرىلغان سوۋېت پاسونىدىكى كاناپ تاغار، يىپ خالتا، يۇڭ يىپ خالتا قاتارلىقلار بولۇپ، بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئۆلچىمى يوق ئىدى. 1954 - يىل 5 - ئايدا ئۆلكە بويىچە ئاشلىق مىنىستىرلىكى چىقارغان «كاناپ تاغار يۆتكەشتە باھا قويۇش چارىسى» ئىجرا قىلىنىپ، كاناپ تاغار ئۆلچەملىك تاغار ۋە ئۆلچەمسىز تاغار دەپ ئىككىگە بۆلۈندى. ئۆلچەملىك تاغار: يېڭى تاغار، كونا تاغار ۋە ياماق چۈشكەن تاغار دېگەنلەرگە بۆلۈندى. 100 كىلوگرام گۈرۈچ قاچىلىنىدىغان، ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى 107 × 73 سانتىمېتىرلىق تاغار ئۆلچەملىك تاغار؛ 100 كىلوگرام گۈرۈچ پاتمايدىغان، ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى جەھەتتە كىرۋىكى 6.7 سانتىمېتىردىن ئارتۇق ياكى كەم بولغان تاغار ئۆلچەمسىز تاغار بولىدۇ. تېخى ئىشلىتىلمىگەن ۋە بىرىنچى قېتىم ئاشلىق قاچىلىنىپ تاپشۇرۇۋالىدىغان تەرەپكە توشۇلغان كاناپ تاغار يېڭى تاغار بولىدۇ. بىر قېتىم ئىشلىتىپ قايتا ئاشلىق قاچىلىنىپ توشۇلغىنى كونا تاغار؛ ياماق چۈشكەن ياكى شوينا يىپ بىلەن يامالغىنى ياماق چۈشكەن تاغار ھېسابلاندى. 1958 - يىل 3 - ئايدىن كېيىن ئاشلىق مىنىستىرلىكى چۈشۈرگەن «دۆلەت ئاشلىق ئاپپاراتلىرىنىڭ كاناپ تاغار يۆتكەپ ئىشلىتىش ۋاقىتلىق چارىسى» ئىجرا قىلىنىپ، كاناپ تاغار 75 كىلوگراملىق، 100 كىلوگراملىق ۋە ئارىلاشما تاغار دېگەنلەرگە بۆلۈندى.

1963 - يىل 8 - ئايدا ئاشلىق نازارىتى سودا مىنىستىرلىكى بېكىتكەن «ئاپتونوم رايوننىڭ كاناپ تاغار، تۆمۈر تۇڭ، خالتا باشقۇرۇش چارىسى»گە ئاساسەن، ئاشلىق، ياغ قاچىلاش قوراللىرىنى ئۆلچەملىك قاچىلاش قورالى ۋە ئۆلچەمسىز قاچىلاش قورالى دەپ ئىككىگە بۆلدى. ئومۇمەن 75 كىلوگرام، 100 كىلوگرام گۈرۈچ ياكى بۇغداي قاچىلىنىدىغان كاناپ تاغار (يالاڭ يىپلىق تاغار بۇنىڭ سىرتىدا) ئۆلچەملىك تاغار؛ سىغىمى 200 لىتىرلىق تۆمۈرتۇڭ قوش قاتلىق ياكى يالاڭ قاتلىق، ئېگىز ياكى پاكار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىردەك ئۆلچەملىك تۇڭ؛ 25 كىلوگرام ئۇن قاچىلىنىدىغان يىپ خالتا ئۆلچەملىك خالتا؛ يۇقىرىدىكى ئۆلچەملەرگە چۈشمەيدىغان كاناپ تاغار، تۆمۈر تۇڭ، يىپ خالتىلار ئۆلچەمسىز قاچىلاش قورالى ھېسابلاندى، بۇنىڭدىن سىرت، ئاشلىق نازارىتى تەييارلاتقۇزغان يالاڭ يىپلىق خالتىلار جايلار ئۆزلىرى سېتىۋالغان يىپ خالتىلار بىرزېنت خالتىلار، يۇڭ يىپ خالتىلاردىن ياماق سالغاندىمۇ ئاشلىق قاچىلىغىلى بولمايدىغان ئەمما قوشۇمچە مەھسۇلاتلارنى قاچىلىغىلى بولىدىغان ئۆلچەملىك خالتىلار ئۆلچەمسىز خالتا ھېسابلاندى. ئۆلچەملىك قاچىلاش قوراللىرى يېڭى، كونىلىقىغا قاراپ يېڭى، كونا، يامالغان خالتا (تۇڭ) دېگەنلەرگە بۆلۈندى.

1977 - يىلدىن كېيىن سودا مىنىستىرلىكى چىقارغان «ئاشلىق ياغ قاچىلاش قوراللىرىنى باشقۇرۇش چارىسى» ئىجرا قىلىنىپ، ئۆلچەملىك كاناپ تاغار 50 كىلوگرام، 100 كىلوگرام گۈرۈچ قاچىلىنىدىغان تاغارغا ئۆزگەرتىلدى.

1982 - يىل 12 - ئايدىن ئېتىبارەن سودا مىنىستىرلىكى چىقارغان «ئاشلىق، ياغ قاچىلاش قوراللىرىنى باشقۇرۇش چارىسى» ئىجرا قىلىنىپ، ئاشلىق، ياغ قاچىلاش قوراللىرىنىڭ ئۆلچىمى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇلدى. 1984 - يىلدىن ئېتىبارەن دۆلەت ئۆلچەم ئىدارىسى 1984 - يىلى ئېلان قىلغان GB325—84 «200 لىتىرلىق ئېغىزى يېپىق پولات تۇڭ»، 1987 - يىلى ئېلان قىلغان GB8115—87 «ئاشلىق قاچىلىنىدىغان كاناپ تاغار»، 1988 - يىلى ئېلان قىلغان GB8665—88 «ئاشلىق قاچىلىنىدىغان خالتا» نىڭ دۆلەت ئۆلچىمى ئىجرا قىلىنىدى. دۆلەت ئۆلچەم ئىدارىسى ئېلان قىلغان ئاشلىق، ياغ قاچىلاش قوراللىرىنىڭ ئۆلچىمى، 100 كىلوگرام ئاشلىق قاچىلىنىدىغان 1 - نومۇرلۇق كاناپ تاغار: سېرىق كەندىردىن ماشىنىدا توقۇلىدۇ، قوش ئۆرۈشلۈك، تۈز يوللۇق بولۇپ، چۆرىسى زىچ قىلىنىدۇ، ئۆرۈش ۋە ئارقاق يىپىنىڭ زىچلىقى 35 × 66 تال/10 سانتىمېتىر،

چۈرۈشىنىڭ تىكلىش زىچلىقى 5.5 × 9.5 يىڭنە / 10 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى 74 × 107 سانتىمېتىر بولۇپ، ئېغىرلىقى 1.1 كىلوگرامدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. تېخى ئىشلىتىلمىگەن كاناپ تاغار يېڭى تاغار ھېسابلىنىدۇ، يېڭى تاغار ئاشلىق قاچىلاپ بىر قېتىم ئىشلىتىلگەندىن كېيىن داۋاملىق ئاشلىق قاچىلاشقا يارىسىمۇ، ياماق چۈشكەن - چۈشمىگەنلىكىدىن قەتئىينەزەر (ياماق چۈشۈش كۆلىمى ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ ئوتتىن بىر قىسمىدىن ئېشىپ كەتمىسە)، بىردەك كونا تاغار ھېسابلىنىدۇ. ئۇن خالتىسى: ساپ پاختا ياكى ۋىلون - پاختىدىن توقۇلغان ئېنى 87 سانتىمېتىرلىق ئاق رەختتىن تىكىلىدۇ، رەختنىڭ ئۆرۈش ۋە ئارقاق يىپىنىڭ زىچلىقى 220 × 236 تال/10 سانتىمېتىر بولۇپ، ئىككى گىرۋىكىنىڭ 15 سانتىمېتىر ئىچ تەرىپىگە بەلگە ئۈچۈن ئۈچ تالدىن قىزىل ياكى كۆك يىپ قوشۇپ توقۇلىدۇ، تىشى تەرىپىدىن ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى 45.5 × 86 سانتىمېتىر بولۇپ، 25 كىلوگرام ئۇن قاچىلىنىدۇ. تېخى ئىشلىتىلمىگەن ياكى 1 - قېتىم ئۇن قاچىلاپ تېخى ئۇنى توكۇلمىگەن خالتىلار يېڭى خالتا ھېسابلىنىدۇ، ئىشلىتىلگەندىن كېيىن يەنىلا ئىشلىتىش ئۆلچىمىگە مۇۋاپىق كەلگىنى كونا خالتا ھېسابلىنىدۇ. پولات تۇڭ: سىغىمى 200 لىتىر، تۇڭنىڭ ئېگىزلىكى 900 مىللىمېتىر، ئىچ دىئامېتىرى 560 مىللىمېتىر بولۇپ، 1.25 مىللىمېتىر ياكى 1.5 مىللىمېتىرلىق پولات تاختىدىن تېخنىكىلىق ئۆلچەم بويىچە ياسىلىدۇ، ئېغىرلىقى 21.5 كىلوگرامدىن يۇقىرى بولىدۇ.

## §3. قاچىلاش قوراللىرىنى ئىشلىتىش ۋە باشقۇرۇش

### 1. ئىشلىتىش دائىرىسىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش

1955 - يىلدىن ئېتىبارەن ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ بەلگىلىمىسى ئىجرا قىلىنىپ، كاناپ تاغارلارغا «中粮» (جۇڭگو ئاشلىقى) دېگەن بەلگە سىيلىنىپ، سىستېما دائىرىسىدىلا يۆتكەپ، توشۇپ ئاشلىق قاچىلاشقا ئىشلىتىلدى، باشقا نەرسىلەرنى قاچىلاشقا، ئارىيەت بېرىشكە ياكى سېتىشقا رۇخسەت قىلىنمىدى. 1959 - يىل 8 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى گوۋيۈەن 5 - ئىشخانىسىنىڭ ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ «تارقىلىپ كەتكەن ئاشلىق تاغارلىرىنى ئېنىقلاپ يىغىۋېلىش توغرىسىدا دوكلات»نى تەستىقلاپ تارقىتىش توغرىسىدىكى 138 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى تارقىتىپ، جايلاردىكى ھۆكۈمەتلەردىن ئاشلىق تاغارلىرىنى يىغىۋېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ئەھمىيەت بېرىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ يىلى ئاشلىق نازارىتى «لوپ ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئوراش - قاچىلاش قوراللىرىنى باشقۇرۇش ۋە مەلۇمات تۈزۈمى بەلگىلىمىسى» توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرىدىن تېزلىكتە تەدبىر قوللىنىپ، ئاشلىق ساقلاشتا تاغار ئىگىلىمەسلىك، ياغ ساقلاشتا تۇڭ ئىگىلىمەسلىك پائالىيىتىنى زوركۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇشنى، يۆتكەپ كىرىدىغان ئورۇنلاردىن تاغار، تۇڭلارنى ۋاقتىدا بىكارلاپ، ۋاقتىدا ماڭدۇرۇپ، غەيرىي ترانسپورت ھالقىلىرىدا تۇرۇپ قېلىشنى ئازايتىشنى، ئۇنىڭ ئوبوروتىنى تېزلىتىشنى تەلەپ قىلدى. 1961 - يىل 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئاشلىق نازارىتى شۆبە پارتگورۇپپىسىنىڭ «ھەرىكەتكە كېلىپ تاغارلارنى ئېنىقلاپ يىغىۋېلىپ، ئاشلىق يۆتكەشتە قاچىلاش قوراللىرى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى جىددىي دوكلاتى»نى تەستىقلاپ تارقىتىپ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر ساھە، ھەر كەسىپلەردىن ئاشلىق تاغارلىرىنى ئېنىقلاشنى تەلەپ قىلدى. 1963 - يىل 8 - ئايدا ئاشلىق نازارىتى «كاناپ تاغار، تۇڭ، خالتا باشقۇرۇش چارىسى»نى چىقىرىپ، تۆۋەندىكىلەرنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇردى: ئاشلىق سىستېمىسىنىڭ تاغار، تۇڭلىرى ئاشلىق سىستېمىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مەخسۇس ئاشلىق، ياغ توشۇيدىغان

قۇرال، ئاشلىق، ياغ توشۇش ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئۇنىڭغا باشقا نەرسىلەرنى قاچىلاشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. خالتا — ئۇن، قارا ئاشلىق ئۇننى قاچىلاشقا ئىشلىتىدىغان مەخسۇس قۇرال، ئۇنىڭغا يېرىك ئاشلىق ۋە باشقا نەرسىلەرنى قاچىلاشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئاشلىق، ياغ ئېكسپورت قىلىدىغان ئورۇنلار، كوللېكتىپ ئاشخانا ئورۇنلىرى ۋە كەسىپلەرگە ئاشلىق، ياغ ئىشلىتىدىغان ئورۇنلار ئوراش - قاچىلاش قۇراللىرىنى ئۆزلىرى ھەل قىلىشى لازىم. ھەربىيلەرنى تەمىنلەيدىغان ئاشلىق، ياغ قاچىلىنىدىغان قۇراللار شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقاسەپ بۆلۈمى، ئاشلىق نازارىتى بىرلىكتە تارقاتقان «ھەربىي ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش چارىسى» بويىچە بېجىرىلىدۇ. يەنى قىسىملار سېتىۋالغان ئاشلىق، ياغنى قاچىلاشقا كېتەرلىك تاغار، تۇڭلارنى بىردەك ئۆزلىرى تەييارلايدۇ، خالتىنى شىدىن يۇقىرى ئارقا سەپ تەمىنات تارماقلىرىنىڭ ئىسپاتىغا ئاساسەن، ئاشلىق تارماقلىرى تەننەرخى بويىچە بىر قېتىمدىلا سېتىپ بېرىدۇ، ئۇن سېتىۋالغاندا خالتىغا خالتا ئالىدۇ. ئاشلىق سىستېمىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تاغارلارنى كېرەكسىز قىلىش ھەققىدىكى بەلگىلىمە مۇنداق بولدى: كېرەكسىز قىلىدىغان ئورۇندىكى ساقلاش - توشۇش، بوغالتىرلىق تارماقلىرى بىرلىكتە تەكشۈرۈپ پىكىر قويۇپ، دەرىجىمۇ دەرىجە يۇقىرىغا يوللايدۇ، ئۇ مالىيىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقى دائىرىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. 1976 - يىل 2 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتى ئاشلىق ئىدارىسى ئاشلىق، ياغ قاچىلاش قۇراللىرىنى باشقۇرۇش قوشۇمچە چارىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئاشلىق، ياغ قاچىلاش قۇراللىرىنى سىرتقا ئارىيەت بېرىشكە رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. ئارىيەت بېرىلمىسە بولمايدىغان پەۋقۇلئاددە ئەھۋالدا، مەخسۇس كىشى بەلگىلەپ رەسمىيەت بېجىرىپ، رەسمىي ھۆججەت ۋە زالوگ ئېلىنىپ (زالوگ بىر تاغارغا 5 يۈەن، بىر تۇڭغا 50 يۈەن، بىر خالتىغا 1.5 يۈەن بويىچە بولدى)، چەكلىك مۇددەتتە قايتۇرۇۋېلىندى، ئەگەر يىرتىۋېتىلگەن ۋە تېشىۋېتىلگەن بولسا، ئەھۋالغا قاراپ ياماش- رېمونت ھەققى ئېلىندى ياكى تۆلىتىۋېلىندى، ياماش - رېمونت ھەققى بىر تاغارغا 0.10 يۈەندىن، بىر تۇڭغا 2 يۈەندىن، بىر خالتىغا 0.05 يۈەندىن بولدى. شۇ يىلى 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ «‹中粮› بەلگىسى بېسىلغان كاناپ تاغارلارنى يىغىۋېلىش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش توغرىسىدا دوكلات»نى تەستىقلاپ تارقاتتى. 1977 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت ئاشلىق ئىدارىسى سودا مىنىستىرلىكى تارقاتقان «ئاشلىق، ياغ قاچىلاش قۇراللىرىنى باشقۇرۇش چارىسى»نى تارقىتىپ، جايلاردىن قاچىلاش قۇراللىرىنى باشقۇرۇشقا مەخسۇس ئادەم مەسئۇل قىلىشنى، ناتۇرال ھېساباتى كارتوچكىسى ۋە ئامباردىن چىقىرىش، ئامبارغا كىرگۈزۈش، سۈيىتىنى، دەرىجىسىنى تەكشۈرۈش، رېمونت قىلىپ ئاسراش، قەرەللىك ئىدىتلاش ۋە ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش بويىچە ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى تۇرغۇزۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. 1981 - يىلى ئاشلىق نازارىتى، سودا - سانائەت ئىدارىسى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ئاشلىق سىستېمىسى سىرتىدا «中粮» بەلگىلىك قاچىلاش قۇرالى بايقالسا، ئەھۋالنى ئېنىقلاپ ۋاقتىدا يىغىۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. 1983- يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى [1983] 359 - نومۇرلۇق ھۆججەتكە قوشۇمچە قىلىپ تارقىتىلغان قاچىلاش قۇراللىرى توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمىدە، پەۋقۇلئاددە ئەھۋالدا قاچىلاش قۇراللىرىنى سىرتقا ئارىيەت بېرىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىگە تۆۋەندىكىدەك تۈزىتىش كىرگۈزدى: زالوگ بىر تاغارغا 5 يۈەندىن، بىر تۇڭغا 50 يۈەندىن، بىر خالتىغا 2 يۈەندىن ئېلىنىدۇ؛ ئۇنىڭ سىرتىدا، كونا بويىچە ھېسابلاپ بىر تاغارغا 0.10 يۈەندىن، بىر تۇڭغا 1 يۈەندىن، بىر خالتىغا 0.05 يۈەندىن ئامورتىزاتسىيە پۇلى ئېلىنىدۇ؛ ئەگەر يىرتىۋېتىلگەن بولسا، بىر تاغارغا 0.20 يۈەندىن، بىر خالتىغا 0.10 يۈەندىن ياماش پۇلى ئېلىنىدۇ. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن تاغار ئىشلەپچىقىرىشى زور دەرىجىدە ئاشتى، پاختا رەخت مەنبەسى يېتەرلىك بولۇپ، قاچىلاش قۇراللىرى

يېتىشمەسلىك ئەھۋالى تۈپتىن ياخشىلاندى. 1990 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى «ئاشلىق، باغ يۆتكەشنى باشقۇرۇش تەپسىلىي قائىدىسى»نى ئېلان قىلىپ، تاغار، خالتا ئىشلىتىشكە بولغان چەكلىمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئەمما ئاپتونوم رايونلۇق باغ شىركىتى جايلارغا تەقسىم قىلغان «中粮» بەلگىلىك تۇڭلارنى سېتىشتا، ئۆتۈنۈپ بېرىشكە ۋە ئارىيەت بېرىشكە يەنىلا يول قويۇلمىدى، پەۋقۇلئاددە ئەھۋال بولۇپ ئارىيەت بېرىشكە توغرا كەلگەندە بىر تۇڭغا 150 يۈەندىن زالوگ، كۈنىگە 2 يۈەندىن ئامورتىزاتسىيە پۇلى ئېلىندى، بۇزۇۋېتىلگەن بولسا، بىر تۇڭغا 10 يۈەندىن رېمونت ھەققى ئېلىندى.

## 2. بىر تۇتاش تەڭپۇڭلاشتۇرۇش

1954 - يىلدىن ئېتىبارەن ئاشلىق مىنىستىرلىكى تارقاتقان «مەملىكەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا كاناپ تاغار يۆتكەشتە باھا قويۇش چارىسى» ئىجرا قىلىنىپ، شىنجاڭغا كېتەرلىك تاغار توغرىسىدا ئاشلىق مىنىستىرلىكى (ياكى غەربىي شىمال ئاشلىق باشقۇرۇش ئىدارىسى ئارقىلىق) تىزگىنلەش كۆرسەتكۈچى تەقسىم قىلىپ بەردى. 1957 - يىلى شىنجاڭنىڭ تاغار ئىشلىتىش كۆرسەتكۈچى 2 مىليون 300 مىڭ دانە قىلىپ بېكىتىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن يىلمۇ يىل ئايرىم بېكىتىپ بېرىلدى. شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن توشۇلىدىغان ئاشلىق، ياغقا كېتەرلىك قاچىلاش قوراللىرىنى ئاشلىق نازارىتى مەسئۇل بولۇپ بىر تۇتاش يۆتكەپ بەردى. سېتىۋېلىش باھاسىنىڭ يۆتكەش باھاسىدىن يۇقىرى بولغان باھا پەرقىنى ئاشلىق نازارىتى بىر تۇتاش تولۇقلاپ بەردى. 1963 - يىل 8 - ئايدا ئاشلىق نازارىتى «كاناپ تاغار، تۆمۈر تۇڭ، ئۇن خالتىسىنى باشقۇرۇش چارىسى»نى تۈزۈپ چىقىپ، تاغار، تۇڭنى ئاشلىق نازارىتى بىر تۇتاش تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، دەرىجە بويىچە باشقۇرۇپ ساھە بويىچە يۆتكەشنى بەلگىلىدى. ساھە بويىچە يۆتكەشنىڭ كونكرېت چارىسى: (1) ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئارا ئاشلىق، ياغ يۆتكەش ۋەزىپىسى چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، كېتەرلىك تاغار، تۇڭنى يۆتكەپ بېرىدىغان، يۆتكەپ ئالىدىغان ئىككى تەرەپ ساھە بويىچە بىۋاستە ئالاقىلىشىپ يۆتكەيدۇ ھەمدە ئۆز ئارا باھا قويۇشىدۇ، ئالدىنئالا قاچىلاپ ۋاقتىدا ماڭدۇرۇشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، يۆتكەش ۋاقتى ئادەتتە ئايلىق پىلان ئىجراسىدىن 20 كۈن بۇرۇن بولىدۇ. (2) ساھە بويىچە يۆتكەيدىغان قاچىلاش قوراللىرىنى يۆتكەپ بېرىدىغان - يۆتكەپ ئالىدىغان ئىككى تەرەپ ۋىلايەت، ئوبلاستنى بىرلىك قىلغان ھالدا ئايدا بىر قېتىم سېلىشتۇرىدۇ، ۋەزىپە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن راسچوت قىلىش، ئارتۇق چىققان ياكى كەم چىققىنىنى ئىككى تەرەپ كېڭىشىپ بىر تەرەپ قىلىدۇ ياكى ئاشلىق نازارىتى بىر تۇتاش تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ. 1983- يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى تۈزۈپ چىققان ئاشلىق، ياغ قاچىلاش قوراللىرىنى باشقۇرۇش قوشۇمچە بەلگىلىمىسى ئىجرا قىلىنىپ، قاچىلاش قوراللىرىنى ساھە بويىچە يۆتكەشتە بەلگىلەنگەن ئاشلىق، ياغ توشۇشتىكى ئايلىق پىلانغا ئاساسەن، ئاشلىق، ياغ بەرگۈچى تەرەپ قاچىلاش سايمانلىرى يەتكۈزۈلىدىغان نۇقتا، تاپشۇرۇۋالغۇچى، مىقدارىنى ئاشلىق، ياغ تاپشۇرۇۋالىدىغان تەرەپكە تېلېگرامما شەكلىدە ئۇقتۇردى. قاچىلاش قوراللىرى ماڭدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنى تاپشۇرۇۋالىدىغان تەرەپنىڭ مال يېتىپ بارىدىغان جايىنى ئۆزگەرتىشكە ۋە مال پۇلىنى بېرىشنى رەت قىلىشقا يول قويۇلمىدى، ئەگەر ئۆزگەرتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلسا، 2 - قېتىم يۆتكەش بېجىرىلدى. ئاشلىق قاچىلىنىدىغان ۋە ساھە بويىچە يۆتكىلىدىغان تاغارنىڭ يىرتىق، چېچىلىدىغان بولماسلىقى، ياماشتا تاغار پارچىسى ياماق قىلىنىشى شەرت قىلىندى، ئەگەر يامالمىغانلىقى ۋە پاختا رەختكە ئوخشاش باشقا نەرسىلەرنىڭ ياماق قىلىنغانلىقى بايقالسا، ئۇنى يۆتكەپ ئالىدىغان تەرەپ كېرەكسىز تاغار سۈپىتىدە ھەقسىز تاپشۇرۇۋالدى. بۇ 1990 - يىلى تاغار تاپشۇرۇۋالغۇچى تەرەپ تاغار بەرگۈچى تەرەپتىن ھەربىر تاغارغا 0.30 يۈەندىن ياماش پۇلى ئېلىشقا ئۆزگەرتىلدى.

**1979 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە شىنجاڭنىڭ ئاشلىق، ياغ قاچىلاش قوراللىرى سالدۇسى**

جەدۋەل: 3 — 49

| يىللار | كاناپ تاغار (تۈمەن دانە) | | | خالتا (تۈمەن دانە) | تۇڭ (دانە) |
|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | ئۆلچەملىك تاغار | ئارىلاشما تاغار | | |
| 1979 | 425.6 | 421.3 | 4.3 | 1017.1 | |
| 1980 | 493.5 | 469.5 | 24 | 1057.3 | |
| 1981 | 477.7 | 476.4 | 1.3 | 808.6 | |
| 1982 | 525.7 | 525 | 0.7 | 843.6 | |
| 1983 | 462.9 | 460.8 | 2.1 | | |
| 1984 | 485.3 | 483 | 2.3 | | 68499 |
| 1985 | 478.9 | 445.4 | 33.5 | 818.2 | 60623 |
| 1986 | 454.7 | 442 | 12.7 | 828.4 | 41223 |
| 1987 | 607.7 | 597.3 | 10.4 | 798.3 | 51647 |
| 1988 | 659.1 | 626.6 | 32.5 | 809.6 | 40859 |
| 1989 | 759.5 | 738.3 | 21.2 | 975.8 | 50096 |
| 1990 | 776.9 | 763.4 | 13.5 | 1110.3 | 49900 |

## تۆتىنچى قىسىم

# ئاشلىق، ياغ سانائىتى

# تۆتىنچى قىسىم

# ئاشلىق، باغ سانائىتى

## I باب

## ئاشلىق پىششىقلاش

### 1 § . ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى

شىنجاڭ ئاشلىق پىششىقلاشتا ئۇزاق تارىختا ئىگە، لېكىن ئۇزاق مەزگىلگىچە تۆگمەن، يارغۇنچاق، ئوغۇر قاتارلىق سايمانلار ئارقىلىق ئاشلىق پىششىقلاپ كەلگەنىدى. 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا ماشىنا ئارقىلىق ئاشلىق پىششىقلاش باشلاندى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ماشىنا ئارقىلىق ئاشلىق پىششىقلاش تەرەققىي قىلدى، 1990 - يىللارغا كەلگەندە ئايرىم چەت، يىراق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن باشقا شەھەر، يېزىلاردا ماشىنا ئارقىلىق ئاشلىق پىششىقلايدىغان بولدى.

#### 1. تۆگمەن، يارغۇنچاقتا ئاشلىق پىششىقلاش

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئۆڭكۈرلۈك دېگەن يېرىدىكى يېڭى تاش قورال دەۋرى خارابىسىدىن بەش دانە سوقىچاق تۆگمەن تېشى قېزىۋېلىنغان (ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر تاشنىڭ ئىككىلا يۈزى ئىشلىتىلگەچكە تاشنىڭ ئىككىلا يۈزى ئويۇلۇپ كەتكەن)، ئۇنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 32.1 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 9.3 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 2.3 سانتىمېتىر، يەنە 5 دانە ئوغۇر دەستىسى قېزىۋېلىنغان، سىلىندىر شەكلىدە بولۇپ، يۇقىرى تەرىپى ئىنچىكە، تۆۋەن تەرىپى توم كەلگەن، ھەر بىرىنىڭ ئېگىزلىكى 7.7 سانتىمېتىر، دىئامېتىرى 5.3 سانتىمېتىر. خوشۇت ناھىيىسىدىكى يېڭى تارا خارابىلىقى ۋە قۇمۇل شەھىرىدىكى قەدىمىي خارابىلىقلاردىنمۇ سوقىچاق تۆگمەن تېشى ۋە تاش ئوغۇرلار قېزىۋېلىنغان.

ھازىرقى بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىدىن 20 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى دىنار قەدىمىي شەھىرى غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ھەربىيلەر بوزيەر ئاچقان جاينىڭ خارابىلىقى بولۇپ، ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە، يارنىڭ يېنىدىن بىرنەچچە ئېغىز ئاشلىق ئامبىرى، ئۇنىڭ ئىچىدە مونەك بولۇپ قالغان ئۇن، ئاشلىق ئامبىرى قېشىدا يارغۇنچاق ۋە تۆگمەن خارابىسى بايقالغان.

دەلىللىنىشىچە باركۆلدىكى تاڭ دەۋرىگە ئائىت خارابىلىقتا ساقلىنىپ قالغان يۇمىلاق تۈگمەن تېشىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ جىڭلۇڭ 4 - يىلى (710 - يىلى) باركۆلدە تۇرغان ئەسكەرلەر ئىشلەتكەن، تۈگمەن ئۇلاغ كۈچى بىلەن ماڭدۇرۇلغان. ئۇلاغ تۈگمىنىدە ئادەتتە بىر تۈگمەنگە بىر ئادەم بىر ئۇلاغنى قوشۇپ ھەيدەپ كۈنىگە 30 — 50 كىلوگرام ئۇن تارتالايدۇ، يارغۇنچاقنىڭ مەھسۇلاتى تېخىمۇ تۆۋەن بولۇپ، يېزىلاردا كۆپ ساندىكى دېھقانلار ئۆز ئوزۇقىنى يارغۇنچاقتا ئۆزى تارتقان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدا شىنجاڭدا سۇ تۈگمىنى، سۇ يارغۇنچىقى، تاش سوقا ئارقىلىق ئاشلىق تارتىلىدىغان بولغان. يەنى ئۈستەڭگە سۇنىڭ ئۇرۇلۇش كۈچى بىلەن ئايلىنىدىغان چاقپەلەك ئورنىتىلىپ، شۇ چاقپەلەك ئارقىلىق تۈگمەن تېشى، يارغۇنچاق، تاش سوقا ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ، ئۇن تارتىلاتتى ياكى سۆك، شال ئاقلىناتتى. «تارباغاتايدىكى ئىشلار» دا خاتىرىلىنىشىچە، چيەنلۇڭنىڭ 33 - يىلى (1768 - يىلى) تارباغاتايدا 5 جايدا ئۈستەڭكارخانا تەسىس قىلىنىپ، تۇڭگۇڭ، ئەرگۇڭ، سەنگۇڭ ئۈستەڭلىرىگە 7 تۈگمەن، يارغۇنچاق ياسالغان. بۇنىڭدىن 5 تۈگمەندە بۇغداي تارتىلغان، 2 سىدە تېرىق ئاقلانغان. «ئىلىغا دائىر مەلۇماتلار» دېگەن كىتابتا خاتىرىلىنىشىچە، چيەنلۇڭنىڭ 38 - يىلى (1773 - يىلى) ئىلى مەسلىھەتچى سانغۇننىڭ قارىمىقىدىكى 25 كەنتتە 18 تۈگمەن بولغان، ئۇنىڭ 4 ى باياندايدا، 6 سى غۇلجىدا، 8 ى تارچىدا ئىدى. چيەنلۇڭ 40 - يىلى (1775 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى غەربىي جۇجاۋەندىكى زېمىنلارنى ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ھازىرقى يامالىق تېغى باغرىدا 25 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتائۈستەڭ چاپتۇرۇپ، ئۈستەڭگە يارغۇنچاق، تۈگمەن ياساتقان، شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇ يەر «نيەنزىگۇ» (لەڭزە جىلغىسى) دەپ ئاتالغان. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى شىمگۇنىڭ ئەسلى ئىسمى «لۇڭكۇ مەنزىرىلىك رايونى» ئىدى. چيەنلۇڭ يىللىرى بۇلاق سۈيىدىن شەكىللەنگەن ئۈستەڭگە 6 دانە تۈگمەن قۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن «شىمگۇ» (تۈگمەن جىلغىسى) دەپ ئاتالغان. «قەشقەردىكى بەزى ئىشلار» دا: قەشقەردىكى يېڭى، كونا 2 شەھەردە 12 ئۇلاغ تۈگمەن، 62 سۇ تۈگمىنى بولۇپ، ئۇنىڭدىن 8 ئۇلاغ تۈگمىنى، 8 سۇ تۈگمىنى ئاشلىق - تەمىنات ئىدارىسىگە قارايتتى؛ ھاكىمنىڭ 8 سۇ تۈگمىنى بار ئىدى، قالغان 4 ئۇلاغ تۈگمىنى، 46 سۇ تۈگمىنى شەخسلەرنىڭ ئىلكىدە ئىدى، دەپ خاتىرىلەنگەن. گۇاڭشۇ يىللىرى ئۈرۈمچىدە يەنە 2 يۇرۇش تۈگمەن ئۈستىڭى چېپىلغان. ئۇنىڭ بىرى، قىزىلتاغ باغرىدىكى ئۈرۈمچى دەرياسىدىن باشلىنىپ شىجيايۈەنزى ئارقىلىق لىيۇشەن تېغىغا باراتتى، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 10 كىلومېتىر بولۇپ، ئۇ شىجيايۈەنزى ئۈستىڭى دەپ ئاتالغان. بۇ ئۈستەڭگە 10 نەچچە تۈگمەن قۇرۇلغان، يەنە بىرى، گۇاڭشۇ 12 - يىلى (1886- يىلى) خۇنەن، خۇبېي يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن چېپىلغان تۈگمەن ئۈستىڭى بولۇپ، ئۇ ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ ئۇچتاش بۆلىكىدىن باشلىنىپ، دەريانىڭ شەرقىي قىرغىقىنى بويلاپ غەربىي چوڭ كۆۋرۈككىچە باراتتى، ئۇزۇنلۇقى 8 كىلومېتىر بولۇپ، بۇ ئۈستەڭگە 20 نەچچە تۈگمەن قۇرۇلدى.

مىنگو دەۋرىدە سۇ تۈگمىنى، ئۇلاغ تۈگمىنى، يارغۇنچاق، سوقا تۈگمەنلەر شەھەر، يېزىلارنىڭ ھەممە يېرىدە بار بولدى، بەزىلىرى تېخنىكا جەھەتتىن خېلى ياخشىلاندى. «شىنجاڭدىكى بوران - چاپقۇنلار» دا خاتىرىلىنىشىچە، مىنگونىڭ 13 - يىلى (1924 - يىلى) پوسكام ناھىيىسى قاغىلىق ناھىيىسىدىن ئايرىلىپ چىققاندا، 141 تاش تۈگمەن، 128 سوقا بولغان. مىنگونىڭ 19 - يىلى (1930 - يىلى) گۇچۇڭ ناھىيىسىدىكى سودىگەر چېڭ خەيفېڭ گۇچۇڭدىكى تۈگمەن دەرياسىغا بىر تۈگمەن سالدۇرغان. بۇ تۈگمەن 2 نورلۇق بولۇپ، شۇ 2 نوردىن چۈشكەن سۇنىڭ كۈچى بىلەن چاقپەلەك پىرقىراپ 2 تاشنى ماڭدۇرىدىكەن، ئۇگۇتنى قول بىلەن چۈشۈرۈش، ئۇن تاسقاش ياغاچتىن ئىشلەنگەن چېپىلدىغۇچ ئارقىلىق ئۆزلۈكىدىن دان چۈشۈرۈشكە ۋە ئۇن تاسقاشقا ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ، بۇ تۈگمەن سوتكىسىغا 20 دادەندىن ئارتۇق ئاشلىقنى تارتقانىكەن. مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) دىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىدە 104 تۈگمەنچى، 135 تۈگمەن بولۇپ، ئۇنىڭدا كۈنىگە 202 مىڭ 500 جىڭ ئۇن تارتىلغان. ئۇنىڭ ئىچىدە شىمگۇ بىلەن ۋېيخۇلياڭدا 38 تۈگمەنچى، 41 تۈگمەن، تۈگمەن ئۈستىڭىدە 43 تۈگمەنچى، 62 تۈگمەن، شىجيايۈەنزى

ئۈستىگىدە، 23 تۈگمەنچى، 32 تۈگمەن بار ئىدى. بۇ تۈگمەنچىلەرنىڭ 54 ى خۇيزۇ، 49ى خەنزۇ، بىرسى تاتار ئىدى.

مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) خوتۇنسۇمۇل (ھازىرقى خېجىڭ) ناھىيىسىدىكى موڭغۇل گېگەنى شېڭچىن مەبلەغ يىغىپ چوڭ بىر تۈگمەن سالدۇرغان. بۇ تۈگمەن 2 قەۋەت بولۇپ، ئاستى قەۋىتىگە سۇ چاقپەلىكى ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئۈستى قەۋىتىگە تۈگمەن تېشى ئورنىتىلغان، ياغاچ چاقپەلەك، ئوق، كۆتۈرگۈچلەرنىڭ ھەرىكەتلەندۈرۈشى بىلەن تۈگمەن چۆرگىلەپ ئۇن تارتاتتى. بۇ تۈگمەندە ھەر يىلى 8 ئاي ئىشلەپ، 600 مىڭ جىڭ ئۇن تارتىلاتتى.

1949 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندا، شىنجاڭ بويىچە خۇسۇسىيلار ئىلكىدە 9844 سۇ، ئۇلاغ تۈگمىنى بار ئىدى. ئۇنىڭ 92% ى سۇ تۈگمىنى ئىدى. سۇ تۈگمىنى ئاساسەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار ۋە ئىلى ۋىلايىتىدە، ئۇلاغ تۈگمىنى ئاساسەن ئۈرۈمچى، قۇمۇل، ئالتاي، تارباغاتاي قاتارلىق ۋىلايەتلەردە ئىدى. سۇ، ئۇلاغ تۈگمىنى كۆپ بولغان ۋىلايەتلەردە مىڭدىن ئاشاتتى، ئاز بولغان ۋىلايەتلەردە يۈزگە يېتەتتى. 1955 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا سۇ ۋە ئۇلاغ تۈگمىنىدىن ئاقسۇ ۋىلايىتىدە 1991 ى، خوتەن ۋىلايىتىدە 1903 ى، ئىلى ۋىلايىتىدە 970 ى، ئۈرۈمچى ۋىلايىتىدە 440 ى، قۇمۇل ۋىلايىتىدە 96 سى بار ئىدى. بۇنىڭدىن سىرت، يېزىلاردا يەنە نۇرغۇن كىچىك تۈگمەن ۋە يارغۇنچاقلار بار ئىدى. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا 1958 - يىلدىن ئىلگىرى، ھەر 5 — 6 ئائىلىدە بىردىن كىچىك ئۇلاغ تۈگمىنى بولغان، شايار ناھىيىسىدىكى دېھقان ئائىلىلىرىدە بىردىن يارغۇنچاق بولغان.

1959 - يىل 3 - ئايدا ئاشلىق نازارىتى «يەرلىك ئۇسۇلنى ئاساس قىلىش، ئاۋۋال يەرلىك ئۇسۇل ئاندىن زامانىۋى ئۇسۇلنى قوللىنىش، يەرلىك ئۇسۇل بىلەن زامانىۋى ئۇسۇلنى تەڭ قوللىنىش» تىن ئىبارەت ئاشلىق پىششىقلاش فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرى تېخنىكا يېڭىلاش ۋە تېخنىكا ئىنقىلابىي پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاشلىق تارتىش قوراللىرىنى ئىسلاھ قىلدى. بۇگۇر ناھىيىسى بىر نور سۇ بىلەن ئىككى تاش تۈگمەن چۆرگىلىتىشنى 4 تاش تۈگمەن ۋە بىر كىچىك پولات تۈگمەن بىلەن چۆرگىلىتىشكە ئۆزگەرتىپ، كۈنىگە 2500 — 5000 كىلوگرام ئۇن تارتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، تىكلەم ئۈچ قاناتلىق تۈگمەنگە تەقلىد قىلىپ، تەپمە ئەلگەكنى سۇ ئەلگىكىگە ئۆزگەرتتى ۋە ئۆگۈت قۇيۇشنى ئاپتوماتلاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى يەرلىك ئۇسۇلدا ماشىنىلاشتۇرۇلغان ئۇن زاۋۇتى قۇردى. كورلا ناھىيىسىدە، كۈنىگە 7500 كىلوگرام ئۇن تارتىدىغان يەرلىك تولۇق ئاپتوماتلاشقان سېخ قۇرۇلدى. كۇچا ناھىيىسىدە ئاپتوموبىل ماتورى بىلەن پىرقىرايدىغان ئۈچ تاشلىق تىكلەم تۈگمەن قۇرۇلۇپ، كۈنىگە 4250 كىلوگرام ئۇن تارتىلدى. خوتەن ناھىيىسىدە پۈتۈن يۇرۇشلۇك ئاپتوماتلاشقان سۇ تۈگمىنى قۇرۇلۇپ، ئات تۈگمىنى ئۆزگەرتىلىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى بولۇپ بۇغداي پوستىنى ئاقلاپ، ئۇن تارتىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. بۇ ئۇسۇل كېيىن قەشقەردىمۇ قوللىنىلدى. گۇچۇڭ ناھىيىسىدە يەرلىك ئۇسۇلدا ياغاچتىن چاقپەلەك ياسالدى، ئۇنىڭ ئۈنۈمى ئەسلىدىكى ياتما چاقپەلەكنىڭكىدىن بىر ھەسسە ئاشۇرۇلدى، يەنە قوش چاقپەلەكلىك، ئۆزى ھەرىكەتلىنىدىغان تۈگمەن، ئۈچ قاناتلىق تىكلەم تۈگمەن ئىجاد قىلىندى. گۇچۇڭ، قەشقەر، خوتەن، چىرا قاتارلىق جايلاردا ياغاچتىن سۇ كۈچى بىلەن شال ئاقلاش ماشىنىلىرى ياسالدى، غۇلجىدا بۇ ئۇسۇل بىلەن 4 يارغۇنچاقنى ماگدۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. شۇ يىلى جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرى يېزا خەلق گۇڭشېلىرىغا ياردەملىشىپ 2700 دىن ئارتۇق ئاشلىق تارتىش قورالىنى ئىسلاھ قىلىپ بەردى، 250 نەچچە كىچىك تىپتىكى ماشىنىلاشقان، يېرىم ماشىنىلاشقان ئاشلىق (ياغ) تارتىش زاۋۇتىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇپ بەردى. 1960- يىل 4 - ئايغىچە ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى يەرلىك ئۇن تارتىش زاۋۇتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى يەرلىك ئۇسۇلدا ماشىنىلاشتۇرۇلدى ۋە يېرىم ماشىنىلاشتۇرۇلدى. قەشقەر، خوتەن، كورلا، غۇلجا، ئاقسۇ، قىزىلسۇ، گۇچۇڭ، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا سۇ تۈگمىنىنى

ئاپتوماتلاشتۇرۇش ۋە يېرىم ئاپتوماتلاشتۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

1959 — 1965 - يىلىغىچە ئاشلىق تارماقلىرى يىلدا تېخنىكا خادىملارنى يېزىلارغا ئەۋەتىپ، گۈڭشې، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ كونا ئۇسۇلدىكى سۇ ئۇلاغ تۈگمەنلىرىنى ياخشىلىشىغا ياردەملەشتۈردى. ئالايلۇق، ئاساسىي سۇ چاقپەلىكىنى ياخشىلىدى، چىشلىق چاق، شارەكلىك ئوق ئورنىتىپ، تۈگمەننىڭ ئايلىنىش سۈرئىتىنى تېزلەتتى، تۈگمەن چىشىنى ئۆزگەرتىپ، تۈگمەن تېشىنىڭ دىئامېتىرىنى چوڭايتىپ، ئېغىرلىقىنى ئاشۇردى. سۇ تۈگمىنى ياخشىلانغاندىن كېيىن، سۇ چاقپەلىكىنىڭ ئۈنۈمى 4 — 12 ھەسسە، مەھسۇلات 1 — 1.5 ھەسسە ئاشتى. يەنە بەزى جايلار ئۇلاغ تۈگمىنىنى ماشىنا تۈگمىنىگە ئۆزگەرتتى.

ماشىنا ئارقىلىق ئاشلىق پىششىقلاشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، سۇ، ئۇلاغ تۈگمەنلىرى، يارغۇنچاقلار ئازىيىپ باردى. 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئۈرۈمچى، قەشقەر، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا شەھەردىكى سۇ، ئۇلاغ تۈگمەنلىرى ئاساسىي جەھەتتىن شاللىنىۋېتىلدى. 60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 70- يىللارغىچە ئوتتۇرا، كىچىك شەھەر - بازارلاردىكى سۇ، ئۇلاغ تۈگمەنلىرىنىڭ ئورنىنى كىچىك تىپتىكى ماشىنىلار ئىگىلىدى. 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئاز ساندىكى چەت، يىراق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرى ۋە ئايرىم ئاشلىق پونكىتلىرىدا سۇ، ئۇلاغ تۈگمەنلىرى ئىشلىتىلگەندىن سىرت، كەڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كىچىك تىپتىكى يالغۇز ماشىنا ئارقىلىق ئۇن تارتىش ئومۇملاشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر، يېزىلىرىدا ئاشلىقنى تۈگمەن، يارغۇنچاق، تاش سوقا، تاش ئوغۇر بىلەن پىششىقلاش تارىخىغا ئاساسىي جەھەتتىن خاتىمە بېرىلدى.

## 2. ماشىنا ئارقىلىق پىششىقلاش

### 1) ئۇن

مىنگونىڭ 6 - يىلى (1917 - يىلى) خۇيزۇ سودىگەر ما جېڭيۈەن 10 مىڭ سەر كۈمۈش تەييارلاپ، ئىلى ئارقىلىق روسىيەدىن بىر يۈرۈش ئۇن تارتىش ماشىنىسى سېتىۋېلىپ، ئۇنى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى جەنخۇ (ھازىرقى خەلق باغچىسىنىڭ ئىچىدە) كۆلىنىڭ شەرق تەرىپىگە قۇرۇپ، سۇ كۈچى بىلەن ماڭدۇردى، كىشىلەر ئۇنى «ئەجنەبىيچە تۈگمەن» دېيىشتى، بۇ تۈگمەندە كۈنىگە 5000 جىڭ ئۇن تارتىلاتتى. تۈگمەندە تارتىلغان ئۇننىڭ سۈپىتى ياخشى، تەننەرخى تۆۋەن بولۇپ، ئۇ شىنجاڭدا ماشىنا ئارقىلىق ئۇن تارتىش بويىچە ئەڭ دەسلەپكى سىناق ئىدى. بۇ «ئەجنەبىيچە تۈگمەن» 1933 - يىلدىكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا ۋەيران بولدى. مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خوجىنىياز ھاجى 13 مىڭ 800 ئالتۇن رۇبلى خەجلەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر يۈرۈشتىن ئۇن تارتىش، ياغ تارتىش، چىگىت ئايرىش ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىپ، غۇلجا شەھىرىگە توشۇپ كېلىپ قۇراشتۇرۇش ئالدىدا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈۋېتىلدى، ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرى مۇسادىرە قىلىنىپ سودا بانكىسىنىڭ ئاشلىق سارىيى، ئۈرۈمچى مەمۇرىلار ئىستېمال كوپېراتىپىنىڭ ئۈرۈمچى ئۇن زاۋۇتى قۇرۇلۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، ئەمما 1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانغا قەدەر ئۇ زاۋۇت قۇرۇلماي، ماشىنا - ئۈسكۈنىلەر كاردىن چىقتى. مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) 7 - ئايدا ئىلى 1 - ئوقەتچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى 75 مىڭ ئالتۇن رۇبلى مەبلەغ سېلىپ، ئىلى ئۇن زاۋۇتىنى قۇردى. بۇ ئۈسكۈنە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن جۈپ تۈلۈقلۇق ئۇن تارتىش ماشىنىسى بولۇپ، كۈنىگە 60 توننا ئۇن تارتاتتى. كېيىنكى يىلى 6 - ئايدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، ئۇنىڭدا 81 ئىشچى بولۇپ، ئۇنىڭ 68% ى ئاز سانلىق مىللەت ئىدى. 1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندا، ئۆلكە بويىچە بىردىنبىر ماشىنىلاشقان ئۇن زاۋۇتى شۇ ئىدى. مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) چۆچەك ناھىيىسىدىكى لى فامىلىلىك بىر سودىگەر سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر يۈرۈش ئۇن تارتىش ئۈسكۈنىسى

سېتىۋېلىپ، قارادۆڭدە ئۇن زاۋۇتى قۇردى. بۇ زاۋۇت ئاساسەن شامال كۈچى بىلەن مېڭىپ سوتكىسىغا 4905 كىلوگرام بۇغداي تارتالايتتى. كېيىن زاپچاسلارنى سەپلىيەلمەي مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ قالدى.

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ھەم شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ ئۇن ئىستېمال قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئارقا - ئارقىدىن ئۈرۈمچى، قەشقەر، شىخەنزە، ۋۇجياچۇ قاتارلىق جايلاردا بىرىنچى تۈركۈم ئاشلىق پىششىقلاش زاۋۇتى قۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇردى. 1951 - يىل 8 - ئايدا ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى سانائەت نازارىتى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ سەيجياپو دېگەن يېرىدىن كۈنىگە 33 توننا ئۇن تارتىدىغان ماشىنىنى كۆچۈرۈپ ئەكىلىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى داشىمىندا ئۈرۈمچى خەلق ئۇن زاۋۇتى قۇرۇپ، ئۇنى 1952 - يىل 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈردى. ئۇن زاۋۇتىنىڭ ئاساسلىق ئۈسكۈنىسى ياپونىيىدە ئىشلەنگەن بىر يۈرۈش كىچىك تىپلىق ئۇۋۇتۇش ماشىنىسى ۋە چوڭچىڭدا ئىشلەنگەن ئۇن تارتىش ماشىنىسى ئىدى. ئاساسىي ماشىنىسى 4 دانە 24 دىيۇيملىق ئىككى جۈپ تۈلۈقلۇق تۈگمەن بولۇپ، ئۇنىڭغا بۇغداي ئادالايدىغان ئاددىي ئۈسكۈنە سەپلەنگەن، زاۋۇت يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى سېلىنغان 3 قەۋەتلىك بىناغا جايلاشقان، دەرىجىلىك ئۇن ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتى قوللىنىلغانىدى. بۇ زاۋۇت 1954 - يىل 6 - ئايدا شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتىغا قوشۇۋېتىلگىچە 23 مىڭ توننا ئۇن ئىشلەپچىقاردى. 1952 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ كىيىم - كېچەك خىراجىتىدىن تېجەلگەن پۇل مەبلەغ قىلىنىپ، ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى، قەشقەردە ئۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ 1 - شۆبىسى (ھازىرقى قەشقەر «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى) قۇرۇلدى، بۇ 2 زاۋۇتقا ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن 24 ۋە 30 دىيۇيملىق قوش تۈلۈقلۇق ئۇن تارتىش ماشىنىسى ئورنىتىلغان بولۇپ، كۈنىگە 360 توننا ۋە 60 توننىدىن ئۇن تارتاتتى. شىنجاڭ ھەربىي رايون ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسى 1953 - يىلى بۇ 2 ئۇن زاۋۇتىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك سانائەت نازارىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. 1954 - يىلى ئارقا - ئارقىدىن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 1955 - يىلى بۇرچىن ئۇن زاۋۇتى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، كۈنىگە 7.5 توننا ئۇن تارتتى. 1956 - يىلغىچە بىڭتۇەن، شىخەنزە، ۋۇجياچۇ، قاراشەھەرنىڭ باكشىنكۆل ۋە ئاقسۇلاردا 4 ئۇن زاۋۇتى قۇردى، بۇ زاۋۇتلارنىڭ كۈندىلىك ئۇن ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي ئىقتىدارى 92 توننا ئىدى.

1956 - يىلى سانائەت نازارىتىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى، غۇلجا ئۇن زاۋۇتى قاتارلىق ئاشلىق كارخانىلىرى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1957 - يىل 4 - ئايدا ئاشلىق مىنىستىرلىكى مەبلەغ سالغان چۆچەك، خوتەن ئۇن زاۋۇتلىرى ئارقا - ئارقىدىن پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بۇ 2 زاۋۇت كۈنىگە 34 ۋە 28 توننىدىن ئۇن تارتتى. يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايوندىكى ماشىنا ئارقىلىق ئۇن تارتىش زاۋۇتلىرى 14 كە، كۈندىلىك ئۇن تارتىش ئىقتىدارى 855 تونناغا يەتتى. ئۇنىڭ 6 سى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، كۈنىگە 550 توننا ئۇن تارتتى، قالغىنى بىڭتۇەن ۋە تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سىستېمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

1958 — 1959 - يىللىرى ئاشلىق نازارىتى يەنە بېيجىڭ، تەنجىندىن 2 يۈرۈش ئۇن تارتىش ئۈسكۈنىسى يۆتكەپ كېلىپ، ئالتاي، كورلىدا 2 ئۇن زاۋۇتى قۇرۇپ، ئۇ يەرلەرنىڭ كۈندىلىك ئۇن تارتىش ئىقتىدارىنى 60 توننا كۆپەيتتى. بۇ مەزگىلدە باركۆل، كۆكتوقاي، مەكىت، يەنجى قاتارلىق ناھىيىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كۈنىگە 12.5 توننا ئۇن تارتىدىغان كىچىك كۆچمە ئۇن تارتىش ئۈسكۈنىسى كىرگۈزۈپ چارۋىچىلارغا ئۇن تارتىپ بەردى. 1959 - يىلنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ چوڭراق ئۇن زاۋۇتى 8 گە، كۈندىلىك ئۇن تارتىش ئىقتىدارى 610 تونناغا يەتتى. بۇ زاۋۇتلاردا ئامېرىكا، سوۋېت

ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىسى ئىشلىتىلگەن چوڭ تىپتىكى جۈپ تۈلۈقلۇق ئۇن تارتىش ماشىنىلىرى ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ھەربىر زاۋۇتتا 4 تىن، 6 دىن، 8 دىن ئۇن تارتىش ماشىنىسى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭى ئۈرۈمچى «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى بولۇپ، ئۇ 18 تۈگمەندىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭدا ئۇن تارتىش سىستېما بويىچە ئېلىپ بېرىلدى، بۇغداي تازىلاشتا تاسقاش، يۇيۇش، تېشىنى ئىلغاش، سۇرتۇش، نەمدەش ئىشلىرى ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىسى بىلەن ئىشلىنىدىغان بولدى. زاۋۇت بىناسى 3 — 5 قەۋەتلىك خىش-ياغاچ قۇرۇلمىلىق بىنا ئىدى. شۇ مەزگىلدە ئاشلىق نازارىتى توقسۇن قاتارلىق 14 ناھىيىگە 200 نەچچە كىچىك پولات تاختىلىق تۈگمەن (ئۆزۈتۈش ماشىنىسىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، پولات تاختىنىڭ زەربە كۈچى بىلەن بۇغداي ئۆزۈتۈلۈپ ئۇنغا ئايلىنىدۇ) سەپلەپ بەردى، ئۇ 2 خىل ئۆلچەمدە ئىدى: بىرىنىڭ دىئامېتىرى $9\frac{1}{2}$ دىيۇملۇق بولۇپ، ئەلگىكى مۇقىملاشتۇرۇۋېتىلگەن، ئۇنىڭدا كۈنىگە 1200 كىلوگرام ئۇن تارتىلاتتى؛ يەنە بىرىنىڭ دىئامېتىرى 12 دىيۇملۇق بولۇپ، ئەلگىكى ۋە سوقۇش تاختىسى ئايلىنىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدا كۈنىگە 3600 كىلوگرام ئۇن تارتىلاتتى. ماشىنا ئېنېرگىيىسى ۋە تېخنىك خادىملار بولمىغاچقا، بۇ ئۈسكۈنىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بىكار تۇرۇپ قالدى.

1960 — 1965 - يىللىرى ئۇن زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇش سۈرئىتى تېزلىتىلدى، ئاشلىق تارماقلىرى ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ، چوڭراق ئۇن زاۋۇتى (سېخ) دىن 8 نى قۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈردى. ئۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل، ماناس، فۇكاڭ، قاراماي، غۇلجا، ئاقسۇ ئۇن زاۋۇتلىرىنىڭ كۈندىلىك ئۇن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 50 توننا، ئۈرۈمچى «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى 2 - سېخىنىڭ كۈندىلىك ئۇن تارتىش ئىقتىدارى 75 توننا، قەشقەر «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى 2 - سېخىنىڭ كۈندىلىك ئۇن تارتىش ئىقتىدارى 175 توننا (يۇقىرىقىلاردىن قاراماي شەھەرلىك ئۇن زاۋۇتىغا يەرلىك مەبلەغ سالغاندىن سىرت، قالغىنىغا ئاشلىق تارماقلىرى مەبلەغ سالغان) غا يەتتى. 1965 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ چوڭراق ئۇن زاۋۇتى 16 غا، كۈندىلىك ئۇن تارتىش ئىقتىدارى 1160 تونىنغا يېتىپ، 1959-يىلدىكىدىن %16.90 ئاشتى. بۇ مەزگىلدە 1964 - يىلدىن ئىلگىرى كۈيتۇڭ، تولى، چاغانتوقاي، بېيتۇن، چاپچال، جىمى، پىچان، خوشۇت، چاقىلىق، ئۈچتۇرپان، مەكىت، گۇما، قاراقاش قاتارلىق ناھىيە ۋە جايلاردىكى كىچىك ئۇن زاۋۇتلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىگە كىچىك پولات تاختىلىق تۈگمەن، بىر قىسمىغا MF—125 ۋە MF—65 تىپتىكى جۈپ تۈلۈقلۇق ئۇن تارتىش ماشىنىسى ئورنىتىلدى. 1965 - يىلدىن ئېتىبارەن، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق مىنىستىرلىكى ئوتتۇرىغا قويغان ئاشلىقنى «ئىشلەپچىقىرىلغان جايدا تارتىشنى ئاساس قىلىش» فاڭجېنى ئىجرا قىلىنىپ، زاۋۇت قۇرۇش يۆنىلىشى ئىستېمال رايونىدىن ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان ناھىيە بازارلىرىغا بۇرالدى. شۇ يىلى قاغىلىق ناھىيىلىك ئۇن زاۋۇتى ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى بولۇپ كىچىك بىرىكمە پولات تۈگمىنىدىن پايدىلىنىپ ئۇن تارتىش ئۇسۇلىنى قوللاندى (بۇنىڭدا بىر دانە ئۇن تارتىش ماشىنىسى بىر ئەلگەكنىڭ ئۈستىگە مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ، بۇغداي تارتىلغاندىن كېيىن، بىۋاسىتە ئەلگەككە چۈشىدۇ، مۇشۇنداق بىرنەچچە قېتىم تەكرارلىنىپ ئۇنغا ئايلىنىدۇ) ھەم ئاپتونوم رايون بويىچە بىرىنچى بولۇپ خام ئەشيا، يېرىم تەييار مەھسۇلاتنى يەل كۈچى ئارقىلىق يەتكۈزۈش ئۇسۇلىنى قوللاندى. شۇ يىلى ئاتۇش، باركۆل، جېمسەنەي، قابا، بۇرۇلتوقايدىن ئىبارەت 5 چېگرا ناھىيىمۇ ئارقا - ئارقىدىن كىچىك بىرىكمە توك تۈگمىنىنى ئىشلەتتى. يۇقىرىدىكى بىرقەدەر چوڭ ۋە كىچىك ئۇن زاۋۇتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈشى بىلەن ئاپتونوم رايوننىڭ ماشىنا ئارقىلىق ئۇن تارتىش ئىقتىدارى يېتىشمەسلىك ئەھۋالى پەسەيدى. شۇنداقتىمۇ ئاپتونوم رايون بويىچە 16 ناھىيىنىڭ ئۇن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى يېتىشمەيدى، 14 ناھىيىنىڭ ماشىنا ئارقىلىق ئۇن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى يوق ئىدى.

1966 — 1976 - يىلغىچە ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرى كىچىك تىپتىكى ئۇن زاۋۇتلىرىنى يېڭىدىن قۇرۇش، كېڭەيتىپ قۇرۇش بىلەن بىللە، بىر تۈركۈم بىرقەدەر چوڭ ئۇن زاۋۇتلىرىنىمۇ قۇردى. 1966 — 1967 - يىللىرى تۇرپان، ئاراتۈرۈك، غۇلجا، نىلقا، تېكەس، شىخو، دۆربىلجىن، ئارشاڭ، خېجىڭ، بۇگۇر، لوپنۇر، ئونسۇ، ئاۋات، ئاقتو، قەشقەر كوناشەھەر، يېڭىسار، پوسكام، كېرىيە، نىيە قاتارلىق ناھىيىلەردە كۈنىگە 6.25 توننىدىن 12.5 توننىغىچە ئۇن تارتىدىغان كىچىك ئۇن زاۋۇتلىرى قۇرۇلدى. چۆچەك ناھىيىسىدە كىچىك چاتما پولات تۈگمەننى بىر رېزىنكە چاقلىق ھارۋىغا ئورنىتىپ، 2 ئادەم چارۋىچىلارغا سەييارە ئۇن تارتىپ بەردى. كىچىك چاتما ئۇن زاۋۇتىنى ئاز مەبلەغ بىلەن تېز قۇرغىلى بولىدىغان بولغاچقا، ئۇ شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا، كىچىك شەھەر، بازارلارنىڭ ئۇن تارتىش ئېھتىياجىغا لايىق بولغاچقا، 1968 - يىلدىن كېيىن ھەرقايسى ناھىيە، بازارلاردا ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇلۇشقا باشلىدى. 1974 - يىلى دۆلەتنىڭ مەبلىغى ۋە يەرلىكنىڭ ئۆزى تەييارلىغان مەبلىغى بىلەن يېڭىدىن قۇرۇلغان، ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان كىچىك چاتما ئۇن زاۋۇتلىرى 70 تىن ئاشتى، شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا، كىچىك شەھەر، بازارلاردا كىچىك جۈپ تۈلۈقلۇق ئۇن تارتىش ماشىنىسى بىلەن ئۇن تارتىلىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئۆلچىمى باشلانغان ۋاقىتتىكى 2 خىلدىن 4 خىلغا تەرەققىي قىلىپ، MF—150 ۋە MF—200 تىپلىقلىرى كۆپەيتىلدى. ناھىيە بازارلىرىدا ئادەتتە 4 — 6 دانە كىچىك چاتما ئۈسكۈنە بىلەن كۈنىگە 12.5 توننا ئۇن ئىشلەپچىقىرىلاتتى. زاۋۇت ئۆيلىرى ئاددىي بولۇپ، كۆپىنچىسى 3 — 3.5 مېتىر ئېگىز، 60 كۋادرات مېتىرلىق كۆلەمدىكى ئامبارلارغىلا قۇراشتۇرۇلۇپ، 15 — 20 ئادەم باشقۇرۇپ ئېلېكترماتور ياكى دىزېلماتور بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلەتتى. 1975 — 1976 - يىللىرى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ نەنشەندىكى ئالغۇي، خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ بالغۇنتاي دېگەن يېرىدە كۈنىگە 25 توننىدىن ئۇن تارتىدىغان كىچىك ئۇن زاۋۇتلىرى قۇرۇلدى. بۇ 2 زاۋۇتتا كىچىك جۈپ تۈلۈقلۇق ئۇن تارتىش ماشىنىسى بىلەن ئۇن تارتىلدى ھەم تۈگمەن بىلەن ئەلگەك باشقا - باشقا ئورنىتىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە، كىچىك جۈپ تۈلۈقلۇق ئۇن تارتىش ماشىنىسىنى ئىشلىتىدىغان ئۇن زاۋۇتلىرىدا ئۇن تارتىش بىلەن تاسقاش بىر گەۋدە قىلىنغان كىچىك چاتما ماشىنىلار، يەنە ئۇن تارتىش بىلەن تاسقاش ئايرىۋېتىلگەن، سىستېما بويىچە ئۇن تارتىدىغانلارمۇ بار ئىدى. ئۇن تارتىش بىلەن تاسقاش ئايرىپ قۇراشتۇرۇلغان ئۇن زاۋۇتلىرىنىڭ بىناسى ئادەتتە خىش، ياغاچ بىلەن سېلىنغان ئۈچ قەۋەتلىك ئۆيلەر بولۇپ، تازىلاش ۋە ئۇن تارتىش سېخلىرىغا بۆلۈنگەن، ئۇنىڭغا تاسقاش، تېشىنى ئىلغاش، بۇغدايىنى يۇيۇش، نەمدەش ۋە ماگنىتلىق ئىلغاش ئۈسكۈنىسى سەپلەنگەن، بۇ ئۈسكۈنىلەر باشقا - باشقا قەۋەتلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۆزئۆتۈش ئۈسكۈنىسى ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلغان، ماشىنىلاشقان ئۇدا ئىشلەپچىقىرىدىغان ئۈسكۈنىلەر ئىدى. كىچىك ئۇن زاۋۇتلىرىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىللە، يەنە كۈنىگە 50 توننىدىن ئۇن تارتىدىغان بىرقەدەر چوڭ ئۇن زاۋۇتىدىن 4 ى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە كۇچا، يەكەن، سانجى ناھىيىلىرىدىكىسى 1966 — 1969 - يىلى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، قاراماي شەھىرى يەرلىكنىڭ مەبلىغى بىلەن قۇرغان مايتاغ كان رايونى ئۇن زاۋۇتى 1973 - يىلى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 1976 - يىل 10 - ئايدا ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئۇن زاۋۇتى (سېخى) 105 كە، كۈندىلىك ئۇن تارتىش ئىقتىدارى 4368 توننىغا يەتتى. ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى كۈنىگە 50 توننىدىن يۇقىرىسى 20 بولۇپ، بۇلار ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزە، ئاقسۇ، قەشقەر، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا ئىدى. كۈنىگە 50 توننىدىن تۆۋىنى 85 بولۇپ، ھەرقايسى ناھىيە، بازارلارغا تارقالغان (جەدۋەل: 4 — 1 گە قاراڭ). بۇ مەزگىلدە شامال ئارقىلىق يەتكۈزۈش تېخنىكىسى ئالدى بىلەن كىچىك زاۋۇتلاردا سىناق قىلىنىپ، ئاندىن پەيدىنپەي كېڭەيتىلدى. 1971 - يىلدىن باشلاپ چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى ئۇن زاۋۇتلىرىدا قوللىنىلدى. 1976 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە شامال ئارقىلىق يەتكۈزۈش تېخنىكىسىنى قوللانغان ئۇن زاۋۇتى (سېخ) 60 تىن ئاشتى، كۆپ ساندىكى كىچىك زاۋۇتلار «پۈتۈنلەي شامال ئارقىلىق يەتكۈزۈش» نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خام ئەشيا ۋە تەييار مەھسۇلاتلار يەل كۈچى بىلەن توشۇلدى.

## شىنجاڭ ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ 1976 - يىلدىكى ئۈن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى

جەدۋەل: 4 — 1

| جايلار | ئۈن زاۋۇتى، سېخ | يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى (توننا) |
|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە | 105 | 1091884 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 2 | 186565 |
| قاراماي شەھىرى | 2 | 26250 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 5 | 24063 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 5 | 45313 |
| سانجى ئوبلاستى | 9 | 85313 |
| شىخەنزە شەھىرى | 3 | 73125 |
| كۈيتۇڭ شەھىرى | 1 | 18750 |
| ئىلى ۋىلايىتى | 12 | 103438 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 7 | 53750 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 12 | 66565 |
| بورتالا ئوبلاستى | 5 | 40938 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 11 | 97813 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 10 | 80000 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 4 | 16563 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 10 | 118125 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 7 | 55313 |

ئىزاھ: بۇ جەدۋەلدىكى سانلار بىڭتۇەن ۋە يېزىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. ئۈن تارتىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ يىل بويى ئىشلىگەن كۈن سانى سودا مىنىستىرلىكى بەلگىلىگەن 250 كۈن بويىچە ھېسابلاندى.

1977 — 1979 - يىللىرى ئۈرۈمچى داۋانچىڭ (دۇڭگو)، 045 - ئىسكىلات، ساۋەندىكى ئۆگىزتام، ماناس ناھىيىسىدىكى چىڭدىخوزا، شىخۇ ناھىيىلىك ئالغا فېرمىسى قاتارلىق تاغقا يېقىن يوشۇرۇن جايلاردا كىچىك تىپلىق ئۇرۇش تەييارلىقى ئۈن زاۋۇتىدىن 6 سى قۇرۇلدى. 1979 - يىلىنىڭ بېشىدا ئۇرۇش تەييارلىقى جىددىيلەشكەنلىكى ئۈچۈن، ئاشلىق مىنىستىرلىكى، ئاپتونوم رايون مەخسۇس تۈر بويىچە 900 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، ئۈرۈمچى نەنسەن ۋە 0602 - لىنىيىدە ئۇرۇش تەييارلىقى بويىچە ئاشلىق پىششىقلاش نۇقتىسىنى قۇردى ۋە تولۇقلىدى. شۈيشىگۇ ۋە يۈگەنپىڭ ئۈستىكى نۇقتىسىنى يېڭىدىن كۆپەيتتى ھەم تارباغاتاي، ئىلى، ئالتاي، بورتالا، قۇمۇل، تۇرپان، بايىنغولىن، ئاقسۇ، سانجى، ئۈرۈمچى قاتارلىق 10 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى ئۇرۇش تەييارلىقى بويىچە پىششىقلاش نۇقتىلىرىغا جىددىي ئېھتىياجلىق قىسمەن مەبلەغ ۋە ماددىي

ئەشيالار ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئورۇش تەييارلىقى ئۈن زاۋۇتلىرىنىڭ لايىھەدىكى كۈندىلىك ئۈن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1540 تونىنا بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى ۋە 0602 - لىنىيىدە كۈندىلىك تولۇق بۇغداي ئۈنى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 307.5 تونىنا، كۈندىلىك كۆچمە ئۈن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 60 تونىنا، قالغان 9 ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ كۈندىلىك ئۈن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1172.5 تونىنا بولدى. كۆپ ساندىكى ئورۇش تەييارلىقى ئۈن زاۋۇتلىرىنىڭ ئۈسكۈنە - ھۈنەر - سەنئىتى ئاددىي يورۇلەشمىگەن بولغاچقا، ئەسلى لايىھەدىكى ئىقتىدارغا يېتەلمىدى، بەزىلىرى خام ئەشيا، تەييار مەھسۇلاتلارنى توشۇشتا قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىپ، ئورۇش بولمىغاچقا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلمىدى. 1979 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئۈن زاۋۇتى (سېخى) 119 غا يەتتى (ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلمىگەن ئورۇش تەييارلىقى ئۈن زاۋۇتىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، كۈندىلىك ئۈن تارتىش ئىقتىدارى 3070 توننىغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن كىچىك ئۈن زاۋۇتى 66 بولۇپ، ئۇ ئۈن تارتىش بىلەن تاسقاش ئايرىۋېتىلگەن 20 زاۋۇتنى، 46 كىچىك چاتما زاۋۇتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاشلىق تارماقلىرى ئۈن زاۋۇتلىرى ناھىيە بازىرىدىن يۇقىرى جايلاردا 98 بولۇپ، كۈندىلىك ئۈن تارتىش ئىقتىدارى 2834 تونىنا؛ گۆشتى - بازاردىكىسى 21 بولۇپ، كۈندىلىك ئۈن تارتىش ئىقتىدارى 236 تونىنا. بۇ مەزگىلدە سودا مىنىستىرلىكى 1978 - يىلى ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ بېڭبۇ شەھىرىدە مەملىكەتلىك شامال كۈچى ئارقىلىق توشۇش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى چاقىرغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۈن تارتىش سېخلىرىدا شامال كۈچى ئارقىلىق توشۇش يەنىمۇ راۋاجلىنىپ، 1990 - يىلغىچە قوللىنىلدى، لېكىن، بۇغداي تازىلاش سېخىدا شامال كۈچى ئارقىلىق توشۇشنىڭ توك سەرپىياتى يۇقىرى، شاۋقۇنى كۈچلۈك بولغاچقا، 1980- يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە ماشىنا بىلەن يەتكۈزۈشكە ئۆزگەرتىۋېتىلدى.

1980 — 1985 - يىلغىچە ئاپتونوم رايوننىڭ يېمەكلىكلەر سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئاشلىق تارماقلىرى ئۈن زاۋۇتلىرىدا زور كۈچ بىلەن تېخنىكا ئۆزگەرتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ۋە ئۈسكۈنە ھۈنەر - سەنئىتىنى بىر پەللە يۇقىرى كۆتۈردى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا بۇ 6 يىلدا، ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سالغان 83 مىليون 500 نەچچە مىڭ يۈەن (ئۇنىڭ ئىچىدە بانكىدىن قەرز ئېلىنغىنى 20 مىليون يۈەندىن ئارتۇق) مەبلەغنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى گۈچۈڭ، مايتاغ قاتارلىق 72 ناھىيە، كان رايونلىرىدىكى ئۈن زاۋۇت (سېخى) لىرىنى يېڭىدىن قۇرۇشقا، كېڭەيتىپ قۇرۇشقا ئىشلىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن كۈندىلىك ئۈن تارتىش ئىقتىدارى 2048 تونىنا ئاشتى. بۇ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1979- يىلغىچە سېلىنغان ئۈن زاۋۇتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ 66.71% ىگە باراۋەر كېلىدۇ. 1985- يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ قولىدىكى ئۈن زاۋۇتى (سېخى) 104 كە يەتتى. بۇ مەزگىلدە كېرەكسىز قىلىنغان ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئىقتىدارىنى چىقىرىۋەتكەندە، كۈندىلىك ئۈن تارتىش ئىقتىدارى 4668 تونىنا بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن قۇرۇلغان، كېڭەيتىپ قۇرۇلغان زاۋۇت 70% نى ئىگىلەيدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەردىكىنىڭ 1183 تونىنا، ناھىيە - بازارلاردىكىنىڭ 3449 تونىنا، يېزا - كەنتلەردىكىسىنىڭ 36 تونىنا بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە تاشقورغاندىن باشقا ناھىيىلەردىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئۈن زاۋۇتى (سېخى) بار بولدى. بۇ مەزگىلدە MQ ئوتتۇرا تىپلىق گاز بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ئۈن زاۋۇتى ۋە MY چوڭ تىپلىق سۇيۇقلۇق بېسىملىق ئۈن تارتىش ماشىنىسى تېز ئومۇملاشتۇرۇلدى. 1980 - يىلى سانجى توقسۇن، توققۇزتارا، ئونسۇ، يوپۇرغا ۋە قاغىلىقتىكى 6 زاۋۇتتا جەمئىي 48 دانە MQ.4 گاز بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ئۈن تارتىش ماشىنىسى ئىشلىتىلدى، ئۇ ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئۈن تارتىش ماشىنىسى ئومۇمىي سانىنىڭ 7% نى ئىگىلىدى. 1985 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى 47 زاۋۇتتا جەمئىي 253 دانە گاز بىلەن

ھەرىكەتلىنىدىغان ئۇن تارتىش ماشىنىسى ئىشلىتىلىپ ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئۇن تارتىش ماشىنىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 43.55%نى، 135 دانە سۇيۇقلۇق بېسىملىق ئۇن تارتىش ماشىنىسى ئىشلىتىلىپ، 23.24%نى ئىگىلىدى. بۇ 2 خىل ئۇن تارتىش ماشىنىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئۇن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ 80% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى.

ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى ئۇن تارتىش سېخلىرىنىڭ كۆپىنچىسى 4 — 5 قەۋەتلىك خىش، سېمونت بىلەن سېلىنغان بىنا بولۇپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 730 — 850 كۋادرات مېتىرغا يېتەتتى. ئاساسەن 3 دانە، 4 دانە ۋە 6 دانە ماشىنا چېتىپ ئىشلىتىلەتتى (4 دانە ماشىنا چېتىلغىنى كۆپ) بولۇپ، 3 ماشىنىلىقى كۈنىگە 37.5 توننا، 4 ماشىنىلىقى 50 توننا ۋە 6 ماشىنىلىقى 75 توننا ئۇن ئىشلەپچىقىراتتى. ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى زاۋۇتلارنىڭ ھەممىسىگە بۇغداي تازىلاش، مىقدارىنى ئۆلچەش، نەمدەش، سۈپىتىنى تەڭشەش ئۈسكۈنىلىرى سەپلەنگەن. 1985 - يىلدىن كېيىن بۇغداينى قۇرۇق پېتى تازىلاش تېخنىكىسى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىپ، بۇغداي يۇيۇشتىن چىققان كىرەكسىز سۇنىڭ بۇلغىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بۇغداي يۇيۇش ماشىنىسى ئىشلىتىلمەيدىغان بولدى. ھەرقايسى زاۋۇتلار يەنە ئۇن تارتىش ھۈنەر - سەنئىتىنى ياخشىلاپ «ئالدى يولدىن ئۇن تەڭشىلىپ چىقىش» نى ئومۇملاشتۇردى. بەزى زاۋۇتلار شۇ جاينىڭ تەلىپىگە بىرلەشتۈرۈپ «دەرىجىلىك ئۇنلارنى تەڭلا ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى» نى قوللاندى، يەنى ئوخشاش بىر ئۇن تارتىش تېخنىكىسى قوللىنىپ، ئالاھىدە ئۇن بىلەن ئۆلچەملىك ئۇننى تەڭلا ئىشلەپچىقاردى. ئالاھىدە ئۇن ئېلىش نىسبىتى ئادەتتە 10% — 20% بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇن تارتىش سېخلىرىغا ھاۋا ئالماشتۇرۇش، توزان يىغقۇچ ئۈسكۈنىلىرى سەپلىنىپ، ئەمگەك شارائىتى ياخشىلاندى.

1986 — 1990 - يىللىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئۇن زاۋۇتلىرىدا تېخنىكا ئۆزگەرتىش خىزمىتى داۋاملىق ئىشلەندى. ئىلگىرىكى 6 يىلدا ئۆزگەرتىش پىلانىغا كىرگۈزۈلمىگەن بۇرچىن قاتارلىق 7 ناھىيىدىكى ئۇن زاۋۇتلىرى كېڭەيتىپ، ئۆزگەرتىلگەن ۋە ئۈسكۈنىلەر سەپلەنگەندىن سىرت، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كۈنىگە 150 — 250 توننا بۇغداينى بىرتەرەپ قىلالايدىغان دەرىجىلىك ئۇن زاۋۇتىدىن بەشى قۇرۇلدى. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئۇن تارتىش ئىقتىدارى كۈنىگە 1043 توننا كۆپەيدى. دەرىجىلىك ئۇن زاۋۇتلىرىدا بىردەك گاز بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ئۇن تارتىش ماشىنىسى ئىشلىتىلىپ، ئۈسكۈنە، ھۈنەر - سەنئەت ۋە مەھسۇلات يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە سودا مىنىستىرلىكى ۋە ئاپتونوم رايون مەبلەغ سالغان، ئاپتونوم رايوننىڭ تۇنجى دەرىجىلىك ئۇن زاۋۇتى ھېسابلىنىدىغان كۈنىگە 200 توننا بۇغداينى بىرتەرەپ قىلىدىغان ش ئۇ ئا ر ئاشلىق - ياغ يۆتكەش پونكىتى ئۇن زاۋۇتى 1987 - يىل 5 - ئايدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇ زاۋۇت ئاساسلىق دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن MQ تىپلىق گاز بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان 12 دانە ئۇن تارتىش ماشىنىسىنى ئىشلەتتى، يەنە ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىدىن ئېغىرلىقى بويىچە دەرىجىگە ئايرىش ماشىنىسى ۋە تەخسىلىك دومىلىما تولۇقلۇق تۈجۈپىلەپ تاللاش ماشىنىسىنى كىرگۈزدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى بانكىدىن قەرز ئېلىپ 1 - ئۇن تارتىش سېخىنى يېڭىلاپ ئۆزگەرتىپ، شۋېيتسارىيىدىن كۈنىگە 250 توننا بۇغداينى بىرتەرەپ قىلىدىغان دەرىجىلىك ئۇن تارتىش ئۈسكۈنىسىنى كىرگۈزۈپ، 1988 - يىل 3 - ئايدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈردى، بۇلار MDDKφ250×1000 چوڭ تىپتىكى گاز بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ئۇن تارتىش ماشىنىسىدىن 15 دانە، 8، 6 بۆلۈملۈك ئېگىز، چاسا، تۈز ئەلگەكتىن 4 نى، يەنە ئۇن تازىلايدىغان، ئۇن يۇمشىتىدىغان مەخسۇس ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلەتتى. ئالاھىدە 1 - ئۇننىڭ چىقىش نىسبىتى 70% تىن يۇقىرى بولدى، يەنە يېمەكلىكلەرگە ئىشلىتىلىدىغان ئۇنمۇ پىششىقلاپ ئىشلەندى. مەزكۇر زاۋۇتتا خام ئەشيانى زاۋۇتقا كىرگۈزۈش، ئارىلىقتا ئىشلەپچىقىرىش، تەييار مەھسۇلاتنى خالتىلارغا قاچىلاپ ئامبارغا كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت پۈتكۈل ھۈنەر - سەنئەتنى مەركىزىي كونترول بۆلۈمى كومپيۇتېر ئارقىلىق مەركەزلەشتۈرۈپ كونترول قىلىپ،

مەمۇلاتنىڭ سۈپىتىگە ئۈنۈملۈك كاپالەتلىك قىلىندى، يەنە ئۇن قاچىلايدىغان كانايسىمان ئامبارلارمۇ سېلىندى. ئاپتونوم رايون ياردەم قىلغان بىر قىسىم مەبلەغ، كارخانىنىڭ قەرز پۇلى بىلەن ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان، كۈنىگە 150 توننا بۇغداينى بىرتەرەپ قىلالايدىغان سانجى، كۇچا، قاراماي ئۇن زاۋۇتلىرى 1989-يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇ 3 زاۋۇتنىڭ ھەممىسىدە دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن MDDK چوڭ تىپلىق گاز بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ئۇن تارتىش ماشىنىسى ئىشلىتىلدى. يۇقىرىدىكى دەرىجىلىك ئۇن تارتىدىغان 5 زاۋۇتتىن ئۈرۈمچى شەھەرلىك «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى بۇرۇنقى زاۋۇت بىناسىنى ئۆزگەرتىپ پايدىلانغاندىن سىرت، قالغان 4 زاۋۇتنىڭ بىناسى 6 قەۋەتلىك رامكا قۇرۇلمىلىق بىنا قىلىپ سېلىندى، ئاساسىي سېخىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 3200 — 3500 كۋادرات مېتىر. بۇ زاۋۇتلارغا بىردەك دەرىجىلىك ئۇن ئىشلەپچىقىرىش تەلىپى بويىچە ئۈسكۈنىلەر سەپلەندى، بۇغداينى قۇرۇق پېتى تازىلاش تېخنولوگىيىسى قوللىنىلدى، تاسقاش، سوقۇش، تېشىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىلغاش، توجۇپىلەپ تاللاش، ماگنىتلىق تاللاش، شامالدا سورۇش، نەمدەش قاتارلىق ئۈسكۈنىلەر سەپلەنگەن بولۇپ، 13 تىن ئارتۇق تازىلاش ئىش تەرتىپى بار، ئۇلاردا دەرىجىلىك ئۇننى ئۇزۇن يول ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى قوللىنىلدى. ئوتتۇرا يوللۇق ئۇن ئىشلەشكە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىلدى. ئۇن كۆپ سىستېما بويىچە تارتىپ دەرىجىگە ئايرىلدى، مەخسۇس ئۇن تازىلاش، ئۇن ئايرىش ئۈسكۈنىلىرى سەپلەندى. بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئالاھىدە ئۇن بىلەن ئۆلچەملىك ئۇننى بىرلەشتۈرۈپ تارتىش يولغا قويۇلۇپ، ئومۇمىي ئۇن چىقىش نىسبىتى ئادەتتە %76 — %80 كە يەتكۈزۈلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە ئۇن %20 — %50 بولدى. تازىلاش سېخلىرىغا شامال ئالماشتۇرۇش، توزان يىغىش تورى سەپلەندى، ئۇن شامال كۈچى بىلەن ماڭدۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن سېختىكى توزانلار ئازىيىپ، ئەمگەك شارائىتى ياخشىلاندى. پۈتكۈل ھۈنەر - سەنئەتنى مەركىزىي كونترول بۆلۈمى مەركەزلەشتۈرۈپ تىزگىنلەپ، تەقلىدىي كۆرسىتىپ تۇردى.

1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئۇن زاۋۇتى (سېخ) 100 گە، ئۇنىڭ كۈندىلىك ئۇن تارتىش ئىقتىدارى 5711 توننىغا يەتتى، ئۇنىڭ ئىچىدە چوڭ، ئوتتۇرا شەھەردىكىلەرنىڭ 1825 توننا، ناھىيە بازىرىدىكىلەرنىڭ 3781 توننا، يېزا ۋە بازاردىكىلەرنىڭ 105 توننا بولدى (جەدۋەل: 4 — 2 گە قاراڭ). ئۇنىڭدىن باشقا كۈنىگە قارا ئاشلىق تارتىش ئىقتىدارى 346 توننىغا يەتتى. ئۇن زاۋۇتلىرىنىڭ كۆلىمى ئاساسەن 3 خىل كۆلەمدە بولدى: كۈنىگە 150 — 250 توننا بۇغداينى بىرتەرەپ قىلىدىغان دەرىجىلىك ئۇن زاۋۇتلىرى ئۈرۈمچى، سانجى، قاراماي، كۇچالارغا جايلاشتى، ئۇنىڭ ئىچىدە، كۆلىمى ئەڭ چوڭى ئۈرۈمچى شەھەرلىك «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى 2 ئۇن تارتىش سېخىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئۆلچەملىك ئۇنغا سۇندۇرغاندا 500 توننا، كۈنىگە 50 — 75 توننا ئۆلچەملىك ئۇن تارتىدىغان زاۋۇتلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ناھىيە بازارلىرىغا جايلاشقان، كۈنىگە 12.5 توننا ئۆلچەملىك ئۇن تارتىدىغان زاۋۇتلارنىڭ كۆپىنچىسى يېزا ئاشلىق پونكىتلىرىنىڭ قارىمىقىدا ئايرىم ناھىيىلەردىن باشقا، ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە بازىرىدىن يۇقىرى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئۇن تارتىش سېخلىرىدا پۈتۈنلەي گاز بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ئۇن تارتىش ماشىنىسى ياكى سۇيۇقلۇق بېسىملىق ئۇن تارتىش ماشىنىسى ئىشلىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە MQ گاز بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ماشىنىدىن 410 ى، MY سۇيۇقلۇق بېسىملىق ئۇن تارتىش ماشىنىسىدىن 65 ى بولۇپ، بۇ 2 خىل ماشىنا ئاپتونوم رايوندىكى ئۇن تارتىش ماشىنىلىرى سانىنىڭ %81.62 نى، ئۇن تارتىش ئىقتىدارى %95 نى ئىگىلەيدۇ، تەك ئوقلۇق ۋە تەك ئوقسىز ئېگىز، چاسا، تۈز ئەلگەك 175 دانە بولۇپ، مۇتلەق كۆپ قىسمى FG تىپلىق تەك ئوقسىز ئېگىز، چاسا، تۈز ئەلگەك، يەنە تۈرلۈك بۇغداي تازىلاش ئۈسكۈنىلىرىدىن 342 سى بار.

بىڭتۇەننىڭ 1990 - يىل ئاخىرىدىكى كۈندىلىك ئۇن تارتىش ئىقتىدارى 3988 توننا بولدى، ئاپتونوم رايوندىكى يېزا - بازار كارخانىلىرى سىستېمىسىمۇ خېلى چوڭ ئۇن تارتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولدى.

## شىنجاڭدىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ 1980 — 1990 - يىلغىچە ئۇن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى

جەدۋەل: 4 — 2

بىرلىكى: يىل/تونا

| يىللار / جايلىشىشى | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون | 671866 | 880827 | 820117 | 990707 | 1076444 | 1166999 | 1312520 | 1275921 | 1363281 | 1393960 | 1457734 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 99750 | 102500 | 105500 | 134950 | 134950 | 134950 | 157500 | 79721 | 124570 | 131250 | 131750 |
| قاراماي شەھىرى | 13400 | 19400 | 25940 | 25940 | 25940 | 28820 | 27500 | 27500 | 27500 | 57500 | 57500 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 17561 | 24700 | 21420 | 33673 | 40625 | 40625 | 40625 | 40625 | 40625 | 40625 | 40625 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 20010 | 21875 | 37580 | 33000 | 33000 | 38586 | 38586 | 38586 | 38586 | 41178 | 41178 |
| سانجى ئوبلاستى | 67500 | 75550 | 79566 | 78030 | 87150 | 91650 | 97100 | 100600 | 100600 | 108100 | 138100 |
| شىخەنزە شەھىرى | 50400 | 66900 | 50400 | 50400 | 50400 | 50400 | 50400 | 50400 | 50400 | 50400 | 50400 |
| كۈيتۇڭ شەھىرى | | | | | | 12500 | 12500 | 25000 | 25000 | 25000 | 125000 |
| ئىلى ۋىلايىتى | 99420 | 127920 | 75553 | 94028 | 98028 | 147567 | 157702 | 147637 | 138837 | 158540 | 158540 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 30520 | 59875 | 61000 | 80000 | 85300 | 81816 | 104971 | 108961 | 111961 | 111960 | 119558 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 38720 | 48770 | 49780 | 49600 | 65620 | 76585 | 76585 | 97675 | 118765 | 107300 | 114800 |
| بورتالا ئوبلاستى | 11767 | 11810 | 19511 | 19531 | 34375 | 34375 | 34375 | 34375 | 42000 | 42000 | 34375 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 18750 | 60275 | 41128 | 81602 | 81183 | 97849 | 109800 | 108460 | 115835 | 114835 | 123825 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 49688 | 49125 | 68082 | 76798 | 85628 | 79818 | 80719 | 80719 | 79375 | 70608 | 116300 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 16570 | 12500 | 13281 | 25781 | 25781 | 22656 | 31250 | 31250 | 31250 | 31250 | 25000 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 108730 | 162752 | 115876 | 145324 | 166414 | 162252 | 171982 | 183787 | 194227 | 195288 | 172658 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 29080 | 36875 | 55500 | 62050 | 62050 | 66550 | 83425 | 83125 | 86250 | 70625 | 70625 |
| ش ئۇ ئا ر ئاشلىق - باغ يۆتكەش پونكىتى | | | | | | | 37500 | 37500 | 37500 | 37500 | 37500 |

## شىنجاڭدىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ 1990 - يىلى ناھىيە، شەھەرلەر بويىچە ئۇن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى

جەدۋەل: 4 — 3 بىرلىكى: يىلدا بىرتەرەپ قىلىنغان بۇغداي/توننا

| جايلار | پىششىقلاش ئىقتىدارى | جايلار | پىششىقلاش ئىقتىدارى | جايلار | پىششىقلاش ئىقتىدارى | جايلار | پىششىقلاش ئىقتىدارى | جايلار | پىششىقلاش ئىقتىدارى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە | 1471170 | جىمسار ناھىيىسى | 12500 | چاغانتوقاي ناھىيىسى | 12000 | بافراش ناھىيىسى | 9000 | قاغىلىق ناھىيىسى | 27000 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 131750 | گۈچۈڭ ناھىيىسى | 25000 | قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى | 9000 | لوپنۇر ناھىيىسى | 12500 | پوسكام ناھىيىسى | 14040 |
| «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى | 90000 | مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | 12500 | ئالتاي ۋىلايىتى | 110000 | بۈگۈر ناھىيىسى | 12500 | مارالبېشى ناھىيىسى | 12500 |
| تۇدۇڭ كوچا ئۇن زاۋۇتى | 18750 | شىخەنزە شەھىرى | 50400 | ئالتاي شەھىرى | 15000 | چەرچەن ناھىيىسى | 4000 | قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى | 7500 |
| ئۈرۈمچى ناھىيە ئۇن زاۋۇتى | 23000 | كۈيتۇڭ شەھىرى | 25000 | بۇرچىن ناھىيىسى | 12500 | چاقىلىق ناھىيىسى | 4000 | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى | 9000 |
| قاراماي شەھىرى | 57500 | ئىلى ۋىلايىتى | 158540 | قابا ناھىيىسى | 12500 | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 124550 | يېڭىسار ناھىيىسى | 14040 |
| قاراماي شەھەر رايونلىرى | 45000 | غۇلجا شەھىرى | 40000 | جېمىنەي ناھىيىسى | 12500 | ئاقسۇ شەھىرى | 27400 | يېزاۋات ناھىيىسى | 14040 |
| مايتاغ | 12500 | غۇلجا ناھىيىسى | 10000 | بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى | 12500 | ئونسۇ ناھىيىسى | 9000 | يوپۇرغا ناھىيىسى | 7500 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 41250 | چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى | 13750 | كۆكتوقاي ناھىيىسى | 12500 | ئاۋات ناھىيىسى | 13740 | مەكىت ناھىيىسى | 14040 |
| تۇرپان شەھىرى | 18750 | توققۇزتارا ناھىيىسى | 10000 | چىڭگىل ناھىيىسى | 10000 | ئۈچتۇرپان ناھىيىسى | 15550 | خوتەن ۋىلايىتى | 72500 |
| پىچان ناھىيىسى | 10000 | قورغاس ناھىيىسى | 19740 | كۆكتوقاي كان رايونى | 12500 | كەلپىن ناھىيىسى | 9000 | خوتەن شەھىرى | 12500 |
| توقسۇن ناھىيىسى | 12500 | كۈنەس ناھىيىسى | 17390 | بەيتۈن | 10000 | كۇچا ناھىيىسى | 17300 | گۇما ناھىيىسى | 12500 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 44700 | نىلقا ناھىيىسى | 12500 | بورتالا ئوبلاستى | 34000 | شايار ناھىيىسى | 9000 | قاراقاش ناھىيىسى | 12500 |
| قۇمۇل شەھىرى | 28000 | تېكەس ناھىيىسى | 19160 | بورتالا شەھىرى | 12500 | توقسۇ ناھىيىسى | 12500 | لوپ ناھىيىسى | 12500 |
| باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | 9200 | موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى | 4000 | جىڭ ناھىيىسى | 12500 | باي ناھىيىسى | 11060 | چىرا ناھىيىسى | 12500 |
| ئارانتۇرۇك ناھىيىسى | 7500 | كان رايونى | 12000 | ئارشاڭ ناھىيىسى | 9000 | قىزىلسۇ ئوبلاستى | 26750 | كېرىيە ناھىيىسى | 5000 |
| سانجى ئوبلاستى | 138100 | تارباغاتاي ۋىلايىتى | 115660 | بايىنغولىن ئوبلاستى | 127060 | ئاتۇش شەھىرى | 13000 | نىيە ناھىيىسى | 5000 |
| سانجى شەھىرى | 42500 | چۆچەك شەھىرى | 50000 | كورلا شەھىرى | 36060 | ئاقتۇ ناھىيىسى | 8750 | ئاشلىق ـ باغ پۈتكەش پونكىتى ئۇن زاۋۇتى | 37500 |
| ماناس ناھىيىسى | 12500 | دۆربىلجىن ناھىيىسى | 8460 | خېجىڭ ناھىيىسى | 12500 | ئاقچى ناھىيىسى | 5000 | | |
| قۇتۇبى ناھىيىسى | 12500 | شىخۇ ناھىيىسى | 14000 | خوشۇت ناھىيىسى | 9000 | قەشقەر ۋىلايىتى | 175910 | | |
| مىچۈەن ناھىيىسى | 5000 | ساۋەن ناھىيىسى | 13200 | يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى | 15000 | قەشقەر شەھىرى | 43750 | | |
| فۇكاڭ شەھىرى | 15600 | تولى ناھىيىسى | 9000 | مالەن | 12500 | يەكەن ناھىيىسى | 12500 | | |

ئىزاھ: 1. بۇ جەدۋەلدىكى ماتېرىياللارنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى سانائەت باشقارمىسى تەمىنلىگەن، پىششىقلاش ئىقتىدارى ئۆزىمىچى شەھىرىدىكى كارخانا بويىچە تولدۇرۇلغاندىن سىرت، باشقا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى رايون ئايرىمىسى بويىچە تولدۇرۇلدى.

2. بۇ جەدۋەلدىكى پىششىقلاش ئىقتىدارى بىر يىلدا بىرتەرەپ قىلىندىغان بۇغداي مىقدارى بويىچە ھېسابلاندى. 4 — 2 جەدۋەلدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بۆرۈتىي ستاتىستىكا يىللىق مەلۇماتىدا قىسمەن جايلارنىڭ ئەمەلىي ئىشلەپچىقارغان ئۇن مىقدارى بويىچە ھېسابلانغان، شۇڭا ئىككى جەدۋەلدىكى ساندا بىر ئاز ئوخشىماسلىق بار.

## 2) گۈرۈچ

ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ماشىنا ئارقىلىق گۈرۈچ ئاقلىشى 50 - يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە باشلاندى. 1957 - يىلى ئاشلىق نازارىتى مەبلەغ سېلىپ ئۈنسۇ ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئىسكىلاتىدا 24 تېپلىق بىرلەشمە شال ئاقلاش ماشىنىسى ئورنىتىپ كىچىك بىر شال ئاقلاش زاۋۇتى قۇردى. زاۋۇت كۆلىمى 200 كۋادرات مېتىرلىق ئاددىي كېسەك ئۆيگە جايلاشقانىدى، بۇ ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرى قۇرغان تۇنجى شال ئاقلاش زاۋۇتى ئىدى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا يەنە ئاقسۇ شال ئاقلاش زاۋۇتى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇ 2 شال ئاقلاش زاۋۇتىنىڭ يىللىق شال ئاقلاش ئىقتىدارى 5000 تونىنا ئىدى، شۇ يىلى 1000 توننىدىن ئارتۇق گۈرۈچ ئاقلىدى.

1958 - يىلى ئاشلىق نازارىتى ۋۇخەندىن ياپونىيىدە ئىشلەنگەن شال ئاقلاش ماشىنىسى سېتىۋېلىپ، ئۈرۈمچى «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتىنىڭ رېمونت سېخىدا قۇراشتۇردى. 1959 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ شال ئاقلاش زاۋۇتى (سېخى) 5 كە، ئۇلارنىڭ يىللىق شال ئاقلاش ئىقتىدارى 20 مىڭ توننىغا يەتتى، بۇ ئۈسكۈنىلەرنىڭ ھۈنەر - سەنئىتى ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە خېلى ئىلغار ئىدى. شۇ يىلى بۇ 5 زاۋۇتتا ئاقلانغان گۈرۈچ 5356 توننا بولۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى تارماقلار ئاقلىغان 36 مىڭ 600 توننا گۈرۈچ (يەرلىك ئۇسۇلدا ئاقلانغىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ 14.63% نى ئىگىلىدى. بىغتۇەن ئاقلىغان گۈرۈچ 21 مىڭ 600 توننا بولۇپ، 58.99% نى ئىگىلىدى؛ ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ئاقلانغان گۈرۈچ 9652 توننا بولۇپ، 26.38% نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى تارماقلارنىڭ شالدىن گۈرۈچ چىقىرىش ئوتتۇرىچە نىسبىتى 56.8% بولۇپ، 1958 - يىلدىكىدىن 1.03 پىرسەنت پوئېنتى ئاشتى. ئۇنىڭ ئىچىدە خوتەن ناھىيىلىك ئاشلىق - ياغ زاۋۇتىنىڭ شالدىن گۈرۈچ چىقىرىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، 60% كە يەتتى.

1958 — 1959 - يىللىرى جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرى يەرلىك ئۇسۇلدا شال ئاقلاش سايمانلىرىنى ئېغىلاپ، يېرىم ماشىنىلاشقان ئاددىي شال ئاقلاش ئۈسكۈنىلىرى ۋە سايمانلىرىنى ياسىدى. قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلار ياغاچتىن شال ئاقلاش ماشىنىسىنى ياسىدى، قەشقەر «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى چۆجگۈن-كۆرمەك يۇلۇش ماشىنىسى، تاسقاش ۋە سۇمۇرۇش ئۈسكۈنىلىرىنى ياسىدى، ماناس ناھىيىسى سورۇش ماشىنىسىنى شال ئاقلاش ماشىنىسىغا ئۆزگەرتتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك «مىنشىڭ»، ياغ زاۋۇتىدا قوش چاقپەلەك، قوش تولۇقلۇق سۇ ئوغۇرى ياسالدى. جايلار ئۆزلىرى ياسىغان بۇ ئۈسكۈنىلەر ماشىنا - ئۈسكۈنە كەمچىل، كاۋچۇك تولۇق قىس بولغان ئەينى ۋاقىتتا مۇئەييەن رول ئوينىدى، لېكىن ئۇ ئۈسكۈنىلەرنىڭ ياسىلىشى قوپال، سۈپىتى ناچار بولغاچقا، كۆپ قىسمى ئىشلىتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي شاللىۋېتىلدى. 1960 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ماشىنا ئارقىلىق گۈرۈچ ئاقلاش ئىقتىدارى ئېھتىياجلىق ئىقتىدارنىڭ 32% ىنىلا ئىگىلىدى.

60 - يىللارنىڭ بېشىدا ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ يېرىم ماشىنىلاشقان كىچىك ماشىنىلار بىلەن شال ئاقلاش ئىشىدا مەلۇم تەرەققىياتلار بولدى. شالچىلىق رايونلىرىدىن ئاقسۇ، قەشقەر، كورلا ۋىلايەتلىرى ۋە ئۈرۈمچى، سانجى، ماناس، مىچۇەن، ساۋەن، شىخو، غۇلجا، سۈيدۇڭ، چاپچال، قورغاس، توققۇزتارا قاتارلىق ناھىيىلەر كونا ئامبار ۋە ئۈسكۈنىلەردىن پايدىلىنىپ شال ئاقلاش ئىشىنى قانات يايدۇردى. 1960 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق تارماقلىرى ئاقلىغان گۈرۈچ 6612 توننا بولۇپ، 1959 - يىلدىكىدىن 23.45% ئاشتى؛ 1962-يىلى 7988 توننىغا يېتىپ، تارىختا يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. 1963 - يىلىنىڭ بېشىدا، شالدىن گۈرۈچ ئېلىش نىسبىتى يۇقىرىلىرىنىڭ 64.64%، تۆۋەنلىرىنىڭ 50%، ئادەتتە 58% ئەتراپىدا بولدى. 1964-يىلى ئاشلىق نازارىتىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدىكى شال ئاقلاش زاۋۇتى (سېخى) 11 گە، يىللىق گۈرۈچ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 50 مىڭ توننىغا يەتتى. ئاقلاش ئۈسكۈنىلىرى ئاساسەن بىرلەشمە شال ئاقلاش

ماشىنىسى بولۇپ، ئۇ دان تازىلاش ماشىنىسى، شال ئاقلاش ماشىنىسى، دان، گۈرۈچ ئايرىش ماشىنىسى، قۇم تۆلۈقلۇق گۈرۈچ ئاقلاش ماشىنىسى، لىببىدكا، مەركەزدىن قاچما توزان يىغقۇچ قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەر بىرى سائىتىگە 1000 كىلوگرام گۈرۈچ پىششىقلايتتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە قۇم تۆلۈقلۇق گۈرۈچ تازىلاش ماشىنىسى، توغرا تۆمۈر تۆلۈقلۇق گۈرۈچ ئاقلاش ماشىنىسى، ياپونىيىدە ئىشلەنگەن قۇم سوقا قاتارلىقلار بار ئىدى. قالغان كىچىك گۈرۈچ زاۋۇتلىرى ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. شال ئاقلاش سېخلىرى خىش ئۆيلەردە بولۇپ، كىچىكلىرى 100 كۋادرات مېتىر، چوڭلىرى 500 كۋادرات مېتىر كۆلەمدە ئىدى.

60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى مەزگىلىدە بىكىتۇەندىكى شال ئىشلەپچىقىرىدىغان تۈەن - مەيدانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرى شال ئاقلاش زاۋۇتلىرىنى قۇردى. لېكىن يەر شال ئاقلاشقا باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئاقلىشىغا كىرەكلىك شال ئازىيىپ كېتىپ، گۈرۈچ مەھسۇلاتى تۆۋەنلەپ كەتتى. 1968- يىلى گۈرۈچ مەھسۇلاتى 2700 توننىغا چۈشۈپ قىلىپ، 1962 - يىلدىكى مەھسۇلاتنىڭ 33.8% نىلا ئىگىلىدى. بىكار تۇرۇپ قالغان شال ئاقلاش زاۋۇت (سېخ) لىرى تېرىق، ئاق قوناق ياكى باشقا قارا ئاشلىقلارنى پىششىقلاش بىلەن شۇغۇللاندى.

70 - يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايوندىكى شالچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يېزا ئىگىلىك تۈەن- مەيدانلار ۋە گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۆزلىرى ئۇسكۈنە سېلىپ شال سېتىپ بېرىشنىڭ ئورنىغا گۈرۈچ سېتىپ بېرىدىغان بولدى. ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئونسۇ، يەكەن، قاراقاش، مىچۈەن قاتارلىق ئازغىنا ناھىيىلەردىكى شال ئاقلاش زاۋۇت (سېخ) لىرى پەسىل خاراكتېرىدە ئاز مىقداردا شال ئاقلىدى، باشقا زاۋۇت (سېخ) لاردىن بەزىلىرى تاقالدى، بەزىلىرى ئاشلىق، ياغ زاۋۇتىغا قوشۇۋېتىلىپ، قارا ئاشلىق تارتىدىغان قىلىۋېتىلدى. مۇنداق ھالەت 80 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغىچە داۋاملاشتى.

1989 - يىل 10 - ئايدا ئاپتونوم رايون ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ئاشلىق تارماقلىرى بىرلىكتە 1 مىليون 200 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سالغان، ئونسۇ ناھىيىسىدىكى يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان، يىلىغا 10 مىڭ توننا شال ئاقلايدىغان زاۋۇتنىڭ قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، 1990 - يىل 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى ئەڭ چوڭ شال ئاقلاش زاۋۇتى ئىدى. بۇ زاۋۇتنىڭ كۆلىمى 30 مو، سېخلىرىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 780 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ۋۇخەندە ئىشلەنگەن، سىرتتىن كىرگۈزۈپ ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئۇسكۈنە ئىشلىتىلگەن. ئۇنىڭ ئاساسلىق ماشىنىسى پۈركۈشچان شال ئاقلاش ماشىنىسى، قۇم تۆلۈقلۇق شال ئاقلاش ماشىنىسى، شالنى توپاندىن ئايرىش غەلۋىرى قاتارلىق مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار ئۇسكۈنىلەر بولۇپ، «كۆپ ماشىنا ئارقىلىق ئاق چىقىرىش» شال ئاقلاش ھۈنەر - سەنئىتى قوللىنىلغان، ئۇ ئۈزلۈكسىز شال ئاقلىسا، كۈنىگە 50 توننا گۈرۈچ چىقىرالايتتى، گۈرۈچ چىقىرىش نىسبىتى 67% كە يېتىپ، شال ئاقلاش ئىقتىدارى بۇرۇنقى زاۋۇتلاردىكى ئۇسكۈنىلەرنىڭكىدىن 35 توننا كۆپەيدى، گۈرۈچ چىقىش نىسبىتى 4 پىرسەنت پونكىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئۇ زاۋۇت شۇ يىلى ئۆلچەملىك 1 - گۈرۈچ، ئۆلچەملىك 2 - گۈرۈچتىن 3242 توننا ئاقلىدى. گۈرۈچنىڭ ئۆڭۈنى ئاز، توك سەرپىياتى تۆۋەن بولدى. كېيىن يەنە ئايرىم ئۇسكۈنىلەرنى كۆپەيتىپ يۇمىمۇ بولىدىغان گۈرۈچ ۋە ئۈزۈكلۈك گۈرۈچلىرىنى ئىشلەپچىقاردى. بۇ گۈرۈچلەرنىڭ سۈپىتى ياخشى بولۇپ، تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلىرى دۆلەت ئۆلچىمىگە يەتتى.

1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ چوڭ - كىچىك شال ئاقلاش زاۋۇتى (سېخى) 11 گە، يىللىق شال ئاقلاش ئىقتىدارى 54 مىڭ 900 توننىغا يەتتى. بۇ زاۋۇتلاردىن ئىلىدىكىسىنىڭ 18 مىڭ 900 توننا، ئاقسۇدىكىسىنىڭ 16 مىڭ 700 توننا، خوتەندىكىسىنىڭ 8000 توننا، قەشقەردىكىسىنىڭ 7200 توننا، بايىنغولىندىكىسىنىڭ 2440 توننا، سانجىدىكىسىنىڭ 1356 توننا، قىزىلسۇدىكىسىنىڭ 300

تونىغا يەتتى. شۇ بىر يىلدا 5567 توننا شال ئاقلاندى. 6 ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ شالدىن ئوتتۇرىچە گۈرۈچ چىقىرىش نىسبىتى %59.31، يۇقىرىسىنىڭ %63.57، تۆۋىنىنىڭ %54.92 بولدى. ئىلى، ئاقسۇ، بايىنغولىن، خوتەندىن ئىبارەت ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا بىر توننا شالنى ئاقلاشقا 19.43 كىلوۋات توك سەرپ بولدى.

## 2 §. مەھسۇلات ئەھۋالى

شىنجاڭدا ئاشلىقتىن ئاساسلىق بۇغداي ئۇنى تارتىلاتتى. ئاشلىق قىس مەزگىللەردە مەلۇم ساندا كۆممىقوناق ئۇنىمۇ تارتىلدى. ئىلى، ئاقسۇ، خوتەن، قەشقەر، بايىنغولىن، سانجى، قىزىلسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى شال چىقىدىغان ناھىيە، شەھەرلەر ۋە بىڭتۈەندىكى شال چىقىدىغان تۈەن - مەيدانلار ئازراق شال ئاقلايتتى، تۇرپان، پىچان، توقسۇن قاتارلىق ناھىيىلەر ئاز مىقداردا ئاق قوناق ئاقلايتتى، سانجى ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى ناھىيىلەر يەنە تېرىق، سۇلۇ قاتارلىقلارنى پىششىقلايتتى.

1949 — 1957 - يىلغىچە شىنجاڭدا ئاساسلىق سۇ، ئۇلاغ تۈگمەنلىرىدە ئۇن تارتىلاتتى. ماشىنىدا ئۇن تارتىش قوشۇمچە قىلىناتتى. جايلار تارتقان ئۇنىنىڭ ئېسىللىقى ۋە ساپلىقى، سۈپىتى، ئۇن چىقىش نىسبىتى ئوخشاش ئەمەس ئىدى. زاۋۇت ئۇنىنىڭ ئادەتتە 2 — 3 سورتى بولۇپ، سۈپىتى سۇ، ئۇلاغ تۈگمىنىدە تارتىلغان ئۇندىن ياخشىراق ئىدى. 1949 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندا، ئۆلكە بويىچە شەھەر، يېزىلار ئارىسىدا پەقەت غۇلجا شەھىرىدىلا زاۋۇت ئۇنى ئىشلەپچىقىرىلاتتى، يىللىق مەھسۇلاتى 3705 توننا بولۇپ، جىرىس ئۇن، %75 لىك ئۇن، ئۆلچەملىك ئۇن، ئادەتتىكى ئۇن دەپ 4 خىلغا بۆلۈنەتتى. باشقا جايلاردا سۇ، ئۇلاغ تۈگمىنىدە ئۇن تارتىلاتتى. 1952 - يىل 4 - ئايدا ئۈرۈمچى خەلق ئۇن زاۋۇتىنىڭ «تەڭرىتاغ» ماركىلىق ئۇنى بازارغا سېلىنغاندا ئاممىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئالقىشىغا ئېرىشكەنىدى. 1953 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۆلكە بويىچە 4 ئۇن زاۋۇتى بار بولدى. ئۇلار يەرلىك سانائەت بولۇپ، مەھسۇلاتى 22 مىڭ توننا ئىدى. ئۈرۈمچى، غۇلجا شەھەرلىرىدە %75 لىك ئۇن ۋە ئۆلچەملىك ئۇن، شىخەنزىدە ئۆلچەملىك ئۇن، ئاقسۇدا ئۆلچەملىك ئۇن ۋە كېپەكلىك ئۇن تارتىلدى. ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ غەربىي شىمال بويىچە دەرىجىلىك ئۇن ئىشلەپچىقىرىدىغان بىردىنبىر ئۆلكە ئىدى. ئۆلكە بويىچە ئاز ساندىكى ئاشلىقى يېتىشمەيدىغان نامرات جايلاردىن باشقا، چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەردىكى ئاممىنىڭ ئۇن سۈپىتىگە بولغان تەلىپى بىرقەدەر يۇقىرى بولۇپ، ئادەتتە %75 لىك ئۇن بولسىلا ئۆلچەملىك ئۇننى سېتىۋالمايتتى، زاۋۇت ئۇنى بولسىلا سۇ، ئۇلاغ تۈگمەن ئۇنىنى سېتىۋالمايتتى. بۇ ۋاقىتتا، ئۆلكە بويىچە ئاشلىق مىنىستىرلىكى ئوتتۇرىغا قويغان «ساپلىقىنى ئۆستۈرۈش، ئېسىللىقىنى تۆۋەنلىتىش، ئاشلىق تېجەش» تىن ئىبارەت ئاشلىق پىششىقلاش فاڭجېنى ئىجرا قىلىنىشقا باشلاپ، 1954 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا كەلگىچە ئۈرۈمچى، غۇلجا شەھەرلىرىدە %75 لىك ئۇن مەھسۇلاتى قىسقارتىلىپ، تىببىي داۋالاش، سانائەت ۋە ئالاھىدە ئېھتىياجنى تەمىنلەش ئۈچۈن ئاز مىقداردا %75 لىك ئۇن ئىشلەپچىقىرىلدى، شىنجاڭ بويىچە ئۇنىنىڭ ئېسىللىقى ئومۇمىيۈزلۈك تۆۋەنلىتىلىپ، ئوتتۇرىچە ئۇن چىقىش نىسبىتى %81 تىن %84 كە چىقىرىلغانىدى، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتىنىڭ ئۇن چىقىرىش نىسبىتى %84 ئىدى، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى جەنۇبىي شىنجاڭ 1 - شۆبىسىنىڭ ئۇن چىقىرىش نىسبىتى %82 تىن %84 كە چىقىرىلغانىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى بۇغداي سۈپىتى ناچار بولغان ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدىمۇ ئۇن چىقىرىش نىسبىتى %75 تىن %81 — %83 كە يەتتى. شۇ يىلدىن ئېتىبارەن شىنجاڭدىكى ئۇن زاۋۇتلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆلچەملىك ئۇن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى (ئادەتتە

ئوتتۇرا دەرىجىلىك بۇغدايدىن ئۇن چىقىش نىسبىتى 84% — 85%) ۋە ئۇ تەدرىجىي ھالدا ھەردىنبىر ئۇن مەھسۇلاتى بولۇپ قالدى. ئۆلچەملىك ئۇن تارتىشقا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى «خەلق» ئۇن زاۋۇتى ۋە شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى ئالدى يولدىن ئۇن چىقىرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا باشلىدى، بۇ ئۇسۇلنىڭ ھۈنەر. سەنئىتى ئاددىي، ئۇن يولى قىسقا، بىرلىك مەھسۇلاتى يۇقىرى، توك سەرپىياتى تۆۋەن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئالدى يولدىن ئۇن چىقىرىش ئۇسۇلى غۇلجا، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى ئۇن زاۋۇتلىرىدا ئومۇملاشتۇرۇلدى.

1954 - يىلدىن كېيىن زاۋۇتتا ئۇن تارتىش بىرقەدەر تېز تەرەققىي قىلىپ، ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇن مەھسۇلاتىدىكى نىسبىتى يىلدىن - يىلغا كۆپىيىپ، 1957 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا 46.93% كە يەتتى (جەدۋەل: 4 — 4 كە قاراڭ)، ئاپتونوم رايوندىكى ئاساسلىق شەھەرلەر ۋە سانائەت، كان رايونلىرىدا كىشىلەر ئاساسىي جەھەتتىن زاۋۇت ئۇنى يېيەلەيدىغان بولدى.

### شىنجاڭدىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ 1957 - يىلدىكى ئۇن مەھسۇلاتى

جەدۋەل: 4 — 4 بىرلىكى: توننا

| جايلار | جەمئىي | زاۋۇت ئۇنى | تۈگمەن ئۇنى | زاۋۇت ئۇنىنىڭ نىسبىتى (%) |
|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە | 242500 | 113800 | 128700 | 46.93 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 50000 | 50000 | | 100 |
| ئۈرۈمچى ۋىلايىتى | 29510 | | 29510 | |
| سانجى ئوبلاستى | 3410 | | 3410 | |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 8910 | 8000 | 910 | 89.78 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 6160 | 4000 | 2160 | 64.94 |
| كورلا ۋىلايىتى | 4860 | | 4860 | |
| غۇلجا شەھىرى | 23575 | 17000 | 6575 | 72.11 |
| ئىلى ئوبلاستى ناھىيىلىرى | 14765 | | 14765 | |
| بورتالا ئوبلاستى | 5160 | | 5160 | |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 12035 | 5000 | 7035 | 41.55 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 7775 | 4800 | 2955 | 61.90 |
| قەشقەر شەھىرى | 12590 | 12000 | 590 | 95.31 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 30770 | | 30770 | |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 1440 | | 1440 | |
| خوتەن ۋىلايىتى | 17340 | 4000 | 13340 | 23.07 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 14220 | 9000 | 5220 | 28.13 |

ئىزاھ: بۇ جەدۋەلدىكىسى تارتىلغان تاۋار ئاشلىق بولۇپ، بىكىتۈەندىكى كارخانىلارغا ھاۋالە قىلىپ تارتىلغان ئۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1957 ـ يىلدىن ئېتىبارەن ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق مىنىستىرلىكى ئوتتۇرىغا قويغان مەھسۇلات سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، بىرلىك مەھسۇلاتنى مۇۋاپىق ئۆستۈرۈش، پىششىقلاشتىكى ئىسلىلىق دەرىجىسىنى تىزگىنلەش، ئۈن چىقىش نىسبىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت ئىشلەپچىقىرىش فاڭجېنى ئىجرا قىلىنىدى ھەمدە «ئاپتونوم رايوننىڭ بۇغداي ئۇنىنىڭ دەرىجە ئۆلچىمى (لايىھە)» گە ئاساسەن، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈن ئىشلەپچىقىرىشتىكى سۈپەت ئۆلچىمى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. يۇقىرىدىكى فاڭجېن ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن، 1957 — 1958 ـ يىللىرى ئوتتۇرىچە ئۈن چىقىش نىسبىتى 85.41% كە يېتىپ، 1956 ـ يىلدىكىدىن 0.87 پىرسەنت پوئېنتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1959 ـ يىلى «مەھسۇلاتنى بىر قاتلاش» تەلىپى بويىچە، جايلاردىكى ئۈن زاۋۇتلىرى ئۈن چىقىرىش ھۈنەر ـ سەنئىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاپ، «ئالدى يول» دىن كۆپ ئۈن تارتىپ، بىرلىك مەھسۇلاتنى ۋە ئۈن چىقىرىش نىسبىتىنى ئۆستۈردى، شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 388 مىڭ 300 توننا ئۈن (بىڭتۇەننى ۋە گوڭشې ـ ئەترەت كارخانىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىدۇ) ئىشلەپچىقىرىلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق تارماقلىرى ئىشلەپچىقارغىنى 158 مىڭ 900 توننا بولۇپ، ئۈن چىقىش نىسبىتى 85.82% كە يەتتى، بۇ ئالدىدىكى 2 يىلنىڭ ئوتتۇرىچە سانىدىن 0.41 پىرسەنت پوئېنتى يۇقىرى بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە توك تۈگمەنلىرىنىڭ بىر دىيۇم سائەتلىك ئۈن مەھسۇلاتى 11.61 كىلوگرام بولدى، قەشقەر «1 ـ ئاۋغۇست» ئۈن زاۋۇتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى بولغان ۋاقىتلاردا 20.83 كىلوگرامغا يەتتى.

1960 — 1962 ـ يىللىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئىنتايىن جىددىي بولدى، ئاشلىقنى تېجەش ئۈچۈن ئاشلىق نازارىتى جايلاردىن ئۇنىنىڭ ئىسلىلىق دەرىجىسىنى تىزگىنلەپ، ئۈن چىقىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈشنى قاتتىق تەلەپ قىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆلچەملىك ئۈن ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىي جەھەتتىن توختىتىلدى، كۆپ ساندىكى جايلار ئۈن چىقىش نىسبىتى 90% تىن يۇقىرى ئادەتتىكى ئۈن ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىدى، بەزى ۋىلايەت، ناھىيىلەر 95% لىكتىن يۇقىرى بولغان كېپەكلىك ئۈن ئىشلەپچىقاردى. 1963 ـ يىلنىڭ بېشىدا ئاپتونوم رايون بويىچە زاۋۇتتا تارتىلغان بۇغدايدىن ئۈن چىقىش نىسبىتى 90.06% بولدى، ئۈرۈمچى «1 ـ ئاۋغۇست» ئۈن زاۋۇتىنىڭ 92.02% كە يەتتى. يەنە قەشقەر، غۇلجا، كورلا قاتارلىق جايلاردىكى ئاشلىق، ياغ زاۋۇتلىرىنىڭمۇ ئۈن چىقىش نىسبىتى 90% تىن يۇقىرى بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە بۇغداينى يەرلىك ئۇسۇلدا تارتقانلارنىڭ ئۈن چىقىش نىسبىتى 88.03% بولدى، ئۇنىڭ ئىچىدە، قەشقەر، قۇمۇل ۋىلايەتلىرى، قىزىلسۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە تۇرپان، توقسۇن ناھىيىلىرىنىڭ ئۈن چىقىش نىسبىتى 90% تىن يۇقىرى بولدى. ئەڭ يۇقىرىسى توقسۇن ناھىيىسى بولۇپ، 94% كە يەتكۈزدى. شۇ مەزگىلدە ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئاشلىق، ياغ زاۋۇتلىرى يەنە نۇرغۇن قارا ئاشلىق تارتتى، ئۇ ئاشلىق تارماقلىرى تارتقان ئاشلىق ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 40% ئۆپچۆرىسىنى ئىگىلىدى. ئۈرۈمچى «1ـ ئاۋغۇست» ئۈن زاۋۇتى 1962 ـ يىلى 45 مىڭ 600 توننا قارا ئاشلىق تارتتى، ئۇ ئاساسەن كۆممىقوناق ئۇنى، ئاق قوناق ئۇنى، كۆكپۇرچاق ئۇنى، قارا بۇغداي ئۇنى ۋە باشقىلار بولۇپ، مەزكۇر زاۋۇت شۇ يىلى پىششىقلىغان ئاشلىق ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 50.7% نى ئىگىلىدى.

1964 ـ يىلدىن ئېتىبارەن ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆلچەملىك ئۈن ئىشلەپچىقىرىشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، بۇغدايدىن ئۈن چىقىش نىسبىتى ئادەتتە 84% ئۆپچۆرىسىدە بولدى. 1969 ـ يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر ـ بازارلىرىنى تەمىنلەيدىغان تۈگمەندە تارتىلغان ئاۋار ئۇنىنىڭ ئورنىنى زاۋۇتتا تارتىلغان ئۆلچەملىك ئۈن ئىگىلىدى ياكى تامامەن ئىگىلىدى.

70 ـ يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايون ئاشلىق كىرىم ـ چىقىمىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشتا ئاشلىق يۆتكەشكە تايانىدى، شۇنىڭ بىلەن جايلار بۇغدايدىن ئۈن چىقىش نىسبىتىنى يەنە ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈردى. 1973ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئاشلىق ئىدارىسى: بۇغدايدىن ئۈن چىقىش نىسبىتى

85% تىن تۆۋەن بولماسلىقىنى، 90% لىك ئۈن (ئادەتتىكى ئۈن) ئىستېمال قىلىشنى تەشەببۇس قىلىشنى، ئالاھىدە ئۈن ئىشلەپچىقىرىشقا توغرا كەلگەن جايلار پىلان تۈزۈپ ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتقا تەستىقلاتقاندىن كېيىن، ئىجرا قىلىشنى بەلگىلىدى. شۇ يىلى بۇغدايدىن ئوتتۇرىچە ئۈن چىقىش نىسبىتى شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا 83.5%، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا 84.5% بولدى. 1974 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئاشلىق ئىدارىسى ئۆلچەملىك بۇغداي ئۈنىنىڭ ئېسىللىقىدا ئالدى بىلەن ئۈن چىقىش نىسبىتىنى نەزەردە تۇتۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۈنىنىڭ رەڭگى، كېپەكى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈشنى، يىرىكرەك يېيىشنى تەشەببۇس قىلىشنى بەلگىلىدى ھەمدە جايلارغا «ئۆلچەملىك بۇغداي ئۈنى ئەۋرىشكىسى» نى تارقىتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆلچەملىك ئۈن تارتىش ئېسىللىق دەرىجىسىنى بىرلىككە كەلتۈردى. 1978 - يىلىمۇ ئاپتونوم رايون بويىچە يەنىلا «ساپلىقىنى ئۆستۈرۈش، ئېسىللىقىنى تىزگىنلەش، ئۈن چىقىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش» تىن ئىبارەت ئاشلىق پىششىقلاش فاڭجېنى ئىجرا قىلىنىۋەردى. شۇ بىر يىلدا ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئۈن مەھسۇلاتى 439 مىڭ 700 توننىغا يەتتى. بۇغدايدىن ئوتتۇرىچە ئۈن چىقىش نىسبىتى 85.35% بولدى. گەرچە ئۈن چىقىش نىسبىتى يۇقىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۈن تارتىش ماشىنىلىرىنىڭ پەيدىنپەي يېڭىلىنىشى ۋە ئۈن تارتىش تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن، كۆپ يىللاردىن بۇيان ساقلىنىۋاتقان ئوتتۇرا، كىچىك شەھەر - بازارلارنى تەمىنلەۋاتقان تاۋار ئۈن قارا، يىرىك بولۇش، چاينىسا گىچىلداش ئەھۋالى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىدى.

1979 - يىلدىن كېيىن ئاشلىق ۋەزىيىتىنىڭ ياخشىلىنىشى بىلەن، جايلار مەھسۇلات سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، ئۈن چىقىش نىسبىتىنى بەلگىلەپ، دۆلەت ئۆلچىمى بويىچە ئۆلچەملىك ئۈن ئىشلەپچىقاردى. 1983 - يىلى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى، شىخەنزە قاتارلىق جايلار ئۈنىنىڭ ئېسىللىق دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئالاھىدە ئۈن ئىشلەپچىقىرىشنى كۆپەيتتى، شۇ يىلى ئىشلەپچىقىرىلغان ئالاھىدە 1 - دەرىجىلىك ئۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان ئۈن مىقدارىنىڭ 4.55% نى ئىگىلىدى. 1984 - يىلى ئەتىيازدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى سانجى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئۈن زاۋۇتىدا نەق مەيدان يىغىنى چاقىرىپ، قىسقا يوللۇق دەرىجىلىك ئۈن ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتىنى ئومۇملاشتۇردى. 5 - ئايدا سودا مىنىستىرلىكىنىڭ «ئېسىل گۈرۈچ، ئېسىل ئۈن تارتىپ تەمىنلەشنى كېڭەيتىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» ىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون بويىچە تارتىلغان ئۈنىنىڭ ئېسىللىق دەرىجىسى كەڭ قويۇۋېتىلىپ، ئالاھىدە ئۈننى ئىمكانقەدەر كۆپ ئىشلەپچىقىرىش تەلەپ قىلىندى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرى ئىشلەپچىقارغان ئالاھىدە ئۈن ئومۇمىي ئۈن مەھسۇلاتىنىڭ 13.82% نى ئىگىلەپ، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 13.44 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەن بولدى. ئۈرۈمچى، شىخەنزە، قاراماي شەھەرلىرى، قۇمۇل ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستى ئالاھىدە ئۈننى كۆپلەپ ئىشلەپچىقاردى.

1986 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق ساھەسىدە ئەلا سورتلۇق ئاشلىق، ياغ مەھسۇلاتى يارىتىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغانىدى. بۇ پائالىيەتتە شىخەنزە ئاشلىق - ياغ زاۋۇتىنىڭ ئالاھىدە 1 - دەرىجىلىك ئۈنى تۈنجى قېتىم ئاپتونوم رايون بويىچە ئەلا مەھسۇلات بولۇپ باھالاندى، سانجى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئۈن زاۋۇتى، فۇكاڭ ئۈن زاۋۇتى ۋە شىخەنزە ئاشلىق - ياغ زاۋۇتىنىڭ 3 ئۈن سورتى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق ساھەسى بويىچە ئىشەنچلىك مەھسۇلات بولۇپ باھالاندى. 1990 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئەلا ئۈن مەھسۇلاتى 17 گە يەتتى (ئۇنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە ئۈن 8، جەدۋەل: 4 — 5 كە قاراڭ). ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق ساھەسى بويىچە ئىشەنچلىك ئۈن مەھسۇلاتى 48 گە يەتتى (ئۇنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە ئۈن 18).

## شىنجاڭنىڭ 1986 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە ئىشلەپچىقارغان سۈپەتلىك ئۇن مەھسۇلاتلىرى

جەدۋەل: 4 — 5

| مەھسۇلات نامى | يىللار | كارخانا نامى |
|---|---|---|
| «دالى» ماركىلىق ئالاھىدە 1 - دەرىجىلىك ئۇن | 1986 | شىخەنزە ئاشلىق - ياغ زاۋۇتى |
| «دالى» ماركىلىق ئۆلچەملىك ئۇن | 1987 | شىخەنزە ئاشلىق - ياغ زاۋۇتى |
| «تەڭرىتاغ» ماركىلىق ئالاھىدە 1 - دەرىجىلىك ئۇن | 1987 | سانجى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئۇن زاۋۇتى |
| ئۆلچەملىك ئۇن | 1988 | گۇچۇڭ ناھىيىلىك ئاشلىق - ياغ زاۋۇتى |
| «تەڭرىتاغ» ماركىلىق ئۆلچەملىك ئۇن | 1988 | سانجى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئۇن زاۋۇتى |
| «غەربىي دىيار» ماركىلىق ئالاھىدە 1 - دەرىجىلىك ئۇن | 1988 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى |
| «غەربىي دىيار» ماركىلىق ئۆلچەملىك ئۇن | 1989 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى |
| «ماناس دەرياسى» ماركىلىق ئۆلچەملىك ئۇن | 1989 | ماناس ناھىيىلىك ئۇن زاۋۇتى |
| «ماناس دەرياسى» ماركىلىق ئالاھىدە 1 - دەرىجىلىك ئۇن | 1989 | ماناس ناھىيىلىك ئۇن زاۋۇتى |
| ئۆلچەملىك ئۇن | 1989 | بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسى ئۇن زاۋۇتى |
| ئۆلچەملىك ئۇن | 1989 | قاراماي شەھەرلىك ئۇن زاۋۇتى |
| ئالاھىدە 1 - دەرىجىلىك ئۇن | 1990 | قۇتۇبى ناھىيىلىك ئاشلىق - ياغ زاۋۇتى |
| ئالاھىدە 1 - دەرىجىلىك ئۇن | 1990 | گۇچۇڭ ناھىيىلىك ئاشلىق - ياغ زاۋۇتى |
| ئۆلچەملىك ئۇن | 1990 | قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئۇن زاۋۇتى |
| «بۇغدا چوققىسى» ماركىلىق ئۆلچەملىك ئۇن | 1990 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى تۇدۇڭخابا كوچىسى پىششىقلاش زاۋۇتى |
| «دالى» ماركىلىق ئالاھىدە 1 - دەرىجىلىك ئۇن | 1990 | شىخەنزە ئاشلىق - ياغ زاۋۇتى |
| «دولان» ماركىلىق ئالاھىدە 1 - دەرىجىلىك ئۇن | 1990 | بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 - شى ئاشلىق - ياغ زاۋۇتى |

1986 - يىلدىن كېيىن، ئاپتونوم رايون بويىچە ئالاھىدە ئۇن ئىشلەپچىقىرىش بىرقەدەر تېز تەرەققىي قىلىپ، مىقدارى ۋە نىسبىتى يىلدىن - يىلغا ئېشىپ باردى. 1988 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق تارماقلىرى تارتقان ئالاھىدە ئۇن 194 مىڭ 600 توننا بولۇپ، تارتىلغان ئومۇمىي ئۇن مىقدارىنىڭ %23.10 نى ئىگىلەپ، 1985 - يىلدىكىدىن 100 مىڭ 800 توننا ئاشتى. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە 2 مىليون 273 مىڭ 800 توننا ئاشلىق تارتىلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە، ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ تارتقىنى 850 مىڭ 500 توننا (ئۇنىڭ 832 مىڭ 200 تونناسى بۇغداي ئۇنى، 12 مىڭ 800 تونناسى قارا ئاشلىق ئۇنى، 5567 تونناسى گۈرۈچ)، بىڭتۇەننىڭ تارتقىنى 422 مىڭ 300 توننا (ئۇنىڭ 308 مىڭ 300 تونناسى بۇغداي ئۇنى، 12 مىڭ 500 تونناسى قارا ئاشلىق ئۇنى، 101 مىڭ 500 تونناسى گۈرۈچ، جەدۋەل: 4 — 8 گە قاراڭ). يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ 1 مىليون 1000 توننا (ئۇنىڭ 900 مىڭ 300 تونناسى بۇغداي ئۇنى، 76 مىڭ 100 تونناسى گۈرۈچ، جەدۋەل: 4 — 9 غا قاراڭ). ئاشلىق تارماقلىرى تارتقان ئاشلىق ئىچىدە ئۇنىڭ ئاساسلىق سورتلىرىدىن ئالاھىدە 1 - دەرىجىلىك ئۇن، ئالاھىدە 2 - دەرىجىلىك ئۇن ۋە ئۆلچەملىك ئۇندىن سىرت يەنە بۇغداي ئۇندۇرمىسى، يارما ۋە ئاز مىقداردا مەخسۇس يېمەكلىكلەرگە ئىشلىتىلىدىغان ئۇن بار. مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇن دۆلەت ئۆلچىمىگە يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە بۇغدايدىن ئوتتۇرىچە ئۇن چىقىش نىسبىتى %80.94 بولدى. تارتىلغان ئۇن ئىچىدە ئالاھىدە ئۇن 230 مىڭ توننا بولۇپ، تارتىلغان ئومۇمىي ئۇن مىقدارىنىڭ %27.64 نى ئىگىلەپ، 1988 - يىلدىكىدىن 35 مىڭ 400 توننا ئاشتى.

شۇ يىلى ئۈرۈمچى، قاراماي قاتارلىق 4 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ ئالاھىدە ئۇن نىسبىتى 30% تىن ئاشتى.

## شىنجاڭنىڭ 1949 — 1956 - يىلغىچە پىششىقلىغان ئۇن مەھسۇلاتى

جەدۋەل: 4 — 6   بىرلىكى: توننا

| يىللار | ئۇن مەھسۇلاتى | يىللار | ئۇن مەھسۇلاتى |
|---|---|---|---|
| 1949 | 25737 | 1953 | 163693 |
| 1950 | 37190 | 1954 | 208892 |
| 1951 | 45401 | 1955 | 251655 |
| 1952 | 132207 | 1956 | 135907 |

ئىزاھ: ئاساسەن يەرلىك ئۇسۇلدا ئۇن تارتىش ئىشىنىڭ كۆپ قىسمى دېھقانچىلىق كوپېراتىپلىرىغا ئۆتۈپ كەتكەچكە، 1956 - يىلى 1955 - يىلدىكىدىن ئازىيىپ كەتكەن. ئۇ ستاتىستىكا قىلىنمىدى.

## شىنجاڭدىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ 1957 — 1990 - يىلغىچە پىششىقلىغان ئۇن مەھسۇلاتى

جەدۋەل: 4 — 7   بىرلىكى: توننا

| يىللار | ئۇن مەھسۇلاتى | يىللار | ئۇن مەھسۇلاتى |
|---|---|---|---|
| 1957 | 91822 | 1968 | 175014 |
| 1958 | 93140 | 1969 | 259821 |
| 1959 | 158870 | 1970 | 244484 |
| 1960 | 161661 | 1971 | 230739 |
| 1961 | 152049 | 1972 | 247887 |
| 1962 | 95064 | 1973 | 312474 |
| 1963 | 92227 | 1974 | 278467 |
| 1964 | 130916 | 1975 | 243697 |
| 1965 | 146906 | 1976 | 306543 |
| 1966 | 187378 | 1977 | 336346 |
| 1967 | 212426 | 1978 | 439677 |

| يىللار | ئۇن مەھسۇلاتى | ئۇنىڭ ئىچىدە | | ئالاھىدە ئۇن % |
|---|---|---|---|---|
| | | ئۆلچەملىك ئۇن | ئالاھىدە ئۇن (ئالاھىدە 1 -، ئالاھىدە 2 - دەرىجىلىك ئۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) | |
| 1979 | 437494 | 437494 | | |
| 1980 | 502052 | 502052 | | |
| 1981 | 571078 | 571078 | | |
| 1982 | 601587 | 601587 | | |
| 1983 | 643568 | 614268 | 29300 | 4.55 |
| 1984 | 626319 | 591159 | 35160 | 5.61 |
| 1985 | 678645 | 584831 | 93814 | 13.82 |
| 1986 | 716487 | 592240 | 124247 | 17.34 |
| 1987 | 775941 | 637075 | 138866 | 17.90 |
| 1988 | 842324 | 647737 | 194587 | 23.10 |
| 1989 | 829897 | 628533 | 201364 | 24.26 |
| 1990 | 832166 | 602120 | 230046 | 27.64 |

## شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ تارتقان ئۇن، ياغ مەھسۇلاتى

جەدۋەل: 4 — 8　　　　بىرلىكى: تۈمەن توننا

| يىللار | ئۇن | قارا ئاشلىق ئۇنى | گۈرۈچ | ياغ |
|---|---|---|---|---|
| 1952 | 0.22 | | 0.06 | 0.01 |
| 1953 | 0.47 | | 0.24 | 0.04 |
| 1954 | 1.97 | | 0.54 | 0.08 |
| 1955 | 3.19 | | 0.71 | 0.35 |
| 1956 | 5.62 | | 0.39 | 0.25 |
| 1957 | 5.50 | | 0.77 | 0.41 |
| 1958 | 7.79 | 1.03 | 1.57 | 0.46 |
| 1959 | 9.37 | 2.19 | 2.16 | 0.5 |
| 1960 | 9.9 | 4.3 | 1.82 | 0.4 |
| 1961 | 11.38 | 3.38 | 0.61 | 0.38 |
| 1962 | 7.16 | 7.26 | 0.61 | 0.29 |
| 1963 | 6.38 | 7.59 | 0.6 | 0.32 |
| 1964 | 9.33 | 8.11 | 1.21 | 0.44 |
| 1965 | 12.85 | 7.63 | 1.13 | 0.73 |
| 1966 | 15.07 | 7.91 | 1.9 | 1 |
| 1967 | 22.24 | 9.38 | 2.03 | 0.91 |
| 1968 | 23.04 | | 1.66 | 0.81 |
| 1969 | 21.85 | | 1.71 | 0.66 |
| 1970 | 27.74 | | 2.55 | 0.73 |
| 1971 | 26.9 | | 3.55 | 0.71 |
| 1972 | 15.13 | 9.17 | 3.8 | 0.83 |
| 1973 | 31.28 | | 3.46 | 1.03 |
| 1974 | 31.78 | | 3.43 | |
| 1975 | 7.61 | | 1.27 | 0.2 |
| 1976 | 14.4 | 5.17 | 2.3 | 0.41 |
| 1977 | 17.87 | 5.97 | 3.81 | 0.48 |
| 1978 | 18.8 | 6.39 | 4.87 | 0.64 |
| 1979 | 23.72 | 6.53 | 5.12 | 1.04 |
| 1980 | 26.03 | 5.26 | 4.59 | 1.39 |
| 1981 | 29.23 | 4.97 | 5.52 | 2.28 |
| 1982 | 30.74 | 4.62 | 6.98 | 3.11 |
| 1983 | 31.72 | 3.39 | 9.33 | 3.32 |
| 1984 | 34.08 | 21.74 | 9.14 | 3.53 |
| 1985 | 30 | 1.86 | 10.12 | 3.67 |
| 1986 | 29.67 | 1.18 | 7.86 | 4.89 |
| 1987 | 29.96 | 1.09 | 7.79 | 4.74 |
| 1988 | 33.10 | 0.8 | 9.68 | 5.04 |
| 1989 | 30.46 | 1.55 | 10.49 | 4.57 |
| 1990 | 30.83 | 1.25 | 10.15 | 4.69 |

ئىزاھ: 1952 - يىلدىن 1954 - يىل 9 - ئايدىن ئىلگىرىكى سانلار شىنجاڭ ھەربىي رايون ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش قىسىملىرىنىڭ سانلىرى، 1975 - يىل 4 - ئايدىن 1981 - يىل 12 - ئايغىچە بولغان سانلارنى ش ئۇ ئا ر بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارە سىستېمىسى ستاتىستىكا قىلغان.

**شىنجاڭدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ 1980 — 1990 - يىللىرىچە تارتقان ئۇن، ياغ مەھسۇلاتى**

جەدۋەل: 4 — 9 — بىرلىكى: تۈمەن توننا

| يىللار | ئاشلىق: جەمئىي | ئاشلىق: ئۇنىڭ ئىچىدە: ئۇن | ئاشلىق: ئۇنىڭ ئىچىدە: گۈرۈچ | يەم | ياغ |
|---|---|---|---|---|---|
| 1980 | 25.81 | | | | 0.73 |
| 1981 | 32.1 | | | | 0.93 |
| 1982 | 30.45 | | | 0.01 | |
| 1983 | 31.86 | | | | 0.76 |
| 1984 | 44.4 | 29.9 | 1.42 | 0.05 | 0.18 |
| 1985 | 36.28 | 31.06 | 0.96 | 0.25 | 0.93 |
| 1986 | 49.6 | 41.85 | 2.21 | 6 | 2.38 |
| 1987 | 83.35 | 71.59 | 3.04 | 13.75 | 3.6 |
| 1988 | 83.8 | 70.77 | 3.13 | 3.98 | 4.1 |
| 1989 | 89.81 | 71.79 | 3.75 | 20.97 | 2.77 |
| 1990 | 100.1 | 90.03 | 7.61 | 12.97 | 4.01 |

ئىزاھ: بۇ جەدۋەلدىكى ماتېرىياللار ش ئۇ ئا ر يېزا - بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ يىللىق ستاتىستىكا مەلۇماتىدىن ئېلىندى.

# باب II

# ياغ تارتىش

## § 1 . ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى

### 1. قول ھۈنىرى ئارقىلىق تارتىش

شىنجاڭ تارىخىدا ئۇسۇملۇك يېغىنى تارتىدىغان جۇۋازخانىلاردا ئۇزۇن مەزگىل قول ھۈنىرى شەكلىدىكى ئەنئەنىۋى ياغ تارتىش (قىسقارتىپ يەرلىك ئۇسۇلدا ياغ تارتىش دېيىلىدۇ) ئۇسۇلى قوللىنىلىپ كەلگەن. ئاساسلىق ياغ تارتىش سايمىنى قىسماق جۇۋاز، جۇۋاز، تاش جۇۋاز قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. ياغ

چىقىرىدىغان بۇ سايمانلار ئادەم كۈچى ياكى ئۇلاغ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلەتتى، ئەمگەك سىجىللىقى يۇقىرى، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى ۋە ياغ چىقىش نىسبىتى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى.

## 1) ئەنئەنىۋى ياغ تارتىش ئۇسۇلى ۋە ئۇنىڭ جايلىشىشى

(1) قىسماق جوۋاز دىئامېتىرى 0.8 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 10 نەچچە مېتىرلىق چىڭ ياغاچتىن ئىش قىلىنىپ، ئۇنىڭ مۇقىملاشتۇرۇلىدىغان تەرىپىنىڭ ئاستىغا بىر ئازگال تەييارلىنىدۇ. ياغلىق دان قورۇش، يانچىش، دۈملەش، بېسىشتىن ئىبارەت 4 ئىش تەرتىپىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭ جەريانى مۇنداق: ياغلىق دان شامالدۇرغۇچ ياكى غەلۋىر ئارقىلىق تازىلىنىدۇ، ئاندىن بوش ئوتتا قورۇپ، تاش جوۋازدا ئېزىپ، دۈملىگەندىن كېيىن پاخالدا يۆگەپ، 50 كىلوگرام ئەتراپىدا پوم قىلىنىپ، ئازگالغا قويۇلۇپ، ئادەم كۈچى بىلەن چىغىرىق ئايلاندۇرۇلۇپ، ئىس ياغاچ چۈشۈرۈلىدۇ، ئىسنىڭ ئېغىرلىقى ۋە ئارقا ـ ئارقىدىن شىنا قېقىش قىسىشى بىلەن ياغ سىقىپ چىقىرىلىدۇ. بىر قېتىم ياغ بېسىشقا 18 سائەت، مەشغۇلاتقا تەخمىنەن 6 سائەت ۋاقىت كېتىدۇ. قىسماق جوۋاز 2 خىل بولىدۇ، بىر خىلى تاق ئىسلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا 2 ئادەم مەشغۇلات قىلىدۇ، كۈنىگە 40 — 100 كىلوگرام ياغ چىقارغىلى بولىدۇ؛ يەنە بىر خىلى قوش ئىسلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا 3 ئادەم مەشغۇلات قىلىدۇ، كۈنىگە 60 — 150 كىلوگرام ياغ چىقارغىلى بولىدۇ. زىغىر، قىچىدىن ئادەتتە 27% ئەتراپىدا ياغ چىقىدۇ. قىسماق جوۋازخانا ئادەتتە كېسەك تاملىق بولۇپ، تەخمىنەن 150 كۋادرات مېتىر كۆلەمدە بولىدۇ. قىسماق جوۋازخانا ئاساسەن تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ھەرقايسى جايلارغا تارقالغان. مىنگونىڭ 20 ـ يىلى (1931 ـ يىلى) ساۋەن ناھىيە بازىرىدا 6 قىسماق جوۋازخانا، يېزىلىرىدا 16 قىسماق جوۋازخانا بولغان. مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى سۇ يېغى، كۈنجۈت يېغى كەسپىي تەشكىلاتى «رەستە بېشى» شەكلىدىن «كەسىپداشلار جەمئىيىتى» گە ئۆزگەردى (ئەمەلىيەتتە 1948-يىلى رەسمىي ئىشقا چۈشتى). 1949 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى جوۋازخانىلار 41 گە، كۈنجۈت يېغى جوۋازخانىلىرى 14 كە يەتتى.

(2) جوۋاز بۇ ئاساسەن بىر كۆتەك ۋە ئوقتىن تەركىب تاپىدۇ. كۆتەكنىڭ دىئامېتىرى 90 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 60 سانتىمېتىر بولۇپ، كۆتەكنىڭ ئىچكى دىئامېتىرى 40 سانتىمېتىرچە قازان تېگى شەكلىدە ئويۇلۇپ، ئوتتۇرىسىدىن بىر تۆشۈك ئېچىلىدۇ. دىئامېتىرى 25 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 2.5 — 3.5 مېتىرلىق بىر تال ياغاچ ئوق قىلىنىپ، كۆتەكنىڭ ئىچىدىكى ئويمانغا دەل كەلگۈدەك قىلىپ ياسىلىدۇ. جوۋازدا ياغ چىقىرىش جەريانى مۇنداق: ياغلىق دان غەلۋىر ياكى شامالدۇرغۇچتا تازىلانغاندىن كېيىن؛ بىر قېتىمدا 3 — 4 كىلوگرام ياغلىق دان كۆتەك ئىچىگە سېلىنىپ، ئۇلاغ ھەيدىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئوق چۆرگىلەپ ياغلىق داننى ئېزىدۇ، ياغلىق داننىڭ يىرىك ـ يۇمشاقلىقى، ھۆل ـ قۇرۇقلۇقىغا قاراپ ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئېزىلىۋاتقان ياغلىق دانغا سۇ چېچىلىدۇ (بەزى ياغلىق دانغا پاخال ئارىلاشتۇرۇلىدۇ)، جوۋازنى سۆرەۋاتقان ئۇلاغ كۆتەك تېگىدىكى ياغ چىقىش تۆشۈكىدىن ياغ چىقمىغانغا قەدەر ھەيدىلىدۇ. جوۋازدا بىر قېتىملىق ياغ چىقىرىشقا 1.5 سائەت ۋاقىت كېتىدۇ، كۈنىگە 5 كىلوگرام ئەتراپىدا چىقىرىلىدۇ. زىغىر، قىچىدىن ياغ چىقىش نىسبىتى ئادەتتە 24% ئەتراپىدا بولۇپ، ياغنىڭ نەملىكى يۇقىرى بولىدۇ، جوۋازخانا كۆپىنچە پاكار، كېسەك ئۆيلەردە بولۇپ، ئالادا لاپاس ئاستىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغانلىرىمۇ بولىدۇ. ئۇ 15 كۋادرات مېتىرچە يەر ئىگىلەيدۇ. مۇنداق جوۋازخانىلار تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى جايلاردا كۆپ، مىنگونىڭ 30 ـ يىلى (1941- يىلى) كۇچا ناھىيىسىنىڭ ئۆزىدىلا 108 جوۋازخانا بولغان، 1949 ـ يىلى يەنە 70 جوۋازخانا بار ئىدى.

(3) تاش جوۋاز ياغلىق داننى يانچىپ قىسماق جوۋازغا تەييارلاپ بېرىدىغان، شۇنداقلا بىۋاسىتە

كۆنجۈت يېغى چىقىرىدىغان سايمان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن جايلاردا جۇۋازخانىلارمۇ كۆپەيدى. 1952 - يىلى ئۆلكە بويىچە 4000 چە خۇسۇسىي جۇۋازخانا بار ئىدى. 1955 - يىلى ئۆلكىلىك (ئاپتونوم رايونلۇق) ياغ شىركىتى جايلاردىكى 3218 جۇۋازخانىغا دۆلەتكە ياغ تارتىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلدى، ئۇلار كۈنىگە 64 توننا ياغلىق داننى تارتقانىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە قىسماق جۇۋازخانا 139 بولۇپ، كۈنىگە 31.35 توننا ياغلىق داننى تارتقان، بۇ 139 قىسماق جۇۋازخانىنىڭ 96 سى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئۈرۈمچى ۋىلايىتىدە، 20 سى ئىلى ۋىلايىتىدە، 20 سى سانجى ئوبلاستىدا، 3 ى ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ئىدى. جۇۋازخانا 3079 بولۇپ، كۈنىگە 32.65 توننا ياغلىق داننى تارتاتتى، ئۇنىڭ 2582 سى ئاقسۇ ۋىلايىتىدە، 59 ى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئۈرۈمچى ۋىلايىتىدە، 437 سى ئىلى ۋىلايىتىدە، بىرى سانجى ئوبلاستىدا ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا جايلاردىكى سودا شىركەتلىرى، يېزا ئىگىلىك كوپىراتسىيىلىرىدىمۇ بىرمۇنچە جۇۋازخانىلار بار ئىدى. 1956 - يىلدىن ئىلگىرى شەھەر - بازارلاردىكى جۇۋازخانىلار خۇسۇسىي سودا - سانائەتچىلەرنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، چوڭراقلىرى يىل بويى تىجارەت قىلسا، كىچىكلىرى كۈز ۋە قىشتا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، باشقا ۋاقىتلاردا ياغ چىقىرىشنى توختىتىپ باشقا ئوقەت قىلاتتى. كۆپ ساندىكى جۇۋازخانىلار يېزىلاردا بولۇپ، جۇۋازچىلار قوشۇمچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، دېھقانچىلىق مەزگىلىدە دېھقانچىلىق قىلاتتى، دېھقانچىلىقتىن بوشىغان مەزگىللەردە جۇۋازخانىنى ماڭدۇراتتى. 1957 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە 117 قىسماق جۇۋازخانا، 5809 جۇۋازخانا، 95 ئورۇندا ئادەم كۈچى بىلەن ئايلاندۇرۇپ سىقىدىغان جۇۋازخانا، 90 ئورۇندا دامكراتلىق جۇۋازخانا بار ئىدى.

## 2) تېخنىكا يېڭىلاش

1959 - يىلى جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرى كەڭ كۆلەمدە تېخنىكا يېڭىلاش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ياغ چىقىرىش تېخنىكىسىدىكى قالاقلىقنى تىرىشىپ ئۆزگەرتتى. ئۈرۈمچى شەھىرى، قەشقەر شەھىرى، خوتەن ناھىيىسى، ئاراتۈرك ناھىيىسى قاتارلىق جايلار ئادەم كۈچى بىلەن ئايلىنىدىغان پىرقىرىما جۇۋازنى ياخشىلاپ، ھەر بىرىنى كۈنىگە 0.5 توننا ياغلىق داننى تارتالايدىغان ھالغا كەلتۈردى. ئۈرۈمچى ۋىلايىتى قىسماق جۇۋازنى ياخشىلاپ، لىم غالتىكىگە شارەك ئورنىتىپ، ئەمگەك سىجىللىقىنى يېنىكلەتكەن ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگەن. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى «مىنشېڭ» ياغ زاۋۇتى كۆنجۈرنى چەمبىرەك بىلەن ئوراش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، كۆنجۈرنىڭ قېلىنلىقىنى پاخال بىلەن ئورىغاندىكى 15.24 سانتىمېتىردىن 5.08 سانتىمېتىرغا چۈشۈرۈپ، ياغ چىقىش نىسبىتىنى بىر پىرسەنت يۇقىرى ئۆستۈرگەن. قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە بۇرجەكلىك ئەلگەك، شامالدۇرغۇچ ۋە تۈگمەننى سۇ بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئاپتونوم رايون بويىچە بىرىنچى بولۇپ چىگىتنى يەتكۈزۈشتىن تارتىپ ياغ چىققىچە پۈتۈنلەي سۇ كۈچى بىلەن ئورۇندىلىدىغان يەرلىك ماشىنىلاشقان ياغ زاۋۇتى قۇرۇپ چىقىپ، مەملىكەتلىك ياغ سانائىتى يىغىنىدا يېنىك سانائەت مىنىستىرلىكىنىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشكەن. ئۈچتۇرپان ناھىيە 5 - رايون 4 - يېزىدىكى 2 - ئالىي كوپىراتسىيە جۇۋازنى ياخشىلاپ، كۈنىگە 26 كىلوگرام ياغ چىقىدىغان قىلغان، ياغ چىقىش نىسبىتىمۇ ئىلگىرىكىدىن كۆرۈنەرلىك كۆپەيگەن. شۇ مەزگىلدە جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرى تېخنىك خادىملارنى ئەۋەتىپ، يېزىلارنىڭ زاۋۇت قۇرۇشىغا ۋە ئاشلىق، ياغ تارتىش سايمانلىرىنى ياخشىلىشىغا ياردەملەشكەن، 15 ناھىيە، شەھەردە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ 150 كىچىك ئاشلىق، ياغ زاۋۇتى قۇرۇشىغا ياردەم بېرىلگەن.

60 - يىللارنىڭ بېشىدا ماشىنا ئارقىلىق ياغ چىقىرىش ئىشىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۈرۈمچى، شىخەنزە، ئىلى قاتارلىق جايلاردا يەرلىك ئۇسۇلدا ياغ چىقىرىش سايمانلىرى شاللىنىشقا باشلىدى. 60- يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر تۇرۇشلۇق جايلار ۋە ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىلىدىغان جايلاردىكى ناھىيە (شەھەر) لەردە يەرلىك ئۇسۇلدا ياغ چىقىرىشنىڭ ئورنىنى ماشىنا ئارقىلىق ياغ چىقىرىش ئىگىلىدى. 70 - يىللاردا ئاپتونوم رايوندىكى ناھىيىلەرنىڭ ھەممىسىدە كىچىك تىپتىكى ياغ چىقىرىش ماشىنىلىرى ئومۇملاشتى، ئاز ساندىكى يىراق دېھقانچىلىق چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن باشقا كەڭ يېزىلاردىمۇ يەرلىك ئۇسۇلدا ياغ چىقىرىش سايمانلىرى ئاساسىي جەھەتتىن شاللىنىپ بولدى.

## 2. ماشىنا ئارقىلىق ياغ تارتىش

20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئاستانە يېزىسىدا كىچىك ياغ زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا تاقىۋېتىلدى. 1939 - يىلى مىرقاسىم (تاتار) قاتارلىق كىشىلەر غۇلجا شەھىرىدە پاي قوشۇپ ياغ زاۋۇتى قۇردى، ئۇنىڭ ئۈسكۈنىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن بىر دانە «ياغ بېسىم» لىق توك جوۋىزى بولۇپ، كۈنىگە 5 توننا ياغلىق دان تارتتى، 1951 - يىلى لىچۈن شىركىتىنىڭ ئىگىدارلىقىغا ئۆتتى، 1954 - يىلى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكى يولىغا قويۇلدى.

1954 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش باشقارمىسى ئىچكىرىدىن بىر تۈركۈم گېنېراتورلۇق ياغ تارتىش ماشىنىسى سېتىۋالدى، 3 خىل تىپلىق بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچى، شىخەنزە، يەنجى، ئالتايدا 4 كىچىك ياغ زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، كۈنىگە 48 توننا ياغلىق دان تارتتى. ھەربىي قىسىمنىڭ ئىستېمال يېغىنى ھەل قىلغاندىن سىرت، يەنە يەرلىكنىڭ ياغ تارتىشىغا ياردەملەشتى. شۇ يىلى ئۆلكىلىك ياغ شىركىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن شىنجاڭ ھەربىي رايوندىكى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ ئۈرۈمچىدە تارتقان يېغى تەمىنلەش مىقدارىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلىدى.

1955 - يىل 8 - ئايدىن باشلاپ ئۆلكىلىك (ئاپتونوم رايونلۇق) ياغ شىركىتى ئۈرۈمچى، ئىلى، سانجى قاتارلىق جايلاردا گېنېراتورلۇق كىچىك ياغ تارتىش ماشىنىسىدىن 10 نى قۇراشتۇرۇپ، كۈنىگە 17 توننا ياغلىق دان تارتتى.

1956 - يىلدىن 1959 - يىلغىچە ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرى باي، يەكەن، ئۈرۈمچى، تۇرپان، خوتەن، سانجى، غۇلجا قاتارلىق شەھەر، ناھىيىلەردە 7 ياغ زاۋۇتى (سېخى، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) قۇرۇپ، كۈنىگە 65 توننا ياغلىق دانىنى تارتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە 1956 - يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن باي ياغ زاۋۇتىنىڭ ئاساسلىق ئۈسكۈنىسى 3 دانە 150 تىپلىق بۇرالما ياغ تارتىش ماشىنىسى بولۇپ، كۈنىگە 25 توننا ياغلىق دانىنى تارتتى. 1959 - يىل 2 - ئايدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن يەكەن ياغ زاۋۇتىنىڭ ئاساسلىق ئۈسكۈنىسى 2 دانە 151 تىپلىق بۇرالما ياغ تارتىش ماشىنىسى بولۇپ، كۈنىگە 16 توننا ياغلىق دانىنى تارتتى. بۇ 2 زاۋۇتتا ياغلىق دان تازىلايدىغان ئاددىي ماشىنا - ئۈسكۈنە سەپلەنگەن بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ياغلىق دانىنى پاردا يۇمشىتىش، قورۇش ئۇسۇلىنى تۇنجى قوللانغان، يەنە ئارىلاپ ياغ چەككىلەش ئۈسكۈنىلىرى سەپلەنگەن بولۇپ، پار قازان - پار تۇربىنىسى بىرلەشتۈرۈلگەن ماتور گۇرۇپپىسى ئۈسكۈنىلەرگە ئېنېرگىيە قىلىندى. زاۋۇت ئۆيلىرى خىش بىلەن سېلىنغان بولۇپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 200 كۋادرات مېتىرچە كېلىدۇ. 1959 - يىلى سانجى، تارباغاتاي، ئالتاي، ئىلى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلار تۇرۇشلۇق جايلاردىكى ياغ زاۋۇتلىرى كۈنىگە 3 — 5 توننا ياغلىق دانىنى تارتالايدىغان يېرىم ماشىنىلاشقان 95 تىپلىق بۇرالما ياغ

تارتىش ماشىنىسىنى ئىشلىتىشكە باشلىدى، ياغ تارتىش ماشىنىسىنىڭ ئارتۇقچىلىقى شۇكى، كۆنجۈرىدە قالىدىغان ياغ تەركىبى تۆۋەن بولاتتى. بۇنىڭ سىرتىدا بەزى ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى ياغ زاۋۇتلىرى 90 تىپلىق سوۋيۇقلۇق بېسىملىق ياغ تارتىش ماشىنىلىرى ۋە 42، 43 تىپلىق يېرىم ماشىنىلاشقان كىچىك ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلەتتى. شۇ يىلى ئاشلىق نازارىتى جايلارغا 20 نەچچە دانە «ئىشلەپچىقىرىش» ماركىلىق كىچىك ياغ تارتىش ماشىنىلىرىنى (بىرسى كۈنىگە بىر تونىنا ياغلىق داننى تارتالايتتى) تەقسىم قىلىپ بەردى. ئېنېرگىيە ۋە تېخنىكا كەمچىل بولغاچقا، كۆپىنچىسى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلمىدى. بۇ ئارىلىقتا، جايلاردىكى ياغ زاۋۇتلىرى ياغ تارتىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ھۈنەر - سەنئىتىنى يېڭىلاش، بىرلىك مەھسۇلاتى ۋە ياغ چىقىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش پائالىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇردى. غۇلجا ياغ زاۋۇتى ياغلىق داننى تازىلاش، ئالدىن بىرتەرەپ قىلىش ۋە يانچىش ئۈسكۈنىلىرىنى ياخشىلاپ، ھەر بىرىنىڭ سائەتلىك مەھسۇلاتىنى 93.78 كىلوگرامدىن 102 كىلوگرامغا، ياغ چىقىش نىسبىتىنى 31.79% تىن 34.29% كە يەتكۈزدى. باي ياغ زاۋۇتى بىر دانە قۇرۇتۇش قازىنىنى تەقلىد قىلىپ ياساپ، ياغلىق داننىڭ يانچىلىش ۋاقتىدىكى تېمپېراتۇرىسىنى 8 گرادۇس يۇقىرى كۆتۈردى. ياغ چىقىش نىسبىتىنىمۇ مۇناسىپ ئۆستۈرۈش بىلەن بىللە، تازىلاش، يانچىش ئۈسكۈنىسىنى ياخشىلاپ، كۈنىگە 25 تونىنا ياغلىق دان تارتىشتىن 40 تونىنىغا، ياغ چىقىش نىسبىتىنى 33.9% تىن 35.5% كە كۆپەيتتى.

1960 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى سانائەت تارماقلىرى باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان ئۇسسۇملۇك ياغ زاۋۇتلىرى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. سانائەت سىستېمىسى زاكاز قىلغان 57 يۈرۈش ياغ تارتىش ئۈسكۈنىسى (كۈنىگە 16 تونىنا ياغلىق دان تارتالايدىغىنى بىر يۈرۈش، 8 تونىنا ياغلىق دان تارتالايدىغىنى 9 يۈرۈش، 5 تونىنا ياغلىق دان تارتالايدىغىنى 18 يۈرۈش، بىر تونىنا ياغلىق دان تارتالايدىغىنى 36 يۈرۈش) ۋە 64 دانە ئېنېرگىيە ئۈسكۈنىسى (لوكوموبىل، دىزېلماتور، گازماتورى) نى زاكاز قوبۇل قىلغان ئورۇنلار ئاشلىق تارماقلىرىغا يەتكۈزۈپ بەردى. ئەينى ۋاقىتتا، كۆپ ساندىكى جايلاردا توك يوق ئىدى، يېڭىدىن قۇرۇلۇۋاتقان ياغ زاۋۇتلىرى ئېنېرگىيىنى ئۆزلىرى تەييارلىشى كېرەك ئىدى. يۇقىرىدىكىلەرگە سەپلەنگەن ئېنېرگىيە ئۈسكۈنىلىرى پەقەت چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى ياغ تارتىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭلا ھۆددىسىدىن چىققاچقا، كىچىك ياغ تارتىش ماشىنىلىرىغا كېرەكلىك ئېنېرگىيىنى ھەل قىلغىلى بولمىدى. شۇ يىلى ئاشلىق نازارىتى، سۇچىلىق نازارىتى بىرلىكتە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، يېڭىدىن قۇرۇلغان كىچىك ياغ زاۋۇتلىرىغا بىردەك سۇ توربىنىسىدىن ئېنېرگىيە ئېلىشنى تەلەپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن جايلاردا بىر تۈركۈم سۇ كۈچى پونكىتلىرى قۇرۇلدى، بورتالا، گوڭچۇڭ قاتارلىق ناھىيىلەردىكى ئاشلىق تارماقلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سۇ كۈچىدىن پايدىلىنىپ كىچىك ياغ تارتىش ماشىنىلىرىنى ئىشقا كىرىشتۈردى. غۇلجا، باي ناھىيىلىرى، مارالبېشى ناھىيىسىدىكى سېرىقبۇيا قاتارلىق جايلار 200 تىپلىق بۇرالما ياغ تارتىش ماشىنىلىرىنى ئىشلىتىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ بىلەن كۈنىگە 8 — 10 تونىنا ياغلىق دان تارتقىلى بولاتتى. بۇ تىپتىكى ياغ تارتىش ماشىنىلىرىنىڭ ياغلىق دان تارتىش ئىقتىدارى يۇقىرى ھەم ئىلغار ئىدى. كېيىنكى يىلدىن باشلاپ ئاشلىق نازارىتى ئۈرۈمچى ماشىنىسازلىق زاۋۇتىمۇ 200 تىپلىق ياغ تارتىش ماشىنىسىنى ئىشلەتتى.

60 - يىللارنىڭ بېشىدىن ئېتىبارەن 200 تىپلىق ياغ تارتىش ماشىنىسىنى ئىشلەتكەن زاۋۇتلاردىن باشقا، 95 تىپلىق بۇرالما ياغ تارتىش ماشىنىسى بىرقەدەر ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلدى ۋە ئۇ بارا - بارا باشقا كىچىك ياغ تارتىش ماشىنىلىرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. 1963 - يىل 10 - ئايغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ماشىنىلىق ياغ زاۋۇتى 19 غا، كۈندىلىك ياغ تارتىش ئىقتىدارى 150 تونىنا ياغلىق دانغا يەتتى، ئۇلار ئۈرۈمچى، سانجى، ماناس، قاراماي، تارباغاتاي، ئالتاي، ئىلى، قۇمۇل، كورلا، كۇچا، توقسۇ، باي،

يەكەن، مارالبېشى، خوتەن، قاراقاش، لوپ قاتارلىق جايلارغا جايلاشقان. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ «ئىشلەپچىقىرىلغان جايىدا تارتىشنى ئاساس قىلىش، ئوتتۇراھاللىرى بىلەن كىچىكلىرىنى بىرلەشتۈرۈش، كىچىك زاۋۇتنى كۆپرەك قۇرۇش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، بەزى ناھىيە (شەھەر) لەردە يېڭىدىن بىر تۈركۈم كىچىك ياغ زاۋۇتلىرى قۇرۇلدى. 1965 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايوندىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاستلار تۇرۇشلۇق جايلاردا ۋە ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىلىدىغان كۆپ ساندىكى ناھىيىلەردە ماشىنا بىلەن ياغ تارتىش زاۋۇتلىرى بار بولدى، لېكىن كۆپ ساندىكى ياغ زاۋۇتلىرىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى ئاددىي، ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ھۈنەر - سەنئىتى قالاق، ياغ چەككىلەش ئۈسكۈنىلىرى ئاز بولۇش بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايون بويىچە يەنە 30 ناھىيە (شەھەر) نىڭ ماشىنا ئارقىلىق ياغ تارتىش ئىقتىدارى يوق ئىدى.

1966 — 1976 - يىلغىچە سىچۈەن، فۇكاڭ، جىمسار، قۇتۇبى، ئارشاڭ، غۇلجا، نىلقا، تېكەس، موڭغۇلكۈرە، شىخو، دۆربىلجىن، ئونسۇ، كۇچا، ئاۋات، يېڭىسار، پوسكام، ئاقسۇ، قەشقەر، قاغىلىق، يوپۇرغا، قەشقەر كوناشەھەر، پەيزاۋات، كېرىيە، نىيە، پىچان قاتارلىق جايلاردا 20 دىن ئارتۇق ياغ زاۋۇتى يېڭىدىن قۇرۇلدى، ئۆزگەرتىپ كېڭەيتىپ قۇرۇلدى. ئاقسۇ، قەشقەر ۋىلايەتلىرىنىڭ پاختا تېرىلىدىغان ناھىيىلىرىدە 200 تىپلىق بۇرالما ياغ تارتىش ماشىنىسى (بۇ ماشىنىلاردا ياغلىق دان پاردا دۈملەپ قورۇلىدۇ، بۇ پاختا فېنولىنى تازىلىۋېتىشكە پايدىلىق) ئىشلىتىلگەندىن سىرت، باشقا ياغ زاۋۇتلىرىدا بىردەك 95 تىپلىق ياغ تارتىش ماشىنىسى ئىشلىتىلدى. 1974 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە 95 تىپلىق ياغ تارتىش ماشىنىسى 70 كە يېتىپ، پىششىقلاش ئىقتىدارى ئومۇمىي پىششىقلاش ئىقتىدارىنىڭ %50 نى ئىگىلىدى. شۇ يىلى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئاشلىق ئىدارىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق، ياغ تارتىش تېخنىكىسى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى چاقىردى. يىغىندا ئىلى، ماناس، ئۈچتۇرپان ياغ زاۋۇتلىرى 95 تىپلىق ياغ تارتىش ماشىنىلىرىنىڭ پىرقىرىغۇچىنى ياخشىلاش، ئايلىنىش سۈرئىتىنى تەڭشەش، بىرلىك مەھسۇلات ۋە ياغ چىقىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش، كونجۇرىدىكى ياغ تەركىبىنى تۆۋەنلىتىش تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ تەجرىبىلەر ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە ئومۇملاشتۇرۇلدى. 70 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاپتونوم رايوننىڭ كۆپ ساندىكى ناھىيە پىرقىغۇچىنى شەھەرلىرىدىكى ياغ زاۋۇتلىرى ئاۋۇدا پەس ئوتتا قورۇش، 2 — 3 دانە 95 تىپلىق ياغ تارتىش ماشىنىسىنى گورۇپپىلاپ ئىشلىتىش ئارقىلىق كۈنىگە 8 — 12 تونىنا ياغلىق دان تارتىدىغان بولدى ھەمدە ئاددىي ياغ چەككىلەش ئۈسكۈنىلىرىنى سەپلىدى. زاۋۇت ئۆيلىرىنىڭ كۆپىنچىسى خىش بىلەن سېلىنغان ئاددىي ئۆيلەر بولۇپ، 50 كۋادرات مېتىر چىقاتتى. بۇ مەزگىلدە جايلاردىكى دىزېلماتوردا ماڭدۇرۇلىدىغان كىچىك ياغ تارتىش ماشىنىلىرى توك كۈچى بىلەن ماڭدۇرۇلىدىغان بولدى. 1976 - يىل 10 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئايرىم ناھىيىلەردىن باشقا، ھەممە ناھىيىدە ياغ زاۋۇتى بار بولدى. ئاشلىق تارماقلىرىغا قارايدىغان ياغ زاۋۇتى 81 گە، يىللىق ياغلىق دان تارتىش ئىقتىدارى 147 مىڭ 100 تونىنغا يەتتى (جەدۋەل: 4 — 10 غا قاراڭ) . لېكىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، جايلاردىكى كىچىك ياغ زاۋۇتلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۈسكۈنىلىرى ئاددىي بولۇش، ھۈنەر - سەنئىتى ۋە قوشۇمچە ئەسلىھەلىرى يۈرۈشلەشمەسلىك قاتارلىق مەسىلىلەر ساقلىنىپ، ياغ تارتىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئىقتىدارىدىن تولۇق پايدىلانغىلى بولمىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئىشلەپچىقىرىلغان ياغ تارتىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئىقتىدارى ناچار بولۇپ، 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە كۆپ قىسمى كونىراپ كەتتى. 1980 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ يىللىق ياغلىق دان تارتىش ئىقتىدارى 127 مىڭ 100 تونىنا بولۇپ، 1976 - يىلدىكىدىن %13.6 ئازىيىپ كەتتى.

**شىنجاڭدىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ 1976 ـ يىلدىكى ياغلىق دان تارتىش ئىقتىدارى**

جەدۋەل: 4 — 10

| نامى | باغ زاۋۇتى (سېخ) سانى | ھەر يىلدا تارتقان ياغلىق دان (تونна) |
|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە | 81 | 147100 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 4 | 4200 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 3 | 3200 |
| سانجى ئوبلاستى | 8 | 9000 |
| شىخەنزە شەھىرى | 4 | 24600 |
| ئىلى ۋىلايىتى | 10 | 15800 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 6 | 13000 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 8 | 9900 |
| بورتالا ئوبلاستى | 5 | 6700 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 5 | 5500 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 7 | 22100 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 4 | 3200 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 10 | 18600 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 6 | 9700 |
| ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسىگە بىۋاسىتە قارايدىغىنى | 1 | 1600 |

ئىزاھ: باغ تارتىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ھەر يىلدا ئىشلىگەن كۈن سانى سودا مىنىستىرلىكى بەلگىلىگەن 200 كۈن بويىچە ھېسابلاندى.

ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئاپتونوم رايوندا ياغلىق دان، پاختا ئىشلەپچىقىرىش تېز تەرەققىي قىلىپ، سېتىۋېلىش زور دەرىجىدە ئاشتى. 1980 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق تارماقلىرى سېتىۋالغان ياغلىق دان 89 مىڭ 800 توننىغا يېتىپ، 1979 ـ يىلدىكىدىن 34 مىڭ 100 توننىغا يېتىپ، 30.2% ئاشتى. 1984 ـ يىلى سېتىۋېلىنغان ياغلىق دان 144 مىڭ 600 توننىغا، چىگىت 73 مىڭ 500 توننىغا يەتتى. لېكىن ئاپتونوم رايوننىڭ ياغلىق دان پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن كۆپ يىراقتا ئىدى، بولۇپمۇ ياغلىق دان ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رايونلارنىڭ پىششىقلاش ئىقتىدارى ئېغىر ھالدا كەمچىل ئىدى. ئىلى، تارباغاتاي،

بورتالادىن ئىبارەت 3 ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ پىششىقلاش ئىقتىدارى سېتىۋېلىش مىقدارىنىڭ يېرىمىغىلا يېتەتتى. 1980 — 1985 - يىللىرى جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرى بانكا قەرز پۇلىدىن ئاكتىپ پايدىلىنىپ ۋە ئۆزلىرى مەبلەغ تەييارلاپ ئارقا - ئارقىدىن ئۈرۈمچى، سانجى، جىمسار، گۇچۇڭ، قۇتۇبى، ماناس، شىخو، ساۋەن، بورتالا، جىڭ، ئارشاڭ، ئالتاي، يەنجى، كۇچا، باي، قاغىلىق، شىخەنزە، شايەر، مەكىت، يەكەن قاتارلىق جايلاردا 40 باغ زاۋۇتى قۇردى، ئۆزگەرتتى ۋە كېڭەيتتى. بۇ مەزگىلدە سودا مىنىستىرلىكى شىنجاڭنىڭ باغ سانائىتى قۇرۇلۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت ۋە مەدەت بەردى، مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ ئۈچتۇرپان، توقۇزتارا ناھىيىلىرىدە، قورغاس ناھىيىسىدىكى چىڭگىسخوزىدا زىغىر يېغى تارتىش زاۋۇتى قۇردى. دۆربىلجىن ناھىيىسىدە ئىلمىي تەتقىقات تۈرى بويىچە مەبلەغ سېلىپ زاراڭزا يېغى زاۋۇتى قۇردى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا يېڭىدىن قۇرۇلغان، ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان، كېڭەيتىپ قۇرۇلغان باغ زاۋۇتى 44 كە يەتتى. ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ باغ زاۋۇتى ئومۇمىي سانى 93 كە، يىللىق ياغلىق دان تارتىش ئىقتىدارى 322 مىڭ 600 تونىغا يېتىپ، 1980 - يىلدىكىدىن 1.54 ھەسسە ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەردە تارتىلغىنى 73 مىڭ 800 تونا، ناھىيە بازارلىرىدىكىسى 216 مىڭ 800 تونا، ناھىيە بازىرىدىن تۆۋەندىكىسى 32 مىڭ تونا. بۇ باغ زاۋۇتلىرى ئىشلەپچىقارغان ياغلار بىلەن ئاپتونوم رايوننىڭ ئېھتىياجى قاندۇرۇلۇپلا قالماستىن، بىر قىسمى ئىچكىرىدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا يۆتكەلدى ۋە ئېكسپورت قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ياغ پىششىقلاش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ دەرىجىسى بىر بالداق ئۆستۈرۈلۈپ، 200 تىپلىق ياغ تارتىش ماشىنىسى كەڭ تۈردە ئىشلىتىلدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزە، بورتالا، تارباغاتاي، ئالتاي، ئىلى، تۇرپان، بايىنغولىن، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى 38 كارخانا 200 تىپلىق ياغ تارتىش ماشىنىسىدىن 104 نى ئىشلەتتى (ئۇنىڭ ئىچىدە 3 نى ئىشلەتكەن كارخانىلارنىڭ كۈندىلىك ياغلىق دان تارتىش ئىقتىدارى 24 — 30 تونا) بولۇپ، 1979 - يىلدىكى 7 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى 38 ماشىنىدىن %174 ئاشتى، 200 تىپلىق ياغ تارتىش ماشىنىسىنىڭ ياغ تارتىش ئىقتىدارى ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئومۇمىي ئىقتىدارىنىڭ %50 ىنى ئىگىلىدى.

ھەرقايسى زاۋۇتلار يۇقىرىدىكى ياغ تارتىش ئۈسكۈنىلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ياغلىق دان تازىلاش، چاڭ تازىلاش، يۇمشىتىش، دومىلاش ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىپ، ياغ چەككىلەش ئۈسكۈنىلىرىنى يەنىمۇ تولۇقلىدى، قىسمەن زاۋۇت، سېخلار ئۇدا ھىدراتسىيىلەپ ياغ چەككىلەش ھۈنەر - سەنئىتىنى ياكى يېرىم ئۇدا نىتراللاشتۇرۇش ھۈنەر - سەنئىتىنى قوللاندى. زاۋۇتلار يەنە پارقازان ۋە توك بېسىمىنى، توك تەقسىملەش ئۈسكۈنىلىرىنى ئۆزگەرتتى. ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى ياغ تارتىش، ياغ چەككىلەش سېخ، زاۋۇتلىرىنىڭ ئۆيلىرى خىش بىلەن سېلىنىپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 400 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بەزى زاۋۇتلاردا ماي باك، ئامبار قاتارلىق ئەسلىھەلەر سېلىندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە بازىرىدىن يۇقىرى جايلاردىكى ياغ زاۋۇتلىرى بىردەك ئىلغار ئۈسكۈنە، ھۈنەر - سەنئەتنى قوللاندى، لېكىن يېزا - بازار، ئاشلىق پونكىتلىرىنىڭ كىچىك ياغ زاۋۇتلىرىدا ياغ تارتىش، ياغ چەككىلەش ئۈسكۈنە، ھۈنەر - سەنئىتى يەنىلا قالاق ھەم ياغ سۈپىتى ناچار بولۇۋەردى.

1986 - يىلى ياپونىيىدىن كىرگۈزۈلگەن ئۆسۈملۈك يېغىنى ئۇدا چەككىلەش ئۈسكۈنىسى ۋە مارگارىن (سۈنئىي قايماق) ئىشلەش ئۈسكۈنىسى ش ئۇ ئا ر ياغ شىركىتىنىڭ ياغ ئىسكىلاتىدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، ئۇنىڭدا كۈنىگە 50 تونا ياغ چەككىلەندى ۋە بىر تونا مارگارىن ئىشلەپچىقىرىلدى. ياغنىڭ سۈپىتى ياخشى بولدى. پۈتۈن يۈرۈش ئۈسكۈنىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ئىخچام، ھۈنەر - سەنئىتى ئىلغار، ئاپتوماتلىشىش دەرىجىسى يۇقىرى، ئىگىلىگەن يېرى ئاز، توك سەرپىياتى تۆۋەن بولۇپ، تۈرلۈك راسخودىمىر

ۋە باشقا ئەسۋابلار تولۇق سەپلەنگەن، ھەرقايسى ئىش ھالقىلىرىدىكى ئاساسلىق ئۈسكۈنىلەر مەركىزىي كونترول بۆلۈمىدىن مەركەزلەشتۈرۈپ تىزگىنلىنەتتى. ئىمارەت قۇرۇلۇشى ئۆزىمىزدە يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، چەككىلەش سېخىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 1139 كۋادرات مېتىر، مارگارىن سېخىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 178.8 كۋادرات مېتىر بولدى. شۇ يىلى شىخەنزە ئاشلىق - ياغ پىششىقلاش زاۋۇتى 2 دانە 200 تىپلىق ياغ ئارتىش ماشىنىسىنىڭ باش ئوقىنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، مەھسۇلات مىقدارىنى بىر ھەسسە ئاشۇردى.

1987 - يىلى ئاپتونوم رايوندا 202 تىپلىق ياغ ئارتىش ماشىنىسى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى، بۇ ماشىنىنىڭ كۈندىلىك ياغلىق دان ئارتىش ئىقتىدارى 200 تىپلىق ياغ ئارتىش ماشىنىسىنىڭ 4 ھەسسىسىگە باراۋەر، ئۇ ياغلىق دان مەركەزلىك ئىشلەپچىقىرىلىدىغان جايلاردا كۆنجۈرىدىن ياغ ئېلىش ئۈسۇلىنى كىرگۈزۈشتۈرۈپ ئىشلىتىشكە تولىمۇ باب، ئۇنىڭ ئېنېرگىيە سەرپىياتى تۆۋەن، قىسمى قاسقىنىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە داشقال چىقىرىۋېتىدىغان، سوۋۇتىدىغان يۈركۈش قۇرۇلمىسى سەپلەنگەن بولۇپ، سۇ پىرقىرىما ئوقىنىڭ تۆشۈكىگە بېسىم بىلەن كىرگۈزۈلىدۇ، ئۇ تېمپېراتۇرىنى تۆۋەنلىتىشكە پايدىلىق. 1988 -، 1989 - يىللىرى ئىلى، موڭغۇلكۈرە، چاپچال، تېكەس، بىيتۇن، پىچان، لوپنۇر، شايار، ئونسۇ، ئاۋات، ئاقسۇ، مارالبېشى، پوسكام قاتارلىق جايلاردىكى ئاشلىق - ياغ زاۋۇتلىرى ياغ ئارتىش ۋە چەككىلەش سېخلىرىنى يېڭىدىن قۇرۇپ ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇپ، چەككىلەش ئۈسكۈنىلىرىنى يېڭىلىدى ۋە تولۇقلىدى. ھۈنەر - سەنئىتىنى ياخشىلىدى. سانجى، شايېدى، بورتالا ياغ زاۋۇتلىرى ياغ ئارتىش ئۈسكۈنىلىرىنى يېڭىلىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى 1989 - يىلى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن، ئاپتونوم رايون بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان موڭغۇلكۈرە ئاشلىق - ياغ زاۋۇتىنىڭ ئاساسلىق ياغ ئارتىش ماشىنىسى 4 دانە 202 تىپلىق ماشىنا بولۇپ، كۈندىلىك ياغلىق دان ئارتىش ئىقتىدارى 160 — 200 توننىغا يەتتى. شۇ يىلى يەنە شىخەنزە، بورتالا، سانجى ئوبلاستى قاتارلىق 3 ئاشلىق - ياغ زاۋۇتىنىڭ ياغ ئارتىش سېخىدا 5 دانە 202 تىپلىق ياغ ئارتىش ماشىنىسى ئىشلىتىلدى، كۈندىلىك ياغلىق دان ئارتىش ئىقتىدارى 200 — 250 توننىغا يەتتى. بۇ ۋاقىتتا ئاپتونوم رايوندا 200 تىپلىق ياغ ئارتىش ماشىنىسى ئىشلەتكەن زاۋۇتلارنىڭ ياغ چەككىلەش ھۈنەر - سەنئىتى تېخىمۇ ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى، بىرمۇنچە زاۋۇتلار يۈركۈپ ھىدراكسىيلەپ ئۇدا شىلىمسىزلاش ۋە ۋاكۇئۇملۇق سۇسىزلاش ھۈنەر - سەنئىتىنى قوللاندى؛ 95 تىپلىق ياغ ئارتىش ماشىنىسىنى ئىشلەتكەن كىچىك ياغ زاۋۇتلىرىمۇ ياغ چەككىلەش ئۈسكۈنىلىرىنى كۆپەيتىپ، ياغ چەككىلەش ھۈنەر - سەنئىتىنى ياخشىلاپ، ياغ سۈپىتىنى دۆلەتنىڭ 2 - دەرىجىلىك ياغ سۈپىتى ئۆلچىمىگە يەتكۈزدى.

1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ يىللىق ياغلىق دان ئارتىش ئىقتىدارى 608 مىڭ 300 توننىغا يەتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە ماشىنىدا ياغ ئارتىش ئىقتىدارى 380 مىڭ 300 توننا، قالغىنى كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىش ئىقتىدارى (جەدۋەل: 4 — 11 گە قاراڭ). ماشىنىدا ياغ ئارتىش ئىقتىدارى چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەردە 98 مىڭ 300 توننا، ناھىيە بازىرىدا 268 مىڭ 800 توننا، ناھىيە بازىرىدىن تۆۋەندىكىسى 13 مىڭ 200 توننا بولدى. ياغ زاۋۇتى (سېخى) 71 (ئۇنىڭ ئىچىدە يىلىغا 4000 توننىدىن ئارتۇق ياغلىق دان ئارتالايدىغىنى 45)، تۈرلۈك ياغ ئارتىش ماشىنىسى 219 (ئۇنىڭ ئىچىدە 202 تىپلىقى 10، 200 تىپلىقى 132 دانە، بۇ 2 خىل ماشىنىنىڭ ياغ ئارتىش ئىقتىدارى ئومۇمىي ئىقتىدارنىڭ 64.84% نى ئىگىلەيدۇ، 95 تىپلىقى 65، 90 تىپلىقى 5 دانە). ياغ چەككىلەش سېخى 40، ئېھتىمال ياغ چەككىلەش ئۈسكۈنىسى 222، ياغلىق دان تازىلاش، ئالدىن بىرتەرەپ قىلىش يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ئۈسكۈنە 241 دانە. پۈتكۈلنىڭ ماشىنىدا ياغلىق دان ئارتىش ئىقتىدارى 199 مىڭ 700 توننا.

## شىنجاڭدىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ 1980 — 1990 - يىلىغىچە باغ تارتىش (كۈنجۈردىن ياغ ئېلىش) ئىقتىدارى

جەدۋەل: 4 — 11

بىرلىكى: توننا

| يىللار / نامى | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە | 127097 | 148303 | 170588 | 225774 | 248749 | 322568 | 350495 | 418075 | 480055 | 507190 | 608331 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | | | | | | | 1200 | 8000 | 8000 | 14000 | 14000 |
| قاراماي شەھىرى | | | | | | | | | 400 | 400 | 400 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 3200 | 2906 | 5452 | 4600 | 2906 | 3250 | 3250 | 3250 | 3250 | 3250 | 6000 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 4200 | 1800 | 995 | 2000 | 2000 | 2000 | 2000 | 2000 | 2000 | 6200 | 6200 |
| سانجى ئوبلاستى | 14320 | 15073 | 19600 | 22927 | 25473 | 48373 | 44900 | 47717 | 58007 | 69242 | 83402 |
| شىخەنزە شەھىرى | 13600 | 13100 | 29120 | 40000 | 40000 | 46040 | 46000 | 76000 | 80000 | 80000 | 80000 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قارايدىغىنى | | | | | | 1000 | 1000 | 1000 | 1000 | 1000 | 1000 |
| ئىلى ۋىلايىتى | 18400 | 21000 | 20600 | 53886 | 53886 | 67430 | 71330 | 84530 | 96530 | 97030 | 103230 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 16200 | 10600 | 10600 | 7200 | 12000 | 30000 | 34710 | 34046 | 34046 | 33046 | 72188 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 2100 | 9800 | 10000 | 10000 | 12200 | 13600 | 13600 | 15150 | 16700 | 14850 | 14850 |
| بورتالا ئوبلاستى | 2377 | 5600 | 11200 | 11200 | 11200 | 12800 | 20800 | 25800 | 31800 | 31800 | 31800 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 1800 | 8234 | 2459 | 6568 | 6568 | 6745 | 10885 | 15462 | 31602 | 28572 | 30189 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 14100 | 26990 | 19722 | 15133 | 21656 | 25070 | 23560 | 23560 | 23560 | 27400 | 63372 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | | | 2300 | 4700 | 4700 | 4700 | 4700 | 5000 | 5000 | 5000 | 6300 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 29600 | 24000 | 25500 | 32600 | 38600 | 44000 | 45000 | 49000 | 59000 | 73000 | 73000 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 7200 | 9200 | 9200 | 9200 | 11800 | 11800 | 11800 | 11800 | 13400 | 11400 | 11400 |
| ئۈرۈمچى ئاشلىق ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | 3840 | 3840 | 3840 | 5760 | 5760 | 5760 | 15760 | 15760 | 15760 | 11000 | 11000 |

## شىنجاڭدىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ 1990 - يىلدىكى ناھىيە، شەھەرلەر بويىچە ياغ تارتىش ئىقتىدارى

جەدۋەل: 4 — 12    بىرلىكى: يىلدا بىر تەرەپ قىلىنىدىغان ياغلىق دان/توننا

| جايلار | پىششىقلاش ئىقتىدارى | جايلار | پىششىقلاش ئىقتىدارى |
|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە | 426420 | بورتالا شەھىرى | 6800 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 8000 | جىڭ ناھىيىسى | 5600 |
| تۇدۇڭخابا كوچىسى ئاشلىق - ياغ زاۋۇتى | 4000 | ئارشاڭ ناھىيىسى | 9000 |
| ئۈرۈمچى ناھىيىسى | 4000 | بايىنغولىن ئوبلاستى | 18190 |
| قاراماي شەھىرى | 400 | كورلا شەھىرى | 8000 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 6000 | خوشۇت ناھىيىسى | 2000 |
| تۇرپان شەھىرى | 2000 | يەنجى ناھىيىسى | 6000 |
| پىچان ناھىيىسى | 2000 | باغراش ناھىيىسى | 570 |
| توقسۇن ناھىيىسى | 2000 | بۈگۈر ناھىيىسى | 570 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 6200 | لوپنۇر ناھىيىسى | 150 |
| قۇمۇل شەھىرى | 4000 | چەرچەن ناھىيىسى | 550 |
| باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | 1200 | چاقىلىق ناھىيىسى | 350 |
| ئاراتۈرۈك ناھىيىسى | 1000 | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 49300 |
| سانجى ئوبلاستى | 48050 | كۇچا ناھىيىسى | 7680 |
| سانجى شەھىرى | 20000 | ئونسۇ ناھىيىسى | 5000 |
| ماناس ناھىيىسى | 6000 | شايار ناھىيىسى | 4000 |
| قۇتۇبى ناھىيىسى | 4000 | باي ناھىيىسى | 8480 |
| سىچۈەن ناھىيىسى | 300 | ئاۋات ناھىيىسى | 18000 |
| فۇكاڭ شەھىرى | 4000 | ئۈچتۇرپان ناھىيىسى | 6220 |
| جىمسار ناھىيىسى | 4000 | قىزىلسۇ ئوبلاستى | 6300 |
| گۆچۈڭ ناھىيىسى | 9000 | ئاتۇش | 1000 |
| مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | 750 | ئاقتۇ | 4300 |
| شىخەنزە شەھىرى | 40000 | ئاقچى | 1000 |
| كۈيتۇڭ شەھىرى | 1000 | قەشقەر ۋىلايىتى | 50000 |
| ئىلى ۋىلايىتى | 69230 | قەشقەر شەھىرى | 5000 |
| غۇلجا شەھىرى | 18000 | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى | 4000 |
| غۇلجا ناھىيىسى | 6000 | يېڭىسار ناھىيىسى | 4000 |
| چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى | 4000 | يوپۇرغا ناھىيىسى | 4000 |
| توققۇزتارا ناھىيىسى | 6230 | يەكەن ناھىيىسى | 8000 |
| قورغاس ناھىيىسى | 10000 | قاغىلىق ناھىيىسى | 5000 |
| كۈنەس ناھىيىسى | 10000 | پوسكام ناھىيىسى | 4000 |
| نىلقا ناھىيىسى | 1000 | مارالبېشى ناھىيىسى | 8000 |
| تېكەس ناھىيىسى | 4000 | مەكىت ناھىيىسى | 4000 |
| موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى | 10000 | پەيزاۋات ناھىيىسى | 4000 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 53500 | خوتەن ۋىلايىتى | 13000 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| چۆچەك شەھىرى | 12000 | خوتەن شەھىرى | 3200 |
| دۆربىلجىن ناھىيىسى | 13500 | گۇما ناھىيىسى | 2000 |
| شىخو ناھىيىسى | 9000 | قاراقاش ناھىيىسى | 3200 |
| ساۋەن ناھىيىسى | 11000 | لوپ ناھىيىسى | 1000 |
| چاغانتوقاي ناھىيىسى | 8000 | چىرا ناھىيىسى | 1000 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 14850 | كېرىيە ناھىيىسى | 1600 |
| ئالتاي شەھىرى | 4000 | نىيە ناھىيىسى | 1000 |
| بۇرچىن ناھىيىسى | 1150 | ئۈرۈمچى ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | 11000 |
| قابا ناھىيىسى | 2300 | ئاپتونوم رايونلۇق ياغ شىركىتى | 10000 |
| بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى | 2300 | | |
| كۆكتوقاي ناھىيىسى | 1100 | | |
| بېيتۈن | 4000 | | |
| بورتالا ئوبلاستى | 21400 | | |

ئىزاھ: 1. بۇ جەدۋەلدىكى ماتېرىياللارنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى سانائەت باشقارمىسى تەمىنلىگەن، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ياغ تارتىش ئىقتىدارى كارخانىلار بويىچە تولدۇرۇلغاندىن سىرت، باشقا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ مەمۇرىي رايون ئايرىمىسى بويىچە تولدۇرۇلدى.

2. بۇ جەدۋەلدىكى ياغ تارتىش ئىقتىدارى كۈنجۈرىدىن ياغ ئېلىش ئىقتىدارىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. 4 - قىسىم 11 - جەدۋەلدىكى ياغ تارتىش ئىقتىدارى قىسمەن جايلارنىڭ ئەمەلىي ئىشلەپچىقارغان ياغ مەھسۇلاتى مىقدارى بويىچە تولدۇرۇلغاچقا، ئىككى جەدۋەلدىكى ساندا بىر ئاز پەرق بار.

## 3. كۈنجۈرىنى چىلاپ ياغ چىقىرىش ئۇسۇلى

1971 - يىلى شىخەنزە شەھىرى شايېدى ياغ زاۋۇتىنىڭ كۈنجۈرىنى چىلاپ ياغ چىقىرىش سىخى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، ئۇنىڭدا زەنجىر تاپانلىق ياغ چىقىرىش ئۈسكۈنىسى ئىشلىتىلىپ، كۈنىگە 30 تونна كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىلدى (يەنى كۈنجۈرە ياغ چىقىرىش سايمىنىغا سېلىنىپ، ئۇنىڭ تەركىبىدە قېلىپ قالغان ياغ سىقىپ چىقىرىۋېلىندى). شۇ يىلى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئاشلىق ئىدارىسى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ «كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىش زاۋۇتلىرىدا بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نى تارقىتىپ، كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىش زاۋۇتلىرىدىن باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. 1974 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق، ياغ تارتىش تېخنىكا - تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا، كۈنجۈرىدە قېلىپ قالغان ياغنى چىقىرىۋېلىش ئۇسۇلى ياغ مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى ۋە ياغ تارتىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشتىكى زور تەدبىر، ئۇ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات نىشانى، ئۇنى پائال تۈردە پۇختا قەدەم بىلەن راۋاجلاندۇرۇش كېرەك، دەپ كۆرسىتىلدى. كېيىنكى يىلى يەكەن، باي، كۇچا ياغ زاۋۇتلىرى ۋە سانجى ئوبلاستلىق ياغ زاۋۇتىنىڭ كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىش سىخى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. كۇچا ياغ زاۋۇتى ئۆزى ياسىغان تەكشى ئايلىنىدىغان، كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىش ئۈسكۈنىسىدىن پايدىلاندى، قالغان 3 زاۋۇت كوزىسمان كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىش ئۈسكۈنىسىدىن پايدىلاندى (1977 - يىلى بۇ 3 زاۋۇتمۇ تەكشى ئايلىنىدىغان، كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىش ئۈسكۈنىسىنى ئىشلەتتى)، بۇلارنىڭ كۈندىلىك كۈنجۈرە بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى 78 تونна بولدى. ئەينى ۋاقىتتا، يۇقىرىدىكى زاۋۇتلار كۈنجۈرىدىن چىقىرىۋالغان ياغلار ئۆلچەمگە يەتمىگەچكە سانائەتكە ئىشلىتىلدى. ئاپتونوم رايوندا كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىش ئىشى ئەمدىلا باشلانغاچقا، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى، مەشغۇلات باشقۇرۇش جەھەتلەردە يەنە بىرمۇنچە مەسىلىلەر مەۋجۇت ئىدى، كۈنجۈرىدىن چىقىرىۋېلىنغان ياغ تەركىبىدە ئېرىتكۈچ مىقدارى يۇقىرى، بولۇپمۇ ئېرىتكۈچ ئاسان ئوت ئالىدىغان، ئاسان پارتلايدىغان نەرسە بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئېلىپ

بېرىلمىۋاتقان مەزگىل بولغاچقا، زاۋۇتلارنىڭ ئىچكى باشقۇرۇشى قالايمىقانىدى، شۇڭا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئاشلىق ئىدارىسى مۇستەھكەملەش، ئۆستۈرۈش فاڭجېننى قوللىنىپ، 2 — 3 يىلغىچە يېڭىدىن كۆنجۈردىن ياغ چىقىرىش زاۋۇتى قۇرماسلىقنى قارار قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن باي ياغ زاۋۇتىدىكى كۆنجۈردىن ياغ چىقىرىش سېخى تاقالدى، يەكەن ياغ زاۋۇتىدىكى كۆنجۈردىن ياغ چىقىرىش سېخى ئىشلەپچىقىرىشنى توختاتتى.

1979 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان 3 جايدىكى كۆنجۈردىن ياغ چىقىرىش سېخى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ «كۆنجۈردىن ياغ چىقىرىش زاۋۇتى (سېخ) لىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا مەشغۇلات قائىدىسى» نى ئىجرا قىلىشقا باشلاپ، كۆنجۈردىن چىقىرىۋېلىنىدىغان ياغنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈردى، ياغ تەركىبىدىكى ئېرىتكۈچىنىڭ نىسبىتى تەدرىجىي ھالدا 50p. p. m يېمەكلىك ئۆلچىمىگە يېقىنلاشتى. 1980 ـ يىلدىن كېيىن ھەرقايسى زاۋۇتلار ياغ چەككىلەش ئۈسكۈنە، ھۈنەر ـ سەنئىتىنى كۆپەيتىپ، كۆنجۈردىن چىقىرىۋېلىنغان ياغنى چەككىلەشنى كۈچەيتتى. 1982 ـ يىلى شىخەنزە ئاشلىق ـ ياغ زاۋۇتى بانكىدىن قەرز ئېلىپ، كونا زاۋۇت ئىچىدە كۈنىگە 50 توننا كۆنجۈردىن ياغ چىقىرىدىغان سېخ قۇردى (1983 ـ يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى)، باي ياغ زاۋۇتىنىڭ كۆنجۈردىن ياغ چىقىرىش سېخىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايوندا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن كۆنجۈردىن ياغ چىقىرىش سېخى 5 كە يەتتى. بۇ سېخلاردا نېيتراللاشتۇرۇش، سۇدا يۇيۇش، ئېرىتكۈچسىزلەندۈرۈش ئۈسكۈنىلىرى سەپلەنگەن بولۇپ، كۆنجۈردىن چىقىرىلغان ياغ دۆلەتنىڭ ئۆلچىمىگە يەتتى، لېكىن سۈپىتى دېگەندەك مۇقىم بولمىدى، ئېرىتكۈچ سەرپىياتى بىرقەدەر يۇقىرى بولدى. شۇڭا، جەمئىيەتتە كۆنجۈردىن چىقىرىلغان ياغ ھەققىدە باشقىچە پىكىرلەر چىقتى، ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ بۇ ھەقتە ئوخشاش بولمىغان قاراشلار بولۇپ، كۆنجۈردىن ياغ چىقىرىش ئىشىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر يەتكۈزدى.

1983 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ سۇنجۇ قاتارلىق 3 كىشى جياڭسۇ، شاڭخەي، جېجياڭ، لياۋنىڭ، بېيجىڭ، تيەنجىن قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلەرگە بېرىپ ئۇلارنىڭ كۆنجۈردىن ياغ چىقىرىش ئۇسۇلىنى مەخسۇس تەكشۈرۈپ ئۆگەندى، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تەكشۈرۈش دوكلاتىنى جايلارغا تارقىتىپ، تونۇشنى پەيدىنپەي بىرلىككە كەلتۈردى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ كۆنجۈردىن ياغ چىقىرىش ئىشىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

1984 ـ يىلى ئۈرۈمچى ئاشلىق ماشىنىسازلىق زاۋۇتى، قورغاس ناھىيىسى چىڭشۇيخوزا ياغ زاۋۇتى، ساۋەن ئاشلىق ـ ياغ زاۋۇتى، بورتالا ئاشلىق ـ ياغ زاۋۇتى كۆنجۈردىن ياغ چىقىرىش سېخلىرىنى قۇرۇپ، كۆنجۈردىن ياغ چىقىرىدىغان تەكشى ئايلانما ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلىتىپ، كۆنجۈردىن ياغ چىقىرىش ئىقتىدارىنى كۈنىگە 140 توننا كۆپەيتتى، شۇنىڭدىن كېيىن ئاپتونوم رايوندىكى ئوخشاش تۈردىكى ياغ زاۋۇتلىرىنىڭ ھەممىسى ياغ تارتىش ئۈسكۈنىلىرىگە كۆنجۈردىن ياغ چىقىرىش سېخلىرىنى سەپلىدى، شايىدى ياغ زاۋۇتى، سانجى ياغ زاۋۇتى كۆنجۈردىن ياغ چىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنى يېڭىلىدى، شۇنىڭ بىلەن 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرى قۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرگەن كۆنجۈردىن ياغ چىقىرىش سېخلىرى 14 كە يەتتى، بۇلار ئۈرۈمچى، سانجى، قۇتۇبى، جىمسار، شىخەنزە، شايىدى، بورتالا، ساۋەن، شىخۇ، ئىلى، قورغاس، كۇچا، باي، يەكەن قاتارلىق شەھەر، ناھىيە ۋە بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلىرىدا قۇرۇلدى. بۇ سېخلاردا بىردەك تەكشى ئايلانما ئۈسكۈنە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، كۈنىگە 425 توننا كۆنجۈردىن ياغ چىقىرالايتتى. شۇ يىلى كۆنجۈردىن 1983 توننا ياغ چىقىرىلدى، بۇ 1980 ـ يىلدىكىسىنىڭ 6 ھەسسىگە توغرا كېلەتتى، بۇ ياغلارنىڭ سۈپىتى دۆلەتنىڭ يېمەكلىك ياغ سۈپىتى ئۆلچىمىگە يەتتى. لېكىن جايلاردىكى

كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىش سېخلىرىدا ھۈنەر ـ سەنئەت بىلەن ئۈسكۈنىلەرنى يۈرۈشلەشتۈرۈش، قۇراشتۇرۇش مەشغۇلاتى جەھەتتە يەنە بەزى مەسىلىلەر ساقلاندى، ماددىي ئەشيا سەرپىياتى، بولۇپمۇ ئېرىتكۈچ سەرپىياتى يۇقىرى بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە بىر توننا كۈنجۈرىنى ئېرىتىشكە 17 كىلوگرام ئېرىتكۈچ سەرپ قىلىندى، بۇ مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن بىر ھەسسىدىن ئارتۇقراق يۇقىرى بولدى.

كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىش ئۇسۇلىدا ياغ چىقىرىش نىسبىتى يۇقىرى، تەننەرخى تۆۋەن، ئۈنۈمى ياخشى بولغاچقا، 1986 ـ يىلدىن 1988 ـ يىلغىچە كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىش ئىشى ئاپتونوم رايون بويىچە تېز تەرەققىي قىلدى. كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىش سېخىدىن 27 سى يېڭىدىن قۇرۇلدى، كېڭەيتىپ قۇرۇلدى ۋە ئۆزگەرتىپ قۇرۇلدى (ئۇنىڭ ئىچىدە 1988 ـ يىلى قۇرۇلغىنى 14 بولۇپ، ئەڭ كۆپ قۇرۇلغان بىر يىل بولدى)، كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىش ئىقتىدارى يېڭىدىن كۈنىگە 790 توننا قوشۇلدى (جەدۋەل: 4 — 13 كە قاراڭ). ئۇنىڭ ئىچىدە بىڭتۈەندە 10 سېخ قۇرۇلۇپ، كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىش ئىقتىدارىنى يېڭىدىن 270 توننا ۋە يېزا ـ بازار كارخانىلىرىدا بىر سېخ قۇرۇلۇپ، 30 توننا ئاشۇرۇلدى. ئاشلىق تارماقلىرى يېڭىدىن 11 سېخ قۇردى، 5 سېخنى كېڭەيتىپ قۇردى ۋە ئۆزگەرتىپ قۇردى، كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىش ئىقتىدارىنى يېڭىدىن 490 توننا ئاشۇردى. كېڭەيتىپ ۋە ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان 5 سېختىن يەكەن ياغ زاۋۇتىنىڭ كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىش سېخى ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، كۈنىگە كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىش ئىقتىدارى 50 توننا ئاشتى. قورغاس چېگىسخوزا، شىخەنزە شايىدى، سانجى ئوبلاستلىق ياغ زاۋۇتىنىڭ كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىش سېخلىرىنىڭ كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىش ئىقتىدارى كۈنىگە 30 توننىدىن 50 توننىغا يەتتى؛ شىخەنزە ئاشلىق ـ ياغ زاۋۇتىنىڭ كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىش سېخىنىڭ ئىقتىدارى كۈنىگە 50 توننىدىن 100 توننىغا يەتتى، بۇ زاۋۇتنىڭ كۈنجۈرىسىدە قېلىپ قالغان ياغ 1983 ـ يىلدىن 1987 ـ يىلغىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10% تىن تۆۋەن بولدى، 1987 ـ يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر توننا كۈنجۈرىگە 7.02 كىلوگرام ئېرىتكۈچ سەرپ قىلىندى، بۇ ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 4.33 كىلوگرام تۆۋەن بولدى. ئاشلىق تارماقلىرى يېڭىدىن قۇرغان ۋە ئۆزگەرتىپ قۇرغان كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىش سېخلىرىدا مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار ھۈنەر ـ سەنئەت قوللىنىلدى، ئۈسكۈنىلىرى مەملىكەت ئىچىدىكى ئوخشاش تۈردىكى زاۋۇتلارنىڭ سەۋىيىسىگە يەتتى. بۇ مەزگىلدە، ئاپتونوم رايوندىكى بەزى چوڭ ياغ زاۋۇتلىرى سىقىپ يېغى چىقىرىۋېلىنغاندىن كېيىنكى كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىش ئۇسۇلىنى ئالدىن سىقىپ ئاندىن كۈنجۈرىسىدىن ياغ چىقىرىشقا ئۆزگەرتتى، كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىش ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ تەلىپى بويىچە ياغلىق داننى ئالدىن بىر تەرەپ قىلىش ۋە سىقىش ئۈسكۈنىلىرىنى تەڭشەپ، مەشغۇلاتنى ياخشىلاپ، سىقىش بىلەن چىلاپ چىقىرىشنى يۈرۈشلەشتۈردى. جايلاردىكى كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىش زاۋۇتلىرى (سېخلىرى) ئومۇمىيۈزلۈك غەيرىي پۇراقنى يوقىتىش ئۈسكۈنىلىرىنى تولۇقلاپ، كۈنجۈرىدىن چىقىرىلغان ياغنى نېيتراللاشتۇرۇش، يۇيۇش، غەيرىي پۇراقنى يوقىتىشتىن ئىبارەت ياغ چەككىلەش ھۈنەر ـ سەنئىتىنى قوللىنىپ، كۈنجۈرىدىن چىقىرىلغان ياغنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلدى. 1988 ـ يىل 9 ـ ئايدا شىنجاڭ ئاشلىق ـ ياغ ئىلمىي جەمئىيىتى شاڭخەيدىن 3 نەپەر ياغ مۇتەخەسسىسىنى تەكلىپ قىلىپ، شىخۇ ئاشلىق ـ ياغ زاۋۇتىدا نەق مەيداندا تېخنىكىلىق كوللېكتىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، كۈندىلىك ئالدىن سىقىلغان كۈنجۈرە مىقدارىنى 22 توننىدىن 30 — 35 توننىغا كۆپەيتتى، بىر توننا كۈنجۈرىنىڭ ئېرىتكۈچ سەرپىياتىنى 10 كىلوگرامدىن 4.14 كىلوگرامغا، كۈنجۈرىدە ياغ قېلىش نىسبىتىنى 2.6% تىن 1.25% كە چۈشۈردى. شۇ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى يەنە تېخنىك خادىملارنى جىمسار ناھىيىلىك ئاشلىق ـ ياغ زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا تېخنىكىلىق يېتەكچىلىك قىلىشقا ئەۋەتىپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، بىر توننا قىچا، زىغىر كۈنجۈرىسىنىڭ

ئېرىتكۈچ سەرپىياتىنى 7.6 كىلوگرامغا چۈشۈرۈپ، ئەسلىدىكىدىن 50% تۆۋەنلەتتى، بىر توننا ئاپتاپپەرەس كۈنجۈرىسىنىڭ ئېرىتكۈچ سەرپىياتىنى 3.3 كىلوگرامغا چۈشۈرۈپ، زاۋۇت تارىخىدا ئەڭ ياخشى سەۋىيە ياراتتى. شۇ يىلى جايلاردىكى ئاشلىق ـ ياغ زاۋۇتلىرىدىكى كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىش سېخلىرىدا باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، تېخنىكىلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، ياغنىڭ ئېقىپ كېتىشى تۈگىتىلىپ، ئېرىتكۈچ سەرپىياتىنى تۆۋەنلىتىش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە بىر توننا كۈنجۈرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېرىتكۈچ سەرپىياتى ئالدىنقى يىلدىكى 11.35 كىلوگرامدىن 9.92 كىلوگرامغا چۈشتى.

1989 ـ يىلى موڭغۇلكۈرە، ئاۋات، چۆچەك، چاغانتوقاي، قاغىلىق قاتارلىق ناھىيە (شەھەر) لەردىكى ئاشلىق ـ ياغ زاۋۇتلىرىنىڭ كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىش سېخلىرى ۋە سانجى ئوبلاستلىق ئاشلىق ـ ياغ زاۋۇتى، كۇچا ياغ زاۋۇتى، باي ياغ زاۋۇتى كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىش سېخلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئۈسكۈنىلىرىنى يېڭىلىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئاپتونوم رايون بويىچە كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىش كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان موڭغۇلكۈرە ئاشلىق ـ ياغ زاۋۇتىنىڭ كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىش سېخى سىچۈەن مىيەنياڭدا ئىشلەنگەن سېتكىلىق تەكشى ئايلانما كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىش ئۈسكۈنىسىنى ئىشلىتىپ ئالدىن سىقىپ ئاندىن كۈنجۈرىدىكى ياغنى چىقىرىش يولى بىلەن كۈنىگە 100 توننا ياغلىق داننى بىر تەرەپ قىلالايدىغان بولدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرى كۈنجۈرىدىن چىقارغان ياغ 8053 توننىغا يېتىپ، ئومۇمىي ياغ مەھسۇلاتىنىڭ 12.2% نى ئىگىلىدى.

1971 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى بولۇپ قۇرۇلغان كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىش سېخى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەندىن تارتىپلا، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىش سېخلىرىنىڭ بىخەتەرلىك ـ ئوت مۇداپىئە خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، جايلاردىن ئادەم ۋە دۆلەت مال ـ مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىش سېخلىرى قۇرۇلغاندىن تارتىپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەنگە قەدەر «كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىش زاۋۇتى (سېخى) نىڭ قۇرۇلۇش، قۇراشتۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشتىكى بىخەتەرلىك، ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش قائىدىسى» ئەستايىدىل ئىجرا قىلىندى ۋە «ئىشلەپچىقىرىش ـ تېخنىكا مەشغۇلات قائىدىسى» بويىچە مەشغۇلات قىلىندى، شۇڭا ئاپتونوم رايوندىكى كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىش سېخلىرىنىڭ ھېچقايسىسىدا چوڭ ھادىسە يۈز بەرمىدى. 1990 ـ يىلى ئاقسۇ، شايار، فۇكاڭ، يوپۇرغا ناھىيىلىك (شەھەرلىك) ئاشلىق ـ ياغ زاۋۇتلىرىدىكى كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىش سېخلىرى قۇرۇلۇشنى داۋاملاشتۇردى.

1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىش سېخى 42 گە، كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىش يىللىق ئىقتىدارى 292 مىڭ توننىغا يەتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە، ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ 30، بىڭتۇەنىنىڭ 10، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ 2. ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىش ئىقتىدارى 228 مىڭ توننىغا يېتىپ، ياغ تارتىش ئىقتىدارىنىڭ 37.5% نى ئىگىلىدى. كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىش سېخلىرى 3 خىل كۆلەمدە بولۇپ، يىلىغا 20 مىڭ توننا كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىدىغىنى 2، 10 مىڭ توننا كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىدىغىنى 5، 6000 توننا كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىدىغىنى 23؛ كۈنجۈرىدىن ياغ چىقىرىش سېخلىرىنىڭ ھەممىسىدە تەكشى ئايلانما ئۈسكۈنە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر توننا كۈنجۈرىنىڭ ئېرىتكۈچ سەرپىياتى 7.15 كىلوگرام (ماناس، توققۇزتارا، كۈنەس، يەنجى، يەكەن، باي ياغ زاۋۇتلىرىنىڭ 4 كىلوگرامدىن) بولدى. شۇ يىلى ئاشلىق تارماقلىرى كۈنجۈرىدىن 10 مىڭ 600 توننا ياغ چىقاردى، ئۇنىڭ سۈپىتى دۆلەتنىڭ 2 ـ دەرىجىلىك ياغ سۈپىتى ئۆلچىمىگە يەتتى.

## شىنجاڭنىڭ 1990 - يىلغىچە كۆنجۈرىدىن ياغ ئېلىش سېخلىرى

جەدۋەل: 4 — 13

| ئورۇن نامى | ئۈسكۈنىنىڭ كۈندىلىك ئىقتىدارى (توننا/تىپى) | ئۈسكۈنە ئىشلەپچىقىرىلغان زاۋۇت | ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن يىل |
|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق سىستېمىسى | | | |
| ئۈرۈمچى ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | 50/تەكشى ئايلانما شەكىللىك | خۇبېي ئىچاڭ ئاشلىق ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | 1985 |
| ئۈرۈمچى شەھەرلىك تۇدۇڭخابا كوچا ئاشلىق - ياغ زاۋۇتى | 30/تەكشى ئايلانما شەكىللىك | خۇبېي شىنجو ئاشلىق ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | 1988 |
| گۇچۇڭ ناھىيىلىك ئاشلىق - ياغ زاۋۇتى | 30/تەكشى ئايلانما شەكىللىك | جېجياڭ يۇياۋ ئاشلىق ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | 1988 |
| جىمسار ناھىيىلىك ئاشلىق - ياغ زاۋۇتى | 30/تەكشى ئايلانما شەكىللىك | جېجياڭ يۇياۋ ئاشلىق ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | 1985 |
| سانجى ئوبلاستى ياغ زاۋۇتى | 50/تەكشى ئايلانما شەكىللىك | ئۈرۈمچى ئاشلىق ماشىنىسازلىق زاۋۇتى بىلەن خېنەن سەنمېنشيا ماشىنىسازلىق زاۋۇتى بىرلىكتە ئىشلىگەن | 1975 |
| قۇتۇبى ناھىيىلىك ئاشلىق - ياغ زاۋۇتى | 30/تەكشى ئايلانما شەكىللىك | خېنەن سەنمېنشيا ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | 1985 |
| ماناس ناھىيىلىك ئاشلىق - ياغ زاۋۇتى | 30/تەكشى ئايلانما شەكىللىك | جياڭسۇ چاڭدې شۇجۇ شەھەرلىك ياغ زاۋۇتى | 1988 |
| شىخەنزە ئاشلىق - ياغ زاۋۇتى | 100/تەكشى ئايلانما شەكىللىك | جياڭسۇ نەنتۇڭ ياغ تارتىش ئۈسكۈنىلىرى شىركىتى | 1983 |
| شيابېدى ياغ زاۋۇتى | 50/تەكشى ئايلانما شەكىللىك | جياڭسۇ چاڭشۇ ياغ تارتىش ئۈسكۈنىلىرى زاۋۇتى | 1971 |
| ساۋەن ناھىيىلىك ئاشلىق - ياغ زاۋۇتى | 30/تەكشى ئايلانما شەكىللىك | خېنەن سەنمېنشيا ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | 1985 |
| شىخو ناھىيىلىك ئاشلىق، ياغ زاۋۇتى | 30/تەكشى ئايلانما شەكىللىك | ئۈرۈمچى ئاشلىق ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | 1985 |
| دۆربىلجىن ناھىيىلىك زاراڭزا ياغ زاۋۇتى | 30/تەكشى ئايلانما شەكىللىك | خېنەن سەنمېنشيا ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | 1987 |
| چۆچەك شەھەرلىك ياغ زاۋۇتى | 30/تەكشى ئايلانما شەكىللىك | خېنەن سەنمېنشيا ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | 1989 |
| چاغانتوقاي ناھىيىلىك ئاشلىق - ياغ زاۋۇتى | 30/تەكشى ئايلانما شەكىللىك | خېنەن سەنمېنشيا ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | 1989 |
| ئالتاي ۋىلايەتلىك ياغ زاۋۇتى | 30/تەكشى ئايلانما شەكىللىك | جېجياڭ دېچىڭ ناھىيىلىك ياغ زاۋۇتى | 1988 |
| بورتالا شەھەرلىك ئاشلىق - ياغ زاۋۇتى | 30/تەكشى ئايلانما شەكىللىك | جېجياڭ يۇياۋ ئاشلىق ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | 1985 |
| ئارشاڭ ناھىيىلىك ئاشلىق - ياغ زاۋۇتى | 30/تەكشى ئايلانما شەكىللىك | جياڭسۇ نەنتۇڭ ياغ تارتىش ئۈسكۈنىلىرى شىركىتى | 1988 |
| ئىلى ۋىلايەتلىك ئاشلىق - ياغ باش زاۋۇتى | 50/تەكشى ئايلانما شەكىللىك | جېجياڭ يۇياۋ ئاشلىق ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | 1985 |
| قورغاس چىڭسىخوزا ياغ زاۋۇتى | 50/تەكشى ئايلانما شەكىللىك | جېجياڭ يۇياۋ ئاشلىق ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | 1984 |
| غۇلجا ناھىيىلىك ئاشلىق - ياغ زاۋۇتى | 30/تەكشى ئايلانما شەكىللىك | خېنەن سەنمېنشيا ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | 1987 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| توققۇزتارا ناھىيىلىك ئاشلىق - ياغ زاۋۇتى | 30/تەكشى ئايلانما شەكىللىك | خېنەن سەنمىنشيا ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | 1988 |
| كۈنەس ئاشلىق - ياغ زاۋۇتى | 30/تەكشى ئايلانما شەكىللىك | خېنەن سەنمىنشيا ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | 1988 |
| موڭغۇلكۈرە ئاشلىق - ياغ زاۋۇتى | 100/تەكشى ئايلانما شەكىللىك | سىچۈەن مىيەنياڭ ئاشلىق ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | 1989 |
| يەنجى ئاشلىق - ياغ زاۋۇتى | 30/تەكشى ئايلانما شەكىللىك | جياڭسۇ نەنتۇڭ باغ ئارتىش ئۈسكۈنىلىرى شىركىتى | 1988 |
| بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئاشلىق-ياغ تەقلىدىي بۇيۇم زاۋۇتى | 30/تەكشى ئايلانما شەكىللىك | جياڭسۇ نەنتۇڭ باغ ئارتىش ئۈسكۈنىلىرى شىركىتى | 1988 |
| كۇچا ياغ زاۋۇتى | 30/تەكشى ئايلانما شەكىللىك | ئۆزى ئىشلىگەن | 1975 |
| باي ياغ زاۋۇتى | 30/تەكشى ئايلانما شەكىللىك | ئۈرۈمچى ئاشلىق ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | 1975 |
| ئاۋات ياغ زاۋۇتى | 30/تەكشى ئايلانما شەكىللىك | شىنىنەن كۇنجۇرىدىن باغ ئېلىش ئۈسكۈنىلىرى شىركىتى | 1989 |
| يەكەن ياغ زاۋۇتى | 10/تەكشى ئايلانما شەكىللىك | جياڭسۇ نەنتۇڭ باغ ئارتىش ئۈسكۈنىلىرى شىركىتى | 1975 |
| قاغىلىق ياغ زاۋۇتى | 30/تەكشى ئايلانما شەكىللىك | جياڭسۇ نەنتۇڭ باغ ئارتىش ئۈسكۈنىلىرى شىركىتى | 1989 |
| ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەن سىستېمىسى | | | |
| 6 - شى ۋۇجياچۈ ياغ زاۋۇتى | 30/تەكشى ئايلانما شەكىللىك | خۇبېي ئېچېڭ ئاشلىق ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | 1988 |
| 1 - شى 1 - تۇەن | 30/تەكشى ئايلانما شەكىللىك | خۇبېي شىنجۇ ئاشلىق ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | 1988 |
| 1 - شى 9 - تۇەن | 20/تەكشى ئايلانما شەكىللىك | جېجياڭ يۇياۋ ئاشلىق ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | 1988 |
| 2 - شى ئۈلۈغكۆل | 20/تەكشى ئايلانما شەكىللىك | جېجياڭ يۇياۋ ئاشلىق ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | 1987 |
| 7 - شى 124 - تۇەن (گاۋ-چۈەن) | 30/تەكشى ئايلانما شەكىللىك | خېنەن سەنمىنشيا ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | 1988 |
| 7 - شى 131 - تۇەن (كۈيتۇڭ) | 20/تەكشى ئايلانما شەكىللىك | خېنەن سەنمىنشيا ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | 1986 |
| 8 - شى 148 - تۇەن | 20/تەكشى ئايلانما شەكىللىك | جېجياڭ يۇياۋ ئاشلىق ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | 1986 |
| 7 - شى 123 - تۇەن (چەپەي-زى) | 50/تەكشى ئايلانما شەكىللىك | خۇبېي ئېچېڭ ئاشلىق ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | 1987 |
| 9 - شى (دۆربىلجىن) | 30/تەكشى ئايلانما شەكىللىك | جياڭسۇ يۇياۋ ئاشلىق ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | 1986 |
| 8 - شى 149 - تۇەن | 20/تەكشى ئايلانما شەكىللىك | جېجياڭ يۇياۋ ئاشلىق ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | 1986 |
| ئاپتونوم رايوندىكى يېزا - بازار كارخانىلىرى | | | |
| دۆربىلجىن «ئازادە» يېزا - بازار زاۋۇتى | 20/تەكشى ئايلانما شەكىللىك | خۇبېي ئېچېڭ ئاشلىق ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | 1985 |
| قەشقەر كوناشەھەردىكى يېزا - بازار كارخانىسى | 30/تەكشى ئايلانما شەكىللىك | سىچۈەن مىيەنياڭ ئاشلىق ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | 1988 |

ئىزاھ: جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەن ئۈسكۈنىلەرنىڭ كۈندىلىك ئىقتىدارى 1990 - يىلنىڭ ئاخىرىدىكى ئۈسكۈنە ئىقتىدارى بويىچە ئېلىندى.

## § 2 . مەھسۇلاتلار

1949 — 1959 ـ يىلغىچە ئۈلكە (ئاپتونوم رايون) بويىچە ئۆسىمىلىك يېغى ئاساسەن قىچا يېغى، زىغىر يېغى، چىگىت يېغى بولۇپ، ماشىنىدا تارتىلغان ياغ ۋە جوۋازدا تارتىلغان ياغ دەپ 2 گە بۆلۈندى، جوۋازدا تارتىلغان ياغ ئاساس قىلىندى، جوۋازدا تارتىلغان ساپسىز ياغ چەككىلەنمەيلا كۆلچەككە قۇيۇلۇپ تەبىئىي يوسۇندا تىندۇرۇلۇپ، ئەخلىتى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىنلا تەييار مەھسۇلات ھېسابلاندى. جوۋازدا تارتىلغان ياغنىڭ نەملىك، ئەخلەت تەركىبى يۇقىرى، رەڭگى قېنىق، دۇغى كۆپ بولۇپ، قورۇما قورۇغاندا كۆپۈك كۆپ، غەيرىي پۇراق چىقىراتتى، سۈپىتى ناچار ئىدى. ماشىنىدا تارتىلغان ياغ ئادەتتە ئاددىي ئۇسۇلدا چۆكتۈرۈلگەندىن كېيىن پەككىلىنەتتى، ياغ سۈپىتى جوۋازدا تارتىلغان ياغدىن ياخشى ئىدى، لېكىن سۇ، ئەخلەت تەركىبى ۋە كىسلاتالىقى بىرقەدەر يۇقىرى بولۇپ، ئاپتونوم رايون ئۆلچىمىدە بەلگىلەنگەن سۈپەت تەلىپىگە يەتمەيتتى.

1949 ـ يىلى ئۈلكە بويىچە 1767 تونىنا ياغ تارتىلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە ماشىنىدا تارتىلغان ياغ ناھايىتى ئاز بولدى. 1955 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ياغ شىركىتى ئاپتونوم رايون بويىچە لى چۈەنجاڭ ياغ تارتىش ئۇسۇلىنى ئومۇملاشتۇردى، جايلاردا ياغ چىقىش نىسبىتى ئومۇميۈزلۈك ئۆستى. يىل بويى ھاۋالە ئارقىلىق 16 مىڭ 500 تونىنا ياغلىق دان تارتىلىپ، 4475 تونىنا ياغ ئېلىندى، ئوتتۇرىچە ياغ چىقىش نىسبىتى %27.12 بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 2.72 پىرسەنت يۇقىرى ئۆستى. 1957 ـ يىلدىن ئېتىبارەن ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ «مەھسۇلات سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش، بىرلىك مەھسۇلاتنى مۇۋاپىق ئۆستۈرۈش، ياغ چىقىش نىسبىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش» فاڭجېنى ئىجرا قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە ماشىنىدا تارتىلغان ياغ مەھسۇلاتى ئېشىپ، شەھەر ـ بازارنى ياغ بىلەن تەمىنلەش مىقدارىنىڭ %25.5 نى ئىگىلەش دەرىجىسىگە يەتتى. 1959 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرى ماشىنىدا 3805 تونىنا ياغ تارتتى، زىغىر، قىچىنىڭ ئوتتۇرىچە ياغ چىقىش نىسبىتى %31.77، چىگىتنىڭ %14.33 بولدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يەنە 85 تونىنا ياۋا ئۆسىمىلىك يېغى تارتىلدى، كورلا ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى بۆيا ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، پىلە غوزىكى قاتارلىقلاردىن سىناق تەرىقىسىدە ياغ تارتتى، ئوتتۇرىچە ياغ چىقىش نىسبىتى %10.35 بولدى؛ چىرا ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى زاراڭزا، كەندىر ئۇرۇقى، ياڭاق، قىچا شادىسى، يوپۇرمىقى، ئۈجمە ئۇرۇقى قاتارلىقلاردىن سىناق تەرىقىسىدە ياغ تارتتى، ياغ چىقىش نىسبىتى %4 — %24 بولدى، بۇ ياغلار چەككىلەنگەندىن كېيىن يېمەكلىككە، سوپۇن ئىشلەشكە ئىشلىتىلدى ياكى سانائەتتە سىلىقلاش مېيى قىلىندى.

1960 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندا ئىشلەپچىقىرىلغان ماشىنىدا تارتىلغان ياغ ئاپتونوم رايوندىكى شەھەر ـ بازارنى ياغ بىلەن تەمىنلەش مىقدارىنىڭ %56.51 نى ئىگىلەپ، 1957 ـ يىلدىكىدىن 31 پىرسەنت يۇقىرى ئاشتى. 1961 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 13 مىڭ 900 تونىنا ياغ ئىشلەپچىقىرىلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە قىچا يېغى 5045 تونىنا، چىگىت يېغى 3890 تونىنا، زىغىر يېغى 3667 تونىنا، ئاپتاپپەرەس، زاراڭزا، خاسىڭ، كۈنجۈت ۋە پۇرچاق يېغى 1288 تونىنا. ئىشلەپچىقىرىلغان ئومۇمىي ياغ ئىچىدىكى ماشىنىدا تارتىلغان ياغ 7480 تونىنا بولۇپ، %53.8 نى ئىگىلىدى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق تارماقلىرى ئىشلەپچىقارغىنى 3981 تونىنا (جەدۋەل: 4 — 14 گە قاراڭ).

## 1961 ـ يىلى شىنجاڭدا ئۆسۈملۈك يېغىنىڭ جايلار بويىچە ئىشلەپچىقىرىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 4 — 14    بىرلىكى: توننا

| نامى | مەھسۇلاتى | نامى | مەھسۇلاتى |
|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە | 13890 | ئالتاي ۋىلايىتى | 58 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 593 | بورتالا ئوبلاستى | 113 |
| قاراماي شەھىرى | 54 | بايىنغولىن ئوبلاستى | 163 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 549 | ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1075 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 119 | قىزىلسۇ ئوبلاستى | 124 |
| سانجى ئوبلاستى | 652 | قەشقەر ۋىلايىتى | 3845 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە، شەھەرلەر | 1710 | خوتەن ۋىلايىتى | 689 |
| تارباغاتاي | 292 | ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى | 3845 |

ئىزاھ: مەھسۇلات مىقدارى جۇۋازدا تارتىلغان ياغ مىقدارىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1962 ـ يىلى ئاشلىق نازارىتى جايلاردىن ياغ مەنبەسىنى كەڭ ئېچىپ، ياغ مەھسۇلاتىنى كۆپەيتىپ، ياغ چىقىش نىسبىتىنى ئىرىشىپ ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرى ماشىنىدا 4492 توننا ياغ تارتتى. ئاشلىق نازارىتىنىڭ ئۈنۈمپەرسال ماشىنىسازلىق زاۋۇتى، كورلا ئاشلىق، ياغ تارتىش زاۋۇتى كۆممىقوناق تۆرىلىسىدىن 17.75 توننا ياغ چىقاردى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتىنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق بۇ ياغنىڭ سۈ، ئەخلەت تەركىبى بىرقەدەر يۇقىرى بولغاندىن سىرت، باشقا كۆرسەتكۈچلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولۇپ، ئىستېمالغا بېرىلدى. ئۇنىڭ ئاشلىق ـ ياغ زاۋۇتى ۋە مىچۈەن ئاشلىق ـ ياغ زاۋۇتى سىناق تەرىقىسىدە گۈرۈچ كېپىكىدىن ياغ تارتتى.

1964 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە زىغىر، قىچا، چىگىتلەرنىڭ ياغ چىقىش نىسبىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولدى. باي ياغ زاۋۇتىنىڭ قىچىدىن ياغ تارتىش نىسبىتى يۇقىرى بولغاندا 35.62% كە، يەكەن ياغ زاۋۇتىنىڭ زىغىردىن ياغ تارتىش نىسبىتى يۇقىرى بولغاندا 35.63% كە، چىگىتتىن ياغ تارتىش نىسبىتى يۇقىرى بولغاندا 16.79% كە يەتتى. ياغ چىقىش نىسبىتى ئوتتۇرىچە بولغان زاۋۇتلارنىڭ قىچا، زىغىر، چىگىتتىن ياغ تارتىش نىسبىتى 30.26%، 26.13% ۋە 12.56% بولدى. 1965 ـ يىلى ئاشلىق نازارىتى بىڭتۇەن سانائەت ـ قاتناش بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە ئاشلىق، ياغ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى سېلىشتۇرۇپ باھالىغاندا، ئىلى ئاشلىق ـ ياغ زاۋۇتى، يېڭى ئېگىلىك 7 ـ شى ئاشلىق ـ ياغ زاۋۇتى، ئالتاي ئۇن زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان قىچا يېغى، شىخەنزە «1 ـ ئاۋغۇست» بىرلەشمە پىششىقلاش زاۋۇتى ۋە يېڭى ئېگىلىك 6 ـ شى پىششىقلاش زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان زىغىر يېغى، يەكەن ياغ زاۋۇتى ۋە كۇچا ياغ زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان چەككىلەنگەن چىگىت يېغىنىڭ سۈپىتى ياخشى بولۇپ تەقدىرلەندى.

70 ـ يىللاردىن ئېتىبارەن ئاپتونوم رايون بويىچە ياغلىق دان قىس، ياغ تەمىناتى جىددىي بولغاچقا، جايلاردىكى ياغ زاۋۇتلىرى ياغنىڭ پىششىقلىنىش دەرىجىسىنى قاتتىق تىزگىنلىدى، ياغ چىقىش نىسبىتىنى

ئۆستۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. كۆنجۈرىدىن ياغ چىقىرىدىغان سېخلار كۆنجۈرىدە قېلىپ قالغان ياغلارنى تولۇق سىقىپ چىقىرىۋالدى، 80 - يىللارنىڭ بېشىدا ھەممىسى بىرلا 2 - دەرىجىلىك ياغ ئىشلەپچىقاردى. ئوخشاش مەزگىلدە، ئاپتونوم رايوندىكى كۆپ ساندىكى ياغ زاۋۇتلىرىدا مەھسۇلاتنىڭ سۈپەت ئۆتكىلىنى چىڭ ئىگىلىمەسلىك، كۆپ ساندىكى ماشىنىدا تارتىلغان ياغلار دۆلەت ئۆلچىمىدە بەلگىلەنگەن بارلىق سۈپەت كۆرسەتكۈچىگە يەتمەسلىك ئەھۋالى ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولدى. ياغ سۈپىتىدە مەۋجۇت بولغان ئاساسلىق مەسىلە: زىغىر، قىچا يېغىنىڭ سۇ، ئەخلەت تەركىبى بىرقەدەر يۇقىرى، سۈزۈكلۈكى تۆۋەن بولۇپ، 280℃ دا قىزىتىپ تەجرىبە قىلغاندا كۆپ مىقداردا ئاجرالمىلار چىقتى. 1980 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كۆنجۈرىدىن 330 توننا ياغ سىقىپ چىقىرىۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە سانجى ئوبلاستلىق ياغ زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان كۆنجۈرە يېغى دۆلەت ئۆلچىمىگە يەتكەندىن سىرت، قالغىنى دۆلەت ئۆلچىمىگە يەتمىدى، ئاساسلىقى ئېرىتكۈچ مىقدارى يەمەكلىك تازىلىق ئۆلچىمىدىن ئېشىپ كەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاپتاپپەرەس يېغى مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، 1980 - يىلدىن كېيىن ئاپتاپپەرەس يېغى ياغ تەمىنلەشتىكى ئاساسلىق سورتىنىڭ بىرى بولدى. 1983 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان ئاپتاپپەرەس يېغى 20 مىڭ 400 توننا بولۇپ، ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 41.89% نى ئىگىلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاپتاپپەرەس يېغى مەھسۇلاتى باشقا ياغلارنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ كەلدى.

1984 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى جايلاردىن ئاشلىق، ياغنى ئىنچىكە ۋە چوڭقۇر پىششىقلاپ ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى. ياغ پىششىقلاشتا ياغ چىقىرىش نىسبىتىنى تەكىتلەش سۈپىتىگە قاراپ نىسبەت بېكىتىشكە ئۆزگەرتىلدى، ياغ زاۋۇتلىرى پىششىقلاش ئېسىللىقىنى قاتتىق تىزگىنلەشتىن تەدرىجىي ھالدا ياغنىڭ پىششىقلىنىش ئېسىللىقىنى ئۆستۈرۈشكە ئۆتتى. ناھىيە بازاردىن يۇقىرى ياغ زاۋۇتلىرى تارتقان ياغلار ئومۇميۈزلۈك دۆلەتنىڭ 2 - دەرىجىلىك ياغ سۈپەت ئۆلچىمىگە يەتتى، بەزىلىرى 1 - دەرىجىلىك ياغ سۈپەت ئۆلچىمىگە يەتتى، لېكىن يەنە ئاز ساندىكى ياغ زاۋۇتلىرى تارتقان ياغلارنىڭ سۈپىتى مۇقىم بولمىدى، بەزىدە دۆلەت ئۆلچىمىگە يەتمىدى. ناھىيە بازاردىن تۆۋەن يېزا، ئاشلىق پونكىتلىرىنىڭ كۆپ ساندىكى ئوششاق ياغ زاۋۇتلىرىنىڭ ياغ تارتىش، چەككىلەش ئۈسكۈنىلىرى قالاق بولغاچقا، ياغ سۈپىتى ئادەتتە بىرقەدەر ناچار بولدى.

1985 - يىلى دۆربىلجىن، جىمسار، سانجى، ئىلى، فۇكاڭ، قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلار بىر يىلدا 1000 توننىدىن ئارتۇق زاراڭزا يېغى تارتىپ، تارىختا يۇقىرى سەۋىيە ياراتتى. زاراڭزا يېغىنىڭ كۆپىنچىسى دۆلەت، ئاپتونوم رايوندا تىببىي داۋالاش، ساقلىق ساقلاش ۋە ئوزۇقلۇقتا ئىشلىتىلىپ، سېتىلىشى ناھايىتى ياخشى بولدى. شۇ يىلى ئايرىم زاۋۇتلارنىڭكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاپتونوم رايوندا كۆنجۈرىدىن چىقىرىلغان ياغ دۆلەتنىڭ 2 - دەرىجىلىك ياغ ئۆلچىمىگە يەتتى. بۇ ياغلار ئاپتونوم رايوندا سېتىلىپلا قالماستىن، يەنە ئىچكىرىدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغىمۇ سېتىلدى. 1986 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ياغ مەھسۇلاتى بىر خىللا 2 - دەرىجىلىك ياغدىن ئالاھىدە ياغ، 1 - دەرىجىلىك ياغ، 2 - دەرىجىلىك ياغ، ئالىي تەڭشىمە ياغ، سالات ياغ، سېرىقماي، مارگارىنغا تەرەققىي قىلدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى كېيىنكى تۆت خىل ياغ ئاپتونوم رايوندىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، بازار تەمىناتىنى موللاشتۇردى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئەلا مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا، شىخەنزە ئاشلىق - ياغ زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان «دالى» ماركىلىق 2 - دەرىجىلىك ئاپتاپپەرەس يېغى، ئۈرۈمچى ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان «كۆيلىن» ماركىلىق 2 - دەرىجىلىك ئاپتاپپەرەس يېغى تۇنجى قېتىم ئاپتونوم رايونلۇق ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات نامىغا، يەنە 3 ياغ مەھسۇلاتى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ساھەسى بويىچە ئىشەنچلىك مەھسۇلات نامىغا ئېرىشتى. 1987 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ياغ مەھسۇلاتلىرى سۈپىتىنىڭ مۇقىم ئۆسۈش نىسبىتى 87% كە يەتتى، 5 خىل ياغ مەھسۇلاتى ئاپتونوم رايونلۇق ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات نامىغا ئېرىشتى.

1990 - يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات 19 غا يەتتى (جەدۋەل: 4 — 15 كە قاراڭ). شىخەنزە ئاشلىق - ياغ زاۋۇتى قاتارلىق 21 كارخانىنىڭ 31 خىل ياغ مەھسۇلاتى ئاپتونوم رايون ئاشلىق ساھەسى بويىچە ئىشەنچلىك مەھسۇلات نامىغا ئېرىشتى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرى 69 مىڭ 500 توننا ياغ ئىشلەپچىقاردى (جەدۋەل: 4 — 17 گە قاراڭ). ئۇنىڭ ئىچىدە ماشىنىدا تارتىلغان ياغ 58 مىڭ 900 توننا، كۈنجۈرە يېغى 10 مىڭ 600 توننا. ماشىنىدا تارتىلغان ياغنىڭ (كۈنجۈرە يېغىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) ئوتتۇرىچە ياغ چىقىش نىسبىتى: قىچىنىڭ %30.55، زىغىرنىڭ %31.42، ياغلىق ئاپتاپپەرەسنىڭ %33، چىگىتنىڭ %14.22 بولدى. بۇنىڭ سىرتىدا بىڭتۇەن ئىشلەپچىقارغان ياغ 46 مىڭ 900 توننا، يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىشلەپچىقارغان ياغ 40 مىڭ 100 توننا بولدى.

## شىنجاڭنىڭ 1986 — 1990 - يىللىرىدىكى ئەلا سۈپەتلىك ياغ مەھسۇلاتلىرى

جەدۋەل: 4 — 15

| مەھسۇلات نامى | يىللار | كارخانا نامى |
|---|---|---|
| «دالى» ماركىلىق 2 - دەرىجىلىك ئاپتاپپەرەس يېغى | 1986 | شىخەنزە ئاشلىق - ياغ زاۋۇتى |
| «كۆيلەن» ماركىلىق 2 - دەرىجىلىك ئاپتاپپەرەس يېغى | 1986 | ئۈرۈمچى ئاشلىق ماشىنىسازلىق زاۋۇتى |
| زىغىر يېغى | 1987 | قورغاس ناھىيىلىك ياغ زاۋۇتى |
| چەككىلەنگەن چىگىت يېغى | 1987 | يەكەن ناھىيىلىك ئاشلىق - ياغ زاۋۇتى |
| 2 - دەرىجىلىك قىچا يېغى | 1987 | شىخەنزە ئاشلىق - ياغ زاۋۇتى |
| 2 - دەرىجىلىك ئاپتاپپەرەس يېغى | 1988 | ساۋەن ناھىيىلىك ئاشلىق - ياغ زاۋۇتى |
| «غەربىي دىيار» ماركىلىق 1 - دەرىجىلىك ئاپتاپپەرەس يېغى | 1988 | سانجى ئوبلاستلىق ياغ زاۋۇتى |
| «غەربىي دىيار» ماركىلىق 2 - دەرىجىلىك قىچا يېغى | 1988 | سانجى ئوبلاستلىق ياغ زاۋۇتى |
| «ئۈچ يۇلتۇز» ماركىلىق 2 - دەرىجىلىك ئاپتاپپەرەس يېغى | 1989 | شىخۇ ناھىيىلىك ئاشلىق - ياغ زاۋۇتى |
| 2 - دەرىجىلىك ئاپتاپپەرەس يېغى | 1989 | قۇتۇبى ناھىيىلىك ئاشلىق - ياغ زاۋۇتى |
| 2 - دەرىجىلىك ئاپتاپپەرەس يېغى | 1989 | بىڭتۈەن 4 - شى ئۆن زاۋۇتى |
| 2 - دەرىجىلىك قىچا يېغى | 1989 | ساۋەن ناھىيىلىك ئاشلىق - ياغ زاۋۇتى |
| چەككىلەنگەن چىگىت يېغى | 1989 | بىڭتۈەن 1 - شىسى ئاشلىق - ياغ زاۋۇتى |
| چەككىلەنگەن چىگىت يېغى | 1989 | مەكىت ناھىيىلىك ئاشلىق - ياغ زاۋۇتى |
| چەككىلەنگەن چىگىت يېغى | 1989 | شاياردى ياغ زاۋۇتى |
| «سايرام كۆلى» ماركىلىق چەككىلەنگەن چىگىت يېغى | 1990 | بورتالا شەھەرلىك ئاشلىق - ياغ زاۋۇتى |
| 2 - دەرىجىلىك قىچا يېغى | 1990 | شىخۇ ناھىيىلىك ئاشلىق - ياغ زاۋۇتى |
| «شىنجى» ماركىلىق 2 - دەرىجىلىك قىچا يېغى | 1990 | ئۈرۈمچى ئاشلىق ماشىنىسازلىق زاۋۇتى |
| 2 - دەرىجىلىك قىچا يېغى | 1990 | دۆربىلجىن ناھىيىلىك زاراڭزا ياغ زاۋۇتى |

## شىنجاڭدىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ 1957 — 1979 - يىللاردىكى باغ مەھسۇلاتى

جەدۋەل: 4 — 16

بىرلىكى: توننا

| يىللار | مەھسۇلات مىقدارى | يىللار | مەھسۇلات مىقدارى |
|---|---|---|---|
| 1957 | 3114 | 1969 | 8180 |
| 1958 | 3471 | 1970 | 10773 |
| 1959 | 3805 | 1971 | 11660 |
| 1960 | 4720 | 1972 | 11197 |
| 1961 | 3981 | 1973 | 9846 |
| 1962 | 4492 | 1974 | 10608 |
| 1963 | 4199 | 1975 | 11573 |
| 1964 | 5026 | 1976 | 11687 |
| 1965 | 4819 | 1977 | 10922 |
| 1966 | 7380 | 1978 | 13102 |
| 1967 | 6518 | 1979 | 12690 |
| 1968 | 4962 | | |

## شىنجاڭدىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ 1980 — 1990 - يىللاردىكى باغ مەھسۇلاتى

جەدۋەل: 4 — 17

بىرلىكى: توننا

| يىللار | جەمئىي | ئۇنىڭ ئىچىدە | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | قىچا يېغى | زىغىر يېغى | ئاپتاپپەرەس يېغى | چىگىت يېغى | كۆنجۈت يېغى |
| 1980 | 18356 | 6648 | 5315 | 1405 | 2448 | 330 |
| 1981 | 27587 | 7992 | 7163 | 5704 | 5835 | 356 |
| 1982 | 37128 | 8066 | 6219 | 13281 | 8023 | 501 |
| 1983 | 48871 | 10183 | 5030 | 20383 | 11230 | 1402 |
| 1984 | 48664 | 8775 | 7572 | 19708 | 11321 | 1288 |
| 1985 | 61707 | 9338 | 13673 | 18935 | 12009 | 1983 |
| 1986 | 79677 | 17454 | 11344 | 30822 | 11269 | 4608 |
| 1987 | 77404 | 18694 | 13161 | 27269 | 12487 | 5451 |
| 1988 | 73724 | 20925 | 6578 | 27445 | 12458 | 5980 |
| 1989 | 65954 | 18083 | 6869 | 17816 | 14154 | 8053 |
| 1990 | 69507 | 19105 | 5204 | 18246 | 13977 | 10588 |

ئىزاھ: بۇ جەدۋەلگە باشقا باغلار كىرگۈزۈلمىگەنلىكى ئۈچۈن، تۈرى بويىچە قوشقان سانلار جەمئىي سانغا تەڭ چىقمايدۇ.

# III باب

# يېمەكلىك ۋە يەم - خەشەك پىششىقلاش

## 1 § . يېمەكلىك پىششىقلاش

20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئاشلىق، ياغ سانائەت كارخانىلىرى ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىشنى قانات يايدۇرۇشقا باشلىدى. بىر قىسىم ئاشلىق - ياغ زاۋۇتلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى كەسمە چۆپ، كىراخمال، ئاچچىقسۇ، جياڭيۇ، ئاق هاراق قاتارلىق يېمەكلىك ۋە قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىدى. بۇ يېمەكلىكلەر ئاساسەن قول هۈنەرۋەنچىلىك دۇكانلىرىدا ئىشلەپچىقىرىلدى، دۇكان ئۆيلىرى ئاددىي، ئۈسكۈنىلەر كونا، مەهسۇلات مىقدارى ۋە تۈرى ئاز، سۈپىتى مۇقىم ئەمەس ئىدى. ئاشلىق كارخانىلىرى ئۇزۇن مۇددەت خېمىنىلا سېتىپ، پىششىقىنى ساتمايدىغان ئاددىي تىجارەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ كەلگەنىدى. خام قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنىڭ ئاساسلىقى كەسمە چۆپ بولۇپ، كۆپىنچىسى قول هۈنەرۋەنچىلىك بىلەن ياكى يېرىم ماشىنىلاشقان هالەتتە ئىشلەپچىقىرىلاتتى. 1977 - يىلغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق تارماقلىرىدا يۈرۈشلەشكەن، ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە كەسمە چۆپ زاۋۇتى يوق ئىدى. 1978 - يىلى ئۈرۈمچى شەهەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى كەسمە چۆپ زاۋۇتى ئۈسكۈنىلەرنى يېڭىلىغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۈسكۈنىلىرى يۈرۈشلەشكەن تۇنجى كەسمە چۆپ زاۋۇتى بولۇپ قالدى، بۇ زاۋۇت 70 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلىتىپ، يىلىغا 3600 توننا كەسمە چۆپ ئىشلەپچىقىرىپ، خەلق تۇرمۇشىغا قولايلىق يارىتىشتا بەلگىلىك رول ئوينىدى، ئەمما بۇ ئۈسكۈنىلەرنىڭ هۈنەر - سەنئىتى قالاق، مەهسۇلات تۈرى بىرلا خىل، سۈپىتى تۇراقسىز، تازىلىق شارائىتى بىرقەدەر ناچار ئىدى. 1980 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق تارماقلىرى ئىشلەپچىقارغان كەسمە چۆپ 2057 توننىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئۈرۈمچى شەهىرى ئىشلەپچىقارغىنى 1882 توننا بولۇپ، ئومۇمىي مەهسۇلاتنىڭ 91.49% نى ئىگىلىدى. شۇ يىلى ئاشلىق نازارىتىگە قاراشلىق بېرىزېنت زاۋۇتى يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلىپ، بىر قىسىم مەخسۇس يېمەكلىك ئىشلەش ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىپ، بولكا ۋە پېچىنە - پىرەنىك ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىدى.

1981 - يىلى مەركەز ۋە گوۋۇيۈەن رەهبەرلىرىنىڭ ئاشلىق تارماقلىرى فۇنكسىيىسىنىڭ بىر خىللا بولۇش هالىتىنى تەدرىجىي ئۆزگەرتىپ، سېتىۋېلىش - پىششىقلاپ ئىشلەش - يەنە قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىش يولىغا مېڭىپ، يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ زىيىنىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاشلىق نازارىتى جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرىدىن «ئالدىنى دۇكان، كەينىنى زاۋۇت قىلىش» تەك ئاممىۋىلاشقان يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىشنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇش، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، زاۋۇتلاشقان يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. 1982 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق تارماقلىرى ئۆزلىرى مەبلەغ

توپلاش ۋە بانكىدىن قەرز ئېلىش ئارقىلىق جەمئىي 2 مىليون 500 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇلنى ھەل قىلىپ، ئۈرۈمچى، شىخەنزە، قاراماي، قۇمۇل، سانجى، چۆچەك قاتارلىق جايلاردا بىر تۈركۈم يېمەكلىك زاۋۇتلىرىنى قۇردى ۋە كېڭەيتىپ قۇردى. شۇ يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن يېمەكلىك زاۋۇتلىرى (سېخلار، تۆۋەندە ئوخشاش) 30 غا يەتتى. ئەمما، بۇ زاۋۇتلار ئەمدىلا قۇرۇلۇپ، مەبلەغ ۋە تېخنىكا كۈچى جەھەتتىن چەكلىمىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئۈسكۈنىلەرنىڭ كۆلىمى كىچىك، يۈرۈشلەشمىگەن، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ناچار ئىدى. شۇ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق تارماقلىرى ئىشلەپچىقارغان كەسمە چۆپ 4179 توننىغا، بولكا 608 توننىغا يەتتى، يەنە ئاز مىقداردا تورت، پېچىنە - پىرەنىك قاتارلىقلار ئىشلەپچىقىرىلدى.

1984 - يىل 7 - ئايدا گوۋۇيۈەن «1981 — 2000 - يىلغىچە مەملىكەت بويىچە يېمەكلىك سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانى» نى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق تارماقلىرى ئاشلىق- باغ يېمەكلىكلىرى سانائىتى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشكە باشلىدى. 1987 - يىلغا كەلگەندە ئاپتونوم رايوننىڭ 17 مىليون 867 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىشى بىلەن، شىنجاڭ ئاشلىق - باغ يېمەكلىكلەر زاۋۇتى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى كەسمە چۆپ زاۋۇتى قاتارلىق كارخانىلار ياپونىيىدىن ياغدا پىشۇرۇلىدىغان تەييار چۆپ، بولكا، پۇرچاق ياسالمىلىرى، كەسمە چۆپ ئىشلەپچىقىرىدىغان 4 يۈرۈش يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىسى كىرگۈزدى ھەمدە زاۋۇت ئۆيلىرى ۋە پارقازىنى قاتارلىق ئەسلىھەلەرنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى باشلىدى. جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرى يېڭىدىن ۋە كېڭەيتىپ قۇرغان يېمەكلىك سېخلىرىغا ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنى كەينى - كەينىدىن كىرگۈزۈپ، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلاپ، شۇ جاينىڭ بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن، تۈرلۈك يېمەكلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىدى. 1985 - يىلنىڭ ئاخىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ زاۋۇتلاشقان يېمەكلىك زاۋۇتلىرى 42 گە، يىللىق ئاشلىق - باغ يېمەكلىكلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 17 مىڭ 600 توننا (چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەر بىلەن ناھىيە بازارلىرى تەڭ يېرىمىنى ئىگىلىدى) غا يەتتى، شۇ يىلى ئىشلەپچىقارغان ئاشلىق، باغ يېمەكلىكلىرى 8238 توننىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇن مەھسۇلاتلىرى 4701 توننا، كىراخمال 1170 توننا، پېچىنە - پىرەنىك 1254 توننا، ئېتىنقۇ 727 توننا، ھاراق ۋە ئىچىملىك 386 توننا. 1985 - يىلدىكى يېمەكلىك مەھسۇلات مىقدارىنى 1980 - يىلدىكىسىگە سېلىشتۇرغاندا 3 ھەسسە ئاشتى، مەھسۇلات تۈرى بىرلا خىل كەسمە چۆپتىن بولكا، پېچىنە - پىرەنىك، ئىچىملىك، تەييار يېمەكلىك قاتارلىق 7 چوڭ تۈر، 70 نەچچە خىلغا كۆپىيىپ، دەسلەپكى قەدەمدە زامانىۋىلاشقان، ئاممىۋىلاشقان يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى شەكىللەندۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە، شىنجاڭ ئاشلىق - باغ يېمەكلىكلەر زاۋۇتى ئەڭ تېز تەرەققىي قىلدى. بۇ زاۋۇت ياپونىيىدىن كىرگۈزگەن، بىر ئىسمېنىدا 5 توننا تەييار چۆپ ئىشلەپچىقىرالايدىغان لىنىيە ۋاقىتلىق ئىشلەپچىقىرىش نۇقتىسى بولغان ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق - ياغ يۆتكەش پونكىتى ئامبىرىدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنىڭ ئۈسكۈنە قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق، ئايلىنىشى مۇقىم، ھۈنەر - سەنئەت ئىقتىدارى ئىشەنچلىك، ئېنېرگىيە سەرپىياتى تۆۋەن بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىمۇ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىمۇ ياخشى بولدى. كالا گۆشى قىيمىلىق، توخۇ گۆشى قىيمىلىق، ئاچچىق تەملىك، راك تەملىك، لېنتونۇس موگۇسى تەملىك، بېلىق تەملىك، كالى تەملىك مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بوشلۇقىنى تولدۇرۇپ، 1987 - يىلغىچە 806 مىڭ يۈەن پايدا ياراتتى. بۇ زاۋۇت يەنە ياپونىيىدىن «لېيىئىن ئاپتوماتىك قىيمىلىق ئاماقلارنى تۈگۈش ماشىنىسى»، «گۆخې شەكىللىك ئۇن ئايرىش ماشىنىسى»، «يېڭى شەكىللىك ماشا گۈرۈچ كىراخمىلى ماشىنىسى» دىن ئىبارەت 3 يۈرۈش يېمەكلىك پىششىقلاش ئۈسكۈنىسىنى كىرگۈزۈپ، تورت، پېچىنە - پىرەنىك ياساشقا ئىشلەتتى. 1985 - يىلى بۇ زاۋۇت ئىشلەپچىقارغان «باللار شادلىقى»، «باللار تورتى» ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېڭى مەھسۇلات بولۇپ باھالاندى. يەنە مەملىكەتلىك

باللار تورمۇش بۇيۇملىرى كومىتېتىنىڭ «ئالتۇن بوغا مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى. 1986 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى كەسمە چۆپ زاۋۇتى ياپونىيەدىن كەسمە چۆپ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى كىرگۈزۈپ، قۇراشتۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈردى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت قاتارلىق رەھبەرلەر ئىش باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى. كەسمە چۆپ سېخىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 5060 كۋادرات مېتىر بولۇپ، بۇ ئۈسكۈنە يىلىغا 4400 توننا كەسمە چۆپ ئىشلەپچىقىرالايتتى. ئۈسكۈنە ئىلغار بولۇپ، ئاپتوماتلىشىش دەرىجىسى يۇقىرى، ئۇن تەمىنلەش، ئارىلاشتۇرۇش، خېمىر يۇغۇرۇش، يېيىش، جازىغا ئېلىش، تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا قۇرۇتۇش، كېسىش، ئوراپ، قاچىلاش قاتارلىق بىر پۈتۈن جەريان ئاپتوماتىك تىزگىنلىنەتتى. مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى ياخشى، تۈرى كۆپ. تۇخۇملۇق، پەمىدۇرلۇق، تەملىك، گۆشلۈك، تېتىتقۇلۇق، كابۇرۇن كىسلاتالىق، ۋىتامىنلىق 10 نەچچە تۈرلۈك ۋە ھەرخىل ئۆلچەملىك كەسمە چۆپ ئىشلەپچىقارغىلى بولاتتى. بۇ زاۋۇت يەنە 1987 ـ يىلى دۆلىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلغان يىلىغا 3600 توننا كەسمە چۆپ ئىشلەپچىقىرىدىغان لىنىيىنى كىرگۈزدى. 1986 ـ يىل 4 ـ ئايدا شىنجاڭ ئاشلىق ـ ياغ ترانسپورت شىركىتى كوئېنلۇن يېمەكلىكلەر زاۋۇتى سائىتىگە 0.5 توننا پۇرچاق مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىدىغان يۇرۇشلەشكەن ئۈسكۈنىنى كىرگۈزۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈردى. بۇ ئۈسكۈنىنىڭ ھۈنەر ـ سەنئىتى ئىلغار، مەھسۇلات مىقدارى كۆپ، مەھسۇلات سۈپىتى ياخشى. ئاساسلىقى پۇرچاق قېقى ئىشلەپچىقىرادى ھەمدە دۆلىتىمىزنىڭ ئۈسكۈنىلىرى بىلەن يۈرۈشلەشتۈرۈلۈپ، پۇرچاق قېقى، پۇرچاق پىشلىقى يايمىسى، پۇرچاق پىشلىقى چۆپى قاتارلىق 10 نەچچە مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرادى. زاۋۇت ئۆيلىرىنىڭ كۆلىمى 4591 كۋادرات مېتىر كېلەتتى. ئەمما ماشىنا ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان پۇرچاق پىشلىقىنىڭ تەننەرخى يۇقىرى، بازىرى يوق، توركۆملەپ ئىشلەپچىقارغىلى بولمىغاچقا، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ناچار بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملاشتۇرۇشقا مۇمكىن بولمىدى. بۇ زاۋۇت 1988 ـ يىلى ئەسلىدىكى ئۈسكۈنىلەر ئاساسىدا، بىر قىسىم ئۈسكۈنىلەرنى تولۇقلاپ، ھۈنەر ـ سەنئىتىنى ئۆزگەرتىپ، ھەر سائىتىدە 8000 بوتۇلكا پۇرچاق سۈتى (ھەر بوتۇلكىسى 250 مىللىلىتىر) ئىشلەپچىقىرالايدىغان ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى قۇرۇپ، پۇرچاق سۈتى ئىشلەپچىقىرىدىغان بولدى، ئۇنىڭ سېتىلىشى بىرقەدەر ياخشى بولدى. بۇ زاۋۇتنىڭ دۆلىتىمىزدە ئىشلەپچىقارغان ئۈسكۈنىلەر بىلەن قۇرغان، يىلىغا 1260 توننا پېچىنە ئىشلەپچىقىرىدىغان لىنىيىسىنىڭ مەھسۇلاتىمۇ بازار تاپالمىدى. 1987 ـ يىل 8 ـ ئايدا شىنجاڭ ئاشلىق ـ ياغ يېمەكلىكلەر زاۋۇتىنىڭ ئاساسىي بىناسى پۈتۈپ، ياپونىيەدىن ھەر سائىتىدە 2.9 توننا بولكا ئىشلەپچىقىرىدىغان لىنىيىنى كىرگۈزۈپ، ئىشقا كىرىشتۈردى. بۇ ئۈسكۈنە ئۇن يەتكۈزۈپ بېرىشتىن تارتىپ بولكىنى كېسىش، قاچىلاشقىچە بولغان 18 ماشىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ھۈنەر ـ سەنئەت ئىقتىدارى ئىشەنچلىك، مەھسۇلات مىقدارى ۋە سۈپىتى تۇختامدىكى تەلەپكە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بولكىنى 2 ـ قېتىم ئېچىتىش، خۇرۇچ رېتسېپى قاتارلىق تېخنىكىلارنى كىرگۈزدى. تەييار چۆپ ئۈسكۈنىسى ۋاقىتلىق ئىشلەپچىقىرىش نۇقتىسىدىن ئاساسىي بىنا ئىچىگە يۆتكەپ كىرىلدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ زاۋۇتتا تەييار چۆپ، بولكا ۋە پېچىنە ـ پىرەنىك ئىشلەپچىقىرىدىغان 3 سېخ بار بولدى. يىللىق يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 6765 توننىغا يەتتى.

1987 — 1990 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق تارماقلىرى باشقۇرغان يېمەكلىك پىششىقلاش كارخانىلىرى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى كەسمە چۆپ زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان «بوغدا چوققىسى» ماركىلىق چاسا، ئىنچىكە، قىلسىمان كەسمە چۆپلەر ئاپتونوم رايون بويىچە ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات دېگەن نامغا ئېرىشتى، «بوغدا چوققىسى» ناملىق ئىنچىكە كەسمە چۆپكە سودا مىنىستىرلىكى ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات دەپ نام بەردى، ئىنچىكە ۋە قىلسىمان كەسمە چۆپلەر بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى نۆۋەتلىك يېمەكلىك يەرمەنكىسىدە ئالتۇن مۇكاپاتقا

ئېرىشتى؛ شىنجاڭ ئاشلىق - باغ يېمەكلىكلەر زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان «تاسۇڭ» ماركىلىق ياغدا پىشۇرۇلغان تەييار چۆپ ۋە «تاسۇڭ» ماركىلىق بولكا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات دېگەن نامغا ئېرىشتى، بۇ مەھسۇلاتلار يەنە جۇڭگو بېيجىڭ تۇنجى ئوزۇقلۇق يېمەكلىكلەر يەرمەنكىسىدە، مىس مېدالغا ئېرىشتى، بولكا مەملىكەتلىك ئوزۇقلۇق يېمەكلىكلىرى «مۇشۇك ئېيىق لوڭقىسى» مىس مېدالغا ئېرىشتى؛ قاراماي شەھەرلىك ئۇن زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان ئېسىل ئۇن كەسمە چۆپى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات دېگەن نامغا ئېرىشتى. شۇ مەزگىلدە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يەنە ئۈرۈمچى شەھەرلىك كەسمە چۆپ زاۋۇتى قاتارلىق 6 كارخانا ئىشلەپچىقارغان 11 خىل ئاشلىق، باغ يېمەكلىكى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق ساھەسى بويىچە ئىشەنچلىك مەھسۇلات بولۇپ باھالاندى.

1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاشلىق تارماقلىرى باشقۇرغان زاۋۇتلاشقان يېمەكلىك زاۋۇتلىرى (سېخلىرى) 52 گە، تۈرلۈك يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرى 60 يۈرۈشكە، يىللىق ئاشلىق، ياغ يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 39 مىڭ 701 توننىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەردە ئىشلەنگىنى 30 مىڭ 275 توننا، ناھىيە بازارلىرىدا ئىشلەنگىنى 9292 توننا، ناھىيە بازىرىدىن تۆۋەن ئورۇنلاردا ئىشلەنگىنى 134 توننا بولدى. بۇ بىر يىلدا تۈرلۈك ئاشلىق، ياغ يېمەكلىكتىن 20 مىڭ 976 توننا ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، كەسمە چۆپ، تەييار چۆپ ۋە بولكا 15 مىڭ 654 توننىغا، كراخمال ۋە پىنتوزا (پۇرچاق ئۇگرىسى) 1781 توننىغا، تورت 1039 توننىغا، پېچىنە 281 توننىغا، ئاچچىقسۇ، جىاڭيۇ 1231 توننىغا، هاراق ۋە ئىچىملىك 333 توننىغا، ئۇششاق يېمەكلىكلەر ۋە باشقىلار 657 توننىغا يەتتى. بۇ بىر يىلدا ئورۇندالغان سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 82 مىليون 520 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاشلىق، ياغ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %65 .14 نى ئىگىلىدى. 1 مىليون 477 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق، ياغ سانائىتى پايدىسىنىڭ %2.48 نى ئىگىلىدى.

## 2 § . يەم - خەشەك پىششىقلاش

20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىن ئىلگىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەم - خەشەك سانائىتى بىر بوشلۇق بولۇپ، چارۋا - ماللار، ئۆي قۇشلىرى ئاشلىق ۋە قوشۇمچە مەھسۇلات يەم - خەشەكلىرى بىلەن بېقىلاتتى. 70 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بىر قىسىم قۇش فېرمىلىرى ۋە قۇتۇبى سېغىن كالا فېرمىسى سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇش ئۈسكۈنىسىنى ئىشلىتىپ يەم - خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەشكە باشلىدى. 1980 - يىلدىن ئىلگىرى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق تارماقلىرى چارۋىچىلىقنى، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇشنى چارۋا ماللارنى قوغداشنى، شەھەر - بازارلارنى يەم - خەشەك بىلەن تەمىنلەشتە كۆممىقوناق، ئاق قوناق ۋە كېپەك، كۈنجۈرە قاتارلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلارنى ئاساس قىلدى. 1979 - يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق تارماقلىرى كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە يەم - خەشەك پىششىقلاش زاۋۇتلىرىنى قۇرۇشقا باشلىدى. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، يەم - خەشەك زاۋۇتلىرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى قاپلاپ، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 78 مىليون يۈەنگە يېتىدىغان يەم - خەشەك سانائىتىنى شەكىللەندۈردى. بۇ مەزگىلدە، يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ئاددىي ماشىنىلار، ئادەم كۈچى بىلەن ئىشلەپچىقىرىشتىن تەرەققىي قىلىپ، ماشىنا ئارقىلىق ئۇدا پىششىقلاش بىلەن كومپيۇتېر ئارقىلىق تىزگىنلەپ ئىشلەپچىقىرىش بىرلەشتۈرۈلگەن باسقۇچقا كىردى؛ نوقۇللا ئارىلاشما يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىشتىن تەرەققىي قىلىپ، توخۇ،

بېلىق، چوشقا، كالا قاتارلىق مال ـ چارۋىلارغا كېرەكلىك تولۇق قىممەتلىك بىر يكمە يەم ـ خەشەك ئىشلەپچىقىرىلىدىغان بولدى.

## 1. ئۇسكۇنە ھۈنەر ـ سەنئىتى

70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا ئاپتونوم رايونىمىزدا گۆش، سۈت، تۇخۇم، ئۆي قۇشلىرى، بېلىق بىلەن تەمىنلەش جىددىي بولدى. بۇ ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا ماشىنىلاشقان توخۇ فېرمىلىرى قۇرۇلۇپ، يەم ـ خەشەك مەھسۇلاتلىرىغا يېڭى تەلەپلەر قويۇلدى. بۇ يېڭى ئەھۋالغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق تارماقلىرى يەم ـ خەشەك سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا باشلىدى. 1979ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ مەبلەغ سېلىشى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يەم ـ خەشەك شىركىتىنىڭ مەسئۇل بولۇشى بىلەن ئىسمىنىسىغا 10 مىڭ توننا يەم ـ خەشەك ئىشلەپچىقىرالايدىغان ئۈرۈمچى شەھەرلىك يەم ـ خەشەك زاۋۇتىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلدى. 1980 ـ يىلغىچە بۇ زاۋۇتنىڭ بىر قىسىم ئۆي قۇرۇلۇشلىرى پۈتكەندى، كېيىن مەبلەغ كەمچىل بولغانلىقتىن قۇرۇلۇش كېچىكتۈرۈلدى. 1980 ـ يىلى ئۈرۈمچى ئاشلىق، ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى كونا ئامبار، شال ئاقلاش سېخىنى يەم ـ خەشەك سېخىغا ئۆزگەرتىپ، خەنجياڭدا ئىشلەپچىقىرىلغان ئېزىش، ئارىلاشتۇرۇش يەم ـ خەشەك ماشىنىلىرىدىن پايدىلىنىپ يەم ـ خەشەك پىششىقلاپ ئىشلىدى. 1981 ـ يىلى ئاشلىق نازارىتى يىغىن چاقىرىپ، يەم ـ خەشەك سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇردى. جايلاردىكى بىر قىسىم ئاشلىق ـ ياغ كارخانىلىرى ئاددىي، يەرلىك ئۇسۇللار بىلەن كىچىك تىپتىكى ماشىنا ئۇسكۇنىلەرنى ئىشلىتىپ يەم ـ خەشەك پىششىقلاشنى باشلىدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك تۇدۇنخابا كوچىسى ئاشلىق ـ ياغ زاۋۇتى كونا سېخقا PST—1000 تىپتىكى يەم ـ خەشەك ئۇسكۇنىسىنى ئورنىتىپ يەم-خەشەك پىششىقلىدى. قۇتۇبى ئاشلىق ـ ياغ زاۋۇتى، ئىلى ئوبلاستلىق ئۇن زاۋۇتى، كۇنەس ناھىيىلىك يەم-خەشەك زاۋۇتى بىر قىسىم كونا سېخ، ئامبارلارنى يەم ـ خەشەك سېخىغا ئۆزگەرتىپ، ئېزىش ماشىنىسىدا خام ماتېرىياللارنى ئېزىپ، ئادەم كۈچى ياكى ئاددىي ماشىنا بىلەن ئۇنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئارىلاشما يەم ـ خەشەك ئىشلەپچىقاردى. شۇ يىلدىن باشلاپ سودا مىنىستىرلىكى مەبلەغ سېلىش، ئاپتونوم رايون مالىيىسى پۇل ئاجرىتىش، بانكىدىن قەرز ئېلىش، ئاشلىق تارماقلىرى ئۆزلىرى مەبلەغ توپلاش قاتارلىق كۆپ خىل يوللار بىلەن يەم ـ خەشەك زاۋۇتلىرى (سېخلىرى) نى يېڭىدىن قۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىپ قۇرۇش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. شۇ يىلى ئۈرۈمچى قاتارلىق 10 شەھەر، ناھىيە كىچىك تىپتىكى ماشىنىلار بىلەن يەم ـ خەشەك ئىشلەيدىغان كىچىك يەم ـ خەشەك زاۋۇتلىرىدىن جەمئىي 12 نى قۇردى؛ ھەر بىر زاۋۇتنىڭ ھەر ئىسمىنىدا يەم ـ خەشەك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 2000 — 4000 توننىغىچە بولۇپ، 1982 ـ يىلدىن كېيىن كەينى-كەينىدىن ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

1982 ـ يىلى مەملىكەتلىك يەم ـ خەشەك خىزمىتى يىغىنىدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ـ سودا يىغىنىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەم ـ خەشەك سانائىتىدە چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكىلەرنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش، كىچىك تىپتىكىلەرنى ئاساس قىلىش، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ پائال راۋاجلاندۇرۇش فاڭجېنى بېكىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك يەم ـ خەشەك شىركىتىنىڭ يەنە 10 مىڭ توننىلىق يەم ـ خەشەك زاۋۇتى قۇرۇشىنى تەستىقلىدى. 1983 ـ يىلى سودا مىنىستىرلىكى شىنجاڭغا يىلىغا 2000 — 6000 توننا يەم ـ خەشەك ئىشلەپچىقىرالايدىغان 7 يۈرۈش كىچىك تىپتىكى يەم ـ خەشەك پىششىقلاش ئۇسكۇنىسى بەردى. ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى مۇئەسسەسەلەرنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ، ئۈرۈمچى تۇدۇنخابا كوچىسى، دۆربىلجىن، بۇرچىن، كۆكتوقاي، پىچان،

كورلا، قاغىلىق، كېرىيە قاتارلىق جايلاردا كىچىك تىپتىكى يەم - خەشەك سېخلىرىنى قۇردى، يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە كىچىك تىپتىكى يەم - خەشەك پىششىقلاش ماشىنا گۇرۇپپىسى 14 يۈرۈشكە يەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، بەزى جايلار ئۆز جايىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، كىچىك تىپتىكى يەم - خەشەك ماشىنا گۇرۇپپىسى بىلەن بىرىكمە يەم - خەشەك ئىشلەپچىقاردى.

1984 - يىلى گۇۋۇيۈەن «1984 — 2000 - يىللىق مەملىكەت بويىچە يەم - خەشەك سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پروگراممىسى (سىناق لايىھىسى)» نى تارقاتتى، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى جايلاردىن يەم - خەشەك سانائىتىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. 1985 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدا يەم - خەشەك سانائىتى يىغىنى چاقىرىپ، جايلارنىڭ يەم-خەشەك سانائىتى قۇرۇلۇشىنى تېزلەتتى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۇنجى 10 مىڭ توننىلىق يەم-خەشەك زاۋۇتى — ئۈرۈمچى شەھەرلىك يەم - خەشەك زاۋۇتى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇ زاۋۇتنىڭ هۈنەر - سەنئىتىنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى تېخنىك خادىملارنى تەشكىللەپ ئۆزلىرى لايىھىلىدى، بۇنىڭدا ئاۋۋال ئېزىپ ئاندىن ئارىلاشتۇرۇش، ئېغىرلىق بويىچە يەم - خەشەك تەڭشەش، ئاپتوماتىك ھېسابلاش، دەۋرىيلىك ئارىلاشتۇرۇشتەك دۆلەت ئىچىدىكى ئىلغار هۈنەر - سەنئەت قوللىنىلدى، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنى تىزگىنلەشتە ئادەم تىزگىنلەش ۋە پروگرامما بىلەن ئاپتوماتىك تىزگىنلەشتىن ئىبارەت 2 خىل ئۇسۇل قوللىنىلدى. 1984 - 1985 - يىللىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق تارماقلىرى يېڭىدىن قۇرغان، ئۆزگەرتىپ قۇرغان يەم - خەشەك زاۋۇتلىرى 54 كە يەتتى. بۇ ئاشلىق تارماقلىرى يەم - خەشەك زاۋۇتلىرىنى ئەڭ كۆپ قۇرغان مەركەز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ زاۋۇتلار ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزە، قاراماي، تارباغتاي، ئالتاي، بورتالا، ئىلى، قۇمۇل، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ 53 شەھەر، ناھىيىسىگە ئورۇنلاشتى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق تارماقلىرى يەم - خەشەك سانائىتىگە 11 مىليون 530 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئاجراتقان پۇل 7 مىليون 100 مىڭ يۈەن، بانكىدىن ئېلىنغان قەرز پۇل 3 مىليون 220 مىڭ يۈەن، ئاشلىق تارماقلىرى ئۆزلىرى توپلىغان مەبلەغ 1 مىليون 210 مىڭ يۈەن بولدى، يېڭىدىن ۋە ئۆزگەرتىپ قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن يەم - خەشەك زاۋۇتلىرى (سېخلىرى) جەمئىي 66 گە يېتىپ، بىر ئىسمېنىدا يىللىق يەم-خەشەك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 162 مىڭ 200 توننىغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان ھەر ئىسمېنىدا يىلىغا 5000 توننىدىن ئارتۇق يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرالايدىغان زاۋۇتلار دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن يەككە ماشىنا ئۈسكۈنىنى ئىشلىتىپ، هۈنەر - سەنئەت تەلىپى بويىچە يۈرۈشلەشتۈرۈپ قۇراشتۇرغانلىقتىن، ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئىقتىدارى بىرقەدەر ئىلغار بولۇپ، هۈنەر - سەنئەت ئۈنۈمى ۋە مەھسۇلات سۈپىتى خېلى ياخشى بولدى. بىرخىل يەمنى بىر جىڭلاش، ياكى كۆپ خىل يەمنى بىر جىڭلاشتىن ئىبارەت ئېغىرلىقىغا قاراپ يەم تەڭشەش ئۇسۇلى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلدى. ئاساسلىق سەپلىنىدىغان يەمنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆلچەشتە سىغىرلىق گىر ۋە ئېلېكترونلۇق گىر ئىشلىتىلدى، ئاۋۋال ئېزىپ ئاندىن ئارىلاشتۇرۇش، تۈركۈمگە بۆلۈپ يەم تەڭشەش، دەۋرىيلىك ئارىلاشتۇرۇش هۈنەر - سەنئىتى قوللىنىلدى. ھەرخىل مىكرو ئېلېمېنتلار ئادەم كۈچى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ، بىرقانچە خىل رېتسېپلىق يەم - خەشەكلەرنى ئىشلەپچىقىرالايدىغان بولدى. بۇ زاۋۇتلارنىڭ ئۆيلىرى ئادەتتە 3 — 4 قەۋەتلىك بىنا بولۇپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 800 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا بولدى، ھەممىسىدە خام ماتېرىيال ۋە تەييار مەھسۇلات ئامبارلىرى يۈرۈشلەشتۈرۈپ قۇرۇلدى. بۇ مەزگىلدە ئاشلىق تارماقلىرىدا يەنە بېيجىڭ ۋە داتوڭدا ئىشلەپچىقىرىلغان 20 نەچچە دانە تۈرلۈك يەم - خەشەك پىششىقلاش ماشىنا گۇرۇپپىلىرى بار ئىدى. ھەر ئىسمېنىدا يىلىغا 1500 — 2500 توننىغىچە يەم - خەشەك

ئىشلەپچىقىرالايتتى. ئادەتتىكى ماشىنا گورۇپپىلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 12 مېتىر، كەڭلىكى 4.5 مېتىر، ئېگىزلىكى 8 — 9 مېتىر بولۇپ، تەخمىنەن 50 كۋادرات مېتىر يەرنى ئىگىلەيتتى، كۆپىنچىسى كونا ئاشلىق-ياغ زاۋۇت ئۆيلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يەم - خەشەك پىششىقلاش ماشىنا گورۇپپىسى ئاساسلىقى ئېزىش ماشىنىسى، قاچا شەكىللىك ئۆلچەپ يەم تەڭشەش ئۈسكۈنىسى، ئارىلاشتۇرۇش ماشىنىسى، يەم ئامبىرى قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئاۋۋال ئارىلاشتۇرۇپ ئاندىن ئېزىش، قاچىلاپ تەڭشەش، ئۇدا ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. بۇ كىچىك تىپتىكى ماشىنا گورۇپپىلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئۈسكۈنە هۈنەر - سەنئىتى ئاددىي بولغاچقا، يەم تەڭشەش توغرا بولمىدى، تەكشى ئارىلاشتۇرۇلمىدى، شۇڭا بىرىكمە يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىش تەلىپىگە يېتەلمەي، پەقەت ئارىلاشما يەم - خەشەكلا ئىشلەپچىقىرىلدى. يۇقىرىقى 2 خىل كۆلەمدىن باشقا، يەنە بىر قىسىم يەم - خەشەك سېخلىرىدا ئاساسلىقى كىچىك تىپتىكى ئېزىش ماشىنىسى ئىشلىتىلىپ ئادەم كۈچى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ، ھەر بىر سېختا كۈنىگە 3 — 5 توننىغىچە ئارىلاشما يەم-خەشەك ئىشلەپچىقىرىلدى.

80 - يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەم - خەشەك سانائىتى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى. ئاشلىق تارماقلىرى ئۈرۈمچى، سانجى، قۇتۇبى، ساۋەن، ۋۇجياچۇ، قوبۇقسار، چەرچەن، چاقىلىق، مورى، غۇلجا، مەكىت، يوپۇرغا، مارالبېشى، پەيزاۋات، باي، توقسۇ، توقسۇن، ئاتۇش قاتارلىق جايلاردا يەم - خەشەك زاۋۇتلىرىنى يېڭىدىن قۇردى ۋە كېڭەيتىپ قۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە، كۆپ ساندىكىلىرى بىرىكمە يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ۋە هۈنەر - سەنئىتىنى قوللىنىپ، يەم - خەشەكلەرنىڭ تۈرى ۋە مىقدارىنى كۆپەيتىپ ئۆز جايلىرىنىڭ بازار ئېھتىياجىنى قاندۇردى. يۇقىرىدا ئېيتىلغان كىچىك تىپتىكى يەم - خەشەك زاۋۇتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۈرۈمچى، سانجى شەھەرلىرىدە ھەر ئىسمېنىدا يىلىغا 10 مىڭ توننا يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىدىغان يەم - خەشەك زاۋۇتىدىن 3 ى قۇرۇلدى. 1986 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك يەم - خەشەك زاۋۇتى ئىچكى قىسمىدىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىپ، يەم تەڭشەش، دەسلەپكى ئارىلاشتۇرۇشتىكى ئاچقۇچلۇق ئۈسكۈنىلەرنى ئۆزگەرتىپ، كومپيۇتېر ئارقىلىق تىزگىنلەشنى يولغا قويۇپ، ھەر ئىسمېنىدا يىلىغا 10 مىڭ توننا بىرىكمە يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىش لايىھە تەلىپىگە يەتتى. 1987 - يىل 10 - ئايدا ئۈرۈمچى ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتىنىڭ ئەنگلىيە شىمبالىن شىركىتىدىن ھەر ئىسمېنىدا يىلىغا 10 مىڭ توننا يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرالايدىغان ئاساسىي ماشىنا ئۈسكۈنىسىنى كىرگۈزۈپ قۇرغان يەم - خەشەك سېخى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئاساسىي سېخىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 1620 كۋادرات مېتىر بولۇپ، پولات رام قۇرۇلمىلىق، ئېگىزلىكى 27 مېتىر. كىرگۈزگەن ئاساسلىق ئۈسكۈنىلەر: ئېزىش، ئارىلاشتۇرۇش، يەم تەڭشەش، دانىچە يېسىلاش، دەسلەپكى ئارىلاشتۇرۇش ئۈسكۈنىلىرى ۋە كومپيۇتېردا تىزگىنلەش ئۈسكۈنىسى بولۇپ 78 گە يېتىدۇ. ئۇنىڭغا دۆلەت ئىچىدىكى تازىلاش، يەتكۈزۈش، توك تەقسىملەش، يەم تەمىنلەش، تەييار مەھسۇلات چىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىدىن 37 سى يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن. بىر قىسىم ئۈسكۈنىلەرنى ئۈرۈمچى ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى يۈرۈشلەشتۈرۈپ ياسىدى ۋە قۇراشتۇردى. بارلىق قۇرۇلۇش، ئۈسكۈنىلەر ئۈچۈن 3 مىليون 51 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ يۈرۈش ئۈسكۈنىدە كومپيۇتېردا تىزگىنلەش مەركىزى يەم - خەشەكنىڭ ئۆلچىمىگە ئاساسەن تىزگىنلەپ، يەم تەڭشەش، ئارىلاشتۇرۇش، دانىچىلاش، دەسلەپكى ئارىلاشتۇرۇش، ئوراش، يەتكۈزۈپ بېرىش قاتارلىق مەشغۇلاتلارنى ئاپتوماتىك ئورۇندىدى، كومپيۇتېردا 48 رېتسېپ ساقلاندى. 1988 - يىلى سودا مىنىستىرلىكى بىلەن ئاپتونوم رايون 8 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئىلى ۋىلايەتلىك يەم - خەشەك زاۋۇتىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆردى. بۇ زاۋۇتنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 7336 كۋادرات مېتىر، ئەنگلىيە شىمبالىن

شىركىتىنىڭ ھەر ئىسمېنىدا يىلىغا 10 مىڭ توننا يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرالايدىغان يەم - خەشەك پىششىقلاش ئاساسىي ئۈسكۈنىسى كىرگۈزۈلگەن، كومپيۇتېردا تىزگىنلىنىدۇ (بۇ زاۋۇت 1991 - يىل 4 - ئايدا رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى). 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا سانجى ئوبلاستىنىڭ ۋۇجياچۈ يەم - خەشەك زاۋۇتى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بۇ زاۋۇتتا ھەر ئىسمېنىدا يىلىغا 10 مىڭ توننا يەم - خەشەك ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ، ئۇنىڭدا دۆلەت ئىچىدىكى ئىلغار ئۈسكۈنە ۋە ھۈنەر - سەنئەت قوللىنىلدى، ئاۋۋال پارچىلاپ، ئېغىرلىق بويىچە يەم تەڭشەپ، ئۇدا ئارىلاشتۇرۇلۇپ تۈرلۈك بىرىكمە يەم - خەشەكلەرنى ئىشلەپچىقىرىشقا بولىدۇ.

1990 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن يەم - خەشەك زاۋۇتى (سېخى) 123 كە يەتتى. ھەر ئىسمېنىدا يىللىق يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 329 مىڭ 900 توننىغا يەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە بىرىكمە يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 141 مىڭ 400 توننىغا يەتتى). بۇنىڭ ئىچىدە ھەر ئىسمېنىدا يىلىغا 4000 توننىدىن ئارتۇق مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرالايدىغانلىرى 39 بولۇپ، ئۇلارنىڭ يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 192 مىڭ توننىغا يېتىپ، ئاشلىق تارماقلىرى يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ %58.2 نى ئىگىلىدى. ھەر ئىسمېنىدا يىلىغا 4000 توننىدىن تۆۋەن مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغانلىرى 84. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئايرىم ساندىكى چەت ناھىيىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەممىسىدە يەم - خەشەك زاۋۇتلىرى قۇرۇلدى. چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 91 مىڭ توننا، ناھىيە بازارلىرىنىڭ 233 مىڭ 900 توننا، ناھىيە بازىرىدىن تۆۋەن ئورۇنلارنىڭ 5000 توننا بولدى.

## 2. مەھسۇلات

70 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر قىسىم ئۆي قۇشى باقمىچىلىق فېرمىلىرى ۋە سېغىن كالا فېرمىلىرى ئاددىي ئارىلاشما يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ مىقدارى ناھايىتى ئاز بولۇپ، ئاران ئۆز فېرمىسىنىڭلا ھۆددىسىدىن چىقاتتى. 1981 - يىلى ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىكى 5 ئاشلىق - ياغ زاۋۇتى كۆممىقوناق، كۈنجۈرە ۋە كېپەكتىن تەركىب تاپقان «ئۈچ بىرلەشتۈرۈلگەن» ئارىلاشما يەم - خەشەك ئىشلەپچىقاردى، بەزى ئارىلاشما يەم - خەشەكلەرگە يەنە ئاز مىقداردا تۇز، تاش پاراشوكى ۋە سۆڭەك پاراشوكى ئارىلاشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق تارماقلىرى بىر يىلدا 13 مىڭ توننا يەم - خەشەك ئىشلەپچىقاردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پەقەت يىرىك ئاشلىق ۋە ئاشلىق، ياغ قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى يەم - خەشەك قىلىش ھالىتى ئۆزگەرتىلدى. 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق تارماقلىرى بىرىكمە ۋە ئارىلاشما يەم - خەشەكتىن 38 مىڭ 600 توننا ئىشلەپچىقاردى، شۇ يىلى بىرىكمە يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىلغانلىقىنىڭ تۇنجى يىلى بولۇپ، مەھسۇلاتى 5558 توننىغا يېتىپ، %14.39 نى ئىگىلىدى.

1985 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق تارماقلىرى باشقۇرغان يەم - خەشەك كارخانىلىرى باقمىچىلىق تەجرىبە فېرمىلىرىدىن جەمئىي 23 نى قۇرۇپ، توخۇ، كالا، قوي، چوشقا، بېلىق قاتارلىقلارنى باقتى. بېقىپ تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق، يەم - خەشەك رېتسېپىنى تەڭشەپ، بېقىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى. بەزى يەم - خەشەك كارخانىلىرى توخۇ باقمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسپىي ئائىلىلەرنى چۈجە چىقىرىش، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش، يەم - خەشەك بىلەن تەمىنلەش، سېتىشنى بىر گەۋدە قىلىغان بىر يۈرۈش مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ، بىرىكمە يەم - خەشەك سېتىشنى كېڭەيتتى. بورتالا، باغراش قاتارلىق

ناھىيە، شەھەرلەردىكى يەم - خەشەك كارخانىلىرى شۇ جايىنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكىگە ئاساسەن، ئاز مىقداردا تاش پاراشوكى، قۇلۇلە قېپى پاراشوكى قاتارلىق مىنېرال ماددىلار قوشۇلغان خورۇچلارنى ئىشلەپچىقاردى، شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 121 مىڭ 300 توننا يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، بىرىكمە يەم - خەشەك %37.06 نى ئىگىلىدى. يەم - خەشەك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 40 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 4 مىليون 200 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاشلىق، ياغ سانائىتى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %11 نى ۋە پايدىسىنىڭ %13.05 نى ئىگىلىدى.

1987 — 1990 - يىللىرى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يەم - خەشەك مەھسۇلات سۈپىتىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. جايلاردىكى بىرىكمە يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتلىرى پىرىيوم بۆلۈملىرىنى تەسىس قىلىپ، ئۈسكۈنە ۋە خادىملارنى سەپلىدى، خام ئەشيا، ئىشلەپچىقىرىش، تەييار مەھسۇلات قاتارلىق ھالقىلاردا سۈپەتنى چىڭ ئىگىلەپ، دۆلەتنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئىشلەپچىقىرىشتا چىڭ تۇردى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى كارخانىلار لاياقەتسىز مەھسۇلاتلارنى زاۋۇتتىن چىقارمايدىغان بولدى، بەزى كارخانىلار ئومۇمىيۈزلۈك سۈپەت باشقۇرۇشنى يولغا قويدى، بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىرىكمە يەم - خەشەك سۈپىتى خېلى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىي ماشىنىسىنى ئەنگلىيىدىن كىرگۈزگەن ئۈرۈمچى ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى يەم - خەشەك سېخى ئىشلەپچىقارغان نەسىللىك كالا، چوشقا، توخۇ بېقىلىدىغان ئۇنىۋېرسال بىرىكمە يەم - خەشەك، بېلىق بېقىلىدىغان دانچە بىرىكمە يەم - خەشەكنىڭ تۈرى تولۇق، سۈپىتى ياخشى بولدى. بۇ سېختا ئىشلەپچىقىرىلغان يەم - خەشەككە قوشۇلىدىغان 11 خىل خورۇچ ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى، چارۋىچىلىق نازارىتىدىكى چارۋا - مال دورىلىرى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ باھالىشى ۋە چارۋا - مال دورىلىرى پىرىيوم ئورنىنىڭ سۈپەتنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشىدە لاياقەتلىك بولدى. ئۇلاردىن تۇخۇم قۇشلىرى خورۇچى، ئۆي قۇشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان تۇخۇملاتقۇچ، مىنېرال خورۇچ قاتارلىقلار ئاپتونوم رايونىمىز ئىچىدىكى يەم - خەشەك زاۋۇتلىرى، توخۇ فېرمىلىرى، كەسپىي ئائىلىلەرگە تەمىنلەپ بېرىلدى. بۇ مەزگىلدە، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يەم - خەشەك زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان «ئالتۇن شىر» ماركىلىق تۇخۇم توخۇسى بىرىكمە يەم - خەشىكى 1998. يىللىق مەملىكەتلىك يەم - خەشەك سۈپىتىنى باھالاشتا سودا مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئالاھىدە مەھسۇلات دېگەن نامغا ئېرىشتى. بۇ مەھسۇلات ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك تۇدۇنخابا كوچىسى ئاشلىق - ياغ زاۋۇتىنىڭ 21 — 24 ھەپتىلىك تۇخۇم توخۇسى بىرىكمە يەم - خەشىكى، ئۈرۈمچى ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان 21 — 24، 25 — 42، 43 — 72 ھەپتىلىك تۇخۇم توخۇسى بىرىكمە يەم - خەشىكى، 0 — 4، 5 — 8 ھەپتىلىك گۆش چۈجىسى بىرىكمە يەم - خەشىكى قاتارلىق 7 مەھسۇلات ئاپتونوم رايون بويىچە ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات دېگەن نامغا ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا 8 يەم - خەشەك مەھسۇلاتى ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق ساھەسى بويىچە ئىشەنچلىك مەھسۇلات دېگەن نامغا ئېرىشتى.

1990 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق تارماقلىرى 230 مىڭ 600 توننا يەم - خەشەك ئىشلەپچىقاردى (جەدۋەل: 4 — 18 گە قاراڭ). بۇنىڭ ئىچىدە، ئارىلاشما يەم - خەشەك %50.83 نى ئىگىلىدى. ئۇ ئاساسلىقى كالا، قوي بورداشقا ئىشلىتىلدى. بىرىكمە يەم - خەشەك %49.17 نى ئىگىلىدى، بۇ يەم - خەشەكنىڭ توخۇ، بېلىق، چوشقا بېقىلىدىغان تۈرلىرى بار، ئۇنىڭ كۆپ قىسمى تۇخۇم توخۇسى، گۆش توخۇسى بېقىشقا ئىشلىتىلدى، ئاز بىر قىسمى بېلىق ۋە چوشقا بېقىشقا ئىشلىتىلدى. يەم - خەشەك سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 78 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاشلىق، ياغ سانائىتى مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %13.85 نى ئىگىلەپ، 5 مىليون يۈەنگە يېقىن پايدا يارىتىلدى.

جەدۋەل: 4 — 18

## شىنجاڭ ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ 1981 — 1990 - يىللىرىدىكى يەم - خەشەك مەھسۇلاتى

بىرلىكى: توننا

| نامى | 1981 | | 1982 | | 1983 | | 1984 | | 1985 | | 1986 | | 1987 | | 1988 | | 1989 | | 1990 | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | يەم - خەشەك ئومۇمىي مەھسۇلاتى | بۇنىڭ ئىچىدە بىرىكمە يەم - خەشەك | يەم - خەشەك ئومۇمىي مەھسۇلاتى | بۇنىڭ ئىچىدە بىرىكمە يەم - خەشەك | يەم - خەشەك ئومۇمىي مەھسۇلاتى | بۇنىڭ ئىچىدە بىرىكمە يەم - خەشەك | يەم - خەشەك ئومۇمىي مەھسۇلاتى | بۇنىڭ ئىچىدە بىرىكمە يەم - خەشەك | يەم - خەشەك ئومۇمىي مەھسۇلاتى | بۇنىڭ ئىچىدە بىرىكمە يەم - خەشەك | يەم - خەشەك ئومۇمىي مەھسۇلاتى | بۇنىڭ ئىچىدە بىرىكمە يەم - خەشەك | يەم - خەشەك ئومۇمىي مەھسۇلاتى | بۇنىڭ ئىچىدە بىرىكمە يەم - خەشەك | يەم - خەشەك ئومۇمىي مەھسۇلاتى | بۇنىڭ ئىچىدە بىرىكمە يەم - خەشەك | يەم - خەشەك ئومۇمىي مەھسۇلاتى | بۇنىڭ ئىچىدە بىرىكمە يەم - خەشەك | يەم - خەشەك ئومۇمىي مەھسۇلاتى | بۇنىڭ ئىچىدە بىرىكمە يەم - خەشەك |
| ئاپتونوم رايون بويىچە | 1300 | | 13770 | | 38622 | 5558 | 91555 | 26353 | 121349 | 44974 | 158583 | 76911 | 227361 | 78602 | 267412 | 144172 | 266601 | 148969 | 230606 | 113389 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 2500 | | 2448 | | 5446 | 5446 | 8463 | 7308 | 22322 | 16919 | 36682 | 34439 | 44049 | 27618 | 53929 | 47731 | 56495 | 48978 | 43407 | 38195 |
| قاراماي شەھىرى | | | | | | | 789 | 599 | 1357 | 1223 | 2578 | 2471 | 5091 | 4219 | 6451 | 5139 | 6911 | 6007 | 5651 | 4473 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | | | | | | | | | | | 2932 | 2394 | 4902 | 3874 | 6658 | 4033 | 5586 | 4105 | 5693 | 4473 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | | | 467 | | | | 3249 | 763 | 4368 | 2500 | 8748 | 4215 | 11352 | 7444 | 14796 | 10413 | 13542 | 7503 | 11987 | 6792 |
| سانجى ئوبلاستى | 4500 | | 1016 | | 2749 | 112 | 12278 | 1102 | 9348 | 3598 | 17416 | 7242 | 28521 | 19176 | 31304 | 25041 | 25898 | 19454 | 23295 | 15281 |
| شىخەنزە شەھىرى | | | | | 41 | | 513 | 460 | 1249 | 605 | 2709 | 1844 | 4214 | | 4165 | 3866 | 4327 | 3283 | 2009 | 1239 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق | | | | | | | | | 1367 | | 1532 | | 1882 | | 2665 | | 2672 | | 2681 | |
| ئىلى ۋىلايىتى | 3000 | | 5094 | | 14230 | | 13765 | | 17481 | 4200 | 19684 | 7088 | 33339 | 13947 | 30161 | 11039 | 35442 | 20793 | 35141 | 14818 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 1500 | | | | 284 | | 614 | | 269 | | 8294 | 2242 | 1089 | 1089 | 11552 | | 11479 | 2879 | 11087 | 3000 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | | | | 1855 | | 2765 | | 3115 | | 5048 | 1086 | 3714 | | 6903 | | 7061 | 2259 | 8036 | 124 | 6243 |
| بۆرتالا ئوبلاستى | | | 645 | | 4168 | | 6348 | | 9350 | 138 | 11496 | 335 | 12008 | 875 | 12096 | 1801 | 9739 | 2613 | 9799 | 1124 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | | | 170 | | | | 5508 | | 6518 | 311 | 8710 | 561 | 16159 | | 22203 | 3499 | 20307 | 2410 | 20184 | 1048 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | | | 495 | | 692 | | 1794 | 885 | 4773 | 1297 | 6215 | 2368 | 8331 | | 10487 | 7544 | 10602 | 7117 | 6402 | 4457 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | | | 42 | | 414 | | 956 | | 2097 | | 2394 | | 1325 | | 2836 | | 2407 | | 3213 | |
| قەشقەر ۋىلايىتى | | | 69 | | 1450 | | 3455 | 2651 | 7083 | 1781 | 8328 | 2981 | 14193 | | 18132 | 5822 | 16548 | 5745 | 10481 | 3460 |
| خوتەن ۋىلايىتى | | | | | 2083 | | 2789 | | 1531 | | 8731 | 301 | 9077 | 360 | 14662 | 191 | 13886 | 468 | 12744 | 620 |
| ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسىغا بىۋاسىتە قاراشلىق | 1500 | | 1474 | | 4300 | | 28369 | 12675 | 27181 | 11382 | 8430 | 8430 | 15647 | | 18825 | 15794 | 22724 | 17490 | 20859 | 6191 |

## شىنجاڭ ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ 1990 - يىلدىكى يەم - خەشەك پىششىقلاش كارخانىلىرى

جەدۋەل: 4 — 19

| كارخانا نامى | ھەر ئىسمېنىدا يىللىق پىششىقلاش ئىقتىدارى (توننا) | ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن يىل، ئاي |
|---|---|---|
| ئۈرۈمچى شەھەرلىك يەم - خەشەك زاۋۇتى | 10000 | 1.1985 |
| ئۈرۈمچى شەھەرلىك تۇدۇنخابا يولى يەم - خەشەك شۆبە زاۋۇتى | 5000 | 11.1984 |
| ئۈرۈمچى ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى يەم - خەشەك سېخى | 10000 | 6.1987 |
| شىنجاڭ ئاشلىق - ياغ يۆتكەش پونكىتى يەم - خەشەك سېخى | 5000 | 12.1990 |
| سانجى ئوبلاستلىق ۋۇجياچۈ يەم - خەشەك زاۋۇتى | 10000 | 12.1990 |
| گۆچۈڭ ناھىيىلىك يەم - خەشەك زاۋۇتى | 5000 | 6.1983 |
| جىمسار ناھىيىلىك يەم - خەشەك زاۋۇتى | 4000 | 11.1985 |
| مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىك يەم - خەشەك زاۋۇتى | 4000 | 1986 |
| سانجى ئوبلاستلىق ياغ زاۋۇتى يەم - خەشەك سېخى | 4000 | 12.1985 |
| شىخەنزە شەھەرلىك ئاشلىق - ياغ زاۋۇتى يەم - خەشەك سېخى | 5000 | 8.1984 |
| قاراماي شەھەرلىك يەم - خەشەك زاۋۇتى | 4000 | 10.1984 |
| بورتالا شەھەرلىك ئاشلىق - ياغ زاۋۇتى يەم - خەشەك سېخى | 5000 | 12.1985 |
| جىڭ ناھىيىلىك يەم - خەشەك زاۋۇتى | 5000 | 1984 |
| ئىلى ۋىلايەتلىك يەم - خەشەك زاۋۇتى | 5000 | 10.1985 |
| كۈنەس ناھىيىلىك يەم - خەشەك زاۋۇتى | 5000 | 12.1983 |
| قورغاس ناھىيىلىك يەم - خەشەك زاۋۇتى | 5000 | 1.1984 |
| چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىلىك يەم - خەشەك زاۋۇتى | 4000 | 10.1984 |
| توققۇزتارا ناھىيىلىك يەم - خەشەك زاۋۇتى | 5000 | 12.1985 |
| نىلقا ناھىيىلىك يەم - خەشەك زاۋۇتى | 5000 | 12.1985 |
| موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىك يەم - خەشەك زاۋۇتى | 5000 | 9.1985 |
| غۇلجا ناھىيىلىك يەم - خەشەك زاۋۇتى | 5000 | 1987 |
| چۆچەك شەھەرلىك يەم - خەشەك زاۋۇتى | 4000 | 8.1984 |
| ساۋەن ناھىيىلىك ئۇن زاۋۇتى يەم - خەشەك سېخى | 6000 | 4.1983 |
| دۆربىلجىن ناھىيىلىك ئۇن زاۋۇتى يەم - خەشەك سېخى | 4000 | 11.1985 |
| چاغانتوقاي ناھىيىلىك ئۇن زاۋۇتى يەم - خەشەك سېخى | 4000 | 12.1985 |
| تۇرپان شەھەرلىك يەم - خەشەك زاۋۇتى | 4000 | 11.1985 |
| پىچان ناھىيىلىك يەم - خەشەك زاۋۇتى | 4000 | 7.1985 |
| باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىك يەم - خەشەك زاۋۇتى | 4000 | 12.1985 |
| يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىلىك يەم - خەشەك زاۋۇتى | 5000 | 10.1985 |
| كورلا ئاشلىق - ياغ قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى زاۋۇتى يەم - خەشەك سېخى | 4000 | 2.1985 |
| خېجىڭ ناھىيىلىك يەم - خەشەك زاۋۇتى | 4000 | 12.1985 |
| خېجىڭ ناھىيىلىك ئۇن زاۋۇتى يەم - خەشەك سېخى | 4000 | 12.1985 |
| ئونسۇ ناھىيىلىك يەم - خەشەك زاۋۇتى | 5000 | 2.1985 |
| باي ناھىيىلىك ياغ زاۋۇتى يەم - خەشەك سېخى | 5000 | 1986 |
| توقسۇ ناھىيىلىك يەم - خەشەك زاۋۇتى | 4000 | 8.1987 |

| | | |
|---|---|---|
| قەشقەر «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى يەم - خەشەك سېخى | 4000 | 12.1982 |
| قاغىلىق ناھىيىلىك ئۇن زاۋۇتى يەم - خەشەك سېخى | 4000 | 12.1985 |
| پەيزاۋات ناھىيىلىك يەم - خەشەك شىركىتى | 4000 | 8.1987 |
| كېرىيە ناھىيىلىك ئۇن زاۋۇتى يەم - خەشەك سېخى | 4000 | 10.1985 |
| جەمئىي | 192000 | |

ئىزاھ: بۇ جەدۋەلگە 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ھەر ئىسپىندا يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 4000 توننىدىن ئاشىدىغان يەم - خەشەك كارخانىلىرى كىرگۈزۈلدى.

# باب Ⅳ

# ئاشلىق، ياغ ماشىنىلىرىنى ياساش

1958 - يىلدىن ئىلگىرى شىنجاڭدا ئاشلىق، ياغ ماشىنىلىرىنى ياسايدىغان كەسپىي ماشىنىسازلىق زاۋۇتى يوق ئىدى. بىرقەدەر چوڭ تىپتىكى ئۇن زاۋۇتلىرىنىڭ بىرقانچىسى ئاز مىقداردا ئىستانوك، قىرىش ئىستانوكى قاتارلىق ماشىنا، ئۈسكۈنىلەرنى سەپلىگەن بولسىمۇ، ئاساسلىقى ئۆز زاۋۇتىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى رېمونت قىلىش ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقاتتى، ئاپتونوم رايونىمىزغا ئېھتىياجلىق ئاشلىق، ياغ پىششىقلاش ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرى، زاپچاسلىرىنىڭ ھەممىسى ئىچكى ئۆلكىلەردىن سېتىۋېلىناتتى.

## 1 § . بىرنەچچە ئاساسلىق ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى

### 1. ئۈرۈمچى ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى

1958 - يىل 6 - ئايدا شىنجاڭ ئاشلىق نازارىتى ماشىنىسازلىق - رېمونت زاۋۇتى قۇرۇلدى. ئۇ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بىردىنبىر ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق كەسپىي زاۋۇتى ئىدى. شۇ يىلى پۈتۈن زاۋۇتنىڭ مۇقىم مۈلكى 76 مىڭ يۈەن بولۇپ، 100 گە يېقىن ئىشچى - خىزمەتچى ئۆزلىرى ياسىغان تاسمىلىق ئىستانوك، يەرلىك ئۇشكە، رەندىلەش ئىستانوكى قاتارلىق ئۈسكۈنە ۋە سېتىۋېلىنغان 4 يۈرۈش ماشىنا - ئۈسكۈنە بىلەن رودا ئېزىش ماشىنىسى، ئۆزىتىش ماشىنىسى قاتارلىق 10 يۈرۈش مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقاردى. سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 64 مىڭ يۈەن، پايدىسى 400 يۈەن بولدى، ئومۇمىي خادىملار بويىچە ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش نىسبىتى ھەر بىر كىشىگە 640 يۈەندىن توغرا كەلدى، كېيىنكى يىلى بۇ زاۋۇت 30 دېيۈيملۇق قوش تۈلۈقلۇق ئۇن تارتىش ماشىنىسى، كۆتۈرمە تەكشى ئەلگەك، تازىلاش ئۆتكەمىسى قاتارلىق 10 نەچچە خىل ماشىنا، ئۈسكۈنىنى سىناق قىلىپ ياسىدى. بۇ ئۈسكۈنىلەر قومۇل قاتارلىق جايلاردىكى بىر قىسىم ئۇن زاۋۇتلىرىدا ئىشلىتىلدى، بىر يىلدا سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 337 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 40 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1960 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ زاۋۇتنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 246 گە،

ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇت ئۆيلىرى 4514 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، قۇيمىچىلىق، پىرىسلاش، مېتالچىلىق، سىلىسارلىق پەرچىنلەپ كەپشەرلەش، قۇراشتۇرۇش قاتارلىق ئىش تۈرلىرىنى ئىشلىيەلەيدىغان بولدى، يىللىق ماشىنا ياساش ئىقتىدارى 290 تونىنغا، بىر يىلدا ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاشلىق، ياغ ماشىنىلىرى مەھسۇلاتى 100 نەچچە خىلغا يەتتى.

1962 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بىردىنبىر ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق كەسپىي زاۋۇتى ئۈرۈمچى ئاشلىق - ياغ ئۇنىۋېرسال زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئىشچى - خىزمەتچىسىدىن 110 ى ساقلاپ قېلىندى، ئاز ساندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۈسكۈنىلەرنى رېمونت قىلىش ۋە پارچە - بۇرات ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى ياساش بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا، كۆپ ساندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاشلىق، ياغ ۋە قوشۇمچە مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللاندى. 1964 - يىلى بۇ زاۋۇتنىڭ باشلىقى شۆگۇاڭ ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ شاڭخەي ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتىغا ياغ تارتىش ماشىنىلىرىنىڭ زاپچاسلىرىنى ياساشنى ئۆگىنىشكە باردى. 1965 - يىلى بۇ زاۋۇت يەنە ئاشلىق، ياغ ماشىنىلىرىنى ياساشقا كىرىشىپ، ئاساسلىق 125—35B تىپلىق كىچىك ئۇن تارتىش ماشىنىسىنى ئىشلەپچىقاردى، ئۇنىڭغا قوشۇپ يەنە ئاشلىق تازىلاش ماشىنىسى، سىلىنشتۇرما ئېغىرلىقتىن پايدىلىنىپ تاش ئايرىش ماشىنىسى، ئېزىش ماشىنىسى ۋە تۈرلۈك ياغ تارتىش ماشىنىلىرىنىڭ زاپچاسلىرىنى ئىشلەپچىقاردى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ غەربىي شىمال بويىچە ياغ تارتىش ماشىنىسازلىق زاپچاسلىرىنى بىرقەدەر بۇرۇن ئىشلىگەن رايون بولۇپ قالدى. 1965 — 1969 - يىللىرى بۇ زاۋۇت ئىشلەپچىقارغان ئاشلىق، ياغ ماشىنا، ئۈسكۈنىلىرى ۋە زاپچاسلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق - ياغ زاۋۇتلىرىغا سېتىلدى، بىر قىسمى ياغ تارتىش ماشىنا زاپچاسلىرى يۈننەن، گۈيجۇ، گۇاڭشى، چىڭخەي، گەنسۇ قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا سېتىلدى. شۇنىڭدەك مەھسۇلات تۈرى ۋە سانى جەھەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق، ياغ پىششىقلاش سانائىتىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىدى. 1971-يىلغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق تارماقلىرى ھەر يىلى قېرىنداش ئۆلكىلەردىن ئاشلىق، ياغ پىششىقلاش ئاساسىي ماشىنا - ئۈسكۈنىسىدىن 400 نەچچە يۈرۈشنى، تۈرلۈك زاپچاسلاردىن 300 نەچچە توننىنى سېتىۋالدى. 1975 - يىلى ئۈرۈمچى ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتىنىڭ يىللىق ماشىنا ياساش ئىقتىدارى 450 تونىنغا يەتتى.

## 2. سانجى ئوبلاستلىق ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى

1974 - يىلى سانجى ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسىگە قاراشلىق سانجى ئوبلاستلىق ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى رەسمىي ئورۇن تاللاپ، ئۈسكۈنىلەرنى تولۇقلاپ، ئاشلىق - ياغ ماشىنىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كەسپىي زاۋۇت بولۇپ قۇرۇلدى. 1975 - يىلى سانجى ئوبلاستلىق ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتىنىڭ ماشىنا ياساش ئىقتىدارى 100 تونىنغا يەتتى.

## 3. كورلا ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى

1975 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىگە قاراشلىق كورلا ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئۇنىڭ يىللىق ماشىنا ياساش ئىقتىدارى 100 تونىنغا يەتتى. 1984 - يىلى بۇ ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، 1986 - يىلى ئاشلىق، ياغ قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

شۇنىڭغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى 3 كە يېتىپ، يىللىق ماشىنا ياساش ئىقتىدارى 650 تونىنغا يەتتى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق، ياغ ماشىنىلىرىنى ياساش ئىقتىدارى ئاشقان بولسىمۇ، ئەمما ياسىغان ئاشلىق، ياغ ماشىنىلىرى مەھسۇلاتى كۆپ ئاشمىدى، تاكى 1976-

يىلغا قەدەر ئاشلىق، ياغ پىششىقلاش ئاساسىي ماشىنىسى ۋە زاپچاسلىرىنى ئىچكى ئۆلكىلەردىن كىرگۈزۈش ۋەزىيىتى ئۆزگەرمىدى.

## § 2 . ئاشلىق، ياغ ماشىنىلىرىنىڭ يېڭىلىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى

1959 — 1961 - يىللىرى ئۈرۈمچى، قەشقەر، تارباغاتاي، ئالتاي قاتارلىق جايلاردىكى ئۇن زاۋۇتلىرى تېخنىكا يېڭىلاش داۋامىدا ئۆزلىرى شامال كۈچى بىلەن تاش ئايرىش ماشىنىسى، بۇغداي يۇيۇش ماشىنىسى، ياغاچلىق بۇغداي ئاقلاش ماشىنىسى، ئېزىش ماشىنىسى، تېز سۈزگەتلىك كېپەك سوقۇش ماشىنىسى ۋە يەرلىك قۇرۇتۇش ماشىنىسى، ئۈزۈتۈپ بېرىش ماشىنىسى قاتارلىق ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى ياسىدى. ئۆزلىرى ياسىغان بۇ ئۈسكۈنىلەر ۋاقىتىنچە بىر قىسىم رول ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن ماشىنا - ئۈسكۈنە ياساش ئاساسى ئاجىز، تەجرىبە كەمچىل، تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ۋاسىتىسى يېتەرسىز بولغانلىقتىن، مەھسۇلات سۈپىتى تۆۋەن بولۇش، ھۇنەر - سەنئىتى ناچار بولۇشتەك مەسىلىلەر ئومۇميۈزلۈك ساقلاندى، شۇڭا كۆپ ساندىكى ئۈسكۈنىلەر ئۇزاق ئىشلىتىلمەيلا شاللىنىۋېتىلدى.

1978 - يىلدىن باشلاپ 3 ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتىنىڭ ھەممىسى مەھسۇلات لايىھىسىنى ياخشىلاپ، مەھسۇلات تۈرى ۋە سانىنى كۆپەيتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى 2 - ئەۋلاد، 3 - ئەۋلاد كىچىك تىپتىكى ئۇن تارتىش ماشىنىسى ۋە كىچىك تىپتىكى يۈرۈشلەشكەن ئاشلىق، ياغ تارتىش ماشىنا - ئۈسكۈنىسىنى ياساپ چىقتى. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ زاۋۇتلار يەنە بىر قىسىم ئاشلىق ئادالاش ماشىنىسى، ياغلىق دان تازىلاش ۋە دەسلەپكى قەدەمدە بىرتەرەپ قىلىش ئۈسكۈنىسى، يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈسكۈنىسى، ھەممىباب ماشىنا، ئۈسكۈنىلەر ۋە ئاشلىق، ياغ تارتىش ماشىنىلىرىنىڭ زاپچاسلىرىنى ئىشلەپچىقاردى. شىخەنزە، بورتالا، تارباغاتاي، سانجى، قۇمۇل، ئىلى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ئۈسكۈنىلەرنى رېمونت قىلىش ئىقتىدارى بىرقەدەر ياخشى، تېخنىكا كۈچى كۈچلۈك ئاشلىق-ياغ پىششىقلاش كارخانىلىرىمۇ ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق، ياغ ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش پىلانىغا ئاساسەن، ئاز بىر قىسىم ئاشلىق، ياغ پىششىقلاش مەخسۇس ۋە قوشۇمچە ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق، ياغ پىششىقلاش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ كەملىكىنى تولۇقلىدى.

1980 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتلىرىدىن ئۈرۈمچى ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى ئاساسلىقى ئۇن تارتىش ماشىنىلىرى، ئاشلىق، ياغ پىششىقلاش ماشىنىلىرىنىڭ زاپچاسلىرى، يېرىم پۈتكەن ۋە تولۇق پۈتكەن يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلەپچىقاردى؛ سانجى ئوبلاستلىق ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى ئاساسلىقى ئاشلىق، ياغ خام ئەشيالىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلەپچىقاردى؛ كورلا ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى ئاساسلىقى ئاشلىق ئادالاش ماشىنىسى، ياغلىق داننى ئالدىن بىرتەرەپ قىلىش ئۈسكۈنىسى ۋە شامالدىتىش ماشىنىسىنى ئىشلەپچىقاردى. رېمونت كۈچى كۈچلۈك ئاشلىق - ياغ زاۋۇتلىرى ئېھتىياجىغا ئاساسەن بىر قىسىم مەخسۇس ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلەپچىقاردى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان ئاشلىق، ياغ پىششىقلاش ئۈسكۈنىلىرى ۋە زاپچاسلىرى 904 بولۇپ، 619 توننىغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاشلىق ئادالاش ئۈسكۈنىسى 203، كىچىك ئۇن تارتىش ماشىنىسى 112، ئېزىش ماشىنىسى 192، شامالدىتىپ يەتكۈزۈپ بېرىش ماشىنىسى 300، ياغ تارتىش ئۈسكۈنىسى 20، زاپچاس 47 توننا. بۇ ئۈسكۈنە ۋە زاپچاسلار ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق

تارماقلىرى، بىكتۇەن، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىدىكى كىچىك ئاشلىق ـ ياغ زاۋۇتلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇردى.

80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا 3 ئاشلىق ـ ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى ئاساسىي ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنى كۆپەيتىپ ھەم مۇئەسسەسىلەرنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ، ئاشلىق، ياغ ماشىنىلىرىنى ياساش ئىقتىدارىنى ئاشۇردى. 1980 ـ يىلى ئۈرۈمچى ئاشلىق ـ ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى (سەندۇق زىبو ئۇن تارتىش ماشىنىلىرى زاۋۇتى بىلەن بىرلىكتە لايىھىلىگەن) MQ تىپلىق گاز بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ئۇن تارتىش ماشىنىسىنى ياساپ چىقىپ، سانجى، قۇتۇبى ناھىيىلىك ئۇن زاۋۇتلىرىنىڭ سېخلىرىدا سىناق قىلدى. بۇ ئۈسكۈنىنىڭ ئىقتىدارى ۋە ھۈنەر ـ سەنئىتى مەملىكىتىمىزدىكى ئوخشاش كەسىپتىكىلەرنىڭ سەۋىيىسىگە يەتتى. بۇ ماشىنىنى ئەنئەنىۋى ئۇن تارتىش ماشىنىسىغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭدا ئېلېكترونلۇق سېزىم، گاز بىلەن ھەرىكەتلىنىشنى تىزگىنلەش تېخنىكىسى قوللىنىلغانلىقتىن، ئاپتوماتلىشىش دەرىجىسى يۇقىرى، ئايلىنىشى مۇقىم، قۇرۇلمىسى زىچ، ئېھتىياجلىق زاۋۇت ئۆيى قۇرۇلۇش كۆلىمى كىچىك بولۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ھەمدە ئاپتوماتىك سىگنال بېرەلەيدۇ. بۇ ماشىنىنىڭ پىششىقلاش ئىقتىدارى ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ ئۇن تەمىنلەش ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ، ئىشلەپچىقارغان ئۇنىنىڭ سۈپىتىمۇ بىرقەدەر ياخشى، شۇڭا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى تەرىپىدىن ئۇن تارتىشتا بېكىتىلگەن ئۈسكۈنە سۈپىتىدە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئومۇملاشتۇرۇشقا تاللاندى. ئۈرۈمچى ئاشلىق ـ ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى سودا مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن گاز بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ئۇن تارتىش ماشىنىسىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان نۇقتىلىق زاۋۇت قىلىپ بېكىتىلدى. 1983 ـ يىلغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بۇ خىل ئۇن تارتىش ماشىنىسىدىن 50 نەچچىسى ئىشلەپچىقىرىلدى. ئۈرۈمچى ئاشلىق ـ ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان MQ.4 تىپلىق گاز بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ئۇن تارتىش ماشىنىسى 1 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئىلىم ـ پەن يىغىنىدا مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

1981 ـ يىلى ئۈرۈمچى ئاشلىق ـ ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى ئۆزى لايىھىلەپ ياساپ چىققان ZJ—50 تىپلىق سوقۇش ماشىنىسى سانجى، قۇتۇبى ئۇن زاۋۇتلىرىنىڭ سېخىدا سىناق قىلىنىپ، ئۈنۈمى ياخشى بولدى. بۇ ماشىنىنىڭ قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق، ھەجمى كىچىك، شاۋقۇنى پەس، توك سەرپىياتى تۆۋەن، چۈۋۈش ۋە قوراشتۇرۇش ئەپلىك بولۇپ، بۇغداي ئادالاشقا ئىشلىتىلگەندە توزان نىسبىتىنى تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇن تارتىش سېخىدا ھاشارات تۇخۇملىرىنى ئۆلتۈرۈپ ئايرىپ چىقىرىۋېتىشكە ئىشلىتىلىدۇ، بۇ ماشىنىنى ئىشلەتكەندە، ئۇن تارتىش ئۈنۈمى ۋە مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق. بۇ مەھسۇلات 1982 ـ يىلى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتۈپ، دۆلەت ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇنەۋۋەر يېڭى مەھسۇلات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، يەنە ئاپتونوم رايون بويىچە پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرى 4 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇ ماشىنا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى جايلارنىڭ ئۇن زاۋۇتلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلگەندىن باشقا يەنە گۇاڭدۇڭ، بېيجىڭ، خېبېي، خۇنەن، گەنسۇ، شەنشى، نىڭشا، شەندۇڭ قاتارلىق 10 دىن ئارتۇق ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارغا سېتىلدى. يۇقىرىقى گاز بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ئۇن تارتىش ماشىنىسى، سوقۇش ماشىنىسىنى ئاساسلىق لايىھىلىگۈچىلەردىن بىرى بولغان ئۈرۈمچى ئاشلىق ـ ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتىنىڭ مۇدىر ئىنژېنېرى جاڭ جۇ 1984 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر پەن ـ تېخنىكا خادىمى بولۇپ باھالاندى.

1984 ـ يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق ـ ياغ ماشىنىسازلىق كەسپىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، خېلى يۈكسىلىش بولدى. ئۈرۈمچى ئاشلىق ـ ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى كىرگۈزۈش، تەتقىق قىلىپ ياساش ۋە يېڭى مەھسۇلات ئېچىش ئارقىلىق 1986 ـ يىلغا قەدەر زور بىر تۈركۈم يېڭى مەھسۇلات ۋە يۈرۈشلەشكەن ئۈسكۈنىلەرنى كەينى ـ كەينىدىن ئىشلەپچىقاردى: (1) ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ـ ياغ پەن تەتقىقات ئورنى لايىھىلىگەن، ئۈرۈمچى ئاشلىق ـ ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان، بۇغداينى ئېغىرلىق

كۆچى بىلەن دەرىجىگە ئايرىپ، ئاش ئادالاش ماشىنىسى ۋە ياتما شەكىللىك بۇغداي تېپىش ماشىنىسى تېخنىكىلىق باھالاشتىن ئۆتتى، تۈرلۈك ھۈنەر - سەنئەت كۆرسەتكۈچى مىنىستىرلىك تارقاتقان ئۆلچەمگە يېتىپ، مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى. بۇ مەھسۇلات ئۇزۇن ئۆتمەي تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق پىششىقلاش زاۋۇتلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلدى. ئۇنىڭ تېخنىكىسى يەنە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شەندۇڭ، جياڭسۇ ئۆلكىلىرىدىكى 10 نەچچە ئاشلىق ماشىنىسازلىق زاۋۇتلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. (2) ئۈرۈمچى ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى جياڭسۇ ئۆلكىسى نەنتۇڭ ياغ ئۈسكۈنىلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش شىركىتى، خېنەن ئۆلكىسى سەنمىنشيا ياغ تارتىش ماشىنىلىرى زاۋۇتى بىلەن بىرلىشىپ كۈنىگە 30 توننا كۈنجۈرنى بىرتەرەپ قىلالايدىغان تەكشى ئايلانمىلىق يۈرۈشلەشكەن كۈنجۈرىدىن ياغ ئايرىش ئۈسكۈنىسىنى ياساپ چىقتى. بۇ ئۈسكۈنە شىخۇ ناھىيىلىك ئاشلىق، ياغ زاۋۇتىدا سىناق قىلىنغاندا، ھۈنەر - سەنئەت ئۈنۈمى ناچار، سۈپەت مەسىلىسى بىرقەدەر كۆپ ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. بۇ زاۋۇت بۇ مەسىلىلەرگە ئاساسەن ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، قايتا ئىشلەپچىقارغان 30، 50 تونىلىق تەكشى ئايلانمىلىق كۈنجۈرىدىن ياغ ئايرىش ئۈسكۈنىسى ئۈرۈمچى، شىخۇ، جىمسا، ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان، ئونسۇ، باي، شايار، ئاۋات قاتارلىق جايلاردا ئىشلىتىلىپ، ئۈنۈمى ياخشى بولدى. (3) ئۈرۈمچى ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى شىنجاڭ ئاشلىق - ياغ پەن تەتقىقات ئورنى بىلەن ھەمكارلىشىپ لايىھىلەپ ئىشلەپچىقارغان LFX—500 كىچىك تىپتىكى يۈرۈشلەشكەن دەرىجىلىك ئۇن تارتىش ئۈسكۈنىسى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ 21 تۈرلۈك ئۇچقۇن پىلانىنىڭ ئىچىدىكى بىر تۈر بولۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىكى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى دەرىجىلىك ئۇن زاۋۇتلىرىنىڭ بىرقەدەر پىشقان ھۈنەر - سەنئىتى قوللىنىلىپ ياسالغان، جانلىق مەشغۇلات قىلغىلى بولىدۇ ۋە رېمونت قىلىش ئوڭاي، تېخنىكا ئىقتىسادى دۆلەت ئىچىدىكى ئوخشاش مەھسۇلاتلارنىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يېقىنلاشقان، ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. بۇ يۈرۈش ئۈسكۈنىدە بىرلا ۋاقىتتا ئالاھىدە ئۇن ۋە ئۆلچەملىك ئۇن ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ سۈپىتى دۆلەتنىڭ ئۆلچىمىگە مۇۋاپىق، ئۇن چىقىش نىسبىتى يۇقىرى، 30 مىڭ ئادەمگە ئۇن تەمىنلەشكە يېتىدۇ، چەت، ياقا، كىچىك بازارلار ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. بۇ ئۈسكۈنە 1987 - يىلى يېزا ئىگىلىك 5 - شى 87 - تۈەنى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - ماي يېزا ئىگىلىك مەيدانىدا ئىشلىتىلگەندىن كېيىن، قەشقەر كوناشەھەر، چەرچەن، نىيە، چاقىلىق، كەلپىن قاتارلىق ناھىيىلەر ۋە يېزا ئىگىلىك 6 - شى 109 - تۈەنى، يېزا ئىگىلىك 5 - شى 86 - تۈەنى قاتارلىق جايلاردىمۇ ئىشلىتىلدى. (4) ئۈرۈمچى ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان ئالدىن ياسالغان شامال ئالماشتۇرۇش تۇرۇبىسىنىڭ ئۆلچىمى پۇختا، ھىملىقى ياخشى، ئىشلىتىشكە ئەپلىك، تېز قۇراشتۇرغىلى بولىدىغان بولغاچقا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق، يەم - خەشەك زاۋۇتلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلدى.

1988 - يىلى ئۈرۈمچى ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى موقۇپ ئۇن بوشىتىش ماشىنىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىقتى. بۇ شۇ زاۋۇت ئۈستىگە ئالغان، سودا مىنىستىرلىكى چۈشۈرگەن ئۇن تارتىش ماشىنىسى بويىچە ئۆزلەشتۈرۈپ قوبۇل قىلىش تۈرى ئىدى. بۇ ماشىنا ئۈرۈمچى شەھەرلىك «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىدا سىناق قىلىندى، 1990 - يىلى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى. تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىلغاندىن كېيىن، مەملىكەت بويىچە 50 كە يېقىن ئۇن زاۋۇتىدا ئىشلىتىلدى. 1990- يىلى ئۈرۈمچى ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان TDG تىپلىق كۆزە شەكىللىك يۇقىرى چىقىرىش ماشىنىسى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات بولۇپ باھالاندى.

1980 — 1990 - يىللىرى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە MQ تىپلىق گاز بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ئۇن تارتىش ماشىنىسىدىن 307، كىچىك تىپتىكى يۈرۈشلەشكەن دەرىجىلىك ئۇن تارتىش ئۈسكۈنىسىدىن 9 يۈرۈش، كۈنجۈرىدىن ياغ ئايرىش يۈرۈشلەشكەن ئۈسكۈنىسىدىن 5 يۈرۈش، تۈرلۈك ئاشلىق ئادالاش ئاساسىي ماشىنىسىدىن 311، كۆزە شەكىللىك يۇقىرى چىقىرىش ماشىنىسىدىن 636 يۈرۈش، سىپىرالسىمان ئۆزىتىش

ماشىنىسىدىن 5149 مېتىر ياسالدى. ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىشلەپچىقىرىلغان ئاشلىق، ياغ ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلىرى، ماشىنىلىرى، زاپچاسلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق ـ ياغ ـ يەم ـ خەشەك زاۋۇتلىرىدا بىڭتۈەنىنىڭ تۈەن ـ مەيدانلىرىدا ۋە يېزا ـ بازار كارخانىلىرىدا كەڭ قوللىنىلىپلا قالماي، يەنە بېيجىڭ، شاڭخەي، تيەنجىن قاتارلىق 20 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارغا سېتىلدى. ئەمما، چوڭ تىپتىكى ئۇن تارتىش ماشىنىسى، 200 تىپلىق ياغ تارتىش ماشىنىسى ۋە كۆپ سانلىق ئاشلىق، ياغ تارتىش ئاساسىي ماشىنىلىرى يەنىلا ئىچكى ئۆلكىلەردىن سېتىۋېلىنىدى، قوشۇمچە ئۈسكۈنە، زاپچاسلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاپتونوم رايونىمىزدا ياسالدى.

مەخسۇس ئاشلىق ـ ياغ ماشىنىلىرىنى ياساش زاۋۇتلىرى ۋە رېمونت قىلىش كۈچى كۈچلۈك ئاشلىق ـ ياغ زاۋۇتلىرى پىششىقلاش ئۈسكۈنىلىرىنى ياساش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە جايلاردىكى ئاشلىق ـ ياغ زاۋۇتلىرى ئۈچۈن (تۈەن، مەيدان ۋە يېزا ـ بازارلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئۈسكۈنىلەرنى قۇراشتۇرۇش، تەكشۈرۈش تېخنىكا مۇلازىمىتى قىلدى. (1) ئۈرۈمچى ئاشلىق ـ ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى 1960 ـ يىلى قۇراشتۇرۇش ئەترىتى قۇرغاندىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق ـ ياغ زاۋۇتلىرىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى قۇراشتۇرۇش، تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئىزچىل ئۈستىگە ئېلىپ كەلدى. 1988 ـ يىلغا قەدەر ئۈرۈمچى ئاشلىق ـ ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان پۈتۈن يۈرۈش ئۈسكۈنە ياكى يۈرۈشلەشتۈرۈش ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلىتىپ، ئاشلىق، ياغ، يېمەكلىك، يەم ـ خەشەك زاۋۇتىدىن 58 نى قۇراشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە كۈنىگە 200 توننا بۇغداي بىرتەرەپ قىلالايدىغان دەرىجىلىك ئۇن زاۋۇتى بىر، كۈنىگە 60 — 80 توننا بۇغداي بىرتەرەپ قىلالايدىغان ئۇن زاۋۇتى 31، كۈنىگە 15 — 20 توننا بۇغداي بىرتەرەپ قىلالايدىغان ئۇن زاۋۇتى 13، 2 دىن ئارتۇق 200 تىپلىق ياغ تارتىش ماشىنىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ياغ زاۋۇتى 6، كۈنجۈرىدىن ياغ ئايرىش زاۋۇتى (سېخى) 3، كەسمە چۆپ زاۋۇتى ۋە يەم ـ خەشەك زاۋۇتى 5. (2) ئۈرۈمچى شەھەرلىك «1 ـ ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى ئۈسكۈنىلەرنى رېمونت قىلىش، قۇراشتۇرۇشتا بىرقەدەر كۈچلۈك ئىقتىدارغا ئىگە، 1987 ـ يىلى بۇ زاۋۇت شۋېيتسارىيىدىن كىرگۈزگەن ئۈسكۈنىنى ئۆزى قۇراشتۇرۇپ، تەكشۈرۈپ، بىر قېتىمدىلا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ھۈنەر ـ سەنئەت ئۈنۈمى شۋېيتسارىيە بۆلې شىركىتىنىڭ لايىھىلەش تەلىپىگە يېتىپ، مۇشۇ شىركەت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاشلىق تارماقلىرى باشقۇرغان ئاشلىق ـ ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتىدىن ئۈرۈمچى ۋە سانجىدا 2 سى بولۇپ، 594 ئىشچى ـ خىزمەتچىسى، ئەسلى قىممىتى 17 مىليون 950 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلكى بار ئىدى، يىللىق ئاشلىق، ياغ ماشىنىلىرىنى ياساش ئىقتىدارى 423 تونىنىغا يەتتى. بىر يىلدا سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 17 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 3 مىليون 90 مىڭ يۈەن پايدا ـ باج يارىتىلدى. ئۈرۈمچى ئاشلىق ـ ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى ئاساسلىق ئاشلىق، ياغ ماشىنىلىرى مەھسۇلاتلىرىدىن MQ.5، MQ.4 تىپلىق ئۇن تارتىش ماشىنىسى، كۈنجۈرىدىن ياغ ئايرىش ماشىنىسى، LFX—500 كىچىك تىپلىق دەرىجىلىك ئۇن تارتىش يۈرۈشلەشكەن ئۈسكۈنىسى، 95 تىپلىق ياغ تارتىش ماشىنىسى، كۆرە شەكىللىك يۇقىرى چىقىرىش ماشىنىسى ۋە سپىرالسىمان ئۆزىتىش ماشىنىسى، ئىمپۇلسلىق چاڭ ـ توزان ئايرىغۇچ، يەنە بىر قىسىم ئاشلىق، ياغ پىششىقلاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۇنىۋېرسال ماشىنا ـ زاپچاسلارنى ئىشلەپچىقاردى. سانجى ئوبلاستلىق ئاشلىق ـ ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى ئاساسلىقى، ھەرىكەتچان ئوراقسىز ۋە ئوراقلىق ئاشلىقنى ئۆزىتىدىغان ئىككى تەرەپلىمە ئىشلەيدىغان رېزىنكە تاسمىلىق كۆچمە ئۆزىتىپ بېرىش ماشىنىسى، ئۆزىراپ ـ قىسقىرايدىغان ئۆزىتىپ بېرىش ماشىنىسى، تازىلاش ئۈسكۈنىسى، كۆرە شەكىللىك يۇقىرىغا چىقىرىش ماشىنىسى، ئۆلچەملىك ياغ تۇڭى قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقاردى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ساقلاش ـ توشۇش شىركىتىمۇ يېنىك تىپتىكى ئۆزىتىش ماشىنىسىنى تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقاردى. ئۈرۈمچى، شىخەنزە، قومۇل، سانجى قاتارلىق جايلاردىكى چوڭراق ئاشلىق ـ ياغ زاۋۇتلىرى بىر قىسىم مەخسۇس ئۆزىتىش، تازىلاش ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلىرىنى ئۆزلىرى ياساپ چىقىپ، ئۆز زاۋۇتىدا ئىشلەتتى.

# V باب

# ئىگىلىك باشقۇرۇش

1957 ـ يىلى شىنجاڭدا ئاشلىق، ياغنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش ـ سېتىش يولغا قويۇلغاندىن باشلاپ، ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئاشلىق، ياغ سانائەت كارخانىلىرى ئۆزئۆزى مۇددەت ئاشلىق مەمۇرىي باشقۇرۇشقا تەۋە بولۇپ كەلدى، ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى «سېتىشقا قاراپ مەھسۇلاتنى بېكىتىش» پىرىنسىپى بويىچە ۋاقتىدا پىششىقلاپ ئىشلەش، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئىدى، ئىگىلىك باشقۇرۇشقا خېلى ئۆزگىرىشچە سەل قارىلىپ كەلدى.

## 1 § . تىجارەت

### 1 . ھاۋالە بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەش

1955 ـ يىلدىن ئىلگىرى شىنجاڭدىكى ھەرخىل ئۇن ـ ياغ زاۋۇتلىرى ۋاكالىتەن ئۇن ـ ياغ تارتىپ، بىر قىسىم خام ماتېرىيال ياكى قوشۇمچە مەھسۇلاتلارنى پىششىقلاش ھەققىگە ھېسابلاپ ئالاتتى، شۇنىڭدەك، ئۆگۈتنى تەييار ئۇن ـ ياغقا ئالماشتۇرۇپ تىجارەت قىلاتتى. 1955 ـ يىلى جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئۇن ـ ياغ زاۋۇتلىرى ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ ئىش خىراجىتىنى ھېسابات قىلىش سىناق چارىسىگە ئاساسەن تۈزگەن ئىش خىراجىتى ئۆلچىمىنى ئىجرا قىلىپ، ئىلگىرىكى ئاشلىق، ياغ ياكى قوشۇمچە مەھسۇلاتلارنى پىششىقلاش ھەققىگە ھېسابلاپ ئېلىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتتى. 1956 ـ يىلدىن باشلاپ، ئاشلىق تارماقلىرىغا قاراشلىق ئۇن ـ ياغ زاۋۇتلىرى چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەر ۋە زاۋۇت ـ كان رايونلىرىدىكى ئاشلىق، ياغ پىششىقلاش ئاساسىي گەۋدىسىگە ئايلاندى، ھەربىيلەرگە ۋە بازارغا ئېھتىياجلىق ئاشلىق، ياغلارنى ھاۋالە بىلەن پىششىقلاشنى بىر تۇتاش قوبۇل قىلىپ، ئىش خىراجىتىنى ھېسابات قىلىش چارىسى بويىچە بىر تۇتاش ھېساب بوغدى. 1962 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاشلىق مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان «ئاشلىق سىستېمىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سانائەت ـ سودا كارخانىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بىر قانچە كەسپىي مۇناسىۋەت مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» ۋە «ئاشلىق، ياغ پىششىقلاش ئىش خىراجىتى چارىسى» ئىجرا قىلىنىپ، ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سانائەت، سودا كارخانىلىرى ئوتتۇرىسىدا ھاۋالە بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەش توختام تۈزۈمى تەدرىجىي ئورنىتىلىپ، ھاۋالە بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەش چارىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. 1964 ـ يىلى 1 ~ 9 ـ ئايغىچە بولغان تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق تارماقلىرىدىكى بىر قەدەر چوڭ 15 ئۇن زاۋۇتى (سېخى، تۈۋەندىمۇ ئوخشاش) نىڭ ھەر توننا ئۇننى پىششىقلاش ئوتتۇرىچە ئىش خىراجىتى 27.13 يۈەن بولغان، قارامايى ئۇن ـ ياغ زاۋۇتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، 52.11 يۈەن بولغان؛ ئۈرۈمچى «1 ـ ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتىنىڭ ئەڭ تۆۋەن بولۇپ، پەقەت 16.42 يۈەن بولغان؛ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 18 ياغ زاۋۇتىنىڭ ھەر توننا ياغ تارتىش ئوتتۇرىچە ئىش

خىراجىتى 387 يۈەن بولغان، ئەڭ يۇقىرىسى مىچۈەن شال ئاقلاش زاۋۇتىنىڭ بولۇپ، 724.12 يۈەن بولغان، ئەڭ تۆۋىنى غۇلجا ئۇن زاۋۇتىنىڭ بولۇپ، پەقەت 209.68 يۈەن بولغان؛ 9 شال ئاقلاش زاۋۇتىنىڭ ھەر توننا شالنى ئاقلاش ئوتتۇرىچە ئىش خىراجىتى 41.83 يۈەن بولغان، خوتەن ئاشلىق، ياغ زاۋۇتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، 64.97 يۈەن، قەشقەر «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتىنىڭ ئەڭ تۆۋەن بولۇپ، 30.44 يۈەن بولغان. ئاشلىق - ياغ كارخانىلىرىنىڭ ئىش خىراجىتى ئۆلچىمىنى ئاشلىق مەمۇرىي تارماقلىرى بېكىتەتتى، كارخانىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا بېكىتىش ھوقۇقى يوق ئىدى. ئاشلىق - ياغ كارخانىلىرى كىرىمىنى ئاشۇرماقچى بولسا پەقەت ئۇسكۈنىلەرنى كۆپەيتىش، مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرۇشقا تايىناتتى. ئەگەر كارخانىلار سېلىنمىنى ئاشۇرۇپ، ئۇسكۈنىلەرنىڭ ھۈنەر - سەنئىتىنى ياخشىلاپ، مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، مەھسۇلات چىقىش نىسبىتىنى ئاشۇرسا، ئاشقان ئاشۇرما قىممەتنىڭ كارخانا بىلەن مۇناسىۋىتى بولمايتتى، ئۇلارغا سېلىنغان سېلىنمىمۇ ھەقسىز بولاتتى. بۇ خىل «داش قازاننىڭ تامىقىنى يېيىش» شەكلى كارخانىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىتىشقا، قىممىتىنى ئاشۇرۇش، يوشۇرۇن كۈچلىرىنى قېزىشقا پايدىسىز بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر يەتكۈزەتتى. گەرچە ئاپتونوم رايون ئىجرا قىلغان ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ «ئۇن - ياغ تارتىش ئىش خىراجىتىنى ھېسابلاش چارىسى»دا بېكىتىلگەن ئىش خىراجىتى ئۆلچىمى مەملىكىتىمىزدىكى ئوخشاش ئاشلىق - ياغ كارخانىلىرىنىڭكى بىلەن يېقىنلاشسىمۇ، ئەمما ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق، ياغ كارخانىلىرىنىڭ ئەمەلىي بىرلىك تەننەرخى يۇقىرى (1960 — 1969- يىلغىچە ئۇن تارتىش ئەمەلىي بىرلىك تەننەرخى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن %31 يۇقىرى بولدى) بولغاچقا، كارخانىلارنىڭ پايدىسى مەملىكەت بويىچە ئوخشاش كارخانىلارنىڭكىدىن تۆۋەن بولدى. بولۇپمۇ 1977 - يىلدىن كېيىن، خام ماتېرىيال، يېقىلغۇ، ئېنېرگىيە باھاسى ئۆرلىگەنلىكتىن، زىددىيەت تېخىمۇ گەۋدىلەندى. 1982- يىلى باھا قويۇپ بۆيرۈپ ئۇن - ياغ تارتىش تىجارەت شەكلىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ھاۋالە بىلەن پىششىقلايدىغان ئاشلىق، ياغ كارخانىلىرى كۆپلەپ ئازىيىپ، 1985 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھاۋالە بىلەن ئۇن - ياغ تارتىدىغان كارخانىلار ئاشلىق تارماقلىرى باشقۇرغان سانائەت كارخانىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ %20 ئەتراپىنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ قالدى. 1990 - يىلنىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق تارماقلىرى ئىچىدە، پەقەت قەشقەر ۋىلايىتىدىكى بىر قىسىم كارخانىلارلا ھاۋالە بىلەن ئۇن - ياغ تارتىش تىجارەت شەكلىنى داۋاملىق يولغا قويدى.

## 2. باھا قويۇپ بۆيرۈپ تىجارەت قىلىش

1975 - يىل 4 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۇنجى بولۇپ ئاشلىق پىششىقلاشتا باھا قويۇپ بۆيرۈپ تىجارەت قىلىش چارىسىنى يولغا قويدى، يەنى ئاشلىق سودا- سانائەت كارخانىلىرى ئارا ئاشلىق، ياغ خام ئەشيالىرى، مەھسۇلاتلىرى، قوشۇمچە مەھسۇلاتلارغا قوش يۆنىلىشلىك باھا قويۇپ بۆيرۈپ بېرىش يولغا قويۇلدى، پىششىقلاش كارخانىلىرى بۇنىڭ بىلەن تىجارەت باشقۇرۇشنى ياخشىلاپ، تەننەرخنى تۆۋەنلىتىپ، مەھسۇلات چىقىش نىسبىتىنى ئۆرلىتىپ كىرگەن بارلىق قوشۇلما قىممەت كىرىمگە ئىگە بولدى. بۇ ئاشلىق، ياغ كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت شەكلىدىكى چوڭ ئىسلاھات بولدى.

1978 - يىلى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىقتىسادىي ھېساباتنى كۈچەيتىش، باشقۇرۇشنى ياخشىلاش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى قۇتۇبى ناھىيىسىدە ئاشلىق، ياغ پىششىقلاشتا باھا قويۇپ بۆيرۈپ تىجارەت قىلىشنى سىناق قىلدى. 1980 - يىلنىڭ باشلىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاشلىق، ياغ پىششىقلاشتا باھا قويۇپ بۆيرۈپ تىجارەت قىلىشنى يولغا قويغان كارخانا 6گە يەتتى. شۇ يىلى 8 - ئايدىن كېيىن، ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ سودا - سانائەت كارخانىلىرى ئاشلىق، ياغ

پىششىقلاشتا باھا قويۇپ بۆيرۈپ تىجارەت قىلىشنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ئۆتكۈزۈشى ئىزچىللاشتۇرۇلدى. كېيىنكى يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 5 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ باھا قويۇپ بۆيرۈپ تىجارەت قىلىشنى يولغا قويغان كارخانىسى 30غا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە سانجى ئوبلاستىدىكى ئاشلىق، ياغ كارخانىلىرىنىڭ ھەممىسى باھا قويۇپ بۆيرۈپ تىجارەت قىلىشنى يولغا قويدى. باھا قويۇپ بۆيرۈپ تىجارەت قىلىش داۋامىدا كۆپ ساندىكى كارخانىلار گىرلاش، پىرىيوم قىلىش، ئۆتكۈزۈۋېلىش، ئۆتكۈزۈپ بېرىشتە ئەستايىدىل بولدى. ئەمما باھا قويۇپ بۆيرۈپ تىجارەت قىلىشقا بولغان تونۇش يېتەرسىز، تەجرىبە كەمچىل بولغانلىقتىن، ئاز ساندىكى ئاشلىق، ياغ سودا - سانائەت كارخانىلىرى ئوتتۇرىسىدا مەسئۇلىيەت ئايدىڭ بولماسلىق، باشقۇرۇش قالايمىقان بولۇش، ئاشلىق، ياغ خام ئەشيالىرىنى ۋە مەھسۇلاتلىرىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش، ئۆتكۈزۈپ بېرىشتە گىرلاش تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلماسلىق، ئاشلىق دۆۋىسى، ئامبىرى، تاغىرىنى مۆلچەرىي ھېسابلاش ياكى ھېساب يۈزىدىلا ئۆتكۈزۈۋېلىش، ئۆتكۈزۈپ بېرىش مەسىلىلىرى ساقلاندى. بۇ مەسىلىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، 1982-يىلى ئاشلىق نازارىتى «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سودا - سانائەت كارخانىلىرىدا باھا قويۇپ بۆيرۈپ تىجارەت قىلىشنى يولغا قويۇش مەسىلىسى توغرىسىدا ۋاقىتلىق بەلگىلىمە»نى تارقىتىپ، باھا قويۇپ بۆيرۈپ تىجارەت قىلىشنىڭ باھا قويۇش چارىسى، توختامنىڭ ئىجرا قىلىنىشى، ئاشلىق، ياغ ئوراش - قاچىلاش بۇيۇملىرى ۋە ئاشلىق، ياغ خام ماتېرىياللىرى ۋە تەييار مەھسۇلاتلىرىنى پىرىيوم قىلىش، ئۆلچەم قاتارلىقلار ئۈستىدە بىر تۇتاش بەلگىلىمە چىقاردى ھەمدە چەت - يىراق رايونلاردىكى ئايرىم ساندىكى كىچىك زاۋۇتلاردىن باشقا مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان ئاشلىق، ياغ كارخانىلىرىنىڭ ھەممىسىدە باھا قويۇپ بۆيرۈپ تىجارەت قىلىشنى تېزدىن يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇ يىلقى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق، ياغ سانائىتى يىغىنىدا قۇتۇبى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى باھا قويۇپ بۆيرۈپ تىجارەت قىلىش تەجرىبىسىنى تونۇشتۇردى. يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە باھا قويۇپ بۆيرۈپ تىجارەت قىلىشنى يولغا قويغان ئاشلىق، ياغ سانائەت كارخانىسى 81گە يېتىپ، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان 111 سانائەت كارخانىسىنىڭ 72.97% نى ئىگىلىدى. 1983-يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى باھا قويۇپ بۆيرۈپ تىجارەت قىلىنىدىغان ئاشلىق، ياغ خام ماتېرىياللىرى، تەييار مەھسۇلاتلىرىنى بۆيرۈپ بېرىشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىنكى خىراجەت سىلىقى، گىرلاش، پىرىيوم قىلىش ۋە بۆيرۈپ بېرىش باھاسى، ئوراش - قاچىلاش بۇيۇملىرىغا باھا قويۇشنى باشقۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا قوشۇمچە بەلگىلىمە چىقاردى. جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرى بۇ بەلگىلىمىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلدى، باھا قويۇپ بۆيرۈپ تىجارەت قىلىش ئەمەلىيەت داۋامىدا تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ، ئاشلىق تارماقلىرى پىششىقلاش كارخانىلىرىنىڭ ئاساسلىق تىجارەت شەكلىگە ئايلاندى. 1985-يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 80% ئەتراپىدىكى ئاشلىق، ياغ سانائەت كارخانىلىرى باھا قويۇپ بۆيرۈپ تىجارەت قىلىشنى يولغا قويدى. جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرى باھا قويۇپ بۆيرۈپ تىجارەت قىلىش چارىسىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇش ۋە ئىقتىسادىي ھېساباتنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈردى. جايلاردىكى ئاشلىق، ياغ پىششىقلاش كارخانىلىرىنىڭ باھا قويۇپ بۆيرۈپ تىجارەت قىلىشى بىلەن ھاۋالە بىلەن پىششىقلىشىنى سېلىشتۇرغاندا، ئاشلىق، ياغ مەھسۇلاتىنىڭ چىقىش نىسبىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1 — 2 پىرسەنت يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، تەننەرخى تۆۋەنلەپ، ئۈنۈمى ئېشىپ، سانائەت پايدىسى ئومۇميۈزلۈك ئاشتى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى باھا قويۇپ بۆيرۈپ تىجارەت قىلىشنى يولغا قويغان 1975-يىلى ھەر تونىنا ئۇننىڭ پايدىسى 21.6 يۈەنگە يېتىپ، 1974-يىلدىكى ھاۋالە بىلەن تارتقانغا سېلىشتۇرغاندا پايدا 12.3 يۈەن ئاشتى. 1986-يىلدىن 1990-يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە باھا قويۇپ بۆيرۈپ تىجارەت قىلىش داۋاملىق راۋاجلاندى. 1990-يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق تارماقلىرى بويىچە، ئايرىم ساندىكى كارخانىلاردىن باشقا ھەممە كارخانىدا باھا قويۇپ تىجارەت قىلىش ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى.

## 3. دېھقانلارغا ۋاكالىتەن پىششىقلاپ بېرىش

دېھقانلارغا ۋاكالىتەن پىششىقلاپ بېرىش دېگىنىمىز — ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئاشلىق، ياغ پىششىقلاش كارخانىلىرى ئېشىنچا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىپ، دېھقانلارغا، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ۋە ئۆز كارخانىسىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىدە ئاشلىق، ياغلارنى ۋاكالىتەن پىششىقلاپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. 1959 - يىلى ئۈرۈمچى «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى سانجى ئوبلاستلىق نەنەن چارۋىچىلىق فېرمىسى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتى قاتارلىق ئورۇنلارغا 1726 توننا ئۇن تارتىپ بەردى. 1961 - يىلى جايلار ئاشلىق مىنىستىرلىكى ۋە ئاشلىق نازارىتىنىڭ يوليورۇقىنى ئىجرا قىلىپ، دېھقانلارغا ۋاكالىتەن پىششىقلاپ بېرىش كەسپىنى قانات يايدۇردى. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق تارماقلىرى دېھقانلارغا ۋاكالىتەن پىششىقلاپ بەرگەن ياغ 139 تونىنىغا يەتكەن. 1963 - يىلى ئاشلىق نازارىتى تارقاتقان «ئاشلىق، ياغ زاۋۇتلىرى دېھقانلارنىڭ نورما ئاشلىقى ۋە ئۆزلىرى ئىستېمال قىلىدىغان يېغىنى ۋاكالىتەن پىششىقلاپ بېرىش ۋاقىتلىق چارىسى» ئىجرا قىلىنىپ، ۋاكالىتەن پىششىقلاش كەسپى تېخىمۇ راۋاجلاندى، 1 — 9 - ئايغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق تارماقلىرى ۋاكالىتەن پىششىقلىغان تەييار ئاشلىق 1783 توننا بولۇپ، 1962 - يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن %45، ياغ 308 توننا بولۇپ، %62 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەكەن ياغ زاۋۇتى، تارباغاتاي ئۇن زاۋۇتى ۋاكالىتەن پىششىقلىغان ئاشلىق، ياغ كۆپرەك بولغاچقا كىرىمى ئېشىپ، كارخانا زىيانىنى ئۆزگىتىپ پايدا ئالدى. تارباغاتاي ئۇن زاۋۇتى بىڭتۇەننىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغا، خەلق گۇڭشېلىرىغا كادىر ئەۋەتىپ، ئۇن ئەۋرىشكىسىنى ئېلىپ ۋاكالىتەن پىششىقلاپ بېرىشنى ئالاقىلاشتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە دېھقانلارغا بىر يىلدا ۋاكالىتەن تارتىپ بەرگەن ئۇن بۇ زاۋۇتنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكى تارتىش مىقدارىنىڭ %51نى ئىگىلەپ، پايدىسى 7230 يۈەن كۆپىيىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە «بەشتە ياخشى» ئاشلىق، ياغ زاۋۇتى بولۇپ باھالاندى. يەكەن ياغ زاۋۇتى تۈركۈملەپ تارتىش ۋە پارچە ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، 1 ～ 9 - ئايغىچە ۋاكالىتەن پىششىقلىغان ياغ بۇ زاۋۇتنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكى تارتقان ياغ مىقدارىنىڭ %24نى ئىگىلىدى.

1963 - يىلدىن كېيىن، جايلاردىكى ئاشلىق، ياغ زاۋۇتلىرىنىڭ ۋاكالىتەن پىششىقلاش كەسپى داۋاملىق راۋاجلاندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە دېھقانلارغا ۋاكالىتەن تارتىپ بېرىلگەن ئاشلىق، ياغ مىقدارى ئانچە كۆپەيمىدى.

80 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق، ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، دېھقان، چارۋىچىلار ئاشلىق تارماقلىرىدىن تارتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان ئاشلىق، ياغنىڭ مىقدارى تەدرىجىي كۆپەيدى. 1980 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئاشلىق، ياغ سانائەت كارخانىلىرى دېھقانلارغا 20 مىڭ 600 توننا ئۇن، 1787 توننا ياغنى ۋاكالىتەن تارتىپ بەردى، بۇ 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدىكىدىن نەچچە ھەسسە، نەچچە ئون ھەسسە ئاشتى؛ ئۇندىن باشقا يەنە 284 توننا شال ئاقلاپ، 1025 توننا قارا ئاشلىق پىششىقلاپ بەردى. 1983 - يىلدىن كېيىن، جايلاردىكى ئاشلىق، ياغ كارخانىلىرى دېھقانلارغا ۋاكالىتەن ئاشلىق، ياغ پىششىقلاپ بېرىش خىزمىتىنى ئاڭلىق ھالدا ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلاشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلدى. ئۇلار مەھسۇلات سۈپىتى ياخشى، مەھسۇلات چىقىش نىسبىتى يۇقىرى بولۇشتەك ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ۋاكالىتەن پىششىقلاش كەسپىنى كېڭەيتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ۋاكالىتەن پىششىقلىغان ئاشلىق، ياغ مىقدارى 1980 - يىلدىكىدىن ھەسسىلەپ ئاشتى. ئادەتتىكى ئەھۋالدا ناھىيە دەرىجىلىك ئاشلىق، ياغ زاۋۇتلىرىنىڭ ۋاكالىتەن پىششىقلىغان ئاشلىق، ياغ مىقدارى يىللىق پىششىقلاش مىقدارىنىڭ تەخمىنەن %30نى، بەزىلىرى %50نى ئىگىلىدى. ئۇلار دېھقانلارغا ۋاكالىتەن پىششىقلاپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاشلىق، ياغ ئالماشتۇرۇش كەسپىنى قانات يايدۇردى. ئەسلىدىكى بىر خىل ئۆلچەملىك ئۇننىلا ئالماشتۇرۇشتىن راۋاجلىنىپ ئالاھىدە ئۇن، ئۆلچەملىك ئۇن، گۈرۈچ، قارا ئاشلىق، يەم - خەشەك، يېمەكلىكلەرنى ئالماشتۇرىدىغان بولدى. كۆپلىگەن كارخانىلار خىزمەت ۋاقتىنى

ئۇزارتىپ، ئامبىنىڭ ئالماشتۇرۇشىغا قۇلايلىق يارىتىپ بەردى؛ بەزى كارخانىلار يېزا، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدا ئالماشتۇرۇش نۇقتىسى تەسىس قىلىپ، ئاساسىي قاتلام ئاشلىق پونكىتلىرىغا ئالماشتۇرۇش كەسپىنى بېجىرىشنى ھاۋالە قىلىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئامبىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇردى؛ بەزى كارخانىلار شۇ جاينىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئىختىيارىيلىق ئاساسىدا جانلىق شەكىلدە ئالماشتۇرۇشنى يولغا قويۇپ، دېھقانلارغا گۆرۈچ، كەسمە چۆپ، ئالاھىدە ئۇن ۋە يەم - خەشەك قاتارلىقلارنى ئالماشتۇرۇپ بەردى؛ بەزىلىرى قەرەللىك ھالدا يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا ئادەم، ئاپتوموبىل ئەۋەتىپ، دېھقان چارۋىچىلارنىڭ ئائىلىلىرىگە بېرىپ ئالماشتۇرۇپ بەردى. گۇچۇڭ، ماناس، قۇتۇبى، ساۋەن، قۇمۇللاردىكى ئاشلىق، ياغ كارخانىلىرى ئاشلىق، ياغنى دېھقانلارغا ۋاكالىتەن ساقلاپ بېرىش، پىششىقلاپ بېرىشنى يولغا قويۇپ، خام ئەشيانى بىر قېتىمدىلا زاۋۇتقا كىرگۈزۈۋېلىپ، دېھقانلارغا ئاشلىق ساقلاش ئىسپاتى تارقىتىپ بەردى، دېھقانلار بۇ ئىسپات بىلەن خالىغان ۋاقىتتا ئۇن، ياغ ئالدى. بۇنىڭ بىلەن ھەم ئاممىغا قۇلايلىق يارىتىپ بېرىلدى، ھەم پىششىقلانغان خام ئەشياغا كاپالەتلىك قىلىندى.

1990 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئاشلىق، ياغ سانائەت كارخانىلىرى دېھقانلارغا 93 مىڭ 800 توننا ئۇننى ۋاكالىتەن تارتىپ بەردى، بۇ ئاشلىق، ياغ سانائەت كارخانىلىرى تارتقان ئۇن مىقدارىنىڭ %11.27نى ئىگىلىدى، 6935 توننا ياغنى ۋاكالىتەن تارتىپ بەردى، بۇ %10نى ئىگىلىدى، يەنە دېھقانلارغا 1412 توننا گۆرۈچ، 698 توننا قارا ئاشلىق، 142 توننا ئاشلىق، ياغ يېمەكلىكلىرى، 28 مىڭ 300 توننا يەم - خەشەكنى ۋاكالىتەن پىششىقلاپ بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە سانجى، شىخەنزە، تارباغاتاي، خوتەن، باينغولىن ۋە قەشقەر قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر دېھقانلارغا كۆپرەك ئاشلىق، ياغ تارتىپ بەردى (جەدۋەل: 4 — 20گە قاراڭ).

## 4. ئۆز ئالدىغا سېتىۋېلىش، سېتىش ۋە كۆپ خىل ئىگىلىك

1957 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاشلىق، ياغنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئاشلىق، ياغ زاۋۇتلىرى ئاساسلىقى دۆلەت ئۈچۈن تاۋار ئاشلىق، ياغ تارتىپ بېرىش بىلەن شۇغۇللاندى، بىكتۇەن ۋە يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىنىڭ ئاشلىق، ياغ زاۋۇتلىرى ئاساسلىقى بىكتۇەننىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپىنىڭ ئەزالىرى ئۆزلىرى ئىستېمال قىلىدىغان ئاشلىق، ياغلارنى تارتتى. ئاشلىق، ياغ جەمئىيەتتىكى كۆپ يوللۇق تىجارەتكە ئەگىشىپ، 1984 - يىلدىن باشلاپ، سانجى، شىخەنزە، تارباغاتاي قاتارلىق جايلاردىكى بىر قىسىم ئاشلىق، ياغ زاۋۇتلىرى ئۆزلىرى ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىپ تارتىپ سېتىشقا باشلىدى.

1985 - يىلى جايلار مودا مىنىستىرلىكى ۋە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئاشلىق، ياغ سانائەت كارخانىلىرى كېلىشىم باھادا ئاشلىق، ياغ تارتىش ۋە ئاشلىق، ياغلىق داننى ئۆز ئالدىغا سېتىۋېلىش، سېتىش كەسپىنى قانات يايدۇرۇشقا بولىدىغانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھىنى ئىجرا قىلدى، ئۆز ئالدىغا سېتىۋېلىش، سېتىش كەسپى سانجى، تارباغاتاي، قۇمۇل، باينغولىندىن ئىبارەت 4 ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە شىخەنزە شەھەرلىك ئاشلىق، ياغ زاۋۇتلىرىدا ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق تارماقلىرى باشقۇرغان ئاشلىق، ياغ سانائەت كارخانىلىرى ئۆز ئالدىغا 16 مىڭ 300 توننا ئۇن، 1246 توننا ياغ، 13 مىڭ 700 توننا بوغۇز ساتتى. 1986 - يىلى سانجى ئوبلاستلىق ياغ زاۋۇتى ياغ تارتىشقا كېرەكلىك ياغلىق دانغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ياغلىق دان تېرىلىشتىن ئىلگىرى ئەتراپتىكى دېھقانلار بىلەن 1000 نەچچە توننا ياغلىق دان سېتىۋېلىش توختامى ئىمزالىدى. ياغلىق دان سېتىۋېلىش مەزگىلىدە، يېزىلاردا سېتىۋېلىش نۇقتىلىرىنى تەسىس قىلىپ، ئادەم، ئاپتوموبىل ئەۋەتىپ ياغلىق دان سېتىۋالدى؛ ساۋەن ناھىيىلىك ئۇن - ياغ زاۋۇتى تۈرلۈك ياغلىق داندىن 4202 توننا، كېلىشىم باھالىق بۇغدايدىن 471 توننا سېتىۋېلىپ، شۇ يىلىلا 170 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى. 1987 - يىلى ئاشلىق تارماقلىرى باشقۇرغان سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ساتقان ئۇنى 1986 - يىلدىكىدىن %67.09 كېمەيدى، 1988- يىلى ئۆز ئالدىغا ساتقان يېغى 1987 - يىلدىكىدىن %35.3 كېمەيدى. شۇ سەۋەبتىن جايلارنىڭ ئاشلىق،

ياغ سانائەت كارخانىلىرى تەدبىر قوللىنىپ، ئۆز ئالدىغا سېتىۋېلىش ۋە سېتىشنى كېڭەيتتى. بەزىلىرى ئۆز ئالدىغا دۇكان ئېچىپ مەھسۇلاتلىرىنى ساتتى، بەزىلىرى ئاشلىق پونكىتلىرى، يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ سېتىۋېلىش، سېتىشىغا ھاۋالە قىلدى. بەزىلىرى بىرلىشىپ سېتىۋېلىش - سېتىش تىجارىتى قىلىپ، مەھسۇلاتلىرىنى رايون، ئۆلكە ئاتلاپ ساتتى. 1990 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاشلىق تارماقلىرى باشقۇرغان ئاشلىق، ياغ سانائەت كارخانىلىرى ئۆز ئالدىغا 63 مىڭ 300 توننا ئۇن ساتتى، بۇ تارتىلغان ئۇننىڭ %61.7نى ئىگىلىدى، 8149 توننا ياغ ساتتى، بۇ تارتىلغان ياغنىڭ %72.11نى ئىگىلىدى، يەنە گۈرۈچ، يېمەكلىك، يەم - خەشەك قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئالدىغا ساتتى. ئۆز ئالدىغا سېتىۋالغان ئاشلىق، ياغلىق داندىن تارتقان ئۇن، ياغنى بېيجىڭ، تيەنجىن، خېبېي، سەنشى، شەنشى، خېنەن، جياڭسۇ، خۇنەن، جېجياڭ، فۇجيەن، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلەرگە سېتىپ، سېتىلىش مىقدارىنى ئاشۇردى، تىجارىتى جانلىنىپ، بىر قەدەر ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى (جەدۋەل: 4 — 21گە قاراڭ). جايلاردىكى ئاشلىق، ياغ زاۋۇتلىرى ئاشلىق، ياغلىق دانني ئۆز ئالدىغا سېتىۋېلىش، ئۇن، ياغنى ئۆز ئالدىغا سېتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە كۆپ خىل ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى، ماۋەن ناھىيىلىك ئاشلىق، ياغ زاۋۇتى بىلەن شىخەنزە بېزا ئىگىلىك ئىنىستىتۇتى بىرلىشىپ باقمىچىلىق فېرمىسى قۇردى، 1985 - يىلى 20 مىڭ چۈجە سېتىپ، 20 نەچچە مىڭ يۈەن پايدا ئالدى، 1986 - يىلى بازارنى 5000دەك گۆش توخۇسى، 5 توننا توخۇم بىلەن تەمىنلىدى؛ بۇ زاۋۇت يەنە كۆك تۈلكە بېقىپ، موگۇ ئۆستۈرۈپ، خېلى ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. يېڭىسار ناھىيىلىك ياغ زاۋۇتى ئۇدا نەچچە يىل كالا، قوي بورdidi، 1987 - يىلى 90 كالا، 350 قوي بورداپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە 65 كىلوگرامدىن گۆش بەرگەندىن باشقا، يەنە شۇ جايدىكى بازارلارنى تەمىنلەپ، 20 مىڭ يۈەندەك پايدا ئالدى، قۇتۇبى ناھىيىلىك ئاشلىق، ياغ زاۋۇتى كىچىك سۈت فېرمىسى قۇرۇپ سۈتنى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا ئىشلەتكەندىن سىرت، يەنە شۇ جايدىكى ئاممىنى تەمىنلىدى. شىايېدى ياغ زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان «شىخۇا» ماركىلىق سوپۇن 1990 - يىلى موڭغۇلىيىگە 100 مىڭ دانە ئېكسپورت قىلىنغاندىن سىرت، يەنە مەملىكەت بويىچە 20 نەچچە ئۆلكە، شەھەرگە ۋە ئاپتونوم رايونغا سېتىلدى. بەزى كارخانىلار يەنە ئاشپۇزۇل، دۇكان، مېھمانسارايلارنى ئاچتى.

### شىنجاڭ ئاشلىق تارماقلىرىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ 1980 — 1990 - يىلغىچە دېھقانلارغا ئاشلىق، ياغ تارتىپ بېرىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 4 — 20    بىرلىكى: توننا

| يىللار | ئۇن | گۈرۈچ | سۇ يېغى | قارا ئاشلىق | يەم - خەشەك |
|---|---|---|---|---|---|
| 1980 | 20628 | 284 | 1387 | 1025 | |
| 1981 | 57032 | 539 | 4316 | 1470 | |
| 1982 | 72002 | 1487 | 4817 | 3296 | 575 |
| 1983 | 84459 | 1305 | 6144 | 807 | |
| 1984 | 122366 | 428 | 4618 | 547 | |
| 1985 | 77272 | | 6071 | 160 | 298 |
| 1986 | 76281 | 604 | 10679 | 245 | 1992 |
| 1987 | 98837 | 1073 | 8840 | 3870 | 799 |
| 1988 | 87566 | | 5836 | 618 | 4048 |
| 1989 | 96095 | 36 | 8390 | 704 | |
| 1990 | 93795 | 1412 | 6935 | 698 | 28309 |

## شىنجاڭ ئاشلىق تارماقلىرىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ 1985 — 1990 - يىلىغىچە ئۆز ئالدىغا ئاشلىق، ياغ سېتىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 4 — 21 بىرلىكى: توننا

| يىللار | ئۇن | گۈرۈچ | سۇ يېغى | يېمەكلىك | يەم - خەشەك |
|---|---|---|---|---|---|
| 1985 | 16319 | 70 | 1246 | 3780 | 13735 |
| 1986 | 12997 | | 1963 | 3743 | 44679 |
| 1987 | 4278 | | 7057 | 2271 | 92949 |
| 1988 | 7558 | | 4566 | 2988 | 79517 |
| 1989 | 10259 | 187 | 7742 | 1987 | 61322 |
| 1990 | 63349 | 234 | 8149 | 3683 | 65606 |

## شىنجاڭ ئاشلىق تارماقلىرىدىكى ئاشلىق، ياغ سانائىتىنىڭ 1949 — 1979 - يىلىغىچە ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى، 100 يۈەن مەھسۇلات قىممىتىنىڭ پايدىسى

جەدۋەل: 4 — 22 بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار | سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | يۈز يۈەن مەھسۇلات قىممىتىنىڭ پايدىسى |
|---|---|---|
| 1949 | 122 | |
| 1950 | 222 | |
| 1951 | 291 | |
| 1952 | 474 | |
| 1953 | 724 | 3.45 |
| 1954 | 1828 | 3.12 |
| 1955 | 2845 | 3.66 |
| 1956 | 3546 | 3.38 |
| 1957 | 3514 | 5.81 |
| 1958 | 3754 | 6.39 |
| 1959 | 6191 | 4.22 |
| 1960 | 6843 | 4.02 |
| 1961 | 6373 | 4.39 |
| 1962 | 5531 | 5.12 |
| 1963 | 5018 | 4.72 |
| 1964 | 6303 | 4.12 |
| 1965 | 6575 | 4.40 |
| 1966 | 8107 | 2.50 |
| 1967 | 8509 | 2.29 |
| 1968 | 7719 | 2.97 |
| 1969 | 10630 | 2.00 |
| 1970 | 11604 | 1.92 |
| 1971 | 10804 | 1.45 |
| 1972 | 10676 | 1.82 |
| 1973 | 12728 | 2.32 |
| 1974 | 12282 | 2.80 |
| 1975 | 11704 | 5.41 |
| 1976 | 13805 | 5.77 |
| 1977 | 17245 | 4.61 |
| 1978 | 19029 | 6.29 |
| 1979 | 19965 | 5.14 |

ئىزاھ: 1. بۇ جەدۋەلدىكى مەلۇماتلار ئاشلىق سانائىتى مالىيە باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىدىن ئېلىندى.
2. بۇ جەدۋەلدىكى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1970 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ئىشلەندى.

## شىنجاڭ ئاشلىق تارماقلىرىدىكى، ئاشلىق، ياغ سانائىتىنىڭ 1980 ـ 1990 ـ يىللىغىچە ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى، 100 يۈەن مەھسۇلات قىممىتىنىڭ پايدىسى

جەدۋەل: 4 — 23

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| نامى | 1980 |  | 1981 |  | 1982 |  | 1983 |  | 1984 |  | 1985 |  | 1986 |  | 1987 |  | 1988 |  | 1989 |  | 1990 |  |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
|  | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | يۈز يۈەن مەھسۇلات قىممىتىنىڭ پايدىسى | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | يۈز يۈەن مەھسۇلات قىممىتىنىڭ پايدىسى | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | يۈز يۈەن مەھسۇلات قىممىتىنىڭ پايدىسى | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | يۈز يۈەن مەھسۇلات قىممىتىنىڭ پايدىسى | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | يۈز يۈەن مەھسۇلات قىممىتىنىڭ پايدىسى | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | يۈز يۈەن مەھسۇلات قىممىتىنىڭ پايدىسى | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | يۈز يۈەن مەھسۇلات قىممىتىنىڭ پايدىسى | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | يۈز يۈەن مەھسۇلات قىممىتىنىڭ پايدىسى | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | يۈز يۈەن مەھسۇلات قىممىتىنىڭ پايدىسى | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | يۈز يۈەن مەھسۇلات قىممىتىنىڭ پايدىسى | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | يۈز يۈەن مەھسۇلات قىممىتىنىڭ پايدىسى |
| ئاپتونوم رايون بويىچە | 22733 | 3.80 | 26494 | 4.76 | 29598 | 5.85 | 33716 | 7.12 | 35122 | 7.21 | 41244 | 7.04 | 48309 | 8.06 | 53751 | 7.96 | 58250 | 8.12 | 56053 | 8.56 | 56313 | 8.99 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 4120 | 6.12 | 4569 | 5.41 | 4783 | 7.25 | 4920 | 7.20 | 4402 | 6.75 | 5591 | 8.16 | 6692 | 7.56 | 5593 | 7.31 | 7459 | 8.38 | 8151 | 8.85 | 7668 | 8.03 |
| قاراماي شەھىرى | 593 | 3.04 | 657 | 4.57 | 621 | 3.86 | 699 | 10.30 | 724 | 9.25 | 742 | 10.38 | 879 | 9.90 | 1138 | 7.75 | 1322 | 7.03 | 1185 | 1.77 | 1225 | 2.78 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 792 | 2.53 | 424 | 4.25 | 423 | 8.27 | 4.47 | 12.53 | 420 | 13.81 | 478 | 12.18 | 556 | 6.65 | 758 | 6.33 | 769 | 5.07 | 709 | 1.27 | 698 | 1.29 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 890 | 3.03 | 1021 | 2.84 | 1063 | 4.23 | 958 | 5.85 | 1208 | 4.97 | 1367 | 5.63 | 1576 | 6.09 | 1765 | 5.95 | 2026 | 5.63 | 1973 | 7.05 | 1947 | 7.14 |
| سانجى ئوبلاستى | 2329 | 3.26 | 2710 | 7.12 | 3317 | 5.91 | 3875 | 8.85 | 4292 | 10.95 | 4830 | 6.71 | 5714 | 8.79 | 6602 | 9.12 | 6790 | 8.85 | 6368 | 9.66 | 6190 | 10.39 |
| شىخەنزە شەھىرى | 1594 | 1.57 | 2389 | 5.27 | 2529 | 7.63 | 3185 | 7.06 | 2908 | 5.57 | 3183 | 10.05 | 3999 | 9.93 | 3657 | 8.75 | 3857 | 9.98 | 2727 | 3.78 | 2442 | 2.25 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىقلار |  |  |  |  |  |  |  |  |  |  | 537 |  | 502 | 6.57 | 473 | 4.23 | 673 | 7.13 | 674 | 6.08 | 624 | 2.88 |
| ئىلى ۋىلايىتى | 3098 | 3.71 | 3645 | 5.71 | 3971 | 5.19 | 5434 | 6.66 | 5307 | 7.73 | 5889 | 7.68 | 6541 | 9.08 | 7956 | 7.73 | 6897 | 7.50 | 6519 | 8.45 | 7292 | 8.64 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 1259 | 3.42 | 1503 | 3.59 | 1834 | 7.52 | 1787 | 6.55 | 1948 | 7.29 | 2386 | 9.47 | 3545 | 11.71 | 4139 | 10.87 | 4309 | 12.65 | 4196 | 12.75 | 4939 | 14.74 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 631 | 3.17 | 868 | 3.11 | 905 | 3.87 | 1069 | 4.58 | 1112 | 4.59 | 1413 | 4.81 | 1581 | 6.20 | 1971 | 8.22 | 2336 | 8.18 | 2151 | 8.65 | 2345 | 9.68 |
| بورتالا ئوبلاستى | 329 | 4.86 | 457 | 5.03 | 724 | 10.08 | 925 | 10.27 | 1108 | 8.86 | 1239 | 10.33 | 1633 | 10.23 | 1684 | 10.45 | 1516 | 8.05 | 1421 | 14.71 | 1452 | 14.39 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 1234 | 2.11 | 1431 | 3.49 | 1494 | 4.02 | 1718 | 4.66 | 1705 | 4.22 | 2139 | 5.05 | 2467 | 7.09 | 2901 | 6.31 | 3482 | 6.89 | 3375 | 9.10 | 3345 | 10.28 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1890 | 4.23 | 2196 | 4.96 | 2607 | 4.60 | 2598 | 4.75 | 2676 | 5.31 | 2925 | 3.83 | 3124 | 5.79 | 3128 | 6.30 | 3561 | 6.35 | 3686 | 8.49 | 3942 | 7.58 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 235 |  | 261 |  | 359 | 1.39 | 453 | 2.43 | 456 | 3.29 | 638 | 5.49 | 733 | 8.59 | 695 | 10.07 | 788 | 10.28 | 806 | 7.82 | 746 | 8.45 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 2667 | 3.52 | 3140 | 3.34 | 3538 | 5.12 | 3690 | 6.15 | 3888 | 7.15 | 4446 | 5.62 | 4784 | 6.29 | 5015 | 7.26 | 5470 | 6.12 | 5707 | 7.36 | 4954 | 8.48 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 677 | 2.95 | 723 | 3.18 | 788 | 4.06 | 1106 | 7.41 | 1193 | 7.80 | 1288 | 7.22 | 1543 | 6.16 | 1601 | 3.56 | 1956 | 3.12 | 1732 | 4.33 | 1639 | 4.58 |
| ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلار | 395 | 8.10 | 499 | 3.81 | 624 | 6.57 | 853 | 8.79 | 1776 | 6.70 | 2155 | 5.57 | 2436 | 6.03 | 4767 | 8.81 | 5039 | 10.02 | 4696 | 1107 | 4862 | 11.39 |

ئىزاھ: 1. بۇ جەدۋەلدىكى مەلۇماتلار ئاشلىق سانائىتى مالىيە باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىدىن ئېلىندى. 2. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1980 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى. 3. 1980 ـ، 1981 ـ يىللىرى قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ ئاشلىق، ياغ سانائىتى تېخى مۇستەقىل ھېسابات قىلىنمىغانىدى.

# § 2 . باشقۇرۇش

## 1. تەۋەلىك مۇناسىۋىتى

1950 ~ 1955 - يىلغىچە ئۆلكىمىزدىكى ئاشلىق، ياغ زاۋۇتلىرىدىن (تۈگمەنلىرىدىن) خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكىدىن باشقا ماشىنىلىق ياغ ۋە ئۇن زاۋۇتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش قىسمىغا ۋە ئۆلكىلىك سانائەت تارمىقىغا تەۋە بولدى، ئادەم، مالىيە، ماددىي ئەشيالار ئۆزىنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتى بويىچە باشقۇرۇلدى.

1956 - يىلى ئاشلىق تارماقلىرى ئاۋار ئاشلىق، ياغ تارتىش كەسپىنى بىر تۇتاش باشقۇردى، بۇرۇن سانائەت قاتارلىق تارماقلارغا تەۋە بولۇپ كەلگەن ئۇن، ياغ زاۋۇتلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1956 ~ 1958 - يىلغىچە ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ سانائەت پىلانى ۋە ئۈرۈمچى «1 - ئاۋغۇست»، قەشقەر «1 - ئاۋغۇست»، بۇرچىن، غۇلجا، چۆچەك، ئالتايلاردىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان 6 ئۇن زاۋۇتىنىڭ ئەمگەك ئىش ھەققى، تەننەرخ ۋە مالىيە پىلانى، يىللىق گۈرۈچ، ياغ، ئۇن ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى ئاشلىق نازارىتى تۈزۈپ، ئاشلىق مىنىستىرلىكى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى. ئاشلىق نازارىتى ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ پىلانىنى ئىجرا قىلىش شەرتى ئاستىدا، پەسىل ئارا، كارخانىلار ئارا پىلانىنى تەڭشەشكە ھوقۇقلۇق بولدى ۋە پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ نازارەت قىلدى.

1959 - يىلى ئاپتونوم رايون دائىرىسىدىكى ئاشلىق، ياغ سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ ئەمگەك ئىش ھەققى، تەننەرخ، مالىيە، ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى پىلانلارنى تەستىقلاش ھوقۇقلىرى ئاشلىق نازارىتىگە چۈشۈرۈپ بېرىلدى. ئاشلىق نازارىتى گوۋۇيۈەننىڭ «سودا تارماقلىرى قارىمىقىدىكى زاۋۇتلارنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە»سىگە ئاساسەن، ئۈرۈمچى «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى قاتارلىق 20 سانائەت كارخانىسىنى تۇرۇشلۇق جايدىكى ئوبلاستلىق، ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا چۈشۈرۈپ بەردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئاشلىق، ياغ سانائىتىدە ئاشلىق نازارىتى، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى شەكىللىنىپ، بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، دەرىجە بويىچە باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى، كېيىن ئاز ساندىكى كارخانىلارنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتىدە يەنە بەزى تەڭشەشلەر بولدى. 1961 - يىلغا كەلگەندە، ئاشلىق نازارىتى ئۈنىۋېرسال ماشىنىسازلىق زاۋۇتى ۋە ئۈرۈمچى «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتىلا ئاشلىق نازارىتىگە بىۋاسىتە قارىدى، قالغىنىنى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى باشقۇردى، لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدىكى قەشقەر «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى، چۆچەك ئۇن زاۋۇتى، يەكەن، باي، تۇرپان ياغ زاۋۇتلىرى، كورلا، غۇلجا، ماناس ئاشلىق، ياغ زاۋۇتلىرى، ئاقسۇ، ساۋەن، مىچۈەن شال ئاقلاش زاۋۇتلىرى قاتارلىق بىر قەدەر چوڭ 11 كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى باشقۇرۇش ئاشلىق نازارىتىدە بولدى، زاۋۇت رەھبەرلىرىنى تەيىنلەش - قالدۇرۇش، يۆتكەش قاتارلىق ئىشلارنى شۇ جايدىكى مەسئۇل تارماقلار ئاشلىق نازارىتى بىلەن كېڭىشىپ بېجىردى. بۇ مەزگىلدە، ئاپتونوم رايوندىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، سانائەت - قاتناش تارماقلىرى ۋە بىڭتۇەننىڭ ئاشلىق، ياغ سانائىتى ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پىلانى، نورما كۆرسەتكۈچى، مەھسۇلات سۈپىتى ئۆلچىمى، قائىدە - تۈزۈملىرىدە بىردەك ئاپتونوم رايوننىڭ بىر تۇتاش بەلگىلىمىسى ئىجرا قىلىندى ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

پەسىل بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق نازارىتىگە مەلۇم قىلىپ تۇرۇلدى. ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ سانائىتىدىكى ئەمگەك ئىش ھەققى، مالىيە قاتارلىق پىلانى ۋە دۆلەت بىر تۇتاش تەقسىملەيدىغان 47 خىل ماددىي ئەشيا، ئاشلىق، ياغ سانائىتىگە خاس 16 خىل ماددىي ئەشيا ۋە زاپچاسنى ئاشلىق نازارىتى تەستىقلىدى ۋە تەقسىم قىلدى.

1962 - يىلى ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ ئۇقتۇرۇشىدىكى تەلەپلەر بويىچە، ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مالىيە پىلانىنى تەستىقلاش ھوقۇقىنى ئاشلىق نازارىتى ئاشلىق مىنىستىرلىكىگە تاپشۇردى. 1964 - يىل 5 - ئايدا ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ «ئاشلىق تارماقلىرىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئەمگەك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى دوكلات»نىغا ئاساسەن، كارخانىلارنىڭ ئەمگەك ئىش ھەققى پىلانىنى تەستىقلاش ھوقۇقى ئاشلىق مىنىستىرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1965 - يىلىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق، ياغ سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئەمگەك ئىش ھەققى، تەننەرخ، مالىيە پىلانىنى تەستىقلاش ھوقۇقىنى بىردەك ئاشلىق مىنىستىرلىكى ئىگىلىدى.

1966 - يىلى ئاشلىق مىنىستىرلىكى يۇقىرىدىكى كارخانا باشقۇرۇش ھوقۇقلىرىنى يەنە ئاشلىق نازارىتىگە چۈشۈرۈپ بەردى. شۇ يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرىغا قاراشلىق سانائەت كارخانىلىرىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنىش ئۇ ئا ر ئاشلىق نازارىتى تەكشۈرىدىغان بولدى ۋە دەرىجىمۇ دەرىجە ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىغا چۈشۈرۈپ بەردى. 1966 ~ 1975 - يىلغىچە ئەسلىدە ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت، ئوبلاستقا تەۋە بولۇپ كەلگەن ئۇن - ياغ زاۋۇتلىرى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا چۈشۈرۈپ بېرىلدى، كارخانىلارنىڭ ئەمگەك، كادىرلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىمۇ چۈشۈرۈپ بېرىلدى. 1980 - يىل ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاشلىق تارماقلىرىغا تەۋە بولۇپ كەلگەن ئۇن - ياغ زاۋۇتلىرىدىن ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىگە قارايدىغىنى مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلىدى؛ ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىگە قارايدىغىنى 21 بولدى؛ ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىگە ئۈرۈمچى ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى، كورلا ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى ۋە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى بىرىپزىنت زاۋۇتى قارايدىغان بولدى.

80 - يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئاساسەن ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق - ياغ سانائىتىنىڭ تەرەققىيات پىلانى ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش پىلانىنى تۈزىدىغان، ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئاشلىق، ياغ سانائىتىدىكى تېخنىكا ئۆزگەرتىش ۋە كىرگۈزۈش تۈرلىرىنى تەكشۈرىدىغان ھەمدە چەك ئىچىدىكى تۈرلەرنى تەستىقلايدىغان بولدى. چەك سىرتىدىكى تۈرلەردىن سودا مىنىستىرلىكى مەخسۇس تۈر قىلىپ مەبلەغ سالىدىغىنىنى سودا مىنىستىرلىكى تەستىقلىدى، ئاپتونوم رايون مەبلەغ سالىدىغىنىنى مەبلەغ يولى بويىچە ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى، ئىقتىساد كومىتېتى تەستىقلىدى. 1986 — 1990 - يىلغىچە ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى تارماقلارنىڭ قارمىقىدىكى ئاشلىق، ياغ پىششىقلاش كارخانىلىرىدىن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كارخانا، سۈپەتلىك ئاشلىق، ياغ مەھسۇلاتلىرى، ساھە بويىچە ئىشەنچلىك مەھسۇلاتلارنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى تەشكىللەپ تەكشۈردى. بۇنىڭ سىرتىدا، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى يەنە ئۇن - ياغ تارتىش تېخنىكىسى، باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىغا يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنى تەشكىللىدى.

1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق تارماقلىرىغا قاراشلىق مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان ئاشلىق، ياغ سانائىتى كارخانىسى 174كە يەتتى، ئۇنىڭ ئىچىدە، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىگە قارايدىغىنى 5، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىگە قارايدىغىنى 31، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) ئاشلىق ئىدارىسىگە قارايدىغىنى 138.

## 2. ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى باشقۇرۇش

### 1) پىلان

1956 - يىلدىن ئېتىبارەن ئاشلىق، ياغ سانائىتى ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى ئاشلىق نازارىتى يىلمۇ يىل چۈشۈرۈپ تۇردى، 1966 - يىلدىن ئىلگىرى بىۋاسىتە كارخانىغا چۈشۈردى، ئادەتتە پەسىل بويىچە، بەزىدە ئاي بويىچە پىلاننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈپ تۇردى، كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى قەرەللىك ھالدا ئاشلىق نازارىتىگە مەلۇم قىلىپ تۇردى. 1967 - يىلدىن 80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئاشلىق، ياغ سانائىتى ئىشلەپچىقىرىش پىلانى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىگە چۈشۈرۈلدى، ئاشلىق نازارىتى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئاشلىق، ياغ سانائىتى پىلانىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇردى. 1985 — 1990 - يىلغىچە ئاشلىق، ياغ سانائىتى ئىشلەپچىقىرىش پىلانى بۇرۇنقىدەك سورتى، مىقدارى، مەھسۇلات قىممىتى، پايدىسى قاتارلىق كۆرسەتكۈچلەر بويىچە تۈزۈلۈشتىن مەھسۇلات قىممىتى ۋە پايدىدىن ئىبارەت 2 كۆرسەتكۈچكىلا قىسقارتىلدى، ئۇنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىگە چۈشۈرۈپ بەردى، جايلاردىكى كارخانىلار تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، بازاردىكى تەمىنلەش - ئېھتىياجنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، ھەرخىل مەھسۇلاتلارنىڭ مىقدارىنى تەڭشەپ، ئىشلەپچىقىرىشنى جانلىق ئورۇنلاشتۇردى. ئىشلەپچىقىرىش پىلانى ئادەتتە بىرىنچى يىلدا بىر قېتىم تەڭشەلدى. لېكىن يەۋقۇلئاددە ئەھۋالدا ۋاقتىدا تەڭشەپ تۇرۇلدى، ئالايلۇق، ئۆزگەرتىپ يېڭىلاش مەزگىلىدە، بۇرۇنقى زاۋۇت زىممىسىگە ئالغان ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسى پىششىقلاش ئىقتىدارى تولۇق بولغان باشقا زاۋۇتلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ بازاردا ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەش جىددىي بولغان ۋاقىتلاردا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى پىلان قوشۇپ تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلدى، كۆپ ئەھۋاللاردا يەنە ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىغا ئادەم ئەۋەتىپ ئەھۋال ئىگىلىدى ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا ھىدايەتچىلىك قىلدى.

### 2) ئۈسكۈنىلەرنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى

ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاشلىق نازارىتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يەنە كارخانىلارنىڭ ئۈسكۈنىلىرىگە بىرلىك مەھسۇلات بەلگىلەپ بەردى. 1959 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ھەربىر تولۇقنىڭ ئوتتۇرىچە دېيىم سائەتلىك ئۇن تارتىش مەھسۇلاتى 10.6 كىلوگرام، 1963 - يىلى 12.68 كىلوگرام، بىرلەشمە شال ئاقلاش ماشىنىسىنىڭ ئايلىق مەھسۇلاتى 12 — 16 توننا، 95لىك ياغ تارتىش ماشىنىسىنىڭ كۈندىلىك ياغ تارتىش ئىقتىدارى 3 توننا ئەتراپىدا بولدى. 80 - يىللاردىن باشلاپ ئۈسكۈنىلەرنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى ئاشلىق، ياغ تارتىشتىكى پايدىلىنىش تېخنىكا كۆرسەتكۈچى قىلىندى. 1985 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرىدا ھەربىر تولۇقنىڭ ئوتتۇرىچە دېيىم سائەتلىك ئۇن تارتىش مەھسۇلاتى 13.83 كىلوگرام، 1990 - يىلى 10.3 كىلوگرام، ئالاھىدە ئۇن زاۋۇتلىرىنىڭ 8 كىلوگرام ئەتراپىدا بولدى.

## 3. ئۈسكۈنە باشقۇرۇش

1956 - يىلى ئاشلىق نازارىتى ئۇن - ياغ تارتىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ نورمال ئىشلەش ئېھتىياجىغا ئاساسەن جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرىدىن زاۋۇتلىرىنى قەرەللىك رېمونت قىلىپ تۇرۇشنى، ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنى ئاسراشنى تەلەپ قىلدى. 1958 - يىلى ئۇن زاۋۇتلىرىدا ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ ماشىنا ئۈسكۈنىلەر مەشغۇلاتى، چۇۋۇش - قۇراشتۇرۇش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشقا دائىر بەلگىلىمىلىرى ئىجرا قىلىنىشقا باشلىدى. 1961 - يىلى ئاشلىق نازارىتى ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ «شال ئاقلاش زاۋۇتى، ئۇن زاۋۇتىدىكى ئۈسكۈنىلەرنى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى»گە ئاساسەن، تۆۋەندىكىلەرنى

بەلگىلىدى: يېڭى ئىشچىلار ئىش ئورنىغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئۈسكۈنە بىخەتەرلىكىگە ئائىت ساۋاتلارنى ئۆگىنىشى، ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ماشىنىدا مەشغۇلات قىلىشى شەرت؛ ئۈسكۈنىلەردىن پايدىلىنىشتا «ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى» يولغا قويۇلۇپ، مەخسۇس كىشى مەشغۇلات قىلىدۇ، كىم ئىشلەتسە شۇ كىشى ئاسرايدۇ ھەمدە ئىسمىنا ئۆتكۈزۈپ بېرىش . ئۆتكۈزۈۋېلىش تۈزۈمى قاتتىق ئىجرا قىلىنىدۇ؛ ئۈسكۈنىلەرنىڭ چوڭ، ئوتتۇرا رېمونت پىلانى ئاشلىق نازارىتى ۋە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىغا تەستىقلىتىلىشى، كىچىك رېمونتلارنى كارخانىلار قارار قىلىشى شەرت. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئۇن-ياغ زاۋۇتلىرى ئۈسكۈنىلەرنى يىلدا بىر قېتىم چوڭ، ئوتتۇرا رېمونت قىلىپ تۇرىدىغان، ھەر قېتىملىق رېمونت ۋاقتى 10 — 30 كۈن بولىدىغان بولدى؛ ئۇن زاۋۇتلىرى 7 — 15 كۈندە بىر قېتىم كىچىك رېمونت قىلىنىپ تۇردى، رېمونت ۋاقتى بىر كۈن بولدى؛ ياغ زاۋۇتلىرى ئۈزۈلدۈرمەي ئىشلەپچىقىرىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ماشىنا توختىغان ھامان كىچىك رېمونت قىلىپ تۇردى. 1990 - يىلى كۆپ ساندىكى ئاشلىق، ياغ زاۋۇتلىرى يەنىلا بەلگىلىمە بويىچە رېمونت قىلىپ ئاسراپ تۇرۇلغاچقا، ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئىشلىشى نورمال بولدى.

1963 - يىلى ئاشلىق نازارىتى «ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق، ياغ سانائىتى كارخانىلىرىدا تېخنىكا باشقۇرۇش سىناق چارىسى»نى تارقىتىپ، ئېنېرگىيە ۋە ئاساسلىق مەشغۇلات ماشىنىلىرىنى بەلگىلەنگەن كۆتۈرۈش مىقدارى بويىچە ئىشلىتىش، ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپ ئىشلىتىشنى مەنئى قىلىش، ئۈسكۈنىلەرگە بىخەتەرلىك ئاسراش قۇرۇلمىلىرىنى ئورنىتىش، ئىشلەش ئەھۋالىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرۇش، زاپچاس-بۆلەكلەرنىڭ مۇكەممەللىكى، پاكىزلىقىنى ساقلاپ، ئۈسكۈنىلەرنى نورمال ھالەتتە تۇرغۇزۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇ يىلى جايلاردىكى ئاشلىق، ياغ زاۋۇتلىرى ئاشلىق مىنىستىرلىكىدىن تارقىتىلغان مەشغۇلات قائىدىسى بويىچە مەشغۇلات قىلىشقا باشلىدى. 1964 - يىل 3 - ئايدا ئاشلىق نازارىتى ئۈرۈمچى «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى قاتارلىق 7 زاۋۇتتىكى تېخنىك ۋە باشقۇرۇش خادىملىرى قاتناشتۇرۇلغان خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، كورلا ئۇن - ياغ زاۋۇتىدا ئۈسكۈنىلەرنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش بويىچە سىناق قىلدى. 6 - ئايدا ئاپتونوم رايوندا ئاشلىق، ياغ سانائىتى تېخنىكىسىنى باشقۇرۇش بويىچە زاۋۇت باشلىقلىرى سۆھبەت يىغىنىدا ئۈسكۈنىلەرنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش تەجرىبىلىرى ئالماشتۇرۇلدى، يىغىندىن كېيىن، 2 گۇرۇپپا تەشكىللىنىپ جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى ھەر قايسى جايلاردا تەكشۈرۈپ يېتەكچىلىك قىلىشقا ئەۋەتىلدى، 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئاپتونوم رايوندىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان 24 ئاشلىق، ياغ سانائىتى كارخانىسىنىڭ ھەممىسىدە ئۈسكۈنىلەر ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ، جەمئىي 316 ئۇن تارتىش ئۈسكۈنىسى، 159 دانە ياغ تارتىش ئۈسكۈنىسى، 88 دانە شال ئاقلاش ئۈسكۈنىسى، 419 دانە ئېنېرگىيە ئۈسكۈنىسى، 66 دانە چاڭ - توزان سۈمۈرۈش ئۈسكۈنىسى، 23 مىڭ 420 كۋادرات مېتىر كۆلەملىك 19 كورپۇس زاۋۇت ئۆيى تەكشۈرۈلدى.

1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ئاشلىق، ياغ سانائىتى ئۈسكۈنىلىرىنى نورمال باشقۇرۇش قالايمىقانلىشىپ كەتتى. كارخانىلاردا ئۈسكۈنىلەر رېمونتسىز قېلىش، كاشىلىسى بولسىمۇ ئىشقا سېلىۋېرىش، قائىدىگە خىلاپ مەشغۇلات قىلىشتەك ئەھۋاللار ئومۇميۈزلۈك ساقلاندى. 70 - يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايوندىكى ئۇن - ياغ تارتىش ئۈسكۈنىلىرى ئېغىر ھالدا كونىراپ كەتتى، بەزى زاۋۇتلار كۆتۈرۈش مىقدارىدىن ئاشۇرۇپ ئىشلەپچىقارغاندىلا شۇ جايىنى ئۇن - ياغ بىلەن نورمال تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلالايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

1977 - يىلدىن كېيىن، جايلاردىكى ئاشلىق، ياغ - سانائىتى كارخانىلىرى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ تەلىپى بويىچە، ئۈسكۈنە باشقۇرۇشقا دائىر بەزى ئۈنۈملۈك تۈزۈملەرنى پەيدىنپەي ئەسلىگە كەلتۈردى. 1979 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى كۈنجۈردىن ياغ ئېلىش سېخلىرىدا ئاشلىق مىنىستىرلىكىدىن

تارقىتىلغان مەشغۇلات قائىدىسى ئىجرا قىلىنىشقا باشلىدى. 1982 - يىلى جايلاردىكى ئاشلىق، ياغ سانائىتى كارخانىلىرى كارخانىنى تەرتىپكە سېلىشقا بىرلەشتۈرۈپ، ئۈسكۈنە باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى تۇرغۇزدى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى؛ 1985 - يىلغا كەلگەندە، كۆپ ساندىكى ئاشلىق، ياغ زاۋۇتلىرىنىڭ ئۈسكۈنە باشقۇرۇشى ئاساسىي جەھەتتىن ياخشىلاندى، بولۇپمۇ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى بىر قەدەر چوڭ كارخانىلارنىڭ ئۈسكۈنە باشقۇرۇش سەۋىيىسى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلدى.

1987 - يىلىنىڭ بېشىدا، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «ئاشلىق، ياغ سانائىتى ئۈسكۈنىلىرىنىڭ باشقۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈش چارىسى»نى تارقاتتى ھەمدە ئاشلىق، ياغ سانائىتى كارخانىلىرىنى دەرىجىگە چىقىرىش پائالىيىتىدە، ئۈسكۈنىلەرنىڭ بىجىرىملىك كۆرسەتكۈچىنىڭ كارخانىلارنىڭ دەرىجىسىنى بېكىتىشتە ئىنكار قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بەلگىلىدى. شۇ يىلدىن ئېتىبارەن، ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى بويىچە، ئاشلىق، ياغ، يېمەكلىك، يەم - خەشەك، ماشىنىسازلىق كارخانىلىرىدا ھەر يىلى ئۈسكۈنىلەرنى سەييارە تەكشۈرۈپ تۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاپتونوم رايوندىكى بىر قەدەر چوڭ ئاشلىق، ياغ سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۈسكۈنە باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى قۇرۇلۇپ، مەخسۇس تېخنىكا خادىملىرى سەپلەندى ھەمدە ئۈسكۈنە باشقۇرۇش خىزمىتىگە بىر نەپەر زاۋۇت باشلىقى ياكى مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى رەھبەرلىك قىلدى، شۇنىڭ بىلەن باشقۇرۇش سەۋىيىسى يەنىمۇ ئۆستى. ئۈرۈمچى «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى بارلىق ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرگە تېخنىكا ئارخىپى تۇرغۇزۇپ، ئىشلەتكەن ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئىشلەش، رېمونت قىلىنىش، ھادىسە يۈز بېرىش ئەھۋالىنى خاتىرىلەپ تۇردى. 1988 - يىلى ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش سېخلىرىدىكى ئۈسكۈنىلەرنىڭ بىجىرىملىك نىسبىتى 87%، كاشىلا چىقىش نىسبىتى 2.36% بولۇپ، تارىختىكى ئەڭ ياخشى سەۋىيىگە يەتتى، ئۇنىڭغا 1989 - يىلى سودا مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئۈسكۈنە باشقۇرۇشتا مۇنەۋۋەر كارخانا ۋە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ئۈسكۈنە باشقۇرۇشتا ئىلغار كارخانا نامى بېرىلدى. 1987 — 1990 - يىلغىچە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈسكۈنە باشقۇرۇشتا ئىلغار كارخانا نامى بېرىلگەنلەردىن يەنە: ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق، ياغ ئۆتەڭ پونكىتى ئۇن زاۋۇتى (ئۇدا 2 يىل)، شىنجاڭ ئاشلىق - ياغ يېمەكلىكلىرى زاۋۇتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى كەسمە چۆپ زاۋۇتى، ساۋەن ناھىيىلىك ئۇن - ياغ زاۋۇتى، ئۈرۈمچى ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى قاتارلىقلار بار.

## 4. بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش

ئۇن - ياغ تارتىشنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە ئېيتقاندا، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇشتا ئاساسەن ئۇن تارتىش سېخىدىكى چاڭ - توزاڭلارنىڭ پارتىلىشىدىن ساقلىنىش، ياغ تارتىش، كۈنجۈرىدىن ياغ ئېلىش سېخلىرىدا بىخەتەرلىك — ئوت ئاپىتىدىن ساقلىنىش ۋە پار قازىنىدا بىخەتەر مەشغۇلات قىلىشتىن ئىبارەت 3 جەھەتتىكى خىزمەت ياخشى ئىشلىنىدۇ.

ئاشلىق تارماقلىرى 1955 - يىلدىن ئېتىبارەن ماشىنا ئارقىلىق ئۇن - ياغ زاۋۇتلىرىدا بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى ۋە ئۇنى چىڭ تۇتتى. 1957 - يىلى ئاشلىق نازارىتى ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ «ئاشلىق سانائىتىدىكى بىخەتەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى»، «ئاشلىق پىششىقلاش زاۋۇتلىرىدا بىخەتەرلىك، تازىلىق قائىدىسىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى»نى تارقاتتى، جايلاردىكى ئاشلىق، ياغ پىششىقلاش زاۋۇتلىرى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئۆز كارخانىلىرىنىڭ بىخەتەرلىك مەسئۇلىيىتى ۋە مەشغۇلات قائىدىسى قاتارلىق تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقتى، ئاشلىق نازارىتى بۇ تۈزۈملەرنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇردى. 1961 - يىلى ئاشلىق مىنىستىرلىكى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكىنىڭ «ئاشلىق، ياغ سانائىتى كارخانىسى ۋە ئاشلىق، ياغ ماشىنىسازلىق كارخانىلىرىنىڭ ئوت

ئاپەتتىن ساقلىنىش قائىدىسى»دىكى تەلەپلەرگە ئاساسەن، جايلاردىكى كارخانىلاردا بىخەتەرلىك — ئوت ئاپەتتىن ساقلىنىش بەلگىلىمىسى تۈرغۈزۇلدى ۋە ئىجرا قىلىندى، ئاشلىق نازارىتى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشلىق تارماقلىرىدا «بەشتە ياخشى» كارخانىلارنى باھالاشنىڭ بىر مەزمۇنى قىلىپ كىرگۈزدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ سانائەت كارخانىلىرىدا ئادەم ئۆلۈش - يارىلىنىش، ئۇسكۈنە ھادىسىسى ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئازايدى. 1963 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرىدا زور ئادەم ئۆلۈش - يارىلىنىش ھادىسىسى كۆرۈلمىدى. 1964 - يىلى مىچۈەن، مورى، ئۈچتۇرپان، ئۈرۈمچى، قۇمۇل، مارالبېشى، باي، يەكەن، ماناس، كورلا ئۇن - ياغ زاۋۇتلىرىدا ئارقا - ئارقىدىن ئوت ئاپىتى ۋە ئۇسكۈنە ھادىسىسى يۈز بەردى. ئاشلىق نازارىتى بۇ ھەقتە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، جايلاردىن بىخەتەرلىك تەربىيىسىنى كۈچەيتىشنى، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەھۋالدا ياخشىلىنىش بولدى. 1972 - يىلى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ كۆپ ساندىكى سانائەت كارخانىلىرى ئىشلەپچىقىرىشتا بىخەتەرلىكنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشقا دائىر قائىدە - تۈزۈملەرنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلغۇندى، ئۇسكۈنە، ئوت ئاپىتى ھادىسىلىرى 1964 - يىلدىكىدىن ئازايدى.

1973 — 1981 - يىلغىچە ئۈرۈمچى، قەشقەر، غۇلجا، قورغاس، تېكەس، گۈچۈڭ، باي، يەكەن، شايىدى، كېرىيە قاتارلىق جايلاردىكى ئۇن - ياغ زاۋۇتلىرىنىڭ ئوت ئاپەتتىن ساقلىنىش تۈزۈملىرى مۇكەممەل، تەدبىرلىرى كۈچلۈك بولمىغاچقا ياكى قائىدىگە خىلاپ مەشغۇلات قىلغاچقا، بىر قەدەر زور ئوت ئاپەتلىرى ۋە ئۇسكۈنە ھادىسىلىرى يۈز بېرىپ، دۆلەتكە ئىقتىسادىي زىيان يەتتى.

1982 - يىلدىن باشلاپ ئاشلىق نازارىتى ياغ تارتىش سېخلىرىدا تېمپېراتۇرا يۇقىرى بولۇش، كۆنجۈرە ئاسانلا ئۆزلۈكىدىن ئوت ئېلىش، كۆنجۈردىن ياغ ئېلىش ئىشىنىڭ خەتىرى يۇقىرى بولۇش، ئۇن تارتىش سېخىدا چاڭ - توزان كۆپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، بىر تەرەپتىن، جايلاردىكى كارخانىلاردىن دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى ھەقىقىي تۇردە ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەكرار تەلەپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە بىرلەشتۈرۈپ بىخەتەرلىك ئىقتىدارى ياخشى ئۇسكۈنە ۋە ھۈنەر - سەنئەتنى تاللاپ ئىشلەتتى. مەسىلەن: ئۇن تارتىش سېخىدا يەل كۈچى بىلەن يەتكۈزۈش ۋە ھاۋا ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق چاڭ - توزان يوقىتىش تېخنىكىسىنى قوللىنىپ، ھىملەشنى كۈچەيتىپ، سېخلاردىكى توزاننى ئازايتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر قەدەر چوڭ توزان پارتلاش ھادىسىسى ئاساسىي جەھەتتىن يۈز بەرمىدى. كۆنجۈردىن ياغ ئېلىش سېخلىرى بىخەتەرلىك، ئوت ئاپەتتىن ساقلىنىشقا دائىر تۈزۈم، بەلگىلىمىلەرنى قاتتىق ئىجرا قىلدى، كۆپ ساندىكى سېخلار دەرۋازىۋەن، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش، ئىش ئورنى مەسئۇلىيىتى، ئېرىتكۈچ باشقۇرۇش قاتارلىق تۈزۈملەرنى ئىجرا قىلدى، مۇكەممەل ئوت ئۆچۈرۈش ئەسلىھەلىرىنى تەق قىلدى. بەزىلەر زاۋۇت شتابى، سېخ، ئىسمېنا - گۇرۇپپىدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك ئوت ئاپەتتىن ساقلىنىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ، زاۋۇت رايونىدا ئوت ئاپەتتىن ساقلىنىش سايمانلىرى، دورىلىرىنى تولۇقلىدى. ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، ۋىلايەتلىك ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى كۆنجۈردىن ياغ ئېلىش سېخلىرىدا بىخەتەرلىكنى ھەر يىلى قەرەللىك تەكشۈردى ياكى قەرەلسىز ئارىلاپ تەكشۈرۈپ تۇردى، نەتىجىدە ئاپتونوم رايون بويىچە كۆنجۈردىن ياغ ئېلىش ئىشىدا چوڭ ئوت ئاپەتلىرى يۈز بەرمىدى. ھېيت - بايراملار ھارپىسىدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىغا بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ ئاشلىق، ياغ زاۋۇتلىرىدىمۇ بىخەتەرلىك تەكشۈرۈلدى. ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ش ئۇ ئا ر ئەمگەك ئىدارىسىگە كۆپ قېتىم ھاۋالە قىلىپ پار قازان خادىملىرىنى تەربىيىلەتكۈزدى، ئۇن - ياغ زاۋۇتلىرىدىكى پار قازان مەشغۇلات خادىملىرى دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش تەلىپى بويىچە كىنىشكىلىك ئىشقا چىقىشنى يولغا قويدى؛ يېڭىدىن قۇرۇلغان، كېڭەيتىپ قۇرۇلغان زاۋۇت (سېخ)لار بىخەتەرلىك

ئىشلەپچىقىرىش تەلىپى بويىچە ئاشلىق، ياغ كەسپى تېخنىكا خادىملىرى ۋە شۇ جايدىكى شەھەر قۇرۇلۇشى، ئوت ئۆچۈرۈش، مۇھىت ئاسراش قاتارلىق كەسپىي خادىملار بىرلىكتە تەكشۈرۈپ لاياقەتلىك دەپ قارىغاندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ يېڭى ئىشچىلارغا بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش تەربىيىسى ۋە تېخنىكا تەربىيىسى بېرىلدى، لاياقەتلىك بولمىغانلارنىڭ مەشغۇلات ئورنىغا چىقىشىغا رۇخسەت قىلىنمىدى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كارخانىلارنى تەكشۈرۈشتە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئىنكار قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىندى. يۇقىرىدىكى تەدبىرلەر ئارقىلىق ئاشلىق، ياغ كارخانىلىرىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشىغا بىر قەدەر ياخشى كاپالەتلىك قىلىندى. 1988 - يىلى سودا مىنىستىرلىكى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئۈن زاۋۇتى ۋە ئۈرۈمچى ئاشلىق- ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتىغا بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش بويىچە ئىلغار ئورۇن دەپ نام بەردى. 1990 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئاشلىق، ياغ سانائىتى كارخانىلىرىدا زور ئوت ئاپىتى، پەۋقۇلئاددە زور ئۇسكۈنە ھادىسىسى يۈز بەرمىدى، ئادەتتىكى ئۇسكۈنە ۋە ئوت ئاپىتى زىيىنى 92 مىڭ 900 يۈەنلا بولدى.

## قوشۇمچە:

## چوڭ ئوت ئاپىتى دېلولىرى

1962 - يىل 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 6 دە، بۇرچىن ئۈن زاۋۇتىدا مەشتىكى ئوت سەۋەبىدىن ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، كۈنىگە 20 توننا ئۈن تارتىدىغان ماشىنا، توز ئەلگەك ۋە ئۈنىگغا يۆرۈشلەشتۈرۈلگەن لوكوموبىل، دىزېلماتور قاتارلىق مۇتلەق كۆپ قىسىم ئۇسكۈنە ۋە ئۆيلەر كۆيۈپ كېتىپ، 174 مىڭ 300 يۈەن زىيان بولدى.

1976 - يىلى غۇلجا ئۈن زاۋۇتىنىڭ كونا ئۈن تارتىش سېخىدا تاماكا قالدۇقىدىن تاغارغا ئوت تۇتىشىپ ئوت ئاپىتى يۈز بەردى. مەزكۇر سېختىكى كۈنىگە 75 توننا ئۈن تارتىدىغان پۈتۈن يۆرۈشلۈك ئۇسكۈنە ۋە زاۋۇت ئۆيى كۆيۈپ كەتتى.

1973 - يىلىنىڭ بېشىدا، تېكەس ياغ زاۋۇتىنىڭ ئېنېرگىيە سېخىدا قائىدىگە خىلاپ مەشغۇلات قىلىنغانلىقتىن، پار قازان پارتلاپ پۈتۈنلەي كاردىن چىقتى.

1974 - يىل 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئۈرۈمچى ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتىنىڭ كۈنىگە 10 توننا ياغلىق داننى بىر تەرەپ قىلىدىغان كونا ياغ تارتىش سېخىدا، ياغلىق دان قورۇۋاتقاندا توك توختاپ قېلىپ، نوردىكى قىزىق ياغلىق دان ئوت ئېلىپ ئۆگزىگە تۇتىشىپ، سېخ ۋە ئۈسكۈنىلەرنىڭ ھەممىسى كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى.

## 5. سۈپەت باشقۇرۇش

1957 - يىلى ئاشلىق نازارىتى سۈپەت ئۆلچىمى (سىناق تەرتىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان) ۋە ئۈن ئۆلچىمى ئەۋرىشكىسىنى تارقىتىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۈن سۈپىتىنى باشقۇردى. 1961 - يىلى ئۈرۈمچى «1- ئاۋغۇست» ئۈن زاۋۇتى كەسپىي تەكشۈرۈشنى ئاساس قىلىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سەزگۈ ئەزاسى ئارقىلىق تەكشۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاممىنى سۈپەت ئۆتكىلىنى ئىگىلەشكە ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۈن سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلدى. كېيەكتىكى ئۈن بەلگىلەنگەن ئۆلچەمگە يەتتى. 1962 - يىلى ئاشلىق نازارىتى مەھسۇلات سۈپىتىنى باشقۇرۇش دائىرىسىنى ياغ، گۈرۈچ ۋە قارا ئاشلىققا كېڭەيتتى. بۇ مەزگىلدە، ماشىنىلىق ئۈن، ياغ زاۋۇتلىرىدا ئاددىي لابوراتورىيە تەسىس قىلىنىپ ۋە سايمانلار سەپلىنىپ، كارخانىلاردا ئىشلەپچىقىرىلغان ئاشلىق، ياغ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى تەكشۈرۈپ تۇرۇلدى. ئىلى، قۇمۇل ئۈن زاۋۇتلىرى پىرىبيوم قىلىشنى

كۆچەيتىپ، ئۇن سۈپىتى ۋە مەھسۇلات چىقىش نىسبىتىنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئۆستۈردى. 1963 ـ يىلى ئاشلىق نازارىتى چوڭ، ئوتتۇرا ئاشلىق، ياغ كارخانىلىرىدا لابوراتورىيە تەسىس قىلىپ، مەلۇم لابورانتلارنى سەپلەشنى، سايمان ئارقىلىق تەكشۈرۈشنى ئاساس، سەزگۈ ئەزا ئارقىلىق تەكشۈرۈشنى قوشۇمچە قىلىش، ئىمبىنا ـ گۇرۇپپىلار ئاددىي سايمانلار ئارقىلىق ئۆزلىرى تەكشۈرۈش؛ كىچىك كارخانىلار سەزگۈ ئەزا ئارقىلىق تەكشۈرۈشنى ئاساس قىلىپ، زۆرۈر سايمانلارنى سەپلەپ، ئىمكانقەدەر كەسپىي لابورانتلارنى تۇرغۇزۇش؛ بارلىق ئاشلىق، ياغ سانائىتى كارخانىلىرى قانداق تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىشىدىن قەتئىينەزەر ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن تەكشۈرۈش قائىدىسى، دائىرىسى، تەلەپلىرى بويىچە ئىش كۆرۈشنى، تەييار مەھسۇلات، قوشۇمچە مەھسۇلاتلارنى ماشىنىدىن چىقىرىش، ئامبارغا كىرگۈزۈشتە لابورانتلار تەكشۈرۈش ۋە لاياقەتلىك كارتوچكا تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇش، لاياقەتسىز مەھسۇلاتلارنى زاۋۇتتىن چىقارماسلىقنى تەلەپ قىلدى. 10 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق، ياغ تەييار مەھسۇلاتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە ئاساسلانغاندا، ئاپتونوم رايوننىڭ بىر تۇتاش ئۆلچىمىگە يېتىشتە ئۇن %85، گۈرۈچ %48، ياغ %75 بولغان. 1964 ـ يىلى ئاشلىق نازارىتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ 21 كارخانىسىدا ئاشلىق، ياغ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى سېلىشتۇرۇپ باھالىغاندى، شۇ قېتىمقى باھالاشتا غۇلجا ئاشلىق، ياغ زاۋۇتى ۋە قەشقەر «1 ـ ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتىنىڭ ئۆلچەملىك ئۇنى، باي ياغ زاۋۇتى، ئالتاي ئۇن زاۋۇتى ۋە غۇلجا ئاشلىق ـ ياغ زاۋۇتىنىڭ قىچا يېغى، زىغىر يېغى، خوتەن ئاشلىق ـ ياغ زاۋۇتىنىڭ ئارىلاشما يېغى ئالدىنقى قاتاردا تۇردى. 1965 ـ يىل 7 ـ ئايدا ئاشلىق نازارىتى بىڭتۇەن سانائەت ـ قاتناش بۆلۈمى بىلەن بىللە ئاپتونوم رايون بويىچە 28 ئاشلىق، ياغ سانائىتى كارخانىسى (7سى بىڭتۇەننىڭ) نىڭ ئاشلىق، ياغ تەييار مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى سېلىشتۇرۇپ باھالىغاندى، 14 كارخانا (5ى بىڭتۇەننىڭ) نىڭ 14 مەھسۇلاتى 90دىن يۇقىرى نومۇر ئالدى. ئۇنىڭ ئىچىدە، ئۆلچەملىك ئۇن، ئالاھىدە ئۇن، ئۆلچەملىك 2 ـ ئۇن، قىچا يېغى، زىغىر يېغى، چەككىلەنگەن چىگىت يېغى، ئاق قوناق گۈرۈچى بار. سۈپىتىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش ئارقىلىق جايلارنىڭ ئاشلىق، ياغ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى ئومۇميۈزلۈك ئۆسۈپ، ئۇن كىچىلداش، گۈرۈچتە كۈرمەك كۆپ بولۇش ۋە ياغ ساپ بولماسلىق ئەھۋالى دەسلەپكى قەدەمدە ياخشىلاندى. 1966 ـ يىلدىن ئېتىبارەن ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇن، گۈرۈچ، ياغنىڭ سۈپىتى ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچىمى بويىچە باشقۇرۇلدى. 1978 ـ يىلدىن كېيىن دۆلەتنىڭ ئۆلچىمى بويىچە باشقۇرۇلدى.

80 ـ يىللارنىڭ بېشىدا، زاۋۇتلاشقان ئاشلىق، ياغ يېمەكلىكى ۋە يەم ـ خەشەك سانائىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق، ياغ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى باشقۇرۇش مەزمۇنىغا ئاشلىق، ياغ يېمەكلىكلىرى ۋە بىرىكمە يەم ـ خەشەك سۈپىتىنى باشقۇرۇش قوشۇلدى. بۇ مەزگىلدە ئاشلىق، ياغ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى يىلسېرى ئۆسۈپ باردى. لېكىن يەنىلا دېگەندەك مۇقىم بولمىدى، ئاساسلىقى ئۇننىڭ ساپلىقى تۆۋەن، رەڭگى ناچار، كېپىكى كۆپ بولدى؛ ياغنىڭ رەڭگى قېنىق، سۇ، ئەخلەت تەركىبى يۇقىرى بولدى، بولۇپمۇ كونجۈردىن ئېلىنغان ياغ تازىلىق ئۆلچىمىگە يەتمەي، سانائەتكىلا ئىشلىتىلدى.

1984 ـ يىلدىن كېيىن ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق، ياغ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى باشقۇرۇش ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىلدى، ئاپتونوم رايون ۋە كۆپ ساندىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى ئاشلىق تارماقلىرى ھەر يىلى ئۇن، ياغ قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى قەرەللىك ۋە قەرەلسىز تەكشۈرۈپ تۇردى. مەھسۇلات سۈپىتى مۇقىم بولمىغان كارخانىلار ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەنقىد قىلىندى ۋە چەكلىك مۇددەتتە ياخشىلاتقۇزۇلدى. 1985 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى كارخانىلارنىڭ ئاشلىق، ياغ مەھسۇلاتلىرى دۆلەتنىڭ ئاشلىق، ياغ مەھسۇلاتلىرى سۈپىتى ئۆلچىمىگە يەتتى. كارخانىلار مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىشنى كۈچەيتتى، سۈپەت باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى تۇرغۇزدى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى، لابوراتورىيىلەرنى تەسىس قىلىپ، زۆرۈر بولغان تەكشۈرۈپ ئۆلچەش سايمانلىرى ۋە لاياقەتلىك كەسپىي لابورانتلارنى سەپلەپ، ئىسمبىندا بىللە تەكشۈرۈشنى يولغا قويدى. ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزە قاتارلىق جايلاردىكى بىر قەدەر چوڭ ئۇن ـ ياغ زاۋۇتلىرىدىكى مەركىزىي لابوراتورىيىلەر ئىسمبىندا تەكشۈرگەندىن

سىرت، يەنە ھەر كۈنى ئاشلىق، ياغ تەييار مەھسۇلاتلىرىنى يۈتۈن توز بويىچە تەكشۈرۈپ تۇردى، خام ئەشيا لاياقەتسىز بولسا ماشىنىغا قويمىدى، مەھسۇلات دۆلەت ئۆلچىمىگە يەتمىسە زاۋۇتتىن چىقارمىدى؛ سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە، سەۋەبىنى ئېنىقلاپ، ئالاقىدار كىشىلەر ياكى ئىسمىنا - گۇرۇپپىلارنىڭ جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلدى؛ شىخەنزە ئۇن - ياغ زاۋۇتى ئومۇمىيۈزلۈك سۈپەت باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، يۈتكۈل ئاشلىق، ياغ پىششىقلاش جەريانىدا سۈپەتنى نازارەت قىلىپ ۋە تىزگىنلەپ تۇردى، زاۋۇتقا ئېلىپ كېلىنگەن، ئاشلىق، يافلىق دانلارنى ماشىنىمۇ ماشىنا تەكشۈردى. سانجى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئۇن زاۋۇتى كۆپ يىللاردىن بۇيان مەھسۇلات سۈپىتىنى باشقۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەنىدى، 1985 - يىلى ئۇن سۈپىتىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %6 .99كە يەتتى. 80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، چەت ئەلدىن ئاشلىق، ياغ، يېمەكلىك، يەم - خەشەك پىششىقلايدىغان يۈتۈن يۈرۈشلۈك ئۈسكۈنىلەرنى كىرگۈزگەن كارخانىلارنىڭ ھەممىسىگە مەھسۇلات پىرىيوم قىلىدىغان ئىلغار ئۈسكۈنە، سايمان ۋە ئەسۋابلار سەپلىنىپ، مەھسۇلات سۈپىتى كومپيۇتېر ئارقىلىق تىزگىنلىنىپ، مەھسۇلات سۈپىتىگە ئۈنۈملۈك كاپالەتلىك قىلىندى. 1986 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق، ياغ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى باھالاپ سۈپەتلىك مەھسۇلات بارلىتىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئاشلىق تارماقلىرى، بىڭتۇەنگە قاراشلىق ئاشلىق، ياغ كارخانىلىرى ۋە يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئاشلىق، ياغ مەھسۇلاتلىرى سۈپىتىنى يۈتۈن ساھە بويىچە باشقۇردى، ئاپتونوم رايوندىكى 44 كارخانا سۈپەت تەكشۈرۈش تورغۇزۇپ، مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپەت ئەھۋالىنى ئاي بويىچە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىگە دوكلات قىلىپ تۇردى، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئاشلىق، ياغ مەھسۇلاتلىرى سۈپىتى ئەھۋالىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق قەرەللىك ئېلان قىلىپ تۇردى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق، ياغ مەھسۇلاتلىرى سۈپىتىنىڭ مۇقىم ئۆسۈش نىسبىتى %81كە يەتتى. سۈپەتلىك مەھسۇلات مەلۇم قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ ھەممىسىدە سۈپەتلىك ئاشلىق، ياغ مەھسۇلاتىنىڭ تېخنىكا شەرتى تۈزۈپ چىقىلدى، ئۇنىڭ سۈپەت كۆرسەتكۈچى دۆلەت ئۆلچىمىدىن يۇقىرى بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلات قاتتىق تىزگىنلىنىپ، سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشىگە كاپالەتلىك قىلىندى. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايوندا سودا مىنىستىرلىكى بويىچە سۈپەتلىك مەھسۇلات 4كە، ئاپتونوم رايون بويىچە سۈپەتلىك مەھسۇلات 50كە، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق ساھەسى بويىچە ئىشەنچلىك مەھسۇلات 94كە يەتتى. ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ سۈپەتلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى ئاشلىق تارماقلىرى ئاشلىق، ياغ سانائىتى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %20نى ئىگىلىدى.

# VI باب

# كارخانىلارنى تاللاپ تونۇشتۇرۇش

## 1§ . ئاشلىق، ياغ كارخانىلىرى

### 1. ئۈرۈمچى شەھەرلىك «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى

زاۋۇت ئورنى ئۈرۈمچى شەھىرى سائېفاڭگۇ يولىدىكى 29 - نومۇرلۇق قورۇدا بولۇپ، ئاشلىق ۋە قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان ئۇنىۋېرسال كارخانىدۇر. بۇ زاۋۇت 1954 - يىلىنىڭ بېشىدا

ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن، ئۇ چاغدىكى نامى شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى ئىدى، ئۇنىڭدا بىرلا ئۇن تارتىش سېخى (ھازىرقى 1 ـ ئۇن تارتىش سېخى) بولۇپ، كۈنىگە 360 توننا ئۇن ئىشلەپچىقىراتتى. 1956 ـ يىلى سانائەت نازارىتى بۇ زاۋۇتنى ئاشلىق نازارىتىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. 1957ـ يىلى زاۋۇت نامى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئۈرۈمچى «1 ـ ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى، 177 ئىشچى-خىزمەتچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ 47سى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئىدى. 1958 ـ يىلى كۈنىگە 54 توننا قوناق ئۇنى تارتىدىغان قارا ئاشلىق سېخى قۇرۇلدى (بۇ سېخ 1965 ـ يىلى چۇۋۇۋېتىلدى). 1960 ـ يىلى يەنە كۈنىگە 75 توننا ئۇن تارتىدىغان قارا ئاشلىق سېخى (ھازىرقى 2 ـ ئۇن تارتىش سېخى) قۇرۇلدى. 1970ـ يىلى ئاشلىق نازارىتى بۇ زاۋۇتنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا چۈشۈرۈپ بەردى، زاۋۇت نامى ئۈرۈمچى شەھەرلىك «1 ـ ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1976 ـ يىلدىن كېيىن 2ـ ئۇن تارتىش سېخى بىلەن 1 ـ ئۇن تارتىش سېخى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مېخانىزملىق توشۇشنى يەل كۈچى بىلەن توشۇشقا ئۆزگەرتتى. 1984 ـ يىلى 2 ـ ئۇن تارتىش سېخى ئالاھىدە ئۇن سېخىغا ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى بۇ زاۋۇتتا يېڭىدىن قۇرۇلغان كۈنىگە 500 — 700 كىلوگرام يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىدىغان سېخ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، 17 خىل بولكا ۋە پېچىنە ـ تورتلارنى ئىشلەپچىقاردى؛ 2 ـ يىلى 3.177 توننا يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىپ، مەھسۇلات قىممىتىنى 213 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، 27 مىڭ 300 يۈەن پايدا ياراتتى (1987 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ سېخ ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىتىلدى). 1985 ـ يىلى 16 مىڭ توننا سىغىملىق تىك سىلىندىرلىق ئىسكىلات قۇرۇلدى. 1988 ـ يىل 3 ـ ئايدا 1 ـ ئۇن تارتىش سېخىنىڭ بىناسىغا شۋېيتسارىيىدىن كىرگۈزۈلگەن كۈنىگە 250 توننا بۇغدايدىن دەرىجىلىك ئۇن تارتىدىغان ئۈسكۈنە قۇراشتۇرۇلۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى (1989 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى). بۇ 2 سېختا ئىشلەپچىقىرىلغان «غەربىي دىيار» ماركىلىق ئالاھىدە 1 ـ دەرىجىلىك ئۇنغا ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن سۈپەتلىك مەھسۇلات نامى بېرىلدى؛ شۇ يىلى مەزكۇر زاۋۇتنىڭ گلۇكوزا، ئۇن سېغىزى سېخى (سىرتقا قارىتا ئۈرۈمچى شەھەرلىك «1 ـ ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتىنىڭ كىراخمال ئىشلەش شۆبە زاۋۇتى دېيىلدى) پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بۇ سېختا كۈنىگە 8 توننا شىرنە ئىشلەپچىقىرىلغاندىن سىرت يەنە بۇغداي كىراخمالى ئىشلەپچىقىرىلدى. 1989 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق ئاپتونوم رايون بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك كارخانا بولۇپ، سودا مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن سودا ئورۇنلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى سانائەت ئۈسكۈنىلىرىنى باشقۇرۇشتا مۇنەۋۋەر ئورۇن دېگەن نام ۋە ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد كومىتېتى تەرىپىدىن ئۈسكۈنە باشقۇرۇشتا ئىلغار ئورۇن دېگەن نام بېرىلدى؛ شىنجاڭدىكى 50 چوڭ سانائەت كارخانىسىنىڭ 23 ـ سى، ئەڭ ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتقان كارخانىلارنىڭ 46 ـ سى بولۇپ باھالاندى. 1990 ـ يىلى شىنجاڭدىكى 50 چوڭ سانائەت كارخانىسىنىڭ 24 ـ سى، ئەڭ ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتقان كارخانىلارنىڭ 34 ـ سى بولۇپ باھالاندى؛ «غەربىي دىيار» ماركىلىق ئالاھىدە 1 ـ دەرىجىلىك ئۇنغا سودا مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن سۈپەتلىك مەھسۇلات دېگەن نام بېرىلدى.

زاۋۇتنىڭ 1990 ـ يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 648، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچى 215، تۇراقلىق مۈلكى 35 مىليون 70 مىڭ يۈەن، يەر كۆلىمى 142 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر؛ يىللىق ئۇن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 100 مىڭ توننا بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئەڭ چوڭ ئۇن ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى بولدى. شۇ يىلى 102 مىڭ 100 توننا ئۇن ئىشلەپچىقاردى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە ئۇن 65 مىڭ 400 توننا. بىر توننا ئالاھىدە ئۇننىڭ بىرلىك تەننەرخى 572 يۈەن، توك سەرپىياتى 70.8 كىلوۋات سائەت، ئۆلچەملىك ئۇننىڭ 437 يۈەن، توك سەرپىياتى 64 كىلوۋات سائەت بولدى. يىل بويى ئورۇندىغان سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 38 مىليون 760 مىڭ يۈەن، پايدىسى 4 مىليون 663 مىڭ يۈەن، بارلىق خادىملارنىڭ ھەر بىرىگە توغرا كەلگەن ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 60 مىڭ 191 يۈەن، كىشى

بېشىغا يارىتقان پايدىسى 7196 يۈەن بولدى. 1954 — 1990 - يىلغىچە زاۋۇت يارىتقان ئومۇمىي پايدا 64 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## 2. قەشقەر ۋىلايەتلىك «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى

بۇ زاۋۇت قەشقەر شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولىدىكى 128 - نومۇرلۇق قورۇدا بولۇپ، ئاشلىق، ياغ، يېمەكلىك، يەم - خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان ئۇنىۋېرسال زاۋۇت، ئۇ 1954 - يىل 1 - ئايدا پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن، ئۇ ۋاقىتتىكى نامى شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ 1 - شۆبە زاۋۇتى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا زاۋۇتتا ئۇن تارتىدىغان بىرلا سېخ، 105 ئىشچى - خىزمەتچى بار ئىدى، كۈنىگە 60 توننا ئۇن ئىشلەپچىقىراتتى. 1955 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمە ئاشلىق باشقارمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، نامى شىنجاڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قەشقەر «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى، زاۋۇت مۇقىم مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 1 مىليون 493 مىڭ يۈەن ئىدى. 1957 - يىلى 18 مىڭ توننا ئۇن ئىشلەپچىقىرىپ، مەھسۇلات قىممىتىنى 5 مىليون 500 مىڭ يۈەن ئورۇندىدى. 1958 - يىلى ھەر تەرەپلىمە پايدىلىنىشنى قانات يايدۇرۇپ جاڭيۇ، سىركە، شىرنە قاتارلىق 5 خىل مەھسۇلات ئىشلەپچىقاردى، يەنە چوشقا، ئۆردەك، كالا، قوي باقتى. 1964 - يىلى كۈنىگە 125 توننا ئۇن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە 2 - ئۇن تارتىش سېخى قۇرۇلدى.

زاۋۇت قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1965 - يىلغىچە شال ئاقلاش، ياغ تارتىش سېخلىرى قۇرۇلدى، 1 - ئۇن تارتىش سېخى قارا ئاشلىق سېخىغا ئۆزگەرتىلدى، يەنە قىلتىرىق سوقۇش ماشىنىسى، بۇغداينى پوستىدىن ئاجرىتىش ماشىنىسى قاتارلىق 12 خىل تېخنىكا يېڭىلاش تۈرلىرىنى ئىشلىدى. 1966 - يىلى ئۇن تارتىش سېخىدا يېرىم ئاپتوماتىك كىرلاپ قاچىلاش ماشىنىسى ئىشلىتىلدى. 1971 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى چوڭ، ئوتتۇرا ئۇن زاۋۇتلىرى بويىچە 1 - بولۇپ يەل كۈچى بىلەن توشۇش يېڭى ھۈنەر سەنئىتىنى قوللاندى. 80 - يىللارنىڭ بېشىدا يەم - خەشەك سېخى قۇرۇپ، يىلىغا تاق ئىسمېنىدا 4000 توننا يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىدىغان يۈرۈشلۈك ئۈسكۈنىلەردىن پايدىلىنىپ يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىدى، ياغ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى كۈنىگە 20 توننا ياغلىق داننى پىششىقلاش سەۋىيىسىگە يەتتى، يەنە كۆممىقوناق بىخىنى ئاجرىتىپ ياغ چىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتىنى قوللىنىپ، كۆممىقوناق بىخىدىن ياغ چىقاردى؛ قارا ئاشلىق سېخىنى دەرىجىلىك ئۇن سېخىغا ئۆزگەرتتى. 1986 - يىلى يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش بىناسىنى سېلىپ، دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن ئىلغار كەسمە چۆپ چىقىرىش ئۇلانما لىنىيىسىدىن پايدىلىنىپ، يىللىق ئىسمېنا مەھسۇلاتىنى 1200 توننىغا يەتكۈزدى. يەنە باشقا يېمەكلىكلەرنىمۇ ئىشلەپچىقاردى. مەزكۇر زاۋۇت يەنە ئۈسكۈنە رېمونت قىلىش ۋە ئاشلىق، ياغ ماشىنا زاپچاسلىرىنى ياساش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، كۆپ قېتىم قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ناھىيە دەرىجىلىك ئاشلىق، ياغ زاۋۇتلىرىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى قۇراشتۇرۇپ بەردى. 1985 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرى بويىچە ئىلغار كارخانا بولۇپ باھالاندى. 1985 — 1988 - يىلغىچە ئۇدا 4 يىل قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئىلغار كارخانا بولۇپ باھالاندى.

زاۋۇتنىڭ 1990 - يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 242، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 6 مىليون 254 مىڭ يۈەن، يەر كۆلىمى 59 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر، يىللىق ئۇن تارتىش ئىقتىدارى 43 مىڭ 800 توننىغا يېتىپ، بىر يىلدا 35 مىڭ 100 توننا ئۇن (ئۇنىڭ ئىچىدە، ئالاھىدە ئۇن 3094 توننا)، 48 توننا ياغ، 123 توننا يېمەكلىك، 3388 توننا يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىپ، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 13 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە، پايدا - باجنى 614 مىڭ 200 يۈەنگە، بارلىق خادىملارنىڭ ھەربىر كىشىگە توغرا كەلگەن ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى 55 مىڭ 289 يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان پايدا - باجنى 2450 يۈەنگە يەتكۈزدى.

## 3 . سانجى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئۈن زاۋۇتى

زاۋۇت سانجى شەھىرىدىكى غەربىي ساغلاملىق يولىغا جايلاشقان، ئاشلىق پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان كارخانا. 1969 - يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندە سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئۈن - ياغ زاۋۇتىنىڭ ئۈن تارتىش سېخى بولۇپ، 34 ئىشچى - خىزمەتچىسى، 490 مىڭ يۈەنلىك مۇقىم مۈلكى بار ئىدى، يىللىق ئۈن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 12 مىڭ 500 توننا ئىدى. شۇ يىلى 5704 توننا ئۈن ئىشلەپچىقىرىپ، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 1 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى. 1971 - يىلى سانجى ئوبلاستلىق ئۈن - ياغ زاۋۇتى سانجى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، نامى سانجى ناھىيىلىك ئۈن - ياغ زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1975 - يىلى ئۈن تارتىش سېخى سانجى ناھىيىلىك ئۈن - ياغ زاۋۇتىدىن ئايرىپ چىقىلىپ سانجى ناھىيىلىك ئۈن زاۋۇتى قىلىندى. 1976 - يىلى مەزكۇر زاۋۇت ھۈنەر- سەنئىتىنى ئۆزگەرتىپ، بىرلىك مەھسۇلاتنى ئۆستۈردى، يەل كۈچى بىلەن توشۇش تېخنىكىسىنى قوللاندى. 1980 - يىلى ئۈسكۈنىلىرىنى يېڭىلاپ، يەل بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ئۈن تارتىش ماشىنىسىنى ئىشلىتىشكە باشلىدى. 1983 - يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا سانجى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئۈن زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى، كېيىنكى يېرىم يىلدا سانجى ناھىيىسى شەھەرگە ئۆزگەرتىلگەندە سانجى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئۈن زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1984 - يىلى ئالاھىدە ئۈن، ئۆلچەملىك ئۈننى مەھسۇلاتقا باغلاش ھۈنەر - سەنئىتىنى قوللىنىپ، ئالاھىدە ئۈن ئاجرىتىش نىسبىتىنى %4تىن %25كە ئۆستۈردى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى بولۇپ بۇغدايىنى قۇرۇق تازىلاش ھۈنەر - سەنئىتىنى قوللاندى. 1987 -، 1988 - يىللىرى مەزكۇر زاۋۇتتا ئىشلەپچىقىرىلغان «تەڭرىتاغ» ماركىلىق ئالاھىدە 1 - دەرىجىلىك ئۈن ۋە «تەڭرىتاغ» ماركىلىق ئۆلچەملىك ئۈنغا ئاپتونوم رايون بويىچە سۈپەتلىك مەھسۇلات دېگەن نام بېرىلدى. 1988 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە 2 - دەرىجىلىك كارخانا بولۇپ باھالاندى. 1989 - يىلى كېڭەيتىپ قۇرۇلغان، كۈنىگە 150 توننا بۇغدايدىن دەرىجىلىك ئۈن تارتىدىغان سېخ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، ئۇ دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن ئىلغار ئۈسكۈنىلەردىن پايدىلىنىپ دانىچە ئۈن، ئالاھىدە ئۈن قاتارلىق 6 سورتلۇق ئۈن ئىشلەپچىقارادى. مەزكۇر زاۋۇتتا ئىشلەپچىقىرىلغان ئۈننىڭ سۈپىتى كۆپ يىللاردىن بېرى بىر قەدەر ياخشى بولۇپ، شۇ جايىنى تەمىنلىگەندىن سىرت، ئۈرۈمچى، تۇرپان، پىچان، توقسۇن قاتارلىق جايلاردىمۇ ئالقىشقا ئېرىشتى، يەنە لياۋنىڭ، گۇاڭدۇڭ، سەنشى، شەنشى قاتارلىق ئۆلكىلەردىمۇ سېتىلدى. بۇ زاۋۇت ئۈسكۈنە باشقۇرۇش، بىخەتەر، مەدەنىي ئىشلەپچىقىرىش، زاۋۇت رايونىنى پىلانلاش، كۆكەرتىش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆپ قېتىم سانجى ئوبلاستلىق پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، زاۋۇتنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 198، تۇراقلىق مۈلكى 8 مىليون 210 مىڭ يۈەن، يەر كۆلىمى 14 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر، يىللىق ئۈن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 42 مىڭ 500 توننا بولۇپ، بىر يىلدا 20 مىڭ 600 توننا ئۈن ئىشلەپچىقارادى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە ئۈن 6377 توننا، ياراتقان سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليون 450 مىڭ يۈەن، پايدىسى 349 مىڭ يۈەن بولدى. 1975 - يىلدىن 1990 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە 4 مىليون 147 مىڭ 300 يۈەن پايدا ياراتتى.

## 4 . باي ناھىيىلىك ياغ زاۋۇتى

زاۋۇت ئورنى باي ناھىيە بازىرى قۇرۇلۇش يولىدىكى 60 - نومۇرلۇق قورۇدا، ئۇ ياغ، ئاشلىق، يەم-خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان ئۇنىۋېرسال كارخانا. 1956 - يىلىنىڭ بېشىدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن، كۈنىگە 25 توننا ياغلىق دانىنى بىر تەرەپ قىلاتتى، ئۇنىڭدا 34 نەپەر ئاز سانلىق مىللەت

ئىشچى - خىزمەتچىسى ئۈز ئىچىگە ئالغان 77 ئىشچى - خىزمەتچى، 480 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك بار ئىدى. 1957 - يىلى 2116 توننا ياغ تارتتى. 1966 - يىلى كۈنىگە 12.5 توننا ئۇن تارتىدىغان سېخ قۇردى. 1975 - يىلى كۆنجۈرىدىن ياغ ئېلىش سېخىنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈردى. 1978 - يىلى ياغ تارتىدىغان ئاساسلىق ماشىنا، ئۈسكۈنىلەرنى يېڭىلاپ 200A — 3 تىپلىق ياغ تارتىش ماشىنىسىدىن 3نى كىرگۈزۈپ، كۈندىلىك ياغ تارتىش ئىقتىدارىنى 30 توننىغا يەتكۈزدى. 1982 - يىلى ئۈزۈلدۈرمەي هوردا چەككىلەيدىغان سېخ قۇرۇپ، كۈنىگە 28 توننا تازىلانمىغان ياغنى بىر تەرەپ قىلىدىغان بولدى. شۇ يىلى كۆنجۈرىدىن ياغ ئېلىش سېخى كېڭەيتىپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، كۈنىگە 30 توننا كۆنجۈرنى بىر تەرەپ قىلىدىغان بولدى. 1985 - يىلى ئۇن تارتىش سېخى كېڭەيتىپ قۇرۇلۇپ، ئۈسكۈنىلىرى يېڭىلىنىپ، ئالاھىدە ئۇن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىپ، كۈندىلىك ئۇن تارتىش ئىقتىدارى 50 توننىغا يەتتى. 1986 - يىلى بۇ زاۋۇتتا ئىشلەپچىقىرىلغان 2 - دەرىجىلىك قىچا يېغىغا ئاپتونوم رايون بويىچە سۈپەتلىك مەھسۇلات دېگەن نام بېرىلدى. شۇ يىلى تاق ئىسمبىنىدا يىلىغا 5000 توننا يەم - خەشەك ئىشلەيدىغان سېخ قۇرۇلۇپ، توخۇ، قوي، چوشقا يەملىرى ئىشلەپچىقىرىلدى. 1989 - يىلى پار قازان سېخى ئۆزگەرتىلىپ، يېڭى پار قازان قۇراشتۇرۇلدى. 1990 - يىلى يەنە كۆنجۈرىدىن ياغ ئېلىش سېخىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى يېڭىلاندى.

زاۋۇتنىڭ 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 153، تۇراقلىق مۈلكى 2 مىليون 830 مىڭ يۈەن، يەر كۆلىمى 44 مىڭ كۋادرات مېتىر بولدى. ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى يىلىغا 8400 توننا ياغلىق داندىن ياغ تارتىش، 6000 توننا كۆنجۈرىدىن ياغ ئېلىش، 7500 توننا ئۇن تارتىش، 5000 توننا يەم - خەشەك ئىشلەش (تاق ئىسمبىنىدا) سەۋىيىسىگە يەتتى. شۇ يىلى 7104 توننا ئۇن (ئۇنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە ئۇن 966 توننا)، 1899 توننا ياغ تارتىلدى، 84 توننا يەم - خەشەك ئىشلەپ، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 670 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ھەربىر كىشىنىڭ 41 مىڭ 895 يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان پايدا 4379 يۈەنگە يەتتى. 1956 — 1990 - يىلغىچە جەمئىي 5 مىليون 950 مىڭ يۈەن پايدا ياراتتى.

## 5. يەكەن ناھىيىلىك ئۇن - ياغ زاۋۇتى

يەكەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي چېتىدىكى سانائەت يولى 13 - نومۇرلۇق قورۇدا بولۇپ، ياغ، ئاشلىق ۋە قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان ئۈنۈۋېرسال كارخانا. 1959 - يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى يەكەن ياغ زاۋۇتى دەپ نام بېرىلگەن. زاۋۇتتا 96 ئىشچى - خىزمەتچى، 672 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك، 800 كۋادرات مېتىر ئۆي، 2 دانە 151 تىپلىق ياغ تارتىش ماشىنىسى بار بولۇپ، كۈنىگە 16 توننا ياغلىق دان تارتاتتى. شۇ يىلى ش ئۇ ئا ر سانائەت نازارىتى بۇ زاۋۇتنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاشلىق باشقارمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. زاۋۇت 1959 — 1971 - يىلغىچە ئۆزى قۇرغان دىزېل گېنېراتور گورۇپپىسىدىن 9 مىليون 180 مىڭ كىلوۋات سائەت توك تارقىتىپ، ئۆزىدىن ئېشىنىپ باشقا ئورۇنلارنىمۇ توك بىلەن تەمىنلىدى. 1959 - يىلى ياغ زاۋۇتى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن تارتىپ، ياغ تاشلاندۇقلاردىن سوپۇن ئىشلەپ، 1990 - يىلغىچە يىللىق ئەڭ يۇقىرى مەھسۇلاتىنى 156 توننىدىن ئايلاندۇرۇپ كەلدى. 1965 - يىلى 151 تىپلىق ياغ تارتىش ماشىنىسىنى ئۈچكە يەتكۈزدى. 1966 - يىلى كۈنىگە 50 توننا ئۇن تارتىدىغان سېخ قۇرۇپ، زاۋۇت نامىنى يەكەن ناھىيىلىك ئۇن - ياغ زاۋۇتىغا ئۆزگەرتتى. 1975 - يىلى ئۆزلىرى 151 تىپلىق ياغ تارتىش ماشىنىسىدىن بىرنى ياسىدى. 1977 - يىلى كۆنجۈرىدىن ياغ ئېلىش سېخىنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈپ، ئۆزلىرى ياسىغان ئىدىشىمان ئۈسكۈنىدىن پايدىلاندى (1978 - يىلى ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىتىلدى). 1985 - يىلى بۇرۇنقى ياغ تارتىش

ماشىنىلىرىنى يېڭىلاپ 4 دانە 200 تىپلىق ياغ تارتىش ماشىنىسىنى قوراشتۇرۇپ، يىلىغا 8000 توننا ياغلىق دان پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان بولدى. 1986 - يىلى زاۋۇت يەكەن ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىگە قارايدىغان بولدى. 1987- يىلى بۇ زاۋۇتتا ئىشلەپچىقىرىلغان چەككىلەنگەن چىگىت يېغىغا ئاپتونوم رايون بويىچە سۈپەتلىك مەھسۇلات دېگەن نام بېرىلدى. 1988 - يىلى ئۆزگەرتىپ، كېڭەيتىپ قۇرۇلغان، كۈنىگە 50 توننا كۈنجۈرىدىن ياغ ئالىدىغان سېخ پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى ۋە نەتىجىدە ئىشلەنگەن توز ئايلانما شەكىللىك، كۈنجۈرىدىن ياغ ئېلىش ئۈسكۈنىسى ئىشلىتىلدى. 1990 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئاپتونوم رايون بويىچە 2 - دەرىجىلىك كارخانا دەپ تەستىقلىدى.

زاۋۇتنىڭ 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 298، مۇقىم مۈلكى 4 مىليون 510 مىڭ يۈەن، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 101 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر. يىلىغا 11 مىڭ 200 توننا ياغلىق دان تارتالايدۇ، 10 مىڭ توننا كۈنجۈرىدىن ياغ ئالالايدۇ، 12 مىڭ 500 توننا ئۇن تارتالايدۇ. شۇ يىلى 11 مىڭ 800 توننا ئۇن، 2390 توننا ياغ تارتىپ، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 7 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە، پايدا ۋە باجنى 1 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئوتتۇرىچە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى 26 مىڭ 725 يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان پايدىنى 3570 يۈەنگە يەتكۈزدى. 1959 — 1990- يىلغىچە 12 مىليون 160 مىڭ يۈەن پايدا ياراتتى.

## 6. شىنجاڭ شىخەنزە ئۇن - ياغ زاۋۇتى

زاۋۇت شىخەنزە شەھىرىدىكى غەربىي 3 - يولدا بولۇپ، ئۇ ئاشلىق، ياغ، يېمەكلىك ۋە يەم - خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان ئۇنىۋېرسال كارخانا. 1952 - يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن، نامى «1 - ئاۋغۇست» بىرلەشمە پىششىقلاش زاۋۇتى دەپ ئاتالغان، كۈنىگە 60 توننا ئۇن تارتاتتى. 1953 - يىلى ياغ تارتىش سېخى قۇرۇلۇپ، كۈنىگە 10 توننا چىگىت يېغى ئىشلەپچىقاردى، زاۋۇتتا 112 ئىشچى - خىزمەتچى بولۇپ، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 970 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 10 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. 1963 - يىلى كۈنىگە 125 توننا ئۇن ئىشلەپچىقىرىدىغان ئۇن سېخى قۇرۇلدى. 70 - يىللارنىڭ بېشىدا نامى شىنجاڭ شىخەنزە ئۇن- ياغ زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1976 - يىلى كۈنىگە 120 توننا ياغلىق داننى بىر تەرەپ قىلىدىغان سېختىن بىرى قۇرۇلدى، كونا ياغ تارتىش ماشىنىلىرى شاللىۋېتىلىپ، 3—200A تىپلىق ياغ تارتىش ماشىنىسى ئىشلىتىلدى. 1982 - يىلى توز ئايلانما شەكىللىك كۈنجۈرىدىن ياغ ئايرىش ئۈسكۈنىلىرى قوراشتۇرۇلۇپ، كۈنىگە 50 توننا كۈنجۈرىدىن ياغ ئېلىندى، 1983 - يىلى كۈنجۈرىدىن ياغ ئېلىش سېخى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، 1987 - يىلى كېڭەيتىلىپ كۈنىگە 100 توننا كۈنجۈرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىندى. 1983 - يىلى يەم - خەشەك سېخى قۇرۇلۇپ، يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىدى. 1984- يىلى كەسمە چۆپ سېخى (سىرتقا قارىتا «گۈزۈن ئۆمۈر» كەسمە چۆپ زاۋۇتى دېيىلدى) ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، «سەنشيەن»، «لۇڭشۇ»، «جىنسى»، «يىنسى»، «چاڭشۇ»، «ئۇزۇقلۇق - ساقلىق» ماركىلىق 10 نەچچە خىل كەسمە چۆپ ئىشلەپچىقىرىلىپ بازارغا سېلىندى. شۇ يىلى بۇ زاۋۇتتا ئىشلەپچىقىرىلغان چىگىت يېغىغا ئاپتونوم رايون بويىچە سۈپەتلىك مەھسۇلات دېگەن نام بېرىلدى. 1986 - يىلى زاۋۇتتا 1112 ئىشچى - خىزمەتچى، 10 مىليون 800 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك بولۇپ، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 33 مىليون يۈەنگە، پايدىسى 3 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى 9600 توننا ياغ، 35 مىڭ توننا ئۇن ئىشلەپچىقاردى، بۇ زاۋۇتتا ئىشلەپچىقىرىلغان ئالاھىدە 1 - دەرىجىلىك ئۇن، ئۆلچەملىك ئۇن، ئاپتاپپەرەس يېغى، قىچا يېغىغا ئاپتونوم رايون بويىچە سۈپەتلىك مەھسۇلات دېگەن نام بېرىلدى. 1987 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق ئاپتونوم رايون بويىچە 2 - دەرىجىلىك كارخانا بولدى.

1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا زاۋۇتتا 6 ئىشلەپچىقىرىش سېخى بولۇپ، ھەر يىلدا 50 مىڭ توننا ئۇن، 24 مىڭ توننا ياغ ئىشلەپچىقىرالايدىغان، 20 مىڭ توننا كۆنجۈرىدىن ياغ ئالالايدىغان، 5000 توننا يەم - خەشەك (تاق ئىسمېنىدا)، 3000 توننا كەسمە چۆپ ئىشلەپچىقىرالايدىغان بولدى. يەنە ھەردىن سولۇر شېكەر ۋە سوپۇن سېخى بار، بۇنىڭدىن باشقا يەنە 30 مىڭ توننىلىق خام ئەشيا ئامبىرى، 5300 توننىلىق تەييار مەھسۇلات ئامبىرى، 1400 توننىلىق ياغ باكى بار، مەركىزىي تەجرىبىخانا ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپى مەركىزى بار.

## 7. ئۈرۈمچى شەھەرلىك يەم - خەشەك زاۋۇتى

زاۋۇت ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونى سەنگۇڭ ئەنىنچۇ يولىدا بولۇپ، بىرىكمە يەم - خەشەك ئىشلەيدىغان كارخانا. 1985 - يىلى قۇرۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن، زاۋۇت نامى ئۈرۈمچى شەھەرلىك يەم - خەشەك زاۋۇتى ئىدى، ئۇنىڭدا 57 خەشەك ئىشچى - خىزمەتچى، 2 مىليون 70 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك بولۇپ، 80 - يىللارنىڭ بېشىدا دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن ئىلغار ئۈسكۈنىلەردىن پايدىلىنىپ توخۇ، چوشقا، كالا يەم - خەشىكى قاتارلىق يەتتە يۈرۈش، 28 خىل بىرىكمە يەم - خەشەك ئىشلەيتتى، يىلىغا تاق ئىسمېنىدا 10 مىڭ توننا يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرالايتتى. 1988 - يىلى بۇ زاۋۇت ئىشلەپچىقارغان «ئالتۇن شىر» ماركىلىق تۇخۇم توخۇسىغا بېرىلىدىغان بىر يۈرۈش بىرىكمە يەمگە سودا مىنىستىرلىكى سۈپەتلىك مەھسۇلات دەپ نام بەردى. 1989 - يىلى ئۈسكۈنىلەر ئۆزگەرتىلدى ۋە يېڭىلاندى، ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتىنى كومپيۇتېر ئارقىلىق تىزگىنلەپ، خام ئەشيا سەپلەشنىڭ توغرىلىقىنى ۋە مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈردى، گۆش چۆجىسىگە بېرىلىدىغان يۈرۈشلۈك بىرىكمە يەمگە ئاپتونوم رايون بويىچە سۈپەتلىك مەھسۇلات دەپ نام بېرىلدى. سۈپەتلىك مەھسۇلاتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %65دىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. شۇ يىلى بۇ زاۋۇت يۈرۈشلەشكەن توخۇ بىرىكمە يەمنى تەتقىق قىلىپ ئىشلىدى. يەنە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەجرىبە مەيدانى بىلەن بىرلىكتە ئىشلەپچىقارغان بەزى يەم خۇرۇچلىرى ئاپتونوم رايوندىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. 1990 - يىل ئاخىرىدا زاۋۇتتا 106 ئىشچى-خىزمەتچى، 3 مىليون 750 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك بولۇپ، شۇ يىلى 33 مىڭ 900 توننا بىرىكمە يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىپ، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 13 مىليون 180 مىڭ يۈەن ئورۇنداپ، 2 مىليون 10 مىڭ يۈەن پايدا ياراتتى، ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئوتتۇرىچە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 120 مىڭ 896 يۈەن بولۇپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە پايدىسى 19 مىڭ 142 يۈەن بولدى. بۇ زاۋۇت 1988 — 1990 - يىلغىچە ئۇدا ئۈچ يىل ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن توختامغا ئەھمىيەت بېرىپ لەۋزىدە تۇرىدىغان كارخانا، ئۈچ چوڭ قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بازىسى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەھەر دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

## 8. شىنجاڭ ئاشلىق - ياغ يېمەكلىك زاۋۇتى

زاۋۇت ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي شىنخۇا يولى 80 - نومۇرلۇق قورۇدا بولۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرى ئىچىدە كۆلىمى ئەڭ چوڭ ئاشلىق، ياغ يېمەكلىكلىرىنى ئىشلەيدىغان كارخانا. بۇ زاۋۇتنىڭ تەكتى 1958 - يىلى قۇرۇلۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن ش ئۇ ئا ر ئاشلىق نازارىتى بىرېزېنت بۇيۇملىرى ئىشلەش زاۋۇتى بولۇپ، 500 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلكى، 46 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى. 70- يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە ئاساسەن ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرىغا بىرېزېنت ياپقۇچ، خالتا ھەم باشقا تارماقلارغا بىرېزېنت ياپقۇچ، يېلىك، پاختىلىق چېدىر قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ بېرىپ كەلگەنىدى. 1980 - يىلدىن باشلاپ كەسىپ ئۆزگەرتىپ بولكا ۋە پېچىنە - تورتلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىدى. 1981-

يىلى زاۋۇت نامى ئاشلىق نازارىتى يېمەكلىك تەجرىبە زاۋۇتىغا، 1984 - يىلى شىنجاڭ ئاشلىق - باغ يېمەكلىكلىرى زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1985 - يىلى بۇ زاۋۇت ياپونىيەدىن ئىسمىنىسىغا 5 تونىنا ياغدا پىشۇرۇلغان تەييار چۆپ ئىشلەش ئۈسكۈنىسىنى كىرگۈزۈپ، ئاپتونوم رايون بويىچە بىرىنچى بولۇپ تەييار چۆپ ئىشلىگەن زاۋۇت بولۇپ قالدى. 1987 - يىلى يېڭىدىن سېلىنغان يېمەكلىكلەر تەجرىبە بىناسى پۈتتى، ياپونىيەدىن كىرگۈزۈلگەن ئىسمىنىسىغا 2.9 تونىنا بولكا ئىشلەيدىغان يۇرۇشلۇك ئۈسكۈنىلەر ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 1988- يىلى بۇ زاۋۇتتا ئىشلەپچىقىرىلغان «سۈزۈكتا» ماركىلىق ياغدا پىشۇرۇلغان تەييار چۆپ ۋە «سۈزۈكتا» ماركىلىق بولكىغا ئاپتونوم رايون بويىچە سۈپەتلىك مەھسۇلات دەپ نام بېرىلدى. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا زاۋۇتتا 348 ئىشچى - خىزمەتچى، 10 مىليون 190 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك بولۇپ، يىلىغا 2100 تونىنا بولكا، 3750 تونىنا تەييار چۆپ، 915 تونىنا پېچىنە - تورت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولدى. 1990 - يىلى 2645.7 تونىنا يېمەكلىك ئىشلەپچىقاردى، ئۇنىڭ ئىچىدە تەييار چۆپ 1745 تونىنا، بولكا 710.6 تونىنا، پېچىنە - تورت 183.9 تونىنا، قەندالەت 5.9 تونىنا. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليون 43 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 637 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئوتتۇرىچە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 21 مىڭ 273 يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە پايدا 1830 يۈەنگە يەتتى. زاۋۇت قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1990 - يىلغىچە 5 مىليون 373 مىڭ يۈەن پايدا ياراتتى.

## 9. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى كەسمە چۆپ زاۋۇتى

بۇ زاۋۇت ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي شىنخۇا يولى 3 - نومۇرلۇق قورۇدا بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ كەسمە چۆپ كارخانىسى. بۇ زاۋۇت 1962 - يىل 10 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونى، سايباغ رايونى، دوستلۇق رايونىدىكى كەسمە چۆپ سېخلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ قۇرۇلغان بولۇپ، نامى ئۈرۈمچى «سەكرەپ ئىلگىرىلەش» كەسمە چۆپ زاۋۇتى دەپ ئاتالغان. ئۇ كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان كارخانا بولۇپ، ئورنى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى سەنشىخاڭزىغا جايلاشقانىدى، ئۇنىڭدا 55 كىشى، 38 دانە ماشىنا، 7 سېخ، 11 ماگىزىن بولۇپ، يىلىغا 400 تونىنا كەسمە چۆپ ئىشلەپچىقىراتتى. 1966 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىغا، نامى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى كەسمە چۆپ زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىگە تەۋە قىلىنىپ، داشىمىنغا كۆچۈرۈپ كېلىندى. مەزكۇر زاۋۇت كونا ئاشلىق ئامبارلىرىنى سېخ قىلىپ پايدىلاندى، خېمىرنى قولدا يۇغۇرۇشتىن ماشىنىدا يۇغۇرۇشقا ئۆزگەرتتى، بىر ماشىنىدا بېسىشتىن 4 ماشىنىدا باسىدىغان بولدى، ئىسسىق ئۆيدە قۇرۇتۇپ يىلىغا 1000 تونىنا كەسمە چۆپ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولدى. 1973 - يىلى سېخلارنى كېڭەيتىپ، ئۈسكۈنىلەرنى يېڭىلاپ، خېمىر يۇغۇرۇشتىن قۇرۇتۇش، كېسىشكىچە ئۆزلۈكىدىن ئۈزلۈكسىز ماشىنىدا مەشغۇلات قىلىدىغان بولدى. 1975 - يىلى ياتما شەكىللىك تېز قۇراشتۇرۇلىدىغان پار قازان ئورنىتىپ، پاردا قۇرۇتۇپ، قۇرۇتۇش ۋاقتىنى بۇرۇنقى 1 — 2 كۈندىن 2.5 سائەتكە قىسقارتىپ، يىللىق كەسمە چۆپ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى 2000 تونىنىغا يەتكۈزدى. 1980 - يىلى خېمىرنى تولۇقتا بېسىشقا ئۆزگەرتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى 3000 تونىنىغا يەتكۈزدى. 1986 - يىل 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ياپونىيەدىن كىرگۈزگەن كەسمە چۆپ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈردى. مەزكۇر ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى ئىلغار، ئاپتوماتلىشىش دەرىجىسى يۇقىرى، مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى ياخشى بولۇپ، يىلىغا 4400 تونىنا ھەر خىل كەسمە چۆپ ئىشلەپچىقاردى. 1987 - يىل 6 - ئاينىڭ 30-كۈنى كېڭەيتىلىپ، دۆلەتىمىزدە ئىشلەنگەن كەسمە چۆپ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 3600 تونىنىغا يەتتى. ئىككى سېختا «تۇخۇم»، «سەنشيەن»، «شوخلا» ماركىلىق ئون نەچچە سورت ۋە تۈرلۈك ئۆلچەمدىكى كەسمە چۆپلەرنى ئىشلەپ، ئاپتونوم

رايون بويىچە ساتتى. 1988 - يىلى بۇ زاۋۇت ئىشلەپچىقارغان «بوغدا چوققىسى» ماركىلىق ئىنچىكە كەسمە چۆپكە سودا مىنىستىرلىكى سۈپەتلىك مەھسۇلات دەپ نام بەردى. بۇ زاۋۇتنىڭ ئىنچىكە كەسمە چۆپلىرىگە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى نۆۋەتلىك يېمەكلىكلەر كۆرگەزمىسىدە ئالتۇن مېدال مۇكاپاتى بېرىلدى. 1989 - يىلى بۇ زاۋۇتقا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈسكۈنە باشقۇرۇشتا ئىلغار كارخانا دەپ نام بەردى.

1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا زاۋۇتتا 254 ئىشچى - خىزمەتچى، 6 مىليون 104 مىڭ 300 يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك بولۇپ، يىللىق كەسمە چۆپ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 8000 توننىغا يەتتى. شۇ يىلى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 374 مىڭ 800 يۈەنگە، پايدىسى 408 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئوتتۇرىچە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 25 مىڭ 98 يۈەن بولدى. 1987 — 1990 - يىلغىچە زاۋۇتنىڭ 4 مەھسۇلاتىغا سودا مىنىستىرلىكى ۋە ئاپتونوم رايون سۈپەتلىك مەھسۇلات دەپ نام بەردى.

## 2 § . ئاشلىق، ياغ ماشىنىسازلىق كارخانىلىرى

### 1 . ئۈرۈمچى ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى

زاۋۇت ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي قەشقەر يولىدىكى 27 - نومۇرلۇق قورۇدا بولۇپ، ھەم ئاشلىق - ياغ ماشىنىلىرىنى ياسايدىغان ھەم ياغ، يەم - خەشەك ئىشلەيدىغان ئۈنىۋېرسال كارخانا. 1958 - يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن بولۇپ، زاۋۇت نامى شىنجاڭ ئاشلىق نازارىتى ماشىنا رېمونت زاۋۇتى ئىدى. 1959 - يىلى نامى شىنجاڭ ئاشلىق نازارىتى ماشىنىسازلىق زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلىپ، ماشىنا ياساش بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. 1961 - يىلى ئاشلىق نازارىتى ئۈنىۋېرسال زاۋۇتى ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەترىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، نامى شىنجاڭ ئاشلىق نازارىتى ئۈنىۋېرسال ماشىنا زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1962 - يىلى ئۈرۈمچى ئاشلىق - ياغ ئۈنىۋېرسال پىششىقلاش زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلىپ، ماشىنىسازلىقتىن گۈرۈچ، ئاق قوناق گۈرۈچى پىششىقلاپ ئىشلەش، ئاق ھاراق، شىرنە، جاڭيۇ، ئاچچىقسۇ، سوپۇن ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىدى. 1965 - يىل 7 - ئايدا يەنە ئۈرۈمچى ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلىپ، ماشىنىسازلىق بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى. 1968 - يىلى شىنجاڭ ئاشلىق - ياغ ماشىنىلىرى زاۋۇتىغا، 1977 - يىلى يەنە ئۈرۈمچى ئاشلىق - ياغ ماشىنىلىرى زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1966 — 1978 - يىلغىچە ئاساسەن كىچىك تىپتىكى توك تۈگمەنلىرى ۋە ئۇنىڭ زاپچاسلىرىنى ياسىدى. 1980 - يىلدىن باشلاپ ئوتتۇرا تىپلىق يەل بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان توك تۈگمىنى، يانچىش ماشىنىسى قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقاردى. 1983 - يىلى ياغ تارتىش سېخى كېڭەيتىلگەندىن كېيىن كۈنىگە ياغ تارتىش ئىقتىدارى 16 توننىغا يەتتى. يەم - خەشەك سېخىنى ئۆزگەرتتى. 1985 - يىلى يېڭىدىن كۈنىگە 50 توننا كۈنجۈتنى بىر تەرەپ قىلىدىغان كۈنجۈتتىن ياغ ئېلىش سېخى قۇرۇلدى. 1987 - يىلى ئەنگلىيەدىن كىرگۈزۈلگەن، يىللىق ئاق ئىسمىنا مەھسۇلاتى 10 مىڭ توننىلىق يەم - خەشەك سېخى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ زاۋۇتتا ماشىنىلارنى ياسايدىغان، ياغ، يەم - خەشەك پىششىقلايدىغان يۈرۈشلۈك ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى بار بولدى. 1989 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن زاۋۇتقا ئاپتونوم رايون بويىچە 2 - دەرىجىلىك كارخانا دەپ نام بېرىلدى. شىنجاڭدىكى 50 چوڭ سانائەت كارخانىسىنىڭ 44 - سى ۋە ئەڭ ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈملۈك سانائەت كارخانىسىنىڭ 48 - سى بولۇپ باھالاندى. 1990 - يىلى شىنجاڭدىكى ئەڭ ياخشى ئۈنىۋېرسال ئىقتىسادىي ئۈنۈملۈك سانائەت كارخانىلىرىنىڭ 43 - سى، ماشىنىسازلىق ساھەسىدىكى ئۈنىۋېرسال ئىقتىسادىي ئۈنۈملۈك كارخانىلارنىڭ 4 - سى بولۇپ باھالاندى.

1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا زاۋۇتتا 454 ئىشچى - خىزمەتچى، 15 مىليون 770 مىڭ يۈەنلىك ئۇراقلىق مۈلۈك بولۇپ، شۇ يىلى ياراتقان سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 15 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 2 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئوتتۇرىچە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 33 مىڭ 889 يۈەنگە يەتتى. 1986 - يىلدىن ئېتىبارەن 7 مەھسۇلاتى ئاپتونوم رايون بويىچە سۈپەتلىك مەھسۇلات دېگەن نامغا ئېرىشتى، ئۇنىڭ ئىچىدە ياغ مەھسۇلاتى بىر، يەم - خەشەك مەھسۇلاتى 5، ماشىنا مەھسۇلاتى بىر.

## 2. كورلا ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى

1975 - يىلى قۇرۇلۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن. 1984 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى كورلا ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتىنى بايىنغولىن ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. بۇ زاۋۇت قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1985 - يىلغىچە 39 خىل، 1973 دانە ئاشلىق، ياغ ماشىنا مەھسۇلاتى، 20 توننا زاپچاس ئىشلەپچىقاردى، 7 ئۇن ۋە ياغ زاۋۇتىنى قۇراشتۇردى. 1986 - يىلى ماشىنىسازلىق ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىپ، ئاشلىق، ياغ تەقلىدىي بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆتتى.

### شىنجاڭ ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ 1990 - يىلدىكى قىسمەن ئاشلىق، ياغ سانائىتى كارخانىلىرى

جەدۋەل: 4 — 24

| كارخانا نامى | يىل ئاخىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى (توننا/يىل) | | سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (1980 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) (تۈمەن يۈەن) | ئۇراقلىق مۈلۈك ئەسلى قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | پايدىسى (تۈمەن يۈەن) | ئىشچى - خىزمەتچى سانى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئۇن | ئارتقان ياغلىق دان | | | | |
| ئۈرۈمچى شەھىرى تۇدۇن كوچىسى ئاشلىق - ياغ زاۋۇتى | 18750 | 4000 | 873.5 | 347.7 | 155.6 | 180 |
| ئۈرۈمچى ناھىيىلىك ئۇن - ياغ زاۋۇتى | 23000 | 4000 | 875.6 | 216.8 | 68.0 | 244 |
| تۇرپان شەھەرلىك ئۇن زاۋۇتى | 18750 | | 227.8 | 209.3 | 0.5 | 71 |
| ماناس ناھىيىلىك ئۇن زاۋۇتى | 12500 | | 390.5 | 186.6 | 17.41 | 96 |
| ماناس ناھىيىلىك ياغ زاۋۇتى | | 6000 | 517.1 | 281.7 | 125.4 | 134 |
| قۇتۇبى ناھىيىلىك ئۇن - ياغ زاۋۇتى | 12500 | 4000 | 640.3 | 429.7 | 91.8 | 168 |
| فۇكاڭ ناھىيىلىك ياغ زاۋۇتى | | 4000 | 185.5 | 164.5 | 31.8 | 56 |
| فۇكاڭ ناھىيىلىك ئۇن زاۋۇتى | 15600 | | 537.8 | 289.1 | 54.6 | 123 |
| جىمىسار ناھىيىلىك ئۇن - ياغ زاۋۇتى | 12500 | 4000 | 298.9 | 283.6 | 31.2 | 112 |
| گۇچۇڭ ناھىيىلىك ئۇن - ياغ زاۋۇتى | 25000 | 9000 | 866.0 | 407.1 | 102.1 | 271 |
| مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىك ئۇن - ياغ زاۋۇتى | 12500 | 750 | 183.0 | 167.1 | 10.5 | 64 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| سانجى ئوبلاستلىق باغ زاۋۇتى | | 20000 | 611.8 | 430 | 94.31 | 147 |
| شىخەنزە باغ زاۋۇتى | | 10000 | 433 | 509 | 49 | 304 |
| چۆچەك شەھەرلىك ئۇن زاۋۇتى | 50000 | 2000 | 472.7 | 214.6 | 44.5 | 124 |
| ساۋەن ناھىيىلىك ئۇن - ياغ زاۋۇتى | 13200 | 11000 | 972.9 | 668.5 | 179.4 | 193 |
| چاغانتوقاي ناھىيىلىك ئۇن - ياغ زاۋۇتى | 12000 | 8000 | 358.9 | 449.2 | 87.6 | 144 |
| شىخو ناھىيىلىك ئۇن - ياغ زاۋۇتى | 14000 | 9000 | 1018 | 568.5 | 162.8 | 200 |
| دۆربىلجىن ناھىيىلىك زاراڭزا يېغى زاۋۇتى | | 13500 | 516.4 | 443.1 | 115.3 | 102 |
| چۆچەك شەھەرلىك ياغ زاۋۇتى | | 10000 | 500.0 | 393 | 118.5 | 120 |
| ئالتاي ۋىلايەتلىك ئۇن زاۋۇتى | 15000 | | 506.0 | 401.4 | 45.5 | 93 |
| ئالتاي ۋىلايەتلىك ياغ زاۋۇتى | | 4000 | 201.2 | 249.1 | 64.4 | 101 |
| بۇرچىن ناھىيىلىك ئۇن - ياغ زاۋۇتى | 12500 | 1150 | 228.1 | 81.7 | 12.3 | 33 |
| جېمىنەي ناھىيىلىك ئۇن - ياغ زاۋۇتى | 12500 | | 121.0 | 95.5 | 2.8 | 32 |
| بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك ئۇن - ياغ زاۋۇتى | 12500 | 2300 | 170.4 | 87.3 | 6.9 | 51 |
| كۆكتوقاي ناھىيىلىك ئۇن - ياغ زاۋۇتى | 12500 | 1160 | 187.2 | 76.4 | 9.9 | 40 |
| كۆكتوقاي ئۇن زاۋۇتى | 12500 | | 114.5 | 70 | 8 | 35 |
| بورتالا شەھەرلىك ئۇن - ياغ زاۋۇتى | 12500 | 6800 | 629.1 | 559 | 75.1 | 196 |
| جىڭ ناھىيىلىك ئۇن - ياغ زاۋۇتى | 12500 | 5600 | 163.5 | 150.6 | 29.2 | 72 |
| ئارشاڭ ناھىيىلىك ئۇن - ياغ زاۋۇتى | 9000 | 9000 | 446.7 | 314.9 | 112.7 | 128 |
| خېجىڭ ناھىيىلىك ئۇن زاۋۇتى | 12500 | | 270 | 101.3 | 29.8 | 46 |
| سالدىن ئۇن زاۋۇتى | 12500 | | 137.7 | 76.9 | 10.6 | 30 |
| يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىلىك ئۇن - ياغ زاۋۇتى | 15000 | 6000 | 334.1 | 297.2 | 86.4 | 93 |
| بۆگۈر ناھىيىلىك ئۇن - ياغ زاۋۇتى | 12500 | 570 | 196.6 | 75.2 | 29.5 | 36 |
| لوپنۇر ناھىيىلىك ئۇن - ياغ زاۋۇتى | 12500 | 150 | 156.9 | 77.3 | 16.9 | 39 |
| بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئۇن - ياغ ئەقلىدىي بۇيۇم زاۋۇتى | | 4000 | 382.1 | 500.8 | 39.7 | 121 |
| بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئۇن زاۋۇتى | 36060 | 2000 | 1096.9 | 331.4 | 100.3 | 230 |
| كۇچا ناھىيىلىك ئۇن زاۋۇتى | 17300 | | 712.6 | 165.4 | 40.9 | 135 |
| كۇچا ناھىيىلىك ياغ زاۋۇتى | | 7680 | 145.4 | 161.3 | 34.2 | 114 |
| ئاقسۇ شەھەرلىك ئۇن زاۋۇتى | 27400 | | 990.2 | 450.7 | 59 | 287 |
| ئونسۇ ناھىيىلىك ئۇن - ياغ زاۋۇتى | 9000 | 5000 | 274.7 | 127.6 | 15.1 | 79 |
| ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك ئۇن - ياغ زاۋۇتى | 15550 | 6220 | 278.7 | 239.5 | 8.4 | 59 |
| ئاۋات ناھىيىلىك ئۇن - ياغ زاۋۇتى | 13740 | 18000 | 257.9 | 181.8 | 19.5 | 143 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئۇن زاۋۇتى | 10000 | | 375.1 | 120 | 35.1 | 61 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| پېچىسار ناھىيىلىك باغ زاۋۇتى | | 4000 | 73.9 | 101 | 11.8 | 44 |
| پوسكام ناھىيىلىك باغ زاۋۇتى | | 4000 | 84.1 | 53.2 | 4.46 | 34 |
| قاغىلىق ناھىيىلىك باغ زاۋۇتى | | 5000 | 128.2 | 245.2 | 38.4 | 78 |
| قاغىلىق ناھىيىلىك ئۇن زاۋۇتى | 27000 | | 320.3 | 201.6 | 16.7 | 87 |
| يوپۇرغا ناھىيىلىك ئۇن - باغ زاۋۇتى | 7500 | 4000 | 240.8 | 120.1 | 24.4 | 77 |
| مارالبېشى ناھىيە سېرىقبۇيا باغ زاۋۇتى | | 4000 | 160 | 100.2 | 10.3 | 41 |
| مەكىت ناھىيىلىك ئۇن - باغ زاۋۇتى | 14040 | 4000 | 336.5 | 273 | 79 | 124 |
| قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك ئۇن - باغ زاۋۇتى | 9000 | 4000 | 258 | 139.3 | 25.5 | 122 |
| پەيزاۋات ناھىيىلىك ئۇن - باغ زاۋۇتى | 14040 | 4000 | 299.3 | 171.9 | 18.5 | 61 |
| پېچىسار ناھىيىلىك ئۇن زاۋۇتى | 14040 | | 137.5 | 110.1 | 0.62 | 33 |
| پوسكام ناھىيىلىك ئۇن زاۋۇتى | 14040 | | 166.5 | 68.9 | 13 | 53 |
| مارالبېشى ناھىيىلىك ئۇن - باغ زاۋۇتى | 12500 | 4000 | 216.3 | 155.9 | 14.9 | 115 |
| گۇما ناھىيىلىك ئۇن - باغ زاۋۇتى | 12500 | 2000 | 238.4 | 98.4 | 20.2 | 43 |
| قاراقاش ناھىيىلىك ئۇن - باغ زاۋۇتى | 12500 | 3200 | 175.2 | 144.4 | 8.2 | 65 |
| لوپ ناھىيىلىك ئۇن - باغ زاۋۇتى | 12500 | 1000 | 99.3 | 68.9 | 24.2 | 26 |
| چىرا ناھىيىلىك ئۇن - باغ زاۋۇتى | 12500 | 1000 | 140.4 | 105.6 | 11.5 | 35 |
| خوتەن شەھەرلىك ئۇن - باغ زاۋۇتى | 12500 | 3200 | 403.3 | 231 | 2.6 | 138 |
| غۇلجا ناھىيىلىك ئۇن - باغ زاۋۇتى | 10000 | 6000 | 517.9 | 414.9 | 38.4 | 173 |
| قورغاس ناھىيىلىك ئۇن زاۋۇتى | 19740 | | 316.7 | 156 | 717.9 | 90 |
| چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىلىك ئۇن - باغ ئۇنىۋېرسال زاۋۇتى | 13750 | 4000 | 259 | 128.4 | 27.6 | 35 |
| كۈنەس ناھىيىلىك ئۇن - باغ ئۇنىۋېرسال زاۋۇتى | 12500 | 10000 | 593.9 | 288 | 106 | 111 |
| نىلقا ناھىيىلىك ئۇن - باغ باش زاۋۇتى | 12500 | 1000 | 392.8 | 164.9 | 39.2 | 69 |
| تېكەس ناھىيىلىك ئۇن - باغ زاۋۇتى | 19160 | 4000 | 261.3 | 138.4 | —9 | 90 |
| ئىلى ۋىلايەتلىك ئۇن - باغ باش زاۋۇتى | 37500 | 18000 | 1368 | 838.7 | 11.5 | 352 |
| قورغاس ناھىيە چىڭسخوزا باغ زاۋۇتى | | 10000 | 524.4 | 514.9 | 117.6 | 126 |
| توققۇزتارا ناھىيىلىك ئۇن - باغ زاۋۇتى | 10000 | 6230 | 482.2 | 412.3 | 60.8 | 99 |
| موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىك ئۇن - باغ زاۋۇتى | 4000 | 10000 | 1059.6 | 444 | 204.8 | 253 |
| كۈيتۇڭ شەھەرلىك ئۇن زاۋۇتى | 25000 | 1000 | 624.7 | 355.3 | 18.1 | 162 |
| ش ئۇ ئا ر ئاشلىق - باغ يۆتكەش پونكىتى ئۇن زاۋۇتى | 37500 | | 1066.7 | 385.3 | 100.6 | 131 |
| قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئۇن زاۋۇتى | 28000 | | 1173 | 321 | 105 | 199 |
| قاراماي ئۇن زاۋۇتى | 45000 | 400 | 952 | 1707 | 70.5 | 234 |

ئىزاھ: 1. بۇ جەدۋەلگە 1990 - يىل ئاخىرىدىكى 4 دانە ئوتتۇرا تىپلىق توك تۈگمىنى ياكى 2 دانە 200 تىپلىق باغ تارتىش ماشىنىسىغا ئىگە ئوتتۇرا تىپتىكى ئاشلىق، باغ سانائىتى كارخانىلىرى كىرگۈزۈلدى.
2. ئاللاپ تونۇشتۇرۇلغان كارخانىلار بۇ جەدۋەلگە كىرگۈزۈلمىدى.

ئەسىنجى قىسىم

# ئۆزنۆۋەرسال باشقۇرۇش

## بەشىنچى قىسىم

# ئۇنىۋېرسال باشقۇرۇش

## I باب

# تاۋار ئاشلىق، ياغ كىرىم - چىقىمىنىڭ ئېشىش - كېمىيىش ئەھۋالى

## 1 § . ئاشلىق كىرىم - چىقىمى

### 1 . ئومۇمىي كىرىم - چىقىم

1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 -، 26 - كۈنلىرى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولدى. ئەينى ۋاقىتتا ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى تۆۋەن بولغانلىقتىن، دۆلەتنىڭ ئاشلىق ئامبىرى قۇرۇق ئىدى. شىنجاڭغا كىرگەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى جىيۇچۈەندىن شىنجاڭغا 33 مىليون كىلوگىرامدىن ئارتۇق ئاشلىق يۆتكەپ، قىسىملارنىڭ ھەربىي يۈرۈش ئېھتىياجىنى قاندۇردى. كېيىن يەنە ئۈرۈمچى ۋىلايىتىگە قاراشلىق ناھىيىلەرنىڭ ئاشلىق بازارلىرىدىن چاي، شېكەر، رەخت قاتارلىق ماددىي ئەشيالار ۋە ئالتۇنغا ئاشلىق تېگىشىپ، ئارمىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئاشلىققا بولغان ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلدى. شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۆلكە بويىچە دۆلەت ئاشلىق سالدۇسى 32 مىليون 530 مىڭ كىلوگىرام ئىدى.

1950 — 1990 - يىلغىچە شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىر ئۆرلەپ، بىر پەسىيىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىكى تەرەققىيات ناھايىتى تېز بولدى، ئومۇمىي ئاشلىق مەھسۇلاتى 1949 - يىلدىكى 848 مىليون كىلوگىرامدىن 1990 - يىلى 6 مىليارد 769 مىليون كىلوگىرامغا يېتىپ (ياڭيۇ تۇرىدىكىلەر بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، ئاز كەم 7 ھەسسە ئاشتى. مۇشۇ مەزگىلدە ئاپتونوم رايوننىڭ نوپۇسى زور دەرىجىدە كۆپەيگەن، ئاشلىق ئىستېمال سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئاشقان ئەھۋالدا، مۇۋاپىق تەقسىملەش، ئەستايىدىل ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق، ھەربىي ئېھتىياج ۋە خەلقنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكىگە كاپالەتلىك قىلىندى. 1950 - يىل 1 - ئايدىن 1990 - يىلغىچە بولغان ئاشلىق يىللىرىدا (شۇ يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن كېيىنكى يىلى 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگە قەدەر) دۆلەت تەكشى باھا ۋە كېلىشىم باھادا

33 مىليارد 88 مىليون كىلوگرام ئاشلىق سېتىۋالدى (دېھقانچىلىق بېجى ھېسابىغا ئېلىنىدىغان ئاشلىقمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، بۇ، ئېلىنغان ئومۇمىي ئاشلىقنىڭ %26.11نى ئىگىلەيدۇ (يەنى سېتىۋېلىش نىسبىتى)، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشى باھادا سېتىۋېلىنغان ئاشلىق 31 مىليارد 337 مىليون كىلوگرام بولۇپ، سېتىۋېلىنغان ئاشلىقنىڭ %94.71نى ئىگىلەيدۇ؛ تەكشى باھا ۋە كېلىشىم باھادا 28 مىليارد 867 مىليون كىلوگرام ئاشلىق سېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشى باھادا سېتىلغىنى 27 مىليارد 291 مىليون كىلوگرام بولۇپ، سېتىلغان ئومۇمىي ئاشلىقنىڭ %94.54نى ئىگىلەيدۇ. يېزا ئىگىلىكىگە (چارۋىچىلىقتا سېتىلغان ئاشلىقمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) 6 مىليارد 379 مىليون كىلوگرام ئاشلىق سېتىپ بېرىلدى. سېتىۋېلىنغان ئاشلىقتىن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىلگەن ئاشلىقنى چىقىرىۋەتكەندە، دۆلەتنىڭ ساپ سېتىۋالغىنى 26 مىليارد 709 مىليون كىلوگرام بولۇپ، ئومۇمىي ئاشلىقنىڭ %21.08نى ئىگىلەيدۇ (يەنى ساپ سېتىۋېلىش نىسبىتى). ئۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايون بويىچە يەنە مالىيە تەمىنلەش، زىيان، خوراش قاتارلىقلار ئۈچۈن 2 مىليارد 273 مىليون كىلوگرام ئاشلىق چىقىم قىلىندى. ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى ئاشلىق كىرىم - چىقىمنى بالانس قىلغاندا 41 يىلدا جەمئىي 1 مىليارد 948 مىليون كىلوگرام ئاشلىق ئېشىنچا بولدى؛ ئاپتونوم رايون سىرتىغا يۆتكەلگەن ۋە ئېكسپورت قىلىنغان ئاشلىق 2 مىليارد 342 مىليون كىلوگرام، ئاپتونوم رايون سىرتىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن ئاشلىق 2 مىليارد 664 مىليون كىلوگرام، ئىككىسىنى بالانس قىلغاندا ساپ يۆتكەپ كېلىنگەن ئاشلىق 322 مىليون كىلوگرام (بۇنىڭ ئىچىدە تەكشى باھادا يۆتكەپ كېلىنگىنى 332 مىليون كىلوگرام، كېلىشىم باھادا سىرتقا يۆتكەلگىنى 10 مىليون 690 مىڭ كىلوگرام). 1990 - يىللىق ئاشلىق يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت ئاشلىق ئامبىرىدىكى سالدۇ 2 مىليارد 302 مىليون كىلوگرام (بۇنىڭ ئىچىدە تەكشى باھالىق سالدۇ 2 مىليارد 38 مىليون كىلوگرام) بولۇپ، 1949 - يىل 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدىكى سالدۇنىڭ ئاز كەم 71 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. ئاشلىقنى ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭپۇڭلاشتۇرۇشتا ئاساسلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم ئوبلاستلاردىن ئىلى، سانجى، تارباغاتاي، ئاقسۇ، بورتالالار گەۋدىلىك تۆھپە قوشتى. 1953 — 1990 - يىلغىچە بولغان مەلۇماتقا قارىغاندا، يۇقىرىقى 5 ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ كىرىم- چىقىمنى بالانس قىلغاندىن كېيىن تەكشى باھا ۋە كېلىشىم باھالىق ئاشلىقتىن 8 مىليارد 852 مىليون كىلوگرام ئېشىنچا بولغان، 7 مىليارد 804 مىليون كىلوگرام ئاشلىق تەكشى باھا ۋە كېلىشىم باھادا سىرتقا يۆتكەلگەن، بۇ، ئۈرۈمچى، قاراماي، قۇمۇل، تۇرپان، قىزىلسۇ قاتارلىق ئاشلىقنى ئاساسەن سىرتتىن يۆتكەپ كېلىدىغان رايونلارغا يۆتكەپ كېلىنگەن تەكشى باھا ۋە كېلىشىم باھالىق ئاشلىقنىڭ %10.99نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئېشىنچا ئاشلىقى 3 مىليارد 283 مىليون كىلوگرام بولۇپ، سىرتقا 2 مىليارد 863 مىليون كىلوگرام ئاشلىق يۆتكىدى؛ سانجى ئوبلاستىنىڭ 2 مىليارد 428 مىليون كىلوگرام بولۇپ، سىرتقا 2 مىليارد 166 مىليون كىلوگرام ئاشلىق يۆتكىدى؛ تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ 1 مىليارد 695 مىليون كىلوگرام بولۇپ، سىرتقا 1 مىليارد 515 مىليون كىلوگرام ئاشلىق يۆتكىدى؛ ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ 881 مىليون كىلوگرام بولۇپ، سىرتقا 756 مىليون كىلوگرام ئاشلىق يۆتكىدى؛ بورتالا ئوبلاستىنىڭ 565 مىليون كىلوگرام بولۇپ، سىرتقا 504 مىليون كىلوگرام ئاشلىق يۆتكىدى (جەدۋەل: 5 — 1، 5 — 2گە قاراڭ).

## 2. باسقۇچ بويىچە كىرىم - چىقىم

1950 — 1990 - يىلغىچە شىنجاڭنىڭ تاۋار ئاشلىق كىرىم - چىقىمى تۆۋەن سەۋىيىدە ئېشىنىشتىن ئۆكسۈپ سىرتتىن يۆتكەپ كېلىش، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئېشىنىپ سىرتقا يۆتكەشتىن ئىبارەت 3 باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى. 41 يىلدا شۇ يىللىق كىرىم - چىقىمدىن 24 يىل ئېشىنچا بولدى، 17 يىل ئاشلىق ئۆكسۈپ قالدى، تەپسىلىي ئەھۋال مۇنداق:

## 1) تۆۋەن سەۋىيەدە ئېشىنچا بولۇپ، ئاز مىقداردا سىرتقا يۆتكەلدى

1950 — 1967 - يىلىغىچە كۆپىنچە يىللاردا ئاشلىق مەھسۇلاتى ئاشتى. ئاشلىق مەھسۇلاتى يىلىغا ئوتتۇرىچە %6.67 ئېشىپ، نوپۇس يىلىغا ئوتتۇرىچە %3.96 كۆپىيىپ، ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى نوپۇسنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتىدىن تېز بولدى. تاۋار ئاشلىقنىڭ ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى كىرىم-چىقىمىنى بالانس قىلغاندا، كىرىم - چىقىمدا 18 يىلنىڭ 14 يىلىدا ئوڭ پەرق، 4 يىلىدا تەتۈر پەرق كۆرۈلۈپ، 1 مىليارد 260 مىليون كىلوگرام ئېشىنچا بولۇپ، ئاپتونوم رايون سىرتىغا 733 مىليون كىلوگرام ئاشلىق ساپ يۆتكەلدى ۋە ئېكسپورت قىلىندى.

(1) 1950 - يىلى خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلىگە قەدەم قويۇلۇپ، يېزىلاردا ئىجارە كېمەيتىش - زورىمىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە يەر ئىسلاھاتى قانات يايدۇرۇلدى، خەلق ئازادلىق ئارمىيە زور ھەربىي كۈچ ئاجرىتىپ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى، نەتىجىدە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلدى. 1952 - يىلغا كەلگەندە ئاشلىق مەھسۇلاتى 1 مىليارد 331 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، 1949 - يىلدىكىدىن %56.96 ئېشىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %16.21 كۆپەيدى. 1949 - يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق 196 كىلوگرام ئىدى، 1952 - يىلى 286 كىلوگرامغا يېتىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %13.42 ئاشتى. 1950 - يىل 1 - ئايدىن 1952- يىلغىچە بولغان ئاشلىق يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئۆلكە بويىچە ئېلىنغان غەللە - پاراق ئاشلىقى ۋە سېتىۋېلىنغان ئاشلىق، ئېشىنچا ئاشلىق، ھەربىي قىسىم ۋە ھۆكۈمەت ئىشلىتىدىغان ئاشلىق، بازاردا سېتىلغان ئاشلىق بويىچە كىرىم-چىقىمنى بالانس قىلغاندىن كېيىن، 155 مىليون كىلوگرام ئېشىنچا قالدى. مۇشۇ مەزگىلدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا جەمئىي 68 مىليون 320 مىڭ كىلوگرام بۇغداي ئېكسپورت قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شەرقىي شىنجاڭ رايونىدا ھەربىيلەر تەمىنلىنىدىغان ئاشلىق ۋە بازاردىكى ئاشلىق ئۆكسۈش سەۋەبىدىن ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسى ۋە سودا نازارىتى سودا شىركىتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ گەنسۇ ئۆلكىسىدىن 4 مىليون 360 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق يۆتكىدى. 1952 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا دۆلەتنىڭ تاۋار ئاشلىق سالدۇسى 124 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، 1949 - يىل 12 - ئايدىكىدىن 2.8 ھەسسە ئاشتى (جەدۋەل: 5 — 3كە قاراڭ). 3 يىلدا خۇسۇسىي ئاشلىق سودىگەرلىرى 550 مىليون كىلوگرام ئاشلىق سېتىۋالدى ۋە 550 مىليون كىلوگرام ئاشلىق ساتتى. دۆلەت ۋە خۇسۇسىي تىجارەتچىلەر سېتىۋالغان تاۋار ئاشلىق ئېلىنغان ئومۇمىي ئاشلىقنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلىدى. ئۆلكە ئىچىدە ئاساسەن ئۈرۈمچى، قۇمۇل، ئالتاي، قاراشەھەر ۋىلايەتلىرىنىڭ ئاشلىقى يېتىشمىدى، باشقا جايلار ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىندى.

(2) يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش ۋە يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش ئارقىسىدا 1953 - يىلدىن باشلاپ ئاشلىقتىن ئۈدا مول ھوسۇل ئېلىندى. 1959 - يىلغا كەلگەندە ئومۇمىي ئاشلىق مەھسۇلاتى 1 مىليارد 975 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، 1952 - يىلدىكىدىن %48.38 ئاشتى، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق 304 كىلوگرامغا يېتىپ، 1952 - يىلدىكىدىن %6.29 ئاشتى. 1953 - يىلدىن باشلاپ تاۋار ئاشلىقنى دۆلەت ئاشلىق تارماقلىرى باشقۇرىدىغان بولدى، خۇسۇسىي ئاشلىق سودىگەرلىرىگە قارىتا چەكلەش، پايدىلىنىش ۋە ئۆزگەرتىش يولى تۇتۇلدى. 1954 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خوتەن، قەشقەر، يەكەن ۋىلايەتلىرى يېزىلارغا قارىتا تەكشى باھا، كېلىشىم باھادا ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋە تەمىنلەشنى يولغا قويدى، شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنى نورمىلىق تەمىنلىدى؛ ئاقسۇنىڭ شىمالىدىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئاشلىقنى بازاردىن سېتىۋېلىش ۋە تەمىنلەشنى يولغا قويدى. 1953 — 1955 - يىلغىچە سېتىۋېلىش مىقدارى يىلمۇ يىل ئاشتى، تاۋار ئاشلىق كىرىم - چىقىمنى بالانس قىلغاندىن كېيىن 313 مىليون كىلوگرام ئاشلىق ئېشىندى. 1956 - يىلى دېھقانلارنىڭ ئاشلىق ئىستېمال سەۋىيىسى ئېشىش، ئاشلىق بازىرىنى باشقۇرۇش قاتتىق بولماسلىق، خۇسۇسىي سودىگەرلەر ئاممىنىڭ دۆلەت تەمىنلىگەن ئوزۇقلۇق ئاشلىقنى ئالداپ سېتىۋېلىپ، ھايىنىغا سېتىش قاتارلىق سەۋەبلەر

تۆپەيلىدىن، ئاشلىقنىڭ سېتىلىش مىقدارى زور مىقداردا ئېشىپ (يىللىق سېتىلىش مىقدارى 440 مىليون كىلوگرام بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىگە سېتىلغىنى 150 مىليون كىلوگرامغا يەتتى)، كىرىم - چىقىمدا 71 مىليون 280 مىڭ كىلوگرام تەتۈر پەرق كۆرۈلدى، بۇنىڭ ئورنىنى سالدۇدىكى ئاشلىقتىن يۆتكەشكە توغرا كەلدى. 1957 - يىل 7 - ئايدىن باشلاپ ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىش يولىغا قويۇلدى. شۇ يىلى ئېلىنغان ئاشلىق 1956 - يىلدىكىدىن 127 مىليون كىلوگرام كېمەيگەن بولسىمۇ، لېكىن سېتىۋېلىش مىقدارى ئېشىپ، سېتىلىش مىقدارى ئازايغانلىقتىن، تاۋار ئاشلىق كىرىم - چىقىمى بالانس قىلىنغاندىن كېيىن 40 مىليون 250 مىڭ كىلوگرام ئېشىنچا بولدى. 1958 - ۋە 1959- يىللىرى ئاشلىق مەھسۇلاتى ئۇدا ئېشىپ، تاۋار ئاشلىق كىرىم - چىقىمدا داۋاملىق ئېشىنچا بولدى. 1959- يىلى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋە «مۇبالىغىچىلىك شامىلى»نىڭ تەسىرىدە، ئاشلىق ھوسۇلىنى زىيادە مۆلچەرلەش، كۆپ سېتىۋېلىش، كۆپ ئىستېمال قىلىش خاھىشى كېلىپ چىقتى، شۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ ئاشلىقى چەكتىن ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنىدى، نەتىجىدە دېھقانلارغا يەنە زور مىقداردا قايتۇرۇپ سېتىلدى. ئاشلىق سېتىۋېلىش نىسبىتى 1957 - يىلى %35. 32 بولغان بولسا، 1959 - يىلى %88. 42كە يېتىپ، 10.53 پىرسەنت پوئېنتى ئاشتى، سېتىۋېلىش مىقدارى %87. 79 كۆپەيدى. ئاشلىق چەكتىن ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغانلىقتىن، 1960 - يىلى ئەتىيازدا يېزىلاردا ئېغىر دەرىجىدە ئاشلىق يېتىشمەسلىك مەسىلىسى كېلىپ چىقتى. باي ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى يېزىلاردا ئاشلىق يېتىشمىگەن ئەھۋالدا ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئىنكاسىغا قۇلاق سالماي، ئاشلىقنى دېھقانلارغا ۋاقتىدا قايتۇرۇپ ساتماقچى يوق، يەنە تېخى «ئاشلىق ھوسۇلىنى يوشۇرۇپ، ئۆزى بۆلۈشىۋېلىشقا قارشى تۇرۇش» ھەركىتىنى قوزغىدى، شۇنىڭ بىلەن 1960 - يىل 3 - ئايدا دېھقانلار كېسەلگە گىرىپتار بولۇش، بەھۇدە ئۆلۈپ كېتىشتەك ئېغىر ۋەقە كېلىپ چىقتى.

1953 — 1959 - يىلغىچە دۆلەت سېتىۋالغان ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىلغان ئومۇمىي ئاشلىقنىڭ %49. 30نى ئىگىلىدى، يېزا ئىگىلىكىگە سېتىلغان ئاشلىقنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىنكى ساپ سېتىۋېلىش نىسبىتى %01. 23 بولدى، تاۋار ئاشلىقنىڭ ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى كىرىم - چىقىمى بالانس قىلىنغاندىن كېيىن 506 مىليون كىلوگرام ئېشىنچا بولدى، 84 مىليون 730 مىڭ كىلوگرام ئېكسپورت قىلىندى. 1959 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت تاۋار ئاشلىق سالدۇسى 545 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، 1952- يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 4 .3 ھەسسە ئاشتى (جەدۋەل: 5 — 4كە قاراڭ). مۇشۇ مەزگىلدە ئەسلىدىلا سىرتتىن ئاشلىق يۆتكەپ كېلىدىغان ئۈرۈمچى شەھىرى قاتارلىق جايلاردىن باشقا، يېڭىدىن گۈللەنگەن نېفىت شەھىرى قاراماي، يېڭىدىن قۇرۇلغان قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى قاتارلىق جايلار ۋە ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قارايدىغان تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىرىسۇ ئاشلىقى يېتىشمەي، سىرتتىن ئاشلىق يۆتكىدى.

(3) 1960 — 1962 - يىلغىچە ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتى يىلمۇ يىل كېمىيىپ كەتتى. 1962 - يىلى 1 مىليارد 654 مىليون كىلوگرامغا تۆۋەنلەپ، 1959 - يىلدىكىدىن %25. 16 ئازىيىپ، كىشى بېشىغا 237 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى. بۇ 1952 - يىلدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 3 يىلدا ئوتتۇرىچە سېتىۋېلىنغان ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىلغان ئومۇمىي ئاشلىقنىڭ %40. 29نى ئىگىلىدى، يېزا ئىگىلىكىگە سېتىلغان ئاشلىقنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن ساپ سېتىۋېلىش نىسبىتى %79. 18 بولدى. تاۋار ئاشلىق كىرىم - چىقىمدا ئۇدا 3 يىل تەتۈر پەرق كۆرۈلۈپ، جەمئىي 266 مىليون كىلوگرام ئاشلىق ئۆكسۈدى، ئاپتونوم رايون سىرتتىن 26 مىليون 820 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق ساپ يۆتكەلدى، بۇ ئاشلىق سالدۇنى يۆناش ئارقىلىق ھەل قىلىندى. 1962 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت تاۋار ئاشلىق سالدۇسى 252 مىليون كىلوگرامغا چۈشۈپ، 1959 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن %76. 53 ئازايدى. بۇ 1954 - يىلدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيە بولۇپ، جىددىي ئەھۋالدا ئاران ساقلاپ قېلىندى (جەدۋەل:

5 — 5كە قاراڭ). قىيىنچىلىقتىن ئۆتۈش ئۈچۈن ئاپتونوم رايون ئاشلىقنى پىلانلىق ئىشلىتىش، تېجەپ ئىشلىتىش، «تۆۋەن ئۆلچەم» بويىچە ئىشلىتىش، «ئاشلىق ئورنىغا يەل - يېمىش، سەي - كۆكتات ئىستېمال قىلىش» يولى بىلەن خەلق تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرغاندىن باشقا، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارنىڭ ئاشلىق تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن يەنە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر، خوتەندىن زور مىقداردا ئاشلىق يۆتكىدى. 1960 — 1962 - يىلىغىچە قەشقەر، خوتەندىن ساپ يۆتكەپ كېلىنگەن ئاشلىق جەمئىي 196 مىليون كىلوگرام بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا يۆتكەلگىنى 22 مىليون 290 مىڭ كىلوگرام. مۇشۇ مەزگىلدە ئاپتونوم رايون بويىچە ئامبارغا كىرگۈزۈلگەن ئاق ئاشلىق نىسبىتى يىلمۇ يىل ئازايدى، كىرىم قىلىنغان ئاق ئاشلىق نىسبىتى 1960 - يىلى 74.44%، 1961 - يىلى 57.18%، 1962 - يىلى 46.22% بولۇپ، يېزا - بازار ئاھالىلىرىنىڭ قارا ئاشلىق ئىستېمال قىلىش نىسبىتى زور دەرىجىدە ئاشتى. ئۈرۈمچى، قاراماي، قومۇل قاتارلىق شەھەر، زاۋۇت - كان رايونلىرىنى قارا ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش نىسبىتى ئېشىپ 70% — 80%كە يەتتى.

(4) 1963 - يىلدىن باشلاپ خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەش ئۈنۈم بېرىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئەسلىگە كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى. 1963 - يىلى ئىشلەپچىقىرىلغان ئاشلىق 2 مىليارد 180 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، 1962 - يىلدىكىدىن 31.81% ئېشىپ، شىمالىي شىنجاڭدا ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىش نىشانى 2 يىل بۇرۇن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. 1966 - يىلى ئىشلەپچىقىرىلغان ئاشلىق 3 مىليارد 323 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، تارىختا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. 1967 - يىلى 1966 - يىلدىن قالسىلا ئاشلىق مەھسۇلاتى يۇقىرى بولغان يىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ 5 يىلدا ئاشلىق مەھسۇلاتى يىلىغا 10.40%تىن ئېشىپ، كىشى بېشىغا ھەر يىلى 300 كىلوگرامدىن ئارتۇق ئاشلىق توغرا كېلىپ، مەملىكەت بويىچە ئوخشاش مەزگىلدىكى ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن يۇقىرى بولدى (جەدۋەل: 5 — 6گە قاراڭ).

1963 — 1967 - يىلغىچە بولغان 5 يىلدا ئاشلىقنىڭ ئوتتۇرىچە سېتىۋېلىش نىسبىتى 26.31% بولۇپ، ئالدىنقى 3 يىلدىكىدىن 3.09 پىرسەنت پوئېنت تۆۋەنلىدى، ئەمما ساپ سېتىۋېلىش نىسبىتى 3.7 پىرسەنت پوئېنت ئۆرلىدى. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، 5 يىلدا يېزا ئىگىلىكىگە سېتىلغان ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي سېتىلغان ئاشلىقتا ئىگىلىگەن نىسبىتى ئالدىنقى 3 يىلدىكىدىن 10.34 پىرسەنت پوئېنت ئازايدى. بۇ شۇ بىر مەزگىلدە ئاشلىقنى چەكتىن ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش نەتىجىسىدە بىر ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىن بىر يىلدا ھەم ئاشلىق سېتىۋالغان، ھەم ئاشلىقنى قايتۇرۇپ ساتقان ئەھۋالنىڭ ئوڭشالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. 5 يىللىق تاۋار ئاشلىق كىرىم - چىقىمىنى بالانس قىلغاندىن كېيىنكى ئېشىنچا 893 مىليون كىلوگرام بولدى، ئاپتونوم رايون سىرتىغا 557 مىليون كىلوگرام ئاشلىق ساپ يۆتكەلدى (شۇ جايىنىڭ ئۆزىدە دۆلەت زاپىسىغا ئايلاندۇرۇلغان ئاشلىقمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 1967 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت تاۋار ئاشلىق سالدوسى (دۆلەت زاپىسى بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) 587 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، 1962 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 1.33 ھەسسە ئاشتى (جەدۋەل: 5 — 7گە قاراڭ).

5 يىلدا پۈتۈن دۆلەتكە جەمئىي 500 مىليون كىلوگرام تاۋار ئاشلىق سېتىپ بەردى. بۇ 1953 — 1962 - يىلغىچە 10 يىلدا سېتىپ بەرگەن ئاشلىقنىڭ 3.7 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ، نەتىجىدە شىمالىي شىنجاڭدا ئاشلىقتا ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئاشلىقنى شىمالىي شىنجاڭغا يۆتكەشكە خاتىمە بېرىشكە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى. تۇرپان، پىچان، توقسۇندىن ئىبارەت بىۋاستە قاراشلىق ناھىيىلەر ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى چىڭ تۇتقانلىقتىن، ئاشلىق يېتىشمەسلىك ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىدىغان بولدى.

مۇشۇ مەزگىلدە ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلە شۇكى، 1965 — 1967 - يىلغىچە قەشقەر، خوتەنلەرنىڭ تاۋار ئاشلىق كىرىم - چىقىمىدا تەتۈر پەرق كۆرۈلۈپ، يېزا ئىگىلىكىگە ساتقان ئاشلىقى ئازايماي داۋاملىق

ئېشىپ، ئۇنىڭ ئورنى سالدۇنى يۇناش ئارقىلىق تولدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە سېتىۋېلىنغان ئاشلىق ۋە سالدۇدىكى تاۋار ئاشلىقتا ئاق ئاشلىقنىڭ نىسبىتى تۆۋەنلەش ۋەزىيىتى ئۆزگەرمىدى، ئۈرۈمچى، قاراماي قاتارلىق شەھەر، زاۋۇت، كان رايونلىرىدىكى ئاھالىلەر ئىستېمال قىلىدىغان ئوزۇقلۇق ئاشلىقتا قارا ئاشلىقنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى يەنىلا %50 — %60 بولدى.

## 2) كىرىم چىقىمنى قاپلىيالماي، ئاشلىق ئۆكسۈپ سىرتتىن يۆتكەلدى

1968 — 1983 ـ يىلغىچە ئاشلىق مەھسۇلاتى كېمىيىپ كېتىش، بىر ئىزدا توختاپ قېلىش ھالىتىدىن ئېشىش ھالىتىگە ئۆتۈشتىن ئىبارەت جەرياننى باشتىن كەچۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق كىرىم ـ چىقىمىدا 3 يىل ئوڭ پەرق، 13 يىل تەتۈر پەرق كۆرۈلۈپ، جەمئىي 1 مىليارد 616 مىليون كىلوگرام ئاشلىق ئۆكسۈدى (بۇنىڭ ئىچىدە تەكشى باھالىق ئاشلىق 1 مىليارد 559 مىليون كىلوگرام)، ئاپتونوم رايون سىرتىدىن 1 مىليارد 937 مىليون كىلوگرام ئاشلىق ساپ يۆتكەلدى (بۇنىڭ ئىچىدە تەكشى باھالىق ئاشلىق 1 مىليارد 823 مىليون كىلوگرام).

(1) 1968 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يېزىلارغا كېڭەيگەن ۋە قىسمەن جايلاردا ئاپەت يۈز بەرگەنلىكتىن، ئاشلىق مەھسۇلاتى 2 مىليارد 193 مىليون كىلوگرامغا چۈشۈپ، 1967 ـ يىلدىكىدىن %19.10 ئازايدى. كىشى بېشىغا 241 كىلوگرامدىن ئاشلىق توغرا كېلىپ، 1963 ـ يىلدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىگە چۈشۈپ، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن 26 كىلوگرام تۆۋەن بولدى. 1969 — 1973 ـ يىلغىچە گەرچە ئاشلىق مەھسۇلاتى ئاشقان بولسىمۇ، بىراق بۇ 5 يىلنىڭ 3 يىلىدا چىقىم يەنىلا كىرىمدىن كۆپ بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1972 ـ يىلى تەتۈر پەرق 154 مىليون كىلوگرامغا يەتتى. 1974 ـ يىلى ئاشلىق مەھسۇلاتى 2 مىليارد 588 مىليون كىلوگرامغا چۈشۈپ، كىشى بېشىغا 230 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى، بۇ 1951 ـ يىلدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيە بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن 74 كىلوگرام تۆۋەن بولدى. 1978 ـ يىلى ئاشلىق مەھسۇلاتى 3 مىليارد 700 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، 1966 ـ يىلدىكىدىن ئاشتى، لېكىن نوپۇس كۆپەيگەنلىكتىن، كىشى بېشىغا 300 كىلوگرامدىن توغرا كەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا 1966 ـ يىلدىكىدىن 97 كىلوگرام ئاز بولدى. 1968 — 1978 ـ يىلغىچە كۆپەيگەن ئومۇمىي نوپۇس 3 مىليون 611 مىڭ 700گە يېتىپ، يىلىغا ئوتتۇرىچە 328 مىڭ 300 ئادەم كۆپەيدى، نوپۇسنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كۆپىيىش نىسبىتى %3.20 بولدى، بىراق ئاشلىق مەھسۇلاتى يىلىغا ئوتتۇرىچە ئاران %2.87 كۆپەيدى. بۇ ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق ئىشلىرىدىكى ئەڭ قىيىن مەزگىل بولدى. 11 يىلدا دۆلەت سېتىۋالغان ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىلغان ئومۇمىي ئاشلىقنىڭ %20.36 (بۇنىڭ ئىچىدە 1974 ـ يىلى %15.64)نى ئىگىلىدى. ساپ سېتىۋېلىش نىسبىتى %15.66 (بۇنىڭ ئىچىدە 1974 ـ يىلى ئاران %9.51) بولۇپ، 1953 ـ يىلدىن كېيىن سېتىۋېلىش نىسبىتى ئەڭ تۆۋەن بولغان مەزگىل بولدى، بۇ مەزگىلدە يېزىلارغا قالدۇرۇلغان ئاشلىقمۇ بىر قەدەر كۆپ بولدى. تاۋار ئاشلىق كىرىم ـ چىقىمىدا 2 يىل ئوڭ پەرق، 9 يىل تەتۈر پەرق كۆرۈلۈپ، ئۆز ئارا بالانس قىلغاندىن كېيىن جەمئىي 1 مىليارد 265 مىليون كىلوگرام ئۆكسۈدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1974 ـ يىلى 303 مىليون كىلوگرام ئۆكسۈدى. 11 يىلدا ئاپتونوم رايون سىرتىدىن 1 مىليارد 152 مىليون كىلوگرام ئاشلىق ساپ يۆتكەپ كېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 1974 ـ ۋە 1975 ـ يىلى ساپ يۆتكەپ كېلىنگەن ئاشلىق 545 مىليون كىلوگرام بولۇپ، تارىختا ئەڭ كۆپ يۆتكەپ كېلىنگەن 2 يىل بولدى.

يوچۇقنى تولدۇرۇش، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن 1973 ـ يىلى تەستىقلىتىش ئارقىلىق، 30 مىليون كىلوگرام مەخسۇس زاپاس ئاشلىق ئىشلىتىلدى. ئاشلىق سېتىۋېلىشتا 1971 ـ يىلدىن باشلاپ غەللە-پاراق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى بىر بېكىتىپ 3 (5) يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك سىياسىتى ئىجرا قىلىندى. ئاشلىق سېتىشتا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ [1972] 44 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتى ئىجرا قىلىنىپ، تاۋار ئاشلىق ئىستېمال قىلىدىغان نوپۇس قاتتىق كونترول قىلىنىپ، سېتىش مىقدارى ئازايتىلدى. بۇ سىياسەت

ۋە تەدبىرلەر ئاشلىقنى كۆپ سېتىۋېلىپ، ئاز سېتىش ۋە كىرىم - چىقىم پەرقىنى ئازايتىش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىدى. بۇ مەزگىلدە دۆلەت ئاشلىق سالدۇرۇشىدا يۆتكەپ كىرگۈزۈش قوشۇمچە قىلىنغانلىقتىن، نورمال ئوبوروتقا ئاساسەن كاپالەتلىك قىلىندى، 1978 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى تاۋار ئوبوروتى 474 مىليون كىلوگرام بولۇپ، 1967 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن %19.25 تۆۋەنلىدى (جەدۋەل: 5 — 8كە قاراڭ).

مۇشۇ 11 يىلدا شىمالىي شىنجاڭدىكى ئاشلىقتا ئېشىنىدىغان سانجى ئوبلاستىدا 1968 - ۋە 1974 - يىلى تاۋار ئاشلىق كىرىم - چىقىمدا جەمئىي 77 مىليون 490 مىڭ كىلوگرام تەتۈر پەرق كۆرۈلدى، 1975 - يىلدىكىسىنى قوشقاندا سانجى ئوبلاستى 3 يىلدا سىرتتىن 25 مىليون 860 مىڭ كىلوگرام ئاشلىقنى ساپ يۆتكىدى؛ تارباغاتاي ۋىلايىتىدە 1968 - ۋە 1973 -، 1974 - يىللاردا كىرىم - چىقىمدا جەمئىي 22 مىليون 730 مىڭ كىلوگرام تەتۈر پەرق كۆرۈلدى، 1974 - يىلى سىرتتىن 15 مىليون 680 مىڭ كىلوگرام ئاشلىقنى ساپ يۆتكىدى؛ ئىلى ۋىلايىتىدە 1968 - يىلى، بورتالا ئوبلاستىدا 1968 -، 1969 - يىللىرى تاۋار ئاشلىق كىرىم - چىقىمدا تەتۈر پەرق كۆرۈلدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاشلىقتا ئېشىنىدىغان ئاقسۇ ۋىلايىتىدە 1967- يىلى كىرىم - چىقىمدا تەتۈر پەرق كۆرۈلگەندىن كېيىن، 1968 - يىلى ۋە 1972 — 1974 - يىلغىچە يەنىلا تەتۈر پەرق كۆرۈلۈپ، سالدۇرىدىكى ئاشلىقنى ئىشلەتتى. تۇرپان، پىچان، توقسۇندىن ئىبارەت بىۋاسىتە قاراشلىق 3 ناھىيىنىڭ تاۋار ئاشلىق كىرىم - چىقىمى ئېشىنىشتىن كېمىيىشكە ئۆزگەردى، 1975- يىلى 3 ناھىيە بىرلەشتۈرۈلۈپ تۇرپان ۋىلايىتى قۇرۇلدى. مەزكۇر ۋىلايەتتە 11 يىلنىڭ 6 يىلىدا ئاشلىق يېتىشمىدى، 5 يىلدا ئېشىندى، جەمئىي 37 مىليون 930 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق ئۆكسۈپ، سىرتتىن 29 مىليون 330 مىڭ كىلوگرام ئاشلىقنى ساپ يۆتكىدى. قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرى ئاشلىقى ئېشىنىدىغان رايوندىن ئاشلىقى ئۆكسۈيدىغان رايونغا ئايلىنىپ قالدى. ئاپتونوم رايون 60 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئاشلىقىنى شىمالىي شىنجاڭغا يۆتكىگەن بولسا ئەمدى شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئاشلىقىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا يۆتكەيدىغان بولدى. 1975 - يىلى بىكتۇۋەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلگىرىكى بىكتۇۋەننىڭ شىددىن يۇقىرى غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسىدىكىلەرنى دۆلەت ئوزۇقلۇق ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەيدىغان بولدى، مۇناسىپ قۇرۇلغان شىخەنزە (دەسلەپتە ۋىلايەت ئىدى) ۋە كۈيتۇڭ (ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق) شەھەرلىرى ئايرىم تەمىنلەندى، شىخەنزە شەھىرى ئاشلىقتا ئېشىندى، كۈيتۇڭ شەھىرىنىڭ ئاشلىقى يېتىشمىدى.

(2) 1979 - يىلى ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ۋە پارتىيىنىڭ يېزا ئىسلاھاتىغا ئائىت بىر قاتار سىياسەتلىرى ئىجرا قىلىنغانلىقتىن، ئاشلىق مەھسۇلاتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن %5.23 ئاشتى، 1980 -، 1981 - يىللىرى 1979 - يىلدىكى بىلەن ئاساسەن تەڭلەشتى. يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىش ھۆددىگەرلىكى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى تېزلەشتى، 1983 - يىلغا كەلگەندە، مەھسۇلات مىقدارى 4 مىليارد 513 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن %21.97 ئېشىپ، كىشى بېشىغا 338 كىلوگرامدىن ئاشلىق توغرا كەلدى. بۇ 1966 - ۋە 1964 - يىللاردىن قالسا مەھسۇلات مىقدارى ئەڭ كۆپ بولغان يىل بولدى. 1979 - يىلدىن كېيىن ئاشلىق تارماقلىرى پىلانلىق سېتىۋېلىپ، ساتقاندىن باشقا كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش - سېتىشنى يولغا قويدى. 1979 — 1983 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت تەكسە ۋە كېلىشىم باھادا سېتىۋالغان ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىلغان ئومۇمىي ئاشلىقنىڭ %26.63نى (بۇنىڭ ئىچىدە تەكسە باھادا سېتىۋالغىنى ئومۇمىي ئاشلىقنىڭ %25.13 نى ئىگىلەيدۇ) ئىگىلەپ، ساپ سېتىۋېلىش نىسبىتى %20.51كە يەتتى. بۇ، مول ھوسۇل ئېلىنغان ئەھۋال ئاستىدا، سېتىۋېلىش - قالدۇرۇش نىسبىتى بىر قەدەر مۇۋاپىق بولغان مەزگىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئۆزىنى ئوكشۇبلىشى ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون بويىچە غەللە - پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ئەڭ تۆۋەن نۇقتىسى ۋە دېھقانلارنىڭ ئاشلىق قالدۇرۇش ئۆلچىمى ئۆستۈرۈلۈپ، چارۋىچىلىق رايونلىرى ۋە ئاشلىقى يېتىشمەيدىغان باشقا دېھقانلارنى تەمىنلەش مىقدارى

كۆپەيتىلگەنلىكتىن يېزا ئىگىلىكىگە يىلىغا ئوتتۇرىچە 247 مىليون كىلوگرام ئاشلىق سېتىلدى. 1979 ـ يىلى قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرى، قىزىلسۇ ئوبلاستى سېتىۋالغاندىن كېيىن يېزىلاردا كىشى بېشىغا ساپ توغرا كەلگەن (يېزا ئىگىلىكىگە سېتىلغان ئاشلىقمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئاشلىق (ئوزۇقلۇق ئاشلىق، ئورۇق، يەم ـ خەشەكمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 267 كىلوگرام بولۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 52 كىلوگرام تۆۋەن بولدى. سىرتتىن ئاشلىق يۆتكىگەن ئەھۋالدا 1980 ـ يىلى بۇ 3 ۋىلايەت، ئوبلاستتا ئاشلىق سېتىۋالغاندىن كېيىن يېزىلاردا كىشى بېشىغا ساپ توغرا كەلگەن ئاشلىق 292 كىلوگرامغا، 1983 ـ يىلى 358 كىلوگرامغا يېتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن پەقەت 6 كىلوگرام تۆۋەن بولدى، قالدۇرۇق ئاشلىق ئىچىدە ئاق ئاشلىق نىسبىتى كۆپەيدى. 1981 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە چارۋىچىلىققا بىر تۇتاش سېتىلغان ئاشلىق (ئوزۇقلۇق ئاشلىق، يەم ـ خەشەك) ئالدىنقى يىلدىكىدىن 9 مىليون 350 مىڭ كىلوگرام كۆپەيدى. بۇ 5 يىلدا ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى تاۋار ئاشلىق كىرىم ـ چىقىمىنى بالانس قىلغاندا 4 يىلدا تەتۈر پەرق، بىر يىلدا ئوڭ پەرق كۆرۈلدى، 351 مىليون كىلوگرام ئۆكسۈدى (بۇنىڭ ئىچىدە تەكشە باھادىكىسى 294 مىليون كىلوگرام)، ئاپتونوم رايون سىرتىدىن 785 مىليون كىلوگرام (بۇنىڭ ئىچىدە تەكشە باھالىق ئاشلىق 671 مىليون كىلوگرام) ساپ يۆتكەلدى. ئالدىنقى 4 يىلدا كىرىم ـ چىقىم يوچۇقىنى تولدۇرۇش، كېيىنكى بىر يىلدا سالدۇنى كۆپەيتىش ئۈچۈن يۆتكەلدى. 1983 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر سالدۇدىكى تاۋار ئاشلىق 909 مىليون كىلوگرامغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تەكشە باھالىق ئاشلىق 851 مىليون كىلوگرام بولۇپ، 1978 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن %79.54 ئاشتى (جەدۋەل: 5 — 9غا قاراڭ).

ئاپتونوم رايون بويىچە 16 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىن مۇشۇ 5 يىلدا سانجى، ئىلى، تارباغاتاي، بورتالا، ئاقسۇ ۋە شىخەنزە قاتارلىق جايلار ئاشلىقتا ئېشىندى، قالغان جايلارنىڭ ئاشلىقى ئۆكسۈدى. 80 ـ يىللارغا كەلگەندە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتى خېلى كۆپ ئاشتى. 1983 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 5 ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ كىرىم ـ چىقىمىنى بالانس قىلغاندا، 49 مىليون 90 مىڭ كىلوگرام ئېشىنچا بولۇپ، شىمالىي شىنجاڭدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا يۆتكىلىدىغان ئاشلىق ئازايتىلدى؛ شىمالىي شىنجاڭدا ئۇزۇن مۇددەت ئاشلىق ئۆكسۈگەن ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ كىرىم ـ چىقىمدا 5 مىليون 580 مىڭ كىلوگرام ئوڭ پەرق كۆرۈلدى. تۇرپان ۋىلايىتى تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئۈزۈمچىلىك كەسپىنى نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئازايتقانلىقتىن، سىرتتىن ئاشلىق يۆتكەش مىقدارى كۆپىيىپ، ئاشلىقى ئۆكسۈيدىغان ئاساسلىق رايونغا ئايلاندى.

### 3) كىرىم ـ چىقىمدا ئېشىنچا بولۇپ، سىرتقا يۆتكەش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى

1984 — 1990 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايون تارىخىدا ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەڭ ياخشى بولدى. ئاشلىقتىن ئۈدا مول ھوسۇل ئېلىندى، 1990 ـ يىلى ئاشلىق مەھسۇلاتى 6 مىليارد 779 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، 1983 ـ يىلدىكىدىن ئاز كەم %50، يىلىغا ئوتتۇرىچە %5.96 ئاشتى، نوپۇس يىلىغا ئوتتۇرىچە %1.68 كۆپىيىپ، ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى نوپۇسنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتىدىن تېز بولدى. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق 1987 ـ يىلى 415 كىلوگرام بولسا، 1990 ـ يىلى 452 كىلوگرامغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 393 كىلوگراملىق ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن 59 كىلوگرام ئاشتى. بۇ مەزگىلدە پىلانلىق سېتىۋېلىش-سېتىش دائىرىسىنىڭ سىرتىدىكى ئاشلىقتا كۆپ يوللۇق تىجارەت يولغا قويۇلدى. دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق تارماقلىرى تەكشە باھا ۋە كېلىشىم باھادا سېتىۋالغان ئاشلىق ئېلىنغان ئومۇمىي ئاشلىقنىڭ %29.30 (بۇنىڭ ئىچىدە تەكشە باھالىق ئاشلىق ئېلىنغان ئومۇمىي ئاشلىقنىڭ %25.70)نى ئىگىلەپ، 1979 — 1983 ـ يىلغىچە بولغان يىللاردىكىدىن ئوتتۇرىچە 2.67 پىرسەنت پونكىت ئاشتى. ساپ سېتىۋېلىش نىسبىتى %25.14 بولدى، يېزا ئىگىلىكىگە سېتىلغىنى يىلىغا ئوتتۇرىچە 8 مىليون كىلوگرام كېمەيدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا كېلىشىم باھادا سېتىش مىقدارى ئاشتى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسى

ئۇسۇپ، ئاشلىق تۈرلىرىنى ئاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. بۇ 7 يىلدا ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى تاۋار ئاشلىق كىرىمى چىقىمىدىن ئېشىپ، ھەر يىلى ئوڭ پەرق كۆرۈلۈپ، جەمئىي 2 مىليارد 276 مىليون كىلوگرام (بۇنىڭ ئىچىدە، تەكشە باھالىق ئاشلىق 1 مىليارد 945 مىليون كىلوگرام) ئاشلىق ئېشىنچا بولدى، بۇ تارىختا تاۋار ئاشلىق كىرىم - چىقىمىدا ئېشىنچا بولغان ئەڭ ياخشى مەزگىل بولدى. 1985 - يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايوندا تاۋار ئاشلىقنى سىرتقا ساپ يۆتكەش ئەمەلگە كەلدى. 1984 — 1990 - يىلغىچە سىرتقا ساپ يۆتكەلگەن ئاشلىق 883 مىليون كىلوگرام بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشە باھالىق ئاشلىق 758 مىليون كىلوگرام. 1990-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر سالدۇدىكى تاۋار ئاشلىق 2 مىليارد 302 مىليون كىلوگرامغا يەتتى (يېڭىدىن ساقلانغان 768 مىليون كىلوگرام مەخسۇس زاپاس ئاشلىقمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). بۇنىڭ ئىچىدە تەكشە باھالىق سالدۇ ئاشلىق 2 مىليارد 38 مىليون كىلوگرام بولۇپ، 1983 - يىلدىكىدىن 1.4 ھەسسە ئاشتى، بۇ ئاپتونوم رايون بويىچە 21 ئايلىق سېتىش مىقدارىغا توغرا كەلدى (جەدۋەل: 5 — 10غا قاراڭ).

بۇ مەزگىلدە ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش ئەھۋالى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئاشلىق ۋەزىيىتى ۋە سودا بازىرىدىكى ئاشلىق باھاسىنىڭ تەسىرىگە چوڭراق ئۇچرىدى. 1984 — 1986 - يىلغىچە مەملىكەت بويىچە ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىندى، ئاشلىقنىڭ بازار باھاسى تۆۋەنلەپ، ئاپتونوم رايوندا بىر مەزگىل دېھقانلارنىڭ ئاشلىق سېتىشى قىيىن بولۇش، ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئاشلىق ساقلىشى قىيىن بولۇش ئەھۋالى سادىر بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە سانجى ئوبلاستى، ئىلى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدە بۇ ئەھۋال گەۋدىلىك بولدى. 1984 -، 1985 - يىللىرى ئاشلىق سالدۇسى جەمئىي 372 مىليون كىلوگرام ساپ كۆپىيىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئوخشاش مەزگىلدىكى يېڭىدىن كۆپەيگەن سالدۇنىڭ %67.76نى ئىگىلىدى. 1986 - يىلى ئاپتونوم رايون جىددىي دوكلات يوللاپ گوۋۇيۈەن رەھبەرلىرىنىڭ تەستىقىنى ئېلىپ، سىرتقا 500 مىليون كىلوگرام بۇغداي يۆتكىدى. 1988 - يىللىق يازلىق ئاشلىق سېتىۋېلىش مەزگىلىدە 10 نەچچە ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەر ئادەم ئەۋەتىپ شىنجاڭدىن كېلىشىم باھالىق ئاشلىقنى تالىشىپ سېتىۋالدى، بۇنىڭ بىلەن ئاشلىقنى ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشىغا تەسىر يەتتى، ئاپتونوم رايون كېلىشىم باھالىق ئاشلىقنى «شىنجاڭدىن چىقىرىش گۇۋاھنامىسى» ئارقىلىق يۆتكەشكە رۇخسەت قىلىشتىن ئىبارەت چەكلەش تەدبىرىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولدى. دۆلەتنىڭ تەكشە باھادا ئاشلىق سېتىۋېلىش نىسبىتى 1988-يىلى %21.90، 1989 - يىلى %21.05 بولۇپ، 1984 — 1987 - يىللىرىدىكى ئوتتۇرىچە سېتىۋېلىش نىسبىتىدىن 1988 - يىلى 4.91 پىرسەنت پوئىنتى، 1989 - يىلى 5.76 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى. ئاشلىق سېتىش جەھەتتە نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان ئوزۇقلۇق ئاشلىق 1987 - يىلدىكىگە قارىغاندا 1988 - يىلى %8.0، 1989 - يىلى %3.57 كۆپەيدى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا سېتىلغان ئاشلىق 1988 - يىلى %15.68، 1989 - يىلى %13.3 ئاشتى. بۇ 2 يىلدا تەكشە باھادا سېتىۋېلىش مىقدارى ئازايدى، سېتىش مىقدارى كۆپەيدى، سالدۇدىكى ئاشلىق 1987 - يىلدىكىدىن ئازايدى، كۆپ يوللۇق كېلىشىم باھا تىجارىتى جانلاندى.

بۇ مەزگىلدە ئامىمىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، گۈرۈچكە بولغان ئېھتىياج ئۈزلۈكسىز ئاشتى، ئاپتونوم رايون باھا پەرقىگە قوشۇمچە ياردەم بېرىش چارىسى ئارقىلىق باشقا ئۆلكىلەردىن كېلىشىم باھادا گۈرۈچ سېتىۋېلىپ، ئۇنى تەكشە باھاغا ئايلاندۇرۇپ پىلانلىق ساتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەرخىل يوللار ئارقىلىق شىنجاڭغا كېلىشىم باھالىق گۈرۈچ يۆتكەپ كېلىنىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ بازار ئېھتىياجى قاندۇرۇلدى. دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشىگە ئەگىشىپ، كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى ئېشىپ، كوممىقوناق تېرىلغۇ كۆلىمى ئازايدى، سېتىۋېلىنغان ئاشلىق ئىچىدە بۇغداينىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى كۆپەيدى، بۇنىڭ بىلەن شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىغا قارا ئاشلىقنى سەپلەپ تەمىنلەش چارىسى تەدرىجىي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1988 - يىلى ئاپتونوم رايون يەنە سىرتقا تەكشە باھادا

62 مىليون 430 مىڭ كىلوگرام كۆممىقوناق يۆتكىدى، لېكىن 1989 ـ يىلى شىمالىي شىنجاڭدا كۆممىقوناق تەمىناتىدا جىددىيلىك يۈز بەردى.

1990 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە ئاشلىق مەھسۇلاتى ئېشىپ، ئاشلىقنىڭ بازار باھاسى تۆۋەنلەپ كەتتى، ئاپتونوم رايوندا ئاشلىق مەھسۇلاتى ۋە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق تارىختا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتتى. كىشى بېشىغا توغرا كېلىش سەۋىيىسى مەملىكەت بويىچە 7 ـ ئورۇنغا، غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت بويىچە 5 ئاپتونوم رايون ئىچىدە 1 ـ ئورۇنغا ئۆتتى. دۆلەتنىڭ تەكشە باھادا ئاشلىق سېتىۋېلىش نىسبىتى %91.29كە ئۆرلىدى، گوۋۇيۈەننىڭ ئاشلىقنى ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ئورۇندالغاندىن كېيىن، ئاشلىقنى ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش باھاسىدىن يۇقىرى قوشۇمچە باھادا كەڭتاشا سېتىۋېلىپ، ئۇنى مەخسۇس زاپاس ئاشلىققا ئايلاندۇرۇش دېگەن بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا ئاساسەن، شۇ يىلى 768 مىليون كىلوگرام مەخسۇس زاپاس ئاشلىق سېتىۋېلىندى.

1984 — 1990 ـ يىلغىچە قەشقەر ۋىلايىتى ئاشلىقى ئۆكسۈيدىغان ھالەتتىن ئاشلىقتا ئېشىنىدىغان ھالەتكە ئۆتتى، 7 يىلدا سىرتقا 44 مىليون 470 مىڭ كىلوگرام ئاشلىقنى ساپ يۆتكىدى؛ ئۇزاقتىن ئاشلىقى ئۆكسۈپ سىرتتىن يۆتكەپ كېلىشكە ئېھتىياجلىق بولۇپ كەلگەن بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلدى، ئاۋار ئاشلىق كىرىم ـ چىقىمىدا 1988 ـ يىلى 5 مىليون 180 مىڭ كىلوگرام ئەتۇر پەرق كۆرۈلگەندىن باشقا، قالغان 6 يىلدا ئوڭ پەرق كۆرۈلۈپ، 7 يىلدا سىرتقا 46 مىليون 340 مىڭ كىلوگرام ئاشلىقنى ساپ يۆتكىدى. ئالتاي ۋىلايىتى 7 يىللىق كىرىم ـ چىقىمنى بالانس قىلغاندا ئېشىنىپ، سىرتقا ئازراق ئاشلىق يۆتكىدى.

## 1953 — 1990 ـ ئاشلىق يىللىرىدا شىنجاڭدىكى ئاشلىقى ئېشىنغان رايونلارنىڭ سىرتقا ئاشلىق يۆتكەش ئەھۋالى

جەدۋەل: 5 — 1    بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| تۈرى | | | ئىلى | سانجى | ئارباغاتاي | ئاقسۇ | بورتالا | قەشقەر | خوتەن | شىخەنزە |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | ئاشلىقى ئېشىنىپ سىرتقا يۆتكىگەن رايونلار | | | | | | | |
| ئېشىنغان ئاشلىق | مىقدارى | جەمئىي | 328348 | 242761 | 169564 | 88068 | 56467 | 25391 | 13185 | 10990 |
| | | تەكشە باھالىق | 319935 | 227438 | 165604 | 82346 | 55426 | 24695 | 12805 | 11073 |
| | | كېلىشىم باھالىق | 8413 | 15323 | 3960 | 5722 | 1041 | 696 | 380 | ئۆكسۈگەن 83 |
| | يىل سانى | ئېشىنغان | 36 | 35 | 32 | 32 | 34 | 22 | 23 | 11 |
| | | ئۆكسۈگەن | 2 | 3 | 6 | 6 | 4 | 16 | 151 | 5 |
| سىرتقا يۆتكەلگىنى | مىقدارى | جەمئىي | 286289 | 216591 | 151566 | 75576 | 50399 | 8355 | 4769 | 3614 |
| | | تەكشە باھالىق | 281525 | 206048 | 149674 | 70992 | 49847 | 9248 | 5166 | 4474 |
| | | كېلىشىم باھالىق | 4764 | 10543 | 1992 | 4584 | 552 | سىرتتىن يۆتكەلگەن 893 | سىرتتىن يۆتكەلگەن 397 | سىرتتىن يۆتكەلگەن 860 |
| | يىل سانى | سىرتقا يۆتكەلگەن | 38 | 35 | 35 | 37 | 35 | 23 | 15 | 10 |
| | | سىرتتىن يۆتكەپ كېلىنگەن | | 3 | 3 | 1 | 3 | 15 | 22 | 6 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاشلىق يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى سالدوز | 1953 | 2828 | 4023 | 2722 | 2998 | 702 | 4375 | 1899 | |
| | 1956 | 4016 | 3452 | 1142 | 2120 | 712 | 6959 | 1642 | |
| | 1960 | 6491 | 1542 | 2599 | 3156 | 676 | 10818 | 7683 | |
| | 1966 | 14481 | 11511 | 6189 | 5807 | 1798 | 4975 | 4741 | |
| | 1971 | 9753 | 7531 | 4285 | 5670 | 1981 | 5015 | 3182 | |
| | 1974 | 5364 | 2136 | 1617 | 2978 | 1002 | 4465 | 1873 | |
| | 1978 | 5438 | 4405 | 3523 | 5143 | 1226 | 5674 | 4610 | 1604 |
| | 1985 | 24676 | 23345 | 15862 | 9891 | 3814 | 12609 | 6021 | 4713 |
| | 1990 | 42996 | 27639 | 18974 | 13864 | 6713 | 18868 | 8930 | 7376 |

## 1953 — 1990 ـ ئاشلىق يىللىرىدا شىنجاڭدىكى ئاشلىقى ئۆكسۈگەن رايونلارنىڭ سىرتتىن ئاشلىق يۆتكەش ئەھۋالى

جەدۋەل: 5 — 2 بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| تۈرى | | | ئاشلىقى ئۆكسۈپ سىرتتىن يۆتكىگەن رايونلار | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | ئۈرۈمچى | قاراماي | قۇمۇل | تۇرپان | قىزىلسۇ | بايىنغولىن | كۆيتۇڭ | ئالتاي |
| ئۆكسۈگەن ئاشلىق | مىقدارى | جەمئىي | 569544 | 68936 | 42639 | 39574 | 31734 | 18604 | 16675 | 14323 |
| | | تەكسە باھالىق | 559377 | 67486 | 42298 | 35499 | 31616 | 19898 | 15026 | 14606 |
| | | كېلىشىم باھالىق | 10167 | 1450 | 341 | 4075 | 118 | ئېشىنغان 1294 | 1649 | ئېشىنغان 283 |
| | يىل سانى | ئېشىنغان | | | 6 | 13 | 3 | 17 | | 12 |
| | | ئۆكسۈگەن | 38 | 35 | 32 | 25 | 35 | 21 | 16 | 26 |
| سىرتتىن يۆتكىگىنى | مىقدارى | جەمئىي | 582916 | 73989 | 51655 | 44161 | 34807 | 33957 | 23460 | 24449 |
| | | تەكسە باھالىق | 570243 | 71946 | 49729 | 38800 | 34469 | 33812 | 21747 | 24047 |
| | | كېلىشىم باھالىق | 12673 | 2043 | 1926 | 5361 | 338 | 145 | 1713 | 402 |
| | يىل سانى | سىرتقا يۆتكىگەن | | | 1 | 11 | 1 | 8 | 1 | 5 |
| | | سىرتتىن يۆتكەپ كېلىنگەن | 38 | 35 | 37 | 27 | 37 | 30 | 15 | 33 |
| ئاشلىق يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى سالدوز | 1953 | | 1853 | | 875 | 797 | 166 | 905 | | 178 |
| | 1956 | | 2997 | 43 | 1365 | 596 | 488 | 843 | | 1743 |
| | 1960 | | 1491 | 206 | 394 | 345 | 1051 | 1092 | | 746 |
| | 1966 | | 9245 | 654 | 1981 | 1240 | 849 | 7432 | | 1601 |
| | 1971 | | 5929 | 1659 | 2409 | 1563 | 550 | 2155 | | 1277 |
| | 1974 | | 3462 | 1128 | 1482 | 806 | 659 | 3124 | | 759 |
| | 1978 | | 6747 | 1124 | 1385 | 1442 | 724 | 2732 | 219 | 1418 |
| | 1985 | | 11805 | 2662 | 3636 | 1856 | 2846 | 8063 | 1834 | 7721 |
| | 1990 | | 14931 | 5053 | 9517 | 5189 | 3119 | 16013 | 6785 | 10230 |

ئىزاھ: ئېشىنىش ـ كېمىيىش جەمئىيسى ئىچىدە، 1953 ـ يىلدىكىسى سېتىۋېلىنىشنى بىلەن سېتىلىشنى ۋە مالىيەدىن تەمىنلەنگەننى بالانس قىلغاندىكى سان، باشقا يىللاردىكىسى بارلىق كىرىم ـ چىقىم بالانس قىلىنغاندىن كېيىنكى سان.

## 1950 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 1952 ـ يىلغىچە شىنجاڭنىڭ تاۋار ئاشلىق كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالى

جەدۋەل: 5 — 3

بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| 1949 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىكى سالدو | ئۆلكە ئىچىدىكى كىرىم ـ چىقىم: كىرىم | | | | | سىرتتىن ساپ يۆتكەلگىنى، سىرتقا ساپ يۆتكەلگىنى | 1952 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى سالدو |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | كىرىم | | چىقىم | | كىرىم ـ چىقىم پەرقى (+، -) | | |
| | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: سېتىۋېلىنغىنى | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: سېتىلغىنى | | | |
| 3253 | 74488 | 68062 | 58950 | 22126 | +15538 | سىرتقا يۆتكەلگىنى 6396 | 12395 |

ئىزاھ: 1. ئۆلكە ئىچىدىكى كىرىم ـ چىقىم جەدۋەلدىكى سېتىۋېلىش، سېتىش، مالىيەدىن تەمىنلەش تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن باشقا، يەنە باشقا كىرىم ـ چىقىمنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. باشقا كىرىم ـ چىقىم تۈرلىرى بالانس قىلىنغاندىن كېيىن، كىرىمنىڭ چىقىمدىن ئاشقان قىسمى بىلەن سېتىۋېلىنغان قىسمىنى قوشقاندا چىققان جەمئىي كىرىمنى كۆرسىتىدۇ، چىقىمنىڭ كىرىمدىن ئاشقان قىسمى بىلەن سېتىلغان ۋە مالىيەدىن تەمىنلەنگەن قىسمىنى قوشقاندا چىققان جەمئىي چىقىمنى كۆرسىتىدۇ.

2. ئاپتونوم رايون سىرتىغا ساپ يۆتكەلگىنى ئېكسپورت قىلىنغان ئاشلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3. تۆۋەندىكى جەدۋەللەردىمۇ ئوخشاش.

## 1953 — 1959 ـ يىلغىچە شىنجاڭنىڭ تاۋار ئاشلىق كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالى

جەدۋەل: 5 — 4

بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| تۈرى / ئاشلىق يىلى | ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى كىرىم ـ چىقىم: كىرىم | | | | | ئاپتونوم رايون سىرتىغا ساپ يۆتكەلگىنى، سىرتتىن ساپ يۆتكەلگىنى | يىل ئاخىرىدىكى سالدو |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | كىرىم | | چىقىم | | كىرىم ـ چىقىم پەرقى (+، -) | | |
| | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: سېتىۋېلىنغىنى | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: سېتىلغىنى | | | |
| 1953 | 31886 | 31886 | 19745 | 11350 | +12141 | سىرتقا يۆتكەلگىنى 214 | 24322 |
| 1954 | 43066 | 42194 | 26118 | 24698 | +16948 | سىرتقا يۆتكەلگىنى 2567 | 38703 |
| 1955 | 34863 | 34863 | 32658 | 31272 | +2205 | سىرتقا يۆتكەلگىنى 3627 | 37281 |
| 1956 | 38594 | 38594 | 45722 | 44028 | −7128 | سىرتقا يۆتكەلگىنى 2065 | 28088 |
| 1957 | 47356 | 47091 | 43331 | 42570 | +4025 | | 32113 |
| 1958 | 65518 | 65518 | 51552 | 49526 | +13966 | | 46079 |
| 1959 | 84702 | 84702 | 76303 | 71310 | +8399 | | 54478 |

## 1960 — 1962 - يىلغىچە شىنجاڭنىڭ تاۋار ئاشلىق كىرىم - چىقىم ئەھۋالى

جەدۋەل: 5 — 5　　　　بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| تۈرى / ئاشلىق يىلى | ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى كىرىم - چىقىم | | | | | ئاپتونوم رايون سىرتىدىن ساپ يۆتكەلگىنى، سىرتقا ساپ يۆتكەلگىنى | يىل ئاخىرىدىكى ساالدو |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | كىرىم | | چىقىم | | كىرىم - چىقىم پەرقى (+،-) | | |
| | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: سېتىۋېلىنغىنى | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: سېتىلغىنى | | | |
| 1960 | 65201 | 65201 | 79900 | 77002 | −14699 | سىرتقا يۆتكەلگىنى 1489 | 38290 |
| 1961 | 51702 | 51702 | 60155 | 56268 | −8453 | سىرتقا يۆتكەلگىنى 1141 | 28696 |
| 1962 | 41234 | 41197 | 44679 | 43068 | −3445 | سىرتقا يۆتكەلگىنى 52 | 25199 |

## 1963 — 1967 - يىلغىچە شىنجاڭدا ۋە مەملىكەت بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق سېلىشتۇرمىسى

جەدۋەل: 5 — 6　　　　بىرلىكى: كىلوگرام

| يىللار | شىنجاڭدا | مەملىكەت بويىچە | شىنجاڭدا مەملىكەتنىڭكىگە قارىغاندا يۇقىرى (+) |
|---|---|---|---|
| 1963 | 306 | 246 | +60 |
| 1964 | 344 | 273 | +71 |
| 1965 | 332 | 268 | +64 |
| 1966 | 397 | 289 | +108 |
| 1967 | 311 | 287 | +24 |

## 1963 — 1967 - يىلغىچە شىنجاڭنىڭ تاۋار ئاشلىق كىرىم - چىقىم ئەھۋالى

جەدۋەل: 5 — 7　　　　بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| تۈرى / ئاشلىق يىلى | ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى كىرىم - چىقىم | | | | | ئاپتونوم رايون سىرتىدىن ساپ يۆتكەپ كېلىنگىنى، سىرتقا ساپ يۆتكەلگىنى | يىل ئاخىرىدىكى ساالدو |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | كىرىم | | چىقىم | | كىرىم - چىقىم پەرقى (+،-) | | |
| | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: سېتىۋېلىنغىنى | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: سېتىلغىنى | | | |
| 1963 | 57693 | 57693 | 40442 | 38239 | +17251 | سىرتقا يۆتكەلگىنى 1995 | 40455 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1964 | 75768 | 75768 | 46311 | 41568 | +29457 | سىرتقا يۆتكەلگىنى 12544 | 57358 |
| 1965 | 68296 | 68296 | 57242 | 50425 | +11054 | سىرتقا يۆتكەلگىنى 14550 | 53862 |
| 1966 | 94288 | 94288 | 62962 | 51200 | +31326 | سىرتقا يۆتكەلگىنى 15330 | 69858 |
| 1967 | 56384 | 56384 | 56212 | 51059 | +172 | سىرتقا يۆتكەلگىنى 11316 | 58714 |

## 1968 — 1978 - يىلغىچە شىنجاڭنىڭ تاۋار ئاشلىق كىرىم - چىقىم ئەھۋالى

جەدۋەل: 5 — 8  بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| تۈرى / ئاشلىق يىلى | ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى كىرىم - چىقىم | | | | | ئاپتونوم رايون سىرتىدىن ساپ يۆتكەپ كېلىنگىنى، سىرتقا ساپ يۆتكەلگىنى | يىل ئاخىرىدىكى سالدۇ |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | كىرىم | | چىقىم | | كىرىم - چىقىم پەرقى (+، —) | | |
| | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: سېتىۋېلىنغىنى | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: سېتىلغىنى | | | |
| 1968 | 33977 | 33977 | 61898 | 53715 | —27921 | سىرتقا يۆتكەلگىنى 412 | 30381 |
| 1969 | 50363 | 45340 | 55800 | 51909 | —5437 | يۆتكەپ كېلىنگىنى 3512 | 28456 |
| 1970 | 70172 | 70172 | 58643 | 50305 | +11529 | يۆتكەپ كېلىنگىنى 9927 | 49912 |
| 1971 | 65016 | 65016 | 58705 | 53947 | +6311 | سىرتقا يۆتكەلگىنى 3265 | 52958 |
| 1972 | 46215 | 46215 | 61616 | 56552 | —15401 | يۆتكەپ كېلىنگىنى 2320 | 39878 |
| 1973 | 54466 | 54466 | 64679 | 58751 | —10213 | يۆتكەپ كېلىنگىنى 4824 | 34489 |
| 1974 | 41325 | 40482 | 71623 | 65721 | —30298 | يۆتكەپ كېلىنگىنى 26664 | 30855 |
| 1975 | 67380 | 67380 | 86190 | 79264 | —18810 | يۆتكەپ كېلىنگىنى 27806 | 39851 |
| 1976 | 80899 | 80899 | 91098 | 81271 | —10199 | يۆتكەپ كېلىنگىنى 14917 | 44569 |
| 1977 | 74031 | 74031 | 95262 | 86649 | —21231 | يۆتكەپ كېلىنگىنى 14300 | 37638 |
| 1978 | 89625 | 89625 | 94447 | 87343 | —4822 | يۆتكەپ كېلىنگىنى 14599 | 47414 |

## 1979 — 1983 ـ يىلغىچە شىنجاڭنىڭ ئاۋار ئاشلىق كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالى

جەدۋەل: 5 — 9

بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| ئاشلىق يىلى / تۈرى | ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى كىرىم ـ چىقىم / كىرىم / جەمئىي / مىقدارى | ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى كىرىم ـ چىقىم / كىرىم / جەمئىي / بۇنىڭ ئىچىدە: تەكشە باھالىق | ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى كىرىم ـ چىقىم / كىرىم / جەمئىي كىرىمدىن: سېتىۋېلىنغىنى / مىقدارى | ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى كىرىم ـ چىقىم / كىرىم / جەمئىي كىرىمدىن: سېتىۋېلىنغىنى / بۇنىڭ ئىچىدە: تەكشە باھالىق | ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى كىرىم ـ چىقىم / چىقىم / جەمئىي / مىقدارى | ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى كىرىم ـ چىقىم / چىقىم / جەمئىي / بۇنىڭ ئىچىدە: تەكشە باھالىق | ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى كىرىم ـ چىقىم / چىقىم / بۇنىڭ ئىچىدە: سېتىلغىنى / كىچىك جەمئىي | ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى كىرىم ـ چىقىم / چىقىم / بۇنىڭ ئىچىدە: سېتىلغىنى / بۇنىڭ ئىچىدە: تەكشە باھالىق | ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى كىرىم ـ چىقىم / كىرىم ـ چىقىم پەرقى / جەمئىي (+، -) | ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى كىرىم ـ چىقىم / كىرىم ـ چىقىم پەرقى / بۇنىڭ ئىچىدە: تەكشە باھالىق (+، -) | ئاپتونوم رايون سىرتىدىن ساپ يۆتكەپ كېلىنگىنى، سىرتقا ساپ يۆتكەلگىنى / جەمئىي | ئاپتونوم رايون سىرتىدىن ساپ يۆتكەپ كېلىنگىنى، سىرتقا ساپ يۆتكەلگىنى / بۇنىڭ ئىچىدە: تەكشە باھالىق | يىل ئاخىرىدىكى سالدۇ / جەمئىي | يىل ئاخىرىدىكى سالدۇ / بۇنىڭ ئىچىدە: تەكشە باھالىق |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1979 | 106857 | 104046 | 104384 | 104046 | 102176 | 99867 | 93702 | 91393 | +4681 | +4179 | يۆتكەپ كېلىنگىنى: 12620 | يۆتكەپ كېلىنگىنى: 12214 | 64715 | 63807 |
| 1980 | 104310 | 99567 | 102058 | 99567 | 114195 | 108691 | 103160 | 97656 | −9885 | −9124 | يۆتكەپ كېلىنگىنى: 19459 | يۆتكەپ كېلىنگىنى: 17247 | 74289 | 71930 |
| 1981 | 103793 | 95525 | 103204 | 94936 | 115275 | 105382 | 104992 | 99867 | −11482 | −9857 | يۆتكەپ كېلىنگىنى: 11679 | يۆتكەپ كېلىنگىنى: 9746 | 74486 | 71819 |
| 1982 | 106702 | 97321 | 105041 | 95659 | 122286 | 111042 | 113244 | 105846 | −15584 | −13722 | يۆتكەپ كېلىنگىنى: 16090 | يۆتكەپ كېلىنگىنى: 13104 | 74992 | 71201 |
| 1983 | 123938 | 114144 | 123247 | 113453 | 126735 | 114999 | 119009 | 110146 | −2797 | −856 | يۆتكەپ كېلىنگىنى: 18663 | يۆتكەپ كېلىنگىنى: 14758 | 90858 | 85104 |

## 1984 — 1990 - يىلغىچە شىنجاڭنىڭ ئاۋار ئاشلىق كىرىم - چىقىم ئەھۋالى

جەدۋەل: 5 — 10

بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| تۈرى / ئاشلىق يىلى | كىرىم / جەمئىي / مىقدارى | كىرىم / جەمئىي / بۇنىڭ ئىچىدە: تەكشە باھالىق | كىرىم / جەمئىي كىرىمدىن: سېتىۋېلىنغىنى / مىقدارى | كىرىم / جەمئىي كىرىمدىن: سېتىۋېلىنغىنى / بۇنىڭ ئىچىدە: تەكشە باھالىق | چىقىم / جەمئىي / مىقدارى | چىقىم / جەمئىي / بۇنىڭ ئىچىدە: تەكشە باھالىق | چىقىم / بۇنىڭ ئىچىدە: سېتىلغىنى / كىچىك جەمئىي | چىقىم / بۇنىڭ ئىچىدە: سېتىلغىنى / بۇنىڭ ئىچىدە: تەكشە باھالىق | كىرىم - چىقىم پەرقى / جەمئىي (+، —) | كىرىم - چىقىم پەرقى / بۇنىڭ ئىچىدە: تەكشە باھالىق (+، —) | ئاپتونوم رايون سىرتىدىن ساپ يۆتكەپ كېلىنگىنى، سىرتقا ساپ يۆتكەلگىنى / جەمئىي | ئاپتونوم رايون سىرتىدىن ساپ يۆتكەپ كېلىنگىنى، سىرتقا ساپ يۆتكەلگىنى / بۇنىڭ ئىچىدە: تەكشە باھالىق | يىل ئاخىرىدىكى سالدۇ / جەمئىي | يىل ئاخىرىدىكى سالدۇ / بۇنىڭ ئىچىدە: تەكشە باھالىق |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1984 | 158321 | 148971 | 151895 | 148971 | 132447 | 120568 | 120623 | 108744 | +25875 | +28403 | يۆتكەپ كېلىنگىنى 5977 | يۆتكەپ كېلىنگىنى 2970 | 122710 | 116477 |
| 1985 | 146609 | 137440 | 145926 | 137440 | 122704 | 111006 | 114788 | 103090 | +23905 | +26434 | سىرتقا يۆتكەلگىنى 857 | سىرتقا يۆتكەلگىنى 4048 | 145758 | 138863 |
| 1986 | 155910 | 140425 | 155440 | 140425 | 137229 | 121544 | 126518 | 110833 | +18681 | +18881 | سىرتقا يۆتكەلگىنى 28037 | سىرتقا يۆتكەلگىنى 29424 | 136402 | 128320 |
| 1987 | 167060 | 142505 | 163835 | 141787 | 137722 | 117958 | 134886 | 115122 | +29338 | +24547 | سىرتقا يۆتكەلگىنى 28205 | سىرتقا يۆتكەلگىنى 25717 | 137535 | 127150 |
| 1988 | 168760 | 132754 | 165954 | 132754 | 153640 | 130021 | 147295 | 123676 | +15120 | +2733 | سىرتقا يۆتكەلگىنى 18032 | سىرتقا يۆتكەلگىنى 15025 | 134623 | 114858 |
| 1989 | 170976 | 131139 | 170107 | 131139 | 146516 | 122458 | 141178 | 117118 | +24460 | +8683 | سىرتقا يۆتكەلگىنى 6063 | سىرتقا يۆتكەلگىنى 1841 | 153020 | 121700 |
| 1990 | 229657 | 202461 | 226753 | 202461 | 139398 | 117645 | 136202 | 114449 | +90259 | +84816 | سىرتقا يۆتكەلگىنى 13049 | سىرتقا يۆتكەلگىنى 2671 | 230230 | 203845 |

# 2 §. ياغ كىرىم - چىقىمى

## 1. يېمەكلىك يېغى

### 1) ئومۇمىي كىرىم - چىقىم

1950 — 1990 - يىلغىچە شىنجاڭنىڭ ياغلىق دان، پاختا ئىشلەپچىقىرىشى تەرەققىي قىلىش، مەھسۇلاتى كېمىيىش، بىر ئىزدا توختاپ قېلىشتىن يەنە تەرەققىي قىلىشقا ئۆتۈش جەريانىنى باشتىن كەچۈردى، تاۋار ياغ كىرىم - چىقىمى ئېشىنىشتىن ئۆكسۈش ھالىتىگە، كېيىن يەنە ئېشىنىش ھالىتىگە ئۆتتى. 41 يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي ئىشلەپچىقىرىلغان ياغ (تۇرلۇك يېمەكلىك ياغلىق دان ۋە ياغقا سۇندۇرۇلغان چىگىتنىمۇ بار، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) مەھسۇلاتى 2 مىليارد 275 مىليون كىلوگرامغا يەتتى، تەكشى باھا ۋە كېلىشىم باھادا 1 مىليارد 24 مىليون كىلوگرام سېتىۋېلىنىپ، سېتىۋېلىش نىسبىتى 45.01%كە يەتتى. يېزا ئىگىلىكىگە سېتىلغان ياغنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، ساپ سېتىۋېلىش نىسبىتى 42.03% بولدى. سېتىلغان تەكشى باھالىق، ئوتتۇرا باھالىق، كېلىشىم باھالىق ياغ 835 مىليون كىلوگرام، ئېشىنغان ۋە باشقا كىرىم قىلىنغان ياغ 86 مىليون كىلوگرام بولدى. تاۋار ياغنىڭ ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى كىرىم - چىقىمىنى بالانس قىلغاندا، 29 يىل ئۇلۇك پەرق، 12 يىل تەتۈر پەرق كۆرۈلۈپ، جەمئىي 275 مىليون كىلوگرام ئېشىندى، ئاپتونوم رايون سىرتىغا ساپ يۆتكەلگەن ۋە ئېكسپورت قىلىنغان ياغ 159 مىليون كىلوگرام بولدى. 1990 - يىللىق ئاشلىق يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە سالدۇدىكى تاۋار ياغ 116 مىليون كىلوگرامغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشى باھالىق ياغ 91 مىليون كىلوگرام.

16 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىن ئىلى، تارباغاتاي، سانجى، ئاقسۇ، بورتالا، قەشقەر ۋە شىخەنزە ياغدىن ئېشىندى؛ ئالتاي، خوتەن ۋە ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق كۈيتۇڭ شەھىرى ئازراق ئېشىندى؛ ئۈرۈمچى، قاراماي شەھەرلىرى ۋە قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئۆكسىدى. ئۇنىڭدىن باشقا تۇرپان ۋىلايىتى ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستى 70 - يىللاردا ئۆزىنى تەمىنلەپ ئازراق ئېشىندى. بايىنغولىن ئوبلاستىدا 1981 - يىلدىن ئىلگىرى ئۆكسۈگەندى، 1982 - يىلدىن كېيىن ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىندى.

### 2) باسقۇچ بويىچە كىرىم - چىقىم

**(1) كىرىم - چىقىمدا قالدۇق قېلىپ، سىرتقا ئاز مىقداردا يۆتكەلدى** 1950 - يىل 1 - ئايدىن 1967 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى تاۋار ياغ كىرىمى چىقىمدىن ئېشىپ، 18 يىلنىڭ 15 يىلىدا ئۇلۇك پەرق، 3 يىلىدا تەتۈر پەرق كۆرۈلۈپ، جەمئىي 34 مىليون كىلوگرام ئېشىنچا بولدى. بۇنىڭدىن 20 مىليون 960 مىڭ كىلوگرام يۆتكەپ چىقىرىلدى ۋە ئېكسپورت قىلىندى، قالغىنى سالدۇغا تولۇقلاندى.

1950 - يىلدىن باشلاپ ياغلىق دان، پاختا ئىشلەپچىقىرىشى بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلدى، 1954 - يىلىغا قەدەر ئۆلكە بويىچە ياغ مەھسۇلاتى 18 مىليون 590 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، 1949 - يىلدىكىدىن 1 ھەسسىدىن كۆپ ئېشىپ، يىلىغا ئوتتۇرىچە 15.41% كۆپەيدى، كىشى بېشىغا 3.7 كىلوگرام ياغ توغرا كېلىپ، 1949 - يىلدىكىدىن 76.19% ئاشتى. بۇ مەزگىلدە ياغ بازاردا ئەركىن سېتىۋېلىندى ۋە سېتىلدى، ئۇنى ئاساسلىقى يەككە تىجارەتچىلەر ئېلىپ ساتتى. 1954 - يىل 10 - ئايدا جۇڭگو ياغ شىركىتى شىنجاڭ ئۆلكىلىك شىركىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ياغنى دۆلەت سېتىۋېلىپ ساتتى. تولۇقسىز ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1950 - يىل 1 - ئايدىن 1954 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئۆلكە بويىچە سودا

1956 — 1990 - يىلغىچە شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە يېمەكلىك ئېشىنىش - ئۆكسۈش ئەھۋالى

جەدۋەل: 5 — 11

بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| تۈرى | | | يېمەك ئېشىنغان (سىرتقا يۆتكىگەن) رايونلار | | | | | | | | | | يېمەك ئۆكسۈگەن (يۆتكەپ كېلىنگەن) رايونلار | | | | | ئېشىنىپ سىرتتىن يۆتكىگەن، بايىنغولىن |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | ئىلى | تارباغاتاي | سانجى | ئاقسۇ | بورتالا | قەشقەر | شىخەنزە | ئالتاي | كۆيتۇن | خوتەن | ئۈرۈمچى | قاراماي | قۇمۇل | تۇرپان | قىزىلسۇ | |
| ئېشىنىش، ئۆكسۈش ئەھۋالى | مىقدارى | جەمئىي | 13728 | 9538 | 6900 | 5150 | 3564 | 2325 | 2121 | 899 | 400 | 323 | 15204 | 1930 | 1899 | 613 | 24 | ئېشىندى 319 |
| | | تەكشە باھالىق | 12635 | 8864 | 3633 | 4498 | 3255 | 2368 | 1349 | 885 | 61 | 624 | 14314 | 1766 | 1360 | 264 | ئېشىندى 79 | ئېشىندى 36 |
| | | كېلىشىم باھالىق | 1093 | 674 | 3267 | 652 | 309 | ئۆكسۈدى 43 | 772 | 14 | 339 | ئۆكسۈدى 301 | 890 | 164 | 539 | 349 | 103 | ئېشىندى 283 |
| | يىل سانى | ئېشىندى | 29 | 31 | 24 | 34 | 27 | 27 | 13 | 9 | 9 | 22 | | | 4 | 17 | 20 | 11 |
| | | ئۆكسۈدى | 6 | 4 | 11 | 1 | 8 | 8 | 3 | 26 | 7 | 13 | 35 | 35 | 31 | 18 | 14 | 24 |
| يۆتكەش ئەھۋالى | مىقدارى | جەمئىي | 11640 | 7781 | 6109 | 4583 | 3082 | 1727 | 1639 | 275 | 278 | 61 | 15217 | 2016 | 1951 | 641 | 92 | يۆتكەپ كېلىنگىنى 156 |
| | | تەكشە باھالىق | 11053 | 7313 | 3327 | 4236 | 2837 | 1806 | 1015 | 291 | يۆتكەپ كېلىنگىنى 41 | 428 | 14183 | 1844 | 1383 | 276 | سىرتقا يۆتكىلگىنى 22 | يۆتكەپ كېلىنگىنى 224 |
| | | كېلىشىم باھالىق | 587 | 468 | 2782 | 347 | 245 | يۆتكەپ كېلىنگىنى 79 | 624 | يۆتكەپ كېلىنگىنى 16 | 319 | يۆتكەپ كېلىنگىنى 367 | 1034 | 172 | 568 | 365 | 114 | سىرتقا يۆتكىلگىنى 68 |
| | يىل سانى | سىرتقا يۆتكىلگىنى | 35 | 33 | 31 | 35 | 23 | 29 | 10 | 9 | 8 | 22 | | | | 20 | 16 | 12 |
| | | يۆتكەپ كېلىنگىنى | | 2 | 2 | | 6 | 5 | 4 | 23 | 8 | 12 | 35 | 35 | 32 | 13 | 5 | 21 |
| | | تەڭلەشكەن | | | 2 | | 6 | 1 | 2 | 3 | | 1 | | | 3 | 2 | 4 | 2 |
| ئاشلىق يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى سالدو | | 1957 | 210 | 75 | 85 | 157 | 18 | 283 | | 9 | | 44 | 139 | 5 | 18 | 50 | 18 | 61 |
| | | 1960 | 246 | 61 | 76 | 156 | 18 | 198 | | 13 | | 97 | 21 | 6 | 8 | 52 | 19 | 13 |
| | | 1966 | 249 | 80 | 116 | 237 | 19 | 169 | | 19 | | 147 | 110 | 7 | 36 | 36 | 29 | 48 |
| | | 1971 | 125 | 57 | 52 | 152 | 6 | 185 | | 11 | | 71 | 41 | 5 | 28 | 32 | 12 | 29 |
| | | 1974 | 179 | 18 | 36 | 138 | 26 | 156 | | 8 | | 37 | 133 | 4 | 21 | 41 | 22 | 35 |
| | | 1978 | 103 | 50 | 56 | 96 | 24 | 86 | 16 | 18 | 4 | 36 | 258 | 44 | 40 | 34 | 12 | 28 |
| | | 1985 | 2071 | 868 | 667 | 437 | 334 | 396 | 495 | 262 | 37 | 159 | 596 | 70 | 112 | 70 | 66 | 424 |
| | | 1990 | 3150 | 1800 | 1025 | 766 | 501 | 839 | 482 | 427 | 122 | 286 | 513 | 94 | 106 | 103 | 85 | 513 |

نازارىتىنىڭ سودا شىركەتلىرى ۋە تەمىنات - سودا كوپىراتىپى تارماقلىرى جەمئىي سېتىۋالغان ياغ 11 مىليون 400 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، بۇ ئوخشاش مەزگىلدىكى مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 15.72%ىنى ئىگىلىگەن، 9 مىليون 180 مىڭ كىلوگرام ياغ چىقىم قىلىنىپ، كىرىم - چىقىمنى بالانس قىلغاندا 2 مىليون 220 مىڭ كىلوگرام ئېشىنغان، 5 يىلدا 1 مىليون 960 مىڭ كىلوگرام ياغ ئېكسپورت قىلىنغان، باشقا ئۆلكىلەردىن 270 مىڭ كىلوگرام ياغ يۆتكەپ كېلىنگەن. 1954 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئۆلكە بويىچە سالدۇدىكى ياغ 530 مىڭ كىلوگرامغا يەتكەن.

### 1950 - يىل 1 - ئايدىن 1954 - يىلغىچە شىنجاڭنىڭ تاۋار ياغ كىرىم - چىقىم ئەھۋالى

جەدۋەل: 5 — 12 بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| 1949 - يىل 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدىكى سالدۇ | ئۆلكە ئىچىدىكى كىرىم - چىقىم | | | | | باشقا ئۆلكىلەردىن ساپ يۆتكەلگىنى (يۆتكەپ كېلىنگەن، سىرتقا يۆتكەلگەن) | 1954 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى سالدۇ |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | كىرىم | | چىقىم | | كىرىم — چىقىم پەرقى (+، —) | | |
| | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: سېتىۋېلىنغىنى | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: سېتىلغىنى | | | |
| | 1140 | 1140 | 918 | 867 | +222 | باشقا ئۆلكىلەرگە يۆتكەلگىنى 169 | 53 |

1955 - يىلدىن كېيىن ياغ مەھسۇلاتى داۋاملىق ئاشتى، 1959 - يىلى 31 مىليون 320 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، 1954 - يىلدىكىدىن 68.48% ئېشىپ، يىلىغا ئوتتۇرىچە 11% كۆپەيدى، كىشى بېشىغا 4.8 كىلوگرام ياغ توغرا كېلىپ، 1954 - يىلدىكىدىن 1.1 كىلوگرام ئاشتى. 5 يىلدا سېتىۋېلىنغان ياغ ئومۇمىي ياغ مەھسۇلاتىنىڭ 51.49%ىنى ئىگىلەپ، ساپ سېتىۋېلىش نىسبىتى 43.27%كە يەتتى. ئەينى ۋاقىتتا ئاقسۇ، گۇچۇڭ قاتارلىق بەزى ناھىيىلەر يېزىلاردا ياغلىق داننىڭ ھەممىسىنى سېتىۋالغاندىن كېيىن ياغنى قايتۇرۇپ سېتىش چارىسىنى يولغا قويغانلىقتىن، سېتىۋېلىش نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولدى، يېزا ئىگىلىكىگە قايتۇرۇپ سېتىش مىقدارىمۇ كۆپ بولدى. كېيىن بۇ چارىنى تەدرىجىي ئۆزگەرتتى. بۇ 5 يىلدا تاۋار يېغىنىڭ ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى كىرىم - چىقىمنى بالانس قىلغاندا، يىلمۇ يىل ئوڭ پەرق كۆرۈلۈپ، جەمئىي 24 مىليون 260 مىڭ كىلوگرام ئېشىنغان، 13 مىليون 290 مىڭ كىلوگرام ياغ ئېكسپورت قىلىندى ۋە سىرتقا يۆتكەلدى، قالغان قىسمى ئارقىلىق سالدۇ كۆپەيتىلدى. 1959 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە سالدۇدىكى ياغ 11 مىليون 500 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، 1954 - يىلدىكىدىن ئاز كەم 21 ھەسسە ئاشتى (جەدۋەل: 5 — 13كە قاراڭ).

بۇ مەزگىلدە ئۈرۈمچى ۋە قاراماي، قۇمۇل، قىزىلسۇ، ئالتاي قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە زاۋۇت - كان رايونلىرىنىڭ ياغقا بولغان ئېھتىياجى ئاشتى. ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە (شەھەر) لەر ۋە تارباغاتاي، قەشقەر ۋىلايەتلىرى يېغىنى ئاساسەن سىرتقا يۆتكىدى.

1960 — 1962 - يىلغىچە ياغ مەھسۇلاتى يىلمۇ يىل تۆۋەنلىدى، 1962 - يىلى 14 مىليون 970 مىڭ كىلوگرامغا چۈشۈپ، 1959 - يىلدىكىدىن 52.2% كېمەيدى، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ياغ 1950 - يىلدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىگە يەنى 2.1 كىلوگرامغا چۈشۈپ قالدى. بۇ 3 يىلدا سېتىۋېلىنغان ياغ ئومۇمىي ياغ مەھسۇلاتىنىڭ 43.02%ىنى ئىگىلەپ، ساپ سېتىۋېلىش نىسبىتى 33.09%كە، ئەڭ يۇقىرى

## 1955 — 1959 - يىلغىچە شىنجاڭنىڭ ئاۋار باغ كىرىم - چىقىم ئەھۋالى

جەدۋەل: 5 — 13　　　بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| تۈرى / ئاشلىق يىلى | ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى كىرىم - چىقىم: كىرىم: جەمئىي | كىرىم: بۇنىڭ ئىچىدە: سېتىۋېلىنغىنى | چىقىم: جەمئىي | چىقىم: بۇنىڭ ئىچىدە: سېتىلغىنى | كىرىم - چىقىم پەرقى (+،-) | ئاپتونوم رايون سىرتىغا ساپ يۆتكەلگىنى، سىرتتىن ساپ يۆتكەپ كېلىنگىنى | يىل ئاخىرىدىكى سالدۇ |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1955 | 1583 | 1064 | 427 | 427 | +1156 | سىرتقا يۆتكەلگىنى 192 | 1017 |
| 1956 | 1496 | 1196 | 1015 | 1015 | +481 | سىرتقا يۆتكەلگىنى 489 | 1009 |
| 1957 | 1562 | 1230 | 1226 | 1226 | +336 | سىرتقا يۆتكەلگىنى 172 | 1173 |
| 1958 | 1326 | 1320 | 1188 | 1188 | +138 | سىرتقا يۆتكەلگىنى 169 | 1142 |
| 1959 | 1891 | 1891 | 1576 | 1446 | +315 | سىرتقا يۆتكەلگىنى 307 | 1150 |

بولغان جايلاردا سېتىۋېلىش نىسبىتى %90.84كە يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە سېتىشنى ئورۇنلاشتۇرۇش جىددىيلىشىپ، شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ باغ تەمىنات ئۆلچىمى ئومۇميۈزلۈك تۆۋەنلىتىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ 3 يىلدىكى ئاۋار باغ كىرىم - چىقىمىنى بالانس قىلغاندا يىلمۇ يىل ئەتۇر پەرق كۆرۈلۈپ، جەمئىي 7 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام ئۆكسۈدى، ئېكسپورت قىلىنغان ۋە ئاپتونوم رايون سىرتىغا يۆتكەلگەن ئاۋار باغ 610 مىڭ كىلوگرام بولدى. 1962 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر دۆلەتنىڭ باغ سالدۇسى 3 مىليون 390 مىڭ كىلوگرام بولدى، بۇ 1955 - يىلدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ (جەدۋەل: 5 — 14كە قاراڭ). بۇ مەزگىلدە ئاساسلىق ئىشلىنىپ سىرتقا باغ يۆتكەيدىغان ئىلى، ئاقسۇ، تارباغاتاي، قەشقەر، خوتەن، سانجى، بورتالا قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا 1 ~ 3 يىلغىچە ئەتۇر پەرق كۆرۈلدى، لېكىن يەنىلا سالدۇدىكى باغنى سىرتقا يۆتكەش ئارقىلىق ئورۇنچى، قاراماي قاتارلىق سىرتتىن باغ يۆتكەپ كېلىدىغان رايونلارنى تەمىنلەشكە ئىمكانىقەدەر كاپالەتلىك قىلىندى.

## 1960 — 1962 - يىلغىچە شىنجاڭنىڭ ئاۋار باغ كىرىم - چىقىم ئەھۋالى

جەدۋەل: 5 — 14　　　بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| تۈرى / ئاشلىق يىلى | ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى كىرىم - چىقىم: كىرىم: جەمئىي | كىرىم: بۇنىڭ ئىچىدە: سېتىۋېلىنغىنى | چىقىم: جەمئىي | چىقىم: بۇنىڭ ئىچىدە: سېتىلغىنى | كىرىم - چىقىم پەرقى (+،-) | ئاپتونوم رايون سىرتىغا ساپ يۆتكەلگىنى، سىرتتىن ساپ يۆتكەپ كېلىنگىنى | يىل ئاخىرىدىكى سالدۇ |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1960 | 1236 | 1236 | 1347 | 1379 | −111 | سىرتقا يۆتكەلگىنى 55 | 984 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1961 | 651 | 651 | 1012 | 921 | −361 | سىرتقا يۆتكەلگىنى 6 | 617 |
| 1962 | 448 | 448 | 726 | 670 | −278 | | 339 |

1963 ـ يىلدىن باشلاپ ياغ مەھسۇلاتى تەدرىجىي ئاشتى، 1966 ـ يىلىغا كەلگەندە 40 مىليون 350 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، تارىختا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى، كىشى بېشىغا 4.8 كىلوگرام ياغ توغرا كېلىپ، 1962 ـ يىلدىكىدىن 2.7 كىلوگرام ئاشتى. 1967 ـ يىلى ياغ مەھسۇلاتى گەرچە 35 مىليون 470 مىڭ كىلوگرامغا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن 1962 ـ يىلدىكىدىن يەنىلا 1.37 ھەسسە ئېشىپ، 5 يىلدا يىلىغا ئوتتۇرىچە 18.83% كۆپەيدى، كىشى بېشىغا 4.1 كىلوگرام توغرا كېلىپ، 1962ـ يىلدىكىدىن 2 كىلوگرام ئاشتى. بۇ 5 يىلدا سېتىۋېلىنغان ياغ ئومۇمىي ياغ مەھسۇلاتىنىڭ 48.35%نى ئىگىلەپ، ساپ سېتىۋېلىش نىسبىتى 31.33%كە يەتتى، سېتىش مۇقىم بولدى. ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى تاۋار ياغ كىرىم-چىقىمىنى بالانس قىلغاندا، يىلمۇ يىل ئوتتۇرا ھېسابتا كۆرۈلۈپ، جەمئىي 15 مىليون 20 مىڭ كىلوگرام ئېشىنچا بولدى. ئېكسپورت قىلىنغان ۋە باشقا ئۆلكىلەرگە يۆتكەلگەن تاۋار ياغ 5 مىليون 370 مىڭ كىلوگرام (شۇ جايدا دۆلەت زاپىسىغا ئايلاندۇرۇلغان ياغمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بولدى. 1967 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە سالدۇدىكى تاۋار ياغ 13 مىليون 40 مىڭ كىلوگرام بولۇپ (دۆلەت زاپىسى يۆنىلىك سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، 1962 ـ يىلدىكىدىن 2.85 ھەسسە ئاشتى. (جەدۋەل: 5 — 15كە قاراڭ). ئاساسلىقى ئاقسۇ، ئىلى، قەشقەر، خوتەن، ئۈرۈمچى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلار ۋە تۇرپان، پىچان، توقسۇن قاتارلىق ناھىيىلەر ئېشىندى، قىزىلسۇ ئوبلاستى ئۆزىنى ئۆزى قامداش ھالىتىدىن ئېشىنىش ھالىتىگە ئۆتتى. قالغان جايلاردا ياغ يەنىلا ئۆزىنى قامدىدى.

## 1963 — 1967 ـ يىللىرىدىكى شىنجاڭنىڭ تاۋار ياغ كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالى

جەدۋەل: 5 — 15 بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| تۈرى / ئاشلىق يىلى | ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى كىرىم - چىقىم: كىرىم: جەمئىي | كىرىم: يۆنىلىك ئىچىدە: سېتىۋېلىنغىنى | چىقىم: جەمئىي | چىقىم: يۆنىلىك ئىچىدە: سېتىلغىنى | كىرىم - چىقىم پەرقى (+،-) | ئاپتونوم رايون سىرتىغا ساپ يۆتكەلگىنى، سىرتتىن ساپ يۆتكەپ كېلىنگىنى | يىل ئاخىرىدىكى سالدۇ |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1963 | 701 | 674 | 552 | 552 | +149 | سىرتقا يۆتكەلگىنى 1 | 487 |
| 1964 | 985 | 926 | 683 | 683 | +302 | سىرتقا يۆتكەلگىنى 3 | 786 |
| 1965 | 1146 | 1082 | 866 | 866 | +280 | سىرتقا يۆتكەلگىنى 13 | 1053 |
| 1966 | 1591 | 1591 | 1013 | 1004 | +578 | سىرتقا يۆتكەلگىنى 312 | 1319 |
| 1967 | 1374 | 1374 | 1181 | 1087 | +193 | سىرتقا يۆتكەلگىنى 208 | 1304 |

(2) كىرىم چىقىمغا يېتىشمەي، سىرتتىن يۆتكەپ كېلىندى. 1968 — 1978 - يىلغىچە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ تەسىرىدە ياغلىق دان، پاختا مەھسۇلاتى كېمىيىپ، بىر ئىزدا توختاپ قالدى، ياغ مەھسۇلاتى ئەڭ يۇقىرى بولغان 1973 - يىلى 40 مىليون 530 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، كىشى بېشىغا 3.7 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى، ئەڭ تۆۋەن بولغان 1969 - يىلى 28 مىليون 310 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، كىشى بېشىغا 3 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى. سېتىۋېلىنغان ياغ ئومۇمىي ياغ مەھسۇلاتىنىڭ 29.21%نى ئىگىلىدى، ساپ سېتىۋېلىش نىسبىتى 26.82% بولۇپ، ئازادلىقتىن بۇيان سېتىۋېلىش نىسبىتى ئەڭ تۆۋەن بولغان مەزگىل بولۇپ قالدى. ئاپتونوم رايون بويىچە تاۋار ياغ سېتىش جىددىيلىشىپ، تەڭپۇڭلاشتۇرۇش قىيىنغا توختىدى. ئۈرۈمچى، قاراماي قاتارلىق ياغ ئۆكسۈيدىغان رايونلار دائىم دېگۈدەك سىرتتىن ئاز - ئازدىن ياغ يۆتكەپ، ئاز - ئازدىن تەمىنلەپ تۇردى، 1976 — 1978 - يىلغىچە ئۇدا 3 يىل ئاھالىلەر ياغ بىلەن ئاي ئاتلاپ تەمىنلەندى، سانائەتكە ئىشلىتىلىدىغان ياغقا كاپالەتلىك قىلىنمىدى. ياغ بىلەن تەمىنلەشتىكى جىددىيلىكنى پەسەيتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون سىرتتىن ياغ يۆتكەپ تولۇقلىدى، يەنە ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇش، سېتىۋېلىش ۋە بازارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، شەھەر - يېزا خەلقىنى ئوت - چۆپ، ياغاچ غوللۇق ياغلىق دان زىرائەتلىرىنى تېرىشقا رىغبەتلەندۈرۈش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، تۇرمۇشقا ۋە سانائەتكە ئىشلىتىلىدىغان ياغ مەنبەسىنى كۆپەيتتى. بۇ مەزگىلدە تاۋار ياغ كىرىم - چىقىمىدا 1969 - ۋە 1971 - يىلى ئېشىنچا بولغاندىن سىرت، قالغان 9 يىلدا تەتۈر پەرق كۆرۈلدى، 11 يىلدا جەمئىي 13 مىليون 290 مىڭ كىلوگرام كېمىيىپ، ئاپتونوم رايون سىرتىدىن 9 مىليون 280 مىڭ كىلوگرام ياغ يۆتكەلدى. 1978 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە سالدۇدىكى ياغ 9 مىليون 30 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، 1967 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 30.75% ئازايدى (جەدۋەل: 5 — 16گە قاراڭ).

بۇ 11 يىلدا ئاقسۇ، ئىلى ۋىلايەتلىرى يېغىنى سىرتقا ئەڭ كۆپ يۆتكىدى؛ قەشقەر، خوتەن، سانجى، تارباغاتاي، شىخەنزە، تۇرپان، بورتالا، قىزىلسۇ قاتارلىق جايلارمۇ سىرتقا ئاز مىقداردا يۆتكىدى. ئۈرۈمچى، قۇمۇل، قارامايدىن باشقا يەنە ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق كۈيتۇڭ شەھىرىدە ياغ ئۆكسۈدى.

### 1968 — 1978 - يىلغىچە شىنجاڭنىڭ تاۋار ياغ كىرىم - چىقىم ئەھۋالى

جەدۋەل: 5 — 16     بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| تۈرى / ئاشلىق يىلى | ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى كىرىم - چىقىم | | | | | ئاپتونوم رايون سىرتىغا ساپ يۆتكەلگىنى، سىرتىدىن ساپ يۆتكەپ كېلىنگىنى | يىل ئاخىرىدىكى سالدۇ |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | كىرىم | | چىقىم | | كىرىم - چىقىم پەرقى (+، —) | | |
| | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: سېتىۋېلىنغىنى | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: سېتىلغىنى | | | |
| 1968 | 1023 | 1017 | 1091 | 1091 | −68 | سىرتقا يۆتكەلگىنى 214 | 1022 |
| 1969 | 1049 | 804 | 1019 | 1019 | +30 | سىرتقا يۆتكەلگىنى 39 | 1013 |
| 1970 | 892 | 892 | 1080 | 1022 | −188 | سىرتقا يۆتكەلگىنى 41 | 784 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1971 | 1127 | 1056 | 1090 | 1090 | +37 | سىرتقا يۆتكەلگىنى 15 | 806 |
| 1972 | 910 | 885 | 1011 | 1011 | −101 | يۆتكەپ كېلىنگىنى 27 | 732 |
| 1973 | 1045 | 1045 | 1071 | 1048 | −26 | يۆتكەپ كېلىنگىنى 315 | 1021 |
| 1974 | 808 | 773 | 1116 | 1116 | −308 | يۆتكەپ كېلىنگىنى 142 | 855 |
| 1975 | 1139 | 1064 | 1325 | 1325 | −186 | يۆتكەپ كېلىنگىنى 90 | 759 |
| 1976 | 1067 | 980 | 1320 | 1320 | −253 | يۆتكەپ كېلىنگىنى 103 | 609 |
| 1977 | 1265 | 1104 | 1383 | 1383 | −118 | يۆتكەپ كېلىنگىنى 176 | 667 |
| 1978 | 1278 | 1166 | 1426 | 1426 | −148 | يۆتكەپ كېلىنگىنى 384 | 903 |

**(3) كىرىم - چىقىمدا ئېشىنچا بولۇپ، سىرتقا يۆتكەش ئەسلىگە كەلدى** 1979 — 1990-يىلغىچە ياغلىق دان، پاختا ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋار ياغ سېتىۋېلىش ئەھۋالى تارىختا ئەڭ ياخشى بولغان مەزگىل بولدى. 1979 - يىلى ياغلىق دان، پاختىدىن مول ھوسۇل ئېلىندى، ياغ مەھسۇلاتى 46 مىليون 790 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 27.91% ئاشتى. 1980 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىشنى قوللاش ئۈچۈن، شەرقىي شىمالدىن ئاز كەم 100 توننا ئاپتاپپەرەس ئۇرۇقى يۆتكىدى، بۇ شىنجاڭنىڭ ياغ مەھسۇلاتىنى بىر قاتلاشتا مۇھىم رول ئوينىدى. 1990-يىلى ياغ مەھسۇلاتى 213 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 4.8 ھەسسە ئاشتى. 1981-يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يېغى 6 كىلوگرامغا يەتتى. 1985 — 1990-يىلغىچە 10 كىلوگرامدىن ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيەدىن ئېشىپ كەتتى.

1979 — 1990 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق تارماقلىرى تەكشى باھا ۋە كېلىشىم باھادا 758 مىليون كىلوگرام ياغ سېتىۋالدى (بۇنىڭ ئىچىدە تەكشى باھادا سېتىۋالغىنى 568 مىليون كىلوگرام)، سېتىۋېلىش نىسبىتى 50.87% (بۇنىڭ ئىچىدە تەكشى باھادا سېتىۋېلىش نىسبىتى 38.14%)، ساپ سېتىۋېلىش نىسبىتى 48.22% (بۇنىڭ ئىچىدە تەكشى باھادا ساپ سېتىۋېلىش نىسبىتى 37.18%) بولدى، سېتىۋالغاندىن كېيىن يېزىلارغا قالدۇرۇلغان ياغمۇ زور مىقداردا ئاشتى. سېتىش جەھەتتە، 1979-يىلى يېڭى ياغلىق دان ئېلىنىشتىن بۇرۇن بىر قەدەر جىددىيلىك بولۇپ، پەقەت ئاپتونوم رايون سىرتىدىن ياغ يۆتكەپ كېلىنىپ ئۈرۈمچى، قاراماي قاتارلىق شەھەرلەر ۋە قىسىملار تەمىنلەندى. يېڭى ياغلىق دان ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى، قاراماي، كۈيتۇڭ ۋە باشقا ئاساسلىق سانائەت - كان رايونلىرى ۋە ياغنى سىرتتىن يۆتكەيدىغان رايونلاردىكى ئاھالىلەرنى ياغ بىلەن نورمال تەمىنلەش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، يەنە كەم تەمىنلەنگەن قىسمى

تولۇقلاپ بېرىلدى، ساناﺋەتكە ئىشلىتىلىدىغان ياغ 1978 - يىلدىكىدىن 42.50% ئاشتى، تاۋار ياغنىڭ ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى كىرىم - چىقىمىنى بالانس قىلغاندا ئازراق ئېشىندى. 1980 - يىلغا قەدەر ئاھالىلەرنىڭ كەم تەمىنلەنگەن يېغى تولۇق قايتۇرۇلۇپ، يېمەكلىك كەسپىگە ئىشلىتىلىدىغان ياغمۇ كۆپەيتىلدى. تەكشە باھادا نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان يېغىدىن باشقا، 1981 — 1984- يىلغىچە شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئاشلىق كىنىشكىسىدىكى نورمىلىق قارا ئاشلىققا تەكشە باھالىق ياغ ئېگىشىپ سېتىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىندى. قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلار ئاھالىلەرنى كالا، قوي گۆشى بىلەن تەمىنلەش ئورنىغا ياغ بىلەن تەمىنلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت بايرىمى، باھار بايرىمى ۋە قۇربان ھېيتتا شەھەر - بازار ئاھالىلىرىگە ياغ قوشۇپ بېرىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

ياغلىق داندىن ئۇدا مول ھوسۇل ئېلىنغانلىقتىن، سېتىۋېلىش مىقدارى ئېشىپ كەتتى، قىسمەن جايلاردا «دېھقانلارنىڭ ياغلىق دان سېتىشى قىيىن بولۇش» ، «دۆلەتنىڭ ياغلىق دان ساقلىشى قىيىن بولۇش» ، «تەكشە باھالىق ياغنى سىرتقا يۆتكەش قىيىن بولۇش» ۋە ياغ زاۋۇتلىرىنىڭ باكلىرى تولۇپ كېتىپ ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىش ئەھۋالى سادىر بولدى، 1984 - يىلدىن كېيىن بۇ ئەھۋال تېخىمۇ گەۋدىلەندى. سودا مىنىستىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 1981 — 1989 - يىلغىچە تەكشە باھالىق ياغنىڭ بىر قىسمى پىلان سىرتىدا ئوتتۇرا باھاغا ئۆزگەرتىلىپ پىلانلىق سېتىلدى. كېلىشىم باھالىق ياغ تىجارىتى جانلاندى. 1979 — 1990 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق تارماقلىرى جەمئىي 574 مىليون كىلوگرام ياغ ساتتى (بۇنىڭ ئىچىدە تەكشە باھادا ساتقىنى 290 مىليون كىلوگرام، ئوتتۇرا باھادا ساتقىنى 98 مىليون 900 مىڭ كىلوگرام، كېلىشىم باھادا ساتقىنى 185 مىليون كىلوگرام) ، بۇ تارىختا ياغ ئەڭ كۆپ سېتىلغان مەزگىل بولدى.

بۇ 12 يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە تاۋار ياغ كىرىم - چىقىمىنى بالانس قىلغاندا، ھەر يىلى ئوڭ پەرق كۆرۈلۈپ، جەمئىي 255 مىليون كىلوگرام ئېشىنچا بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشە باھالىق ئېشىنچا ياغ 172 مىليون كىلوگرام. ئېكسپورت قىلىنغان ياغ 33 مىليون 910 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشە باھالىق ياغ 98.50%نى ئىگىلەيدۇ؛ ئاپتونوم رايون سىرتىغا يۆتكەلگەن ياغ 144 مىليون كىلوگرام بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشە باھادىكىسى 50%نى، كېلىشىم باھادىكىسى 50%نى ئىگىلەيدۇ؛ ئاپتونوم رايون سىرتىدىن 30 مىليون 390 مىڭ كىلوگرام ياغ يۆتكەپ كېلىندى، ئاساسلىقى خاسىڭ، كۇنجۇت يېغى قاتارلىقلار يۆتكەپ كېلىنىپ، ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشى رەتكە سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشە باھادىكىسى 52.22%نى، كېلىشىم باھادىكىسى 47.78%نى ئىگىلەيدۇ. ئېكسپورت قىلىنغان، سىرتقا يۆتكەلگەن ۋە سىرتتىن يۆتكەپ كېلىنگەن ياغنى بالانس قىلغاندا، سىرتقا 148 مىليون كىلوگرام ياغ ساپ يۆتكەلدى. 1990 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە سالدۇدىكى ياغ 116 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 11.9 ھەسسە ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشە باھالىق سالدۇ 90 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام بولۇپ (زاپاس تاۋار ياغ ساقلاش تۈزۈمى ئورنىتىلىپ يىغىدىن ساقلانغان 20 مىليون كىلوگرام زاپاس ياغمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ، 1978 - يىلنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 9 ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى، بۇ تارىختا سالدۇدىكى ياغ ئەڭ كۆپ بولغان يىل بولدى (جەدۋەل: 5 — 17گە قاراڭ) .

بۇ مەزگىلدە ئاساسلىقى ئىلى، ئاقسۇ، سانجى، تارباغاتاي، بورتالا قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلار، ئۇنىڭدىن قالسا قەشقەر ۋىلايىتى، شىخەنزە شەھىرى ياغدىن ئېشىندى؛ ئالتاي ۋىلايىتى، بايىنغولىن ئوبلاستى، كۈيتۇڭ شەھىرىنىڭ يېغى ئۆكسۈمەي ئېشىنىدىغان بولدى؛ تۇرپان ۋىلايىتى ئۈزۈمچىلىك كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ياغلىق دان تېرىلغۇ كۆلىمىنى ئازايتقانلىقتىن، يېغى ئېشىنماي ئۆكسۈيدىغان بولدى؛ خوتەن ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستى تەكشە باھالىق يېغى بىلەن ئۆزىنى تەمىنلەپ، كېلىشىم باھالىق ياغنى سىرتتىن يۆتكىدى؛ ئۈرۈمچى، قاراماي شەھىرى، قۇمۇل ۋىلايىتىدە يەنىلا ياغ ئۆكسۈدى.

## 1979 — 1990 - يىلغىچە شىنجاڭنىڭ تاۋار باغ كىرىم - چىقىم ئەھۋالى

جەدۋەل: 5 — 17

بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| تۈرى / ئاشلىق يىلى | ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى كىرىم - چىقىم | | | | | | | | | | ئاپتونوم رايون سىرتىغا ساپ يۆتكەلگىنى، سىرتتىن ساپ يۆتكەپ كېلىنگىنى | | يىل ئاخىرىدىكى سالدۇ | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | كىرىم | | | | چىقىم | | | | كىرىم - چىقىم پەرقى | | | | | |
| | جەمئىي | | بۇنىڭ ئىچىدە: سېتىۋېلىنغىنى | | جەمئىي | | بۇنىڭ ئىچىدە: سېتىلغىنى | | | | | | | |
| | مىقدارى | بۇنىڭ ئىچىدە: ئەكسە باھالىق | مىقدارى | بۇنىڭ ئىچىدە: ئەكسە باھالىق | مىقدارى | بۇنىڭ ئىچىدە: ئەكسە باھالىق | مىقدارى | بۇنىڭ ئىچىدە: ئەكسە ئوتتۇرا باھالىق | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: ئەكسە باھالىق | جەمئىي (سىرتقا يۆتكەلگىنى، سىرتتىن يۆتكەپ كېلىنگىنى) | بۇنىڭ ئىچىدە: ئەكسە باھالىق (سىرتقا يۆتكەلگىنى، سىرتتىن يۆتكەپ كېلىنگىنى) | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: ئەكسە باھالىق |
| 1979 | 1989 | 1955 | 1819 | 1816 | 1969 | 1824 | 1969 | 1824 | +20 | +131 | يۆتكەپ كېلىن- گەن 1013 | يۆتكەپ كېلىنگەن 731 | 1936 | 1765 |
| 1980 | 3000 | 2868 | 2921 | 2821 | 2218 | 1896 | 2218 | 1896 | +782 | +972 | يۆتكەپ كېلىنگەن 414 | يۆتكەپ كېلىنگەن 228 | 3132 | 2965 |
| 1981 | 4559 | 4375 | 4499 | 4375 | 3164 | 2749 | 3150 | 2734 | +1395 | +1626 | سىرتقا يۆتكەلگەن 135 | سىرتقا يۆتكەلگەن 402 | 4392 | 4189 |
| 1982 | 4709 | 4514 | 4287 | 4184 | 3887 | 3523 | 3887 | 3523 | +822 | +991 | سىرتقا يۆتكەلگەن 193 | سىرتقا يۆتكەلگەن 285 | 5021 | 4895 |
| 1983 | 4486 | 4107 | 4313 | 4107 | 3941 | 3355 | 3870 | 3284 | +545 | +752 | سىرتقا يۆتكەلگەن 924 | سىرتقا يۆتكەل- گەن 1167 | 4642 | 4480 |
| 1984 | 6129 | 5338 | 5344 | 4986 | 4970 | 3999 | 4970 | 3999 | +1159 | +1339 | سىرتقا يۆتكەل- گەن 1344 | سىرتقا يۆتكەل- گەن 1514 | 4457 | 4305 |
| 1985 | 9370 | 7520 | 8874 | 7520 | 5634 | 4357 | 5391 | 4114 | +3736 | +3163 | سىرتقا يۆتكەل- گەن 1048 | سىرتقا يۆتكەل- گەن 1006 | 7145 | 6462 |
| 1986 | 10877 | 7214 | 9771 | 7214 | 7414 | 5851 | 7282 | 5719 | +3463 | +1363 | سىرتقا يۆتكەل- گەن 3194 | سىرتقا يۆتكەل- گەن 1814 | 7414 | 6011 |
| 1987 | 10229 | 5402 | 8718 | 5402 | 6842 | 3599 | 6330 | 3087 | +3387 | +1803 | سىرتقا يۆتكەل- گەن 2774 | سىرتقا يۆتكەل- گەن 1364 | 8027 | 6450 |
| 1988 | 9358 | 3357 | 7983 | 3357 | 7759 | 4194 | 7357 | 3792 | +1599 | −837 | سىرتقا يۆتكەل- گەن 3119 | سىرتقا يۆتكەل- گەن 1257 | 6507 | 4356 |
| 1989 | 7687 | 3434 | 6700 | 3434 | 5612 | 2729 | 5373 | 2490 | +2075 | +705 | سىرتقا يۆتكەل- گەن 1114 | سىرتقا يۆتكەل- گەن 181 | 7468 | 4880 |
| 1990 | 12117 | 7641 | 10545 | 7594 | 5608 | 2456 | 5608 | 2456 | +6509 | +5185 | سىرتقا يۆتكەل- گەن 2356 | سىرتقا يۆتكەل- گەن 1015 | 11621 | 9050 |

## 2. ئىستېمال قىلىنمايدىغان ئۆسۈملۈك يېغى

ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت ئاشلىق تارماقلىرى تىجارەت قىلىدىغان ئىستېمال قىلىنمايدىغان ئۆسۈملۈك يېغى ئاساسلىقى تۇڭگۇ يېغى ۋە ئابدىمىلىك يېغىدىن ئىبارەت.

### 1) تۇڭگۇ يېغى

شىنجاڭدا تۇڭگۇ يېغى ئىشلەپچىقىرىلمىغانلىقتىن، ئاشلىق مىنىستىرلىكى (سودا مىنىستىرلىكى) سىرتتىن يۆتكەشكە ئورۇنلاشتۇردى، ئاشلىق نازارىتى (ئىدارىسى) ئەمەلىي يۆتكەپ كېلىنگەن تۇڭگۇ يېغى مىقدارىغا ئاساسەن ئۇنى ئېھتىياجلىق جايلار ۋە ئورۇنلارغا تەقسىم قىلىپ ساتتى. 50 ـ، 60 ـ يىللاردا تۇڭگۇ يېغىغا بولغان ئېھتىياج ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى، ھەربىي سانائەت، نېفىت ۋە بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئېھتىياجى ئاۋۋال ئويلىشىلغانىدى. 1955 ـ يىلى باۋجىدىن 50 مىڭ كىلوگرام تۇڭگۇ يېغى يۆتكەپ كېلىنىپ، شىنجاڭ ھەربىي رايونى قۇرۇلۇش باشقارمىسى ۋە جايلار تەمىنلەندى. 1957 ـ يىلى 30 مىڭ 500 كىلوگرام تۇڭگۇ يېغى يۆتكەلدى. 1959 — 1966 ـ يىلغىچە ئاشلىق مىنىستىرلىكى يەنە شەنشى، سىچۇەن ئۆلكىلىرىدىن شىنجاڭغا 327 مىڭ كىلوگرام تۇڭگۇ يېغى يۆتكەشنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە 1962 ـ يىلى (ئەڭ ئاز) 2000 كىلوگرام، 1966 ـ يىلى (ئەڭ كۆپ) 150 مىڭ كىلوگرام يۆتكەپ كېلىندى. 70 ـ يىللاردىن كېيىن ھەربىي سانائەت، سۇچىلىق، نېفىت، بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، تۇڭگۇ يېغىغا بولغان ئېھتىياج ئېشىپ، تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كەسكىنلەشتى. ئاپتونوم رايون 1980 ـ يىل 10 ـ ئايدا سىرتتىن 500 مىڭ كىلوگرام تۇڭگۇ يېغى يۆتكەشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تەلەپ قاندۇرۇلمىدى. كېيىن تەكشە باھادا يۆتكەپ كېلىنگەن تۇڭگۇ يېغى ئېھتىياجغا يەتمىگەنلىكتىن، كېلىشىم باھادا يۆتكەپ كېلىندى. 1984 ـ يىلدىن كېيىن تۇڭگۇ يېغىنىڭ باھاسى قويۇۋېتىلىپ، كۆپ يوللۇق تىجارەت يولغا قويۇلدى. 1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاشلىق تارماقلىرى سالدۇردىكى تۇڭگۇ يېغىنىڭ ھەممىسىنى سېتىپ تۈگەتتى.

### 2) ئابدىمىلىك (ياغ)

50 ـ، 60 ـ يىللاردا شىنجاڭدا پەقەت ئىلى قاتارلىق جايلاردا ئاز مىقداردا ئابدىمىلىك تېرىلاتتى. 1957 ـ، 1958 ـ يىللىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق تارماقلىرى 60 مىڭ كىلوگرام ئابدىمىلىك سېتىۋالدى، ئۇنى يۆتكەش، پىششىقلاپ ئىشلەش ھەمدە ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىق ئورۇنلارنى تەمىنلەشنى ئاشلىق نازارىتى بىر تۇتاش ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇردى. 1962 ـ يىلدىن كېيىن خىمىيە، مېتاللۇرگىيە ماشىنىسازلىق ۋە ئېلېكترون ئۈسكۈنىلىرى، توقۇمىچىلىق، بوياقچىلىق سانائىتى تەرەققىي قىلغانلىقتىن، ئاپتونوم رايوندا ئابدىمىلىك يېغىغا بولغان ئېھتىياج ئېشىپ، سىرتتىن 20 مىڭ كىلوگرام ئابدىمىلىك يېغى يۆتكەپ كېلىندى. 1972 ـ يىل 11 ـ ئايدىن كېيىن جايلار ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى ئىجرا قىلىپ، تۇرالغۇ ئۆينىڭ ئالدى كەينىلىرىگە، ئېتىز ياقىلىرى، بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلارغا ئابدىمىلىك تېرىدى، ئاشلىق تارماقلىرى ئابدىمىلىكنى سېتىۋېلىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسى، ئاشلىق ئىدارىسى 1975 ـ يىل 3 ـ ئايدا جايلارغا پايدىلىنىشقا بولىدىغان بارلىق بوش يەرلەرگە ئابدىمىلىك تېرىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش چىقاردى. 1976 ـ ۋە 1979 ـ يىللىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئابدىمىلىكنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى 2 قېتىم ئۆستۈرۈلدى. 1980 ـ يىل 3 ـ ئايدا ئاشلىق مىنىستىرلىكىدىن 500 مىڭ كىلوگرام ئابدىمىلىك يېغى يۆتكەپ بېرىش تەلەپ قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن مەملىكەت بويىچە ياغ مەنبەسى جىددىي بولغانلىقتىن، تەلەپ تولۇق ئەمەلگە ئاشمىدى. ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار جايلارغا ئابدىمىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، جايلار سىرتقا ئابدىمىلىك يۆتكىسە %40 ياغقا سۇندۇرۇش بويىچە يېمەكلىك ياغ يۆتكەش ۋەزىپىسىگە كىرگۈزۈش، يېغى ئۆكسۈيدىغان رايونلار سىرتقا ئابدىمىلىك يۆتكىسە ئۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا

سىرتتىن يېمەكلىك ياغ يۆتكەش مەقسىدە قايتا ئۇقتۇرۇش چىقاردى. سانائەتكە ئىشلىتىلىدىغان ئابدىمىلىك يېغىغا بولغان ئېھتىياجنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق ياغ شىركىتى جايلاردىكى ئابدىمىلىكنى يىغىپ، سانجى ئوبلاستلىق ياغ زاۋۇتى ۋە ئۈرۈمچى ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتىنىڭ ياغ تارتىش سېخىدا پىششىقلاپ جايلارنى تەمىنلىدى. 1980 - يىلدىن باشلاپ كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىپ، سېتىش يولغا قويۇلدى. 1984 - يىلدىن كېيىن ئابدىمىلىك تىجارىتى قويۇۋېتىلدى. ئابدىمىلىك مەھسۇلاتى تەدرىجىي ئېشىپ سېتىۋېلىش مىقدارى كۆپەيدى. 1986 ~ 1990 - يىللىرى ئاپتونوم رايون بويىچە سىرتقا ساپ يۆتكەلگەن ئابدىمىلىك 1 مىليون 70 مىڭ كىلوگرام، ئابدىمىلىك يېغى 240 مىڭ كىلوگرام بولدى، 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر سالدۇدىكى ئابدىمىلىك 550 مىڭ كىلوگرامغا، ئابدىمىلىك يېغى 170 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى.

### 1986 — 1990 - يىللىرى شىنجاڭدىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئىستېمال قىلىنمايدىغان ياغنى سېتىش - سېتىۋېلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 5 — 18 بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| خىلى | تۈرى / ئاشلىق يىلى | كىرىم: جەمئى | كىرىم: بازاردىن سېتىۋېلىنغىنى | كىرىم: يۆتكەپ كېلىنگىنى | كىرىم: پىششىقلاشتا يىغىۋېلىنغىنى | كىرىم: باشقا كىرىم | چىقىم: جەمئى | چىقىم: سېتىلغىنى | چىقىم: سىرتقا يۆتكەلگىنى | چىقىم: پىششىقلاشتا چىقىم قىلىنغىنى | چىقىم: باشقا چىقىم | يىل ئاخىرىدىكى سالدۇ |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تۆڭگۈز يېغى | 1986 | 5 | | 5 | | | 29 | 29 | | | | 17 |
| | 1987 | 29 | | 28 | | 1 | 43 | 43 | | | | 3 |
| | 1988 | 36 | 12 | 24 | | | 35 | 35 | | | | 4 |
| | 1989 | 36 | 13 | 20 | | 3 | 30 | 30 | | | | 10 |
| | 1990 | | | | | | 10 | 10 | | | | |
| ئابدىمىلىك | 1986 | 17 | 11 | 1 | | 5 | 17 | 4 | 6 | 7 | | 6 |
| | 1987 | 9 | 2 | | | 7 | 13 | 3 | 1 | 9 | | 2 |
| | 1988 | 20 | 15 | 1 | | 4 | 16 | 9 | 7 | | | 6 |
| | 1989 | 309 | 305 | 4 | | | 263 | 23 | 72 | 166 | 2 | 52 |
| | 1990 | 55 | 51 | | | 4 | 52 | 12 | 27 | | 13 | 55 |
| ئابدىمىلىك يېغى | 1986 | 2 | | | 2 | | 3 | 3 | | | | 5 |
| | 1987 | 5 | | | 5 | | 7 | 7 | | | | 3 |
| | 1988 | | | | | | | | | | | 3 |
| | 1989 | 187 | | 122 | 65 | | 113 | 33 | 80 | | | 77 |
| | 1990 | 18 | 13 | | | 5 | 78 | 12 | 66 | | | 17 |

ئىزاھ: 1985 - يىل ئاخىرىدىكى سالدۇ: تۆڭگۈز يېغى 413 مىڭ 500 كىلوگرام، ئابدىمىلىك 60 مىڭ كىلوگرام، ئابدىمىلىك يېغى 60 مىڭ كىلوگرام.

## 3) باشقىلار

تۆڭگۈز يېغى ۋە ئابدىمىلىك يېغىدىن باشقا 1985 - يىلى ئاپتونوم رايون يەنە باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىن چوكا دەرەخ يېغى يۆتكىدى، 1986 - يىلى قېپقالغان 40 مىڭ كىلوگرام چوكا دەرەخ يېغىنىڭ ھەممىسىنى سېتىپ تۈگەتتى.

# II باب

# ئاشلىق، ياغ تاۋار ئوبوروت پىلانى ۋە ستاتىستىكىسى

## 1 § . ئاشلىق، ياغ تاۋار ئوبوروت پىلانى

ئاشلىق، ياغ تاۋار ئوبوروت پىلانى — خەلق ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال تەڭپۇڭلاشتۇرۇش پىلانىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا تۈرلۈك ئاشلىق، ياغ كەسپىي خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم ئاساسى. ئاشلىق — ياغ ئىشلەپچىقىرىشى، ئىستېمالى شۇنىڭدەك تەبىئىي ئاپەت ۋە رايونلار تەڭپۇڭلۇقى قاتارلىق ئامىللار پىلان تۈزۈشتە تايىنىدىغان ئاساسلاردۇر.

### 1. پىلانلىق باشقۇرۇش

1950 — 1952 ـ يىلغىچە شىنجاڭنىڭ غەللە ـ پاراق يىغىۋېلىش ۋە ھەربىي ئاشلىق چىقىم قىلىش، يۆتكەش پىلانىنى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى قارمىقىدىكى ئاشلىق ئىدارىسى تۈزۈپ، غەربىي شىمال ئاشلىق ئىدارىسى تەستىقلاپ چۈشۈرگەندىن كېيىن ئىجرا قىلدى. بازاردا ئاشلىق، ياغ ئەركىن سېتىۋېلىندى ۋە سېتىلدى.

1953 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 1954 ـ يىلغىچە ئۆلكىلىك ئاشلىق نازارىتى ئاشلىق مىنىستىرلىكى تارقاتقان «دۆلەت ئاشلىق پىلانىنى ۋاقىتلىق يولغا قويۇش جەدۋىلى» ۋە ئۇنى تۈزۈش تەلىپىگە ئاساسەن، دۆلەت ئاشلىق ئوبوروت پىلان، كۆرسەتكۈچ جۈملىدىن غەللە ـ پاراق ئېلىش، سېتىۋېلىش، سېتىش، مالىيەدىن تەمىنلەش، ئېكسپورتنى تەمىنلەش، دۆلەت زاپاس ئاشلىقى، پىششىقلاش، يۆتكەش، ھاۋالە قىلىپ سېتىۋېلىش- سېتىش قاتارلىقلارنى تۈزۈپ يوللاپ، غەربىي شىمال ئاشلىق ئىدارىسىگە تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئىجرا قىلىشقا چۈشۈردى. ياغ تاۋار ئوبوروت پىلانىنى 1954 ـ يىل 10 ـ ئايدىن كېيىن ئۆلكىلىك ياغ شىركىتى تۈزۈپ يوللاپ، جۇڭگو ياغ شىركىتى تەستىقلاپ چۈشۈرگەندىن كېيىن ئىجرا قىلدى. 1954ـ يىل 11 ـ ئايدىن كېيىن ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىدىغان ناھىيە (شەھەر) لەردە بىر مەزگىل قىچا، زىغىر، ئاپتاپپەرەس، چىگىت ۋە شۇلاردىن ئىشلەپچىقىرىلغان ياغ ۋە كۈنجۈت يېغىنى پىلانلىق باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. 1955 ـ يىل 6 ـ ئايدا ئۆلكىلىك ياغ شىركىتى ياغ تاۋار ئوبوروت پىلانى جەدۋىلىنى تارقاتتى ۋە جايلاردىن يىللىق، پەسىللىك جەدۋەلنىڭ بىردەك بولۇشىنى ھەمدە پىلاننىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى ۋاقتىدا يوللاشنى تەلەپ قىلدى. 1956 ـ يىلى ئاشلىق نازارىتى ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ «دۆلەت ئاشلىق ئوبوروت پىلانىنى تۈزۈشكە ئالاقىدار بىر قانچە بەلگىلىمە ۋە دۆلەت ئاشلىق ئوبوروت پىلانى جەدۋىلى» دىكى تەلەپ بويىچە، ئاشلىق يىلى، كالېندار يىلى ۋە پەسىل بويىچە پىلان تۈزدى. 8 ـ ئايدا ياغ (ياغلىق دان) ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ بىر تۇتاش تىجارەت قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى، خاسلىقى تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى قورۇق مېۋە سۈپىتىدە ساتتى. 1957.

يىلى ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ «ياغ ئاۋار ئوبوروت پىلانىنى تۈزۈش چارىسى ھەققىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمە» سى ۋە ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئاشلىق، ياغ پىلانى بىر تۇتاش تۈزۈپ يوللاندى. ئاشلىق نازارىتى ئاشلىق مىنىستىرلىكى چۈشۈرگەن ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش، سېتىش، يۆتكەش پىلانىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون ئىچىدە رايونلار بويىچە سېتىۋېلىش، سېتىش، يۆتكەش پىلانىنى تۈزۈپ، ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق رەسمىي ئىجرا قىلدى. 7 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ، سېتىش يولغا قويۇلۇپ، ئاشلىق سودا بازىرى تاقالدى. 10 ـ ئايدا زىغىر، قىچا، ئاپتاپپەرەس، زاراڭزا قاتارلىق ياغلىق دان زىرائەتلىرىنى ئاشلىققا ئوخشاش بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ، سېتىش يولغا قويۇلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئاشلىقنى پىلانلىق باشقۇرۇشنىڭ دۆلەت بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، دەرىجە بويىچە باشقۇرۇشتىن ئىبارەت تۈزۈلمىسى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى.

1958 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى شىنجاڭنىڭ «ئاشلىق، ياغ ھۆددىگەرلىكىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى»نى ئېلان قىلىپ، ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش ـ سېتىشنى دەرىجىمۇ دەرىجە پەرق سومما بويىچە باشقۇرۇشنى، يۆتكەشنى ھۆددىگە بېرىپ، ئۇنى 3 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىكنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى. 1959 ـ يىل 6 ـ ئايدا مەركەزنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، پەرق سومما بويىچە ھۆددىگە بېرىشنى 3 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك بىر يىلدا بىر بېكىتىشكە ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى چېگىت بىر تۇتاش سېتىۋېلىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلۈپ، ياغ بىلەن نورىسلىق تەمىنلەش ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى.

1960 ـ يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق نازارىتى تۈزگەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاشلىق سىستېمىسىنىڭ ئاشلىق، ياغ ئاۋار ئوبوروت پىلانىنى تۈزۈش چارىسى» ئىجرا قىلىنىپ، سېتىۋېلىش ـ سېتىش، يۆتكەش پىلانى دەرىجىمۇ دەرىجە ئاشلىق يىلى، كالېندار يىلى ۋە پەسىل بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم تۈزۈلدى. 1960 ـ يىل 9 ـ ئايدا خاسلىق ياغلىق دان سۈپىتىدە ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ تىجارەت قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

مەركەزنىڭ قارارىغا ئاساسەن، 1962 ـ ئاشلىق يىلىدىن باشلاپ پەرق سومما بويىچە ھۆددىگە بېرىپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، سېتىش، بىر تۇتاش يۆتكەپ باشقۇرۇش (كېيىن يەنە بىر تۇتاش ساقلاش قوشۇلدى) تۈزۈلمىسىگە ئۆزگەرتىلدى. ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەش جىددىي بولغانلىقتىن، شۇ يىلى 8 ـ ئايدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە سېتىشنى خام چوت، نەقچوت قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، بۇنىڭدا سېتىش پىلانى پەسىل، ئاي بويىچە تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە تۈزۈپ يوللىنىدىغان، ئاندىن كۆرسەتكۈچ يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بېكىتىلىپ، ئاي ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئىجراسى دەرىجىمۇ دەرىجە تەكشۈرۈلىدىغان ۋە يۇقىرىغا مەلۇم قىلىپ ھېسابتىن كۆرۈلىدىغان بولدى. بۇ تۈزۈم ئاشلىق، ياغ ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ ئىجرا قىلىشتىن تەدرىجىي توختىتىلدى. 1963 ـ يىلدىن كېيىن ئاشلىق، ياغ قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى ئاشلىق، ياغقا ئوخشاش باشقۇرۇلدى.

1965 ـ يىلى دۆلەت پىلان كومىتېتى سىستېمىسى ئاشلىق سېتىۋېلىش، سېتىش، يۆتكەش پىلانىنى رەسمىي تۈزدى. 1966 ـ يىلدىن كېيىن ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ بەلگىلىمىسى ئىجرا قىلىنىپ، ياغ پىلانى ئەتىيازدا بېكىتىلىپ كۈزدە تەڭشەلدى. تەپسىلىي چارە مۇنداق بولدى: ھەر يىلى 8 — 9 ـ ئايلاردا ئاشلىق نازارىتى كېلەر يىللىق پىلان ھەققىدىكى پىكرىنى ئاشلىق مىنىستىرلىكىگە يوللىدى، 11 — 12 ـ ئايلاردا ئاشلىق مىنىستىرلىكى پىلاننى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ دەسلەپكى پىكرىنى تۆۋەنگە چۈشۈردى، ئاشلىق نازارىتى بۇنىڭغا ئاساسەن ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق كومىتېتىدىن يوليورۇق سوراپ ماقۇللۇق ئالغاندىن كېيىن، شۇ يىلى 1 ـ ئايدا ئاشلىق مىنىستىرلىكىگە رەسمىي پىلانىنى يوللىدى، ئاشلىق مىنىستىرلىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ پىلانىنى ھەر تەرەپلىمە تەڭپۇڭلاشتۇرغاندىن كېيىن، گوۋۇيۈەنگە

تەستىقلىتىپ جايلارنىڭ ئىجرا قىلىشىغا چۈشۈرۈپ بەردى، 8 — 9 - ئايلاردا پىلاننى تەڭشەش پىكرى يۇقىرىغا يوللاندى، ئاشلىق مىنىستىرلىكى تەكشۈرۈپ گوۋۇيۈەنگە تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئىجرا قىلىشقا چۈشۈرۈپ بەردى. 1966 - يىلى ئاپتاپپەرەس ۋە خاسىڭ قۇرۇق مېۋە سۈپىتىدە تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1972 - يىلدىن باشلاپ ئاپتاپپەرەس دۆلەتنىڭ ياغلىق دانىنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، ئابدىمىلىك 1974 - يىلدىن باشلاپ ياغ پىلانىغا كىرگۈزۈلدى.

1974 - يىلدىن باشلاپ ش ئۇ ئا ر بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى تۈزۈپ تارقاتقان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاشلىق، ياغدىن پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش، سېتىش، يۆتكەش پىلانىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» ئىجرا قىلىندى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ھەر يىلى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن بۇرۇن شۇ جايدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە پىلان كومىتېتىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈلگەن كېلەر يىللىق ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش - سېتىش، يۆتكەش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى بۇ لايىھەلەرنى جەملەپ تەڭپۇڭلاشتۇردى ھەمدە ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت قوشۇلغاندىن كېيىن ئاشلىق (سودا) مىنىستىرلىكىگە يوللىدى. دۆلەت ئاشلىق، ياغ پىلانىنى رەسمىي چۈشۈرگەندىن كېيىن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر بويىچە تەكلىپ پىلانىنى تۈزۈپ، ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللىدى، ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ياكى ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى ئىجرا قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى. ئەگەر ئالاھىدە ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ، سېتىش كۆرسەتكۈچىنى ۋاقىتلىق كۆتۈرۈشكە، سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى چۈشۈرۈشكە ياكى يۆتكەش پىلانىنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلسە، تەستىقتىن ئۆتكۈزۈش شەرت قىلىندى. جايلارنىڭ تەڭشەش پىلانىنى يۇقىرىغا يوللاش ۋاقتى شۇ پىلان يىلى 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن بولدى، يوللاش تەرتىپى يۇقىرىقىغا ئوخشاش بولدى، پىلان ۋە تەڭشەلگەن پىلان دەرىجە بويىچە ئاساسىي قاتلامغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. جايلارنىڭ پىلاننى ئىجرا قىلىشقا شۇ جايدىكى پارتكوم، ھۆكۈمەت ئاساسلىق مەسئۇل بولدى، ئاشلىق تارماقلىرى كونكرېت يولغا قويدى، چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت بىر تەرەپ قىلدى. بۇ بەلگىلىمە 1986- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىجرا قىلىندى. 1976 - يىلى خاسىڭ يەنە بىر تۇتاش سېتىۋېلىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى.

1979 - يىل 1 - ئايدىن كېيىن ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاشلىق - ياغ بازار سودىسى قويۇۋېتىلدى، دۆلەتنىڭ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ئورۇندالغاندىن كېيىنكى ئاشلىق، ياغنى ئاشلىق تارماقلىرى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىپ، كېلىشىم باھادا ساتتى. 1984 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئىچىملىك، ھاراققا ئىشلىتىلىدىغان ئاشلىق كېلىشىم باھادا تەمىنلەندى، 1985 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ سانائەتكە ئىشلىتىلىدىغان ئاشلىق تەكشى باھادا تەمىنلىمەي، كېلىشىم باھادا سېتىلىدىغان بولدى. شۇ يىلى ئالدى - كەينى بولۇپ ماش، قىزىل پۇرچاق، باقلا، چار پۇرچاق، نوقۇت، قوناق، ئارپا قاتارلىق ئۇششاق دانلىق قارا ئاشلىقلار بىر تۇتاش سېتىۋېلىش دائىرىسىدىن چىقىرىپ تاشلاندى. شۇ يىلى 4 - ئايدا مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسەن، ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش توختام بويىچە ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىشقا ئۆزگەرتىلدى. بۇغداي، گۈرۈچ (شال)، كوممىقوناق قاتارلىق تۈرلەر ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىندى.

1986 - يىلى مەركەز ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەرگە قارىتا ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش، يۆتكەش پىلانىنى ھۆددىگە بېرىشنى يولغا قويۇپ، مۇنۇلارنى ئېنىق بەلگىلىدى: توختام بويىچە ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش پىلانى سېتىشنى ھۆددىگە بېرىش پەرق سوممىسىدىن كىچىك بولسا، مەركەز مالىيەسىدىن تەكشى باھانى كېلىشىم باھاغا ئايلاندۇرغاندىكى باھا پەرقىگە ياردەم بېرىدۇ؛ پىلاندىكىدىن ئارتۇق سېتىۋېلىپ ئاز ساتقان بولسا، ئارتۇق قىسمى يەرلىكتە تەۋە بولىدۇ، ئاز سېتىۋېلىپ كۆپ ساتسا ئۇنىڭ ئورنىنى يەرلىك مالىيە

كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىپ تولۇقلايدۇ. 1987 - يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايون مەركەزنىڭ ئۈلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارغا ھۆددىگە بېرىش چارىسى بويىچە، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش، يۆتكەش پىلانىنى ھۆددىگە بېرىشنى يولغا قويدى.

1988 — 1990 - يىللىرىچە مەركەز ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارغا ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش، يۆتكەش پىلانىنى 3 يىللىق ھۆددىگە بېرىپ، بىر يىلدا بىر قېتىم راسچوت قىلىش، 3 يىلدا بىر ئۈزۈل ھېسابات قىلىشنى يولغا قويدى، سېتىۋېلىش كۆرسەتكۈچىنى 3 يىلغىچە ئۆزگەرتمىدى، غەيرىي يېزا ئىگىلىكىگە سېتىشنى ئالدىنقى يىلدىكى ئاساستا %1.5 كۆپەيتتى. ھۆددىگە بەرگەن مەزگىلدە، ئارتۇق سېتىۋېلىپ ئاز ساتقان بولسا، قېپقالغان قىسمى يەرلىكنىڭ ئىلكىدە بولدى، ئاز سېتىۋېلىپ كۆپ ساتقان بولسا، ئۇنىڭ ئورنىنى يەرلىك مالىيە كېلىشىم باھادا ئاشلىق سېتىۋېلىپ تولۇقلىدى. ئاپتونوم رايونىمىز مەركەزنىڭ ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارغا قارىتا يولغا قويغان ھۆددىگەرلىك چارىسىگە ئاساسەن، ۋىلايەت، شەھەر، ئاپتونوم ئوبلاستلارغا 3 يىللىق ھۆددىگە بېرىشنى يولغا قويدى.

## 2. ئاساسلىق پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى

### 1) قىسقا مۇددەتلىك پىلان

**(1) يىللىق پىلان** 1950 — 1990 - يىللىرىچە ھەر يىلى يىللىق پىلان تۈزۈلۈپ ۋە ئىجرا قىلىنىپ، بىر قانچە قېتىم تەكشۈرۈلدى.

**1950 — 1952 - يىللىرىچە شىنجاڭنىڭ غەللە - پاراق ئېلىش پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 5 — 19 بىرلىكى: تۈمەن كىلوگىرام

| تۈرى / يىل | غەللە - پاراق پىلانى | ئەمەلىي ئورۇندالغىنى | پىلاندا ئېگىلىگىنى (%) |
|---|---|---|---|
| 1950 | 8930 | 10000 | 111.98 |
| 1951 | 9160 | 15127 | 165.14 |
| 1952 | 12240 | 10733 | 87.69 |

ئىزاھ: جەدۋەلدىكى سانلار ش ئۇ ئا ر مالىيە نازارىتى تەمىنلىگەن.

1953 - يىلدىن باشلاپ ئاشلىق تاۋار ئوبوروت پىلانى دۆلەت پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. 3 - ئايدا ئۆلكىلىك 1 - نۆۋەتلىك ئاشلىق خىزمىتى يىغىنىدا ئاشلىق تىجارەت لايىھىسى بېكىتىلدى. بۇ شىنجاڭنىڭ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن كۆرسەتكۈچى بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان ئاشلىق تاۋار ئوبوروت پىلانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پىلان غەللە - پاراق ئېلىش، سېتىۋېلىش، سېتىشتىن ئىبارەت 10دىن ئارتۇق كۆرسەتكۈچنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئاشلىق يىلى شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن كېيىنكى يىلى 6 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ھېسابلاندى.

1955 - يىلى ئۆلكىلىك باغ شىركىتى ئۆلكە بويىچە باغ يىلى (شۇ يىلى 10 - ئايدىن كېيىنكى يىلى 9 - ئايغىچە) دا 7 مىليون 810 مىڭ كىلوگىرام باغ سېتىۋېلىش، 3 مىليون كىلوگىرام سېتىش پىلانىنى چۈشۈردى. ئەمەلىيەتتە سېتىۋېلىنغان باغ 10 مىليون 720 مىڭ كىلوگىرام بولۇپ، پىلانىنىڭ %137.26 نى، سېتىلغان سۈ يېغى 6 مىليون 360 مىڭ كىلوگىرام بولۇپ، پىلانىنىڭ %212نى ئىگىلىدى.

## شىنجاڭنىڭ 1953 - يىللىق ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 5 — 20 بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| تۈرى / ئاشلىق تۈرى | غەللە - پاراق | | سېتىۋېلىنغىنى | | سېتىلغىنى | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | پىلان | ئەمەلىي ئورۇندالغىنى | پىلان | ئەمەلىي ئورۇندالغىنى | پىلان | ئەمەلىي ئورۇندالغىنى |
| جەمئىي | 10757 | 12443 | 19500 | 21489 | 9000 | 14845 |
| بۇغداي | 7681 | 10149 | 13408 | 12810 | 7386 | 9664 |
| گۈرۈچ | 395 | 471 | 1588 | 1692 | 414 | 1061 |
| قارا ئاشلىق | 2680 | 1823 | 4504 | 6987 | 1200 | 4120 |

1955 -، 1956 - يىللىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىندى. ئەسلىدە كۆپ سېتىۋېلىپ، ئاز سېتىپ، سالدۇنى كۆپەيتىشكە تېگىشلىك بولسىمۇ، لېكىن باشقۇرۇش ياخشى بولماسلىق قاتارلىق كۆپ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئەمەلىيەتتە ئۇدا 2 يىل سالدۇدىكى ئاشلىق چىقىم قىلىندى. 1955-يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن كېيىنكى يىلى 6 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بولغان كونا ئاشلىق يىلىدا ئاشلىق سېتىۋېلىش پىلانىنىڭ %82.88ىلا ئورۇندالدى، سېتىش نىسبىتى %34.38تىن ئېشىپ كېتىپ، شۇ يىلى سالدۇدىكى ئاشلىق ئالدىنقى يىلدىكىدىن 86 مىليون 650 مىڭ كىلوگرام ئازايدى؛ 1956 - يىلى سېتىۋېلىش پىلانىنىڭ پەقەت %34.86ىلا ئورۇندىلىپ، سېتىش نىسبىتى پىلاندىكىدىن يەنە %18.03 ئېشىپ كېتىپ، سالدۇدىكى ئاشلىق يەنە ئالدىنقى يىلدىكىدىن 84 مىليون 450 مىڭ كىلوگرام ئازايدى. مول ھوسۇل ئېلىنغان ئەھۋالدا ئۇدا 2 يىل سالدۇدىكى ئاشلىقنى چىقىم قىلىش ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش سىياسىتى ۋە چارىسىنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان يېڭى ئەھۋالغا ماس كەلمىگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. 1957 - يىلى ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىش يولغا قويۇلدى، شۇ يىلى 12 - ئايدا ياغ يىلى بىلەن ئاشلىق يىلى ئوخشاش قىلىندى.

1959 — 1960 - يىللىرى «مۇبالىغىچىلىك شامىلى»نىڭ تەسىرىدە ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانى ۋە مەھسۇلاتى زىيادە يۇقىرى مۆلچەرلەندى، ئۇنىڭغا ماس ھالدا سېتىۋېلىش پىلانىمۇ زىيادە بېكىتىلدى. 1959 - يىلى ئاپتونوم رايون جايلارغا 1 مىليارد 200 مىليون كىلوگرام ئاشلىق سېتىۋېلىش پىلانى چۈشۈردى. بۇ ئالدىنقى يىلى 1 - قېتىم چۈشۈرۈلگەن پىلاندىن 1.4 ھەسسە يۇقىرى بولدى، چۈشۈرگەن سېتىش پىلانى 683 مىليون كىلوگرام بولدى. ئەمەلىي سېتىۋېلىنغان ئاشلىق 829 مىليون كىلوگرام بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مەلۇم مىقداردا چەكتىن ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغان ئاشلىق بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا پىلانىنىڭ ئاران %69.08ى ئورۇندالدى؛ ئەمەلىي سېتىلغان ئاشلىق 803 مىليون كىلوگرام بولۇپ، پىلاندىكىدىن %17.61 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىگە قايتۇرۇپ سېتىلغان ئاشلىق 324 مىليون كىلوگرام بولۇپ، تارىختا يېزا ئىگىلىكىگە ئاشلىق ئەڭ كۆپ سېتىلغان بىر يىل بولدى. 1960 - يىلى چۈشۈرۈلگەن ئاشلىق سېتىۋېلىش پىلانى 1 مىليارد كىلوگرام، سېتىش پىلانى 750 مىليون كىلوگرام بولۇپ، پىلاندىكى سېتىۋېلىش-سېتىش ئولۇق پەرقى 250 مىليون كىلوگرام بولدى. ئەمەلىي سېتىۋېلىنغان ئاشلىق ئاران 660 مىليون كىلوگرام بولۇپ، پىلانىنىڭ %66.14ىنى ئىگىلىدى، سېتىلغان ئاشلىق 680 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، پىلاندىن ئاشۇرۇپ سېتىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە سېتىۋېلىش - سېتىش بويىچە 18 مىليون 950 مىڭ كىلوگرام تەتۈر پەرق كۆرۈلدى. مەھسۇلاتنى يۇقىرى مۆلچەرلەش، كۆرسەتكۈچنى يۇقىرى بەلگىلەش

تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان كۆپ سېتىۋېلىش، كۆپ قايتۇرۇپ سېتىش يۆتكىلىش ئاشلىق خىزمىتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا نۇرغۇن پاسسىپلىق ۋە قىيىنچىلىقلارنى پەيدا قىلدى.

ئالدىنقى 2 يىللىق تەجرىبە ـ ساۋاقلار يەكۈنلىنىپ، 1961 — 1964 ـ يىلغىچە پىلان ئەمەلىيەتكە بىر قەدەر يېقىنلاشتۇرۇلدى. ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن 1962 ـ يىلدىن باشلاپ ئاشلىق (ياغ) يىلى شۇ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن كېيىنكى يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا ئۆزگەرتىلدى. كېيىن ئىزچىل مۇشۇ بويىچە ئىجرا قىلىندى.

1965 — 1966 ـ يىللىرى ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىش نورمىسىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇندىلىپ، سېتىش مىقدارى پىلاندىكى كۆرسەتكۈچتىن ئاشتى. ئېشىشتىكى ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، خەلق تۇرمۇشىغا قولايلىق يارىتىش ۋە ئۇنى ياخشىلاش ئۈچۈن يېمەك ـ ئىچمەك، پىچىنە ـ پىرەنىك بىلەتسىز تەمىنلەندى. بۇ 2 يىلدا ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىشتا ئۆلك پەرق كۆرۈلۈپ، سالدۇ مىقدارى تارىختا ئەڭ ياخشى سەۋىيىگە يەتتى (جەدۋەل: 5 — 21گە قاراڭ).

**1965 — 1966 ـ يىللىرىدىكى شىنجاڭنىڭ ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش ـ سېتىش پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 5 — 21 بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| تۈرى / ئاشلىق تۈرى | ئاشلىق | | | | | | ياغ | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | سېتىۋېلىش | | | سېتىش | | | سېتىۋېلىش | | | سېتىش | | |
| | پىلان | ئەمەلىي سېتىۋېلىنغىنى | پىلاندا ئەمەلىي ئېشىلغىنى % | پىلان | ئەمەلىي سېتىۋېلىنغىنى | پىلاندا ئەمەلىي ئېشىلغىنى % | پىلان | ئەمەلىي سېتىلغىنى | پىلاندا ئەمەلىي ئېشىلغىنى % | پىلان | ئەمەلىي سېتىلغىنى | پىلاندا ئەمەلىي ئېشىلغىنى % |
| 1965 | 65000 | 68296 | 105.07 | 45000 | 50425 | 112.06 | 1100 | 1082 | 98.36 | 775 | 866 | 111.74 |
| 1966 | 70000 | 94288 | 134.70 | 50000 | 51200 | 102.40 | 1260 | 1591 | 126.27 | 10000 | 1004 | 100.40 |

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئاشلىق، ياغ تاۋار ئوبوروت پىلانى خىزمىتى سوقۇنغا ئۇچرىدى، 1967 ـ يىلدىن 1977 ـ يىلغىچە بولغان 11 يىلدا ئاشلىق، ياغ مەھسۇلاتى تۆۋەنلىگەن ۋە مۇقىم بولمىغان ئەھۋالدا، ئاشلىق سېتىۋېلىشتا 1970 ـ يىلدىن باشقا 10 يىلدا دۆلەت پىلانى ئورۇندالمىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1968 ـ يىلى پىلاننىڭ 48.54%ى، 1974 ـ يىلى 57.83%ى ئورۇندالدى؛ 11 يىللىق ئاشلىق سېتىش مەزگىلىدە 5 يىل پىلاندىكى كۆرسەتكۈچتىن ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى، ياغ سېتىۋېلىش پىلانى 11 يىلنىڭ ھەممىسىدە ئورۇندالمىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1969 ـ يىلى پىلاننىڭ پەقەت 38.72%ى، 1974 ـ يىلى 61.80%ى ئورۇندالدى؛ سېتىش 4 يىل پىلاندىكىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى.

ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئاشلىق، ياغ ئىشلەپچىقىرىشى ئەسلىگە كېلىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ، تاۋار ئوبوروت پىلانىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى بىر قەدەر ياخشى بولدى. 1978 ـ يىلى ئاشلىق سېتىۋېلىش پىلاندىن 5.44%، ياغ سېتىۋېلىش پىلاندىن 16.60% ئاشۇرۇپ ئورۇندىلىپ، سېتىش مۇقىم بولدى. 1979 ـ يىللىق ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش پىلانى ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى، سېتىش پىلان ئىچىدە تىزگىنلەندى (جەدۋەل: 5 — 22گە قاراڭ).

## شىنجاڭنىڭ 1979 ـ يىللىق ئاشلىق، باغ سېتىۋېلىش ـ سېتىش پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 5 — 22   بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| تۈرى / تۈر | سېتىۋېلىش: پىلان | سېتىۋېلىش: ئەمەلىي سېتىۋېلىنغىنى | سېتىۋېلىش: پىلاندا ئەمەلىي ئىگىلىگىنى % | سېتىش: پىلان | سېتىش: ئەمەلىي سېتىلغىنى | سېتىش: پىلاندا ئەمەلىي ئىگىلىگىنى % |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاشلىق | 90000 | 104046 | 115.61 | 96500 | 91393 | 94.71 |
| سۈ يېغى | 1615.5 | 1816 | 112.41 | 1884 | 1824 | 96.82 |

1980 ـ يىلدىن باشلاپ ياغلىق دان مەھسۇلاتى زور مىقداردا ئاشقان بولسىمۇ، ھەر يىلى چۈشۈرۈلىدىغان ياغ سېتىۋېلىش پىلانى ئازايتىلدى. ياغلىق داندىن مول ھوسۇل ئېلىنغاندىن كېيىن ئۇنى ئىمكانقەدەر تېزرەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن، مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسەن، بىر قىسىم ئوتتۇرا باھالىق ياغنى سېتىش تېزلىتىلدى ھەمدە ياغلىق دان مەھسۇلاتلىرى سىرتقا يۆتكەلدى ۋە ئېكسپورت قىلىندى.

1985 ـ، 1986 ـ يىللىرى توختام بويىچە ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش پىلانىغا كېلىشىم باھانى تەكشى باھاغا ئايلاندۇرۇپ سېتىۋېلىش پىلانىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، 1985 ـ يىلى 1 مىليارد 400 مىليون كىلوگرام بولۇپ، ئەمەلىيەتتە پىلانىنىڭ %92.66ى ئورۇندالدى، 1986 ـ يىلى 1 مىليارد 450 مىليون كىلوگرام بولۇپ، ئەمەلىيەتتە پىلانىنىڭ %96.83ى ئورۇندالدى. ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىنغان ئەھۋالدا، تەكشى باھادا ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش پىلانىنىڭ ئورۇندالماسلىقىدىكى ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش مىقدارى كۆپەيدى، شۇنىڭدەك گۈرۈچنىڭ بازار باھاسى دۆلەتنىڭ ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش باھاسىدىن يۇقىرى بولدى. 2 يىلدا سېتىش ئاساسەن پىلان كۆرسەتكۈچى ئىچىدە كونترول قىلىندى. 1985ـ يىلى شىنجاڭدا ئاشلىقنى سىرتقا ساپ يۆتكەش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، 1986 ـ يىلى گوۋۇيۈەنىنىڭ ئەستىقى ئارقىلىق سىرتقا 500 مىليون كىلوگرام بۇغداي يۆتكىلىپ، ئامبار يېتىشمەسلىك زىددىيىتى پەسەيتىلدى.

1987 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە سېتىۋېلىش ـ سېتىش، يۆتكەشنى ھۆددىگە بېرىش پىلانىنى چۈشۈردى: توختام بويىچە ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش پىلانى 1 مىليارد 75 مىليون كىلوگرام، كېلىشىم باھانى تەكشى باھاغا ئايلاندۇرۇپ سېتىۋېلىش پىلانى 275 مىليون كىلوگرام، سېتىش پىلانى 1 مىليارد 125 مىليون كىلوگرام، مالىيىدىن تەمىنلەش پىلانى 25 مىليون كىلوگرام، زىيان، پاخوتقا چىقىرىۋېتىش پىلانى 25 مىليون كىلوگرام بولدى. 1988 ـ يىلى كېلىشىم باھانى تەكشى باھاغا ئايلاندۇرۇپ سېتىۋېلىش پىلانى توختام بويىچە ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش پىلانىغا قوشۇۋېتىلگەنلىكتىن، ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش پىلانى كۆپەيتىلىپ 1 مىليارد 327 مىليون كىلوگرام بولدى. چۈشۈرۈلگەن چىقىم پىلانى 1 مىليارد 200 مىليون كىلوگرام بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە سېتىش پىلانى 1 مىليارد 150 مىليون كىلوگرام. ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش پىلانى 3 يىلغىچە ئۆزگەرتىلمىدى، سېتىش پىلانىدىكى غەيرىي يېزا ئىگىلىكىگە سېتىش كۆرسەتكۈچى 1989 ـ، 1990 ـ يىللىرى ئالدىنقى يىللىق كۆرسەتكۈچتىن %1.5 ئاشتى، يېزا ئىگىلىكىگە سېتىش كۆرسەتكۈچى ۋە باشقا چىقىم ئۆزگەرتىلمىدى. 1989 ـ يىلى قىسمەن جايلاردا دېھقانچىلىق ئاپەتكە ئۇچرىغانلىقتىن، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئاشلىق مەھسۇلاتى %20تىن ئارتۇق كېمەيگەن ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئاپتونوم رايون تەستىقلىغاندىن كېيىن توختام بويىچە ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ بىر قىسمىنى كېمەيتىسە، كەچۈرۈم قىلسا بولىدۇ، دەپ بەلگىلىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن قومۇل،

سانجى، تارباغاتاي قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلار ۋە بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 6 شىسى، قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كېمەيتىلدى، ئاپەت رايونلىرىدا يېزا ئىگىلىكىگە سېتىش كۆرسەتكۈچى قوشۇپ بېرىلدى. قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇ، ئاقسۇدىن ئىبارەت 4 ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ سېتىش پىلانى 6 مىليون كىلوگرام كۆپەيتىلدى. 1990 - يىلى يېزىلاردىكى ئاشلىق ئۆكسۈش ئەھۋالىغا ئاساسەن، دېھقانلار ۋە تۇەن- مەيدانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ سېتىش پىلانى 1 مىليون 100 مىڭ كىلوگرام كۆپەيتىلدى، سانجى ئوبلاستى، ئالتاي ۋىلايىتى شۇنىڭدەك ئاقتۇ ناھىيىسى ۋە يېزا ئىگىلىك 3 - شىسىنىڭ توختام بويىچە ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى جەمئىي 7 مىليون 770 مىڭ كىلوگرام كېمەيتىلدى.

1986 — 1990 - يىلغىچە مەركەزنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ سېتىۋېلىش - سېتىش ئەھۋالىنى ئاشلىق سېتىۋېلىش، سېتىش، يۆتكەش ھۆددە پىلانىغا ئاساسەن راسچوت قىلىش ئەھۋالى مۇنداق بولدى: 4 يىل ئارتۇق سېتىۋېلىنىپ، بىر يىل ئاز سېتىلغان، 3 يىل ئاز چىقىم قىلىنىپ، 2 يىل ئارتۇق چىقىم قىلىنغان. سېتىۋېلىش - سېتىشنى بالانس قىلغاندىن كېيىن 746 مىليون كىلوگرام ئاشلىق ئېشىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 522 مىليون كىلوگرام ئاشلىق مەركەزگە تاپشۇرۇلۇپ، 224 مىليون كىلوگرام ئاشلىق ئاپتونوم رايوننىڭ ئىشلىتىشىگە قالدۇرۇلغان.

1987 — 1990 - يىلغىچە ئاپتونوم رايوننىڭ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ سېتىۋېلىش - سېتىش ئەھۋالىنى ئاپتونوم رايون چۈشۈرگەن ھۆددە پىلانىغا ئاساسەن راسچوت قىلىش ئەھۋالى مۇنداق بولدى: ئاپتونوم رايون بويىچە ھۆددىگە بېرىش راسچوت قىلىنىدىغان 18 ئورۇن (16 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق، ياغ يۆتكەش پونكىتى، ئۈرۈمچى ئاشلىق ماشىنىسازلىق زاۋۇتى) ئىچىدە قاراماي، سانجى، ئىلى، تارباغاتاي، بورتالا، بايىنغولىن، ئاقسۇ، خوتەندىن ئىبارەت 8 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر 12 مىليون 790 مىڭ كىلوگرام كەم سېتىۋالغان؛ قاراماي، قۇمۇل، تارباغاتاي، ئالتاي، بورتالا، بايىنغولىن، ئاقسۇدىن ئىبارەت 7 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر 47 مىليون 270 مىڭ كىلوگرام ئارتۇق چىقىم قىلغان (بۇنىڭ ئىچىدە 5 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ھەم كەم سېتىۋالغان ھەم ئارتۇق چىقىم قىلغان)، ئاز چىقىم قىلغان ۋە كۆپ سېتىۋالغان ئۈرۈمچى، تۇرپان، شىخەنزە، ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق جايلار، قەشقەر، ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق، ياغ ئۆتەڭ پونكىتى، ئۈرۈمچى ئاشلىق ماشىنىسازلىق زاۋۇتىغا كەم چىقىم قىلغىنىدىن كەم سېتىۋالغىنىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىنكى سانجى، ئىلى، خوتەن قاتارلىق جايلارنى قوشقاندا جەمئىي 10 ئورۇندا ھۆددىگەرلىكنى راسچوت قىلغاندا جەمئىي 150 مىليون كىلوگرام ئاشلىق ساپ ئېشىنىپ يەرلىكنىڭ ئىشلىتىشىگە قالدۇرۇلغان؛ قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ راسچوتتا تەڭلەشكەن. بىڭتۇەننىڭ 12 يېزا ئىگىلىك شىسى (ئىدارىسى) دىن 6 يېزا ئىگىلىك شىسى (ئىدارىسى) (قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى)، (يېزا ئىگىلىك 6 .، 4 .، 10 .، 2 .، 1 - شىلىرى) جەمئىي 59 مىليون 160 مىڭ كىلوگرام كەم سېتىۋالغان، باشقا يېزا ئىگىلىك شى (ئىدارە) لىرى ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ھۆددىگەرلىك ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغان ۋە نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇندىغان. ھۆددىگە بېرىشتە ساقلانغان مەسىلە شۇكى، راسچوت تولۇق نەقلەشمىگەن. ھۆددىگە ئېلىپ زىيان تارتقان ئورۇنلاردىن قاراماي شەھىرى بىر قىسىم ئارتۇق چىقىمنى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىپ تولۇقلىغان بولسىمۇ، باشقا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە يېزا ئىگىلىك شى (ئىدارە) لىرى مالىيە قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىشتا كېرەكلىك باھا پۇلىنى چىقىم قىلىشقا مادارى يەتمەي، زىياننى ھېسابقا ئېلىپ قويغان. ھۆددىگە ئېلىپ زىيان تارتقان قىسمى گەرچە تولۇقلانمىغان بولسىمۇ، ھۆددىگەرلىك چارىسى جايلارغا نىسبەتەن سېتىۋېلىشنى چىڭ تۇتۇپ، سېتىشنى تىزگىنلەشتە مەلۇم دەرىجىدە ئىجابىي رول ئوينىغان.

(2) پەسىللىك ۋە ئايلىق پىلان  ئاشلىق، ياغ تاۋار ئوبوروتى پەسىللىك پىلانى يىللىق پىلان ئومۇمىي كۆرسەتكۈچى ئىچىدە تۈزۈلدى. 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا پەسىللىك پىلان بىلەن يىللىق پىلاننىڭ جەدۋەل شەكلى، تۈزۈلۈش تەلىپى، ئىجرا قىلىنىشنى تەكشۈرۈش ئۇسۇلى ئاساسەن بىردەك ئىدى. 60 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ئاشلىق مىنىستىرلىكى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارغا پەقەت ئاشلىق، ياغ سېتىش ۋە مالىيەدىن تەمىنلەش پەسىللىك پىلانىنىلا چۈشۈردى. ئاشلىق نازارىتى مۇشۇ تەلەپ بويىچە يۇقىرىغا يوللاپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن تۆۋەنگە چۈشۈردى. 1978 ـ يىلدىن كېيىن سودا مىنىستىرلىكى پەسىللىك پىلان چۈشۈرمىدى، ئاپتونوم رايون يەنىلا پەسىل بويىچە پىلان چۈشۈردى. 1984 ـ يىلدىن كېيىن ئاپتونوم رايونمۇ پەسىللىك پىلان چۈشۈرمىدى، بىراق بەزى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر سېتىشنى تىزگىنلەش ئۈچۈن تۆۋەنگە يەنىلا پەسىللىك سېتىش پىلانى چۈشۈردى.

ئاشلىق، ياغ جىددىي بولغان يىللىرى يەنە پەسىللىك پىلان ئىچىدە ئايلىق پىلان تۈزۈلۈپ تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى. ش ئۇ ئا ر ياغ شىركىتى 1956 ـ يىلى ئايلىق ياغ سېتىۋېلىش ـ سېتىش پىلانىنى چۈشۈردى. 60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىكى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق مەزگىلىدە، ئاشلىق نازارىتى ئايلىق ئاشلىق سېتىش پىلانىنى چۈشۈرگەنىدى. 1962 ـ يىل 8 ـ ئايدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە، ئاشلىق، ياغ سېتىش كۆرسەتكۈچى پەسىل، ئاي بويىچە بېكىتىلدى. پەسىللىك پىلان ئىجرا قىلىنغان مەزگىلدە، ئۈرۈمچى ۋە سىرتتىن ئاشلىق يۆتكەيدىغان بەزى ناھىيە (شەھەر) لەرمۇ ئاساسىي قاتلامغا ئايلىق پىلان ئورۇنلاشتۇردى. ئاشلىق قىس مەزگىلدە ھەتتا 10 كۈنلۈك پىلانمۇ چۈشۈرۈلدى. ئالاھىدە ئەھۋالدا تۈزۈلگەن بۇ خىل پىلان ئاشلىق، ياغ سېتىشنى تىزگىنلەشتە مەلۇم رول ئوينىدى.

## 2) ئوتتۇرا، ئۇزاق مۇددەتلىك پىلان

بۇ پىلان 5 يىللىق پىلان ۋە 10 يىلدىن ئارتۇق پىلان ياكى تەسەۋۋۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورگىنىنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش ـ تىزگىنلەش ۋە يىللىق پىلان تۈزۈشتە پايدىلىنىشى ئۈچۈن يۇقىرىغا يوللاندى، تۆۋەنگە چۈشۈرۈلمىدى.

1955 ـ يىلى ئۆلكىلىك ئاشلىق نازارىتى پۈتۈن ئۆلكىنىڭ 1 ـ بەش يىللىق ئاشلىق ئوبوروت پىلانى (1953 — 1957 ـ يىلغىچە) نى تولۇقلاپ يوللىدى، بۇ پىلان سېتىۋېلىش ۋە سېتىش كۆرسەتكۈچىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1953 ـ، 1954 ـ يىللىق پىلان ئەمەلىيەتكە قاراپ تولدۇرۇلدى. 1955 — 1957 ـ يىلغىچە 3 يىللىق ئەمەلىي ئىجرا قىلىنىش نەتىجىسىدە، سېتىۋېلىنغان ئاشلىق پىلاننىڭ %92.97نى، سېتىلغان ئاشلىق پىلاننىڭ %94.127نى ئىگىلىدى، كۆرسەتكۈچ ئەمەلىيەتكە بىر قەدەر يېقىنلاشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن سولچىل ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە ئوتتۇرا، ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلان كۆرسەتكۈچى زىيادە يۇقىرى يوللاندى. 1956 ـ يىلى ئاشلىق، ياغ 2 ـ بەش يىللىق پىلانى (1958 — 1962 ـ يىلغىچە) تۈزۈپ يوللاندى، ئاشلىق پىلانى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىۋېلىش، سېتىش ۋە كىشى بېشىغا توغرا كېلىش نىسبىتىنى، سالدۇ كۆرسەتكۈچىنى، ياغ پىلانى سېتىۋېلىش، سېتىش، سالدۇ كۆرسەتكۈچىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. 1956 ـ يىلى يۇقىرىغا يوللانغان 12 يىللىق پىلان (1956 — 1967 ـ يىلغىچە) مەھسۇلات مىقدارى، نوپۇس، كىشى بېشىغا توغرا كېلىش نىسبىتى، سېتىۋېلىش، سېتىۋېلىنغان ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي ئېلىنغان ئاشلىقتا ئىگىلىگەن نىسبىتى، سېتىۋېلىنغاندىن كېيىن يېزىلارغا قالدۇرۇلغان ئاشلىق (ياغ)، سېتىش، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىستېمال نىسبىتى، شۇ يىللىق ئىجتىمائىي قالدۇق (دۆلەت قالدۇقى ۋە دېھقانلارنىڭ قالدۇقىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، جەمئىي ئىجتىمائىي قالدۇق (دۆلەت قالدۇقى ۋە دېھقانلارنىڭ قالدۇقىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) قاتارلىق 10دىن ئارتۇق كۆرسەتكۈچ بىر قەدەر يۇقىرى بېكىتىلدى.

1964 ـ يىل 2 ـ ئايدا خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەشنىڭ ئۆتكۈنچى باسقۇچلۇق پىلانى (1963 — 1965 ـ يىلغىچە) ۋە 3 ـ بەش يىللىق پىلان (1965 — 1970 ـ يىلغىچە) تۈزۈلدى، پىلاندا مەھسۇلات، سېتىۋېلىش،

سېتىش، مالىيەدىن تەمىنلەش، يۆتكەش، سالدۇ قاتارلىق 8 كۆرسەتكۈچ بار، پىلان كۆرسەتكۈچلىرى يەرلىك ۋە ھىگىتۇەن بويىچە تولدۇرۇلدى.

1974 ـ يىلى 10 يىللىق پىلان (1976 — 1985 ـ يىلغىچە) يۇقىرىغا يوللاندى، پىلاندا سېتىۋېلىش ۋە سالدۇ كۆرسەتكۈچى بار. ئاشلىق پىلان كۆرسەتكۈچى زىيادە يېكىتىلىپ يوللاندى؛ ياغ ئىشلەپچىقىرىشى تېز تەرەققىي قىلغانلىقتىن، 80 ـ يىللاردىن كېيىن، ئەمەلىي سېتىۋېلىنغان سان پىلان كۆرسەتكۈچىدىن ئېشىپ كەتتى.

80 ـ يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن پىلان كۆرسەتكۈچى ئوبيېكتىپ تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە بىر قەدەر ئۇيغۇنلاشتى ھەمدە ئىمكانىيەت قالدۇرۇلدى. 1982 ـ يىلى 6 ـ بەش يىللىق پىلان (1981 — 1985 ـ يىلغىچە) ۋە 10 يىللىق تەسەۋۋۇر (1990 ـ يىلغىچە) يۇقىرىغا يوللاندى، ئەمەلىي ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى جەدۋەل: 5 — 23تىن كۆرۈۋېلىڭ).

## 1981 — 1985 ـ يىلغىچە ۋە 1990 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ تەكسە باھالىق ئاشلىق، ياغ پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 5 — 23 بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| تۈرى / يىلى | سېتىۋېلىش | | | سېتىش | | | يۆتكەش | | | سالدۇ | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | پىلان | ئەمەلىي سېتىۋېلىنغىنى | پىلاندا ئەمەلىي ئىگىلىگىنى % | پىلان | ئەمەلىي سېتىلغىنى | پىلاندا ئەمەلىي ئىگىلىگىنى % | پىلان | ئەمەلىي يۆتكەلگىنى | پىلاندا ئەمەلىي ئىگىلىگىنى % | پىلان | ئەمەلىي سالدۇ | پىلاندا ئەمەلىي ئىگىلىگىنى % |
| ئاشلىق | | | | | | | | | | | | |
| 1981 | 97000 | 94936 | 97.87 | 102500 | 99867 | 97.43 | يۆتكەپ كېلىنگىنى 13000 | يۆتكەپ كېلىنگىنى 9746 | 74.97 | 72200 | 71819 | 99.47 |
| 1982 | 97500 | 95659 | 98.11 | 107500 | 105846 | 98.46 | يۆتكەپ كېلىنگىنى 17500 | يۆتكەپ كېلىنگىنى 13104 | 74.88 | 72200 | 71201 | 98.62 |
| 1983 | 101500 | 113453 | 111.78 | 107500 | 110146 | 102.46 | يۆتكەپ كېلىنگىنى 13500 | يۆتكەپ كېلىنگىنى 14759 | 109.32 | 72200 | 85104 | 117.87 |
| 1984 | 105000 | 148971 | 141.88 | 110000 | 108744 | 98.86 | يۆتكەپ كېلىنگىنى 12500 | يۆتكەپ كېلىنگىنى 2970 | 23.76 | 72200 | 116477 | 161.33 |
| 1985 | 110000 | 137440 | 124.95 | 112500 | 103090 | 91.63 | يۆتكەپ كېلىنگىنى 10000 | يۆتكەپ چىقىرىلغىنى 4047 | | 72200 | 138863 | 192.33 |
| 1990 | 137500 | 202461 | 147.24 | 130000 | 114449 | 88.04 | | يۆتكەپ چىقىرىلغىنى 2671 | | 72200 | 203845 | 282.33 |
| ياغ | | | | | | | | | | | | |
| 1981 | 4350 | 4375 | 100.57 | 2772 | 2298 | 82.90 | يۆتكەپ چىقىرىلغىنى 286.5 | يۆتكەپ چىقىرىلغىنى 247 | 86.21 | 3972 | 4189 | 105.46 |
| 1982 | 3000 | 4184 | 139.47 | 3000 | 2956 | 98.53 | يۆتكەپ چىقىرىلغىنى 500 | يۆتكەپ چىقىرىلغىنى 280 | 56 | 3427.5 | 4895 | 142.82 |

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1983 | 3250 | 4107 | 126.37 | 3000 | 2303 | 76.77 | پۈتكەپ چىقىرىلغىنى 500 | پۈتكەپ چىقىرىلغىنى 297 | 59.40 | 2998 | 4480 | 149.43 |
| 1984 | 3500 | 4986 | 142.46 | 3200 | 2275 | 71.09 | پۈتكەپ چىقىرىلغىنى 500 | پۈتكەپ چىقىرىلغىنى 422 | 84.40 | 2718 | 4305 | 158.39 |
| 1985 | 3750 | 7520 | 200.53 | 3300 | 2289 | 69.36 | پۈتكەپ چىقىرىلغىنى 500 | پۈتكەپ چىقىرىلغىنى 485 | 97 | 2588 | 6462 | 249.69 |
| 1990 | 4500 | 7594 | 168.76 | 3800 | 2456 | 64.63 | پۈتكەپ چىقىرىلغىنى 500 | پۈتكەپ چىقىرىلغىنى 1015 | 203 | 3088 | 9050 | 293.07 |

1982 ـ يىل 11 ـ ئايدا 2000 ـ يىلغىچە بولغان پىلان تەسەۋۋۇرى تۈزۈلۈپ، 1990 ـ يىلى سىرتتىن يۆتكىمەسلىك، كېيىنكى 10 يىلدا سالدۇنى كۆپەيتىپ، زاپاس ئاشلىق ساقلاش مۆلچەرلەندى. ئەمەلىيەتتە 1985ـ يىلى سىرتتىن يۆتكىمەسلىك نىشانى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى ھەمدە سىرتقا ساپ يۆتكەش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر سالدۇدىكى ئاشلىق 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 46.80% ئاشتى ھەمدە مەلۇم مىقداردا زاپاس ئاشلىق ساقلاندى. 1984 ـ يىل 8 ـ ئايدا 7 ـ بەش يىللىق پىلان (1986 — 1990 ـ يىلغىچە)، 1987 ـ يىل 9 ـ ئايدا 2000 ـ يىلغىچە بولغان تەسەۋۋۇر يوللاندى. 1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئەمەلىي ئىجرا قىلىنغان نەتىجە مۇنداق بولدى: تەكشە باھادا (ئاشلىق، ياغ) سېتىۋېلىش پىلاندىن ئاشۇرۇلدى، سېتىش پىلان ئىچىدە كونترول قىلىندى؛ كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش ـ سېتىش پىلاندىن ئاز ئورۇندالدى.

## 3) مەخسۇس ۋە ۋاقىتلىق پىلان

(1) ئېكسپورت  ئېكسپورت — مەركەز بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرغان پىلاندىكى «تەمىنلەش ئېكسپورتى» ۋە يەرلىك ئۆزى ئورۇنلاشتۇرغان «يەرلىك ئېكسپورت»نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 50 ـ يىللاردا ئاشلىق، ياغلىق دان ۋە چىگىت ئاساسلىقى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېكسپورت قىلىندى، 1960 ـ يىلغا قەدەر جەمئىي 153 مىليون كىلوگرام ئاشلىق، 15 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام ياغ ئېكسپورت قىلىندى. 1964 ـ يىلى دۆلەت پىلانى ئىجرا قىلىنىپ، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىگە 1965 ـ يىلغا قەدەر جەمئىي 20 مىليون 20 مىڭ كىلوگرام كۆممىقوناق ئېكسپورت قىلىندى. 1965 ـ يىلدىن باشلاپ شىنجاڭدا زاراڭزىنى ئاساسلىقى يەرلىك ئېكسپورت قىلدى، ئېكسپورت پىلانىنى ش ئۇ ئا ر تاشقى سودا ئىدارىسى ۋە ئاشلىق ئىدارىسى (ياكى ياغ شىركىتى) بىرلىشىپ چۈشۈردى ياكى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئۆز ئالدىغا چۈشۈردى، ئېكسپورتنى تاشقى سودا تارماقلىرى تەشكىللىدى، 1965 — 1984 ـ يىلغىچە زاراڭزا قاتارلىقلار ياغقا سۇندۇرغاندا جەمئىي 33 مىليون 340 مىڭ كىلوگرام ئېكسپورت قىلىندى. 1985 ـ يىلى تەستىقلاش ئارقىلىق 5 مىليون 210 مىڭ كىلوگرام ئاپتاپپەرەس يېغى ئېكسپورت قىلىندى. 1987 ـ يىلى يەرلىك ئورۇنلار 130 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق ئېكسپورت قىلدى. 1990 ـ يىلى ئېكسپورت قىلىنغان كېلىشىم باھالىق ياغ 510 مىڭ كىلوگرام بولدى. 1950 — 1990 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 173 مىليون كىلوگرام ئاشلىق، 54 مىليون 50 مىڭ كىلوگرام ياغ ئېكسپورت قىلىندى.

(2) مۇھاجىرلار پىرىۋوتىغا تەمىنلەش  1966 ـ يىلى گوۋۇيۈەن مۇھاجىرلار پىرىۋوت خىزمىتى گورۇپپىسى شىنجاڭدىكى ئاھالىلەرنىڭ چېگرا سىرتىدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىدىن تاپشۇرۇۋالىدىغان پىرىۋوت پىلانىنى دوللارغا سۇندۇرغاندا 50 مىڭ دوللار (شۇ ۋاقىتتىكى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 123 مىڭ يۈەن)، بۇنىڭ ھېسابىغا تەمىنلەيدىغان ئاشلىق پىلانىنى 49 مىڭ 200 كىلوگرام،

باغ پىلانىنى 2450 كىلوگىرام قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. كېيىن شىنجاڭ ئاساسلىق مۇھاجىرلار پېرېۋوتى رايونى بولمىغاچقا، مەركەز قايتا پىلان چۈشۈرمىدى، ئۇنىڭغا تەمىنلىنىدىغان ئاشلىق، ياغ نورمال سېتىش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى.

**(3) «سودا مىنىستىرلىكى مەخسۇس ئىشلىتىدىغان ئاشلىق» (ئاق ھاراق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى ئاشۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ئاشلىقمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)** سودا (ئاشلىق) مىنىستىرلىكى سېتىش پىلانى سىرتىدا، ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ ھاراق، سولۇر شېكىرى، يېمەكلىك ئىشلەش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدىغان ئاشلىق كۆرسەتكۈچىنى مەخسۇس چۈشۈردى. 1975 — 1980-يىلغىچە شىنجاڭغا چۈشۈرۈلگەن ئاشلىق كۆرسەتكۈچى 21 مىليون 600 مىڭ كىلوگىرام بولۇپ، يۆتكەش بويىچە راسچوت قىلغاندا ئەمەلىي ئورۇندالغىنى 17 مىليون 980 مىڭ كىلوگىرام بولدى.

**(4) «ئاپتونوم رايون مەخسۇس ئىشلىتىدىغان ئاشلىق (ياغ)»** ئاپتونوم رايون بەزى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە ئاپتونوم رايون بويىچە سېتىلىدىغان ئاق ھاراق، پىۋا، كىراخمال، دورا، قەنت - گېزەك، پېچىنە - پىرەنىك، تەييار چۆپ قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدىغان ئاشلىق (ياغ) پىلانىنى مەخسۇس چۈشۈردى، ئاشلىق، ياغنى شۇ جاينىڭ ئۆزى تەمىنلىدى، بۇ جايلارنىڭ سېتىش كۆرسەتكۈچى ئىگىلىۋېلىنماي، ئاپتونوم رايوننىڭ ئومۇمىي سېتىش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1961 -، 1962 - يىللىرى جەمئىي 9 مىليون 360 مىڭ كىلوگىرام ئاشلىق سېتىلدى. 1971 — 1975 - يىلغىچە بۇ تۈرگە ئىشلىتىلىدىغان ئاشلىق يۆتكەش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، 1976 — 1986 - يىلغىچە يەنە مەخسۇس تۈرگە كىرگۈزۈلدى. پىلان تۈزۈشتە شېكەر، ھاراق - تاماكا، سەي - كۆكتات، دورا شىركەتلىرى، شىنجاڭ ئاشلىق، ياغ يېمەكلىكلىرى زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلار ئىشلەپچىقىرىش پىلانىغا ئاساسەن يىللىق ئىشلىتىلىدىغان ئاشلىق، ياغ مىقدارىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن مەسئۇل نازارەت - ئىدارە سېلىشتۇرۇپ بېكىتىپ، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ چۈشۈرۈشىگە يوللىدى، بەزى ۋاقىتلاردا ئاشلىق، سودا، يېنىك سانائەت، خىمىيە سانائىتى قاتارلىق ئىدارىلەر بىرلىشىپ چۈشۈردى. پىلان ئادەتتە ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىنى قاندۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا بەزى ۋاقىتلىق كۆپەيتىلىپ ئىشلىتىلگەن ئاشلىقمۇ مەخسۇس تۈرگە كىرگۈزۈلدى، مەسىلەن: 1982-يىلى بىڭتۇەن كۆيتۇڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىپ كۆممىقوناق تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېمەيتكەنلىكتىن، 7 مىليون 500 مىڭ كىلوگىرام كۆممىقوناق كۆپەيتىپ سېتىش پىلانى (ئەمەلىي سېتىلغىنى 7 مىليون 750 مىڭ كىلوگىرام)، شۇنىڭدەك ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى شىخەنزە توخۇ فېرمىسىنى يەم - خەشەككە ئىشلىتىلىدىغان 250 مىڭ كىلوگىرام كۆممىقوناق بىلەن تەمىنلەش پىلانى ۋاقىتلىق چۈشۈرۈلدى. 1961 — 1986 - يىلغىچە يۆتكەشكە كىرگۈزۈلگەننىڭ سىرتىدا، ئاپتونوم رايون مەخسۇس ئىشلىتىدىغان ئاشلىقتىن جەمئىي 169 مىليون كىلوگىرام چىقىم قىلىندى. 1977 — 1986 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون مەخسۇس ئىشلىتىدىغان ياغدىن جەمئىي 2 مىليون 540 مىڭ كىلوگىرام چىقىم قىلىندى. 1987 - يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايون مەخسۇس ئىشلىتىدىغان ئاشلىق (ياغ) شۇ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ سېتىش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى.

**(5) ياغنى ئاشلىق ۋە گۆش ئورنىدا سېتىش** 1981 — 1984 - يىلغىچە ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلار ئاھالىلەرنىڭ نورمىلىق قارا ئاشلىق كۆرسەتكۈچىگە ياغنى ئالماشتۇرۇپ تەمىنلەش كەسپىنى يولغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن جايلارنىڭ ياغ سېتىش كۆرسەتكۈچى ئاشۇرۇلدى. قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇ قاتارلىق جايلار ياغنى ئاھالىلەرنىڭ كالا، قوي گۆشى تەمىنات كۆرسەتكۈچى ئورنىغا سېتىپ، ياغ سېتىش پىلانىنى مۇناسىپ ئاشۇردى. تولۇقسىز ستاتىستىكىغا قارىغاندا، مۇشۇ ئارىلىقتا جەمئىي 2 مىليون 840 مىڭ كىلوگىرام ياغنى ئالماشتۇرۇپ چىقىم قىلىنغان.

**(6) «يېزىلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى قوللاشقا ئىشلىتىلگەن ئاشلىق»** 1985-يىلى دۆلەت پىلان كومىتېتى، سودا مىنىستىرلىكى قاتارلىق 7 مىنىستىرلىك، كومىتېت شىنجاڭغا 200

مىليون كىلوگرام پىلان كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈپ، ئۇنى 2 يىلغا بۆلۈپ ئىشلىتىشنى، ئۇنىڭغا چوشقا، سىرتقا يۆتكەيدىغان ۋە ئېكسپورت قىلىدىغان كالا، قوي گۆشىنى ئالماشتۇرۇپ سېتىۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭغا ئاساسەن 1985 — 1986 - يىللىرى ئاپتونوم رايون جايلارغا 215 مىليون كىلوگرام پىلان كۆرسەتكۈچى چۈشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە 170 مىليون كىلوگرام ئاشلىق گۆش يېمەكلىكلىرى ۋە تۇخۇم ئالماشتۇرۇپ سېتىۋېلىشقا، 30 مىليون كىلوگرام ئاشلىق 1985 - يىلى 4 ~ 7 - ئايغىچە گۆش يېمەكلىكلىرىنىڭ باھاسى ئۆستۈرۈلۈشتىن بۇرۇن چارۋىچىلارنىڭ ئۆزۈكلۈك ئاشلىقى قىلىشقا، 150 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق قىزىلسۇ، قەشقەر، خوتەندىن ئىبارەت 3 ۋىلايەت، ئوبلاستىنىڭ 1986 - يىللىق نامراتلارنى يۆلەش ئۆزۈكلۈك ئاشلىقى قىلىشقا ئىشلىتىلدى. تولۇقسىز ستاتىستىكىغا قارىغاندا، 2 يىلدا جەمئىي 113 مىليون كىلوگرام ئاشلىق چىقىم قىلىنغان (بەزى چىقىم دېھقانلارنىڭ ئۆزۈكلۈك ئاشلىقى ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق يەم - خەشەككە ئىشلىتىلگەن). مالىيە مىنىستىرلىكى 1987 - يىل 1 - ئايدىن باشلاپ باھا پەرقى پۇلىنى بىۋاسىتە ئاجراتقانلىقتىن، ئىشلىتىلىپ بولۇنمىغان كۆرسەتكۈچ قايتا ئورۇنلاشتۇرۇلغاندا، دېھقانچىلىق (چارۋىچىلىق) يەم - خەشەككە ھېسابلاپ سېتىلدى.

(7) **ئىش تېپىپ بېرىش يولى بىلەن قۇتقۇزۇشقا ئىشلىتىلگەن ئاشلىق** دۆلەت پىلان كومىتېتى نامرات رايونلارنىڭ يول ياساش ۋە سۇ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن 1985 - يىلى شىنجاڭغا 179 مىليون كىلوگرام ئاشلىق پىلان كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈپ، 3 يىلغا بۆلۈپ ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلدى. ئاشلىق تارماقلىرى بۇيرۇپ بەرگەنتى ۋاكالىتەن ساتتى، بانكا ئۇنى تۇرۇپ قالغان ھېساب ئورنىدا بىر تەرەپ قىلدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون جايلارغا 88 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام، 1986 - يىلى يەنە 90 مىليون كىلوگرام كۆرسەتكۈچ تەقسىم قىلدى. بۇ ئاشلىق خەلق ئىشچىلىرىنىڭ قوشۇمچە ياردىمىگە كىرگۈزۈپ ھېسابلاندى. 2 يىلدا ئەمەلىي چىقىم قىلىنغان ئاشلىق 115 مىليون كىلوگرام بولدى. ئىشلىتىلىپ بولمىغان كۆرسەتكۈچكە 1987 - يىل 1 - ئايدىن كېيىن ئاشلىق چىقىم قىلىنماي، مالىيە مىنىستىرلىكى بىۋاسىتە باھا پەرقى پۇلى بۇيرۇپ بەردى.

(8) **ئۆلكە ئاتلاپ تەمىنلەشنى راسچوت قىلىش** 1988 - يىل 1 - ئايدىن باشلاپ سودا مىنىستىرلىكىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان شاڭخەيلىك زىيالىي ياشلارنىڭ شاڭخەيدە ئوقۇۋاتقان پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆزۈكلۈك ئاشلىقىنى شاڭخەي شەھىرى تەمىنلىدى، يىل ئاخىرىدا ئۇنى شاڭخەي شەھىرى سىرتقا ئاشلىق يۆتكەش، شىنجاڭ سىرتتىن يۆتكەپ كىلىش بويىچە راسچوت قىلدى.

(9) **خەزىنىدىن قايتۇرۇلغان كۆممىقوناقنى ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ، چارۋا ماللارنى قوغداپ قېلىش يەم - خەشەكى ئورنىدا ئىشلىتىش** 1989 -، 1990 - يىللىرى سېتىش ھۆددىگەرلىك پىلان كۆرسەتكۈچى جىددىي بولغانلىقتىن، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، توختام بويىچە ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىنغان سالدۇدىكى تەكشە باھالىق كۆممىقوناقتىن ھەر يىلى 50 مىليون كىلوگرام قايتۇرۇپ، ئۇنى نىسبەتلىك باھاغا خىراجەت قوشۇپ تەننەرخىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا سېتىشنى، خەزىنىدىن قايتۇرغاندا تەكشە باھادا سېتىۋېلىشنى كېمەيتىپ كۆتۈرۈۋېتىپ كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىشقا ئايلاندۇرۇشنى، ئەمەلىي چىقىم قىلغاندا كېلىشىم باھادىكى دېھقانچىلىق (چارۋىچىلىق) يەم - خەشەكى ئورنىدا سېتىشنى قارار قىلدى.

(10) **مەخسۇس زاپاس ئاشلىق** 1990 - يىلى گوۋۇيۈەن شىنجاڭغا 500 مىليون كىلوگرام مەخسۇس زاپاس بۇغداي، 20 مىليون كىلوگرام مەخسۇس زاپاس گۈرۈچ، 20 مىليون كىلوگرام مەخسۇس زاپاس ياغ ساقلاش پىلانىنى چۈشۈردى. بۇنىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقى مەركەزگە مەنسۇپ بولۇپ، توختام بويىچە ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلىش شەرتى بىلەن توختام بويىچە ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش باھاسىدىن يۇقىرى باھادا كەڭتاشا سېتىۋېلىندى. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون

بويىچە ئەمەلىي سېتىۋېلىنغان مەخسۇس زاپاس ئاشلىق 768 مىليون كىلوگرام بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە گۈرۈچ 37 مىليون 60 مىڭ كىلوگرام؛ سېتىۋېلىنغان زاپاس ياغ 20 مىليون كىلوگرام.

### 4) تەكسە باھا ۋە كېلىشىم باھادىكى ئاشلىق، ياغنى ئۆزئارا ئايلاندۇرۇش ۋە كۆرسەتكۈچنى ئاجرىتىش

**(1) كېلىشىم باھادىكى ئاشلىقنى تەكسە باھادىكى ئاشلىققا ئايلاندۇرۇپ يۆتكەپ كىرگۈزۈش كۆرسەتكۈچىگە توغرىلاش** بۇ، سىرتتىن يۆتكەيدىغان رايونلار سېتىۋالغان كېلىشىم باھادىكى ئاشلىقنى تەكسە باھادىكى ئاشلىققا ئايلاندۇرۇش بىلەن بىرگە ئۇنى يۆتكەپ كىرگۈزۈش كۆرسەتكۈچىگە توغرىلاش دېگەنلىك. بۇ ئارقىلىق دۆلەتنىڭ يۆتكەش خىراجەت چىقىمى ئازىيىدۇ، دېھقانلار كېلىشىم باھادا ئاشلىق سېتىش ئارقىلىق كىرىمنى ئاشۇرىدۇ. 1980 — 1983 - يىلغىچە مەركەز ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى شىنجاڭغا 50 مىليون كىلوگرام كېلىشىم باھادىكى ئاشلىقنى تەكسە باھادىكى ئاشلىققا ئايلاندۇرۇش پىلان كۆرسەتكۈچىنى چۈشۈردى ھەمدە باھا پەرقى قوشۇمچە ياردىمى بەردى، ئاپتونوم رايون ئۇنى ئاساسلىقى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا ۋە ئالتاي ۋىلايىتىگە تەقسىم قىلدى. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 20 مىليون كىلوگرام كېلىشىم باھادىكى گۈرۈچ تەكسە باھادىكى گۈرۈچكە ئايلاندۇرۇلۇپ، يۆتكەپ كىرگۈزۈش كۆرسەتكۈچىگە توغرىلاندى، بۇنىڭغا ئاپتونوم رايون باھا پەرقى قوشۇمچە ياردىمى بەردى. 1989 - يىلى ئاپتونوم رايون يەنە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ 10 مىليون كىلوگرام كېلىشىم باھادىكى بۇغدايىنى تەكسە باھادىكى بۇغدايغا ئايلاندۇرۇپ يۆتكەپ كىرگۈزۈش كۆرسەتكۈچىگە توغرىلاپ، تېجىگەن يۆتكەش خىراجىتىنى ئۇلارنىڭ باھا پەرقى قوشۇمچە ياردىمى ئورنىدا ئىشلىتىشنى تەستىقلىدى. كېلىشىم باھانى تەكسە باھاغا ئايلاندۇرۇپ يۆتكەپ كىرگۈزۈش كۆرسەتكۈچىگە توغرىلاش ھەر يىلى ئەمەلىي كۆرۈلگەن سان بويىچە راسچوت قىلىنىدى.

**(2) تەكسە باھادىكى ئاشلىقنى كېلىشىم باھادىكى ئاشلىققا ئايلاندۇرۇپ سېتىش** 1984 - يىلى سودا مىنىستىرلىكى شىنجاڭنىڭ 56 مىليون كىلوگرام تەكسە باھادىكى ئاشلىقنى كېلىشىم باھادىكى ئاشلىققا ئايلاندۇرۇپ سېتىپ، سودا مىنىستىرلىكىگە ھەر كىلوگرامىغا 4 پۇڭدىن تاپشۇرۇشنى تەستىقلىدى. مۇشۇ پىلانغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى جايلارغا 50 مىليون كىلوگرام كۆرسەتكۈچ چۈشۈردى. تەكسە باھانى كېلىشىم باھاغا ئايلاندۇرۇش بويىچە 46 مىليون 530 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق ئەمەلىي سېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە گۈرۈچ 1 مىليون كىلوگرام، بۇغداي 19 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام، كۆممىقوناق 26 مىليون 30 مىڭ كىلوگرام. 1985 - يىل 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئىشلىتىلىپ بولۇنمىغان كۆرسەتكۈچ قايتا ئىشلىتىلمىدى، 1986 - يىلدىن باشلاپ ئىجرا قىلىش توختىتىلدى.

**(3) گۈرۈچ كۆرسەتكۈچىنى ئاجرىتىش** ئاپتونوم رايون 1984 - يىلدىن باشلاپ، ئاقسۇ ۋىلايىتى، بايىنغولىن ئوبلاستى قاتارلىق گۈرۈچ ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلارنىڭ پىلان ئىچىدە يۇقىرىغا يۆتكەيدىغان تەكسە باھادىكى گۈرۈچىنى كېلىشىم باھاغا سۇندۇرۇپ ئۆز جايىدا سېتىشىغا، ئاندىن مۇشۇ جايدىكى ئاشلىق، ياغ كېلىشىم باھا شىركەتلىرىنىڭ ياكى ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق، ياغ كېلىشىم باھا شىركىتىنىڭ ئاپتونوم رايون سىرتىدىن كېلىشىم باھادا ئوخشاش مىقداردا گۈرۈچ سېتىۋېلىپ، ئۈرۈمچى قاتارلىق يۆتكەپ كىرگۈزگۈچى رايونلارنىڭ مۇقىم باھاغا ئايلاندۇرۇپ سېتىشىغا تاپشۇرۇشىغا قوشۇلدى، ھەر يىلى ئاجرىتىش كۆرسەتكۈچى چۈشۈردى، ئالماشتۇرۇشتا ئىككى تەرەپ بىۋاستە راسچوت قىلدى.

**(4) ئوخشىمىغان تۈرلەر ۋە ئوخشاش تۈرلەرنى تەكسە، كېلىشىم باھا بويىچە ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش** 1988 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئاقسۇ ۋىلايىتىگە 5 مىليون كىلوگرام تەكسە باھادىكى كۆممىقوناق كۆرسەتكۈچىنى ئورۇنلاشتۇردى، بۇ كۆرسەتكۈچ بىڭتۇەننىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بىلەن 2 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام كېلىشىم باھادىكى گۈرۈچكە ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئورۇندالدى.

ئالماشتۇرۇلغان كېلىشىم باھادىكى گۈرۈچ تەكسە باھادىكى گۈرۈچكە ئايلاندۇرۇلۇپ، ئايلاندۇرۇلغاندىن كېيىنكى 2 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام پەرقنى ئىلى ۋىلايەتلىك ئاشلىق تارماقلىرى شۇ جايىنىڭ ئۆزىدىن سېتىۋالغان كېلىشىم باھادىكى كۆممىقوناقنى مۇقىم باھادىكى كۆممىقوناققا ئايلاندۇرۇپ قايتۇردى. شۇ يىلى 11 - ئايدا ئىلى، تارباغاتاي، سانجى قاتارلىق جايلاردىن ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق، ياغ يۆتكەش پونكىتىغا يۆتكەپ كېلىنگەن 3 مىليون 490 مىڭ كىلوگرام تەكسە باھادىكى كۆممىقوناق كۆكىرىپ قېلىپ دانچىسى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەنلىكتىن، تەستىقلىتىش ئارقىلىق ئاشلىق، ياغ يۆتكەش پونكىتى كېلىشىم باھادا بىر تەرەپ قىلدى، ئاندىن مۇشۇ يۆتكەپ چىقارغۇچى جايلار كېلىشىم باھادا سېتىۋالغان كۆممىقوناقنى تەكسە باھادىكى كۆممىقوناققا ئايلاندۇرۇپ تولۇق قايتۇرۇپ بەردى. 1989 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ كېلىشىم باھادىكى بۇغدايىنى تەكسە باھادا يۆتكەپ كېلىنگەن 680 مىڭ كىلوگرام سۈپىتى بىر قەدەر ناچار سېرىق پۇرچاقتا تېگىشىپ سېتىشنى تەستىقلىدى. 1990 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ 400 مىڭ كىلوگرام كېلىشىم باھادىكى كۆممىقوناققا تەكسە باھادىكى بۇغدايىنى ئالماشتۇرۇپ سېتىشقا قوشۇلدى.

(5) تەكسە باھادىكى ئاشلىقنى ئارىيەت ئېلىپ كېلىشىم باھادا سېتىش كېلىشىم باھادىكى ئاشلىق، ياغ زور مىقداردا كىرىم قىلىنمىشتىن بۇرۇن، بازار ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن تەستىقلىتىش ئارقىلىق تەكسە باھادىكى ئاشلىق، ياغ ئارىيەت ئېلىنىپ كېلىشىم باھادا سېتىلىپ، شۇ يىلى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىنغان سۈپىتى ئوخشاش ئاشلىق، ياغدىن تولۇق قايتۇرۇلدى. 1985 - يىل 9 - ئايدا سودا مىنىستىرلىكى شىنجاڭنىڭ تەكسە باھالىق ئاشلىقتىن 60 مىليون كىلوگرام ئارىيەت ئېلىپ ئىشلىتىشىنى تەستىقلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 30 مىليون كىلوگرام، گۈرۈچ 5 مىليون كىلوگرام، كۆممىقوناق 25 مىليون كىلوگرام بولۇپ، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى مۇشۇ سان بويىچە جايلارغا تەقسىملىدى، 1986-يىل 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن قايتۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاپتونوم رايون ئىچىدە تەكسە ۋە كېلىشىم باھادىكى ئاشلىق، ياغنى ئۆزئارا ئارىيەت ئېلىش ئىشىنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى تەستىقلىدى.

## قوشۇمچە:

### ئاپتونوم رايونىنىڭ بىكتۇەنىنىڭ ئاشلىق، يېغىنى پىلانلىق باشقۇرۇشى

1954 — 1990 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون ئاشلىق، ياغنى بىر تۇتاش پىلانلىق باشقۇرۇش بىلەن بىرگە، بىكتۇەنگە قارىتا بەزى ئالاھىدە باشقۇرۇش شەكىللىرىنى قوللاندى.

شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىكتۇەنى (قىسقارتىلىپ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىكتۇەنى دېيىلىدۇ) 1954 - يىل 8 - ئايدا قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىكتۇەنگە قارىتا ئېشىنچە ئاشلىقنى سېتىۋېلىش، كەملىگەن ئاشلىقنى تەمىنلەشتىن ئىبارەت باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى يولغا قويدى. بىكتۇەن ئاشلىق يىلى ۋە پەسىل بويىچە رايون، تۈرگە ئايرىپ سېتىش پىلانى بىلەن ئېھتىياج پىلانىنى تۈزۈپ (بىكتۇەن ئىچىدە تەڭشىلىدىغان قىسمى ئېھتىياج پىلانىدىن تۈتۈپ قېلىنىدى)، ئۆلكىلىك ئاشلىق نازارىتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىپ چۈشۈرۈشىگە ياكى ئاشلىق نازارىتى بىلەن بىكتۇەن ماددىي ئەشيا تەمىنات باشقارمىسىنىڭ بىرلىكتە چۈشۈرۈشىگە يوللىدى، ئۇنى جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرى شۇ جايدىن سېتىۋالدى ۋە تەمىنلىدى. ياغنىڭ ئارتۇق - كېمىنى بىكتۇەن ئۆزى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ، ئېشىنچە چىگىتنى تاشقى سودا ئېكسپورتىغا بىۋاستە تاپشۇردى. 1958 - يىلى ئاپتونوم رايون ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش - سېتىشنى پەرق سومما بويىچە باشقۇرۇپ، يۆتكەشنى ھۆددىگە بېرىپ، بىكتۇەنگە قارىتا يەنىلا ئېشىنچە ئاشلىقنى سېتىۋېلىش، كەملىگەن ئاشلىقنى تەمىنلەش چارىسىنى يولغا قويدى.

1960 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق كومىتېتى ئاپتونوم رايوننىڭ بىڭتۇەن ۋە ھەر قايسى شىلارنىڭ غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسىدىن پەقەت 80 مىڭ ئادەم (ئاساسلىقى قۇرۇلۇش قىسىملىرى ۋە يول بويىدىكى ترانسپورت پونكىت خادىملىرى)نى ئوزۇقلۇق ئاشلىق (ياغ) بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى، كونكرېت تەمىنلىگۈچى ئورۇنلارنى ئۆزگەرتىشكە بولىدىغانلىقىنى، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق نازارىتى ۋە بىڭتۇەن ماددىي ئەشيا باشقارمىسى ئاي ياكى پەسىل بويىچە بىرلىكتە پىلان چۈشۈرۈپ ئىجرا قىلىشنى بەلگىلىدى. 1961 - يىلدىن باشلاپ بىڭتۇەنگە قارىتا بىڭتۇەندىكى بارلىق ئورۇنلار بىرلىك قىلىنىپ ئۇشۇق - كېمىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، ئاپتونوم رايونغا ئاشلىقنى ساپ تاپشۇرۇشتىن ئىبارەت پىلانلىق باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە 80 مىڭ ئادەم يەنىلا ئەسلىدىكى چارە بويىچە ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەندى. ئۇنىڭدىن باشقا ئالاھىدە ئەھۋال سەۋەبىدىن ئاپتونوم رايون تەمىنلەشكە توغرا كەلگەن ئاشلىق، ياغنى بىڭتۇەن باشقا ئورۇندىن ئاشۇ سان بويىچە تاپشۇردى. 1963 - يىلدىن باشلاپ، بىڭتۇەن جايلاردا ئاچقان تاماقخانا، مېھمانخانا شۇنىڭدەك سانائەت، سودا كارخانىلىرىدىن يىغىۋالغان ئاشلىق بېلەتنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق تارماقلىرىغا تاپشۇرۇپ، سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىگە توغرىلىدى.

1975 - يىل 4 - ئايدا بىڭتۇەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، تۇەن - مەيدانلىرى ش ئۇ ئا ر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش سىستېمىسى تەۋەلىكىگە ئۆتتى، ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش - سېتىش پىلانى تۇرۇشلۇق جاي پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، تۇەن - مەيدانلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى يەنىلا ئۆزى ئىشلەپچىقارغان ئاشلىق، ياغنى ئىستېمال قىلدى. ئىلگىرىكى بىڭتۇەن ۋە يېزا ئىگىلىك شىلىرىغا قاراشلىق شىدىن يۇقىرى 686 مىڭ غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسىنىڭ (ئىلگىرى تەمىنلەنگەن 80 مىڭ ئادەممۇ بۇنىڭ ئىچىدە) نورمىلىق ئوزۇقلۇق ئاشلىقى (يېغى)نىڭ ھەممىسى شۇ جاينىڭ ئۆزىدە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئاشلىق، ياغ سېتىش پىلانىغا كىرگۈزۈلۈپ تەمىنلەندى. 1978 - يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايون بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش سىستېمىسىنىڭ پىلان كۆرسەتكۈچىنى ۋىلايەت، شەھەر، ئاپتونوم ئوبلاستلارنىڭ ئاشلىق، ياغ يىغىۋېلىش پىلانىدا ئايرىم تۈزدى، ش ئۇ ئا ر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسىنىڭ ۋىلايەت، شەھەر، ئاپتونوم ئوبلاستلاردىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىلىرى تۇەن - مەيدانلارنىڭ ئىجرا قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى.

1981 - يىل 12 - ئايدا بىڭتۇەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ۋىلايەت، شەھەر، ئاپتونوم ئوبلاستلارنىڭ تەمىنلەش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن بىڭتۇەن ۋە يېزا ئىگىلىك شىلىرى (ئىدارىلىرى)دىكى غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى ئېھتىياجلىق ئاشلىق، ياغنى داۋاملىق جايلار تەمىنلىدى. بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك شىلىرى (ئىدارىلىرى)نىڭ ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش پىلانى ۋىلايەت، شەھەر، ئاپتونوم ئوبلاستلارنىڭ پىلانى ئىچىدە ئايرىم تۈزۈلدى، بىڭتۇەن ۋە يېزا ئىگىلىك شىلىرى (ئىدارىلىرى) تۇەن - مەيدانلارنىڭ ئىجرا قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى.

1990 - يىل 5 - ئايدا ئاپتونوم رايون گوۋۇيۈەننىڭ [1990] 24 - نومۇرلۇق «گوۋۇيۈەننىڭ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننى پىلانلىق باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى تەكشۈرۈش ۋە ئالاقىدار مەسىلىلەر ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نى ئىجرا قىلدى. بىڭتۇەننىڭ ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش پىلانىدا 1987 - يىللىق ئەمەلىي سېتىش مىقدارى ئاساس سان قىلىنىپ، ئاشلىق تارماقلىرى بىر تۇتاش سېتىۋالدى، ئاساس ساندىن ئاشقان قىسمىدىن كەم مەبلەغ سالسا شۇ نەپكە ئېرىشىش پرىنسىپى بويىچە تەڭ بەھرىمەن بولدى، يۇقىرىغا تاپشۇرۇش مىقدارى نىسبەت بويىچە يىلمۇ يىل كۆپەيتىلدى، يۇقىرىغا تاپشۇرۇش ۋەزىپىسى ئورۇندالغاندىن كېيىن بەلگىلىمە بويىچە شىنجاڭدىن چىقىرىش رەسمىيىتى بېجىرىلىپ، كۆپ يوللۇق تىجارەت يولغا قويۇلدى.

# § 2 . ئاشلىق، ياغ تاۋار ئوبوروتى ستاتىستىكىسى

## 1. ستاتىستىكا تۈزۈمى

1950 — 1952 - يىلغىچە ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ ئاشلىق ئىدارىسى مالىيە مىنىستىرلىكى ئاشلىق باشقۇرۇش باش ئىدارىسى تۈزۈپ تارقاتقان ئاشلىق ستاتىستىكا تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىپ، ئاساسلىقى تۈرگە ئايرىلغان غەللە - پاراق ئېلىش (ئارىيەتكە ئېلىش، سېتىۋېلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئارمىيە، ھۆكۈمەت ئىشلىتىدىغان ئاشلىقنى چىقىم قىلىش شۇنىڭدەك سالدۇ قاتارلىق كۆرسەتكۈچلەرنى ستاتىستىكا قىلدى. بۇ مەزگىلدە ئايلىق مەلۇمات ستاتىستىكىسى تولۇق بولمىغانلىقتىن، پۈتۈن يىللىق ئۇزۇق - تۈلۈك ۋە يەم خەشەك كىرىم - چىقىمدا بوغالتىرلىق ئاتچوتى ئۆلچەم قىلىندى. ئۆلكىلىك سودا شىركىتى تىجارەت قىلىدىغان ئاشلىق، ياغقا قارىتا سودا مىنىستىرلىكى تۈزۈپ تارقاتقان «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ستاتىستىكا تۈزۈمى» ئىجرا قىلىنىپ، ئاساسلىقى، ئىقتىسادىي تەركىب بويىچە ئايرىلغان تۈرلەرنى «بازاردىن سېتىۋېلىش» كۆرسەتكۈچى ۋە تۈرلۈك مەنبەلەر ھەم ئوبيېكت بويىچە ئايرىپ «بازاردا سېتىش» كۆرسەتكۈچى شۇنىڭدەك تۈرگە ئايرىپ يۆتكەش كۆرسەتكۈچى، ئىمپورت، ئېكسپورت، سالدۇ كۆرسەتكۈچى قاتارلىقلار ستاتىستىكا قىلىندى.

1953 — 1957 - يىلغىچە ئاشلىق ستاتىستىكا تۈزۈمىدە مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش باشقۇرۇش پرىنسىپى يولغا قويۇلدى. تۈزۈمنى ئاشلىق مىنىستىرلىكى بىر تۇتاش بېكىتتى، ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق نازارەت (ئىدارە) لىرى ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلى ياكى ستاتىستىكا كۆرسەتكۈچىنى تولۇقلاشقا توغرا كەلسە، ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈش شەرت قىلىندى.

1953 - يىلدىكى ئاشلىق ستاتىستىكا تۈزۈمى ئومۇمىي قائىدە، مەلۇمات جەدۋىلى تۈرلىرى، دوكلات قىلىش تەرتىپى، دوكلات ۋاقتى ۋە ئۇسۇلى، دەسلەپكى خاتىرە، ئۇنىۋېرسال ستاتىستىكا تارماقلىرى بىلەن باشقا تارماقلارنىڭ خىزمەت تەقسىماتى، ستاتىستىكا ئانالىزى ۋە تەتقىقاتى، ستاتىستىكا خىزمىتىنى تەكشۈرۈش ۋە دوكلات قىلىش، ستاتىستىكا ئىنتىزامى، قوشۇمچە قائىدە بولۇپ جەمئىي 10 باب 29 ماددىغا بۆلۈنگەن مەلۇمات جەدۋىلى ئاشلىق تاۋار ئوبوروتى، ئاپپارات، تەشكىلات تورى، تاۋار ئوبوروت خىراجىتى، ئەمگەك ئىش ھەققىدىن ئىبارەت 4 قىسىمدىن تەركىب تاپقان. تاۋار ئوبوروت قىسمىغا مەلۇمات جەدۋىلى شەكلىدىن باشقا يەنە كۆرسەتكۈچ ھەققىدىكى تەپسىلىي ئىزاھات قوشۇمچە قىلىنغان. ئاساسىي مەلۇمات جەدۋىلى كۈندىلىك مەلۇمات جەدۋىلى (بىر تۈرلۈك)، 10 كۈنلۈك مەلۇمات جەدۋىلى (بىر تۈرلۈك)، ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلى (7 تۈرلۈك)، قوشۇمچە مەلۇمات جەدۋىلى (6 تۈرلۈك) بولۇپ جەمئىي 15 تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق سېتىۋېلىش- سېتىش، ساقلاش كۈندىلىك مەلۇماتى (تېلېگرامما)، ئاشلىق سېتىۋېلىش، سېتىش ۋە سالدۇ، سىرتقا يۆتكەش، سىرتتىن يۆتكەپ كىرىش، خام ئەشيانى پىششىقلاپ ئىشلەشتىكى چىقىم، پىششىقلاپ ئىشلەنگەندىن كېيىن قايتۇرۇۋېلىنغان تەييار مەھسۇلات، كىرىم - چىقىمنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئايلىق مەلۇماتى قاتارلىقلار بار. ستاتىستىكا كۆرسەتكۈچى: سېتىۋېلىش ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلى غەللە - پاراق ئېلىش، بازاردىن سېتىۋېلىش بويىچە گۇرۇپپىغا ئايرىلدى؛ سېتىش ۋە سالدۇ ئايلىق مەلۇماتىدا سېتىش توپ سېتىش ۋە پارچە سېتىش بويىچە گۇرۇپپىغا ئايرىلدى؛ بازاردىن سېتىۋېلىش، توپ سېتىش، پىششىقلاش مەلۇمات جەدۋىلىدە كۆرسەتكۈچ 5 خىل ئىگىلىك تەركىبى (دۆلەت ئىگىلىكى، كوپېراتىپ، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكى، خۇسۇسىي ئىگىلىك، يەككە ئىگىلىك) بويىچە تۈرغۇزۇلدى. تاۋارلار مۇندەرىجىسى: ۋىلايەتتىن

يۇقىرى ئاشلىق ئاپپاراتلىرى مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش بەلگىلەنگەن سودا ئاشلىق[①] ئۆلچىمىنى ئىجرا قىلدى، ناھىيە (شەھەر) لىك ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئاشلىق ئاپپاراتلىرى ئەمەلىي تور بويىچە جەدۋەل تولدۇرۇدى، ستاتىستىكىلىق سۈندۇرۇلۇش نىسبىتىنى ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئاپپاراتلىرى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن بېكىتتى. شۇ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ستاتىستىكا ئاپپاراتلىرى يېڭىدىن قۇرۇلۇشقا باشلىغانلىقتىن، ستاتىستىكا ئايلىق مەلۇماتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى دېگەندەك ياخشى بولمىدى، بىراق دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسى ۋە ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە شۇ يىلى كالېندار يىللىق ستاتىستىكا يىللىق مەلۇماتى تۈزۈلدى.

1954 - يىلى ئاشلىق سېتىۋېلىش، سېتىشتا 5 خىل ئىگىلىك تەركىبى بويىچە ئايرىلغان ستاتىستىكا كۆرسەتكۈچى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. سېتىۋېلىش «پىلانلىق» سېتىۋېلىش، «بازار»دىن سېتىۋېلىش بويىچە گۇرۇپپىغا ئايرىلدى، سېتىش شەھەر، يېزا بويىچە گۇرۇپپىغا ئايرىلدى ھەمدە شەھەردە سېتىش تۈرىدە ئىستېمالچىلارغا، يېمەكلىك كەسپىگە، قوشۇمچە يېمەكلىك ئىشلەشكە، سانائەت كەسپىگە سېتىش كۆرسەتكۈچى قاتارلىق كۆرسەتكۈچلەر تۇرغۇزۇلدى. ئاشلىق نازارىتى قىسىملار ئىشلەپچىقارغان ئاشلىقنى سېتىۋېلىش، ئىشلەپچىقىرىش قىسىملىرىغا سېتىش (كېيىن بىكتۇەن سېتىۋېلىش - سېتىشقا ئۆزگەرتىلدى)، چارۋىچىلىق رايونلىرىنى تەمىنلەش، يەم - خەشەك قاتارلىق ستاتىستىكا كۆرسەتكۈچلىرىنى كۆپەيتتى. شۇ يىلى ئۆلكىلىك ياغ شىركىتى جۇڭگو ياغ شىركىتى تۈزۈپ تارقاتقان ياغ ستاتىستىكا تۈزۈمىنى ئىجرا قىلدى، ئاپپارات ئەمدىلا تەسىس قىلىنىپ، ياغ ئايلىق مەلۇمات ماتېرىيالى تولۇق بولمىغاچقا، يىللىق مەلۇمات جەدۋىلى تۈزۈلمىدى.

1955 - يىلى شەھەردە ئاشلىق سېتىش، سالدۇ ھەققىدە 5 كۈنلۈك تېلېگراف مەلۇماتى كۆپەيتىلىپ تۇرغۇزۇلدى، ئاپتونوم رايوندا ئۈرۈمچى، قەشقەر، غۇلجا شەھەرلىرى بېكىتىلگەن شەھەر قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، مۇشۇ تۈردىكى ستاتىستىكىنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاشلىق سېتىش ھەققىدىكى ئايلىق تېلېگراف مەلۇماتى (ستاتىستىكا كۆرسەتكۈچى شەھەرگە سېتىش، يېزىلارغا سېتىش، مالىيەدىن تەمىنلەش، ئېكسپورتنى تەمىنلەش قاتارلىق كۆرسەتكۈچلەرگە ئايرىلغان)، ئاشلىق سېتىۋېلىش، سېتىش، سالدۇ ئومۇمىي قىسمىتى ھەققىدىكى ئايلىق تېلېگراف مەلۇماتى ۋە ئاشلىق سېتىش ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلى كۆپەيتىپ تۇرغۇزۇلدى. ئاشلىق سېتىۋېلىش ئايلىق مەلۇماتىدىكى «پىلانلىق» سېتىۋېلىش، «بازار»دىن سېتىۋېلىش كۆرسەتكۈچى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىي تىپلىرى ۋە كوپېراتسىيىلىشىش دەرىجىسى بويىچە گۇرۇپپىغا ئايرىشقا ئۆزگەرتىلدى (يەنى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى، ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى ۋە يەككە دېھقانلار قاتارلىقلار). شۇ يىلى ئۆلكىلىك ياغ شىركىتى ياغ ستاتىستىكا تۈزۈمىگە ئاساسەن ياغ ستاتىستىكا يىللىق مەلۇماتىنى تۈزدى.

1956 - يىلى ئاشلىق سېتىش ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلى ئاشلىق سېتىش، شەھەرگە سېتىش، يېزىلارغا سېتىش بويىچە 3 جەدۋەلگە ئايرىلدى، شەھەر - يېزا مەلۇمات جەدۋىلىدە ئاھالىلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى، يېمەكلىك كەسپى، قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىش كەسپى، سانائەت، كەسپىي ئىشلار، يەم - خەشەك، ئۇرۇق قاتارلىقلار بويىچە كۆرسەتكۈچ تۇرغۇزۇلدى. شۇ يىلى مەملىكەت بويىچە تاتلىق ياغ تۈرىدىكىلەرنى ئاشلىققا سۈندۇرۇش بەلگىلەندى، شىنجاڭدا پەقەت ياغ بولغانلىقتىن ھەمدە كۆكتات سۈيىتىدە تىجارەت قىلىنغانلىقتىن، ئاشلىق قاتارىدا ستاتىستىكا قىلىنمىدى. ئاپپاراتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، 1957- يىل 7 - ئايدىن باشلاپ ياغ ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلىنى ئاشلىق مەمۇرىي تارماقلىرى بىر تۇتاش

① سودا ئاشلىق دېگىنى بۇغداي (بۇغدايغا سۈندۇرۇلغان ئوتتۇز شۇنىڭ ئىچىدە)، گۈرۈچ (گۈرۈچكە، نومى گۈرۈچكە سۈندۇرۇلغان شال، نومى شالىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، باقىلە (سېرىق پۇرچاق، يېشىل پۇرچاق، قارا پۇرچاقمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، كۆممىقوناق (كۆممىقوناققا سۈندۇرۇلغان كۆممىقوناق ئۇنى، يارمىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، قوناق (قوناققا سۈندۇرۇلغان قوناق ئۇنى، ئاقلانغان قوناقمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، تېرىق، سۆك (تېرىق، سۆككە سۈندۇرۇلغان چۈجگۈن قوناقمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ۋە باشقا ئاشلىقلارنىڭ يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ.

جەملەپ مەلۇم قىلدى.

1957 ـ يىلى ئاشلىق تاۋار ئوبوروتى مەلۇمات جەدۋىلى 5 كۈنلۈك تېلېگراف مەلۇماتى، ئايلىق مەلۇمات ۋە جەدۋەل شەكلىدىكى ئايلىق مەلۇمات قاتارلىق 9 خىلغا ئايرىلىپ، شەھەر ـ بازار نوپۇسىنىڭ ستاتىستىكا جەدۋىلى كۆپەيتىلدى. شۇ يىلى ئاشلىق تاۋارلىرىنىڭ مۇندەرىجىسىگە سودا ئاشلىق بىلەن ئەسلى ئاشلىق① تەڭلا كىرگۈزۈلدى.

1958 ـ يىلدىن باشلاپ ستاتىستىكا تۈزۈمىدە بىر تۈتاش بېكىتىش، دەرىجە بويىچە باشقۇرۇش پرىنسىپى يولغا قويۇلدى. ئاشلىق نازارىتى يۇقىرى ئالدىدا ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ تۈزۈمىنى ئىجرا قىلدى، تۆۋەنگە قارىتا ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ تۈزۈمىگە ئاساسەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاشلىق، ياغ تاۋار ئوبوروتى ستاتىستىكا تۈزۈمى»نى تۈزۈپ تارقاتتى. تۈزۈمدە ئاشلىق نورمىسى ۋە دەرىجە بويىچە گۇرۇپپىغا ئايرىلغان نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان نوپۇسنىڭ يىللىق مەلۇماتى، ئاشلىق ئېشىپ چىقىش (خوراش) ئەھۋالى ۋە باشقا كىرىم ـ چىقىم تەپسىلىي جەدۋىلى كۆپەيتىپ تورغۇزۇلدى، ئومۇمىي قىممەت ئايلىق مەلۇماتىدىكى ئەسلىدىكى توپ، پارچە سېتىش كۆرسەتكۈچى سېتىش مەلۇمات جەدۋىلىدىكى سېتىش ئوبيېكتى بويىچە ئومۇمىي قىممەتنى ھېسابلاپ تولدۇرۇپ يوللاشقا ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى تېلېگراف مەلۇماتى ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش، سېتىش، سالدۇ ھەققىدىكى 5 كۈنلۈك مەلۇمات، ئاشلىق، ياغنىڭ ئايلىق ئومۇمىي قىممەت مەلۇماتى، بەلگىلەنگەن شەھەرلەرنىڭ ئاشلىق، ياغ سېتىش، سالدۇ ئايلىق مەلۇماتىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى؛ جەدۋەل شەكلىدىكى مەلۇمات ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش، سېتىش، شەھەرگە سېتىش، يېزىلارغا سېتىش، سىرتقا يۆتكەش، سىرتتىن يۆتكەپ كىرىش، ئېشىپ چىقىش (خوراش) ۋە باشقا كىرىم ـ چىقىم تەپسىلىي جەدۋىلى، كىرىم ـ چىقىمنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلى، ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان نوپۇسنىڭ يىللىق مەلۇمات جەدۋىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. تۈرلۈك ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلى 12 خىلغا يەتتى. يىل ئاخىرلاشقاندا يەنىلا كالېندار يىللىق مەلۇمات تۈزۈلدى.

1959 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلى كۆپلەپ قىسقارتىلىپ، ئاشلىق، ياغ ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلىدىن پەقەت 3 خىل تېلېگراف دوكلاتى ۋە 2 خىل جەدۋەل شەكلىدىكى ئايلىق مەلۇماتلا ساقلاپ قېلىندى. ئاشلىق نازارىتى، ستاتىستىكا ئىدارىسى ئاشلىق ستاتىستىكا ماتېرىيالىنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە ئىزچىللىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تۆۋەنگە قارىتا يەنىلا 1958 ـ يىللىق تۈزۈمنى ئىجرا قىلىپ، ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش، سېتىش، ساقلاشقا دائىر 5 كۈنلۈك مەلۇماتنى كۈندىلىك مەلۇماتقا ئۆزگەرتىپ، يېرىم يىللىق مەلۇمات ۋە يىللىق مەلۇمات تۈزدى.

1960 — 1962 ـ يىلغىچە بولغان ئاشلىق قىيىنچىلىقى مەزگىلىدە، ستاتىستىكا خىزمىتى بىر ئاز كۈچەيتىلىپ، ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش كۈندىلىك ئىلگىرىلەش ستاتىستىكىسى تەسىس قىلىنىپ، رەھبەرلەر ئاشلىق، ياغ كىرىم ئەھۋالىدىن ئۆز ۋاقتىدا خەۋەردار قىلىپ تۇرۇلدى. 1960 ـ يىلنىڭ بېشىدا، ئاشلىق نازارىتى دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسى، ئاشلىق مىنىستىرلىكى بىرلىشىپ تارقاتقان «خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ ئاشلىق ستاتىستىكا تۈزۈمى» ۋە ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى تۈزۈپ تارقاتقان «خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ ئاشلىق ستاتىستىكا خىزمىتىنى ۋاقىتلىق يولغا قويۇش چارىسى» قاتارلىق بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن «شىنجاڭنىڭ يېزا خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ ئاشلىق ستاتىستىكا تۈزۈمى»نى تۈزۈپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنى دوكلات قىلىش بىرلىكى قىلىپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش، ئىستېمال، تەقسىمات ئەھۋالىنى يۇقىرىغا قەرەللىك

① ئەسلى ئاشلىق دېگىنى بۇغداي (بۇغدايغا سۇندۇرۇلغان ئۇنىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، شال (شالغا، نومى شېلىغا سۇندۇرۇلغان گۈرۈچ، نومى گۈرۈچمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، باقىلە (سېرىق پۇرچاق، يېشىل پۇرچاق، قارا پۇرچاقمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، كۆممىقوناق (كۆممىقوناققا سۇندۇرۇلغان كۆممىقوناق ئۇنى، يارمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، قوناق (قوناققا سۇندۇرۇلغان قوناق ئۇنى، ئاقلانغان قوناقمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، چۈجگۈن قوناق، سۆك (چۈجگۈن قوناق سۆككە سۇندۇرۇلغان تېرىق، ئۇۋاق تېرىقمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ۋە باشقا ئاشلىقلارنىڭ يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ.

يوللاپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. تەلەپ ئەمەلىيەتتىن چەتنەپ كەتكەچكە، جايلارنىڭ مەلۇمات جەدۋىلىنى يوللاش ئەھۋالى ياخشى بولمىدى، شۇنىڭ بىلەن بۇنى ئىجرا قىلىش ئۇزاققا بارماي ئۆزلۈكىدىن توختىدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق، ياغ ستاتىستىكا تۈزۈمىدىكى مەلۇمات جەدۋىلى قىسمى تۆۋەندىكىدەك ئۆزگەرتىلدى: ئوبوروت ئاشلىق تۈرلىرىنى ئايرىۋاشلاش سېتىۋېلىش - سېتىش بويىچە بىر تەرەپ قىلىنمايدىغان بولدى، تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلىگە ئوبوروت كىرىمى، ئوبوروت چىقىمى، تېگىشىپ ئېلىش، تېگىشىپ بېرىش كۆرسەتكۈچى قوشۇلدى؛ ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلىدىكى يېزا ئىقتىسادىي تىپى بويىچە ستاتىستىكا قىلىش كۆرسەتكۈچى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، پۈتۈن جەدۋەل غەللە - پاراق ئېلىش، سېتىۋېلىش (دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ 4 كۆرسەتكۈچىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) كۆرسەتكۈچىگە ئۆزگەرتىلدى؛ نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان نوپۇس ۋە نورمىلىق تەمىنلەش سەۋىيىسى مەلۇمات جەدۋىلى قوشۇلدى. 1961 - يىلى شەھەر، يېزىلارغا سېتىش ئايلىق مەلۇماتلىرىغا غەيرىي يېزا ئىگىلىكىگە سېتىش، يېزا ئىگىلىكىگە سېتىش كۆرسەتكۈچى قوشۇلدى.

1963 - يىلى ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، دۆلەت دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىن سېتىۋېلىش، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا سېتىش ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلى كۆپەيتىلدى (دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش سىستېمىسى يەنى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش سىستېمىسى، ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى، جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسى، باشقا دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بويىچە گۇرۇپپىغا ئايرىلدى) . غەللە - پاراق ئېلىش كۆرسەتكۈچى كىرىم - چىقىمنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش جەدۋىلىدە ئايرىم تۈزۈلدى؛ دۆلەت بىر تۇتاش سېتىلىدىغان ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىدىغان نوپۇسنى ئوزۇقلۇق ئاشلىقى بىلەن تەمىنلەش پەسىللىك مەلۇمات جەدۋىلى (دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە باشقا قوشۇمچە كەسىپلەر بويىچە گۇرۇپپىغا ئايرىلغان) قوشۇلدى؛ ئاشلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى كىرىم - چىقىم، سالدۇ پەسىللىك مەلۇمات جەدۋىلى كۆپەيتىلىپ، تۈرگە ئايرىلغان قوشۇمچە مەھسۇلاتلارنى پىششىقلاشتىن كېيىن يىغىۋېلىش، سېتىش (ئىشلىتىلىشى بويىچە ئوبيېكتقا ئايرىلغان) سالدۇ كۆرسەتكۈچلىرى تەسىس قىلىندى. ستاتىستىكا يىللىق مەلۇماتى كالېندار يىلىدىن ئاشلىق يىلىغا (شۇ يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن كېيىنكى يىلى 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە) ئۆزگەرتىلىپ، 1990 - يىلغا قەدەر يىللىق مەلۇمات يەنىلا مۇشۇ بويىچە تۈزۈلدى.

1964 - يىلى گوۋۇيۈەننىڭ «مەلۇمات جەدۋەللىرىنى ئىخچاملاش» توغرىسىدىكى روھىغا ئاساسەن، ئاشلىق ستاتىستىكىسىدا ئىلگىرى كېيىن بولۇپ دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىن ئاشلىق سېتىۋېلىش، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا سېتىش ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلى ۋە ئاشلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى كىرىم - چىقىم، سالدۇ پەسىللىك مەلۇمات جەدۋىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئاشلىق، ياغ سېتىش ئايلىق مەلۇماتى غەيرىي يېزا ئىگىلىكىگە سېتىش، يېزا ئىگىلىكىگە سېتىش بويىچە بىر تۇتاش تولدۇرۇپ يوللىنىلىپ، شەھەر، يېزا كۆرسەتكۈچى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئەسلىدىكى 2 خىل سېتىش مەلۇمات جەدۋىلى بىرلەشتۈرۈلۈپ بىر خىل قىلىندى، ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلىگە سېتىۋېلىش ئۇسۇلى بويىچە غەللە - پاراق ئېلىش، سېتىۋېلىش كۆرسەتكۈچلىرى كىرگۈزۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىن، بىڭتۈەندىن سېتىۋېلىش، بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، تېگىشىپ سېتىۋېلىش، ئارىيەتكە سېتىپ قايتۇرۇۋېلىش كۆرسەتكۈچى، بىلەتكە تېگىشلىگەن تەييار ئاشلىق كۆرسەتكۈچى قاتارلىق كۆرسەتكۈچلەر تەسىس قىلىندى. تاۋارلار مۇنەررىجىسىدىكى جەدۋەللەردە سودا ئاشلىق ئۆلچىمى بىر تۇتاش قوللىنىلىپ، تارتىلمىغان ئاشلىق ئۆلچىمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. تارتىلمىغان ئاشلىق پەقەت ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى، ئىستېمال تەقسىماتىنى ھېسابلاشتا قوللىنىلدى. 1965 - يىلغا قەدەر جەمئىي 12 خىل ئاشلىق ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلى ساقلاپ قېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تېلېگراف مەلۇماتى 4 خىل، جەدۋەل شەكىللىك ئايلىق مەلۇمات 8 خىل.

1966 — 1969 - يىلغىچە شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ستاتىستىكا تۈزۈمى ئاساسەن ئۆزگەرتىلمىدى، پەقەت

قىسمەن مەلۇمات جەدۋەللىرى قىسقارتىلدى. 1970 ـ، 1971 ـ يىللىرى خادىملارنىڭ كۆپ قىسمى «7 ـ ماي» كادىرلار مەكتىپىگە كېتىپ «كۆرەش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئۆزگەرتىش» كە قاتناشقانلىقتىن، ئاشلىق ستاتىستىكا ئاپپاراتى ئاجىزلاپ خادىملار ئازىيىپ كەتتى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلىدىن پەقەت ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش 5 كۈنلۈك تېلېگراف مەلۇماتى، ئاشلىق، ياغ ئاساسلىق كىرىم، چىقىم تۈرى ۋە سالدو ئايلىق مەلۇماتى، ئاشلىق يۆتكەش ئايلىق مەلۇماتى ۋە ئاساسلىق سېتىش تۈرلىرىگە ئايرىلغان سېتىش ئايلىق مەلۇماتىلا ساقلاپ قېلىندى. ئۈنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايوندىكى مۇھىم شەھەرلەردىن بولغان ئۈرۈمچى، قاراماي، غۇلجا، قەشقەر شەھەرلىرىدە ئاشلىق سېتىش، سالدو يېرىم يىللىق مەلۇماتى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. 1972 ـ يىلى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ سېتىۋېلىش، سېتىش، يۆتكەش، ساقلاش ئومۇمى قىممەت ئايلىق مەلۇمات (تېلېگراف) جەدۋىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1975 ـ يىلى ستاتىستىكا تۈزۈمى 1965 ـ يىلدىكى سەۋىيە ئاساسىدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئۈرۈمچى شەھىرى مەملىكەت بويىچە بەلگىلەنگەن 60 شەھەرنىڭ بىرى قاتارىدا ئاشلىق مىنىستىرلىكىگە «ئاشلىق سېتىشنىڭ تۈرگە ئايرىلغان ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلى» نى بىۋاسىتە يوللىدى. 1977 ـ يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايون ستاتىستىكا يىللىق مەلۇماتىنى ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلى شەكلى بويىچە جەملەپ تۈزدى.

1979 ـ يىلى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشى، كۆپ خىل ئىگىلىكنى قانات يايدۇرۇشى، ئوتتۇرا باھادا ياغ سېتىشى قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلۇپ، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى تۈزۈپ تارقاتقان ئاشلىق، ياغ ستاتىستىكا تۈزۈمى ۋە مەلۇمات جەدۋەللىرىگە بىر قەدەر چوڭ ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلدى. كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغ ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلى يېزىلارنىڭ ئاشلىق، سۇ يېغى ھوسۇلى تەقسىماتىنى تەكشۈرۈش جەدۋىلى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى، ياغ تاۋارلىرى مۇندەرىجىسىگە ئاپتاپپەرەس قاتارلىقلار قوشۇلدى. 1980 — 1984 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق، ياغ ستاتىستىكا تۈزۈمى جەمئىي 10 باب 30 ماددىغا ئايرىلىپ، ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلىدىن تېلېگراف دوكلاتى 3 خىلغا، جەدۋەل شەكىللىك مەلۇمات 26 خىلغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئايلىق مەلۇمات 22 خىل، يىللىق مەلۇمات 4 خىل. 1985 ـ يىلدىن باشلاپ، ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش توختام بويىچە ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىشقا ئۆزگەرتىلگەنلىكتىن، ستاتىستىكا تۈزۈمىگىمۇ مۇناسىپ ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلدى. تەكشى باھالىق ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش جەدۋىلىدىكى سېتىۋېلىش، بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، نورمىدىن ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش كۆرسەتكۈچلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، توختام بويىچە ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ۋە ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىشتىن باشقا بۇرۇنقى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە سېتىۋېلىش يېڭىدىن تەسىس قىلىندى؛ مۇكاپات ئورنىدا سېتىلغان ئاشلىق، سانائەتكە ئىشلىتىلىدىغان ئاشلىق ۋە ئوبوروت ئاشلىقنىڭ تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. سانائەتكە ئىشلىتىلىدىغان ئاشلىق كېلىشىم باھا جەدۋىلىدە ستاتىستىكا قىلىنىشقا ئۆزگەرتىلىپ، ئىستېمال قىلىنمايدىغان ياغ، ياغلىق دان كۆرسەتكۈچىمۇ كېلىشىم باھالىق ياغ جەدۋىلىگە تولدۇرۇلۇپ يوللاندى. 1986 ـ يىلدىن باشلاپ ئاشلىق، ياغنى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش جەدۋىلىگە ئىشلەپچىقارغۇچىلاردىن سېتىۋېلىش كۆرسەتكۈچى قوشۇلدى، ئاشلىق، ياغ ستاتىستىكىلىق سانلىرىنى ھېسابلاش بىرلىكى خەلقئارالىق بىرلىككە ئۆزگەرتىلدى.

1989 ـ، 1990 ـ يىللىرى ئاپتونوم رايوننىڭ ستاتىستىكا تۈزۈمى جەمئىي 10 باب 33 ماددىغا بۆلۈنگەن، ئۇنىڭ مەزمۇنى ئومۇمىي قائىدە، ستاتىستىكا ئاپپاراتلىرى ۋە ستاتىستىكىچىلار قوشۇنى، ستاتىستىكا ئاپپاراتلىرى، ستاتىستىكا خادىملىرىنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيىتى ۋە ھوقۇقى، ستاتىستىكا ئىنتىزامى، دەسلەپكى خاتىرە، ماتېرىياللارنى رەتلەش، ستاتىستىكا تەھلىلى، ستاتىستىكا سۈپىتىنى تەكشۈرۈش، مەلۇمات جەدۋەللىرىنى باشقۇرۇش، ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلى 3 خىل تېلېگراف مەلۇمات جەدۋىلى، 28 خىل جەدۋەل شەكىللىك مەلۇماتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ،

بۇنىڭ ئىچىدە جەدۋەل شەكىللىك ئايلىق مەلۇمات 24 خىل، يىللىق مەلۇمات جەدۋىلى 4 خىل. تاۋارلار مۇندەرىجىسىدە ئاشلىق 30 خىلغا، سۇ يېغى، ياغلىق دان 27 خىلغا بۆلۈنگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىستېمال قىلىنمايدىغان ياغ، ياغلىق دان 3 خىل. 1990 - يىلى يېڭى ئاشلىق بازارغا سېلىنىشتىن بۇرۇن «يېزىلارنىڭ ئېشىنچە ئاشلىقىنى تەكشۈرۈش جەدۋىلى» ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان ئاشلىق مەخسۇس زاپىسى ۋە سۇ يېغى تاۋار زاپىسى سانى مۇددەت ئاخىرىدىكى سالدۇغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، شۇنىڭ ئىچىدىكى سان قاتارىدا ئايرىم تۈزۈلدى، يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن «دۆلەت ئاشلىق زاپىسىنى ئىسكىلات، نۇقتىلارغا بۆلۈش مەلۇمات جەدۋىلى»گە بىر قېتىمدىلا تەكشۈرۈش ئۈچۈن، ناھىيە دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرى تۈر، مىقدارغا ئايرىپ كونكرېت ساقلىنىۋاتقان ئىسكىلات، نۇقتا بويىچە تولدۇرۇپ يوللىدى (جەدۋەل: 5 — 24كە قاراڭ).

## شىنجاڭنىڭ 1990 - يىللىق ئاشلىق، ياغ ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋەللىرى مۇندەرىجىسى ۋە ئاشلىق، ياغنىڭ ستاتىستىكىلىق سۈندۈرۈلۈش نىسبىتى

جەدۋەل: 5 — 24

| ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋەللىرى مۇندەرىجىسى | | ئاشلىق، ياغ تاۋارلىرىنىڭ ستاتىستىكىلىق سۈندۈرۈلۈش نىسبىتى | |
|---|---|---|---|
| جەدۋەل نومۇرى | مەلۇمات جەدۋىلى نامى | ئاشلىق | سۈندۈرۈلۈش نىسبىتى % |
| شىنجاڭ ئاشلىق ئوبوروتى 1 - جەدۋەل | ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ سېتىۋېلىش - سېتىش، يۆتكەش، سالدۇ ئومۇمىي قىممىتى تېلېگراف (جەدۋەل شەكىللىك) ئايلىق مەلۇماتى ۋە يىللىق مەلۇمات جەدۋىلى (كالېندار يىللىق) | ھەر 100 كىلوگرام بۇغداينىڭ ئۆلچەملىك ئۇنغا سۈندۈرۈلۈشى | 80 |
| شىنجاڭ ئاشلىق ئوبوروتى 2 - جەدۋەل | ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش بەش كۈنلۈك تېلېگراف مەلۇماتى | ھەر 100 كىلوگرام بۇغداينىڭ ئالاھىدە ئۇنغا سۈندۈرۈلۈشى | 80 |
| شىنجاڭ ئاشلىق ئوبوروتى 3 - جەدۋەل | ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش - سېتىش، سالدۇ ئايلىق تېلېگراف مەلۇماتى | ھەر 100 كىلوگرام بۇغداينىڭ 3 - نومۇرلۇق ئۇنغا سۈندۈرۈلۈشى | 80 |
| شىنجاڭ ئاشلىق ئوبوروتى 4 - جەدۋەل | ئاشلىق سېتىۋېلىش ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلى | ھەر 100 كىلوگرام شالنىڭ گۈرۈچكە سۈندۈرۈلۈشى | 60 |
| شىنجاڭ ئاشلىق ئوبوروتى 5 - جەدۋەل | ئاشلىق سېتىش ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلى | ھەر 100 كىلوگرام كۆممىقوناقنىڭ كۆممىقوناق ئۇنىغا سۈندۈرۈلۈشى | 90 |
| شىنجاڭ ئاشلىق ئوبوروتى 6 - جەدۋەل | ئاشلىق يۆتكەپ چىقىرىش ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلى | ھەر 100 كىلوگرام كۆممىقوناقنىڭ يېرمىغا سۈندۈرۈلۈشى | 90 |
| شىنجاڭ ئاشلىق ئوبوروتى 7 - جەدۋەل | ئاشلىق يۆتكەپ كىرگۈزۈش ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلى | ھەر 100 كىلوگرام قوناقنىڭ قوناق ئۇنىغا سۈندۈرۈلۈشى | 90 |
| شىنجاڭ ئاشلىق ئوبوروتى 8 - جەدۋەل | ئاشلىق، ياغ كىرىم - چىقىمىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلى | ھەر 100 كىلوگرام قوناقنىڭ ئاقلانغان قوناققا سۈندۈرۈلۈشى | 90 |
| شىنجاڭ ئاشلىق ئوبوروتى 9 - جەدۋەل | ياغ سېتىۋېلىش ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلى | ھەر 100 كىلوگرام چۈجگۈن قوناقنىڭ (سۆك) نىڭ تېرىق (سۆك) قا سۈندۈرۈلۈشى | 60 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| شىنجاڭ ئاشلىق ئوبوروتى 10 - جەدۋەل | ياغ سېتىش ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلى | | |
| شىنجاڭ ئاشلىق ئوبوروتى 11 - جەدۋەل | ياغ يۆتكەپ چىقىرىش ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلى | ياغ | سۇندۇرۇلۇش نىسبىتى |
| شىنجاڭ ئاشلىق ئوبوروتى 12 - جەدۋەل | ياغ يۆتكەپ كىرگۈزۈش ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلى | ھەر 100 كىلوگرام قىچىنىڭ ياغقا سۇندۇرۇلۇشى | 30 |
| شىنجاڭ ئاشلىق ئوبوروتى 13 - جەدۋەل | ياغ كىرىم - چىقىمنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلى | ھەر 100 كىلوگرام كۈنجۈتنىڭ ياغقا سۇندۇرۇلۇشى | 40 |
| شىنجاڭ ئاشلىق ئوبوروتى 14 - جەدۋەل | ئاشلىق، ياغنى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلى | ھەر 100 كىلوگرام چىگىتنىڭ ياغقا سۇندۇرۇلۇشى | 14 |
| شىنجاڭ ئاشلىق ئوبوروتى 15 - جەدۋەل | ئاشلىق ياغنى كېلىشىم باھادا سېتىش ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلى | ھەر 100 كىلوگرام زىغىرنىڭ ياغقا سۇندۇرۇلۇشى | 30 |
| شىنجاڭ ئاشلىق ئوبوروتى 16 - جەدۋەل | كېلىشىم باھادىكى ئاشلىقنى سىرتقا يۆتكەش (ئاشلىق سېتىۋېلىنىش ئىچكى قىسىمدا سېتىش) ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلى | ھەر 100 كىلوگرام ئادەتتىكى ئاپتاپپەرەسنىڭ ياغقا سۇندۇرۇلۇشى | 18 |
| شىنجاڭ ئاشلىق ئوبوروتى 17 - جەدۋەل | كېلىشىم باھادىكى ئاشلىقنى يۆتكەپ كىرگۈزۈش (ئاشلىق سېتىۋېلىنىش ئىچكى قىسىمدىن سېتىۋېلىپ كىرگۈزۈش) ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلى | ھەر 100 كىلوگرام مايلىق ئاپتاپپەرەسنىڭ ياغقا سۇندۇرۇلۇشى | 35 |
| شىنجاڭ ئاشلىق ئوبوروتى 18 - جەدۋەل | كېلىشىم باھادىكى ئاشلىق كىرىم - چىقىمنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلى | ھەر 100 كىلوگرام زاراڭزىنىڭ ياغقا سۇندۇرۇلۇشى | 20 |
| شىنجاڭ ئاشلىق ئوبوروتى 19 - جەدۋەل | كېلىشىم باھادىكى ياغنى سىرتقا سېتىش (ئاشلىق سېتىۋېلىنىش ئىچىدە سېتىش) ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلى | ھەر 100 كىلوگرام كەندىر ئۇرۇقىنىڭ ياغقا سۇندۇرۇلۇشى | 18 |
| شىنجاڭ ئاشلىق ئوبوروتى 20 - جەدۋەل | كېلىشىم باھادىكى ياغنى يۆتكەپ كىرگۈزۈش (ئاشلىق سېتىۋېلىنىش ئىچىدىن سېتىۋېلىپ كىرگۈزۈش) ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلى | ھەر 100 كىلوگرام خاسىڭ مېغىزىنىڭ ياغقا سۇندۇرۇلۇشى | 40 |
| شىنجاڭ ئاشلىق ئوبوروتى 21 - جەدۋەل | كېلىشىم باھادىكى ياغ كىرىم - چىقىمنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلى | ھەر 100 كىلوگرام خاسىڭنىڭ خاسىڭ مېغىزىغا سۇندۇرۇلۇشى | 55 |
| شىنجاڭ ئاشلىق ئوبوروتى 22 - جەدۋەل | كېلىشىم ۋە تەكشى باھادىكى ئاشلىق، ياغنى ئۆز ئارا ئايلاندۇرۇپ تۆرگە ئايرىش ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلى | ھەر 100 كىلوگرام ئابدىمەلىكنىڭ ياغقا سۇندۇرۇلۇشى | 40 |
| شىنجاڭ ئاشلىق ئوبوروتى 23 - جەدۋەل | ئاشلىق، ياغنىڭ كېمىيىپ چىقىش، خوراش ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلى | | |
| شىنجاڭ ئاشلىق ئوبوروتى 24 - جەدۋەل | ئاشلىق، ياغ باشقا كىرىم - چىقىم ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلى | | |
| شىنجاڭ ئاشلىق ئوبوروتى 25 - جەدۋەل | نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان نوپۇس، نورمىلىق تەمىنلەش سەۋىيىسى ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلى | | |
| شىنجاڭ ئاشلىق ئوبوروتى 26 - جەدۋەل | نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان نوپۇسنىڭ ئېشىش - كېمىيىش ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلى | | |

| | | | |
|---|---|---|---|
| شىنجاڭ ئاشلىق ئوبوروتى 27 ـ جەدۋەل | بېزىلارنىڭ دۆلەت تەمىنلەيدىغان ئۈزۈقلۈق ئاشلىقى، ئۇرۇق، يەم ـ خەشەكنى تۈزگە ئايرىش يىللىق مەلۇمات جەدۋىلى | | |
| شىنجاڭ ئاشلىق ئوبوروتى 28 ـ جەدۋەل | ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش ـ سېتىش، سالدۇ يىللىق مەلۇمات جەدۋىلى (كالېندار يىللىق) | | |

ئىزاھ: يەنە شىنجاڭ ئاشلىق يۈتكەش 1 ـ جەدۋەل: بېزىلارنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتى، ئىستېمالنى تەكشۈرۈپ ھېسابلاش جەدۋىلى، يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن دۆلەت ئاشلىق زاپىسىنىڭ ئىسكىلات، ئۇقتىلارغا ئايرىلىش مەلۇمات جەدۋىلى بار.

## 2. ستاتىستىكا خىزمىتى

### 1) دەسلەپكى خاتىرە

1954 ـ يىل 7 ـ ئايدا ئۆلكىلىك ئاشلىق نازارىتى ئاشلىق سىنىپىتىرلىكىنىڭ دەسلەپكى خاتىرە تۈزۈمىگە ئاساسەن ئۆلكە بويىچە بىر تۇتاش قوللىنىلىدىغان «ئاشلىق ئوبوروتى دەسلەپكى خاتىرىسى ۋە سانلارنى توپلاش چارىسى»نى تۈزدى ھەمدە شۇنىڭغا ئاساسەن 20 خىلدىن ئارتۇق ھۆججەت، مەلۇمات تالونى، تىزىملاش دەپتىرى قاتارلىقلارنى بېسىپ تارقاتتى. 1955 ـ يىلى ئۆلكىلىك سودا نازارىتى ياغ شىركىتى ئاساسىي قاتلامنىڭ دەسلەپكى خاتىرىسىنى رەتلەپ، ياغ شىركىتى سىستېمىسىنىڭ ئىسكىلاتلىرىغا قارىتا كارتوچكا تۈزۈمىنى يولغا قويدى، بۇ چىقىم (كىرىم) ئۆتكۈزۈش تالونى، دەستلەپ ئايرىش تالونى، تاۋار كىرىمى (چىقىمى) خاتىرىسى جەدۋىلىدىن ئىبارەت 13 خىلغا بۆلۈندۇ. ياغ كەسپى ئاشلىق تارماقلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن كېيىن، دەسلەپكى خاتىرە دوكۇمېنتى بىر تۇتاش باشقۇرۇلدى.

60 ـ يىللارنىڭ بېشىدا دەسلەپكى خاتىرە دوكۇمېنتىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەرگە چۈشۈرۈلدى. 1964 ـ يىلى ئاشلىق نازارىتى يەنە «ئاساسىي قاتلام ئاشلىق سودا ئورۇنلىرىنىڭ ھېسابات تۈزۈمى»نى بېسىپ تارقاتتى، ئۇ 13 تۈرلۈك 19 خىل دەسلەپكى دوكۇمېنت، 7 تۈرلۈك 10 خىل ئومۇملاشتۇرۇش دوكۇمېنتى، 9 تۈرلۈك 11 خىل ھېساب بوغۇپ يوللاش دوكۇمېنتى، 5 تۈرلۈك 6 خىل ئەمەلىي مال ھېساب دەپتىرى، 4 تۈرلۈك 4 خىل ھېساب بوغۇپ يوللاش جەدۋىلى بولۇپ، مەبلەغ ھېسابلاش تۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغاندا جەمئىي 50 خىل فورماتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە دەسلەپكى دوكۇمېنت باشقۇرۇش بىر قەدەر قالايمىقان بولدى.

ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى 1980 ـ يىلدىن باشلاپ ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ھەمدە 30 نەپەر پېشقەدەم بوغالتىرنى سۆھبەتكە تەكلىپ قىلىش ئارقىلىق، 1982 ـ يىلى يېزىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويغاندىن كېيىنكى ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش ـ سېتىش ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان «شىنجاڭنىڭ ئاشلىق سىستېمىسىدىكى ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىنىڭ ئاشلىق، ياغ تاۋار ئوبوروتى دەسلەپكى خاتىرىسىنى ۋاقىتلىق يولغا قويۇش بەلگىلىمىسى»نى قايتىدىن تۈزدى، ئۇ 35 خىل مەلۇمات تالونى، مەلۇمات جەدۋىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 34 خىلى جايلارنىڭ 1983- يىل 1 ـ ئايدىن باشلاپ ئىجرا قىلىشى ئۈچۈن بېسىپ تارقىتىلدى.

1984 — 1990 ـ يىلغىچە جايلار ئىشلەتكەن دەسلەپكى خاتىرە دوكۇمېنتى ئېھتىياجغا ئاساسەن ئۆزگەرتىلدى ھەمدە جايلار ئۇنى ئۆزى تۈزۈپ باستۇردى.

### 2) تەكشۈرۈپ بېكىتىش، جەملەش

ئاشلىق، ياغ ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلى، ستاتىستىكا سانلىرىنىڭ ۋاقتىدا يوللىنىشى، توغرا، مۇكەممەل بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىدا يۈز بېرىدىغان كەسىپ، دەسلەپكى خاتىرە دوكۇمېنتىنى تولدۇرۇشتىن باشلاپ، مەلۇمات تالونىنى جەملەش ۋە ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋەللىرىنى

دەرىجىمۇ دەرىجە جەملەشكىچە قاتتىق ستاتىستىكىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، خاتالىق بايقالسا ۋاقتىدا تۈزىتىلدى. تەكشۈرۈپ بېكىتىش ستاتىستىكا دائىرىسى، دوكلات مۇددىتى، تاۋارلار مۇندەرىجىسى، ستاتىستىكىلىق سۇندۇرۇلۇش نىسبىتى، كۆرسەتكۈچ دائىرىسى، ئوبيېكتلارنى ئايرىش، ئۆلچەم بىرلىكى، ھېسابلاش ئۇسۇلى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاساسىي قاتلامنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشتە ستاتىستىكا خادىملىرى مەلۇمات تالونى ياكى مەلۇمات جەدۋىلىنى تولدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئاۋۋال ئۆزىنى ئۆزى تەكشۈرۈپ ئاندىن ستاتىستىكا مەسئۇلىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە تاپشۇردى، ئىدارە رەھبەرلىرى يەنە قايتا تەكشۈرۈپ ئىمزا قويۇپ، تامغا باسقاندىن كېيىن يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تارماقلار ۋە تەڭ دەرىجىلىك دۆلەت ستاتىستىكا تارماقلىرىغا يوللىدى. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئاشلىق ستاتىستىكا تارماقلىرى تۆۋەننىڭ مەلۇمات تالونى ياكى مەلۇمات جەدۋىلىنى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن ۋە خۇلاسىلىغاندا مەسىلە ۋە خاتالىق بايقالسا شۇ ھامان سۈرۈشتە قىلدى ھەمدە تۈزىتىشنى ئۇقتۇردى.

50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئاشلىق نازارىتى «ئاشلىق تاۋار ئوبوروتى ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئۇقتۇرۇش تالونى» ۋە «ئاشلىق تاۋار ئوبوروتى ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلىدىكى سانلارنى تۈزىتىش جەدۋىلى»نى تۈزۈپ تارقاتتى. «ئۇقتۇرۇش تالونى» تۆۋەن دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ مەلۇمات جەدۋىلىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشتە سۈرۈشتۈرۈش، ئۇقتۇرۇش قىلىشقا ئىشلىتىلدى، بۇ بىر نۇسخا 2 پارچە بولۇپ، بىرى تۆۋەن دەرىجىلىك ئورۇنلاردا ساقلاندى، يەنە بىرى ھۆججەت قىلىندى. «سانلارنى تۈزىتىش جەدۋىلى» ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئىلگىرى يوللىغان خاتا سانلارنى تۈزىتىشىگە ئىشلىتىلدى.

1978 ـ يىلدىن باشلاپ ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ھەر يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ستاتىستىكا يىللىق مەلۇماتىنى تەكشۈرۈپ ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزدى، جايلار ئاشلىق يىلىدىكى تۈرلۈك ئاشلىق، ياغ ستاتىستىكا سانلىرىنى ئۆزئارا ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ بېكىتىپ، ئەڭ ئاخىرىدا جەملەپ خۇلاسە چىقاردى. بۇ تۈزۈم 1990ـ يىلغىچە ئىجرا قىلىندى، تەكشۈرۈپ ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق، ياغ ستاتىستىكا سانىنىڭ ۋاقتىدا، توغرا مۇكەممەل بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا زور رول ئوينىدى.

## 3) تەكشۈرۈپ ئانالىز قىلىش

(1) مەخسۇس تەكشۈرۈش مەخسۇس تەكشۈرۈش — قەرەللىك ستاتىستىكىلىق تەكشۈرۈشنىڭ تولۇقلىمىسى. 1953 ـ يىل 4 ـ ئايدىن باشلاپ، ئۆلكىلىك ئاشلىق نازارىتى ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ بەلگىلىمىسىنى ئىجرا قىلىپ، بېزىلارنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتى، ئىستېمالىنى تەكشۈردى. 1954 ـ يىلدىن باشلاپ، جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرى ھەر يىلى بازلىق، كۆزلۈك ئاشلىق ھوسۇلىنى مۆلچەرلەش بويىچە تەكشۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇ غەللە ـ پاراق ئاشلىقى سېتىۋېلىش پىلانىنى تەقسىم ۋە يۆتكەشكە ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسى قىلىندى. 1954 ـ يىلى يەنە غەربىي شىمال ئاشلىق باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، شەھەر ـ بازار، زاۋۇت، كان رايونى، چارۋىچىلىق رايونىنىڭ نوپۇسى، چارۋا ماللار تەكشۈرۈلدى.

1957 ـ يىلدىن كېيىن ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، سېتىش سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرى خەلق كۆكنىسىنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش، ئىستېمال تەقسىماتى ۋە شەھەر ـ بازار نوپۇسى ئەھۋالىنى دائىم تەكشۈردى. 1960 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرىدا خەلق تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، بېزىلارنىڭ ئاشلىق باشقۇرۇش ئەھۋالى ۋە شەھەر ـ بېزىلارنىڭ ئۇن تارتىش ئەھۋالى، ئۇن دۇكانلىرىنىڭ ئەھۋالى قاتارلىق مەزمۇنلار بويىچە تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇش ھەققىدىكى تېزىسنى مەخسۇس بېسىپ تارقاتتى. 1961 ـ يىل 3 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارە باشلىقلىرى يىغىنىدا تېزىس مۇزاكىرە قىلىنىپ، ئىدىيە بىرلىككە

كەلتۈرۈلدى، يەغىندىن كېيىن جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭ خىزمەت گۇرۇپپىلىرى تەشكىللىنىپ نۇقتىلىق رايونلار، مۇھىم تۈرلەر بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرىمۇ تەكشۈرۈش تېزىسىگە ئاساسەن تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاشلىق نازارىتى 4 ئايدىن بۇيانقى تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى دەسلەپكى قەدەمدە مۇنداق خۇلاسىلىدى: ئاشلىق مەھسۇلاتى راست بولماسلىق، ئاۋۋال سېتىۋېلىپ ئاندىن تەقسىملەش، نورمىدىن ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش تۈپەيلىدىن قايتىلاپ قايتۇرۇپ سېتىش ئاشلىق خىزمىتىدە ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلە؛ ئاشلىق تەقسىماتىدا تەڭ تەقسىماتچىلىق قىلىنغانلىقى، كۆپ ھوسۇل ئالغانلارغا كۆپ قالدۇرۇش، كۆپ ئىشلىگەنلەرگە كۆپ نەپ بېرىش پرىنسىپى ئىزچىللاشتۇرۇلمىغانلىقى ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش ئاكتىپلىقى سۇسلىشىپ كەتكەن، ئەزالارنىڭ ئەمگەككە قاتنىشىش ئاكتىپلىقىمۇ زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يېزىلارنىڭ ئاشلىق باشقۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرى ۋە ئەترەتلىرىنىڭ ئاشلىقنى تەقسىم قىلىش ھوقۇقى، يېزىلارنىڭ ئۇن تارتىش ئەسۋابلىرى ناچار بولغانلىقتىن ئادەم كۈچى، ئۇلاغ كۈچى كۆپ سەرپ بولۇش شۇنىڭدەك يېزىلارنىڭ ئاماقخانىلىرىنى، بازارنى تەمىنلەش قاتارلىقلارغا ئائىت ھەل قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن مەسىلىلەر ساقلانماقتا ئىدى. شۇ يىلى ئاشلىق نازارىتى ئاپتونوم رايون بويىچە تاۋار ئاشلىق ئىستېمال قىلىدىغان شەھەر - بازار نوپۇسىنى بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈردى. 1962 - يىل 8 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە يېزىلاردىكى تاۋار ئاشلىق ئىستېمال قىلىدىغان ئائىلىلەر ۋە دۆلەتنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى بىلەن تەمىنلەش ئەھۋالى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ، نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان نوپۇس ستاتىستىكىسىنىڭ توغرىلىق دەرىجىسى ئاشۇرۇلدى. 1963 - يىلى ئاشلىق نازارىتى قەشقەر ۋىلايىتى ۋە سانجى ئوبلاستىنىڭ سانجى ناھىيىسىدە نورمىدىن ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش ئەھۋالى ئۈستىدە مەخسۇس تەكشۈرۈش ئۇيۇشتۇرۇپ، ھەم سېتىۋېلىش، ھەم سېتىشنىڭ سەۋەبلىرى ۋە مىقدارىنى ئېنىقلاپ، مەسىلىنى ھەل قىلىشنى ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. بۇ خىل تەكشۈرۈش كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، ئوبلاستتا كۆپ قېتىم يولغا قويۇلدى. 1975 — 1990 - يىلغىچە سودا (ئاشلىق) مىنىستىرلىكىنىڭ بەلگىلىمىسى ئىجرا قىلىنىدى، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ھەر يىلى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى تولدۇرۇپ يوللىغان يېزىلارنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىستېمال تەقسىماتى كارتوچكىسىنى سودا مىنىستىرلىكىگە يوللىدى. بۇ خىل تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدىن دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى ناھىيىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەشتە پايدىلاندى.

سودا مىنىستىرلىكىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، 1982 - يىلدىن باشلاپ مورى، غۇلجا، كۈنەس، چۆچەك، شىخو، خوتەن، يەكەن قاتارلىق 15 ناھىيە (شەھەر) دە ھەر يىلى يېڭى ئاشلىق بازارغا سېلىنىشتىن بۇرۇن يېزىلارنىڭ ئېشىنچە ئاشلىقى تەكشۈرۈلدى ۋە بۇ 1984 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ستاتىستىكا تۈزۈمىگە كىرگۈزۈلدى. بۇ خىلدىكى تەكشۈرۈش يېزىلاردا خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا مەلۇم رول ئوينىدى. 1985 - يىلى ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىجرا قىلىنىپ، قۇمۇل قاتارلىق چېگرا رايونغا جايلاشقان 32 ناھىيىدە 1949 -، 1962 -، 1972 -، 1984 - يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى، نوپۇس، تاۋار ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش، يۆتكەش، ساقلاش، ئىستېمال سەۋىيىسى، يېزا ئائىلىلىرىگە توغرا كەلگەن ئاشلىق قاتارلىق 18 تۈر بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. شۇ يىلى 8 - ئايدىن 1989 - يىلغىچە كۆپ يوللۇق تىجارەت ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، ماناس، باي، يەكەن، غۇلجا، خوتەن ناھىيە (شەھەر) لىرىنىڭ ئىجتىمائىي تاۋار ئاشلىق ئوبوروتى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. 1985 — 1987- يىلغىچە خوشۇت، باي ناھىيىلىرىدە دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى، دۆلەتنىڭ تەمىنلەش ئەھۋالى، نوپۇس قۇرۇلمىسى ۋە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، سېتىشنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى. 1990- يىلى ئۈرۈمچى، قاراماي شەھەرلىرىنىڭ 1984 -، 1988 -، 1989 - يىللىق ئاشلىق ئوبوروتى ۋە ئىستېمال ئەھۋالى بىر قېتىم تەكشۈرۈلدى.

**(2) ستاتىستىكا تەھلىلى** 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ستاتىستىكا تەھلىلىدە ئاساسلىقى مەلۇمات جەدۋىلىنىڭ يازما ئىزاھاتى يېزىلىپ، پىلاننىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى ھەمدە پىلاننىڭ ئورۇندىلىش ياكى ئورۇندالماسلىق سەۋەبى ئىزاھلاندى. 1955 - يىلى ئۆلكىلىك ياغ شىركىتىگە قاراشلىق ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئىلى شۆبە شىركەتلىرى ستاتىستىكا تەھلىلىنى يولغا قويۇپ، مەلۇمات جەدۋىلىدە ئىنكاس قىلىنمىغان ئەھۋال ۋە مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1957 - يىلدىن كېيىن ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق، ياغ ستاتىستىكا تەھلىلىدە ئاساسلىقى پەسىللىك، يىللىق پىلاننىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى ۋە بەزى مەخسۇس تەكشۈرۈشلەر ئاساس قىلىندى.

1978 - يىلدىن باشلاپ ئاشلىق، ياغ ستاتىستىكا تەھلىلى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. سانجى، گۇچۇڭ، ماناس ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى ستاتىستىكا تەھلىلىنى بىر قەدەر ياخشى يېزىپ، ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش، سېتىش، سالدۇ ئەھۋالى، نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان نوپۇسنىڭ كۆپىيىش - ئازىيىش ئەھۋالى قاتارلىقلار ئۈستىدە دەلىللىك ئىزاھاتلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1981 - يىلدىن باشلاپ سودا مىنىستىرلىكى ۋە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى جايلارنىڭ ستاتىستىكا تەھلىلىنى يېزىشتا پايدىلىنىشى ئۈچۈن ھەر قايسى مەزگىللەردىكى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن ستاتىستىكا تەھلىلىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى يازغان «1982 - يىلى ئاشلىق سېتىشنى كۆپەيتىش يۈزلىنىشى ۋە سەۋەبى» دە، ئاشلىق سېتىشنى كۆپەيتىش ئەھۋالى چۈشەندۈرۈلۈپلا قالماستىن، بەلكى ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى ئاشلىقنى باشقا مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلىنىشىنىڭ ياخشىلىنىش ئەھۋالى، شۇنىڭدەك خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىش ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلدى. ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى پىلان باشقارمىسى يازغان 1983 - يىللىق «شىنجاڭدا يېزىلارنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش، سېتىش ئەھۋالى ھەققىدە تەھلىل» سودا مىنىستىرلىكى تۈزۈپ نەشر قىلغان «ئاشلىق ستاتىستىكا تەھلىلى تاللانمىسى»غا كىرگۈزۈلدى. 1985 - يىلى سودا مىنىستىرلىكى شىنجاڭنىڭ گۇچۇڭ، قورغاس، بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىرىنى مەملىكەتلىك ستاتىستىكا تەھلىلى ئالاقە نۇقتىسى قىلىپ بېكىتتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى يەنە ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە توقسۇن قاتارلىق 17 ناھىيە (شەھەر) نى ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقە نۇقتىسى قىلىپ بېكىتتى. شۇ يىلى ستاتىستىكا تەھلىلىنىڭ يېزىلىش دائىرىسى كېڭەيتىلىپ، سۈپىتىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، سودا مىنىستىرلىكىگە 20 پارچە تاللاپ ئەۋەتىلدى، 5 پارچە تەھلىل 10 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەر بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇشقا قاتناشتۇرۇلدى، 11 پارچە تەھلىل «شىنجاڭ گېزىتى» ، «شىنجاڭنىڭ ئاشلىقى» ژۇرنىلى، «شىنجاڭنىڭ ئاشلىق، ياغ ئەھۋالى ۋە ئۇچۇرى» ژۇرنىلىغا ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ گېزىتىگە بېسىلدى.

1986 — 1990 - يىلغىچە ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق ستاتىستىكا تەھلىلى خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى، 1991 - يىل 5 - ئايدا سودا مىنىستىرلىكى 1985 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە ستاتىستىكا تەھلىلى ئالاقە نۇقتىسى بولۇپ نەتىجىگە ئېرىشكەن گۇچۇڭ ۋە قورغاس ناھىيىلىرىنى مۇكاپاتلىدى.

### 4) تەكشۈرۈش، سېلىشتۇرۇپ باھالاش

**(1) سۈپەت تەكشۈرۈش** 1955 - يىلى 6 — 7 - ئايغىچە ئۆلكىلىك سودا نازارىتى ياغ شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلارنى 7 ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ ستاتىستىكا خىزمىتى سۈپىتىنى تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇردى. 50 - يىللاردىن 60 - يىللارنىڭ باشلىرىغىچە ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىنىڭ ستاتىستىكا خادىملىرى كەمچىل بولغانلىقتىن، ئاشلىق نازارىتىنىڭ ستاتىستىكا خادىملىرى جايلارنىڭ ستاتىستىكا خىزمىتىنى كۆپ قېتىم تەكشۈرۈپ، مەلۇمات جەدۋىلىنى تۈزۈشكە ياردەملىشىپ، ئاشلىق، ياغ ستاتىستىكا سانلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. 1964 - يىلدىن كېيىن ئاشلىق، ياغ ستاتىستىكىسى سۈپىتىنى تەكشۈرۈشتە جايلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى قەرەللىك تەكشۈرۈشى ئاساس، ئاشلىق نازارىتىنىڭ قەرەلسىز نۇقتىلىق تەكشۈرۈشكە

ئۇيۇشتۇرۇشنى قوشۇمچە قىلىندى.

1977 - يىلى سودا مىنىستىرلىكى مەملىكەت بويىچە ستاتىستىكىلاش مۇپەتتىشىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلدى، ستاتىستىكا تۈزۈمى، ئىنتىزامى ۋە ئاشلىق فاكتىن - سىياسەتلىرى، پىلاننىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى، ستاتىستىكا سانلىرىنىڭ توغرا ياكى توغرا ئەمەسلىكى، ۋاقتىدا يوللانغان - يوللانمىغانلىقى، دەسلەپكى خاتىرىنىڭ مۇكەممەل بولغان - بولمىغانلىقى قاتارلىقلار ئاساسلىق تەكشۈرۈش مەزمۇنى قىلىندى. 1979 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭ بۆلەكلىرىگە بۆلۈنۈپ قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇ، ئىلى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى بەزى ناھىيە (شەھەر) لىك ئاشلىق ئىدارىلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىنى تەكشۈردى، قالغان جايلار بەلگىلىمە بويىچە ئۆز - ئۆزىنى تەكشۈردى. 1980 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ھەر يىلى 2 - ئاينى ئاشلىق ستاتىستىكىسى مۇپەتتىشى تەكشۈرۈش ئېيى قىلىپ بېكىتتى، ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق ستاتىستىكا تارماقلىرى مۇشۇ ئايدا ئۆزىنى ئۆزى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈردى. 1981 - يىلى ستاتىستىكىلاش مۇپەتتىشى تەكشۈرۈش ستاتىستىكا تۈزۈمىگە كىرگۈزۈلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئاپتونوم رايون ياكى بۆلەكلەر بويىچە؛ ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى (باشقارمىلىرى) شۇ رايون دائىرىسى ئىچىدە ھەر يىلى ئاز دېگەندە بىر قېتىم تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇردى؛ ناھىيىلەر بولسا ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىنى تەكشۈردى؛ ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق ستاتىستىكا تارماقلىرى ئۆز - ئۆزىنى تەكشۈردى. 1982 — 1984 - يىلغىچە جايلار ئۆزى تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرغاندىن باشقا، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى قۇمۇل، تۇرپان، ئۈرۈمچى، شىخەنزە، قاراماي، خوتەن، سانجى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى بەزى ناھىيىلىك، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىنى تەكشۈرۈشنى ئۇيۇشتۇردى.

1985 - يىلى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ مەملىكەت بويىچە جايلارنىڭ ئاشلىق، ياغ ستاتىستىكىسى مۇپەتتىشى 3 يىل ئىچىدە نۆۋەت بىلەن بىر قېتىم تەكشۈرۈپ چىقىش ھەققىدىكى تەلىپىگە ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئاپتونوم رايوننى 4 بۆلەككە بۆلۈپ بىرلا ۋاقىتتا تەكشۈردى. شۇ يىلى 11 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى 30 ناھىيىنىڭ 127 ئاساسىي قاتلام ئورنىنى تەكشۈردى. 1988 - يىلغا قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋەزىپىسى ئاساسەن تاماملاندى. 1989 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى يەنە ئاپتونوم رايوننى 3 بۆلەككە بۆلۈپ، 5 يىل ئىچىدە يەنە بىر قېتىم نۆۋەت بىلەن تەكشۈرۈشنى پىلانلىدى. 1990 - يىلغا قەدەر ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى چاغانتوقاي، چۆچەك، شىخۇ، باغراش قاتارلىق 9 ناھىيە (شەھەر) لىك ئاشلىق ئىدارىلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىنى تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇردى.

(2) **سېلىشتۇرۇپ باھالاش مۇسابىقىسى** ش ئۇ ئا ر ئاشلىق نازارىتى 1955 - يىل 3- ئايدا شىمالىي، جەنۇبىي شىنجاڭ بۆلەكلىرى بويىچە چاقىرىلغان ئاشلىق ستاتىستىكا يىغىنىدا ستاتىستىكا خىزمىتىدە ئەلا نەتىجىگە ئېرىشكەن ئورۇنلارغا لەۋھە تەقدىم قىلدى. 1956 - يىل 3 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ياغ شىركىتى سىستېمىسى بويىچە ستاتىستىكا خىزمىتىنى نومۇر قويۇپ سېلىشتۇرۇپ باھالاش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، ئىككىنچى پەسىلدە ئۈرۈمچى شۆبە شىركىتى، ئۈرۈمچى، سانجى، ئىلى، ئاقسۇ ياغ شۆبە شىركەتلىرى «ئەلا ئورۇن» بولۇپ باھالاندى. 1961 - يىلى ئاشلىق نازارىتى ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى تەشكىللىگەن سېلىشتۇرۇپ باھالاش مۇسابىقىسىدە، ئاپتونوم رايون بويىچە ستاتىستىكا خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. شۇ يىلى گۇچۇڭ ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئاشلىق نازارىتى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ستاتىستىكىسى خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن قىلىپ باھالىنىپ، مەملىكەتلىك ئاشلىق ستاتىستىكىسى يىغىنىغا قاتناشتى. 1964 - يىل 2 - ئايدا ئاشلىق نازارىتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق، ياغ ستاتىستىكىسى بويىچە نومۇر قويۇپ سېلىشتۇرۇپ باھالاش مۇسابىقىسىنى ئۇيۇشتۇردى، شۇ يىلى قەشقەر، ئىلى ۋىلايەتلىك، سانجى ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىلىرى «ستاتىستىكا خىزمىتىدە ئەلا ئورۇن» بولۇپ باھالاندى. 1966 - يىلدىن

كېيىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» تۈپەيلىدىن سىلىشتۇرۇپ باھالاش خىزمىتى توختاپ قالدى.

ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى 1977 ـ يىل 12 ـ ئايدا ئاشلىق، ياغ ستاتىستىكىسىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش مۇسابىقىسىنى قايتا تەشكىللەپ، ستاتىستىكىلاش سۈپىتىنى ئۆستۈردى. سودا مىنىستىرلىكى 1978 ـ يىل 3 ـ ئايدا ئومۇمىي ئۆقتۇرۇش چىقىرىپ شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ستاتىستىكا خادىملىرىنى يېرى كەڭ، قاتنىشى قۇلايسىز، ئالاقىلىشىش شارائىتى بىر قەدەر ناچار بولغان چېگرا رايوندا، تىرىشىش ئارقىلىق ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش ـ سېتىش، سالدۇ ئايلىق تېلېگراف مەلۇماتى ۋە جەدۋەل شەكىللىك ئايلىق مەلۇماتىنى يوللاش ۋاقتىنى مەملىكەت بويىچە بىرىنچى بولۇپ ئۆز رايونى ۋە مەملىكەت تارىخىدىكى ئەڭ ياخشى سەۋىيىگە يەتكۈزگەن دەپ تەقدىرلىدى. 1980 ـ يىل 6 ـ ئايدا مەملىكەتلىك ئاشلىق ستاتىستىكا خىزمىتى يىغىنىدا ئاشلىق ستاتىستىكا خىزمىتى كۆرگەزمىسى ئېچىلدى، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئېلان قىلغان ئاشلىق ستاتىستىكا خىزمىتىگە ئائىت «شىنجاڭنىڭ ئاشلىق خىزمىتى ئەھۋالى» ناملىق 2 دوكلات ۋە گوچۇڭ ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ «1979 ـ يىللىق ئاشلىق ستاتىستىكا تەھلىلى»، «ئۆتكەن يىللاردىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ئائىت ستاتىستىكا ماتېرىيالى ۋە گىرافىك، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش ئەھۋالىغا ئائىت ستاتىستىكا ماتېرىيالى»، سانجى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ 1978 — 1979 ـ يىللىق 2 نۇسخا ستاتىستىكا تەھلىلى كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرۇلدى.

1981 ـ يىل 5 ـ ئايدا ئاشلىق نازارىتى جايلارنىڭ ئاشلىق ستاتىستىكا خىزمىتىنى نومۇر قويۇپ سېلىشتۇرۇپ باھالاشنى ئەسلىگە كەلتۈردى، قۇمۇل، قىزىلسۇ، ئاقسۇ، قەشقەر ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىلىرى 1981 ـ يىللىق ستاتىستىكا خىزمىتى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. شۇنىڭدىن كېيىن نومۇر قويۇپ سېلىشتۇرۇپ باھالاش خىزمىتى ھەر يىلى ئېلىپ بېرىلدى. 1983 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى مەملىكەت بويىچە ئاشلىق ستاتىستىكا خىزمىتىدە ئەلا نەتىجىگە ئېرىشكەن ئورۇن بولۇپ باھالاندى. 1985 ـ يىلغا قەدەر ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك 16 ئاشلىق ئىدارىسى (باشقارما) دىن 14ى ئۆزىگە قاراشلىق ناھىيە، شەھەرگە نومۇر قويۇپ سېلىشتۇرۇپ باھالاش ئېلىپ باردى. قىزىلسۇ ئوبلاستى ئاقتۇ ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئۇدا 3 يىل ئوبلاست بويىچە 1 ـ بولۇپ باھالىنىپ، ستاتىستىكا خادىملىرىغا بىر دەرىجە مائاش قوشۇپ بېرىلدى. قورغاس ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى قاتارلىقلارمۇ ئاساسىي قاتلام ئاشلىق تارماقلىرىغا قارىتا نومۇر قويۇپ سېلىشتۇرۇپ باھالاش پائالىيىتىنى يولغا قويدى.

1986 — 1990 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە نومۇر قويۇپ سېلىشتۇرۇپ باھالاپ تەقدىرلەش تۈرلىرى ستاتىستىكا خىزمىتىدە ئەلا نەتىجىگە ئېرىشكەن ئورۇن، ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلى بويىچە ئەلا نەتىجىگە ئېرىشكەن ئورۇن، ۋەزىپىنى ئورۇندىغان ئورۇن دەپ ئايرىلدى.

1988 ـ يىل 5 ـ ئايدا سودا مىنىستىرلىكى ئۆيۈشتۇرغان سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا شىنجاڭدىن بىر ۋىلايەت ۋە بىر ناھىيە «مەملىكەت بويىچە ئاشلىق ستاتىستىكا خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن»، 3 نەپەر ستاتىستىكا خادىمى «مەملىكەت بويىچە ئاشلىق ستاتىستىكىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى» دېگەن نامغا ئېرىشتى (مەزكۇر تەزكىرە كىتابىنىڭ 7 ـ قىسىم II بابىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەر ئىسىملىكىگە قاراڭ).

## 5) ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش

(1) **رېئال ماتېرىيال** 1960 — 1990 ـ يىلغىچە ئاشلىق نازارىتى (ئىدارىسى) ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى، ستاتىستىكا ئىدارىسى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلارغا ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش ـ سېتىش، سالدۇ ئايلىق تېلېگراف مەلۇماتىنى ھەر ئايدا ۋاقتىدا يوللاپ تۇردى. ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش مەزگىلىدە، سېتىۋېلىشقا دائىر 5 كۈنلۈك تېلېگرامما مەلۇماتىنى يوللىدى. 60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئاشلىق قىس ۋاقىتلاردا، ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىشقا دائىر كۈندىلىك تېلېگرامما مەلۇماتىنى ھەر

كۆنى يوللىدى، ئاساسىي قاتلام ئاشلىق پونكىتلىرىنىڭ خادىملىرى بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن سېتىۋېلىپ ئىسكىلاتقا كىرىم قىلىش ئەھۋالىنى تۈن يېرىمىغىچە جەملەپ تېلېفون ئارقىلىق يۇقىرىغا مەلۇم قىلدى، تېلېفون ئۇلانمىغاندا سان - سىفىرلارنى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىگە ۋېلىسىپىت، ئات مىنىپ ياكى پىيادە يول يۈرۈپ يەتكۈزۈپ بەردى، ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك ئاشلىق ستاتىستىكا خادىملىرىمۇ ئىش قوشۇپ ئىشلەپ جەملىدى؛ ئاشلىق نازارىتى پىلان - يۆتكەش بۆلۈمىنىڭ ستاتىستىكچىلىرى ئىشخانىدا يېتىپ، كېچە-كۈندۈز تېلېفون كۈتۈپ، كۈنلۈك تېلېگرامما مەلۇماتنىڭ ۋاقتىدا يوللىنىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. ھەر قېتىملىق ئاشلىق يىلى ئاخىرلاشقاندا، يىللىق ستاتىستىكا ماتېرىيالى رەتلىنىپ، ئالاقىدار رەھبەرلەر ۋە كەسپىي تارماقلارغا ۋاقتىدا يوللاندى. 1978 - يىلدىن باشلاپ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئاشلىق، ياغ ستاتىستىكا ماتېرىياللىرى ھەر يىلى رەتلىنىپ بېسىلدى، بۇنىڭ مەزمۇنى ئاشلىق تاۋار ئوبوروتى ستاتىستىكا ماتېرىيالىدىن باشقا يەنە مالىيە، ساقلاش - توشۇش، سانائەت، ئاساسىي قۇرۇلۇش، ئاشلىق بىلىمى، ماددىي ئەشيا، ئاپپارات خادىملىرى ۋە ئەمگەك ئىش ھەققى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. 1984 - يىلدىن كېيىن ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ پەسىل، تۈر، كېلىشىم باھا ۋە تەكشى باھا بويىچە سېتىۋېلىش - سېتىش، يۆتكەش، ساقلاش ستاتىستىكا ماتېرىيالى ھەر يىلى رەتلىنىپ بېسىلدى. ئەمەلىي ماتېرىيال بىلەن توغرا، ۋاقتىدا تەمىنلەش رەھبەرلەرنىڭ تەدبىر بەلگىلىشى، خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

(2) تارىخىي ماتېرىيالى رەھبىرىي ئورگانلار ۋە ئالاقىدار مەسئۇل تارماقلارنىڭ تارىخىي تەجرىبىلەرنى ئەينەك قىلىشى ئۈچۈن، ئاشلىق نازارىتى (ئىدارىسى) ئاشلىق، ياغ ستاتىستىكا تارىخىي ماتېرىياللىرىنى كۆپ قېتىم توغرا، مۇكەممەل رەتلەپ يوللىدى. 1961 - يىل 11 - ئايدا كالېندار يىلى ۋە 6 — 7 - ئايغىچە كونا ئاشلىق يىلىدا ۋىلايەت، تۈر، پەسىل بويىچە 1953 — 1960 - يىلغىچە ئاشلىق ۋە 1955 — 1960 - يىلغىچە ياغ سېتىۋېلىش، سېتىش، يۆتكەش، ساقلاش، مالىيەدىن تەمىنلەش، ئېكسپورتقا تەمىنلەش ۋە بىڭتۈەننىڭ سېتىۋېلىش - سېتىش سانى ستاتىستىكا ماتېرىيالى ھەمدە 1950 — 1952 - يىلغىچە ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش مالىيەدىن تەمىنلەش ۋە سالدۇ ئەھۋالىدىن پايدىلىنىش ماتېرىيالى قوشۇمچە قىلىنىپ رەتلەپ بېسىلدى. 1964 - يىل 3 — 4 - ئايغىچە يېڭى ئاشلىق يىلى بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ 1953 — 1962 - يىلغىچە ئاشلىق، 1957 — 1962 - يىلغىچە ياغ سېتىۋېلىش - سېتىش، يۆتكەش، ساقلاش ماتېرىيالى رەتلەندى. 1985 - يىل 7 - ئايدا ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە ئالاقىدار تارماقلارنى ئىخچام سىستېمىلىق، مۇكەممەل ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، 3 — 4 - ئايلاردا ئاشلىق يىلى بويىچە ئاپتونوم رايوننىڭ 1953 — 1984- يىلغىچە ئاشلىق، 1955 — 1984- يىلغىچە ياغ سېتىۋېلىش - سېتىش، يۆتكەش، ساقلاش ئەھۋالى ھەققىدىكى ستاتىستىكا ماتېرىيالى قايتىدىن رەتلەپ يوللاندى، يەنە 30 يىللىق ئاشلىق، ياغ خىزمىتى نەتىجىلىرىنىڭ ستاتىستىكا دىئاگراممىسى سىزىپ چىقىلدى. 1991 - يىلى ھازىرقى مەمۇرىي رايون ئايرىمىسى ۋە 3 — 4 - ئايلاردا ئاشلىق يىلى بويىچە رايون، پەسىل (ئايلىق سالدۇ) تۈرلەرگە ئايرىپ، 1961 — 1990 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تەكشى ۋە كېلىشىم باھادا ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش - سېتىش، يۆتكەش، ساقلاش، مالىيەدىن تەمىنلەش، ئېكسپورتقا تەمىنلەش قاتارلىق تۈرلەردىكى ستاتىستىكا ماتېرىيالى شۇنىڭدەك 1976 — 1990 - يىلغىچە نورمىلىق تەمىنلەنگەن نوپۇس ئەھۋالى ماتېرىيالى رەتلەپ بېسىلدى.

## 3 . ستاتىستىكىلىق ھېسابلاش قوراللىرى

1952 - يىلدىن ئىلگىرى ئاشلىقنى ستاتىستىكىلىق ھېسابلاشتا ئاساسلىقى چوت ئىشلىتىلەتتى. 1953- يىلدىن كېيىن چوت ئارقىلىق ھېسابلاش ئاساس قىلىنىش بىلەن بىرگە، قولدا ئايلاندۇرۇلىدىغان ھېسابلاش

ماشىنىسى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى، 50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر ئاپتوماتىك خانە سۈرۈلىدىغان يېرىم ئاپتوماتىك ھېسابلاش ماشىنىسى ۋە ئاپتوماتىك خانە سۈرۈلىدىغان ئېلېكترلەشكەن ھېسابلاش ماشىنىسى ئىشلىتىلدى. 70 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئېلېكترونلۇق ھېسابلىغۇچ ئىشلىتىلىشكە باشلىغان بولسىمۇ، ھېراق مەلۇمات جەدۋەللىرىنى جەملەش، قوشۇپ ـ ئېلىپ ھېسابلاشتا يەنىلا چوت ئاساسلىق ئىشلىتىلدى، ھېسابلىغۇچ سۈرئەت، نىسبەت، ئېشىش، كۋادراتلىق پەرق قاتارلىقلارنى ھېسابلاشتا ئىشلىتىلدى.

1984 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «سەددىچىن — 0520» تىپلىق كومپيۇتېردىن 2 يۈرۈش سېتىۋالدى ھەمدە خەنزۇچە خەت بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسىنىڭ يۇمشاق دېتالىنى سەپلىدى. 1985ـ يىل 11 ـ ئايدا ستاتىستىكا خادىملىرى ئۆزى پروگراما تۈزۈپ، ئاشلىق، ياغنى ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىشقا دائىر 5 كۈنلۈك تېلېگراما مەلۇماتىنى دەسلەپكى قەدەمدە كومپيۇتېر ئارقىلىق بىۋاستە ھېسابلاپ جەملەپ باستى. كومپيۇتېر ئارقىلىق جەملەشكە كەتكەن ۋاقىت قول ئارقىلىق جەملەشكە كەتكەن ۋاقىتنىڭ %3گە توغرا كېلىدۇ، يەنە كېلىپ توغرا ھېسابلىنىدۇ، خەتلىرى رەتلىك، ئېنىق بولۇپ، خالىغان ۋاقىتتا ئىشلىتىش ئۈچۈن ماتېرىياللارنى يىغىپ ساقلىغىلى بولىدۇ. 1985 ـ يىلدىن كېيىن كومپيۇتېر ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق، ياغ ستاتىستىكا خىزمىتىدە تەدرىجىي ئومۇملاشتۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى 1988ـ يىل 5 ـ ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە كومپيۇتېردىن پايدىلىنىش بويىچە قىسقا مۇددەتلىك كۇرس ئاچتى ھەمدە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى (باشقارمىلىرى) ۋە 20دىن ئارتۇق ناھىيە (شەھەر)لىك ئاشلىق ئىدارىلىرىگە كومپيۇتېر سەپلەپ بەردى. شۇ يىلى يىرىمدىن كۆپرەك ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى (باشقارمىلىرى) مەلۇمات جەدۋەللىرىنى كومپيۇتېر ئارقىلىق جەملەشنى يولغا قويدى. 1989 ـ يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ستاتىستىكا ئايلىق مەلۇماتى كومپيۇتېر ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىندى ھەمدە سودا مىنىستىرلىكى بىلەن تورلاشتۇرۇلدى. يىللىق مەلۇماتلارنى توپلاشتا، ئاساسلىق ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋەللىرى ۋە ئاساسلىق كۆرسەتكۈچ سانلىرى شۇنىڭدەك ماتېرىياللار كومپيۇتېر ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىندى. 1990 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق، ياغ ئازار ئوبوروتى ستاتىستىكىسىنى كومپيۇتېردا تورلاشتۇرۇش خىزمىتى يولغا قويۇلدى.

# باب Ⅲ

# مالىيە باشقۇرۇش

## § 1 . مالىيە تۈزۈلمىسى

1950 — 1990 ـ يىلغىچە شىنجاڭنىڭ ئاشلىق مالىيە تۈزۈلمىسى «بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىپ، دەرىجە بويىچە باشقۇرۇش» پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئاساسىدا، ئوخشاش بولمىغان مەزگىلدىكى ئاشلىق مالىيىسىنى باشقۇرۇش ھوقۇق چېكى كۆپ قېتىم تەڭشەلدى. ئىلگىرىكى 30 يىلدا، ئاساسەن دۆلەت مالىيىسى بىلەن يەرلىك مالىيە ئوتتۇرىسىدىكى مالىيە كىرىم ـ چىقىمىنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتى تەڭشىلىپ، «ئىككى قېتىم ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئىككى قېتىم ئۆتكۈزۈپ بېرىش» جەريانى باشتىن كەچۈرۈلدى. كېيىنكى 11 يىلدا، دۆلەت بىلەن

كارخانىلارنىڭ پايدا مۇناسىۋىتى نۇقتىلىق تەڭشىلىپ، كارخانىلارنىڭ مالىيە ھوقۇقى كېڭەيتىلىپ، كارخانىلار جانلاندۇرۇلدى.

## 1. «ئىككى قېتىم ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئىككى قېتىم ئۆتكۈزۈپ بېرىش» ئەھۋالى

1950 — 1953 - يىل 1 - ئايغىچە، غەللە - پاراق جەھەتتىكى مالىيە كىرىم - چىقىمنى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسى ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق بۆلۈملىرى، ئىسكىلاتلىرى ھېساب ئۆتكۈزۈش ئاساسىدا مەركەزلەشتۈرۈپ ھېسابلاپ، غەربىي شىمال ئاشلىق باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ھېسابتىن ئۆتكۈزۈۋېتىشىگە يوللىدى؛ ئۆلكە ئىچىدىكى سودا ئاشلىق جەھەتتىكى مالىيە كىرىم - چىقىمنى ئۆلكىلىك سودا نازارىتى ھېسابلىدى، ئۇنى قاراشلىق غەربىي شىمال ئاشلىق سودا باش شىركىتى باشقۇردى. 1953 - يىل 2 - ئايدا، ئۆلكىلىك ئاشلىق نازارىتى قۇرۇلۇپ، غەللە - پاراق، سودا ئاشلىقىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇپ ۋە تىجارەت قىلىپ، پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ئاشلىق مالىيىسىنى بىر تۇتاش باشقۇردى، مالىيە كىرىم - چىقىمى دۆلەت مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈلدى، ئۇنى غەربىي شىمال ئاشلىق باشقۇرۇش ئىدارىسى ئاشلىق مىنىستىرلىكىگە ۋاكالىتەن باشقۇردى. 1954 - يىلى غەربىي شىمال ئاشلىق باشقۇرۇش ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، پۈتۈن ئۆلكىنىڭ يۇقىرىغا تاپشۇرۇلىدىغان پايدا، ئامورتىزاتسىيە، تۇراقلىق مۈلۈكنى باھاغا سۇندۇرۇش كىرىمى ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مەبلەغ سېلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاشلىق مەبلىغى، مالىيىسى، بۇيۇملىرىنى ئاشلىق مىنىستىرلىكى بىۋاسىتە باشقۇردى. 1956 - يىل 6 - ئايدىن كېيىن، ياغ كەسپىنىڭ بىرلەشتۈرۈلىشىگە ئەگىشىپ، ياغ مالىيىسى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق مالىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى. 1957 - يىلى، ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئاشلىق ئىدارە (بۆلۈم) لىرىنىڭ مالىيىسى ھېساب ئۆتكۈزۈش تۈزۈمىدىن تەدرىجىي مۇستەقىل ھېسابات قىلىشقا ئۆزگەرتىلدى، ناھىيە (شەھەر) دىن تۆۋەن ئورۇنلار داۋاملىق ھېساب ئۆتكۈزۈش تۈزۈمىنى يولغا قويدى.

1958 - يىل 12 - ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «ئاشلىق تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىشكە دائىر بىر قانچە قارار»ىغا ئاساسەن، مالىيە مىنىستىرلىكى بىلەن ئاشلىق مىنىستىرلىكى بىرلىكتە «ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ مالىيىسىنى يەرلىكنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش ھەققىدە بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش» چۈشۈردى، 1959- يىل 1 - ئايدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ مالىيىسى ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مەبلەغ سېلىشى مەركەز مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈشتىن ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈشكە ئۆزگەرتىلدى. ئاپتونوم رايون مالىيىسى 3 - ئايدا يەنە تاۋار ۋە ئوراپ قاچىلانغان بۇيۇملارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىدىن باشقا ئاشلىق مالىيىسىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر مالىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، پايدا - زىياننى شۇ جاينىڭ مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈش بىلەن بىللە ئاشلىق كارخانىلىرىنى خىراجەت نورمىسىنى كۆرسەتكۈچ بويىچە ھۆددىگە بېرىش، پايدىدىن پىرسەنت قالدۇرۇش چارىسىنى قوللىنىپ باشقۇردى. ئاشلىق ھوقۇقى مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، مالىيە ھوقۇقى ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەنلىكتىن، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق، ياغ يۆتكەش پىلانىنىڭ يولغا قويۇلۇشى تەسىرگە ئۇچرىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشلىق، ياغ تىجارىتىدە زىيان كۆپىيىپ كەتكەچكە، جايلار مالىيىسىنىڭ ئۇنى ئۈستىگە ئېلىشقا مادارى يەتمىدى. شۇ يىلى 7 - ئايدا، ئاپتونوم رايون يەنە جايلارغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ئاشلىق مالىيىسىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئاشلىق نازارىتىگە بېرىپ، سىستېما بويىچە بىر تۇتاش باشقۇرۇشنى يولغا قويدى. ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ مالىيە كىرىم - چىقىمى ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈلدى، ئاشلىق نازارىتى خەزىنىگە تاپشۇرغۇچى، خەزىنىگە قايتۇرغۇچى ئورۇن سۈپىتىدە، خەزىنىگە تاپشۇرۇش، خەزىنىگە قايتۇرۇش ئىشلىرىنى بىر تۇتاش بېجىردى.

1962 - يىلى ئاشلىق مىنىستىرلىكى ئاشلىق مالىيىسىنى يەنە ئۆتكۈزۈۋېلىپ مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇردى ھەمدە دۆلەت مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزدى. ئاشلىق نازارىتى ئاشلىق مىنىستىرلىكى چۈشۈرگەن تۈرلۈك ئاشلىق مالىيە تۈزۈمى، پىلان كۆرسەتكۈچىگە ئاساسەن، جايلاردىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ مالىيىسىنى تىك لىنىيە بويىچە باشقۇردى. ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، 1966 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايون ئاشلىق سودا كارخانىلىرىنىڭ خام چوتتىن تاپشۇرۇلىدىغان، ئاجرىتىپ بېرىلىدىغان پۇلى، ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان ئورۇن خەزىنىگە قايتۇرغۇچى ئورۇن قىلىنىپ، خەزىنىگە تاپشۇرۇش، خەزىنىگە قايتۇرۇش ئىشى شۇ جايدىلا بېجىرىلدى، ئاپتونوم رايون خەزىنىگە مەركەزلەشتۈرۈپ قايتۇرۇش ئىشىنى قايتا بېجىرمىدى. شۇ يىلى، ئاپتونوم رايون ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مالىيىسى سودا كارخانىلىرىنىڭ مالىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى. كېيىنكى يىلى، جايلاردىكى ئاشلىق، ياغ سانائەت كارخانىلىرى تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك پۇلنى شۇ جايدىكى خەزىنىگە تاپشۇرۇش يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل ئاشلىق ئىدارىسىگە تاپشۇرۇپ بىر تۇتاش خەزىنىگە تاپشۇرۇشقا ئۆزگەرتىلدى.

1971 - يىلى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ مالىيىسى ئۆلكە دەرىجىلىك مالىيىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈلدى. ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتى يەنە ئۇنى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، شۇ جاينىڭ مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزدى. ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن 2 يىلدا، جايلارنىڭ مالىيىسى زىياننى كۆتۈرەلمىگەچكە، 1973 - يىلى، ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ مالىيىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى سىستېما ئىچىدە مالىيە كىرىم - چىقىمىنى بىر تۇتاش ھېسابلاپ، پايدا - زىياننى ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈشنى قارار قىلدى. 1974 - يىلى دۆلەت مالىيە خام چوتىنى ئايرىش پىرىنسىپىغا ئاساسەن، ئاشلىق، ياغنىڭ ئارتۇق سېتىۋېلىنغان قىسمىغا قوشۇلغان باھا پۇلى ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە خام چوتىدىن چىكىندۇرۇلۇپ، دۆلەت مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈلدى، ئۇنى سودا مىنىستىرلىكى مەخسۇس چىقىم ۋە راسچوت قىلدى. 1979 - يىلى ئاشلىق، ياغنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى ئۆستۈرۈلۈپ، سېتىلىش باھاسى ئۆستۈرۈلمەسلىكتىن كېلىپ چىققان زىياننى ئاپتونوم رايون مالىيىسى ئايرىم خام چوتقا كىرگۈزۈپ، «باھا ئۆستۈرۈش ياردىمى» شەكلىدە ئاشلىق كارخانىلىرىغا تولۇقلاپ بەردى.

## 2. مالىيە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى

1979 - يىلدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايون مالىيىسى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ مالىيە كىرىم - چىقىمىغا قارىتا زىيان كۆرسەتكۈچىنى تېزگىنلەش، زىياننى ئازايتىش بويىچە پىرسەنت ئايرىپ باشقۇرۇش چارىسىنى يولغا قويدى، بۇنىڭ ئىچىدە: زىياننى ئازايتىش بويىچە پىرسەنت ئايرىش نىسبىتى ئاشلىق سودا كارخانىلىرىنىڭ %75، مالىيىنىڭ %25 بولدى، ئاشلىق سودا كارخانىلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا پىرسەنت قالدۇرۇش نىسبىتى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ %50، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىنىڭ %25، ناھىيە (شەھەر) لىك ئاشلىق ئىدارىلىرىنىڭ %25 بولدى؛ پايدا ئالغان كارخانىلارنىڭ پايدىسىنىڭ %60ى ئارقىلىق مۇقىم باھادىكى ئاشلىق تىجارىتىدىن كېلىپ چىققان زىياننىڭ ئورنى تولدۇرۇلۇپ، %40ى قالدۇرۇلدى، قالدۇرۇلغان قىسمىنىڭ %30نى ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇردى، %70نى ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرى ئىشلەتتى. 1983 — 1985 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون مالىيىسى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىگە قارىتا سىستېمىنىڭ ئاشلىق مالىيە پايدا - زىيىنىنى ئۆز ئارا بالانس قىلىش بويىچە ھۆددىگە بېرىپ باشقۇرۇش چارىسىنى يولغا قويۇپ، ئارتۇق چىقىمنى تولۇقلىمىدى، ئېشىنغان

قىسمىنى ئۆزىگە قالدۇردى. شۇ مەزگىلدە، ئاشلىق، ياغ سانائەت كارخانىلىرى، ترانسپورت كارخانىلىرىغا قارىتا پايدىنى ئۆزگەرتىش يولغا قويۇلدى. ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە ھۆددىگەرلىك كۆرسەتكۈچىنى ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىلىرى (باشقارمىلىرى) گە دەرىجىمۇ دەرىجە ئاجراتتى، ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىلىرى (باشقارمىلىرى) مۇ كۆرسەتكۈچنى 3 يىل ھۆددىگە بېرىش بويىچە ناھىيە (شەھەر) لىك ئاشلىق ئىدارىلىرى ۋە بىۋاستە قاراشلىق كارخانىلارغا ئاجرىتىپ، ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق كارخانىلىرىغا قاتلام ھۆددىگە بېرىپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى شەكىللەندۈردى. ھۆددىگەرلىك تۈزۈلمىسى ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق كارخانىلىرى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ، ئاشلىق كارخانىلىرىنى جانلاندۇرۇشتا پائال رول ئوينىدى، ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئاشلىق مالىيە كىرىم - چىقىمى ھۆددىگە بېرىلگەن مەزگىلدە، شۇ جايدىلا خەزىنىگە تاپشۇرۇش، خەزىنىگە قايتۇرۇش ئىشىنى ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى بىر تۇتاش بېجىرىدىغان بولدى. 1986 - يىل 1 - ئايدىن باشلاپ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ھۆددىگە ئالغان سىستېما چوڭ ھۆددىگەرلىكتىكى ئاشلىق مالىيىسىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئاپتونوم رايون مالىيىسى بىۋاستە باشقۇرۇش ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ مالىيىسى ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىگە ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى. ھۆددىگەرلىك چارىسى مۇنداق بولدى: ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى بىۋاستە باشقۇرىدىغان ئۆلكە، ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئارا پىلانلىق يۆتكىلىدىغان ئاشلىق، ياغنى يۆتكەش خىراجىتى چىقىمى ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە خام چوتىغا بىۋاستە كىرگۈزۈلگەندىن سىرت، باشقا تۈرلۈك مۇقىم باھا تىجارىتىدىن كېلىپ چىققان زىيىنىنى، ئاپتونوم رايون مالىيىسى 1985 - يىلدىكى ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ئېشىش - كېمىيىش ئامىلىدىن پايدىلىنىپ ھەمدە يىللىق زىيىنىنىڭ 6% — 8%كىچە كۆپىيىش نىسبىتى بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ مالىيىسىگە ھۆددىگە بېرىپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈپ، ئاشقان زىيىنىنى تولۇقلىمىدى. ھۆددىگە بېرىلگەندىن كېيىن، بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى ئۈستۈرۈلۈپ قوشۇلۇشقا تېگىشلىك «باھا ئۆستۈرۈش قوشۇمچە ياردىمى» نى ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ مالىيىسى 50%تىن ئۈستىگە ئالدى. كۆپ ساندىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ مالىيىسى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ زىيان يۈكىنى ئۈستىگە ئالالمىغانلىقى، ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ مالىيىسى ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك مالىيىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، پايدا - زىيان ناھىيە دەرىجىلىك مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈلدى. خەزىنىگە تاپشۇرۇش، خەزىنىگە قايتۇرۇش چارىسى قايسى دەرىجىلىك مالىيىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلسە شۇ دەرىجىلىك مالىيە بېجىرىش پىرىنسىپى بويىچە يولغا قويۇلدى، ھەر دەرىجىلىك مالىيە ئاپتونوم رايون مالىيىسى بېكىتكەن ھۆددىگەرلىك كۆرسەتكۈچى ئىچىدە خەزىنىگە قايتۇردى. ئاشلىق مالىيىسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە مالىيىسىگە ھۆددىگە بېرىلگەندىن كېيىن، ئاشلىق كارخانىلىرىغا يىلدىن كۆپەيگەن زىيان ۋە يىلدىن كۆپەيگەن «باھا ئۆستۈرۈش ياردىمى» ۋاقتىدا تولۇقلاپ بېرىلمىگەنلىكتىن، ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ نېسى قالغان قەرزى يىلمۇ يىل كۆپىيىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى.

## 2 § . پايدا - زىيان ۋە ياردەم

1957 - يىلى شىنجاڭدا ئاشلىق، ياغلىق دان (ياغ) نى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىش سىياسىتى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ بىلەن ئاشلىق، ياغ تاۋار تىجارىتى مەھسۇلات تەقسىماتىغا ئۆزگەردى. 1985 - يىلى ئاشلىق، ياغنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش گەرچە توختام بويىچە ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىشقا

ئۆزگەرتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا بىر تۇتاش سېتىۋېلىش تۈسىنى ئېلىپ قالدى، بۇ خىل ئەھۋال 1990-يىلغىچە داۋاملاشتى. ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشقان بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىش تۈزۈمى ئاشلىق چەكلىك بولغاندا ھەربىي ئېھتىياج ۋە خەلقنىڭ ئوزۇق - تۈلۈككە كاپالەتلىك قىلىپ، مال باھاسى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاش رولىنى ئوينىدى. بىراق 60 - يىللاردىن باشلاپ پەقەت سېتىۋېلىش باھاسىنى ئۆستۈرۈش، سېتىش باھاسىنى ئۆستۈرمەسلىك ياكى ئازراق ئۆستۈرۈش تەدبىرى ئىزچىل قوللىنىلدى، نەتىجىدە ئاشلىق، ياغ زىيىنىغا سېتىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، يۆتكەش مۇساپىسى ئۇزۇن بولغانلىقتىن، تىجارەت خىراجىتى، تەننەرخى يۇقىرى بولۇپ، مۇقىم باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارىتىدىن كۆپلەپ زىيان چىقتى، بۇنىڭ بىلەن مەخسۇس تۈر ياردىمى زور مىقداردا ئېشىپ، دۆلەتنىڭ مالىيە يۈكىگە ئايلاندى. 1953 — 1990 - يىلغىچە بولغان 38 يىلدا، شىنجاڭنىڭ ئاشلىق كارخانىلىرى مۇقىم باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارىتىدە تارتقان زىيان 2 مىليارد 645 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئاشلىق، ياغ سانائىتىگە پىرسەنت قالدۇرغاندىن كېيىنكى ساپ پايدا ئارقىلىق 138 مىليون يۈەن زىياننىڭ ئورنى تولدۇرۇلغاندىن كېيىن، 2 مىليارد 507 مىليون يۈەن ساپ زىياننىڭ ئورنىنى تولۇقلاشقا توغرا كەلدى، ئۇنىڭغا يەنە ئارتۇق سېتىۋېلىنغان قىسمىغا قوشۇلغان باھا پۇلى، باھا ئۆستۈرۈش ياردىمى شۇنىڭدەك باشقا پارچە - پۇرات ياردەمنى قوشقاندا، دۆلەت مالىيىسىدىن شىنجاڭنىڭ ئاشلىق تىجارىتىگە بېرىلگەن ئومۇمىي ياردەم سوممىسى 6 مىليارد 278 مىليون يۈەنگە يەتتى.

## 1. تەكسە باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارىتى زىيىنى

1950 — 1952 - يىلغىچە، ئاشلىق، ياغلىق دان (ياغ) ئەركىن سېتىۋېلىندى ۋە سېتىلدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئىش تەقسىماتى بويىچە، ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسى غەللە - پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ۋە ھەربىي ئېھتىياج، مەمۇرىي ئاشلىق تەمىناتىغا مەسئۇل بولدى، بازار تەمىناتىنى ئۆلكىلىك سودا نازارىتىنىڭ سودا شىركىتى ئۈستىگە ئالدى. ھەربىي ئاشلىق ۋە مەمۇرىي ئاشلىق تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئاشلىقنىڭ بازار باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسى 3 يىلدا بازاردىن 206 مىليون كىلوگرام ئاشلىق سېتىۋېلىپ، بازارنى 108 مىليون كىلوگرام ئاشلىق بىلەن تەمىنلىدى. بۇ مەزگىلدە، ئۆلكىلىك ئاشلىق سىستېمىسى غەربىي شىمال ئاشلىق باشقۇرۇش ئىدارىسى چۈشۈرگەن ئوزۇق- تۈلۈك ۋە يەم - خەشەك بوغالتىرلىق تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىپ، «كىرىم چىقىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تۈزۈمى»نى يولغا قويدى. ئاشلىقنىڭ مىقدارىنىلا ھېسابلىنىپ، سوممىسى ھېسابلانمىدى، خىراجەت چىقىمى ئاشلىق خىراجىتى بويىچە ھېسابلىنىپ، دوكومېنت تەكشۈرۈلۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىلدى. 3 يىلدا جەمئىي 712 مىليارد 298 مىليون يۈەن (كونا خەلق پۇلى) ئاشلىق خىراجىتى چىقىم قىلىندى.

**1950 — 1952 - يىلغىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئاشلىق خىراجىتى چىقىمى ئەھۋالى**

جەدۋەل: 5 — 25    بىرلىكى: 100 مىليون يۈەن (كونا خەلق پۇلى)

| تۈرى / يىل | ئاشلىق خىراجىتى | | | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|
| | ئاشلىق سېتىۋېلىش خىراجىتى | يۆتكەش خىراجىتى | باشقا خىراجەتلەر | |
| 1950 | 2694.33 | 956.18 | 55.13 | 3705.64 |
| 1951 | 1397.04 | 902.98 | 41.04 | 2341.06 |
| 1952 | 600.07 | 436.36 | 39.85 | 1076.28 |
| جەمئىي | 4691.44 | 2295.52 | 136.02 | 7122.98 |

1953 — 1956 - يىلغىچە، خۇسۇسىي سودىگەرلەرنىڭ ئاشلىق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى قاتتىق چەكلەش، دۆلەت رەھبەرلىكىدىكى ئاشلىق بازىرىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، ئاقسۇنىڭ شىمالىدىكى رايونلار (ئاقسۇنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دا ئاشلىق، ياغنى بازاردا سېتىۋېلىش - سېتىش، خوتەن، يەكەن، قەشقەر ۋىلايەتلىرىدە دېھقان ئائىلىلىرىدىن كېلىشىم باھادا ۋە تەكشى باھادا سېتىۋېلىش بىلەن بازاردىن سېتىۋېلىشنى بىرلەشتۈرۈش شۇنىڭدەك تەكشى باھا ۋە كېلىشىم باھادا تەمىنلەش، چەك قويۇپ تەمىنلەش قاتارلىق بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىش خاراكتېرىدىكى تەدبىرلەر قوللىنىلدى. يۇقىرىدىكى چارىلەر ئارقىلىق، دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ تىجارىتى ۋە دۆلەت بېكىتكەن ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش - سېتىش باھاسى تەدرىجىي ئاساسلىق يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىدى. بۇ مەزگىلدە، دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش- سېتىش ئاختاي باھاسى بىر قەدەر مۇۋاپىق بولغان سېتىۋېلىش - سېتىش باھا پەرقى، رايون باھا پەرقى، سۈپەت باھا پەرقى ۋە يېزا - بازار باھا پەرقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى، بۇنىڭ بىلەن قاتناش قۇلايسىز، يۆتكەش مۇساپىسى ئۇزۇن بولۇش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان يۇقىرى تىجارەت تەننەرخى ئاساسەن تولۇقلاندى. ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتە، ئاشلىق تارماقلىرى مەركەزنىڭ «ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇپ، تېجەشلىك بولۇش»تىن ئىبارەت يوليورۇقى ۋە «تېجەشلىك بىلەن كارخانا باشقۇرۇش» فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، تۆت يىلدا ئاشلىق، ياغ تىجارىتىدە 1955 - يىلى ئازغىنە زىيان تارتقاندىن باشقا، قالغان ئۈچ يىلدا ئازراق پايدا ئالدى، پايدا - زىياننى بالانس قىلغاندىن كېيىنكى پايدا 2 مىليون 370 مىڭ يۈەن بولدى.

1957 — 1960 - يىلغىچە بولغان ۋاقىت ئاپتونوم رايون ئاشلىق، ياغنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىش سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىجرا قىلغان ئالدىنقى مەزگىل بولۇپ، تىجارەت مىقدارى ئېشىش قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرىدە، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق، ياغ تىجارىتىدە ئاز مىقداردا پايدا ئېلىش ئۇدا زىيان تارتىشقا ئۆزگەردى. 1957 - يىلدىن باشلاپ ئاشلىق، ياغنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىش سىياسىتى ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە ئومۇميۈزلۈك ئىجرا قىلىندى، شۇ يىلى ئاشلىق ھوسۇلى كېمىيىپ كەتكەن ئەھۋالدا، ئاشلىق سېتىۋېلىش مىقدارى كۆپىيىپ، سېتىش مىقدارى ئازايدى، سالدۇ كۆپەيدى، بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايون ئىچىدە تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ياخشىلاندى. 1958 - يىلدىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، «مۇبالىغىچىلىك شامىلى» نىڭ تەسىرىدە، ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش تىجارەت مىقدارى زور مىقداردا ئاشتى، بولۇپمۇ 1959 — 1960 - يىللىرى ئاشلىقنى چەكتىن ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش سەۋەبىدىن، كۆپلەپ سېتىۋېلىش ۋە سېتىش ئەھۋالى كېلىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ئاپپاراتلىرى ۋە خادىملىرى نورمالسىز كۆپەيدى. مەلۇماتقا قارىغاندا، 1959 - يىلى 1956 - يىلدىكىدىن سېتىۋېلىنغان ئاشلىق %119.47، سېتىلغان ئاشلىق %61.97 ئاشقان؛ 1960 - يىلى ئاشلىق سىستېمىسىدىكى ئومۇمىي ئىشچى - خىزمەتچى 1956 - يىلدىكىدىن 1.69 ھەسسە كۆپەيگەن. ئاشلىق، ياغ تىجارەت مىقدارى ۋە خادىملار كۆپەيگەنلىكتىن، 1960 - يىللىق تاۋار ئوبوروتى خىراجىتى 1956 - يىلدىكىدىن %116.20 ئاشتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش - سېتىش باھاسىنى ماكرولۇق تەڭشەشتە رايون باھا پەرقى ۋە سېتىۋېلىش - سېتىش جەھەتتىكى پەرق نىسبىتى تەدرىجىي كىچىكلىتىلگەنلىكتىن، تىجارەت ئومۇمىي پايدىسى نىسبىي ئازايدى، نەتىجىدە 1957 — 1960 - يىلغىچە ئاشلىق تىجارىتىدە، 1957 - يىلى ئازراق پايدا ئېلىنغاندىن باشقا، قالغان ئۈچ يىلدا زىيان كۆرۈلدى، تۆت يىللىق پايدا - زىياننى بالانس قىلغاندىن كېيىن كۆرۈلگەن ساپ زىيان 10 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1960 - يىلى چىقىم قىلىنغان ئارتۇق سېتىۋېلىنغان قىسمىغا قوشۇلغان باھا پۇلى 2 مىليون 230 مىڭ يۈەن.

1961 — 1965 - يىلغىچە ئاشلىق، ياغلىق دانلىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى ئۆستۈرۈلگەنلىكى ۋە «جەنۇبنىڭ ئاشلىقى شىمالغا يۆتكەلگەن»لىكى ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق، ياغ تىجارىتى زىيىنى

زور مىقداردا كۆپىيىپ كەتتى. 1961 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىقنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى ئوتتۇرىچە %17.44 ئۆستۈرۈلدى، بىر تۇتاش سېتىلىش باھاسى ئۆزگەرتىلمىدى، سېتىۋېلىش - سېتىش باھاسى ئوڭ پەرقلىق بولۇشتىن تەتۈر پەرقلىق بولۇشقا ئۆزگەردى. ياغلىق دانىنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى ئوتتۇرىچە %34.73، ياغنىڭ بىر تۇتاش سېتىلىش باھاسى ئوتتۇرىچە ئاران %7.11 ئۆستۈرۈلدى، ياغنىڭ سېتىۋېلىنىش - سېتىلىش باھاسى ئوڭ پەرقلىق بولۇشتىن تەتۈر پەرقلىق بولۇشقا ئۆزگەردى. 1960 - يىلى «جەنۇبنىڭ ئاشلىقىنى شىمالغا يۆتكەش» باشلاندى، 1961 - يىلى يۆتكەش كۆلىمى تېخىمۇ كېڭەيتىلىپ، تاۋار ئوبوروت خىراجىتى 1960 - يىلدىكى 56 مىليون 580 مىڭ يۈەندىن 61 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سېتىۋېلىش - سېتىلىش باھاسى تەتۈر بولۇش، رايون باھا پەرقى كىچىكلىتىلىش ۋە «جەنۇبنىڭ ئاشلىقىنى شىمالغا يۆتكەش» تۈپەيلىدىن، تەكشە باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارىتى زىيىنى زور مىقداردا كۆپىيىپ كەتتى. 1961 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق، ياغ تىجارىتىدە كۆرۈلگەن زىيان سوممىسى 24 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1960 - يىلدىكىدىن %184.30، 1959 - يىلدىكىدىن ئازكەم 12 ھەسسە كۆپىيىپ كەتتى. 1962 - يىلى تىجارەت زىيىنى 49 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1961 - يىلدىكىدىن يەنە %99.56 كۆپىيىپ كەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر مىللەت ئاشلىق ئىشچى - خىزمەتچىلىرى زىياننى ئازايتىش ئۈچۈن ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ «ھەممە كىشىنىڭ كۆڭلىدە سان بولۇش» چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، كىرىمنى ئاشۇرۇپ چىقىمنى تېجىدى. 1962 - يىلى يەنە ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ «ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاش، خادىملارنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش» دېگەن يوليورۇقى قاتتىق ئىجرا قىلىنىپ، 1963 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئومۇمىي ئاشلىق ئىشچى - خىزمەتچىسى 1961 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 19 مىڭ 633 تىن 13 مىڭ 189 غا قىسقارتىلىپ، %32.82 ئازايتىلدى. بۇ تەدبىرلەر، تىجارەت خىراجىتىنى ئازايتىشتا كۆرۈنەرلىك رول ئوينىدى. نەتىجىدە تاۋار ئوبوروت خىراجىتى 1962 - يىلدىكىدىن 1963 - يىلى 10 مىليون 630 مىڭ يۈەن، 1964 - يىلى 10 مىليون 340 مىڭ يۈەن كېمەيدى، تىجارەت زىيىنىمۇ مۇناسىپ ئازايدى. بىراق زىياننى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاساسىي مەۋجۇت زىيىنىغا سېتىش بولۇپ، ئىش ئوبوروت خىراجىتىنى تۆۋەنلىتىشتىن باشلانغان بولسىمۇ، زىياننى تۈپتىن ئازايتقىلى بولمىدى. 1964 — 1965 - يىللىرى ئاپتونوم رايون سىرتىغا يۆتكەلگەن ئاشلىق كۆپىيىپ، ئاشلىقنى توپلاپ توشۇش خىراجىتى زور مىقداردا ئاشتى، 1965 - يىللىق تاۋار ئوبوروت خىراجىتى شىددەت بىلەن كۆپىيىپ 87 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تىجارەت زىيىنى 53 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بەش يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە تەكشە باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارىتىدىن كېلىپ چىققان زىيان 201 مىليون يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئارتۇق سېتىۋېلىنغان قىسمىغا قوشۇلغان باھا پۇلى 3 مىليون 920 مىڭ يۈەن) گە، يىللىق ئوتتۇرىچە زىيان 40 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1966 — 1976 - يىلغىچە بولغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، تىجارەت زىيىنى زور مىقداردا ئاشتى. 1966 — 1971 - يىللىرى ئاشلىق ۋە ياغلىق دان، ياغ مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى ئۆستۈرۈلدى ھەمدە رايون باھا پەرقى كىچىكلىتىلدى، بىراق 1967 - يىلى يېرىك ئاشلىقنىڭ بىر تۇتاش سېتىلىش باھاسى مۇناسىپ ئۆستۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئۇ ئاشلىق، ياغ تىجارىتىدىن كۆرۈلىدىغان زىيانغا ئانچە چوڭ تەسىر كۆرسىتەلمىدى. 1972 - يىلدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايون ئاشلىق، ياغنى ئاز مىقداردا سىرتقا يۆتكەشنى زور مىقداردا سىرتتىن يۆتكەپ كېلىشكە ئۆزگەرتتى، بۇنىڭ بىلەن تاۋار ئوبوروت خىراجىتى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى، تىجارەت زىيىنىمۇ مۇناسىپ ئاشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مالىيە تۈزۈمى تەسىرگە ئۇچراپ، باشقۇرۇشنىڭ بوشىشىپ كېتىشىمۇ تىجارەت زىيىنىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىكى مۇھىم ئامىل بولۇپ قالدى. 1974 - يىلى 11 يىلدا تەكشە باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارىتىدىن كېلىپ چىققان زىيان 550 مىليون يۈەنگە يەتتى. (1974 - يىلدىن بۇرۇن چىقىم قىلىنغان ئارتۇق سېتىۋېلىنغان قىسمىغا قوشۇلغان باھا پۇلىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، يىللىق

ئوتتۇرىچە زىيان 50 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1961 — 1965 - يىللىرىغىچە يىلىغا ئوتتۇرىچە 24.38% ئاشتى.

1977 — 1978 - يىللىرى مەركەزدىن تارتىپ ئاپتونوم رايونغىچە ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، چىقىمىنى تېجەش، زىياننى تۈگىتىپ پايدىنى ئاشۇرۇش خىزمىتىنى تۇتۇشى بىلەن، ئاشلىق، ياغ تىجارىتىدىن كۆرۈلىدىغان زىيان ئازايدى. 1977 - يىل 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ج ك پ سودا مىنىستىرلىكى پارتگورۇپپىسىنىڭ «مەملىكەتلىك ئاشلىق يىغىنىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات»نى تەستىقلاپ، مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئاشلىق كارخانىلىرى زىيىنىنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىپ كېتىشى نۆۋەتتىكى ئاشلىق خىزمىتىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرى. سىياسەت خاراكتېرلىك زىيان ئىگىلىك باشقۇرۇش ياخشى بولماسلىق سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان زىياننى قاپلىدى، چوقۇم ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلاپ، زىياننى ئىمكانقەدەر ئازايتىش لازىم. 1978 - يىل 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ «ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ زىياننى تۈگىتىپ، پايدىنى ئاشۇرۇشى ھەققىدە پىكىر»نى تەستىقلاپ تارقىتىپ، ئومۇمىي زىيان سوممىسىنى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 22 مىليون يۈەن ئازايتىپ، 34% تۆۋەنلىتىشنى؛ ئومۇمىي خىراجەت سوممىسىنى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 12 مىليون يۈەن، يەنى 14.7% تۆۋەنلىتىشنى، ساناائەت پايدىسىنى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 26% ئاشۇرۇش كۆرسەتكۈچىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ھەر دەرىجىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتلاردىن رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ تۈرلۈك زىياننى تۈگىتىپ، پايدىنى ئاشۇرۇش تەدبىرلىرىنى جىددىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە ھاسىل قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ھەر مىللەت ئاشلىق ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا، 1978 - يىلى، ئاپتونوم رايوننىڭ تاۋار ئوبوروت خىراجىتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 10 مىليون 560 مىڭ يۈەن، يەنى 11.95% كېمەيدى؛ ئومۇمىي پايدا 8 مىليون 620 مىڭ يۈەن ئېشىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 50.98% كۆپەيدى؛ تىجارەت زىيىنى 29 مىليون 690 مىڭ يۈەن ئازىيىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 36.41% كېمەيدى. 1977 — 1978 - يىللىرى ئىككى يىلدا كۆرۈلگەن زىيان 133 مىليون يۈەن بولۇپ، يىلىغا ئوتتۇرىچە 66 مىليون 500 مىڭ يۈەندىن توغرا كېلىپ، 1976 - يىلدىكىدىن 1.53% كېمەيدى.

1979 — 1982 - يىللىرىغىچە ئاشلىق، ياغنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى ۋە ئارتۇق سېتىۋېلىنغان قىسمىغا قوشۇلىدىغان باھا زور مىقداردا ئۆستۈرۈلگەنلىكى، شۇنىڭدەك «شىمالنىڭ ئاشلىقىنى جەنۇبقا يۆتكەش» مىقدارى كۆپەيتىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئاشلىق، ياغ تىجارىتىدىن كېلىپ چىققان زىيان زور مىقداردا كۆپەيدى. ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون 1979 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن ئاشلىق، ياغلىق دان (مەھسۇلات)نىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى ۋە ئارتۇق سېتىۋېلىنغان قىسمىغا قوشۇلىدىغان باھانى زور مىقداردا ئۆستۈردى، بىر تۇتاش سېتىلىش باھاسىنى ئۆزگەرتمىدى. باھا تەڭشەلگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرىچە ھەر 50 كىلوگرام يېرىك ئاشلىقنى سېتىۋېلىش - سېتىش باھاسىدىن 2.95 يۈەن، ياغ مەھسۇلاتلىرىدىن 7.64 يۈەن تەتۈر پەرق كېلىپ چىقتى. يۇقىرىدىكى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسىنى ئۆستۈرۈش نەتىجىسىدە يېڭىدىن شەكىللەنگەن زىياننى يەرلىك مالىيە «باھا ئۆستۈرۈش ياردىمى» شەكلىدە ئاشلىق تارماقلىرىغا مەخسۇس تولۇقلاپ بەردى، ئارتۇق سېتىۋېلىنغان قىسمىغا قوشۇلغان باھا پۇلى (ئومۇمىي سوممىسى)نى مەركەز مالىيىسى مەخسۇس تولۇقلاپ بەردى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشى ئۈچۈن، 1980 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش جەھەتتىكى باشلىنىش نۇقتىسىنى ۋە ئاشلىقى يېتىشمىگەنلەرگە قايتۇرۇپ ئاشلىق سېتىپ بېرىش چېكىنى ئۆستۈرۈپ، چارۋىچىلارنى ئوزۇقلۇق ئاشلىق، چارۋا ماللارنى يەم - خەشەك بىلەن تەمىنلەش ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈشنى قارار قىلدى.

بۇنىڭ بىلەن خوتەن، قەشقەر ۋىلايەتلىرى ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستىغا يۆتكىلىدىغان ئاشلىق مىقدارى كۆپەيتىلىپ، «شىمالنىڭ ئاشلىقىنى جەنۇبقا يۆتكەش» يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. 1980- يىلى قەشقەر ۋىلايىتىگە ساپ يۆتكەلگەن ئاشلىق 72 مىليون 430 مىڭ كىلوگىرامغا يېتىپ، 1979 - يىلدىكىدىن 1.84 ھەسسە، قىزىلسۇ ئوبلاستىغا ساپ يۆتكەلگەن ئاشلىق 30 مىليون 340 مىڭ كىلوگىرامغا يېتىپ، 1979- يىلدىكىدىن 1.22 ھەسسە ئاشتى؛ خوتەن ۋىلايىتىگە 1979 - يىلى يۆتكەلگەن ئاشلىق ئاران 140 مىڭ كىلوگىرام ئىدى، 1980- يىلى بىراقلا 13 مىليون 800 مىڭ كىلوگىرامغا يەتتى، 1981 - يىلى يەنە 8 مىليون 110 مىڭ كىلوگىرام ئاشلىق يۆتكەلدى. «شىمالنىڭ ئاشلىقىنى جەنۇبقا يۆتكەش» بويىچە زور مىقداردا ئاشلىق يۆتكەلگەنلىكتىن، 1980 - يىللىق تاۋار ئوبوروت خىراجىتى 1978 - يىلدىكىدىن 1.09 ھەسسە كۆپىيىپ كەتتى، ئۇنىڭغا ئاشلىق، ياغ تىجارىتىدىن ئېلىنىغان ئومۇمىي پايدىنى ئومۇمىي زىيانغا ئايلاندۇرۇش قاتارلىق ئامىللارنى قوشقاندا، مۇقىم باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارىتىدىن كۆرۈلگەن زىيان 187 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 1.35 ھەسسە ئاشتى، كونا ئۆلچەم بويىچە مەخسۇس «باھا ئۆستۈرۈش ياردىمى» شەكلىدە 64 مىليون 740 مىڭ يۈەن تولۇقلانغان بولسىمۇ، لېكىن زىيان يەنىلا 122 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 1.35 ھەسسە ئاشتى. 1979 — 1982 - يىلغىچە بولغان تۆت يىلدا مۇقىم باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارىتىدىن كۆرۈلگەن زىيان 665 مىليون يۈەنگە يەتتى، كونا ئۆلچەم بويىچە «باھا ئۆستۈرۈش ياردىمى» شەكلىدە مەخسۇس ئاجرىتىلىپ تولۇقلانغان 271 مىليون يۈەننى چىقىرىۋەتكەندە، زىيان يەنىلا 393 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىلىغا ئوتتۇرىچە 98 مىليون 250 مىڭ يۈەندىن توغرا كەلدى.

1983 — 1985 - يىلغىچە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى، كارخانىلارنىڭ زىيىنىنىڭ ئېشىشىنى تېزگىنلەش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون مالىيىسى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىگە مالىيە پايدا - زىيىنىنى پۈتۈنلەي ھۆددىگە بېرىشنى قارار قىلدى. ھۆددىگەرلىك چارىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى مۇنداق: ئارتۇق سېتىۋېلىنىغان قىسمىغا باھا قوشۇپ بېرىش ۋە باھا ئۆستۈرۈش ياردىمىنى مەركەز مالىيىسى بىلەن يەرلىك (ئاپتونوم رايون) مالىيە ئەمەلىيەتكە ئاساسەن ئاجرىتىپ بېرىدۇ؛ مۇقىم باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارىتىدىن كېلىپ چىققان زىيان ۋە باشقا كارخانىلارنىڭ پايدىسى بىر تۇتاش ھېسابلىنىپ، ئاپتونوم رايون مالىيىسى ھەر يىلى ئاشلىق كارخانىلىرىغا زىيان (خەزىنىگە قايتۇرۇش) ئۈچۈن 85 مىليون 540 مىڭ يۈەن ساپ ياردەم پۇلى قوشۇپ بېرىدۇ؛ ھۆددىگەرلىك مۇددىتى ئۈچ يىل بولىدۇ، ئېشىپ كەتكەن زىيان تولۇقلاپ بېرىلمەيدۇ، زىيان كېمەيتىلسە (پايدا ئالىدىغان كارخانىلار ئاشۇرغان پايدىسى شۇنىڭ ئىچىدە) كېمەيتىلگەن قىسمىنىڭ ھەممىسى كارخانىلارغا قالدۇرۇلىدۇ. ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ھۆددىگەرلىك ئومۇمىي كۆرسەتكۈچى ئىچىدىن ئۆلكىلەر ۋە ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى ۋىلايەت، شەھەر، ئاپتونوم ئوبلاستلار ئارا يۆتكەشكە كېتىدىغان خىراجەتنى قالدۇرغاندىن سىرت، باشقا كۆرسەتكۈچلەرنى جايلارنىڭ 1982- يىللىق تەكشى باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارىتى ۋە پايدا ئالىدىغان كارخانىلارنىڭ پايدا نەتىجىسىگە ئاساسەن، ھەر خىل ئېشىش - كېمىيىش ئامىللىرىنى نەزەرگە ئېلىپ، ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىلىرى (باشقارمىلىرى) گە ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ، ھۆددىگەرلىك مۇددىتى يىلدا بىر قېتىم بېكىتىلىدۇ. ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىلىرى (باشقارمىلىرى) ھۆددىگەرلىك ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، ئۆز ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، ھۆددىگەرلىك كۆرسەتكۈچنى ناھىيىلىك (شەھەرلىك) ئاشلىق ئىدارىلىرىگە تەقسىم قىلىپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە قاتلاممۇ قاتلام ھۆددىگە بېرىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام كارخانىلىرى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشىنى ياخشىلاپ، كىرىمنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەش ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىدى. 1983 - يىلى تەكشى باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارەت مىقدارى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 9.3% ئاشقان بولسىمۇ، بىراق «شىمالنىڭ ئاشلىقىنى جەنۇبقا يۆتكەش» زور مىقداردا

ئازايتىلغانلىقى ۋە «ئالدى دۇكان كەينى كارخانا» قاتارلىق كۆپ خىل ئىگىلىك قانات يايدۇرۇلۇپ، كىرىم
ئاشۇرۇلۇپ، چىقىم تېجەلگەنلىكى ئۈچۈن، تاۋار ئوبوروت خىراجىتى ئالدىنقى يىلدىكى 140 مىليون يۈەندىن
124 مىليون يۈەنگە چۈشۈپ، 11.43% كېمەيدى؛ تىجارەت ئومۇمىي زىيىنى 44 مىليون 660 مىڭ يۈەندىن
38 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە چۈشۈپ، 12.88% كېمەيدى؛ تەكشى باھا تىجارىتىدىن كېلىپ چىققان زىيان
«باھا ئۆستۈرۈش ياردىمى» ئارقىلىق تولۇقلانغاندىن كېيىن، 1982- يىلدىكى 106 مىليون يۈەندىن 76 مىليون
280 مىڭ يۈەنگە چۈشۈپ، 27.96% كېمىيىپ، ھۆددىگەرلىك كۆرسەتكۈچىدىن يەنە 9 مىليون 260 مىڭ
يۈەن ئازايدى. شۇ يىلى پايدا ئالىدىغان كارخانىلارنىڭ پايدىسى ئالدىنقى يىلدىكى 30 مىليون 400
مىڭ يۈەندىن 38 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 25.42% ئاشتى؛ مالىيىدىن رۇخسەت قىلىنغان
ھۆددىگەرلىك قالدۇقى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بېرىلدى. 1984 - يىلى تەكشى باھالىق ئاشلىق،
ياغ تىجارەت مىقدارى 4 مىليارد 629 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، 1982 - يىلدىكىدىن 17.84% ئاشتى،
تىجارەت خىراجىتىنىڭ ئېشىش ئامىللىرى بىر قەدەر كۆپ بولدى. تاۋار ئوبوروت خىراجىتى ئالدىنقى
يىلدىكىدىن 16 مىليون 180 مىڭ يۈەن ئېشىپ، 13% كۆپەيدى. ئومۇمىي زىيان ئالدىنقى يىلدىكىدىن
5 مىليون 510 مىڭ يۈەن ئازىيىپ، 14.16% كېمەيدى. تەكشى باھا تىجارىتىدىن كېلىپ چىققان زىيان
«باھا ئۆستۈرۈش ياردىمى» ئارقىلىق تولۇقلانغاندىن كېيىن 88 مىليون 700 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى
يىلدىكىدىن 12 مىليون 420 مىڭ يۈەن ئېشىپ، 16.28% كۆپىيىپ، ھۆددىگەرلىك كۆرسەتكۈچىدىن 3
مىليون 160 مىڭ يۈەن ئاشتى. شۇ يىلى پايدا ئالىدىغان كارخانىلار ئەمەلگە ئاشۇرغان پايدا 38 مىليون 690
مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 560 مىڭ يۈەن ئېشىپ، 1.47% كۆپەيدى. ئەمەلگە ئاشۇرغان
پايدىدىن ھۆددىگەرلىك كۆرسەتكۈچىدىن ئاشقان زىيان تولۇقلانغاندىن سىرت، قالغان قىسمى ئاشلىق
كارخانىلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بېرىلدى. 1985- يىلى تەكشى باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارەت مىقدارى 1984-
يىلدىكىدىن يەنە 384 مىليون كىلوگرام، ھۆددىگە بېرىشتىن ئىلگىرىكى 1982 - يىلدىكىدىن 1 مىليارد 73
مىليون كىلوگرام ئېشىپ، 27.23% كۆپەيدى، تاۋار ئوبوروت خىراجىتى 166 مىليون يۈەنگە يېتىپ،
ھۆددىگە بېرىشتىن ئىلگىرىكى 1982 - يىلدىكىدىن 25 مىليون 800 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. تىجارەت ئومۇمىي
زىيىنى كۆپ خىل ئىگىلىك قانات يايدۇرۇلغانلىقتىن داۋاملىق 2 مىليون 780 مىڭ يۈەن ئازايغان بولسىمۇ،
لېكىن ئۆرلەۋاتقان تىجارەت خىراجىتىنى يەنىلا قاپلىيالمىدى. شۇ يىللىق مۇقىم باھالىق ئاشلىق، ياغ
تىجارىتىدىن كېلىپ چىققان زىيان «باھا ئۆستۈرۈش ياردىمى» ئارقىلىق تولدۇرۇلغاندىن كېيىن بىراقلا 113
مىليون يۈەنگە يېتىپ، ھۆددىگەرلىك كۆرسەتكۈچىدىن 27 مىليون 460 مىڭ يۈەن ئاشتى. شۇ يىلى پايدا
ئالىدىغان كارخانىلار ئەمەلگە ئاشۇرغان پايدا 43 مىليون 810 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 5 مىليون
120 مىڭ يۈەن ئېشىپ، 13.22% كۆپەيدى، ئەمەلگە ئاشۇرغان پايدىدىن ھۆددىگەرلىك كۆرسەتكۈچىدىن
ئاشقان 27 مىليون 460 مىڭ يۈەن زىيان تولۇقلانغاندىن كېيىن، پەقەت 16 مىليون 350 مىڭ يۈەن قالدۇق
قېلىپ، ئاشلىق، ياغ سانائىتىنى يېڭىلاپ ئۆزگەرتىش قەرز پۇلىنى قايتۇرۇشقا يەتمىدى. ئاشلىق
كارخانىلىرىنىڭ مالىيىسىنى ئۈچ يىللىق ھۆددىگە بېرىش ئاپتونوم رايون ئاشلىق، ياغدىن ئۇدا مول ھوسۇل
ئالغان، ئاشلىق، ياغ تىجارەت مىقدارى ئۈزلۈكسىز كۆپەيگەن مەزگىلدە يولغا قويۇلغان بولۇپ، ئۈزلۈك
كۆرسەتكۈچلۈك، جانلىق ۋەزىپىلىك ھۆددىگەرلىك چارىسى تىجارەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالمىغان
بولسىمۇ، لېكىن مالىيىنى ئۈچ يىللىق ھۆددىگە بېرىش ئاساسىي قاتلام ئاشلىق كارخانىلىرى ۋە ئىشچى -
خىزمەتچىلەرنىڭ تىجارەت باشقۇرۇشنى ياخشىلاش، كىرىمنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەش ئاكتىپچانلىقىنى
قوزغىدى، بولۇپمۇ ھۆددىگە بېرىشتىن ئىلگىرى ئىككى يىللىق ئېشىندا ئاشلىق كارخانىلىرىنى جانلاندۇرۇپ،

تۇرلۇك ئىشلەپچىقىرىش ۋە مۇئەسسەسەلەرنى كۈچەيتىشتە زور رول ئوينىدى.

1986 — 1990 - يىلغىچە ئاشلىق مالىيىسى ۋىلايەت، شەھەر، ئاپتونوم ئوبلاست مالىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا چۈشۈرۈپ بېرىلدى. 1986 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئاشلىق مالىيىسى تۈزۈلمىسىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ بېرىشنى قارار قىلدى، چارىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: ئارتۇق سېتىۋېلىنغان قىسمىغا قوشۇلغان باھا پۇلىنى يەنىلا مەركەز مالىيىسى ئۈستىگە ئالىدۇ، ئۇنى ئاپتونوم رايون مالىيىسى ئەمەلىيەتكە ئاساسەن ۋىلايەت، شەھەر، ئاپتونوم ئوبلاست مالىيىسىگە بۆيرۈپ بېرىدۇ؛ ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن كېيىن ئاشلىق، ياغنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسىنى يىغىدىن ئۆستۈرۈشكە كېرەكلىك «باھا ئۆستۈرۈش ياردىمى»نىڭ 50%نى ئاپتونوم رايون مالىيىسى، قالغان 50%نى ۋىلايەت، شەھەر، ئاپتونوم ئوبلاست مالىيىسى ئۈستىگە ئالىدۇ؛ ئۆلكىلەر ئارا ۋە ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى ۋىلايەت، شەھەر، ئاپتونوم ئوبلاستلار ئارا يۆتكەش خىراجىتىنى، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى بىر تۇتاش باشقۇرۇپ، ئەمەلىي چىقىم بويىچە ئاپتونوم رايون مالىيىسىگە تەكشۈرۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىشكە يوللايدۇ؛ 1985 - يىللىق تەكشە باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارىتى زىيىنى ئاساس، تۈرلۈك ئېشىش - كېمىيىش ئامىللىرى قوشۇمچە قىلىنىپ، ۋىلايەت، شەھەر، ئاپتونوم ئوبلاستلارنىڭ تەكشە باھالىق ئاشلىق، ياغ زىيان كۆرسەتكۈچى تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئۇنى ئاپتونوم رايون مالىيىسى تولۇقلاشنى ئۈستىگە ئېلىپ، بىر قېتىمدىلا ھۆددىگە بېرىدۇ، ئاشقان زىياننى ۋىلايەت، شەھەر، ئاپتونوم ئوبلاست مالىيىسى ئۈستىگە ئالىدۇ. كۆپ ساندىكى ۋىلايەت، شەھەر، ئاپتونوم ئوبلاستلارنىڭ مالىيىسى ئاپتونوم رايون ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ئەندىزە بويىچە ئاشلىق مالىيىسىنى ناھىيىلەرگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. 1986 - يىلدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايون ئاشلىق، ياغ مەھسۇلاتلىرىنى زور مىقداردا سىرتقا يۆتكىدى. 1986 - يىلى تەكشە باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارەت مىقدارى 1985 - يىلدىكىدىن بىراقلا 1 مىليارد 213 مىليون كىلوگرام ئېشىپ، 24.20% كۆپەيدى؛ تاۋار ئوبوروت خىراجىتىمۇ 1985-يىلدىكى 166 مىليون يۈەندىن 227 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 36.75% كۆپەيدى. شۇ يىلى جايلاردىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ كۆپ خىل ئىگىلىكى داۋاملىق تەرەققىي قىلىپ، ئومۇمىي تىجارەت زىيىنى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 12 مىليون 40 مىڭ يۈەن ئازايدى، لېكىن تەكشە باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارىتىدىن كېلىپ چىققان زىيان «باھا ئۆستۈرۈش ياردىمى» ئارقىلىق تولۇقلانغاندىن كېيىن، ئومۇمىي سوممىسى يەنىلا 152 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1985 - يىلدىكىدىن 39 مىليون 900 مىڭ يۈەن ئېشىپ، 35.46% كۆپەيدى. ۋىلايەت، شەھەر، ئاپتونوم ئوبلاستلارنىڭ مالىيىسى ئاشلىق مالىيىسى ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن كېيىن كۆپەيگەن زىياننى ئۈستىگە ئالالمىغانلىقتىن، جايلاردىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ قەرزى نېسى قىلىشقا باشلىدى. 1987 — 1990 - يىلغىچە، ئاپتونوم رايون يەنە ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش باھاسىنى ئۇدا بىر قانچە قېتىم ئۆستۈرگەنلىكتىن، ئاشلىق، ياغقا بېرىلىدىغان «باھا ئۆستۈرۈش ياردەم» سوممىسى ۋە تىجارەت ئومۇمىي زىيىنى يەنىمۇ كۆپەيدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، 1988 - يىلدىن باشلاپ جۇڭگو خەلق بانكىسى تەكشە باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارىتىگە بېرىلىدىغان قەرز پۇلنىڭ ئايلىق ئۆسۈمىنى 3.3‰تىن 7.5%كە ئۆستۈرگەنلىكتىن، تاۋار ئوبوروت خىراجىتى زور مىقداردا ئېشىپ، تەكشە باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارەت زىيىنى تېز سۈرئەت بويىچە كۆپەيدى. 1990 - يىللىق تەكشە باھالىق ئاشلىق، ياغ ئوبوروت خىراجىتى 385 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1985 - يىلدىكىدىن 219 مىليون يۈەن ئېشىپ، 1.32 ھەسسە كۆپەيدى. 1990 - يىللىق تەكشە باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارىتىدىن كېلىپ چىققان زىيان «باھا ئۆستۈرۈش ياردىمى» ئارقىلىق تولۇقلانغاندىن كېيىن، 335 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1985 - يىلدىكىدىن 222 مىليون يۈەن ئېشىپ، 1.98 ھەسسە كۆپەيدى.

## 1953 — 1990 - يىلغىچە شىنجاڭدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ تەكشى باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارىتىگە دائىر پايدا - زىيان ئەھۋالى

جەدۋەل: 5 — 26 بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| تۈرى / يىل | ئومۇمىي پايدا (زىيان) | تاۋار ئوبوروت خىراجىتى | باج | باشقا كىرىم - چىقىم ساپ سوممىسى | ئارتۇق سېتىۋېلىنغان ئاشلىق، ياغقا قوشۇپ بېرىلگەن باھا پۇلى | باھا ئۆستۈرۈش ياردىمى | پايدا - زىيان ئومۇمىي سانى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1953 | 1223 | 1170 | 40 | 173 | | | 186 |
| 1954 | 2261 | 2279 | 125 | 437 | | | 294 |
| 1955 | 2490 | 2598 | 343 | 159 | | | −292 |
| 1956 | 2946 | 2617 | 456 | 176 | | | 49 |
| 1957 | 3514 | 3227 | 312 | 139 | | | 114 |
| 1958 | 3356 | 3255 | 331 | 96 | | | −134 |
| 1959 | 4427 | 4281 | 354 | 15 | | | −193 |
| 1960 | 5213 | 5658 | 430 | 219 | 223 | | −879 |
| 1961 | 3970 | 6146 | 301 | 170 | 192 | | −2499 |
| 1962 | 2150 | 6759 | 257 | −121 | | | −4987 |
| 1963 | 1794 | 5696 | 208 | 122 | | | −3988 |
| 1964 | 2781 | 5725 | 201 | 40 | 200 | | −3305 |
| 1965 | 3875 | 8764 | 257 | −199 | | | −5345 |
| 1966 | 4317 | 7360 | 6 | 67 | 1167 | | −4149 |
| 1967 | 3540 | 8002 | | −92 | 1407 | | −5961 |
| 1968 | 2076 | 6514 | | −31 | 334 | | −4803 |
| 1969 | 2532 | 4942 | | −54 | 53 | | −2517 |
| 1970 | 1988 | 6425 | | 99 | 214 | | 4552 |
| 1971 | 2237 | 6543 | | 80 | 514 | | −4470 |
| 1972 | 1915 | 5630 | | −90 | 813 | | −4618 |
| 1973 | 1297 | 6198 | | −68 | 852 | | −5821 |
| 1974 | 2233 | 7073 | | −52 | 763 | | −4892 |
| 1975 | 2510 | 8858 | | −51 | 593 | | −6399 |
| 1976 | 1660 | 8313 | | −100 | 1058 | | −6753 |
| 1977 | 1691 | 8839 | | −1006 | 1426 | | 8154 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1978 | 2553 | 7783 | | 11 | 1937 | 34 | −5185 |
| 1979 | −572 | 9852 | | −207 | 7111 | 5158 | −5473 |
| 1980 | −2118 | 16293 | | −270 | 13188 | 6474 | −12207 |
| 1981 | −4826 | 13308 | | −301 | 14639 | 7360 | −11075 |
| 1982 | −4466 | 13988 | | −284 | 13720 | 8149 | −10589 |
| 1983 | −3891 | 12443 | | −243 | 17341 | 8949 | −7628 |
| 1984 | −3340 | 14061 | 3 | −21 | 23835 | 8555 | −8870 |
| 1985 | −3062 | 16568 | 55 | −309 | 23195 | 8741 | −11253 |
| 1986 | −1858 | 22707 | 111 | 1506 | 24391 | 7927 | −15243 |
| 1987 | −1930 | 23810 | 99 | 2005 | 22519 | 8123 | −15711 |
| 1988 | −4397 | 26438 | 26 | 789 | 23160 | 9898 | −20174 |
| 1989 | −6436 | 31805 | 29 | 384 | 23498 | 14664 | −23222 |
| 1990 | −10307 | 38480 | 26 | −931 | 29776 | 16250 | −33494 |
| جەمئىي | 23346 | 390480 | 3970 | 2257 | 248119 | 110282 | −264462 |

ئىزاھ: 1. مەزكۇر جەدۋەلدىكى ماتېرىياللارنىڭ مەنبەسى: 1953 — 1977 - يىللىقى ش ئۇ ئا ر مالىيە نازارىتىنىڭ ئاشلىق بوغالتىرلىق ماتېرىيالى؛ ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ 1978 — 1990 - يىللىقى بولغان بوغالتىرلىق ماتېرىيالى توپلىمىدىن پايدىلىنىلدى.

2. 1974 - يىلدىن بۇرۇنقى ئارتۇق سېتىۋېلىنغان ئاشلىق، ياغقا قوشۇپ بېرىلگەن باھا پۇلى تەننەرخكە كىرگۈزۈلۈپ، پايدا - زىيانغا ھېسابلاندى. 1974 - يىلدىن باشلاپ مەخسۇس تۈر بويىچە پۇل ئاجرىتىلىپ، ئايرىم ئىنكاس قىلىندى.

3. «باھا ئۈستۈرۈش ياردىمى» مەخسۇس قوشۇمچە ياردەم بولۇپ، جەدۋەلگە كىرگۈزۈلگەن 1978 - يىلدىن كېيىنكى زىيان «باھا ئۈستۈرۈش ياردىمى» ئارقىلىق تولۇقلاندى.

4. 1985 — 1990 - يىللىقى «باشقا كىرىم - چىقىم ساپ سوممىسى» ئۆلكىلەر ئارا يۆتكەش تىجارىتى خىراجەت كىرىمى 73 مىليون 760 مىڭ يۈەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 2. پايدا ئالىدىغان كارخانىلار ئەمەلگە ئاشۇرغان پايدا

شىنجاڭنىڭ ئاشلىق كارخانىلىرى تەكسە باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سىياسەت خاراكتېرلىك سودا كارخانىلىرىدىن باشقا، يەنە ئاشلىق، ياغ پىششىقلاش، ئاشلىق، ياغ ماشىنىسازلىقى، يەم-خەشەك پىششىقلاش، سودا، ئاشلىق، ياغ يېمەكلىكلىرى، ئاشلىق، ياغ ترانسپورتى، كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارىتى كارخانىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بۇ كارخانىلار نورمال ئەھۋالدا پايدا ئالىدىغان كارخانىلاردۇر. 1958 — 1990 - يىللىقى، ئاشلىق كارخانىلىرى 674 مىليون يۈەن پايدا ئېلىپ، تەكسە باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارىتىدىن كېلىپ چىققان زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشتا تۆھپە قوشتى.

### 1) ئاشلىق، ياغ سانائىتى كارخانىلىرى

بۇ خىل كارخانىلار پايدا ئالىدىغان كارخانىلار ئىچىدە كۆلىمى ئەڭ چوڭ، ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن، دائىرىسى ئەڭ كەڭ كارخانا بولۇپ، ئاشلىق، ياغ پىششىقلاش، ئاشلىق، ياغ ماشىنىسازلىقى، زاۋۇتلاشقان يېمەكلىك پىششىقلاش تىجارىتى شۇنىڭدەك ئاشلىق، ياغ سانائىتىگە بېقىندى يەم - خەشەك سانائىتى قاتارلىقلارنى ئۆز

ئېچىگە ئالىدۇ. 1958 — 1990 - يىلغىچە، ئاشلىق، ياغ سانائىتى كارخانىلىرى 423 مىليون يۈەن پايدا ياراتتى.

1956 - يىلدىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايوندا پەقەت ئاز ساندا ئۇن زاۋۇتىلا بار ئىدى، ئۇلارنى ئاپتونوم رايوننىڭ سانائەت تارماقلىرى باشقۇراتتى. 1956 - يىلى ئاشلىق، ياغ سانائىتى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، لېكىن ئومۇمىي كۆلىمى ناھايىتى كىچىك، پايدىسى ناھايىتى ئاز ئىدى. 1958 — 1965 - يىلغىچە، كۆپ ساندىكى ۋىلايەت، ئاپتونوم ئوبلاستلارنىڭ ئورگىنى تۇرۇشلۇق جايلاردا ئۇن زاۋۇتى يېڭىدىن قۇرۇلدى ياكى ئۆزگەرتىپ قۇرۇلدى، نۇقتىلىق ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىلىدىغان جايلاردىمۇ بىر تۈركۈم ياغ زاۋۇتلىرى قۇرۇلدى، ئاشلىق، ياغ سانائىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قەدەممۇ قەدەم تەرەققىي قىلىپ، سەككىز يىلدا 14 مىليون 200 مىڭ يۈەن، يىلىغا ئوتتۇرىچە 1 مىليون 775 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىلدى، يارىتىلغان پايدا ئەڭ تۆۋەن بولغان 1958 - يىلى 760 مىڭ يۈەن، ئەڭ يۇقىرى بولغان 1965 - يىلى 2 مىليون 890 مىڭ يۈەن بولدى.

1966 — 1976 - يىلغىچە «125»، «150» تىپلىق قوش تولۇقلۇق ئۇن تارتىش ماشىنىلىرىنى گورۇپپىلاشتۇرۇپ ئۇن تارتىش بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلدى، كۆپ ساندىكى ناھىيە بازارلىرىدا كىچىك تىپتىكى گورۇپپىلاشتۇرۇلغان ئۇن زاۋۇتى قۇرۇلدى. 11 يىلدا 33 مىليون 820 مىڭ يۈەن، يىلىغا ئوتتۇرىچە 3 مىليون 70 مىڭ يۈەن، ئەڭ تۆۋەن بولغان 1969 - يىلى 1 مىليون 130 مىڭ يۈەن، ئەڭ يۇقىرى بولغان 1976 - يىلى 7 مىليون 970 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىلدى.

1977 — 1979 - يىلغىچە كىچىك تىپتىكى گورۇپپىلاشقان ئۇن تارتىش كەسپى داۋاملىق تەرەققىي قىلدى ۋە مۇكەممەللەشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جايلاردىكى ئاشلىق، ياغ پىششىقلاش كارخانىلىرى مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ «سانائەت ئارقىلىق سودىنى تولۇقلاش» چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، دېھقانلارغا ئاشلىق، ياغنى ۋاكالىتەن پىششىقلاپ بېرىشنى پائال قانات يايدۇرۇپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىساد قىلىش، كىرىمنى ئاشۇرۇپ چىقىمنى تېجەشنى تۇتۇپ، كارخانىلارنىڭ پايدىسىنى بىر قەدەر تېز ئاشۇردى، ئۈچ يىلدا 30 مىليون 180 مىڭ يۈەن، يىلىغا ئوتتۇرىچە 10 مىليون 60 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىلدى.

1980 — 1990 - يىلغىچە بولغان مەزگىل ئاشلىق، ياغ سانائىتى كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلغان مەزگىل بولدى، ئىككى قېتىم پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىش، تىجارەتنى ھۆددىگە بېرىش شۇنىڭدەك ئىش خىراجىتىنى ئۆز باھاسى بويىچە پىششىقلاشقا ئۆزگەرتىش قاتارلىق ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئارقىلىق ئاشلىق، ياغ سانائىتى كارخانىلىرى ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقى قوزغىتىلىپ، مەھسۇلات قىممىتى، مەھسۇلات مىقدارى ۋە پايدا تېز ئاشۇرۇلدى. 1980 - يىلدىن باشلاپ، MQ.4 ۋە MQ.5 تىپلىق گاز بېسىملىق ئۇن تارتىش ماشىنىسى تەدرىجىي ئىشلىتىلىپ ۋە زامانىۋى تازىلاش ئۈسكۈنىسى سەپلىنىپ، كىچىك تىپتىكى بىرنەچچە ئۇن زاۋۇتلىرى ئۆزگەرتىلدى، 1990 - يىلغا قەدەر ئاز ساندىكى ناھىيىلەردىن باشقا ناھىيىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇن زاۋۇتلىرىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ يېڭىلىدى. ئوخشاش مەزگىلدە، ياغلىق دان (چىگىت) ئىشلەپچىقىرىدىغان ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ھەممىسى ئەسلىدىكى يېرىم ئاپتوماتلاشقان كىچىك تىپتىكى ياغ تارتىش ئۈسكۈنىلىرىنى 200 تىپلىق ياغ تارتىش ماشىنىسى ياكى دەسلەپكى چىلاپ ياغ ئېلىش ھۈنەر - سەنئىتىگە تەدرىجىي ئالماشتۇرۇپ، ياغ تارتىش سانائىتىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈردى. 1990 - يىلنى 1980 - يىلغا سېلىشتۇرغاندا ئۇن تارتىش ئىقتىدارى 1.12 ھەسسە، ئۇن %66 ئاشتى. ياغلىق دان پىششىقلاش ئىقتىدارى (چىلاپ ياغ ئېلىشمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 3.8 ھەسسە، ياغ 2.8 ھەسسە ئاشتى. 11 يىلدا، ئاشلىق، ياغ سانائىتى كارخانىلىرى 345 مىليون يۈەن، يىلىغا ئوتتۇرىچە 31 مىليون 320 مىڭ يۈەن پايدا ياراتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1990 - يىلى يارىتىلغان پايدا 50 مىليون 630 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1980 - يىلدىكىنىڭ 5.86 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى.

**1966 — 1990 - يىلغىچە شىنجاڭنىڭ ئاشلىق سىستېمىسىدىكى ئاشلىق، ياغ سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ پايدا ئېلىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 5 — 27

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار / رايون | 1966 | 1967 | 1968 | 1969 | 1970 | 1971 | 1972 | 1973 | 1974 | 1975 | 1976 | 1977 | 1978 | 1979 | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە | 202 | 195 | 229 | 113 | 223 | 157 | 194 | 295 | 344 | 633 | 797 | 795 | 1196 | 1027 | 864 | 1261 | 1731 | 2402 | 2534 | 2904 | 3894 | 4278 | 4728 | 4800 | 5063 | 40859 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 32 | 8 | 2 | 8 | 68 | 12 | 33 | 101 | 106 | 281 | 348 | 276 | 413 | 332 | 252 | 247 | 347 | 429 | 297 | 456 | 506 | 409 | 625 | 721 | 616 | 6925 |
| قاراماي شەھىرى | 10 | 13 | 17 | 20 | 18 | 16 | 2 | 38 | 32 | 32 | 36 | 43 | 48 | 31 | 18 | 30 | 24 | 72 | 67 | 77 | 87 | 88 | 93 | 21 | 34 | 967 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | | | | | | | | | | | | 23 | 36 | 29 | 20 | 18 | 35 | 56 | 58 | 58 | 37 | 48 | 39 | 43 | 9 | 509 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 8 | 12 | 2 | 12 | 26 | 7 | 2 | 13 | 11 | 22 | 23 | 28 | 39 | 40 | 27 | 29 | 45 | 56 | 60 | 77 | 96 | 105 | 114 | 139 | 139 | 1132 |
| سانجى ئوبلاستى | 16 | 25 | 19 | 19 | 30 | 15 | 26 | 35 | 30 | 14 | 72 | 80 | 114 | 89 | 76 | 193 | 196 | 343 | 470 | 324 | 502 | 602 | 601 | 615 | 643 | 5133 |
| شىخەنزە شەھىرى | | | | | | | | | | .10 | .1 | 20 | 28 | 10 | 25 | 126 | 193 | 225 | 162 | 320 | 397 | 320 | 385 | 103 | 55 | 2358 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلار | | | | | | | | | | 16 | 15 | 19 | | | | | | | | | 33 | 20 | 48 | 41 | 18 | 210 |
| ئىلى ۋىلايىتى | 29 | 25 | 17 | 1 | 35 | 1 | 2 | 31 | 31 | 62 | 47 | 45 | 94 | 87 | 115 | 208 | 206 | 362 | 410 | 452 | 594 | 615 | 517 | 551 | 630 | 5167 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 6 | 13 | 16 | 16 | 18 | 5 | 7 | 4 | . | 1 | 33 | 25 | 54 | 61 | 43 | 54 | 138 | 117 | 142 | 226 | 415 | 450 | 545 | 535 | 728 | 3652 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 6 | 6 | 5 | 2 | 5 | 1 | 3 | 7 | 3 | 10 | 5 | 12 | 20 | 21 | 20 | 27 | 35 | 49 | 51 | 68 | 98 | 162 | 191 | 186 | 227 | 1220 |
| بۆرتالا ئوبلاستى | | | 3 | 5 | 3 | | | 4 | 8 | 11 | 8 | 12 | 20 | 19 | 16 | 23 | 73 | 95 | 98 | 128 | 167 | 176 | 122 | 149 | 209 | 1349 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 12 | 21 | 22 | 20 | 21 | 14 | 34 | 16 | 17 | 26 | 45 | 34 | 35 | 31 | 26 | 50 | 66 | 84 | 72 | 108 | 175 | 183 | 240 | 307 | 344 | 2003 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 17 | 22 | 21 | 5 | 12 | 19 | 14 | 34 | 43 | 59 | 57 | 78 | 88 | 90 | 80 | 109 | 120 | 123 | 142 | 112 | 181 | 197 | 226 | 313 | 299 | 2461 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | | | | | | .1 | | .5 | | | | 3 | 3 | 6 | | | 5 | 11 | 15 | 35 | 63 | 70 | 81 | 74 | 63 | 423 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 55 | 52 | 38 | 19 | 52 | 57 | 71 | 30 | 63 | 100 | 96 | 93 | 140 | 122 | 94 | 105 | 181 | 227 | 278 | 250 | 301 | 364 | 335 | 409 | 420 | 3952 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 13 | 14 | 9 | 1 | 16 | 9 | | 6 | .5 | 3 | 5 | 19 | 30 | 26 | 20 | 23 | 32 | 82 | 93 | 93 | 95 | 57 | 61 | 73 | 75 | 850 |
| ئىدارىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلار | .2 | .16 | 58 | .15 | .65 | 2 | | .19 | 5 | 6 | 8 | .15 | 34 | 33 | 32 | 19 | 35 | 71 | 119 | 120 | 147 | 412 | 505 | 520 | 554 | 2548 |

## 2) يەم ـ خەشەك كارخانىلىرى

1977 ـ يىلدىن ئىلگىرى مۇستەقىل يەم ـ خەشەك كارخانىلىرى يوق ئىدى، يەم ـ خەشەك كەسپىنى ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى بىر تۇتاش باشقۇراتتى. 1977 — 1980 ـ يىللىرى، مۇستەقىل يەم ـ خەشەك تىجارەت كارخانىلىرى ئۈچ يىل زىيان تارتىپ، بىر يىل پايدا ئالدى، پايدا ـ زىياننى بالانس قىلغاندا ئېلىنغان پايدا 90 مىڭ يۈەن بولدى. 1981 ـ يىلدىن باشلاپ، جايلار يېڭىدىن قۇرغان مۇستەقىل يەم ـ خەشەك زاۋۇتلىرى شۇ جايدىكى ئاشلىق كارخانىلىرى ياكى يەم ـ خەشەك شىركەتلىرىگە تەۋە بولدى؛ كونا زاۋۇت، ئامبارلار ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان ۋە يېڭىدىن قۇرۇلغان يەم ـ خەشەك سېخلىرى ئاشلىق، ياغ پىششىقلاش كارخانىلىرىنىڭ تەۋەلىكىدە بولدى (بۇ سېخلار ياراتقان پايدا ئاشلىق، ياغ سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ پايدىسى ئىچىدە بولدى). 1984 ـ يىلى گوۋۇيۈەن «ئېلىمىزنىڭ 1984 — 2000 ـ يىللىرىچە بولغان يەم ـ خەشەك سانائىتى تەرەققىياتى پروگراممىسى»نى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق سىستېمىسىنىڭ يەم ـ خەشەك سانائىتى تېز تەرەققىي قىلدى. 1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 123 يەم ـ خەشەك پىششىقلاش زاۋۇتى ياكى سېخى قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، يىللىق يەككە ئىسمېنىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 329 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، ناھىيە بازىرىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك جايلاردا يەم ـ خەشەك پىششىقلاش كارخانىلىرى بولۇش ئاساسەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. 1981 — 1985 ـ يىللىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك يەم ـ خەشەك شىركەتلىرى ۋە مۇستەقىل يەم ـ خەشەك سانائىتى كارخانىلىرى 3 مىليون 300 مىڭ يۈەن، يىلىغا ئوتتۇرىچە 660 مىڭ يۈەن پايدا ياراتتى، 1986 — 1990 ـ يىللىرى مۇشۇ يەم ـ خەشەك شىركەتلىرى ۋە مۇستەقىل يەم ـ خەشەك سانائىتى كارخانىلىرى 41 مىليون 740 مىڭ يۈەن، يىلىغا ئوتتۇرىچە 8 مىليون 350 مىڭ يۈەن پايدا ياراتتى. 1976 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر يەم ـ خەشەك شىركىتى قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1990 ـ يىللىرىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك يەم ـ خەشەك شىركەتلىرى ۋە مۇستەقىل يەم ـ خەشەك پىششىقلاش كارخانىلىرى ياراتقان ئومۇمىي پايدا 45 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كېيىنكى بەش يىلدا يارىتىلغان پايدا ئومۇمىي پايدىنىڭ %49.92نى ئىگىلىدى.

**1986 — 1990 ـ يىللىرىچە شىنجاڭنىڭ ئاشلىق سىستېمىسىدىكى يەم ـ خەشەك كارخانىلىرىنىڭ پايدا ئېلىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 5 — 28 — بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار / رايون | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە | 666 | 862 | 954 | 679 | 1013 | 4174 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 114 | 86 | 114 | —147 | 336 | 503 |
| قاراماي شەھىرى | 29 | 41 | 71 | 59 | 41 | 241 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 15 | 18 | 22 | 13 | 18 | 86 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 8 | 5 | 32 | 38 | 37 | 120 |
| سانجى ئوبلاستى | 100 | 156 | 139 | 146 | 96 | 637 |
| شىخەنزە شەھىرى | | | | | | |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار | | | | | | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئىلى ۋىلايىتى | 54 | 129 | 84 | 107 | 69 | 443 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 13 | 73 | 28 | 48 | 44 | 206 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | | 17 | 13 | 30 | 16 | 76 |
| بورتالا ئوبلاستى | 41 | 50 | 49 | 65 | 53 | 258 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 43 | 55 | 104 | 105 | 77 | 384 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 15 | 27 | 33 | 27 | 25 | 127 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | | 7 | | | | 7 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 21 | 14 | 12 | 13 | 13 | 73 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 17 | 28 | 45 | 49 | 51 | 190 |
| ئىدارىگە بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلار | 196 | 156 | 208 | 126 | 137 | 823 |

ئىزاھ: ئىدارىگە بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلار ئالغان پايدا ماددىي ئەشيا كارخانىلىرى قاتارلىق كارخانىلار ئالغان 6 مىليون 410 مىڭ يۈەن پايدىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 3) كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغ كارخانىلىرى

1980 - يىلدىن باشلاپ، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق، ياغنى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش - سېتىش شىركىتى ۋە ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ كېلىشىم باھالىق تىجارەت ئاپپاراتلىرى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى. 1980 — 1983 - يىلغىچە كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارەت كارخانىلىرى سەندۇڭ، ئەنخۇي، جياڭسۇ، خۇبېي، خۇنەن قاتارلىق ئۆلكىلەردىن گۈرۈچ، خاسىڭ مېغىزى قاتارلىق شىنجاڭدا كەم ئاشلىق، ياغ تۈرلىرىنى سېتىۋېلىپ كىرگۈزۈپ ساتتى، قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق ۋىلايەتلەر شۇ جايدا ئىشلەپچىقىرىلغان ئاق قوناقنى ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ گۈرۈچىگە تېگىشتى. تۆت يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق، ياغ كېلىشىم باھا تىجارىتىدە 38 مىليون 250 مىڭ يۈەن، يىلىغا ئوتتۇرىچە 9 مىليون 560 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىلدى. 1984- يىلدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايون ئاشلىقتا ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىپ، بېيەكلىك ياغنى زور مىقداردا سىرتقا يۆتكەشكە باشلىدى. 1985 - يىلى ئاساسلىق ئاشلىق، ياغ تۈرلىرىنى دۆلەت بىر تۇتاش سېتىۋېلىش توختام بويىچە ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىشقا ئۆزگەرتىلدى، ئاشلىق، ياغنى توختام بويىچە ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن، كۆپ يوللۇق تىجارەت قىلىش يولىغا قويۇلدى. بۇ ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق ئاشلىق، ياغنى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىپ سېتىش مىقدارى زور ھەجىمدە ئاشتى، يارىتىلغان پايدىمۇ مۇناسىپ كۆپەيدى. 1984 — 1990 - يىلغىچە كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارىتىدىن 142 مىليون يۈەن، يىلىغا ئوتتۇرىچە 20 مىليون 250 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىلىپ، ئالدىنقى تۆت يىلدىكىدىن ئوتتۇرىچە 111.82% ئاشتى.

### 1980 — 1990 - يىلغىچە شىنجاڭ ئاشلىق سىستېمىسىدىكى كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارەت كارخانىلىرىنىڭ پايدا ئېلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 5 — 29    بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار / رايون | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە | 610 | 1065 | 1044 | 1106 | 992 | 1116 | 1404 | 2003 | 2691 | 3779 | 2191 | 18001 |

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى شەھىرى | | 108 | 69 | 100 | 139 | 206 | 241 | 352 | 295 | 278 | 99 | 1887 |
| قاراماي شەھىرى | | 20 | 20 | 18 | 27 | 23 | 10 | 23 | 37 | 17 | 10 | 205 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | | 89 | 102 | 68 | 63 | 55 | 32 | 56 | 63 | 44 | 46 | 618 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | | 104 | 58 | 61 | 32 | 39 | 63 | 78 | 141 | 227 | 184 | 987 |
| سانجى ئوبلاستى | | 123 | 121 | 134 | 123 | 171 | 353 | 489 | 707 | 1176 | 796 | 4193 |
| شىخەنزە شەھىرى | | 38 | 53 | 52 | 42 | 38 | 54 | 224 | 323 | 312 | 63 | 1199 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار | | | | | | | 20 | 17 | 27 | 34 | 24 | 122 |
| ئىلى ۋىلايىتى | | 79 | 100 | 150 | 101 | 75 | 97 | 73 | 163 | 263 | 105 | 1206 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | | 22 | 25 | 44 | 37 | 42 | 72 | 56 | 133 | 74 | —32 | 473 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | | 14 | 18 | 16 | 17 | 15 | 28 | 57 | 73 | 94 | 27 | 359 |
| بورتالا ئوبلاستى | | 20 | 26 | 19 | 24 | 26 | 33 | 18 | 12 | 57 | 94 | 329 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | | 28 | 54 | 80 | 59 | 69 | 56 | 144 | 195 | 268 | 205 | 1158 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | | 84 | 121 | 82 | 80 | 107 | 102 | 103 | 135 | 227 | 151 | 1192 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | | 23 | 23 | 19 | 16 | 20 | 16 | 18 | 18 | 23 | 3 | 179 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | | 132 | 98 | 45 | 77 | 53 | 34 | 39 | 60 | 83 | 53 | 674 |
| خوتەن ۋىلايىتى | | 74 | 96 | 96 | 123 | 127 | 84 | 94 | 194 | 214 | 136 | 1238 |
| ئىدارىگە بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلار | 610 | 107 | 60 | 122 | 33 | 49 | 109 | 162 | 115 | 388 | 227 | 1982 |

## 4) ئاشلىق، ياغ ترانسپورت كارخانىلىرى

1976 - يىلدىن بۇرۇن ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ترانسپورت كەسپىنى ئاشلىق سودا كارخانىلىرى باشقۇراتتى، بۇ كارخانىلار ئاساسلىقى ئاشلىق، ياغنى قىسقا مۇساپىلىك يۆتكەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. 1974 - يىلى قۇرۇلغان ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئاپتوموبىل كالونى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئايرىم جايلاردا قۇرۇلغان كەسپىي ئاپتوموبىل كالونلىرى قۇرۇلۇش باسقۇچىدا تۇرغانلىقتىن، كۆپىنچە يىللاردا زىيان تارتتى. 1976 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئاپتوموبىل كالونى يۆتكەش ئىقتىدارىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ترانسپورت شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى، بەزى ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئاپتوموبىل كالونلىرىمۇ ئۆزلۈكسىز زورىيىپ، بىر قىسىم ئۇزۇن مۇساپىلىك يۆتكەش ۋەزىپىسىنى پىلانلىق ئۈستىگە ئالدى. كېيىن، ئاشلىق تارماقلىرىغا قاراشلىق ئاشلىق، ياغ ترانسپورت كارخانىلىرىنىڭ ئۇزۇن مۇساپىلىك يۆتكەش ۋەزىپىسى كۆپەيدى، تىجارەت پايدىسى يىلمۇ يىل ئاشتى. 1971- يىلى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان ئاشلىق، ياغ ترانسپورت كارخانىلىرى قۇرۇلغاندىن باشلاپ 1990 - يىلغىچە ئاشلىق، ياغ ترانسپورت كارخانىلىرى 25 مىليون 910 مىڭ يۈەن، يىلىغا ئوتتۇرىچە 1 مىليون 300 مىڭ يۈەن پايدا ياراتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1971 — 1976 - يىلغىچە بولغان تۆت يىلدا زىيان تارتتى، بىر يىلدا پايدا ئالدى، پايدا - زىياننى بالانس قىلغاندىن كېيىن تارتقان ساپ زىيان 110 مىڭ يۈەن بولدى؛ 1977 — 1990 - يىلغىچە 26 مىليون 20 مىڭ يۈەن، يىلىغا ئوتتۇرىچە 1 مىليون 860 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى.

**1977 — 1990 - يىلغىچە شىنجاڭنىڭ ئاشلىق سىستېمىسىدىكى ترانسپورت كارخانىلىرىنىڭ پايدا ئېلىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 5 — 30    بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار / رايون | 1977 | 1978 | 1979 | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 | 1998 | 1990 | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە | 44 | 94 | 112 | 95 | 146 | 232 | 232 | 280 | 219 | 223 | 210 | 252 | 286 | 177 | 2602 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 11 | 20 | 8 | —28 | 3 | 3 | 9 | 17 | 12 | 6 | 7 | | 7 | 6 | 81 |
| قاراماي شەھىرى | | | | | | | | | | | | 5 | 5 | 5 | 15 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 3 | 1 | | | | | | | | 6 | 5 | 7 | 8 | 3 | 33 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 2 | 3 | 2 | 5 | 6 | 6 | 4 | 4 | | 1 | | | | | 33 |
| سانجى ئوبلاستى | 1 | 6 | —1 | 1 | 4 | 7 | 12 | 15 | 14 | 17 | 23 | 22 | 13 | 15 | 149 |
| شىخەنزە شەھىرى | 1 | 2 | | | | | | | | | | | | | 3 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلار | | | | | | | | | | | | | | | |
| ئىلى ۋىلايىتى | —1 | 9 | 9 | 10 | 11 | 16 | 22 | 20 | 17 | 16 | 12 | 21 | 13 | —21 | 154 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | | | 4 | —1 | 4 | 8 | 13 | 11 | 13 | 8 | 5 | 5 | 7 | 4 | 81 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | | | | | 1 | 1 | 4 | 7 | 1 | 3 | 5 | 7 | 8 | 12 | 49 |
| بورتالا ئوبلاستى | | | | | | | | | | | | | | 1 | 1 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 5 | 4 | 1 | 2 | 3 | 5 | 8 | 8 | 8 | 4 | 9 | 7 | 9 | 10 | 83 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | —4 | 6 | 5 | 2 | 2 | | | | | | | | | | 11 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | | | | | | 6 | 8 | 8 | 8 | 13 | 8 | 10 | 10 | 10 | 81 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 1 | 5 | 7 | 13 | 16 | 11 | 14 | 17 | 5 | 11 | 10 | 10 | 8 | 7 | 135 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 1 | 4 | 2 | | 1 | 4 | 2 | 2 | 2 | 6 | 1 | 4 | 4 | 4 | 37 |
| ئىدارىگە بىۋاستە قاراشلىق كارخانىلار | 24 | 34 | 75 | 91 | 95 | 165 | 136 | 171 | 139 | 132 | 125 | 154 | 194 | 121 | 1656 |

## 3. ياردەم ۋە ئاسما ھېساب

### 1) مالىيە ياردىمى

دۆلەت مالىيىسى ئاشلىق كارخانىلىرىغا بەرگەن ياردەم ئاساسلىقى تەكشى باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارىتى زىيىنى، ئارتۇق سېتىۋېلىنغان قىسمىغا قوشۇلغان باھا پۇلى ۋە باھا ئۆستۈرۈش ياردىمىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئارتۇق ساقلانغان ئاشلىققا بېرىلىدىغان ياردەم، پاختا، شېكەرگە مۇكاپات ئورنىدا سېتىپ بېرىلگەن ئاشلىقنى باھاغا سۇندۇرۇش ياردىمىمۇ بار.

**(1) تەكشى باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارىتىدىن كېلىپ چىققان زىيانغا بېرىلگەن ياردەم**

1953 — 1973 - يىلغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق سىستېمىسى تەكشى باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارىتىدىن

581 مىليون يۈەن زىيان تارتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئارتۇق سېتىۋېلىنغان قىسمىغا قوشۇپ بېرىلگەن باھا پۇلى 59 مىليون 690 مىڭ يۈەن. ئوخشاش مەزگىلدە، ئاشلىق، ياغ سانائىتى كارخانىلىرى ياراتقان پايدا 30 مىليون 280 مىڭ يۈەن بولۇپ، مۇشۇ پايدا ئارقىلىق تەكشى باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارىتىدىن كېلىپ چىققان زىياننىڭ ئورنى تولدۇرۇلدى. سانائەتتىن ئېلىنغان پايدا ئارقىلىق زىيان تولۇقلانغاندىن كېيىن ياردەم بېرىشكە تېگىشلىك زىيان 551 مىليون يۈەن بولۇپ، مالىيىدىن ھەر يىلى ئەملىي سان بويىچە ۋاقتىدا تولۇقلىنىپ بېرىلدى. 1974 — 1982 - يىلغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق سېتىپسىي تەكشى باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارىتىدىن 707 مىليون يۈەن زىيان تارتتى، ئوخشاش مەزگىلدە ئاشلىق، ياغ سانائىتى كارخانىلىرى 86 مىليون 480 مىڭ يۈەن پايدا ياراتتى، پايدا ئارقىلىق زىيان تولۇقلانغاندىن كېيىن تولدۇرۇشقا تېگىشلىك 621 مىليون يۈەن تىجارەت زىيىنى مالىيىدىن ھەر يىلى ئەملىي سان بويىچە تولۇقلاپ بېرىلدى. 1983 — 1985 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون مالىيىسى ئاشلىق كارخانىلىرىغا قارىتا مالىيىنى ئۈچ يىللىق ھۆددىگە بېرىشنى يولغا قويدى، بېكىتىلگەن يىللىق ھۆددىگەرلىك زىيان كۆرسەتكۈچى 85 مىليون 540 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئاپتونوم رايون مالىيىسى ھەر يىلى ۋاقتىدا تولۇقلاپ بەردى. 1986 — 1990 - يىلغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇقىم باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارىتىدىن كېلىپ چىققان زىيان 1 مىليارد 75 مىليون يۈەن، يىلىغا ئوتتۇرىچە 215 مىليون يۈەن بولۇپ، 1985 - يىللىق زىياندىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. 1986 - يىلى ئاشلىق مالىيىسىنى تۈۋەنگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش بەلگىلىمىسى بويىچە، تۆۋەنگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن كۆرسەتكۈچتىن ئاشقان زىياننى ۋىلايەت، شەھەر، ئاپتونوم ئوبلاست مالىيىسى ئۈستىگە ئالدى، لېكىن كۆپ ساندىكى ۋىلايەت، شەھەر، ئاپتونوم ئوبلاست مالىيىسى ئاشلىق مالىيىسىنى يەنە ناھىيە (شەھەر) لەرگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ مالىيىسى ئاشلىق مالىيىسى ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن كېيىنكى ئاشقان زىياننى تولدۇرۇشقا مادارى يەتمىگەنلىكتىن، جايلاردىكى ئاشلىق كارخانىلىرى ئاشقان زىياننى نېسى قويدى.

**(2) ئارتۇق سېتىۋېلىنغان قىسمىغا قوشۇلغان باھا پۇلى** 1960 - يىلدىن باشلاپ پىلاندىن ئارتۇق سېتىۋېلىنغان ئاشلىققا باھا قوشۇپ مۇكاپاتلاش يولغا قويۇلدى، 1973 - يىلغا قەدەر پىلاندىن ئارتۇق سېتىۋېلىنغان ئاشلىققا 59 مىليون 690 مىڭ يۈەن باھا پۇلى قوشۇپ بېرىلدى. بۇ مەزگىلدە قوشۇلغان باھا پۇلى شۇ يىللىق تىجارەت تەننەرخىگە كىرگۈزۈلۈپ، تىجارەت زىيىنىدا ئەكس ئەتتۈرۈلدى. 1974 - يىلدىن باشلاپ، ئارتۇق سېتىۋېلىنغان قىسمىغا قوشۇلغان باھا پۇلىنى تىجارەت زىيىنىدىن سىرت، مەركەز مالىيىسى تولۇقلاپ بەردى. 1974 — 1990- يىلغىچە، مەركەز مالىيىسى شىنجاڭغا مەخسۇس ئارتۇق سېتىۋېلىنغان ئاشلىققا باھا قوشۇپ بېرىشكە 2 مىليارد 422 مىليون يۈەن ئاجراتتى (جەدۋەل: 5 - 31گە قاراڭ). بۇ پۇل ھەر يىللىق غەللە - پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش مەزگىلدە باسقۇچ بويىچە ئالدىن ئاجرىتىلىپ، يىل ئاخىرىدا ھېساب تۈگىتىلدى.

**1974 — 1990 - يىلغىچە شىنجاڭنىڭ ئارتۇق سېتىۋېلىنغان ئاشلىق، ياغقا قوشۇپ بېرىلىدىغان باھا پۇلى چىقىمى**

جەدۋەل: 5 — 31 　　　　　　　　　　　　بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| رايون / يىللار | 1974 | 1975 | 1976 | 1977 | 1978 | 1979 | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە | 763 | 593 | 1058 | 1426 | 1937 | 7111 | 13188 | 14639 | 13720 | 17341 | 23835 | 23195 | 24391 | 22519 | 23160 | 23498 | 29776 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 14 | 12 | 41 | 52 | 36 | 52 | 145 | 118 | 235 | 157 | 320 | 214 | 168 | 178 | 172 | 151 | 175 |

| | | | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قاراماي شەھىرى | | | | | | | | | | 1 | 4 | 9 | 10 | 10 | 10 | 137 | 8 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | | | 20 | 21 | 49 | 69 | 102 | 66 | 39 | 86 | 84 | 36 | 17 | 78 | 49 | 46 | 60 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 26 | 16 | 41 | 69 | 110 | 137 | 339 | 348 | 416 | 627 | 687 | 402 | 357 | 397 | 418 | 286 | 463 |
| سانجى ئوبلاستى | 113 | 58 | 183 | 150 | 244 | 1634 | 2101 | 2181 | 2468 | 2249 | 4543 | 3851 | 3303 | 3288 | 3476 | 3389 | 4709 |
| شىخەنزە شەھىرى | | | 60 | 64 | 73 | 90 | 346 | 665 | 631 | 473 | 686 | 1057 | 980 | 688 | 638 | 846 | 898 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق تورۇنلار | | | | | | | | | | | | | 115 | 78 | 74 | 164 | 108 |
| ئىلى ۋىلايىتى | 239 | 172 | 227 | 363 | 386 | 1599 | 4461 | 4475 | 3057 | 3829 | 5159 | 5648 | 5342 | 6129 | 5883 | 5648 | 7276 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 52 | 31 | 94 | 129 | 186 | 1519 | 1632 | 1823 | 1416 | 1647 | 2791 | 3445 | 3853 | 3719 | 3512 | 2912 | 5369 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 23 | 7 | 55 | 66 | 97 | 288 | 624 | 650 | 696 | 1240 | 1508 | 1186 | 1148 | 1246 | 1255 | 1206 | 1311 |
| بورتالا ئوبلاستى | 56 | 65 | 79 | 84 | 153 | 340 | 730 | 906 | 585 | 943 | 1135 | 911 | 1077 | 940 | 781 | 867 | 1202 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 15 | 24 | 59 | 74 | 115 | 246 | 549 | 763 | 1112 | 1552 | 1884 | 1701 | 1627 | 1295 | 1422 | 1619 | 1802 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 146 | 108 | 100 | 209 | 301 | 490 | 1054 | 809 | 1014 | 2345 | 2049 | 2142 | 2408 | 1541 | 2311 | 2506 | 2687 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 5 | 9 | 10 | 9 | 17 | 70 | 56 | 108 | 92 | 177 | 295 | 213 | 262 | 138 | 183 | 206 | 216 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 62 | 79 | 45 | 107 | 106 | 389 | 715 | 1140 | 1330 | 1379 | 1974 | 1784 | 2871 | 1986 | 2293 | 2520 | 2755 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 12 | 12 | 44 | 29 | 64 | 188 | 334 | 587 | 722 | 636 | 712 | 595 | 853 | 808 | 683 | 995 | 737 |

ئىزاھ: 1982 - يىلى رايونلارغا بۆلۈپ ئۆز ئارا قوشقاندا ئاپتونوم رايونىمىزدىن 930 مىڭ يۈەن ئارتۇق چىققان.

**(3) باھا ئۆستۈرۈش ياردىمى** 1979 - يىلى مەركەز ئاشلىق، يەنى بىر تۈتاش سېتىۋېلىش باھاسىنى ئۆستۈرۈشنى ۋە ئارتۇق سېتىۋېلىنغان قىسمىغا قوشۇلىدىغان باھا پۇلىنى كۆپەيتىشنى قارار قىلغاندىن كېيىن، ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت نەتىجىسىنى تەكشۈرۈشكە قۇلايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ئارتۇق سېتىۋېلىنغان قىسمىغا باھا قوشۇپ بېرىشكە مەركەز مالىيىسى مەخسۇس پۇل ئاجراتقاندىن باشقا، بىر تۈتاش سېتىۋېلىش باھاسىنىڭ ئۆستۈرۈلگەن قىسمىغا شىنجاڭنىڭ يەرلىك مالىيىسى مەخسۇس ياردەم پۇلى ئاجراتتى. 1979 - يىلى رايون، ئاشلىق، ياغ تۈرى بويىچە ئاجرىتىلغان ياردەم نورمىسى جەدۋەل: 5 — 32، 5 — 33، 5 — 34لەردە كۆرسىتىلگەندەك بولدى. 1979 - يىلدىن كېيىن ئاشلىق، ياغنىڭ بىر تۈتاش سېتىۋېلىش باھاسىنى ئۆستۈرۈشكە بېرىلگەن مالىيە ياردىمى مۇناسىپ ئۆستۈرۈلدى. 1978 - يىلى باقىلەگە باھا ئۆستۈرۈش ياردىمى بېرىشنى يولغا قويۇشتىن باشلاپ 1990 - يىلغىچە شىنجاڭنىڭ يەرلىك مالىيىسىدىن ئاشلىق كارخانىلىرىغا بېرىشكە تېگىشلىك باھا ئۆستۈرۈش ياردىمى 1 مىليارد 103 مىليون يۈەنگە يەتتى (جەدۋەل: 5 — 35گە قاراڭ)، بۇنىڭ ئىچىدە 1978 — 1985- يىلغىچە بېرىشكە تېگىشلىك ياردەم پۇلى 534 مىليون يۈەن بولۇپ، ئاپتونوم رايون مالىيىسى ھەر يىلى بېرىشكە تېگىشلىك ئەمەلىي سان بويىچە ۋاقتىدا ئەمەلىيلەشتۈردى؛ 1986 — 1990 - يىلغىچە بېرىشكە تېگىشلىك ياردەم 569 مىليون يۈەن بولۇپ، ئاپتونوم رايون مالىيىسى بېرىشكە تېگىشلىك قىسمىنى ۋاقتىدا ئەمەلىيلەشتۈردى، ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە (شەھەر) مالىيىسىدىن تولۇقلاشقا تېگىشلىك (1979 - يىلدىن كېيىن بىر تۈتاش سېتىۋېلىش باھاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن كۆپەيتىشكە تېگىشلىك ياردەمنىڭ %50ى) قىسمىنى جايلارنىڭ تولۇقلاشقا مادارى يەتمىگەنلىكتىن، ئاشلىق كارخانىلىرى ۋاقىتىنچە نېسى قالدۇردى.

## 1979 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ رايونلار بويىچە بۇغداي، كۆممىقوناق، گۈرۈچ باھاسىنى ئۆستۈرۈش ياردەم نورمىسى

جەدۋەل: 5 — 32

بىرلىكى: يۈەن

| تۈرى / رايون | ھەر 50 كىلوگرامغا بېرىلىدىغان ياردەم نورمىسى | | |
|---|---|---|---|
| | بۇغداي | كۆممىقوناق | گۈرۈچ |
| ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرىچە | 3.14 | 2.10 | 2 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 3.15 | 2.10 | 3 |
| قاراماي شەھىرى | 3.15 | 2.20 | 3 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 2.65 | 1.60 | 3 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 3.20 | 2.20 | 3 |
| سانجى ئوبلاستى | 3 | 1.90 | 0.20 |
| شىخەنزە شەھىرى | 3.15 | 2 | 1 |
| ئىلى ۋىلايىتى | 3.15 | 2.15 | 1 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 3.15 | 2.10 | 1.50 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 3.25 | 2.20 | 3 |
| بورتالا ئوبلاستى | 3.15 | 2.10 | 2.50 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 3.20 | 2.20 | 1 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 3.15 | 2.10 | 2.50 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 3.25 | 2.20 | 3.50 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 3.25 | 2.20 | 2 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 3.35 | 2.30 | 3.50 |

## 1979 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ئۇششاق قارا ئاشلىقنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈشكە بېرىلگەن ياردەم نورمىسى

جەدۋەل: 5 — 33

بىرلىكى: يۈەن

| مەھسۇلات نامى | ھەر 50 كىلوگرامغا بېرىلىدىغان ياردەم نورمىسى | مەھسۇلات تۈرى | ھەر 50 كىلوگرامغا بېرىلىدىغان ياردەم نورمىسى |
|---|---|---|---|
| نومى گۈرۈچ | 2 | ئارپا | 2.97 |
| تېرىق | 4.20 | دادۈر | 7.40 |
| سۆك | 1.90 | ماش | 7 |
| قىزىل قوناق | 1.67 | كۆك پۇرچاق | 4.70 |
| ئاق قوناق | 1.90 | كالىماش | 3 |
| قارا بۇغداي | 2 | بېسى پۇرچاق | 4.20 |
| يالىڭاچ ئارپا | 2.62 | باقىلە | 6.10 |
| ئالا پۇرچاق | 6 | قىزىل پۇرچاق | 5.10 |

## 1979 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ياغ مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈش ياردەم نورمىسى

جەدۋەل: 5 — 34 بىرلىكى: يۈەن

| مەھسۇلات نامى | ھەر 50 كىلوگرامغا بېرىلىدىغان ياردەم نورمىسى | مەھسۇلات نامى | ھەر 50 كىلوگرامغا بېرىلىدىغان ياردەم نورمىسى |
|---|---|---|---|
| قىچا يېغى | 21 | ئىنجىكە پىششىقلانغان چىگىت يېغى | 16 |
| زىغىر يېغى | 23 | پۇرچاق يېغى | 26 |
| جۇۋازدا تارتىلغان كۈنجۈت يېغى | 15 | كەندىر يېغى | 18 |
| يارغۇنچاقتا تارتىلغان كۈنجۈت يېغى | 9 | زارافزا يېغى | 33 |
| خاسلاڭ يېغى | 25 | سۇزاپ يېغى | 15 |
| چىگىت يېغى | 17 | ئاپتاپپەرەس يېغى | 22 |

## 1978 — 1990 ـ يىللىرى شىنجاڭنىڭ ئاشلىق، ياغ باھاسىنى ئۆستۈرۈش تۈپەيلىدىن بېرىلگەن ياردەم

جەدۋەل: 5 — 35 بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار / رايون | 1978 | 1979 | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە | 34 | 5158 | 6474 | 7360 | 8149 | 8949 | 8555 | 8741 | 7927 | 8123 | 9898 | 14664 | 16250 | 110282 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | | 1511 | 1800 | 1560 | 1578 | 1766 | 1747 | 1669 | 1699 | 1699 | 2077 | 3974 | 3808 | 24888 |
| قاراماي شەھىرى | | 159 | 210 | 204 | 211 | 204 | 210 | 210 | 262 | 282 | 321 | 535 | 632 | 3440 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | | 120 | 150 | 180 | 191 | 196 | 198 | 198 | 171 | 182 | 245 | 310 | 415 | 2556 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | | 201 | 227 | 252 | 263 | 283 | 302 | 302 | 302 | 261 | 285 | 387 | 495 | 3560 |
| سانجى ئوبلاستى | | 312 | 418 | 492 | 513 | 575 | 615 | 615 | 493 | 499 | 649 | 863 | 1121 | 7165 |
| شىخەنزە شەھىرى | | 201 | 261 | 216 | 239 | 245 | 245 | 245 | 283 | 291 | 392 | 489 | 469 | 3576 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلار | | | | | | | | | 85 | 106 | 138 | 254 | 284 | 867 |
| ئىلى ۋىلايىتى | | 472 | 580 | 852 | 890 | 1201 | 1012 | 1012 | 890 | 898 | 1039 | 1334 | 1599 | 11779 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | | 252 | 353 | 384 | 415 | 454 | 470 | 470 | 470 | 470 | 455 | 665 | 766 | 5624 |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئالتاي ۋىلايىتى | | 175 | 324 | 336 | 340 | 358 | 392 | 392 | 402 | 406 | 457 | 524 | 566 | 4672 |
| بورتالا ئوبلاستى | | 85 | 140 | 144 | 148 | 159 | 158 | 158 | 158 | 165 | 197 | 268 | 309 | 2089 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | | 359 | 479 | 552 | 467 | 526 | 523 | 466 | 504 | 557 | 768 | 904 | 1079 | 7184 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | | 389 | 480 | 552 | 578 | 610 | 604 | 604 | 704 | 752 | 966 | 1285 | 1492 | 9016 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | | 88 | 99 | 180 | 185 | 192 | 160 | 160 | 160 | 163 | 172 | 221 | 310 | 2090 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | | 564 | 618 | 840 | 840 | 907 | 857 | 857 | 857 | 883 | 1097 | 1856 | 2225 | 12401 |
| خوتەن ۋىلايىتى | | 269 | 309 | 360 | 366 | 417 | 331 | 331 | 466 | 491 | 628 | 758 | 634 | 5360 |
| ئىدارىگە بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلار | 34 | | 27 | 256 | 925 | 856 | 731 | 1052 | 21 | 18 | 12 | 37 | 76 | 4015 |

(4) باشقا ياردەم 1980 — 1990 - يىلغىچە، مەركەز مالىيىسى شىنجاڭغا پاختا، شېكەرگە مۇكاپات ئورنىدا سېتىپ بېرىلىدىغان ئاشلىقنى باھاغا سۇندۇرۇش پۇلى، زاپاس ئاشلىق مەخسۇس خىراجىتىنى كۆپەيتىش، نورمىدىن ئاشۇرۇپ ساقلانغان ئاشلىق ئۈچۈن 246 مىليون يۈەن ياردەم ئاجرىتىپ بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە پاختا، شېكەرگە مۇكاپات ئورنىدا سېتىپ بېرىلىدىغان ئاشلىقنى باھاغا سۇندۇرۇش پۇلى 106 مىليون يۈەن؛ زاپاس ئاشلىق مەخسۇس خىراجىتىنى كۆپەيتىش ياردىمى 20 مىليون يۈەن؛ نورمىدىن ئاشۇرۇپ ساقلاش خىراجىتى ياردىمى 120 مىليون يۈەن.

## 2) كارخانىلارنىڭ ئاسما ھېسابى

1986 - يىلى ئاشلىق مالىيىسىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى تۆۋەنگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئارتۇق زىيانغا بېرىلىدىغان ياردەم ئەمەلىيلەشمىگەنلىكتىن، شۇ يىلىلا 11 ۋىلايەت، شەھەر، ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ ئاشلىق كارخانىسىنىڭ ئاسما ھېسابىدىكى قەرزى 24 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يەتتى. كېيىن بانكا ئامانەت قەرز ئۆسۈمى ۋە ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش باھاسىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، كارخانىلارنىڭ ئاسما ھېسابىدىكى قالدۇرغان قەرزى يىلمۇ يىل كۆپەيدى. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئاسما ھېسابىدىكى قەرز 383 مىليون يۈەنگە يەتتى (جەدۋەل: 5 — 36گە قاراڭ). ئاسما ھېسابىدىكى قەرزنىڭ يىللىق ئۆسۈمى ئۈچۈنلا 34 مىليون 420 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىشقا توغرا كەلدى، بۇ ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر بىر مۇقىم ئىشچى - خىزمەتچىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 11 مىڭ يۈەندىن توغرا كېلىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئېغىر يۈكىگە ئايلاندى.

### 1986 — 1990 - يىلغىچە شىنجاڭدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ مالىيىدە ئاسما ھېساب ئەھۋالى

جەدۋەل: 5 — 36

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىل / رايون | 1986 - يىلدىكى ئەمەلىي | 1987 - يىلى | | 1988 - يىلى | | 1989 - يىلى | | 1990 - يىلى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | شۇ يىلى كۆپەيگىنى | جەمئىي | شۇ يىلى كۆپەيگىنى | جەمئىي | شۇ يىلى كۆپەيگىنى | جەمئىي | شۇ يىلى كۆپەيگىنى | جەمئىي |
| ئاپتونوم رايون بويىچە | 2406 | 2454 | 4860 | 4750 | 9610 | 11791 | 21401 | 16868 | 38269 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 219 | 383 | 602 | 632 | 1234 | 1237 | 2471 | 723 | 3194 |
| قاراماي شەھىرى | 31 | 87 | 118 | 138 | 256 | 362 | 618 | 438 | 1056 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | | | | 25 | 25 | 123 | 148 | 142 | 290 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | | 15 | 15 | 87 | 102 | 249 | 351 | 602 | 953 |
| سانجى ئوبلاستى | 242 | 141 | 383 | 460 | 843 | 1258 | 2101 | 1200 | 3301 |
| شىخەنزە شەھىرى | 228 | 138 | 366 | 96 | 462 | 54 | 516 | 170 | 686 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار | 5 | 80 | 85 | 57 | 142 | 151 | 293 | 374 | 667 |
| ئىلى ۋىلايىتى | 710 | 343 | 1053 | 1158 | 2211 | 2547 | 4758 | 3980 | 8738 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 313 | 179 | 492 | 530 | 1022 | 1283 | 2305 | 2702 | 5007 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 269 | 343 | 612 | 281 | 893 | 752 | 1645 | 1448 | 3093 |
| بورتالا ئوبلاستى | | 144 | 144 | 28 | 172 | 143 | 315 | 281 | 596 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 137 | 144 | 281 | 199 | 480 | 582 | 1062 | 764 | 1826 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | | 163 | 163 | 389 | 552 | 815 | 1367 | 862 | 2229 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | | 3 | 3 | 24 | 27 | 145 | 172 | 187 | 359 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 154 | 262 | 416 | 465 | 881 | 1255 | 2136 | 1733 | 3869 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 98 | 29 | 127 | 181 | 308 | 538 | 846 | 1030 | 1876 |
| ئىدارىگە بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلار | | | | | | 297 | 297 | 232 | 529 |

## § 3 . مەبلەغ باشقۇرۇش

1953 ـ يىلدىن ئېتىبارەن ئاشلىق ساھەسى بىر تۇتاش باشقۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ تۇراقسىز مەبلىغى، تۇراقلىق مەبلىغى ۋە مەخسۇس فوند سوممىسى مۇناسىپ ھالدا ئۆزلۈكسىز كۆپەيدى. 1990ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئۆزىدىكى تۇراقسىز مەبلەغ 305 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1954 ـ يىلدىكىدىن 66 ھەسسە، تۇراقلىق مەبلەغ 747 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 416 ھەسسە ئاشتى، مەخسۇس فوند 295 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1979 ـ يىلدىكىدىن 11.22 ھەسسە ئاشتى.

### 1. تۇراقسىز مەبلەغ

ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ تۇراقسىز مەبلىغى ئۆزىدىكى تۇراقسىز مەبلەغ ۋە قەرز ئالغان مەبلەغدىن تەركىب تاپقان. قەرز ئالغان مەبلەغنى بانكا كارخانىلارغا قەرز بېرىپ، ھەقلىق ئىشلىتىشنى يولغا قويغان. ھەر قايسى مەزگىللەردىكى مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، باشقۇرۇلۇش ئۇسۇلى ئوخشىمايدۇ، ئىشلىتىلىش دائىرىسى پەرقلىنىدۇ، مەبلەغنى ئىگىلەش ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش چوڭ بولىدۇ.

1950 — 1952 ـ يىلغىچە، شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسىگە قاراشلىق ھەر

دەرىجىلىك ئاپپاراتلار ئاساسلىق غەللە ـ پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش، ساقلاش، يۆتكەش ھەمدە ھەربىيلەرنى، ھۆكۈمەتنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنى باشقۇردى، بۇنىڭغا كىرەكلىك ئاشلىق خىراجىتىنى دۆلەت مالىيىسى غەربىي شىمال ئاشلىق باشقۇرۇش ئىدارىسى ئارقىلىق بۆلۈپ بەردى ۋە تەكشۈرۈپ ھېسابىنى كۆتۈرۈۋەتتى. ئاشلىق، ياغ بازار تىجارىتىگە سودا تارماقلىرى مەسئۇل بولدى، كېرەكلىك تىجارەت مەبلىغىنى سودا مىنىستىرلىكى تىجارەت ئورۇنلىرىغا دەرىجىمۇ دەرىجە بۆلۈپ بەردى؛ تىجارەت ئورۇنلىرى مال سېتىپ قايتۇرۇۋالغان پۇل سودا مىنىستىرلىكىگە دەرىجىمۇ دەرىجە تاپشۇرۇلدى. 1952 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئاشلىق مىنىستىرلىكى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلەت مەمۇرىي كېڭىشىنىڭ «دۆلەت مالىيە خىزمىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى قارارى»غا ئاساسەن، ئاشلىق خەزىنىسى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، شىنجاڭنىڭ ئاشلىق خەزىنە كەسپىنى جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى بېجىردى. پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ئېھتىياجلىق تىجارەت مەبلىغىنى ئاشلىق مىنىستىرلىكى دەرىجىمۇ دەرىجە چۈشۈردى، لېكىن مال سېتىپ قايتۇرۇۋېلىنغان پۇلنى ئۆلكىلىك ئاشلىق ئىدارىسى شۇ جاينىڭ ئۆزىدە مەركەز ئاشلىق خەزىنىسىگە تاپشۇردى.

1953 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن باشلاپ، ئاشلىق مىنىستىرلىكى بىر تۇتاش قەرز ئېلىپ دەرىجىمۇ دەرىجە بۆلۈپ بەردى، مال سېتىپ قايتۇرۇۋېلىنغان پۇلنى مەركەز ئاشلىق خەزىنىسىگە تاپشۇرۇپ باشقۇرۇش چارىسى ئۆلكە دەرىجىلىك ئاشلىق ئىدارىسى بىر تۇتاش قەرز ئېلىپ دەرىجىمۇ دەرىجە بۆلۈپ بېرىشكە ئۆزگەرتىلدى. كېرەكلىك تىجارەت مەبلىغى بىلەن مال سېتىپ قايتۇرۇۋېلىنغان پۇل ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلىق سومما «پەرقلىق سوممىنى تاپشۇرۇش ـ بۆلۈپ بېرىش» شەكلى بويىچە ئېنىقلاندى. ئاشلىق كارخانىلىرىغا كېرەكلىك تىجارەت مەبلىغى قەرز ھېسابلىنىپ، «ئاشلىق سېتىۋېلىش قەرز مەبلىغى» دەپ ئاتىلىپ، تەپسىلىي تۈرگە ئايرىلمىدى. 1953 — 1954 ـ يىل 5 ـ ئايغىچە، ئۆلكە بويىچە ئاشلىق كارخانىلىرى تاۋارمەبلىغىنىڭ ئىگىلەش نىسبىتى %80تىن ئاشتى، غەيرىي تاۋار مەبلىغى ۋە راسچوت مەبلىغىنىڭ ئىگىلەش نىسبىتى %20 بولدى.

ئاشلىق مىنىستىرلىكى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ «ئاشلىق سىستېمىسىنىڭ قەرز ئىشلىرىنى تۈۋەنگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش ھەققىدىكى بىرلەشمە يوليورۇقى»غا ئاساسەن، 1954 ـ يىل 6 ـ ئايدىن باشلاپ، شىنجاڭنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ تۇراقسىز مەبلىغىنى دۆلەت مالىيىسى ئاجرىتىپ بېرىدىغان ۋە بانكا قەرز بېرىدىغان بولدى. ئورالغۇ بۇيۇم، قىممىتى تۆۋەن ئوڭاي خورايدىغان بۇيۇملار، ماددىي بۇيۇملار مەبلىغى ئالدىن بېرىلگەن ۋە چېچىلىدىغان خىراجەت ئىگىلىگەن مەبلەغ (قىسقارتىلىپ تۆت تۈرلۈك غەيرىي تاۋارمەبلىغى دېيىلىدۇ) ، دۆلەت مالىيىسىدىن ئاجرىتىلدى، كارخانىلار ئۇنى ئۆزىدىكى تۇراقسىز مەبلەغ قاتارىدا ئۇزۇن مۇددەت ئىگىلەپ ئىشلەتتى؛ ئاشلىق، ياغ تاۋار تىجارىتى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن مەبلەغ بانكىدىن قەرز ئېلىندى، ئۇنى كارخانىلار ھەقلىق ئىشلەتتى. باشقۇرۇش جەھەتتە، ئۆزىدىكى تۇراقسىز مەبلەغكە قارىتا «كۆرسەتكۈچنى كونترول قىلىپ، قاتلام بويىچە مەسئۇل بولۇش» يولغا قويۇلدى، بۇ مەبلەغ تۆت خىل غەيرىي تاۋار مەبلىغىگە ئىشلىتىلگەندىن باشقا، ئارتۇق قىسمى تاۋار ئوبوروتىغا ئىشلىتىلدى؛ قەرز ئالغان مەبلەغكە قارىتا پەرقلىق سوممىلىق كىرىمىت يولغا قويۇلدى، يەنى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان ناھىيە، شەھەركارخانىلىرىنىڭ مەبلەغ كىرىم ـ چىقىم پەرقىگە ئاساسەن قەرز بېرىپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى، چىقىم كىرىمدىن ئاشسا بانكا قەرز پۇلىنى كۆپەيتتى، كىرىم چىقىمدىن ئاشسا بانكا قەرزى قايتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قەرز پۇلنى پەقەت تاۋار ئوبوروتىغىلا ئىشلىتىپ، باشقا ئىشقا ئىشلەتمەسلىك بەلگىلەندى. 7 ـ ئايدا، غەربىي شىمال ئاشلىق باشقۇرۇش ئىدارىسى مىچۈەن، قەشقەر كوناشەھەر، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىرىدە ئاشلىقنى ئالدىن سېتىۋېلىش مەبلىغى تارقىتىش چارىسىنى سىناق قىلىپ، 758 مىڭ يۈەن زاكالەت پۇلى تارقاتتى. 1955 ـ يىلى مەبلەغ ئوبوروتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، مۇستەقىل ھېساباتنى يولغا قويغان ناھىيىلىك، شەھەرلىك ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئىلگىرى ھېساب ئاچقان بانكىدا ئاچقان «قەرز ھېسابى» ۋە «راسچوت ھېسابى» بىرلەشتۈرۈلۈپ، «ئامانەت — قەرزنى بىرلەشتۈرۈش» يولغا قويۇلدى. ناھىيە، شەھەردىن تۆۋەن

ئاساسىي قاتلام كارخانىلىرى مۇستەقىل ھېسابات قىلمايدىغان ئورۇن قىلىندى، ھېساب مەلۇم قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، مال سېتىپ قايتۇرۇۋېلىنغان پۇل بىلەن بۆيرۇپ بېرىلگەن تىجارەت مەبلىغى جەمئىتە ئۆز كىرىمىدىن چىقىم قىلىپ بالانس قىلىپ ئاجرىتىش يولغا قويۇلدى.

1956 - يىلىنىڭ بېشىدا ئاشلىق مىنىستىرلىكى، جۇڭگو خەلق بانكىسى ئېلان قىلغان «جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئاشلىق ئورۇنلىرىغا قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل بېرىشنى بىجىرىش ۋاقىتلىق چارىسى»دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، جۇڭگو خەلق بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبىسى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ شۆبە بانكا دېيىلىدۇ) ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ مەبلەغ ئېھتىياجىغا ئاساسەن تۈرگە ئايرىپ قەرز پۇل بېرىشنى يولغا قويدى، تۈرگە ئايرىلىش ئەھۋالى مۇنداق بولدى: ئالدىن بېرىلىدىغان قەرز پۇل ئاشلىق سېتىۋېلىش شۇنىڭدەك خىراجەت ۋە باج چىقىمى ئۈچۈن، زاپاس قەرز پۇل ئاشلىقنى زاپاس ساقلاش ئۈچۈن، راسچوت قەرز پۇلى سېتىش، يۆتكەش ھالقىلىرىغا، ئالاھىدە قەرز پۇل تاغارنى نورمىدىن ئاشۇرۇپ ساقلاشقا ۋە چوڭ رېمونت فوندىنىڭ يېتىشمىگەن قىسمىغا ئىشلىتىلدى. ئاشلىق نازارىتى، شۆبە بانكا ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ قەرز پۇلىنى پىلانلىق باشقۇردى. قەرز پۇلنى پىلاندىن ئارتۇق ئېلىشتا، دەرىجىمۇ دەرىجە ئاشلىق نازارىتى، شۆبە بانكىغا يوللاپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن قوشۇپ بېرىلدى. شۇ يىلى ئاشلىق مىنىستىرلىكى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارغا قارىتا تۇراقسىز مەبلەغنىڭ ئىگىلىنىشىنى نورمىلىق باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، شىنجاڭنىڭ تاۋار مەبلەغ نورمىسىنى 24 مىليون 240 مىڭ يۈەن، تۈت خىل غەيرىي تاۋار مەبلەغ نورمىسىنى 6 مىليون 710 مىڭ يۈەن قىلىپ بېكىتتى. ئاشلىق نازارىتى بۇنى جايلاردىكى ئاشلىق كارخانىلىرىغا دەرىجىمۇ دەرىجە ئاجرىتىپ بەردى، بۇ باشقۇرۇش چارىسى 1957 - يىلغىچە يولغا قويۇلدى.

1958 - يىلدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە ئاشلىقنى ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالەت پۇلى تارقىتىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن قەرز ئېلىنغان مەبلەغ تۈرى تەڭشەلدى: بىرىنچىدىن، ئىلگىرىكى ئالدىن بېرىلىدىغان پۇل ۋە راسچوت قەرز پۇلى تۈرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، كارخانىلار ئېھتىياجلىق بولغان ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش، سېتىش، يۆتكەش، ساقلاش مەبلىغى ۋە خىراجەت چىقىمى زاپاس قەرز تۈرىدىكى قەرزگە ئۆزگەرتىلدى؛ ئىككىنچىدىن، ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالەت پۇلى قەرز تۈرى كۆپەيتىلدى. ئاشلىق نازارىتى تۆت تۈرلۈك غەيرىي تاۋار مەبلىغى نورمىسىنى بېكىتىش ھوقۇقىنى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

1959 - يىلى مالىيە مىنىستىرلىكى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ «دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارنىڭ تۇراقسىز مەبلىغىنى جۇڭگو خەلق بانكىسى بىر تۇتاش باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش توغرىسىدا بەلگىلىمە»سىگە ئاساسەن، ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ (ئاشلىق، ياغ سانائىتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئۆزىدىكى تۇراقسىز مەبلىغىنىڭ ھەممىسى خەلق بانكىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، پۈتۈن سوممىلىق كرېدىت پىلانلىق باشقۇرۇلۇپ، بىر تۇتاش ئۆسۈم ھېسابلاش يولغا قويۇلدى. كارخانىلارنىڭ مەبلەغ ئىشلىتىش پىلانى يىللىق (پەسىللىك) ۋە پەسىللىك (ئايلىق) پىلاننى ئۆز ئىچىگە ئالدى، پىلانى ناھىيىلىك، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى ۋە تەڭ دەرىجىلىك خەلق بانكىسى تۈزۈپ، دەرىجە بويىچە ئاشلىق مىنىستىرلىكى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا بىرلىكتە يوللىدى، تەستىقلاتقاندىن كېيىن، بىرلەشمە تېلېگراممىا ئارقىلىق دەرىجە بويىچە تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى. ناھىيە، شەھەرلەرگە قاراشلىق مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان كارخانىلار قەرز ئېلىش رەسمىيىتىنى چۈشۈرۈلگەن قەرز پۇل پىلانىغا ئاساسەن بىۋاسىتە بىجىردى، مۇستەقىل ھېسابات قىلمايدىغان كارخانىلار «قەرزنى تۆۋەندىن ئېلىپ ھېسابنى يۇقىرىغا ئۆتكۈزۈش» شەكلى ئارقىلىق بىر تەرەپتىن قەرز پۇل ئېلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ناھىيىلىك، شەھەرلىك مەسئۇل تارماقلارغا يوللىدى. قەرز پۇلنى پىلاندىن ئارتۇق ئېلىشتا، ئاشلىق نازارىتى، شۆبە بانكىغا يوللاپ تەكشۈرۈپ تەستىقلىغاندىن كېيىن ۋاقىتلىق قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈلدى.

1962 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئاشلىق مىنىستىرلىكى، جۇڭگو خەلق بانكىسى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ «بانكا خىزمىتىنى مەركەزلەشتۈرۈشنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، پۇل تارقىتىشنى قاتتىق تىزگىنلەش توغرىسىدا قارار»نى ۋە «مالىيە باشقۇرۇشنى قاتتىق تىزگىنلەش توغرىسىدا قارار»نى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، «خەلق بانكىسىنىڭ ئاشلىق سودا كارخانىلىرىنىڭ قەرز پۇل ئېلىشنى بېجىرىش توغرىسىدا ۋاقىتلىق بەلگىلىمە»نى تۈزۈپ تارقىتىپ، ئاشلىق سودا كارخانىلىرىنىڭ ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش، يۆتكەش، ساقلاش كېرەكلىك مەبلىغى ۋە خىراجەت چىقىمىغا خەلق بانكىسى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش قەرز پۇلى تارقىتىشنى؛ 1962 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن ئىلگىرى بارلىققا كەلگەن قايتۇرۇۋېلىنمىغان نېسىگە سېتىلغان تاۋار، ئالدىن بېرىلگەن قەرز پۇل جەھەتتە ئېنىقلاش ئالدىدا تۇرغان مەبلەغنى ۋاقىتلىق ئالاھىدە قەرز پۇل تەسىس قىلىپ بىر تەرەپ قىلىشنى؛ ئىلگىرى تارقىتىپ يىغىۋالالمىغان يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالەت پۇلىنى ۋاقىتلىق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالەت قەرز پۇلى تەسىس قىلىپ بىر تەرەپ قىلىشنى بەلگىلىدى. پەسىل ئوتتۇرىسىدا پىلان ئۆزگىرىش قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلىدىن قەرز كۆرسەتكۈچى ئېشىپ كەتكەندە، ئاشلىق مىنىستىرلىكى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلدى ھەمدە ئوبوروت قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈلدى، ئۇنى ئاشلىق نازارىتى، شۆبە بانكا كونترول قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئامانەت بىلەن قەرزگە ئايرىم ھېساب ئېچىش پرىنسىپى بويىچە، كارخانىلار ھېساب ئاچقان بانكىدا ئايرىم «قەرز پۇل ھېسابى» ۋە «راسچوت ھېسابى» ئېچىش، يەنى ئامانەت پۇل بىلەن قەرز پۇل ھېسابىنى ئايرىۋېتىشنى بەلگىلىدى. 1963ـ يىلى 4 ـ، 9 ـ ئايلاردا ئاشلىق مىنىستىرلىكى، جۇڭگو خەلق بانكىسى ئىككى قېتىم ھۆججەت تارقىتىپ، ئامانەت پۇل بىلەن قەرز پۇل ھېسابىنى ئايرىۋېتىشتەك باشقۇرۇش چارىسىنىڭ ئاشلىق، ياغ تىجارىتىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ماس كەلمەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى، نەتىجىدە ئاشلىق نازارىتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكا كېڭىشىش ئارقىلىق، ئامانەت پۇل بىلەن قەرز پۇلنى بىرلەشتۈرۈشنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ تۇراقسىز مەبلىغىنى مالىيىدىن ئاجرىتىپ ۋە بانكىدىن قەرز بېرىپ تەمىنلەش چارىسى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، قەرز پۇل پىلانىنى تەستىقلاش ھوقۇقى ئاشلىق مىنىستىرلىكى ۋە جۇڭگو خەلق بانكىسىغا مەركەزلەشتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاز ساندىكى چەت، ياقىغا جايلاشقان قاتنىشى قولايسىز رايونلاردىن باشقا جايلارنىڭ مال سېتىپ قايتۇرۇۋېلىنغان پۇلنى سېتىۋېلىشقا بىۋاستە ئىشلىتەلمەسلىكى بەلگىلەندى. تۆت خىل غەيرىي تاۋار مەبلىغى يەنىلا نورمىلىق باشقۇرۇلدى. ئاشلىق كارخانىلىرىغا قارىتا ئىلگىرى يولغا قويۇلغان پۈتۈن سوممىلىق كرېدىتنى بىر تۇتاش ھېسابلاش بەلگىلىمىسى ئىجرا قىلىنىشتىن توختىتىلدى.

1954 — 1963 ـ يىلغىچە شىنجاڭدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ بارلىق تۇراقسىز مەبلىغىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئىگىلىنىش قالدۇق سوممىسى 101 مىليون يۈەندىن 187 مىليون يۈەنگىچە بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە، تاۋار مەبلىغىنىڭ ئىگىلىنىش قالدۇق سوممىسى 85 مىليون 800 مىڭ يۈەندىن 149 مىليون يۈەنگىچە بولۇپ، ئىگىلىنىش نىسبىتى يىلىغا ئوتتۇرىچە 74.32%، غەيرىي تاۋار مەبلىغى ۋە راسچوت مەبلىغىنىڭ ئىگىلىنىش نىسبىتى يىلىغا ئوتتۇرىچە 25.68% بولدى.

1964 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئاشلىق نازارىتى مەبلەغ ئوبوروتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، گۇچۇڭ، كۇچا، ئۈچتۇرپان، قاراشەھەر، مارالبېشى ۋە ئۈرۈمچى «1 ـ ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلاردا «ھاۋالە كىرىم، ئېتىراپلىق چىقىم» قىلىش راسچوت ئۇسۇلىنى سىناق قىلدى، 6 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويىدى. تۇراقسىز مەبلەغنى باشقۇرۇشتا 1968 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە يەنىلا ئىلگىرىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر يولغا قويۇلدى. 1964 ـ يىلى دۆلەت «ئۇرۇش تەييارلىقى ئاشلىقى تۈزۈمى»نى يولغا قويىدى، شىنجاڭدا ساقلاش بەلگىلەنگەن «ئۇرۇش تەييارلىقى ئاشلىقى» ئۈچۈن ئاشلىق مىنىستىرلىكى «ئالاھىدە زاپاس

مەبلەغ» ئاجرىتىپ بەردى. 1969 - يىلى ئەسلىدىكى ئاشلىق نازارىتى، شۆبە بانكا باشقۇرغان قەرز پۇل پىلانىنى ئەستىقلاش ھوقۇقى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى ۋە مەركىزىي تارماق بانكىلارنىڭ باشقۇرۇشىغا، ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئۆزىدىكى تۇراقسىز مەبلەغنى باشقۇرۇش ھوقۇقى ئاشلىق نازارىتى ۋە مالىيە نازارىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى، ئاشلىق، ياغ سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ مەبلىغى يېتىشمىگەنلىكتىن، مالىيە نازارىتى ئۆزىدىكى 7 مىليون 740 مىڭ يۈەن تۇراقسىز مەبلەغدىن تولۇقلىدى. 1973 - يىلى سودا مىنىستىرلىكى «ئالاھىدە زاپاس مەبلەغ» ئۈچۈن 26 مىليون يۈەن كۆپەيتىپ ئاجراتتى. 1978 - يىل 8 - ئاي ۋە 1979 - يىل 5 - ئايدا، سودا مىنىستىرلىكىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، شىنجاڭدىكى ئاشلىق كارخانىلىرى مال - مۈلۈكنى ئېنىقلاپ مەبلەغنى ھېسابلاشنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇردى، سودا مىنىستىرلىكى شىنجاڭغا ئىككى قېتىمدا 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن تۇراقسىز مەبلەغ تولۇقلاپ بەردى. 1979 - يىلى سودا مىنىستىرلىكى شىنجاڭنىڭ زاپاس ئاشلىق ۋەزىپىسىنى كۆپەيتىش بىلەن بىرگە شىنجاڭغا «ئالاھىدە زاپاس مەبلەغ» ئۈچۈن 25 مىليون يۈەن كۆپەيتىپ ئاجراتتى.

1980 - يىلى ئاپتونوم رايون ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ تەكشە ۋە كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغ تاۋار تىجارىتى قەرز مەبلىغىنى «قوش لىنىيىلىك تۈزۈم» بويىچە باشقۇرۇشنى يولغا قويدى. تەكشە باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارىتى ئۈچۈن بېرىلىدىغان قەرز پۇلنى باشقۇرۇش چارىسى ئۆزگەرتىلمەي، ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ يېرىمىنى كېمەيتىشتىن ئىبارەت ئېتىبار بېرىش بەلگىلىمىسى يەنىلا ئىجرا قىلىندى. كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارىتىگە كېرەكلىك مەبلەغنىڭ ھەممىسى بانكىدىن قەرز ئېلىندى ھەمدە بەلگىلىمە بويىچە ئۆسۈم ھېسابلاندى، ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ يېرىمىنى كېمەيتىش ئېتىبار بەلگىلىمىسى ئىجرا قىلىنمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كارخانىلاردىن جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ «كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارەت قەرز پۇلىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»ىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ھېساب ئاچقان بانكىغا قەرز ئېلىش پىلانىنى يوللاپ، ئامانەت پۇل بىلەن قەرز پۇلنى ئايرىپ ھېسابلاشنى يولغا قويۇش تەلەپ قىلىندى.

1984 - يىلى گوۋۇيۈەننىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئۆزىدىكى بارلىق تۇراقسىز مەبلىغىنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن، شۆبە بانكىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى، كارخانىلارنىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئۆزگەرتمىدى. ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن مەبلەغ سوممىسى 191 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ تۇراقسىز مەبلىغى 97 مىليون 690 مىڭ يۈەن، ئالاھىدە زاپاس مەبلەغ 91 مىليون 370 مىڭ يۈەن، كارخانىلارنىڭ ئۆزىدىكى تۇراقسىز مەبلەغ 1 مىليون 450 مىڭ يۈەن، باشقا تۇراقسىز مەبلەغ 70 مىڭ يۈەن، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى قېپقالغان مەبلەغ 60 مىڭ يۈەن. ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ تۇراقسىز مەبلىغىنى خەلق بانكىسى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان بولغاندىن كېيىن، مەبلەغ باشقۇرۇشتا 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر يەنىلا ئىلگىرىكى تۈزلۈك بەلگىلىمىلەر ئىجرا قىلىندى.

1986 - يىلى پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ تەدرىجىي چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، جايلاردا كەسپىي بانكىلار ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى، شىنجاڭدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل ۋە قەرز پۇل كەسپى سودا - سانائەت بانكىسى ۋە يېزا ئىگىلىك بانكىسىدا بېجىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلاردىكى ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش - سېتىش پونكىتلىرى، ئىسكىلاتلىرى قاتارلىق كارخانىلارنىڭ ئامانەت - قەرز كەسپى يېزا ئىگىلىك بانكىسىدا؛ ناھىيە، شەھەردىن يۇقىرى شەھەر - بازارلاردىكى ئاشلىق، ياغ سودا - سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئامانەت - قەرز كەسپى سودا - سانائەت بانكىسىدا بېجىرىلدى. 1988 - يىل 1 - ئايدا، ش ئۇ ئا ر «خەلقئارا ھاۋالە مەبلەغ سېلىش شىركىتى» شېرىكچىلىك شەكلىدە «ئاشلىققا ھاۋالە مەبلەغ سېلىش ئورنى» قۇردى، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى 5 مىليون يۈەن مەبلەغ (ئوبوروت مەبلىغى قاتارىدا) سېلىپ، ئۇنى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش، كۆپ خىل ئىگىلىك ۋە تور - نۇقتىلار قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئاز سوممىلىق قەرز ئورنىدا ئىشلەتتى.

1988 - يىل 8 - ئايدا جۇڭگو خەلق بانكىسى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ تەكشە باھالىق ئاشلىق، ياغ ۋە كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارىتىگە كېرەكلىك قەرزنى ئايرىش قىيىن بولۇشتەك كونكرېت ئەھۋالغا قارىتا، جۇڭگو خەلق بانكىسى تەكشە باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارەت قەرز پۇلى ئۆسۈمىنىڭ يېرىمىنى كېمەيتىش ئېتىبار بەلگىلىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

1990 - يىلى گوۋۇيۈەن «مەخسۇس زاپاس ئاشلىق» تۈزۈمى ئورنىتىشنى قارار قىلدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون 768 مىليون كىلوگرام مەخسۇس زاپاس ئاشلىق سېتىۋالدى، كېرەكلىك مەبلەغنى بانكىدىن قەرز ئالدى، ئۇنىڭ ئۆسۈمى ۋە باشقا خىراجەتكە سودا مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكى بەلگىلىمە بويىچە ياردەم پۇلى بەردى.

### 1952 — 1990 - يىلغىچە شىنجاڭدىكى ئاشلىق سىستېمىسىنىڭ تۇراقسىز مەبلىغىنىڭ ئىگىلىنىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 5 — 37 بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| تۈر / يىل | جەمئىي ئىگىلىگەن تۇراقسىز مەبلەغ | يۇنىڭ ئىچىدە | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | تاۋار مەبلىغى | ئىگىلىنىش نىسبىتى % | ئىستېمال بۇيۇم مەبلىغى | ئىگىلىنىش نىسبىتى % | راسچوت مەبلىغى ۋە باشقىلار | ئىگىلىنىش نىسبىتى % |
| 1952 | 2617 | 2461 | 94 | 7 | | 149 | 6 |
| 1953 | 5113 | 4062 | 80 | 128 | 2 | 923 | 18 |
| 1954 | 10112 | 8734 | 86 | 626 | 6 | 752 | 8 |
| 1955 | 13989 | 10911 | 78 | 912 | 7 | 2166 | 15 |
| 1956 | 11530 | 8946 | 77 | 995 | 9 | 1589 | 14 |
| 1957 | 12847 | 9528 | 74 | 1030 | 8 | 2289 | 18 |
| 1958 | 14711 | 10989 | 75 | 1180 | 8 | 2542 | 17 |
| 1959 | 18712 | 14894 | 80 | 1190 | 6 | 2628 | 14 |
| 1960 | 15712 | 11685 | 74 | 1381 | 9 | 2646 | 17 |
| 1961 | 16212 | 10285 | 63 | 1373 | 9 | 4554 | 28 |
| 1962 | 13762 | 8580 | 62 | 1446 | 11 | 3736 | 27 |
| 1963 | 16226 | 12333 | 76 | 1198 | 7 | 2695 | 17 |
| 1964 | 23115 | 19453 | 84 | 1245 | 6 | 2417 | 10 |
| 1965 | 24678 | 20654 | 84 | 1416 | 6 | 2608 | 10 |
| 1966 | 28869 | 24197 | 84 | 1702 | 6 | 2970 | 10 |
| 1967 | 28100 | 23109 | 82 | 2013 | 7 | 2978 | 11 |
| 1968 | 21601 | 16342 | 76 | 2089 | 10 | 3170 | 14 |
| 1969 | 19540 | 13203 | 67 | 2482 | 13 | 3855 | 20 |
| 1970 | 27947 | 20370 | 73 | 2846 | 10 | 4731 | 17 |
| 1971 | 30463 | 21524 | 71 | 3214 | 10 | 5725 | 19 |
| 1972 | 26533 | 18163 | 68 | 3208 | 12 | 5162 | 20 |
| 1973 | 26313 | 17355 | 68 | 3164 | 12 | 5294 | 20 |
| 1974 | 26810 | 15300 | 57 | 3518 | 13 | 7992 | 30 |
| 1975 | 30376 | 17132 | 56 | 4808 | 16 | 8436 | 28 |
| 1976 | 33922 | 20588 | 61 | 4748 | 14 | 8586 | 25 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 27 | 8358 | 15 | 4666 | 58 | 17510 | 30534 | 1977 |
| 20 | 6703 | 11 | 3667 | 69 | 22795 | 33165 | 1978 |
| 21 | 11159 | 6 | 3495 | 73 | 39256 | 53910 | 1979 |
| 19 | 11798 | 6 | 4010 | 75 | 47510 | 63318 | 1980 |
| 25 | 18455 | 7 | 5822 | 68 | 50525 | 74802 | 1981 |
| 27 | 21261 | 7 | 5744 | 66 | 52149 | 79154 | 1982 |
| 29 | 25858 | 6 | 5708 | 65 | 58647 | 90213 | 1983 |
| 30 | 31193 | 6 | 6257 | 64 | 68133 | 105583 | 1984 |
| 34 | 44166 | 5 | 7166 | 61 | 80814 | 132146 | 1985 |
| 34 | 51116 | 6 | 8564 | 60 | 90382 | 150062 | 1986 |
| 35 | 54766 | 6 | 8949 | 59 | 90423 | 154138 | 1987 |
| 41 | 71761 | 7 | 13027 | 52 | 92248 | 177036 | 1988 |
| 41 | 94495 | 8 | 17232 | 51 | 115496 | 227273 | 1989 |
| 45 | 151629 | 7 | 22931 | 48 | 158996 | 333536 | 1990 |

## 1952 — 1990 - يىلغىچە شىنجاڭنىڭ ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ تۇراقسىز مەبلىغىنىڭ كېلىش مەنبەيى

جەدۋەل: 5 — 38　　　　بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| بانكىدىن ئېلىنغان قەرز | ئۆزىدىكى تۇراقسىز مەبلەغ | تۈر / يىل | بانكىدىن ئېلىنغان قەرز | ئۆزىدىكى تۇراقسىز مەبلەغ | تۈر / يىل |
|---|---|---|---|---|---|
| 19461 | 4865 | 1973 | 8373 | 456 | 1954 |
| 15480 | 7531 | 1974 | 8738 | 3708 | 1955 |
| 15835 | 9104 | 1975 | 6670 | 3904 | 1956 |
| 19305 | 9342 | 1976 | 7428 | 3968 | 1957 |
| 17410 | 9370 | 1977 | 9524 | 3768 | 1958 |
| 15287 | 12306 | 1978 | 13230 | 3877 | 1959 |
| 29043 | 17691 | 1979 | 10101 | 3877 | 1960 |
| 38229 | 17841 | 1980 | 8577 | 3883 | 1961 |
| 43776 | 18846 | 1981 | 6806 | 4513 | 1962 |
| 44494 | 19065 | 1982 | 9204 | 4418 | 1963 |
| 51811 | 19028 | 1983 | 15348 | 4427 | 1964 |
| 61699 | 18826 | 1984 | 18989 | 4568 | 1965 |
| 82385 | 18930 | 1985 | 22812 | 4619 | 1966 |
| 94097 | 18747 | 1986 | 23289 | 4579 | 1967 |
| 93719 | 19662 | 1987 | 17260 | 4443 | 1968 |
| 102968 | 23269 | 1988 | 13253 | 4580 | 1969 |
| 136607 | 27128 | 1989 | 21302 | 4546 | 1970 |
| 219444 | 30522 | 1990 | 22524 | 4712 | 1971 |
| | | | 18733 | 4910 | 1972 |

ئىزاھ: مەزكۇر جەدۋەل تۇراقسىز مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسىدىكى راسچوت مەبلىغى ۋە باشقا كىرىم قىلىنغان تۇراقسىز مەبلەغنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

## 2. مەخسۇس فوند

ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ مەخسۇس فوندى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماقلار بۆيرۇپ بەرگەن مەخسۇس فوند ۋە كارخانىلار دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە خىراجەت (تەننەرخ) ، پايدىدىن ئاجرىتىۋالغان مەخسۇس فوندنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### 1) بۆيرۇپ بېرىلگەن مەخسۇس فوند

(1) تۈت تۈرلۈك خىراجەت 1955 ـ يىلدىن باشلاپ ئاشلىق مىنىستىرلىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ تېخنىكىلىق تەشكىللەش تەدبىرى، ئەمگەك بىخەتەرلىكىنى قوغداش، پارچە ـ پۇرات تۈراقلىق مۈلۈكلەرنى سېتىۋېلىش، ئاددىي ئامبارلارنى رېمونت قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس خىراجەت ئاجراتتى، بۇ، قىسقارتىلىپ «تۆت تۈرلۈك خىراجەت» دەپ ئاتالدى، مەخسۇس خىراجەتنى مەخسۇس ئىشلىتىش يولغا قويۇلدى. 1959 ـ يىلى، ئاشلىق مىنىستىرلىكى «تۆت تۈرلۈك خىراجەت» نى ئاجرىتىشنى پايدىدىن پىرسەنت قالدۇرۇپ چىقىم قىلىشقا ئۆزگەرتتى. بۇ 1961 ـ يىلغىچە ئىجرا قىلىندى. 1962 — 1965 ـ يىلغىچە، ئاشلىق مىنىستىرلىكى يەنە «تۆت تۈرلۈك خىراجەت» نى مەخسۇس ئاجرىتىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

(2) ئاددىي قۇرۇلۇش خىراجىتى 1965 ـ يىلى ئاشلىق مىنىستىرلىكى تاۋار ئوبوروت خىراجىتى تۈرىدە «ئاددىي قۇرۇلۇش خىراجىتى» تۈرىنى تەسىس قىلىپ، ئۇنى ئاددىي ئامبار، كىچىك ياغ بېكى، ئاددىي توشۇش ئۇسكۇنىسى، قۇرۇتۇش مەيدانى شۇنىڭدەك ئاددىي كۆۋرۈك، يول قاتارلىق مۇئەسسەسەلەرنى ياساش، رېمونت قىلىشقا چىقىم قىلىشنى بەلگىلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە «تۆت تۈرلۈك خىراجەت» نى مەخسۇس ئاجرىتىشنى ئەمەلدىن قالدۇردى، 1977 ـ يىلغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە ئاددىي قۇرۇلۇش خىراجىتى ئۈچۈن 28 مىليون 910 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى (جەدۋەل: 5 — 39 غا قاراڭ) .

**1965 — 1977 ـ يىلغىچە شىنجاڭدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئاددىي قۇرۇلۇش خىراجەت چىقىمى**

جەدۋەل: 5 — 39 بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار | سوممىسى | يىللار | سوممىسى |
|---|---|---|---|
| 1965 | 269 | 1972 | 160 |
| 1966 | 226 | 1973 | 156 |
| 1967 | 291 | 1974 | 188 |
| 1968 | 309 | 1975 | 187 |
| 1969 | 142 | 1976 | 247 |
| 1970 | 97 | 1977 | 445 |
| 1971 | 174 | جەمئىي | 2891 |

1978 ـ يىل 2 ـ ئايدا گوۋۇيۈەن دۆلەت پىلان كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ دوكلاتىنى تەستىقلاپ، سودا تارماقلىرىنىڭ ئاددىي قۇرۇلۇش خىراجىتىنى چىقىم قىلىش چارىسىنى ئىسلاھ قىلدى، 1978 ـ يىلدىن باشلاپ ئاددىي قۇرۇلۇش خىراجىتى ھېساب تۈرىنى دۆلەت خام چوتىغا ئايرىم كىرگۈزۈشنى، ئۇنى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق، سودا باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ ئىشلىتىشىگە بىر تۇتاش تەقسىم قىلىشنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە «ئاددىي قۇرۇلۇش خىراجىتى» نى تاۋار ئوبوروت خىراجىتى چىقىم تۈرىگە كىرگۈزۈشنى توختىتىشنى قارار قىلدى. 1980 ـ يىلى دۆلەت «ئۆلكىلەر

بويىچە ھۆددىگە بېرىش» مالىيە تۈزۈلمىسىنى يولغا قويۇپ، شىنجاڭنىڭ ئاشلىق كارخانىلىرىغا يىلىغا «ئاددىي قۇرۇلۇش خىراجىتى» دىن 8 مىليون يۈەن ئاجرىتىپ بەردى، بۇ 1990 - يىلغىچە داۋاملاشتى. مۇشۇ مەزگىلدە، بۇ پۇل ئاساسىي قاتلام ئاشلىق تارماقلىرى پۈتۈش قىممىتى 18 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان (1984- يىلى 22 مىڭ يۈەنگە ئۆزگەرتىلدى) 500 مىڭ كىلوگراملىق ئاددىي ئامبار، 50 توننىلىقتىن تۆۋەن كىچىك ياغ بېكى قۇرۇش، دۆلەت تەقسىم قىلغان ئاپتوموبىل، پرىتسېپ، ئاپتوماتىك يەتكۈزۈش ئۈسكۈنىلىرىنى، ئاشلىق، ياغنى ئوراقسىز قاچىلاش، ئوراقسىز يۆتكەش ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىش، ئاددىي لاپاس، يۇيۇش مەيدانى، قورۇق تام، قۇرۇتۇش مەيدانى ياساش قاتارلىقلار ئۈچۈن ئىشلىتىلدى. بۇ پۇلنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى (باشقارمىلىرى) يوللىغان پىلان ئاساسىدا بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇردى.

1984 - يىلى سودا مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكى، جۇڭگو خەلق بانكىسى قاتارلىق يەتتە مىنىستىرلىك، بانكا، كومىتېت بىرلىكتە «ئاددىي قۇرۇلۇش خىراجىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىشلىتىپ ئامبار قۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون ئاشلىق سىستېمىسى 1985 — 1988- يىلغىچە ئاددىي قۇرۇلۇش خىراجىتى كۆرسەتكۈچىدىن ئالدىن 32 مىليون يۈەن چىقىم قىلىپ، خىش قۇرۇلمىلىق يىغىۋېلىش ۋە يۆتكەپ بېرىش ئىسكىلاتلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ قۇرۇپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىنىڭ ئامبار يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقىنى پەسەيتتى. 1978 — 1990 - يىلغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق كارخانىلىرىغا ئاددىي قۇرۇلۇش خىراجىتىدىن 161 مىليون يۈەن ئاجرىتىپ بېرىلدى (جەدۋەل: 5 — 40 قا قاراڭ).

**1978 — 1990 - يىلغىچە شىنجاڭدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئاددىي قۇرۇلۇش خىراجىتىنىڭ ئاجرىتىپ بېرىلىشى**

جەدۋەل: 5 — 40 بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| تۈرلەر / يىللار | ئومۇمىي كىرىم | بۇنىڭ ئىچىدە: ئاجرىتىپ بېرىلگىنى | | تۈرلەر / يىللار | ئومۇمىي كىرىم | بۇنىڭ ئىچىدە: ئاجرىتىپ بېرىلگىنى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | مالىيىدىن ئاجرىتىلغىنى | ئاشلىق (سودا) مىنىستىرلىكى ئاجرىتىپ بەرگىنى | | | مالىيىدىن ئاجرىتىلغىنى | ئاشلىق (سودا) مىنىستىرلىكى ئاجرىتىپ بەرگىنى |
| 1978 | 864 | 800 | 64 | 1985 | 1712 | 1070 | 150 |
| 1979 | 927 | 800 | 127 | 1986 | 2605 | 1753 | 400 |
| 1980 | 1112 | 918 | 172 | 1987 | 1876 | 1578 | 274 |
| 1981 | 983 | 670 | 313 | 1988 | 1354 | 1020 | |
| 1982 | 1251 | 1100 | 151 | 1989 | 1498 | 1427 | |
| 1983 | 973 | 800 | 135 | 1990 | 1517 | 974 | 414 |
| 1984 | 1013 | 832 | 140 | جەمئىي | 17649 | 13742 | 2340 |

ئىزاھ: ئومۇمىي كىرىم (1) مالىيىدىن ئاجرىتىلغان؛ (2) ئاشلىق (سودا) مىنىستىرلىكى ئاجرىتىپ بەرگەن؛ (3) باشقا مەخسۇس فوندلار ئالماشتۇرۇلۇپ كىرىم قىلىنغان، ئېلىنغان قەرز قاتارلىق كىرىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**(3) باشقا مەخسۇس خىراجەتلەر** 1979 - يىلدىن باشلاپ، سودا مىنىستىرلىكى ۋە مالىيە نازارىتى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق كارخانىلىرىغا ئۆزگەرتىپ يېڭىلاش مەبلىغى، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىيات مەبلىغى، پاراۋانلىق ياردەم فوندى، ياغاچ غوللۇق ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىشنى يۆلەش مەبلىغى، ئۈچ تۈرلۈك پەن -

تېخنىكا خىراجىتى، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش مەخسۇس پۇلى، ئارتۇق ساقلانغان ئاشلىق خىراجىتى ياردىمى شۇنىڭدەك باشقا بەزى ۋاقىتلىق مەخسۇس پۇللارنى ئاجرىتىپ بەردى. ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى بۇ ئارقىلىق ئاشلىق ئامبىرى، ئاشلىق دۇكىنى، چارۋىچىلىق ئاشلىق پونكىتى، شۇنىڭدەك يېمەكلىك پىششىقلاش ۋە يىراق، چەت، ياقا رايونلارغا ئاشلىق، ياغ پىششىقلاش مۇئەسسەسەلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ قۇرۇپ، 1990 ـ يىلغا قەدەر 67 مىليون يۈەن چىقىم قىلدى.

## 2) ئاجرىتىۋېلىنغان مەخسۇس فوند

1952 — 1978 ـ يىللىرى، ئاجرىتىۋېلىنغان مەخسۇس فوند «يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش مەبلىغى»، «چوڭ رېمونت فوندى»، «كارخانىلارنىڭ مۇكاپات فوندى»، «ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ پاراۋانلىق فوندى» دىن ئىبارەت بولدى. 1979 ـ يىلدىن كېيىن، ئاجرىتىۋېلىنىدىغان تۈرلەردىن «ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىيات فوندى»، «بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلغان پېنسىيە فوندى»، «زاپاس فوند» قاتارلىقلار كۆپەيتىلدى. بۇلارنىڭ بىر قىسمى كارخانىلارنىڭ خىراجىتى (تەننەرخى) گە چىچىلدى، يەنە بىر قىسمى پايدىدىن پىرسەنت قالدۇرۇلدى.

(1) ئۆزگەرتىپ يېڭىلاش مەبلىغى 1952 — 1958 ـ يىللىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق كارخانىلىرى ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ بەلگىلىمىسىنى ئىجرا قىلىپ، يەككە تۈردىكى مۇقىم مۈلۈككە قارىتا لىنىيە بويىچە ئايرىم ئامورتىزاتسىيە قىلىشنى يولغا قويدى. ئاساسىي ئامورتىزاتسىيە فوندى ۋە تۇراقلىق مۈلۈكنى باھاغا سۇندۇرۇش كىرىمىنىڭ ھەممىسى بەلگىلىمە بويىچە خەزىنە ئارقىلىق يۇقىرىغا تاپشۇرۇلدى، مەركەز مالىيە خام چوتىدىن ئاشلىق مىنىستىرلىكى ئارقىلىق يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان قىسمىنىڭ %20 ى يەنە ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشى ئۈچۈن بۆلۈپ بېرىلدى.

1959 — 1961 ـ يىللىرى ئاساسىي ئامورتىزاتسىيە فوندى مالىيە نازارىتىگە تاپشۇرۇلدى، مالىيە نازارىتى ئۇنى پارچە ـ پۇرات مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى مەبلىغى سۈپىتىدە تۆۋەنگە بۆلۈپ بەردى. 1962 ـ يىلى ئاساسىي ئامورتىزاتسىيە فوندى ۋە تۇراقلىق مۈلۈكنى باھاغا سۇندۇرۇش كىرىمىنى ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1967 ـ يىلى تۇراقلىق مۈلۈك ئاساسىي ئامورتىزاتسىيە فوندىنى دەرىجە بويىچە ئاجرىتىپ، دەرىجە بويىچە قالدۇرۇش يولغا قويۇلدى. ئاشلىق مىنىستىرلىكى شىنجاڭدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنىڭ يىللىق ئۇنىۋېرسال ئامورتىزاتسىيە نىسبىتىنى %4.1 قىلىپ بېكىتتى، ئاشلىق نازارىتى بۇنىڭغا ئاساسەن مۇنداق بەلگىلىدى: ئاشلىق نازارىتى %2.9 قالدۇرۇپ مەركەزلەشتۈرۈپ ئىشلىتىدۇ، قالغان %1.2 نى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئاشلىق كارخانىلىرى (ئاشلىق نازارىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلارغا %1.6) ئاجرىتىدۇ. 1968 ـ يىلى ئاجرىتىش نىسبىتى مۇنداق ئۆزگەرتىلدى: ئاشلىق نازارىتى سودا كارخانىلىرىغا %1.7 ئاجرىتىدۇ، ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) ئاشلىق ئىدارىلىرىگە %1.2 تىن قالدۇرىدۇ؛ ئاشلىق نازارىتى سانائەت كارخانىلىرىغا %2.9 ئاجرىتىدۇ، ئاشلىق، ياغ سانائىتى كارخانىلىرى ئۆزلىرى %1.2 قالدۇرىدۇ. ئاجرىتىلغان ئامورتىزاتسىيە فوندىنى ئاشلىق نازارىتى بەلگىلىمە بويىچە ئاشلىق مىنىستىرلىكىگە تاپشۇرغاندىن باشقا، قالغان قىسمى مالىيە بەلگىلىمىسى ۋە تېخنىكىلىق تەشكىللەش تەدبىرى خىراجىتى، پارچە ـ پۇرات تۇراقلىق مۈلۈكلەرنى سېتىۋېلىش خىراجىتى، ئەمگەك مۇھاپىزىتى خىراجىتى، تۇراقلىق مۈلۈكنى باھاغا سۇندۇرۇش كىرىمى، تۇراقلىق مۈلۈكنى يېڭىلاش مەبلىغى قاتارلىقلار بويىچە بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەتتى (يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش مەبلىغى دەپ ئاتالدى).

1974 ـ يىل 6 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر مالىيە ئىدارىسى، ئاشلىق ئىدارىسى بىرلىكتە ئاشلىق سىستېمىسىنىڭ تۇراقلىق مۈلۈك ئامورتىزاتسىيىسىنى يىلدا تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ دەسلەپكى باھا قىممىتىنىڭ %4.1 ى بويىچە پەسىلگە بۆلۈپ ئاجرىتىش، بۇنىڭ ئىچىدە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ۋە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى %0.8 تىن، ناھىيە (شەھەر) لىك ئاشلىق ئىدارىلىرى ئاشلىق سودا كارخانىلىرىدىن

2.5% ئاجرىتىش، ئاشلىق، ياغ سانائىتى كارخانىلىرى ئۆزىگە 2.5% قالدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چۈشۈردى. 1978 - يىلى ئاشلىق سانائىتى كارخانىلىرى ئۆزىگە قالدۇرغان ئامورتىزاتسىيە فوندىنىڭ 50% نى مالىيە نازارىتىگە تاپشۇرۇشنى بەلگىلىدى. شۇ يىلى 2 - ئايدا بۇ بەلگىلىمە يەنە تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ دەسلەپكى باھا قىممىتى 1 مىليون يۈەندىن تۆۋەن سانائەت كارخانىلىرىنىڭ يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش مەبلىغىنىڭ ھەممىسىنى شۇ كارخانىنىڭ ئۆزىگە قالدۇرۇشقا ئۆزگەرتىلدى.

ئاپتونوم رايون ئاشلىق سىستېمىسىنىڭ تۇراقلىق مۈلۈك ئامورتىزاتسىيىسىنى 1981 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئايرىم باشقۇرۇش چارىسى يولغا قويۇلدى. بۇنىڭ مۇھىم نۇقتىسى شۇكى، سودا كارخانىلىرىنىڭ ئامورتىزاتسىيە چارىسى ئۆزگەرتىلمىدى، سانائەت ۋە ترانسپورت كارخانىلىرىنىڭ ئامورتىزاتسىيىسىگە قارىتا تۈرگە ئايرىپ ئامورتىزاتسىيە قىلىش چارىسى قوللىنىلىپ، ئۆي ئىمارەت، قۇرۇلۇشلارنىڭ يىللىق ئۇنىۋېرسال ئامورتىزاتسىيە نىسبىتى 4%، ھەرخىل ئۈسكۈنىلەرنىڭ 6% قىلىپ بېكىتىلدى. ناھىيلىك، شەھەرلىك ئاشلىق كارخانىلىرى ئاجراتقان يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش مەبلىغىنىڭ 70% ى ئۆزىگە قالدۇرۇلۇپ، 30% ى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىگە تاپشۇرۇلدى، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى يەنە ئۇنىڭ 50% نى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىگە تاپشۇردى. ئەمەلىي ئىجرا قىلىش جەريانىدا، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى ئۇنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىگە تاپشۇرمىدى. ترانسپورت كارخانىلىرى ۋە تۇراقلىق مۈلكىنىڭ دەسلەپكى باھا قىممىتى 1 مىليون يۈەندىن ئاشمايدىغان كارخانىلار قايتا يۇقىرىغا تاپشۇرمىدى.

1986 - يىلدىن كېيىن، ئاپتونوم رايون ئاشلىق سىستېمىسى گوۋۇيۈەننىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، تۇراقلىق مۈلۈك ئامورتىزاتسىيىسىنى يىل چەكلىمىسى ياكى خىزمەت مىقدارى چارىسى بويىچە ھېسابلاپ ئاجرىتىپ، نىسبەت بويىچە تاپشۇرۇش چارىسىنى داۋاملىق ئىجرا قىلدى. ئاشلىق مالىيە تۈزۈلمىسىنىڭ تۆۋەنگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشىگە ئەگىشىپ، 1988 - يىلدىن باشلاپ ئاساسىي قاتلام ئاشلىق كارخانىلىرى ئاجراتقان يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش مەبلىغىنىڭ ھەممىسى كارخانىلارنىڭ ئۆزىگە قالدۇرۇلۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماقلارغا قايتا تاپشۇرۇلمىدى.

## 1952 — 1990 - يىلغىچە شىنجاڭدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش مەبلىغىنىڭ ئاجرىتىلىشى

جەدۋەل: 5 — 41

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار | ئومۇمىي كىرىم | بۇنىڭ ئىچىدە، ئاجرىتىلغىنى | يىللار | ئومۇمىي كىرىم | بۇنىڭ ئىچىدە، ئاجرىتىلغىنى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1952 | | 43 | 1972 | | 388 |
| 1953 | | 44 | 1973 | | 386 |
| 1954 | | 56 | 1974 | | 529 |
| 1955 | | 55 | 1975 | 672 | 569 |
| 1956 | | 83 | 1976 | 777 | 699 |
| 1957 | | 86 | 1977 | 915 | 734 |
| 1958 | | 94 | 1978 | 945 | 790 |
| 1959 | | 125 | 1979 | 1171 | 860 |
| 1960 | | 153 | 1980 | 1777 | 969 |
| 1961 | | 165 | 1981 | 1512 | 1160 |
| 1962 | | 182 | 1982 | 1968 | 1331 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1963 | | 160 | 1983 | 2381 | 1516 |
| 1964 | | 170 | 1984 | 2349 | 1651 |
| 1965 | | 183 | 1985 | 3018 | 2008 |
| 1966 | | 304 | 1986 | 3223 | 2344 |
| 1967 | | 291 | 1987 | 4088 | 2702 |
| 1968 | | 353 | 1988 | 3992 | 3220 |
| 1969 | | 265 | 1989 | 4090 | 3991 |
| 1970 | | 316 | 1990 | 4581 | 3551 |
| 1971 | | 339 | جەمئىي | | 32825 |

(2) چوڭ رېمونت فوندى 1952 - يىلى كارخانىلارنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنى چوڭ رېمونت قىلىش فوندى تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ دەسلەپكى باھا قىممىتىنىڭ %3 ى بويىچە ئاجرىتىلدى. 1954 - يىلى ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ بەلگىلىمىسى ئىجرا قىلىنىپ، ئالدىن ئاجرىتىلغان چوڭ رېمونت فوندىنى ئۆلكىلىك ئاشلىق نازارىتى مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇردى ھەمدە ئۇنى ئاساسلىقى رېمونت ھەققى سوممىسى 100 يۈەندىن يۇقىرى 1000 يۈەندىن تۆۋەن، رېمونت قىلىنىدىغان تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق باھا قىممىتىنىڭ %10 تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىگەن ياكى بىر قېتىملىق رېمونت ھەققى رېمونت قىلىنىدىغان تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئەسلى باھا قىممىتىنىڭ %50 ىدىن يۇقىرى بولغان رېمونت چىقىمى ئۈچۈن ئىشلەتتى. يۇقىرىدىكى شەرتلەرگە ئۇيغۇن كەلمىگەن كىچىك رېمونت ھەققى بىۋاسىتە خىراجەت (تەننەرخ) چىقىمى تۈرىگە كىرگۈزۈلدى.

1958 - يىل 8 - ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق كارخانىلىرى چوڭ رېمونت فوندىنى ئالدىن ئاجرىتىش چارىسىنى ئىجرا قىلىشنى توختىتىپ، چوڭ رېمونت ھەققىنى بىۋاسىتە خىراجەت (تەننەرخ) چىقىمى تۈرىگە كىرگۈزدى. 1962 - يىل 8 - ئايدا، ئاشلىق مىنىستىرلىكى ئىشلىتىپ ئۇپرىغان رېمونت قىلىشقا تېگىشلىك ئامبار، ئۆي، ماشىنا، ئۈسكۈنىلەرنى ئەسلىدىكى قۇرۇلما كۆلىمىنى ئۆزگەرتمەي، تۇراقلىق مۈلۈك مىقدارىنى كۆپەيتمەي، ئۇزۇن يىل رېمونت قىلىنمىغان خەتەرلىك ئۆيلەرنى، ئەسلىدىكى ئاساستا، ئەسلىدىكى قۇرۇلما، كۆلەم ئاساسىدا، ئاساسەن كونا ماتېرىيال ئىشلىتىپ (يەنى تۆت ئەسلى پرىنسىپ) قايتا رېمونت قىلىنىدىغان ۋە سۇ ئاپىتى، ئوت ئاپىتى، شامال ئاپىتى تۈپەيلىدىن قىسمەن بۇزۇلۇپ رېمونت قىلىشقا تېگىشلىك بولۇپ قالغان ئامبار، ئۆي قاتارلىقلارنى تۇراقلىق مۈلۈكنى چوڭ رېمونت قىلىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈشنى بەلگىلىدى. سودا كارخانىلىرىنىڭ چوڭ رېمونت ھەققى يەنىلا خىراجەتتىن چىقىم قىلىندى، سانائەت كارخانىلىرىنىڭكى تۇراقلىق مۈلۈكتىن ئالدىن ئاجرىتىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1964 - يىلى ئاشلىق نازارىتى چوڭ رېمونت ئۆلچىمىنى مۇنداق ئۆزگەرتتى: چوڭ رېمونت ھەققى سوممىسى رېمونت قىلىنىدىغان تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئەسلى باھا قىممىتىنىڭ %50 ىدىن ياكى مۇتلەق سومما 2500 يۈەندىن تۆۋەن بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاشلىق، ياغ سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ ئاز قىسىم چوڭ رېمونت فوندىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئاشلىق نازارىتى تەڭشەپ ئىشلىتىشنى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى يۇقىرىغا 2000 يۈەن؛ قەشقەر، خوتەن، غۇلجا، يەكەن، كورلا، قۇمۇل، قاراماي، باي ئۇن-ياغ زاۋۇتلىرى 1000 — 1500 يۈەنگىچە؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك، تارباغاتاي، ئالتاي، بۇرچىن، گۈچۈڭ، سچۈەن، كۇچا، مارالبېشى، ئاقسۇ ئۇن - ياغ زاۋۇتلىرى، ئاشلىق نازارىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق بىرىكمە زاۋۇتى 500 — 1000 يۈەنگىچە تاپشۇرۇشنى بەلگىلىدى. چوڭ رېمونت ھەققى ۋە يۇقىرىغا ئەمەلىي تاپشۇرۇلىدىغان مەبلەغ تەننەرختىن بىۋاسىتە چىقىم قىلىندى.

1981 — 1990 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون ئاشلىق سودا، سانائەت كارخانىلىرى چوڭ رېمونت فوندىنى تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئەسلى باھا قىممىتىنىڭ %3 ى بويىچە، ترانسپورت كارخانىلىرى %2 ى بويىچە ئالدىن

ئاجرىتىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

**(3) پاراۋانلىق فوندى** 1953 — 1958 - يىلغىچە، ئاشلىق نازارىتى پاراۋانلىق فوندىنى مائاش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ %7.5 ى بويىچە بىر تۇتاش ئاجراتتى، بۇنىڭ %70 ى ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق كارخانىلىرىغا بۆلۈپ بېرىلدى، %25 نى ئاشلىق نازارىتى ئۆزىگە قالدۇردى، %5 نى ئاشلىق مىنىستىرلىكىگە تاپشۇردى. پاراۋانلىق فوندى ئاساسلىقى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ داۋالىنىش خىراجىتى، قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم بېرىش، كوللېكتىپ پاراۋانلىق، بىخەتەرلىك مۇئەسسەسىلىرى ۋە مۇكاپات قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلدى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئارا پاراۋانلىق فوندى چىقىمىنى قاپلىيالمىغاندا، ئۇنى ئاشلىق نازارىتى تەڭشىدى.

1959 - يىلى ئاپتونوم رايون ئاشلىق كارخانىلىرىغا قارىتا «خىراجەتنى ھۆددىگە بېرىپ، پايدىدىن پىرسەنت قالدۇرۇش» نى يولغا قويۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پاراۋانلىق فوندىنى «پايدىدىن پىرسەنت قالدۇرۇپ» چىقىم قىلىشقا ئۆزگەرتتى. 1962 - يىلى پىرسەنت قالدۇرۇش تۈزۈمى ئىجرا قىلىنىشتىن توختىتىلىپ، مائاش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ %7.5 ى بويىچە ئاجرىتىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1970 - يىلى ئاجرىتىش نىسبىتى %11 قىلىنىپ، 1980 - يىلغىچە ئىجرا قىلىندى.

1979 — 1985 - يىلغىچە، ئاشلىق كارخانىلىرى سودىدا زىياننى ئازايتىش، سانائەتتە پىلاندىكىدىن ئاشقان پايدىدىن پىرسەنت قالدۇرۇش ۋە پايدا - زىياننى چوڭ ھۆددىگە بېرىش چارىسىنى يولغا قويدى. ئاشلىق سودا كارخانىلىرىنىڭ پاراۋانلىق فوندى مائاش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ %11 ى بويىچە تۇتۇپ قېلىنغاندىن باشقا، يەنە «زىيان ئازايتىلىپ قالدۇرۇلغان پىرسەنت» تىن %8 — %12 كىچە ئاجرىتىلىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پاراۋانلىقى ۋە مۇكاپات ئۈچۈن ئىشلىتىلدى. ئاشلىق سانائىتى كارخانىلىرى پايدىدىن قالدۇرۇلغان پىرسەنتتىن بەلگىلىمە بويىچە «كارخانا فوندى» ئاجرىتىپ، ئاندىن ئۇنىڭ %30 نى كوللېكتىپ پاراۋانلىققا، %70 نى ئىشلەپچىقىرىش ۋە پاراۋانلىق مۇئەسسەسىلىرى قۇرۇلۇشىغا ئىشلەتتى.

1986 — 1990 - يىلغىچە، كارخانا فوندى تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، پاراۋانلىق ۋە مۇكاپات فوندى تەقسىماتى نىسبىتىنى ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق كارخانىلىرى ئۆز ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۆزلىرى كونترول قىلدى. بۇ بەش يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق كارخانىلىرى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پاراۋانلىق فوندىدىن 89 مىليون 10 مىڭ يۈەن، مۇكاپات فوندىدىن 63 مىليون 250 مىڭ يۈەن ئاجراتتى.

**(4) پايدىدىن پىرسەنت قالدۇرۇش فوندى** 1959 — 1961 - يىلغىچە، ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايون بويىچە «خىراجەتنى ھۆددىگە بېرىپ پايدىدىن پىرسەنت ئېلىش» تۈزۈمى، يەنى يىل ئاخىرىدا خىراجەتنى ھۆددىگە بېرىپ قالغان قالدۇقتىن بىر قېتىمدىلا ئاجرىتىش يولغا قويۇلدى. 1959 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق كارخانىلىرى ئاجراتقان پىرسەنت قالدۇرۇش فوندى 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە سودا كارخانىلىرى ئاجراتقىنى 1 مىليون يۈەن، سانائەت كارخانىلىرى ئاجراتقىنى 200 مىڭ يۈەن. 1961 - يىلى ئاجرىتىلغان پىرسەنت قالدۇرۇش فوندى 1 مىليون 370 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە سودا كارخانىلىرى ئاجراتقىنى 1 مىليون 100 مىڭ يۈەن، سانائەت كارخانىلىرى ئاجراتقىنى 270 مىڭ يۈەن. پىرسەنت قالدۇرۇلغان مەبلەغ ئاساسلىقى ئامبار، ياغ كۆلچىكى ياساش قاتارلىق تۇراقلىق مۈلۈك ۋە تېخنىكا يېڭىلاش چىقىمىغا ئىشلىتىلدى، 1962 - يىلى پىرسەنت قالدۇرۇش تۈزۈمى ئىجرا قىلىنىشتىن توختىتىلدى.

1979 — 1982 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق سودا كارخانىلىرى زىيان كۆرسەتكۈچىنى تىزگىنلەپ، زىياننى ئازايتىپ پىرسەنت ئېلىش ۋە سانائەت (ترانسپورت) كارخانىلىرى پايدىدىن پىرسەنت قالدۇرۇش چارىسىنى يولغا قويدى. ئاشلىق سودا كارخانىلىرى زىيان كۆرسەتكۈچىدىن ئېشىنغان قالدۇقنى، ناھىيە، شەھەر دەرىجىلىك سودا كارخانىلىرى ئازايتىلغان زىيان سوممىسىنىڭ %20 ى بويىچە، ۋىلايەت،

ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك سودا كارخانىلىرى ئازايتىلغان زىيان سوممىسىنىڭ 5% ىنى «پىرسەنت قالدۇرۇش فوندى» قىلىپ ئاجراتتى. ئاشلىق، ياغ سانائىتى كارخانىلىرى پىلان كۆرسەتكۈچىدىن ئاشۇرۇلغان پايدا بويىچە پىرسەنت قالدۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە قاراماي، تۇرپان، قۇمۇل، سانجى، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ پىرسەنت قالدۇرۇش نىسبىتى 20%، ئۈرۈمچى، بورتالا، بايىنغولىن، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ 18%، شىخەنزە شەھىرى، قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ 25%، ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى بىرىبىنت زاۋۇتىنىڭ 18%، ترانسپورت شىركىتىنىڭ 20% بولدى. ئازايتىلغان زىياندىن پىرسەنت قالدۇرۇلغان پايدىدىن پىرسەنت قالدۇرۇش فوندىنىڭ كۆپ قىسمى ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، ئاز قىسمى كوللېكتىپ پاراۋانلىق ۋە ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ مۇكاپاتىغا ئىشلىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت كارخانىلىرى مۇكاپاتقا ئىشلەتكەن قىسمى شۇ كارخانىنىڭ ئۇلچەملىك مائاشىنىڭ 30% ىدىن، كوللېكتىپ پاراۋانلىققا ئىشلەتكەن قىسمى ئىلگىرى ئاجرىتىلغان كارخانا فوندىنىڭ 30% ىدىن ئاشۇرۇلمىدى.

1983 — 1985 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق سىستېمىسى پايدا - زىياننى چوڭ ھۆددىگە بېرىش چارىسىنى يولغا قويۇپ، ئارتۇق زىياننى تولۇقلىمىدى، ئېشىنغىنىنى ئۆزىگە قالدۇردى. پىرسەنت قالدۇرۇش فوندىنىڭ 40% ىنى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پاراۋانلىقى ۋە مۇكاپاتىغا، 60% ىنى ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىغا ئىشلەتتى. ئۈچ يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە 116 مىليون يۈەن پىرسەنت قالدۇرۇلدى. 1985 - يىلى ئاشلىق، ياغ سانائىتى (يېمەكلىك، يەم - خەشەك، ماشىنىسازلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ترانسپورت كارخانىلىرى پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىشنى يولغا قويغانلىقتىن، سانائەتتىن ئېلىنغان پايدىدىن پىرسەنت قالدۇرۇش نىسبىتى ئاشۇرۇلدى. 1986 — 1990 - يىلغىچە، ئاشلىق سودا كارخانىلىرىنىڭ زىيان تارتىپ ھېساباتقا ئېسىپ قويغان قەرزى كۆپەيگەنلىكتىن، پىرسەنت قالدۇرۇش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىش قىيىنغا توختىدى؛ ئاشلىق، ياغ سانائىتى، ترانسپورت قاتارلىق پايدا ئالىدىغان كارخانىلار پايدىدىن پىرسەنت قالدۇرۇش تۈزۈمىنى داۋاملىق ئىجرا قىلدى، بەش يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە پايدىدىن 340 مىليون يۈەن پىرسەنت قالدۇرۇلدى.

## 4 §. تۇراقلىق مۈلۈكنى باشقۇرۇش

### 1. تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئەسلى قىممىتى

1950 - يىل 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسى قۇرۇلغاندا، شىنجاڭ غەللە - پاراق ئاشلىق باشقارمىسى ۋە جايلاردىن ئۆتكۈزۈۋېلىنغان ئاشلىق ئامبارلىرىنىڭ سىغىمى پەقەت 152 مىليون كىلوگرام (بۇنىڭ ئىچىدە ئىجارىگە ئېلىنغان ئۆي، ئىبادەتخانىلارنىڭ سىغىمى 38 مىليون كىلوگرام) ئىدى، مۇئەسسەسىلەر ئۇزۇن يىل رېمونت قىلىنمىغان، ئاددىي ھەم كونىراپ كەتكەنىدى. 1952 - يىلى ئېنىقلىنىپ بودالغان قىممىتى 1 مىليون 250 مىڭ يۈەن بولدى. ئاشلىق تىجارەت كەسپىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، 1 - بەش يىللىق پىلان ئىجرا قىلىنىشتىن باشلاپ، دۆلەت پىلانلىق ھالدا زور تۈركۈمدە ئاشلىق ئامبىرى، تۈن، ياغ تارتىش ۋە ئاشلىق، ياغ تىجارىتى مۇئەسسەسىلىرىنى قۇردى، 1978- يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق كارخانىلىرى تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى كۆپىيىپ 207 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1952 - يىلدىكىدىن 164.6 ھەسسە ئاشتى.

1979 - يىلدىن كېيىن، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، دۆلەت ئاشلىق ئوبوروتى مۇئەسسەسىلىرى قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ

تۇراقلىق مۈلكى بىرقەدەر تېز ئاشتى. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 994 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1978 - يىلدىكىنىڭ 4.8 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئەسلى قىممىتى 707 مىليون يۈەن بولۇپ، 71.16% نى ئىگىلەپ، ئاشلىق، ياغ تىجارىتى ئېھتىياجىنى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇردى. 1952 — 1990 - يىلغىچە شىنجاڭنىڭ ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتىنىڭ ئېشىش ئەھۋالىنى جەدۋەل: 5 — 42 دىن كۆرۈڭ.

### 1952 — 1990 - يىلغىچە شىنجاڭدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى

جەدۋەل: 5 — 42 بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار | ئەسلى قىممىتى | يىللار | ئەسلى قىممىتى | يىللار | ئەسلى قىممىتى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1952 | 125 | 1965 | 4822 | 1978 | 20704 |
| 1953 | 342 | 1966 | 5196 | 1979 | 22021 |
| 1954 | 400 | 1967 | 6051 | 1980 | 25739 |
| 1955 | 658 | 1968 | 6486 | 1981 | 29259 |
| 1956 | 1277 | 1969 | 7083 | 1982 | 33131 |
| 1957 | 1785 | 1970 | 7447 | 1983 | 36718 |
| 1958 | 1946 | 1971 | 9721 | 1984 | 42456 |
| 1959 | 2405 | 1972 | 10697 | 1985 | 50997 |
| 1960 | 2840 | 1973 | 11724 | 1986 | 60686 |
| 1961 | 3261 | 1974 | 12938 | 1987 | 69786 |
| 1962 | 3525 | 1975 | 16445 | 1988 | 78476 |
| 1963 | 3930 | 1976 | 17623 | 1989 | 88338 |
| 1964 | 4367 | 1977 | 18737 | 1990 | 99399 |

### 1990 - يىلى شىنجاڭدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى

جەدۋەل: 5 — 43

| تۈرى | ئۆلچەم بىرلىكى | سانى | ئەسلى قىممىتى (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|
| 1. ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان مۇقىم مۈلۈك | | | 70732 |
| 1) ئامبار | تۈمەن كىلوگرام | 286461 | 18578 |
| 2) ئۆي (ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتى ئۆيى، ئۈسكۈنىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) | كۋادرات مېتىر | 796912 | 21215 |
| 3) لاپاس | كۋادرات مېتىر | 46546 | 648 |
| 4) ياغ بېكى (كۆلچىكى) | توننا | 77940 | 1295 |
| 5) ئاپتوموبىل | دانە | 1266 | 5329 |
| 6) كېمە . پاراخوت | دانە | 16 | 62 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 7) ئاشلىق، ياغ پىششىقلاش ئۈسكۈنىلىرى | دانە (يۈرۈش) | 4278 | 12278 |
| 8) يەم ـ خەشەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى | دانە (يۈرۈش) | 374 | 1269 |
| 9) قۇرۇتۇش مەيدانى | كۋادرات مېتىر | 1703602 | 2559 |
| 10) قورۇق تام | مېتىر | 361645 | 1020 |
| 11) باشقىلار | | | 6479 |
| 2. غەيرىي ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان مۇقىم مۈلۈك | | | 26265 |
| 1) غەيرىي ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۆي | كۋادرات مېتىر | 2160564 | 20601 |
| 2) ئاپتوموبىل | | 3150 | 2359 |
| 3) باشقىلار | | | 3305 |
| 3. ئىشلىتىلمىگەن مۇقىم مۈلۈك | | | 1461 |
| 4. ئىشلىتىلىش زۆرۈرىيىتى بولمىغان مۇقىم مۈلۈك | | | 525 |
| 5. يەر | كۋادرات مېتىر | 18070311 | 264 |
| 6. ئىجارىگە بېرىلگەن مۇقىم مۈلۈك | | | 133 |
| 7. ئىجارىگە ئېلىنغان مۇقىم مۈلۈك | | | 19 |

## 2. تۇراقلىق مۈلۈكنى سېتىۋېلىش ۋە قۇرۇش

ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ تۇراقلىق مۈلكى ئاساسلىقى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مەبلەغ سېلىش ۋە كارخانىلارنىڭ مەخسۇس فوندى ئارقىلىق سېتىۋېلىش، قۇرۇشتىن شەكىللەنگەن. 1950 — 1990 ـ يىلغىچە، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون مالىيىسى شىنجاڭنىڭ ئاشلىق كارخانىلىرىغا 393 مىليون يۈەن ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى سېلىپ (جەدۋەل: 5 — 44 كە قاراڭ)، تۈرلۈك ئاشلىق، ياغ تىجارەت مۇئەسسەسىلىرىنى قۇردى. كارخانىلارنىڭ مەخسۇس مەبلىغى ئارقىلىق، تۇراقلىق مۈلۈك سېتىۋېلىش، قۇرۇش ئىشى ئاساسلىقى 1978 ـ يىلدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلدى، 1990 ـ يىلغا قەدەر، تۇراقلىق مۈلۈك سېتىۋېلىش، قۇرۇشقا 558 مىليون يۈەن تۈرلۈك مەخسۇس مەبلەغ چىقىم قىلىندى (جەدۋەل: 5 — 45 كە قاراڭ). مەبلەغ ئىشلىتىش جەھەتتە، ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق كارخانىلىرى تىجارەت ئوبوروتىغا ئىشلىتىلىدىغان تۇراقسىز مەبلەغنى ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى ئورنىدا ئىشلىتىۋالماسلىق بەلگىلىمىسىنى قەتئىي ئىجرا قىلدى.

1955 ـ يىل 12 ـ ئايدا ئاشلىق نازارىتى ئاشلىق مىنىستىرلىكى تارقاتقان «دۆلەت ئاشلىق ئاپپاراتلىرىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش بىلەن خىراجەتنى ئايرىش مەسىلىسى توغرىسىدا ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» گە ئاساسەن، ئاساسىي قۇرۇلۇش بىلەن خىراجەت چىقىمى دائىرىسىنى ئېنىق ئايرىدى: ئومۇمەن يېڭىدىن قۇرۇلغان، كېڭەيتىلگەن، ئۆزگەرتىلگەن ئاشلىق، ياغ تىجارەت مۇئەسسەسىلىرى شۇنىڭدەك سېتىۋېلىنىدىغان ئاشلىق، ياغ تىجارىتىگە كېرەكلىك تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ قىممىتى 200 يۈەندىن ئاشسا، ئۇ ئاساسىي قۇرۇلۇش ياكى پارچە ـ پۇرات ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ئاجرىتىلغان پۇلدىن ھەل قىلىنىدۇ؛ ئەسلىدىكى تۇراقلىق مۈلۈكنى كېڭەيتىش ـ تولۇقلاش، ئۆزگەرتىش ۋە ئۈسكۈنىلەرنى كۆپەيتىش، تولۇقلاشقا توغرا كەلسە، قىممىتى 100 يۈەندىن يۇقىرى، 200 يۈەندىن تۆۋەن بولسا، ئۇ چوڭ رېمونت فوندىدىن چىقىم قىلىنىدۇ. 100 يۈەندىن ئېشىپ كەتمىسە، ئۇنى ئاشلىق نازارىتى تەستىقلايدۇ، ئۇ تاۋار ئوبوروت ھەققىدىن چىقىم قىلىنىدۇ. يۇقىرىدىكى بەلگىلىمە 1962 ـ يىلغىچە ئىجرا قىلىندى.

1963 ـ يىل 7 ـ ئايدىن كېيىن ئاشلىق نازارىتى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ مالىيە چىقىمىدا ساقلىنىۋاتقان ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئاشلىق مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ئاشلىق سودا كارخانىلىرىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش سېلىنمىسى ۋە خىراجىتىنى ئايرىشنى تۆۋەندىكىچە ئۆزگەرتتى: (1) كارخانىلار ئەسلىدىكى تىجارەت ئورنىدا كەسىپكە ئېھتىياجلىق كىچىك تىپتىكى ئاددىي مۇئەسسەسەلەرنى ياكى ئەسلىدىكى تۇراقلىق مۈلۈك ئاساسىدا قوشۇمچە ئۆسكۈنىلەرنى كۆپەيتمەكچى، تېخنىكىلىق تەدبىر قوللانماقچى بولسا، ئومۇمەن ھەر بىر تۈرنىڭ بىرلىك قىممىتى 500 يۈەندىن ئاشمىسا، بۇ تاۋار ئوبوروتى خىراجىتى چىقىمى تۈرىگە كىرگۈزۈلىدۇ؛ 500 يۈەندىن يۇقىرى بولسا، تۆت تۈرلۈك خىراجەت ياكى ئاساسىي قۇرۇلۇش سېلىنمىسىدىن چىقىم قىلىنىدۇ؛ يەر سېتىۋېلىش، ئۆي ـ ئىمارەت سېتىۋېلىش ۋە سېلىشتا، چىقىمىنىڭ ئاز ياكى كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تۆت تۈرلۈك خىراجەت ياكى ئاساسىي قۇرۇلۇش سېلىنمىسىدىن چىقىم قىلىنىدۇ. (2) تىجارەتكە ئىشلىتىلىدىغان ئاددىي ئۆيلەر ۋە باشقا كەسپىي سورۇنلارغا كېرەكلىك ئاددىي ئۆيلەرنى سېلىشتا، ئومۇمەن يەككە قۇرۇلۇش قىممىتى 10 مىڭ يۈەندىن ئاشمىسا، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش شۇ جايدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتكۈزۈلسە، بۇ تۆت تۈرلۈك خىراجەتتىن چىقىم قىلىنىدۇ؛ 10 مىڭ يۈەندىن ئاشسا، ئاساسىي قۇرۇلۇش سېلىنمىسىدىن چىقىم قىلىنىدۇ. (3) ئەسلىدىكى ئۆي، ئامبار ۋە باشقا قۇرۇلۇشلار ئۇزۇن يىل رېمونت قىلىنمىغان بولسا، ئاساسىي جەھەتتىن ئەسلىدىكى ماتېرىياللارنى ئىشلىتىش شەرتى ئاستىدا، قىسمەن ماتېرىياللار ئالماشتۇرۇلۇپ رېمونت قىلىنغان بولسا، تاۋار ئوبوروت خىراجىتى رېمونت خىراجىتى چىقىم تۈرىگە كىرگۈزۈلىدۇ. (4) كەسىپ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، ئەسلىدىكى ئامبار، ئۆيلەرنى چېقىش زۆرۈر بولۇپ، ئەسلىدىكى ماتېرىيال، ئۆسكۈنىلەردىن پايدىلىنىپ ياكى قىسمەن ماتېرىيال، ئۆسكۈنىلەرنى ئالماشتۇرۇپ، تولۇقلاپ شۇ ئورۇنغا قايتا سېلىشقا توغرا كەلسە، ھەر بىر قۇرۇلۇشقا كېرەكلىك چىقىم 10 مىڭ يۈەندىن ئاشمىسا ھەمدە شۇ جايدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتكەن بولسا، بۇ تۆت تۈرلۈك خىراجەتتىن چىقىم قىلىنىدۇ؛ 10 مىڭ يۈەندىن ئاشسا، ئاساسىي قۇرۇلۇش سېلىنمىسىدىن چىقىم قىلىنىدۇ.

1964 ـ يىلدىن كېيىن، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ بەلگىلىمىسى ئىجرا قىلىنىپ، ئاشلىق سودا كارخانىلىرىنىڭ بادالڭ ئامبار، ئاددىي لاپاس، ئاددىي يەتكۈزۈش ئۆسكۈنىسى ۋە مال مەيدانىدىكى كۆۋرۈك، يول قاتارلىق ئاددىي قۇرۇلۇشلار ئۈچۈن قىلىنىدىغان چىقىم تاۋار ئوبوروت خىراجىتى مەخسۇس چىقىمى تۈرىگە كىرگۈزۈلدى.

1978 ـ يىلى ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ئاددىي قۇرۇلۇش خىراجىتى كارخانىلارنىڭ تاۋار ئوبوروت خىراجىتى چىقىمى تۈرىگە كىرگۈزۈلمەدى، ئاشلىق مىنىستىرلىكى مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە دەرىجىمۇ دەرىجە بۆلۈپ بەردى. شۇ يىلى 7 ـ ئايدىن باشلاپ ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ ئاددىي قۇرۇلۇش خىراجىتىنى ئىشلىتىش دائىرىسى ھەققىدىكى تۆۋەندىكى بەلگىلىمىسى ئىجرا قىلىندى: (1) ئاددىي ئامبار، بادالڭ ئامبار ۋە سىغىمى 50 توننىدىن تۆۋەن كىچىك ياغ بېكى قۇرۇشقا چىقىم قىلىنىدۇ. (2) دۆلەت تەقسىملىگەن ترانسپورت ئاپتوموبىلى سېتىۋېلىش، ئاپتوموبىل پرىتسېپىنى سەپلەش، زۆرۈر بولغان ئاپتوماتىك ئۆسكۈنىلەر ۋە باشقا پارچە ـ پۇرات تۇراقلىق مۈلۈكلەرنى كۆپەيتىش ئۈچۈن چىقىم قىلىنىدۇ. (3) ئاشلىق، يائىنى ئوراقسىز قاچىلاپ يۆتكەشكە چىقىم قىلىنىدۇ. (4) ۋاقىتلىق ئاددىي لاپاس، مال مەيدانى، قورۇق تام، قۇرۇتۇش مەيدانى، دىجورنىلىق ئۆيى، قايناقسۇخانا، مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان كىچىك كۆۋرۈك، يول قاتارلىق ئاددىي قۇرۇلۇش ۋە مۇئەسسەسەلەرگە چىقىم قىلىنىدۇ. ئومۇمەن كارخانىلار يېڭىدىن قۇرغان مەزمۇت ئامبار، تۆمۈريول مەخسۇس لىنىيىسى، سودا تور ـ نۇقتىلىرى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ياتىقىغا كېرەكلىك مەبلەغ ئاساسىي قۇرۇلۇش ياكى مەخسۇس فوند قۇرۇلۇشى

پىلانغا كىرگۈزۈلىدۇ، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ئاجرىتىلغان مەبلەغدىن ياكى مەخسۇس فوندتىن چىقىم قىلىنىدۇ. يۇقىرىدىكى بەلگىلىمە 1990 ـ يىلغىچە ئىجرا قىلىندى.

## 1950 — 1990 ـ يىلغىچە شىنجاڭدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ

جەدۋەل: 5 — 44

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| تۈرى / يىللار | ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ | | | | مەركەز سالغىنى | | | ئاپتونوم رايون سالغىنى | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | ئاساسىي قۇرۇلۇش | ئۆزى توپلىغان مەبلەغ | قەرز پۇل | جەمئىي | ئاساسىي قۇرۇلۇش | ئۆزى توپلىغان مەبلەغ | جەمئىي | ئاساسىي قۇرۇلۇش | ئۆزى توپلىغان مەبلەغ | قەرز پۇل |
| 1950 — 1952 | 247.6 | 247.6 | | | 247.6 | 247.6 | | | | | |
| 1953 — 1957 | 2347 | 1431 | 916 | | 2001 | 1431 | 570 | 346 | | 346 | |
| 1958 — 1965 | 5537 | 3093 | 2444 | | 2601 | 2601 | | 2936 | 492 | 2444 | |
| 1966 — 1978 | 5169 | 3149 | 2020 | | 2408 | 2408 | | 2761 | 741 | 2020 | |
| 1979 — 1988 | 22698 | 6303 | 14678 | 1717 | 2709 | 2709 | | 19989 | 3594 | 14678 | 1717 |
| 1989 — 1990 | 3260 | 1900 | 1360 | | 904 | 904 | | 2356 | 996 | 1360 | |
| جەمئىي | 39258.6 | 16123.6 | 21418 | 1717 | 10870.6 | 10300.6 | 570 | 28388 | 5823 | 20848 | 1717 |

## 1978 — 1990 ـ يىلغىچە شىنجاڭدىكى ئاشلىق كارخانىلىرى مەخسۇس فوندىنىڭ تۇراقلىق مۈلۈك سېتىۋېلىش، قۇرۇشقا ئىشلىتىلىشى

جەدۋەل: 5 — 45

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| تۈرى / يىللار | يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش مەبلىغى | ئاددىي قۇرۇلۇش خىراجىتى | چوڭ رېمونت فوندى | ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىيات فوندى | كارخانا فوندىنىڭ پايدىسىدىن پىرسەنت قالدۇرۇلغىنى | ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پاراۋانلىق فوندى | ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مۇكاپات فوندى | ئارتۇق ساقلانغان ئاشلىققا بېرىلگەن خىراجەت | تەڭشەش فوندى ۋە ئاجرىتىلغان باشقا مەبلەغ | زاپاس فوند | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1978 | 720 | 546 | | | | | | | | | 1284 |
| 1979 | 1127 | 640 | | | 27 | | | | | | 1794 |
| 1980 | 1706 | 455 | | | 307 | | | | | | 2468 |
| 1981 | 1333 | 784 | | | 156 | | | | 401 | | 2674 |
| 1982 | 1437 | 421 | | | 216 | | | | 138 | | 2262 |
| 1983 | 1403 | 645 | | | 645 | | | | 99 | | 2792 |
| 1984 | 1797 | 971 | | | 915 | | | | 77 | | 3760 |
| 1985 | 2271 | 971 | | 1872 | | 27 | 10 | | 30 | | 5181 |
| 1986 | 2663 | 2088 | | 1541 | | 27 | 33 | | 46 | | 6398 |
| 1987 | 1934 | 908 | 268 | 1832 | | 26 | 13 | 10 | 327 | 134 | 5452 |
| 1988 | 2024 | 925 | 326 | 2178 | | 107 | 14 | 554 | 428 | 112 | 6668 |
| 1989 | 2334 | 924 | 318 | 2495 | | 81 | 84 | 173 | 702 | 1 | 7112 |
| 1990 | 2533 | 1248 | 351 | 2438 | | 165 | 36 | 192 | 984 | | 7947 |
| جەمئىي | 23282 | 11544 | 1263 | 12356 | 2266 | 433 | 190 | 929 | 3282 | 247 | 55792 |

## 1950 — 1990 - يىلغىچە شىنجاڭدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغدىن شەكىللەنگەن تۇراقلىق مۈلكى

جەدۋەل: 5 — 46

| نامى | بىرلىكى | 1950 — 1990 - يىلغىچە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغدىن شەكىللەنگەن جەمئىي تۇراقلىق مۈلۈك | | | | ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مۇددەت بويىچە سېلىنغان مەبلەغدىن شەكىللەنگەن تۇراقلىق مۈلۈك (تۈمەن يۈەن) | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئومۇمىي سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | يۈرۈش (نۇقتا) | قۇرۇلۇش ئىقتىدارى | قۇرۇلۇش كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | 1949~1952 | 1953~1957 | 1958~1965 | 1966~1978 | 1979~1988 | 1989~1990 |
| 1. ئاشلىق ئامبىرى | 100 مىليون كىلوگرام | 22501.6 | 792 | 34.86 | 1622213 | 247.6 | 1508 | 3320 | 2508 | 13853 | 1065 |
| 2. يېمەكلىك ياغ ئىسكىلاتى | توننا | 838 | 103 | 21380 | | | 34 | | 119 | 622 | 63 |
| 3. ئاشلىق، ياغ سانائىتى | | 5663 | 151 | | | | | 1234 | 751 | 2935 | 743 |
| 1) ئۇن زاۋۇتى | توننا/ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش | 3061 | 112 | 483686 | 29559 | | | 924 | 358 | 1124 | 655 |
| 2) شال ئاقلاش زاۋۇتى | توننا/ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش | 131 | 3 | 43280 | | | | 43 | | | 88 |
| 3) ياغ زاۋۇتى | توننا/ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش | 1555 | 19 | 70673 | 8596 | | | 267 | 290 | 998 | |
| 4) يېمەكلىك زاۋۇتى | توننا/ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش | 813 | 17 | 10000 | 13739 | | | | | 813 | |
| 5) ئاشلىق، ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | | 103 | 3 | | 12466 | | | | 103 | | |
| 4. يەم-خەشەك زاۋۇتى | توننا/ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش | 856 | 16 | 24000 | 4433 | | | | | 178 | 678 |
| 5. ئاشلىق، ياغ سېتىش دۇكىنى | | 1151 | 633 | | 46170 | | | 31 | 148 | 867 | 105 |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 6. ئاشلىق مەكتىپى | | 348 | 2 | | 3217 | | 12 | | | 336 | |
| 7. ئاشلىق پەن تەتقىقات ئورنى | | 86 | 1 | | 4395 | | | | | 46 | 40 |
| 8. ئىشچى-خىزمەتچىلەر ياتىقى | | 3319 | 549 | | 204876 | | 89 | 61 | 433 | 2386 | 350 |
| 9. باشقىلار | | 4496 | | | 86345 | | 704 | 891 | 1210 | 1475 | 216 |

## 1978 — 1987 - يىلغىچە شىنجاڭدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ مەخسۇس فوندىدىن شەكىللەنگەن تۇراقلىق مۈلۈك

جەدۋەل: 5 — 47

| تۈرى | بىرلىكى | 1978 | 1979 | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 984 | 1985 | 1986 | 1987 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئامبار (ئاددىي ئامبارلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) | تۈمەن كىلوگرام | 5790 | 3936 | 14198 | 18853 | 4742 | 7425 | 15768 | 12825 | 83171 | 8761 |
| | تۈمەن يۈەن | 187 | 95 | 399 | 439 | 154 | 314 | 766 | 781 | 1627 | 760 |
| ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى ئۆي (ئاددىي ئۆيلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) | كۋادرات مېتىر | 27984 | 16653 | 15174 | 33661 | 83617 | 47687 | 35774 | 28946 | 39247 | 34901 |
| | تۈمەن يۈەن | 238 | 167 | 217 | 334 | 496 | 710 | 673 | 412 | 788 | 751 |
| لاپاس (ئاددىي لاپاسمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) | كۋادرات مېتىر | 1620 | 1954 | 16073 | 8129 | 1518 | 5793 | 7760 | 3605 | 503 | 8050 |
| | تۈمەن يۈەن | 7 | 13 | 45 | 51 | 12 | 41 | 24 | 41 | 9 | 45 |
| باغ بېكى | تونىنا | | 436 | 1127 | 2562 | 518 | 2376 | 1440 | 1199 | 2325 | 3164 |
| | تۈمەن يۈەن | | 31 | 44 | 53 | 31 | 72 | 34 | 71 | 53 | 69 |
| يۈك ئاپتوموبىلى | دانە | 137 | 99 | 136 | 133 | 39 | 47 | 103 | 219 | 205 | 152 |
| | تۈمەن يۈەن | 168 | 252 | 283 | 271 | 65 | 103 | 202 | 876 | 836 | 541 |
| پرىتسېپ | دانە | | 63 | 98 | 28 | 46 | 55 | 45 | 71 | 72 | 66 |
| | تۈمەن يۈەن | | 65 | 120 | 18 | 28 | 44 | 44 | 71 | 98 | 65 |
| ئاشلىق، ياغنى ئوراقسىز توشۇش ئۈسكۈنىسى | دانە (يۈرۈش) | 57 | 70 | 157 | 40 | 43 | 18 | 14 | 28 | 27 | 23 |
| | تۈمەن يۈەن | 37 | 46 | 150 | 18 | 103 | 13 | 8 | 36 | 54 | 53 |
| ئاشلىق، ياغ ساقلاش ماشىنىسازلىق ئۈسكۈنىسى | دانە (يۈرۈش) | 191 | 230 | 131 | 161 | 77 | 40 | 57 | 56 | 119 | 115 |
| | تۈمەن يۈەن | 78 | 87 | 144 | 129 | 55 | 33 | 45 | 46 | 98 | 64 |
| ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش ئۈسكۈنىلىرى | دانە (يۈرۈش) | | 202 | 61 | 28 | 93 | 62 | 23 | 36 | 49 | 29 |
| | تۈمەن يۈەن | 2 | 117 | 50 | 18 | 51 | 79 | 89 | 41 | 72 | 57 |
| ئاشلىق، ياغ سېتىش ماشىنىسازلىق ئۈسكۈنىلىرى | دانە (يۈرۈش) | 43 | 45 | | 40 | 13 | 7 | 8 | 38 | 48 | 11 |
| | تۈمەن يۈەن | 15 | 4 | | 3 | 2 | 7 | 1 | 6 | 12 | 14 |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاشلىق، ياغنى تەقلىد قىلىپ ئىشلەش، پىششىقلاش ئۈسكۈنىلىرى | دانە (يۈرۈش) | | | | 53 | 105 | 104 | 131 | 117 | 70 | 40 |
| | تۈمەن يۈەن | | | | 36 | 32 | 53 | 103 | 118 | 67 | 33 |
| يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى | دانە (يۈرۈش) | | | | 10 | 5 | 35 | 25 | 83 | 52 | 60 |
| | تۈمەن يۈەن | | | | 5 | 13 | 30 | 46 | 98 | 131 | 104 |
| قۇرۇتۇش مەيدانى | كۋادرات مېتىر | 123689 | 77816 | 140277 | 108359 | 59557 | 211998 | 79168 | 113560 | 143972 | 116546 |
| | تۈمەن يۈەن | 94 | 81 | 130 | 155 | 73 | 146 | 114 | 159 | 218 | 188 |
| قورۇق تام | مېتىر | 16185 | 9854 | 23548 | 19215 | 27952 | 19746 | 15564 | 19859 | 17179 | 10735 |
| | تۈمەن يۈەن | 22 | 36 | 33 | 83 | 35 | 90 | 42 | 94 | 109 | 48 |
| ئىچكى - خىزمەتچىلەر ياتىقى | كۋادرات مېتىر | | 38588 | 55258 | 40823 | 59779 | 40216 | 47376 | 45478 | 39014 | 53917 |
| | تۈمەن يۈەن | | 263 | 508 | 425 | 568 | 445 | 586 | 737 | 708 | 844 |
| پىششىقلاش زاۋۇتىنىڭ ئىككى بۆلىكىدىكى ماشىنىلاشقان ئۈسكۈنىلەر | دانە (يۈرۈش) | | | | 202 | 123 | 40 | 30 | 27 | 83 | 48 |
| | تۈمەن يۈەن | | | | 162 | 149 | 38 | 25 | 51 | 119 | 142 |
| باشقا ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى | دانە (يۈرۈش) | 517 | 138 | | | 147 | 216 | 188 | 3602 | 292 | 219 |
| | تۈمەن يۈەن | 180 | 86 | 345 | 185 | 78 | 123 | 302 | 362 | 287 | 594 |
| غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى ئۆيلەر | كۋادرات مېتىر | | | | | | | 3997 | 45978 | 31162 | 23961 |
| | تۈمەن يۈەن | | | | | | | 60 | 851 | 658 | 23760 |
| باشقىلار | تۈمەن يۈەن | 256 | 451 | | 289 | 317 | 451 | 596 | 503 | 535 | 461 |
| جەمئىي | تۈمەن يۈەن | 1284 | 1794 | 2468 | 2674 | 2262 | 2792 | 3760 | 5354 | 6479 | 5593 |

ئىزاھ: 1. 1988 — 1990 - يىلغىچە بوغالتىرلىق تۈزۈمى ئۆزگەرتىلگەنلىكتىن، مەخسۇس فوند بىلەن ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىدىن شەكىللەنگەن تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ تۈرگە ئايرىلغان سانى بىرلەشتۈرۈپ تولدۇرۇلدى، شۇڭا تۈرگە ئايرىشقا مۇمكىن بولماي، جەدۋەلگە كىرگۈزۈلمىدى.

2. 1985 — 1987 - يىلغىچە، جەدۋەلگە تولدۇرۇلغان جەمئىي سان بىلەن مەخسۇس فونددىن سېتىۋېلىنىپ قۇرۇلغان تۇراقلىق مۈلۈك مەبلىغى جەدۋەلدىكى سان بىردەك ئەمەس. بۇ ئىلگىرىكى بوغالتىرلىق ئاتچوتىدا تەكشۈرمىگەن، شۇڭا ئىلگىرىكى ئاتچوت سانى بويىچە تولدۇرۇلدى.

## 3. تۇراقلىق مۈلۈكنى يۆتكەش

1953 - يىلى ئۆلكە بويىچە ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ بەلگىلىمىسى ئىجرا قىلىنىپ، تۇراقلىق مۈلۈك مەيلى ئاشلىق سىستېمىسىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى قىسمىدا يۆتكەلسۇن ياكى كارخانا ئورۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا يۆتكەلسۇن، ئالاقىدار يۆتكەپ بەرگۈچى ئورۇن تاپشۇرۇپ بېرىش - تاپشۇرۇۋېلىش رەسمىيىتىنى بېجىرىدۇ، تۇراقلىق مۈلۈك ۋە مەبلەغ ھېساباتىكى قىسمىنى بويىچە كۆپەيتىلدى ياكى ئازايتىلدى.

1958 - يىلى ئاشلىق نازارىتى مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: ئومۇمەن شۇ تارماقتا قاراشلىق ئورۇنلار ئارا، تارماق بىلەن تارماق، مەركەز بىلەن يەرلىكلەر ئارا يۆتكىلىدىغان تۇراقلىق مۈلۈك ھەقسىز يۆتكىلىپ، مال - مۈلۈكنىڭ ئېشىش - كېمىيىشى قاتارىدا بىرتەرەپ قىلىنىدۇ؛ كارخانا ئورۇنلىرى كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى ئورۇنلارغا يۆتكەپ بەرگەن تۇراقلىق مۈلۈك جەھەتتە بازار باھاسىدىن تۆۋەن ئۆلچەم بويىچە كېڭىشىپ باھا قويۇلىدۇ، يۆتكەپ چىقارغۇچى ئورۇننىڭ باھا پۇلى كىرىمى ئاشلىق نازارىتىگە تاپشۇرۇلىدۇ، ئۇ ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك چىقىمغا ئىشلىتىلىدۇ.

1963 - يىلى ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ بەلگىلىمىسى ئىجرا قىلىنىپ، تۇراقلىق مۈلۈكنى ئاشلىق سىستېمىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئورۇنلار ئارا يۆتكەشتە، يۆتكەپ كىرگۈزگۈچى ۋە چىقارغۇچى ئىككى تەرەپ بىر دەرىجە يۇقىرى مەسئۇل تارماقنىڭ تەستىقلىشىغا يوللىدى؛ تۇراقلىق مۈلۈكنى ئاشلىق سىستېمىسىدىن

باشقا ئورۇنغا يۆتكەشتە ئاۋۋال ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللىدى؛ ئاشلىق كارخانىلىرى بىلەن كوللېكتىپ ئورۇنلار ئارا يۆتكىلىدىغان تۇراقلىق مۈلۈك سېتىش ۋە سېتىۋېلىش قاتارىدا بىرتەرەپ قىلىنىپ، تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇلۇپ، سوپېتىگە قاراپ باھا قويۇلدى. تۇراقلىق مۈلۈكنى سېتىش كىرىمى ئاشلىق نازارىتىگە تاپشۇرۇلۇپ، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ ئىشلىتىلدى. شۇ يىلى 8 - ئايدا يەنە مۇنۇلار بەلگىلەندى: ئاشلىق، ياغ ئامبارلىرى، ئاشلىق يۇيۇش، قۇرۇتۇش، يەتكۈزۈش ماشىنىلىرى قاتارلىق چوڭ تىپتىكى ئاشلىق ئامبىرى ماشىنىسازلىق ئۈسكۈنىلىرى ۋە ماشىنىلىرىدىن باشقا تۇراقلىق مۈلۈكلەرنى ئاشلىق سىستېمىسىنىڭ سىرتىغا يۆتكەشتە ئۇلار ئاۋۋال ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، باشقا تۇراقلىق مۈلۈكلەرنى سىرتقا يۆتكەشنى ئاشلىق نازارىتى تەستىقلايدۇ.

1966 - يىلى ئاشلىق سىستېمىسىنىڭ سىرتىغا يۆتكىلىدىغان تۇراقلىق مۈلۈكلەرنى تەستىقلاش تەرتىپى يەنىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇلدى: رەسمىي ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرىدىكى ئامبار ۋە ياغاچ - خىش قۇرۇلمىلىق ئاددىي ئامبارلارنى ئاشلىق نازارىتى تەكشۈرۈپ، ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللىغاندىن سىرت، باشقا تۈردىكى تۇراقلىق مۈلۈكلەرنى بىر دەك ئاشلىق نازارىتى تەستىقلىدى.

1979 - يىل 7 - ئايدىن باشلاپ، ئاشلىق مىنىستىرلىكى ۋە مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ «دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنى ھەقلىق يۆتكەشنى يولغا قويۇپ، باھا ھېسابلاپ پۇل ئېلىش» بەلگىلىمىسى ئىجرا قىلىندى. ئاشلىق كارخانىلىرى تۇراقلىق مۈلۈكلەرنى يۆتكەپ كىرگۈزۈشكە كېرەكلىك مەبلەغ ئاساسىي قۇرۇلۇش ئېھتىياجىغا تەۋە بولسا، بۇ ئاساسىي قۇرۇلۇش سېلىنمىسىدىن چىقىم قىلىندى؛ كارخانىلارنىڭ يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش ئېھتىياجىغا تەۋە بولسا، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش مەبلىغىدىن چىقىم قىلىندى؛ ئاددىي قۇرۇلۇش خىراجىتى تۈرى ئېھتىياجىغا تەۋە بولسا، ئاددىي قۇرۇلۇش خىراجىتىدىن چىقىم قىلىندى. سىرتقا يۆتكەلگەن تۇراقلىق مۈلۈكتىن قىلىنغان باھا پۇلى كىرىمى كارخانىلارنىڭ تۇراقلىق مۈلۈكلەرنى يېڭىلاش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە ئىشلىتىشكە قالدۇرۇلدى. كارخانىلار ئىشلەتمەيدىغان ۋە ئىشلەتمىگەن تۇراقلىق مۈلۈكلەر ئىجارىگە بېرىلسە، ئىجارىگە ئالغان ئورۇندىن ئېلىنغان ئىجارە ھەققى، ئامورتىزاتسىيە خىراجىتىنى چىقىشتۇرۇشقا ئىشلىتىلدى.

## 4. تۇراقلىق مۈلۈكنى رېمونت قىلىش ۋە بىراكقا چىقىرىش

مۇقىم مۈلۈكنى رېمونت قىلىش — چوڭ رېمونت ۋە كىچىك رېمونتقا بۆلۈنىدۇ. كىچىك رېمونت ھەققى كارخانا خىراجىتى (تەننەرخ) گە بىۋاسىتە كىرگۈزۈلىدۇ، چوڭ رېمونت ھەققى مالىيە بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن مۇددەت بويىچە چىقىم قىلىنىدۇ.

1962 - يىلى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنى چوڭ رېمونت قىلىشتا، ھەر قېتىملىق خىراجەت رېمونت قىلىنىدىغان تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئەسلى باھا قىممىتىنىڭ %50 ىدىن ئاشمىسا، مۇشۇ بەلگىلىمە بويىچە ئاجرىتىلىدىغان چوڭ رېمونت فوندىدىن چىقىم قىلىندى.

1963 - يىلى ئاشلىق نازارىتىنىڭ «ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ بىرقانچە تۈرلۈك خىراجىتىنى ئايرىش مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» ىدا مۇنۇلار بەلگىلەندى: تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ھەر قېتىملىق يەككە تۈردىكى چوڭ رېمونت ھەققى رېمونت قىلىنىدىغان تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئەسلى باھا قىممىتىنىڭ %20 ىدىن ئېشىپ كەتسە ياكى مۇتلەق سوممىسى 1000 يۈەندىن يۇقىرى بولسا، بۇ چوڭ رېمونت ھېسابلىنىدۇ. كارخانىلار چوڭ رېمونت قىلىشتا تېگىشلىك قۇرۇلۇش جەھەتتە، دەرىجە بويىچە ئاشلىق نازارىتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا يوللىنىشى كېرەك. چوڭ رېمونت ھەققى چىقىمى تۇتۇپ قېلىنىپ ئامانەت قويۇلغان چوڭ رېمونت فوندىدىن چىقىم قىلىنىدۇ، چوڭ رېمونت فوندى چىقىمغا يەتمىسە، ئاۋۋال بانكىدىن قەرز ئېلىنىپ، ئاندىن كېيىنكى يىلى تۇتۇپ قېلىنىپ ئامانەت قويۇلىدىغان چوڭ رېمونت فوندىدىن قايتۇرۇلسا بولىدۇ. بۇ بەلگىلىمىدىكى چوڭ

رېمونت قىلىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپى، ھوقۇق دائىرىسى 1964 - يىلىغىچە، چوڭ رېمونتقا كېرەكلىك چىقىمنى مالىيەدىن بىرتەرەپ قىلىش چارىسى 1974 - يىلىغىچە ئىجرا قىلىندى.

1964 - يىلى ئاشلىق نازارىتى «تۇراقلىق مۈلۈكنى رېمونت قىلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» ئارقىلىق، تۇراقلىق مۈلۈكنى چوڭ رېمونت قىلىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇق دائىرىسىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزدى، ئومۇمەن كارخانىلارنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنى چوڭ رېمونت قىلىشقا كېرەكلىك چىقىم رېمونت قىلىنىدىغان تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئەسلى باھا قىممىتىنىڭ 50% ىدىن تۆۋەن بولۇپ، سوممىسى 2500 يۈەن ئىچىدە بولسا، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا دەرىجىمۇ دەرىجە يوللاشنى بەلگىلىدى. يۇقىرىدىكى بەلگىلىمىدىن ئېشىپ كەتكىنىنى ئاشلىق نازارىتى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى.

1965 - يىل 6 - ئايدا ئاشلىق نازارىتى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، تۇراقلىق مۈلۈكنى چوڭ رېمونت قىلىشتا «تۆت ئەسلى» (يەنى ئەسلى ئورۇن، ئەسلى قۇرۇلما، ئەسلى كۆلەم، ئاساسەن ئەسلى ماتېرىيال ئىشلىتىش) پرىنسىپىغا چوقۇم ئەمەل قىلىشنى بەلگىلىگەندىن باشقا، تۇراقلىق مۈلۈكنى چوڭ رېمونت قىلىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇق دائىرىسىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، ئومۇمەن ھەر قېتىملىق رېمونت ھەققى 3000 يۈەندىن ئاشمىغانلىرىنى ناھىيىلىك، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى تەستىقلاشنى، 3000 — 8000 يۈەنگىچە بولغانلىرىنى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى تەستىقلاشنى (ئىلى ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقى 10 مىڭ يۈەن ئىچىدە بولۇشنى) بەلگىلىدى. يۇقىرىدىكى بەلگىلىمىدىن ئېشىپ كەتكەنلىرىنى ئاشلىق نازارىتى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى.

1974 - يىلدىن كېيىن ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنى رېمونت قىلىش چوڭ رېمونت ۋە كىچىك رېمونتقا ئايرىلمىدى، ئومۇمەن كارخانىلارنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنى رېمونت قىلىش خىراجىتى كارخانا خىراجىتى (تەننەرخى) چىقىم تۈرىگە بىۋاسىتە كىرگۈزۈلدى، چوڭ رېمونت فوندىنى ئالدىن ئاجرىتىش چارىسى ئىجرا قىلىنىشتىن توختىتىلدى. بىراق چوڭ رېمونتنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپى ۋە ھوقۇق دائىرىسى يەنىلا داۋاملىق ئىجرا قىلىندى.

ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنى ئىشلەتكىلى بولماي، براكقا چىقىرىۋېتىش زۆرۈر بولسا، 1983 - يىلدىن بۇرۇن ئاشلىق نازارىتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا دەرىجىمۇ دەرىجە يوللاندى، براكقا چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىنكى ساپ كىرىم ئاشلىق نازارىتىگە دەرىجىمۇ دەرىجە تاپشۇرۇلدى. 1984 - يىلدىن كېيىن كارخانىلارنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنى براكقا چىقىرىشتا، كارخانا رەھبەرلىرى، تېخنىك خادىملار ۋە ئىشچىلار قاتناشتۇرۇلغان باھالاش گۇرۇپپىسىنىڭ باھالىشىدىن ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا دەرىجىمۇ دەرىجە يوللاندى؛ ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنى براكقا چىقىرىشنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى. ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنى براكقا چىقىرىشتىن قىلىنغان ساپ كىرىم يۇقىرىغا تاپشۇرۇلماي، كارخانىلارنىڭ ئىشلىتىشىگە قالدۇرۇلدى.

## 5 §. خىراجەت باشقۇرۇش

1950 — 1990 - يىلىغىچە شىنجاڭنىڭ ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ تاۋار ئوبوروت خىراجەت چىقىمى ئاشلىق، ياغ تىجارەت مىقدارىنىڭ ئېشىشى، مال باھاسىنىڭ تەڭشىلىشى، بانكا قەرز ئۆسۈمىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ

يىلمۇ يىل كۆپەيدى. 40 يىلدا، تاۋار ئوبوروت خىراجىتى ئۈچۈن 4 مىليارد 110 مىليون يۈەن چىقىم قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، كىرا ھەققى ۋە پارچە خىراجەت چىقىمى 1 مىليارد 840 مىليون يۈەن بولۇپ، چىقىمنىڭ %44.8 نى؛ ئۇسۇم چىقىمى 640 مىليون يۈەن بولۇپ، %15.6 نى؛ مائاش چىقىمى 520 مىليون يۈەن بولۇپ، %12.7 نى ئىگىلىدى (جەدۋەل: 5 — 48 گە قاراڭ).

1950 — 1951 - يىللىرى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسى غەللە - پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش - باشقۇرۇش خىراجىتىنى ھېسابلاشنى باشقۇرۇپ، خام چوت تۈزۈمىنى يولغا قويدى، ئۆلكىدىن تۆۋەن ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرى ھېساب ئۆتكۈزۈش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. بارلىق خىراجەت چىقىمىنى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسى مالىيە مىنىستىرلىكى بەلگىلىگەن ئالتە خىراجەت تۈرى بويىچە تەكشۈرۈپ ھېساباتىن كۆتۈرىۋەتتى. شىنجاڭنىڭ تاشيول ترانسپورت مۇساپىسى ئۇزۇن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاشلىق خىراجىتى ئاساسلىقى يۆتكەش خىراجىتى ئۈچۈن چىقىم قىلىندى. 1950 - يىللىق يۆتكەش خىراجىتى چىقىمى 9 مىليون 560 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئاشلىق خىراجىتى چىقىمىنىڭ %25.80 نى ئىگىلىدى.

1952 - يىل 6 - ئايدا ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى مۇستەقىل ھېساباتنى، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئورۇنلار يەنىلا ھېساب ئۆتكۈزۈش تۈزۈمىنى يولغا قويدى.

1953 - يىلى ئۆلكىلىك ئاشلىق نازارىتى ئاشلىق تىجارىتىنى بىر تۇتاش باشقۇرغاندىن كېيىن، ئاشلىق خىراجىتىنى «دەرىجە بويىچە مەسئۇل بولۇش، كەسىپ بويىچە باشقۇرۇش» يولغا قويۇلدى، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى ئاشلىق خىراجەت خام چوتىنى ئاي، پەسىل بويىچە تۈزۈپ، ئۆلكىلىك ئاشلىق نازارىتىگە يوللاپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئىجرا قىلدى. شۇ يىلى يۆتكەلگەن مىقدارى ئازايتىلغانلىقتىن، خىراجەت ئومۇمىي سوممىسى ئالدىنقى يىلدىكى 14 مىليون 820 مىڭ يۈەندىن 11 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە تۆۋەنلىدى. 1954 — 1955 - يىللىرى يۆتكەش خىراجىتى ئاشلىق خىراجىتى تىجارەت مىقدارىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ ئېشىپ، 25 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كىرا ھەققى ۋە پارچە خىراجەت 1954 - يىلى %53.93 نى، 1955 - يىلى %48.23 نى ئىگىلىدى.

1956 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق سىستېمىسىدا «ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ بوغالتىرلىق تۈزۈمى» يولغا قويۇلۇپ، «ئاشلىق خىراجىتى» ھېساب تۈرى «تاۋار ئوبوروتى خىراجىتى» ھېساب تۈرىگە ئۆزگەرتىلدى، ئۇنىڭ ئاستىدا 14 تارماق تۈر تەسىس قىلىنىپ، بوغالتىرلىق ھېساباتى قىلىندى. شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاشلىق نازارىتى «ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ تاۋار ئوبوروت خىراجىتىنى باشقۇرۇش چارىسى» نى تارقىتىپ، تاۋار ئوبوروت خىراجىتىگە قارىتا «پىلاننى تىزگىنلەپ، نورمىلىق باشقۇرۇش» نى يولغا قويدى. نورما كۆرسەتكۈچى سەككىز تۈرگە بۆلۈنۈپ، دەرىجىمۇ دەرىجە تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى، يىل ئاخىرىدا باھالىنىپ، تېجىگەنلەر مۇكاپاتلاندى.

1959 - يىلى ئاشلىق مىنىستىرلىكى تاۋار ئوبوروت خىراجىتىگە قارىتا پىلان كۆرسەتكۈچىنى تىزگىنلەپ باشقۇرۇش، ئېشىنغىنىدىن پىرسەنت ئايرىش چارىسىنى يولغا قويدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق كارخانىلىرىغا بېكىتىپ بېرىلگەن خىراجەت پىلانىنى ھۆددىگە بېرىش كۆرسەتكۈچى 43 مىليون 680 مىڭ يۈەن، 5000 كىلوگرام ئاشلىق، ياغ تىجارىتىگە سەرپ قىلىنغان خىراجەت كۆرسەتكۈچى 102 يۈەن، خىراجەتنى تۆۋەنلىتىش نىسبىتى كۆرسەتكۈچى %10.06 بولدى. ئاشلىق نازارىتى بۇ پىلان كۆرسەتكۈچىنى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق كارخانىلىرىغا تەقسىملەپ، «خىراجەتنى ھۆددىگە بېرىش» نى يولغا قويدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر مىللەت ئاشلىق ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ تىرىشىشى ئارقىلىق، شۇ يىللىق خىراجەت ئومۇمىي سوممىسى پىلان كۆرسەتكۈچىدىكىدىن 870 مىڭ يۈەن تېجەلدى. 5000 كىلوگرام ئاشلىق، ياغ تىجارىتىگە سەرپ قىلىنغان بىرلىك خىراجەت 104.25 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 2.5 يۈەن تۆۋەنلىدى.

1960 — 1962 ـ يىلىغىچە، تاۋار ئوبوروت خىراجىتىنى باشقۇرۇش جەھەتتە گەرچە خام چوت بىلەن نورمىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ۋە دەرىجە بويىچە تۈزۈپ يوللاپ، تەستىقلىتىشتىن ئىبارەت قاتتىق تىزگىنلەش چارىسى يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاشلىق تەمىنات ئېھتىياجى سەۋەبىدىن، ئوتتۇرىچە يۆتكەش مۇساپىسى ئازكەم 2000 كىلومېتىر بولغان جەنۇبىي شىنجاڭ (خوتەن، قەشقەر) دىن شىمالىي شىنجاڭغا زور مىقداردا ئاشلىق يۆتكەلدى، نەتىجىدە ئاشلىق يۆتكەش كىرا ھەققى ۋە پارچە خىراجەت يىلمۇ يىل زور مىقداردا كۆپىيىپ كەتتى. 1962 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق، ياغ يۆتكەش كىرا ھەققى ۋە پارچە خىراجەت چىقىمى 49 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1958 ـ يىلدىكىنىڭ 3.1 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. 5000 كىلوگرام ئاشلىق، ياغ تىجارىتىگە سەرپ قىلىنغان بىرلىك خىراجەت 305.41 يۈەنگە يەتتى.

1963 ـ يىل 7 ـ ئايدا ئاشلىق نازارىتى ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ «ئاشلىق، ياغ يۆتكەش خىراجىتىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» ىغا ئاساسەن، «ئاشلىق سودا كارخانىلىرىنىڭ تاۋار ئوبوروت خىراجىتىنى باشقۇرۇشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» نى تارقىتىپ، تاۋار ئوبوروت خىراجىتىنى تېخىمۇ قاتتىق ۋە ئىنچىكە باشقۇرۇشنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاشلىق ۋەزىيىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، «جەنۇبنىڭ ئاشلىقىنى شىمالغا يۆتكەش» توختىتىلىپ، خىراجەت چىقىمى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىتىلدى. 1964 ـ يىللىق تاۋار ئوبوروت خىراجىتى ئومۇمىي سوممىسى 1962 ـ يىلدىكىدىن 10 مىليون 340 مىڭ يۈەن تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە كىرا ھەققى ۋە پارچە خىراجەت 15 مىليون 400 مىڭ يۈەن ئازايدى.

1965 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ئاشلىقى داۋاملىق مىرتقا يۆتكەلدى ۋە ئېكسپورت قىلىندى. سالدۇ ئېشىپ، مەركەزلەشتۈرۈپ يۆتكەش مىقدارى كۆپەيگەنلىكتىن، خىراجەت كۆرۈنەرلىك ئۆرلەپ كەتتى، 1965 ـ يىللىق تاۋار ئوبوروت خىراجىتى 1964 ـ يىلدىكىدىن 30 مىليون 390 مىڭ يۈەن ساپ كۆپەيدى. 1966 — 1967 ـ يىللىق خىراجەتتە يەنىلا بىرقەدەر يۇقىرى سەۋىيە ساقلاپ قېلىندى.

1968 — 1972 ـ يىلىغىچە شىنجاڭنىڭ ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ تاۋار ئوبوروت خىراجىتى سوممىسى ئاساسەن مۇقىم بولدى. 1973 ـ يىلدىن باشلاپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن زور مىقداردا ئاشلىق يۆتكەپ كېلىنگەنلىكتىن، تاۋار ئوبوروت خىراجىتى يىلمۇيىل ئۆرلىدى. 1975 — 1977 ـ يىلىغىچە ھەر يىللىق خىراجەت 80 مىليون يۈەندىن ئېشىپ، 1972 ـ يىلدىكىدىن %47.66 — %57.34 كىچە كۆپەيدى. 1977 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى مالىيە مىنىستىرلىكى، سودا مىنىستىرلىكىنىڭ «ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ خىراجەتنى يەنىمۇ تۆۋەنلىتىپ، زىياننى ئازايتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نى تارقىتىپ، ئاشلىق سودا كارخانىلىرىدىن 5000 كىلوگرام ئاشلىق، ياغ تىجارىتىگە سەرپ قىلىنغان بىرلىك خىراجەتنى ئالدىنقى يىلدىكىدىن %5، ئاشلىق، ياغ سانائەت تەننەرخىنى %6 تۆۋەنلىتىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە «تىجارەت باشقۇرۇشنى ياخشىلاش ئىشخانىسى» قۇرۇپ، پۈتۈن سىستېمىنىڭ «مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ چىقىمنى تېجەش، زىياننى توگىتىپ پايدىنى ئاشۇرۇش» خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتتى. 1978 ـ يىللىق تاۋار ئوبوروت خىراجىتى ئومۇمىي سوممىسى 1977 ـ يىلدىكىدىن %11.95 تۆۋەنلىدى. 1980 ـ يىلى، ئاپتونوم رايون جەنۇبىي شىنجاڭدىكى دېھقانلارغا قارىتا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، «شىمالنىڭ ئاشلىقىنى جەنۇبقا يۆتكەش» مىقدارىنى كۆپەيتكەنلىكتىن، كىرا ھەققى ۋە پارچە خىراجەت تېز ئۆرلەپ كەتتى، شۇ يىلى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ كىرا ھەققى ۋە پارچە خىراجەت چىقىمى 93 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1978 ـ يىلدىكىدىن 1.18 ھەسسە ئاشتى. 1980 ـ يىلدىن باشلاپ، ئاشلىق تاۋار ئوبوروت خىراجىتى ئومۇمىي سوممىسى 100 مىليون يۈەندىن ئاشتى، 1982 ـ يىلى 148 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1978 ـ يىلدىكىدىن %91.14 كۆپەيدى.

1983 — 1985 ـ يىلىغىچە ئاپتونوم رايون مالىيىسى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىگە قارىتا ئاپتونوم

رايون بويىچە ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ مالىيە كۆرسەتكۈچىنى ئۈچ يىلدا بىر قېتىم بېكىتىش، ئاشقان زىياننى تولۇقلىماسلىق، ئېشىندىنى ئۆزىگە قالدۇرۇشتىن ئىبارەت چولڭ ھۆددىگەرلىك چارىسىنى يولغا قويدى. ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى يەنە ھۆددىگەرلىك كۆرسەتكۈچىنى ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرىغا دەرىجىمۇ دەرىجە تەقسىم قىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ تىرىشىشى نەتىجىسىدە، 1983 - يىلى ئاشلىق تاۋار ئوبوروت خىراجىتى چىقىمى 1982 - يىلدىكىدىن 15 مىليون 410 مىڭ يۈەن تۆۋەنلىدى. 1984 — 1985 - يىللىرى، گەرچە ئاشلىق، ياغ تاۋار ئوبوروت خىراجىتى ئومۇمىي چىقىمى سەل ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئاشلىق، ياغ تىجارەت مىقدارىنىڭ ئېشىشىغا سېلىشتۇرغاندا ئېشىش مىقدارى نىسبەتەن ئاز بولدى.

1986 — 1990 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق مالىيىسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، ئۆلكىلەر ۋە ۋىلايەتلەر ئارا يۆتكەش خىراجىتىنى يەنىلا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىگىلەپ، پىلانلىق باشقۇرۇشنى يولغا قويدى. بۇ مەزگىلدە ئاشلىق، ياغ ۋەزىيىتى تۈپتىن ياخشىلاندى، سېتىۋېلىش - سېتىشتىن ئېشىنچا بولدى، سالدۇ كۆپەيدى. بەش يىلدا ئاپتونوم رايون سىرتىغا 888 مىليون كىلوگرام تەكشە باھالىق ئاشلىق، 52 مىليون 160 مىڭ كىلوگرام ياغ يۆتكەلدى. 1990 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق، ياغ تىجارەت مىقدارى 6 مىليارد 374 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، 1985 - يىلدىكى 5 مىليارد 13 مىليون كىلوگرامدىن 27.14% ئاشتى، ئۇنىڭغا مال باھاسى ئۆسكەنلىك، دۆلەت كۆپ قېتىم بانكا قەرز ئۆسۈمىنى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق ئامىللارنى قوشقاندا، خىراجەت ئومۇمىي سوممىسى شىددەت بىلەن كۆپەيدى. 1990 - يىلغا قەدەر، ئاشلىق، ياغ تىجارەت خىراجىتى ئومۇمىي سوممىسى 434 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1985 - يىلدىكىدىن 1.5 ھەسسە ئاشتى. خىراجەت چىقىمى ئومۇمىي سوممىسى ئىچىدە بانكا ئۆسۈمىنىڭ ئېشىشى ئەڭ تېز بولۇپ، سوممىسى 138 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1985 - يىلدىكىدىن 5.4 ھەسسە ئاشتى؛ ئۇنىڭدىن قالسا ساقلاش خىراجىتى بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى تېز ئاشتى، 1985 - يىلدىكىدىن ساقلاش خىراجىتى 1.84 ھەسسە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى 1.1 ھەسسە ئاشتى.

### 1952 — 1990 - يىلغىچە شىنجاڭدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ تەكشە ۋە كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغ تاۋار ئوبوروت خىراجىتى

جەدۋەل: 5 — 48　　　　بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| تۈر / يىللار | خىراجەت ئومۇمىي سوممىسى | بۇنىڭ ئىچىدە | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | كىرا ھەققى ۋە پارچە خىراجەت | ساقلاش خىراجىتى | ئۆسۈم | ئامورتىزاتسىيە خىراجىتى | رېمونت خىراجىتى | ئوراش - قاچىلاش خىراجىتى | ئىش ھەققى | باشقىلار |
| 1952 | 1482 | 843 | 71 | 236 | 43 | | 141 | 52 | 96 |
| 1953 | 1170 | 674 | 44 | 160 | 44 | | 107 | 42 | 99 |
| 1954 | 2279 | 1229 | 68 | 589 | 56 | 1 | 37 | 95 | 204 |
| 1955 | 2598 | 1253 | 122 | 659 | 55 | 5 | 70 | 187 | 247 |
| 1956 | 2617 | 1359 | 92 | 454 | 83 | 6 | 76 | 287 | 260 |
| 1957 | 3227 | 1920 | 81 | 336 | 86 | 30 | 87 | 386 | 301 |
| 1958 | 3255 | 1594 | 110 | 411 | 94 | 49 | 100 | 409 | 488 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 368 | 460 | 68 | 30 | 125 | 605 | 129 | 2496 | 4281 | 1959 |
| 481 | 500 | 58 | 38 | 153 | 616 | 163 | 3649 | 5658 | 1960 |
| 185 | 573 | 94 | 46 | 165 | 476 | 135 | 4472 | 6146 | 1961 |
| 337 | 596 | 140 | 54 | 182 | 425 | 116 | 4909 | 6759 | 1962 |
| −213 | 590 | 209 | 45 | 160 | 379 | 61 | 4465 | 5696 | 1963 |
| 531 | 629 | 155 | 130 | 170 | 617 | 124 | 3369 | 5725 | 1964 |
| 681 | 680 | 166 | 242 | 183 | 1053 | 146 | 5613 | 8764 | 1965 |
| 616 | 685 | 180 | 182 | 194 | 1128 | 140 | 4235 | 7360 | 1966 |
| 891 | 658 | 162 | 153 | 224 | 1524 | 137 | 4253 | 8220 | 1967 |
| 719 | 659 | 110 | 149 | 329 | 1431 | 112 | 3005 | 6514 | 1968 |
| 509 | 674 | 99 | 154 | 242 | 925 | 73 | 2266 | 4942 | 1969 |
| 584 | 717 | 109 | 136 | 316 | 1182 | 105 | 3276 | 6425 | 1970 |
| 669 | 767 | 135 | 150 | 339 | 1403 | 148 | 2932 | 6543 | 1971 |
| 619 | 812 | 113 | 172 | 356 | 969 | 197 | 2392 | 5630 | 1972 |
| 651 | 970 | 148 | 214 | 386 | 858 | 151 | 2820 | 6198 | 1973 |
| 675 | 972 | 132 | 201 | 452 | 868 | 151 | 3622 | 7073 | 1974 |
| 978 | 975 | 159 | 253 | 492 | 698 | 163 | 5140 | 8858 | 1975 |
| 1068 | 1045 | 193 | 246 | 548 | 765 | 210 | 4238 | 8313 | 1976 |
| 1327 | 1073 | 222 | 302 | 575 | 794 | 227 | 4319 | 8839 | 1977 |
| 686 | 1226 | 181 | 164 | 646 | 461 | 117 | 4302 | 7783 | 1978 |
| 913 | 1333 | 398 | 328 | 693 | 415 | 182 | 5590 | 9852 | 1979 |
| 1193 | 1686 | 278 | 2064 | 651 | 712 | 326 | 9383 | 16293 | 1980 |
| 1156 | 1751 | 261 | 1139 | 754 | 901 | 299 | 7631 | 13892 | 1981 |
| 1451 | 1873 | 328 | 2094 | 842 | 1283 | 395 | 6611 | 14877 | 1982 |
| 1562 | 1992 | 381 | 939 | 937 | 1373 | 362 | 5790 | 13336 | 1983 |
| 1682 | 2362 | 362 | 1354 | 992 | 1716 | 441 | 6074 | 14983 | 1984 |
| 2131 | 2618 | 409 | 1652 | 1206 | 2161 | 780 | 6413 | 17370 | 1985 |
| 2731 | 3342 | 414 | 2199 | 1337 | 2976 | 1209 | 9658 | 23866 | 1986 |
| 3068 | 3473 | 420 | 1843 | 1505 | 3266 | 908 | 11479 | 25962 | 1987 |
| 3795 | 4213 | 399 | 2505 | 1617 | 4558 | 1110 | 10934 | 29131 | 1988 |
| 4330 | 4673 | 464 | 2470 | 1853 | 11164 | 1195 | 9717 | 35866 | 1989 |
| 5609 | 5613 | 516 | 3966 | 2083 | 13782 | 2215 | 9600 | 43384 | 1990 |

### 1958 — 1990 ـ يىلغىچە شىنجاڭدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ھەر تونna ئاشلىق، ياغ تىجارەت خىراجىتى

جەدۋەل: 5 — 49

بىرلىكى: يۈەن

| تۈرى / يىللار | خىراجەت ئومۇمىي سوممىسى | بۇنىڭ ئىچىدە: كىرا ھەققى ۋە باشقا خىراجەت | ساقلاش خىراجىتى | ئۈسۈم | ئىش ھەققى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1958 | 21.35 | 10.46 | 0.72 | 2.70 | 2.68 |
| 1959 | 20.85 | 12.15 | 0.63 | 2.95 | 2.24 |
| 1960 | 28.40 | 18.32 | 0.82 | 3.09 | 2.51 |
| 1961 | 42.84 | 31.17 | 0.94 | 3.32 | 3.99 |
| 1962 | 61.08 | 44.36 | 1.05 | 3.84 | 5.39 |
| 1963 | 49.96 | 39.17 | 0.54 | 3.32 | 5.18 |
| 1964 | 32.41 | 19.07 | 0.70 | 3.49 | 3.56 |
| 1965 | 43.97 | 28.16 | 0.73 | 5.28 | 3.41 |
| 1966 | 33.11 | 19.05 | 0.63 | 5.07 | 3.08 |
| 1967 | 36.10 | 19.19 | 0.62 | 6.88 | 2.97 |
| 1968 | 34.95 | 16.12 | 0.62 | 6.88 | 2.97 |
| 1969 | 33.15 | 15.20 | 0.49 | 6.20 | 4.52 |
| 1970 | 32.05 | 16.34 | 0.52 | 5.90 | 3.58 |
| 1971 | 33.59 | 15.05 | 0.76 | 7.20 | 3.94 |
| 1972 | 30.37 | 12.90 | 1.06 | 5.23 | 4.38 |
| 1973 | 35.35 | 15.21 | 0.86 | 4.89 | 5.53 |
| 1974 | 39.54 | 20.25 | 0.85 | 4.85 | 5.43 |
| 1975 | 39.23 | 22.76 | 0.72 | 3.09 | 4.32 |
| 1976 | 35.56 | 18.13 | 0.90 | 3.27 | 4.47 |
| 1977 | 38.19 | 18.66 | 0.98 | 3.43 | 4.64 |
| 1978 | 26.2 | 14.52 | 0.39 | 1.56 | 4.14 |
| 1979 | 29.69 | 16.84 | 0.55 | 1.25 | 4.02 |
| 1980 | 44.37 | 25.55 | 0.89 | 1.94 | 4.59 |
| 1981 | 38.05 | 20.90 | 0.82 | 2.47 | 4.80 |
| 1982 | 38.76 | 16.78 | 1 | 3.26 | 4.75 |
| 1983 | 30.95 | 13.44 | 0.84 | 3.19 | 4.62 |
| 1984 | 32.37 | 13.12 | 0.95 | 3.72 | 5.10 |
| 1984 | 32.37 | 13.12 | 0.95 | 3.72 | 5.10 |
| 1986 | 38.33 | 15.51 | 0.94 | 4.78 | 5.36 |
| 1987 | 45.30 | 20.03 | 1.58 | 5.70 | 6.06 |
| 1988 | 58.73 | 22.04 | 2.24 | 9.19 | 8.49 |
| 1989 | 68.92 | 18.67 | 2.30 | 21.45 | 8.98 |
| 1990 | 68.06 | 15.06 | 3.47 | 21.62 | 8.81 |

ئىزاھ: جەدۋەلدىكى 1958 — 1977 ـ يىلغىچە بولغان ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ بوغالتىرلىق ماتېرىياللىرى توپلىمىغا ئاساسەن، 1978 — 1990 ـ يىلغىچە بولغان سان ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ بوغالتىرلىق ماتېرىيالىغا ئاساسەن ھېسابلاندى.

## 6 § . مۇلۇك ئېنىقلاش، مەبلەغ بېكىتىش

ئامبارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، ئاشلىق، ياغ سالدۇسى، ئوراش ـ قاچىلاش بويۇملىرىنى شۇنىڭدەك مۇلۇك، مەبلەغنى تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئاشلىق مالىيە خىزمىتىنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم مەزمۇنى. ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرى ھېساب بىلەن ئەمەلىي بۇيۇملارنىڭ بىردەك، تەلتۆكۈس ئېنىق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھەر يىلى يېڭى ئاشلىق كىرىم قىلىشتىن بۇرۇن، ئامبارلارنى بوشىتىپ يىغىنچاقلاشقا بىرلەشتۈرۈپ ئىدىتلاش ئېلىپ باردى. ئاشلىق، ياغ تاۋارلىرىدىن باشقا مال ـ مۇلۇك ۋە مەبلەغ، يىل ئاخىرىدا بوغالتىرلىق نەق چوتى بېجىرىلىشتىن بۇرۇن، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ بىرتەرەپ قىلىندى. لېكىن ئاشلىق، ياغ تىجارەت مىقدارى كۆپ، ئاشلىق، ياغ كارخانا ئورۇنلىرى تارقاق بولغانلىقى ئۈچۈن،

بۇنچە كۆپ ئورۇنلارغا نىسبەتەن، سېتىۋېلىش، ساقلاش، يۆتكەش، پىششىقلاش، سېتىش ھالقىلىرى ئارقىلىق مۈلۈكنى ئىنقلاپ مەبلەغنى ھېسابلاشقا توغرا كېلەتتى، شۇڭا ئوڭاي قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن باشلاپ تاكى 1990 - يىلغىچە بولغان 41 يىلدا شىنجاڭنىڭ ئاشلىق مالىيە خىزمىتىدە مۈلۈكنى ئىنقلاپ، مەبلەغنى بېكىتىش ھەر يىلى نورمال يولغا قويۇلغاندىن باشقا، يەنە بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسەن، مۈلۈكنى ئىنقلاش، مەبلەغ بېكىتىش خىزمىتى كۆپ قېتىم مەركەزلىك ھالدا ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلەندى.

1952 - يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئالدىنقى يىللىق ئامبارنى تەكشۈرۈپ ئىنقلاش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، سالدۇدىكى ئاشلىق، ياغ تاۋارلىرى ۋە باشقا مال - مۈلۈك، ماددىي بۇيۇملار ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ ئىنقلاندى ھەمدە بەلگىلىمە بويىچە باھالىنىپ ھېساباتقا كىرگۈزۈلدى. يىل ئاخىرىدىكى تاۋار مەبلىغىنىڭ ئىگىلىنىش ئومۇمىي سوممىسى 24 مىليون 610 مىڭ يۈەن، ئىستېمال بۇيۇمى مەبلىغىنىڭ ئىگىلىنىش ئومۇمىي سوممىسى 70 مىڭ يۈەن، تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليون 250 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئاپپاراتلارنى بىرلەشتۈرۈپ، مال - مۈلۈكلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش، ئاشلىقنى مەخسۇس باشقۇرۇش ۋە ئىقتىسادىي ھېساباتنى يولغا قويۇشقا مەلۇم ئاساس سېلىندى.

ئاشلىق نازارىتى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، «كەڭ كۆلەمدە پولات تاۋلاش» شامىلىنىڭ تەسىرىدە كېلىپ چىققان ئاشلىق سېتىۋېلىشنىڭ مەبلىغى، مال - مۈلكى ۋە ئاشلىق، ياغ تاۋارلىرى قالايمىقانلىشىش مەسىلىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، 1959 - يىل 2 - ۋە 7 - ئايلاردا تۇراقسىز مەبلەغ، سالدۇدىكى تاۋار ئاشلىق، ياغ ۋە ماددىي ئەشيالارنى ئىككى قېتىم تەكشۈرۈپ ئىنقلاشنى ئورۇنلاشتۇردى. 1960 - يىل 3 - ئايغا قەدەر، جايلار نامۇۋاپىق ئىگىلىۋېلىنغان 21 مىليون 90 مىڭ يۈەن تۇراقسىز مەبلەغنى تەكشۈرۈپ ئىنقلىدى. 1960 - يىل 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئەمەلىي ئىدىتلانغان تۈرلۈك ئاشلىق، ياغ سالدۇسى 208 مىليون كىلوگرام بولۇپ، ھېساباتىكى سالدۇدىن 21 مىليون 160 مىڭ كىلوگرام كەم چىقىپ، ھېساباتىكى سالدۇنىڭ %10.18 نى ئىگىلىدى. 1960 - يىل 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى ئاشلىق نازارىتىنىڭ «ئاشلىق سېتىۋېلىشتا ئامبارنى، ھېسابنى، تۇراقسىز مەبلەغنى ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئىنقلاش توغرىسىدا دوكلات» نى تەستىقلاپ (قىسقارتىلىپ «ئۈچنى ئىنقلاش» دېيىلىدۇ)، تۈرلۈك ئاشلىق، ياغ سالدۇسى، ماددىي ئەشيالار، ئەسۋابلار ۋە مەبلەغ ھېساباتىنى يەنىمۇ ئىنقلاشنى ھەمدە قائىدە - تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلاشنى تەلەپ قىلدى. بىراق ئەينى ۋاقىتتىكى «مۇبالىغىچىلىك شامىلى»، «مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى» تۈپەيلىدىن ئوڭشالمىغاچقا، تەكشۈرۈپ ئىنقلاش خىزمىتى تەكشى ئىشلەنمىدى، تەكشۈرۈپ ئىنقلاش ئۈزۈل - كېسىل بولمىدى، كۆپلىگەن جايلاردا ئىنقلىغاندىن كېيىن قالايمىقانلىشىپ كېتىش مەسىلىسى ساقلاندى.

1962 - يىل 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئاشلىق مىنىستىرلىكى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ «ئامبارنى ئۈزۈل - كېسىل ئىنقلاپ، مەبلەغنى بېكىتىپ، ماددىي ئەشيالارنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش توغرىسىدا يوليورۇق» نىغا ئاساسەن «ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئاشلىق، ياغ سالدۇسىنى ئىنقلاش مەركەز قىلىنغان مال - مۈلۈكنى ئىنقلاپ مەبلەغنى بېكىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشى توغرىسىدا يوليورۇق» چۈشۈرۈپ، ئاشلىق، ياغ تاۋارلىرى، ئوراش - قاچىلاش سايمانلىرى، خام ئەشيا، ماتېرىيال ۋە ئىشلەپچىقىرىلغان تەييار مەھسۇلات قاتارلىق تۇراقسىز مۈلۈك، شۇنىڭدەك تۈرلۈك ھېساباتلارنى ئۈزۈل - كېسىل تەكشۈرۈپ ئىنقلاپ، مال - مۈلۈكنى ئىنقلاپ مەبلەغنى بېكىتىش خىزمىتى بىلەن «ئۈچنى ئىنقلاش» خىزمىتىنى چېتىشتۇرۇپ، ئىككى قېتىم ئىنقلاپ، بىر قېتىم ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىر قېتىمدىلا بىرتەرەپ قىلىپ، چالا قالدۇرماسلىقنى تەلەپ قىلدى. بۇ قېتىمقى مال - مۈلۈكنى ئىنقلاپ، مەبلەغنى بېكىتىش مەملىكەت خاراكتېرلىك بىر تۇتاش ھەرىكەت بولۇپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە مالىيە - سودا باشقۇرۇش

تارماقلىرى مال ـ مۈلۈكنى ئېنىقلاپ مەبلەغنى بېكىتىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ياكى ئىشخانىسى قۇردى. ئاشلىق نازارىتى مۇئاۋىن نازىر ئەسئەت ياقۇپ گۇرۇپپا باشلىقلىقىدىكى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى قۇردى، گۇرۇپپا قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلدى. ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرىمۇ ئىدارە (زاۋۇت) باشلىقى باشچىلىقىدىكى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ياكى ئىشخانىسىنى قۇرۇپ، مال ـ مۈلۈكنى ئېنىقلاپ مەبلەغنى بېكىتىش خىزمىتىنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ قانات يايدۇردى. ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ ئامبارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشتا 1962 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىكى ھېسابتىكى سانىنى ئۆلچەم قىلىش ھەققىدىكى بىر تۇتاش بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرى 13 مىڭ 920 كىشى ـ خىزمەتچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، 1962 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 6 ـ ئاينىڭ (قىسمەن ئورۇنلار 8 ـ ئاينىڭ) ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە 98 ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى، 1002 ئاساسىي قاتلام ئاشلىق پونكىتى، ئامبىرى، دۇكىنى ۋە 24 ئاشلىق، ياغ سانائىتى كارخانىسىنىڭ ئاشلىق، ياغ تاۋارلىرى، ئوراش ـ قاچىلاش سايمانلىرى، مەبلىغىنى ئەستايىدىل ئېنىقلىدى. كېيىن يەنە «كەم چىقىش» ، «ئارتۇق چىقىش» سەۋەبلىرى بەلگىلىمە بويىچە تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ، تەستىقلاش ھوقۇق دائىرىسى بويىچە يۇقىرىغا يوللىنىپ بىرتەرەپ قىلىندى. 1963 ـ يىل 11 ـ ئايدا تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان 1124 ئورۇننىڭ ھەممىسى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا لاياقەتلىك بولدى. بۇ قېتىملىق مال ـ مۈلۈكنى ئېنىقلاپ، مەبلەغنى بېكىتىش خىزمىتىنىڭ ئاساسلىق نەتىجىسى شۇكى: 1962 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگە قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ 9 مىليون 903 مىڭ 300 يۈەنلىك مال ـ مۈلكى زىيانغا ئۇچرىغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق سودا كارخانىلىرىنىڭ زىيانغا ئۇچرىغان مال ـ مۈلكىنىڭ قىممىتى 9 مىليون 204 مىڭ 300 يۈەن، ئاشلىق سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ 699 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق تاۋار ماددىي ئەشيالىرىنىڭ كەم چىقىش، زىيانغا ئۇچراش ئەھۋالى مۇنداق: ئاشلىق 7 مىليون 400 مىڭ كىلوگرام كەم چىققان؛ ياغ (ياغقا سۈندۈرۈلگان ياغلىق دانمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 680 مىڭ كىلوگرام ئارتۇق چىققان؛ تاغار 669 مىڭ 700 دانە، تۆمۈر تۇڭ 1755 دانە، ئۇن خالتىسى 299 مىڭ 100 دانە، برېزېنت ياپقۇچ 273 پارچە (جەدۋەل: 5 — 50، 5 — 51 گە قاراڭ) ، گىر 115 يۈرۈش كەم چىققان. تورلۇك مال ـ مۈلۈكنىڭ ئارتۇق چىقىش، كەم چىقىش دېلوسىنى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىش ھەممە قائىدە ـ تۈزۈملەرنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئاساسىدا، ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق سودا كارخانىلىرىنىڭ غەيرىي تاۋار مەبلىغى 16 مىليون 550 مىڭ يۈەن، ئاشلىق، ياغ سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ تۇراقسىز مەبلىغى 2 مىليون 280 مىڭ يۈەن قىلىپ بېكىتىلدى.

1971 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق سىستېمىسى گوۋۇيۈەن ۋە ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئامبارنى، مال ـ مۈلۈكنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش، مەبلەغنى بېكىتىش خىزمىتىنى يەنە قانات يايدۇردى. لېكىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» كەلتۈرۈپ چىقارغان قالايمىقان ۋەزىيەتتە، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش خىزمىتى توسالغۇغا ئۇچراپ، قاتمۇقات قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىپ، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئۇزۇل ـ كېسىل بولمىدى، بەزى جايلاردا تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغاندىن كېيىن قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقتى. 1973 ـ يىل 4 ـ ئايدا سودا مىنىستىرلىكى «ئامبارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش، مال ـ مۈلۈكنى ئېنىقلاپ، مەبلەغنى بېكىتىش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، ھەر دەرىجىلىك سودا، ئاشلىق تارماقلىرىدىن رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ «ئامبارلارنى ئېنىقلاش» دېگەن يوليورۇقىغا ئەمەل قىلىپ، ئامبارلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش، مال ـ مۈلۈكنى ئېنىقلاپ مەبلەغنى بېكىتىش خىزمىتىنى يەنىمۇ قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ بىرتەرەپ قىلىش ئارقىلىق، بىرىنچىدىن، مال- مۈلۈك تېبى تەكتىدىن ئېنىقلاندى؛ ئىككىنچىدىن، ئاشلىق، ياغ سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ بېسىلىپ قالغان ئارتۇق ماددىي ئەشيالىرىنىڭ كۆپ قىسمى بىرتەرەپ قىلىندى؛ ئۈچىنچىدىن، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشتىن

ئاشكارىلانغان مەسىلىلەرنى ئىگىزلەپ قائىدە ـ تۈزۈملەر ئورنىتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، كارخانىلارنىڭ باشقۇرۇش سەۋىيىسى ئۆستى.

## 1962 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئاساسلىق مال ـ مۈلكى ۋە ماددىي ئەشيالىرىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 5 — 50

| تۈرگە ئايرىلىشى / نامى | ئاشلىق (تۈمەن كىلوگرام) | | باغ (تۈمەن كىلوگرام) | | ئانار (تۈمەن دانە) | | تۇن خالتىسى (تۈمەن دانە) | | تۇلا (دانە) | | برېزېنت يايغۇچ (پارچە) | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئەمەلىي ئېلىپ چىقىلغان سان | ھېساباتىكى ساندىن ئارتۇق (+) كەم (−) | ئەمەلىي ئېلىپ چىقىلغان سان | ھېساباتىكى ساندىن ئارتۇق (+) كەم (−) | ئەمەلىي ئېلىپ چىقىلغان سان | ھېساباتىكى ساندىن ئارتۇق (+) كەم (−) | ئەمەلىي ئېلىپ چىقىلغان سان | ھېساباتىكى ساندىن ئارتۇق (+) كەم (−) | ئەمەلىي ئېلىپ چىقىلغان سان | ھېساباتىكى ساندىن ئارتۇق (+) كەم (−) | ئەمەلىي ئېلىپ چىقىلغان سان | ھېساباتىكى ساندىن ئارتۇق (+) كەم (−) |
| ئاپتونوم رايون بويىچە | 28974 | −740 | 2083 | +68 | 228,68 | −66.97 | 310.77 | −29.91 | 27533 | −1755 | 4373 | −273 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 760 | −7 | 86 | +1 | 24,46 | −3.58 | 16.13 | −1,43 | 6121 | | 151 | −6 |
| قاراماي شەھىرى | 303 | −61 | 6 | −2 | 2,04 | −0.77 | 12,38 | −1.39 | 445 | +117 | 80 | |
| تۇرپان ناھىيىسى | 434 | −14 | 10 | +16 | 2 | +0.07 | 4.66 | −0.39 | 892 | +35 | 61 | −12 |
| پىچان ناھىيىسى | 161 | +1 | 85 | +5 | 3.74 | −3,71 | 5.26 | −0.73 | 272 | −176 | 88 | −21 |
| توقسۇن ناھىيىسى | 217 | −22 | 8 | −1 | 1.58 | −2,68 | 4.21 | −1,13 | 366 | | 68 | |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 424 | −2 | 21 | +2 | 7.65 | −3.55 | 18.23 | −4.85 | 1260 | −698 | 254 | −2 |
| سانجى ئوبلاستى | 1721 | +29 | 85 | +27 | 30.49 | +1.70 | 23.85 | +5.22 | 2295 | −333 | 566 | −86 |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە، شەھەرلەر | 3314 | −97 | 430 | −12 | 26.11 | −12,36 | 28.97 | −3.99 | 5857 | −260 | 794 | −43 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 1614 | −95 | 104 | −17 | 6.76 | −19.16 | 10.21 | −9.62 | 1012 | −400 | 449 | −70 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 753 | −25 | 30 | −7 | 5.38 | −4,92 | 16.55 | −1.20 | 513 | −13 | 328 | −3 |
| بورتالا ئوبلاستى | 479 | −10 | 23 | −9 | 2.70 | −8.43 | 0.69 | −0.92 | 280 | −130 | | |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 8604 | −45 | 52 | +1 | 5.93 | +0,20 | 19.13 | −0.96 | 662 | −93 | 248 | |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 2748 | −67 | 210 | −50 | 26.32 | +2.13 | 8.21 | −1.74 | 4136 | −327 | 282 | |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 350 | −37 | 55 | +1 | 1.33 | −0.54 | 2,57 | −0.16 | 266 | −17 | 48 | +1 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 6874 | −173 | 410 | +135 | 27.32 | −3.20 | 3.10 | −0.65 | 2462 | +585 | 563 | +4 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 6070 | −154 | 468 | −22 | 10.69 | −2.68 | 10,19 | −1.99 | 694 | −45 | | |
| ئۈرۈمچى 1 ـ ئاۋغۇست ئۇن زاۋۇتى ئىسكىلاتى | 1809 | +7 | | | 29.50 | −7.35 | 126.43 | −3.98 | | | 378 | −35 |
| ئاقسۇ ئاشلىق — باغ يۆتكەش پونكىتى | 79 | +32 | | | 14,68 | +1,86 | | | | | 15 | |

## 1962 - يىلى شىنجاڭدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ مال - مۈلكىنىڭ زىيانغا ئۇچراش (پۇلغا سۇندۇرۇلغان) ئەھۋالى

جەدۋەل: 5 — 51

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| تۈرى / نامى | جەمئىي | سودا كارخانىلىرى | سانائەت كارخانىلىرى |
|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە | 990.33 | 920.43 | 69.90 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 37.61 | 36.30 | 1.31 |
| قاراماي شەھىرى | 9.45 | 9.45 | |
| تۇرپان ناھىيىسى | 16.16 | 15.30 | 0.86 |
| پىچان ناھىيىسى | 7.87 | 7.87 | |
| توقسۇن ناھىيىسى | 8.83 | 8.83 | |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 7.44 | 7.14 | 0.30 |
| سانجى ئوبلاستى | 114.02 | 114.02 | |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە، شەھەرلەر | 143.28 | 141.72 | 1.56 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 120.65 | 120.71 | 0.06 (ئېشىندى) |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 80.15 | 75.59 | 4.56 |
| بورتالا ئوبلاستى | 26.52 | 26.52 | |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 23.09 | 22.49 | 0.60 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 59.03 | 57.29 | 1.74 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 15.68 | 15.68 | |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 142.89 | 142.39 | 0.50 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 50.10 | 51.19 | 1.09 (ئېشىندى) |
| ئۈرۈمچى «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى ئىسكىلاتى | 70.87 | 66.50 | 4.37 |
| ئاقسۇ ئاشلىق — ياغ يۆتكەش پونكىتى | 1.10 (ئېشىندى) | 1.10 (ئېشىندى) | |
| ئۈرۈمچى ئاشلىق، ياغ ئۇنىۋېرسال زاۋۇتى | 25.43 | | 25.43 |
| ئاشلىق نازارىتى ئاپتوموبىل كالونى | 1.06 | 1.06 | |
| ئاشلىق نازارىتى بىرىزېنت زاۋۇتى | 0.97 | | 0.97 |
| نازارەت | 30.33 | 1.48 | 23.85 |

1989 - يىل 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى سودا مىنىستىرلىكى «سالدۇدىكى ئاشلىق، ياغنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، 1989 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سائەت نۆلدىكى سالدۇدىكى ئاشلىق، ياغنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئۆلچىمى قىلىشنى قارار قىلىپ، مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش مەملىكەت بويىچە ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ بىر قېتىملىق مۇھىم كەسپىي پائالىيىتىدۇر، ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە بىر تۇتاش ھەرىكەتكە كېلىپ، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا تېگىشلىك ئورۇن ۋە ئاشلىق، ياغنى قالدۇرماي تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئامبارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى، گۇرۇپپا قارىمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىپ، 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى جايلارغا بەلگىلىمە بويىچە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش خىزمىتىنى جىددىي قانات يايدۇرۇشنى ئۇقتۇردى. 8 - ئاينىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا قەدەر، ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىلىرى (باشقارمىلىرى) ۋە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلار تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش نەتىجىسىنى جەملەپ ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىگە يوللىدى. ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئۇنى 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى سودا مىنىستىرلىكىگە رەسمىي دوكلات قىلدى. تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش نەتىجىسى مۇنداق بولدى: 1989 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سائەت نۆلگە قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ئومۇمىي سالدۇسى 1 مىليارد 75 مىليون كىلوگرام بولۇپ، ھېساباتتىكى 1 مىليارد 93 مىليون كىلوگرام سالدۇدىن 18 مىليون 580 مىڭ كىلوگرام كەم چىقىپ، ئەمەلىي سالدۇنىڭ 1.73% نى ئىگىلىگەن؛ ستاتىستىكىدىكى 1 مىليارد 88 مىليون كىلوگرام سالدۇدىن 13 مىليون 470 مىڭ كىلوگرام كەم چىقىپ، ئەمەلىي سالدۇنىڭ 1.25% نى ئىگىلىگەن (جەدۋەل: 5 — 52 گە قاراڭ). ئاپتونوم رايون بويىچە ياغ ئومۇمىي سالدۇسى 37 مىليون 490 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، ھېساباتتىكى 37 مىليون 550 مىڭ كىلوگرام سالدۇدىن 60 مىڭ كىلوگرام كەم چىقىپ، ئەمەلىي سالدۇنىڭ 0.16% نى ئىگىلىگەن؛ ستاتىستىكىدىكى 35 مىليون 450 مىڭ كىلوگرام سالدۇدىن 2 مىليون 40 مىڭ كىلوگرام ئارتۇق چىقىپ، ئەمەلىي سالدۇنىڭ 5.44% نى ئىگىلىگەن. ياغلىق دان ئومۇمىي سالدۇسى 97 مىليون 390 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، ھېساباتتىكى 98 مىليون 840 مىڭ كىلوگرام سالدۇدىن 1 مىليون 450 مىڭ كىلوگرام كەم چىقىپ، ئەمەلىي سالدۇنىڭ 1.49% نى ئىگىلىگەن؛ ستاتىستىكىدىكى 116 مىليون كىلوگرام سالدۇدىن 19 مىليون 30 مىڭ كىلوگرام كەم چىقىپ، ئەمەلىي سالدۇنىڭ 19.54% نى ئىگىلىگەن (جەدۋەل: 5 — 53 كە قاراڭ). بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشتىن ئاشكارىلانغان بوغالتىرلىق، ستاتىستىكىلىق سانلارنىڭ ماس كەلمەسلىك مەسىلىسى ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرى رەھبەرلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە سىناق قىلىش ئاساسىدا، «ئاساسىي قاتلام ئاشلىق سودا كارخانىلىرىنىڭ ھېسابات تۈزۈمى» نى تۈزۈپ ھەممە تارقىتىپ، ئاساسىي قاتلام كارخانىلىرىنىڭ ھېسابات دوكۇمېنتى، مەلۇمات جەدۋىلى (تالونى) نى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇپ، بوغالتىرلىق، ستاتىستىكىلىق سانلارنىڭ بىردەك بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

## 1989 - يىلى شىنجاڭدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئاشلىق سالدۇسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 5 — 52

بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| تۈرى / ئاشلىق تۈرى | ئومۇمىي سالدۇ | | | تەكشە باھالىق سالدۇ | | | كېلىشىم باھالىق سالدۇ | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئەمەلىي ئېنىقلىنىپ چىقىلغان سان | بوغالتىرلىق ھېساباتىدىكى سان | ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلىدىكى سان | ئەمەلىي ئېنىقلىنىپ چىقىلغان سان | بوغالتىرلىق ھېساباتىدىكى سان | ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلىدىكى سان | ئەمەلىي ئېنىقلىنىپ چىقىلغان سان | بوغالتىرلىق ھېساباتىدىكى سان | ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلىدىكى سان |
| جەمئىي | 107482 | 109340 | 108829 | 88710 | 90527 | 91175 | 18772 | 18813 | 17654 |
| بۇغداي | 75246 | 76160 | 74843 | 63583 | 64273 | 63892 | 11663 | 11887 | 10951 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بۇغداي ئۇنى | 9082 | 9205 | 9826 | 7507 | 7598 | 8486 | 1575 | 1607 | 1340 |
| شال | 289 | 326 | 298 | 264 | 301 | 269 | 25 | 25 | 29 |
| گۈرۈچ | 4864 | 1983 | 4835 | 3416 | 3438 | 3413 | 1448 | 1545 | 1422 |
| كۆممىقوناق | 14075 | 14761 | 15222 | 12496 | 13476 | 13648 | 1579 | 1285 | 1574 |
| دادۇر | 1417 | 1449 | 1435 | 592 | 603 | 583 | 825 | 846 | 852 |
| باشقا ئاشلىقلار | 2509 | 2456 | 2370 | 852 | 838 | 884 | 1657 | 1618 | 1486 |

ئىزاھ: 1. جەدۋەلدىكىسى دۆلەت تاۋار ئاشلىق سالدۇسى بولۇپ، دۆلەت زاپىسى ۋە يېزىلارغا ۋاكالىتەن سافلاپ بېرىلىۋاتقان زاپاس ئاشلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. 2. تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىش ئاخىرلاشقان ۋاقىت 1989 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگە قەدەر.

## 1989 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ياغ (ياغلىق دان) سالدۇسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 5 — 53 بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| تۈرى / ئاشلىق تۈرى | ئومۇمىي سالدۇ | | | تەكشە باھالىق سالدۇ | | | كېلىشىم باھالىق سالدۇ | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئەمەلىي ئېنىقلىنىپ چىقىلغان سان | بوغالتىرلىق ھېساباتىدىكى سان | ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلىدىكى سان | ئەمەلىي ئېنىقلىنىپ چىقىلغان سان | بوغالتىرلىق ھېساباتىدىكى سان | ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلىدىكى سان | ئەمەلىي ئېنىقلىنىپ چىقىلغان سان | بوغالتىرلىق ھېساباتىدىكى سان | ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلىدىكى سان |
| ياغ مەھسۇلاتلىرى | 3749 | 3755 | 3545 | 2452 | 2522 | 2572 | 1297 | 1233 | 973 |
| قىچا يېغى | 1392 | 1278 | 1145 | 838 | 752 | 779 | 554 | 526 | 366 |
| چىگىت يېغى | 745 | 777 | 733 | 468 | 488 | 489 | 277 | 289 | 244 |
| ئاپتاپپەرەس يېغى | 1071 | 1145 | 1135 | 787 | 875 | 886 | 284 | 270 | 249 |
| باشقا ياغلار | 541 | 555 | 532 | 359 | 407 | 418 | 182 | 148 | 114 |
| ياغلىق دان | 9739 | 9884 | 11642 | 6236 | 6345 | 7358 | 3503 | 3539 | 4284 |
| قىچا | 2991 | 3098 | 3642 | 1431 | 1520 | 1731 | 1560 | 1578 | 1911 |
| زىغىر | 881 | 918 | 122 | 601 | 638 | 704 | 280 | 280 | 517 |
| چىگىت | 3266 | 3231 | 3669 | 2967 | 2930 | 3288 | 299 | 301 | 381 |
| ياغلىق ئاپتاپپەرەس | 1972 | 2062 | 2597 | 867 | 908 | 1338 | 1105 | 1154 | 1259 |
| باشقا ياغلىق دانلار | 629 | 575 | 513 | 370 | 2349 | 297 | 259 | 226 | 216 |

ئىزاھ: 1. جەدۋەلدىكىسى دۆلەت تاۋار ياغ سالدۇسى بولۇپ، دۆلەت ياغ زاپىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. 2. تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىش ئاخىرلاشقان ۋاقىت 1989 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگە قەدەر.

# IV باب

# ئاشلىق، ياغ باھاسى

## 1 § . باھا باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، شىنجاڭدا ئاشلىق، ياغ (ياغلىق دان) تىجارىتىنى ئاساسەن خۇسۇسىي سودىگەرلەر كونترول قىلغانلىقتىن، ئاشلىق، ياغ باھاسىدا تەۋرىنىش بىرقەدەر چوڭ بولدى. 1953- يىلدىن باشلاپ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاشلىق، ياغ (ياغلىق دان) نىڭ تاختاي باھاسى پەيدىنپەي يېتەكچىلىك ئورۇننى ئىگىلەپ، ئاشلىق، ياغ باھاسى مۇقىملىشىشقا يۈزلەندى. 1957 - يىلى ئاشلىق، ياغنى بىرتۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىش ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ پىلانلىق باھاسى ئۇزۇن مۇددەت ئىجرا قىلىندى. 1979 - يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايون ئاشلىق، ياغ بازىرى تەدرىجىي قويۇۋېتىلىپ، پىلان ئىچىدىكى ئاشلىق، ياغقا قارىتا پىلانلىق باھا داۋاملىق يولغا قويۇلغاندىن باشقا، ئاشلىق، ياغ بازىرىغا نىسبەتەن كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىپ كېلىشىم باھادا سېتىش باھاسى ۋە ئەركىن باھا يولغا قويۇلدى.

1949 - يىل 10 - ئايدىن 1952 - يىلغا قەدەر، شىنجاڭدا ئاشلىق ۋە ياغ (ياغلىق دان) ئەركىن تىجارەت قىلىنىپ، باھانى سودىلاشقۇچى ئىككى تەرەپ ئىختىيارىي كېلىشىپ بېكىتتى. ئېھتىياج تەمىنلەش مىقدارىدىن ئېشىپ كېتىش ۋە خۇسۇسىي سودىگەرلەر ئاشلىق، ياغنى بېسىۋېلىپ ھايانكەشلىك قىلىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئاشلىق، ياغنىڭ باھاسى بىر مەزگىل زور ھەجىمدە ئۆرلەپ كەتتى. باھانى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك سودا نازارىتى سودا شىركىتى، ئۆلكىلىك ھەمكارلىق ئىدارىسى ۋە ھەربىي رايون كوپىراتىپى قاتارلىق دۆلەت كارخانىلىرى ئاشلىق، ياغ تىجارىتىگە پائال قاتناشتى ۋە ئۇنى كېڭەيتتى. ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەركەز چۈشۈرگەن ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ بۇغداي سېتىۋېلىش - سېتىش تاختاي باھاسىغا ئاساسەن، ۋىلايەتلەر تۇرۇشلۇق ئورۇن ۋە نۇقتىلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقارغۇچى ناھىيە قاتارلىق 26 بازاردىكى ئاساسلىق ئاشلىق تۈرلىرىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاشلىقنىڭ تاختاي باھاسىنى بېكىتىپ، بازار باھاسىغا يېتەكچىلىك قىلدى.

1953 - يىل 7 - ئايدا ئاپتونوم رايون ئاشلىق بازارلىرىنى قاتتىق باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، ئاشلىقى ئېشىنىدىغان رايونلاردا خۇسۇسىي سودىگەرلەرنىڭ دۆلەت تاختاي باھاسى بويىچە تىجارەت قىلىشىنى بەلگىلىدى، ئاشلىقى ئۆكسىيدىغان رايونلاردا خۇسۇسىي ئاشلىق سودىگەرلىرىنى چەكلىدى. بۇنىڭ بىلەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاشلىقنىڭ تاختاي باھاسى يېتەكچىلىك ئورۇننى ئىگىلىدى. ئاشلىق باھاسىنى باشقۇرۇشتا، مەركەز يەنىلا ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ بۇغداي باھاسىنى كونترول قىلدى، ئۆلكە كونترول قىلغان بازار 28 گە

بەتتى.

1954 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە ئاشلىق باھاسىنى 4 دەرىجە بويىچە پىلانلىق باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. مەركەز كونترول قىلىدىغان ئۈرۈمچى بازىرىدا بۇغدايدىن باشقا، يەنە ئۇن، گۇرۇچ، كۆممىقوناق، ئاق قوناق قاتارلىق تۈرلەر كۆپەيتىلدى. غەربىي شىمال رايونى قەشقەر، غۇلجا، قۇمۇل ناھىيىسىدىن ئىبارەت 3 بازاردىكى بۇغداينىڭ باھاسىنى ئىگىلىدى، ئاپتونوم رايون ۋىلايەت، ئوبلاستلار تۈرۈشلۈق جاي ۋە نۇقتىلىق ناھىيىلەردىكى بۇغداي باھاسىنى ۋە ئۈرۈمچى، قۇمۇل، غۇلجا شەھەرلىرىدىكى قارا ئاشلىقنىڭ باھاسىنى ئىگىلىدى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئۆزلىرىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى يۇقىرىقىلاردىن باشقا بازارلارنى ۋە ئاشلىقنىڭ باھاسىنى ئىگىلەپ تۇردى. شۇ يىلى 11 ـ ئايدا ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «ياغ، ياغلىق دان بازىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى (لايىھىسى)» نى ئېلان قىلدى، ئۆلكىلىك سودا نازارىتى ۋىلايەت، شەھەرلەر تۈرۈشلۈق جاي ۋە ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىدىغان نۇقتىلىق ناھىيە قاتارلىق 30 بازارنىڭ زىغىر سېتىۋېلىش تاختاي باھاسىنى بېكىتتى. بۇنىڭ بىلەن، ياغ (ياغلىق دان) نىڭ دۆلەت تاختاي باھاسىمۇ ئۆلكە بويىچە بىتەكچى ئورۇننى ئىگىلىدى.

1955 ـ يىل 6 ـ ئايدىن باشلاپ مەملىكەت بويىچە ئاشلىق باھاسىنى 3 دەرىجە بويىچە باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. مەركەز ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بۇغداي، ئۇن، كۆممىقوناق، قىزىل قوناقنىڭ باھاسىنى ئىگىلىدى، باھا تەڭشەشنى تەستىقلاش ھوقۇقى گوۋۇيۈەننىڭ ئىلكىدە بولدى. ئاپتونوم رايون 29 بازاردىكى بۇغداي، ئۇن ۋە ئاساسلىق قارا ئاشلىقنىڭ باھاسىنى ئىگىلىدى، ئومۇميۈزلۈك باھا تەڭشەشنى تەستىقلاش ھوقۇقى سودا مىنىستىرلىكى بىلەن ئاشلىق مىنىستىرلىكىدە بولدى، قىسمەن باھا تەڭشەشنى تەستىقلاش ھوقۇقى خەلق كومىتېتىدا بولدى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئىلكىدە پەقەت باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى بىرقەدەر كىچىك بازار ۋە ھەرقايسى بازارلاردىكى كىچىك تۈردىكى ئاشلىقلارنىڭ باھاسىنى تەڭشەشنى تەستىقلاش ھوقۇقىلا بولدى.

1957 ـ يىل 7 ـ ئايدا شىنجاڭدا ئاشلىق، ياغ (ياغلىق دان) نى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش ـ سېتىش ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، باھانى پۈتۈنلەي دۆلەت كونترول قىلدى. ئاشلىق، ياغ باھاسىنى باشقۇرۇش پرىنسىپ جەھەتتە ئۆزگەرتىلمىدى. 1958 ـ يىلى ئاشلىق مىنىستىرلىكى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ «بازار باھاسىنى دەرىجە بويىچە باشقۇرۇش ھەققىدىكى بەلگىلىمە» سىگە ئاساسەن، مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: شىنجاڭنىڭ ناھىيە بازىرىدىن يۇقىرى بازارلىرىدىكى بۇغداينىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسىنى، ئۈرۈمچى بازىرىدىكى ئۇن، گۇرۇچ، قىچا (يېغى) نىڭ سېتىش باھاسىنى ئاشلىق مىنىستىرلىكى ئىگىلەيدۇ، باشقا تۈرلەرنىڭ يۇقىرىقى بازارلاردىكى سېتىش باھاسى ۋە باشقا بازارلاردىكى ئاشلىق، ياغنىڭ سېتىش باھاسىنى جايلار باشقۇرىدۇ. ئاپتونوم رايون شالنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى ۋە كۆممىقوناق، ئاق قوناق، دادۇر، يالىڭاچ ئارپا، كۆك پۇرچاقنىڭ بىرتۇتاش سېتىۋېلىش ـ سېتىش باھاسىنى، خاسىڭ (مېغىزى)، قىچا (يېغى)، كۈنجۈت (يېغى)، چىگىت (يېغى)، زىغىر (يېغى) نىڭ بىرتۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىرتۇتاش سېتىش باھاسىنى تەڭشىگەندە، گوۋۇيۈەن ياكى ئاشلىق مىنىستىرلىكىگە ئەڭگە ئالدۇرۇشى كېرەك. 1959 ـ يىل 1 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى «ئاپتونوم رايوننىڭ مال باھاسىنى دەرىجە بويىچە باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسى» نى ئېلان قىلدى، ئۇنىڭدا مۇنداق بەلگىلەندى: ئاپتونوم رايون ئىچىدە ئاشلىق، ياغنىڭ سېتىۋېلىش ـ سېتىش باھا پەرقى، رايونلار ئارا باھا پەرقى، دەرىجە باھا پەرقى، سۈپەت باھا پەرقىنى، ئاساسلىق بازارلاردىكى ئاشلىقنىڭ سېتىۋېلىش ـ سېتىش باھاسىنى مەركەز باشقۇرغان بازارلاردىن ۋە تۈرلەردىن باشقىلىرىنىڭكىنى ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى بىرتۇتاش باشقۇرىدۇ، ش ئۇ ئا ر

باھا ئىدارىسى بىلەن ئاشلىق نازارىتىنى كونكرېت مەسئۇل قىلىدۇ، ئاساسلىق بازارلاردىكى ئاساسلىق ئاشلىق، ياغ تۈرلىرىنىڭ باھاسىنى چوڭ دائىرىدە تەڭشەشنى ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى، كىچىك دائىرىدە تەڭشەشنى ش ئۇ ئا ر باھا ئىدارىسى، ئاشلىق نازارىتى تەستىقلايدۇ. ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان بازارلاردىكى ئاشلىق، ياغ باھاسىنى ۋە ئاساسلىق بازارلاردىكى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئاشلىق، ياغ تۈرلىرىنىڭ باھاسىنى قىسمەن تەڭشەشنى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق كومىتېتلىرى تەستىقلايدۇ، لېكىن چوڭ تەڭشەشنى ئاپتونوم رايونلۇق باھا ئىدارىسى، ئاشلىق نازارىتى تەستىقلايدۇ. شۇ يىلى 2 - ئايدا مەملىكەتلىك باھا كومىتېتى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ باھا باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىپ، مەركەز، ئاپتونوم رايوندىن ئىبارەت 2 دەرىجىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. 1961 - يىل 11 - ئايدا ئاپتونوم رايون بۇغداي، كۆممىقوناق، قوناق، شال، گۈرۈچ، ئۇن، دادۇر، ماش، تېرىق، زىغىر، قىچا، چىگىتنىڭ سېتىۋېلىش - سېتىش باھاسىنى تەستىقلاش ھوقۇقىنى ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى ئىگىلەيدۇ، باشقا ئۇششاق ئاشلىق، ياغ تۈرلىرىنىڭ باھاسىنى تەستىقلاش ھوقۇقىنى ئاشلىق نازارىتى، باھا ئىدارىسى ئىگىلەيدۇ دەپ قارار قىلدى. 1962 - يىلى گوۋۇيۈەن يەرلىك باشقۇرىدىغان باھانى چوڭ تەڭشەشنى مەملىكەتلىك باھا كومىتېتى تەستىقلايدۇ، دەپ بەلگىلىدى.

1963 - يىلى گوۋۇيۈەن «مەركەز باشقۇرىدىغان تاۋارلارنىڭ باھا مۇندەرىجىسى» نى، ئاپتونوم رايون «شىنجاڭنىڭ مال باھاسىنى دەرىجە بويىچە باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى» نى ئېلان قىلىپ، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوندىن ئىبارەت 2 دەرىجىلىك باشقۇرۇشنى يولغا قويۇشنى قايتا تەكىتلىدى. بۇ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى 1972 - يىلغىچە داۋاملاشتى. بۇ مەزگىلدە، مەركەز پەقەت ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئاشلىق بازىرىنى ئىگىلەپ، 6 تۈرلۈك ئاشلىق، 4 تۈرلۈك ياغلىق دان (ياغ) باھاسىنى باشقۇردى؛ ئاپتونوم رايون ناھىيە بازىرىدىن يۇقىرى 84 ئاشلىق، ياغ بازىرىنى ئىگىلەپ، 11 تۈرلۈك ئاشلىق، 11 تۈرلۈك ياغلىق دان (ياغ) نىڭ باھاسىنى باشقۇردى. ئاشلىق نازارىتى 17 ئۇششاق تۈردىكى ئاشلىق، 8 ئۇششاق تۈردىكى ياغلىق دان (ياغ) باھاسىنى تەستىقلاش ھوقۇقىنى ئۆز قولىدا تۇتتى. 1973 - يىلى ئاشلىق باھاسىنى باھا كومىتېتى باشقۇرۇش ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلـــى «مەركەز باشقۇرىدىغان تاۋارلارنـــىڭ باھا مۇندەرىجىسى» گە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى، تۈزىتىلگەندىن كېيىن مەركەز سېتىۋېلىش باھاسىنى باشقۇرغان ئاشلىق تۈرى 9 غا، ياغلىق دان تۈرى 7 گە، ياغ تۈرى 6 گە يەتتى. ئۇششاق ئاشلىق، ياغلىق دان (ياغ) باھاسىنى ئاشلىق نازارىتى تەستىقلاش ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشىغا ئۆزگەرتىلدى. بۇ خىل باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى 1983 - يىلغىچە يولغا قويۇلدى.

1984 - يىلى ئاپتونوم رايون چۈشۈرگەن باھا مۇندەرىجىسىدە، سېتىۋېلىش باھاسىنى دۆلەت بېكىتىدىغان ئاشلىق تۈرى 21 خىلدىن 10 خىلغا كېمەيتىلىپ، 11 خىل ئاشلىقنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى قويۇۋېتىلدى، ياغلىق دان (ياغ) تۈرى 10 خىلدىن 6 خىلغا كېمەيتىلىپ، 4 خىل ياغلىق دان (ياغ) نىڭ سېتىۋېلىش باھاسى قويۇۋېتىلدى. سېتىش باھاسى بېكىتىلگەن ئاشلىق تۈرى 27 خىلدىن 14 خىلغا كېمەيتىلدى. بۇغداي، شال، گۈرۈچ، كۆممىقوناق، قىزىل قوناق، دادۇر، قىچا (يېغى)، زىغىر (يېغى)، چىگىت (يېغى)، ئاپتاپپەرەس (يېغى) نىڭ باھاسىنى تەڭشەش ھوقۇقىنى مەركەز باشقۇرغان بازار ۋە تۈرلەردىن باشقىلىرىنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى باشقۇرۇش؛ تېرىق، كۆك پۇرچاق، كانىماش، پىسسىۇق، ئابدىسلىك (يېغى)، زاراڭزا (يېغى) نىڭ باھاسىنى تەستىقلاش ھوقۇقىنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى باشقۇرۇش بەلگىلەندى. دۆلەت ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ يەم - خەشەك، يېمەكلىكلەرنىڭ باھاسى، ئاشلىق، يېغىنىڭ كېلىشىم باھاسى، ئوتتۇرا باھاسى قاتارلىق بېتەكچى باھانى بەلگىلەش ھـوقـۇقى ئـاپتـونـوم رايـونلـۇق ئـاشـلىق ئىدارىسىدە

بولدى.

1985 - يىل 4 - ئايدا ئاپتونوم رايون گوۋۇيۈەنىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاشلىق، ياغنى بىرتۇتاش سېتىۋېلىشنى توختام بويىچە بەلگىلەپ سېتىۋېلىشقا ئۆزگەرتتى، دۆلەت بۇغداي، شال (گۈرۈچ)، كۆممىقوناق، قىچا (يېغى)، ئاپتاپپەرەس (يېغى)، زىغىر (يېغى)، چىگىت (يېغى) نىڭ باھاسىنى بەلگىلەپ سېتىۋالىدىغان بولدى، باشقا ئاشلىق، ياغ تۈرلىرىنىڭ باھاسىنى قويۇۋەتتى. بۇ خىل باشقۇرۇش تۈزۈمى 1990 - يىلغىچە ئىجرا قىلىندى.

## § 2 . ئاشلىق باھاسى

### 1. بازار باھاسى

ئاشلىقنى بىرتۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىش بويىچە پىلانلىق باھا يولغا قويۇلغان 1957 - يىلدىن ئىلگىرىكى ئۇزاق تارىختا، شىنجاڭنىڭ ئاشلىق سودىسىدا ئاساسەن ئەركىن سېتىۋېلىش - سېتىش، باھادا ئەركىن كېلىشىش يولغا قويۇلدى. بەزى ئالاھىدە يىللاردا، ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرى گەرچە ئاشلىق سودىسىدا چەكلىمە باھانى يولغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ قىسقا ۋاقىت رول ئوينىدى، كېيىن تېزلا چەكلىمە بۇزۇپ تاشلىنىپ، ئەركىن ئېلىم - سېتىم ھالىتىگە ئۆتتى. 1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن تارتىپ، 1956 - يىلغا قەدەر ئىجرا قىلىنغان دۆلەت تاختاي باھاسى شۇنىڭدەك 1979 - يىلدىن كېيىن پىلانلىق باھا بىلەن تەڭ ئىجرا قىلىنغان كېلىشىپ سېتىۋېلىش - سېتىش باھاسى، ئەركىن باھا ئاساسىدىكى باھا سىستېمىسىغا مەنسۇپ.

#### 1) ئەركىن باھا

شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئۈرۈمچى قاتارلىق ۋىلايەتلەر مەلۇم قىلغان ئاشلىق باھاسىدىن قارىغاندا، چيەنلۇڭ 42 - يىلى (1777 - يىلى) دىن تۇڭجى 2 - يىلى (1863 - يىلى) غىچە بولغان 87 يىلدا، بازاردىكى ئاشلىق باھاسى ئۇزۇن مۇددەت مۇقىم بولغان ھەم يۇقىرى ئۆرلەشتىن تۆۋەنلەشكە يۈزلىنىش ۋە تەدرىجىي يۇقىرى ئۆرلەشتىن ئىبارەت جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن. جياچىڭ 6 - يىلى (1801 - يىلى) 1 - ئايدا گۇچۇڭ، ئۈرۈمچى، سانجى، فۇكاڭلاردا ھەر دادەن بۇغداينىڭ باھاسى ئايرىم - ئايرىم 0.37، 0.63، 0.56، 0.52 سەر كۈمۈش بولۇپ، چيەنلۇڭ 42 - يىلىدىكى باھانىڭ 23.87% — 28.72% ىنىلا ئىگىلىگەن، بۇ ھال شىنجاڭنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقى ۋە ئاشلىق ئومۇمىي تەمىناتىنىڭ نىسپىي كەڭتاشا بولغانلىقىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. داۋگۇاڭ 9 - يىلى (1829 - يىلى) دىن باشلاپ، بازاردىكى ئاشلىقنىڭ باھاسى گەرچە ئاستا - ئاستا ئۆرلىگەن بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى چوڭ قالايمىقانلىشىشتىن بۇرۇنقى تۇڭجى 2 - يىلى (1863 - يىلى) 2 - ئايغا قەدەر، ئۈرۈمچى ۋىلايىتى يىخې (ھازىرقى باركۆل) ناھىيىسىدىكى ھەر دادەن بۇغداينىڭ باھاسى 2.2 سەر كۈمۈشكە ئۆرلەپ چيەنلۇڭ 42 - يىلىدىكىدىن 3.77% ئۆسكەندىن باشقا، گۇچۇڭ، ئۈرۈمچى، سانجى، فۇكاڭدا ھەر دادەن بۇغداينىڭ باھاسى ئايرىم - ئايرىم 0.85، 1.26، 0.97، 0.99 سەر كۈمۈش بولۇپ، چيەنلۇڭ 42 - يىلىدىكىدىن 45.16% — 51.47% كىچە تۆۋەنلىگەن (جەدۋەل: 5 — 54، 5 — 55 كە قاراڭ).

شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، جايلاردا ئاشلىق باھاسى داۋاملىق ئۆرلىدى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇلۇش ئالدىدىكى شۈەنتۇڭ يىللىرىدا ئۆرلەش ھەجمى تېخىمۇ چوڭ بولدى. شۈەنتۇڭ 3 - يىلى (1911 - يىلى) 1 - ئايدىكى باھا بىلەن گۇاڭشۈ 12 - يىلى (1886 - يىلى) 1 - ئايدىكى باھانى سېلىشتۇرغاندا: ئۈرۈمچى ۋىلايىتىدە بۇغداينىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى ھەر دادەننىڭ 1.57 سەر كۈمۈشتىن 2.96 سەر كۈمۈشكە ئۆرلەپ، 0.89 ھەسسە ئۆرلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئۈرۈمچى، سانجى، ماناس، قۇمۇلدا ئۆرلەش ھەجمى بىر ھەسسىدىن ئاشتى، ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ئاشلىقنىڭ باھا سەۋىيىسى ئەڭ تۆۋەن بولۇپ، بۇغداينىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى ھەر دادەننىڭ 0.76 سەردىن 1.99 سەرگە، يەنى 1.62 ھەسسە ئۆرلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئونسۇ ناھىيىسىدە 2.12 ھەسسە ئۆرلىدى؛ قەشقەر ۋىلايىتىدە ئاشلىق باھاسىنىڭ ئۆرلەش ھەجمى ئەڭ تۆۋەن بولۇپ، بۇغداينىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى ھەر دادەننىڭ 1.65 سەردىن 2.68 سەرگە، يەنى 0.62 ھەسسە ئۆرلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر يېڭىشەھەر، يەكەندە ئۆرلەش ھەجمى بىر ھەسسىدىن ئاشتى. شۈەنتۇڭ 3 - يىلى (1911 - يىلى) 1 - ئايدىكى باھا بىلەن گۇاڭشۈ 14 - يىلى (1888 - يىلى) 8 - ئايدىكى باھانى سېلىشتۇرغاندا: ئىلى، تارباغاتاي ۋىلايىتىدە ھەر دادەن بۇغداينىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى 0.90 سەردىن 2.66 سەرگە، يەنى 1.96 ھەسسە ئۆرلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە غۇلجا ناھىيىسىدە 2.4 ھەسسە ئۆرلىدى (جەدۋەل: 5 — 56، 5 — 57، 5 — 58 گە قاراڭ).

ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە (1912 - يىل 5 - ئايدىن 1928 - يىل 7 - ئايغىچە)، قەغەز پۇلنى قالايمىقان تارقاتقانلىقتىن مال باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلەش ئەھۋالى كېلىپ چىقتى. مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى ياڭ زېڭشىن «ئىستىقپار ھۇجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلەر» نىڭ بىرىنچى توپلىمىغا مۇنۇلارنى يازغان: «شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن ئېيتقاندا، كۈمۈش ئۈزۈلۈپ قالغانغا ئۇزۇن بولدى. . . سودىگەرلەر سودا - سېتىق قىلالماي قالدى، مال باھاسى بىردىنلا ھەسسىلەپ ئۆرلەپ كەتتى»، «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» دا: «ئەينى ۋاقىتتا، ئاشلىق باھاسى ئۇچقاندەك تېز ئۆرلەپ، كىشىنى ئىنتايىن چۆچۈتىدىغان دەرىجىگە يەتكەن! 1913 - يىلى ھەر دادەن بۇغداي ئەڭ كۆپ بولغاندا 5 — 6 سەرگىچە كۈمۈشكە يارىغان، 1915 - يىلى ئۆرلەپ 20 سەردىن ئاشقان» دەپ خاتىرىلەنگەن. 2 يىلدا، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 4 — 5 ھەسسە قىممەتلىگەن.

جىن شۇرېن شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندە (1928 - يىل 7 - ئايدىن 1933 - يىل 4 - ئايغىچە)، قەغەز پۇلنى قالايمىقان تارقىتىش مىسلىسىز دەرىجىگە يېتىپ، مال باھاسى تىزگىنىدىن بوشاپ كەتكەن ئاتتەك ئۇچقاندەك ئۆرلىدى. جىن شۇرېن يېڭى تەختكە چىققاندا، ھەر دادەن (400 جىڭ) بۇغداينىڭ باھاسى 40 سەر ھۆكۈمەت باھاسىدىن ئېشىپ، ئۆلكە پۇلى 28 — 30 سەردىن 55 سەرگە، ھەر بىر كۇرە (40 جىڭ) گۈرۈچنىڭ باھاسى 4.5 سەردىن 8 سەرگە، ھەر يۈز جىڭ توگمەن ئۇنىنىڭ باھاسى 9 سەردىن 20 سەرگە ئۆرلىدى. بىراق جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ھالاك بولۇش ھارپىسىدا، «مىڭ سەرلىك پۇلغا بىر كۇرە ئاشلىق سېتىۋالغىلى بولمايدىغان» ھالەت شەكىللەندى. قىسقىغىنە 4 يىلدا ئاشلىق باھاسى نەچچە يۈز ھەسسە ئۆرلەپ كەتتى.

شېڭ شىسەي شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن (1933 - يىل 4 - ئايدىن 1944 - يىل 9 - ئايغىچە) دەسلەپكى مەزگىلدە، ئاشلىقنىڭ باھاسى يەنىمۇ ئۆرلىدى. مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) 7 - ئايدا جىمسار ناھىيىسىدە ھەر دادەن بۇغداينىڭ باھاسى 20 مىڭ سەرگە ئۆرلىدى، 9 - ئايدا يەنە 7 - ئايدىكىدىن 40% ئۆرلىدى، باشقا ئاشلىقلارنىڭ باھاسى 60% — 71% كىچە ئۆرلىدى (جەدۋەل: 5 — 59 غا قاراڭ).

## چيەنلۇڭ 42 - يىلدىن تۇڭجى 2 - يىلغىچە (1777 — 1863 - يىلغىچە) شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى ۋىلايىتىدىكى ئاشلىق باھاسى

جەدۋەل: 5 — 54

بىرلىكى: دادەن/سەر

| نامىيە نامى / تۈرى / يىل ئاي | باركۆل: بۇغداي | باركۆل: يالىڭاچ ئارپا | باركۆل: كۆك پۇرچاق | گۇچۇڭ: بۇغداي | گۇچۇڭ: تېرىق | گۇچۇڭ: كۆك پۇرچاق | ئۈرۈمچى: بۇغداي | ئۈرۈمچى: تېرىق | ئۈرۈمچى: كۆك پۇرچاق | سانجى: بۇغداي | سانجى: تېرىق | سانجى: كۆك پۇرچاق | فۇكاڭ: بۇغداي | فۇكاڭ: تېرىق | فۇكاڭ: كۆك پۇرچاق | ماناس: بۇغداي | ماناس: تېرىق | ماناس: كۆك پۇرچاق | قۇمۇل: بۇغداي | قۇمۇل: تېرىق | قۇمۇل: كۆك پۇرچاق | تۇرپان: بۇغداي | تۇرپان: تېرىق | تۇرپان: ئاق قوناق | ئوتتۇرچە: بۇغداي | ئوتتۇرچە: تېرىق | ئوتتۇرچە: كۆك پۇرچاق |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| چيەنلۇڭ 42 - يىلى (1777 - يىلى) 4 - ئاي | 2.12 | 1.112 | 2.02 | 1.55 | 2.34 | 1.55 | 2.48 | 2.52 | 1.859 | 1.95 | 2.1 | 1.85 | 2.04 | 2 | 2 | | | | 2.5 | 3.93 | 2.56 | | | | 2.11 | 2.58 | 1.97 |
| چيەنلۇڭ 43 - يىلى (1778 - يىلى) 1 - ئاي | 1.94 | 0.92 | 1.73 | 1.876 | 3.072 | 1.88 | 1.952 | 1.955 | 1.542 | 1.88 | 2.2 | 1.82 | 1.92 | 1.95 | 1.88 | | | | 2.4 | 2.98 | 2.35 | | | | 1.99 | 2.43 | 1.87 |
| چيەنلۇڭ 44 - يىلى (1779 - يىلى) 1 - ئاي | 1.89 | 1.868 | 1.52 | 1.84 | 3.06 | 1.896 | 1.851 | 1.98 | 1.54 | 1.6 | 1.8 | 1.44 | 1.851 | 1.912 | 1.533 | | | | 2.38 | 3.95 | 2.31 | | | | 1.9 | 2.54 | 1.71 |
| چيەنلۇڭ 45 - يىلى (1780 - يىلى) 7 - ئاي | 2.068 | 1.069 | 1.696 | 1.86 | 3.08 | 1.92 | 1.83 | 1.99 | 1.57 | 1.6 | 1.8 | 1.45 | 1.85 | 1.91 | 1.53 | 1.85 | 1.88 | 1.55 | 2.4 | 4.03 | 2.36 | 1.6 | 1.024 | 1.024 | 1.88 | 2.24 | 1.73 |
يۆتكىلىدىغان ئاشلىقنىڭ سوپىتىدىن يۇقىرى بولسا، ئۇنىڭ ھەر كىلوگرامىغا يەنە 0.018 يۈەن پەرق باھا قوشۇلدى. 1967 - يىلى ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ئېكسپورتقا تاپشۇرۇش باھاسى ئۆلكە مەركىزى تۇرۇشلۇق جايدىكى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسىغا ئاشلىق مىنىستىرلىكى بېكىتكەن 4 يۈەن تىجارەت خىراجىتى ۋە 3% پايدا قوشۇش بويىچە شەكىللەندۈرۈلۈپ، ھەر 50 كىلوگرام 1 - دەرىجىلىك بۇغداينىڭ تاپشۇرۇش باھاسى 19.70 يۈەن، 2 - دەرىجىلىك بۇغداينىڭ 19 يۈەن، 3 - دەرىجىلىك بۇغداينىڭ 18.30 يۈەن بولدى؛ ھەر 50 كىلوگرام 1 - دەرىجىلىك كۆممىقوناقنىڭ 14.90 يۈەن، 2 - دەرىجىلىك كۆممىقوناقنىڭ 14.40 يۈەن، 3 - دەرىجىلىك كۆممىقوناقنىڭ 14 يۈەن بولدى. 1967 — 1990 - يىلغىچە شىنجاڭدا ئاشلىقنى ئېكسپورتقا تاپشۇرۇش كەسپى يولغا قويۇلمىدى.

## 3 § . ياغلىق دان (ياغ) باھاسى

### 1. بازار باھاسى

1954 - يىل 11 - ئايدىن بۇرۇن شىنجاڭدا يېمەكلىك ئۆسۈملۈك ياغلىق دېنى (يېغى) ئەركىن ئېلىپ-سېتىلىپ، باھاسى بازار نەرقى ھاۋاسىغا ئاساسەن بەلگىلەندى. 1954 - يىل 11 - ئايدىن 1957 - يىل 6-ئايغىچە ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدىكى ئاساسلىق ياغلىق دان (ياغ) نى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار بىر تۇتاش تىجارەت قىلدى، دۆلەت بېكىتكەن تاختاي باھاسى يولغا قويۇلدى. 1957 - يىل 7 - ئايدىن 1978 - يىلغىچە دۆلەتنىڭ پىلانلىق باھاسى ئىجارا قىلىندى. 1979 — 1990 - يىلغىچە پىلانلىق باھا ئاساس قىلىنىش بىلەن بىرگە، ئەركىن سودىلىشىش خاراكتېرىدىكى كېلىشىپ سېتىۋېلىش، كېلىشىپ سېتىش باھاسى ۋە سودا بازار باھاسى يولغا قويۇلدى.

#### 1) ئەركىن باھا

ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، شىنجاڭنىڭ يېمەكلىك ئۆسۈملۈك ياغلىق دان (ياغ) تىجارىتىدە، جۇۋازخانا ياغلىق داننى دېھقان ئائىلىلىرىدىن بىۋاستە تېگىشىش، سېتىۋېلىش ياكى بازاردىن سېتىۋېلىش ئارقىلىق پىششىقلىغاندىن كېيىن خۇسۇسىي سودىگەرلەرگە توپ سېتىش ياكى ئىستېمالچىلارغا پارچە سېتىش يولى تۇتۇلدى. باھاسى بازار نەرقى ھاۋاسىغا ئاساسەن ئەركىن كېلىشىپ بېكىتىلدى.

1950 — 1953 - يىلغىچە ياغلىق دان (ياغ) تىجارىتىدە خۇسۇسىي سودىگەرلەر ئاساسىي ئورۇندا تۇردى، بازار باھاسى يېتەكچى رول ئوينىدى، دۆلەت ئورۇنلىرىنىڭ تىجارەت سالمىقى ئانچە چوڭ بولمىدى. بۇ 4 يىلدا ياغلىق دان (ياغ) نىڭ باھاسىدا ئومۇمەن ئۆرلەش، تۆۋەنلەش ۋە قىسمەن جايلاردا قايتا ئۆرلەشتىن ئىبارەت جەريانلار باشتىن كەچۈرۈلدى. 1950 - يىلى ئۈرۈمچى، قەشقەر، شىخۇ، خوتەن، ئاقسۇدا ھەر كىلوگرام زىغىرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە بازار باھاسى يېڭى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا (تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) 0.266 يۈەن بولدى، 1951 - يىلى 0.361 يۈەنگە چىقىپ، 35.71% ئۆرلىدى؛ ئۈرۈمچى، قەشقەر، شىخۇ، خوتەندە ھەر كىلوگرام زىغىر يېغىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە بازار باھاسى 1.85 يۈەن بولدى، 1951 - يىلى 2.16 يۈەنگە چىقىپ، 16.76% ئۆرلىدى، 1952 - يىلى ئۆلكە بويىچە ياغلىق داندىن مول ھوسۇل ئېلىنىپ، يۇقىرىقى ئۈرۈمچى قاتارلىق 5 جايدا ھەر كىلوگرام زىغىرنىڭ بازار باھاسى 0.312 يۈەنگە چۈشۈپ، 1951 - يىلدىكىدىن 13.57% تۆۋەنلىدى؛ ئۈرۈمچى قاتارلىق 4 بازاردا زىغىر يېغىنىڭ باھاسى 1.82 يۈەنگە چۈشۈپ، 15.74% تۆۋەنلىدى. 1953 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ياغلىق دان مەھسۇلاتى كېمىيىپ كېتىپ، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇدا ھەر كىلوگرام زىغىرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە بازار باھاسى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 0.133 يۈەن،

45.39% ئۆرلىدى؛ قەشقەر، خوتەندە ھەر كىلوگرام زىغىر يېغىنىڭ ئوتتۇرىچە بازار باھاسى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 0.61 يۈەن، 37.20% ئۆرلىدى (جەدۋەل: 5 — 79، 5 — 80گە قاراڭ).

### 1950 — 1953 - يىلغىچە شىنجاڭنىڭ قىسمەن بازارلىرىدىكى ئاساسلىق ياغلىق دانلارنىڭ باھاسى

جەدۋەل: 5 — 79

بىرلىكى: كىلوگرام/يۈەن

| تۈرى / بازار | زىغىر | | | | قىچا | | | | چىگىت | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1950 | 1951 | 1952 | 1953 | 1950 | 1951 | 1952 | 1953 | 1950 | 1951 | 1952 | 1953 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 0.181 | 0.463 | 0.324 | 0.288 | | | | | | | | |
| غۇلجا شەھىرى | | | 0.213 | 0.213 | | | 0.220 | 0.213 | | | | |
| قەشقەر شەھىرى | 0.300 | 0.320 | 0.360 | 0.480 | 0.290 | 0.300 | 0.340 | 0.460 | 0.084 | 0.086 | 0.086 | 0.088 |
| تۇرپان | | | | | | | | | 0.188 | 0.271 | 0.168 | 0.202 |
| شىخو | 0.356 | 0.356 | 0.356 | 0.356 | 0.367 | 0.367 | 0.367 | | | | | |
| خوتەن | 0.360 | 0.370 | 0.280 | 0.460 | | | 0.300 | 0.640 | | | 0.064 | 0.108 |
| قۇمۇل | | | | 0.610 | | | | 0.500 | | | | |
| قاراشەھەر | | 0.280 | 0.280 | 0.320 | | | | 0.340 | | | | |
| كۇچا | | | | | 0.448 | 0.474 | 0.220 | 0.220 | | | | |
| ئاقسۇ | 0.135 | 0.296 | 0.239 | 0.338 | | | | | | | | |

### 1950 — 1953 - يىلغىچە شىنجاڭنىڭ قىسمەن بازارلىرىدىكى ئاساسلىق ياغنىڭ باھاسى

جەدۋەل: 5 — 80

بىرلىكى: كىلوگرام/يۈەن

| تۈرى / بازار | زىغىر يېغى | | | | قىچا يېغى | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1950 | 1951 | 1952 | 1953 | 1950 | 1951 | 1952 | 1953 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 1.12 | 2.86 | 2 | 1.84 | | | | 1.03 |
| غۇلجا شەھىرى | | | | | | | 1.25 | 1.40 |
| قەشقەر شەھىرى | 1.90 | 1.44 | 1.40 | 1.72 | | | | |
| كۇچا ناھىيىسى | | | | | 1.30 | 1.50 | 1.60 | 1.95 |
| شىخو ناھىيىسى | 2.23 | 2.10 | 2 | 2 | | | | |
| ئالتاي ناھىيىسى | | | 1.65 | 2.37 | | | | |
| ئاقسۇ ناھىيىسى | | | | | 1.42 | 1.45 | 1.46 | 1.42 |
| خوتەن ناھىيىسى | 2.16 | 2.22 | 1.88 | 2.77 | | | | |
| قۇمۇل ناھىيىسى | | | | | 1.43 | 2.23 | 1.62 | 1.85 |

## 2) ياغلىق دان (ياغ)نىڭ دۆلەت تاختاي باھاسى

1949 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا شىركەتلىرى، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى شۇنىڭدەك شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ھەمكارلىق باش كوپېراتىپى قاتارلىق ئاپپاراتلار بازاردىكى يېمەكلىك ئۈسۈملۈك ياغلىق دېنى (يېغى) تىجارىتىگە تەدرىجىي قاتناشتى، ئۇنىڭ باھاسىنى مەسئۇل ئورگانلار بازار باھا ئەھۋالىغا ئاساسەن بېكىتتى ھەمدە تىجارەت كارخانىلىرى تاختايغا ئېلان قىلدى، بۇ دۆلەت تاختاي باھاسى دەپ ئاتالدى. 1950 — 1953 - يىلغىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا قاتارلىق كارخانىلارنىڭ بازاردىكى ياغلىق دان (ياغ) تىجارىتىنىڭ سالمىقى چوڭ بولمىغاچقا، دۆلەت تاختاي باھاسى بازاردا يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىيەلمىدى. 1954 - يىل 11 - ئايدا ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «ياغلىق دان، ياغ بازىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى (لايىھە)»نى ئېلان قىلىپ، ئۇقتىلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدىكى قىچا، زىغىر، ئاپتاپپەرەس، چىگىت ۋە ياغ مەھسۇلاتلىرى، كۈنجۈت يېغىنى ياغ شىركىتى ۋە ئۇ ھاۋالە قىلغان ئورۇنلار تىجارەت قىلىدۇ، خۇسۇسىي سودىگەرلەرنىڭ ئۆز ئالدىغان تىجارەت قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. ئۆلكە كونترول قىلىدىغان بازارلاردىن ۋە دۆلەت باشقۇرىدىغان تۈرلەردىن باشقا ياغلىق دان، ياغ مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى يەنىلا بازار نەرقى ھاۋاسىغا ئاساسەن بېكىتىلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن ياغلىق داننىڭ دۆلەت تاختاي باھاسى ئۆلكە بويىچە يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىدى.

ئۆلكىلىك سودا نازارىتى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بەلگىلىمىسىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۆلكە بويىچە 30 ئاساسلىق بازاردىكى زىغىرنىڭ سېتىۋېلىش تاختاي باھاسى ۋە 10 ئاساسلىق بازاردىكى زىغىر يېغىنىڭ سېتىش تاختاي باھاسىنى بېكىتتى. 30 بازاردا ھەر كىلوگرام زىغىرنىڭ ئوتتۇرىچە سېتىۋېلىنىش باھاسى 0.369 يۈەن بولۇپ، 1953 - يىلدىكى 8 بازاردىكى ئوتتۇرىچە باھادىن %3.91 تۆۋەنلىتىلدى؛ 10 بازاردا ھەر كىلوگرام زىغىر يېغىنىڭ ئوتتۇرىچە سېتىش باھاسى 2.9 يۈەن بولۇپ، 1953 - يىلدىكى 5 بازاردىكى ئوتتۇرىچە باھادىن %26.29 ئۆستۈرۈلدى. 1955 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مەملىكەتلىك 5 - قېتىملىق مال باھا يىغىنى ۋە ج ك پ شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئۆرىرەك باھا سەۋىيىسىنى مۇقىم تۆۋەنلىتىش ھەققىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، 5 - ئايدا 10 بازاردىكى زىغىر يېغىنىڭ بىر تۇتاش بېكىتىلگەن سېتىش باھاسى 2.28 يۈەنگە چۈشۈرۈلۈپ، %15.24 تۆۋەنلىتىلدى. 7 - ئايدا يەنە 30 بازاردىكى زىغىرنىڭ سېتىۋېلىنىش تاختاي باھاسى تەڭشىلىپ، ئوتتۇرىچە ھەر كىلوگرامىنىڭ 0.359 يۈەنگە چۈشۈرۈلۈپ، %2.71 تۆۋەنلىتىلدى، باشقا ياغلىق دانلارنىڭ باھاسى تۆۋەنلىتىلگەندە تۈر پەرق نىسبىتى بويىچە بېكىتىلدى: زىغىرنىڭ %100، قىچىنىڭ %95، كۈنجۈتنىڭ %140، ئاپتاپپەرەسنىڭ %60، چىگىتنىڭ %32، خاشخاشنىڭ %125 بولدى. ھەر قايسى تۈرلەرنىڭ زىغىر بىلەن بولغان پەرق نىسبىتى 1954 - يىلدىكىدىن ئوتتۇرىچە %10 چۈشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە گازىرنىڭ پەرق نىسبىتى %40 چۈشۈرۈلدى، ئايرىم جايلاردا زاراڭزىنىڭ پەرق نىسبىتمۇ %40 تۆۋەنلىتىلدى، بۇنىڭ تەسىرى بىر قەدەر چوڭ بولدى، مىچۈەن، تۇرپان ناھىيىلىرىدىكى قىسمەن دېھقانلار بازارغا ياكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىغا سېتىش ئۈچۈن يۆتكەپ كەلگەن ئاپتاپپەرەس، زاراڭزىلىرىنى ساتماي قايتۇرۇپ كەتتى، بۇ ھال ئىككىنچى يىلى مۇشۇ جايلاردا ياغلىق دان تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى. 10 - ئايدا يارغۇنچاق كۈنجۈت يېغى، خاسىڭ يېغىنىڭ سېتىش تاختاي باھاسى %23، جۇۋاز كۈنجۈت يېغى، ئاپتاپپەرەس يېغىنىڭ %28 چۈشۈرۈلدى. ياغ تۈرلىرىنىڭ تەڭشەلگەندىن كېيىنكى پەرق نىسبىتى: زىغىر يېغىنىڭ باھاسى %100 بويىچە، خاسىڭ يېغىنىڭ %88.9، چىگىت يېغىنىڭ %75، زاراڭزا يېغىنىڭ %100، يارغۇنچاق كۈنجۈت يېغىنىڭ %117، جۇۋاز كۈنجۈت يېغىنىڭ %112، خاسىڭ يېغىنىڭ %117 بولدى. سېتىش باھاسى چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ياغ باھاسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق كىچىكلىتىلىپ، زىغىر، قىچا يېغى تىجارىتىدە زىيان كېلىپ چىقتى. 1956 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ

مال باھاسىنى داۋاملىق مۇقىملاشتۇرۇش فاڭجېنى ۋە باھانى ئاساسەن ئۆزگەرتمەي، پەقەت قىسمەن تەڭشەش ھەققىدىكى پولىيورۇقىغا ئاساسەن، شۇ يىلى 10 ـ ئايدا 30 بازاردىكى ياغلىق دانلىق سېتىۋېلىش تاختاي باھاسى تەڭشىلىپ، 25 بازاردىكى زىغىرنىڭ تاختاي باھاسى چۈشۈرۈلۈپ، 4 بازاردىكى زىغىرنىڭ تاختاي باھاسى ئۆستۈرۈلدى، يەنى ئوتتۇرىچە ھەر كىلوگرامىنىڭ 0.347 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 1955 ـ يىلدىكىدىن %3.34 چۈشۈرۈلدى. باشقا ياغلىق دانلارنىڭ سېتىۋېلىش تاختاي باھاسى تۆۋەندىكىدەك تۈر پەرق نىسبىتى بويىچە بېكىتىلدى: زىغىرنىڭ %100 بويىچە، قىچىنىڭ %95، ئاپتاپپەرەسنىڭ %60، كۈنجۈتنىڭ %150، زاراڭزىنىڭ %50، خاسىڭنىڭ %120، كەندىر ئۇرۇقىنىڭ %40، ئابدىسىملىكنىڭ %80، سۇزاپ ئۇرۇقىنىڭ %35. 11 بازاردىكى ياغنىڭ سېتىش تاختاي باھاسى چۈشۈرۈلدى، زىغىر يېغىنىڭ سېتىش تاختاي باھاسى ئوتتۇرىچە ھەر كىلوگرامىنىڭ 1.74 يۈەنگە تەڭشىلىپ، 1955 ـ يىلدىكىدىن %23.53 چۈشۈرۈلدى. باشقا سۇ ياغلىرىنىڭ سېتىش تاختاي باھاسى تۆۋەندىكىدەك تۈر پەرق نىسبىتى بويىچە بېكىتىلدى: زىغىر يېغى %100 بويىچە، قىچا يېغىنىڭ %95، يارغۇنچاق كۈنجۈت يېغىنىڭ %150، جۇۋاز كۈنجۈت يېغىنىڭ، خاسىڭ يېغىنىڭ %140، چىگىت يېغىنىڭ %50، زاراڭزا يېغىنىڭ %110، ئاپتاپپەرەس يېغىنىڭ %115، كەندىر ئۇرۇقى يېغىنىڭ %80 (جەدۋەل 5 — 81، 5 — 82گە قاراڭ).

**1954 — 1956 ـ يىلغىچە شىنجاڭدىكى 30 بازاردا زىغىرنىڭ سېتىۋېلىنىش تاختاي باھاسى**

جەدۋەل: 5 — 81    بىرلىكى: كىلوگرام/يۈەن

| يىل / رايون | 1954 (1 ـ دەرىجىلىك) | 1955 (1 ـ دەرىجىلىك) | 1956 (1 ـ دەرىجىلىك) |
|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 0.500 | 0.480 | 0.466 |
| غۇلجا | 0.284 | 0.276 | 0.276 |
| چۆچەك | 0.324 | 0.320 | 0.310 |
| ئالتاي | 0.607 | 0.559 | 0.510 |
| قۇمۇل | 0.648 | 0.556 | 0.493 |
| قاراشەھەر | 0.400 | 0.380 | 0.369 |
| ئاقسۇ | 0.300 | 0.295 | 0.286 |
| باي | 0.310 | 0.350 | 0.296 |
| قەشقەر | 0.450 | 0.445 | 0.432 |
| يەكەن | 0.370 | 0.370 | 0.359 |
| خوتەن | 0.320 | 0.320 | 0.310 |
| قۇتۇبى | 0.420 | 0.410 | 0.398 |
| ماناس | 0.388 | 0.375 | 0.364 |
| شىخو | 0.367 | 0.367 | 0.356 |
| جىڭ | 0.317 | 0.317 | 0.308 |
| سۇيدۇڭ | 0.270 | 0.270 | 0.276 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| قورغاس | 0.270 | 0.270 | 0.276 |
| توققۇزتارا | 0.228 | 0.228 | 0.255 |
| دۆربىلجىن | 0.324 | 0.305 | 0.296 |
| تۇرپان | 0.447 | 0.443 | 0.430 |
| فۇكاڭ | 0.445 | 0.432 | 0.419 |
| گۇچۇڭ | 0.350 | 0.350 | 0.340 |
| بۈگۈر | 0.350 | 0.330 | 0.320 |
| كورلا | 0.391 | 0.371 | 0.360 |
| كۇچا | 0.340 | 0.335 | 0.315 |
| مارالبېشى | 0.335 | 0.330 | 0.326 |
| يېڭىسار | 0.407 | 0.407 | 0.395 |
| قاغىلىق | 0.353 | 0.304 | 0.340 |
| گۇما | 0.300 | 0.300 | 0.291 |
| كېرىيە | 0.260 | 0.260 | 0.252 |
| ئوتتۇرىچە | 0.369 | 0.359 | 0.347 |

## 1954 — 1956 - يىلغىچە شىنجاڭدىكى 11 بازاردا زىغىر يېغىنىڭ سېتىش تاختاي باھاسى

جەدۋەل: 5 — 82　　　　　　بىرلىكى: كىلوگرام/يۈەن

| يىل / رايون | 1954 | 1955 | 1956 |
|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 3.02 | 2.60 | 1.95 |
| غۇلجا | 2 | 1.86 | 1.48 |
| چۆچەك | 2.50 | 2.24 | 1.73 |
| ئالتاي | 3.80 | 3.06 | 2.18 |
| قۇمۇل | 3.20 | 2.54 | 2.15 |
| چەنجى | 2.88 | 2.46 | 1.85 |
| ئاقسۇ | 1.70 | 1.64 | 1.43 |
| باي | | | 1.46 |
| قەشقەر | 3.10 | 2.40 | 1.86 |
| يەكەن | 2.30 | 2.20 | 1.66 |
| خوتەن | 2.40 | 1.76 | 1.42 |
| ئوتتۇرىچە | 2.69 | 2.28 | 1.74 |

### 3) ياغلىق دان (ياغ) نىڭ كېلىشىپ سېتىۋېلىنىش، كېلىشىپ سېتىش باھاسى

1978 ـ يىل 12 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت مۇنۇلارنى قارار قىلدى: ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى ۋە دېھقان ئائىلىلىرى دۆلەتنىڭ ياغ (ياغلىق دان) سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، ئېشىنچا ياغ (ياغلىق دان) نى بازاردا ئەركىن ساتسا بولىدۇ، ئاشلىق، ياغ سودا بازىرى قوزغىتىۋېتىلىدۇ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاشلىق تارماقلىرى ئاشلىق، ياغنى كېلىشىپ سېتىۋېلىپ، كېلىشىپ سېتىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، شۇنداق قىلىپ دۆلەتنىڭ پىلانلىق باھاسى بولغا قويۇلۇش بىلەن بىرگە، ئەركىن باھا ۋە ئەركىن باھا ئاساسىدىكى كېلىشىپ سېتىۋېلىش، كېلىشىپ سېتىش باھاسى يولغا قويۇلىدۇ. 1979 ـ يىل 1 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت «ئاشلىق، ياغنى كېلىشىپ سېتىۋېلىش، كېلىشىپ سېتىشنى يولغا قويۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تا مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: ياغنى كېلىشىپ سېتىۋېلىش باھاسى ئادەتتە دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن ئاشماسلىقى لازىم، كونكرېت تۈرلەرنىڭ سەل يۇقىرىراق ياكى سەل تۆۋەنرەك بولىشى بولىدۇ، ياغنى كېلىشىپ سېتىش باھاسى شۇ جاينىڭ بىر تۇتاش سېتىش باھاسىدىن 2 ھەسسە يۇقىرى بولسا بولىدۇ. شۇ يىلى دۆلەت پىلانلىق تەمىنلەيدىغان ياغ يەنىلا بىر قەدەر قىس بولغانلىقتىن، ئاپتونوم رايون بويىچە پەقەت ئاز ساندىكى جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرى كېلىشىپ سېتىۋېلىش، كېلىشىپ سېتىش كەسپىنى يولغا قويدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېلىشىپ سېتىلىدىغان ياغنىڭ مىقدارى چەكلىك بولغانلىقى، كېلىشىپ سېتىش تەمىنلەش ۋاقتى ياكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تەستىقى قاتارلىق چەكلىمىلەرگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، تىجارەت مىقدارى ئانچە كۆپ بولمىدى. كۇچا، شايار، گۇچۇڭ قاتارلىق ناھىيىلەردىكى ياغنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كېلىشىپ سېتىش باھاسى ھەر كىلوگىرامىنىڭ 4.013 يۈەن بولۇپ، دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش سېتىش باھاسىدىن 2.33 يۈەن ئۆرە بولدى. سودا بازىرىدىكى ياغنىڭ باھاسى يەنىلا كېلىشىپ سېتىش باھاسىدىن ئۆرە بولدى. 1980 ـ يىل 8 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ «ئاشلىق ۋە ياغ، ياغلىق داننى كېلىشىپ سېتىۋېلىش، كېلىشىپ سېتىشنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى» نى تەستىقلاپ، مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: ياغنى كېلىشىپ سېتىۋېلىش باھاسى بازار نەرقى ھاۋاسىغا ئاساسەن، بازار باھاسىدىن سەل تۆۋەنرەك بولىدۇ، ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش باھاسىدىن سەل يۇقىرىراق ياكى ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش بولىدۇ؛ كېلىشىپ سېتىش باھاسى ھەققىدە شۇ جايدىكى كېلىشىپ سېتىۋېلىش، كېلىشىپ سېتىش تارماقلىرى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شۇ جايدىكى ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللايدۇ، بىۋاستە ئىستېمالچىلار ئۈچۈن پارچە سېتىش باھاسى يولغا قويۇلىدۇ، ئاشپۇزۇل، يايمىچى، كوللېكتىپ غىزالىنىدىغان ئورۇنلار ئۈچۈن توپ سېتىش باھاسى يولغا قويۇلىدۇ. شۇ يىلى جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرى كېلىشىپ سېتىۋېلىش، كېلىشىپ سېتىش كەسپىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇردى، كېلىشىپ سېتىۋېلىش باھاسى ئادەتتە ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش باھاسى بىلەن ئوخشاش ياكى ئۇنىڭدىن سەل يۇقىرىراق بولدى. ياغنى كېلىشىپ سېتىش باھاسى ۋە سودا بازىرىدىكى باھاسى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تۆۋەنلىدى. بولۇپمۇ شىمالىي شىنجاڭ رايونلىرىدا ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ياغنىڭ كېلىشىم باھاسى شىنجاڭنىڭكىدىن تۆۋەن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەر ئىچكى ئۆلكىلەردىن زور مىقداردا كېلىشىم باھادا ياغ سېتىۋېلىپ كېلىشىم باھادا ساتتى، ياغ باھاسىنىڭ تۆۋەنلەش ھەجمى بىر قەدەر چوڭ بولدى. 1981 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئاشلىق نازارىتى، باھا ئىدارىسى، سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بىرلىكتە تارقاتقان دۆلەت باھا باش ئىدارىسى، ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ «كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارىتىگە ئائىت مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» دا مۇنۇلار بەلگىلەندى: ياغلىق داننىڭ كېلىشىپ سېتىۋېلىنىش باھاسى ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش باھا سەۋىيىسى بىلەن ئوخشاش بولسا

بولىدۇ، ياغنىڭ كېلىشىپ سېتىش باھاسى بازار نەرقى ھاۋاسى بويىچە بازار باھاسىدىن تۆۋەنرەك بولۇشى، كېلىشىم باھالىق ياغنى سېتىۋېلىش - سېتىش ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نىسبىتى %12تىن تۆۋەن بولۇشى شەرت. ياغلىق دان، ياغتىدىن مول ھوسۇل ئېلىنغانلىقتىن، 1981 - يىلدىن باشلاپ ياغلىق دان، ياغنىڭ كېلىشىپ سېتىۋېلىش، كېلىشىپ سېتىش باھاسى ۋە سودا بازار باھاسى يەنىمۇ تۆۋەنلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە كۆپ يوللۇق تىجارەتكە يول قويۇلغاندىن كېيىن، 1984 - يىلى باھا 1979 - يىلدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن نۇقتىغا چۈشتى. 1984 - يىلى شايار، گۇچۇڭ، كۇچا ناھىيىلىرىدىكى ياغنى كېلىشىپ سېتىش باھاسى ئوتتۇرىچە ھەر كىلوگراممىنىڭ 2.79 يۈەن بولۇپ، 1980 - يىلدىكىدىن %19.11 چۈشتى؛ سانجى، يەنجى، كۇچا، يەكەن ناھىيىلىرىنىڭ سودا بازىرىدىكى ياغنىڭ باھاسى ئوتتۇرىچە ھەر كىلوگراممىنىڭ 2.79 يۈەن بولۇپ، 1980 - يىلدىكى 4.28 يۈەندىن %34.81 چۈشتى. ئوخشاش جايدا ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ كېلىشىپ سېتىش باھاسى سودا بازار باھاسىدىن تۆۋەنرەك بولدى. 1985 - يىلدىن باشلاپ شىنجاڭدىكى ياغلىق دان، ياغنىڭ بازار باھاسى ئىچكى ئۆلكە، شەھەرلەردىكىدىن تۆۋەن بولدى، ياغلىق دان، ياغنىڭ ئاپتونوم رايون سىرتىغا سېتىلىش مىقدارى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى، ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى ياغنى كېلىشىپ سېتىۋېلىش، كېلىشىپ سېتىش باھاسى ۋە سودا بازار باھاسى نىسپىي مۇقىم بولۇپ، پەقەت دۆلەتنىڭ پىلانلىق سېتىۋېلىش باھاسىنىڭ ئۆرلىتىلىشىگە ئەگىشىپ ئۆرلىدى. 1988 - يىلى 18 ئۆلكە، شەھەر شىنجاڭدىن كېلىشىم باھادا ياغلىق دان، ياغ سېتىۋالغانلىقتىن، سودا بازىرىدىكى ياغلىق دان، ياغنىڭ باھاسى ئۆرلەپ، ياغنى توختام بويىچە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشىغا تەسىر يەتتى. ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، باھا ئىدارىسى بازاردىكى ياغ باھاسىنىڭ ئۆرلەش ۋەزىيىتىنى كونترول قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ياغنى توختام بويىچە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئەڭ يۇقىرى باھا چېكىنى بېكىتتى: قىچا، زىغىر، چىگىت ۋە ئۇلارنىڭ يېغىنىڭ كېلىشىپ سېتىۋېلىش باھاسى دۆلەتنىڭ ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش باھاسىنىڭ %25دىن يۇقىرى بولماسلىق، كېلىشىپ سېتىش باھاسى كېلىشىپ سېتىۋېلىش باھاسى ئاساسىدا ئۇنىڭغا خىراجەت ۋە %2 — %3 كىچە پايدا نىسبىتىنى قوشۇش يولى بىلەن شەكىللەندۈرۈش بەلگىلەندى. ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدا پارچە سېتىش باھاسى كېلىشىپ سېتىۋېلىش باھاسى ئاساسىدا ئۇنىڭغا %12 سېتىۋېلىش - سېتىش پەرق نىسبىتى قوشۇپ شەكىللەندۈرۈلدى، غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدا پارچە سېتىش باھاسى سېتىۋېلىش - سېتىش پەرق نىسبىتىنى قوشقاندىن باشقا يەنە كىرا ھەققى ۋە باشقا خىراجەتلەرنى قوشۇش يولى بىلەن، توپ سېتىش باھاسى پارچە سېتىش باھاسى ئاساسىدا ئۇنىڭدىن %7 تۇتۇۋېلىش يولى بىلەن شەكىللەندۈرۈلدى. ياغلىق دان، ياغدا تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە جىددىيلىك يۈز بەرگەنلىكتىن، 1989 - يىلى نۇرغۇن جايلاردا كېلىشىپ سېتىۋېلىش باھاسى ئەڭ يۇقىرى باھا چېكىدىن ئېشىپ كەتتى، كېلىشىپ سېتىش باھاسى يەنىمۇ ئۆرلىدى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، سانجى شەھىرىدە 1988- يىلى كېلىشىپ پارچە سېتىش باھاسى ھەر كىلوگرام قىچا يېغىنىڭ 3.20 يۈەن، زىغىر يېغىنىڭ 3.30 يۈەن بولۇپ، 1989 - يىلى 4.50 يۈەن ۋە 4.70 يۈەنگە ئۆرلەپ، ئۆرلەش ھەجمى %40.63 ۋە %42.42كە يەتكەن. ئوخشاش مەزگىلدە بۇ شەھەرنىڭ سودا بازىرىدىكى قىچا يېغى ۋە كازىر يېغىنىڭ باھاسى ئايرىم - ئايرىم 1988 - يىلدىكى 3.44 يۈەن ۋە 3.14 يۈەندىن 4.52 يۈەن ۋە 3.88 يۈەنگە، يەنى %31.40 ۋە %23.57 ئۆرلىگەن. يولغا قويۇلغان ئەڭ يۇقىرى چەكلىمە باھا چارىسى گەرچە باھانىڭ زىيادە ئۆرلىشىنى تىزگىنلەشتە مەلۇم رول ئوينىغا بولسىمۇ، لېكىن ئۈرۈمچى قاتارلىق ئاساسلىق سۇ يېغى سېتىش رايونلىرىنىڭ كېلىشىپ سېتىش پايدىسى بەك ئاز بولۇپ، ھەتتا زىيان كۆرۈلۈپ، تىجارەت قىلىش قىيىن بولۇپ، تەمىناتقا تەسىر يەتتى. شۇ يىلى ش ئۇ ئا ر باھا ئىدارىسى كېلىشىپ سېتىلىدىغان سۇ يېغىنىڭ سېتىۋېلىش - سېتىش پەرق نىسبىتىنى ئۆزگەرتىپ، %15تىن ئاشۇرماسلىقنى بەلگىلەپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 3 پىرسەنت پونكىت ئۆستۈردى. 1990 - يىلى مەملىكەت بويىچە بازارلاردا ياغ مەنبەسى يېتەرلىك، باھاسى

شىنجاڭدىكىدىن تۆۋەن بولدى. ئاپتونوم رايوندا ياغلىق دان، ياغ تەمىناتى ئېھتىياجدىن ئېشىپ كېتىدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، ئەڭ يۇقىرى چەكلىمە باھا تۈزۈلۈكىدىن ئەمەلدىن قالدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ياغنىڭ ئەرزان بولۇشى بىلەن دېھقانلارغا زىيان يېتىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، توختام بويىچە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش باھاسىنى ئەڭ تۆۋەن قوغداش باھاسى قىلىپ بېكىتىپ، ياغلىق داننى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ كەڭتاشا سېتىۋېلىشىنى قارار قىلدى، نەتىجىدە ياغنى كېلىشىپ سېتىۋېلىش، كېلىشىپ سېتىش باھاسى ۋە سودا بازار باھاسى يەنىلا 1989 - يىلدىكى سەۋىيىدىن يۇقىرىراق بولدى (جەدۋەل 5 — 83كە قاراڭ).

## 1980 — 1990 - يىلغىچە شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق شەھەرلىرىدىكى ئاساسلىق ياغنىڭ بازار سودا باھاسى

جەدۋەل: 5 — 83    بىرلىكى: كىلوگرام/يۈەن

| تۈرى / بازار | قىچا يېغى | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 3.80 | 3.38 | 3.20 | 3.82 | | | | 3.34 | | | 4.71 |
| قاراماي شەھىرى | 4 | 3.80 | 3.60 | 3.26 | | | 3 | 3.50 | 3.30 | 4.79 | 4.79 |
| قۇمۇل شەھىرى | 4.10 | 3.60 | 3.60 | 2.86 | | | | | | | |
| تۇرپان شەھىرى | 3 | | 3.32 | 3.20 | | | | | 3.84 | 4.51 | |
| غۇلجا شەھىرى | | | | | 2.71 | 2.81 | 2.99 | 2.99 | | 4.17 | 4.39 |
| سانجى شەھىرى | 4.57 | 4 | 3.20 | 3.20 | 2.90 | 2.88 | 2.98 | 3.07 | 3.44 | 4.52 | 4.57 |
| تۈرى / بازار | قىچا يېغى | | | | | | | | | | |
| | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 |
| چۆچەك شەھىرى | 2.25 | | 3.50 | | | | | | | 3.80 | |
| ئالتاي شەھىرى | | 4.30 | 3.50 | | | | 2.90 | 3.08 | | | |
| كورلا شەھىرى | 4.80 | 4.30 | 3.70 | 3.16 | | | | | | | |
| يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى | 5 | 4 | 3.45 | 3.13 | 2.54 | 2.70 | 3 | 3.20 | 3.54 | 4.81 | 4.80 |
| يەكەن ناھىيىسى | 2.56 | | | | 2.70 | 3.44 | 4.02 | 4.16 | 4.27 | 5.84 | 6.05 |
| كۇچا ناھىيىسى | 5.03 | | 3.90 | 3.50 | 3.46 | 3.50 | 3.53 | 3.50 | 3.78 | 5.25 | 5.07 |
| قەشقەر شەھىرى | 2.20 | 2.03 | 3.26 | 2.94 | | | | | | | |
| خوتەن ناھىيىسى | | | | | 3.54 | 3.76 | 4.03 | 4.62 | 5.89 | 5.90 | 6.50 |
| ئاتۇش ناھىيىسى | | | | | | | | | 4.20 | 4.75 | 5.12 |
| ئاقسۇ شەھىرى | | | | | | | | | 3.63 | 5.42 | 5 |

| تۈرى / بازار | ئاپتاپپەرەس يېغى | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | | | | | | | 2.85 | | | | |
| قاراماي شەھىرى | | 3.54 | 2.80 | 2.80 | | | | | 2.30 | | |
| شىخو ناھىيىسى | 5 | 3.40 | 3.62 | 2.78 | 2.40 | 2.50 | 2.68 | 2.76 | | | 4.04 |
| تۇرپان شەھىرى | | | | | | | | | 4.17 | 4.22 | 4.61 |
| غۇلجا شەھىرى | | | | | | 2.60 | 2.70 | 2.80 | 3.15 | | 4.39 |
| سانجى شەھىرى | | | 3.40 | 2.86 | 2.70 | 2.70 | 2.80 | 2.89 | 3.14 | 3.88 | 4.24 |
| چۆچەك شەھىرى | 5.12 | 4.08 | | 2.80 | | | | | 3.57 | 4.39 | 4.50 |
| ئالتاي شەھىرى | | | | 3.50 | 2.50 | 2.96 | | | 3.71 | 4.23 | 4.21 |
| بەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى | | | | | 2.30 | 2.50 | 2.74 | | 2.97 | 4.35 | |
| قەشقەر شەھىرى | 4.40 | 3.78 | 2.76 | 2.31 | 2.50 | | | | | | |
| تۈرى / بازار | چېكىت يېغى | | | | | | | | | | |
| | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 | 1989 | 1990 |
| قاراماي شەھىرى | 3 | 3 | 2.74 | 2.16 | 2.30 | 3 | | 3.43 | | | |
| تۇرپان شەھىرى | 3 | | 3.38 | 3.14 | | | 2.79 | 3.01 | 3.54 | 4.27 | 4.22 |
| كورلا شەھىرى | | | | | 2.76 | 2.74 | 2.73 | 3.02 | 3.57 | 4.44 | 4.20 |
| يەكەن ناھىيىسى | 2.50 | 3.78 | 3.26 | 2.72 | 2.24 | 2.52 | 2.90 | 3.44 | 3.40 | 3.90 | 4 |
| كۇچا ناھىيىسى | 4.50 | 3.70 | 3.20 | 2.80 | 2.74 | 2.44 | 2.67 | 2.97 | 3.07 | 4.04 | 3.83 |
| قەشقەرشەھىرى | | | | 2.60 | | | 2.74 | 3.29 | 3.32 | 3.74 | 4 |

## 2. پىلانلىق باھا

1957 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېمەكلىك ئۈسۈملۈك ياغلىق دان (ياغ) تىجارىتىدە ئاشلىققا ئوخشاش بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ، بىر تۇتاش سېتىش يولغا قويۇلۇپ، ياغلىق دان (ياغ) بازىرى ئېتىۋېتىلىپ، خۇسۇسىي سودىگەرلەرنىڭ تىجارىتى بىكار قىلىندى، ياغلىق دان، ياغنىڭ بازار باھاسىنى ئاساس قىلىپ، بازارنى يېتەكلەش ئۈچۈن بېكىتىلگەن دۆلەت تاختاي باھاسى تامامەن دۆلەت بېكىتىدىغان پىلانلىق باھاغا ئۆزگەرتىلدى.

### 1) سېتىۋېلىش باھاسى

(1) **بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى** 1957 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 78 ناھىيە (شەھەر) دىكى قىچىنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى ئوتتۇرىچە ھەر كىلوگىرامىنىڭ 0.328 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ يۇقىرىسى 0.468 يۈەن، ئەڭ تۆۋىنى 0.18 يۈەن، رايونلار ئارا ئەڭ چوڭ پەرق نىسبىتى 160% بولدى؛ 79 ناھىيە (شەھەر) دىكى زىغىرنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى، ئوتتۇرىچە ھەر كىلوگىرامىنىڭ 0.347 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ يۇقىرىسى 0.493 يۈەن، ئەڭ تۆۋىنى 0.190 يۈەن، رايونلار ئارا ئەڭ چوڭ پەرق نىسبىتى 159.47% بولدى؛ 74 ناھىيە (شەھەر) دىكى كۈنجۈتنىڭ ئوتتۇرىچە ھەر كىلوگىرامىنىڭ

بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى 0.528 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ يۇقىرىسى 0.786 يۈەن، ئەڭ تۆۋىنى 0.266 يۈەن، رايونلار ئارا ئەڭ چوڭ پەرق نىسبىتى %195.49 بولدى؛ 70 ناھىيە (شەھەر) دىكى چىگىتنىڭ ئوتتۇرىچە ھەر كىلوگرامىنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى 0.085 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ يۇقىرىسى 0.142 يۈەن، ئەڭ تۆۋىنى 0.046 يۈەن، رايونلار ئارا ئەڭ چوڭ پەرق نىسبىتى %208.70 بولدى؛ باشقا ياغلىق دانلارنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى، تۆۋەندىكىدەك تۈر پەرق نىسبىتى (%) بويىچە بېكىتىلدى: زىغىرنىڭ 100 بويىچە، گازىرنىڭ 95، خاسىڭنىڭ 135، زاراڭزىنىڭ 70، ئابدىمىلىكنىڭ 80. 1958 - يىلى يەنە 77 ناھىيە (شەھەر) دىكى گازىرنىڭ 64 ناھىيە (شەھەر) دىكى كەندىر ئۇرۇقىنىڭ، 46 ناھىيە (شەھەر) دىكى سۇزاپ ئۇرۇقىنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى بېكىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە گازىرنىڭ ئوتتۇرىچە ھەر كىلوگرامىنىڭ 0.268 يۈەن بولۇپ، ئەڭ يۇقىرىسى 0.450 يۈەن، ئەڭ تۆۋىنى 0.114 يۈەن، رايونلار ئارا ئەڭ چوڭ پەرق نىسبىتى %294.74 بولدى؛ كەندىر ئۇرۇقىنىڭ ئوتتۇرىچە ھەر كىلوگرامىنىڭ 0.182 يۈەن بولۇپ، ئەڭ يۇقىرىسى 0.280 يۈەن، ئەڭ تۆۋىنى 0.122 يۈەن، رايونلار ئارا ئەڭ چوڭ پەرق نىسبىتى %129.51 بولدى؛ سۇزاپ ئۇرۇقىنىڭ ئوتتۇرىچە ھەر كىلوگرامىنىڭ 0.166 يۈەن، ئەڭ يۇقىرىسى 0.375 يۈەن، ئەڭ تۆۋىنى 0.108 يۈەن، رايونلار ئارا ئەڭ چوڭ پەرق نىسبىتى %247.22 بولدى. ياغلارنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى بىر تۇتاش سېتىش باھاسىدىن %7 تۇتۇۋېلىش يولى بىلەن ھېسابلاندى. قىچا قاتارلىق 4 خىل ياغلىق داننىڭ رايون بويىچە بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسىنى جەدۋەل: 5 — 84تىن كۆرۈۋېلىڭ.

### 1957 - يىلى شىنجاڭدىكى قىچا قاتارلىق 4 تۈرلۈك ياغلىق داننىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى

جەدۋەل: 5 — 84

بىرلىكى: كىلوگرام/يۈەن

| تۈرى / بازار | قىچا | زىغىر | كۈنجۈت | چىگىت |
|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرىچە | 0.328 | 0.347 | 0.528 | 0.085 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 0.443 | 0.466 | 0.756 | 0.128 |
| قاراماي شەھىرى | 0.366 | | | |
| توقسۇن ناھىيىسى | 0.408 | 0.430 | 0.645 | 0.080 |
| تۇرپان ناھىيىسى | 0.444 | 0.430 | 0.702 | 0.100 |
| پىچان ناھىيىسى | 0.383 | 0.403 | 0.604 | 0.075 |
| قۇمۇل ناھىيىسى | 0.468 | 0.498 | 0.700 | 0.110 |
| ئاراتۈرۈك ناھىيىسى | 0.380 | 0.400 | 0.640 | 0.090 |
| باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | 0.380 | 0.400 | 0.640 | 0.090 |
| خوشۇت ناھىيىسى | 0.350 | 0.387 | 0.571 | 0.076 |
| خېجىڭ ناھىيىسى | 0.360 | 0.379 | 0.568 | 0.075 |
| يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى | 0.350 | 0.369 | 0.594 | 0.079 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| كورلا ناھىيىسى | 0.342 | 0.360 | 0.540 | 0.083 |
| لوپنۇر ناھىيىسى | 0.332 | 0.349 | 0.523 | 0.078 |
| چاقىلىق ناھىيىسى | 0.277 | 0.292 | 0.408 | 0.087 |
| چەرچەن ناھىيىسى | 0.180 | 0.190 | 0.266 | 0.048 |
| بۈگۈر ناھىيىسى | 0.300 | 0.320 | 0.480 | 0.066 |
| كۇچا ناھىيىسى | 0.300 | 0.315 | 0.500 | 0.076 |
| توقسۇ ناھىيىسى | 0.292 | 0.308 | 0.465 | 0.071 |
| شايار ناھىيىسى | 0.292 | 0.307 | 0.461 | 0.071 |
| باي ناھىيىسى | 0.302 | 0.295 | 0.461 | 0.070 |
| ئونسۇ ناھىيىسى | 0.272 | 0.286 | 0.462 | 0.070 |
| ئاقسۇ ناھىيىسى | 0.272 | 0.286 | 0.462 | 0.070 |
| ئاۋات ناھىيىسى | 0.274 | 0.288 | 0.432 | 0.066 |
| كەلپىن ناھىيىسى | 0.304 | 0.320 | 0.430 | 0.074 |
| ئۇچتۇرپان ناھىيىسى | 0.271 | 0.283 | 0.425 | 0.065 |
| ئاقچى ناھىيىسى | | 0.230 | | |
| ئاتۇش ناھىيىسى | 0.410 | 0.432 | | |
| ئۇلۇغچات ناھىيىسى | 0.410 | 0.432 | | |
| ئاقتو ناھىيىسى | 0.384 | 0.404 | 0.620 | 0.100 |
| مارالبېشى ناھىيىسى | 0.308 | 0.326 | 0.576 | 0.090 |
| قەشقەر شەھىرى | 0.404 | 0.432 | 0.736 | 0.080 |
| قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى | 0.404 | 0.424 | 0.640 | 0.131 |
| قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى | 0.412 | 0.423 | 0.648 | 0.080 |
| يېڭىسار ناھىيىسى | 0.375 | 0.395 | 0.582 | 0.080 |
| پەيزاۋات ناھىيىسى | 0.369 | 0.388 | 0.532 | |
| يوپۇرغا ناھىيىسى | 0.369 | 0.388 | 0.572 | 0.122 |
| مەكىت ناھىيىسى | 0.307 | 0.388 | 0.486 | 0.084 |
| يەكەن ناھىيىسى | 0.341 | 0.359 | 0.536 | 0.070 |
| پوسكام ناھىيىسى | 0.334 | 0.360 | | |
| قاغىلىق ناھىيىسى | 0.323 | 0.340 | 0.509 | 0.085 |
| تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى | | | | |
| گۇما ناھىيىسى | 0.276 | 0.291 | 0.525 | 0.088 |
| قاراقاش ناھىيىسى | 0.342 | 0.360 | 0.540 | 0.090 |
| خوتەن ناھىيىسى | 0.294 | 0.310 | 0.540 | 0.090 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| لوپ ناھىيىسى | 0.334 | 0.350 | 0.525 | 0.088 |
| چىرا ناھىيىسى | 0.276 | 0.310 | 0.465 | 0.072 |
| كېرىيە ناھىيىسى | 0.240 | 0.252 | 0.460 | 0.077 |
| نىيە ناھىيىسى | 0.290 | 0.306 | 0.364 | 0.077 |
| سىچۈەن ناھىيىسى | 0.460 | 0.486 | 0.730 | 0.120 |
| فۇكاڭ ناھىيىسى | 0.398 | 0.419 | 0.702 | 0.116 |
| جىمسار ناھىيىسى | 0.360 | 0.380 | 0.570 | 0.094 |
| گۇچۇڭ ناھىيىسى | 0.323 | 0.340 | 0.540 | 0.090 |
| مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | 0.290 | 0.324 | 0.486 | 0.080 |
| سانجى ناھىيىسى | 0.448 | 0.470 | 0.706 | 0.116 |
| قۇتۇبى ناھىيىسى | 0.378 | 0.398 | 0.348 | 0.108 |
| ماناس ناھىيىسى | 0.346 | 0.364 | 0.594 | 0.098 |
| ساۋەن ناھىيىسى | 0.333 | 0.350 | 0.491 | 0.090 |
| شىخو ناھىيىسى | 0.339 | 0.356 | 0.499 | |
| تولى ناھىيىسى | | 0.328 | | |
| دۆربىلجىن ناھىيىسى | 0.280 | 0.296 | 0.415 | |
| چۆچەك ناھىيىسى | 0.295 | 0.310 | 0.435 | |
| چاغانتوقاي ناھىيىسى | | | | |
| قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى | | | | |
| جىڭ ناھىيىسى | 0.292 | 0.300 | 0.440 | 0.086 |
| بورتالا ناھىيىسى | 0.260 | 0.260 | 0.380 | 0.078 |
| ئارشاڭ ناھىيىسى | 0.224 | 0.224 | 0.335 | 0.060 |
| قورغاس ناھىيىسى | 0.262 | 0.276 | 0.443 | 0.074 |
| سۈيدۈڭ ناھىيىسى | 0.262 | 0.276 | 0.443 | 0.074 |
| غۇلجا شەھىرى | 0.262 | 0.276 | 0.443 | 0.074 |
| غۇلجا ناھىيىسى | 0.278 | 0.284 | 0.426 | 0.071 |
| چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى | 0.263 | 0.268 | 0.403 | 0.067 |
| نىلقا ناھىيىسى | 0.234 | 0.239 | 0.359 | 0.060 |
| توققۇزتارا ناھىيىسى | 0.242 | 0.255 | 0.390 | 0.065 |
| تېكەس ناھىيىسى | 0.237 | 0.242 | 0.363 | 0.061 |
| موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى | 0.232 | 0.236 | 0.343 | 0.059 |
| كۈنەس ناھىيىسى | 0.223 | 0.228 | 0.341 | 0.057 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| بۈرچىن ناھىيىسى | 0.405 | 0.426 | 0.640 | 0.128 |
| قابا ناھىيىسى | 0.375 | 0.394 | 0.592 | 0.118 |
| جېمىنەي ناھىيىسى | 0.345 | 0.363 | 0.547 | 0.109 |
| بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى | 0.375 | 0.395 | 0.592 | 0.118 |
| ئالتاي ناھىيىسى | 0.458 | 0.510 | 0.663 | 0.133 |
| كۆكتوقاي ناھىيىسى | 0.450 | 0.473 | 0.710 | 0.142 |
| چىڭگىل ناھىيىسى | 0.405 | 0.426 | 0.640 | 0.128 |

1958 — 1960 - يىللىرى «يۇقىرىسىنى چۈشۈرۈش، تۆۋىنىنى تولۇقلاش» پرىنسىپى بويىچە ياغلىق دانىنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى كۆپ قېتىم كىچىك دائىرىدە تەڭشىلىپ، رايونلار ئارا باھا پەرقى مۇۋاپىق كىچىكلىتىلدى. ئاساسلىق ياغلىق دانلارنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرىچە بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسىمۇ سەل ئۆستۈرۈلدى. 1960 - يىلدىكىنى 1957 - يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، قىچىنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرىچە بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى %4.21، زىغىرنىڭ %3.06، كۈنجۈتنىڭ %7.09، چىگىتتىنىڭ %0.94 ئۆستۈرۈلدى.

1961 - يىلى مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسەن، ياغلىق دان، ياغنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرىچە بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە ھېسابلىغاندا، قىچىنىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ 0.341 يۈەندىن 0.450 يۈەنگە چىقىرىلىپ، %31.87؛ زىغىرنىڭ 0.357 يۈەندىن 0.450 يۈەنگە چىقىرىلىپ، %26.05؛ كۈنجۈتنىڭ 0.565 يۈەندىن 0.794 يۈەنگە چىقىرىلىپ، %40.45؛ چىگىتتىنىڭ 0.086 يۈەندىن 0.127 يۈەنگە چىقىرىلىپ، %47.10 ئۆستۈرۈلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، گازىر، كەندىر ئۇرۇقى، زاراڭزا، سۇزاپ ئۇرۇقى قاتارلىق ياغلىق دانلارنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى مۇناسىپ ئۆستۈرۈلدى. ياغلارنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى يەنىلا بىر تۇتاش سېتىش باھاسىدىن %7 تۆۋەنلىتىش بويىچە ھېسابلاندى. بۇ قېتىملىق باھا ئۆستۈرۈش ئارقىلىق ياغلىق دانلارنىڭ رايونلار ئارا بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھا پەرقى نىسبىتى يەنىمۇ كىچىكلىتىلدى، باھا ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، قىچا، زىغىرنىڭ رايونلار ئارا ئەڭ چوڭ پەرق نىسبىتى %59كە، كۈنجۈتنىڭ %73كە، چىگىتتىنىڭ %112كە چۈشۈرۈلدى، 1970 - يىلغا قەدەر ياغلىق دانلار، ياغلارنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى ئۆزگەرتىلمىدى.

1971 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ «ياغلىق دان، ياغ ۋە شېكەرلىك زىرائەتلەرنىڭ سېتىۋېلىش باھاسىنى ئۆستۈرۈش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش»ىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ياغلىق دان، ياغنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسىنى يەنە ئۆستۈردى. باھا ئۆستۈرۈش پرىنسىپى ئاپتونوم رايون بويىچە ئوخشاش باھانى يولغا قويۇپ، رايونلار ئارا باھا پەرقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش مۇنداق بولدى: ناھىيە (شەھەر)لەردىكى قىچا، زىغىرنىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى 0.56 يۈەندىن تۆۋەن بولسا، بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى 0.56 يۈەنگە، كۈنجۈتنىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ 0.84 يۈەندىن تۆۋەن بولسا 0.84 يۈەنگە، چىگىتتىنىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ 0.134 يۈەندىن تۆۋەن بولسا 0.134 يۈەنگە، كەندىر ئۇرۇقىنىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ 0.308 يۈەندىن تۆۋەن بولسا 0.308 يۈەنگە، زاراڭزىنىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ 0.392 يۈەندىن تۆۋەن بولسا 0.392 يۈەنگە، گازىرنىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ 0.448 يۈەندىن تۆۋەن بولسا 0.448 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى، يۇقىرىقى ياغلىق دانلارنىڭ ئەسلىدىكى باھاسى ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىنكى باھادىن يۇقىرى بولغان ئاز ساندىكى جايلاردا ئەسلىدىكى باھا

ساقلاپ قېلىندى. سۇزاپ ئۇرۇقنىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئەسلىدىكى 0.286 يۈەن باھا ساقلاپ قېلىنغاندىن سىرت، باشقا جايلاردا 0.28 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى. ياغلارنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىشتا ئاپتونوم رايون بويىچە ئوخشاش باھا يولغا قويۇلۇپ، ئىلگىرىكى بىر تۇتاش سېتىش باھاسىدىن 7% تۆتۈۋېلىش بويىچە باھا ھېسابلاش چارىسى ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى شىنجاڭدا يېمەكلىك ئۆسۈملۈك ياغلىق دېنى (يېغى) نى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى بىر بېكىتىپ ئۈچ يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك سىياسىتى يولغا قويۇلدى، كېيىن يەنە بىر بېكىتىپ بەش يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىككە ئۆزگەرتىلدى. سېتىۋېلىش ئاساس سانىدىن ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغان ياغلىق دان ۋە ياغقا بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسىنىڭ 30% ى بويىچە باھا قوشۇپ بېرىلدى. (جەدۋەل: 5 — 85، 5 — 86 گە قاراڭ).

### 1971 - يىلى شىنجاڭدىكى ياغلىق دانلارنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسىنىڭ تەڭشىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 5 — 85  ئۆلچىمى: ئوتتۇرا دەرىجىلىك

بىرلىكى: كىلوگرام/يۈەن

| تۈر / نامى | تەڭشىلىشتىن ئىلگىرىكى باھا | تەڭشەلگەن باھا | ئۆستۈرۈلۈش ھەجمى (%) |
|---|---|---|---|
| قىچا | 0.450 | 0.561 | 24.89 |
| زىغىر | 0.450 | 0.561 | 24.66 |
| كۈنجۈت | 0.794 | 0.861 | 8.44 |
| چىگىت | 0.127 | 0.137 | 7.87 |
| كەندىر ئۇرۇقى | 0.266 | 0.310 | 16.54 |
| زاراڭزا | 0.332 | 0.393 | 18.37 |
| گازىر | 0.401 | 0.453 | 12.97 |
| سۇزاپ ئۇرۇقى | 0.227 | 0.280 | 23.33 |

### 1971 - يىلى شىنجاڭدىكى ياغنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى

جەدۋەل: 5 — 86  بىرلىكى: كىلوگرام/يۈەن

| تۈرى | قىچا يېغى | زىغىر يېغى | جۇۋاز كۈنجۈت يېغى | يارغۇنچاق كۈنجۈت يېغى | گىنچىكە پىششىقلانغان چىگىت يېغى | ساپسىز چىگىت يېغى | كەندىر يېغى | ئاپتاپ-پەرەس يېغى | زاراڭزا يېغى | خاسىڭ يېغى | پۇرچاق يېغى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى | 1.70 | 1.70 | 1.84 | 2.38 | 1.36 | 1.10 | 1.44 | 1.76 | 1.70 | 1.80 | 1.80 |

ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى، ئاشلىق ئىدارىسى ياغ مەنبەسىنى ئېچىپ، تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى پەسەيتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون بويىچە باھانى ئوخشاش قىلىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، 1976 ـ يىلى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يۇسادۇ، پىندىق، كەپە ئورۇقى، كەنجە ئاپتاپپەرەس قاتارلىق ئاز مىقدارلىق ياغلىق دانلارنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسىنى بىرلىكتە ياكى ئايرىم بېكىتتى: ھەر كىلوگرام يۇسادۇ 0.40 يۈەن بولۇپ، ئۇنىڭغا يەنە 0.20 يۈەن ۋاقىتلىق قوشۇمچە ياردەم قوشۇلدى؛ پىندىقنىڭ 0.54 يۈەن؛ كەپە ئورۇقىنىڭ 0.392 يۈەن؛ كەنجە ئاپتاپپەرەسنىڭ 0.32 يۈەن بولدى. بۇ ئاز مىقدارلىق ياغلىق دانلارنىڭ مەنبەسى ئاز ھەم تارقاق بولغانلىقى، شۇنىڭدەك خىزمەت ھالقىلىرى يۇرۇشلەشمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئەمەلىي سېتىۋېلىش مىقدارى ناھايىتى ئاز بولدى.

1977 ـ يىل 10 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى، ئاشلىق ئىدارىسى دۆلەت پىلان كومىتېتى تارقاتقان سودا مىنىستىرلىكىنىڭ «چىگىت، كۆنجۈتنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسىنى ئۆستۈرۈش ھەققىدە دوكلات»نىڭ روھىغا ئاساسەن، مۇنۇلارنى قارار قىلدى: ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىك چىگىتنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى 16% ئۆستۈرۈلىدۇ، ئۈرۈمچى شەھىرى ئەسلىدىكى ھەر كىلوگرامى 0.174 يۈەنلىك باھانى ساقلاپ قالغاندىن سىرت، باشقا جايلاردا 0.16 يۈەنگە ئۆستۈرۈلىدۇ؛ ئوتتۇرا دەرىجىلىك كۆنجۈتنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى 17.31% ئۆستۈرۈلىدۇ، ئۈرۈمچى شەھىرى ئەسلىدىكى ھەر كىلوگرامى 1.04 يۈەنلىك باھانى ساقلاپ قالغاندىن سىرت، باشقا جايلاردا بىر يۈەن بولىدۇ. چىگىت يېغى، كۆنجۈت يېغىنىڭ ئىلگىرىكى بېكىتىلگەن بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇش ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، چىگىت، كۆنجۈتنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، پەقەت جۇۋاز كۆنجۈت يېغىنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى ھەر كىلوگرامىنىڭ 1.84 يۈەندىن 2.10 يۈەنگە ئۆستۈرۈلگەندىن باشقا، يارغۇنچاق كۆنجۈت يېغى، ئىنچىكە پىششىقلانغان چىگىت يېغى، ساپسىز چىگىت يېغىنىڭ ئەسلىدىكى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى ئۆزگەرتىلمەيدۇ.

1979 ـ يىل 6 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاشلىق، ياغنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسىنى ئۆستۈرۈش ھەققىدىكى قارارىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى، ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ «ئاشلىق ۋە ياغ، ياغلىق داننىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسىنى تەڭشەش لايىھىسى»نى تەستىقلاپ، ئاپتونوم رايوندىكى ياغلىق دان، ياغنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈردى. 1979 ـ يىلى باھا تەڭشەلگەندىن كېيىن، 13 تۈرلۈك ياغلىق داننىڭ ئوتتۇرىچە ھەر كىلوگرامىنىڭ باھاسى 0.131 يۈەن، 29.24%؛ 12 خىل ياغنىڭ ئوتتۇرىچە ھەر كىلوگرامىنىڭ باھاسى 0.383 يۈەن، 22.37% ئۆستۈرۈلدى (جەدۋەل: 5 —87گە قاراڭ). شۇنىڭ بىلەن بىرگە سېتىۋېلىش ئاساس سانىدىن ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغان ياغلىق دان، ياغقا باھا قوشۇش نىسبىتى ئەسلىدىكى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسىنىڭ 30%ى بويىچە قوشۇشتىن 50%ى بويىچە قوشۇشقا ئۆستۈرۈلدى. بۇ باھا 1988 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئىجرا قىلىنىدى.

### 1979 ـ يىلى شىنجاڭدىكى يېمەكلىك ئۆسۈملۈك ياغلىق دېنى (يېغى) نىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسىنىڭ تەڭشىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 5 — 87

بىرلىكى: كىلوگرام/يۈەن

| نامى | ئۆلچىمى | تەڭشىلىشتىن ئىلگىرىكى باھا | تەڭشەلگەن باھا | ئۆستۈرۈلۈش ھەجمى (%) |
|---|---|---|---|---|
| قىچا | ئوتتۇرا دەرىجىلىك | 0.561 | 0.70 | 24.78 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| زىغىر | ئوتتۇرا دەرىجىلىك | 0.561 | 0.72 | 28.34 |
| ياغلىق ئاپتاپپەرەس | ئوتتۇرا دەرىجىلىك | 0.453 | 0.70 | 54.53 |
| كۈنجۈت | ئوتتۇرا دەرىجىلىك | 1 | 1.20 | 20 |
| چىگىت | ئوتتۇرا دەرىجىلىك | 0.160 | 0.20 | 25 |
| كەندىر ئۇرۇقى | ئوتتۇرا دەرىجىلىك | 0.310 | 0.49 | 58.06 |
| زاراڭزا | ئوتتۇرا دەرىجىلىك | 0.393 | 0.54 | 37.40 |
| ئاپتاپپەرەس | ئوتتۇرا دەرىجىلىك | 0.453 | 0.52 | 14.79 |
| سۈزاپ ئۇرۇقى | ئوتتۇرا دەرىجىلىك | 0.280 | 0.48 | 71.43 |
| يۇشادۇ | دەرىجە ئايرىمىسى يوق | 0.400 | 0.48 | 20 |
| پىندىق | دەرىجە ئايرىمىسى يوق | 0.540 | 0.62 | 14.81 |
| كەپە ئۇرۇقى | دەرىجە ئايرىمىسى يوق | 0.392 | 0.48 | 22.45 |
| كەنجى ئاپتاپپەرەس | دەرىجە ئايرىمىسى يوق | 0.320 | 0.40 | 25 |
| قىچا يېغى | 2 ـ دەرىجىلىك | 1.700 | 2.12 | 27.71 |
| زىغىر يېغى | | 1.700 | 2.16 | 27.06 |
| جۇۋاز كۈنجۈت يېغى | | 2.100 | 2.40 | 14.29 |
| يارغۇنچاق كۈنجۈت يېغى | | 2.380 | 2.56 | 7.56 |
| خاسلاڭ يېغى | 2 ـ دەرىجىلىك | 1.800 | 2.30 | 27.78 |
| ئىنچىكە پىششىقلانغان چىگىت يېغى | | 1.360 | 1.68 | 23.53 |
| ساپسىز چىگىت يېغى | | 1.100 | 1.44 | 30.91 |
| پۇرچاق يېغى | 2 ـ دەرىجىلىك | 1.800 | 2.32 | 28.89 |
| كەندىر ئۇرۇقى يېغى | | 1.440 | 1.80 | 25 |
| زاراڭزا يېغى | | 1.700 | 2.36 | 38.82 |
| سۈزاپ ئۇرۇقى يېغى | | | 1.80 | |
| ئاپتاپپەرەس يېغى | | 1.760 | 2.20 | 25 |

1988 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 1990 ـ يىلغا قەدەر، ئاپتونوم رايون دۆلەت باھا ئىدارىسى، سودا مىنىستىرلىكىنىڭ ئاشلىق، ياغنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسىنى تەڭشەشكە ئالاقىدار ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھىغا ئاساسەن، قىچا (يېغى)، زىغىر (يېغى)، ياغلىق ئاپتاپپەرەس (يېغى)، چىگىت (يېغى)نى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسىنى ئۈچ قېتىم تەڭشىدى (جەدۋەل: 5 — 88گە قاراڭ).

### 1988 — 1990 ـ يىللىرى شىنجاڭدىكى بىر قىسىم ياغلىق دان (ياغ)لارنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسىنىڭ تەڭشىلىشى

جەدۋەل: 5 — 88

بىرلىكى: كىلوگرام/يۈەن

| يىل / تۈرى | 1988 | 1989 | 1990 |
|---|---|---|---|
| قىچا | 0.754 | 0.805 | 1.083 |
| زىغىر | 0.830 | 0.882 | 1.160 |
| ياغلىق ئاپتاپپەرەس | 0.700 | 0.762 | 1.068 |
| چىگىت | 0.250 | 0.290 | 0.378 |
| قىچا يېغى | 2.284 | 2.437 | 3.191 |
| زىغىر يېغى | 2.492 | 2.646 | 3.400 |
| ئاپتاپپەرەس يېغى | 2.200 | 2.394 | 3.138 |
| چىگىت يېغى | 2.100 | 2.425 | 3.167 |

ئۆلچىمى: ياغلىق دان ئوتتۇرا دەرىجىلىك، ياغ 2 ـ دەرىجىلىك.

**(2) نىسبەت بويىچە سېتىۋېلىش باھاسى** ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسلىق ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، 1983 ـ يىلدىن باشلاپ ئاساسلىق ياغلىق دان ۋە ياغنى نىسبەت باھا بويىچە سېتىۋېلىشنى قارار قىلدى. ئاساسلىق تۈرلەر ۋە نىسبەت بويىچە باھا قويۇشنىڭ كونكرېت چارىسى مۇنداق بولدى: ئىلى، بورتالا، سانجى، ئاقسۇدىن ئىبارەت 4 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى زىغىرنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى %80نى ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش باھاسى (يەنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسىغا %50 باھا قوشۇش)، %20نى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە ھېسابلىنىدۇ؛ باشقا ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى زىغىرنىڭ شۇنىڭدەك ئاپتونوم رايون بويىچە جايلار پىلان ئىچىدە سېتىۋالىدىغان ياغلىق داننىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى %60نى ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش باھاسى، %40نى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە ھېسابلىنىدۇ؛ چىگىت (يېغى) بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە سېتىۋېلىنىپ، باھا قوشۇلمايدۇ دەپ بېكىتىلدى.

1985 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «چوشقا، كالا، قوي ۋە يېزىلاردىن ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش سىياسىتى ۋە باھاسىنى تەڭشەش لايىھىسى ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» ئارقىلىق ياغلىق دان، چىگىتنىڭ نىسبەت بويىچە سېتىۋېلىش باھاسىنى ھېسابلاش نىسبىتىنى تەڭشەپ، ئاپتونوم رايون بويىچە چىگىتنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسىنى «ئوڭ 6 : 4» بويىچە يەنى %40نى ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش باھاسى، %60نى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھا نىسبىتى بويىچە ھېسابلاشنى، باشقا ياغلىق دانلارنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسىنى «تەتۈر 6 : 4» بويىچە يەنى %60نى ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش باھاسى، %40نى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھا نىسبىتى بويىچە ھېسابلاشنى بەلگىلىدى.

1986 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ئاشلىق خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: ئاپتونوم رايون بويىچە قىچا، كۈنجۈت، چىگىتنى پىلانلىق سېتىۋېلىشقا يەنىلا چەك قويۇلمايدۇ، قىچا، كۈنجۈتنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى «تەتۈر

4:6» نىسبەت بويىچە، چىگىتنىڭ «ئولۇق 6:4» نىسبەت بويىچە ھېسابلىنىدۇ؛ باشقا ياغلىق دانلار توختام بويىچە بەلگىلەپ سېتىۋېلىنىدۇ، بەلگىلەپ سېتىۋېلىنغان ياغلىق داننىڭ باھاسى «تەتۈر 6:4» نىسبەت بويىچە ھېسابلىنىدۇ، بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىدىن ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغان ياغلىق داننىڭ باھاسى بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى بويىچە ھېسابلىنىدۇ.

1988 — 1990 - يىللىرى دۆلەت بەلگىلەپ سېتىۋالىدىغان ياغلىق دانلار ۋە ياغنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى ئۇدا ئۈچ قېتىم ئۆستۈرۈلدى (جەدۋەل: 5 — 89غا قاراڭ).

## 1985 — 1990 - يىللىرى شىنجاڭدىكى ياغلىق دان (ياغ) نىڭ سېتىۋېلىنىش نىسبەت باھاسى

جەدۋەل: 5 — 89    بىرلىكى: كىلوگرام/يۈەن

| يىل / تۈرى | 1985 | 1988 | 1989 | 1990 |
|---|---|---|---|---|
| قىچا | 0.910 | 0.980 | 1.046 | 1.408 |
| زىغىر | 0.936 | 1.080 | 1.146 | 1.508 |
| ياغلىق ئاپتاپپەرەس | 0.910 | 0.910 | 0.990 | 1.388 |
| چىگىت | 0.240 | 0.300 | 0.348 | 0.454 |
| قىچا يېغى | 2.760 | 3.120 | 3.168 | 4.148 |
| زىغىر يېغى | 2.810 | 3.300 | 3.440 | 4.420 |
| ئاپتاپپەرەس يېغى | 2.860 | 2.860 | 3.112 | 4.080 |
| ئىنچىكە پىششىقلانغان چىگىت يېغى | 2.020 | 2.520 | 2.910 | 3.800 |

ئىزاھ: 1986 -، 1987 - يىللىرىكى باھا 1985 - يىلدىكى باھا بىلەن ئوخشاش. ئۆلچىمى: ياغلىق دان ئوتتۇرا دەرىجىلىك ياغ 2 - دەرىجىلىك.

1990 - يىلدىكىنى 1985 - يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، 4 خىل ياغلىق داننىڭ باھاسى ئوتتۇرىچە ھەر كىلوگرامىنىڭ 0.441 يۈەن، %58.88 ئۆستى؛ 4 خىل ياغنىڭ باھاسى ئوتتۇرىچە ھەر كىلوگرامىنىڭ 1.499 يۈەن، %57.37 ئۆستى.

**(3) ئىستېمال قىلىنمايدىغان ياغلىق دان (ياغ) نىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى** شىنجاڭدا ئىستېمال قىلىنمايدىغان ياغلىق دان (ياغ) دىن پەقەت ئابدىمىلىك، ئابدىمىلىك يېغىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى بېكىتىلدى. 1958 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 53 ناھىيە (شەھەر) دە ئابدىمىلىكنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى بېكىتىلدى، ئوتتۇرىچە ھەر كىلوگرامىنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى 0.27 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ يۇقىرىسى 0.403 يۈەن، ئەڭ تۆۋىنى 0.126 يۈەن، رايونلار ئارا ئەڭ چوڭ پەرق نىسبىتى %219.8 بولدى. ئابدىمىلىك يېغىنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى بىر تۇتاش سېتىش باھاسىدىن %7 تۆۋەنلىتىش يولى بىلەن ھېسابلاندى. 1961 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 69 ناھىيە (شەھەر) دىكى ئابدىمىلىكنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى ئوتتۇرىچە ھەر كىلوگرامىنىڭ 0.398 يۈەن بولۇپ، 1958 - يىلدىكىدىن %47.41 ئۆرلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ يۇقىرىسى 0.512 يۈەن، ئەڭ تۆۋىنى 0.256 يۈەن بولۇپ، رايونلار ئارا ئەڭ چوڭ پەرق نىسبىتى بىر ھەسسىگە كىچىكلىتىلدى. ئابدىمىلىك يېغىنىڭ

بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى يەنىلا بىر تۇتاش سېتىش باھاسىدىن %7 تۆۋەنلىتىش يولى بىلەن ھېسابلاندى.

1965 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئابدىمەلىكنىڭ ئوتتۇرىچە ھەر كىلوگرامىنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى 0.398 يۈەندىن 0.447 يۈەنگە چىقىرىلىپ، %12.31 ئۆستۈرۈلۈپ، رايونلار ئارا ئەڭ چوڭ پەرق نىسبىتى يەنە %66.67كە كىچىكلىتىلدى. 1971 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئابدىمەلىكنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى بېكىتىلگەن ناھىيە (شەھەر) 83كە يەتتى، ئۈرۈمچى شەھىرى، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدە ئەسلىدىكى بىر قەدەر يۇقىرى باھا ئۆزگەرتىلمىگەندىن سىرت، باشقا 81 ناھىيە (شەھەر) دە ھەر كىلوگرامىنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى 0.56 يۈەنگە چىقىرىلىپ، 1965 - يىلدىكىدىن %25.36 ئۆستۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسەن ئوخشاش باھا يولغا قويۇلدى. ئابدىمەلىك يېغىنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئوخشاش بولۇش پرىنسىپى بويىچە ھەر كىلوگرامىنىڭ 1.70 يۈەن قىلىپ بېكىتىلىپ، ئىلگىرىكى بىر تۇتاش سېتىش باھاسىدىن %7 تۆۋەنلىتىش يولى بىلەن ھېسابلاش چارىسى ئۆزگەرتىلدى.

1976 - يىل 12 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى، ئاشلىق ئىدارىسى ئاپتونوم رايوندىكى ئابدىمەلىكنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى كۆپ ساندىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىكىدىن تۆۋەن بولغان ئەھۋالغا ئاساسەن، ھەر كىلوگرامىنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسىنى 0.56 يۈەندىن 0.80 يۈەنگە چىقىرىپ، %42.85 ئۆستۈرۈشنى قارار قىلىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە باھا ئوخشاش بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. 1979 - يىلى ئاشلىق، ياغنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈلگەندە، ئابدىمەلىكنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى ھەر كىلوگرامىنىڭ 0.80 يۈەندىن 0.96 يۈەنگە چىقىرىلىپ، %20 ئۆستۈرۈلدى. ئابدىمەلىك يېغىنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىش باھاسى ھەر كىلوگرامىنىڭ 1.70 يۈەندىن 2.40 يۈەنگە چىقىرىلىپ، 1971 - يىلدىكىدىن %41.20 ئۆستۈرۈلدى. بۇ باھا 1984 - يىلى ئابدىمەلىك، ئابدىمەلىك يېغى تىجارىتى ئومۇمىيۈزلۈك قويۇۋېتىلگەنگە قەدەر ئىجرا قىلىندى.

## 2) سېتىش باھاسى

(1) يېمەكلىك ياغ 1957 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ياغنى بىر تۇتاش سېتىش يولغا قويۇلغاندا، 74 ناھىيە (شەھەر) دىكى زىغىر يېغىنىڭ، 73 ناھىيە (شەھەر) دىكى قىچا يېغىنىڭ، 27 ناھىيە (شەھەر) دىكى ئىنچىكە پىششىقلانغان چىگىت يېغىنىڭ، 42 ناھىيە (شەھەر) دىكى يەرلىك چىگىت يېغىنىڭ بىر تۇتاش سېتىش باھاسى بېكىتىلدى. زىغىر يېغىنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر كىلوگرامىنىڭ ئوتتۇرىچە بىر تۇتاش سېتىش باھاسى 1.688 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ يۇقىرىسى 2.18 يۈەن، ئەڭ تۆۋىنى 1.28 يۈەن، رايونلار ئارا ئەڭ چوڭ پەرق نىسبىتى %71.88 بولدى. قىچا يېغىنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر كىلوگرامىنىڭ ئوتتۇرىچە بىر تۇتاش سېتىش باھاسى 1.614 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ يۇقىرىسى 2.20 يۈەن، ئەڭ تۆۋىنى 1.22 يۈەن، رايونلار ئارا ئەڭ چوڭ پەرق نىسبىتى %80.33 بولدى، ئىنچىكە پىششىقلانغان چىگىت يېغىنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر كىلوگرامىنىڭ ئوتتۇرىچە بىر تۇتاش سېتىش باھاسى 1.497 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ يۇقىرىسى 1.84 يۈەن، ئەڭ تۆۋىنى 1.11 يۈەن، رايونلار ئارا ئەڭ چوڭ پەرق نىسبىتى %65.77 بولدى. يەرلىك چىگىت يېغىنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر كىلوگرامىنىڭ ئوتتۇرىچە بىر تۇتاش سېتىش باھاسى 1.041 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ يۇقىرىسى 1.43 يۈەن، ئەڭ تۆۋىنى 0.65 يۈەن، رايونلار ئارا ئەڭ چوڭ پەرق نىسبىتى %120 بولدى.

1958 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يەنە 35 ناھىيە (شەھەر) دىكى يارغۇنچاق كۈنجۈت يېغىنىڭ، 43 ناھىيە (شەھەر) دىكى جۇۋاز كۈنجۈت يېغىنىڭ، 52 ناھىيە (شەھەر) دىكى ئاپتاپپەرەس يېغىنىڭ، 41 ناھىيە (شەھەر) دىكى كەندىر ئۇرۇقى يېغىنىڭ، 13 ناھىيە (شەھەر) دىكى سوزاپ ئۇرۇقى يېغىنىڭ بىر تۇتاش سېتىش باھاسى بېكىتىلدى. ھەر كىلوگرامىنىڭ ئوتتۇرىچە بىر تۇتاش سېتىش باھاسى: يارغۇنچاق كۈنجۈت يېغىنىڭ

2.484 يۈەن، جۇۋاز كۈنجۈت يېغىنىڭ 2.163 يۈەن، گازىر يېغىنىڭ 1.844 يۈەن، كەندىر ئۇرۇقى يېغىنىڭ 1.261 يۈەن، سوزاپ ئۇرۇقى يېغىنىڭ 1.228 يۈەن بولدى. ھەر قايسى ياغ تۈرلىرىنىڭ رايونلار ئارا ئەڭ چوڭ پەرق نىسبىتى بىر ھەسسە بولدى (جەدۋەل: 5 — 90گە قاراڭ).

## 1957 ـ 1958 ـ يىللىرى شىنجاڭدىكى يېمەكلىك ياغنى بىر تۇتاش سېتىش باھاسى

جەدۋەل: 5 — 90 بىرلىكى: كىلوگرام/يۈەن

| يىل / تۈرى / بازار | 1957 ـ يىلى | | | | 1958 ـ يىلى | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | زىغىر يېغى | قىچا يېغى | ئىنچىكە پىشتىلانغان چىگىت يېغى | پەرلىك چىگىت يېغى | يارغۇنچاق كۈنجۈت يېغى | جۇۋاز كۈنجۈت يېغى | ئاپتاپپەرەس يېغى | كەندىر ئۇرۇقى يېغى | سوزاپ ئۇرۇقى يېغى |
| ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرىچە | 1.688 | 1.614 | 1.497 | 1.041 | 2.484 | 2.163 | 1.844 | 1.261 | 1.228 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 1.950 | 1.850 | 1.820 | 1.430 | 2.930 | 2.730 | 2.240 | 1.560 | 1.600 |
| ئۈرۈمچى ناھىيىسى | | | | | 2.920 | | 2.240 | | |
| قاراماي شەھىرى | 1.960 | 1.900 | | | 3.240 | | 2.600 | | |
| توقسۇن ناھىيىسى | 1.790 | 1.690 | 1.780 | 1.100 | | 2.480 | | 1.420 | |
| تۇرپان ناھىيىسى | 1.780 | 1.690 | 1.500 | 1.100 | 2.660 | 2.480 | | 1.420 | |
| پىچان ناھىيىسى | 1.750 | 1.670 | | 1.080 | 2.460 | 2.340 | | 1.410 | |
| قۇمۇل ناھىيىسى | 2.160 | 2.040 | 1.840 | | | 2.600 | | | |
| ئاراتۇرۇك ناھىيىسى | | 1.920 | | | | | | | |
| باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | | 1.840 | | | | | | | |
| خوشۇت ناھىيىسى | 1.924 | 1.828 | 1.640 | 0.962 | | | | | |
| خېجىڭ ناھىيىسى | 1.893 | 1.798 | | | 2.838 | | | 1.514 | 1.388 |
| يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى | 1.850 | 1.758 | 1.600 | | 2.880 | | | 1.539 | 1.388 |
| كورلا ناھىيىسى | 1.880 | 1.780 | 1.780 | 1.420 | | | | | 1.680 |
| لوپنۇر ناھىيىسى | | 1.850 | 1.670 | | | 1.970 | | | |
| چاقىلىق ناھىيىسى | 1.800 | 1.680 | | 1.340 | | | | 1.680 | |
| چەرچەن ناھىيىسى | | 1.440 | | 1 | | | 1.480 | 1.240 | |
| بۈگۈر ناھىيىسى | 1.820 | 1.720 | 1.400 | 1.300 | | | | | |
| كۇچا ناھىيىسى | 1.490 | 1.420 | 1.270 | 1.060 | 2.240 | 2.240 | 1.771 | 1.200 | |
| شايار ناھىيىسى | 1.450 | 1.380 | 1.230 | 1.030 | 2.170 | 2.096 | 1.670 | 1.160 | |
| توقسۇ ناھىيىسى | 1.460 | 1.390 | 1.240 | 1.040 | 2.190 | 2.110 | 1.680 | 1.160 | |
| باي ناھىيىسى | 1.460 | 1.390 | 1.240 | 1.040 | 2.190 | 2.190 | 1.640 | 1.170 | |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | 1.020 | 1.243 | 1.350 | 1.430 | ئونسۇ ناھىيىسى |
| | 1.140 | 1.640 | 2.100 | 2.100 | 1.020 | 1.243 | 1.350 | 1.430 | ئاقسۇ ناھىيىسى |
| | 1.110 | 1.600 | 2.080 | 2.080 | 0.990 | 1.180 | 1.500 | 1.390 | ئاۋات ناھىيىسى |
| | 1.270 | 1.830 | 2.380 | 2.380 | 1.130 | 1.350 | 1.500 | 1.590 | كەلپىن ناھىيىسى |
| | 1.040 | 1.500 | 1.940 | 1.920 | 0.920 | 1.110 | 1.240 | 1.300 | ئۇچتۇرپان ناھىيىسى |
| | | | | | | | | 1.300 | ئاقچى ناھىيىسى |
| | | | | | | | | 1.860 | ئاتۇش ناھىيىسى |
| | | | | | | | | 1.940 | ئۇلۇغچات ناھىيىسى |
| | | | | | | 1.260 | | 1.880 | ئاقتۇ ناھىيىسى |
| | | 1.660 | | 2.160 | 1.200 | | 1.380 | 1.660 | مارالبېشى ناھىيىسى |
| | 1.500 | 2.140 | | 2.790 | 1.280 | 1.760 | 1.770 | 1.860 | قەشقەر شەھىرى |
| | | 1.900 | | 2.790 | 1.200 | | 1.770 | 1.860 | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى |
| | | 1.900 | | 2.790 | 0.930 | | 1.770 | 1.860 | قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى |
| | 1.350 | 1.950 | | 2.550 | 1.330 | | 1.620 | 1.840 | يېڭىسار ناھىيىسى |
| | | 1.920 | | 2.510 | 1.312 | | 1.590 | 1.660 | پەيزاۋات ناھىيىسى |
| | | 1.890 | | 2.450 | 1.290 | | 1.670 | 1.670 | يوپۇرغا ناھىيىسى |
| | | 1.910 | | | 1.300 | | 1.580 | 1.660 | مەكىت ناھىيىسى |
| | 1.330 | 1.910 | | 2.480 | 1.300 | | 1.580 | 1.660 | يەكەن ناھىيىسى |
| | 1.330 | 1.910 | | | 0.830 | | 1.580 | 1.720 | پوسكام ناھىيىسى |
| | 1.270 | 1.660 | | | 1.240 | | 1.500 | 1.680 | قاغىلىق ناھىيىسى |
| 1 | 1.220 | 1.800 | 2.200 | 2.360 | 0.840 | | 1.520 | 1.600 | گۇما ناھىيىسى |
| 1.060 | 1.200 | 1.880 | 2.290 | 2.440 | 0.800 | | 1.580 | 1.640 | قاراقاش ناھىيىسى |
| 1.060 | 1.500 | 1.880 | 2.300 | 2.440 | 0.800 | 1.600 | 1.340 | 1.640 | خوتەن ناھىيىسى |
| 1.030 | 1.160 | 1.830 | 2.240 | 2.400 | 0.780 | | 1.380 | 1.600 | لوپ ناھىيىسى |
| 0.980 | 1.270 | 1.760 | 2.110 | 2.280 | 0.660 | | 1.370 | 1.540 | چىرا ناھىيىسى |
| 0.860 | 1.040 | 1.600 | 1.930 | 2.060 | 0.780 | 1.300 | 1.340 | 1.400 | كېرىيە ناھىيىسى |
| 0.860 | 1.040 | 1.760 | 1.520 | 1.680 | 0.780 | | 1.340 | 1.400 | نىيە ناھىيىسى |
| | | 2.340 | | 2.920 | | 1.820 | 1.840 | 1.940 | مىچۇەن ناھىيىسى |
| | 1.350 | 1.940 | 2.490 | | 0.780 | | 1.610 | 1.690 | فۇكاڭ ناھىيىسى |
| | 1.400 | 2.100 | 2.430 | | 0.830 | | 1.660 | 1.1740 | جىمسار ناھىيىسى |
| | | 2.040 | 2.380 | 2.560 | 0.830 | | 1.620 | 1.700 | گۇچۇڭ ناھىيىسى |
| | | 2.020 | 2.310 | | 0.830 | | 1.600 | 1.680 | مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيە-سى |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سانجى ناھىيىسى | 1.920 | 1.820 | 1.800 | | 2.880 | | 2.300 | | |
| قۇتۇبى ناھىيىسى | 1.760 | 1.680 | 1.660 | 0.880 | 2.640 | 2.460 | 2.120 | | |
| ماناس ناھىيىسى | 1.720 | 1.630 | 1.460 | 0.850 | 2.580 | 2.380 | 2.050 | 1.370 | 1.640 |
| ساۋەن ناھىيىسى | 1.750 | 1.670 | 1.611 | | | 2.120 | 2.020 | | |
| شىخو ناھىيىسى | 1.680 | 1.600 | | | | 2.160 | 1.860 | | |
| تولى ناھىيىسى | 1.610 | | | | | 2.100 | 2.030 | | |
| دۆربىلجىن ناھىيىسى | 1.700 | 1.520 | | | | 1.980 | | | |
| چۆچەك ناھىيىسى | 1.730 | 1.630 | | | | 2.060 | 1.930 | | |
| چاغانتوقاي ناھىيىسى | | | | | | 2.040 | | | |
| جىڭ ناھىيىسى | 1.890 | 1.890 | | | | | | | |
| قورغاس ناھىيىسى | 1.480 | 1.420 | | | | 2.080 | 1.700 | 1.200 | |
| سۈيدۈڭ ناھىيىسى | 1.480 | 1.420 | | | | 2.080 | 1.700 | 1.200 | |
| غۇلجا شەھىرى | 1.480 | 1.410 | | | | 2.080 | 1.700 | 1.200 | 1.420 |
| غۇلجا ناھىيىسى | 1.480 | 1.420 | | | | 2.080 | 1.700 | 1.200 | |
| چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى | 1.480 | 1.420 | | | | 2.040 | 1.700 | 1.200 | |
| نىلقا ناھىيىسى | 1.320 | 1.260 | | | | 1.860 | 1.520 | 1.060 | |
| توققۇزتارا ناھىيىسى | 1.380 | 1.320 | | | | 1.940 | 1.600 | 1.120 | |
| تېكەس ناھىيىسى | 1.360 | 1.280 | | | | 1.900 | 1.560 | 1.080 | |
| موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى | 1.280 | 1.220 | | | | 1.800 | 1.480 | 1.040 | |
| كۈنەس ناھىيىسى | 1.280 | 1.220 | | | | 1.800 | 1.480 | 1.040 | |
| بۇرچىن ناھىيىسى | 1.970 | 1.810 | | | | | | | |
| قابا ناھىيىسى | 2 | 2 | | | | | | | |
| جېمىنەي ناھىيىسى | 2 | 2 | | | | | | | |
| بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى | 2 | 2 | | | | | | | |
| ئالتاي ناھىيىسى | 2.180 | 2.070 | | | | | | | |
| كۆكتوقاي ناھىيىسى | 1.900 | 1.900 | | | | | | | |
| چىڭگىل ناھىيىسى | 2 | 2 | | | | | | | |

1958 — 1960 - يىللىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ياغنى بىر تونناش سېتىش باھاسى پەقەت ناھىيە (شەھەر) لەر ئارا «يۇقىرىسىنى چۈشۈرۈش، تۆۋىنىنى تولۇقلاش» پرىنسىپى بويىچە تەڭشەلدى. 1960 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 76 ناھىيە (شەھەر) دىكى زىغىر يېغىنىڭ بىر تونناش سېتىش باھاسى ھەر كىلوگراممىنىڭ ئوتتۇرىچە 1.171 يۈەن بولۇپ، 1957 - يىلدىكىدىن %1.30 ئۆستۈرۈلدى؛ 74 ناھىيە (شەھەر) دىكى قىچا يېغىنىڭ بىر تونناش سېتىش باھاسى ھەر كىلوگراممىنىڭ ئوتتۇرىچە 1.636 يۈەن بولۇپ، 1957 - يىلدىكىدىن %1.36 ئۆستۈرۈلدى؛ 41 ناھىيە (شەھەر) دىكى كۈنجۈت پىششىقلانغان چىگىت يېغىنىڭ بىر تونناش سېتىش باھاسى، ھەر كىلوگراممىنىڭ ئوتتۇرىچە 1.435 يۈەن بولۇپ، 1957 - يىلدىكىدىن %4.14 تۆۋەنلىتىلدى؛ 37 ناھىيە (شەھەر) دىكى يەرلىك چىگىت يېغىنىڭ بىر تونناش سېتىلىش باھاسى ھەركىلوگراممىنىڭ ئوتتۇرىچە 1.124 يۈەن بولۇپ، 1957 - يىلدىكىدىن %7.97 ئۆستۈرۈلدى.

1961 - يىلى ياغلىق دان، ياغنىڭ بىر تونناش سېتىۋېلىنىش باھاسىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ياغنىڭ بىر تونناش سېتىش باھاسىمۇ مۇناسىپ ئۆستۈرۈلدى. ياغلارنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرىچە بىر تونناش سېتىش باھاسىنىڭ ئۆستۈرۈلۈش ئەھۋالى مۇنداق بولدى: زىغىر، قىچا يېغىنىڭ 1.798 يۈەنگە چىقىرىلىپ، 1957 - يىلدىكىدىن ئايرىم - ئايرىم %6.52 ۋە %11.40 ئۆستۈرۈلدى؛ كۈنجۈت پىششىقلانغان چىگىت يېغىنىڭ 1.543 يۈەنگە، يەرلىك چىگىت يېغىنىڭ 1.183 يۈەنگە چىقىرىلىپ، 1957 - يىلدىكىدىن ئايرىم - ئايرىم %3.07 ۋە %13.64 ئۆستۈرۈلدى؛ يارغۇنچاق كۈنجۈت يېغىنىڭ 2.643 يۈەنگە، جۇۋاز كۈنجۈت يېغىنىڭ 2.188 يۈەنگە چىقىرىلىپ، 1958 - يىلدىكىدىن ئايرىم - ئايرىم %6.40 ۋە %1.16 ئۆستۈرۈلدى؛ كاژىر يېغىنىڭ 2.293 يۈەنگە، كەندىر ئۇرۇقى يېغىنىڭ 1.507 يۈەنگە چىقىرىلىپ، 1958 - يىلدىكىدىن ئايرىم - ئايرىم %24.25 ۋە %19.51 ئۆستۈرۈلدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 50 ناھىيە (شەھەر) دىكى زاراڭزا يېغىنىڭ ۋە 21 ناھىيە (شەھەر) دىكى خاسىڭ يېغىنىڭ بىر تونناش سېتىش باھاسى بېكىتىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرىچە ھەر كىلوگرام زاراڭزا يېغىنىڭ 2.078 يۈەن، خاسىڭ يېغىنىڭ 2.581 يۈەن بولدى.

1962 — 1978 - يىللىرى ھەر خىل ياغنىڭ بىر تونناش سېتىش باھاسى ئاساسەن تەڭشەلمىدى. 1979 - يىلى خاسىڭ يېغىنىڭ ئىلگىرى بېكىتىلگەن بىر تونناش سېتىش باھاسى قىچا يېغى، زىغىر يېغىنىڭ بىر تونناش سېتىش باھاسىدىن زىيادە يۇقىرى بولغان ئەھۋال نەزەردە تۇتۇلۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە خاسىڭ يېغىنىڭ ئوتتۇرىچە بىر تونناش سېتىش باھاسى ھەر كىلوگراممىنىڭ 2.60 يۈەندىن 2.461 يۈەنگە چۈشۈرۈلۈپ، %5.35 چۈشۈرۈلدى. 1980 - يىلى ياغ چەككىلەش تېخنىكا سەۋىيىسى ئۆسۈپ بىر قەدەر يۇقىرى دەرىجىلىك ياغ ئىشلەپچىقىرالايدىغان بولغان يېڭى ئەھۋالغا ماسلىشىش ئۈچۈن، 85 ناھىيە (شەھەر) دىكى 1 - دەرىجىلىك قىچا يېغىنىڭ بىر تونناش سېتىش باھاسى ئوتتۇرىچە ھەر كىلوگراممىنىڭ 2.075 يۈەن قىلىپ بېكىتىلىپ، 2 - دەرىجىلىك قىچا يېغى، زىغىر يېغىنىڭ بىر تونناش سېتىش باھاسىدىن %15.28 ئۆستۈرۈلدى. شۇ يىلى يەنە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى دادۇر يېغىنىڭ بىر تونناش سېتىش باھاسى ھەر كىلوگراممىنىڭ 2.30 يۈەن قىلىپ بېكىتىلىپ، شۇ جايدىكى 2 - دەرىجىلىك قىچا يېغى، زىغىر يېغىنىڭ سېتىش باھاسى بىلەن تەڭلەشتۈرۈلدى. 1980 - يىلدىن باشلاپ ئاپتاپپەرەس يېغى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسلىق ياغ مەنبەسىگە ئايلاندى، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى قىچا يېغى، زىغىر يېغىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىدىن تۆۋەن، لېكىن ئىلگىرى بېكىتىلگەن بىر تونناش سېتىش باھاسى 2 - دەرىجىلىك قىچا يېغى، زىغىر يېغىنىڭ بىر تونناش سېتىش باھاسىدىن %23.60 يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، 1980 - يىلى ئاۋۋال ئاپتاپپەرەس يېغىنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرىچە بىر تونناش سېتىش باھاسى %1.28 تۆۋەنلىتىلدى، 1981 - يىلى يەنىمۇ تۆۋەنلىتىلىپ 2 - دەرىجىلىك قىچا يېغى، زىغىر يېغى بىلەن ئوخشاش باھا سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈلدى. يۇقىرىقى ياغ تۈرلىرىنىڭ بىر تونناش سېتىش باھاسى 1984 - يىلغىچە ئىجرا قىلىندى (جەدۋەل: 5 — 91 گە قاراڭ).

## 1981 — 1984 - يىللىقچە شىنجاڭدىكى ياغنى بىر تۇتاش سېتىش باھاسى

جەدۋەل: 5 — 91

بىرلىكى: كىلوگرام/يۈەن

| نامى / بازار | 1 - دەرىجىلىك قۇيما يېغى | 2 - دەرىجىلىك قۇيما يېغى، زىغىر يېغى | تازىلانغان پىششىقلانغان چىگىت يېغى | پەرلىك چىگىت يېغى | بارغۇنچاق كۈنجۈت يېغى | جۇۋاز كۈنجۈت يېغى | زاراڭزا يېغى | كەندىر ئۇرۇقى يېغى | خاسلاق يېغى | ئاپتاپپەرەس يېغى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرىچە | 2.075 | 1.802 | 1.568 | 1.226 | 2.724 | 2.191 | 2.143 | 1.531 | 2.461 | 1.801 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 2.540 | 2.300 | 1.960 | 1.760 | 3.440 | 3.100 | 2.646 | 1.956 | 2.600 | 2.300 |
| قاراماي شەھىرى | 2.540 | 2.300 | 1.960 | | 3.440 | | | | | 2.300 |
| توقسۇن ناھىيىسى | 2.340 | 2.100 | 1.780 | 1.620 | 2.760 | 2.480 | 2.416 | 1.736 | | 2.100 |
| تۇرپان ناھىيىسى | 2.340 | 2.100 | 1.760 | 1.600 | 3.160 | 2.840 | 2.416 | 1.786 | | 2.100 |
| پىچان ناھىيىسى | 2.340 | 2.100 | 1.780 | 1.800 | 2.880 | 2.590 | 2.420 | 1.790 | | 2.100 |
| قۇمۇل ناھىيىسى | 2.340 | 2.100 | 1.780 | | 3.160 | 2.600 | 2.415 | 1.800 | 2.600 | 2.100 |
| ئاراتۈرۈك ناھىيىسى | 2.140 | 1.920 | | | 3.160 | | 1.920 | 1.560 | | 1.920 |
| باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | 2.140 | 1.920 | | | 3.160 | | | 1.650 | | 1.920 |
| خوشۇت ناھىيىسى | 2.120 | 1.880 | 1.600 | 1.440 | 2.700 | | 2.162 | 1.598 | 2.600 | 1.880 |
| خېجىڭ ناھىيىسى | 2.120 | 1.880 | | 1.270 | 2.700 | | 2.162 | 1.598 | 2.600 | 1.880 |
| يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى | 2.120 | 1.880 | 1.600 | 1.440 | 2.700 | 2.430 | 2.162 | 1.598 | 2.600 | 1.880 |
| باغراش ناھىيىسى | 2.120 | 1.880 | 1.600 | 1.440 | 2.700 | 2.430 | 2.162 | 1.598 | 2.600 | 1.880 |
| كورلا ناھىيىسى | 2.120 | 1.880 | 1.600 | 1.420 | 2.700 | | 2.162 | 1.598 | 2.600 | 1.880 |
| لوپنۇر ناھىيىسى | 2 | 1.760 | 1.500 | | 2.700 | 1.970 | 2.024 | 1.496 | 2.600 | 1.760 |
| چاقىلىق ناھىيىسى | 1.900 | 1.600 | 1.360 | 1.340 | 2.700 | | 1.840 | 1.680 | 2.400 | 1.600 |
| چەرچەن ناھىيىسى | 1.800 | 1.440 | 1.300 | 1.170 | 2.700 | | 1.656 | 1.240 | 2.160 | 1.440 |
| بۈگۈر ناھىيىسى | 2.060 | 1.824 | 1.560 | 1.300 | 2.700 | | 2.200 | 1.550 | 2.600 | 1.824 |
| كۇچا ناھىيىسى | 2 | 1.740 | 1.480 | 1.270 | 2.580 | 2.240 | 2.010 | 1.488 | | 1.740 |
| توقسۇ ناھىيىسى | 2 | 1.740 | 1.480 | 1.270 | 2.580 | 2.050 | 2 | 1.488 | | 1.740 |
| شايار ناھىيىسى | 1.940 | 1.680 | | 1.230 | 2.500 | 2.090 | | 1.488 | | 1.680 |
| باي ناھىيىسى | 2 | 1.740 | 1.480 | | 2.580 | 2.190 | 2.040 | 1.488 | | 1.740 |
| ئونسۇ ناھىيىسى | 2 | 1.752 | | | 2.640 | 2.100 | 2.140 | | | 1.752 |
| ئاقسۇ ناھىيىسى | 2 | 1.752 | 1.500 | 1.340 | 2.640 | 2.100 | 2.140 | 1.488 | | 1.752 |
| ئاۋات ناھىيىسى | 2 | 1.740 | 1.320 | 1.180 | 2.440 | 2.080 | 1.860 | 1.400 | | 1.740 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1.560 | 2.340 | 1.380 | 1.860 | 2.220 | 2.380 | 1.130 | 1.320 | 1.560 | 1.900 | كەلپىن ناھىيىسى |
| 1.520 | | 1.330 | 2.360 | 1.950 | 2.240 | 0.960 | | 1.520 | 1.900 | ئۈچتۇرپان ناھى-يىسى |
| 1.520 | | | | | 3.680 | | | 1.520 | 1.900 | ئاقچى ناھىيىسى |
| 1.740 | | | 1.820 | | 3.680 | | | 1.820 | 2.060 | ئاتۇش ناھىيىسى |
| 1.560 | | | | | 3.030 | | | 1.900 | 2.140 | ئۇلۇغچات ناھىيە-سى |
| 1.520 | | | 2.100 | | 3.400 | 1.300 | 1.560 | 1.840 | 2.100 | ئاقتۇ ناھىيىسى |
| 1.520 | | 1.500 | 2.040 | 2.250 | 2.500 | 1.220 | 1.350 | 1.600 | 1.900 | مارالبېشى ناھى-يىسى |
| 1.520 | 2.600 | 1.750 | 2.140 | | 2.660 | 1.350 | 1.500 | 1.770 | 2 | قەشقەر شەھىرى |
| 1.770 | | 1.760 | 2.140 | | 2.560 | 1.300 | 1.500 | 1.700 | 2 | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى |
| 1.770 | | 1.750 | 2.140 | | 2.660 | 1.350 | 1.500 | 1.700 | 2 | قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى |
| 1.640 | | 1.630 | 1.900 | | 2.660 | 1.330 | 1.400 | 1.640 | 1.900 | يېڭىسار ناھىيىسى |
| 1.600 | | 1.500 | 1.900 | | 2.660 | 1.240 | 1.360 | 1.600 | 1.900 | پەيزاۋات ناھىيە-سى |
| 1.640 | | 1.500 | 1.900 | | 2.660 | 1.290 | 1.560 | 1.640 | 1.900 | يوپۇرغا ناھىيىسى |
| 1.600 | | 1.500 | 1.828 | | 2.660 | 1.240 | 1.360 | 1.600 | 1.900 | مەكىت ناھىيىسى |
| 1.590 | 2.600 | 1.352 | 1.828 | 2.242 | 2.490 | 1.224 | 1.360 | 1.590 | 1.900 | يەكەن ناھىيىسى |
| 1.590 | 2.380 | 1.352 | 1.828 | | 2.660 | 1.240 | 1.360 | 1.590 | 1.900 | پوسكام ناھىيىسى |
| 1.580 | 2.600 | 1.680 | 1.828 | | 2.480 | 1.240 | 1.360 | 1.580 | 1.900 | قاغىلىق ناھىيىسى |
| 2.200 | | | 2.450 | | 2.660 | | 1.900 | 2.200 | 2.440 | تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى |
| 1.580 | 2.370 | 1.342 | 1.818 | 2.180 | 2.400 | 0.840 | 1.340 | 1.580 | 1.900 | گۇما ناھىيىسى |
| 1.600 | 2.370 | 1.342 | 1.818 | 2.300 | 2.440 | 0.780 | 1.350 | 1.600 | 1.900 | قاراقاش ناھىيىسى |
| 1.660 | 2.370 | 1.342 | 1.818 | 2.300 | 2.500 | 0.800 | 1.420 | 1.660 | 1.920 | خوتەن ناھىيىسى |
| 1.580 | 2.370 | 1.340 | 1.818 | 2.240 | 2.400 | 0.780 | 1.340 | 1.580 | 1.900 | لوپ ناھىيىسى |
| 1.460 | 2.370 | 1.270 | 1.740 | 1.694 | 2.200 | 0.750 | 1.240 | 1.460 | 1.800 | چىرا ناھىيىسى |
| 1.440 | 2.160 | 1.224 | 1.700 | 1.680 | 1.680 | 0.800 | 1.240 | 1.440 | 1.800 | كېرىيە ناھىيىسى |
| 1.440 | 2.160 | 1.224 | 1.700 | 1.530 | 1.680 | 0.780 | 1.240 | 1.440 | 1.800 | نىيە ناھىيىسى |
| 2.200 | 2.600 | | 2.530 | | 3.240 | | 1.880 | 2.200 | 2.440 | سىجۇەن ناھىيىسى |
| 2.100 | | 1.786 | 2.410 | | 3.240 | | 1.780 | 2.100 | 2.340 | فۇكاڭ ناھىيىسى |
| 1.900 | | 1.616 | 2.180 | | 3.240 | | | 1.900 | 2.140 | جىمسار ناھىيە-سى |
| 1.800 | | 1.760 | 2.100 | | 2.780 | | 1.700 | 1.800 | 2.040 | گۇچۇڭ ناھىيىسى |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1.720 | | | 2.000 | | 2.560 | | | 1.720 | 2.000 | موری قازاق ئاپ-تونوم ناهىيىسى |
| 2.200 | | | 2.550 | | 3.240 | | 1.880 | 2.200 | 2.440 | سانجى ناهىيىسى |
| 2.100 | | | 2.430 | | 3.100 | | 1.780 | 2.100 | 2.340 | قۇتۇبى ناهىيىسى |
| 2 | | 1.700 | 2.320 | | 2.980 | | 1.700 | 2 | 2.240 | ماناس ناهىيىسى |
| 2 | | 1.700 | 2.300 | | 2.900 | | 1.700 | 2 | 2.240 | شىخەنزە شەھىرى |
| 2 | | | 2.150 | | 2.900 | | 1.700 | 2 | 2.240 | كۈيتۇن شەھىرى |
| 2 | | | 2.300 | | 2.000 | | 1.700 | 2 | 2.240 | ساۋەن ناهىيىسى |
| 2 | | 1.700 | 2.150 | | 2.900 | | 1.700 | 2 | 2.240 | شىخۇ ناهىيىسى |
| 1.880 | | | | | 2.640 | | | 1.880 | 2.120 | تولى ناهىيىسى |
| 1.780 | | | 2.040 | | 2.640 | | | 1.780 | 2.040 | دۆربىلجىن ناهىيىسى |
| 1.800 | | | 2.040 | | 2.640 | | | 1.800 | 2.060 | چۆچەك ناهىيىسى |
| 1.560 | | | | | 2.640 | | | 1.560 | 1.900 | چاغانتوقاي ناهىيىسى |
| 1.972 | | | 2.320 | | 2.640 | | | 1.972 | 2.200 | قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناهىيىسى |
| 1.890 | | | | | 2.500 | | | 1.890 | 2.140 | جىڭ ناهىيىسى |
| 1.680 | | | | | 2.500 | | | 1.680 | 1.940 | بورتالا ناهىيىسى |
| 1.560 | | | | | 2.500 | | | 1.550 | 1.900 | ئارىشاڭ ناهىيىسى |
| 1.740 | | 1.480 | | 2.320 | 2.580 | | | 1.740 | 1.980 | قورغاس ناهىيىسى |
| 1.766 | | 1.480 | | 2.380 | 2.640 | | | 1.766 | 2.000 | غۇلجا شەھىرى |
| 1.700 | | 1.446 | | 2.200 | 2.440 | | | 1.700 | 1.980 | غۇلجا ناهىيىسى |
| 1.600 | | 1.412 | | 2.140 | 2.380 | | | 1.660 | 1.980 | چاپچال شىبە ئاپتونوم ناهىيىسى |
| 1.660 | | 1.412 | | 2.100 | 2.320 | | | 1.600 | 1.900 | نىلقا ناهىيىسى |
| 1.600 | | 1.412 | | 2.100 | 2.320 | | | 1.600 | 1.900 | توققۇزتارا ناهىيىسى |
| 1.560 | | 1.356 | | 2.020 | 2.240 | | | 1.560 | 1.900 | تېكەس ناهىيىسى |
| 1.440 | | 1.300 | | 1.920 | 2.120 | | | 1.440 | 1.900 | موڭغۇلكۈرە ناهىيىسى |
| 1.560 | | 1.356 | | 2.020 | 2.240 | | | 1.560 | 1.900 | كۈنەس ناهىيىسى |
| 1.800 | | | 2.600 | | 3 | | 1.600 | 1.810 | 2.240 | بۇرچىن ناهىيىسى |
| 2 | | | 2.600 | | 3 | | 1.700 | 2 | 2.240 | قابا ناهىيىسى |
| 2 | | | 2.600 | | 3 | | 1.700 | 2 | 2.240 | جېمىنەي ناهىيىسى |
| 2 | | | 2.600 | | 3 | | 1.700 | 2 | 2.240 | بۇرۇلتوقاي ناهىيىسى |
| 2 | | | 2.600 | | 3 | | 1.600 | 2 | 2.240 | ئالتاي ناهىيىسى |
| 2.100 | | | 2.600 | | 3 | | 1.800 | 2.100 | 2.340 | كۆكتوقاي ناهىيىسى |
| 2.200 | | | 2.600 | | 3 | | 1.800 | 2.200 | 2.440 | چىڭگىل ناهىيىسى |

1985 — 1990 - يىللىرى قىچا يېغى، زىغىر يېغى، چىگىت يېغى، ئاپتاپپەرەس يېغىغا قارىتا بىر تۇتاش سېتىش باھاسى داۋاملىق يولغا قويۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ساھەسىگە تەمىنلەنگەن ياغلارنىڭ سېتىۋېلىنىش، سېتىش باھاسى ئوخشاش بولدى، غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئاھالىسى ۋە تەكشە باھادىكى يېمەك - ئىچمەك، پېچىنە - پىرەنىك كەسپىگە تەمىنلەنگەن ياغلارغا 1984 - يىلدىكى بىر تۇتاش سېتىش باھاسى داۋاملىق ئىجرا قىلىندى. باشقا ياغلىق دان، ياغنىڭ باھاسى ئومۇميۈزلۈك قويۇۋېتىلدى. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر بىر تۇتاش سېتىش باھاسى بويىچە تەمىنلىنىدىغان ياغلارنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرىچە سېتىۋېلىش - سېتىش باھاسىدىكى تەتۈر بولۇش ئەھۋالى مۇنداق بولدى: 2 - دەرىجىلىك قىچا يېغىنىڭ 130.19%، 2 - دەرىجىلىك زىغىر يېغىنىڭ 145.28%، 2 - دەرىجىلىك ئاپتاپپەرەس يېغىنىڭ 126.54%، ئىنچىكە پىششىقلانغان چىگىت يېغىنىڭ 142.35% بولدى.

(2) ئىستېمال قىلىنمايدىغان باغ 1961 - يىلى شىنجاڭدا پەقەت 3 جايدىكى ئابدىمىلىك يېغىنىڭ بىر تۇتاش سېتىش باھاسى ئوتتۇرىچە ھەر كىلوگرامىنىڭ 2.143 يۈەن قىلىپ بېكىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر تۇتاش سېتىش باھاسى ئەڭ يۇقىرى بولغان ئۈرۈمچى شەھىرىدە 2.53 يۈەن بولدى. 1971 - يىلى ئابدىمىلىكنىڭ سېتىش باھاسى بېكىتىلگەن جاي 7 گە كۆپىيىپ، ئوتتۇرىچە سېتىش باھاسى 2.051 يۈەنگە تۆۋەنلىتىلدى، باھاسى باھا ئەڭ يۇقىرى بولغان ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنىلا 2.53 يۈەن بولدى. 1980 - يىلى ئابدىمىلىك يېغىنىڭ بىر تۇتاش سېتىش باھاسى ھەر كىلوگرامىنىڭ 3.44 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى، 1984 - يىلى باھا ۋە تىجارەت قويۇۋېتىلگەنگە قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە ئوخشاش باھا يولغا قويۇلدى. تۆڭگۈز يېغى پەقەت ئۈرۈمچى شەھىرىدىلا سېتىلىپ، 1979 - يىلدىن ئىلگىرى ھەر كىلوگرامىنىڭ بىر تۇتاش سېتىش باھاسى 2.86 يۈەن بولدى، 1979 - يىل 4 - ئايدا 3.20 يۈەنگە، 1980 - يىل 10- ئايدا 3.80 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى ۋە بۇ باھا 1984 - يىلى باھا بىلەن تىجارەت قويۇۋېتىلگەنگە قەدەر ئىجرا قىلىندى.

## 3) ئېكسپورتقا تاپشۇرۇش ۋە ئىچكى قىسىمدا يۆتكەش باھاسى

(1) ئېكسپورتقا تاپشۇرۇش باھاسى 1955 — 1956 - يىللىرى ياغ ئېكسپورتى ش ئۇ ئا ر ياغ شىركىتى ئۆزى باشقۇرۇپ تاشقى سودا تارماقلىرىنىڭ ۋاكالىتەن بېجىرىشىگە ھاۋالە قىلىش يولى بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. ئادەتتە شىمالىي شىنجاڭدىكى قورغاس، باقتۇ پورتلىرىدىن ئېكسپورت قىلىنغان ياغلىق داندىن پايدا ئېلىنىدى، ئېكسپورت قىلىنغان ياغ ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تورغات پورتىدىن ئېكسپورت قىلىنغان ياغلىق داندىن زىيان چىقتى. 1958 - يىلدىن باشلاپ ياغ ئېكسپورتىنى تاشقى سودا تارماقلىرى باشقۇردى، ئاشلىق تارماقلىرى پىلان بويىچە مال مەنبەسى بىلەن تەمىنلىدى. ئېكسپورتقا تاپشۇرۇش باھاسى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئىچكى قىسىمدا يۆتكەش باھاسىغا خىراجەتنى قوشۇش يولى بىلەن ھېسابلاندى. 1962 - يىلى ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ئېكسپورتقا تاپشۇرۇش باھاسى ئاخىرقى مال ماڭغۇزۇش ئورنىدىكى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسىغا تىجارەت خىراجىتىنى ئۇنىڭغا يەنە 10% پايدا نىسبىتىنى قوشۇش يولى بىلەن ھېسابلاشقا ئۆزگەرتىلدى. 1967 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئېكسپورتقا تاپشۇرۇش باھاسى ئىچىدىكى تىجارەت خىراجىتىنى ئاشلىق تارماقلىرى ھەر 50 كىلوگرام ئۈچۈن 4 يۈەن مۇقىم سومما قىلىپ بېكىتتى، پايدا نىسبىتى 3%كە تۆۋەنلىتىلدى، «ئاخىرقى مال ماڭغۇزۇش ئورنى» دىكى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە ھېسابلاندى.

1983 — 1990 - يىللىرى سودا مىنىستىرلىكى دالىيەن پورتى ئارقىلىق ئېكسپورت قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرغان ئاپتاپپەرەس يېغى مەنبەسىنى ش ئۇ ئا ر ياغ شىركىتى ئۇيۇشتۇرۇپ تەمىنلىدى. ئېكسپورتقا تاپشۇرۇش باھاسى ئۆلكىلەر ئارا يۆتكەش باھاسىغا كېڭىشىپ بېكىتىلگەن پايدىنى قوشۇش يولى بىلەن ھېسابلاندى.

(2) ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار ئارا يۆتكەش باھاسى 1958 ـ يىل 9 ـ ئايدا ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ بەلگىلىمىسى ئىجرا قىلىنىپ، ياغنى ئۆلكىلەر ئارا يۆتكەش باھاسى «ئاخىرقى مال ماڭغۇزۇش ئورنى» دىكى بىر تۇتاش سېتىش باھاسىدىن تىجارەت بىجىنى ئېلىۋېتىش يولى بىلەن ھېسابلاندى؛ ياغلىق داننى ئۆلكىلەر ئارا يۆتكەشكە «ئاخىرقى مال ماڭغۇزۇش ئورنى» دىكى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسىغا تىجارەت خىراجىتىنى، پايدا نىسبىتىنى قوشۇش يولى بىلەن باھا قويۇلدى. ياغلىق دانلارنىڭ بەلگىلەنگەن قوشۇشقا تېگىشلىك پايدا نىسبىتى: قىچا، زىغىر، كەندىر ئۇرۇقىنىڭ %12، كۈنجۈتنىڭ %7، چىگىتنىڭ %20 بولدى. 1962 ـ يىل 9 ـ ئايدىن باشلاپ ئاشلىق مىنىستىرلىكى ئۆلكىلەر ئارا ياغ يۆتكەشكە باھا قويۇشنى «ئاخىرقى مال ماڭغۇزۇش ئورنى» دىكى بىر تۇتاش سېتىش باھاسى ئاساسىدا %20 زىيان نىسبىتىنى قوشۇش يولى بىلەن باھا قويۇشقا ئۆزگەرتتى. 1966 ـ يىلى ئۆلكىلەر ئارا ياغلىق دان يۆتكەشكە باھا قويۇش «ئاخىرقى مال ماڭغۇزۇش ئورنى» دىكى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسىغا ھەر 50 كىلوگرامغا بېرىلىدىغان 4 يۈەن مۇقىم خىراجەتنى قوشۇش يولى بىلەن باھا قويۇشقا ئۆزگەرتىلدى؛ ياغ يۆتكەشكە «ئاخىرقى مال ماڭغۇزۇش ئورنى» دىكى بىر تۇتاش سېتىش باھاسى بويىچە باھا قويۇلدى. 1967 ـ يىلى ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، شىنجاڭدا ئۆلكىلەر ئارا يۆتكەشتىكى «ئاخىرقى مال ماڭغۇزۇش ئورنى» ئۈرۈمچى شەھىرى بولدى. شۇ يىلى ياغ يۆتكەشكە باھا قويۇش «ئاخىرقى مال ماڭغۇزۇش ئورنى» دىكى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسىغا مۇناسىپ خىراجەتنى قوشۇشقا ئۆزگەرتىلدى، كېيىن مۇقىم خىراجەت سوممىسى بويىچە باھا قويۇشقا ئۆزگەرتىلدى. 1988 ـ يىل 3 ـ ئايدا سودا مىنىستىرلىكى ياغلىق دان، ياغنىڭ ھەر 50 كىلوگرامىنىڭ شىنجاڭدىن يۆتكەش مۇقىم خىراجەت سوممىسىنى مۇنداق بېكىتتى: قىچىنىڭ 7.54 يۈەن، زىغىرنىڭ 8.30 يۈەن، چىگىتنىڭ 2.50 يۈەن، قىچا يېغىنىڭ 22.84 يۈەن، زىغىر يېغىنىڭ 24.92 يۈەن، ئىنچىكە پىششىقلانغان چىگىت يېغىنىڭ 21 يۈەن، تۆۋەن سىناپلىك كىسلاتالىق قىچا يېغىنىڭ 24.70 يۈەن. 1990 ـ يىلى ھەر 50 كىلوگرام ياغلىق دان، ياغنىڭ يۆتكەش تىجارەت خىراجىتى: قىچىنىڭ 10.83 يۈەنگە، تۆۋەن سىناپلىك كىسلاتالىق قىچىنىڭ 11.35 يۈەنگە، زىغىرنىڭ 11.60 يۈەنگە، ياغلىق ئاپتاپپەرەسنىڭ 10.68 يۈەنگە، چىگىتنىڭ 3.78 يۈەنگە، قىچا يېغىنىڭ 31.91 يۈەنگە، تۆۋەن سىناپلىك كىسلاتالىق قىچا يېغىنىڭ 33.77 يۈەنگە، زىغىر يېغىنىڭ 34 يۈەنگە، ئاپتاپپەرەس يېغىنىڭ 31.38 يۈەنگە، ئىنچىكە پىششىقلانغان چىگىت يېغىنىڭ 31.67 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يۆتكەپ چىقىرىلىدىغان زىغىر يېغىنىڭ ھەر 50 كىلوگرامىغا باھا سىرتىدا يەنە 15 يۈەن، قىچا يېغى، تۆۋەن سىناپلىك كىسلاتالىق قىچا يېغى، ئاپتاپپەرەس يېغى، ئىنچىكە پىششىقلانغان چىگىت يېغىغا باھا سىرتىدا 10 يۈەن ياردەم قوشۇپ بېرىلدى، تەپسىلاتىنى جەدۋەل: 5 — 92دىن كۆرۈۋېلىڭ.

### 1990 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ياغلىق دان، ياغنىڭ ئۆلكىلەر ئارا يۆتكەش باھاسى

جەدۋەل: 5 — 92　　ئۆلچىمى: ئوتتۇرا دەرىجىلىك

بىرلىكى: 50 كىلوگرام/يۈەن

| تۈرى / خىلى | بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى | تىجارەت خىراجىتى | باھا سىرتىدىكى ياردەم | ئەمەلىي يۆتكەش باھاسى |
|---|---|---|---|---|
| قىچا | 54.15 | 10.83 | | 64.98 |
| زىغىر | 58 | 11.60 | | 69.60 |
| ياغلىق ئاپتاپپەرەس | 53.38 | 10.68 | | 64.06 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| چىكىت | 18.92 | 3.78 | | 22.70 |
| 2 ـ دەرىجىلىك قىچا بېغى | 159.54 | 31.91 | 10 | 201.45 |
| 2 ـ دەرىجىلىك زىغىر بېغى | 170 | 34 | 15 | 219 |
| 2 ـ دەرىجىلىك ئاپتاپپەرەس بېغى | 156.92 | 31.38 | 10 | 198.30 |
| 2 ـ دەرىجىلىك ئىنچىكە پىششىقلانغان چىكىت بېغى | 158.33 | 31.67 | 10 | 200 |

**(3) ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (شەھەر)لەر ئارا يۆتكەش باھاسى** 1959 ـ يىل 5 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (شەھەر) لەر ئارا ياغلىق دان، ياغ يۆتكەش باھاسى بىر تۇتاش مۇنداق بولدى: ياغ يۆتكەشكە مال ماڭغۇزغۇچى تەرەپنىڭ «ئاخىرقى مال ماڭغۇزۇش ئورنى» دىكى بىر تۇتاش سېتىش باھاسىدىن %2.5 سودا ـ سانائەت بېجىنى ئېلىۋېتىش يولى بىلەن؛ ياغلىق دان يۆتكەشكە مال ماڭغۇزغۇچى تەرەپنىڭ «ئاخىرقى مال ماڭغۇزۇش ئورنى» دىكى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسىغا خىراجەت ۋە پايدا نىسبىتىنى قوشۇش يولى بىلەن باھا قويۇلدى. پىرسەنت قوشۇلىدىغان پايدا نىسبىتى قىچا، زىغىر، گازىرنىڭ %10، چىكىتنىڭ %20، زىغىرنىڭ %7 قىلىپ بېكىتىلدى. 1962 ـ يىلى يۆتكەشكە باھا قويۇش مۇنداق ئۆزگەرتىلدى: ياغ يۆتكەشكە مال ماڭغۇزغۇچى تەرەپنىڭ ناھىيە بازىرى ياكى «ئاخىرقى مال ماڭغۇزۇش ئورنى» دىكى بىر تۇتاش سېتىش باھاسىغا %20 زىيان نىسبىتىنى قوشۇش يولى بىلەن باھا قويۇلدى؛ ياغلىق دان يۆتكەشكە مال ماڭغۇزغۇچى تەرەپنىڭ ناھىيە بازىرى ياكى «ئاخىرقى مال ماڭغۇزۇش ئورنى» دىكى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسىغا %20 زىيان نىسبىتىنى قوشۇش يولى بىلەن باھا قويۇلدى. 1964 — 1970 ـ يىللىرى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (شەھەر) لەر ئارا ياغ يۆتكەشكە مال ماڭغۇزغۇچى ناھىيە بازىرىدىكى ياكى «ئاخىرقى مال ماڭغۇزۇش ئورنى» دىكى بىر تۇتاش سېتىش باھاسىغا %10 زىيان نىسبىتىنى قوشۇش يولى بىلەن باھا قويۇلىدىغان بولدى؛ ياغلىق دان يۆتكەشكە مال ماڭغۇزغۇچى تەرەپنىڭ ناھىيە بازىرىدىكى ياكى «ئاخىرقى مال ماڭغۇزۇش ئورنى» دىكى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسىغا ئاشلىق نازارىتى بېكىتكەن خىراجەت نىسبىتىنى قوشۇش يولى بىلەن باھا قويۇلىدىغان بولدى. 1971 — 1977 ـ يىللىرى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون ئىچىدە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (شەھەر)لەر ئارا ياغ، ياغلىق دان يۆتكەشكە يۆتكەپ چىقارغۇچى تەرەپتىكى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە باھا قويۇلۇپ، بارلىق تىجارەت خىراجىتىنى يۆتكەپ چىقارغۇچى تەرەپ ئۆز ئۈستىگە ئالدى. 1978 ـ يىلى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (شەھەر) لەر ئارا ياغلىق دان يۆتكەشكە بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى ئاساسىدا %10 تىجارەت خىراجىتىنى قوشۇپ باھا قويۇش چارىسى ئاۋۋال ئىلمىگە كەلتۈرۈلدى. 1979ـ يىل 5 ـ ئايدا ياغلىق دان يۆتكەش تىجارەت خىراجىتى %18كە كۆپەيتىلدى، ياغ يۆتكەشكە %15 تىجارەت خىراجىتىنى قوشۇش چارىسىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. شۇ يىلى 11 ـ ئايدا ياغلىق دان يۆتكەش تىجارەت خىراجىتى %5كە تۆۋەنلىتىلدى، ياغ يۆتكەش تىجارەت خىراجىتى %20كە كۆپەيتىلدى. 1980 — 1990 ـ يىللىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (شەھەر)لەر ئارا ياغلىق دان پەقەت بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە يۆتكەپ چىقىرىلىپ، ھېچقانداق خىراجەت قوشۇلمىدى. ياغ يۆتكەشكە ئالدى بىلەن بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى ئاساسىدا باھا سىرتىدىكى ياردەم سۇپىتىدە %15 نىسبەت قوشۇلدى، 1988 ـ يىلى ھەر 50 كىلوگىرامىغا 13 يۈەن مۇقىم خىراجەت قوشۇشقا ئۆزگەرتىلدى، بۇ چارە 1990 ـ يىلغىچە ئىجرا قىلىندى (جەدۋەل: 5 — 93كە قاراڭ).

## 1990 - يىلى شىنجاڭدىكى ياغ، ياغلىق دانلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئارا يۆتكەش باھاسى

جەدۋەل: 5 — 93

ئۆلچىمى: ئوتتۇرا دەرىجىلىك
بىرلىكى: 50 كىلوگرام/يۈەن

| تۈرى / خىلى | بىر تۈتاش سېتىۋېلىش باھاسى | تىجارەت خىراجىتى | يۆتكەش باھاسى |
|---|---|---|---|
| قىچا | 54.15 | | 54.15 |
| تۆۋەن سىناپىك كىسلاتالىق قىچا | 56.77 | | 56.77 |
| زىغىر | 58 | | 58 |
| ياغلىق ئاپتاپپەرەس | 53.38 | | 53.38 |
| 2 - دەرىجىلىك قىچا يېغى | 159.54 | 13 | 172.54 |
| 2 - دەرىجىلىك تۆۋەن ئېرۇك كىسلاتالىق قىچا يېغى | 168.85 | 13 | 181.85 |
| 2 - دەرىجىلىك زىغىر يېغى | 170 | 13 | 183 |
| 2 - دەرىجىلىك ئاپتاپپەرەس يېغى | 156.92 | 13 | 169.92 |
| 2 - دەرىجىلىك ئىنچىكە پىششىقلانغان چىگىت يېغى | 158.33 | 13 | 171.33 |

ئالتىنچى قىسىم

# پەن - تېخنىكا، مائارىپ

## ئالتىنچى قىسىم

# پەن - تېخنىكا، مائارىپ

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ئوبوروت ساھەسىدە پەن - تېخنىكا تەتقىقاتىمۇ شۇنداقلا كەسپىي مائارىپمۇ يوق ئىدى، شۇڭا ئاشلىق ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ۋە كەسپىي ساپاسى تۆۋەن ئىدى، ئاشلىق، ياغ ساقلاش، پىششىقلاش ئاساسەن ئەنئەنىۋى ھەتتا ئىپتىدائىي ھالەتتە ئىدى. 1952 - يىلدىن باشلاپ شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرى ئىشلەپچىقىرىش، كەسپىي خىزمەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئاشلىق، ياغ پەن - تېخنىكىسى ۋە ئىقتىساد نەزەرىيىسى، سىياسىتىنى تەتقىق قىلىش، قوللىنىشنى كەڭ قانات يايدۇردى، بۇ، ئاشلىق، ياغ ئوبوروت ساھەسىنىڭ ھەر قايسى كەسپىي ھالقىلىرىنىڭ ئىلمىيلىشىش، زامانىۋىلىشىش قەدىمىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ياخشى رول ئوينىدى. 50 - يىللارنىڭ ئاخىرى، 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئاپتونوم رايون ئاشلىق مەكتىپى بىلەن ئاشلىق، ياغ تەتقىقات ئاپپاراتىنى تەسىس قىلدى. 70 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا ئاشلىق، ياغ پەن - تېخنىكا كەسپىي تەتقىقات ئاپپاراتىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە ئاشلىق كەسپىي مائارىپىنىڭ تەدرىجىي مۇنتىزىملىشىشىغا ئەگىشىپ، ئاشلىق ئوبوروت ساھەسىنىڭ پەن - تېخنىكا سەۋىيىسى ۋە ئاشلىق ئىشچى - خىزمەتچىلىرى قوشۇنىنىڭ مەدەنىيەت-تېخنىكا ساپاسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى.

## I باب

# ئاشلىق، ياغ پەن - تېخنىكىسى

ئاشلىق، ياغ پەن - تېخنىكىسى دېگىنىمىز ئاشلىق ئوبوروت ساھەسىگە تەدبىقلىنىدىغان پەن - تېخنىكا ۋە ئىقتىساد نەزەرىيىسى، سىياسىتىنى تەتقىق قىلىپ قوللىنىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۆزۈندىن بۇيان ئاشلىق، ياغ پەن - تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىش ۋە قوللىنىش جايلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش (كەسپىي) پائالىيەتلىرىدە يولغا قويۇلغان بولۇپ، مەزكۇر تەزكىرىنىڭ «ئاشلىق، ياغ ساقلاش - توشۇش»، «ئاشلىق، ياغ سانائىتى» قىسىملىرىدا بايان قىلىندى. بۇ بابتا كەسپىي تەتقىقات ئاپپاراتلىرى ۋە ئالاقىدار كەسپىي ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ تەتقىقاتلىرى قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ.

# § 1 . ئەمەلىي پەن - تېخنىكا

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق - باغ پەن تەتقىقات ئورنى — شىنجاڭنىڭ ئاشلىق - باغ پەن-تېخنىكا تەتقىقاتىدىكى مەخسۇس ئورگان ھېسابلىنىدۇ. 1987 - يىلى قۇرۇلغان جۇڭگو ئاشلىق - باغ ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىمۇ ئاشلىق، باغ ئەمەلىي پەن - تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىش، قوللىنىش ۋە كېڭەيتىشنى پائال قانات يايدۇردى.

## 1. ئاشلىق - باغ پەن تەتقىقات ئورنى

1959 - يىل 5 - ئايدا ئاشلىق نازارىتى خادىم ئاجرىتىپ ئاشلىق - باغ پەن تەتقىقات گورنىنى قۇرۇپ، ئاشلىق، باغ پەن - تېخنىكىسى بويىچە مەخسۇس تەتقىقات ۋە مەھسۇلات يارىتىشقا تەييارلىق كۆردى ھەمدە شىنجاڭدا ساقلىنىۋاتقان ئاشلىقتىكى ھاشارات زىيىنىنى تەكشۈردى. «جەنۇبىي شىنجاڭدا ساقلىنىۋاتقان ئاشلىقتىكى ھاشاراتلارنىڭ تۈرى ۋە جايلىشىش دائىرىسى» دېگەن جەدۋەلنى تۈزۈپ چىقتى، باغ تۆگىلىرىدىن كۆممىقوناق قورۇتۇش ماشىنىسىنى ياساپ چىقتى، قوغۇن ئۇرۇقى، قارىياغاچ ئۇرۇقى، تېرىق توپىنىنىڭ باغ تەركىبىنى خىمىيىلىك ئانالىز قىلىپ ئېنىقلاش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. لېكىن بۇ 3 يىللىق ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق مەزگىلى بولغاچقا، خىزمەتلەر تېخى ئومۇمىيۈزلۈك، نورمال قانات يايدۇرۇلمايلا 1962 - يىل 1 - ئايدا بۇ تەتقىقات ئورنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1976 - يىل 12 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتقا دوكلات يوللاپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق - باغ پەن تەتقىقات ئورنىنى قۇرۇپ، مەخسۇس ئاشلىق، باغ پەن - تېخنىكىسى بويىچە تەتقىقات، ئۇنى قوللىنىش ۋە كېڭەيتىش بىلەن شۇغۇللاندى. 1984 - يىل 11 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق - باغ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئەترىتى، ئاشلىق- باغ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش-تەكشۈرۈش پونكىتى، ئاشلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشلىرىنى لايىھەلەش ئىشخانىسى شىنجاڭ ئاشلىق - باغ پەن تەتقىقات ئورنىغا قوشۇۋېتىلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ئورۇن ئاشلىق، باغ پەن - تېخنىكىسى بىلەن مەخسۇس شۇغۇللانغاندىن سىرت يەنە ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق، باغ ساھەسىدىكى توپا - تاش قۇرۇلۇشلىرىنى لايىھەلەش، ئاشلىق، باغ جەھەتتىكى ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ۋە ئاشلىق، باغ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ۋەزىپىلىرىنىمۇ ئۈستىگە ئالدى. 1976 - يىل 12 - ئايدىن 1990 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ ئاشلىق - باغ پەن تەتقىقات ئورنى قولغا كەلتۈرگەن مۇھىم تەتقىقات نەتىجىلىرى تۆۋەندىكىچە:

### 1) ئاقما ئوقۇرلۇق قورۇتۇش ماشىنىسىنىڭ ئاپتوماتىك ھارارەت ئۆلچەش - كونترول قىلىش ئەسۋابى

1978 - يىلى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى قورۇتۇش ماشىنىسىنىڭ ئاپتوماتىك ھارارەت ئۆلچەش - تىزگىنلەش ئەسۋابىنى ياساش ئىشىنى تەتقىقات تېمىسى قىلىپ چۈشۈردى. بۇنى شىنجاڭ ئاشلىق-باغ ئىلمىي تەتقىقات ئورنىدىكى ساڭ شىندى، شۇ رۇڭچى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنىدىكى چاڭ يەنجۇ، جېڭجۇ ئاشلىق ئىنستىتۇتىدىكى بەي جيەنگولار بىرلىكتە ئۈستىگە ئالدى، يېرىم يىلدىن ئارتۇق تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇ ئەسۋاب تەتقىق قىلىپ ياسالدى. گۇچۇڭ ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىدە سىناپ ئىشلىتىش نەتىجىسىدە ئىقتىدارى ياخشى ئىكەنلىكى، 140℃ — 180℃ قىچە بولغان ھارارەتتە داۋاملىق تەڭشىگىلى بولىدىغانلىقى، ھارارەتنى ئۆقتىملىق كونترول قىلالايدىغانلىقى، قورۇتۇش

ماشىنىسى ئوتتۇرىسىنىڭ ھارارەت پەرقىنى 10 سېكۇنت ئىچىدە تولۇق ئالماشتۇرالايدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. 1984 - يىلى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ 3 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

## 2) زاراڭزا ئۈرۈقىنىڭ پوستىنى ئاقلاش ماشىنىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش

1978 - يىلى شىنجاڭ ئاشلىق - ياغ ئىلمىي تەتقىقات ئورنىدىكى جۇ گوگۇاڭ، دۇ ۋېنجىلار زاراڭزا ئۈرۈقىنىڭ پوستىنى ئاقلاش ماشىنىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساشنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇلار سانجى ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتىنىڭ ياردىمىدە زاراڭزا ئۈرۈقىنىڭ پوستىنى ئاقلاش ماشىنىسىنىڭ تۇنجى ئەۋرىشكىسىنى ياساپ چىقتى. 1983 - يىلى بۇ ئۈسكۈنە تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى دۆربىلجىن زاراڭزا يېغى زاۋۇتىدا قۇراشتۇرۇلۇپ سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 1984 - يىل 9 - ئايدا سودا مىنىستىرلىكى پەن - تېخنىكا مەھكىمىسىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى، باھالاشتا بۇ ئۈسكۈنىنىڭ لايىھىلىنىشى مۇۋاپىق، قۇرۇلمىسى ئاددىي، مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشقا قولايلىق، ھۈنەر - سەنئىتى ھەم ماشىنىنىڭ ئىقتىدارى ياخشى ئىكەن، ئاقلاش نىسبىتى 80%تىن ئاشىدىكەن دەپ قارالدى. بۇ ئۈسكۈنە 1985 - يىلى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ 3 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

## 3) ئاشلىق پىشىقلاش زاۋۇتىنىڭ تىك تۈرۈبىدا يەتكۈزۈلىدىغان گازنى ھېسابلاش ئۇسۇلى جەھەتتىكى نەزەرىيە تەتقىقاتى

1978 - يىلى شىنجاڭ ئاشلىق - ياغ پەن تەتقىقات ئورنىدىكى ۋاڭ جياشىن بۇ تەتقىقاتنى ئۈستىگە ئالدى. بۇ تەتقىقات نەتىجىسى ئاشلىق پىشىقلاش زاۋۇتىنىڭ تىك تۈرۈبىدا يەتكۈزۈلىدىغان گازنى ھېسابلاشتىكى مۇرەككەپ جەريانىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى. 1978 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن-تېخنىكا يېڭىلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

## 4) زاراڭزا ئۈرۈقىدىن ياغ تارتىش تېخنىكىسى تەتقىقاتى

1981 - يىلى شىنجاڭ ئاشلىق - ياغ پەن تەتقىقات ئورنىدىكى جۇ گوگۇاڭ، دۇ ۋېنجى، ساڭ شىندې ۋە شەنشى ياغ ئىلمىي تەتقىقات ئورنىدىكى بېي يەنشېڭ، لاڭ شەنلۇلار «زاراڭزا ئۈرۈقىدىن ياغ تارتىش تېخنىكىسى تەتقىقاتى»نى ئۈستىگە ئالدى، شەنشى ياغ ئىلمىي تەتقىقات ئورنى ئۇلارغا ياردەملەشتى. تەتقىقاتنى تېزلىتىش ئۈچۈن، سودا مىنىستىرلىكى پەن - تېخنىكا مەھكىمىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن دۆربىلجىن ناھىيىسىدە كۈنىگە 45 توننا زاراڭزىنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان ياغ چىقىرىش ئارىلىق سىناق سېخىنى قۇردى. 1983 - يىل 7-ئايدا بۇ سېخ سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى، ياغ چىقىش نىسبىتى 24%كە يەتتى، كۈنجۈرىدە قالغان ياغ 6%تىن تۆۋەن بولدى. 1984 - يىل 9 - ئايدا سودا مىنىستىرلىكى پەن - تېخنىكا مەھكىمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى بىلەن مەزكۇر تۈرنىڭ ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ لايىھىلىنىشى مۇۋاپىق، ئۈسكۈنىلەرنىڭ سەپلىنىشى جايىدا، پۈتكۈل ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ياخشى بولۇپ، لايىھىدىكى تەلەپكە يەتكەنلىكى ئىسپاتلاندى. مەزكۇر تۈر ئېلىمىزنىڭ زاراڭزىدىن ياغ تارتىشتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى. 1985 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ 4 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتىغا، 1986 - يىلى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ 3 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

## 5) HT—15X ئاشلىق قۇرۇتۇش مۇنارى

1981 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى بىرلىكتە HT—15X ئاشلىق قۇرۇتۇش مۇنارىنى تەتقىق قىلىپ ياساش تۈرىنى چۈشۈردى، بۇ تۈرنى لايىھىلەشكە شىنجاڭ ئاشلىق - ياغ پەن تەتقىقات ئورنىدىكى ۋاڭ جياشىن، ۋۇ جىلى، جۇ بونيەن، گاۋ يۈگجۇڭلار مەسئۇل بولدى. قۇرۇلۇشنى قورغاس ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى تەشكىللىدى. 1982 - يىلى قىشتا بۇ مۇنار قورغاس ناھىيىسىنىڭ لوسىگوڭ ئاشلىق پونكىتىدا ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، سائىتىگە 13 توننىدىن 15.4 تونىنىغىچە

كۆممىقوناقنى قۇرۇتالايدىغانلىقى، ئەملىكى 24% — 26% كىچە بولغان كۆممىقوناقنىڭ ئەملىكىنى بىر قېتىمدا 13.7% — 14.8% كىچە چۈشۈرەلەيدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. بۇ مۇناردا قۇرۇتۇلغان كۆممىقوناقنىڭ سۈپىتى ياخشى، كۆيۈندى دان ۋە يېرىلغان دان يوق. رەڭگى نورمال، تەمى ئەسلىدىكىدەك. بۇ مۇنار شۇ يىلى 12-ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتۈپ مەملىكەت ئىچىدە ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەنلىكى ئىسپاتلاندى. 1985 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ 4 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

## 6) ئاشلىقنىڭ ھاشارات ئېكولوگىيىسىنى كارانتىن قىلىش ۋە ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تەتقىقاتى

1980 — 1982 - يىلغىچە ئاشلىق مىنىستىرلىكى، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق - بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى مەملىكەتلىك ھاشارات تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى شىنجاڭدا مەملىكەت بويىچە كارانتىن قىلىنىدىغان زىيانداش ھاشارات — ئاشلىق مىتىسىنىڭ بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بايقىدى. تارقىلىشچان ھاشاراتنىڭ يامراپ كېتىشىنى توسۇش ئۈچۈن، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق - بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكىدىن جاڭ شېڭفاڭ، ليۇ يۇڭپىڭ، ئاشلىق مىنىستىرلىكى مېيەنياڭ ئاشلىق - ياغ ساقلاش ئورنىدىن سۇن باۋگېن، جېڭجۇ ئاشلىق ئىنستىتۇتىدىن شېن شياڭلىنلارنىڭ تەشكىللىشى ۋە يېتەكلىشى بىلەن شىنجاڭ ئاشلىق - ياغ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئەترىتىدىن ۋۇ چېڭفا، جاڭ زىلياڭ، سۇن گېنشياڭ، ما كېچىن ۋە تورپان ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىدىن سەي گوجېن قاتارلىقلار تورپان ناھىيىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى، غۇلجا ناھىيىسى، ئالتاي قاتارلىق جايلاردا ئاشلىق مىتىسى، كۆممىقوناق مىتىسى تۈر توپى رىقابىتى تەتقىقاتى ۋە ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش سىناقلىرىنى يولغا قويدى. سىناق ئارقىلىق كۆممىقوناق مىتىسىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىسسىق پەسىللىرىدە جىق كۆپەيسىمۇ، قىشتىن ئۆتەلمەيدىغانلىقى، ئەمما ئاشلىق مىتىسىنىڭ قەھرىتان سوغۇق جايلاردىمۇ يەنىلا ھايات كەچۈرەلەيدىغانلىقى، شۇڭا شىنجاڭدا كۆممىقوناق مىتىسى ئاشلىق مىتىسىنىڭ ئورنىنى دەسسىيەلمەيدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. بۇ تەتقىقات نەتىجىسى جايلارنىڭ شەرت - شارائىتىغا قاراپ كارانتىن ئوبيېكتلىرىنى بېكىتىشنى ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى. بۇ 1987 - يىلى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ 3 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

## 7) DWM(XL) — 32 — 125 تىپلىق ياتما شەكىللىك بوغداي تېپىش ماشىنىسى

1982 - يىل ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى «DWM(XL)—32—125 تىپلىق ياتما شەكىللىك بوغداي تېپىش ماشىنىسى»نى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىش ۋەزىپىسىنى چۈشۈردى، بۇ ۋەزىپىنى شىنجاڭ ئاشلىق - ياغ پەن تەتقىقات ئورنىدىن ۋۇجېلى، ۋاڭ جياشىنلار ئۈستىگە ئالدى. بۇ ماشىنا 1985- يىل 8 — 11- ئايغىچە ئىلى ئۇن زاۋۇتى بىلەن ئالتاي ئۇن زاۋۇتلىرىدا سىناق قىلىندى. 1986 - يىل 9 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى بىلەن مەزكۇر ماشىنىنىڭ قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق، كۆركەم، مەشغۇلات قىلىشقا قولايلىق، ھۈنەر - سەنئەت ئۈنۈمى ياخشى بولۇپ، مەملىكەت ئىچىدە ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەنلىكى ئىسپاتلاندى. 1989 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ 4 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

## 8) چىلاش ئۇسۇلى بىلەن ياغ ئىشلەش ھۈنەر - سەنئىتىنى كېڭەيتىش ۋە قوللىنىش

1983 - يىلدىن بۇرۇن شىنجاڭدا چىلاش ئۇسۇلى بىلەن ياغ ئىشلەش يېڭى ھۈنەر - سەنئىتىنى كېڭەيتىش، قوللىنىشتا ھەر خىل توسالغۇغا دۇچ كېلىپ تەرەققىيات ئاستا بولغانىدى. 1983 - يىل 3 - ئايدا شىخەنزە

شەھەرلىك ئۈن - ياغ زاۋۇتىدىن جۇاڭ دېيەنجۇڭ، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىدىن چېن جىڭخەي، لىيۇ فۇجيۇ، ئۈرۈمچى ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتىدىن جاڭ جۇ، بىكتۇەن 148 - تۇەن - مەيدانىدىن مىڭ خۇيۋېنلار بۇ تۈرنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇلار شىخەنزە شەھەرلىك ئۈن - ياغ زاۋۇتىنىڭ كۈنىگە 50 توننا كۆنجۈرنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان، پۈتۈن ئالدىدا تۇرغان تەكشى ئايلانمىلىق چىلاش مېخىنىغا بىرلەشتۈرۈپ سىناق تەرىقىسىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى. ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، مەھسۇلاتى دۆلەتنىڭ 2 - دەرىجىلىك ياغ ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كەلدى. شۇ يىلى كۆنجۈرە، چىلاش ئارقىلىق 600 نەچچە توننا ياغ ئېلىپ، 700 مىڭ يۈەن ساپ كىرىم قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ يېڭى ھۈنەر - سەنئەت شىنجاڭدا تېز كېڭەيتىلدى. 1986 - يىلى بۇ تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ 4 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

### 9) چىگىت كۆنجۈرىسىنى زەھەرسىزلەندۈرۈش ۋە گوسسىپولىنى ئايرىۋېلىش تەتقىقاتى

1984 - يىل 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى «چىگىت كۆنجۈرىسىنى زەھەرسىزلەندۈرۈش ۋە گوسسىپولىنى ئايرىۋېلىش تەتقىقاتى» تېمىسىنى چۈشۈردى، بۇ تېمىنى شىنجاڭ ئاشلىق - ياغ پەن - تەتقىقات ئورنىدىن ئەن رۇڭفاڭ، ياڭ جۈشىن، «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىدىن خۇ يۈنتى، جاڭ شىڭبېڭلار ئۈستىگە ئالدى، ئۇلار ئاسېتون - يېنىك بېنزىن (75:25) لىق ئارىلاشما ئېرىتكۈچكە كۆنجۈرىنى چىلاپ كۆنجۈرىدىكى گوسسىپولىنى ئايرىۋېلىپ، ئۇنى چارۋا - ئۆي قۇشلىرىنىڭ يەم - خەشىكى قىلدى. تېما گۇرۇپپىسى جەنۇبىي شىنجاڭ پاختىچىلىق رايونلىرىدىكى ئورۇنغان ياغ زاۋۇتلىرىدا چىلاش ئەسلىھەسى يوقلۇقىنى نەزەردە تۇتۇپ يەنە «چىگىت كۆنجۈرىسىنى ھاك - تۆمۈرلۈك سۇلفات ئارقىلىق زەھەرسىزلەندۈرۈش ئۇسۇلى ۋە ھۈنەر - سەنئىتى» تەتقىقاتىنى تاماملىدى. زەھەرسىزلەندۈرۈلگەن چىگىت كۆنجۈرىسى بىلەن توخۇ فېرمىسىدا توخۇ بېقىش سىناق قىلىندى. قوشۇلما مىقدارى %15لىك كۆنجۈرە سېرىق پۇرچاق كۆنجۈرىسى ۋە بېلىق تالقىنى ئورنىدا توخۇ بېقىلىپ، توخۇلارنىڭ تۇخۇملاش نىسبىتى %4.3 ئۆستۈرۈلدى. مەزكۇر تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ جەھەتتىكى بوشلۇقىنى تولدۇردى، 1986 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ 4 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

### 10) LFX — 500 تىپلىق دەرىجىلىك ئۈن زاۋۇتلىرىنىڭ يۈرۈشلۈك ئەسلىھەسى

1986 - يىلى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى كىچىك تىپلىق دەرىجىلىك ئۈن زاۋۇتىنى تەتقىق قىلىش، لايىھىلەش تۈرىنى چۈشۈردى، بۇ تۈرنى شىنجاڭ ئاشلىق - ياغ پەن تەتقىقات ئورنىدىن ۋاڭ جياشىن، دۇ ۋېنجى، جۇ بونيەن، ئۈرۈمچى ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتىدىن جاڭ جۇ، لياڭ چىنچۈەنلەر تەتقىق قىلىپ لايىھىلىدى، ئۈسكۈنىلەرنى ياساش ۋە قۇراشتۇرۇشنى ئۈرۈمچى ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى ئۈستىگە ئالدى. 1987 - يىلى بۇ ئۈسكۈنە بىكتۇەن 87 - تۇەن - مەيدانى، ئۈرۈمچى «1 - ماي» دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا قۇراشتۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇ ئۈسكۈنە ئارقىلىق كۈنىگە (24 سائەت) ئالاھىدە 1 - دەرىجىلىك ئۈندىن 500 خالتا (ھەر خالتىسى 25 كىلوگرام)، ئالاھىدە 2 - دەرىجىلىك ۋە ئۆلچەملىك ئۈندىن 600 خالتا تارتىلدى، ئومۇمىي ئۈن چىقىرىش نىسبىتى %78تىن تۆۋەن بولمىدى. بۇ ئۈسكۈنە بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى مۇقىملاشتۇرغىلى بولىدۇ، رېمونت قىلىشقا قولايلىق، مەھسۇلات سۈپىتى ياخشى، قىسقا ھۈنەر - سەنئەت لىنىيىسى بىلەن دەرىجىلىك ئۈن ئىشلەپچىقىرالايدۇ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە باب كېلىدۇ. 1986 - يىل 6 - ئايدا بۇ تۈر ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ بېكىتىشىدىن ئۆتتى. 1989 - يىل ئاپتونوم رايوننىڭ «ئۇچقۇن» پىلانى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ 1990 - يىلى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ 3 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

### 11) QJ گازلىق ئۆزىتىش تورىنى لايىھىلەش بويىچە كومپيۇتېر يۇمشاق دېتالى ئىشلەش

1986 - يىلى شىنجاڭ ئاشلىق - ياغ پەن - تەتقىقات ئورنىدىن گاۋ يۈكجۇڭ، دۇ ۋېنجىلار «سەددىچىن — 0520A» تىپلىق كومپيۇتېردا BASIC تىلىدىن پايدىلىنىپ «گازلىق ئۆزىتىش تورىنى لايىھىلەشكە ئىشلىتىلىدىغان كومپيۇتېر يۇمشاق دېتالى»نى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ چىقتى، بۇ يۇمشاق دېتالنى نىڭشيا ئاشلىق - ياغ پەن تەتقىقات ئورنى، ۋۇشى ئاشلىق - ياغ پەن تەتقىقات ئورنى، نەنجىڭ 1 - ئۇن زاۋۇتىدا ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىقتىدارى مۇكەممەل، قولايلىق، ھېسابلاش سۈرئىتى تېز، توغرا بولۇپ، ئىش ئۈنۈمىنى 10 ھەسسىدىن ئارتۇق ئاشۇرغىلى، گازلىق ئۆزىتىش تورى لايىھىلەشنى ئەڭ ياخشى ھالەتكە يەتكۈزگىلى بولىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. 1986 - يىل 6 - ئايدا بۇ تۈرنى ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. 1989 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ 4 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

### 12) شىنجاڭنىڭ بىرىكمە يەم - خەشەك بايلىقىنى تەكشۈرۈش

1988 - يىلى سودا مىنىستىرلىكى، دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتى، خىمىيە سانائىتى مىنىستىرلىكى، يېنىك سانائەت مىنىستىرلىكى شىنجاڭنىڭ يەم - خەشەك بايلىقىنى تەكشۈرۈش تېمىسىنى چۈشۈردى، بۇ تېمىنى شىنجاڭ ئاشلىق - ياغ پەن تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئالدى. بۇ تېما دۆلەت ئومۇمىي تېمىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى. ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ماسلاشتۇرۇشى ۋە تەشكىللىشى بىلەن شىنجاڭ يەم - خەشەك بايلىقىنى تەكشۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، جۇ گوگۇاڭ گۇرۇپپا باشلىقى، شياۋ جېڭچاۋ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى، جۇ نىڭخې، ۋۇ جېڭفالار گۇرۇپپا ئەزاسى بولدى. تېما گۇرۇپپىسىغا ۋۇ جېڭفا باشلىق، مۇكې، ليۇيۇپىڭ، لى فېڭيىڭ، جاڭ خوڭۋېنلار ئەزا بولدى. 1988 - يىل 2 - ئايدىن باشلاپ 2 يىلدىن ئارتۇقراق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئاپتونوم رايوندا 953 خىل بىرىكمە يەم - خەشەك بايلىقى بارلىقى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ھۆل - قۇرۇق تۈرى 722 خىلغا، ئومۇمىي مىقدارى 81 مىليون 599 مىڭ توننىغا يېتىدىغانلىقى، تۈرى، مىقدارى جەھەتتە مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغانلىقى ئېنىقلاندى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يەم-خەشەكلەرنىڭ تارقىلىشى، پايدىلىنىش ئەھۋالى، تەتقىق قىلىپ ئېچىش ئىستىقبالى ئېنىقلىنىپ، شىنجاڭنىڭ يەم - خەشەك سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىنلەندى. بۇ تېمىنى 1990 - يىلى سودا مىنىستىرلىكى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى.

### 13) CHGXY250 ئايلانما كۆچمە شەكىللىك دان قۇرۇتۇش ماشىنىسى

1989 - يىلى شىنجاڭ ئاشلىق - ياغ پەن تەتقىقات ئورنىدىن ۋۇ جىلى قاتارلىقلار كىچىك تىپلىق كۆچمە قۇرۇتۇش ماشىنىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساشنى ئوتتۇرىغا قويدى، ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد كومىتېتى بۇ تۈرنى نۇقتىلىق پەن تەتقىقات تۈرىگە كىرگۈزدى. بۇ تۈرگە ۋۇ جىلى مەسئۇل بولدى. جۇ گوگۇاڭ، گاۋ يۈكجۇڭ، غەربىي شىمال يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدىن لى يۈەنرۈي، سانجى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىدىن ما شيۈەن، سانجى شەھەرلىك ئاشلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتىدىن فەن جېنلىن، ئۈرۈمچى ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتىدىن خېلىل قاتارلىقلار تەتقىق قىلىپ ياساشقا قاتناشتى. 1990 - يىل 5 - ئايدا تۇنجى ئەۋرىشكە ماشىنا سىناق تەرىقىسىدە ياساپ چىقىلىپ، ۋۇجياچۇ، قاراماي قاتارلىق جايلاردا سىناق قىلىندى، نەتىجىدە ئۈنۈمى ياخشى بولدى، بۇ ماشىنا ئاشلىق پونكىتلىرى، ئاشلىق ئىسكىلاتلىرى، يەم - خەشەك زاۋۇتلىرى، ئۇن - ياغ زاۋۇتلىرى، ئۇرۇقچىلىق شىركەتلىرى، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى نەملىكى يۇقىرى ئاشلىقلارنى قۇرۇتۇشقا باب كېلىدۇ، بۇ ماشىنا قۇرۇلمىسى ئاددىي، مەشغۇلات قىلىشقا قولايلىق، بىخەتەر، قۇرۇتۇش سۈرئىتى تېز، تەكشى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

## 2. ئاشلىق ـ ياغ ئىلمىي جەمئىيىتى

### 1) ئىلمىي جەمئىيەت تەشكىلى

1987 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى [1986] 118 ـ نومۇرلۇق مۆجەتنى تارقىتىپ شىنجاڭ ئاشلىق ـ ياغ ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇشنى تەستىقلىدى، بۇ جەمئىيەت ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىغا تەۋە بولدى. تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسىنى قۇرۇش قاتارلىق بىر قاتار خىزمەتلەرنى ئىشلەش ئارقىلىق، بۇ جەمئىيەت 1987 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى يىغىن ئېچىلىپ رەسمىي قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ مەقسىتى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت، ھەر قايسى پەنلەردىكى ئاشلىق، ياغ پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق، ياغ جەمئىيەتتىكى پەن ـ تېخنىكا ئىشلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى بالدۇرراق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت. يىغىندا 33 كىشىدىن ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى، سۇڭ رۇڭگو كېڭەش باشلىقلىقىغا، ما زۇڭچىن، جۇ گوگۇاڭ، يې جىتىلەر كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. 1990 ـ يىلى ئىلمىي جەمئىيەت 1 ـ نۆۋەتلىك ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ 3 ـ قېتىملىق كېڭەش يىغىنى چاقىرىپ، ما زۇڭچىننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ماسلاشتۇرۇش، تەشكىللەش ھەمدە كۈندىلىك خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىدىغانلىقىنى ماقۇللىدى، يىغىندا شى يۇشەن، يې شۇتاڭلار مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقلىقىغا تولۇقلاندى.

ئىلمىي جەمئىيەت ئاشلىق، ياغ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئاشلىق، ياغ بىمەكلىكلىرى، ئاشلىق، ياغ ساقلاش، يەم ـ خەشەك پىششىقلاش، ياغ پىششىقلاش، ئۆلچەملىك ئۆلچەم پەن گۇرۇپپىسىدىن ئىبارەت 5 پەن گۇرۇپپىسى بىلەن ئىلمىي مائارىپ، تەشكىلات، تەھرىرلەش ـ نەشر قىلىش، پەن ـ تېخنىكىدىن مەسلىھەت بېرىش كومىتېتىدىن ئىبارەت 4 خىزمەت كومىتېتىنى تەسىس قىلدى. ئىلمىي جەمئىيەت پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈشنى ئاساس قىلىپ، پەيدىنپەي مۇقىم كېڭەيتىش پرىنسىپى بويىچە ئۆز سىستېمىسىدىكى پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنى جەمئىيەت ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە بىكتۈەن سىستېمىسىدىكى ئاشلىق، ياغ پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى ۋە ئىلمىي جەمئىيەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان رەھبەرلەرنى جەمئىيەت ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى. 1990 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئىلمىي جەمئىيەت 4 تۈركۈم شەخسىي ئەزا، 3 تۈركۈم كوللېكتىپ ئەزا قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ بىلەن شەخسىي ئەزا 199 غا، كوللېكتىپ ئەزا ئورۇن 15كە يەتتى.

### 2) ئىلمىي جەمئىيەت پائالىيەتلىرى

شىنجاڭ ئاشلىق ـ ياغ ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلغان كۈندىن تارتىپ خەلقئارا ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ئاشلىق، ياغ پەن ـ تېخنىكىسى جەھەتتىكى ئىلىم ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى.

1988 — 1990 ـ يىلغىچە ئاشلىق ـ ياغ ساقلاش كەسپىي پەن گۇرۇپپىسى ئۈرۈمچى شەھرىدە 4 قېتىم كەسپىي تېخنىكا ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى: (1) ھاشاراتنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان فوسفور مۇداپىئە دورىسىنى ئىشلىتىش ئىلمىي يىغىنى؛ (2) غەربىي جەنۇب، غەربىي شىمال بويىچە ئاشلىق ـ ياغ ساقلاش ئىلمىي يىغىنى. بۇ يىغىندا 24 پارچە ئىلمىي ماقالە ئوقۇپ ئۆتۈلدى؛ (3) جۇڭگو ئاشلىق ـ ياغ ساقلاش 2 ـ نۆۋەتلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 2 ـ قېتىملىق دائىمىي كېڭەش ئەزالىرى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەندە ئاشلىق ـ ياغ ساقلاش بويىچە مەخسۇس تېمىدا ئىلمىي دوكلات ئۇيۇشتۇرۇلدى، دوكلات ئاڭلاشقا ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ساقلاش كەسپىنى باشقۇرىدىغانلار ۋە كەسپىي تېخنىكلاردىن 104 كىشى قاتناشتى؛ (4) ئاشلىق ئامبارلىرىنى لايىھەلەش

بويىچە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى. يۇقىرىقى ئىلمىي پائالىيەتلەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق ساقلاش جەھەتتىكى نەزەرىيە تەتقىقاتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاشلىق ساقلاش تېخنىكىسىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى. شۇ مەزگىلدە ئىلمىي جەمئىيەت يەنە تۆۋەندىكى ئىلمىي پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇردى: 1988 - يىل 9 - ئايدا جۇڭگو ياغ كەسپىي ئىلمىي جەمئىيىتى شاڭخەي ئالاقە پونكىتىنىڭ 3 مۇتەخەسسىسىنى شىنجاڭغا كېلىپ تېخنىكا ئالماشتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئاپتونوم رايوندىكى ياغ زاۋۇتلىرى ئەۋەتكەن تېخنىكا خادىملىرى شىخۇ ناھىيىسىدە ئۇيۇشتۇرۇلغان مۇھاكىمە كۇرسىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دەرسىنى ئاڭلىدى. مۇتەخەسسىسلەر ۋە كۇرسانتلار شىخۇ ئون - ياغ زاۋۇتىنىڭ چىلاپ ياغ چىقىرىش سېخىدا ئېرىتكۈچنىڭ سەرپىياتى يۇقىرى بولۇش مەسىلىسى بويىچە نەق مەيداندا تەكشۈرۈش، تەھلىل قىلىش، مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق، ئۆگەنگەچ، نەق مەيداندا تېخنىكىلىق مەسلىھەت بەردى. بۇ ئارقىلىق كۇرسانتلارنىڭ نەزەرىيىۋى بىلىم سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپلا قالماستىن، ئەمەلىي مەشغۇلات سەۋىيىسى ۋە مەسىلىلەرنى بايقاش، ھەل قىلىش ئىقتىدارى ئۆستى.

ئىلمىي جەمئىيەت سودا مىنىستىرلىكىنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن، 1988 - يىل 7 - ئايدا ئامېرىكا بۇغداي جەمئىيىتىدىن كەلگەن لى ياۋگو ئەپەندى باشچىلىقىدىكى 3 كىشىنى، 1989 - يىل 8 - ئايدا ئامېرىكا بۇغداي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى F. شىنەيت باشچىلىقىدىكى 4 كىشىنى كۈتۈۋېلىپ، ئاشلىق، ياغ يېمەكلىكلىرى تېخنىكىسى، بۇغداي پىششىقلاش تېخنىكىسى بويىچە ئىلىم ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. 1988- يىل 7 - ئايدا ئىلمىي جەمئىيەت ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ ھەمكارلىقىدا ئامېرىكىلىق پروفېسسور نورىسنى شىنجاڭغا كېلىپ زاراڭزا يېتىشتۈرۈش، زاراڭزا ئۇرۇقىنى پىششىقلاش، پايدىلىنىش قاتارلىق مەخسۇس تېمىلار بويىچە ئىلمىي مۇھاكىمە ۋە لېكسىيە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلدى.

1990 - يىل 9 - ئايدا جۇڭگو مىكرو كومپيۇتېرنى ئاشلىق ساھەسىدە ئىشلىتىش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چېن شىيىڭ باشچىلىقىدىكى 3 كىشى تەكلىپكە بىنائەن شىنجاڭغا كېلىپ دەرس سۆزلىدى ۋە زىيارەتتە بولدى. ئۇلار ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق سىستېمىسىدىكى بىر قىسىم رەھبەرىي كادىرلار، پەن-تېخنىكا خادىملىرى، تېخنىكلارغا «جۇڭگو ئاشلىق سىستېمىسىدا مىكرو كومپيۇتېرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسى» دېگەن تېمىدا ئىلمىي دوكلات بەردى.

ئاشلىق ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ تېخنىكا ساپاسى ۋە باشقۇرغۇچىلارنىڭ باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، شىنجاڭ ئاشلىق - ياغ ئىلمىي جەمئىيىتى ئاشلىق، ياغ ساقلاش، ئاشلىق، ياغ يېمەكلىكلىرى، ئۇن تارتىش، چىلاپ ياغ چىقىرىش ۋە ئىنچىكە ئايرىش ھەمدە كارخانىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش قاتارلىق كۆپ قاتلام، كۆپ پەنلەر بويىچە 7 قېتىم تېخنىكا تەربىيىلەش كۇرسى ئۇيۇشتۇردى، نەنجىڭ ئاشلىق ئىقتىساد ئىنستىتۇتى، ۋۇشى ئاشلىق ماشىنىسازلىق زاۋۇتى، شاڭخەي ياغ ئىلمىي جەمئىيىتى ھەمدە ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد كومىتېتى، پىلان كومىتېتى، ئۆلچەم ئىدارىسى ۋە مەزكۇر جەمئىيەتتىكى ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار، كەسپىي باشقۇرغۇچىلارنى كەسپىي تېخنىكا مەزمۇنى بويىچە دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلىپ، تۈرلۈك تېخنىك ۋە باشقۇرغۇچىلاردىن 330 دىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى.

ئىلمىي جەمئىيەت ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق، ياغ كارخانىلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، يېڭىدىن قۇرۇلغان، كېڭەيتىپ قۇرۇلغان، ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان كارخانىلارنىڭ ئىلمىيلىكىنى كۈچەيتىش، ئاساسىي قاتلام كارخانىلار يولۇققان تېخنىكىلىق قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، يەنە تېخنىكلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ تېخنىكىدىن مەسلىھەت بېرىش ۋە بەلگىلەنگەن تەدبىرلەرنى دەلىللەش قاتارلىق كەسپىي خىزمەتلەرنى كەڭ تۈردە قانات يايدۇردى.

## 2 § . ئاشلىق ئىقتىسادىغا دائىر نەزەرىيە، سىياسەت تەتقىقاتى

ئاشلىق نازارىتى (ئىدارىسى) ئاشلىق سىياسىتى تەتقىقاتىنى ئىزچىل تۈردە كەسپىي خىزمەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ باردى. 80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاشلىق نازارىتى (ئىدارىسى) دە مەخسۇس سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسى تەسىس قىلىنىپ، ئاشلىق سىياسىتىنى تەتقىق قىلىشقا مەخسۇس ئادەم قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىقتىساد تەتقىقات جەمئىيىتى ھەم ئۇنىڭ شۆبە پەنلەر جەمئىيىتى قۇرۇلدى، بۇ جەمئىيەتلەر مۇھاكىمە يىغىنى، قەلەمكەشلەر يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇردى. غەربىي شىمال ئاشلىق ئىقتىساد نەزەرىيە تەتقىقاتى ھەمكارلىق يىغىنى ۋە مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى ئاشلىق ئىقتىساد ھەمكارلىق يىغىنى قاتارلىق پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ، شىنجاڭ ئاشلىق ئىقتىسادىغا دائىر نەزەرىيە، سىياسەت تەتقىقاتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى. ش ئۇ ئا ر پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىقتىساد تەتقىقات جەمئىيىتى 1986 - يىل 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى رەسمىي قۇرۇلدى، تۇنجى نۆۋەتلىك كېڭەش 47 ئادەمدىن تەركىب تاپتى. سۇڭ رۇگو جەمئىيەت باشلىقى، ماخمۇت يۇسۇپ، ۋاڭ سۇنجۇ، ئىلەۋسىزلەر مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقى، ما تيەنشىن باش كاتىپ بولدى. 1987 - يىل 6 - ئايدا تۇنجى نۆۋەتلىك جەمئىيەتنىڭ 2 - قېتىملىق كېڭەش يىغىنىدا ماخمۇت يۇسۇپ جەمئىيەت باشلىقلىقىغا، ئەن دىلى، سۇڭ رۇگو، ۋاڭ سۇنجۇ، ئىلەۋسىزلەر مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا سايلاندى، باش كاتىپلىقنى يەنىلا ماتيەنشىن ئۈستىگە ئالدى. بۇ جەمئىيەتنىڭ تەركىبىدىكى شۆبە پەنلەر جەمئىيىتى تۆۋەندىكىچە:

### 1. شىنجاڭ ئاشلىق سىستېمىسى ئىشچى - خىزمەتچىلەر سىياسىي-ئىدىيىۋى خىزمەت تەتقىقاتى جەمئىيىتى

بۇ جەمئىيەت 1988 - يىل 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى رەسمىي قۇرۇلدى، بۇ جەمئىيەتنىڭ كېڭەش ئەزالىرى ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك، ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىلىرى ھەم ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ۋە ئۇنىڭغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى 47 كىشىدىن تەركىب تاپتى، سۇڭ رۇگو جەمئىيەت باشلىقى، ماخمۇت يۇسۇپ، ئابدۇكېرىم ھاشىم، جاڭ گۇيېن، خوجائەخمەت، گو زېشىڭلار مۇئاۋىن باشلىق، ئەن دىلى ، ۋاڭ سۇنجۇ، گاۋ جىشياڭ (قوشۇمچە باش كاتىپ) لار جەمئىيەتنىڭ مەسلىھەتچىسى بولدى.

### 2. شىنجاڭ ئاشلىق ستاتىستىكا ئىلمىي جەمئىيىتى

بۇ جەمئىيەت 1989 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى رەسمىي قۇرۇلدى، 47 كىشىدىن تەركىب تاپتى. ياڭ تيەنشى جەمئىيەتنىڭ پەخرىي باشلىقلىقىغا، ماۋ يۈنشياڭ جەمئىيەت باشلىقلىقىغا، راشىدىن روزى، چېن ۋېنچى، جاڭ گۇاڭتېيلەر مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا سايلاندى، باش كاتىپلىقنى جاڭ گۇاڭتېي قوشۇمچە ئۆتىدى.

### 3. شىنجاڭ ئاشلىق مالىيە - بوغالتىرلىق تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى

1980 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو ئاشلىق مالىيە - بوغالتىرلىق تەتقىقات جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى رەسمىي قۇرۇلدى. 1986 - يىل 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شۆبە جەمئىيەت ئاساسىدا شىنجاڭ ئاشلىق مالىيە - بوغالتىرلىق تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى رەسمىي قۇرۇلدى. ماخمۇت يۇسۇپ جەمئىيەتنىڭ پەخرىي

باشلىقلىقىغا، ماگويى جەمئىيەت باشلىقلىقىغا سايلاندى، ليۇ فېڭۇۇ، دۇ كېمىن، ۋاڭ فېڭداۋ، ئەلى ئابدۇماناپلار جەمئىيەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، دۇەن ۋېنلىن باش كاتىپ بولدى.

# II باب

# مائارىپ

## §1 . ئاپتونوم رايون ئاشلىق سىستېمىسىنىڭ ئىچكى تەربىيىلەش ئەھۋالى

### 1. قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش

1950 - يىل 3 - ئايدا ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسى تۇنجى قېتىم تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، سىياسىي دەرس ئۆگىنىشنى ئاساس قىلدى. كۇرسنىڭ مۇددىتى بىر ئاي بولدى، سابىق گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى غەللە - پاراق ئاشلىق باشقارمىسىنىڭ قالدۇرۇپ ئىشلىتىلگەن 30 خادىمى ئۆگىنىشكە قاتناشتى. ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى، ئىسكىلات ئاپپاراتلىرىنىڭ تەدرىجىي قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، كەسپىي بىلىمگە ئىگە كادىرلار كۆرۈنەرلىك كەمچىل بولدى، بۇنىڭ بىلەن كادىرلارنىڭ كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش گەۋدىلىك مەسىلىگە ئايلاندى. 1951 - يىل 9 - ئايدىن 1953 - يىلغىچە ئۆلكىلىك ئاشلىق ئىدارىسى بىلەن قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئاشلىق ساقلاش بويىچە 3 قارار قىسقا مۇددەتلىك كۇرس ئېچىپ، 87 كىشىنى تەربىيىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان كۇرسانت 32 بولۇپ، ئۆگىنىش مۇددىتى 30 — 33 كۈنگىچە بولدى. كۇرستا ئاساسلىقى ئاشلىق ساقلاش، ھاشاراتلارنى پەرقلەندۈرۈش ۋە ئۇنىڭدىن مۇداپىئە كۆرۈش، ئۇنى يوقىتىش، ئاشلىقنى باھالاپ بېكىتىش، ئاشلىق سايمانلىرىنى قۇراشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە دائىر بىلىملەر ئۆگىنىلدى.

1953 - يىل 5 - ئايدا ئۆلكىلىك ئاشلىق نازارىتى يېڭى كادىر قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئاشلىق كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى تەسىس قىلدى، كۇرستا خې كېجيەن مەسئۇل بولدى. بۇ سىنىپنىڭ 10 ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى بولۇپ، ئورنى ئۈرۈمچى شەھىرى نەنگۇەندىكى تيەنخېڭيۈڭ بازىرىدا ئىدى. شۇ يىلى 139 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 107. بوغالتىرلىق سىنىپىدا 37 كىشى بار بولۇپ، ئوقۇش مۇددىتى يېرىم يىل؛ ئاشلىق ساقلاش سىنىپىدا 102 كىشى بار بولۇپ، ئوقۇش مۇددىتى بىر يىل ئىدى. ئوقۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، 85 كىشى ئاشلىق تارماقلىرىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىندى.

1955 - يىل 4 - ئايدا ئۆلكىلىك ئاشلىق نازارىتى ئۈرۈمچى شەھىرى لۇيەنگەي كوچىسىدا يېڭى مەكتەپ سېلىپ، ئاساسىي قاتلامدىن 94 ستاتىستىكا كادىرىنى قوبۇل قىلىپ (بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرى 54)، يېرىم يىل كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلىدى. شۇ يىلى يەنە قەشقەر، ئىلى ۋىلايەتلىرىدە ئاشلىق

كادىرلىرىنىڭ قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 258 كۇرسانت نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىلىدىكى كۇرستا ئوقۇغان 71 كۇرسانتنىڭ ھەممىسى ئاز سانلىق مىللەت. 1959 - يىلغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە خىزمەتتىكى خادىمدىن 1130ى تەربىيىلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرى 428.

ئاپتونوم رايون 1960 - يىل 1 - ئايدا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى، ئاشلىق نازارىتى ۋە ۋىلايەتلىك، ئاپتونوم ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى بەس - بەس بىلەن مەدەنىيەت دەرسى تولۇقلاش كۇرسى ئېچىپ، مەلۇماتى تۆۋەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە مەدەنىيەت دەرسى تولۇقلىدى. 1962 — 1965 - يىلغىچە ئاشلىق نازارىتى كادىرلار بۆلۈمىدە سەييار، تەربىيىلەش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، جايلارنىڭ كەسپىي سىنىپ ئېچىپ كادىرلارنى تەربىيىلىشىگە ياردەملەشتى. 1964 - يىل 11 - ئايدا قەشقەر ۋىلايىتىدە، مۇددىتى 3 ئايلىق ئاشلىق، ياغ ساقلاش قىسقا مۇددەتلىك كۇرس ئېچىلدى. 1965 - يىل 5 - ئايدا سانجى ئوبلاستىدا ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش بويىچە پىرىيوم قىلىش كۇرسى ئېچىلدى.

1965 - يىل 9 - ئايدىن 1966 - يىل 8 - ئايغىچە ئاشلىق نازارىتى 3 قارار سىياسىي خىزمەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، ھەر بىر قارارلىق كۇرسنىڭ ۋاقتى 3 ئاي بولدى. كۇرستا ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىندى. ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىنىڭ سىياسىي بۆلۈمچە باشلىقلىرى بولۇپ 270 كىشى كۇرسقا قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرى 40.

1967 — 1975 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون ئاشلىق سىستېمىسىنىڭ كادىرلارنى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش خىزمىتى توختاپ قالدى. 1976 - يىلدىن باشلاپ، تەدرىجىي ئەسلىگە كەلدى. 1980 - يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئاپتونوم رايون ئاشلىق سىستېمىسىدا ساقلاش، پىششىقلاش، پىرىيوم قىلىش، مالىيە - بوغالتىرلىق، ستاتىستىكا، تەمىنلەش، ماشىنا رېمونت قىلىش بويىچە 72 قارار قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 1816 كىشى تەربىيىلەندى. 1981 — 1985 - يىلغىچە ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرى مەدەنىيەت دەرسى تولۇقلاش، تېخنىكا دەرسى تولۇقلاش بويىچە ھەر خىل كۇرسلارنى ئاچتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەدەنىيەت دەرسى تولۇقلاشقا قاتناشقانلار 4096 بولۇپ، دەرس تولۇقلاشقا تېگىشلىك ئادەمنىڭ %57نى؛ تېخنىكا دەرسى تولۇقلاشقا قاتناشقانلار 1905 بولۇپ، دەرس تولۇقلاشقا تېگىشلىك ئادەمنىڭ %58.9نى ئىگىلىدى. ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى پەن - تېخنىكا - مائارىپ باشقارمىسى زاۋۇت باشلىقى (دىرېكتور) لاردىن دۆلەت بىر تۇتاش ئىمتىھانىغا قاتنىشىش بويىچە 4 قارار يېتەكچىلىك قىلىش كۇرسى ئاچتى، كۇرسقا 96 كىشى قاتناشتى، ئۇلاردىن 92 سى بىر تۇتاش ئىمتىھاندىن ئۆتتى.

1986 - يىلدىن باشلاپ ئىش ئورنى بويىچە تەربىيىلەش ئۇقتىسلىق يولغا قويۇلدى. 1990 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى بوغالتىرلىق، ئاشلىق - ياغ ساقلاش، ئاشلىق - ياغ پىرىيومچىلىقى، تىجارەت، ياغ تېخنىكىسى، ئاشلىق - ياغ پىرىيوم ئۆلچىمى، شوپۇرلۇق، كومپيۇتېر، ئۇن تارتىش، كاتىباتلىق، چىلاش ئارقىلىق ياغ تارتىش، كارخانا ھۆددىگەرلىكى، سانائەت ستاتىستىكىسى، سۈپەت باشقۇرۇش، يەم - خەشەك پىششىقلاش، كادىرلار كىتاب ئوقۇش كۇرسى، سانائەت كارخانىلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، ئاشلىق ئىسلاھاتىغا دائىر نەزەرىيە مۇھاكىمە كۇرسى، ئاشلىق ستاتىستىكىسى، ئاشلىق قۇرۇتۇش ماشىنىسى، بوغالتىرلىق تۈزۈمى، ئۈسكۈنە باشقۇرۇش ئاساس نەزەرىيىسى، ئىشخانا مۇدىرلىرى مۇھاكىمە كۇرسى، ئاشلىق دۇكانلىرىنىڭ دىرېكتور (مۇدىر) لىرى ۋە ئاشلىق پونكىت باشلىقلىرى (مۇدىرلىرى) نى خىزمەت ۋەزىپىسى بويىچە ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش كۇرسى، بىناكارلىق قۇرۇلۇش باشقۇرغۇچىلىرى پىركارچىكلارنى ئىش ئورنى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى قاتارلىق 26 خىل كۇرس ئېچىپ، 7020 ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى.

## 2. مۇنتىزىم تەربىيىلەش

1956 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئاشلىق نازارىتىنىڭ ئاشلىق كادىرلار مەكتىپى رەسمىي قۇرۇلدى. 1955 ـ يىلى 11 ـ ئايدا خۇبېي ئۆلكىسىدىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن 129 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ تەربىيىلەندى، مەكتەپتە مالىيە ـ بوغالتىرلىق، ستاتىستىكىدىن ئىبارەت 2 سىنىپ ئېچىلدى، ئوقۇش مۇددىتى بىر يىل بولدى. 1956 ـ يىلى 10 ـ ئايدا شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن، 12 ـ ئايدا گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىن بولۇپ 446 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 104. ستاتىستىكا، مالىيە، بوغالتىرلىق ۋە ئامبارچىلىق كەسپلىرى تەسىس قىلىندى، ئوقۇش مۇددىتى 2 يىل، بىر يىل بولدى. 1957ـ يىلى 10 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق كادىرلار مەكتىپى سودا مەكتىپى، تەمىنات ـ سودا مەكتىپى، بانكا مەكتەپلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، ش ئۇ ئا ر مالىيە ـ سودا مەكتىپى قىلىندى. ئوقۇشنى پۈتتۈرمىگەن ئوقۇغۇچىلار مالىيە ـ سودا مەكتىپىدە قېلىپ داۋاملىق ئوقۇدى.

1980 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق مەكتىپىدە كادىر تەربىيىلەش بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1982 ـ يىلى 7ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق مەكتىپى كادىر تەربىيىلەش بۆلۈمى ئاساسىدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق كادىرلار مەكتىپى قۇرۇلدى، بۇ مەكتەپ ش ئۇ ئا ر ئاشلىق مەكتىپى بىلەن بىر ئاپپارات بولۇپ، 2 ۋىۋىسكا ئاستى. شۇ يىلى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارە باشلىقلىرى، زاۋۇت باشلىقلىرىدىن 72 سى تەربىيىلەندى. 1983 ـ يىلى زاۋۇت باشلىقى ۋە كەسپىي كادىرلاردىن 229 ى تەربىيىلەندى. تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا سودا كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش كەسپى بويىچە خىزمەتتىن تولۇق ئايرىلىپ ئوقۇش سىنىپى تەسىس قىلىندى. 1984 — 1985 ـ يىللىرى 2 قارار ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارە باشلىقلىرىنىڭ كارخانا باشقۇرۇش كەسپى بويىچە گۇۋاھنامە ئېلىش (ئوقۇش مۇددىتى بىر يىل) كۇرسىدىن 3ى ئېچىلىپ، ئىستاژى ئۇزۇن، تەجرىبىسى مول بىر تۈركۈم ئوتتۇرا ياش كادىرلارنىڭ ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخى مەسىلىسى ھەل قىلىندى. بۇ مەزگىلدە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئوتتۇرا تېخنىكومى (ئوقۇش مۇددىتى 2 يىل)، چوڭلار مائارىپى بويىچە ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بېرىدىغانلار كونسۇلتاتسىيە سىنىپى ئېچىلدى. 1986 — 1987 ـ يىللىرى نەنجىڭ ئاشلىق ئىقتىساد ئىنستىتۇتىنىڭ شىنجاڭ ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇتۇش پونكىتى قۇرۇلۇپ، ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ كارخانىنى زامانىۋى باشقۇرۇش بويىچە مۇھاكىمە ـ بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپى ئېچىلدى. 1982 — 1987ـ يىلغىچە ھەر خىل كادىردىن 1337 سى تەربىيىلەندى. 1988 ـ يىلى 407 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، ئوقۇغۇچى سانى 491گە يەتتى. بۇ مەكتەپ تارىخىدا ئوقۇغۇچىلار سانى ئەڭ كۆپ بولغان يىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1990 ـ يىلى 330 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 105؛ ئوقۇغۇچى 420گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سودا بوغالتىرلىق بىلەن مانائەت بوغالتىرلىق كەسپىدە ئوقۇيدىغىنى 124، ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇش ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ستاتىستىكا كەسپىدە ئوقۇيدىغىنى 35، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئوتتۇرا تېخنىكومىدا ئوقۇيدىغىنى 87، نەزەرىيە ۋە تېخنىكا تەربىيىلەش سىنىپىدا ئوقۇيدىغىنى 174.

## 2 §. ئاپتونوم رايون ئاشلىق سىستېمىسىنىڭ سىرتتا تەربىيىلەش ئەھۋالى

1951 — 1952 ـ يىللىرى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسى 6 كادىرنى غەربىي شىمال ئاشلىق

ئىدارىسى كادىرلار مەكتىپى بىلەن ئاشلىق مىنىستىرلىكى ئاشلىق كادىرلىرى مەكتىپىگە (بۇ مەكتەپ 1953 ـ يىلى 1 ـ ئايدا شائخەيگە كۆچۈرۈلۈپ شائخەي ئاشلىق كادىرلار مەكتىپى دەپ ئاتالدى) تەربىيىلەشكە ئەۋەتىپ ئامبارچىلىق، ئاساسىي قۇرۇلۇش، بوغالتىرلىق كەسىپلىرى بويىچە 3 ئايدىن بىر يىلغىچە تەربىيىلىدى.

1953 — 1956 ـ يىلغىچە ئۆلكىلىك ئاشلىق نازارىتى بىلەن بىر قىسىم ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى 30 نەچچە كادىرنى شائخەي ئاشلىق كادىرلار مەكتىپىگە ئامبارچىلىق، ئاساسىي قۇرۇلۇش، بوغالتىرلىق، ستاتىستىكچىلىق كەسىپلىرى بويىچە بىر يىل تەربىيىلىنىشكە ئەۋەتتى.

1958 — 1960 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايون ئاشلىق سىستېمىسىدىن 357 كادىر تاللىنىپ تۈرلۈك مەكتەپلەرگە تەربىيىلىنىشكە ئەۋەتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە مەركىزىي ئاشلىق كادىرلار مەكتىپىگە (بېيجىڭدا) ئەۋەتىلگىنى 120 (خەنزۇ 30، مىللىي 90)، تەربىيىلەش ئوبيېكتلىرى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارە باشلىقلىرى بولدى، ئۇلار ماركسىزم نەزەرىيىسى ۋە ئاشلىق، ياغ سىياسەتلىرىنى ئۆگەندى؛ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەشنى مەركىزىي ئاشلىق كادىرلار مەكتىپىدە ئېچىلغان شىنجاڭ سىنىپى ئۈستىگە ئالدى. سىنىپ مۇدىرى، تەرجىمان قاتارلىقلارنى شىنجاڭ ئاشلىق نازارىتى تاللاپ ئەۋەتتى، ئوقۇتقۇچىلارنى مەركىزىي ئاشلىق كادىرلار مەكتىپى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇردى، 1958 ـ يىللىق سىنىپنىڭ ئوقۇش مۇددىتى بىر يىل، 1959 ـ يىللىق سىنىپنىڭ 2 يىل بولدى. شائخەي ئاشلىق كادىرلار مەكتىپى (1959 ـ يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى) گە 32، ئاشلىق مىنىستىرلىكى نەنجىڭ ئاشلىق كادىرلار مەكتىپىگە 15، نەنجىڭ يېنىك سانائەت ئىنستىتۇتىغا 5، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ـ سودا مەكتىپىگە 135، قەشقەر مالىيە ـ سودا مەكتىپىگە 50 ئادەم ئەۋەتىلىپ، يۈتكەش، بوغالتىرلىق، ئاساسىي قۇرۇلۇش، ستاتىستىكا، ئامبارچىلىق، پىرىيومچىلىق، ئىگىلىك باشقۇرۇش قاتارلىق كەسىپلەر بويىچە يېرىم يىلدىن بىر يىلغىچە تەربىيىلەندى. 1960 ـ يىلى يەنە 10 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئىمتىھان ئارقىلىق ۋۇخەن ئاشلىق سانائەت ئالىي تېخنىكوم مەكتىپىگە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلدى، ئۇلار ئاشلىق پىششىقلاش، ئامبار ـ زاۋۇت ماشىنىلىرى كەسپى بويىچە 5 يىل تەربىيىلەندى.

1963 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر مالىيە ـ سودا مەكتىپى ئاشلىق نازارىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن 2 قارار ئاشلىق، سودا، مالىيە ـ بوغالتىرلىق ئىشلىرى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، ئالدىنقىسىنىڭ مۇددىتى 4 يېرىم ئاي، كېيىنكىسىنىڭ 6 ئاي بولدى. بۇ كۇرسلارغا قىسمەن ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى ۋە ناھىيىدىن تۆۋەن ئاشلىق سودا كارخانىلىرىدىن 80 بوغالتىر، كاسسىر قاتناشتى.

1964 — 1966 ـ يىلغىچە ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارە باشلىقلىرى دەرىجىلىك سىياسىي خىزمەت كادىرىدىن 31ى 4 قارارغا بۆلۈپ مەركىزىي ئاشلىق كادىرلار مەكتىپىگە ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلدى. ھەر قارارنىڭ ۋاقتى 3 ئايدىن 4 يېرىم ئايغىچە بولدى. ئۇلار ئاساسلىقى ماۋ زېدۇڭنىڭ سىياسىي خىزمەت توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ سىياسىي خىزمەت جەھەتتىكى ئاساسىي تەجرىبىسى، ئاشلىق خىزمىتىگە ئائىت مۇھىم فاڭجېن، سىياسەتلەرنى ئۆگەندى. 1965 ـ يىلى 7 كادىر تاللىنىپ بىر قىسمى نەنجىڭ ئاشلىق مەكتىپىگە، بىر قىسمى جېجياڭ ئاشلىق ئىنستىتۇتىغا بوغالتىرلىق ۋە ئاشلىق، ياغ تىجارىتى كەسپى بويىچە تەربىيىلىنىشكە ئەۋەتىلدى، ئوقۇش مۇددىتى 9 ئاي ۋە 10 ئاي بولدى.

1967 — 1976 ـ يىلغىچە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش خىزمىتى توختاپ قالدى. 1977 ـ يىلدىن باشلاپ ئىچكىرىدىكى مەكتەپلەر شىنجاڭغا ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەپ بېرىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى، شۇ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ۋە قىسمەن ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى 109 كەسپىي كادىرنى ئىچكىرىدىكى ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە كەسپىي جەھەتتە قىسقا مۇددەت تەربىيىلىنىشكە ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ 68ى ستاتىستىكا كادىرى

بولۇپ، لياۋنىڭ ئاشلىق مەكتىپى، نەنجىڭ ئاشلىق مەكتىپى، سىچۈەن مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى، نەنجىڭ ئاشلىق - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى، خاڭجۇ سودا ئىنستىتۇتى، سودا مىنىستىرلىكى جياڭشى ئاشلىق ستاتىستىكا كادىرلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزى، يەنتەي ئاشلىق مەكتىپى قاتارلىق ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە بېرىپ ستاتىستىكا كەسپى بويىچە 3 — 6 ئايغىچە تەربىيىلەندى.

1979 — 1983 - يىلغىچە ش ئۇ ئا ر پارتكوم ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئىدارە دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرىدىن 3نى تاللاپ ج ك پ مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىگە، ئىدارە، باشقارما دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرىدىن 10نى تاللاپ ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپىگە 1 — 3 ئايغىچە سىياسىي ئىقتىساد نەزەرىيىسى ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. شۇ مەزگىلدە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى يەنە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىنىڭ ئىدارە باشلىقى دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرى ۋە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشقارما دەرىجىلىك كادىرلىرىدىن 30 نەچچىنى تاللاپ ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ كادىرلار مەكتىپىگە ئاشلىق ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى، ھەر قارارنىڭ ۋاقتى 3 ئاي بولدى. ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى 1982 - يىلى شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتىغا ئاشلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى بويىچە بىرىم يىللىق كۇرس ئېچىشنى ھاۋالە قىلىپ، جايلاردىكى ئاشلىق ئىدارىلىرىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش باشقۇرغۇچىلىرىدىن 50نى تەربىيىلىدى.

1984 — 1990 - يىلغىچە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئىدارە دەرىجىلىك 2 رەھبىرىي كادىرى ج ك پ مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىگە ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلدى؛ ئىدارە، باشقارما دەرىجىلىك 15 كادىر ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپىدە قىسقا مۇددەت تەربىيىلەندى. 440 ئاشلىق ئىشچى - خىزمەتچىسى دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق سىستېمىسى سىرتىدىكى 17 ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدە ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخى تەربىيىسى ئالدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەكتەپلەردە ئوقۇغانلار 379. ئۇلار لەنجۇ سودا ئىنستىتۇتى، خاڭجۇ سودا ئىنستىتۇتى، تيەنجىن سودا ئىنستىتۇتى، ۋۇخەن ئاشلىق سانائىتى ئىنستىتۇتى، جېڭجۇ ئاشلىق ئىنستىتۇتى، نەنجىڭ ئاشلىق- ئىقتىساد ئىنستىتۇتى، بېيجىڭ سودا باشقۇرۇش كادىرلىرى ئىنستىتۇتى، گەنخۇي سودا باشقۇرۇش كادىرلىرى ئىنستىتۇتى، خۇنەن سودا باشقۇرۇش كادىرلىرى ئىنستىتۇتى، سۇجۇ سودا ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، سەنشى مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، جىلىن يېمەكلىكلەر ئالىي تېخنىكومى، گۇاڭجۇ يېمەكلىكلەر ئالىي تېخنىكومى، بېيجىڭ ئاشلىق مەكتىپى، جېنجياڭ ئاشلىق مەكتەپلىرىدە كارخانا باشقۇرۇش، سۇپەت باشقۇرۇش، ئۆلچەملەشتۈرۈپ باشقۇرۇش، ماركېتىڭ، خەلقئارا سودا، بىناكارلىق، يېمەكلىك - ساياھەت، ئاشلىق، ياغ ساقلاش، ئاشلىق قۇرۇلۇشى، ياغ قۇرۇلۇشى، يېمەكلىك پىششىقلاش، ستاتىستىكا، بوغالتىرلىق قاتارلىق 21 كەسىپ ئۆگەندى. 1989 — 1990 - يىللىرى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق سىستېمىسىدىن 85 ئىشچى - خىزمەتچى جېڭجۇ ئاشلىق ئىنستىتۇتى قاتارلىق 6 ئالىي مەكتەپكە ئەۋەتىلدى، ئۇلار ئاشلىق، ياغ ساقلاش قاتارلىق 10 كەسىپ بويىچە بىر يىل كەسپىي گۇۋاھنامە ئېلىش تەربىيىسىگە قاتناشتۇرۇلدى.

## § 3 . ئوتتۇرا تېخنىكوم مائارىپى

ئاشلىق نازارىتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى تەربىيىلىگەندىن سىرت، يەنە ئاشلىق ئوتتۇرا تېخنىكوملىرىنى قۇرۇپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەشنى كادىر

قوبۇل قىلىشنىڭ ئاساسىي مەنبەسى قىلدى. 1958 — 1959 - يىللىرى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە - سودا مەكتىپىگە جەمئىيەتتىكى ياشلاردىن ئاشلىق سودىسى بويىچە 2 قارار بوغالتىر تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىشنى ھاۋالە قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى خەنزۇچە كۇرستا 50 كۇرسانت بولۇپ، ئوقۇش مۇددىتى 3 يىل، مىللىيچە كۇرستا 25 كۇرسانت بولۇپ، ئوقۇش مۇددىتى 4 يىل بولدى؛ ئىلى مالىيە - سودا مەكتىپى، قەشقەر مالىيە- سودا مەكتىپىگە بىردىن ئاشلىق ئامبارچىسى كۇرسى ئېچىشنى ھاۋالە قىلدى، ئىلى مالىيە - سودا مەكتىپىدە 40 نەچچە، قەشقەر مالىيە - سودا مەكتىپىدە 30 نەچچە كۇرسانت تەربىيىلەندى. 1964 — 1965 - يىللىرى لياۋنىڭ ئۆلكىلىك ئاشلىق مەكتىپى، لياۋنىڭ ئۆلكىلىك ئاشلىق كادىرلىرى مەكتىپىگە 22 كىشىنى تەربىيىلەشنى ھاۋالە قىلدى. ئۇلار ئىچىدە مالىيە - بوغالتىرلىق كەسپىدىكى 12، ساقلاش كەسپىدىكى 6. پىرىيومچىلىق كەسپىدىكى 4، ئوقۇش مۇددىتى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ بىر يىل، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ 2 يىلدىن 3 يىلغىچە بولدى. بۇ مەزگىلدە ش ئۇ ئا ر مالىيە- سودا مەكتىپىگە 3 قارار ئاشلىق بوغالتىرلىق كۇرسى ئېچىشنى ھاۋالە قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇچە كۇرس 2 بولۇپ، 67 كۇرسانتى بار ئىدى، ئوقۇش مۇددىتى بىر يىل بولدى، مىللىيچە كۇرستا 25 كۇرسانت بولۇپ، ئوقۇش مۇددىتى يېرىم يىل بولدى.

1957 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق كادىرلىرى مەكتىپى ش ئۇ ئا ر مالىيە - سودا مەكتىپىگە قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يېڭىشەھەر رايونىدىكى سەنگۇڭدا ئاشلىق ئوتتۇرا تېخنىكومىنى قۇرۇشقا پائال تەييارلىق كۆردى. بىر يىلدىن ئارتۇق قۇرۇلۇش قىلىش ئارقىلىق، ئوقۇش باشلاش شارائىتى تولۇق پىشىپ يېتىلمىگەن بولسىمۇ، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق مەكتىپى 1959 - يىل 1 - ئاينىڭ 10- كۈنى رەسمىي ئوقۇش باشلىدى. ئالدى بىلەن جەمئىيەت ياشلىرىدىن 179ى قوبۇل قىلىنىپ، ئامبارچىلىق، ماشىنىسازلىق، پىششىقلاش كەسپلىرى بويىچە بىر يىل ئوقۇتۇلدى. شۇ يىلى 10 - ئايدا مەكتەپ يەنە جياڭسۇ ئۆلكىسىدىن چېگرا رايونلارغا ياردەمگە كەلگەن ياشلار بىلەن خېنەن ئۆلكىسىنىڭ شۇ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ۋە جەمئىيەتتىكى ياشلاردىن 300نى، يەرلىك ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرىدىن 46نى قوبۇل قىلىپ، بوغالتىرلىق، ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپلىرى بويىچە ئوقۇتتى. ئوقۇش مۇددىتى بىر يىلدىن بىر يېرىم يىلغىچە بولدى، دەرس ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئۆتۈلدى. ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئوقۇغاچ ئەمگەك قىلىپ مەكتەپ قۇرۇپ، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ۋە ئۆگىنىش شارائىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىدى. 1962 - يىل 5 - ئايدا «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»تىن كېلىپ چىققان ئېغىر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق مەكتىپى تاقالدى.

1966 - يىل 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى يېرىم كۈن ئىشلەپ، يېرىم كۈن ئوقۇيدىغان ش ئۇ ئا ر ئاشلىق مەكتىپى قۇرۇشنى تەستىقلىدى. شۇ يىلى 9 - ئايدا مەكتەپكە 66 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇغۇچى 56 ئىدى. مەكتەپ تېخى رەسمىي دەرس باشلىماي تۇرۇپلا، ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»غا ئاتلاندى. ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن 1968 - يىل 11 - ئايدا مەكتەپ يەنە تاقالدى.

ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت 1974 - يىل 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق مەكتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قوشۇلدى. شۇ يىلى 9 - ئايدا 125 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 51، مەكتەپتە مالىيە - بوغالتىرلىق، ئامبارچىلىق، ماشىنىسازلىق (تېخنىك ئىشچى) كەسپلىرى تەسىس قىلىندى، ئوقۇش مۇددىتى 2 يىل بولدى. 1978 - يىلدىن باشلاپ بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق تولۇق ئوتتۇرا، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قوبۇل قىلىندى. ئوقۇش مۇددىتى 2 يىل، 3 يىل ۋە 4 يىل بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەكتەپ مۇنتىزىم ئاشلىق ئوتتۇرا تېخنىكوم مائارىپى مەزگىلىگە

قەدەم قويدى. 1982 — 1986 ـ يىلغىچە دۆلەت 6 مىليون 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 13 مىڭ كۇۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئوقۇغۇچىلار ياتىقى، كۇتۇپخانا، ئاشخانا، ئائىلىلىكلەر بىنالىرىنى سېلىپ، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىدى، نەتىجىدە مەكتەپ مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق ئاشلىق ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. 1988 ـ يىلى 324 ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى قوبۇل قىلىندى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 748گە يەتتى، بۇ مەكتەپ تارىخىدا ئوقۇغۇچىلار سانى ئەڭ كۆپ بولغان يىل ھېسابلىنىدۇ. 1990 ـ يىلى 168 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 665كە يەتتى. 1958 — 1990 ـ يىلغىچە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق مەكتىپى ئاشلىق ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسىدىن 3269نى تەربىيىلىدى.

ئاشلىق مەكتىپىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى، ئوقۇتۇش شارائىتى داۋاملىق ياخشىلاندى.

1974 ـ يىلى ئاشلىق مەكتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندە ئاران 15 ئوقۇتقۇچى بار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق كۇرس مەلۇماتى بارلار 3، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتى بارلار 2، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتى بارلار 10. 1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئوقۇتقۇچى 108 (ئاشلىق كادىرلىرى مەكتىپىدىكى ئوقۇتقۇچىلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇتقۇچى 52. ئالىي لېكتور 9، لېكتور 36، ياردەمچى لېكتور 39، ئوقۇتقۇچى 24. ئوقۇش تارىخى جەھەتتە ئاسپىرانت بىر، تولۇق كۇرس مەلۇماتى بارلار 54، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتى بارلار 42، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتى بارلار 11. 1974 ـ يىلى ئاشلىق مەكتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندە مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدا ئاران 4000 دىن ئارتۇقراق كىتاب بار ئىدى. تەجرىبە ئەسۋابلىرىدىن تارازا، مىكروسكوپ، نەملىكنى ئۆلچەش ئەسۋابى، توك سائىتى، ئىندوكسىلىق قوزغاتقۇ قاتارلىقلارلا بار ئىدى. مەكتەپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، تەجرىبە ئەسۋابلىرى كۆپەيتىلگەن بولسىمۇ، 1980 ـ يىلغا قەدەر ئاران ئاشلىق، ياغنى فىزىكىلىق پىرىيوم قىلىش تەجرىبىلىرىنىلا قىلالايتتى. مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدا ئاران 5800 پارچە كىتاب بولۇپ، كىتاب ئىسكىلاتى 20 كۇۋادرات مېتىر، قىرائەتخانا 15 كۇۋادرات مېتىرلا كېلەتتى. 1985ـ يىلى كۇتۇپخانا، تەجرىبە بىنالىرى پۈتتى، ساقلانغان كىتاب 72 مىڭ 119غا، يىل بويى مۇشتەرى بولۇنغان ژۇرنال 239غا، گېزىت 79 خىلغا يەتتى. قىرائەتخانىنىڭ كۆلىمى 829 كۇۋادرات مېتىرغا يەتتى، 521 ئورۇن بار. تەجرىبە بىناسىدا ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش بۆلۈمى، تىل ئۆگىنىش بۆلۈمى، كومپيۇتېرخانا ۋە 11 تەجرىبىخانا بار. ئورگانىك خىمىيە، ئانئورگانىك خىمىيە، ئانالىز خىمىيىسى، ئاشلىق بىئو خىمىيىسى، ئاشلىق، ياغنى خىمىيىلىك پىرىيوم قىلىش، ئاشلىق، ياغنى فىزىكىلىق پىرىيوم قىلىش، توكچىلىق، سانائەت ئېلېكترون ئىلمى، زاپاس ئاشلىقتىكى مىكرو ماددىلارنى تەكشۈرۈش، ئاشلىق، ياغنى تازىلىق جەھەتتىن پىرىيوم قىلىش، ساقلانغان ئاشلىقتىكى زىيانداش ھاشارات ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش، يەم ـ خەشەكنى پىرىيوم قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى 117 تۈرلۈك تەجرىبىنى ئىشلىگىلى بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق مەكتىپىدە خەنزۇ، ئۇيغۇر تىللىرىدا دەرس ئۆتۈلىدۇ، خەنزۇچە دەرسلىكلەردىن 1959 — 1962 ـ يىلغىچە ۋۇخەن، نەنجىڭ، بېيجىڭ قاتارلىق جايلاردىكى ئاشلىق مەكتەپلىرى تۈزگەن دەرسلىكلەر ئىشلىتىلدى. 1974 ـ يىلدىن كېيىن لياۋنىڭ، ۋۇخەن قاتارلىق جايلاردىكى ئاشلىق مەكتەپلىرى تۈزگەن دەرسلىكلەر ئىشلىتىلدى. ئۇيغۇرچە كەسپىي دەرسلىكلەرنى ئادەتتە مەكتەپ مىللىي ئوقۇتقۇچىلار، تەرجىمانلارنى تەشكىللەپ خەنزۇچە دەرسلىكلەردىن تەرجىمە قىلدۇرۇش، شاپىگىرافتا بېسىش ياكى مىق مەتبەدە بېسىش ئارقىلىق ھەل قىلدى. 1979 ـ يىلدىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا ئاشلىق مىنىستىرلىكى، سودا مىنىستىرلىكى بىر تۇتاش تۈزگەن خەنزۇچە كەسپىي دەرسلىك قوللىنىلدى. 1978 — 1990 ـ يىلغىچە مەكتەپ

7 ئوقۇتقۇچىنى ئاللاپ 8 خىل دەرسلىكنى بىر تۇتاش تۈزدى، 15 كىشى 14 خىل دەرسلىكنى تەرجىمە قىلدى، 2 كىشى ئىككى مەخسۇس دەرسلىكنى تۈزۈپ چىقتى.

## ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق مەكتىپى 1978 — 1990 ـ يىلغىچە تۈزگەن، تەرجىمە قىلغان دەرسلىك ماتېرىياللىرى، ئەسەرلەر

جەدۋەل: 6 — 1

| تارقاتقان ۋاقتى | تۈزگەن، تەرجىمە قىلغانلار | كىتاب نامى | تارقىتىش دائىرىسى | ئەسكەرتىش |
|---|---|---|---|---|
| 1978 | دۇ كېمىن | ئاشلىق سودا بوغالتىرلىقى | مەملىكەت بويىچە ئاشلىق ئوتتۇرا تېخنىكوملىرى | تۈزۈشكە قاتناشقان |
| 1980 | لېتىپ ئابدۇللا | ئاشلىقنى قانداق قىلىپ ياخشى ساقلاش كېرەك | ئاپتونوم رايون بويىچە | ئۇيغۇرچە يەتتى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە مەخسۇس ئەسەر |
| 1985 | يۈ جىڭچى | ئاشلىق ساقلاش ۋە باشقۇرۇش | ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق سىستېمىسى بويىچە | مەخسۇس ئەسەر، قازاقچىغا تەرجىمە قىلىنغان |
| 1987 | يۈ جىڭجى | زىرائەتلەر ھەققىدە ئومۇمىي بايان | مەملىكەت بويىچە ئاشلىق ئوتتۇرا تېخنىكوملىرى | تۈزۈشكە قاتناشقان |
| 1987 | ليۇ سۇي | مېخانىكىلىق چېرتيوژ سىزىش ئوقۇتۇش پروگراممىسى | مەملىكەت بويىچە ئاشلىق ئوتتۇرا تېخنىكوملىرى | باش مۇھەررىر |
| 1988 | جۇ شىنشىڭ | ئاشلىق ئامبىرى بىلەن لابوراتورىيە ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى | شەرقىي شىمال، غەربىي شىمال ئاشلىق ئوتتۇرا تېخنىكوملىرى | تۈزۈشكە قاتناشقان |
| 1990 | دۇ كېمىن | ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ بوغالتىرلىقى، ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ بوغالتىرلىق ئوقۇتۇش پروگراممىسى | مەملىكەت بويىچە ئاشلىق ئوتتۇرا تېخنىكوملىرى | باش مۇھەررىر |
| 1990 | ۋاڭ لىنفېڭ | ئاشلىق، ياغ سانائەت ستاتىستىكا ئوقۇتۇش پروگراممىسى | مەملىكەت بويىچە ئاشلىق ئوتتۇرا تېخنىكوملىرى | تۈزۈشكە قاتناشقان |
| 1990 | جاڭ يىلى | ئاشلىق سودا بوغالتىرلىقى، ئاشلىقتىكى مىكرو جانلىقلار، ئاشلىق سودا ـ سانائەت ستاتىستىكا قائىدىسى | ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق مەكتىپى | تەرجىمە قىلىپ تۈزگەن |
| 1990 | رەجەپ توختى | ئاشلىق سودا بوغالتىرلىقى، بوغالتىرلىق قائىدىسى، ئاشلىق كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش، ئاشلىق سودا بوغالتىرلىقى | ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق مەكتىپى | تەرجىمە قىلىپ تۈزگەن |
| 1990 | رەجەپ توختى، مەھەممەت مۇمىن | ئاشلىق سودا بوغالتىرلىق ئوقۇشلۇقى | ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق مەكتىپى | بىرلىشىپ تەرجىمە قىلغان |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1990 | گۈلزىيە | ئانالىز خىمىيىسى | ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق مەكتىپى | تەرجىمە قىلىپ تۈزگەن |
| 1990 | ماجى، خاشا | ئاشلىق ھۆججەت ئالاقىسى | ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق مەكتىپى | بىرلىشىپ تەرجىمە قىلغان |
| 1990 | ئىمام ھاجى | ئاشلىق، ياغ سانائەت بوغالتىرلىقى | ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق مەكتىپى | تەرجىمە قىلىپ تۈزگەن |
| 1990 | ئەخمەتجان سايىم | ئاشلىق سودا بوغالتىرلىقىدىن مەشىق سوئاللىرى | ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق مەكتىپى | تەرجىمە قىلىپ تۈزگەن |
| 1990 | گۈلباھار تۇراپ ژاڭ رۇڭشىن | ئىقتىسادىي جۇغراپىيە | ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق مەكتىپى | بىرلىشىپ تەرجىمە قىلغان |
| 1990 | ھۆشۈرخان بەكرى | ئاشلىق تاۋار ئوبوروت ستاتىستىكىسى | ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق مەكتىپى | تەرجىمە قىلىپ تۈزگەن |
| 1990 | ژاڭ رۇڭشىن بەختىيار تۇمەنباي | ئاشلىق سودا مالىيىسى | ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق مەكتىپى | بىرلىشىپ تەرجىمە قىلغان |

## § 4 . تېخنىك ئىشچىلار مائارىپى

ش ئۇ ئا ر ئەمگەك - كادىرلار نازارىتى 1983 - يىل 9 - ئايدا [1983] 81 - نومۇرلۇق ھۆججەت ئارقىلىق، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى قارمىقىدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى قۇرۇشنى تەستىقلىدى. مەكتەپ 600 كىشىلىك بولۇپ، ئۇن، ياغ تارتىش، يېمەكلىك پىششىقلاش، يەم - خەشەك پىششىقلاش ۋە ئاشلىق، ياغ تاۋارلىرى تىجارىتىدىن ئىبارەت 5 كەسىپ تەسىس قىلىندى، مەكتەپكە تولۇق، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىندى، ئوقۇش مۇددىتى 2 يىل ۋە 3 يىل بولدى. مەكتەپنىڭ ئورنى ۋاقىتنچە ئۈرۈمچى ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى قورۇسىدا بولدى. شۇ يىلى تۇنجى نۆۋەت جەمئىيەتتىكى ياشلاردىن 45ى قوبۇل قىلىندى، بىراق ئوقۇتۇش شارائىتى ھازىرلانمىغانلىقتىن بۇ ئوقۇغۇچىلار ش ئۇ ئا ر ئاشلىق مەكتىپىگە يۆتكىلىپ، 10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئوقۇشنى باشلىدى، ئۇلار ئۇن تارتىش ۋە يەم - خەشەك پىششىقلاش كەسىپلىرىنى ئۆگەندى. بۇ مەكتەپنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش جەريانىدا مەكتەپكە كېرەكلىك يەر مەسىلىسى ئۆز ۋاقتىدا ھەل بولمىغانلىقتىن، مەكتەپنىڭ پىلان بويىچە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشىغا تەسىر يەتتى. 1986 - يىلى مەكتەپ ش ئۇ ئا ر ئاشلىق - ياغ پەن تەتقىقات ئورنىنىڭ كونا ئورنىدىن پايدىلىنىپ، مەكتەپ قۇرغاچ ئوقۇتۇش فاڭجېنىنى قوللىنىپ، 42 ئوقۇغۇچىنى يېڭىدىن قوبۇل قىلدى.

1987 - يىلدىن باشلاپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىمالىي تيەنجىن يولىدا 3650 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بىر كورپۇس ئوقۇتۇش بىناسى، 1862 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئاشخانا ۋە پار قازان ئۆيى سېلىندى. 1989- يىل 12 - ئايدا ئاشلىق تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى يېڭى ئورنىغا كۆچۈرۈلدى. 1990 - يىلى يەنە 2345 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بىر كورپۇس ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىناسى ۋە 2218 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بىر كورپۇس ئوقۇتقۇچىلار تۇرالغۇ ئۆي بىناسى، يەنە 350 كۋادرات مېتىر باشقا ئىمارەت سېلىندى، يىل ئاخىرىغا

قەدەر مەكتەپنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 10 مىڭ 425 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 1987 - يىلدىن باشلاپ مەكتەپتە ئوقۇش باشلاش بىلەن بىرگە، قاراماي، تارباغاتاي، ئالتاي، سانجى، ئىلى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرى بىلەن بىرلىشىپ مەكتەپ باشقۇرۇش يولىغا قويۇلۇپ 820 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى (بىرلىشىپ ئاچقان مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى شۇنىڭ ئىچىدە، تۆۋەندىسى شۇنداق) 775كە يەتتى، ئاشلىق، ياغ ساقلاش، ئۇن تارتىش، ياغ تارتىش، ئاشلىق، ياغ تىجارىتى ۋە يەم - خەشەك پىششىقلاشتىن ئىبارەت 5 كەسىپ تەسىس قىلىندى. مەكتەپ قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر تولۇق كەسپىي تېخنىكا ئىشچىسىدىن 402نى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە مەكتەپنىڭ ئۆزىدە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگىنى 159.

يەتتىنچى قىسىم

# ئاپپارات، قوشۇن

## يەتتىنچى قىسىم

# ئاپپارات، قوشۇن

## I باب

## ئاپپاراتلارنىڭ تەرەققىيات تارىخى

### 1 § . جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى ئاپپاراتلار

#### 1. خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ئاپپارات

غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شىنجۆ 2 - يىلى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 60 - يىلى) غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۈرلى (ھازىرقى بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى چېدىر يېزىسى) دا غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قۇرۇپ، غەربىي يۇرتنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇردى. غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى ھەربىيلەر بوزيەر ئىگىلەش رايونلىرىدا ئاشلىق ئامبىرى قۇردى. بۇ ئامبارلار ھەربىيلەر بوزيەر رەھبەرلىك ئورگىنىغا قارىدى، ئۇنىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيىسى بوز يەرلەردىن ئېلىنغان ئاشلىقنى ساقلاش، ھەربىيلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش بولدى. تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ شەرقىدە ئايماق، ناھىيە تۈزۈمىنى يولغا قويدى، ئىۋىرغول ئايمىقى (ھازىرقى قۇمۇل شەھىرى)، قوچۇ ئايمىقى (ھازىرقى تۇرپان شەھىرى ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى)، بېشبالىق (ھازىرقى جىمسار ناھىيە خۇبۇزا قەدىمىي شەھىرى) لاردا ھەمدە 12 ناھىيىدە رەسمىي ئامبار، تەڭشەش ئامبىرى قۇردى. ئۇلار شۇ ئايماقلىق، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە قارىدى، رەسمىي ئامبارنىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيىسى — ئىجارە بېجىنى يىغىپ ساقلاش، بۇيرۇققا بىنائەن ھەربىيلەر بىلەن ئەمەلدارلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش؛ تەڭشەش ئامبىرىنىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيىسى — يېزا ئىگىلىكىدىن كەم ھوسۇل ئېلىنغاندا ئاشلىق سېتىۋېلىش، ئاشلىق باھاسىنى تەڭشەش، ئۆسۈش ۋە كېمىيىشنى تەڭشەش. شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا تۇتۇق مەھكىمىسى، ئايماق تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. مەھكىمە، ئايماق قارمىقىدا يىغىش ئامبىرى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ فۇنكسىيىسى — ئىجارە بېجى ئاشلىقىنى يىغىپ ساقلاش، ھەربىيلەرنى ھەمدە ئەمەلدارلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش بولدى. تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى جايلاشقان رايونلاردا ھەربىي ئامبارلار بولۇپ، ئۇنىڭ فۇنكسىيىسى — ئاشلىق ساقلاش، ھەربىيلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت.

## 2. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاپپارات

چيەنلۇڭ 24 ـ يىلى (1759 ـ يىلى) چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بۆلگۈنچى، توپىلاڭچى كۈچلەرنى تىنچىتىپ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، غەربىي يۇرتتا ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمىنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەنۇبىي شىنجاڭدا بەگلىك تۈزۈمىنى، قۇمۇل، تۇرپانلاردا ۋە موڭغۇللار چارۋىچىلىق رايونلىرىدا جاساق تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئۈرۈمچىدە ۋىلايەت تەسىس قىلدى. مۇھىم جايلارغا مەسلىھەتچى ئامبال، ئىش بېجىرگۈچى ئامبال، لەشكەر بېشى ئامباللارنى ئەۋەتتى. ئامبال ياموللىرىدا ئاشلىق تەمىنات ئىدارىسى تەسىس قىلدى ۋە ئاشلىق باشقۇرىدىغان ئەمەلدار قويدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى شەھەرلەردە خەزىنىچىبەگ ۋە شابەگ قويدى، ئۇلار يەر بېجى ۋە غەللە ـ پاراق يىغىۋېلىشقا كونكرېتنى مەسئۇل بولدى.

چيەنلۇڭ 27 ـ يىلى (1762 ـ يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنى قۇردى، ئۇنىڭغا قەشقەر، ئىلى، تارباغاتاي، ئۈرۈمچى مەسلىھەتچى ئامبال (چيەنلۇڭ 38 ـ يىلى ئۆتۈنۈپ ئۆزگەرتىلگەن) لىرى ھەممە يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچا، قاراشەھەر ئىش بېجىرىش ئامباللىرى قاراشلىق. بۇ مەھكىمە غەربىي يۇرتنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇردى. ئۇنىڭ قارمىقىدا ئاشلىق تەمىنات ئورنى تەسىس قىلىنغانىدى. كۈرە، باياندىي، غۇلجا، سۈيدۈڭ (ھازىرقى قورغاس ناھىيىسىنىڭ بىر قىسمى)، تارچى قاتارلىق شەھەرلەردە ئاشلىق يامۇلى بار ئىدى، ئۇلار ئىلىنىڭ ئاشلىق، بوزيەر ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. تارباغاتاي، ئۈرۈمچى ۋە جەنۇبىتىكى ھەرقايسى شەھەرلەردە مەسلىھەتچى (ئىش بېجىرگۈچى) ئامبال ياموللىرى (ئۈرۈمچى مەسلىھەتچى ئامبال يامۇلى كېيىن ئۆتۈنۈپ يامۇلغا ئۆزگەرتىلگەن) ياكى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئورنى قۇرۇلغان ياكى ئاشلىق تەمىنات يارەمچىسى قويۇلغان بولۇپ، ئۇلار ئاشلىق، بوزيەر ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى.

گۇاڭشۈ 10 ـ يىلى (1884 ـ يىلى) شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆلكىنىڭ غەللە ـ پاراق ئاشلىق ئىشلىرىنى پەرمانبەردارلار باشقۇردى. ئۈرۈمچى، ئىلى، تارباغاتاي، ئاقسۇ، قەشقەر ۋىلايەتلىرىدە ئاشلىق ئىشلىرىنى خەزىنىچى قوشۇمچە ئىشلىدى. ناھىيە يامۇلىدا نوپۇس ـ ئۆي ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى پۇل، ئاشلىق، يەر بېجى قاتارلىق ئىشلارنى بېجىردى.

## 3. مىنگو دەۋرىدىكى ئاپپارات

مىنگونىڭ 1 ـ يىلى (1912 ـ يىلى) 7 ـ ئايدا ياڭ زېڭشىن بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىنى ئېلىپ، پەرمانبەردارلىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، خەلق ئىشلىرى، مالىيە، مائارىپ قاتارلىق مەھكىمىلەرنى قۇردى. مىنگونىڭ 3 ـ يىلى (1914 ـ يىلى) 7 ـ ئايدا مالىيە مەھكىمىسى بىلەن دۆلەت باج نازارىتى تەييارلىق كۆرۈش باشقارمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، مالىيە نازارىتى قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۆلكىنىڭ غەللە ـ پاراق، ئاشلىق ئىشلىرى مالىيە نازارىتىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ھەرقايسى ۋىلايەتلەر (1930 ـ يىلى مەمۇرىي رايونغا، 1943 ـ يىلى ۋىلايەتكە ئۆزگەرتىلگەن) نىڭ غەللە ـ پاراق، ئاشلىق ئىشلىرىمۇ مۇناسىپ ھالدا مالىيە بۆلۈمى (مالىيە ـ باج ئىدارىسى) نىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. مىنگونىڭ 1 ـ يىلى 9-ئايدا ياڭ زېڭشىن ئاشلىق ۋە ئوت ـ چۆپ يىغىشقا دائىر 14 مىزان ئېلان قىلدى، ئۇنىڭدا ئۆلكە ئەۋەتكەن باش پىلانلىغۇچى يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئاشلىق، ئوت ـ چۆپ يىغىش ئىشلىرىنى نازارەت قىلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. ياموللاردا ئامبارچى ۋە كۆرىچى قويۇلدى. 1 ـ دەرىجىلىك ناھىيىلەردە غەللە ـ پاراق يىغىۋالىدىغان ئەمەلداردىن 4 ى، 2 ـ دەرىجىلىك ناھىيىلەردە 3 ى، 3 ـ دەرىجىلىك ناھىيىلەردە 2 سى، 4 ـ دەرىجىلىك ناھىيىلەردە بىرى تەيىنلەندى. مىنگونىڭ 17 ـ يىلى (1928 ـ يىلى) يامۇل ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە

ئۆزگەرتىلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا خەلق ئىشلىرى، مالىيە، مائارىپ قاتارلىق بۆلۈملەر تەسىس قىلىندى. مالىيە بۆلۈمى غەللە - پاراق، ئاشلىق ئىشلىرىنى باشقۇردى. مىنگونىڭ 22 - يىلى (1933 - يىلى) 4 - ئايدا شىڭ شىسەي شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، باج، غەللە - پاراق ئېلىشنى تەرتىپكە سالدى. مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى) ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، ماناس، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، قۇمۇل، قاراشەھەر، ئاقسۇ، قەشقەر، مارالبېشى، يەكەن، خوتەن، كېرىيىلەردە مالىيە نازارىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق مالىيە باش ئىدارىسى، باشقا ناھىيىلەردە مالىيە شۆبە ئىدارىسى قۇرۇلدى. ئۇلار غەللە- پاراق ئاشلىق يىغىشقا مەسئۇل بولدى. مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) 6 - ئايدا ناھىيىلىك شۆبە مالىيە ئىدارىسى ناھىيىلىك باج ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، غەللە - پاراق ئاشلىق يىغىۋېلىش ئىشلىرىنى داۋاملىق ئىشلىدى. مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا بانكىسى ئاشلىق سارىيىنى قۇردى، ئۇنىڭ باش شتابى ئۈرۈمچىدە بولدى، ئىلى، ساۋەن، گۇچۇڭلاردا شۆبىسى قۇرۇلدى، سۇيدۇڭ، جىڭ، شىخودا يەم - خەشەك پونكىتى قۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى بازاردىكى ئاشلىق، ياغ، يەم - خەشەك تىجارىتىگە قاتنىشىپ، بازاردىكى ئاشلىق، ياغ باھاسىنى تەڭشەشتىن ئىبارەت بولدى. مىنگونىڭ 33- يىلى (1944- يىلى) گومىنداڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتكەندىن كېيىن... مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك غەللە - پاراق ئاشلىق باشقارمىسى رەسمىي قۇرۇلۇپ، پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ئاشلىق ئىشلىرىنى بىرتۇتاش باشقۇردى، ئۇنىڭدىن ئاۋۋال، «غەللە - پاراق يىغىش، ئاشلىق سېتىۋېلىش، ساقلاش - يۆتكەش، تەقسىم قىلىش، يەر بېجى يىغىش قاتارلىق كەسىپلەرنى مالىيە نازارىتى بېجىرەتتى؛ ئاشلىق تەكشۈرۈش - باشقۇرۇش ئىشلىرىنى مالىيە نازارىتى، قۇرۇلۇش نازارىتى ھەمدە ئاشلىق باشقۇرۇش كومىتېتى ئايرىم - ئايرىم بېجىرەتتى؛ ئاشلىق يىغىۋېلىشنى خەلق ئىشلىرى نازارىتى باشقۇراتتى؛ ھەربىي ئاشلىق ھەمدە ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئاشلىقىنى (غەللە - پاراق ئاشلىقىغا تەۋە — تۈزگۈچىدىن) ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانلىق شتابى ئاشلىق مۇلازىمەت باشقارمىسى تەكشۈرۈپ تارقىتاتتى». غەللە - پاراق ئاشلىق باشقارمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، «ھەربىيلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنى ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىق شتابى ئاشلىق مۇلازىمەت باشقارمىسى ھەربىي - مەمۇرىي شتابنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق تەمىنات ئىدارىسى (1945 - يىلى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى بىرلەشمە ئارقا سەپ باش شتابىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق تەمىنات ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلگەن — تۈزگۈچىدىن) بېجىرگەندىن سىرت، باشقا تۈرلۈك كەسىپلەرنى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ غەللە - پاراق، ئاشلىق باشقارمىسى ئۆتكۈزۈۋالدى». غەللە - پاراق ئاشلىق باشقارمىسىدا 5 بۆلۈم، 3 ئىشخانا بار ئىدى. 5 بۆلۈم: 1 - بۆلۈم خوجىلىق بۆلۈمى. 2 -، 3 - بۆلۈم، غەللە - پاراق ئاشلىق يىغىۋېلىشنى باشقۇرۇش بۆلۈمى، 4 - بۆلۈم ئاشلىق توشۇش بۆلۈمى، 5 - بۆلۈم ئاشلىق سېتىۋېلىش بۆلۈمى؛ 3 ئىشخانا: كاتىبات ئىشخانىسى، بوغالتىرلىق ئىشخانىسى، تەپتىشلىك ئىشخانىسى ئىدى. تەپتىشلىك ئىشخانىسىدا مۇدىر، ھەيدەكچى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ناھىيىلەردىكى غەللە - پاراق يىغىۋېلىش ۋە ئاشلىق سېتىۋېلىش، ئامبارغا كىرگۈزۈش ئىشلىرىغا ھەيدەكچىلىك قىلاتتى. غەللە - پاراق ئاشلىق باشقارمىسىنىڭ تۇنجى باشلىقلىقىنى مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى لۇ يۈۋېن قوشۇمچە ئۆتىدى. بۇ باشقارمىغا باشلىق، مۇئاۋىن باشلىق بولغانلاردىن جاڭ يۈ، جاڭ خۇڭيۈ، ۋاڭ باۋيەن، ۋۇ شۇفەن، ئويالىڭ ۋېنلىڭلار بار.

مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 8 - ئايدا مالىيە نازارىتى ئاشلىق يۆتكەش باش باشقارمىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك غەللە - پاراق ئاشلىق باشقارمىسى ساقلاش - توشۇش باشقارمىسى (قىسقارتىلىپ ساقلاش- توشۇش باشقارمىسى دەپ ئاتىلىدۇ) قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. بۇ باشقارمىدا 3 بۆلۈم، 2 ئىشخانا، يەنى خوجىلىق بۆلۈمى، ساقلاش بۆلۈمى، توشۇش بۆلۈمى، كاتىبات ئىشخانىسى، بوغالتىرلىق ئىشخانىسى بار ئىدى. ۋاكالەت ئاپپاراتلىرىدىن: ئاقسۇ ترانسپورت شۆبە باشقارمىسى، قاراشەھەر مەركىزىي ئىسكىلاتى، بۈگۈر، كۇچا ترانسپورت پونكىتلىرى بار. بۇ باشقارمىغا باشلىق، مۇئاۋىن باشلىق بولغانلاردىن جاڭ خۇڭيۈ، ئويالىڭ ۋېنلىڭ،

تەن دېڭشياڭ، مالىن قاتارلىقلار بار.

مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) ناھىيىلىك باج ئىدارىسى غەللە - پاراق يىغىش ئورنىغا ئۆزگەرتىلدى. ناھىيە دەرىجىلىك غەللە - پاراق ئاشلىق ئىشلىرىنى غەللە - پاراق يىغىش ئورنى بېجىردى. ئۆلكىلىك غەللە- پاراق ئاشلىق باشقارمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى چەكلىمىسىدىن ۋىلايەت، ناھىيىلەردە غەللە - پاراق ئاشلىق ئاپپاراتى قۇرۇلمىدى. غەللە - پاراق ئاشلىق يىغىش ئىشلىرىنى يەنىلا مالىيە نازارىتى قارىمىقىدىكى ناھىيىلىك غەللە - پاراق يىغىش ئورنى قوشۇمچە ئىشلىدى. مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 7 - ئايدا بۇيرۇققا بىنائەن ناھىيىلەردىكى غەللە - پاراق يىغىش ئورنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، غەللە - پاراق ئېلىش كەسپى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىكى غەللە - پاراق بۆلۈمى (بۆلۈمچىسى)گە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) ناھىيىلەردە غەللە - پاراق يىغىش ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، غەللە - پاراق ئاشلىق يىغىش ئىشلىرىنى تاكى 1949 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانغا قەدەر قوشۇمچە ئىشلىدى.

## 2 § . جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئاپپاراتلار

### 1. مەمۇرىي ئاپپارات

#### 1) ئۆلكە، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەمۇرىي ئاپپارات

1949 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك غەللە - پاراق ئاشلىق باشقارمىسى ھەربىي باشقۇرۇشتا بولدى. 1950 - يىل 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارارى بويىچە، شىنجاڭ ئۆلكىلىك غەللە - پاراق ئاشلىق باشقارمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى، ئىدارە قارىمىقىدا كاتىبات ئىشخانىسى، بوغالتىرلىق ئىشخانىسى ۋە 1 -، 2 -، 3 - بۆلۈم، قوشۇمچە ئۆزۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىسكىلاتى قۇرۇلدى. ئۇنىڭغا مەمۇرىي جەھەتتە مالىيە نازارىتى، كەسپىي جەھەتتە غەربىي شىمال ئاشلىق ئىدارىسى رەھبەرلىك قىلدى. 12 - ئايدا ئىدارىدە بىر ئىشخانا، 4 بۆلۈم، بىر ئەترەت يەنى كاتىبات ئىشخانىسى، پىلان - يۆتكەش - تەمىنلەش بۆلۈمى، ئىسكىلات باشقۇرۇش بۆلۈمى، ئاشلىق - يەم-خەشەك بوغالتىرلىق بۆلۈمى، خىراجەت - بوغالتىرلىق بۆلۈمى ۋە خىزمەت ئەترىتى تەسىس قىلىندى.

1953 - يىل 2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئاشلىق نازارىتى قىلىندى، ئۇ شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە غەربىي شىمال ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە نازارىتىدە بولدى. نازارەتتە بىر ئىشخانا، 6 بۆلۈم يەنى ئىشخانا، پىلان بۆلۈمى، تىجارەت بۆلۈمى، بوغالتىرلىق بۆلۈمى، كادىرلار - رېۋىزىيە بۆلۈمى، ساقلاش-يۆتكەش بۆلۈمى، ئاساسىي قۇرۇلۇش بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1955 - يىل 1 - ئايدا يەنە پىششىقلاپ ئىشلەش بۆلۈمى ۋە رېۋىزىيە ئىشخانىسى قۇرۇلدى.

1955 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئاشلىق نازارىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق نازارىتىگە ئۆزگەرتىلدى. 1956 - يىلى مەملىكەتلىك

ئاشلىق يىغىنىنىڭ ئاشلىق تارماقلىرىدا مەمۇرىيەت بىلەن كارخانا ئاپپاراتىنى ئايرىم قۇرۇش توغرىسىدىكى لايىھىسىگە ئاساسەن، نازارەتتە 2 ئىشخانا، 7 بۆلۈم، يەنى ئىشخانا، رېۋىزىيە بۆلۈمى، كادىرلار بۆلۈمى، پىلان-ستاتىستىكا بۆلۈمى، مالىيە - بۇغالتىرلىق بۆلۈمى، يۆتكەش بۆلۈمى، ئەمگەك - مائاش بۆلۈمى، ئاشلىق باھاسى بۆلۈمى، تەكشۈرۈش - تېخنىكا بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا تەمىنلەش، سېتىۋېلىش - ساقلاش، سانائەت، ئاساسىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت 4 ئىدارە تەسىس قىلىندى. 1957 - يىل 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەييارلىق ھەيئىتى قۇرۇلدى. شۇ يىلى 8 - ئايدا ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ «ئاشلىق تارماقلىرى ئاپپارات قۇرۇلۇشىدا قالايمىقانچىلىقنى ئازايتىش، ئۆز قارىمىقىدىكى كارخانىلارنىڭ باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى مەمۇرىي فۇنكسىيىلىك ئاپپاراتقا ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى يوليورۇقى» غا ئاساسەن، تەمىنلەش، سېتىۋېلىش - ساقلاش، ئاساسىي قۇرۇلۇش، ئاشلىق سانائىتىدىن ئىبارەت 4 ئىدارە مەمۇرىي فۇنكسىيىلىك بۆلۈمگە ئۆزگەرتىلدى. 11 - ئايدا ئەمگەك - مائاش بۆلۈمى، تەكشۈرۈش - تېخنىكا بۆلۈمى، ئاشلىق باھاسى بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئاشلىق نازارىتىدە مەمۇرىيەت بىلەن كارخانا بىرلەشتۈرۈلۈپ، 2 ئىشخانا، 9 بۆلۈم، يەنى ئىشخانا، رېۋىزىيە ئىشخانىسى، كادىرلار بۆلۈمى، پىلان - ستاتىستىكا بۆلۈمى، مالىيە - بۇغالتىرلىق بۆلۈمى، ساقلاش بۆلۈمى، سېتىۋېلىش بۆلۈمى، تەمىنلەش بۆلۈمى، يۆتكەش بۆلۈمى، سانائەت بۆلۈمى، ئاساسىي قۇرۇلۇش بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1958- يىل 1 - ئايدا رېۋىزىيە بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئاشلىق سانائەت بۆلۈمى بىلەن ئاساسىي قۇرۇلۇش بۆلۈمى بىرلەشتۈرۈلۈپ ئاساسىي قۇرۇلۇش - سانائەت بۆلۈمى قىلىندى، تەمىنلەش بۆلۈمى بىلەن سېتىۋېلىش بۆلۈمى بىرلەشتۈرۈلۈپ سېتىۋېلىش - تەمىنلەش بۆلۈمى قىلىندى. 1960 - يىل 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى يېزىلارنىڭ ئاشلىق باشقۇرۇشىنى كۈچەيتىش، يېزىلاردىكى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئاشلىق نازارىتىدە يېزا ئاشلىق بۆلۈمى قۇرغانلىقىنى، مەمۇرىي شتاتىنىڭ 16 بولىدىغانلىقىنى قارار قىلدى. 1961 - يىلى «جەنۇبنىڭ ئاشلىقىنى شىمالغا يۆتكەش» ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ئاشلىق نازارىتى ئاقسۇ ئاشلىق يۆتكەش پونكىتى قۇرۇلدى. كارخانا شتاتى 65 بولدى. شۇ يىلى ئاشلىق نازارىتى ئىچكى ئاپپاراتنى 2 ئىشخانا، 6 بۆلۈمگە تەڭشىدى، يەنى پارتكوم ئىشخانىسى، مەمۇرىيەت ئىشخانىسى، كادىرلار بۆلۈمى، پىلان- يۆتكەش بۆلۈمى، مالىيە بۇغالتىرلىق بۆلۈمى، تەمىنلەش بۆلۈمى، ساقلاش بۆلۈمى، ئاساسىي قۇرۇلۇش- سانائەت بۆلۈمى. 1962 - يىل 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ئاشلىق نازارىتىدە ياغ بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1963 - يىلى ئاپتونوم رايون زور مىقداردا «جەنۇبنىڭ ئاشلىقىنى شىمالغا يۆتكەش» نى ئاخىرلاشتۇردى. 8- ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاشلىق نازارىتى ئاقسۇ ئاشلىق يۆتكەش پونكىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1964 - يىلى پىلان - يۆتكەش بۆلۈمى ئۇنۇۋېرسال پىلان بۆلۈمى بىلەن يۆتكەش بۆلۈمىگە ئايرىلدى. 1965 - يىل 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ئاشلىق نازارىتىدە سىياسىي بۆلۈم قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا ئىشخانا، تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى، كادىرلار - قوغداش بۆلۈمى (ئەسلىدىكى كادىرلار بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى) قۇرۇلدى. 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ئاشلىق نازارىتىدە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ئاشلىق بۆلۈمى قۇرۇلدى ھەمدە بىڭتۈەننىڭ يېزا ئىگىلىك 4 ـ، 7 ـ، 8 - شىلىرىدە مەركىزىي ئاشلىق ئامبىرى قۇرۇلدى، بۇلارغا ئاشلىق نازارىتى بىڭتۈەن ئاشلىق بۆلۈمى بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلدى.

1967 - يىل 1 - ئايدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ تەسىرىدە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق نازارىتىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت تەشكىلى ۋە كەسپىي خىزمىتى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. 4 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى

ئەۋەتكەن «ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى تەشۋىقات ئەترىتى» ش ئۇ ئا ر ئاشلىق نازارىتىگە كىرگەندىن كېيىن، ئاشلىق كەسپى خىزمىتى داۋاملىق جىددىي ئېلىپ بېرىلدى. 1968 - يىل 11 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاشلىق نازارىتى ئاز ساندىكى كادىرلارنى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسىنىڭ مالىيە - سودا گۇرۇپپىسىدا ئەسلىدىكى ئاشلىق نازارىتىنىڭ كەسپىي خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىشقا ئاجراتتى، قالغان خادىملار مەخسۇس «كۆرەش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئۆزگەرتىش» ئېلىپ باردى. 1969 - يىل 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق نازارىتى ئىنقىلابىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 1970 - يىل 4 - ئايدا ئەسلىدىكى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسىنىڭ مالىيە - سودا گۇرۇپپىسى بىۋاستە باشقۇرغان ئاشلىق كەسپى خىزمىتىنى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت سودا ئىدارىسى ئاشلىق ئىشخانىسى ئۈستىگە ئالدى. شۇ يىلى 7 - ئايدا ئاشلىق نازارىتى ئورگىنىدىكى بارلىق خادىملار سانجىدىكى يۇ شۇگۇ «7 - ماي» كادىرلار مەكتىپىگە بېرىپ، مەكتەپ سالغاچ، «كۆرەش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئۆزگەرتىش» كە قاتناشتى.

1971 - يىل 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ قارارى بىلەن ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئاشلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى. ئىدارىدە سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى، ئىش بېجىرىش گۇرۇپپىسى، كەسپىي گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى. 1972 - يىل 10 - ئايدا «7- ماي» كادىرلار مەكتىپىگە چۈشۈرۈلگەن خادىملارنىڭ ھەممىسى قايتۇرۇپ كېلىندى. 1973 - يىلى ئىدارىدىكى ئاپپارات بىر ئىشخانا، 6 باشقارمىغا تەڭشەلدى، يەنى ئىشخانا، سىياسىي خىزمەت باشقارمىسى، پىلان - مالىيە باشقارمىسى، تەمىنلەش-يۆتكەش باشقارمىسى، يېزا ئاشلىق باشقارمىسى، قوغداش باشقارمىسى، ئاساسىي قۇرۇلۇش - سانائەت باشقارمىسى (قارىمىقىدا ماتېرىيال تەمىنلەش پونكىتى تەسىس قىلىنغان). 1975- يىل 3 - ئايدا خەلق ھاۋا مۇداپىئە ئىشخانىسى، ياغ باشقارمىسى قۇرۇلدى. 1976 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ياغ باشقارمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ش ئۇ ئا ر ياغ شىركىتى قۇرۇشنى قارار قىلدى. 1978- يىل 3 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت ئاشلىق ئىدارىسى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى، ئىدارە ئىنقىلابىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقىمۇ مۇناسىپ ھالدا ئىدارە باشلىقى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىغا ئۆزگەرتىلدى. 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر شتات كومىتېتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن پەن. تېخنىكا - مائارىپ باشقارمىسى كۆپەيتىپ قۇرۇلدى، ساقلاش باشقارمىسى ساقلاش - تەكشۈرۈش باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى، پىلان - مالىيە باشقارمىسى پىلان - ستاتىستىكا باشقارمىسى ۋە مالىيە - باھا باشقارمىسىغا ئايرىلدى. 1979 - يىل 4- ئاينىڭ 23 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىدە ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 1979 - يىل 10 - ئايدا پەن. تېخنىكا - مائارىپ باشقارمىسى بىلەن ئاشلىق - پەن تەتقىقات ئورنى بىرلىكتە ئىش بېجىردى، بىر ئاپپارات قىلىنىپ 2 ۋۇۋىسكا ئېسىلدى. 1980 - يىل 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر شتات كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىدە بىر ئىشخانا، 8 باشقارما، يەنى ئىشخانا، سىياسىي باشقارما، ئەمگەك-مائاش - قوغداش باشقارمىسى، پىلان - ستاتىستىكا باشقارمىسى، مالىيە - باھا باشقارمىسى، شەھەر تەمىنلەش باشقارمىسى، يېزا ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش باشقارمىسى، ئاساسىي قۇرۇلۇش باشقارمىسى، خوجىلىق باشقارمىسى قۇرۇلدى، 157 مەمۇرىي شتات بار بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا ساقلاش - يۆتكەش باشقارمىسى ۋە ئاشلىق - ياغ سانائەت باشقارمىسى تەسىس قىلىندى.

1980 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 32 - قېتىملىق دائىمىي ئىشلار يىغىنىدا، 1981- يىل

1 - ئايدىن باشلاپ، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق نازارىتىگە ئۆزگەرتىلگەنلىكى بەلگىلەندى. 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر شتات كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ئاشلىق نازارىتىنىڭ سىياسىي باشقارمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تەشكىلات باشقارمىسى، تەشۋىقات- مائارىپ باشقارمىسى، قوغداش باشقارمىسى قۇرۇلدى. 9 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاساسىي قۇرۇلۇش كومىتېتىنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن، ئاشلىق نازارىتى ئاساسىي قۇرۇلۇش لايىھەلەش ئىشخانىسى قۇرۇلدى. 1982 - يىل 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق نازارىتىدە ئەمگەك - مۇلازىمەت شىركىتى قۇرۇلدى، بۇ شىركەت مەمۇرىي جەھەتتە نازارەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، كەسپىي جەھەتتە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. شىركەتكە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق نازارىتى ھەمدە نازارەتكە بىۋاستە قاراشلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلار بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

1983 - يىل 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاپتونوم رايون پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى لايىھىسىدە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق نازارىتى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلگەنلىكى بېكىتىلدى. ئىدارە قارمىقىدا پىلان باشقارمىسى، مالىيە باشقارمىسى، سېتىۋېلىش - سېتىش باشقارمىسى، ساقلاش - يۆتكەش باشقارمىسى، سانائەت باشقارمىسى، ئەمگەك. كادىرلار باشقارمىسى، تەشۋىقات - مائارىپ - پەن - تېخنىكا باشقارمىسى، ئىشخانا، ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى. 1984 - يىل 6 - ئاينىڭ 4- كۈنى ش ئۇ ئا ر شتات كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، سىياسىي باشقارما قۇرۇلدى. 1987 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئاپپاراتى ئىشخانا، ئاشلىق تەزكىرىسى ئىشخانىسى، سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسى، سېتىۋېلىش - سېتىش باشقارمىسى، پىلان - ستاتىستىكا باشقارمىسى، مالىيە - باھا باشقارمىسى، ئەمگەك - كادىرلار باشقارمىسى، سىياسىي باشقارمىسى، پەن - تېخنىكا - مائارىپ باشقارمىسى، ساقلاش - يۆتكەش باشقارمىسى، سانائەت باشقارمىسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، تۇرمۇش مۇلازىمەت شىركىتىگە تەڭشەلدى. 1988 - يىل 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىدە رېفورمىيە ئىشخانىسى قۇرۇلدى. ئۇ ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىردى. 1990 - يىل 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ش ئۇ ئا ر شتات كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىدە پىشقەدەم كادىرلار خىزمىتى باشقارمىسى قۇرۇلدى، بۇ باشقارما ئىدارە ئورگىنىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى بىر تۇتاش باشقۇردى. 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 80 - قېتىملىق دائىمىي ئىشلار يىغىنىدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىدە ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك باشقارمىسى قۇرۇش تەستىقلاندى، ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىك ئىدارىسى تۇرۇشلۇق ئاپپارات ھېسابلىنىدۇ.

## 2) جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئاشلىق باشقارمىسى

1954 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى بىلەن ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلۇپ، ئۇلاردا ئاشلىق باشقارمىسى تەسىس قىلىندى. قەشقەر، خوتەن، يەكەن، ئاقسۇدىن ئىبارەت 4 ۋىلايەت ۋە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايىتى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولدى. 1955 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك، ئىلى ۋىلايەتلىك ئاشلىق بۆلۈمى ۋىلايەتنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ كەسپىي خادىملىرى جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمە ئاشلىق باشقارمىسى بىلەن ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئاشلىق باشقارمىسىغا قوشۇۋېتىلدى. 1956 - يىل 4 - ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ

مەمۇرىي مەھكىمە ئاشلىق باشقارمىسى بىلەن يەكەن ۋىلايەتلىك ئاشلىق بۆلۈمى تەشكىلىي تۈزۈلمىسىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى بىلەن ئەمەلدىن قالدى.

## 3) ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى (باشقارمىسى) بۆلۈملىرى

1950 — 1951 - يىللىرى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، قۇمۇل، قاراشەھەر، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق 9 ۋىلايەتتە ئاشلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى، بۇ ئىدارىلەردە كاتىبات ئىشخانىسى، مالىيە، ساقلاش، مېتىۋېلىش - يۆتكەش قاتارلىق بۆلۈملەر تەسىس قىلىندى، خادىم شتاتى 12 — 20 گىچە بولدى. نۇقتىلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان تۇرپان، توقسۇن، پىچان، سانجى، قۇتۇبى، ماناس، مورى، گۇچۇڭ، جىمسار، فۇكاڭ، مىچۈەن، توققۇزتارا، سۈيدۈڭ، قورغاس، چاپچال، دۆربىلجىن، ساۋەن، شىخو، كورلا، بۈگۈر، قاغىلىق، پوسكام، قەشقەر يېڭىشەھەر، يېڭىسار، پەيزاۋات، مارالبېشى، ئونسۇ، كۇچا، ئۈچتۇرپان، شايار، توقسۇ، باي، قاراقاش، لوپ، گۇما، چىرا، كېرىيىدىن ئىبارەت 37 ناھىيىدە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئاشلىق ئىدارىسى تەسىس قىلىندى (قوشۇمچە جەدۋەل: 7 — 1 گە قاراڭ). ھەر بىر ئىدارىنىڭ شتاتى 4 — 6 گىچە بولدى. ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى مەمۇرىي جەھەتتە شۇ يەردىكى ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، كەسپىي جەھەتتە يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تارماقلارنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. باشقۇرۇشتا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، يېڭىدىن قۇرۇلغان ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىسكىلاتى بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىردى، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىسكىلاتنىڭ مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىدى. 1952 - يىلى قەشقەر بىلەن غۇلجا ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر قىلىنغاندا، ئۇلاردىمۇ ئاشلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1953 - يىلى مەركىزىي مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق ئاپپاراتلىرىنى تەڭشەش توغرىسىدىكى يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسىنى مەھكىمە ئاشلىق بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىشنى، شتاتى 25 — 35 گىچە بولۇشىنى، ناھىيە (شەھەر) لىك ئاشلىق ئىدارىسىنى ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق ھۆكۈمىتى ئاشلىق بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىشنى، شتاتىنىڭ 3 — 9 غىچە بولۇشىنى قارار قىلدى. بۇ مەزگىلدە 1951 - يىلنىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن ناھىيە دەرىجىلىك ئاشلىق مەمۇرىي ئاپپاراتى قۇرۇلمىغان 41 ناھىيىدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئاشلىق ئىدارىسى (بۆلۈمى) قۇرۇلدى. مۇشۇ چاغقا قەدەر ئۆلكە بويىچە 10 ۋالىي مەھكىمىسى، 80 ناھىيە (شەھەر) نىڭ ھەممىسىدە ئاشلىق مەمۇرىي ئاپپاراتى قۇرۇلۇپ بولدى.

1954 - يىل 6 -، 7 - ئايلاردا بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى كەينى - كەينىدىن قۇرۇلدى، ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرىدە ئاشلىق بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1955 - يىلى يېڭىدىن قۇرۇلغان ئاقتۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە ئاشلىق بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1956 - يىلى قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى قۇرۇلغاندا ئاشلىق بۆلۈمى قۇرۇلدى، شتاتى 25 قىلىپ بېكىتىلدى. شۇ يىلى 8 - ئايدىن باشلاپ، ۋىلايەتلىك، ئاپتونوم ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك ئاشلىق باشقارمىسى، بۆلۈملىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئاشلىق ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1958 - يىلى قاراماي شەھىرى قۇرۇلدى، مۇناسىپ ھالدا شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى تەسىس قىلىندى.

1960 - يىل 8 - ئايدا يېزىلاردا ئاشلىق باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ۋە ھەرقايسى ۋىلايەتلىك، ئاپتونوم ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىدە يېزا ئاشلىق بۆلۈمى قۇرۇشنى، ھەر بىر بۆلۈمنىڭ شتاتىنى 4 قىلىپ بېكىتىشنى؛ ناھىيە (شەھەر) لىك ئاشلىق ئىدارىلىرىدە يېزا ئاشلىق بۆلۈمچىسى قۇرۇشنى، بۇ بۆلۈمچىلەرنىڭ شتاتىنى 3 قىلىپ

بېكىتىشلى، ئاساسلىقى خەلق كۆڭۈشبەلىرىنىڭ ئاشلىق تەقسىملەش ۋە سېتىۋېلىش، باشقۇرۇش، ئىشلىتىش قاتارلىق خىزمەتلىرىگە ھەمكارلىشىش، يېتەكچىلىك قىلىشنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى قارار قىلدى.

1968 ـ يىل 9 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەمۇرىي مەھكىمە ئاشلىق ئىدارىلىرى ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىگە ئۆزگەرتىلدى. 1970 ـ يىلى باغراش ناھىيىسى قۇرۇلغاندا ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1975 ـ يىل 1 ـ ئايدا تۇرپان ۋىلايىتى قۇرۇلغاندا تۇرپان ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى. شۇ يىلى كۈيتۇڭ شەھىرى قۇرۇلۇپ، مۇناسىپ ھالدا كۈيتۇڭ شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى، ئۇ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. 1975 ـ يىل 5 ـ ئايدا بىڭتۈەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەرقايسى يېزا ئىگىلىك شىلىرىدىكى غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئاھالىلىرىنىڭ ئاشلىق تەمىناتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاقسۇ، مارالبېشى، دۆربىلجىن، بېيتۈن، ۋۇجياچۈ، بورتالا قاتارلىق جايلاردا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئاشلىق شۆبە ئىدارىسى قۇرۇلدى، ئۇلار مۇناسىۋەتلىك ۋىلايەت، ئاپتونوم ئوبلاستلاردىكى ئاشلىق ئىدارىلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. 1976 ـ يىل 1 ـ ئايدا گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى بىلەن، شىخەنزە ۋىلايىتى قۇرۇلۇپ، مۇناسىپ ھالدا شىخەنزە ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1978 ـ يىلى شىخەنزە ۋىلايىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، شەھەرگە ئۆزگەرتىلدى، ئەسلىدىكى ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

1983 ـ يىلدىن باشلاپ، ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ئاشلىق ئىدارىسى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئاشلىق باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا خوتەن شەھىرى قۇرۇلۇپ، مۇناسىپ ھالدا خوتەن شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1984 ـ يىل 9 ـ ئايدا ئىلى ۋىلايىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسى ۋە ئىلى ۋىلايەتلىك ئاشلىق باشقارمىسى قۇرۇلدى.

1990 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، شەھەر، ئاپتونوم ئوبلاستلاردا ئاشلىق ئىدارىسى (باشقارمىسى) قۇرۇلدى، ئىلى ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسىنى قوشقاندا جەمئىي 16 بولدى. ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر) لەردە ناھىيە (شەھەر) لىك ئاشلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى، ئالەن ئاشلىق ئىدارىسىنى قوشقاندا جەمئىي 85 بولدى؛ ئۇنىڭدىن باشقا ئاشلىق شۆبە ئىدارىلىرىدىن 13 ى (ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەرقايسى شۆبە ئىدارىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، كان رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسىدىن 5 ى بار بولدى.

## 2. تىجارەت ئاپپاراتى

### 1) ئاشلىق شىركىتى

1953 ـ يىلى غەربىي شىمال ھەربىي ـ مەمۇرىي كومىتېتى مالىيە بۆلۈمى، سودا بۆلۈمىنىڭ قارارى ئىجرا قىلىنىپ، ئۈرۈمچى شەھىرى، ئاقسۇ، خوتەن، يەكەن، قاراشەھەر، تارباغاتاي، ئالتاي، قۇمۇل، قەشقەر ۋىلايەتلىرى ۋە غۇلجا، قەشقەر شەھىرىدە ئاشلىق شىركىتى قۇرۇلدى. ۋىلايەتلىك ئاشلىق شىركىتى كەسپىي ۋە مەمۇرىي جەھەتتە مەھكىمە ئاشلىق بۆلۈمىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. شەھەرلىك ئاشلىق شىركىتى كەسپىي جەھەتتە يۇقىرى دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. مەمۇرىي جەھەتتە ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايدىكى ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى، شىركەتنىڭ مەجبۇرىيىتى: ئاشلىق سېتىۋېلىش، سېتىش، يۆتكەش، ساقلاش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ئىبارەت. 1955 ـ يىل 2 ـ ئايدا ئۆلكىلىك ئاشلىق نازارىتى ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك ئاشلىق شىركەتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، كەسىپ ۋە خادىملارنى مەھكىمە تۇرۇشلۇق جايدىكى ناھىيە، شەھەرلىك ئاشلىق بۆلۈملىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى قارار قىلدى.

### 2) ياغ شىركىتى

1954 ـ يىل 10 ـ ئايدا جۇڭگو ئۆسۈملۈك يېغى شىركىتى شىنجاڭ ئۆلكىلىك شىركىتى قۇرۇلدى. شۇ يىلى يەنە ياغ ئىشلەپچىقىرىدىغان 20 ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيىدە ياغ شىركىتى قۇرۇلدى، ئۇلار ئۆلكىلىك

سودا نازارىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئۆلكىنىڭ ئۇسۇملۇك يېغى ئوبوروتىنى باشقۇرۇش، ياغلىق دان سېتىۋېلىش، ياغ تارتىش، ساقلاش ھەمدە ياغ بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىن ئىبارەت بولدى. 1956 - يىل 8 - ئايدا ئاشلىق مىنىستىرلىكى، سودا مىنىستىرلىكىنىڭ ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ھەر دەرىجىلىك ياغ شىركەتلىرى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىكىگە تاپشۇرۇپ بېرىلدى. 1957 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاش توغرىسىدىكى يوليورۇقى ئىزچىللاشتۇرۇلغاندا، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق نازارىتى كەسىپ مىقدارى بىرقەدەر چوڭ بولغان باي، ئونسۇ، ئۈچتۇرپان، غۇلجا ناھىيىلىك ياغ شىركەتلىرىدىن باشقا ياغ شىركەتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كەسىپ ۋە خادىملىرى ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىگە تەۋە بولغانلىقىنى قارار قىلدى. 1976 - يىل 12 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر ياغ شىركىتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا ياغ ئىسكىلاتى قۇرۇلدى. ئۇ، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىگە قارىدى. 1977 - يىلدىن باشلاپ، ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدا ياغ شىركىتى قۇرۇلدى. 1987 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك ياغ شىركىتى 7 گە يەتتى. كېيىن بەزى جايلاردا ياغ ئاپپاراتى بىلەن ئاشلىق - ياغلىق دانىنى كېلىشىپ سېتىۋېلىش، سېتىش ئاپپاراتى بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەچكە، كەسپىي ياغ ئاپپاراتى ئازىيىپ كەتتى. 1990 - يىل ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە ش ئۇ ئا ر ياغ شىركىتىدىن باشقا، قۇمۇل، ئىلى ۋىلايىتى، ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە گۇچۇڭ ناھىيىسىدىن ئىبارەت 4 ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيىدىلا ياغ شىركىتى ساقلاپ قېلىندى.

### 3) يەم - خەشەك شىركىتى

1956 - يىل 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ش ئۇ ئا ر شتات كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، جۇڭگو يەم-خەشەك شىركىتى ش ئۇ ئا ر شىركىتى قۇرۇلدى. ئارقىدىنلا ئۈرۈمچى، ئىلى، خوتەن قاتارلىق 8 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە يەم - خەشەك شۆبە شىركىتى ۋە ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، يەكەن قاتارلىق 6 شەھەر، ناھىيىدە يەم - خەشەك سېتىۋېلىش پونكىتى قۇرۇلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە يەم - خەشەك سىستېمىسىنىڭ شتاتى 335 بولدى. ھەر دەرىجىلىك يەم - خەشەك ئاپپاراتلىرى شۇ يەردىكى ئاشلىق ئىدارىسى بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك يەم - خەشەك شىركىتىنىڭ قوش رەھبەرلىكىدە بولدى. 1957 - يىل 8 - ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاش توغرىسىدىكى يوليورۇقى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ھەر دەرىجىلىك يەم - خەشەك ئاپپاراتلىرىنىڭ ھەممىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، كەسىپلەر ۋە خادىملار ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايدىكى ئاشلىق ئىدارىلىرىگە قوشۇۋېتىلدى. 1976 - يىل 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر يەم-خەشەك شىركىتى قۇرۇلدى، ئۇ، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىگە قارىدى. 1977 - يىلدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايوندىكى نۇرغۇنلىغان ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردە كەينى - كەينىدىن يەم - خەشەك ئاپپاراتى قۇرۇلدى. 1985 - يىلغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە ش ئۇ ئا ر يەم - خەشەك شىركىتىدىن سىرت، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردىكى يەم - خەشەك شىركىتى 50 كە يەتتى. ئاشلىق، ياغلىق دان بويىچە كۆپ يوللۇق تىجارەت يولغا قويۇلۇشقا ئەگىشىپ، كۆپ ساندىكى يەم - خەشەك بازار ئارقىلىق تەڭشەلدى، جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ يەم - خەشەك ئاپپاراتى تەرەققىي قىلىشتىن تەدرىجىي قالدۇرۇلۇش، قوشۇۋېتىلىشكە يۈزلەندى. 1990 - يىلى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردە يەم - خەشەك شىركەتلىرىدىن 30 ى قالدى.

### 4) ئاشلىق، ياغنى كېلىشىپ سېتىۋېلىش - سېتىش شىركىتى

1980 - يىل 3 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق، ياغ كېلىشىپ سېتىۋېلىش - سېتىش شىركىتى قۇرۇلدى، ئۇ ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە

بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، جايلاردا كەينى - كەينىدىن ئاشلىق، ياغ كېلىشىپ سېتىۋېلىش - سېتىش شىركىتى قۇرۇلدى، ئۇلار شۇ دەرىجىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى، كەسپىي جەھەتتە يۇقىرى دەرىجىلىك شىركەتلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. 1987 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردە ئاشلىق، ياغ كېلىشىپ سېتىۋېلىش - سېتىش ئاپپاراتىدىن 48 ى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق - ياغ كېلىشىپ سېتىۋېلىش - سېتىش شىركىتى 40، ئاشلىق، ياغ سودا شىركىتى 8 بولغان. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق، ياغ كېلىشىپ سېتىۋېلىش - سېتىش ئاپپاراتى 62 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق، ياغ كېلىشىپ سېتىۋېلىش - سېتىش شىركىتى 55، ئاشلىق، ياغ سودا مەركىزى 7، ئىشچى - خىزمەتچىسى 716.

### 5) ئاشلىق، ياغ ترانسپورت كارخانىلىرى

1960 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق نازارىتى كەسپىي ترانسپورت ئاپتوموبىل ئەترىتى قۇردى، ئۇ ئاشلىق نازارىتى يۆتكەش - توشۇش بۆلۈمىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. بۇ ئەترەتتە 156 ئىشچى - خىزمەتچى، 34 ئاپتوموبىل بار ئىدى، كېيىن 3 قېتىم ئىخچاملاش ئارقىلىق، 1962 - يىلىنىڭ ئاخىرى 93 ئىشچى - خىزمەتچى قالدى. 1965 - يىلى ئاپتوموبىلى 53 كە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 126 گە يەتتى. 1970 - يىل 4 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە تاپشۇرۇپ بېرىلدى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى خۇلۇڭ ۋۇگۇ (ھازىرقى ساڭفاڭگو) ئاپتوموبىل ئەترىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى ترانسپورت شىركىتى 1 - ئاپتوموبىل ئەترىتى قۇرۇلدى. 1974 - يىل 1 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى قايتىدىن ئاپتوموبىل ئەترىتى قۇردى. 1976 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ترانسپورت شىركىتى دەپ ئاتالدى. بۇ مەزگىلدە ئاپتونوم رايون بويىچە كۆپ ساندىكى ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىلىرى ۋە ئاز ساندىكى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىدە، كەسپىي ترانسپورت ئاپتوموبىل ئەترىتى قۇرۇلدى. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي بار بولغان ترانسپورت كارخانىلىرى 34، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي باشقۇرۇش يولغا قويۇلغانلىرى 18.

### 6) ئاشلىق، ياغ سانائەت كارخانىلىرى

1949 - يىلى شىنجاڭ بويىچە غۇلجا شەھىرىدىلا بىر مېخانىكىلىق ئۇن زاۋۇتى بولۇپ، سانائەت سىستېمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. 1964 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق سىستېمىسىدا مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان ئۇن، ياغ زاۋۇتى 24 كە يەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇن، ياغ تارتىش سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى. 1979 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاشلىق سىستېمىسى بويىچە ئۇن - ياغ سانائەت كارخانىلىرى كۆپىيىپ 206 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇن زاۋۇتى (سېخى) 119، ياغ زاۋۇتى (سېخى) 84، ئاشلىق - ياغ ماشىنىلىرى زاۋۇتى 3. 1979 - يىلى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئۇن، ياغ تارتىش كەسپى، يەم - خەشەك سانائىتى ۋە ئاشلىق - ياغ يېمەكلىكلىرى سانائىتى تېز تەرەققىي قىلدى، 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاشلىق - ياغ كارخانىسى 401 گە يېتىپ، 1979 - يىلدىكىدىن 0.9 ھەسسە كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇن زاۋۇتى (سېخى) 100، ياغ زاۋۇتى (سېخى) 113، يەم - خەشەك زاۋۇتى (سېخى) 123، ئاشلىق - ياغ يېمەكلىكلىرى زاۋۇتى 52، ئاشلىق - ياغ ماشىنىلىرى زاۋۇتى 2، باشقا زاۋۇت 11.

### 7) ئاشلىق، ياغ ئىسكىلاتلىرى

1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنغاندا، شىنجاڭ غەللە - پاراق ئاشلىق باشقارمىسىنىڭ قاراشەھەر بىلەن ئۈرۈمچىدە بىۋاسىتە قاراشلىق ئاشلىق ئىسكىلاتى بار ئىدى. 1950 - يىلدىن باشلاپ، ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسى جايلاردا ئاشلىق ئامبىرى قۇرۇشنى ئۇيۇشتۇردى. 1951 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ئىسكىلاتى 77 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق شۆبە ئىسكىلاتى 6 (جەدۋەل

7 — 1گە قاراڭ). ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىغا ۋە ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، سېتىشنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئاشلىق، ياغ ئىسكىلاتى تەدرىجىي كۆپىيىپ، 1964 - يىلى 94 كە يەتتى. 1965- يىل 7 - ئايدا بىكىتىلگەندىكى ئاساسلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان شىلارنىڭ تاۋار ئاشلىقىنى سېتىۋېلىپ ساقلاش ۋە يۆتكەشكە ياردەم بېرىشى كۆچەيتىش ئۈچۈن، ئاشلىق تارماقلىرى يېڭى ئىگىلىك 4 ، 7 ، 8 - شىلىرىدە بىردىن مەركىزىي ئىسكىلات قۇردى، ئۇنىڭدىن سىرت يېڭى ئىگىلىك 7 - شىنىڭ شىيايدى دېگەن جايىدا يەنە شۆبە ئىسكىلات قۇردى. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە 111 ئاشلىق، ياغ ئىسكىلاتى بار بولدى (جەدۋەل: 7 — 2گە قاراڭ).

## 8) شەھەرلەردىكى ئۇن، ياغ پارچە سېتىش تور - نۇقتىلىرى

1950 - يىلىنىڭ دەسلىپىدە، ئۆلكە بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئۇن دۇكىنىدىن 2 سىلا بار ئىدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئۇن، ياغ سودىسىنىڭ خۇسۇسىي ئۇن، ياغ سېتىقچىلىرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىشىگە ئەگىشىپ، 1965 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق تارماقلىرىدىكى ئۇن، ياغ دۇكىنى 282 گە يەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، تاۋار ئاشلىق يەيدىغان ئاھالىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، 1979 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق، ياغ دۇكىنى 491 گە يەتتى. 80 - يىللاردا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشقا ئەگىشىپ، جايلار ئارقا - ئارقىدىن كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغ يېمەكلىكلىرى ۋە يەم - خەشەك سېتىش تور - نۇقتىلىرىنى قۇردى. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاشلىق سىستېمىسى بويىچە شەھەر - بازارلاردىكى پارچە سېتىش تور - نۇقتىسى 959 غا، ئىشچى - خىزمەتچىسى 6220 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۇن، ياغ دۇكىنى 588، ئىشچى - خىزمەتچىسى 4202؛ ئاشلىق، ياغ يېمەكلىكلىرى دۇكىنى 142، ئىشچى - خىزمەتچىسى 1238؛ كېلىشىم باھالىق ئۇن، ياغ پارچە سېتىش نۇقتىسى 172، ئىشچى - خىزمەتچىسى 573؛ يەم - خەشەك دۇكىنى 57، ئىشچى - خىزمەتچىسى 207 (جەدۋەل: 7 — 2گە قاراڭ).

## 9) دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش - سېتىش تور - نۇقتىلىرى

1953 - يىلى ئاشلىق كەسپىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئۆلكە بويىچە گۇچۇڭ، يېڭىسار، تۇرپان قاتارلىق نۇقتىلىق ناھىيىلەردە 28 ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش پونكىتى (گورۇپپىسى) قۇرۇلدى، ئۇلار ناھىيىلىك ئاشلىق بۆلۈمىگە قارايدى. كېيىنچە بۇ پونكىتلار تەدرىجىي كۆپەيدى، 1966 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، 375 كە يەتتى. 1979 - يىلدىن كېيىن چارۋىچىلارنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا يېڭىدىن بىر تۈركۈم ئاشلىق پونكىتلىرى قۇرۇلدى، 1987 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايون بويىچە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاشلىق پونكىتى 95 كە يەتتى. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش - سېتىش تور - نۇقتىلىرى 584 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكىسى 131 (جەدۋەل: 7 — 2، 3كە قاراڭ).

## 10) ئاشلىق، ياغ ماددىي ئەشيا شىركىتى

1980 - يىل 1 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى سانائەت باشقارمىسىنىڭ قارمىقىدىكى ئاشلىق، ياغ ماددىي ئەشيا ماتېرىياللىرى پونكىتى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق، ياغ ماددىي ئەشيا شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى. ئۇ ئاساسلىقى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق، ياغ پىششىقلاش ئۈسكۈنە ۋە زاپچاسلىرى، ئاشلىق، ياغ تەجرىبە ئۈسكۈنىلىرى، ئاشلىق، ياغ قاچىلاش ئەسۋابلىرى ۋە دۆلەت پىلانى ئىچىدىكى پولات ماتېرىياللىرى، سېمونت، ياغاچ ماتېرىياللىرىنى ساقلاش، تەقسىم قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرى، شىركەتتە كەسپىي

بۆلۈم (قارىمىقىدا ئۈن، ياغ تارتىش ماشىنا زاۋۇتلىرى ماگىزىنى بار)، ساقلاش - توشۇش بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، خوجىلىق بۆلۈمى، ئەمگەك - مائاش بۆلۈمى، زىيالىي ياشلار كوپېراتىپى تەسىس قىلىندى ۋە شىركەت قارىمىقىدا باقمىچىلىق فېرمىسى قۇرۇلدى.

## 3. كەسپىي ئاپپارات

### 1) ئاشلىق كادىرلىرى مەكتىپى

1953 - يىلى 5 - ئايدا ئۆلكىلىك ئاشلىق نازارىتى ئۈرۈمچى شەھىرىدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئاشلىق كادىرلىرى كۇرسى ئېچىپ، شۇ جايدا ئاشلىق كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى قوبۇل قىلىپ تەربىيىلىدى، 1954- يىلى 3 - ئايدا مەكتەپ ئورۇن مەسىلىسى سەۋەبىدىن توختىتىلدى. 1955 - يىلى يېڭى مەكتەپ پۈتۈپ، كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسى قايتىدىن تەشكىللەندى (1956 - يىلى شىنجاڭ ش ئۇ ئا ر ئاشلىق كادىرلىرى مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلدى). مەكتەپتە بوغالتىرلىق، ستاتىستىكا، ساقلاش قاتارلىقلار بويىچە كەسپىي خادىملار ئوقتىلىق تەربىيىلەندى. 1957 - يىلى 10 - ئايدا ئاشلىق كادىرلار مەكتىپى سودا، تەمىنات - سودا، بانكا مەكتەپلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، ش ئۇ ئا ر مالىيە - سودا مەكتىپى قۇرۇلدى. 1980 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق مەكتىپىدە كادىرلارنى تەربىيىلەش بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1982 - يىلى 7 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ئاشلىق مەكتىپى كادىرلارنى تەربىيىلەش بۆلۈمى ئاساسىدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق كادىرلىرى مەكتىپى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق مەكتىپى بىلەن بىرلىكتە بولدى، ئاساسلىقى ئاشلىق سىستېمىسىدا ئىشلەۋاتقان كادىرلارنى تەربىيىلىدى. 1982 — 1990 - يىلغىچە كارخانا باشقۇرۇش قاتارلىق كەسپلەردىن 1337 كادىر تەربىيىلەندى، تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا بوغالتىرلىق كەسپى، ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇش ئۇنىۋېرسىتېتىدا ستاتىستىكا كەسپلىرى بويىچە 737 كۇرسانت تەربىيىلەندى.

### 2) ئاشلىق مەكتىپى

1959 - يىلى 1 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق مەكتىپى رەسمىي قۇرۇلدى. شۇ يىلى 525 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. 1962 - يىلى 5 - ئايدا ئاپپاراتنى ئىخچاملاشتا ئاشلىق مەكتىپى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1966- يىلى 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتى يېرىم كۈن ئىشلەپ، يېرىم كۈن ئوقۇش خاراكتېرىدىكى ئاشلىق مەكتىپى قۇرۇشنى تەستىقلىدى. 1968 - يىلى 11 - ئايدا يەنە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1974 - يىلى 1 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق مەكتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، بۇ مەكتەپ 1990 - يىلغىچە داۋاملىق ئېچىلدى.

### 3) ئاشلىق - ياغ پەن تەتقىقات ئورنى

1959 - يىلى 5 - ئايدا ئاشلىق نازارىتىدە ئاشلىق - ياغ پەن تەتقىقات ئورنى قۇرۇلدى. 1962 - يىلى 1 - ئايدا ئاپپاراتنى ئىخچاملاشتا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1976 - يىلى 12 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق - ياغ پەن تەتقىقات ئورنى قۇرۇلدى، ئۇ، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىگە قارىدى. 1984 - يىلى 11 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق، ياغلىق دان ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئەترىتى، ئاشلىق، ياغ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى، ئاشلىق ئاساسىي قۇرۇلۇش لايىھەلەش ئىشخانىسىنى شىنجاڭ ئاشلىق - ياغ پەن تەتقىقات ئورنىغا قوشۇۋېتىشنى قارار قىلدى. 1990 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ ئاشلىق - ياغ پەن تەتقىقات ئورنىدا ئاشلىق، ياغ پىششىقلاپ ئىشلەش تەتقىقات ئىشخانىسى، ئاشلىق - ياغ قۇرۇلۇشلىرىنى لايىھەلەش ئىشخانىسى، ئاشلىق - ياغ ساقلاش

تەجرىبىخانىسى، ئاخبارات ماتېرىياللىرى تەتقىقات ئىشخانىسى، ئاشلىق ـ ياغنى تەكشۈرۈش ـ ئانالىز قىلىش تەجرىبىخانىسى، پەن ـ تېخنىكا باشقۇرۇش بۆلۈمى، سىياسىي بۆلۈم، مالىيە بۆلۈمى تەسىس قىلىندى.

## 4) ئاشلىق تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى

1983 ـ يىل 9 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئەمگەك ـ كادىرلار نازارىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى قۇرۇلدى، ئۇ، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىگە قارايدى. مەكتەپ 600 كىشىلىك كۆلەمگە ئىگە بولۇپ، ئۇن تارتىش، ياغ تارتىش، يېمەكلىك، يەم ـ خەشەك ئىشلەش ۋە ئاشلىق، ياغ تاۋارلىرى تىجارىتىدىن ئىبارەت 5 كەسىپ تەسىس قىلىندى. 1990 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدا بۇ مەكتەپتە 57 ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى، 775 ئوقۇغۇچى (بىرلىشىپ مەكتەپ ئاچقان جايلارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بار.

بۇنىڭدىن باشقا ئىلى، تارباغاتاي، سانجى، ئالتاي، قاراماي قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىمۇ تېخنىك ئىشچىلارنى تەربىيىلەش ئاپپاراتى قۇرۇلدى.

### شىنجاڭ ئۆلكىسىدە 1951 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆلكە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن ئاشلىق ئاپپاراتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالى

جەدۋەل: 7 — 1     بىرلىكى: دانە

| ۋىلايەتلەر | ئاپپاراتلار | | | | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|
| | ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى | ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى | ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق ئىسكىلات | ئاشلىق شۆبە ئىسكىلاتى | |
| ئۈرۈمچى ۋىلايىتى | | 11 | 11 | 5 | 27 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 1 | | 3 | | 4 |
| ئىلى ۋىلايىتى | 1 | 4 | 12 | 1 | 18 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 1 | 3 | 7 | | 11 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 1 | | 6 | | 7 |
| قاراشەھەر ۋىلايىتى | 1 | 2 | 5 | | 8 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1 | 6 | 9 | | 16 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 1 | 4 | 7 | | 12 |
| يەكەن ۋىلايىتى | 1 | 2 | 4 | | 7 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 1 | 5 | 7 | | 13 |
| جەمئىي | 9 | 37 | 71 | 6 | 123 |

## شىنجاڭدىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ 1990 - يىلدىكى ئاپپارات ئەھۋالى

جەدۋەل: 7 — 2

بىرلىكى: دانە

| تۈرلەر / ئاپپاراتلار | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: ناھىيىدىن يۇقىرىلىرى | ناھىيە دەرىجىلىكى | ناھىيىدىن تۆۋەنلىرى |
|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 2293 | 802 | 767 | 724 |
| 1. ئاشلىق مەمۇرىي تارمىقى | 122 | 42 | 80 | |
| 2. كارخانا باشقۇرۇش ئاپپاراتى | 152 | 83 | 66 | 3 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: قوشۇمچە كەسىپ | 58 | 32 | 23 | 3 |
| 3. كارخانا تىجارەت ئاپپاراتى | 1736 | 587 | 437 | 721 |
| 1) ئاشلىق، ياغ ئىسكىلاتى | 111 | 35 | 71 | 5 |
| 2) ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش - سېتىش ئاپپاراتى | 584 | 8 | 3 | 573 |
| 3) كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش - سېتىش ئاپپاراتى | 55 | 16 | 34 | 5 |
| 4) ئاشلىق، ياغ سودا مەركىزى | 7 | 6 | 1 | |
| 5) پارچە سېتىش تور - نۇقتىلىرى | 959 | 511 | 319 | 129 |
| (1) ئاشلىق دۇكىنى | 588 | 289 | 210 | 89 |
| (2) ئاشلىق - ياغ يېمەكلىكلىرى دۇكىنى | 142 | 126 | 16 | |
| (3) ئاشلىق - ياغنى كېلىشىم باھادا پارچە سېتىش نۇقتىسى | 172 | 74 | 75 | 23 |
| (4) يەم - خەشەك دۇكىنى | 57 | 22 | 18 | 17 |
| 6) باشقا تىجارەت تور - نۇقتىلىرى | 20 | 11 | 9 | |
| 4. ترانسپورت ئاپپاراتى | 34 | 15 | 19 | |
| 5. پىششىقلاپ ئىشلەش ئاپپاراتى | 229 | 65 | 156 | 8 |
| 6. باشقا مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان ئاپپاراتلار | 20 | 10 | 9 | 1 |

## شىنجاڭدىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ جايلاردىكى ئاساسلىق ئاپپاراتلىرىنىڭ 1990 - يىلدىكى ئەھۋالى

جەدۋەل: 7 — 3

بىرلىكى: دانە

| تۈرى / ۋىلايەتلەر | ئاشلىق مەمۇرىي ئاپپاراتى | كارخانا باشقۇرۇش ئاپپاراتى | ئاشلىق، ياغ ئىسكىلاتى | ئاشلىق پونكىتى | چارۋىچىلىق ئاشلىق پونكىتى | ئاشلىق دۇكىنى (يېمەكلىكلەر دۇكىنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) | ئاشلىق، ياغ سانائىتى ئاپپاراتى | ترانسپورت ئاپپاراتى | باشقا مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان ئاپپاراتلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 122 | 152 | 111 | 453 | 131 | 730 | 229 | 34 | 20 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 9 | 26 | 9 | 8 | 3 | 179 | 10 | 1 | 2 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قاراماي شەھرى | 2 | 4 | 2 | | | 38 | 4 | 1 | 2 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 1 | 5 | 3 | 12 | | 18 | 6 | 1 | |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 5 | 10 | 5 | 8 | 5 | 38 | 8 | | 6 |
| سانجى ئوبلاستى | 10 | 17 | 13 | 43 | 12 | 50 | 21 | 7 | 2 |
| شىخەنزە شەھرى | 4 | 7 | 3 | 1 | | 24 | 3 | 1 | |
| ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار | 2 | 1 | 3 | | | 6 | 2 | | |
| ئىلى ۋىلايىتى | 11 | 23 | 12 | 73 | 18 | 110 | 46 | 5 | |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 9 | 14 | 3 | 35 | 15 | 34 | 15 | 2 | 2 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 10 | 9 | 10 | 30 | 24 | 50 | 16 | 4 | |
| بورتالا ئوبلاستى | 5 | 5 | 3 | 10 | 5 | 11 | 7 | 2 | 2 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 11 | 3 | 13 | 20 | 7 | 59 | 27 | 2 | 2 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 11 | 10 | 9 | 54 | 5 | 29 | 16 | 1 | 2 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 6 | | 7 | 9 | 23 | 11 | 6 | 1 | 1 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 13 | 11 | 3 | 89 | 13 | 55 | 25 | 4 | 1 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 9 | 3 | 7 | 61 | 1 | 19 | 14 | 1 | |
| ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ھەم ئۇنىڭغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار | 1 | 4 | 1 | | | | 3 | 1 | 3 |

# II باب

# ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنى

## § 1 . ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تەرەققىياتى

1950 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسى قۇرۇلغاندا، سىستېما بويىچە 611 ئىشچى - خىزمەتچى بار ئىدى. جايلاردا ئاشلىق ئامبارلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، 1951 - يىلى ئىشچى-خىزمەتچى 806 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقى 3، ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى 26. ناھىيىلىك ئاشلىق

ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى 98.

1953 — 1956 - يىللىرىچە ئۆلكىلىك سودا نازارىتىنىڭ سودا شىركىتى سىستېمىسى، ش ئۇ ئا ر تەمىنات-سودا باش كوپېراتىپى سىستېمىسىنىڭ ئاشلىق كەسپى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك ياغ شىركەتلىرىنىڭ خادىملىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئاشلىق سىستېمىسىغا قوشۇۋېتىلدى. 1957 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە، ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق، ياغنى سېتىۋېلىش - سېتىش پونكىتى، دۇكانلىرى ئومۇميۈزلۈك كۆپەيتىلدى. 1961 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ساھەسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 19 مىڭ 633 كە يەتتى.

1962 - يىلدىن باشلاپ، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ «قوشۇنلارنى خىللاشتۇرۇش، مەمۇرىي ئورۇنلارنى ئىخچاملاش» يوليورۇقى ئىجرا قىلىندى، 1963 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئىشچى - خىزمەتچى 13 مىڭ 178 گە ئازايتىلىپ، %32.88ى قىسقارتىلدى. 1964 - يىلدىن باشلاپ، ئىشچى - خىزمەتچى تەدرىجىي كۆپەيدى. 1978 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچى 24 مىڭ 733 كە يېتىپ، 1963 - يىلدىكىدىن %87.68 كۆپەيدى.

ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئاشلىق، ياغنى كېلىشىپ سېتىۋېلىش - سېتىش، يەم - خەشەك، يېمەكلىك قاتارلىق كەسىپلەر تېز تەرەققىي قىلدى. 1990- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ساھەسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى كۆپىيىپ 45 مىڭ 46 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇقىم ئىشچى - خىزمەتچى 38 مىڭ 129، ۋاقىتلىق ئىشچى، پىلان سىرتىدىكى ئىشچى 6917. بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىچىدە ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ۋە شۆبە ئىدارە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىر 455 بولۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ %1.01 نى ئىگىلىدى. ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىدىكى رەھبىرىي كادىر (ئىنتىزام تەكشۈرۈش گورۇپپىسىنىڭ باشلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 5، باشقارما، مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى 30، ئىدارىگە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى دىرېكتور، مۇئاۋىن دىرېكتور، زاۋۇت باشلىقى، مەكتەپ مۇدىرى، پونكىت باشلىقى 49؛ ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقى 58؛ ناھىيىلىك، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقى 267، شۆبە ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقى 46.

1952 - يىلى شىنجاڭ مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسى سىستېمىسىدا جەمئىي 312 نەپەر ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچى بار بولۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ %28.73 نى ئىگىلىگەنىدى. 1953 - يىلى ئۆلكىلىك ئاشلىق نازارىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاشلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتى ۋە كەسىپلەر بويىچە باشقۇرۇشقا ئەگىشىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىرقەدەر تېز كۆپەيدى. 1964 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايون بويىچە 6313 كە يېتىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ %45.80 نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقىدىن يۇقىرى ئاز سانلىق مىللەت رەھبىرىي كادىر 107 بولۇپ، شۇ دەرىجىدىكى كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ %33.23 نى ئىگىلىدى. ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئاشلىق، ياغ كەسپىنىڭ تەرەققىياتى تېزلەشتى، شۇنىڭ بىلەن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىمۇ كۆپەيدى، 1985 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچى 14 مىڭ 316 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىدىكىلەر 116 بولۇپ، بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىچىدە شۇ خىلدىكى ئوقۇش تارىخى بارلارنىڭ %24.02 نى، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىدىكىلەر 1125 بولۇپ، %37.66 نى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 1755 بولۇپ، %31.81 نى ئىگىلىدى. 1990 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق سىستېمىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچى 17 مىڭ 97 گە يېتىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ %37.95 نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە

ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىق، مۇئاۋىن باشلىقى 3، باشقارما باشلىقى، مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى 8؛ دىرېكتور، مۇئاۋىن دىرېكتور، ئورۇن باشلىقى، زاۋۇت باشلىقى، مەكتەپ مۇدىرى، پونكىت باشلىقى 10؛ ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى (باشقارمىسى) باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقى 14؛ ناھىيىلىك (شەھەرلىك) ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقى 108. ناھىيىلىك، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئاز سانلىق مىللەت رەھبىرىي كادىر 143 بولۇپ، ئاشلىق سىستېمىسىدىكى شۇ دەرىجىلىك كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 31.43% ىنى ئىگىلىدى.

## شىنجاڭ ئاشلىق سىستېمىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رەھبىرىي كادىرلار ۋە ئاساسلىق كەسپىي خادىملارنىڭ 1964 - يىلدىكى سانى

جەدۋەل: 7 — 4

| تۈرى / ۋەزىپىسى | ئاز سانلىق مىللەت رەھبىرىي كادىر | رەھبىرىي كادىرلار ئومۇمىي سانىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) | تۈرى / ۋەزىپىسى | ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي خادىملار | كەسپىي خادىملار ئومۇمىي سانىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) |
|---|---|---|---|---|---|
| نازىر، مۇئاۋىن نازىر، ئىدارە باشلىقى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى | 2 | 40 | قۇرۇلۇش كەسپىي خادىملىرى | 9 | 17.31 |
| نازارەت (ئىدارە) دىكى بۆلۈم (باشقارما) باشلىقى، مۇئاۋىن بۆلۈم (باشقارما) باشلىقى | 3 | 12.50 | پىلان - ستاتىستىكا | 43 | 17.41 |
| ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقى | 15 | 41.67 | مالىيە - بوغالتىر | 423 | 43.61 |
| ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىدىكى بۆلۈم باشلىقى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى | 16 | 20.51 | ساقلاش، لابوراتورىيە تەكشۈرۈش | 900 | 66.86 |
| ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقى | 71 | 37.57 | | | |
| جەمئىي | 107 | 32.23 | جەمئىي | 1375 | 52.58 |

## شىنجاڭ ئاشلىق سىستېمىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي خادىملارنىڭ 1985 - يىلدىكى سانى

جەدۋەل: 7 — 5

| تۈرى / كەسىپ نامى | ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي خادىملار | كەسپىي خادىملار ئومۇمىي سانىدا ئىگىلىگىنى (%) |
|---|---|---|
| باغ تارتىش | 66 | 38.15 |

| | | |
|---|---|---|
| ئۈن تارقىتىش | 84 | 33.46 |
| يېمەكلىك پىششىقلاش | 18 | 21.42 |
| يەم - خەشەك پىششىقلاش | 58 | 45.31 |
| مالىيە - بوغالتىرلىق | 495 | 40.01 |
| پىلان - ستاتىستىكا | 193 | 36.01 |
| ئاشلىق ساقلاش | 464 | 55.50 |
| جەمئىي | 1378 | 42.46 |

## 2 § . ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى

### 1. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى

50 - يىللىرىنىڭ دەسلەپىدە شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ساھەسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەنرەك ئىدى. 1952 - يىلى خوتەن، يەكەن، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىدىكى 261 ئىشچى - خىزمەتچى ئىچىدە ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىدىكىلەر 2، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىدىكىلەر 3، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 3 بولۇپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۇقىرى مەلۇماتلىقلار ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 3.07% نى ئىگىلىگەنىدى. 1964 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق سىستېمىسىدىكى 13 مىڭ 785 ئىشچى - خىزمەتچىدىن ئالىي تېخنىكوم ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى مەلۇماتلىقلار 96، ئوتتۇرا تېخنىكوم (تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) مەلۇماتىدىكىلەر 782 بولۇپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۇقىرى مەلۇماتلىقلار ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 6.37% نى ئىگىلىدى. 1973 - يىلى ئىشچى-خىزمەتچىلەر دەم ئېلىشقا چىقسا پەرزەنتلىرىنى ئورنىغا قويۇش بەلگىلىمىسى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر بولدى. 1978-يىلدىن كېيىن ئاشلىق كەسپىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ساپا ۋە كەسپىي تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەشنىڭ كۈچەيتىلىشىگە ئەگىشىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيە قۇرۇلمىسى يىلدىن - يىلغا ئۆسۈپ باردى. 1980 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق سىستېمىسىدىكى 27 مىڭ 906 ئىشچى - خىزمەتچىدىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۇقىرى مەلۇماتلىقلار 3165 كە يېتىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 11.34% نى ئىگىلىدى. 1985- يىلى 24.50% كە يەتتى. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق سىستېمىسىدىكى 45 مىڭ 46 ئىشچى - خىزمەتچىدىن ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتلىقلار 1288، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىدىكىلەر 4270، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 2991، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۇقىرى مەلۇماتلىقلار 8549 بولۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 18.98% نى ئىگىلىدى. بۇنى 1980 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، 1.7 ھەسسە ئاشتى (جەدۋەل: 7 — 6 گە قاراڭ).

### 2. كەسپىي خادىم ۋە تېخنىكا ئۇنۋانى

1950 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئاشلىق سىستېمىسىدا كەسپىي تېخنىكا خادىم بىرقەدەر ئاز ئىدى. 1962-

يىلغا كەلگەندە، سىستېما بويىچە قۇرۇلۇش تېخنىكا، مالىيە - بوغالتىرلىق، پىلان - ستاتىستىكا، ساقلاش، تەكشۈرۈش - لابوراتورىيە كەسپى بويىچە 1958 خادىم بولۇپ، ئۇلار ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 13.54% نى ئىگىلىدى. 1979 - يىلى كەسپىي تېخنىكا خادىم 2454 كە كۆپەيگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلار ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقتىن ئىشچى - خىزمەتچىلەر تېز كۆپەيدى. كەسپىي تېخنىكا خادىملار ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 9.52% نى ئىگىلەپ، 1962 - يىلغا سېلىشتۇرغاندا 4 پىرسەنت پوئېنتى تۆۋەنلىدى (جەدۋەل: 7 — 7 گە قاراڭ).

1980 - يىلى دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق سىستېمىسىدا تېخنىكا ئۇنۋانىنى باھالاپ بېكىتىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىدە تېخنىكا ئۇنۋانىنى باھالاپ بېكىتىش كومىتېتى قۇرۇلدى. ئىدارە پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى خې شىڭۋاڭ مۇدىر، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى خې رۇيشاڭ، پەن - مائارىپ باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شېن زېرۇن، يې جىتىلار مۇئاۋىن مۇدىر بولدى. ھەيئەت ئەزاسى 8 كىشىدىن تەركىب تاپتى. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك ئاشلىق تارماقلىرىدىكى كادىرلارنىڭ تېخنىكا ئۇنۋانىنى باھالاپ بېكىتىش خىزمىتى شۇ جايدىكى پارتكومنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلدى. 5- ئاينىڭ 14 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسى يىغىن چاقىرىپ، گوۋۇيۈەن تەستىقلاپ تارقاتقان دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتى، دۆلەت ئىقتىساد كومىتېتى، گوۋۇيۈەن پەن - تېخنىكا كادىرلار ئىدارىسىنىڭ «قۇرۇلۇش تېخنىكا كادىرلىرىغا ئۇنۋان بېرىش توغرىسىدا ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» سىگە ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئورگىنى ھەمدە ئورگانغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى تېخنىكا كادىرلىرىنى ئۇنۋان دەرىجىسىگە سېلىشنى قارار قىلدى. ئىدارە تېخنىكا ئۇنۋانىنى باھالاپ بېكىتىش كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ باھالىشى ئارقىلىق، ئىدارە پارتگۇرۇپپىسى 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چېن مىنجۇ قاتارلىق 32 كىشىگە تېخنىكا خىزمەت تارىخىغا قاراپ، ئالىي دەرىجىلىك ئىنژېنېر، ئىنژېنېر، ياردەمچى ئىنژېنېر، تېخنىكا خادىم ئۇنۋانى بېرىشنى ماقۇللىدى. 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى گوۋۇيۈەن پەن - تېخنىكا كادىرلار ئىدارىسى بىلەن ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ «ئاشلىق، ياغ پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ تېخنىكا ئۇنۋانى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»ى ۋە ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ «ئاشلىق، ياغنى تەكشۈرۈش، ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تېخنىكا خادىملىرىنى تەكشۈرۈپ ئۇنۋانىنى ئۆستۈرۈش ئۆلچىمى» (سىناق نۇسخىسى) نى تارقىتىپ، ئاشلىق، ياغنى تەكشۈرۈش، ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تېخنىكا كادىرلىرىنى دەرىجىگە سالغاندا، 1966 - يىلنىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن دۆلەتنىڭ تېخنىكا بويىچە 6 - دەرىجىدىن يۇقىرى باش تېخنىك، 7 ~ 9 - دەرىجىلىك تېخنىكلارنى ئىنژېنېرلىققا، 10 ~ 13 - دەرىجىلىك تېخنىكلارنى ياردەمچى ئىنژېنېرلىققا، 14 ~ 16 - دەرىجىلىك ياردەمچى تېخنىكلارنى تېخنىك دەرىجىسىگە سېلىشنى بەلگىلىدى. 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى بوغالتىرلارنىڭ تېخنىكا ئۇنۋانىنى باھاپ بېكىتىش كومىتېتى قۇردى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى كاڭ جۇاڭ مۇدىر، مالىيە - باھا باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ما گويى، پەن - مائارىپ باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شېن زېرۇن مۇئاۋىن مۇدىر بولدى. بۇ كومىتېت ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارە ئورگىنى ھەمدە ئورگانغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى مالىيە خادىملىرىنىڭ تېخنىكا ئۇنۋانىنى باھالاشقا، بوغالتىر ھەمدە ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئۇنۋانلارنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشقا مەسئۇل بولدى.

1981 - يىل 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئىجتىمائىي پەن كەسپىي كادىرلىرىنىڭ تېخنىكا ئۇنۋانىنى باھالاپ بېكىتىش ئىشخانىسى قۇردى. مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى خې رۇيشاڭ مۇدىر، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ماخمۇت يۈسۈپ، ئەمگەك - كادىرلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئېزىز توختى مۇئاۋىن مۇدىر بولدى. بۇ ئىشخانىدا كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىنى باھالاش گۇرۇپپىسىدىن 4 ى قۇرۇلدى. بوغالتىرلىق كەسپىي

گۇرۇپپىسىغا مالىيە - باھا باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ما گويى، ستاتىستىكا كەسپىي گۇرۇپپىسىغا پىلان باشقارمىسىنىڭ باشلىقى گاۋ كې، تەرجىمە، ئارخىپ كەسپىي گۇرۇپپىسىغا ئىشخانا مۇدىرى ئابدۇرېھىم روزى، ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىي گۇرۇپپىسىغا يەن - مائارىپ باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شىن زېرۇن ۋە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاڭ يىڭرۇڭ مەسئۇل بولدى.

1983 - يىل 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ ئۇقتۇرۇشى ئىجرا قىلىنىپ، تېخنىكا ئۇنۋانىنى باھالاپ بېكىتىش ۋاقىتىنچە توختىتىلدى. 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىدا تېخنىكا ئۇنۋانىنى باھالاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ئىدارە باشلىقى ماخمۇت يۈسۈپ گۇرۇپپا باشلىقى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى سۈي ۋېنشۇ، ۋاڭ سۇنجۇ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولدى، بۇ گۇرۇپپا قارمىقىدا ئىجتىمائىي پەن ۋە تەبىئىي پەن گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ئۇلار مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرىگە ئاساسەن، ئىدارە ئورگىنى ھەمدە ئورگانغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ ئۇنۋان باھالاپ بېكىتىش خىزمىتىنى تەكشۈردى ۋە تەرتىپكە سالدى. خىزمەتتىكى كەسپىي خادىملارنى تەربىيىلەشنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، كېيىنكى كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىنى باھالاشقا تەييارلىق كۆردى.

1986 - يىل 4 - ئايدا ئاپتونوم رايون ئۇنۋان ئىسلاھاتى خىزمىتى يىغىنى چاقىردى. مەملىكەتنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، كەسپىي ۋەزىپىدىكىلەرنى تەكلىپ قىلىش - تەيىنلەش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە كەسپىي ۋە كارخانا ئورۇنلاردا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، تەدرىجىي قانات يايدۇرۇلدى. مەمۇرىي ئورۇنلاردا 1990 - يىلغىچە تەرجىمە كەسپىدىن سىرت، باشقا كەسپلەردە ئۇنۋان باھالاش خىزمىتى ئىشلەنمىدى.

1987 - يىل 7 - ئايدا كەسپىي ئۇنۋان جەھەتتە ئىقتىساد تۈرى كۆپەيتىلدى. ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئۇنۋان ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قارمىقىدا قۇرۇلۇش، ستاتىستىكا، بوغالتىرلىق، ئىقتىساد قاتارلىق كەسپلەر بويىچە ئۇنۋان باھالاش كومىتېتى قۇرۇلدى، ئۇ، ئىدارىگە بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ھەرقايسى كەسپلەر بويىچە تۆۋەن، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانىنى تەستىقلاش ھەمدە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي ۋەزىپىدىكىلەرنى باھالاش، ش ئۇ ئا ر ئۇنۋان ئىسلاھاتى ئىشخانىسىغا يوللاپ تەستىقلىتىشقا مەسئۇل بولدى.

1988 - يىل 5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنۋان ئىسلاھاتى ئىشخانىسى قۇرۇپ، ئۇنۋان ئىسلاھاتى خىزمىتىنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولدى. 1989 - يىل 6 - ئايدا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتى تاماملاندى. 1990 - يىلى سىياسىي خىزمەت تۈرىدىكى ئۇنۋان قوشۇلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، 1989 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق سىستېمىسىدا تېخنىك ئىشچىلارنى دەرىجىگە ئايرىپ تەربىيىلەش ۋە تېخنىكلارنى تەكشۈرۈپ باھالاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. تېخنىكا ئۇنۋانى ئالغانلار 16 مىڭ 520 گە يېتىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ %37.38 نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە پىركازچىك 5600، ئاشلىق، ياغ پىششىقلاپ ئىشلىگۈچى (يەم - خەشەك، يېمەكلىك ئىشلىگۈچى، ماشىنا رېمونت قىلغۇچىلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 800، ساقلىغۇچى 1000، ئاشلىق، ياغ توشۇغۇچى 1200. باھالاپ چىقىلغان ئالىي دەرىجىلىك ئىشچى 1743، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىشچى 6705، تۆۋەن دەرىجىلىك ئىشچى 5640، ھەرقايسى تۈرلەردىن باھالاپ چىقىلغان جەمئىي تېخنىك ئىشچى 14 مىڭ 88 بولۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ %32.72 نى ئىگىلىدى. 1990 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشلەۋاتقان تۈرلۈك كەسپىي خادىملار ئىچىدە كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى بارلىرى 7219 بولۇپ، ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 949، تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 6270، بۇلار ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ %16.03 نى ئىگىلىدى.

## 1979 — 1990 - يىلغىچە شىنجاڭ ئاشلىق سىستېمىسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە دائىر مەلۇمات

جەدۋەل: 7 — 6

| تۈرى / يىللار | ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانى | | | | مەلۇماتى | | | كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى | | | | دەرىجىلىك تېخنىك ئىشچىلار | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئومۇمىي سانى | بۇنىڭ ئىچىدە: مۇقىمى | بۇنىڭ ئىچىدە: مىللىي | بۇنىڭ ئىچىدە: كادىر | ئالىي تېخنىكوم ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى | ئوتتۇرا تېخنىكوم | تولۇق ئوتتۇرا | ئالىي دەرىجىلىك | ئوتتۇرا دەرىجىلىك | باشلانغۇچ دەرىجىلىك | جەمئىي | ئالىي دەرىجىلىك ئىشچى | ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىشچى | باشلانغۇچ دەرىجىلىك ئىشچى | جەمئىي |
| 1979 | 25772 | 23718 | 8411 | | | | | | | | | | | | |
| 1980 | 27906 | 25965 | 8952 | | 299 | 2866 | | | | | | | | | |
| 1981 | 30801 | 28160 | 11698 | 5348 | 287 | 612 | 1397 | | 10 | 8 | 18 | | | | |
| 1982 | 33440 | 29938 | 12977 | 5500 | | | | | 32 | 52 | 84 | | | | |
| 1983 | 34427 | 30657 | 13393 | 5019 | 276 | 1497 | 6750 | | 79 | 471 | 550 | | | | |
| 1984 | 34992 | 31447 | 13700 | | 460 | 8043 | | | | | | | | | |
| 1985 | 36680 | 32087 | 14316 | 9463 | 483 | 2987 | 5518 | | | | | | | | |
| 1986 | 38891 | 32439 | 15038 | 10310 | 548 | 3151 | 2246 | | 94 | 778 | 872 | | | | |
| 1987 | 39253 | 32400 | 14739 | 11006 | 730 | 2435 | 2300 | | 122 | 1116 | 1238 | | | | |
| 1988 | 41831 | 33474 | 15583 | 11277 | 933 | 3772 | 2863 | | 487 | 2863 | 3350 | | | | |
| 1989 | 43055 | 34083 | 16161 | 12001 | 1084 | 3927 | 3892 | | 1021 | 6109 | 7130 | 1743 | 6705 | 5640 | 14088 |
| 1990 | 45046 | 34740 | 17097 | 12592 | 1288 | 4270 | 2991 | 21 | 928 | 6270 | 7219 | 3376 | 9723 | 4699 | 17798 |

ئىزاھ: مۇقىم ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىچىدە توختاملىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر يوق.

## شىنجاڭ ئاشلىق سىستېمىسىدىكى ئاساسلىق كەسپىي خادىملارنىڭ 1962 — 1990 - يىلغىچە قىسمەن يىللاردىكى سانى

جەدۋەل: 7 — 7

| يىللار / نامى | 1962 | 1979 | 1986 | 1990 |
|---|---|---|---|---|
| بوغالتىر | 736 | 972 | 1390 | 3181 |
| پىلان - ستاتىستىكا | 244 | 231 | 457 | 651 |
| ساقلاش | 815 | 1022 | 962 | 3061 |
| لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈش | 146 | 229 | | 880 |
| قۇرۇلۇش تېخنىكى | 17 | | | |

## شىنجاڭ ئاشلىق ئىدارىسى ھەم ئۇنىڭغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردا 1980 — 1990 - يىلغىچە ئىشلىگەن ئالىي تېخنىكا كەسپىي ئۇنۋانى بار خادىملار

جەدۋەل: 7 — 8

| ئىسىم - فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | تۇغۇلغان ۋاقتى | مەلۇماتى | خىزمەت ئورنى | تېخنىكا ئۇنۋانى | تەستىقلانغان ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| چېن مىنجۇ | ئەر | خەنزۇ | | ئالىي مەكتەپ | ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى ئورگىنى | ئالىي ئىنژېنېر | 1980.9 |
| لىيۇ ۋېنلىن | ئەر | خەنزۇ | 1934.9 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق - ياغ ترانسپورت شىركىتى | ئالىي ئىقتىسادچى | 1988.12 |
| بى جىنتى | ئەر | خەنزۇ | 1934.4 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق - ياغ پەن تەتقىقات ئورنى | ئالىي ئىنژېنېر | 1990.12 |
| جۇ بونيەن | ئەر | خەنزۇ | 1930.7 | ئالىي مەكتەپ | ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق - ياغ پەن تەتقىقات ئورنى | ئالىي ئىنژېنېر | 1988 |
| جۇ گوگۇاڭ | ئەر | خەنزۇ | 1939.2 | ئالىي مەكتەپ | ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق - ياغ پەن تەتقىقات ئورنى | ئالىي ئىنژېنېر | 1990.12 |
| جاڭ زىلياڭ | ئەر | خەنزۇ | 1938.2 | ئالىي مەكتەپ | ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق - ياغ پەن تەتقىقات ئورنى | ئالىي ئىنژېنېر | 1990.12 |
| ۋاڭ جياشىن | ئەر | خەنزۇ | 1941.1 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق - ياغ پەن تەتقىقات ئورنى | ئالىي ئىنژېنېر | 1990 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بەي پېڭيۈلاڭ | ئەر | خەنزۇ | 1927 | ئالىي مەكتەپ | ئاپتونوم رايونلۇق يەم - خەشەك شىركىتى | ئالىي چارۋىچىلىق تېخنىكى | 1988 |
| فاڭ گۈيىي | ئايال | خەنزۇ | 1941.1 | ئالىي مەكتەپ | ئاپتونوم رايونلۇق باغ شىركىتى | ئالىي ئىنژېنېر | 1988.10 |
| شې جۇڭيۈەن | ئەر | خەنزۇ | 1924.1 | تولۇق ئوتتۇرا | ئۈرۈمچى ئاشلىق - باغ يۆتكەش پونكىتى | ئالىي ئىنژېنېر | 1989.12 |
| سۇلياڭ | ئەر | خەنزۇ | 1934.12 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | ئۈرۈمچى ئاشلىق - باغ يۆتكەش پونكىتى | ئالىي ئىقتىسادچى | 1988.12 |
| جاڭ جۇ | ئايال | خەنزۇ | 1934.4 | ئالىي مەكتەپ | ئۈرۈمچى ئاشلىق - باغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | ئالىي ئىنژېنېر | 1988.11 |
| چېن تىۋۇ | ئەر | خەنزۇ | 1932.6 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | ئۈرۈمچى ئاشلىق - باغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | ئالىي ئىنژېنېر | 1988.11 |
| خې شىخۇەن | ئەر | خەنزۇ | 1934.11 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | ئۈرۈمچى ئاشلىق - باغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | ئالىي بوغالتىر | 1988.12 |
| فېڭ ۋەنشياڭ | ئەر | خەنزۇ | 1932.9 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | ئۈرۈمچى ئاشلىق - باغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | ئالىي مەسئۇل سىياسىي خادىم | 1990 |
| جياڭ مىنشىڭ | ئەر | خەنزۇ | 1931.4 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | شىنجاڭ ئاشلىق - باغ سانائەت گۇرۇھى شىركىتى | ئالىي ئىنژېنېر | 1989.2 |
| لاۋ شۇلياڭ | ئايال | خەنزۇ | 1928 | ئالىي مەكتەپ | شىنجاڭ ئاشلىق مەكتىپى | ئالىي لېكتور | 1986.6 |
| لەتىپ ئابدۇللا | ئەر | ئۇيغۇر | 1928 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | شىنجاڭ ئاشلىق مەكتىپى | ئالىي لېكتور | 1986.6 |
| چياڭ بىڭەن | ئەر | خەنزۇ | 1930.8 | ئالىي مەكتەپ | شىنجاڭ ئاشلىق مەكتىپى | ئالىي لېكتور | 1986.6 |
| ما چى | ئەر | خۇيزۇ | 1934.4 | ئالىي مەكتەپ | شىنجاڭ ئاشلىق مەكتىپى | ئالىي لېكتور | 1988.5 |
| دۇ كېمىن | ئەر | خەنزۇ | 1937.6 | ئالىي مەكتەپ | شىنجاڭ ئاشلىق مەكتىپى | ئالىي لېكتور | 1988.5 |
| ئابلىكىم ھاجى | ئەر | ئۇيغۇر | 1937 | ئالىي تېخنىكوم | شىنجاڭ ئاشلىق مەكتىپى | ئالىي لېكتور | 1988.5 |
| شى يۇشەن | ئەر | خەنزۇ | 1935.7 | ئالىي تېخنىكوم | شىنجاڭ ئاشلىق مەكتىپى | ئالىي لېكتور | 1988.5 |
| جاڭ يىلى | ئەر | ئۇيغۇر | | | شىنجاڭ ئاشلىق مەكتىپى | كاندىدات ئالىي تەرجىمان | 1986.6 |
| جۇ جيەن | ئەر | خەنزۇ | 1940.10 | ئالىي تېخنىكوم | شىنجاڭ ئاشلىق مەكتىپى | ئالىي لېكتور | 1988.5 |
| لى گۈيلۇ | ئەر | خۇيزۇ | 1940.8 | ئالىي تېخنىكوم | شىنجاڭ ئاشلىق مەكتىپى | ئالىي لېكتور | 1985.5 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بۇ جىڭچى | ئەر | خەنزۇ | 1940.1 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | شىنجاڭ ئاشلىق مەكتىپى | ئالىي لېكتور | 1988.5 |
| ئەمەتجان مەھەممەت | ئەر | ئۇيغۇر | 1946.6 | ئالىي مەكتەپ | شىنجاڭ ئاشلىق تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى | ئالىي لېكتور | 1988.1 |
| جياڭ شىجيې | ئەر | خەنزۇ | 1940.12 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | شىنجاڭ ئاشلىق تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى | ئالىي لېكتور | 1988.1 |
| ژاڭ جۇن | ئەر | خەنزۇ | 1939.11 | ئالىي مەكتەپ | شىنجاڭ ئاشلىق تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى | كاندىدات ئالىي تەرجىمان | 1989.3 |

## 3 § . شىنجاڭ ئاشلىق سىستېمىسىدىكى رەھبەرلەر

### 1950 — 1953 ـ يىل 2 ـ ئايغىچە شىنجاڭ مالىيە نازارىتى ئاشلىق ئىدارىسىگە رەھبەر بولغانلار

جەدۋەل: 7 — 9

| ئىسىم ـ فامىلىسى | مەمۇرىي ۋەزىپىسى | ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ۋاقتى | مەلۇماتى | مىللىتى | يۇرتى | تۇغۇلغان ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| لىيۇ زىمۇ | قوشۇمچە ئىدارە باشلىقى | 1951.8 ~ 1950.2 | | خەنزۇ | شەنشى زىجۇ | 1911.11 |
| زو شەن | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى | 1951.8 ~ 1950.2 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | خەنزۇ | شەندۇڭ لىنچىڭ | 1915.12 |
| | ئىدارە باشلىقى | 1953.2 ~ 1951.8 | | | | |
| رېن چۇڭيى | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى | 1953.2 ~ 1950.2 | باشلانغۇچ مەكتەپ | خەنزۇ | شەنشى زىجاڭ | 1907 |
| ژاڭ باڭيەن * | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى | 1953.2 ~ 1950.2 | ئالىي مەكتەپ | خەنزۇ | گەنسۇ جاڭيې | 1915 |
| ۋۇ شۇفەن * | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى | 1950.5 ~ 1950.2 | يۇتتەندە چامباشچىلىق مەكتىپىدە ئوقۇغان | خەنزۇ | جياڭشى | 1902 |

ئىزاھ: ئىسىم ـ فامىلىسىنىڭ كەينىگە * بەلگە قويۇلغانلىرى پارتىيىسىزلەر، تۆۋەندىمۇ شۇنداق.

## 1953 - يىل 2 - ئايدىن 1990 - يىلغىچە شىنجاڭ ئاشلىق نازارىتى (ئىدارىسى) گە رەھبەر بولغانلار

جەدۋەل: 7 — 10

| ئىسىم فامىلىسى | ۋەزىپىسى: پارتىيە ئىچىدىكى | ۋەزىپىسى: مەمۇرىي | ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ۋاقتى | مەلۇماتى | مىللىتى | يۇرتى | تۇغۇلغان ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| زوشەن | شۇجى | مۇئاۋىن نازىر | 1970.3 ~ 1953.2 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | خەنزۇ | شەندۇڭ لىنچىڭ | 1915.12 |
| مۇسەيىن مۇراتوف* | | نازىر | 1961.6 ~ 1953.2 | | تاتار | ئىلى | 1900 |
| خې رۇيشاڭ | | مۇئاۋىن نازىر | 1956.11 ~ 1956.7 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | خەنزۇ | خېبېي پىڭشەن | 1921.1 |
| | | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، مەسلىھەتچى | 1983.6 ~ 1978.3 | | | | |
| ئەسەت ياقۇپ* | | مۇئاۋىن نازىر، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، مەسلىھەتچى | 1983.6 ~ 1956.12 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | ئۇيغۇر | ئاتۇش | 1915.5 |
| ماغاۋىيا | | نازىر | 1979.5 ~ 1962.3 | ئالىي مەكتەپ | قازاق | شىخۇ | 1917 |
| ئەن دىڭ | مۇئاۋىن شۇجى | مۇئاۋىن نازىر | 1971.2 ~ 1960.5 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | خەنزۇ | شەنشى زىجۇ | 1925.11 |
| | | رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى | 1978.3 ~ 1971.2 | | | | |
| | مۇئاۋىن شۇجى، شۇجى | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، ئىدارە باشلىقى | 1986.6 ~ 1978.3 | | | | |
| جياڭ جاۋزۇڭ | | مۇئاۋىن نازىر | 1974.4 ~ 1960.7 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | خەنزۇ | جياڭشى يۇڭشىن | 1913.12 |
| شى جېڭگو | يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى | رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى | 1978.3 ~ 1971.2 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | خەنزۇ | جياڭسۇ خۇەيىن | 1915 |
| | شۇجى | ئىدارە باشلىقى | 1979.3 ~ 1978.3 | | | | |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جاۋ شىشىن | يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | 1978.3 ~ 1971.2 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | خەنزۇ | خېبېي ئەنگو | 1915.1 |
| | مۇئاۋىن شۇجى | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى | 1979.3 ~ 1978.3 | | | | |
| مۇسا چاۋا | يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | 1978.3 ~ 1973.5 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | ئۇيغۇر | لوپ | 1930 |
| | مۇئاۋىن شۇجى | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى | 1979.3 ~ 1978.3 | | | | |
| خې شىنۋاڭ | | رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى | 1978.3 ~ 1973.5 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | خەنزۇ | شەنشى ئەنسەي | 1910 |
| | | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى | 1979.8 ~ 1978.3 | | | | |
| | شۇجى | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى | 1983.6 ~ 1979.8 | | | | |
| ۋاڭ لىپى | | رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى | 1978.3 ~ 1975.5 | | خەنزۇ | | |
| چېن جىنچاڭ | | رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى | 1978.3 ~ 1975.5 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | خەنزۇ | سىچۇەن پىڭچاڭ | 1918 |
| | | مۇئاۋىن ئىدارە (نازارەت) باشلىقى | 1981.8 ~ 1978.3 | | | | |
| جاۋ لۇ | | رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى | 1975.10 ~ 1975.5 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | خەنزۇ | شەنشى گوشيەن | 1916.4 |
| جاۋ باۋچېن | | مەسلىھەتچى | 1981.7 ~ 1978.9 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | خەنزۇ | شەندۇڭ جۇشيەن | 1915 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| كاڭ جۇاڭ | | مۇئاۋىن ئىدارە (نازارەت) باشلىقى | 1983.6 ~ 1979.3 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | خەنزۇ | شەنشى چىشيەن | 1918.4 |
| ۋاڭ سۇنجۇ | | مۇئاۋىن ئىدارە (نازارەت) باشلىقى | 1983.6 ~ 1979.8 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | خەنزۇ | خېبېي نىڭجىن | 1924.7 |
| | ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى | | 1986.6 ~ 1983.6 | | | | |
| ماخمۇت يۈسۈپ | | مۇئاۋىن ئىدارە (نازارەت) باشلىقى | 1983.6 ~ 1980.6 | ئالىي تېخنىكوم | ئۇيغۇر | قورغاس | 1927.12 |
| | مۇئاۋىن شۇجى | ئىدارە باشلىقى | 1990 ~ 1983.6 | | | | |
| سۇي ۋېنشۇ | | مۇئاۋىن ئىدارە (نازارەت) باشلىقى | 1990 ~ 1980.6 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | خەنزۇ | خېنەن خۇجيا | 1931.10 |
| ئىلاۋسىز | | مۇئاۋىن ئىدارە (نازارەت) باشلىقى | 1990 ~ 1980.6 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | قازاق | ئالتاي | 1933.10 |
| جى يامىن | | مۇئاۋىن ئىدارە (نازارەت) باشلىقى | 1983.6 ~ 1980.6 | ئالىي مەكتەپ | خەنزۇ | خېبېي نېيچيۇ | 1929.7 |
| چېن يۈچاڭ | | مۇئاۋىن ئىدارە (نازارەت) باشلىقى | 1983.4 ~ 1980.6 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | خەنزۇ | خېبېي ۋېنئەن | 1924.7 |
| | | مەسلىھەتچى | 1984.10 ~ 1983.4 | | | | |
| سۇڭ رۇگۇ | شۇجى | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى | 1990 ~ 1986.6 | ئالىي تېخنىكوم | خەنزۇ | جېجياڭ لىنخەي | 1943.10 |
| ئابدۇكېرىم ھاشىم | ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى | | 1990 ~ 1986.6 | ئالىي مەكتەپ | ئۇيغۇر | قەشقەر يېڭىشەھەر | 1946.4 |

ئىزاھ: ئاشلىق نازارەت (ئىدارە) پارتىيە تەشكىلىي ئاپپاراتى 1953 - يىل 2 - ئايدىن 1955 - يىل 11 - ئايغىچە ياچېيكا كومىتېتى، 1955 - يىل 11 - ئايدىن باشلاپ پارتگورۇپپا، 1961 - يىل 10 - ئايدىن باشلاپ پارتكوم، 1972 - يىل 2 - ئايدىن باشلاپ يادرو گورۇپپا، 1978 - يىل 3 - ئايدىن باشلاپ پارتگورۇپپا بولغان.

## شىنجاڭ ئاشلىق ئىدارىسىدىكى باشقارما (ئىشخانا)لارنىڭ 1990 - يىلدىكى رەھبەرلىرى

جەدۋەل: 7 — 11

| ئىسىم فامىلىسى | ئورنى | ۋەزىپىسى | تەيىنلەنگەن ۋاقتى | مەلۇماتى | مىللىتى | يۇرتى | تۇغۇلغان ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ۋاڭ يىمىن | ئىشخانا | مۇدىر | 1986.11 | ئالىي تېخنىكوم | خەنزۇ | شاڭخەي شەھىرى | 1946.2 |
| شۈي شىڭتەي | ئىشخانا | مۇئاۋىن مۇدىر | 1986.11 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | خەنزۇ | گەنسۇ دىڭشى | 1939.12 |
| غوپۇر ئابدۇللا | ئىشخانا | مۇئاۋىن مۇدىر | 1986.11 | ئالىي تېخنىكوم | ئۇيغۇر | ئاتۇش | 1949.11 |
| راشىدىن روزى | ئەمگەك - كادىرلار باشقارمىسى | باشقارما باشلىقى | 1984.6 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | ئۇيغۇر | قاراشەھەر | 1937.6 |
| پىڭ دايۈن | ئەمگەك - كادىرلار باشقارمىسى | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | 1977.6 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | خەنزۇ | خۇبېي خۇاڭبېي | 1936.4 |
| ماۋ يۇنشياڭ | پىلان - ستاتىستىكا باشقارمىسى | باشقارما باشلىقى | 1986.11 | ئالىي مەكتەپ | خەنزۇ | جېجياڭ تۇڭلۇ | 1938.11 |
| چېن شىن | پىلان - ستاتىستىكا باشقارمىسى | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | 1986.11 | ئالىي مەكتەپ | خەنزۇ | سىچۇەن پىڭچاڭ | 1948.3 |
| ما گوبى | مالىيە - باھا باشقارمىسى | باشقارما باشلىقى | 1980.9 | ئالىي تېخنىكوم | خەنزۇ | گەنسۇ تۇڭۋېي | 1930.3 |
| ليۇ فېڭۋۇ | مالىيە - باھا باشقارمىسى | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | 1984.6 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | خەنزۇ | خۇنەن ئەنرېن | 1936.5 |
| ۋۇ خېجۇڭ | سېتىۋېلىش - سېتىش باشقارمىسى | باشقارما باشلىقى | 1980.9 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | خەنزۇ | خېبېي فۇپى | 1930.5 |
| كۇ ۋېنلى | سېتىۋېلىش - سېتىش باشقارمىسى | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | 1981.8 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | خەنزۇ | خۇبېي شياۋگەن | 1937.6 |
| لى لەن | سېتىۋېلىش - سېتىش باشقارمىسى | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | 1981.4 | | خەنزۇ | خېبېي شىنچىڭ | 1930.9 |
| ئابلىمىت ئەخمەت * | سېتىۋېلىش - سېتىش باشقارمىسى | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | 1985.12 | ئالىي تېخنىكوم | ئۇيغۇر | ئاتۇش | 1948.12 |
| چېن ۋېنجى | سانائەت باشقارمىسى | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | 1985.5 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | خەنزۇ | سىچۇەن ئەنشيەن | 1942.4 |
| ئەكبەر يۈسۈپ | سانائەت باشقارمىسى | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | 1984.12 | ئالىي تېخنىكوم | ئۆزبېك | چۆچەك | 1950.11 |
| غۇلام قادىر | ساقلاش - يۆتكەش باشقارمىسى | باشقارما باشلىقى | 1981.4 | ئالىي تېخنىكوم | ئۇيغۇر | قەشقەر | 1934.3 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سۇي ۋېنجۇن | ساقلاش - يۆتكەش باشقارمىسى | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | 1980.12 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | خەنزۇ | دۆربىلجىن | 1934.6 |
| بې شۇتاڭ | ساقلاش - يۆتكەش باشقارمىسى | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى | 1984.1 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | خەنزۇ | جياڭسۇ تەيشىڭ | 1940.10 |
| ما تيەنشىڭ | سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسى | مۇدىر | 1986.11 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | خەنزۇ | جېجياڭ دۇڭياڭ | 1937.9 |
| ئەسقەربېك | پەن - تېخنىكا - مائارىپ باشقارمىسى | باشقارما باشلىقى | 1984.1 | ئالىي تېخنىكوم | قازاق | بۇرچىن | 1930.7 |
9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەستىق سېلىپ، شىنجاڭ ئاشلىق ـ ياغ يەرلىك چېگرا سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت شىركىتىنى قۇرۇشقا قوشۇلدى. 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى تاشقى ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ـ ياغ چېگرا سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت شىركىتىنىڭ تاشقى سودا تىجارىتى ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقىنى تەستىقلىدى.

10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى گاۋ يىڭچياڭ ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى باشلىقىنىڭ يارەمچىلىكىگە تەيىنلەندى.

12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئۈرۈمچى ئاشلىق ـ ياغ يۆتكەش پونكىتىدا دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتىغا نام بېرىش ـ ۋىۋىسكا ئېسىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قېدىرباي، دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شۇ زۇگېن قاتارلىق رەھبەرلەر يىغىنغا كېلىپ سۆز قىلدى. دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق نام بېرىپ ۋىۋىسكا ئېسىلغان 21 ئاشلىق ئىسكىلاتى تۆۋەندىكىلەر: ئۈرۈمچى ئاشلىق ـ ياغ يۆتكەش پونكىتى «شىنجاڭ ئۈرۈمچى شىمالىي ۋوگزال دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى» بولدى، كۈيتۇڭ زاپاس ئاشلىق ـ ياغ يۆتكەش ئىسكىلاتى «شىنجاڭ كۈيتۇڭ دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى» بولدى، فۇكاڭ ناھىيىلىك زاپاس ئاشلىق ـ ياغ يۆتكەش ئىسكىلاتى «شىنجاڭ فۇكاڭ دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى» بولدى، سانجى شەھەرلىك شەھەر ـ بازار ئىسكىلاتى «شىنجاڭ سانجى دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى» بولدى، ماناس ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ 1 ـ ئىسكىلاتى «شىنجاڭ ماناس دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى» بولدى، گۇچۇڭ ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ بازارلىق ئىسكىلاتى «شىنجاڭ گۇچۇڭ دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى» بولدى، كورلا ئاشلىق ـ ياغ يۆتكەش پونكىتى «شىنجاڭ كورلا تەڭرىتاغ دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى» بولدى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ـ ياغ سانائەت ـ سودا شىركىتى «شىنجاڭ ئۈرۈمچى تودۇنخابا دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى» بولدى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ساقلاش ـ توشۇش شىركىتىنىڭ ئىسكىلاتى «شىنجاڭ ئۈرۈمچى ساڭفاڭگۇ دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى» بولدى، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ غۇلجا ئاشلىق ـ ياغ ئىسكىلاتى «شىنجاڭ ئىلى دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى» بولدى، غۇلجا ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ياشلار ئاشلىق ـ ياغ يۆتكەش پونكىتى «شىنجاڭ غۇلجا دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى» بولدى، قورغاس ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ جارسۇ ئاشلىق پونكىتى «شىنجاڭ قورغاس دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى» بولدى، قەشقەر شەھەرلىك ئاشلىق ـ ياغ ساقلاش ـ توشۇش شىركىتىنىڭ ئىسكىلاتى «شىنجاڭ قەشقەر دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى» بولدى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك 1ـ ئاشلىق ئىسكىلاتى «شىنجاڭ قۇمۇل دايىڭفاڭ دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى» بولدى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك 2 ـ ئاشلىق ئىسكىلاتى «شىنجاڭ قۇمۇل ۋوگزالى دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى» بولدى، بېيتۈن زاپاس

ئاشلىق - ياغ ئۆتەڭ ئىسكىلاتى «شىنجاڭ ئالتاي دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى» بولدى، شىخەنزە شەھىرى مۇسۇرۇن ئاشلىق ئىسكىلاتى «شىنجاڭ شىخەنزە دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى» بولدى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئىسكىلاتى «شىنجاڭ كورلا يېڭىشەھەر دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى» بولدى، موڭغۇلكۈرە ناھىيە كۆكتۆبە ئاشلىق ئىسكىلاتى «شىنجاڭ موڭغۇلكۈرە دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى» بولدى، خوتەن شەھەرلىك ئاشلىق ئىسكىلاتى «شىنجاڭ خوتەن دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى» بولدى، بورتالا ئوبلاستى جىڭ زاپاس ئاشلىق - ياغ يۆتكەپ بېرىش ئىسكىلاتى «شىنجاڭ جىڭ دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى» بولدى.

12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ ئاشلىق - ياغ توپ سېتىش بازىرىنىڭ تىجارەت باشلاش مۇراسىمى شىنجاڭ ئاشلىق - ياغ سودا شىركىتىدە ئۆتكۈزۈلدى، بۇ، غەربىي شىمال رايونى بويىچە ئۆلكە دەرىجىلىك تۇنجى ئاشلىق - ياغ توپ سېتىش بازىرى بولۇپ قالدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى شۇسەن، دائىمىي كومىتېت ئەزاسى خەلچەم ئىسلام، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قېدىرباي، يۈسۈپ مۇھەممەدى، دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شۇ زۇگېن قاتارلىقلارمۇ مۇراسىمغا قاتناشتى. شىنجاڭ ئاشلىق - ياغ توپ سېتىش بازىرىنى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قېدىرباي، مۇئاۋىن مۇدىرلىقىنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى لى شىلي، ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سۇڭ رۇگو، ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خۇ گوشيەن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇكېرىم ھاشىملار قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىنىپ، ئۇ، بازار باشقۇرۇش ئاپپاراتى بولۇپ، ناھىيە دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇن بولدى، ئۇنىڭغا 25 شتات بېرىلدى، ئىشخانا قارمىقىدا ئۇنىۋېرسال بۆلۈم، سودا بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، ئۇچۇر بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. بازار ئىشخانىسىنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى باشقۇرىدىغان بولدى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايون ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىگە 37 مىڭ 209 توننا كۆممىقوناق ئېكسپورت قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى بۇ ۋەزىپىنى تارباغاتاي ۋىلايىتىگە 15 مىڭ 728 توننىنى، بورتالا ئوبلاستىغا 14 مىڭ 331 توننىنى، سانجى ئوبلاستىغا 2650 توننىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلار ئالاتاۋ ئېغىزىدا ش ئۇ ئا ر تاشقى ئىقتىساد كومىتېتىغا نەق مال تاپشۇردى، ھەر كىلوگىرامىنىڭ تاپشۇرۇش باھاسى 0.52 يۈەن بولدى.

**1992 - يىلى شىنجاڭدا ئاساسلىق ئاشلىقلارنىڭ تەڭشەلگەن سېتىۋېلىش باھاسى**

قوشۇمچە: جەدۋەل — 2 بىرلىكى: 50 كىلوگىرام/يۈەن

| تۈرلەر | ئۆلچەم دەرىجىسى | تەڭشەشتىن ئىلگىرىكى باھا | | تەڭشەلگەندىن كېيىنكى باھا | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | ھەر تۈتاش سېتىۋېلىش باھاسى | توختام بويىچە سېتىۋېلىش باھاسى | ھەر تۈتاش سېتىۋېلىش باھاسى | توختام بويىچە سېتىۋېلىش باھاسى |
| كۈزلۈك بۇغداي | 1 | 19.36 | 28.20 | 24.37 | 34.80 |
| | 2 | 19.30 | 27.40 | 23.66 | 33.60 |
| | 3 | 18.73 | 26.60 | 22.96 | 32.60 |
| | 4 | 18.17 | 25.80 | 22.25 | 31.60 |
| | 5 | 17.61 | 25 | 21.55 | 30.60 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| يازلىق بۇغداي | 1 | 19.37 | 27.50 | 23.66 | 33.60 |
| | 2 | 18.80 | 26.70 | 22.96 | 32.60 |
| | 3 | 18.24 | 25.90 | 22.25 | 31.60 |
| | 4 | 17.68 | 25.10 | 21.55 | 30.60 |
| | 5 | 17.11 | 24.80 | 20.92 | 29.70 |
| يۇمىلاق شال گۈرۈچى | 1 | 24.30 | 32.80 | 28.22 | 38.10 |
| | 2 | 23.58 | 31.80 | 27.41 | 37 |
| | 3 | 22.89 | 30.90 | 26.59 | 35.90 |
| | 4 | 22.22 | 30 | 25.78 | 34.80 |
| | 5 | 21.48 | 29 | 25.04 | 33.80 |
| كۆممىقوناق | 1 | 13.04 | 17.60 | 15.85 | 21.40 |
| | 2 | 12.67 | 17.10 | 15.41 | 20.80 |
| | 3 | 12.30 | 16.60 | 14.96 | 20.20 |

### 1992 ـ يىلى شىنجاڭدا ئاشلىقنىڭ تەكشەلگەن بىر تۇتاش سېتىش باھاسى

قوشۇمچە: جەدۋەل — 3　　　　بىرلىكى: 50 كىلوگرام/يۈەن

| تۈرلەر | تەكشەشتىن ئىلگىرىكى باھا | تەكشەلگەندىن كېيىنكى باھا |
|---|---|---|
| ئۆلچەملىك ئۇن | 27.78 | 38.78 |
| ئالاھىدە 1 ـ ئۇن | 36.07 | 51.25 |
| ئالاھىدە 2 ـ ئۇن | 33.22 | 46.66 |
| يۇمىلاق شال گۈرۈچى | 35.18 | 52.18 |
| كۆممىقوناق ئۇنى | 17.49 | 23.41 |
| كۆممىقوناق | 15.55 | 21.79 |

## 1993 ـ يىل

1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 1993 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىش باھاسىنىڭ ئوخشاش بولۇشىنى، ئىلگىرى ساقلاپ قېلىنغان 6 باھا رايونىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 1993ـ يىللىق ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى لايىھىسى ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. بۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى:

4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئاشلىق سېتىش باھاسى ۋە تىجارىتى ئومۇميۈزلۈك قويۇۋېتىلدى، ئاشلىق سېتىۋېلىشتا 1992 - يىللىق توختام بويىچە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ئاساس قىلىنىپ، «%60 نى ساقلاپ قېلىش، %40 نى قويۇۋېتىش» يولغا قويۇلدى، يەنى %60 نى دۆلەت توختام بويىچە داۋاملىق سېتىۋالدى، %40 ى كۆپ يوللار ئارقىلىق تىجارەت قىلىنىدى، بۇنىڭ باھاسى بازار ئارقىلىق بەلگىلىنىدى. ياغ سېتىۋېلىش- سېتىش باھاسى ۋە تىجارىتى ئومۇميۈزلۈك قويۇۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى پىلانلىق يۆتكەش ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش رايونلىرى بىۋاسىتە سېتىۋېلىش - سېتىش توختامى ئىمزالاش ياكى توپ سېتىش بازارلىرى ئارقىلىق سودىلىشىش يولغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايون ئىچىدە ئاشلىق بېلىتى ئوبوروتى توختىتىلدى. 3 - ئاينىڭ 9 -، 10 - كۈنلىرى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق ئىسلاھاتى خىزمىتى يىغىنىنى چاقىردى، يىغىنغا ھەرقايسى ئاپتونوم ئوبلاست، شەھەر، مەمۇرىي مەھكىمىلەرنىڭ ئاشلىق خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبەرلىرى، ئاشلىق، مالىيە، باھا ئىدارە (باشقارما) لىرىنىڭ باشلىقلىرى ۋە ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار بۆلۈم، كومىتېت، نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشتى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ يۈەن، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قېدىرباي يىغىنغا كېلىپ سۆز قىلدى. يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ 1993 - يىللىق ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە يولغا قويۇش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى لايىھىسى ئاپتونوم رايوندا ئوخشۇشلۇق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ئاشلىق سېتىش باھاسى قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە مۇۋاپىق ياردەم بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. ئۇقتۇرۇشتا ئاشلىق باھاسى قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن، دۆلەت ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملار، قەرەللىك ھالدا تۇرمۇش پۇلى تارقىتىلىدىغان ئېتىبار بېرىش، نەپىقە بېرىش، قۇتقۇزۇش ئوبيېكتلىرىنىڭ ھەر بىرىگە ھەر ئايدا 9 يۈەن قوشۇمچە ياردەم بېرىش، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىغا، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم، تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر بىرىگە ھەر ئايدا 5 يۈەن قوشۇمچە ياردەم بېرىش بەلگىلەندى.

5 - ئاينىڭ 22 — 23 - كۈنلىرى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى بىر قىسىم ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارە (باشقارما) لىرىنىڭ باشلىقلىرى ھەمدە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىگە بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ مەسئۇللىرى سۆھبەت يىغىنىنى ئېچىپ، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭنىڭ ئاشلىق سېتىش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، سېتىۋېلىش - سېتىش ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىپ، 300 مىليون كىلوگرام ئاشلىقنى سېتىپ چىقىرىشنى، تىرىشىپ 400 مىليون كىلوگرام ئاشلىقنى سېتىپ چىقىرىش نىشانىغا يېتىشنى بەلگىلىدى ھەمدە ئۇنىڭ تەدبىرلىرىنى مۇزاكىرە قىلدى.

6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسى ئارىشاڭ ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ خاربۇغ ئاشلىق پونكىتىغا «شىنجاڭ دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى»، كۇچا ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ناھىيە بازىرى ئىسكىلاتىغا «شىنجاڭ كۇچا دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى»، تۇرپان شەھەرلىك ئاشلىق - ياغ مەركىزىي ئامبىرىغا «شىنجاڭ تۇرپان دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى»، قاراماي شەھەرلىك ئاشلىق - ياغ ساقلاش - توشۇش شىركىتى ئامبىرىغا «شىنجاڭ قاراماي دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى»، چۆچەك داملىتام زاپاس ئاشلىق - ياغ يۆتكەپ بېرىش ئىسكىلاتىغا «شىنجاڭ چۆچەك دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى» دەپ نام بېرىشنى تەستىقلىدى.

6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ لېچۈەن

رىياسەتچىلىكىدە، مۇئاۋىن رەئىس ئەسقەت كېرىمباي، جاڭ خېلىڭ ھەمدە ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى، مالىيە نازارىتى، ئاشلىق ئىدارىسى، چارۋىچىلىق نازارىتى، تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كومىتېتى، باھا ئىدارىسى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشقان يىغىن چاقىرىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ شىمالىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئاشلىق ئىسلاھاتى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ ئاشلىق باھاسى قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن چارۋىچىلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى، يەم ـ خەشەكنىڭ باھاسى ئۆرلەپ كېتىپ، بىر قىسىم چارۋىچىلارنىڭ ئىقتىسادىي يۈكى ئېغىرلاپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە ئۇنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرىنى مۇزاكىرە قىلدى، يىغىندا «ئاشلىق باھاسى قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن چارۋىچىلىق رايونلىرىنى ئوزۇقلۇق ئاشلىق، يەم ـ خەشەك بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىپ ھەل قىلىش توغرىسىدىكى يىغىن خاتىرىسى» شەكىللەندۈرۈلدى. 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى جايلارغا بۇ يىغىن خاتىرىسىنى تارقاتتى، ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: (1) ئاپتونوم رايون بويىچە چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى نامراتلىق دەرىجىسى بويىچە تۈرلەرگە ئايرىپ رەتكە تۇرغۇزۇپ، ئوخشاشمىغان ئەھۋاللارنى پەرقلەندۈرۈپ ياردەم بېرىش كېرەك. (2) چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ قوشۇمچە ياردەم مەبلىغىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. 1993 ـ يىل 7 ـ ئايدىن باشلاپ ئومۇمەن مالىيىدىن مائاش تارقىتىلىدىغان خادىملارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئايلىق 9 يۈەن ئاشلىق باھا ياردىمىدىن بىر يۈەن ئۇتۇپ قېلىنسا، ئاپتونوم رايون بويىچە بىر يىلدا 9 مىليون يۈەن بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايون مالىيىسىدە يىلىغا 6 مىليون مەخسۇس ياردەم پۇلى كۆپىيىپ، بۇ پۇللار ئارقىلىق چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق، يەم ـ خەشەك ئاشلىقى باھا پەرقىگە ھەمدە كىراغا قوشۇمچە ياردەم بېرىلىدۇ. بۇنىڭدا نۇقتىلىق يۆلەش، مۇۋاپىق تەقسىملەش يولىنى تۇتۇش كېرەك. (3) ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ چارۋىلارنى قوغداش ئۈچۈن، يەم ـ خەشەك ئاشلىقىنىڭ ئادەتتە تۈپ سانغا كىرگۈزۈلگەن 5 مىليون يۈەن نورمال چىقىمىغا مالىيە ئەينى بويىچە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك، ئېغىر ئاپەت كۆرۈلگەن ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا زاپاس خىراجەتنى ئىشلىتىپ ھەل قىلسا بولىدۇ. (4) جېمسەي ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئاشلىق كىراسىنى شەھەر ـ بازارلارنىڭ ئاشلىق سېتىش باھاسىغا چېچىپ، يېقىن جاي ئارقىلىق يىراق جايلارنىڭكىنى تولۇقلاش، يېزا ـ بازارلاردا ئوخشاش باھانى يولغا قويۇش ئۇسۇلىنى پائال تەشەببۇس قىلىش لازىم، شارائىت بولسا يېزا ـ بازارلار ياردەم بەرسىمۇ بولىدۇ. جايلار مەۋقەنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ئۈستىگە قويۇپ، كۆپ يوللار ئارقىلىق چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىشى كېرەك. (5) ئاشلىق ئىسلاھاتى لايىھىسىدە بەلگىلەنگەن 60 مىليون يۈەن خېيىمخەتەر تەڭشەش فوندى، ئاساسلىقى 530 مىليون كىلوگرام («%60 نى ساقلاپ قېلىپ %40 نى قويۇۋېتىش» تىكى %40) قويۇۋېتىلگەن ئاشلىقنى سېتىۋېلىشتىكى ئەڭ تۆۋەن قوغدىما باھانى ئىجرا قىلىشتا كېرەك بولىدىغان خىراجەتلەرگە ياردەم بېرىشكە ئىشلىتىلىدۇ، ئومۇمەن دېھقانلارنىڭ بازار ئارقىلىق تەڭشەشكە ئامالسىز قېلىپ، دۆلەتنىڭ سېتىۋېلىشىنى تەلەپ قىلغان ئاشلىقنى قوغدىما باھا بويىچە تولۇق سېتىۋېلىش كېرەك. خېيىمخەتەر فوندىنى مالىيە ئىگىلەيدۇ، ئەمەلىيەتتە قانچىلىك سەرپ قىلىنغان بولسا شۇنچىلىك تولۇقلىنىدۇ. (6) نۆۋەتتىكى ئاشلىق خىزمىتىنى ئوبدان تەتقىق قىلىش، قاتناش لىنىيىسى بويىدىكى ئۈرۈمچى، سانجى، قۇمۇل قاتارلىق رايونلارنىڭ سېتىشىغا دىققەت قىلىش، جايلار ئوتتۇرىسىدىكى تەكشىسىزلىك ۋە ئاشلىق سېتىش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئىلى، تارباغاتاي قاتارلىق چەت جايلاردا يۆتكەپ سېتىش تەس بولۇش ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، پىلانلىق يۆتكەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ماكرو جەھەتتىن تەڭشەش ـ تىزگىنلەش لازىم. 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «ش ئۇ ئا ر چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ چارۋىچىلارنىڭ يەم ـ خەشەك، ئوزۇقلۇق ئاشلىقىغا ياردەم بېرىش لايىھىسى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىگە ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن 1 مىليون يۈەن ئاشلىق مالىيە ياردىمى

ئايرىم ھەل قىلىپ بېرىلىدۇ؛ نىيە، ئۆلۈغچات، ئاقچى، تولى، چاغانتوقاي، نىلقا، چىڭگىل، كۆكتوقاي، جېمىنەي، مورى، ئاراتۈرۈك، باركۆل، چەرچەن، خېجىڭ ناھىيىسى (بايىنبۇلاق رايونى) قاتارلىق 14 ناھىيە نۆۋەتلىك ياردەم بېرىلىدىغان ناھىيە قاتارىغا كىرگۈزۈلىدۇ، ھەر بىر چارۋىچىغا يىلىغا ئوتتۇرا ھېسابتا 60 يۈەندىن ئاشلىق، يەم - خەشەك ياردىمى بېرىلىدۇ، بۇ 14 ناھىيىگە جەمئىي 9 مىليون 804 مىڭ 500 يۈەن ياردەم بېرىلىدۇ؛ بۇرچىن، بۇرۇلتوقاي، قابا، قوبۇقسار، دۆربىلجىن، ئارشاڭ، موڭغۇلكۈرە، گۇچۇڭ، ئونسۇ، چاقىلىق، ئاقتۇ، قاغىلىق ناھىيىسى ۋە ئالتاي، چۆچەك شەھىرى قاتارلىق 14 ناھىيە، شەھەر ئادەتتىكىدەك ياردەم بېرىلىدىغان ناھىيە (شەھەر) قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، ھەر بىر چارۋىچىغا يىلىغا 36 يۈەندىن ئاشلىق، يەم - خەشەك ياردىمى بېرىلىدۇ، بۇ 14 ناھىيىگە ھەر يىلى جەمئىي 5 مىليون 195 مىڭ 400 يۈەن ياردەم بېرىلىدۇ.

7 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، شىنجاڭ ھەربىي رايون ئارقا سەپ بۆلۈمى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئاپتونوم رايوننىڭ ھەربىيلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش سۆھبەت يىغىنى چاقىردى، يىغىنغا شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرى، 21 - بازا، قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ ھەربىي لاۋازىمات تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ھەرقايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارە (باشقارما) باشلىقلىرى، بىر قىسىم ناھىيە (شەھەر) لىك ئاشلىق ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقلىرى ھەمدە ھەربىيلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەيدىغان مەسئۇل خادىملار ۋە ئىچكى سودا مىنىستىرلىكى ئاشلىق ساقلاش - توشۇش ئىدارىسىنىڭ ھەربىيلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش باشقارمىسى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى، مالىيە نازارىتى، باھا ئىدارىسى قاتارلىق تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشتى. يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق ئىسلاھاتى لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، ھەربىيلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش جەھەتتىكى تەدبىرلەر مۇزاكىرە قىلىنىپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەربىيلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش سۆھبەت يىغىنىنىڭ خاتىرىسى» شەكىللەندۈرۈلدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى بۇ يىغىن خاتىرىسىنى تارقاتتى، ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: (1) گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭىنىڭ [1993] 25 - نومۇرلۇق جىددىي ئۇقتۇرۇشىنى ئومۇميۈزلۈك ئىجرا قىلىش، ئالاقىدار تارماقلار ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە، زىچ ماسلىشىپ، ھەربىيلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىدە كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ئوبدان ھەل قىلىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرى «ھەربىيلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش چارىسى» بويىچە ھەربىيلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئوبدان ئىشلىشى لازىم؛ (2) ھەربىيلەرنى تەمىنلەيدىغان ئاشلىقنىڭ باھا پەرقىگە قارىتا ئەمەلىي مەلۇم قىلغىنى بويىچە ھېسابتىن تولۇق كۆتۈرۈۋېتىش چارىسى يولغا قويۇلىدۇ، مالىيە تارماقلىرى ھەر پەسىلنىڭكىنى ئالدىن ئاجرىتىدۇ، يىل ئاخىرىدا بىر تۇتاش راسچوت قىلىدۇ؛ (3) ھەربىيلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشتە ھازىرقى بىر تۇتاش سېتىش باھاسىنى چوقۇم قاتتىق ئىجرا قىلىش لازىم، باھا قوشۇشقا ۋە نامۇۋاپىق خىراجەتلەرنى قوشۇپ ئېلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ؛ (4) 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ قىسىملارنى قارا ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ، قىسىملار ئىلگىرى تېجەپ قالغان قارا ئاشلىق بېلەتكە 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن ئۇن، گۈرۈچ سېتىۋالسا بولىدۇ، ئۇندا ئۆلچەملىك ئۇن بىلەن تەمىنلەش ئالاھىدە 2 - دەرىجىلىك ئۇن بىلەن تەمىنلەشكە ئۆزگەرتىلىدۇ، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار تېجەپ قالغان مەملىكەتلىك ئاشلىق بېلىتىنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى بىر تۇتاش يىغىدۇ، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئومۇمىي مىقدارنىڭ 30% ى بويىچە قىسىملارنىڭ سېتىۋېلىش باھا بېلىتىگە ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ. يەرلىك ئاشلىق بېلىتى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ بىر تۇتاش پېچەتلەپ ساقلىشىغا تاپشۇرۇلىدۇ؛ (5) ئاشلىق تارماقلىرى قىسىملارنى ئۆلچەم بويىچە داۋۇر بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىنى ئوبدان

ئىشلىشى لازىم؛ (6) ئاشلىق ئىسلاھاتى لايىھىسى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن قىسمەنلار سىرتقا ئاچقان مېھمانخانا، ياتاق ھەمدە دوختۇرخانىلار ئۆز ئورنىنىڭ ھەربىيلىرىگە ۋە ھەربىيلەرنى كۈتۈۋېلىش، داۋالاشقا كېتىدىغان ئاشلىق، ياغ، دادۇر ئۈستىدە يەنىلا ھەربىيلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش چارىسى ئىجرا قىلىنىدۇ. يەرلىك خادىملارنى كۈتۈۋېلىش، داۋالاشقا كېرەكلىك ئاشلىق، ياغ، دادۇر بېرەدىك كېلىشىم باھا بويىچە تەمىنلىنىدۇ؛ (7) ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىدىكى ھازىرقى ھەربىيلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئاپپاراتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بولمايدۇ، ھەربىيلەرنى تەمىنلەش كۈچلىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ؛ ھەربىيلەرنى تەمىنلەش خىزمىتىدىكى مەمۇري باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ مائاشى ۋە خىراجەتلىرى مەمۇري چىقىمغا كىرگۈزۈلىدۇ.

8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىقنىڭ سېتىش باھاسىنى قويۇۋېتىلگەن ۋە مالىيەدىن بېرىلىدىغان ئاشلىق ياردىمى (كىرا ياردىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) توختىتىلغاندىن بۇيان، سېتىش رايونلىرىدا ئۇنىڭ سېتىلىش باھاسى تۆۋەن بولۇش، يۆتكەپ كېلىنىدىغان رايونلارنىڭ يىراق مۇساپىلىك ئاشلىق يۆتكەشتە كۆرۈلگەن كىرا خىراجىتىنى قوبۇل قىلىشى قىيىن بولۇش تۇپەيلىدىن، ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدا «ئاشلىق سېتىش قىيىن بولۇش»، «ئاشلىق ساقلاش قىيىن بولۇش» ۋە سېتىش رايونلىرىدا ئاشلىق مەنبەسىنى ماسلاشتۇرۇشقا ئامال بولماسلىقتەك مەسىلىلەر كېلىپ چىقتى، مۇشۇ سەۋەبتىن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، پىلان كومىتېتى ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، «1993 ـ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدىكى ئاشلىق يۆتكەش پىلانى چۈشۈرۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، 1993 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1994 ـ يىل 6 ـ ئايغا قەدەر بۇيرۇق خاراكتېرلىك 100 مىڭ توننا ئاشلىق يۆتكەش پىلانىنى (كېيىن ئەمەلىيەتتە 75 مىڭ توننا ئورۇنداشنى بەلگىلىدى) ئورۇندالدى). 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى يۆتكەپ بېرىدىغان ۋە يۆتكەپ كېلىدىغان تەرەپلەرنى چاقىرىپ يىغىن ئېچىپ، ئالاقىدار مەسىلىلەر ئۈستىدە قارار چىقاردى.

9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن ئەسقەت كېرىمباي، جاڭ خېگلار ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى، مالىيە نازارىتى، ئاشلىق ئىدارىسى، ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرىنى چاقىرىپ يىغىن ئېچىپ، ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ يۆتكەش مەسىلىلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ، «ئاشلىق سېتىۋېلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى يىغىن خاتىرىسى» نى شەكىللەندۈردى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى بۇ «يىغىن خاتىرىسى» نى تارقاتتى. ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: (1) سېتىۋېلىش سۈرئىتىنى تېزلىتىش، 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى سېتىۋېلىشتىكى «60% نى ساقلاپ قېلىش» قىسمىدىكى ۋەزىپىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنداپ بولۇش كېرەك؛ «40% نى قويۇۋېتىش» قىسمىدا، ئەگەر دېھقانلار بازار ئارقىلىق تەڭشەش جەريانىدا ساتالمىغان بولسا، قوغداش باھا بويىچە سېتىۋېلىش لازىم؛ جەمئىيەتتىكى ئېشىنچا ئاشلىقلارغا قارىتا ئاشلىق تىجارىتى كارخانىلىرى «سېتىۋېلىشقىمۇ، ساتقىلىمۇ بولىدىغان بولۇش» پرىنسىپى بويىچە، سېتىۋېلىش ـ سېتىش خىزمەتلىرىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ «ئاشلىق سېتىشى قىيىن بولۇش» ئەھۋاللىرىنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك. (2) 1993 ـ ئاشلىق يىلىدا زاپاس ساقلىنىدىغان ئاشلىق 500 مىليون كىلوگرام ئارتۇق ئورۇنلاشتۇرۇلدى (ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىغا نۇقتىلىق ئېتىبار بېرىلدى)، بۇنىڭ ھەر كىلوگرامىغا ئاپتونوم رايون مالىيەسىدىن 0.08 يۈەن قوشۇمچە ياردەم بېرىلىدۇ؛ 1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى، ئاشلىق ئىدارىسى ئورۇنلاشتۇرغان كېيىنكى يېرىم يىللىق ئاشلىق يۆتكەش پىلانى 100 مىليون كىلوگرام بولۇپ، بۇنىڭ ھەر كىلوگرامىغا ئاپتونوم رايون مالىيەسىدىن 0.12 يۈەن، جەمئىي 12 مىليون يۈەن كىرا قوشۇمچە ياردىمى بېرىلىدۇ، كېيىن يەنە 3 مىليون يۈەن كۆپەيتىلدى، بۇنىڭدىن كېيىن ئومۇمەن مەركەز مالىيەسىدىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق خىزمىتىگە

بېرىلگەن ياردەم پۇللار پۈتۈنلەي ئاشلىق جەھەتكە ئىشلىتىلىدۇ، يۆتكەپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرى بۇ خىل ياردەملەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئاشلىق سېتىۋېلىش - يۆتكەش خىزمىتىنى تېزلىتىشى لازىم. (3) «%60 نى ساقلاپ قېلىش»، «%40 نى قويۇۋېتىش» جەھەتتە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بېكىتۈەنى بىلەن يەرلىككە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ. (4) «ئاشلىق ئىسلاھاتى لايىھىسى» بويىچە قويۇلغاندىن كېيىن، ئاساسلىق ساتىدىغان رايونلاردا تەييار ئاشلىقنىڭ سېتىش باھاسى كۆزلىگەن لايىھىدىكىدەك ئەمەلگە ئاشمىغانلىقتىن، مالىيىنىڭ ياردەم يۈكى يەڭگىللىمىدى، ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش ئوبوروتى راۋان بولمىدى. ئاشلىق، باھا تارماقلىرى تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، باھانىڭ ئورنىغا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى مالىيە نازارىتى، ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ «شىنجاڭنىڭ ئارتۇق ساقلىغان ئاشلىق خىراجىتىگە ياردەم بېرىش چارىسى، نى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» ىدا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئاشلىق ئىسلاھاتى لايىھىسى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، مەركەز مالىيىسى ئارتۇق ساقلىغان ئاشلىق خىراجىتى ياردىمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، لېكىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق سالدۇرسى كۆپ بولۇپ، زور مىقداردىكى ئارتۇق ساقلىغان ئاشلىقنى بار كارخانىلارنىڭ بۇ خىراجەتكە بەرداشلىق بېرىشى تەس بولغاچقا، ئارتۇق ساقلىغان ئاشلىققا ياردەم بېرىش جەھەتتە ئالاھىدە تۈۋەندىكىدەك چارە تۈزۈپ چىقىلدى: (1) ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ئوبوروتىنىڭ سالدۇرسى 650 مىليون كىلوگرام قىلىپ بېكىتىلدى ھەمدە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر بويىچە ئوبوروت سالدۇرسىمۇ بېكىتىلدى، بېكىتىلگەن ئاشلىق ئوبوروت سالدۇرسىدىن ئېشىپ كەتكىنىگە ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن ياردەم بېرىلىدۇ، ھەر كىلوگرامىنىڭ ئۆلچىمى 8 پۇڭ بولىدۇ. (2) ئارتۇق ساقلىغان ئاشلىق خىراجىتىنى قېتىمغا بۆلۈپ ئالدىن ئاجرىتىش، يىل ئاخىرىدا ھېساب بوغۇش چارىسى يولغا قويۇلىدۇ، ئالدىن ئاجرىتىلىدىغان مەبلەغنى ئاپتونوم رايون مالىيىسى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىگە ئاجرىتىپ بېرىدۇ، ئاندىن دەرىجىمۇ دەرىجە ئاشلىق ·كارخانىلىرىغا چۈشۈرۈپ بېرىدۇ. ئاشلىق يىلى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئەمەلىي ئارتۇق ساقلىغان مىقدارى بويىچە، مالىيە نازارىتى، ئاشلىق ئىدارىسى ھەرقايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارە (باشقارما) لىرى بىلەن راسچوت قىلىدۇ. (3) بۇ چارىدىكى ئارتۇق ساقلىغان سالدۇ دۆلەتنىڭ مەخسۇس زاپىسى، دۆلەتنىڭ ئالاھىدە زاپىسى ھەمدە كېلىشىم باھالىق سالدۇنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى مالىيە نازارىتى، ئاشلىق ئىدارىسى «قوغدىما باھا بولغا قويۇلۇپ، سېتىۋېلىنغان ئاشلىقنىڭ باھا پەرقىگە ياردەم بېرىش مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: (1) گوۋۇيۈەن تارقاتقان [1993] 12 - نومۇرلۇق «گوۋۇيۈەننىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىشتا قوغدىما باھا تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» نىڭ روھىغا ئاساسەن، دېھقانلارنىڭ ئاشلىق تېرىش ئاكتىپلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون ئاشلىقنىڭ بازار باھاسى بەك تۆۋەنلەپ كەتكەن بىر قىسىم جايلارغا قارىتا ئاشلىق سېتىۋېلىشتىكى قوغدىما باھا تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ، دۆلەتنىڭ توختام بويىچە سېتىۋېلىش باھاسى ئاشلىقنىڭ ئەڭ تۆۋەن قوغدىما باھاسى بولىدۇ. 1993 - يىلى قوغدىما باھا ياردىمى بېرىلىدىغان رايونلار: ئىلى ۋىلايىتى، بورتالا ئوبلاستى، تارباغاتاي ۋىلايىتى (شىخۇ، ساۋەننى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ چىڭگىل، قابا، جېمىنەي، بۇرچىن ناھىيىسى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، قەشقەر ۋىلايىتى، خوتەن ۋىلايىتى، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى، بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ چەرچەن ۋە چاقىلىق ناھىيىسى؛ (2) «%60 نى ساقلاپ قېلىش، %40 نى قويۇۋېتىش» بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، قويۇۋېتىلگەن %40 قىسمىنى بازار ئارقىلىق تەڭشىگىلى بولمىغان بولسا، ئاشلىق كارخانىلىرى ئەڭ تۆۋەن قوغدىما بويىچە سېتىۋېلىشى لازىم، لېكىن تۈرلەر بۇغداي بىلەنلا چەكلىنىدۇ، %40 تىن ئېشىپ كەتكەن قىسمى بازار ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ؛ (3) قوغدىما باھانى ئىجرا قىلىشتىن كۆرۈلگەن باھا پەرقى

زىيىنىغا ئاپتونوم رايون مالىيىسىنىڭ «ئاشلىق خىيىمخەتەر فوندى» دىن ياردەم بېرىلىدۇ، ياردەم ئۆلچىمى مۇنداق بولىدۇ: جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 4 ۋىلايەت، ئوبلاست ھەمدە قۇمۇل ۋىلايىتىگە ھەر كىلوگرام ئۈچۈن 0.06 يۈەن، شىمالىي شىنجاڭ رايونىغا ھەر كىلوگرامى ئۈچۈن 0.11 يۈەن. ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى ئاشلىق ئىدارىلىرى ئاپتونوم رايون ئورۇنلاشتۇرغان ئومۇمىي مىقداردا ۋە ياردەم ئومۇمىي سوممىسىغا ئاساسەن، ناھىيىلەرگە تەقسىم قىلىپ تەكشۈرۈپ چۈشۈرىدۇ، ئۆلچەم يۇقىرى بولسىمۇ، تۆۋەن بولسىمۇ بولىدۇ. لېكىن ئومۇمىي مىقداردا ۋە ياردەم ئومۇمىي سوممىسىدىن ئېشىپ كەتسە بولمايدۇ.

شۇ كۈنى شېن لەنجۇ ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى پارتكومىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى. (11 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن باشلاپ قوشۇمچە مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولدى)، ۋاڭ جىنشىڭ ئىدارە پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، قوشۇمچە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى.

11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى قالىبېك ئەبلغازى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

11 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئىلى ۋىلايىتىنىڭ موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدە «ئاشلىق سېتىش قىيىن بولۇش» زىددىيىتى گەۋدىلىك بولدى، ئاشلىق باھاسى قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن ئاشلىقنى پەقەتلا سېتىلى بولمىدى. شۇ جايدىكى بازارلاردا بۇغداي باھاسى دۆلەتنىڭ توختام بويىچە سېتىۋېلىش باھاسىنىڭ پەقەت %60 ى ئەتراپىدىلا بولدى. 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، مالىيە نازارىتى، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى 9 مىليون يۈەن مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىپ، موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ 30 مىڭ توننا بۇغدىيىنى بىرتەرەپ قىلىشقا ياردەم بېرىشنى قارار قىلدى. 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇكېرىم ھاشىم ساقلاش - توشۇش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى لىشىننى باشلاپ موڭغۇلكۈرەگە بېرىپ بۇ ئىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بىرتەرەپ قىلدى. 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، مالىيە نازارىتى بىرلىكتە «موڭغۇلكۈرەنىڭ بۇغدىيىنىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، بۇغداينى 1994 - يىل 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدىن يۆتكەپ بولۇشنى تەلەپ قىلدى. كېيىن ئەمەلىيەتتە 31 مىڭ 700 توننا ئورۇندالدى.

12 - ئاينىڭ 2 -، 3 - كۈنلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەسقەت كېرىمباي ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىگە كېلىپ ئىش بېجىردى ھەمدە شىنجاڭ ئاشلىق - ياغ زاۋۇتى، شىنجاڭ ئاشلىق، ياغ ترانسپورت - سانائەت - سودا شىركىتى، شىنجاڭ ئاشلىق مەكتىپى، شىنجاڭ ئاشلىق - ياغ سودا باش شىركىتى، شىنجاڭ ئاشلىق - ياغ ماشىنىسازلىق باش زاۋۇتى، ئۈرۈمچى شەھىرى ئاشلىق - ياغ توپ سېتىش بازىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

شۇ يىلى ئاشلىق باھاسى قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن، ئاشلىق، ياغ سېتىش راۋان بولمىدى، نۇرغۇن كارخانا ئاشلىق، ياغ تىجارىتىگە تايىنىپ ھايات كەچۈرۈشكە ئامالسىز قالدى. ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 10 نەچچە خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى ۋە ئىدارە باشلىقى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقلىرى بۇ گۇرۇپپىلارنى باشلاپ 16 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، بۇنىڭدا ئىلى قاتارلىق ئاساسلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رايونلارغا 5 خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىلىپ نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى ۋە خىزمەتلەرگە ھەمكارلاشتى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ئاشلىق ئىسلاھاتىدا يولۇققان يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلىلەر ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىندى، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىر قىسىم يانداشما سىياسەتلەر تۈزۈپ چىقىلىپ، گەۋدىلىك زىددىيەتلەر پەسەيتىلدى. ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرى قىيىن شارائىت ئاستىدا ئاشلىق ئىسلاھاتى لايىھىسىنى ئىزچىللاشتۇردى، ئۇلار «%60 نى ساقلاپ قېلىش» قىسمىنى ئەكەلگەن ھامان سېتىۋالدى. «%40 نى قويۇۋېتىش» قىسمىدا ئاشلىقنىڭ قوشۇمچە باھاسىنى قاتتىق ئىجرا قىلدى. ئاشلىق، ياغنى باھالاپ ساتتى. ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق كارخانىلىرى ئىچكى قىسمىدىكى ئىسلاھات

سالمىقىنى زورايتتى، ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاپ، خادىملارنى تارقاقلاشتۇردى، ھېسابات بىرلىكىنى كىچىكلىتىپ، قاتلاممۇ قاتلام ھۆددىگەرلىكنى يولغا قويدى، شەھەر ـ بازار ئاشلىق دۇكانلىرىغا قارىتا دۆلەت ئىلكىدە شەخسىي تىجارەت قىلىش سىنىقى ئېلىپ باردى. ئاشلىق ئوبوروتىدىن ئىبارەت ئاساسلىق كەسىپنى تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۆپ خىل ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاشلىق تارماقلىرىغا 100 مىليون يۈەن كۆپ خىل ئىگىلىك ئوبوروت مەبلىغى ئورۇنلاشتۇرۇپ، 3 يىلغا بۆلۈپ ئاجرىتىشنى قارار قىلىپ، 1993 ـ يىلى 40 مىليون يۈەن، 1994 ـ، 1995 ـ يىللىرى 30 مىليون يۈەندىن بېرىشنى ئورۇنلاشتۇردى. 1993 ـ يىلى 115 تۈر تۇرغۇزۇلدى. جايلارمۇ كۆپ تەرەپلىمە ئامال تېپىپ، مەبلەغ توپلاپ، كۆپ خىل ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇردى، مەسىلەن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئاشلىق باشقارمىسى شىائىگائىلىق سودىگەر بىلەن بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىپ رېستۇران ئاچتى، ۋۇجياچۇ ئاشلىق شۆبە ئىدارىسى سالغىتكا قەغەزنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەپچىقاردى. سانجى ئوبلاستى ۋە قەشقەر، ئىلى ۋىلايەتلىرىدىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ كۆپ خىل ئىگىلىكتىن تاپقان پايدىسى ھەممىسىنىڭ 6 مىليون يۈەن ئەتراپىدا بولدى.

△ شىنجاڭ ئاشلىق ـ ياغ يۆتكەش پونكىتى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، پونكىتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سۇ لياڭ مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ «1 ـ ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشتى؛ غۇلجا شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى 2 ـ مەركىزىي ئاشلىق دۇكىنى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئابدۇراخمان ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەرىپىدىن «ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى، توققۇزتارا ناھىيىلىك ئاشلىق ـ ياغ پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنىڭ باشلىقى، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى تۇرسۇن قادىرخان، ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ـ ياغ ترانسپورت، سانائەت ـ سودا شىركىتى 3 ـ ئەترىتىنىڭ شوپۇرى ماجى، ئاقسۇ شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى 3 ـ ئاشلىق دۇكىنىنىڭ مۇدىرى ساۋ خۇڭيىڭلار ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەرىپىدىن «ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ سانجى ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسى، قورغاس، گۇچۇڭ ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى، لى چىجا، سەمەي، جاڭ شىجۇن، لى جەنپىڭلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا سودا مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەتلىك ئاشلىق سىستېمىسى بويىچە ئاساسىي قورۇلۇشتىكى «ئىلغار ئورۇن» ۋە «ئىلغار خىزمەتچى» دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ باغراش ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئىچكى سودا مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «زىياننى پايدىغا ئايلاندۇرۇشتىكى ناھىيە دەرىجىلىك ئىلغار ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

△ ئاشلىق باھاسى قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن، بازاردا رىقابەت كەسكىنلەشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ مۇشۇ بىر يىلدا ھەر كىلوگرام ئۆلچەملىك ئۇننى سېتىش باھاسى ئوتتۇرا ھېساباتا بىر يۈەن ئەتراپىدا بولۇپ، بەلگىلەنگەن باھادىن 0.25 يۈەندىن 0.30 يۈەنگىچىلىك تۆۋەن بولدى، بۇنىڭ بىلەن ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ زىيىنى كۆپەيدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ زىيىنى 300 مىليون يۈەن ئېشىپ كەتتى.

## 1994 ـ يىل

1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قالىبەك ئەبلغازى خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە بېرىپ، يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان ئاشلىق تارماقلىرىدىن ھال سورىدى ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاشلىق خىزمىتىنى تەكشۈردى.

1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇكېرىم ھاشىم تارباغاتايغا بېرىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنى بايراملىق تەمىنلەش ئۈچۈن

يۆتكىلىدىغان ئاشلىق مەنبەسىنى ئەمەلىيلەشتۈردى.

شۇ ئايدا شىنجاڭ ئاشلىق ـ ياغ ترانسپورت ـ ساناۋەت ـ سودا باش شىركىتى، شىنجاڭ ئاشلىق ـ ياغ يۆتكەش پونكىتى بىر ۋاقىتتىلا گوۋۇيۈەن تەرەققىيات تەتقىقات مەركىزى قاتارلىق 11 مىنىستىرلىك، كومىتېت تەرىپىدىن جۇڭگودىكى 500 ئەڭ چوڭ مۇلازىمەت كارخانىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى.

3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى شىنجاڭ ئاشلىق ـ ياغ سودا باش شىركىتى بىلەن شىنجاڭ ئاشلىق ـ ياغ چېگرا سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت شىركىتى بىرلەشتۈرۈلۈپ، سىرتقا قارىتا ئىككى ۋىۋىسكا ئاستى.

3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايون ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى، قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ باش ئەترىتى، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى بىرلىشىپ، ھەربىي ئاشلىق يىغىنى چاقىرىپ «گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ھەربىيلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى ئىزچىللاشتۇردى. ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: (1) ئاشلىق باھاسى ۋە تىجارىتى قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن، ئاشلىق تارماقلىرى كېلىشىم باھالىق ئاشلىق مەنبەسىنى ھازىرلاشقا مەسئۇل بولىدۇ، قىسىملارنى بىر تۇتاش سېتىش باھاسى بويىچە تەمىنلەيدۇ، ھەربىيلەرنى تەمىنلەيدىغان ئاشلىق «كېلىشىم باھادىن تەكسە باھاغا ئۆزگەرگەن» دىكى باھا پەرقىگە بېرىلىدىغان ياردەمنى مەركەز ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك مالىيە ئورتاق ئۈستىگە ئالىدۇ، ھەرقايسى ئۇمۇمىي سومىسىنىڭ 50% نى ئۈستىگە ئالىدۇ ھەمدە خام چوت ـ نەق چوت تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ. باش ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى شىزاڭ، شىنجاڭ، چىڭخەي ئېگىزلىكىدە تۇرۇۋاتقان قىسىملارنى (قوراللىق ساقچى قىسىملارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئاشلىق، ياغ، دادۇر بىلەن ھەمدە دالا ئورۇشىغا كېرەكلىك يېمەكلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىشقا زۆرۈر بولغان ئاشلىق، ياغ، دادۇر بىلەن تەمىنلەشنىڭ بارلىق باھا پەرقى ياردىمىنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ئۇنى مەركىزىي مالىيە ئۈستىگە ئالىدۇ. (2) ھەربىيلەرگە كېرەكلىك باھالىق ئاشلىق سېتىۋېلىش بېلىتى ۋە ھەربىيلەرنى تەمىنلەيدىغان ئاشلىق بېلىتى (ئىلگىرى ئاشلىق مىنىستىرلىكى بېسىپ تارقاتقان 1967 ـ، 1981 ـ يىلدىكى نۇسخىلىرى) ئوبوروتتىن توختىتىلىدۇ، يېڭى ھەربىي ئاشلىق (ماتېرىيال) بېلىتى ئىشلىتىلىدۇ. ئاشلىق (ماتېرىيال) بېلىتى باھاسىز ئاكسىيە بولۇپ، ئۇنىڭ پۇل قىممىتى بولمايدۇ. قىسىملارغا ئېھتىياجلىق ئاشلىق ۋە ئات يەم ـ خەشەكى «ھەربىيلەرنى ئاشلىق، ياغ، دادۇر بىلەن تەمىنلەش كىنىشكىسى» ۋە ھەربىي ئاشلىق (ماتېرىيال) بېلىتىگە ئاساسەن، ھەربىيلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش تور ـ نۇقتىسىدىن سېتىۋېلىنىدۇ، ياغ ۋە دادۇر نورما ئۆلچىمى بويىچە سېتىۋېلىنىدۇ. (3) قىسىملارنىڭ تارقاق ئورۇنلىرى ۋە ئايرىم دېجورنىلىق قىلىدىغانلار، ئۆيىدە تاماق يەيدىغانلار، ئۇقۇش يوقلاش ئۈچۈن دەم ئالغانلار، قىسىملار تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان ئارمىيىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلار قاتارلىقلارنىڭ ھەربىيلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش تور ـ نۇقتىلىرىدىن ئاشلىق سېتىۋېلىشى قۇلايسىز بولسا، قىسىملاردىكى تۆەندىن يۇقىرى (تۆەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئورۇنلارنىڭ ئارقا سەپ ھەربىي لاۋازىمات تارماقلىرى ھەربىيلەر ئىشلىتىدىغان ئاشلىق، ياغ، دادۇر بېلىتى، كىنىشكىسىغا ئاساسەن، شۇ جايدىكى ھەربىيلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش تارماقلىرىغا ھەربىيلەر تەمىنلىنىدىغان ئاشلىق باھا پەرقى ياردىمى بېرىشنى بىر تۇتاش ئىلتىماس قىلىدۇ، بۇ ئايرىم نەق چوت قىلىنىدۇ. تولۇقلاپ بېرىلىدىغان باھا پەرقى ياردىمى ئۆلچىمىنى ھەر يىلنىڭ بېشىدا ئىچكى سودا مىنىستىرلىكى، دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسى، مالىيە مىنىستىرلىكى، باش ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى تۈزۈپ ئېلان قىلىدۇ، يىلدا بىر قېتىم بېكىتىلىدۇ. 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يېڭىدىن تۈزۈلگەن «ھەربىيلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش چارىسى» پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يولغا قويۇلىدۇ.

5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 8 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭ ئاشلىق ـ ياغ توپ سېتىش بازىرى 1994 ـ يىلى باھار پەسىللىك ئورۇنچى ئاشلىق ـ ياغ يەرمەنكىسى ئۆتكۈزۈشتۇردى، شىنجاڭ ئاشلىق ـ ياغ توپ سېتىش بازىرىغا ئەزا ئورۇنلار، ھەرقايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك ئاشلىق سودا شىركەتلىرى، بىر

قىسمى ئاشلىق ـ ياغ پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرى، ئاشلىق ـ ياغ توپ سېتىش بازارلىرىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولۇپ 80 نەچچە كىشى يەرمەنكىگە قاتناشتى، 29 توختام ئىمزالاندى، سودىلاشقان ئاشلىق مىقدارى 41 مىڭ 771 توننا بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 39 مىڭ 500 توننا، گۈرۈچ 260 توننا، دادۇر 500 توننا، قىچا 10 مىڭ 500 توننا، ياغ مەھسۇلاتلىرى 3160 توننا بولۇپ، ئومۇمىي پۇتۈشۈش سوممىسى 79 مىليون 680 مىڭ يۈەن بولدى.

5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى 2 مىليون يۈەن مەبلەغ توپلاپ، بىر قىسىم چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاشلىق پونكىتلىرىنىڭ ترانسپورت ئاپتوموبىللىرىنى يېڭىلاپ بەردى.

5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «نۆۋەتتىكى ئاشلىق تەمىنلەش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئوبدان ئىشلەش توغرىسىدا جىددىي ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: (1) ئاشلىق، ياغنى مۇۋاپىق يۆتكەش ۋە ئارتۇق ـ كېمىنى تەڭشەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئوبدان ئىشلەپ، نورمال تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش لازىم، ئومۇمەن تەييار ئاشلىق سالدۇرىسى ئاجىز ئورۇنلار بارلىق كۈچلىرىنى ئىشقا سېلىپ پىششىقلاپ ئىشلەشنى پائال تەشكىللەپ ئۆتكۈزۈپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشى، تەمىنلىنىدىغان ئاشلىق ـ ياغ تۈرلىرىنى ئىرىشىپ كۆپەيتىپ، ئاممىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇشى كېرەك. (2) ئاشلىق ـ ياغ باھاسىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، باھانى ئاشكارا ئېلان قىلىپ سېتىشتا چىڭ تۇرۇش لازىم. ئاشلىق، ياغنىڭ سېتىلىش باھاسى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈندىكى تېلېگرامما ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھىغا ئاساسەن، «مالنىڭ كىرگۈزۈلۈش باھاسىنى ئاساس قىلغان ھالدا مۇۋاپىق خىراجەتلەر قوشۇپ ھېسابلاشنى چەكلىمە باھا» قىلىش لازىم. (3) ئاشلىق ـ ياغ سېتىش تور ـ نۇقتىلىرى 8 سائەت تىجارەت قىلىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇشى، ئومۇمەن ئۆچىرەتتە تۇرۇپ تالىشىپ ئاشلىق سېتىۋېلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلگەن جايلار تەشۋىق قىلىش، چۈشەندۈرۈش خىزمەتلىرىنى ئوبدان ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تىجارەت ۋاقتىنى مۇۋاپىق ئۇزارتىپ، ئاممىنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش تەلىپىنى قاندۇرۇشى كېرەك. (4) يېقىنقى بىر مەزگىل ئىچىدە ناھىيە دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە 3 كۈندە بىر قېتىم ئاشلىق خىزمىتى ئەھۋالىنى دوكلات قىلىشى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ھەر ھەپتىدە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىگە دوكلات قىلىشى، مۇھىم ئەھۋاللارنى دەرھال دوكلات قىلىشى لازىم.

6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن چاقىرغان ئاشلىق باھاسى ئىسلاھاتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈپ ئىزچىللاشتۇردى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى قارار قىلغان ئاشلىقنىڭ سېتىۋېلىش ـ سېتىش باھاسى لايىھىسىنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: (1) ئاشلىق سېتىۋېلىشتا «60% نى ساقلاپ قېلىش، 40% نى قويۇۋېتىش» سىياسىتى داۋاملىق ئىجرا قىلىنىدۇ. «ساقلاپ قېلىنىدىغان 60%» قىسمىدا ئوتتۇراھال ئاشلىقنىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى مۇنداق بولىدۇ: كۈزلۈك بۇغداي 0.652 يۈەندىن 1.08 يۈەنگە، يازلىق بۇغداي 0.632 يۈەندىن 0.98 يۈەنگە، شال 0.718 يۈەندىن 1.04 يۈەنگە، يۇمىلاق شال گۈرۈچى 1.10 يۈەندىن 1.62 يۈەنگە، كۆممىقوناق 0.416 يۈەندىن 0.66 يۈەنگە ئۆستۈرۈلىدۇ. موڭغۇلكۈرە، باركۆلنىڭ توختام بويىچە بۇغداي سېتىۋېلىش باھاسىغا مۇۋاپىق ھالدا سۈپەت باھا پەرقى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، كۈزلۈك بۇغدىينىڭ ھەر كىلوگرامى 1.03 يۈەن، يازلىق بۇغدىينىڭ 0.932 يۈەن قىلىندى. «قويۇۋېتىلىدىغان 40%» قىسمى ھەمدە «60% نى ساقلاپ قېلىش، 40% نى قويۇۋېتىش» قىسمىدىن سىرت باشقا ئاشلىقنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى بازار نەرقى ـ ھاۋاسى بويىچە بەلگىلىنىدۇ، لېكىن بازار باھاسى دۆلەتنىڭ سېتىۋېلىش باھاسىدىن تۆۋەن بولۇپ قالغاندا، دېھقانلارنىڭ دۆلەتكە سېتىپ بېرىشنى خالىغان ئاشلىقنى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرى دۆلەتنىڭ توختاملىق باھاسى بويىچە سېتىۋېلىشى لازىم. (2) ئاشلىقنىڭ سېتىش باھاسى دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ھەر كىلوگرام

ئۆلچەملىك ئۈن 1.73 يۈەن بولۇپ، ئىلگىرىكى تاختاي باھاسىغا قارىغاندا %60، ئالاھىدە 1 ـ ئۈن 2.08 يۈەن بولۇپ %48، ئالاھىدە 2 ـ ئۈن 1.96 يۈەن بولۇپ، %52 ئۆستۈرۈلىدۇ. شىنجاڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونى ئىكەنلىكى، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي تاپمىغانلىقى، ئاھالىلەرنىڭ قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزراق ئىكەنلىكى قاتارلىق ئەمەلىي ئەھۋالى نەزەردە تۇتۇلۇپ، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى «پاختا ئارقىلىق ئاشلىقنى تولۇقلاش» چارىسىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى، يەنى پاختىنىڭ ئاز ئۆستۈرۈلگەن سېتىۋېلىش باھا پۇلى ئارقىلىق ئاشلىقنىڭ ئاز ئۆستۈرۈلگەن سېتىش باھاسىغا ياردەم بېرىشنى قارار قىلدى، شۇڭا ئاپتونوم رايوندا ھەر كىلوگرام ئۈننىڭ پارچە سېتىش باھاسى مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلدى: ئۆلچەملىك ئۈن ئىشلەپچىقارغان جايدا 1.45 يۈەن، ساتىدىغان جايدا 1.55 يۈەن؛ ئالاھىدە 1 ـ ئۈن ئىشلەپچىقارغان جايدا 1.80 يۈەن، ساتىدىغان جايدا 1.90 يۈەن؛ ئالاھىدە 2 ـ ئۈن ئىشلەپچىقارغان جايدا 1.65 يۈەن، ساتىدىغان جايدا 1.75 يۈەن قىلىندى. ئۈن ساتىدىغان جايلار: ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، قاراماي شەھىرى، شىخەنزە شەھىرى، تۇرپان ۋىلايىتى ۋە قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ بارلىق ناھىيە، شەھەرلىرى، كۈيتۇڭ شەھىرى، شىخۇ ناھىيىسى، ساۋەن ناھىيىسى، كورلا شەھىرى، لوپنۇر ناھىيىسىدۇر، قالغان جايلار ئىشلەپچىقىرىش رايونى بولىدۇ. گۈرۈچ، كۆممىقوناق ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىنىڭ يۆتكەش باھاسى دۆلەتنىڭ بېكىتمە باھاسى يولغا قويۇلىدۇ، يەنى كۆممىقوناقنىڭ ھەر كىلوگرامى 0.78 يۈەن (كۆممىقوناق ئۈننىڭ يۆتكەش باھاسىنى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك باھا ئىدارىلىرى كۆممىقوناق بىلەن ئۈننىڭ پەرقى نىسبىتى بويىچە بېكىتىدۇ). گۈرۈچنىڭ ھەر كىلوگرامى 1.75 يۈەن بولىدۇ. گۈرۈچ بىلەن كۆممىقوناقنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىغا ياردەم بېرىلمەيدۇ. كونكرېت باھانى ھەرقايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك باھا ئىدارىلىرى ش ئۇ ئا ر باھا ئىدارىسى تۈزۈپ چىققان باھا ھېسابلاش چارىسى بويىچە بەلگىلەيدۇ. باھا ھېسابلاش چارىسى مۇنداق بولىدۇ: (1) ئىشلەپچىقارغان جايدا: ئىشلەپچىقارغان جاينىڭ توپ سېتىش باھاسى ئىشلەپچىقارغان جاينىڭ يۆتكەش باھاسى بولىدۇ. ئىشلەپچىقارغان جاينىڭ پارچە سېتىش باھاسى ئىشەپچىقارغان جاينىڭ يۆتكەش باھاسى (توپ سېتىش باھاسى) × (1+توپ، پارچە سېتىش پەرقى نىسبىتى). (2) ساتىدىغان جايدا: ساتىدىغان جاينىڭ توپ سېتىش باھاسى=ئاپتونوم رايون ئىچى (سىرتى) دىكى ئىشلەپچىقارغان جاينىڭ توپ تارقىتىش باھاسى (ياكى كىرگۈزۈش باھاسى)+مۇۋاپىق خىراجەت+پايدا. بۇنىڭدىكى مۇۋاپىق خىراجەتلەر كىرا، پارچە خىراجەت، ساقلاش خىراجىتى ۋە ئۇسۇمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پايدا ھەر 50 كىلوگرامدا بىر يۈەندىن ئېشىپ كەتمەسلىك بويىچە ئىگىلىنىدۇ. ساتىدىغان جاينىڭ پارچە سېتىش باھاسى=ساتىدىغان جاينىڭ توپ سېتىش باھاسى×(1+توپ، پارچە سېتىش پەرقى نىسبىتى). ئىشلەپچىقارغان جاي بىلەن ساتىدىغان جاينىڭ توپ ـ پارچە سېتىش پەرق نىسبىتى %8 تىن ئېشىپ كەتمەسلىك بويىچە ھېسابلىنىدۇ. (3) كۆممىقوناق (قوناق ئۈن)، گۈرۈچ يۆتكەپ كېلىنگەن جاينىڭ سېتىش باھاسى يۆتكەپ كېلىنگەن مىقدارى ۋە شۇ جايدا ئىشلەپچىقىرىپ شۇ جايدا سېتىش مىقدارىنى ئوتتۇرىچە ۋەزىنلەشتۈرۈش بويىچە ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرىقى ئاشلىقنىڭ سېتىۋېلىش، سېتىش باھاسىنى تەڭشەش لايىھىسى 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن باشلاپ پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يولغا قويۇلىدۇ.

شۇ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئاشلىقنى پىلانلىق يۆتكەشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلىپ، 1994 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئارا يۆتكىلىدىغان 350 مىڭ توننا بۇغداي پىلانىنى چۈشۈردى. ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى 11 ـ ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىقنى پىلانلىق يۆتكەشنى ئومۇملاشتۇرۇش يىغىنى چاقىردى، شۇنىڭ بىلەن جايلارنىڭ ئاشلىق يۆتكەش ئاپپاراتلىرى ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى، خادىملار تەدرىجىي ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ لېجۈەننىڭ رىياسەتچىلىكىدە يىغىن چاقىرىلىپ، ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى،

يېقىنغا مۇئاۋىن رەئىسلەردىن ئەسئەت كېرىمباي، جاڭ خېلىڭ ۋە مالىيە نازارىتى، باھا ئىدارىسى، ئاشلىق ئىدارىسى، تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى، سودا ـ سانائەت بانكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشتى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ [1994] 53 ـ نومۇرلۇق «ئاشلىق سېتىۋېلىش، سېتىشقا ئالاقىدار مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىش يىغىنى خاتىرىسى» شەكىللەندۈرۈلدى. ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: (1) تەدبىر قوللىنىپ بۇ يىلقى ئاشلىق سېتىۋېلىشتا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. (2) «ساقلاپ قېلىنىدىغان %60» تىن ئىبارەت سېتىۋېلىش قىسمىنىڭ بەلگىلىنىشى بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلان بولۇپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان دېھقانلار ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەت بولۇپ، چوقۇم ئورۇندىشى؛ ئاشلىق تارماقلىرى سېتىۋېلىشقا چوقۇم كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. دېھقانلار بۇنىڭ سىرتىدىكى ئېشىنچا ئاشلىقىدىن «ئۆچنى قالدۇرۇش» نى تولۇق قالدۇرغاندىن كېيىن يەنە سېتىشنى خالىسا ئاشلىق تارماقلىرى كەڭتاشا سېتىۋېلىشى لازىم، سېتىۋېلىشنى رەت قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا چەك قويۇشقا بولمايدۇ. سېتىۋېلىش باھاسىغا كەلسەك، 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن باشلاپ مەيلى يېڭى ئاشلىق ياكى كونا ئاشلىق بولسۇن، پۈتۈنلەي دۆلەت بەلگىلىگەن يېڭى باھا بويىچە سېتىۋېلىنىدۇ؛ ش ئۇ ئا ر باھا ئىدارىسى پەقەت ئاشلىق سېتىۋېلىش باھاسىنى ۋە تەييار ئاشلىقنىڭ پارچە سېتىش باھاسىنى بېكىتىپ ئېلان قىلىشقا ھەمدە ئۇنىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ، ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يۆتكەش باھاسىنى باھا بېكىتىش پرىنسىپى بويىچە ئۆز ئالدىغا بەلگىلەيدۇ؛ دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق سېتىش تارماقلىرى ۋە ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسى ئۇن زاۋۇتلىرىدىن ئۇن سېتىۋېلىشتا زاۋۇت باھاسىدىن بەھرىمەن بولغانىنىڭ سىرتىدا، باشقا تارماق ۋە شەخسلەر پۈتۈنلەي پارچە سېتىش باھاسى بويىچە سېتىۋالىدۇ، ئاساسلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلاردىن ئاشلىق يۆتكەپ چىقىشنى تېزلىتىشنىڭ ئاچقۇچى يۆتكەش كىراسىنى ئوبدان ھەل قىلىش. نورمال يۆتكىلىدىغان 350 مىليون كىلوگرام ئاشلىقنىڭ يۆتكەش كىراسىغا ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن ياردەم بېرىلىدۇ. كىرا باھاسى ئۆسكەنلىكتىن ۋە ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئىچىدىكى ئارىلىقى يىراق ناھىيىلەرنىڭ يۆتكەش كىرا خىراجىتى يېڭىدىن كۆپەيتىلگەنلىكتىن، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق خىيىمخەتەر فوندىدىن 30 مىليون يۈەن ھەل قىلىنىدۇ. (3) ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋە يۆتكەشتە مەبلەغ بىلەن تەمىنلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ئاشلىق سېتىۋېلىشتا ئېھتىياجلىق مەبلەغنى بانكا تارماقلىرى بالدۇر ئورۇنلاشتۇرۇپ، ۋاقتىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، قانچىلىك كېرەك بولسا، شۇنچىلىك تەمىنلەپ، ئاشلىق ـ ياغ سېتىۋېلىشتا ئاق ھۆججەت يېزىپ بەرمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. ئاشلىق يۆتكەپ كېلىنىدىغان ئورۇنلار ئېھتىياجلىق تۇراقسىز مەبلەغ بىلەن تەمىنلەشكىمۇ كاپالەتلىك قىلىنىشى لازىم.

6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى 6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىكى «ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىشقا ئالاقىدار مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىش يىغىنى خاتىرىسى» نىڭ روھىغا ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «1994 ـ يىللىق ئاشلىق ـ ياغ سېتىۋېلىش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى، ئۇنىڭدا جايلار كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، ئاشلىق كۆلىمىنى ئالدىنقى يىلدىكىدىن بىرئاز قىسقارتتى، بولۇپمۇ بۇغداي كۆلىمى كۆپرەك قىسقىراپ كەتتى، بىر قىسىم جايلار «%60 نى ساقلاپ قېلىش» قىسمىدىكى توختام بويىچە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىنى بوشاشتۇرۇپ قويىدى، بۇ ھال بۇ يىلقى ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشىغا مەلۇم قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى، دەپ كۆرسىتىلدى. ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: (1) ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ماكرولۇق تەڭشەش ـ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەشكە ئەھمىيەت بېرىشى؛ مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى كېرەك. (2) بارلىق چارە ـ ئۇسۇللارنى قوللىنىپ بۇ يىلقى ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتىنى ئورۇنداش لازىم. «%60 نى ساقلاپ قېلىش» قىسمىدا ۋەزىپىنى چوقۇم ئورۇنداش

كېرەك؛ دېھقانلار ئېشىنچا ئاشلىقنى دۆلەتكە سېتىپ بېرىشنى خالىسا، ئاشلىق تارماقلىرى تولۇق سېتىۋېلىشى كېرەك؛ سۇ يېغى سېتىۋېلىشتا 65 مىليون كىلوگرام سېتىۋېلىش پىلانىنى ئورۇنداشتا چوقۇم كاپالەتلىك قىلىش لازىم؛ سېتىۋېلىش باھاسىنى ئىشلەپچىقارغۇچىلار، ئىستېمالچىلار ۋە ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلاردىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مەنپەئەتىگە تەڭ ئېتىبار بېرىش پرىنسىپى بويىچە ش ئۇ ئا ر باھا ئىدارىسى بىلەن ئاشلىق ئىدارىسى بېكىتىپ يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرىدۇ. (3) ئاساسلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان جايلارنىڭ سالدۇ ئاشلىقنى يۆتكەپ چىقىرىشنى تېزلىتىپ، ئاشلىقنى كۆپرەك سېتىۋېلىشقا شارائىت ھازىرلاش كېرەك. (4) بانكا تارماقلىرى جايلارنىڭ ئاشلىق ـ ياغ سېتىۋېلىش پىلانى ۋە سۈرئىتىگە ئاساسەن، سېتىۋېلىش مەبلىغىنىڭ ۋاقتىدا، تولۇق ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم، مەبلەغ مەسىلىسى تۈپەيلىدىن سېتىۋېلىشقا تەسىر يەتكۈزۈشكە، دېھقانلارغا «ئاق ھۆججەت» يېزىپ بېرىش ئەھۋاللىرىنىڭ سادىر بولۇشىغا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ؛ ئاشلىق تارماقلىرى ئەمەلىيلەشكەن سېتىۋېلىش مەبلىغىنى چوقۇم ئۆز ئورنىغا ئىشلىتىشى، مەخسۇس ئىسچوت بويىچە باشقۇرۇشى لازىم، يۆتكەپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. (5) ئاشلىق سېتىۋېلىش تارماقلىرى مۇلازىمەتنى ياخشى قىلىپ، دېھقانلار ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ ئاشلىق ـ ياغ تاپشۇرۇشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىشى لازىم. (6) ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر سودا سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش، باھا، ئاشلىق قاتارلىق تارماقلارنى تەشكىللەپ، گوۋۇيۈەننىڭ [1994] 32 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ ئالاقىدار روھى بويىچە، ئاشلىق توپ سېتىش كارخانىلىرىنى ئىنقىلاپ تەرتىپكە سېلىشى، ئاشلىق-ياغ توپ سېتىش كەسپى دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ قولىدا بولۇشى، ئۇلار ئاساسىي يوللۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى لازىم. غەيرىي ئاشلىق تارماقلىرى، ئورۇنلار ۋە شەخسلەرگە توپ ئاشلىق-ياغ كېرەك بولسا، دۆلەتنىڭ كەسپىي ئاشلىق ـ ياغ توپ تارقىتىش بازارلىرىدىن سېتىۋېلىشى كېرەك، بازار سىرتىدا سودىلىشىشقا بولمايدۇ. كىنىشكىسى يوق سودىگەرلەرنىڭ ھايانكەشلىك قىلىشىغا، ئاشلىق ـ ياغ باھاسىنى ھە دەپ ئۆستۈرۈشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، بازارنى ئېغىر ھالدا قالايمىقانلاشتۇرغان، باھانى ئۆستۈرۈپ تالىشىپ سېتىۋالغانلارنى ئالاقىدار تارماقلار قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، ئاشلىق-ياغ بازىرىنىڭ نورمال تەرتىپىنى ساقلىشى لازىم.

7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ـ ياغ يۆتكەش پونكىتى 27 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ شىۋېيتسارىيىدىن كىرگۈزگەن، كۈنىگە 250 توننا بۇغداينى بىر تەرەپ قىلالايدىغان دەرىجىلىك ئۇن ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ياغلىق دان بازىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، دۆلەتنىڭ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدا جىددىي ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەردىن ياغلىق دان سېتىۋېلىش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشنى، تىجارەت سالاھىيىتى بولمىغان ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ قانۇنسىز تىجارەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلماسلىقنى، سىرتقى ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) لەردىكى تىجارەت ئورۇنلىرىنىڭ بىۋاسىتە يېزىلارغا بېرىپ باھانى ئۆستۈرۈپ سېتىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلماسلىقنى تەلەپ قىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن 21 ـ كۈنىگىچە ئىچكى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى، دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بەي مېيچاڭ شىنجاڭدا مەملىكەتلىك مەخسۇس تور بويىچە زاپاس ئاشلىق يۆتكەش يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە شىنجاڭ فۇكاڭ دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى ۋە شىنجاڭ ئۈرۈمچى شىمالىي ۋوگزال دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتىنى كۆزدىن كەچۈردى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەسقەت كېرىمباي، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى بەي پىڭجى بىلەن بىرلىكتە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ھەمدە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: شىنجاڭنىڭ ئاشلىق خىزمىتى مەملىكەت بويىچە ئېيتقاندا بىرقەدەر ئوبدان ئىشلەنگەن. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى شۇكى، ئاشلىق باھاسى

قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن ئاشلىق تارماقلىرى ئەڭ قىيىنچىلىق مەزگىلىدىن ئۆتۈپ كېتىشكە باشلىغان، ئاشلىق قوشۇنى چېچىلىپ كەتمىگەن، ئاشلىق ھوقۇقىنى قولدىن بېرىپ قويمىغان، باشقۇرۇش قالايمىقانلاشمىغان.

8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى جۇنلىڭ ئىلى ۋىلايىتىدىكى ئاشلىق تارماقلىرى، شىخو ناھىيە بازىرى ئاشلىق ئىسكىلاتى، كۈيتۇڭ دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتىغا بېرىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بايىنغولىن ئوبلاستى، قىزىلسۇ ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، قەشقەر ۋىلايىتى، خوتەن ۋىلايەتلىرىنىڭ شەھەر ـ بازارلىرىدا ئاشلىقنى كىنىشكىگە قاراپ نورمىلىق تەمىنلەشنى يولغا قويۇشنى، دۆلەتنىڭ سېتىش باھاسى بويىچە سېتىلىدىغان ئاشلىق ھەربىر ئاھالىگە ھەر ئايدا 10 كىلوگرامدىن سېتىپ بېرىلىدىغانلىقىنى، ئاي ئۆتۈپ كەتسە ئىناۋەتسىز بولىدىغانلىقىنى قارار قىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى مەخسۇس ئاشلىق خىزمىتى مۇزاكىرە قىلىنغان «ئاپتونوم رايونلۇق 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 60 ـ قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنىنىڭ خاتىرىسى» نى تارقاتتى، ئۇنىڭ مۇھىم مەزمۇنى: تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، كۆز پەسىللىك ئاشلىق ـ ياغ سېتىۋېلىش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەشكە پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىش؛ ئاشلىق-ياغ بازىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئاشلىق ـ ياغ توپ سېتىش كارخانىلىرىنى ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئوبدان ئىشلەش كېرەك.

شۇ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، 1995 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ دۆلەت پىلان بويىچە يۆتكەيدىغان ئاشلىق ـ ياغ ۋە بازاردا سودا قىلىنىدىغان ئاشلىق، ياغنى توشۇشتا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ساقلاش-توشۇش باشقارمىسى ۋە شىنجاڭ ئاشلىق ـ ياغ توپ سېتىش بازىرى تەكشۈرۈپ تامغا بېسىش، ئۆز سىستېمىسى بويىچە باشقۇرۇشنى قارار قىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «ئاشلىق ـ ياغ توپ سېتىش كارخانىلىرىنى ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: (1) ناھىيىدىن يۇقىرى سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ئاشلىق تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە ئاشلىق-ياغ توپ تارقىتىش كارخانىلىرىنى ئېنىقلاپ تەرتىپكە سېلىشى، ئاشلىق ـ ياغ توپ سېتىش شەرتىنى ھازىرلىمىغانلارنىڭ توپ سېتىش ھوقۇقىنى بىكار قىلىشى كېرەك. (2) ئاشلىق ـ ياغ توپ سېتىش كارخانىلىرى مۇنۇ شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك: مەلۇم مەبلەغ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇش ۋە ئىلكىدە 500 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى مەبلىغى بولۇش؛ 1 مىليون كىلوگرامدىن يۇقىرى سىغىمچانلىققا ئىگە ئىسكىلاتى ياكى سېمونت سۇپىسى بولۇش؛ ئوتتۇرا تېخنىكومدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولغان مەخسۇس ۋەزىپىلىك بوغالتىر، كاسسىر، ستاتىستىكچى، لابورانت ۋە تەكشۈرۈش ئەسۋابلىرى سەپلەنگەن بولۇش لازىم. (3) خۇسۇسىي ياكى يەككە ئىگىلىكتىكىلەرنىڭ ئاشلىق ـ ياغ توپ سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقى قايتا تەكىتلەندى.

11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى بورتالا ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئوبلاستنىڭ شەھەر ـ بازارلىرىدىكى نورمىلىق ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىدىغان ئاھالىلەرگە ئاشلىقنى كىنىشكىگە قاراپ چەكلىك مىقداردا تەمىنلەشنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەسقەت كېرىمباي ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى بەي پىڭجى، ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى، ئىقتىساد كومىتېتى، ئاشلىق ئىدارىسى، مالىيە نازارىتى، دېھقانچىلىق نازارىتى، ستاتىستىكا ئىدارىسى ھەمدە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەت

قاتارلىقلارنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشقان يىغىن چاقىرىپ، «ئۈرۈمچى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسى توغرىسىدىكى يىغىن خاتىرىسى» نى شەكىللەندۈردى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى شۇ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە بۇ يىغىن خاتىرىسىنى تارقاتتى. ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: (1) جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىش، ئاشلىق ئۆكسۈپ قېلىش ئەھۋاللىرىنىڭ كۆرۈلۈشىگە يول قويماسلىق. ئاقسۇ ۋىلايىتى 30 مىڭ توننا ئاشلىق يۆتكەپ چىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلىش، بۇنىڭدىن قىزىلسۇ ئوبلاستىغا 15 مىڭ توننا، خوتەن ۋىلايىتىگە 15 مىڭ توننا يۆتكەش، قەشقەر ۋىلايىتى ئالدى بىلەن 10 مىڭ توننا مەخسۇس تۈردىكى زاپاس ئاشلىقنى ئىشلىتىپ تۇرۇش كېرەك. (2) ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئاشلىقنى كىنىشكىغا قاراپ نورمىلىق تەمىنلەشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، كونكرېت چارىسىنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەت تۈزۈپ چىقىش. (3) ئاشلىق سېتىۋېلىشتىكى «%60 نى ساقلاپ قېلىش، %40 نى قويۇۋېتىش» سىياسىتىنى ئۆزگەرتمەسلىك، «ساقلاپ قېلىنىدىغان %60» قىسمىدىكى ئاشلىقنى چوقۇم سېتىۋېلىش كېرەك. ھەرقايسى جايلار ۋە بىڭتۇەننىڭ ھەرقايسى يېزا ئىگىلىك شىلىرى ئۇنى ئورۇنداشقا چوقۇم كاپالەتلىك قىلىش لازىم. كىمكى ۋەزىپىنى ئورۇندىمىغان بولسا، شۇ بازاردىن ئاشلىق سېتىۋېلىپ تولۇقلىشى ياكى ئاشلىق تارماقلىرىغا توختام بويىچە سېتىۋېلىش باھاسى بىلەن بازاردىكى ئاشلىق باھاسىنىڭ پەرق پۇلىنى تولۇقلاپ تاپشۇرۇش كېرەك. (4) ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ «قويۇۋېتىلىدىغان %40» ئاشلىق ۋە «قويۇۋېتىلىدىغان %40» سىرتىدىكى ئاشلىقنى قارىتا بازارغا قاراپ باھا بەلگىلەپ، يۇقىرى باھادا كىرگۈزۈپ، يۇقىرى باھادا چىقىرىپ، ئاشلىق بىلەن نورمىسىز تەمىنلىنىدىغان سانائەت، سودا كەسپلىرى ۋە تۇراقسىز ئائىلىلەرنىڭ ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىشىنى ھەل قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. چارۋىچىلارنى ئوزۇقلۇق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسى توغرىسىدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى بىلەن مالىيە نازارىتى چارە تۈزۈپ چىقىپ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلىدۇ. چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ 20 مىليون يۈەن ياردەم پۇلىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش كېرەك. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى نامرات ئائىلىلەر ۋە ئاپەت رايونىدىكى خەلقنى ئوزۇقلۇق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. (5) ھەرقايسى جايلار ئاشلىق ئامبارلىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ دەپتەردىكى ھېساب بىلەن ئەمەلىي نەرسىنى ئۆزئارا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشى كېرەك. دۆلەتنىڭ زاپاس ئاشلىقىنى دۆلەتنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ ھەرقانداق ئادەمنىڭ يۆتكەپ ئىشلىتىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئاشلىق ـ ياغ بايلىقىنىڭ سىرتقا كۆپ ئېقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، دۆلەت پىلان بويىچە ئورۇنلاشتۇرغان زاپاس ئاشلىقنى سىرتقا يۆتكىگەننىڭ سىرتىدا بۇغداي، كۆممىقوناق، ئۇن، ياغلىق دانلارنىڭ شىنجاڭدىن چىقىرىلىشىنى ۋاقىتىنچە توختىتىش، قىچا يېغى ۋە ئاپتاپپەرەس يېغىنى شىنجاڭدىن چىقىرىشنى پرىنسىپ جەھەتتىن چەكلەش قارار قىلىنىدى، چىگىت يېغىنى مۇۋاپىق ھالدا كەڭ قويۇپ بېرىشكە بولىدۇ. (6) ئاشلىق يۆتكەش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، ئۈرۈمچى، قاراماي قاتارلىق ئاشلىق ساتىدىغان جايلارنىڭ يېرىم يىل تەمىنلىنىدىغان زاپاس ئاشلىقى بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. (7) ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، سۈنئىي جىددىيلىك كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى، بازار ھالىتىگە دىققەت قىلىپ، پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىدىغان، بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك. مەسىلەر بايقالغان ھامان ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرى سىياسەتنى ئىجرا قىلىشى، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشى، تەمىنلەشنى ياخشىلىشى لازىم.

11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى پۈتۈن شەھەردىكى ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان ئائىلىلەرنى كىنىشكىگە قاراپ تەمىنلەشنى قارار قىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «چارۋىچىلىقنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش

مەسىلىسى توغرىسىدا جاۋاب» نى تارقاتتى. ئۇنىڭدا چارۋىچىلارنى نورمىلىق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشكە چوقۇم كاپالەتلىك قىلىش تەلەپ قىلىندى، تەمىنلەش باھاسى ئاپتونوم رايون بېكىتكەن سېتىش باھاسى ئاساسىدا يەنە ناھىيە بازىرىدىن چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاشلىق پونكىتىغىچە بولغان ئارىلىقنىڭ كىراسىنى قوشۇشقا بولىدۇ، چارۋىچىلىق يەم - خەشىكىدە دەسمايىنى ساقلاپ قېلىپ ئاز پايدا ئېلىش پرىنسىپى بويىچە مال مەنبەسىنى تەشكىللەپ تەمىنلەش لازىم.

11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق خىيىمخەتەر فوندىدىن 8 مىليون يۈەن ئاجرىتىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاھالىنىڭ نورما ئاشلىقىنىڭ باھا پەرقىگە ياردەم بېرىشنى قارار قىلدى.

11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇۋەققەت شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن جەنۇبىي شىنجاڭدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئاشلىق مەسىلىسى ھەممىدىن مۇھىم مەسىلە، ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى ئاشلىقتا ئۆزىنى قامداپ، ئېشىنچا بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت، ئەگەر ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشتە يوچۇق كۆرۈلۈپ، شىمالنىڭ ئاشلىقىنى جەنۇبقا يۆتكەش ياكى ئىچكىرىدىن ئاشلىق يۆتكەش ئەھۋالى سادىر بولسا، ئۇ بىر زور بەدەل تۆلىنىدىغان ئىقتىسادىي مەسىلە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شىنجاڭنىڭ ئۇزۇن مۇددەت تىنچ بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان سىياسىي مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. ئاشلىق مەسىلىسىنى تۇتۇشتا ئاشلىقنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى ۋە مەھسۇلات مىقدارىنى مۇقىملاشتۇرۇپلا قالماستىن، ئاشلىق بازارلىرىنىمۇ ئوبدان باشقۇرۇپ، رايون سىرتىدىكىلەرنىڭ يۇقىرى باھا بىلەن زور مىقداردا ئالغىپ سېتىۋېلىش ھەرىكەتلىرىنى توسۇش كېرەك. ئاشلىق تارماقلىرى سېتىۋېلىشنى ئوبدان ئىشلەپ، سالدۇنى كۆپەيتىپ، ئاشلىقتا بولغان ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، بازارنىڭ ئاشلىق باھاسىنى تەكشىلىشى لازىم.

11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى شىزاڭ ئاپتونوم رايونى ئالى ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى كۇڭ فەنسېن قاتارلىقلار شىنجاڭ ئاشلىق ئىدارىسىغا كېلىپ، شىنجاڭنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان ئالىغا ئاشلىق يۆتكەپ ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى. ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىغا ئالى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ئىمزاسى قويۇلغان، ئۈستىگە «چىن مېھرىنى يەتكۈزگەچ دانلىق ئۈنچە، بارچە مەۋجۇدات ياشاردى شۈنچە» دېگەن خەت نەقىشلەنگەن لەۋھە، ئىدارە باشلىقلىرىغا خادا تەقدىم قىلدى.

12 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايون ئاشلىق سىستېمىسىنىڭ كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچىدە چاقىرىلدى، يىغىنغا ھەرقايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارە (باشقارما) باشلىقلىرى ۋە كۆپ خىل ئىگىلىك خىزمىتىگە مەسئۇل يولداشلار، بىر قىسىم ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى ۋە كارخانىلارنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەسقەت كېرىمباي يىغىنغا كېلىپ سۆز قىلدى، دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسى سېتىۋېلىش - سېتىشنى باشقۇرۇش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى رېن شېڭجاڭ يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا 1992 - يىلى كورلىدا ئېچىلغان يىغىندىن بۇيانقى ئەھۋاللار ئەسلەپ ئۆتۈلدى، 1995 - يىللىق ۋەزىپىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئاشلىق بوغالتىرلىقى مەلۇمات ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، ئاپتونوم رايون ئاشلىق سىستېمىسىنىڭ 1993 - يىلى كۆپ خىل ئىگىلىكتىن ياراتقان پايدىسى 25 مىليون 220 نەچچە مىڭ يۈەنگە، 1994 - يىلى ياراتقان پايدىسى 37 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1992 - يىلى كورلا يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان 2 يىل ئىچىدە كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە 1000 يۈەندىن 1500 يۈەن پايدا - باج يارىتىش كۆرەش نىشانى ئەمەلگە ئاشتى. ئاشلىق ئىسلاھاتى لايىھىسى يولغا قويۇلغان بىر قىسىم ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك ئاشلىق تارماقلىرىدا تارقاقلاشتۇرۇلغان

خادىملار ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 28% — 50% گە يەتكەن، بۇلارنىڭ تولىسى كۆپ خىل ئىگىلىك ئورۇنلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. جايلارنىڭ ئاساسلىق نەتىجىلىرى شۇكى: (1) رەھبەرلىك كۈچەيتىلگەن، ئاشلىق ئىسلاھاتى لايىھىسىنى يولغا قويغاندا ئىلى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارە (باشقارما) لىرىدا ئىككى يۈرۈش بەنزە قۇرۇلغان، بىر يۈرۈش بەنزە ئىسلاھاتنى تۇتۇپ، ئاشلىق مەنبەسىنى ئىگىلەپ، بازارنى مۇقىملاشتۇرغان، يەنە بىر بەنزە تەرەققىياتنى تۇتۇپ، ئاشلىق - ياغ سودىسىنى ۋە كۆپ خىل ئىگىلىك خىزمىتىنى ياخشىلىغان. ھەرقايسى دەرىجىلەردە كۆپ خىل ئىگىلىك ئاپپاراتلىرى قۇرۇلۇپ، مەخسۇس خادىملار سەپلەنگەن. (2) كۆزقاراش يېڭىلانغان، قومۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق باشقارمىسى، شىنجاڭ ئاشلىق - ياغ يۆتكەش پونكىتى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئورۇنلاردا «ئاشلىق باھاسى ۋە تىجارىتى قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن بازار رىقابىتىگە قانداق قاتنىشىشىمىز كېرەك» دېگەن تېمىدا مۇھاكىمە قانات يايدۇرۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىشتىكى ئالغىلىق كۈچەيتىلگەن. (3) مېخانىزم ئالماشتۇرۇلغان. ھەرقايسى جايلار كۆپ خىل ئىگىلىك خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتا تەدرىجىي ھالدا چوڭ ھۆددىگە ئېلىش، خېيىمخەتەر رەنىسىنى ئۈستىگە ئېلىش، پاي ھەمكارلىقى تۈزۈمى، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ئىجارىگە ئېلىش، دۆلەت ئىلكىدە خۇسۇسىي تىجارەت قىلىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ رىقابەت ئىقتىدارىنى ئاشۇرغان. بەزى كارخانىلار يەنە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىچكى ئۆلكە، شەھەرلەرگە بېرىپ، كۆزنەك بىرلەشمە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. (4) ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرگەن. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نۇرغۇنلىغان ئاساسىي قاتلام ئاشلىق پونكىتلىرى يەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، 10 ئۇششاق تۈرنى (ئۇششاق تېرىقچىلىق، ئۇششاق باقمىچىلىق، كىچىك پىششىقلاپ ئىشلەش، پارچە - بۇرات رېمونتچىلىق، ئۇششاق ترانسپورت، كىچىك ئىچىملىك مۇلازىمىتى، ئۇششاق سودا، كىچىك مېھمانخانا، ئۇششاق يېمەكلىك، مىلىچمال) نى تەرەققىي قىلدۇرغان. خوتەن ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى 5 — 6 يىل ئىچىدە كۆپ تۈردىكى كىچىك تىپلىق تىجارەت ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇپ چىقىپ، خىزمەت بىناسىنى يېڭىلاپ، يېڭىدىن ئىشچى - خىزمەتچىلەر ياتاق بىناسى سالدۇرۇپ، ئازكەم 6 مىليون يۈەنلىك مۇقىم مۈلۈك شەكىللەندۈرگەن، بۇنىڭ ئىچىدە 80% ى كۆپ خىل ئىگىلىك ئارقىلىق جۇغلانغان. (5) كۆلەملىك ئىگىلىك تەرەققىي قىلدۇرۇلغان. ھەرقايسى جايلار يېقىنقى بىرنەچچە يىللىق ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق سىستېمىسىدا بىر تۈركۈم مۇئەييەن كۆلەمگە ئىگە كۆپ خىل ئىگىلىك كارخانىلىرى قۇرۇلغان، مەسىلەن: ماناس ئوپتىك تالا زاۋۇتى، كونەس شېنياۋ ھاراق زاۋۇتى، ئىلقا بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى، باغراش مۇچ قىيامى زاۋۇتى، قابا ئونئۇبىرسال باقمىچىلىق مەيدانى، ۋۇجياچۇ سالغىتكا قەغىزى زاۋۇتى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك چوڭ رېستۇران، ئىلى ۋىلايەتلىك چېگرا ئېغىزى مال مەيدانى قاتارلىقلار. 1994- يىلى سانجى ئوبلاستى ئاشلىق سىستېمىسىدىكى 5 ناھىيە، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ كۆپ خىل ئىگىلىكتىن ياراتقان پايدا - بېجى 1 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن. ھەرقايسى جايلار كۆپ خىل ئىگىلىك باشقۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش داۋامىدا قائىدە- تۈزۈم قۇرۇلۇشى ۋە ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەش خىزمىتىگە ئومۇميۈزلۈك ئېتىبار بەرگەن.

يىغىندا 1995 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ساھەسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كۆپ خىل ئىگىلىك پايدا - بېجىنى 2000 يۈەندىن 2500 يۈەنگىچە يەتكۈزۈش، ئېخىمۇ كۆپ ناھىيە، شەھەرلىك ئاشلىق ئورۇنلىرىنىڭ يىللىق پايدا - بېجىنى 1 مىليون يۈەندىن ئاشۇرۇش تەلەپ قىلىندى. يىغىندا يەنە يېقىنقى بىرنەچچە يىللىق ئەمەلىيەتكە ئاساسەن، ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ كۆپ خىل ئىگىلىك باشقۇرۇشى مۇنداق 12 چوڭ تۈرگە يىغىنچاقلاندى: بىرىنچى، ئاشلىق - ياغ ھەمدە تەييار مەھسۇلاتلارنىڭ ئىچكى- تاشقى سودىسى؛ ئىككىنچى، تېرىقچىلىق، مەسىلەن: ئاشلىق، ياغلىق دان ۋە ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى

تېرىش، مېۋە - چېۋە، قوغۇن - تاۋۇز ئۆستۈرۈش، ئورمان تىكىش ۋە كۆكتات تېرىش شۇنىڭدەك جۇڭگوچە دورا ماتېرىياللىرى قاتارلىقلارنى تېرىش؛ ئۈچىنچى، باقمىچىلىق، مەسىلەن: كالا، قوي بورداش، چوشقا، ئىت، بېلىق ۋە ئىقتىسادىي هايۋانلارنى بېقىش شۇنىڭدەك يۈرۈشلەشكەن ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەتچىلىك؛ تۆتىنچى، پىششىقلاپ ئىشلەش، مەسىلەن: ئۇن تارتىش، ياغ چىقىرىش، ئۇششاق يەم - خەشەك تەييارلاش، ئۇششاق يېمەك - ئىچمەكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە سېتىش؛ بەشىنچى، ئېچىتىش، مەسىلەن: هاراق زاۋۇتى، ئاچچىقسۇ - جىياڭيۇ زاۋۇتى، ئىچىملىك زاۋۇتى، مېۋە پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى، تېتىتقۇ - خۇرۇچ زاۋۇتى قۇرۇش؛ ئالتىنچى، يېمەك - ئىچمەك كەسپى، مەسىلەن: ئاشخانا، مېهمانخانا، ساراي قاتارلىقلارنى ئېچىپ، ياتاق، تاماق جەھەتلەردە ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت قىلىش؛ يەتتىنچى، بىناكارلىق ۋە قاتناش - ترانسپورت بىلەن شۇغۇللىنىش، تۈرلۈك قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە سېتىش، قۇرۇلۇش ۋە بېزەش، زىننەتلەش كارخانىسى قۇرۇش، يۈك ترانسپورتى، يولۇچى توشۇش مۇلازىمىتى قىلىش؛ سەككىزىنچى، كانچىلىق، مەسىلەن: كىچىك كۆمۈركانلىرىنى ئېچىش، باشقا ئېچىش شارائىتى بار بولغان كان مەھسۇلاتلىرىنى قېزىش؛ توققۇزىنچى، ئۇنىۋېرسال سودا، مەسىلەن: كۈندىلىك بۇيۇملار سودىسى قىلىش، ۋاكالەتەن سېتىۋېلىش - سېتىش دۇكانلىرىنى ئېچىش؛ ئونىنچى، سىرتقا يۈزلەنگەن ئىقتىساد - سودا كارخانىلىرى قۇرۇش؛ ئون بىرىنچى، بىرلەشمە كارخانا، جۈملىدىن مۇستەقىل مەبلەغلىك كارخانا، بىرلىشىپ مەبلەغ سالغان كارخانا، چەت ئەللىكلەر مەبلەغ سالغان كارخانىلارنى قۇرۇش؛ ئون ئىككىنچى، باشقا ئىشلار، مەسىلەن: تۈرلۈك ۋاسىتىچىلىك مۇلازىمەتلىرى. ھەرقايسى جايلار ئۆز جايىنىڭ بازار ئېھتىياجى ۋە ئۈستۈنلۈكىگە ئاساسەن، كۆپ خىل ئىگىلىكنىڭ دائىرىسى ۋە مۇھىم نۇقتىسىنى بەلگىلىسە بولىدۇ.

12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىدا 1995 - يىلى ئاشلىق، ياغلىق دان تېرىش ۋە ئۇنى سېتىۋېلىشنىڭ بۇيرۇق خاراكتېرلىك سېتىۋېلىش پىلانى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 24 مىليون مودىن كەم بولماسلىق، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتىنى 7 مىليارد كىلوگرامدىن ئاشۇرۇش، پىلان بويىچە 1 مىليارد 320 مىليون كىلوگرام ئاشلىق، 60 مىليون كىلوگرام ياغ سېتىۋېلىش بەلگىلەندى.

شۇ كۈنى گوۋۇيۈەن ئىقتىسادىي تەتقىقات مەركىزى، دۆلەت ئاممىۋى مۇناسىۋەت جەمئىيىتى، گۇاڭجۇ شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان «جۇڭگو چولپان كارخانىلىرى ھەمدە جۇڭگو داڭلىق مەھسۇلاتلىرى يەرمەنكىسى» دە ئۈرۈمچى شەھەرلىك «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتىنىڭ «جۇڭگونىڭ چولپان كارخانىسى» دېگەن نامغا، بۇ زاۋۇت ئىشلەپچىقارغان «غەربىي دىيار» ئالاھىدە 1 - ئۇنىنىڭ «جۇڭگونىڭ داڭلىق مەھسۇلاتى» دېگەن نامغا ئېرىشكەنلىكى ئېلان قىلىندى.

شۇ يىلى دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسى شىنجاڭدىن 52 مىڭ 500 توننا مەخسۇس تۈردىكى زاپاس بۇغداي يۆتكەپ چىقىرىش پىلانىنى چۈشۈردى، بۇنىڭدىن چىڭخەيگە چىقىرىلىدىغىنى 50 مىڭ توننا، شىزاڭ ئالىغا چىقىرىلىدىغىنى 2500 توننا. ئالىغا يۆتكىلىدىغان بۇغداي شىنجاڭ ئۈرۈمچى شىمالىي ۋوگزال دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى بىلەن ئۈرۈمچى ساڭفاڭگۇ دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتىدىن چىقىرىلدى ھەمدە ئالى ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ پىكرىگە ئاساسەن، بۇ ئاشلىقلار ئۇن تارتىپ يۆتكەلدى، ئۇنى يۆتكەشنى ئالىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى تەشكىللەپ، 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئورۇنداپ بولدى. چىڭخەيگە يۆتكىلىدىغان بۇغدايىنى فۇكاڭ، كۈيتۇڭ، خېجىڭلاردىكى دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى ۋە ئۈرۈمچى شىمالىي ۋوگزال دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى ئۈستىگە ئالدى، جەنۇبىي شىنجاڭدا ۋاگون ئاز بولغانلىقى ھەمدە ئۈرۈمچىدىكى كارانتىن قىلىش ۋاقتىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، 1995 - يىل 3 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر

33 مىڭ 790 توننا ۋەزىپە ئورۇنلاندى. ئاپتونوم رايون ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئارا 350 مىڭ توننا بۇغداي يۆتكەش پىلانىنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى، مۇناسىۋەتلىك ئاشلىق تارماقلىرى ئورتاق تىرىشىپ، پىلانلىق يۆتكەش خىزمىتى ئەمدىلا ئىسلىگە كەلگەن، مۇناسىۋەت راۋانلاشمىغان، «پاختا ئارقىلىق ئاشلىقنى تولۇقلاش» مەبلىغى ۋاقتىدا ئەمەلىيلەشمىگەن ئەھۋالدا تۇغۇلغان قىيىنچىلىقلارنى يەڭگەنلىكتىن، 1995 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە پىلان 269 مىڭ توننا ئورۇنلىنىپ، پىلاننىڭ %76.89 نى تەشكىل قىلدى.

## 1995 ـ يىل

1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە شەھەر ـ بازارلاردىكى نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان ئاھالىلەرنىڭ ئاساسىي نورما ئاشلىقىنى كىنىشكىلىق تەمىنلەشنى قارار قىلدى.

1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئاشلىق يۆتكەش جىددىي يىغىنى چاقىرىپ، ئاشلىق يۆتكەش مۇرئىتىنى تېزلىتىپ، 1 ـ، 2 ـ ئايدا ئورۇمچىگە 77 مىڭ توننا ئاشلىق يۆتكەپ، بازارنى تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى قاتناش نازارىتى ئاشلىق يۆتكەش سەپەرۋەرلىك يىغىنى چاقىرىپ، جەمئىيەتتىكى بارلىق ئاپتوموبىللارنىڭ ئاشلىق يۆتكەشكە ئاتلىنىشىنى چاقىرىق قىلدى. ئاشلىق يۆتكەش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلمىغانلارنىڭ قاتناش كىنىشكىسىنىڭ مۇسادىرە قىلىنىدىغانلىقىنى، ترانسپورت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىش سالاھىيىتى بىكار قىلىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى ھەمدە يول ئاسراش خىراجىتىدىن 1 مىليون 700 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، ئاشلىق يۆتكەش كىراسىغا قوشۇمچە ياردەم بېرىشنى (ھەر توننا ـ كىلومېتىرغا 0.04 يۈەندىن 0.35 يۈەنگىچە قوشۇمچە ياردەم بېرىشنى) قارار قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، قاتناش نازارىتى ئىلى، تارباغاتاي، سانجىلارغا خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، ئاشلىق مەنبەسىنى ئەمەلىيلەشتۈردى، ئاشلىق يۆتكەيدىغان ئاپتوموبىللارنى تەشكىللىدى. ئورۇمچىگە 1 ـ، 2 ـ ئايلاردا 58 مىڭ توننا ئاشلىق يۆتكەپ كېلىنىپ، بازاردىكى جىددىيلىك پەسەيتىلدى.

1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسى تارقاتقان «دۆلەتنىڭ زاپاس ئاشلىق ـ يېغىنى ‹بىرنى ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، ئۈچنى مەخسۇسلاشتۇرۇش، تۆتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش› توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» (يەنى دەپتەردىكى ھېسابنى بۇيۇمغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، مەخسۇس ئامباردا ساقلاش، مەخسۇس خادىم ساقلاش، مەخسۇس ھېساب بويىچە خاتىرىلەش، ئورنى، سۈپىتى، سورتى، مىقدارىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش) نى تارقاتتى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئاپتونوم رايوندىكى بارلىق زاپاس ئاشلىق ـ ياغ ساقلايدىغان ئامبارلار زاپاس ئاشلىق ـ ياغ تاختىسىنى ئېسىپ، زاپاس ئاشلىق، ياغنىڭ مەخسۇس ھېسابات دەپتىرى، مەخسۇس كارتىسىنى ئىشلىتىشكە باشلىدى.

شۇ ئايدا ش ئۇ ئا ر پىلان يىغىنىدا ئاپتونوم رايوننىڭ «%60نى ساقلاپ قېلىش، %40نى قويۇۋېتىش» تىن ئىبارەت دۆلەت ئاشلىقنى توختام بويىچە سېتىۋېلىش سىياسىتىنى ئەسلىدىكى توختاملىق سېتىۋېلىش تۈپ سانى بويىچە پۈتۈنلەي سېتىۋېلىشقا ئۆزگەرتىش قارار قىلىندى.

ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستى، خوتەن ۋىلايىتىدىكى ھەددىدىن زىيادە يۇقىرى بولۇۋاتقان بازار ئاشلىق باھاسىنى تەكشىلەش ئۈچۈن، بۇ ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرىنى شىمالىي شىنجاڭدىن 20 مىليون كىلوگرامغا يېقىن كېلىشىم باھالىق

بۇغداي، ئۇن، گۈرۈچ يۆتكەپ كېلىشكە تەشكىللىدى.

3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى مالىيە نازارىتى، ئاشلىق ئىدارىسى، باھا ئىدارىسىنىڭ [1995] 8 ـ نومۇرلۇق «‹پاختا ئارقىلىق ئاشلىقنى تولۇقلاش›نى يولغا قويۇش چارىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»ى تارقىتىلدى. ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى مۇنۇلار: (1) بۇغداي (ئۇن) نىڭ سېتىۋېلىش، سېتىش، يۆتكەش باھاسىنى راۋانلاشتۇرۇش كېرەك. ھەر كىلوگرام بۇغداي (ئوتتۇرا دەرىجىلىك كۈزگى بۇغداي) نىڭ سېتىۋېلىش باھاسى 1.08 يۈەن، رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇغداي يۆتكەش باھاسى 1.21 يۈەن بولىدۇ، ئۇنىڭ سېتىش باھاسى ش ئۇ ئا ر باھا ئىدارىسىنىڭ [1994] 4 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ. (2) يۇقىرىقى سېتىۋېلىش باھاسى بىلەن يۆتكەش باھاسىغا ئۇنىڭ سېتىش باھاسى ئەمەلىيلەشمىگەنلىكتىن پەيدا بولغان باھا پەرقى قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ سېتىش مىقدارى بويىچە «پاختا ئارقىلىق ئاشلىقنى تولۇقلاش» فوندىدىن تولۇقلىما بېرىلىدۇ. يەنى جايلارنىڭ 1992 ـ ئاشلىق يىلىدىكى تەكشە باھالىق بۇغدىيىنىڭ سېتىلىش مىقدارىدىن 10% قويۇۋېتىلىش قىسمى تۇتۇپ قېلىنغاندىن كېيىنكى ئەمەلىي سېتىلىش مىقدارى بويىچە، قايتا ئۇنىغا سۈندۈرۈلۈپ ھەر كىلوگرامغا 0.20 يۈەن ياردەم بېرىلىدۇ، بۇغداي يۆتكەپ كېلىنگەن ۋىلايەت، ئوبلاستلار يۇقىرىقى چارە بويىچە بۇغداينىڭ ئەمەلىي سېتىلىش مىقدارىنى بەلگىلەپ، ئاندىن ئۆزى ئىشلەپچىقارغان قىسمىدىن توختام بويىچە سېتىۋېلىنىدىغىنىنى تۇتۇپ قالغاندىن كېيىن ئۇنىغا سۈندۈرۈپ، ھەر كىلوگرامغا قايتا 0.07 يۈەن ياردەم بېرىدۇ. (3) پىلان ئىچىدە ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئارا بۇغداي يۆتكىگەندە، ئەمەلىي مۇساپىسى 400 كىلومېتىردىن ئېشىپ كەتكەنلەرگە كىرا ياردىمى بېرىلىدۇ. يۇقىرىقى چارە 1994 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىدۇ.

3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى غوپۇر ئابدۇللا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ماۋ يۇنشيالىڭ قاتارلىقلارنى باشلاپ خوتەندە ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە يېزىلاردىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچىدە ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق، پاختا، خىمىيىۋى ئوغۇت خىزمىتى يىغىنى ئاچتى، يىغىندا ئاشلىقتا ۋالىي، ئوبلاست باشلىقى، شەھەر باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدىغانلىقى ئېلان قىلىندى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇۋەققەت شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن ۋاڭ يۈەن، ئەسقەت كەرىمبايلار يىغىنغا كېلىپ سۆز قىلدى. 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى [1995] 36 ـ نومۇرلۇق «ئاشلىق، پاختا، خىمىيىۋى ئوغۇت سېتىۋېلىش ـ سېتىش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چۈشۈردى. ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: (1) گوۋۇيۈەننىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاشلىقتا ئۆلكە باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايوندا ۋالىي، ئوبلاست باشلىقى، شەھەر باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. جايلاردىكى مەمۇرىي مەھكىمىلەر ۋە ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى شۇ جاينىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش، سېتىۋېلىش، سېتىش، رايونلار ئارا ئوبوروت قىلىش ۋە بازار باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەرگە ئومۇمىيۈزلۈك مەسئۇل بولۇپ، ئۆز جاينىڭ ئاشلىق، ياغ جەھەتتىكى تەمىنلەش تەلىپىنىڭ تەڭپۇڭلۇقى، باھاسىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. (2) ئاپتونوم رايون چۈشۈرگەن 24 مىليون مو يەرگە تېرىلىدىغان ئاشلىقنى تولۇق، ئوبدان تېرىپ، 7 مىليارد كىلوگرام ئاشلىق مەھسۇلاتى ئېلىش پىلانىنىڭ ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. (3) ئاپتونوم رايون چۈشۈرگەن

1995ـ يىللىق 1 مىليارد 320 مىليون كىلوگرام (ئىشلەپچىقىرىش ـ قوبۇللاش بىكىتۈەنىنىڭ 325 مىليون كىلوگرامنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئاشلىقنى توختام بويىچە سېتىۋېلىش پىلانى ۋە 60 مىليون كىلوگرام (ئىشلەپچىقىرىش ـ قوبۇللاش بىكىتۈەنىنىڭ 15 مىليون كىلوگرامنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ياغ سېتىۋېلىش پىلانى بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلان بولۇپ، جايلار چوقۇم ئورۇندىشى كېرەك. ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمىغانلار كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغ بىلەن تولۇقلىشى كېرەك. (4) توختام بويىچە سېتىۋالىدىغان ئاشلىققا دۆلەتنىڭ بېكىتمە باھاسى داۋاملىق يولغا قويۇلىدۇ. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 1995 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ دۆلەتنىڭ توختام بويىچە سېتىۋېلىش باھاسى ئاساسىدا، توختام بويىچە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ئىچىدىكى ئاشلىققا باھا سىرتىدا ياردەم بېرىشنى قارار قىلدى، ئۇنىڭ ئۆلچىمى مۇنداق بولىدۇ: ئوتتۇرا دەرىجىلىك ھەر كىلوگرام كۆزلۈك بۇغدايغا 0.40 يۈەن، كۆممىقوناققا 0.40 يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە 0.16 يۈەن تەننەرخكە كىرگۈزۈلىدۇ)، گۈرۈچكە 0.60 يۈەن بېرىلىدۇ. باھا سىرتىدا بېرىلىدىغان ياردەم پۇلى پاختا ئارقىلىق ئاشلىقنى تولۇقلاش پۇلىدىن چىقىم قىلىنىدۇ. توختام بويىچە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ سىرتىدىكى ئاشلىق بازار ئارقىلىق تەڭشىلىدۇ، باھاسىمۇ بازار ئارقىلىق بېكىتىلىدۇ، دېھقانلار دۆلەتكە سېتىپ بېرىشنى خالىسا ئاشلىق ئارماقلىرى يۇقىرىقى باھا بويىچە سېتىۋالىدۇ. (5) توختام بويىچە سېتىۋالغان ئاشلىقنى سېتىشتا مادارغا قاراپ ئىش كۆرۈش، مۇھىم نۇقتىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئاساسلىقى شەھەر ـ بازارلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ ئاساسىي ئوزۇقلۇق ئاشلىقى، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى، ھەربىيلەرگە كېرەكلىك ئاشلىق ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئاشلىقىغا ئىشلىتىش كېرەك. توختام بويىچە سېتىۋالغان ئاشلىقنىڭ سېتىلىش مىقدارىنى ئاپتونوم رايون چۈشۈرگەن سېتىش پىلانى ئىچىدە تىزگىنلەش كېرەك. پىلان ئىچىدە سېتىلغان ئۇنىغا پاختا ئارقىلىق ئاشلىقنى تولۇقلاش پۇللىرى داۋاملىق ياردەم بېرىلىـــدۇ. ئومۇمەن پـــلاندىن ئاشۇرۇۋەتكەنلەرگە ئاپتونوم رايون ياردەم بەرمەيدۇ. (6) يۆتكەپ چىقارغۇچى ۋە يۆتكەپ كىرگۈچى تەرەپلەر ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق يۆتكەش پىلانىنى قـاتتىق ئىجـرا قىلىشـى كېـرەك. پـلان ئىچىدىـكى ئـاشلىقتـا ش ئۇ ئا ر باھا ئىدارىسى بېكىتكەن يۆتكەش باھاسى ئىجرا قىلىنىدۇ، پىلان سىرتىدا رايونلار ئارا ئاشلىقنىڭ ئارتۇق ـ كېمىنى تەڭشەشتە ئۇنىڭ باھاسىنى تەمىنلىگۈچى بىلەن ئېھتىياجلىق تەرەپ كېڭىشىپ بېكىتىدۇ. پىلاننىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، يۆتكەپ چىقىرىدىغان تەرەپ بىلەن يۆتكەپ كىرىدىغان تەرەپ ئاپتونوم رايون چۈشۈرگەن پىلان بويىچە توختام ئىمزالىشى كېرەك، توختامغا خىلاپلىق قىلغانلارنىڭ مەسئۇلىيىتى «توختام قانۇنى» بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. (7) ناھىيە (تۈەن ـ مەيدان) لەرنى بىرلىك قىلغان ھالدا دۆلەتنىڭ توختام بويىچە ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىماي تۇرۇپ، ئاشلىق، ياغ بازىرىنى قويۇۋېتىشكە بولمايدۇ. ۋەزىپە ئورۇندالغاندىن كېيىن، يېزىلاردىكى سودا، سانائەت، دېھقانچىلىقنى بىر گەۋدە قىلغان تەشكىلاتلار، باقمىچىلىق قاتارلىق ئاشلىق ئىشلىتىدىغان ئورۇنلار شۇ جايدىن ئۆزىگە كېرەكلىك ئاشلىقنى سېتىۋالسا بولىدۇ، قولدىن. قولغا ئۆتكۈزۈپ سېتىشقا بولمايدۇ. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرى ۋە تەستىقتىن ئۆتكەن باشقا ئاشلىق توپ تارقىتىش كارخانىلىرى سېتىۋالغان توختام بويىچە سېتىۋېلىش قىسمىنىڭ سىرتىدىكى ئاشلىقلارنى شۇ جايدا پارچە ساتقاندىن سىرت، توپ سېتىلىدىغان قىسمى ناھىيىدىن يۇقىرى ئاشلىق توپ تارقىتىش بازارلىرىدا ئاشكارا سودا قىلىنىشى كېرەك. ئاشلىق ساتىدىغان جايلاردىكى ئاشلىق توپ تارقىتىش كارخانىلىرى ئىشلەپچىقىرىش رايونىغا بېرىپ ئاشلىق سېتىۋالماقچى بولسا پەقەت ناھىيىدىن يۇقىرى ئاشلىق توپ تارقىتىش بازارلىرىدىن سېتىۋېلىشى لازىم. جايلارنىڭ ھەر قانداق باھانە سەۋەبلەر بىلەن چازا قۇرۇپ، يەرلىك قامال قىلىۋېلىشىغا بولمايدۇ. ئاشلىق، ياغ سېتىشتا سىستېمىلار بويىچە باشقۇرۇش ۋە بىر تۇتاش مەلۇم قىلىپ تەستىقلىتىش چارىسى داۋاملىق يولغا قويۇلىدۇ. (8) مالىيە، ئاشلىق ۋە بانكا قاتارلىق تارماقلار ئۆز خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇشى، سېتىۋېلىش مەبلىغىنىڭ تولۇق ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى، مەخسۇس ئىشلىتىلىشى، يۆتكەپ ئىشلەتمەسلىكـــى لازىم. مەبلەغ ۋاقتــــدا

ئەمەلىيلەشمەي، ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىشنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا تەسىر يەتسە، مۇناسىۋەتلىك مەسئۇل خادىملارنىڭ جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. (9) ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى ئالاقىدار تارماقلار پىلانلاش، ماسلاشتۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش ۋە نازارەت قىلىش خىزمەتلىرىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ئومۇمىي مىقدارىنىڭ ۋە جايلارغا تەقسىم قىلىنىشى، سورتلارغا ئايرىلىشىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. ئاشلىق خەتىرىمەسلىك تەييارلىق فوندى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق، ياغ زاپىسىنى تەدرىجىي تۇرغۇزۇش، جايلاردىكى ئاشلىقنىڭ ئارتۇق - كەملىكىنى تەڭشەپ، ئاپتونوم رايون خاراكتېرلىك ئاشلىق زاكاز قىلىش يىغىنلىرىنى تەشكىللەپ، ئاشلىقنى پىلانلىق يۆتكەش خىزمەتلىرىنى ماسلاشتۇرۇش ۋە رايونلار ئارا ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش توختامىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى نازارەت قىلىش كېرەك. (10) ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاشلىقنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ، ئاشلىق بازارلىرىنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشى، ھۆكۈمەتنىڭ ئوبدان مەسلىھەتچىسى بولۇپ، يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىشى، جايلارنىڭ ئاشلىق ئومۇمىي مىقدارىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش پىلانى ۋە كونكرېت يولغا قويۇش پىكرىنى ئىمكانقەدەر بالدۇرراق ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك.

4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سانجى ئوبلاستى، شىخەنزە شەھىرى شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئاساسىي ئوزۇقلۇق ئاشلىقىغا نۇقتا بەلگىلەپ، نورمىلىق تەمىنلەشنى، ئالتاي ۋىلايىتى چارۋىچىلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىغا نورما بەلگىلەپ باھاسىغا چەك قويۇپ تەمىنلەشنى يولغا قويدى.

4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «‹گوۋۇيۈەن›نىڭ ئاشلىق، ياغ باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى›نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۆۋەندىكى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى: (1) جايلارنىڭ شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنى تەمىنلەيدىغان ئاشلىقنى ھەمدە باشقا ئاساسىي نورما ئاشلىقنى سېتىش باھاسىدىلا 1994 - يىل 6 - ئايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىشلەپچىقارغان جاي ۋە ساتىدىغان جاينىڭ سېتىش باھاسى ئىجرا قىلىنىدۇ، باھانى ئۆستۈرۈشكە بولمايدۇ. (2) ئاشلىق سېتىشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، دۆلەت توختام بويىچە سېتىۋالىدىغان ۋە ھۆكۈمەت «پاختا ئارقىلىق ئاشلىقنى تولۇقلاش»نى يولغا قويغان ئاشلىقنى ھەقىقىي تۈردە بەلگىلەنگەن تەمىنلەش ئوبيېكتلىرىغا ئىشلىتىش كېرەك. ئاشلىق تارماقلىرى مال مەنبەسىنى پائال تەشكىللەپ، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق دۇكانلىرى تۈرلەر تەل بولۇش، مال بولىدىكەن باھاسى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. (3) ئاپتونوم رايون بىر تۇتاش بەلگىلىگەن ئاشلىق سېتىۋېلىش، يۆتكەش باھاسىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش كېرەك. ئاشلىق سېتىۋېلىش باھاسىنىڭ سىرتىدا بېرىلگەن ياردەمنى تەننەرخكە كىرگۈزۈپ ئاشلىق كارخانىلىرىغا تېگىشتا بولمايدۇ. «باھا سىرتىدىكى ياردەم» ۋاقتىدا ئەمەلىيلەشمىگەنلىكتىن كېلىپ چىققان ئۆسۈمنى مالىيە نازارىتى ھەل قىلىدۇ. (4) جايلار ئاشلىقتىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار ۋە ئاشلىق خام ماتېرىيال قىلىنغان مەھسۇلاتلار باھاسىنىڭ سېتىۋېلىش - سېتىش پەرق نىسبىتىنى ياكى پايدا نىسبىتىنى بەلگىلەپ، شۇ بويىچە قاتتىق تىزگىنلەپ ئىجرا قىلىشى لازىم. جايلاردىكى ھۆكۈمەتلەر باھا خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى، ھەر دەرىجىلىك باھا، ئاشلىق، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ئاشلىق ئوبوروتى ۋە باھا تەرتىپىنى بەلگىلىمە بويىچە تەرتىپكە سېلىشى كېرەك. ئاشلىق تارماقلىرىدىن باشقا تارماقلارنىڭ ئاشلىق توپ تارقىتىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى قەتئىي بىكار قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاشلىق باھاسىنى پۈتۈن ساھە بويىچە تەكشۈرۈپ، ناچار مالنى ياخشى مال ئورنىدا ساتىدىغان، قولدىن - قولغا ئۆتكۈزۈپ ساتىدىغان، ئاۋارلارنى بېسىپ قويۇش يولى بىلەن ھايانكەشلىك قىلىدىغان، باھانى

ئۆستۈرىدىغان قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى بىر قىسىم ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارە (باشقارما) لەرنىڭ دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە تېخنىك خادىملاردىن بولۇپ 39 كىشىدىن ئۈچ گۇرۇپپا تەشكىللەپ جەنۇبىي، شىمالىي، شەرقىي شىنجاڭلارغا ئەۋەتىپ، 25 دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى ۋە 31 ناھىيىدىكى 88 ئاساسىي قاتلام ئىسكىلات، پونكىتلارنى «بىردە ئۇيغۇن بولۇش، تۆتتىن خالىي بولۇش» بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى ۋە ئايرىلاپ تەكشۈردى، ئۈرۈمچى ساڭفاڭگۇ قاتارلىق 4 دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى ۋە گۈچۈڭ قاتارلىق 6 ناھىيە «بىردە ئۇيغۇن بولۇش، تۆتتىن خالىي بولۇش» بويىچە ئىلغار ئورۇن؛ شىخەنزە قاتارلىق 11 دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى «بىردە ئۇيغۇن بولۇش، تۆتتىن خالىي بولۇش» بويىچە ئەلا ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

6 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە مەملىكەت بويىچە 8 - قېتىملىق ئاشلىق، ياغ سانائىتى باشقارما باشلىقلىرى (دىرېكتورلار) سۆھبەت يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، 27 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون ھەمدە پىلانى ئايرىم تۈزۈلىدىغان شەھەرلەرنىڭ ئاشلىق سانائىتى باشقارما باشلىقلىرى (دىرېكتورلىرى)، ئاشلىق مەكتەپلىرى، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىدىن بولۇپ 170 نەچچە ئادەم يىغىنغا قاتناشتى. ئىچكى سودا مىنىستىرلىكى سانائەت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ شۈيپىي يىغىنغا كېلىپ سۆز قىلدى. يىغىن مەزگىلىدە ۋەكىللەر ئۈرۈمچى شەھەرلىك «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. يىغىندىن كېيىن ۋاڭ شۈيپىي قاتارلىقلار ئىلى ۋىلايىتى، بورتالا ئوبلاستىدىكى بىر قىسىم ئاشلىق، ياغ سانائىتى كارخانىلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى «ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىقتا ئىككى لىنىيە بويىچە ھەرىكەت قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلغانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: «گوۋۇيۈەننىڭ ئاشلىق تارماقلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا ئىككى لىنىيە بويىچە ھەرىكەت قىلىشنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تېزلىتىش مەقسىتىدە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىقتا ئىككى لىنىيە بويىچە ھەرىكەت قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ، ئىككى لىنىيە بويىچە ھەرىكەت قىلىشنى يولغا قويۇشنىڭ لايىھىسىنى مۇزاكىرە قىلىپ تۈزۈپ چىقىشنى يولغا قويۇش جەريانىدىكى ئالاقىدار مەسىلىلەرنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىشنى قارار قىلدى. رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەسقەت كەرىمباي باشلىق، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى بەي پىڭجى، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇكېرىم ھاشىم، مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى يۈ ۋېنپو مۇئاۋىن باشلىق بولدى، ئۇنىڭ ئەزالىقىنى ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى، ئاپپارات ئىسلاھاتى ئىشخانىسى، تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كومىتېتى، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، باھا ئىدارىسى شۇنىڭدەك ش ئۇ ئا ر دۆلەت باج ئىدارىسى، يەرلىك باج ئىدارىسى، جۇڭگو سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مەسئۇللىرى ئۈستىگە ئالدى. رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىنىدى، ئابدۇكېرىم ھاشىم قوشۇمچە ئىشخانا مۇدىرى بولدى.

9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇۋەققەت شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەننىڭ «شىمالىي شىنجاڭدا كۆممىقوناق قۇرۇتۇش ئەسلىھەلىرى ۋە ئۇنى ساقلاشتا مەسىلىلەر ئېغىر، بولۇپمۇ قۇرۇتۇش مەسىلىسىنى يېقىنقى مەزگىل ئىچىدە چوقۇم ھەل قىلىش كېرەك» دېگەن يوليورۇقىغا ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، مالىيە نازارىتى مەخسۇس تۈر بويىچە ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق قۇرۇتۇش ۋە ساقلاش ئەسلىھە قۇرۇلۇشىغا 17 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئورۇنلاشتۇردى.

9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 17 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەسقەت كەرىمباي ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇكېرىم ھاشىم ۋە مالىيە نازارىتى، تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى قاتارلىق تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئاشلىق، ياغ سانائەت ـ سودا شىركىتى، ئاقسۇ شەھەرلىك ئۇن زاۋۇتى، ئاشلىق ئىسكىلاتى، قاراتال ئاشلىق پونكىتى، كۇچا زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى، باي ناھىيىلىك ئاشلىق ئىسكىلاتى، شايار ناھىيىلىك ياغ زاۋۇتى، توقسۇ ناھىيە دايۇلتۇز ياغ زاۋۇتى قاتارلىق 9 ئاساسىي قاتلام ئورۇننى كۆزدىن كەچۈردى. ئەسقەت كەرىمباي ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئامبار سىغىمچانلىقى چەكلىك بولۇش، ئامبارلار كونىراپ كېتىش مەسىلىلىرىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى، مالىيە نازارىتى، ئاشلىق ئىدارىسىدىن ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىپ ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 106 ـ قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنىدا «ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق تارماقلىرىدا ئىككى لىنىيە بويىچە ھەرىكەت قىلىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىشنى يولغا قويۇش لايىھەسى» مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللاندى.

11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق، ياغ يۆتكەش پونكىتىنىڭ ئىچكى بانكا بوغالتىرى نيۇ جيەنلى (ئايال) ئومۇمەن 690 مىڭ يۈەن پۇلنى يۆتكەپ ئىشلىتىش، خىيانەت قىلىش جىنايىتى ئۆتكۈزۈپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. كېيىن جاۋابكار يۇقىرىغا ئەرز سۇنۇۋىدى، 1996 ـ يىل 4 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم چىقىرىپ ئەسلىدىكى ھۆكۈمنى ساقلاپ قالدى.

11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى [1995] 120 ـ نومۇرلۇق «ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق تارماقلىرىدا ئىككى لىنىيە بويىچە ھەرىكەت قىلىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىشنى يولغا قويۇش لايىھەسىنى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەردىن بۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشنى ۋە رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشنى، «يولغا قويۇش لايىھەسى» نىڭ كونكرېت مەشغۇلات چارىسىنى تۈزۈپ چىقىشنى، ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ ماسلاشتۇرۇش ۋە يېتەكچىلىك خىزمەتلىرىنى كۈچەيتىشنى، «يولغا قويۇش لايىھەسى» گە ئالاقىدار بولغان يانداشما تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئوبدان ئىشلەپ، 1996 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا قېلىپلاشقان ھەرىكەتلىنىشكە قەدەم قويۇشنى تەلەپ قىلدى. 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايون ئاشلىق تارماقلىرىدا ئىككى لىنىيە بويىچە ھەرىكەت قىلىشنى يولغا قويۇش ھەمدە ئاسما ھېساباتنى ھەزىم قىلىش يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا ھەر قايسى مەمۇرىي مەھكىمىلەر، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى ۋە مالىيە، ئاشلىق ئىدارە باشلىقلىرى قاتناشتى. يىغىندا «گوۋۇيۈەننىڭ ئاشلىق تارماقلىرى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىككى لىنىيە بويىچە ھەرىكەتلىنىشنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» ۋە مەملىكەتلىك ئاشلىق تارماقلىرىدا ئىككى لىنىيە بويىچە ھەرىكەتلىنىش خىزمىتى يىغىنى شۇنىڭدەك مەملىكەتلىك ئاشلىق مالىيىسىدىكى ئاسما ھېساباتنى توسۇش ۋە ھەزىم قىلىش خىزمىتى يىغىنلىرىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەدبىرلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، «1991 ـ ئاشلىق يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى سىياسەت خاراكتېرلىك مالىيە ئاسما ھېساباتىنى ھەزىم قىلىشنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش يولغا قويۇش لايىھەسى» بېكىتىلدى. بۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: (1) 1991 ـ ئاشلىق يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق مالىيىسىنىڭ ئاسما ھېساباتى 680 مىليون 330 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە سىياسەت خاراكتېرلىك ئاسما ھېسابات 592 مىليون 240 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئۇنى مالىيە تارماقلىرى ھەزىم قىلىدۇ، ئاشلىق كارخانىلىرى ئۆزلىرى تولۇقلايدىغان مالىيە ئاسما ھېساباتى 77 مىليون 130 مىڭ يۈەن، باشقا مالىيە ئاسما ھېساباتى 10 مىليون 960 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇنى ئاشلىق تارماقلىرى ھەزىم قىلىدۇ. (2) ھەر قايسى جايلارنىڭ 1991ـ

ئاشلىق يىلى ئاخىرىدىكى ئاشلىق سىياسىتى خاراكتېرلىك مالىيە ئاسما ھېساباتى تۈپ سانى ۋە ئاغدۇرۇلغان كۈندىكى قەرز پۇل قالدۇقى بىر تۇتاش يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبە بانكىسىنىڭ «ئاشلىق سىياسىتى خاراكتېرلىك مالىيە ئاسما ھېساباتى» مەخسۇس ئىسچوتىغا ئاغدۇرۇلۇپ، مالىيە نازارىتى تەرىپىدىن بىر تۇتاش نازارەت قىلىپ باشقۇرۇلىدۇ، بۇ قىسمىدىكى ئاسما ھېساباتتا بەلگىلەنگەن ھەزىم قىلىش مۇددىتى ئىچىدە ئۆسۈم چاپلانمايدۇ، جەرىمانە ئۆسۈم قويۇلمايدۇ، ئۆسۈمگە مەركەز مالىيەسىدىن ياردەم بېرىلىدۇ. (3) «ئاشلىق سىياسىتى خاراكتېرلىك مالىيە ئاسما مەخسۇس ئىسچوتى»غا ئاغدۇرۇلغان ئاسما ھېساباتنى ئاپتونوم رايون جايلار بىلەن ئىمزالىغان مەسئۇلىيەتنامىدە بەلگىلەنگەن مەسئۇلىيەت ۋە يىللارغا بۆلۈپ ھەزىم قىلىنىدىغان ئاسما ھېسابات سانى بويىچە، ئاپتونوم رايون مالىيەسى ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ھەر يىلى ئۆز قەرەلىدە يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىگە تاپشۇرىدۇ ۋە ئاجرىتىپ بېرىدۇ، 5 يىل ئىچىدە پۈتۈنلەي ھەزىم قىلىپ بولۇنىدۇ. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە مالىيە نازارىتى، ئاشلىق ئىدارىسى ھەر قايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ھۆكۈمەتلەر (مەمۇرىي مەھكىمىلەر) بىلەن ئاشلىق سىياسىتى خاراكتېرلىك مالىيە ئاسما ھېساباتىنى توسۇش ۋە ئۇنى ھەزىم قىلىش مەسئۇلىيەتنامىسىنى رەسمىي ئىمزالىدى، يىللىق باھالاش تۈزۈمى تۇرغۇزۇلۇپ، ھەر قايسىسىنىڭ ۋەزىپىسى، مەسئۇلىيىتى شۇنىڭدەك مۇكاپاتلاش - جازالاش تەدبىرلىرى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى.

12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاپتونوم رايون ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ چارۋىلارنى قوغداش يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قالىبەك ئەبلغازى قاتناشتى، يىغىندىن كېيىن ئاپەت رايونىغا بېرىپ ئەھۋال ئىگىلەندى، ھال سورالدى.

12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان «غەربىي دىيار» ئالاھىدە 1 - دەرىجىلىك ئۇن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يەم - خەشەك زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان «ئالتۇن شىر» تولۇق ۋالېنتلىق ئارىلاشما توخۇ يېمىگە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «شىنجاڭنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتى» دەپ نام بېرىلدى.

شۇ يىلى ئاشلىق بوغالتىرىيە جەدۋىلىدە ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، ئاپتونوم رايون ئاشلىق سىستېمىسىنىڭ كۆپ خىل ئىگىلىكتىن ياراتقان پايدىسى 54 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1994 - يىلدىكىدىن %44.74 ئاشقان.

△ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىمالىي شىنخۇا يولىغا سېلىنغان «شىنجاڭ ئاشلىق سودا سارىيى» پۈتتى. بۇ سارايى قۇرۇلۇشىدا 1993 - يىل 8 - ئايدا ئىش باشلانغان بولۇپ، 100 مىليون يۈەندىن كۆپ مەبلەغ سېلىندى، سېلىنغان بىنانىڭ بىر تەرىپى 25 قەۋەتلىك، يەنە بىر تەرىپى 33 قەۋەتلىك، ياندىش سېلىنغان بىنا 4 قەۋەتلىك بولۇپ، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 35 مىڭ 209 كۋادرات مېتىر.

△ ئاشلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا سېلىنىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ پىلانى 57 مىليون 120 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇنىڭدىن دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتلىرىغا مەخسۇس تۈر بويىچە سېلىنىدىغان مەبلەغ 6 مىليون 850 مىڭ يۈەن.

## 1996 - يىل

1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى دۆلەت ئاشلىق زاپىسى ئىدارىسىنىڭ «دۆلەتنىڭ زاپاس ئاشلىق، يىغىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئوبدان ئىشلەش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقىتىپ، جايلاردىن پۈكەي ھېساباتى تۇرغۇزۇش، سالدۇنى تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش، «بىرنى ئۆيغۇنلاشتۇرۇش،

ئۇچنى مەخسۇسلاشتۇرۇش، تۆتنى ئەمەلىيلەشتۇرۇش»نى ھەقىقىي ئورۇنداشنى، ئىلمىي ئۇسۇلدا ساقلاشنى كۈچەيتىش، ۋاقتىدا كونىنى چىقىرىپ يېڭىنى تولۇقلاش، زاپاس ئاشلىق، يافىلاق سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

شۇ كۈنى ئىلى ۋىلايەتلىك ئاشلىق، ياغ باش زاۋۇتى 8 مىليون 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ يېڭىدىن قۇرغان، كۈنىگە 100 توننا بۇغداي ئۇنى تارتىش سىغى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىدىن لى جۈن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسىدىن ماسىنۇر، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاشلىق باشقارمىسىدىن يەن جياگىڭ، قورغاس ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىدىن جاڭ جۈجېن، يەكەن ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىدىن ليۇ خۇيلارنىڭ مەملىكەت بويىچە ستاتىستىكا كەسپىدىكى 100 ماھىر نامىغا ئېرىشكەنلىكى توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش تارقاتتى.

1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى خوشۇت ناھىيىلىك ئاشلىق، ياغ زاۋۇتى 5 مىليون 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ قۇرغان، كۈنىگە 75 توننا بۇغداي ئۇنى تارتىش سىغى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى دۆلەت ئىچكى سودا مىنىستىرلىكى، دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ «ئاپەتكە ئۇچرىغان رايوندىكى ئاممىنى ئوزۇقلۇق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقىتىپ، ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرىدىن ئەستايىدىل ئورۇنلاشتۇرۇپ، خىزمەتنى ئىنچىكە ئىشلەشنى، ئاشلىق مەنبەسىنى پائال تەشكىللەشنى، تەمىنلەشنى ئۈكسۈتۈپ قويۇشقا ھەرگىز رۇخسەت قىلماسلىقنى؛ ئاپەت رايونىدىكى ئاممىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنى ئورۇنلاشتۇرۇش سەۋەبىدىن كۆرۈلگەن باھا پەرقى ۋە زىياننى ئاشلىق خەيىمخەتەر فوندى ياكى باشقا مەخسۇس مەبلەغدىن ھەل قىلىشنى؛ ئاشلىقنى، پۇلىنى يوق قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنى خەلق ئىشلىرى تارمىقى تارقىتىدىغان قۇتقۇزۇش پۇلى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ پۇل بىلەن ئاشلىقنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ تەمىنلەشنى تەلەپ قىلدى.

2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەسقەت كەرىمباي ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈندىكى «شىنجاڭدىن كۆممىقوناق چىقىرىش توغرىسىدىكى يوليورۇق سوراش دوكلاتى»غا شىنجاڭدىن 50 مىليون كىلوگرام كۆممىقوناق چىقىرىپ سېتىشقا قوشۇلىمەن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى مۇددەت، تۈركۈمگە بۆلۈپ چىقىرىشنى ئىگىلىسۇن، دەپ تەستىق سالدى.

2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق ئاشلىق شۆبە ئىدارىسىنىڭ تەكشى باھالىق ئۇننى كېلىشىم باھاغا ئۆزگەرتكەنلىك مەسىلىسى ئۈستىدە مۇنداق ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقاردى: سايباغ رايونلۇق شۆبە ئاشلىق ئىدارىسىگە قاراشلىق 4 ئاشلىق باشقۇرۇش ئورنى ۋە ئۇلارغا قاراشلىق 42 ئاشلىق دۇكىنى 1045 توننا تەكشى باھادىكى ئۇننى كېلىشىم باھاغا ئۆزگەرتىپ، قانۇنسىز ھالدا باھا پەرقىنى قولغا چۈشۈرۈپ، دۆلەت مۈلكىنى زىيانغا ئۇچراتقان، كەسىپتىكى ناتوغرا ئىستىللار ۋە چىرىكلىكنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا سەۋەبچى بولغان. شۇڭا ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى سايباغ رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا خىزمىتىدىن قالدۇرۇش ھەمدە مۇناسىۋەتلىك ئاشلىق پونكىتلىرى، دۇكانلىرىدىكى خادىملارغا جازا بېرىشنى قارار قىلدى. ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشتا جايلاردىن ئۆز جايىنىڭ ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئەھۋالىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى دەرھال تۈزىتىشنى، خاراكتېرى ئېغىر بولسا قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

2 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى مالىيە مىنىستىرلىكى، دۆلەت باج باش ئىدارىسىنىڭ «قوشۇلما قىممەت بېجىنىڭ بىر قانچە ئۆتكۈنچى خاراكتېرلىك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى، ئۇقتۇرۇشتا يەم ـ خەشەك، ئۇرۇق قاتارلىق يېزا ئىگىلىك

ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى تىجارىتى ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئاشلىق، ياغ تىجارىتىدە قوشۇلما قىممەت بېجىنىڭ داۋاملىق كەچۈرۈم قىلىنىدىغانلىقى تەكىتلەندى.

3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر باھا ئىدارىسى ئاشلىقنى توختام بويىچە سېتىۋېلىش باھاسىنى ئۆستۈرۈشنى مۇنداق ئورۇنلاشتۇردى: بۇغداي، شال، كۆممىقوناقتىن ئىبارەت 3 تۈرلۈك ئاشلىقنى ئوتتۇرىچە ۋەزنىلەشتۈرۈپ ھەر 50 كىلوگرامنىڭ ھازىرقى 50 يۈەن باھاسى 71.50 يۈەنگە ئۆستۈرۈلىدۇ. تۈرلەرگە ئايرىلغان باھاسى مۇنداق بولىدۇ: كۈزلۈك بۇغداينىڭ (ئۈچىنچى دەرىجىسى) ھەر 50 كىلوگرامىنىڭ (تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) ھازىرقى 54 يۈەن باھاسى 76 يۈەنگە يەنى 22 يۈەن ئۆستۈرۈلىدۇ؛ يازغى بۇغداي (ئۈچىنچى دەرىجىسى) ھازىرقى 49 يۈەندىن 73 يۈەنگە يەنى 24 يۈەن ئۆستۈرۈلىدۇ؛ شال (ئۈچىنچى دەرىجىسى) ھازىرقى 52 يۈەندىن 75 يۈەنگە يەنى 23 يۈەن ئۆستۈرۈلىدۇ؛ يۇمىلاق شال گۈرۈچى (ئۆلچەملىك ئىككىنچى) ھازىرقى 81 يۈەندىن 114 يۈەنگە يەنى 33 يۈەن ئۆستۈرۈلىدۇ؛ كۆممىقوناق (ئىككىنچى دەرىجىسى) ھازىرقى 33 يۈەندىن 53 يۈەنگە يەنى 20 يۈەن ئۆستۈرۈلىدۇ. ھەر قايسى سورتلارنىڭ دەرىجە پەرقى نىسبىتى ھازىرقى %3 بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ. موگۇغۇلكۆرە ناھىيىسىنىڭ كۈزلۈك، يازلىق بۇغدىيىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسىغا يەنىلا مۇۋاپىق سۈپەت پەرقى باھاسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يېڭى باھا 1996 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى يېڭى ئاشلىق بازارغا چىققاندىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىدۇ.

3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئاپتونوم رايون پىلان يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىپ تۈزۈتىش كىرگۈزۈلگەن ئاپتونوم رايوننىڭ 1996 ـ ئاشلىق يىلىدىكى ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش ـ سېتىش، يۆتكەش پىلانىنى بېسىپ تارقاتتى: سېتىۋېلىنىدىغان ئاشلىق 1 مىليارد 700 مىليون كىلوگرام، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ توختام بويىچە سېتىۋالىدىغىنى 1 مىليارد 320 مىليون 600 مىڭ كىلوگرام، سېتىلىدىغىنى 1 مىليارد 500 مىليون كىلوگرام، يۆتكىلىدىغىنى 714 مىليون كىلوگرام؛ سېتىۋېلىنىدىغان يېغى 70 مىليون كىلوگرام، بۇنىڭدىن توختام بويىچە سېتىۋېلىنىدىغىنى 60 مىليون كىلوگرام، سېتىلىدىغىنى 50 مىليون كىلوگرام، يۆتكىلىدىغىنى 27 مىليون 400 مىڭ كىلوگرام.

3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك زاپاس ئاشلىق ساقلاش تۈزۈمى تۇرغۇزۇشنى قارار قىلدى. يەرلىك ئاشلىق، ياغ زاپىسىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە تەۋە بولۇپ، ئۇنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ۋاكالىتەن باشقۇرىدۇ. زاپاس ساقلىنىدىغان ئاشلىق كۆرسەتكۈچى 200 مىليون كىلوگرام، يېغى 10 مىليون كىلوگرام قىلىپ بېكىتىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە مۇنداق دوكلات سۇندى: بىر قىسىم جايلاردا ئاپەت تۈپەيلىدىن ئاشلىق مەھسۇلاتى تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكتىن، بېزىلاردا ئاشلىق كەمچىل بولۇۋاتىدۇ. ئىلىدىكى بەزى يېزا ـ كەنتلەردە قۇرغاقچىلىق تۈپەيلىدىن ھوسۇل ئېلىنمىدى، خوتەن، قەشقەردە جەمئىي 470 مىڭ ئادەمگە 28 مىليون كىلوگرام ئاشلىق كەملىدى، دۆلەتتىن قايتۇرۇپ سېتىۋېلىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. ھازىر ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئاشلىق مەنبەسى كاپالەتكە ئىگە، لېكىن بەزى پۇلىمۇ، ئاشلىقىمۇ يوق ئائىلىلەر (بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا) نىڭ قايتۇرۇپ سېتىۋېلىش كۆرسەتكۈچى بولسىمۇ، سېتىۋالىدىغان پۇلى يوق. 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاشلىق كەمچىل بولغان نۇقتىلىق 3 رايونغا 11 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام قايتۇرۇپ سېتىۋېلىش ئاشلىقى كۆرسەتكۈچى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، مۆلچەرلىنىشىچە يېڭى ئاشلىققا ئۇلاشقىچە يەنە 11 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام ئورۇنلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ.

4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ 3. ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى «ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق، ياغ بازارلىرىنى

باشقۇرۇش ھەمدە ئاشلىق، ياغنى شىنجاڭدىن چىقىرىپ سېتىش ئەھۋالى ھەققىدىكى دوكلات،نى تارقىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى بېسىپ تارقاتتى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى قۇمۇل، چاقىلىق ئىقتىساد تەكشۈرۈش پونكىتلىرىغا ئاشلىق، ياغنىڭ شىنجاڭدىن چىقىرىلىشىنى تەكشۈرۈش مەسئۇلىيىتىنى يۈكلىدى؛ تۆمۈريول بېيلىرىدىكى پاختىنى ۋاقىتلىق تەكشۈرىدىغان پونكىتلار نازارەت قىلىش. باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا شىنجاڭدىن چىقىرىلىدىغان ئاشلىق، ياغنى تەكشۈرۈپ ۋە نازارەت قىلىپ يولغا سالىدىغان بولدى. بەلگىلىمە بويىچە شىنجاڭدىن چىقىرىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرمىگەنلەر ياكى تۆمۈريولنىڭ توشۇش پىلانى جەدۋىلى بىلەن ئەمەلىي توشۇلغان بۇيۇم ماس كەلمىگەنلەر بەلگىلىمە بويىچە قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىدىغان بولدى. ئۇقتۇرۇشتا جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرىدىن شۇ جايدىكى ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش، ج خ قاتارلىق تارماقلارغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماسلىشىپ، شۇ جايدىكى ئاشلىق، ياغ بازارلىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، توپ تارقىتىشنى باشقۇرۇش، پارچە سېتىشنى جانلاندۇرۇشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئاساسلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، بازارنى ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، %70 — %80 ئاشلىق مەنبەسىنى ئىگىلەشكە كاپالەتلىك قىلىشى، شىنجاڭدىن چىقىرىپ سېتىشنى پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاشلىق، ياغ باھاسىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلىشى تەلەپ قىلىندى.

4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى سانجى ئوبلاستلىق ئاشىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى دۆەن يۈديەن، ئاقسۇ شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى 1 ـ ئاشلىق دۇكىنىنىڭ تىجارەتچىسى مىنەۋەر، موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىك ئاشلىق، ياغ باش زاۋۇتىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە پارتكوم شۇجىسى جۇ دىڭجا، كېرىيە ناھىيىلىك ئاشلىق، ياغ پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى جياڭ يۈچۈەن، شىنجاڭ ئاشلىق، ياغ ماشىنىسازلىق باش زاۋۇتىنىڭ خىزمەتچىسى ئەكبەر قاتارلىق 5 كىشى «شىنجاڭنى ئېچىش ـ گۈللەندۈرۈش مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى.

5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئىلى ۋىلايىتىدە 8000 توننا ياغ بېسىلىپ قالغانلىقى، دېھقانلارنىڭ يەنە 100 مىليون كىلوگرام كۆممىقونىقىنىڭ سېتىلماي تۇرۇۋاتقانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللار ئۈستىدە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە دوكلات يوللاپ، ياردەم پۇلى ۋە ياغنى مەخسۇس تۇر بويىچە زاپاس ساقلاش كۆرسەتكۈچى ھەل قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق سىستېمىسىغا بىر تۇتاش ھالدا IBM تىپلىق بىنتاڭ كومپيۇتېرىنى ۋە HaYes Accura144+FAX ۋە مودېم سەپلەپ بېرىلىدىغانلىقىنى، ئۆتنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى بىر تۇتاش سېتىۋالىدىغانلىقى ۋە خادىملارنى تەربىيىلەپ بېرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى مالىيە نازارىتى، ئاشلىق ئىدارىسى، خەلق بانكىسى، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، 1991 ـ ئاشلىق يىلى ئاخىرىدىكى ئاشلىقنىڭ سىياسەت خاراكتېرلىك ئاسما ھېساباتىنى مەخسۇس ئىسچوت بويىچە باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش ھەمدە بۇ ھېساباتنى دەرىجىمۇ دەرىجە يۇقىرىغا يوللاپ، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىغا ئاغدۇرۇپ بېرىش كېرەكلىكىنى، بۇ خىزمەتنى چوقۇم 1996 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن ئىلگىرى ئورۇنداپ بولۇش لازىملىقىنى ئۇقتۇردى.

5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئالتاي ۋىلايەتلىك ئاشلىق باشقارمىسى مۇنۇلارنى ئىنكاس قىلدى: 1995 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە ئاشلىقنىڭ يىغىمدىن كۆپەيگەن سىياسەت خاراكتېرلىك ئاسما ھېساباتى 27 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يەتكەن، بۇنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى مۇنۇلار ئىكەن: بىرىنچى، كارخانىلار نورمال تىجارەتتە ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك بولمىغان چىقىم 19 مىليون 580 مىڭ يۈەن بولغان. كونكرېت ئېيتقاندا (1) ئۆتكەندىكى يىللارنىڭ ئاسما ھېسابىدىكى قەرز پۇل ئۆسۈمىگە 8 مىليون 980 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىنغان؛

(2) ناھىيىلىك، شەھەرلىك مالىيىنىڭ يىللاردىن بۇيانقى سوْزۇلۇپ كەلگەن تولۇقلاپ بېرىشكە تېگىشلىك پۇلى، بانكىلار ئالدىغان قەرز ئۆسۈمى 2 مىليون 490 مىڭ يۈەن بولغان؛ (3) ياردەم پۇلى ئەمەلىيلەشمىگەنلىكتىن، بانكا قەرز پۇلنى يۆتكەپ ئىشلەتتى، ئىگىلىۋالدى دەپ قاراپ قوشقان ئۆسۈم 4 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتكەن؛ (4) تەكشە باھالىق ئاشلىقنىڭ ئوبوروت قالدۇقىغا چىقىم قىلىنىدىغان ئۆسۈم ۋە ساقلاش خىراجىتى 2 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يەتكەن؛ (5) ناھىيىلەر ئارا يۆتكەش خىراجىتى ۋە 400 كىلومېتىر ئىچىدىكى كىرا ھەققى چىقىمى 1 مىليون 30 مىڭ يۈەن بولغان. ئىككىنچى، دۆلەتنىڭ سىياسەتنى تەڭشىشى سەۋەبلىك كۆپەيگەن چىقىم 6 مىليون 70 مىڭ يۈەن بولغان، كونكرېت ئېيتقاندا، (1) بانكا ئۆسۈمى ئۆزگەرگەنلىكتىن، كۆپەيگەن ئۆسۈم چىقىمى 1 مىليون 400 مىڭ يۈەن بولغان؛ (2) دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى تەڭشەش ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملار خىراجىتى ئۈچۈن كۆپەيگەن چىقىم 3 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يەتكەن؛ (3) دۆلەت مۇلكىنىڭ قوشۇلما قىممىتىنى قايتىدىن باھالاش ئارقىلىق كۆپەيگەن ئامورتىزاتسىيە ۋە مەلۇم قىلغان زىيان 710 مىڭ يۈەن بولغان. ئۈچىنچى، ئاشلىقنىڭ سىياسەت خاراكتېرلىك كەسپىنى ئورۇنداشتا ئىگە بولالمىغان ياردەم سەۋەبلىك كۆپەيگەن چىقىم 3 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يەتكەن، كونكرېت ئېيتقاندا، (1) يەرلىك ھۆكۈمەتلەر توختام بويىچە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، ئاشلىق تارماقلىرىنى دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ سېتىۋېلىشقا سەپەرۋەر قىلغانلىقتىن، سەرپ بولغان ماددىي كۈچ، ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى جەھەتتە كۆپەيگەن خىراجەت 780 مىڭ يۈەن بولغان؛ (2) چارۋىچىلىقنى تەمىنلەش جەريانىدا ئۆز ئاپتوموبىللىرىنىڭ كىرا زىيىنى، قاچىلاش زىيىنى قاتارلىقلار 920 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇلار باھاغا كىرگۈزۈلمىگەن؛ (3) ئامبار سىغىمچانلىقى ئېغىر ھالدا كەمچىل بولۇپ، ساقلىنىدىغان ئاشلىقنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى تالادا ساقلانغانلىقتىن، ئۇنىڭغا كەتكەن خىراجەت ۋە خوراش زىيىنى ئۈچۈن كۆپەيگەن چىقىم 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن بولغان. يۇقىرىدا ئېيتىلغان سىياسەت خاراكتېرلىك ياردەملەر ۋاقتىدا ئەمەلىيلەشمە ئاشلىق مالىيىسىدە يېڭى ئاسما ھېساب قالمايلا قالماستىن، بەلكى ئېسىلىپ قالغان ھېسابنى سەل ـ پەل كېمەيتكىلى بولىدۇ.

5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، ئەدلىيە نازارىتى «جىنايەتچىلەر ۋە ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقانلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چۈشۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرىدىن ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنى، ئاساسلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى، يېقىن ئەتراپتا نۇقتا بەلگىلەپ تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشنى، ھەر بىر ئادەمنى ھەر ئايدا 22.5 كىلوگىرام كېلىشىم باھالىق ئۈلچەملىك ئۈن بىلەن تەمىنلەشنى، بۇنى 1996 ـ يىل 6 ـ ئايدىن باشلاپ ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «1996 ـ يىللىق ئاشلىق سېتىش باھاسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چۈشۈرۈپ، 1996 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئاشلىق سېتىش باھاسىنى ئۆستۈرۈشنى قارار قىلدى. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان جايلارنىڭ يۆتكەش باھاسى 1.21 يۈەندىن (ھەر كىلوگىرامى، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) 1.67 يۈەنگە تەڭشەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يۆتكەش تىجارەت خىراجىتى 0.15 يۈەن. ئۇنىڭ توپ ۋە پارچە سېتىلىشىنىڭ پەرق نىسبىتى %8تىن %9كە تەڭشەلدى، توپ تارقىتىش باھاسىنى جايلاردىكى باھا تارماقلىرى پارچە سېتىش باھاسى بويىچە %9 تەتۈر ھېسابلاپ بېكىتىدۇ. ئۇنىڭ تەڭشەلگەندىن كېيىنكى سېتىش باھاسى ئىشلەپچىقىرىش رايونى، يېرىم ئىشلەپچىقىرىش- يېرىم سېتىش رايونى، سېتىش رايونىدىن ئىبارەت 3 باھا رايونىغا ئايرىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرىچە باھا مۇنداق بولدى: ئۈلچەملىك ئۈن ھازىرقى 1.50 يۈەندىن 2.25 يۈەنگە، ئالاھىدە 1 ـ دەرىجىلىك ئۈن 1.84 يۈەندىن 2.70 يۈەنگە، ئالاھىدە 2 ـ دەرىجىلىك ئۈن 1.70 يۈەندىن 2.54 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى. ھەربىيلەر تەمىنلىنىدىغان ئاشلىقنىڭ باھاسى تەڭشەلمەيدۇ، يېڭىدىن كۆپەيگەن باھا پەرقى ياردىمىنى يەنىلا مەركەز بىلەن

پەرلىك تەڭ ئۈستىگە ئالدۇ. توختام بويىچە سېتىۋېلىنىدىغان كۆممىقوناقنىڭ يۆتكەش باھاسى ھازىرقى 0.92 يۈەندىن جەنۇبىي شىنجاڭدا 1.24 يۈەنگە، شىمالىي شىنجاڭدا 1.26 يۈەنگە؛ گۈرۈچنىڭ يۆتكەش باھاسى 1.82 يۈەندىن 2.53 يۈەنگە تەڭشەلدى. كۆممىقوناق، گۈرۈچنىڭ سېتىش باھاسىنى باھا تارماقلىرى ئاشلىق ئىدارىلىرى بىلەن خىراجەتنى قىسىش، قاتتىق تىزگىنلەش پرىنسىپى بويىچە كېڭىشىپ، ئاپتونوم رايون چۈشۈرگەن سىياسەت خاراكتېرلىك ئاشلىق باھاسىنى ھېسابلاش چارىسىگە ئاساسەن ھېسابلاپ بېكىتىدۇ ھەمدە يەرلىك ھۆكۈمەتلەر قوشۇلغاندىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق باھا ئىدارىسىگە مەلۇم قىلىپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئىجرا قىلىدۇ، ئاممىنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىشىغا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، ئاھالىلەرنىڭ 6 - ئايلىق ئوزۇقلۇق ئاشلىقى 7 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئىلگىرىكى باھا بويىچە تەمىنلىنىدۇ. كىرىمى تۆۋەن ئاھالىلەر يەنى شەھەر - بازارلاردىكى ئېتىبار بېرىش، نەپىقە بېرىش، قۇتقۇزۇش ئوبيېكتلىرى، ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار، خەلق ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ئەمگەك تارماقلىرى بىر تۇتاش تارقاتقان ئالاھىدە قىيىنچىلىق كىنىشكىسى بار بولغان دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلاردىكى ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە نىشانلىق ياردەم بېرىلىدۇ، بۇ كىشىلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى يەنىلا تەڭشەشتىن ئىلگىرىكى باھا بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ. كېلىشىم باھالىق ئاشلىق سېتىش باھاسىغا ئەڭ يۇقىرى چەكلىمە باھا بويىچە باشقۇرۇش يولىغا قويۇلىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ چەكلىمە باھا سەۋىيىسى مۇنداق بولىدۇ: ھەر كىلوگرام (تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) ئۆلچەملىك ئۇن 2.40 يۈەن، ئالاھىدە 1 - دەرىجىلىك ئۇن 2.90 يۈەن، ئالاھىدە 2 - دەرىجىلىك ئۇن 2.70 يۈەن بولىدۇ. جايلاردا ئومۇمەن ئۈرۈمچىنىڭ چەكلىمە باھا سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولغانلىرى بولسا، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ چەكلىمە باھاسىدىن ئېشىپ كەتمىگەن سەۋىيە بويىچە بېكىتىشى لازىم؛ ئومۇمەن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ چەكلىمە باھا سەۋىيىسىدىن تۆۋەن بولغانلىرى بولسا ئەڭ يۇقىرى چەكلىمە باھانى شۇ جاينىڭ ھازىرقى بازار ئاشلىق باھاسىدىن ئېشىپ كەتمىگەن سەۋىيە بويىچە بېكىتىشى لازىم.

شۇ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «ئاشلىق باھاسى تەڭشەلگەندىن كېيىن شەھەر-بازارلاردىكى بىر قىسىم ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئاھالىلەرگە مۇۋاپىق ياردەم بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. ياردەم بېرىش دائىرىسى: خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ ئېتىبار بېرىش، نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرى، ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم، تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار، خەلق ئوقۇتقۇچىلىرى، ئەمگەك تارماقلىرى بىر تۇتاش تارقاتقان ئالاھىدە قىيىنچىلىق كىنىشكىسى بار بولغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئىشچى - خىزمەتچىلىرى، ھەربىي سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئىشچى - خىزمەتچىلىرى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ ئەمگەك تارماقلىرى بىر تۇتاش تارقاتقان ئالاھىدە قىيىنچىلىق كىنىشكىسى بار بولغان ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلىرىدىكى ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن ئىبارەت. ياردەم بېرىش ئۆلچىمى: ئىلگىرى بېكىتىلگەن نورما ئۆلچىمى ۋە سېتىش باھاسى بويىچە ئۆلچەملىك ئۇن بىلەن تەمىنلىنىدۇ. ئەڭ يۇقىرى نورما مىقدارى: ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم، تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان ھەربىر ئوقۇغۇچىغا ھەر ئايدا 17 كىلوگرامدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، ئۇلار يىلىغا 10 ئاي تەمىنلىنىدۇ، باشقا خادىملارنىڭ ھەر ئايدا 12 كىلوگرامدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ.

5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتىكى بىر نەچچە مەسىلە توغرىسىدىكى قارار»ىدا مۇنداق بەلگىلىمە چىقىرىلدى: يېزا (بازار، مەيدان) لاردىكى ئاشلىق پونكىتلىرى ئۆز تەۋەسىدىكى چارۋىچىلارنى ئوزۇقلۇق ئاشلىق بىلەن تەمىنلىگەندە، پۈتۈنلەي شۇ مەزگىلدىكى شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنى نورمىلىق تەمىنلەش چارىسىنى ئىجرا قىلىش كېرەك، بىر قىسىم نامرات چارۋىچىلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىغا داۋاملىق ياردەم بېرىلىدۇ. نورمىدىن سىرت تەمىنلەشكە كاپالەتلىك

قىلغاندا، ئۇنىڭ باھاسى بازارغا قاراپ بېكىتىلىدۇ.

5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، جايلاردىن يازلىق ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش خىزمىتىنى ھەقىقىي تۇردە ئوبدان ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى.

شۇ كۈنى يەكەن ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونلۇق ئاشلىق شۆبە ئىدارىسىگە دۆلەت ئىچكى سودا مىنىستىرلىكى، دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسى «1994 — 1995 - يىللىق مەملىكەتلىك ئاشلىق سىستېمىسى بويىچە زىياننى پايدىغا ئايلاندۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن» دەپ نام بەردى.

5 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق سىستېمىسىنىڭ كۆپ خىل ئىگىلىك باشقۇرۇش خىزمىتى بويىچە سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق سىستېمىسىدا كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار 13 مىڭدىن كۆپرەككە يېتىپ، ئاشلىق سىستېمىسىدىكى شتاتلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تەخمىنەن %25نى ئىگىلىگەن، 6 ۋىلايەت، ئوبلاستتا %30تىن ئاشقان. 1995- يىلى كۆپ خىل ئىگىلىكتىن يارىتىلغان پايدا - باج 1994 - يىلدىكىدىن كۆپرەك ئاشقان ۋىلايەت، ئوبلاستلار مۇنۇلار: سانجى ئوبلاستىنىڭ %92، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ %42، بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ %133، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ %90، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ %80 .72 ئاشقان. پايدىنى 1 مىليون يۈەندىن ئاشۇرغان ناھىيە، شەھەرلەر (تەڭ دەرىجىلىك كارخانىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 25كە يەتكەن، بۇنىڭدىن سانجى ئوبلاستىدىكى 6 ناھىيە، 2 شەھەر، بىر شۆبە ئىدارىدىن 8 ى 1 مىليون يۈەندىن ئاشۇرغان، قۇتۇبى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، 8 مىليون يۈەندىن ئاشقان.

6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتلىرىنى يىللىق تەكشۈرۈپ ئۈتكۈزۈۋېلىش ھەمدە ‹بىر ئۇيغۇن، تۆتتىن خالىي›، ئاشلىق ئامبارلىرىنى تەكشۈرۈش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى («بىر ئۇيغۇن، تۆتتىن خالىي» دېگەنلىك دەپتەردىكى ھېساب بىلەن ئەمەلىي نەرسە ئۇيغۇن بولۇش، زىيانداش ھاشاراتتىن، سۈپىتى ئۆزگەرگەن ئاشلىقتىن، چاشقان، قۇشقاچتىن، ھادىسىدىن خالىي دېگەنلىكتۇر)، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتلىرىنى يىللىق تەپتىش قىلغاندا نومۇر قويۇش تەپسىلىي پىرىنسىپى»نى تارقاتتى.

6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ «‹مالىيە مىنىستىرلىكى، دۆلەت باج باش ئىدارىسىنىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىدىن قوشۇلما قىممەت بېجى ئېلىشنى كەچۈرۈم قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش›نى تارقىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى. ئۇنىڭدا سىياسەت خاراكتېرلىك ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش، ساقلاش - توشۇش، پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە زاپاس ياغ يۆتكەش، سېتىشتا قوشۇلما قىممەت بېجى ئېلىش كەچۈرۈم قىلىنىدىغانلىقى، باج كەچۈرۈم قىلىنغان ئاشلىق تۈرلىرى ئاشلىقتىن قايتا ئىشلەنگەن بۇيۇملارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغانلىقى، بۇ ئۇقتۇرۇشنىڭ 1996 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئاشلىقنىڭ سىياسەت خاراكتېرلىك ياردەم مەبلىغىنىڭ ئەمەلىيلەشمىگەنلىك ئەھۋالى ھەققىدە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە مۇنداق دوكلات سۇندى: ھەر يىللىق جەمئىي ياردەم سوممىسى 630 مىليون يۈەن، 1996 - يىل 5 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن ئاجرىتىپ بېرىلمىگەن تۈرلۈك ياردەم پۇلى جەمئىي 500 مىليون 250 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز ئاپتونوم رايونىمىزغا ئاجرىتىپ بەرگەن ياردەمدىن ئاجرىتىپ بېرىلمىگىنى 338 مىليون 750 مىڭ يۈەن، 1995 - يىل 6 - ئايدىن 1996 - يىل 5 - ئايغا قەدەر بولغان «باھادا ئارقىلىق ئاشلىقنى تولۇقلاش» پۇلى بىلەن ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئاشلىق سېتىش باھاسىغا ياردەم بېرىلىدىغان پۇلدىن ئاجرىتىپ بېرىلمىگىنى

60 مىليون يۈەن، ئاپتونوم رايون ئىچىدە يۇقىرى خاراكتېرلىك يۆتكەش كىراسى ياردىمىدىن ئاجرىتىپ بېرىلمىگىنى 40 مىليون يۈەن، توختام بويىچە سېتىۋېلىنىدىغان ئاشلىق باھاسى سىرتىدا قوشۇلغان باھا ئۆسۈمى ياردىمىدىن ئاجرىتىپ بېرىلمىگىنى 30 مىليون يۈەن، شۇنىڭدەك 1996 - يىلى ئالدىنقى يېرىم يىلدا ئاجرىتىشقا تېگىشلىك بولغان يەرلىك ئاشلىق، ياغ زاپاس ساقلاش خىراجىتى ۋە ئالاھىدە زاپاس ساقلاش ئاشلىقى خىراجىتى ياردەم پۇلىدىن ئاجرىتىپ بېرىلمىگىنى 31 مىليون 500 مىڭ يۈەن. بېرىلىدىغان ئاشلىق ياردىمىنىڭ كەينىگە سۈرۈلۈپ كېتىش ئەھۋالى ئىنتايىن ئېغىر بولغانلىقتىن، ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ تىجارىتىگە ئىنتايىن ئېغىر قىيىنچىلىقلار تۇغۇلدى، ئۇلار ئۆسۈمنى كۆپ تۆلىگەننىڭ سىرتىدا، يەنە جەرىمانە ئۆسۈمىنى ئۈستىگە ئېلىشقا توغرا كەلگەن. بۇمۇ سىياسەت خاراكتېرلىك ئاسما ھېساباتنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىكى بىر مۇھىم ئامىل بولۇپ قالدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەدبىر قوللىنىپ، سۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان ئاشلىق ياردەم پۇلىنى ئىمكانقەدەر تېزرەك تولۇقلاپ ئاجرىتىپ بېرىشىنى تەكلىپ قىلىمىز.

6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە «سىستېما بويىچە كېرىيە ناھىيىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ياردەم بېرىش توغرىسىدا تەكشۈرۈش دوكلاتى» سۇندى. 1992 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى سىستېما بويىچە كېرىيە ناھىيىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغان ئورۇننىڭ بىرى قىلىپ بېكىتىلدى، 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئۇ يەرگە بېرىلگەن مەبلەغ، ئۈسكۈنە 4 مىليون يۈەن. 1996 - يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى ھەقسىز 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ قۇدۇق قېزىش، ئۆستەڭ چېپىش، يول ياساش، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى كېڭەيتىش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلدى، بۇنىڭدىن سىرت ساھە ئۈستىدىن ئاشلىق، ياغ، يەم - خەشەك، يېمەكلىك قاتارلىقلارنى ئىنچىكە، چوڭقۇر پىششىقلاپ ئىشلەش تۈرلىرىنى تەدرىجىي بەرپا قىلىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەرگە ياردەم بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئامبار، ساقلاش مۇئەسسەسەلىرى، تور - نۇقتا قۇرۇلۇشى جەھەتتە سىياسەت مايىللىقى قوللىنىلدى.

6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسى سېتىۋېلىش - سېتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى خې سۇگېلىن ئاپتونوم رايونىمىزغا مەخسۇس ئاشلىق باھاسىنى تەڭشەش سىياسىتىنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن كەلگەندى، ئۇ ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قالىبەك ئەبلغازى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ چۈەنجۇنىڭ ھەمراھلىقىدا سانجى، ئۈرۈمچى شەھىرى، تۇرپان ۋىلايەتلىرىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ خۇەنيۇ تەستىقىي يوليورۇق بەردى: رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، شىنجاڭ مائارىپ ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىشى، ئۇلار ئوخشاش ئاشلىق ياردەم مۇئامىلىسىدىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك.

7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ش ئۇ ئا ر باھا ئىدارىسى «ئاپتونوم رايوننىڭ 1996 - يىللىق ياغلىق دان سېتىۋېلىش باھاسى ۋە ياغ سېتىش باھاسىنى قايتا تەكشىلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چۈشۈردى، ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ياغلىق دان سېتىۋېلىشتا يەنىلا يېتەكچى باھا يولغا قويۇلىدۇ، سېتىۋالغىلىمۇ، ساتقىلىمۇ بولىدىغان بولۇش پىرىنسىپى بويىچە، ئوتتۇرىچە ئۆلچەملىك باھا ئاساسىدا يۇقىرى. تۆۋەن لەيلىتىش %20تىن ئېشىپ كەتمەسلىك بويىچە سېتىۋېلىش باھاسىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولىدۇ، ياغلىق دان سېتىۋېلىشتىكى ئوتتۇرىچە ئۆلچەملىك باھا مۇنداق بولىدۇ: قىچا، ياغلىق ئاپتاپپەرەس، زىغىرنىڭ (2- دەرىجىسى) ھەر 50 كىلوگرامى (تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) 100 يۈەن، چىگىت (2 - دەرىجىسى) 27.50 يۈەن، چەككىلەنگەن چىگىت يېغى 230 يۈەن، قىچا يېغى، زىغىر يېغى 315 يۈەن، ئاپتاپپەرەس يېغى 280 يۈەن. دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرى تىجارەت قىلىدىغان پىلان ئىچىدىكى ياغ ھەممە شەھەر - بازار

ئاھالىلەرنى نورمىلىق تەمىنلەيدىغان يافىنىڭ باھاسىنى يەنىلا ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك باھا تارماقلىرى ش ئۇ ئا ر باھا ئىدارىسى 1995 ـ يىلى بەلگىلىگەن باھا ھېسابلاش چارىسى بويىچە بېكىتىدۇ.

7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك «1 ـ ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى 64 مىليون 140 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ كىرگۈزگەن، كۈنىگە 290 تونىنا بۇغدايىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان دەرىجىلىك ئۇن ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش تاماملىنىپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

شۇ كۈنى دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسى، دۆلەت ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتى، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى، قاتناش مىنىستىرلىكى بىرلىكتە «دۆلەت ئاشلىق، ياغ ترانسپورتىغا تەۋەلىك بويىچە باشقۇرۇشنى يولغا قويىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى، ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ترانسپورتقا تەۋەلىك بويىچە باشقۇرۇش يولغا قويۇلىدىغان دۆلەت ئاشلىق، يېغى دۆلەتنىڭ زاپاس ئاشلىق، يېغى، دۆلەت ئىمپورت، ئېكسپورت قىلغان ئاشلىق، ياغ، دۆلەت توختام بويىچە سېتىۋالغان ئاشلىق، ياغ، دۆلەت جىددىي يۆتكەپ توشۇشنى بەلگىلىگەن ئاشلىق، ياغ ۋە ھەر قايسى ئۆلكىلەر (ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر) ئومۇمىي مىقدارنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا ئىشلىتىدىغان، ئۆلكىلەر ئارا تەڭشىلىدىغان ئاشلىق، ياغنى كۆرسىتىدۇ. ھەر دەرىجىلىك تۆمۈريول، ئاۋىئاتسىيە، دېڭىز قاتنىشى تارماقلىرى دۆلەت ئاشلىق، يېغىنى توشۇشقا ئالدىن كاپالەتلىك قىلىشى لازىم، ھەر دەرىجىلىك ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتلىرى دۆلەت ئاشلىق، ياغ ترانسپورتىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىشى لازىم. ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا جىددىي يۆتكەشكە توغرا كەلگەن دۆلەت ئاشلىق، يېغى، دېڭىز ئارقىلىق جىددىي توشۇلىدىغان ئىمپورت قىلىنغان ئاشلىق قاتارلىقلارنىڭ ترانسورت پىلانى دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسى، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى، قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بېجىرىلىدۇ. بۇ چارە 1996 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىدۇ.

△ ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، دۆلەت ئاشلىق زاپىسى ئىدارىسى تەقدىرلىگەن ئاشلىق سېتىۋېلىشتىكى ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسلەرنى ئېلان قىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىن ئىلغار ئورۇن نامىغا ئېرىشكەن ئورۇنلار: ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ سېتىۋېلىش ـ سېتىش باشقارمىسى، چۆچەك شەھىرى ئاشلى يېزىلىق ئاشلىق پونكىتى، مەكىت ناھىيە يانتاق يېزىلىق ئاشلىق پونكىتى، چەرچەن ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى، گۇچۇڭ ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى. ئىلغار شەخس نامىغا ئېرىشكەنلەر: خۇا شىيى (خوتەن ۋىلايەتلىك ئاشلىق باشقارمىسىنىڭ سېتىۋېلىش ـ سېتىش بۆلۈمىدىن)، شۆھرەت (غۇلجا ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىدىن)، داۋۇت قادىر (ئاۋات ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ناھىيىلىك ئىسكىلاتىدىن)، ۋاڭ جۇنجا (كۈنەس ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى كەسپىي بۆلۈمىدىن).

7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى 100 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان پەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن ئاپىتى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تەڭرىتاغ رايونىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، كان رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى، داۋانچىڭ ئاشلىق پونكىتى، خۇشيا مەركىزىي ئاشلىق دۇكىنىغا جەمئىي 1 مىليون 300 مىڭ يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان يەتكۈزدى.

7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن بۇيان تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا زور كەلكۈن ئاپىتى يۈز بېرىپ، بىر قىسىم جايلاردا ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشكە قىيىنچىلىق پەيدا قىلدى. ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى 10 تونىنا گۈرۈچ، 10 تونىنا ئۇن، 3 تونىنا ياغنى ھەربىيلەر تىك ئۇچار ئايروپىلانى بىلەن بالغۇنتاي ئاپەت رايونىغا يەتكۈزۈپ بەردى، شۇ كۈنى ئىلى ۋىلايەتلىك ئاشلىق باشقارمىسىمۇ 100 تونىنا ئۇن ۋە 50 تونىنا ياغنى بالغۇنتايغا يۆتكەپ بېرىشنى جىددىي ئورۇنلاشتۇردى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسى بايىنبۇلاقتىن بالغۇنتايغا 2 ئاپتوموبىل ئۇن يۆتكەپ بەردى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، تەڭرىتاغ رايونى ۋە خۇشيا قاتارلىق جايلارغا جىددىي ئۇن توشۇپ، ئاپەتكە

ئۆچرىغان جايلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلدى.

شۇ كۈنى دۆلەت ئىچكى سودا مىنىستىرلىكى سىستېما بويىچە قانۇنچىلىق تەربىيىسىدىكى ئىلغار ئورۇنلارنى تەقدىرلىدى، شىنجاڭدىكى ئاشلىق تارماقلىرىدىن تەقدىرلەنگەن ئورۇنلار: ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى، خوتەن دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى، شىنجاڭ ئاشلىق، ياغ ترانسپورت سانائەت ـ سودا باش شىركىتى.

7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئۈرۈمچى، سانجى، تۇرپان، بايىنغولىن، شىخەنزە قاتارلىق ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئىنكاس قىلىشىچە، شۇ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئىلگىرى ـ كېيىن زور كەلكۈن ئاپىتى بولغاندىن بۇيان، بىر نەچچە ۋىلايەتنىڭ ئاشلىق تارماقلىرىغا يەتكەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 11 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 2مىليون 830 مىڭ يۈەن، سانجى ئوبلاستىنىڭ 2 مىليون 760 مىڭ يۈەن، تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ 760 مىڭ يۈەن، بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ 5 مىليون 320 مىڭ يۈەن. جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرى پائال تۈردە كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە ئاتلىنىپ، پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلىپ، ئاشلىق، ياغ بىلەن نورمال تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى قابا ناھىيىلىك ئۇن، ياغ زاۋۇتى 6 مىليون 960 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ يېڭىدىن قۇرغان، كۈنىگە 50 توننا ئاپتاپپەرەسنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان ياغ ئايرىش سېخى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتى.

8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «شىنجاڭ ئاشلىق، ياغ مەركىزىي توپ تارقىتىش بازىرىنى باشقۇرۇش كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملارنى تەڭشەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. دۆلەت ئىچكى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، شىنجاڭ ئاشلىق، ياغ توپ تارقىتىش بازىرىنىڭ نامى رەسمىي «شىنجاڭ ئاشلىق، ياغ مەركىزىي توپ تارقىتىش بازىرى»غا ئۆزگەردى، بۇ بازار دۆلەت دەرىجىلىك بازار بولۇپ، دۆلەت ئىچكى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىدىغان بولدى. بۇ توپ تارقىتىش بازىرىنى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى تۆۋەندىكىچە:

مەسلىھەتچى: لو جىلىڭ (دۆلەت ئىچكى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى، دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى).

مۇدىرى: دەلىلقان مامىقان (ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى).

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: (بەي پىڭجى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى).

جاۋلىڭيۈن (دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى).

جاۋجيې (دۆلەت ئىچكى سودا مىنىستىرلىكى بازار قۇرۇلۇشنى باشقۇرۇش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى).

سۇڭ رۇگۇ (ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇدىرى).

خۇگوشيەن (ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى).

ئابدۇكېرەم ھاشىم (ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى).

ئەزالىرى: قالىبەك ئەبلغازى (ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى).

جې ئەيگو (ش ئۇ ئا ر يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى).

شېن يۈەنچيۇ (ش ئۇ ئا ر باھا ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى).

چيۇ بوچۇ (جۇڭگو سودا ـ سانائەت بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبە بانكىسىنىڭ باش مەسئۇل ئىقتىسادچىسى).

ۋاڭ چۈەنجۇ (ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى).

ۋاڭ مىڭشيەن (شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى سودا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى).

مىڭ گوچياڭ (دۆلەت ئىچكى سودا مىنىستىرلىكى بازار مەكىمىسى پىلانلاش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى).

رېن شېڭجاڭ (دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسى سېتىۋېلىش ـ سېتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى).

چېن جى (ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى كەسپىي تەرەققىيات باش شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى).

يۈڭ چېشىن (ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى سودا باشقارمىسىنىڭ باشلىقى).

كۇ ۋېنلى (ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى سېتىۋېلىش ـ سېتىش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى).

گوجاۋپىڭ (ش ئۇ ئا ر تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كومىتېتى ئوبوروت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى).

يۈجىجېن (ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بازار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى).

تەن جۈن (ش ئۇ ئا ر مالىيە نازارىتى سودا باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى).

باشقۇرۇش كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرلىقىنى كۇ ۋېنلى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى.

8 ـ ئاينىڭ 7 ـ، 8 ـ كۈنلىرى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە «شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ قاتتىق يامغۇر، كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچراش ئەھۋالى توغرىسىدا مەلۇمات» ۋە «ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق سىستېمىسىنىڭ كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئەھۋالى توغرىسىدا مەلۇمات»نى يوللىدى. تولۇقسىز ستاتىستىكىغا قارىغاندا، 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگە قەدەر، ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىغان بىر قانچە نۇقتىلىق ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيىنى 28 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ۋەيران بولغان ئاشلىق ئامبىرى 43 كورپۇس، تىجارەت نۇقتىسى 132 ئېغىز، بۇزۇلغان قاشا تام 9200 مېتىر، قۇرۇتۇش مەيدانى 26 مىڭ كۋادرات مېتىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر تۇرالغۇ ئۆيى 153 ئائىلە، زىيانغا ئۇچرىغان ئاشلىق، ياغ (ئىشلىتىش قىممىتى قالمىغانلىرى) 2 مىليون 730 مىڭ كىلوگرام. دوكلاتتا دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلى ياكى ئامبار سېلىش مەبلىغىدىن 20 مىليون يۈەن ئاجرىتىپ بېرىشى ئىلتىماس قىلىنغان.

8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئۇقتۇرۇش تارقاتتى: ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق، دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش يۈزىسىدىن، مۇشۇ ئىشلەپچىقىرىش يىلى ئىچىدە سانجى ئوبلاستىنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرى (شەھەر) ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى 6 ـ شىسىنىڭ ھەر قايسى تۈەن ـ مەيدانلىرىنىڭ كەلكۈن ئاپىتى سەۋەبىدىن ئۇندۇرمە بولۇپ قالغان بۇغدىيى سېتىۋېلىنىدۇ، لېكىن ئۇندۇرمە نىسبىتى %20تىن ئېشىپ كەتسە بولمايدۇ. شۇنداقلا پۇچەك دان بەلگىلىمىسى بويىچە پىرسەنت تۇتۇپ قېلىنىدۇ. سېتىۋالغان ئۇندۇرمە بۇغداينى ھەر قايسى ناھىيە (تۈەن ـ مەيدانلار) لەر پائال ھەزىم قىلىشى لازىم. يۆتكەپ كەلگەن جايلار ئۇندۇرمە بۇغداي ھەمدە دەرىجە ئىچىدىكى تۆۋەن دەرىجىلىك بۇغداينى ئايرىم قويۇشى، پىششىقلاپ ئىشلەش ھالقىلىرىدا تەدبىر قوللىنىپ ئارىلاشتۇرۇپ پىششىقلاپ ئىشلىشى، ئۇندۇرمە بۇغداي نىسبىتىنى %5 ئىچىدە تىزگىنلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سېتىش ھالقىلىرىدا تەشۋىقات خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەشكە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «ئىلى دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتىدا ئاشلىق كۆكىرىپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلگەنلىكى توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دەلىلقان مامىقان ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشقا مۇنداق تەستىق سالدى: ئاشلىق ئىدارىسى يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، تەجرىبە ساۋاقنى ئەستايىدىل قوبۇل قىلسۇن، بۇ خىل ئەھۋاللارنىڭ قايتا سادىر بولۇشىنىڭ چوقۇم ئالدىنى ئېلىش لازىم. بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئىلى ئوبلاستى، ئىلى ۋىلايىتىدىكى ئالاقىدار رەھبەرلەر يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى، كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى،

ئاشلىق تارماقلىرى قوئتقۇزۇش تەدبىرلىرىنى قوللاندى، قورۇتۇش، ئاپتاپقا سېلىش، ئۆرۈش، تاسقاش ئارقىلىق ئامباردىكى كوممىقوناق ۋە گۈرۈچنىڭ ئەملىكىنى بىخەتەر ساقلاش ئۆلچىمىگە توۋەنلىتىپ، ئاشلىق تېمپېراتۇرىسىنى نورماللاشتۇردى. ئىسكىلاتنىڭ خىزمەتتە ئېغىر ھالدا مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان سابىق مۇدىرى ۋە ساقلاش بۆلۈمىنىڭ باشلىقىنى خىزمىتىدىن ئېلىۋەتتى ھەمدە ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتى داۋاملىق تەكشۈرۈپ سۈرۈشتۈرۈلىدىغان بولدى.

8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە «1995 ـ ئاشلىق يىلىدىكى ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش ـ سېتىش، يۆتكەش پىلانىنىڭ ئىجراسى توغرىسىدا دوكلات» يوللىدى. 1995 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاشلىقنى تولۇق سېتىۋېلىش يولغا قويۇلدى، توختام بويىچە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ئېغىر بولغان ئەھۋال ئاستىدا، جايلارنىڭ سېتىۋېلىشنى ئورۇنداش ئەھۋالى ئالدىنقى 2 يىلدىكىدىن ياخشى بولدى. كۆپلىگەن جايلار توختام بويىچە سېتىۋالىدىغان ئاشلىقنىڭ سېتىلىشىنى تېزگىنلىدى، ئاپتونوم رايون بويىچە سېتىش كۆرسەتكۈچىدە ئېشىنچا بارلىققا كەلدى، يەنە ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك ئاشلىق، ياغ زاپىسى تولۇقلاندى.

8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى كۈنەس ناھىيىلىك ئاشلىق سودا شىركىتىنىڭ كۈنىگە 75 توننا بۇغداينى بىر تەرەپ قىلىپ دەرىجىلىك ئۇن ئىشلەپچىقىرىش سىخى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى.

8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەننىڭ «كوممىقوناق سېتىۋېلىش خىزمىتىدە يېڭى يول تېپىپ چىقىش، دېھقانلارنى قوناقنى مەدىكى بىلەن تىزىپ ساقلاش سىنىقى قىلغۇزۇپ، تېجەپ قېلىنغان قورۇتۇش خىراجىتى ۋە قەرز پۇل ئۆسۈمىنى دېھقانلارغا قايتۇرۇش» توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «دېھقانلارنى كوممىقوناقنى مەدىكى بىلەن تىزىپ ساقلاشنى سىناق قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇش خىزمىتى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، جايلاردىن دېھقانلار ئىختىيار قىلىش پىرىنسىپى ئاستىدا، ساقلاش ئۇسۇلى ئۈستىدە كېڭىشىش، دېھقانلارنى زىيان تارتقۇزماسلىق ھەمدە دېھقانلارنى نەپكە ئېرىشتۈرۈشنى، دېھقانلار ساقلىغان كوممىقوناقنى ئاشلىق تارماقلىرى دۆلەتنىڭ ساقلىغان ئاشلىقىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشنى، تېزىشتىن باشلاپ ساقلاش مەزگىلىگە قەدەر دائىم ئادەم ئەۋەتىپ تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشنى ۋە تەكشۈرۈشنى، مەسىلىلەر بايقالسا ۋاقتىدا ياردەملىشىپ ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ «1995 ـ ئاشلىق يىلىدىكى ئاپتونوم رايوننىڭ توختام بويىچە ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىش، يۆتكەش، ساقلاش ھۆددىگەرلىكىنى راسچوت قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات»ىدا كۆرسىتىلىشىچە، دۆلەتنىڭ توختام بويىچە سېتىۋېلىشىنىڭ ئەمەلىي ئورۇندىلىشى 1 مىليارد 291 مىليون كىلوگرام بولۇپ، پىلاندىكىدىن 29 مىليون 950 مىڭ كىلوگرام كەم سېتىۋېلىنغان، ئىلى، ئۈرۈمچى، ئارباغاتاي، بورتالا، ئالتايدىن ئىبارەت 5 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ 4 ـ، 5 ـ، 9 ـ شىلىرى دۆلەتنىڭ توختام بويىچە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىمىغان، چىقىم جەھەتتە، ئەمەلىي ئورۇندالغىنى 1 مىليارد 160 مىليون كىلوگرام بولۇپ، پىلاندىكىدىن 105 مىليون كىلوگرام ئېشىپ قالغان. ئاپتونوم رايون بويىچە ھۆددىگەرلىك راسچوتى قىلىدىغان 18 ئورۇن ئىچىدە، 10 ئورۇندا 140 مىليون كىلوگرام ئېشىپ قالغان، 8 ئورۇندا 34 مىليون 650 مىڭ كىلوگرام ئارتۇق چىقىم قىلىنغان. 1996 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا توختام بويىچە سېتىۋالغان ئاشلىق مالدۇسى 629 مىليون كىلوگرام بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە جايلارغا ھۆددىگە بېرىلگەن ئېشىنچا 141 مىليون كىلوگرام.

9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى دۆلەت ئىچكى سودا مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان «دۆلەت ئىچكى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ يەم ـ خەشەك باشقۇرۇش چارىسى»نى تارقىتىپ، جايلاردىن يەم -

خەشەك باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئوبدان ئىشلەشنى، يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارىتىنى قېلىپلاشتۇرۇشنى، يەم - خەشەك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىگە بولغان نازارەتچىلىك خىزمىتىنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى.

9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن تېلېفون يىغىنىدا مۇنۇلارنى ئېلان قىلدى: دېھقانلارنىڭ مول ھوسۇل ئالغان ئاشلىقىنى پۈتۈنلەي سېتىۋېلىش لازىم، دۆلەتنىڭ توختام بويىچە بۇغداي سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ئورۇندالغاندىن كېيىنكى ئېشىنچا ئاشلىقلارنى دۆلەتنىڭ توختاملىق سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە تولۇق سېتىۋېلىش كېرەك؛ دۆلەتنىڭ توختام بويىچە كۆممىقوناق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ئورۇندالغاندىن كېيىنكى ئېشىنچا كۆممىقوناقنى دېھقانلار 1997 - يىل 3 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ساقلىغاندىن كېيىن، ئەملىكى 14% ئېچىدىكىلىرىنى دۆلەتنىڭ توختاملىق سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە تولۇق سېتىۋېلىش كېرەك.

9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى جىمىنەي ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى قازاقىستاننىڭ شەرقىي قازاقىستان ئوبلاستىدا ئۈستىگە ئالغان ئاشلىق، ياغ پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتۈپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، بۇ، ئالتاي ۋىلايىتىدىكى ئاشلىق تارماقلىرى قوشنا دۆلەتلەردە ئۈستىگە ئالغان تۇنجى ئاشلىق - ياغ پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇلۇشى ھېسابلىنىدۇ.

9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «نۆۋەتتىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتىگە ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ش ئۇ ئا ر مالىيە - ئىقتىساد رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، توختام بويىچە بۇغداي سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ئورۇندالغاندىن كېيىن، دېھقانلارنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن داۋاملىق ساتماقچى بولغان بۇغدىيىنى ئاشلىق تارماقلىرى توختاملىق سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە تولۇق سېتىۋېلىشى كېرەك. كېلىشىم باھا بويىچە سېتىۋالىدىغان ۋە ساتىدىغان بۇغداينىڭ رايون ئىچىدىكى تىجارەت يوللىرىنى ئېچىۋېتىش، باھاسىنى قويۇۋېتىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاپتونوم رايون دائىرىسى ئىچىدە كۆممىقوناق بازىرىنى قويۇۋېتىش لازىم، كۆممىقوناق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى توختام بويىچە ئورۇندالغاندىن كېيىن، دېھقانلار قولىدىكى كۆممىقوناقنى بازارغا ئەكىرىپ سودا قىلىسىمۇ، توختاملىق سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە ئاشلىق تارماقلىرىغا سېتىپ بەرسىمۇ بولىدۇ. توختام بويىچە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ئىچىدىكى كۆممىقوناقنى ئاشلىق تارماقلىرى سۇ تەركىبى 18% لىك ئۆلچەم بويىچە سېتىۋالسا بولىدۇ؛ توختام بويىچە سېتىۋېلىشنىڭ سىرتىدىكى كۆممىقوناقنى دېھقانلار تارقاق ساقلاشقا رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ، كېلەر يىلى 3 - ئايدىن كېيىن ئاشلىق تارماقلىرى مۇۋاپىق ساقلاش خىراجىتىنى قوشۇپ سېتىۋالىدۇ.

9 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە مەملىكەت بويىچە بىر قىسىم، ئۆلكە مەركىزى شەھەرلىرىنىڭ دۆلەت زاپاس ئاشلىق، ياغ باشقۇرۇش خىزمىتى بويىچە نەق مەيدان تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېچىلدى، يىغىنغا خېيلۇڭجياڭ، جىلىن، لياۋنىڭ، خېنەن، خۇبېي، خۇنەن، گۇاڭدۇڭ، سىچۈەن، جۇڭچىڭ، شەندۇڭ، جياڭشى، ئەنخۇي، جياڭسۇ، جېجياڭ، شاڭخەي، فۇجيەن، شىنجاڭ ۋە دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئىسكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى. دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇ چاڭگو يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى، ئۈرۈمچى ساڭغاڭگۇ دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتىنىڭ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ، ئۈرۈمچى شىمالىي ۋوگزال دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتىنىڭ ۋەكىللىرى يىغىندا ئۆز تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى. يىغىن مەزگىلىدە جۇ چاڭگو ئۈرۈمچى شىمالىي ۋوگزالدىكى ۋە فۇكاڭدىكى دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى توقسۇن ناھىيىسى تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان پەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىغانلىقتىن، توقسۇن ناھىيىسىدىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاھالىلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق مەسىلىسىنى ھەل

قىلىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، پىلان كومىتېتى تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش يۈزىسىدىن ئوزۇقلۇق ئاشلىق سېتىپ بېرىش كۆرسەتكۈچىنى 5 مىليون كىلوگرام كۆپەيتىپ بەردى، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا توختام بويىچە سېتىۋالىدىغان بۇغدايدىن يۆتكەپ كىرگۈزۈش كۆرسەتكۈچىنىمۇ 5 مىليون كىلوگرام كۆپەيتىپ بەردى.

شۇ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى مالىيە مىنىستىرلىكى، دۆلەت باج باش ئىدارىسىنىڭ «دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرى ئېرىشكەن زاپاس ئاشلىق، ياغنىڭ مالىيە خاراكتېرلىك ياردەم كىرىمىدىن تىجارەت بېجى ئېلىشنى كەچۈرۈم قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى. ھۆكۈمەتنىڭ زاپاس ئاشلىق، يېغى دېگەندە دۆلەتنىڭ زاپاس ئاشلىق، يېغى، دۆلەتنىڭ مەخسۇس تۈردىكى زاپاس ئاشلىق، يېغى، دۆلەتنىڭ ۋاقىتلىق زاپاس ئاشلىق، يېغى شۇنىڭدەك يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى بەرپا قىلغان تۈرلۈك زاپاس ئاشلىق، ياغ ۋە ئاشلىق بازىرىنى تەڭشەپ تىزگىنلەشكە سەرپ قىلىنىدىغان تەڭشەش ئاشلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ئۇقتۇرۇشتىكى بەلگىلىمىلەر 1996 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىدۇ.

△ ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە «ئىلى ۋىلايىتىنىڭ كۆممىقوناق سېتىۋېلىش، ساقلاش، سېتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق سوراش دوكلاتى» سۇندى. دوكلاتتا مۇنداق دېيىلگەن: ئىلى ۋىلايىتىنىڭ بۇ يىلقى كۆممىقوناق مەھسۇلاتى 618 مىليون كىلوگرامغا يېتىشى مۇمكىن، 3 قالدۇرۇش ۋە دۆلەت توختام بويىچە سېتىۋالىدىغانلىرىنىڭ سىرتىدا يەنە 300 نەچچە مىليون كىلوگرام كۆممىقوناقنى سېتىشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلە - ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئامبار سىغىمچانلىقى چەكلىك، قوناق قۇرۇتۇش مۇئەسسەسەلىرى ئېغىر ھالدا كەمچىل بولۇۋاتىدۇ. ئىلى ۋىلايىتى سېتىش رايونىدىن يىراق بولغاچقا، ترانسپورت تەننەرخى يۇقىرى، ئاپتونوم رايون ئىچى - سىرتىدا سېتىش تەس، يەنە كېلىپ توختام بويىچە سېتىۋېلىش قىسمىنىڭ سىرتىدىكى كۆممىقوناقنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى يەنىلا بىر كىلوگرامى 1.06 يۈەندىن بولىدۇ، بازاردا سېتىشتا رىقابەت كۈچى ئاجىز. دېھقانلارمۇ قوناقنى ساتالمايۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ قىشتىن ئۆتكۈزۈش مەبلىغى قىيىن بولۇۋاتىدۇ. ترانسپورت تەننەرخى يۇقىرى بولغانلىقتىن، ئۈرۈمچى قاتارلىق سېتىش رايونلىرى ئاپتونوم رايون ئورۇنلاشتۇرغان كۆممىقوناق يۆتكەش پىلانى بويىچە ئىلىدىن كۆممىقوناق يۆتكىمىدى، بۇ ھال ئىلى ۋىلايىتىدىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ بېسىمىنى ئاشۇرۇۋەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىنىڭ يۆتكەش خىراجىتى ئۈچۈن قوشۇمچە ياردەم بېرىشىنى، يۆتكەپ كېلىدىغان جايلارنىڭ ئومۇملۇقىنى نەزەردە تۇتۇپ، يۆتكەش پىلانىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ بېسىمىنى يەڭگىللىتىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. قۇرۇتۇش مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون ئاجرىتىپ بەرگەن 20 مىليون يۈەن قۇرۇتۇش مۇئەسسەسە مەبلىغىنى ئىمكانقەدەر تېزرەك ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ئەگەر مالىيەدە قىيىنچىلىق بولسا، ئالدى بىلەن ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ قەرز ئېلىپ تۈرۈشىنى، ئۆسۈمگە مالىيەدىن ياردەم بېرىلىشىنى تەكلىپ قىلىمىز. توختام بويىچە سېتىۋېلىش قىسمىنىڭ سىرتىدىكى كۆممىقوناقنى سېتىۋېلىش. سېتىشقا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى مۇنداق تەكلىپ بېرىدۇ: (1) ئىلى رايونىدىكى سودا تارماقلىرى تۈرلۈك چارە - ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، چېگرا سودىسى ئارقىلىق ئېكسپورت قىلسا. (2) 11 مىليون 150 مىڭ يۈەن ئاشلىق خېيىمخەتەر فوندىنى ئىشلىتىپ 50 مىليون كىلوگرام سىغىمچانلىقتىكى ئامبار قۇرساق، يەنە بىر قىسىم ئاشلىق خېيىمخەتەر فوندىنى ئىلىدىن ئۈرۈمچىگە يۆتكەشنىڭ كىرا ياردىمى قىلىنسا.

10 - ئاينىڭ 8 -، 9 - كۈنلىرى مالەن ئۇن زاۋۇتى، باغراش ناھىيىلىك ئۇن زاۋۇتىنىڭ كۈنىگە 50 توننا بۇغداينى بىر تەرەپ قىلالايدىغان دەرىجىلىك ئۇن پىششىقلاش سېخلىرى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى، ئاشلىق ئىدارىسى ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، ئىلى ۋىلايىتىگە توختام بويىچە بۇغداي سېتىۋېلىش پىلانىنى 40 مىليون كىلوگرام كۆپەيتىپ بەردى.

شۇ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ «ئاشلىق ئەھۋالىنى ئېلېكترونلۇق تەكشۈرۈش، تەھلىل قىلىش، تىزگىنلەش سىستېمىسىنىڭ تېخنىكا قائىدىسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان)»نى تارقىتىپ، جايلاردىن «قائىدە»نى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىش، سۈپەت ئۆتكىلىنى قاتتىق ئىگىلەشنى؛ نۆۋەتتە «قائىدە»دىكى تەلەپكە يەتمىگەن ئۆلچەش، تىزگىنلەش سىستېمىسىنى تەدرىجىي ئۆزگەرتىپ يېڭىلاشنى تەلەپ قىلدى.

10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ «پاختا قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش - سېتىشتا ئالاقىدار سىياسەتلەر توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقىتىش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى. ئۇقتۇرۇشتا پاختىكارلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن، «چىگىت سېتىۋېلىش، ساپ پاختىنىڭ باھاسىنى ھېسابلاش، چىگىت كۈنجۈرىسىنى قايتۇرۇش»تىن ئىبارەت سىياسەتلەرنى يولغا قويۇش، شۇنىڭدەك توختام بويىچە چىگىت سېتىۋېلىش پىلانىنى ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، چىگىتنى ئائىلىلەر بويىچە تاپشۇرۇش، ئائىلىلەر بويىچە ھېساب بوغۇش ۋە كۈنجۈرىنى قايتۇرۇش كۆرسىتىلدى.

10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ «دۆلەت زاپاس ئاشلىقنىڭ نەق مال يۈكەي ھېساباتىنى كومپيۇتېر ئارقىلىق باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقىتىپ، جايلاردىن زاپاس ئاشلىق، ياغنى كومپيۇتېر ئارقىلىق باشقۇرۇش تورى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشنى، دۆلەتنىڭ زاپاس ئاشلىق، يېغىنى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى مالىيە نازارىتى، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئاساسلىق كۆممىقوناق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان 7 ۋىلايەتكە نەملىكى يۇقىرى كۆممىقوناقتىن كۈنىگە 50 توننا بىر تەرەپ قىلالايدىغان قۇرۇتۇش ماشىنىسىدىن 30نى سېتىۋېلىش ئۈچۈن 10 مىليون يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بەردى.

10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، پىلان كومىتېتى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىگە 1996 - يىللىق توختام بويىچە بۇغداي سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى 1 مىليون 200 مىڭ كىلوگرام كېمەيتىش، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا 1 مىليون 200 مىڭ كىلوگرام بۇغداي يۆتكەپ كېلىش كۆرسەتكۈچىنى كۆپەيتىپ بېرىشكە قوشۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا جاۋاب ئەۋەتتى.

10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتلىرىنى 1996-يىللىق تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ھەمدە (بىردە ئۇيغۇن، تۆتتىن خالىي)، ئاشلىق ئامبارلىرىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 26 دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى ئېرىشكەن نومۇر ئومۇمىيۈزلۈك ئالدىنقى يىلدىكىدىن يۇقىرى بولدى.

شۇ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ھەر قايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىنىڭ بېنتىڭ كومپيۇتېرىنى بىر تۇتاش يېڭىلاپ بەردى ھەمدە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر بىر قىسىم ناھىيىلەرنىڭ ستاتىستىكا خادىملىرى قاتناشقان كومپيۇتېر ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى.

11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىلىك ئۇن - ياغ زاۋۇتىنىڭ كۈنىگە 75 توننا بۇغداينى بىر تەرەپ قىلالايدىغان دەرىجىلىك ئۇن پىششىقلاش سېخى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى.

11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كۆممىقوناق ئېكسپورت قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى؛ ئۇنىڭدا مۇنداق كۆرسىتىلگەن: دۆلەت پىلان كومىتېتى بىلەن تاشقى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىز ئۆزىگە

كېرەكلىك ۋە زاپاس ساقلايدىغان كۆممىقوناقنى يېتەرلىك قالدۇرۇش ئاساسىدا، چېگرا سودىسى شەكلى ئارقىلىق قوشنا دۆلەتلەرگە كۆممىقوناق ئېكسپورت قىلسا بولىدۇ، مىقدار بەلگىلەش ھاجەت ئەمەس، پەقەت سىرت بىلەن بولغان پۈتۈشۈش توختامىغا ئاساسەن ئېكسپورت ئىجازەتنامىسىنى بېجىرىشكە بولىدۇ. ھازىر تاشقى ئىقتىساد-سودا نازارىتى، پىلان كومىتېتى، چېگرا سودا ئىدارىسى ئىجازەتنامە بېجىرىشنى يولغا قويۇش ئىشلىرىنى تەشكىللەۋاتىدۇ. ئۇقتۇرۇشتا ئىلى ئوبلاستلىق، ئىلى ۋىلايەتلىك، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك، سانجى ئوبلاستلىق ھۆكۈمەتلەر (مەمۇرىي مەھكىمىلەر) دىن ئەمەلىي كۈچى، ئىقتىدارى بولغان ئۆمەك، گۇرۇپپىلارنى تېزدىن تەشكىللەپ، قوشنا دۆلەتلەرگە بېرىپ توختام ئىمزالاش تەلەپ قىلىنغان. ھە - ھۇ بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىش، تۆۋەن باھادا بەسلىشىپ سېتىۋېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر چېگرا سودا ئىدارىسى ۋە چېگرا سودا جەمئىيىتى كۆممىقوناق ئېكسپورتىغا ئەڭ تۆۋەن چەكلىمە باھانى يولغا قويماقچى.

11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى دۆلەت پىلان كومىتېتى، دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسى، مالىيە مىنىستىرلىكى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى 1996 - يىللىق مەخسۇس تۈر بويىچە ساقلىنىدىغان بۇغداي سېتىۋېلىش پىلانىنى چۈشۈردى، پىلاندا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ 3 مىليارد كىلوگرام، بۇنىڭدىن شىنجاڭنىڭ 100 مىليون كىلوگرام سېتىۋالىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى دۆلەت پىلان كومىتېتى، دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسى، مالىيە مىنىستىرلىكى شىنجاڭنىڭ دۆلەتنىڭ مەخسۇس تۈر بويىچە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ساقلىنىدىغان ئاشلىقىدىن 10 مىليون كىلوگرام يۆتكەپ، توختاملىق سېتىۋېلىش باھاسىغا زۆرۈر بولغان خىراجەتلەرنى قوشۇپ، دېھقانلارنى تەمىنلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى.

11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شايار ناھىيىلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ كۈنىگە 160 توننا چىگىتتىن بىر تەرەپ قىلالايدىغان ياغ تارتىش لىنىيىسى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى سانجى شەھىرىنىڭ «تەڭرىتاغ» ماركىلىق ئۇنى ئاپتونوم رايوننىڭ «داڭلىق مەھسۇلات»ى نامىغا ئېرىشتى.

11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ «1996 - يىلى ئاشلىق باھاسى ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن مالىيىدىن ياردەم بېرىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى جاۋاب»ىدا مالىيە نازارىتى، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، باھا ئىدارىسىنىڭ 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىكى دوكلاتىغا تەستىقىي جاۋاب بېرىلدى. ئۇنىڭدا ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار خادىملار (جۈملىدىن خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ ئېتىبار بېرىش، نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرى، دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئىشچى - خىزمەتچىلەر، خەلق ئوقۇتقۇچىلىرى، ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار) جەمئىي 296 مىڭ 367 كىشى بولۇپ، ئۇلارغا 35 مىليون 170 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىغا 30 مىليون يۈەن؛ ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئوتتۇرىسىدىكى پىلانلىق يۆتكىلىدىغان 400 كىلومېتىردىن يىراق يەردىكى ئاشلىقنىڭ كىرا ھەققىگە 50 مىليون يۈەن؛ ئاشلىق سېتىش باھاسىنىڭ باسقۇچقا بۆلۈنۈپ ئەمەلىيلىشىش باھاسى بىلەن بىراقلا ئەمەلىيلىشىش باھاسى ئوتتۇرىسىدىكى باھا پەرقى ئۈچۈن 171 مىليون 920 مىڭ يۈەن؛ ھەربىيلەرنى تەمىنلەيدىغان ئاشلىقنىڭ باھا پەرقى ئۈچۈن 55 مىليون يۈەن قوشۇمچە ياردەم بېرىلىدىغانلىقى؛ يۇقىرىقى 5 تۈرلۈك ياردەم مەبلىغى ئۈچۈن بىر يىلدا 312 مىليون 90 مىڭ يۈەن كېتىدىغانلىقى، بۇ پۇللارنىڭ پاختا ئارقىلىق ئاشلىقنى تولۇقلاش قاتارلىق مەخسۇس فوندتىن چىقىم قىلىنىدىغانلىقى ھەمدە مۇشۇ بېكىتىلگەن پىلان جايلارنىڭ ئىجرا قىلىشىغا چۈشۈرۈپ بېرىلىدىغانلىقى ئېيتىلغان.

شۇ كۈنى كۇچا ناھىيىلىك ياغ زاۋۇتىنىڭ كۈنىگە 120 توننا چىگىتنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان ياغ تارتىش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

شۇ ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە ـ سودا ئىشخانىسى سودا ـ سانائەت، ئاشلىق، تېخنىكا نازارەتچىلىكى، ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلارنى تەشكىللەپ، دۆلەت، كوللېكتىپ، يەككە ئىگىلىكتىكى ئاشلىق، ياغ تىجارەت تور ـ نۇقتىلىرى ساتىدىغان ئاشلىق، ياغ تاۋارلىرى ئۈستىدە بىر قېتىم بىرلەشمە نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى ئاران %22 بولدى. ئاساسلىقى يەككە ئاشلىق، ياغ سودىگەرلىرى ساقتىلىق قىلىپ ياغقا باشقا نەرسە ئارىلاشتۇرۇش، ناچار ئۇننى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئۇن زاۋۇتلىرىنىڭ خالتىسىغا قاچىلاش، تازىلىقى ناچار بولۇشتەك مەسىلىلەر ساقلانغان.

12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى دۆلەت پىلان كومىتېتى، دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسى، مالىيە مىنىستىرلىكى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى كۆمەكلىشىپ ساقلاش پىلانىنى چۈشۈردى، مەملىكەتنىڭ پىلانى 5 مىليارد 500 مىليون كىلوگرام بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭنىڭ 100 مىليون كىلوگرام.

12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسىغا «جەمئىيەتتە بىكار تۇرۇۋاتقان زاۋۇت ئۆيلىرى، ئامبارلاردىن پايدىلىنىپ ئاشلىق ساقلاش مەسىلىسى توغرىسىدا تەكشۈرۈش دوكلاتى» يوللىدى: خىزمەت گۇرۇپپىسى مۇۋاپىق ئامبارلارنى «ئۈستىدىن يامغۇر ئۆتمەيدىغان، ئاستى قۇرۇق، شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان، يېقىن بولىدىغان، بۇلغىنىشقا ئۇچرىمايدىغان بولۇش؛ يەر تۈزۈلۈشى ئېگىز، كەلكۈنگە ئۇچرىمايدىغان بولۇش؛ ئاشلىق ساقلاش كۆلىمى 5 مىليون كىلوگرامدىن يۇقىرى بولۇش؛ ئاشلىقنىڭ يۆتكىلىش يۆنىلىشىگە ئۇيغۇن، ئورۇنلىشىشى مۇۋاپىق بولۇش؛ قاتناش قولايلىق بولۇش»تىن ئىبارەت 5 پرىنسىپقا ئاساسەن، ئاساسلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرى بىلەن تەكرار تەكشۈرۈش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئاشلىق ساقلاش شارائىتىغا ئۇيغۇن بولغان، جەمئىيەتتە بىكار تۇرۇۋاتقان زاۋۇت ئۆيلىرىدىن 33 كورپۇس تاللاندى، بۇنىڭدا 82 مىليون كىلوگرام ئاشلىقنى ساقلىغىلى بولىدۇ.

12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى دۆلەت پىلان كومىتېتى، دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسى، مالىيە مىنىستىرلىكى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى بىرلىكتە شىنجاڭدا 50 مىليون كىلوگرام يەرلىك زاپاس ئاشلىق ساقلاش، 1996 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا 225 مىليون كىلوگرامغا يەتكۈزۈش پىلانىنى چۈشۈرۈپ، يەرلىك زاپاستا پەيدىنپەي ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدا 3 ئايلىق سېتىش مىقدارىنى، سېتىش رايونىدا 6 ئايلىق سېتىش مىقدارىنى ساقلاش كۆلىمىگە يېتىشنى تەلەپ قىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ ئارال شال ئاقلاش زاۋۇتىنىڭ كۈنىگە 80 توننا شال ئاقلايدىغان ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايون ئاشلىق سىستېمىسىدا قۇرۇلغان سانائەتتە 29 تۈرنىڭ يەن ـ تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش تەستىقلىنىپ، 29 تۈردە ئەمەلىي ئىش باشلاندى، ئۇنىڭغا 102 مىليون 390 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1996 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق تارماقلىرى ئاچقان سانائەت كارخانىسى 170تىن ئېشىپ، ئۇلارنىڭ مۇقىم مۈلكى 1 مىليارد 80 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئۇلارنىڭ يىللىق ئۇن تارتىش ئىقتىدارى 1 مىليون 650 مىڭ توننىغا، ياغ تارتىش ئىقتىدارى 850 مىڭ توننىغا، ئاشلىق، ياغ يېمەكلىكلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 80 مىڭ توننىغا، يەم ـ خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى 480 مىڭ توننىغا، ئاشلىق، ياغ ماشىنىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 2000 توننىغا يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا ئورۇندالغان سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 882 مىليون يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %3.40 ئۆسۈپ، يىللىق يارىتىلغان پايدا ۋە باج 42 مىليون 690 مىڭ يۈەن بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا

ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىلغان ئۇن 774 مىڭ 600 توننا، ياغ 108 مىڭ 600 توننا، ئاشلىق، ياغ يېمەكلىكى 15 مىڭ توننا، يەم - خەشەك 153 مىڭ 200 توننا بولدى. پۈتۈن بىر يىلدا ئورۇندالغان پايدا 13 مىليون 910 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %58.50 تۆۋەنلەپ كەتتى.

△ سانجى ئوبلاستلىق ئاشلىق، ياغ گۇرۇھى شىركىتى خىزمەت باشلىدى. 1996 - يىلى تىجارەت خاراكتېرلىك ئاسما ھېساباتى كۆپەيمىدى، ئوبلاست بويىچە ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ سانائەتتى بىلەن سودىسىنىڭ پايدا - زىيىنىنى چىقىشتۇرغاندا ئورۇندالغان پايدا 14 مىليون يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە سودىنىڭ 8 مىليون 210 مىڭ يۈەن، سانائەتنىڭ 6 مىليون 550 مىڭ يۈەن، يەم - خەشەكنىڭ مىنۇس 350 مىڭ يۈەن، ترانسپورتنىڭ 110 مىڭ يۈەن، باشقىلارنىڭ مىنۇس 520 مىڭ يۈەن. قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى ئاشلىق تارماقلىرى كۆپ خىل ئىگىلىك خىزمىتىنى تۇتۇش داۋامىدا باقمىچىلىقنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بازارنى 8250 دانە گۆش توخۇسى، 58 توننا يېڭى تۇخۇم، 3600 دانە نەسىللىك توخۇ، 3500 دانە چۈجە، 143 چوشقا، 78 چوشقا كۈچۈكى، 14 مىڭ 563 كىلوگرام گۆش، 338 كىلوگرام بېلىق بىلەن تەمىنلەپ، يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ۋە ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى ئاشلىق سىستېمىسىنىڭ كۆپ خىل ئىگىلىك تىجارىتىدە تۇراقلىق مۈلۈك 45 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئومۇمىي مۈلۈكنىڭ %60.30نى ئىگىلىدى. بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار 705 بولۇپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ %50.22نى تەشكىل قىلدى. ئۇلارنىڭ تېرىقچىلىق قىلىدىغان يېرى 16 مىڭ 985 موغا، باققان تۈرلۈك چارۋىسى 6800 گە، ئۆي قۇشلىرى 100 مىڭدىن كۆپرەككە يېتىپ، جەمئىيەتنى 200 مىڭ كىلوگرام گۆش، 500 مىڭ كىلوگرام تۇخۇم بىلەن تەمىنلىدى.

## 1997 يىل

1 - ئايدا ئالتاي ۋىلايىتى تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان قار - شۇۋىرغان ئاپىتىگە ئۇچرىدى، ئاشلىق تارماقلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇشقا ئاتلاندى. 1996 - يىل 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 1997- يىل 1 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئالتاي ۋىلايىتى ئۇدا 4 قېتىم ئېغىر قار - شۇۋىرغان ئاپىتىگە ئۇچرىدى، تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 40 نەچچە گرادۇسقا چۈشتى. ئادەتتىكى جايلاردا قارنىڭ قېلىنلىقى 80 سانتىمېتىرغا يەتتى، تاغدا قارنىڭ قېلىنلىقى 2 مېتىردىن ئاشتى. ئاپەت ئەڭ ئېغىر بولغان چىڭگىل، جېمىنەي ۋە كۆكتوقاي، بۇرچىن ناھىيىلىرىدىكى بىر قىسىم يېزا، فېرمىلاردا 100 نەچچە مىڭدىن ئارتۇق چارۋىچى، نەچچە 100 مىڭ چارۋا قاپسىلىپ قالدى. ئالتاي ۋىلايىتى ئاشلىق سىستېمىسىدىكىلەر پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا ئاتلاندى، 5000 توننىدىن ئارتۇق ئوزۇقلۇق ئاشلىقى، يەم - خەشەك يۆتكەپ، قاردا قاپسىلىپ قالغان چارۋىچىلارنى ۋە چارۋىلارنى قۇتقۇلدۇردى. قاردا قاپسىلىپ قالغان خەلق ئىشچىلىرىنى قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن ئالتاي شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى ۋە ۋىلايەتلىك ئۇن زاۋۇتى 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى 900 كىلوگرام گۈرۈچ، 700 كىلوگرام ئالاھىدە 1 - دەرىجىلىك ئۇن، 800 كىلوگرام ئالاھىدە 2 - دەرىجىلىك ئۇن، 1500 ناننى ھاۋادىن ئاپەت رايونىغا تاشلاپ بېرىش ئۈچۈن ئايرودرومغا يەتكۈزۈپ بەردى. چىڭگىل ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى تېزلىكتە 380 ئاپتوموبىلنى تەشكىللەپ، 16 تەمىنلەش نۇقتىسىغا يەم - خەشەك يەتكۈزۈپ، قاپسىلىپ قالغان %80 چارۋىنى يەم - خەشەككە ئىگە قىلدى، ئاي ئاخىرىغا قەدەر چىڭگىل ناھىيىسى 10 مىليون 700 مىڭ توننا يەم - خەشەك تارقاتتى؛ جېمىنەي ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى زەنجىر تاپانلىق تراكتورنى يۇقىرى باھادا ئىجارىگە ئېلىپ

يول ئېچىپ، 320 مىڭ كىلوگرام ئۈن، 525 مىڭ كىلوگرام يەم - خەشەكنى ناھايىتى تېزلىكتە چارۋىچىلارنىڭ قولىغا يەتكۈزدى؛ كۆكتوقاي ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى 940 مىڭ كىلوگرام ئۈن، 680 مىڭ كىلوگرام يەم - خەشەكنى 38 چارۋىچىلىق ئاشلىق پونكىتى ۋە تەمىنلەش نۇقتىسىغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بەردى. ئالتاي ۋىلايەتلىك ئاشلىق باشقارمىسى قاردا قاپسىلىپ قالغان تېرمىرتام ۋە قۇمقاناس تاغلىق رايونىغا ئاشلىق، يېمەكلىكلەرنى ھاۋادىن تاشلاپ بېرىشكە ئاكتىپ ماسلىشىپ، قاپسىلىپ قالغان چارۋىچىلارنى ۋاقتىدا قۇتقۇلدۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى ئاپەت رايونىغا ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمەتلىرىگە ياردەملىشىشكە ئىككى خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى. مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى قالىبەك ئەبلغازى ئاپتوموبىل ئەترىتىنى باشلاپ ئاشلىق ۋە يەم - خەشەكنى ئېلىپ چىڭگىل ناھىيىسىگە ئاپىرىپ، ئاپەتكە ئەڭ قاتتىق ئۇچرىغان 5 چارۋىچىلىق يېزىسىغا يەتكۈزۈپ بەردى. بۇ مەزگىلدە ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى 1 - ئاينىڭ 21- ۋە 31 - كۈنلىرى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ئاپەت ئەھۋالى ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇلدۇرۇش ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى. ئالتاي ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئاشلىقى ۋە يەم - خەشىكىنى ئاۋۋال يەتكۈزۈپ بېرىپ كېيىن ھېسابات قىلىش، ناھىيە، يېزىلىق ھۆكۈمەتلەر ئاق ھۆججەت يېزىپ بېرىشتەك نېسى سېتىش چارىسى قوللىنىلدى. 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنىگە قەدەر ۋىلايەت بويىچە پەقەت يەم - خەشەك ئاشلىقىدىنلا 8 مىليون كىلوگرام نېسى سېتىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى بىلەن ئالتاي ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرى ئاپتونوم رايوندىن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش مەبلىغىنى ئورۇنلاشتۇرغاندا ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق، يەم - خەشەكنى نېسى ساتقان پۇلىنى ئالدىن ھەل قىلىپ بېرىشنى ھەمدە ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ نېسى سېتىشتىن كېلىپ چىققان زىيىنىغا سىياسەت خاراكتېرلىك قوشۇمچە ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى خەلق ھۆكۈمىتىگە «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قوناق سېتىۋېلىش ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات» يوللىدى، مەزمۇنى مۇنداق: 1996 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا قوناق مەھسۇلاتى ئالدىنقى يىلدىكىگە قارىغاندا 400 مىليون كىلوگرام ئاشتى، ئېشىش ھەجمى %13.90 بولدى، 1997 - يىل 1 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش پىلانىنىڭ %94.40ى ئورۇندىلىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىگە قارىغاندا 41 مىليون 350 مىڭ كىلوگرام ئارتۇق سېتىۋېلىنىدى. جايلارنىڭ ئىنكاس قىلىشىچە، دېھقانلارنىڭ قولىدا تەخمىنەن 618 مىليون كىلوگرام سېتىلمىغان كۆممىقوناق بار ئىكەن، مۆلچەرلىنىشىچە، دېھقانلار ئۆزلىرى بىر قىسمىنى ئوبوروت قىلغاندىن سىرت، ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ يەنە 500 مىليون كىلوگرام سېتىۋېلىشىغا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ كۆممىقوناق سېتىۋېلىش سىياسىتىنى كەم - كۈتىسىز ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ كۆممىقوناق سېتىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ئوبدان ھەل قىلىش ئۈچۈن، 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن كېيىن كۆممىقوناقنى ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە كەڭ - كۇشادە سېتىۋېلىش قارار قىلىندى، لېكىن ئامبار يېتىشمەيدۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە مۇكەممەل بولغان نەق ئامبار سىغىمى 2 مىليارد 976 مىليون كىلوگرام، 1996 - يىل 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاشلىق سالدوسى 3 مىليارد 80 مىليون كىلوگرامغا يەتتى (ياغلىق دان قاتارلىقلار بۇنىڭ سىرتىدا)، بۇنىڭ ئىچىدە ئوچۇقچىلىقتا دۆۋىلەپ قويۇلغان ئاشلىق 480 مىليون كىلوگرام، بۇ ئاشلىق ئاساسلىقى شىمالىي شىنجاڭدىكى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلارغا مەركەزلەشكەن. سېتىۋېلىنغان كۆممىقوناق ئاساسەن ئوچۇقچىلىقتا دۆۋىلەپ قويۇلدى؛ يەنە 500 مىليون كىلوگرام سېتىۋېلىنسا ئامبار سىغىمچانلىقى تېخىمۇ جىددىيلىشىدۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە ھازىر كۆممىقوناقنىڭ بازار باھاسى دۆلەتنىڭ ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش باھاسىدىن تۆۋەن بولۇپ، ھەر كىلوگرامىنىڭ باھا پەرقى 0.16 يۈەندىن 0.41 يۈەنگىچە بولىدۇ. مۆلچەردىكى سېتىۋېلىش مىقدارى بويىچە ھېسابلىغاندا، زىيان 105 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ، بانكا ئۆسۈمى ۋە سېتىۋېلىش، ساقلاش خىراجەتلىرى بۇنىڭ سىرتىدا، دوكلاتتا بۇ زىيان، ئۆسۈم

ۋە خىراجەتلەر شۇنىڭدەك ئامبار سېلىشقا كېرەكلىك قەرز پۇللارنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇزاكىرە قىلىپ ھەل قىلىپ بېرىشى تەلەپ قىلىندى.

2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئىدارە باشلىقى ئابدۇكېرىم ھاشىمنىڭ 1996ـ يىللىق بوغالتىرىيە توپلىمىنى تۈزۈش يىغىنىدا قىلغان سۆزىنى بېسىپ تارقاتتى. ئۇ سۆزىدە 1996 ـ يىللىق ئاشلىق بوغالتىرلىقى خىزمىتىگە مۇنداق ئىجابىي باھا بەردى: (1) تەلەپكە ئاساسەن 1991 ـ ئاشلىق يىلىدىن بۇرۇنقى سىياسەت خاراكتېرلىك ئاسما ھېساباتلارنى يوقىرىغا يوللاش خىزمىتى ۋاقتىدا تاماملاندى. (2) گوۋۇيۈەن ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، ئىككى لىنىيە بويىچە ھەرىكەت قىلىش، ئايرىم ھېسابات قىلىش، تىجارەتنى جانلاندۇرۇش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، مالىيىدە ھېساباتنى ئايرىش خىزمىتى ئىشلەندى. (3) دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشى ۋە ئوبوروت خىراجىتى، ئىگىلىك باشقۇرۇش تەننەرخىگە بولغان باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، ئايرىپ ھېسابات قىلىش تۈزۈمى تۇرغۇزۇلدى. (4) گوۋۇيۈەننىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش، سېتىش باھا لايىھىسى ئوڭشۇلۇق تۈزۈلۈپ، ئاشلىق باھاسىنى تەڭشەشتىن كېلىپ چىقىدىغان داۋالغۇش ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى. (5) گوۋۇيۈەن ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق سىستېمىسى ھەمدە ئىدارىگە بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ بوغالتىرلىق خىزمىتى تەكشۈرۈلدى. (6) كىرىمنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەشنىڭ بىرقاتار كونكرېت تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. (7) مۈلۈك ۋە مەبلەغنى ئېنىقلاش داۋامىدا مۈلۈك ھوقۇقىنى تىزىملاش تۈزۈمى تۇرغۇزۇلۇپ، دۆلەت مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش ۋە ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىندى. (8) كەلگۈسىگە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا ماسلىشىپ پائال مەبلەغ غەملەپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئورۇنلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئىمكانقەدەر تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە ياردەم بېرىلدى ۋەھاكازا. ساقلانغان مەسىلىلەر شۇكى، زىيان داۋاملىق كۆپەيدى. 1992 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 1996 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ھېسابقا ئېلىپ قويۇلغان زىيان 1 مىليارد 507 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭدا ئىسلاھات يۈرۈشلىشىپ كېتەلمەسلىك، تۈزۈلمە راۋان بولماسلىق، سىياسەت ئەمەلىيلەشمەسلىك، قوشۇمچە ياردەم نەقلەشمەسلىك قاتارلىق ئوبيېكتىپ سەۋەبلەردىن سىرت ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشى ياخشى بولماسلىقمۇ زىياننىڭ ئېغىر بولۇشىدىكى بىر مۇھىم ئامىل.

2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دەلىلقان مامىقان ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى قاتارلىق ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرىنى چاقىرىپ ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ سىرتىدىكى كۆممىقوناق سېتىۋېلىش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلدى. يىغىن خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: كۆممىقوناق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ئاشلىق تارماقلىرى كەڭ ـ كۇشادە سېتىۋېلىشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى سېتىۋېلىش مەبلىغىنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك، دۆلەتنىڭ كۆممىقوناقنى زاپاس ساقلاش مەخسۇس كۆرسەتكۈچى 100 مىليون كىلوگرام، ئاپتونوم رايون 50 مىليون كىلوگرام ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش رايونىغا مايىللاشتۇرىدۇ، يەنە مەركەزنىڭ 100 مىليون كىلوگرامدىن 150 مىليون كىلوگرامغىچە كۆممىقوناقنى زاپاس ساقلاش مەخسۇس كۆرسەتكۈچىنى كۆپەيتىپ بېرىشنى قولغا كەلتۈرىمىز. ھازىرقى ئامبارلاردىن تولۇق پايدىلىنىش، جەمئىيەتتىكى بىكار ئامبارلار ۋە ئىشلەپچىقىرىشى توختىغان كارخانىلارنىڭ ئاشلىق ساقلاشقا بولىدىغان زاۋۇت ئۆيلىرىنى ئىجارىگە ئېلىش لازىم. ئامبار قۇرۇش پىلانىدىمۇ ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىغا ئېتىبار بېرىش كېرەك. بۇندىن كېيىن باھا پەرقى قوشۇمچە ياردىمى مەسىلىسىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ھەل قىلىشقا قولايلىق بولۇش ئۈچۈن باھا تارماقلىرى باھا پەرقىنى باسقۇچلارغا بۆلۈپ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشى لازىم.

2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى جايلارغا «كۆممىقوناقنى سىياسەت، بەلگىلىمىلەر بويىچە كەڭ - كۇشادە سېتىۋېلىش توغرىسىدىكى تەشۋىقات تېزىسى» نى تارقىتىپ ئاشلىق تارماقلىرى ئورۇنداشقا تېگىشلىك 10 تۈرلۈك تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى، 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن كېيىن دېھقانلار ئاشلىق تارماقلىرىغا ساتماقچى بولغان كۆممىقوناقنى ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە كەڭ - كۇشادە سېتىۋېلىشقا كاپالەتلىك قىلىشنى، سېتىۋېلىشنى رەت قىلماسلىقنى ۋە چەك قويماسلىقنى تەلەپ قىلدى.

شۇ كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ كۆممىقوناق سېتىۋېلىش - ساقلاش خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچى شەھرىدە ئېچىلىپ، 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئاخىرلاشتى. مۇئاۋىن رەئىس دەلىلقان مامىقان يىغىنغا كېلىپ سۆز قىلدى، ئۇ سۆزىدە: ئاشلىق تارماقلىرىدىن كۆممىقوناق سېتىۋېلىش، ساقلاش خىزمىتىنى يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئوبدان ئىشلەشنى، شۇجى ۋاڭ لېچۈەننىڭ دېھقانلارغا بەرگەن ۋەدىسىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇشنى، بۇ يىل 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ كۆممىقوناقنى دۆلەتنىڭ ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش باھاسى (ھەر كىلوگرامى 1.05 يۈەن) بويىچە دېھقانلاردىن كەڭ - كۇشادە سېتىۋېلىشنى، 14% لىك نەملىك ئۆلچىمىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشنى، سېتىۋېلىش مەبلىغىنىڭ ۋاقتىدا نەقلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاشلىق ساقلاش تەس بولۇش مەسىلىسىنى ئامالىنىڭ بارىچە ھەل قىلىش، ئوچۇقچىلىقتا ئاشلىق ساقلاش كۆلىمىنى كېڭەيتىش، جەمئىيەتتىكى ئامبارلارنى ئىجارىگە ئېلىش، دۆلەتكە ۋاكالىتەن شەخسلەر ساقلاش قاتارلىق يوللار ئارقىلىق زاپاس ئاشلىقنى كۆپەيتىش، بىر قىسىم خېيىمخەتەر فوندىنى باھا پەرقىگە ياردەم قىلىش، كۆممىقوناقنى مېتىش، باشقا مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش ۋە يۆتكەش خىزمىتىنى ئوبدان تۇتۇش لازىم، دەپ تەكىتلىدى.

2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچى شەھرىدە ھەربىي ئاشلىق خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، گوۋيۈەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ «ھەربىي ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى ئىزچىللاشتۇردى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەربىي ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈردى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دەلىلقان مامىقان ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ مۇئاۋىن قوماندانى فاڭ دېڭخۇالار يىغىنغا كېلىپ سۆز قىلدى.

2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى مالىيە نازارىتى، ئاشلىق ئىدارىسى بىرلىشىپ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىدىن تۆۋەندىكىدەك يوليورۇق سورىدى. ئاشلىق، ياغ ساقلاش مۇئەسسەسەلىرى مەبلىغىدىن 70 مىليون يۈەن ھەل قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىمىز، بۇنىڭ ئىچىدىكى 30 مىليون يۈەننى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى مەخسۇس قەرز پۇل سۈپىتىدە بەرسە، ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن 3 يىلغىچە ئۆسۈمىگە قوشۇمچە ياردەم قىلما، دېرىنى ئاشلىق كارخانىلىرى 3 يىلغا بۆلۈپ تەنەرخكە كىرگۈزىدۇ، 20 مىليون يۈەن ئامبار سېلىش مەخسۇس مەبلىغىدىن چىقىم قىلىنىدۇ؛ بۇنىڭدىن سىرت 20 مىليون يۈەن 1995 - يىلدىن 1996 - يىلغىچە بولغان ئاشلىقنى مەخسۇس زاپاس ساقلاش مەبلىغىنىڭ يىغىندىن كۆپەيتىلگەن خىراجىتىدىن چىقىم قىلىنىدۇ.

شۇ كۈنى دۆلەت ئىچكى سودا مىنىستىرلىكى مەملىكەت بويىچە سودا ساھاسى باشقۇرغان ساناھەتنى 3 - قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش بويىچە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلىدى، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىدىن لياۋ جۈن تەقدىرلەندى.

3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سائەت 23 تە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق، ياغ ماددىي ئەشيا شىركىتىنىڭ ئىسلاش دورىسى قاچىلانغان ئامبىرى پارتلاپ ئوت كەتتى، 300 نەچچە مىڭ يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى.

3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «‹ئىككىنى ۋاكالىتەن، بىرنى ئالماشتۇرۇش›

كەسىپلى كېڭەيتىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تەرەققىياتى ۋە دېھقانلار، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. «ئىككىنى ۋاكالىتەن، بىرنى ئالماشتۇرۇش» دېگەندە، دېھقانلارغا ۋاكالىتەن پىششىقلاپ ئىشلەپ بېرىش، دېھقانلارغا ۋاكالىتەن ساقلاپ بېرىش ۋە ئاشلىق، ياغ، يەم ـ خەشەك مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرۇش خىزمىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇقتۇرۇشتا ئاشلىق تارماقلىرى قورغان سانائەت كارخانىلىرىدىن مەھسۇلاتنىڭ سورت نىسبىتىنى دۆلەت بەلگىلىگەن خام ئەشيا دەرىجە ئۆلچىمى بويىچە بەلگىلەش، مەھسۇلاتنىڭ دەرىجىسى، باھاسىنى چۈشۈرۈپ سېتىپ دېھقانلارنى قاقتى-سوقتى قىلماسلىق، ئالماشتۇرۇش ۋاقتىنى ئۇزارتىش، رەسمىيەتلەرنى ئاددىيلاشتۇرۇش، مالنى ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، دېھقانلارغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش، ئەلا مۇلازىمەت ئارقىلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەم بېرىش تەلەپ قىلىندى.

3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، مەملىكەت بويىچە ئاشلىق، ياغ ئۆلچەم سۈپەت خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلىدى. شىنجاڭدىن تەقدىرلەنگەن ئىلغار ئورۇنلار: ئۈرۈمچى ئاشلىق، ياغ ئۆلچەم ـ سۈپەت تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش پونكىتى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئاشلىق ياغ تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش مەركىزى؛ ئىلغار شەخسلەر: شىنجاڭ ئىلى دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتىدىن ما مېڭۈەن، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاشلىق، ياغ ئۆلچەم ـ سۈپەت تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش ئورنىدىن مەتىمىن ياسىن، سانجى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئاشلىق ئىسكىلاتىدىن رېن دېگۇ، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ئاشلىق، ياغ سودا ئىدارىسىدىن شيې كۈڭدې.

3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئاپتونوم رايون پىلان يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىپ تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن 1997 ـ يىلدىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىش، يۆتكەش پىلانى (لايىھە) نى بېسىپ تارقاتتى: لايىھەدىكى سېتىۋالىدىغان ئاشلىق 1 مىليارد 700 مىليون كىلوگرام، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋالىدىغىنى 1 مىليارد 320 مىليون 600 مىڭ كىلوگرام؛ ساتىدىغىنى 1 مىليارد 500 مىليون كىلوگرام، بۇنىڭ ئىچىدە بۇيرۇق خاراكتېرلىك سېتىلىدىغىنى 1 مىليارد 265 مىليون كىلوگرام. سېتىۋالىدىغان ياغ 70 مىليون كىلوگرام، بۇنىڭ ئىچىدە ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋالىدىغىنى 60 مىليون كىلوگرام، ساتىدىغىنى 50 مىليون كىلوگرام، بۇنىڭ ئىچىدە بۇيرۇق خاراكتېرلىك سېتىلىدىغىنى 40 مىليون كىلوگرام.

3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى دۆلەت چېگرىسى بىلەن چەكلەنمەيدىغان تېببىي داۋالاش گۇرۇپپىسى چىڭگىل ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىدىن 100 توننا ئۇن سېتىۋېلىپ، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئارقىلىق چىڭگىل ناھىيىسىدىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىغا تارقىتىپ بەردى.

3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، مالىيە نازارىتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى، باش ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى، مالىيە مىنىستىرلىكى، دۆلەت ئىچكى سودا مىنىستىرلىكى، دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسى بىرلىشىپ تارقاتقان «ھەربىي ئاشلىق تەمىنلەشنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» ۋە «ھەربىي ئاشلىق بېلەتنى باشقۇرۇش چارىسى» نى بىرلىكتە تارقاتتى، بۇ چارىلەر 1997 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىدى، ئىلگىرىكى چارە شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئەمەلدىن قالدى.

4 ـ ئاينىڭ باشلىرى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قالىبەك ئەبىلغازى ئىلى ۋىلايىتى ۋە بورتالا ئوبلاستىنىڭ كۆممىقوناق سېتىۋېلىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. ئىلى ۋىلايىتى 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن باشلاپ كۆممىقوناق سېتىۋېلىشقا باشلىدى. كۆممىقوناق نەملىكىنىڭ 15% كىچە بولۇشىغا يول قويىدى، قۇرۇتۇش مۇئەسسەسەلىرى بار جايلارنىڭ كۆممىقوناق نەملىكىنىڭ 18% تىن 20% كىچە بولۇشىغا يول قويىدى. مۆلچەرلىنىشىچە ھەرقايسى ناھىيە ۋە تۈەن ـ مەيدانلاردا يەنە 180 مىليون كىلوگرام سېتىلمىدىغان كۆممىقوناق

بار ئىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك 4 ـ شىمىنىڭ 30 مىليون كىلوگرام، بورتالا ئوبلاستىنىڭ ھەرقايسى نامىيىلىرى ۋە تۈەن ـ مەيدانلاردا 42 مىليون كىلوگرام سېتىلمىدىغان كۆممىقوناق بار ئىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك 5 ـ شىدا 15 مىليون كىلوگرام.

4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئاشلىق (بولۇپمۇ كۆممىقوناق) سېتىۋېلىش، ساقلاش مەسىلىسى توغرىسىدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىدىن يولىيورۇق سوراپ يەرلىكتە 150 مىليون كىلوگرام يەرلىك زاپاس ئاشلىق ساقلاشنى تەلەپ قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 50 مىليون كىلوگرام، كۆممىقوناق 100 مىليون كىلوگرام، بۇ ئاشلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىلىدىن يۆتكەپ چىقىلىپ، كۈيتۇڭ، ئۈرۈمچى، بايىنغولىن ئوبلاستى ھەمدە قۇمۇل قاتارلىق تۆمۈريول ياقىسىدىكى جايلاردا ۋاقىتلىق زاپاس ساقلىنىدۇ، بازار ئەھۋالى ياخشى بولسا ھەر ۋاقىت سېتىلىدۇ.

4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىقتىسادىي كومىتېت ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ دوكلاتىغا تەستىق سېلىپ، شىنجاڭ ئاشلىق ـ ياغ ترانسپورت سانائەت ـ سودا باش شىركىتىنىڭ چوڭ ترانسپورت ئاپتوموبىلىدىن 40 نى يېڭىلىشىنى تەستىقلىدى. بۇنىڭغا سېلىنىدىغان مەبلەغ 9 مىليون 600 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە 1 مىليون 800 مىڭ يۈەننى كارخانا ئۆزى تەييارلايدۇ، قالغىنى بانكىدىن قەرز ئېلىنىدۇ.

4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونى بىرلىكتە، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ «ھەربىي ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى. ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: شىنجاڭدا ھەربىي ئاشلىق خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، ئاپتونوم رايون بويىچە ھەربىي ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى پائال، پۇختا ئىلگىرى سۈرۈش لازىم، جايلار چوقۇم ئومۇمىيەتكە ماسلىشىش، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، قىسىملارغا قولايلىق يارىتىشتىن ئىبارەت ئاساسىي تەلەپنى چىقىش قىلىپ، «ئاۋۋال ئالدىنقى سەپنى، ئاندىن ئارقا سەپنى، ئاۋۋال قىسىملارنى، ئاندىن يەرلىكنى تەمىنلەش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەرقانداق ئەھۋالدا قىسىملارنى سۈپەت، مىقدار، تۈر بويىچە ۋاقتىدا تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىپ، قىسىملار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشى لازىم.

4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئىچكى سودا مىنىستىرلىكى، دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسىگە دوكلات سۇنۇپ، شىنجاڭ پەيزاۋات ناھىيىسىگە يەر تەۋرەش ئاپىتىدىن قۇتقۇزۇش پۇلى ھەل قىلىپ بېرىشنى قايتا ئىلتىماس قىلدى (4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئىلتىماس قىلغان). بۇ ناھىيىدە 1996ـ يىل 3. ئايدىن بۇيان 7 قېتىم 6 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرىدى. 1997 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن ھازىرغىچە قالدۇق يەر تەۋرەش 3269 قېتىم يۈز بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە 5 بالدىن 5.9 بالغىچە بولغىنى 24 قېتىم، 4 بالدىن 4.9 بالغىچە بولغىنى 66 قېتىم. پەيزاۋات ناھىيىسىدىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيىنى 14 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شۇ كۈنى دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسى مەملىكەت بويىچە ئاشلىق سىستېمىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇنلار ۋە مۇنەۋۋەر ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ سانجى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئۈن زاۋۇتى، چىرا ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى، باي ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىدىن مەھمۇت ياسىن، قۇمۇل دايىڭخاڭ دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتىدىن خې يۈەنىيلار مۇنەۋۋەر ئىشچى ـ خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى.

4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم مەخسۇس يىغىن ئېچىپ، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش، ساقلاش، يۆتكەش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىپ ھەل قىلدى. يىغىندا ئىلى ۋىلايىتىدىن دەرھال 100 مىليون كىلوگرام بۇغداينى يۆتكەپ ھەرقايسى سېتىش رايونلىرىدا ساقلاشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، يۆتكەش

ۋەزىيىتىنى 7 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن ئوڭۇنداپ بولۇش قارار قىلىندى.

5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ ئىرباۋ بىلەن قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاشلىق باشقارمىسىنىڭ رەھبىرى دۆلەت ئىچكى سودا مىنىستىرلىكى، دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسىگە بېرىپ، پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچراش ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى ھەمدە ئاشلىق، ياغ تىجارىتى ئەسلىھەلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ياردەملىشىشنى ئۆتۈندى.

5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى، مالىيە نازارىتى بىرلىشىپ ئىككىنچى تۈركۈمدە 75 مىليون كىلوگرام كۆممىقوناقنى مەخسۇس ساقلاش پىلانىنى چۈشۈردى، بۇ كۆممىقوناقلارنى ئىلى، تارباغاتاي، جىڭ، ئۈرۈمچى شىمالىي ۋوگزال زاپاس ساقلاش ئىسكىلاتىدا ساقلاش بەلگىلەندى.

5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن سانجى ئوبلاستىدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە كۆممىقوناقنى باشقا مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش خىزمىتىنى ئوبدان تۇتۇپ، دېھقانلارنىڭ كۆممىقوناق سېتىش تەس بولۇش مەسىلىسىنى تۈپتىن ھەل قىلىشنى تەكىتلىدى.

شۇ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسىغا ئىلتىماس سۇنۇپ ئاپتونوم رايوندا كۆممىقوناق سېتىۋېلىش، ساقلاش تەس بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ مەخسۇس ئىسكىلاتىدىكى زاپاس كۆممىقوناقتىن 100 مىليون كىلوگرام يۆتكەشنى تەلەپ قىلدى.

5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنىدا ئاپتونوم رايوندىكى ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار كارخانىلاردىكى قىيىنچىلىقى بار ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئاشلىق قوشۇمچە ياردىمى بېرىش سىياسىتىنى يەنە بىر يىل ئۇزارتىش يەنى 1998 - يىل 3 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئۇزارتىش قارار قىلىندى.

5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە «1996- يىللىق ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش، سېتىش، يۆتكەش پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات» يوللىدى: ئاشلىق سېتىۋېلىش نورمىسىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى؛ ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىنغان ئاشلىقنىڭ سېتىلىشى سېتىش پىلانىنىڭ %71 نى ئىگىلەپ، ئالدىنقى يىلدىكىگە قارىغاندا 180 مىليون كىلوگرام كەم سېتىلدى؛ ئاپتونوم رايون سىرتىغا 9 مىليون 100 مىڭ كىلوگرام ساپ يۆتكەلدى؛ سالدۇ ئاشتى، بولۇپمۇ كۆممىقوناق سالدۇسى كۆپرەك ئاشتى؛ ئاشلىق كىرىم - چىقىمى تەڭپۇڭلىشىپ ئازراق ئاشتى، لېكىن گۈرۈچ كىرىم - چىقىمىدا يوچۇق كۆرۈلۈۋاتىدۇ. ياغ سېتىۋېلىشتا پىلانىنىڭ %154 ى ئورۇندالدى، لېكىن ياغنى ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىشتا سېتىۋېلىش پىلانىنىڭ پەقەت %61 ى ئورۇندالدى، بۇنىڭ سەۋەبى ياغنىڭ بازار باھاسى ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش باھاسىدىن يۇقىرى بولغانلىقتا؛ سېتىش پىلانىنىڭ %225 نى تەشكىل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىنغان ياغنىڭ سېتىلىشى %98 بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 19 مىليون 900 مىڭ كىلوگرام ئارتۇق سېتىلدى؛ ئاپتونوم رايون سىرتىغا 50 مىليون 490 مىڭ كىلوگرام سېتىلدى؛ ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى بازارلار مۇقىم، ياغ باھاسى تەكشى بولدى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە ياغ سالدۇسى ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئازىيىپ، ئامبار بېسىمى يېنىكلەپ، مۇۋاپىق سالدۇغا كاپالەتلىك قىلىندى.

5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بىر قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ جىددىي ئاشلىق يۆتكەش يىغىنىنى ئېچىپ ئىلى ۋىلايىتىدىن 100 مىليون كىلوگرام بۇغداينى جىددىي يۆتكەشكە ئالاقىدار ئىشلارنى ئەمەلىيلەشتۈردى.

شۇ كۈنى يېزا ئىگىلىك 6 - شىسىنىڭ بۇغدىيى يامغۇر كۆپ يېغىپ، ئۈندۈرمە بولۇپ قېلىپ مەھسۇلات تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن بۇغداينى ۋەزىپە بەلگىلەپ

سېتىۋېلىش پىلانى 11 مىليون كىلوگرام كېمەيتىلدى؛ يېزا ئىگىلىك 9 - شىمىسدا قۇرغاقچىلىق ئاپىتى تۈپەيلىدىن بۇغداي مەھسۇلاتى كېمىيىپ كەتكەچكە، بۇغداينى ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى 12 مىليون كىلوگرام كېمەيتىلدى.

5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ «كۆممىقوناق دېنىنىڭ پۇچەكلىكىنى تەكشۈرۈشكە ئالاقىدار بەلگىلىمە» سىنى تارقاتتى. ئۇنىڭدا پۇچەك دانلار ئىچىدىكى پىشمىغان، قۇرۇتۇشتا پۇچۇلۇپ كەتكەن دانلار ۋە بۇلغانغان دان (ئىسلىنىپ كەتكەن دان) لارغا ھۆكۈم قىلىش كۆرسەتكۈچى ۋە تەكشۈرۈش ئۇسۇلى ھەققىدە بەلگىلىمە چىقىرىلدى. بۇ بەلگىلىمە ئاۋار كۆممىقوناقنى سېتىۋېلىش، سېتىش، يۆتكەش، ساقلاش، پىششىقلاپ ئىشلەش، ئېكسپورت قىلىشنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىغا تەدبىقلىنىدۇ.

6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ج غ نازارىتى، ئاشلىق ئىدارىسى، پىلان كومىتېتى، مائارىپ كومىتېتى، كادىرلار نازارىتى بىرلىكتە، «ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكۇم مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ نوپۇس، ئاشلىق رەسمىيىتىنى يۆتكەشنى باشقۇرۇش چارىسى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى. بۇ ئۇقتۇرۇشتا ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇغان پىلان ئىچىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئاپتونوم رايون چۈشۈرگەن ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر، ئوتتۇرا تېخنىكۇم مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىم قىلىش پىلانى بويىچە، دۆلەت بىر تۇتاش باشتۇرغان «مەملىكىتىمىزدىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشتا تىزىمغا ئالدۇرۇش كىنىشكىسى» ياكى ئاپتونوم رايون بىر تۇتاش باستۇرغان «ئوتتۇرا تېخنىكۇم مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەتكە تەقسىم قىلىشتا تىزىمغا ئالدۇرۇش كىنىشكىسى»نى ھەمدە قوبۇل قىلىدىغان ئورۇننى باشقۇرىدىغان كادىرلار تارمىقىنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئېلىپ نوپۇسىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ئاشلىق رەسمىيىتىنى بېجىرىدۇ. غەيرىي پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرۈپ ئۆزرۈمچى رايونىدا ئىشقا ئورۇنلىشىدىغان ئوقۇغۇچىلار نوپۇس، ئاشلىق رەسمىيەتلىرىنى بېجىرگەندە تىزىملىتىش كىنىشكىسىگە ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار نازارىتىنىڭ ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكۇم مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىم قىلىش تامغىسىنى باستۇرىدۇ؛ پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ۋە ئاسپىرانتلار تىزىملىتىش كىنىشكىسىگە ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكۇملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئاسپىرانتلارنى تەقسىم قىلىش مەخسۇس تامغىسىنى باستۇرىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەندىن ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەننىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغانلار ئىشقا ئورۇنلىشىشتا تىزىمغا ئالدۇرۇش كىنىشكىسىگە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەننىڭ ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكۇم مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىم قىلىش مەخسۇس تامغىسىنى باستۇرىدۇ؛ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە خىزمەتكە ئورۇنلىشىدىغانلارمۇ تىزىمغا ئالدۇرۇش كىنىشكىسىگە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىم قىلىش تارماقلىرىنىڭ ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكۇم مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىم قىلىش مەخسۇس تامغىسىنى باستۇرغاندىن كېيىن ئاندىن قالغان رەسمىيەتلەر بېجىرىلىدۇ؛ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەننىڭ تۈەن - مەيدانلىرىغا تەقسىم قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ شەھەر - بازار نوپۇسى ۋە ئاشلىق نوپۇسى ھەل قىلىنىدۇ، دەپ كۆرسىتىلدى.

6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ئېلىنىدىغان ھەقنى تۆۋەنلىتىپ، كۆممىقوناق ئېكسپورتىنى كېڭەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، سېتىلىدىغان كۆممىقوناقنىڭ باھا پەرقىگە مالىيىدىن قوشۇمچە ياردەم بېرىدىغان، كۆممىقوناقنىڭ سېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، كۆممىقوناق ئېكسپورتىدا ئارىلىقتىكى خىراجەتلەرنى مۇۋاپىق كېمەيتىدىغان ۋە كەچۈرۈم قىلىدىغان بولدى.

6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «يازلىق ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتىنى ئوبدان

ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، جايلاردىن بۇغداي سېتىۋېلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش پىلانىنىڭ ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى، ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىنىدىغان بۇغداينىڭ سىرتىدىكى بۇغداينى كەڭ - كۇشادە سېتىۋېلىشنى، سېتىۋېلىشنى رەت قىلماسلىقنى، چەك قويماسلىقنى تەلەپ قىلدى. ئۇقتۇرۇشتا ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىنغان ئاشلىقنى سېتىش بىلەن ئاشلىقنى قوغدىما باھادا سېتىۋېلىشتا كۆرۈلگەن باھا پەرقى مەركەز ۋە يەرلىك مالىيە بىرلىكتە تەسىس قىلغان ئاشلىق خېيىم - خەتەر فوندىدىن ۋاقتىدا تولۇقلاپ بېرىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئامبار سىغىمچانلىقىنى ئوبدان ھەل قىلىش، ئاشلىقنى يۆتكەپ توشۇش خىزمىتىنى ھەمدە سېتىۋېلىش مەبلىغى بىلەن تەمىنلەش خىزمەتلىرىنى ئوبدان ئىشلەش كېرەك، دەپ تەكىتلەندى.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى مۇشۇ كۈندىن باشلاپ ياغلىق دان، ياغنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى ئۆستۈرۈلدى، بۇنىڭدا ھەر كىلوگرام چىگىت 0.65 يۈەنگە، زىغىر 2.47 يۈەنگە، قىچا 2.40 يۈەنگە، ياغلىق ئاپتاپپەرەس 2.40 يۈەنگە، چىگىت يېغى 5 يۈەنگە، زىغىر يېغى 7.70 يۈەنگە، قىچا يېغى 7.50 يۈەنگە، ئاپتاپپەرەس يېغى 6.85 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى، يۇقىرىقىلار پۈتۈنلەي ئۆلچەملىك مەھسۇلاتلارنىڭ يېتەكچى باھاسىدىن ئىبارەت.

7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسى مەملىكەت بويىچە ئاشلىق سېتىۋېلىشتىكى 221 ئىلغار ئورۇن 218 ئىلغار شەخسنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەقدىرلىدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىن تەقدىرلەنگەن ئورۇنلار: ئىلى ۋىلايەتلىك ئاشلىق باشقارمىسىنىڭ سېتىۋېلىش - سېتىش بۆلۈمى، جىمسار ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى، لوپ ناھىيىسى يورۇڭقاش ئاشلىق پونكىتى، باي ناھىيىسى ئونباش ئاشلىق پونكىتى؛ ئىلغار شەخسلەر: بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسىدىن مەمەت ئەمەت، ئالتاي ۋىلايەتلىك ئاشلىق باشقارمىسىدىن جۇ يۇشېڭ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق باشقارمىسىدىن لى جۇڭشۈن، قورغاس ناھىيىسى لۇساۋگۇ ئاشلىق پونكىتىدىن لۇ شىچىڭ.

7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى، مالىيە نازارىتى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى، ئاشلىق ئىدارىسى بىرلىشىپ، 1997 - يىللىق يەرلىك ئاشلىق ئامبار قۇرۇلۇشى قەرز پۇلى كۆرسەتكۈچىدىن 8 مىليون يۈەن چۈشۈرۈپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىنىڭ سېتىۋېلىش-ساقلاش زىددىيىتىنى ئۇقتىلىق ھەل قىلدى.

7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ سىستېما بويىچە نامراتلارنى يۆلەش تۈرى بولغان كېرىيە ناھىيىلىك ئۇن زاۋۇتى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتى.

7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى سانجى ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسى «تەيكۈن» گۇرۇھى 10 مىليون 380 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ قۇرغان 30 مىڭ يۈرۈش ئاتا - ئەۋلاد نەسىللىك توخۇ فېرمىسى پۈتۈپ لىنتا كېسىلدى.

شۇ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، مالىيە نازارىتى بىرلىشىپ 30 مىليون يۈەن ئامبار ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى قەرز پۇلى چۈشۈردى، قۇرۇلىدىغان ئامبارنىڭ سىغىمچانلىقى 148 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام، قەرز پۇل 3 يىلغا بۆلۈپ تەننەرخكە كىرگۈزۈلىدىغان، ئۆسۈمىگە ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن 3 يىل ياردەم بېرىلىدىغان بولدى.

△ ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، مالىيە نازارىتى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى بىرلىشىپ، يەرلىكتە 50 مىليون كىلوگرام بۇغداينى زاپاس ساقلاش ۋاقىتلىق پىلانىنى چۈشۈردى، بۇنىڭدا ئۈرۈمچى شىمالىي ۋوگزال دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتىدا ساقلىنىدىغىنى 45 مىليون كىلوگرام، كۆكتوقاي كان رايونى ئاشلىق شۆبە ئىدارىسىدە ساقلىنىدىغىنى 5 مىليون كىلوگرام.

7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت قىزىلسۇ ئوبلاستى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكى، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە يازلىق ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتىنى كۆزدىن

كەچۈردى، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى شېن لەنجۇ ھەمراھ بولدى.

شۇ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ «ئاشلىق سودىسىدا زەنجىرسىمان تىجارەت خىزمىتىنى يەنىمۇ ئوبدان ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى تارقىتىپ، جايلاردىن مۇناۋىن زۆڭلى لى لەنچىڭنىڭ زەنجىرسىمان تىجارەت خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق سودىسىدا زەنجىرسىمان تىجارەت خىزمىتىنىڭ يەنىمۇ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى چېن جىنخۇا ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ۋە مۇئاۋىن رەئىس جاڭ يۇنچۈەننىڭ ھەمراھلىقىدا ئۈرۈمچى شىمالىي ۋوگزال دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتىنى كۆزدىن كەچۈردى، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇكېرىم ھاشىم، مۇئاۋىن باشلىق ماۋ يۈنشياڭلار بىللە بولدى.

7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى چېن جىنخۇا ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ ھەمراھلىقىدا، سانجى ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسى مەبلەغ سېلىپ قۇرغان سانجى ئوبلاستلىق ئورمان مېھمانخانىسىنى، قۇتۇبى ناھىيىسى ئەرلىيۇگۇڭ يېزىلىق ئاشلىق پونكىتىنى كۆزدىن كەچۈردى، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇكېرىم ھاشىم بىللە بولدى.

7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاپپارات ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىغا قاراشلىق كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئاپپارات شتاتى لايىھىسىنى تەستىقلىدى. لايىھەدە مۇنۇلار بەلگىلەندى: (1) ئىلگىرىكى 4 كەسپىي ئورۇن ساقلاپ قېلىنىدۇ: ئۇلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق مەكتىپى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق، ياغ پەن ـ تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق، ياغ مەركىزى توپ سېتىش بازىرىنى باشقۇرۇش ئورنى؛ (2) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھەربىي ئاشلىق سېتىۋېلىش، تەمىنلەش مەركىزى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىنىدۇ (مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك، خىراجىتىنىڭ كەم قىسمى خام چوت بويىچە باشقۇرۇلىدۇ).

8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 13 ـ كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەننىڭ رىياسەتچىلىكىدە مالىيە ـ ئىقتىساد رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ 3 ـ قېتىملىق يىغىنى ئېچىلىپ، ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى. 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تارقىتىلغان يىغىن خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: نۆۋەتتە ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق خىزمىتىدە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا مول ـ ھوسۇل ئېلىش، سېتىۋېلىش مىقدارى زور ھەجىمدە ئېشىشتەك خۇشاللىنارلىق ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاشلىق تارماقلىرىدا سېتىش راۋان بولماسلىق، تىجارەت قىيىن بولۇش مەسىلىلىرىمۇ ساقلاندى. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا مالىيە ياردىمىگە ۋە پاختا ئارقىلىق ئاشلىقنى تولۇقلاش سىياسىتىگە ئارتۇقچە تايىنىۋېلىشقا بولمايدۇ. ئاشلىق تارماقلىرى ئالدى بىلەن زور كۈچ سەرپ قىلىپ ئىچكى قىسمىدىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىپ، تىجارەت تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىشى كېرەك. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق بازىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىچكىرىنىڭ ئاشلىق سودىگەرلىرى بىلەن ئاپتونوم رايوندىكى يەككە، خۇسۇسىي ئاشلىق تىجارەتچىلىرىنىڭ پۇل تېپىشنىلا بىلىپ مەجبۇرىيەتتىن قاچىدىغان ھالىتىنى ئۆزگەرتىش كېرەك. مۇھاكىمە ئارقىلىق يىغىندا مۇنداق قارار چىقىرىلدى: 1. ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش دائىرىسى ئىچىدىكى بۇغداي ئىلگىرى بېكىتىلگەن باھا بويىچە سورتى ئايرىپ سېتىۋېلىنىدۇ، ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش دائىرىسىنىڭ سىرتىدىكى بۇغداي بىردەك 1.52 يۈەن/كىلوگراملىق ئوتتۇرىچە باھا بويىچە كەڭ ـ كۇشادە سېتىۋېلىنىدۇ، ياخشى سورتلۇقلىرىنى سېتىۋېلىپ، ئادەتتىكى سورتلۇقلىرىنى سېتىۋالمايدىغان ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشىنى قەتئىي توسۇش كېرەك؛ ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش دائىرىسى ئىچىدىكى ھەر كىلوگرام

كۆممىقوناق 1.06 يۈەن بويىچە سېتىۋېلىنىدۇ، ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش دائىرىسىنىڭ سىرتىدىكىسى 0.96 يۈەنلىك ئوتتۇرىچە ئۆلچەملىك باھا بويىچە تۆۋەنگە 10% لەيلىتىلىپ كەلگ ـ كۆشادە سېتىۋېلىنىدۇ، ئۆلچەملىك سۇ تەركىبى 18% بولىدۇ؛ ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش دائىرىسى ئىچىدىكى گۈرۈچ ئىلگىرى بېكىتىلگەن باھا بويىچە سېتىۋېلىنىدۇ، ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش دائىرىسىنىڭ سىرتىدىكى گۈرۈچنىڭ باھاسى بازار ئارقىلىق بېكىتىلىدۇ. 2. بۇغداي، كۆممىقوناقنى ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى تەڭشەلمەيدۇ. 3. ئاشلىق تارماقلىرىغا بولغان بېسىمنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن ئاشلىق، ياغ سېتىش باھاسىنىڭ 4 ـ پەسلىدىن باشلاپ ئەمەلىيلىشىشىنى تېرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. 4. ئاشلىقنى باشقا مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش خىزمىتىنى داۋاملىق ئوبدان تۇتۇش كېرەك، شىمالىي شىنجاڭدىكى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدا كۆممىقوناق ئېكسپورت قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش لازىم. 5. ھازىرقى ئامبار ئەسلىھەلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىش، يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش ئارقىلىق، ئاشلىق زاپىسىنى ئاشۇرۇش لازىم، شارائىتى بار جايلاردا دۆلەتكە ۋاكالىتەن خەلق ساقلاش چارىسىنى قوللىنىش، مۇۋاپىق خىراجەت بېرىش لازىم. 6. مالىيە نازارىتى بىلەن ئاشلىق ئىدارىسى كۈچ تەشكىللەپ 1992 ـ يىلدىن 1996 ـ يىلغىچە بولغان زىيان، ئاسما ھېساباتلارنى ئېنىقلاش ھەمدە بىرتەرەپ قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە يوللاش كېرەك.

8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسى، دۆلەت ئېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىنىڭ «ئاشلىق، ياغ سۈپەت ئۆلچىمىنى ئىجرا قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» نى تۈزىتىش كىرگۈزۈپ تارقىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىنى تارقاتتى. تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى بەلگىلىمە تاۋار ئاشلىق، ياغنى سېتىۋېلىش، سېتىش، يۆتكەش، ساقلاش، پىششىقلاپ ئىشلەش، ئېكسپورت قىلىش قاتارلىق ھەرقايسى ھالقىلارغا تەدبىقلىنىدۇ، 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىدۇ. ئاپتونوم رايون ئىلگىرى بەلگىلىگەن مۇناسىۋەتلىك ماددىلارنىڭ يېڭى بەلگىلىمە بىلەن زىت كېلىدىغان جايلىرى بولسا يېڭى بەلگىلىمە بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ.

8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى جايلارغا مۇنداق ئۇقتۇرۇش قىلدى: ش ئۇ ئا ر مالىيە ـ ئىقتىساد رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىشنىڭ سىرتىدىكى ھەر كىلوگرام كېلىشىم باھالىق بۇغداينى 1.52 يۈەنلىك سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە كەلگ ـ كۆشادە سېتىۋېلىش كېرەك، جايلارنىڭ سېتىۋېلىشنى رەت قىلىشىغا، چەك قويۇشىغا، سېتىۋېلىشنى توختىتىشىغا بولمايدۇ. ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىشنىڭ سىرتىدىكى گۈرۈچنى دېھقانلار ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى ئۆز ئالدىغا ئوبوروت قىلىدۇ، ئاشلىق تارماقلىرى سېتىۋالايدىغان، ساتالايدىغان بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن بازار ئەھۋالىغا قاراپ سېتىۋالىدۇ.

شۇ كۈنى ش ئۇ ئا ر تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىنىڭ 4 ـ نومۇرلۇق «تۇنجى تۈركۈمدىكى سۈپەت تەكشۈرۈشىدىن خالاس مەھسۇلاتلار ئېلانى» دا ئۈرۈمچى شەھەرلىك «1 ـ ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان «غەربىي دىيار» ماركىلىق ئالاھىدە 1 ـ دەرىجىلىك ئۇن تەكشۈرۈشتىن خالاس قىلىنغان مەھسۇلات دەپ ئېتىراپ قىلىندى، تەكشۈرۈشتىن خالاس قىلىنىش مۇددىتى 1997 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 1999 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە بولىدۇ.

8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر باھا ئىدارىسى مۇنداق ئۇقتۇرۇش چۈشۈردى: ۋەزىپە بەلگىلەپ، سېتىۋېلىشنىڭ سىرتىدىكى ھەر كىلوگرام بۇغداي 1.52 يۈەنلىك باھا بويىچە سورتقا ئايرىلماي كەلگ ـ كۆشادە سېتىۋېلىنىدۇ، موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىشنىڭ سىرتىدىكى ھەر كىلوگرام كۈزگى بۇغدىيى 1.44 يۈەندىن، يازغى بۇغدىيى 1.38 يۈەندىن سورت ئايرىلماي كەلگ ـ كۆشادە سېتىۋېلىنىدۇ. ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىشنىڭ سىرتىدىكى كۆممىقوناقنى سېتىۋېلىشتىكى قوغدىما باھا 0.96 يۈەن/كىلوگراملىق

ئۆلچەملىك باھادىن %10 تۆۋەن لەيلىتىلىدۇ، يەنى 1 ـ سورت 0.89 يۈەن، 2 ـ سورت 0.86 يۈەن، 3 ـ سورت 0.83 يۈەن، سۇ تەركىبى %18 بولىدۇ، كەلگ ـ كۆشادە سېتىۋېلىنىدۇ. ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىشنىڭ سىرتىدىكى شال ۋە گۈرۈچنىڭ باھاسى بازار ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ.

8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئاپتونوم رايون رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنىدا شەھەر ـ بازارلاردىكى ئېتىبار بېرىش، نەپىقە بېرىش، قوتقۇزۇش ئوبيېكتلىرىدىن ئىبارەت 4 خىل ئادەملەرنى ئۈزلۈكسىز ئاشلىقتا ئېتىبار بىلەن تەمىنلەش سىياسىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ۋاقتىنى 1998 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگە قەدەر ئۇزارتىش قارار قىلىندى.

8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسى، دۆلەت پىلان كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىكى شىنجاڭدىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ مۇۋاپىق ئاشلىق ئوبوروت سالدوسى 1 مىليارد 200 مىليون كىلوگرام قىلىپ چوشۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە نورمال ئاشلىق سېتىشنىڭ 1997 ـ يىللىق يېتەكچى كۆرسەتكۈچىنى 1 مىليارد 500 مىليون كىلوگرام قىلىپ بېكىتىپ، ئۇنى مالىيە، ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ 1997 ـ يىللىق ياردەم بېرىشكە تېگىشلىك سالدو مىقدارى ۋە ئۆسۈم، خىراجەت سوممىسىنى ھېسابلاشنىڭ ئاساسى قىلىشنى، لېكىن ئاشلىق كارخانىلىرىغا بېرىلىدىغان ياردەمنى راسچوت قىلىشنىڭ ئاساسى قىلماسلىقنى بەلگىلىدى. مالىيە تارماقلىرى دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىغا ئۆسۈم، خىراجەت ئۈچۈن بېرىدىغان ياردەمنى مۇشۇ يىللىق ئەمەلىي سېتىۋالغان ئاشلىق مىقدارى (ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋالغىنى بىلەن قوغدىما باھادا سېتىۋالغىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دىن ئەمەلىي ساتقان ئاشلىق مىقدارىنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىنكى ياردەم بېرىشكە تېگىشلىك سالدوغا ئاساسەن راسچوت قىلىپ، ئارتۇقىنى قايتۇرىدىغان، كەممىنى تولۇقلاپ بېرىدىغان بولدى. ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرىدىن ئاشلىق باھاسى قايتا ئۆرلەپ مۇۋاپىق دائىرىگە كەلگەندىن كېيىن، مالىيە مىنىستىرلىكى قاتارلىق 4 تارماقنىڭ «ئاشلىق خېيىم خەتەر فوندىنى ئىشلىتىش ـ باشقۇرۇش چارىسىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» بويىچە باھا سەۋىيىسىنى بېكىتىپ، نورمال تىجارەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ يېتەكچى خاراكتېرلىك نورمال سېتىش كۆرسەتكۈچىگە يەتكۈزۈش ياكى ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشنى تەلەپ قىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى جىمسار ناھىيىلىك ئاشلىق، ياغ زاۋۇتى 2 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ ئۆزگەرتىپ قۇرغان، كۈنىگە 75 تونا بۇغداينى بىرتەرەپ قىلىپ دەرىجىلىك ئۇن ئىشلەپچىقىرالايدىغان ئۇن تارتىش سېخى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، مالىيە نازارىتى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى بىرلىشىپ دۆلەت مەخسۇس زاپاس ساقلايدىغان 50 مىليون كىلوگرام كۆممىقوناق سېتىۋېلىش پىلانىنى چۈشۈردى، كۆممىقوناق شىمالىي ۋوگزال دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتىدا ساقلىنىدىغان بولدى.

9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسى كېڭەيتىپ قۇرۇلغان كورلا «تەڭرىتاغ» دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتىنى رەسمىي تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى، كېڭەيتىپ قۇرۇلغان ئىسكىلاتنىڭ سىغىمى 50 مىليون كىلوگرام بولۇپ، 8 مىليون 600 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسى كېڭەيتىپ قۇرۇلغان كۈيتۇڭ دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتىنى رەسمىي تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى، كېڭەيتىپ قۇرۇلغان ئىسكىلاتنىڭ سىغىمى 50 مىليون كىلوگرام بولۇپ، 9 مىليون 150 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «ئاشلىق سېتىش باھاسىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دېيىلدى: يېقىندا قىسمەن جايلاردا ئاشلىقنى بەس - بەس بىلەن باھا چۈشۈرۈپ ساتىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ زىيىنى ئاشتى،

بازارلاردا ئاشلىق باھاسى داۋاملىق تۆۋەنلەپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ خىل تەتۈر مەشغۇلات گوۋۇيۈەن ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرىنىڭ روھىغا ئۇيغۇن ئەمەس. دۆلەت پىلان كومىتېتى، دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ «ئاشلىق سېتىش باھاسىغا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نىڭ روھىغا ئاساسەن، جايلاردىن ئاشلىقنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بېكىتكەن سېتىش باھاسى بويىچە تاختا ئېسىپ سېتىش تەلەپ قىلىنىدۇ. سىياسەت خاراكتېرلىك سېتىشنىڭ سىرتىدا سېتىلىدىغان ئاشلىق ھەمدە سىياسەت خاراكتېرلىك سېتىلىدىغان پېشقەدەملىك ئاشلىقتا دەسمايىنى ساقلاپ قېلىش، ئاز پايدا ئېلىش پرىنسىپى بويىچە باھا قويۇش كېرەك، زىيىنىغا سېتىشقا، باھانى بەس - بەستە چۈشۈرۈپ سېتىشقا بولمايدۇ، بەك تۆۋەن بولۇۋاتقان ئاشلىق باھاسىنى مۇۋاپىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن، تەتۈر مەشغۇلات قىلىشتىن، تەتۈر تەڭشەشتىن ساقلىنىش كېرەك.

10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، مالىيە نازارىتى ئاپتونوم رايون ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ 1997 - يىللىق چارۋىچىلىق ئاشلىق پونكىتلىرى قۇرۇلۇشى تۈرلىرى ۋە قىسمەن چارۋىچىلىق ئاشلىق پونكىتلىرىنىڭ ترانسپورت ئاپتوموبىلىنى يېڭىلاش مەبلىغىنى چۈشۈردى. 26 چارۋىچىلىق ئاشلىق پونكىتى قۇرۇشقا 4 مىليون 850 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ چارۋىچىلىق ئاشلىق پونكىتلىرىغا 14 ترانسپورت ئاپتوموبىلى تەقسىم قىلدى، مەبلىغى 910 مىڭ يۈەن.

10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى، جۇڭخۇا مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، جۇڭگو سۈپەت تەكشۈرۈش جەمئىيىتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى سېتىش شىركىتىنىڭ تەييار مەھسۇلات بۆلۈمى QC گۇرۇپپىسىغا «1997 - يىلى مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر سۈپەت باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى» دەپ نام بەردى.

10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، پىلان كومىتېتى، مالىيە نازارىتى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، جايلارنىڭ 1 مىليارد 200 مىليون كىلوگرام مۇۋاپىق ئاشلىق ئوبوروت سالدۇسى پىلانىنى چۈشۈردى. جايلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئاشلىق سالدۇسى ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن مۇۋاپىق ئوبوروت سالدۇسى ھېساباتىغا ئاساسەن، ئامبار سالدۇسىدىن ئاشقان مىقدار ھەمدە ئۇنىڭغا كېرەكلىك ئۆسۈم، خىراجەت ياردىمى پەسىل بويىچە ئاجرىتىپ بېرىلىدىغان، ئاشلىق يىلى ئاخىرىدا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر بىرلىك قىلىشىپ ئەمەلىي سالدۇسىدىن ئاشقان مىقدار بويىچە راسچوت قىلىنىپ، ئارتۇق بولسا قايتۇرۇلىدىغان، كەم بولسا تولۇقلاپ بېرىلىدىغان بولدى.

10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى شىخەنزە ئاشلىق، ياغ پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنىڭ كۈنىگە 250 تونا بۇغداينى بىرتەرەپ قىلىپ دەرىجىلىك ئۇن ئىشلەپچىقىرىش سېخى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى 1997 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «بىرگە ئۇيغۇن، تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئىسكىلاتلىرىنى بەرپا قىلىشتىكى ئىلغار ناھىيە، شەھەرلەرنى باھالاپ سېلىشتۇرۇش ۋە دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتلىرىنى يىللىق تەكشۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش تارقاتتى. «بىرگە ئۇيغۇن، تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئىسكىلاتلىرى بەرپا قىلىشتىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر) ئاشلىق ئىدارىلىرى: كۈنەس، لوپ، نىلقا، غۇلجا، چىرا، يەنجى، شىخو، قاغىلىق، يېڭىسار، خوشۇت، گۇچۇڭ، چۆچەك، باركۆل، بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى؛ ئىلغار دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتلىرى: غۇلجا، قۇمۇل دايىڭفاڭ، ئۈرۈمچى ساڭفاڭگۇ، ئۈرۈمچى شىمالىي ۋوگزال، تۇرپان، ئالتاي، چۆچەك، موڭغۇلكۈرە، كۇيتۇڭ، كۇچا، خوتەن زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى.

10 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دەلىلقان مامىقان ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى 11 ئاشلىق كارخانىسى، زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى، ئاشلىق پونكىتىنى تەكشۈرۈپ بۇ ۋىلايەتتىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ خىزمىتىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە ماختىدى ھەمدە ئاقسۇدىكى كونا يېڭى ئىسكىلاتلاردىكى

10 مىليون كىلوگرام گۈرۈچنىڭ ھەر كىلوگرامىغا 0.20 يۈەندىن يۆتكەپ سېتىش قوشۇمچە ياردىمى بېرىش كېرەك. ئامبار سېلىش مەبلىغىنى ئورۇنلاشتۇرغاندا ئاقسۇغا مايىللاشتۇرۇش، ئاقسۇدا دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتىدىن بىرنى قۇرۇش تۈرىنى تۈرغۇزۇشقا ئىلتىماس سۇنۇش كېرەك دەپ يوليورۇق بەردى.

10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ئىلىدا خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەندە، غۇلجا ناھىيىسى ئۈچئۆي ئاشلىق پونكىتىنىڭ ساقلاش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە ئاشلىق سېتىۋاتقان دېھقانلار بىلەن سەمىمىي سۆھبەتلەشتى.

11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئاپتونوم رايون ئاشلىق سېتىش باھاسىنى تەڭشىدى. باھا تەڭشەش ھەجمى يۇقىرى بولمىغاچقا، ئامما پىسخىكا جەھەتتە قوبۇل قىلالىدى. 10 ـ ئايلىق نورما ئاشلىق بۆرۈنقى باھا بويىچە 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئۆزلۈكسىز تەمىنلىنىدىغان بولدى. كونكرېت باھا سەۋىيىسى (ئوتتۇرىچە باھا) مۇنداق: ھەر كىلوگرام ئۆلچەملىك ئۇن ئەسلىدىكى 2.25 يۈەندىن 2.46 يۈەنگە، ئالاھىدە 2 ـ دەرىجىلىك ئۇن 2.54 يۈەندىن 2.65 يۈەنگە، ئالاھىدە 1 ـ دەرىجىلىك ئۇن 2.70 يۈەندىن 2.93 يۈەنگە تەڭشەلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ ئېتىبار بېرىش، نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرى، ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكۇملار، تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار، خەلق ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلاردىكى ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بولغان، ئەمگەك تارماقلىرى بىر تۇتاش تارقاتقان كىنىشكىسى بار ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ نورما ئاشلىقىغا يەنىلا ھازىرقى ياردەم بېرىش دائىرىسى، ئۆلچىمى ۋە چارىسى بويىچە ياردەم بېرىلىدىغان بولدى. چارۋىچىلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى كىرا ھەققىگە داۋاملىق مالىيىدىن ياردەم بېرىلىدىغان بولدى.

11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە يوليورۇق سوراش دوكلاتى سۇنۇپ، ئاشلىقنىڭ سىياسەت خاراكتېرلىك ياردەم مەبلىغىنى ۋاقتىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. 1997 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن ئاشلىق تارماقلىرىغا بېرىلىدىغان 619 مىليون يۈەن ياردەم پۇلى كەم قالدى.

11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق سېتىش باھاسىنى راۋانلاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دېيىلگەن: دۆلەت پىلان كومىتېتى، دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ «ئاشلىق سېتىش باھاسىغا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»ىغا ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاشلىق سېتىش باھاسىنى راۋانلاشتۇرۇش كېرەك. كۆممىقوناق ئۇنى، گۈرۈچنىڭ ھازىرقى سېتىش باھاسى ئەمەلىيلىشىپ بولغانلىقتىن تەڭشەلمەيدۇ. ئۇنىغا ئىشلەپچىقىرىش رايونى، يېرىم ئىشلەپچىقىرىش يېرىم سېتىش رايونى، سېتىش رايونىدىن ئىبارەت 3 باھا رايونى بويىچە باھا قويۇلىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش رايونىدا بۇغداينىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ يۆتكەش باھاسى 1.67 يۈەن بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ زاۋۇتتىن چىقىش باھاسى شۇ جايدىكى باھا تارماقلىرى ئاشلىق تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە توپ ـ پارچە سېتىش پەرق نىسبىتىنى 9% تىن ئاشۇرۇۋەتمەي تەتۈر ھېسابلاپ بېكىتىدۇ، ناھىيە، شەھەر تەۋەسىدىكى پورتلار ۋە سانائەت ـ كان رايونلىرىنىڭ ئۇن سېتىش باھاسى شۇ جاينىڭ باھاسى بويىچە بولىدۇ. ھەربىيلەرگە سېتىلىدىغان ئاشلىقنىڭ باھاسى تەڭشەلمەيدۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە 1997 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ بىرتۇتاش ئىجرا قىلىنىدۇ.

11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئوچۇقچىلىقتا ئاشلىق ساقلاش بويىچە نەق مەيدان تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئىلىدا چاقىرىلدى، ئۈرۈمچى، سانجى، تارباغاتاي، بورتالا، شىخەنزە قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىن مۇناسىۋەتلىك خادىملار يىغىنغا قاتناشتى. يىغىن ۋەكىللىرى قورغاس، غۇلجا، كۈنەستىكى 9 ئامبار، پونكىت (نۇقتا) نىڭ ئوچۇقچىلىقتا ئاشلىق ساقلاش ئەھۋالى ھەمدە ئوچۇقچىلىقتا ساقلانغان ئاشلىقنى كۆكىرىپ قېلىشتىن، ھاشاراتتىن، چاشقاندىن

ساقلاش، شامالدىتىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى كۆردى. ئىلى ۋىلايىتىدە ئوچۇقچىلىقتا ساقلىغان ئاشلىق 100 مىڭ توننىغا يېتىدۇ.

12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى دۆلەت ئىچكى سودا مىنىستىرلىكى 1 - تۈركۈمدىكى مەملىكەت بويىچە چوڭ سودا، ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ تىزىملىكىنى ئېلان قىلدى، شىنجاڭدىن ئۈرۈمچى شىمالىي ۋوگزال دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى، ئۈرۈمچى ساڭفاڭگو دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى مەملىكەت بويىچە ئاشلىق ساقلاشتىكى چوڭ كارخانا دەپ، ئېتىراپ قىلىندى.

12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى سانجى ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ 1993 - يىلدىن 1997 - يىلغىچە بولغان 5 يىللىق خۇلاسىسىدە، پۈتۈن ئوبلاست بويىچە ئاشلىق سېتىۋېلىشنىڭ سودا - ساناتەت پايدا - زىيىنى بالانس قىلىنىپ سىياسەت خاراكتېرلىك يارەمگە كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن يىلمۇ يىل پايدا ئېلىنغانلىقى، 5 يىللىق پايدىنىڭ 90 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يەتكەنلىكى، بۇنىڭ ئىچىدە 1993 - يىلى 8 مىليون 20 مىڭ يۈەن، 1994 - يىلى 31 مىليون 800 مىڭ يۈەن، 1995 - يىلى 28 مىليون 670 مىڭ يۈەن، 1996- يىلى 10 مىليون 880 مىڭ يۈەن، 1997 - يىلى 11 مىليون يۈەن (يىل ئاخىرىدىكى ئەمەلىي نەق چوت 10 مىليون 540 مىڭ يۈەن) بولغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە «ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ چارۋىلارنى قوغداش ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات» يوللىدى. دوكلاتتا: ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرى ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ، چارۋىلارنى قوغداش ئۈچۈن 53 مىليون 630 مىڭ كىلوگرام ئۇن، 75 مىليون 850 مىڭ كىلوگرام يەم-خەشەك (كۆممىقوناق)، 1 مىليون 300 مىڭ كىلوگرام قېسىرماق، كۈنجۈرە، 300 مىڭ كىلوگرام كېپەك تەييارلىدى، ھازىر بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ھەرقايسى چارۋىچىلىق پونكىتلىرى ۋە چارۋىچىلىق تەمىنلەش نۇقتىلىرىغا يەتكۈزۈلدى. ساقلانغان مەسىلە شۇكى نىسى سېتىلغان ئاشلىق، يەم - خەشەك پۇلى ھازىرغىچە يىغىۋېلىنمىدى، دېيىلگەن ھەمدە ئاپتونوم رايون ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلىنى چۈشۈرگەندە ئاشلىق، يەم - خەشەك مەبلىغىنى مەخسۇس تۈر بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرسە، مەخسۇس پۇل ئۆز ئورنىغا ئىشلىتىلسە، دەپ تەكلىپ بېرىلگەن.

12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاشلىق، ياغ سۈپەت ئۆلچىمىنى يولغا قويۇش چارىسى» نى بېسىپ تارقاتتى. بۇ چارە پەقەت ئاپتونوم رايون دائىرىسىدىكى ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش، سېتىش، يۆتكەش، يەرلىك ئېكسپورت ۋە تىجارەتلەرگىلا تەدبىقلىنىدۇ.

12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات» يوللاپ، بۇغداي، كۆممىقوناق، گۈرۈچنىڭ سېتىۋېلىش - سېتىش ئەھۋالىنى، ئاساسلىقى ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىنغاندىن كېيىن ئاشلىق ۋەزىيە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش باھاسى ۋە قوغدىما باھا بويىچە كەڭ - كۆلەمدە سېتىۋېلىنغانلىقىنى، سېتىۋېلىش مىقدارى كۆپ بولغاچقا بازاردىكى ئاشلىق باھاسىنىڭ ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ تاختاي باھاسىدىن تۆۋەن بولۇۋاتقانلىقىنى، سېتىلىش يوللىرى راۋان بولماي ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئېغىر زىيان تارتقانلىقىنى، ئامبارلارنىڭ توشۇپ كەتكەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. بۇغداي سېتىۋېلىشتىكى قوغدىما باھانى تۆۋەنلىتىش (5%)، گۈرۈچنى قوغدىما باھادا سېتىۋېلىش، ئاشلىق ئوبوروتىنىڭ تەرتىپلىك بولۇشىغا، باراۋەر رىقابەتكە پايدىلىق بولۇش ئۈچۈن، بازار باشقۇرۇش چارىسى تۈزۈش ھەققىدە تەكلىپ بەردى.

12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دەلىلقان مامىقان ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن قىيىنچىلىقى بار كارخانا — شىنجاڭ ئاشلىق، ياغ يېمەكلىك چەكلىك

شىركىتىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىدىن ھال سورىدى، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ ئېرباۋ ھەمراھ بولدى.

12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەمەت كەرىمباي، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دەلىلقان ماسقان قاتارلىق پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى قىيىنچىلىقى بار كارخانا — شىنجاڭ ئاشلىق، ياغ ترانسپورت سانائەت سودا شىركىتىنى يوقلىدى، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇكېرىم ھاشىم ۋە مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ماۋ يۈنشياڭلار ھەمراھ بولدى.

شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق سىستېمىسىنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 813 مىليون 770 مىڭ يۈەن، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 251 مىليون 160 مىڭ يۈەن، سېتىش كىرىمى 1 مىليارد 819 مىليون 380 مىڭ يۈەن، يۇقىرىغا تاپشۇرغان بېجى 18 مىليون 490 مىڭ يۈەن، پايدىسى 15 مىليون 670 مىڭ يۈەن بولدى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق سىستېمىسىنىڭ مەمۇرىي ئاپپاراتى 106، كەسپىي ئاپپاراتى 13، تىجارەت ئاپپاراتى 1354، ئىشچى - خىزمەتچىسى 53 مىڭ 87 بولدى، بىر يىلدا 6968 ئادەم تارقاقلاشتۇرۇلدى.

## 1998 - يىل

1 - ئاي ئۈرۈمچى شەھەرلىك يەم - خەشەك شىركىتى كېڭەيتىپ قۇرغان دانىچە يەم - خەشەك ئىشلەش سېخىنىڭ قۇراشتۇرۇش، تەڭشەش ئىشلىرى تاماملىنىپ سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇ تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىگە 8 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى بۇ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى ۋە ئۇنىڭغا يۈرۈشلەشتۈرۈپ قۇرۇلغان 2400 توننىلىق پولات تاختىلىق ئامبار تۈرى 10 ئاي سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق تۈرلەر كۆرسەتكۈچلىرى مەشغۇلات لايىھەسىدىكى تەلەپكە يېتىپ ياكى ئۇنىڭدىن ئېشىپ، شەھەرلىك ئىقتىساد كومىتېتى، شىنجاڭ ئاشلىق، ياغ يەن تەتقىقات ئورنى قاتارلىق 8 ئورۇننىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، پىلان كومىتېتى، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بىرلىشىپ دۆلەت ئىچكى سودا مىنىستىرلىكى، دۆلەت پىلان كومىتېتى، دۆلەت سودا. سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ «ئاشلىق بازارلىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى. ئۇقتۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: (1) گۇۋۇيۈەن بەلگىلىگەن ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش سىياسىتىنى جۈملىدىن كېلىشىم باھا بويىچە سېتىۋېلىنىدىغان ئاشلىقنى قوغدىما باھا بويىچە كەڭ - كۇشادە سېتىۋېلىش، ئاشلىقنى تۆۋەن باھادا سېتىشقا يول قويماسلىق قاتارلىق سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلىشتا، جايلار سىياسەتنى، ئورۇنلاشتۇرۇشنى، ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش تەلىپىنى قەتئىي ئورۇندىشى كېرەك. دۆلەتنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش سىياسىتىنى دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىلا كەم - كۈتىسىز ئىجرا قىلىپ قالماي، باشقا ئاشلىق تىجارەتچىلىرىمۇ دۆلەتنىڭ تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلىشى كېرەك. (2) دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ سېتىۋېلىش ئامبار - نۇقتىلىرى دېھقانلارنىڭ ئېشىنچا ئاشلىقنى سېتىۋېلىشنى رەت قىلماسلىقى، سېتىۋېلىشقا چەك قويماسلىقى، سېتىۋېلىشنى توختاتماسلىقى «ئاق ھۆججەت» يېزىپ بەرمەسلىكى، تۈرلۈك قالدۇرۇق پۇللارنى ۋاكالىتەن تۇتۇپ قالماسلىقى كېرەك. دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق

سېتىۋېلىش - ساقلاش كارخانىلىرىدىن باشقا ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ جۈملىدىن دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق تارماقلىرى قۇرغان پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى، يەم - خەشەك زاۋۇتى، ئېچىتىش زاۋۇتى قاتارلىق ئاشلىق پىششىقلاپ ئىشلەش، تىجارەت قىلىش ئورۇنلىرىنىڭ يېزىلارغا بېرىپ بىۋاسىتە ئاشلىق سېتىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. (3) دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرى ئاشلىقنى بىر تۇتاش بەلگىلەنگەن سېتىش باھاسى بويىچە سېتىشى لازىم، تۆۋەن باھادا سېتىشقا بولمايدۇ، ئاشلىق باھاسى سىياسىتىگە خىلاپ قىلمىشلارغا قەتئىي زەربە بېرىپ، دۆلەتنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش سىياسىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى لياڭيۈەن زەنجىرسىمان سېتىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك پايچىكلار يىغىنى ھەمدە قۇرۇلۇش يىغىنى شىمىگو ئاشلىق شۆبە ئىدارىسىدا چاقىرىلدى. بۇ ئاپتونوم رايون ئاشلىق سىستېمىسى بويىچە زەنجىرسىمان سېتىش نۇقتىلىرىدىن تەشكىللەنگەن تۇنجى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ھېسابلىنىدۇ.

3 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق سېتىۋېلىش سېتىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە چاقىرىلدى. يىغىندا 1997 - يىللىق ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش خىزمىتى خۇلاسىلەندى. 1998 - يىللىق ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش ۋەزىيىتى تەھلىل قىلىندى. شۇ ئاينىڭ 23 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە «ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات» يوللاپ مۇنۇلارنى ئىنكاس قىلدى. خېنەن، شەندۇڭ، گەنسۇ قاتارلىق ئۆلكىلەردىن نۇرغۇن ئۇن شىنجاڭنىڭ شەھەرلىرىگە كىردى، ھەر كىلوگرام ئۇننىڭ بازار باھاسى تاختاي باھاسىدىن 0.05 يۈەن ئەتراپىدا تۆۋەن بولۇۋاتىدۇ. ئۈرۈمچى تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى تەمىنلىگەن ماتېرىيالغا قارىغاندا، 1998 - يىل 1 - پەسىلدە ئىچكى ئۆلكە، شەھەرلەردىن 45 مىليون 220 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق پويىز بىلەن شىنجاڭ بازارلىرىغا يۆتكەپ كېلىنگەن، جايلاردىكى ئاشلىق بازارلىرى ئىزچىل ھالدا پەسكويدا تۇرۇۋاتىدۇ، بازاردىكى ئاشلىق باھاسى ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن تاختاي باھاسىدىن تۆۋەن بولۇۋاتىدۇ، دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئۇن سېتىشى ناھايىتى تەسلىشىپ كەتتى.

3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شاڭخەي «شەرق» تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شاڭخەي بۈيۈك دۇنيا جىنىس باش شتابى ئۇيۇشتۇرغان 98 بۈيۈك دۇنيا جىنىس مۇسابىقىسىدە شىنجاڭلىق ئۇستام لى ئېنخەي ئۈرۈمچى شەھىرى «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتىنىڭ «غەربىي دىيار» ماركىلىق ئۇننى يۇغۇرۇپ ئەڭ ئىنچىكە لەڭمەن سوزۇپ بۈيۈك دۇنيا جىنىس يېڭى رېكورتىنى ياراتتى.

3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە نۆۋەتتىكى ئاشلىق خىزمىتىنى دوكلات قىلىپ، ئامبار سىغىمچانلىقىنىڭ ئېغىر ھالدا كەمچىل بولۇۋاتقانلىقى، ئاشلىقنى ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا تەكلىپ، پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق ساقلاش خىزمىتى يىغىنى غۇلجا شەھىرىدە چاقىرىلدى. يىغىندا 2 يىلدىن بۇيانقى ئاشلىق ساقلاش خىزمىتى خۇلاسىلەندى، ئىلى، قۇمۇل، خوتەندىن ئىبارەت 3 ئىلغار ۋىلايەت، 11 ئىلغار دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى ۋە «بىردە ئۇيغۇن، تۆتتىن خالىي» ئامبار ياراتقان 11 ئىلغار ناھىيە (شەھەر) تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى.

4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ «تۈنۈگۈنكى مۇھىم ئىشلار» مەلۇماتىدا قەشقەر ۋىلايىتىدە بېسىلىپ قالغان كۆممىقوناق سالدۇسىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە كاسات بولۇۋاتقانلىقى، 58 مىليون 580 مىڭ كىلوگرام سالدۇ ئاشلىقتىن 30 مىليون كىلوگرامىنىڭ ئۇچۇقچىلىقتا ساقلىنىۋاتقانلىقى ئىنكاس

قىلىندى.

4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ «ئاشلىق سېتىۋېلىشتا زىياننى تۈگىتىپ پايدا ئېلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئوبدان ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى تارقىتىپ، جايلاردىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: دۆلەتنىڭ ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش ـ سېتىش سىياسىتىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ئاساسىي يوللۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك؛ مەبلەغ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كارخانىنىڭ مەبلەغ ئىگىلەش قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، كارخانىنىڭ ئېشىپ قويۇلغان زىيان ھېساباتىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىپ، كارخانىنىڭ قەرزىنى ئازايتىش كېرەك؛ كارخانىنىڭ ئىچكى باشقۇرۇشىنى كۈچەيتىپ، نامۇۋاپىق خىراجەت چىقىملىرىنى ئازايتىش كېرەك؛ شەھەر، يېزا بازارلىرىنى پائال كېڭەيتىپ، كۆپ خىل ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك؛ كارخانىنىڭ بوغالتىرلىق ھېساباتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم تەھلىلىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش كېرەك؛ رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، زىياننى تۈگىتىپ پايدا ئېلىش خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 22 ـ كۈنىگىچە ئالتاي ۋىلايىتىدە پەۋقۇلئاددە ئېغىر بوران ئاپىتى يۈز بەردى، قابا، جېمىنەي، چىڭگىل، بۇرۇلتوقاي، كۆكتوقاي قاتارلىق ناھىيىلەردىكى ئاشلىق ئىدارىلىرىنىڭ زىيىنى ئېغىر بولدى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە 165 پارچە برېزېنت، 43 تور بۇزۇلغان، ئامبار رايونىنىڭ 300 مېتىر قاشا تېمى ئۆرۈلۈپ كەتكەن، ئۆگزىگە ياتقۇزۇلغان 7717 كۋادرات مېتىر ماي قەغەزنى بوران ئۇچۇرۇپ كەتكەن، 3 ئېغىز ئۆينىڭ ئۈستى ئېچىلىپ قالغان، ئاشلىق پونكىتلىرىنىڭ نەچچە يۈز مېتىر قورۇ تېمى ئۆرۈلۈپ كەتكەن. تالاغا تىزىپ قويۇلغان 3 دۆۋە ئاشلىق ئۆرۈلۈپ كەتكەن، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 760 مىڭ يۈەندىن ئاشقان. باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى 18 ـ ئاپرېل قارا بوراننىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ ئاشلىق تارماقلىرى 200 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىيان تارتتى.

4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسى ۋە بۇ ئىدارىگە بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلار 4500 نەچچە يۈەن قىممىتىدىكى گۈرۈچ، ئۇن، كەسمە چۆپ، مىنېرال سۇ، چاقماق قەنت قاتارلىق بۇيۇملارنى خېجىڭدىكى بالغۇنتاي چازىگو ئورمان رايونىغا ئاپىرىپ، ئوت ئۆچۈرۈپ خەتەردىن قۇتقۇزۇش كۈرىشىگە قاتنىشىۋاتقان قوراللىق ساقچى قىسىم جەڭچىلىرىگە مەدەت بەردى.

4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى مالىيە نازارىتى، ئاشلىق ئىدارىسى بىرلىشىپ، «‹4 خىل كىشىلەر›نىڭ ئاشلىق ياردىمى مەسىلىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى، ئاپتونوم رايونلۇق 8- نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 165 ـ قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ ئېتىبار بېرىش، نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرى، خەلق ئوقۇتقۇچىلىرى، ئەمگەك تارماقلىرىنىڭ بىرتۇتاش تەكشۈرۈپ تارقاتقان كىنىشكىسىنى ئالغان قىيىنچىلىقى ئېغىر كارخانىلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ئاشلىق ياردەم بېرىش چارىسىنى ئىجرا قىلىش 1998- يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ توختىتىلدى. ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى، تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ نورما ئاشلىقىغا ياردەم بېرىشمۇ شۇ ئوقۇش مەۋسۇمىدە ئاخىرلاشتى. چارۋىچىلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىغا ياردەم بېرىشمۇ 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ توختىدى.

4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ساۋەن ناھىيىسىدە ئاپتونوم رايوننىڭ ھەربىي ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، مەملىكەتلىك ھەربىي ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى، شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئاشلىق تەمىنلەش نىزامنامىسىنى تۈزۈپ چىقتى. كېيىن دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسى بۇ نىزامنامىنى مەملىكەتتىكى ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەرنىڭ ھەربىي ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش

تارماقلىرىغا تارقىتىپ بەردى.

4 - ئاينىڭ 27 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، مۇئاۋىن رەئىسلەردىن جاڭ يۈنچۈەن، دەلىلقان مامىقان، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇكېرىم ھاشىم، پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى نيۇ شياۋپىڭ، مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى لۇ فاكې، باھا ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شېن يۈەنچيۇ، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ما جېنيۈن قاتارلىقلار بېيجىڭغا بېرىپ گوۋۇيۈەن چاقىرغان مەملىكەتلىك ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى خىزمىتى يىغىنىغا قاتناشتى، يىغىندا زۇڭلى جۇ رۇڭجى مۇھىم سۆز قىلدى، مۇئاۋىن زۇڭلى ۋېن جياباۋ مەخسۇس دوكلات بەردى. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى يەتكۈزۈپ ئىزچىللاشتۇرۇش، شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى خىزمىتى يىغىنىنى چاقىردى. يىغىنغا ۋالىي، ئوبلاست باشلىقى، شەھەر باشلىقى، ھاكىملار شۇنىڭدەك ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك ئاشلىق، مالىيە، سودا - سانائەت، ئىقتىسادىي تەپتىش ئىدارىلىرى، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىلىرى، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك باھا ئىدارىلىرىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بولۇپ 560 نەچچە كىشى قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەسقەت كەرىمباي، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىس جاڭ يۈنچۈەن يىغىنغا كېلىپ سۆز قىلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دەلىلقان مامىقان مەخسۇس دوكلات بەردى؛ ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى نيۇ شاۋپىڭ، مالىيە نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن نازىر قاسىم توختى، ئىقتىسادىي تەپتىش نازارىتىنىڭ نازىرى جۇ دىڭيۈن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇكېرىم ھاشىم، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ما جېنيۈن، ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى گۇ كەييۈەنلەرمۇ چوڭ يىغىندا سۆز قىلدى. جايلارنىڭ ئاشلىق ئىسلاھاتى خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى: مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىش، ئاشلىقنى زاپاس ساقلاش بىلەن ئاشلىق تىجارىتىنى ئايرىش، مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ ئاشلىق خىزمىتى ھوقۇقىنى مۇۋاپىق ئايرىش، ئاشلىق باھا مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۇرۇش، ئېسىپ قويۇلغان كونا، يېڭى ئاشلىق مالىيە ھېساباتىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش، سېتىۋېلىش مەبلىغىنى باشقۇرۇش چارىسىنى ياخشىلاش، ئاشلىق خېيىم - خەتەر فوندىنى باشقۇرۇشنى مۇكەممەللەشتۇرۇش، ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئاساسلىق ۋە قوشۇمچە تىجارەت كەسپىنى ئايرىش ھەمدە دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىدا خادىملارنى قىسقارتىش، تارقاقلاشتۇرۇش خىزمەتلىرىنى مۇكەممەللەشتۇرۇشتىن ئىبارەت. 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى [1998] 85- نومۇرلۇق «ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكىر» نى تارقاتتى، بۇ پىكىر ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلدى.

5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك «1 - ئاۋغۇست» ئۈن زاۋۇتىنىڭ «غەربىي دىيار» ماركىلىق ئۇننى مەخسۇس (زەنجىرسىمان) سېتىش نۇقتىلىرىغا ۋۇشكا ئېسىپ ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى «1- ئاۋغۇست» ئۈن زاۋۇتىدا ئېچىلدى. شىنجاڭ بويىچە 1 - تۈركۈمدىكى «غەربىي دىيار» ماركىلىق ئۇننى مەخسۇس (زەنجىرسىمان) ساتىدىغان 138 نۇقتا تىجارەتنى رەسمىي باشلىدى.

5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئاۋام تاماق بوتكىسىنىڭ تىجارەت باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دەلىلقان مامىقان، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى نۇربەكرى، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇكېرىم ھاشىم قاتارلىق رەھبەرلەر تىجارەت باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى. بۇ قېتىم باشلانغان ئاۋام تاماق بوتكىسى قورۇلۇشى 20 تېز، پاكىز تاماق ئاپتوموبىلى

ۋە 50 كىچىك تاماق ئاپتوموبىلىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تيانشان رايونى، سايباغ رايونى، يېڭىشەھەر رايونى قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. بۇ تەدبىر شەھەر ئاممىسىغا قۇلايلىق يارىتىپلا قالماي دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق دۇكانلىرىنىڭ ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان بىر تۈركۈم ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقىمۇ ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە «تارباغاتاي قاتارلىق 7 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ قارا بوران ئاپىتىگە ئۇچراش، زىيان تارتىش ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات» يوللىدى. دوكلاتتا مۇنداق دېيىلگەن: 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى شىمالىي شىنجاڭ ھەمدە قۇمۇل قاتارلىق 7 ۋىلايەت، ئوبلاست قارا بوراننىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئاشلىق ئامبارلىرىنىڭ 107 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر ئۆگزىسى ئېچىلىپ قالدى، 4040 مېتىر قاشا تام ئۆرۈلۈپ كەتتى، ئوچۇقچىلىقتا ساقلىنىۋاتقان 447 توننا بۇغداينى بوران ئۇچۇرۇپ كەتتى، 991 پارچە برېزېنت ياپقۇچنى بوران يىرتىۋەتتى. ماشىنىلاشقان لاپاس، قوشۇمچە تىجارەت، تۇرمۇش مۇئەسسەسەلىرىمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىدى، زىيان سوممىسى 11 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېڭى ئاشلىقنى سېتىۋېلىپ ساقلاشتىكى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش، ئاپەتتىن كېيىن رېمونت قىلىش ھەمدە ئالادا ساقلاشقا كېرەكلىك ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن ھۆكۈمەتنىڭ ئاددىي قۇرۇلۇش خىراجىتىدىن 10 مىليون يۈەن ئاجرىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىمىز.

5 - ئايدىن 8 - ئايلارغىچە ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەپتىش، مالىيە، ئاشلىق، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى قاتارلىق 9 تارمىقىدىن تەشكىللەنگەن 85 خىزمەت گۇرۇپپىسى جايلاردىكى مۇناسىۋەتلىك خادىملار بىلەن بىرلىكتە ھەرقايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيە (شەھەر) لىك ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ 1992 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 1998 - يىل 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە يېڭىدىن كۆپەيگەن مالىيە ئېسىلىق ھېساباتى ۋە نامۇۋاپىق ئىگىلىۋالغان قەرز پۇلنى ئېنىقلاپ تەپتىش قىلدى، تەپتىش نەتىجىسىدە يېڭىدىن كۆپەيگەن ئېسىلىق ھېسابات 2 مىليارد 940 مىليون يۈەنگە؛ يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ نامۇۋاپىق ئىگىلىۋېلىنغان مەبلىغى 1 مىليارد 40 مىليون يۈەنگە يەتكەنلىكى مەلۇم بولدى.

6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭىنىڭ ‹ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش ۋە باھا باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئوبدان ئىشلەش توغرىسىدىكى تولۇقلىما ئۇقتۇرۇشى› نى تارقىتىپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئالاقىدار تارماقلاردىن ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش ۋە باھا باشقۇرۇش خىزمىتىگە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشنى، ئاشلىق سېتىۋېلىش بازىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى، دېھقانلارنىڭ قولىدىكى ئېشىنچا ئاشلىقنى قوغدىما باھا بويىچە ھەققىي يوسۇندا كەڭ - كۇشادە سېتىۋېلىشنى، ئاشلىقنى ئۇلۇك باھادا سېتىش سىياسىتىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، سېتىۋېلىش مەبلىغىنى مەخسۇس ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ 3 خىل سىياسەت ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى نۆۋەتتىكى ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى خىزمىتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىش. ئۇقتۇرۇشتا ئۇلۇك باھادا سېتىش دېگەندە، دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق پونكىتلىرى، ئاشلىق ئىسكىلاتلىرى (ھازىر تېخى مۇستەقىل ھېسابات قىلمىغان ئاشلىق پونكىتلىرى، ئاشلىق ئىسكىلاتىغا قاراشلىق ئاشلىق پىششىقلاش زاۋۇتلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) پىششىقلانمىغان ئاشلىق ھەمدە تەييار ئاشلىقنى چوقۇم دىرىنى ساقلاپ قېلىپ ئاز پايدا ئېلىش پرىنسىپى بويىچە سېتىشى كېرەك، يېڭى زىيان پەيدا قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ، سېتىۋېلىپ ساقلاش كارخانىلىرىدىن باشقا ئاشلىق پىششىقلاش، توپ پارچە سېتىش كارخانىلىرى تىجارەت قىلىدىغان ئاشلىقتا بىر تۇتاش سېتىش باھاسى بەلگىلەنمەيدۇ، بەلگىلىنىپ بولغانلىرىنى دەرھال تۈزىتىش كېرەك دەپ ئېنىق بەلگىلەندى.

6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ «ئاشلىق ئۇچۇرلىرى» دا ئېلان قىلىنىشىچە، 4 ـ ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ بازارلىرىدا ئۇننىڭ سېتىلىش مىقدارى 1695 توننا بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئىچكىرىنىڭ ئۇنى 12% تىن كۆپرەكنى تەشكىل قىلغان، خېنەن ئۇنىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى سېتىلىش مىقدارى ئەڭ يۇقىرى بولغان، بىر خالتا ئالاھىدە 1 ـ دەرىجىلىك ئۇننىڭ توپ سېتىش باھاسى 50 يۈەن، بىر خالتا ئۆلچەملىك ئۇننىڭ 45 يۈەن بولغان، يۇقىرى بولغاندا 3 كۈندە بىر ۋاگون (60 توننا) ئۇن سېتىلغان، نورمال ئەھۋالدا 5 كۈندە بىر ۋاگون ئۇن سېتىلغان. ئۈرۈمچى شەھەرلىك «1 ـ ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتىنىڭ سېتىش باھاسى ئىچكىرىنىڭكىدىن 20% يۇقىرى بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت زور بېسىمغا دۇچ كەلگەن، ئىلگىرى ھەر ئايدا 7000 توننا ئۇن نورمال سېتىلغان بولسا، ھازىر ئارانلا 5000 توننا ئۇن سېتىلغان.

6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ھەربىي ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىگە قويغان تەلىپىگە ماسلىشىش، ھەربىي ئاشلىق تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى 6 باب، 18 ماددىلىق «ھەربىي ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشتە قېلىپلاشقان مۇلازىمەتنى يولغا قويۇش پىكرى» نى بېسىپ تارقىتىپ، ئۇنى ھەربىي ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنى باشقۇرۇش، مۇلازىمەت خىزمىتىنى تەشكىللەش ۋە يولغا قويۇشنىڭ توپ ئاساسى قىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى جايلىرى گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى جۇ رۇڭجى ئىمزا قويغان 244 ـ نومۇرلۇق 23 ماددىلىق پەرمان — «ئاشلىق سېتىۋېلىش نىزامى» نى ئىجرا قىلىشقا باشلىدى. «نىزام» غا يەنە «جىنايى ئىشلار قانۇنى» نىڭ ئالاقىدار ماددىلىرى قوشۇمچە قىلىنغان.

6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئىلى ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ «ئاشلىق خىزمىتى ئۇچۇرلىرى» دا مۇنۇلار بېسىلدى: بۇ ۋىلايەتنىڭ ئىلقا، كۈنەس، موڭغۇلكۈرە، غۇلجا قاتارلىق ناھىيىلىرىدىكى ئاشلىق تارماقلىرىدا ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلۇپ تارقاقلاشتۇرۇلغانلار 2000 غا يېقىنلاشقان بولۇپ، 1997 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئادەم سانىنىڭ 35% نى تەشكىل قىلغان. بۇ كىشىلەر ئارىسىدا كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللانغانلار ۋە ئۆزى خىزمەت تاپقانلار 700 نەچچە كىشى بولۇپ، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلۇپ تارقاقلاشتۇرۇلغانلارنىڭ 30% نى تەشكىل قىلغان. غۇلجا ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى 118 ۋاقىتلىق ئىشچىنى خىزمەتتىن چېكىندۇرگەن، 317 ئىشچى ـ خىزمەتچىنى تارقاقلاشتۇرغان، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن يېڭىدىن 10 كۆكتات پارنىكى ياسىغان، سىمېنتال كالىسى، تەگرىتاغ بۇغىسى كىرگۈزۈپ، مەركىزىي باقمىچىلىق فېرمىسى قۇرغان، يەنە كىچىك قارا ئاشلىق پىششىقلاش زاۋۇتى قاتارلىقلارنى قۇرغان.

6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەسقەت كەرىمباي مالىيە نازارىتى، ئاشلىق ئىدارىسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرىنى باشلاپ ئىلى ۋىلايىتىگە بېرىپ، ئاشلىق ئىسلاھاتى ئەھۋالىنى تەكشۈردى. ئەسقەت كەرىمباي ئىلى ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرىدىن «تۆتنى ئايرىش، بىرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش» قاتارلىق سىياسەتلەرنى قەتئىي ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە «1997 ـ ئاشلىق يىلىدىكى ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش ـ سېتىش، يۆتكەش پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات» يوللىدى. 1997 ـ ئاشلىق يىلىدا ئاپتونوم رايون بويىچە 2 مىليارد 853 مىليون كىلوگرام ئاشلىق سېتىۋېلىنغان بولۇپ، ئالدىنقى يىلىنىڭ شۇ مەزگىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 952 مىليون كىلوگرام ئارتۇق سېتىۋېلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋالغىنى 1 مىليارد 317 مىليون كىلوگرام بولۇپ، پىلاننىڭ 99.69% نى ئىگىلىدى. قوغدىما باھا بويىچە سېتىۋېلىنغان ئاشلىق 1 مىليارد 88 مىليون كىلوگرام (466 مىليون كىلوگرام تۇرۇپ قالغان كۆممىقوناقمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بولۇپ، دېھقانلارنىڭ ئاشلىق

سېتىش قىيىن بولۇش مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولدى؛ سېتىلغان ئاشلىق 1 مىليارد 498 مىليون كىلوگرام بولۇپ، پىلاننىڭ 99.87% ىنى ئىگىلىدى، ئالدىنقى يىلنىڭ شۇ مەزگىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 218 مىليون كىلوگرام ئارتۇق سېتىلدى. سېتىش مىقدارىنىڭ ئېشىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب شۇكى: ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى يازلىق ئاشلىق سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئامبارنى بوشاتقۇزدى، كۆممىقوناق سېتىشقا قارىتا باھا پەرقىگە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويدى، نەتىجىدە 300 مىليون كىلوگرام كۆممىقوناق ئاپتونوم رايون سىرتىغا سېتىلىپ بولدى. لېكىن ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى ئاشلىق بازارلىرى ئاپتونوم رايون سىرتىدىن كىرگۈزۈلگەن ئەرزان باھالىق ئۇن، گۈرۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن ئاشلىق باھاسى ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن تاختاي باھاسىدىن تۆۋەن بولۇپ ئاشلىق سېتىشتا قىيىنچىلىق زور بولدى، بولۇپمۇ 1997 ـ يىل 11 ـ ئايدا تاختاي باھاسى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن سىياسەت خاراكتېرلىك سېتىش مىقدارى تېزدىن ئازىيىپ كەتتى. بىر يىلدا سېتىۋېلىنغان ياغ 100 مىليون 240 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، پىلاننىڭ 43.20% ىنى ئىگىلىدى، ئالدىنقى يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىسىدىن 7 مىليون 390 مىڭ كىلوگرام ئاز سېتىۋېلىندى؛ سېتىلغان ياغ 103 مىليون 140 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، پىلاننىڭ 206.28% ىنى ئىگىلىدى، ئالدىنقى يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 9 مىليون 850 مىڭ كىلوگرام ئاز سېتىلدى؛ بىر يىلدا ئاپتونوم رايون سىرتىغا سېتىلغان سۈ يېغى 33 مىليون 730 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، ئالدىنقى يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 16 مىليون 760 مىڭ كىلوگرام كېمەيدى. بۇنىڭدىن سىرت ئاپتونوم رايوننىڭ تەخمىنەن 100 مىليون كىلوگرام چېگىت يېغى كۆپ يوللار ئارقىلىق ئاپتونوم رايون سىرتىغا سېتىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى دۆلەت تەرەققىيات ـ پىلان كومىتېتى دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى شىنجاڭ كورلا بىۋاسىتە قاراشلىق ئىسكىلاتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش ھەمدە يۇقىرىغا ئۆتكۈزۈۋېلىش تۈرىنى تەستىقلىدى، يېڭىدىن سېتىۋېلىنىدىغان يەر 350 مو، كېڭەيتىپ قۇرۇلىدىغان ئامبار سىغىمچانلىقى 150 مىليون كىلوگرام، سېلىنىدىغان مەبلەغ 106 مىليون 210 مىڭ يۈەن.

6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، شېن لەنجۇ گۇرۇپپا باشلىقى، ئابدۇكېرىم ھاشىم، ۋاڭ جىنشېڭلار مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولدى، گۇرۇپپا قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى.

6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم شاۋ چىيىڭنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى پارتكومىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلىدى، جاڭ خېۋېي ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولدى. شېن لەنجۇ پارتكومنىڭ شۇجىلىقىدىن، ھەيئەتلىكىدىن قالدۇرۇلدى، ئىدارە پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ۋاڭ جىنشىڭ ئىدارە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتىمەيدىغان بولدى.

6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىش تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى چاقىردى. ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەر ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەننىڭ ئاشلىق خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبەرلىرى شۇنداقلا ئاشلىق، باھا، سودا ـ سانائەت ئىدارىلىرى، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى، تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى قاتارلىق تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەسقەت كەرىمباي، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دەلىلقان ماسقانلار مۇھىم سۆز قىلدى، ئاشلىق، باھا، سودا ـ سانائەت ئىدارىلىرى، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى قاتارلىق تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى مەخسۇس سۆز قىلدى. يىغىننىڭ ئاساسىي روھى مۇنداق: (1) ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بۇ يىل بۇغداي سېتىۋېلىش باھاسىنى 3 باھا رايونىغا ئايرىشنى قارار قىلدى، ھەر كىلوگرام ئوتتۇرا سورتلۇق بۇغداينىڭ 1 ـ باھا رايونىدا ۋەزىپە

بەلگىلەپ سېتىۋېلىش باھاسى 1.43 يۈەن، 2 ـ باھا رايونىدا 1.38 يۈەن، 3 ـ باھا رايونىدا 1.25 يۈەن. قوغدىما باھا ھەرقايسى باھا رايونىنىڭ ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش باھاسى ئاساسىدا تۆۋەنگە 0.20 يۈەن لەيلىتىلىدۇ. بۇ باھا 1998 ـ يىلى يازلىق ئاشلىق سېتىۋېلىشتىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىدۇ. (2) كەڭ ـ كۇشادە سېتىۋېلىشنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. (3) ئامبار سىغىمچانلىقى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى تىرىشىپ ھەل قىلىش كېرەك. (4) سېتىۋېلىش مەبلىغىنىڭ مەخسۇس ئايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئاشلىقنى ئاشۇرۇپ سېتىۋالماسلىقتا چىڭ تۇرۇش، ئاپەت تۈپەيلىدىن كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق 200 كىلوگرامغا يەتمىگەن دېھقان ئائىلىلىرىدىن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىش ئارقىلىق شۇ يىللىق ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى كېمەيتىشكە ۋە كەچۈرۈم قىلىشقا بولىدۇ. (6) بازار باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك.

شۇ كۈنى «ئاشلىق ئۇچۇرلىرى» غا مۇنداق خەۋەر بېسىلدى: يېقىندا ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق سودا بازىرى بازاردا دائىملىق ئاشلىق، ياغ تىجارىتى قىلىۋاتقان 100 دەك سودىگەرنى يىغىپ، ئاپتونوم رايون ئاشلىق ئىسلاھاتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۇلار ئاشلىقنى ئوڭ باھادا سېتىش سىياسىتىنى ئۆگەندى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بازار باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنىڭ كونكرېت چارىلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. خەۋەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى: (1) سودىگەرلەر قانۇنلۇق تىجارەت قىلىشى كېرەك؛ (2) سودا ـ سانائەت، ئاشلىق، باھا، سەھىيە، سۈپەت تەكشۈرۈش قاتارلىق قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلار ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش، تاللاپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئاشلىق، ياغقا ساختىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ ساتىدىغان، سېتىشتا ئالدامچىلىق قىلىدىغان قىلمىشلارغا قەتئىي زەربە بېرىشى كېرەك؛ (3) سودا بازىرىنى باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئاشلىق تىجارىتىدە «ئىجازەتنامە» تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كېرەك.

6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەت ئىدارىسى، ئاشلىق ئىدارىسى، تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى بىرلىكتە «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق بازارلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى، بۇ «ئۇقتۇرۇش» نىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى مۇنداق: بىرىنچى، دۆلەتنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ ساقلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ ساقلاش كارخانىلىرى شۇ ناھىيە دەرىجىلىك مەمۇري رايون دائىرىسى ئىچىدە ئاشلىق سېتىۋالسا بولىدۇ، باشقا ھەرقانداق ئورۇن ياكى شەخسنىڭ بىۋاسىتە يېزىلارغا بېرىپ ئاشلىق سېتىۋېلىشىغا ئارىلىشىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. دۆلەت ئىلكىدىكى يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرى، بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش كارخانىلىرى ئۆز كارخانىسىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ ئاشلىقىنى سېتىۋالسا بولىدۇ، ئاشلىق پىششىقلاش كارخانىلىرى ۋە يەم ـ خەشەك، باقمىچىلىق، دورىگەرلىك قاتارلىق كەسىپلەرگە ئاشلىق ئىشلىتىدىغان ئورۇنلار ئىشلەپچىقىرىش رايونىدىكى دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش، ساقلاش كارخانىلىرىغا ئۆزىگە كېرەكلىك ئاشلىقنى سېتىۋېلىشنى ھاۋالە قىلسا بولىدۇ، لېكىن ئۆزلىرى ئىشلىتىشى كېرەك، قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ سېتىشقا بولمايدۇ. تەستىقلاتماي تۇرۇپ ئۆز ئالدىغا ئاشلىق سېتىۋالغانلارنى سودا ـ سانائەت مەمۇري باشقۇرۇش ئورگانلىرى گوۋۇيۈەننىڭ «ئاشلىق سېتىۋېلىش نىزامى» دىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە جازالايدۇ. ئىككىنچى، ئاشلىق توپ سېتىشقا قارىتا ئىجازەتنامە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كېرەك. كارخانىلار تىزىملاشنىڭ ئادەتتىكى شەرتىگە ئۇيغۇن بولغاندىن تاشقىرى يەنە تۆۋەندىكىدەك شەرتلەرنى ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك: (1) مەلۇم مەبلەغ ئىناۋىتى ۋە 500 مىڭ يۈەندىن كەم بولمىغان ئۆز مەبلىغى بولۇش كېرەك؛ (2) سىغىمچانلىقى 1 مىليون كىلوگرامدىن يۇقىرى ساقلاش مۇئەسسەسىلىرى بولۇش كېرەك؛ (3) مەخسۇس بوغالتىر، ئامبارچى، ستاتىستىكچى ۋە زۆرۈر بولغان ئاشلىق سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ۋاسىتىلىرى بولۇش كېرەك (قانۇنلۇق تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىگە ھاۋالە قىلىشمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)؛ (4) مەلۇم ئوبوروت سالدۇسىنى ساقلاش كېرەك؛ (5) مەلۇم ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش كېرەك؛ (6)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باشقا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئۇيغۇن بولۇش كېرەك. تەستىقتىن ئۆتكۈزمەي تۈرۈپ ئۆز ئالدىغا ئاشلىق توپ سېتىش كەسپى بىلەن شۇغۇللانغانلارنى سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملار بويىچە تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىدۇ. ئۈچىنچى، ئاشلىق توپ سېتىش بازارلىرىنى داۋاملىق يېتىشتۈرۈپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ناھىيەدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك ئاشلىق توپ سېتىش بازىرى سىستېمىسىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈش كېرەك. تۆتىنچى، ئاشلىق پىششىقلاش كارخانىلىرىنىڭ تىجارىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك، بۇ كارخانىلارنىڭ يېزىلارغا بېرىپ ئاشلىق سېتىۋېلىشىغا، ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرىنى تۆۋەن باھادا تۆكمە قىلىپ سېتىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. بەشىنچى، ئاشلىق پارچە سېتىش بازىرىنى قويۇپ بېرىپ تىجارىتىنى جانلاندۇرۇش كېرەك. ئاشلىق پارچە سېتىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلار ۋە يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر تىجارەت كىنىشكىسى ئېلىپ قانۇنلۇق تىجارەت قىلىشى كېرەك. ئاشلىق بازارلىرىنى يىل بويى ئېچىۋېتىش كېرەك. ئالتىنچى، ئاشلىقنى ئوڭ باھادا سېتىش سىياسىتىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش كېرەك. يەتتىنچى، ئاپتونوم رايون سىرتىدىن شىنجاڭغا كىرگەن ئاشلىق تىجارەتچىلىرى شىنجاڭنىڭ ئاشلىق بازارلىرىنى باشقۇرۇشقا ئائىت بەلگىلىمىلىرىگە ئەمەل قىلىشى كېرەك. سەككىزىنچى، ھەر دەرىجىلىك سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى، تېخنىكا نازارەتچىلىكى تارماقلىرى ۋە باھا تارماقلىرى ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيىتىگە ئاساسەن قانۇننى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشى كېرەك.

6 ـ ئايدا ئالتاي ۋىلايىتى بورۇلتوقاي ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىگە قاراشلىق ئەينەك تالا بىناكارلىق ماتېرىياللىرى زاۋۇتى شۇ يىلى 6 ـ ئايدا بورۇلتوقاي ناھىيىسى ساھىل سۇ ئۈزۈش مەيدانىغا ئىجارىگە بېرىش ئۈچۈن 11 ئېغىز ئۆي، 15 ئېغىز ياتاق، 200 كۋادرات مېتىرلىق تانسىخانا سېلىپ، بورۇلتوقاينىڭ 2 ـ قېتىملىق ساياھەت بايرىمىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە تەييارلىق قىلدى، شۇنداقلا ئىدارە سىستېمىسىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى تارقاقلاشتۇرۇشقا شارائىت ھازىرلىدى.

7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن 12 ـ كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قالىبەك ئەبلغازى جەنۇبىي شىنجاڭدا ئاشلىق خىزمىتىنى تەكشۈرگەندە مۇنۇلارنى ئىگىلىدى: خوتەن ۋىلايىتىدىكى بازارلاردا ھەر بىر كىلوگرام بۇغداينىڭ باھاسى 1.60 يۈەندىن 1.80 يۈەنگىچىلىك بولۇپ، قوغدىما باھادىن 0.37 يۈەندىن 0.57 يۈەنگىچىلىك يۇقىرى بولغان، ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ ساقلاش كارخانىلىرىنىڭ قوغدىما باھا بويىچە بۇغداي سېتىۋېلىشى قىيىن بولۇپ قالغان. قەشقەر ۋىلايىتىدىكى قىسمەن ناھىيىلەردە ھەر كىلوگرام كۆممىقوناقنىڭ باھاسى 0.85 يۈەنگە چۈشۈپ قالغان، نەتىجىدە ۋىلايەت بويىچە ئالدىنقى 2 يىلدا ھەر كىلوگرامى 1.06 يۈەندىن كەڭ ـ كۈشادە سېتىۋېلىنغان 28 مىليون 220 مىڭ كىلوگرام كۆممىقوناق بېسىلىپ قالغان. بۇ ۋىلايەتتىكى ئايرىم ناھىيىلەردە دېھقانلار ئاشلىق ساتقاندا يېزا ئىگىلىك بېجىدىن باشقا پۇللارنى ۋاكالىتەن تۇتۇپ قالغانلىقى بايقالدى.

7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، كادىرلار نازارىتى بىرلىكتە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاشلىق ساھەسىدىكى كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى داۋاملىق تەربىيىلەشنى يولغا قويۇش چارىسى (سىناق نۇسخىسى)» نى بېسىپ تارقاتتى. داۋاملىق تەربىيىلەش ئوبيېكتلىرى ۋە دائىرىسى ئاشلىق ساھەسىدىكى كەسپىي، كارخانا ئورۇنلىرىدا كەسپىي تېخنىكا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇنۋانى بار كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىدىن ئىبارەت. بۇ «چارە» دە داۋاملىق تەربىيىلەشتىكى مەقسەت، تەربىيىلەش نىشانى، تەربىيىلەش شەكلى، تەشكىلىي باشقۇرۇش، تەربىيىلەش بازىسى قۇرۇلۇشى، ئوقۇتقۇچى، خىراجەت، تەربىيىلەنگۈچىلەرنىڭ تەربىيە ئېلىش مەزگىلىدىكى تەمىناتى، سىناش، باھالاش، مۇكاپاتلاش ـ جازالاش قاتارلىقلار ھەققىدە بەلگىلىمە چىقىرىلدى. شۇ ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق مەكتىپى داۋاملىق تەربىيىلەش بازىسى قىلىپ بېكىتىلدى.

7 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ماۋ يۈنشياڭ قاتارلىقلار دۆلەت پىلان كومىتېتى، دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسى قاتارلىق تارماقلار بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان مەملىكەتلىك ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتنىشىپ، زۇڭلى جۇ رۇڭجىنىڭ مۇھىم سۆزىنى ئاڭلىدى، ئاشلىق ئىسلاھاتى سىياسىتىنى ئۆگەندى. ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى، ئاشلىق ئىدارىسى، باھا ئىدارىسى، سودا - سانائەت ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى بويىچە ئۆگىنىش كۇرسىدا 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئوقۇش باشلاندى، جايلاردىكى ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى ئۆگىنىشكە قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى، ئاشلىق ئىدارىسى قاتارلىق تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى ئۆگىنىش كۇرسىغا كېلىپ سۆز قىلدى.

7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە «نۆۋەتتە يازلىق ئاشلىق سېتىۋېلىشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، بىر قىسىم ناھىيە (شەھەر) لەردە ساقلىنىۋاتقان سۇغۇرتا خىراجىتى ۋە يېزا ئىگىلىك بېجىدىن باشقا يەنە ئالاھىدە مەھسۇلات بېجى، چارۋىچىلىق بېجى قاتارلىقلارنى ۋاكالىتەن تۇتۇپ قېلىش ئەھۋاللىرىنى قاتتىق تەنقىد قىلدى.

7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دەلىلقان مامىتان ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق، مالىيە، پىلان قاتارلىق تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ شىخەنزىگە بېرىپ، ئاشلىقنى كەڭ - كۇشادە سېتىۋېلىش، ئوڭ باھادا سېتىش، سېتىۋېلىش مەبلىغىنى مەخسۇس ئايلاندۇرۇش سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاپتونوم رايون زۇڭلى جۇ رۇڭجى ئىمزا قويغان 16 ماددىلىق «ئاشلىق سېتىۋېلىش-سېتىشتىكى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى جازالاش چارىسى» نى ئىجرا قىلىشقا باشلىدى.

8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «ئاشلىقنى ئوڭ باھادا سېتىشنى ھېسابلاش پرىنسىپى ۋە چارىسىنى چۈشەندۈرۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دېيىلگەن: (1) جايلاردىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش - ساقلاش كارخانىلىرى كونا سالدۇ ئاشلىقى بىلەن بۇ يىل سېتىۋېلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ئاشلىقى ھەمدە ئەمەلىي سېتىۋالغان قوغدىما باھا ئاشلىقنى ئوتتۇرىچە ۋەزىنلەشتۈرۈش ئۇسۇلى بويىچە ئوتتۇرىچە سالدۇ باھاسىنى ھېسابلاپ چىقىپ، ئۇنىڭغا شۇ مەزگىلدىكى مۇۋاپىق خىراجەت ۋە ئەڭ تۆۋەن پايدىنى قوشۇپ، ئوتتۇرىچە سالدۇ باھاسىنى پەسىل بويىچە تەڭشىشى كېرەك؛ (2) شۇ مەزگىلدىكى خىراجەت دېگەندە — دۆلەت زاپىسى، يەرلىك زاپاس ۋە زاپاس ئاشلىقتىن ئېشىپ كەتكەن قىسمىدىن باشقا كونا - يېڭى ئاشلىقنى سېتىۋېلىش خىراجىتى، قاچىلاش خىراجىتى، ساقلاش خىراجىتى، بانكا ئۆسۈمى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش خىراجەتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ؛ (3) ئەڭ تۆۋەن پايدا ھەر كىلوگرام پىششىقلانمىغان ئاشلىق ئادەتتە 0.02 يۈەندىن تۆۋەن بولمىغان سەۋىيە بويىچە ئىگىلىنىدۇ؛ (4) يۇقىرىقى پرىنسىپ بويىچە ھېسابلاپ چىقىلغان ئوڭ باھا باجنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «قاراماي شەھىرىنىڭ ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ يولغا قويۇش لايىھىسى» نى تارقاتتى، بۇنىڭدىن باشقا قاراماي شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىدە ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى ھەمدە خادىملار شتاتى لايىھىسىنى قوشۇپ تارقاتتى.

8 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە دۇنيا ئاشلىق، يېزا ئىگىلىك تەشكىلاتىنىڭ مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىدىن جىڭ چاۋشۇ، سادىيا، چېن چىڭفېي ئەپەندىلەر ش ئۇ ئا ر ئاشلىق، ياغ مەركىزى توپ سېتىش بازىرى، ئۈرۈمچى شەھىرى ئاشلىق، ياغ توپ سېتىش سودا بازىرى، ساڭفاڭگۇ دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى ۋە فۇكاڭ دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 17 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى شاۋ چىيىڭ قەشقەر، قىزىلسۇ، ئاقسۇ، بايىنغولىن قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا بېرىپ ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى.

9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭىنىڭ «تۈنۈگۈنكى مۇھىم ئىشلار» ژۇرنىلىدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئاشلىق بازارلىرىنى باشقۇرۇش توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلىرى ۋە تەكلىپى ئېلان قىلىندى. ساقلانغان مەسىلىلەر: قورغاس، غۇلجا، كۈنەس قاتارلىق ناھىيىلەردىكى خۇسۇسىي پىششىقلاش كارخانىلىرى دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ ساقلاش كارخانىلىرى بىلەن ئاشلىقنى بەسلىشىپ سېتىۋېلىپ، باھانى ئۆرلىتىۋەتكەن بەزى يېزىلاردىكى خۇسۇسىي پىششىقلاش كارخانىلىرى سېتىۋالغان ئاشلىقنىڭ مىقدارى ئاشلىق تارماقلىرىنىڭكىدىن كۆپ ئېشىپ كەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە غۇلجا ناھىيىسى ئىگەم يېزىسىدىكى خۇسۇسىلار سېتىۋالغان ئاشلىق 5 مىليون كىلوگرامدىن ئېشىپ ئاشلىق تارماقلىرىنىڭكى بىلەن تەڭلىشىپ قالغان؛ قورغاس ناھىيىسى كۆرە يېزىلىق ئاشلىق پونكىتى 1 مىليون 170 مىڭ كىلوگرام سېتىۋالغان، خۇسۇسىلار سېتىۋالغان ئاشلىق 2 مىليون كىلوگرامدىن ئېشىپ كەتكەن؛ كۈنەس ناھىيىسى قارا بۇغرا يېزىلىق ئاشلىق پونكىتى 240 مىڭ كىلوگرام سېتىۋالغان، خۇسۇسىلار بولسا 1 مىليون 160 مىڭ كىلوگرام سېتىۋالغان. ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى جايلاردىكى ھۆكۈمەتلەر باشلامچى بولۇپ سودا، سانائەت، ئاشلىق، باھا، تېخنىكا نازارەتچىلىكى قاتارلىق تارماقلاردىن ئاشلىق تەكشۈرۈش ئاپپاراتى تەشكىللەپ ئاشلىق سېتىۋېلىش بازارلىرىنى دائىملىق تەكشۈرۈپ تۇرۇش، ھازىرقى ئاشلىق توپ سېتىش، پىششىقلاش، تىجارەت كارخانىلىرىنى ئېنىقلاپ تەرتىپكە سېلىش، جازالاش سالمىقىنى ئاشۇرۇش ھەققىدە تەكلىپ بەردى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دەلىلقان مامىتان بۇ ئۇچۇرغا: «ئاشلىق بازىرىنى باشقۇرۇشتىكى مەسىلىلەر ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدۇ. بۇ يىللىق سىياسەت ئىنتايىن ئېنىق، تەلەپلىرىمۇ ناھايىتى كونكرېت، مەسىلە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، ئادەتتىكىدەك ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى، سودا ـ سانائەت ئىدارىسىنىڭ خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە قارىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. سالماقنى ئاشۇرۇش، پوزىتسىيە قەتئىي بولۇش، تەدبىرلەر كەسكىن بولۇش، ئاخىرغىچە تۇتۇش كېرەك. دەرھال بىر قېتىملىق چوڭ تەكشۈرۈش، چوڭ تەرتىپكە سېلىش، چوڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك» دەپ تەستىق سالدى.

9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسى ھەربىي ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئىشخانىسىنىڭ تەستىقى جاۋابىغا ئاساسەن، دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسى ھەربىي ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئىشخانىسىنىڭ 2 ۋەكىلىنىڭ نازارىتىدە، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ 1967 ـ، 1971 ـ، 1981 ـ يىللىق ھەربىي ئاشلىق بېلەتلىرىدىن 398 مىليون 964 مىڭ كىلوگراملىق 1 مىليون 237 مىڭ دانە ئاشلىق بېلىتى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ پارقازان ئۆيىدە كۆيدۈرۈۋېتىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 21 ـ كۈنىگە قەدەر دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى كۇڭ لىڭجيەن باشچىلىقىدىكى 4 كىشى شىنجاڭغا كېلىپ مەملىكەتلىك سودا ستاتىستىكىسى يىغىنىغا قاتناشتى. يىغىندىن كېيىن، ئۇلار ئىلى ۋىلايىتى ۋە كۈيتۇڭ دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتىغا بېرىپ خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلدى، ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى.

9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى مالىيە نازارىتى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى بىرلىكتە 16 ماددىلىق «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئاشلىق خېيىم ـ خەتەر فوندىنى مەخسۇس ھېساب بويىچە باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش چارىسى» نى بېسىپ تارقىتىپ، جايلاردىن شۇ بويىچە ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى شىنجاڭ ئاشلىق، ياغ پەن - تەتقىقات ئورنىنىڭ پەن تېخنىكا خادىملىرى يازغان «زاراڭزا يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈش» ھەققىدە دېگەن ماقالە «خەلق گېزىتىنىڭ زېمىن ئايلىق ژۇرنىلى» غا بېسىلدى.

9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق، ياغ يۆتكەش پونكىتى» نى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قوشۇلۇپ تەستىق سالدى ھەمدە كارخانىنى قانۇنىي ئىگە دەپ تىزىملىدى. شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۇنىڭ كەسپى شىمالىي ۋوگزال دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتىدىن تامامەن ئايرىپ چىقىلدى.

9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى، دېھقانچىلىق، ئاشلىق قاتارلىق تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرىنى باشلاپ شەرقىي شىمال رايونىغا بېرىپ، يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈش، ئاشلىقنى باشقا مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش قاتارلىق تېمىلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى شياۋچېيىڭ تەكشۈرۈشتە بىللە بولدى، ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش توغرىسىدىكى پىكىر» نى ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە يوللىدى.

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇميۈزلۈك سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، 100 كۈن قاتتىق ئىشلەپ، بۇ يىلقى خەلق ئىگىلىكى پىلانىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى» دېگەن چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئىدارىگە بىۋاسىتە قاراشلىق سىستېمىنىڭ «زىياننى توگىتىپ، پايدا ئېلىش، 100 كۈن قاتتىق ئىشلەش بويىچە سەپەرۋەرلىك يىغىنى» نى چاقىرىپ، بارلىق كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن يەنىمۇ غەيرەت قىلىپ، مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئوبدان تۇتۇپ، 100 كۈن قاتتىق ئىشلەپ، بۇ يىلقى زىياننى توگىتىپ، پايدا ئېلىش نىشانىنى ئورۇنداش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

9 - ئايدا ئىلى ۋىلايىتى ۋىلايەت بويىچە ناھىيە دەرىجىلىك ئاشلىق سودا بازارلىرىدا «ئاشلىق سودا ئوبوروتىدىكى يۆتكەش ئىجازەتنامىسى» تۈزۈمىنى بىر تۇتاش يولغا قويدى. سودا مىقدارى 100 مىڭ كىلوگرامدىن 500 مىڭ كىلوگرامغىچە بولسا ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى تونۇشتۇرۇش يېزىپ بېرىش، 500 مىڭ كىلوگرامدىن يۇقىرى بولسا ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى تونۇشتۇرۇش يېزىپ بېرىش بەلگىلەندى. بازارلار تونۇشتۇرۇشقا قاراپ «يۆتكەش ئىجازەتنامىسى» چىقىرىپ بېرىدىغان بولدى.

10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى دۆلەت تەرەققىيات - پىلان كومىتېتى، دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسى، دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ «ئاشلىق، ياغ ساھەسىنىڭ ستاتىستىكا خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نى تارقىتىپ، جايلاردىن رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، قوشۇننى مۇقىملاشتۇرۇپ، ستاتىستىكىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ستاتىستىكىنىڭ دەل، ئىلمىي ۋە توغرا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى، ستاتىستىكا ۋە بوغالتىرلىق قانۇن - نىزاملىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ستاتىستىكا خىزمىتىدە كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ قەرەللىك تەكشۈرۈپ، ۋاقتىدا ھەل قىلىشنى ھەمدە يۇقىرىغا مەلۇم قىلىنغان ستاتىستىكا ۋە بوغالتىرلىق سانلىق مەلۇماتلىرىنىڭ چىن، توغرا بولۇشىغا بىۋاسىتە مەسئۇل بولۇشنى تەلەپ قىلدى.

10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىكى «دۇنيا ئاشلىق كۈنى» پائالىيىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «ئاشلىقنى قەدىرلەش، ئاشلىقنى تېجەش تەشۋىقات ھەپتىلىكى، پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نى تارقىتىپ، جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرىدىن تۈرلۈك

شەكىللەردىكى تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇ قېتىمقى تەشۋىقات ھەپتىلىكىنىڭ ئاساسىي تېمىسى — «جۇڭگو ئاشلىقىنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانى — ئاشلىقنى تېجەش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، ئاپەتنى ئازايتىش» بولدى.

10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق، پاختا، ياغ سېتىۋېلىش - ساقلاش كارخانىلىرىنىڭ قوشۇمچە تىجارەت كەسپىگە كىرەكلىك مۇۋاپىق كرېدىت مەبلىغى ئېھتىياجىنى ھەقىقىي تۈردە ھەل قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا جىددىي ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئاشلىق، پاختا، ياغ سېتىۋېلىش، ساقلاش كارخانىلىرىنىڭ قوشۇمچە تىجارەت كەسپىگە كىرەكلىك مۇۋاپىق كرېدىت مەبلىغىنى ئوبدان ھەل قىلىش مەسىلىسى ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، شۇنداقلا ئاشلىق ئىسلاھاتى خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى. سودا بانكىلىرى پائال تەدبىر قوللىنىپ، ھۆججەتنىڭ روھى ۋە مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر بويىچە قوشۇمچە تىجارەت ھېساباتى ئېچىش ۋە مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىشى لازىم، قوشۇمچە تىجارەت قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ خىزمەتنى قانات يايدۇرۇشنى تېزلىتىشىگە، پايدا كۆرۈشىگە يار - يۆلەكتە بولۇشى ھەمدە ھېساب ئېچىش، راسچوت قىلىش، قەرز پۇل، ئۆسۈم، باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىشى لازىم. ئۇقتۇرۇشتا يەنە جۇڭگو خەلق بانكىسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى، جۇڭگو سودا - سانائەت بانكىسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى، دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسى، جۇڭخۇا مەملىكەتلىك تەمىنات سودا باش كوپېراتىپىنىڭ 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىكى «ئاشلىق، پاختا، ياغ سېتىۋېلىش - ساقلاش كارخانىلىرىنىڭ قوشۇمچە تىجارىتىگە كىرەكلىك مۇۋاپىق كرېدىت مەبلىغى ئېھتىياجىنى قوللاش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» ى قوشۇمچە قىلىندى.

10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاشلىق، ياغ توپ سېتىش بازىرى ۋۇشىكا ئېسىپ ئىش باشلىدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دەلىلقان مامىتان قاتارلىقلار ئېچىلىش مۇراسىمىدا لېنتا كەستى.

10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى «ئاشلىق سىستېمىسىنىڭ ئېسىپ قويۇلغان مالىيە قەرز پۇلىنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈمىنى ئىگىلىۋېلىشىنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ 1992 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈندىن 1998 - يىل 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە يېڭىدىن كۆپەيگەن مالىيەدە ئېسىپ قويۇلغان قەرزى ۋە باشقا نامۇۋاپىق ئىگىلىۋالغان قەرز پۇلنى جايلار دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئېنىقلىشىنى، ئېنىقلاش نەتىجىسى ۋە ھەزىم قىلىش لايىھىسىنى تەكشۈرۈشكە يوللىشىنى بېكىتتى، شۇنداقلا زىيان تارتىش سەۋەبى تۈپەيلىدىن ھېسابقا ئېسىپ قويۇلغان تۈر ئېنىقلانغاندىن كېيىن يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى 1998 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈندىن باشلاپ ئاشلىق كارخانىلىرىغا قارىتا ئۆسۈمنى توختىتىدۇ. ئاشلىق كارخانىلىرى 1998 - يىل 6 - ئايدىن باشلاپ چىقىم قىلىدىغان يۇقىرىقى قەرز پۇل ئۆسۈمىنى ھەزىم قىلىش پىلانىغا كىرگۈزۈلىدۇ، دەپ بېكىتتى.

10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «بۇ يىلقى كۆممىقوناق سېتىۋېلىشتا باھا قوشۇش ۋە كېمەيتىش چارىسى توغرىسىدا جىددىي ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، كۆممىقوناق سېتىۋېلىشتىكى نەملىك ئۆلچىمىنى 18%دىن 14%گە تەڭشەشنى، يۇقىرىقى ئۆلچىمىمىز مۇناسىپ ھالدا تەڭشەشنى شۇنداقلا سېتىۋېلىنغان، يۆتكەلگەن كۆممىقوناقنىڭ نەملىكى 13%تىن ئۆتۈپ بولسا باھا قوشماسلىقنى بەلگىلىدى.

10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى پارتكومىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر ياغ شىركىتى ش ئۇ ئا ر يەم - خەشەك شىركىتىنى ۋاكالىتەن باشقۇرىدىغان بولدى. ۋاكالىتەن باشقۇرۇلغاندىن كېيىنكى يەم - خەشەك شىركىتى يەنىلا مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان پايدا - زىيانغا ئۆزى

ئىگە بولىدىغان ئىقتىسادىي گەۋدە بولىدۇ.

10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى قانۇنچىلىق ئىدارىسىغا «مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش گۇۋاھنامىسىنى تارقىتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىش ئالاقىسى»نى يوللىدى. «ئاشلىق سېتىۋېلىش نىزامى»، «ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىش بويىچە قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى جازالاش چارىسى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئابدۇكېرىم ھاشىم، شياۋچىيىڭ قاتارلىق 39 كىشىگە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش گۇۋاھنامىسى بېرىش ئىلتىماس قىلىندى. شۇ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى قانۇن ئىجرا قىلغۇچى 36 كىشى «مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش گۇۋاھنامىسى»نى ۋە «قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىش گۇۋاھنامىسى»نى ئالدى.

10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسىگە «مەركەزنىڭ مەخسۇس زاپاس ئاشلىق، ياغ سالدۇرۇشنى ئېنىقلاش ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات» يوللىدى. ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە ئېنىقلاش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. ئېنىقلاش نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئەمەلىي ئاشلىق مىقدارى سالدۇ ھېساباتىدىكىدىن 35 مىليون 210 مىڭ كىلوگرام كەم چىققان؛ ئەمەلىي ياغ مىقدارى سالدۇ ھېساباتىدىكىدىن 1360 كىلوگرام كەم چىققان. ئاپتونوم رايون بويىچە مەركەزنىڭ مەخسۇس زاپاس ئاشلىقىنى ساقلاشنى ئۈستىگە ئالغان ئىسكىلات، ئۆتكەللەر 196 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 26 ئىسكىلاتقا دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى دېگەن ۋىۋىسكا ئېسىلغان. ئامبارلارنىڭ «بىر ئۈيغۇن، ئۈچ مەخسۇس، تۆتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» ۋە «تۆتتىن خالىي ئاشلىق ئامبىرى» قۇرۇش بويىچە باشقۇرۇش سەۋىيىسى مەركەزنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن يەتكەن. ئەمەلىي مىقدارنىڭ سالدۇدىكى ساندىن كەم چىقىشىدىكى سەۋەب: بىرىنچىدىن، مىقدار خوراش سەۋەبىدىن كېمىيىپ كەتكەن. ئامبارلار 1990ـ يىلى ساقلاشنى ئۈستىگە ئالغاندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە كۆپ ساندىكىلىرى زاپاس ئاشلىقنى پەقەت بىرلا قېتىم ئالماشتۇرغان. ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرى پىششىقلاش، تەمىنلەش تۈپەيلىدىن 2 ـ 3 قېتىم ئالماشتۇرغاچقا، خوراش نىسبىتى بەلگىلەنگەن %0.20تىن ئېشىپ كەتكەن؛ ئىككىنچىدىن، مىقدار نەملىك ۋە ئېلغاش سەۋەبىدىن كېمىيىپ كەتكەن. شىنجاڭنىڭ كىلىماتى قۇرغاق ئاشلىقنى ئامبارغا كىرگۈزۈشتىكى نەملىك ئۆلچىمى %12.5 قىلىپ بېكىتىلگەنلىكتىن، 2 يىل ساقلىنىپلا نەملىكى %10 ئەتراپىغا چۈشۈپ قالىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، توشۇشتىن خوراپ كەتكەن. توشۇش دېگەندە چىقىمى، شىزاڭلارغا توشۇش ۋە ئاپتونوم رايون ئىچىدە ئامبارلار ئارا يۆتكەش، يىغىپ توشۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە مۇددەتتىن ئاشۇرۇپ ساقلاش ئامىلىمۇ بار.

10 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى ئاشلىق ستاتىستىكا خادىملىرىنى تەشكىللەپ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك، كۇچار، شايار، باي، ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى ۋە ئۇلارغا قاراشلىق ئاشلىق پونكىتى، ئامبىرى قاتارلىق 12 ئورۇننىڭ ئاشلىق تاۋار ئوبوروت ستاتىستىكا خىزمىتى ئۈستىدە سۆھبەت تەكشۈرۈشى ئېلىپ باردى.

11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ۋاڭ جىڭشىڭ باشچىلىقىدىكى 5 كىشى ئىلى، بورتالا ئوبلاستلىرىنىڭ 16 ناھىيىسى (شەھەر)گە بېرىپ ئاشلىق سېتىۋېلىشنىڭ ئىشتىن قالدۇرۇپ تارقاقلاشتۇرۇش، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، ھەربىي ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ۋە ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى خىزمىتىنى تەكشۈردى.

11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى دۆلەت ئەمگەك ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى لىڭ يۈنخەن قاتارلىق كىشىلەر «1 ـ ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتىغا بېرىپ خادىم قىسقارتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «مەركەزگە بىۋاسىتە قاراشلىق زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. 1998 - يىلى دۆلەت شىنجاڭدا مەبلەغ سېلىپ سىغىمچانلىقى 400 مىليون كىلوگرام كېلىدىغان مەركەزگە بىۋاسىتە قاراشلىق زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى قۇرۇشنى پىلانلىغانىدى، قۇرۇلۇشقا خەبەردار چاقىرىش خىزمىتى 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى پۈتۈنلەي ئاخىرلاشتى. جىڭ، كۈيتۇڭ، فۇكاڭ، كورلا يېڭىشەھەر زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش تەرەققىياتى ئوڭۇشلۇق بولدى. ئاقسۇ، قۇمۇل ۋوگزالى زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشلىرىدىمۇ يېقىندا ئارقا - ئارقىدىن ئىش باشلاندى. «ئۇقتۇرۇش»تا قۇرۇلۇش مەبلىغىنى ئىشلىتىشتە مەخسۇس پۇلنى ئۆز جايىغا ئىشلىتىش، قاتتىق باشقۇرۇش، يۆتكەپ ئىشلەتمەسلىك، ئامبار قۇرۇلۇشىنى سۈپەت، مىقدارغا كاپالەت قىلىنغان ھالدا ئۆز قەرەلىدە پۈتتۈرۈش تەلەپ قىلىندى. بۇ ئىسكىلات قۇرۇلۇشىغا سېلىنىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ 207 مىليون 950 مىڭ يۈەن بولۇپ، تارىختا ئامبار قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ ئەڭ كۆپ سېلىنغان بىر يىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

11 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى نيۇشاۋپىڭ، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇكېرىم ھاشىم، ئىدارە ئىشخانا مۇدىرى ۋاڭ يىمىن، ش ئۇ ئا ر باھا ئىدارىسىنىڭ باشقارما باشلىقى جاڭ رۇيىڭ قاتارلىقلار مەملىكەتلىك ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى. يىغىننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى تارقىتىلىش ئالدىدا تۇرغان «گوۋۇيۈەننىڭ نۆۋەتتىكى ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەققىدىكى پىكرىنى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» (گوۋۇيۈەن [1998] 35 - نومۇرلۇق) نى ئۆگىنىپ ئىزچىللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. 35 - نومۇرلۇق ھۆججەتنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىغان. ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، «ئۈچ سىياسەت، بىر ئىسلاھات»نى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، مېخانىزىمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، يۈرۈشلەشكەن ئىسلاھاتنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە تەشكىلىي جەھەتتىكى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇشتىن ئىبارەت 3 جەھەتتە كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش - ساقلاش كارخانىلىرىدا تىجارەتتە ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش، پايدا - زىيانغا ئۆزى ئىگە بولۇشتەك يېڭى مېخانىزىمنى بەرپا قىلىش، تەرتىپلىك بولغان ئاشلىق سېتىۋېلىش بازارلىرىنى شەكىللەندۈرۈش، يەرلىك ھۆكۈمەت قاتلام مەسئۇل بولىدىغان ئاشلىق خىزمىتىگە مەمۇرىي باشلىق مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇش. زۇڭلى جۇرۇڭجى يىغىندا ئاشلىق ئىسلاھاتى ھالقىلىق پەيتكە دۇچ كەلدى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا بولىدۇكى، مەغلۇب بولۇشقا بولمايدۇ دەپ تەكىتلىدى.

11 - ئاينىڭ 20 -، 24 - كۈنلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىن مەملىكەتلىك ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەر ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىغا يىغىن روھىنى دوكلات قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتى تېزدىن ئاپتونوم رايون بويىچە تېلېۋىزىيە-تېلېفون يىغىنى چاقىرىپ، گوۋۇيۈەننىڭ 35 - نومۇرلۇق ھۆججىتى بىلەن زۇڭلى جۇ رۇڭجىنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈپ ئىزچىللاشتۇرۇشنى قارار قىلدى؛ 1999 - يىل 1 - ئايدا ئېچىلىدىغان ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى مەزگىلىدە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ئاشلىق ئىسلاھات خىزمىتى ئەھۋالىنى مەخسۇس دوكلات قىلىشىغا قوشۇلدى.

11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئاشلىق ئوبوروتى تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ئىدارە باشلىقى، پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئابدۇكېرىم ھاشىم گۇرۇپپا باشلىقى، ئىدارە پارتكومىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى شياۋ چىيىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن

گۇرۇپپا باشلىقى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ماۋيۇنشيالى، قالىبەك ئەبلغازى، جياڭ ئىرباۋلار مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولدى. ئالاقىدار باشقارما - ئىشخانىلارنىڭ رەھبەرلىرى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى بولدى. گۇرۇپپا قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىنىپ، ئىدارە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ يىمىن مۇدىر بولدى.

11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىسكىلات قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەركەزگە بىۋاستە قاراشلىق زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى. بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دەلىلقان ماسقان گۇرۇپپا باشلىقى، ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى مادي، ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى خەن شۆچى، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇكېرەم ھاشىم مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولغان ئامبار قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. بۇ گۇرۇپپىنىڭ قارمىقىدا بىرلەشمە ئىشخانا تەسىس قىلىنىپ، ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى نيۇ شياۋپىڭ مۇدىر، ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ ئىرباۋ مۇئاۋىن مۇدىر بولدى. ش ئۇ ئا ر ئىسكىلات قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى دەلىلقان ماسقان دۆلەت پىلان كومىتېتى، دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسى بىلەن نىشانلىق مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالىدى. مەملىكەت بويىچە بېكىتىلگەن ئاشلىق ئامبار قۇرۇلۇشى تۈرى 388 بولۇپ ئاپتونوم رايونىمىز سىغىمچانلىقى 550 مىليون كىلوگرام كېلىدىغان 8 ئىسكىلات قۇرۇلۇشىنى قولغا كەلتۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكنىڭ 6 بولۇپ، سىغىمچانلىقى 400 مىليون كىلوگرام (بۆلار جىڭ، كۈيتۇڭ، فۇكاڭ، قۇمۇل ۋوگزالى، كورلا يېڭى شەھرى، ئاقسۇ دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتىدىن ئىبارەت)؛ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ 2 بولۇپ، سىغىمچانلىقى 150 مىليون كىلوگرام، 11 - ئاينىڭ بېشىدا 8 ئىسكىلاتنىڭ قۇرۇلۇشىدا پۈتۈنلەي ئىش باشلاندى.

11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى خىزمىتىنى يەنىمۇ ئېزىلىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، جايلارنىڭ ئاشلىق ئىسلاھات تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئۇقتۇردى، بۇ «ئۇقتۇرۇش»تا جايلاردىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: (1) ئاشلىق ئىسلاھاتى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك؛ (2) تۆتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش: يەنى ئىدىيىۋى تونۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش. مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئاساسىي كەسىپ بىلەن قوشۇمچە كەسىپنى ئايرىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئاجرىتىپ بېرىلگەن ئاشلىق سىياسەت خاراكتېرلىك ياردەم پۇلى (ئاشلىق خېيىم خەتەر فوندىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) نى ۋاقتىدا، تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك؛ (3) ئاشلىق بازارلىرىنى باشقۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش، ئاشلىق كارخانىلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. (4) دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇپ تارقاقلاشتۇرۇش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇش كېرەك؛ (5) ئاساسىي كەسىپ بىلەن قوشۇمچە كەسىپ ئايرىۋېتىلگەندىن كېيىنكى ئاشلىق قوشۇمچە كەسىپ كارخانىلىرىنىڭ ھېساباتىنى ئايرىۋېتىش ۋە قەرز بېرىش مەسىلىسىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؛ (6) ئاشلىق ئىسلاھاتى خىزمىتى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش، ھەيدەكچىلىك قىلىش خىزمەتلىرىنى كۈچەيتىش كېرەك.

11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق ئوبوروتى تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى چاقىردى. ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ تۈەن - مەيداندىن يۇقىرى ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت

يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ سۆزىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېرىم يىلدىن بۇيانقى ئاشلىق ئىسلاھاتى خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن دەسلەپكى نەتىجىلەر ۋە ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى شەرھىلەپ ئۆتكەندىن كېيىن تەدبىر قوللىنىپ، ئىسلاھاتنى تېزلىتىشنى تەلەپ قىلدى: (1) تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك؛ (2) رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، كۆپ دەرىجىلىك ھۆكۈمەت قاتلاممۇ - قاتلام مەسئۇل بولىدىغان ئاشلىق خىزمىتىگە مەمۇرىي باشلىق مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. (3) مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ھەقىقىي تۈردە ئايرىپ، دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش - ساقلاش كارخانىلىرىنىڭ ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش، پايدا- زىيانغا ئۆزى ئىگە بولۇش يېڭى مېخانىزمىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. (4) ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئىچكى ئىسلاھاتىنى تېزلىتىپ، بازاردا رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش كېرەك. (5) ئاشلىق بازارلىرىنى باشقۇرۇش سالمىقىنى يەنىمۇ زورايتىپ، ئاشلىق ئوبوروت تەرتىپىنىڭ تۈپتىن ياخشىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. (6) ئاشلىق، ياغ قوشۇمچە كەسىپ كارخانىلىرى ئىگىلىۋالغان كرېدىت مەبلىغىنى ئايرىش ۋە ئېنىقلاش خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشلەش كېرەك.

شۇ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ئىشخانىسى قۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇكېرىم ھاشىم ئىشخانىنىڭ مەسئۇلى بولدى. ئىشخانىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىدىن 3 كىشى، ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى، مالىيە نازارىتى، باھا ئىدارىسى، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىدىن بىردىن كىشى بولۇپ، جەمئىي 8 كىشىدىن تەركىب تاپتى. ئىشخانىنىڭ ئورنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىدا تەسىس قىلىندى. ئاشلىق ئىسلاھاتى ئىشخانىسى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ۋالىيلار، ئوبلاست، شەھەر باشلىقلىرى بىلەن ئاشلىق خىزمىتى مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالاشنىڭ كونكرېت تەييارلىق خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان. ئاشلىق ئىسلاھاتى ئىشخانىسى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بولغان خىزمەتلەرنى ماسلاشتۇرۇپ، تۆۋەننىڭ ئەھۋالىنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىش، يۇقىرىنىڭ ئەھۋالىنى تۆۋەنگە ئۇقتۇرۇش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش خىزمەتلىرىگە ئەھمىيەت بەردى. شۇ ئاشلىق يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاشلىق ئىسلاھاتىغا دائىر دوكلات ماتېرىيالدىن ئىككىنى يېزىپ چىقتى. ئاشلىق ئىسلاھاتى قىسقا خەۋىرىدىن 26 سان بېسىپ تارقاتتى.

12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى مادىي ۋە ھۆكۈمەت بەنگۇڭتىڭى، پىلان كومىتېتى، ئىقتىساد - سودا كومىتېتى، مالىيە نازارىتى، ئاشلىق ئىدارىسى، باھا ئىدارىسى، تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، سودا - سانائەت بانكىسى، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى قاتارلىق تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرىنى باشلاپ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى نۇربەكرى، شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى چىن شۈيچىن، مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى رېن گۇاڭخۇا قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ئەھۋالىنى تەكشۈردى ھەمدە ئاۋام ئاساسىي يېمەكلىكلەر بوتكىسى، «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتىنىڭ ئىككىنچى سېخى، مەركىزىي لابوراتورىيىسى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق توپ سېتىش بازىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

شۇ كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ يۇنچۈەن قاتارلىقلار كورلا يېڭى شەھەر دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتىدا مەركەزگە قاراشلىق ئامبارنى كېڭەيتىپ قۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، قۇرۇلۇش سۈرئىتىدىن مەمنۇن بولدى.

12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى بىرلىكتە «ئاشلىقنى تۆمۈريول ئارقىلىق توشۇشتا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى، بۇ ئۇقتۇرۇش 1999 -

يىل 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىندى. «ئۇقتۇرۇش»نىڭ مەزمۇنى: (1) ئومۇمەن بۇغداي، كۆممىقوناق، شال، بۇغداي ئۇنى، گۈرۈچلەرنى تۆمۈريول ئارقىلىق توشۇغۇچىلار دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش - ساقلاش كارخانىلىرىنىڭ، ئاشلىق ياغ پىششىقلاش كارخانىلىرىنىڭ ياكى ناھىيىدىن يۇقىرى ئاشلىق سودا بازارلىرىنىڭ مال سېتىش تالونىنى كۆرسىتىشى شەرت. شىنجاڭدىن چىقىرىلىدىغانلىرىنى شىنجاڭ ئاشلىق، ياغ مەركىزىي توپ سېتىش بازىرى تەكشۈرگەندىن كېيىن، توشۇتقۇچىغا «توشۇش ئىجازەتنامىسى» بېرىدۇ ھەمدە ئىجازەتنامىگە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ توشۇش مەخسۇس تامغىسى» بېسىلىدۇ. شىنجاڭ ئىچىدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئارا توشۇشتا شۇ جايدىكى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق شەھەرلىك ئاشلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى تەكشۈرگەندىن كېيىن، توشۇتقۇچىغا «توشۇش ئىجازەتنامىسى» بېرىدۇ ھەمدە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئاشلىق توشۇش مەخسۇس تامغىسى بېسىلىدۇ. (2) تۆمۈريول ترانسپورت تارماقلىرى «توشۇش ئىجازەتنامىسى»گە ئاساسەن توشۇش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ بېرىدۇ.

12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ئىشخانىسىنىڭ «ئاشلىق ئىسلاھاتى قىسقا خەۋەرلىرى»دە يېزىلىشىچە، تۇرپان ۋىلايىتىگە قاراشلىق ناھىيىلىك (شەھەرلىك) ئاشلىق ئىدارىلىرى مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىش خىزمىتىنى تاماملاپ، مەمۇرىي ئىشتاتىنى بېكىتكەن، ئەسلى ئىدارىگە قاراشلىق ئىقتىسادىي گەۋدىلەر ئاشلىق ئىدارىسى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزگەن. ئايرىلىپ چىققان كارخانىلار يېڭىۋاشتىن تەشكىللىنىپ، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان سىياسەت خاراكتېرلىك كارخانىدىن 6نى، باشقا كارخانىدىن 18نى قۇرۇپ چىققان. ۋىلايەت بويىچە سېتىۋېلىش - ساقلاش كارخانىلىرىنىڭ خادىمى 400 كىشىدىن 125 كىشىگە ئازايتىلغان. ۋىلايەت بويىچە ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلۇپ تارقاقلاشتۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىسى 350كە يەتكەن.

12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ئىشخانىسىنىڭ «ئاشلىق ئىسلاھاتى قىسقا خەۋەرلىرى»دە ئېيتىلىشىچە، ئىلى ۋىلايىتى ئاشلىق سىستېمىسىنىڭ مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىش خىزمىتى ئاساسەن تاماملىنىپ، ۋىلايەت بويىچە ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلۇپ تارقاقلاشتۇرۇلغانلار 1882 گە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە چېكىندۈرۈلگەن ۋاقىتلىق ئىشچى 546، قوشۇمچە كەسىپكە كىرگەنلەر 415، ئىچكى قىسىمدا پېنسىيىگە چىقىرىلغانلار 262، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلار 95، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانلار 415، باشقىلار 149. ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلۇپ قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار 328 بولۇپ، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانلارنىڭ 79%نى ئىگىلىگەن. 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ھەممىسىدە، ناھىيە دەرىجىلىك ئاشلىق سودا بازىرى قۇرۇلغان. 11 - ئايدا ۋىلايەت بويىچە ئاشلىق تىجارەت كارخانىلىرىنىڭ ۋە پىششىقلاش، پارچە سېتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئورۇنلارنىڭ، بولۇپمۇ يەككە، خۇسۇسىي پىششىقلاش كارخانىلىرىنىڭ ئاشلىق مەنبەسى ئومۇميۈزلۈك ئېنىقلىنىپ، 29 قانۇنسىز ئاشلىق كارخانىسى بىكار قىلىنغان. كىنىشكىسىز تىجارەت قىلغان 124 ئورۇن، دائىرىدىن ھالقىپ تىجارەت قىلغان 44 ئورۇن، قانۇنسىز تىجارەتكە دائىر 113 دېلو تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىپ، 2791.9 توننا ئاشلىق تەكشۈرۈپ تۇتۇپ قىلىنغان.

12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق قوشۇمچە تىجارەت كەسپىي مەبلىغىنىڭ ئايرىپ بېرىشكە تېگىشلىك مىقدارى 1 مىليارد 808 مىليون 690 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئايرىپ بېرىلگىنى 1 مىليارد 345 مىليون 770 مىڭ يۈەن بولغان، بۇ ئايرىپ بېرىشكە تېگىشلىك سانىنىڭ 74.4%نى ئىگىلىگەن.

12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ «ئەھۋالدىن ئىنكاس» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «ئىلى ۋىلايىتىدە ئوندۇرمە بۇغداي بېسىلىپ قېلىش مەسىلىسىنى جىددىي ھەل قىلىش كېرەك» دېگەن ماقالىغا: يولداش دەلىلقان بۇ مەسىلىنى ئاشلىق

تارماقلىرى مۇھاكىمە قىلىپ باقسۇن، بۇ ئىشقا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش كېرەك. ئەگەر بۇ ئۈندۈرمە بۇغدايىنى ئىشلىتىشكە مۇمكىن بولمايدىغانلىقى ئىسپاتلانسا جەمئىيەتكە تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، يەم - خەشەك ئورنىدا بىر تەرەپ قىلىشنى ئويلىشىپ بېقىشقا بولىدۇ. ئەگەر ئىشلىتىشكە مۇمكىن بولسا، سۈپىتىگە قاراپ باھا قويۇپ سېتىۋېلىش ياكى شۇ جايىنىڭ ئۆزىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يول قويۇش كېرەك دەپ تەستىق سالدى. بۇنىڭغا ئاساسەن 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى بىرلىكتە «بىر قىسىم ناھىيىلەردىكى دېھقانلارنىڭ ئۈندۈرمە بۇغدىيى بېسىلىپ قېلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: كۇنەس، نىلقا، گۇڭلىيۇ قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ ئۈندۈرمە نىسبىتى %5تىن تۆۋەن بولغان بۇغدىيىنى سېتىۋېلىپ، ئۇنى ياخشى بۇغداي بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ پىششىقلاشقا بولىدۇ؛ ئۈندۈرمە نىسبىتى %5تىن يۇقىرى بولغان بۇغدايىنى دېھقانلارنىڭ يەم - خەشەك ئىشلەش، ئېچىتىش، كراخمال ياساش، دورا ياساش قاتارلىق سانائەتكە كېرەكلىك ئاشلىق ئىشلىتىدىغان كارخانىلارغا سېتىپ بېرىشىگە پائال ياردەم بېرىش كېرەك. باھانى ئۆز ئارا كېلىشىپ بېكىتىشكە بولىدۇ؛ سېتىۋېلىش ياكى سېتىش ئىمكانىيىتى يوق جايلار دېھقانلارنىڭ ئۆزلىرى ئالاقىلىشىپ سېتىشىغا رۇخسەت قىلىشى كېرەك.

شۇ كۈنى شىنجاڭ ئاشلىق، ياغ پەن تەتقىقات ئورنى بىلەن شىنجاڭ ئاشلىق، ياغ مەھسۇلاتلىرى سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ ئاپپاراتى ئايرىپ تەسىس قىلىندى.

12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى «ئوتۇڭ باھادا سېتىشتا باھا بېكىتىش پىرىنسىپى توغرىسىدا قوشۇمچە ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. «گوۋۇيۈەننىڭ نۆۋەتتە ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەققىدىكى پىكرىنى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»قا ئاساسەن، بىر قىسىم ئاساسلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىنىڭ كونا سالدۇ بۇغدىيىنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى يۇقىرىراق بولۇپ، ئوتۇڭ باھادا سېتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا قىيىنچىلىق ئېغىر بولۇشتەك زىددىيەتنى پەسەيتىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر باھا ئىدارىسىنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن، ئىلى، تارباغاتاي (ساۋەن، شىخو، تولى، قوبۇقسار ناھىيىلىرى بۇنىڭ سىرتىدا)، بورتالا (جىڭ ناھىيىسى بۇنىڭ سىرتىدا)، ئالتاي قاتارلىق 4 ۋىلايەت، ئوبلاستتا، بۇغدايىنى ئوتۇڭ باھادا سېتىش بويىچە ئەسلى ئاشلىق سېتىۋېلىش باھاسىنى ھېسابلىغاندا، باھانى بۇ يىلقى ۋەزىيەتكە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش باھاسى بىلەن قوغدىما باھانى قوشۇپ ئوتتۇرىچىلاپ، ئۇنىڭغا يەنە شۇ مەزگىلدىكى مۇۋاپىق خىراجەت ۋە ئەڭ تۆۋەن پايدىنى قوشۇش ئارقىلىق بېكىتىشكە رۇخسەت قىلىندى.

12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۈرۈمچى شىمالىي ۋوگزال دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتىنىڭ يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن 12 مىڭ كۋادرات مېتىر يېرىگە سېلىنغان 5 كورپۇس ئاشلىق ئامبىرى پۈتتى. سىغىمچانلىقى 17 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، 5 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغانىدى. يېڭى ئامبار 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئىشلىتىشكە باشلىندى.

12 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى سۇڭ دەنيى دۆلەت تەرەققىيات - پىلان كومىتېتى ۋە دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسىغا ۋاكالىتەن كورلىغا بېرىپ، يېڭى شەھەر دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنى كۆزدىن كەچۈردى.

12 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى شاۋ چىيىڭ، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى قالىبەك ئەبلغازى ۋە 5 نەپەر باشقارما باشلىقى باشچىلىقىدىكى 7 ئاشلىق ئىسلاھاتى خىزمەت گۇرۇپپىسى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بېرىپ ئاشلىق ئىسلاھاتى خىزمىتىنى تەكشۈردى، شۇجى شاۋ چىيىڭ ئاقسۇدا جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى قالىبەك ئەبلغازى كۈيتۇڭدا شىمالىي شىنجاڭ بويىچە، ماۋ يۈنشياڭ سانجى شەھىرىدە شەرقىي شىنجاڭ بويىچە ئاشلىق ئوبوروت

تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى سۆھبەت يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەمدە خۇلاسە سۆزى قىلدى. ھەر قايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقلىرى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ 7 خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى ھەمدە ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەت ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى، ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ خادىملىرى بۇ سۆھبەت يىغىنلىرىغا قاتناشتى. يىغىندا جايلارنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىسلاھاتى تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھەققىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، ئاشلىق ئىسلاھاتىنىڭ تەجرىبىلىرى ئالماشتۇرۇلدى.

12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ «ئىقتىساد ھەپتىلىكى» بېتىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق ئىسلاھاتى ھەققىدە مەخسۇس سەھىپە ئېچىلىپ، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئاشلىق ئىسلاھاتى ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلدى. مۇھىم نۇقتىلىرى مۇنۇلار: ئاشلىق مەھسۇلاتى شىنجاڭنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ 5تىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدىغان ئىلى ۋىلايىتىنىڭ دۆلەتكە قوشقان تۆھپىسى زور. شۇغىنىسى ئۇزاقتىن بېرى شەكىللەنگەن ئاساسلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونى بولۇپ شەكىللەنگەن بۇ رايوننىڭ دۆلەتنىڭ ئاشلىق ئىسلاھاتى سىياسىتىنى يولغا قويۇش داۋامىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلىرىمۇ ئىنتايىن گەۋدىلىك. ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ ساقلاش كارخانىلىرىنىڭ ئامبار سىغىمچانلىقى ئېغىر ھالدا كەمچىل بولۇپ، كەڭ ـ كۇشادە سېتىۋېلىش، ئوڭ باھادا سېتىشتا قىيىنچىلىق ناھايىتى كۆپ، قانداق قىلىپ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش چوڭ رايونىنى ئىقتىسادىي چوڭ رايونغا ئايلاندۇرۇش، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، ئاشلىقنى باشقا مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئىلى ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان تۈگۈن بولۇپ قالدى. ئاشلىق تارماقلىرىدىكى كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى، ئىسلاھاتىنىڭ تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى تىرىشىپ ئەمەلىيلەشتۈرمەكتە.

12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ش ئۇ ئا ر نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا 1998 ـ يىللىق نۇقتا (كېرىيە ناھىيىسىدە نامراتلارغا ھەمدەم بولۇش خىزمىتىنىڭ خۇلاسىسىنى يوللىدى)، خۇلاسىدە مۇنداق دېيىلگەن: 1996 ـ، 1997 ـ يىللىرى 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئاساستا، 1998 ـ يىلى 160 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ئارال يېزىسىدا 4 قۇدۇق قېزىش پىلانلىنىپ 3 قۇدۇق قېزىلىپ بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىككىسى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى؛ 5 كىلومېتىر سېمونت تاختىلىق سۇ ستېمەس ئېرىق ياسىلىپ مەزكۇر يېزىنىڭ سۇغىرىش كۆلىمى 1500 نەچچە مو كۆپەيتىلدى، كۆپەيگەن يەر كىشى بېشىغا 0.15 مودىن توغرا كەلدى؛ مەزكۇر يېزىدىكى دېھقانلارنىڭ ئىچىملىك سۇ شارائىتى ياخشىلاندى. 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ ناھىيىلىك ئاشلىق، ياغ پىششىقلاش زاۋۇتىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىش ئارقىلىق، كۆنىگە بۇغدايدىن 80 توننا دەرىجىلىك ئۇن تارتىش سېخى قۇرۇپ بېرىلدى، تېخنىكا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن ئۇننىڭ سۈپىتى ئۆسۈپ، كورلا قاتارلىق جايلارغا سېتىلدى. ناھىيىلىك ياغ زاۋۇتىمۇ ئۆزگەرتىلدى ۋە كېڭەيتىلدى؛ ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشقا دائىر نەچچە مىڭ يۈەنلىك سىنئالغۇ لېنتىلىرى تەقدىم قىلىندى. 2 كەنتنىڭ 600 گە يېقىن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىغا سومكا، قەلەم، دەرسلىك قاتارلىقلار ئېلىپ بېرىلدى، بۇ ئىش دېھقانلارنىڭ ئالقىشىغا ۋە ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. 3 يىلدا ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى كېرىيە ناھىيىسىگە 5 مىليون يۈەنگە يېقىن مەبلەغ سالدى ۋە ئۆسكۈنە ئېلىپ بەردى.

12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى شىنجاڭ ئاشلىق، ياغ يېمەكلىكلەر سانائىتى شىركىتىنى تارقىتىۋېتىشكە قوشۇلۇپ تەستىق سالدى. مەزكۇر شىركەت ئەسلىدە ئاشلىق پەن تەتقىقات ئورنى، ئاشلىق، ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى، يېمەكلىكلەر زاۋۇتى شىمالىي ۋوگزال دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مەبلەغ چىقىرىشى بىلەن تەشكىللەنگەن گۇرۇھ شىركىتى بولۇپ، كېيىن نامىنى ھازىرقى نامغا ئۆزگەرتكەن. شىركەت مەبلىغى قەرزگە چىقىش قىلماي، تەرەققىي قىلىشتىن ئۈمىد قالمىغاچقا

تاقىۋېتىلدى. تارقىتىۋېتىلگەندىن كېيىن شىركەت خادىملىرى سىياسەت بويىچە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى ئاپتونوم رايون ئاشلىق سىستېمىسىنىڭ مەمۇرىي، كەسپىي كارخانا ئورۇنلىرى 1574 بولۇپ، كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىسى 48 مىڭ 329. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى ئورۇن 1566 بولۇپ، ئادەم سانى 47 مىڭ 745؛ كوللېكتىپ كارخانا بىر بولۇپ، ئادەم سانى 11؛ پاي تۈزۈمىدىكى كارخانا 7 بولۇپ، ئادەم سانى 573. دۆلەت ئىلكىدىكى ئورۇنلار ئىچىدە، مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى 117 بولۇپ، ئادەم سانى 2741؛ كەسپىي ئورۇن 67 بولۇپ، ئادەم سانى 842؛ تىجارەت ئاپپاراتلىرى 1382 بولۇپ، ئادەم سانى 44 مىڭ 162.

△ ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق سىستېمىسىغا قاراشلىق ئاشلىق، ياغ سانائەت كارخانا ئورنى 154، بۇنىڭ ئىچىدە گۈرۈچ زاۋۇتى بىر، ئۇن زاۋۇتى 89، سۇ يېغى زاۋۇتى 29، ئاشلىق، ياغ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى بىر، ئاشلىق، ياغ يېمەكلىكلەر زاۋۇتى 11، يەم ـ خەشەك زاۋۇتى 18، باشقا زاۋۇت 5. بۇ كارخانىلارغا قاراشلىق سېخ 511. يىل ئاخىرىدىكى بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچى 15 مىڭ 664. يىللىق سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 875 مىليون 70 مىڭ يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە) پايدا ئالغان كارخانىلارنىڭ پايدىسى 46 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يەتتى. زىيان تارتقان كارخانا 68 بولۇپ، 61 مىليون 550 مىڭ يۈەن زىيان تارتتى، پايدا ـ زىيىنى بالانس قىلىنغاندىن كېيىنكى زىيىنى 14 مىليون 680 مىڭ يۈەن.

△ 1998 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئاشلىق ئامبار سىغىمچانلىقى 4 مىليارد 90 مىليون كىلوگرام، بۇنىڭ ئىچىدە ياخشى ئامبار سىغىمچانلىقى 3 مىليارد 308 مىليون كىلوگرام بولۇپ، ئومۇمىي ئامبار سىغىمچانلىقىنىڭ %80.88نى ئىگىلەيدۇ. چوڭ رېمونت قىلىشقا تېگىشلىك ئامبار سىغىمچانلىقى 539 مىليون كىلوگرام بولۇپ، %13.18نى ئىگىلەيدۇ. كېرەكسىز ئامبار سىغىمچانلىقى 243 مىليون كىلوگرام بولۇپ، %5.94نى ئىگىلەيدۇ.

△ مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون 4 مىليون يۈەن (مەركەزنىڭ 1 مىليون 300 مىڭ يۈەن، ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن سەپلەنگىنى 2 مىليون 700 مىڭ يۈەن)، مەبلەغ ئاجرىتىپ ھەربىي ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش بويىچە 9 تور ـ نۇقتا قۇرۇلۇشىنى رېمونت قىلىپ ئۆزگەرتىشنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر 7 تور تاماملاندى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق مەكتىپى شەندۇڭ دېجۇ تەمىنات ـ سودا مەكتىپى، لياۋچېڭ سودا مەكتىپى، شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن بىرلىشىپ ماشىنىسازلىق ـ ئېلېكترون كەسپى، ھېسابلاش ماشىنىسىنى قوللىنىش كەسپى بويىچە ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپى، بوغالتىر ـ ستاتىستىكا ھېسابلاش كەسپى بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ئۈچۈن ئالىي تېخنىكوم سىنىپى، ساقلاش ـ پىرىيوم كەسپى بويىچە ئالىي تېخنىكوم سىنىپى ئاچتى. مەكتەپتە يەنە ۋۇخەن يېمەكلىكلەر سانائىتى ئىنستىتۇتىنىڭ ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇش پونكىتى تەسىس قىلىندى.

△ ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى 300 مىڭ يۈەن تەييارلاپ پىراكتىكا زاۋۇتى قۇردى.

△ قاراقاش، گۇما، نىيە ناھىيىلىرىنىڭ ئاشلىق، ياغ پىششىقلاش زاۋۇتلىرىنىڭ كۈنىگە 50 توننا بۇغدايدىن ئۇن تارتىش سېخلىرىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرلىرى 10 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە تاماملىنىپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

△ ئالتاي دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش 2 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ بىرىنچى تۈركۈمدە پۈتكەن 4 كورپۇس ئامبىرى ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى.

△ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى ساقلاش ـ توشۇش شىركىتىنىڭ سىغىمچانلىقى 5 مىليون

كىلوگىرام كېلىدىغان خىش. بىتون قۇرۇلمىلىق بىر كورپۇس ئاشلىق ئامبىرى پۈتتى ھەمدە رەسمىي تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

△ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى، شەھەرلىك ئاشلىق ساقلاش - توشۇش شىركىتىنىڭ ئىشچىلار ئۆيۈشمىسىغا جۇڭخۇا مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى تەرىپىدىن «نەمۇنە ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئائىلىسى» دەپ نام بېرىلدى. ئۈرۈمچى شىمالىي ۋوگزال دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتىدىن ئەلقەم، شىنجاڭ ئاشلىق، ياغ يېمەكلىكلەر زاۋۇتىدىن ۋاڭ جيەنجۇڭ، شىنجاڭ ئاشلىق، ياغ ماشىنىسازلىق پىششىقلاش باش زاۋۇتىدىن ليۇ گۈيلەنلەرگە جۇڭگو مالىيە - سودا ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى مەملىكەتلىك كومىتېتى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە مالىيە - سودا سىستېمىسىدىكى مۇنەۋۋەر ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى خىزمەتچىسى» دېگەن نام بېرىلدى. شىنجاڭ ئاشلىق، ياغ ماشىنىسازلىق پىششىقلاش باش زاۋۇتىدىن قاسىم ئىسمىغا ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى تەرىپىدىن «شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش مېدالى» بېرىلدى. ئالتاي دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتىنىڭ ساقلاش - توشۇش بۆلۈمى «شىنجاڭنى ئېچىش- گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار ئىسپىنا - گۇرۇپپا» بولۇپ باھالاندى.

△ سانجى ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسى تەيكۈن گۇرۇھى 5 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ نەسىللىك توخۇ فېرمىسىنىڭ ئىككىنچى قارارلىق كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنى ئىشلىدى. بۇ گۇرۇھنىڭ 1998 - يىللىق سېتىش كىرىمى 120 مىليون يۈەنگە، پايدىسى 4 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇ گۇرۇھ قۇرۇلغان 2 يىلدىن بۇيان، گۇرۇھلاشقان باشقۇرۇش، كۆلەملەشكەن ئىشلەپچىقىرىش، يەم - خەشەك، بېقىش، سويۇش، پىششىقلاش، سېتىش يۈرۈشلەشكەن مۇۋەپپەقىيەتلىك تىجارەت يولىنى تېپىپ چىقتى.

△ ئىلى ئاشلىق، ياغ پىششىقلاش باش زاۋۇتى بىلەن يەم - خەشەك زاۋۇتىدىن قايتا تەشكىللەنگەن كاڭدا پاي شىركىتى 1998 - يىلى 2 مىليون يۈەن پايدا ئالدى؛ موڭغۇلكۈرە ئاشلىق، ياغ پىششىقلاش زاۋۇتى قاتارلىقلاردىن قايتا تەشكىللەنگەن «تيەنشا» گۇرۇھى شىركىتى 1988 - يىلى 1 مىليون 170 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى.

△ ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئاپتونوم رايون بويىچە قانۇنغا خىلاپ ئاشلىق تىجارىتى قىلغان تۈۋەندىكىدەك بىر قەدەر چوڭ دېلولارنى ئېنىقلاپ چىقتى: (1) دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان ئاشلىق سېتىۋېلىش - ساقلاش كارخانىسىنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش دېلوسى 5 بولۇپ، 4 مىليون 800 مىڭ كىلوگىرام ئاشلىق سېتىۋالغان؛ (2) ئاشلىق سىستېمىسىنىڭ دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، قانۇنسىز تىجارەتچىلەرگە قولايلىق يارىتىپ بېرىش دېلوسى بىر بولۇپ، قانۇنسىز تىجارەتچىلەر 24 مىڭ 800 كىلوگىرام ئاشلىق سېتىۋالغان؛ (3) دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق پىششىقلاش كارخانىلىرىنىڭ قانۇنسىز يول بىلەن ئاشلىق سېتىۋېلىش دېلوسى 3 بولۇپ، 1 مىليون 440 مىڭ كىلوگىرام ئاشلىق سېتىۋالغان.

△ ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى خىزمىتىدە باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى: (1) يەرلىك ھۆكۈمەت قاتلاممۇ - قاتلام مەسئۇل بولغان مەمۇرىي باشلىق مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى دەسلەپكى قەدەمدە ئەمەلىيلەشتى. 16 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ ئاشلىق ئىسلاھاتى لايىھىسى پۈتۈنلەي ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ناھىيە (شەھەر)لەر ئوتتۇرىغا قويغىنى 81 بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ %94نى ئىگىلەيدۇ. (2) 3 سىياسەت ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. دېھقانلارنىڭ ئېشىنچە ئاشلىقىنى قوغدىما باھا بويىچە كەڭ سېتىۋېلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ ئاشلىقنى ئوڭ باھادا سېتىش سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇلدى؛ ئاشلىق سېتىۋېلىش مەبلىغىنىڭ يېپىق ھالەتتە ئايلىنىشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. سېتىۋېلىش - ساقلاش كارخانىلىرىنىڭ زىيىنى زور ھەجىمدە تۆۋەنلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق سېتىۋېلىش - ساقلاش كارخانىلىرىنىڭ 1998 - يىل 6- ئايدىن 10 - ئايغىچە تارتقان زىيىنى 174 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئايدا 35 مىليون يۈەن زىيان تارتقان، زىيان ئاشلىق ئىسلاھاتىدىن ئىلگىرى 1- ئايدىن 5 - ئايغىچە بولغان ئايلىق ئوتتۇرىچە زىياندىن

%75 تۆۋەنلىدى. 11 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە 10 مىليون يۈەن پايدا ئېلىندى. ئاشلىق ئىسلاھاتىدىن بۇيان سانجى، شىخەنزە، ئاقسۇ، قومۇلدىن ئىبارەت 4 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش. ساقلاش كارخانىلىرى پايدا ئالدى. چىرا ناھىيىلىك ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ ساقلاش كارخانىسى 500 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى؛ (3) ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئىچكى ئىسلاھاتى تېزلەتتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق سىستېمىسىدا پاي تۈزۈمى قاتارلىق كۆپ خىل شەكىلدىكى ئىسلاھاتنى يولغا قويغان كارخانا 338 بولۇپ، بۇ مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان تىجارەت كارخانىلىرىنىڭ %66نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولۇش، پايدا ـ زىيىنىغا ئۆزى ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت يېڭى كارخانا، ھەرىكەت مېخانىزمى بەرپا قىلىندى. مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىغان ناھىيە (شەھەر) 76 بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ %89نى ئىگىلەيدۇ؛ ناھىيە (شەھەر) لەردىكى ئاشلىق ئىدارىلىرىنىڭ خادىملىرى ئەسلىدىكى 20 ـ 30 كىشىدىن ئازىيىپ ھازىرقى 8 ئادەم ئەتراپىدا بولدى. ئىچكى ئاپپاراتلارمۇ ئەسلىدىكى 6 ـ 7 دىن ئازىيىپ ھازىر 3 بولدى. خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسىمۇ ئەسلىدىكى كارخانا باشقۇرۇشتىن ماكرولۇق تىزگىنلەش، كەسىپ بويىچە يېتەكلەش، نازارەت قىلىش، مۇلازىمەتنى كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەرگە بۇرۇلۇشقا باشلىدى. ئاساسىي كەسىپ بىلەن قوشۇمچە كەسىپنى ئايرىغان كارخانا 531 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 438 كارخانا سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىغا تىزىمغا ئالدۇرۇپ، ئايرىلغان كارخانىلارنىڭ %82نى ئىگىلىدى؛ خىزمەت ئورنىدىن قالدۇرۇلۇپ تارقاقلاشتۇرۇلغان خادىملار 9311 بولۇپ، 3 يىلدا تارقاقلاشتۇرۇش پىلانىنىڭ %64تى ئورۇندالدى. (4) بازار باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، ئاشلىق بازىرىنىڭ تەرتىپى ياخشىلاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە 76 ئاشلىق تەكشۈرۈش ئەترىتى قۇرۇلۇپ، 26 مىڭ ئادەم (قېتىم) ئىشقا سېلىنىپ، 6541 ئاشلىق پىششىقلاش كارخانىسى تەكشۈرۈلۈپ، 554 دېلو تۇرغۇزۇلدى، 240 دېلو بىر تەرەپ قىلىندى. 486 قانۇنسىز ئاشلىق كارخانىسى بىكار قىلىندى، 16 مىليون 460 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق مۇسادىرە قىلىندى، 2 مىليون 443 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئاشلىق توپ سېتىش سودا بازىرىدىن 88ى قۇرۇلدى.

1998 ـ يىللىق ئاشلىق يىلىدا 1 مىليارد 722 مىليون كىلوگرام ئاشلىق سېتىۋېلىنىپ، پىلاننىڭ %101.29ى ئورۇندالدى، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1 مىليارد 131 مىليون كىلوگرام ئاز سېتىۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋالغىنى 1 مىليارد 225 مىليون كىلوگرام بولۇپ، پىلاننىڭ %92.76ى ئورۇندالدى، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 92 مىليون كىلوگرام ئاز سېتىۋېلىندى. قوغدىما باھادا سېتىۋېلىنغىنى 327 مىليون كىلوگرام، كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىنغىنى 157 مىليون كىلوگرام؛ ئەمەلىي سېتىلغان ئاشلىق 1 مىليارد 4 مىليون كىلوگرام بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 494 مىليون كىلوگرام ئاز سېتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىنغان ئاشلىقتىن سېتىلغىنى 768 مىليون كىلوگرام بولۇپ، پىلاننىڭ %60.71ى ئورۇندالدى. ئالدىنقى يىلدىكىدىن 331 مىليون كىلوگرام ئاز سېتىلدى. بازاردا سېتىلغان ئاشلىقى 199 مىليون كىلوگرام، باشقا جايلاردا سېتىلغىنى 37 مىليون كىلوگرام؛ 1999 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىكى ئاۋار ئاشلىق سالدۇسى 2 مىليارد 561 مىليون كىلوگرام. سېتىۋېلىنغان سۇ يېغى 98 مىليون 900 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1 مىليون 340 مىڭ كىلوگرام ئاز سېتىۋېلىندى. سېتىلغىنى 84 مىليون 140 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 19 مىليون كىلوگرام ئاز سېتىلدى؛ 1999 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىكى ئاۋار ياغ سالدۇسى 62 مىليون 800 مىڭ كىلوگرام.

## 1999 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى چاقىرغان ۋالىيلار، ئوبلاست، شەھەر باشلىقلىرى

يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ۋالىيلار، ئوبلاست، شەھەر باشلىقلىرى بىلەن ئاشلىق ئىسلاھاتى خىزمىتى مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالىدى.

2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 27 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايون ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى، مالىيە نازارىتى، تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كومىتېتى، سودا ـساناەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، تېخنىكا نازارەتچىلىك ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقلىرى ھەمدە بىر قىسىم ئىلغار تىپلارنىڭ ۋەكىللىرى يىغىنغا قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەسقەت كەرىمباي، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دەلىلقان ماماقانلار يىغىنغا كېلىپ مۇھىم سۆز قىلدى. ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى شياۋ چيىڭ، ئىدارە باشلىقى ئابدۇكېرەم ھاشىم، مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى لۇ فاكې، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ماجىنيۇن، سودا ـ ساناەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ئادىل سودا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شاڭ شياڭيۇڭلارمۇ سۆز قىلدى، ئىلغار تىپ بولغان 16 ئورۇننىڭ ۋەكىلى يىغىندا سۆز قىلدى. 7 ئىلغار ئورۇن يازما سۆز قىلدى. ئۇلار: سانجى ئوبلاستى، ئۈرۈمچى شەھىرى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، ئىلى ۋىلايىتى، قۇمۇل ۋىلايىتى، بايىنغولىن ئوبلاستى، بورتالا ئوبلاستى ئاشلىق ئىدارىلىرى، موڭغۇلكۈرە، قورغاس، چىرا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى، پوسكام، ماناس، پىچان، نىلقا، جىمىسار، غۇلجا ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرى، ۋۇجياچۇ ئاشلىق شۆبە ئىدارىسى، سانجى «تەيكۇن» گۇرۇھى، سانجى شەھەرلىك ئۇن زاۋۇتى، ئالتاي ياغ زاۋۇتى، ئىلى «كاڭدا» گۇرۇھى، قەشقەر دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى، چۆچەك شەھىرى چاشا ئاشلىق پونكىتىدىن ئىبارەت.

3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى 1999 ـ يىللىق ئاشلىق ىېتىۋېلىش ـ ىېتىش يۆتكەش پىلانىنى بېسىپ تارقاتتى، پىلان بويىچە ىېتىۋېلىنىدىغان ئاشلىق 1 مىليارد 700 مىليون كىلوگرام، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ۋەزىپە بەلگىلەپ ىېتىۋالغىنى 1 مىليارد 66 مىليون كىلوگرام. ىېتىش پىلانى 1 مىليارد 500 مىليون كىلوگرام، بۇنىڭ ئىچىدە بۇيرۇق خاراكتېرلىك ىېتىش پىلانى 1 مىليارد 66 مىليون كىلوگرام. يۆتكەپ كىرىش پىلانى 492 مىليون كىلوگرام، بۇنىڭ ئىچىدە بۇيرۇق خاراكتېرلىك يۆتكەپ كىرىش پىلانى 364 مىليون كىلوگرام، يۆتكەپ چىقىرىش پىلانى 692 مىليون كىلوگرام، بۇنىڭ ئىچىدە بۇيرۇق خاراكتېرلىك يۆتكەپ چىقىرىش پىلانى 364 مىليون كىلوگرام.

3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى 3 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى، شىمالىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭدىكى 6 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى 21 ناھىيە (شەھەر)گە ئەۋەتىپ ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تەكشۈرۈپ قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىدارە پارتكومىنىڭ شۇجىسى شياۋ چيىڭ يېتەكلىگەن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئىلى قاتارلىق جايلارغا باردى.

3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى مەمۇرىي تەپتىش نازارىتى، پىلان كومىتېتى، مالىيە نازارىتى، باھا ئىدارىسى، ئىقتىسادىي تەپتىش نازارىتى، ئاشلىق ئىدارىسى، سودا ـ ساناەت بانكىسى، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىدىن ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ئەھۋالى بويىچە قانۇن ئىجراسىنى مۇپەتتىش قىلىش بىرلەشمە يىغىنى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «بىرلەشمە يىغىن» دەپ ئاتىلىدۇ) تەشكىللەندى. «بىرلەشمە يىغىن» قارمىقىدا ئاشلىق ئىدارىسىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى، بۇ ئىشخانا ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە قانۇن ئىجراسىنى مۇپەتتىش قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. بۇ «بىرلەشمە يىغىن» شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە 3 خىزمەت گۇرۇپپىسىنى شىنجاڭدىكى 16 ۋىلايەت ئوبلاست، شەھەرگە قاراشلىق 22 ناھىيە (شەھەر)نىڭ ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى بويىچە قانۇن ئىجراسىنى مۇپەتتىش قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈشكە

ئەۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە 39 ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىش كارخانىسى ۋە ئاشلىق ئىدارىلىرى قۇرغان بىر قىسىم سانائەت كارخانىسىغا بېرىپ ئاشلىق ئىسلاھاتى ئەھۋالى ۋە كارخانا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئەھۋالىنى تەكشۈردى. 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر «بىرلەشمە يىغىن» خىزمەت مەزگىلىدە ئاشلىق ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 22نى بىر تەرەپ قىلدى. بۇ دېلولارنىڭ چېتىلىش سوممىسى 73 مىليون 60 مىڭ يۈەن، 8 دېلو ئاخىرلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 7 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىلدى، 5 كىشىنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلدى.

4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇكېرىم ھاشىم، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ماۋ يۈنشياڭلار باشچىلىقىدىكى 7 كىشى دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسىغا بېرىپ ئىدارە باشلىقى گاۋ تىيېشىڭغا خىزمەتلەرنى دوكلات قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، خېبېي، شەنشى، شەندۇڭ، جىلىن ئۆلكىلىرىنىڭ 10 ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيىسىگە بېرىپ ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ئەھۋالىنى تەكشۈردى، شەرقىي شىمالنىڭ ئوچۇقچىلىقتا ئاشلىق ساقلاش تەجرىبىسىنى ئۆگەندى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى خىزمىتىنى تېزلىتىش ۋە شەرقىي شىمالنىڭ ئاشلىق ساقلاش تەجرىبىسىنى ئۆگىنىش ھەققىدىكى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 6 ـ قېتىملىق دائىمىي ئىشلار يىغىنىنى ئاچتى، شۇ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىنى ئاچتى، بۇ يىغىنلاردا گوۋۇيۈەن 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چاقىرغان مەملىكەتلىك ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش پىكرى مۇھاكىمە قىلىندى.

6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى خىزمىتى تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئاچتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەسئەت كەرىمباي، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دەلىلقان مامىقانلار يىغىنغا كېلىپ سۆز قىلدى. ئۇلار ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاشلىق ئىسلاھاتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى سىياسەت، تەدبىرلەرنى ئېلان قىلدى. بۇ سىياسەت ـ تەدبىرلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: بىرىنچى، قوغدىما باھادا ئاشلىق سېتىۋېلىش دائىرىسىنى مۇۋاپىق تەڭشەش، 1999 ـ يىل 6 ـ ئايدىن باشلاپ خوتەن ۋىلايىتىدىن باشقا ئاپتونوم رايون بويىچە كۆممىقوناقنى ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى بىكار قىلىنىدۇ ھەمدە قوغدىما باھادا سېتىۋېلىش دائىرىسىدىن چىكىنىپ چىقىلىدۇ. دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىش كارخانىلىرى سېتىۋالايدىغان ۋە ساتالايدىغان بولۇش پىرىنسىپى بويىچە دېھقانلاردىن كېڭىشىپ سېتىۋالىدۇ. 2000 ـ يىلدىن باشلاپ ئېگىز، سوغۇق جايلارنىڭ سۈپىتى ناچار بۇغدىيى قوغدىما باھادا سېتىۋېلىش دائىرىسىدىن تەدرىجىي چىقىرىۋېتىلىدۇ. ھەر بىر دېھقان ئائىلىسى 1999ـ يىلدىن باشلاپ يېرىم يىلدىن بىر يىلغىچە يېتىدىغان ئاشلىق ساقلىشى كېرەك. ئومۇمەن كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىقى 300 كىلوگرامدىن تۆۋەن بولغان دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ شۇ يىللىق بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى كەچۈرۈم قىلىشقا بولىدۇ. ئىككىنچى، ئاشلىق سېتىۋېلىش باھا سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش. (1) بۇغداي: 1998 ـ يىللىق قوغدىما باھا ئاساسىدا مۇۋاپىق تەڭشىلىپ، ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش باھاسى بىلەن قوغدىما باھا ئوخشاش بولىدۇ. ئاپتونوم رايون 4 باھا رايونىغا ئايرىلىدۇ. بىرىنچى باھا رايونى ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى ئوبلاستى، شىخەنزە، ئىلى ئوبلاستىنىڭ كۈيتۇڭ شەھىرى، قاراماي شەھىرى، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ شىخو شەھىرى، ساۋەن ناھىيىسى، بورتالا ئوبلاستىنىڭ جىڭ ناھىيىسى، تۇرپان ۋىلايىتى، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ قۇمۇل شەھىرى، بايىنغولىن ئوبلاستى (چەرچەن، چاقىلىق ناھىيىلىرى بۇنىڭ سىرتىدا)، قىزىلسۇ ئوبلاستى (ئاقچى ناھىيىسى بۇنىڭ سىرتىدا)، قەشقەر ۋىلايىتى، خوتەن ۋىلايىتى بولۇپ، ئۆلچەملىك بۇغداينىڭ (كۈزگى ئالا بۇغداينىڭ ئۈچىنچى

سورتى، تۆۋەندىسى ئوخشاش) ھەر كىلوگرامىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى 1.28 يۈەن بولىدۇ. ئىككىنچى باھا رايونى بورتالا ئوبلاستى (جىڭ ناھىيىسى بۇنىڭ سىرتىدا)، تارباغاتاي ۋىلايىتى (شىخو، ساۋەن ناھىيىلىرى بۇنىڭ سىرتىدا). قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئاراتۇرۇك ناھىيىسى، ئالتاي ۋىلايىتى، بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ چەرچەن، چاقىلىق ناھىيىلىرى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ ئاقچى ناھىيىسى بولۇپ، ئۆلچەملىك بۇغدايىنىڭ ھەر بىر كىلوگرامىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى 1.23 يۈەن بولىدۇ. ئۈچىنچى باھا رايونى ئىلى ۋىلايىتى (موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى بۇنىڭ سىرتىدا) بولۇپ، ھەر كىلوگرام ئۆلچەملىك بۇغدايىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى 1.18 يۈەن بولىدۇ. تۆتىنچى باھا رايونى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ باركۆل ناھىيىسى بىلەن ئېگىز، سوغۇق تاغلىق رايونلار بولۇپ، ھەر كىلوگرام ئۆلچەملىك بۇغدايىنىڭ باھاسى 1.05 يۈەن بولىدۇ. 5 - سورتتىن تۆۋەن بولغان بۇغدايىنىڭ باھاسىنى ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرى سېتىۋالىدىغان ھەم ساتالايدىغان بولۇش پىرىنسىپى بويىچە دېھقانلار بىلەن كېڭىشىپ بېكىتىدۇ. ئەلا سۈپەتلىك مەخسۇس بۇغدايىنىڭ باھاسىنى ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرى سېتىۋالالايدىغان ھەم ساتالايدىغان بولۇش ۋە ئادەتتىكى بۇغداي باھاسىدىن يۇقىرى بولۇش پىرىنسىپى بويىچە ئۆز ئالدىغا بېكىتىپ، ئايرىم سېتىۋېلىپ، ئايرىم ساقلايدۇ. (2) گۈرۈچ، ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە ئىككى باھا رايونىغا ئايرىلىدۇ. بىرىنچى باھا رايونى ئىلى ۋىلايىتىدىن باشقا شىمالىي شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست شەھەرلەر ۋە شەرقىي شىنجاڭدىكى قۇمۇل، تۇرپان ۋىلايەتلىرى بولۇپ، ئۆلچەملىك گۈرۈچنىڭ (ئىككىنچى ئۆلچەملىك، تۆۋەندىسى ئوخشاش) ھەر كىلوگرامىنىڭ ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش باھاسى 2.28 يۈەن بولۇپ، ئۆزگەرتىلمەيدۇ؛ ئىككىنچى باھا رايونى ئىلى ۋىلايىتى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 5 ۋىلايەت، ئوبلاست بولۇپ، ھەر كىلوگرام گۈرۈچنىڭ ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش باھاسى 2.15 يۈەن بولىدۇ. ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىشنىڭ سىرتىدىكى گۈرۈچ باھاسى بازار ئەھۋالىغا قاراپ بېكىتىلىدۇ. (3) كۆممىقوناق: خوتەن ۋىلايىتىدە ھەر كىلوگرام ئۆلچەملىك كۆممىقوناقنىڭ بەلگىلەپ سېتىۋېلىش باھاسى 0.70 يۈەن بولىدۇ. باشقا ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ كۆممىقوناق باھاسى بازار ئەھۋالىغا قاراپ بېكىتىلىدۇ: (4) ياغلىق دان: ياغلىق دان سېتىۋېلىشتىكى يېتەكچى خاراكتېرلىك باھا يەنىلا 1998- يىلى چۈشۈرۈلگەن باھا بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ. ئۈچىنچى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق خېيىم خەتەر فوندى ياردەم بېرىش چارىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاشلىقنى ئۇلاڭ باھادا سېتىشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش. 1999 - يىلدىن باشلاپ مەركەز ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق خېيىم - خەتەر فوندى ياردىمىگە قارىتا مۇددەتلىك تۈزۈمنى يولغا قويدى. ئاپتونوم رايوننىڭ سەپلىمە مەبلىغى يەنىلا مەركەز بەلگىلىگەن نىسبەت بويىچە ۋاقتىدا، تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. ئاشلىق سېتىۋېلىش- سېتىش كارخانىلىرىنىڭ ئاشۇرۇپ ساقلىشىغا ياردەم بېرىش چارىسى ھازىرقى ئاشۇرۇپ ساقلاش سالدۇسىنىڭ ھەر بىر كىلوگرامىغا 6 پۇڭ ياردەم بېرىشتىن ئاشۇرۇپ ساقلاش سالدۇسىنىڭ ھەر بىر كىلوگرامىغا ئالدىن 4 پۇڭ ياردەم بېرىپ، سېتىلغاندىن كېيىن يەنە 3 پۇڭ ياردەم بېرىشكە تەڭشىلىدۇ. سېتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون جايلارغا سېتىش كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈپ، ئۇنى ئاشلىق خىزمىتىگە ۋالىي، ئوبلاست باشلىقى، شەھەر باشلىقلىرى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى تەكشۈرۈشنىڭ بىر مەزمۇنى قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇنۇلار بەلگىلەندى: چەت - يىراق جايلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىنىڭ ئاساسىي سېتىش رايونلىرىغا ساتقان ئاشلىقىغا، جايلارنىڭ ئاپتونوم رايون سىرتىغا ۋە چەت ئەلگە ساتقان ئاشلىقىغا مۇۋاپىق سېتىش ياردىمى بېرىلىدۇ. ياردەم بېرىشنىڭ كونكرېت چارىسىنى مالىيە نازارىتى، ئاشلىق ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى، باھا ئىدارىسى قاتارلىق تارماقلار ئايرىم تۈزۈپ چۈشۈرىدۇ: تۆمۈريول ترانسپورت تارماقلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ سىرتىغا سېتىلىدىغان ئاشلىقنى ئالدىن يۆتكەپ خىراجەت جەھەتتە ئېتىبار بېرىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرى سېتىشنى خادىملارنىڭ ئىش ھەققى، مۇكاپاتى بىلەن چېتىش چارىسىنى يولغا قويۇپ، ئاشلىقنى زور كۈچ بىلەن سېتىشى كېرەك. ئۇلاڭ

باھادا سېتىش بويىچە باھا بېكىتىش چارىسى تەڭشەلدى. 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن كېيىن، ئالدى بىلەن كىرگۈزۈش ئاندىن چىقىرىش، بىر تەرەپتىن كىرگۈزۈپ بىر تەرەپتىن چىقىرىش. قانچىلىك سېتىۋالسا، شۇنچىلىكنى سېتىش پرىنسىپى بويىچە، ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىش كارخانىلىرىنىڭ 1999 ـ يىللىق ئاشلىق سېتىۋېلىش باھاسىنى يىرىك ئاشلىق ھېسابلاش ئۆلچىمى قىلىپ، 1998 ـ يىلدىن بۇرۇنقى ئاشلىقنى سېتىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. تۆتىنچى، ئاشلىق بازارلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى داۋاملىق كۈچەيتىش كېرەك. سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ئاشلىق سېتىۋېلىش بازارلىرىنى باشقۇرۇشنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇشى لازىم. ئاشلىق، باھا، باج، ج خ، قاتناش ـ ترانسپورت قاتارلىق تارماقلار زىچ ماسلىشىپ، تۈرلۈك تەدبىرلەرنىڭ ھەقىقىي ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. خۇسۇسىي ئاشلىق سودىگەرلىرى ۋە ئاشلىق سېتىۋېلىشى تەستىقلانمىغان پىششىقلاش كارخانىلىرىنىڭ قانۇنسىز ئاشلىق سېتىۋېلىش قىلمىشلىرىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، كىنىشكىسىز تىجارەت قىلىشنى قەتئىي ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك. يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسپلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، كۆممىقوناق ئىشلىتىدىغان كەسپلەشكەن چوڭ باشلامچى كارخانىلار، يەم ـ خەشەك ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى، ھاراق ئىشلەش كارخانىلىرى تەستىقلىتىش ئارقىلىق بىۋاسىتە يېزىلارغا بېرىپ، دېھقانلار بىلەن باھانى كېڭىشىپ بېكىتىپ كۆممىقوناق سېتىۋالسا بولىدۇ. بۇغداي ئىشلىتىدىغان باشلامچى كارخانىلارنىڭ يېزىلارغا بېرىپ بۇغداي سېتىۋېلىشى بۇ يىل ئالدىن سىناق قىلىنىدۇ. بەشىنچى، ۋىلايەت، ئوبلاست شەھەرلەر ئارا بۇيرۇق خاراكتېرلىك ئاشلىق يۆتكەش پىلانىنى بىكار قىلىش. 2000 ـ يىلدىن باشلاپ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ـ سېتىش رايونلىرى ئارا بىۋاسىتە ئىشلەپچىقىرىش ـ سېتىش مۇناسىۋىتى ئورنىتىلىپ 2 تەرەپ بىۋاسىتە ئۇچراشتۇرۇلىدۇ. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئارا بەلگىلەپ سېتىۋېلىنغان بۇيرۇق خاراكتېرلىك يۆتكەش پىلانى مۇناسىپ ھالدا يېتەكچى خاراكتېرلىك پىلانغا ئۆزگەرتىلىدۇ. ئالتىنچى، دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھات قەدىمىنى ھەقىقىي تۈردە تېزلىتىش كېرەك. بىرىنچىدىن، ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىش كارخانىلىرىنى ھەقىقىي تۈردە مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرىدىغان، پايدا زىيىنىغا ئۆزى ئىگە بولىدىغان ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك. ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىش شىركىتى باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. ئۇنى «ئىككىنچى ئاشلىق ئىدارىسى» قىلىشقا بولمايدۇ. ئومۇمەن ناھىيىدىن يۇقىرى ئاشلىق ئىدارىلىرىنىڭ مەمۇرىي شتاتى، مەمۇرىي خىراجىتى ئەمەلىيلەشمىگەن بولسا ئۇنى چەكلىك مۇددەت ئىچىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇپ تارقاقلاشتۇرۇش، خادىملارنى ئازايتىپ ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇش لازىم، بارلىق رايونلار ۋە كارخانىلار خادىملارنى تارقاقلاشتۇرۇش پىلانىنى ئورۇندىشى كېرەك. جايلار دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلۇپ تارقاقلاشتۇرۇلغان خادىملىرىنى شۇ جاينىڭ قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىغا كىرگۈزۈشى كېرەك. كىرگۈزمىگەن ئورۇنلار بۇ يىل 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى كىرگۈزۈشى كېرەك. قوشۇمچە تىجارەت كەسپىنى ھەقىقىي تۈردە ئايرىش كېرەك، ئۇنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش قەرز پۇلىنى ئىگىلىۋېلىشىغا بولمايدۇ، تارقاقلاشتۇرۇلغانلارنىڭ خىراجىتىنى داۋاملىق ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىش كارخانىلىرىدىن چىقىم قىلىۋېرىشكە بولمايدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئاشلىق كارخانىلىرى باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ھەقىقىي تۈردە ئۆزگەرتىپ، «ئۈچنى ئىسلاھ قىلىش، بىرنى كۈچەيتىش» تەلىپى بويىچە كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىغا ماس كېلىدىغان جانلىق، كۆپ خىل ئىسلاھات شەكلىنى قوللىنىپ، كارخانىلارنى جانلاندۇرۇشى كېرەك. يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈش تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان باشلامچى كارخانىلارنى پائال يېتىشتۈرۈپ، كۆلىمىنى زورايتىپ، رىقابەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. تۆتىنچىدىن، ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىش كارخانىلىرى كارخانىنىڭ تىجارەت باشقۇرۇشنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ، تەننەرخ خىراجىتىنى تىرىشىپ تۆۋەنلىتىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈپ، بازار رىقابەت ئىقتىدارىنى

ئاشۇرۇشى كېرەك. بەشىنچىدىن، كارخانا رەھبەرلىك بەنزە، قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، سىياسىي ساپاسى ياخشى، كەسپىي ئىقتىدارى كۈچلۈك، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش روھى ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشكە ماس كېلىدىغان يەنە كادىرلارنى رەھبەرلىك ئورنىغا تولۇقلاش كېرەك.

6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ يازلىق ئاشلىق سېتىۋېلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ئىدارە باشلىقى ئابدۇكېرىم ھاشىم گۇرۇپپا باشلىقى، ئىدارە پارتكوم شۇجىسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى شياۋ چىيىڭ بىلەن مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ماۋ يۈنشياڭ، قاسىمبەگ ئەبلىغازى مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولدى. شۇ كۈنى يەنە ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى سېتىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى خالبېك ئەبۇلغازى گۇرۇپپا باشلىقى بولدى.

7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى شياۋچىيىڭ ئىدارە پارتكوم چاقىرغان ئىسلاھات سۆھبەت يىغىنىدا سۆز قىلدى. مۇھىم نۇقتىلىرى: (1) ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى لايىھىسى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ئاشلىق تارماقلىرى يۈرەكلىك ھالدا ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، پائال ئىزدىنىپ، مۇلۇك ھوقۇق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى مۇھىم نۇقتا قىلغان كارخانا ئىسلاھاتىنى قانات يايدۇردى، دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق قوشۇمچە كەسىپ كارخانىلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھات دائىرىسى %50گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە بىرلەشتۈرۈش، پاي، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، قوشۇۋېتىش، ئىجارىگە بېرىش، ئىجارىگە ئېلىشنى تۈزۈلمە ئىسلاھات شەكلى قىلغان كارخانا %61نى ئىگىلىدى. (2) ئىدارىگە بىۋاستە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھات دائىرىسى %22كە يەتتى. شۇڭا ئىسلاھات سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، كارخانا تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە نىشانلىق جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى تەكىتلەش كېرەك. ئىدارە ئورگىنىدىكى ئالاقىدار باشقارما - ئىشخانا خادىملىرىنى ئايرىتىپ خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ كارخانىلارغا ئەۋەتىپ، كارخانىلارنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى خىزمىتىگە ياردەملەشتۈرۈش كېرەك.

7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى مالىيە مىنىستىرلىكى، دۆلەت باج ئىشلىرى باش ئىدارىسىنىڭ «ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ قوشۇمچە قىممەت بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى. «ئۇقتۇرۇش»دا مۇنۇلار بەلگىلەنگەن: (1) دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرى ئاشلىقنى ئۆلۈك باھا بويىچە سېتىش كېرەك. ئاشلىق سېتىۋېلىش - ساقلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرى ساتقان ئاشلىقنىڭ قوشۇمچە قىممەت بېجى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. (2) باشقا ئاشلىق كارخانىلىرى ئاشلىق تىجارىتى قىلغاندا ھەربىي ئاشلىق، قۇتقۇزۇش ئاشلىقى، سەنشيا سۇ ئامبىرى كۆچمەنلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىدىن قوشۇمچە قىممەت بېجى ئېلىشنى كەچۈرۈم قىلغاندىن باشقا، باشقىلاردىن بىردەك قوشۇمچە قىممەت بېجى ئېلىنىدۇ. (3) ياغنى سېتىشتا ھۆكۈمەت زاپاس يېغىنى سېتىشتىن ئېلىنىدىغان قوشۇمچە قىممەت بېجى داۋاملىق كەچۈرۈم قىلىنغاندىن سىرت باشقىلاردىن بىردەك قائىدە بويىچە قوشۇمچە قىممەت بېجى ئېلىنىدۇ.

7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاشلىقنى باشقا مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ماۋالىسى بىلەن ئاشلىق ئىدارىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىقنى باشقا مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ئاشلىقنى باشقا مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش خىزمىتى بىرلەشمە يىغىنى تۈزۈمى ئورنىتىش قارار قىلىندى. بىرلەشمە يىغىنىنىڭ ئەزالىرى شىنجاڭ ئاشلىق، ياغ يەن تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ دېھقانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاشلىق زىرائەتلىرى تەتقىقات ئورنى، سانجى «تەيكوڭ» گۇرۇھى، شىخەنزە «تيەنكاڭ» يەم - خەشەك پەن - تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قاتارلىق 17 ئورۇندىن تەركىب تاپتى.

7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دەلىلقان مامىقان بورتالا ئوبلاستىنىڭ ئاشلىق

كارخانىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: (1) شەرقىي شىمال رايونلىرىنىڭ يۇمىلاق ئامبار ياساپ ئاشلىق ساقلاش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىپ، ساقلاش خىراجىتىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك. (2) «سەنجىن» گۇرۇھى شىركىتى ئالدى بىلەن ئىسلاھات سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، دۆلەت مۈلكىنى سېتىۋېلىپ، قېلىپلاشقان چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرۇشى كېرەك. (3) ئىلمىي، دېموكراتىك باشقۇرۇش سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇپ، رەھبەرلىك خىزمىتىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق پىششىقلاش، يەم-خەشەك ئىشلەش، ھاراق ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى 10 كارخانىنى بۇغداي سېتىۋېلىشتىكى سىناق كارخانا قىلىپ تەستىقلىدى. ئۇلار ئۈرۈمچى «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى، شىنجاڭ ئاشلىق، ياغ يۆتكەش پونكىتى، ئىلى «كاڭدا» ئاشلىق، ياغ گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، سانجى شەھەرلىك ئۇن زاۋۇتى، ئاقسۇ شەھەرلىك ئاشلىق، ياغ سودا - سانائەت شىركىتى، چۆچەك شەھەرلىك ئۇن زاۋۇتى، قەشقەر شەھەرلىك ئۇن زاۋۇتى، ئىلى «شىدى» ئاشلىق، ياغ زاۋۇتى، شىخەنزە شەھەرلىك ئاشلىق، ياغ پىششىقلاش زاۋۇتى، يېزا ئىگىلىك 9 - شى «شىتا» كاۋاك چۆپ زاۋۇتىدىن ئىبارەت. يۇقىرىقى كارخانىلار بەلگىلەنگەن رايونلارغا بېرىپ دېھقانلاردىن بىۋاستە بۇغداي سېتىۋالسا بولىدۇ. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئىلى ئالاھىدە ھارىقى ئوقەتچىلىك پاي چەكلىك شىركىتىنى بۇغداي سېتىۋېلىشتىكى سىناق كارخانا قىلىپ تەستىقلىدى. 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئاشلىق، ياغ سودا باش شىركىتى، شىنجاڭ «كاڭزۈي» ئاشلىق، ياغ چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ئاشلىق، ياغ سودا باش شىركىتى، بايىنغولىن ئاشلىق، سودا شىركىتىدىن ئىبارەت 4 ئوبوروت كارخانىسىنىڭ رايون ئاتلاپ دېھقانلاردىن بىۋاستە كۆممىقوناق سېتىۋالسا بولىدىغانلىقىنى تەستىقلىدى.

8 - ئاينىڭ بېشىدا ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى سانجى، ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي، بورتالا، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك، (ئوبلاستلىق) ئاشلىق ئىدارىلىرى ۋە ئاشلىقنى ئوچۇقچىلىقتا ساقلىنىدىغان قىسمەن چوڭ ناھىيەلەرنىڭ ئاشلىق ئىدارە باشلىقلىرى بىلەن ساقلاش توشۇش بۆلۈملىرىنىڭ باشلىقلىرىنى تەشكىللەپ بورتالا ئوبلاستلىق ئاشلىق شۆبە ئىدارىسى، كۈنەس ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئوچۇقچىلىقتا ئاشلىق ساقلاش نەق مەيدانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى ۋە سۆھبەت ئۆتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە جايلاردىن جىلىن ئۆلكىسىنىڭ ئوچۇقچىلىقتىكى يۇمىلاق ئامباردا ئاشلىق ساقلاش تەجرىبىسىنى ئۆگىنىپ، ئوچۇقچىلىقتا ئاشلىق ساقلاش خىراجىتىنى تۆۋەنلىتىشنى تەلەپ قىلدى.

8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئاپتونوم رايون بىر قىسىم ياغلىق دان (ياغ) نىڭ سېتىۋېلىش يېتەكچى باھاسىنى تەڭشىدى. ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ئىچىدىكى قىچا، ياغلىق ئاپتاپپەرەس (ئوتتۇرا دەرىجىلىك) نىڭ ھەر كىلوگرامى 2.40 يۈەندىن 2.20 يۈەنگە تەڭشەلدى؛ قىچا يېغىنىڭ ھەر كىلوگرامى 7.50 يۈەندىن 6.80 يۈەنگە، ئاپتاپپەرەس يېغىنىڭ ھەر كىلوگرامى 6.80 يۈەندىن 6.30 يۈەنگە تەڭشەلدى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى باھا تارماقلىرى 10% يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولۇش ھەجمى ئىچىدە ئۆز جايىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسىنى بېكىتسە بولىدىغان بولدى.

9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 4 - كۈنىگىچە ئىلى ۋىلايىتى، سانجى ئوبلاستى قاتارلىق 13 ئورۇن 21 خىل ئېسىل ئاشلىق، ياغ مەھسۇلاتىنى ئېلىپ، دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسى داليەن شەھىرىدە ئۇيۇشتۇرغان تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاشلىق، ياغ ئېسىل مەھسۇلاتلىرى يەرمەنكىسىگە قاتناشتى.

9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئاشلىق، ياغ سودا باش شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى ليۇخۇيجۈننى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى.

9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ

«‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاشلىق پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى›نى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ «‹مەملىكەتلىك ئاشلىق سىستېمىسىنىڭ ھەربىي ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنى قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى›، ‹مەملىكەتلىك ئاشلىق سىستېمىسىنىڭ ھەربىي ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش پونكىتلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋاقىتلىق چارىسى›نى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى گوۋۇيۈەن تارقاتقان دۆلەت پىلان كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىكى، دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسى، دۆلەت سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىنىڭ «نۆۋەتتىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا جىددىي ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى، «ئۇقتۇرۇش»نىڭ مۇھىم مەزمۇنى: (1) دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرى دېھقانلارنىڭ ئېشىنچا ئاشلىقىنى قوغداش باھادا كەڭ - كۆشادە سېتىۋېلىشى كېرەك. دۆلەتنىڭ سۈپەت ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كەلگەن ئاشلىقنى قوغداش باھادا ھەر قانداق ۋاقىتتا ھەقىقىي تۈردە تاختاي ئېچىپ كەڭ - كۆشادە سېتىۋېلىش كېرەك. سېتىۋېلىشتا چەك قويۇشقا، رەت قىلىشقا، توختىتىشقا بولمايدۇ. (2) ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئاشلىق خەيمخەتەر فوندىنىڭ ۋاقتىدا، تولۇق ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. (3) ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ ئاشلىق ساقلاش - ئەسلىھەلىرى كەمچىل بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك. (4) ئاشلىق سېتىۋېلىش بازارلىرىنى باشقۇرۇش سالمىقىنى داۋاملىق ئاشۇرۇپ، ئاشلىق مەنبەسىنى ياخشى باشقۇرۇش، ياخشى تۇتۇپ تۇرۇش كېرەك. (5) ئاشلىق سېتىۋېلىش سىياسىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى دەرھال قانات يايدۇرۇش كېرەك.

11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى گۈرۈچ سېتىۋېلىشتا ۋە كۆممىقوناقنى قوغداش باھادا سېتىۋېلىش دائىرىسىدىن چىقىرىپ سېتىۋالغاندىن كېيىن كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاشلىق سېتىۋېلىش تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئاچتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەسقەت كەرىمباي، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دەلىلقان مامىقانلار يىغىندا سۆز قىلدى. ئاساسىي مەزمۇنى: (1) ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرى كۆممىقوناقنى بازار ئەھۋالىغا قاراپ كەڭ - كۆشادە سېتىۋېلىشى، ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ئىچىدىكى گۈرۈچنى جەزمەن ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىپ، دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىنى ھەقىقىي تۈردە قوغدىشى كېرەك؛ (2) يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرىغا كېرەكلىك كۆممىقوناق سېتىۋېلىش مەبلىغىگە كاپالەتلىك قىلىشى؛ سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ئاشلىق سېتىۋېلىش بازارلىرىنى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى كېرەك؛ (3) ئاشلىقنى ئوڭ باھادا سېتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاشلىق سېتىش ۋە ئۇنى باشقا مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك؛ (4) دۆلەت ئىلكىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك. يىغىندىن كېيىن كۆممىقوناق سېتىۋېلىش سۈرئىتى زور دەرىجىدە تېزلىتىلىپ، ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ئىچىدىكى گۈرۈچ بەلگىلەپ سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە ئامبارغا كىرگۈزۈلدى، بۇ ئىش ھەر مىللەت دېھقانلىرى، تۈمەن - مەيدانلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

شۇ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ش ھ ئا [1999] 180 - نومۇرلۇق ئالاقە ئارقىلىق، شىنجاڭ ئاشلىق، ياغ گۇرۇھى قۇرۇشقا قوشۇلۇپ تەستىق سالدى. شىنجاڭ ئاشلىق، ياغ گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى شىنجاڭ ئاشلىق، ياغ كارخانا گۇرۇھىنىڭ ئانا شىركىتى بولدى. سابىق ئۈرۈمچى شەھەرلىك «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى، شىنجاڭ ئاشلىق، ياغ سودا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ ئاشلىق، ياغ

ماددىي ئەشيا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ ئاشلىق، ياغ يېمەكلىكلىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ ئاشلىق، ياغ ماشىنىسازلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قاتارلىق ئونلىغان تولۇق مۇلۈكلۈك ھالا شىركەتلىرى بولدى.

12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئۈرۈمچى «ئالتۇن ئاشلىق» مېھمانسارىيى سىناق تەرىقىسىدە تىجارەت باشلىدى. بۇ مېھمانساراي ئەسلىدە شىنجاڭ «غەربىي دىيار» زىبۇ ـ زىننەت ھۈنەر ـ سەنئەت، گۈزەل سەنئەت باش شىركىتى شىنجاڭ ئاشلىق سودا سارىيىنىڭ ئاساسىي بىناسىنى ئىجارىگە ئېلىپ قۇرغان «غەربىي دىيار» مېھمانسارىيى ئىدى. «غەربىي دىيار» مېھمانسارىيى 1995 ـ يىل 8 ـ ئايدا بىنانى ئىجارىگە ئېلىش ئارقىلىق قۇرۇلغاندىن بۇيان، توختامغا ئېغىر ھالدا خىلاپ قىلىپ 24 مىليون يۈەن ئىجارە ھەققى، سۇ، توك، ئىسسىنىش پۇلىنى ئارقىغا سۈرۈپ تاپشۇرمىغان. شىنجاڭ ئاشلىق سودا سارىيى نائىلاج 1998 ـ يىل 10- ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلغان. 1999 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 5- كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى: ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئىجارىگە بېرىلگەن ئۆيلىرىنى قايتۇرۇۋېلىپ ئۆزى تىجارەت قىلىدۇ، مېھمانساراي قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن ئۈرۈمچى «ئالتۇن ئاشلىق» مېھمانسارىيى قۇرۇلىدۇ، مېھمانسارايىنىڭ خىزمەتچىلىكىگە ئاساسلىقى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قوبۇل قىلىنىدۇ، دەپ ھۆكۈم چىقاردى.

شۇ يىلى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ زىيان تارتىش ۋەزىيىتى تىزگىنلىنىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك ئاشتى. ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىش كارخانىلىرىنىڭ يىللىق زىيىنى 149 مىليون يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 645 مىليون يۈەن ئازايدى. باشقا ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ زىيىنى 117 مىليون يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 11 مىليون 260 مىڭ يۈەن ئازايدى.

△ دۆلەت پىلان كومىتېتى، دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسى مەملىكەت بويىچە سىغىمچانلىقى 25 مىليارد كىلوگرام كېلىدىغان مەركەزگە قاراشلىق زاپاس ئاشلىق ئامبىرى قۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭدا يەرلىكتە قۇرۇلىدىغىنىنىڭ سىغىمچانلىقى 400 مىليون كىلوگرام، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىدە قۇرۇلىدىغىنىنىڭ سىغىمچانلىقى 150 مىليون كىلوگرام. ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى، ئاشلىق ئىدارىسى جىڭ، كۈيتۇڭ، ئاقسۇ، قۇمۇل ۋوگزالى دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتلىرىنىڭ سىغىمچانلىقىنى 50 مىليون كىلوگرامدىن، قۇكاڭ دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتى، كورلا يېڭى شەھەر دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتىنىڭ سىغىمچانلىقىنى 100 مىليون كىلوگرامدىن قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. بىڭتۈەن ئىلى چېكىسخۇزا دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتىنىڭ سىغىمچانلىقىنى 50 مىليون كىلوگرام، شىخەنزە دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىسكىلاتىنىڭ سىغىمچانلىقىنى 100 مىليون كىلوگرام قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. بۇ قۇرۇلۇشلار شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تولۇق پۈتتى.

1999 ـ يىللىق ئاشلىق يىلى ئەمەلىي سېتىۋېلىنغان ئاشلىق 1 مىليارد 630 مىليون كىلوگرام بولۇپ، پىلاننىڭ 95.88%ى ئورۇندىلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 76 مىليون كىلوگرام ئاز سېتىۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋالغىنى 918 مىليون كىلوگرام، قوغدىما باھادا سېتىۋالغىنى 307 مىليون كىلوگرام، بازاردىن سېتىۋالغىنى 405 مىليون كىلوگرام، سېتىلغان ئاشلىق 1 مىليارد 4 مىليون كىلوگرام بولۇپ، پىلاننىڭ 66.93%نى ئىگىلىدى. سېتىۋېلىنغان ياغ 58 مىليون 420 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، پىلاننىڭ 83.50%ى ئورۇندىلىپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 35 مىڭ 200 كىلوگرام ئاز سېتىۋېلىندى، سېتىلغان ياغ 50 مىليون 680 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، پىلاننىڭ 101.36%نى ئىگىلىدى، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 10 مىليون 730 مىڭ كىلوگرام ئاز سېتىلدى. 2000 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق تاۋار ئوبوروت سالدۇسى 3 مىليارد 44 مىليون كىلوگرام بولۇپ، ئالدىنقى يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 481 مىليون كىلوگرام كۆپەيدى؛ ياغ تاۋار سالدۇسى 57 مىليون 120 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، ئالدىنقى يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 5 مىليون 680 مىڭ كىلوگرام ئازايدى.

## 1991 ـ يىلدىن 1998 ـ يىلغىچە شىنجاڭنىڭ ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش ـ سېتىش، يۆتكەش، سالدۇ ئەھۋالى

قوشۇمچە: جەدۋەل — 4

بىرلىكى: تۈمەن كىلوگرام

| تۈرى | ئاشلىق يىلى | سېتىۋېلىش: تەكشە باھا: مىقدارى | سېتىۋېلىش: تەكشە باھا: بۇنىڭ ئىچىدە زاپاس ئاشلىق | سېتىۋېلىش: كېلىشىم باھالىق | سېتىش: تەكشە باھالىق | سېتىش: كېلىشىم باھالىق | ئېكسپورت | ئاپتونوم رايون سىرتقا يۆتكەلگىنى: تەكشە باھالىق | ئاپتونوم رايون سىرتقا يۆتكەلگىنى: كېلىشىم باھالىق | ئاپتونوم رايون سىرتتىن يۆتكەپ كېلىنگىنى: تەكشە باھالىق | ئاپتونوم رايون سىرتتىن يۆتكەپ كېلىنگىنى: كېلىشىم باھالىق | سالدۇ: تەكشە باھالىق ئوبوروت سالدۇ | سالدۇ: دۆلەت مەخسۇس زاپىسى | سالدۇ: يەرلىك زاپاسى | سالدۇ: كېلىشىم باھالىق |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاشلىق | 1991 | 153668 | 33708 | 43081 | 129357 | 23194 | 14783 | 12348 | 7972 | 184 | 2427 | 102031 | 106431 | | 26430 |
| | 1992 | 164080 | 15000 | 30648 | 111326 | 31952 | 2299 | 3895 | 4973 | 52 | 3471 | 124131 | 116431 | | 20734 |
| | 1993 | 107231 | 1500 | 32357 | 90530 | 34765 | 195 | 4306 | 1570 | 354 | 3258 | 105993 | 111434 | | 34858 |
| | 1994 | 157462 | 12500 | | 164070 | | 466 | 12221 | | 5453 | | 69051 | 104384 | | 39986 |
| | 1995 | 129349 | | 48131 | 107643 | 51422 | 194 | 3191 | 6277 | | 3506 | 62854 | 99940 | 18900 | 35545 |
| | 1996 | 146640 | 5436 | 43330 | 89378 | 38635 | 481 | 54 | 2263 | 6 | 1882 | 103260 | 111602 | 18265 | 37528 |
| | 1997 | 254051 | 10264 | 31292 | 109896 | 39879 | 325 | 743 | 2964 | 5 | 1134 | 225134 | 130887 | 25000 | 24513 |
| | 1998 | 155150 | | 17041 | 76802 | 23603 | | | 2 | 75 | 540 | 241224 | | | 14950 |
| سۇ يېغى | 1991 | 5289 | | 5768 | 2085 | 4887 | | 872 | 3230 | 10 | 66 | 5206 | 2000 | | 6397 |
| | 1992 | 1908 | | 6595 | 1079 | 7613 | 34 | .28 | 6068 | 4 | 70 | 4621 | | | 6227 |
| | 1993 | | | 8405 | 3936 | 9694 | 45 | 14 | 5389 | | 3 | 1154 | | | 2641 |
| | 1994 | 9681 | | | 7495 | | | 1977 | | 23 | | 5715 | | | |
| | 1995 | 6140 | | 5785 | 1939 | 4453 | 7 | 105 | 2173 | | 1 | 4095 | 800 | 390 | 5741 |
| | 1996 | 4337 | | 6428 | 3929 | 7300 | | 159 | 4890 | | 1 | 3063 | 800 | 1000 | 3140 |
| | 1997 | 4087 | | 5937 | 3810 | 6504 | | 59 | 3314 | | 128 | 3112 | 800 | 1000 | 2374 |
| | 1998 | 9890 | | | 8414 | | | 2768 | | 47 | | 6280 | | | |

ئىزاھ: 1. تەكشە باھادا سېتىلغان ئاشلىق مالىيەدىن تەمىنلىگەن ئاشلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 2. 1993 ـ يىللىق ياغ سېتىۋېلىش يۈتۈنلەي كېلىشىم باھا بويىچە ستاتىستىكا قىلىنىدى. 3. 1994 ـ يىللىق ئاشلىق، ياغ ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلىدە تەكشە باھا بىلەن كېلىشىم باھا بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەنلىكتىن تۈرلەرگە ئايرىلغان ماتېرىيال يوق. 1998 ـ يىلى تەكشە باھالىق بىلەن كېلىشىم باھالىق ئاشلىق ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋالغان، بازاردىن سېتىۋالغان ئاشلىق بويىچە ئايرىلغان. 4. 1993 ـ يىللىق ئاشلىق ئېكسپورتى ئىچىدە 550 مىڭ كىلوگرام تەكشە باھالىق ئاشلىق ئېكسپورت قىلىنغاندىن سىرت، قالغان ئاشلىق، ياغنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي كېلىشىم باھادا ئېكسپورت قىلىنغان.

# 2. هۆججەتلەر

## 1) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر، بازارلارنى ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش چارىسىنى يولغا قويۇشىنىڭ تەپسىلىي قائىدىسى

(ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتىنىڭ ب ن م 0680 ـ نومۇرلۇق بۇيرۇقى ئارقىلىق 1958 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان)

**1 ـ ماددا:** ئاشلىق بىلەن پىلانلىق تەمىنلەش سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاشلىقنىڭ مۇۋاپىق تەقسىم قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئارقىلىق، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، گوۋۇيۈەن 1955 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى جاكارلىغان «شەھەر، بازارلارنى ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش ۋاقىتلىق چارىسى» گە ئاساسلىنىپ مەزكۇر تەپسىلىي قائىدە تۈزۈپ چىقىلدى.

**2 ـ ماددا:** بۇ چارە ئاپتونوم رايونىمىزغا قاراشلىق شەھەر، ناھىيە (ئاپتونوم ناھىيە)، رايون، زاۋۇت، كان رايونلىرىغا ۋە شەھەر، بازارلاردا تۇرۇشلۇق بولمىغان ئىدارە، كارخانا، مەكتەپ، ئاساسىي قۇرۇلۇش ئورۇنلىرى، چارۋىچىلىق ئەترەتلىرى قاتارلىق ئورۇنلار (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ شەھەر، بازار دېيىلىدۇ) غا مۇۋاپىق كېلىدۇ. دۆلەت مۇداپىئە قىسىملىرى مەركەزنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئۈستىدە ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ ئۆزى مۇشۇ چارىدىكى بەلگىلىمىنىڭ روھىغا ئاساسەن مۇناسىۋەتلىك چارىلەرنى تۈزۈپ چىقىپ ئىجرا قىلىدۇ. لېكىن ئۆز ئالدىغا قازان ئاسىدىغان ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ تەمىنلىنىشى ۋە نورمىسى شەھەر، بازار ئاھالىسىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

**3 ـ ماددا:** ئومۇمەن مۇشۇ چارە يۈرگۈزۈلگەن شەھەر، بازارلاردا دېھقانچىلىق نوپۇسىغا كىرمەيدىغانلارغا قارىتا بىردەك ئاھالە ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى دەرىجىگە ئايرىپ، نورمىلىق تەمىنلەش يولغا قويۇلىدۇ. سودا ـ سانائەتكە كېرەكلىك ئاشلىق نورمىسى ئائىلىلەر بويىچە بەلگىلىنىدۇ. ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ بوغۇزىنى تۈرگە ئايرىپ نورما بەلگىلەپ تەمىنلەش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ.

**4 ـ ماددا:** شەھەر، بازارلارنى ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش يولغا قويۇلغان جايلاردىكى دېھقانچىلىق نوپۇسى، مەسىلەن: ئاشلىق تېرىغۇچىلار، پاختىكارلار، كۆكتات تېرىغۇچىلار، باغۋەنلەر ۋە باشقا ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىغۇچىلار يېزىلاردا تارقاق ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، دېھقانچىلىق نوپۇسىغا كىرمەيدىغانلار (مەيلى قوشۇمچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانسۇن ـ شۇغۇللانمىسۇن) نىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى، ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ يەم ـ بوغۇزى بىردەك يېزا ئاشلىقىنى بىرتۇتاش سېتىۋېلىش، بىر تۇتاش سېتىش چارىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر بويىچە باشقۇرۇلىدۇ.

**5 ـ ماددا:** ئومۇمەن مۇشۇ چارە يۈرگۈزۈلگەن شەھەر، بازارلاردا ئىدارىلەر، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلار، خۇسۇسىي كارخانىلار، مەكتەپلەر، جامائەت تەشكىلاتلىرى ھەم ئاھالىلەر ئېھتىياجلىق ئاشلىق، خام ئەشيا، يەم ـ بوغۇز ئۈچۈن بەلگىلەنگەن تەمىنلەش مىقدارى بويىچە تەمىنلەش كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىلىدۇ. تەمىنلەش كىنىشكىسى شەھەر، بازار

ئاھالىسىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش كىنىشكىسى، سودا - سانائەت كەسپىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش كىنىشكىسى، شەھەر، بازارلارنى يەم - بوغۇز بىلەن تەمىنلەش كىنىشكىسى، شەھەر - بازار ئاھالىسىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنى يۆتكەش كىنىشكىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق بېلىتى، ئاپتونوم رايوننىڭ يەم - بوغۇز بېلىتىدىن ئىبارەت 6 خىلغا بۆلۈنىدۇ. ئۇلارنى ئىشلىتىش چارىسىنى ۋە جەدۋەلنىڭ نۇسخىسىنى، پايدىلىنىش چۈشەندۈرۈشىنى ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق نازارىتى ئايرىم بەلگىلەيدۇ.

6 - ماددا: شەھەر ۋە بازارلاردا ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش ئۆلچىمى تۆۋەندىكىدەك بەلگىلەندى:

ئا: ئوزۇقلۇق ئاشلىق

1) پەۋقۇلئاددە ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك قىلغۇچىنىڭ ئايلىق نورمىسى 45 جىڭدىن 55 جىڭغىچە بولىدۇ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كىشىنىڭ ئايلىق نورمىسى 50 جىڭدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم.

2) ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك قىلغۇچىنىڭ ئايلىق نورمىسى 34 جىڭدىن 48 جىڭغىچە بولىدۇ. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كىشىنىڭ ئايلىق نورمىسى 42 جىڭدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم.

3) يېنىك جىسمانىي ئەمگەك قىلغۇچىنىڭ ئايلىق نورمىسى 26 جىڭدىن 40 جىڭغىچە بولىدۇ. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كىشىنىڭ ئايلىق نورمىسى 35 جىڭدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم.

4) ئىدارە، جامائەت تەشكىلاتلىرىنىڭ خادىملىرى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى كارخانا ھەم خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى، ماگىزىن خادىملىرى، ئوقۇتقۇچىلار، 11 ياشتىن چوڭ ئوقۇغۇچىلار، باشقا ئەقلىي ئەمگەك قىلغۇچىلار ۋە ئادەتتىكى ئاھالىلەرنىڭ ئايلىق نورمىسى 21 جىڭدىن 33 جىڭغىچە بولىدۇ. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كىشىنىڭ ئايلىق نورمىسى 29 جىڭدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم.

5) 6 ياشتىن چوڭ، 10 ياشتىن كىچىك ئوقۇغۇچىلار ۋە بالىلارنىڭ ئايلىق نورمىسى 12 جىڭدىن 23 جىڭغىچە بولىدۇ. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كىشىنىڭ ئايلىق نورمىسى 21 جىڭدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم.

6) 5 ياشتىن كىچىك بالىلارنىڭ ئايلىق نورمىسى 6 جىڭدىن 15 جىڭغىچە بولىدۇ. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر كىشىنىڭ ئايلىق نورمىسى 12 جىڭدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم.

ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمى پىششىقلانغان ئاشلىق يەنى بۇغداي ئۇنى، كۆممىقوناق ئۇنى، ئاق قوناق ئۇنى، گۈرۈچ، ئاقلانغان تېرىق قاتارلىقلار بويىچە ھېسابلىنىدۇ. بىر تۇتاش پىششىقلاش شارائىتى يوق شەھەر - بازارلاردا نورما يىرىك دانلىق ئاشلىققا سۇندۇرۇپ تەمىنلەنسە بولىدۇ. يىرىك ئاشلىق بىلەن پىششىقلانغان ئاشلىقنىڭ سۇندۇرۇلۇش نىسبىتىنى شۇ جايدىكى شەھەرلىك، ناھىيىلىك (ئاپتونوم ناھىيىلىك) خەلق كومىتېتلىرى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن بەلگىلەيدۇ. ئاشلىق تۈرلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش نىسبىتىنى شۇ جايدىكى خەلق كومىتېتلىرى شۇ جاينىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش ۋە ساقلاش ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلەيدۇ.

7) ئائىلىسىدە ئۆزى يالغۇز قازان ئاسقۇچىغا بەلگىلەنگەن نورما بويىچە تەمىنلىگەننىڭ سىرتىدا مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىلىدۇ.

8) شەھەر - بازارلاردىكى قورۇلۇش قىلغۇچى ئورۇنلار يېزىلاردىن ياكى چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن ئالغان ۋاقىتلىق ئىشچى ئىش ئورنىغا بېرىشتىن ئاۋۋال دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بويىچە كېرەكلىك ئوزۇقلۇق ئاشلىقنى يېتەرلىك ئېلىپ بېرىشى ياكى شۇ جايدىكى ئاشلىق پونكىتىغا ئۆتكۈزۈپ، ئاشلىق بېلىتى ئېلىۋېلىشى لازىم. شەھەر - بازارلار ئاشلىق بېلىتىگە قاراپ تەمىنلەيدۇ.

9) تۆۋەندىكى كىشىلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق نورمىسى ئادەتتىكى ئاھالىلەرنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، لېكىن ئاشلىق خىللىرىنى تەڭشەپ بېرىش جەھەتتىن ئېتىبار بېرىلىدۇ.

1. مۇتەخەسسىس، ئىنژېنېر، مەسئۇل ۋراچ، پروفېسسور ۋە باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك زىيالىيلار؛
2. يۇقىرى قاتلام مىللىي ۋە دىنىي زاتلار؛
3. دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىۋاتقان يارىدارلار، كېسەللەر، بالىلار باغچىسى ۋە يەسلىدىكى بالىلار؛
4. لىيوتچىك ۋە ئاۋىئاتسىيە خىزمەتچىلىرى؛
5. تۇغۇتلۇق ئاياللار ۋە ياشانغانلار، ئاجىزلار ۋە باشقا ئېتىبار بېرىشكە تېگىشلىكلەر.

10) ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان جىنايەتچىلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمىنى شەھەرلىك، ناھىيىلىك (ئاپتونوم ناھىيىلىك) خەلق كومىتېتلىرى ئۇلارنىڭ ئەمگەك سىجىللىقىغا قاراپ بەلگىلەيدۇ. لېكىن شۇ يەردىكى دېھقانلارغا قالدۇرۇلغان ئەڭ يۇقىرى ئاشلىق نورمىسىدىن ئۈستۈن بولۇپ كەتمەسلىكى لازىم. ئاشلىق خىللىرىنىڭ تەڭشەپ بېرىلىشى ئادەتتىكى ئاھالىلەرنىڭكىدىن پەرقلىق بولۇشى كېرەك.

ب: ئات - ئۇلاغلارنىڭ يەم - بوغۇزى يېرىك ئاشلىق بويىچە ھېسابلىنىدۇ.

1) ئات - ئۇلاغلاردىن قېچىر ۋە ئاتنىڭ كۈنلۈك نورمىسى 2 جىڭدىن 4 جىڭغىچە بولىدۇ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر ئۇلاغنىڭ يىللىق ئاشلىق نورمىسى 1000 جىڭدىن ئاشماسلىقى لازىم. تۆگىنىڭ يىللىق نورمىسى 700 جىڭدىن ئاشماسلىقى لازىم. كالىنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 250 جىڭدىن ئاشماسلىقى لازىم. ئېشەكنىڭ يىللىق نورمىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 100 جىڭدىن ئاشماسلىقى لازىم.

2) سېغىن ئىنەككە كۆكلەم پەسىللىرىدە يەم بېرىلمەيدۇ. ئوت - چۆپ سوغۇلغان پەسىللەردە مۇۋاپىق يەم بېرىلىدۇ. لېكىن بېرىلىدىغان يىللىق يەم ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 400 جىڭ چامىسىدا بولىدۇ.

3) بوردىلىدىغان كالا، قوي، چوشقىلارغا ئومۇمەن يەم بېرىلمەيدۇ. مال باققۇچى فېرمىلار ۋە ئائىلىلەر ئۆزلىرى بىر ئىلاج قىلىپ باشقا نەرسىلەر بىلەن بېقىشى لازىم.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان يەم - بوغۇز كېپەك، توپان، چىگىت، پۇرچاق تىرىپى ۋە كۈنجۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەمىنلەش ئۆلچىمىنى سۇندۇرۇش نىسبىتى ۋە يېرىك ئاشلىق، كېپەك ۋە توپان بىلەن تەمىنلەش نىسبىتىنى شۇ يەردىكى شەھەرلىك، ناھىيىلىك (ئاپتونوم ناھىيىلىك) خەلق كومىتېتلىرى ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلەيدۇ. ئەگەر ئايرىملىرىنى بەلگىلىمە بويىچە تەمىنلەشتە قىيىنچىلىق بولسا، شەھەرلىك، ناھىيىلىك (ئاپتونوم ناھىيىلىك) خەلق كومىتېتلىرى يۇقىرىدىن بەلگىلەپ بېرىلگەن تەمىنلەش ئۆلچىمىدىن ئاشۇرۇۋەتمەي ھەل قىلىدۇ.

4) يېزىلاردىكى ئات - ئۇلاغلار شەھەر - بازارلاردا ئەمگەككە ئىشلىتىلسە، بەلگىلىمىگە ئاساسەن قالدۇرۇلغان بوغۇز ئۆلچىمى بويىچە يەم - بوغۇزنى بىللە ئېلىپ كىرىدۇ ياكى شەھەر - بازارلارنىڭ بېلەتلىك تەمىنلىشى ئۈچۈن، يەم - بوغۇزنى شۇ جايدىكى ئاشلىق ئورۇنلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بوغۇز بېلىتى ئېلىش لازىم. يەتمىگەن قىسمىنى ئىشلەتكەن ئورۇنلار جەدۋەل تولدۇرۇپ ناھىيىلىك ئاشلىق ئورۇنلىرىغا مەلۇم قىلسا تولۇقلاپ بېرىدۇ.

7 - ماددا: شەھەر - بازار ئاھالىسى (دېھقانچىلىق قىلمايدىغان ئاھالىلەرنى كۆرسىتىدۇ، ئىدارە ۋە جامائەت تەشكىلاتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، شەھەر - بازارلاردا ئولتۇراق بولمىغان جامائەت تەشكىلاتلىرى، مەكتەپ، كارخانا، ئاساسىي قۇرۇلۇش ئورۇنلىرى ۋە چارلاش ئەترەتلىرى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق نورمىسى ئادەمگە قاراپ دەرىجىگە ئايرىپ بەلگىلىنىپ ئائىلە بويىچە تەمىنلەش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. تەمىنلەش رەسمىيەتلىرى تۆۋەندىكىچە بەلگىلەندى:

1) ئادەتتىكى ئاھالىلەر (ئىدارە، جامائەت تەشكىلاتلىرى، مەكتەپ ۋە كارخانىلارنىڭ كوللېكتىپ تاماققا قاتناشمايدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ نوپۇسىنى ئائىلە بىرلىك قىلىنغان ھالدا ئاھالىلەر كومىتېتى تەكشۈرۈپ بېكىتىدۇ. مۇشۇ چارىنىڭ 6 - ماددا «ئا» تارمىقىدىكى

بەلگىلىمە بويىچە دەرىجىسى، ئاشلىق مىقدارىنى بەلگىلەپ، شەھەر - بازار ئاھالىسىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئىلتىماسىنى تولدۇرۇپ، نوپۇس دەپتىرى بىلەن قوشۇپ، يەرلىك ئاشلىق تارمىقىغا ياكى بەلگىلەنگەن ئورگانغا شەھەر - بازار ئاھالىسىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش كىنىشكىسى بېرىشكە يوللايدۇ.

2) كوللېكتىپ تاماق يەيدىغان ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلار ياكى خۇسۇسىي كارخانىلار، زاۋۇت - كانلار، ماگىزىنلار، مۇلازىمەت ساھەسىدىكى ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى قاتارلىق ئورۇنلار ئۆز ئورۇنلىرىدىكى دائىم تۇرۇشلۇق نوپۇسقا ئاساسەن بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بويىچە دەرىجىسى ۋە ئاشلىق مىقدارىنى باھالاپ، تىزىملىك تۈزۈپ چىقىپ، شۇ ساھە، دۇكان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ياكى كەسپىي تەشكىلاتقا تەكشۈرتۈپ قول قويدۇرغاندىن كېيىن، كوللېكتىپ نوپۇس دەپتىرىنى قوشۇپ، شۇ جايدىكى ئاشلىق تارمىقىغا يوللاپ، شەھەر - بازار ئائىلىسىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش كىنىشكىسى ئالىدۇ.

3) شەھەر - بازارلاردا تۇرۇشلۇق ياكى شەھەر - بازارلاردا تۇرۇشلۇق بولمىغان ئىدارە، جامائەت تەشكىلاتلىرى، كارخانىلار، مەكتەپلەر، ئاساسىي قۇرۇلۇش ئورۇنلىرى ۋە چارلاش ئەترەتلىرى تاماق بېرىلىكى قىلىنىپ ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىدىغان ئورۇن ھېسابلىنىدۇ، بۇ ئورۇنلار دائىمىي تۇرۇشلۇق نوپۇسقا ئاساسەن بەلگىلەنگەن نورما بويىچە ئاشلىق دەرىجىسى، ئاشلىق مىقدارىنى باھالاپ، تىزىملىك تۈزۈپ چىقىپ، مەمۇرىي مەسئۇلىنىڭ تامغىسىنى باستۇرغاندىن كېيىن، كوللېكتىپ نوپۇس دەپتىرىنى قوشۇپ شۇ جايدىكى ئاشلىق تارمىقىغا يوللاپ ئىدارە، جامائەت تەشكىلاتىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش كىنىشكىسى ئالىدۇ.

4) ئىدارە، جامائەت تەشكىلاتى، كارخانا (دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ۋە ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلارنى ۋە خۇسۇسىي ماگىزىنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، مەكتەپلەرنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى، ئوقۇغۇچىنىڭ ئائىلىسى شەھەر - بازار ئىچىدە بولسا، ئۆزى ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرى دائىمىي ئولتۇرۇشلۇق نوپۇس ھېسابلىنىپ، تەمىنلەش كىنىشكىسى بېرىلىدۇ. قوش كىنىشكا ئېلىشقا بولمايدۇ.

5) ئىدارە، جامائەت تەشكىلاتلىرى، كارخانىلار (دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ۋە ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلار ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە مەكتەپلەر ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە بالا باققۇچى، ياللىرى ۋە باشقا كىشىلىرى شۇ ئىدارىدە ۋاقىتلىق تاماق يېسە بەلگىلىمە بويىچە ئاشلىق بېلىتى تاپشۇرىدۇ.

6) دوختۇرخانىدىكى كېسەل ۋە ياردارلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشتە، كېسەلخانىدا ياتقان كېسەل ۋە ياردار ئۆزىنىڭ نورمىسى بويىچە دوختۇرخانىغا ئاشلىق بېلىتى تاپشۇرىدۇ. دوختۇرخانا بىر تۇتاش ئاشلىق سېتىۋالىدۇ. يەتمىسە ئاي بويىچە جەدۋەل تۈزۈپ، ناھىيىلىك ۋە شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىغا يوللىسا، كەم قىسمى تولۇقلاپ بېرىلىدۇ.

7) يالغۇز تاماق يەيدىغان كۆچمە نوپۇسقا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ نوپۇس دەپتىرى ۋە ئاشلىق رەسمىيىتىگە ئاساسەن ماكانلاشقان جايدىكى ئاشلىق تارمىقى ئايمۇ - ئاي ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىدۇ.

8) چارۋىچىلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق ۋە چارۋىلارنىڭ يەم - بوغۇزلىرىنى تەمىنلەش كىنىشكىسى بىلەن شەھەر - بازاردىكى ئاشلىق تارمىقىدىن سېتىۋېلىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

9) مەسچىت، بۇتخانىلاردىكى كەسپىي دىندارلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق نورمىسى ئادەتتىكى ئاھالىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

8 - ماددا: ئاشلىقنى خام ئەشيا ياكى قوشۇمچە ماتېرىيال قىلىدىغان سانائەت ۋە قول سانائەت ئورۇنلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىستېمال ئېھتىياجىغا قاراپ ئاشلىق سېرىپ قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ، شۇ جايدىكى شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى ياكى بەلگىلەنگەن ئورگانغا يوللاپ سودا - سانائەتكە ئاشلىق كىنىشكىسى ئالىدۇ. ھاراق چىقىرىشقا كېرەكلىك ئاشلىق توغرىسىدا ۋىلايەت (ئاپتونوم ئوبلاست) ۋە ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە

قاراشلىق شەھەر، ناھىيىنىڭ سودا ـ سانائەتكە مەسئۇل 2 ـ يېنىك سانائەت ئىدارىسى ئاشلىق سەرپ قىلىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ۋالىي مەھكىمە، ئاپتونوم ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتلىرى يۇقىرىدىن تەقسىم قىلىنغان، كۆتۈرە بېرىلگەن سېتىۋېلىش، سېتىپ بېرىش پەرقى بويىچە ھەم شۇ جاينىڭ ئەھۋالىغا قاراپ تەستىقلەيدۇ.

9 ـ ماددا: شەھەر، بازارلاردىكى پىششىق يېمەكلىكلەرنى ئىشلەيدىغان، قايتا ئىشلەيدىغان، پىچىنە ۋە قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى ئىشلەيدىغان ساھەلەرگە لازىملىق ئاشلىق توغرىسىدا، مۇلازىمەت ساھەسىگە مەسئۇل مەمۇرىي ئورگان بىر تۇتاش ئاشلىق سەرپ قىلىش پىلانى تۈزۈپ چىقىپ، شۇ جايدىكى خەلق كومىتېتى ياكى بەلگىلىگەن ئورگانغا تەستىقلىتىپ سودا ـ سانائەت ساھەسىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش كىنىشكىسى ئالىدۇ.

10 ـ ماددا: چەت ئەل ئەلچىخانىلىرى، ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ ئەزالىرى، چەت ئەللەردىن كەلگەن مېھمانلار، مۇتەخەسسىسلەر، مەسلىھەتچىلەر، پروفېسسورلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا كېرەكلىك ئاشلىق كۆتۈۋېلىشقا مەسئۇل ئورگانلارنىڭ ئىسپات قەغىزى بويىچە ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن تەمىنلىنىدۇ.

ئادەتتىكى چەت ئەل پۇقرالىرىغا مۇشۇ چارىنىڭ 6 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە شۇ جايدىكى شەھەرلىك، ناھىيىلىك (ئاپتونوم ناھىيىلىك) خەلق كومىتېتى ياكى بەلگىلىگەن ئورگان شەھەر ـ بازار ئاھالىسىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىدۇ.

11 ـ ماددا: شەھەر بازارلاردىكى ئىدارە، جامائەت تەشكىلاتلىرى، كارخانا، مەكتەپلەر ۋە ئادەتتىكى ئاھالىلەر بېقىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ترانسپورت ئىشلىرىغا ئىشلىتىدىغان ئۇلاغلارنى يەم ـ بوغۇز بىلەن تەمىنلەشتە، باققۇچى ئورۇن (ئائىلە) بەلگىلىگەن نورما ئۆلچىمى بويىچە پىلان تۈزۈپ چىقىپ، شۇ جايدىكى شەھەرلىك، ناھىيىلىك (ئاپتونوم ناھىيىلىك) خەلق كومىتېتى ياكى بەلگىلىگەن ئورگانغا تەستىقلىتىپ، شەھەر ـ بازارلاردىكى ئات ـ ئۇلاغلارنى بوغۇز بىلەن تەمىنلەش كىنىشكىسى ئالىدۇ.

پەن تەتقىقاتتا تەجرىبە قىلىنىدىغان ياكى كۆرگەزمە قىلىنىدىغان، ئويۇنغا سېلىنىدىغان ۋە نەسىللەندۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان ھايۋانلارنى بوغۇز بىلەن تەمىنلەشتە، باققۇچى ئورۇن (ئائىلە) پىلان تۈزۈپ چىقىپ، شۇ يەردىكى شەھەرلىك، ناھىيىلىك (ئاپتونوم ناھىيىلىك) خەلق كومىتېتلىرى ياكى بەلگىلىگەن ئورگانغا تەستىقلىتىپ، شەھەر ـ بازارلاردىكى ھايۋانلارنى يەم بىلەن تەمىنلەش كىنىشكىسى ئالىدۇ.

12 ـ ماددا: شەھەر ـ بازارلاردىكى ئادەتتىكى ئاھالە، ئىدارە، جامائەت تەشكىلاتلىرى، كارخانىلار ۋە مەكتەپلەرنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى، ئوقۇغۇچىلار ۋە باشقا خادىملار سىرتقا چىققاندا، شەھەر ـ بازار ئاھالىسىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش كىنىشكىسى ياكى ئىدارە، جامائەت تەشكىلاتلىرىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش كىنىشكىسىگە ئاساسەن نورما دائىرىسى ئىچىدە يەرلىك ئاشلىق بېلىتى ئېلىۋالىدۇ.

13 ـ ماددا: شەھەر ـ بازارلاردىكى پىششىق يېمەكلىك ئىشلەيدىغانلار ئۆز ساھەسى (ئائىلىسى) نىڭ ئىستېمال قائىدىسى بويىچە ئاشلىق ئىشلىتىدۇ. نان، قازان نېنى، ھورنان، چۆپ ۋە قورۇق چۆپلەرنى شەھەر، يېزا ئاھالىلىرى بىردەك ئاشلىق بېلىتى بىلەن سېتىۋالىدۇ. باشقا يېمەكلىكلەر، مەسىلەن: سۇيۇقئاش، پوشكال قاتارلىقلاردىن ئاشلىق بېلىتى ئېلىنمايدۇ. ئاشپۇزۇللار كۆتۈرە تاماق يېگۈچىلەردىن نورما بويىچە ئاشلىق بېلىتى ئالىدۇ.

14 ـ ماددا: شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرى تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلسە، شۇ ئائىلە (ئورۇن) ۋاقتىدا كىنىشكا تارقاتقان ئورۇنغا بېرىپ ئاشلىقنى كۆپەيتىش، ئازايتىش ياكى يۆتكەپ بېرىش رەسمىيىتىنى ئۆتەيدۇ.

1) بالا تۇغۇلسا نوپۇسقا ئېلىش رەسمىيىتىنى ئۆتكەندىن كېيىن، نوپۇس دەپتىرىنى كىنىشكا تارقاتقان ئورۇنغا كۆرسىتىپ، ئاشلىقنى كۆپەيتىش، ئازايتىش ياكى يۆتكەپ بېرىش رەسمىيىتى ئۆتۈلىدۇ.

2) ئادەم ئۆلسە، كىنىشكا تارقاتقان ئورۇنغا بېرىپ كېيىنكى ئايدىن باشلاپ ئاشلىقنى كېمەيتىش رەسمىيىتى ئۆتىلىدۇ.

3) ئائىلىنىڭ ئىشى ۋە كەسپى، ئەمگىكىدە ئۆزگىرىش كۆرۈلۈپ، ئاشلىق نورمىسىنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلسە، شۇ جايدىكى نوپۇس دەپتىرىنى كىنىشكا تارقاتقان ئورۇنغا كۆرسىتىپ، كېيىنكى ئايدىن باشلاپ ئاشلىق نورمىسىنى ئۆزگەرتىش رەسمىيىتى ئۆتىلىدۇ.

4) ئىدارە، جامائەت تەشكىلاتلىرى، كارخانىلار (جۈملىدىن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلار، خۇسۇسىي كارخانىلار ۋە مەكتەپلەرنىڭ خادىملىرى، ئادەتتىكى ئائىلىلەر باشقا ياققا كۆچۈپ كېتىدىغان چاغدا، يۆتكەش ئىسپاتىنى كىنىشكا تارقاتقان ئورۇنغا كۆرسىتىپ، ئاشلىق مۇناسىۋىتىنى يۆتكەپ بېرىش رەسمىيىتىنى ئۆتەپ، شەھەر - بازار ئائىلىسىنىڭ ئاشلىق مۇناسىۋىتىنى يۆتكەپ بېرىش ئىسپاتى ئېلىشى كېرەك.

5) باشقا ئۆزگىرىشلەر بولۇپ قالسا، ۋاقتىدا ئىلتىماس قىلىپ ئۆزگەرتىش كېرەك.

15 - ماددا: شەھەر - بازارلاردىكى ئات - ئۇلاغ سېرتقا چىقسا ياكى يۈك توشۇش بىلەن سىرتقا چىقسا، ئات - ئۇلاغلارنى باقىدىغان ئورۇنلار، ئائىلىلەر شەھەر - بازارلار يەم بىلەن تەمىنلەش كىنىشكىسىنى كۆرسىتىپ، نورما ئىچىدىن يەرلىك يەم - بوغۇز بېلىتىنى ئالىدۇ. بۇ بېلەت ئارقىلىق يول ئۈستىدىكى دۆلەتنىڭ سېتىۋېلىش - سېتىش پونكىتلىرىدىن يەم بوغۇز سېتىۋالىدۇ. دېھقانلاردىن ياكى دۆلەتنىڭ سېتىۋېلىش - سېتىش پونكىتلىرىدىن يەم بوغۇز سېتىۋالىدۇ. دەڭلەر بۇ يەم - بوغۇز بېلىتى بىلەن شۇ يەردىكى ئاشلىق تارمىقىدىن شۇ مىقداردا يەم - بوغۇز سېتىۋالىدۇ.

16 - ماددا: مىللىي بايراملاردا پەۋقۇلئاددە ئىستېمال قىلىنىدىغان ئاشلىقلار ھەققىدە، مۇناسىۋەتلىك ئورۇن شەھەرلىك، ناھىيىلىك (ئاپتونوم ناھىيىلىك) خەلق كومىتېتلىرىغا ئىلتىماس قىلىدۇ، ئۇلار تېجەشلىك بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىدۇ.

شەھەرلەردىكى ئادەتتىكى ئائىلىلەرنىڭ توي - تۆكۈن، ئۆلۈم يېتىمگە ئىشلىتىدىغان ئاشلىقلارنى تېجەشلىك بولۇش پرىنسىپى بويىچە ئۆزلىرى تەڭشەيدۇ. لېكىن ئاشلىق خىللىرىنى تەڭشەپ بېرىشتە نورمىسى ئىچىدە مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىلىدۇ.

17 - ماددا: شەھەر، بازارلاردىكى ئادەتتىكى ئائىلىلەرنىڭ بەلگىلەنگەن ئاشلىقى تېجىلىپ قالسا، دۆلەتكە سېتىپ بەرسە بولىدۇ. شۇنىڭدەك ساقلاپ قويۇلسا، بىر - بىرىگە ئۆتۈنىسە، تەقدىم قىلىشسا ۋە ئۆزئارا تەڭشىسىمۇ بولىدۇ. لېكىن بۇ ئاشلىق بىلەن ئاشلىق ھايانكەشلىكى قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ.

ئىدارىلەر، جامائەت تەشكىلاتلىرى، كارخانىلار جۈملىدىن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى، خۇسۇسىي كارخانىلار، مەكتەپلەر نورمىلىق ئاشلىقنى بىر پەسىل ئىچىدە ئۆزلىرى تەڭشىسە بولىدۇ. پەسىل ئىچىدە ئىقتىساد قىلىنىپ قالسا، كېيىنكى پەسىلدە سېتىۋېلىش پىلانىدىن تۇتۇپ قېلىنىدۇ. باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بەرسە، سوۋغا قىلسا ياكى سېتىپ بەرسە بولمايدۇ.

18 - ماددا: شەھەر - بازارلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرى شۇ يەردىكى خەلق كومىتېتلىرىنىڭ ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش كىنىشكىلىرىنى تەكشۈرۈپ تارقىتىدىغان ئورۇن. ئۇنىڭدىن باشقا ئورگانلارنىڭ تەمىنلەش كىنىشكىلىرىنى ئۆز ئالدىغا بېسىپ تارقىتىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

19 - ماددا: بۇ چارىنىڭ 5 - ماددىسىدا بەلگىلەنگەن تەمىنلەش كىنىشكىلىرىنى سېتىش، ئۆتۈنۈپ بېرىش، ئۆزگەرتىش، ياسىغاندىن ياساش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار مۇناسىۋەتلىك ئورگان تەرىپىدىن قانۇن بويىچە جازالىنىدۇ. تەمىنلەش كىنىشكىسى يىتىپ كەتسە ئاشلىق، يەم - بوغۇز بېلەتلىرىدىن باشقىلىرى يىتىپ كەتكەنلىكى مەلۇم قىلىنغاندىن كېيىن تولۇقلاپ بېرىلىدۇ.

20 - ماددا: بۇ چارە ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىدۇ. ئاپتونوم ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك (ئاپتونوم ناھىيىلىك)، شەھەرلىك خەلق كومىتېتلىرى بۇ چارىگە ئاساسەن قوشۇمچە چارە تۈزۈپ چىققاندا ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق كومىتېتلىرىغا تەستىقلاتقاندىن كېيىن، جاكارلاپ ئىجرا قىلىدۇ ھەم ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىغا مەلۇم قىلىپ ئەنگە ئالدۇرىدۇ.

## 2) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزىلاردا ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىپ بېرىش چارىسىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى

(ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتىنىڭ ب ن م 0680 - نومۇرلۇق بۇيرۇقى ئارقىلىق 1958 - يىل 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئېلان قىلىنغان)

1 - ماددا: يېزىلاردا ئاشلىقنى بىرتۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىپ بېرىش تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ئاشلىققا بولغان ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەشنى ئالغا سۈرۈپ، كۆپ، تېز، ياخشى، تېجەشلىك ئىشلەپ سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن، گوۋۇيۈەننىڭ «يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپىدىن ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىپ بېرىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى» ۋە «ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش-سېتىپ بېرىش توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمىسى» گە ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ نۆۋەتتىكى ئاشلىق خىزمىتى ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، بۇ تەپسىلىي قائىدە تۈزۈپ چىقىرىلدى.

2 - ماددا: يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى دەپ ئاتالدى) لىرنىڭ ئاشلىقى «ئالدى بىلەن دۆلەت، ئاندىن شەخس، ئالدى بىلەن سېتىۋېلىپ، ئاندىن تەقسىم قىلىش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، «ئائىلىنى ئاساس، كوپېراتىپنى بىرلىك قىلىپ، ئاشلىقنىڭ ئارتۇق - كېمىنى تەكشۈرۈپ، ئاشقانلاردىن سېتىۋېلىپ، كېمەيگەنلەرنى تەمىنلەش» چارىسىنى قوللىنىپ، بىر تۇتاش سېتىۋېلىش-سېتىپ بېرىش يولغا قويۇلىدۇ. يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىنىڭ پۈتۈن يىلدىكى يازلىق، كۈزلۈك زىرائەتلىرىدىن ئالغان ھوسۇلىغا ئاساسەن، ئاشلىق بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بويىچە غەللە - پاراق، ئۇرۇق، يەم ۋە ھەر بىر ئائىلىنىڭ دائىملىق نوپۇسىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى قالدۇرغاندىن كېيىن، ئاشلىقى ئېشىپ قالغانلار ئاشلىقى ئاشقان كوپېراتىپ دەپ ھېسابلىنىدۇ، ئاشلىقى يېتىشمىگەنلەر ئاشلىقى كېمەيگەن كوپېراتىپ دەپ ھېسابلىنىدۇ، ئاشلىقى ئاشمىغان ھەم كەملىمىگەنلەر ئاشلىقى ئۆزىگە يېتىدىغان كوپېراتىپ دەپ ھېسابلىنىدۇ. ئاشلىقى ئاشقان كوپېراتىپلارنىڭ ئارتۇق ئاشلىقىنىڭ 80% — 90% ىنى دۆلەت بىر تۇتاش سېتىۋالىدۇ؛ ئاشلىقى كەملىگەن كوپېراتىپلارنىڭ كەملىگەن ئاشلىق مىقدارىغا قاراپ، بىر تۇتاش سېتىپ بېرىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئاشلىقى ئۆزىگە يېتىدىغان كوپېراتىپلاردىن ئاشلىق سېتىۋېلىنمايدۇ ھەم ئۇلار ئاشلىق بىلەن تەمىنلەنمەيدۇ.

يەككە ئائىلىلەرنىڭ ئاشلىقنى بىرتۇتاش سېتىۋېلىش - سېتىپ بېرىشتە، پۈتۈن يىللىق ئاشلىق ھوسۇلىغا قاراپ، يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىدا ئاشلىق قالدۇرۇش ئۆلچىمى بويىچە ئوزۇقلۇق ئاشلىق، ئۇرۇق، يەم، غەللە - پاراقنى قالدۇرغاندىن كېيىن، ئاشلىقى ئاشىدىغان ئائىلە، ئاشلىقى كەملەيدىغان ئائىلە، ئاشلىقى ئۆزىگە يېتىدىغان ئائىلە دەپ ئايرىلىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىدۇ ياكى تەمىنلەش ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېشىنچا ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش نىسبىتى ياكى كەملىگەن ئاشلىقنى تەمىنلەش مىقدارى يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. يەككە ئائىلىلەر ھوسۇلىنى ئېنىق مەلۇم قىلىشى كېرەك. يوشۇرۇش، ساختا مەلۇم قىلىشقا بولمايدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنگە قاراشلىق دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋە تەمىنلەش چارىسى ئايرىم بېكىتىلىدۇ.

3 - ماددا: ئەمەلىي ھوسۇلى 1957 - يىللىق ئومۇمىي ھوسۇلدىن ئېشىپ كەتكەن كوپېراتىپلار

ھوسۇلنى ئاشۇرغان كوپېراتىپ بولىدۇ. يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرى پەيدىنپەي قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش زاپاس ئاشلىقى ساقلاش ۋە «مول ھوسۇل ئېلىنغان يىل بىلەن ھوسۇل كەملىگەن يىلنى تولۇقلاش» تەلىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، دۆلەت ھوسۇلنى ئاشۇرغان، ئاشلىقى ئاشىدىغان كوپېراتىپ ۋە ئاشلىقى ئۆزىگە يېتىدىغان كوپېراتىپلاردىن ئاشقان ھوسۇلنىڭ 40% نى ئارتۇق سېتىۋالىدۇ؛ مەھسۇلاتنى ئاشۇرغان ئەمما ئاشلىقى يېتىشمەيدىغان كوپېراتىپلارنىڭ ئاشقان مەھسۇلاتنى تەمىنلەش مىقدارىغا چىقىرىۋېتىپ، يەتمىگىنىنى تەمىنلەيدۇ. يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىدا ئاپەت يۈز بېرىش سەۋەبىدىن ھوسۇل كېمىيىپ كېتىپ، ئەمەلىي ھوسۇلى 1957 - يىلدىكى ھوسۇلدىن كېمىيىپ كەتكەنلىرى ھوسۇلى كېمىيىپ كەتكەن كوپېراتىپ بولىدۇ. ئاپەت سەۋەبىدىن ھوسۇل كېمىيىپ كەتكەن ئەمما ئاشلىقى ئاشىدىغان كوپېراتىپلارنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى كېمىيىپ كەتكەن ھوسۇل مىقدارى بويىچە كېمەيتىلىدۇ. ئاپەت سەۋەبىدىن ھوسۇل كېمەيگەن ئەمما ئاشلىقى ئۆزىگە يېتىدىغان كوپېراتىپلار ۋە ئاشلىقى يەتمەيدىغان كوپېراتىپلارنىڭ كېمەيگەن ئاشلىقى ھەم كېمەيگەن ۋاقتى بويىچە تەمىنلەش ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىنىڭ 1957 - يىللىق ھوسۇلى ئاپەت سەۋەبىدىن بەكرەك كېمىيىپ كەتكەن بولسا، شەھەرلىك، ناھىيىلىك (ئاپتونوم ناھىيىلىك) خەلق كومىتېتلىرى نورمال يىللاردىكى ھوسۇلىغا قاراپ 1957 - يىللىق مەھسۇلاتنى بېكىتسە بولىدۇ.

4 - ماددا: ئاز ساندىكى يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىدا دېھقانچىلىق بىجىنى تاپشۇرۇش سەۋەبىدىن ئاشلىقى كېمىيىش ئەھۋالى كۆرۈلسە، دۆلەت ھېسابلاش ئارقىلىق، كەملىگەن قىممىتىنىڭ ھەممىسىگە ياكى بىر قىسمىغا پۇل ياكى ئىقتىسادىي زىرائەت ئالسا بولىدۇ.

5 - ماددا: ئىدارە، جامائەت تەشكىلاتلىرى ئىشلەپچىقارغان ئاشلىقتىن ئۇرۇق چىقىرىۋېتىلىپ قالغان ئاشلىقنىڭ ھەممىسىنى دۆلەت شۇ جاينىڭ سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە سېتىۋالىدۇ. ئىدارە، جامائەت تەشكىلاتلىرىغا كېرەكلىك ئوزۇقلۇق ئاشلىق، يەنى دۆلەت «شەھەر - بازارلاردا ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش چارىسى» دە بەلگىلىگەن ئۆلچەم بويىچە شۇ جاينىڭ سېتىش باھاسى بويىچە سېتىپ بېرىدۇ.

6 - ماددا: تۈرلۈك ئاشلىق قالدۇرۇش ئۆلچىمى:

1. ئوزۇقلۇق ئاشلىق: 1957 - يىلى (ئاشلىق يىلى) يېزىلاردا ئەمەلىي قالدۇرۇلغان ئاشلىق (يېرىك ئاشلىق بويىچە چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك نوپۇستا ئايرىماي ھېسابلىنىدۇ) دەرىجە ئۆلچىمى مۇۋاپىق تەڭشىلىدۇ. ناھىيە بىرلىك قىلىنىپ، ئومۇمىي نوپۇس بويىچە ھېسابلىنىدۇ. ئاشلىق بىلەن ئۆزىنى قامدىغان ھەمدە ئېشىنچا بولغان ئەھۋالدا، 1957 - يىللىق ئەمەلىي قالدۇرۇش ئۆلچىمى سەل تۆۋەن بولۇپ قالغان جايلاردا 340 جىڭدىن تۆۋەن بولغانلار 350 جىڭغا كۆتۈرسە، ئەسلىدىكى قالدۇرۇلغان ئاشلىقى 350 جىڭدىن 380 جىڭغىچە بولغانلار 3% — 4% كۆتۈرسە بولىدۇ. ئەسلىدىكى ئەمەلىي قالدۇرۇلغان ئاشلىق 380 جىڭدىن 400 جىڭغىچە بولغانلار 2% كۆتۈرسە بولىدۇ. 401 جىڭدىن يۇقىرىلار 1% كۆتۈرسە بولىدۇ. شەھەر، ناھىيە (ئاپتونوم ناھىيە) يۇقىرىقى ئومۇمىي ھەجىم ئىچىدە يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىنىڭ قالدۇرۇش ئۆلچىمىنى تەڭشىسە بولىدۇ ھەمدە نېمە ئىشلەپچىقارسا شۇنى ئىستېمال قىلىش پرىنسىپى بويىچە نورما ئاشلىقتىكى ئاق، قارا ئاشلىق نىسبىتىنى كونكرېت بېكىتسە بولىدۇ.

2. ئۇرۇق: شۇ جاينىڭ تېرىلغۇ كۆلىمىگە ئاساسەن ئەمەلىي ئېھتىياج بويىچە تولۇق قالدۇرۇلىدۇ. ھەر خىل ئاشلىق زىرائەت ئۇرۇقلىرىنى قالدۇرۇش ئۆلچىمى مىقدارىنى شەھەرلىك، ناھىيىلىك (ئاپتونوم ناھىيىلىك) خەلق كومىتېتلىرى ئاشلىق يىغىۋېلىشتىن بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويۇپ، يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىغا ئۇرۇق تاللاش ۋە قالدۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چۈشۈرۈشى كېرەك.

3. يەم: ئۇلاغلارغا يەم قالدۇرۇش ئۆلچىمى يەنىلا 1957 - يىلى (ئاشلىق يىلى) دىكى ئۆلچەم بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ شۇنىڭدەك يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرى ئوت - چۆپلەرنى ئورۇپ سىلوسلاش خىزمىتىنى ياخشى

ئىشلىشى كېرەك. ئەزالار ئۆي قۇشلىرى ۋە ئۇلاغلىرىغا كېرەكلىك يەمنى قالدۇرۇق بېرىدىن ياكى دۆلەت سېتىۋالغاندىن كېيىنكى ئېشىنچا ئاشلىقتىن ھەل قىلىشى كېرەك.

7 ـ ماددا: يېزىلاردا يالغۇز قازان ئاسىدىغانلارغا بەلگىلەنگەن نورما يېتىشمىسە، شۇ شەخس ئىلتىماس قىلسا، يېزىلىق خەلق كومىتېتى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغاندىن كېيىن ئاشلىق تەقسىم قىلغاندا مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىلىدۇ.

8 ـ ماددا: دۆلەتنىڭ پىلانى بويىچە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىيدىغان ئاشلىقى كېمەيگەن كوپېراتىپ (ئائىلە) ۋە ھەربىي سەپتىن قايتقان ھەربىيلەر، شەرەپلىك ھەربىيلەرنىڭ ئوزۇقلۇق نورما ئۆلچىمى شۇ جايدىكى ئاشلىقى ئاشقان كوپېراتىپ ئەزالىرىغا ئاشلىق قالدۇرۇش ئۆلچىمىدىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك.

ئاشلىقى كەملىگەن يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق نورما ئۆلچىمى ئادەتتە ئاشلىقى ئاشقانلارنىڭ ئوزۇقلۇق نورما ئۆلچىمىدىن تۆۋەن بولۇشى لازىم. ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلاردىكى ئاشلىقى كەملىگەنلەرنىڭ ئوزۇقلۇق نورمىسى، يەم قىلىنىدىغان ئاشلىق ئۆلچىمى شۇ جاينىڭ نورمال يىللاردا ئاشلىقى كېمەيگەنلەرنىڭكىدىن ياكى ئادەتتىكى ئىستېمال سەۋىيىسىدىن تۆۋەن بولۇشى كېرەك.

يېزىلاردىكى دېھقانچىلىق قىلمايدىغان نوپۇسلار، مەسىلەن: تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن كادىرلار، رايون، يېزا كادىرلىرى، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى، ئۇششاق تىجارەتچىلەر، ھۆپىگەرلەر، قول ھۈنەرۋەنلەر قاتارلىقلارنىڭ ئوزۇقلۇق نورما ئۆلچىمى شۇ جايدىكى ناھىيە بازىرىنىڭ «شەھەر، بازارلاردا ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش چارىسى» دىكى مۇناسىۋەتلىك ئۆلچەم بويىچە بولىدۇ، لېكىن شۇ جايدىكى دېھقانلارنىڭ ئوخشاش ئەمگەك كۈچىنىڭ ئاشلىق قالدۇرۇش سەۋىيىسىدىن ئۈستۈن بولماسلىقى كېرەك.

9 ـ ماددا: يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئاشلىق قالدۇرۇش ئۆلچىمى يېقىن ئەتراپتىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ ئاشلىق قالدۇرۇش ئۆلچىمىدىن %20 — %40 تۆۋەن قىلىپ بېكىتىلسە بولىدۇ. چارۋىچىلىقنى ئاساسىي كىرىم مەنبەسى قىلغان جايلار چارۋىچىلىق رايونلىرىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش چارىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر بويىچە ئىجرا قىلسا بولىدۇ.

10 ـ ماددا: كوپېراتىپ تەڭپۇڭلاشتۇرغاندىن كېيىن بەلگىلىمە بويىچە ئاشلىق قالدۇرغاندىن سىرت، ئېشىنچا ئاشلىقنى دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە دۆلەتكە سېتىپ بېرىش لازىم. ئاشلىقى كەملەيدىغان ئائىلىلەرنىڭ ئارتۇق ـ كەم ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى تەڭشەشتە، دۆلەتنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە ئاشلىقى كەملەيدىغان ئائىلىلەرنى تەمىنلەيدۇ، ئەگەر ئاشلىق سېتىۋالغۇدەك پۇلى يوق بولسا، كوپېراتىپ ۋاقتىنچە ساقلاپ بەرسە ياكى ئوبوروت ئاشلىق قاتارىدا دۆلەتكە سېتىپ بەرسە بولىدۇ.

11 ـ ماددا: دۆلەت ئاشلىق مەنبەسىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىنىڭ ساقلاش قىيىنچىلىقى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئەزالار تۇرمۇشىنىڭ پۇلغا بولغان ئېھتىياجىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئاشلىق يىغىۋېلىش ئەھۋالىغا ئاساسەن تۈركۈمگە ئايرىپ ئالدىن سېتىۋېلىش چارىسى قوللىنىلىدۇ. ئالدىن سېتىۋالغان ئاشلىق بىر تۇتاش سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىگە توغرىلىنىدۇ.

12 ـ ماددا: دۆلەت بىر تۇتاش سېتىۋالىدىغان ئاشلىق سورتلىرىنى بەلگىلەشتە شۇ جايدا تېرىلغان ئاساسىي ئاشلىق تۈرلىرى ئۆلچەم قىلىنىدۇ. شۇنداقلا بىر قىسىم ئۇششاق دانلىق قارا ئاشلىق سېتىۋالسىمۇ بولىدۇ. ئاشلىقلارنىڭ نىسبىتىنى شەھەرلىك، ناھىيىلىك (ئاپتونوم ناھىيىلىك) خەلق كومىتېتلىرى دۆلەتنىڭ ئېھتىياجىغا ھەم ئاممىنىڭ ئېھتىياجىغا ئېتىبار بېرىش پرىنسىپى بويىچە بەلگىلەپ ئېلان قىلىدۇ.

13 ـ ماددا: بىر تۇتاش سېتىۋېلىنغان ئاشلىقنىڭ سۈپىتىگە كەلسەك، شەھەرلىك، ناھىيىلىك (ئاپتونوم ناھىيىلىك) خەلق كومىتېتلىرى بىخەتەر ساقلاش ھەمدە مەلۇم تەييار مەھسۇلات نىسبىتىگە كاپالەتلىك قىلىش پرىنسىپى بويىچە شۇ جاينىڭ شۇ يىلدىكى بىرنەچچە خىل ئاساسىي زىرائەتلىرىنىڭ قۇرۇقلۇقى، پاكىزلىقى، دانلىقلىقىغا قاراپ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك سۈپەت ئۆلچىمىنى بېكىتىدۇ. دېھقانلار دۆلەتكە ياخشى

ئاشلىقنى (قۇرۇتۇلغان، پاكىز سورۇلغان، بەلگىلەنگەن ئۆلچەمگە يەتكەن) بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە ئەينەن سېتىپ بېرىشى كېرەك. ئاشلىق تارماقلىرى دۆلەتنىڭ تاختاي باھاسى ھەم بەلگىلەنگەن ئۆلچەمگە ئاساسەن، «ياخشى ئاشلىققا ياخشى باھا قويۇش، دەرىجىگە قاراپ باھا قويۇش» سىياسىتى بويىچە سېتىۋېلىشى كېرەك.

14 - ماددا: يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرى دۆلەتكە ئېشىنچا ئاشلىقنى سېتىپ بەرگەندە، دۆلەت بەلگىلىگەن ئىسكىلاتقا سېتىپ بېرىدۇ. سېتىۋېلىش نۇقتىلىرىنىڭ تاختاي باھاسى بويىچە باھا قويۇلىدۇ.

ئاشلىق ئورۇنلىرى ئاشلىقنىڭ ئوبوروت يۆنىلىشى ۋە قاتناش، ساقلاش شارائىتىغا قاراپ، شۇ جاينى تەمىنلەش ئېھتىياجىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە دېھقانلارنىڭ ئاشلىق سېتىپ بېرىشىگە ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىشى كېرەك.

15 - ماددا: يېزىلاردىكى ئاشلىقى كەملەيدىغان ئائىلىلەرگە بىر تۇتاش سېتىپ بېرىلىدىغان ئاشلىق ھەمدە ئاشلىقى ئارتۇق ئائىلىلەر ۋە ئاشلىقى ئۆزىگە يېتىدىغان ئائىلىلەرنىڭ ئوبوروت ئاشلىقى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ھېسابلىغان چاغدا بىر قېتىمدىلا ئېنىقلاپ چىقىلىدۇ، ئاندىن كوپېراتىپ ئائىلىلەرگە ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ، ئاشلىقى كەملەيدىغان ئائىلىلەر بىلەن ئوبوروت ئاشلىقى بار ئائىلىلەر «ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭكىنى ئىستېمال قىلىش، ئاندىن دۆلەتنىڭكىنى ئىستېمال قىلىش»، «قاچان كەملىسە، شۇ ۋاقىتتا تەمىنلەش» پرىنسىپى بويىچە ئايغا بۆلۈپ ئاشلىق سېتىۋېلىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئائىلە بويىچە جەدۋەل تۈزۈپ چىقىپ، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىدۇ، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى، رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ياكى بەلگىلەنگەن ئورگانغا يوللاپ ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش كىنىشكىسى ئېلىپ تارقىتىپ بېرىدۇ، شۇنىڭغا قاراپ مۇددەت بويىچە ئاشلىق بىلەن تەمىنلەيدۇ. بىر تۇتاش سېتىپ بېرىش ئاشلىقى ۋە ئوبوروت ئاشلىقىنى كوپېراتىپ بىر تۇتاش سېتىۋالسىمۇ، ئەزالار ئۆز ئالدىغا سېتىۋالسىمۇ بولىدۇ. مىقدارى ئاز بولسا بىراقلا سېتىۋالسا، مىقدارى كۆپ بولسا بىر نەچچە قېتىمغا بۆلۈپ سېتىۋالسىمۇ بولىدۇ.

16 - ماددا: يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرى (ئائىلىلەر) دۆلەتنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىنكى ئېشىنچا ئاشلىقنى، ئەزالار (ئائىلىلەر) تەمىنلەش نورمىسىدىن ئىقتىساد قىلغان ئېشىنچا ئاشلىقنى ئۆز ئالدىغا ئەركىن بىرتەرەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق. كوپېراتىپ ئىچىدە ئۆزئارا تەڭشەپ ئىشلەتسە ۋە خىللىرى بويىچە تەڭشىسە بولىدۇ. دۆلەتكە سېتىپ بەرسىمۇ بولىدۇ ياكى زاپاس ساقلاپ قويسىمۇ بولىدۇ. لېكىن بازارغا سېلىپ ئاشلىق سودىسى قىلىشقا، ئاشلىق سودا پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا بولمايدۇ.

17 - ماددا: يېزىلاردىكى ئاشلىقى كەملەيدىغان ئائىلىلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشتە، قانداق ئاشلىق بولسا شۇنداق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش پرىنسىپىغا ئاساسەن تەمىنلىنىدۇ. ئىمكانقەدەر دۆلەت ئاشلىق تارماقلىرى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئاشلىق خىللىرىنى تەڭشەشنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئويۇشتۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىش كېرەك.

18 - ماددا: قىسقا مۇددەت سىرتقا چىقىدىغان يېزا ئاھالىسى ئاشلىقى كەملەيدىغان ئائىلە بولسا «يېزىلاردىكى ئاشلىقى كەملەيدىغانلارنى تەمىنلەش كىنىشكىسى» بويىچە بەلگىلەنگەن ئاشلىق پونكىتىغا بېرىپ، تەمىنلەش نورمىسى ئىچىدىكى ئاشلىق بېلىتى ئالسا بولىدۇ. ئاشلىقى ئارتۇق ياكى ئاشلىقى ئۆزىگە يېتىدىغان ئائىلە بولسا، ئاشلىقنى ئۆزى ئېلىپ ماڭسىمۇ ياكى ئاشلىقنى دۆلەتكە سېتىپ بېرىپ ئاشلىق بېلىتىگە ئالماشتۇرۇۋالسىمۇ بولىدۇ.

يېزىلاردىكى ئاھالىلەردىن ئۇزۇن ۋاقىت سىرتقا چىققۇچى ياكى كۆچۈپ كەتكۈچى ئاشلىقى كەملەيدىغان ئائىلە بولسا، «يېزىلاردىكى ئاشلىقى كەملەيدىغانلارنى تەمىنلەش كىنىشكىسى» نى، ئارتۇق ئاشلىقى بار ئائىلە ۋە ئاشلىقى ئۆزىگە يېتىدىغان ئائىلە بولسا، ئۆز ئاشلىقى ۋە نوپۇس يۆتكەش گۇۋاھنامىسىنى ئاشلىق تارمىقىغا كۆرسىتىپ ئاشلىق يۆتكەش رەسمىيىتى بېجىرىدۇ.

يېزىلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ ئاشلىق نورمىسى بېكىتىلگەندىن كېيىن، شۇ يىلى تۇغۇلۇش ۋە ئۆلۈش مۇناسىۋىتى بىلەن نوپۇسىدا ئۆزگىرىش بولسا، ئاشلىق نورمىسى كۆپەيتىلمەيدۇ ۋە كېمەيتىلمەيدۇ. توي قىلىش، ياتلىق بولۇش، قىسقا ۋاقىتلىق كۆچۈش قاتارلىق ئەھۋاللار سەۋەبىدىن نوپۇس كۆپىيىش ياكى كېمىيىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە، نوپۇسنى كۆچۈرگەندىن سىرت كېرەكلىك بولغان ئاشلىقنى ئۆزى ئېلىپ ماڭىدۇ ياكى دۆلەت ئاشلىق تارماقلىرىغا بېرىپ ئاشلىق يۆتكەش رەسمىيىتىنى بېجىرىدۇ.

19 ـ ماددا: ئىسلام دىنىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ھېيت ـ بايراملىرىغا لازىملىق ئاشلىقنى نورما ئىچىدىن ئۆزلىرى تەڭشەپ ھەل قىلىدۇ. شەھەرلىك، ناھىيىلىك (ئاپتونوم ناھىيىلىك) خەلق كومىتېتلىرى ئاشلىق خىللىرى جەھەتتىن مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىشكە رۇخسەت قىلسا بولىدۇ.

20 ـ ماددا: چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش ـ سېتىش ئىشى چارۋىچىلىق رايونلىرىنى ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە بېجىرىلىدۇ. يەنى چارۋىچىلارنىڭ ئاشلىق تەمىنلەش كىنىشكىسىنى ئېلىپ يېقىن ئەتراپتىكى دېھقانچىلىق رايونى ياكى شەھەر ـ بازارلاردىكى دۆلەت ئاشلىق پونكىتىدىن ئاي، پەسىل بويىچە ئاشلىق سېتىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

21 ـ ماددا: يەككە ئائىلىلەرگە قارىتىلغان بىر تۇتاش سېتىۋېلىش ـ سېتىپ بېرىش، دېھقانچىلىق بېجىنى ئېلىش ئىشلىرى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر بويىچە بېجىرىلىدۇ. يەككە ئائىلىلەر دۆلەتنىڭ قانۇن-پەرمانلىرىغا قەتئىي رىئايە قىلىشى، دۆلەتنىڭ تېرىلغۇ پىلانىغا بويسۇنۇشى كېرەك. يەككە ئائىلىلەرنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىپ بېرىش ۋە سىياسىي ئىدىيىۋى تەربىيە قاتارلىق خىزمىتىگە شۇ جايدىكى يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرى بىر تۇتاش مەسئۇل بولىدۇ.

22 ـ ماددا: ئاشلىق ئەركىن بازىرى قەتئىي چەكلىنىدۇ. ئومۇمەن دۆلەت بىر تۇتاش سېتىۋالىدىغان-سېتىپ بېرىدىغان ئاشلىق خىللىرىنى ئەركىن بازاردا سودا قىلىشقا بىردەك يول قويۇلمايدۇ. ھەر دەرىجىلىك خەلق كومىتېتلىرى بازارغا بولغان رەھبەرلىكنى ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئاممىنى ئاشلىق ھايانكەشلىكى، ئەتكەسچىلىكى قىلىشتەك قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى نازارەت قىلىش ۋە پاش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، قاتتىق مەنئى قىلىپ، دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىش ـ سېتىپ بېرىش قانۇن-پەرمانىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلارنى قىلمىشىغا قاراپ بىرتەرەپ قىلىشى كېرەك.

23 ـ ماددا: يېزا بويىچە بىر تۇتاش سېتىۋېلىش ـ سېتىپ بېرىش خىزمىتىدە، دۆلەت خىزمەتچىلىرى، يېزا، كوپېراتىپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى دۆلەتنىڭ ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش ـ سېتىپ بېرىش سىياسىتىنى توغرا ئىجرا قىلىپ، بىر تۇتاش سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى پائال ئورۇندىشى، بىر تۇتاش سېتىپ بېرىشنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك. خىزمەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقانلار تەقدىرلىنىدۇ ۋە مۇكاپاتلىنىدۇ. مەھسۇلاتنى يوشۇرغانلارنى قانات ئاستىغا ئېلىش، شەخسىي مەنپەئەتكە بېرىلىپ كۆز بوياقچىلىق قىلىشقا ئوخشاش قانۇنغا خىلاپ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلمىش سادىر قىلغانلار تەنقىد قىلىنىدۇ، قىلمىشى ئېغىرلار قانۇن بويىچە بىرتەرەپ قىلىنىدۇ.

24 ـ ماددا: يېزىلاردا ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش ـ سېتىپ بېرىش دوكۇمېنتى، جەدۋىلى ۋە باشقا باشقۇرۇش چارىلىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق نازارىتى ئايرىم تۈزۈپ چىقىدۇ ھەمدە جايلارنىڭ ئىجرا قىلىشىغا چۈشۈرىدۇ.

25 ـ ماددا: بۇ چارە ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ. ئاپتونوم ئوبلاستلار، ۋالىي مەھكىمىلەر ۋە ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق شەھەر، ناھىيىلەر مۇشۇ چارىنىڭ ئاساسىي روھىغا ئاساسەن ئۆز جايلىرىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ قوشۇمچە چارە تۈزۈپ چىقسا بولىدۇ.

## 3) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىنى ئاشلىق، ياغ بىلەن نورمىلىق تەمىنلەشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى

(ش ئۇ ئا ر خەلق كومىتېتىنىڭ ب ن م 0680 - نومۇرلۇق بۇيرۇقى ئارقىلىق 1958 - يىل 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئېلان قىلىنغان)

1 - ماددا: ئاشلىق بىلەن پىلانلىق تەمىنلەش سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەمىنلەشتىكى يوچۇقلارنى توسۇپ، ئاشلىقنىڭ تەتۈر ئايلىنىشىنى چەكلەپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىنى ئاشلىق، ياغ بىلەن مۇۋاپىق تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ھەم چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايوندىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا بىرلەشتۇرۇپ، بۇ تەپسىلىي قائىدە تۈزۈپ چىقىلدى.

2 - ماددا: بۇ تەپسىلىي قائىدە ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، ئاپتونوم ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (ئاپتونوم ناھىيە) لەرنىڭ ساپ چارۋىچىلىق رايونلىرى ۋە دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى چارۋىچىلىق كىرىمىنى ئاساس قىلغان چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتىپى (ئائىلە)، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرى، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ چارۋىچىلىق رايونى دەپ ئاتىلىدۇ) غا باب كېلىدۇ.

3 - ماددا: چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاھالىلەرنى ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەشتە بىردەك نورما بەلگىلەپ كىمىنشكا ئارقىلىق تەمىنلەش چارىسى يولغا قويۇلىدۇ.

4 - ماددا: چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئىشقا سېلىنىدىغان ئۇلاغلارنى بەلگىلەنگەن ئۆلچەم، ۋاقىت بويىچە يەم بىلەن تەمىنلەشتىن سىرت، باشقا چارۋىلارنى دۆلەت يەم بىلەن تەمىنلىمەيدۇ.

5 - ماددا: چارۋىچىلار قوشۇمچە ئاشلىق زىرائەتلىرى تېرىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئالغان ئاشلىقىدىن ئۇرۇق تولۇق قالدۇرغاندىن سىرت، قالغان ئاشلىق ئوزۇقلۇق ۋە ئۇلاغلارنىڭ يېمىگە توغرىلىنىدۇ. يېتىشمىگەن قىسمىنى شۇ جايدىكى شەھەرلىك، ناھىيىلىك (ئاپتونوم ناھىيىلىك) ئاشلىق تارماقلىرى تەمىنلەش كىمىنشكىسى تارقىتىپ كىمىنشكا بىلەن تەمىنلەيدۇ.

6 - ماددا: ئومۇمەن بۇ تەپسىلىي قائىدە يولغا قويۇلىدىغان چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاھالىلەرگە كىشى بېشىغا ئوزۇقلۇق ئاشلىق ۋە ئۇلاغلارغا كېرەكلىك يەم نورمىسى بويىچە تەمىنلەش كىمىنشكىسى تارقىتىپ بېرىلىدۇ. بۇ كىمىنشكىلەر چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاھالىلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش كىمىنشكىسى، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئۇلاغلارنى يەم - خەشەك بىلەن تەمىنلەش كىمىنشكىسى دېگەنلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىش چارىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك مەلۇمات جەدۋەللىرىنىڭ ئىزاھاتلىرىنى ئاشلىق نازارىتى ئايرىم بېكىتىدۇ.

7 - ماددا: چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئاشلىق نورما ئۆلچىمى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ.

A. ئوزۇقلۇق ئاشلىق: (پىششىقلانغان ئاشلىق بويىچە ھېسابلاندى)

1. ئوزۇقنىغچە مال بېقىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان چارۋىچى ۋە ياغاچ كېسىش، ترانسپورت قاتارلىق قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش ۋە باشقا جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان چارۋىچىنىڭ ئايلىق نورمىسى 16 جىڭدىن 22 جىڭغىچە بولىدۇ. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كىشىنىڭ ئايلىق نورمىسى 20 جىڭدىن، يىللىق نورمىسى 240 جىڭدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

2. 14 ياشتىن يۇقىرى ئادەتتىكى چارۋىچىنىڭ ئايلىق نورمىسى 12 جىڭدىن 18 جىڭغىچە بولىدۇ. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كىشىنىڭ ئايلىق نورمىسى 16 جىڭدىن، يىللىق نورمىسى 200 جىڭدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

3. 7 ياشتىن يۇقىرى 13 ياشتىن تۆۋەن ئوقۇغۇچى، ئۆسمۈرنىڭ ئايلىق نورمىسى 8 جىڭدىن 14 جىڭغىچە بولىدۇ. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كىشىنىڭ ئايلىق نورمىسى 12 جىڭدىن، يىللىق نورمىسى 150 جىڭدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

4. 6 ياشتىن تۆۋەن ئۆسمۈرنىڭ ئايلىق نورمىسى 4 جىڭدىن 10 جىڭغىچە بولىدۇ. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كىشىنىڭ ئايلىق نورمىسى 8 جىڭدىن، يىللىق نورمىسى 100 جىڭدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

5. چارۋىچىلار ئادەتتە سۇ يېغى بىلەن تەمىنلەنمەيدۇ. ئەگەر ھەقىقەتەن قىيىنچىلىق بولسا، يېقىن ئەتراپتىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ ياغ ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىۋېلىش ئەھۋالىغا قاراپ، سۇ يېغى جەھەتتىن مۇۋاپىق ياردەم بېرىلىدۇ. ھەر كىشىنىڭ يىللىق نورمىسى بىر جىڭدىن 3 جىڭغىچە بولۇپ، ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش كىنىشكىسى بىلەن تەمىنلىنىدۇ.

6. چارۋىچىلىق رايونلىرى نىسبەتەن تارقاق، شۇنداقلا ئەمگەك قىلىدىغان پەسلى ۋە ئەمگەك مىقدارى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، جايلار يىللىق تەمىنلەش ئومۇمىي مىقدارىدىن ئېشىپ كەتمىگەن ئاساستا، چارۋىچىلارنى تەمىنلەش مىقدارىنى ئەمگەك پەسلى ۋە ئەمگەك مىقدارى بويىچە ئايغا بۆلۈپ بېكىتسە بولىدۇ.

ئوزۇقلۇق ئاشلىق پىششىقلانغان ئاشلىق يەنى ئاق ئۇن، گورۇچ، كۆممىقوناق ئۇنى، سۆك، تېرىق ۋە باشقا قارا ئاشلىق (ئۇن) بويىچە ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر چارۋىچىلارغا يىرىك ئاشلىق كېرەك بولسا، شۇ جاينىڭ پىششىقلانغان ئاشلىق چىقىش نىسبىتى بويىچە يىرىك ئاشلىقتا سۇندۇرۇپ تەمىنلەنسە بولىدۇ. كونكرېت تەمىنلەش مىقدارى، خىلى، ئاق، قارا ئاشلىقنىڭ نىسبىتى شۇ جايدىكى شەھەرلىك، ناھىيىلىك (ئاپتونوم ناھىيىلىك) خەلق كومىتېتلىرى ئۆز جايىنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش، ساقلاش، ئىستېمال قىلىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئۆزلىرى بېكىتىپ، ۋالىي مەھكىمە، ئاپتونوم ئوبلاستلارغا تەستىقلىتىپ ئىجرا قىلىشى كېرەك. ئايرىم جايلاردا ئادەم بويىچە نورما بەلگىلەشتە قىيىنچىلىق بولسا، چوڭ - كىچىك دېمەي نوپۇس بويىچە ھېسابلاپ ئاشلىق سېتىپ بېرىش ئۇسۇلىنى قوللانسىمۇ بولىدۇ. تەمىنلەش ئۆلچىمى ئادەتتە 150 جىڭ ئەتراپىدا بولىدۇ. ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 200 جىڭدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

7. چارۋىچىلار ۋاقىتلىق سىرتقا چىقسا، ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش كىنىشكىسىنى ئېلىپ شۇ جايدىكى ئاشلىق ئورۇنلىرىدىن نورما ئىچىدىن ئاشلىق بېلىتى ئېلىپ، ئاشلىق بېلىتى بىلەن بېلەتلىك تەمىنلىنىدىغان پىششىقلانغان ئاشلىق سېتىۋالسا بولىدۇ.

8. چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى يېزىدىن يۇقىرى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلغان كادىرلارنىڭ ئوزۇقلۇق نورما ئۆلچىمى شۇ جايدىكى شەھەر، بازارلارنى ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش چارىسىدىكى ئورگان كادىرلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق نورما ئۆلچىمى بويىچە بېكىتىلىدۇ.

B. چارۋىلارنىڭ يېمى (يىرىك ئاشلىق بويىچە ھېسابلىنىدۇ):

1. ئۇلاغلاردىن قېچىر، ئاتلارغا كۆككە قويۇپ بېرىلگەن پەسىللەردە يەم بېرىلمەيدۇ. ئوت - چۆپ سوغۇلغان پەسىللەردە ھەر بىر ئۇلاغقا كۈنلۈكى بىر جىڭدىن 2 جىڭغىچە تەمىنلىنىدۇ. ھەر بىر ئۇلاغنىڭ يىللىق يەم مىقدارى 300 جىڭدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. كۆككە قويۇپ بېرىلگەن پەسىللەردە كېرەكلىك يەمنى ئۇلاغ باققۇچى ئائىلىلەر پۈتۈن يىللىق تەمىنلىنىدىغان ئومۇمىي ساندىن ئۆزلىرى تەڭشەپ ھەل قىلىدۇ.

2. بوردايدىغان كالا - قوي ۋە باشقا ئۇلاغلار ئادەتتە ساپ يەم بىلەن تەمىنلەنمەيدۇ. باققۇچى ئائىلىلەر باشقا مەھسۇلاتتىن پايدىلىنىپ باقىدۇ. قىسمەن كېسەل، ئورۇق، ئاجىز چارۋىلارغا ھەقىقەتەن يەم بېرىشكە توغرا كەلسە، باققۇچىنىڭ ھەل قىلىشىدا قىيىنچىلىق بولسا، رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ ئىسپاتى ئارقىلىق

ئەھۋالىغا قاراپ تەمىنلىنىدۇ.

3. چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئۆلاغلارنى يېغىپ ياكى ياللاپ شەھەر ـ بازارلاردا ئەمگەككە سېلىپ، ئىشلەتكەن چارۋىچىلىق كوپېراتىپلىرى (فېرمىلار)، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ بەلگىلەنگەن تەمىنلەش ئۆلچىمى بويىچە ئۆزى يەم ئالغاچ كىرىدۇ ياكى بەمنى شۇ جايدىكى ئاشلىق تارماقلىرىغا سېتىپ بېرىپ يەم بېلىتىگە ئېلىشۋالىدۇ، شەھەر، بازارلار بېلەتكە ئاساسەن تەمىنلەيدۇ. كەم قىسمىنى ئىشلەتكەن ياكى ياللىغان ئورۇن ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ قوشۇمچە ياردەم بېرىشىگە ئىلتىماس قىلىشى كېرەك. ئەگەر ئىشلەتكەن ياكى ياللىغانلار غەيرىي ئەمگەك ئۆلاغلىرى بولۇپ يەم قالدۇرمىغان بولسا، ئىشلەتكەن ياكى ياللىغان ئورۇن كېرەكلىك يەم پىلانىنى مەلۇم قىلىدۇ. شۇ جايدىكى شەھەرلىك، ناھىيىلىك (ئاپتونوم ناھىيىلىك) خەلق كومىتېتلىرى ياكى بەلگىلەنگەن ئورگان تەكشۈرۈپ تەستىقلىغاندىن كېيىن پىلان بويىچە تەمىنلىنىدۇ.

8 ـ ماددا: چارۋىچىلارنىڭ ئوزۇقلۇق نورمىسىنى ئادەمگە قاراپ بېكىتىش، ئائىلە بويىچە تەمىنلەش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. رايونلۇق، يېزىلىق ھۆكۈمەتلەر ئائىلىنى بىرلىك قىلىپ جان سانىنى بېكىتىدۇ ھەمدە مۇشۇ تەپسىلىي قائىدىنىڭ 7 ـ ماددىسىنىڭ «ئا» تارمىقىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ئاشلىق خىلى، مىقدارىنى بېكىتىپ، جەدۋەللەشتۈرۈپ، شۇ جايدىكى ئاشلىق تارماقلىرىغا مەلۇم قىلىپ، چارۋىچىلىق رايون ئاھالىلىرىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش كىنىشكىسى ئالىدۇ.

چارۋىچىلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ يەر ھەيدەش، قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدىغان ئۆلاغلىرىغا كېرەكلىك يەمنى رايونلۇق ھۆكۈمەت مەزكۇر كوپېراتىپنىڭ ئەمەلىي ئۆلاغلىرى ۋە بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بويىچە جەدۋەللەشتۈرۈپ، شۇ جايدىكى ئاشلىق تارماقلىرىغا يوللاپ يەم تەمىنلەش كىنىشكىسى ئالىدۇ.

9 ـ ماددا: چارۋىچىلىق رايونلىرىدا دائىرىگە بۆلۈپ، نۇقتا بەلگىلەپ ئاشلىق، يەم تەمىنلەش ۋاقىتىنچە يولغا قويۇلمايدۇ. چارۋىچىلارنىڭ ئاشلىق تەمىنلەش كىنىشكىسى، يەم تەمىنلەش كىنىشكىسى بىلەن يېقىن ئەتراپتىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىش پونكىتى ماگىزىنىدىن ئاشلىق، ياغ، يەم سېتىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ. چارۋىچىلار ناھىيە ھالقىپ ئاشلىق سېتىۋېلىشقا توغرا كەلسە، كىنىشكا تارقاتقان جايدىكى رايونلۇق، يېزىلىق ھۆكۈمەتلەرنىڭ تونۇشتۇرۇشى ۋە تەمىنلەش كىنىشكىسى بىلەن بارغان جايدىكى ئاشلىق تارماقلىرىدىن سېتىۋالسا بولىدۇ. بارغان جاي يۆتكىلىش ئىسپاتلارغا ئاساسەن ئاشلىق، ياغ، يەم سېتىپ بېرىشنى رەت قىلماسلىقى كېرەك.

10 ـ ماددا: چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى چارۋىچىلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق نورمىسى، يەم نورمىسى بەلگىلىنىپ، كىنىشكا تارقىتىپ بېرىلگەندىن كېيىن، شۇ يىلى ئەگەر نوپۇس، چارۋا كۆپىيىش ـ كېمىيىش ئەھۋاللىرى يۈز بەرسە، ئاشلىق، ياغ، يەم بىلەن تەمىنلەش مىقدارى كۆپەيتىلمەيدۇ، ھەم كېمەيتىلمەيدۇ.

11 ـ ماددا: چارۋىچىلار پۈتۈن ئائىلىسى بويىچە ئۆزۈن مۇددەتلىك باشقا ناھىيىلەرگە كۆچكەن چاغدا، بارغان جايدىكى ئاشلىق تارماقلىرىغا بېرىپ ئاشلىق تەمىنلەش رەسمىيىتىنى بېجىرىش ئۈچۈن، كىنىشكا تارقاتقان ئاشلىق ئورۇنلىرى ياكى ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى رايونلۇق، يېزىلىق ھۆكۈمەتتە نوپۇس ھەم ئاشلىق يۆتكەش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشى كېرەك.

12 ـ ماددا: چارۋىچىلارنىڭ تۇغۇت، توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرىغا كېرەكلىك ئالاھىدە ئاشلىق ۋە مىللىي ھېيت ـ بايراملارغا كېرەكلىك ئاشلىقنى ئىقتىسادچىل بولۇش پرىنسىپى بويىچە ئۆزلىرى تەڭشەپ ھەل قىلىدۇ. شەھەرلىك، ناھىيىلىك (ئاپتونوم ناھىيىلىك) خەلق كومىتېتلىرى خىللىرى جەھەتتىن مۇۋاپىق ئېتىبار بەرسە بولىدۇ.

13 ـ ماددا: چارۋىچىلارنىڭ نورما ئۆلچىمى بويىچە سېتىۋالىدىغان ئوزۇقلۇق ئاشلىقى ئېشىپ قالسا دۆلەتكە سېتىپ بەرسە، شۇنداقلا باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بەرسە، ھەدىيە قىلسا ۋە ئۆزئارا تەڭشەپ ئىشلەتسە بولىدۇ. لېكىن ھايىنىغا سېتىش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ.

14 ـ ماددا: چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرى شۇ جايدىكى خەلق كومىتېتلىرى بېكىتكەن ئاشلىق تەمىنلەش دوكومېنتلىرىنى تارقىتىدىغان ئورگان. باشقا ئورگانلارنىڭ ئۆز ئالدىغا بېسىپ تارقىتىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

15 ـ ماددا: بۇ تەپسىلىي قائىدىنىڭ 6 ـ ماددىسىدا بەلگىلەنگەن جايلارنىڭ تەمىنلەش دوكومېنتلىرىنى سېتىش، ئۆتنۈپ بېرىش، ئۆزگەرتىش، ياساش، ساختا مەلۇم قىلىپ ئېلىش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىلار ئالاقىدار تارماقلارغا تاپشۇرۇلۇپ، قانۇن بويىچە قاتتىق بىرتەرەپ قىلىنىدۇ. دوكومېنتلار يۈتۈپ كەتسە مەلۇم قىلىنغاندىن كېيىن تولۇقلاپ بېرىلىدۇ.

16 ـ ماددا: بۇ تەپسىلىي قائىدە ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

## 4) «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى بىر بەلگىلەپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىكنى داۋاملىق يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نى ئىزچىل ئىجرا قىلىش توغرىسىدا پىكىر

(ج ك پ ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ ش پ [1972 ـ يىللىق] 104 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتى، 1972 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى تارقىتىلدى)

ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋ جۇشى «قوشۇلىمەن» دەپ تەستىق سالغان «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى بىر بەلگىلەپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىكنى داۋاملىق يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» ئىنتايىن مۇھىم سىياسەت، «ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش، قەھەتچىلىككە تەييارلىق قىلىش، خەلقنى كۆزدە تۇتۇش» تىن ئىبارەت ئۇلۇق ئىستراتېگىيىلىك فاڭجېننى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم تەدبىرى، بىز قەتئىي شۇ بويىچە ئىجرا قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز لازىم. ھازىر مەركەز ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئاشلىق ۋە ياغلىق داندىن پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى بىر بەلگىلەپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىكنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش پىكرىنى تۆۋەندىكىچە ئوتتۇرىغا قويىمىز:

بىرىنچى، دېھقانلارنىڭ ئاشلىق سېلىقىنى تەڭشەپ، بىر بەلگىلىنىپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتىلمەيدىغان پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ماۋ جۇشىنىڭ ئاشلىق خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىش لازىم. «خىزمەتنى ناھايىتى ئىنچىكە ئىشلەش لازىم»، «دۆلەت مەنپەئەتىگىمۇ، كوللېكتىپ مەنپەئەتىگىمۇ ۋە شەخس مەنپەئەتىگىمۇ ئېتىبار بېرىش» نى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. ئاشلىق مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش ئاساسىدا، دۆلەتنىڭ پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش مىقدارىنى مۇۋاپىق كۆپەيتىش، كوللېكتىپنىڭ زاپىسىنى تەدرىجىي كۆپەيتىش، گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

ماۋ جۇشىنىڭ «سېلىق مۇۋاپىق بولۇش، ئاشلىقنى ھەرگىزمۇ چەكتىن ئاشۇرۇپ سېتىۋالماسلىق» دېگەن يوليورۇقى — ئاشلىق خىزمىتىدە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك تۈپ پرىنسىپ. بىر ئاساسىي ھېسابات بىرلىكىدە، مەھسۇلات تۈرلىرىنى تەڭشىگەندىن ئاشقىرى، سېتىۋالغاندىن كېيىن يەنە سېتىپ بېرىش ئەھۋالىنىڭ

كۆرۈلۈشىدىن قەتئىي ساقلىنىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاساسىي ھېسابات بىرلىكىنى بىرلىك قىلىپ، پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى 90% ئەتراپىدا ئورۇندالغان ۋاقىتتا، سىياسەت جەھەتتىن تەكشۈرۈپ، دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخستىن ئىبارەت 3 تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، بىر تۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىش، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم، بىر تەرەپكە ئېغىپ كېتىشكە بولمايدۇ. سىياسەت بىلەن ۋەزىپىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىرتەرەپ قىلىش كېرەك، سىياسەت بىلەن ۋەزىپە ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت تۇغۇلغاندا، ۋەزىپە سىياسەتكە بويسۇنۇشى كېرەك؛ پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى بىر بەلگىلەپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك بىلەن شۇ يىلقى پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىرتەرەپ قىلىپ، ھەم پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئاساس سانىنى مۇۋاپىق بەلگىلەش، ھەم يىللىق ئەھۋالغا ئاساسەن، مەھسۇلات ئاشقاندا ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش بىلەن ئاپەت بولغاندا كېمەيتىپ سېتىۋېلىشنى ياخشى بىرتەرەپ قىلىش كېرەك؛ ئۆز ۋاقتىدا سېتىۋېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىرتەرەپ قىلىپ، ھەم دۆلەتنىڭ پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ ۋاقتىدا ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ھەم بىرلا ۋاقىتتا گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك.

مەركەزدىن ئاپتونوم رايونىمىزغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن بىر بەلگىلىنىپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتىلمەيدىغان ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئاساس سانى 1 مىليارد 200 مىليون جىڭ. مەركەزدىن چۈشۈرۈپ بېرىلگەن ئاساس سانىنى ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مەركەزنىڭ ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون 2.5% ئېھتىيات سان قوشۇشنى بەلگىلىدى، جايلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىشنىڭ ئاساس سانى 1 مىليارد 230 مىليون جىڭ، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 698 مىليون 850 مىڭ جىڭ (جايلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن سان قوشۇمچە جەدۋەلدە). ئاپتونوم رايوندىن تۆۋەن ھەر دەرىجىلىكلەر بەلگىلىمە بويىچە تەڭشەشتىن باشقا قاتلاممۇ - قاتلام قوشۇشقا بولمايدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە يەنە ئېھتىيات ئاشلىقى ۋە ئۆزى تەييارلايدىغان زاپاس ئاشلىق قاتارلىقلارنى قوشۇپ، ئاشلىق ئېشىنىدىغان ئەترەتلەرنىڭ سېلىقىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىشكىمۇ بولمايدۇ.

1. ھەر بىر ئاساسىي ھېسابات بىرلىكىنىڭ نورمال يىللىق مەھسۇلاتىنى مۇۋاپىق تەكشۈرۈپ بېكىتىش لازىم. نورمال يىللىق مەھسۇلاتنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش پاراق مۇۋاپىق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئاساس سانىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشنىڭ ھەم ئاشلىق ئېشىنىدىغان ۋە كەملەيدىغان ئەترەتلەرنى ئايرىشنىڭ مۇھىم ئاساسى، «ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش لازىم، تولۇق ئىمكانىيەت قالدۇرۇشقا دىققەت قىلىش كېرەك»، ئومۇمەن، 1970 - يىللىق ئەمەلىي مەھسۇلات ئاساس قىلىنىپ، نورمال يىللاردىكى ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىدىن پايدىلىنىپ ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشنىڭ ئامىللىرى مۇۋاپىق نەزەرگە ئېلىنىپ تەكشۈرۈپ بېكىتىلسە بولىدۇ.

2. ئوزۇقلۇق ئاشلىق، ئورۇقلۇق ۋە يەم - بوغۇز قالدۇرۇش ئۆلچىمىنى مۇۋاپىق بەلگىلەش لازىم. ھازىرقى ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىگە ئاساسەن، «ئۈچ قالدۇرۇش» ئۆلچىمىنىڭ ئەڭ تۆۋەن ۋە ئەڭ يۇقىرى چېكىنى تۆۋەندىكىچە بەلگىلەش لازىم:

ئوزۇقلۇق ئاشلىق: دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى ئاشلىقى ئېشىنىدىغان ئەترەتلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن بولغاندا 320 جىڭ بولۇش لازىم، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 450 جىڭدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ، ئاشلىقى كەملەيدىغان ئەترەتلەرنىڭ ئومۇمەن 300 جىڭدىن تۆۋەن بولماسلىقى لازىم؛ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ساپ چارۋىچىلىق ئەترەتلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى 300 جىڭدىن تۆۋەن بولماسلىق، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 360 جىڭ بولۇش لازىم؛ يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق رايونلىرىدا قوشنا دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئىجرا قىلىش لازىم (يۇقىرىدىكى ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمىگە قالدۇرۇق يەرنىڭ مەھسۇلاتى كىرمەيدۇ).

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدىكى ئىش ھەققى ئالىدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قالدۇرۇق يېرى ۋە قالدۇرۇق چارۋىسى بولمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئۇرۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمىنى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر خەلق گۇۋېرنىمېنتى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ سەۋىيىسىدىن مۇۋاپىق ھالدا ئۇستۇن قىلىپ بەلگىلىسە بولىدۇ.

ئۇرۇقلۇق: كوزگى بۇغداي ۋە يازغى بۇغدايدىن مو بېشىغا ئومۇمەن 25 جىڭدىن 28 جىڭغىچە، شالدىن 25 جىڭدىن 30 جىڭغىچە، كۆممىقوناق، ئاق قوناق ۋە باشقا قارا ئاشلىقلاردىن 6 جىڭدىن 8 جىڭغىچە ئۇرۇقلۇق قالدۇرۇلىدۇ. كونكرېت قالدۇرۇشتا، ھەر بىر ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجى ۋە ئىمكانىيىتىگە قاراپ تولۇق قالدۇرۇشى لازىم.

يەم - بوغۇز: نەسىللىك چارۋىلارنىڭ ھەر بىرىگە: ئات، كالا، تۆگىگە 1500 جىڭدىن 1800 جىڭغىچە، نەسىللىك ئېشەككە 400 جىڭدىن 600 جىڭغىچە، قويغا 100 جىڭ قالدۇرۇش. ئەمگەك ئۇلاغلىرىنىڭ ھەر بىرىگە: ئات، قېچىرغا 400 جىڭدىن 800 جىڭغىچە، كالا، تۆگىگە 250 جىڭدىن 400 جىڭغىچە، پادىچىلارنىڭ مىنىدىغان ئاتلىرىغا 200 جىڭدىن 400 جىڭغىچە، كوللېكتىپ ئەمگەككە ئىشلىتىلىدىغان ئېشەكلەرگە 100 جىڭدىن 250 جىڭغىچە قالدۇرۇش، چارۋىچىلىق رايون ۋە يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئۇرۇق، ئاجىز چارۋىلارغا يەم - بوغۇز قوشۇپ بېرىشتە، ئومۇمەن، پۈتۈن چارۋا سانى بويىچە چوڭ چارۋىنىڭ ھەر بىرىگە 2 جىڭدىن 4 جىڭغىچە، ئۇششاق چارۋىنىڭ ھەر بىرىگە بىر جىڭدىن 2 جىڭغىچە ھېسابلاپ قالدۇرۇلسا ياكى بىر تۇتاش سېتىپ بېرىلسە بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى باقىدىغان نەسىللىك چوشقا ۋە تۇغىدىغان چىشى چوشقىنىڭ ھەر بىرىگە قالدۇرۇلىدىغان پۈتۈن يىللىق يەم - بوغۇز 200 جىڭ، باشقا چوشقىلارنىڭ ھەر بىرىگە پۈتۈن سان بويىچە ھېسابلىنىپ يىل بويى قالدۇرۇلىدىغان يەم - بوغۇز 120 جىڭ. سېتىپ بەرگەن چاغدا يەنە مۇكاپات تەرىقىسىدە يەم - بوغۇز سېتىپ بېرىلمەيدۇ. گۆشكە ئەزالىرى دۆلەتكە بورداق چوشقا سېتىپ بەرگەندە مۇكاپات تەرىقىسىدە سېتىپ بېرىلىدىغان يەم - بوغۇز ئۆلچىمى «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شىمالىي شىنجاڭ رايونى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن چوشقىچىلىق خىزمىتى يىغىنىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى» دىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمە بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ.

3. نورمال يىللىق مەھسۇلات بەلگىلەنگەندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىق ئەھۋالىغا قاراپ، تۆۋەندىكى ئوخشاش بولمىغان ئۆلچەمنى قوللىنىپ، ئاشلىق ئېشىنىدىغان ئەترەت، ئۆزىنى تەمىنلىيەلەيدىغان ئەترەت ۋە ئاشلىقى كەملەيدىغان ئەترەت دەپ ئايرىشقا بولىدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى بىرقەدەر يۇقىرى، يەتكۈزۈپ بېرىدىغان تاۋار ئاشلىقى بىرقەدەر كۆپ بولغان ناھىيىلەردە: نورمال مەھسۇلاتتىن ئۇرۇقلۇق، يەم - بوغۇز تۇتۇۋېلىنغاندىن كېيىن، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق 360 جىڭدىن يۇقىرى بولغانلار ئاشلىق ئېشىنىدىغان ئەترەت بولىدۇ، 320 جىڭغا يەتمەيدىغانلار ئاشلىقى كەملەيدىغان ئەترەت بولىدۇ، 320 جىڭ بىلەن 360 جىڭ ئارىلىقىدا بولغانلار ئۆزىنى تەمىنلىيەلەيدىغان ئەترەت بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى بىرقەدەر تۆۋەن، يەتكۈزۈپ بېرىدىغان تاۋار ئاشلىقى بىرقەدەر ئاز بولغان ناھىيىلەردە: نورمال مەھسۇلاتتىن ئۇرۇقلۇق، يەم - بوغۇز تۇتۇۋېلىنغاندىن كېيىن، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق 320 جىڭدىن يۇقىرى بولغانلار ئاشلىقى ئېشىنىدىغان ئەترەت بولىدۇ، 300 جىڭغا يەتمەيدىغانلار ئاشلىقى كەملەيدىغان ئەترەت بولىدۇ، 300 جىڭ ئارىلىقىدا بولغانلار ئۆزىنى تەمىنلىيەلەيدىغان ئەترەت بولىدۇ.

ئايرىم جايلاردا يۇقىرىدىكى ئۆلچەمنى ئىجرا قىلغاندا ئاپتونوم رايوندىن چۈشۈرۈلگەن پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ئاساسىي سانىنى ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولمىسا، بىر ئاز تۆۋەنرەك بولسىمۇ بولىدۇ، لېكىن ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتقا يوللاپ تەستىقلىتىش لازىم.

ئاشلىقى ئېشىنىدىغان ئەترەتلەر ئۆزىنى تەمىنلىيەلەيدىغان ئەترەتلەر ۋە ئاشلىقى كەملەيدىغان ئەترەتلەر

بەلگىلەنگەندىن كېيىن، ئاشلىق ئېشىنىدىغان ئەترەتلەردىن سېتىپلا ئېلىش، سېتىپ بەرمەسلىك، ئۆزىنى تەمىنلىيەلەيدىغان ئەترەتلەردىن سېتىۋالماسلىق، سېتىپ بەرمەسلىك، ئاشلىقى كەملەيدىغان ئەترەتلەرگە سېتىپلا بېرىش، سېتىۋالماسلىقنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. ئۆزىنى تەمىنلىيەلەيدىغان ئەترەتلەر ۋە ئاشلىقى كەملەيدىغان ئەترەتلەردىن ئېلىشقا تېگىشلىك دېھقانچىلىق بېجى (پاراق) نى پۇلغا سۇندۇرۇپ پۇل ئېلىش، ماددىي نەرسە ئالماسلىق لازىم.

4. ئاشلىقى ئېشىنىدىغان ئەترەتلەردىن پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئاساس سانىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋە ئاشلىقى ئېشىنىدىغان، ئاشلىقى كەملەيدىغان ئەترەتلەرنى ئايرىشتا، ئاممىنى تولۇق ھەرىكەتلەندۈرۈپ، تۆۋەندىن يۇقىرىغا قارىتا ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى كادىرلىرى ۋە گۇڭشې ئەزالىرى ئاممىسى ۋەزىپىنى ئۆزى مەلۇم قىلىش، ئاندىن يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتا دەرىجىمۇ - دەرىجە تەكشۈرۈپ ئۇلاشتۇرۇش، ئەڭ ئاخىرىدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت تەستىقلاش لازىم. ئىشىكنى تاقىۋېلىپ ھېسابات قىلىش، كۆرسەتكۈچنى دەرىجىمۇ - دەرىجە چۈشۈرۈشتەك ئاددىي ئۇسۇلدىن ساقلىنىش لازىم. ئاشلىقى ئېشىنىدىغان ئەترەتلەردىن پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ئاساس سانىنى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن چاغدا، ئاشلىقى ئېشىنىدىغان ئەترەتلەر ئارا ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمىدە تەڭ تەقسىماتچىلىق قىلىشتىن ساقلىنىشقا دىققەت قىلىپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يەتكۈزۈپ بېرىدىغان تاۋار ئاشلىقى كۆپرەك بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمىنىڭ يۇقىرىراق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

5. گۇڭشې باشقۇرغان كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار (گۇڭشې باشقۇرغان چارۋىچىلىق مەيدانلىرى، باغۋەنچىلىك مەيدانلىرى، ئورمانچىلىق مەيدانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دىكى كىشىلەر ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى ئۆزى ئېلىپ كېلىشى، دۆلەتنىڭ تاۋار ئاشلىقىنى يېمەسلىكى كېرەك. دېھقانچىلىق ئەترەتلىرىدىن پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ئاساسىي سانىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىدىغان چاغدا، بۇ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى قالدۇرۇلىدىغان سانىنى ئىچىگە قوشۇپ ھېسابلاش لازىم. بۇنىڭدىن كېيىن گۇڭشې باشقۇرغان كارخانىلارغا يېڭىدىن قوشۇلغان كىشىلەر ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى ئۆزى ئېلىپ كېلىشى ھەمدە ئۆز ئىش ھەققىنىڭ مۇۋاپىق قىسمىنى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە تاپشۇرۇشى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى نومۇر باھالاپ، نومۇر خاتىرىلەپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ تەقسىماتىغا قاتناشتۇرۇشى كېرەك. ياكى ئۇلارغا بىر قىسىم يەر ئاجرىتىپ بېرىشى، ئۇلار ئۆزلىرى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىپ، ئوزۇقلۇق ئاشلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشى كېرەك. گۇڭشې باشقۇرغان كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردا ئەسلىدە بار بولغان كىشىلەرگە قارىتا ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى ئۆزى ئېلىپ كېلىشنى دەرھال يولغا قويۇشتا ھەقىقەتەن قىيىنچىلىق بولسا، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، ئەسلىدىكى ئاشلىق يېيىش چارىسى ۋاقىتىنچە ساقلاپ قېلىنسا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەلگىلىك مۇددەت ئىچىدە ئۆزىنى ئۆزى ئوزۇقلۇق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنى ياكى ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى ئۆزى ئېلىپ كېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلىش كېرەك.

ئەسلىدە دۆلەت ئىگىلىكىدە بولۇپ تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن گۇڭشې باشقۇرغان كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ئاشلىق بىلەن ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەشنى بالدۇرراق ئىشقا ئاشۇرۇشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈشى لازىم. ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن بۇرۇن، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشى ئارقىلىق يەنىلا دۆلەت تەمىنلەيدۇ.

6. دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدىن بۇرۇن دۆلەتنىڭ سېتىۋېلىشى ۋە سېتىپ بېرىشىدىن ئۆتكۈزمەي، ئارتۇق ئاشلىقنى چارۋىچىلىق ئەترەتلىرى (فېرمىلىرى) گە بىۋاسىتە تەڭشەپ بەرگەن بەزى ئەترەتلەر ھېلىمۇ داۋاملىق تۈردە دۆلەتنىڭ سېتىۋېلىشى ۋە سېتىپ بېرىشىدىن ئۆتكۈزمەي تەڭشەپ بېرىدۇ، تەڭشەش ۋەزىپىسى دۆلەتنىڭ پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ئاساس سانىغا ھېسابلانمايدۇ. لېكىن تەڭشەش ئاساس سانىنى بەلگىلىگەندە، ئۇنى دۆلەتنىڭ پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ئاساس سانىنى ئۈستىگە ئالغان دېھقانچىلىق

ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ سەۋىيىسىدىن يۇقىرى قىلىۋەتمەسلىك، مۇۋاپىق قىلىش لازىم. تەڭشەش ۋەزىپىسى ئاساس ساندىن ئاشۇرۇپ يەتكۈزۈپ بەرگەن ئاشلىق، ياغلىق دانلارنى دۆلەتنىڭ سېتىۋېلىش ۋە سېتىپ بېرىش سانىغا كىرگۈزۈپ، ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغان ئاشلىق، ياغلىق دان قاتارىدا باھا قوشۇپ مۇكاپاتلاش كېرەك.

7. ئىدارە، زاۋۇت، كان، كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلار باشقۇرغان دېھقانچىلىق قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرى ۋە «7 ـ ماي» كادىرلار مەكتەپلىرىنىڭ ئاشلىق، ياغلىق دانلىرىنى سېتىۋېلىش ۋە سېتىپ بېرىشنى شۇ ئورۇنلار تۇرۇشلۇق جايلار مەسئۇل بولۇپ باشقۇرۇپ، بىر يىلدا بىر قېتىم بېكىتىشنى داۋاملىق يولغا قويىدۇ. ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىدىغانلىرىنىڭ ئېشىنغىنىنىڭ بىر قىسمى (ئادەتتە ئېشىنغان ئاشلىقنىڭ %50 ىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ) نى مۇۋاپىق سېتىۋېلىش، قالغان قىسمىنى ئاساەن شۇ ئورۇننىڭ زاپىسىنى كۆپەيتىشكە ئىشلىتىش لازىم.

8. شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئاشلىق، ياغلىق دانلىرىدىن پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىدىمۇ بىر بەلگىلەپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك سىياسىتى يولغا قويۇلىدۇ. بىڭتۇەننىڭ بىر بەلگىلىنىپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتىلمەيدىغان پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ئاساس سانى بىڭتۇەن بىرلىك قىلىنىپ ھېسابلىنىدۇ. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى مەيلى باش مەيدانىنى ياكى شۆبە مەيدانىنى ھېسابات بىرلىكى قىلغان بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئاشلىق، ياغلىق داندىن پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ئاساس سانى باش مەيدان بىرلىك قىلىنىپ تەكشۈرۈپ بېكىتىلىدۇ، ئۇلارنىڭ قارىمىقىدىكى باشقۇرۇش خادىملىرى ۋە ئۇلار باشقۇرغان سانائەت كارخانىلىرى قاتارلىقلاردىكى غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئاھالىسىنىڭ ئۇزۇقلۇق ئاشلىقى شەھەر ـ بازارلاردىكى غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئاھالىسىنىڭ ئىش خىللىرى نورما بويىچە، دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ قالدۇرىدىغان ئاشلىقى ئىچىگە قوشۇپ ھېسابلىنىدۇ، دۆلەتنىڭ تاۋار ئاشلىق، ياغلىرىنى يېمەيدۇ. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدا ساقلىنىپ قالغان مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك قىسمىدىن پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ئاساس سانىنى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنى بىرلىك قىلىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنىڭ پاراق ئېلىش، سېتىۋېلىش ئاساس سانى ئىچىدە ئايرىم تەكشۈرۈپ بېكىتىش لازىم.

ئىككىنچى، ئاپتونوم رايوننىڭ بىر بەلگىلىنىپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتىلمەيدىغان ياغلىق دان (ياغقا سۇندۇرۇپ) سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى 14 مىليون 520 مىڭ جىڭ (جايلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن سان قوشۇمچە جەدۋەلدە). ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئاپتونوم رايوندىن تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن ۋەزىپە ئاساسىدا، %5 تىن %10 كىچە قوشۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشتىكى ئېھتىيات سان قىلىپ تۆۋەنگە تەقسىم قىلسا بولىدۇ. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىن تۆۋەن دەرىجىلىكلەرنىڭ قاتلاممۇ ـ قاتلام كۆپەيتىشىگە بولمايدۇ.

ھەرقايسى جايلار ياغلىق دان (ياغقا سۇندۇرۇپ) سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئاساس سانىنى تۆۋەنگە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە تارىختىكى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىۋېلىش سەۋىيىسى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات پىلانىغا بىرلەشتۈرۈپ، دەرىجىمۇ ـ دەرىجە گۇڭشې ياكى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە تەقسىم قىلىپ، ئاندىن گۇڭشې ياكى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنى بىرلىك قىلىپ، ھەرقايسى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ ئاھالىسى بىلەن تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى بىرلەشتۈرۈش چارىسى بويىچە ياغلىق دان (ياغقا سۇندۇرۇپ) سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئاساس سانىنى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگىچە ئەمەلىيلەشتۈرسە بولىدۇ. «ئاشلىقنى تۇتقا قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇش» فاڭجېنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ياغلىق دان تېرىيدىغان يەر كۆلىمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم ھەمدە ئامىنى كەڭ تۈردە ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئېتىز قىرلىرى ـ بۇلۇڭلىرى، ئۆينىڭ ئالدى ئارقىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ھەر خىل ياغلىق دان زىرائەتلىرىنى تېرىپ، ياغلىق دان مەھسۇلاتىنى

كۆپەيتىش لازىم. ياغلىق دان سېتىۋېلىشتا، كۆپ ئىشلەپچىقارغانلارغا كۆپ قالدۇرۇش، ئاز ئىشلەپچىقارغانلارغا ئاز قالدۇرۇش ۋە يېزىلارغا قارىتا ئاساسىي جەھەتتىن پەقەت سېتىۋېلىش، سېتىپ بەرمەسلىك سىياسىتىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم.

ئۈچىنچى، ئاشلىق، ياغلىق داندىن پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ئاساس سانى بەلگىلەنگەندىن كېيىن 5 يىلغىچە ئۆزگەرتىلمەيدۇ. ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئاشلىق، ياغلىق داندىن بىر بەلگىلەپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتمەي پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ئۆلچىرىپ تەقسىم قىلىش ئىشىنى تەستىقلاپ تارقىتىدۇ. ئېغىر ئاپەتكە ئۇچراپ پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ئاساس سانىنى ھەقىقەتەن ئورۇندىيالمايدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدىن شۇ يىللىق ئاشلىق، ياغلىق داندىن پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى تەڭشەپ ئازايتىش ئۇقتۇرۇشنامىسىنى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت تەستىقلاپ تارقىتىپ، ئۇلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنىڭ ئېشىندىغان ئەترەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئۆلچىمىدىن تۆۋەن بولماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. بىر بەلگىلەپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك مەزگىلىدە، بەزى گۇڭشې، ئەترەتلەردە دۆلەتنىڭ مەبلەغ ئاجرىتىشى بىلەن سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلغانلىقتىن، مەھسۇلاتنىڭ ئېشىش ھەجمى بىرقەدەر زور بولسا ياكى ئاز سانلىق گۇڭشې، ئەترەتلەردە بەك يېنىك بولۇپ قېلىش، بەك ئېغىر بولۇپ كېتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە، ناھىيە ياكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر كېڭىشىپ مۇۋاپىق تەڭشەيدۇ.

مەركەزنىڭ ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھىغا ئاساسەن، دۆلەت قۇرۇلۇشى ۋە زاپىسىنى كۆپەيتىش ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، كېڭەيتىش ئارقىلىق، مول ھوسۇل ئالغان جايلاردىكى گۇڭشې، ئەترەتلەردىن پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ئاساس سانىدىن باشقا مۇۋاپىق تۈردە بىر قىسىم ئاشلىق، ياغلىق دان ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىشقا بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون ھەر يىلى ئاشلىق، ياغلىق داندىن پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش پىلانىنى شۇ يىلدىكى ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەر شۇ يىللىق پىلان بويىچە ئاشلىق، ياغلىق داندىن پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىشنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى لازىم.

ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنىدىغان ئاشلىق، ياغلىق دان ئۈچۈن باھا قوشۇپ مۇكاپاتلاش يولغا قويۇلىدۇ. باھا قوشۇش چېكى مۇنداق بولىدۇ: بۇغداي، گۈرۈچ (شال)، ياغلىق دان ۋە ھەر خىل پۇرچاقلار ئۈچۈن بىر تۇتاش سېتىۋېلىش تاختاي باھاسىنىڭ %30 ى، باشقا ئاشلىقلار ئۈچۈن بىر تۇتاش سېتىۋېلىش تاختاي باھاسىنىڭ %20 ى قوشۇلىدۇ ھەمدە يۇقىرىدىكى تۈرلەر بويىچە ئايرىم - ئايرىم ھېسابلاپ باھا قوشۇلىدۇ. قوشۇلغان باھا پۇلى يېزا خەلق گۇڭشېسى كوللېكتىپ ئىگىلىكىدە ئاساسىي ھېسابات بىرلىكى بويىچە ھېسابلىنىپ، ئاشۇرۇپ سېتىپ بەرگەنلەرگە بېرىلىدۇ، تەقسىم قىلىپ بېرىشكە ياكى باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

1. ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى بىرقەدەر يۇقىرى، يەتكۈزۈپ بېرىدىغان تاۋار ئاشلىقى بىرقەدەر كۆپ بولغان ناھىيىلەردە ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئاساس سانىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن ئوزۇقلۇق ئاشلىقى 400 جىڭدىن يۇقىرى بولغانلاردىن، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى بىرقەدەر تۆۋەن، يەتكۈزۈپ بېرىدىغان تاۋار ئاشلىقى بىرقەدەر ئاز بولغان ناھىيىلەردە ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئاساس سانىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن ئوزۇقلۇق ئاشلىقى 360 جىڭدىن يۇقىرى بولغانلاردىن كېڭەيتىش ئارقىلىق ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىشقا بولىدۇ. يۇقىرىقى ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆلچىمىگە يەتمىگەنلەردىن ئاشۇرۇپ سېتىۋالماسلىق لازىم.

2. پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئاساس سانىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى پاراق ئېلىش، سېتىۋېلىش ئاساس سانىدىن ئاشۇرۇپ سېتىپ بەرگەن ئاشلىق، ياغلىق دانلارغا،

دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى تەڭشەش ۋەزىپىسى ئاساس سانىدىن ئاشۇرۇپ يەتكۈزۈپ بەرگەن ئاشلىقتا يۇقىرىدا ئېيتىلغان باھا قوشۇش چېكى بويىچە قوشۇپ مۇكاپاتلاش يولغا قويۇلىدۇ. بېكىتىلگەندىن ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنىدىغان ئاشلىق بېكىتىلگەن بىرلىك قىلىنىپ ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ قوشۇلغان باھا پۇلىنى تۆۋەنگە قانداق تارقىتىپ بېرىشنى بېكىتىلگەن ئۆزى بەلگىلەيدۇ.

3. ئاشلىقى كەملەيدىغان ئەترەتلەر، ئۆزىنى تەمىنلىيەلەيدىغان ئەترەتلەر قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك پاراق تاپشۇرغاندىن كېيىن، يەنە سېتىپ بېرىدىغان ئارتۇق ئاشلىقتا، گۆڭشې باشقۇرغان كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ئۆزىنى تەمىنلىگەندىن كېيىن سېتىپ بەرگەن ئاشلىقتا، گۆڭشې ئەزالىرى ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرىنىڭ ئىسپاتى بىلەن سېتىپ بەرگەن ئۆزىگە قالدۇرۇلغان يەردىن چىققان ياكى نورمال ئىقتىساد قىلغان ئارتۇق ئاشلىق، ياغلىق دانلارغا يۇقىرىدا ئېيتىلغان باھا قوشۇش چېكى بويىچە باھا قوشۇپ مۇكاپات بېرىلىدۇ.

4. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدا ساقلاپ قېلىنغان كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى، مەيلى باش مەيدان ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغان - ئورۇنلىمىغان بولسۇن، پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ئاساس سانىدىن ئاشۇرۇپ ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىپ بېرىدىغانلا بولسا، خەلق گۆڭشېسىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە ئوخشاش باھا قوشۇپ مۇكاپات بېرىلىدۇ.

5. ئاشلىق، ياغلىق داننى ئاشۇرۇپ سېتىپ بەرگەن ھەم باھا قوشۇپ مۇكاپاتلانغان ئورۇنلار ۋە گۆڭشې ئەزالىرىغا دۆلەتتىن بىردەك قايتۇرۇپ ئاشلىق سېتىپ بېرىلمەيدۇ.

تۆتىنچى، ئاشلىق، ياغلىق دانلارنىڭ بىر بەلگىلىنىپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتىلمەيدىغان پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئاساس سانىنى بەلگىلىگەن چاغدا «ئاشلىقنى تۇتقا قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇش» فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش، بېلىقچىلىقتىن ئىبارەت 5 كەسىپ ۋە ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشى، تەرەققىياتىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىقتىسادىي زىرائەتلەر مەركەزلەشكەن رايونلار (ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىشنى ئاساس قىلىدىغان) دىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ۋە بىر تۇتاش سېتىپ بېرىش كۆرسەتكۈچىنى مۇۋاپىق ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلار دۆلەتنىڭ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغان شەرت ئاستىدا، بۇ ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدىكى گۆڭشې ئەزالىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنىڭ يېقىن ئەتراپتىكى ئاشلىق چىقىدىغان رايونلاردىكى ئاشلىقى ئېشىنىدىغان ئەترەتلەرنىڭ ئۆلچىمىدىن تۆۋەن بولماسلىقىغا قەتئىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

بەشىنچى، ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋ جۇشىنىڭ «ئاشلىقنى چىڭ تۇتۇش لازىم» دېگەن تەلىمىگە ئەمەل قىلىپ، «ئاشلىقنى پىلانلىق ئىشلىتىش، تېجەپ ئىشلىتىش» توغرىسىدىكى تەشۋىقىي تەربىيىنى كۈچەيتىپ، يېزىلاردا كوللېكتىپ ئاشلىق زاپىسى ۋە گۆڭشې ئەزالىرىنىڭ شەخسىي ئاشلىق زاپىسىنى پائال تۈردە تۇرغۇزۇپ، كۆپەيتىپ، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش، قەھەتچىلىككە تەييارلىق قىلىش تەلىپىگە لايىقلاشتۇرۇش لازىم. ئۇلۇغ ئۇستاز لېنىن مۇنداق دېگەن: «ھەقىقىي ئىقتىسادىي ئاساس ئاشلىق زاپىسىدىن ئىبارەت»، «بۇنداق زاپاس بولمىسا، دۆلەت ھاكىمىيىتى يوقىلاڭ نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنداق زاپاس بولمىسا، سوتسىيالىزم سىياسىتى بىر خىل ئارزۇلا بولۇپ قالىدۇ، خالاس». بىز دۆلەتنىڭ ئاشلىق زاپىسىنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كوللېكتىپنىڭ ئاشلىق زاپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇشىمىز لازىم. كوللېكتىپنىڭ زاپاس ئاشلىقى ئاساسەن ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش، قەھەتچىلىككە تەييارلىق قىلىشتا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنى، ئاسانلىقچە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، ئىشلىتىش زۆرۈر بولسا گۆڭشې ئەزالىرى يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىش كېرەك.

ئاشلىق، ياغلىق دانلاردىن پاراق ئېلىش، سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى بىر بەلگىلەپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىكنى يولغا قويۇش، ئاپتونوم رايونىمىزدىن ئېيتقاندا، بىر يېڭى خىزمەت بولۇپ، سىياسەتچانلىقى

ناھايىتى كۆچلۈك، چېتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، خىزمەت مىقدارى ناھايىتى چوڭ. شۇڭا ماۋ زېدۇڭ ئەدىيىسى ئۇلۇغ قىزىل بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، «جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئاشلىقتىن پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى بىر بەلگىلەپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىكنى داۋاملىق يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» نى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىپ، ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ئاشلىق، ياغلىق داندىن پاراق ئېلىش ۋە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى بىر بەلگىلەپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك سىياسىتىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم.

ئىزاھ: ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئەسلىدە تارقاتقان [1971] 94 - نومۇرلۇق ھۆججەت بىكار قىلىنىپ، مۇشۇ ھۆججەت ئاساس قىلىندى.

## ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ بىر بەلگىلەپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتىلمەيدىغان ئاساسىي سانى

بىرلىكى: تۈمەن جىڭ

| رايونلار | ئاشلىق | | ياغلىق دان (ياغقا سۇندۇرۇلدى) |
|---|---|---|---|
| | جەمئىي | يۇنىلك ئىچىدە: بۇغداي | |
| ئومۇمىي جەمئىي | 123000 | 69885 | 1452 |
| ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر جەمئىي | 103000 | 61885 | 1452 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 3730 | 2130 | 60 |
| قاراماي شەھىرى | 50 | 30 | |
| سانجى | 19400 | 11500 | 210 |
| قۇمۇل | 3700 | 2500 | 48 |
| ئىلى | 20000 | 11500 | 240 |
| تارباغاتاي | 12000 | 7500 | 135 |
| ئالتاي | 2050 | 1700 | 45 |
| بورتالا | 2400 | 1400 | 39 |
| بايىنغولىن | 4970 | 3125 | 39 |
| ئاقسۇ | 11000 | 7400 | 240 |
| قىزىلسۇ | 600 | 500 | 36 |
| قەشقەر | 15600 | 9000 | 210 |
| خوتەن | 7500 | 3600 | 150 |
| بىڭتۈەن | 20000 | 8000 | |

ئىزاھ: چېگىت سېتىۋېلىش پىلانى يەنىلا يىلدا بىر قېتىم بەلگىلىنىدۇ.

## 5) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاشلىق، ياغ سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش، نۆۋەتتىكى ئاشلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى بېكىتمىسى

(ش ھ [1989] 54 - نومۇرلۇق ھۆججەت، 1989 - يىل 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى)

ئاپتونوم رايونىمىزدا يېزا ئىگىلىكىدىن ئۇدا 11 يىل مول ھوسۇل ئېلىنىپ، ئاشلىق، ياغلىق دان

سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى يىلمۇ يىل ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى، كىرىم - چىقىم تەڭپۇڭ بولۇپ، ئېشىلىدىغان بولدۇق، ئاشلىق يۆتكەپ كېلىش ئەھۋالى يۆتكەپ بېرىشكە ئۆزگەردى. ئاشلىق، ياغ بازارلىرى جانلاندى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى پەيدىنپەي ياخشىلاندى، ۋەزىيەت ناھايىتى ياخشى. لېكىن، 1988 - يىلدىن باشلاپ، ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىش قىيىنلاشتى، تەكشە باھادا سېتىلىدىغان ئاشلىق بەك تېز كۆپىيىپ، كىرىم - چىقىم تەڭپۇڭلۇقىدا ئەھۋال جىددىيرەك بولدى. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر بۇنىڭغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىشى، ھەرگىز بىخەستىلىك قىلماسلىقى لازىم. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ناھايىتى ياخشى بولۇپ كېلىۋاتقان سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئوبدان تۇتۇش بىلەن بىرلىكتە، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاشلىق، ياغ سىياسىتىنى كەسكىن، ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشى، ئاشلىق باشقۇرۇشنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ، ئاشلىق بازارلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئاشلىق خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلىشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەر ئالاھىدە بېكىتىلدى:

## 1. مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى قاتلاممۇ قاتلام يولغا قويۇپ، ئاشلىق، ياغلىق داننى توختام بويىچە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم

1) ئاپتونوم رايوندىن تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن ئاشلىق، ياغلىق داننى توختام بويىچە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر كاپالەتلىك قىلىشى شەرت. جايلار ۋە يېزا ئىگىلىك شىلىرى يېزىلاردىكى كەسىپ قۇرۇلمىلىرىنى تەڭشەشنى ئاشلىق مەھسۇلاتىنى ۋە دۆلەتنىڭ توختام بويىچە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى كېمەيتمەسلىك شەرتى ئاستىدا ئېلىپ بېرىشى لازىم. ئاشلىق، ياغلىق داننى توختام بويىچە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە مەمۇرىي مەھكىمىلەر ئاپتونوم رايون چۈشۈرۈپ بەرگەن ۋەزىپە سانى ئاساسىدا، %5 ئېھتىيات سان قوشۇپ، ناھىيە، يېزىلار ۋە دېھقان ئائىلىلىرى ھەم ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىغىچە ئەمەلىيلەشتۈرسە بولىدۇ، لېكىن قاتلاممۇ قاتلام كۆپەيتىۋېرىشكە بولمايدۇ؛ ئومۇمەن، ئاپتونوم رايوندىن چۈشۈرۈلگەن ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلالايدىغانلار زاپاس سان قوشىمىسىمۇ بولىدۇ. بىكىتۈلگەن سېتىپسىنىڭ ئاشلىق، ياغلىق داننى توختام بويىچە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئاپتونوم رايوننىڭ پىلانى بويىچە يېزا ئىگىلىك شىلىرى (ئىدارىلىرى) بىلەن بىللە تۆۋەن - مەيدانلارغىچە ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ ھەمدە توختامنى يەرلىك ئاشلىق تارماقلىرى ئىمزالىشىدۇ. كۆتۈرگە ئالغان يېرى ئاز (پەقەت ئۆزۈقلۇق ئاشلىق ئېتىزىلا بارلار)، ئاشلىق مەھسۇلاتىنى ھۆددىگە ئالغان كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغىنى 200 كىلوگىرامغا يەتمەيدىغانلارغا سېتىۋالغاندىن كېيىن قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئاشلىقنى توختام بويىچە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى تەقسىم قىلىنمايدۇ.

2) ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىش مەزگىلىدە، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر بىلەن بېكىتۈلگەن دەرىجىمۇ- دەرىجە ھۆددىگە ئېلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشى، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاشلىق، ياغلىق داننى توختام بويىچە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى مۇمكىن قەدەر تېز ئورۇنداشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىشى لازىم. ئاشلىق، ياغلىق داننى توختام بويىچە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنداش - ئورۇندىيالماسلىقنى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە كادىرلارنىڭ خىزمەت نەتىجىسىنى تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىم كۆرسەتكۈچى قىلىش كېرەك. ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇندىغانلارنى ۋاقتىدا تەقدىرلەش، مۇكاپاتلاش، ياخشى ئورۇندىمىغانلارنى تەنقىد قىلىش ۋە جازالاش كېرەك.

3) ھەر مىللەت كادىرلىرىغا ۋە دېھقانلارغا ئاشلىق، ياغلىق داننى سېتىۋېلىش توختىمىنىڭ ھەم ئىقتىسادىي توختام ئىكەنلىكىنى، ھەم دۆلەتنىڭ ۋەزىپىسى ئىكەنلىكىنى، دېھقانلارنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بۇرچى

ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلىش شەرت ئىكەنلىكىنى قايتا ـ قايتا تەشۋىق قىلىش لازىم. كومپارتىيە ئەزالىرىنى، ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرىنى، كادىرلارنى ئاشلىق، ياغنى باشلامچىلىق بىلەن سېتىپ بېرىشكە سەپەرۋەر قىلىش كېرەك. پەۋقۇلئاددە ئەھۋال كۆرۈلمىگەن تۇرۇقلۇق ۋەزىپىنى ئورۇندىمىغانلارغا مەمۇرىي، ئىنتىزام، ئىقتىسادىي، ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتتىن ئىبارەت ئۇنىۋېرسال ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىپ تولدۇرۇشنى ياكى ئوخشاش مىقداردا ئاشلىق ياغلىق دان سېتىۋالغىلى بولىدىغان مۇقىم كېلىشىم باھا پەرقى ھېسابىدا پۇل تاپشۇرۇشنى بۇيرۇش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئاشلىق سېتىۋېلىش تارماقلىرىنىڭ ئاشلىق، ياغ بازارلىرىنى قويۇۋېتىشتىن بۇرۇن، باھا پەرقى ھېسابىدىكى پۇل تاپشۇرىدىغان ئاشلىق، ياغنىڭ سانىنى تولدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، ۋەزىپىنى ئورۇندىغان دېھقان ئائىلىلىرى ۋە سېتىپ بەرگۈچى ئورۇنلار بىلەن كېلىشىپ كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىشقا يول قويۇش كېرەك.

4) سېتىپ بەرگۈچى ئورۇنلار ۋە دېھقان ئائىلىلىرى ئادەم تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان ئاپەت تۈپەيلىدىن شۇ يىللىق توختام بويىچە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ھەقىقەتەن ئورۇندىيالماي قالسا، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىقاندىن كېيىن، ئومۇملاشتۇرۇپ ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى، مەمۇرىي مەھكىمىلەرگە تەستىقلىتىپ، مۇۋاپىق كېمەيتىدۇ، كەچۈرۈم قىلىدۇ ھەمدە شۇ جاينىڭ زاپاس ساندىن ھەل قىلىدۇ؛ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتى ئېغىر ئاپەت تۈپەيلىدىن %20 ئارتۇق كېمىيىپ كەتكەنلەرنىڭ توختام بويىچە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىش بىلەن كېمەيتىلسە، كەچۈرۈم قىلىنسا بولىدۇ.

5) گۈرۈچ (شال) تىجارىتىنى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق تارماقلىرى بىر تۇتاش باشقۇرىدۇ، باشقا تارماقلار، ئورۇنلار ۋە شەخسلەرنىڭ قول تىقىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. گۈرۈچ چىقىدىغان رايونلارغا يەم-بوغۇز ئۈچۈن كېتىدىغان ئاشلىقنى ئايرىۋاشلاشنى يەرلىك ئاشلىق تارماقلىرى بىر تۇتاش تەشكىللەيدۇ.

6) توختام بويىچە ئاشلىق سېتىۋېلىشتا خىمىيىۋى ئوغۇت، دىزېلىن سېتىپ بېرىش ۋە ئالدىن زاكالەت پۇلى بېرىش يولغا قويۇلىدۇ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئۇنى نەقلەشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش ھەققىدە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا ھەيدەكچىلىك قىلىشى كېرەك. دېھقانلارنىڭ بەلگىلىمىلەر بويىچە ئېرىشىشكە تېگىشلىك تەكشى باھالىق خىمىيىۋى ئوغۇت، دىزېلىنغا ئىگە بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، ماددىي ئەشيا ئالالمىغان دېھقانلارغا ماددىي ئەشيا بېرىش، ماددىي ئەشيا ئالمايمىز دېگەنلەرگە باھا پەرقى ھېسابىدا پۇل بېرىش لازىم. خىمىيىۋى ئوغۇتنى توختام ئىمزالانغاندا ۋە يازلىق ئاشلىق ئامبارغا كىرگۈزۈلگەندە %50 تىن بېرىش، دىزېلىننى توختام ئىمزالىغاندا بىر قېتىمدىلا بېرىپ بولۇش لازىم، زاكالەت پۇلى يەنىلا ھازىرقى چارە بويىچە بېرىلىدۇ. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئاشلىق توختامىغا قوشۇلىدىغان زاپاس سانغا كېتىدىغان چېتىلما ماددىي ئەشيانى يەرلىك ئورۇنلار ئۆزى ھەل قىلىدۇ.

7) ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىشنىڭ تۈرلۈك كونكرېت خىزمەتلىرىنى ئوبدان ئىشلەش كېرەك. ئاشلىق تارماقلىرى ئەلا مۇلازىمەت ئارقىلىق ئاشلىق تاپشۇرىدىغان ئامما ئۈچۈن ئوڭايلىق شارائىت يارىتىشى لازىم. سېتىۋېلىشنىڭ ئاۋات پەسلىدە، سىرتقا يۆتكەشكە بىرلەشتۈرۈپ تور ـ نۇقتىلارنى كۆپەيتىپ، چەت-ياقا جايلارنىڭ ۋە كۆپ ئاشلىق تاپشۇرغۇچىلارنىڭ ئاشلىقىنى يېقىن جايدا سېتىۋېلىش لازىم. ياغلىق دان سېتىپ بەرگەن دېھقانلارغا ۋە ئورۇنلارغا ئاشلىق تارماقلىرى بەلگىلىمە بويىچە كۈنجۈرىسىنى قايتۇرۇش لازىم. باھا سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇش لازىم، دەرىجىنى، باھانى ئۆستۈرۈشكە ۋە چۈشۈرۈشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇش لازىم. ئاشلىقنىڭ پۇلىنى دېھقانلارغا ۋاقتىدا بېرىش كېرەك، دېھقانچىلىق بېجىنى ۋاكالىتەن تۇتۇپ قالغان ۋە زاكالەت پۇلىنى قايتۇرۇپ ئالغاندىن باشقا، ئاشلىق تارماقلىرىنى باشقا پۇللارنى ۋاكالىتەن تۇتۇپ قېلىشقا ھەرقانداق شەكىللەر ئارقىلىق زورلاشقا يول قويۇلمايدۇ. بانكىلار ئاشلىق، ياغ

سېتىۋېلىشنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

دېھقانلار ۋە سېتىپ بەرگۈچى ئورۇنلار دۆلەتنىڭ ئاشلىق، ياغلىق دان سۈپەت ئۆلچىمىدە چاڭ تۇزۇشى، قۇرۇتۇپ، ئادالاپ، سورۇپ، ئاشلىقنى بالدۇر تاپشۇرۇشى، ياخشى ئاشلىق تاپشۇرۇشى ھەمدە ئۇنى دۆلەتنىڭ يېقىن ئاشلىق ئامبارلىرىغا ياكى كۆرسىتىلگەن ئاشلىق تاپشۇرۇپ ئېلىش پونكىتلىرىغا يەتكۈزۈشى لازىم.

## 2. ئاشلىق، ياغ بىلەن پىلان بويىچە مۇۋاپىق تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش، پىلان سىرتىدا ئاشلىق، ياغ سېتىشنى قاتتىق تىزگىنلەش كېرەك

1) دۆلەت شەھەر - بازارلاردىكى ئاھالىلەرنى تەمىنلەيدىغان نورمىلىق ئاشلىق، ياغنىڭ باھاسى ئۆستۈرۈلمەيدۇ، ئاشلىق بېلىتى ۋە ئاشلىق كىنىشكىسىدىكى ئېشىنچا ئاشلىق، ياغ بىكار قىلىنمايدۇ.

2) ئاھالىلەرنى ئۈزۈلمەي ئاشلىق، ياغ بىلەن نورمال كۆچمە ئاھالىلەرنى شۇنىڭدەك پېچىنە، پىرەنىك، يىمەك - ئىچمەك كەسىپدىكىلەرنى ئېھتىياجلىق ئاشلىق، ياغ بىلەن سىياسەت بويىچە تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش، تۈزۈمنى تىرىشىپ كۆپەيتىش لازىم. ئومۇمەن دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە بىنائەن كۆچۈش شەرتىگە ئۇيغۇن بولمىغان نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنى (ۋاقىتلىق ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىش مۇناسىۋىتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 50 كىشىنىڭ نوپۇسىنى يۆتكەپ كەتكەنلەر (كىرگەنلەر) نى ئۈچ ئايدىن ئاشقان بولسا، پىلان كۆرسەتكۈچى ئاجرىتىپ بېرىلمىدىغانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆچۈپ بارغان جايدىن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق بېلىتىگە تەييار ئاشلىق، ياغ ۋە شۇلاردىن ئىشلەنگەن نەرسىلەرنى سېتىۋالماقچى بولغانلارنىڭ سانى كۆپرەك بولغانلىرى (شۇ ئايلىق نورمىسىدىن ئېشىپ كەتكەنلەر) دىن ناھىيە دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرى تەستىقلىغاندىن باشقىلىرىنى تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. تەييار ئاشلىق، ياغنىڭ سۈپىتىنى قاتتىق تەكشۈرۈش لازىم، دۆلەت بەلگىلىگەن تازىلىق ۋە سۈپەت ئۆلچىمىگە لايىق بولۇش شەرت.

3) دۆلەتنىڭ غەيرىي يېزا ئىگىلىكىگە سېتىلىدىغانلىرىنى ھەر يىلى 1.5% تىن ئاشۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىگە سېتىلىدىغانلىرىنى كۆپەيتمەسلىك، كەسىپلەرگە سەرپ قىلىنىدىغان ئاشلىقتا تەكسە - كېلىشىم باھالىقى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش، تۈرى جەھەتتىكى ئايرىۋاشلاشتا، سېتىش كۆرسەتكۈچىنى كۆپەيتىشكە يول قويماسلىق دېگەن بەلگىلىمىلەرنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىش كېرەك. ئالاھىدە ئىشلىنىدىغان گۈرۈچ، ئۇن مۇۋاپىق تىزگىنلىنىدۇ، ئومۇمەن ئالاھىدە ئىشلىنىدىغان ئۇننىڭ ئىشلەپچىقىرىش نىسبىتى 30% كە يەتمىگەنلەرنىڭ كۆپەيتىلمەيدۇ، 30% تىن ئېشىپ كەتكەنلەرنىڭ تۆۋەن چۈشۈرۈلىدۇ. ئاق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش قىس بولغان جايلاردا مۇۋاپىق ھالدا قارا ئاشلىق قوشۇپ تەمىنلىنىدۇ.

4) يېزا نوپۇسىنىڭ شەھەر - بازارلاردىكى نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان نوپۇسقا ئۆزگەرتىلىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش كېرەك. ھەرقانداق تارماق، ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ قالايمىقان يوچۇق ئېچىشىغا يول قويۇلمايدۇ، بولمىسا كىم تەستىقلىسا، ئاشلىق پۇلىنى شۇ بېرىدۇ. ئاشلىق پۇلى بەرمىگەنلەرنى تەمىنلەشنى ئاشلىق تارماقلىرى رەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

5) ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەشنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. شەھەر-بازارلاردىكى ئاھالىلەر (پۇلغا ئاشلىق ئالىدىغانلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ۋە سودا - سانائەت كەسىپدىكىلەر سەرپ قىلىدىغان ئاشلىقنى ھەر يىلى بىر قېتىم ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ رەتكە سېلىپ، نوپۇسنى، ئىش تۈرىنى، نورمىنى ئېنىقلاپ، تەمىنلەشتىكى بارلىق يوچۇقلارنى توسۇش لازىم. چارۋىچىلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنىمۇ ھەر يىلى بىر قېتىم تەكشۈرۈپ، تەمىنلىنىدىغان نوپۇسنى، تەمىنلىنىش مىقدارىنى ئېنىقلاپ چىقىش لازىم. شەھەرلەردىكى باقمىچىلىقتا كېتىدىغان يەم جەھەتتە، ئومۇمەن، مەھسۇلات باھاسى قويۇپ بېرىلمىگەنلەر بولسا تەكسە باھالىق يەم بىلەن تەمىنلىنىدۇ؛ باھاسى قويۇپ بېرىلگەنلىرى كېلىشىم باھالىق يەم بىلەن تەمىنلىنىدۇ.

چارۋىچىلىق رايونىنى ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش يەم - بوغۇزى بىلەن تەمىنلەشكە يەنىلا بۇرۇنقى تەمىنلەش چارىسى بويىچە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

6) ئاممىغا ئاشلىق، ياغ سىياسىتىنى رادىئو، تېلېۋىزىيە، ئېلان شەكىللىرى ئارقىلىق تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنىڭ ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلىنىش جەھەتتىكى جىددىيلىكىنى تۈگىتىپ، ئاشلىق، ياغنى قارىغۇلارچە ئالىشىپ سېتىۋېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئاشلىق، ياغنى ئالىشىپ سېتىۋېلىش يۈز بەرگەن جايلاردا، ناھىيىلىك، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى شۇ ئايلىق نورمىنى چەكلىك سېتىۋېلىشنى يولغا قويۇشنى قارار قىلسا بولىدۇ. لېكىن چەكلىك سېتىۋېلىشتا ئاساسلىقى بەزىلەرنىڭ ھايانكەشلىك قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، نورمال تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش مەقسەت قىلىنىدىغانلىقىنى ئاممىغا ئېنىق ئېيتىش كېرەك. ھەر مىللەت خەلقىگە ئاشلىقنى پىلانلىق ئىستېمال قىلىش، تېجەشلىك ئىستېمال قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىپ، ئىقتىساد قىلىش شەرەپلىك، ئىسراپ قىلىش نومۇس دەيدىغان ئىجتىمائىي كەيپىياتنى تىكلەش لازىم.

## 3. ئاشلىق بازارلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇش، كېلىشىم باھالىق تىجارەتنى جانلاندۇرۇش كېرەك

1) يەرلىك ئورۇنلاردا ناھىيىلەرنى، بىكتۈەندە تۆۋەن - مەيدانلارنى بىرلىك قىلىپ، دۆلەتنى ئاشلىق، ياغنى توختام بويىچە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشتىن ئىلگىرى، بۇ «بېكىتمە» نىڭ 1 - ماددىسى 3 - تارماقىدىكى بەلگىلىمىلەردىن باشقا، ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ جۈملىدىن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كېلىشىم باھالىق ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغنى ھەرقانداق شەكىللەر ئارقىلىق سېتىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. زاكالەت پۇلى تارقىتىشقا ياكى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش ھەققىدە ھۆججەت پۈتۈشۈشكىمۇ رۇخسەت قىلىنمايدۇ، بولمىسا، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى بازارلارنى پاراكەندە قىلغان، بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار قاتارىدا چارە كۆرىدۇ. ئاشلىق، ياغ بازىرىنى قويۇۋېتىشتىن ئىلگىرى ئاشلىق تارماقلىرى ئىچكى زاپاس ساقلاش ۋە تەڭشەش ۋاستىلىرى ئارقىلىق شەھەر - بازارلاردىكى يېمەك - ئىچمەك كەسىپلىرىنى كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغ بىلەن نورمال تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

توختام بويىچە ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ناھىيە، تۆۋەن - مەيدانلار بىرلىك قىلىنىپ ئورۇندالغاندىن كېيىن، ئاشلىق، ياغ بازارلىرىنى ناھىيىلىك بازار، ئاشلىق، ياغ باشقۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن قويۇۋېتىش كېرەك، ئاشلىقتا (گۈرۈچ بۇنىڭ سىرتىدا) بىر تۈرنى ئورۇنداپ بولۇپ، ئاندىن يەنە بىر تۈرنى قويۇۋېتىش لازىم.

2) ئاشلىق، ياغ بازارلىرى قويۇۋېتىلگەن جايلاردا، دېھقانلار ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى سودا بازارلىرىغا كىرىپ ئۆزلىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن كېيىنكى ئارتۇق ئاشلىق، ياغلىق داننى ساتسا بولىدۇ. كوللېكتىپ، يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ قولىدىكى كىنىشكىسى بىلەن كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغنى قانۇنلۇق سېتىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ، لېكىن توپ تارقىتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئاشلىق، ياغ خام ئەشيا قىلىنىدىغان سانائەت، يېمەك - ئىچمەك كەسىپدىكىلەرنىڭ ئېھتىياجلىق خام ئەشياني سودا بازارلىرىدىن ياكى ناھىيىلىك، شەھەرلىك، بازارلىق - ئاشلىق باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى كۆرسەتكەن دائىرىدىكى يېزىلاردىن ئۆز ئالدىغا سېتىۋېلىشىغا يول قويۇلىدۇ. ئاشلىقتا، ياغدا ئېھتىياجلىق ئورۇنلار ۋە شەخسلەرنىڭ ئۆزى ئىستېمال قىلىدىغان ئاشلىقنى، ياغنى سودا بازارلىرىدىن سېتىۋېلىشىغا يول قويۇلىدۇ، لېكىن قولدىن قولغا ھايىنىغا سېتىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

3) ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئاشلىق، ياغ بازارلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، بازار، ئاشلىق باشقۇرۇش گۇرۇپپىلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، نورمال ئاشلىق، ياغ سودا تەرتىپىنى ئورنىتىشى لازىم. سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش، ئاشلىق، باھا، ج خ، قاتناش قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار بىر-

بىرنى قوللاپ، يېقىندىن ماسلىشىپ، ئۆز خىزمىتىنى ئادا قىلىشى، ھەم قانۇنلۇق تىجارەتنى قوغدىشى، ھەم قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرىغا زەربە بېرىشى لازىم. كىنىشكىسىز سودىگەر، ھايانكەشلەرنىڭ ۋە كارخانىلارنىڭ ئاشلىق، ياغ بىلەن قانۇنسىز تىجارەت قىلىشىنى قەتئىي ئەمەلدىن قالدۇرۇش لازىم. سودا بازارلىرىغا ياكى بەلگىلەنگەن يېزىلارغا بېرىپ ئاشلىق، ياغ سېتىۋالغۇچى بارلىق ئورۇنلار ۋە شەخسلەر دۆلەت بەلگىلىگەن سۈپەت ئۆلچىمىنى ۋە ئەڭ يۇقىرى چەكلىمە باھانى قەتئىي ئىجرا قىلىشى شەرت، باھانى ئۆرلىتىشكە ياكى باھانى ئۆرلىتىپ تالىشىپ سېتىۋېلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، بولمىسا، بازارلارنى پاراكەندە قىلغانلار قاتارىدا چارە كۆرۈلىدۇ.

4) ئاشلىق، ياغنى توپ سېتىش بازارلىرىنى پەيدىنپەي بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. ئاپتونوم رايون ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، غۇلجىلاردا ئاشلىق، ياغنى توپ سېتىش بازىرى قۇرۇشنى بېكىتتى. رايونلار ئارا تەڭشەشنىڭ ھەممىسىدە توپ سېتىش بازىرىغا كىرىپ پۈتۈشۈش لازىم. توپ سېتىش بازارلىرى قۇرۇلۇپ بولغىچە تەڭشەش خىزمىتىنى ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى قەرەلسىز يەرمەنكە تەشكىللەپ ئوبدان ئىشلىشى كېرەك. ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ زىممىسىگە بازارلارنى تەڭشەش، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئېھتىياجنى جىپسىلاشتۇرۇش مەسئۇلىيىتى يۈكلەنگەن، بۇ كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارىتىنىڭ ئاساسىي يولى ھېسابلىنىدۇ، ئۇلار ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاشلىق، ياغنىڭ بارلىق تۈرلىرى بويىچە پارچە، توپ ئېلىم - سېتىم تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ، بۇنىڭغا كېتىدىغان مەبلەغ بىلەن تەمىنلەشكە بانكىلار كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك؛ تەمىنات - سودا، بىڭتۈەن، ئاشلىق، سودا تارماقلىرى قولىدىكى كىنىشكىسى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدا گۇرۇچتىن باشقا ئاشلىق، ياغنى توپ، پارچە تىجارەت قىلسا بولىدۇ؛ سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى تەستىقلىغان ئاشلىق، ياغ تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كوللېكتىپ، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى ۋە يەككە تىجارەتچىلەر قولىدىكى كىنىشكىسى بىلەن گۇرۇچتىن باشقا ئاشلىق، ياغنى پارچە ساتسا بولىدۇ. يېزا - بازار كارخانىلىرى، يەككە تىجارەتچىلەر قۇرغان كىچىك تىپتىكى ئاشلىق، ياغ پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتلىرى (توگمەن، جۇۋاز) ئاساسلىقى ۋاكالىتەن پىششىقلاپ ئىشلەش بىلەن شۇغۇللىنىشى لازىم، تەستىقلىنىپ ئاشلىق، ياغ تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا كىنىشكا ئالغانلارنىڭمۇ ئاشلىق، ياغدىن ياسالغان نەرسىلەرنى پارچە سېتىشىغىلا بولىدۇ.

5) كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغنىڭ باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون بويىچە ئەڭ يۇقىرى چەكلىمە باھانى ئاپتونوم رايون بىر تۇتاش بېكىتىدۇ. جايلار ئۆز جايلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چەكلىمە باھاسىنى ئاپتونوم رايون بىر تۇتاش بەلگىلىگەن ھەجىم دائىرىسىدە بېكىتسە ھەمدە يولغا قويۇش ئۈستىدە ئەستايىدىل نازارەتچىلىك قىلسا بولىدۇ. باھانى يېزا، تۈەن - مەيدانلاردا سېتىشتىن باشلاپلا مۇقىملاشتۇرۇش لازىم، شۇ جايلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى سېتىۋېلىش چەكلىمە باھاسىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئاشلىق، ياغ بازىرى قويۇۋېتىلمىگەن ۋە بازاردىكى ئاشلىق باھاسى بەك ئۆرلەپ كەتكەن جايلاردا، ئاشلىق تارماقلىرى يېتەرلىك مىقداردا كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغ ئۆيۈشتۈرۈپ بازارغا سېلىپ، جىددىي ئېھتىياجنى قامداپ، ئاشلىقنىڭ باھاسىنى تۇراقلاشتۇرۇپ، بازارنى مۇقىملاشتۇرۇشى كېرەك. ئاشلىق، ياغ تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىشى، ئىشلەپچىقارغۇچىلار بىلەن ئىستېمالچىلار ئۈچۈن تىرىشىپ مۇلازىمەت قىلىشى لازىم.

6) ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاشلىق تارماقلىرى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، شۇ جايلارنىڭ كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشى، يۆتكەپ كىرگۈزۈلىدىغان ۋە يۆتكەپ چىقىرىلىدىغان رايونلاردىكى تەمىنلىگۈچى ۋە تەلەپ قىلغۇچى ئىككى تەرەپ نەق مال ۋە قەرەللىك مال كېلىشىمىنى ئىمزالىشى لازىم. جايلار كۆپ تەرەپلىمە مەبلەغ توپلاپ، يەرلىك كېلىشىم باھالىق زاپاس ئاشلىق، ياغ ساقلاش فوندىنى ۋە زاپاس سالدۇرۇشنى پەيدىنپەي ئورنىتىشى لازىم.

7) ئاشلىق، يافنى شىنجاڭدىن چىقىرىشتا، توشۇشتا رۇخسەت قىلىش كىنىشكىسى ئارقىلىق باشقۇرۇش يولىغا قويۇلىدۇ. ئومۇمەن شىنجاڭدىن چىقىرىپ سېتىلىدىغان ئاشلىق، يافنى ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى بەلگىلىمە بويىچە تەكشۈرۈپ تەستىقلايدۇ، سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى شىنجاڭدىن چىقىرىش گۇۋاھنامىسىنى تارقىتىدۇ، ترانسپورت تارماقلىرى شۇ گۇۋاھنامىگە ئاساسەن توشۇيدۇ. كېلىشىم باھادا تىجارەت قىلىنىدىغان ئاشلىق، ياغ بىلەن ئاۋۋال شۇ جايلارنى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بازارلارنى قامداش كېرەك، ئېشىنغان ئاشلىق ۋە يافلىق دان شىنجاڭدىن چىقىرىپ سېتىشقا تەستىقلىنىدۇ.

## 4. ئىنتىزامنى چىڭىتىپ، ئاشلىق باشقۇرۇشنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك

1) دۆلەت زاپىسىنى ۋە ئوبوروت سالدۇ ئاشلىق، يافنى يۆتكەش، ئىشلىتىش ھوقۇقى گوۋزىيۈەندە بولىدۇ، ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ تەستىقسىز ئۇنى ئىشلىتىش ھوقۇقى يوق. ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىشلەتكەنلەر تۈرى، مىقدارى بويىچە تولۇقلىشى شەرت ھەمدە شۇ كىشىنىڭ جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. جايلار ھۆددىگە ئېلىپ ئېشىنغان ئاشلىقنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش لازىم. ئەگەر ئۇنى سەرپ قىلىشقا توغرا كەلسە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلىپ تەستىقلىتىش كېرەك. ھەرقانداق تارماقلار، ئورۇنلار ۋە شەخسلەرنىڭ تەكشە باھالىق ئاشلىق، يافنى كېلىشىم باھادا ھايىنىغا سېتىشىغا يول قويۇلمايدۇ، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار بولىدىكەن، بىرى بايقالسا، بىرى ئېنىقلىنىپ چارە كۆرۈلىدۇ، ھەرگىز بوش قويۇۋېتىلمەيدۇ.

2) ئىنتىزامنى چىڭىتىپ، دۆلەتنىڭ ئاشلىق، ياغ يۆتكەش پىلانىنىڭ ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى پىلان بويىچە تۆۋەنگە چۈشۈرگەن ۋىلايەت، ئوبلاستلار ۋە ئۆلكىلەر ئارا ئاشلىق، ياغ يۆتكەش پىلانى ئاساسىدا يۆتكەپ چىقىشنى ۋە يۆتكەپ بېرىشنى جايلارنىڭ ھەرقانداق ئۆسۈل ۋە باھانىلەر بىلەن رەت قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. دەرىجىسىنى، باھاسىنى خالىغانچە ئۆستۈرۈش ۋە چۈشۈرۈشكە، مال پۇلىنى كېيىنگە سۈرەپ تۆلىمەسلىككە بولمايدۇ. پىلان ئىجرا قىلىشتا ھەقىقەتەن ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلار بىر تەرەپتىن ئىجرا قىلىپ، بىر تەرەپتىن يولىيورۇق سورىسا بولىدۇ. ئاشلىق، ياغ يۆتكەشنى سەۋەبسىز رەت قىلىدىغانلار بولىدىكەن، ۋىلايەت، شەھەر، ئوبلاست رەھبەرلىرىنىڭ جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

3) ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى، مەمۇرىي مەھكىمىلەرنىڭ ئاپتونوم رايون چۈشۈرگەن 1988 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە ئاشلىق سېتىۋېلىش، سېتىشنى ھۆددىگە ئېلىش كۆرسەتكۈچىنى ئىجرا قىلىشتا بىۋاسىتە مەسئۇلىيىتى بار، ئاز سېتىۋېلىپ، كۆپ سېتىلغان ئاشلىقنى يەرلىك مالىيە پۇل چىقىرىپ كېلىشىم باھالىق ئاشلىق سېتىۋېلىپ تولۇقلايدۇ، بولمىسا ئاپتونوم رايون مالىيىسى جايلارغا ئاجرىتىشقا تېگىشلىك پۇلدىن تۇتۇپ قالىدۇ.

4) ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر مالىيە، ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ كەسپىي مالىيىنى ھۆددىگە ئېلىش چارىسىنى كۈچەيتىشكە ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە رەھبەرلىك قىلىشى، نازارەتچىلىك قىلىشى كېرەك. ئاپتونوم رايون ئاشلىق كارخانىلىرىغا ئاجرىتىپ بېرىشنى بەلگىلىگەن ھەر خىل خىراجەتلەرنى توسىماي، كېچىكتۈرمەي، قەرز قىلماي ئاشلىق كارخانىلىرىغا تولۇق ئاجرىتىش لازىم. سىياسەت تەڭشەلگەنلىكى تۈپەيلىدىن ئاشلىق كارخانىلىرىغا يېڭىدىن قوشۇلغان خىراجەتلەرنى ئاپتونوم رايوندىن ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلغانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەر دەرىجىلىك مالىيە ئورۇنلىرى شۇ دەرىجىلىك مالىيىگە كىرگۈزۈپ تەڭپۇڭلاشتۇرۇشى لازىم.

5) ئاشلىق خىزمىتى تۈزەش، تەرتىپكە سېلىش داۋامىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەردىكى ئاساسلىق رەھبىرىي يولداشلار ئۇنى ئۆزى بىۋاسىتە چىڭ تۇتۇشى، كەسپىي تارماقلار ئۆزلىرى

ھەل قىلالمايدىغان ئەمەلىي مەسىلىلەرنى دائىم مۇزاكىرە قىلىپ ھەل قىلىشى لازىم. مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىرلىكتە تىرىشىپ ھەمكارلىشىپ، ئاشلىق، ياغنىڭ باھاسىنى تۇراقلاشتۇرۇشقا تىرىشىشى، ئاشلىق بازارلىرىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشتا خاتىرجەم بولۇشىنى تەمىن قىلىپ، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

5. بۇ «بېكىتمە» مۇشۇ ھۆججەت يېتىپ بارغان كۈندىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىدۇ. ئۆتكەندىكى سىياسەت، بەلگىلىمىلەردىن بۇ «بېكىتمە» گە زىت كېلىدىغانلىرى بولسا، مۇشۇ «بېكىتمە» ئاساس قىلىنىدۇ.

# 6) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 1993 - يىللىق ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى لايىھىسى

(ش ھ [1993] 19 - نومۇرلۇق، 1993 - يىل 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى)

گوۋۇيۈەننىڭ ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى تېزلىتىش روھى ۋە «سىياسەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، تۈرلەر بويىچە يېتەكچىلىك قىلىش، ئۆلكىلەر بويىچە تەدبىر تۈزۈش، تەدرىجىي ئىلگىرى سۈرۈش، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىككى - ئۈچ يىل ئىچىدە پۈتۈنلەي قويۇۋېتىش» ئومۇمىي پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ 1993 - يىللىق ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

## 1. ئىسلاھاتنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى

ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش ئومۇمىيلىققا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى مۇنداق: پارتىيىنىڭ 14- قۇرۇلتىيى ۋە ج ك پ ئاپتونوم رايونلۇق 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئىسلاھات يېزا كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، يېزا بازىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئاشلىق كارخانىلىرىنى بازارغا يۈزلەندۈرۈپ، ئۇلارنى ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىدىغان، پايدا - زىيانغا ئۆزى ئىگە بولىدىغان قىلىپ، مالىيىنىڭ يۈكىنى ھەقىقىي يېنىكلىتىشكە كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەر، كۆپ خىل ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكلى، كۆپ خىل ئوبوروت يوللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئاز ھالقىلىق، قويۇۋېتىلگەن ئاشلىق ئوبوروت تۈرلىرىنى بەرپا قىلىپ، ئاشلىق بازىرى سىستېمىسىنىڭ ئورنىتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاشلىق ئوبوروتىنى جانلاندۇرۇپ، ئاشلىق بازارلىرىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ قېلىپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىنىڭ يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولۇش لازىم.

## 2. ئىسلاھاتنىڭ قەدەم - باسقۇچى ۋە ئاساسىي مەزمۇنى

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرى مۇنداق: سېتىۋېلىشنى ئازايتىپ، سېتىشنى قويۇۋېتىش، باسقۇچقا بۆلۈپ ئىشقا ئاشۇرۇش، ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش باھاسى ۋە تىجارىتىنى ئىككى، ئۈچ يىل ئىچىدە پۈتۈنلەي قويۇۋېتىش.

1993 - يىللىق ئىسلاھاتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى:

1) 1993 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە ئاشلىقنىڭ سېتىلىش باھاسى ۋە ئاشلىق تىجارىتى ئومۇميۈزلۈك قويۇۋېتىلىدۇ. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئاساسىي قوللۇق رولىنى پائال جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەر ۋە كۆپ خىل ئوبوروت يوللىرىنىڭ ئاشلىق بازىرى تىجارىتىگە قاتنىشىشىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىلىدۇ، ئاشلىقنىڭ سېتىلىش باھاسى بازار ئەھۋالىغا قاراپ بېكىتىلىدۇ.

2) شەھەر - بازارلاردىكى ئاھالىلەرنى ۋە شەھەر - يېزىلاردىكى باشقا ئاھالىلەرنى ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش چارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ، شەھەر - بازارلاردىكى ئاھالىلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش كارتىسىنى ئاشلىق تارماقلىرى ئارخىپ قاتارىدا ساقلاپ قويىدۇ، مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق بېلىتىنى ئاپتونوم رايون ئىچىدە ئوبوروت قىلىش توختىتىلىدۇ.

3) ئاشلىق سېتىۋېلىشتا دۆلەتنىڭ ئەسلىدىكى توختام بويىچە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى، يەنى 2 مىليارد 650 مىليون جىڭ تۈپ سان قىلىنىپ، رايونلار ۋە ئاشلىق تۈرلىرىنى ئايرىماستىن بىر تۇتاش «%60 نى سېتىۋېلىشقا كاپالەتلىك قىلىش، %40 نى قويۇۋېتىش» يەنى (%60 نى دۆلەت داۋاملىق توختام بويىچە سېتىۋېلىش، %40 نىڭ سېتىۋېلىش باھاسى ۋە تىجارىتىنى قويۇۋېتىش) سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە ۋە بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك شىلىرىغا ئوتتۇرا ھېساب بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ (كونكرېت مىقدارى ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى چۈشۈرگەن پىلان بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ).

4) دۆلەتنىڭ توختام بويىچە ئاشلىق سېتىۋېلىشى ساقلاپ قېلىنىدۇ، جايلاردىكى ئاشلىق تارماقلىرى دېھقانلار بىلەن ۋاقتىدا سېتىۋېلىش توختامى تۈزۈشى ھەم ئۇنى قەتئىي ئادا قىلىشى لازىم. سېتىۋېلىشتا دائىر سىياسەتلەر گوۋۇيۈەننىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ.

5) دۆلەتنىڭ ئاشلىق يۆتكەپ بېرىش پىلانى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇ ئاشلىق سېتىلىدىغان رايونلار بىلەن ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلار ئارا سېتىۋېلىش - سېتىش توختامى تۈزۈش شەكلى ياكى توپ سېتىش بازىرى سودىسى ئارقىلىق ھەل قىلىنىدۇ. ئاشلىق سېتىلىدىغان رايونلار بىلەن ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلار ئۆز ئارا پايدا يەتكۈزۈش پرىنسىپى بويىچە ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە مۇقىم سېتىۋېلىش - سېتىش مۇناسىۋىتى ئورنىتىشى لازىم. ئاشلىق يۆتكەش، سېتىۋېلىش - سېتىش توختامى تۈزگەندە، باھانى ئىككى تەرەپ كېڭىشىپ بېكىتىدۇ.

6) 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، يېتەكچى خاراكتېرلىك ياغ يۆتكەش پىلانى ۋە شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنى نورمىلىق تەمىنلەش ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ياغلىق داننىڭ سېتىۋېلىش باھاسى، ياغ سېتىش باھاسى ۋە ياغ تىجارىتى ئومۇميۈزلۈك قويۇۋېتىلىدۇ.

7) ھەربىيلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش چارىسى ئۆزگەرمەيدۇ، بۇنىڭدا دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى داۋاملىق ئىجرا قىلىنىدۇ، ئاشلىق تارماقلىرى ھەربىيلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

8) ئاشلىقنىڭ سېتىش باھاسى قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك مالىيىسى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ زىيىنىغا قاپلاپ بېرىدىغان ياردەم پۇل ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ، ئاشلىق كارخانىلىرى ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرۇش، پايدا بىلەن زىيانغا ئۆزى ئىگە بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

9) ئاشلىقنىڭ سېتىش باھاسى قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن، دۆلەت، كارخانا، شەخسلەر ئورتاق ئۈستىگە ئېلىش پرىنسىپى بويىچە، شەھەر - بازارلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە دەم ئېلىشتا، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە مۇۋاپىق ياردەم بېرىلىدۇ. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر بىر ئىشچى - خىزمەتچىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئايدا 9 يۈەندىن، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىغا 5 يۈەندىن

ياردەم بېرىلىدۇ. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلار بىلەن ئاشلىق سېتىلىدىغان رايونلارنىڭ ياردەم ئۆلچىمىدە پەرق بولۇشى لازىم. كونكرېت چارىنى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى، باھا ئىدارىسى بىرلىكتە چۈشۈرىدۇ.

## 3. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئاشلىق بازارلىرىنى تەڭشەش - تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش لازىم

1) ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئاشلىق تېرىش كۆلىمىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىگە سېلىنىدىغان مەبلەغنى ئاشۇرۇپ، ئىلىم - پەنگە تايىنىپ تېرىقچىلىق قىلىشنى ئومۇملاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇش يۆنىلىشىگە قاراپ ئۇدا، مۇقىم راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. پىلان، ئىشلەپچىقىرىش، ئوبوروت تارماقلىرى يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشى، باھا، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى يېزا ئىگىلىك ۋاسىتىلىرى بازارلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قالايمىقان باھا ئۆرلىتىش، قالايمىقان باھا ئۆستۈرۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك.

2) ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاشلىقنىڭ باھاسىنى تۈزەلتىۋېتىپ، دېھقانلارغا زىيان يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىش، دېھقانلارنىڭ ئاشلىق تېرىش ئاكتىپلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، بازاردىكى ئاشلىق باھاسى بەك تۆۋەن بولۇپ كەتكەندە، گوۋزېيۈەننىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، ئاشلىق سېتىۋېلىشنىڭ ئەڭ تۆۋەن قوغداش باھاسىنى بېكىتىدۇ، دۆلەتنىڭ ئاشلىق كارخانىلىرى دېھقانلاردىن بەلگىلەنگەن قوغداش باھاسى ۋە سېتىۋېلىش مىقدارى بويىچە ئاشلىق سېتىۋېلىشى لازىم.

3) ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش جىددىي بولۇش ئەھۋاللىرى كۆرۈلگەن، بازارلاردىكى ئاشلىق باھاسى بەك كۆپ ئۆرلىگەندە، ھۆكۈمەت زاپاس ئاشلىقنى يۆتكەپ بازارغا سېلىپ، بازارنى تەڭشەپ، ئاشلىق باھاسىنى مۇقىملاشتۇرىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا، يەرلىك ھۆكۈمەتلەر شەھەر - بازار ئاھالىلىرىگە سېتىپ بېرىدىغان ئوزۇقلۇق ئاشلىققا ئەڭ يۇقىرى باھا چېكىنى يولغا قويىدۇ.

4) ئاشلىق بازارلىرىنى دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش، دەرىجىگە ئايرىپ تەڭشەش - تىزگىنلەش، دەرىجىگە ئايرىپ مەسئۇل بولۇش يولغا قويۇلىدۇ. ئاشلىق خەۋپ - خەتىرىنى تەڭشەش فوندى تەسىس قىلىنىدۇ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ. ئاپتونوم رايون ئۈچ يىلغا ئايرىپ 60 مىليون يۈەن ئاشلىق خەۋپ - خەتىرىنى تەڭشەش فوندى تەسىس قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە 1993 - يىلى 30 مىليون يۈەن، 1994 - يىلى 15 مىليون يۈەن، 1995 - يىلى 15 مىليون يۈەن تەسىس قىلىنىدۇ. ئاشلىق خەۋپ - خەتىرىنى تەڭشەش فوندىنى ئاپتونوم رايون مالىيىسى ئىگىلەپ، مەخسۇس پۇلنى مەخسۇس ئىشلىتىدۇ. ئاشلىقنىڭ ئاساسىي يوللۇق نورمال تىجارەت قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، سېتىۋېلىش - سېتىش باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش، دېھقانلار ۋە شەھەر - بازارلاردىكى ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرمۇ مۇناسىپ ئاشلىق خەۋپ - خەتىرىنى تەڭشەش فوندى تەسىس قىلىشى كېرەك.

5) ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرى ئاساسىي يوللۇق رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، ئاشلىق سېتىۋېلىشقا كاپالەتلىك قىلىپ، مۇۋاپىق ئوبوروت زاپىسى ساقلاپ، بازارنى نورمال تەمىنلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

## 4. ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش لازىم

1) ھەر دەرىجىلىك ئاشلىققا مەسئۇل تارماقلار فۇنكسىيىسىنى پائال ئۆزگەرتىپ، كەسىپ جەھەتتىن

رەھبەرلىك قىلىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى لازىم. ئاشلىق كارخانىلىرى ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى تېزدىن ئۆزگەرتىشى، سېتىش ـ سېتىۋېلىش، سېتىش تۈزۈلمىسى ۋە باھا ئىسلاھاتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي قوللۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئاشلىقنى ئاساس قىلىپ، كۆپ خىل تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مۇلازىمەت پوزىتسىيىسىنى ياخشىلاپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، كۆپ يوللۇق رىقابەتتە ئۆزىنى ئۆزلۈكسىز زورايتىشى لازىم.

2) ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى ئاشلىق كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۈچ يىلغا ئايرىپ 100 مىليون يۈەن كۆپ خىل ئىگىلىك ئوبوروت فوندى تەسىس قىلىپ (بۇنىڭ ئىچىدە 1993 ـ يىلى 40 مىليون يۈەن، 1994 ـ يىلى 30 مىليون يۈەن، 1995 ـ يىلى 30 مىليون يۈەن تەسىس قىلىنىدۇ)، ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئوبوروت قىلىپ ئىشلىتىشىگە ئاجرىتىپ بېرىپ، ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئارتۇق خادىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، كۆپ خىل ئىگىلىكنى قانات يايدۇرۇشقا مەدەت بېرىدۇ.

3) ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ سىياسەت خاراكتېرلىك زىيان تۈپەيلىدىن ئېسىپ قويۇلغان ھېساب مەسىلىسى مۇۋاپىق ھەل قىلىنىدۇ. 1991 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى چەك قىلىنىپ، جايلارنىڭ ئەسلىدىكى ئېسىپ قويغان سىياسەت خاراكتېرلىك زىيان تۈپەيلىدىن ئېسىپ قويۇلغان ھېساباتىنى تەڭ دەرىجىلىك مالىيە تارماقلىرى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغاندىن كېيىن، پۇل ئاجرىتىپ تولۇقلاپ بېرىش پىلانىنى تۈزىدۇ. سىياسەت خاراكتېرلىك زىيان تۈپەيلىدىن ئېسىپ قويۇلغان ھېساب ئىگىلەپ كەتكەن قەرز پۇللارنى مەخسۇس باشقۇرۇش يولغا قويۇلىدۇ، بانكا ئۆسۈم، جەرىمانىسى قوشمايدۇ ھەم ئاشلىق كارخانىلىرىنى نورمال ئىگىلىك باشقۇرۇشقا كېرەكلىك بولغان تۇراقسىز مەبلەغ بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

## 5. ئاشلىق بازارلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم

جايلار ئاشلىق بازارلىرىنى پائال يېتىلدۈرۈپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، توپ سېتىش بازارلىرى ئاساس قىلىنغان ئاشلىق بازىرى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، ئاشلىق سودىسىنى پەيدىنپەي بازارغا كىرگۈزۈپ، ئاشلىق كارخانىلىرىنى دېھقانلار بىلەن تەشكىللىك ھالدا ئوزاق مۇددەتلىك ئاشلىق توختامى سودىسى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاشلىق بازارلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئاشلىق بازارلىرىنى باشقۇرۇشنىڭ ۋاقىتلىق چارىلىرىنى تۈزۈپ ۋە ئېلان قىلىپ، ئاشلىق سودىسىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئاشلىق ئوبوروت تەرتىپىنى ياخشىلاش لازىم.

## 6. رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئىسلاھاتنى ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم

بۇ قېتىمقى ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمى چوڭ، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى خەلقنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، پۇختا پىلانلاپ، ئىنچىكە تەشكىللىشى، ئاشلىق، مالىيە، باھا، بانكا، باج، سودا ـ سانائەت، قاتناش ـ ترانسپورت قاتارلىق تارماقلار زىچ ماسلىشىپ، گوۋۇيۈەن ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىغا ئالاقىدار سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، تۈزۈلمە ئىسلاھاتى لايىھىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. تەشۋىق قىلىش، چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئىشلەپ، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ چۈشىنىشىنى، قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەپ، ئاشلىق بازىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قىستۇرۇپ باھانى ئۆستۈرۈۋېتىشنى قاتتىق چەكلەش كېرەك. بازار ئەھۋالىنى قاتتىق كۆزىتىپ، كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، ئىسلاھاتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

## 7) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى

(ش ھ [1998] 85 ـ نومۇرلۇق، 1998 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى)

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە، مەمۇرىي مەھكىمىلەرگە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تارماقلىرى ۋە بىۋاستە قاراشلىق ئاپپاراتلىرىغا:

يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى بىرقاتار سىياسەت، تەدبىرلەرنى تۈزۈپ، يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ يېڭى پەللىگە ئۆرلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىدا مەلۇم ئىلگىرىلەشلەر بارلىققا كېلىپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئاشلىق ئوبوروتىنى جانلاندۇرۇش، بازار تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش جەھەتتە ئاكتىپ رول ئويىنىدى. لېكىن ھازىرقى ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسىدە يەنىلا نۇرغۇن زىددىيەت ۋە مەسىلىلەر ساقلانماقتا، ئۇلار ئاساسلىقى مۇنۇلار: ئاشلىق ئوبوروتى راۋان بولمىدى، ئامبار قالدۇقى كۆپ بولدى، سېتىۋېلىش مەبلىغى ئىگىلىۋېلىندى ۋە ئىشلىتىۋېلىندى، تىجارەت زىيىنى ۋە ئېلىپ قالغان ھېسابات ئېغىر بولۇپ، ئاپتونوم رايون مالىيىسىنىڭ بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىدىن ئېشىپ كەتتى، ئاپتونوم رايون بىلەن ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ھۆكۈمەت (مەمۇرىي مەھكىمە) لەرنىڭ ئاشلىق جەھەتتىكى مەسئۇلىيىتى بىلەن ھوقۇقى ئېنىق بولمىدى، ئاشلىق باھاسى مېخانىزمى ۋە بازار سىستېمىسى مۇكەممەل بولمىدى، ھۆكۈمەت بىلەن كارخانا ئايرىلمىدى، ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش ئىشى ئارقىدا قالدى. بۇلار شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھازىرقى ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە بارغانسېرى ئۇيغۇنلىشالماي قالدى، ئۇ ھازىر ئىسلاھ قىلمىسا بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. شۇڭا، ئاشلىقتىكى تەمىنات بىلەن تەلەپ خېلى ئوبدان بولۇۋاتقان ھازىرقى پايدىلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك. مەملىكەتلىك ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىنى ئايرىش، زاپاس ساقلاش بىلەن تىجارەتنى ئايرىش، مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئايرىش، ئاشلىقتىكى كونا ئاسما ھېسابات بىلەن يېڭى ئاسما ھېساباتنى ئايرىش، ئاشلىق باھا مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش پرىنسىپى بويىچە، دۆلەتنىڭ «ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قارار» ىغا ئەمەل قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، تۆۋەندىكى يولغا قويۇش پىكرى تۈزۈپ چىقىلدى:

### 1. ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىپ، ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىنى ئايرىش

1) ھۆكۈمەتنىڭ ئاشلىقتا بولغان مەمۇرىي باشقۇرۇش فۇنكسىيىسى بىلەن ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ تىجارىتىنى ئايرىۋېتىش لازىم. ئاشلىق مەمۇرىيىتى مەسئۇل تارماقلىرى ئۆز رايونىنىڭ ئاشلىق ئوبوروتىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ ھەمدە ئاشلىق كارخانىلىرى بىلەن ئادەم، مالىيە، ماددىي ئەشيا قاتارلىق جەھەتلەردە مۇناسىۋەتنى ئەلتۈكۈس ئۈزىدۇ، ئاشلىق تىجارىتىگە ئارىلاشمايدۇ، كارخانىنىڭ خالىي تىجارىتىگە بىۋاستە

قول تىقمايدۇ. بۇ خىزمەت 1998 - يىل 9 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئورۇندىلىدۇ. بارلىق ئاشلىق كارخانىلىرى (جۇملىدىن يېزا - بازار ئاشلىق پونكىتلىرى) مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان، ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىدىغان، پايدا - زىيانغا ئۆزى ئىگە بولىدىغان، ئۆزىنى ئۆزى چەكلەيدىغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئايلىنىشى كېرەك. ئاشلىق كارخانىلىرى ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ.

2) ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دۆلەت ئاشلىق كارخانىلىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق ئوبوروتىدىكى ئاساسلىق يول ھېسابلىنىدۇ، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار سىياسەتلىرىگە ئاساسەن، ئاشلىق سېتىۋېلىش ئىشى قويۇۋېتىلمەيدۇ، ئاشلىقنى دۆلەت ئاشلىق كارخانىلىرى سېتىۋالىدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسەت ئاپتونوم رايوننىڭ زۆرۈر ئاشلىق مەنبەسىنى ئىگىلەپ، بازار تەمىناتى ۋە بازاردىكى ئاشلىق باھاسىنى تۇراقلاشتۇرۇشتا يېتەكچى رول ئويناشتا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت.

3) دۆلەت ئاشلىق كارخانىلىرى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئورنىتىشنى تېزلىتىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلاپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت خىراجىتىنى تۆۋەنلىتىپ، كارخانىنىڭ بازاردا رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشى لازىم. زەنجىرسىمان ۋاكالىتەن سېتىش، سەپلەپ سېتىش قاتارلىق زامانىۋى ئوبوروت تەشكىلات شەكلى ۋە ماركېتىڭ ئۇسۇلىنى پائال راۋاجلاندۇرۇشى لازىم.

4) دۆلەت ئاشلىق كارخانىلىرى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇپ تارقاقلاشتۇرۇش، خادىملارنى قىسقارتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشى لازىم. 3 يىلدىن 5 يىلغىچە ھازىرقى ئاشلىق سېتىۋېلىش، ساقلاش كەسپى بىلەن بىۋاسىتە شۇغۇللىنىدىغان خادىملارنىڭ تەخمىنەن يېرىمىنى ھازىرقى خادىملار سانى ئاساسىدا قىسقارتىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خادىملار قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ خادىملارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، خىل، ساپالىق ئاشلىق ئىشچى - خىزمەتچىلىرى قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىشى لازىم. ئاشلىق كارخانىلىرى كەسىپ خاراكتېرى ۋە تىجارەت كۆلىمى، ئەسلىھە ئەھۋالىغا قاراپ، ئېلمىي ھەم قاتتىق بولغان ئورۇن، خادىم بېكىتىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشى لازىم. ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇپ تارقاقلاشتۇرۇلغان خادىملارنى شۇ جايدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى سىستېمىسىغا كىرگۈزۈش كېرەك، ئۇلارغا بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتى بېرىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش يولىنى كەڭ ئېچىپ، كۆپ خىل ئىگىلىكنى يولغا قويۇپ، يېڭى ئىشقا ئورۇنلىشىش يولىنى ئىزدىشىگە ئىلھام بېرىش لازىم. ئاشلىق كارخانىلىرىغا پرىنسىپ جەھەتتە يېڭىدىن خادىم قوبۇل قىلىنمايدۇ. يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان ئاشلىق كارخانىلىرى ۋە ئاشلىق ئامبارلىرىغا كېرەكلىك خادىملار، پرىنسىپ جەھەتتە، ھازىرقى ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن تەڭشەپ ھەل قىلىنىدۇ.

5) ئاشلىق سېتىۋېلىش - ساقلاش كارخانىلىرىنىڭ قوشۇمچە كەسپى ئاشلىق سېتىۋېلىش - ساقلاش كەسپى بىلەن ئايرىلىشى، مۇستەقىل قانۇنىي ئىگە تۈرغۇزۇشى، ئادەم، مالىيە، ماددىي ئەشيا جەھەتتىن بۆلۈنۈپ چىقىشى، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرىدىغان، پايدا - زىيانغا ئۆزى ئىگە بولىدىغان ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئايلىنىشى كېرەك. ئايرىلىپ چىققان كارخانىنىڭ مۈلكى ۋە قەرزى مۇناسىپ ھالدا ئاغدۇرۇلىدۇ ھەمدە ئۇلارغا زۆرۈر كاپىتال پۇلى بېرىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەت مۈلكىنىڭ قولدىن كېتىشى قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ.

## 2. ئاشلىق زاپاس ساقلاش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، زاپاس ساقلاش بىلەن تىجارەتنى ئايرىۋېتىش

6) مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ 2 دەرىجىلىك ئاشلىق زاپاس ساقلاش سىستېمىسى تېزدىن مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ. مەركەزنىڭ زاپاس ئاشلىقىدا تىك لىنىيە بويىچە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلىدۇ،

ئاشلىق ھوقۇقى گوۋۇيۈەندە بولىدۇ، گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقىسىز ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ زاپاس ئاشلىق ئىشلىتىشكە يول قويۇلمايدۇ. مەركەزنىڭ زاپاس ئاشلىقىنىڭ كۆلىمى ۋە تۈرىنى مەركەز بېكىتىدۇ.

7) ئاپتونوم رايوننىڭ زاپاس ئاشلىق تۈزۈمى ئورنىتىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ زاپاس ئاشلىقى بىلەن كارخانىلارنىڭ تىجارەت خاراكتېرلىك ئاشلىقى ئايرىپ باشقۇرۇلىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ زاپاس ئاشلىق ھوقۇقى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىدە بولىدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىسىز ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ زاپاس ئاشلىق ئىشلىتىشكە يول قويۇلمايدۇ.

8) ئاپتونوم رايون ئاپتونوم رايوننىڭ زاپاس ئاشلىق كۆلىمى ۋە تۈرىنى ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش ئېھتىياجى ۋە مالىيىنىڭ بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى قاتارلىق ئامىللارغا ئاساسەن، زاپاس ساقلىنىۋاتقان، يۆتكىلىدىغان، ئىشلىتىلىدىغان بولۇش تەلىپىگە ۋە زاپاس ساقلاش تەننەرخى خىراجىتىنى تېجەش پرىنسىپىغا ئاساسەن مۇۋاپىق بەلگىلەيدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى زاپاس ئاشلىق باشقۇرۇشقا كونكرېت مەسئۇل بولىدۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ زاپاس ئاشلىق سېتىۋېلىش - ساقلاش ۋە ئىشلىتىش پىلانىنى ئىجرا قىلىدۇ، زاپاس ئاشلىققا دائىر سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ.

9) ئاپتونوم رايون ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، زاپاس ئاشلىقنى ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئاشلىق ئامبارلىرىغا پەيدىنپەي مەركەزلەشتۈرۈپ ساقلايدۇ، ئاپتونوم رايون مۈلۈكىنى بىر پۈتۈن ئايرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق بىر قىسىم ئاشلىق ئامبارلىرىنى پەيدىنپەي ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئۇنى ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق زاپاس ئاشلىق ئامبىرى قىلىدۇ. بىۋاسىتە قاراشلىق ئامبارلارنىڭ ئادىمى، مالىيىسى ۋە ماددىي ئەشياسىنى ئاپتونوم رايونلۇق زاپاس ئاشلىق ئىدارىسى مەسئۇل بولۇپ باشقۇرىدۇ.

10) ئاپتونوم رايوننىڭ زاپاس ئاشلىقى ئاساسەن ئاشلىق سېتىۋېلىش - ساقلاش كارخانىلىرىغا ھاۋالە قىلىش ئارقىلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقارغۇچىلاردىن بىۋاسىتە سېتىۋېلىنىدۇ، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئاشلىق سودا بازارلىرىدىن سېتىۋېلىش قاتارلىق باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق سېتىۋېلىنىشمۇ بولىدۇ. زاپاس ئاشلىقنى ئالماشتۇرۇش ۋە سېتىشنى ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى سالاھىيىتى بار ئاشلىق كارخانىلىرىغا كونكرېت ھاۋالە قىلىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ زاپاس ئاشلىق كىرگۈزۈش ۋە چىقىرىشىدا تەننەرخنى تۆۋەنلىتىپ، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

11) ئاپتونوم رايوننىڭ زاپاس ئاشلىقى مالىيىدە تېك لىنىيە بويىچە باشقۇرۇلىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ زاپاس ئاشلىقىدا كۆرۈلگەن ئۆسۈم ۋە خىراجەتكە بېرىلىدىغان ياردەم پۇل ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق خەۋپ-خەتەر فوندىدىن چىقىم قىلىنىدۇ، بۇنىڭ كونكرېت باشقۇرۇش چارىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى، پىلان كومىتېتى ۋە ئاشلىق ئىدارىسى تۈزۈپ چىقىدۇ.

ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ زاپاس ئاشلىققا بېرىلگەن قەرز پۇلى، ئۇنىڭ ئۆسۈمى ۋە خىراجىتىگە بېرىلگەن ياردەم پۇلىنى تۇتۇپ قېلىشىغا ۋە ئىشلىتىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

12) زاپاس ئاشلىق باشقۇرۇش تۈزۈملىرى تۇرغۇزۇلۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ئىقتىسادىي تەپتىش ۋە نازارەتچىلىك كۈچەيتىلىپ، ئامبار زاپىسى، مۈلۈك، قەرز ۋە پايدا - زىيان ئەھۋالى قەرەللىك تەكشۈرۈلىدۇ. ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئاشلىق ئامبارلىرىدا كومپيۇتېرنى تورلاشتۇرۇش پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، باشقۇرۇشنى زامانىۋىلاشتۇرۇش سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلىدۇ.

13) ئاشلىق ساقلاش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، جايلار، تارماقلار، كارخانىلار ۋە جەمئىيەتنىڭ كۆپ تەرەپتىن مەبلەغ سېلىشىغا ئىلھام بېرىلىدۇ، بۇنى ئىشلىتىشتە ئىجارە قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلسا بولىدۇ.

### 3. ئاپتونوم رايون بىلەن ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئاشلىقتىكى مەسئۇلىيىتى بىلەن ھوقۇقىنى مۇۋاپىق ئايرىپ، ئوبلاست باشلىقى، ۋالىي، شەھەر باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش

14) ئاشلىق خىزمىتىدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلىشى ئاستىدا، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ھۆكۈمەت (مەمۇرىي مەھكىمە) لەر ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئوبوروتىغا ئومۇميۈزلۈك مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ.

15) ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاشلىقنى ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەشتىكى ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى ۋە ۋەزىپىسى:

ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىقتا دائىر ئوتتۇرا ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈپ چىقىدۇ؛ ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق ئومۇمىي مىقدارىنى ياخشى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ، ئاشلىق ئىمپورت - ئېكسپورتىنى بىر تۇتاش باشقۇرىدۇ؛ ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش سىياسىتى ۋە باھا سەۋىيىسىنى بېكىتىدۇ؛ ئاپتونوم رايوننىڭ زاپاس ئاشلىق تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ زاپاس ئاشلىقنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ ھەمدە قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈمى ۋە خىراجەت ياردەم پۇلىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق زاپاس ئاشلىق ئامبارلىرى قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل بولىدۇ؛ تەبىئىي ئاپەت كۆرۈلۈپ ياكى راسا مول ھوسۇل ئېلىنىپ، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئاشلىق باھاسىدا ئېغىرراق داۋالغۇش پەيدا قىلغاندا، ۋاقتىدا تېگىشلىك تەدبىر قوللىنىپ، ئاساسلىقى زاپاس ئاشلىقنى سېتىش ياكى زاپاس مىقدارىنى كۆپەيتىش قاتارلىق ئىقتىسادىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق بازاردىكى ئاشلىقنىڭ باھاسىنى مۇقىملاشتۇرىدۇ؛ ئاشلىق بازىرى سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ئاشلىق بازىرى ۋە باھاسىنى باشقۇرۇش - نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىدۇ.

بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئاشلىقنى توختام بويىچە سېتىۋېلىش پىلانىنى چۈشۈرىدۇ؛ ئاشلىقنى توختام بويىچە سېتىۋېلىش تۈزۈمىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، توختام بويىچە سېتىۋېلىنىدىغان ئاشلىقنىڭ سانىنى ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىملاشتۇرىدۇ. ئاشلىق تۈرلىرىنى بازار ئېھتىياجىغا قاراپ مۇۋاپىق تەڭشەشكە بولىدۇ. دېھقانلار، باشقا ئاشلىق ئىشلەپچىقارغۇچىلار ۋە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ ئېشىنچا ئاشلىقىنى قوغداش باھاسى بويىچە بولۇشىغا سېتىۋېلىش سىياسىتىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، دېھقانلار ۋە ئاشلىق ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوغدايدۇ.

ئاپتونوم رايون ئاساسلىق ئاشلىق رايونلىرىنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىنى قوللايدۇ، يېزا ئىگىلىك ئۇل ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى، زاپاس ئاشلىق سېتىۋېلىش، ئاشلىق ئېكسپورت قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە تېگىشلىك دەرىجىدە مايىل بولىدۇ.

16) ئاشلىق خەۋپ - خەتەر فوندىنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش رولىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق خەۋپ - خەتەر فوندى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاشلىق بازىرىنى تەڭشەش - تىزگىنلەشكە ئىشلىتىدىغان مەخسۇس مەبلىغى بولۇپ، ئاپتونوم رايون مالىيىسى ئاشلىق خەۋپ-خەتەر فوندىنى مەركەز بەلگىلىگەن يانداشتۇرۇش نىسبىتى بويىچە يىللىق خام چوتقا كىرگۈزۈپ، ۋاقتىدا، تولۇق نەقلەشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق خەۋپ - خەتەر فوندى ئاپتونوم رايوننىڭ زاپاس ئاشلىق ئۆسۈمى ۋە خىراجەت ياردەم پۇلىغا، شۇنىڭدەك ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ دېھقانلارنىڭ ئېشىنچا ئاشلىقىنى بولۇشىغا سېتىۋېلىش سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشىدىن تىجارەت خاراكتېرلىك ئاشلىقنىڭ ئامبار زاپىسى كۆپىيىپ ۋە ئوبوروت خىراجىتى ئۆرلەپ كېتىپ، ئوڭ باھادا سېتىش ئارقىلىقمۇ تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان نورمال زاپاس ئاشلىقتىن ئېشىپ

كەتكەن ئۆسۈم ۋە خىراجەت پۇلىغا مەخسۇس ئىشلىتىلىدۇ (گ ب [1998] 17 - نومۇرلۇق ھۆججەت چۈشۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى كۆرۈلگەن ياردەم پۇل بېرىشكە تېگىشلىك قىسمى گ [1998] 15 - نومۇرلۇق ھۆججەت بويىچە بېجىرىلىدۇ). ئاشلىق خەۋپ - خەتەر فوندىنى ئىشلىتىش دائىرىسىنى تەڭشەشكە توغرا كەلگەندە، گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقىنى ئېلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق خەۋپ - خەتەر فوندى ئۈچۈن يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىدا پۇل ئامانەت ئىسچوتى ئېچىلىدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى ئاشلىق خەۋپ - خەتەر فوندى ئىسچوتىنى ئېچىش، مەبلەغنى نەقلەشتۈرۈش، چىقىم قىلىش، ئېنىقلاش، ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ ھەمدە ئىسچوت ئارقىلىق مەبلەغ ئاجرىتىدۇ، ئاشلىق خەۋپ - خەتەر فوندىدا خام چوت ۋە نەق چوت تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى سىستېما ئىچىدە مەبلەغ ئاجرىتىش ۋە يوكەي نازارەتچىلىكىگە مەسئۇل بولىدۇ.

17) ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ھۆكۈمەت (مەمۇرىي مەھكىمە) لەر ئۆز رايونىنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئوبوروت خىزمىتىگە ئومۇميۈزلۈك مەسئۇل بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى:

ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئوبوروت خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىدۇ؛ ئۆز جايىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش، ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىنى ئايرىش، سېتىۋېلىش - ساقلاش كەسپى بىلەن قوشۇمچە كەسىپنى ئايرىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ رايونلار ئارا تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئىشىنى ياخشى ئىشلەپ، ئۆزىنى تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ؛ شارائىتى بار جايلار شۇ جاينىڭ تەمىنات - تەلەپ تەڭپۇڭلۇقىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرىدۇ ھەمدە بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن مەھسۇلات تۈرى قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق تەڭشەيدۇ؛ ئاساسلىق ئاشلىق رايونلىرى ئاپتونوم رايون ۋە ئاشلىق ئاساسلىق سېتىلىدىغان جايلارنى تاۋار ئاشلىق بىلەن تەمىنلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆز ئاشلىقىنى باشقا مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق ئومۇمىي مىقدارىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى كېرەك. ئاشلىق ئاساسلىق سېتىلىدىغان جايلارمۇ مۇناسىپ مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم.

ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئۆز جايى (جۈملىدىن بىڭتۈەن) نىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتىنى ياخشى باشقۇرۇپ، زۆرۈر تاۋار ئاشلىق مەنبەسىنى ئىگىلەپ، ئاپتونوم رايون چۈشۈرگەن ئاشلىقنى توختام بويىچە سېتىۋېلىش پىلانىنى دەرىجىمۇ - دەرىجە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاشلىق سېتىۋېلىش - ساقلاش كارخانىلىرىغا دېھقانلار بىلەن توختام تۈزۈش ۋە توختام ئاشلىقىنى سېتىۋېلىشنى ھاۋالە قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ توختام بويىچە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

شەھەر - بازار ئاھالىسىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى، چارۋىچىلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئاشلىقى ۋە قىسىملارنىڭ ئاشلىقىنى تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ئاشلىقتىكى كونا - يېڭى ئاسما ھېساباتنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ. ئاشلىق سېتىۋېلىش مەبلىغىنى ياخشى باشقۇرۇپ ۋە ئىشلىتىپ، بېرىشكە تېگىشلىك ياردەم پۇلىنىڭ ۋاقتىدا، تولۇق ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئىگىلىۋېلىش ۋە ئىشلىتىۋېلىشنى قەتئىي توسىدۇ.

ئۆز جايىنىڭ ئاشلىق ساقلاش قاتارلىق ئوبوروت ئەسلىھەلىرىنى پىلانلاش، قۇرۇش، رېمونت قىلىش ۋە ئۆزگەرتىش ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلەيدۇ.

ئۆز جايىنىڭ ئاشلىقىنىڭ ئارتۇق - كەمنى تەڭشەشكە مەسئۇل بولۇپ، رايونلار ئارا ئۇزاق مۇددەتلىك مۇقىم بولغان ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش مۇناسىۋىتى ئورنىتىدۇ؛ ئاپتونوم رايوننىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاشلىق ئېكسپورتىنى تەشكىللەيدۇ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ.

ئۆز جايىنىڭ ئاشلىق، ياغ سودا بازىرى سىستېمىسىنى پىلانلاش، قۇرۇش ۋە ئاشلىق، ياغ بازىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ.

## 4. ئاشلىق باھاسىنى ھۆكۈمەتنىڭ تەڭشەش - تىزگىنلىشى ئارقىسىدا بازار ئارقىلىق شەكىللەندۈرۈش مېخانىزمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش

18) نورمال ئەھۋالدا، ئاشلىق باھاسى ئاساسەن بازاردىكى تەمىنات بىلەن تەلەپكە قاراپ بەلگىلىنىدۇ، ئاشلىق كارخانىلىرى ئاشلىق تىجارىتىنى بازار باھاسى بويىچە قىلىدۇ.

19) ھۆكۈمەت ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن، ئاساسلىق ئاشلىق تۈرلىرىنى سېتىۋېلىشتا قوغداش باھاسىنى بەلگىلەيدۇ. قوغداش باھاسى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنى كۆتۈرەلەيدىغان ھەمدە دېھقانلارنى مۇۋاپىق نەپكە ئېرىشتۈرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. گوۋۇيۈەن قوغداش باھاسىنى بېكىتىشنىڭ پرىنسىپىنى بەلگىلەيدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قوغداش باھاسىنىڭ كونكرېت سەۋىيىسىنى بېكىتىدۇ ھەمدە گوۋۇيۈەنگە ئەنگە ئالدۇرىدۇ.

20) ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداپ، ئاشلىقنىڭ سېتىش باھاسىنىڭ نىسبىي مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت ئاساسلىق ئاشلىق تۈرلىرىنىڭ سېتىش باھا چېكىنى تەڭشەش - تىزگىنلەش نىشانى قىلىشنى بەلگىلەيدۇ. سېتىش باھا چېكىنى بېكىتىشتە، ئىستېمالچىلار بىلەن تىجارەت قىلغۇچىلارنىڭ مەنپەئىتىگە تەڭ ئېتىبار بېرىلىدۇ، گوۋۇيۈەن سېتىش باھا چېكىنى بېكىتىش پرىنسىپىنى بەلگىلەيدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى سېتىش باھا چېكىنىڭ كونكرېت سەۋىيىسىنى بەلگىلەيدۇ.

21) توختام ئاشلىقنىڭ سېتىۋېلىش باھاسىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەركەز بېكىتكەن پرىنسىپقا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە ۋە بازار ئەھۋالىغا قاراپ بېكىتىدۇ.

دۆلەت ئاشلىق كارخانىلىرى ئاشلىقنى ئوڭ باھادا سېتىشى شەرت. ئوڭ باھا قويۇش پرىنسىپىنى ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى بېكىتىدۇ. دۆلەت ئاشلىق كارخانىلىرىدىن باشقا كارخانىلار بىر تۇتاش سېتىش باھاسىنى بېكىتمەيدۇ، ئۇنىڭ باھاسىنى سېتىۋالغىلى ۋە ساتقىلى بولۇش پرىنسىپى بويىچە ئۆز ئالدىغا قويىدۇ، پايدا، زىيانغا ئۆزى ئىگە بولىدۇ.

22) ئاشلىق باھاسىدا بەكرەك داۋالغۇش كۆرۈلگەندە، ھۆكۈمەت ئاساسلىقى زاپاس ئاشلىق كىرگۈزۈش-چىقىرىش ۋە ئاشلىق ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىش قاتارلىق ئىقتىسادىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق بازاردىكى تەمىنات-تەلەپنى ۋە باھانى تەڭشەپ، بازاردىكى ئاشلىق باھاسىنىڭ مۇۋاپىق سەۋىيىدە مۇقىملىشىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

بازاردىكى ئاشلىق باھاسى تۆۋەنلەپ قوغداش باھاسىغا يېقىنلاشقاندا ياكى ئۇنىڭدىن تۆۋەنلەپ كەتكەندە، ھۆكۈمەت زاپاس ئاشلىق سېتىۋېلىشنى ۋاقتىدا كۈچەيتىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا ھۆكۈمەت ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئاشلىقنى قوغداش باھاسى بويىچە سېتىۋېلىشنى قوللاپ، ئاشلىق خەۋپ - خەتەر فوندىدىن مۇۋاپىق ياردەم بېرىدۇ.

بازاردىكى ئاشلىق باھاسى ئۆرلەپ ئاشلىق سېتىش باھا چېكىگە يەتكەندە، ھۆكۈمەت زاپاس ئاشلىقنى ۋاقتىدا سېتىپ، بازاردىكى ئاشلىق باھاسىنى مۇقىملاشتۇرىدۇ.

ئاپتونوم رايوننىڭ زاپاس ئاشلىق سېتىۋېلىش باھاسىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بازاردىكى ئاشلىق باھاسىنى مۇقىم تۇتۇش پرىنسىپى بويىچە بەلگىلەيدۇ.

ئاپتونوم رايوننىڭ توختام ئاشلىقى باھاسى پرىنسىپ جەھەتتە بىر مەزگىلگىچە مۇقىم بولىدۇ.

23) ئاشلىق ئوبوروتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون ئاشلىقنىڭ توختام بويىچە سېتىۋېلىش باھاسى ۋە قوغداش باھاسىدا رايونلار ئارا باھا پەرقىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرىدۇ ھەمدە ياخشىسىغا ياخشى باھا قويۇش پرىنسىپى بويىچە سۈپەت باھا پەرقىنى بېكىتىدۇ.

## 5. ئاشلىق بازارلىرىنى پائال يېتىلدۈرۈپ، ئاشلىقنىڭ تەرتىپلىك ئوبوروت بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش

24) ئاشلىق ئوبوروت سىستېمىسى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئاشلىق سودا

بازارلىرى پائال يېتىلدۈرۈلۈپ، ئاشلىق بازىرىنىڭ ئۈچ خىل تۈرى ۋە ئاشلىق سودا بازىرى قائىدىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ئاشلىق ئوبوروتى جانلاندۇرۇلىدۇ.

25) دۆلەت ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئاساسىي يوللۇق تولۇق رولى جارى قىلدۇرۇلىدۇ. ئاشلىق سېتىۋېلىشنى ئاساسەن دۆلەت ئاشلىق كارخانىلىرى ئۈستىگە ئالىدۇ. دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، ھەربىي قىسىم دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ۋە بىڭتۈەننىڭ تۈەن - مەيدانلىرى ئۆز ئورنى ئىشلەپچىقارغان ئاشلىقنى سېتىۋالسا بولىدۇ. ئاشلىق سېتىۋېلىشتا ئاپتونوم رايون چۈشۈرگەن توختام بويىچە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش شەرت. ئۆزىگە تولۇق قالدۇرغان ۋە زاپاس ئاشلىق ئېلىپ قويغاندىن كېيىنكى ئېشىنچا ئاشلىقنى شۇ جايدىكى دۆلەت ئاشلىق كارخانىسى بولۇشقا سېتىۋالىدۇ. ئاشلىق پىششىقلاپ ئىشلەش (بىڭتۈەن سىستېمىسىنىڭمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، تىجارەت كارخانىلىرى ۋە ئاشلىق ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارغا كېرەكلىك ئاشلىقنى دۆلەت ئاشلىق كارخانىلىرىغا ياكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئاشلىق سودا بازىرىغا بېرىپ سېتىۋېلىشقا بولىدۇ. ئاشلىق پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرى ۋە يەم - بوغۇز، باقمىچىلىق، تېببىي دورا قاتارلىقلار ئۈچۈن ئاشلىق ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارمۇ خام ئەشيا ئۈچۈن ئاشلىق سېتىۋېلىشنى ئاشلىق چىقىدىغان جايدىكى دۆلەت ئاشلىق كارخانىلىرىغا ھاۋالە قىلسا بولىدۇ، لېكىن، بۇ ئاشلىقنى ئۆزى ئىشلىتىشكىلا بولىدۇ، ھايىنىغا سېتىشقا يول قويۇلمايدۇ. يۇقىرىقى كارخانىلار ۋە شەخسلەرنىڭ يېزا، تۈەن - مەيدانلارغا بىۋاسىتە بېرىپ ئاشلىق سېتىۋېلىشى قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ.

بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى «ئاشلىق سېتىۋېلىش نىزامى» بويىچە جازالايدۇ.

26) ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق سودا بازىرى سىستېمىسى بەرپا قىلىنىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ئاشلىق تىجارەت كارخانىلىرى ۋە ئاشلىق ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ ئاشلىق سودا بازىرىدا سودىلىشىشىغا پائال مەدەت بېرىلىدۇ ۋە يېتەكچىلىك قىلىنىدۇ. ھەرقانداق جاي ۋە تارماقنىڭ ئاشلىق سودا بازىرىدا سودىلىشىپ سېتىۋېلىنغان ۋە ھاۋالە بويىچە سېتىۋېلىنغان ئاشلىقنىڭ يۆتكەپ سېتىلىشىغا باھانە كۆرسىتىپ توسقۇنلۇق قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

ئاشلىق توپ سېتىشتا رۇخسەت قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ، ئاشلىق توپ سېتىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلار بەلگىلىك ساندىكى تىجارەت مەبلىغىگە ۋە ئىشەنچلىك مەبلەغ ئىناۋىتىگە، زۆرۈر بولغان تىجارەت ئەسلىھەلىرىگە ئىگە بولۇشى، مۇناسىپ مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى ھەمدە مول ھوسۇل ئالغان يىللاردا زاپاس ئاشلىقنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش، كەم ھوسۇل ئالغان يىللاردا زاپاس ئاشلىقنى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكۈزۈش بەلگىلىمىسىنى ئىجرا قىلىشى لازىم. ئاشلىق مەمۇرىيىتى تارماقلىرى تەكشۈرۈپ، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى تىزىملاپ روپىيەتكە ئالغاندىن كېيىن، ئاشلىق توپ سېتىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشقا بولىدۇ.

27) ئاشلىق سېتىش بازارلىرى يەنىمۇ قويۇۋېتىلىپ جانلاندۇرۇلىدۇ، كۆپ يوللۇق ئاشلىق تىجارىتىگە مەدەت بېرىلىدۇ ۋە يېتەكچىلىك قىلىنىدۇ، شەھەر بازارلىرىدىكى تاللا بازار، قولاي زەنجىرسىمان دۇكانلارنىڭ ئاشلىق پارچە سېتىشىغا ئىلھام بېرىلىدۇ. ئاشلىق سودا بازىرى يىلبويى قويۇۋېتىلىدۇ، لېكىن نۇقتا تەسىس قىلىپ ۋۇشكا ئېسىپ ئاشلىق سېتىۋېلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

28) ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق بازارلىرىنىڭ بىردەك بولۇشىدا چىڭ تۇرۇلىدۇ. سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش، باھا، ئاشلىق ۋە تېخنىكا نازارەتچىلىكى تارمىقى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق بازارلىرىغا ۋە ئاپتونوم رايونىمىزغا كىرگەن، ئاپتونوم رايونىمىزدىن چىقىرىلىدىغان ئاشلىققا بولغان باشقۇرۇش ۋە نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىدۇ ھەمدە زۆرۈر مەمۇرىي ۋە ئىقتىسادىي ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئاشلىق بازارلىرىنىڭ ساغلام ھەم تەرتىپلىك تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

29) رايونلار ئارا ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىشنى چەكلاشتۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش رايونلىرى ئۇزاق مۇددەتلىك ھەم مۇقىم بولغان سېتىۋېلىش ـ سېتىش مۇناسىۋىتىنى پەيدىنپەي ئورنىتىپ، رايونلار ئارا ئاشلىق مىقدارى ۋە تۈرى بويىچە ئارتۇق ـ كېمىنى تەڭشەش ئىشىنى ياخشى يولغا قويىدۇ.

## 6. ئاشلىق ئاسما ھېساباتىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىپ، مەبلەغ باشقۇرۇش چارىسىنى ياخشىلاش

30) 1992 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن بۇرۇنقى ئاشلىق ئاسما ھېساباتى «گوۋۇيۈەننىڭ مالىيە مىنىستىرلىكى قاتارلىق تارماقلارنىڭ ئاشلىقتىكى سىياسەت خاراكتېرلىك ئاسما ھېساباتنىڭ ئۆسۈمىنى توختىتىش ھەققىدىكى دوكلاتىنى تارقىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» (گ [1994] 62 ـ نومۇرلۇق) ۋە ئاپتونوم رايون جايلار بىلەن تۈزۈشكەن ئاسما ھېساباتنى تۈگىتىش مەسئۇلىيەتنامىسى بويىچە داۋاملىق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. جايلاردىكى ھۆكۈمەتلەر ئاسما ھېساباتنى تۈگىتىش مەبلىغىنى كۆپ يول بىلەن توپلاپ، مالىيىدىن ئاجرىتىپ بېرىلىدىغان قىسمىنى يىللىق مالىيە خام چوتىغا داۋاملىق كىرگۈزۈپ، مەسئۇلىيەتنامىدە بەلگىلەنگەن ئاسما ھېساباتنى تۈگىتىش كۆرسەتكۈچىنى ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

31) ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دۆلەت ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ 1992 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 1998 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگىچە يېڭىدىن كۆپەيگەن ئاسما ھېساباتى ۋە ئورۇنسىز ئىگىلىۋالغان باشقا قەرز پۇلىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىقتىسادىي تەپتىش مەھكىمىسى، مالىيە مىنىستىرلىكى، دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى قاتارلىق تارماقلار بەلگىلىگەن ئېنىقلاش چارىسىگە ئاساسەن ئەستايىدىل ئېنىقلاپ چىقىدۇ ھەمدە ئېنىقلاش نەتىجىسى ۋە ئاسما ھېساباتنى تۈگىتىش لايىھىسىنى دۆلەت ئىقتىسادىي تەپتىش مەھكىمىسى، مالىيە مىنىستىرلىكى قاتارلىق تارماقلارغا مەلۇم قىلىدۇ. تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ئاسما ھېساباتنى تۈگىتىش لايىھىسىگە كىرگۈزۈلگەن زىيان ئاسما ھېساباتنىڭ ئۆسۈمىنى ۋە ئۆسۈم جەرىمانىسىنى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى 1998 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ توختىتىدۇ. ئاشلىق كارخانىلىرى 1998 ـ يىل 6 ـ ئايدا تۆلەشكە تېگىشلىك يۇقىرىقى قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈمى ئاسما ھېساباتنى تۈگىتىش پىلانىغا كىرگۈزۈلىدۇ.

ئاسما ھېساباتنى تۈگىتىش لايىھىسىگە كىرگۈزۈلگەن زىيان ئاسما ھېساباتنىڭ ئۆسۈمىنى مەركەز مالىيىسى كۆتۈرىدۇ، دىرى ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر، بىكىتۈەن ۋە ئاشلىق كارخانىلىرى تەڭ كۆتۈرۈش پرىنسىپى بويىچە 1999 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ 8 يىل ئىچىدە تۈگىتىلىدۇ. بۇنىڭ كونكرېت چارىسى ئايرىم تۈزۈلىدۇ. بەلگىلىمە بويىچە مەركەز ئۆسۈمىنى تولۇقلاپ بەرمەيدىغان زىيان ئاسما ھېساباتى ۋە ئورۇنسىز ئىگىلىۋېلىنغان قەرز پۇلنىڭ دىرى بىلەن ئۆسۈمىنى مەسئۇلىيەت ئېنىق ئايرىلغاندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك مالىيە، ئاشلىق ئورۇنلىرى ۋە بىكىتۈەن يۇقىرىقى سۈرۈك ئىچىدە ئورتاق تۈگىتىدۇ. 1998 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن كېيىن، ئاشلىق كارخانىلىرىدا يەنە زىيان ئاسما ھېساباتى كۆرۈلۈشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئاشلىق كارخانىلىرى زىيان ئاسما ھېساباتنىڭ دىرىنى خادىملارنى ئازايتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش، تىجارەتنى ياخشىلاش، خىراجەتنى تۆۋەنلىتىش، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش، بولۇپمۇ ئۇلۇغ باھادا سېتىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش ئارقىلىق دىرىنى قايتۇرۇش سۈرۈكى ئىچىدە تىجارەت پايدىسىدىن تەدرىجىي قايتۇرىدۇ.

32) ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ ساقلاش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دۆلەت ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىشقا كېرەكلىك قەرز پۇلنى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى «ئاشلىق زاپىسى بىلەن قەرز پۇلنى چىقىرىش» پرىنسىپى ۋە چارىسى بويىچە تەمىنلەيدۇ ھەم باشقۇرىدۇ. ئاشلىق يۆتكەش، سېتىشتا «پۇل بىلەن مال ئېنىق بولۇش، قەرزنى تولۇق قايتۇرۇش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، سېتىۋېلىش مەبلىغىنىڭ يېپىق

ئايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. ئاشلىق كارخانىلىرىدىن مەبلەغ باشقۇرۇش پرىنسىپى ۋە چارىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىرىنى سېتىۋېلىش مەبلىغى بىلەن تەمىنلەشنى بانكا ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە توختىتىدۇ ھەمدە قاتتىق بىر تەرەپ قىلىدۇ.

مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ زاپاس ئاشلىق ـ ياغ سېتىۋېلىشىغا كېرەكلىك قەرز پۇلنى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى زاپاس پىلانى ۋە ئەمەلىي سېتىۋېلىنغان مىقدارىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، مالىيەدىن تولۇقلاپ بېرىلىدىغان زاپاس ئاشلىق خىراجىتى ۋە ئۆسۈمىنى ۋاقتىدا، تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈش شەرتى ئاستىدا، «ئاشلىق زاپىسى بىلەن قەرز پۇلنى چېتىش» پرىنسىپى بويىچە باشقۇرىدۇ.

ئاشلىق سېتىۋېلىش، يۆتكەش، سېتىش، ساقلاشقا بېرىلگەن قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈمىدە ئوخشاش مەزگىلدىكى ئوخشاش دەرىجىلىك سودا قەرز پۇلنىڭ ئاساسىي ئۆلچەملىك ئۆسۈم نىسبىتى ئىجرا قىلىنىدۇ، ئۆسۈم نىسبىتىنى ئۆستۈرۈشكە يول قويۇلمايدۇ. مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ زاپاس ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش قەرز پۇلىدا ئۆسۈمنى باسقۇچقا بۆلۈپ ھېسابلاش چارىسى يولغا قويۇلىدۇ.

33) ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ ساقلاش كارخانىلىرىدىن ئايرىلىپ چىققان قوشۇمچە كەسىپكە كېرەكلىك قەرز پۇلنى يېزا ئىگىلىك بانكىسى، سودا ـ سانائەت بانكىسى قاتارلىق سودا بانكىلىرى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە بېجىرىدۇ، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى بېجىرىپ بولغانلىرى يېزا ئىگىلىك بانكىسى، سودا ـ سانائەت بانكىسى قاتارلىق سودا بانكىلىرىغا تېزدىن ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ.

34) ئاشلىق سېتىۋېلىش، يۆتكەش، سېتىش، ساقلاش مەبلىغىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا بولغان نازارەتچىلىك ۋە تەكشۈرۈش كۈچەيتىلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر، ئالاقىدار تارماقلار ۋە ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ھەرقانداق نام بىلەن بۇ مەبلەغنى ئىگىلىۋېلىشى ۋە ئىشلىتىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلىرى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىدۇ ھەمدە ئۇلارغا قەرز بېرىش توختىتىلىدۇ. ئىگىلىۋېلىنغان ۋە ئىشلىتىۋېلىنغانلىرى زىيان ئاسما ھېساباتنى ئېنىقلاشقا بىرلەشتۈرۈلۈپ، قەرز قايتۇرۇش مەسئۇلىيىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، سۈرۈك ئىچىدە قايتۇرۇلىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ئاشلىق سېتىۋېلىش مەبلىغىنى ئىگىلىۋېلىش ۋە ئىشلىتىۋېلىش ئەھۋالى يەنە كۆرۈلسە، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى ئاشلىق سېتىۋېلىش قەرز پۇلى بېرىشنى دەرھال توختىتىدۇ، مۇشۇ سەۋەب بىلەن دېھقانلارغا ئاق ھۆججەت بېرىش ياكى دېھقانلارنىڭ ئاشلىقىنى سىياسەت بويىچە سېتىۋالماسلىق مەسىلىسى سادىر بولسا، يەرلىك ھۆكۈمەت جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالىدۇ ھەمدە ئىگىلەپ ئىشلىتىۋېلىنغان مەبلەغ سۈرۈك ئىچىدە قايتۇرۇۋېلىنىدۇ. جايلار مالىيەسىدىن سىياسەتتىكى بەلگىلىمە بويىچە بېرىشكە تېگىشلىك ئاشلىق ياردەم پۇلى نېسى قىلىنغانلىقتىن ياكى جايلاردىكى ھۆكۈمەتلەر ئاشلىق سېتىۋېلىش مەبلىغىنى ئىگىلىۋالغان ۋە ئىشلىتىۋالغانلىقتىن، ئاشلىق كارخانىلىرى بانكا قەرز پۇلىنى ئۆز قەرەلىدە قايتۇرالمىغان بولسا، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى ئاپتونوم رايون مالىيەسىدىن شۇ جايغا بېرىلگەن باج كىرىمىدىن قايتۇرىدىغان پۇلنى تۇتۇپ قېلىپ، بانكا قەرز پۇلىنى قايتۇرىدۇ.

## 7. تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش

35) ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلار ئىش تەقسىماتى ئېنىق بولغان، ۋاقتىدا تەڭشەپ تۇرىدىغان تەدبىر بەلگىلەش ۋە يولغا قويۇش مېخانىزمىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى ۋە ئاشلىق ئىدارىسى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىقىنى ماكرو جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەش ۋە ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئاشلىق سىياسىتى، ئاشلىق ئومۇمىي مىقدارىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ۋە زاپاس ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ ئىشلىتىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق باھا ئىدارىسى ئاشلىقنىڭ باھا سەۋىيىسىنى بېكىتىدۇ ھەمدە ئاشلىق تەننەرخىنى تەكشۈرۈش، ئاشلىق باھاسىنى

كۆزىتىش ۋە ئۇنىڭغا بولغان نازارەتچىلىك، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى ئاشلىق يادرەم مەبلىغى ۋە ئاشلىق خەۋپ - خەتەر فوندىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ ۋە نازارەت قىلىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى ئاشلىق ئوبوروتىغا ۋە زاپاس ئاشلىق باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ. باشقا تارماقلار ئىش تەقسىماتىغا ئاساسەن، دۆلەتنىڭ ئاشلىققا دائىر سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ.

36) ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە ئالاقىدار تارماقلار ئىدىيىدە يەنىمۇ بىرلىككە كېلىپ، ئىسلاھاتنىڭ زۆرۈرلۈكى، تەخىرسىزلىكى ۋە مۇرەككەپلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ، ئىسلاھاتقا بولغان ئىشەنچىسىنى چىڭىتىشى، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ھۆكۈمەت (مەمۇرىي مەھكىمە) لەر ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىغا دائىر سىياسەت ۋە تەدبىرلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، خىزمەتنى پۇختا ۋە ئىنچىكە ئىشلەپ، ئىسلاھات جەريانىدا كۆرۈلگەن يېڭى مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، ئىسلاھات تەدبىرلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئوبوروت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى لازىم.

## 8) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى خىزمىتىنى يەنىمۇ تېز ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى

(ش ھ [1998] 250 - نومۇرلۇق تېلېكس، 1998 - يىل 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى)

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە ۋالىي مەھكىمىلىرىگە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىغا:

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى خىزمىتىدە، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە، جايلار ۋە ئالاقىدار تارماقلار گوۋۇيۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق ئىسلاھاتى يىغىنلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ ئېشىنچا ئاشلىقىنى قوغدىما باھا بويىچە كەڭ كۆلەمدە سېتىۋېلىش، ئاشلىق سېتىۋېلىش - ساقلاش كارخانىلىرى ئۆلچەم باھادا سېتىشنى يولغا قويۇش، ئاشلىق سېتىۋېلىش مەبلىغىنى يېپىق ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت «3 سىياسەت» نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى دەۋر قىلىپ، دۆلەت ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى تېزلىتىپ، نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ دەسلەپكى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ھازىرغا قەدەر ئاپتونوم رايوندىكى ئىلى ئوبلاستى ۋە بايىنغولىن ئوبلاستىدىن باشقا، 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، 34 ناھىيە، شەھەر ئاشلىق ئىسلاھاتى لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 55 ناھىيە، شەھەر ئاشلىق ئىدارىلىرىنىڭ مەمۇرىي شتاتىنى بېكىتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 21 ئورۇن مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىۋەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسىي كەسىپ بىلەن قوشۇمچە كەسىپنى ئايرىۋېتىش خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتى بىرقەدەر تېز بولدى. ئاشلىق پونكىتى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 563 سېتىۋېلىش - ساقلاش كارخانىسى ئىچىدە، ئاساسىي كەسىپ بىلەن قوشۇمچە كەسىپنى ئايرىۋەتكىنى 330 غا يېتىپ، ئومۇمىي كارخانىنىڭ %58.6 نى ئىگىلىدى. ئايرىلغان قوشۇمچە كەسىپ كارخانىلىرى ئىچىدە، سودا -

ساناﺋەت تارماقلىرىدىن تىزىمغا ئالدۇرغىنى 314 كە يېتىپ، ئايرىۋېتىلگەن قوشۇمچە كەسىپ كارخانىلىرىنىڭ 95% نى ئىگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، جايلار ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇپ تارقاقلاشتۇرۇش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن چىڭ تۇتتى. ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق كارخانىلىرىدىن قايتا تەشكىللەش، قوشۇۋېتىش، پاي تۈزۈمى (ياكى پاي ھەمكارلىق تۈزۈمى) قاتارلىق شەكىللەردە ئىسلاھ قىلىنغانلىرى 338 گە يېتىپ، ھېساباتى مۇستەقىل تىجارەت كارخانىلىرىنىڭ 66% نى ئىگىلىدى. ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلۇپ تارقاقلاشتۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچى 6455 كە يەتتى. لېكىن ئىسلاھاتنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى تەكشى بولمىدى، ئىسلاھاتتا يەنە بەزى گەۋدىلىك مەسىلىلەر ساقلاندى: بەزى جايلاردىكى كادىرلار ئاشلىق ئىسلاھاتىغا پاسسىپ كۈتۈپ تۇرۇش پوزىتسىيىسى تۇتتى؛ بەزى جايلار خىزمەتنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن پۇختا ئىشلىمىدى. تەدبىرلىرىمۇ كۈچلۈك بولمىدى، سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى تەشكىللەش جەھەتتىن كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلمىدى. بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلام ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ كادىرلار قوشۇنىنىڭ ساپاسى ئاشلىق ئىسلاھاتىنىڭ تەلىپىگە ماس كەلمىدى؛ بەزى جايلارنىڭ مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئاساسىي كەسىپ بىلەن قوشۇمچە كەسىپنى ئايرىۋېتىش خىزمىتىنى ئىشلىشى كۈچلۈك بولمىدى؛ ئاشلىق بازىرى تېخى ھەقىقىي تۈردە چىڭ باشقۇرۇلمىدى. دېمەك، كېيىنكى باسقۇچتىكى ئاشلىق ئىسلاھاتى ۋەزىپىسى يەنىلا ئىنتايىن مۇشكۈل. مەملىكەتلىك ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى ۋە «گوۋۇيۈەننىڭ نۆۋەتتىكى ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەققىدىكى پىكرىنى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» (گ ت [1998] 35 - نومۇرلۇق) نىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ تېز ئىلگىرى سۈرۈش، ئاشلىقتا ۋالىي، ئوبلاست باشلىقى، شەھەر باشلىقلىرى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى:

1. ئاشلىق ئىسلاھات خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك. ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش بۇ يىل پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى گوۋۇيۈەن بېكىتكەن مۇھىم ئىسلاھات بولۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىپ، مالىيە يۈكىنى يەڭگىللىتىپ، تۈرلۈك ئىسلاھاتلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەر ۋە ئالاقىدار تارماقلار بۇنىڭغا سەگەك تونۇشتا بولۇپ، ئىدىيىسىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى پىكرىنىڭ روھى ئاساسىدا ھەقىقىي بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر قاتلاممۇ - قاتلام مەسئۇل بولىدىغان ئاشلىق خىزمىتىگە مەمۇرىي باشلىق مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى ئورنىتىش، ۋىلايەت، ئوبلاست، ۋالىي مەھكىمىلىرىنىڭ بىرىنچى قول مەسئۇلى ئاشلىق ئىسلاھاتىنى بىۋاستە تۇتۇشى كېرەك. ئاشلىق ئىسلاھاتى ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالىنى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ نىشان مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ ۋە مەمۇرىي باشلىقنىڭ خىزمەت نەتىجىسىنى تەكشۈرۈشنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، «تۆتنى ئايرىۋېتىش، بىرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش» ۋە «ئۈچ سىياسەت، بىر ئىسلاھات» مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئاشلىق ئىسلاھاتى خىزمىتىنى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىغا دوكلات قىلىدىغان خىزمەتلىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىشى كېرەك. 1999 - يىل 1 - ئايدا چاقىرىلىدىغان ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايون ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ مەخسۇس تېمىدا ئاشلىق ئىسلاھاتى خىزمىتى توغرىسىدا دوكلات بېرىشىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ ھەمدە پۈتۈن شىنجاڭغا بىر قېتىم ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق ئۇقتۇرىدۇ.

2. ئاشلىق ئىسلاھاتى خىزمىتىدە «تۆتنى نەقلەشتۈرۈش» كە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بىرىنچىدىن،

ئىدىيىۋى تونۇشنى نەقلەشتۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئىدىيە جەھەتتىن ئاشلىق ئىسلاھاتى خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى ھەقىقىي تۈردە ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ئىشلار كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، ئەستايىدىل ئورۇنلاشتۇرۇپ، تەدبىرلەرنى تۈزۈپ، ۋاقتىدا ماسلاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇشى كېرەك. ئاپتونوم رايون ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردىن ئاشلىق ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش لايىھىسىنى تېزدىن ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىككىنچىدىن، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىۋېتىشنى نەقلەشتۈرۈش كېرەك. بۇ خىزمەتنى يىل ئاخىرىغا قەدەر بىردەك ئورۇنداپ بولۇش كېرەك. ناھىيە دەرىجىلىك ئاشلىق ئىدارىلىرىدىن مەمۇرىي شتاتى بېكىتىلگەنلىرى دەرھال مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىۋېتىشى كېرەك؛ شتاتى بېكىتىلمىگەنلىرىنىڭكىنى شتات تارماقلىرى بېكىتىش خىزمىتىنى تېزلىتىپ، شتاتىنى دەرھال بېكىتىپ، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىۋېتىشى كېرەك؛ نۆۋەتتە مەمۇرىيەت بىلەن كارخانا ئايرىۋېتىلگەن، لېكىن ئىش ھەققى، خىراجىتى بېرىشتە قىيىنچىلىقى بار ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ تەستىقلانغان مەمۇرىي خادىملارنىڭ ئىش ھەققى، خىراجىتىنى مەمۇرىي شتات چۈشۈرۈلگەن كۈندىن باشلاپ تەڭ دەرىجىلىك مالىيە ۋاقىتلىق قوشۇمچە ياردەم بېرىش چارىسى ئارقىلىق ھەل قىلىشى كېرەك. كېلەر يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ناھىيە (شەھەر) لىك ئاشلىق تارماقلىرى مەمۇرىي خادىملارنىڭ ئىش ھەققى خىراجىتىنى شۇ جاينىڭ مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈش كېرەك. ئاشلىق تارماقلىرىدىكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارنى ئايرىش پرىنسىپى مۇنداق بولىدۇ: ئومۇمەن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىشتىن ئىلگىرى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئورگىنىغا تەۋە بولۇپ، مەمۇرىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغانلار پرىنسىپ بويىچە يەنىلا مەمۇرلار قاتارىغا كىرگۈزۈلىدۇ، ئۇلارنىڭ دەم ئېلىش، پېنسىيە ئىش ھەققى، خىراجىتى شۇ دەرىجىلىك مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈش ئارقىلىق ھەل قىلىنىدۇ، لېكىن ئومۇمىي سانىنى كونترول قىلىپ، خىزمەتتىكى خادىملار بىلەن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ نىسبىتىنى 1:1 دىن تۆۋەن قىلىش كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، ئاساسىي كەسىپ بىلەن قوشۇمچە كەسىپنى ئايرىۋېتىشنى نەقلەشتۈرۈش كېرەك. جايلاردىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش - ساقلاش كارخانىلىرى ئاساسىي كەسىپ بىلەن قوشۇمچە كەسىپنى ئايرىۋېتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇشى كېرەك. تېخى ئايرىسغانلار 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن ئىلگىرى تەل - تۆكۈس ئايرىۋېتىپ، قويرۇق قالدۇرماسلىقى كېرەك. تۆتىنچىدىن، بۇ يىل ئاجرىتىپ بېرىشكە تېگىشلىك ئاشلىق ۋە سىياسەت خاراكتېرلىك ئاشلىق قوشۇمچە ياردەملىرى (ئاشلىق خېيىمخەتەر فوندىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نى ۋاقتىدا تولۇق بېرىش كېرەك. ئاپتونوم رايون مالىيىسى ئاجرىتىپ بېرىش سۈرئىتىنى تېزلىتىشى، كەم ئاجرىتىپ بەرگىنىنى ۋاقتىدا تولۇقلاپ بېرىشى كېرەك. جايلارمۇ ۋاقتىدا ئېلىپ ئاجرىتىپ بېرىشى لازىم. ئاشلىق سېتىۋېلىش - ساقلاش كەسپىنىڭ نورمال قانات يايدۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، قوشۇمچە ياردەم پۇلىنى ئىگىلىۋېلىش، ئىشلىتىۋېلىش ئەھۋالىنىڭ يۈز بېرىشىگە ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ.

3. «ئىككى باشقۇرۇش» نى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش كېرەك. بىرىنچىدىن، ئاشلىق بازىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئاشلىق بازىرىنى باشقۇرۇشنى ياخشى ئېلىپ بېرىش، كەڭ - كۇشادە سېتىۋېلىش ۋە ئوڭ باھادا سېتىشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. جايلاردىكى ھۆكۈمەتلەر ۋە ئالاقىدار تارماقلار «ئاشلىق سېتىۋېلىش نىزامى» ۋە «ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىشتا قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى جازالاش چارىسى» قاتارلىق ئالاقىدار قانۇن - نىزاملارنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، ئاشلىق ئوبوروتىنىڭ نورمال تەرتىپىنى قوغدىشى كېرەك. سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ئاشلىق بازىرىنى باشقۇرۇشتىكى قانۇن ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي تۈردە ئۈستىگە ئېلىپ، باشقۇرۇش كۈچىنى تولۇقلاپ، قانۇن ئىجرا قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. يەككە، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ دېھقانلارنىڭ ئاشلىقىنى بىۋاسىتە ياكى شەكلى ئۆزگەرگەن ھالدا سېتىۋېلىش قىلمىشلىرىنى «نىزام» ۋە «چارە» دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ئاپتونوم رايونىمىزغا ئېقىپ كىرگەن يېرىك ئاشلىق ۋە تەييار ئاشلىقتىن ئاشلىق تەڭشەش ھەققى

ئېلىنىدۇ (كونكرېت چارە ئايرىم چۈشۈرۈلىدۇ)، قانۇن بويىچە باج تاپشۇرۇپ، ئالاقىدار قانۇن ـ بەلگىلىمىلەرنى قوللىنىپ، تۈزۈن باھادا سېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى توسۇش كېرەك. ئاشلىق، باج، باھا، تېخنىكا نازارەتچىلىكى، ج خ، قاتناش قاتارلىق تارماقلار سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەملىشىپ، ماسلىشىپ، ئاشلىق بازىرىنى باشقۇرۇش ئىشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشى كېرەك.

ئىككىنچىدىن، ئاشلىق كارخانىلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. جايلاردىكى ئاشلىق كارخانىلىرى ئىسلاھاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، باشقۇرۇش مېخانىزمىنى تېز ئۆزگەرتىشى كېرەك. كارخانىنىڭ ئىچكى باشقۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت تەننەرخىنى تېرىشىپ تۆۋەنلىتىپ، كارخانىنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇپ، بازار ئىگىلەش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

4. ئىش ئورنىدىن قالغانلارنى تارقاقلاشتۇرۇش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر دۆلەت ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇپ تارقاقلاشتۇرۇلىدىغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنى شۇ جاينىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى سىستېمىسىغا كىرگۈزۈپ، بىر تۇتاش پىلانلىشى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك. ئاشلىق تارماقلىرى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇپ تارقاقلاشتۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ چىڭ ۋە ياخشى تۇتۇپ، ئالاقىدار سىياسەتلەر بويىچە ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئامالنىڭ بارىچە كۆپ خىل ئىگىلىكنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى ئېچىپ، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك.

